


1994

# شىنجاڭ يىلنامىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



موڭغۇلىيە
ئالتاي
كۆكتوقاي
چىڭگىل
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى
تېمىرتام
ئۈرۈمچى
تۇرپان
قۇمۇل
جيۇچۈەن
گەنسۇ
باينغولىن
موڭغۇل
ئاپتونوم
چىڭخەي
شەرتلىك بەلگىلەر
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي
ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق جاي
چېگرا ئېغىزى ئاچىلاشقان جاي
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي
تۆمۈريول
ئاساسلىق تاشيوللار
كۆل، ئېقىنلار
دۆلەت چېگرىسى
بېكىتىلمىگەن دۆلەت چېگرىسى
ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) پاسىلى
ۋىلايەت، ئوبلاست پاسىلى
ھىندىستان – پاكىستان ئۇرۇشنى توختىتىش سىزىقى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلىرىنىڭ سخېمىلىق خەرىتىسى



كىرىش سۆز

# «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى

## ئابلەت ئابدۇرېشىت



«شىنجاڭ يىلنامىسى» 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! شۇنداقلا «شىنجاڭ يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلاردىن، يىلنامىگە ماقالە ئەۋەتكەن، يىلنامىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

«شىنجاڭ يىلنامىسى» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بويىچە نەشر قىلىنغان. ئۇ، ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كەلدى. يولداش ئىسمائىل ئەھمەد 1 - توم يىلنامىگە «يىلنامە نەشرىگە بېغىشلىما» يېزىپ بەرگەن، يولداش تۆمۈر داۋامەت، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، يولداش سۇڭ خەنلياڭلار ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى سىستېما، تارماق، ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قىلغان ئەجرىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» كۈچلۈك دەۋر خاراكتېرىگە ۋە ئەمەلىيەتچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتە قىلغان يېڭى ئىشلىرى ۋە ئېرىشكەن يېڭى تەرەققىياتى، يېڭى مۇۋەپپەقىيىتىنى سادىقلىق بىلەن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ماتېرىياللار يەنە ئەمەلىيەتكە قايتىپ، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە نوپۇزغا

ئىگە چوڭ تېپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر. ئون يىلدىن بېرى، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ، پەيدىنپەي ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىلمىي ئاساستا تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ھەم جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار ئۈچۈن زۆرۈر پايدىلىنىش كىتابىغا، دۇنياغا شىنجاڭنى بىلدۈرىدىغان ۋە چۈشەندۈرىدىغان كۆزنەككە ئايلاندى.

تۇنجى توم «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغانىدى. 10 - توم «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ نەشىردىن چىققانلىقى ئۇنىڭ ئون يىللىق جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق گۆدەكلىكتىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىپ، جەسۇرانە ئالغا قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللاپ ۋە ئاسراپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىنى توغرا، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى؛ بۇ ئىستىھكامدىن پائال پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى سىرتقا تونۇتۇشى ۋە تەشۋىق قىلىشى؛ شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئەستايىدىل پايدىلىنىپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەم قىلغۇزۇشى كېرەك.

«شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك قوللىشىغا ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن، شۇنداقلا «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ بارغانسېرى ياخشى چىقىشىنى، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىشى ھەم بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىنى تىلەيمەن.

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇنىۋېرسال يەرلىك يىلنامە بولۇپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» — «شىنجاڭ يىلنامىسى»نىڭ نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 10 - تومى، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا قىلىنغان يېڭى ئىشلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» دا ماتېرىيال - ئۇچۇر دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ماقالىلەرنىڭ سانى كۆپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار ئىخچام ئومۇمىيلىقتا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىندى. «شىنجاڭ يىلنامىسى» — پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنيا شىنجاڭنى چۈشىنىدىغان كۆزنەك، شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتىكى چوڭ تىپتىكى ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتاب.

3. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» جەمئىي 28 تۈرگە ئايرىلدى: (1) ئالاھىدە ماقالىلەر؛ (2) يەرلىك قانۇن - نىزاملار؛ (3) ئومۇمىي ئەھۋال. چوڭ ئىشلار؛ (4) سىياسەت؛ (5) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (6) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (7) ھەربىي ئىشلار؛ (8) ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك؛ (9) ئىقتىسادنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى؛ (10) پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى؛ (11) يېزا ئىگىلىك؛ (12) سانائەت؛ (13) قاتناش. پوچتا - تېلېگراف؛ (14) قۇرۇلۇش. مۇھىت ئاسراش. كارتوگرافىيە؛ (15) سودا؛ (16) گېئولوگىيە. يەر تەۋرەش. ھاۋارايى؛ (17) ئىلىم - پەن؛ (18) مائارىپ؛ (19) مەدەنىيەت. ئارخىپچىلىق؛ (20) ئاخبارات. نەشرىياتچىلىق؛ (21) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە؛ (22) سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك؛ (23) تەنتەربىيە؛ (24) مىللەت؛ (25) ئىجتىمائىيەت؛ (26) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەر قۇرۇلۇشى؛ (27) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈنى؛ (28) شەخسلەر.

«شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىدىن تەركىب تاپتى. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى. ئۇيغۇرچە يىلنامىدە بەزى ماقالىلەر ۋە ماقالىلەرنىڭ بەزى جايلىرى قىسقارتىۋېتىلدى.

4. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» غا كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان ئايرىم جايلاردىن ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقىسى ستاتىستىكىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈزىتىلگەن سان.

5. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» غا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى، ئادەتتە، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىلىپ ئېلىندى. ئۇيغۇرچە يىلنامىدە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى.

6. «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

1994 - يىل 10 - ئاي

ISBN 7-228-03227-6

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە ماقالىلەر


ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

— 1994 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ........................ 1

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (قىسقارتىلمىسى)

— 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېرىلگەن

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ........................ 8


## تەرەققىيات رايونى. ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشى


ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى ........................ 18

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ........................ 19

شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ........................ 20

كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ........................ 21

غۇلجا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ........................ 23

بورتالا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ........................ 24

چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ........................ 25


## يەرلىك قانۇن - نىزاملار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى ........................ 26

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 29

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى ........................ 35

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى ........................ 39

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»

نى يولغا قويۇش چارىسى ........................................ 48
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى ........................ 54
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى ........................ 58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئەمگەك، ئىش ھەققى ۋە سۇغۇرتا قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاقىدار قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ........................ 70

## ئومۇمىي ئەھۋال. چوڭ ئىشلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1993 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ........................ 78
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 89
قوشۇمچە 1: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ نەسس قىلىنىش جەدۋىلى ........ 93
قوشۇمچە 2: 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىش ۋە مىللىي تەركىب جەدۋىلى ........ 97
1993 ـ يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........................ 102

## سىياسەت

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........................ 115
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ يېڭىدىن تولۇقلانغان مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................ 115
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ خىزمەت يىغىنى ........................ 115
ۋىلايەت (شەھەر)، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان كادىرلار يىغىنى ........ 116
بېكىتمىلەر ........................ 117
«پىكىر» ۋە «چارە» لەر ........................ 117
ئۇقتۇرۇشلار ........................ 118
تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار ........................ 118
غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ 1 ـ قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى ........................ 119
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى ........................ 120
ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى ........................ 123

تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ...... 124
ئاپتونوم رايون بويىچە تۆت دەرىجىلىك نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى ئاياغلاشتى ...... 125
ئاپتونوم رايونلۇق رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ...... 125
نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى
تەرتىپكە سېلىندى ...... 126
پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 127
پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئەھۋالى ...... 127
پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى ...... 128
پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى ...... 128
كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ...... 128
كادىرلار تەربىيىسى ...... 129
ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش
خىزمەت يىغىنى ...... 130
كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 130
چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە
قۇرۇلۇشى ...... 130
تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) خىزمەت يىغىنى 131
كادىرلار ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ چېنىقتۇرۇلدى ۋە ۋەزىپە بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە
ئەۋەتىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى ...... 131
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بويىچە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى ...... 132
جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ...... 133
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ...... 133
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار
دېموكراتىك كېڭەشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى ...... 134
ئاپتونوم رايونىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان 2 - تۈركۈم رېۋىزىيە خادىملىرى ...... 134
بىرلىكسەپ بۆلۈمى پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىلار ئالاقە باغلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە
نۇقتىلىق ئالاقە باغلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتتى ...... 135
پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ...... 135
پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ...... 135
پارتىيە تارىخى خىزمىتى ...... 136

## ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى

ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 137
مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ...... 137

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش. رېۋىزىيە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 138

ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 138
ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى ...... 139
ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى «نۆۋەتتىكى بىرنەچچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى ...... 140
ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار ...... 140
چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ...... 140
كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى ...... 141
ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 142
ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى... 143

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى ...... 143
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...... 144
ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ...... 146
8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى ...... 147
تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەزىپىسىدىن بەرگەن ئىستىپاسى قوبۇل قىلىنىپ، مۇۋەققەت رەئىس بەلگىلەندى... 152
ئاپتونومىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ...... 152
ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ...... 155
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىش خىزمىتى ...... 159
ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرى ...... 159
شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تايلاندنى زىيارەت قىلدى ...... 161
دانىيە پارلامېنتى مالىيە كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ...... 162
مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس دۇڭ فۇرېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 162

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى ...... 162
ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ...... 163
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى ...... 165
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى ...... 165
ھۆكۈمەت پەرمانلىرى ...... 167
بېكىتمە، بەلگىلىمىلەر ...... 168
ئۇقتۇرۇشلار ...... 168

ئەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار …… 170
ئەستىق جاۋابلار …… 172
تەبرىك تېلېگراممىا، تەبرىك خەتلەر …… 173
مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى …… 174
گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جورۇڭجى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى …… 174
گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ چەت ئەلگە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭغا چۈشۈپ ئۆتتى …… 175
دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى سۇڭ جيەن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى …… 175
دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى لوگەن شىنجاڭغا كېلىپ، «13 - نويابىر»
ئايروپىلان ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى …… 176
رەھبەرلەر ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى …… 176
ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى …… 177
كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى …… 177
مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى …… 178
تەزكىرىچىلىك خىزمىتى …… 179
يەر ناملىرى خىزمىتى …… 181

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش
كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى …… 181
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ قىسقىچە
تەرجىمىھالى …… 181
سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى …… 184
سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى …… 185
تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى …… 185
سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە بېرىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن
كەچۈردى …… 186
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى
ئۆتكۈزدى …… 186
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېزىلاردا 2 - ، 3 - كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى …… 186
شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى …… 187
«تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى تۆۋەنكى ئېقىنىغا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېزلىتىش
ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى …… 187
ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك
باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى …… 188
بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ

ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ........ 188
ئالتاي ۋىلايىتىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يوقنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ........ 189
ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر - تەكلىپلەر... 189
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئاساس مائارىپى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى ........ 190
خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ھەم بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى ........ 190
زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش - سېتىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى ........ 191
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ........ 192
قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمەك (گۇرۇپپا) لىرى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى ........ 192
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شياڭگاڭ رايونىدىكى ئەزالىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ........ 193
تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتى ........ 194
«يىپەك يولى مەنزىرىلىرى» ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئاۋمېندا ئۆتكۈزۈلدى ........ 194

# دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى... 194
دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالى ........ 194
شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش ئەھۋالى ........ 195
دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى دېڭىز ياقىسىدىكى ئۈچ ئۆلكىگە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە باردى ........ 195
گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 195
دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 196
دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 198
دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 199
دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 200
«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 200
ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 202
ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى ........ 203

# ئاپپارات ئىسلاھاتى

ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى ...... 203
دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 204

# تاشقى ئىشلار

ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە 34 ناھىيە چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلدى ...... 205
ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا ئۆمەك (ئادەم) ئەۋەتىش ئەھۋالى ...... 205
چېگرا ئېغىزى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ...... 206
قەشقەر ئايروپورتى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلدى ...... 207
ئالاتاۋ تاشيول ئېغىزى چەت ئەلگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى ...... 207
جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئېغىزى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى ...... 208
جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى چېگرا ئېغىزى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى ...... 208
جۇڭگو - قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا خەلقئارالىق ئاپتوموبىلدا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن ئۆتۈنى رەسمىي ئېچىلدى ...... 208
دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتتە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى شىنجاڭغا كەلدى ...... 208
دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى ...... 209

# تاشقى بېرىش - كېلىشلەر

قازاقىستاننىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى ...... 209
قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 209
ئۆزبېكىستان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى ...... 209
تاجىكىستاننىڭ دۆلەت باشلىقى راخمانوۋ شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 209
دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى پولىستون شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 210
ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۇبېنت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 210
مېكسىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 210
قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئابىزدىلكىن شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 210
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى بەندار شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ...... 210
پاكىستان شىمالىي رايونىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 210
ئىتالىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 211

فىنلاندىيىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 211
ياپونىيە يېڭىڭجۇڭلۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇڭغۇزىجۇقىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 211
مالايسىيا زۇڭلىيسى ماخاتىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 211
قازاقىستان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 211
ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 212
ئاۋستىرىيە «UDI» شىركىتىنىڭ باشلىقى ئېسپېنبېككېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 212
مالى ـ سۇدان ئىتتىپاق پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 212
بېنگال دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ...... 212
دوست شەھەر ۋە دوست مەكتەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى ...... 212
چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى ...... 213

## مۇھاجىرلار خىزمىتى

مۇھاجىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ...... 213
1989 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە مۇھاجىرلار ئىشلىرىدا نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى ...... 214
ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ...... 214
جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش ئەھۋالى ...... 214
ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى ...... 214
مۇھاجىرلار ئىقتىسادىي ئىشلىرى بويىچە ئالاقىلەشكۈچى تەكلىپ قىلىندى ...... 215

## تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت ...... 215
تەيۋەن شىڭداجۇاڭ مەدەنىيەت كارخانىلىرى گۇرۇھىنىڭ باشلىقى لىجىرېن ئەپەندى مەكتەپ قۇرۇشقا ياردەم بەردى ...... 216

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

چېرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش ئەھۋالى ...... 217
خەلق ساقچىلىرىنىڭ چارلاش تۈزۈلمىسى ...... 217

ناھىيە دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى ........ 218
جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 218
قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە ياز پەسىللىك ھۇجۇم ........ 218
مەخسۇس كۈرەش ........ 218
ماشىنا باندىتلىرى، يول زومىگەرلىرىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى ........ 219
ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كىرا ماشىنىلىرىنى بۇلاشقا دائىر جىنايەت ئەھۋالى ........ 219
قاتناش باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 219
قاتناش ھادىسىلىرى ........ 221
ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى ........ 222
ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ........ 223
جايلاردىكى بازار نوپۇسى ئەھۋالى ........ 224
ئامانلىق قوغداش مۇلازىمىتى شىركىتى ........ 224
تولۇق ئاپتوماتلاشقان جامائەت خەۋپسىزلىكى سىگنال بېرىش قوماندانلىق سىستېمىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ........ 224

## تەپتىشلىك

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 225
خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى ........ 225
جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ........ 225
قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى ........ 226
ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى ........ 227
شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ۋە پاش قىلىش ئەھۋالى ........ 227
تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشلىكى ........ 227
قانۇن - ئىنتىزامنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........ 228
تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى ........ 229
تەپتىشلىك تېخنىكىسى ئەھۋالى ........ 229
تۇراق ئىسمائىل «جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئاتاقلىق تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى ........ 230

## سوت

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 230
جىنايى ئىشلار سوتى ........ 230
ئىقتىسادىي سوت ........ 230
ھەق تەلەپ سوتى ........ 231
مەمۇرىي سوت ........ 231
ئىجرا قىلىش خىزمىتى ........ 231

تىپىك ئەنزىلەردىن مىساللار ...... 232
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى ...... 235
سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قانۇن داشۆسى شىنجاڭ شۆبىسى تۇنجى قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ...... 236

## ئەدلىيە

قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى ...... 236
گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى ...... 237
خەلق مۇرەسسە خىزمىتى ...... 238
يېزا - بازارلاردىكى قانۇن مۇلازىمىتى ...... 239
ئادۋوكاتلىق خىزمىتى ...... 240
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى ...... 241
ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى ...... 242

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 244

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 244
ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ...... 245
«1 - ماي» ئەمگەك مېدالى، تەقدىرنامىسى ۋە شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش مېدالى، تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەنلەر تەقدىرلەندى ...... 245
قوشۇمچە 1: 1993 - يىلى «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن ئورۇنلار ...... 246
قوشۇمچە 2: 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش - پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ...... 246
قوشۇمچە 3: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى ...... 246
قوشۇمچە 4: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ...... 247
سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ...... 248
ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى ...... 249
«نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى»

ۋە «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپلىرى» تەقدىرلەندى ........ 249
ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمىتى ........ 249
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلارنى يولغا قويدى ........ 250
ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت خىزمىتى ........ 250
ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........ 251
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى ........ 251
ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە كوماندىسى ئامىباب تەنتەربىيە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى ........ 252

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ........ 252
لېي فېڭدىن ئۆگىنىشكە دائىر پائالىيەتلەر ........ 253
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ........ 254
ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى ........ 254
ياشلار بىرلەشمىسى خىزمىتى ........ 255
ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتى ........ 256
پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى ........ 256
ئۈمىد قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتى ........ 257
ياشلار پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشى ........ 257
8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش لوڭقىسى ........ 258
شىنجاڭ بويىچە ئون مەشھۇر ياش باھالاپ چىقىلدى ........ 259
شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش فوند جەمئىيىتى ........ 259
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتى ........ 259
كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى ........ 260

## ئاياللار بىرلەشمىسى

ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 260
ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ........ 262
«رومالىلىقلار تۆھپە قوشۇش» مۇسابىقە پائالىيىتى ........ 262
«ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى ........ 263
«8 - مارت» قىزىلبايراقدارلىرى ........ 264
ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى ........ 264
بالىلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى ........ 265
ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى ........ 266
مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋدى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى

تەكشۈردى ........ 267
دوستانە بېرىش - كېلىشلەر ........ 267

☆ ☆ ☆

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 267
شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........ 268

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 269
ھەربىي تەلىم - تەربىيە ........ 269
قىسىم تۈرلىرى خىزمىتى ........ 270
خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى خىزمىتى ........ 272
خىزمەت كۆرسىتىپ، نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى ........ 273
ئارقا سەپ خىزمىتى ........ 274

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 275
ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 275
ھەربىي تەلىم - تەربىيە ........ 276

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

### قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 276
ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ........ 276

### قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 277
قوغداش قىلىش ۋەزىپىسى ........ 277

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى (ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى) رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 279
چېگرا باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 279
چېگرا ئېغىزى، چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 279

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى بىڭتۇەن قوماندانلىق ئورنى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىڭتۇەن قوماندانلىق ئورنى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 279
ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئەھۋالى ........ 279

# ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك

## ئومۇمىي بايان

خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ........ 281
ئاپتونوم رايونلۇق پىلان يىغىنى ........ 283
1993 - يىلدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ........ 284
نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ........ 285
تېخنىكا تەرەققىياتى ........ 286
ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ........ 286
قوشۇمچە: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە چەت ئەللەردىن 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزگەن نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرلىرى ........ 287
1993 - يىلى شەھەر، ناھىيە ئىقتىسادىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون ئورۇننى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئەھۋالى ........ 290
1990 - 1992 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېسىل يېڭى مەھسۇلاتلار ........ 291
قورۇلۇشقا مەسلىھەت بېرىش ئەھۋالى ........ 292

## ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........ 292

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلاردا ئىجارە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى ........ 294
ئاپتونوم رايوندىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ........ 295

## مالىيە. باج

مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ........ 296
خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كىرىم - چىقىم قىلىنىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ........ 298
ناھىيە مالىيەسىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ........ 300
كۇنەس، پىچان، ساۋەن ناھىيىلىرى مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم ئېلىش قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش
توختامىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇردى ........ 301
يېزا - بازار مالىيەسى ........ 301
چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشى مالىيەسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ........ 302
باج، مالىيە، مال باھاسى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ........ 302
ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ........ 303
ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلدى ........ 304
باج خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........ 305

## ستاتىستىكا

ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 306

## ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى ........ 308
چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ........ 309
سىرتقا مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 309

## ساياھەتچىلىك

ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 310
تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلار يارىتىلدى ........ 310
شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى تەكشۈرۈپ دەلىللەندى ........ 311
جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتتى ........ 311
ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونىدا ئاسما ساياھەت يولى قۇرۇلدى ........ 311

# ئىقتىسادنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

## مۇپەتتىشلىك

مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 313
مالىيە ۋە باج ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 313
پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 314
ئوقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 314
يېڭىدىن باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 315
ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 315
سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 315
يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 316
ئالتە ناھىيە ۋە شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەبلىغى ئومۇمىي سېلىنمىسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى ........ 316
مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 317
ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ۋە ياشانغانلار سۇغۇرتا فوندى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 317
مۇھىت ئاسراش بويىچە ئېلىنىدىغان تازىلاش ھەققى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 317
دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن تۈرلەر ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 317
«2817» تۈرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 318
جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇۋاتقان بىر كارخانا ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 318
ئىچكى مۇپەتتىشلىك ئەھۋالى ........ 318
ئىجتىمائىي مۇپەتتىشلىك ئەھۋالى ........ 318
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامبارلىرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........ 319
ئالتۇنغا دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك مەبلەغ تەكشۈرۈلدى ........ 319
يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ........ 319

## مال باھاسى

مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 320
باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 321
باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ئۆزگەرتىلدى ........ 321

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى ...... 322

يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى ...... 322

ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە قاتناش - ترانسپورت باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى ...... 323

غەيرىي تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان باھا تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى ...... 325

1993 - يىلى پارچە سېتىلغان مال باھاسىنىڭ يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە سەۋەبلىرى ...... 328

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ1993- يىلدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى ۋە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى ...... 331

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1993 - يىللىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ۋە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ...... 332

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1993 - يىللىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ۋە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ...... 332

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخى تەكشۈرۈلدى ...... 334

مال باھاسى تەكشۈرۈلدى ...... 334


## سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالى


كارخانىلارنى تىزىملاش تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالى ...... 335

ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش ۋە كېسىم قىلىش ئەھۋالى ...... 335

بازار باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 336

يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك ...... 336

چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تىزىملاش ئەھۋالى ...... 337

تاۋار ماركىسىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 337

ئېلان ئىشلىرى ۋە ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 337

ساختا، ناچار تاۋارلارغا ۋە ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتى ...... 338

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ...... 339

يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى ...... 339

ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى ...... 340


## ئۆلچەملەشتۈرۈش


ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 340

ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىلدى ...... 343

سۈپەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش بويىچە تەڭرىتاغ ئەترەتلىرىنى ئارىلاپ چىقىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى ...... 344


## ئۆلچەم


«ئۆلچەم قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ...... 344

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆلچىمى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدى ........ 345
قۇتۇبى ناھىيىسى «يەر كۆلىمى ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى ........ 345

## تاموژنا

تاموژنا نازارەتچىلىكى ........ 345
تاموژنا بېجى ئېلىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 346
ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتى ........ 346
ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنىڭ توشۇلۇشىغا ئومۇمىي جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىنىدى ۋە ئۇ تىزگىنلەندى ........ 347
غەيرىي سودا خاراكتېرلىك ماللار ئومۇمىي جەھەتتىن نازارەت قىلىنىپ تىزگىنلەندى ........ 348
قورغاس تاموژنىسى «مەملىكەت بويىچە تاموژنا ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى ........ 348

## تاۋار تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 348
تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 349
1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 349

## ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 351
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتى ........ 352

## يەر باشقۇرۇش خىزمىتى

يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ........ 354
يەر رېۋىزىيىسى قىلىش خىزمىتى ........ 354
دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر سېتىۋېلىش خىزمىتى ........ 354
سەككىز ناھىيە، شەھەرنىڭ يەر دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتى ئاياغلاشتى ........ 355
22 ناھىيە، شەھەر يەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تىزىملاشنى تاماملىدى ........ 355
مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانى باھالاپ بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدى ........ 355

# پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

## خەلق بانكىسى

پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 356
پۇل مۇئامىلە تەرتىپى ياخشىلاندى ........ 358
بانكا كرېدىتى ۋە نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ........ 359
خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى ........ 359
مەخسۇس قەرز پۇل ........ 360
سۇغۇرتا بازىرى ........ 360
ئاكسىيە بازىرى ........ 360
ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى بازىرى جانلاندۇرۇلدى ........ 361
شەھەر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ........ 361
تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 361
تاشقى پېرېۋوت تەڭشەش بازىرى ........ 362
يەرلىك غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتى كىرىم پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ........ 362
تاشقى قەرزنى ستاتىستىكىلاش ۋە مۆلچەرلەش ئەھۋالى ........ 363
مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ........ 363
سېتىلغان پاختىنىڭ پۇلىنى كەينىگە سۈرەش ئەھۋالى ئىنىقلاندى ........ 363

## سودا - سانائەت بانكىسى

سودا - سانائەت بانكىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 364
سانائەت - قاتناش كرېدىتى ........ 364
تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ........ 365
سودا كرېدىتى ........ 365
خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى ........ 366
ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى ........ 366
تاشقى پېرېۋوت كەسپى ........ 366
ئۇرۇمچى ئىناۋەتلىك كارتا ئورنى ........ 367

## قۇرۇلۇش بانكىسى

قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتىدىن ئومۇمىي بايان ........ 367

قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 368
نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ........ 368
كرېدىت باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 369
ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپى ........ 369
ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى ۋە خەلق پۇل ئامانىتى ........ 370
ئىناۋەتلىك كارتا كەسپى ........ 370
مۇپەتتىشلىك ........ 370
خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى ........ 371

## يېزا ئىگىلىك بانكىسى

يېزا پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 371
يېزا ئىگىلىك كرېدىتى ........ 372
يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ئەھۋالى ........ 372
يېزا سانائەت كرېدىتى ........ 372
يېزا سودا كرېدىتى ........ 373
نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى ........ 373
مەبلەغ تەشكىللەش ئەھۋالى ........ 374

## جۇڭگو بانكىسى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئەھۋالى ........ 374
تاشقى پېرېۋوت كرېدىتى ........ 375
تاشقى سودا كرېدىتى ........ 375
چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار كرېدىتى ........ 376
خەلقئارا سودا ھېساباتى ........ 377
«سەددىچىن» ئىناۋەتلىك كارتىسى كەسپى ........ 377

## سۇغۇرتا

سۇغۇرتا ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 378
يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىدىكى زور تۆلەم ئەنزىلىرى ........ 378
كەنت دەرىجىلىك كادىرلار ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا ئېرىشتى ........ 379
تۇرپان ۋىلايىتىدە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئېغىر زىيان كۆرۈلدى ........ 379
شىنجاڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى تۇنجى ئاپپاراتى قۇرۇلدى ........ 379

# يېزا ئىگىلىكى

## يېزا خىزمىتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنى ........................ 381
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قورۇلۇشى ........................ 382
3 ـ قارارلىق يېزا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى ........................ 382
دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى ........................ 382
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ........................ 383
دېھقانچىلىق مول ھوسۇل مۇكاپاتى تارقىتىلدى ........................ 384
يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلىرى ........................ 384
يېزا مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ........................ 385
دېھقان، چارۋىچىلارغا تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتى... 386
ئۈچ كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ نەمۇنىچى تەكشۈرگۈ-
چىسى» دەپ نام بېرىلدى ........................ 386

## يېزا ئىقتىسادى

يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........................ 386
دېھقانچىلىق تەننەرخى ۋە ئۈنۈمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ........................ 388
1993 ـ يىللىق يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........................ 389
يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قورۇلۇشى ........................ 391
يېزىلاردىكى ھەمكارلىق فوندى جەمئىيەتلىرى ........................ 391
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ........................ 393

## دېھقانچىلىق

دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 393
دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى ........................ 394
دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى ........................ 395
خوتەن، يەكەن دەريا ۋادىلىرىدا 500 مىڭ مو/توننا ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىندى ........................ 396
دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ........................ 396
«خېبېي بۇغدىيى — 26» نى كېڭەيتىش خىزمىتى ........................ 396
باغۋەنچىلىك ........................ 397

ئۈجمە ئۆلاشتا ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى ...... 397
ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلىگە كېسەل تەگدى ...... 398

# چارۋىچىلىق

چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 398
ئوتلاق قۇرۇلۇشى ...... 399
ئوتلاق نىزاملىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى ...... 399
يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى ...... 400
يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ...... 401
جۇڭگو سىمېنتال كالىسىنى يېتىشتۈرۈش باشلاندى ...... 401
سويۇلىدىغان قوي گۆشىنى ئاشۇرۇشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى ...... 401
ئاپتونوم رايوندا ئىمپورت قىلىنغان سويۇلىدىغان قوينى ساپ كۆپەيتىش ۋە ئۇلاردىن شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى ...... 402
شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشتىن ئۆتتى ...... 403
تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتلاقلارنى ئۇنىۋېرسال ياخشىلاش سىنىقى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش تەتقىقاتى ...... 403
ئوتلاقلاردىكى ھاشارات، چاشقان ئاپەتلىرى ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى ...... 403
ئىلى ۋىلايىتىدە ئوت - چۆپ كېسەللىكلىرى، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كۈشەندىلەر تەكشۈرۈلدى ...... 404
يەم - خەشەك سانائىتى ...... 405
سىلوسلانغان، ئاممىياكلاشتۇرۇلغان يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 405
مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ...... 406
چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ تۆت دەرىجىلىك سىمسىز ئالاقە تورى پۈتتى ...... 407
تۇنجى نۆۋەتلىك قوي - ئۆچكە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى ...... 407
ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپى «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا يېزا ئىگىلىك مائارىپىنى كۈچەيتىش» تۈرى ئىجرا قىلىنىدىغان نۇقتا قىلىندى ...... 407
ئاپتونوم رايون ئۆي قۇشلىرى يەرمەنكىسىگە ئۆمەك قاتناشتۇردى ...... 408

# ئورمانچىلىق

ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئەھۋالى ...... 408
ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 409
ئورمان بايلىقى ۋە ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش خىزمىتى ...... 410
ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش خىزمىتى ...... 411
تارماقلارنى كۆكەرتىش خىزمىتى ...... 411
ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش ۋە ئۆسۈشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى ...... 412

نېفىت - گاز بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 444
نېفىتلىكلەرنى ئېچىش ئەھۋالى ...... 448
نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 448
جەنۇبىي ئۇسەيۇەن نېفىتلىكى ئېچىلىشقا باشلىدى ...... 448
نېفىتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى ...... 449
نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ...... 450
ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە ئېنېرگىيە تېجەش ئەھۋالى ...... 451
ياردەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 452
نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى ...... 452
چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ...... 453
نېفىت پەن - تېخنىكىسى ...... 453
كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى ...... 455
نامراتلارنى يۆلەپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە يەر سىلىتىش ئەھۋالى ...... 455

## تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى

تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش بىرلەشمە جېڭى ئەھۋالى ...... 455
نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 456
فىزىكىلىق نېفىت تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 457
قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى ...... 458
نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ۋە كان رايونى قۇرۇلۇشى ...... 458
نېفىتلىكنى ئېچىش، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۆتكەش، سېتىش ئەھۋالى ...... 459
گېئولوگىيىلىك تەتقىقات ...... 459
پەن - تېخنىكا خىزمىتى ...... 461

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى

نېفىت - گاز تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ...... 462
قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى ...... 462
نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ...... 463
نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۆتكەش، سېتىش ئەھۋالى ...... 463
يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى ...... 463

## شىمالىي تارىم نېفىت، گاز تەكشۈرۈش بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى

تارىم ئويمانلىقىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە نېفىت، گاز ئېچىش ئەھۋالى ...... 464
دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرى «101 - 85» ...... 465
تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى ...... 465
شىنجاڭ «خۇاجياڭ» قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش باش شىركىتى قۇرۇلدى ...... 466
مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش خىزمىتى ...... 466

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ...... 466
ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ...... 467

## جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 467
قۇملۇق كەسپىي ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى ...... 468

## كۆمۈر

كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 468
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر سانائىتى بويىچە 1993 - يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ...... 470
شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى ...... 470
ئېۋىرغول كۆمۈركېنىدا كۆمۈر قاتلىمىنى قاتتىق تاش تورۇسلۇق قىلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى تەتقىقاتى ...... 470
فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ كۆمۈركېنىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ...... 471
كۆمۈردىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ئىشلەش ئارىلىق سىنىقى ...... 471
ئۈرۈمچى - سانجى رايونى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ...... 471
«156» كۆمۈرلۈكنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى «كۆمۈر سانائىتى بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى ...... 472
كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ...... 472

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى

ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 472

ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى ...... 474
ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورى بىلەن قاراماي ئېلېكتر تورى تۇتاشتۇرۇلدى ...... 475
تۆمۈريول غەربىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى ...... 475
شامال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تېزلىتىلدى ...... 476
توك يوق ناھىيىلەرنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى ...... 476
ئېلېكتر قۇۋۋىتى ساھەسىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى ...... 477

## پولات - تۆمۈر

پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 477
شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 477
ئىچكى جەھەتتە كىرگۈزۈش، تاشقى جەھەتتە بىرلىشىش، بازار ئېچىش ئەھۋالى ...... 478
پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ...... 479
«1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى ...... 479
شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىدىكى زىيالىيلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 479

## رەڭلىك مېتال

رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 480
لىتىيلىق تۇز سانائىتى ...... 481
مىس - نىكېل ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 481
ئاليۇمىن سانائىتى ...... 482
ئالتۇن سانائىتى ...... 483
ئاز ئۇچرايدىغان مېتال سانائىتى ...... 483
يەرلىك رەڭلىك مېتال سانائىتى ...... 484
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 485
كان گېئولوگىيىسى ...... 485
ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ...... 486
يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ...... 486
پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ...... 487
تاشقى سودا، چېگرا سودىسى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ...... 487

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 488
شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ...... 492

شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ........ 493
1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى ........ 495
يېڭى ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرى ........ 495

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 496
ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلدىكى ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا دائىر ستاتىستىكا ........ 497
سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........ 499
1992 - يىلى شىنجاڭنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا، ئىقتىسادىي
كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ........ 499
تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ........ 500
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا ........ 500
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ نېفىتلىك ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى ........ 501
تاش ماتېرىياللىرى تۇنجى قېتىم ئېكسپورت قىلىندى ........ 501
بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنى چوڭ كارخانىلار قاتارىغا كىردى ........ 501
كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى ........ 501

## خىمىيە سانائىتى

خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 501
ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ........ 503
شىنجاڭ ساپ شۇلتا زاۋۇتى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ........ 503
شىنجاڭ ئۇيغۇچى ناترىي زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى ........ 504
خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى يېڭى مەھسۇلات ۋە يېڭى تېخنىكىلار ........ 504

## يېنىك سانائەت

يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 505
تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ........ 506
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى ........ 506
پەن - تېخنىكا خىزمىتى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ........ 507
تاشقى ئىقتىساد - سودا ۋە ئىچكى ئىقتىساد جەھەتتىكى ھەمكارلىق ........ 507

## توقۇمىچىلىق

توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 508

ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى ...... 509
تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ...... 509
يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 509
سىپتا يۇڭ توقۇلما ساھەسىدە ئۇنۇم داۋاملىق ئۆستى ...... 509
پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى پۇتۇنلەي زىيان تارتتى ...... 510
شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق 2 - فابرىكىسى ...... 510

## تاماكا

تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ...... 511
پاپىرۇس سانائىتى ...... 511
پاپىرۇس بازىرى ۋە تاماكىنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 512
ئاپتونوم رايونلۇق تاماكىنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى (شىركىتى) «ئىلغار ئىدارە» دېگەن نامغا
ئېرىشتى ...... 513

# قاتناش. پوچتا - تېلېگراف

## تۆمۈر يول

تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 514
لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى ...... 514
جۇڭگو تۆمۈر يولىدا 14/13 ـ قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزى قاتناشقا باشلىدى ...... 515
تارىم نېفىتلىكىدىكى نېفىتنىڭ توشۇلۇش ئەھۋالى ...... 515
يول ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ...... 515
لەنجۇ - شىنجاڭ قوش لىنىيىلىك تۆمۈريولىدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى
تەتقىقاتى ...... 515
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 800 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى ...... 516
جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ئون يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى
ئىشقا ئاشۇردى ...... 516
70/69 قېتىملىق پويىزغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم «قىزىل بايراقدار پويىز»
دەپ نام بېرىلدى ...... 516
ئۈرۈمچى ۋوگزالى ئۇدا تۆت يىل «مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يولدىكى مەدەنىيەتلىك ۋوگزال» بولدى ...... 517
مىنىستىر خەن جۇبىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە كېلىپ، ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى ...... 517
مۇئاۋىن مىنىستىر سۈن يۇڭفۇ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنى

تەكشۈردى …… 517

## تاشيول

تاشيول قاتناش - ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …… 518
قاتناش نازارىتى ترانسپورتنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى …… 519
تاشيول ترانسپورتى بىلەن تۆمۈريول ترانسپورتى ئايرىۋېتىلدى …… 520
دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قومۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 520
دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈن - داخۇاڭشەن قىسمى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 520
دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ چېڭسىخوزا - قورغاس قىسمىدىكى چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 521
دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ سانجى - قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 521
تاغلىق رايوندىكى تۇنجى 2 - دەرىجىلىك تاشيول — ساردۆڭ - مائەنچياۋ كۆۋرۈكى (ئايغىر بۇلاق قىسمى ئۆزگەرتىپ ياسالغان) تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 521
مارالبېشى - يەكەن تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 522
چۆچەكتىن باقتۇ چېگرا ئېغىزىغىچە بولغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 522
بورتالا - ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى …… 522
ناھىيە - يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى …… 522
ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ئوتتۇرىسىدا بىرلەشمە يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىدى …… 523
چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك ترانسپورت ئىشلىرى …… 523
قاتناش پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى …… 523
قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن مىنىستىرى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى …… 524
لىۋ جېنخۇەن 2 مىليون 100 مىڭ كىلومېتىر يولنى بىخەتەر قاتنىدى …… 524
مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈچ ئورۇن، ئىككى كىشىگە ئىلغارلىق نامىنى بەردى …… 524
تۆت ئورۇن «مەملىكەت بويىچە تاشيول، سۇ يولىدا يولۇچى توشۇشتا مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام ئالدى …… 524
ئاپتونوم رايون يول ياساش قەھرىمانلىرىنى تەقدىرلىدى …… 524

## خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …… 525
يېڭىدىن ئېچىلغان ئۇچۇش لىنىيىلىرى …… 525
ئاممىباب ئاۋىئاتسىيە …… 525
ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتى …… 525
مالەن زاپاس قونۇش ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى …… 526
«13 - نويابىر» ئايروپىلان ھادىسىسى …… 526

## پوچتا ـ تېلېگراف

پوچتا ـ تېلېگراف خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 526
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ـ تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ 1993 ـ يىللىق ئىقتىسادىي ئۇنۇم كۆرسەتكۈچلىرىنى
ئورۇنداش ئەھۋالى ........ 528
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا
قويۇلدى ........ 528
پوچتا ئالاقىسى ........ 529
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىللىق پوچتا ئالاقىسىدە سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ........ 530
تېلېگراف ئالاقىسى ........ 531
خەۋەرلىشىش ئىشلىرى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇلدى ........ 532
يېزا تېلېفونى ........ 532
جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا تېز پوچتا ئاپتوموبىلى قاتنىدى ........ 533
ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا خەلقئارا ئاۋتوئاتسىيە پوچتا يولىدا قاتناش باشلاندى ........ 533
800 مېگالىق ھەر كۆپ نىكىسىمان يۆتكەلمە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى رەسمىي
ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ........ 533
قەشقەر، سانجى، قاراماي شەھەرلىرىدە پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلدى ........ 534
گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى ........ 534
پوچتا پۇل ئامانىتى ........ 534
ماركا توپلاش ئەھۋالى ........ 534

# قۇرۇلۇش. مۇھىت ئاسراش. كارتوگرافىيە

## شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........ 536
شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆي قۇرۇلۇشى ........ 536
كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى ........ 537
شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ........ 537
تۇرالغۇ ئۆي مىكرو رايونى قۇرۇلۇشى ........ 537
تاۋار ئۆي تەرەققىياتى قۇرۇلۇشى ۋە تىجارىتى ........ 538
ئۆي ـ زېمىن بازىرى ........ 538

ئۆيلەرنى چېقىش، كۆچۈرۈش ۋە خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى باھالاش ئەھۋالى ...... 538
ئۆي ـ زېمىنغا كېسىم قىلىش ئەھۋالى ...... 538
كارخانىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ...... 539
16 شەھەردە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ...... 539
چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ...... 540
گەنسۇ ـ ليەنيۈنگاڭ ـ لەنجۇ ـ شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر ـ بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال پىلانى ...... 540
ئۈچ ئورۇن، بەش شەخس مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ ۋە شەخس بولۇپ باھالاندى ...... 541
بىر ئورۇن، تۆت شەخس مەملىكەت بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخس بولۇپ باھالاندى ...... 541

## خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى خىزمىتى ...... 541
قەشقەر «01» قۇرۇلۇشى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ...... 542
ئۈرۈمچى «قىزىل بايراق» كوچىسى يەر ئاستى كوچىسىنىڭ 3 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى ...... 542

## بىناكارلىق

بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 542
16 شەھەردە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى ...... 543
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 544
بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 544
شىنجاڭ ئۆزبېكىستاندا ئۆستىگە ئالغان تۇنجى مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى ...... 545

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 545
قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇھىتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 545
سانائەتتىكى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئوڭشاش ئەھۋالى ...... 546
مۇھىت ئاسراش كەسپى ...... 546
مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى ...... 546
قوغدىلىدىغان ئالتۇن تاغ تەبىئىي رايونىدىكى قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش ۋە ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ...... 547

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىللىق مۇھىتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ...... 547

## كارتوگرافىيە

كارتوگرافىيە ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 549
تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئوتتۇرا تارىم رايونىنى كېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش قۇرۇلۇشى پۈتتى ...... 550
ئۈرۈمچى «GPS» سۈنئىي ھەمراھ ئىز قوغلاش پونكىتى پۈتتى ...... 551
ئۈرۈمچى دۆلەتلىك مۇتلەق ئېغىرلىق نۇقتىسى پۈتتى ...... 551
شەھەرلەرنىڭ باغ - ۋارانلاشقان كۆلىمىنى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 551

# سودا

## سودا - سېتىق

سودا - سېتىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 552
دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئون ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداش ئەھۋالى ...... 553
سودا - سېتىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ...... 554
گۆش تىجارىتى ...... 555
كۆكتات سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى ...... 556
شېكەر، هاراق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارىتى ...... 556
ھاراقنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 556
قۇرۇتۇلغان كۆكتات، دورا - دەرمان، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى ...... 557
قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ...... 557
توقۇلمىلار، ئىلمە توقۇلمىلار بازىرى ...... 558
مېتال - قاتناش - ئېلېكتر - خىمىيە بۇيۇملىرى تىجارىتى ...... 558
نېفىت تىجارىتى ...... 559
مىللىي سودا ...... 559
سودا، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى ...... 560
سودا - سېتىق ساھەسىنىڭ ساقلاش ئەھۋالى ...... 560
سودا - سېتىق ساھەسىنىڭ توشۇش ئەھۋالى ...... 560
سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان تۈرلۈك ماللار پارچە سېتىش كارخانىلىرى ...... 561
12 كارخانا «جۇڭخۇا بويىچە كونا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى ...... 561

## ماددىي ئەشيا

ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 561
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماددىي ئەشيا تارماقلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇند

لىش ئەھۋالى ........ 562
ئاپتونوم رايون بويىچە ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ 1993 ـ يىلى ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش، سې-
تىش، ساقلاش مىقدارى ........ 563

## تەمىنات ـ سودا

تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 564
يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى ........ 565
پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى ........ 565
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يورۇشلەشتۈرۈش مۇلازىمىتى ........ 566
كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ........ 566
يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى ........ 567
ئاپتونوم رايونلۇق پاختا كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى ........ 567
ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى
قۇرۇلدى ........ 568

## ئاشلىق

ئاشلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 568
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 1993 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى ........ 570
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 1993 ـ يىلى ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش
ئەھۋالى ........ 571
ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ........ 571

## تاشقى سودا

تاشقى سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 573
تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنى ........ 574
1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان تاۋارلار ........ 575
1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنى ........ 575
چېگرا سودىسى ........ 577
موڭغۇلىيە بىلەن بولغان چېگرا سودىسى ........ 577
پاكىستان بىلەن بولغان چېگرا سودىسى ........ 577
ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ تاشقى سودا شىركەتلىرى ئۆز ئالدىغا ئىمپورت ـ ئېكسپورت
سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى ........ 578
تاشقى سودا ـ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋۇيى شىنجاڭنى كۆزدىن

كەچۈردى ........ 578
شىنجاڭ خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........ 578

# گېئولوگىيە. يەر تەۋرەش. ھاۋارايى

## گېئولوگىيە

دۆلەتنىڭ «305» تۈرى تەتقىقاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى ........ 579
«305» تەتقىقات تۈرى ئوتتۇرا باسقۇچلۇق باھالاشتىن ئۆتتى ........ 580
ناترىي تېئوسۇلفات ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر - سەنئىتى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ........ 581
شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى ........ 581
گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش نەتىجىلىرى ........ 582
سەككىز گېئولوگىيىلىك كان تۈرى گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ........ 584
كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........ 584
«شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق ئالتۇن كان ياتمىلىرىدا كان ھاسىل بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كان تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 585
«غۇلجا ناھىيىسى ئاشى ئالتۇن كېنى ياتمىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات» ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى ........ 586
«كۆكتوقاي ناھىيىسى قاراتۇڭكى گۈڭگۈرتلەشكەن مىس - نىكېل كېنى رايونى 1 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات» ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى ........ 586
«جۇڭگو - قازاقىستان جۇغراپىيە، ئالاتاۋ - پولكىنور ۋادىسىدىكى چىپار تاشلىق مىس كېنى ۋە قوغۇشۇن سىنك كېنىنىڭ كان ھاسىل بولۇش ئالامەتلىرى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات» ........ 586
«شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەردىكى مىس كانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاخباراتى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 587
شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ........ 588
«جۇڭگو تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى مۇزارت دەرياسى ۋە مايتاغ - كۆچا تاشيولىنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» ........ 588
«ئۈرۈمچى - قاراماي دۆلەت زېمىنىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش رايونىنىڭ رايون دائىرىلىك مۇھىت گېئولوگىيىسىگە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش دوكلاتى» ........ 589
«قۇمۇل ئويمانلىقى مۇھىت گېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال باھا دوكلاتى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ گېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش دوكلاتى» ........ 590
«ئۆلانباي يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىناق مەيدانىدا يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، سىڭدۈرۈش سىنىقىغا دائىر باسقۇچلۇق خۇلاسە دوكلاتى (1986 — 1990)» ........ 591

«ئۈرۈمچى قىزىلتاغ — شىمىگو ئاساسىي كارىستلىق تاغ رايونىنى گىدرو فىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈپ سۇ ئىزدەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئۈنۈملۈك تەتقىقات» ...... 591
«پىچان - ئېدىرلىق نېفىتلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى گىدرو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش» ...... 592
«پىچان ناھىيىسى شياۋساۋخۇ ناترىيلىق سېلىترا كېنى رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش» ...... 592
«ئاتۇش رايونىدا كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش جەھەتتىكى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش» ...... 592
ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى باشقۇرۇش خىزمىتى ...... 593
شىنجاڭدىكى تۆۋەن ناترىيلىق تەبىئىي ئىستېمال قىلىنىدىغان مىنېرال سۇنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىش دوكلاتى ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى ...... 593
شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى ھەم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى ...... 594
شىنجاڭ كۈيتۈڭ - شىخو گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلدى ...... 594

## يەر تەۋرەش

يەر تەۋرەش ئەھۋالى ...... 594
1993 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە يۈز بەرگەن Ms≥3.5 بال يەر تەۋرەش ئەھۋالى ...... 595
چاقىلىقتا 6.6 بال يەر تەۋرىدى ...... 599
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى ...... 600
خېجىڭدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى ...... 600
يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش قۇرۇلۇشى ...... 601
كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى تولدۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى ...... 601
ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش ئىستانسا تورى پۈتتى ھەمدە باھالاشتىن ئۆتتى ...... 602
«شىنجاڭدىكى ئاپەتنى ئازايتىشنىڭ 40 يىلى» نەشىردىن چىقتى ...... 603
يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ۋە ئۈنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ...... 603
تاشقى ئىشلارغا دائىر پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ...... 603

## ھاۋارايى

شىنجاڭنىڭ 1993 - يىللىق كلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 605
1993 - يىلدىكى غەيرىي نورمال ھاۋارايى ...... 608
شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 1993 - يىللىق ھاۋارايىدىكى مۇھىم ئامىللار ...... 609
ھاۋارايى خىزمىتى ...... 612

ھاۋارايى ئىشلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى ........................ 614
ھاۋارايى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ........................ 615
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پايتەختىنىڭ قىسقا مەزگىللىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش
يولغا قويۇلدى ........................ 616
مەملىكەتلىك ھاۋارايى سىستېمىسى بويىچە بىر ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈچ كىشى ئىلغار شەخس
بولۇپ باھالاندى ........................ 616

# ئىلىم - پەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى ئونىنى بىرىشكە باشلىدى ........................ 617
يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ........................ 617
قوشۇمچە: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان
تۈرلەرنىڭ 1993 - يىلدىكى ئەھۋالى ........................ 618
ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ 620
ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ........................ 621
پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۈلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى........................ 623
«دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانى» يولغا قويۇلدى... 624

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا يىغىنى ........................ 625
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى...... 625
تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ھەم ئۇنى
ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى ........................ 626
پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ........................ 627
پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىلىرى ۋە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى ........................ 629
پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ........................ 630
پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كېڭەيتىلدى ........................ 631
قوشۇمچە 1: 1993 - يىلى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى بويىچە رايونلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىگە
ئېرىشكەن تۈرلەر ........................ 632
قوشۇمچە 2: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەبىئىي پەن فوندى ياردىمى بىلەن يېڭىدىن قوشۇلغان تۈرلەر ... 633
تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ........................ 634

دۆلەت دەرىجىلىك نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى ........ 634
قوشۇمچە: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىلدىكى دۆلەت دەرىجىلىك نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش - باھالاپ بېكىتىش پىلانى تۈرلىرى ........ 634
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى ........ 635
قوشۇمچە: 1993 - يىلدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرلىرى ........ 636
11 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ........ 636
124 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ........ 636
قوشۇمچە: شىنجاڭ بويىچە 1993 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر ........ 637
پاتېنت خىزمىتى ........ 641
قوشۇمچە: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكى ئېلان قىلىنغان تۈرلەر ........ 641
ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ........ 646
«مەشئەل» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ........ 646
يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتى ........ 647
تېخنىكا بازىرى ........ 647
پەن - تېخنىكا ئاخباراتى كەسپى ئىسلاھ قىلىندى ........ 648
پەن تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇلازىمەت خىزمىتى ئەھۋالى ........ 648
ئالاھىدە تۆھپە قوشقان پەن - تېخنىكا خادىملىرى مۇكاپاتلاندى ........ 649
قوشۇمچە: مۇكاپاتلانغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........ 649
«ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى» پىلانى يولغا قويۇلدى ........ 651
تەكلىماكان قۇملۇقى بويىچە خەلقئارا ئىلىم - پەن يىغىنى ........ 652
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ........ 653
قۇرغاق تۇپراقلارنى تۈرگە ئايرىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ........ 653
ياشلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىللىق ئىلمىي يىغىنى ........ 654
2 - نۆۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر مۇنەۋۋەر ماقالىلەر تاللاپ چىقىلدى ........ 654
پاتېنت تېخنىكىسى، يېڭى مەھسۇلات بويىچە 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسى ........ 655
6 - نۆۋەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىندى ........ 655
1993 - يىللىق مەملىكەتلىك ئەسقاتىدىغان تېخنىكا نەتىجىلىرىگە دائىر شىنجاڭ سەييارە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........ 655
جۇڭگو «مەشئەل» پىلانى نەتىجىلىرى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى ........ 656
7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ۋە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ........ 656
قوشۇمچە: 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر ........ 656
ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيىگە دائىر ئون پەن - تېخنىكا ئەسىرى مەملىكەت بويىچە

مۇكاپاتلاندى ........ 656
قىشلىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ...... 657
پەن ـ تېخنىكىنى تەشۋىق قىلىش ئەھۋالى ........ 657
قەرەللىك پەن ـ تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ........ 658
قوشۇمچە: 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رەسمىي ئاشكارا تارقىتىلغان پەن ـ تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 658
ئون كىشى «جۇڭگونىڭ يەرلىك پەن ـ تېخنىكا تارىخ ـ تەزكىرىسىنى ياراتقۇچى ۋە تۈزگۈچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى ........ 660
چەت ئەل بىلەن بولغان پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ........ 660
خەلق ئىچىدىكى پەن ـ تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلار پائالىيىتى ........ 660
ئىككى مۇتەخەسسىس چەت ئەل ئاكادېمىكلىكىگە ۋە مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى ........ 661
ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر، جەمئىيەتلەر ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ 1993 ـ يىلى ئۆتكۈزگەن ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى ........ 661

## تەبىئىي پەن

## ئېكولوگىيە. بايلىق مەنبەسى

قۇرغاق رايونلارنىڭ مۇھىتى، بايلىق مەنبەسى ئورتاق تەتقىق قىلىندى ........ 666
شىنجاڭدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ تۇپراق مۇھىتى شارائىتىنىڭ قوغۇننىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ........ 666
تورفتىن پايدىلىنىپ قۇملۇقلارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ۋە ئېچىش بويىچە ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ........ 667
جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ يۇلغۇن ئورۇقدىشى ئۆسۈملۈكلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ باردى ........ 667
شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چېكىگە يەتكەن مۇھىتتا ياشايدىغان مىكرو ئورگانىزم بايلىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ........ 668
«تەڭرىتاغدىكى ئېكىن داۋىنىدا قار ـ شۇرغاننىڭ ھاسىل بولۇشى ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەتقىقاتى» ........ 668
تارىم ئويمانلىقى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان قۇرغاق چۆللەردە يەر يۈزىنىڭ پارلىنىشىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىنىقى ۋە ئۇنىڭ مودېلى ........ 669

## فىزىكا

«$CaF_2:M_n$» ئىسسىقلىق چىقىرىپ يورۇقلۇقتا فوسفاتلىشىدىغان ئوپتىكىلىق ماتېرىياللار ۋە مىقدار سەپلىمىلىرى تەتقىق قىلىپ ياسالدى ........ 670

ئىسسىقلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى دەرىجىدە سۇمۇرۇشنى ئۆلچەيدىغان دوزا پرېپارات ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش مەسىلىسى ........................................ 670
قايىنام ئېقىنلىق ئىسسىقلىق سەزگۈچى سېنزور ........................................ 670
«كۆپ تۈشۈكلۈك يېرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ نەملىشىشكە سەزگۈر فارفۇر ماتېرىياللىرىنىڭ كونىراپ قېلىش ئېففېكتى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇراقلىقلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» ........................................ 671
«تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا يۇقىرى ۋاكۇئۇملۇق سۇيۇق ئازوت ئىدىشلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ........................................ 671
«CIMSD» لىنىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەدبىر/تىزگىنلەش ئەسۋابى ........................................ 671

## خىمىيە

ئۆزگەرتىلگەن چېكىت يېغىدىن بىرىكمە ماي تولۇقلاش خورۇچىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىش ۋە قوللىنىلىش مەسىلىسى ........................................ 671

## ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى

ئاپتوموبىلنى چۆۋۈماي تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ئاپتوماتىك خاتىرىلەش قۇرۇلمىسى ........................................ 672
شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىستېمىسى ........................................ 672
چوڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى تارماق ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسى ........................................ 672
ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ........................................ 673
مىكرو ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان، ماگنىتلىق تەتۈر ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق كەڭ ئېكرانلىق كوچا رەڭلىك ئېلان تاختىسى ........................................ 673

## ئاسترونومىيە

مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تېلېسكوپ ........................................ 673
تىزگىنلىنىشنى يوقاتقان سۇنئىي ھەمراھنى توسۇپ كۆزىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ........................................ 674

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

«نەشپۈت ئۇسۇكچە مېۋىسىنىڭ پەيدا بولۇش مېخانىزمى ۋە ئۇنى تەگشەپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ........................................ 674

«كۆكگۆرتسىز ئالتۇن رەڭلىك قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش تەتقىقاتى» ........ 675
«سېرىق پۇرچاقنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 675
«ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ئوزۇقلۇق ئالاھىدىلىكى، ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 676
«قىزىلمۇچتا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 676
ئەلا سۈپەتلىك كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى ........ 677
«كېۋەز تالاسىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، تالانىڭ چىڭلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش» ........ 678
«پاختا تالاسىدىكى ئاق مومنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 679
«شالنى سوغۇق، قۇرۇق يەرلەردە شالاڭ ئۆستۈرۈپ، ماشىنىدا كۆچۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا - سايمان ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 679
ئوتلاقلاردا توپا بوشىتىپ ئوت - چۆپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى ........ 679
«〈VA〉 زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكلىق تۇپراق تەركىبىدىكى فوسفوردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 680
ئورگانىك كومپلېكسلانغان مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت ئۈلگە بويىچە كۆرسىتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى ........ 680
«شىنجاڭدىكى چېۋىنخورلارنىڭ تۈرداشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ يېتىلمىگەن لېچىنكىلىرىنى مورفولوگىيىلىك تۈرگە ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 681
«قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 681
ئۈچەي قۇرتى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ قويلارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى ........ 682
ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىلغان كالا ئىسپېرمىسى بىلەن دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرمىنىڭ بوغاز قىلىش نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ........ 683
مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچ تەتقىق قىلىپ ياسالدى ........ 684

## ئىجتىمائىي پەن

«شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي گۇمانىتارلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» ........ 684
«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ 90 - يىللاردىكى تەرەققىياتى ۋە جۇڭگو» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ........ 685
ئىككى ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاست بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈلدى ........ 685
شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول بويىغا جايلاشقان رايونلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........ 686
قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........ 687
قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى ........ 687
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ........ 688
بازار ئىگىلىكى ۋە پاي تۈزۈمى مۇھاكىمە يىغىنى ........ 688

«12 مۇقام» تەتقىقات نەتىجىلىرى سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى …… 689
«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى …… 689
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى …… 689
ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ 1993 - يىللىق مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلىرى …… 689

# مائارىپ

«ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى …… 692
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمەت يىغىنى …… 692
مائارىپ خىراجىتى …… 693
ئاسپىرانتلارنىڭ ۋە شىفەن ئالىي مەكتەپلىرى، تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى …… 694
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق مائارىپ خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى …… 695
قوشۇمچە: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ سېلىنىش ئەھۋالى …… 696
يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ۋە «يانغىن» پىلانىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى …… 698
مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى …… 698
دەرسلىكلەرنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى …… 698
قوشۇمچە: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىللىق دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىش ئەھۋالى …… 699
نىشانلىق ئوقۇتۇش سىنىقى …… 700
ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالى …… 700
مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىنىدى ۋە ئۇ باھالاندى …… 700
ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى …… 701
ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …… 702
«شىنجاڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى تەتقىقاتى (1989 — 2000)» …… 702
مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى …… 702
مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى …… 703
قوشۇمچە: مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى …… 703
شىنجاڭ داشۆسىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى …… 705
ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان مائارىپ ساھەسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقە …… 706
مائارىپ ساھەسىدىكى تاشقى ئالاقە …… 707

## ئادەتتىكى مائارىپ

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى …… 707

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى باھالاندى ........................ 707
قوشۇمچە 1: ئاپتونوم رايونىمىزدىن 1993- يىلى دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر ........................ 707
قوشۇمچە 2: ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر (دۆلەتنىڭ 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئاپتونوم رايوننىڭ 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھېسابلاندى) ........................ 707
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى ........................ 708
شىنجاڭ داشۆسى دۆلەتنىڭ «211» قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى ........................ 709
ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىگە تەكشۈرۈپ تامغا بېسىش خىزمىتى ........................ 709
ئوتتۇرا شىفەن مائارىپى تەكشۈرۈلدى ........................ 709
باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى ........................ 709
ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ........................ 710
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن كەسىپتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانى ئېلىندى ........................ 710
ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ........................ 711
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بىر تۇتاش باستۇرۇلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ ........................ 711
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى ........................ 711
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالى ........................ 712


## چوڭلار مائارىپى


چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە تېخنىكومىلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ........................ 713
ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئالىي مائارىپى خىزمىتى يىغىنى ........................ 713
ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىندى ........................ 713
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى ........................ 714
ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىندى ........................ 715
چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن 7 - قېتىملىق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىندى ........................ 715
ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ........................ 716
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە دېھقان، چارۋىچىلار مائارىپى ........................ 717

## كەسپىي مائارىپ

كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 718
تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنى ...... 719
كەسپىي مائارىپ دەرسلىكلىرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ...... 719

# مەدەنىيەت. ئارخىپچىلىق

## مەدەنىيەت

ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 720
مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 721
ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 722
90 - يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش ئەھۋالى ...... 723
مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ...... 723
5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى بىلەن تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ...... 723
قوشۇمچە 1: 5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىكى ...... 724
قوشۇمچە 2: مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرنىڭ ئىسىملىكى ...... 724
ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى ...... 724
ئۈچ ئادەمنىڭ بەش ئەسىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ...... 724
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتى ...... 725
«جاڭغىر» نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تولۇق نۇسخىسىنىڭ 1 -، 2 - قىسمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى ...... 725
مەشھۇر «ماناس»چى يۈسۈپ ماماي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ...... 725
ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ...... 725
يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىپ قوغداش قۇرۇلۇشى ...... 726
جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىشىپ نىيە خارابىلىرىنى تەكشۈردى ...... 726
بالىلار ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى ...... 726
ۋاڭ يۈخۇ ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ...... 727
تۇنجى تۈركۈمدىكى تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۈمىكى شىنجاڭغا كەلدى ...... 727
چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى ...... 728

## ئارخىپچىلىق

ئورگان ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋالى ........................................ 728
ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ........................................................................ 729
ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى ..................... 729

## ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق

ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.......................................... 731
1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا كۆپەيگەن ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت، ژۇرناللار .......................... 732
ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى 1993 ـ يىلى 3 ـ تۈركۈمدە تىزىملاشقا تەستىقلىغان
مۇخبىرلار پونكىتلىرى ........................................................................................ 733
ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللار يىغىۋاشتىن تىزىملاندى ........................ 734
نەشر هوقوقى خىزمىتى ......................................................................................... 734
مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش خىزمىتى .................................................................. 735

## ئاخبارات

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى .................................................. 735
شىنجاڭدىكى گېزىتلەرنىڭ 1992 ـ يىلدىكى ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى ياخشى ئەسەرلەر باھالاپ چىقىلدى ...... 736
كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى .................. 736
ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى.................. 736
«شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى .......................................... 737
تۇردى قادىر نازىرى «سەنئەت ساھەسىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر شەخس گۇۋاھنامىسى» گە ئېرىشتى... 737

## نەشرىياتچىلىق

كىتاب نەشر قىلىش ئەھۋالى ................................................................................ 737
كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى .................................................................................... 739
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................................... 739
1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇقتىلىق كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش ................. 740
«يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» نىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى........................................ 741

## مەتبەئەچىلىك

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى ............. 741

كىتاب، گېزىت - ژۇرنال باسىدىغان كارخانىلارنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى ........................ 741

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 742
رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ........................ 744
مۇنەۋۋەر رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى ........................ 744
كىنو ئىشلەش ئەھۋالى ........................ 745
كىنو فىلىملارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى ........................ 745
قوشۇمچە: 1993 - يىلدىكى كىنو فىلىملارنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ........................ 745
تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش خىزمىتى ........................ 748
تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ........................ 748
قوشۇمچە: 1993 - يىلدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ........................ 748
رادىئو دىرامىسى ئىشلەش ئەھۋالى ........................ 751
كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش ئەھۋالى ........................ 752
3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ ئەھۋالى ........................ 752
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پروگراممىلارنى بىر كۈندە 16 سائەت سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى ........................ 753
شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى ........................ 753
«تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى رەسمىي پروگرامما كۆرسىتىشكە باشلىدى ........................ 753
«تەڭرىتاغ» ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى (TBC) قۇرۇلدى ........................ 754

## سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك

سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ........................ 755
قوشۇمچە 1: 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار ........................ 755
«سېپتىرالارنى باشقۇرۇش چارىسى» نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى (سىناق نۇسخا) تارقىتىلدى ........................ 755
قوشۇمچە 2: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار ........................ 756
قوشۇمچە 3: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە 1993 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار ........................ 756
باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى ........................ 757

يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى ...... 757
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ...... 758
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلار ...... 759
1 - تۈركۈمدىكى «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار ...... 759
تىببىي دورىگەرلىك - سەھىيە ساھەسىدىكى يېڭى نەتىجە، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىلىش ئەھۋالى ...... 759
تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ ئىستىلى تەكشۈرۈلدى ...... 760
ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇلتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرى ...... 760
سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 760
تۇبېركولىيوز كېسەللىكى بويىچە تىزگىنلەنگەن تۈرلەر ...... 761
قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى ...... 762
ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنى ئېپىدېمىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى ...... 763
كەلپىن ناھىيىسىدە خولېرا «0139» تارقالدى ...... 764
ياسىمان قۇرت كېسەللىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ...... 764
شۇمىگچىيەن «روسا» خەلقئارا قاپلىق قۇرت كېسەللىكى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ...... 765
يۇجيەنبىن لىمي كېسەللىكى تەتقىقاتىدا زور نەتىجىگە ئېرىشتى ...... 765
خالمۇرات غوپۇر ئۇقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ...... 765
سەھىيە سېپىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بەرگەن ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى ...... 766
جۇڭگو - دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىرلەشمە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ...... 766
«ھاياتلىق بىلىملىرى» نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى كۆزىتىپ باھالاش ئەھۋالى ...... 766
قىزىل كىرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى ...... 767
تىببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 767
دورىلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى ...... 768
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى «GMP» ئۆلچىمىگە يەتكەن دورا ئىشلەپچىقىرىش سېخى پۈتۈپ
ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ...... 769
«شىنجاڭدىكى دورا ئۆچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىگىنىڭ يېڭى مەنبەسىنى ئېچىش تەتقىقاتى» ...... 769

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 771
ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنى ...... 774
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 1993- يىلى مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 1- لىكتىن
8 - لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى ...... 775
1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق مۇسابىقىلەر ئەھۋالى ...... 776
ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى ...... 778
مەشق قىلىش ۋە مۇسابىقە ئىسلاھاتى ...... 778

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالى ........ 779
1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ...... 780

## مىللەت

### مىللەتلەر ئىشلىرى

11 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ........ 783
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەھۋالى ........ 783
مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش مەجمۇئەنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ئەھۋالى ........ 784
«1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق گورۇھىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش
داۋامىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەكشۈرۈلدى ........ 784

### مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى

مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى........ 785
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى» تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى ... 787
ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى ........ 787
خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىناقنۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ........ 787
دۆلەت تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ...... 788
قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتابلار تەكشۈرۈلدى ........ 788

## ئىجتىمائىيەت

يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى ........ 789
كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى ........ 789
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 790
قوشۇمچە: 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قۇرۇلغان ئىجتىمائىي
تەشكىلاتلار ........ 790

### مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئەھۋالى

مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ........ 791

«13 ـ نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ يارىلانغانلار زور كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىندى ......... 792

## جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

دېھقانلارنىڭ 1993 ـ يىلدىكى ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ......................... 793
مەملىكەت بويىچە يېزا ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەت تورىغا كىرىش ئەھۋالى ......................... 795
شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىكى پەرق ......................... 795
شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالاھىدىلىك ......................... 797
شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالدىكى ئالاھىدىلىكى ......................... 798
شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالى ......................... 798
شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تاماكا ئىستېمال قىلىش ئەھۋالى ......................... 799
جۇڭگو بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شىنجاڭ رايونىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى......... 800

## كادىرلار ئىشى

كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى ......................... 801
كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى ......................... 803
كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى ......................... 805
ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ......................... 806
ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ......................... 806
كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز مائارىپى خىزمىتى ......................... 807
326 كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى ......................... 808
قوشۇمچە: 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ......................... 808
ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى ......................... 809
كادىر تەربىيىلەش ئەھۋالى ......................... 810
كادىرلارنى مۇكاپاتلاش خىزمىتى ......................... 811
قوشۇمچە 1: 1993 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى تەقدىرلىگەن ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ ئىسىملىكى ...... 811
قوشۇمچە 2: گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، سىستېمىلىرى تەقدىرلىگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ... 812
قوشۇمچە 3: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلىگەن ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ......................... 812
كادىرلارنىڭ سۇغۇرتا، پاراۋانلىق خىزمىتى ......................... 813
ئىمتىھان ئېلىش مەركىزىنىڭ خىزمىتى ......................... 813
چەت ئەللەردىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش خىزمىتى ...... 815

## ئەمگەك . ئىش ھەققى

ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ......................... 815

ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھاتى ...... 816
ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ...... 817
ئەمگەك بازارلىرىنى قۇرۇش ئەھۋالى ...... 818
ئەمگەك ماجىرالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى ...... 818
دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى خىزمىتى ...... 819
كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى ...... 822
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ...... 823
ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، پاراۋانلىق تۈزۈمى ئەھۋالى ...... 823
كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى ...... 824
كۆمۈركان ھادىسىلىرى ...... 825


## ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى


ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ...... 825
ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ...... 826
ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ...... 827
ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ھەمدە ھەربىيلىك سالاھىيىتى بولمىغان پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ...... 827
ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قەرەللىك تۈردە بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى ...... 828
ئالاھىدە دەرىجىلىك ۋە 1 - دەرىجىلىك ئىنقىلابىي مېيىپلارنىڭ كۈتۈنۈش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى ...... 828
ئىنقىلابىي مېيىپلارغا قول بىلەن ماتورلۇق ئۈچ چاقلىق هارۋا سەپلەپ بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى ...... 829
ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش، مەدھىيىلەش پائالىيەتلىرى ...... 829


## پاراۋانلىق ئىشلىرى


پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 830
ئۈچ پاراۋانلىق كارخانىسى مەملىكەت بويىچە 100 باي پاراۋانلىق كارخانىسى قاتارىغا كىردى ...... 830
پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش خىزمىتى ...... 830
ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاندى ...... 831
مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 831

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېيىپلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى ......... 832
ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى ......................... 833
جۇڭگو مېيىپلار ئىشلىرى ئاخبارات - تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى ........................................................................ 833
ئەما باللارنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ............... 833
ئاپتونوم رايونىمىزدا تارقاق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى .................. 833
يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش خىزمىتى ..................... 834
ياشانغانلار ساناتورىيىسى ۋە يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ........................ 834
يىغىپ بېقىلىدىغانلارنى تىزىملاش خىزمىتى .................................................. 835
تەيبېي ساۋ جەمەتى فوند جەمئىيىتى مېيىپ قېرىنداشلارغا چاقلىق ئورۇندۇق ھەدىيە قىلدى ......... 835

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

تەبىئىي ئاپەت ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........................................... 835
دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق زاپاس مەبلەغ (ئاشلىق) كاسسىسى (ھەيئىتى) ................. 838

## نوپۇس. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............................... 839

## ياشانغانلار خىزمىتى

ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ................................................ 843
ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش بويىچە تونجى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى......... 844
ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئون ساغلام بوۋاي - موماي تاللاندى .............................. 844
ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرى قۇرۇلدى ............................................... 844
كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.............................. 844
ۋاڭ جاۋخۇا شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى ................................................. 845

## دىن خىزمىتى

دىن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ....................................................... 845
دۆلەت نۆۋەتلىك مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجراتتى ........................................................................ 847
قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى ........................................... 847

ئاساسىي قالايمىقانچىلىقتىن ئىبارەت خىزمەتتە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار
شەخسلەر .......... 847
دىنىي ساھەدىكى تۇنجى «قوش بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى .......... 847
ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى .......... 848
بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى .......... 848

## نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى .......... 848
نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى .......... 849

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەر قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى شەھىرى .......... 850
ئۈرۈمچى ناھىيىسى .......... 854
قاراماي شەھىرى .......... 856
شىخەنزە شەھىرى .......... 859
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى .......... 861
كۈيتۇڭ شەھىرى .......... 865
ئىلى ۋىلايىتى .......... 867
غۇلجا شەھىرى .......... 870
غۇلجا ناھىيىسى .......... 872
قورغاس ناھىيىسى .......... 875
نىلقا ناھىيىسى .......... 877
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى .......... 878
تېكەس ناھىيىسى .......... 880
توققۇزتارا ناھىيىسى .......... 881
كۈنەس ناھىيىسى .......... 883
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى .......... 885
تارباغاتاي ۋىلايىتى .......... 887
چۆچەك شەھىرى .......... 890
دۆربىلجىن ناھىيىسى .......... 892
چاغانتوقاي ناھىيىسى .......... 894
تولى ناھىيىسى .......... 896
شىخو ناھىيىسى .......... 897
ساۋەن ناھىيىسى .......... 900
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى .......... 902

ئالتاي ۋىلايىتى ........................ 903
ئالتاي شەھىرى ........................ 906
قابا ناھىيىسى ........................ 907
بۇرچىن ناھىيىسى ........................ 910
جېمىنەي ناھىيىسى ........................ 912
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ........................ 914
كۆكتوقاي ناھىيىسى ........................ 915
چىڭگىل ناھىيىسى ........................ 917
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........................ 918
بورتالا شەھىرى ........................ 922
جىڭ ناھىيىسى ........................ 925
ئارىشاڭ ناھىيىسى ........................ 926
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ........................ 928
سانجى شەھىرى ........................ 932
سىچۈەن ناھىيىسى ........................ 935
ماناس ناھىيىسى ........................ 936
قۇتۇبى ناھىيىسى ........................ 938
فۇكاڭ شەھىرى ........................ 940
جىمسار ناھىيىسى ........................ 942
گۇچۇڭ ناھىيىسى ........................ 945
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........................ 947
تۇرپان ۋىلايىتى ........................ 949
تۇرپان شەھىرى ........................ 952
توقسۇن ناھىيىسى ........................ 955
پىچان ناھىيىسى ........................ 957
قۇمۇل ۋىلايىتى ........................ 959
قۇمۇل شەھىرى ........................ 961
ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ........................ 963
بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........................ 964
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........................ 966
كورلا شەھىرى ........................ 968
خېجىڭ ناھىيىسى ........................ 970
خوشۇت ناھىيىسى ........................ 971
باغراش ناھىيىسى ........................ 974
بۈگۈر ناھىيىسى ........................ 975
لوپنۇر ناھىيىسى ........................ 976
چاقىلىق ناھىيىسى ........................ 978
چەرچەن ناھىيىسى ........................ 979

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 980
ئاقسۇ ۋىلايىتى ...... 981
ئاقسۇ شەھىرى ...... 985
ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى ...... 987
باي ناھىيىسى ...... 989
كۇچا ناھىيىسى ...... 991
توقسۇ ناھىيىسى ...... 993
شايار ناھىيىسى ...... 995
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ...... 996
ئاۋات ناھىيىسى ...... 999
كەلپىن ناھىيىسى ...... 1000
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ...... 1001
ئاتۇش شەھىرى ...... 1003
ئاقچى ناھىيىسى ...... 1005
ئۇلۇغچات ناھىيىسى ...... 1006
ئاقتۇ ناھىيىسى ...... 1008
قەشقەر ۋىلايىتى ...... 1009
قەشقەر شەھىرى ...... 1012
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ...... 1014
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ...... 1016
مارالبېشى ناھىيىسى ...... 1018
پەيزاۋات ناھىيىسى ...... 1019
يوپۇغا ناھىيىسى ...... 1021
يېڭىسار ناھىيىسى ...... 1023
مەكىت ناھىيىسى ...... 1024
يەكەن ناھىيىسى ...... 1026
پوسكام ناھىيىسى ...... 1027
قاغىلىق ناھىيىسى ...... 1029
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ...... 1030
خوتەن ۋىلايىتى ...... 1031
خوتەن شەھىرى ...... 1034
خوتەن ناھىيىسى ...... 1036
گۇما ناھىيىسى ...... 1038
قاراقاش ناھىيىسى ...... 1039
لوپ ناھىيىسى ...... 1041
چىرا ناھىيىسى ...... 1043
كېرىيە ناھىيىسى ...... 1044
نىيە ناھىيىسى ...... 1046

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى ........ 1048
ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 1048

## شەخسلەر

### ئىلغار - نەمۇنىچى شەخسلەر

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر ... 1053
جاڭ يۈگلې ........ 1053
دۇ شيەندۇڭ ........ 1053
چېن دېباۋ ........ 1054
سەي رېنشەن ........ 1054
قادىر توختى ........ 1054
رەشىدە ........ 1055
جاڭ دېجۇ ........ 1055
لى زۇڭتاڭ ........ 1056
ئەركىن ئەخەت ........ 1056
رازاق رەۋەيدۇل ........ 1057
ساۋ لىجىن ........ 1057
سۇ خەيچۈەن ........ 1057
جى دېخۇڭ ........ 1058
سۇلياڭ ........ 1059
فەن شېڭگاۋ ........ 1059
ئالتۇنگۇل ........ 1059
ياسىن ئابدۇللا ........ 1060
مەھەممەت تۇرسۇن ........ 1060
شى يىڭ ........ 1061
بايمۇڭغۇل ........ 1061
لۇ شيىڭ ........ 1062
ياڭ زىچۈن ........ 1062
ما شۇرېن ........ 1062

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

ئىسمائىل مۆمىن ........ 1063
يۈ گۈيگو ........ 1063
جياڭ فۇرۇ ........ 1063
چېن دىڭئەن ........ 1063
شى شىنگو ........ 1064
لى خۇيمىڭ ........ 1064
لى چۈن ........ 1064
ۋاڭجيې مافا ........ 1064
لى خەنچياڭ ........ 1064

## ۋاپات بولغان شەخسلەر

يەن زېمىن ........ 1065
ۋاڭ زيۈن ........ 1065
شى يىڭچۈەن ........ 1065
فېي جيەن ........ 1065
پەن فۇليەن ........ 1066
چېن شى ........ 1066
لىن خەيچىڭ ........ 1067
پېڭ باگجى ........ 1067
فاڭ گۈەنليەن ........ 1067
مەمتىمىن ھۇسەيىن ........ 1068
لى جيايۇ ........ 1068
گۇڭ شىڭيې ........ 1068
ليۇ ۋېيشىن ........ 1069
خې تۇيۈمن ........ 1069
ئابدۇۋاپىت ھەسەن ........ 1069
گوگۇ ........ 1069
لى فۇجى ........ 1070
يەن فاشياڭ ........ 1070
نىغمەت مىڭجانى ........ 1070
ياسىن ناسىر ........ 1071
خەن پىڭلۇ ........ 1071
ياڭ گۈەنچۈن ........ 1071

قالى تۇراشۇ ........ 1071
گودى ........ 1072
ۋاڭ شيەنۇېن ........ 1072
ياڭ زۇڭيۇ ........ 1072
ياڭ دۇڭجياۋ ........ 1073
چېن يۇنلۇڭ ........ 1073
ئەن گۇيخۇەي ........ 1073
ليۇ شېڭ ........ 1073
چاڭ جېپىڭ ........ 1074
ۋېي دېشياڭ ........ 1074
× قۇنياز ........ 1074
لى جېنخەي ........ 1074
ۋاڭ جىليەن ........ 1075
دۇ جەنبياۋ ........ 1075
جاڭ شۆزۇ ........ 1075
لى جىڭشۇەن ........ 1076
ۋاڭ جۇڭچىڭ ........ 1076
تاڭ زۇتەن ........ 1077

## «شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى

چىڭ خاندانلىقى يىمىرىلىش هارپىسىدا، يۈەن داخۇا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ۋالىيلىق سالاھىيىتى بىلەن «شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت بۇ كۆپ قىسىملىق، زور ھەجىملىك ئەسەرنى باش بولۇپ تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ شىنجاڭدىكى مەلۇم بىلىمگە ئىگە يەرلىك مەنسەپدارلاردىن ۋاڭ شۇيەن قاتارلىق 60 تىن ئارتۇق كىشىنى يىغقاندىن سىرت، يەنە بىلىملىك زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە يىغىپ، يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن ھەربىي ئەمەلدار سۇڭ بولۇ قاتارلىقلارنىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشتا ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش تەقسىم قىلىنىپ، كونا تارىخ، جايلار تەزكىرىسى، ئەسەرلەر توپلىمى، ئارخىپ قاتارلىق 100 خىلغا يېقىن ئەسەردىن پايدىلاندى ھەمدە ئەڭ يېڭى ماتېرىياللاردىنمۇ پايدىلاندى. بۇنى شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور ئۇتۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈپ چىققان. پۈتكۈل كىتاب 116 جىلد بولۇپ، تەخمىنەن 2 مىليون خەتتىن ئارتۇق كېلىدۇ. كىتابدا 29 باب تەسىس قىلىنغان، بۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئۆلكە تەزكىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىتاب فېئودال خوراپاتلىق تۈس ئالغان ۋە ئۇنىڭدا خاتالىقلار كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار ساقلانغان بولۇپ، بۈگۈنكى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە يەنىلا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

# ئالاھىدە ماقالىلەر

## ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

— 1994 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى    سۇڭ خەنلياڭ

پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى — ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھالقىلىق دەۋرگە قەدەم قويغاندا چاقىرىلغان چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك مۇھىم يىغىن. يىغىندا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن چىقىرىلغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ئۆتۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، ئۇ بىزنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىسلاھاتنى، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت پروگراممىمىز. بىز پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى شۇ ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللىغان «پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بېكىتمە» دە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت فاڭجېن، پرىنسىپ، سىياسەتلەر ۋە ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش تەلىپى ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بىز تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، بۇسۇش خاراكتېرلىك يۈكسىلىشنى پۇختا قولغا كەلتۈرسەكلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشتە ئەشەددىيلىك ئاساسقا ئىگە بولالايمىز، شۇنىڭ بىلەن يېپ - يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

### 1. ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم

شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ، كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردۇق. بۈگۈنكى كۈندە، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرساقلا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز.

ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر مۇشەققەتلىك ۋە جىددىي ۋەزىپە. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، لېكىن پۈتۈن مەملىكەت، جۈملىدىن دېڭىز بويىدىكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى جايلارغا قارىغاندا سۈرئىتىمىز كۆپ كەينىدە بولۇپ، پەرقىمىز بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالساق، بىزنىڭ ئاساسىمىز ئاجىز، تېگىمىز بوش، قەدەم تاشلاش ئۇقتىمىز تۆۋەن بولۇشى، ئىقتىسادىي مەركەز ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلاردىن يىراق بولغانلىقىمىز بەك ئارقىدا قېلىشىمىزدىكى مۇھىم سەۋەب، لېكىن، ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە ئىدىيىمىزنىڭ يېتەرلىك ئازاد بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت، ئەڭ زور پەرق چۈشەنچە جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت.

بىرىنچىدىن، بىر قىسىم يولداشلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل بولۇپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە بار، ئۇلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، «قايسى يولغا مېڭىۋاتىمىز» دەپ سورايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىگە ۋە ئاسارىتىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، كونا پىلانلىق ئىگىلىك تەپەككۇر شەكلى ھازىرغىچە بىر قىسىم يولداشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى چىرماپ تۇرماقتا. ئۇلار مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى مەسىلىسىدىن كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد ھەممىنى باشقۇرىدىغان ۋەزىيەتنى بۇزۇۋېتەلمەيۋاتىدۇ؛ تەقسىمات مەسىلىسىدە تېخىچە تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە داشقازاندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتىدۇ؛ ئىقتىسادنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە مىكرولۇق جەھەتتىن ئارىلىشىش، بىۋاستە باشقۇرۇش ۋە يولىيورۇق بىلەن باشقۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ماكرولۇق، ۋاستىلىك باشقۇرۇش ۋە قىممەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ تەڭشەش - تىزگىنلەشكە سەل قاراۋاتىدۇ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولى جەھەتتە ئىككى قولىنى يۇقىرىغا سۇنۇپ، يۇقىرىنىڭ پۇل بېرىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، ئۇنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلاردا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە ئىجادچانلىق كەم بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار كىچىك ھەم مۇكەممەل، چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇشقا، ھە - ھۇ بىلەن ئىش كۆرۈش ئارقىلىق يايما يېيىش، تۈرلەرنى يولغا قويۇشقا، مەھسۇلات قىممىتى سانىغىلا قىزىقىپ، ئۈنۈم، سۈپەت، مەھسۇلات تۈرى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىگە سەل قاراۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشقا قىزىقىپ، بازار بىلەن ئوبوروتقا سەل قاراۋاتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۆز - ئۆزىنى يېتەرلىك تەمىنلەيدىغان ئەنئەنىۋى بوستانلىق ئىگىلىكى شەكىللەندۈرگەن بېكىنمىچىلىك، قانائەتچانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئېڭى كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەچكە، ئېچىۋېتىش چۈشەنچىسى، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى كەم بولماقتا.

تۆتىنچىدىن، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى بولغان شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. بۇ شەكسىز توغرا، شۇنداقلا بىزنىڭ باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مەسىلە. لېكىن، «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئالاھىدە بولىدۇ» دەيدىغان ئىدىيە توغرا ئەمەس، بەزى يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىمۇ، لېكىن، ئىسلاھاتقا چېتىشلىق مەسىلىلەردە، كۆپ ھاللاردا، «ئەھۋال ئالاھىدە» ئىكەنلىكىنى، قەدەمنى چوڭ تاشلىۋەتمەي، ئالدىرىماي ئىشلەشنى تەكىتلەپ، كۆپرەك ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشكە چېتىشلىق مەسىلىلەردە ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى، تارىخنى تەكىتلەپ، كونا كۆز قاراشنى ۋە كونا ئادەتنى دادىل بۇزۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە جەسۇرانە سىياسىي غەيرەت ۋە ئەمەلىيەت روھى بولۇشى، ماركسىزمغا يات بولغان دوگما، سوبيېكتىپ خاتا ئىدىيىلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل خاتا چۈشەنچىلەرنى، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم توغرىسىدىكى ئابستراكت تالاش - تارتىشلارنى چۆرۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدىغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرىدىغانلىقى، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى يۈكسەكلىكىدىن تونۇش لازىم، يۈرەكلىك سىناق قىلىش، يۈرەكلىك بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكىنى ھەق-ناھەق ۋە پايدا-زىياننى ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ، ئىدىيىمىزنىڭ ئازاد بولۇشىنى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزى ئۆزىدىن ئىنقىلاب قىلىش روھى بولۇشى لازىم. پۇت قولىمىزنى چۈشەۋالغان خىلمۇ خىل قالاق ئادەتلەرنى تۈگىتىشكە، پىلانلىق ئىگىلىك تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بۇزۇۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېڭى بىلەن كاللىمىزنى تولۇقلاش، كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا جۈرئەت قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت قانۇنىيىتى، قىممەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز؛ بېكىنمە، مۇتەئەسسىپ «بوستانلىق ئېڭى»نى چۆرۈۋېتىپ، زامانىۋى ئىقتىساد چۈشەنچىسىنى، چوڭ بازار ئىدىيىسىنى، ئېچىۋېتىش ئىدىيىسى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى تۇرغۇزۇشىمىز؛ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئالاھىدە بولىدۇ» دېگەن رامكىدىن چىقىپ، كۆتۈپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىق ئىدىيىلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى تىكلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا مېڭىشىمىز لازىم.

## 2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم

«بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» — پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، شىنجاڭدىكى خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، مۇرەككەپ ۋە چىگىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ ئىگىلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم، بۇنىڭدىن ھەر قانداق ۋاقىتتا قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

نۆۋەتتە بىز تەرەققىياتنى تېزلىتىش پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى شارائىت شىنجاڭنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولماقتا، شىنجاڭمۇ تېز تەرەققىي قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتىنى ھازىرلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ياخشى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

**1) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.** شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى كەسىپ قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش شەكلىدىكى قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. بىز زامانىۋى كەسىپلەرنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، كۆچلۈك نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى ھەم ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەر، مەملىكەت بويىچە مۇھىم كان مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا بازىسى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتى، مۇستەھكەم «ئىككى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، بىر ئەلا سورتلۇق» يېرىك يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تۈۋرۈكلۈك كەسىپلەرنى شەكىللەندۈرۈشنى، شۇنىڭدەك تۈۋرۈكلۈك كەسىپلەر بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇل كەسىپ ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ئىگە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**2) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشىلاپ، رايونغا مايىللىق بىلەن سانائەتكە مايىللىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم.** شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس. جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىننىڭ بېكىتىمىسىدە «شىمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەنۇبنى يۆلەش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات شارائىتى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن ناچارراق، لېكىن، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى كەم دېگەنلىك ئەمەس، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز، پاختا، مېۋە-چېۋىلىرى ناھايىتى زور ئەۋزەللىككە ئىگە، كان مەھسۇلاتلىرىمۇ يوشۇرۇن ئەۋزەللىككە ئىگە. بىز «شىمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەنۇبنى يۆلەش» ئارقىلىق، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پائال يۆلەش فاڭجېنىنى قوللىنىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ

ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلارنى قۇللاش لازىم. بۇ يالغۇز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭ بويىچە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭمۇ ئېچكى تەلىپى.

**3) بىر خىللا مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمەن، ئارقىدىراق، ۋىلايەتلەر ئارىسىدىمۇ ئەھۋال تەكشى ئەمەس، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىمىز مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىزنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىمىزگە دېگەندەك ئۇيغۇن كېلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىز، بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، كىچىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بولمىغان ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر ئاساسىي فاكتېر، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيەدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنى ئۇزاق مەزگىل بىرلىكتە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**4) ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش لازىم.** زامانىۋى كارخانىلار تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش سىنىقىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، مال - مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كارخانا قانۇنىي ئىگىسى تۈزۈمىنى ياخشىلاشنى يادرو قىلىپ، تۈرلۈك قاتلامدىكى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش — نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىدىكى ئاساسىي نىشانى، كارخانا ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندا، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بىرىنچىدىن، شارائىت ھازىرلىغان ئاز ساندىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا، پاي چېكى تۈزۈمى سىنىقىنى قەتئىي ئېلىپ بېرىپ، پاي چېكى شىركىتىنىڭ تەشكىللىنىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە كارخانىلار گۇرۇھىنى تاللاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىپ، كىچىك ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلىرىنى ئايرىپ، بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، نىزامنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ۋە پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، جەلپ قىلىش، كۆچىگە ئىگە بىر قانچە كارخانىدا سودىگەرلەرنى كەڭ تۈردە جەلپ قىلىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم ئىلغار كارخانىلارنى مەملىكەت خاراكتېرلىك كارخانىلار گۇرۇھىغا كىرىپ، خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن، كۆپلىگەن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلاردا مال - مۈلۈكنى ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، سېتىش قاتارلىق چارىلەرنى پائال يولغا قويۇش لازىم، بەزىلىرىدە پاي چېكى ھەمكارلىقى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بۇ كارخانىلارنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش، پاي چېكى ھەمكارلىقى تۈزۈمى ۋە كىچىك كارخانىنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىش، تاللاشتۇرۇپ سېتىشنى يولغا قويۇشنى مال - مۈلۈك زاپىسىنى جانلاندۇرۇپ، يېتەكچى ساناەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قاتارىدا تۇتۇشى لازىم.

**5) غەربىي شىمال خەلقئارا چوڭ يولىنى ئوبدان قۇرۇپ، ئېشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم.** شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا يولغا جايلاشقان. بۇ يولنىڭ يۇمشاق، قاتتىق دېتاللىرىنى قۇرۇش ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىككى چوڭ بازارنى تۇتاشتۇرۇش لازىم. يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يولۇچى ۋە مال توشۇش مىقدارىنى ئەڭ چوڭ چەكتە كۆپەيتىپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى، ئۇچۇر قاتارلىق تۈرلۈك مۇھىم ئامىللارنى توپلاپ ۋە تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە

تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

## 3. ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم

ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ـ سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، بۇ فاڭجېننى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە ئېتىبار بىلەن قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش دېگىنىمىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دېمەكتۇر. بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بىر تەرەپتىن، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا؛ بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، چىرىكلىكنى تۈگىتىشنى تۇتۇشتا؛ بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، قانۇنچىلىقنى تۇتۇشتا؛ بىر تەرەپتىن، تەرەققىياتنى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇقىملىقنى تۇتۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەقىقىي تۈردە ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇشنىڭ مەنىسىنى ئىلمىي ئاساستا توغرا تونۇش ۋە ئىگىلەش لازىم. ھەم نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قاراش، ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قېتىپ قالغان كۆز قاراش بىلەن قارىماي، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش، سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم.

## 4. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ئاكتىپ قوغداش لازىم

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئېنىق ۋە چوڭقۇر يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇش ئىنتايىن مۇھىم»، «جۇڭگونىڭ مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى — مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، مۇقىم مۇھىت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ.» شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. مۇقىم سىياسىي مۇھىت بولمىسا، بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش باشتىن ـ ئاخىر بىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئۇزاق مۇددەتلىك، زور ۋەزىپىمىز بولۇشى كېرەك.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر — ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەرنى بۆلۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ، تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋاللار مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ھەقىقەتەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىز، ماھىيەتتە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كېرەك قىلىش ـ قىلماسلىق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى كېرەك قىلىش ـ قىلماسلىق كۈرىشى، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز بۇ تۈپ مەسىلىدە جەزمەن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، پوزىتسىيىسى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى لازىم.

بىز يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق توپلانغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مۇقىملىقنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە يېتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تەمكىن تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. قىسقىسى، خىزمەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش لازىم:

1) مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ھالبۇكى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، ئاخىرقى ھېسابتا، يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ نەتىجىلىرى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. مۇقىملىق بىلەن تەرەققىيات باشتىن ئاخىر شىنجاڭدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، بىز چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ھەر خىل ئامىللار بىلەن قوغدىشىمىز لازىم.

2) ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەلقئارادا چوڭقۇر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار، دۆلەت ئىچىدە مۇرەككەپ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزى بار، ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تامامەن تۈگىتىۋەتكىلى بولمايدۇ، كۈرەش ئۇزاق مەزگىل داۋاملىشىدۇ. بىز چوقۇم بۇ ئىشنى ئۇزاققىچە بوشاشماي تۇتۇشىمىز، ئۇنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم.

3) ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار — تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ باشلامچىسى. بىز چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى پارتىيىگە، دۆلەتكە، مىللەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ تونۇپ، تۈرلۈك تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مۇقىم سىياسىي مۇھىتنى داۋاملىق تىرىشىپ ساقلاپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

4) مۇقىملىق خىزمىتىنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىش تۇرغۇسىدا تۇرۇپ تۇتۇش لازىم، قالايمىقانچىلىق، ھەتتا مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق ئامىللارغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، قەتئىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىش كېرەك. ئۇلارغا ئورۇنسىز يول قويۇپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

5) ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش لازىم. تارىخ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. بىز ھەر مىللەت خەلقىنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا چىڭ تايانغىنىمىزدىلا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى سۇيىقەستىنى كۈچلۈك تارمار قىلالايمىز. بىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىن سىياسىتىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

## 5. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم

**1) پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم.** بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەت ناھايىتى كۆپ، مەن بۇ يەردە ئاساسلىق تۆت نۇقتىنى تەكىتلەيمەن.

(1) مېڭىمىزنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىش - پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ۋەزىپە. نۆۋەتتە، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى ۋە كادىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتىن

ئىبارەت مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇش لازىم. بىز نەزەرىيە ئۆگىنىش، مېڭىنى قوراللاندۇرۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ چوڭ ئىشنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولساق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتا مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسقا ۋە كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولالايمىز.

(2) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم نۇقتا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كادىرلار قوشۇنىنى تۆتلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، ئۆچكە پايدىلىق بولۇشنى ئاساس قىلىپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كۆزقاراش بىلەن بەنزىلەرنى كۈزىتىشى ۋە سەپلىشى، كادىرلارنى تاللىشى ۋە ئىشلىتىشى لازىم. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى توختاتمايدىغان تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم.

(3) پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلاردىكى بوشاڭلىق، ئاجىزلىق، تارقاقلىق ھالىتىنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يادرولۇقىدىكى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېتىبار بىلەن چىڭ تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى داۋاملىق تۈردە بىر بەنزىنى ياخشى قۇرۇش، بىر ياچېيكا شۇجىسىنى ياخشى تاللاش، بىر يۈرۈش ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر ياخشى يولىنى تېپىپ چىقىشقا قويۇش لازىم. كارخانىلاردىكى پارتىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئورگان، مەكتەپ، مەھەللە قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى تىرىشىپ قۇدرەتلىك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

(4) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، بۇ كۈرەشنى قەتئىي بوشاشتۇرماي داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيە ئۆزگەرمەسلىكى لازىم؛ رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پاك، دىيانەتلىك بولۇشتا ئۆزىگە تەلەپ قويۇش، كۈچنى توپلاپ بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان بىر نەچچە ناتوغرا ئىستىلنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپە ئۆزگەرمەسلىكى لازىم؛ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي تارماقلار، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتا ئۆزگەرمەسلىكى لازىم. بۇ كۈرەشنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سىياسەتنى پۇختا ئىگىلەش لازىم. چىرىكلەشكەنلەرنى، مەيلى ئۇلارنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى بويىچە جازالاش لازىم، ھەرگىز يامانلىق رايىغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

**2) كۈچلۈك ئىقتىسادىي خىزمەت رەھبەرلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشنى چوقۇم ئۆز خىزمىتىدە مەركىزىي ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تۇتۇشقا قارىتىپ، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، ماس، تەرتىپلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەمەلىي ئىشلەشكە پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي خىزمەت رەھبەرلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم. بۇ سىستېما ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە مۇنداق تۆت قاتلامغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى - ماكرولۇق جەھەتتە سىياسەت بەلگىلەش ۋە ماكرولۇق جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش. ئىككىنچىسى - ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش. ئۈچىنچىسى - ساھەلەرنى باشقۇرۇش. تۆتىنچىسى - بىرىنچى سەپتە قوماندانلىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تېخىمۇ چوڭ ھوقۇق بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى توسالغۇلارنى

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (قىسقارتىلمىسى)

## — 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېرىلگەن

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت

## 1993 - يىلى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

1993 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا، مۆلچەرلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 49 مىليارد 696 مىليون يۈەنگە يېتىپ (شۇ يىلقى باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1992 - يىلدىكىدىن 9.5% ئاشىدۇ؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليارد 564 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.5% ئاشىدۇ؛ مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 33.08% ئاشىدۇ؛ مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 446 مىليون يۈەنگە يېتىپ (4 - پەسلدە ئىش ھەققى تەڭشەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن كۆپەيگەن چىقىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 14.92% ئاشىدۇ (قوشۇلغان ئىش ھەققى چىقىمىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1992-يىلدىكىدىن 10.84% ئاشىدۇ)؛ بانكىغا ئامانەت قويۇلغان ھەر خىل پۇل 40 مىليارد 632 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 6 مىليارد 742 مىليون يۈەن كۆپىيىدۇ؛ ھەر خىل قەرز پۇل قالدۇقى 46 مىليارد 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 650 مىليون يۈەن كۆپىيىدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد

ئازايتىدۇ. ھەر قايسى قاتلاملاردىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل تارماقلار ئەمەلىيەت داۋامىدا باشقۇرۇشقا قولايلىق بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈمى ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇنىڭدەك ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈشى لازىم. رەھبەرلىكنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، بىردەرىجە يەنە بىر دەرىجىنى تۇتۇش، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش لازىم.

**3) رەھبەرلىك ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاپ، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان تىرىشچانلىق روھى ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىش روھى بىلەن «ماتېرىيال دۆۋىسى، يىغىن قاينىمى» دىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە، كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىش، مېھماندارچىلىقنى ئازراق قىلىپ كۆپرەك تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، سوبيېكتىپچىلىقنى ئازراق قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتى بىلەن پۇختا ئىشلەپ، مەركىزىي كومىتېت بىلەن ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە تەدبىرلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.2 ئاشىدۇ. شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى كۆپەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يىللىق پىلان ئورۇندالدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ئىقتىساد راۋاجلانغان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇلار، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

## 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن 16 - يىلىمۇ مول ھوسۇل ئالدۇق

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ھەممە ساھەنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، خىلمۇ خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، 16 - يىلىمۇ مول ھوسۇل ئالدۇق. مۆلچەرلىنىشىچە، يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 753 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.4 ئاشىدۇ؛ ئاشلىق 7 مىليون 90 مىڭ توننىغا يېتىپ، %0.4 ئاشىدۇ. دېمەك، يەنە تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى؛ پاختا 680 مىڭ توننا چامىسىغا يېتىپ، %1.4 ئاشىدۇ؛ ياغلىق دان 370 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %3.9 ئاشىدۇ؛ قىزىلچا 2 مىليون 369 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %28 ئازىيىدۇ. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 35 مىليون 147 مىڭ 200گە يېتىپ، %0.6 ئاشىدۇ؛ گۆش 383 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6 ئاشىدۇ. تۈزلەڭلىكتە بىنا قىلىنغان ئورمان 1 مىليون مودىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، %28 ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 209 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %42.4 ئاشتى. ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليارد 492 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %57.3 ئاشتى. دېمەك 1993 - يىل يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرەققىيات ئەڭ تېز بولغان بىر يىل بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 778 يۈەنگە يېتىپ، 38 يۈەن، يەنى %5 ئاشتى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %93تىن ئاشتى.

## 2. سانائەت - قاتناش ئىشلەپچىقىرىشىدا داۋاملىق ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ قالدۇق

1993 - يىلى جايلار ۋە تارماقلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتتىن 150نى ياراتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليارد 811 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى؛ تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 20 مىليون 174 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.8 ئاشتى؛ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە توشۇلغان يولۇچى 2 مىليارد 100 مىليون ئادەم/كىلومېتىرغا يېتىپ، %16.7 ئاشتى؛ تاشيول ترانسپورت شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى خېلىلا كۆپەيدى.

## 3. ئۇل مۇئەسسەسىلەر ۋە ئۇل كەسىپلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇشتا زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدۇق

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 23 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جايلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.9 ئاشتى؛ جايلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.9 ئاشتى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %56.3 ئاشتى. 35 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى خېلى ياخشى بولدى، 11 تۈر تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يەتتە يەككە تۈر ۋە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان تۈرلەر پىلان بويىچە پۈتتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولىئېستېر 1 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شىنجاڭ ساپ شۆلتا زاۋۇتى مۇددەتتىن بۇرۇن سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى؛ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئۆزگەرتىش-كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 307مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش لىنىيىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق قىسمىدىكى قۇرۇلۇش تېزلىتىلىپ، بۇنىڭغا 980 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 475.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىسمىغا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ، 191 كىلومېتىر ئارىلىقتا پويىز قاتنىدى؛ مۇھىم تاشيول لىنىيىسىدىن توققۇزى پۈتتۈرۈلۈپ، 724.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ياسالدى ياكى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈندىن داخۋاڭشەنگىچە بولغان ئارىلىقى تولۇق راۋانلاشتۇرۇلدى؛ شىئەن - لەنجۇ - ئۈرۈمچى ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ پوچتا - تېلېگرافقا 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 100 مىڭ تېلېفون كۆپەيتىلدى؛ نۇقتىلىق چېگرا ئېغىزلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى؛ نېفىت تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 -

يىلدىكىدىن %39 ئاشتى. 110 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتور، 640 مىليون كۇب مېترلىق سۇ ئامبىرى كۆپەيتىلدى.

## 4. تاشقى ئىقتىساد، تاشقى سودىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدۇق

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 912 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %30.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %80.2 ئاشتى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 63.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1992 - يىلى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 363 ى تەستىقلاندى، پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ 243 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %86.9 ئاشتى، دېمەك، 1993 - يىل بىر قانچە يىلدىن بۇيان تاشقى مەبلەغدىن ئەڭ كۆپ پايدىلىنىلغان بىر يىل بولدى. چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىش، ئەمگەك كۈچى جەھەتتە ھەمكارلىشىش ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلدى. 2 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى مۇقىم ئاشتى، كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى. 1993 - يىلى ئىچكى - تاشقى ساياھەتچىلەردىن جەمئىي 241 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %12.6 ئاشتى.

## 5. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى كۆرۈنەرلىك تېزلەتتۇق

1992 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 400دىن ئارتۇق كارخانا، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا قاتناشتى؛ 100دىن ئارتۇق كارخانىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ئارىسىدا ئىش ئورنى ماھارىتى ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمى سىنىقى بىر قەدەر تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەستىق ئارقىلىق قۇرۇلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 112گە، ئومۇمىي پاي سوممىسى 1 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يەتتى. كۆپ خىل شەكىلدىكى «دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش» سىنىقى بەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 31 كارخانا گۇرۇھى قۇرۇلدى. بازار يېتىلدۈرۈش خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئوبوروت تۈزۈلمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئاشلىق سېتىش تۈزۈلمىسىدە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت يولى راۋانلاشتى. باھا ئىسلاھاتى قەدىمى تېزلىتىلىپ، باھا باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەنگە تېخىمۇ كۆپ بېرىلىپ، باھانى بازار ئارقىلىق تەڭشەش سالمىقى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ياخشى بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر 280 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %15.9 كۆپەيدى، يەككە سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 430 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %19.5 كۆپەيدى.

## 6. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇردۇق

1993 - يىلى قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زور پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى330 غا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 140 تۈر كۆپەيدى؛ 200دىن ئارتۇق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تۈر يولغا قويۇلۇپ، تېخنىكا، سانائەت، سودا كىرىمى 92 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىي 642 تۈر بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئىلتىماس قىلىندى. بۇ 1992 - يىلدىكىدىن %28 ئاشتى. مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. ئاساس مائارىپ يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدا ئىلگىرىلەش بولدى، چوڭلار مائارىپى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچى تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى ياخشىلاندى. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە دائىر مەسئۇلىيەت نىشانىدىكى ۋەزىپىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالدى. تەنتەربىيە ئىشلىرىدا زور بۆسۈش بولدى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مەدەنىيەت بازارلىرى يەنىمۇ جانلاندۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

### 7. ياخشى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتنى قوغدىدۇق ۋە ساقلىدۇق

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، مۇقىملىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى داۋاملىق تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى پائالىيەتلىرى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. چېگرىلىككە قارشى كۈرەش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، باسقۇنچ خاراكتېرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ئۈچ قالايمىقاننى تۈزەش خىزمىتىدە نەتىجە ھاسىل قىلىنىپ، كارخانىلار ۋە شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ سېلىقى يېنىكلىتىلدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تۈردە زەربە بېرىلدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى رەزىل ئەھۋاللار تۈگىتىلىپ، ئىجتىمائىي مۇھىت يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن ياخشى بولدى. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش يېتەرسىز بولۇش ۋە بەزى ساھەلەردىكى ئىسلاھات ئارقىدا قېلىش تۈپەيلىدىن، يېڭى تۈزۈلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يېتىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدىكى بەزى كونا مەسىلىلەر ھېلىھەم تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەتلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بۇلارنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنىڭ ئېشىش سالمىقى ئازايدى. تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولمىدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن سالمىقى تۆۋەنرەك بولدى. سانائەت ئاساسى ئاجىز، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ ئاز بولدى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئاستا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇراقسىز مەبلەغ ۋە ترانسپورتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى پىلاندىكى كۆرسەتكۈچكە يېتەلمىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى؛ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بەك تۆۋەن بولدى. مالىيەدىكى قىيىنچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى، مەبلەغ تەمىناتى بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا گەۋدىلىك بولماقتا. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى 112.6% كە يېتىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجىمى يۇقىرىراق بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئاستا بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە يەنىلا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى خىزمىتىمىزدىكى مەسىلىلەر، بەزىلىرى بولسا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى، بۇنىڭدىكى بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا.

## ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنى تىرىشىپ تېزسۈرئەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1994 - يىللىق ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى تۆۋەندىكىچە: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 43 مىليارد 400 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن 11%تىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.8% ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6% ئاشۇرۇلدى. يەرلىك ئورۇنلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلىغى 9 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32.7% ئاشۇرۇلدى؛ باج ئايرىش تۈزۈمى ئۆلچىمى بويىچە مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 448 مىليون يۈەن، مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 615 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى (مەركەزدىن ئاجرىتىلىدىغان مەخسۇس مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا). بانكا پۇل ئامانىتى 5 مىليارد 200 مىليون يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 11 مىليارد 800 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى؛ ئېكسپورت ئومۇمىي

سوممىسى 550 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مالغا مال ئالماشتۇرۇش سوممىسى 270 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مال باھاسى ئومۇمىي ئىندېكىسى 110% ئەتراپىدا تىزگىنلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىقى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەيمىز:

## 1. يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىمىز

ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى نىشان قىلىپ، يېزىلاردىكى كەسىپلەر قۇرۇلمىسى ۋە تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى پائال تۈردە تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. جايلار ۋە بېكىتۈەن 1993 - يىلدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى جەزمەن ساقلاپ قېلىشى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىنىدىغان ئومۇمىي ئاشلىق 7 مىليون توننىدىن كېمىيىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مۇشۇ ئاساستا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېلىنىدىغان ئومۇمىي پاختىنى 800 مىڭ توننىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن تىرىشىمىز، ياغلىق داننىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىمىز؛ باغۋەنچىلىك، پىلە - ئۈجمىچىلىك قاتارلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى چىڭ تۇتىمىز. مەھسۇلات تۈرلىرىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرىمىز. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئوتلاق قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش، ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى پۇختا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىنى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى توخۇپىلەشكەن ۋە زامانىۋىلاشقان يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز، چارۋا مال، ئۆي قۇشى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، نەسلىنى ياخشىلاشنى كۈچەيتىپ، چارۋا مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ۋە تاۋار نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز. ئورمانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايمىز. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئۆستۈرۈشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىمىز. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىمىز. يېزا ئىگىلىك جەھەتتىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدە قىلىنغان بىر تۈركۈم سىرتقا يۈزلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرىمىز. شۇنداقلا شەھەرلەرنىڭ كۆكتات ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، شەھەر - بازارلارنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىمىز.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرىمىز.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىسبىتىنى يېڭى ئۆلچەمدىكى تەلەپلەر بويىچە تىرىشىپ 94% كە يەتكۈزىمىز.

## 2. سانائەت، قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز

بىز پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سانائەت - قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ ئېنېرگىيە، مۇھىم خام ئەشيا - ماتېرىيال، مەبلەغنى تەڭشەش - جېپسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، بازارلىق، ئۈنۈملۈك مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىمىز. سېتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى بازارلارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى زورايتىشىمىز؛ تۆمۈر يول ترانسپورتىنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يۈكلەرنى تۆمۈريولدا ۋە تاشيولدا توشۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىچكىرىگە يۆتكىلىدىغان ماددىي ئەشيا ترانسپورتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ يىللىق سانائەت - قاتناش ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئاماللار بىلەن ئورۇندىشىمىز، ھازىرقى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. پاختا توقۇمىچىلىق، يېمەكلىكنى ئاساس قىلغان يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىگە، نېفىت خىمىيە سانائىتى، تۇز خىمىيە سانائىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان خىمىيە سانائىتىگە، رەڭلىك مېتال ۋە سۈپەتلىك پولات ماتېرىياللىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان مېتاللورگىيە سانائىتىگە، يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىگە،

ئېنېرگىيە، ھەۋەرلىشىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئۇل كەسىپتىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كاپالەتلىك قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ۋە مەھسۇلاتنى پىلانغا يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشنى تېزلىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ تەتبىقلاشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇربىنى ئاشۇرۇپ، بۇ يىل جايلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ كۆلىمىنى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. كارخانىلارنى مەملىكەتلىك كارخانا گۇرۇھلىرىغا ياكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرگە كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىمىز. ياخشى كارخانىلار ئارقىلىق سىرت بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىشىمىز، ھازىرقى كارخانىلاردا، بولۇپمۇ مەلۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا ئىجارىگە بېرىش، تالاشتۇرۇپ سېتىش، پاي بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق سىناقلارنى دادىل ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ۋە مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئاجرىتىش ئارقىلىق يېڭى كەسىپ، يېڭى كارخانىلارنى بەرپا قىلىپ، كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا پائال مەدەت بېرىپ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكى-تاشقى مەبلەغ ۋە تېخنىكىنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىشىمىز، نېفىت قاتارلىق بايلىقلارنى ئېچىشقا يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. كارخانا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش سىنىقىنى ۋە تۈرلۈك ئۇل خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل تەشكىللىشىمىز، بولۇپمۇ «كارخانا قانۇنى» ۋە «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە بۇسۇش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك. مەبلەغ - مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مۈلۈك موقۇقىنى بېكىتىش، ئېلىمدارلىق ۋە قەرزدارلىق ئىشلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇشىمىز لازىم. كارخانىلاردىن قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان ھەق ئېلىش ۋە ئۇلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىشنى قەتئىي توسۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تېزلىكتە ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىشىمىز لازىم. پائال شارائىت يارىتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە تەۋە بولمىغان ئىقتىسادنى دادىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىجارەت كۆلىمى ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

## 3. ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇل كەسىپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرىمىز

مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىش قۇربىنى ئاشۇرىمىز. ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلەشتۈرۈش، شىئەن - لەنجۇ - ئۈرۈمچى ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى بۇ يىل پۈتتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان تۈرلەرنى ۋاقتىدا پۈتتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز. مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولىئېستېر 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ چىڭگىسخوزا - غۇلجا بۆلىكى قاتارلىق قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ - چوڭ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۇختا تۇتۇپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. ھەر جەھەتتىكى تەييارلىقنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ خوڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 9 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى، ئۇلۇغئاتا توگۈنلۈك سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ ۋاقتىدا قۇرۇلۇش باشلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ئۇزارتىش، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئۇنۇۋېرسال سۇ باشلاش توگۈنى قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ئورۇن تاللاش ئومۇمىي پىلانى، ئاقسۇ دەرياسى شىخىل سۇ باشلاش توگۈنى قۇرۇلۇشى، جىرىنتاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، تارىم تەبىئىي گازىدىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى قاتارلىق دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، ئېنېرگىيە، مۇھىم خام ئەشيا - ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇل تۈرلەر ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، چوڭ - چوڭ تۈرلەر

ئامبىرىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىمىز.

## 4. بازار سىستېمىسىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، تاۋار ئوبوروتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرىمىز

ھازىرقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى تۈزۈلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى قويۇۋېتىپ تىجارەت قىلىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، كۆپ يوللۇق ئوبوروتنى يولغا قويىمىز. ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى جەھەتتە ئىزدىنىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش چارىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز. يۈرۈشلۈك ماگىزىنلارنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرىمىز. ئۆلگىچە سېتىش كارخانىلىرى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى بازارلارنى، بولۇپمۇ يېزا - قىشلاق بازارلىرىنى ۋە ئوبوروت ساھەسىنى ئىزچىل يەنىمۇ كېڭەيتىمىز.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر خىل بازارلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تېزلىتىمىز. دۆلەت، كوللېكتىپ، ئىچكى - تاشقى مەبلەغ، شەھەر، يېزا، بازارلار تەڭ ئاتلىنىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، بازارغا مەبلەغ سېلىشنى تىرىشىپ كۆپ مەنبەلەشتۈرىمىز. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، مال باھاسى، سەھىيە، شەھەر قۇرۇلۇشى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، سىياسەت ئارقىلىق تېگىشلىك دەرىجىدە يار - يۆلەك بولۇشى لازىم. بىر بازارنى قۇرۇش ئارقىلىق شۇ جاينىڭ ئىگىلىكىگە تۈرتكە بولۇش ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، شۇ جايدىكى ئاممىنى بېيىتىش مەقسىتىگە ھەقىقىي يوسۇندا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوبوروتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

مال باھاسى خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجىمىنى 10% ئۆپچۆرىسىدە تىزگىنلىشىمىز لازىم.

## 5. مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز

1994 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە ۋەزىيىتى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندىمۇ جىددىي ۋە قىيىن بولدى، بۇنداق ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش خېلى بىر مەزگىلگىچە تەسكە توختايدۇ. يېڭى تۈزۈلمە بويىچە خام چوت قىلغاندا، بۇ يىللىق كىرىم بىلەن چىقىم بالانس قىلىنىپ، مۇشۇ يىلى چىقىم كىرىمدىن 1 مىليارد 71 مىليون يۈەن ئارتۇق بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ شۇ يىلدىكى كۆپەيگەن چىقىمىغىلا كېتىدىغىنى 900 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى يىللاردىن قالغان قىزىل رەقەمنى قوشقاندا، بۇ يىل كەملەيدىغان مەبلەغ 2 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى مالىيە قىيىنچىلىقىغا توغرا، سەگەك تونۇشتا بولۇپ، مالىيە مەسىلىسىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەتتىن تاشقىرى چارە قوللىنىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەشنى ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈن ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز لازىم.

«بىرىنچىدىن، قورساق تويغۇزۇش، ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇش قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، چىقىمنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىمىز. ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملايمىز، شتاتنى ئازايتىمىز، خادىملارنى تەڭشەيمىز، مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتنى ئازايتىمىز، ھەشەمەتلىك بىنا، مېھمانخانا، ساراي، زال، شۇنىڭدەك ھەر خىل پائالىيەت مەركەزلىرىنى تەستىقلاشنى ۋە بۇنداق قۇرۇلۇشلاردا ئىش باشلاشنى توختىتىشىمىز، ئۆي - جاينى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ بېزەشنى قەتئىي چەكلىشىمىز، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن مېھمان چاقىرىش، سوۋغات تەقدىم قىلىش شامىلىنى قاتتىق توسۇشىمىز، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ماشىنا سېتىۋېلىش ئۆلچىمى ۋە سانىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز، ئۆزئارا بەسلىشىپ ھەشەمەتلىك پىكاپ سېتىۋېلىشتەك ناچار كەيپىياتنى قەتئىي توسۇشىمىز، يىغىن چىقىمىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئازايتىشىمىز، چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملار خىراجىتىنى ۋە كاماندىروپكا چىقىمىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى، بولۇپمۇ پىكاپ سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلىشىمىز؛ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيە، ئىقتىساد ئىنتىزامىنى چىڭىتىشىمىز لازىم. مەۋقەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئۆز جاينىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەشكە قويۇپ، شۇ جاينىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ئىجابىي يوسۇندا ھەل قىلىشىمىز لازىم.

ئومۇمىيلىق قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە - باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئاكتىپ ھەم پۇختا يولغا قويىمىز. يېڭى باج تۈزۈمى بىلەن كونا باج تۈزۈمىنى جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا ھەر خىل يوچۇقلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئېتىپ تاشلاپ، بۇ يىللىق ھەر خىل باجنى ۋاقتىدا، تولۇق يىغىپ، خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى داۋاملىق ئوڭشاپ، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرىمىز. قائىدىگە خىلاپ ئۆتنە - بېرىم قىلىنغان مەبلەغنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ يىغىۋالىمىز، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاشنى، كەلمە - كەلمەس مەبلەغ سېلىشنى ۋە مەبلەغنى نامۇۋاپىق ھالدا باشقا جايلارغا بېرىشنى قەتئىي چەكلەيمىز. شەھەر - يېزا خەلق پۇل ئامانىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەيمىز، كارخانىلارنىڭ، يېزىلارنىڭ ۋە مالىيەنىڭ ئامانەت پۇلىنى مۇقىملاشتۇرىمىز ۋە كۆپەيتىمىز. مەبلەغ زاپىسىنى جانلاندۇرۇپ، «ئۈچ بورجەك قەرز»نى داۋاملىق ئېنىقلاپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز. كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ئاكتىپ تەڭشەپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللايمىز.

## 6. ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، تاشقى ئىقتىساد، تاشقى سودىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىمىز

تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئېكسپورت مىقدارىنى ۋە تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نەق پېرېۋوت سودىسى بويىچە قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى ئوبدان قىلىشىمىز لازىم. پاختا قاتارلىق ئاساسلىق ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار ئېكسپورتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كوزىر تاۋارلارنى، خەلقئارا بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە، تاشقى پېرېۋوت يارىتىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى پائال تۈردە ئىشلەپ، ئېكسپورت مال مەنبەلىرىنى ئاكتىپ كېڭەيتىشىمىز؛ ئېكسپورت تاۋارلىرى بازىسى قۇرۇلۇشىنى پۇختا يولغا قويۇشىمىز لازىم. دۆلەتنىڭ تەلىپى بويىچە، خەلقئارا بازارلار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم. مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى پائال ياخشىلاپ، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى ۋە ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى كۆلىمىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. مەبلەغ سېلىش ساھەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ كۆلىمىنى تىرىشىپ كېڭەيتىشىمىز كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ھازىرقى كارخانىلارنى تىرىشىپ ئوبدان باشقۇرۇشىمىز لازىم. ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن جانلىق ھەم كۆپ خىل ھەمكارلىشىش يوللىرىنى ئاكتىپ ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا سىرتىدىكى مەبلەغ سالغان كارخانىلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى كېڭەيتىپ، ئىشىكنى سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىپ، ھەر تەرەپتىن خېرىدار چاقىرىمىز. 1994 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىنى داۋاملىق ئوبدان ئۆتكۈزۈپ، يېڭى باش پەللە ۋە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىمىز. ئوچۇق شەھەرلىرىمىز، تەرەققىيات رايونلىرىمىز ۋە ھەمكارلىق رايونلىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلىتىمىز. ساياھەت بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىمىزنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنىدىغان پېرېۋوتنى كۆپەيتىشىمىز لازىم. چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ سودا بازىرى مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## 7. پەن - تېخنىكا، مائارىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز

پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئۇنىڭ رولىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ زىچ بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. «بىر بېشىنى مۇقىملاشتۇرۇش، بىر تالايىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئايرىلىپ چىقىپ ئىش تۇتۇشىنى تېزلىتىمىز. ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشىنى ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كەڭ قانات يايدۇرىمىز. دۆلەتنىڭ «305» نامىلىق تورىنى ۋە ھەر خىل پەن - تېخنىكا پىلانى تورلىرىنى داۋاملىق تەشكىللەپ يولغا قويىمىز. پەن - تېخنىكا خىراجىتى يولىنى پائال ئېچىپ، كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىمىز.

مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىمىز ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە

مائارىپ تەرەققىياتى پروگراممىسى»نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت قۇرۇشنى ئاساس قىلىش بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر مەكتەپ قۇرۇشقا قاتنىشىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تۈزۈلمىنى تەدرىجىي ھالدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىلىرىدىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈش - نەشر قىلىش ئىشىنى كۈچەيتىمىز. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈن ئوبدان مۇھىت يارىتىمىز.

## 8. ئاممىنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش ئىشلىرىنى ھەقىقىي ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تىرىشىپ ياخشىلايمىز

كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنىڭ بازار تەمىناتىنى تىرىشىپ ئوبدان تۇتۇپ، باھانى نىسبىي ھالدا مۇقىملاشتۇرىمىز؛ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ توپلاپ، خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ ۋە ئۆي قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشىمىز؛ شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ۋە ناھىيە، يېزىلارنىڭ يول، پوچتا - تېلېگراف قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىپ، تۇرمۇش مۇھىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىشىمىز؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە دائىر بەلگىلىمىلىرىنى داۋاملىق تۈردە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز؛ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ۋە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىدىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا قۇتقۇزۇش بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشىمىز؛ مېيىپلار ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## 9. بىڭتۇەننىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرىمىز

بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تەڭشىشى كېرەك. بىڭتۇەن ۋە شىلار نۆۋەتتىكى ھالدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى يولغا قويۇشى، تۇەن - مەيدانلار، ئاساسلىقى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى؛ «جەنۇبنىڭ نېفتى، شىمالنىڭ قېزىلمىسى»غا تايىنىپ، يېڭى سانائەت تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يول، ئېلېكتر، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە تايانچ تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، تۇەن - مەيدانلاردا توك يوق بولۇش مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىشى؛ بىڭتۇەننىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە تارماقلارمۇ بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەك قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك.

# «ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىمىز

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش — يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپە. مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ ئىجادىي ئىشتا غەلىبە قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

## 1. مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىمىز

مۇقىم ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت بولمىسا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىن ۋە

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق بولمايدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مۇقىملىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن مۇھىم كۆرسەتمىسىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك يەنىلا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تۇغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشتۇرماي قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

## 2. پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز

پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا ئىسلاھات ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار چىرىكلىككە قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇشى لازىم.

## 3. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتلىك بولۇش، يۇقىرى ئۆرلەشتەك ئەخلاق - پەزىلەتنى تىكلەيمىز

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى، قەتئىيلىكىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزمنى يادرولۇق مەزمۇن قىلغان ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز؛ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش كۆرىشىنى قەتئىي بوشاشماستىن قانات يايدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، نوپۇسنىڭ پىلاندىن ئېشىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى يولغا قويۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

## 4. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ھەم پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى دەۋر قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ھەم پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، ئىخچام بولۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىز ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مەركەز تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى تېزدىن يولغا قويىمىز. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى بۇ يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشكە تىرىشىمىز ھەمدە ئۇنى دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن جىپسىلاشتۇرىمىز.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپلىرى ۋە تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئوبدان ئاسرىشىمىز، توغرا يولغا باشلىشىمىز، ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. قانۇن چىقىرىش ئومۇمىي پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، بازار سۇبيېكتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار تەرتىپىنى قوغداش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشكە دائىر يەرلىك نىزاملارنى ۋە مەمۇرىي قائىدىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشى ۋە قانۇن بويىچە

# تەرەققىيات رايونى. ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى — گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك تەرەققىيات رايونى ئىچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئېتىراپ قىلغان كارخانا 174كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى 27؛ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى 242، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋارلاشتۇرۇلغان تۈر 170تىن ئارتۇق، كەسىپلەشتۈرۈلگەن تۈر 50تىن ئارتۇق. ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان تېخنىكا - سانائەت - سودا ئومۇمىي كىرىمى 110 مىليون يۈەنگە، ئېلىنغان پايدا ۋە باج 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تېخنىكا - سانائەت - سودا ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانىدىن بەشى، 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانىدىن 40 نەچچىسى بار. مانا مۇشۇ ئاساستا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رايونغا كىرگەن كارخانىلارنىڭ تەكتىنى ئىگىلەش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، 13 كارخانىنى نۇقتىلىق يۆلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى، 1993 - يىلى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى.

1993 - يىلى تەرەققىيات رايونغا 117 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى، «ئالماس شەھىرى»دىكى 200 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرە ئىچىدە يول، يول ئۈلى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە كىرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئىنشائاتى، ۋاقىتلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتى ئۆز قەدەمىدە تاماملاندى؛ گۆيجۇ كوچىسىنىڭ «بىر كوچا» سىدىكى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تاماملاندى. 50تىن ئارتۇق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قوللىنىدىغان كارخانا تىجارەت قىلىش سورۇنى بىلەن تەمىنلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رايونغا كىرگەن 60 يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قوللىنىدىغان كارخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى باھالاپ چىقتى، كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى 12 مىليون يۈەن، قايتۇرۇلغان باج ۋە كېچىكتۈرۈپ يىغىۋېلىنىدىغان باج سوممىسى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولدى.

لى دۇڭفېڭ

---

ئىش كۆرۈشى كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنىڭ ساپاسىنى ۋە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى ۋە قانۇن مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قانۇن ئېلىپىغا ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

### 5. ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلايمىز

بۇ يىلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئېغىر ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بېكىنمىچىلىك قىلىش، كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىشتەك خىلمۇ خىل قالاق ئادەتلەرنى تۈگىتىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بيۇروكراتلىقنى، شەكىلۋازلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، «ھۆججەت دۆۋىسى، يىغىن قاينىمى»دىن تىرىشىپ قۇتۇلۇشى لازىم، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ياخشى ھەل قىلىشى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە ھەر يىلى ئامما ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە بىر قانچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم. ئاممىغا زىچ تايىنىدىغان ۋە ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدىغانلا بولساق، تۈرلۈك ئىشلاردا چوقۇم غەلىبە قازىنالايمىز.

# ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغان تۇنجى يىل بولۇپ، بۇ يىلدا جەمئىي 146 كارخانا تەرەققىيات رايونىغا كىرىپ تىزىمغا ئالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 29 (ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان كارخانا تۆت، بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا 25)، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشكەن كارخانا 117، كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: سانائەت كارخانىسى 25، سودا كارخانىسى 121، سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 615 مىليون 700 مىڭ يۈەن، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 513 مىليون560 مىڭ يۈەن، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 19 مىليون 90 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. 1992 - يىلى تەرەققىيات رايونىغا تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانىلارنى قوشقاندا جەمئىي 283 كارخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە چەتنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانا 75 (ئۆزئالدىغا مەبلەغ سالغان كارخانا 11، ھەمكارلاشقان كارخانا بىر، بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا 63)، چېگرا سىرتىدىكىلەر مەبلەغ سالغان كارخانا تۆت، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشكەن كارخانا 204، كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: سانائەت كارخانىسى 74، سودا كارخانىسى 209، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 1 مىليارد 480 مىليون يۈەن، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 1 مىليارد 80 مىليون يۈەن، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 65 مىليون 160 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، مەبلەغ سالىدىغان چەت ئەل سودىگەرلىرى ئامېرىكا، گېرمانىيە، فىرانسىيە، مالايسىيا، فىلىپپىن، ئاۋستىرالىيە، سىپىرۇس، سىنگاپور، ئىران، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، روسسىيە فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتى، بېلورۇسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەن، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلاردىن كەلگەن. 1993 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا 5 مىليون 260 مىڭ يۈەن باج كىرىم قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

1993 - يىلى تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. باشلانما رايون قۇرۇلۇشىنى ماھىيەتلىك قۇرۇلۇشقا بالدۇرراق كىرگۈزۈش ئۈچۈن، يىلنىڭ بېشىدا تەرەققىيات رايونىدىكى 3.4 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرە ئىچىدىكى تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش ئاساسىدا، تەرەققىيات رايونىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى، باشلانما رايوندىكى 6-، 7-، 9-، 10- ۋە 11- نومۇرلۇق مىكرو رايونلارنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى پىلانلىرىنى تۈزۈش ۋە باشلانما رايوندىكى شەھەر مەمۇرىيىتى ئىنشائاتىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش چېرتيوژىنى لايىھەلەش خىزمىتى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئورۇندىلىپ، باشلانما رايون قۇرۇلۇشى ۋە سانائەت تۈرلىرىنىڭ رايونغا كىرىشى ئۈچۈن ئاساس تۇرغۇزۇلدى. 3-ئاينىڭ 5-كۈنى تەرەققىيات رايونىدىكى بىرىنچى بولۇپ ئىش باشلاش تۈرى بولغان «غەربكە ساياھەت» سەنئەت سارىيىدا ئىش باشلاندى، يىل ئاخىرىغىچە باشلانما رايوندا ئىش باشلانغان تۈر 33 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇل مۇئەسسەسە 13، باشقا تۈر 20. سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 127 مىليون 310 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر مەمۇرىيىتى ئىنشائاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى 50 مىليون يۈەن. ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەر كۆلىمى 703 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 95 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر. تاماملانغان تۈرلەر: «غەربكە ساياھەت» سەنئەت سارىيى ۋە مەيداندىكى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت بىناسى ئىنشائاتى؛ 128 يۈرۈش «گۈزەلنۇر» شەھىرى ۋە «رەڭدار» كوچا تاۋار تۇرالغۇ بىنالىرى ئىنشائاتى قۇرۇلۇۋاتقان ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرى؛ تەرەققىيات رايونىنىڭ «بېيجىڭ» كوچىسىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىش ئىنشائاتى، «شىنيى» كوچىسىدىن تەرەققىيات رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتى، تەرەققىيات رايونىنىڭ باشلانما رايوندىكى ئىچكى يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇنى چىقىرىۋېتىش، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، يېقىلغۇ گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە تېلېگرافتىن ئىبارەت يەتتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشى قىلىش ئىنشائاتى، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 160 مىليون يۈەن بولۇپ، 50 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلىپ بولدى. قۇرۇلۇۋاتقان سانائەت تۈرلىرى: قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 67 كۋادرات مېتىر بولغان، 12 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان 1 - نومۇرلۇق ئۆلچەملىك زاۋۇت بىناسى؛ قۇرۇلۇش كۆلىمى 9800 مېتىرلىق خەۋەرلىشىش كابېلى زاۋۇتى ئىنشائاتى؛ قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئەنجۈردىن يېمەكلىكلەر ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە ئىنشائاتى قاتارلىقلار.

ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەرنى كىرگۈزۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەرەققىيات رايونى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممەت قوشۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلىنىپ، تېخنىكىسى ئىلغار، ئۇلاش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى

پىربۇوت تاپقىلى بولىدىغان تېپتىكى ھەمدە باج ۋە پايدىسى يۇقىرى، قوشۇلىدىغان قىممىتى يۇقىرى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەرنى ئاكتىپ كىرگۈزدى. 1993 - يىلى كىرگۈزۈلگەن سانائەت تۈرلىرى: فرانسىيىنىڭ قوش سىفىراللىق يېڭى تېخنىكىسى ئارقىلىق بوتقا تىرىپ ياساش پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئۈزلۈكسىز مەشغۇلات لىنىيىسى كىرگۈزۈلدى، يىلىغا پاختا بوتقا تىرىپىدىن 10 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ جۇڭگو - فىلىپپىن بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان، 60% مەھسۇلاتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان قەغەزچىلىك چەكلىك كارخانىسى؛ سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 60 مىليون يۈەن بولغان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى (كابېل زاۋۇتى)، بۇنىڭغا ئىتالىيىنىڭ خەۋەرلىشىش كابېل ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1994 - يىل 6 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى؛ سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 200 مىليون يۈەن بولغان جۇڭگو - شياڭگاڭ بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان پىۋا خام ئەشيالىرى سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتى، بۇ شىركەت پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 50 مىڭ توننا پىۋا، 20 مىڭ توننا ئارپا ئۈندۈرمىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ تەرەققىيات رايونىغا كىرگۈزۈلگەن بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆلچەملىك زاۋۇت بىناسى، سىنگاپور بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان قوش يېڭى توك بىلەن تىزگىنلەش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان ئېلىس - قارلەيلىسى بىر يۈرۈش گىرىم بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ئارقىلىق «PVC» ئىشىك - دېرىزە ئىشلەش لىنىيىسى تۈرى كىرگۈزۈلدى.

پوچتا - تېلېگراف خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى، ئاۋىئاتسىيە پوچتا يوللانمىلىرىنى يۆتكەپ توشۇش پونكىتى، تېلېگراف بىناسى، يۆتكىلىشچان تېلېفون، بانكا، مەكتەپ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەرگە پائال تەييارلىق قىلىنماقتا.

شىن جيەنجى

# شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا 1992 - يىل 7 - ئايدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغانىدى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 14 مىليون 419 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ باشلانما رايونىدىكى 1.7 كۋادرات كىلومېتىرلىق «ئالتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش»تىن ئىبارەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. بىرىنچى قەرەل ئىچىدە 4.9 كۋادرات كىلومېتىرلىق تەرەققىيات رايونىدىكى «ئالتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئىنشائاتىمۇ دەسلەپكى شەكىلگە ئىگە بولدى. 8 مىليون 95 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ياسالغان ئۇزۇنلۇقى 8.58 كىلومېتىر، كۆلىمى 114 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك سېمونت يول 1993 - يىلى ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى؛ 425 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ تۈتۈش قىلىنغان تەرەققىيات رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇنى چىقىرىۋېتىش تورۋىسىنى ياتقۇزۇش ئىشىمۇ پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 23 مىڭ 982 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېلېكتر ئېنېرگىيە تور لىنىيىسى تارتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە 86 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1350 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەر ئاستى خەۋەرلىشىش تورۋىسى ياتقۇزۇلدى؛ 159 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 55 مىڭ 5 . 668 كۋادرات مېتىرلىق كۆكەرتىلگەن مەيدان بەرپا قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەرەققىيات رايونىدا يەنە بىر يېزا ئىگىلىك بازىرى ۋە بىر تارماق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

تەرەققىيات رايونىغا جەمئىي 6 . 466 مو يەر سېتىۋېلىندى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش توختامىدىن يەتتىسى ئىمزالاندى، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەر 130 مو بولۇپ، يەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدىن جەمئىي 243 مىڭ 550 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئۆي - بىنا قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 34 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇپ بولغان زاۋۇت بىنالىرىنىڭ كۆلىمى 9900 كۋادرات مېتىر، تەرەققىيات رايونىدا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىككى ئوچاق، بىر گېنېراتورى (27 مىڭ كىلوۋاتلىق) 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رەسمىي پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

تەرەققىيات رايونىنى شىخەنزىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر بازىسىغا مۇمكىن قەدەر بالدۇراق ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1993 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى، شىخەنزە شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خېرىدار چاقىرىش ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) دىن تۆتنى تەشكىللەپ غەربىي - شىمال، غەربىي - جەنۇب، گۇاڭدوڭ، شېنجېن، تيەنجىن

قاتارلىق جايلارغا خېرىدار چاقىرىشقا كەۋەتتى، بۇ جەرياندا سىرتتىن كىرگۈزۈش ۋە ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرىدىن جەمئىي 75 ى تەستىقلاندى، توختاملاشقان سوممىسى 240 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل مەبلىغى 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان تۈر 14، ئىچكى جەھەتتىن بىرلەشكەن تۈر 61. بۇ 75 تۈر ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكىسى 30 تۈر بولۇپ، بۇنىڭغا جەمئىي 137 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكىسى 45 تۈر بولۇپ، 100 مىليون يۈەن مەبلەغ تىزىمغا ئېلىندى، ھازىر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى بەش تۈر (ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغىنى تۆت، ئىچكى جەھەتتىن بىرلەشكىنى بىر) ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەردىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن رەسمىي تىجارەت باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەرنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ شىخەنزە «خۇاجۇن» ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى شىخەنزە 1 - تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن تەيۋەن سودىگەرلىرى بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان 540 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىپ، 1993 - يىلى 6 - ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ شىخەنزە «تېڭشىن» كىمىيە - كېچەك چەكلىك شىركىتى شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن شياڭگاڭلىق سودىگەر بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىپ، 1993 - يىلى 8 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ «خان تاجىسى» باش كىيىم چەكلىك شىركىتى شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن شياڭگاڭلىق سودىگەر بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 4 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىپ، 1994 - يىل 1 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ «داداۋ» يېڭى تېپتىكى ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 7 - قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن سىنگاپورلۇق سودىگەر بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ 80 پىرسەنتى ئەمەلىيلىشىپ، 1994 - يىلى 1 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. «خېڭفېڭ» پولات دېرىزە زاۋۇتى - ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى «144» تۈەن مەيدانى پولات دېرىزە زاۋۇتىنىڭ تەرەققىيات رايونىدا كېڭەيتىپ قۇرغان تۈرى، بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 15 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىپ، 1993 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇت يىلىغا 10 مىڭ توننا سوغاق پىروكاتلانغان ياپىلاق رايكا پولات ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

جاڭ بياۋ

# كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش لايىھىسى 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلىنىپ، 1993 - يىلدىن باشلاپ پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىندى.

«ئۈچ يىلدا ئاساس تىكلەش، بەش يىلدا ئۈنۈمىنى كۆرۈش، سەككىز يىلدا ئومۇمىي پىلانىنى ئورۇنداش، ئون يىلدا زور تەرەققىياتقا ئېرىشىش» تىن ئىبارەت قۇرۇلۇش فاڭجېنى ۋە «ئەمەلىي ئىش قىلىش، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات پرىنسىپىغا ئاساسەن، كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 1992 - يىلى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملاش ئاساسىدا، 1993 - يىلى، بىرىنچىدىن، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى تۇتتى، ئىككىنچىدىن، خېرىدار چاقىرىپ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى تۇتتى، بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىلىق، يالغۇز ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە تۈرلەرنىڭ جايلىشىشى ئۈچۈن خېلى ياخشى شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئۈنۈمدارلىقى جەھەتلىرىدىمۇ جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا تۇنجى مەبلەغ سېلىش ۋە قۇرۇلۇش دولقۇنى شەكىللەندى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەرەققىيات رايونى ئىچىدىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ئارقا - ئارقىدىن 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ئۇزۇنلۇقى 11.6 كىلومېتىر، كۆلىمى 185 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يۇقىرى ئۆلچەملىك بېتون يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ 60 تونىلىق، 30 تونىلىق ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش كاتولى ۋە ئىسسىقلىق سۇ ئالماشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش غول تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى؛

سائەتىگە 320 كۇب مېتىر سۇ چىقىدىغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن ئىككىسى، 1000 كۇب مېتىردىن سۇ ساقلىيالايدىغان كۆلدىن ئىككىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسىلەر ياسالدى؛ 5.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى، سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ 4.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېلېكتر ئېنېرگىيە لىنىيىسى تارتىلدى؛ ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەۋەرلىشىش كابېل تورۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى؛ 50 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق دائىرىدىكى كۆكەرتىش ئىنشائاتى تاماملاندى؛ تەرەققىيات رايونى ئىچىدىكى يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە 200 مېتىر يەر ئاستىدىكى گېئولوگىيىلىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش تاماملىنىپ، جۇڭگو چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا ئىنشائات تۈرلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ئىشەنچلىك گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى؛ ئىشخانا، مائارىپ، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سەپلىمە مۇئەسسەسىلەرمۇ ماس ھالدا قۇرۇلۇپ، تەرەققىيات رايونى باللار باغچىسى (يەنى 2 - باللار باغچىسى، ئۇنىڭ بىنالىرى شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ)، «شىڭجۇن» يېزا ئىگىلىك بازىرى، ئىككى كورپۇس ئىشخانا بىناسى ئارقا - ئارقىدىن پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشقا چۈشتى ياكى تىجارەت باشلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، سودا - سېتىق رايونى ۋە سانائەت رايونىدىكى دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان يەرلەردە «ئالتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەر خىل ئۇل مۇئەسسەسىلەر سىستېمىسى بىلەن ئومۇمىي پىلان ۋە كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلەر ئۆزئارا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھالەت شەكىللەندى ھەمدە مۇۋاپىقلىشىش دەرىجىسى تۈرلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشىدىن ئالدىدا بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى.

1993 - يىلى تەرەققىيات رايونى كۆپ خىل يوللار بىلەن خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى، خېرىدار چاقىرىش ئۈمىكى 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى ۋە تۈنجى نۆۋەتلىك تولپار بايرىمىغا قاتنىشىپ، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن بىۋاسىتە كېڭىشىش ئېلىپ باردى ھەمدە ئۇلارنى تەرەققىيات رايونىغا بېرىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. 1993 - يىلى كۈيتۇڭ تەرەققىيات رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش، كېڭىشىش ئېلىپ بارغان ۋە مەبلەغ سالغان دۆلەت ئىچىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە دۆلەت سىرتىدىكى ئون نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن سودىگەرلەر 100 نەچچە تۈركۈم بولۇپ، تەخمىنەن 2000دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامىدىن 40ى ئىمزالاندى، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 147 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەرەققىيات رايونىغا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان كارخانا 142گە، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 200 مىليون 71 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا كارخانىسى 81، سانائەت كارخانىسى 17، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش كەسپى يەتتە، ئۆي - زېمىن كەسپى تۆت، بىناكارلىق كەسپى بەش ۋە قاتناش، مۇلازىمەت كەسپى 28. تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانىلار ئىچىدە ئۆز رايونىدىكىسى 86، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكىسى (ئۆز جايىدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 34، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكىسى 15، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى يەتتە (تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 64 مىليون 223 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سىرتىدىكىلەر سالغان مەبلەغ 4 مىليون 291 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى)، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 28، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكىسى 66، پاي تۈزۈمى ۋە پاي چەكلىك تۈزۈمىدىكىسى 27، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىسى سەككىز، بىرلەشمە ئىگىلىكتىكىسى يەتتە، چەت ئەللىك سودىگەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغىنى بىر، جۇڭگو ۋە چەت ئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغىنى بەش.

1993 - يىلى تەرەققىيات رايونىدا تەستىقلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 62 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت تۈرى 26، سودا - سېتىق تۈرى 36) بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 753 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭغا جەمئىي 772 مىليون 747 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى؛ ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 32 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدىكىسى 15، سودا - سېتىق تۈرىدىكىسى 17)، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 248 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇلارغا جەمئىي 543 مىليون 667 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن تۈر 14، مۇشۇ بىر يىلدا 169 مىليون 88 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 19 تۈر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 76 شىركەت تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈيتۇڭ ھاراق زاۋۇتىنىڭ تەرەققىيات رايونىدىكى تارماق زاۋۇتى، «ئالتۇن كۆۋرۈك» سودا باش شىركىتى، «لېچەڭ» رەڭلىك باسما زاۋۇتى، «شىڭدا» تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەردە شۇ يىلى تۈر تۇرغۇزۇش، شۇ يىلى لايىھىلەش، شۇ يىلى ئىش باشلاش، شۇ يىلى سىناپ ئىشلەپچىقىرىش (سىناپ تىجارەت قىلىش) ۋە شۇ يىلى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1993 - يىلى كۆيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا يارىتىلغان باج ۋە پايدا 1 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى.

لىۇ لۇجۇن

شۇ ۋېنبىڭ

# غۇلجا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

1993 - يىلى غۇلجا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. يىل ئاخىرىغىچە 6.5 كۋادرات كىلومېتىر تارماق رايوننى ئومۇمىي پىلانلاش ۋە باشلانما رايوندىكى 0.65 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تېز كېڭەيمەش خاراكتېرىدىكى تەپسىلىي پىلانلاش تاماملاندى، ھەمكارلىق رايونىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3080 مېتىر كېلىدىغان تۆت غول يول ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ماڭىدىغان بېتون يول يۈزى 76 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتنىمايدىغان ئاسفالتلىق يول يۈزى 28 مىڭ 70 كۋادرات مېتىر، باشلانما رايون ئىچىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇنى چىقىرىۋېتىش ئىنشائاتى تاماملاندى، جۈملىدىن 3500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۋېسى كۆمۈلدى، 5290 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش تورۋا لىنىيىسى ياسالدى. ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى ۋە ئېلېكتىرلىك خەۋەرلىشىش جەھەتلەردىكە 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيىسى تارتىلدى، 3100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېلېكتىرلىك خەۋەرلىشىش كابېلى كۆمۈلدى، سەككىز تونىنلىق ۋاقىتلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كاتول ئۆيىدىن بىرى ياسىلىپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تورۋا لىنىيىسى كۆمۈش تاماملاندى. باشلانما رايوندىكى ئۆل مۇئەسسەسىلەر ئاساسەن يورۇشلەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغ سېلىش - قۇرۇلۇش شەرت - شارائىتى ئاساسەن ھازىرلاندى.

يىل ئاخىرىغىچە ھەمكارلىق رايونى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلار تۈزۈشكەن قۇرۇلۇش تۈرى توختامى 18گە يەتتى، پىلانلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 293 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سېلىش پىلانلانغان ئومۇمىي مەبلەغ 360 مىليون يۈەن بولدى. پۈتكۈزۈلگەن ۋە ياسىلىۋاتقان تۈرلەر مۇنۇلار: ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ئىنشائاتى باش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىق رايونى تەرەققىيات قۇرۇلۇش باش شىركىتى بىرلىشىپ ياسىغان خەلقئارا سودا - سېتىق بازىرى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3800 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۇ پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ جۇڭچىڭ داشۆسى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتى بىرلىشىپ ئاچقان خۇاڭخې سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتى ھۆددىگە ئالغان سودا - سېتىق بازىرى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 32 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 25 مىليون يۈەن، ئاساسەن پۈتكۈزۈلۈپ، ئىچىنى بېزەش ۋە يوللارنى تەكشىلەشتىن ئىبارەت ئاخىرقى باسقۇچتا قەدەم قويدى؛ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ياغاچ ماتېرىياللىرى باش زاۋۇتى بىلەن مالايسىيا «لۇڭخې» پاي تېز كېڭەيمەگەن چەكلىك شىركىتى ۋە «يۈڭشىن» سانائەت چەكلىك شىركىتى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان ئىلى قىرىندى تاختاي زاۋۇتى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ يىلىغا 5000 كۇب مېتىر قىرىندى تاختاي ئىشلەپچىقىرالايدىغان، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدىسى 3 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان زاۋۇت بولۇپ، سىناپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ياسىغان لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاساسىي گەۋدە ئىنشائاتى تاماملاندى؛ سىچۈەن مىيەنگاڭ ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ياسايدىغان «ئىلى» بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 12 مىليون يۈەن بولۇپ، ياسىلىشقا باشلىدى؛ شىئەن ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ياسايدىغان «موسكۋا» بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 4 مىليون يۈەن بولۇپ، ھازىر ياسىلىۋاتىدۇ؛ ھەمكارلىق رايونى تەرەققىيات قۇرۇلۇش باش شىركىتى ياسايدىغان تامۇژنا بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3168 كۋادرات مېتىر، پىلاندىكى سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇمۇ ياسىلىۋاتىدۇ.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەمكارلىق رايونىغا تىزىمغا ئالدۇرغان ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانا 86گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 120 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇلارنىڭ 70 پىرسەنتى سودا - سېتىقنى ئاساس قىلىدۇ. ھەمكارلىق رايونىدىكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق باش شىركىتى — ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە مەخسۇس تاشقى سودا شىركىتى،

بۇ شىركەت 1993 ـ يىلى 56 سودا شىركىتى ئۈچۈن ئىمپورت ۋە ئېكسپورت كەسپىنى ۋەكالىتەن بېجىرىپ بېرىپ، 26 مىڭ 736 تونىنا مالنى ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلدى، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 598 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان تاموژنا باج ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 357 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

شىن جيەنجى

# بورتالا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بورتالا چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ھەمكارلىق رايونى» دېيىلىدۇ) غا 34 مىليون 395 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتى ياسالدى، 4979 مېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇنى چىقىرىۋېتىش تورۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى. 1920 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى، «ئىتتىپاق» كوچىسى ۋە «شەرقىي سەددىچىن» كوچىسى ياسالدى، «نۇر» كوچىسى تۈتاشتۇرۇلدى، «مەيدان» كوچىسىنىڭ ئۇلىنى ياساش تاماملاندى، ھەمكارلىق رايونىنىڭ باشلانما رايونىدا «ئالتىنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن يۇمشاق ـ قاتتىق مۇھىتلار تولۇق ھازىرلاندى. ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى تۈزۈلدى. باشلانما رايوندىكى 16 ـ، 17 ـ مىكرو رايون ۋە 18 ـ، 19 ـ، 20 ـ مىكرو رايونلارنىڭ تەپسىلىي پىلانى تۈزۈلدى.

1993 ـ يىلى ئامېرىكا، ياپونىيە، سىنگاپور، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەتلەر ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى رايونلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق رايونلاردىن كەلگەن سودىگەرلەردىن 578 كوللېكتىپ ۋە 2568 ئادەم كۆتۈۋېلىندى. 32 كېلىشىمنامە ئىمزالاندى، كېلىشىلگەن مەبلەغ 400 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، 43 خىل تۈر كىرگۈزۈلدى، تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 252 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 28 تۈردە ئىش باشلاندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 140 مىڭ كۋادرات مېتر بولۇپ، 160 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىش خام چوت قىلىنغاندى، ھازىرغىچە سېلىنغان مەبلەغ 80 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، بىر تۈركۈم تۈرلەر ئىشقا چۈشتى، ھەمكارلىق رايونىغا جەمئىي 716 مىڭ كۋادرات مېتر يەر ۋە 432 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيى سېتىۋېلىندى، 174 مىڭ مو يەر ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى ئىككى كۋادرات كىلومېتىرلىق باجدىن خالىي رايون ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى، 459 مو يەردىكى باجدىن خالىي ئامباردا ئىش باشلاندى. ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلەردىن ئاساسلىقى مۇنۇلار بار: سىچۈەن «شىجىن» خېرىدار چاقىرىش سودا ـ سېتىق چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ياسايدىغان خەلقئارا سودا مەركىزى (سېلىنىدىغان مەبلەغ 32 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 21 مىڭ كۋادرات مېتر)، شىنجاڭ «سامانيولى» گۇرۇھى مەبلەغ سالغان «يىنزۇ» بىناسى (سېلىنىدىغان مەبلەغ 16 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتر)، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى ھاۋالە شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ياسايدىغان «ئالتۇن باشاق» بىناسى (سېلىنىدىغان مەبلەغ 25 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتر)، ئۇلاردىن باشقا يەنە قۇرۇلۇش بانكا بىناسى، ساياھەت مېھمانخانىسى، «ليەنشى» بىناسى، جۇڭگو ـ قازاقىستان دوستلۇق سودا سارىيى، «فۇدا» ئۇنىۋېرسال توپ تارقىتىش بازىرى ۋە سودا ـ سېتىق ئالاھىدە كوچىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم سودا ـ سېتىق ۋە ساياھەتچىلىك تۈرلىرى بار. ياسىلىش ئالدىدا تۇرغان تۈرلەردىن مۇنۇلار بار: شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسى بىلەن خېنەن ئۆلكىسى جېڭجۇ «شىنشىن» ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ياسايدىغان 20 قەۋەتلىك، جەمئىي 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان «شىنشىن» بىناسى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا داشۆسى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان گىرانىت تاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى يۆتكىزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى (بۇ يەردىكى گىرانىت تاشنىڭ سۈپىتى ياخشى، مىقدارى كۆپ، «بورتالا قىزىل گىرانىت تېشى» «جۇڭگو قىزىل گىرانىت تېشى» دىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ) ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەشتىن ئېشىنغان ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ ياسىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىنشائاتى — كوكتاتچىلىق چوڭ پارنىكى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بازارلىرىغا يۈزلەنگەن بىر تۈركۈم پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى، مەسىلەن: «خۇش خەۋەر» خرۇستال ھۈنەر ـ سەنئەت زاۋۇتى، «جانلىنىش» سۆگەت يىلمى زاۋۇتى قاتارلىق تۈرلەر كېڭىشىش ۋە قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

شىن جيەنجى

# چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

1993 - يىلى چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىدىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 3400 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان يول ئۇلى ياسالدى، 1190 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى، 2600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى، 3900 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەۋەرلىشىش تۇرۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇلدى، 5210 توننىلىق كاتول ئۆيىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇش ئىنشائىتى تاماملاندى، ئون توننىلىق پار قازاندىن ئىككىسى ۋە ئۇنىڭ باشقا سەپلىمە ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى، 136 ئائىلە كۆچۈرۈلدى، بۇلارغا جەمئىي 14 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى.

1993 - يىلى ھەمكارلىق رايونىدا زىيارەتكە كەلگەن 35 ئۆمەك (گۇرۇپپا)، 86 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ۋە توختاملىرىدىن 13ى ئىمزالاندى، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 19 مىليون يۈەن بولدى. ھەمكارلىق رايونىغا يەنە 13 كارخانا تىزىملاتتى، تىزىملاتقان ئومۇمىي مەبلىغى 26 مىليون يۈەن بولدى، ئىش باشلانغان تۈر 11، ئۇلارغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 120 مىليون يۈەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 170 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى، 49 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئىچىدىكى تۈر سەككىز، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 90 مىليون يۈەن، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 140 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ھەمكارلىق رايونى ئىچىدىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى كارخانا 56، ئىشلەۋاتقان خادىم 1000دىن ئارتۇق، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 32 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا ئۈچ، ئىشلەۋاتقان خادىم 28، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 680 مىڭ يۈەن، ھەمكارلىق رايونى ئىچىدە ھازىر يەككە سودا - سانائەتچىدىن 109ى بار، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 930 مىڭ يۈەن.

چيۇ فېڭ

# خوتەن قويى

قوي خوتەننىڭ چارۋىچىلىقىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى كۇئىنلۇن تېغىغا، شىمالىي قىسمى بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق قۇملۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور، ھۆل - يېغىن ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، سۇ كەمچىل، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت - چۆپىنىڭ سۈپىتىمۇ تۆۋەن، بۇ خىل ئۆزگىچە ئېكولوگىيىلىك شارائىتتا خوتەنگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ناچار مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان خوتەن قويى يېتىشىپ چىققان.

خوتەن قويى قۇرغاقچىلىققا، ئىسسىققا، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈچلۈك ئۆزگىرىشىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، تاغ ۋە چۆل - جەزىرىگە ماسلىشالايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ، ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمكى يەرلىك قوينىڭ نەسلى. ئۇنىڭ يۇڭى ئېلاستىك، چىڭ، پارقىراق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن توقۇلغان گىلەم يۇمشاق، سۈپەتلىك، ئېلاستىكلىقى ياخشى، چىدامىلىق بولىدۇ. گىلەمنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتسىمۇ رەڭگى ئۆڭمەيدۇ. دېمەك، خوتەن قوينىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى خوتەن گىلىمىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

خوتەن قوينىڭ جۇغى كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن چىدامىلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۇڭى، ئاساسەن، ئىنچىكە يۇڭ، ئىككى تىپلىق يۇڭ ۋە يىرىك يۇڭ دەپ ئايرىلىدۇ. ھەربىر قوينىڭ ساپ يۇڭ نىسبىتى %70 كە يېتىدۇ. بۇ خىل يۇڭدا توقۇلغان توقۇلمىلارنىڭ تۈۋىتى ياتمايدۇ. ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، سىلىق، نەپىس بولىدۇ. شۇڭا خوتەن قوينىڭ يۇڭى گىلەم، يۇڭ رەخت، يۇڭ ئەديال ۋە سوكنو قاتارلىقلارنى توقۇشتا يارامىلىق خام ئەشيا بولالايدۇ.

# يەرلىك قانۇن - نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى

**(1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان، 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىلگەن)**

**1 - ماددا** بۇ چارە يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىكلەرنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىپ، يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىشنىڭ، ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ۋە يېمەكلىكتىن بولىدىغان باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغداش، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى - تىجارىتى بازارلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارە دۆلەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىپ تىجارەت قىلىنىدىغان ۋە بازارغا سېلىنىدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر (يەيدىغان ياكى ئىچىدىغان تەييار مەھسۇلاتلار ۋە خام ماتېرىياللار)، يېمەكلىكلەر خۇرۇچى، يېمەكلىكلەر قاچىسى، يېمەكلىكلەرنى ئوراش - قاچىلاش بۇيۇملىرى ۋە قازان - قومۇچ، قاچا - قۇچا، سايمانلار شۇنىڭدەك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى سورۇنلىرى، ئەسلىھەلىرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار مۇھىتقا باب كېلىدۇ.

**3 - ماددا** سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرىنىڭ شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى ئادەتتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە، يەنى «يېمەكلىك كەسپىدىكىلەرنىڭ سالامەتلىك كىنىشكىسى»، «يېمەكلىكلەر تازىلىقى ئىجازەتنامىسى»، «مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك لاياقەتنامىسى» ۋە تىجارەت كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈش، يېمەكلىك كەسپىدىكىلەرنىڭ شەخسىي تازىلىقىنى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى - تىجارىتى سورۇنلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش، يېمەكلىكلەرنى سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ؛ يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە يېمەكلىك كەسپىدىكىلەرنى تەربىيىلەش، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ؛ چارۋىچىلىق تارماقلىرى چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ خام گۆش مەھسۇلاتلىرى (ئىچكى ئەزالىرى، قان، باش، پاچاق، تۇخۇم)نى مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن ھوقۇق بويىچە، سۇ ھايۋانلىرىنى سانىتارىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**4 - ماددا** يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلىرىدە يېمەكلىك تازىلىقىغا نازارەت قىلغۇچى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپپارات تەكشۈرۈپ تارقاتقان «يېمەكلىك كەسپىدىكىلەرنىڭ سالامەتلىك كىنىشكىسى» ۋە «يېمەكلىكلەر تازىلىقى ئىجازەتنامىسى» بولۇشى؛ چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى ساتىدىغان، سويىدىغان ۋە خام گۆش مەھسۇلاتلىرى (جۈملىدىن سۇ ھايۋانلىرى)نى ساتىدىغانلاردا يەنە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈپ تارقاتقان «مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك لاياقەتنامىسى» بولۇشى كېرەك. ئۇلار سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ تىجارەت كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن، تىجارەت بىلەن

شۇغۇللانسا بولىدۇ.

يېزا - كەنت بازارلىرىدا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ۋاقىتلىق ساتىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار كىنىشكا ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرمىسىمۇ بولىدۇ.

**5 - ماددا** يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر- يېزا بازارلىرىدا ئىچىملىك - يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، تۈرلۈك پىششىق يېمەكلىكلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار (جۈملىدىن يېزا - كەنت بازارلىرىدا بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر تىجارىتى بىلەن ۋاقىتلىق شۇغۇللىنىدىغان دېھقان، چارۋىچىلار) يىلىغا ئاز دېگەندە بىر قېتىم سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشى كېرەك. تولغاق، كېزىك، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى (جۈملىدىن كېسەل قوزغاتقۇچىلارنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر)، ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى، يىرىڭلىق ياكى سىرغىما سۇلۇق تېرە كېسىلى ۋە يېمەكلىك تازىلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**6 - ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بازىرى قۇرۇلۇشى ۋە بازارلاردىكى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تىجارەت قىلىش ئەسلىھەلىرى (جۈملىدىن تىرىك چارۋا مال بازارلىرى ۋە قۇشخانىلار) نىڭ ئورنىنى تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن، زەھەرلىك، زىيانلىق سورۇنلاردىن بەلگىلەنگەن يىراقلىقتا تاللاش ۋە لايىھىلەش لازىم. ئۇنىڭ لايىھىلىنىشىنى تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىغا ئىش تەقسىماتى بويىچە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قاتناشتۇرۇش كېرەك.

**7 - ماددا** بازارغا سېلىپ سېتىلىدىغان چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى، گۆش، سۇ مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق - ياغ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تۈرى بويىچە ئايرىلىپ بازارغا سېلىنىشى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بىر بىرىگە ئارىلىشىپ بۇلغىنىش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىشى لازىم.

**8 - ماددا** ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، تىجارەت قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەر تۆۋەندىكى تازىلىق تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك:

1) سېتىلىدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر يېڭى، پاكىز بولۇشى، تەمى ۋە كۆرۈنۈشى ياخشى، سۈپىتى لاياقەتلىك، زەھەرسىز، زىيانسىز بولۇشى، دۆلەتنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم؛

2) بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى ساتقاندا سايمان ئىشلىتىش، يېمەكلىك بىلەن پۇلنى ئايرىۋېتىش ھەمدە چاڭ - توزاندىن، چىۋىندىن، بۇلغىنىشتىن ساقلايدىغان، ئۆيلەردە چاشقاندىن ساقلايدىغان ئۈسكۈنىلەر بولۇش؛ ئورايدىغان بۇيۇملار پاكىز، زەھەرسىز، زىيانسىز بولۇشى لازىم؛

3) پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئوبدان پىشۇرۇش، توزلۇق سۇ ياكى جاڭيۇدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر، ھورنان، نان قاتارلىق ئېشىپ قالسا ئەتىسى ساتقىلى بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى سوغۇق ساقلاش ياكى ئىسسىتىپ ۋە قايتا پىششىقلاپ، تازىلىق سۈپەت تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛

4) خام يېمەكلىك قاچىسى بىلەن پىشۇرۇلغان يېمەكلىك قاچىسىنى قەتئىي ئايرىۋېتىش، قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچ ۋە بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىك قاچىسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ۋە ئىشلەتكەندىن كېيىن پاكىز يۇيۇش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان قاچا-قۇچا ئىشلىتىش كېرەك؛

5) يېمەك - ئىچمەك يايمىلىرى ۋە دۇكانلىرىدا يۇندا ئېقىتىش ئەسلىھەلىرى ياكى يۇندا چېلەكلىرى بولۇشى، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك سېتىلىدىغان ئورۇنلاردا شۆپەك ساندۇقى بولۇشى، يۇندا ۋە ئەخلەتلەر كۆرسىتىلگەن جايغا تۆكۈلۈشى كېرەك؛

6) يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار پات - پات قوللىرىنى يۇيۇپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشى، پاكىز مۇلازىمەت كىيىمى ۋە باش كىيىمى كىيىشى، شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىشى لازىم.

**9 - ماددا** تۆۋەندىكى يېمەكلىكلەر ۋە ئۇنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى سېتىش مەنئىي قىلىنىدۇ:

1) چىرىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن، كۆكىرىپ كەتكەن، مەينەتلىشىپ كەتكەن ياكى تەركىبىدە زەھەرلىك ماددىلار بولغان يېمەكلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ خام ماتېرىياللىرى؛

2) مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولمىغان گۆش، كېسەل بىلەن ئۆلگەن، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ياكى ئۆلۈش سەۋەبى ئېنىق بولمىغان چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، سۇ ھايۋانلىرى ۋە بۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار؛

3) دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە باشقا زەھەرلىك، زىيانلىق خىمىيۋى ماددىلار بىلەن بۇلغانغان ئاشلىق، ياغلىقدان ۋە باشقا

يېمەكلىكلەر؛

4) گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتمىگەن خورۇچلار ئىشلىتىلگەن يېمەكلىكلەر ۋە يېمەكلىك خام ماتېرىياللىرى شۇنىڭدەك ئىشلىتىلگەن خورۇچ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يېمەكلىكلەر؛

5) يېمەكلىكلەر قاچىسى، قاچىلاش - ئوراش ماتېرىياللىرى ۋە توشۇش قوراللىرى تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن بۇلغانغان يېمەكلىكلەر؛

6) «يېمەكلىكلەر تازىلىق ئىجازەتنامىسى» دە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن يېمەكلىكلەر؛

7) ئورىلىشى ۋە قاچىلىنىشى ھەممىباب ماركا بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان شەكلى مۇقىم يېمەكلىكلەر، مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن يېمەكلىكلەر، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قايتىدىن لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن يېمەكلىكلەر؛

8) يالغان، ناچار، ساختا نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئوزۇقلۇق قىممىتى ۋە تازىلىقىغا تەسىر يەتكەن يېمەكلىكلەر؛

9) تازىلىق ئۆلچىمىگە ۋە تازىلىق بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان باشقا يېمەكلىكلەر.

**10 - ماددا** يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر-يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلىرى يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىرى ۋە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەتچىلەرنىڭ نازارىتى، تەكشۈرۈشى ۋە بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ تازىلىق باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى شەرت. يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىرى ۋە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەتچىلەر نازارەت قىلىش، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۆلەت بەلگىلىگەن ئەۋرىشكە ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە يېمەكلىكلەردىن ھەقسىز ئەۋرىشكە ئېلىپ ئىسپات يېزىپ بەرسە بولىدۇ ھەمدە ۋاقتىدا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشى لازىم.

**11 - ماددا** سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى، مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەت قىلىش تارماقلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە سودا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشى - تىجارىتى پائالىيىتىگە تازىلىق جەھەتتىن يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى، يېمەكلىكلەر تازىلىقىغا دائىر بىلىملەر، قانۇن - نىزاملار ھەققىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقى ھەققىدىكى مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلار، تىجارەت قىلىدىغان ياينا، دۇكانلارنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى تۈزۈمىنى، تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەمكارلىشىشى، يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنى قەرەللىك ھالدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى، تەدبىر قوللىنىپ، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان سورۇنلارنى پاكىز، ئېرىق - خەندەكلەرنى راۋان قىلىپ، يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە بازارغا سېلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

**12 - ماددا** مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن قىلمىشى يەڭگىلرەك بولغانلارغا يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى شۇنىڭدەك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ھەمدە مۇشۇ چارىنىڭ 3 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن جازا بېرىدۇ، ئەمما قانۇنغا خىلاپ ئوخشاش بىر قىلمىشقا قارىتا جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىشنى بىر تارماق قارار قىلغاندىن كېيىن، باشقا تارماقنىڭ يەنە جەرىمانە قويۇشىغا بولمايدۇ.

بۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**13 - ماددا** يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىرى ۋە مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەتچىلىرى شۇنىڭدەك بازار باشقۇرۇش خادىملىرى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش شەرتىنى ھازىرلىغانلارغا كىنىشكا رەسمىيەتلىرىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى، ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا بەلگە تاقىۋېلىشى، كىنىشكىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشى، سىلىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتكەن، خىزمەت ئورنىدا بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان، زورلاپ ساتقۇزغان ۋە زورلاپ سېتىۋالغان، قاقتى - سوقتى قىلغان، خىيانەتچىلىك قىلغان ۋە پارا ئالغانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت

شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**14 - ماددا** ھەرقانداق ئادەمدە بۇ چارىگە خىلاپ قىلمىشلار ۋە يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى، شەھەر - بازارلاردىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىرى ئۈستىدە پاش قىلىش ۋە ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش، مال دوختۇرلۇق سانىتارىيىلىك نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى شەھەر - يېزا بازارلىرىدا پاش قىلىش تېلېفونى ياكى پاش قىلىش ساندۇقى قويۇپ، يېمەكلىكلەر تازىلىق نازارەتچىلىرى، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ماتېرىياللار ۋە ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. پاش قىلىنغان، ئەرز قىلىنغان ئىشلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسى ھەققىدە پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ۋە ئەرزلەرنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە پاش قىلغۇچى ياكى ئەرز قىلغۇچىغا جاۋاپ قايتۇرۇشى كېرەك.

**15 - ماددا** يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر-يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار، تىجارەتچىلەر مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا، جازا بەرگەنلىك ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، جازا بېرىشنى قارار قىلغان ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگانغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن چىقىرىلغان قارارغا قايىل بولمىسا، قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن چىقىرىلغان قارارنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنسا بولىدۇ. دەۋاگەر جازا بەرگەنلىك ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاستە ئەرز سۇنسىمۇ بولىدۇ.

**16 - ماددا** يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر-يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك تىجارەتچىلىرىدىن باشقىلارنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇشقا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» تەتبىقلىنىدۇ.

**17 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداش، قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدە دېيىلگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى يېشى 18 گە توشمىغان ھەر مىللەت پۇقرالىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 3 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار بويىچە تەربىيە بەرگەندىن باشقا، مىللەتلەر سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەققىدىمۇ تەربىيە بېرىشى لازىم.

**4 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش — پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلۈك ۋە باشقا جەھەتتىكى قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە قۇرامىغا

يەتمىگەنلەرگە قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك.

**5 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش كومىتېتى تەسىس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنداق:

1) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش؛

2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنى ماسلاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش؛

3) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى، ئەرز - شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىش، بىجىرىشكە يوللاپ بېرىش، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەمكارلىشىش؛

4) ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش.

**6 - ماددا** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار بىرلەشمىسى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، پىئونېرلار ئەترىتى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش كومىتېتلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىشى لازىم.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

## II باب

## ئائىلىدە قوغدىلىشى

**8 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ھامىيلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى لازىم؛ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە تەن جازاسى بېرىشكە، ئۇلارنى خارلاشقا، تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەن قىز باللارنى ياكى قۇرامىغا يەتمىگەن مېيىپلارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ؛ بوۋاقنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش، تاشلىۋېتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**9 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇش يېشىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بەلگىلىمە بويىچە مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئالاھىدە ئەھۋال سەۋەبى بىلەن مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالالمايدىغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تەستىقلىشى كېرەك.

**10 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

**11 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنى توسۇشى لازىم:

1) تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش؛

2) مۇشتلىشىش، باشقىلارنى ھاقارەتلەش، تىللاش؛

3) قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەپيۇن - نومۇسنى سېتىش؛

4) ئوغرىلىق قىلىش، تومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال-مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش؛

5) شەھۋانىيلىك، زوراۋانلىق، فېئودال خۇراپىيلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان ئوقۇشلۇق ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئوقۇش، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش؛

6) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىش؛

7) باشقا ناچار ھەرىكەتلەر.

**12 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ياكى باشقىلارنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئالداپ جىنايەت سادىر قىلغۇزغان، زورلىغان ۋە ئۆگەتكەنلىكىنى سەزگەن ھامان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى لازىم.

ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى

ۋە قانات ئاستىغا ئالماسلىقى لازىم.

13 - **ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نىكاھلىنىشىغا ۋەدىلىشىۋېلىشىغا ۋە نىكاھلىنىشىغا يول قويماسلىقى، ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتمەسلىكى ياكى زورلىماسلىقى كېرەك.

14 - **ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ھامىيلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك.

## باب Ⅲ

## مەكتەپتە قوغدىلىشى

15 - **ماددا** مەكتەپلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە تەربىيە بېرىشى، گۈزەللىك، ئەمگەك تەربىيىسى بېرىشى، بالاغەتكە يەتكەن مەزگىل ھەققىدە تەربىيە بېرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسرىشى، ئەخلاق جەھەتتە كەمچىلىكى، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى ۋە ياردەملىشىشى، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى لازىم.

16 - **ماددا** مەكتەپلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن خالىغانچە قوغلىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چېكىنگەندە ياكى بەلگىلىمە بويىچە ئۇلارنىڭ ئوقۇش تەۋەلىكىنى ئۆچۈرۈۋەتكەندە، ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

17 - **ماددا** مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم، قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە بالىلارغا تەن جازاسى، شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بېرىشكە ياكى كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى ۋاقتىدا تەڭشىۋېتىشى كېرەك.

18 - **ماددا** مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا زۆرۈر تازىلىق، ساقلىق ساقلاش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

19 - **ماددا** مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرى قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە بالىلارنى ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە، سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئۆي - بىنا ياكى باشقا ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدە پائالىيەت قىلدۇرماسلىقى كېرەك. قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە بالىلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىلىش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قاتارلىق كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇشى، جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە تەسىر يېتىدىغان ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشى لازىم.

20 - **ماددا** مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن قالايمىقان ھەق ۋە ماددىي بويۇم ئېلىشىغا ياكى ئۇلارغا تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن ئوقۇتۇش قوشۇمچە كىتابى، يېمەكلىك ۋە باشقا تاۋارلارنى سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، مەكتەپنىڭ قائىدە - ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى جەرىمانە قويۇش شەكلى ئارقىلىق جازالىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

21 - **ماددا** مېيىپلار مەكتىپى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئەمگەك ماھارىتى ۋە كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىش ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

22 - **ماددا** ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارنى ئاسرىشى ۋە ھۆرمەتلىشى لازىم، ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتىشكە، ئۇلاردىن بېزار بولۇشقا ۋە ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ.

23 - **ماددا** بالىلار باغچىسى بالىلاردىن خەۋەر ئېلىش بىلەن تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە يېتىلىشىگە ماس كېلىدىغان مۇھىت يارىتىپ، بالىلارنى ساغلام يېتىلىشكە يېتەكلىشى لازىم.

24 - **ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى (يەسلىسى) نىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا، مەكتەپ، بالىلار باغچىسى (يەسلىسى) نىڭ مەيدانى، ئۆي - ئىمارىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى باشقا ئىشقا ئىشلىتىشكە، ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## IV باب

# جەمئىيەتتە قوغدىلىشى

**25 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىت يارىتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنى ـ ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشى ۋە ياخشىلىشى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ياكى پۇقرالارنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم.

ھەرقانداق ئورۇن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئۇلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئوت ئۆچۈرۈش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلماسلىقى ياكى تەشكىللىمەسلىكى لازىم.

**26 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن قانۇنسىز ھالدا مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز ھالدا چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ، ئالاقىدار تارماقلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن ئالداپ سېتىلغان، زورلۇق بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەنلىرىنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشى كېرەك. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تېررورلۇق مەزمۇنىدىكى ياكى تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇندىتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**27 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كەمسىتىش قىلىش، ئىختىرا قىلىش، ئەسەر ۋە پاتېنت ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**28 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ سۈرەت ھوقۇقى ۋە شۆھرەت ھوقۇقى قوغدىلىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ھامىيسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى پەخرىي نامدىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

**29 - ماددا** ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىنىدۇ، مىللىي ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى كەمسىتىشكە ياكى ھاقارەتلەشكە بولمايدۇ.

**30 - ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا زورلىشىغا بولمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇشقا توسقۇنلۇق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**31 - ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ شەخسىي سىرىنى ئاشكارىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇشىغا، يىرتىپ تاشلىۋېتىشىگە ياكى ئېچىشىغا يول قويۇلمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغانلىرىنىڭ خەت - چەكلىرىنى ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ھامىيلىرى ۋەكالىتەن ئېچىشى كېرەك. جىنايەتچىنى سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن ئېچىشقا تېگىشلىك خەتلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ياكى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرىدۇ.

**32 - ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو - تېلېۋىزىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى ۋە يازغۇچى، ئالىم، سەنئەتكارلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئوقۇشلۇق ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى پائال ئىجاد قىلىشى، نەشر قىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىشى، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇشى لازىم.

**33 - ماددا** موزېيلار، خاتىرە سارايلىرى، پەن - تېخنىكا سارايلىرى، كۇتۇپخانىلار، مەدەنىيەت سارايلىرى، كىنو - تىياتىرخانىلار، تەنتەربىيە مەيدان (ساراي) لىرى، ھايۋانات باغچىسى ۋە جامائەت باغچىلىرىغا ئوخشاش ئاممىۋى مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۆگىنىش قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ئېتىبار بېرىپ كىرگۈزۈشى كېرەك؛ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بايرام كۈنلىرى ياكى مۇھىم پائالىيەت كۈنلىرى ئۇلارنى ھەقسىز كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

**34 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تىجارەت خاراكتېرلىك تانسىخانا، مەيخانا، سىنخانا، كېچىلىك كلۇب، كېچىچە ئويۇن قويىدىغان كىنو - تىياتىرخانىلارغا ئوخشاش پائالىيەت سورۇنلىرى ئېنىق بەلگە ئورنىتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلىشى لازىم.

**35 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى باللار يەسلىسى، باللار باغچىلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى،

بالىلار يەسلىسى، بالىلار باغچىلىرىنى باشقۇرۇش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار، شەھەر-يېزىلاردىكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار ياكى پۇقرالارنىڭ ھەرخىل بالىلار يەسلىسى، بالىلار باغچىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بالىلار باغچىسى ۋە يەسلىلەردىكى خەۋەر ئالغۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچىلەرنى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**36 - ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زەھەرلەيدىغان شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق، قاتىللىق ۋە تېررورلۇق تەرغىب قىلىنغان كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئۇلارغا سېتىپ بېرىشى، ئىجارىگە بېرىشى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تارقىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**37 - ماددا** بالىلار يېمەكلىكى، ئويۇنچۇقى، لازىمەتلىكلىرى ۋە تاماشا ئەسلىھەلىرى بالىلارنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولماسلىقى لازىم.

**38 - ماددا** ھەرقانداق كىشىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ۋە يەسلىنىڭ دەرسخانا، ياتاق ۋە پائالىيەت ئۆيلىرىدە ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەر يىغىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئۆي ئىچىدە ھاراق ئىچىشىگە ۋە تاماكا چېكىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**39 - ماددا** دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى خۇسۇسىي كارخانا ئېچىش تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

16 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغانلار ئىش تۈرى، ئەمگەك ۋاقتى، ئەمگەك سىجىللىقى ۋە مۇھاپىزەت تەدبىرى جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشى لازىم، ئېغىر، زەھەرلىك ۋە زىيانلىق ئەمگەكلەرگە ياكى خەتەرلىك مەشغۇلاتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

**40 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن بەلگىلەنگەن يىل چەكلىمىسى بويىچە مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىپ بولۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرمايدىغانلارنى ئالاقىدار مائارىپ ۋە ئەمگەك تارماقلىرى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پائال شارائىت يارىتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرىكى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشكە تەشكىللىشى لازىم.

**41 - ماددا** سەھىيە تارماقلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە زۆرۈر تازىلىق - ساقلىق ساقلاش شارائىتلىرىنى يارىتىپ بېرىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بالىلارغا ئالدىنى ئېلىش - ئىممۇنىتېتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پائال تۈردە بالىلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، بوۋاقلار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى سىستېمىلىق ساقلاش ئىشىنى پائال قانات يايدۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى ئۇنىڭدەك يەسلى، بالىلار باغچىسىنىڭ تازىلىق - ساقلىق ساقلاش خىزمىتىگە بولغان كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم.

**42 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەن مېيىپلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ۋە زېھنىي قابىلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئالاھىدە مائارىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان ھەم تۇرمۇشتا ئۆز-ئۆزىدىن خەۋەر ئالالايدىغان قۇرامىغا يەتمىگەن مېيىپلارغا باشقا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەن مېيىپلار پاراۋانلىق ئىشلىرىنى پائال يولغا قويۇشى ھەمدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن مېيىپلار پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى لازىم.

**43 - ماددا** خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن سەرگەردان بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ياكى ئائىلىسىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ھامىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ھامىيلىرىنى ۋاقتىنچە تاپقىلى بولمىغانلىرىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەسىس قىلغان بالىلار پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى يىغىۋېلىپ باقىدۇ.

**44 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ياكى ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇش - تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغانلارنى مەكتەپ ئېچىش،

ئىشقا ئورۇنلىشىش جەمئىيەتتە كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**45 - ماددا** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش، ھەر خىل پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

## V باب

## ئەدلىيە جەھەتتىن قوغدىلىشى

**46 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە قۇتقۇزۇش فاڭجېنى قوللىنىلىدۇ، تەربىيىنى ئاساس قىلىش، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ.

**47 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغۇچى ياكى ئۇنىڭ ھامىيسى ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ياكى قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇشقا ھوقۇقلۇق.

**48 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇنىڭ باشقا ھامىيلىرى دەۋا ۋەكالەتچىسى بولالمىسا ياكى ئۇنداق قىلىش بىئەپ بولۇپ قالسا، ئادۋوكات ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە باشقا پۇقرالارغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەن شۇ كىشى تۇرۇۋاتقان مەكتەپ ياكى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان باشقا تەشكىلات ۋەكالىتەن دەۋا قىلىمۇ بولىدۇ.

**49 - ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئەنزىلىرىنى بىجىرگەندە، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىپ، كىشىلىك ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئېھتىياجغا قاراپ ئۆسمۈرلەر سوت كوللېگىيىسى ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئەنزىسىنى قاراپ چىقىدىغان مەخسۇس كېڭەشمە سوت تەسىس قىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىمۇ مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىپ ياكى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئەنزىلىرىنى بىجىرىشى لازىم.

**50 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قاماقتا، تەربىيىدە تۇرغان ۋە جازا ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە قۇرامىغا يەتكەن جىنايەتچىلەردىن ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە ئايرىم قاماش لازىم.

## VI باب

## قانۇنىي جاۋابكارلىق

**51 - ماددا** مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ۋە يەسلىلەردىكى ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەردىن قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچى ۋە بالىلارغا تەن جازاسى بەرگەن ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماق مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

**52 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 39 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىغا خىلاپلىق قىلغانلار گوۋيۈەن ئېلان قىلغان «بالا ئىشچى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە جازالىنىدۇ.

**53 - ماددا** تىجارەت خاراكتېرلىك تانسىخانا، مەيخانىلاردىن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان سورۇنلارغا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلىدىغان ئېنىق بەلگە ئاسمىغان ياكى ئۇلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ، تۈزىتىشنى رەت قىلغانلارنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ.

**54 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زورمۇزور نىكاھلاندۇرغانلارغا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق مەمۇرىي جازا بېرىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**55 - ماددا** ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ھامىيلىرىدىن تەستىقسىز ھالدا، ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىنى ياكى باشقا ھامىيلىقتا ئېلىنغۇچىلارنى مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىشقا ئەۋەتمىگەنلەرگە مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى

ياكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ، تۈزەتمىگەنلەرگە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازا بېرىدۇ.

**56 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلاردىن جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن جازالايدۇ:

1) ئائىلىسىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى خارلىغان، خارلانغۇچى چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن پاش قىلىنغانلار؛

2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ھاقارەتلىگەنلەر؛

3) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئۇرۇپ يېنىك زەخىملەندۈرگەنلەر؛

4) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تېررورلۇق ۋە ۋەھشىي مەزمۇندىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلاپ ۋە ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى نابۇت قىلغانلار؛

5) ئالدانغان، سېتىۋېتىلگەن ۋە ئېلىپ سېتىلغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، زوراۋانلىق قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغانلار؛

6) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى يىغىلىش، جامائەت پاراۋانلىق ئەمگىكى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە باشقا كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە تەشكىللەشتە، بىخەتەرلىك جەھەتتە مۇناسىپ تەدبىر قوللانمىغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئۇقتۇرۇش قىلسىمۇ تۈزەتمىگەنلەر.

**57 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا ياكى باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 52 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە ئېغىرلىتىپ جازالىنىدۇ:

1) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنلەر؛

2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئوكۇل قىلىپ سېلىشقا ياكى ئەپيۇن نومۇسىنى سېتىشقا باشلىغان، ئۆگەتكەن ياكى مەجبۇرلىغانلار؛

3) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئېلىپ ساتقانلار، ئالداپ ساتقانلار؛

4) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە شەھۋانىي كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى قاتارلىق مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ساتقان، ئىجارىگە بەرگەن ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تارقاتقانلار.

**58 - ماددا** مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغان ئالاقىدار تەرەپ جازا قارارى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقارغان ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل ئورگانغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا قاراپ چىقىپ چىقىرىلغان قارارغا قايىل بولمىغانلار قايتا قاراپ چىقىپ چىقىرىلغان قارار ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ. قانۇن - نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئالاقىدار تەرەپ مەمۇرىي جازا قارارىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىغان، خەلق سوت مەھكىمىسىگىمۇ دەۋا قىلمىغان، قارارنىمۇ ئىجرا قىلمىغان بولسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ياكى قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرسىمۇ بولىدۇ.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**59 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى

(1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

# I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە باشقا قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** تىل-يېزىق خىزمىتىدە مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش، شۇ ئارقىلىق تىل - يېزىقنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**3 ـ ماددا** مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقنى قوللىنىش، باشقۇرۇشنى ۋە بۇ جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئۆلچەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ مىللەتتىن بولغان كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئېھتىياتچانلىق، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك.

**4 ـ ماددا** يېزىقى يوق ياكى كەڭ قوللىنىلىدىغان يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق مەسىلىسىنى شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇش ۋە ئىختىيارىي تاللاش پرىنسىپى بويىچە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. باشقا مىللەتنىڭ يېزىقىنى قوللانغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى ئاپپاراتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەت (شەھەر) لەردە تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىدۇ.

**6 ـ ماددا** تىل - يېزىق خىزمىتىگە مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى مۇنۇلار:

1) دۆلەتنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى توغرىسىدىكى قانۇن، نىزام ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛

2) تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ پىلانى، تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش؛

3) تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ئىشىنى باشقۇرۇش؛

4) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، تەرجىمانلار جەمئىيىتىنى ۋە تىل ساھەسىدىكى ئىلمىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش؛

5) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، مەملىكەت بويىچە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ۋە دۆلەت قېلىپلاشتۇرغان خەنزۇچە خەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش؛

6) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛

7) مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىگە ئىلھام ۋە يېتەكچىلىك قىلىش؛

8) تىل - يېزىق جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مەسلىھەت ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛

9) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش؛

10) تىل - يېزىق خىزمىتى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش.

**7 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلار تىل - يېزىق خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ؛ بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىكۈزىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلارغا مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

## II باب

# تىل - يېزىقنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تەڭ قوللىنىدۇ، ئېھتىياجغا ئاساسەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا ئاپتونوم رايوندا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئېھتىياجغا ئاساسەن، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى تەڭ قوللانغاندا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئاساس قىلسا بولىدۇ.

**9 - ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تامغىسى، ۋىۋىسكىسى، كىنىشكىسى، ئورۇن نامى بېسىلغان كونۋېرت، ئىش قەغىزى ۋە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە يۇقىرىغا يوللىنىلىدىغان، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدىغان ھەرخىل ھۆججەت - ئالاقە، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**10 - ماددا** ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئەسلىھە نامى، چېگرا بەلگىسى، يول بەلگىسى، قاتناش بەلگىسى ۋە ئاپتوموبىللارغا يېزىلىدىغان ئورۇن نامى، بىخەتەرلىك شوئارلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ نامى، چۈشەندۈرمىسى قاتارلىقلاردا يېزىق ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بىلەن خەنزۇچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**11 - ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار يىغىن ئاچقاندا، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، بىرخىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىدۇ.

**12 - ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئوقۇغۇچى، ئىشچى، كادىر ئېلىش ۋە تېخنىكا ئىمتىھانى ئېلىش، كەسپىي ئۇنۋان باھالاش، دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشلىرىدا شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تەڭ ياكى ئايرىم قوللىنىشى شەرت، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ياكى قاتناشقۇچىلار ئۆزى خالىغان بىر خىل تىل - يېزىقنى ئىشلەتسە بولىدۇ. دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون ئايرىم بەلگىلىمە چىقارغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**13 - ماددا** ھەر مىللەت پۇقرالىرى دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ياكى كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئەنزىنى تەكشۈرۈش ۋە قاراپ چىقىشتا شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى، شۇ جايدا قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى لازىم.

قانۇن ھۆججەتلىرى ئېھتىياجغا قاراپ شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل يېزىقتا چىقىرىلىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت پۇقرالىرىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ياكى ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلغاندا، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا شۇلار بىلىدىغان تىل - يېزىقنى قوللىنىشى ياكى ئۇلارغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى لازىم. خىزمەتچى خادىملار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان يېزىقتا كەلگەن خەت، ئالاقە، تەستىق ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى، بېسىپ قويماسلىقى ياكى سۆرىمەسلىكى لازىم.

**15 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو - تېلېۋىزىيە، قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ئوقۇش - ئوقۇتۇش، رادىئو، سەنئەت نومۇرلىرى، دەرسلىك، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردا، كىنو - تېلېۋىزىيىدە قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن تىل - يېزىقنى قوللىنىش شەرت.

**16 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ پەن تەتقىقاتى، كەشپىيات - ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلمىي ماقالە، كىتاب يېزىش، ئەدەبىيات -

سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئويۇن قويۇشتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشىنى كاپالەتلەندۇرۇشى كېرەك.

**17 - ماددا** كىتابخانا، پوچتا، قاتناش ئورۇنلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى دەرسلىك، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنى تارقىتىش ۋە خەت - چەك، ئالاقە، پوچتا يوللانمىلىرىنى قوبۇل قىلىش، يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

## III باب

## تىل - يېزىق ئۆگىنىش ۋە تەرجىمە خىزمىتى

**18 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەرگە ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە ۋە ئىلھام بېرىشى كېرەك. خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش بىلەن بىللە، مەملىكەت بويىچە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئورتاق خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك.

**19 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى ھەققىدىكى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار بۇرۇنراق تەسىس قىلسىمۇ بولىدۇ. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنىمۇ، خەنزۇ تىلىنىمۇ بىلىدىغان قىلىش لازىم.

ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوملار ئاز سانلىق مىللەت تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىپ، قوش تىللىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**20 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى دەرسى مۇۋاپىق تەسىس قىلىنسا بولىدۇ.

**21 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇسا بولىدۇ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇسا بولىدۇ. مەكتەپلەر ئۇلارنى قوللىشى ۋە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**22 - ماددا** سودا، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش، سەھىيە، پۇل مۇئامىلە، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق تارماقلار خىزمەتچىلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى جەھەتتە تەربىيىلەپ، ئۇلارنى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى ئىگىلەپ ۋە قوللىنىپ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىدىغان قىلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى شەرت. تەرجىمە ئاپپاراتى تەسىس قىلىشى ياكى تەرجىمان سەپلىشى كېرەك.

**24 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلار ۋە خەنزۇ يېزىقى، چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**25 - ماددا** تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلار ۋە مائارىپ تارماقلىرى ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەرجىمانلىرى، مۇھەررىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى پائال يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**26 - ماددا** مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ھېسابلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۇلارغا كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. ئۇلار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## IV باب

## تىل - يېزىق تەتقىقاتى ۋە تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش

**27 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل تارمىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر

تىل ـ يېزىقى تونۇرىسىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە، ئەمەلىي نەزەرىيە ۋە تىل ـ يېزىق ئۆلچەملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى يەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل ئۆلچىمى، ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى قاتارلىقلارغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش كومىتېتى ئوخشاش بولمىغان تىل تۈرلىرى، پەنلەر، كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسپىي گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

28 ـ **ماددا** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايوننىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ھەم ئېلان قىلغان ئىملا قائىدىسى، تەلەپپۇز قائىدىسى، سۆز ـ ئاتالغۇ، ئادەم ۋە يەر نامى قاتارلىقلارنى قوللىنىشى، تىل ـ يېزىققا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشى شەرت.

29 ـ **ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەملىكەت بويىچە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

خەنزۇچە خەتلەرنى قوللانغاندا قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن خەتلەرنى قوللىنىش، دۆلەت ئېلان قىلغان ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەتلەر، دائىم قوللىنىلىدىغان خەتلەر، كەڭ قوللىنىلىدىغان خەتلەر ۋە باشقىچە يېزىلىدىغان خەتلەر رەتلەنگەن جەدۋەلنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. مۇرەككەپ خەتلەرنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىشقا، خەتلەرنى خالىغانچە ئاددىيلاشتۇرۇپ ياساشقا بولمايدۇ.

## V باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

30 ـ **ماددا** بۇ نىزامنى يولغا قويۇشتا يولۇققان كونكرېت مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ.

31 ـ **ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى

(1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ **ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پوچتا قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 ـ **ماددا** پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر تۇتاش پىلانلاش، رايونلار بىلەن سىستېمىلار بىرلىشىش، قاتلاملار بويىچە مەسئۇل بولۇش، بىرلىشىپ قۇرۇش فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

كىم مەبلەغ سالسا شۇ نەپ ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئورۇن، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر شەھەر ـ يېزىلارنىڭ پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

3 ـ **ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى — ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارمىقى ۋە ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورلىرىنىمۇ كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ.

ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرى (پوچتا ئىدارىلىرى، تېلېگراف ئىدارىلىرى) ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن، شۇ دەرىجىلىك خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىش خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە خەۋەرلىشىشنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ.

**4-ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى ھەمدە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، يولغا قويۇشنى تەشكىللىشى كېرەك. شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزگەندە، ئۇنىڭغا پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئومۇمىي پىلانى ۋە قۇرۇلۇش پىلانىنىمۇ كىرگۈزۈش لازىم.

ئالاقىدار تارماقلار پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىشى لازىم.

**5 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى جەمئىيەتكە تېز، توغرا، بىخەتەر، قولايلىق مۇلازىمەت قىلىپ، ئابونتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ھەمدە ئابونتلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**6 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇشتەك قىلمىشلارنى توسۇش ۋە پاش قىلىش ھوقۇقى بار.

## II باب

## پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى

**7 - ماددا** ئۈرۈمچىدىن ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەتلەرگىچە بارىدىغان خەۋەرلىشىش غول لىنىيىلىرىنى، ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەتلەردىن ناھىيە (شەھەر) لەرگىچە ھەمدە ناھىيە (شەھەر) لەرگىچە بارىدىغان خەۋەرلىشىش سىم يوللىرىنى، ناھىيە (شەھەر) لەردىن يېزا - بازارلارغىچە بارىدىغان پوچتا - تېلېگراف قۇرۇشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. كونكرېت يولغا قويۇشقا پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى تەشكىللاتچىلىق قىلىدۇ.

شەھەر تېلېفونى، پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىلىرى (پوچتىخانىلىرى) نى كېرەكلىك ئۆي ۋە باشقا پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشقا ئۆلار تۇرۇشلۇق ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ، يولغا قويۇشقا شۇ جايدىكى پوچتا-تېلېگراف تارمىقى تەشكىللاتچىلىق قىلىدۇ.

**8 - ماددا** دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ ۋە ئۇ كۈچەيتىلىدۇ.

يېزىلىق، بازارلىق تارماق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى (پوچتىخانىلىرى) — ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ شۆبە - تارماق ئاپپاراتلىرىدۇر. يېزا-بازارلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىغا پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. يېزا-بازارلاردىن تۆۋەن جايلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىغا ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنتلەر مەسئۇل بولىدۇ، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

**9 - ماددا** شەھەرلەردە يېڭى رايونلارنى قۇرغاندا ۋە كونا رايونلارنى ئۆزگەرتكەندە، سانائەت - كان رايونى ۋە مىكرو ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىنى قۇرغاندا، قۇرۇلۇشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانى ۋە پوچتا - تېلېگراف تور - نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئورۇننى بەلگىلەيدۇ، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى پوچتا - تېلېگراف ئىدارە (پوچتىخانا) ئۆيلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ سالىدۇ.

ئاممىۋى ئىمارەتلەر ۋە ئولتۇراق بىنالارنى يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، تېلېفون تۇرۇبا لىنىيىلىرى، خەت ساندۇقلىرى (تومبىلىرى) نى ئورنىتىش ياكى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇن قالدۇرۇپ قويۇش لازىم.

ئۆزىنىڭ خەۋەرلىشىش ۋە ئاسراش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېگىز بىنالارنىڭ يەر يۈزى قەۋىتىدە بىناغا كىرىدىغان - چىقىدىغان تېلېفون سىملىرىنى ئۇلاش - ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن ئۆي ئاجرىتىش كېرەك، ئۇنىڭ خىراجىتىنى ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۈستىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە كېرەكلىك خىراجەت قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي تەخمىنچوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ، لايىھەلەش ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى

ئۇ موقۇق بەرگەن ئورۇن بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى قوغداش لايىھەلەش ئۆلچىمىگە ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مەزمۇنىغا كىرگۈزىدۇ. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىمۇ قاتنىشىدۇ. پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئورنىتىلمىغان ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇن قالدۇرۇلمىغان بولسا، قوغداشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق تولۇقلاشقا بۇيرۇيدۇ.

**10 - ماددا** يول، كۆۋرۈك، تونېللارنى ياسىغاندا، شۇ جاينىڭ پوچتا - تېلېگراف تورۇبا لىنىيىلىرىگە ئورۇن قالدۇرۇپ قويۇش لازىم، ئۇنىڭ خىراجىتىنى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ.

خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرىنى تارتىش ئۈچۈن يوللارنى بۇزۇشقا توغرا كەلگەندە، ئالاقىدار تارماقلارغا ئىلتىماس ۋە قوغداش لايىھىسىنى سۇنۇپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىش باشلاش ھەمدە يولنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كەتكەن خىراجەتنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم.

**11 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ستولبا ئورناتقان، كابېل كۆمگەن، تۆمۈر مۇنار ئورناتقان ۋە ئارا پونكىت ئۆيلىرىنى سالغاندا، ئۇنى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى پىلانىغا ئۇيغۇن قىلىشى كېرەك. لىنىيەلەرنىڭ مۇۋاپىق يۆنىلىشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، يەرنى ئىمكان قەدەر تېجەپ ئىشلىتىش لازىم. كېرەكلىك يەرنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ھەل قىلىش، زىرائەت، دەل - دەرەخ ۋە ئىمارەت قاتارلىقلار زىيانغا ئۇچرىسا، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تۆلەم بېرىش كېرەك.

**12 - ماددا** جامائەت خەۋەرلىشىش تورلىرى بىلەن مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بىرلىشىپ قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

ھەربىي قىسىم، تۆمۈر يول، نېفىت باشقۇرۇش، توك ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تارماقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تارماق ۋە ئورۇنلار مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورىغا ئېھتىياجلىق بولسا، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى سىم يولى بىلەن تەمىنلىيەلىسە، ئىجارىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى سىم يولىنى ئىجارىگە بېرەلمىسە، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇشى لازىم ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزى قۇرسىمۇ بولىدۇ.

**13 - ماددا** سىمسىز خەۋەرلىشىش تورلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، سىمسىز تېلېگرافنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاشتىن ئاۋۋال، ئاپتونوم رايوننىڭ خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ ياكى ئۇ موقۇق بەرگەن ئورۇننىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاش كېرەك.

**14 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى لايىھەلەش ۋە قۇرۇشتا جەمئىيەتتە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش، باراۋەر رىقابەتلىشىش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلاردىن قۇرۇلۇش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بارلىرى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى خەۋەرلىشىش سىم يولى قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر تېلېفونىغا سىم تارتىش قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالسا بولىدۇ.

**15 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ موقۇق بەرگەن ئورۇن نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، دۆلەت ئايرىم بەلگىلىمە چىقارغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. سۈپىتىنى نازارەت قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا بولمايدۇ، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتسىز بولغان پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

## III باب

# پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىششنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش

**16 - ماددا** مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ ياكى ئۇ موقۇق بەرگەن ئورۇننىڭ كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىسمەن جامائەت كەسپىي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، لېكىن

ئالاقىدار كىنىشكا رەسمىيىتى بېجىرىلىشى كېرەك؛

**17 - ماددا** مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورىنى جامائەت خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقىغا ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش لازىم. جامائەت خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگۈزۈلىدىغانلىكى خەۋەرلىشىش تېرمىنال ئۈسكۈنىلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن تورغا كىرگۈزۈش تېخنىكا قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى بەلگىلىگەن تىپتىكى ئۈسكۈنىلەر بولۇشى كېرەك.

**18 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى تۆۋەندىكىدەك پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ:

1) خەت - چەك ۋە خەت - چەك خاراكتېرىدىكى باشقا بۇيۇملارنى قوبۇل قىلىش - يەتكۈزۈش؛

2) گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىش، پوچتا پۇل ئامانىتى ۋە پوچتا پۇل پېرېۋوتى؛

3) پوچتا ماركىلىرىنى تارقىتىش ۋە ماركا توپلاش بۇيۇملىرىنى ياساش؛

4) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، تېلېگرامما، شەھەر تېلېفونى، سىمسىز كۆچمە تېلېفون، سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق چاقىرىش، تېلېفوندا چاقىرىش، سانلىق مەلۇمات يەتكۈزۈش، فوتو تېلېگراف ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا تېلېفونلىرى؛

5) تېلېگراف سىم يوللىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، شۇنىڭدەك ۋەكالىتەن رېمونت قىلىش كەسپى؛

6) تېلېفون نومۇرى دەپتىرى، پوچتا نومۇرى دەپتىرى قاتارلىق پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نومۇرى دەپتەرلىرىنى تۈزۈش ۋە تارقىتىش؛

7) دۆلەت بەلگىلىگەن باشقا پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپلىرى.

**19 - ماددا** شەرت - شارائىتى بار ئورۇن ۋە شەخسلەر پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۆۋەندىكىدەك پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ:

1) ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىلىرى، سودا پوسۇلكىلىرىنى قوبۇل قىلىش - يەتكۈزۈش ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىش؛

2) سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق چاقىرىش، سىمسىز توپ كۆچمە تېلېفون، تېلېفوندا چاقىرىش ۋە تېلېفون، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر مۇلازىمىتى شۇنىڭدەك يېزىلاردىكى تېلېفون ئۇلاپ بېرىش ئۇقتىلىرىنىڭ تىجارەت مۇلازىمىتى؛

3) خەۋەرلىشىش تېرمىنال ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، رېمونت قىلىش ۋە تېلېفون، فوتو تېلېگرافنى قوراشتۇرۇش، ئاسراش.

**20 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىدىن باشقا شەرت - شارائىتى بار ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ خەت - ئالاقە، پوسۇلكا، پېرېۋوت چېكى ۋە شەھەر تېلېفونى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، تېلېگرامما قاتارلىق پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ. پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ۋەكالىتەن بېجىرگۈچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ھەمدە كەسپىي ئۆگىنىش بۇيۇملىرى، تەشۋىقات بۇيۇملىرى ۋە كەسپىي تالونلار بىلەن تەمىن ئېتىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**21 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىي تىجارىتى قىلىۋاتقان ياكى ئۇنى ۋەكالىتەن بېجىرىۋاتقان ئورۇن ۋە شەخسلەر پوچتا - تېلېگراف كەسپىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قائىدە - تۈزۈملەر، تېخنىكا قائىدىلىرى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇشى، يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**22 - ماددا** خەت - ئالاقە ئىشلىتىلىدىغان كونۋېرتلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا بېسىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇننىڭ نازارەتچىلىكىدە ياسىلىدۇ؛ نازارەتچىلىكتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ بېسىپ چىقىرىشقا ۋە سېتىشقا بولمايدۇ.

## IV باب

# خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيەتلىكىنى قوغداش

**23 - ماددا** پۇقرالارنىڭ خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيەتلىكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ياكى جىنايى ئىشلار جىنايىتىنى سۈرۈشتە قىلىش ئېھتىياجى بىلەن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن

يۇقىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە خەۋەرلىشىشنى تەكشۈرگەندىن باشقا، ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن پۇقرالارنىڭ خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيەتلىكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**24 - ماددا** تاموژنا ۋە كارانتىن تارماقلىرى خەلقئارا پوچتا بويۇملىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ياكى پوچتا يوللانمىلىرىنى كارانتىن قىلىشتا يەتكۈزۈلۈش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قانۇن بويىچە خەلقئارا پوچتا بويۇملىرىنى تۇتۇپ قېلىش، پېچەتلەش، مۇسادىرە قىلىش ياكى يوللانمىلارنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كەلسە، شۇ سىبنىغا ئۇقتۇرۇش تارقىتىشى كېرەك. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك پوچتا بويۇملىرى ياكى يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى 24 سائەت ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك پوچتا ئاپپاراتلىرىغا ئۇقتۇرۇشى لازىم.

**25 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى ئابونتلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف كەسپلىرىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسكە ئابونتلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف كەسپىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئىدارە، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدىكى قوبۇل قىلىپ تارقىتىش ئىشخانىسى، تېلېفون باش ئاپپارات ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى، گېزىت - ژۇرنال، تېلېفون، تېلېگراممىلارنى تېز، توغرا، تولۇق يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار.

پوچتا يوللانمىلىرى ۋە تېلېگراممىلارنى يوشۇرۇپ قويۇشقا، بۇزۇۋېتىشكە، خالىغانچە ئېچىشقا ۋە تېلېفونلارنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا، باشقىلارنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى ئۈستىدىكى پوچتا ماركىلىرى ۋە باشقا پوچتا ھەققى ھۆججەتلىرىنى ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**26 - ماددا** ئابونتلار تېلېگراف ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەخپىي ئۇچۇرىنى يوللىغاندا، چوقۇم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىشى كېرەك. ئوچۇق رەقەم ياكى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن مەخپىي رەقەم ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، دۆلەت قانۇنلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ياكى جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزىدىغان مەزمۇنلاردىكى جامائەت تېلېگراممىلىرى ۋە فوتو تېلېگرافلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشقا ياكى يەتكۈزۈشنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق.

**27 - ماددا** چەت ئەل ئورگانلىرى ۋە چەت ئەللىكلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرغاندا ۋە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپلىرىدىن پايدىلانغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدىكى خەۋەرلىشىش تېخنىكا بىخەتەرلىكى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى لازىم.

# V باب

# پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى

**28 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئابونتلار ئۈچۈن پوچتا - تېلېگراف كەسپلىرىدە مۇلازىمەت قىلغاندا، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىل - يېزىق قوللىنىشى؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردە شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى قوللىنىشى كېرەك. پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى چەت ئەل تىلى قوللىنىدىغان ئابونتلارغا پائال شارائىت يارىتىپ چەت ئەل تىلى مۇلازىمىتىنى قىلىشى كېرەك.

**29 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى پوچتا - تېلېگراف خىزمەتچى خادىملىرىغا قارىتا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلىشى لازىم.

**30 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خىزمەتچى خادىملىرى قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشى، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىشكە تېگىشلىك بولغان پوچتا - تېلېگراف كەسپلىرىنى

بىجىرىشنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ؛ ئابونتلارنى مەلۇم بىر خىل پوچتا - تېلېگراف كەسپىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ؛ پېرېۋوت قىلىنغان پۇللارنى بەرمەي كېيىنگە سۈرەشكە، پوچتا يوللانمىلىرى، تېلېگramma، تېلېفون ۋە فوتو تېلېگرافنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنى قەستەن كېچىكتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئابونتلارغا بولغان خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتىنى ئۆز مەيلىچە توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ پوچتا - تېلېگراف كەسپى ھەق ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ تېلېفون ئورنىتىش، يۆتكەش ۋە رېمونت قىلىشتەك پوچتا - تېلېگراف كەسپىدىكى قولايلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشقا، ئابونتلارنى تەڭلىكتە قويۇشقا ۋە قاقتى - سوقتى قىلىشقا بولمايدۇ.

**31 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاممىغا قولايلىق بولغان جايلارغا پوچتا بوتكىسى، گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى، خەت ساندۇقى (تومبىسى) ۋە ئاممىۋى تېلېفونلارنى ئورنىتىشى ياكى سەييارە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار يەر ۋە يول ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى پوچتا - تېلېگراف تىجارەت سورۇنلىرىغا روشەن بەلگىلەرنى ئورنىتىشى ھەمدە تىجارەت ۋاقتى، بىجىرىدىغان كەسپلەر تۈرى ۋە ھەق ئۆلچىمىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى كېرەك. پوچتا خەت ساندۇقلىرى (تومبىلىرى) نى ئېچىش قېتىم سانى ۋە ۋاقتىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى لازىم.

**32 - ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلغان، يۆتكەلگەن، ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان، نامىنى ئۆزگەرتكەن ئورۇنلار ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى (بىنالىرى) نى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار شۇ جايدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرىگە ئىلتىماس قىلىپ، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش ياكى پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى ئەسلىھەسى ئورنىتىش رەسمىيەتلىرىنى بىجىرىشى كېرەك؛ ئىلتىماس قىلمىغانلىقتىن خەۋەرلىشىش كېچىكتۈرۈلسە، ئابونتلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئابونتلارنىڭ پوچتا - تېلېگراف كەسپلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىنى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىجىرىشى ھەمدە ئۇلارغا ۋاقتىدا مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. خەۋپ - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، زور سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئېھتىياجىنى ئالدى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**33 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ۋە نەشرىيات تارماقلىرى ئېنىق چەكلىگەن مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى تارقاتمايدۇ ۋە ساتمايدۇ. پوچتا ترانسپورت قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

**34 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ ئابونتلارنى بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ مەلۇم تىپتىكى خەۋەرلىشىش تېرمىنال ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشقا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئابونتلارغا دۆلەتنىڭ تورغا كىرگۈزۈش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى كۆرسەتكەن تىپتىكى خەۋەرلىشىش تېرمىنال ئۈسكۈنىلىرىنى قوراشتۇرۇپ بېرىشى ۋە رېمونت قىلىپ بېرىشى، باھانە كۆرسىتىپ چەكلىمەسلىكى لازىم.

**35 - ماددا** ئابونتلار تېلېفون ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى دەسلەپكى ئورنىتىش ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئورنىتىپ بېرىشى كېرەك؛ مۇددەت ئىچىدە ئورنىتىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلمىسە، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ھەق ئالغان كۈندىن باشلاپ ئابونتلارغا ئۆسۈم بېرىشى كېرەك.

ئابونتلارنىڭ تېلېفونلىرى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالسا، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك؛ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەندە، ئابونتلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىلدىكى تېلېفون ھەققىنى بەلگىلىمە بويىچە چىقىرىۋېتىشى كېرەك.

پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى تېلېفون ئورنىتىش ۋە رېمونت قىلىش ئۆلچەملىك مەشغۇلات مۇددىتىنى جەمئىيەتكە ئاشكارا ئېلان قىلىشى لازىم.

**36 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئابونتلارنىڭ نازارەت قىلىش تېلېفونى، پىكىر دەپتىرى (ساندۇقى) ئورنىتىپ، ئابونتلاردىن كەلگەن خەت - چەكلەر ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمەت سۈپىتى ھەققىدىكى پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ۋە ئەرزلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئابونتلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. پاش قىلىش

ماتېرىياللىرى ۋە ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئۇنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە پاش قىلغۇچى ياكى ئەرز قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇشى لازىم.

## VI باب

# پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشىغا كاپالەتلىك قىلىش

**37 - ماددا** تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق ترانسپورت ئورۇنلىرى پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالدىن توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بېكەت - ۋوكزال، ئايرودروملار پوچتا يوللانمىلىرىنى قاچىلاش چۈشۈرۈش ۋە ساقلاشقا مۇقىم مەشغۇلات سورۇنلىرى ۋە يوللىرى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

**38 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف مەخسۇس بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن توشۇش، يەتكۈزۈش، قورۇلۇش ۋە خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرىنى پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قاتناش مەنئى قىلىنغان يوللاردىن ئۆتكۈزۈشكە ياكى توختاش مەنئى قىلىنغان جايلاردا توختىتىشقا توغرا كەلگەندە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تارقاتقان يول خېتى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈش ياكى توختىتىش لازىم؛ يوللار قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەندە ياكى تەكشۈرۈش سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشى ياكى ئۆتۈشكە ياردەملىشىشى كېرەك؛ شوپۇر ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ماشىنىسىنى داۋاملىق ھەيدەسە بولمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ باشقا ھادىسە كۆرۈلسە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش خادىملىرى ئۇنى خاتىرىلىۋېلىپ قويۇۋېتىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، قويۇۋەتمىگەنلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى لازىم.

**39 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئۆيلىرىگە، ئۈسكۈنىلىرىگە ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىگە كېتىدىغان توكنى ئېلېكتر ئېنېرگىيە تارماقلىرى I - خىلدىكى ئابونتلار قاتارىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**40 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئاپتوموبىلىنى قانۇنسىز توسۇشى، تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا زورلۇق بىلەن چىقىۋېلىشىغا، پوچتا يوللانمىلىرىنى، تېلېگراممىلارنى قانۇنسىز تۇتۇپ قېلىشىغا، ئېچىپ تەكشۈرۈشىگە، پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇشى ۋە پوچتا - تېلېگراف خادىملىرىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**41 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قوغداش مەقسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى بار جايدىكى ئورۇنلارنى خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قوغداشقا دائىر مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، لىنىيە ئاسراش بويىچە بىرلەشمە مۇداپىئە تېلىپ بېرىشقا تەشكىللىشى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەۋەرلىشىشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋاقتىدا كۈچ تەشكىللەپ، خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرىنى ئاسراش تارماقلىرىنىڭ جىددىي رېمونت قىلىشىغا ياردەملىشىشى لازىم.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى ۋاقتىدا پاش قىلىشى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشى كېرەك.

**42 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان تۆۋەندىكى قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ:

1) خەت ساندۇقى (تومبىسى)، ئادەمسىز ئاۋاز كۆچەيتىش پونكىتلىرى، مىكرو دولقۇنلۇق تۆمۈر مۇنارلىرى، ئاممىۋى تېلېفون پونكىتلىرى، خەت - گېزىت ساندۇقلىرىنى بۇزۇۋېتىش؛

2) ستولبا، تارتما سىم، مۇنار، بەلگە تاش، ستولبا قوزۇق قاتارلىق خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە چارۋا مال باغلاش، سىم تارتىش ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئارتىش؛

3) ستولبا، تارتما سىملارغا بەش مېتر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە ياكى ئادەمسىز ئاۋاز كۈچەيتىش پونكىتلىرى، مىكرو

دولقۇنلۇق تۆمۈر مۇنارلىرىغا ئون مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە توپا قېزىش، ئاسما سىملارنىڭ ئىككى تەرىپى، ئانتېننا رايونىغا ئىككى مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە ئۆي سېلىش ۋە كەپە ياساش؛

4) يەر ئاستى كابېلى كۆمۈلگەن يەرنىڭ ئىككى يېنىغا بىر مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىگە ئۆي سېلىش، كەپە ياساش ياكى ئۈچ مېتىر دائىرە ئىچىدە توپا قېزىش، ئوغۇت توپلاش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش، ئورەك، قۇدۇق كولاش ۋە چىرىتكۈچى بۇيۇملارنى دۆۋىلەش، تۆكۈش؛

5) ستولبا، تېلېفون سىمى، كابېل، ئوپتېكىلىق كابېل، ئىزولياتور، تارتما سىم، ئانتېننا، مۇنار ۋە يۈكلىمە دولقۇن پونكىتى، مىكرو دولقۇن پونكىتى، سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى (پونكىتى) قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى بۇزۇۋېتىش ياكى ئوغرىلاش؛

6) ئاسما سىم لىنىيىلىرى ۋە يەر ئاستى كابېلى ياكى كابېل تۇرۇبا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە (شەھەر رايونى سىرتىدا ھەر تەرىپىدىن ئىككى مېتىر، شەھەر رايونى ئىچىدە ھەر تەرىپىدىن 0.75 مېتىر دائىرە ئىچىگە) كۆچەت تىكىش؛

7) خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىدىغان دائىرە ئىچىدە خۇمدان قۇرۇش پارتلىتىش ياكى ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ۋە ئېغىر بۇيۇملارنى دۆۋىلەپ قويۇش؛

8) دەريادىن ئۆتىدىغان كابېلنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىدىغان سۇ دائىرىسىدە قۇم كولاش، پارتلىتىش قاتارلىقلار؛

9) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

**43 - ماددا** دەل - دەرەخلەر خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، لىنىيە ئاسرىغۇچى خادىملار دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قىرقىۋېتىپ تەسىرىنى تۈگىتىشى بولىدۇ؛ قىرقىۋەتكەندىمۇ ياكى باشقا تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلغاندىمۇ تەسىرى تۈگىمەي، شۇ دەل - دەرەخلەرنى كېسىۋېتىشكە ياكى يۆتكەپ تىكىشكە توغرا كەلسە ھەمدە سىم تارتىش ئېھتىياجى بىلەن دەل - دەرەخلەرنى كېسىشكە توغرا كەلسە، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئورمانچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ياكى دەل - دەرەخنىڭ ئىگىسى بىلەن كېڭىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ؛ ئۇنىڭ زىيىنىنى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەيدۇ.

تاسادىپىي ۋەقە يۈز بەرگەن ياكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن مۇھىم خەۋەرلىشىش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلگەندە، دەل - دەرەخلەر لىنىيىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزسە ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ راۋان بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزسە، شاخلىرىنى قىرقىش ـ پۇتاش بىلەن تەسىرىنى تۈگەتكىلى بولماي، دەل - دەرەخلەرنى كېسىۋېتىشكە توغرا كەلگەندە، لىنىيە ئاسراش تارماقلىرى ئاۋۋال كېسىپ تاشلاپ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاپ بېجىرسە بولىدۇ.

يېڭىدىن كۆچەت تىككەندە، خەۋەرلىشىش لىنىيىلىرىنى ئاسراش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەۋەرلىشىش لىنىيىسىگە مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇش كېرەك. تاشيولنىڭ ئىككى چېتىدە خەۋەرلىشىش سىملىرىنى تارتقاندا، بەلگىلىمە بويىچە كۆكەرتىش بەلبېغىغا مۇۋاپىق ئورۇن قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك.

**44 - ماددا** تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەردىن پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغانلىرىنى ئىشتىن بۇرۇن پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان ھەمدە ئۈنۈملۈك مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان ياكى مۇناسىپ خىراجەتلەرنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ:

1) قۇرۇلۇش ئېھتىياجى بىلەن پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى يۆتكەش، چۇۋۇش ياكى خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش؛

2) تاشيول، تۆمۈر يول، كۆۋرۈك، تونېل، ئۆي، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنى يېڭىدىن ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ياكى تۇرۇبا كۆمۈش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئادالاپ راۋانلاشتۇرۇش؛

3) توك ئۆزىتىش لىنىيىلىرى ۋە رادىئو لىنىيىلىرىنى تارتىش، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە رادىئو ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىش؛

4) چىرىتكۈچى سۇيۇقلۇقلارنى چىقىرىش، كېرەكسىز داشقال ۋە نەرسىلەرنى دۆۋىلەش؛

5) دۆلەتنىڭ 1 -، 2 - دەرىجىلىك مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش غول لىنىيىلىرىنىڭ بوش قالدۇرۇپ كونترول قىلىش دائىرىسى ئىچىدە ئېگىز ئىمارەتلەرنى يېڭىدىن سېلىش؛

6) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان باشقا ھەرىكەتلەر.

**45 - ماددا** مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى ۋە باشقا پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشتا، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى يەر ئىشلىتىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ئىلتىماس قىلىپ رەسمىيەت ئۆتكەندە، قۇرۇلۇشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسى ۋە ئۇنى قوغداش

ئەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. قوغدىلىش دائىرىسىدە يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىشقا توغرا كەلسە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئوتتۇرىغا قويغان قوغداش ئەلىپىگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى كېرەك.

**46 - ماددا** كېرەكسىز مىس سىم، ئالىيومىن سىم، مىس قاپلانغان پولات سىم، تۆمۈر سىم، ئالىيومىن قاپلىق كابېل ۋە سۇلياۋ كابېل قاتارلىق خەۋەرلىشىش ماتېرىياللىرى بەلگىلەنگەن نۇقتىدا يىغىۋېلىنىپ سېتىۋېلىنىدۇ. شەخسلەر ئېلىپ كېلىپ ساتقان كېرەكسىز خەۋەرلىشىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش ياكى قانۇنسىز ئېرىتىپ تاۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار كېرەكسىز خەۋەرلىشىش ماتېرىياللىرىنى ساتماقچى بولغاندا، ئورنىنىڭ ئىسپاتى، بېجىرگۈچى خادىمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك، سېتىۋېلىش پونكىتلىرى (نۇقتىلىرى) ساتقۇچى ئورۇننىڭ نامى، خادىملارنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامە نومۇرى، ماتېرىيال نامى ۋە مىقدارىنى ئەستايىدىل تىزىملاپ، تەكشۈرۈشكە ساقلاپ قويۇشى كېرەك.

كېرەكسىز ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش پونكىتلىرى (نۇقتىلىرى) سېتىۋېلىش جەريانىدا خەۋەرلىشىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋاتقان گۇمانلىق خادىملارنى بايقىغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشى ھەمدە ماتېرىيالنى تۇتۇپ قېلىشى كېرەك، ئۇلارنى يوشۇرۇشقا ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشقا بولمايدۇ.

**47 - ماددا** پوچتا - تېلېگراف بەلگىسى، پوچتا - تېلېگراف خىزمەت كىيىمى، پوچتا - تېلېگراف چىملا تامغىسى، پوچتا قىسقۇچ تامغىسى ۋە پوچتا خالتىسى قاتارلىق پوچتا - تېلېگرافتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى يالغاندىن ياساش ياكى ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلىتىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

## VII باب

# مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**48 - ماددا** بۇ نىزامنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنىڭ بىرىنى ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

1) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار؛

2) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمەت خىزمىتىدە ۋە كەسپىنى ئىككىدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى قوللىنىپ قانات يايدۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار؛

3) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىدىكى يوشۇرۇن خەۋىپ - خەتەرلەرنى بايقىغان ۋە ۋاقتىدا مەلۇم قىلغان ياكى خەتەرلىك ئەھۋاللارنى تۈگەتكەنلەر؛

4) پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش، جىددىي رېمونت قىلىشقا ھەمكارلىشىشتا ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك بولغانلار؛

5) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇش، ئوغرىلاش ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى توسقان ياكى پاش قىلغانلار؛

6) پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنى توسقان ياكى پاش قىلغانلار؛

7) باشقا جەھەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقانلار.

**49 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى ۋە قانۇنسىز بۇيۇملىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن مۇسادىرە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**50 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 40 -، 42 - ۋە 44 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋېتىپ، خەۋەرلىشىشنى ئۈزۈپ قويغانلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن رېمونت قىلىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋە خەۋەرلىشىش ئۈزۈلۈپ قېلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇلارغا جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ ئامانلىقنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى» بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

بۇ نىزامنىڭ 42 - ماددىسىنىڭ 3 -، 4 - تارماقلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە يازما ئۇقتۇرۇش چۈشۈرىدۇ.

**51 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 46 - ماددىسىغا خىلاپلىق قىلىپ، كىرەكسىز خەۋەرلىشىش ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز سېتىۋالغانلاردىن ۋە ئېرىتىپ تاۋلىغانلاردىن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى تارتىۋالىدۇ؛ ئامانلىقنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن جازالايدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**52 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 47 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى ۋە قانۇنسىز بۇيۇملىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن مۇسادىرە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ.

**53 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 25 -، 30 - ماددىلىرى، 32 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقى، 33 -، 34 - ۋە 35 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان پوچتا - تېلېگراف خىزمەتچىلىرىگە ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ ئابونتلارغا زىيان كەلتۈرگەنلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە زىياننى تۆلەيدۇ؛ ئامانلىقنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**54 - ماددا** ئالاقىدار تەرەپ بېرىلگەن مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا، جازالاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، جازالاش قارارىنى چىقارغان ئورگاندىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار تەرەپ قايتا قاراپ چىقىپ چىقىرىلغان قارارغا قايىل بولمىسا، قايتا قاراپ چىقىپ چىقىرىلغان قارار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار تەرەپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ. مۆھلەت ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىنى سۇنمىغان، ئەرزمۇ قىلمىغان، جازالاش قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىغان بولسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

ئامانلىقنى باشقۇرۇش بويىچە كۆرۈلگەن چارىگە قايىل بولمىغانلار «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## VIII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**55 - ماددا** بۇ نىزامنى كونكرېت قوللىنىش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايوننىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى مەسئۇل بولىدۇ.

**56 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، مېيىپلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باراۋەر ھالدا تولۇق

قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان مېيىپلار «مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ 2 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن دائىرە بويىچە بېكىتىلىدۇ.

مېيىپلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى بەلگىلىگەن دوختۇرخانىلار دۆلەت بەلگىلىگەن مېيىپلىك ئۆلچىمى بويىچە باھالاپ بېكىتكەندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۇلارغا «مېيىپلىك كىنىشكىسى» تارقىتىپ بېرىدۇ.

**3 ـ ماددا** مېيىپلار سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا پۇقرالار بىلەن باراۋەر ھوقۇقتا ئىگە.

مېيىپلارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ئىززىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. مېيىپلارنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**4 ـ ماددا** مەجرۇھ ھەربىيلەر، ئۇمۇمنىڭ ئىشى بىلەن مېيىپ بولغان قوراللىق ساقچىلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ھەمدە دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا مېيىپ بولغان باشقا خادىملارغا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېتىبار ۋە نەپىقە بېرىلىدۇ، ئالاھىدە ياردەم بېرىلىدۇ.

**5 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مېيىپلار ئىشلىرىنى ئۆز جايىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ، مېيىپلار ئىشلىرى خىراجىتىنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆز جايىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن تەدرىجىي كۆپەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېيىپلارغىلا ئاتاپ ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىسە بولىدۇ، ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ ھەممىسى مېيىپلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**6 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مېيىپلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مېيىپلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىدە بولىدۇ.

**7 ـ ماددا** مېيىپلار بىرلەشمىسى مېيىپلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، مېيىپلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ، مېيىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مېيىپلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

**8 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ھەمدە پۇقرالار سۆيەتلىك تۇغۇش، سۆيەتلىك تەربىيىلەش ۋە مېيىپلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر قانۇنلار، نىزاملارغا رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مېيىپلىكنىڭ يۈز بېرىشى ۋە كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

**9 ـ ماددا** مېيىپلار قانۇنلارغا، نىزاملارغا رىئايە قىلىشى، پۇقرالار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى، جامائەت تەرتىپىگە رىئايە قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

مېيىپلار ئۈمىدۋارلىق ـ ئالغا ئىنتىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

**10 ـ ماددا** سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان مېيىپلارنى، مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، مېيىپلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مېيىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئالاقىدار تارماقلار تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## Ⅱ باب

## سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

**11 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت تۈزۈپ چىققان مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن، خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

**12 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلار مەخسۇس سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاپپاراتى ياكى بۆلۈم (ئىشخانا) قۇرۇپ، مېيىپلارنى

سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىن داۋالايدۇ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋالاش تېخنىكىسى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىن داۋالاش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**13 - ماددا** ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتچىلىرىنى سەپلەپ، مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقىنى پائال قانات يايدۇرىدۇ.

شەھەر-بازارلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئۆز رايونى دائىرىسىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پەيدىنپەي قانات يايدۇرىدۇ.

**14 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مېيىپلارغا ئېھتىياجلىق بۇيۇم - سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى پائال تەشكىللەپ، تەمىنلەش مەسىلىسىنى ياخشىلايدۇ. مېيىپلارغا ئېھتىياجلىق بۇيۇم - سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارغا يار - يۆلەك بولۇش كېرەك.

**15 - ماددا** مېيىپلار ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تولۇقلاش ئۈچۈن دۆلەت بېكىتكەن داۋالاش تۈرلىرى دائىرىسىدە داۋالىنىپ چىقىم قىلغان خىراجەت تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ:

1) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش، ئەمگەك سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىرىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ؛

2) ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش، ئەمگەك سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىرى داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ؛ ھەقىقەتەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ئۆزىنىڭ ياكى بىۋاسىتە تۇغقىنىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ؛

3) ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان، قانۇنلۇق باققۇچىسى بولمىغان، تۇرمۇشنى قامداش مەنبەسى بولمىغان مېيىپلارغا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ.

## III باب

## مائارىپ

**16 - ماددا** مېيىپلار مائارىپىدا ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ۋە كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى ئېتىبار بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى مائارىپ پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مائارىپ پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

**17 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئادەتتىكى مائارىپنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە مېيىپ بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويىدۇ، بىر تۇتاش پىلان تۈزۈپ، مېيىپ بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرىدۇ.

**18 - ماددا** ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇملار، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر دۆلەت بەلگىلىگەن قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنىڭ مېيىپلىكىنى باھانە قىلىپ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلماسلىقى كېرەك. كەسىپلەر مۇۋاپىق كېلىدىغان كەسىپ - تېخنىكا مەكتەپلىرى مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا كەڭرەك قويۇۋەتسە بولىدۇ.

**19 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شەرت - شارائىتى ۋە ئوقۇغۇچى مەنبەسى بار جايلاردا ئەما، گاس، گاچا بالىلار ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئاجىز بالىلار مەكتىپى (سىنىپى) قاتارلىق مېيىپلار مائارىپى ئاپپاراتلىرىنى پەيدىنپەي قۇرىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئالاھىدە مائارىپ خىزمىتىنى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان خادىم سەپلەپ، ئالاھىدە مائارىپ سىستېمىسىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

**20 - ماددا** مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىۋاتقان مېيىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۇلى ۋە پارچە خىراجەت ئېلىنمايدۇ ھەمدە دەرسلىك پۇلى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئالاھىدە مائارىپ يولغا قويۇلغان مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان

ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بولسا ئوقۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

21 - ماددا ئەمگەك، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مېيىپلار بىرلەشمىلىرى مېيىپلارنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشى، مېيىپلارنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش ئىشىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

مېيىپلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق كىشىلەردىن بولۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

22 - ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدە مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئالاھىدە مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، گاس - گاچا باللار تىل مەشقى خىزمەتچىلىرى ۋە قول ئىشارەت تىلى، ئەمالار يېزىقى تەرجىمانلىرى ئالاھىدە مائارىپ ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئالاھىدە مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىغا ئون يىل توشقانلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە مائارىپ ياردەم پۇلىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ؛ ئالاھىدە مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 15 يىل توشقان ھەمدە شۇ ئورۇندا پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئالاھىدە مائارىپ ياردەم پۇلى پېنسىيە پۇلىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

23 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئالاھىدە مائارىپ خىراجىتىنى مائارىپ كەسپىي خىراجىتى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ ھازىرلاپ، شۇ جاينىڭ ئالاھىدە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە كۈچى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاھىدە مائارىپ مەخسۇس ياردەم خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئالاھىدە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يۆلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

## IV باب

## ئىشقا ئورۇنلىشىش

24 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى شۇ جاينىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

25 - ماددا دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە مېيىپلارنى ئۆز ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ نىسبەتكە يەتكۈزەلمىگەنلىرى مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت فوندى تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

26 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، مېيىپلار بىرلەشمىلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مېيىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان پاراۋانلىق كارخانىلىرى ھەمدە ئەمالار ئۇۋۇلاپ داۋالاش دوختۇرخانا (شىپاخانا) لىرىنى قۇرۇپ، مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

27 - ماددا مېيىپلارنى بەلگىلەنگەن نىسبەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان پاراۋانلىق كارخانىلىرى باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان كېمەيتىلگەن - كەچۈرۈم قىلىنغان باج پۇلىنى ھەرقانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن تۇتۇپ قېلىشىغا ۋە تەڭشەپ يۆتكىشىگە بولمايدۇ.

28 - ماددا مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنلار مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇلارنىڭ مېيىپلىك ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ئىش تۈرى ۋە ئىش ئورنىغا قويۇشى ھەمدە ئەمگەك نورمىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىشى لازىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئورۇنلار ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىسىنى مېيىپلىكى سەۋەبلىك ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەسلىكى، چېكىندۈرۈۋەتمەسلىكى ۋە ھەيدىۋەتمەسلىكى لازىم.

29 - ماددا مېيىپلارنىڭ ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ.

ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشكىللىنىپ بىرەر كەسىپ بىلەن ياكى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان مېيىپلار مەبلەغ،

سورۇن قاتارلىق جەھەتلەردە قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، شۇ جايدىكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار پائال ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

مېيىپلار ئەمگەك مۇلازىمىتى، رېمونتچىلىق ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان كىرىمدىن تاپشۇرىدىغان باج ناھىيە دەرىجىلىك باج تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن كېمەيتىلىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مېيىپلاردىن تىجارەت سوممىسى ئازراق بولغان، باج تاپشۇرغاندىن كېيىن تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالىدىغانلىرىغا باج باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن باجنى قەرەللىك ئازايتىپ ياكى كەچۈرۈم قىلىپ ئېتىبار بېرىلسە بولىدۇ.

**30 - ماددا** مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ئاھالە كومىتېتلىرى مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پائال ياردەم بېرىشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، كەنت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مېيىپلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىپلىشىغا ياردەم بېرىشى، ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشى قىيىن بولغان مېيىپلارنى قۇربى يېتىدىغان باشقا ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

## V باب

## مەدەنىيەت تۇرمۇشى

**31 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە مېيىپلار بىرلەشمىلىرى مېيىپلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىنى پائال قۇرۇپ، مېيىپلارنى تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىشى كېرەك.

**32 - ماددا** كۇتۇپخانا، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى مېيىپلار ستونى ياكى مەخسۇس پروگراممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، قىسمەن تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدە ئېكران يېزىقى ۋە قول ئىشارىتى تىلىنى پەيدىنپەي قوللىنىشى كېرەك.

**33 - ماددا** نەشرىيات، تارقىتىش تارماقلىرى ئەمالار ئوقۇشلۇقى، ئەمالار ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقى، گاسلار ئوقۇشلۇقى ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئاجىزلار ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنى پىلانلىق تەشكىللىشى كېرەك.

**34 - ماددا** مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىرىنىڭ ئويۇن قويۇش، يېنىپ تەلىم بېرىش، مۇسابىقە مەزگىلىدىكى نورمال ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق تەمىناتىغا شۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مۇقىم كىرىمى يوقلىرىغا شۇ پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى ئورۇن قوشۇمچە ياردەم بېرىشى كېرەك.

**35 - ماددا** مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان مېيىپلارغا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يار-يۆلەك بولۇشى، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىرىنى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

## VI باب

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق

**36 - ماددا** ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان، قانۇنلۇق باققۇچىسى بولمىغان، تۇرمۇشىنى قامداش مەنبەسى بولمىغان مېيىپلاردىن شەھەر - بازار ئاھالىسى بولغانلىرىغا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قەرەللىك قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدۇ ياكى ئۇلارنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى يىغىپ باقىدۇ؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكىلىرى «بەشتە كاپالەت ئائىلە» قاتارىدا بېقىلىدۇ ياكى ئۇلارنى ياشانغانلار ساناتورىيىسى يىغىپ باقىدۇ.

**37 - ماددا** مېيىپلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلار، شەھەر-يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە مېيىپلارنىڭ ئائىلىسى مېيىپلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك.

**38 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مېيىپلارغا ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى، تېخنىكا يېتەكچىلىكى، دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ماددىي ئەشياسى بىلەن تەمىنلەش، دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئىناۋەتلىك قەرز قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىدۇ.

**39 - ماددا** دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مېيىپلاردىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلىرىنىڭ سۇ - توك ھەققى، مەجبۇرىي ئەمگىكى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سېلىقى ئازايتىلىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەك؛ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ئىجتىمائىي سېلىقى ئازايتىلىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىشى كېرەك؛ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) بېجىنى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بارلىرىنىڭ بېجى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كېمەيتىلىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**40 - ماددا** مېيىپلار «مېيىپلىك كىنىشكىسى» ئارقىلىق تۆۋەندىكى تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1) ئۆز ئۆزۈن يوللۇق ئاپتوموبىل بېلىتى، پويىز بېلىتى ۋە ئايروپىلان بېلىتىنى ئالدى بىلەن سېتىۋالىدۇ؛

2) ئەمالار شەھەر ئىچى ئاپتوبۇسلىرىغا ھەقسىز ئولتۇرىدۇ، ئەمالار ئوقۇشلۇقىنى پوچتا ئارقىلىق يوللاش ھەقسىز بولىدۇ؛

3) ئەمالار ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايدىغان ياردەمچى ئەسۋابلارنى ھەقسىز ئېلىپ يۈرىدۇ؛

4) كېسەلنى ئالدى بىلەن كۆرسىتىدۇ، نومۇر ئېلىش ھەققى ۋە ئوكۇل سېلىش ھەققى تاپشۇرمايدۇ؛

5) ئورۇنلار ئولتۇراق ئۆي تەقسىم قىلغان ياكى ساتقاندا ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛

6) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشتىن ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولىدۇ.

**41 - ماددا** مېيىپلار باغچا، كۆرگەزمىخانا، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرىغا ھەقسىز كىرىدۇ؛ كىنو - تىياترخانا، تانسىخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بايرام كۈنى، مەملىكەت بويىچە مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى ۋە خەلقئارا مېيىپلار كۈنى مېيىپلارغا ھەقسىز ئېچىپ بېرىدۇ.

**42 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك، كادىرلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە مالىيە تارماقلىرى مېيىپلارنىڭ ئەر-خوتۇن ئايرىلىپ تۇرۇش مەسىلىسى ۋە جورىسىنى نوپۇسقا ئېلىش مەسىلىسىنى دۆلەت چۈشۈرگەن پىلان، كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ئالدى بىلەن ھەل قىلىدۇ ھەمدە يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش ھەققىنى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ.

**43 - ماددا** شەھەرنىڭ ئاساسىي كوچىلىرى، مۇھىم جامائەت ئەسلىھەلىرىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ ياساشتا، ئۇنى توسالغۇسىز لايىھەلەش ۋە ياساش لازىم؛ پىلان، قاتناش، قۇرۇلۇش، شەھەر پىلانلاش تارماقلىرى ئۇنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈشى كېرەك.

ھازىرقى چوڭ، ئوتتۇرا ھال جامائەت سورۇنلىرىنىڭ مېيىپلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قولايسىز بولغان كىرىش - چىقىش يوللىرى قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى پىلانلىق تۈردە ئۆزگەرتىپ، توسالغۇسىز ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىپ قۇرۇش كېرەك.

## VII باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**44 - ماددا** مېيىپلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغۇچى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقتىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ياكى قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**45 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار تارماقلار مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

1) مېيىپلارنى بېقىش، ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار؛

2) مېيىپلارنى ھاقارەتلىگەن، قارىلىغان، خورلىغان، تاشلىۋەتكەنلەر؛

3) مېيىپلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان مۇئەسسەسەلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋە ئۇنى نابۇت قىلغانلار؛

4) مېيىپلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىئانە مەبلىغى ياكى باشقا ماددىي ئەشيا، خىراجەتنى يۆتكەپ ئىشلەتكەنلەر، تۇتۇپ قالغانلار، قىسىۋالغانلار، ئىگىلىۋالغانلار.

**46 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى سادىر قىلىنسا، ھۆكۈمەت ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ئالاقىدار ئورۇنلارنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە شۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ۋە بىۋاستە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ:

1) شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مېيىپلارنىڭ ئىمتىھان بېرىشى، مەكتەپكە كىرىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى رەت قىلغانلار؛

2) مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچىنى يولسىزلىق بىلەن

ئىشتىن چېكىندۈرۈۋېتەتكەن، قوغلىۋېتەتكەنلەر، مىيىپ ئوقۇغۇچىنى يولسىزلىق بىلەن مەكتەپتىن چېكىندۈرۈۋېتەتكەن، قوغلىۋېتەتكەنلەر.

## VIII باب
## قوشۇمچە پرىنسىپ

**47 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى

(1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىپ، تېخنىكا بازىرىنى گۈللەندۈرۈش، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرىدە مۇشۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** تېخنىكا بازىرىنىڭ كەسپىي دائىرىسى تېخنىكا تەرەققىياتى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، تېخنىكا مۇلازىمىتى (جۈملىدىن تېخنىكا



سودىسى ۋاستىچىلىكى، تېخنىكا تەربىيىسى، تېخنىكا دەلاللىقى)، تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشۇش، تېخنىكا شېرىكچىلىكى، تېخنىكا كىرگۈزۈش - چىقىرىش شۇنىڭدەك پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا بىر گەۋدە قىلىنغان تىجارەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئوخشاش تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4 - ماددا** تېخنىكا بازىرىدا «قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، يۆلەش، يېتەكلەش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، كۆپ ئورۇن تىجارەت قىلىش، باراۋەر رىقابەتلىشىش، ئاساسىي قاتلامغا قولايلىق يارىتىش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرىگە ئىلھام بېرىلىدۇ.

**5 - ماددا** تېخنىكا سودىسى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئىختىيارلىق، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەقلىق بولۇش، راستچىل بولۇش، ۋەدىدە تۇرۇش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

تېخنىكا سودىسىدىكى ئىككى تەرەپ ۋە ۋاستىچىلەر، تېخنىكا دەلاللىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىدۇ، ھەقلىق تېخنىكا سودىسى پائالىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ، تېخنىكا بازىرى خىزمىتىدە تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## II باب

## تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش

**7 - ماددا** ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى» دېيىلىدۇ) تېخنىكا بازىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق بولۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇنداق:

1) تېخنىكا بازىرىغا دائىر قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش؛

2) تېخنىكا سودىسى ۋە تېخنىكا دەلاللىقى

پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

3) تېخنىكا توختامنى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاش، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ شەكىلسىز مۈلۈك باھاسىنى مۆلچەرلەش، تېخنىكا بازىرىنى ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرۇش؛

4) تېخنىكا بازىرىدىكى باشقۇرغۇچىلار، تىجارەتچىلەر ۋە تېخنىكا دەلاللىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ كۆرۈش؛

5) تېخنىكا بازىرىغا دائىر ئۇچۇر تورلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇچۇر يوللىرىنى ئېچىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛

6) تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر باشقا خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇش.

**8 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تېخنىكا بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇنداق:

1) تېخنىكا سودىسى ئاپپاراتى، تېخنىكا دەلاللىقى ئاپپاراتىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش؛

2) قانۇنغا خىلاپ تېخنىكا توختاملىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛

3) سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن-نىزاملارغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش.

**9 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مالىيە، باج ئورۇنلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە تېخنىكا بازىرىغا دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

**10 - ماددا** كەسپىي جەھەتتىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئۆز ساھەسىدىكى تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**11- ماددا** تېخنىكا سودىسى ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا دەلاللىقى ئاپپاراتىنى قۇرۇشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك:

1) ئۆزىنىڭ نامى، سورۇنى ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتى، نىزامى بولۇش؛

2) ئېنىق كەسپ - تېخنىكا ساھەسى ۋە تېخنىكا تىجارەت دائىرىسى بولۇش؛

3) تېخنىكا سودىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان مۈلكى بولۇش؛

4) كەسپىي دائىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان كەسىپ - تېخنىكا خادىملىرى بولۇش.

**12 - ماددا** تېخنىكا سودىسى ئاپپاراتى ياكى تېخنىكا دەلاللىقى ئاپپاراتىنى قۇرۇشتا، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تەكشۈرگەندىن كېيىن، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەستىقلاپ تىزىملايدۇ.

تېخنىكا سودىسى ئاپپاراتى ۋە تېخنىكا دەلاللىقى ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، ئەسلىدىكى تەستىقلىتىش تەرتىپى بويىچە ئۆزگەرتىپ تىزىملىتىش رەسمىيىتى ياكى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىش لازىم.

**13 - ماددا** تېخنىكا سودىسى ۋە تېخنىكا دەلاللىقى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇنلار تېخنىكا سودىسى بويىچە مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، دۆلەتنىڭ مالىيە، باج خىزمىتىگە دائىر قانۇن - نىزاملىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەر تېخنىكا سودىسى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا باج تارماقلىرى باستۇرغان تېخنىكا سودىسى مەخسۇس تالونىنى بىر تۇتاش ئىشلىتىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى، تېخنىكا توختامنى تىزىملاش ئاپپاراتلىرى ۋە تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇنلار ھەم شەخسلەر دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللار بىلەن ئەينەن تەمىنلىشى، تېخنىكا بازىرىغا دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**15 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى تېخنىكا بازىرى تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىپ، ئۇنى دەسمايىنى قەرەل بويىچە قايتۇرۇش، ھەقلىق ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە قوللىنىشقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

## III باب

## تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرى

**16 - ماددا** تېخنىكا سودىسى پائالىيەتلىرىدە تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسى، سودا كېڭىشىش يىغىنى، خېرىدار چاقىرىش يىغىنى، تالىشتۇرۇپ سېتىش يىغىنى،

ئۆچۈر ئېلان قىلىش يەنى ئۆتكۈزۈش ياكى دائىملىق تېخنىكا سودىسى سورۇنى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. پەن تەتقىقاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى تېخنىكا ئۆتكۈنلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنى تېخنىكا بازىرىغا سېلىپ، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىشقا بولىدۇ. خېرىدار چاقىرىش پائالىيىتى ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش ۋە ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**17 ـ ماددا** ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىچكى ـ تاشقى تېخنىكىنى تېخنىكا بازىرىغا سېلىپ سودىلىشىشقا بولىدۇ. ئۇ رايون، تارماق، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

تېخنىكا بازىرىغا سېلىنغان تېخنىكا چىن ـ ئىشەنچلىك، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. تەجرىبە قىلىنىۋاتقان ياكى سىناق باسقۇچىدا تۇرغان تېخنىكا ئۈستىدە سودىلاشقاندا ئىزاھات بېرىش كېرەك.

**18 ـ ماددا** تېخنىكا سودىسى سوممىسى، تاپان ھەققى ۋە پايدىلىنىش خىراجىتىنى ئالاقىدار تەرەپلەر تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش ـ يارىتىش تەننەرخى ۋە ئەقلىي ئەمگەك سىڭدۈرۈلۈشى، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، سانائەتلەشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق-مەنپەئەتى ۋە ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

**19 ـ ماددا** تېخنىكا سودىسى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، دۆلەتنىڭ ئەقلىي مۈلۈككە دائىر قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش كېرەك.

دۆلەت مەخپىيىتىگە چېتىلىدىغان تېخنىكا سودىسى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ.

## IV باب

# تېخنىكا توختاملىرىنى باشقۇرۇش

**20 ـ ماددا** تېخنىكا توختامىنى تۈزۈش، ئۆزگەرتىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېخنىكا توختامى قانۇنى» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش نىزامى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىشى شەرت.

تېخنىكا توختامى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش كۆرۈلسە، ئالاقىدار تەرەپلەر كېڭىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر تالاش ـ تارتىشنى كېڭىشىش، مۇرەسسە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى خالىمىسا ياكى كېڭىشىش، مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمىسە، توختامدا كېلىشىۋالغان كېسىم ماددىلىرىغا ياكى ئىشتىن كېيىن ھاسىل قىلىنغان كېسىم كېلىشىمىگە ئاساسەن، كېلىشىپ قويغان كېسىم ئاپپاراتىنىڭ كېسىم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر تېخنىكا توختامىدا كېسىم ماددىلىرىنى تۈزۈشمىگەن، ئىشتىن كېيىن يازما كېسىم كېلىشىمىنىمۇ ھاسىل قىلمىغان بولسا، ئىككىلا تەرەپ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**21 ـ ماددا** تېخنىكا توختامى پۈتكەندىن كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەر تېخنىكا توختامىنى تىزىملاش ئاپپاراتىغا ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. تېخنىكا توختامىنى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىشتا، توختامنى تەتقىق قىلىپ ياراتقۇچى تەرەپ، ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى تەرەپ، مەسلىھەتچى تەرەپ ۋە مۇلازىمەت قىلغۇچى تەرەپ توختام پۈتكەن كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى تېخنىكا توختامىنى تىزىملاش ئاپپاراتىغا ئىلتىماس سۇنۇشى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىن تېخنىكا كىرگۈزۈشتە ئىمزالانغانلىكى تېخنىكا توختامىنىڭ رەسمىي نۇسخىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنى تېخنىكا قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ 60 كۈن ئىچىدە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقىغا ئاپىرىپ ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم. چەت ئەللەردىن تېخنىكا كىرگۈزۈشتە ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى تاشقى سودىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

**22 ـ ماددا** ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىملانغان تېخنىكا توختامىنى ئالاقىدار تەرەپلەر كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىپ ئۆزگەرتمەكچى، بىكار قىلماقچى بولسا ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىناۋەتسىز قىلماقچى بولسا، ئەسلى تىزىملاتقان ئاپپاراتقا بېرىپ تىزىمنى ئۆزگەرتىش ياكى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك.

**23 ـ ماددا** تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىملانغان ياكى ئەنگە ئالدۇرۇلغان تېخنىكا توختامىغا ئاساسلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە

تۆۋەندىكى ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛

1) پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىغا ئالدى بىلەن ئېرىشىش؛

2) تېخنىكا بازىرى تەرەققىيات فوندىنى ئالدى بىلەن ئىشلىتىش؛

3) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش تەمىناتى ۋە باشقا ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش.

**24 - ماددا** تېخنىكا توختاملىرى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاشتىن ئۆتمىگەن ياكى ئەنگە ئېلىنمىغان بولسا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ.

## V باب

## مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**25 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىنى ھازىرلىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ زور تۆھپە قوشقانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ.

1) تېخنىكا بازىرىنى يېتىلدۈرۈش، ئېچىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار؛

2) تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياكى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلار؛

3) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش ياكى تېخنىكا ئېكسپورت قىلىش جەھەتلەردە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلار.

**26 - ماددا** تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى تەرەپ تېخنىكا سودىسىدىن تاپقان ساپ كىرىمدىن مەلۇم نىسبەتتە مۇكاپات پۇلى ئاجرىتىپ، شۇ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىگە بىۋاسىتە تۆھپە قوشقانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

**27 - ماددا** تېخنىكا قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ شۇ تېخنىكىنى يولغا قويغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۈچ يىل ئىچىدە بىۋاسىتە ئېرىشكەن پايدىدىن مەلۇم نىسبەتتە مۇكاپات پۇلى ئاجرىتىپ، شۇ تېخنىكىنى يولغا قويۇشتا بىۋاسىتە تۆھپە قوشقانلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

**28 - ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلغانلارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد بېرىش، ئاگاھلاندۇرۇش، قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىش ۋە «تىجارەت كىنىشكىسى»نى تارتىۋېلىش قاتارلىق جازالارنى بېرىدۇ ھەمدە قانۇنسىز تاپاۋىتىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن بەش ھەسسىگىچە جەرىمانە قويىسىمۇ بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ:

1) ساختىلىق قىلىپ يالغان تېخنىكا توختامى تۈزگەنلەر، ياكى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاشتىن ئۆتمىگەن ۋە ياكى ئەنگە ئېلىنمىغان تېخنىكا توختامىدىن پايدىلىنىپ تېخنىكا سودىسى بويىچە ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋالغانلار؛

2) ئورۇن ياكى باشقىلارنىڭ تېخنىكا ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەنلەر؛

3) باشقىلار ئۈچۈن تېخنىكا توختامى تۈزگەندە ئالاقىدار بىر تەرەپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەر؛

4) دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا مەخپىيەتلىكىنى قانۇنسىز ساتقان، ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋە ئاشكارىلاپ قويغانلار؛

5) تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلغانلار.

قانۇنغا خىلاپ ئوخشاش بىر قىلمىش ئۈستىدە بىر تارماق جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، باشقا تارماقنىڭ يەنە جەرىمانە قويۇشىغا بولمايدۇ. جەرىمانە - مۇسادىرە پۇللىرى بىر تۇتاش دۆلەت مالىيەسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

**29 - ماددا** تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە تېخنىكا توختامىنى تىزىملىغۇچىلاردىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلارغا شۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

## VI باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**30 - ماددا** بۇ نىزامنى كونكرېت يولغا قويۇش

جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى مەسئۇل بولىدۇ.

**31 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 34 - نومۇرلۇق پەرمان چىقىرىپ ئېلان قىلغان)

## I باب

## ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى بازارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز كىرگۈزۈش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باپ كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلىدۇ) گە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدىكى پرىنسىپلار ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، گېئولوگىيىلىك چارلاش، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش، سودا، تاشقى سودا، ماددىي ئەشيا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ۋە پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىغا باپ كېلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىستېمىسىدىكى مۇناسىپ كارخانىلارغىمۇ باپ كېلىدۇ.

## II باب

## كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى

**3 - ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى

كارخانىلار بازار ئېھتىياجى ۋە دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى، خىلى، مىقدارىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، كەسىپ، ساھە ھالقىپ تىجارەت قىلسىمۇ بولىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدا ئالاھىدە بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن سىرت، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسىنى چەكلەيدىغان باشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بىردەك بىكار قىلىنىدۇ.

كۆرسەتمە پىلاندىكى بىر قىسىم مەھسۇلاتلاردىن باشقا مەھسۇلاتلاردا تىجارەت پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىدۇ.

**4 - ماددا** كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى باھاسىنى بەلگىلەش ھوقۇقى

باھاسىنى دۆلەت بەلگىلەپ بېرىدىغان بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون ئىككى دەرىجىلىك مال باھا تارماقلىرى باھا جەھەتتە ئىش تەقسىم قىلىشىپ باشقۇرۇش مۇندەرىجىسى بويىچە ئېلان قىلىپ يولغا قويىدۇ، مۇندەرىجە سىرتىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئۆلچىمى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىپ، ئۇنى كارخانىلار ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مال باھا تارماقلىرى ھاۋالە قىلغانلىرىدىن باشقىلاردا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مال باھا تارماقلىرى ۋە كەسىپلەرگە مەسئۇل تارماقلار، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات باھاسىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولمايدۇ.

**5 - ماددا** كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ھوقۇقى

دۆلەتنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بولغان مەھسۇلاتلاردىن باشقا مەھسۇلاتلارنى سېتىش بىردەك قويۇۋېتىلىدۇ. شىنجاڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي

ئەشيالارغا قويۇلغان چەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، دۆلەت بەلگىلىگەن ئاز ساندىكى خىللاردىن سىرت، شىنجاڭدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالار پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىدۇ. بارلىق قانۇنسىز چارىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. يۇڭ توشۇش يول تالونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئېتىبار بېرىش شەرتى بىلەن مال ساتقۇچى ۋە مال سېتىۋالغۇچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يايمىچىلىق قىلىپ ئۆز كارخانىسىنىڭ بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇلاردىن باشقۇرۇش ھەققى ئالمايدۇ ۋە ئۇلارغا تىجارەت سورۇنى جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ؛ سېتىش تەس بولغان، بېسىلىپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان مەھسۇلاتلاردا كارخانا مال ساتقۇچى خادىملارنى سېتىش سوممىسىنىڭ مىڭدە ئون پىرسەنتى بىلەن مۇكاپاتلاشنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىسە بولىدۇ، بۇ خىراجەت شۇ مەزگىلدىكى پايدا زىيان ئىچىگە بىۋاسىتە كىرگۈزۈلىدۇ. سېتىشنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

كارخانىلارنىڭ خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ۋە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**6 - ماددا** كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش ھوقۇقى

كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى بازاردىن ئەركىن سېتىۋالسا بولىدۇ، ماددىي ئەشيالارنى ئۆز ئالدىغا تەقسىم ۋە ئالماشتۇرسا بولىدۇ، پىلان، ماددىي ئەشيا تارماقلىرى، كارخانىلارغا مەسئۇل تارماقلار ۋە كەسپىي شىركەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا، مونوپول قىلىۋېلىشىغا، كارخانىلارغا مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇن ۋە مال بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى بەلگىلەپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ناھىيە (بىڭتۇەندە شى) نى بىرلىك قىلىپ دۆلەتنىڭ پاختىنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، پاختا بازارلىرىنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنى بىۋاسىتە بىرلەشتۈرۈش چارىسى سىناق قىلىنىدۇ.

**7 - ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقى

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ شەرتىنى كەڭ قويۇۋېتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، مەلۇم ئېكسپورت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئىمپورت - ئېكسپورتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىدۇ.

ئىمپورت - ئېكسپورتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى ھوقۇقىغا ۋاقىتىنچە ئىگە بولمىغان كارخانىلار ئىمپورت - ئېكسپورتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ شۆبە شىركەتلەرنى قۇرسا بولىدۇ؛ تەۋەلىكىدە بولۇش چارىسىنى قوللىنىپ، تاشقى سودىنى پائال يولغا قويسىمۇ بولىدۇ.

كارخانىلار پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تاشقى سودا ۋەكالەتچى كارخانىلىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ ئېكسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھەمدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە سودىلىشىشتا ھوقۇقلۇق.

كارخانىلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت ۋە تەقسىملەنگەن تاشقى پېرېۋوتنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدۇ، ھەر قانداق تارماقنىڭ ئۇنى تەقسىملىشىگە، يۆتكەپ كېتىشىگە، تۇتۇپ قېلىشىغا ۋە كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشىگە ئارىلىشىشقا يول قويۇلمايدۇ.

چەت ئەلگە چىقىشنى تەستىقلاش ئۆتكىلى ئازايتىلىپ، بىر تۇتاش تەستىقلاش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلىدۇ، كارخانىلار ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز كارخانىسىنىڭ دائىم چېگرىدىن چىقىدىغان - كىرىدىغان خادىملىرىنىڭ سانىنى بەلگىلەشكە، بىر قېتىم تەستىقلىتىپ بىر يىلدا كۆپ قېتىم كۆچكە ئىگە قىلىشنى يولغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق.

**8 - ماددا** كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى

كارخانىلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ ئارقىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون مەبلەغ سېلىشتا ياكى قەرز پۇل بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى يەنىلا ئەسلىدىكى تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر بېكىتىلگەن ھېساباتا بولىدۇ. خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدارلارنى باھالاش پرىنسىپى ئاستىدا كارخانا قۇرۇلۇش

قىلغۇچى ئورۇننى ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ، مەبلەغ سېلىش ئىجازەتنامىسى سوراپ كەلگەندە، شۇ ھامان بېرىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون تۆۋەندىكى سىياسەتلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق كارخانىلارنى جۇغلانمىنى كۆپەيتىشكە، مەبلەغنى ئاشۇرۇشقا ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ:

1) كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ سېتىش كىرىمىنىڭ 3% ـ 1% نىسبىتى بويىچە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات فوندى ئالسا بولىدۇ.

2) كارخانىلار دۆلەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن كونكرېت ئامورتىزاتسىيە چارىسىنى تاللىسا ۋە كارخانىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئامورتىزاتسىيىسىنى تېزلىتىش ھەجمىنى بەلگىلەپ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

3) كارخانىلار ئۆز ئىلكىدىكى مەبلەغنى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كارخانىلار، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى ياكى نامرات رايونلارغا سالسا، ئاپتونوم رايون ۋە مەبلەغ سېلىنغان رايونلارنىڭ ئالاقىدار تۈرلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلەغنى باشقۇرۇش ھوقۇقى

كارخانىلار مال ـ مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاشقا ۋە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، باج تاپشۇرغاندىن كېيىن قالدۇرۇلغان پايدا (مالىيە قايتۇرۇپ بەرگەن ھۆددىگە بېرىلگەن پايدىدىن يۇقىرىغا ئارتۇق تاپشۇرۇلغان پايدىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ تۈرلۈك فوندلىرىنى تەقسىم قىلىش نىسبىتى ۋە ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، كارخانىلار ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلەغنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

ھەرقانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلىغىنى ھەقسىز ياكى زورمۇزور يۆتكەپ كېتىشىگە، كارخانىلارنى ئامورتىزاتسىيە خىراجىتى، چوڭ رېمونت خىراجىتى ئارقىلىق يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدىنى تولۇقلاشقا ياكى زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ.

**10 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى

كارخانىلار ئادەتتىكى ياكى بىكار قىلىنغان ئۈسكۈنە ۋە ئىمارەتلەرنى ئىجارىگە بەرسە، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ. كارخانا مەبلەغ، تېخنىكا، ماددىي ئەشيالارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولسا ياكى خەۋپ ئېھتىمالى بولغان تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقچى ياكى ئۇنىڭغا مەبلەغ سالماقچى بولسا، ئادەتتىكى ياكى بىكار تۇرغان تۇراقلىق مۈلكىنى رەنىگە قويسا بولىدۇ. مۇھىم ئۈسكۈنىلەر، يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىلەر ۋە مۇھىم ئىمارەتلەرنى ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بەرسىمۇ ياكى رەنىگە قويسىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەقتە كارخانىلار پىلان باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە كارخانىغا مەسئۇل تارماقلارغا تەستىقلىتىدۇ ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

كارخانىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك ھېسابىدىكى تاپاۋەت كىرىمى ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

**11 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، قوشۇۋېلىش ھوقۇقى

كارخانىلار ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە غەيرىي پاتېنت تېخنىكىسى ئارقىلىق باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار بىلەن رايون، تارماق، مۈلۈكچىلىك شەكلىدىن ھالقىپ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھەرقانداق رايون ۋە تارماقنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان كارخانىلار يارىتقان پايدىدا «ئاۋۋال تەقسىم قىلىش، كېيىن باج تاپشۇرۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

كارخانىلار ئىختىيارلىق، ھەقلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە رايون، تارماق، مۈلۈكچىلىك ئاتلاپ باشقا كارخانىلارنى قوشۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن بۇنى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ھوقۇقى

كارخانىلار جەمئىيەتكە يۈزلىنىش، ئاشكارا قوبۇل قىلىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىشچى قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاقتى، شەرتى ۋە سانىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. پىلان، ئەمگەك تارماقلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىش پىلانى توغرىسىدا كۆرسەتمە پىلان چۈشۈرمەيدۇ. كارخانىلار كارخانىنىڭ «ئىشچى قوبۇل قىلىش نىزامى» نى تەڭ دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ. كارخانىلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ۋاقتىدا ئەمگەك

تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى ھەمدە ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

كارخانىلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»، «مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە «ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى، ئاياللار، مېيىپلار ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ قايتىپ كەلگەن ھەربىيلەرنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

كارخانىلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شەھەر - بازارلاردىن ئىشچى قوبۇل قىلىشتا شەھەر - بازار ئىچىدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە شەھەر - بازار ھالقىپ ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دېھقانلاردىن توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەكشۈرتكەندىن كېيىن، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىدۇ. كارخانىلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، باشقا ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن تېخنىكا ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئۇنى ئەمگەك تارماقلىرى تەستىقلىمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇنى پائال قوللىشى كېرەك.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇلۇكچىلىككە تەۋە سالاھىيەت چېكى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئالمىشىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىر شەھەر - بازار ئىچىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا يۆتكەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى كارخانىلار ئۆزى بېجىرىدۇ.

**13 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى

كارخانىلار ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش پرىنسىپى ۋە مەسئۇلىيەت-ھوقۇق-مەنپەئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزىدۇ. چوڭ كارخانىلارنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرغۇچى خادىملىرى نامزاتىنى زاۋۇت باشلىقى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ياكى پارتكوم كۆرسىتىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشىغا يوللايدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىنى زاۋۇت باشلىقى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلام مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىنى زاۋۇت باشلىقى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ.

كارخانىلار جەددىي ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل كەسىپ-تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنى رايون، شەھەر - يېزا، مۇلۇكچىلىك ۋە ياش چەكلىمىسىگە قارىماي، پۈتۈن مەملىكەتتىن تەكلىپ قىلسا بولىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن چەت ئەلدىن تەكلىپ قىلسىمۇ بولىدۇ. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كەسىپ - تېخنىكا ۋەزىپىسىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەمىناتىنى كارخانا ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، يۇقىرى ۋەزىپىدىكىلەرنى تۆۋەن ۋەزىپىگە، تۆۋەن ۋەزىپىدىكىلەرنى يۇقىرى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ، باھالاپ قويۇپلا تەكلىپ قىلماسلىققىمۇ بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات پۇلىنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى

كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇشتا «دۆلەت ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش، دەرىجە ۋە تۈرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىش» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى (ياراتقان پايدا - باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) نىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن تۆۋەن بولۇش (بۇ، ساپ مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى بېكىتىش ۋە ئاجرىتىشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چېتىش، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش ياكى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلىشىش، تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەك.

كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىش ھەققى تەقسىمات تۈزۈمىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق، ئۇلار ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى يولغا قويمىسىمۇ بولىدۇ؛ ئۆز كارخانىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كونكرېت تەقسىمات شەكلىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە بولىدۇ؛ شۇ

كارخانىدىكى ھەر خىل خادىملارنىڭ ئىش ھەققى مۇناسىۋىتىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىش، دەرىجىسىنى تۈۋەنلىتىش، ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش چارىسىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى بۇنىڭدىن كېيىن دەرىجە ۋە ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرمەيدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش چارىسى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىنى كارخانىلار پەسىل بويىچە ئۇتتۇرىغا قويۇپ، ئەمگەك تارماقلىرىغا يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرتۈپ، «ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى» نى ھېساب ئاچقان بانكىغا ئايمۇ ئاي ئاپىرىپ ئىش ھەققىنى ئالىدۇ. كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىشكە توغرا كەلسە، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئەمگەك تارماقلىرىغا بېرىپ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

**15 - ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش ھوقۇقى

كارخانىلار ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، تەڭشەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋە خادىملار شتاتىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، ھەر قانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ كارخانىلاردىن ساھەلەر بويىچە ئاپپارات تەسىس قىلىشنى، خادىملار شتاتىنى ۋە دەرىجە پەرقى تەمىناتىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق. دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلىمىلىرى بولسا، شۇ بەلگىلىمە ئاساس قىلىنىدۇ.

**16 - ماددا** كارخانىلارنىڭ سېلىقنى رەت قىلىش ھوقۇقى

كارخانىلار ھەرقانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ كارخانىغا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتە سېلىق سېلىشىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئالاقىدار ئورۇنلار ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش مۇندەرىجىسى ۋە مەبلەغ توپلاش چارىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ توپلاش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش، كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

ھەر خىل ھەق ۋە جەرىمانىدا ئاپتونوم رايوندىكى مالىيە تارماقلىرى بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان ھۆججەت ۋە ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇللارنى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى بىلەن بىۋاسىتە چېتىشقا بولمايدۇ.

كارخانىلار بارلىق نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش، مەبلەغ توپلاش ۋە جەرىمانە قويۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ توپلاش، كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇشنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى، تاپشۇرۇۋالغان پاش قىلىش ۋە مەلۇم قىلىش ماتېرىياللىرىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

مەمۇرىي ھەقلەردىن نامۇۋاپىقلىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تۈۋەنلىتىشكە بولىدىغانلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆۋەنلىتىش، ساھەلەرنى مونوپول قىلىدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ھەقلەرنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك. قانۇن ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئايرىم بەلگىلىمىلىرى بولغانلىرىدىن باشقا، كارخانىلار ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ كارخانىلاردا تەكشۈرۈش، باھالاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجە ئۆستۈرۈش، باھالاپ بېكىتىش، ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈپ كۆرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق.

**17 - ماددا** كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش

كارخانىلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ كارخانىلاردىكى سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، جان - دىلى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى، ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى بويىچە ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىشى، قىسقا مۇددەتتىلا كۆزلەيدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ، كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، دۆلەتنىڭ كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، كارخانا مال - مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلىشى ۋە ئاشۇرۇشى لازىم.

ھەر خىل شىركەتلەر ۋە كارخانا گۇرۇھلىرى 14 تۈرلۈك ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە كارخانىلارغا تولۇق بېرىشى، تۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

# III باب

## كارخانىلارنىڭ پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىش

**18 - ماددا** كارخانىلارنىڭ پايدا - زىيان مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش

كارخانىلارنىڭ پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش مەسئۇلىيىتى كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلارغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن مۈلۈك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - مەنپەئەتنى كۆرسىتىدۇ. كارخانا — پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان سۇبيېكت، ئۇنىڭ ھەقدارغا قەرز قايتۇرۇش، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. زاۋۇت باشلىقى قانۇنىي ۋەكىل سۈپىتىدە كارخانىنىڭ پايدا زىيىنىغا باشقۇرۇش جەھەتتىن بىۋاستە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ كارخانىنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە كارخانىنىڭ پايدا - زىيىنىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**19 - ماددا** كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگەرتىشى لازىم

كارخانىلار بازارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىپ، پائال بازار ئېچىشى لازىم، ئاپتونوم رايونىمىز، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ئۈچ بازارغا يۈزلىنىپ، سېتىش تورى ۋە ئۇچۇر تورى قۇرۇپ، تىجارەت تاكتىكىسى ۋە تەرەققىيات پىلانىنى تەڭشەپ، باشقۇرۇشنى بازار ئىگىلىكى بويىچە تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش تىپىنى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت تىپىغا، سۈرئەت - ئۈنۈم تىپىنى سۈپەت - ئۈنۈم تىپىغا ئۆزگەرتىشى لازىم.

كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەت مېخانىزمى، چەكلەش مېخانىزمى، ئېھتىيات مېخانىزمى، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە نازارەت مېخانىزمىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى لازىم.

كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاساس خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، سۈپەت باشقۇرۇش مەركەز قىلىنغان كەسىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەھسۇلاتلارنى ساتقاندىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشىلاش، مالىيە باشقۇرۇش، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ۋە تەننەرخ ھېساباتىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

**20 - ماددا** كارخانىلارنىڭ تەقسىماتىنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

كارخانىلار ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەتكەندە، چوقۇم ئەمگەك، مالىيە تارماقلىرى بېكىتكەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى دائىرىسىدە تىزگىنلىشى، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) نىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇنى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە، ئەمگەك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تەستىقلىتىش لازىم.

كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەش لايىھەسى ۋە مۇكاپاتنى تەقسىم قىلىش لايىھەسىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تەكشۈرۈپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئۇنى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئېلان قىلىشى لازىم.

ساختىپەزلىك قىلىپ پايدىنى ئاشۇرغاندەك بولۇش، پايدا ئالغاندەك بولۇپ ئەمەلىيەتتە زىيان تارتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىش ھەققىنى، مۇكاپات پۇلىنى كۆپەيتكەن كارخانىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋاقتىدا توسۇشى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تۈزىتىشى، شۇنداقلا زاۋۇت باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارتۇق ئېلىۋالغان نامۇۋاپىق كىرىمىنى سىزىلگەن كۈندىن ئېتىبارەن مۆھلەت بەلگىلەپ پەيدىنپەي تۇتۇۋېلىش لازىم.

**21 - ماددا** كارخانىلارنىڭ مۇكاپاتلاش - جازالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

كارخانىلار ئۇدا ئۈچ يىل يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىسا ۋە مال - مۈلۈك قىممىتىنى ئاشۇرسا، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگىرىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرگەندىن باشقا، تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى كارخانىنىڭ قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ زاۋۇت باشلىقى (ئىگىلىك باشقۇرغۇچى)

ۋە زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە 50 مىڭ يۈەن دائىرىسىدە مۇكاپات بەرسە بولىدۇ، تۆھپىسى ئالاھىدە چوڭ بولغانلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىسا بولىدۇ. تەقسىماتتا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگىرىنىڭ ئالىدىغان ھەققى ھۆددىگە ئالغان بەنزىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. كارخانىلار ئۇدا ئۈچ يىل ھۆددىگە ئالغان يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرسا، ئۈچ يىلدا توپ ساندىن ئاشۇرۇپ يۇقىرىغا تاپشۇرغان يىغىندىنىڭ ئون پىرسەنتى ئىچىدە مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ 30 پىرسەنتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگىرى ۋە ھۆددىگە ئالغان بەنزىگە، 70 پىرسەنتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدۇ. زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلار بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرغان بولسا، تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى زىيان تۈگەتكەن سوممىنىڭ ئىككى پىرسەنتى ئىچىدە كارخانىغا بىر قېتىم مۇكاپات پۇلى بەرسە بولىدۇ، ئۇنىڭ 30 پىرسەنتى زاۋۇت باشلىقى ۋە ھۆددىگە ئالغان بەنزىگە، 70 پىرسەنتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدۇ.

تىجارەت خاراكتېرىدە زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ مۇكاپات پۇلى توختىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇراقسىز ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ. تارتقان زىيىنى ئېغىر بولسا، مەسئۇلىيىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان نىسبەت بويىچە زاۋۇت باشلىقى، زاۋۇت دەرىجىلىك باشقا رەھبەرلەر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كېمەيتىلىدۇ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە زىياننى تۈگەتمىگەن كارخانىلارنىڭ زاۋۇت باشلىقى ۋە زاۋۇت دەرىجىلىك باشقا رەھبەرلىرىنىڭ دەرىجىسى، ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلىدۇ ياكى ئۇلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

**22 - ماددا** كارخانىلارنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاشقا ۋە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

كارخانىلار دۆلەتنىڭ مالىيە، باج ۋە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشى لازىم. ھەر يىلى مال - مۈلۈك ۋە ئامباردىكى ماددىي ئەشيالارنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ تەپتىش قىلىپ، ھېساب بىلەن ئەمەلىي نەرسىلەرنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى، يىللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىشى لازىم.

كارخانىلار دۆلەت ئېلان قىلغان مالىيە - بوغالتىرلىق تۈزۈمىگە ئاساسەن، يىللىق ئاكتىپ - پاسسىپ ۋە پايدا - زىيان توغرىسىدىكى مالىيە بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ، مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىغا يوللىشى لازىم. كارخانىلار تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى ئىشلىتىشتە كۆرۈلگەن پايدا، زىيان، ئۆتۈنگەن، كېرەكسىز قىلغان، بۇزۇۋېتىلگەنلىك تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن ساپ پايدا - زىيان، دۆلەت بىر تۇتاش باھا تەڭشىگەنلىك تۈپەيلىدىن ئامباردىكى ماتېرىياللار، ماددىي ئەشيالار باھاسىدا كۆرۈلگەن پەرق ۋە ھېسابلاپ ئېلىشقا تېگىشلىك ئامورتىزاتسىيە ھەققى قاتارلىقلارنى شۇ مەزگىللىك پايدا - زىيانغا بىۋاسىتە كىرگۈزۈپ، كارخانىنىڭ مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كارخانىلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، قوشۇۋېلىش، شېرىكلىشىش، تالاشتۇرۇپ سېتىشنى يولغا قويغاندا كارخانا مۈلكىنى باھالاپ چىقىشى ۋە مۆلچەرلەپ چىقىشى لازىم.

ئامورتىزاتسىيە ھەققى ئالماسلىق ياكى تەننەرخىنى ئاز ھېسابلاپ، ھېسابقا ئېسىپ قويۇپ چاچماسلىق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پايدىنى يالغاندىن ئاشۇرۇۋالغانلار ياكى پايدا ئالغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، زىيان تارتقانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى كارخانىغا قالدۇرغان مەبلەغدىن تولۇقلاپ بېرىشكە بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق.

## IV باب

# كارخانىلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش

**23 - ماددا** كارخانىلار بازار ئېھتىياجى ۋە دۆلەتنىڭ كەسپلەر سىياسىتىگە ئاساسەن، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېلىش، ئايرىم قۇرۇش، تارقىتىۋېتىش، كارخانىلار گۇرۇھى قۇرۇش، ۋەيران بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ماددىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق سەپلەشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

1) باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش. كارخانىلارنىڭ يېتەكچى مەھسۇلاتلىرى بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەي، سېتىلماي يېسىلىپ قېلىپ زىيان كۆرۈلگەندە، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش لازىم. باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، لېكىن دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشنى مەنئى قىلغان ياكى شاللىۋەتكەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ. باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا دۆلەت، ئاپتونوم رايون راۋاجلاندۇرۇشنى چەكلىگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارماقچى

بولغاندا، ئۇنى ئاپتونوم رايوندىكى مەسئۇل تارماقلارغا تەستىقلىتىش لازىم.

2) ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش. كارخانىلارنىڭ تىجارەت خاراكتېرىدىكى زىيىنى ئېغىر بولغان، لېكىن ۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەندە، كارخانىلار ئىلتىماس قىلىپ، كارخانىغا مەسئۇل تارماقلارغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك؛ كارخانىغا مەسئۇل تارماقلارمۇ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشنى بۇيرۇسا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش مۇددىتى ئادەتتە بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاسراپ، رېمونتچىلىقنى ياخشى قىلىپ، مال - مۈلۈكلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. مالىيە تارماقلىرى بۇ كارخانىلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىنى ۋاقتىنچە توختىتىشىغا رۇخسەت قىلىشى، بانكا بۇ كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمىنى كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشى لازىم. كارخانىلار مۇكاپات پۇلى تارقىتىشنى توختىتىشى كېرەك.

3) بىرلەشتۈرۈش. كارخانىلار بىرلىشىشنى ئىككى تەرەپتىكى كارخانا ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، ھۆكۈمەت بېكىتسىمۇ بولىدۇ. كارخانىلار بىرلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىرلىشىش لايىھىسىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش، كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ياكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تارماقلارغا تەستىقلىتىش لازىم، ھۆكۈمەت بىرلىشىشنى بېكىتكەندە بىرلەشتۈرۈش لايىھىسىنى كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كەسىپ ھالقىغان، تارماق ھالقىغان بىرلىشىشكە ئۇنىۋېرسال تارماقلار رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك دائىرىسىدىكى كارخانىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتە، قانۇن بويىچە مال - مۈلۈكنى ھەقسىز ئايرىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

4) قوشۇۋېلىش. باشقا كارخانىلارنى قوشۇۋېلىشنى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. قوشۇۋالغۇچى كارخانا بىلەن قوشۇۋېلىنغۇچى كارخانىنىڭ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى ئوخشاش بولسا، ئىككى تەرەپ بېكىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان قوشۇۋېلىنغۇچى كارخانىلارنى كارخانىغا مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى قوشۇۋالسا، ئەسلىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۇنۇمى ۋە ئاشۇرۇلغان قىسمى يەنىلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈككە مەنسۇپ بولۇپ، ئايرىم ھېساب تۇرغۇزۇلىدۇ.

قوشۇۋېلىشتىن ئىلگىرى، قوشۇۋېلىنغۇچى كارخانىنىڭ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ھېساباتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ ۋە باھالاپ چىقىپ، ئاكتىپ بىلەن پاسسىپ تەڭپۇڭ بولغانلىرىنىڭ ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئىشلىرىنى كارخانىنىڭ ئاكتىپ ھېسابى بىلەن بىرلىكتە قوشۇۋالغۇچى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك؛ ئاكتىپى پاسسىپىدىن كۆپ بولسا، ساپ ئاكتىپ سوممىسىغا ئاساسەن قوشۇۋېلىش ھەققى بەلگىلەش ياكى ئاكتىپقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا پاي ھېسابلاپ بېرىشى لازىم؛ ئاكتىپى پاسسىپىغا يېتىشمىسە، پرىنسىپ جەھەتتىن ۋەيران بولغانلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش چارىسى بويىچە قەرزنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانىلار ئۇزاق مەزگىل زىيان تارتىپ كەلگەن كارخانىلارنى قوشۇۋالماقچى بولغاندا، ھەقلىق قوشۇۋېلىش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە تارماقلىرى پىلان بويىچە زىياننى تولۇقلاپ بېرىش ياردەم پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئاجرىتىپ بېرىشى ياكى قوشۇۋالغۇچى كارخانىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق ئازايتىشى، بانكا قەرز پۇل ئۆسۈمىنى ئەھۋالغا قاراپ توختىتىشى ياكى ئازايتىشى كېرەك. كارخانىلار قوشۇۋېلىش، بىرلەشتۈرۈش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشتا پەقەت ئەسلىدىكى يەر تەۋەلىكىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىلا تىزىمغا ئالدۇرۇلىدۇ، يەرنى ئۆتۈنۈش پۇلى تاپشۇرۇلمايدۇ.

قوشۇۋېلىنغۇچى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شتاتى قوشۇۋالغۇچى كارخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، قوشۇۋالغۇچى كارخانا بۇلارنى 3 - كەسپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

5) ئايرىپ قۇرۇش. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزىگە قاراشلىق شۆبە زاۋۇت، سېخ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە باشقا ئاپپاراتلارنى ئايرىپ، قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان يېڭى كارخانا قۇرۇپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى تارماق ئاپپارات قىلسىمۇ بولىدۇ. كارخانىنى ئايرىپ قۇرۇشتا، ئايرىم قۇرۇلغۇچى تەرەپلەر ئايرىم قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ، ئايرىم قۇرۇلغۇچى تەرەپلەرنىڭ مال - مۈلۈك ۋە قەرز ئىشلىرى قاتارلىقلار ئايرىۋېتىلىدۇ. ئايرىپ قۇرۇش لايىھىسى كارخانىغا

مەسئۇل تارماقلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

6) تارقىتىۋېتىش. تارقىتىۋېتىلىدىغان كارخانىلار ئۇزاق مەزگىل تىجارەتتە زىيان تارتقان، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىقمۇ زىياننى تۈگىتەلمىگەن، شۇنداقلا بىرلەشتۈرۈش ۋە قوشۇۋېتىشكىمۇ بولمايدىغان كارخانىلار ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەزمەن توختىتىشقا تېگىشلىك كارخانىلار بولۇشى كېرەك. كارخانىلارنى تارقىتىۋېتىشتە قەرزنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلارغا تەكشۈرتۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى گوۋۇيۈەننىڭ مەسئۇل تارماقلىرىغا تەستىقلىتىشى لازىم.

تارقىتىۋېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى ھەققى، قەرزى ۋە مال ـ مۈلكىنى كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. تارقىتىۋېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى مەسئۇل تارماقلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

7) ۋەيران بولۇش. ئىگىلىكنى ئوبدان باشقۇرالماسلىق تۈپەيلىدىن، ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىپ، مۇددىتى توشقان قەرزلەرنى قايتۇرالماي، ۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بارلىق كارخانىلار قانۇن بويىچە ۋەيران بولىدۇ. ۋەيران بولغان كارخانىلار «ۋەيران بولۇش قانۇنى» بويىچە ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىشى كېرەك. ۋەيران بولغان كارخانىلارنى باشقا كارخانىلار ئۆزىگە قوشۇۋالسا بولىدۇ، قوبۇل قىلغۇچى كارخانا ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىم بويىچە سوت مەھكىمىسى كېسىم قىلغان قەرزلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە مۇشۇ چارىنىڭ 23 ـ ماددا 4 ـ تارمىقىدا بەلگىلەنگەن قوشۇۋالغۇچى كارخانىلارنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى «ۋەيران بولۇش قانۇنى» ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

كارخانىلار باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارماقچى، قوشۇلماقچى، بىرلەشمەكچى، ئايرىم قۇرماقچى، تارقىتىۋېتىلمەكچى، بىرلىشىپ تىجارەت قىلماقچى ياكى ۋەيران بولماقچى بولغاندا بىردەك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك، يەرلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى، ئۆزگەرتىش، توختىتىش، ئايرىۋېتىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشى كېرەك.

8) كارخانىلار گۇرۇھىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. ھازىرقى كارخانىلار گۇرۇھىنى ياخشى قۇرۇپ، زىچ قاتلام، يېرىم زىچ قاتلامدا مەبلەغ ۋە مۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مۇشۇ ئاساستا بىرلىشىش، قوشۇلۇش، پاي قوشۇش، پايىنى تىزگىنلەش، ھۆددىگە ئېلىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كارخانىلار گۇرۇھىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنى مەملىكەتلىك چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىغا پائال قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار كارخانا گۇرۇھى ياكى ئۆلكە، رايون ھالقىغان ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ئاتلاپ كارخانا گۇرۇھى قۇرماقچى بولغاندا، ئۇنى ئاپتونوم رايون ھوقۇق بەرگەن تارماقلار تەستىقلايدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلار ئۆز رايون دائىرىسىدە كارخانىلار گۇرۇھى قۇرماقچى بولغاندا، ئۇنى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن تارماق تەستىقلايدۇ. جايلار، تارماقلار تارماق ئىگىدارچىلىقى قارىشىنى تۈگىتىپ، كارخانا گۇرۇھى قۇرۇشنى پائال قوللىشى لازىم.

بىر قىسىم چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈش ۋە سىناق ئاساسىدا ھاسىلات ئومۇمىي ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويۇپ، تەستىق ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مەبلەغ سېلىش مەركىزى ۋە مالىيە شىركىتى قۇرسا بولىدۇ.

ئەسلىدىكى مەمۇرىي تارماقلار پۈتۈنلەي باش شىركەت، كارخانا گۇرۇھىغا ئۆزگەرگەن بولسا، قوشۇمچە مەمۇرىي فۇنكسىيىگە ئىگە بولمايدۇ؛ ئەسلىدىكى ئۆزىگە تەۋە كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يىغىۋېلىشقا ياكى تۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

## 24 ـ ماددا يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەش

كارخانىلار بازارنى يېتەكچى قىلىپ، بازاردىكى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن كوزىر مەھسۇلاتلارنى تىرىشىپ ئىشلەپ ياكى كىرگۈزۈپ، مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ياخشى يولغا قويۇپ، تىرىشىپ دەرىجىسىنى، سۈپىتىنى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشى؛ بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەپ، بازارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى لازىم.

## 25 ـ ماددا كارخانىلار ئۆزگەرتمەكچى بولغان

تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قانۇنىي ئىگە، ئىگىلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان، ھەق تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالمىدىغان شۆبە تارماق ئاپپاراتلارنى كۆپەيتمەكچى، ئازايتماقچى بولغانلىرىدىن باشقا، تىزىمغا ئالدۇرغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشتە كارخانىغا مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەستىق ھۆججىتىنى ئالمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنى كارخانىلار تىزىملاشقا مەسئۇل ئورگانلاردىن تىزىمنى ئۆزگەرتىپ بېرىشنى بىۋاسىتە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

## V باب

# ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش

**26 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى مەركەز قىلغان ھالدا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاش، سىياسەت جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر جەھەتتە يېتەكلەش، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇش، مەسلىھەت بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش ھەمدە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، بىۋاسىتە باشقۇرۇشنى ۋاستىلىك باشقۇرۇشقا، باشقۇرۇش تىپىنى مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرتىپلىك ئايلىنىشىغا پايدىلىق بولغان تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

**27 - ماددا** ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

1) ھەر يىلى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش ۋە ئاكتىپ - پاسسىپ، پايدا - زىيان ئەھۋاللىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش ۋە تەپتىش قىلىش كېرەك. ھۆددىگەرلىك مەزگىلى ئاخىرلاشقاندا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلىدۇ ۋە تەپتىش قىلىنىدۇ. كارخانىلارنىڭ مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈشكە كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكلەرنى باشقۇرغۇچى تارماقلار مەسئۇل بولىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ ۋە پايدا - زىيان ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش، تەپتىش قىلىشقا كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار بىلەن مۇپەتتىش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

2) دۆلەت، كارخانا ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ پايدىسىنى تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى بەلگىلىنىدۇ. كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسى مۇۋاپىق بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭغا كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە مالىيە - باج تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

3) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشنى ۋە ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىلەر، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنىلەر، مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى رەنگە قويۇشنى، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەستىقلاشتا، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەن، تارقىتىۋېتىلگەن كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە يىغىۋېلىشتا دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار مەسئۇل بولىدۇ.

4) زاۋۇت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد كومىتېتلىرى مەسئۇل بولىدۇ. زاۋۇت باشلىقىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش، زاۋۇت باشلىقىنى تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش، جازالاشنى قارار قىلىش ياكى تەستىقلاشتا ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن تارماق مەسئۇل بولىدۇ.

5) كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك باشقۇرۇش توغرىسىدىكى نىزاملىرىنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى باشقۇرغۇچى تارماقلار مەسئۇل بولىدۇ.

6) سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، پەن - تېخنىكا تارماقلىرى پەن - تېخنىكا توختاملىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**28 - ماددا** كارخانىلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قوغداش

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار كارخانىلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداپ، كارخانىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. دۆلەت كارخانىلارغا بەرگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كارخانىلارغا كەمكۈتىسىز بېرىش كېرەك، ھەر قانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ، جۈملىدىن ساھەلەرنى قوشۇمچە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە شىركەتلەرنىڭ بۇ ھوقۇقلارنى تۇتۇپ قېلىشىغا يول

قويۇلمايدۇ.

قانۇن ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ كاشىلىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**29 - ماددا** ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، تىزگىنلەش ۋە كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

1) خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدارىنى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پىلان ھەمدە يىللىق پىلاننى تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۈرۈشىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

2) بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ كەسىپلەر سىياسىتىگە ئاساسەن، ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىكى مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىلگەن، يول قويۇلغان، چەكلەنگەن ۋە مەنئى قىلىنغان تۈرلەرنى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى قەرەللىك ھالدا ئېلان قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3) دۆلەتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، باج نىسبىتى، تاشقى پېرېۋوت نىسبىتى، باھا قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلىرى ۋە قانۇنىي ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىنى تەڭشەش كېرەك.

4) بازارنى يېتەكچى قىلىپ، تاقاش، ئىشتىن توختىتىش، قوشۇۋېتىش، كەسىپنى ئۆزگەرتىش، ئىجارىگە بېرىش، پاي قوشۇش، سېتىش، ۋەيران قىلىش ۋە كارخانا گورۇھى قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھازىرقى كارخانىلارنىڭ ساقلاۋاتقان مال - مۈلۈكلىرىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق سەپلەش كېرەك.

5) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مالىيە، تەننەرخ، بوغالتېرلىق، دارامەت تەقسىماتى ۋە ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى بېكىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

6) ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپلەر بويىچە باشقۇرغۇچى تارماقلىرى كەسىپلەر سىياسىتىگە ئاساسەن، ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخنىكا ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشى، ئىچكى - تاشقى ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى يېتەكلىشى، كەسىپلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ ساھەلەرنى باشقۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**30 - ماددا** بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى. پولات ماتېرىيال، كۆمۈر، سېمونت، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، بىكار تۇرۇۋاتقان ئۈسكۈنىلەر سودا بازارلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۈرۈمچى، كورلا، كۈيتۇڭدە تەسىر دائىرىسى كەڭ، تەڭشەش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئۇنىۋېرسال ماددىي ئەشيا سودا مەركىزى قۇرۇش كېرەك. پىلانلىق ۋە باسقۇچلۇق ھالدا بىر تۈركۈم كەسپىي توپ تارقىتىش بازارلىرىنى قۇرۇش كېرەك. بۇنى پىلان كومىتېتى ماددىي ئەشيا تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

2) ئەمگەك مۇلازىمىتى، ئىختىساسلىق خادىملار بازىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئەمگەك مۇلازىمىتى، ئىختىساسلىق خادىملار بازارلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارغا ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنى ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

3) پۇل مۇئامىلە بازىرى. كۆپ قاتلاملىق مەبلەغ بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغنى ئۆتنە قىلىش مەركىزى قۇرۇش كېرەك. باھالىق ئاكسىيە تارقىتىشنى كېڭەيتىپ، قەرز چېكى تارقىتىش، ئالماشتۇرۇش بازىرى، سودا ھۆججەتلىرىنى دىسكونت قىلىش بازىرى ۋە تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش بازىرى ئۆزئارا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن پۇل مۇئامىلە بازىرى سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنى خەلق بانكىسى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

4) تېخنىكا بازىرى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە،

ئۆزۈمچى، كۆيتۇڭ ۋە قەشقەردە تېخنىكا بازىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىلغار تېخنىكا تۈرلىرى ئالمىشىش پەيدىنپەي قۇرۇلۇپ، تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇنى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى باشلامچى بولۇپ، ئىقتىساد كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

5) ئۇچۇر بازىرى. تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ھازىرقى ئۇچۇر تۈرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇچۇر ئاپپاراتلىرىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەت ۋاسىتىلىرىنى ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپلىغان، ئىچكى تاشقى جەھەتتە ئالاقىسى بولغان ئۇچۇر بازىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنى پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

6) ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى. ئىستېمال بۇيۇملىرى بازارلىرىنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنى ئىقتىساد كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

**31 ـ ماددا** ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

1) ئەمگەك تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

2) ياشانغانلار سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياشانغانلار ئاساسىي سۇغۇرتىسى، كارخانىلارنىڭ ياشانغانلار قوشۇمچە سۇغۇرتىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغانلار ئامانەت سۇغۇرتىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

3) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۆتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

4) كارخانىلاردا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىش ئۈستىدە يارىلانغانلار سۇغۇرتىسى ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى قاتارلىق سۇغۇرتا تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

5) تۈرلۈك ئەمگەك سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۇنى بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئىشلىتىش كېرەك، ھەر قانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ ئۇنى قالدۇرۇۋېلىشى ۋە ئۆز مەيلىچە باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

6) كارخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۈرلۈك سۇغۇرتا فوندىنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرۇشى لازىم.

**32 ـ ماددا** كارخانىلارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى پائال يولغا قويۇش

1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، قاتناش، خەۋەرلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش، بىخەتەرلىك، تۇرالغۇ ئۆي ھەمدە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، 3 ـ كەسپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلار ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئىشلىرىنى يولغا قويىدىغان ئەھۋالنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي يۈكىنى يېنىكلىتىشى كېرەك.

2) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر بوغالتىرلار كونتوراسى، مۇپەتتىشلىك كونتوراسى، ئادۋوكاتلىق كونتوراسى ۋە مۈلۈكلەرنى باھالاش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاپپاراتلىرىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ترانسپورت، داۋالىنىش، بىخەتەرلىك، مەكتەپ، ئۆي ـ ئىمارەت قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى ۋە باشقا پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىنى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىلىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشى ھەمدە باج، قەرز پۇل بېرىش، تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

4) كارخانىلار بىلەن باشقا ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## VI باب

# قانۇنىي جاۋابكارلىق

**33 ـ ماددا** ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى «نىزام» ۋە مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئارىلاشقان ۋە ئۇنى تۇتۇپ قالغان بولسا، كارخانىلار «نىزام» نىڭ 47 ـ،

48 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئەھۋال پەرقلەندۈرۈلۈپ چارە كۆرۈلىدۇ، جازالىنىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**34 ـ ماددا** زاۋۇت باشلىقى ۋە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەنلەرنى كارخانا تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامىغا ئاساسەن جازالايدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**35 ـ ماددا** كارخانىلار ئۆزىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى ھەمدە كارخانىلاردىكى قانۇن مەسلىھەتچىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ قانۇن قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشتا ماھىر بولۇشى ھەم جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

## VII باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

**36 ـ ماددا** «نىزام» دا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، بۇ چارىدە تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلاردا، «نىزام» دىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى «نىزام» ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، كونكرېت يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

**37 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى تارماقلار مۇشۇ چارە ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلغان قائىدە ـ نىزام ۋە باشقا ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ چارىگە زىت كەلسە، مۇشۇ چارىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

**38 ـ ماددا** بۇ چارىنى چۈشەندۈرۈش ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇشتا ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە مەسئۇل بولىدۇ.

**39 ـ ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئەمگەك، ئىش ھەققى ۋە سۇغۇرتا قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاقىدار قوشۇمچە بەلگىلىمىسى

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلغان)

كارخانىلارنىڭ ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، ئىش ھەققى تەقسىماتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ۋە ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «نىزام» دېيىلىدۇ) ۋە دۆلەتنىڭ ئەمگەككە ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

## 1. ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1) كارخانىلار ئادەم ئىشلىتىشتە «دۆلەت ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلەش، شەھەر ـ يېزىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئادەم ئىشلىتىش، شەخسلەر ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، تەمىنات ۋە تەلەپنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش، مۇلازىمەتنى جەمئىيەت تەمىنلەش» تىن ئىبارەت يېڭى مېخانىزمنى تەدرىجىي يولغا قويىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى كارخانىلارغا ئەمدى بۇيرۇق خاراكتېرلىك

ئىشچى - خىزمەتچى سانى كۆرسەتكۈچى ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى چۈشۈرمەيدۇ، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى، ئاساسەن، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئارقىلىق ۋاستىلىك تەڭشەپ تىزگىنلىنىدۇ.

2) كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قانۇن - نىزام بويىچە، ئىشچى قوبۇل قىلىش (تەھسىي كېمەيگەنلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدىغانلار شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ۋاقتى، شەرتى، ئۇسۇلى ۋە سانىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىدۇ.

كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، ئومۇمەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر - بازار ئىچىدىن قوبۇل قىلىشى لازىم. كارخانىلار ئۆزى تۇرغان شەھەر - بازاردىن ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلغاندا، شەھەر - بازار ئىچىدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاپتونوم رايون دائىرىسى ئىچىدە شەھەر - بازار ھالقىپ ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دېھقانلاردىن توختاملىق ئىشچى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، كارخانىلار ئىشچى قوبۇل قىلىش شەرتى، سانى، ئۇسۇلى ۋە ئىشچى ئىشلىتىش مۇددىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزى تەشكىللەپ قوبۇل قىلىدۇ. كارخانىلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىچكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردىن تېخنىكا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىشتا ھوقۇقلۇق، ئۇنى ئەمدى ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاش ھاجەتسىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بۇنى پائال قوللىشى كېرەك.

كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتا جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىش، ئاشكارا قوبۇل قىلىش، ئەتراپلىق سىناش، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بىردەك جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنىشقا قاتنىشىدۇ، ئىچكى جەھەتتە قوبۇل قىلىش ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. بالا ئىشچى قوبۇل قىلىش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ. كارخانىلارنىڭ «ئىشچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسى» شۇ دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كارخانا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ ھەمدە ئىمتىھان ئېلىش ۋە بەدەن تەكشۈرۈشنى ئۆزى تەشكىللەيدۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئۆزى ئېلان قىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىش - ئىشلىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىدۇ. كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندىن كېيىن ۋاقتىدا ئەمگەك تارماقلىرىغا بېرىپ ئەنگە ئالدۇرۇشى ھەمدە ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئەمگەك تارماقلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە « ئەمگەك قوللانمىسى» ، توختام گۇۋاھنامىسى، پېنسىيە سۇغۇرتىسى ۋە ئىش كۆتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى قاتارلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى كېرەك. كەسىپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى بار شەھەر - بازارلاردىكى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسىپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندە «ھەربىي سەپتىن مەجبۇرىيەت ئۆتەپ قايتقان ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەربىي سەپتىن ۋەزىپە ئۆتەپ قايتقان ھەربىيلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندىن كېيىن 6 ـ 12 ئاي ئىشقا ماسلىشىش ۋاقتىنى بېكىتىپ، ماسلىشىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەمگەك توختامى بويىچە باشقۇرسا بولىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشچى ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن نىسبەتكە ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئاياللار ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەمگەك ئورۇنلىرى «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى» غا ئاساسلىنىپ، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىمكان قەدەر كۆپ قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مېيىپلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، مەلۇم ئەمگەك ئىقتىدارى بار مېيىپلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرى قوبۇل قىلغان ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدە ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە مېيىپلار %50 تىن ئارتۇقىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك.

كارخانىلار يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقىرىشى لازىم.

3) كارخانىلار ھەر خىل مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشى ھەمدە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇن «ئۆزئارا تاللاش» نى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تېپىشى ياكى كەسىپ تاللىشىنى تەكىتلەش، كارخانىلار ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى ۋە ئىش ئورنى ئۆلچىمى تەلىپىگە ئاساسەن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشى كېرەك. ئەمگەك تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ بىر تۇتاش پىلانلاپ

ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى پائال ياخشى ئىشلىشى لازىم. نىشانلىق ۋە ھاۋالە بويىچە تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھاۋالە قىلغان كارخانا قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

4) كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - تىگىلىك باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇددەتلىك ياكى مۇددەتتى بولمىغان ۋە بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنداشنى چەك قىلغان ئىشچى ئىشلىتىش شەكلىنى تاللىۋالسا بولىدۇ. كارخانىلار ئىشچى ئىشلىتىشنىڭ قانداق شەكلىنى قوللانسۇن، گوۋۇيۈەنىنىڭ «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن توختام تۈزۈپ، بارلىق خادىملارنى ئەمگەك توختامى بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم. شەرتى ۋاقىتىنچە ھازىرلانمىغانلىرى ئاۋۋال كارخانا ئىچكى قىسمىدا توختام بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويسا بولىدۇ. كارخانىلار پىلان سىرتىدا ئىشلىتىۋاتقان ئىشچىلارنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا لايىق ھەمدە شەھەر - بازار نوپۇسىدا بولسا، ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىپ، ئەمگەك تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانا بىلەن تۈزۈشكەن ئەمگەك توختامى مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە كارخانىنىڭ ئەسلىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتا فوندىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتىسى ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ ئىش كۈتۈپ تۇرۇش - قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئالسا ھەمدە ئۆز نوپۇسى بار جايدىكى كەسىپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ.

5) كارخانىلار ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. كارخانىلار ئەمگەك ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان، تەربىيە بەرسىمۇ ئۈنۈم بەرمىگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ۋە كارخانا نىزامىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىدىن ماقۇللۇق بىلەن ئۈتكۈزۈپ خىزمەتتىن ھەيدىۋەتسە بولىدۇ. كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك ماجىراسى يۈز بەرسە، ئىككى تەرەپنىڭ دەۋالاشقۇچىلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغان ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ياكى كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. كېسىمگە قايىل بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا بولىدۇ.

6) كارخانا كادىرلىرى بىلەن ئىشچىلارنىڭ سالاھىيەت چېكى بۇزۇۋېتىلىشى كېرەك. كارخانىلار باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ تەكلىپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا خادىملىرىدىن ھازىرقى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا ئىش ئورنى خىزمىتىگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورنىغا تەقسىم قىلىۋېتىشكە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىشچىلاردىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغانلىرىنى باشقۇرۇش ياكى تېخنىكا ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بارلىق خادىملارغا ئىش ئورنىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

7) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇلۇكچىلىك سالاھىيەت چېكىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىگە يول قويۇلىدۇ. بىر شەھەر-بازار ئىچىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا يۆتكىلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى كارخانىلار ئۆزى بېجىرىپ بېرىدۇ.

8) كارخانىلار كۆپ خىل چارىلەرنى قوللىنىپ، ئارتۇق خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك. پېنسىيىگە چىقىشقا بەش يىل قالغان ۋاقىت ئىچىدىكى ئارتۇق خادىملار كارخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن خىزمەت ئورنىدىن چېكىنىپ دەم ئالسا بولىدۇ، دەم ئېلىش ۋاقتىدىكى ستاژى قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ، كارخانا پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەنلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۇلارغا ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كارخانىلار بەلگىلىمە بويىچە ئاساسلىق پېنسىيە سۇغۇرتىسى خىراجىتىنى داۋاملىق تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيىگە چىقىش يېشى توشقاندا، ئاندىن رەسمىي پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ.

ئىش ئورنىدىن چۈشكەن باشقا خادىملار زاۋۇت ئىچىدە ئىش كۈتۈپ تۇرسا ياكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلسە بولىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ ئىش ئورنىغا چىقىرىلىدۇ. ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ۋاقتىدا كارخانا ئەھۋالغا قاراپ تۇرمۇش خىراجىتى بېرىدۇ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ياكى ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش مەشقى ۋاقتىدىكى ئىش ھەققى تەمىناتىنى كارخانا ئۆزى بېكىتىدۇ.

ئارتۇق خادىملارنى تەشكىللەپ ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش مەشقى ئېلىپ بېرىشنى ئەمگەك تارماقلىرىغا ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ. ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش مەشقىنى يولغا قويۇشتا خىراجەت جەھەتتىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا، ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇش - باشقۇرۇش

ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى ئارقىلىق، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتا فوندىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش مەشقى خىراجىتى تۈرى بويىچە مەدەت بەرسە بولىدۇ.

كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئارتۇق خادىملارغا يېڭى ئىش ئورنى تېپىپ بېرىش كېرەك. ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى 3 - كەسىپنى يولغا قويۇشتا مەبلەغ جەھەتتىن ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتا فوندىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىراجىتى تۈرى بويىچە ھەقلىق يۆلىسە بولىدۇ.

ئارتۇق خادىملارنى ئۆزى ئىش تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئىلتىماسىنى كارخانا تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، ئەمگەك تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى ئاپپاراتلىرى ئۇنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك قۇتقۇزۇش پۇلىنى بىر قېتىمدىلا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بەرسە بولىدۇ؛ كارخانا ئۇنىڭ خىزمەت يىلى چېكىگە قاراپ ھەر يىلغا شۇ كارخانىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر ئايلىق ئىش ھەققى بويىچە تۇرمۇش خىراجىتى بەرسە بولىدۇ، بىراق كۆپ بولغاندا 12 ئايلىق ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

كارخانا ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ئىش ھەققىنى توختىتىپ، خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇزاق ۋاقىتلىق دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق ئۇنۇملۇك چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

9) جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرمۇ كارخانىلارنىڭ ئارتۇق خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئەمگەك تارماقلىرى كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار بىلەن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، زاۋۇتلار ئارا ئالماشتۇرۇش، جەمئىيەت ئارقىلىق تەڭشەش شەكىللىرىنى قوللىنىپ ئارتۇق خادىملارنىڭ خىزمەت ئورنىنى يۆتكىشىگە ياردەملىشىشى لازىم.

كارخانىلارنىڭ ئارتۇق خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئاچقان مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلىرىغا ئورۇنلاشقان ئارتۇق خادىملار شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن ئارتۇق بولسا، كەسىپكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ «نىزام» دىكى بەلگىلىمە بويىچە باجدىن كەچۈرۈم قىلىشتا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ؛ ئورۇنلاشقان ئارتۇق خادىملار بىلەن ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىلار سانىنىڭ يىغىندىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى بولسا، ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغانلىرىمۇ ئوخشاشلا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

10) كارخانا ئۆزگەرتىلگەن ياكى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تۆۋەندىكى چارىلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئىشتىن توختاپ تەرتىپكە سالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كارخانا ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوشۇۋېتىش قارار قىلىنغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانا قوبۇل قىلىدۇ. كارخانىغا مەسئۇل تارماقلار بىلەن ئەمگەك تارماقلىرىمۇ كارخانىلارنىڭ خادىملارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەڭشەش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىدۇ. كارخانىلار ئارا بىر - بىرىگە قوشۇۋېتىلسە، قوشۇۋالغۇچى تەرەپ قوشۇۋېلىنغۇچى تەرەپنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە قوشۇۋېتىلگەن كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ توپ سانىنى ئايرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

كارخانا بۆلۈنۈپ كەتسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى، ئىش ھەققى زاپاس مەبلىغىنى ئايرىش ھەمدە ئەمگەك تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بىلەن تارقىتىۋېتىلگەن كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەسئۇل تارماقلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ۋەيران بولغانلىقى جاكارلانغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ۋەيران بولۇش قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ۋەيران بولغان ياكى تارقىتىۋېتىلگەن كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان كارخانىلار ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىمۇ تەڭ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى ھېسابلاپ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ توپ سانىنى كۆپەيتىپ بەرسە بولىدۇ. ۋەيران بولغان كارخانا ۋە تارقىتىۋېتىلگەن كارخانىلاردىكى ئىشتىن ئايرىلىپ دەم ئالغان، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى باشقۇرۇشقا كارخانىلارغا مەسئۇل

يۇرۇقى تارماقلار مەسئۇل بولىدۇ.

باشقا مەھسۇلات ئىشلەشكە ئۆزگەرتكەن، ئىشتىن توختاپ تەرتىپكە سېلىنغان، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، قوشۇۋېتىلگەن، ئايرىۋېتىلگەن، تارقىتىۋېتىلگەن، ۋەيران بولغان شۇنىڭدەك ۋەيران بولۇش ئالدىدا قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزى ئالاقىلىشىپ يۆتكىلىپ كەتسە ياكى خىزمەتتىن چېكىنىپ ئۆزى ئىش تاپسا بولىدۇ. ئەمگەك توختامىنى تۈزگەن بولسىمۇ مۇددىتى توشمىغانلار دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە مۇناسىپ ھالدا ئەمگەك توختامىنى ئۆزگەرتسە ياكى ئاخىرلاشتۇرسا ۋە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. ئەمگەك توختامىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا تېگىشلىكلىرىنى يەرلىك ئىش كۆتۈپ تۇرۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

11) كارخانىلار ئىچكى قىسمىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش، تەڭشەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا ھوقۇقلۇق. قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ۋە دۆلەتنىڭ ئايرىم ئالاھىدە بەلگىلىمىلىرى بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق تارماقنىڭ مەجبۇرىي ھالدا كارخانىلارنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىشىنى بەلگىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. كارخانىلار خادىملارنى سەپلەش نىسبىتىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق، ئەمگەك تارماقلىرى ئەمدى كارخانا خادىملىرىنىڭ شتات لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىمايدۇ. تىجارەتنى ئاساس قىلىپ بىر قىسىم ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ياكى مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى قوشۇمچە قىلغان شىركەتلەرنىڭ شتات ۋە خادىملىرىنى بېكىتىش، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرى يەنىلا «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» بويىچە بېجىرىلىدۇ.

12) كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا ئاساسەن شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تېخنىكا (كەسىپ) جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ، يېتىشتۈرۈش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىپ، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تېخنىكا ۋە ئىش ئورنى جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. كارخانىلار دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە كەسپىي سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق تېخنىك ۋە ئالىي تېخنىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش سانى، ۋەزىپىسى، مۇددىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ خىزمەت نىزامى» بويىچە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئېچىپ، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى ۋە تەسىس قىلىنىدىغان كەسىپلەرنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پرىنسىپلىرى بويىچە ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ. ھەر خىل يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرسىمۇ ھەمدە «ئىشچىلارنى تەكشۈرۈپ سىناش نىزامى» دىكى تەلەپ بويىچە تەكشۈرۈپ سىناش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىشى ۋە ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىشى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئەمگەك تارماقلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈشكە ئائىت ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشكە دائىر ماكرولۇق پىلان تۈزۈپ چىقىپ، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەپ، دۆلەت كەسىپلىرىنى تۈرگە ئايرىيدىغان، ماھارەت ئۆلچىمى ۋە كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ باھالايدىغان نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، پراكتىكا مەيدانى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

## 2. ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى تەقسىمات ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

13) كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇشتا «دۆلەت ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلەش، دەرىجە ۋە تۈرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىش» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ. «ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجمى كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمى (يارىتقان پايدا - باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) نىڭ ئېشىش ھەجمىدىن تۆۋەن بولۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش ھەجمى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن تۆۋەن بولۇش (ساپ مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ)» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى بېكىتىش ۋە ئۈنى ئاجرىتىشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چېتىش، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش ياكى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما باشقۇرۇشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

14) ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چاتقان كارخانىلارغا ئەمگەك مەمۇرىي باشقۇرۇش

تارماقلىرى ئەمدى بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما پىلانى چۈشۈرمەيدۇ. كارخانىلار ئەمگەك، مالىيە تارماقلىرى بېكىتكەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تۈپ سانى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى تۈپ سانى ۋە ئۈنۈمگە چېتىپ تۇراقسىزلاندۇرۇش نىسبىتىگە ئاساسەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئەمەلىي ئۆرۈندىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئاجرىتىۋېلىپ، يېتەرلىك زاپاس سومما قالدۇرغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

15) تەستىق ئارقىلىق پاي تۈزۈمىنى يولغا قويغان ۋە ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش چارىسىنى تەقلىد قىلىپ قۇرۇلغان كارخانىلار «ئىككى تۈۋەن بولۇش» تا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئالدىغا ئاجرىتىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. تۈنجى يىلىدىكى ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما تۈپ سانىنى مالىيە ۋە ئەمگەك تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كارخانىلار ھەر يىلى ئاجرىتىش سانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللايدۇ. ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانىلار ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىنى ئەمگەك تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

16) ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما تۈپ سانىنى مالىيە، ئەمگەك تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىسى بويىچە قوشۇلغان ئىش ھەققىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم كۆپەيسىمۇ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى كۆپەيتىلمەيدۇ. ئادەم كېمەيسىمۇ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى كېمەيتىلمەيدۇ. كارخانىلار تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما ھۆددىگەرلىك تۈپ سانى دائىرىسىدە ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىدۇ.

17) كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىش ھەققى تەقسىمات تۈزۈمىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى يولغا قويماي، ئۆز كارخانىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كونكرېت تەقسىمات شەكلىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە بولىدۇ؛ شۇ كارخانىدىكى ھەر خىل خادىملارنىڭ ئىش ھەققى مۇناسىۋىتىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ھەققى تۆۋەنلىتىش چارىسىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى ئەمدى دەرىجە ۋە ئىش ھەققى ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرمەيدۇ.

18) ئەمگەك تارماقلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن تىجارەت خاراكتېرلىك زىيان پەيدا قىلغان كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى «نىزام» نىڭ 29 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ كېمەيتىدۇ.

19) كارخانىلار ئىش ھەققى زاپاس فوندىنى ئاجرىتىشتا، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چاتقان كارخانىلار ھەر يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۈنۈم ئىش ھەققى بويىچە ئاجرىتىدۇ؛ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئالغان كارخانىلار ئاجرىتىلغان مۇكاپات فوندىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيگەن قىسمىدىن ئاجرىتىدۇ.

20) كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش چارىسى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىنى كارخانىلار پەسىل بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىپ، «ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى» نى ھېساب ئاچقان بانكىغا ئايمۇ ئاي ئاپىرىپ ئىش ھەققىنى ئالىدۇ. كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىشكە توغرا كەلسە، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئەمگەك تارماقلىرىغا بېرىپ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىدۇ.

21) كارخانا باشلىقى (جىڭلى) لارنىڭ ئىش ھەققى گوۋزىيۈەننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەن، ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ كىرىمىنى تەقسىم قىلىش چارىسىنى ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ى بويىچە بېكىتىلىدۇ. كارخانا باشلىقى (جىڭلى) نىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىشى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنىدۇ.

## 3. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش

22) ئەمگەك تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. كارخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر تۈرلۈك سۇغۇرتا فوندىنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرۇشى لازىم.

23) ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىدا، ياشانغاندا بېقىلىش ئاساسىي سۇغۇرتىسى، كارخانا تولۇقلاپ بېرىدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ۋە شەخسلەر تاپشۇرىدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتا پۇلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

ياشانغاندا بېقىلىش ئاساسىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە مۇۋاپىق ئۈستىگە ئالىدۇ. كارخانىلار ياشانغاندا بېقىلىش ئاساسىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بويىچە تاپشۇرىدۇ. بانكىلار ئۇنى ۋەكالىتەن تۇتۇپ قالىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولسا ئۇنى ئۆز ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە تاپشۇرىدۇ. كارخانىلار ئۇنى ئىش ھەققىدىن ۋەكالىتەن تۇتۇپ قالىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي كاپالەت نومۇرى بويىچە «ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى قوللانمىسى»غا خاتىرىلەپ قويىدۇ. ياشانغاندا بېقىلىش ئاساسىي خىراجىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سەۋىيىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىراجەت تاپشۇرغان يىلىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، تاپشۇرغان خىراجىتىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ ھېسابلاپ تارقىتىلىدۇ. كونكرېت ئۆلچەم ۋە چارىسى ئايرىم تۈزۈلۈپ چىقىلىدۇ. ياشانغاندا بېقىلىش خىراجىتىنى تارقىتىش چارىسى ئىسلاھات قىلىنغانغا قەدەر يەنىلا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

كارخانىلار تولۇقلاپ بېرىدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا، كارخانىدا بار مەبلەغنىڭ 10% نىسبىتى بويىچە ئاجرىتىدۇ، لېكىن يىللىق ئاجرىتىۋېلىنىدىغان نىسبەت ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كارخانىلار تولۇقلايدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتا خىراجىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھېسابىغا خاتىرىلىنىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ بانكىدا ئاچقان مەخسۇس فوند ھېسابىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ياكى يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، كارخانىلار تولۇقلايدىغان ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتا خىراجىتىنى دەسمايىسى ۋە ئۆسۈمى بىلەن بىر قېتىمدىلا ياكى بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە تارقىتىپ بېرىشى كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، بۇ مەبلەغ «ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئامانەت قويۇش خاراكتېرلىك ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىدۇ ھەمدە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى ئۆزى تاللىۋالىدۇ، بۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۇلار تاپشۇرغان سۇغۇرتا خىراجىتىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بانكىدا ئاچقان شەخسىي ھېسابىغا كىرگۈزىدۇ. شەخسلەرنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش مەقسىتىدە قويۇلىدىغان ئامانەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتا خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىشى ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

24) ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە يولغا قويۇلىدۇ. ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسىنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى ۋەيران بولغانلىقى قانۇن بويىچە جاكارلانغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى، ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن كارخانىلارنىڭ قانۇنىي يوسۇندا تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، تارقىتىۋېتىلگەن كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ياكى ئىشتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىنغان كارخانىلاردىن قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئەمگەك توختامى ئاخىرلاشقان ياكى توختام بىكار قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كارخانا تەرىپىدىن خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلگەن، رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ياكى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر شۇنىڭدەك ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى تەستىقلىغان كارخانىلاردىكى ئوشۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى تەدرىجىي ھالدا شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانا ۋە خۇسۇسىلار باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلاردىكى جۇڭگولۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگىچە كېڭەيتىلىشى كېرەك. ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنىڭ تارقىتىلىش سەۋىيىسى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ. تارقىتىش مۇددەت چېكىنى خىزمەت ستاژىغا چېتىش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ياردىمىنى قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك مۇلازىمەت خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئەمگەك تارماقلىرى ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتا فوندىنى توپلاش، ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىش كۈتۈپ

تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تۇرمۇش جەھەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە تەشكىللەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتا فوندىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

25) داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسلەر داۋالىنىش خىراجىتىنى مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىش چارىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان قىسمىنى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، خىزمەت ستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە زەخىملىنىش، كېسەل بولۇش دەرىجىسى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ. ھازىر شەخسلەر ئۈستىگە ئالىدىغان قىسمى پرىنسىپ جەھەتتە بىر يىلدا شۇ كارخانىنىڭ بىر ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمىسە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئېغىر كېسەللەرنى داۋالىتىش خىراجىتىنى بىر تۇتاش توپلاشنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. شارائىتى بار ناھىيە (شەھەر) ياكى ساھەلەرنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللاپ، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تەدرىجىي ھالدا، ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى خىراجىتىنى بىر تۇتاش توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزسە بولىدۇ.

26) ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال يولغا قويۇش كېرەك. ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى مەخسۇس فوندى بەرپا قىلىشنى پۈتۈنلەي كارخانا ئۈستىگە ئالىدۇ. ساھەلەر، كارخانىلارنىڭ خېيىم - خەتەر دەرىجىسى ۋە زەخىملىنىش، ۋاپات بولۇش ھادىسىلىرى، كەسپىي كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانىغا قاراپ خىراجەتنى پەرقلەندۈرىدۇ ھەمدە كارخانىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش - باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھادىسە ۋە كەسپىي كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانىغا قاراپ تەڭشەيدۇ؛ «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش ۋە كەسپىي كېسەللىكتىن پەيدا بولغان مېيىپ بولۇش دەرىجىسىنى باھالاش ئۆلچىمى» گە ئاساسەن، مېيىپ بولۇش، زەخىملىنىش دەرىجىسىنى ئايرىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىسىز ئىش ئۈستىدە زەخىملەنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك.

## 4. ئەمگەك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش

27) ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى «ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇش، مىكرو جەھەتتە قويۇۋېتىش» پرىنسىپى بويىچە، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك - كادىرلار، ئىش ھەققى تەقسىماتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئىش ھەققىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش سىستېمىسى، ئەمگەك بازىرى سىستېمىسى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسى، ئەمگەك قانۇنىنى ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تەدرىجىي ھالدا بىر تۇتاش پىلانلاش، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش، ئۇچۇر ئارقىلىق يېتەكلەش، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش يۆنىلىشىگە ئۆزگەرتىشى، باشقۇرۇش ۋاستىسىنى ئىقتىساد، قانۇن ۋاستىلىرىنى ئاساس قىلىش يۆنىلىشىگە ئۆزگەرتىشى، باشقۇرۇش دائىرىسىنى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەمگەك مۇناسىۋىتى ۋە ئەمگەك ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە تەڭشەش يۆنىلىشىگە ئۆزگەرتىشى، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلىرىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش، تەقسىمات، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.

28) كارخانىلار «كارخانا قانۇنى» ۋە «نىزام» دىكى بەلگىلىمە بويىچە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېموكراتىك ئاساستا سىياسەت بەلگىلەش، دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى دېموكراتىك ئاساستا قاتناشتۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەمگەك - كادىر باشقۇرۇش، ئىش ھەققى، مۇكاپات تەقسىماتى، سۇغۇرتا - پاراۋانلىق ئىشلىرى قاتارلىق تۈزۈم، نىزام ۋە چارىلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىغا سۇنۇشى لازىم. كارخانىلار ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ئەمگەك مۇھاپىزەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاپ، زەخىملىنىش، ئۆلۈش ھادىسىلىرى ۋە كەسپىي كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى ئازايتىشى كېرەك.

29) بۇ قوشۇمچە بەلگىلىمىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ.

30) بۇ قوشۇمچە بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ «نىزام» بىلەن بىللە يولغا قويۇلىدۇ. بۇرۇن ئېلان قىلىنغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنىڭ بۇ قوشۇمچە بەلگىلىمىنىڭ مەزمۇنىغا زىت كېلىدىغانلىرى بولسا، مۇشۇ قوشۇمچە بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

# ئومۇمىي ئەھۋال · چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1993 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەش جەھەتتىكى تەدبىرى ۋە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئالغا بېسىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دەسلەپكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 49 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.5% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - كەسىپتىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 282 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.3% ئېشىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئىقتىسادىي ئايلىنىش جەريانىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زاپاس كۈچى يېتىشمىدى، مەبلەغ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولدى. مال باھاسى ئۆرلىگەن پېتى تۇرۇۋەردى؛ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ تۆمۈريول، خەۋەرلىشىش جەھەتتىكى چەكلىمە يەنىلا ئېغىر بولدى.

### 1. يېزا ئىگىلىكى

يېزا ئىگىلىكى داۋاملىق راۋاجلاندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە بازار ئىگىلىكىگە قاراپ قەدەم تاشلاندى، دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكى ئېڭى كۈچەيدى، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى نامايان بولۇشقا باشلىدى، يېزا ئىگىلىك شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىت ياخشىلاندى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئومۇمىي ئاشلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىنى كۆپەيتتى. ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق، پاختىدا تارىختا ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئەھۋالى 1992 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى، يېزا - بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، يېزا ئىقتىسادىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 753 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 18 مىليارد 491 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 138 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.9% ئاشتى، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 456 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10% ئاشتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 36 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.4% ئاشتى، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.9% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكىدە ئاشقان قىممەت 13 مىليارد 144 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 26.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى.

1993 - يىلى يېزىلاردىكى سانائەت، بىناكارلىق، ترانسپورت ۋە سودا، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق غەيرىي يېزا ئىگىلىك

مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇنىڭ يېزا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1992-يىلدىكى %18.2تىن %19.3كە ئۆستى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليارد 492 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %57.3 ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 209 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %42.4 ئاشتى.

ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئىچىدە قىزىلچا قاتارلىقلار ئازراق كېمىيىپ كەتكەندىن سىرت، باشقا ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى.

ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

| | 1993 - يىلدىكىسى | 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|
| ئاشلىق | 7 مىليون 90 مىڭ تونا | 0.4 |
| پاختا | 680 مىڭ تونا | 1.9 |
| ياغلىق دان | 370 مىڭ 200 تونا | 3.9 |
| قىزىلچا | 2 مىليون 369 مىڭ 100 تونا | — 28 |
| قوغۇن - تاۋۇز | 754 مىڭ 900 تونا | —19.8 |
| كۆكتات | 1 مىليون 918 مىڭ 200 تونا | — 0.8 |
| مېۋە - چېۋە | 998 مىڭ 200 تونا | 8.6 |

ئورمانچىلىق ۋە كۆكەرتىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 56 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %27.3 ئاشتى، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى مەركەز قىلىنغان «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

چارۋىچىلىقتا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈش بولدى، ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ۋە يىل ئاخىرىدا قالغان چارۋا تۆۋەندىكىچە:

| | 1993 - يىلدىكىسى | 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|
| ئېلىنغان ئومۇمىي گۆش | 383 مىڭ تونا | 6.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كالا گۆشى | 93 مىڭ 200 تونا | 7.1 |
| قوي گۆشى | 186 مىڭ 400 تونا | 3.1 |
| چوشقا گۆشى | 61 مىڭ 800 تونا | 12.4 |
| سۈت | 370 مىڭ 300 تونا | 2.9 |
| قوي يۇڭى | 50 مىڭ 800 تونا | 1.6 |
| تۇخۇم | 77 مىڭ 200 تونا | 1.6 |
| كالا تېرىسى | 688 مىڭ 500 پارچە | 6.5 |
| قوي تېرىسى | 8 مىليون 76 مىڭ 400 پارچە | 5.3 |
| ئۆچكە تېرىسى | 1 مىليون 539 مىڭ 100 پارچە | — 2.5 — |
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي چارۋا | 35 مىليون 147 مىڭ 200 تۇياق | 0.6 |
| بىر يىلدا كۆپەيگەن چارۋا | 14 مىليون 851 مىڭ 200 تۇياق | 4.9 |
| بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا | 13 مىليون 970 مىڭ 400 تۇياق | 0.1 |

بېلىقچىلىق يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 28 مىڭ 800 تونىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.4 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6 مىليون 81 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1992-يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %2.4 ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى

تراكتور 50 مىڭ بولۇپ، 1992 - يىلدىكى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى؛ مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 503 مىڭ 200 توننا بولۇپ، %4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 377 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %5.5 ئاشتى؛ ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 810 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %0.3 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى نىسبىي ھالدا كېمىيىپ كەتتى، تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچى يېتىشمىدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى؛ يېزىلاردا 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، دېھقانلار مەھسۇلاتنى كۆپەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىرىمى كۆپەيمىدى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى راۋان بولمىدى، شۇڭلاشقا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2 . سانائەت ۋە بىناكارلىق

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت تارماقلىرى ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلەتتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۆۋاپىق دەرىجىدە ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليارد 811 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليارد 521 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى. سانائەتتە ئاشقان قىممەت 15 مىليارد 313 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ 35 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.2 ئاشتى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ 7 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.3 ئاشتى، باشقا ئىگىلىك تىپىدىكى سانائەتنىڭ 659 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %52.5 ئاشتى. ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى، يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارد 221 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.9 ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن سېتىلىشىنىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىشى خېلى ياخشى بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قاراشلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 41 مىليارد 927 مىليون يۈەنگە يەتتى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.9 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ %96.7، يېنىك سانائەتنىڭ %97.3 بولدى.

چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچى ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 165 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليارد 843 مىليون يۈەنگە، پۈتكۈل سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %51كە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە مۇئەييەن ئىلگىرىلەش بولدى. 1992 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان 100 خىل ئاساسلىق مەھسۇلات ئىچىدە 54 خىل مەھسۇلات 1992 - يىلدىكىدىن ئاشتى. مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنىڭ ئۈرتكىسىدە، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە نېفىت، پىششىقلانغان نېفىت، توك، تۆمۈر رۇدىسى، چويۈن، پولات ماتېرىيال، ئاليۇمىن، تۆمۈر قېتىشمىسى، سېمونت، سانائەت خام ئەشياسى قىلىنىدىغان چىرىمتال، تاش كامىر قاتارلىقلار خېلى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. بازار تاپالمىغان يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ۋېلسىپىت، رەڭلىك تېلېۋىزور، يىپ رەخت، گىلەم، ئاياغ كىيىم، تۇز، فارفوردىن ياسالغان كۈندىلىك ساپال بۇيۇم، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك بۇيۇم، بىرىكمە يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، سۇلياۋ بۇيۇم قاتارلىقلار تۈرلۈك دەرىجىدە ئازايدى. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىقتەك زىددىيەت يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

| | 1993 - يىلدىكىسى | 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|
| يىپ | 129 مىڭ 600 توننا | —9.2 |
| رەخت | 218 مىليون 150 مىڭ 600 مېتىر | —9.1 |
| يۇڭ توقۇلما | 12 مىليون 229 مىڭ مېتىر | 1.5 |

| | | |
|---|---|---|
| يۇڭ ئەدىيال | 298 مىڭ 700 دانە | 93.1 |
| گىلەم | 149 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر | 22.9 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىتسا | 125 مىڭ 800 توننا | 6.5 |
| قەنت ـ شېكەر | 331 مىڭ 300 توننا | 3 |
| تۇز | 659 مىڭ 500 توننا | —40.8 |
| ئىچىملىك ـ هاراق | 179 مىڭ 600 توننا | 12.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: پىۋا | 96 مىڭ 100 توننا | 3 |
| ئاق هاراق | 70 مىڭ 100 توننا | 31.3 |
| كونسېرۋا | 41 مىڭ 600 توننا | 21.6 |
| سۈت مەھسۇلاتلىرى | 10 مىڭ 400 توننا | 0.2 |
| پاپىروس | 130 مىڭ ساندۇق | 7.4 |
| ئاياغ كىيىم | 1 مىليون 50 مىڭ 400 پار | —51.7 |
| بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى | 15 مىڭ 100 توننا | — 32 |
| تېلېۋىزور | 67 مىڭ 700 | 14.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: رەڭلىك تېلېۋىزور | 23 مىڭ 400 | —30.8 |
| كۆمۈر | 22 مىليون 331 مىڭ 100 توننا | 1.3 |
| نېفىت | 10 مىليون 341 مىڭ 100 توننا | 24.3 |
| بېنزىن | 1 مىليون 850 مىڭ 700 توننا | 16.4 |
| دىزېلىن | 1 مىليون 993 مىڭ 500 توننا | 10.1 |
| هاسىل قىلىنغان توك | 9 مىليارد 363 مىليون كىلوۋات سائەت | 7.9 |
| چويۈن | 553 مىڭ 800 توننا | 19.2 |
| پولات | 535 مىڭ 700 توننا | 12.8 |
| پولات ماتېرىيال | 466 مىڭ 500 توننا | 15.8 |
| ئاليۇمىن | 25 مىڭ 800 توننا | 33 |
| سېمونت | 4 مىليون 280 مىڭ 800 توننا | 14.1 |
| تاختا ئەينەك | 611 مىڭ 300 ساندۇق | —24.2 |
| ياغاچ ماتېرىيال | 271 مىڭ 600 كۇب مېتىر | —10.7 |
| گۈڭگۈرت كىسلاتاسى | 51 مىڭ 400 توننا | —14.9 |
| خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) | 339 مىڭ 900 توننا | — 4.5 |
| سۇلياۋ ياسالما | 55 مىڭ 900 توننا | —25.5 |
| تاش كامىر | 391 مىڭ 800 | 26.4 |

1993ـيىلى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى جەھەتتىكى ئۈنــــۋېرسال كۆرسەتكۈچ سان 1992ـيىلدىكى%6 . 78تىن %2 . 70كە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى%8 . 94 تىــن %9 . 96كە ئۆستى؛ تەننەرخ پايدا نىسبىتى %7 . 2تىن %9 . 3 — كە تۆۋەنلىدى. بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولدى، مەبلەغ كەمچىل بولدى، «ئۈچ بۇرجەك قەرز» چوشەپ تۇردى، ئۈچ تۈرلۈك مەبلەغ خېلى كۆپ ئىگىلىۋېلىندى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى كېڭەيدى.

بىناكارلىق تېز تەرەققىي قىلدى. 1993 ـ يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە، بىناكارلىق ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە بازار مېخانىزمى رولىنىڭ گەۋدىلىنىشىگە ئەگىشىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى تېزلەشتى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ هاياتى كۈچى ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 . 48 ئاشتى، بىناكارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ ئۆستى.

گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش جەھەتتە بىر تۈركۈم يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئون ئورۇندا مۇھىم كان مەھسۇلاتى، ئىككى ئورۇندا يەر ئاستى سۈيى بايقالدى، ئىككى كان رايونىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس كېنى بىر، ئالتۇن كېنى بىر، تۆت كان تۈرىنىڭ كۆپەيگەن زاپاس مىقدارى ئېنىقلاندى.

## 3. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ

1993 - يىلى دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قۇرۇشنى تېزلەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ داۋاملىق كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 26.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.9% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 20 مىليارد 875 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 36.8% ئاشتى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 28 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 61.4% ئاشتى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى شەخسلەر سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 652 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 29.4% ئاشتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 89.3% ئاشتى؛ تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 475 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 98.7% ئاشتى؛ باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 2مىليارد623مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.2% ئاشتى.

مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، ئېنېرگىيە قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى داۋاملىق كۆپەيتتى. قاتناش، پوچتا-تېلېگراف ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 986 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 55.3% ئاشتى؛ ئېلېكتر قۇۋۋىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 797 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 48.1% ئاشتى، نېفىتكە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 591 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.3% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 35 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ياخشى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا بۇ تۈرلەرگە 10 مىليارد 179 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان تۈر ياكى يەككە تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى خېلى ياخشى بولدى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى پولىئېستېر قۇرۇلۇشىنىڭ پولىئېستېر قۇرۇلمىسى بىر قېتىملىق سىناقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئۇنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ شىنجاڭ ساپ شولتا زاۋۇتىمۇ بىر قېتىملىق سىناقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش مۇددىتىدىن تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى؛ مايتاغدىكى ئېتىلېن، بۇتادىئېن قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلمىلار ئاساسىي جەھەتتىن قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى، بىر قىسىم يۇرۇشلەشتۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 307 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلەشتۈرۈش ئۈچۈن 980 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۆمۈريول ئاساسىي لىنىيىسىگە جەمئىي 475.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا رېلىس ياتقۇزۇلدى، پۈتكۈل قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى تېز بولماقتا؛ دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۇندىن داخۋاڭشەنگە بارىدىغان بۆلىكىدە پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى؛ قورغاس، باقتۇ، ئېركەشتامدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىلىق چېگرا ئېغىزىنىڭ قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ باشقا بىر قىسىم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلماقتا.

## 4. قاتناش، پوچتا - تېلېگراف

1993 - يىلى قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى داۋاملىق يۈكسەلدى، تاشيول، تۆمۈريولدا مۇئەييەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ترانسپورت مىقدارى 317 مىڭ 200 توننىغا يەتتى. تۆمۈريول تارماقلىرى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ،

ترانسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تۆمۈريول ترانسپورتى پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، نۇقتىلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ سىرتقا توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ھەر خىل يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

| | 1993 - يىلدىكىسى | 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى% |
|---|---|---|
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 33 مىليارد 13 مىليون توننا/كىلومېتىر | 6.8 |
| تۆمۈريولدا | 18 مىليارد 400 مىليون توننا/كىلومېتىر | 6.4 |
| تاشيولدا | 13 مىليارد 300 مىليون توننا/كىلومېتىر | 9 |
| ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىدا | 38 مىليون توننا/كىلومېتىر | 19.7 |
| تۇرۇبا يولىدا | 1 مىليارد 275 مىليون توننا/كىلومېتىر | -3.9 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 14 مىليارد 600 مىليون ئادەم/كىلومېتىر | 5.8 |
| تۆمۈريولدا | 5 مىليارد ئادەم/كىلومېتىر | 13.6 |
| تاشيولدا | 7 مىليارد 500 مىليون ئادەم/كىلومېتىر | 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭ |
| ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىدا | 2 مىليارد 100 مىليون ئادەم/كىلومېتىر | 16.7 |

قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلەلمەسلىكتەك زىددىيەت يەنىلا ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا. تۆمۈريول ترانسپورتىدا تېخىمۇ جىددىيلىك كۆرۈلۈۋاتىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ.

پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 37.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 34.6%، سىمسىز چاقىرىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1.5 ھەسسە، كۆچمە تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 500 نەچچە ھەسسە ئاشتى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، شەھەر ئىچى تېلېفون كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورىغا كىرگەن شەھەر ۋە ناھىيە 16گە يەتتى، شەھەر ئىچى پروگراممىلىق تېلېفونى 267 مىڭ توچكىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا ئۇيغۇن كېلەلمەسلىكتەك زىددىيەت يەنىلا ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا.

## 5. ئىچكى سودا ۋە بازاردىكى مال باھاسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوبوروت ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئىسلاھاتلار يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى، شەھەر - يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ گۈللەندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد 565 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17.15% ئاشتى (مال باھاسى ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 4% ئاشتى). ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 16 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.9% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 755 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.4% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىچىدە شەھەر - بازارلارنىڭ 13 مىليارد 306 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21.9% ئاشتى؛ يېزىلارنىڭ 3 مىليارد 404 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20% ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىگە پارچە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 14 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.8% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا پارچە سېتىلغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 35.8% ئاشتى.

ھەر خىل ئىقتىسادىي تىپتىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى مۇنداق بولدى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 9 مىليارد 738 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.1% ئاشتى؛ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ

پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 440 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يەككە ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 586 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50.8 ئاشتى. دېھقانلارنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىگە پارچە ساتقان تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 606 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %33.1 ئاشتى. ھەر خىل ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى جەھەتتە، يېمەكلىك تاۋارلار ئىچىدە ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارى %3.14، سۇ يېغىنىڭ سېتىلىش مىقدارى بىر ھەسسە ئاشتى. چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە رەڭسىز تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇدىن باشقا، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى تۆرلۈك دەرىجىدە كۆپەيدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىشى، ئۆي ئېچىنى بېزىشى، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىشى، تەدرىجىي ھالدا، ئىستېمال جەھەتتىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ گۈللەندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى سېتىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد 229 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.8 ئاشتى؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى.

باھا ئىسلاھاتىدا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولدى. دۆلەت پولات باھاسىنى، قىسمەن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان كۆمۈرنىڭ كاندىن چىقىش باھاسىنى قويۇۋەتتى، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان سېمونتنىڭ باھاسىنى پۈتۈنلەي قويۇۋەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق، ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىلىش باھاسىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى. دۆلەت ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا باھا باشقۇرۇش چېكىنى تېخىمۇ كۆپلەپ قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ باھانى بەلگىلەش سالمىقى %93كە يەتتى. 1993-يىلى جەمئىيەت بويىچە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 1992 - يىلدىكىدىن %12.6 يۇقىرى بولدى.

1993 - يىلدىكى باھانىڭ 1992 - يىلدىكىدىن ئۆرلەش ھەجمى تۆۋەندىكىچە (%):

| | |
|---|---|
| 1. شەھەر ئاھالىلىرى تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى | 13 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر - بازارلاردا | 13.6 |
| يېزىلاردا | 10.8 |
| 2. پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھاسى | 12.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئىستېمال بۇيۇملىرى | 12.7 |
| يېمەكلىكلەر | 16.9 |
| ئاشلىق | 28.2 |
| سۇ يېغى | 6.2 |
| كىيىم - كېچەك | 3.8 |
| كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى | 9.1 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 2.2 |
| كىتاب، گېزىت - ژۇرنال | 6.6 |
| تېببىي دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى | 15.7 |
| بىناكارلىق بېزەش ماتېرىياللىرى | 23.5 |
| يېقىلغۇ | 23.8 |
| يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | 10.1 |
| 3. مۇلازىمەت باھاسى | 15.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر - بازارلاردا | 14.8 |
| يېزىلاردا | 17.6 |
| 4. ئېنېرگىيە، خام ئەشيا - ماتېرىيال سېتىۋېلىش باھاسى | 36.4 |
| 5. سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى | 26.2 |
| 6. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى | 26.5 |
| 7. يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى | 13 |

## 6 . تاشقى ئىقتىساد

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى ئىقتىسادىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى تېز تەرەققىي قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 912 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %30.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 495 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %22.8 ئاشتى. مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992ـ يىلدىكىدىن %80.2 ئېشىپ، تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت گومۇمىي سوممىسىنىڭ 63.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 289 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %75.5 ئېشىپ، تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 58.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشتە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پۈتۈشۈلگەن سوما 2 مىليارد 3 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىللىق كېڭىشىش يىغىنىدىكىدىن 137 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت بويىچە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 631 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت بويىچە مال زاكاز قىلىش سوممىسى 510 مىليون يۈەن، تاشقى ئىقتىساد تۈرى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سوما 860 مىليون يۈەن. ئىچكى جەھەتتە ھەمكارلىشىش تۈرى ۋە ئىچكى سودا تاختامىدىن 689ى، ئىچكى جەھەتتە ھەمكارلىشىش تۈرى ۋە ئىچكى سودا كېلىشىمنامىسىدىن 211ى ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 165 مىليون يۈەن.

پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش بويىچە ئىمزالانغان توختام 363كە يەتتى، توختامدىكى سوما 257 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.9 ھەسسە ئاشتى، ئەمەلىيەتتە سېلىنغان مەبلەغ 53 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 4.2 ھەسسە ئاشتى، دېمەك 1993 ـ يىلى تارىختىن بۇيان چەت ئەل مەبلىغى ئەڭ كۆپ سېلىنغان بىر يىل بولدى. ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1993ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تىزىمغا ئالدۇرغان ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى 508گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.1 ھەسسە كۆپەيدى.

تاشقى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا تەستىقلانغان تاشقى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 241گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %28.2 كۆپەيدى. توختامدىكى سوما 66 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %47.2 تۆۋەنلەپ كەتتى.

خەلقئارا ساياھەتچىلىك داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزغا كەلگەن خەلقئارا ساياھەتچىدىن 241 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %0.7 كۆپ. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %12.6 ئاشتى، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچىلەر ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن مال سېتىۋېلىشقا كەلگەن ساياھەتچى 126 مىڭ ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %5.3 ئازىيىپ كەتتى، بۇ، پۈتۈن ساياھەتچىنىڭ 52.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىدا يېڭى قەدەم تاشلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتى بىلەن 1500 تۈر بويىچە ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، بۇ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %11.4 كۆپ، توختامدىكى سوما 2 مىليارد 826 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.6 تۆۋەنلەپ كەتتى، باشقا ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 566 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۈچ ھەسسە ئاشتى.

## 7 . پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە

پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى زور پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىدىن 330ى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر توققۇز، دۆلەتنىڭ «ئۈچقۇن» تۈرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ئىككى. مۇشۇ بىر يىلدا پاتېنت ھوقۇقى

ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىنغان تۈر 642 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %28 كۆپەيدى، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تۈر 454كە يېتىپ، 1.3 ھەسسە كۆپەيدى.

پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى تەخمىنەن 420 مىڭغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 136گە، ئالىي مەكتەپلەر قۇرغان تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 61گە، چولڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار قۇرغان تېخنىكا يارىتىش ئاپپاراتى 85كە يەتتى، پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 18 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 9100، پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى خىراجىتى ئۈچۈن 290 مىليون يۈەن توپلاندى، 270 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى، جەمئىي 2720 تۈر (تەتقىقات تېمىسى) گە تۇتۇش قىلىندى.

تېخنىكا بازىرى كېڭەيدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمزالانغان تېخنىكا توختامى 875كە يېتىپ، 1992ـيىلدىكىدىن %1.98 ئاشتى، توختامدا پۈتۈشۈلگەن سومما 113 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى.

«ئۇچقۇن» پىلانى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدىن 139ى يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 150 مىليون يۈەن، ئورۇنلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ ۋە باشقا مەبلەغ 100 مىليون يۈەن. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن مەھسۇلات قىممىتى 680 مىليون يۈەن، پايدا ۋە باج 150 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئۇچقۇن» پىلانى يولىدا خادىم تەربىيىلەشكە ئاز كەم 200 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن قېتىم سانى بويىچە 40 مىڭ ئىختىساسلىق خادىم تەربىيىلەپ بېرىلدى. 1993 ـ يىلى چاقىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن 1993 ـ يىللىق مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى يىغىنىدا 15 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، ئىككى تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونىمىز غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ ياخشى ئۈمەك تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە ئەڭ يۇقىرى پۈتۈشۈش سوممىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مائارىپ ئىشلىرىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئاسپىرانت 142گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 49 ئادەم كۆپەيدى، ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت 346گە يېتىپ، 89 ئادەم كۆپەيدى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 200گە يېتىپ، 2000 ئوقۇغۇچى كۆپەيدى. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 39 مىڭ 100گە يېتىپ، 5000 ئوقۇغۇچى كۆپەيدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 180 مىڭ 500 (تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى 43 مىڭ 700 ئوقۇغۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردىكى 346 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ 52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 552 مىڭ 400گە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2 مىليون 39 مىڭ 400گە يەتتى. يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %6. 96كە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى%9. 79كە يەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتى %6، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتى %4. 2 بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 20 مىڭ 100گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %7. 44 كۆپەيدى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 36 مىڭ 400گە يېتىپ، %6. 91 كۆپەيدى؛ چوڭلار تېخنىكومى بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 57 مىڭغا يېتىپ، %9. 23 كۆپەيدى؛ چوڭلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 213 مىڭ 300گە يېتىپ، %6. 66 كۆپەيدى، مۇشۇ بىر يىلدا 122 مىڭ ئادەم ساۋات چىقاردى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى ساغلام راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 89، مەدەنىيەت يۇرتى 92، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 63، مۇزېي سەككىز، ئارخىپخانا 128، رادىئو ئىستانسىسى 20، ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش مۇنارى ۋە كۈچەيتىش ئىستانسىسى 37، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 25. ھەر خىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 2124ى بولۇپ، ئۇلار 139 مىڭ 900 قېتىم كىنو قويدى، تاماشىبىن 22 مىليون 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئالتە ھېكايە فىلىم، جەمئىي 17 قىسىملىق تۆت تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەندى، 855 قىسىم كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى، ھەر خىل يېڭى فىلىمدىن 187سى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رادىئونىڭ ئاھالىلەر

ئارىسىدا ئومۇملىشىش نىسبىتى 70.5%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىش نىسبىتى 72%كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 232 مىليون نۇسخا گېزىت نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 68 مىليون نۇسخا، 57 مىليون نۇسخا كىتاب نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 26 مىليون 520 مىڭ نۇسخا، 10 مىليون 120 مىڭ نۇسخا ژۇرنال نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 6 مىليون 970 مىڭ نۇسخا.

سەھىيە ئىشلىرى مۇقىم ئىلگىرىلىدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 3894كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 1146گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 37 دوختۇرخانا كۆپەيدى، دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋىتى 66 مىڭغا يېتىپ، 3.3% كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 87 مىڭ 700گە يېتىپ، 1.6% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 40 مىڭ 700گە يېتىپ، 13.7% كۆپەيدى؛ سېستىرا، ياردەمچى سېستىرا 25 مىڭغا يېتىپ، 1.6% ئاشتى. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان سەھىيە تېخنىكا خادىمى 29 مىڭ 200گە يېتىپ، 4.3% كۆپەيدى.

تەنتەربىيە ئىشلىرىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى جەمئىي ئالتە ئالتۇن مېدالغا، ئۈچ كۈمۈش مېدالغا، توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى، ئېرىشكەن ئومۇمىي نومۇرى 165.5كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 20 ـ ئورۇندا تۇردى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي مۇسابىقىلەردە ئون ئالتۇن مېدالغا، 12 كۈمۈش مېدالغا، 19 مىس مېدالغا ئېرىشتى. بىر ئادەم بىر قېتىم دۇنيا رېكورتىغا تەڭلەشتى، بىر ئادەم ئىككى قېتىم ئىككى تۈردە دۆلىتىمىزنىڭ رېكورتىنى، 19 ئادەم 34 قېتىم 22 تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاممىۋى تەنتەربىيە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ـ بازاردىن يۇقىرى تەنھەرىكەت يىغىنىدىن 2683 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 670 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 830 مىڭ ئادەم (قېتىم) «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

# 8. نوپۇس ۋە خەلق تۇرمۇشى

1993 ـ يىلدىكى ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 21.53‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.68‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.85‰ بولغان. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 16 مىليون 52 مىڭ 600گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 246 مىڭ 300 ئادەم كۆپەيگەن، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 9 مىليون 978 مىڭ 300.

شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 1993 ـ يىلى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2215.32 يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 26.4% ئاشقان. مال باھاسى ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 11.2% ئاشقان؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 778 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 5% ئاشقان.

شەھەر ـ بازارلاردىكى ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1993 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئورنى 320گە يەتتى. شەھەر ـ بازارلاردا 111 مىڭ 300 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا شەھەر بازارلاردا ئىش كۈتۈپ تۇرۇش نىسبىتى 3.6% بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 3 مىليون 192 مىڭغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 12 مىڭ ئادەم كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە توختام تۈزۈمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 379 مىڭغا يېتىپ، 24 مىڭ ئادەم كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر ـ بازارلاردىكى يەككە ئەمگەكچىلەر 222 مىڭغا يېتىپ، 37 مىڭ ئادەم كۆپەيدى.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. 1993 ـ يىلى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسى 10 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 27.2% ئاشتى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 3415 يۈەنگە يېتىپ، 24.5% ئاشتى، مال باھاسى ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 10.2% ئاشتى.

شەھەر ـ يېزىلاردىكى بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل كۆپەيدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 24 مىليارد 412 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 5 مىليارد 32 مىليون

يۈەن، يەنى 26% ئاشتى.

سۇغۇرتا ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھۆددىگەرلىك سوممىسى 48 مىليارد 234 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 35.5% ئاشتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 7476 كارخانا كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 852 مىڭ 100 ئائىلە ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 1 مىليون 780 مىڭ 400 ئادەم جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا شىركەتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا تۆلەم ئەنزىسىدىن 71 مىڭ 974نى بىر تەرەپ قىلدى، 147 مىليون 993 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى، 16 مىڭ 584 ئادەمگە 14 مىليون 302 مىڭ يۈەن جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى تۆلىدى.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدىكى كارىۋات 6661گە، بۇ ئورۇنلارغا قوبۇل قىلىنغانلار 5494كە يەتتى. كوللېكتىپ بېقىلىدىغان تارقاق ئولتۇراقلاشقان يېتىم ـ يېسىر، بوۋاي ـ موماي، مەجرۇھ بالا 19 مىڭ 763كە يەتتى. شەھەر ـ يېزىلاردىكى دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشكەن ھەر خىل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى 273 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 163 يېزا ـ بازاردا يېزا ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تورى بەرپا قىلىندى، ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مۇئەسسەسىدىن 704ى قۇرۇلدى.

مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى كۈچەيدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 1194كە يەتتى، ھەر دەرىجىلىك مۇھىت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتىدىن 40ى، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايوندىن ئۈچى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايوندىن ئالتىسى بار. مۇشۇ بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى قەرەللىك ياخشىلاش تۈرىدىن 45ى ئورۇنلاندى، بۇنىڭغا 21 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 11 شەھەردە 66 چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايون قۇرۇلدى، بۇ رايونلارنىڭ كۆلىمى 166.74 كۋادرات كىلومېترغا يېتىدۇ؛ سەككىز شەھەردە مۇھىتتىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 22سى قۇرۇلدى، بۇ رايونلارنىڭ كۆلىمى 101.09 كۋادرات كىلومېترغا يېتىدۇ.

## 9. ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى داۋاملىق مۇقىم تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 9.5% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئورنى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، يېزا ئىگىلىكىدە خېلى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4 مىليارد 360 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.3% ئاشتى؛ ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 400 مىڭ توننا بولۇپ، 3.8% كېمىيىپ كەتتى؛ پاختا 250 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.9% ئاشتى؛ ياغلىق دان 85 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1.2% ئاشتى؛ قىزىلچا 800 مىڭ توننا بولۇپ، 27.2% كېمىيىپ كەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 2 مىليون 958 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 1.4% كۆپەيدى؛ گۆش 51 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.3% ئاشتى.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 80.4% ئاشتى؛ ئومۇمىي كىرىم 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 78.9% ئاشتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 6 مىليارد 200 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 8.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 12.5% تۆۋەنلەپ كەتتى، يېنىك سانائەتنىڭ 13.7% ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش نىسبىتى 99% كە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، يۇڭ توقۇلما 7.8%، يۇڭ ئەديال 63.3%، فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىيالى 8.5%، تارقىتىلغان توك 10.3%، سېمونت 6.8% ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 13% ئاشتى. بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 14% ئاشتى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°40′—96°23′، شىمالىي پاراللېل 34°25′—49°10′ قىچە بولغان ئارىلىقتا توغرا كېلىدۇ. يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق يەر كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىلىرىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئۇ، ئېلىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تەخمىنەن مەملىكىتىمىز بويىچە ئومۇمىي قۇرۇقلۇق دۆلەت چېگرىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ، شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئاپتونوم رايون.

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىليون 52 مىڭ 648 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 246 مىڭ 300 ئادەم، يەنى 1.56% كۆپەيگەن، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە، ئەرلەر 8 مىليون 244 مىڭ 822 بولۇپ، 51.36%نى ئىگىلەيدۇ، ئاياللار 7 مىليون 807 مىڭ 826 بولۇپ، 48.64%نى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 624 مىڭ 334 بولۇپ، 66.18%نى ئىگىلەيدۇ، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 5 مىليون 428 مىڭ 314 بولۇپ، 33.82%نى ئىگىلەيدۇ؛ شەھەر - بازار نوپۇسى 7 مىليون 430 مىڭ 412 بولۇپ، 46.29%نى ئىگىلەيدۇ، يېزا نوپۇسى 8 مىليون 622 مىڭ 236 بولۇپ، 53.71%نى ئىگىلەيدۇ. 1993 - يىلى ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.85‰ بولدى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ ۋە تىرىكچىلىك

---

ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى مۇقىم راۋاجلاندى، مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.1% ئاشتى.

تاشقى سودىدا گۈرۈلە ئۆستۈنلۈكى، جۇغراپىيىلىك ئۆستۈنلۈك ۋە كەسىپ ئۆستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا پائال تۈردە بازار ئېچىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 140 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 91.5% ئاشتى.

مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش، مۇھىت ئاسراش، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىشلار ئىسلاھات جەريانىدا تەرەققىي قىلدى، بۇ جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

---

ئىزاھات: (1) ئاخباراتتىكى تۈرلۈك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە دائىر سانلىق ئاساسلار شۇ يىللىق باھا بويىچە ھېسابلاندى، ئېشىش سۈرئىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

(2) ئاخباراتتىكى سانلىق ئاساسلار «يىللىق تېز خەۋەرلەر گېزىتى» دىكى سانلىق ئاساسلاردىن ئىبارەت.

(3) يېزا - بازار كارخانىلىرىغا دائىر سانلىق مەلۇمات بىكتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىلىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر بىر-بىرىگە ياردەم قىلىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۆزئارا سىڭىشىپ، تەدرىجىي ھالدا، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تاماملىغان. شىنجاڭدا ئازادلىققىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر شىنجاڭ تەۋەسىدە 40 نەچچە مىللەت بار. 1993 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 10 مىليون 15 مىڭ 949 غا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 149 مىڭ 600 ئادەم، يەنى %1.52 ئاشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 62.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 1993 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ۋە شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، تۈرلۈك ئىشلاردا خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 49 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %9.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرغان، يەنى 1992 - يىلدىكىدىن ئىككى دەرىجە ئۆسكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 3 - كەسىپنىڭ ئاشقان قىممىتى 15 مىليارد 282 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.3 ئېشىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

يېزا ئىگىلىكى مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 753 مىليون يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 18 مىليارد 491 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇردى، يەنى 1992 - يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ %3.9، ئورمانچىلىقنىڭ %10، چارۋىچىلىقنىڭ %5.4، بېلىقچىلىقنىڭ %3.9 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاشقان قىممىتى 13 مىليارد 144 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.5 ئېشىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 26.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئىچىدە ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق ۋە پاختىدا تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئېلىنغان ئاشلىق 7 مىليون 90 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %0.4 ئاشتى. ئېلىنغان پاختا 680 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى، يەنى %1.9 ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئېلىنغان قىزىلچا 2 مىليون 309 مىڭ 100 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 8 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %28 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئېلىنغان ياغلىق دان 370 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %3.9 ئاشتى. چوشقا، كالا، قوي گۆشى 341 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %6 ئاشتى. ئېلىنغان سۈت 370 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %2.9 ئاشتى. قولدا قالغان چوڭ چارۋا 5 مىليون 640 مىڭغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇردى. سۇ مەھسۇلاتى 28 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇردى، يەنى %8.4 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 56 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %27.3 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىنىڭ 0.96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليارد 811 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليارد 521 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇردى، يەنى 1992 - يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى. سانائەتنىڭ ئاشقان قىممىتى 15 مىليارد 314 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر 22 مىليون 331 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %1.3 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كۆمۈر مىقدارىنىڭ 1.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇردى. نېفىت 10 مىليون 341 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %24.3 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي نېفىتنىڭ 7.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 3 - ئورۇندا تۇردى. تارقىتىلغان توك 9 مىليارد 363 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %7.9 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان توك مىقدارىنىڭ 1.1

پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 26 ـ ئورۇندا تۇردى. چويۈن 553 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %19.2 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە چويۈن مىقدارىنىڭ 0.63 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 28 ـ ئورۇندا تۇردى. پولات 535 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %12.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پولات مىقدارىنىڭ 0.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 27 ـ ئورۇندا تۇردى. پولات ماتېرىيال 466 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %15.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پولات ماتېرىيال مىقدارىنىڭ 0.61 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 27ـئورۇندا تۇردى. سېمونت 4 مىليون 280 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە سېمونت مىقدارىنىڭ 1.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 21ـئورۇندا تۇردى، ياغاچ ماتېرىيال 271 مىڭ 600 كۇب مېترغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ياغاچ ماتېرىيال مىقدارىنىڭ 0.71 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 17ـئورۇندا تۇردى. گۈڭگۈرت كىسلاتاسى 51 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە گۈڭگۈرت كىسلاتاسى مىقدارىنىڭ 0.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 26ـئورۇندا تۇردى. خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 339 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارىنىڭ 1.64 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 19 ـ ئورۇندا تۇردى. رەخت 218 مىليون مېترغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە رەخت مىقدارىنىڭ 1.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 20 ـ ئورۇندا تۇردى. يىپ 129 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە يىپ مىقدارىنىڭ 2.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 13 ـ ئورۇندا تۇردى. تۇز 659 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە تۇز مىقدارىنىڭ 2.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 11 ـ ئورۇندا تۇردى. شېكەر 331 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە شېكەر مىقدارىنىڭ 4.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 6ـئورۇندا تۇردى. تېلېۋىزور 67 مىڭ 700 دانىگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە تېلېۋىزور مىقدارىنىڭ 0.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 26ـئورۇندا تۇردى. فابرىكا قەغىزى ۋە ماتېرىيالى 125 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە فابرىكا قەغىزى ۋە ماتېرىيالى مىقدارىنىڭ 0.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 24ـئورۇندا تۇردى. پىۋا 96 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە پىۋا مىقدارىنىڭ 0.78 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 22 ـ ئورۇندا تۇردى. ئاق هاراق 70 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئاق هاراق مىقدارىنىڭ 1.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 19 ـ ئورۇندا تۇردى. پاپىرۇس 130 مىڭ ساندۇققا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە پاپىرۇس مىقدارىنىڭ 0.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كونسېرۋا 41 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 25 ـ ئورۇندا تۇردى.

قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف مۇشۇ بىر يىلدا يۈك ئوبوروت مىقدارى 33 مىليارد 13 مىليون توننا / كىلومېترغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %6.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ 1.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 18 مىليارد 400 مىليون توننا/كىلومېترغا يېتىپ، %6.4 ئاشتى، تاشيولدا توشۇلغىنى 13 مىليارد 300 مىليون توننا / كىلومېترغا يېتىپ، %9 ئاشتى؛ ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىنىڭ 38 مىليون توننا/كىلومېترغا يېتىپ، %19.7 ئاشتى؛ تۇرۇبا يولىدا توشۇلغىنى 1 مىليارد 275 مىليون توننا/ كىلومېتر بولۇپ، %3.9 تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليارد 600 مىليون ئادەم/ كىلومېترغا يېتىپ، %5.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ 1.87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليارد ئادەم/كىلومېترغا يېتىپ، %13.6 ئاشتى؛ تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليارد 500 مىليون ئادەم/كىلومېترغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئايروپىلاندا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 100 مىليون ئادەم/كىلومېترغا يېتىپ، %16.7 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا ـ تېلېگرا كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %37.9 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف ئومۇمىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 0.86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ۋە بىناكارلىق جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد195مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992ـيىلدىكىدىن%36.4 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 1.95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تۇرلىرى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.9 ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 20 مىليارد 875 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36.8 ئاشتى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 28 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %61.4 ئاشتى؛ شەھەر ـ يېزىلاردىكى خۇسۇسىيلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17 ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 652 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.4 ئاشتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %89.3 ئاشتى؛ تاۋار ئۆي ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 475 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %98.7 ئاشتى؛ باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 623 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىلىرى ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 775 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %48.4 ئاشتى.

سودا ۋە مال باھاسى مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %17.5 ئاشتى، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %4 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 24 ـ ئورۇندا تۇردى. ئاھالىلەرگە سېتىلغىنى 14 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.8 ئاشتى؛ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا سېتىلغىنى 2 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.8 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى %112.6 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20-ئورۇندا تۇردى. ئاھالىلەر تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى %113 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-بازارلارنىڭ %113.6، يېزىلارنىڭ %110.8 بولدى. مۇلازىمەت باھا كۆرسەتكۈچى%115.7، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىياللارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھا كۆرسەتكۈچى %136.4، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھا كۆرسەتكۈچى %126.2، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ باھا كۆرسەتكۈچى %126.5، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھا كۆرسەتكۈچى %113 بولدى.

تاشقى سودا، ساياھەتچىلىك مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 912 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %30.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 495 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %22.8 ئاشتى. مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %80.2 ئېشىپ، تاشقى سودا بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 63.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 289 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %75.5 ئاشتى. ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 53 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، تاشقى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 241ى تەستىقلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان چېگرىدىن كىرگەن خەلقئارا ساياھەتچى 241 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %0.7 كۆپەيدى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %12.6 ئاشتى. كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچىلەر ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن مال سېتىۋالغىلى كەلگەن ساياھەتچى 126 مىڭ ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %5.3 ئازىيىپ كەتتى.

خەلق تۇرمۇشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2215.32 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %26.4 ئېشىپ (باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %11.2 ئاشتى)، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 122 يۈەن ئاز بولدى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 778 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %5 ئېشىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 143 يۈەن تۆۋەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا 111 مىڭ 300 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا شەھەر ـ بازارلاردا ئىش كۈتۈپ تۇرۇش نىسبىتى %3.6 بولدى. بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسى 10 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.2 ئاشتى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 3415 يۈەنگە يېتىپ، %24.5 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %10.2 ئاشتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار:

1. بازاردىكى مال باھاسى ئۆرلىگەن پېتى تۆۋەنلىمىدى. مۇشۇ بىر يىلدا پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، 1 ـ ئايدا %8.4 بولدى، 4 ـ ئايدا ئىككى خانىلىق سانغا يەتكەندىن كېيىن باشتىن ئاخىر يۇقىرى بولدى، 12 ـ ئايدا %18.8كە يەتتى، دېمەك، مۇشۇ بىر يىلدا %12.6كە يەتتى، ئامما باھانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلدى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنۇلار: 1) 1992 ـ يىلدىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ ئارقىدا قېلىشى سەۋەب بولدى؛ 2) مال باھاسى ئىسلاھاتىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىشى باھانىڭ ئۆزگىرىش قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسەتتى؛ 3) مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى؛ 4) بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ باھا ئىسلاھاتى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، باھانى كەلسە ـ كەلمەس ئۆستۈرۈشى، ئەگىشىپ ئۆستۈرۈشى، شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆستۈرۈشى ياخشى تىزگىنلەنمىدى.

2. يېزا ئىگىلىكىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان يوشۇرۇن ئاپەتلەر ھېلى ھەم مەۋجۇت، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى نىسبىي ھالدا ئازىيىپ كەتتى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ زاپاس كۈچى يېتىشمەيدۇ، بەزى يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ قىسقارتىلىشى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى

## قوشۇمچە 1

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىش جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست بەش | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر15 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | يېزا 670 |
| ۋىلايەت سەككىز | ناھىيە 64 | رايونلۇق مەھكىمە 12 | مىللىي يېزا 42 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر ئىككى | ئاپتونوم ناھىيە ئالتە | بازار 132 | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى 116 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | | | قاراشلىق رايون، بازار، يېزا، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، رايونلۇق مەھكىمە |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «جەنۇبىي ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، «شىمالىي ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭمەن، «شىمالىي شىنخۇا» كوچىسى، «جەنۇبىي شىنخۇا» كوچىسى، «ياشلار» كوچىسى، ئۆلانباي، «بەخت» كوچىسى |
| | | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «چاڭجياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، «جەنۇبىي دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۆيەنگەي، شىمەن، يامالىق تېغى، «شىمالىي دوستلۇق» كوچىسى |
| | | تودۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى - سانجى كوچىسى، ۋاڭجياگۇ |
| | | شىمىگو رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: شىمىگۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان |
| | | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۈلۈڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شىمالىي ۋوكزال، «شەرقىي قەشقەر» كوچىسى |
| | | نەنسەن كان رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: ئېۋۇرغول، شىخو |
| | | دۇڭسەن رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| | | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: داۋانچىڭ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، داۋان، چىداۋان، ئەرگۈلۈڭ، دىۋوپۇ، ئەنەنچۇ، چىڭگىداغۇ، سىشىخۇ، ليۇشىغۇ، سارداۋان، يۇڭفېڭ، گەنگۇ، شياۋچۇزى، بەنفاڭگۇ، شۇيشىگۇ، سەيۇوپۇ، تولى |
| قاراماي شەھىرى | | | رايونلار: قاراماي، جەرەنبۇلاق، مايتاغ، ئورخۇ؛ يېزىلار: ئورخۇ، شۇگەي؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، ئاقبۇلاق، جىنلوڭ بازىرى، تاڭشىتەڭ بازىرى |
| شىخەنزە شەھىرى | | | يېزا: شىخەنزە؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، خوڭسەن، كونا بازار |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «شەرقىي ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «غەربىي بېيجىڭ» كوچىسى، «غەربىي ئۈرۈمچى» كوچىسى، پويىز ئىستانسىسى |
| | ئىلى ۋىلايىتى | غۇلجا شەھىرى | يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كىپەكيۈزى، توغراق، بايانداي، يېڭىيەر؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: سايبويى، چوڭكۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى |
| | | غۇلجا ناھىيىسى | بازارلار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۆرپانيۈزى، خۇدىيار يۈزى، موللاتوختىيۈزى، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچۈن، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارائۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۆچۈن خۇيزۇ يېزىسى |
| | | قورغاس ناھىيىسى | بازارلار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، ساربۇلاق، كۆرە، داشگۇر، لوسىگۇڭ، ئىچكاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سۇۋېتاي، قاراسۇ، ياقا ئۆلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۆلاستاي، كىبەڭ، قاراتۆپە، قوجۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خوسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |
| | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلۆزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرغىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، تىكتېرىق، ئاقتۆبەك |
| | | كۈنەس ناھىيىسى | بازارلار: كۈنەس، زېكتى؛ يېزىلار: بەشتۆپە، ئارالتۆبە، كەڭسۇ، تالدى، نارات، قارابۇرا، ئالمالى، تۆرگېن |
| | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: چاپچال، ئايشىن سىرى؛ يېزىلار: سۇنجاچىنىرۇ، ناداچىنىرۇ، جاقۇچىنىرۇ، كان يېزىسى، قومۇنچى، قايىنۇق، جاغىستاي، چوڭ بوغرا، دۈيچىنىرۇ، چوقۇر، تاشلىقبۇلاق خۇيزۇ يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | يېزىلار: ئەركۆلك، ئىمىل، قاراقاپاق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلىقبولاق، ئاشلى داغۇر يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: تىنچلىق، دۆبېك، بېغىشەھەر |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى يېزىسى، شاڭخۇ، ئۇس، قاراسۇ، قارائىمىل، جېلىئاغاش، مارالسۇ، كۆرتى، كۆزە، ئىمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى، خۆجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭاجەر، جىيەك، ئالتۇن ئىمىل، جېگىس |
| | | تولى ناھىيىسى | بازارلار: تولى، تېمىرتام، ئوت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىر، كۆپ، ئۆرشۆلت |
| | | شخو ناھىيىسى | بازارلار: شخو، خاتۇبۇغ، بەيياڭگو، خواڭگۈلك، چېپەيزە؛ يېزىلار: باشىسخو، جۇجيەنلۇ، شىخو، شىداگو، گەنخوزا، خۇماليالڭ، چىگىشور، جاخوزا، ئاشكۆۋرۈك، تۇتەي، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابلىغات موڭغۇل يېزىسى |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندوخوزا؛ يېزىلار: دۇڭگۇەن، شگوبى، باجاخو، ئۇلانئۇس، قورغاس، داچۇەن، يەنسىخەي، يۈەنشىگۈلك، بورتۇڭگې، كوناساۋەن، سىداۋخوزا، شاڭخودى، ليۇماۋۋەن |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: قوشتولغاي، قوبۇقسار؛ يېزىلار: شازىمەت، تىبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆتگې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | بازار: بېيتۈن؛ يېزىلار: خۇڭدۈك، ئاۋىيتان، شىمىرشىك، ئالاقاق، قاراشلىك، سارخولسۈن، بالباغاي، شىرىكشي، قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايىلما، سارىبولاق، تېرەكتى، كۆلباي، جىبار |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلەتى، قوستىق، چوڭقۇر، ئېگىز تۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتئارال، كۆكتاغاش، شىغانجىيىدە، قارامغاي، ئاردا |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازارلار: قۇئېرتىش، كۆكتوقاي؛ يېزىلار: تۇرغۇن، قاراتوڭگې، كۆرتى، قارابۇلغىن، دۆرپ، تېمىكى |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆبە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | بورتالا شەھىرى | بازارلار: شويىگېپەن، دالتۇ؛ يېزىلار: چىندىبل، ئوتبولاق، بىلىن خارمۇدۇن؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: چىندىبل، گۈلۈمتۇ، كىرگىنزو، سايرام، چىڭدالا، بورتالا پويىز ئىستانسىسى، «شەرق شاملى» كوچىسى |
| | | جىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئۇتەي؛ بازارلار: جىڭ، داخيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبولاق، تولى، تودوگ |
| | | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازارلار: بۆگدۆر، خاربوخ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىگ، چاغانتوڭگې، تاشۇ، زالمۇت |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | سانجى شەھىرى | بازار: ليۇخواڭگو؛ يېزىلار: سەنگۈك، ئەرليۇگۈك، يۈشۇگو، داشىچۇ، ديەنبا، بىنخۇ، ليۇگۈك، ئاشلى قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كونا شەھەر، «شىمالىي يەنئەن» كوچىسى، «جەنۇبىي يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| | | مىچۇەن ناھىيىسى | بازارلار: گۇمۇدى، تيېچاڭگو، چاڭسەنزە، سەندوبا؛ يېزىلار: ياڭماۋگۈك، بەيياڭخې قازاق يېزىسى |
| | | ماناس ناھىيىسى | بازارلار: ماناس، لوتۇبى، باۋجيادەن؛ يېزىلار: تۇگۈك، لياڭجۇخۇ، گۇاڭدۇڭدى، لەنجۇۋەن، بەيۇۋچا، ليۇخۇدى، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازارلار: قۇتۇبى، داقىلق، چۆرگول؛ يېزىلار: ئەرشىلىدەن، باغچى، ۋۇگۇڭتەي، تاشبەلەمپەي قازاق يېزىسى |
| | | فۇكاڭ شەھىرى | بازار: گەنخېزا؛ يېزىلار: بازار، جيۇيۇڭگەي، زىنىجۇەنزە، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاقغول قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، «شەرقىي جۇڭغار» كوچىسى |
| | | جىمسار ناھىيىسى | بازارلار: جىمسار، سەنتەي؛ يېزىلار: ئەركۈك، بېيتىڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ، چۇەنزىگەي |
| | | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازارلار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي؛ يېزىلار: بەنجيېگو، بىليۇخې، جىبىكى، دۇڭگۇەن، شىبيۇەن، شىدى، كارىز، گۇچۇڭ، چىخۇ، سەنگجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۇەن تاتار يېزىسى |
| | | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى؛ يېزىلار: ئىنگىنبولاق، شىجىر، دۇڭچىڭ، جاۋبىسەن، شىسنخو، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | تۇرپان شەھىرى | بازارلار: چىچان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «ئىدىقۇت» كوچىسى |
| | | توقسۇن ناھىيىسى | بازارلار: توقسۇن، كۆمۈش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، كۆلبويى، ئىلانلىق، بوستان |
| | | پىچان ناھىيىسى | بازارلار: پىچان، لۇكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى؛ يېزىلار: پىچان، چىقتىم، لەمجىن، دالانكارىز، دىغار، تۇيۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | بازارلار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق؛ يېزىلار: تاشۆيلىق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۆر، شەھەرئىچى، راھەتباغ، بوغاز، ئاستانە، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، كېدىر، دەۋلەتدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى |
| | ئارائۇرۈك ناھىيىسى | بازار: ئارائۇرۈك؛ يېزىلار: نوم، ئاداق، باي، تۆركۆل، تۆخۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |
| | بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: بارىكۆل، بۇرچۇنچى؛ يېزىلار: سارچوقا، كۆلياقا، شىالوبا، داخې، كۆيسۇ، شىرىنزا، خۋايۇەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاگزى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | بازارلار: تېكىچى، چارباغ، پۇخۇي، ئاۋات، توۋۇرچى، قوشئېرىق، قارايۇلغۇن، لەڭگەر، يېڭىشەھەر، شاڭخۇ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كورلا، «تەڭرىتاغ»، تاشدەن، يېڭىشەھەر، «ئىتتىپاق» |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازارلار: خېجىڭ، بالغۇنتاي؛ يېزىلار: نەمىنمودون، شەلمىر بوغ، خارمودون، بارۇن خارمودون، كىرغوت، ئالغۇ، ئۇلجېيتتۇل، باياناغول، باياننۇل، كۆنگۈسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋۈلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، ئاغارچى، سوخاتۇ، نەرىنكىر، ئۇششاقتال خويزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش؛ يېزىلار: ئابانجۆكۆن، بۇمبۇت، ئۇلانجېكىسېن، چاغاننۇر، چېكىننۇر، باغراش |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر؛ يېزىلار: دادۆلان، قاراباغ، چۇمپاق، ئاقبۇلاق، يېڭىسار، چېدىر، سوخۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسوپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازارلار: چاقىلىق، يېتىمبۇلاق؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۆتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنتاغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، ئاتىراڭ، ئاچچان، قوراملىق، ئويىيايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، يۇڭنىڭ، دەنزىل، بورقاي، چاغانچېكە، شىكشىن |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | يېزىلار: ئىگەرچى، بەشتوگمەن، قاراتال، توپلۇق، قۇمباش، ئايكۆل، توقاي؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر |
| | ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى | بازار: ئاقسۇ كوناشەھەر؛ يېزىلار: توخولا، ئارال، چاغراق، تومشۇق، چام، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، سايرام، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىچىغ، ئوتباش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا؛ يېزىلار: ئۇچار، ئىشخىلا، ئوچئۆستەڭ، ئالاقاغا، بېھشباغ، چىمەن، خانىقاتام، دۆڭقوتان، ياقا، ئاقئۆستەڭ، ئۆزۈن، ئاغى، تارىم؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: يېڭىشەھەر، رەستە، ساقساق، قىرتاش |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ؛ يېزىلار: ئىچېئېرىق، پەيشەنبەبازار، تاشئېرىق، ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئوچقات |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار؛ يېزىلار: گۈلباغ، تويبولدى، قىزىلبايراق، يېڭىمەھەللە، قايلور، نۇرباغ، تارىم |
| | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۇچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىماملىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات؛ يېزىلار: ئايباغ، ئامتوغراق، غورۇچۆل، بەشئېرىق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كانتايلاق، تۇگۇرمىتى، قاراجول؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «بەخت»، «نۇر» |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپارباي، سومتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازارلار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بۆرىتوقاي، قىزىلئۆي، تويۇن، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| | ئاقتو ناھىيىسى | بازارلار: ئاقتو، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۆجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتو، چارلۇڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قوغدەرۋازا |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلە، سەمەن، خانئېرىق، لەڭگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى | بازارلار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، بايچان؛ يېزىلار: يارىن، باندۇما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازارلار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازارلار: يارىن، شېكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، كۆللۈك، ئۆدەكلىك |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سېيەك، يەكشەنبەبازار، ئەشمە، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقوم |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: شەھەر يېزىسى، چولپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توبلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سېيىتلە، ئېگىزيەر |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شىپىتدۆڭ، يانتاق، تۆمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭغىتلىق، قورما |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمىلەر: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازارلار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خانئېرىق، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقائېرىق، ئىشقول، مىشا، پەكمچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامسى، زەرەپشان تاجىك يېزىسى |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازارلار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۇيلۇق تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازارلار: قاغىلىق، چارباغ، ئۇششارباش؛ يېزىلار: لوق، باشئېرىق، تىتىر، چاسامەسچىت، توگىچى، جاڭگىلىئەسكى، جايتېرەك، يارىن، غوجائېرىق، شاخاپ، يىلغىچى، چىپان، سايباغ، يېتىمىلىقوم، زۇڭلاڭ، كۆكيار، شىخشۇ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «يېڭى بازار» كوچىسى، «مەدەنىيەت» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ماڭيا» كوچىسى |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بۇرۇمسال، داتوڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۇجانباغ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۇجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇساللا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، سىغىزكۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى، لاڭرۇ |
| | گۇما ناھىيىسى | بازارلار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكويلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، باشلەڭگەر، كىلياڭ، ناۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقسراي، جاهانباغ، سايباغ، ئورچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۇيا، ياۋا، قاراساي، توۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | لوپ ناھىيىسى | بازارلار: لوپ، بوزۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، سامپۇل، ناۋا، چارباغ، هاڭگىبا، دول، بەشتوغراق |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازارلار: مۇغاللا، شەنبەبازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، لەڭگەر، ئارال، ئارش، ئىسپەك، توغراغاز، قارقى، شىۋول، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريابويى |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۇلاخما، دامىكو، چاقا، ئۇلۇغساي، نورى، بوستان |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغوزەك، يېيىق، ئەندىر |

يى بىلڭ

شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

3. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى مەسىلىلەر يەنىلا گەۋدىلىك بولدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دۇچ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) تۈزۈلمە راۋان بولمىدى، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك نىزاملار ئەمەلىيلەشمىدى؛ 2) مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى بىرلا خىل، سۈپىتى تۆۋەن، باھاسى يۇقىرى، سەۋىيىسى تۆۋەن، رىقابەت كۈچى ئاجىز، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى تۆۋەن؛ 3) كارخانىلارنىڭ مەبلىغى قىس بولۇش بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى تەڭ مەۋجۇت؛ 4) تۆمۈريول جەھەتتىكى چەكلىمە يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نەق پۇل پېرېۋوت سودىسى جەھەتتىكى ئېكسپورتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ئورنىنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشى، بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئىختىساسلىق خادىم ۋە مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت.

جۇڭ چېڭ

ليۇ ۋېنجۇ

ۋۇ جۈن

قوشۇمچە 2

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىش ۋە مىللىي تەركىب جەدۋىلى

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 16052648 | 7589468 | 6036700 | 1196416 | 732294 | 154282 | 149198 | 36785 | 8563 | 36108 | 12782 | 4440 | 18856 | 5827 | 70929 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1379327 | 173788 | 1007478 | 39889 | 135177 | 760 | 4680 | 2874 | 2222 | 149 | 944 | 573 | 6939 | 293 | 3561 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1222167 | 162790 | 934175 | 15667 | 87442 | 747 | 4502 | 2840 | 2169 | 149 | 858 | 505 | 6795 | 289 | 3239 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 157160 | 10998 | 73303 | 24222 | 47735 | 13 | 178 | 34 | 53 | 0 | 86 | 68 | 144 | 4 | 322 |
| قاراماي شەھىرى | 220088 | 33939 | 116356 | 8744 | 5652 | 94 | 1613 | 599 | 424 | 26 | 149 | 46 | 790 | 93 | 1563 |
| شىخەنزە شەھىرى | 536071 | 5587 | 511576 | 2895 | 11977 | 40 | 491 | 106 | 203 | 27 | 15 | 1 | 646 | 15 | 2492 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 497839 | 365885 | 97755 | 198 | 33271 | 19 | 58 | 27 | 37 | 1 | 2 | 0 | 267 | 3 | 316 |
| تۇرپان شەھىرى | 230291 | 165252 | 47238 | 29 | 17359 | 0 | 15 | 17 | 31 | 1 | 2 | 0 | 156 | 3 | 188 |
| پىچان ناھىيىسى | 166556 | 124135 | 33301 | 14 | 8913 | 19 | 12 | 10 | 5 | 0 | 0 | 0 | 82 | 0 | 65 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 100992 | 76498 | 17216 | 155 | 6999 | 0 | 31 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 29 | 0 | 63 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 425008 | 87025 | 280595 | 40363 | 12971 | 3 | 1841 | 93 | 77 | 0 | 3 | 57 | 1418 | 1 | 561 |
| قۇمۇل شەھىرى | 306173 | 78574 | 203567 | 9305 | 12213 | 3 | 492 | 84 | 61 | 0 | 2 | 1 | 1382 | 1 | 488 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 100446 | 148 | 70795 | 27743 | 278 | 0 | 1343 | 8 | 16 | 0 | 0 | 56 | 22 | 0 | 37 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 18389 | 8303 | 6233 | 3315 | 480 | 0 | 6 | 1 | 0 | 0 | 1 | 0 | 14 | 0 | 36 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 139303 | 53894 | 1000234 | 113950 | 154498 | 121 | 4926 | 354 | 528 | 45 | 2198 | 971 | 2677 | 48 | 4859 |
| سانجى شەھىرى | 293053 | 8304 | 222731 | 15760 | 42377 | 49 | 665 | 162 | 226 | 12 | 133 | 89 | 923 | 11 | 1611 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 132535 | 6745 | 97809 | 10965 | 15795 | 14 | 251 | 51 | 59 | 0 | 4 | 28 | 125 | 7 | 682 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 155142 | 4846 | 96089 | 3249 | 49595 | 17 | 378 | 22 | 70 | 4 | 1 | 6 | 202 | 21 | 642 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 176003 | 5006 | 136114 | 21036 | 12408 | 0 | 119 | 32 | 51 | 0 | 2 | 43 | 183 | 4 | 978 |
| ماناس ناھىيىسى | 149793 | 4352 | 122904 | 16084 | 5855 | 34 | 50 | 23 | 78 | 0 | 7 | 28 | 122 | 5 | 251 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 216303 | 14614 | 168363 | 18965 | 10705 | 4 | 1177 | 30 | 20 | 29 | 644 | 470 | 924 | 0 | 358 |
| جىمسار ناھىيىسى | 128088 | 5894 | 93113 | 8781 | 17043 | 3 | 2278 | 27 | 16 | 0 | 345 | 217 | 161 | 0 | 210 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 88386 | 4133 | 63111 | 19083 | 720 | 0 | 8 | 7 | 8 | 0 | 1062 | 90 | 37 | 0 | 127 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 3496233 | 567795 | 1546680 | 921214 | 282329 | 16364 | 63680 | 31342 | 4371 | 94 | 5423 | 2596 | 4003 | 5201 | 4914 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 231585 | 646 | 220858 | 3149 | 5261 | 23 | 574 | 178 | 40 | 3 | 6 | 5 | 314 | 24 | 504 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1899039 | 513989 | 619284 | 439604 | 204730 | 14336 | 26655 | 29576 | 1121 | 70 | 4916 | 855 | 2917 | 447 | 40539 |
| غۇلجا شەھىرى | 284258 | 140852 | 96314 | 12886 | 24219 | 266 | 594 | 2723 | 542 | 38 | 2998 | 208 | 1210 | 37 | 1398 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 344583 | 170130 | 64881 | 36798 | 50667 | 245 | 176 | 217 | 44 | 1 | 290 | 35 | 703 | 6 | 20390 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 152473 | 38987 | 54540 | 31010 | 5790 | 328 | 350 | 20535 | 91 | 6 | 70 | 20 | 100 | 7 | 639 |
| قورغاس ناھىيىسى | 314155 | 65335 | 143077 | 27082 | 61113 | 364 | 544 | 2963 | 165 | 0 | 128 | 73 | 329 | 315 | 12667 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 138098 | 31593 | 43825 | 41954 | 15687 | 420 | 179 | 1427 | 87 | 22 | 154 | 153 | 262 | 35 | 2300 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 255499 | 24114 | 103010 | 111229 | 14107 | 778 | 68 | 440 | 120 | 1 | 544 | 114 | 120 | 0 | 854 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 139830 | 13942 | 41379 | 64468 | 3515 | 3715 | 11869 | 67 | 33 | 1 | 191 | 238 | 26 | 0 | 386 |
| تېكەس ناھىيىسى | 133432 | 13264 | 33032 | 54037 | 17978 | 7533 | 5282 | 580 | 17 | 1 | 411 | 12 | 110 | 0 | 1175 |
| نىلقا ناھىيىسى | 136711 | 15799 | 39226 | 60140 | 11654 | 687 | 7593 | 624 | 22 | 0 | 130 | 2 | 57 | 47 | 730 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 827289 | 38557 | 477448 | 208538 | 53706 | 1938 | 31228 | 1529 | 2838 | 21 | 264 | 480 | 548 | 4720 | 5474 |
| چۆچەك شەھىرى | 136677 | 4675 | 87844 | 20951 | 9417 | 1595 | 1327 | 1222 | 1964 | 1 | 127 | 248 | 201 | 4593 | 2512 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 170398 | 7852 | 92493 | 57596 | 5163 | 287 | 5109 | 59 | 445 | 8 | 80 | 51 | 59 | 37 | 1159 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شخو ناھىيىسى | 177147 | 15590 | 111571 | 20909 | 20755 | 0 | 7744 | 51 | 109 | 0 | 12 | 23 | 89 | 10 | 284 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 172190 | 7907 | 118503 | 30016 | 14585 | 13 | 247 | 25 | 69 | 0 | 19 | 46 | 103 | 6 | 651 |
| تولى ناھىيىسى | 75793 | 1213 | 21485 | 51426 | 813 | 32 | 503 | 55 | 10 | 0 | 7 | 31 | 50 | 6 | 162 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 47622 | 229 | 28805 | 14896 | 2564 | 3 | 145 | 47 | 201 | 0 | 0 | 15 | 22 | 38 | 657 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 47462 | 1091 | 16747 | 12744 | 409 | 8 | 16153 | 70 | 40 | 12 | 19 | 66 | 24 | 30 | 49 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 538320 | 10603 | 229090 | 269923 | 18632 | 67 | 5223 | 59 | 372 | 0 | 237 | 1256 | 224 | 10 | 2624 |
| ئالتاي شەھىرى | 187918 | 4818 | 112507 | 61425 | 5621 | 9 | 2128 | 36 | 151 | 0 | 124 | 480 | 122 | 0 | 497 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 59600 | 1088 | 19008 | 33161 | 3502 | 0 | 1654 | 0 | 142 | 0 | 13 | 341 | 1 | 0 | 690 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 83105 | 2747 | 23653 | 54110 | 1877 | 12 | 191 | 13 | 56 | 0 | 41 | 72 | 38 | 10 | 285 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 58184 | 585 | 32865 | 22588 | 1673 | 0 | 121 | 4 | 15 | 0 | 0 | 55 | 28 | 0 | 250 |
| قابا ناھىيىسى | 66751 | 369 | 19835 | 41158 | 4253 | 0 | 434 | 0 | 0 | 0 | 19 | 56 | 0 | 0 | 628 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 49828 | 628 | 9583 | 37357 | 1105 | 11 | 683 | 6 | 1 | 0 | 26 | 230 | 7 | 0 | 191 |
| جېمنەي ناھىيىسى | 32934 | 368 | 11640 | 20124 | 601 | 35 | 12 | 0 | 7 | 0 | 14 | 22 | 28 | 0 | 83 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 354113 | 48386 | 228339 | 37440 | 11857 | 107 | 25403 | 262 | 134 | 5 | 102 | 11 | 264 | 11 | 1792 |
| بورتالا شەھىرى | 176214 | 31890 | 110987 | 15192 | 6513 | 31 | 10554 | 200 | 118 | 4 | 62 | 10 | 186 | 4 | 463 |
| جىڭ ناھىيىسى | 106963 | 13364 | 73725 | 10964 | 3622 | 18 | 4329 | 28 | 14 | 1 | 19 | 1 | 42 | 0 | 836 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 70936 | 3132 | 43627 | 11284 | 1722 | 58 | 10520 | 34 | 2 | 0 | 21 | 0 | 36 | 7 | 493 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 914222 | 320475 | 498113 | 1052 | 47828 | 147 | 43433 | 81 | 165 | 8 | 52 | 1 | 611 | 6 | 2250 |
| كورلا شەھىرى | 290202 | 88329 | 191830 | 44 | 6216 | 6 | 2453 | 67 | 134 | 0 | 22 | 0 | 392 | 1 | 708 |
| بۆگۈر ناھىيىسى | 81712 | 74413 | 7025 | 5 | 240 | 1 | 6 | 0 | 0 | 5 | 0 | 0 | 13 | 0 | 4 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 84427 | 25718 | 57927 | 35 | 525 | 2 | 19 | 2 | 4 | 0 | 5 | 0 | 19 | 5 | 166 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 29317 | 11331 | 17379 | 0 | 451 | 0 | 18 | 0 | 0 | 0 | 4 | 1 | 0 | 0 | 133 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چەرچەن ناھىيىسى | 46349 | 38219 | 8038 | 2 | 62 | 0 | 2 | 5 | 0 | 0 | 6 | 0 | 8 | 0 | 7 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 108743 | 31507 | 48522 | 34 | 25125 | 65 | 3103 | 0 | 5 | 0 | 14 | 0 | 41 | 0 | 327 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 167829 | 36345 | 95817 | 885 | 5514 | 69 | 28493 | 7 | 15 | 3 | 1 | 0 | 81 | 0 | 599 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 56510 | 7826 | 37960 | 36 | 5194 | 0 | 5303 | 0 | 7 | 0 | 0 | 0 | 36 | 0 | 148 |
| باغراش ناھىيىسى | 48891 | 6787 | 33615 | 11 | 4501 | 4 | 4036 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 21 | 0 | 158 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 1798730 | 1394314 | 380744 | 93 | 12266 | 8623 | 345 | 56 | 109 | 3 | 145 | 4 | 354 | 0 | 1674 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 425856 | 188764 | 231095 | 26 | 4284 | 94 | 265 | 20 | 52 | 1 | 10 | 0 | 209 | 0 | 1036 |
| ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى | 185225 | 143226 | 37112 | 0 | 1071 | 3440 | 13 | 0 | 2 | 0 | 0 | 0 | 53 | 0 | 308 |
| كۇچا ناھىيىسى | 345771 | 313270 | 30353 | 10 | 1845 | 105 | 16 | 9 | 20 | 2 | 15 | 0 | 54 | 0 | 72 |
| شايار ناھىيىسى | 169302 | 147444 | 21057 | 35 | 1560 | 9 | 24 | 27 | 20 | 0 | 3 | 2 | 16 | 0 | 5 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 121977 | 116996 | 4684 | 10 | 242 | 5 | 4 | 0 | 7 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 29 |
| باي ناھىيىسى | 177212 | 159897 | 15749 | 5 | 728 | 811 | 5 | 0 | 0 | 0 | 5 | 0 | 5 | 0 | 7 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 165043 | 147686 | 11590 | 1 | 1450 | 4099 | 7 | 0 | 0 | 0 | 106 | 2 | 7 | 0 | 95 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 170814 | 140598 | 28960 | 6 | 1075 | 18 | 11 | 0 | 8 | 0 | 6 | 0 | 10 | 0 | 122 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 37530 | 36433 | 1044 | 0 | 11 | 42 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** | 397831 | 257080 | 17655 | 40 | 330 | 118121 | 15 | 5 | 1 | 4413 | 78 | 22 | 14 | 1 | 56 |
| ئاتۇش شەھىرى | 176449 | 144844 | 9805 | 17 | 74 | 21616 | 12 | 0 | 0 | 12 | 21 | 1 | 5 | 0 | 42 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 148128 | 102597 | 2976 | 10 | 169 | 37911 | 2 | 0 | 0 | 4401 | 33 | 21 | 0 | 0 | 8 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 32464 | 1514 | 2108 | 10 | 53 | 28776 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 40790 | 8126 | 2766 | 3 | 34 | 29818 | 1 | 5 | 1 | 0 | 24 | 0 | 9 | 1 | 3 |
| **قەشقەر ۋىلايىتى** | 2959940 | 2684404 | 231543 | 164 | 4394 | 5187 | 169 | 54 | 66 | 29474 | 3324 | 35 | 367 | 8 | 751 |
| قەشقەر شەھىرى | 236019 | 176057 | 56997 | 40 | 1159 | 143 | 60 | 32 | 37 | 150 | 914 | 11 | 185 | 0 | 234 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 348706 | 344828 | 3113 | 7 | 75 | 604 | 8 | 0 | 0 | 6 | 54 | 2 | 0 | 0 | 9 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 250648 | 233457 | 16506 | 9 | 194 | 396 | 2 | 5 | 4 | 3 | 42 | 4 | 6 | 4 | 16 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 195560 | 191805 | 3051 | 0 | 30 | 623 | 0 | 0 | 5 | 14 | 16 | 1 | 15 | 0 | 0 |
| پوسكام ناھىيىسى | 141486 | 113939 | 23982 | 0 | 297 | 77 | 9 | 0 | 1 | 3096 | 29 | 0 | 8 | 4 | 62 |
| يەكەن ناھىيىسى | 547424 | 522657 | 19851 | 0 | 736 | 820 | 20 | 0 | 6 | 2074 | 1186 | 9 | 31 | 0 | 26 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 330684 | 308388 | 18470 | 33 | 570 | 893 | 10 | 7 | 1 | 1386 | 867 | 8 | 17 | 0 | 34 |
| مەكىت ناھىيىسى | 176063 | 142100 | 33443 | 1 | 361 | 7 | 4 | 8 | 5 | 0 | 26 | 0 | 18 | 0 | 98 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 115667 | 110976 | 4567 | 5 | 67 | 0 | 3 | 4 | 0 | 0 | 11 | 0 | 19 | 0 | 15 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 274749 | 270391 | 4174 | 27 | 45 | 33 | 0 | 0 | 0 | 1 | 57 | 0 | 10 | 0 | 1 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 316313 | 268101 | 46765 | 34 | 863 | 71 | 53 | 4 | 7 | 0 | 121 | 0 | 58 | 0 | 236 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 26621 | 1705 | 624 | 0 | 15 | 1520 | 0 | 2 | 0 | 22744 | 1 | 0 | 0 | 0 | 10 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1453322 | 1408675 | 41698 | 72 | 926 | 788 | 24 | 0 | 9 | 949 | 23 | 11 | 28 | 0 | 119 |
| خوتەن شەھىرى | 140233 | 117438 | 22308 | 18 | 390 | 15 | 10 | 0 | 9 | 2 | 0 | 10 | 14 | 0 | 19 |
| خوتەن ناھىيىسى | 223521 | 222256 | 1044 | 0 | 221 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 346993 | 342187 | 4710 | 1 | 72 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 7 | 0 | 7 |
| گۇما ناھىيىسى | 199485 | 194903 | 2806 | 0 | 36 | 751 | 1 | 0 | 0 | 947 | 1 | 0 | 0 | 0 | 40 |
| لوپ ناھىيىسى | 203616 | 200315 | 3215 | 36 | 48 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| چىرا ناھىيىسى | 123780 | 121165 | 2552 | 1 | 33 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 13 | 0 | 0 | 0 | 16 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 186120 | 183152 | 2787 | 16 | 119 | 1 | 3 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 7 | 0 | 35 |
| نىيە ناھىيىسى | 29574 | 27259 | 2276 | 0 | 7 | 20 | 9 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 0 | 2 |

ئەسكەرتىش: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي سان 1993 - يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانىنى كۆرسىتىدۇ، ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇم قىلغان يىللىق سانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى

# 1993 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## 1 - ئاي

**1 - كۈنى**

△ ئەسلىدىكى «شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى» گېزىتى «ئاسىيا كىندىكى» گە ئۆزگەرتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بولدى.

**2 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل بازاردىن 1045ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 156 سى كەسپىي بازار، بۇ بازارلارنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 2 مىليارد 650 مىليون يۈەن بولدى.

**4 - كۈندىن 6 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پەن - تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا ئورگانلىرىدىن كەلگەن 450تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا ئاپتونوم رايون پەن - تېخنىكىسىنىڭ ۋە پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى يېڭى تېمىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى.

**5 - كۈنى**

△ ئاپتونومىيىمىزدىكى ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلق داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتى باشلانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئىككىنى ھىمايە قىلىشبويىچە نەمۇنە شەھەر (ناھىيە)» دەپ نام بەرگەن سانجى شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، بورتالا شەھىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن ئىبارەت يەتتە شەھەر (ناھىيە) جاكارلاندى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تا ئىلغار 36 كوللېكتىپ ۋە 24 شەخس تەقدىرلەندى.

**6 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتمە چىقىرىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ۋۇمىڭجۇ، ياڭ شۇشىن، خەن جۇڭ، يې ماڭخۇا، جۇيۇڭچىڭ، خۇڭ شېڭدىن ئىبارەت ئالتە نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىنى جەمئىي 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى.

**7 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپپارات ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا بېكىتمە» چىقاردى.

**8 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 28 ساھەدىن 416 ئەزا قاتناشتى. جانابىل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى ۋە تەكلىپلەرنىڭ قاراپ چىقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ماقۇللاندى.

**10 - كۈندىن 18 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 540 كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 522 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونومىيىمىزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى؛ ھامىدىن نىياز خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، يىغىندا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات» قاتارلىقلارغا دائىر ئالتە قارار ماقۇللاندى.

**10 - كۈنى**

△ قەشقەر شەھىرى بىلەن شىخو ناھىيىسىگە مەملىكەتلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش؛ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا مەملىكەت بويىچە نەمۇنە شەھەر (ناھىيە)» دەپ نام بېرىلدى.

**12 - كۈنى**

△ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈنجى قېتىم ئېلان قىلغان مەملىكىتىمىزنىڭ رايونلار ئارا ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەپ ھېسابلاش نەتىجىسىگە قارىغاندا، شىنجاڭ ئېرىشكەن نومۇر مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئون نومۇر تۆۋەن دەرىجە ئىچىدە بولۇپ،

بېيجاڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، لياۋنىڭ، جياڭسۇ، جىلىن، گۇاڭدۇڭ، شەندۇڭ، جېجياڭ، خېيلۇڭجياڭ، خېنەن، فۇجيەن، خېبېي، سەنشى ۋە شەنشىدىن قالسا 16 - ئورۇندا تۇرغان.

13 - كۈنى

△ تارىمدا نېفىت قىدىرىش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن زاپىسى 100 مىليون تونىنغا يېتىدىغان تەييار نېفىتلىك بايقىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ نېفىتلىك تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى «ئوتتۇرا تارىم — 4» ئانتىكلىنال پۈرۈلمىگە جايلاشقان بولۇپ، نېفىت قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 42 — 98 مېتىر كېلىدۇ.

16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك خىزمىتى تېلېفون يىغىنىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاق مۇجىجەت»نى نەقلەشتۈرۈشكە كېتىدىغان 540 مىليون يۈەن پۇلنىڭ تەقسىم بولغانلىقىنى، كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ قولىغا نەق پۇل بېرەلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

19 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى جۇڭگو ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىللار گۇرۇھىغا قاتنىشىپ، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئۈچ چوڭ ئاپتوموبىل گۇرۇھى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى.

20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەربىي ۋە خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملاردىن ھال سورىدى.

21 - كۈنى

△ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇچۇر، مەسلىھەت ۋە ۋاسىتىچىلار بازىرى قۇرۇلدى. بۇ بازار ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر ساھە ئەرباپلىرى ۋە ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، سودىدا كېڭىشىش، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىختىساسلىق خادىملار، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مۇلازىمەت سورۇنى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مالىيە زېيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش نىشانىنى ۋاقتىدا ئورۇندىغان قوبۇقسار، قۇتۇبى، ماناس، چاقىلىق، بورتالا، شىخو، قۇكاڭدىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە (شەھەر)نى تەقدىرلىدى.

27 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

## 2 - ئاي

1 - كۈنى

△ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىق سەۋىيىسىنى نومۇر قويۇپ باھالىدى، شىنجاڭ 60تىن تۆۋەن نومۇرغا ئېرىشىپ، مەملىكىتىمىز چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 30 ئۆلكە (شەھەر)، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 25 - ئورۇندا تۇردى.

3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بېكىتمە» چىقاردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1992 - يىلى ھەر خىل شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكەن 500 نەچچە ھەر مىللەت پەن - تېخنىكا خادىمىنى مۇكاپاتلىدى.

△ شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش لايىھەلەش يۇرتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن تېخنىكا ۋە ئىقتىساد ھۆددىگەرلىكى توختامى ئىمزالىدى، بۇ شىنجاڭ بويىچە ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغان تۇنجى تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئورنى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ.

5 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كېرەكسىز پولات - تۆمۈر، پولىۋىنىل، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، ئېغىر ماي (مازۇت)، نېفىت

مەھسۇلاتلىرى، ئاساسىي نېفىت، نېفىت، پاختا، قۇلماق، ئۈچەي، مەشۇت، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق 14 خىل ماددىي ئەشيانى شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىشنى رەسمىيەت بىلەن باشقۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. چوڭچوڭ بويا ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار، ئېفېدرىن، بۇغا مۈڭگۈزىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ماددىي ئەشيا ياۋايى ھايۋان بايلىقى، ئۇسۇملۇك بېيىنچىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراشقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىلىشنى باشقۇرۇش ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەر خىل ماددىي ئەشيالار بىر دەك قويۇۋېتىلدى.

6 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پاختا كارخانا گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى.

8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پىلان يىغىنى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 1993 - يىلى 35 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە تەۋە تۈر توققۇز، يەرلىك ئورۇنلارغا تەۋە تۈر 26 بولۇپ، بۇلارغا 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ئاپتونوم رايون تارىخىدا نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان بىر يىل بولىدۇ.

9 - كۈنى

△ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىسلاھات تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 172 تۈەن - مەيداننىڭ ھەممىسىگە ھوقۇق بېرىپ، تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالايدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

10 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 1993 - يىل ئاشلىق يىلىدىن تارتىپ تاختاي باھالىق ئاشلىقنى سېتىۋېلىشنى ئازايتىش، سېتىشنى قويۇپ بېرىش لايىھىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە 800 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىشنى، ئاشلىق سېتىشنى قويۇۋېتىش، باھاسىنى بازارغا قاراپ بېكىتىشنى بەلگىلىدى.

12 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇراقسىز نوپۇسنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى باشقۇرۇش چارىسى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 4 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقسىز نوپۇس 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن، بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۇراقسىز نوپۇسنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى پىلانلىق باشقۇرۇلىدۇ.

16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1989-يىلدىن 1991 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈلگەن 23 مەمۇرىي قائىدە - نىزامنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

16 - كۈنى

△ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كارخانا گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى.

17 - كۈنى

△ جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى ۋاڭ تاۋ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت قىدىرىشتا سىرتتىن خەۋەردار چاقىرىلىدىغانلىقىنى، خەۋەردار چاقىرىلىدىغان رايون ئويمانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 727 مىڭ 292 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بەش رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

19 - كۈنى

△ شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 900 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 200 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 320 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلىيەلەيدۇ، ئۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك خىمىيىۋى ئوغۇت سانائىتى قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تۈر.

20 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا تۆت ۋىلايەت ۋە ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كۆرەش نىشانى ۋە ۋەزىپىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى.

22 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىتا توققۇز تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزدى.

△ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن رېۋىزىيە نازارىتى بىرلىشىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا مۇھىم بىر قەدەم تاشلىدى.

## 3 ـ ئاي

1 ـ كۈنى

△ مەملىكىتىمىز بويىچە ئۆتۈشتىكى ئەڭ ئۇزۇن خەلقئارا يولۇچى توشۇش تاشيول لىنىيىسى — جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بارىدىغان خەلقئارا يولۇچى توشۇش لىنىيىسىگە ئۆتۈشتىكى يولۇچى ئاپتوبۇسى سىنالدى. ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغىچە ئومۇمىي مۇساپە 1052 كىلومېتىر بولۇپ، بىرلىشىپ توشۇش ئۆتۈشتىكى ئاپتوبۇسلىرى نۆۋەتتە قاتنايدۇ، ھەر ھەپتىنىڭ بىرى، ئۈچى، بەشى جۇڭگو ۋە قازاقىستان تەرەپلەردىن تەڭلا يولغا چىققان ئىككى تەرەپ ئاپتوبۇسلىرى 24 سائەتتە 2 ـ تەرەپكە يېتىپ بارىدۇ، بېلەت باھاسى 48 ئامېرىكا دوللىرى.

4 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى تەڭشەلدى. جىن يۈنخۇي سىلىڭيۈەن بولدى.

7 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى دېجۇ، جىنەن، زىبو، ۋېيفاڭ ۋە چىڭداۋ قاتارلىق جايلارنى كۆردىن كەچۈردى، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە سۆھبەتلەشتى.

9 ـ كۈنى

△ رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ ئىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

10 ـ كۈنى

△ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى شۇلىخې ـ ئۈرۈمچى ئۇچاستكىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىش باسقۇچىغا كىردى. دۆلەت بۇ قۇرۇلۇشقا بىر يىل ئىچىدە 1 مىليارد 217 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 465 كىلومېتىرغا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بولدى، 720 كىلومېتىر يول ئۇلى پۈتتى.

12 ـ كۈنى

△ يولداش ۋاڭ جېن ۋاپات بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

28 ـ كۈنى

△ «تەڭرىتاغ» ئىقتىسادىي رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش باشلىدى، كۈنىگە سەككىز سائەت ئاڭلىتىش بېرىدۇ، ھەر بىر پروگراممىنىڭ مەزمۇنى مول، ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، رىياسەتچى بىۋاسىتە ئاڭلىتىش شەكلى قوللىنىلدى.

31 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىن بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ، خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر چەت ئەللەرگە چىقىپ دۇكان ئاچتى، زاۋۇت قۇردى ۋە ھەمكارلىشىشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتتىكى كارخانىلار 209 غا يەتتى، ئۇلار يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، تۈرلۈك ماللار، قۇرۇلۇش كۆتۈرە ئېلىش، داۋالاش، مۇلازىمەتچىلىك، ئەمگەك مۇلازىمىتى قاتارلىق ئون نەچچە كەسىپكە چېتىلىدۇ.

## 4 ـ ئاي

1 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ئومۇميۈزلۈك قويۇپ بېرىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت ساھەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۈزۈلمە ئىسلاھات تەدبىرى.

2 ـ كۈنى

△ تۆمۈر داۋامەت بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد ـ سوداكېڭىشىش يىغىنىنىڭ 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

2 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەتقىق قىلىپ ياسالغان «قىرىتماس دورا» مەملىكەتلىك «ئۇچقۇن» پىلانى نەتىجىلىرى ۋە پاتېنت تېخنىكىسى بويىچە مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ـ كېڭىشىش يىغىنىدا تۇر ۋە مەھسۇلات ئالتۇن مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى.

5 ـ كۈنى

△ يولداش ۋاڭ جېننىڭ جەسەت كۆلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرى ئايرودرومغا بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئۈرۈمچىدىكى نەچچە 10 مىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، جەسەت كۆلىنى كۈتۈۋالدى. يولداش ۋاڭ جېننىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ جەسەت كۆلىنىڭ بىر قىسمى تەڭرىتاغقا چېچىلدى.

6 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پاي تۈزۈمىنى سىناق قىلىپ يولغا قويغان كارخانىدىن 38ى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ توققۇزى جەمئىيەتتىن ئاشكارا مەبلەغ توپلايدىغان پاي تۈزۈمىدىكى ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، بەشى ئىچكى قىسىمدا پاي چېكى تارقاتتى.

8 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش كارخانىلىرى بىر گەۋدىگە ئايلانغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا — شىنجاڭ يىپەك سانائەت پىۋا خام ئەشياسى سودا ـ سانائەت ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

9 ـ كۈنى

△ «ئاسىيا ـ ياۋروپا ئوپتىكىلىق كابېل سىستېمىسى قۇرۇش كېلىشىمى»گە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاسىيا ـ ياۋروپا ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، شەرقتە جۇڭگونىڭ شاڭخەي شەھىرىدىن باشلىنىپ، غەربتە گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھىرىگىچە سوزۇلىدۇ، 13 دۆلەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ، شۇڭا، ئۇ ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن قۇرۇقلۇق ئوپتىكىلىق كابېلى ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيا ـ ياۋروپا ئوپتىكىلىق كابېلى پۈتكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ خەۋەرلىشىش ئىشى تېز يۈكسىلىدۇ.

12 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىمىز ماھىرى — لىيۇيەنفېي 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە 163، 167 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ، ئەرلەرنىڭ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىشى.

21 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كەسپىي ئادۋوكاتلىق ئورنى — شىنجاڭ تۆمۈريول ئادۋوكاتلىق ئورنى ئىش باشلىدى.

25 ـ كۈنى

△ كورلا بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىدى. ئايروپىلان ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايدۇ، يەكشەنبە كۈنى بېرىپ ـ قايتىدۇ، «T — 154B» تىپلىق 140 كىشىلىك ئايروپىلان قاتنايدۇ.

26 ـ كۈنى

△ قورغاس خەلقئارا ئەركىن سودا رايونىنىڭ يەر توختامى ئۈرۈمچىدە ئىمزالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ قېتىم شىنجاڭ جيانجۇ چېگرا سودا شەھىرى چەكلىك شىركىتىگە ئۆتنۈپ بەرگەن يەرنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 320 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتنۈپ بېرىش مۇددىتى 50 يىل، بۇ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتنۈپ بېرىش توختامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

27 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالى ۋە تەقدىرنامىسى، «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش» مېدالى ۋە تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن 176 كىشىنى تەقدىرلىدى.

29 ـ كۈنى

△ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشتا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسنى تەقدىرلىدى.

30 ـ كۈنى

△ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى «ئون مەشھۇر ياش» ۋە «ئون ياخشى پىئونېر»نى تەقدىرلىدى.

## 5 ـ ئاي

3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلدى، تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

3 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايون تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئىلمىي ماقالىسى قاتناشتۇرۇلغان 400 ئاپتور ۋە 100 نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، كەلگۈسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت چوڭ پىلان ئۈستىدە بىرلىكتە كېڭەشتى.

8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايوندا 11 ـ قېتىملىق ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن مەزگىلىدە، تەمىنلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجلىق بولغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) كېڭەشىشكە قاتناشتى، 16 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئالماشتۇرۇشقا تىزىملاندى؛ 1347 ئادەم ئالمىشىش مۇددىئانامىسى هاسىل قىلدى، 649ى توختام ئىمزالىدى؛ 2643ى قوبۇل قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ 1 ـ سىپىگە كىرىش توغرىسىدا مۇددىئانامە ئىمزالىدى. 1789 ئادەم توختام ئىمزالىدى ۋە قوبۇل قىلىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

16 ـ كۈنى

△ شايار ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جەن خەيياڭ 20 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، باشقا جايغا قەرز بېرىۋەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەنزە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى «پىت بازىرى» تىجارەت باشلىدى. بۇ بازاردا كونا مال سودىسى ئاساس قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېسىلىپ قالغان مال ۋە بازىرى كاسات ماللارمۇ سېتىلىدۇ.

24 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھۆكۈمەتلىرى، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

26 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون تاشيول ۋە تۆمۈريولغا ۋەزىپە بۆلۈپ بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، تۆت چوڭ تۈرگە كىرىدىغان 18 خىل ماددىي ئەشيانى ۋاقتىنچە تاشيولدا ئاپتوموبىل بىلەن توشۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ئىچكىرىگە توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

28 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدا ئىش باشلاندى. جۇڭگو بىلەن چەت ئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان «مىباك» سودا ـ سانائەت باش شىركىتى ئۆي جاھازلىرى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

29 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئامباردا بېسىلىپ قالغان ماللارنى سېتىشنى تېزلىتىش، مەبلەغنى ئىدىتلاشنى كۈچەيتىش ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە مۇناسىپ سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

31 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندا بانكا ئامانىتى ئازىيىپ كېتىش يۈزلىنىشى تىزگىنلەندى، 5 ـ ئايدا ئامانەت قويۇلغان پۇل ئالدىنقى ئايدىكىدىن 140 مىليون يۈەن ئېشىپ، سانائەت تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك زىددىيىتى پەسەيتىلدى.

△ شىنجاڭدا ئىشلەپ چىقىرىلغان شېكەر، ياغ، پەمىل چاي قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەتلىكلىرى ۋە باللار كىيىم ـ كېچەكلىرى بولۇپ 3 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا دۆلەت سوۋغىتى سۈپىتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىندى.

# 6 ـ ئاي

10 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەپ، ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ياخشىلاشقا سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىن جايلار، تارماقلاردىن ھەرىكەتنى تېزلىتىپ، بىر ئاي ئىچىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

△ موڭغۇللارنىڭ داستانى — «جاڭغىر»نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تارقىتىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىم نەشر قىلىنغىنى خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرى، مۆلچەرلىنىشىچە پۈتۈن تەرجىمىسى ئالتە قىسىمدىن، خەت سانى 3مىليوندىن ئېشىشى مۇمكىن.

11 ـ كۈنى

△ قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 4 ـ تارماق ئەترىتى كۆتۈرە ئالغان دۆلەت يولى «216» لىنىيىسى بەش يىل

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يۈنتى، «216» لىنىيىسى شىمالدا ئالتايدىن باشلىنىپ، ئۈرۈمچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبتا بالغۇنتايغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، ئۇ، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يول.

△ شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى «يىپەك يولى» گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى ئىشلىگەن ئۇسما قاش قەلىمى 84 - نۆۋەتلىك پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالاھىدە شەرەپ ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن گىرىم بۇيۇمىنىڭ فرانسىيىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىشى.

15 - كۈنى

△ 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىدىن پايدا بېجى ئەڭ كۆپ 100 كارخانا رەتكە تۇرغۇزۇلغاندا، يىلىغا 19 مىليون 360 مىڭ يۈەن پايدا باج ياراتقان شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 93 - بولدى.

16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىمىزدا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سىنىقى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى، 17 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىسلاھات لايىھىسى تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

20 - كۈنى

△ جۇڭگو كارخانا باھالاش مەركىزى بىلەن دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانائەت - قاتناش مەھكىمىسى ئېلان قىلغان سېلىشتۇرۇپ باھالاش نەتىجىسىگە قارىغاندا، 1992 - يىلى مەملىكەت بويىچە 500 ئەڭ چوڭ سانائەت كارخانىسى رەتكە تۇرغۇزۇلغاندا، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى 201 - بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 54 ئورۇن ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ، ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلىك چوڭ كارخانىلىرى ئىچىدە ئۇدا بەش يىل مەملىكەت بويىچە 500 كارخانا قاتارىغا كىرەلىگەن بىردىن بىر كارخانا.

21 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە

△ 1993 - يىللىق پاتېنت تېخنىكىسى بويىچە يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 17 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلاردىن 1000دىن ئارتۇقى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پۈتۈشۈش سوممىسى 16 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولدى. كۆرگەزمىدە ھەر خىل تۈردىن 144ى مۇكاپاتلاندى.

22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى شەھىرىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ خەلق مەيدانىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىن جايلاردىن يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 10 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

23 - كۈنى

△ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، قاراقاش، چىرا، لوپ ۋە كېرىيە ناھىيىلىرى ۋە خوتەن شەھىرىدە قاتتىق بوران چىقىپ، 50 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى.

26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 100 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 150 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 46 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى ۋە 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ياچېيكا شۇجىسى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى بويىچە تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 1 - تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىلىدىغان مەبلەغ توپلاش، فوند، ھەق تۈرلىرىدىن 29نى ۋە دېھقانلاردىن پۇل، ماددىي ئەشيا، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان 20 تۈرلۈك ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتى جاكارلىدى.

30 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى، ئالدىنقى ئالتە ئايدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 70% ئاشتى، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت قىممىتى تۇنجى قېتىم نەق پۇل سودىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

△ دۆلەتنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن-تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نۇقتىلىق تۈرى «85 — 101» بويىچە ئىككى يېرىم يىل ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭ تىپتىكى بىرىكمە نېفىت - گازلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ تۈردە بۇ ئويمانلىقتىكى غايەت زور نېفىت - گاز زاپىسى كۆرستىلدى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزىي ئەمگەك بازىرى ئىش باشلىدى، ئەمگەك بازىرى ئۇچۇر يەتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش، ئىش ئىزدىگۈچىلەرنى تىزىملاش، ئىشچى

ئىشلىتىدىغانلارنى تىزىملاش، ئىش تونۇشتۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش، توختام ئىمزالاش، كەسىپ جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئىش كۈتۈش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار سۇغۇرتىسى قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

△ شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلار ئىچىدە 1 - بولۇپ باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىر تۇتاش ئاپتوماتىك تىزگىنلەشنى يولغا قويدى.

15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرىنى ئۆگەندى، ماكرولۇق تەڭشەشنى كۈچەيتىش پىكرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىم راۋاجلاندۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى.

15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قۇرۇلتايدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، مۇھەممەت نۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

17 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90.6 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىنكى يول ئۆلىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر بولۇپ، 2 - دەرىجىلىك تاش يول سەۋىيىسىگە يەتتى.

21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايون پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ماكرولۇق جەھەتتىن تەڭشەشنى كۈچەيتىش، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى، پۇلنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش، كەلسە - كەلمەس قەرز بېرىش، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ سېلىش ئەھۋاللىرىنى تۈزەپ، قولدىن چىقىپ كەتكەن مەبلەغنى تېزدىن قايتۇرۇۋېلىش تەكىتلەندى.

26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، نازارەت ۋە ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، مۇقىملىقنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

26 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، رەسمىي ۋۇجۇدقا كېلىش ئارقىلىق دۆلەت دەرىجىلىك 52 يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

31 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى كوماندىرلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. فەن جاۋمىن جۇڭجياڭلىقتا، لىيى شىڭپىڭ، جۇجۇەنشىڭ، ۋاڭ خەنرۇ ۋە ياۋتيېشەنلەر شاۋجياڭلىقتا ئۆستۈرۈلدى.

# 8 - ئاي

1 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كۈن بويى كۆرسىتىلىدىغان بولدى. بىر كۈنلۈك پروگرامما سائەت توققۇزدىن 30 مىنۇت (بېيجىڭ ۋاقتى) ئۆتكەندە باشلىنىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەر بىردىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئاياقلىشىدۇ. قازاقچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بويىچە ئۇزمەي كۆرسىتىلىدۇ.

2 - كۈنى

△ دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «305» تۈرىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئەمەلىي تەكشۈردى. 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى يىلىدا «305» تۈرىگە كان ئىزدەش نىشانلىق رايوندىن 53 ى قوشۇلدى. ئالتۇن زاپىسىنىڭ 150 توننا بولۇپ، سەككىز ئورۇندا كەڭ كۆلەملىك كان ئېچىش بازىسىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 20 ناھىيە (شەھەر)، 80 يېزا - بازار

(ليەندۈي) ، 21 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە 176 نەپەر ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى.

8 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — شىنجاڭ ساپ شۇلتا زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، مۇپەتلىك ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

10 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە تارمىقىنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى تۈزەشتىكى ھەرىكىتى تېز بولدى. 7 - ئاينىڭ بېشىدىن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئۆز مەيلىچە بېرىۋېتىلگەن مەبلەغدىن 1 مىليارد 700 مىليون يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

23 - كۈنى

△ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، شىنجاڭ ئوقيا ئېتىش كوماندىسى 957 ھالقا نەتىجە بىلەن ئەرلەرنىڭ كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجىسى 949 ھالقا بولغان دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

25 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىدىن باشلامچىلىق بىلەن «پاك دىيانەتلىك بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ» ، ئاپتونوم رايون بويىچە چىرىكلىشىشكە قارشى كۈرەشنى قەتئىي، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر قاتناش مۇئەسسەسەلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتتى ۋە كېڭەيتتى (شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق ئون يولنى كېڭەيتىش، بەش يەر ئاستى يولى، ئۈچ پىيادىلەر ئاسما كۆۋرۈكى ياساشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) .

## 9 - ئاي

1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە

△ 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. كېڭىشىش يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 600 كارخانىدىن كەلگەن 6000 ئادەم ۋە 43 دۆلەت، رايوندىن كەلگەن 1861 سودىگەر قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە پۈتۈشۈلگەن تاشقى ئىقتىساد - سودا سوممىسى 2 مىليارد 3 مىليون دوللارغا يەتتى.

6 - كۈنى

△ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 89 كىلومېتىر كېلىدىغان لەنجۇ-شىنجاڭ تاشيولىنىڭ ليۈيۈەندىن شىڭشىڭشياغىچە بولغان قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، شۇنىڭ بىلەن لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىغا پۈتۈنلەي قاراماي ياتقۇزۇپ بولۇندى.

8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىمىزدىن 480 نەچچە نەپەر مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مائارىپ خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى.

13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايون تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا يېڭى دەۋردىكى تەشكىلات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە

△ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە

△ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىپ، «غەربىي شىمال خەلقئارا چوڭ يولىنى بىرلىكتە قۇرۇپ، بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش» پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر كوماندىسى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى جەمئىي ئالتە ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى، ئالتۇن مېدال ئېلىشتا 20.، ئومۇمىي نومۇردا 23. بولدى.

16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى

5.ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدىكى مەزگىللىك چېرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ چېرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىش لايىھىسىنى ۋە تەدبىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە

△ تەكلىماكان قۇملۇقى خەلقئارا ئىلىم ـ پەن يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 22 دۆلەت، رايون ۋە مەملىكەت ئىچىدىن بولۇپ 300 نەپەر مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، يىغىن 250 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

17 ـ كۈنى

△ مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئىنچىكە يۇڭلۇق گۆش قويى نەسلى مىنىستىرلىك دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭغا «ئالتاي ئىنچىكە يۇڭلۇق گۆش قويى» دەپ نام بېرىلدى.

19 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ قورغاس جىياجۇ چېگرا سودا شەھىرى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ، يەردىن كەڭ كۆلەمدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەرەققىيات تۈرى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى كەڭ ئېچىۋېتىش، زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى.

23 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جۇرۇڭجى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

25 ـ كۈنى

△ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ سۈرەتكە ئالغان ئالتە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چېن تەنچيۇ» ئىشلىنىپ بولدى ھەمدە تۇنجى قېتىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

25 ـ كۈنى

△ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا 100 مىليون تونىلىق چوڭ نېفىت ـ گازلىقى تېپىلدى. بۇ نېفىت ـ گازلىق جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى غەربىي شىخەنزە، ماناس نېفىت تەركىبلىك قۇرۇلما بەلبېغىغا جايلاشقان. بۇ جەنۇبىي ئۆسەيۈەن نېفىتلىكىدىن كېيىن، قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدىن تېپىلغان يەنە بىر چوڭ نېفىتلىك.

27 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق كارخانىلاردا ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، ئىش ھەققى تەقسىماتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 10 ـ ئاي

1 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ شوپۇرى لىيۇجىنخۇەن 2 مىليون 100 مىڭ كىلومېتىر يولنى بىخەتەر قاتناپ، جۇڭگو تاشيول ترانسپورتىدا بىخەتەر قاتناشتا رېكورت ياراتتى.

2 ـ كۈنى

△ بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 16دىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6.6 بال يەر تەۋرىدى، ئورنى شىمالىي پاراللېل 2. 38 گرادۇس، شەرقىي مېرىدىئان 9. 88 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ.

6 ـ كۈنى

△ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىدا مەملىكىتىمىز بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە قان تازىلاش مەركىزى قۇرۇلدى، بۇ مەركەزدە قان ئېقىمىنى دىئالىز قىلىش، قان سۈيۇقلۇقىنى سۈزۈش، قان بېرىش، قان پىلازمىسىنى ئالماشتۇرۇش، ئىممۇنىتېتلاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

9 ـ كۈنى

△ ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق قوراللىق كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىدىغان مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم — شىنجاڭ خەلق قوراللىق مەكتىپى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

12 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ توك ئارقىلىق ئېرىتىپ ئېتىلدۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى، توك ئارقىلىق ئېرىتىپ ئېتىلدۈرۈش تېخنىكىسىدا مېخانىزم ۋە توك بىلەن پىششىقلاش تېخنىكىسى بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇ، ئەنئەنىۋى پىششىقلاش تېخنىكىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاب. بۇ تېخنىكىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي ئىنژېنېر يې لياڭشى كەشىپ قىلغان، 1992 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئامېرىكا پاتېنتىغا ئېرىشكەن.

**14 - كۈندىن 16 - كۈنىگىچە**

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا 6 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. قۇرۇلتاي خەلچەم ئىسلامنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

**15 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى يۈرەن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىلغانلىقى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

**16 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، تەتقىقاتچى شۈمىڭچيەن 16 - نۆۋەتلىك خەلقئارا قاپلىق قۇرت كېسەللىكى ئىلمىي يىغىنىدا بىردىن بىر رۇسا خەلقئارا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**27 - كۈندىن 29 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.

**28 - كۈنى**

△ ئېلىمىز بويىچە تۇنجى مىليون توننىلىق قۇملۇق نېفىتلىكى — جەنۇبىي ئۇسەيۋەن نېفىتلىكى پۈتتى، ئۇنىڭ كۈنلۈك نېفىت ئېلىش مىقدارى 3000 توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

**29 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، 75 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 105 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

**30 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 82 نەپەر «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، 52 «بەشتە ياخشى دىنى پائالىيەت سورۇنى» تەقدىرلەندى.

## 11 - ئاي

**7 - كۈندىن 9 - كۈنىگىچە**

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ يەنە بىر بالداق ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**8 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ مەخسۇس رەخت توپ سېتىش بازىرى — شىنجاڭ رەخت سېتىش بازىرى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

**13 - كۈنى**

△ شىنياڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان شىمال ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «6901» قېتىملىق نۆۋەتچى ئايروپىلانى سائەت 14 تىن 56 مىنۇت (بېيجىڭ ۋاقتى) ئۆتكەندە ئۈرۈمچىنىڭ دىۋوپۇ دېگەن يېرى ئەتراپىدا ھادىسىگە ئۇچراپ چۈشۈپ كەتتى. ئايروپىلاندا 92 يولۇچى، ئون نەپەر ئايروپىلان خادىمى بار ئىدى، بۇ قېتىمقى ھادىسىدە 12 ئادەم قازا قىلدى.

**20 - كۈنى**

△ 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 9 مىليون 670 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 750 مىڭ توننا ساپ پاختا ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 78 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات ۋە مو بېشى مەھسۇلاتى جەھەتتە مەملىكىتىمىزدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان ئۆلكىلەر بويىچە 1 - بولدى.

**21 - كۈنى**

△ تەكلىماكان قۇملۇقىنى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ جۇڭگو - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ سەككىز ئەزاسى 60 كۈندە 1500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، قۇملۇقنىڭ غەربىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن پىيادە يولغا چىقىپ شەرقتىكى چاقىلىق ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ، تارىختا بۇ «ھالاكەت دېڭىزى»نى تۇنجى قېتىم غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**23 - كۈنى**

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

**23 - كۈنى**

△ شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايون — ئالتۇن تاغدا

قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش ۋە باۋابى ھايۋانلارنى كەلسە - كەلمەس ئوۋلاش، تۇتۇشنى مەنئى قىلدى.

29 - كۈنى

△ تۇنجى قېتىملىق جۇڭگودىكى 500 ياخشى يېزا - بازار كارخانىسىنى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇشنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى باجىياخۇ كەنتىنىڭ يېزا ئىگىلىك - سودا - سانائەت باش شىركىتى تىزىملىكتە 73 - بولدى، ئۇ، شىنجاڭ بويىچە مۇشۇنداق شان - شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىن بىر كارخانا.

## 12 - ئاي

1 - كۈنى

△ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى، زەمىن يېزىسى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قاراكېچىك يېزىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا بېيجىڭ ۋاقتى سائەت تۆتتىن 37 مىنۇت 11 سېكۇنت ئۆتكەندە ئالتە بال يەر تەۋرىدى.

2 - كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئون مەشھۇر ياشنى باھالاپ چىقىشنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. ئۇلار: خالمۇرات غوپۇر، سۇن گۇاڭشىن، زەينەپ ئەمەت، جياڭ لىگزى، رەيھات ھېمىت، تاشپولات تېيىپ، سۇگوپىڭ، جياشاڭخەي، ئەنۋەر ھۇسەن، شيۇڭ دالى.

7 - كۈنى

△ «باشقۇرۇش دۇنياسى» ژۇرنىلى، جۇڭگو كارخانا باھالاش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە 1993 - يىلدىكى 500 ئەلا چوڭ مۇلازىمەت كارخانىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى شىنجاڭنىڭ، ئۇلار: شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتى، شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى باش شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىش، ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى.

8 - كۈنى

△ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1992 - يىلى مەملىكىتىمىزدىكى 20 شەھەردە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. شىنجاڭدىن قاراماي 4 -، ئۈرۈمچى 16 - بولغان.

10 - كۈنى

△ 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ نىكېل تاۋلاش زاۋۇتى يىلىغا 2000 توننىدىن كۆپرەك نىكېل ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە 2 - چوڭ نىكېل ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى، بۇ زاۋۇت مەملىكەت بويىچە 1 - بولۇپ نىكېلنى نەم پېتى تاۋلاش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزنى نىكېل تاۋلاش تېخنىكىسىدا خەلقئارا ئىلغارلار قاتارىغا كىرگۈزدى.

20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلغان «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەيلى» دېگەن تېمىدىكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم مۇنبەرگە چىقىپ، 16 مىڭ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى، نۇتۇقنى بىۋاسىتە ئاڭلىغانلار 850 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

△ جۇڭگو، ئامېرىكا، ياپونىيە بىرلىكتە تارىمدا نېفىت ئىزدەش، ئېچىش توختامى بېيجىڭدا ئىمزالاندى. بۇ، چەت ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ تارىمدا نېفىت ئىزدەش، ئېچىش بويىچە ئىمزالانغان تۇنجى توختام، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇقىدا نېفىت ئېلىشتا ھەمكارلىشىش بويىچە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ ئىمزالانغان تۇنجى توختام.

△ 20 - كۈنى سائەت 20دە، شىنجاڭنىڭ نېفىت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 10 مىليون توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 10 مىليون 20 مىڭ توننىغا يەتتى.

24 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسىدىن 547 نى تەستىقلىدى، بىر يىل ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش توختامىدىن يەنە 342سى ئىمزالىنىپ، توختامدىكى سومما 237 مىليون دوللارغا يەتتى، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 40 مىليون دوللاردىن ئوشۇقراق بولدى.

25 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىرلىكتە

خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى.

30 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى توپوگرافلار دۆلەت دەرىجىلىك تىزگىنلەش نۇقتىسىنى تۇنجى قېتىم تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرگۈزۈپ، 5762 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان رايونىدا ئېلىمىزنىڭ گېئودېزىيە دەرىجىلىك ئۆلچەشتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول قۇرۇلۇشىغا 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1993 - يىلى تارىختا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان بىر يىل بولدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن سەككىز تاشيول قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

شىن جيەن

# ئاتۇش — مېۋە - چېۋە ماكانى

ئاتۇش شەھىرى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىللىق، مۆتىدىل بەلباغ كىلىماتىغا ئىگە. بۇ يەردە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ھاۋاسى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىراۋسىز مەزگىلى بىر قەدەر ئۇزۇن، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە تازا باب جاي ھېسابلىنىدۇ. ئاتۇشتا مېۋە - چېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، مېۋە تەركىبىدىكى قەنت ماددىسى ھەرقانداق يەرنىڭكىدىن يۇقىرى، «شاخ مانتىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم، قارا كۆسەي قوغۇن، خوۋەينە ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار.

شاخ مانتىسى ئەنجۈر ئاتۇش ئەنجۈرى 1200 يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە بولۇپ، ھازىر ئەنجۈرلۈك باغ كۆلىمى 3500 مودىن كۆپرەككە، مو بېشى ھوسۇلى 1500 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئاتۇش ئەنجۈرىنىڭ شېكەر ماددىسى 18.6% ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئەنجۈر شىپالىق دورا بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىن مۇراببا، ئەنجۈر قېقى، كونسېرۋا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ياساشقا بولىدۇ. ھازىر شەھەر بويىچە ئەنجۈرنىڭ يىللىق ھوسۇلى 2000 توننىدىن كۆپرەك بولۇپ، 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىنىدۇ. ئاتۇشتا ئەنجۈر تىكىشكە باب كېلىدىغان يەنە 80 مىڭ مو يەر بار.

مۇناقى ئۈزۈم ئاتۇشنىڭ ئاق مۇناقى ئۈزۈمىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلغاندىن باشقا، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەردە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە پاكىستانلاردا سېتىلىدۇ. ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى 1992 - يىلى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى» گە قويۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. مۇناقى ئۈزۈم ساقلاشقا، يۆتكەشكە چىدامىلىق بولۇپ، بىر مو يەردىكى ئۈزۈملۈكتىن 4 - 5 توننا ئۈزۈم ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر ئاتۇش شەھىرىنىڭ يىللىق ئۈزۈم ھوسۇلى 3100 توننىدىن ئاشىدۇ.

قارا كۆسەي قوغۇن قارا كۆسەي قوغۇنى «كاتتايلاق قوغۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ توشۇشقا، ساقلاشقا چىدامىلىق بولۇپلا قالماي، ئېتى قېلىن ھەم چۈرۈك، قەنت تەركىبى 12% — 18 % كە يېتىدۇ. شياڭگاڭلىق بىر ئەپەندى كاتتايلاق قوغۇنىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئاتۇش قوغۇنى دۇنيادىكى داڭلىق مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇشقا لايىق، مەن كەلگۈسىدە ئاتۇش قوغۇنىنىڭ شياڭگاڭ بازىرىدا مۇقىم ئورۇننى ئىگىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن». بۇ ئارزۇ ئۇزۇنغا قالماي ئەمەلگە ئاشتى. ئاتۇش قوغۇنى ھازىر دۆلەت ھالقىپ باشقا ئەللەرگىمۇ سېتىلماقتا.

خوۋەينە ئۆرۈك ئاتۇشتا ئۆرۈكنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، خوۋەينە ئۆرۈك ئۆرۈكلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆرۈك تاتلىق، ئەتلىك، دانىسى يوغان بولۇپ، ئۇچكىسى بىلەن ئېتى ئوڭاي ئاجرايدۇ. ھەر 3.5 كىلوگرام ئۆرۈكتىن بىر كىلوگرام گۇلە قۇرۇيدۇ. بۇ ئۆرۈكتىن قۇرۇتۇلغان گۇلە، خورما دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ بازار تاپماقتا.

# سىياسەت

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

شۇجىسى: سۇڭ خەنلياڭ

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل (قازاق)، جاڭ فۇسېن، جىن يۈنخۈي، ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باۋۇدۇن.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: گوگاڭ، جۇشېڭتاۋ، جۇگوفۇ، خەلچەم ئىسلام، پەن جاۋمىن، ئابدۇرېھىم ھامۇت، لى فېڭزى.

باش كاتىپى: ۋاڭ خۇەييۇ

مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: باۋجىياۋ، دۇڭ جاۋخې، مەن زۇڭجۇ، مۇھەممەت يۈسۈپ

**(ئەسكەرتىش: 1993 - يىل 3 - ئايدا مەركەز ئابدۇرېھىم ھامۇت، لى فېڭزىلارنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولۇشىنى قارار قىلدى، 12 - ئايدا مەركەز ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى)**

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭىدىن تولۇقلانغان مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى**

**ئابلەت ئابدۇرېشىت** 1942 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن، 1965 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1960 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر.

ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتىنىڭ تېخنىكى، ئىنژېنېرى، مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇۋەققەت رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

**لى فېڭزى** ئەر، 1939 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، شەنشى ئۆلكىسى مىجى ناھىيىسىدىن. ئۇ، 1964 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1972 - يىل 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.

ئۇ ئىلگىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، «تارباغاتاي گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى، چۆچەك ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، قوشۇمچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى، شۇجىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**ئابدۇرېھىم ھامۇت** 1942 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن. ئۇ، 1964 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1965 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.

ئۇ ئىلگىرى غۇلجا ناھىيىسىدە گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، غۇلجا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، نىلقا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەر شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى ئىشلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 260 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى ھەمدە مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە پىكىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ياخشى، ئىسلاھات داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئىگىلىك تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا يەنىلا بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى سۈرئەتنىڭ ئاستا بولۇشى، ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان پەرقنىڭ بارغانسېرى زورىيىشىدا كۆرۈلىدۇ. ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ تۈپ يولى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىرىنچىدىن، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، كەسىپلەر مونوپولىنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، بازار سىستېمىسىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى دادىل راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، فۇنكسىيىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پائال، مۇۋاپىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ، 1993 - يىلى مۇنۇ بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلىدى: بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھاتنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتىش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، سانائەت، قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش، ئوبوروتنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ئىگىلىك تەرەققىياتى بىلەن ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئاپپارات ئىسلاھاتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

فەن سۇڭجۇ

**ۋىلايەت (شەھەر)، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان كادىرلار يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ۋىلايەت (شەھەر)، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان كادىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش؛ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ مۇقىملىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدا مەركەزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشكە دائىر يوليورۇقى ۋە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇپ، خىزمەتلەرنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىنى تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى. بىرىنچىدىن، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى تەرتىپكە

سېلىپ، پۇل مۇئامىلە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەبلەغ توپلاپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، مەبلەغ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، پۇل مۇئامىلىنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۇ يىل مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلمەسلىكىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى تىرىشىپ كىچىكلىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، نازارەت، ئىدارىلەر ۋە قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 350 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

فەن سۈگجۈ

## بېكىتمىلەر

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1993 - يىلى چىقارغان بېكىتمىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بېكىتمىسى»نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بېكىتمىسى» نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە سىياسەت مەسىلىسى ھەققىدىكى بېكىتمىسى» نى تارقاتتى.

تاۋ پېڭ

## «پىكىر» ۋە «چارە» لەر

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىلى تارقاتقان «پىكىر» ۋە «چارە» لەر (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزنىڭ 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى تارقاتقان «پىكىر» ۋە «چارە» لەر (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «(ئۈچ قالايمىقان) نى تۈزەش پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەمۇرىي خاراكتېردىكى كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىشنى ئۈنۈملۈك تۈزەش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن خادىم قىسقارتىپ، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇش ۋە تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىپ ساياھەت قىلىشنى مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كادىرلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي، ماشىنا ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقاتتى.

تاۋ پىڭ.

ئۇقتۇرۇشلار

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىلى تارقاتقان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسى، نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئەمگەك نازارىتى، قاتناش نازارىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماقتا ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›نىڭ 3 - تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» چىقىرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە خىزمەت ئاپپاراتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

تاۋ پىڭ

ئەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىلى ئەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتىنىڭ «چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلارنىڭ بىخەتەرلىك قوغدىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى ئەستىقلاپ تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 5. - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى گۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتىنىڭ «1993 - يىللىق ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئەستىقلاپ تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ «نۆۋەتتىكى بىر نەچچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى ئەستىقلاپ تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى ئەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى توغرىسىدا ئەستىقىي جاۋاب» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىرلىكسەپ تارماقلىرىنىڭ 90 - يىللاردىكى خىزمەت پروگراممىسى» تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ «شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىكى ئىگىلىك مەنبەلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن رېۋىزىيە نازارىتى ئورگىنىنىڭ بىرلىشىپ ئىش بېجىرىشى توغرىسىدىكى لايىھە ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات» ى تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ «كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدا پىكىر» ى تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ «ئاپپارات ئىسلاھاتى جەريانىدا ئارخىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، كادىرلار نازارىتىنىڭ «پەن تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) قويۇش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» سىنى تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ «سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ى تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ يېزىلاردا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پاي ھەمكارلىق كارخانىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نىزامنامىسى» نى تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ «پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر (سىناق نۇسخا)» ى تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى، ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ى تارقىتىلدى.

تاۋ پېڭ

**غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ 1 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى**

غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ 1 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەركىزىي تېمىسى يولداش جياڭ زېمىننىڭ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئىقتىساد خىزمىتى سۆھبىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، غەربىي شىمال رايونىدا رايونلار ئارا بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئېچىشنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن جاڭ بوشىڭ، گۇجىنچى، رېن چىشىڭ، تيەن چېڭپىڭ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا يەنە گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يۈەن مۇ، گوۋۇيۈەن ئالاھىدە رايون ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ يۈندۇڭ، شۇنداقلا مەركىزىي سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، تاشقى ئىقتىسادسودا ھەمكارلىق مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات - تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، شەھەر، كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ يىغىندا «غەربىي شىمال چوڭ يولىنى بىرلىكتە قۇرۇپ، بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ زور ھەمكارلىقى ۋە تەرەققىياتىنى تىرىشىپ

ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن جاڭ بوشىڭ، گۇجىنچى، رېن چىشىڭ، تيەن چېڭپىڭلار ئۆز ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇردى، بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە ئىزدەندى. يۈەنمۇ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا «غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە تەرتىپى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ «غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىي پىلانىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇپ، «بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ئۆز ئەۋزەللىكى ئارقىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىگە يول قويۇش، بىر - بىرىگە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر تۇتاش بولۇش بىلەن ئايرىم بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش، ئورتاق راۋاجلىنىش» پرىنسىپى ئاستىدا قولغا قول تۇتىشىپ ھەمكارلىشىپ، غەربىي شىمال خەلقئارا چوڭ يولىنى بىرلىكتە قۇرۇپ، بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك!

يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، 2 - قېتىملىق يىغىن 1994 - يىلى كۈزدە شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

فەن سۆكجۇ

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى**

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ھەربىي رايوندىكى قىسىملاردىن ھال سورىدى ھەمدە قىسىملارنىڭ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق، پائال قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشى كېرەكلىكىنى، ھەرمىللەت ھەربىي - خەلقنىڭ ئېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سۇڭ خەنلياڭ ۋە تۆمۈر داۋامەت، جىن يۈنخۇيلار خۇخېيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، ليۇداۋان كۆمۈر كېنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ ۋە تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ لېچۈەنلەر قەشقەرگە بېرىپ، ئاپتونوم رايون چاقىرغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت ئوبلاست (ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ) نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەمەلىي تەكشۈردى. سۇڭ خەنلياڭ ماكرو جەھەتتە مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ سانجىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، بىر قىسىم كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە بازار ئىگىلىكى بويىچە سىناق رايونلىرىنى قۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى ھەمدە ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، سانجى شەھىرىنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزىلاردىكى بازار ئىگىلىكى سىناق رايونى قىلىشنى بېكىتتى شۇنداقلا سىناق رايونىنى قانداق قىلغاندا ياخشى باشقۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە يولداش سۇڭ خەنلياڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى. ئۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەقىقىي تۇردە ئىسلاھاتقا قويۇپ، ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ،

ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىدىن ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ ۋە ھامىدىن نىياز قاتارلىق كىشىلەر خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇلار خوتەن، قاراقاش، لوپ، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۆتكۈزگەن كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلدى. سۇڭ خەنلياڭ مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ نۆۋەتتە شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ ۋە ھامىدىن نىياز، قىيۇم باۋۇدۇن، ئابدۇرېھىم ھامۇت، لى فېڭزى قاتارلىق كىشىلەر قەشقەر ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، يەكەن، قەشقەر، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە ھەرخىل سۆھبەت يىغىنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنىنى زىيارەت قىلدى، بىر قىسىم يېزا داۋالاش - سەھىيە مۇئەسسەسىلىرى ۋە سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، قۇرۇلۇۋاتقان سىمخانا چېگرا ئېغىزىنى كۆزدىن كەچۈردى، چازىنى ساقلاۋاتقان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يوقلىدى. سۇڭ خەنلياڭ، ھامىدىن نىيازلار قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلدى. سۇڭ خەنلياڭ ئۆز سۆزىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قولدا ئىقتىسادنى، بىر قولدا مۇقىملىقنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى، ئىقتىسادىي خىزمەتنى قىلچە بوشاشتۇرماي تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى، مۇقىملىق خىزمىتىنى بوشاشتۇرماي، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەتلەر غەربىي شىمالدىكى باشقا ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)لەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىللە ئىلى ۋىلايىتىدىكى قورغاس ئېغىزى، بورتالا ئوبلاستىدىكى ئالاتاۋ ئېغىزى ۋە كۈيتۇڭ، مايتاغ، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈردى ھەمدە غەربىي شىمال چوڭ يولىنى بىرلىكتە قۇرۇش، بىرلىشىپ غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە سۇڭ خەنلياڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوننى تەكشۈردى ھەمدە مۇنۇ ئۈچ چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچىدىن، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆز يۇرتىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشنى پىلانلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۆمۈر داۋامەت، قىيۇم باۋۇدۇنلار بايىنغولىن ئوبلاستىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ئوبلاست، ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە تۆمۈر داۋامەت ۋە قىيۇم باۋۇدۇنلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئىككى قېتىملىق ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئاپەت رايونىدىكى ئاممىدىن ھال سورىدى ھەمدە ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار پىچان، تۇرپان، توقسۇنلاردىكى ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ لېچۇەنلەر ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە تەرەققىيات رايونى خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ئۇلار بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىپ، تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەكىتلىدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جانابىل، قىيۇم باۋۇدۇن، جۇشېڭتاۋ، خەلچەم ئىسلاملار شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە دوختۇر - نېستىرا ۋە تەتقىقات خادىملىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق 1 - تۈرمە، 2 - تۈرمە، ئۈرۈمچى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش - تەربىيىلەش ئورنى ۋە شەھەرلىك جامائەت

خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە كادىر ساقچىلار ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى يوقلىدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لى شۈشەن قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۈلۈك يېزىسى ئەرگۈلۈك كەنتىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شىنجاڭ «كاڭلې» ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار سودا مەركىزىنى كۆزدىن كەچۈردى.

2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جاڭ فۇسېن سانجى شەھىرىگە بېرىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە سانجى شەھىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، كېيىنكى قەدەمدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى توغرىسىدا تەلەپ قويدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىشنى يېزا - بازارلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە جاڭ فۇسېن ئالتاي، كۆيتۇڭ، شىخو، بۇرۇلتوقاي، توققۇزتارا قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، جايلاردىن ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە قويۇشنى تەكىتلىدى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جاڭ فۇسېن سانجىغا بېرىپ، دېھقانچىلىقتا ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ، سانجى شەھەرلىك پارتكومنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپپارات ئىسلاھاتى جەريانىدا ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرغاندا چوقۇم مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە قېيۇم باۋۇدۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا تۇرپان، كورلا، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىنى يوقلىدى ھەمدە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، جايلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

6 - ئايدا قېيۇم باۋۇدۇن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە بىر قىسىم كارخانىلار، شۇنداقلا ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

7 - ئاينىڭ بېشىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قېيۇم باۋۇدۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىش مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مۇقىملىق خىزمىتىنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلچەم ئىسلام قاراماي شەھىرىگە بېرىپ ئاياللار خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە قاراماي شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، ئۇ، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى چاقىرىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى گۇرۇپپا باشلاپ، توققۇز گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

قېيۇم باۋۇدۇن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ يۇسەنلەر بايىنغولىن ئوبلاستى گۇرۇپپىسى، سانجى ئوبلاستى گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارغا بېرىپ، نۆۋەتتىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، شەھەر ئىسلاھاتى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، تۈرلۈك يۇرۇشلەشكەن ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق

قىلىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېجۇەن، ئابدۇرېھىم ھامۇت، جاڭ خېڭ، گەسقەت كېرىمبايلار مالىيە ـ باج كۆرۈۋېلىشى، يېزا ئىگىلىك كۆرۈۋېلىشى، ئىقتىساد ـ سودا كۆرۈۋېلىشىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي، مالىيە ـ باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، ئىقتىساد ـ سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى داۋاملىق، قەتئىي تەۋرەنمەستىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، مالىيە ـ باج، ئىقتىساد ـ سودا، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

جانابىل، جاڭ فۇسېن، جۇگوفۇ، لى فېڭزېلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، قانۇنچىلىق كۆرۈۋېلىشىغا باشلامچىلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلغاندا كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە «ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ھەر ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى داۋاملىق ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

شۇ چاڭنيەن

## ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى

1993 ـ يىل «1 ـ ئىيۇل» ھارپىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 100 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 150 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 46 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى، 50 مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى

ئىلى ئوبلاستىدىن: سۇڭ جېڭداۋ، قانىپا (قازاق، ئايال)؛ ئىلى ۋىلايىتىدىن: چېن شىجېڭ، ئەبدىرە ئۆپ (قازاق)، سۇڭ جيەنباڭ، ئاباس (قازاق)، لى چاڭلەن (رۇس، ئايال)، تۇرسۇن قادىرخان، گۇبويىڭ، جۇمەخۇن گوسمان؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن: مىرزابېك (قازاق)، لى ۋېنجۇڭ، لى يۇشىاڭ (ئايال)، مۇقتار قاسەيىن (قازاق)، دۇڭ يۇڭلەن، ئابدۇرېشىت، ياڭ جاۋيىڭ (ئايال)، فېڭ يۇڭچۇەن؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىن: رايىس (قازاق)، ۋاڭ يۇمېي (ئايال)، قايرات (قازاق)، لى تيەنشۈن، جېڭ گوياۋ، روزى، ليۇچۇەنشېڭ؛ بورتالا ئوبلاستىدىن: گوجىزېڭ، چېگجاپ (موڭغۇل)، قۇناخۇن، كۈيۇ (خۇيزۇ)؛ قاراماي شەھىرىدىن (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن): لى چۈنمىن، گوسمان ئېلى؛ شىخەنزە شەھىرىدىن: ۋاڭ ۋېيجۈن؛ سانجى ئوبلاستىدىن: جاڭ جىنلىن، لى فۇجۇڭ (خۇيزۇ)، قاسىكەن (قازاق)، ناچاڭشېڭ (خۇيزۇ)، لى فۇ، جۇۋەنتيەن، سۇڭ چاڭشېڭ، شۇجياشيۇ (ئايال)؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ۋاڭ فېڭبيا (ئايال)، خۇاڭ داۋلىن، رېن جيەنگو، يۇشېياۋ، ۋاڭ سەنما، سۇڭ شۇيۈن (ئايال)، ئايىمخان خېلىل، ئەن چىڭمىڭ (ئايال)، لى زۇڭيې؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىن: ئالىم مىجىت، يۈسۈپ روزى، ھەبىبۇل ئىسمائىل، جاڭ ۋېنخەي؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدىن: سۇچىمىڭ، مەيرات (قازاق)، سادەتخان ناسىر، سۇلايمان رېشىت؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىن: زاڭبا (موڭغۇل)، دۇڭ جاۋگو، لەن خۇەنشىن (جۇاڭزۇ، ئايال)، ئىسمائىل يۈسۈپ، زىياۋۇدۇن چورۇق، گۇڭمىڭگېبۇ (موڭغۇل)، ياڭ شيۇيىڭ (ئايال)، ۋاڭ سۇڭچۈن، ماجىگو (خۇيزۇ)، جاڭ جىڭچيۇ (ئايال)، يۈجىڭگۇاڭ؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: تۆمۈر يۈسۈپ، مەتتىمىن ھامۇت، لى چيەننەن، توختى ھوشۇر، ياسىن يۈسۈپ، كوڭ رېنشەن، تۇنىياز قاسىم، ساۋخۇڭيىڭ (ئايال)، ۋاڭ گۈيلىن، شۇجىزېڭ؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن: مەھەممەت داۋۇت، تۇرسۇن تۇردى، يۈسۈپ ئالماس، ليۇليەنفاڭ (ئايال)، چېن دېخۇ، لۇشۇجۈن، مۇھەببەت ھەسەن، ئابلەت، مامۇت تۇرسۇن، ئاسىيە ئالىم، ھېكىمبېك (تاجىك)، نۇرۇلخان سىدىق؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن: ۋۇدېگيۈن، سۇن ماۋفېڭ (ئايال)، كامىلجان زۇنۇن، ئېلى تاجى، ئىسھاق مەمەتتۇرايىم (قىرغىز)؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن: مەھەممەتتۇرسۇن، تۇمەننىياز قۇربان، لى ۋېنجيەن، شۆفېڭيىڭ (ئايال)، ئابدۇقادىر، ئېلى مەتتوختى، شاۋۇدۇن مەمتىلى، جۈرئەت مەمتىمىن؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىدىن: ليۇجۇفېي، ئەن

لىشىن (ئايال)، ئەيسا ھاشىم، خې شياۋچۇ، شياۋ جۇڭخەي (ئايال)، باقى يۈسۈپ، لۇڭ شىنپېڭ؛ ئىقتىساد ئىستېمىسىدىن: پەن سۇنشەن، ۋاڭ چېڭجاڭ، ساۋرۇڭجاڭ، مارۋىدۇڭ، لى گۇاڭجۇن، لى جۇشيا (ئايال)، ماجيې، گوڭۇسۇڭ، ئەنۋەر، ياڭ جىجۇن، ئابباس سىدىق، ئابدۇرېھىم تۆمۈر، جاڭ جىيۇڭ، ليۇيۇشەن، دۇڭ جىفەن؛ ئالىي مەكتەپلەردىن: ۋاڭ شياۋياڭ (ئايال)، ئاپھار رۇستەم، شاۋخۇەيياڭ، گۈلنار نۇرمۇھەممەت، مامۇت مەمەت، ياڭ شىخەي، لى ياۋچيەن، لۇ گۈييىڭ (ئايال)، جاڭ لىتيەن؛ پەن تەتقىقات ئورنىدىن: لىن يىڭچۈن؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن: جياڭ لىڭجى (ئايال)، جاڭ خۇچېڭ، دۇرمنفۇ، چېن يىڭشى، سۇي شىخاۋ، لى ۋەنخې، ليۇشۇجيەن، گاۋلىڭ (ئايال)، بەي شىنيەن (خۇيزۇ، ئايال)، خۇەي يۇڭجېن، ۋاڭ شۇمىڭ، دىڭ شىڭدۇەن؛ باشقىلار: ئابلەت ئىمىن، قادىر داۋۇت، ماجياباۋ.

مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىلىرى

ئىلى ئوبلاستىدىن: يۈەن چۇڭ؛ ئىلى ۋىلايىتىدىن: جۇجىڭخاڭ (ئايال)، جاۋدېجۇڭ؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن: چېن گۇاڭمىڭ، فاڭ زىچياڭ؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىن: مۇقان (قازاق)؛ بورتالا ئوبلاستىدىن: كەن دېخەي، يۈيىزېڭ؛ قاراماي شەھىرىدىن (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن): جاۋۋېنگۇاڭ؛ سانجى ئوبلاستىدىن: گاۋجېنمىن، چۇجۇڭمىن، ماجېڭشىن (خۇيزۇ)؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: جاڭ سەيخۇا، ۋاڭ گۈيشەن، لاڭ جۇڭچياڭ؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىن: خې لىشىن، ماشېڭشياڭ (خۇيزۇ)؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدىن: جياڭ چۈنيىن، دۇخاۋشياڭ؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىن: ليۇشياخۇ؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: يۈەن جىنجۇڭ، جاڭ لياڭجيې؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن: ھېسامىدىن، سۇڭ خاۋ؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن: ۋاڭ چېڭشيەن؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن: لۇپىڭ؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىدىن: لى سۇڭتاۋ، فۇرۋىفېڭ (ئايال)، پۇشېڭشياڭ (ئايال)، زەينەپ، جاڭ زېشۈن، ۋاڭ باۋسەي، فاڭ شىشاڭ؛ ئىقتىساد ئىستېمىسىدىن: شاۋمىڭيى، دۇڭ شۈن، دۇڭ جىشيەن، شى خۇڭ، ئې يۈشىن؛ ئالىي مەكتەپلەردىن: جۇجۇڭخاۋ، شيې خەنشېڭ، چېن لىيې؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن: ماشېڭلى، چېڭ خۇەنلياڭ، ليۇجىخۇا، ۋېي يىمىن؛ باشقىلار: چېڭ پىڭيى.

مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرى

ئىلى ئوبلاستىدىن: دۇەن جىنفۇ؛ ئىلى ۋىلايىتىدىن: ئابدۇراخمان (ئۆزبېك)، مەن ئېرجى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن: لى گوفۇ، لياڭ خۇەيجۈن؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىن: جۇباي (قازاق)، خې يۈجۇ؛ بورتالا ئوبلاستىدىن: جۇ ئەيپىڭ (ئايال)، جۇيىنلىن؛ قاراماي شەھىرىدىن (نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن): جاڭ دۇڭخۇ؛ شىخەنزە شەھىرىدىن: لۇشىيې (ئايال)؛ سانجى ئوبلاستىدىن: لى زۇڭدا، جۇۋېنرۇڭ، ماۋخۇەنلى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: سۈن فېڭيۈەن، ليۇيۈەنچاڭ، جۇشۆجىن؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىن: ئىبراھىم ئارىپ، رازاق رەۋەيدۇل؛ قۇمۇل ۋىلايىتىدىن: مۇھەممەت تاش، گومىن؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىن: ئوسمان ماخان، ۋاڭ جىرۇي؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: قاسىم قادىر، ۋاڭ گۇاڭشۈن (ئايال)؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن: سايىم موللا، غولام ئالىم، ۋاڭ شىجياڭ؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن: روزى ھېيىت، ئابدۇراخمان ئەمەت؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن: مەتسېلىم قاسىم، قادىر بارات، ئېلى باۋۋدۇن؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىدىن: لياڭ دېخەي، جۇشۆگۇڭ، مۇبارەك (قازاق)، لى جۇڭكەي؛ ئىقتىساد ئىستېمىسىدىن: جاڭ شياۋفېڭ، ۋاڭ جىڭشەن، ۋاڭ جىڭپىڭ، چېڭ باۋلىن؛ پەن تەتقىقات ئورنىدىن: ليۇيۇڭچيەن؛ ئالىي مەكتەپلەردىن: ليۇ جيەنچاڭ، لى داچاۋ؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن: چېن شىچۈەن (ئايال)، ليۇتيەنگاۋ، ياڭ جيەنغا، گاۋيۇرۇن؛ باشقىلار: دۇڭ جېڭلۇڭ، ليۇچاڭيىن.

خۇ جيەنرۇڭ

تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لۈفېڭنىڭ مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇگوفۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن «پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەتراپلىق، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى تەشكىلات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىنىجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇيۈەن «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەپ، ئىنىجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل

شۇجىلىرى ۋە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، شىركەتلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى يولداشلار بولۇپ جەمئىي 300 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

گو ۋېيمىن

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۆت دەرىجىلىك نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى ئاياغلاشتى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون)، يېزا (بازار) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى 1993 - يىل 5-ئاينىڭ 24 - كۈنى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىگە يېڭىدىن سايلانغان يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار تەستىقلىغان رەھبەرلىكنىڭ 97.75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

نۆۋەت ئالمىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بەنزىلەرگە 13 كىشى، ۋىلايەت - ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك بەنزىلەرگە 48 كىشى، ناھىيە دەرىجىلىك بەنزىلەرگە 260 كىشى كىرگۈزۈلدى؛ ھازىرقى ئىش ئورنىغا مۇۋاپىق كەلمەيۋاتقان ۋىلايەت - ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك كادىردىن 11 ى، ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن 74 ى تەڭشەلدى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كادىردىن ئالتىسى ئالماشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ۋىلايەت - ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك كادىردىن 11ى، ھۆكۈمەت، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ناھىيە (شەھەر) ھالقىغان ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن 122 كىشى ئالماشتۇرۇلدى.

رەھبەرلىك بەنزىسى ياشلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، مەلۇماتىمۇ خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك - ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 48.8 گە چۈشتى. ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش نىسبىتى 67.6% كە يەتتى؛ ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 42.8 گە چۈشتى، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش نىسبىتى 71.2% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە 45 ياش، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە 40 ياش، ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە 35 ياش ئەتراپىدىكى كادىرلار كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن مۇۋاپىق بولغان پەلەمپەي قۇرۇلما ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

لىي يۈجياڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن «رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. 12 ئورۇن ۋە شەخس يىغىندا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئالماشتۇردى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ۋە «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» دىن ئىبارەت ئىككى ھۆججەتنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلار ۋە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، شىركەتلەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى يولداشلار بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى خۇلاسىلىنىپ ۋە تەھلىل قىلىنىپ مۇنداق دەپ

قارالدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى بولدى، لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇد، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇش، بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى يەنە بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنى تۇتۇش، بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى يەنە بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنى يېتەكلەش، ئاخىرىغىچە تۇتۇپ نەتىجە ھاسىل قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا مۇنۇ بەش مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكىنى ساقلاش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەشكىلىي، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك دەرىجىلىك بىردەكلىكىنى ساقلاش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئەمەلىي ئىش قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ھەر ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم (پارتگورۇپپا) نىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

گو ۋېيمىن

## نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى تەرتىپكە سېلىندى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئورگانلىرىدا ئىدىيىۋى ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 189 ئازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن پارتكومى (پارتگورۇپپا) (بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك ئىدارە 43) 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ بېشىدىن 1994 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىدىيىۋى ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى.

بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش، سېلىشتۇرما تەكشۈرۈش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خۇلاسىلەش ۋە باھالاشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈندى. 1 - باسقۇچتا، ئورۇنلار كادىرلارنى تەشكىللەپ، مەركەزنىڭ ئىككى يىغىنى (مەملىكەتلىك تەشكىلات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنى) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ يىغىن (ئاپتونوم رايونلۇق رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى) نىڭ روھىنى مەركەزلىك ئۆگەندى، ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئۆگەندى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومىنى ۋە پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» نى ئۆگەندى. 2 - باسقۇچتا، ئورۇنلار چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى قېتىم دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئورۇنلار 100% كە يەتكەن، ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قوش تەشكىلىي تۇرمۇشقا قاتنىشىش نىسبىتى 99.5% كە يەتكەن. 1 - قېتىملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلگەن، ئورۇنلار پاك بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇشنى مەزمۇن قىلىپ، مەركەزنىڭ «بەشنى قىلماسلىق» ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «سەككىز ماددا» لىق بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرگەن ۋە تۈزەتكەن. 739 نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىر ئىچىدە، سودا بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كارخانا قۇرغان 13 كىشى بۇ ئىشتىن چېكىنگەن، كارخانىلاردا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 100 كىشى ئەسلى ئورنى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش رەسمىيىتى ئۆتىگەن، پاي ۋە ئىچكى قىسىمدىكى پاي ھوقۇقى كىنىشكىسى ئالغان 189 كىشى تىزىملاش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان،

سوۋغا قىلىنغان يول، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىنى قوبۇل قىلغانلارمۇ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن. 2 . قېتىملىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلگەن. ئورۇنلار ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى مەزمۇن قىلىپ، تەجرىبە يەكۈنلەش، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئىستىلدىن ئىبارەت بەش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ، بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن ۋە بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. 3 . باسقۇچتا، ئورۇنلار مۇنۇ تۆت جەھەتتىكى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورناتتى، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. 1) تەدبىر تەرتىپى ۋە خىزمەت تەرتىپى جەھەتتە، مەسىلەن: «پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ مۇھاكىمە قىلىش تەرتىپى ۋە قائىدىسى»، «پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ خىزمەت تۈزۈمى»؛ 2) يىغىن ۋە ھۆججەت جەھەتتە؛ 3) پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە؛ 4) رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئورگانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى جەھەتتە، مەسىلەن: «مەركىزىي گۇرۇپپىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى»، «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زور مەسىلىلەردە يولىيورۇق سوراش تۈزۈمى»، «تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالاقە باغلاش نۇقتىسى قۇرۇش تۈزۈمى» ، بەزى ئورۇنلار يەنە كۈتۈۋېلىش، ماشىنا ئىشلىتىش، مالىيە ۋە ئومۇمنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىمە چىقاردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ۋە «ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» دىن ئىبارەت ئىككى تۈزۈمنى تۈزۈپ تارقاتتى.

كادىرلارنى سىناش خىزمىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكرتىك باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئورۇنلار 3.باسقۇچتا، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى سىنىدى، 4 ـ باسقۇچتا باشقارمىدىن تۆۋەن كادىرلارنى سىنىدى. ھەر قايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالىدى ھەممە 718 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنى، 3081 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى باھالاپ چىقتى.

جاڭ تىيجۈن

## پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلدىكى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتلىرى 114، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم ئۈچ، ۋىلايەتلىك پارتكوم سەككىز، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بەش، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 14، ناھىيىلىك پارتكوم 64، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم ئالتە، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك (رايونلۇق) پارتكوم 11، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك (رايونلۇق) پارتكوم ئۈچ. پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى 43، بۇنىڭ ئىچىدە 12 سى ناھىيە (شەھەر) لەر يېزىلارغا ئەۋەتكەن رايونلۇق پارتكومدىن ئىبارەت. پارتگۇرۇپپا 1336 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 100 پارتگۇرۇپپا كۆپەيدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 58 مىڭ 638، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى 3504؛ پارتىيىنىڭ باش ياچېيكا كومىتېتى 3116 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 146 سى كۆپەيدى؛ پارتىيىنىڭ ياچېيكا كومىتېتى 52 مىڭ 18 گە يېتىپ، 1992ـيىلدىكىدىن 1201 ى كۆپەيدى. پارتىيە گۇرۇپپىسى 70 مىڭ 246 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1785 ى كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىيە ئەزاسى 790 مىڭ 713، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزاسى 288 مىڭ 880؛ ئايال پارتىيە ئەزاسى 138 مىڭ توققۇز؛ دېھقان، چارۋىچى، بېلىقچى پارتىيە ئەزاسى 160 مىڭ 509، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 167 مىڭ 840، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزاسى 119 مىڭ 856، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تارقىلىشى جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكىسى 185 مىڭ 723، يېزا ـ بازارلاردىكىسى 226 مىڭ 539.

خې لىن

## پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 36 مىڭ 609 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن قوبۇل قىلىنغان پارتىيە ئەزاسى 15 مىڭ 374 كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن بىر پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيدى؛ پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئايال 9478 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 0.75 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيدى؛ يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە 35 ياشتىن تۆۋەن ياش پارتىيە ئەزاسى 24 مىڭ 660 قا يېتىپ، 1992ـيىلدىكىدىن %2 كۆپەيدى؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 23 مىڭ 656 گە يېتىپ، 1992ـيىلدىكىدىن %4 كۆپەيدى؛ ئىلغار نەمۇنىچىلار ئارىسىدىن 5749 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، 6900 كىشى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدىن بىۋاسىتە پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى؛ يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە كارخانا، يېزىلاردا

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1. سېپىدە ئىشلەيدىغانلار 19 مىڭ 798 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 54.08 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 66.4% نى ئىگىلەيدۇ.

يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى كەسپى بويىچە ئايرىغاندا: ئىشچى، تىجارەتچى، مۇلازىمەتچىلەر ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 21.13% نى، دېھقان، چارۋىچى، بېلىقچىلار ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 20.97% نى، باشقا پارتىيە ئەزالىرى 31.08% نى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى 26.82% نى (35 ياشتىن تۆۋەنلەر 54.64% نى، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 22.01% نى) ئىگىلەيدۇ؛ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3218 بولۇپ، 32.77% نى ئىگىلەيدۇ.

خې لىن

## پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - قارارلىق دېھقان، چارۋىچىلار سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، جۈملىدىن پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئاتېئىزم ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيە گەۋدىلەندۈرۈلدى.

لى يۈن

## پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 571 مىڭ 766 نەپەر پارتىيە ئەزاسى تەربىيىلەندى، بۇ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 72.31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ تەربىيىلەنگەنلەر (ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 168 مىڭ 941 بولۇپ، تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 29.55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى پارتىيە ئەزاسى 189 مىڭ 441 بولۇپ، يېزا - بازارلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 83.62 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ تەربىيىلەنگەنلەر يېزا - بازارلاردا تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 43.12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئۆزىكى، ئېلېكترونلاشقان ئوقۇتۇش پونكىتى ۋە تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلېكترونلاشقان ماتېرىيال ئۈسكۈنىلىرى، سىنئالغۇ لېنتىسىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس تارقىتىش ۋە مەخسۇس قويۇش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارغا بولغان تەربىيىنى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تولۇقسىز مەلۇماتىغا قارىغاندا، 40 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى قويۇلغان، ئۇنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان پارتىيە ئەزاسى 3 مىليون 405 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن، تەربىيىلىنىش دائىرىسى 85% كە يەتكەن. ياشلار ۋە پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلاردىن سىنئالغۇ ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى كۆرگەن ھەم ئاڭلىغانلار 800 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتكەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەنە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپتىن 89 مىڭ 721 كىشى تەربىيىلەندى، بۇ، پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنىڭ 85.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ تەربىيىلەنگەنلەر 45.92% نى ئىگىلەيدۇ.

خې لىن

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرخىل كادىر 564 مىڭدىن ئاشتى (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى كادىرلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 264 مىڭدىن، ئايال كادىر 222 مىڭدىن، غەيرىي دۆلەت كادىرلىرى ئىچىدىن تاللاپ تەكلىپ قىلىنغانلار 65 مىڭدىن ئاشىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىرلار 24.84% نى، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى باشقۇرىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24.13% نى ئىگىلەيدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: تولۇق كۇرستىن يۇقىرىلار 57 مىڭدىن ئارتۇق، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 119 مىڭ، ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇغانلار 585، بۇلار ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 29.31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.37 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپ؛ تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 229 مىڭدىن ئارتۇق،

تېخنىكومدا ئوقۇغانلار 467، بۇلار 40.79% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.49 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 77 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 13.76% نى ئىگىلەپ، 0.46 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 79 مىڭ بولۇپ، 14.15% نى ئىگىلەپ، 2.41 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايدى. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 35.88 ياش بولۇپ، 0.25 ياش تۆۋەنلىدى، 45 ياشتىن تۆۋەنلەر 78.96% نى ئىگىلىدى.

1993 - يىلى دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلغان ئالىي تېخنىكوم، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ۋە تەكلىپ قىلىپ، قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىلگەن كادىر بولۇپ 35 مىڭدىن ئارتۇق كادىر كۆپەيدى (يۆتكەلگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىرلار 41.06% نى، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى 40.67% نى، غەيرىي دۆلەت كادىرلىرى ئىچىدىن تاللاپ تەكلىپ قىلىنغانلار 34.23% نى، 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 85.64% نى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 89.37% نى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى 9.7% نى ئىگىلەيدۇ. 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، ۋەزىپىسىدىن چېكىنىش، تەكلىپ قىلىنىشتىن توختىتىلىش، ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 22 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئازىيىپ كەتتى (يۆتكىلىپ كەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە تەكلىپ قىلىنىشتىن توختىتىلغانلار 8.42% نى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ئىچىدە، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 371 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كەسپىي تېخنىكا خادىمى 47.42% نى، ئاياللار 45.66% نى ئىگىلەيدۇ؛ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 162 مىڭدىن ئاشىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 10 مىڭ 830، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 66 مىڭ 468.

شەن ۋېنيۈڭ

### كادىرلار تەربىيىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ھەرخىل پارتىيە مەكتەپلىرى، باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنلىرى، تەربىيىلەش مەركەزلىرى كادىرلارنى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشقا تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئىقتىساد نەزەرىيىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە زامانىۋى پەن-تېخنىكا دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، پاي تۈزۈمى، يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمى، باج ئايرىش تۈزۈمى، پەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيىلەر بويىچە دەرس ئۆتتى.

تەربىيىلەش ئوبيېكتى جەھەتتە، ئاساسلىقى، ناھىيە - باشقارمىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار ۋە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش مەركىزىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسىدىن ئالتە قارار ئېچىپ، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىردىن 140 نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى بىلىم ئاشۇرۇش 1 - سىنىپى 1991 - يىلدىن بۇيان يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈلگەن نىسبەتەن ياش مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى مەركەزلىك تەربىيىلىدى، ئۈچ ئايلىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى بويىچە 92 ئادەمنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئېچىپ، تۆت ئايلىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى بويىچە 52 ئادەمنى تەربىيىلىدى. تاللاپ قوبۇل قىلىنغان، ئىقتىساد خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك 100 نەپەر كادىر (بۇنىڭ 70 ى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر) تيەنجىن داشۆسى، دالييەن تەبىئىي پەن - سانائەت پەنلىرى داشۆسىگە ئەۋەتىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە كارخانا باشقۇرۇش بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە 1992 - يىلى بۇ ئىككى داشۆگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 100 نەپەر كادىر لياۋنىڭ، تيەنجىنلەرگە ئەۋەتىلىپ، ۋەزىپە بىلەن ئۈچ ئاي ئوقۇتۇلدى. 1993 - يىل 9 - ئايدا مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپقا ياردەم بېرىشى بويىچە 2 - قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تيەنجىن داشۆسى، دالييەن تەبىئىي پەن - سانائەت پەنلىرى داشۆسى بىلەن 1993 - يىلى كۈزدىن 1995 - يىلى يازغىچە 300 نەپەر (ھەر يىلى 100 نەپەردىن) ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە كارخانا باشقۇرۇش كادىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل پارتىيە مەكتەپلىرى، باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنلىرى، تەربىيىلەش مەركەزلىرى جەمئىي 116 بولۇپ،

مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىڭ 714 كادىرنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى كادىر 1740، ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 5848.

فىڭ گاڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، يېزا ئىقتىسادىي پونكىتىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 150 نەچچە كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇبىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇگوفۇ خۇلاسە سۆزى قىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

يىغىندا مۇنداق دەپ ھېسابلاندى: بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇنۇ تۆت جەھەتتىكى خىزمەت نۇقتىلىق تۇتىلىدۇ. 1) پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ؛ 2) ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى ياخشى ئىشلىنىپ، مۇنۇ ئۈچ ئىش گەۋدىلىك تۇتۇلىدۇ: بىرىنچىدىن، ياخشى ياچېيكا شۇجىسى تاللىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ياخشى قۇرۇلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىغا

ئەمخورلۇق قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، 3) كەنت دەرىجىلىك يۇرۇشلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، كەنت دەرىجىلىك يۇرۇشلەشتۈرۈش تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەر پۈتۈن فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلىدۇ؛ 4) يېزا - بازارلىق پاتكوم، ھۆكۈمەت ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلىدۇ.

گو ۋېيمىن

**كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 398 بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ 134 دە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئىلمىيلەشتۈرۈش يولىغا سېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى 1992 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالتە كارخانىدا نۇقتىدا سىناق قىلىنىشقا باشلىغانىدى.

لۇ ياپىڭ

**چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئىككى خىل كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش تۈزۈمى، خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلىرى بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىلىك پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «سامان يولى» ئۆي - مۈلۈك گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، پائال ئىزدىنىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە پاي تۈزۈمىدىكى

كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھەر قىسىم خىزمەت ئۇسۇلى ۋە پائالىيەت شەكلىنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى يەنىلا بىرقەدەر ئاجىز، گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى راۋان ئەمەس، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇلمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى پارتىيە خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، 9 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى پارتىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ى، 11 - ئايدا «پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر (سىناق نۇسخا)» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى، بۇ ئىككى خىل كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسى، شۇنداقلا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

بىر يىلدىن بۇيان، «پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، پارتىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش» تىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېما چۆرىدىلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى پارتىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. تىجارەت باشلىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئىككى خىل كارخانىلار ئىچىدە تەخمىنەن%15 ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى، %23 پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىدا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ تەخمىنەن %30 كارخانىدا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى.

لى فېڭتاڭ

**تۇنجى نۆۋەتلىك يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) خىزمەت يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) لار خىزمەت يىغىنى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەشكىلات، كادىرلار ئىشلىرى، يەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم ئازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى (شەھەر باشلىقلىرى) ۋەكىللىرى بولۇپ 150 نەچچە كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز 1987 - يىلدىن باشلاپ 1993 - يىل 6 - ئايغىچە 158 نەپەر يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) نى تۆۋەنگە ئەۋەتتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) جەمئىي 994 تۈرلۈك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە كېڭەيتكەن؛ ھەرخىل يەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3974 قارار ئاچقان، تەربىيىلەنگەنلەر 400 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) غە يەتكەن؛ ھەرخىل كارخانا، ئەمەلىي گەۋدىدىن 289 نى قۇرغان، قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغان، بىرلىشىپ قۇرغان؛ جەمئىي 460 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتقان؛ ناھىيە (شەھەر) لەرگە ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىمدىن 1696 ئادەم (قېتىم) نى كىرگۈزگەن؛ 47 ناھىيە (شەھەر) دە، يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) نىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى تۈزۈلگەن؛ 53 ناھىيە (شەھەر) دە يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى تورى شەكىللەنگەن.

يىغىندا ئاپتونوم رايون تاللاپ ئەۋەتكەن يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) نىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى؛ كەلگۈسىدە تۈزۈلىدىغان مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، چارىلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىغىندا يەنە يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) بويىچە 27 خىزمەتتە ئىلغار ئورۇن ۋە 34 يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇنەۋۋەر مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) تەقدىرلەندى.

لى چىڭخاۋ

**كادىرلار ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ چېنىقتۇرۇلدى ۋە ۋەزىپە بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى**

1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، بىر قىسىم بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 121 ياش كادىرنى تەشكىللەپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئاساسىي قاتلاملارغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ چېنىقتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە -

باشقارما دەرىجىلىك كادىر 46، بۆلۈمدىن تۆۋەن كادىر 75؛ خەنزۇ كادىر 83، ئازسانلىق مىللەت كادىر 38؛ ناھىيىدىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ چېنىققانلار 103، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى بىۋاسىتە قاراشلىق باشقارما - ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ چېنىققانلار 18. بۇلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار تۆۋەنگە چۈشۈرگەن 4 - تۈركۈم ياش كادىرلار بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ چېنىقىش مۇددىتى ئىككى يىل. بۇ قېتىمقى كادىرلارنى تاللاپ تۆۋەنگە ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ئاساسىي قاتلام خىزمەت سەرگۈزەشتىسى كەمچىل ياش كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىشتىن ئىبارەت دەرسنى تولۇقلاش؛ ئىككىنچىدىن، 45 ياشتىن تۆۋەن، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك خىزمىتى جەھەتتىكى تەجرىبىسى كەمچىل نازارەت، باشقارما دەرىجىلىك زاپاس كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ يەنىمۇ چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولدى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىم تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلار ئىچىدە ئىقتىساد سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ سالمىقى زور، مەلۇمات قاتلىمىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، بىر قىسىم بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار 1991 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتىپ چېنىقتۇرغان بىر تۈركۈم ياش كادىرلارغا 1993 - يىل 8 - ئايدا ئىككى يىل توشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) بولۇپ يەنە بىر يىل خىزمەت ئىشلەيدىغان 25 يولداشتىن باشقا، قالغان 64 كىشى ئارقا - ئارقىدىن ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتتى.

1993 - يىل 1 - ۋە 7 - ئايلاردا ئاپتونوم رايونىمىز بېيجىڭ، شەندۇڭ، جېجياڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە - شەھەرگە ئەۋەتىپ ۋەزىپە بىلەن يېرىم يىل ۋە بىر يىل ئوقۇغان 73 كادىر ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. 9-ئايدا بېيجىڭ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش تەجرىبىسى ئالماشتۇرغان 15 يولداشمۇ خىزمىتىنى تاماملاپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتتى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە - شەھەرلەر بىلەن ئۆز ئارا كادىر ئەۋەتىشىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈم كادىرلار بولۇپ، بۇ جەھەتتە خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1993 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى يەنە 15 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كادىرنى تاللاپ بېيجىڭ شەھىرىگە ئەۋەتىپ ۋەزىپە بىلەن ئوقۇتتى. بۇ تۈركۈمدىكى كادىرلار جەھەتتە ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلدى. بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىر تۇتاش تەشكىللەپ ئىچكىرىدىكى ئۆلكە - شەھەرلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ ئوقۇتقان 9 - تۈركۈم ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كادىرلاردۇر.

لىيۇ سۇڭدۇڭ

**سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بويىچە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بويىچە كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە «روھنى ئۆگىنىش، كاللىنى ئۆزگەرتىش، تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش» دولقۇنىنى قوزغاپ، 14 - قۇرۇلتاي روھىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ناھىيىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇھىم نۇقتىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە قويۇپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىش، كۆز قارىشىنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شەھەر بىلەن يېزا، كەسىپ بىلەن تارماقلارنى تىپقا، قاتلامغا ئايرىپ كونكرېت تەلەپ قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ۋە مۇئاۋىن شۇجى جانابىل تەربىيىلەش كۇرسىغا بېرىپ سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە دەرس ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى كارخانا، ئورگان، مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، كەڭ

كۆلەملىك مۇھاكىمىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى. ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرمۇ كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىدە ئوتتۇرىغا چۈشكەن بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇلارغا جاۋاب بەردى. جايلار ۋە ئورۇنلار كوممۇنىزملىق ھالدا ئۆگىنىش كۇرسى، تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، نەزەرىيە تاپانچىلىرىنى سەپيارە دوكلات بېرىشكە ئەۋەتىپ، سۆھبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتلەر قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەر قىلىپ، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنى مۇھاكىمىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 85% تىن ئارتۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ، بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم مەخسۇس تېمىدىكى خەۋەر، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە بازار ئىگىلىكى ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات بەردى، بۇ، خېلى ياخشى تەشۋىقات رولىنى ئوينىدى.

كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە ئارقىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىن ئىبارەت تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ پىلانى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلەر تۈزۈلدى. ھەرقايسى كەسىپلەرمۇ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ما يۇڭجۇ

### جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىللە، 1993 - يىل 2 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

«شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن ئىبارەت بەش گېزىت جەمئىي 338 مىڭ 373 نۇسخا سوئال بېسىپ تارقاتتى، 86 مىڭ 867 نۇسخا سوئال قەغىزىنى يىغىۋالدى، 32 مىڭ 906 نۇسخا سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب پۈتۈنلەي توغرا بولدى. كۆپ قىسىم ناھىيىلەر مۇسابىقىگە ئادەم قاتناشتۇردى، كۆپلىگەن ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇسابىقە نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك رېۋىزىيە ئىدارىسىدىن لى جىڭ قاتارلىق بەش كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭدىن باشقا 130 كىشى 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى قاتارلىق يەتتە ئورۇن تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياڭ لى

### دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە تۇنجى قېتىملىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا 44 ۋەكىل قاتناشتى. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق ئون ئورۇن كارخانىلاردا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىندا «سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم جايلارغا تارقاتتى.

يىغىندا كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇنۇ تۆت جەھەتتىكى خىزمەت نۇقتىلىق تۇتۇش تەكىتلەندى: 1) ئېنىق خاسلىققا ئىگە كارخانا روھىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ 2) تىرىشىپ ياخشى كارخانا ئوبرازىنى يارىتىش كېرەك؛ 3) كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئەستايىدىل كۈچەيتىش كېرەك؛ 4) ياخشى كارخانا مەدەنىيەت ھاۋاسىنى پائال بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كارخانا پارتكوملىرى كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان

رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. كارخانىلاردىكى زاۋۇت باشلىقلىرى (جىڭلىلار) كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىكى بىر نىشانى قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. كارخانىلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى كارخانىلاردا ھازىر بار بولغان مەدەنىيەت بازىلىرىنى تېرىشىپ مۇستەھكەملەپ، يېڭى بازىلارنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، يېڭى مەزمۇنلارنى تولۇقلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋاڭ خۇي

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دېموكراتىك كېڭەشمە يىغىنى ئۆتكۈزدى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىلى ئىككى قېتىم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دېموكراتىك كېڭەشمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «خەلق» سارىيىدا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دېموكراتىك كېڭەشمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابى كومىتېتى، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بولۇپ 22 كىشى قاتناشتى.

كېڭەشمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھامىدىن نىياز، جاڭ فۇسېن قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى.

سۇڭ خەنلياڭ، ئالدى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 - يىغىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ۋەزىپىسىنى مەلۇم قىلدى. جاڭ فۇسېن يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارغا مۇناسىۋەتلىك كادىرلار ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆز سۆزلىرىدە بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلاشتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كادىرلار ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىش بولغاندا پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىش، بىر - بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈشتىن ئىبارەت فاڭجېننى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ئۇلار كادىرلار ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا دائىر پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بىرلىكتە تېزلىتىش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 2 - قېتىم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار كېڭەشمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە ئادەم تاللاش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئېلىندى ھەمدە دېموكراتىك كېڭەشمە ئېلىپ بېرىلدى.

كېڭەشمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېنلار كېڭەشمە يىغىنىغا قاتناشتى.

سۇڭ خەنلياڭ، ئالدى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە ئادەم تاللاش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەھۋال تونۇشتۇردى.

ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ئۆز سۆزلىرىدە تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغان مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە ئادەم تاللاش پىكرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ۋە ئاپتونومىيىمىزنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىنى قوغداپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ليۇ جيېكۇي

**ئاپتونومىيىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان 2 - تۈركۈم رېۋىزىيە خادىملىرى**

1993 - يىلى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە

سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئون نەپەر ئەزاسى ئاپتونوم رايونلۇق رېئونزىيە نازارىتى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ، 2-نۆۋەتلىك ئۇرگۇمدىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان رېئونزىيە خادىملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ۋۇۋېيجېي، ۋاڭ جىنشەن، يۈۋېنىڭ، «3-سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى شۈچىڭيى (ئايال)، چياۋزوشەن، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ جۇڭيۇ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى جياڭ ۋېيشىن، دېھقان-ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جاۋپەنگوي، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ساۋشىدى (ئايال)، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى مىجىت ئىسلام.

جاۋ يۈلەن

بىرلىكسەپ بۆلۈمى پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار ئالاقە باغلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىسملىكى ۋە نۇقتىلىق ئالاقە باغلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىسملىكىنى بېكىتتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 1993-يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، 100 نەپەر ۋەكىل خاراكتېرلىك پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار ئالاقە باغلاش ئوبيېكتى ۋە 35 نەپەر نۇقتىلىق ئالاقە باغلاش ئوبيېكتىنى بېكىتتى.

100 نەپەر پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار ئالاقە باغلاش ئوبيېكتى ئىچىدە مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سەككىز، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى توققۇز، ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئالتە، ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 21، ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئىككى، ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى 19، جەمئىي 64 كىشى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 19، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس 13، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 82، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 14، ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 33، ئايال 20.

35 نەپەر پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار نۇقتىلىق ئالاقە باغلاش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى تۆت، مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىككى، ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئۈچ، ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى توققۇز، ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى سەككىز، بۇلار جەمئىي 26 كىشى بولۇپ، %74.3 نى ئىگىلەيدۇ. دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 11 بولۇپ، %31.4 نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس يەتتە بولۇپ، %25 نى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 33 بولۇپ، %94 نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خادىم سەككىز بولۇپ، %22.9 نى ئىگىلەيدۇ، ئايال تۆت بولۇپ، %11.4 نى ئىگىلەيدۇ.

ۋۇ لىمىن

پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993-يىل 7-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار 364 مىڭ 511 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي زىيالىينىڭ 65.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي 111 مىڭ 835، ئايال زىيالىي 121 مىڭ 759، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 2600، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى 1334، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى 2258.

پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 4784، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي 1183، ئايال زىيالىي 1329، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى 141، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى 400؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 44 مىڭ 374، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي 14 مىڭ 122، ئايال زىيالىي 16 مىڭ 831، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى 443، ھەردەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى 811؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار ۋە كەسپىي ۋەزىپىسى بېكىتىلمىگەنلەر 315 مىڭ 353، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت زىيالىي 96 مىڭ 530، ئايال زىيالىي 103 مىڭ 599، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى 750، ھەردەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ۋەكىلى 1047.

ۋاڭ جيەنجۈن

پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنىلا ئاساس قىلىشتىن، تەدرىجىي ھالدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بوي سۇنۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ سىياسىي تۇرمۇش تەمىناتىنىڭ

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يۈتكەلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەردەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئۆزى ئىختىيار قىلىش ۋە يولغا قويۇشقا بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئۆز رولىنى كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام بويىچە جارى قىلدۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 90 مىڭدىن ئارتۇق دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ دولقۇنىغا كىرىپ، ھەرخىل ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 500 نەچچىنى قۇردى، بۇنىڭغا تەخمىنەن 72 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سالدى. تارباغاتاي، قەشقەر، ئىلى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، پېشقەدەم كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئازكەم 15 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، يەرلىك سودا ـ چېگرا سودىسىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ناھىيە ۋە يېزا ـ مەيدانلاردا ئولتۇرۇشلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىچىدە 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھويلا ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 2000 يۈەندىن ئاشتى. قەشقەر، بايىنغولىن، ئىلى، بورتالا، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ـ مەيدانلاردا ئولتۇرۇشلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ھويلا ئارام ئىگىلىكىگە تايىنىپ، «ئەتىيازدا كۆكتات بولۇش، يازدا قوغۇن ـ تاۋۇز بولۇش، كۈزدە مېۋە ـ چېۋە بولۇش، قىشتا گۆش بولۇش» نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قاتارلىق چوڭ كارخانىلاردىكى پېشقەدەم كادىرلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئوبوروت ساھەسىنى كېڭەيتتى.

ـ بىر تۈركۈم خېلى يۇقىرى ئۆلچەمدىكى پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى ۋە ماناس ناھىيىسى، قۇتۇبى دەرياسى باشقارمىسى، يەنجى ناھىيىلىرىنىڭ پائالىيەت ئۆيلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى ھەمدە ئىشلىتىلدى.

يەن ۋېيشىن

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى قانات يايدۇرغان ئاساسلىق خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، تەھرىرلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مەركىزىي پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى چۈشۈرگەن «شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش»، «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئىسلاھات» قاتارلىق تېمىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى ئويۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون (ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ بىر تۈركۈم تېمىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى؛ «ج ك پ شىنجاڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» نى تەھرىرلەش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» نى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى رەسمىي قۇرۇلدى، تۈزۈش لايىھىسى، تۈزۈش ۋەزىپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

پارتىيە تارىخى تېما قىلىنغان تۆۋەندىكى ماتېرىيال كىتابلار نەشر قىلىندى: «ج ك پ شىنجاڭ پارتىيە تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار» (1 ـ قىسىم)، «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (ئۆزلىرى تۈزگەن)، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى .(شىنجاڭ گېزىتى) ئىدارىسىدە»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭ مالىيە سېپىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى»، «شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە دائىر ماقالىلەر توپلىمى»؛ مەخسۇس تېمىدىكى تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتى تاماملاندى: «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭدا»، «شىنجاڭدىكى ئۈچكە قارشى تۇرۇش، بەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»، «شىنجاڭدا باندىتلارنى تازىلاش»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار» (8 ـ ئورگىنال)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قارارلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر سۈرەتلەر توپلىمى»، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى؛ «شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر تارىخىي تەجرىبىلەر» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات دوكلاتى تاماملاندى.

2. ئىككى تۈرلۈك چوڭ تېپتىكى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى،

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 82 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 42 ئىلمىي ماقالە تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا تاللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى كومىتېتى يازغان «تەڭرىتاغقا باغلانغان رىشتە» ناملىق ماقالە مەركىزىي پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن «ماۋزېدۇڭنىڭ ئىزى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى ھەمدە «خەلق گېزىتى» (چەت ئەلگە تارقىتىلىدىغان نۇسخىسى) گە بېسىلدى. ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەنگەن ئالتە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چېن تەنچيۇ» 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى.

3. پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى ساھەسى ۋە يولى ئېچىلدى. ئىگىلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى تەدبىر بەلگىلەشتە تەتقىقات ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن شىنجاڭ تارىخىغا دائىر بىر يۈرۈش رەسىملەر قوللانمىسىنى تۈزۈشكە تەييارلىق قىلىندى؛ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پارتىيە تارىخى خىزمىتىگە دائىر نەتىجىلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ يېڭى دەۋر شىنجاڭ تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى تەشكىللەشكە تەييارلىق كۆرۈلدى.

4. «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» (پەسىللىك ژۇرنال) تۆت سان، «پارتىيە تارىخى خىزمىتى خەۋەرلىرى» ئۈچ سان نەشر قىلىندى.

چەي خۇڭماڭ

# ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى

ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇئاۋىن مۇدىرى: چېن شىفۇ

مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1994-يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا يولداش چېن شىفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 21 نەپەر ئەزاسى قاتناشتى. مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان 31 نەپەر ئەزاسى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى. مەسلىھەتچىلەر



ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدىكى بارلىق پېشقەدەم يولداشلار
سۈرەتنى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ئەۋەتكەن
(1994 ـ يىلى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى قايتا تەسىس قىلىنمىدى، بۇ ماقالە مۇددەتتىن بۇرۇن تەھرىرلىنىپ بۇ يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن)

كومىتېتى قۇرۇلغان ئون يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى: 1) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بەزى مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا تەدبىر بەلگىلىشى ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشىغا قاتنىشىلدى؛ 2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە سىياسىي مۇقىملىق خىزمىتى ئىشلەندى؛ 3) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان خىزمەتلەر ئورۇندالدى؛ 4) ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى؛ 5) بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىلدى؛ 6) «زامانىمىزدىكى شىنجاڭ مەجمۇئەسى» تەھرىرلىنىپ نەشىر قىلىندى، يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى، ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشى باشلاندى؛ 7) مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە باشقا خىزمەتلەر ئىشلەندى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنى قايتا تەسىس قىلماسلىق تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، مۇئاۋىن شۇجىلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ فۇسېن، جىن يۈنخۈي، ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باۋۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى. يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدىكى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تارىخىي تۆھپىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىدى، ئۇ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىن پېشقەدەم يولداشلارغا داۋاملىق ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئاخىرقى تۇرمۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

لى جيېيى

# ئىنتىزام تەكشۈرۈش. رېۋىزىيە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

شۇجىسى: جۇشېڭتاۋ

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابدۇرېھىم ھامۇت (1993 - يىل 3 - ئايدا يۆتكىلىپ كەتتى)، ۋاھاپ سۇلايمان (قازاق)، مۇقىيىت مەڭلىك، لى سۇڭ

ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت پارلىنىقا كەلدى.

1. پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام چىڭىتىلىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرخىل ئەنزىلەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1993 - يىلى ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەرخىل ئەنزىدىن 2482 نى قوبۇل قىلدى، 1849 نى ئاياغلاشتۇردى، 305 ئەنزىنى بىكار قىلدى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 86.78% كە يەتتى. 1992 پارتىيە ئەزاسى ۋە كادىرغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگەنلەر 1707، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلگەنلەر 285. پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە، ۋىلايەت، شى دەرىجىلىك كادىر ئۈچ، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 65، يېزا - بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 277، ئادەتتىكى كادىر 553، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسى 809؛ پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 348، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى 325، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى 98، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 461، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 475. ماتېرىيالى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگىنى 75.

2. نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمى ۋە ئەرزىيەت، پاش قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە سىستېمىسىدا جەمئىي 924 پاش قىلىش ساندۇقى تەسىس قىلىندى، 390 پاش قىلىش تېلېفونى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پاش قىلىش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا قېتىم سانى بويىچە 35 مىڭ 1339 ئەرز خېتى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگۈچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرز خېتى قېتىم سانى بويىچە 24 مىڭ 511، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر قېتىم سانى بويىچە 10 مىڭ 828 ئادەم، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى يەنە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشكە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش قاتارلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئەھۋاللار ئارقىلىق قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا دائىر يىپ ئۇچىنى بايقاشقا ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلاردىن 1599 نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان رېۋىزىيە خادىمى، خالىسانە نازارەتچى تەكلىپ قىلىپ، ئامما بىلەن بولغان ئالاقىنى كېڭەيتىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى بايقىدى.

3. تەشۋىقات، تەربىيە كۈچەيتىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى

ۋە كادىرلارنىڭ ئىنتىزام كۆز قارىشى ئۆستۈرۈلدى. 1) ئاخبارات، جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خىزمىتى جەھەتتىكى سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات كۈچەيتىلدى. ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خىزمىتىگە دائىر ماقالىدىن 238 دىن كۆپرەك ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە «پارتىيە ئىستىلى ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇش» دېگەن مەخسۇس سەھىپە ئېچىلىپ، 43 ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەر مەركەزلىك خەۋەر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى» ۋە «شىنجاڭ رېۋىزىيىسى» ژۇرناللىرى پائال ياخشى باشقۇرۇلدى. 2) زامانىۋى ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، تەربىيىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى. 1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى 10 مىڭ 475 قېتىم مەخسۇس چۈشەندۈرمە دوكلات ۋە تەربىيىۋى سىنئالغۇ فىلىمى قويۇش ئىشىنى ئويۇشتۇردى، بۇنىڭغا 653 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 71 مىڭ 822 قېتىم لېكسىيە ئويۇشتۇردى، بۇنى 285 مىڭ 691 ئادەم (قېتىم) ئاڭلىدى؛ 177 قېتىم كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى، ئۇنى 178 مىڭ 515 ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ 103 قېتىم زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭغا 10 مىڭ 853 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 3) ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىپلاردىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش جەھەتتىن تەربىيىلەندى. 1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىجابىي ۋە سەلبىي تىپتىن 194 نى ئېلان قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى كېڭەيتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى قامچىلىدى.

4. ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، كادىرلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تۆت قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە كادىرىدىن 150 نەپەرنى تەربىيىلىدى. ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسىدىن 58 قارار ئېچىپ، 1400 نەپەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە كادىرىنى تەربىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، 55 قېتىم نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 577 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 336 ماقالە تاللاندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «پارتىيە ئىنتىزامىغا دائىر ماددا - بەلگىلىمىلەر لېكسىيىسى» ۋە «ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە خىزمىتىگە دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» تەرجىمە قىلىنىپ، 5000 نۇسخا باستۇرۇلدى؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم بايانلىرىغا دائىر كىتابچىدىن 500 نۇسخا باستۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى يەنە پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە رېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 48 نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى ھەمدە تەتقىقات تېمىسىنى بېكىتتى.

شى شېڭجاڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى

5 - ئومۇمىي يىغىن 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 23 ئەزا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگە ئالمىغان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى ۋە رېۋىزىيە ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) نىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگىنىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىندا جۇشېڭتاۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن بەرگەن «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى» مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ئاياغلىشىدىغان چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئومۇمىي يىغىندا يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى، يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزى ئۆگىنىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى.

شى شېڭجاڭ

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى «نۆۋەتتىكى بىر نەچچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «نۆۋەتتىكى بىر نەچچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ پاي چېكى ئېلىپ سېتىشى، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتى ۋە 2 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشى، شۇنداقلا پارە قوبۇل قىلىشى ۋە پۇل ھەدىيە قىلىشى، ئۇمۇمنىڭ پۇلىغا مېھمان كۈتۈش ۋە ساياھەت قىلىشتىن ئىبارەت سەككىز جەھەتتىكى مەسىلە ئۈستىدە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە چىقاردى.

شى شېڭجاڭ

ئومۇمىي ئوقتۇرۇشلار

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1993-يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شايار ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جاڭ خەيپىڭنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا جياڭسۇ ئۆلكىسىگە 20 مىليون يۈەن مەبلەغ قەرز بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «ماناس، پىچان، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە (شەھەر) نىڭ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي ئوقتۇرۇش» چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى كەسپىي شتات باشقارمىسى، ئورگان شتاتى باشقارمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەتتە ئورۇندىن «ياردەم خىراجىتى» ۋە «ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر تەتقىقات تېمىسىنى تەتقىق قىلىش خىراجىتى» ھېسابىغا 385 مىڭ يۈەن ئېلىپ، كىچىك ماشىنا سېتىۋالغانلىقى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆيلەرگە تېلېفون ئورناتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ تاماكا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى يۇرەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى 3 - باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماپېڭخېي، شىنجاڭ تاماكا شىركىتى مالىيە - باھا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ فېيجۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مالىيە - قورال-ياراغ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جىنتىڭدىن ئىبارەت تۆت كىشىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىلغانلىقى ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش نامى بىلەن، بەش تۈركۈمدە 11 ئۆمەك - گۇرۇپپا بويىچە 330 نەپەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سىستېمىسىدىكى كادىرنى (ئاز ساندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى بولمىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەشكىللەپ، ساياھەت قىلىش يولى ئارقىلىق يەتتە كۈنلۈك ساياھەت بويىچە چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ، ئۇلارنى ئالمۇتا، موسكۋا، سانكت پېتېربۇرگلارنى ئېكسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدىن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالغانلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقاردى.

شى شېڭجاڭ

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئارماقلاردا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 11 مىڭ 877 نەپەر ناھىيە (باشقارما) دىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزىنى ئۆزى تۈزىتىشكە قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك كادىر 66، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 1057)، بۇ، قاتنىشىشقا تېگىشلىك كادىرلارنىڭ 91.14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلە ۋە ئۇنىڭ تۈزىتىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: سودا ئىشلىرىغا ۋە كارخانا قۇرۇشقا قاتناشقانلار 146 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى توختىتىلدى؛ ھەقلىق ۋاستىچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلار 163 مىڭ 400 يۈەن خەلق پۇلى، 100 ئامېرىكا دوللىرى ھەق ئالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىندى؛ ھەرخىل ئىقتىسادىي گەۋدىلەردە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 775 كىشى بولۇپ،

بۇنىڭ ئىچىدە ھەق ئالغىنى 53 كىشى، ئۇلار ئالغان ھەقنىڭ 22 مىڭ 700 يۈەنى قايتۇرۇۋېلىندى، بىر تەرەپتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلەر 366 كىشى؛ پاي چېكى ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پاي ھوقۇقى كىنىشكىسى سېتىۋالغانلار 1607 كىشى، ئۇلار سېتىۋالغان پاي چېكى ۋە پاي ھوقۇقى كىنىشكىسىنىڭ قىممىتى 5 مىليون 13 مىڭ 972 يۈەن؛ بەش كىشى قول ئاستىدىكى ئورۇن ۋە باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ئۆزى چىقىرىشقا تېگىشلىك 6535 يۈەن ھەرخىل خىراجەتنى ھېسابتىن كۆتۈرگۈزگەن، بۇ پۇلنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىندى؛ 537 كىشى ھۆكۈمەت ئىشىغا دائىر پائالىيەتلەر جەريانىدا باشقىلار سوۋغا قىلغان پۇل ۋە قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىنى قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ خەلق پۇلى ھېسابىدىكىسى 140 مىڭ 800 يۈەن، ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدىكىسى 2000 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇلار تولۇق قايتۇرۇۋېلىندى؛ 98 كىشى قول ئاستىدىكى ئورۇن ۋە باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ھەدىيە قىلغان ياكى ئۆز ئورنىدىكى ئومۇمنىڭ پۇلىغا ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئىناۋەتلىك كارتا ئالغان، شەخسىي ئىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان 3050 يۈەن خىراجەت قايتۇرۇۋېلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاز مىقداردىكى ئالىي دەرىجىلىك، قىممەتلىك سوۋغات يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. 1993 - يىل 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا ياتىدىغان 332 ئەنزىنى ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، ناھىيە - باشقارمىدىن يۇقىرى كادىرغا چېتىلىدىغان ئەنزىدىن 92 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت - نازارەت دەرىجىلىك كادىر يەتتە، 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئەنزە 143. ھەرخىل ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق 16 مىليون 541 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

1993 - يىلى «ئۈچ قالايمىقان» نى مەخسۇس تۈزەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 1015 ى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 4 مىليون 201 مىڭ 500 يۈەن تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىندى، 84 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىپ ساياھەت قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللار چەكلەندى، يەتتە تۈركۈمدىكى 130 نەچچە ئادەمنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىشى توسۇلدى. 1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇيان، ساياھەت قىلىش پۇلى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىش رەسمىيىتى بېجىرگەن 506 ئادەم ئېنىقلىنىپ، كېيىم - كېچەك خىراجىتى قاتارلىق ئۈچ خىل خىراجەتتىن 29 مىڭ 400 يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئاما پاش قىلغان 8348 ئەنزىنى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 335.8% كۆپ. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 12 كىشى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە، تەپتىش ئورگانلىرىغا بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسىلىسىنى تاپشۇردى ۋە ئىقرار قىلدى.

شى شېڭجاڭ

## كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى «بىرىنچىدىن، كەسكىن بولۇش، ئىككىنچىدىن، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، تارماق* ۋە كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تۈزەتتى.

1. نىشانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت، باج، قاتناش، سەھىيە قاتارلىق 18 كەسپ بويىچە 23 نازارەت - ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن «ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنى نىشانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە تارماقلارمۇ 806 ئورۇن بىلەن «ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى. يىل ئاخىرىدىكى 100 نومۇرلۇق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، 18 كەسپ بويىچە 18 تۈردىن ئورتاق نىشانغا ۋە ئۆلچەمگە يەتكىنى 13 تۈر، 56 مەخسۇس تۈردىن تۈزەش بويىچە نىشانغا ۋە ئۆلچەمگە يەتكىنى 45 تۈر، 18 كەسىپتىن ئۆلچەمگە يەتكىنى 15، ئۆلچەمگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكىنى ئۈچ، جۈملىدىن تۆت كەسپنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى 90 دىن يۇقىرى بولدى.

2. تىپلارنى ۋە مۇھىم نۇقتىلارنى تەھلىل قىلىش تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىنى 1993 - يىلى ناتوغرا ئىستىللار نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنىدىغان ئورۇن قىلدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، 22 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلاشتى، 29 كادىر - ساقچىغا جازا كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە كىشى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قوغلاندى، يەتتە كىشى ئىستىپا سوراش يولى بىلەن پېنسىيىگە چىقىرىلدى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىدىن يۆتكىۋېتىلدى، ئىككى

كىشى خىزمەتتىن قوغلىنىپ سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە توققۇز ئەنزە ئەنزە قىلىپ تۈرغۇزۇلدى، 11 ئادەمنىڭ مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. ۋىلايەتلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىلىرىمۇ ئۆز ۋىلايىتىدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىر قەدەر كۆپ بولغان تارماقلارنى تاللاپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش نۇقتىسى قىلدى، ئۇلار 476 ئورۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. قىزىق نۇقتا مەسىلىسى مەخسۇس تۈزەلدى. 1993-يىلى ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى 438 مەسىلىنى مەخسۇس تۈزىدى، قىزىق نۇقتا مەسىلىسىدىن 255 نى ھەل قىلدى. مەسىلەن: چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە، ئىمتىھان ئېلىش، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىشتىن باشقا، ئامما ئىنكاس قىلغان 200 دىن ئارتۇق ئىنتىزامغا خىراپلىق قىلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى 72 ئادەمنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىگە ھەمكارلىشىپ ۋە قاتنىشىپ، 72 مىليون 500 مىڭ يۈەن ساختا، ناچار تاۋار قولغا چۈشۈرۈلدى، 5 مىليون 932 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، 33 مىليون 263 مىڭ يۈەنلىك مال پېچەتلەندى، 15 مىليون يۈەنلىك مال كۆيدۈرۈلدى.

4. تەربىيە كۈچەيتىلدى، تۈزۈم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئىلغارلار تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش تەربىيىۋى فىلىمى «ئالتۇن قالقان چاقنىماقتا» نى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 90 نەچچىنى تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىلىرى ھۆكۈمەت ۋە تارماقلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئىككىدە ئاشكارا بولۇش، بىرگە نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزدى. ئۈرۈمچىدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان %84 مۇلازىمەت ساھەسىدە «ئىككىدە ئاشكارە بولۇش، بىرگە نازارەتچىلىك قىلىش» تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت، باج قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ %93 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رېۋىزىيە ئورگانلىرى 677 تارماق ۋە ئورۇنغا ھەمكارلىشىپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. جايلار ۋە تارماقلار ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 228 نى، ئىلغار شەخستىن 482 نى، پاك - دىيانەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرىدىن 597 نى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى تورپاندا «يېزا ئېلېكتر تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ ئىستىلىنى توغرىلاپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەيلى» دېگەن مەزمۇندا ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزدى؛ ئېكەس ناھىيىسىدە «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتەيلى» دېگەن مەزمۇندا ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

شى شېڭجاڭ

## ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش-رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئۈچ جەھەتتىكى نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى.

1. «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «يولغا قويۇش چارىسى» (34 - نومۇرلۇق پەرمان) نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى دەۋر قىلىنغان ھالدا نازارەتچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى 250 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، بۇنىڭغا 1007 ئادەم قاتناشتى، ئۇلار 979 كارخانا ۋە 797 تارماققا بېرىپ كەڭ كۆلەمدە تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 394 كارخانىدا ئالاقە باغلاش نۇقتىسى قۇردى، 143 غەيرىي نورمال زىيان تارتقان كارخانىنى ئوپېراتسىيە قىلدى، 142 كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بەردى، 859 ماددىلىق قائىدە - تۈزۈمنى تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 94 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، نەتىجىدە 61 كارخانا زىيان تارتىدىغان ھالەتتىن پايدا ئالىدىغان ھالەتكە ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى يەنە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، نىزامدا كارخانىلارغا بېرىلگەن 14 تۈرلۈك ئىگىلىك باشقۇرۇش

خوجايىنلىق ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى، 11 نازارەت، ئىدارە ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 11 كارخانىنى تەكشۈردى ھەمدە نۆۋەتتىكى كارخانىلارنىڭ قىسمەن ئىگىلىك باشقۇرۇش خوجايىنلىق ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشمەسلىكىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە سەۋەبى ھەققىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

2. «دېھقانلار ئۈستىگە ئارتىلغان خىراجەت ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «يولغا قويۇش چارىسى» (36 - نومۇرلۇق پەرمان) نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى دەۋر قىلىنىپ نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە ناھىيە، يېزا كەنت ۋە دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز 373 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئۇنىڭغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگىنىدىن 893 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، ئۇلار 63 ناھىيە، 682 يېزا، 1814 كەنتكە بېرىپ، 1849 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، 20 مىڭ 403 ئادەم (قېتىم) ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىنى زىيارەت قىلدى، دېھقانلارنىڭ يۈكىگە دائىر ئەھۋاللارنى خىلى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەرقايسى تارماقلارغا ماسلىشىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىگە دائىر ھۆججەتتىن 976 نۇسخىنى ئېنىقلىدى، ھەق ئېلىنىدىغان تۈردىن 842 نى، سېلىق سېلىش، جەرىمانە قويۇش تۈرىدىن 269 نى ئەمەلدىن قالدۇردى، 240 تۈرلۈك ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۈزەتتى.

3. «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش دەۋر قىلىنىپ نازارەتچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. 1993-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، نازىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق ھالدا ئىز قوغلاپ تەكشۈردى، ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەرقايسى تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، «ئۈچ قالايمىقان» غا ياتىدىغان مەسىلىدىن 8451 نى ئېنىقلاپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايون ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەق ئېلىش بىكار قىلىنغان 151 تۈرنى ئېلان قىلدى؛ ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مەبلەغ توپلاش، سېلىق سېلىشقا دائىر 225 نۇسخا ھۆججەتنى ئېنىقلىدى، 99 نۇسخا ھۆججەتنى بىكار قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەق ئېلىش تۈرىدىن 1340 نى، جەرىمانە قويۇش تۈرىدىن 62 نى، مەبلەغ توپلاش، سېلىق سېلىش تۈرىدىن 192 نى ئەمەلدىن قالدۇردى، كارخانا، ئامما بولۇپمۇ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى تەخمىنەن 200 مىليون يۈەن يېنىكلەتتى.

شى شېڭجاڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى**

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە نازارىتى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى، خىزمەت «بىر يۈرۈش خىزمەت ئاپپاراتى بولۇش، ئىككى ئورگاننىڭ نامى بولۇش، ئىككى خىل فۇنكسىيىنى يولغا قويۇش» تىن ئىبارەت تۈزۈلمە بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، فۇنكسىيىسى ئوخشاپراق كېتىدىغان تارماقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ فۇنكسىيىسى ئوخشاشمايدىغان تارماقلار ساقلاپ قېلىنىپ، ئاجىز تارماقلار كۈچەيتىلدى، 14 نازارەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئىككى ئورگاننىڭ باشقارما، ئىشخانىلىرى %30 ئازايتىلدى. رەھبىرىي كادىرلار كىرىشتۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇلدى. رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ پارتىيىلىك نازىرى، مۇئاۋىن نازىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت ئەزاسىغا كىرگۈزۈلدى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرى پۈتۈنلەي بىرلىشىپ بولدى؛ 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيە، شەھەر رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلاملاردا بىرلىكتە ئىش بېجىرىش يولغا قويۇلدى.

شى شېڭجاڭ

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

**ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپىنىڭ ئىسمىلىكى**

مۇدىرى: ھامىدىن نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شيې فۇپىڭ، قىدىرباي (قازاق)، يۈسۈپ مۇھەممىدى، تۆربايىر (موڭغۇل)، شۈپىڭ، ماسۇنلياڭ (خۇيزۇ)، شيې خۇڭ، غوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار.

باش كاتىپى: مەھەممەت ئىسمائىل

مۇئاۋىن باش كاتىپى: فۇداشېڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى**

**ھامىدىن نىياز** 1932 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىدىن، 1949 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىل 3 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شۇجىسى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شۇجىسى، بۈگۈر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 4 -، 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**شىي فۇپىڭ** ئەر، 1934 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گەنگۇ ناھىيىسىدىن، 1949 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1955 - يىل 3 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 2 - جۇن مەخپىي ئىشلار خادىملىرى كۇرسىدا ئوقۇغان، شىفىر تەرجىمانى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى مەخپىي ئىشلار كاتىبات باشقارمىسىنىڭ كاتىپى، مىچۈەن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سانجى ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانجى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، فۇكاڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**قىدىرباي** ئەر، قازاق، 1930 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ جىمىنەي ناھىيىسىدىن، 1950 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1951 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى جىمىنەي ناھىيىلىك 1 - رايوننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى مالىيە - سودا گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**يۈسۈپ مۇھەممىدى** 1934 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىدىن، 1960 - يىل 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1954 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى.

ئىلگىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق خىزمەت پونكىتى چارۋىچىلىق ئىشخانىسىدا گۇرۇپپا باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، شىنجاڭ

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قوماندانلىق شتابى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

**تۆربايېر** ئەر، موڭغول، 1931 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن، 1950 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1952 - يىل 9 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومدا كادىر، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، شۆبە ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

**شۇپېڭ** ئەر، 1930 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇرۇڭ ناھىيىسىدىن، 1955 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە، پروفېسسور، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى.

ئىلگىرى شىنجاڭ شۆيۈەنى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى، ئوتلاقچىلىق كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**ماسۇنلياڭ** ئەر، خۇيزۇ، 1933 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ ماناس ناھىيىسىدىن، 1950 - يىل 6- ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1955 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ئىسلاھات بۆلۈمىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى پىلان، ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت پىلان باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سانجى ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

**شيې خۇاڭ** ئەر، 1935 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، خېبەي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇياڭ ناھىيىسىدىن، 1955 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىل 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر.

ئىلگىرى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا گېئولوگىيە خادىمى، ئەترەت باشلىقى، مايتاغ كان ئىشلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 3 - نېفىت ئېلىش زاۋۇتىنىڭ مەسئۇل گېئولوگى، نېفىتلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باش گېئولوگى، قوشۇمچە گېئولوگىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، نېفىت ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، باش گېئولوگى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش گېئولوگى. ئىدارە - شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قاراماي شەھىرىنىڭ باشلىقى، ئىدارە - شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى بولغان.

**غوجىخان ھاكىموۋ** 1936 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن، 1960 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى شىنجاڭ داشۆسى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتى مېخانىزم كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، لېكتور، مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت، پروفېسسور، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**ئامىنە غاپپار** 1933 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، 1951 - يىل 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1975 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كاندىدات تەتقىقاتچى. دۆلەت دەرىجىلىك كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇتەخەسسىس.

ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە

ئوقۇتقۇچى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى يېزىق تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

**ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نەق بار ۋەكىلى 540 كىشى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل 522 كىشى. سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 61 كىشى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ئەزالارمۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىن 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇيۇڭگۇاڭ بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1993 - يىللىق پىلانى (لايىھە) ھەققىدىكى دوكلات» بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مەخمۇت سادىر بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ھەم 1993 - يىللىق مالىيە خام چوتى (لايىھە) ھەققىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ ۋە قارار چىقىرىپ بۇ ئۈچ دوكلاتنى تەستىقلىدى ھەم يىغىن پىلان خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە نەقچوتى جەملىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىشنى قارار قىلدى.

يىغىن 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز بەرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات»نى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزى بەرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مىجىت قۇربان بەرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى ئاڭلىدى. يىغىن بۇ ئۈچ دوكلاتنى قاراپ چىقتى ۋە ئۇلارنى تەستىقلاش ھەققىدە مۇناسىپ قارار چىقاردى.

يىغىن 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يېڭى بىر قارار رەھبەرلىرى ھەققىدە پىكىرلەشتى ۋە ئۇلارنى سايلىدى. يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 3 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئىزاھات» بەردى. ھەيئەت رىياسىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ نامزاتلىرىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزاتلىرىغا بىردەك قوشۇلۇپ، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزاكىرىلىشىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. ۋەكىللەر يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكىگە ئاساسەن، چوڭقۇر پىكىرلىشىش، مۇنازىرىلىشىش ئاساسىدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ھامىدىن نىيازنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، شىي فۇپىڭ، قىدىرباي (قازاق)، يۈسۈپ مۇھەممىدى، تۆربايىر (موڭغۇل)، شۇپىڭ، ماسۇنلياڭ (خۇيزۇ)، شىي خوڭ، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپارلارنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مەھەممەت ئىسمائىلنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلىدى، ئابدۇسالام ئىمىنباقى، ئابدۇقادىر توختى (قىرغىز)، ئابدۇقادىر ئۆمەر، ئابلىز داۋۇت، ئارىيا (موڭغۇل)، ئەن جىجى (شىبە)، ئەن چىڭمىڭ (ئايال)، ئەنسەردىن مۇسايوۋ، باسىت ھاپىز، توختارقان (قازاق)، توختى بەختى، توختىخان توختى، تۇردى تۇنىياز، جاڭ شۆۋېن (خۇيزۇ)، جۇاڭ

شۇنچاڭ، چېن يۈشيا (ئايال)، چى شۇشەن، خەلچەم دۆلەت، خې يىڭشېن، رۇستەم مىناسوۋ (تاجىك)، روشەن شېرىپ، شۇاڭ داچياڭ، سى شيۇجېن (ئايال)، شۇفۇگېن، شېرىپ ئىمىن، شىن دېفۇ (داغۇر)، فۇداشياڭ، قابىل ئوسمان (قازاق)، كابىن داۋۇت (قازاق)، لۇەن جېنجۇڭ، ماجيې (ئايال، خۇيزۇ)، مەخمۇت سادىر، مەمتىمىن توختى، مەھەممەت نۇر، مۇقىيت مەڭلىك، مىجىت ئىسلام، ھاپىز رەخمەت، ۋاڭ لىبو، ۋاڭ ۋېيچياڭ، ياڭ شېڭجۇن، ياڭ كاڭ، ياڭ يىمىن، يەن خۇجۇڭلارنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى. تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ يۇسەن، غوپۇر ئابدۇللا، لى دۇڭخۇي، ئەسقەت كېرىمباي (قازاق)، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىرلار ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. قۇربان روزى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مىجىت قۇربان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى. تۆمۈر داۋامەت، شىڭ خۇارېن، جاڭ گوشياڭ، سۇڭ خەنلياڭ، ھامىدىن نىياز، جىن يۈنخۇي، ۋاڭ لېچۈەن، ماھمۇر قاسىم، شۇپېڭ، ئەسقەت كېرىمباي (قازاق)، ئابدۇرېھىم ھامۇت، سۇلتان جانبولاتوۋ (قازاق)، ۋاڭ يۇفېن (ئايال)، ئەسقەت ھەسەنى (تاتار)، يۇنۇس ھېكىم، نۇرنىسا غوپۇر، ۋۇچاڭيۈەن، نىي شېڭلى، قېيۇم تۇردى، ئابدۇكېرىم نەسرىدىن، شيې شېڭرۇي، مىجىت خۇدابەردى، چېن شەنىڭ، شۇسىيى، زۆھرە ئىسمايىل، جيادېمىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، روشەنگۈل ئابدۇللا، چېن جاۋيۇ (ئايال)، مۇرات خوجا (ئۆزبېك)، ئەزىزەم ئەمەت، مەھەممەتجان ئەمەت، جۇجۇخۇا (ئايال)، مامۇت قادىر ھاجى، يۇڭ دىڭگۇاڭ (شىبە)، ئالىپسباي راقىم (قازاق)، كارابوۋا ئىۋانوۋنا كالىيا (ئايال، رۇس)، قادىس (قازاق)، رەخمىتۇللا ئەمەت، دېي مىڭزى، زۇرۇچىڭ (ئايال)، ماجيەنگو (خۇيزۇ)، بى يۇلەن (ئايال، خۇيزۇ)، ساۋزۇڭخۇي، چېن دىمىن، تۇرسۇن سۇتاي (قازاق)، كاڭ كېچيەن، داڭ جىن (موڭغۇل)، ئەخەت ئامان، جياڭ لىڭجى (ئايال)، ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، روزى ھېيىت، ئەنۋەر ھۇسەن، شۇشياۋچېڭ، سادىق قارى ھاجى، ماخمۇت مەھەممەت، مىرزاي دوسمۇھەممەت (تاجىك)، ئابدۇۋايىت ھوشۇرلار ئاپتونوم رايونىمىزدىن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلاندى.

يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر 230 پارچە تەكلىپ قويدى، يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ 15 ى رەسمىي تەكلىپ قىلىنىپ، قالغانلىرى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكرى قىلىندى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرساھەدىكى خىزمەتلىرىگە بەرگەن 700 پارچىدىن ئارتۇق تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىر بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار ئورگانلار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بىجىرىشىگە ۋە جاۋاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلدى.

چېڭ پىڭ

### 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 - يىلى جەمئىي بەش قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى (1 - سانلىق يىغىندىن 5 - سانلىق يىغىنغىچە).

1 - سانلىق يىغىن 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىش پرىنسىپلىرى» ئۆگىنىلدى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى قارارى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى تەيىنلەش ھەققىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياڭ ماۋچۈەن، ۋۇجىڭشۇ (شىبە) لارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئابدۇقادىر ئۆمەرنى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، شۇگۇەنبىننى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، لۇەن جېنجۇڭنى ۋەكىللەر- كادىرلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابلەت مامۇت، ياڭ مىڭمەيلەرنى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئەنسەردىن مۇسايۇۋنى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ساۋشىيىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. لى جىڭ، يۇڭ شېڭچى، چيەن جىلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، جاڭ جېڭيىنى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، ئەنسەردىن مۇسايۇۋنى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، ئىسمائىل تۆمۈرنى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، جاۋداكېنى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن،

جاۋفېيشېڭنى ماتارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سۇيۈڭگۇاڭنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سۇڭ رۇخۇنى ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جاڭ يۈجىنى پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، راخمان مەسۇمنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، چېن جىنچىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، جاڭ رۇيخۇانى دۆلەت بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، قۇربان نىيازنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ساتتار ساۋۇتنى كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، چېن جىندۇڭنى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مۇھەممەت مامۇتنى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ۋاڭ رۇشېڭنى يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، تۇرسۇن توختىنى سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مەخمۇت مۇھەممەتنى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، تالاش (قازاق) نى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ياسىن تۇرسۇننى سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مەھەممەت زۇنۇننى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ساماڭ (خۇيزۇ) نى رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم ھاشىمنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، بېك مۇقامبېت (قازاق) نى خىمىيە سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ياڭ جەنشىنى ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، خۇاڭ ۋېنيۈەن (ئايال) نى مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، نۇرمۇھەممەت كېرىمنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئەمەت موللا تۇردىنى ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئەبەيدۇللا ئىبىيېنى خەلق ھۆكۈمىتى تاشقىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چېن جياڭ (ئايال) ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، باۋياۋۋېن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلدى. جاڭ جيۇلىڭ، دۇڭ جېن، جولىدىپلار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى ۋە سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مىجىت قۇرباننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چېن دىخۇي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى، لىيۇياڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىدىن، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

2 - سانلىق يىغىن 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى تۇرسۇن توختى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «سۇچىلىق قانۇنى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش - يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات» بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى بەرگەن «سۇچىلىق قانۇنى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ھەققىدىكى دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلى ئاپت بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى (لايىھىسى) ھەققىدىكى ئىزاھات» بىلەن سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ياسىن تۇرسۇن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ تۈزۈتىلگەن نۇسخىسى (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھات» ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹چېگرا باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش›نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سۇچىلىق قانۇنى ۋە سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»، شۇنداقلا «ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى» ماقۇللاندى. «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ياڭ شىڭچۇننىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇنغان «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى (لايىھە)» بىلەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى

يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى (لايىھە)» نى قاراپ چىقىقاندىن كېيىن، مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار بۇ لايىھە تېخى پىشىپ يېتىلمەپتۇ. ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق كومىتېتى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىپ چىقىقاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خەن چىبىڭنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر، مۇھاجىرلار ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىسمائىل تىلىۋالدىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، نۇرتىيىپنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لى دىڭخۇينى تاشقى ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە، ۋۇچىڭنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابلىز باقىنى تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابلىز ئاتاۋۇللانى مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مەھەممەت يۈسۈپنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مۇھەممەت ھەسەننى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، يۇنۇس يۈسۈپنى قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مەتتىمىن ئابدۇرېھىمنى ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، نۇردۇن تۆمۈرنى رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياڭ شىڭجۇننى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مىجىت قۇرباننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇراخمان مەھەممەتنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ياڭ دېتەيىنى سانجى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، گوبىڭچېڭنى بورتالا ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ئۇرغالچا كادىر باي (قىرغىز) نى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەشنى تەستىقلىدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

3 - سانلىق يىغىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2-سانلىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، كومىتېت باشلىقى چياۋشىنىڭ 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ئۆگىنىلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بەرگەن «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمەت ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات» ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئۆمەرنىڭ «‹ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى (لايىھە)›نىڭ تۈزىتىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىزاھات» ى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نۇر تىيىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «‹ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)›، توغرىسىدا ئىزاھات» ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى» بىلەن «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا كەم ئورۇنغا سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات» ى ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىلى 550 كىشى ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن نەق بار ۋەكىل 540 كىشى بولۇپ، يەنە ئون ۋەكىل سايلىنىشى كېرەك ئىدى. يەتتە ۋەكىل يەنى ئىلى ئوبلاستىدىن چېن جيەنشى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن گۈلى سادىربېك (ئايال، قىرغىز)، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئايىمخان خېلىل، ئاقسۇ شەھىرىدىن ليۇشياۋيەن (ئايال)، قەشقەر شەھىرىدىن ۋاڭ جىنرۇڭ (ئايال)، شايار ناھىيىسىدىن خەيرىنسا ئىمىن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدىلار سايلاندى. يىغىن بۇيەتتە ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى جەمئىي 547 نەپەر بولدى، يەنە كەم قالغان ئۈچ نەپەر ۋەكىلنى ئالاقىدار سايلىغۇچى ئورۇنلارنىڭ سايلاپ بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇنغان «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»نى قاراپ چىققاندىن كېيىن، مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار لايىھەنى ئانچە پىشماپتۇ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن داۋاملىق تەكشۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياسىن ياقۇپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى، تىلىۋالدى توختىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، گۇاڭ جىنيۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مەھەممەت ئابدۇللانى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ھېزىم ئېزىزنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى؛ خوجاسالىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئوسمان ئاۋۇتنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، روزى قاسىمنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇقادىر توختىنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مىجىت قۇرباننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چېن مىگرۇينى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۇرپان شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، دۇڭ جيەننى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇمۇل شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ياسىن سادىرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ئابدۇكېرىم تۇردىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خوتەن شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، جاڭ مىنرۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ترانسپورت شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى؛ توختاسىن ئەۋەلباي (قازاق)نى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، ۋاڭ يىشەننى بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەشنى تەستىقلىدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىسىملىكلەر ماقۇللاندى.

4 - سانلىق يىغىن 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئۆمەرنىڭ «(ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى) (لايىھە) نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات»ى ۋە «(ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى) (لايىھە) نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات» ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇگۇەنبىن بەرگەن «(ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوراسىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى) نىڭ تۈزىتىلىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىزاھات» ۋە «(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن - نىزام تەرتىپلىرىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى) نىڭ تۈزىتىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىزاھات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى قۇربان نىياز بەرگەن «(ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى) (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھات» بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى ۋېنبېن بەرگەن «(ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى) (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لۈەن جېنجۇڭ بەرگەن «(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە قانۇن - نىزام، قارارلارنى ماقۇللاش چارىسى) (تۈزىتىلگەن لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھات»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىشخانا مۇدىرى فۇداشېڭ بەرگەن «(ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى) (لايىھە) ھەققىدە ئىزاھات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىن قاراپ چىقىش ئارقىلىق «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

نىزامى»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوراملىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن - نىزام تەرتىپلىرىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ۋە قانۇن - نىزام، قارارلارنى ماقۇللاش چارىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى ماقۇللىدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە ئەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى كۆڭ جىنىيۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە ئەقچوتى ۋە 1993 - يىللىق خام چوتىنى قىسمەن ئۆزگەرتىش تەكلىپى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مالىيە ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى ھەم قارار قىلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە ئەقچوتى ۋە 1993 - يىللىق خام چوتىنى قىسمەن ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ‹نىزام› نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، كارخانا تىجارەت مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۆجى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سايلام ئىشخانىسى بەرگەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇنغان «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» بىلەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» نى قاراپ چىقىلاندىن كېيىن، مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار بۇ لايىھە ئانچە پىشماپتۇ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشى لازىم، دەپ قارىدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابلا يۈسۈپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىسىملىكلەرمۇ ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، مۇدىر ھامىدىن نىياز «ئىقتىسادىي قانۇن تۇرغۇزۇشنى تېزلىتىپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

5 - سانلىق يىغىن 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ئۆمەر بەرگەن «‹ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى› (لايىھە) نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇگوۋېن بەرگەن «‹ئاپتونوم رايونىمىزدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى› (لايىھە) نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىي قان تەقدىم قىلىش نىزامى› نى تەستىقلىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارى»، «تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتونوم رايون رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى قارار»، «ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسى بولۇشى توغرىسىدىكى قارار» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى نۇردۇن تۆمۈر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات»، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزى بەرگەن «سوتنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى» دېگەن دوكلات، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مىجىت قۇربان بەرگەن «تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنى جازالاش ئەھۋالىدىن دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش نىزامى (لايىھە)» نى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى سانلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشى لازىم، دەپ قارىدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىي يۈەنىينى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، خې شۆيىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. يىغىن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى، مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمەت كومىتېتى ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەيىنلىدى، مەخمۇت سىلىمنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. يىغىندا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىسملىكلەرمۇ ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا، مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونومىيىزنىڭ چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ كۈرەشنىڭ قەتئىي ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا، ساغلام، چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا سۆز قىلدى.

چېڭ پېڭ

**تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەزىپىسىدىن بەرگەن ئىستىپاسى قوبۇل قىلىنىپ، مۇۋەققەت رەئىس بەلگىلەندى**

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ خىزمەت ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 39 - ماددىسىنىڭ 9 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى» ماقۇللىنىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

شىي رۇڭرۇڭ

**ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى**

بۇ خىزمەت 1992 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باشلىنىپ، 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تامامەن ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى 550 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر 143 بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىلنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كادىرلار 183 بولۇپ، 33.27% نى ئىگىلىدى؛ زىيالىلار 120 بولۇپ، 21.82% نى ئىگىلىدى؛ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھتىكىلەر ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار 71 بولۇپ، 12.91% نى ئىگىلىدى؛ ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىمدىكىلەر 33 بولۇپ، 6% نى ئىگىلىدى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن 55 بولۇپ، 10% نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ئەزاسى 358 بولۇپ، 65.09% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 133 بولۇپ، 24.18% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار 414 بولۇپ، 75.27% نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 260 بولۇپ، 47.27% نى ئىگىلىدى.

بەش ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرىدىن جەمئىي 2103 نەپەر ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر 771 بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىلنىڭ 36.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كادىرلار 777 بولۇپ، 36.95% نى ئىگىلىدى؛ زىيالىلار 338 بولۇپ، 16.07% نى ئىگىلىدى؛ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھتىكىلەر ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار 66 بولۇپ، 3.14% نى ئىگىلىدى؛ ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىمدىكىلەر 74 بولۇپ، 3.52% نى ئىگىلىدى؛ باشقىلار 77 بولۇپ، 3.66% نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ئەزاسى 1479 بولۇپ، 70.33% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 508 بولۇپ،

24.16% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار 1749 بولۇپ، 83.17% نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 772 بولۇپ، 36.71% نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 1217 بولۇپ، 57.87% نى ئىگىلىدى.

96 ناھىيە، شەھەر (رايون) دىن جەمئىي 14 مىڭ 961 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار 7091 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 47.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كادىرلار 4088 بولۇپ، 27.32% نى ئىگىلىدى؛ زىيالىلار 2963 بولۇپ، 19.8% نى ئىگىلىدى؛ دېموكراتىك - ۋەتەنپەرۋەر زاتلار 280 بولۇپ، 1.87% نى ئىگىلىدى؛ ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىمدىكىلەر 174 بولۇپ، 1.16% نى ئىگىلىدى؛ ياشقىسلار 365 بولۇپ، 2.44% نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ئەزاسى 10 مىڭ 390 بولۇپ، 69.45% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 3538 بولۇپ، 23.65% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار 13 مىڭ 690 بولۇپ، 91.50% نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 3275 بولۇپ، 21.89% نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 9284 بولۇپ، 62.05% نى ئىگىلىدى.

846 يېزا، بازاردىن جەمئىي 44 مىڭ 544 نەپەر يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر 29 مىڭ 138 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 65.41 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كادىرلار 11 مىڭ 872 بولۇپ، 26.65% نى ئىگىلىدى؛ باشقىلار 3534 بولۇپ، 7.93% نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ئەزاسى 27 مىڭ 48 بولۇپ، 60.72% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 10 مىڭ 474 بولۇپ 23.51% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار 41 مىڭ 427 بولۇپ، 93% نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 2792 بولۇپ، 6.27% نى ئىگىلىدى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 27 مىڭ 747 بولۇپ، 62.29% نى ئىگىلىدى، بۇ ئىككى تۈردىكىلەر جەمئىي 68.56% نى ئىگىلىدى.

1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 58 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز كۆرسەتكەن نامزات ئىككى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشقان 56 ۋەكىل ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكىلەر سەككىز بولۇپ، 14.29% نى ئىگىلىدى؛ كادىرلار 21 بولۇپ، 37.5% نى ئىگىلىدى؛ زىيالىلار 14 بولۇپ، 25% نى ئىگىلىدى؛ دېموكراتىك - ۋەتەنپەرۋەر زاتلار 13 بولۇپ، 23.21% نى ئىگىلىدى؛ ج ك پ ئەزاسى 39 بولۇپ، 69.64% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 12 بولۇپ، 21.4% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار 42 بولۇپ، 75% نى ئىگىلىدى؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 42 بولۇپ، 75% نى ئىگىلىدى؛ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن داۋاملىق سايلانغانلار 17 بولۇپ، 30.36% نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاست (شەھەر) لىق، ناھىيىلىك، يېزىلىقتىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە جەمئىي 62 مىڭ 216 ۋەكىل سايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئون نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، بىر نەپەر باش كاتىپى ۋە 43 ئەزاسى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 33 بولۇپ، 61.11% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 12 بولۇپ، 22.22% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار يەتتە بولۇپ، 12.96% نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر 18 بولۇپ، 33.33% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ توققۇز نەپەر رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلىرى سەككىز بولۇپ، 88.89% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر ئالتە بولۇپ، 66.67% نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر بەش بولۇپ، 55.56% نى ئىگىلىدى.

بەش ئاپتونوم ئوبلاست بىلەن قارىمىقىدا رايون تەسىس قىلىنغان ئىككى شەھەردىن سايلانغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 44 نەپەر مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، يەتتە نەپەر باش كاتىپ ۋە 145 ئەزاسى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 128 بولۇپ، 65.31% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 142 بولۇپ، 72.45% نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 29 بولۇپ، 14.8% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 28 بولۇپ، 14.29% نى ئىگىلىدى. 39 نەپەر ئوبلاست (شەھەر) باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئوبلاست (شەھەر) باشلىقى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 29 بولۇپ، 74.36% نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 33 بولۇپ، 84.62% نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان ۋە داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 20 بولۇپ، 51.28% نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار ئىككى نەپەر بولۇپ، 5.13% نى ئىگىلىدى. 14 نەپەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر

%57. 78 نى، 55 ياشتىن تۆۋەنلەر %71. 85 نى ئىگىلىدى.

92 ناھىيە، شەھەر (رايون) دىن سايلانغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 456 نەپەر مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە 1069 ئەزاسى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 500 بولۇپ %79. 32 نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 571 بولۇپ، %44. 37 نى ئىگىلىدى؛ 456 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 379 بولۇپ، %11. 83 نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 52 بولۇپ، %4. 11 نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 234 بولۇپ، %32. 51 نى ئىگىلىدى. 513نەپەر ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە شەھەر (رايون) باشلىقى، مۇئاۋىن شەھەر (رايون) باشلىقلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر393بولۇپ، %71. 76نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 101 بولۇپ، %69. 19 نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 477 بولۇپ، %98. 92 نى ئىگىلىدى؛ داۋاملىق سايلانغان ۋە داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 195 بولۇپ، %01. 38 نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 23 بولۇپ، %48. 4 نى ئىگىلىدى. 192 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر130بولۇپ، %71. 67نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 51 بولۇپ، %56. 26 نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 182 بولۇپ، %79. 94 نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار ئىككى بولۇپ، %1.04 ئىگىلىدى.

846 يېزا، بازاردىن سايلانغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسى جەمئىي 816 بولۇپ، يېزا، بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 45. 96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىسى بارلار 628 بولۇپ، %96. 76 نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 760 بولۇپ، %14. 93 نى ئىگىلىدى. 3138 نەپەر يېزا، بازار باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن يېزا، بازار باشلىقلىرى ئىچىدە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر 896 بولۇپ، %55. 28 نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2216 بولۇپ، %62. 70 نى ئىگىلىدى؛ بۇ ئىككى تۈردىكىلەر %17. 99 نى ئىگىلىدى؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلەر 3075 بولۇپ، %99. 97 نى ئىگىلىدى؛ ئاياللار 211 بولۇپ، %72. 6 نى ئىگىلىدى.

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، جايلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» بىلەن «سايلام قانۇنى» دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سايلىمىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەردىن شۇ جايدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مۇۋاپىق مىقداردا ۋەكىل تۇرغۇزدى، بەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدا شۇ جايدىكى بىر نەچچە ئاساسلىق مىللەت مۇۋاپىق مىقداردا نامزات سايلاشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 56 ۋەكىل ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى %29. 64 نى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 550 ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى %66 نى ئىگىلىدى؛ ئوبلاست (شەھەر) لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2103 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى %58. 57 نى ئىگىلىدى؛ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 14 مىڭ 96 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى %04. 65 نى ئىگىلىدى؛ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 44 مىڭ 544 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى %76. 79 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى تەشكىل قىلغان 54 نەپەر خادىم ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 35 نەپەر بولۇپ، %81. 64 نى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ توققۇز نەپەر رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەتتىن بولغانلار بەش نەپەر بولۇپ، %56. 55 نى ئىگىلىدى؛ ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەشكىل قىلغان 196 نەپەر خادىم ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 112 نەپەر بولۇپ، %14. 57 نى ئىگىلىدى؛ يەتتە نەپەر ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار ئالتە نەپەر بولۇپ، %71. 85 نى ئىگىلىدى، 32 نەپەر مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 16 نەپەر بولۇپ، %50 نى ئىگىلىدى. 96 نەپەر ناھىيىلىك، شەھەر (رايون) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 81 نەپەر بولۇپ، %38. 84 نى ئىگىلىدى، 360 نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 191 نەپەر بولۇپ، %06. 53 نى ئىگىلىدى؛ 95 نەپەر ھاكىم، شەھەر (رايون) باشلىقلىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 80 نەپەر بولۇپ، %21. 84 نى ئىگىلىدى؛ 418 نەپەر مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 175 نەپەر بولۇپ، %87. 41 نى ئىگىلىدى. 816 نەپەر يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان رەئىسلەر 678 نەپەر بولۇپ، %09. 83 نى

ئىگىلىدى؛ 3138 نەپەر يېزا، بازار باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن يېزا، بازار باشلىقلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 2194 نەپەر بولۇپ، 69.92% نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 8 مىليون 169 مىڭ 894 سايلىغۇچى ئاۋاز بېرىش سايلىمىغا قاتناشتى، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 91.16% بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك سايلامدىن 2.32 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوندىن كۆپ سايلىغۇچىلار بىرلىكتە نامزات كۆرسىتىپ سايلىغان ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى 11 مىڭ 231 بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ 75.07 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سايلامدا ھەردەرىجىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە سايلام ئاپپاراتلىرى قانۇن بويىچە سايلام رايونلىرىنى ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، سايلىغۇچىلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىزىملىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 8 مىليون 904 مىڭ 113 سايلىغۇچى تىزىملاندى، بۇ، 18 ياشتىن يۇقىرى نوپۇسنىڭ 98.77 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنى سايلاش رايونىدىن 9269 ى، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنى سايلاش رايونىدىن 20 مىڭ 580 نى ئايرىلدى.

ياڭ مىڭخەي

### ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا جەمئىي 230 تەكلىپ چۈشكەندى. يىغىن ھەيئەت رىياسىتى تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 15 تەكلىپنى رەسمىي تەكلىپ قىلىشنى قارار قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ 15 تەكلىپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىرتەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا سۇندى. 15 تەكلىپنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. مەمتىمىن توختى قاتارلىق ئون ۋەكىل «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قانۇن - نىزام تۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا تەلەپ» دېگەن 67 - نومۇرلۇق تەكلىپنى؛ پارىس مۇھەممەت قاتارلىق ئون ۋەكىل «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا» دېگەن 15-نومۇرلۇق تەكلىپنى؛ باسىت ھاپىز قاتارلىق ئون ۋەكىل «دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا» دېگەن 33 - نومۇرلۇق تەكلىپنى؛ تالىپ قادىر قاتارلىق ئون ۋەكىل «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا» دېگەن 99 - نومۇرلۇق تەكلىپنى؛ خۇرشىدەم مامۇت قاتارلىق 12 ۋەكىل «دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا» دېگەن 100 - نومۇرلۇق تەكلىپنى؛ ئابدۇرېھىم سەيپى قاتارلىق ئون ۋەكىل «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا» دېگەن 115 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەممە تەكلىپنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇلار دېھقانچىلىق بېجى، كەنتكە قالدۇرغان قىسمى، يېزا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان قىسمى ۋە ئەمگەك سېلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، جەرىمانە، مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن چىچىلغان سېلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك يۈكنى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىش، «ئاق ھۆججەت» بېرىشتەك يوشۇرۇن سېلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. 1992 - يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 65 ىدە كەنتكە قالدۇرغان قىسمى بىلەن يېزىلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان قىسمى 5% ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 29 ىنىڭ 10% تىن 15% كىچە يەتكەن. ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان مەجبۇرىي ئىش كۈنى بىلەن جۇغلانما ئىش كۈنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 كۈن ئەتراپىغا يېتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئاساسلىق تۇتتى: بىرىنچىدىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەققى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىككىنچىدىن، تەشۋىقاتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ «دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەققى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «يولغا قويۇش چارىسى» نى؛ شۇنداقلا سىياسەتكە ئالاقىدار تەشۋىقات پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشى ئۈچۈن قولايلىق

يارىتىپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردىمۇ مۇناسىپ خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى تۇتىدىغان ئادەم، باشقۇرىدىغان ئادەم بار بولدى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، تەڭ تۇتۇپ تەڭ باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۆتىنچىدىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەر ۋە ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. 6-ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» دە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە ئالاقىدار بولغان مەبلەغ توپلاش، فوند، چېچىلغان سېلىق شۇنىڭدەك ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن 29نى، دېھقان، چارۋىچىلاردىن پۇل، ماددىي ئەشيا، ئەمگەك كۈنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆلچەمگە يېتىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتى بويىچە 20 تۈرنى بىكار قىلغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، مال باھا ئىدارىسى 2 - تۈركۈم بىكار قىلىنغان ۋە تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىنىدىغان تۈرلەرنى ئېلان قىلدى، بۇ تۈرلەردىن 36 سى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە تاقىلىدۇ. بەشىنچىدىن، بىرمۇنچە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىنى قاتتىق تىزگىنلىدى؛ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تىجارىتى ۋە سېتىلىش باھاسىنى قويۇۋېتىپ، باھادا ئېتىبار بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە ئىلھام بەردى؛ 500 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ھەممىسىنى «ئاق ھۆججەت» بويىچە نەق پۇلغا ئالماشتۇرۇپ، قايتا «ئاق ھۆججەت» بېرىشنى قاتتىق چەكلىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىگە باج، كەنتكە قالدۇرۇلىدىغان قىسمى، يېزا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغان قىسمىدا ئېتىبار بېرىلدى. ئالتىنچىدىن، خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىپ، جايلاردىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەرقايسى جاي، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى تېز، تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولۇپ، خىزمەت پۇختا ئىشلىنىپ، خەلق ۋەكىللىرى تەكلىپتە ئىنكاس قىلغان دېھقان، چارۋىچىلار يۈكىنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇپ كېتىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى ۋە تۈزىتىلدى.

2. قاھار ئەمەت قاتارلىق 17 ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۆچكە تىۋىتى بازىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت ۋە ئوبلاست دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى 2 - نومۇرلۇق تەكلىپىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: ئۆچكە مەھسۇلاتلىرى خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە كەڭ بازار تېپىۋاتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چۆل ئوتلاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، سۈپەتلىك تىۋىت ئېلىنىدىغان ئۆچكىلەرنى كۆپەيتىش — تىۋىت ۋە گۆش مىقدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆچكە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇپ، مەخسۇس ئۆچكە سورتلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى يېتىشتۈرۈش ھەم تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغانىدى. بىر نەچچە يىلدا 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ (بۇنىڭ ئىچىدە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 900 مىڭ يۈەن) سېلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى ھەمدە زۆرۈر بولغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ بېرىپ، تەتقىقات مەركىزىنى مەلۇم پەن تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىنكاس قىلغان تەتقىقات مەركىزىدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان خىراجەت يېتىشمەسلىك، ئۈسكۈنىلەر قالاق بولۇشتەك مەسىلىلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇد بولۇپ، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ ھەل قىلىنىدىغان بولدى: 1) تەتقىقات مەركىزىنىڭ پەن تەتقىقات ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كۆپەيتىلىدىغان ئالىي، يېڭى ئۈسكۈنىلىرىگە كېرەكلىك خىراجەتنى تەتقىقات مەركىزى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، يېزا - بازارلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، نەسىللىك ئۆچكە يېتىشتۈرۈپ سېتىش، تىۋىت مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ، يەتمىگىنىنى ۋىلايەت مەلۇم مىقداردا تولۇقلاپ بەرسە بولىدۇ. 2) خىزمەتچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقات مەركىزىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈلىدۇ، خادىم يېتىشتۈرۈش خىراجىتى تېما ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئايرىم تۈر قىلىنمايدۇ. 3) ئاقسۇ ئۆچكە تەتقىقات مەركىزى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭ ئاق تىۋىتلىك ئۆچكىسى (جەنۇبىي شىنجاڭ تىپى) نىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرى 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تېمىسى

بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ھەر يىلى پەن تەتقىقات خىراجىتى ئاجرىتىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىمۇ نەسىل ياخشىلاش خىراجىتىدىن بىر قىسىم يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى ئاجرىتىدۇ. مەزكۇر تېما ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىشى كېرەك. 4) تېمىغا بىرلەشتۈرۈپ تىۋىتلىك ئۆچكە نەسلى بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئاساسلىقى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە تەتقىقات مەركىزىنىڭ كۈچىگە تايىنىش كېرەك. ئاپتونوم رايون مۇمكىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، نەسىللىك ئۆچكە سېتىۋېلىشتا مەبلەغ جەھەتتىن مۇئەييەن ياردەم بېرىدۇ. 5) ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بىر ئۆچكە تىۋىتى ئايرىش - تاراش زاۋۇتى قۇرۇش مەسىلىسىدە ئاۋۋال ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر بار بولغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئويلىشىش، قايتا قۇرۇپ، ئىسراپچىلىق پەيدا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر ھازىرقى ئىقتىدارى ھەقىقەتەن يېتىشمىسە، مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويسا ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ بويىچە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن، دەرھال رەسمىي تۈر قىلىپ قۇرسا بولىدۇ.

3. ياڭ جيەنچېن قاتارلىق ئون ۋەكىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى 9 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن ئونى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 154 ى، ناھىيە دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ۋە يېڭىدىن بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسىدىن 5000 دىن كۆپرەكى بار. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتى - مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنى تەسىس قىلدى ھەم ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنى ئاسراشقا ھەر يىلى 300 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل ساقلاپ قالدى. بىراق تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەبىئىي چىرىش، سۇنئىي بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقى، بىر قىسىم مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ۋەيران بولۇش خەۋپىگە يۈزلەنگەنلىكى ئېنىقلاندى، شۇڭا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش خىراجىتىنى كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن بىر قېتىمدىلا 1 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئۇنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنى ئاسراشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، مالىيە ئەھۋالىغا قاراپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش خىراجىتىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىش قايتا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئاجرىتىلغان 1 مىليون يۈەن ۋە ئىلگىرى ئاجرىتىلغان 300 مىڭ يۈەن پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى.

4. قاھار ئەمەت قاتارلىق 14 ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان «ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ۋىلايەت قاتارىغا كىرگۈزۈش ھەم تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن قىلىش توغرىسىدا» دېگەن 6 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1993 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون ھەر يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتى، سۇ - توك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەخسۇس تۈر بويىچە 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى؛ ئاقسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست (قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى) نىڭ ناھىيە يېزا يولى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەر يىلى 6 مىليون يۈەن ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىپ ئاجراتتى، 13 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت پۇلىنى كۆپەيتىپ ئاجرىتىپ، ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە يېزا - كەنتلەردىكى 2 -، 3 - كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتتى؛ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىگىمۇ ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا ئوخشاشلا ئېنىرگىيە، قاتناش فوندىدىن ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇدىغان 30% قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى مەخسۇس يەرلىك ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنى نامراتلار رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەنگە تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىلىق دوكلات

سۇنغاندا، گوۋيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى 1994 - يىلى باھار يايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە چاقىرىلىدىغان مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش يىغىنىدا ئومۇميۈزلۈك مۇھاكىمە قىلىدىغانلىق جاۋابىنى بەرگەن.

5. قابدۇراقىم ئويرانباي قاتارلىق ئون ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان «قاراماي نېفتلىكى يەرلىك ئورۇنغا قانۇن بويىچە يەر، سۇ مەنبەسى ۋە ئوتلاق بايلىقىدىن پايدىلىنىش ھەققى تاپشۇرۇش كېرەك» ، دېگەن 39 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ، «ئوتلاق قانۇنى» ، «سۇچىلىق قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىچە ھەل قىلىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

«يەر باشقۇرۇش قانۇنى» 4 - بابىنىڭ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، قاراماي كان رايونى «دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش نىزامى» غا ئاساسەن ئىگىلىگەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ يەر، ئوتلاقلىرىغا ۋە يەرنى، ئوتلاقنى ئىگىلىگەنلىكتىن ئەسلىدىكى يەردىن پايدىلانغۇچى ئورۇن ئۇچرىغان زىيانغا مۇۋاپىق تۆلەم بېرىشى كېرەك؛ سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە سۇ بايلىقى خىراجىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئەھۋالغا قاراپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق يەر، ئوتلاق ماجىراسىنى ھەل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چارە تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تاپشۇردى.

6. ئابدۇرېھىم سەيپى قاتارلىق ئون ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان «خام نېفت مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى ئەمەلىي سېتىلىدىغان %5 لىك باھاغا تەڭشەش توغرىسىدا» ، دېگەن 88 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: دۆلەت ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان بەلگىلىمىلەرنى تەڭشەشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، يەنىلا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

7. ھوشۇر ئەمەت قاتارلىق 12 ۋەكىل «بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نېفتلىك مەھسۇلاتلىرى بېجى، بايلىق بېجىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇدىغان قىسمىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا» ، دېگەن 37 - نومۇرلۇق تەكلىپنى، ئابلىمىت ماھۇت قاتارلىق ئون ۋەكىل «قاغىلىق نېفتلىكىنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك ئورۇنغا قالدۇرۇش توغرىسىدا» ، دېگەن 65 - نومۇرلۇق تەكلىپنى، دالڭ جىن قاتارلىق 15 ۋەكىل «نېفت مەھسۇلاتلىرى بېجى بىلەن بايلىق بېجىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا قالدۇرۇلىدىغان نىسبىتىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا» ، دېگەن 98 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. گوۋۇيۈەن 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، قىسمەن ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا «باجنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمى» دىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئۆقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، ئاپتونوم رايون سىناق نۇقتىسى رايونى قىلىپ بېكىتىلىپ، 1992 - يىلدىن 1995-يىلغىچە «باجنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمى» مالىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايون مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، 1992-يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (باجنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمى) مالىيە تۈزۈلمىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. يولغا قويۇش چارىسىدە ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان كىرىمنىڭ ھەردەرىجىلىك مالىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىرسەنتلىك نىسبىتى بەلگىلەندى يەنى «نېفت، خىمىيە سانائەت، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، رەڭلىك مېتالدىن ئىبارەت مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق تۆت تارماقتا تەۋە كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات بېجى، قىممىتى ئاشقان باج، تىجارەت بېجىنىڭ 20 پىرسەنتى مەركەزگە، 50 پىرسەنتى ئاپتونوم رايونغا، 30 پىرسەنتى شەھەر (ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەت) گە تەۋە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى» . يۇقىرىقى نىسبەت تەكرار مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھېسابلاش ئارقىلىق ئاندىن بېكىتىلدى. مەركەز تەڭشەشتىن بۇرۇن ھازىرقى نىسبەتنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىگە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە بېجى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلاپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەسلىدىكى تەقسىمات نىسبىتى قاتارلىق سىياسەتلەرنى مۇناسىپ تەڭشەشنى تاپشۇردى.

8. شۆپېڭ قاتارلىق 12 ۋەكىل ئوتتۇرىغا قويغان «تۈنۈش، تۈزۈلمە، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا» ، دېگەن 38 - نومۇرلۇق تەكلىپنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دوكلات قىلدى: ئاپتونوم رايون مالىيەدىن ھەريىلى پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈچ تۈرگە 19 مىليون يۈەن خىراجەت ئاجرىتىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە خىراجەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى مائارىپ كومىتېتىغا بۆلۈپ بېرىش تەكلىپىگە كەلسەك، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارالدى: ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھەر يىلى تەشكىللەپ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ، پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان خىراجەتتىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا خىراجەت بېرىشكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىغا تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن، مەبلەغنى بۆلۈپ ئىشلىتىش ھاجەت ئەمەس.

ساۋ بىڭلياڭ

### خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەردىن جەمئىي 901 تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىر (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلىدۇ) تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە تەۋە پىكىر 277، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە جەھەتلىرىگە تەۋە پىكىر 213، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق جەھەتلىرىگە تەۋە پىكىر 186، پىلان، ئەمگەك، كادىرلار، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق جەھەتلىرىگە تەۋە پىكىر 53، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە تەۋە پىكىر 134، باشقا جەھەتلەرگە تەۋە 38.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمەت كومىتېتى بۇ پىكىرلەرنى مەزمۇنىغا ئاساسەن، 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 10-كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالتە ئىدارە ۋە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلغىنى 790، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قاتارلىق تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغىنى 55، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغىنى 56. يىل ئاخىرىغىچە ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرى قويماي بېجىرىلىپ بولدى ھەمدە ۋەكىللەرگە جاۋاب قايتۇرۇلدى. پىكىرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردىن ھەل قىلىنغىنى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغىنى 222، ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى تەدرىجىي ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 234، نۆۋەتتىكى شەرت - شارائىت چەكلىمىسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىن ھەل قىلىنىدىغىنى 336، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىلگىنى 109.

ساۋ بىڭلياڭ

### ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرى

#### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرى

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئون ۋەكىلى كارخانا، مائارىپ، مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى، شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم، يۇڭ - تېرە سانائىتى شىركىتى، شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ داشۆسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قارىمىقىدىكى مىللىي شىفەن مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسىپىي داشۆ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشى، كەسپىي مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىردىن قېيۇم تۇردى، كېرىم نەسىردىنلەر قەشقەر ۋىلايىتى، يەكەن ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يەكەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ تىزگىنلىنىش ئەھۋالىنى ۋە ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى، بەزى يېزا، كەنتلەردىكى دېھقانلارنى زىيارەت قىلدى ھەم قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى.

#### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرى

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر قىسىم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى، ۋەكىللەرنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كومىتېتى، قانۇنچىلىق كومىتېتى، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ

ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى قىسمەن يولداشلارنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل، تۇرپان، سانجى، بورتالا، تارباغاتاي، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە، شۇنداقلا كۈيتۇڭ شەھىرىگە بېرىپ، «سۇچىلىق قانۇنى»، «سۇ، تۇپراقنى ئاسراش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غوجىخان ھاكىموۋ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرىنى ۋە شەھەر - يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى سەككىز كىشىنى باشلاپ، تۇرپان شەھىرىگە بېرىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا ئامىمىنىڭ ئىنكاسى كۆپرەك بولغان دېھقانلارنىڭ يۈكى مەسىلىسىنى ئىگىلىدى. قاراغوجا، يار يېزىسى رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، تۇرپان شەھەرلىك كونىبىرۋا زاۋۇتىنىڭ قىش پەسلىدە پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش ئىشتىزلىرىنى كۆرۈپ چىقتى ھەمدە دېھقانلارنى زىيارەت قىلدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مۇقىيىت مەخلۇك قاتارلىق ئىككى كىشى تۇرپان ۋىلايىتىگە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، تۇرپان ۋىلايىتى، پىچان ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە تۆت يېزا، بازار، ئىككى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قابىل يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كۈنەس، نىلقا، چاپچال ناھىيىلىرىدىكى 12 يېزا (بازار)، مەيدان، 31 مەمۇرىي كەنت ۋە 179 دېھقان، چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندا «ئىلى ۋىلايىتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى كۆزدىن كەچۈرۈش توغرىسىدا دوكلات» يازدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جاڭ شۆۋېن قاتارلىق يەتتە كىشى گۇچۇڭ ناھىيىسىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى تۇردى تۆنىياز كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پورچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرىغا ۋە بەش مەمۇرىي كەنتكە بېرىپ تەكشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئامىمىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. «قاراقاش ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ يۈكى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈرۈش دوكلاتى» ۋە «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ماتارىيتا ئارتۇقچە ئىغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن دوكلاتلارنى يازدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئەزاسى لۇەن جىنجۇڭلار خوتەن ۋىلايىتى، خوتەن شەھىرى، كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن، قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرىگە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىگە، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسىگە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ كونا شەھەر، توقسۇ، كۇچا ناھىيىلىرىگە ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ بۈگۈر ناھىيىسىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى، يەككە ئىگىلىك - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە يۇقىرىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شۇنداقلا خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، ئىشتىز - ئېرىقلارنى، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈپ چىقتى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى ھەم ئۇلاردىن پىكىر ئالدى.

5 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەزا شىن دېفۇ قاتارلىق ئالتە كىشى تارباغاتاي ۋىلايىتى، چۆچەك شەھىرىگە بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى ئەھۋالىنى كۆزدىن

كەچۈردى ۋە تەكشۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپ مۇھەممەدى گۇچۇڭ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ئۇقتىلىق ئىگىلىدى، كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە سانجى ئوبلاستى، گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى يىغىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسىنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك تەدبىرنى ئۆزۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بەلگىلىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن شۈپېڭ، ماسۇنلياڭ، غوجىخان ھاكىمۇۋلار، ئەزا ئەنىەردىن موسايوۋۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى يولداشلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، سانجى ئوبلاستى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، تۆت ناھىيە (شەھەر)، يەتتە يېزا (بازار) دىكى 15 يېزا ـ كەنت مەكتىپىنى كۆرۈپ چىقتى.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق كومىتېتى بىر قىسىم دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى يولداشلارنى تەشكىللەپ، بۆلۈنۈپ ئىلى، ئالتاي، بايىنغولىندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ يەتتە ناھىيىسى (شەھىرى)، تاغلىق رايونلاردىكى تۆت ئورمانچىلىق مەيدانى، ئىككى قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، شۇ يەردىكى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سانائەت، تىببىي دورىگەرلىك، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى» نى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي ئەھۋاللار ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى خېلى تەپسىلىي ئىگىلىدى، كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندا «〈ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى〉 نى ئىزچىل يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدا كۆزدىن كەچۈرۈش ـ تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئەزاسى فۇداشېڭ ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرىگە بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىي فۇپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، رېۋىزىيە نازارىتى، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش ئىشخانىسى، قاتناش نازارىتى، سەھىيە نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خىيانەتچىلىك، پارا بېرىش، پارا ئېلىش ئەنزىرىلىرىنى سوتلاش خىزمىتى، خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشى، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەم سۆھبەتلەشتى، كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندا «پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە 〈ئۈچ قالايمىقان〉 نى تۈزەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قابىل بورتالا ئوبلاستىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، بورتالا ئوبلاستلىق، بورتالا شەھەرلىك ۋە ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، تۆت يېزا، بازارغا بېرىپ، يېزا ـ كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ھەمدە دېھقان، چارۋىچىلارنى زىيارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى.

ئارزۇگۈل قۇربان

## شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تايلاندنى زىيارەت قىلدى

تايلاند پادىشاھلىقى دۆلەت مەجلىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يۇقىرى پالاتانىڭ باشلىقى مىسەي لىچۇپەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر

ئۆمىكى 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە تايلاندتا زىيارەتتە بولدى. زىيارەت مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئۆمىكى تايلاند دۆلەت مەجلىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن پالاتاسىنى زىيارەت قىلدى. تايلاند دۆلەت مەجلىسىنىڭ رەئىسى، تۆۋەن پالاتانىڭ باشلىقى مالۇۋېننا، تايلاند دۆلەت مەجلىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يۇقىرى پالاتانىڭ باشلىقى مىسەي لىچۇپەنلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى تايلاند ھەرساھە كىشىلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى، تايلاند جۇڭخۇا باش سودا ئۇيۇشمىسى، تايلاند - جۇڭگو دوستلۇق بىرلەشمىسىنى زىيارەت قىلدى، دۆلەتلىك يېزا ئىگىلىك داشۆسى، ئىسسىق بەلباغ مېۋىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنى، دېڭىز - ئوكيان بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنى زىيارەت قىلدى.

ۋاڭ خۇيلىن

**دانىيە پارلامېنتى مالىيە كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى**

1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە دانىيە پارلامېنت ئەزاسى، پارلامېنت مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پياكالفۇر باشچىلىقىدىكى دانىيە پارلامېنتى مالىيە كومىتېتىنىڭ 33 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

دانىيىلىك مېھمانلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن مۇدىرى ئامىنە غاپپار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى ئۈزۈمزارلىقى، نەنسەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەكشۈردى ۋە زىيارەت قىلدى.

لۇ ۋاڭخاۋ

**مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس دۇڭ فۇرېڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى**

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، پروفېسسور دۇڭ فۇرېڭ ئاپتونوم رايونىمىزنى كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدە، دۇڭ فۇرېڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەننىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بەرگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىغا دوكلات بەردى.

لى خۇيچىڭ

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

**ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى**

رەئىس: تۆمۈر داۋامەت

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ يۈسەن، غوپۇر ئابدۇللا، لى دۇڭخۇي، ئەسقەت كېرىمباي (قازاق)، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر

باش كاتىپ: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ئەن جىجى (شىبە)، ئەسەن قامىتباي (قازاق)، لى شيۇ، شيې خەيپىڭ

پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۈيۇڭگۇاڭ

ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ رۇخۇ

مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇر تېيىپ

پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ يۆجى

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: راخمان مەسۇم

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن جىنچى

دۆلەت بىخەتەرلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ رۇيخۋا

رېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: نۇردۇن تۆمۈر

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: قۇربان نىياز

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت يۈسۈپ

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇڭ جىنىيۇ

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: ساتتار ساۋۇت

ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى: مەمتىمىن ئابدۇرېھىم

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن چىندۇڭ

كۆمۈر سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: يۈجىلى

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: يۇنۇس يۈسۈپ

ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت مامۇت

خىمىيە سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: بېكمۇقامېت مۇسا (قازاق)

يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ رۇشېڭ

توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: شىاڭ زىرەن

سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: تۇرسۇن توختى

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت ھەسەن

گورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: مەخسۇت مەھەممەت

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: تالاش (قازاق)

پەرباشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مەمتىلى ھوشۇر

سودا نازارىتىنىڭ نازىرى: توختى بەختى

ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇكېرىم ھاشىم

تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى دۇڭخۇي (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان)

ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئىبراھىم ۋاھىد

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: مەھەممەت زۇنۇن

رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: سامساڭ (خۇيزۇ)

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: ياسىن تۇرسۇن

تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز باقى

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئابدۇللا

مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ياڭ شۆلياڭ (خۇيزۇ)

ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ياڭ جەنشى

سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نۇرمۇھەممەت كېرىم

ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئەمەت موللا تۇردى

ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: راخمان ئەختەم

مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: خۇاڭ ۋېنيۈەن (ئايال)

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇچېڭ

خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: ئەھەيدۇللا تېيىپ

خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا مۇھەممەت رېھىم

خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت ئىسمايىل

مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئاتاۋۇللا

**ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى**

**تۆمۈر داۋامەت** 1927 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ توقسۇن ناھىيىسىدىن. 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1952 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى توقسۇن ناھىيىسىدە يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، تۇرپان مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، داجەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئۇ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

**ۋاڭ لېچۈەن** ئەر، خەنزۇ، 1944 ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇگۇاڭ ناھىيىسىدىن، 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1966 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جياۋنەن ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشقان. شۇگۇاڭ ناھىيە خوجىن كۆڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كۆڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بازار كۆڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇگۇاڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، لياۋچېڭ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

---

ئىزاھات: 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چاقىرىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە، يۈسۈپ ئەيسا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت

يېڭىدىن سايلانغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭىدىن تولۇقلانغان مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىغا قاراڭ

ۋاڭ يۇسەن ئەر، خەنزۇ، 1935 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچىڭ ناھىيىسىدىن، 1949-يىلى 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىلى 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئىقتىسادچى.

ئىلگىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچىڭ، چاۋيى ناھىيىلىك سودا شىركىتىدە، دالى شۆبە ھەربىي رايونىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسىدا كادىر بولغان، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدا بۆلۈم ئەزاسى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، بانكا باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

غوپۇر ئابدۇللا 1941 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ لۇپنۇر ناھىيىسىدىن، 1965 - يىلى 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1974 - يىلى 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئاسپىرانتلىق مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى خوتەن «شەرق قىزاردى» كان رايونى سېمونت زاۋۇتىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكى، زاۋۇت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، زاۋۇت باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك سانائەت - قاتناش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

لى دۇڭخۇي ئەر، خەنزۇ، 1941 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يەنتەي شەھىرىدىن. 1967-يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1973 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە

ئىلگىرى قەشقەر شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ تېخنىكى، ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كادىرى، كاتىپى؛ ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، شىنجاڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

ئەسقەت كېرىمباي ئەر، قازاق، 1947 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1970 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1975 - يىلى 11 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.

ئىلگىرى غۇلجا ناھىيە 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا كادىر، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدا كادىر، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە كادىر، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئىلى شىفەن شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

جاڭ خېڭ ئەر، خەنزۇ، 1939 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ئەنچىڭ شەھىرىدىن، 1962-يىلى 10 -٠ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1976 - يىلى 11 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئىقتىسادچى.

ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سانائەت 1 - شىسىنىڭ 12 - تۇەنىدە تېخنىك، ليەنجاڭ، دېھقانچىلىق 9 - شى 161 - تۇەن - مەيدان قوماندانلىق شتابىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 165 - تۇەن - مەيدانىدا مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، دېھقانچىلىق 9 - شى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىجاڭى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن، پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

مىجىت ناسىر 1938 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1962 - يىلى 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1984 - يىلى 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كاندىدات تەتقىقاتچى.

ئىلگىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەشكەنت يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تېخنىك، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن

شۇجىسى، جۇڭگو دېھقانچىلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى بولغان.

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى**

1993 - يىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي تۆت قېتىم ئومۇمىي يىغىن چاقىردى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى جەمئىي ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى: بىرىنچى، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، لېكىن بەزى قىيىنچىلىقلار ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىمىز كۆرۈلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئارقىدا قالدى، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان زاپاس كۈچ يېتىشمەيۋاتىدۇ؛ مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانائەت قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس؛ مالىيە ۋەزىيىتى بەكمۇ جىددىي، مەبلەغ جەھەتتە جىددىيلىك كۆرۈلۈۋاتىدۇ؛ ئىنبىرگىيە، قاتناش، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا مەبلەغ سېلىشتىكى شارائىت ناچار. ئىككىنچى، 1933-يىلدىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا مۇشۇ بىر يىلدا خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1992 - يىلغا نىسبەتەن 11% — 12% ئاشۇرۇش، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 13.2% ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 4.5% ئاشۇرۇش؛ مالىيە كىرىمىنى 9.53% ئاشۇرۇش، تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنى 24.4% ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچى، رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر قايسى ساھەلەردىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەشتىكى ئومۇمىي تەلەپ: قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەشكە بەل باغلاش، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، ئىش بېجىرىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 3 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: «چېگرىلىككە قارشى كۆرەشنى قەتئىي قانات يايدۇرۇپ، ئىسلامات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشلىك ئېلىپ بارايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان چېگرىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە نۆۋەتتە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر قانچە خىزمەت توغرىسىدا توختالدى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەكلىپى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 5 - سانلىق يىغىنى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

جۇ يىلى

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي 16 قېتىم دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 165 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا «گوۋۇيۈەن چاقىرغان يېزا خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانلارنىڭ خىراجەت ۋە ئەمگەك يۈكىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا بۇ پىكىر ۋە چارىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا يوللاپ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تۆۋەننىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىش بېكىتىلدى.

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 166 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1992 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1993 - يىللىق پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي مەزمۇنلار توغرىسىدا دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن دوكلاتقا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1993 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى بىلەن خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق تارماق بانكىسىنىڭ مەملىكەتلىك تارماق بانكا باشلىقلىرى،

سۇغۇرتا شىركىتى باش جەمئىيەتلىرى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرىگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئاڭلاپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى تۈزگەن «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» نى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن يۇقىرىقى دوكلات ۋە قارارغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 3 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ 1993 - يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى باھالاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن 1993 - يىللىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى، يەن خوگرېن قاتارلىق 15 كىشىنى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى قىلىپ باھالاشقا قوشۇلدى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 4-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك تاشقى ئىقتىساد - سودا خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ۋە 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ھەمدە تاشقى سودا تەرەققىيات فوند جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن يۇقىرىقى دوكلات ۋە پىكىرگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى؛ تۆمۈر داۋامەتنىڭ 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا قوشۇلدى، تاشقى سودا تەرەققىيات فوند جەمئىيىتى قۇرۇشقا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 5-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا تۆمۈر داۋامەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆزى مۇزاكىرە قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت دائىمىي يىغىن چاقىرىپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى، (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» نى قاراپ چىقتى. 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن «60 پىرسەنتىنى سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، 40 پىرسەنتىنى قويۇۋېتىش» سىياسىتى، يەنى %60نى دۆلەت داۋاملىق توختام بويىچە سېتىۋېلىش 40% نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە تىجارىتىنى قويۇۋېتىش بېكىتىلىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئاشلىقنى سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ئاشلىق تىجارىتىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىش بېكىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 6-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى (لايىھە)» بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېمەكلىك يەككە تىجارەتچىلىرى ۋە شەھەر يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخا) نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە يەنىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللاش بېكىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 7-قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈش ئىشخانىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ چېگرىسى جەھەتتە چېگرا تەكشۈرۈشكە دائىر ئون تۈرلۈك پىكرى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە يۇقىرىقى پىكىرگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي رايونلار چېگرىسىنى شۇ بويىچە ئايرىتىش بېكىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 8-نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 8 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، «ئۈچ قالايمىقان» نى قەتئىي تۈزەش مۇزاكىرە قىلىندى. 1. «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاش، مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ لېچۈەن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە

ئېلىش؛ 2. ھۆكۈمەت ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، تەشۋىق قىلىش ـ سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش؛ 3. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى باشلامچى بولۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش؛ 4. ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، مەبلەغ توپلاش تۈرلىرى ۋە ئۆلچىمىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىنى قاتتىق ئىگىلەش، گوۋۇيۈەن ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغانلىرىدىن باشقىلىرىنى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ تەستىقلاش بەلگىلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 10.قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى، ئىقتىساد كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەملىكەتلىك ئەمگەك كادىرلار، ئىش ھەققى تەقسىماتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. «ئاپتونوم رايونلۇق قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) نى قاراپ چىقتى. 1. يىغىن، كارخانىلاردىكى ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر زور ئىسلاھات، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا مەسىلە بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشتا ئېھتىياتچان بولۇش، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك لازىم، دەپ كۆرسەتتى. 2. يىغىن، «يولغا قويۇش چارىسى» غا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللاش بېكىتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 11.قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى) نى يولغا قويۇش چارىسى» (تەكشۈرۈشكە سۇنۇلغان نۇسخا) مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە يەنىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللاش بېكىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 12.قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مەركەز چاقىرغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى ھەمدە تېخىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللاشنى بېكىتتى.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 13.قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تۈزۈپ چىققان «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدا باھالاش، تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى قاراپ چىقتى. يىغىن نىزامغا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى ھەمدە يەنىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشقا يوللاشنى بېكىتتى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ 14.قېتىملىق دائىمىي يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈش ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى.

جۇ يىڭ

### ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن ھۆكۈمەتنىڭ 34 ـ نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن 35 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىمار ئويناشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن 36 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ خىراجەت

ۋە ئەمگەك يۇكىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ 37 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا كوپېراتسىيە ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپ مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ 38 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە نازارەت قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن 39 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئوشۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۇەن 40 ـ نومۇرلۇق پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈش سۇغۇرتىسى چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

لى خۇەيچاڭ

بىكىتمە ، بەلگىلىمىلەر

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان بىر قىسىم بىكىتمە، بەلگىلىمىلەر

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» ۋە «ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «1992 ـ يىلى نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلارنى تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قوراللىق بۆلۈمى سىستېمىسىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزىنى بېقىشقا دائىر بىر قانچە سىياسەت توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «يىن خۇگرېن قاتارلىق 15 يولداشقا (1990 — 1992 ـ يىللاردىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى) دەپ نام بېرىش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «پوچتا ـ تېلېگراف ۋە خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئىلغار ۋىلايەت، ناھىيە شەھەرلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «لىيۇيەنفېي، پەرىدەم ئابدۇراخمان، جېڭس، لى يىزۇڭدىن ئىبارەت تۆت نەپەر يولداشقا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىكىتمە چىقىرىلدى.

لى خۇەيچاڭ

ئۇقتۇرۇشلار

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى»، نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئەمگەك ئىش ھەققى، سۇغۇرتا قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار (قوشۇمچە بەلگىلىمىسى) نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنىڭ ۋەكالەتلىك ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ 1993 ـ يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد سودا كېڭەشمە يىغىنىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق ئاشلىق ياردەم پۇل بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «دۆلەتنىڭ مەبلەغ توپلاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان ماللاردىن قوشۇمچە ھەق ئېلىشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە) نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ چېگرا سودىسىدىن باج ئېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى)نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «1993 — 1994 - يىللىق پاختا ئېكسپورت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «(شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى (شىنجاڭ قىسمى) بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى) چاقىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتۈش ۋە ئولتۇراقلىشىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى) نى بېسىپ تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق ئۈچ تارماقنىڭ (شىنجاڭ پاختىسىنى ئېكسپورت قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى)نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «بىر قىسىم مەمۇرىي قائىدە - نىزاملارنى بىكار قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايونلارنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغان تارماق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات شتاتىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئىسلاھ قىلىپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ (مۇھىت ئاسراش ئىشىغا دائىر قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش)نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلىرىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاسىيا - ياۋروپا ئۆتكىلىق كابېل تورىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى قىسمىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا كۆچۈرۈش - يۆتكەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ھەر دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزلىرىنى قۇرۇش جەريانىدىكى يەر باشقۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «تۇنجى توركۆمدە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سىلىقىغا چېتىلىدىغان تۈرلەرنى ۋە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ دەرىجە ئۆستۈرۈش پائالىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكارلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئالاتاۋ ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنى ئۈرۈمچى ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆزگەرتكەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالتاي ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ۋە ئېغىزلاردا شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇش چارىسى)نى بېسىپ تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان قوشۇمچە كىتابلارنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «بەزى جايلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە ھەققىنى ئېلىشنى بىكار قىلغانلىق ياكى ۋاقىتلىق توختاتقانلىقىنى تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «〈شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلارنىڭ زاپاس ۋاگونلارنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى〉نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «يەنە بىر قېتىم پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا پاختا ئارىيەت بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

لى خۇەيچىڭ

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 〈ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى〉نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مالىيە، كەسپىي مالىيەگە دائىر ئىشلارنى يولغا قويۇش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «〈ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش چارىسى〉نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ 〈ئاپتونوم رايوننىڭ 1993 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى〉 توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ 〈چەت ئەلدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر〉 توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى « ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ 〈ئاپتونوم رايوننىڭ تۆمۈر يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ 〈چەت جايلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ 〈شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىلەردە يېزا باشقۇرۇش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە يولغا قويۇش ھەققىدىكى ئاساسىي لايىھىسى〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسىنىڭ〈1993 ـ يىللىق تارماق ۋە كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ 〈ئوچۇق شەھەرلەر، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى ۋە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونلىرىدىكى ئىچكى جەھەتتە بىرلەشكەن كارخانىلارغا قارىتىلغان باج سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش چارىسى〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ 〈گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكرى〉نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ 〈پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇپ، 3 ـ كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش يۈزىسىدىن باج جەھەتتە ئېتىبار بېرىش چارىسى〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 〈كارخانا تەسىس قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «مەملىكەتلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىك قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ 〈〈ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ مۈلۈككە باھا بېرىش ئاپپاراتىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى〉 نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى〉 ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە

ئىسلاھاتى كومىتېتى قاتارلىق يەتتە ئورۇننىڭ (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلاردا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئىسلاھاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ (تاشيول ترانسپورت بازارلىرىنى يەنىمۇ قوليۇۋېتىش توغرىسىدىكى پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇننىڭ (جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇشتا چەت ئەل سودىگەرلىرىگە دۆلەتنىڭ مۈلكىنى سېتىش توغرا كەلگەندە، جۇڭگو تەرەپنىڭ مۈلكىنى باھالاشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ (يېزىلاردا باشلانغۇچ دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش، سالامەتلىكنى ئاسراشنى ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ (تەكشۈرۈش نامى بىلەن ھۆكۈمەت خىراجىتىنى ئىشلىتىپ چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىپ ساياھەت قىلىشقا تەشكىللەش مەسىلىسىگە دائىر ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «دۆلەت تاۋار پرېيوم قىلىش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ (يالغان، ناچار تاۋارلارنىڭ چېگرىدىن چىقىرىلىشىنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ (جامائەت مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاشكارا سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ (دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە چۈشكەن ھاشاراتلەرنى ئالدىن مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ (دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ (1993 - يىلى ئۇقتىلىق ياردەم بېرىدىلىدىغان 500 يېزا - بازار كارخانىسىنىڭ خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈش) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ (ئالتۇن قېزىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ (چۈچۈك بۇيا بايلىقىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداشنى داۋاملىق كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلاتى) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى» كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ (يېزا - بازار دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ شتات ئۆلچىمىنى (سىناق نۇسخا) ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ (ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ (ئۈرۈمچى رايونىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى قاتارلىق بەش ئورۇننىڭ (كارخانىلاردا ئەمگەك - كادىرلار ئىش ھەققى تەقسىماتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە يولغا قويۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر) توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ (مەركەزنىڭ 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىسىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ (ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدىكى پىكىر) توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ (ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت - قاتناش ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش ھەققىدە پىكىر) توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ (ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر) توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ (ئۆي - زېمىن بازىرىنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ ۋە ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ (چارۋىچىلارغا يەم - بوغۇز، نورمىلىق ئاشلىق تولۇقلاپ بېرىش لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات) ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» تارقىتىلدى.

لى خۇېيچىڭ

## تەستىق جاۋابلار

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان تەستىق جاۋابلار (بىر قىسمى).

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا بېرىلگەن (ئاق ھۆججەت) نەقلەشتۈرۈلىدىغان مەبلەغنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسقا بېرىلگەن تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئەركەشتام ئېغىزى يېڭى قۇرۇلۇشى بىلەن تورغات ئېغىزىنى تۆۋەنگە كۆچۈرىدىغان جاينى تاللاش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇش تۈرىدىكى، شەھەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق تۈردىكى خىراجەتنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «تېمىرتام ئېغىزىدا چېگرا ئاھالىلىرى سودا بازىرى تەسىس قىلىشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شىنجاڭ ئالاقىلىشىش تورى بويىچە كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەردە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ سىغىمچانلىقنى كېڭەيتىش تۈرىدە تاموژنا بېجىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىغا يەر سېتىۋېلىش، كۆچۈرۈش خىزمىتىدە ئېتىبار بېرىش چارىسى ۋە تولۇقلاپ تۆلەش ئۆلچىمى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «دۆلاتا ئېغىزى ۋە مۇز ئارت ئېغىزى ئومۇمىي گەۋدە لايىھىسى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «دۆلەت تاۋار پىرىيوم قىلىش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ تاۋار پىرىيوم قىلىش ئىدارىسىنى 1 - دەرىجىلىك ئىدارە قىلىشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى ئالاقىسىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «باھاسى يېرىم چۈشۈرۈلىدىغان سۈ ماينىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان زەنجىر تاپان تراكتورنى چوڭ رېمونت قىلىشقا قوشۇمچە ياردەم پۇل بېرىش ۋە كونا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى يېڭىلاشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئۈرۈمچى رايونىدا شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە يەر ھەققى ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «قۇمۇل ۋىلايەتلىك چېگرا سودىسى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىگە يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىدا ئىمپورت - ئېكسپورت بىلەن تىجارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئۆي - مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «جۇڭگو - قازاقىستان قورغاس خەلقئارا ئەركىن بازىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «شىنجاڭ لىيەنيۈ چەتكە مۇلازىمەت قىلىش شىركىتىگە يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارىتى ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى چېگرا سودىسى شىركىتىگە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سودىسى ئىمپورت -

ئېكسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «دۆلەتتا ئىگىدارچىلىقتىكى ئەمەس پىلان توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئاقتۇ - بۆكەن بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «سودا - سانائەت بانكىسىغا قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئۆسۈم كىرىمى قىلىپ لەيلىتىپ بېرىپ، تىجارەت بىجى ۋە مالىيە قوشۇمچە بىجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «〈شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش چارىسى〉غا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىزاھات ھەققىدە تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «داۋاملىق تۈردە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىچىدىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر خادىملارنى تاللاپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە چەت، يىراق، جاپالىق يېزا - بازارلاردىكى كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشقا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئۈرۈمچى رايونىدا ۋەكالەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە ئېلان چىقىرىشتىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تارقاتقان تەستىق جاۋابلار (بىر قىسمى)

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇمۇل قوغۇنى بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش باشقارمىسى تەسىس قىلىشىغا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوند جەمئىيىتىنىڭ 〈ئۈمىد مېھىركارتىسى〉 تارقىتىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال بازىرىنىڭ قۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق 〈كۆسەن ئەدەبىيات - سەنئەت بايرىمى〉 ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «〈بېيجاڭ〉 كوچىسىدا 〈جۇڭخۇا مىللەتلىرى شەھىرى〉 قۇرۇشقا يەر بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ھەرخىل خىمىيۋى ئوغۇتلارنى ئېنىقلاپ ئېكسپىرتىزا قىلىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇشى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋاب» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «غۇلجا - چونجا - ئالمۇتا خەلقئارا ئاپتوبۇسى لىنىيىسىدە ئىلى ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «〈پاختا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ئۆزگەرتىش〉 بېجىنى كېچىكتۈرۈپ قىلىش توغرىسىدا ئالاقە» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «خۇنەن ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش باشقارمىسى تەسىس قىلىشىغا قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا سودىسىدا چاي بازىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «تېڭگىر چوققىسى قاتارلىق 11 چوققىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدا ئالاقە» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «بايىنغول دەريا ئېقىمىنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش پىلانى توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نامرات دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن-مەيدانلىرىنى دۆلەتنىڭ 6 - تۈركۈمدىكى سانائەت ئاساس قىلىنغان ۋەكالەتلىك ھېساب پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئالاقە» تارقىتىلدى.

لى خۇەيچىڭ

تەبرىك تېلېگرامما، تەبرىك خەتلەر

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى شىنجاڭ ساپ شۆلتا زاۋۇتى، ساپ شۆلتا قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ساپ شۆلتا زاۋۇتىنىڭ مۇددەتتىن 128 كۈن بۇرۇن پۈتتۈپ، 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت بەشتە ماتېرىيال سېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۆلچەمگە لايىق ساپ شۆلتا

ئىشلەپچىقارغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قەشقەر 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ 96 سائەتلىك سىناقتا ئايلىنىشىنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولغانلىقىنى، 1 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ تولۇق بولغانلىقى ھەمدە سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە تاپشۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، چەۋەندازلىقتا كوللېكتىپ بويىچە 1 - بولغانلىقىنى، پەرىدەمنىڭ شەخسلەر بويىچە 1 -، ليۇجۈڭنىڭ شەخسلەر بويىچە 2 -، جىرغالىنىڭ شەخسلەر بويىچە 8 - بولۇپ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ، شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۆت ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، تۆت مىس مېدال ئالغانلىقىدەك ياخشى نەتىجىسىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

تاڭ زۇڭچيۇڭ

## مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى 1993 - يىل 12-ئاينىڭ 13 - كۈنى سانجى شەھىرىدە ليۇخۇاڭگو بازىرىنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

يى بىڭ

## گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جۇرۇڭجى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جۇرۇڭجى گوۋۇيۈەندىكى ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ قارماي، كۈيتۇڭ، مايتاغ، ئالتاي، شىخەنزە ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن-مەيدانلىرىغا بېرىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قۇراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە ھەمدە بىڭتۈەندىكى مىليونلىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سالىمى ۋە غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانداق تېزلىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، جۇرۇڭجى مۇنداق دېدى: بىرىنچى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى — شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكى. شىنجاڭنىڭ سۇ-تۇپراق بايلىقى ئىنتايىن مول. يوشۇرۇن كۈچىمۇ ناھايىتى زور. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، سۇ - تۇپراق بايلىقىنى ئېچىشنى تېزلىتىش، زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم. ئىككىنچى، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتىكى ھالقىلىق مەسىلە — لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭدا نېفىتنىڭ ئىستىقبالى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. قېدىرىش خىزمىتىنى ئىلگىرىلىتىش كېرەك. زاپىسى كۆپەيتىلىپ ترانسپورت شارائىتى ياخشىلانسىلا، نېفىت مەھسۇلاتىنى زور مىقداردا ئاشۇرۇپ، دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەرلىك ئەۋزەللىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىر تۈركۈم زور تۈرلەرنى قۇرۇشتىن باشقا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە يېڭى تېخنىكا - يېڭى مەھسۇلاتلار قوشۇلسىلا، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى، بازار تاپقىلى بولىدۇ. دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بېيىش يولى، شۇنداقلا دۆلەت ۋە يەرلىك مالىيەنىڭ «گۆھەر كېنى». دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى، چىن دىلى بىلەن بازارغا يۈزلىنىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

جۇرۇڭجى مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ھەقىقەتەن ياخشى

جاي، تەبىئىي بايلىق شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈشۈرۈن كۈچ جەھەتتە نۇرغۇنلىغان جايلارغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە، بۇ جاي دۆلەتنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رەڭلىك مېتال ۋە ئېنېرگىيە جەھەتتە دۆلەتنىڭ مۇھىم زاپاس ستراتېگىيىلىك بازىسى. شىنجاڭدا مۇشۇنداق ياخشى شارائىت بولغاچقا، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز، ئۈمىد زور. ئۇ مۇنداق دېدى: لەنجۇ - شىنجاڭ قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانسىلا، توشۇش مىقدارى بىر ھەسسە ئاشىدۇ. شىنجاڭنىڭ نېفىت، پاختا، ئاشلىق، قوغۇن - تاۋۇز ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى چەتكە كۆپلەپ يۆتكىگىلى بولىدۇ، بايلىق ئەۋزەللىكى تېزدىنلا ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېزلىشىدۇكى، ئاستىلىمايدۇ. ئۇ، شىنجاڭنىڭ يىراق مەنزىرىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، تۈرلەرنى توغرا، ياخشى تاللاپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساس قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشنى، مەركەز مەدەت بېرىۋاتقان شىنجاڭدىكى بىر قانچە چوڭ تۈرلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى، شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ جەزمەن تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغانلىقىنى، كېلەچەكتە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بازىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، جۇ رۇڭجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دۆلەتنىڭ مالىيە - باج تۈزۈلمىسى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە كەڭ پىكىر ئالدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ لېچۈەن، جىن يۈنخۇي، گو گاڭ قاتارلىق كىشىلەر جۇ رۇڭجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشىگە ھەمراھ بولدى.

لى خۇيچاڭ

**گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ چەت ئەلگە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭغا چۈشۈپ ئۆتتى**

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ پارىس قولتۇقىدىكى يەتتە دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىپ قايتىشىدا ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ لېچۈەن، لى دۇڭخۇي قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

لى لەنچىڭ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە زىيارەت ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە شۇ كۈنى بېيجىڭغا قايتتى.

لى خۇيچاڭ

**دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى سۇڭ جيەن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گەن سىجۇن قاتارلىق كىشىلەر بار. تەكشۈرۈش جەريانىدا سۇڭ جيەن تەكلىماكان قۇملۇقى خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى، دۆلەتنىڭ «305» تۈرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. «305» تۈرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۇڭ جيەن بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ «305» تۈرىدە بىرلىشىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىپ، بۇ تۈرنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتى جەھەتتە ئاز دېگەندىمۇ 70 مىليون يۈەنگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئىلمىي تەتقىقات خىراجىتىدىن 55 مىليون يۈەن (دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا 30 مىليون يۈەن، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىگە 10 مىليون يۈەن، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكىگە 5 مىليون يۈەن، جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتىگە 5 مىليون يۈەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۈچ مىليون يۈەن، دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوند جەمئىيىتىگە 2 مىليون يۈەن) ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئاپتونوم رايون 15 مىليون يۈەن تەييارلىشى لازىملىقىنى بىلدۈردى.

سۇڭ جيەن ئالتايدا مەشھۇر قاناس كۆلى قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايوننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قاناس كۆلى رايونىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تۈرىنى «جۇڭگو 21 - ئەسىر كۈنتەرتىپى» گە كىرگۈزۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇ كۈنتەرتىپ دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى باش بولۇپ تۈزگەن تۇنجى دۆلەت دەرىجىلىك داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ستراتېگىيىلىك پىلان بولۇپ،

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات پىلان مەھكىمىسىنىڭ مەدەتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن. نۇرغۇن خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە خەلقئارالىق ئاپپاراتلارمۇ قاتنىشىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلدۈرگەن.

سۇڭ جيەنىنى شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن جانابىل، مىجىت ناسىر، ماۋ دېخۇا ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

جاڭ يۈجى

لى خۇەيچىڭ

**دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى لو گەن شىنجاڭغا كېلىپ «13 - نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى**

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى لو گەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ «13 - نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسىنى تەكشۈردى ھەمدە قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. لو گەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايرودرومدا قىسقىچە دوكلات ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇنغا بېرىپ، ھەربىي ھالەت ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى، قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان ئەتراپتىكى ئاھالىلار ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «7324» زاۋۇتىدىكى يولداشلارغا رەھمەت ئېيتتى.

ئۇ، بارلىق كۈچنى تەشكىللەپ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقىش ھەمدە قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. لو گەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يارىلانغان يولۇچىلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لو گەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بېيجىڭغا قايتتى.

لى خۇەيچىڭ

**رەھبەرلەر ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى**

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ چارۋىچىلىق نازارىتىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم كەسىپلىرىنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ بىر زور تەرەققىيات بولۇشى كېرەك، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئاساسى يەنىلا ئاجىز بولغانلىقتىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىي ئورنىنى كۈچەيتىشكە باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ئاشلىق ئىدارىسىغا بېرىپ ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىگەندە، نۆۋەتتە ئاشلىق خىزمىتىدە بىرىنچى، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، ئىككىنچى، ئاشلىق - ماي بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇش، ئۈچىنچى، ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسىگە ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، تۆتىنچى، دېھقانلارنى بازارغا باشلاش، بەشىنچى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ساقلاش ئامبىرىدىن بەشنى ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈەن گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىگەندە، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، كەسىپلەر بۆلۈنمىچىلىكىنى بۇزۇپ تاشلاش، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش؛ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تارماقلىرى ئىچكى قىسمىدىكى مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ بىر كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، بىرلىشىپ كان باشقۇرۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جايلار بىلەن، ھەتتا مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ئىلى ئوبلاستىدا ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەردىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلارنى چاقىرىپ ئاشلىق خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ئاپتونوم رايونلۇق دۇنيا بانكىسى تۈرى ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلارنى باشلاپ ئۆگەن دەرياسى ئېقىمى دۇنيا بانكىسى تۈرى رايونىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە توقسۇ ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى بىلەن ئىشلەنگەن «تارىم يېزا ئىگىلىكى» تۈرى بويىچە ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جاڭ خېڭ يىغىنغا

قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنيا بانكىسى تۈرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۇرمۇشنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىكى زور قۇرۇلۇش. بۇنىڭدا سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ئىشنى ئاۋۋال تۇتۇشى، بۇ يىلقى قۇرۇلۇشنى بۇرۇنراق ئورۇنلاشتۇرۇشى، قۇرۇلۇشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، تۈر رايونىنى ئۇنۇمۈرسال يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى ۋە يۇقىرى ئۇنۇملۇك ئۈلگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە بېرىپ ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلەپ، پاختا ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشنى مۆلچەرلەپ زاكالەت پۇلى تارقىتىش ۋە قوي يۇڭى سېتىۋېلىشقا قەرز پۇل بېرىش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق تارماقلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇللار بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات بىناسىغا كېتىدىغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئۈستىدە ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ساۋەن ناھىيىسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش خىزمىتى ھەققىدىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ئالتاي ۋىلايىتىدە ئېغىر دەرىجىدە كەلكۈن ئاپىتىگە يولۇققان بۇرچىن، قابا ۋە ئالتاي قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ كەلكۈندىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا قاتارلىق ناھىيىلەردە يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، ئاشلىق - ماي يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلار، تېببىي دورا ساقلىقنى ساقلاش ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، مېتال، كان مەھسۇلاتلىرى، يېنىك سانائەت ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى ۋە يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى ئىدارىسىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى ۋە مۇزاكىرىلەشتى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ ساۋەن، تولى، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى خۇيچاڭ

### ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، سانجى، بايىنغولىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 641 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلار كومىتېتىدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ، شۇ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر (ئائىلە تاۋابىئاتلار) كومىتېتىنىڭ 92 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىلى ۋىلايىتى شۇ جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1991 - يىلدىن باشلاپ مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ قانۇن بويىچە ئاھالىلەر (ئائىلە تاۋابىئاتلار) كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئېلىپ باردى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 88 ئاھالىلەر (ئائىلە تاۋابىئاتلار) كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى تاماملاندى.

جيا دۇڭشىڭ

### كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ماناس ناھىيىسى بىلەن يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى

ئۆزى باشقۇرۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسىنىڭ لوتۇيى بازىرىنىڭ شائجاڭزا كەنتى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزا يۇقىرى ئاراشور كەنتى، يەنجى ناھىيىسىنىڭ شىكشىن يېزا خارمودۇن كەنتى، ئالتاي شەھىرىنىڭ شىمىرشىك يېزا قوڭغۇر توقتى كەنتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ چىداۋان يېزا كازىۋەن كەنتى بىلەن ئەرگۈڭ يېزا باجاخۇ كەنتى ئاپتونوم رايون بويىچە «كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە قوش ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى» قىلىپ بېكىتىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پوسكام ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزا يۇقىرى ئاراشور كەنتىدە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ كەنتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ قويدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بايىنغولىن، سانجى، ئىلى، چۆچەك، بورتالا، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورۇنلىرىنى بېكىتتى ھەمدە تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

جيا دۈڭشياڭ

مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. سىياسىي پائالىيەتلەر ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئەھۋالى

1) «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىندى. يىل بېشىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەسلىھەتچىلەر، تارىخ- مەدەنىيەت سارىيى خادىملىرى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - سانلىق يىغىنىدا بېرىدىغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قانداق قىلغاندا ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنىڭ قۇربىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش ھەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش پىكرى ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2) ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىلدى. 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ۋە سىرتتىن قاتناشتى.

3) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يولغا قويۇش چارىسى، «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خىراجەت ۋە ئەمگەك يۈكىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە 3 - ئاي ۋە 7 - ئايدا بىر قىسىم ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى، تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، جىمسار ناھىيىسى ۋە فۇكاڭ شەھىرىدىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ تەكشۈردى. «شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش نىزامىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «جىمسار ناھىيىسىنىڭ كۆزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىشتا مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىگەن ئەھۋال توغرىسىدىكى ئىنكاسى»، «جىمسار ناھىيىسى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ باشلانغۇچ دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش - سالامەتلىكنى ئاسراش خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ»، «جىمسار ناھىيىسى ۋە فۇكاڭ شەھىرىدىكى دېھقانلارنىڭ يۈكى ئەھۋالى» قاتارلىق دوكلاتلار يېزىلدى.

بىر قىسىم ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى، تارىخ - مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتىگە ماسلىشىپ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنىڭ كەسپىي سىياسەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا، «(ئۈچ قالايمىقان) نى تۈزەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ماھىيەتلەر» ۋە «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرىي كادىرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىگە ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن تەكلىپلەرنى يېزىپ چىقتى. مەسلىھەتچى ۋۇ ۋېيجيى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى خەلققە 1000 پارچىدىن ئارتۇق پىكىر ئېلىش خېتى يازدى، تاپشۇرۇۋالغان نەچچە يۈز پارچە خەتنى 318 تۈرلۈك مەسىلىگە يىغىنچاقلاپ يىغىنغا يەتكۈزۈپ، قۇرۇلتاينىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

2. تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە خەتتاتلىق - رەسساملىق ئىجادىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1) ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتۇرۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان بىر

قىسىم ئەزالار شىنجاڭلىق پېشقەدەم ئۆزبېك شائىرى ئابدۇشۇكۇر يالقىننىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە ئىلقا ناھىيىسىدە ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى مۇھاكىمە يىغىنى، قومۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە جۇڭگو «قوتانتۇبىلىك» خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدى. تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىلەن ھەمكارلىشىپ تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى ئەزاسى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى. 1993 ـ يىلى مەسلىھەتچىلەر، ساراي ئەزالىرى «قوتادغۇبىلىك، نىڭ شېئىرىي قىممىتى توغرىسىدا»، «قومۇل مۇقاملىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى»، «خې. خور (Hor) ئۇيغۇرلار» قاتارلىق بىر تۈركۈم قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

2) تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىرلەش خىزمىتى. ① تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى «مەملىكەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر، نىڭ شىنجاڭ قىسمى» نى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ يېزىپ چىقتى. «كوئىنلۇندا قاشتېشى قېزىش خاتىرىسى» 1993 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ② «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نەشر قىلىنىپ، جەمئىيەتتە بىر قەدەر ياخشى ئىنكاس قوزغىدى.

3) ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. مۇھاكىمە يىغىنى ئالتە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەتتاتلىق ـ نەققاشلىق كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى.

كەسپىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيى تۇنجى تۈركۈمدە 32 نەپەر تەجرىبىلىك سەنئەت مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە كاتىباتلىق ئارخىپلىرىنى رەتلەپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، 97 جىلد ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى.

لى شەنشەن

تەزكىرىچىلىك خىزمىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈش خىزمىتى جەھەتتە

1993 ـ يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، سوت تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى؛ «يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى»، «مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «ماددىي ئەشيالار تەزكىرىسى»، «پەن ـ تېخنىكا تەزكىرىسى»، «مەشھۇر پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئىسمىلىكى» قاتارلىق تەزكىرىلەر نەشرگە بېرىلدى؛ «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى؛ «سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى»، «قۇرۇلۇش تەزكىرىسى»، «شەھەرلەر تەزكىرىسى» (1 ـ كىتاب) نى تەھرىرلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى؛ «رادىئو ـ تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى»، «شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇش تەزكىرىسى»، «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»، «توقۇمىچىلىق سانائىتى تەزكىرىسى»، «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ تەھرىرلەش باسقۇچىغا كىردى؛ «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»، «ھاۋارايى تەزكىرىسى»، «سودا تەزكىرىسى»، «تەمىنات سودا كوپىراتىپ تەزكىرىسى»، «ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى»، «كارتوگرافىيە تەزكىرىسى» نىڭ ماقالە باھالاش خىزمىتى ئاياغلىشىپ، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى يېزىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، ئالدىنقى باسقۇچتىكى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ بەت شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئايدىڭلاشتى.

2. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر تەزكىرىسىنى تۈزۈش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتتە

1993 ـ يىلى «ماناس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقتى، «باغراش ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپنۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «گۇچۇڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «مەكىت ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشرگە بېرىلدى؛ «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «ئۈرۈمچى شەھىرى تەزكىرىسى. 1 ـ توم» تەھرىرلىنىپ بېكىتىلىشكە باشلىدى؛ «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) نەشرگە بېرىلدى؛ «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا تەييارلاندى؛ «قەشقەر

يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «قاراماي شەھىرى تەزكىرىسى» دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ۋە مۇندەرىجىنى ئۆزگەرتىشتىن ئۆتتى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ۋە تەزكىرە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جايلاردىكى تەھرىر ئىشخانىلىرى خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

3. «شىنجاڭ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتى جەھەتتە

«شىنجاڭ يىلنامىسى 1992» (ئۇيغۇرچە نەشرى) 1993-يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىپ رەسمىي تارقىتىلدى. كىتابنىڭ چىققان ۋاقتى ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا بۇرۇن بولدى. «شىنجاڭ يىلنامىسى 1993» (ئۇيغۇرچىسى) يىل ئاخىرىدا تىزىشقا بېرىلدى. 1994 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى نەشردىن چىقماقچى.

«شىنجاڭ يىلنامىسى 1993» (خەنزۇچە نەشرى) 8 - ئاينىڭ 27. - كۈنى رەسمىي نەشردىن چىقىپ، 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىغا ئۈلگۈرتۈپ تارقىتىش ۋە سوغات قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى، ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەشردىن چىقىش ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن بولغان بىر توم بولدى. «شىنجاڭ يىلنامىسى 1993» (خەنزۇچە نەشرى) نىڭ خەت سانى 1992 - يىلدىكىدىن 270 مىڭ خەت ئازايتىلدى، سۈپەت جەھەتتە تېخىمۇ ئۆستى. ساۋ مېڭچىن، ۋۇ شىڭدۇ يازغان ئىككى ئىلمىي ماقالە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر يىلنامە ماقالىلىرىنى تاللاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1993 - يىلى «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە ساندىن تۆت سان، ئۇيغۇرچە ساندىن تۆت سان نەشر قىلىندى.

4. تەزكىرە كىتابلىرىنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇش ۋە باھالاش خىزمىتى جەھەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 1993 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئون يىللىق نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا قاتناشتى.

5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە جۇڭگو تەزكىرىچىلىككە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نەشردىن چىققان 14 قىسىم ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنى باھالاپ چىقتى. 9 - ئايدا مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن تۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى»، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . تەپتىش تەزكىرىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يۇگۇر ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

5. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى جەھەتتە

1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇنلار يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1 - مۇئاۋىن مۇدىرى فۇۋېن رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىيوۋ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى، ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە ۋە ئاخبارات، نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ داشۆ قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئۈرۈمچىدىكى تەزكىرىچىلىك خادىملىرى ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 80 دىن ئارتۇق كىشى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شيەن گوجۈڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»نى ئوقۇپ ئۆتتى. بورتالا ئوبلاستلىق تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسى قاتارلىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى 34 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 80 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

6. تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى جەھەتتە

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئىككى نۆۋەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى، تەزكىرە تۈزۈش، مۇھەررىرلىك تەلىپى قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە

مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى. ئىككى قېتىملىق تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىشتا ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە باھا بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈچ قېتىم باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

7 . 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

لىيۇ شاڭ

يەرناملىرى خىزمىتى

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر ناملىرى لۇغىتى. شىنجاڭ تومى» تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر ناملىرى لۇغىتى. شىنجاڭ تومى» 1993 - يىل 12 - ئايدا يېزىلىپ بولدى ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر ناملىرى قامۇسىنى تۈزۈش تەھرىرلەش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ لۇغەتنى تۈزۈش خىزمىتىگە 1987 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، تىل تەتقىقات ئورنى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ شىفەن داشۆسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلاشتى.

«شىنجاڭ تومى» غا جەمئىي 4016 يەر نامى تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ توققۇز تۈرگە ئايرىلدى. بۇنىڭدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان يەر نامى، تەبىئىي يەر نامى، سۇ ئىنشائاتلىرى - ئېلېكتر ئېنېرگىيە مۇئەسسەسىلىرى، قاتناش، خاتىرە جاي، مەشھۇر ئاسار ئەتىقە يەر ناملىرى، يەر ناملىرى، قىسقارتىلغان ناملار، كونا نام قاتارلىقلار بار. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 700 مىڭ خەت بولۇپ، شەھەر ناھىيىلەر خەرىتىسىدىن 90 ى، رەڭلىك سۈرەتتىن 48 ى قىستۇرۇلدى. قوشۇمچە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى.

2. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتى يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى، يەر ناملىرىنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىياللارنى يىغىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇلۇشى ۋە تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتى ئىشخانىسى يەر ناملىرى خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان 30 نەچچە كادىرنى تەشكىللەپ خېيې ئۆلكىسىدە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يەر ناملىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە بۆرچىن، توقسۇن، كەلپىن ناھىيىلىرىنىڭ «يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» رەسمىي نەشردىن چىقتى. كۇچا، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى نەشرگە بېرىلدى. بورتالا ئوبلاستلىق يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزۈپ چىققان «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خەرىتىسى» دېگەن ئاسما خەرىتە 12 - ئايدا نەشردىن چىقتى.

شىي يۇجۇڭ

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسملىكى**

رەئىسى: جانابىل (قازاق)

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: فېڭ داجېن، ئىبراھىم روزى، ماۋ دېخۇا، دىيار قوماش (قازاق)، ۋېن كېشياۋ، ۋاڭ شىجىن (ئايال)، خەن يۈۋېن (سالا)، ۋۇجياخې، ياسىن ناسىر، سۇلايمان (قىرغىز)، ساماڭ (خۇيزۇ)، ھارۇنخان ھاجى، پاشا ئىشان

باش كاتىپى: قاسىم ھېمىت

مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: شۇ سىيى، ياڭ دېگۇي، سېرىكغازى، ھېسامىدىن ھېيت، چەي زېچاڭ، ياڭ گۇڭچېن

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە يېڭىدىن سايلانغان رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى**

جانابىل 1934 - يىل 4 - ئايدا تۇغۇلغان، قازاق، شىنجاڭ قابا ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىل 8 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مالۇماتىغا ئىگە. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج ك پ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى. ئىلگىرى قابا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، چىڭگىل ناھىيىلىك ئىتتىپاق

كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ نەزەرىيە سىنىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى؛ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياچېيكا شۇجىسى بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى بولغان. پارتىيە 10-، 11-، 12-، 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

**فېڭ داجېن** 1930 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىيۈەن ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1951 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيىۋى تەربىيە باشقارمىسىنىڭ كادىرى، شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

**ئىبراھىم روزى** 1933 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ چىرا ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 11 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1954 - يىل 6 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى چىرا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە تەشكىلات گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شتات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

**ماۋدېخۇا** 1935 - يىل 11 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ ناھىيىسىدىن. 1957 - يىل9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1956 - يىل 1 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، تەتقىقاتچى. ئىلگىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈنىۋېرسال تەتقىقات ئورنى ۋە گېئولوگىيىلىك جۇغراپىيە تەتقىقات ئىشخانىلىرىنىڭ كاتىپى، دالا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ شىنجاڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتى دالا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى؛ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بوز يەر بايلىقىنى ئۈنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

**دىيار قۇماش** 1933 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، قازاق، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، 1950 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1954 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە يېزا كاتىپى، رايون باشلىقى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى،

ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ۋېن كېشياۋ 1931 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1959 - يىل 1 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئاگرونوم. ئىلگىرى 1 - بىڭتۈەن ھەربىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، تۈەن شتاب ئوفىتسېرى؛ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى «ئىشلەپچىقىرىش سېپى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى، بىڭتۈەن ئورگىنى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پېتەكچىسى، شىخەنزە ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىخەنزە ۋىلايەتلىك 145 -، 149 -، 143 - تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ۋاڭ شىجېن 1925 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئايال، شاڭخەي شەھىرىدىن. 1947 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، پروفېسسور، ھازىر شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنىدە ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىي پروفېسسورى مۇدىر ۋراچ. ئىلگىرى شاڭخەي 1 - تىببىي شۆيۈەنگە قاراشلىق خۇاشەن، جۇڭشەن دوختۇرخانىلىرىدا كېسەلخانا ۋراچى، مەسئۇل ۋراچ، لېكتور، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، مۇدىر ۋراچ، دوتسېنت، پروفېسسور بولغان؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

خەن يۇۋېن 1911 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، سالا، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇالۇڭ ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ پەخرى باشلىقى بولغان. ئىلگىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خىزمەتكارى، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، شىنىڭ مۇسۇلمان مەكتىپى، كۇنلۇن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، باش ئەترەت باشلىقى، چىڭخەي ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چىڭخەي ئۆلكىلىك قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە باش شۇجىسى، ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 1 - شىنىڭ شىجاڭى؛ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئاتلىق 7 - لۇيىنىڭ لۇيجاڭى، ئاتلىق 1 - شىنىڭ شاۋجياڭ دەرىجىلىك شىجاڭى بولغان؛ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئاتلىق 7 - شىنىڭ شىجاڭى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 3 - مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىڭتۈەن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ۋۇ جياخې 1934 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ يۇنشياۋ ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1956 - يىل 7 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى جەنچى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ ئۆلچەش - لايىھىلەش ئەترىتىدە گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان؛ يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە ئىلى ئوبلاستلىق سۇ - ئېلېكتر ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى، پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ جۇڭگونىڭ سومالىدا تۇرۇشلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى؛ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ سانجى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

**ياسىن ناسىر** 1934 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ كورلا شەھىرىدىن. 1953 - يىلى 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1955 - يىلى 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى يەنجى ناھىيىسىدە رايونلۇق كومىتېتنىڭ تەشۋىقات كادىرى، ياشلار خىزمىتى كادىرى، تەشكىلات كادىرى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى؛ ئوبلاستلىق ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

**سۇلايمان** 1936 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، قىرغىز، شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن. 1953 - يىلى 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1956 - يىلى 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، بوستانتېرەك گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

**سامىك** 1935 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان، ئەر، خۇيزۇ، شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن. 1952 - يىلى 11 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىلى 1 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئىلگىرى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنى كادىر تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ تەرجىمانى، تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۆمۈريول ۋە تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى؛ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىدە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

**ھارۇنخان ھاجى** 1923 - يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن. ئىلگىرى قەشقەر مەدرىسىدە ئوقۇغان. قەشقەر شەھەر ئىچى مەسچىتىدە ئىمامەتچىلىك قىلغان، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىشلىگەن؛ قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

**پاشا ئىشان** 1939 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1952 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، 1 - دەرىجىلىك ئارتىس. ئىلگىرى غۇلجا شەھەرلىك ئىتتىپاق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى؛ شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى ۋە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرىنىڭ ئارتىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى؛ 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

### سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى 1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 416 نەپەر ئەزادىن

384 ى قاتناشتى، 51 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ دوكلاتى، تەكلىپلەر خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 7 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى ماقۇللاندى.

يىغىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى، جانابىل رەئىسلىككە سايلاندى.

يىغىن مەزگىلىدە ئەزالار ئوتتۇرىغا قويغان 521 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىنىپ، تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن 447 تەكلىپ رويخەتكە ئېلىندى.

يىغىن مەزگىلىدە ئەزالار ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات» ۋە باشقا مۇھىم دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەم مۇزاكىرە قىلدى. ئەزالار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بەش يىللىق خىزمىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى، ئۆتكەن بەش يىل شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بەش يىل بولدى، ھەر مىللەت خەلقى خېلى كۆپ نەپ ئالدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۆرلۈك كونكرېت ۋەزىپىلىرى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تەلىپىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىكەن، يولغا قويۇشقا بولىدىكەن، دەپ ھېسابلاپ ئۇنى بىردەك قوللايدىغانلىقى ۋە ئالقىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدا قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاقىلانە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىغا قاتناشتى.

نىۋ رۇيا

## سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

1993 - يىلى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

1 - سانلىق يىغىن 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 1993 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

2 - سانلىق يىغىن 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ «سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشقا دائىر ئىشلار قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

3 - سانلىق يىغىن 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ج ك پ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى ھەمدە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›، نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

گۇڭ يەن

## تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدىن بۇيان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلار جەمئىي 521 تەكلىپ تاپشۇردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 447 تەكلىپ رەسمىي رويخەتكە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، قاتناش، ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت تەكلىپ 117 بولۇپ رەسمىي رويخەتكە ئېلىنغان تەكلىپلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 26.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سىياسىي كېڭەش، بىرلىكسەپ، مىللەت - دىن خىزمىتى، سىياسەت - قانۇن، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت تەكلىپ 155 بولۇپ، بۇ، تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 34.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ پەن - تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت تەكلىپ 175

بولۇپ، بۇ، تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 39.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1994 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە قەدەر 437 تەكلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ رويخەتكە ئېلىنغان تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 97.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بېجىرگۈچى ئورۇنلار قوبۇل قىلغىنى ياكى ھەل قىلغىنى 76 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 17.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ھازىر ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 134 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 30.66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئالاقىدار سىياسەت - بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىزاھات بېرىلگىنى ياكى شارائىت پىشىپ ھازىرلانغاندا قەدەممۇ قەدەم ھەل قىلىنىدىغىنى 196 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 44.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھازىرچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرى 31 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 7.09 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يۈ جىڭئەن

**سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۇا 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسىدىن ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەردىن توققۇز كىشىنى باشلاپ كورلىغا بېرىپ، «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى تېجەپ، تۆۋەنكى ئېقىنغا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى، تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ھەمدە سۇ قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ تارىم دەرياسىنى تىزگىنلەشكە دائىر پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ماۋدېخۇا، ۋېن كېشياۋ قاتارلىق ئون كىشى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە كورلىدا تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىيار قوماش 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يەتتە كىشىنى باشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەم بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدە

گوۋيۈەننىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

سۈن يەنلىڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە نەزەرىيە خادىملىرىدىن بولۇپ جەمئىي 80 نەپەرچە كىشى قاتناشتى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 46 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق كۆز قاراشلار تۆۋەندىكىچە:

1. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

2. يېزىلاردا 2 -، 3 - كەسىپنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش لازىم.

3. كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش لازىم.

4. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش لازىم.

5. ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە ۋە ئىقتىسادنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

6. ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم.

ۋاڭ جۈڭجى

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېزىلاردا 2 -، 3 - كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىسادىي

كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېزىلاردا 2 .، 3. كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا قانداق قىلىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىلاردا 2.، 3. كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەزالار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئاپتونوم رايون يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپلا قالماي، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭمۇ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئېشىشتا قاراپ يۈزلەندى. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە ئىچكىرىداش ئۆلكە - رايونلار بىلەن بولغان پەرق بارغانسېرى زورىيىپ كەتتى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئاپتونوم رايوندا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېزا 2 .، 3 - كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى بەكمۇ ئاستا بولماقتا. بۇ يەردە قاتناش قولايسىز، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، مەبلەغ قىس، ئۇچۇر راۋانسىز، ئۇل مۇئەسسەسەلەر ئاجىز بولۇشتەك ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى بولۇپلا قالماي، ئىدىيە يېتەرلىك دەرىجىدە ئازاد بولماسلىق، تەشكىلىي رەھبەرلىك ئاجىز، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئامىللارمۇ بار. ئەزالار مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلدى: تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېزىلاردا 2 .، 3 - كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، شەرت - شارائىت ھازىرلاش لازىم؛ ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكلەش لازىم؛ بوسۇش ئېغىزىنى توغرا تاللاپ، سىلىنمىنى كۆپەيتىپ، نۇقتىلىق بۆسۈش لازىم؛ بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، «كۆپ يوللۇق قوزغىتىش، كۆپ يوللۇق يۈرگۈزۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سودا، پەن - تېخنىكا، سانائەت، دېھقانچىلىقنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم؛ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش، تېخنىكا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا كىرگۈزۈش لازىم؛ كارخانىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ۋاڭ جۈنجى

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرىگە بېرىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزگەن؛ بۇ خىزمەت يولغا قويۇلغان ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردە يېتەكچى ئىدىيە ئايدىڭ، پىلان ئەتراپلىق، كۆرسەتكۈچ كونكرېت بولۇپ، بۇ ئىش قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلغان؛ پەن - تېخنىكىغا تايىنىلىپ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ كىرگۈزۈش پائال تۈردە يولغا قويۇلۇپ، بىرلىشىش يولغا يۈرۈش قىلىنىپ، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، يەرلىك ئىقتىساد گۈللەندۈرۈلگەن؛ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان؛ يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ بىر گەۋدە قىلىنغان يېزا ئۇنىۋېرسال مائارىپ ئىسلاھاتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان.

لى جى

## «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى تۆۋەندىكى ئېقىنغا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېزلىتىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى تۆۋەن ئېقىندىكى يېشىل كارىدورغا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى»غا دائىر ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى ۋە بۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت كومىتېتى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىنىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جىددىي يامانلىشىپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق قۇرۇپ چىقىلغان تىكەنلىك سۇغىرىش رايونىدىكى زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىماقتا، يېڭىسۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «يېشىل كارىدور» يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان، كونا كىرۇران يولىغا مېڭىش خەۋپى كۆزگە

كۆرۈنەيلا دەپ قالغان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ قىس ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، «يېشىل كارىدور» نىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1. تېزدىن سۇ ئاققۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇپ، سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئاساس، زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش تەدبىرلىرىنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تۆۋەنكى ئېقىنغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، داشكۆل سۇ ئامبىرى ئارقىلىق 200 مىليون كۇب مېتىر سۇنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىش نىشانىغا يېتىش لازىم.

2. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى، شۇڭا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «يېشىل كارىدور» غا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش ھەرگىزمۇ ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بولۇپلا قالماستىن، ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا بۇ قۇرۇلۇشنى دەريانىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىن باشلاش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم تۆۋەن ئېقىنغا بالدۇرراق بىر قىسىم ھاياتلىق سۈيى يەتكۈزۈپ بەرگىلى، ھەم پۈتكۈل قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

3. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس قانۇن - بەلگىلىمە چىقىرىپ ياكى ھۆكۈمەت ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئېلان قىلىپ، تارىم دەرياسىنى قانۇنلۇق تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشى لازىم.

4. تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تارىم دەرياسىنى بىلىدىغان، ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئاسرايدىغان قىلىش لازىم.

5. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇ ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرمەكچى بولغان 9 مىليون 100 مىڭ يۈەنلىك يۆرۈشلەشتۈرۈش خىراجىتىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى؛ دەريانىڭ غول ئېقىن ۋادىسىدا سۇ ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇ پۇلى يىغىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

لى جى

**ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى**

1993 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى توققۇز كىشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆت چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ۋە ئىككى يېزا - بازار كارخانىسىغا بېرىپ، نىزامنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك تەكلىپ بەردى:

1. ھۆكۈمەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان ۋاقىت پەرقىنى تۈگىتىش لازىم. 2. كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مەبلەغ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت قانۇن ۋاسىتىلىرى ۋە زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كارخانىلار ئارىسىدىكى «ئۈچ بۇرجەك قەرز» نى تۈگىتىشكە ياردەم بەرسە؛ ئىككىنچىدىن، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرسە؛ ئۈچىنچىدىن، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتى، ھەتتا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى جەلپ قىلسا. 3. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئۈنۈمى ياخشى بولمايۋاتقان كارخانىلارغا قارىتا تالاشتۇرۇپ سېتىش، ئىجارىگە بېرىش ياكى دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش لازىم. 4. قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈگىتىش لازىم. 5. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپى بويىچە ئورگانلاردىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىۋېتىلىشى لازىم.

لىۋ چۇنشياڭ

**بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي

كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش يۈسۈپ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى قاتارلىق تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىللە 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە شىخەنزىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ـ ئىگىلىك 8 ـ شىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: 1. بىڭتۈەن كارخانا ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشىشى لازىم. 2. بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك چوڭ بازار ئىگىلىكى ۋەزىيىتىدە بىڭتۈەن كارخانىلىرى يەرلىك كارخانىلار بىلەن ئوخشاش سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، تەڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشى، ئادىل رىقابەتكە قاتنىشىشى لازىم. 3. كەسىپ ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. 4. كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش داۋامىدا ۋە قوشۇۋەتكەندىن كېيىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. 5. ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم. 6. ئايرىمچىلىق ئېڭىنى يوقىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مەبلەغ تەقسىملەشتە بىردەك بولۇشى لازىم.

لىيۇ جۈنشياڭ

**ئالتاي ۋىلايىتىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىيار قۇماش يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىدىكى ئالتە نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئون تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: 1. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ھەم ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولغان يۈرۈشلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. 2. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم، مەبلەغ توپلاپ ياسالغان، ئەمما تېخى پۈتمىگەن قۇرۇلۇشلارنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا شۇ جايلارنىڭ شەرت ـ شارائىتىغا قارىتا ئىش كۆرۈپ پۈتتۈرۈش لازىم. 3. تاغلىق ۋە تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار دېھقان، چارۋىچىلاردىن ئوتۇن پۇلى يىغىشتەك ئەھۋال ئالتاي ۋىلايىتىدە مەۋجۇت. باشقا جايلاردا بار ـ يوقلۇقىنى ئورمانچىلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ باقسا. 4. ئورمانلارنى ئادالاشتا چىققان ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئورمان ئادالىغۇچى ئورۇنغا ھەقسىز بېرىش، 40 پىرسەنتىنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە بېرىش، ئورمانچىلىق ئىدارىسى باشقا ئورۇنلارغا ئېتىبار باھادا سېتىپ بېرىش بەلگىلەندى. شۇڭا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئېتىبار باھادا سېتىلىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يەنىمۇ ئېنىق بېكىتىپ بېرىشى لازىم. 5. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كۆچمە قويى تارقىتىپ بېرىپ، ھەر ئىككى يىلدا بەش قوي ئۈچۈن بىر قوي يىغىۋېلىشتەك پىرسەنت ئاجرىتىش ئۇسۇلى چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتمەستىن، ئەكسىچە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئۇسۇل نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا مۇھاكىمە قىلىپ ياخشىلاش لازىم. 6. سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ماللار سۇ ئىچىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ياسىماي تۇرۇپ چارۋىچىلاردىن مال سۇغىرىش پۇلى ئالماقتا، بۇ ئىش چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى. شۇڭا سۇ ئىشلىرى نازارىتى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. 7. ئاپتونوم رايون بۆرچىن ناھىيىسىگە نامرات ناھىيىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلسا. 8. بۆرچىن ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ سېرىق پۇرچاق بازىسى قىلىنسا. 9. قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى تەرەققىي قىلدۇرۇش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئۆزگەرتىلسە. 10. ئاپتونوم رايون مەبلەغ سېلىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە چوڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن بىر نەچچىنى قۇرسا، شۇندىلا ئالتاي ۋىلايىتىدىن مۇۋاپىق تۈردە ئېشىنچە ئاشلىق يۆتكىگىلى بولاتتى.

لىيۇ جۈنشياڭ

**ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلەر**

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مائارىپ گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالار ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي داشۆنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ئەزالار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى چوڭ ئەمەس. چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: 1. مائارىپ خىراجىتى ئېغىر دەرىجىدە قىس ئىكەن؛ 2. ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش ئىشقا ئاشماپتۇ؛ 3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مۇقىم ئەمەس ئىكەن؛ 4. مەكتەپلەردە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىز ئىكەن. ھەر ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش ھالىتى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئىكەن.

- ئەزالار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: 1. ئالىي مائارىپ مېبلىغىنى كۆپەيتىش لازىم؛ 2. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەقلىق ئوقۇتۇشنى تەدرىجىي يولغا قويۇش كېرەك؛ 3. جەمئىيەتتىكىلەرنى مەكتەپ قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم؛ 4. قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم؛ 5. ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ 6. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىش كېرەك.

ئەي جىڭشۈن

**قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئاساس مائارىپى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مائارىپ گۇرۇپپىسىدىكى بىر قىسىم ئەزالار قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر (يېڭىسار ناھىيىسى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرى) گە بېرىپ، ئاساس مائارىپنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئاساس مائارىپىدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى: 1. مائارىپ خىراجىتى قىس، ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار؛ 2. مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى تېخىچە ئومۇملاشتۇرۇلمىغان؛ 3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تۇراقسىز، قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، ساپاسى تۆۋەن؛ 4. ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخىدا دېيىلگەن سەۋىيىسى بىلەن ئەمەلىي بىلىم سەۋىيىسى ماس كەلمەيدۇ؛ 5. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ۋاقتىدا تارقىتىلمايدىكەن.

شۇڭا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تېخىمۇ ئالاھىدە سىياسەت قوللىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئاساس مائارىپىغا بولغان سېلىنمىنى يەنىمۇ كۆپەيتىشى كېرەك.

2. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. دۆلەت مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىش، يەرلىك ئورۇن بىر قىسمىنى تەييارلاش، دېھقانلاردىن بىر ئاز ئىئانە توپلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، چەت - ياقا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي ئاساسلىق تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

3. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى جاپالىق جايلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مەجبۇرىي، قانۇنلۇق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنى جاپالىق جايلاردا مەلۇم مەزگىل خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇ جايلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 4. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئىنكاس قىلغان ئەھۋالى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئالتە يىللىقتىن بەش يىللىققا تەڭشەش لازىم.

5. مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.

لى شياۋپىڭ

**خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ھەم بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىدىكى قىسمەن ئەزالار بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ، خوتەن، گۇما، قاراقاش ناھىيىلىرىدىكى ئون مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسىدا ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا قوللىنىشقا تېگىشلىك جىددىي تەدبىرلەر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛

1. تېزدىن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇش لازىم. بۇ ئىدارە ھازىر خادىملار شتاتى كۆپەيتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقارمىسىغا قاراشلىق مۇزېي قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچى خادىم بىلەن قوشۇمچە تەمىنلىشى ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ. ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن مۇتەخەسسىسلەردىن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، بۇ كومىتېت ۋە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ئىش بېجىرگۈچى ئاپپاراتلاردۇر.

2. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىراجىتىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرۈش لازىم.

3. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاش شامىلىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى توسۇش لازىم.

4. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار كەسپىي خادىملارنى ئاجرىتىپ، قوغداش قىممىتىگە ئىگە قەدىمكى ئىمارەتلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىشى، رېمونت قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، بىرمۇ بىر رېمونت قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

5. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بازىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى چەكلىشى لازىم.

لى شياۋپىڭ

## زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش - سېتىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ ھەقتە تەكلىپ بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ شىجېن 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى داۋالاش - سەھىيە - تەنتەربىيە - مۇھىت ئاسراش كومىتېتى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئەزالارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەزالار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق شۆبىسىگە قاراشلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش ئورنى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايون كادىرلار 3 - ساناتورىيىسىدىكى «26.ئىيۇن» سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدى.

ئەزالارنىڭ ئىگىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىنىڭ بەزى جايلىرىدا كەندىر تېرىش، سېتىش قىلمىشىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمىگەن، خىروئىن چېكىش، سېتىش ئەنزىلىرى ئۈزۈلۈكسىز يۈز بېرىپ كۆپىيىشكە يۈزلىنىۋېتىپتۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر 300 مىڭ ئادەمگە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە ياشلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن. ھازىر شىنجاڭنىڭ نەشىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە مەملىكەت سىرتىغا ئېقىپ، شىنجاڭ نەشە بازىرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئەزالار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئاپپاراتلىرى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ساقچىلار كەمچىل، ئەسۋاب ۋە خىراجەت بۇ كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش ئورنىدىن پەقەت بىرلا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت 24 لا كارىۋات بار، شتات يوق، شارائىت ناچار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىي رايون كادىرلار 3-ساناتورىيىسى قۇرغان «26 - ئىيۇن» زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ ئونلا كارىۋات بار ئىكەن. شۇڭا ئەزالار تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار بۇ خىزمەتكە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇشى، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆز ئارا ماسلىشىشى لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، تۆۋەنگە بېرىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش ساقچىلىرىنىڭ شتاتىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋالماسلىق كېرەك. زەربە بېرىش كۈچى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن نۇقتىلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى مەخسۇس قوشۇن قۇرۇش لازىم. ھۆكۈمەت زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەشكە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى

سەپلەپ بېرىشى، شۇ ئارقىلىق بۇ قوشۇننى زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەش كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشالايدىغان قوشۇنغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.

3. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەشكە دائىر تەشۋىق - تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش لازىم. گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش تەشۋىقاتىغا ماسلاشقان ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

4. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى يولغا قويۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەش بويىچە داغدۇغىلىق خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنىڭدا ج خ، ئەدلىيە تارماقلىرى ئۇقتىلىق ھالدا زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشى، چېكىملىك مەنبەسىنى بۇزۇپ تاشلىشى؛ تاموژنا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈريول، تاشيول تارماقلىرى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلىشى لازىم.

5. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى قانۇنسىز جىنايى قىلمىش قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم. ئىنقىلاپ چىقىلغان زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، قايتا چەككۈچىلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش لازىم.

6. زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ھازىر بار بولغان «تەڭرىتاغ» رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىگە قاراشلىق زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنىنى كېڭەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىي رايون كادىرلار 3 - ساناتورىيىسىنىڭ «26- ئىيۇن» سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنى ياخشى باشقۇرۇشنى قوللاپ، قەشقەر ۋە ئىلىدا بىردىن زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنى قۇرۇپ، شۇ ئەتراپتىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە زەھەرلىك چېكىملىك تاشلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

باتونسەسك

**مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى**

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، ئاۋۋال قۇمۇل مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتى، ئاندىن ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەركىبىدىكى يەتتە كىشى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قۇمۇلدا ساغۇچ چىرىندا كىسلاتا تەتقىقات تۈرىنى تەكشۈردى.

سۇن يەنلىڭ

**قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمەك (گۇرۇپپا) لىرى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى**

بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى سەككىز كىشى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپى دۇشېنۇيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، ئىلى، بورتالا، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 17 كىشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى گورۇڭچاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جۇڭشەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتىن سەككىز كىشى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لىن ساۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ۋە ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئېكسكورسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى لياۋ بوكاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە تۇرپان، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 23 كىشى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جيەنيۈن، ۋاڭ شۇخۇەنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

شېنجېن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى توققۇز كىشى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇڭ دۇشياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئالتە كىشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فۇشىيىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە 9 - ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئىلى، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

سۈن يەنلىڭ

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شياڭگاڭ رايونىدىكى ئەزالىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىدىن خوڭلىي ئۆمەك باشلىقى، تاڭ شياڭچيەن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شياڭگاڭ رايونىدىكى ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىدىكى 17 كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپى جوزولىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن فېڭ داجېن، دىيار قۇماش، ۋېن كېشياۋ، ۋۇ گۇيخې قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ، تۇرپان، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىلەر ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۆمەك ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى، مەدەنىيەت ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى، زاۋۇت ۋە باللار باغچىلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، دېھقان ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، بۇ پىكىر تەكلىپلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى تېرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، ئېنېرگىيە، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقتىلىق ھالدا يۈك ساندۇقى ترانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

3. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزدىن يۈكسەلدۈرۈش لازىم، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

4. ئېغىز كۆپ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن ئېغىز كۆپ مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم ۋە تېخنىكا جەلپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ۋە كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ھەر قايسى جەھەتلەردىكى زىيالىلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش لازىم.

5. بايلىق مەنبەلىرىنى قايتا پىششىقلاشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش لازىم.

6. نېفىت سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نېفىت بايلىقىنى ئېچىش بىلەن پۈتكۈل ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

7. تەبىئىي مەنزىرە ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قوغداپ، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

8. ئۆز - ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقاتقا كېرەكلىك مەبلەغنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىپ، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى يېڭىلاپ، شىنجاڭنىڭ مەملىكەت ئىچى-سىرتىغا قىلىدىغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش لازىم.

9. تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش لازىم.

دەي دېچىن

**تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى خەنزۇچە 900 مىڭ خەتتىن كۆپرەك، ئۇيغۇرچە 796 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال توپلىدى. خەنزۇچە «ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا»، «غەربىي شىمال تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرتوپلىمى» ۋە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» نىڭ 26 ـ قىسمى نەشرگە بېرىلدى، يۇقىرىقى كىتابلار تەخمىنەن 900 مىڭ خەتتىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 35 ـ قىسمى نەشردىن چىقتى، 36 ـ، 37 ـ قىسىملىرى ۋە «شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئەتكارلىرى» قاتارلىق ئۈچ كىتاب نەشرگە بېرىلدى، بۇ كىتابلار تەخمىنەن 667 مىڭ خەت كېلىدۇ. يەنە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تۈزگەن «جۇڭخۇا تارىخ ماتېرىياللىرى خەزىنىسى» نى 121 ماقالە بىلەن تەمىنلىدى، ماقالىلەر تەخمىنەن 1 مىليون 100 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ.

يۈ جۇنشىڭ

**«يىپەك يولى مەنزىرىلىرى» ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئاۋمېندا ئۆتكۈزۈلدى**

ئاۋمېن گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە باش كاتىپى قاسىم ھېمىت باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى ئالتە كىشى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ئاۋمېندا «يىپەك يولى مەنزىرىلىرى» ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىگە 80 ئەسەر قويۇلدى، بۇ ئەسەرلەر ماي بوياق رەسىم، جۇڭگوچە رەسىم، ئويما رەسىم ۋە سۇ بوياق رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 مىللەتتىن بولغان 54 رەسسامنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجاد قىلغان نادىر ئەسەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

دەي دېچىن

## دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: جاڭ جىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۇڭ داچىڭ، جاڭ گوفېڭ

جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: ماخېيسۇن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۈ سىي، بى يۇنشىڭ، يەن خۇجۇڭ، جۇ جېنجۇڭ، جۇ يۈەنيو

جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: كۇڭ شياڭچى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لۇڭ نېڭلى، ياڭ جيەنچېن، ۋاڭ رۇن

جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: خۇڭ شۆ (مانجۇ)

مۇئاۋىن مۇدىرى: جۇ جىڭباۋ

جۇڭگو دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: ليۇ چېڭجى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇ خۇڭچۈەن، ليۇ جىزۇ

«3 ـ سېنتەبر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

مۇدىرى: چېن شەنىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گۇڭ جېندۇڭ، ۋاڭ خەنشىڭ، چې ۋېنگۇڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

مۇدىرى: توختىمۇللا تەۋەككۈل

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ لىجۇڭ، جاڭ زۇۋۇ، ئابلىز جۇمە، مىجىت ئىسلام، مامۇت قادىرھاجى، ياڭ شۆلياڭ، يەن رۇنپىڭ، رابىيە قادىر

**دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئەزالىرىدىن 32 كىشى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، 170 كىشى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغىنى ئىككى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغىنى يەتتە (دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغىنى بىر)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغىنى سەككىز (دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغىنى ئىككى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغىنى 40 (دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغىنى 11)، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغىنى 13 (مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلانغىنى بىر)، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغىنى 71 (مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغىنى تۆت، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغىنى سەككىز)؛ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغىنى توققۇز، ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغىنى 54 (مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغىنى بىر، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلانغىنى 14).

جاۋ يۈلەن

**شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئەزا 249غا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %9 .10 ئاشتى، يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي ئەزاسى 2928 گە يەتتى. دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئەزالار ئىچىدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا قوبۇل قىلىنغىنى 65 بولۇپ، %71 .11 كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 622 گە يەتتى؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىنغىنى 63 بولۇپ %57 .6 كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 1032 گە يەتتى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىگە قوبۇل قىلىنغىنى 37 بولۇپ، %7 .17 كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 244 كە يەتتى؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىگە قوبۇل قىلىنغىنى 26 بولۇپ، %1 .8كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 247 گە يەتتى؛ دېھقان - ئىشچى دېموكراتىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنغىنى 31 بولۇپ، %98 .14 كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 237 گە يەتتى؛ «3- سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىگە قوبۇل قىلىنغىنى 27 بولۇپ، %35 .6 كۆپەيدى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئەزاسى 446 گە يەتتى؛ بۇ پارتىيىلەرگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 45 .45 بولۇپ، ئەسلىدىكى ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىدىن 25 .8 ياش كىچىك، ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 193 بولۇپ، بۇ، ئومۇمىي ئەزا سانىنىڭ 5 .77 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

جاۋ يۈلەن

**دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى دېڭىز ياقىسىدىكى ئۈچ ئۆلكىگە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە باردى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، شەندۇڭ ئۆلكىلىرىگە بېرىپ، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن گوشۇ باشلاپ باردى. گۇرۇپپا تەركىبىدە ما مېيىۈن (دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، كۇاڭ شياڭچى (دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لىيۇ چېڭجى (دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ خەنشىڭ («3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جاڭ گوفېڭ (گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جۇ جىڭباۋ (دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)لار بار. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش - ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىش، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شۇنىڭدەك بىرلىكسەپ تارماقلىرىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. شېنجېن، جۇخەي، گۇاڭجۇ، شيامېن، چۈەنجۇ، فۇجۇ، جىنەن، چىڭداۋ، تەيئەندىن ئىبارەت توققۇز شەھەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

لىيۇ جيېكۇي

**گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى**

1. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چىڭ

تۇتۇشنى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقان پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

2. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى. 1993 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تۆت قېتىم بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك»، «گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ يۈكى بەك ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىك ئەھۋالىدىن مەلۇمات»، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تەدبىر تۈزۈپ، مەبلەغ سېلىشتىكى قاتتىق - يۇمشاق مۇھىتنى ياخشىلاپ، تەيۋەنلىك سودىگەرلەرگە قارىتىلغان خىزمەتلەرنى پائال ياخشى ئىشلەش كېرەك»، «سانجى ئوبلاستىنىڭ چوڭلار مائارىپى ئىسلاھاتى توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن تۆت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى سۇندى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىدىن بىر كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا 69 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

3. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «‹دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما›نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئويۇشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقاتتى، بىر كىشىنى مەركىزىي سوتسىيالىزم شۆيۈەنىگە، ئالتە كىشىنى شىنجاڭ سوتسىيالىزم شۆيۈەنىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئويۇشتۇردى.

4. تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 1993 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا 65 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50.4 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.4 ياش كىچىك بولدى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى بىلەن بىلىم قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى، 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېت قۇرۇلدى.

5. غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - قېتىملىق گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىك كومىتېتى بىلەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى قاتناشتى. غەربىي جۇڭگو رايونىدىكى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، غەربىي جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

جۇ گولىن

### دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1993 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 7 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقان پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى. مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۇنىڭدەك شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى داۋامىدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ

ئەزالىرىدىن 70 كىشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى ياكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بىر نەپەر، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئۈچ نەپەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بىر. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى18، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش7. نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا، مۇدىر مامبىيسۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى نامىدىن «شىنجاڭنىڭ مال چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە تەكلىپ» دېگەن تېمىدا پىكىر بايان قىلدى. ئەزالار يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مائارىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشقا قويۇش، قانۇنچىلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە تەكلىپ قويدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلار ۋە شەھەرلىك، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۆز جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تەكلىپ قويۇشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئىككى يىغىن مەزگىلىدە ئۇلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن باشقا، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان سانجى ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان ئىلى ئوبلاستىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ھېيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلارمۇ ئۆز جايلىرىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مالىيە، مال باھاسى، باجنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. 1993 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى يەنە دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ «شىنجاڭ يېزىلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا يۈزەكى كۆز قارىشىمىز» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش چاقىرغان ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشقا كۆرسەتتى. 1993 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدىن ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە نازارىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە رېۋىزىيە خادىملىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

2. ئۆز قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 1993 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى ھەمدە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ كادىرلىرىنى ياشلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. نۆۋەت ئالماشتۇرغان يەتتە بىۋاسىتە قاراشلىق ياچېيكىنىڭ مۇدىرلىرى ئىچىدە 57 ياشلىق بىر كىشى داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگەندىن سىرت، قالغان ئالتە ياچېيكىنىڭ ھەممىسىگە 50ياش ئۆپچۆرىسىدىكى مۇدىرلار سايلاندى. 1993- يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا جەمئىي 96 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 44، ئەڭ كىچىكى 24 ياشتا. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ سانى يىل ئاخىرىدا 1032 گە يەتتى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى يەنە مەخسۇس كادىر ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىلىي پائالىيىتى، پارتىيە بىلەن دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەزالارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈردى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئاياللار قاتارلىق كەسپىي كومىتېتلار تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى، مۇھاكىمە كۇرسلىرىنى ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى، يەنە جەمئىيەتتىكى نازۇك مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ «شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە پاي تۈزۈمى» دېگەن تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى. ئاياللار كومىتېتى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ۋە ئايال ئەزالارنى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - تۈرمىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، ھۆسن تۈزەش بويىچە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئېلىپ باردى.

3. ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئەھۋالى. 1993 - يىلى ھازىرقى ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆز قارىمىقىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى نۇقتا بەلگىلەپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى،

دېموكراتىيە ئىتتىپاقى خىبېي ئۆلكىلىك كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، بىرلىكسەپ بۆلۈملىرىنىڭ قوللىشى، ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى سانجى شەھەرلىك كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە موري ناھىيىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى داۋانچىڭ بازىرى فېڭكاڭسۇنى كېڭەيتىدىغان، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەيدىغان نۇقتىلىق ناھىيە ۋە ئادەتتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىندى. دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك كومىتېتلىرى ئەۋەتكەن كەسپىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئەمەللەشتۈردى، موري ناھىيىسىنىڭ بەش يېزا، 16 كەنتىدە فېڭكاڭسۇ يازغى بۇغداي، پۇرچاق، كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە قوللىنىلدى، فېڭكاڭسۇنى كېڭەيتىش كۆلىمى 40 مىڭ موغا يەتتى. مەھسۇلات بۇرۇنقىدىن %10تىن %15كىچە ئېشىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، 46 مىڭ مو يەردىكى كۈزگى بۇغداي ئورۇقىغا فېڭكاڭسۇ ئارىلاشتۇرۇلدى.

ساۋ شياۋيەن

**دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى**

**يىغىن ئەھۋالى** 1993 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بەش قېتىم ئومۇمىي يىغىن ياكى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگەندى، ھەر ئايدا ئىككى قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە مۇدىرلار ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، مۇئاۋىن مۇدىر لۇڭ نېڭلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى6- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

**ئۆز قۇرۇلۇش ئەھۋالى** مۇئاۋىن مۇدىر لۇڭ نېڭلى مەركىزىي سوتسىيالىزم شۆيۈەنى ئاچقان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى؛ باش كاتىپ ۋاڭ جىڭخې دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا قاتناشتى؛ ئورگاننىڭ بىر بۆلۈم كادىرلىرى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى تايانچىلار شىنجاڭ سوتسىيالىزم شۆيۈەنى ئاچقان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىرلىكتە 1993 - يىلدىكى بەش ئىلغار كوللېكتىپ، ئىككى مۇنەۋۋەر كادىر، 31 مۇنەۋۋەر ئەزانى تەقدىرلىدى. مۇئاۋىن مۇدىر ياڭ جيەنچېن مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە ئاچقان نامراتلارنى يۆلەش، ئەقلىي كۈچ ئارقىلىق چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا نامراتلارنى يۆلىگەن، ئەقلىي كۈچ بىلەن چېگرا رايونلارغا ياردەم قىلغان ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، شۇنىڭدەك بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئاچقان سۆھبەت يىغىنلىرىغا، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. مۇدىر كۇڭ شياڭچى «ئاپتونوم رايوننىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»غا قاتناشتى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاچقان شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ستراتېگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىغا ئاتاپ «شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن پۇرسەت، خىرىس ۋە بىزنىڭ تەدبىرلىرىمىز»، «شىنجاڭدىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش توغرىسىدا»، «يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن تېمىلاردا ئۈچ ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى؛ مۇتەخەسسىسلەرنى ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، «ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش قىسقا خەۋىرى»، «دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاتارلىق تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى يېزىپ چىقتى. غەربىي شىمال رايونىنىڭ

ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، «غەربىي شىمالنى ئېچىش ۋە غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش» مەسىلىسى توغرىسىدا دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە قورغاس، غۇلجا، بورتالا، ئالاتاۋ ئېغىزى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە ۋە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارغا، خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇندى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا تەھلىل ۋە تەسەۋۋۇر»، «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شەرقتىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ»نى يېزىپ چىقتى.

مەسلىھەت بېرىش، يېتىشتۈرۈش، ئەقلىي كۈچ ئارقىلىق چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە ئىقتىساد ياچېيكىسى بوغالتىرلاردىن 250 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى؛ ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ كۆمۈركان، يېزا - بازار كارخانىلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى قاتارلىق ساھەلىرىنى مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سېرىق چىرىندى كىسلاتانى ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

ۋاڭ جىڭخې

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدىن ئىككى كىشى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتى داۋامىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى، ئىككى كىشى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى، تۆت كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىشى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى)، 11 كىشى ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى. بۇلاردىن باشقا يەتتە كىشى ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەپتىشى ۋە رېۋىزىيە خادىمى بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندا بىر كىشى، شەھەردە ئالتە كىشى بار)، ئالتە كىشى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولدى، بىر كىشى يەرلىك پارتكومنىڭ چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1993 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەر خىل تەكلىپتىن 30 نەچچىنى ئوتتۇرىغا قويدى..

ئۆز قۇرۇلۇشى 1993 - يىلى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېت نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە مەخسۇس كادىر سەپلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى رايونىدا تۆمۈريول باش ياچېيكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى باش ياچېيكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1993- يىلى جەمئىي 31 يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىندى.

1993 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى جەمئىي 40 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، سەككىز نەپەر يولداشنى شىنجاڭ سوتسىيالىزم شۆيۈەنى ئاچقان ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇردى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىشكە ۋە ج ك پ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»نى ئۆگىنىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ژۇرنىلى»نى تەھرىرلەپ ئىككى سان نەشر قىلدى. بۇ ژۇرنالغا 21 ماقالە بېسىلدى، بۇنىڭ خەت سانى 40 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتى 1. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بۆلۈمى شىنجاڭ ئارشاڭ ناھىيىسى چاغاتۆگكە يېزىسىنىڭ تەيۋەنلىك كارخانىچى لى جىرېن ئەپەندى مەكتەپ باشقۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن بۇ يېزىغا بەرگەن 20 مىڭ يۈەن مەبلەغنى كىرگۈزۈشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى، بۇ پۇل چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى كۆچۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 2. شىنجاڭ «شىگو» چەكلىك

شىركىتىنىڭ «غەربىي خان قەسرى تەقلىد مەيخانىسى» قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 3. شىنجاڭنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، «دانالارنى يېتىشتۈرۈش» مەكتىپىنى ۋە شىخەنزە «يەنچاۋ» مەكتىپى داۋاملىق مۇستەھكەملەنگەن ۋە ياخشى باشقۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭ «جۇڭگىجېڭ» خۇسۇسى مەكتىپىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى. ھازىر بۇ مەكتەپتە 50 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ. 4. شىخەنزە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ياچېيكىسى، ناخشا - ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكى ياچېيكىسى ۋە توقۇش - بوياش فابرىكىسى ئوتتۇرا مەكتىپى ياچېيكىسى تەشكىللىگەن خادىملار كوچىلارغا چىقىپ ئامىمىغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىپ، نوتا - مۇزىكا بىلىملىرى، خەتتاتلىق، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش پىسخولوگىيىسى، بالىلار مۇزىكىسى ۋە بالىلار تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مەسلىھەت بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىخەنزە بىرلەشمە ياچېيكىسى «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ بالىلار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋە مېيىپ بالىلار، نامرات بالىلارغا تىك - تاك توپ تاختىسى، زېھىن سىناش ئويۇنچۇقى قاتارلىق بايراملىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى.

چەت ئەللىكلەر بىلەن بولغان بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى 1993 - يىل دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، فوتو سۈرەتچى چېڭ شياۋرۇڭ شياڭگاڭلىق مەشھۇر فوتو سۈرەتچى جۇۋېيىنىڭ، جاڭ شۇخۇەنلەرگە ھەمراھ بولۇپ ۋە ياردەملىشىپ، شىنجاڭدا «10 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ سۈرەتكە تارتىش» پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ۋە8. ئايدا ياپونىيە - جۇڭگو كىنو - تېلېۋىزىيە چەكلىك شىركىتىگە ياردەملىشىپ، مەخسۇس فىلىم«ياۋروپا ئاسىيا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى»نى زىيارەت قىلىپ سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ساۋ شياۋيەن

**دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى**

1993 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مۇلازىمەت قىلدى، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بەش نەپەر كادىرنى تاللاپ، شىنجاڭ سوتسىيالىزم شۆيۈەنى ئاچقان دېموكراتىك پارتىيە - گورۇھ كادىرلىرى كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 31 يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىندى. دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك ياچېيكىسى شىخەنزە شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا، تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ داۋالىنىش جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش بويىچە مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. 4 - ئايدا دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى ئۇۋ جىنشېن «دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بېھۇش قىلىش دورىلىرىنى كەلسە كەلمەس ئىشلىتىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا» دوكلات يېغىنى ئۆتكۈزدى، دوكلاتنى 400دىن ئارتۇق كىشى ئاڭلىدى. يىغىندا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى تاشلاش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تەشۋىق قىلىندى. 5 - ئايدا دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مەشھۇر دوختۇرلارنى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭ داشۆگە بېرىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيىدا داۋالاش جەھەتتە خالىسانە مەسلىھەت بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، ئۇلار ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ كېسەللىرىگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالىدى.

جاۋ ۋېنخۇي

**«3 - سېنتەبر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى**

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى «3 - سېنتەبر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدىن ئىككى كىشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى، ئىككى كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى، سەككىز كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، 33 كىشى شەھەرلىك ۋە شەھەرگە تەۋە رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە

سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى، ئۈچ كىشى شەھەرلىك ۋە شەھەرگە تەۋە رايونلۇق رېۋىزىيە ئىدارىسىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان رېۋىزىيە خادىمى بولدى، 22 كىشى ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە مەخسۇس كومىتېتلارغا مەخسۇس كەسپىي كادىرلار سەپلەپ بېرىلىپ، ئۇلار ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىدا «ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە تەكلىپ» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتكە «چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشقا دائىر بىر قانچە تەكلىپ» بېرىلدى. بۇ تەكلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولۇپ سايلانغان ئەزالىرى جەمئىي 14 تۈرلۈك تەكلىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 32 تۈرلۈك تەكلىپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئاچقان كېڭىشىش يىغىنى، ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنىغا 20 قېتىمدىن ئارتۇق قاتناشتى. ئۇلار بۇ يىغىنلاردا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. 11 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ خەنشېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرى يېتەكچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالتە نازارەت، ئىدارىگە بېرىپ تەكشۈردى.

ئىجتىمائىي مۇلازىمەت 1993 - يىلى 8 - ئايدا «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ غەربىي شىمال ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت ئالتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە 3 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىشىش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىن ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر 24 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. يىغىن ئاخىرىدا «غەربىي شىمال ۋە ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت ئالتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە پىكىر» شەكىللەندى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاچقان ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا مۇئاۋىن مۇدىر گۇاڭ جېندۇڭ «دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتەيلى» دېگەن تېمىدا، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئىلىم كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تيەن مىڭيۇ «شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن تېمىدا، يېڭى ئەزا ۋاڭ شىجيې «شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بويىچە قوشۇمچە تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق قىلغاندا تېزلەتكىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا نۇتقىلىق پىكىر بايان قىلدى.

1993 - يىلى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئائىلىلار كومىتېتى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئۆز ئۆزىنى ئۇيۇشتۇرىۋالغان «پۇت ساغلاملىقى چارىسى» نى پائال كېڭەيتتى؛ 8 - ئايدا جۇڭگو پۇت رېفلېكس دائىرىسى بويىچە ساغلاملاشتۇرۇش چارىسى تەتقىقات جەمئىيىتى تيەنجىن شۆبە جەمئىيىتى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى دۇڭ شاۋچىن، دوڭ شياۋشۇدىن ئىبارەت ئىككى ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «پۇت رېفلېكس دائىرىسى بويىچە ساغلاملاشتۇرۇش چارىسى» نى تونۇشتۇردى ۋە تۆت قارار كۇرس ئاچتى. دەرس ئاڭلىغۇچىلار 600 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ تىبابەتچىلىك كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ «1 - ئىيۇن» مۇناسىۋىتى بىلەن بالىلارنى خالىسانە داۋالاش، تەربىيىلەش جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، 400دىن ئارتۇق بالا، ئۆسمۈر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى داۋالاندى ياكى مەسلىھەت ئالدى.

بۇنىڭدىن سىرت، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ گۇڭ جېندۇڭ، ۋاڭ خەنشېڭ، ۋاڭ دىجى، لى شۈلياڭدىن ئىبارەت تۆت نەپەر ئەزاسى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن سىياسىي - قانۇن، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، تاشقى ئالاقىدىن ئىبارەت تۆت مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

ئۇز قۇرۇلۇشى 1993 - يىلى 25 ئەزا قوبۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى يىل ئاخىرىدا 446گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 56 ياش. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 262، ئايال ئەزا 106. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر دەرىجىلىك تەشكىل ئىككى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە جەمئىيەت 15، گۇرۇپپا بەش، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي سەككىز قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، بىر قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى، ھەر ئايدا بىر كۈن جەمئىيەت ئەزالىرى كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى 1993 - يىلى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى 1993 - يىلى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ساۋ شياۋيەن

## ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. 1993- يىل 3- ئاينىڭ 25- كۈنى «شىنجاڭ سودا سانائەتچىلەر گېزىتى» نەشىر قىلىندى. بۇ گېزىت زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، سودا - سانائەت ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، سودا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بازىسى.

2. قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ1- نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. 4/- ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپ يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى ۋە خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنى سەيلە - ساياھەت قىلىشقا، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

4. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى تېز بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلەشمە ئەزالىرى 5012 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئەزا 3449. يېڭى ئەزالار ئىچىدە كارخانا ئەزاسى 1016، كوللېكتىپ ئەزا 62، شەخسىي ئەزا 2371، غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدىكى ئەزا 2772 بولۇپ، يېڭى ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ 80.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 41 ناھىيىلىك، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى (ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). يەنە تۆت يېزا - بازاردا سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

5. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرغان شىنجاڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى سودا - سانائەت كەسپى بويىچە يېتىشتۈرۈش مەكتىپى 1993 - يىلى تۆت كەسپ (ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، مالىيە بوغالتىرلىق، باشلانغۇچ رۇس تىلى، چوتتا دەرىجىگە ئېرىشىش) تەسىس قىلىپ، ئالتە سىنىپ ئېچىپ، 300دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق باشقۇرغان سودا - سانائەت كەسپى بويىچە يېتىشتۈرۈش مەكتىپى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن مائارىپ - يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

6. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەخسۇس ياردەم قىلىدىغان ئاتۇش شەھىرىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، «ئاتۇش شەھىرىدىكى يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ لىجۇڭ 1993 - يىلى 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئەقلىي كۈچ ئارقىلىق چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

7. 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم

رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ «ئالتۇن چوقا» ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى بىرلىشىپ 1993 ـ يىللىق شىنجاڭ ۋاستىچىلار ۋە كارخانا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى 50 كارخانىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ يەرمەنكىگە قاتناشتى.

8. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 14 ئەزا كارخانىنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي سودا كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى باھالاشتا كۆرگەزمە تەشكىللەشتە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

9. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرغان كارخانا — ۋەتەنپەرۋەرلىك قۇرۇلۇش مۇلازىمەت باش شىركىتى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسى بىلەن بولغان ئالاقىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇلىيە، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە سودا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى.

10. مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى توختى موللاتەۋەككۈل مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ زۇۋۇ، مامۇت قادىر ھاجى، يەن رۇنپىڭ ۋە ئەزالار ۋەكىلى لى جىنشياڭ، سۇن گۇاڭشىنلار مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

دىڭ تىيەنبى

**ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى**

خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇزاققىچە باشقۇرىدىغان ئادەم يوق بولۇشتەك ئەھۋالنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇسۇسىي كارخانا «گۇاڭخۇي» سانائەت ـ سودا چەكلىك باش شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە «لىدا» سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزور ئۇسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسمۇ بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر يېڭى يول ئېچىلدى.

دىڭ تىيەنبى

# ئاپپارات ئىسلاھاتى

## ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى 1992 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئارقا ـ ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رەئىس تۆمۈر داۋامەت گۇرۇپپا باشلىقى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەردىن 30 نەچچە كادىر ئاجرىتىلىپ، ئۇنىۋېرسال، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ناھىيە دەرىجىلىك، كەسپىي ئىشلار ۋە خادىملارنى يۆتكەشتۈرۈش قاتارلىق بەش گۇرۇپپا تەشكىل قىلىنىپ، خىزمەت رەسمىي قانات يايدۇرۇلدى، بىر يىلدىن بۇيان، ئاساسەن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1. ناھىيە (شەھەر) ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلدى.

ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى 1992 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلاندى، ئاپتونوم رايوندىكى 17 ناھىيە، شەھەردە نۇقتىدا سىناق قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى شەھىرى، شىخو ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە تۇتىدىغان سىناق نۇقتىسى قىلىندى. ئالتاي شەھىرى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرى، توققۇزتارا ناھىيىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى، ئارشاڭ ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ۋە كېرىيە ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەر ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆزلىرى بېكىتكەن سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سانجى شەھىرىنىڭ پۈتكۈل سىناق

خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن شىخو ناھىيىسىدە ئىسلاھاتتىن كېيىنكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى تامامەن ئىزىغا چۈشۈپ، «ئۈچنى بېكىتىش» خىزمىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. يېڭى ئاپپاراتلار نورمال ئىشلەشكە باشلىدى، 14ناھىيە، شەھەردىن ئايرىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىزىغا چۈشتى.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، قاتناش نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى ۋە سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، قاتناش نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى ئۆز تارمىقىنىڭ كۆچەيتىشكە، ساقلاپ قېلىشقا، ئاجىزلاشتۇرۇشقا، يۆتكەشكە تېگىشلىك ۋە بىكار قىلىشقا تېگىشلىك فۇنكسىيىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئاپپاراتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خادىملىرىنى يۆرۈشلەشتۈرۈش توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سانجى ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ۋىلايەت (ئوبلاست) قا بىۋاستە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى، شتاتىنى، ئەمەلىي خادىم سانىنى، خادىملار تۈزۈلمىسىنى، شۇنىڭدەك مال - مۈلكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ چىقىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە خادىملارنى يۆرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار 1993 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ ئۆز تارمىقىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە خادىملارنى يۆرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى. ئاپپارات ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى كۆچ تەشكىللەپ، بۇ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن 73 نازارەت، ئىدارىدىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار قۇرغان ھەر خىل ئىقتىسادىي گەۋدە 180 گە، ئورگاندىن ئايرىلىپ چىققان خادىم 538 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاندىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىققان خادىم 107 بولۇپ، ئايرىلىپ چىققان خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

3. سىياسەت تەتقىقاتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاپپارات ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ئومۇمىي لايىھىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىرى»، شۇنداقلا «ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيىلىك، يېزىلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىرى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

4. كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلار كادىرلار تۈزۈمى، ئىش ھەققى، مۇكاپات تەقسىم قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئېلىپ باردى. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر»، سەھىيە نازارىتى «ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەھىيە ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئىشنى پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە پۇل ئاجرىتىشنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاپ، ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى كەسپىي ئورۇنلارمۇ ئىسلاھاتنى باشلىۋەتتى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھات خېلى گەۋدىلىك بولدى.

ليۇ شۇشىن

## دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1993 - يىل 3 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 1992 - يىللىق دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، شۇنداقلا ئاممىۋى تەشكىلاتلار بولۇپ جەمئىي 59 ئورگاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، بۇ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئورگانلارنىڭ 74 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە

ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلەۋاتقان باشقارما دەرىجىلىك ھەمدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن جەمئىي 4369 كىشى تەكشۈرۈلدى. سانجى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئوبلاست، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، باشقارما دەرىجىلىك ھەمدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن 3302 كىشى تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە بىر قىسىم ئورۇنلار تاللىنىپ، تەكشۈرۈش سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

«دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋاقىتلىق نىزامى»غا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1993 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى 10 - ئايدا كۈيتۇڭ ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىدە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە ئىككى قارار كۇرس ئېچىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شەھەرلىك ۋە بەزى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان كەسپىي تايانچىلاردىن 120 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. ئۈرۈمچى، سانجى، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يەنە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن كادىرلار نازارىتىنىڭ «1993 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كادىرلارنى يىللىق باھالاش (تەكشۈرۈش) خىزمىتى توغرىسىدىكى يولغا قويۇش چارىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا كادىرلارنى تەكشۈرۈش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 1993 - يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوندا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋە ئورگانلارنىڭ ئىدىيە - ئىستىلىنى ياخشىلاش، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش، يىل ئاخىرىدا خىزمەتنى خۇلاسىلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش دائىرىسىگە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە يېزا (بازار) لاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغان نازىر دەرىجىلىك ھەمدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار كىرگۈزۈلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى «مۇنەۋۋەر»، «لاياقەتلىك»، «لاياقەتسىز» دەپ ئۈچ دەرىجە بويىچە بېكىتىلدى، «مۇنەۋۋەر»لەر دەرىجىسىگە توشىدىغانلار سانىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار سانىنىڭ 20 پىرسەنتى ئىچىدە تىزگىنلەش تەلەپ قىلىندى.

گې خەيتاۋ

# تاشقى ئىشلار

**ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە 34 ناھىيە چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلدى**

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە 34 ناھىيە چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلدى. بۇ ناھىيىلەر: ساۋەن، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل، مىچۈەن، ماناس، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، مورى، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل، خوشۇت، باغراش، بۈگۈر، چاقىلىق، چەرچەن، يەنجى، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى، باي، توقسۇ، شايار، ئۇچتۇرپان، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، مارالبېشى، يېڭىسار، پوسكام، خوتەن، گۇما، قاراقاش، لوپ، كېرىيە، چىرا، نىيە ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ ناھىيىلەرگە بۇرۇن ئېچىۋېتىلگەن ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، غۇلجا شەھەرلىرى، قورغاس ناھىيىسى، چۆچەك، ئالتاي، بورتالا، سانجى، فۇكاڭ، تۇرپان شەھەرلىرى، تۇقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ شەھەرلىرى، كۇچا ناھىيىسى، ئاتۇش، قەشقەر شەھەرلىرى، يەكەن، قاغىلىق، تاشقورغان ناھىيىلىرى، خوتەن شەھىرىنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، ناھىيىلەر جەمئىي 58 گە يەتتى.

ۋاڭ شىنگې

**ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا ئۆمەك (ئادەم) ئەۋەتىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا 6996

تۈركۈمدە جەمئىي 28 مىڭ 745 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلگىنى 1992 - يىلدىكىدىن 3.18 ھەسسە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا ئەۋەتىلگىنى 1.6 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەنلەر 25 مىڭ 141 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 87.46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلگەن ئادەم 20 مىڭ 135 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسە ئاشتى؛ ئەۋەتىلگەن ئەمگەك - مۇلازىمەت خادىمى 990 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 3.14%نى ئىگىلەپ، 65.85% كېمىيىپ كەتتى؛ چەت ئەللەرگە پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگىنى 145 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىلگەندىن باشقا، يەنە ئامېرىكىغا 334 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيىگە 198 ئادەم (قېتىم)، شياڭگاڭغا 146 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن چەت ئەللەرگە چىققان نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك كادىر 207 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، چەت ئەللەرگە چىققان ئادەم ئومۇمىي سانىنىڭ 0.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. چەت ئەللەرگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 11 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

ۋاڭ خۇيچىن

## چېگرا ئېغىزى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى چېگرا ئېغىزلىرىدا چېگرىدىن كىرگەن - چىققان يولۇچىدىن جەمئىي 532 مىڭ 166 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 257 مىڭ 986 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 274 مىڭ 180 ئادەم (قېتىم)، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكىلەر 194 مىڭ 292 ئادەم (قېتىم) چەت ئەل تەۋەلىكىدىكىلەر 337 مىڭ 874 ئادەم (قېتىم) چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلاردىن قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 35 مىڭ 621 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 18 مىڭ 751 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 16 مىڭ 870 ئادەم (قېتىم)؛ قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 258 مىڭ 918 ئادەم (قېتىم) بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 112 مىڭ 940 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 145 مىڭ 978 ئادەم (قېتىم)؛ تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 40 مىڭ ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 19 مىڭ 870 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 20 مىڭ 130 ئادەم (قېتىم)؛ ئالاتاۋ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 72 مىڭ 466 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 39 مىڭ 372 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 33 مىڭ 94 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يول ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 39 مىڭ 618 ئادەم (قېتىم)، تاشيول ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 32 مىڭ 848 ئادەم (قېتىم)؛ باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 64 مىڭ 821 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 32 مىڭ 141 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 32 مىڭ 680 ئادەم (قېتىم)؛ جىمىنەي ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 3544 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 1772 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 1772 ئادەم (قېتىم)؛ تايكېشكېن ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 6993 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 3497 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 3496 ئادەم (قېتىم)، تۈيتقۇش ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 1164 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 580 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 584 ئادەم (قېتىم)؛ ئۆلاستاي ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 278 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 139 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 139 ئادەم (قېتىم)؛ تېمىرتام ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكىنى 7977 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 3989 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 3988 ئادەم (قېتىم)؛ ئۈرۈمچى ئايروپورتى ئارقىلىق ئۆتكىنى 40 مىڭ 384 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگىنى 24 مىڭ 935 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىققىنى 15 مىڭ 449 ئادەم (قېتىم).

مۇشۇ بىر يىلدا ئېغىزلاردا چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودا قىلىشى بويىچە مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن چېگرىدىن ئۆتكەن چەت ئەللىك سودىگەرلەردىن 194 مىڭ 116 ئادەم (قېتىم)، مۇلازىمەتچى خادىملاردىن 210 مىڭ 86 ئادەم (قېتىم)، قاتناش قوراللىرىدىن 173 مىڭ 129 دانە (قېتىم) تەكشۈرۈلدى.

2. 1993 - يىلى چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 1 مىليون 567 مىڭ توننا (تاموژنىنىڭ ستاتىستىكىسى بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليون 710 مىڭ توننا) غا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 167 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 400 مىڭ توننا. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدا ئورۇندالغان سودا سوممىسى 850 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سودىسىدا ئورۇندالغىنى

280 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، پەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىدا ئورۇندالغىنى 570 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. ھەر قايسى ئېغىزلار ئارقىلىق ئۆتكەن ماللارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

ئالاتاۋ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 750 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 631 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 119 مىڭ توننا. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يول ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 571 مىڭ توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 495 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 76 مىڭ توننا)، تاشيول ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 179 مىڭ توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 136 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 43 مىڭ توننا)؛ قورغاس ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 422 مىڭ توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 276 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 146 مىڭ توننا)؛ تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 207 مىڭ 500 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 154 مىڭ توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 53 مىڭ 500 توننا)؛ باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 112 مىڭ 400 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 72 مىڭ 700 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 39 مىڭ 700 توننا)؛ جىمىنەي ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 20 مىڭ يەتتە توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 17 مىڭ 962 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 2045 توننا)؛ قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 11 مىڭ 500 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 220 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 11 مىڭ 280 توننا)؛ تايكىشكېن ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 16 مىڭ 459.6 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 4992 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 11 مىڭ 467.6 توننا)؛ تېمىرتام ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 12 مىڭ 355.47 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 4203.45 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 8152.02 توننا)؛ ئۇلاستاي ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 8840 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 4640 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 4200 توننا)؛ تۇيتقۇش ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 5714.8 توننا (ئىمپورت قىلىنغىنى 1349 توننا، ئېكسپورت قىلىنغىنى 4365.8 توننا)؛ ئۈرۈمچى ئايروپورتى ئارقىلىق ئۆتكەن مال 4434 توننا.

3. 1993 ـ يىلى چېگرا مۇداپىئە تارماقلىرى چېگرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈشكە دائىر ئەنزىدىن 17نى، يوشۇرۇن ئۆتكۈچىلەردىن 77 كىشىنى بىر تەرەپ قىلدى. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى، ئاھالە كۆچۈرۈش ئورگانلىرى بىلەن 29 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، يەتتە قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەتنى ئۆتكۈزدى، 549 قېتىم ئۇچراشتى.

4. 1993 ـ يىلى تاموژنا ئورۇنلىرى ئالغان تاموژنا بېجى 160 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 188.3% ئاشتى، كېمەيتىلگەن، كېچىرىم قىلىنغان ۋە ۋەكالىتەن ئېلىنغان تاموژنا بېجى 720 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولدى.

5. 1993 ـ يىلى سەھىيە، كارانتىن قىلىش تارماقلىرى كارانتىن قىلغان چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان ساياھەتچى جەمئىي 85 مىڭ 285 ئادەم (قېتىم) گە، ئىشچى ـ خىزمەتچى 23 مىڭ 668 ئادەم (قېتىم) گە، ئايروپىلان 672 دانە (قېتىم) گە، ئاپتوموبىل 10 مىڭ 742 دانە (قېتىم) گە يەتتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈرۈلگەنلەر 21 مىڭ 637 ئادەم (قېتىم) گە، ئەيدىز كېسىلى قان زەردابى تەكشۈرۈلگەنلەر 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە، سىفلىس كېسىلى قان زەردابى تەكشۈرۈلگەنلەر 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 42 ئادەم، «ب» تىپلىق جىگەر كېسىلى ۋىرۇسى بارلاردىن 93 كىشى تەكشۈرۈلدى، 19 مىڭ 664 ئادەم (قېتىم) گە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئېملەندى.

6. ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش تارماقلىرى كارانتىن قىلغان ئىمپورت قىلىنغان ھايۋان ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى جەمئىي 2271تۈركۈم، 26خىل، 58.3 تونىنغا يەتتى. كارانتىن قىلىنغان چېگرىدىن كىرگەن ۋە چىققان ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى 4452 تۈركۈمگە، بايقالغان كېسەللىك ئەھۋالى 19 تۈركۈمگە يەتتى.

7. تاۋار تەكشۈرۈش تارماقلىرى تەكشۈرگەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار جەمئىي 29 مىڭ 183 تۈركۈمگە، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان، ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار 1936 تۈركۈمگە، ئىمپورت قىلىنغان تاۋار 196 تۈركۈمگە، ئىمزالىغان تۆلەمنامە 196 تۈركۈمگە يەتتى.

ۋاڭ شېڭلەن

## قەشقەر ئايروپورتى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گوۋۇيۈەنگە قەشقەردىن قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىگە، ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە بارىدىغان ئىككى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى ئېچىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، گوۋۇيۈەن 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تەستىق سېلىپ، قەشقەر ئايروپورتىنى ئېچىۋېتىشكە قوشۇلدى.

ۋاڭ شېڭلەن

## ئالاتاۋ تاشيول ئېغىزى چەت ئەلگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالاتاۋ تاشيول ئېغىزىنىڭ چەت ئەلگە رەسمىي ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ئالاتاۋ تاشيول ئېغىزى تۆمۈر يول ئېغىزى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتنىڭ 1 - تۈردىكى ئېغىزى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بۇ ئېغىزدا 1993 - يىل 4 - ئايدا بورتالا ئوبلاستى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4524 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، 9 - ئايدا قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 10- ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا ئېغىزلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى پىلان كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى، قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى، ھايۋانات - ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەن تاشيول ئېغىزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، تەكشۈرۈپ باھالاش داۋامىدا، ئالاتاۋ تاشيول ئېغىزى چەت ئەللەرگە ئېچىۋېتىلىدىغان ئېغىزلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بارلىق شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان، دەپ ھېسابلىدى.

ياڭ لۇڭ

### جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئېغىزى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي باشچىلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئىبىنغالىن باشچىلىقىدىكى قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھىرىدە ۋە 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا ئېغىزىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1 - قېتىملىق سۆھبەتتە، ئىككى تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاساسەن قورغاس ئېغىزىدىن مال ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئېغىزدىن ئۆتىدىغان ئاپتوموبىل توغرىسىدا تەپسىلىي پىلان جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىشتى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن ئېچىلىدىغان ئېغىزلارنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۆز ئارا مەلۇم قىلىشتى، ئېغىزلارنىڭ مال چۈشۈرۈش - قاچىلاش ئىقتىدارى ۋە مال مەيدانىنى كېڭەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ھەمدە بۇ ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەت خاتىرىسى ئىمزالاشتى.

2. قېتىملىق سۆھبەتتە، ئىككى تەرەپ قاتناش - ترانسپورتتا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى يول، قاتناش باشقۇرۇش مەسىلىسى ھەمدە ئېغىزنىڭ مال ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش قاتارلىق بىر نەچچە مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە سۆھبەت خاتىرىسى ئىمزالىدى.

شياۋ بىڭ

### جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى چېگرا ئېغىزى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى ۋېنخۇا باشچىلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى نارىن ئوبلاستىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى ئا. ئا ئەقمەتالىيېۋ باشچىلىقىدىكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاتۇش شەھىرىدە7 - ئاينىڭ10 - كۈنىدىن12- كۈنىگىچە ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا ئېغىزىدىن كىرىپ - چىقىدىغان ئادەملەر ۋە يۈك - تاق، مال - بۇيۇم تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تاپشۇرۇۋېلىش، شۇنداقلا ئېغىز مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە سۆھبەت خاتىرىسى ئىمزالىدى.

شياۋ بىڭ

### جۇڭگو - قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا خەلقئارالىق ئاپتوموبىلدا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن ئونى رەسمىي ئېچىلدى

1993 - يىل4 - ئاينىڭ25 - كۈنى شىنجاڭ قاتناش- ترانسپورت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالمۇتىغا بېرىپ، قازاقىستان قاتناش - ترانسپورت مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو - قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە قاتنايدىغان خەلقئارالىق يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن ئونىنى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى توشۇش لىنىيىسى بەش بولۇپ، بۇلار ئۈرۈمچى - ئالمۇتا، چىڭخوزا - ياركەنت، غۇلجا - چونجا، بورتالا - ئۈچ ئارال، چۆچەك - ئاياگۆز (ۋاقىتلىق) لىنىيىسىدىن ئىبارەت؛ يۈك توشۇش لىنىيىسى بەش بولۇپ، بۇلار: ئۈرۈمچى- ئالمۇتا، ئۈرۈمچى - تالدى قورغان، غۇلجا- ئالمۇتا، غۇلجا - تالدى قورغان، دۆربىلجىن - ئاياگۆز (ۋاقىتلىق) لىنىيىسىدىن ئىبارەت.

يىن يەنشەن

### دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتتە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى شىنجاڭغا كەلدى

1993 - يىل6 - ئاينىڭ30 - كۈنىدىن7 - ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە جۇڭگونىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى

گۇەن خېڭگۇاڭ ۋە جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جاڭ دېگۇاڭ جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فەن جەنلىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى دۆلىتىمىزگە قايتىپ يىغىنغا قاتناشقان ۋە دەم ئالغاندىن كېيىن، قىرغىزىستانغا قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى.

جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى جاڭ دېگۇاڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋەزىپىسىدىن يۆتكىلىپ بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ2 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە بولدى. جۇڭگونىڭ تاجىكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شى جاۋ مىڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىق ئۈچ كىشى مەخسۇس شىنجاڭغا كېلىپ، 9- ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تەكشۈرۈش ۋە ئىقتىساد - سودىغا يول ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 9 - ئاينىڭ 15 -كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باش ئەلچى شى جاۋمىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاپتونوم رايون بىلەن تاجىكىستاننىڭ ئالاقىسى ۋە ئىقتىساد - سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ئەلچىسى چېن دى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىق ئۈچ كىشى بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە10 - ئاينىڭ12 - كۈنىدىن14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە بولدى. باش ئەلچى چېن دى بېيجىڭدىكى خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە11- ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە بولدى.

لى شىنئەن

## دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جايلارنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى ۋە ئىگىلىدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئىلى، بورتالا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىۋاسىتە تەكشۈردى.

شېن گوگۇاڭ

## تاشقى بېرىش - كېلىشلەر

★قازاقىستاننىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قالىقان ئىبرجانوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ جەمئىي ئالتە كىشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولۇپ، مەملىكىتىگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ۋە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

مۇزەپپەر

★قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى ئانتونوۋ باشچىلىقىدىكى قازاقىستان سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بەش كىشى بېيجىڭدىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

تۇرسۇن

★ئۆزبېكىستان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى

شىنجاڭ خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئالتە كىشى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت مەزگىلىدە سانجى قەغەز زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئاساسىدا، ئۆزبېكىستاندا شېرىكلىشىپ ئىككى قەغەز زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە ۋە باشقا جەھەتتىكى بىر نەچچە مۇددىئانامە ئىمزالىدى.

مۇھەممەت

★تاجىكىستاننىڭ دۆلەت باشلىقى راخمانوۋ شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى راخمانوۋ باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىدىكى 40 كىشى - دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭ قاتارلىق جايلىرىدا رەسمىي زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بېيجىڭدىن مەملىكىتىگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شەھەر

مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى ۋە «دوستلۇق» سودا سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

پولات

★دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى پولستون شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى لويىس پولستون ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇڭگونىڭ دۇنيا بانكىسىدا تۇرۇشلۇق ئىجرائىيە مۇدىرىيەت ئەزاسى ۋاڭ ليەنشېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

پولستون ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

دوستان

★ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سوبىنت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سوبىنت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

زىيارەت مەزگىلىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

باش ئەلچى سوبىنت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بىئولوگىيە تۇپراق - قۇم تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇ - ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇلما چەكلىك شىركىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە تۇرپان ۋە قەشقەرلەرنى زىيارەت قىلدى.

دىلشات

★مېكسىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

مېكسىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ناۋالت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى، تۆمۈر داۋامەت مېھمانلارغا شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە نوپۇس، جۇغراپىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. زىيارەت مەزگىلىدە باش ئەلچى ناۋالت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

جاڭ لىلى

★قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئابدۇدېلىكىن شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئەبۇدېلىكىن باشچىلىقىدىكى 20 كىشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ سۇينيەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، 4 - ئاينىڭ 24. كۈنىدىن 26. كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز «خەلق» سارىيىدا رەئىس ئابدۇدېلىكىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

دوستان

★سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى بەندار شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى

جۇڭگو خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى بەندار باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

مۇھەممەت

★پاكىستان شىمالىي رايونىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پاكىستان شىمالىي رايونىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى شاكىر تۇرانى باشچىلىقىدىكى 14 كىشى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت مەزگىلىدە، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن قونجىراپ ئېغىزىنى يۆتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭ ئېلېكتر سەپلىمىلىرى زاۋۇتى، سىچۈەن سېمونت زاۋۇتى، بوغدا كۆلى سۇ ئېلېكتر

ئىستانسىسى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇلما چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ دورا زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئۈرۈمچى «دوستلۇق» سودا سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

مۇزەپپەر

★ئىتالىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىتالىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زۇكېد باشچىلىقىدىكى ئىتالىيە - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشى 5. ئاينىڭ 19. كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ تاشقى سودا گىلەم زاۋۇتى، مىللىي بۇيۇملار شىركىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بوغدا كۆلىنى سەيلە قىلدى، تۇرپان، قەشقەرلەرنى زىيارەت قىلدى.

سۇي خۇيرۇڭ

★فىنلاندىيىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

فىنلاندىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق بويىچە مەسلىھەتچىسى، پاكىستاندا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى بولوت خولۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى.

باش ئەلچى خولۇس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى زىيارەت مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، فىنلاندىيىنىڭ شىنجاڭدا ھەمكارلىشىپ داۋالاش سەپلىمىلىرى زاۋۇتى ۋە دورا زاۋۇتى قۇرۇش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدەندى.

جاڭ لىلى

★ياپونىيە يىتىبىجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇڭزىبجوڭيى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيە يىتىبىجۇڭ سودا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇڭزىبجوڭيى باشچىلىقىدىكى توققۇز كىشى 6. ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، لى دۇڭخۇيلار ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

جۇڭزىبجوڭيى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى زىيارەت مەزگىلىدە، تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇلما چەكلىك شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دىلشات

★مالايسىيا زۇڭلىسى ماخادىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى پىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مالايسىيا زۇڭلىسى ماخادىر ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مالايسىيا ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 70 كىشىنى باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ ھەمراھ بولۇش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ خاۋرو ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 6. ئاينىڭ 17. كۈنى كەچتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «خەلق» سارىيىدا زۇڭلى ماخادىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

مالايسىيا زۇڭلىسى بىلەن بىللە زىيارەتكە كەلگەنلەردىن يەنە كارخانىچىلار ۋەكىللىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى ۋە مۇخبىرلار بولۇپ تەخمىنەن 260 كىشى بار.

دوستان

★قازاقىستان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

شىنجاڭ خەلق تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاشقى دوستلۇق - مەدەنىيەت ئالاقە جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى جىبېك ئامۇرقانوۋا يېتەكچىلىكىدىكى ئۈچ كىشى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ئىككى تەرەپ شىنجاڭدا «قازاقىستان دوستلۇق ھەيئىتىلىكى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن جىبېك ئامۇرقانوۋا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە قازاقىستان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە سەنئەت ئۆمىكىدىكى 47 كىشى شىنجاڭدا «قازاقىستان دوستلۇق ھەيئىتىلىكى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى غوپۇر ئابدۇللا، ئەسقەت كېرىمبايلار «دوستلۇق ھەيئىتىلىكى» پائالىيىتىنىڭ ئېچىلىش

مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇھەممەت

**★ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى**

ئاۋستىرالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لېتبىل باشچىلىقىدىكى ئائىلە كىشى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

11 - كۈنى كەچتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا باش ئەلچى لېتبىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

باش ئەلچى لېتبىل ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە قوي نەسلى يېتىشتۈرۈش مەركىزى تەجرىبە بىناسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا لېنتا كېسىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

جاڭ لىلى

**★ئاۋستىرىيە «UDI» شىركىتىنىڭ باشلىقى ئېسىنبېككېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى**

ئاۋستىرىيە «UDI» شىركىتىنىڭ باشلىقى ئېسىنبېككېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئېسىنبېككېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

ئېسىنبېككېر 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان ھەمدە مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ مەقسىتى شىنجاڭغا مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەر ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆھبەتلىشىش ۋە مۇزاكىرىلىشىش ئىدى. زىيارەت مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ بىر قىسىم ھەمكارلىشىش تۈرلىرى توغرىسىدا توختام ئىمزالىدى.

ۋاڭ شىنگې

**★مالى - سۇدان ئىتتىپاق پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، باش شۇجى مامادۇ گولوگو باشچىلىقىدىكى مالى - سۇدان ئىتتىپاق پارتىيىسى (ئافرىقا دېموكراتىك ئىتتىپاقى - سۇدان ئىتتىپاقىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى) ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئۈچ كىشى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەت مەزگىلىدە ئۈرۈمچىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆردى ھەمدە ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىنىڭ «150» تۇەن - مەيدانى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇم تەتقىقات ئورنى، قورغاس ناھىيىلىك قۇمنى تىزگىنلەش پونكىتى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانى، كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ۋاڭ شىنگې

**★بېنگال دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى**

جۇڭگو كېمىسازلىق سانائىتى باش شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېنگال دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سافى سامى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى باشچىلىقىدىكى 12كىشى 10. ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

باش ئەلچى سافى سامى ھەمدە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندا زىيارەتتە بولدى.

جاڭ لىلى

**دوست شەھەر ۋە دوست مەكتەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى**

1993 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ ئۈچ دۆلەتتىكى ئۈچ شەھەر ۋە مەكتەپ بىلەن دوست شەھەر، دوست مەكتەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پېشاۋۇر شەھىرى بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىشكەك شەھىرى بىلەن دوست شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرى بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مايتاغ نېفىت مەكتىپى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى توقماق شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكۇمى بىلەن دوست مەكتەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

سۇي خۇيرۇڭ

چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

★ ئەنگىلىيە «رېيتېر» ئاگېنتلىقىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جېنت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى شىنجاڭغا كېلىپ، 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، كورلا، تارىم نېفىتلىكىنى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى.

★ مەملىكەتلىك تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تۈركىيە «گۈنەس» گېزىتىنىڭ ئالىي مۇخبىرى يازگۇل ۋە تاشقى ئىشلار مۇخبىرى ئەخمەد 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى.

★ ياپونىيە «يانۋۇرى خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرى تېڭيېجاڭ، مايىڭگېڭجى، چىتيەن خېنەنلەر 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئۈرۈمچى «شىنخۇا» مېھمانخانىسىدىكى ئۇششاق تاۋارلارنى توپ سېتىش بازىرى، «شىنتۇ» ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۈك يېزىسىنىڭ باجاخۇ كەنتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

★ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ ئاخبارات مەھكىمىسى ياپونىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كوڭتوڭ ئاگېنتلىقى، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ئاگېنتلىقى، «يانۋۇرى خەۋەرلىرى» ۋە جاۋرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق يەتتە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرىنى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، غۇلجا، قورغاس ئېغىزى، كورلا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى.

★ جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئامېرىكا «پۈتۈن مەملىكەت جۇغراپىيىسى ژۇرنىلى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى روبېرت پىئېر 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە كورلىدا زىيارەتتە بولدى.

جاڭ بىن

# مۇھاجىرلار خىزمىتى

**مۇھاجىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسى 1978 - يىلدىن

1993 - يىلغىچە 54 دۆلەتتىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلاردىن كەلگەن خەتتىن 304نى بىر تەرەپ قىلدى، 290 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى؛ مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن خەتتىن 9681نى بىر تەرەپ قىلدى، 4608ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىن كەلگەن خەتتىن 106نى بىر تەرەپ قىلدى، 60 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 10 مىڭ 91 خەتنى بىر تەرەپ قىلدى، 4958 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا تېگىشلىكى 7347، خەنزۇلارغا تېگىشلىكى 5454، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تېگىشلىكى 2248، ئىنكاس قىلىنغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ھەممە ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

ئۇۋال قىلىنغان، ناھەق ۋە خاتا ئەنزە (ئادەم) 4074 بولۇپ، بۇنىڭ 99.9 پىرسەنتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ مۇھاجىرلار ئۆيى توغرىسىدا كەلگەن خەت ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر 1557 بولۇپ، بۇنىڭ 98.1 پىرسەنتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلاردىن ئىخچاملانغىنى 1107 بولۇپ، بۇنىڭ 99.89 پىرسەنتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن چېگرا ئاھالىلىرى 248 بولۇپ، بۇ 100% ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈك توغرىسىدا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر 256 بولۇپ، بۇنىڭ 81.2 پىرسەنتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئوقۇش تەۋەلىكى ۋە خىزمەت سالاھىيىتىنى يۈتتۈرۈپ قويغۇچىلار 295 بولۇپ، 98% ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل توغرىسىدا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر 29 بولۇپ، پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر - ئاياللار 103 بولۇپ، 100% ھەل قىلىندى؛ 50. - يىللاردا كوپېراتسىيىگە قوشقان پاي ۋە چارۋا توغرىسىدا خەت يازغان ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر 214 بولۇپ، 79 پىرسەنتى بىر تەرەپ قىلىندى؛ چېگرىدىن چىقىپ تۇغقان يوقلاشنى، چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى ۋە ياكى دۆلىتىمىزگە قايتىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلغانلار 1014 بولۇپ، بۇنىڭ 89 پىرسەنتى ھەل قىلىندى؛ تۇرمۇش ۋە تۇرالغۇ ئۆيدىن قىينالغانلار 986 بولۇپ، بۇنىڭ 87 پىرسەنتى ھەل قىلىندى؛ پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلار 541 بولۇپ، بۇنىڭ 86 پىرسەنتى ھەل قىلىندى؛ ئىش ھەققى، خىزمەت ستاژى، مۇكاپات پۇلى، نوپۇس، ئىشتىن بوشىنىش، دەم ئېلىشقا چىقىش، داۋالىنىش قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا ۋە ۋەزىپىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك رەسمىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلار 568 بولۇپ، بۇنىڭ 85.1 پىرسەنتى ھەل قىلىندى؛ باشقا مەسىلىلەر 3161 بولۇپ، بۇنىڭ 91 پىرسەنتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان ئۆي، تېرىۋاتقان يەر، بېقىۋاتقان چارۋا قاتارلىقلارنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان چېگرا ئاھالىلىرى 198 بولۇپ، ھەممىسى بىڭتۇەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بۇ مەسىلىلەردىن سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىلا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

سەيپىدىن مامۇت
تۇرسۇن

**1989 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە مۇھاجىرلار ئىشلىرىدا نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى**

شىنجاڭدا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاساسەن دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولغاچقا، كۆپىنچىسى نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى، شۇڭا گوۋۇيۈەننىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىسى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا ھەر يىلى 50 مىڭ يۈەندىن 80مىڭ يۈەنگىچە پۇل ئاجرىتىپ بېرىدۇ. 1989ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە گوۋۇيۈەننىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئارىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن جەمئىي 300 مىڭ يۈەن ئوبوروت مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بۇ مەبلەغنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ھەر يىلى نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى، مەبلەغ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، پايدىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن بۆلۈپ بەردى. بەش يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىلىرى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن جەمئىي 656 ئائىلە، 3233 ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يۆلەك بولدى؛ جەمئىي 339 ئائىلە، 1681 ئادەم ناراتلىقتىن قۇتۇلدى؛ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 2092 ئائىلە، 12 مىڭ 61 ئادەم تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى.

لى شياۋئې

**ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى**

1991 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە، جۇڭگو مۇھاجىرىدىن 12 ئائىلە، 42 ئادەم (ئەر 24، ئايال 18) چەت ئەلدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىزىستاندىن كەلگەنلەر سەككىز ئائىلە، 37 ئادەم، ئاۋستراليىدىن كەلگەنلەر بىر ئائىلە، ئىككى ئادەم، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كەلگەنلەر ئىككى ئائىلە، ئىككى ئادەم، ئۆزبېكىستاندىن كەلگىنى بىر ئائىلە، بىر ئادەم. 42 ئادەم ئىچىدە ئۆزبېكلەر 28، ئۇيغۇرلار 12، خەنزۇلار ئىككى. ئۇلار ئۇلۇغچات، يەكەن ناھىيىلىرىگە ۋە غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

گۈلنار

**جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭغا ئىقتىساد ـ سودا، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇق كارخانىچىلار جەمئىي 58 كىشى بولۇپ، ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن. بۇلاردىن 20 كىشى 1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سەككىز تۈر بويىچە ئىقتىسادىي توختام، ئۈچ تۈر بويىچە كېلىشىمنامە ئىمزالىدى، توختام ۋە كېلىشىمنامىدىكى ئومۇمىي سومما 6 مىليون 826 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1 مىليون 265مىڭ500 ئامېرىكا دوللىرى توختام بويىچە ئەقلەشتۈرۈلدى. ئۇلاردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: پاكىستان تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر جۇڭگولۇق كارخانىچى، ئىسلامئاباد سودا سانائەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئافگانادا پولات ـ تۆمۈر بىرلەشمە شىركىتىنىڭ لىدىرى مۇھەممەت راجاخان؛ سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى مەككە خان جەمەتى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى دوكتور مۇھەممەت سىيىت؛ سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رەھمىتۇللا ئىنايىتۇللا.

ليۇ چىڭيەن
ماھىنۇر يۈسۈپ
ئالىم

**ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى**

ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 200 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلار 48 دۆلەت ۋە رايوندىكى 350 مىڭ جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە جۇڭگولۇقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.

1990 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ھەر دەرىجىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ يول ئېچىپ بېرىشى ۋە ياردىمى ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كىرگۈزگەن تۈر

34كە، مەبلەغ 21 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ۋە 58 مىليون 280 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى؛ چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىئانە قىلغان 5 مىليون 577 مىڭ 400 يۈەن خەلق پۇلى ۋە ماددىي بويۇم قوبۇل قىلىندى؛ مۇھاجىرلار قۇرغان كارخانا 69غا، ئومۇمىي مەبلىغى 9 مىليون 115 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 450كە يەتتى؛ 1990 - يىلدىن بۇيان يۇقىرىغا 7 مىليون 325 مىڭ يۈەن باج ۋە پايدا تاپشۇردى. مۇھاجىرلار قۇرغان كەسپىي ئورۇن ئىككىگە، ياردەم بېرىلگەن مۇھاجىرلارغا قاراشلىق كارخانا 181گە، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار چەت ئەللەردە ۋە چېگرا سىرتىدا قۇرغان كارخانا تۆتكە يەتتى. ساياھەت قىلىش، ئورۇق - تۇغقان يوقلاش ۋە ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن 3788 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

1993 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق ئومۇمىي پىلان ئۈچۈن تۆھپە قوشقان 14 ئىلغار شەخس، ئالتە ئىلغار كوللېكتىپنى ۋە ئاساسىي قاتلام مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، 14 مۇنەۋۋەر كادىرنى تەقدىرلىدى.

شياۋ يۆجىن

**مۇھاجىرلار ئىقتىسادىي ئىشلىرى بويىچە ئالاقىلەشكۈچى تەكلىپ قىلىندى**

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىسى 23 كىشىنى مۇھاجىرلار ئىقتىسادىي ئىشلىرى بويىچە ئالاقىلەشكۈچىلىككە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئالاقىلەشكۈچىلەر ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى كەڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا مەبلەغ، ئۈسكۈنە، ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا كىرگۈزۈش، شۇنداقلا چەت ئەللەردە بازار ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

چىمەنگۈل

# تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

**تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت**

1993 - يىلى شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاش، سەيلى - ساياھەت، تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار جەمئىي 12 مىڭ 415 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 212 ئادەم (قېتىم)، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغۇچىلار 35 ئادەم (قېتىم).

مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن كەلگەن 18 تەيۋەنلىك قېرىنداش مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىن 77 كىشى تەيۋەنگە تۇغقان يوقلاشقا ۋە ئۆلۈم ئۇزىتىشقا باردى. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن تۆت تۈر ئالماشتۇرۇلدى، يەتتە كىشى تەيۋەنگە باردى.

1993 - يىلى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ 36 كارخانا قۇردى. بۇنىڭ بىلەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار قۇرغان كارخانا جەمئىي 53 كە، ئومۇمىي سالغان مەبلىغى 80 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەككە يەتتى. بۇ مەبلەغ، ئاساسەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى، ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش، يېمەكلىك، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلان، سۇلياۋ ياسالمىلىرى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرگە سېلىندى.

تەيۋەن بىرلىككە كەلگەن كارخانىلار يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 - ۋە 2 - ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 3 - ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. «سەنشەن» ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئورۇمچى «بەخت» كوچىسىدىكى كىچىك تۇرالغۇ ئۆي رايونى پۈتتى.

تەيۋەننىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن بولغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىمۇ باشلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭلىق كومپوزىتور 81 ياشلىق ۋاڭ لوبىڭ تەيۋەن «مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قۇرۇلۇقتىكى داڭلىق مۇزىكانت سۈپىتىدە 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەيۋەنگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن تەيۋەنگە بارغان تۇنجى ئالىم ھېسابلىنىدۇ.

«تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كىنو رېژىسسورى گۇاڭ چۈنلەن 5 - ئايدا تەيۋەنگە بېرىپ دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق كىنو كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى؛ شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋاڭ جۇڭخېڭ 6 - ئايدا تەيۋەنگە بېرىپ 1993 - يىلى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى يىغىنىغا قاتناشتى. شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھەلەش ئورنىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئارخىتېكتور ۋاڭ شياۋدۇڭ 7 - ئايدا تەيۋەنگە بېرىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ بىناكارلىق ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى؛ شىخەنزە تېببىي شۆيۈەنى نېرۋا بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى خۇيۇخۇەن، شىخەنزە «خەلق» دوختۇرخانىسى نېرۋا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچلىرى خۇخاۋيۇ، لى خۇالار تەيۋەن داشۆسى پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 9 - ئايدا تەيۋەنگە بېرىپ 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتىنى چۈشىنىش تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى.

تەيۋەن «قانۇن چىقىرىش كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى سەي جۇڭخەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئون كىشى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى تەيۋەندىكى گاۋشەن مىللىتى ئىچىدە تەسىرى خېلى كۈچلۈك زاتلاردىن تەشكىللەنگەن.

تەيۋەن جيۇپۇ تارقىتىش چەكلىك شىركىتى لىبىنتىغا ئېلىۋاتقان تېلېۋىزىيە چاتما فىلىمى «يىپەك يولى» — «ئىپار هۆنەر ـ سەنئىتى»نى لىبىنتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالتە كىشى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن18ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى هۈنەر. سەنئەت بۇيۇمى بولغان — يېڭىسار پىچىقى ۋە كوچا پىچىقىنى لىبىنتىغا ئالدى.

تەيۋەن داشۆسى يىپەك ئىقتىسادى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى چېن شىخۇاڭ ئەپەندى 8 ـ ئايدا تەيۋەن يىپەك ئىگىلىك ساھەسىدىكى ئىقتىسادشۇناسلار زىيارەت ئۆمىكىدىكى 11 ئادەمنى باشلاپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يىپەك ئىگىلىك 6 ـ شىسى ۋە بىر قىسىم تۇەن ـ مەيدانلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

تەيۋەنلىك كىنو، تېلېۋىزىيە، ناخشا چولپىنى خۇ خۇيجۇڭ خېنىم 2 ـ ئايدا شىنجاڭدا سەيلە ـ ساياھەتتە بولدى ۋە سەنئەت ئالماشتۇردى.

12 ـ ئايدا تەيۋەن تەيبېي ساۋ خامىلىلىكلەر فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭ مېيىپلار بىرلەشمىسىگە مېيىپلار هارۋىسىدىن 100نى ئىئانە قىلدى.

ۋۇ چۈەنفۇ

**تەيۋەن شىڭداجۇاڭ مەدەنىيەت كارخانىلىرى گۇرۇھىنىڭ باشلىقى لى جىرېن ئەپەندى مەكتەپ قۇرۇشقا ياردەم بەردى**

1993 ـ يىلى تەيۋەن شىڭداجۇاڭ مەدەنىيەت كارخانىلىرى گۇرۇھىنىڭ باشلىقى لى جىرېن مەبلەغ ئىئانە قىلىپ شىنجاڭدا يەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بەردى. بۇ يەتتە مەكتەپ خېجىڭ، ئارشاڭ، ئاتۇش، قەشقەر يېڭىشەھەر، مورى، كۆكتوقاي ۋە چىرا ناھىيىلىرىگە سېلىندى. مەكتەپ سېلىش ئىشىنى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شۇ يەردىكى پارتكوملارنىڭ بىرلىكسەپ بۆلۈملىرى، مائارىپ ئىدارىلىرى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ناھىيە، شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ هالدا يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنى ئۈستىگە ئالدى. يىل ئاخىرىدا بۇ يەتتە مەكتەپ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لى جىرېن ئەپەندى بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىنتايىن رازى بولدى.

يۈەن شياڭگو



**مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى 1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇل مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى، 1993ـ يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.**

**سۈرەتتە: مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يىپەك شىپىڭغا بارغاندا قىزغىن قارشى ئېلىنماقتا.**

**ئابدۇۋەلى ئېلاخۇن فوتوسى**

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

**چېگرىچىلىككە قارشى تۇرۇپ «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى «جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «1993 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئامانلىق باشقۇرۇش، نوپۇس گۇۋاھنامىسى، تەييارلىق سوراق، قاتناش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپىي تارماقلىرىنى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى ھەمدە بۇ جەھەتتە كونكرېت تەلەپ ۋە نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى 1993 - يىلى كۆپ قېتىم ھەرخىل يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ، چېگرىچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەت كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1. «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرىدىن 28 نى بىكار قىلغانلىقىنى، توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى، يەتتە تۈر بويىچە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلەتتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىلىرى، ئىدارىلىرىمۇ ئۆزلىرى بېكىتىۋالغان ھەق ئېلىش تۈرىدىن 320 نى بىكار قىلدى ۋە توختاتتى، 41 تۈر بويىچە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلەتتى.

2. شىركەتلەر ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل شىركەتتىن 196 سى، بۇنىڭغا چېتىشلىق كادىر - ساقچىدىن 229 ى بار ئىكەن. ھازىر 76 شىركەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 15 شىركەت ئەسلى ئورۇن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن، 44 شىركەت ئەسلى ئورۇن بىلەن ئالاقىسىنى يېرىم ئۈزگەن، چەت ئەلگە چېتىشلىق ئۈچ شىركەت ھازىر پائال ئېنىقلىنىۋېتىپتۇ، 58 ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ۋە ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمەت شىركىتى ساقلاپ قېلىنغان.

3. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پاش قىلىنغان يىپ ئۇچىدىن 112 نى قوبۇل قىلغان، 30 ئەنزە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان، 20 ئەنزە ئۈستىدە بىر تەرەپ قىلىش ھۆكۈمى چىقىرىلغان، ئون ئەنزە تۇتۇپ تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ.

خۇ بو

**خەلق ساقچىلىرىنىڭ چارلاش تۈزۈلمىسى**

1993 - يىلىنىڭ بېشىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ شەھەرلەردە خەلق ساقچىلىرىنىڭ چارلاش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، سانجى، شىخەنزە، بورتالادىن ئىبارەت سەككىز شەھەردە چارلاش ساقچىلىرى قوشۇنى تەشكىللىدى. باشقا شەھەرلەردىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ چارلاش تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىمۇ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئۈچۈر قوماندانلىق مەركىزىمۇ قۇرۇلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ خىزمەت ئۈسكۈنىسى ۋە باشقا قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە فوتو تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنى تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خۇ بو

**ناھىيە دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى سانجى شەھەرلىك، شىخو ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدە ئاپپارات ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. ئىسلاھاتتىن كېيىن، سانجى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاپپاراتلارنى %40، ئورگان خادىملىرىنى %39.2 ئىخچاملىدى، 1 ـ سەپتىكى ساقچى كۈچىنى %50 كۆپەيتتى، يەنە ئۆزىگە قاراشلىق پەيچۇسولارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ساقچى باشلىقى تۈزۈمى، رازۋېتچىكلار باشلىقى تۈزۈمى، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئىچكى قىسىمدا باشقۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش مېخانىزمىنى تۈزۈپ چىقتى. شىخو ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاپپاراتلارنى %43.75، خادىملارنى %25 ئىخچاملاپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن 17 خادىم تولۇقلاپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ساقچى كۈچىنى ئاشۇردى. ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارغا قارىتا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى، كادىر ـ ساقچىلارغا قارىتا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى، ئاشكارا رىقابەتلىشىش، قوش يۆنىلىشلىك تاللاش،ئ ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشنى يولغا قويدى. سانجى شەھەرلىك، شىخو ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاپپارات ئىسلاھاتى سىنىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى.

خۇ بو

**جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپى ئاساسەن مۇقىم بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىر ئەنزىدىن 37 مىڭ 906 سى تاپشۇرۇۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %4.8 كۆپ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، پارتلايدىغان، خەتەرلىك بۇيۇملارنى ئېنىقلاش، يىغىۋېلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 715 تال ھەرخىل قورال ـ ياراق، 111 مىڭ 974 پاي ئوق، 34 مىڭ 443 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 69 مىڭ 726 تال كاپسۇلا ۋە باشقا خەتەرلىك بۇيۇملار يىغىۋېلىندى ھەمدە تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تەكشۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتىكى يوشۇرۇن ئاپەتلەر تازىلاندى. مېھمانخانا، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مېھمانخانىدا ياتقانلارنى تىزىملاش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەكىتلەندى، شەھۋانىي پائالىيەتلەر تۈگىتىلىپ، ئىجتىمائىي مۇھىت پاكلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆچمە نوپۇس ۋە ۋاقىتلىق نوپۇسنى ئېنىقلاپ تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى نۇقتىلىق ئىشلەندى، ۋاقىتلىق تۇرۇش كۈۋاھنامىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، رەزىل قىلمىشى بارلار كۆز ـ قۇلاق بولۇش ۋە تىزگىنلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىلا 6000 دىن ئارتۇق رەزىل قىلمىشى بارلار ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى جەھەتتىكى خەتەرلىك ئۇنسۇرنى نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەرقايسى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارمۇ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ ۋە تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

خۇ بو

**قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە ياز پەسىللىك ھۇجۇم**

1993 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى پۇتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئېغىر جىنايى ئىشلار ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە ياز پەسىللىك ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى، جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تېز ھەرىكەتلىنىپ، ئازكەم تۆت ئاي ئىچىدە 7100 دىن ئارتۇق ئەنزىنى پاش قىلدى، 784 جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى تارمار قىلدى، 9200 دىن ئارتۇق جىنايەتچىنى تۇتتى، قولغا چۈشۈرۈلگەن ھارام پۇل، ھارام مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 28 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

خۇ بو

**مەخسۇس كۆرەش**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شەھەرلەر، قاتناش لىنىيىلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلاردا يانچۇقچى، ئوغرى، بۇلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى. ئىلى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرنى تەشكىللەپ، چارۋا مال، ۋېلسىپىت ئوغرىلاش، يالغان پۇل ھاياڭكەشلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە «ئالتە زىياندىش» نى يوقىتىش بويىچە مەخسۇس كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، چارۋا مال ئوغرىلاش ئەنزىسىدىن 728 نى پاش قىلدى، قايتۇرۇۋېلىنغان چارۋا مالنىڭ قىممىتى 866 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ ۋېلسىپىت ئوغرىلاش ئەنزىسىدىن 3115 نى پاش قىلىپ، 4815 دانە ۋېلسىپىتنى قولغا

چۈشۈردى، بۇنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 210 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ يالغان پۇل ئەنزىسىدىن 29 نى پاش قىلىپ، 390 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك يالغان پۇلنى قولغا چۈشۈردى؛ «ئالتە زىياندىش»قا دائىر 551 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ، «ئالتە زىياندىش»قا دائىر 2597 كىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، قۇمۇل، كورلا، بورتالا قاتارلىق جايلار يەنە ئارقا - ئارقىدىن زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنى تۇتۇش ۋە ئەتكەسچىلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مەخسۇس زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا زەھەرلىك چېكىملىككە دائىر جىنايەت ئەنزىسىدىن 544 ى تەكشۈرۈپ پاش قىلىنىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ساتقان 1046 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش گۇرۇھىدىن 20 سى بىت-چىت قىلىندى، بۇلارنىڭ ئەزالىرى 73 نەپەر، قولغا چۈشۈرۈلگەن خىروئىن 9965 گرام، ئەپيۇن 958.24 كىلوگرام، نەشە 135.72 كىلوگرام، يۇلۇۋېتىلگەن كەندىر 2 مىليون 250 مىڭ تۈپ، يۇلۇۋېتىلگەن كۆكنار 187 مىڭ تۈپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ سېتىش مەبلىغى ھەمدە جەرىمانە قويۇلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان 637 مىڭ يۈەن پۇل قولغا چۈشۈرۈلۈپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جايلار يەنە ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم ماشىنا ئەتكەسچىلىكىگە دائىر ئەنزىلەرنى پاش قىلدى، قىش كىرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، ئىلى، بايىنغولىن، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قىش پەسىللىك ئەنزە پاش قىلىش جېڭىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ داغدۇغىلىق ھالدا قىش پەسىللىك ئەنزە پاش قىلىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 1332 نى پاش قىلىپ، 1076 جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى، 213 كىشىدىن تەركىب تاپقان 41 جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىت - چىت قىلدى؛ ئىلى ۋىلايىتى ئىككى ئايلىق قىش پەسىللىك ئەنزە پاش قىلىش جېڭىدە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 410 نى پاش قىلدى، 143 كىشىدىن تەركىب تاپقان 50 جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىت - چىت قىلدى، قولغا چۈشۈرۈلگەن ھارام پۇل، ھارام ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليون 283 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بايىنغولىن ئوبلاستى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە چوڭ ئەنزىلەرنى پاش قىلىش، ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە زەربە بېرىش، جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىت - چىت قىلىش مەركەز قىلىنغان قىش پەسىللىك ئەنزە پاش قىلىش جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن جەمئىي 598 نى پاش قىلدى، 370 جىنايەتچىنى تۇتتى، 44 جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىت - چىت قىلدى، قولغا چۈشۈرۈلگەن ھارام پۇل، ھارام ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خۇ بو

## ماشىنا باندىتلىرى، يول زومىگەرلىرىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ماشىنا باندىتلىرى، يول زومىگەرلىرىگە زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم ماشىنا باندىتلىرى، يول زومىگەرلىرىدىن ئىبارەت جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىت - چىت قىلىپ، بىر تۈركۈم زور، مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ھەرخىل ئەنزىدىن 1020 سى پاش قىلىنغان، 564 جىنايەتچى قولغا ئېلىنغان، 48 جىنايەتچىلەر گۇرۇھى بىت - چىت قىلىنغان، بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى 311 گە يەتكەن، قولغا چۈشۈرۈلگەن ھارام پۇل، ھارام ماللارنىڭ قىممىتى 475 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

خۇ بو

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كىرا ماشىنىلىرىنى بۇلاشقا دائىر جىنايەت ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كىرا ماشىنىسى كالونى 150 تىن كۆپرەك بولۇپ، كىرا ماشىنىسى 4000 دىن ئاشتى. 1993 - يىلى كىرا ماشىنىسىنى بۇلاش ئەنزىسىدىن جەمئىي 150 ى يۈز بەردى، بۇنىڭ 94 ى ئەنزە قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتىللىق ئەنزىسى بەش، ئېغىر يارىلاندۇرۇش ئەنزىسى ئۈچ، بۇلانغان كىرا ماشىنىسى 29 (ھەممىسى تېپىلدى)؛ پاش قىلىنغان ئەنزە 51 بولۇپ، پاش قىلىنىش نىسبىتى 63% بولدى.

شۇ جەن

## قاتناش باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىلمىي باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر-يېزا يوللىرىدىكى قاتناشنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1. قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى ئىسلاھاتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى، نۇقتىلىق ھالدا، مۇنۇ ئۈچ جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىندى: بىرىنچىدىن، بەزى يېڭى قاتناش باشقۇرۇش

بەلگىلىمىلىرى ۋە چارىلىرى ئېنىقلاندى، تۈزىتىلدى ۋە تولۇق چىقىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىغا قولايلىق يارىتىلىپ، ئىش بېجىرىش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، «ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە كۈچەيتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىلدى، ناھىيە، شەھەرلەردىكى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترەتلىرىدە قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ياكى قوشۇمچە كادىر - ساقچى تەسىس قىلىندى، ئۇلار بىر قىسىم قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە شوپۇرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى؛ ئۈچىنچىدىن، قاتناش باشقۇرۇش ۋەزىپىسى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى، جايلاردىكى قاتناش ساقچىلىرى تارماقلىرى بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تۈزۈپ، ئۆز - ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئۆزى ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزى ئۆزىنى چەكلەشتىن ئىبارەت خىزمەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

2. قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىش، يوللاردىكى قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلدى. قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، قاتناش بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نومۇرى، كىنىشكىسى يوق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا نومۇرى، كىنىشكىسى يوق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن جەمئىي 13 مىڭ 351 ى ئېنىقلىنىپ تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە لايىق بولغان 9000 دىن ئارتۇق قاتناش ۋاسىتىسىگە پراۋا تارقىتىپ بېرىلىپ، بىر تۈركۈم خەتەرلىك يوشۇرۇن ئاپەت يوقىتىلدى. 4 - ئايدا قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونلاردىكى دۆلەت يولى «312» لىنىيىسى بويىغا جايلاشقان ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي، سانجىدىن غۇلجىغىچە بولغان 600 كىلومېتىردىن ئۇشۇق يول بۆلىكىدە يېرىم ئاي تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، قائىدىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغان يەتتە خىل قىلمىشنى نۇقتىلىق تۈزەتتى. چېگرا ئېغىزىغا بارىدىغان قاتناش شەرتلىك بەلگىسى ۋە شەرتلىك سىزىقى ئورنىتىلدى. 1993 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىن قونجىراپ ئېغىزىغا بارىدىغان 412 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ۋە بورتالا شەھىرىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا بارىدىغان 78 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا شەرتلىك بەلگە ئورنىتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، دۆلەت يولى «312»، «314» لىنىيىلىرىدىكى 1474 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنىڭ شەرتلىك بەلگىلىرى رېمونت قىلىندى، يېڭىلاندى ۋە تولۇقلاندى.

3. قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات - تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، خەلقنىڭ قاتناش بىخەتەرلىكى ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. 1993 - يىلى جايلاردىكى قاتناش ساقچىلىرى تارماقلىرى جەمئىيەتكە قارىتىلغان تەشۋىقاتنى نۇقتىلىق تۇتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «دېلو ۋە قانۇن» پروگراممىسىدا ئېغىر، ئالاھىدە زور قاتناش ھادىسىلىرىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلدى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ئۇچۇرلىرى» پروگراممىسىنى يولغا قويدى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «قاتناش بىخەتەرلىكى بويىچە مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش» پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «قاتناش ئۇچۇرلىرى» پروگراممىسىنى يولغا قويدى. باشقا رايونلار ھەرخىل شەكىلدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى تەشۋىقات - تەربىيە ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

4. كادىر - ساقچىلارنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى 40 كىشى قاتناشقان ھادىسەلەرنى ستاتىستىكىلاش بويىچە مىكرو ماشىنا مەشغۇلاتى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئۈچۈن مىكرو ماشىنا سەپلەپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھادىسەلەرنى ستاتىستىكىلاشنى مىكرو ماشىنا ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە يەكۈنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا بۇ مىكرو ماشىنىلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بىلەن تورلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە شوپۇرلارنى مىكرو ماشىنا ئارقىلىق ئاپتوماتىك باشقۇرۇش، ئارخىپ باشقۇرۇش، كىنىشكا ئىشلەش، ستاتىستىكا، مۇلازىمەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى مىكرو ماشىنىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى كۈيتۇڭ ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىدە 200 كىشىنى قاتناشتۇرۇپ، قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ھەرقايسى قاتناش تارماق ئەترەتلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۆز يېرىدىكى قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى، باش ئەترەتنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشى ئارقىلىق، 560 كىشى ھادىسەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

كۆۋرۈكنىڭ خاتالىق ساپىسىغا كىرىپ قالغان. گۇاڭمىنامىسىگە ئېرىشتى، مۇشۇ ئارقىلىق 1 - سەپتىكى قاتناش ساقچىلىرىنىڭ قاتناش ھادىسىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى قانۇنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

خۇ بو

قاتناش ھادىسىلىرى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 4102 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بەردى، بۇ 1992-يىلدىكىدىن 0.6% كۆپ، 1568 كىشى ئۆلدى، بۇ 1992-يىلدىكىدىن 15% كۆپ، 2639 كىشى يارىلاندى، بۇ 1992-يىلدىكىدىن 16.4% كۆپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 16 مىليون 73 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ 1992 - يىلدىكىدىن 41% كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە، پەۋقۇلئاددە ئېغىر قاتناش ھادىسىسى 57 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 67.6% كۆپەيدى، ئۆلگەنلەر 175 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 96.6% كۆپەيدى، يارىلانغانلار 190 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 31.7% كۆپەيدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 711 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 57% كۆپەيدى. 10 مىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى بويىچە ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى 30.48 كىشى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى، مۇشۇ بىر يىلدا ئاقسۇ، بايىنغولىن، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتناش ھادىسىسى جەھەتتىكى تۆت تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىگەندىن سىرت، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ قاتناش ھادىسىسى جەھەتتىكى تۆت تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى ھەم ئۆرلەپ، ھەم پەسىيىپ تۇردى.

1993 - يىلى يەككە ۋە بىرلەشمە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سادىر قىلغان قاتناش ھادىسىسى 655 قېتىمغا يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۆلگەنلەر 316 گە يېتىپ، 20.2% نى ئىگىلىدى، يارىلانغانلار 468 گە يېتىپ، 17.7% نى ئىگىلىدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 493 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.5% نى ئىگىلىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يۈز بەرگەن ئون چوڭ يامان سۈپەتلىك قاتناش ھادىسىسى مۇنۇلار:

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خوتەن شەھەرلىك تەمىنات سودا كوپىراتىپىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى چېن شياۋفېڭ «ISUZU» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى كىنىشكىسىز ھەيدەپ دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ 2503 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە، ئاپتوموبىلنى باشقۇرۇشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئېشەك هارۋىسىغا (هارۋىدا يەتتە ئادەم بار ئىدى) سوقۇلۇپ، هارۋىنى ئۆرۈۋېتىپ، يەنە ئالدىدىن كېلىۋاتقان قاراقاش ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ (جىپتا بەش ئادەم بار ئىدى) سوقۇلۇپ كەتتى، نەتىجىدە بەش ئادەم ئۆلدى، ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئۈچ ئادەم يېنىك يارىلاندى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر چوڭ ئاپتوبۇسى دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ 4619 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە، قورغاس ناھىيىلىك يولۇچىلار ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر مىنىبۇسى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، بەش ئادەم ئۆلدى، ئىككى ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بورتالا شەھىرى بىلىن خارمودۇن يېزىسىدىكى يەككە ترانسپورتچى جىن يۈەنخۋا مىنىبۇسىنى ھەيدەپ (مىنىبۇستا 24 ئادەم بار ئىدى)، قائىدىگە خىلاپ هالدا يولنى ئىگىلىۋالغاچقا، بورتالا - ئارشاڭ تاشيولىنىڭ ئىككى كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە بورتالا ئوبلاستلىق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ «ئازاد - 141» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، توققۇز ئادەم ئۆلدى، ئۈچ ئادەم ئېغىر يارىلاندى، يەتتە ئادەم يېنىك يارىلاندى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نىلقا ناھىيىسىنىڭ بىر تراكتورى (تراكتور كوزۇپىدا 32 ئادەم بار ئىدى) كېتىۋاتقاندا چاتقۇچ ئاجراپ كېتىپ، تراكتور ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى، شۇ جايدىلا 18 ئادەم ئۆلدى، 13 ئادەم يارىلاندى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلى ئوبلاستىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئۆسمۈرلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرنال كەسپىي كومىتېتىنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان 22 ۋەكىل ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ مىنىبۇسىغا ئولتۇرۇپ دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ 4822 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە غۇلجا شەھىرى يېڭىيەر يېزىسىنىڭ بىر تراكتورى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، بەش ئادەم ئۆلدى، خېلى كۆپ ئادەم يارىلاندى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيەنىڭ «127» تۇەن - مەيدانىدىكى يەككە ترانسپورت شوپۇرى ۋاڭ لۇ بىر مىنىبۇسنى ھەيدەپ (مىنىبۇستا 16 ئادەم ئولتۇرۇش بېكىتىلگەن، ئەمما ئۇنىڭغا 27 ئادەم ئولتۇرغان) دۆلەت يولى «217» لىنىيىسىنىڭ 61 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە، ئالدىدىكى ئاپتوموبىلدىن ئېشىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا سوقۇلۇپ كېتىپ، 14 ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئۈچ ئادەم يېنىك يارىلاندى، مىنىبۇس كاردىن چىقتى، يۈك ئاپتوموبىلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۇچا ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى ئۆمەرجان ھەيدىگەن كىچىلىك نۆۋەتچى ئاپتوبۇس دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ 266 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە، شايار ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى لوقمان تۇردى ھەيدىگەن ئۇزارتىلغان «شەرق شامىلى» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن ئۇچراشقاندا، بىر - بىرىگە يول بەرمىگەچكە، ئىككى ئاپتوموبىل يان تەرەپتىن سوقۇلۇپ كېتىپ، تۆت ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كۇچا ناھىيىلىك 3-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى يەككە ترانسپورت شوپۇرى ياسىن مىجىت «ئازاد - 141» تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىن كۇچا ناھىيىسىگە يەتتە كىلومېتىر قالغان جايغا كەلگەندە، بىر ئايلانمىدا باشقا ئاپتوموبىللار بىلەن ئۇچراشقاندا يولنى ئىگىلىۋېلىپ ئاپتوموبىل ھەيدىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۇچا ناھىيىسىدىكى يەككە ترانسپورت شوپۇرى قادىر ئەمەرجان ھەيدىگەن ئون ئورۇندۇقلۇق مىنىبۇس (مىنىبۇسقا 30 ئادەم چۈشكەن) بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سوقۇلۇپ كېتىپ، ئۈچ ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم يارىلاندى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ شوپۇرى كۇاڭ مىڭجېڭ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ 1235 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە ھارغىنلىقتىن مۈگدەپ قېلىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىلى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، توققۇز ئادەم ئۆلدى، تۆت ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئىككى ئادەم يېنىك يارىلاندى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گۇما ناھىيىسى دۇۋا بازىرىدىكى دېھقان مۇختار «ئازاد» ماركىلىق چوڭ بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى پراۋىسىز ھەيدەپ خوتەن شەھىرىگە كېتىۋېتىپ دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىنىڭ 2597 كىلومېتىرلىق جايىغا كەلگەندە يول تالىشىپ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان، گۇما ناھىيىسىدىكى يەككە ترانسپورت شوپۇرى ئەخمەتجان ھەيدىگەن مىنىبۇس (20 ئادەم چۈشكەن) بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپ، يەتتە ئادەم ئۆلدى، ئون ئادەم يارىلاندى.

خۇ بو

### ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى 4384 قېتىم تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 7223 بولۇپ، 10 مىڭ 670 قېتىملىق يوشۇرۇن خەۋپ ۋە خەتەرلىك ئامىل بايقالدى، ئوتتىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى ھەققىدە 1059 نۇسخا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى، 86 ئورۇن ئىش توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، 323 ئادەم (قېتىم) جازالاندى. ئوت ئۆچۈرۈش قىسىملىرى ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا 572 قېتىم قاتناشتى، 7510 ساقچى (قېتىم) ، 1261 ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى چىقىرىلدى، ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن ئورۇندىن بەش ئادەم، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ 34 مىليون 949 مىڭ 500 يۈەنلىكتىن ئارتۇق مال - مۈلكى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تۈرىدىن 1948 نى، ھەرخىل چېرتيوژدىن 1995 نى تەكشۈرۈپ، 6800 دىن كۆپرەك تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، 120 قېتىم دەسلەپكى لايىھىنى تەكشۈرۈپ باھالاش يىغىنىغا، 257 قېتىم پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قاتناشتى.

نۆۋەتتە، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئاز ساندىكى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدە تەلەي سىناشتەك بىخۇتلۇق ئىدىيىسى ئېغىر، ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدىكى زۆرۈر تەدبىرلەر كەمچىل؛ كارخانىلاردا ئىجارىگە، ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىجارىگە، ھۆددىگە ئالغۇچىلار بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ، ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە بىخەتەرلىككە ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىماقتا؛ كارخانىلار ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئەسلىدىكى قوغداش ئاپپاراتلىرى ياكى بىكار قىلىندى، ياكى قوشۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىگە تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش تەس بولۇپ قالدى؛ ئوت ئۆچۈرۈش جەھەتتىكى نۆۋەتچىلىك كۈچى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل، نۆۋەتچىلىك تۈزۈمى ئەمەلىيلەشمىگەن، ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ كېتىش، ئىش ئورنىغا چىقماسلىقتەك ھادىسىلەر ئېغىر، ئوت ئاپىتى يۈز بەرسە، ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئوت بىلەن ئېلىشىش پۇرسىتى دەخلىگە ئۇچراپ، زىيان ئېغىر بولماقتا؛ كارا OKزالى، تانسىخانا، قاۋاقخانا، قەھۋەخانا، كىنو - تىياتىرخانا، مەيخانا قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقاندا ھەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەيدۇ، ھەم ئۆزي ئېھىنى زور مىقداردىكى ھېچقانداق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى كۆرۈلمىگەن، ئاسان ئوت ئالىدىغان، كۆيىدىغان، زەھەرلىك ماتېرىياللار بىلەن بېزەيدۇ، نەتىجىدە سۈنئىي

بوشۇرۇن ئاپەت كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئۇستىگە، ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كۈچى يېتىشمەيدۇ، نەتىجىدە ناھايىتى ئاسانلا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ؛ ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىلىرى يوروشلەشمىگەن؛ ئاممىۋى ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەمەلىي ئېھتىياجدىن كېيىن قالغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 71 ناھىيە ئىچىدە 12 ناھىيىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان 59 ناھىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئون يېزا ئىگىلىك شىسى ۋە بىر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسىدا ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى يەنىلا بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا.

خۇ بو

**ئوت ئاپىتى ھادىسىسى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 1470 قېتىمغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 34.1% كۆپەيدى، 56 ئادەم ئۆلدى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 33.3% كۆپ، 98 ئادەم يارىلاندى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 10.1% كۆپ. پۇلغا سۇندۇرغاندا، زىيان 18 مىليون 624 مىڭ يۈەن بولۇپ، 27.9% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە زور ئوت ئاپىتى 73 قېتىم بولۇپ، 30.4% كۆپەيدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا، زىيان 12 مىليون 558 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 41.3% تۆۋەنلىدى.

ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئىچىدە ئوت ئاپىتى ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەنلىرى مۇنۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن جەمئىي 440 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئوت ئاپىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 29.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئۆلگەن ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ، جەمئىي 15 ئادەم ئۆلدى، بۇ ئۆلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 26.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يارىلانغان ئادەم ئەڭ كۆپ بولغىنىمۇ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ، جەمئىي 18 ئادەم يارىلاندى، بۇ، يارىلانغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ پۇلغا سۇندۇرغاندا، زىيان ئەڭ كۆپ بولغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، زىيان سوممىسى 5 مىليون 179 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ، ئومۇمىي زىياننىڭ 27.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1470 قېتىملىق ئوت ئاپىتىنىڭ سەۋەبىدىن قارىغاندا، بىخەتەرلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 349 قېتىم بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 23.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۆلگەن ئادەم 34 بولۇپ، 60.7% نى ئىگىلىدى، يارىلانغانلار 61 بولۇپ، 62.2% نى ئىگىلىدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا زىيان 4 مىليون 897 مىڭ يۈەن بولۇپ، 26.3% نى ئىگىلىدى؛ تۇرمۇشتا ئوت ئىشلىتىشتە ئېھتىياتسىزلىقتىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 336 قېتىم بولۇپ، 22.9% نى ئىگىلىدى؛ ئېلېكتر سايمانلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىشكە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 288 قېتىم بولۇپ، 19.6% نى ئىگىلىدى؛ تاماكا چېكىش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 168 قېتىم بولۇپ، 11.4% نى ئىگىلىدى، ئوت قويۇش تۈپەيلىدىن يۈزبەرگەن ئوت ئاپىتى 115 قېتىم بولۇپ، 7.8% نى ئىگىلىدى؛ ئوت ئويناش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 93 قېتىم بولۇپ، 6.3% نى ئىگىلىدى؛ بۇلاردىن باشقا، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئوت ئاپىتى 66 قېتىم، تەبىئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى 32 قېتىم، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 23 قېتىم.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ئون قېتىملىق ئېغىر ئوت ئاپىتى مۇنۇلار:

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاتۇش شەھىرىدىكى يەككە ترانسپورتچى ياللاپ ئىشلەتكەن شوپۇر خېلىل ئابلەت «بېيجىڭ» ماركىلىق مىنىبۇسقا 18 ئادەمنى سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، باكتىكى ماي ئاز قالغان، شوپۇر قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارغا بېنزىننى بىۋاستە كاربيۇراتورغا قۇيدۇرغان. مىنىبۇس كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، شۇ جايدىلا ئالتە ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم يارىلاندى.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى توققۇز تارا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شوپۇرى تىلەۋقان ئۆيدىكى ئوچاقنىڭ يېنىدا بېنزىن قۇيۇۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، شۇ جايدىلا تۆت ئادەم ئۆلدى ھەمدە بىر ئېغىز ئۆي كۆيۈپ كەتتى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۆچەك شەھىرى ئاشلى يېزىسى قىزبەيىت كەنتىدىكى كىچىك بالىلار ئوت ئويىنىغانلىقتىن، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، شۇ جايدىلا تۆت ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى پاراۋانلىق خىش زاۋۇتىنىڭ خەلق ئىشچىلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئوچاقتىن چىققان ئوت تۇرۇستىكى قومۇشقا تۇتىشىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ جايدىلا تۆت ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى شوپۇر ئابدۇسالام غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ زور ياغاچ ماتېرىياللىرى بازىرىدا، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، تراكتورنىڭ كاربيۇراتورىغا بېنزىن قويغانلىقتىن، زور ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، زور مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىيال، قومۇش ۋە بورا

كۆيۈپ كەتتى، 80 دىن ئارتۇق ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاراماي شەھەرلىك تۆرمۇش باشقارمىسىنىڭ يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى چىقىرىپ تاشلىغان كۈنجۈرە نەملەنگەندىن كېيىن كۆچلۈك ئاپتاپتا دۆۋىلەپ قويۇلغاچقا، ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ، زور مىقداردىكى يەم - بوغۇز كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 390 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مەڭگۈ قىزىل» ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەپ قويغان نىترىلون پاختا ۋە كېرەكسىز يىپلار ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ، ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، ئىمپورت قىلىنغان 30 توننا نىترىلون، پاختا، 200 توننا كېرەكسىز يىپ كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك مېتال بويۇملار شىركىتىنىڭ ئامبىرىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ قاتارلىق تاۋارلار كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى چوڭ كۆۋرۈك ئۇنىۋېرسال سودا بازىرىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ساپا ماتېرىياللىرى دۇكىنىدىن ئوتى كۆيۈپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنيالڭ ئارقىلىق بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان 102 ئادەم چۈشكەن، «6901» قىستىلىق يولۇچىلار نۆۋەتچى ئايروپىلانى (توققۇز نەپەر ئايروپىلان خادىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلانغا ئوت كەتتى، 12 ئادەم ئۆلدى، يەتتە ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 68 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

خۇ بو

## جايلاردىكى بازار نوپۇسى ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇس مەمۇرىيىتى تارماقلىرى بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەردىكى يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىشنى سېتىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نوپۇس باشقۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرىكى بەك چىڭ تۇتۇۋېلىش، بەك قاتتىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش يوللىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن راۋانلاشتۇردى. ئالدىنقى يىرىم يىلدا مىچۈەن، قاراماي ۋە كۈيتۇڭدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە، شەھەردە «جايلاردىكى بازار نوپۇسى» نى ئۆزگەرتىشكە ئائىت خىزمەتنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى، نوپۇسقا ئېلىش سىياسىتىدىكى شەرتلەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خادىملارغا شۇ يەردە ئىناۋەتكە ئىگە بازار نوپۇسى بېجىرىپ بېرىلدى، بۇ ئارقىلىق ھەم تارىختىن قېلىپ قالغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ھەم شۇ يەر ئۈچۈن سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈشكە شەرت - شارائىت ھازىرلاندى. نۆۋەتتە سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇ خىزمەت كېيىنكى يېرىم يىلدا يەنە غۇلجا، چۆچەك، بورتالا، شىخەنزە، سانجى، كورلىدىن ئىبارەت ئالتە شەھەرگە كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر سىناق قىلغان توققۇز شەھەردە جەمئىي 7000 دىن ئارتۇق ئادەمگە «جايلاردىكى بازار نوپۇسى» بېجىرىپ بېرىلدى.

خۇ بو

## ئامانلىق قوغداش مۇلازىمىتى شىركىتى

ئامانلىق قوغداش مۇلازىمىتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دۇنياغا كەلگەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش، مۇداپىئە كۆرۈش تەشكىلاتى، شۇنداقلا خېرىدارلار ئۈچۈن ئامانلىقنى قوغداش مۇلازىمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە ئۇلارنى بىخەتەرلىك مۇداپىئە كۆرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان يېڭى تىپتىكى مۇلازىمەت كارخانىسى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قۇرغان ئامانلىق قوغداش مۇلازىمىتى شىركىتى ۋە شۆبە شىركىتى 53 كە، ئامانلىق قوغداش ئەترىتى خادىمى 5000 دىن كۆپرەككە، ئامانلىق قوغداش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلىدىغان خېرىدارلار 6783 كە يەتتى.

خۇ بو

## تولۇق ئاپتوماتلاشقان جامائەت خەۋپسىزلىكى سىگنال بېرىش قوماندانلىق سىستېمىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى «HCBJ – I» تىپلىق تولۇق ئاپتوماتلاشقان جامائەت خەۋپسىزلىكى سىگنال بېرىش قوماندانلىق سىستېمىسىنى قاراماي نېفىتلىكىدە قۇراشتۇرۇپ، سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ھەمدە ئۇ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

مەركىزى سىستېما 100 مىڭ ئابونتچىنى 1000 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە ھەرقانداق ھاۋا شارائىتىدا خىزمەت قىلغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا بىۋاسىتە سىگنال بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، سىگنال بېرىش شەكلى

ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىگنالى بېرىش، سۈنئىي جىددىي سىگنال بېرىش ۋە سىرتتىكى ئالدىن بەلگىلەنگەن رايوندا كۆچمە يورۇپ سىگنال بېرىشتىن ئىبارەت. جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى 30 سېكۇنت ئىچىدە سىگنال بېرىلگەن جاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاپونېنتنى ئاپتوماتىك ھالدا پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇ سىستېما ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، بىخەتەر، ئىشەنچلىكلىكى كۈچلۈك، جانلىق، قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنى تېجەپ، ساقچى كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

سۇلى پېڭ

# تەپتىشلىك

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش تەپتىش: مىجىت قۇربان

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: ئابدۇرېھىم قادىر، شياۋۋېن، تۆلەۋقان (قازاق)، چېن دېخۇي.

خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىش، ساختا سودا ماركىسى ئىشلىتىش قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىسىدىن 2162 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ 934 نى ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 452 بولۇپ، تۇرغۇزۇلغان ئەنزىنىڭ 48.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1992 - يىلدىكىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەنزە %31.03، تۇرغۇزۇلغان ئەنزە %3.2، چوڭ، مۇھىم ئەنزە %62.59 كۆپەيدى. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئەنزە 808 بولۇپ، %12.1 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە 424 ئەنزىگە چېتىشلىق 540 ئادەمنىڭ ماتېرىيالى ئەيىپلەشكە يوللاندى؛ 287 ئەنزىگە چېتىشلىق 320 ئادەم ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى؛ 106 ئەنزىگە چېتىشلىق 138 ئادەم دەۋادىن ۋاز كەچتى. ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ئەنزىلەرگە چېتىشلىق ناھىيە، باشقارمىدىن يۇقىرى كادىر 33، ئەنزە بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت 30 مىليون 69 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى، بۇ، 1992 - يىلدىكىنىڭ 2.41 ھەسسىسىگە تەڭ.

1993 - يىلدىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆرلىدى. ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان چوڭ ئەنزە 422 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %58.05 كۆپەيدى، مۇھىم ئەنزە 30 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %172.73 كۆپەيدى. چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەر ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەنگە توشمىغىنى 265؛ 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەنگە توشمىغىنى 67؛ 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 500 مىڭ يۈەنگە توشمىغىنى 72؛ 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغىنى 18.

2. پۇل بارغانسېرى كۆپەيدى. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرىگە چېتىشلىق ئومۇمىي سومما 37 مىليون 171 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئەنزىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى 397 مىڭ 894 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 24 مىڭ 447.2 يۈەن كۆپەيدى. بەزى جىنايى ئىشلارغا چېتىلىدىغان سومما پەۋقۇلئاددە كۆپ بولدى. قاراماي شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگەن 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەنگە توشمىغان ئەنزە توققۇز، 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى ئۈچ.

3. ساختا سودا ماركىسى ئىشلىتىش ئەنزىلىرى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. ساختا سودا ماركىسى ئىشلىتىش ئەنزىسىگە دائىر يىپ ئۇچىدىن 64 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 51ى ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ئەنزىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

4. جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋاستىلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بىرىنچىدىن، جىنايەتچىلەر پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىش ئەھۋالى كۆپىيىپ كەتتى، 16 تەپتىش مەھكىمىسى ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگەن 19 چوڭ، مۇھىم ئەنزىگە چېتىشلىق 24 جىنايەتچى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن، ئەنزىگە چېتىشلىق سومما 6 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىكتە ئەنزە تۇغدۇرۇش ئەھۋالى گەۋدىلىك بولدى، جىنايەتچىلەر گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولۇۋالدى.

جاڭ مىڭفا

جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشكە يوللىغان جىنايەتچىدىن 11 مىڭ

بىرىنى قوبۇل قىلىپ، 10 مىڭ 548 جىنايەتچىنىڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى 9477، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا يوللىغان 7884 ئەنزىگە چېتىشلىق 12 مىڭ 715 ئادەمنىڭ ماتېرىيالىنى قوبۇل قىلدى، 6835 ئەنزىگە چېتىشلىق 10 مىڭ 739 ئادەمنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە شىكايەت قىلىنغىنى 9775 ئادەمگە چېتىشلىق 6401 ئەنزە بولۇپ، ئەيىبلىنىش نىسبىتى %91.02 بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق، پارتلىتىش ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ياساش، سېتىش، توشۇش قاتارلىق ئېغىر جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرگە ۋە دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە داۋاملىق تۈردە قاتتىق زەربە بەردى. مۇشۇ بىر يىلدا قولغا ئېلىش تەستىقلانغان چوڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەنزىلەرگە چېتىشلىق جىنايەتچى 2780 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.96 كۆپەيدى، ئەيىبلەنگىنى 2564 كە يېتىپ، %1.14 كۆپەيدى. قولغا ئېلىش تەستىقلانغان چوڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەنزىگە چېتىشلىق جىنايەتچىلەر ئورۇمچىدە قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ 53.5 پىرسەنتىنى، قۇمۇلدا %53.2 نى، قارامايدا %49.2 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قولغا ئېلىش تەستىقلانغان قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، زىيانكەشلىك قىلىشتەك تۆت خىل زوراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ئەنزىگە چېتىشلىق جىنايەتچى 3308 بولۇپ، قولغا ئېلىش تەستىقلانغان جىنايەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 34.91 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوتقا چىقىش نىسبىتى %99.6 بولدى. سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان ئەنزىگە چېتىشلىق جىنايەتچىلەر ئىچىدە جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغىنى %99.2 نى ئىگىلىدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، تۆمۈر يول ئىدارىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك 1-، 3-، 4-، 5-، 7-، 9-، 10- شىلىرى تەستىقلاپ قولغا ئالغان، ئەيىبلىگەن ئەنزىلەرنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %100 بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا دائىر ئەنزىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن چەك ئىچىدە بېجىرىلىشى %99.78، ئەيىبلەشكە دائىر ئەنزىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن چەك ئىچىدە بېجىرىلىشى %99.85 بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى تارماقلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش باسقۇچىدا ئالدىن ئارىلاشقان ئېغىر، ئالاھىدە چوڭ ئەنزە 276 بولۇپ، 458 ئادەمگە چېتىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ بېرىشكە يوللىغان 1080 جىنايەتچى ئۈستىدە قولغا ئېلىشنى تەستىقلىماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى؛ ماتېرىيالى ئەيىبلەشكە، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا يوللانغان 198 جىنايەتچىنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى، 766 كىشى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى؛ 93 جىنايەتچى قوغلاپ تۇتۇلدى، 50 جىنايەتچى سۈرۈشتۈرۈپ ئەيىبلەندى؛ سوت مەھكىمىسى چىقارغان ھۆكۈم ۋە كېسىم خاتا دەپ قارىلىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ئەنزە 106 بولۇپ، 44 ئەنزىنى سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى 34، ھۆكۈمنىڭ ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى %77.27 بولدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش داۋامىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 177 ئەنزە (قېتىم) تۈزىتىلدى.

جاڭ مىڭفا

## قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 896 نى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.34 كۆپ؛ 268 ئەنزە تۇرغۇزۇلدى، تۇرغۇزۇلغان ئەنزە %13.27 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم، چوڭ، پەۋقۇلئاددە ئەنزە 20؛ 124 ئەنزىگە چېتىلىدىغان 178 ئادەمنىڭ ماتېرىيالى ئەيىبلەشكە يوللاندى؛ 98 ئەنزىگە چېتىلىدىغان 139 ئادەمنىڭ ماتېرىيالى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىشقا يوللاندى؛ 26 ئەنزىگە چېتىلىدىغان 27 ئادەمنىڭ ئەنزىسى بىكار قىلىندى. ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ئەنزىلەر ئىچىدە دۆلەتكە كەلتۈرۈلگەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 8 مىليون 369 مىڭ 900 يۈەنگە، ئۆلگەن ئادەم 123 كە، ئېغىر يارىلانغان ئادەم 20 گە يەتتى، ئەنزە بېجىرىش ئارقىلىق 2 مىليون 355 مىڭ 800 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەر ئىچىدە، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىش، قەستەن ئىقرار قىلدۇرۇش، قانۇنسىز نەزەربەنت قىلىش، خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش ۋە ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا دائىر بەش تۈردىكى نۇقتىلىق ئەنزە 650 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئەنزىنىڭ 72.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئەنزە تۇرغۇزۇلغىنى 200 بولۇپ، تۇرغۇزۇلغان ئومۇمىي ئەنزىنىڭ 74.63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم

ئەنزە 18. جايلار جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ 20 ئەنزىگە چېتىشلىق 22 كادىر - ساقچىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 18 ئەنزىگە چېتىشلىق 20 ئادەمنىڭ ئەنزىسى ئاياغلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن، قانۇننى ئەنزە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى ياخشىلاپ، ئەنزە بېجىرىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى كېڭەيتتى. قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەر جەھەتتە، دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جىنايەت شەكىللەنمىگەن 628 ئەنزە قانۇنغا خىلاپ ئەنزە دەپ قارىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئايرىم بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى ھەمدە 253 نۇسخا «تەپتىشلىك تەكلىپى» تارقىتىلدى.

جاڭ مىڭفا

### ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى تارماقلىرى ھەق تەلەپ ئىشلىرى، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئەنزىدىن 777نى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.3 ئازايدى. 326 ئەنزىنى ئەنزە قىلىپ تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.89 كۆپ، 479 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى (1992 - يىلدىن قېلىپ قالغان ئەنزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئىلتىماس قىلىنغان ئەنزە 39، ئېتىراز بىلدۈرۈلگىنى 31، تەپتىش قىلىش تەكلىپى بېرىلگەن ئەنزە (ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش تەكلىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 48، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىنىپ، دەۋالاشقۇچىلارغا بىۋاسىتە جاۋاب بېرىلگەن ئەنزە 216، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگىنى 145.

ئېتىراز بىلدۈرۈش تەرتىپىگە دائىر ئەنزىلەرنى بېجىرىش گەۋدىلەندۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئەنزىسىدىن31ى بېجىرىلدى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن %138.5 كۆپ، ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ئەنزىلەر ئىچىدە سوت مەھكىمىسى كېسىم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن قايتا قاراپ چىقىلغان ئەنزە 17، سوتتا قاراپ چىقىلىپ ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگەن ئەنزە بەش. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى شۆبە تەپتىش مەھكىمىلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ئىچىدە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قۇمۇل، قاراماي، شىخەنزە (تۆمۈر يول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىدە ھەق تەلەپ ئىشلىرى، مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى فۇنكسىيىسى يوق) دىن باشقا جايلار، پۈتۈنلەي ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئىلتىماس قىلىنغان ئەنزىلەرنى بېجىردى.

جاڭ مىڭفا

### شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ۋە پاش قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ شىكايەت، ئەرز ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئامما ۋە ئەۋەتىلگەن خەت - چەكتىن قېتىم سانى بويىچە 6148 نى قوبۇل قىلدى. بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.35 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئادەم ۋە ئەۋەتىلگەن خەت - چەك 5832. شىكايەت قىلىش ۋە پاش قىلىشقا ياتىدىغان ئەنزە 4930؛ ئەرز قىلىشقا ياتىدىغان ئەنزە 1218. 5961 پارچە خەت - چەك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ 1571 پارچىسىنى شىكايەت، ئەرز ئىشلىرى تارماقلىرى بىلەن تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ باشقا كەسپىي تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 2414 پارچىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 928 ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ۋە خەت - چەك ئەۋەتكۈچىگە بىۋاسىتە جاۋاب بېرىلدى، 1048 پارچە خەت - چەك باشقا تەپتىش ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شىكايەت، ئەرز ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى ئەرز قىلىش ئەنزىسىدىن 77 نى ئەنزە تۇرغۇزۇپ، قايتا تەكشۈردى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 50 ئەنزىنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىندى، 15 ئەنزە ئۈستىدىن چىقىرىلغان قارار ئۆزگەرتىلدى، 11 ئەنزىگە قايتا قاراپ چىقىش تەكلىپى بېرىلدى، بىر ئەنزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرى قۇرغان پاش قىلىش مەركەز (پونكىت) لىرى ئامما پاش قىلغان ھەرخىل جىنايەت يىپ ئۇچىغا دائىر ئەنزىدىن 5647 نى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %159.87 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئەنزىگە دائىر يىپ ئۇچى 3736؛ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىگە دائىر يىپ ئۇچى 656؛ باشقا ئەنزىلەرگە دائىر يىپ ئۇچى 1255. ھەردەرىجىلىك پاش قىلىش تارماقلىرى جەمئىي 666 ئەنزىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى، بۇ، 1992 - يىلدىكىنىڭ ئازكەم بەش ھەسسىگە تەڭ، بۇ ئارقىلىق 11 مىليون 148 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

جاڭ مىڭفا

### تۆرمە ـ قاماقخانا تەپتىشلىكى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۆرمە ـ قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۆرمىدە يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە زەربە بېرىش، تۆرمە ـ قاماقخانا باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ئىشلارنى تەپتىش قىلىش ۋە تۈزىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1. تۆرمىدە يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە زەربە بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۆرمىدە يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن 433 ئادەمگە چېتىلىدىغان 336 ئەنزە قوبۇل قىلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 296 ئەنزىگە چېتىشلىق 379 ئادەم ئەيىبلەندى، سوت مەھكىمىسى ئۇلارنى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلدى؛ يەتتە ئەنزىگە چېتىشلىق 11 ئادەم ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى.

2. قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تەپتىش قىلىنىپ تۈزىتىلدى. بىرىنچىدىن، قاماقخانىدىكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپمۇ قامىلىپ تۇرۇش مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىش ئارقىلىق، 38 قېتىم يازما تۈزىتىش تەكلىپى، 712 قېتىم ئاغزاكى تەكلىپ بېرىلدى، بۇلارنىڭ 206 قېتىملىقى تۈزىتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، بەزى تۆرمە، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى كەلمەس ھەق ئېلىش مەسىلىسى تەپتىش قىلىنىپ تۈزىتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، جىنايەتنى ئېغىرلىتىش ۋە يېنىكلىتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، تەربىيىلىنىشتىن بوشىتىش، كېپىللىككە بېرىپ داۋالىنىشقا چىقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە قانۇنغا ئاساسلانماسلىقتەك ئەھۋاللار تەپتىش قىلىنىپ تۈزىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا 2509 قېتىم ھەرخىل تۈزىتىش تەكلىپ بېرىلدى.

3. كادىر ـ ساقچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە دائىر ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا كادىر ـ ساقچىلار ۋە قوراللىق ساقچىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشى جەمئىي 22 ئادەمگە چېتىشلىق 13 ئەنزە ئەنزە قىلىنىپ تۇرغۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەمگە چېتىشلىق خىيانەتچىلىك ئەنزىسى ئىككى، ئىككى ئادەمگە چېتىشلىق پارىخورلۇق ئەنزىسى ئىككى، 12 ئادەمگە چېتىشلىق بولغان تەن جازاسى بېرىش، جىنايەتچىلەرنى خارلاش ئەنزىسى ئۈچ، ئىككى ئادەمگە چېتىشلىق بولغان جىنايەتچىلەرنى ئۆزى بىلگەنچە قويۇپ بېرىش ئەنزىسى ئىككى، تۆت ئادەمگە چېتىشلىق باشقا ئەنزە تۆت.

4. ئەرز ـ شىكايەت ئەنزىلىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئەرز ـ شىكايەت ئەنزىسىدىن 242 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىكايەت ئەنزىسى 144، ئەرز ئەنزىسى 98. قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەرنىڭ 161 ى باشقا ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 21 ئەنزىنى تەپتىش ئورگانلىرى ئۆزلىرى بېجىردى. ئاپاقلاشتۇرۇلغان ئەنزىلەر ئىچىدە ئالتە ئەنزىنىڭ ئەسلىدىكى كېسىمى ساقلاپ قېلىندى؛ تۆت ئەنزىنىڭ ئەسلىدىكى كېسىمى ئۆزگەرتىلدى؛ ئالتە ئەنزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى.

5. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە قاتنىشىلدى. ھەردەرىجىلىك تۆرمە ـ قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، تۆرمە سىرتىدا نازارەت قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى سىناش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، ئۇلارغا قانۇنچىلىق تەربىيىسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىستىقبال تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنۇشقا، يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. بىر يىلدىن بۇيان 700 قېتىمدىن ئارتۇق كوللېكتىپ ياردەم ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، تەربىيىلەنگەنلەر 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى؛ 8000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە ئايرىم ياردەم ـ تەربىيە بېرىلدى، 4000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆزگەردى.

جاڭ مىڭفا

### قانۇن ـ ئىنتىزامنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى «قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئەنزە بېجىرىشنى قاتتىق تۇتۇش» تا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش ۋە تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەمدە ساقچى قىياپىتى، ساقچى ئىستىلى، ساقچى ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالدى.

8 ـ ئايدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرى مەركەزنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشقا دائىر بەش ماددىلىق بەلگىلىمىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ناھىيە، باشقارمىدىن يۇقىرى كادىرلار ئارىسىدا پاك ـ دىيانەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ئۆزىنى ئۆزى تۈزىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 222 كادىر ـ ساقچى (قېتىم) خەلق پۇلى ھېسابىدا 118 مىڭ يۈەنلىك سوۋغا ـ سالام ۋە پارىنى، 463 ئادەم (قېتىم)

مېھماندارچىلىقنى رەت قىلغان؛ 180 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك ئارىغا ئادەم سېلىشنى توسىغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرى گۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ قايتۇردى ۋە تەرتىپكە سالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرى قۇرغان 44 ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 12 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تۆتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلماقچى. ئونى ئەسلى ئورۇن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزدى، 13 ى ئەسلى ئورۇن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمەكچى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەپتىش ئورگانلىرى تەپتىشلىك خىزمىتى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان خىزمەتچى خادىمدىن 100 نى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىڭ 47 سى يۆتكىۋېتىلدى؛ تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 32 نى ئەنزە قىلىپ تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارا ئېلىش ئەنزىسى تۆت، باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈش ئەنزىسى بەش، لۇكچەكلىك قىلىش ئەنزىسى ئىككى، قورال باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسى ئالتە، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسى ئىككى، باشقىلار 13؛ 29 ئەنزىنى ئاياغلاشتۇردى (1992 - يىلدىن قېلىپ قالغان ئەنزىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە كېسىم كېسىلگىنى تۆت، پارتىيە ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلگىنى يەتتە، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 16، ئەدلىيە ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى ئىككى.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: ئالدى بىلەن قولغا ئېلىپ كېيىن ئەنزە تۇرغۇزۇش، ئالدىراپ - تېنەپ تۇرغۇزۇلغان ئەنزە ئاخىرقى ھېسابتا بىكار بولۇش، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ۋاقتى ئېشىپ كېتىش، قاماش ۋاقتى ئېشىپ كېتىش، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئەنزە بىجىرىش، ئىقتىسادىي ماجىرالارغا ئارىلىشىش؛ بەزى ئەنزىلەرنىڭ خاراكتېرى توغرا بېكىتىلمەسلىك، بىگۇناھ كىشىلەرگە ئەنزە تۇرغۇزۇش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇد؛ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى ئەنزىلىرىدە ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش نىسبىتى يۇقىرىراق، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش نىسبىتى 33.9% بولدى، بەزى ۋىلايەتلەردە 50% تىن كۆپرەككە يەتتى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 تەپتىش مەھكىمىسىدە ئەنزە بىجىرىشتە كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش مەسىلىلىرى كۆرۈلدى.

جالڭ مىڭخا

**تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى مەخسۇس تېمىدىكى ھەرخىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن جەمئىي 940 نى يازدى، بۇنىڭدىن 606 سى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللار تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى، 20 سى مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەخسۇس تېمىسىدىن توققۇزنى تاماملىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ چوشۇرۇپ بەرگەن نۇقتىلىق تېمىدىن ئىككىسى بار، ئۇلار: «(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدىكى قارارى) نى ئىجرا قىلىش داۋامىدا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تەتبىقلاش مەسىلىسى» ۋە «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزى رايونلىرىدىكى تەپتىشلىك خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەر» دىن ئىبارەت.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 58 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۈزگەن قانۇن - نىزام لايىھىلىرى ھەققىدىكى پىكىر ئېلىش مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا جەمئىي 12 قېتىم قاتناشتى، يىغىننى 30 دىن ئارتۇق پايدىلىنىش پىكرى بىلەن تەمىنلىدى.

جالڭ مىڭخا

**تەپتىشلىك تېخنىكىسى ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونومۇم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىشلىك تېخنىكىسى تارماقلىرى ھەرخىل تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، بېكىتىش ئەنزىسىدىن 1083 نى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 86.08% كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگىنى 97.5 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 103.55% كۆپەيدى، تەكشۈرۈلگەن يازما دەلىل - ئىسپات 108 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.85% كۆپەيدى. 570 پارچە دەلىل - ئىسپات، 40 پارچە رازۋېتكا يۈنىلىشى بىلەن تەمىن ئېتىلدى؛ يازما دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشتە، ئەسلى يەكۈنگە قوشۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 123، ئەسلى يەكۈن ئۆزگەرتىلگىنى 17، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن خەت - ئالاقە 462.

قانۇن دوختۇرلىرى قوبۇل قىلىپ تەكشۈرگەن ئەنزە 381؛ تەكشۈرۈلگەن يازما ماتېرىيال 141؛ ماددىي پاكىتلار ھەققىدە تارتىلغان سۈرەت 235؛ ماددىي پاكىتلار ھەققىدىكى

سىنئالغۇ لېنتىسى 44؛ ئۆزلىرى رازىۋېت قىلغان، تەكشۈرۈشكە قاتنىشلغان ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن قايتا تەكشۈرۈلگەن ئەنزە 207. ئەنزىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتە، جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكىگە دائىر ئەنزە 235؛ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا دائىر ئەنزە 238؛ قانۇن-ئىنتىزام تەپتىشلىكىگە دائىر ئەنزە 333، باشقىلارنىڭ كۆپ قىسمى جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت مەھكىمىسى ۋە باشقا تارماقلاردىن كەلگەن ئەنزىلەردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ھەرقايسى شۆبە تەپتىش مەھكىمىلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ 12 سىدە تېخنىكا ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 103 نەپەر مەخسۇس ۋەقوشۇمچە ۋەزىپىدىكى تېخنىكا كادىر سەپلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن دوختۇرى ئون، قاتناش تەپتىشى 18، ئىزچى ئىككى، كۆز-قولاق بولغۇچى، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننى تەكشۈرگۈچى تېخنىكا خادىمى 65، باشقۇرۇش كادىرى سەككىز.

جاڭ مىڭفا

## تۇراق ئىسمائىل «جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئاتاقلىق تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

1993-يىل 9-ئايدا «جۇڭگو تەپتىشلىك گېزىتى»، «خەلق گېزىتى»، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 13 ئاخبارات ئورنى ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئاخبارات ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئاتاقلىق تەپتىش ئەمەلدارى» نى تاللاش پائالىيىتىدە قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇراق ئىسمائىل جۇڭگودىكى ئون چوڭ ئاتاقلىق تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ مىڭفا

# سوت

## ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

مەھكىمە باشلىقى: قۇربان روزى

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى: ياڭ شېڭچۈن، نىيازخوجا، چېن جياڭ (ئايال)، ياۋياۋۋېن، ھېزىم ئەزىز

### جىنايى ئىشلار سوتى

1993-يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەرخىل جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن جەمئىي 14 مىڭ 24 نى قوبۇل قىلدى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 14%.31 كۆپ، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئەنزە 13 مىڭ 505، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 96.3% بولدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 1-سوتتا قارالغان جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 11 مىڭ 66 نى قوبۇل قىلدى، بۇ، ئومۇمىي سانىنىڭ 91.78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى ئىچىدە پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى-مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقى-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، قەستلەپ ئېغىر يارىلاندۇرۇش، قانۇنسىز نەزەر بەنت قىلىش ئەنزىلىرى خېلى زور ھەجىمدە كۆپىيىپ كەتتى. ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرى ئىچىدە مۇھىم-چوڭ ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىك، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق ئەنزىلەر ئازايدى.

مۇشۇ بىر يىلدا ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ئەرز قىلىش ئەنزىسىدىن1888نى قوبۇل قىلدى، بۇ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ46.13پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى 2-سوتتا قارالغان جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 2319 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 2166 نى ئاياغلاشتۇردى، ئەنزىنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 93.4% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرز سۇنۇلغان ئەنزە 2176، ئەرز قىلىنىش نىسبىتى 21.46% بولدى. سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئەنزىسىدىن639 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 534 ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 83.57% بولدى.

زەينۇللا

### ئىقتىسادىي سوت

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جەمئىي 18 مىڭ 409 ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىسىنى قوبۇل قىلدى، 16 مىڭ 452 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇش نىشانى 950 مىليون 33 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئەنزە قوبۇل قىلىش ۋە ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇش نىشانى 1992-يىلدىكىدىن ئۆرلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرى 1-سوتتا قارالغان ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىسىدىن 16 مىڭ 641 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي توختام ماجىراسىغا دائىر ئەنزە 14 مىڭ 632 بولۇپ، ئومۇمىي ئەنزە سانىنىڭ 87.93 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. سېتىش-سېتىۋېلىش توختامى ماجىراسىغا دائىر ئەنزە 4881 گە يەتتى. تۈرلۈك

ئىقتىسادىي توختام ئەنزىلىرى، قاتناش - ترانسپورت تۈرىدىكى ماجىرالار، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا دائىر ئەنزىلەر، هوقۇق تەۋەلىكى ماجىراسىغا دائىر ئەنزىلەر، چەت ئەلگە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا چېتىشلىق ئەنزىلەر يۇقىرى كۆرلەش ۋەزىيىتىدە تۇردى، زىيان سېلىش - تۆلەشكە دائىر ئەنزىلەر بولسا پەسىيىش ۋەزىيىتىدە تۇردى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى 2 - سوتتا قارالغان ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىسىدىن 1436 نى قوبۇل قىلىپ، 1261 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %87.81 بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي ماجىرالار بويىچە سوت قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ئەنزىسىدىن 332 نى قوبۇل قىلىپ، 267 نى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە 87 بولۇپ، %32.58 نى تەشكىل قىلدى.

زەينۇللا

## ھەق تەلەپ سوتى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 1-سوتتا قارالغان ھەق تەلەپ ئەنزىسىدىن 62 مىڭ 272 نى قوبۇل قىلىپ، 58 مىڭ 590 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى%94.09 بولدى. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئەنزىلەر ئىچىدە، نىكاھتىن ئاجرىشىش، بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مال - مۈلۈك قاتارلىق نىكاھ - ئائىلە ئىشلىرىغا دائىر ئەنزە 34 مىڭ 267 بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان، 1 - سوتتا قارالغان ھەق تەلەپ ئەنزىسىنىڭ 58.49 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ قەرز - تۆلەم، ئۆي - جاي، ئەمگەك ماجىراسى، يەر، ياغاچ ماتېرىياللىرى، سۇ ئىنشائاتىغا دائىر ئەنزىلەر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان قەرز - تۆلەم ئەنزىسى 17 مىڭ 155 بولۇپ، پۈتكۈل ھەق تەلەپ ئەنزىسىنىڭ 27.55 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى قەرز پۇل ئېلىش ماجىراسىدىن ئىبارەت، قالغانلىرى سېتىش - سېتىۋېلىش، ئەمگەك ھەققى ماجىرالىرىدىن ئىبارەت. زىياننى تۆلەپ بېرىش، ۋارىسلىق قىلىش، ئۆي ماجىرالىرىغا دائىر ئەنزىلەر داۋاملىق كۆپەيدى، سالمىقى ئاشتى. جىسمانىي ھوقۇق، قوشنىدارچىلىققا دائىر ئەنزىلەر زور ھەجىمدە كۆپەيدى. ئەكسىچە ئۆي ئورنىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى قاتارلىق تۇراقلىق مۈلۈك ماجىرالىرى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ماجىرالىرى ئازايدى.

1993 - يىلى 2 - سوتتا قارالغان ھەق تەلەپ ئەنزىسى 4276 بولۇپ، بۇنىڭ 4088 ى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئەنزىلەر ئىچىدە، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 1881 بولۇپ، %46.01 نى تەشكىل قىلدى؛ ئۆزگەرتىپ قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 435 بولۇپ، %10.64 نى تەشكىل قىلدى، رەت قىلىنىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىش 39 بولۇپ، %0.95 تەشكىل قىلدى.

1993 - يىلى ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئەنزىسىدىن 647 سى قوبۇل قىلىندى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %43.14 كۆپ، 563 ئەنزە تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %87.02 بولدى.

زەينۇللا

## مەمۇرىي سوت

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارالغان مەمۇرىي ئەنزىدىن 553 نى قوبۇل قىلىپ، 491 ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %88.8 بولدى. تۈرلۈك ئەنزىلەر ئىچىدە جەمئىيەت ئامانلىقى، مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئەنزىلەر يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ 196 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرقەدەر كۆپ قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەر بۇنۇلار: يەر، مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئەنزە 147؛ ئورمانچىلىققا دائىر ئەنزە 26؛ قاتناشقا دائىر ئەنزە 16؛ سودا - سانائەت مەمۇرىيىتىگە دائىر ئەنزە 15؛ سەھىيە مەمۇرىيىتىگە دائىر ئەنزە 15؛ ئوتلاق مەمۇرىيىتىگە دائىر ئەنزە 12.

تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئەنزىلەر ئىچىدە تەبىئىي جاۋابكار بولغان مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ سوتتا ئۇتتۇرۇپ قويۇش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى، بۇ خىل ئەنزىلەر ئاياقلاشتۇرۇلغان ئەنزىنىڭ 40.53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1993 - يىلى 2 - سوتتا قارالغان مەمۇرىي ئەنزە 191 بولۇپ، بۇنىڭ 186 سى ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان ئەنزە 106 بولۇپ، %56.99 نى ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا مەمۇرىي سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئەنزىسىدىن 42 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 31ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %73.8 بولدى.

زەينۇللا

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەريىلى زورمىقداردىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئەنزىلەر ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى ئىجرا قىلغىلى بولمىدى،

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

1993 - يىل 3 - ئايدا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرائىيە سوتى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا خادىم ئەۋەتىپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 19 ئوتتۇرا، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجرا قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەرخىل كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىجرا قىلىنماي كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئەنزىنى مەركەزلىك ھالدا ئىجرا قىلدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 151 خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 83 ىدە ئىجرائىيە سوتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 433 كادىر - ساقچى سەپلەپ بېرىلدى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەريىلى ئىجرا قىلىش تەرتىپى بويىچە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئەنزە 20 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» نىڭ كۆپىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تەدرىجىي يوسۇندا، قېلىپلىشىش يولىغا سېلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

زەينۇللا

## تىپىك ئەنزىلەردىن مىساللار

جوگوەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭ، دىڭ گۈيچىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسى

جاۋابكار: جوگوەنرۇڭ، ئەر، خەنزۇ، 26 ياش، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فۇنىڭ ناھىيىسىدىن، 1992 - يىلى شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن.

جاۋابكار: دەي خۇڭجۇن، ئەر، خەنزۇ، 20 ياش، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فۇنىڭ ناھىيىسىدىن، 1992 - يىل 9- ئايدا شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن.

جاۋابكار: ۋاڭ ۋېيدۇڭ، ئەر، خەنزۇ، 22 ياش، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنشياڭ ۋىلايىتىدىن، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 143 - تۇەن - مەيدانى 14 - ليەندە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ئىدى.

جاۋابكار: دىڭ گۈيچىڭ، ئەر، خەنزۇ، 19 ياش، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ ناھىيىسىدىن. جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 143 - تۇەن - مەيدانى 13 - ليەندە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ئىدى.

جاۋابكار جوگوەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇنلەر 1992 - يىل 9- ئايدا تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش توغرىسىدا ئالدىن مەسلىھەتلەشكەن ھەمدە جاۋابكار دىڭ گۈيچىڭنىمۇ ئەكىلىپ مەسلىھەتكە قاتناشتۇرغان. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئۈچ جاۋابكار قىڭراق، ئارغامچا، تاغار قاتارلىق ئەنزە سادىر قىلىش قوراللىرىنى ئېلىپ شىخو ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لى جېنبيانىڭ 11 ياشلىق ئوغلى - لى جياڭتاۋنى تۇتۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن. تۇتۇپ كېتىش نىيىتى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پارچە تەھدىت خېتى يازغان ھەمدە ھەر پارچە خەت بىلەن ئىككى تال ئوق ئەۋەتىپ، لى جېنبياغا: بىزگە 40 مىڭ يۈەن نەق پۇل بەر، بولمىسا ئائىلەڭدىكى ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ تەھدىت سالغان، بۇ ئىشمۇ ئىشقا ئاشمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن جاۋابكار جوگوەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلار 143 - تۇەن - مەيدانى سېمونت ياسالمىلار زاۋۇتىدىكى ليۇچېڭگۇنىڭ 13 ياشلىق ئوغلى ليۇشىڭفۇنى تۇتۇپ كېتىشنى پىلانلىغان. 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچ سائەت سەككىزلەردە دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلار ليۇشىڭفۇنى ئۆيىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، 7 - ليەننىڭ يول ئېغىزىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە ليۇشىڭفۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ تاغارغا سېلىپ، كېچىلەپ ساۋەن ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كەلگەن؛ ئەتىسى ليۇشىڭفۇنى 144 - تۇەن - مەيداندىكى بىر يېزا ئىگىلىك ئىشچىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇپ قويغان. جوگوەنرۇڭ ۋاڭ ۋېيدۇڭغا بىر تەھدىت خېتى يازدۇرۇپ، ليۇچېڭگۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن، خەتتە ليۇچېڭگۇغا: 60 مىڭ يۈەن نەق پۇل تەييارلاپ پۇلنى قارا سومكىغا سېلىپ ئۈرۈمچى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسىدىكى پوچتا - تېلېگراف بىناسىنىڭ ئالدىدا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ، بولمىسا ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ تەھدىت سېلىنغان. شۇ ئاينىڭ 28 - كۈنى جوگوەنرۇڭ دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلارغا ليۇشىڭفۇنى مىچۈەن ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇغان. شۇ ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە جوگوەنرۇڭ، ۋاڭ ۋېيدۇڭلار كۆپ قېتىم تەھدىت خېتى يېزىپ، ليۇچېڭگۇنى قىستىغان، لېكىن مەقسىتى ئىشقا ئاشمىغان. بۇ ئۈچ جاۋابكار 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن

كېيىن سائەت ئۈچتە لىيۇشىڭفۇنى سىچۈەندىكى تېپىلگۇ كۆمۈر كېنىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ۋاڭ ۋېيدۇڭ لىيۇشىڭفۇنىڭ تۆت بارمىقىنى كېسىۋېلىپ جۇگۇەنرۇڭغا بەرگەن، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق لىيۇجېڭكۇنىي داۋاملىق قاقتى - سوقتى قىلىشقا تەييارلانغان. 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاڭ ۋېيدۇڭ، دەي خۇڭجۇن پۇتۇشۇپ قويغان ئورۇنغا «پۇل ئېلىش» ئۈچۈن بارغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شۇ جايدىلا قولغا چۈشۈرگەن. شۇ كۈنى كەچتە جۇگۇەنرۇڭمۇ قولغا چۈشكەن.

بۇ ئەنزىنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئوچۇق سوت ئېچىپ قاراپ چىقىپ مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈردى: جاۋابكار جۇگۇەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلار پۇل - مالنى قاقتى-سوقتى قىلىش ئۈچۈن، بالىنى تۇتقۇن قىلغان، پۇل - مالنى قاقتى - سوقتى قىلىش غەرىزى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، تۇتقۇن لىيۇشىڭفۇنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇلار قوللانغان ۋاستە ئىنتايىن قەبىھ، خاراكتېرى ئالاھىدە ئېغىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشى تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇلارنىڭ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلمىسە خەلقنىڭ غەزىپىنى باسقىلى بولمايدۇ. جاۋابكار دىڭ گۈيچىڭ لى جياڭتاۋنى تۇتۇپ كېتىشكە قاتناشقان ئۇنىڭ قىلمىشى تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش (غەرىزى ئىشقا ئاشمىغان) جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئەگەشكۈچى جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ، بىراق جىنايىتىنى تونۇشى ياخشى بولغاچقا، كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك 8 - شىبى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 132 -، 22 -، 24 -، 53 -، 64 -، 31 - ماددىلىرىغا ۋە «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاياللار، بالىلارنى ساتقان، تۇتۇپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى قارار» نىڭ 2-ماددا 3 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

1. جاۋابكار جۇگۇەنرۇڭ تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش قارار قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

2. جاۋابكار دەي خۇڭجۇن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش قارار قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

3. جاۋابكار ۋاڭ ۋېيدۇڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈر ۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش قارار قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

4. جاۋابكار دىڭ گۈيچىڭ تۇتۇپ كېتىپ قاقتى - سوقتى قىلىش (ئىشقا ئاشمىغان) جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، تۆت يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

جۇگۇەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلار 1 - سوتتىكى ھۆكۈمگە قايىل بولماي، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1993 - يىل 9 - ئايدا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىپ، 1 - سوتتىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالدى ھەمدە جۇگۇەنرۇڭ، دەي خۇڭجۇن، ۋاڭ ۋېيدۇڭلارغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

يالغان شەنمىڭ

سانجى شەھىرى شەھەر ئەتراپى ئىش بېجىرىش ئورنى بېيمىن كەنت مەھكىمىسىنىڭ سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كوللېكتىپنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەرز قىلىش ئەنزىسى

دەۋاگەر: سانجى شەھىرى شەھەر ئەتراپى ئىش بېجىرىش ئورنى بېيمىن كەنت مەھكىمىسى

جاۋابكار: سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى

3 - شەخس: زوخۇاجى، ئەر، خەنزۇ، 43 ياش، سانجى شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى.

3 - شەخس سانجى شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئىدارىسى ئولتۇراق ئۆي بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1984 - يىلى بېيمىن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇغقىنى چېن ۋەنخۇا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كەنت مەھكىمىسى چېن ۋەنخۇاغا بەرگەن بەش پۇڭ ئۆي ئورنى

ئىچىگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان، ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئۆي بەرگەندىن كېيىن كۆچۈپ كېتىپ، ئۇ ئۆينى چېن ۋەنخۇاغا قالدۇرۇپ قويماقچى بولغان، بۇنىڭغا ئەينى چاغدا كەنت رەھبەرلىكىمۇ قوشۇلغان. 1985 - يىلى 5 - ئايدا زۇخۇاجى چېن ۋەنخۇانىڭ ھويلىسىغا 150 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چولۇكچىلىك سەككىز ئېغىز ئۆي سالغان. 1991 - يىلى 12 - ئايدا زوخۇاجى شەھەر ئەتراپى ئىش بېجىرىش ئورنىغا 4500 يۈەن يەر ھەققى تاپشۇرغان. 1992 - يىلى 3 - ئايدا جاۋابكار سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى زۇخۇاجىغا دۆلەت ئىلكىدىكى 333 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بەرگەن. 1992 - يىلى 5 - ئايدا زۇخۇاجى سالغان ئۆينى مۇشۇ شەھەرلىك بىر ئادەمگە سېتىپ بەرگەن. دەۋاگەر بىيمىن كەنت مەھكىمىسى جاۋابكار سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىزنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېرىمىزنى دۆلەت يېرى قاتارىدا 3 - شەخسكە بېرىشنى قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان كونكرېت مەمۇرىي قىلمىش بولۇپ، بىزنىڭ كوللېكتىپىمىزنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق، دەپ قاراپ، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان.

سانجى شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى سوتلاش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىغان: يېزىلاردىكى يەر كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولۇپ، ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى يوق، ھەرقانداق ئورۇننىڭمۇ كوللېكتىپنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھوقۇقى يوق. سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىدىن - بىيمىن كەنت مەھكىمىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ زۇخۇاجىغا دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بەرگەنلىكى ئىناۋەتسىز. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت زېمىنىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 6 -، 10 - ماددىلىرىغا ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 54 - ماددا 1 - تارماق 2 - تۈر 3 - تارماق تۈرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلدى.

سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 3 - شەخس - زۇخۇاجىنىڭ ئۆي سېلىشى ئۈچۈن دۆلەت زېمىنىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىشتەك كونكرېت مەمۇرىي قىلمىشى بىكار قىلىنىدى.

سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2 - سوتتا قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئەسلى ھۆكۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پاكىتلار ئېنىق، قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى توغرا، ئەرز رەت قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىدى.

يالڭ شەنمىڭ

**جى كېنىڭ دەي خۇڭشيا سالغان زىياننى تۆلىتىش ئەرزىسى**

دەۋاگەر: جى كې، ئايال، خەنزۇ، 36 ياش، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى «29» تۇەن - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

جاۋابكار: دەي خۇڭشيا، ئايال، خەنزۇ، 24 ياش، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسى ماشىنىلاشتۇرۇش شىركىتىدىكى ھۆسن تۈزەش، ساتىراشچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچى.

1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دەۋاگەر جى كې جاۋابكار دەي خۇڭشيا تىجارەت قىلىدىغان ھۆسن تۈزەش، ساتىراشلىق دۇكىنىدا قاپىقىغا قات چىقارغۇزغان. قات چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، دەۋاگەر ئىككى قاپىقىغا ئىشلىتىلگەن دورا سۇيۇقلۇقى قاپاق ئاستىغا سىڭىشىپ قارا كۆك داغ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن ھامان جاۋابكارغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتقان، جاۋابكار «قاتنى ئەمدىلا چىقاردىم، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ قويۇپ، تېخنىكىلىق تەدبىر قوللانمىغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن، دەۋاگەرنىڭ قاپىقىدىكى قارا - كۆك داغ تېخىمۇ روشەنلەشكەن، ئۇ، جاۋابكاردىن تۆۋەنكى قاپىقىدىكى داغلارنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغان، جاۋابكار سۇ بىلەن بىرلا قېتىم يۇيۇپ قويغان، داغ يەنىلا يوقالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن دەۋاگەر ھەممە تەرەپتىن دوختۇر ئىزدەپ داۋالاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىغان.

قانۇن دوختۇرلىرى ۋە تىببىي داۋالاش - ھۆسن تۈزەش تارماقلىرىنىڭ بېكىتىشىچە، دەۋاگەرنىڭ ئىككى قاپىقىغا قات چىقىرىش تۇپەيلىدىن سول قاپىقىدا 0.5 مىللىمېتىر، ئوڭ قاپىقىدا 0.4 مىللىمېتىر داغ پەيدا بولۇپ قالغان؛ ئىككى كۆزنىڭ ئۈستۈنكى قاپاقلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەدرىجىي سىڭىشىپ كەتكەن داغلار پەيدا بولغان، بۇ — ھۆسن تۈزەش تېخنىكىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كۆپ قېتىم داۋالانغاندىلا، ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىكەن.

دەۋاگەر ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگۇ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، جاۋابكار دەي خۇڭشيانىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. شىمىگۇ سوت مەھكىمىسى سوتلاش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىغان: جاۋابكار دەي خۇڭشيا دەۋاگەر جى كېنىڭ قاپىقىغا قات

چىقىرىش ۋاقتىدا تېخنىكىلىق مەشغۇلاتى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، دەۋاگەرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئاستىنقى ـ ئۈستۈنكى قاپاقلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە داغ پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن دەۋاگەرنىڭ رۇخسارىغا دەخلى يەتكەن. شۇڭلاشقا جاۋابكار ھەق تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. سوت مەھكىمىمىز «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى»نىڭ 119 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان:

1) جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ داۋالىنىش، قاپىقىدىكى داغلارنى يوقىتىش ھەققى ئۈچۈن 2000 يۈەن تۆلىشى شەرت.

2) جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ داۋالىنىش، قاپىقىدىكى داغلارنى يوقىتىش ھەققى ۋە دەۋالىشىش مەزگىلىدە ئۈچ ئاي ئىشقا قاتناشمىغان ۋاقتىدىكى ئىش ھەققى ئۈچۈن جەمئىي 900 يۈەن تۆلىشى شەرت.

3) جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ كۆپ قېتىملىق داۋالىنىش، قاپىقىدىكى داغلارنى يوقىتىش داۋامىدا تارتقان روھىي ئازابى ئۈچۈن 500 يۈەن تۆلىشى شەرت.

دەۋا خوجىيا بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوتلاش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىغان: ئەسلىدىكى ھۆكۈمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پاكىتلار ئېنىق، بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇۋاپىق، ئەرز رەت قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.

ياڭ شەنمىڭ

پاڭ زۇڭلىننىڭ كۆمۈر كېنىنىڭ پارتلىتىپ قورۇلۇش قىلىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ توخۇ فېرمىسىدىكى تۇخۇم توخۇلىرىنىڭ تۇغۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلىتىش ھەققىدە ئەرز قىلغانلىق ئەنزىسى

دەۋاگەر: پاڭ زۇڭلىن، ئەر، خەنزۇ، 56 ياش، مىچۈەن ناھىيىلىك كۆمۈركان ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى توخۇ فېرمىسىنىڭ مۇدىرى.

جاۋابكار: ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى تېچاڭگۇ ئۆستەڭ ئوچۇق كۆمۈر كان قوماندانلىق شتابى (تۆۋەندە قوماندانلىق شتابى دېيىلدى).

1986 ـ يىلى مىچۈەن ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇش پىلانلىغان تېچاڭگۇ ئۆستەڭ ئوچۇق كۆمۈر كېنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر توخۇ فېرمىسى قۇرغان، كېيىن بۇ فېرمىنى پاڭ زۇڭلىن ھۆددە ئالغان. 1992-يىل 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە پاڭ زۇڭلىن كەينى ـ كەينىدىن 6970 چۆجە سېتىۋېلىپ فېرمىدا باققان. شۇ يىلى 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بۇ توخۇلار تۇغۇش مەزگىلىگە قەدەم قويغان. مۇشۇ ئارىلىقتا قوماندانلىق شتابى ئۆستەڭ ئوچۇق كاندا توپا قەۋىتىنى ئېچىش بويىچە پارتلىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغان، تەۋرەش ۋە پارتلاش ئاۋازى فېرمىدىكى تۇخۇم توخۇلىرىنى قورقۇتۇۋەتكەچكە، توخۇلارنىڭ تۇغۇش نىسبىتى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتكەن ھەمدە بىر قىسىم توخۇلار ئۆلۈپ كەتكەن. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پاڭ زۇڭلىننىڭ توخۇ فېرمىسىدىكى ئۆلۈك ـ تىرىك توخۇلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇش ئارقىلىق، ئۆستەڭ ئوچۇق كۆمۈر كان ئۇزاق مۇددەت پارتلىتىپ قورۇلۇش قىلغاچقا، تەۋرەش ۋە پارتلاش ئاۋازى تۇخۇم توخۇلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، نەتىجىدە تۇخۇم توخۇلىرى «غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىدە ئاز تۇخۇم تۇغۇش كېسەللىكى» گە گىرىپتار بولغان. پاڭ زۇڭلىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىغان: قوماندانلىق شتابى ئۆستەڭ ئوچۇق كاندا ئۇزاق مۇددەت پارتلىتىپ قورۇلۇش قىلغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تەۋرەش ۋە پارتلاش ئاۋازلىرى توخۇ فېرمىسىدىكى تۇخۇم توخۇلىرىنى قورقۇتۇۋەتكەن، نەتىجىدە تۇخۇم توخۇلىرى «غىدىقلىنىش تەسىرىدە ئاز تۇخۇم تۇغۇش كېسەللىكى»گە گىرىپتار بولغان، تۇخۇم تۇغۇش زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتكەن، شۇڭا قوماندانلىق شتابى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى»نىڭ 124 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلدى:

قوماندانلىق شتابى پاڭ زۇڭلىننىڭ 120 مىڭ 411.78 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى شەرت.

قوماندانلىق شتابى بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولماي، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. پاڭ زۇڭلىن 2 ـ سوت جەريانىدىمۇ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمدىكى تۆلەم سوممىسى مېنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىمنى تۆلەپ بېرىشكە يەتمەيدۇ، دەپ قارىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىدەك تۆلەم كېلىشىمى ئىمزالىغان:

قوماندانلىق شتابى پاڭ زۇڭلىننىڭ 131 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ياڭ شەنمىڭ

### تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك

سوت مەھكىمىلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى، سوتچى خادىملار ھەر بىر ئەنزىنى ياخشى بېجىرىش بىلەن بىللە، ئەنزە ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا يەكۈنلەش، ھەرخىل ئەنزە مىساللىرىنى پائال يېزىش، بۇ ئارقىلىق سوت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى چاقىرغان ئەدلىيە ستاتىستىكىسى خىزمىتى يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكىسى خىزمىتى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى ۋاڭ رۇجۇن يازغان «خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا تەھلىل» ناملىق ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدىن ۋاڭ جيەنلى يازغان «شېرىنكابىنىڭ خاراكتېرى ۋە جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتى» دېگەن ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زەينۇللا

**سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قانۇن داشۆسى شىنجاڭ شۆبىسى تۇنجى قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى**

. مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قانۇن داشۆسى شىنجاڭ شۆبىسى تۇنجى قارارلىق ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 1993 ـ يىل 12.ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى فېڭزى مۇراسىمغا كېلىپ تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان 419 كۇرسانت داشۆنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ 16 خىل ئاساسلىق دەرسلىكلىرىنى ۋە قانۇن كەسپىگە دائىر دەرسلىكلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. ئۇلار ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى، بۇلار 1 ـ تۇركۇمدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى ئۆزلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن كۇرسانتلاردۇر. بۇ بىر تۇركۇم كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدىكى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلارنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكى %32.7 تىن %45 كە يەتتى.

زەينۇللا

# ئەدلىيە

**قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 2 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى تەشكىللىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 10 مىليون 970 مىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ تەخمىنەن 85 پىرسەنتى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشىگە قاتناشتى. توققۇز قانۇن، بىر بەلگىلىمىنى ۋە يېڭىدىن تولۇقلانغان قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىپ بولغانلار ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كوماندا تەشكىللەپ تەكرار مۇسابىقىگە ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. قاراماي شەھىرىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار كوماندىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر مۇسابىقە كۆرۈشنى بىر تۇتاش تەشكىللىدى.

2. كەسپىي قانۇن ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى چىڭ چۆرىدەپ، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»، «كارتوگرافىيە قانۇنى»، «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق

كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىلەن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇ گۇرۇپپىلارنى شىنجاڭدىكى 16 شەھەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ «كارتوگرافىيە قانۇنى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە «تيەنشياڭ» لوگىنىسى بويىچە كارتوگرافىيە بەلگىلىرى تىلبۇزىيە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بىرلىكتە كەسپىي قانۇن تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

3. قانۇن بويىچە تۈزەش داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي شەھەرلىرى شەھەرنى قانۇن بويىچە تۈزەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شەھەرنى قانۇن بويىچە تۈزەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە شەھەرنى قانۇن بويىچە تۈزەشنى شەھەرنى نىشانلىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، 100 لۈك نومۇر تۈزۈمىدىكى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. 3 - ئايدا شىخەنزە شەھىرى شەھەرنى قانۇن بويىچە تۈزەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىپ قارار چىقاردى.

4. قانۇنغا دائىر كىتاب - ماتېرىياللارنى تارقىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر دەرسلىك ماتېرىيالدىن جەمئىي 203 مىڭ نۇسخا، سىنئالغۇ لېنتىسىدىن 135 قاپ، «ئەدلىيە كەسپىدىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 12 سانىدىن 91 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خەۋىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىدىن سەككىز سان بويىچە 2800 نۇسخا تارقىتىلدى. مۇشۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ يىللىق قانۇن ئۆگىنىشتىكى ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى.

بى ۋۇجياڭ

## گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش ئورنى 124 كە يەتتى، بۇنىڭ تۆتى كۆپەيدى؛ گۇۋاھچى 338 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك گۇۋاھچى يەتتە، 3 - دەرىجىلىك گۇۋاھچى 50، 4 - دەرىجىلىك گۇۋاھچى 115، ياردەمچى گۇۋاھچى 58، خىزمەتچى خادىم 108. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 56 مىڭ 656 گۇۋاھلىق بېرىش ئىشى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدە، بېجىرىلگەن گۇۋاھلىق 52 مىڭ 442، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق گۇۋاھلىق 4214. مەملىكەت ئىچىدىكى گۇۋاھلىق ئىچىدە ھەق تەلەپ گۇۋاھلىقى 21 مىڭ 305، ئىقتىسادىي گۇۋاھلىق 31 مىڭ 137. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 141 مىڭ 500 يۈەن گۇۋاھلىق بېرىش ھەققى يىغىلدى. بېجىرىلگەن 30 خىل ھەق تەلەپ گۇۋاھلىقى تۈرى ئىچىدە مۇنۇ بەش تۈرنىڭ سانى كۆپرەك بولدى: ئۆي ئېلىش - سېتىشقا دائىر گۇۋاھلىق 2294 كە، مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دائىر گۇۋاھلىق 1803 كە، ھەق تەلەپ كېلىشىمنامىسىگە دائىر گۇۋاھلىق 1686 گە، قوشۇمچە نۇسخا بىلەن رەسمىي نۇسخا ئۆز ئارا ئوخشاش بولۇشقا دائىر گۇۋاھلىق 1525 كە، ئۆي ئورنىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دائىر گۇۋاھلىق 1292 گە يەتتى. 26 خىل ئىقتىسادىي گۇۋاھلىق تۈرى ئىچىدە مۇنۇ بەش تۈرنىڭ سانى كۆپرەك بولدى: قەرز پۇلغا دائىر گۇۋاھلىق 4836 گە، سېتىش - سېتىۋېلىشقا دائىر گۇۋاھلىق 3745 كە، ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامىغا دائىر گۇۋاھلىق 3432 گە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىققا دائىر ھۆددىگەرلىك گۇۋاھلىقى 2925 كە، باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشقا دائىر گۇۋاھلىق 1640 قا يەتتى. چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىشلىق 23 خىل گۇۋاھلىق ئىچىدە سانى بىرقەدەر كۆپ بولغان بەش خىل گۇۋاھلىقنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى: تۇغۇلۇشقا دائىر گۇۋاھلىق 582، ئوقۇش تارىخىغا دائىر گۇۋاھلىق 538، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە دائىر گۇۋاھلىق 494، جىنايى ئىشلار جازاسىغا ئۇچرىمىغانلىققا دائىر گۇۋاھلىق 451، نىكاھلىنىش ئەھۋالىغا دائىر گۇۋاھلىق 394. ھەقدارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتىكى مەقسىتى جەھەتتە، ئاساسەن، چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلىماقچى بولغانلارغا دائىر گۇۋاھلىق 1336 گە، چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلاشماقچى بولغانلارغا دائىر گۇۋاھلىق 1157 گە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغانلارغا دائىر گۇۋاھلىق 720 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بېجىرىلگەن ھەرخىل گۇۋاھلىق تۈرلىرى بويىچە مال - مۈلۈككە چېتىلىدىغان سومما 1 مىليارد 9 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق چېتىلىدىغان سوممىسى 12 مىليون 640 مىڭ يۈەنلىك قانۇنسىز ئىقتىسادىي پائالىيەت توسۇپ قېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گۇۋاھلىق بېرىش ئورگانلىرى يەنە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 20 مىڭ 708 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، كەلگەن 216 پارچە ئەرز خېتىنى بىرتەرەپ قىلدى. 190 ئەدلىيە تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى شەرت - شارائىتى بىرقەدەر ياخشى

بولغان شىخەنزە شەھەرلىك، سانجى شەھەرلىك گۆۋاھلىق بېرىش ئورنى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزى كىرىم قىلىش، ئۆزى چىقىم قىلىش ياكى پەرقلىق سانغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى ئەمۋالىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، يەنە خوتەن ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىدا ۋە قاراماي شەھىرىنىڭ جەرەنبۇلاق رايونىدا يەتتە گۆۋاھلىق ئورنىنى يېڭىدىن تەسىس قىلدى. بەزى يېزا - بازارلاردا ھەمكارلىشىپ گۆۋاھلىق بېرىش تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت ساھەسى كېڭەيتىلىپ، گۆۋاھلىق بېرىش كەسپىنىڭ قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈچ نەپەر 3 - دەرىجىلىك گۆۋاھچى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئاچقان ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەنلەرنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى؛ ئىككى نەپەر 2 - دەرىجىلىك گۆۋاھچى، ئىككى نەپەر 3 - دەرىجىلىك گۆۋاھچى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئاچقان چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىشلار گۆۋاھچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى؛ ئالتە نەپەر گۆۋاھچى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئاچقان پاي چېكى، ئاكسىيىدىن ئىبارەت يېڭى كەسپلەر بويىچە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئەدلىيە نازارىتى 9 -، 10 -، 11 - ئايلاردا 112 نەپەر گۆۋاھچىنى قاتناشتۇرۇپ، ئۈچ قارار گۆۋاھچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ گۆۋاھچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، گۆۋاھلىق بېرىش خىزمىتىدە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ كەسپلەر بويىچە باشقۇرۇشى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ گۆۋاھچىلار جەمئىيىتى تەيۋەن بوغىزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتىگە ئەۋەتكەن قوشۇمچە گۆۋاھلىق ھۆججىتى 50كە، تەيۋەن بوغىزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن قوشۇمچە ھۆججىتى ئونغا يەتتى. تەيۋەن «دېڭىز بوغىزى فوند جەمئىيىتى» يەنە جۇڭگو گۆۋاھچىلار جەمئىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ گۆۋاھلىق ھۆججەتلىرىدىن سەككىز تۈركۈمدە جەمئىي 38 نى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ بەردى.

ماۋ لى

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

1. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى جەمئىي 16 مىڭ 183 كە، مۇرەسسەچى 77 مىڭ 757 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 5895، مۇرەسسەچى 29 مىڭ 869؛ شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 631، مۇرەسسەچى 3244؛ كارخانا (كەسىپىي) ئورۇنلاردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 1972، مۇرەسسەچى 10 مىڭ 555؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق لىيەن - ئەترەتلىرى، كارخانا (كەسىپىي) ئورۇنلىرىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 5539، مۇرەسسەچى 25 مىڭ 513؛ باشقا ئورۇنلاردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 2144، مۇرەسسەچى 8576. ئۇنىڭدىن باشقا، 1165 كارخانىدا خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىپ، 2494 خىزمەتچى سەپلەندى؛ 964 كارخانىدا خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس خەلق مۇرەسسە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىردىن 1037 سى سەپلەندى.

2. 1993 - يىلى ھەرقايسى خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل ماجىرادىن جەمئىي 94 مىڭ 408 نى مۇرەسسە قىلىپ، 84 مىڭ 555 ىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى 89.56% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 22 مىڭ 771 نىكاھ ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.77% بولدى؛ 3290 مىراسخورلۇق ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.99% بولدى؛ 2933 ھالىدىن خەۋەر ئېلىش (بېقىش) ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 89.32% بولدى؛ نىكاھ - ئائىلە ماجىراسىغا مۇناسىۋەتلىك 6403 باشقا ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 89.13% بولدى؛ 12 مىڭ 404 قولۇم - قوشنىلار ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.92% بولدى؛ 6010 ئۆي زېمىن ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 73.77% بولدى؛ 5199 قەرز ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 90.07% بولدى؛ 6418 ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ماجىراسى 6418 بولۇپ مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 91.78% بولدى؛ 4466 تۆلەم ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.69% بولدى؛ 24 مىڭ 514 باشقا ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 87.50% بولدى. خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ماجىرالارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، خەلق ئىچىدىكى 1741 ئادەمگە چېتىشلىق 843 ماجىرانىڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسىگە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالار كەلتۈرۈپ

چىقارغان 746 ئادەمگە چېتىشلىق 512 ئۆلۈم-يارىلىنىش ۋەقەسىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 33 ئادەمگە چېتىشلىق 29 خەلق ئارىسىدىكى ماجىرا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈم-يارىلىنىش ۋەقەسى يۈز بەردى، يەنى 1992 - يىلدىكىدىن 18 ئادەمگە چېتىشلىق 20 ماجىرا ئازايدى؛ 113 ئادەمگە چېتىشلىق 68 خەلق ئارىسىدىكى ماجىرا جىنايى ئىشلار ئەنزىسىگە ئايلاندى، يەنى 1992 - يىلدىكىدىن 247 ئادەمگە چېتىشلىق 26 ماجىرا ئازايدى.

3. 1993 - يىلى جەمئىي 25 مىڭ 620 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، 25 مىڭ 620 مۇرەسسەچى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 8658 ى، 2 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 4696 سى، 3 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 720 سى بار. 882 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئورۇن 377، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئورۇن 505؛ 1967 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنلەر 776، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنلەر 1191. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 11 - ئايدا چاقىرغان 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق مۇرەسسە خىزمىتى يىغىنىدا قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسى نەزەرباغ كەنتىنىڭ مۇرەسسە ھەيئىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى سۇ بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىنىڭ مۇرەسسە ھەيئىتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 29 - تۈەن - مەيدان 20 - لىيەنىنىڭ مۇرەسسە ھەيئىتىگە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «ئۈلگىلىك خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى» دەپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىداۋان يېزىسى خۇگەن كەنتى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى دۇڭ فۇشېڭ، لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسى تۇگچېك كەنتى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت ئىبراھىم، غۇلجا شەھىرى سايبويى مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى سايبۇيى ئاھالىلەر كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغېنى نىزام، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 22 - تۈەن - مەيدان 3 - لىيەنى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ۋۇيۈچاڭ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 126 - تۈەن - مەيدان 14-لىيەنى مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى يۈچىڭيۈنلەرگە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «ئۈلگىلىك خەلق مۇرەسسەچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى.

4. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا، بازار، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا 1457 ئەدلىيە ياردەمچىسى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكىلەر 1241، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكىلەر 216. مۇشۇ بىر يىلدا ئەدلىيە ياردەمچىلىرى خەلق ئارىسىدىكى ماجىرادىن جەمئىي 17 مىڭ 905 نى قوبۇل قىلىپ، 16 مىڭ 359 نى مۇرەسسە قىلدى، 1546 ماجىرا ئۇستىدىن يەكۈن چىقارمىدى؛ خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىگە ياردەملىشىپ، خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل ماجىرادىن 11 مىڭ 606 نى مۇرەسسە قىلدى.

ما مىڭ

## يېزا - بازارلاردىكى قانۇن مۇلازىمىتى

1. تەشكىلىي قۇرۇلۇش يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 596 گە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 74 ئورۇن كۆپىيىپ، يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلارنىڭ 62 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنىنى تايانچ قىلغان شەھەردىكى مەھەللە ئادۋوكاتلار مۇلازىمەت ئورنى — كورلا شەھىرى سايباغ ئادۋوكاتلار ئىش ئورنى ۋە تۇنجى كەنت باشقۇرۇشىدىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى — ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىداۋان يېزىسى خۇگەن كەنتى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىسى 1512 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 45 ئادەم كۆپەيدى، قانۇن خىزمەتچىلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە خادىم 458 بولۇپ، 30.3% نى تەشكىل قىلدى، 52 ئادەم ئىمتىھان بېرىپ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 191 كىشى قانۇن ئالىي تېخنىكومى ۋە تېخنىكومدا ئوقۇدى، 50 كىشى كەسپىي دىپلوم كۇرسىغا قاتناشتى، 154 كىشى باشقا شەكىللەردىكى تەربىيىلەشلەرگە قاتناشتى.

2. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت پونكىتى ھەرخىل ماجىرادىن 14 مىڭ 532 نى مۇرەسسە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ماجىرا 6483؛ 17 مىڭ 645 ئىش تۈرىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە ھەمكارلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي توختام گۇۋاھلىقى 15 مىڭ 82؛ 6137 ھەق تەلەپ ئىشىغا ۋەكالەتچى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دەۋا ۋەكالەتچىلىكىگە دائىر گۇۋاھلىق 4580؛ قانۇننى 51 مىڭ 266 قېتىم تەشۋىق قىلدى، 3 مىليون 713 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى؛ 3817 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى، جۈملىدىن 1801 يېزا - بازارلىق

ھۆكۈمەت، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، كەنت (مەھەللە) ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، 893 يېزا - بازار، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ، 1123 يەككە سودا - سانائەتچى ۋە باشقا ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى؛ 13 مىڭ 157 پارچە قانۇن ئىشلىرىغا دائىر ماتېرىيال يازدى. قانۇن مەسلىھەتچىلىكى بويىچە 18 مىڭ 836 ئادەم (قېتىم) نىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. ھەرخىل قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى ئارقىلىق، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالارنىڭ 43 مىليون 364 مىڭ 800 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى، 134 مىليون 285 مىڭ 400 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى.

ما مىڭ

ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 149 ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنىدىكى كەسپىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادۋوكات 1217 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادۋوكات 577، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئادۋوكات 320، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئادۋوكات 183، ياردەمچى ئادۋوكات 137.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادۋوكاتلار تەكلىپكە بىنائەن 2661 ئورۇننىڭ دائىملىق قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن مەسلىھەتچىلىكى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى 144، كارخانا 1531، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 31، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئورۇنلار مەبلەغ سالغان كارخانا 12، يېزا - بازار كارخانىسى 339، ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋە ئاممىۋى تەشكىلات 57، كەسپىي ئورۇن 310، پۇقرا 90، باشقا تەشكىلاتلار 147. قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئادۋوكاتلار تەكلىپ قىلغان تەرەپكە 837 قېتىملىق ھۆججەت، 2131 تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەن توختامنى يېزىپ بەردى؛ 653 قېتىم سۆھبەتكە قاتناشتى، 4757 قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پىكرى ياكى تەكلىپ بىلەن تەمىنلىدى؛ 2493 ماجىرانى ۋەكالىتەن ھەل قىلدى، بۇنىڭغا ئالاقىدار مال - مۈلۈك سوممىسى 275 مىليون 816 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. 108 مىليون 478 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. 5503 جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا ئاقلىغۇچىلىق ۋە ۋەكالەتچىلىك قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جاۋابكارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاقلىغۇچىلىق قىلىنغىنى 4044، سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئاقلىغۇچىلىق قىلىنغىنى 299، ئۆزى ئەرز قىلغان ئەنزىگە ۋەكالەتچىلىك قىلىنغىنى 584؛ دۆلەت نامىدىن ئەيىبلەنگەن ئەنزىلەرگە ۋەكالەتچىلىك قىلىنغىنى 576. 5745 ھەق تەلەپ ئىشىغا ۋەكالەتچىلىك قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ - ئائىلە ئىشى 1624، مىراسخورلۇققا دائىر ئىش 750، ئۆي، ئۆي ئورنى، يەر - زېمىنغا دائىر ئىش 1020، ئەسەر، ماركا، پاتېنتقا دائىر ئىش 150، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ئىش 56، باشقا ئىش 2145. يۇقىرىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئەنزىلىرىگە ئالاقىدار مال - مۈلۈك سوممىسى 55 مىليون 393 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 5882 ئىقتىسادىي ماجىراغا ۋەكالەتچىلىك قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى 3658، دېڭىز ھادىسىسى ۋە دېڭىز سودىسىغا دائىر ماجىرا 19، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن كېلىپ چىققان زىيانغا بېرىلىدىغان تۆلەم ماجىراسى 1298، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ماجىرا 31، باشقا ھەق تەلەپ ئىشلىرى ماجىراسى 576؛ يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىلىرىگە ئالاقىدار مال - مۈلۈك سوممىسى جەمئىي 245 مىليون 655 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 95 مىليون 768 مىڭ يۈەن قەرز قايتۇرۇۋېلىندى. 362 مەمۇرىي دەۋاغا ۋەكالەتچىلىك قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسى 99، سودا - سانائەت مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسى 75، يەر - زېمىن مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسى 96، باج مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسى 14، تاموژنا مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسى تۆت، باشقا دەۋا ئەنزىلىرى 74؛ 117 جاۋابكارغا، 241 دەۋاگەرگە قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك قىلىندى. 2702 ئىش بويىچە دەۋاغا ياتمايدىغان قانۇن مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن، كۆپىيىسى يېزىلغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن توختام ۋە نىزامنامە 815، ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇنغا دائىر پىكىر 392، تەمىنلەنگەن قانۇنىي ئۈچۈر ۋە تەكلىپنامە 429، تەھقىقلەنگەن چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىش 13، قاتنىشىلغان سۆھبەت 208 قېتىم، مۇرەسسە ۋە كېسىم قىلىنغان دەۋا 598، ۋەكالەتچىلىك قىلىنغان ھەق تەلەپ ۋە سودا ئەنزىسى 65، چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھەق تەلەپ ئەنزىسى بەش، باشقا ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئەنزىسى 177، يۇقىرىدىكى دەۋاغا ياتمايدىغان ئىشلارغا ئالاقىدار مال - مۈلۈك سوممىسى 55 مىليون 51 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇلاردىن باشقا، ئادۋوكاتلار يەنە 5392 پارچە قانۇن ماتېرىيالىنى ۋەكالىتەن يېزىپ بەردى، قانۇندىن سورالغان 30 مىڭ 456 سوئالغا جاۋاب بەردى، 3722 ئادەم (قېتىم) قانۇندىن خالىس مەسلىھەت بەردى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ تۆمۈر يول ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، شىنجاڭ تاشقى سودا ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، شىنجاڭ سودا ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، شىنجاڭ كانچىلىق ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، شىنجاڭ 3 - ئادۋوكاتلىق

ئىشلىرى ئورنى، شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنىنىڭ شۆبىسى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11 - ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسى ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى بولۇپ جەمئىي 11 ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىدە ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئادۋوكاتلارنى ئاگاھلاندۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ھەرقايسى ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئادۋوكاتلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاشقا مەسئۇل قىلىندى. 1993 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش بىر تۇتاش ئىمتىھانى بىر يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىل 10 - ئايدا ئېلىنغان ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي 2381 كىشى قاتناشتى، ئىمتىھان قەغەزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن نومۇرچېكىگە يەتكەنلەر 677 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 28.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. خىزمىتى يۆتكىلىش، ئۆزى ئىستىپا بېرىش ۋە ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 58 ئادۋوكات ئازىيىپ كەتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئىمتىھانىدا نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلار ھەمدە سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار ئىچىدىن 362 كىشىنى كەسپىي ئادۋوكات قىلىپ تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادۋوكات 192، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئادۋوكات 110، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئادۋوكات 60. ئاپتونوم رايونىمىز 1993 - يىلى ئون ئادۋوكاتنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئالىي ئادۋوكاتلارنى تەربىيىلەش مەركىزىي ئۇيۇشتۇرغان ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى، 14 ئادۋوكاتنى مەملىكەتلىك ئاكسىيە قانۇن كەسپىي بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن تۆت نەپەر ئادۋوكات ئاكسىيە قانۇن كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. 1993 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلىق جەمئىيىتى ئىككى قارار ئىشقا چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، كەسپكە كىرىشىش ئالدىدا تۇرغان 73 ئادۋوكاتنى كەسپىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئىنتىزام جەھەتتىن تەربىيىلىدى.

جياڭ نەنزۇاڭ

## ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ تۈرمە، تۆت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتى ۋە بىر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىدا قېلىپلاشقان باشقۇرۇش بويىچە 2 - قارارلىق نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ھەرقايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى «تۈرمە، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزگەرتىش مۇھىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش»، «جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش» ۋە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى» غا ئاساسەن، قانۇننى ئىجرا قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلىش بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىر - ساقچىلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك خېلى ياخشى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرمە ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەرتىپنىڭ مۇقىملىقى ئىشقا ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 1 - تۈرمە قاتارلىق بەش ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى يەنە جىنايەتچىلەرنى «ئايرىم قاماش، ئايرىم باشقۇرۇش، ئايرىم تەربىيىلەش» خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدىكى ئالاھىدە مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، جىنايەتچىلەرنىڭ سىياسىي تەربىيە بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.5% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەرسخانىلاشقان تەربىيىنى قوبۇل قىلغانلار 66.5% نى ئىگىلىدى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 68.7% بولدى؛ تېخنىكا مائارىپى بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 49% كە، ھەرخىل تېخنىكا بويىچە دەرىجە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر جەمئىي 2691 گە يەتتى؛ ئومۇمىي ساۋات مائارىپى

بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 72% كە، ھەردەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشكەنلەر جەمئىي 4142 گە، ھەردەرىجىلىك كۇرسنى تاماملاش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر جەمئىي 7348 گە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق راۋاجلاندى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 117 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان تىجارەت خاراكتېرلىك پايدا 2 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىڭ 242 توننا ئاشلىق، 3051 توننا پاختا، 545 توننا ياغلىق دان، 6797 توننا قىزىلچا، 1005 توننا گۆش، 39 توننا تۇخۇم ئېلىندى. پاختا، ياغلىق دان، گۆش، كۆمۈر، ستانوك، ئاياغ كىيىم قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلىنىش خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەشكە قاتناشقان كادىر - ساقچىلار كادىر - ساقچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. ھەرمىللەتتىن بولغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش كادىر ساقچىلىرى ئارىسىدا خىزمەت كۆرسىتىپ نەمۇنىچى بولۇش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ئۈچ ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈچ مۇنەۋۋەر كادىر - ساقچى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى، 31 كادىر - ساقچى 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ، 52 كوللېكتىپ ۋە 62 كادىر - ساقچى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى، 31 كادىر - ساقچى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئەدلىيە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سېپىدە تۆھپە ياراتقان پېشقەدەم يولداشلارغا ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شەرەپ مېدالىنى تارقىتىپ بەردى، 65 ئادەم 1 - دەرىجىلىك «ئالتۇن يۇلتۇز» شەرەپ مېدالىغا، 338 ئادەم 2 - دەرىجىلىك «ئالتۇن يۇلتۇز» شەرەپ مېدالىغا، 388 ئادەم «كۈمۈش يۇلتۇز» شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى.

چيەن شۈۋ

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

1. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنى ئادەم تەربىيىلەيدىغان، ئادەمنى ئۆزگەرتىدىغان ئالاھىدە مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا چىڭ تۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 60% ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، سىياسەت، ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دەرس تەسىس قىلىندى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغان خادىملارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى سىياسەتتە 86.2%، تېخنىكا تەربىيىسىدە 85%، ئومۇمىي ساۋات تەربىيىسىدە 86.2% بولدى. ھەرقايسى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن پائال ماسلىشىپ ياردەم بېرىش ۋە تەربىيىلەش كېلىشىمنامىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك تەربىيىسىدىن بوشانغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەرقايسى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن ياردەم بېرىش - تەربىيىلەش ھال سوراش ئۆمىكىدىن 100 نەچچىنى، 1000 دىن ئۇشۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

2. قاتتىق باشقۇرۇش، مەدەنىيەتلىك باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشقان باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ھەرقايسى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، غەيرىي نورمال ئۆلۈشى ۋە زور ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنى تۈر، باسقۇچ بويىچە تەربىيىلەش، 100 نومۇرلۇق سىناق ۋە «ئىشچىلىقتا سىناپ كۆرۈش، دېھقانچىلىقتا سىناپ كۆرۈش، ئۆگىنىشتە سىناپ كۆرۈش» نى يولغا قويۇپ، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش نىسبىتى 1.3% بولدى، ئۆزگەرتىش تەس بولغان خادىملارنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغان خادىملارنىڭ تەربىيىلەش ئورنىدا ئۆزگىرىش نىسبىتى 85% تىن كۆپرەككە يەتتى، ئۆزگەرتىش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

3. تۈزىمەش، تازىلىقتا ئۆلچەمگە يېتىش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىيات قولغا كەلتۈرۈلدى. تۈزىمەش، تازىلىقتا ئۆلچەمگە يېتىشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىدە، 90% ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا تۈزىمەش، تازىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەر كۆكتات، ئاشلىق تېرىپ، توخۇ، كالا، قوي بېقىپ، تۈزىمەش ۋە تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئايلىق تاماق خىراجىتى ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 50 يۈەنگە يەتتى، ئۇلار پىششىق، ئىسسىق، پاكىز، تائاملارنى يېيەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تاماق سۈپىتىنى داۋاملىق ياخشىلىيالايدىغان بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئوزۇقلىنىشتىن زەھەرلىنىش ۋە كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىش كۆرۈلمىدى. جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى % 94 كە يەتتى. ئورۇمچى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلىتىش بىناسى سېلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ياخشى داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1993 - يىلى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىدارىسى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆل مۇئەسسەسلىرىنى رېمونت قىلدى، قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

4. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىشلەپچىقىرىشىدا «مەۋقەنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا قويۇپ، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دېھقانچىلىق، سانائەت، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت تۈپ فاڭجېندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىنىپ، كادىر - ساقچىلار ئارىسىدا باشقۇرۇش - تەربىيىلەش، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت قوش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم باشقۇرۇش - تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جالىڭ خۇا

# تۇرپان، پىچاندىكى كارىزلارنىڭ سانى

**تۇرپان شەھىرىدە:**

شەھەر بويىچە جەمئىي 445 كارىز بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1382.1 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە سۈيى بار كارىز 328، سۇ باشلايدىغان كارىز ئىككى، سۈيسىز كارىز 115. يېزا، مەيدانلارنى بىرلىك قىلىپ ئايرىغاندا، چاتقال يېزىسىدىكى كارىز 107، ئۇزۇنلۇقى 528.5 كىلومېتىر؛ يار يېزىسىدىكى كارىز 114، ئۇزۇنلۇقى 293.6 كىلومېتىر؛ قارغوجا يېزىسىدىكى كارىز بىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر؛ ئاستانە يېزىسىدىكى كارىز 11، ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر؛ سىڭگىم يېزىسىدىكى كارىز 98، ئۇزۇنلۇقى 154.7 كىلومېتىر؛ بۈيلۈق يېزىسىدىكى كارىز 26، ئۇزۇنلۇقى 94.5 كىلومېتىر؛ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى كارىز توققۇز، ئۇزۇنلۇقى 58.5 كىلومېتىر؛ باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى كارىز ئۈچ، ئۇزۇنلۇقى 2.7 كىلومېتىر؛ سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىدىكى كارىز بىر، ئۇزۇنلۇقى 0.8 كىلومېتىر؛ شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خىش زاۋۇتىدىكى كارىز بىر، ئۇزۇنلۇقى يېرىم كىلومېتىر؛ «قىزىليۇلتۇز» كۆمۈر كېنىدىكى كارىز بىر، ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر.

**پىچان ناھىيىسىدە:**

ناھىيە بويىچە جەمئىي 419 كارىز بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1178.13 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈيى بار كارىز 302، سۈيسىز كارىز 117. يېزىلار تەۋەلىكى ۋە ئىدارىلەر بويىچە ئايرىغاندا، ناھىيىلىك ئۈزۈمچىلىك تەرەققىيات شىركىتىدىكى كارىز بەش، ئۇزۇنلۇقى 35.1 كىلومېتىر؛ پىچان يېزىسىدىكى كارىز 39، ئۇزۇنلۇقى 911.81 كىلومېتىر؛ چىقتىم يېزىسىدىكى كارىز 72، ئۇزۇنلۇقى 206.095 كىلومېتىر؛ لەمجىن يېزىسىدىكى كارىز 44، ئۇزۇنلۇقى 114.37 كىلومېتىر؛ دالانكارىز يېزىسىدىكى كارىز 84، ئۇزۇنلۇقى 251.585 كىلومېتىر؛ دىغار يېزىسىدىكى كارىز 119، ئۇزۇنلۇقى 260.406 كىلومېتىر؛ تۇيۇق يېزىسىدىكى كارىز 56، ئۇزۇنلۇقى 228.663 كىلومېتىر كېلىدۇ.

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

**ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسملىكى**

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىسى: مەھەممەت نۇر

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چىڭ جۇڭچىڭ، ئابدۇراخمان رەخىمباي (قازاق)، تاۋمۇلەن (ئايال)، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى

شۇجىسى: نەيىم ياسىن

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ياڭ گاڭ، جۇماش شاكىرتى (قازاق)، رىزۋان ئەبەي، شياۋچىڭ

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىسى: خەلچەم ئىسلام

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن شۇيچىن، سەدەپقان (قازاق)، ھەلىمە ئابدۇللا، جىڭ خەييەن

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىسى: شۇپېڭ

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم، ۋېي ليۇگېن، مەقسۇت كۆمەك (قازاق)

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلىرى: نەجمىدىن نىزامىدىن، جاڭ لياڭچېن، ليۇشۇرېن، شۇ شيۇخۇا (ئايال)، مىجىت خۇدابەردى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىسى: فېڭ داجېن

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاۋ جېنمىڭ، تۇرسۇن سادىق، نۇربېك (قازاق)، جاڭ خۇڭچاۋ

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تۆلەۋقان ئىبراي (قازاق)، داڭ يۇلىن، باۋدۇنچۈەن

شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىسى: قېيۇم تۇردى

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن بوجۇڭ، ئىمىن ئەخمىدى، شەكەن ئوڭالباي (قازاق)، شاخەي (موڭغۇل)، پاشا ئىشان، پاتىخە مالىك، يۈسۈپ ماماي (قىرغىز)

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: رىزۋان ئەبەي

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: نەبى ئىبراھىم

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىسى: ۋۇزبىن

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى

بىرلەشمە باشلىقى: شۇ شۋاڭجىن

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: جۇمىڭگاڭ

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

**ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 12 مىڭ 559 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكىسى 107، پاي تۈزۈمى كارخانىلىرىدىكىسى 15 (جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى 12 سىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكىسى 2244، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل ئىشچى - خىزمەتچىدىن 3 مىليون 164 مىڭ 600 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 227 مىڭ 600، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىشچى-خىزمەتچى 833 مىڭ 200؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 746 مىڭ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 399 مىڭ 300؛ ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىدىكىسى 19 مىڭ 200. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 449 مىڭ 100، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى خىزمەتچى 985 مىڭ 100، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچى 558 مىڭ 200؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9279، پاي تۈزۈمى كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى

3287، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 143 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 875 مىڭ 100، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئەزا 476 مىڭ 900، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى 8998، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى (مۇدىرى) 806، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى 123 مىڭ 100، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى 265 مىڭ 400، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 2675 كادىرى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى مەكتەپلىرىگە تاللاپ ئەۋەتىلدى ھەمدە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىلان ئىچىدە تەربىيىلىگىنى 1823 بولۇپ، يىللىق پىلان %212 ئورۇندالدى، 50 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئوقۇش تارىخى ئېلىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» 6473، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بېرىلگەنلىرى 279، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك «نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بېرىلگەنلىرى 2395.

ۋاڭ جيۇشېڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى**

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 500 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 39 نەپەر، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 12 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ۋەكىل 192 نەپەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى خىزمەتچىلىرى 275 نەپەر، ئىلغار - نەمۇنىچىلەر 60 نەپەر، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە زىيالىيلار 85 نەپەر؛ 55 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار 464 نەپەر؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 195 نەپەر؛ ئايال ۋەكىللەر 149 نەپەر. قۇرۇلتايغا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ھەمدە سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، ھامىدىن نىياز، جىن يۈنخۈي قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەم بېيجىڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق 17 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) شەھەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى خەلچەم ئىسلام ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋەكالىتەن قۇرۇلتاينى تەبرىكلەپ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەھەممەت نۇر «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش داۋامىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، مۇئاۋىن رەئىسى چې جۇڭچاڭ يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. قۇرۇلتايدا جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 32 نەپەر ۋەكىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 52 نەپەر ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك خىراجەت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 11 نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. مەھەممەت نۇر رەئىسلىككە، چې جۇڭجاڭ، ئابدۇراخمان رەخمىباي، تاۋمۇلەن، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا 11 نەپەر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

ۋاڭ جيۇشېڭ

يى شيۇپىڭ

**«1 - ماي» ئەمگەك مېدالى، تەقدىرنامىسى ۋە شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش مېدالى، تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەنلەر تەقدىرلەندى**

1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن يەتتە ئورۇننى ۋە مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن 23 شەخسنى «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشكەن 50 ئورۇننى ۋە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەن 96 شەخسنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇلارغا مېدال، تەقدىرنامە ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھەققانىيەت يولىدا قارا نىيەتلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان يەنە بىر ئىشچىغا «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش» مېدالى ۋە گۇۋاھنامە بېرىلدى.

ۋاڭ جيۇشېڭ

## قوشۇمچە 1

**1993 ـ يىلى «1 ـ ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن ئورۇنلار**

شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتى، شىنجاڭ سانجى شەھەرلىك ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ياساش ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى 103 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ 9 ـ ليەندىكى لى رۇي ھۆددىگەرلىك سىمبىنىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى نېفىت ئېلىش 5 ـ ئەترىتىنىڭ 3 ـ نومۇرلۇق ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئورېيە سېخىنىڭ خىمىيە سانائەت 4 ـ سىمبىنىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش پونكىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى توشۇش ئۇچاستكىسى شاڭخەي پويىز ئەترىتىنىڭ 8 ـ گورۇپپىسى.

## قوشۇمچە 2

**1993 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىغا قارالسۇن)**

## قوشۇمچە 3

**1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنىڭ ئىسملىكى**

### ئىلغار كوللېكتىپلار

شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى، شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى، شىنجاڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئىلى 2 ـ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئۈرۈمچى مانتېيورلۇق ئۇسكۇنىلىرى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى، مىچۇەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ترانسپورت شىركىتى، شىنجاڭ «يېڭى زېمىن» سودا ـ سانائەت تەرەققىيات باش شىركىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 148 ـ تۇەن ـ مەيدانى، كۈنەس ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى.

### ئىلغار سىمبىنا ـ گورۇپپىلار

شىنجاڭ «چاڭخۇڭ» ئاق سېمونت چەكلىك شىركىتىنىڭ توك تەقسىملەش بۆلۈمى، شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتىنىڭ ماي باك گورۇپپىسى، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ماي ترانسپورت سودا سانائەت باش شىركىتىنىڭ باكلىق ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىش گورۇپپىسى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى پار قازان شۆبە مەيدانىنىڭ تالقانلاش سىمبىنىسى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتى پولات پروكاتلاش زاۋۇتىنىڭ سىم ماتېرىياللىرى سېخى 3 ـ سىمبىنىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ بېيتۈن تارماق بانكىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ بېيتۈن ماي ئامبىرى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك چارلاش ئىدارىسى 156 ـ ئەترەت 104 ـ بۇرغىلاش گورۇپپىسى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركان قېزىش ئۇچاستكىسىنىڭ قېزىش سىمبىنىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ سېمونت سېخى تىك خۇمدان 2 ـ سىمبىنىسى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ليۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ سۇۋېنخەي سىمبىنىسى، شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رەخت توقۇش سېخىنىڭ «ب» سىمبىنا 3 ـ گورۇپپىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ كاتالىزلاش سېخى 2 ـ مەشغۇلات گورۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4 ـ ترانسپورت شىركىتى ئاپتوموبىل 4 ـ كالونىنىڭ رېمونت سىمبىنىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى كورلا پويىز ئۇچاستكىسىنىڭ شىئەن 2 ـ سىمبىنىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى لۇتەيپىڭ تامچىلىق گورۇپپىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى خروملۇق تۇز زاۋۇتىنىڭ خروم ئانگىدرىد 2 ـ سىمبىنىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىتلىكلەردە ماشىنا بىلەن يول ياساش شىركىتىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنا سىمبىنىسى، ئۈرۈمچى «ئۈچقۇن» ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرى زاۋۇتىنىڭ ماشىنا ـ ئېلېكتر سېخى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات ـ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باش شىركىتى 1 ـ شۆبە شىركىتىنىڭ 5 ـ ماگىزىنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى مەركىزىي توك تەڭشەش ئورنى، چۆچەك شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى قىزدۇرۇش سېخىنىڭ 4 ـ سىمبىنىسى، شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتى كورلا نېفىت شۆبە شىركىتىنىڭ قارىياغاچلىق ماي قاچىلاش پونكىتى، ئۈرۈمچى ئالىيۇمىن زاۋۇتى ئالىيۇمىن تاۋلاش سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ گورۇپپىسى، بورتالا شېكەر زاۋۇتى دانىچە شېكەر سېخىنىڭ پار قازان سىمبىنىسى، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ماي يېمەكلىكلىرى تېببىي داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش شىركىتىنىڭ داخېيەن تاشقى سودا ئارىلىقتا يۆتكەش پونكىتى، شىنجاڭ 2 ـ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رەخت توقۇش سېخىنىڭ «ئا» سىمبىنىسى، شىنجاڭ ماشىنىلاشقان قۇرۇلۇش شىركىتى

قۇم-شېغىل مەيدانى تاشچىلىق ئەترىتىنىڭ 2 - سېمېنىسى، شىنجاڭ يېڭىلىق سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش - قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ سىلىنسارلىق گورۇپپىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرلۈك مالار شىركىتىنىڭ ساقلاش - توشۇش بۆلۈمى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «قىزىليۇلتۇز» دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرلار گورۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى كۆمۈر كېنىنىڭ «نۇرلۇق» يانتۇ قۇدۇق 6 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ 4 - رايون ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سودا مەركىزى مېھمانخانىسىنىڭ 6 - قەۋەت مۇلازىمەت سېمېنىسى، شىنجاڭ بۇلۇڭكۆل مىس كېنىنىڭ رۇدا تاللاش سېخى، غۇلجا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ قۇمۇل تاشيول ئۆچاستكىسىنىڭ تەڭرىتاغ بۇتخانىسى يول ئاسراش سېمېنىسى.

## قوشۇمچە 4

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى

لۇڭ جىنتو (داغۇر، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن)، ياڭ كۈيرۇڭ (ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدىن)، شى پولى (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۈچكە تەتقىقات مەركىزىدىن)، ياسىن خىزىر (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۇچا - شايار - توقسۇ يەرلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىدىن)، لى پىڭ (ئايال، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىدىن)، سەي شىڭگو (كۈيتۇڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن)، ۋاڭ يەنبي (ئايال، خۇيزۇ، ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن)، چياۋ زېڭبىڭ (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش 3-زاۋۇتىنىڭ قۇدۇق رېمونت قىلىش چوڭ ئەترىتىدىن)، ئامىنە داۋۇت (قاراماي شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، يۈەن زۇڭخۇ (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى «32833» ئەترىتىدىن)، گو يۇڭشىن (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىدىن)، ئۆمەر ئىمىرھەمزە (شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى تەمىنلەش بۆلۈمىدىن)، ۋاڭ فېڭشيا (ئايال، ئۈرۈمچى «تيەنجياڭ» تېرە - يۇڭ زاۋۇتىدىن)، جيەن رېنشېڭ (شىنجاڭ قۇرۇلۇش خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىن)، ئابلىمىت ئىبزىز (تۇرپان شەھەرلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىدىن)، كاڭ دېيەنشياڭ (پىچان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىدىن)، روزى تۇرسۇن (قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتىدىن)، بەي يۇبىڭ (شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتىدىن)، لىياڭ سولۇڭ (شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش شىركىتى قۇمۇل تۈرلەر جىڭلىبۇسىدىن)، گې ماۋلىن (شىنجاڭ سۇ - ئېلېكتر لايىھىلەش ئورنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن)، ياڭ چېڭشەن (قۇمۇل شەھەرلىك چىرىندا كىسلاتا تەتقىقات ئورنىدىن)، يىن خۇگرېن (شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىدىن)، رېشىت (بورتالا ئوبلاستلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىدىن)، تۇرسۇن مەھەممەت (ئىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىن)، جاڭ جېنمېي (ئايال، سودا - سانائەت بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق ئىش باشقارمىسىدىن)، جەن شۇمىڭ (خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايروپىلان رېمونت زاۋۇتىدىن)، ياڭ خاۋلى (شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتىدىن)، جاڭ خەيجۇڭ (خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ترانسپورت شىركىتىدىن)، ماھىنۇر ئەيسا (خوتەن ۋىلايەتلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن)، ئەخمەت شەمشىدىن (شىنجاڭ ئۇزۇن يوللۇق سىملىق يەتكۈزۈش ئىدارىسى خوتەن شۆبە ئىدارىسىدىن)، سەمەت روزى (شىخو ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، لى شياڭيى (شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىدىن)، مېڭ چىڭتيەن (شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسىدىن)، ئابلەت شاۋۇدۇن (ئاتۇش تاشيول ئۆچاستكىسى تورغات يول ئاسراش سېمېنىسىدىن)، تيەن يىبىن (ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدىن)، جاۋ جۈن (ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئۈرۈمچى ۋوگزالى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنىدىن)، شۇ يىنجېن (ئايال، تۇرپان تۆمۈريول پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)، چېن شۇجياڭ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى تۆمۈر يول مۇلازىمەت - ئۆچاستكىسىنىڭ پويىز ئەترىتىدىن)، ۋۇ چاڭيۈەن (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدىن)، دۇ شيەنجاڭ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ كۈيتۇڭ سۇ ئېلېكتر ئۆچاستكىسىدىن)، گو گۇاڭدې (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ كۈيتۇڭ پاراۋۇز ئۆچاستكىسىدىن)، گو شېڭجاڭ (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ھاۋارايى ئىستانسىسىدىن)، ياڭ شېڭخۇا (خۇيزۇ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت باشقارمىسىدىن)، ۋاڭ شىن (شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى «ياشلار» بېرىزىنت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش زاۋۇتىدىن)، خۇ شياڭدۇڭ (شىنجاڭ كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىدىن)، توختى مەھەممەت (يېزا ئىگىلىك بانكىسى باي ناھىيە تۈز يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىن)، دىلارا ھەسەن (ئاپتونوم

رايونلۇق ئۆمۈملۈك ئامراش پونكىتىدىن)، ياڭ لىشىڭ («1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن)، مۇسا (قازاق، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائەت شىركىتى كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 1 - كېنىدىن)، ۋاڭ مىڭفا (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ تارىم ترانسپورت شىركىتىدىن)، ماجېڭلۇ (خۇيزۇ، بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىدىن)، گورۇڭ (شىبە، سودا - سانائەت بانكىسى قورغاس ناھىيىلىك تارماق بانكىسىدىن)، پېڭ جىيى (شىنجاڭ مېتال ماتېرىياللار باش شىركىتىدىن)، لۇ سۇنمىڭ (ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن)، رېيىمجان سېلىم (شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق - كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش باش پونكىتىدىن)، جۇجىنپو (ئىلى پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدىن)، نيۇ جىيې (غۇلجا شېكەر زاۋۇتىدىن)، يۇ شيەنگو (قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1 - كېنىدىن)، دۇيىەن (قازاق، ئالتاي شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، گۇ شېڭجېن (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ 1 - پولات تاۋلاش زاۋۇتىدىن)، جاڭ پېشۇن (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 9 - ئۇچقۇچىلار چوڭ ئەترىتىدىن)، گۇلسۇم (شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتىدىن)، جياۋ دېگۇڭ (قۇرۇلۇش بانكىسى سانجى ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىدىن)، ليۇكەيخۇا (بايىنغولىن ئوبلاستلىق فارفور زاۋۇتىدىن)، جياڭ يۇنفاڭ (ئايال، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى ئىدارىسىدىن)، ۋېي جيەنلەي (شىنجاڭ «ئالغا» ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر زاۋۇتىدىن)، ماشۈمىن (خۇيزۇ، باغراش ناھىيىلىك شېكەر - تاماكا - ھاراق شىركىتىدىن)، شۇ كېچىڭ (قۇتۇبى ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتىدىن)، لىن چۈن (خۇيزۇ، مىچۈەن ناھىيىلىك كۆمۈر كېنىدىن)، ۋاڭ باۋچۈن (شىنجاڭ يېنىك سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، قۇراشتۇرۇش شىركىتىدىن)، روشەنگۈل مامۇت (شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسى 2 - فابرىكا ئىنچىكە يىپ «ئا» سېمېنىسىدىن)، ليۇ شۇجېن (ئايال، شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئۈچەي زاۋۇتىدىن)، توڭ داخۇا (خۇيزۇ، شىنجاڭ «شىنخۇا» 2-باسما زاۋۇتىدىن)، ياڭ ۋېنچېڭ (شىنجاڭ 3-بىناكارلىق شىركىتى ماشىنا بىلەن كۆتىرىپ قۇراشتۇرۇش شىركىتىدىن)، ئورالبېك بولۇسقان (قازاق، كۈنەس ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ يەن (شىنجاڭ ھەربىي رايون «7009» زاۋۇتىدىن)، ليۇچىرۇڭ (قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتىدىن)، خې گۈەنسەن (قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىدىن)، سەي جۇڭجۇ (شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە 1 - چوڭ ئەترىتىدىن)، ئارزىگۈل (جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئىلى تارماق بانكىسىدىن)، چۈەن بىڭجۇڭ (خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدىن)، ليالڭ جېڭيۈەن (جىمسار ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، چۇ ۋاڭشەن (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار باش شىركىتىدىن)، چېن فۇلۇڭ (شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىدىن)، جاۋ ۋېنخۇا (ئايال، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 88 - تۈەن - مەيدانىنىڭ 5 - ليەنىدىن)، مۇسا مەمتېلى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى 50 - تۈەن - مەيدانىدىن)، لى ليەنپۇ (شىخەنزە ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن)، لى جىچۈەن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى 2 - ئەترىتىدىن)، بەي شىمىڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن)، يۈسۈپجان (كونەس شېكەر زاۋۇتىدىن)، ھاكىم خالچاباي (قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىدىن)، غوپۇر ئاۋۇت (ئاتۇش شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىدىن)، مارۋىدۇڭ (شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ترانسپورت شىركىتىدىن)، ماجيې (شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ترانسپورت سانائەت - سودا باش شىركىتىدىن)، جۇيۇڭشەن (شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 2 - شىركىتىدىن)، جاڭ شىن (سانجى شەھەرلىك ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتىدىن)، رەيھان ھېمىت (ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى يولۇچى - توشۇش ئۆچاستىكىسىدىن).

## سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2787 ئەمگەك مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى، 1 مىليون 440 مىڭ كىشى مۇسابىقىگە قاتناشتى، «ئىككىنى ئاشۇرۇپ، ئىككىنى تېجەش» تە 403 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 24 مىڭ 300 ئىلغار (نەمۇنىچى) كوللېكتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار سىمېنا - گۇرۇپپا 19 مىڭ)، 135 مىڭ ئىلغار شەخس مەيدانغا كەلدى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك مۇسابىقىسى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ «〈ئالتىدە مۇسابىقىلىشىش، ئالتىنى سېلىشتۇرۇش، ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيە يارىتىش〉 پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، 8 - ئايدا «ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك مۇسابىقە كومىتېتلىرىنى تېزدىن قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان ئەمگەك مۇسابىقە كومىتېتى توققۇزغا، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئەمگەك مۇسابىقە كومىتېتى 19 غا يەتتى. ئەمگەك مۇسابىقىسى جەريانىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر

لوتتۇرىغا قويغان ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ 110 مىڭ بولۇپ، 31 مىڭ 700 ى يولغا قويۇلدى. 200 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى (تېجەلدى). 496 تۈر كەشىپ قىلىندى ۋە بۇنىڭدىن يارىتىلغان (تېجەلگەن) ئىقتىسادىي ئۈنۈم 21 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ جيۇشياڭ

چياڭ دېشياڭ

**ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى**

1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈم ئىسلاھاتى كومىتېتى بىرلىشىپ «پاي تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچى (ۋەكىللەر) لىرى قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئۆلچىمى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچى (ۋەكىللەر) لىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى) نى بېسىپ تارقىتىلىدىغانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 7 - ئايدا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش بۆلۈمى «مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ لۇلەنتىڭ (ئايال، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)، ئەيسا ئېلى (ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)، جاڭ مىن (ئايال، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن) لار «مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ۋاڭ فېڭ (ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)، ۋاڭ زۇڭزىي (شىنجاڭ ئۈنىۋېرسال ئېلېكتر ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)، ۋاڭ زوڭشيەن (ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)، جاڭ جيەنمىن (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن) لار «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ تەربىيىلەپ بەرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى 1500 دىن ئاشتى.

ۋاڭ جيۇشياڭ

لۇ لەنتىڭ

**«نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى»، «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى» ۋە «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپلىرى» تەقدىرلەندى**

1993 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلى ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 80 «نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» نى، ۋەن شيۇجۇڭ قاتارلىق 109 «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى» نى، لى ۋېي قاتارلىق 96 «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى» نى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىل بولغان 14 پېشقەدەم يولداشنى تەقدىرلىدى.

ۋاڭ جيۇشياڭ

يې شيۇپىڭ

**ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيەتلىرى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 10 - ئايدا ماناستا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق 11 ئورۇن تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتى تەشكىلاتى 656 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 90 مىڭدىن ئاشتى. تېخنىكا يېڭىلاش، كەشىپ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش بويىچە 1324 تۈر ئورۇندىلىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 35 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ھەر خىل تېخنىكىلىق تەربىيىلەش، ئىش ئورنىدا مەشىق قىلدۇرۇش كۇرسلىرىدىن 1040 سىنىپ (قېتىم) ئېچىلىپ، تەربىيىلەنگەن ئىشچى - خىزمەتچى 27 مىڭ 400 ئادەم

(قېتىم) گە يەتتى؛ 113 ئىش تۈرى بويىچە تېخنىكا مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى، مۇسابىقىگە 2025 ئورۇن، 247 مىڭدىن كۆپ ئادەم قاتنىشىپ، 16 مىڭدىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك تېخنىكا كەسپىي ماھىرلىرى تاللاپ چىقىلدى. 1993-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تىغ ئەسۋابلار كەسپىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى بىلەن «قاتتىق قېتىشما مېتاللارنى تىغ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ قوللىنىش» بويىچە توختامنامە ئىمزالىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مېتال كېسىشتە ئىشلىتىلگەن قاتتىق قېتىشما مېتال ئىچىدە تىغ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ قوللىنىش نىسبىتى 65% كە يەتتى، 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە مۇشۇ تېخنىكا كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، 2 مىليون 626 مىڭ سائەت ئىش ۋاقتى، 267 توننا پولات ماتېرىيال، 2 مىليون 390 مىڭ يۈەن تىغ ئەسۋابلىرى خىراجىتى تېجەلدى. بۇ ئۈچ تۈردە جەمئىي 30 مىليون يۈەن تېجەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىزمىتى، كېڭەيتىش نىسبىتى ۋە كېڭىيىش دائىرىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن.

ۋاڭ جيۇشېڭ

داڭ بونۇڭ

### ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كارخانا ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلارنى يولغا قويدى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 404 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى كارخانا ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلارنى يولغا قويۇپ، كارخانا، كەسپىي ئىشلار ئورنىدىن 664 نى قۇردى. كارخانا ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5200 دىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان پەرزەنتلەر 1200 نەچچە، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئارتۇق خادىم 2000 نەچچە، مال - مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 250 مىليون يۈەن، تىجارەت كىرىمى 13 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى، يۇقىرىغا 3 مىليون 130 مىڭ يۈەن باج، مەسئۇل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا 850 مىڭ يۈەن خىراجەت تاپشۇرۇلدى.

ۋاڭ جيۇشېڭ

### ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت خىزمىتى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، كۇلۇب قاتارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي پائالىيەت سورۇنى 1060 قا، كۇتۇپخانا (قىرائەتخانا) 5011 گە، كىنو قويۇش ئورنى 596 گە، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى (ئەترىتى) 1130 غا يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا، سانائەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى (ئىدارە) ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا قاراشلىق قىسمەن مەدەنىيەت سارايلىرى، كۇلۇبلىرىنى تەكشۈرۈپ، باھالاپ بېكىتتى، 19 مەدەنىيەت سارىيى ۋە كۇلۇب ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تارقاتقان لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق 1 - شىسى 10 - تۇەن - مەيدانى «بوستان مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى» ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات-تۆمۈر شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى، مەدەنىيەت - سەنئەت كۆرىكى، رەسساملىق، خەتتاتلىق ۋە فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى، فىلىم ۋە كىتاب ھەققىدە تەقرىز ئېلىپ بېرىش، ئاساسىي قاتلاملارغا كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە «كارا OK» مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئويناپ چىققان «ئارماندا كەتمەك»، «كان باشلىقىنى ئىزدەش» دېگەن ئېپىزوتلار مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئېپىزوت مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك «ئالتۇن خوراز لوڭقىسى» ئامىمىنىڭ فىلىم ھەققىدە تەقرىز قىلىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى «مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ» مۇكاپاتىغا، كۇلۇب مۇدىرى سۇن شاڭجېي «مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە مەدەنىيەت سارايلىرى، كۇلۇبلار ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەزگىلىدە ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى، مۇزىكا - ئۇسسۇل، ماقالا قوبۇل قىلىش، سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى قاتارلىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئەدەبىيات -

سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

ۋاڭ جيۈشياڭ
نيۇ چاڭشىڭ

**ئاياللار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەت ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۆلۈمى «ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتى ھەققىدىكى بەلگىلىمە» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى توغرىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 50 كارخانىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈلگەن ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 42 مىڭ 585 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 51.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 50 كارخانا ئىچىدە ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرى بار ئورۇن %50 نى ئىگىلىدى. بەلگىلىمىدىكى تەلەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلغان ئورۇن %8 نى، بەلگىلىمىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان ئورۇن %66 نى ئىگىلىدى. ئاياللارنىڭ ھېيز مەزگىلىدە، ئۇلارنى ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىدىغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق، سوغۇق سۇ ئىچىدە ئىشلەيدىغان ئورۇنلاردىن ۋە 3 - دەرىجىلىك جىسمانىي ئەمگەك ئورۇنلىرىدىن يۆتكەپ قويغان ياكى بىر - ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش بەرگەن ئورۇن %68 نى، ئادەم سانى ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاياللارنىڭ ھامىلدار، تۇغۇت ۋە ئېمىتىش مەزگىللىرىدە ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، %2 ئورۇندا ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىش مەسىلىسى كۆرۈلدى. ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغان ئورۇن %92 نى تەشكىل قىلدى. ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنىڭ سانى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھامىلدار ئايال ئىشچىلار سانى ئايال ئىشچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 3.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۇرغان ئورۇن %20 نى، ئاياللارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلمىغان ياكى سالامەتلىك تەكشۈرتكەن ۋاقتىنى خىزمەت ۋاقتىغا ھېسابلىمىغان ئورۇن %28 نى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش چىقىمىنى تولۇق ھېسابتىن كۆتۈرۈپ بەرمىگەن ئورۇن %8 نى ئىگىلىدى. بىر ئورۇن بىر ئايال ئىشچىنى تۇغۇتتىن ئىلگىرىمۇ چەكلەنگەن ئەمگەككە سالدى، ئالتە ئورۇن ھامىلدار بولغىنىغا يەتتە ئايدىن ئاشقان 140 ئايال ئىشچىنى داۋاملىق كېچىلىك سمېنىدا ئىشلەتتى. ئاياللارغا 90 كۈن تۇغۇت دەم ئېلىشى بەرگەن ئورۇن %64 نى، ئىش ھەققىنى %100 بەرگەن ئورۇن %64 نى ئىگىلىدى. كېچىكىپ توي قىلغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندىكى تۇغۇت دەم ئېلىشى 90 كۈندىن يۇقىرى بولغان ئورۇن %34 نى، ئىش ھەققىنى %100 بېرىپ تۇرغان ئورۇن %34 نى ئىگىلىدى. ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى ئىچىدە بالا ئېمىتىدىغان ئايال ئىشچى-خىزمەتچى 1657 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېمىتىش ۋاقتى يوقلىرى %8.2 نى ئىگىلىدى؛ ئېمىتىش ۋاقتىدىكى ئىش نورمىسىنى چىقىرىۋەتمەيدىغان ئورۇن %34 بولۇپ، ئادەم سانى %22 نى ئىگىلىدى، يەنىلا چەكلەنگەن ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلار %2.4 نى ئىگىلىدى، كېچىلىك سمېنا ئىشلەيدىغان ئورۇن ئالتە بولۇپ، %17.5 نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ جيۈشياڭ
ليالىڭ پىڭ

**ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تاشقى ئالاقە مەركىزى ئېلىمىزگە زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ رايونىدىن كەلگەن ئۆمەك (گۇرۇپپا) لەردىن جەمئىي سەككىز تۈركۈمدە 66 كىشىنى كۈتۈۋالدى؛ بىر ئۆمەك (گۇرۇپپا) دىكى ئىككى كىشىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بەردى. زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك (گۇرۇپپا) مۇنۇلار: قازاقىستان ئىشچىلار بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئىككى كىشى) ياپونىيە «شىننەيچۈەن» جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى (ئۈچ كىشى)؛ ياپونىيە دۆلەتلىك ياپونىيە - جۇڭگو ئەمگەك مۇلازىمىتى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ئايال ماتارىپچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى (ئون كىشى)؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى (بەش كىشى)؛ ياپونىيە بىڭگۇ ناھىيىلىك ياپونىيە - جۇڭگو ماتارىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئون كىشى)؛ شياڭگاڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى (13 كىشى)؛ ياپونىيە «نەيلياڭ» جۇڭگونىڭ كۆز پەسلىنى ساياھەت قىلىش بويىچە 2 - قېتىملىق جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى (ئون كىشى)؛ ياپونىيە «خېڭبىڭ» قاتناش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سابىق ۋېييۈەنجاڭى لىگمۇيىنەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ بەش كىشى. چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققان ئۆمەك (گۇرۇپپا)؛ قىرغىزستانغا زىيارەتكە چىققان شىنجاڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى.

ۋاڭ جيۈشياڭ
زۇلفىيە

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە كوماندىسى ئاممىباب تەنتەربىيە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى**

1993 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە كوماندىسى ۋۇخەنگە بېرىپ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىباب تەنتەربىيە تۈرلىرىنى يارىتىش، ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 25 تۈردە دەرىجىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 تۈر شەخسلەر بويىچە 1 - لىكتىن 3 - لىككە ئېرىشتى. ئەرلەر كوماندىسى كوللېكتىپلار بويىچە 3 - لىككە، ئاياللار كوماندىسى كوللېكتىپلار بويىچە 7 - لىككە ئېرىشتى. پۈتۈن كوماندا جەمئىي سەككىز مۇكاپات لوڭقىسىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جيۇشېڭ

# كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

**ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى**

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلدىكى ياشلار (14 ياشتىن 28 ياشقىچە) 3 مىليون 375 مىڭ 686؛ ئىتتىپاق ئەزاسى 851 مىڭ 562 بولۇپ، ياشلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئايال ئىتتىپاق ئەزاسى 366 مىڭ 907 بولۇپ، ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ 43.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىتتىپاق ئەزاسى 364 مىڭ 207 بولۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 42.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسى 104 مىڭ 189، ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن پارتىيىگە كىرگىنى 14 مىڭ 883، ئىتتىپاق ئەزالىقى ساقلاپ قېلىنغان پارتىيە ئەزاسى (يېشى 28 گە توشمىغان ياش پارتىيە ئەزالىرى) 17 مىڭ 172. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 2879، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 4146، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 48 مىڭ 708.

1. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر سايلىمى. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 31 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى نەيىم ياسىن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، مۇئاۋىن شۇجى يالڭ گاڭ قاتارلىق بەش كىشى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

2. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «خىزمەتنى ئاساسىي قاتلامغىچە ئىشلەش، پۈتۈن ئىتتىپاق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى تەشكىلىي قۇرۇلۇش خىزمىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئون نەچچە كادىرنى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار 42 ناھىيە، شەھەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانلىرى، 98 يېزا (بازار - مەيدان)، 242 كەنت بىلەن بىر قىسىم مەكتەپ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئۆلچىمى ۋە تەكشۈرۈش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈردى ھەم ئۆز ۋاقتىدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ تەشكىلات تارماقلىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى. 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بەش چارۋىچىلىق ناھىيىسىدىكى 12 يېزا (بازار - مەيدان) نىڭ 23 چارۋىچىلىق كەنت، ئەترەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 10 - ئاينىڭ باشلىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر تۈركۈم مەشغۇلاتچانلىققا، رېئاللىققا ئىگە تەدبىر، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇشىغا خېلى ياخشى ئاساس سالدى.

3. كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى. 1993-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن ئورگان كادىرلىرىدىن 11 ئادەمنى تاللاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چېنىقىشقا ئەۋەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىدىن ئىككىسى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا، ئىتتىپاق كادىرىدىن بەشى شەندۇڭغا، تۆتى شاڭخەي شەھىرىگە ئەۋەتىلدى)، ئورگاندىن باشقارما دەرىجىلىك ئىككى كادىرنى قەشقەر، خوتەنگە چېنىقىشقا

ئەۋەتتى؛ 20 نەپەر ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرىنى تەشكىللەپ، شەندۇڭ، شاڭخەي، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئىتتىپاق كومىتېتلىرى قۇرغان ئەمەلىي گەۋدىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

4. كادىرلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە 40 ئىتتىپاق كادىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى، جۇڭگو ياشلار سىياسىي شۆيۈەنى بىلەن شاڭخەي ياش كادىرلارنى باشقۇرۇش شۆيۈەنى بىرلىكتە 280 ئىتتىپاق كادىرى (ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان) نى تەربىيىلەپ بەردى، مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىتتىپاق مەكتىپى، سىچۈەن ياش كادىرلارنى باشقۇرۇش شۆيۈەنى قاتارلىق ئورۇنلار قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 132 ئادەمنى تەربىيىلەپ بەردى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، نازارەت، ئىدارىلەر، ئالىي مەكتەپلەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ جەمئىي 2137 ئادەمنى تەربىيىلىدى.

شۇ جياڭ

## لېي فېڭدىن ئۆگىنىشكە دائىر پائالىيەتلەر

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يولداش لېي فېڭغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەت ئېيى» ئۇيۇشتۇردى ھەم 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەت ھەپتىلىكى» قىلىپ بېكىتتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 50 مىڭ ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشنى تەشكىللەپ، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «جۇڭگو تۆمۈر يوللىرىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 20 مىڭدىن كۆپرەك ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ساي يولىدىكى قار - مۇزلارنى تازىلىدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىكى كوماندىر جەڭچىلەر «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ تۆھپە قوشۇش كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن چاقىرىقنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 75 ئىلغار كوللېكتىپنى ۋە 83 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە «لېي فېڭ مېنىڭ قەلبىمدە» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچى رايونىدىن 100 مىڭ نەپەر ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشنى تەشكىللەپ، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ خالىس تۆھپە قوشۇش كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى «لېي فېڭ روھى خىزمەت ئورنىدا نۇر چاچماقتا» ناملىق ئىش ئورنى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ياش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئومۇمىي قوزغۇلۇشى تەشۋىقات كۈنى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنى ۋە ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، «ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش» خاتىرە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى، بۇ يەردە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ھەرقايسى زاۋۇت، كان، كارخانىلار، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر، قوراللىق ساقچى قىسمى، ئازادلىق ئارمىيە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ياشلار ۋەكىلى ھەم ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بولۇپ 60 نەچچە كىشى قاتناشقان «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 74 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، شىنجاڭ «كاڭلې» ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرىنى ياساش چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىن 3000 ئىتتىپاق ئەزاسىنى قاتناشتۇرۇپ «ئولىمپىككە مۇھەببەت» ناملىق شەھەرنى ئايلىنىپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتى

ئۇيۇشتۇردى.

نەي دېۋېن

**ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە قىسمەن تېخنىكۇملارنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قورۇلۇشى لاگېرى (ئەترىتى، گۇرۇپپىسى) دىن ئاز كەم 100 نى ئۇيۇشتۇرغان، ئوقۇغۇچىلار يازغان 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن 300 دىن ئارتۇق ھەرخىل پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان.

1993 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە پەن - تېخنىكا تۈرلىرى كۆپەيتىلدى ھەم بىۋاسىتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. شىنجاڭ نېفىت شۆيۈەنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار بىلەن پەن - تېخنىكا زېھنىي مۇلازىمىتى بويىچە توختام ۋەزىپىنامىسى ئىمزالاپ، ۋەزىپە يۈكلەپ چېنىقتۇرۇش، ئەقلىي مۇلازىمەت قاتارلىق تۈرلەرنى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ۋەزىپە يۈكلەپ چېنىقتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 20 نى تونۇشتۇردى. ئۇلار ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ ياردەمچى شۇجىسى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ياردەمچى مەسئۇلى، شۇنداقلا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەتىل مەزگىلىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەكتەپتىكى «ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قۇرۇلۇشى لاگېرى» غا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاراماي نېفىت ئېلىش 3-زاۋۇتىدا 1 - سەپتە نېفىت ئېلىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئاسراش، نېفىت ئېلىش پونكىتىنى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، 9640 يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى تەشكىللىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋېلسىپىت بىلەن يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى 1100 كىلومېتىر يول بېسىپ، ئۇلار يول بويى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى، ئۇلار كۆزلىگەن جاي — غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ 64 - تۇەن - مەيدانىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بويىچە مۇددىئانامە ئىمزالىدى، سەككىز نۇسخا ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تۈزۈپ، تۇەن - مەيدانلار ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك رۇس تىلى كۇرسى ئېچىپ بەردى. شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى قۇرۇلۇش - بىناكارلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئۆي مۇلۇك كەسپىنى دەرس تېمىسى قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆي مۇلۇك تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئۇدا توققۇز يىل مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنى باھالاش بويىچە (رىقابەت لوڭقىسى) مۇسابىقىسى» پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز بىر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خې چۈەن

**ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى**

1) ئىدىيىۋى تەربىيە. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىتتىپاق مەكتىپى، ماركسىزم - لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، چوكانتال مەۋسۇمى، «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى، دۆلەت بايرىمىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىق ئىدىيىۋى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئىككى تارىخ، بىر ئەھۋال» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى.

2) تەشكىلىي قۇرۇلۇش. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ھەمدە تەشكىلىي خىزمەتنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى سىنىپ دەرىجىلىك ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا قويۇپ، ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە بىر مەۋسۇملۇك تەربىيىلەش كۇرسى تەشكىللەپ، 30 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق كادىرىنى تەربىيىلىدى.

3) ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيەت تەربىيىسى پائالىيىتى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەشكىللىگەن «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدار مېدالى» پائالىيىتى بىلەن «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدار ئۆلگىسى» پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

خې چۈەن

## ياشلار بىرلەشمىسى خىزمىتى

1. 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى 5 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 7-سانلىق دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى چاقىرىپ، ياشلار بىرلەشمىسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئون نەپەر ئورنى بەلگىلەنگەن ئەزاسىنى تولۇقلاش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى، يىغىنغا ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 130 دىن ئارتۇق دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ۋە ئەزالىرى قاتناشتى.

2. «ياشلىق باھارىنى 8 - بەش يىللىق پىلانغا بېغىشلاش، ئۆز ئورنىدا تۆھپە قوشۇش» بويىچە خىزمەت كۆرسىتىپ، ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، زېھنىي كۈچ ئارقىلىق چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئۈچ ئۇرۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئەلا نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلىدى. ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ئابىدە، چى شىڭ، نۇربەكرى، سۇن جيابىن، جياڭ لىن، تيەن جىجيەن، خەن شىنپىڭ، ۋاڭ گاڭ، شېن چياۋ، ۋاڭ جىجۈڭلار ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ياشلار بىرلەشمىسى ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەش، ئەلا نەتىجە يارىتىش جەريانىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يۈرۈشلەشكەن كىتابلاردىن «غالىبلار» ناملىق كىتابنى نەشر قىلىپ، 3000 نۇسخا تارقاتتى، بۇ كىتابقا ياشلار بىرلەشمىسى ئەزالىرىدىن 13 كىشىنىڭ ئىش ئىزلىرى كىرگۈزۈلدى.

3. 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە چاقىرغان تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا 147 ياش ۋە 58 كوللېكتىپ تەقدىرلەندى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرىجىڭدا چاقىرغان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىككى ئىلغار كوللېكتىپ، ئالتە ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەت يېرىم يىل داۋام قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

4. 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسى بورتالا، ئىلى، قىزىلسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، مەخسۇس فىلىم «ئۈتلۈق كۆي» نىڭ شىنجاڭ قىسمىنى سۈرەتكە ئالدى، بۇ فىلىمدا پۈتۈن مەملىكەتكە شىنجاڭدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ياشلار ۋە مۇنەۋۋەر كوللېكتىپلارنىڭ شانلىق ئوبرازى تەشۋىق قىلىندى. نى شياڭ، ليۇ يۆپىڭ، يې جەنلىن قاتارلىق ئەزالار سۈرەتكە ئېلىندى، بۇ فىلىم «4 - ماي» ياشلار بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەش قىسىمغا بۆلۈپ قويۇلدى.

5. ياشلارنىڭ خەلقئارالىق دوستانە بېرىش - كېلىش پائالىيىتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى 12 ئەزانى ياپونىيە، شياڭگاڭ، قازاقىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەين، قاتار، ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا زىيارەتكە ئەۋەتتى. 9 - ئايدا ياپونىيە خوجىلىق ۋازارىتى ياش - ئۆسمۈرلەر تەدبىر قوللىنىش بۆلۈمىدىكى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن جۇڭگونى زىيارەت قىلىش

ئومسكىدىكى 19 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، تۇرپان، بوغدا كۆلى، نەنسەن قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولدى.

6. ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى. 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن جۇڭگو ياشلار سىياسىي شۆيۈەنى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ياش كادىرلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسقا 33 ئادەم قاتناشتى. 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشلار بىرلەشمىسى 13 نەپەر بىرلەشمە ئەزاسى قاتناشقان شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ چېگرا سودىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئۇزۇن سەپەر قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، تەكشۈرۈش ئۆمىكى تارباغاتاي، بورتالا، غۇلجا، چاپچال، كۇچا، كورلا قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرگە بېرىپ، چېگرا سودىسىنى تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى.

ما يەن

## ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى:

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 3 - سانلىق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىرىلىپ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدە تۇرۇشلۇق ئەزالىرى سايلاندى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1992 - يىللىق ئىلغار كوللېكتىپى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرلىرى تەقدىرلەندى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى نەچچە مىڭلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا چىقتى. شۇ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يامالىق تېغىدا 10 مىڭ تۈپكە يېقىن كۆچەت تىكتى.

6 - ئايدا 2000 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

9 - ئايدا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى نەبى ئىبراھىم مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى ھەم 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى.

12 - ئايدا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى.

لى چۈەن

## پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى كومىتېتى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئاپپارات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئۆلچەمگە يېتىپ، ئەلا نەتىجە يارىتىش» پائالىيىتى ئارقىلىق چوڭ، كىچىك ئەترەتلەر بويىچە ئىلغار كوللېكتىپلارنى بارلىققا كەلتۈردى؛ «قاۋۇل كادىرلارنى سەپلەش، ياخشى باشقۇرۇش، ئۆستۈرۈش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، يېتەكچىلەر قوشۇنىنى كۈچەيتتى؛ 3 - ئايدا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى؛ 7 - ئايدا 200 دىن ئارتۇق يېتەكچى قاتناشقان 6 - قارارلىق يېتەكچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش، لاياقەتلىك ئىز باسارلاردىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت ئەمگەك ئەمەلىيىتى نىشان قىلىنغان قىزىل گالستۇكلۇقلار مۇسابىقە پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «شاھانە سەپەر ئېلېكترونلۇق مېڭە لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە ھېسابلاش ماشىنىسى بىلىملىرى ۋە خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. جايلار سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللەش، مەركەزلىك مەشىق قىلدۇرۇش، يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، تەقلىدىي مۇسابىقە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. نەچچە مىڭلىغان پىئونېرلار تەربىيىلەشكە ۋە مۇسابىقىگە قاتناشتى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ مۇسابىقىدە 1 - لىككە ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 2 - لىككە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 3 - لىككە ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى فېڭ نەننەن شەخسلەر بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. مۇنەۋۋەر نەتىجىگە ئېرىشكەن ماھىرلار شىنجاڭ ۋەكىللىرى كوماندىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى بىلىملىرى (شاھانە سەپەر لوڭقىسى) ۋە بەش سىزىقلىق خەت شەكلىنى كىرگۈزۈش

مۇساپىقىسىگە قاتنىشىپ كوللېكتىپلار ئارا 1 - لىككە ئېرىشتى؛ قۇمۇل 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېن جاڭ شەخسلەر بويىچە 2 - لىككە، ئۈرۈمچى ئېغىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى فېڭ نەننەن شەخسلەر بويىچە 8 - لىككە ئېرىشتى.

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى كومىتېتى مەملىكەتلىك ئەمگەك ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى تەشكىللەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. فۇكاڭ شەھىرى خۋاگىتۇلياڭ خۇيزۇ مەكتىپىنىڭ پىئونېرلار ئەترىتى مەملىكەتلىك پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بارىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى جارقىن ئەخمەتۇللا مەملىكەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر پىئونېرنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزىسىدىكى نۇرمەھەممەت روزى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ ساۋاقدىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ بەختكە قارشى ئۆزى شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق تۆت ئورۇن تەرىپىدىن «لېي فېڭدەك ياخشى پىئونېر» دەپ نام بېرىلدى؛ قۇمۇل شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى، يەكەن ناھىيىلىك 6 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - ئوتتۇرا ئەترەت (2) نىڭ 1 - كىچىك ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 18 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى مەملىكەت بويىچە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئىلغار كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى.

جېڭ يۈرۈڭ

## ئۈمىد قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش خىزمىتى

1993 - يىلى ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشانە بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، 27 نامرات ناھىيىگىچە كېڭىيىپ، ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان 3000 دىن ئارتۇق ئۆسمۈر قۇتقۇزۇۋېلىندى. ئائىلە ئىقتىسادى ناچار، ئەخلاق - پەزىلەت، ئۆگىنىشتە ئەلا 26 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئالاھىدە قۇتقۇزۇش يولغا قويۇلدى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدا ئۈمىد قۇرۇلۇشى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيىدە ئۈمىد قۇرۇلۇشى باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بىرنى قۇرۇش تۈر قىلىپ بېكىتىلدى.

3 - ئايدا «مىليونلىغان قەلبلەر ئۆزئارا ياردەملىشىپ، كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش»، «ئۈمىد قۇرۇلۇشى — 10 مىڭ كارخانىنىڭ 10 مىڭ ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان ئۆسمۈرگە ياردەم قىلىشى»، «قولغا قول تۇتۇشۇپ قەلب ئىزھار قىلىپ، كىچىك ھەمراھلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش» قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئارقىلىق 2 مىليون يۈەنلىك ئۈمىد قۇرۇلۇشى قەلب چېكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارقىتىلدى. ياسقۇچقا بۆلۈپ ھېسابات قىلىنىپ، 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئۈمىد قۇرۇلۇشى بويىچە ئوقۇش ياردەم فوندى توپلاندى.

5 - ئاينىڭ ئاخىرى - كەينىدە «جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئالتە ئاخبارات ئورنىنىڭ مۇخبىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۈمىد قۇرۇلۇشى مۇخبىرلار ئۆمىكى قەشقەر، خوتەن، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئۈمىد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان ناھىيىلەردە ئەمەلىي زىيارەت ئېلىپ باردى. ئۇلار نەچچە 10 مىڭ خەتلىك خەۋەر يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك خەۋەر قىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مورى ناھىيىسى دۇڭچېڭ يېزىلىق ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئەبەيدۇللا، تولى ناھىيىسىنىڭ ئوت بازىرىدىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى راخمانبېك، يېڭىسار ناھىيىسى لومپا يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچى كېرەم مەتتىمىن قاتارلىق كىشىلەر جۇڭگو ياش - ئۆسمۈرلىرى تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو پەن-تېخنىكا تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ «باغۋەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئۈمىد قۇرۇلۇشى بويىچە ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك كۈنىنى ئۆيۈشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئۈمىد قۇرۇلۇشى بويىچە ئوقۇش ياردەم فوندىنىڭ مۇپەتتىش قىلىنغاندىن كېيىنكى نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھېساباتى ئېنىق، ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق، ھەرقايسى تۈردە قىلىنغان چىقىم گۇۋاھنامىسى تولۇق، «فوند باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارىدى.

جاڭ گۇڭمىن

## ياشلار پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى 1993 - يىلى ياشلار پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن 200 مىڭدىن ئارتۇق ياشنى، ياشلار «ئۈچقۇن» باشلامچىلىرىدىن ئون نەچچە مىڭنى تەربىيىلىدى، ياشلار پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 100 نەچچىنى قۇرۇپ، 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. قەشقەر،

ئىلى، ئاقسۇ، بايىنغولىن، بورتالا، قىزىلسۇ، سانجى قاتارلىق جايلاردا ياش پەن - تېخنىكا «ئۈچقۇن» باشلامچىلىرى باش بولغان رايون خاراكتېرلىك كۆلەم ئىگىلىكى تېز راۋاجلاندى ۋە زورايدى، يېزىلارنىڭ يېزا ياشلىرى ئاساس بولغان ئىجتىمائىيلاشقان پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي يۈرۈشلىشىپ، ھەر دەرىجىلىك تورلاشقان سىستېما شەكىللەندى. بۇ، ياش پەن - تېخنىكا «ئۈچقۇن» باشلامچىلىرى خىزمىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ياش «ئۈچقۇن» باشلامچىلىرىدىن ئۈچى 1993 - يىلى «مەملىكەتلىك ياش ‹ئۈچقۇن› باشلامچىلىرىنىڭ ئۈلگىسى» دېگەن نامغا، 21 ى «مەملىكەتلىك ياش ‹ئۈچقۇن› باشلامچىسى» دېگەن نامغا، ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىدىن 30 ى «ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان يېتىشتۈرۈش مۇسابىقىسىدە غالىب ئىتتىپاق ياچېيكىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە ياشلار «ئۈچقۇن» باشلامچىلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغانلار مۇنۇلار:

تيەن جىخۇ (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك گەج قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدىن)، جاڭ شىن (سانجى شەھەرلىك ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتىدىن)، ئابلا قېيۇم (كۈچا ناھىيىسى ياقا يېزىسى تاغاچى 2 - كەنتىدىن).

مەملىكەت بويىچە ياشلار «ئۈچقۇن» باشلامچىسى بولۇپ باھالانغانلار مۇنۇلار:

ماجەنيۈەن (پىچان ناھىيىلىك چىقتىم خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ناترىي نىترات زاۋۇتىدىن)، ياڭ جىڭ (ئايال، ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)، جياڭ لىڭجى (ئايال، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 2 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 1 - لىيەنىدىن)، ليۇشياۋيەن (ئايال، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 1 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 19 - لىيەنىدىن)، ئابلىز مۇھەممەت (كورلا شەھىرى چارباغ يېزىسىنىڭ قارادۆڭ كەنتىدىن)، ھاشىم ئىمىن (بۈگۈر ناھىيىسى دادولان يېزىسىنىڭ دېھقانلار كەنتىدىن)، شېن يۈگجۇن (چۆچەك شەھىرى ئېمىل يېزىسىنىڭ جارسۇ كەنتىدىن)، ليۇ جۇن (قورغاس ناھىيىسى سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى تۈۋەن سەنگۇڭ كەنتىدىن)، ياسىنجان (غۇلجا شەھىرى باياندايى يېزىسىنىڭ يېڭى كەنتىدىن)، ۋۇشۇيىڭ (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8-شىسى 143 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 19 - لىيەنىدىن)، ۋاڭ جىيىڭ (قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)، مەمتىمىن قۇربان (مارالبېشى ناھىيىسى ئاناركۆل يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدىن)، دى گۈيشياڭ (ئايال، بۈرچىن ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن)، ساھىرجان (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خونۇقاي يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق 8 - كەنتىدىن)، ئوسمان تۇرسۇن (چاقىلىق ناھىيىسى تىكەنلىك يېزىسىنىڭ توغراقلىق كەنتىدىن)، خەيرىگۈل تۇرسۇن (يەكەن ناھىيىسىنىڭ خاڭدى بازىرىدىن)، جاڭ گورۇڭ (سانجى شەھىرى ليۇگوڭ يېزىسىنىڭ ئۈنبىر كەنتىدىن)، جۇڭ يۈگۈي (ماناس ناھىيىسى لوتۇيى بازارلىق ھۆكۈمىتىدىن)، كې لىجۇن (ئايال، لوپنور ناھىيىسى ئىتتىپاق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىدىن)، تۇرسۇن قادىر (تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسىنىڭ چاتقال كەنتىدىن).

گاۋ لىشەن

**8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش لوڭقىسى**

1993 - يىلى كارخانىلاردىكى ئىتتىپاق خىزمىتى بازار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى، ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. مۇنەۋۋەر ياشلار سىمىنا گۇرۇپپىسى مۇسابىقىسى، بەش كىچىك ئەقىل لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى، ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ئۆگىنىش مۇسابىقىسى، ئىش ئورنىدا ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش، مەدەنىيەتلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر پائال قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتلەردە ياش زەربىدارلار ئەترىتىدىن 920 نەچچىسى، ياشلار بىخەتەر ئورنىدىن 804 ى، ياشلار سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 680 نەچچىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەلا مۇلازىمەت پوكىيى گۇرۇپپىسى (ئورنى) دىن 230 نەچچىسى بارلىققا كەلدى، مەملىكەتلىك ياش ئىشچىلارنىڭ كەشىپ قىلىش ۋە لايىھىلەش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلغان مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تۆتى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى جەمئىي 12 ئەزاسىنى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئېچىلغان كارخانا باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئاسپىرانتلار كۇرسىغا قاتناشتۇردى؛ 20 نەپەر ياش زاۋۇت باشلىقى ۋە جىڭلى كارخانا باشقۇرۇش بويىچە ئاسپىرانتلىق كۇرسىغا قاتناشتى؛ ئەزا كارخانىلارنىڭ سېخ مۇدىرلىرى، ئوچاستكا باشلىقلىرى، سىمىنا - گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ سەككىز قارار كۇرسى

ئېچىلىپ، 320 نەچچە كىشى تەربىيىلەندى؛ ئوقتىلىق ھالدا ئىشلار بويىچە 12 قېتىم كارخانا باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي مۇئامىلە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ بەش تۈركۈمدە 10 تا يېقىن زاۋۇت باشلىقى ۋە جىگىلىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 10 - ئايدا ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياش زاۋۇت باشلىقى (جىگىلىسى) دىن 25 ى تەقدىرلەندى. تۆت ياش كارخانىچى جۇڭگو ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلار مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچى سۈپىتىدە تەقدىرلەندى. 12 - ئايدا ئەزا كارخانىلار ھەمدە داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلات ئۈرنەك - كۆرگەزمىسى 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياشلىرى يەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، تۆت مەھسۇلات ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ئۈچى ئەزا كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى.

ياشلار خىزمىتى بۆلۈمى

**شىنجاڭ بويىچە ئون مەشھۇر ياش باھالاپ چىقىلدى**

زامانىمىزدىكى مەشھۇر شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئوبرازىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يارىتىش، ھەر مىللەت ياشلىرىنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە ياشلىق باھارىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى تەقدىم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ياشلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايوندىكى توققۇز ئاخبارات ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ بويىچە ئون مەشھۇر ياشنى باھالاش پائالىيىتى 1993-يىل 7 - ئايدىن 12 - ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلدى، تۆۋەندىن باھالاپ يۇقىرىغا كۆرسىتىش ئارقىلىق تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ بويىچە ئون مەشھۇر ياش تاللاپ چىقىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: خالمۇرات غوپۇر (33 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي دوكتۇر، شىنجاڭ جۇڭگو تېبابىتى شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى)، سۇن گۇاڭشىن (31 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئىنژېنېر، ئۈرۈمچى «گۇاڭخۇي» سودا - سانائەت كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى)، زەينەپ ئەمەت (32 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئاگرونوم، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى)، جياڭ لىجى (ئايال، 34 ياش، پارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 2 - تۇەن - مەيدانى 1-لىيەنىنىڭ ئىشچىسى، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى)، رەيھان ھېمىت (32 ياش، پارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى يولۇچى توشۇش ئۆچاستىكىسى چېكىدۇ پويىز ئەترىتى 15 - مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)، تاشپولات تېيىپ (35 ياش، پارتىيە ئەزاسى، دوكتۇر، شىنجاڭ داشۆسى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت)، سۇگوپىڭ (36 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي ئىنژېنېر، دۆلەت دەرىجىلىك گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ئوتتۇرا ياشلىق مۇتەخەسسىس)، جيا شاڭخەي (36 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، تېخنىكا دەرىجىسى 9 -، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «36918» قىسىم «103» شۆبە قىسمىنىڭ شاۋشياۋ دەرىجىلىك ئوفىتسېرى)، ئەنۋەر مۇسەن (38 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى)، شيۇلى دالى (33 ياش، پارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى؛

نەي دېۋېن

**شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش فوند جەمئىيىتى**

بۇ جەمئىيەت 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلدى. ئۇ، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، خەۋپ - خەتەرگە، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزغان، ئۆز ھاياتىغا قارىماي باشقىلارنى قۇتقۇزغان، قۇربان بېرىشتىن قورقماي پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان ياش - ئۆسمۈرلەرنى ماددىي جەھەتتىن قوللايدۇ.

نەي دېۋېن

**ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ياش - ئۆسمۈر 8 مىليون ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يېتىپ، 60 مىليون تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلدى. ياشلار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدىن 130 نەچچىسى پۈتتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 210 مىڭ مودىن ئاشىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئۈرۈمچى يامالىق تېغى ياشلار

ئورمىنىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشىدا ۋە ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ياشلار ئورمىنىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلدى، 150 مودىن ئارتۇق ئورمان يېرى تەكشىلەندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان سۇ مۇنارى تېغىدىكى ياشلار ئورمىنىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشىدا جەمئىي 250 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى 1993 - يىلى كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ياشلار - ئۆسمۈرلەر كوللېكتىپىدىن 47 نى تەقدىرلىدى.

گاۋ لىشەن

كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى سىستېمىسىنىڭ 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشى، ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تۈزۈپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر 100 دىن ئاشتى؛ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 5 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ يىللىق پايدىسى ئاز كەم 1 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرغان گەۋدىلەرنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئەمەلىي گەۋدىلەرگە تايىنىپ بىر كىچىك بىنا سېتىۋېلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇردى. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرغان ئەمەلىي گەۋدىلەر نۇقتىدىن دائىرىگە، ئورگانلاردىن ئاساسىي قاتلاملارغا، ۋىلايەت، شەھەرلەردىن ناھىيە، يېزىلارغا تېز كېڭەيدى، تىجارەت ساھەسىمۇ كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ راۋاجلاندى.

شۇ جيەنمىن

# ئاياللار بىرلەشمىسى

ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تۈزۈلۈك توغرا يۆنىلىشلىك ئاياللار بىرلەشمە دوستلۇق تەشكىلاتلىرىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايال كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار نەزەرىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئايال زىيالىيلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنلاردا ئاياللار نەزەرىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئايال زىيالىيلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى سايلاپ چىقىلدى، «نىزامنامە» نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى ماقۇللاندى ھەمدە ئىلمىي ئالماشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرى ئىچىدە قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك كەنت ئايال ۋەكىللەر خىزمىتى ھەيئىتى 9441 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 9359 ى قۇرۇلدى؛ قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى 931 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 926 سى قۇرۇلدى؛ قۇرۇشقا تېگىشلىك شەھەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام ئايال ۋەكىللەر خىزمىتى ھەيئىتى 1673 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 1627 سى قۇرۇلدى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بىرىنچى، ئاياللار خىزمىتى خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. 1993 - يىل 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 5 - يىغىنىدا پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1900 دىن ئارتۇق مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىغا ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەشتىكى ئاساسىي تەلەپلەر قويۇلدى. ئىككىنچى، ھەر مىللەت ئاياللىرىغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيە، «تۆت بولۇش»، «تۆتتە ئۆزىنى تەربىيىلەش»، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەلىم - تەربىيىسى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش تەربىيىسى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىلدى. «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مەزگىلىدە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بايرامنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سۆھبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىق يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق ھەر ساھەدىكى ھەر مىللەت ئاياللارغا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇھىملىقى تەشۋىق قىلىندى، كەڭ ئاياللارنىڭ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىلدى،

ھەر مىللەت ئاياللار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى ۋە ئۈيۈشتۇرۇلدى. ئۈچىنچى، ئىلغار ئاياللار تەقدىرلەندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «8 - مارت» قىزىل بايراقدارلىرىدىن 1876 نى، «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپتىن 246 نى، «بەشتە ياخشى» ئائىلىدىن 3560 نى، «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» بويىچە ئايال ماھىرلاردىن 3405 نى، «رومالىقلار تۆھپە قوشۇش» بويىچە ئىلغار شەخستىن 8300 نى ۋە ئىلغار كوللېكتىپتىن 1177 نى، ئاياللار خىزمىتى بويىچە ئىلغار شەخستىن 292 نى ۋە ئىلغار كوللېكتىپتىن 92 نى، ئاياللار خىزمىتىنى قوللىغان ياخشى رەھبەردىن 67 نى تەقدىرلىدى. تۆتىنچى، جەمئىيەتتىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلىپ، ئاياللار خىزمىتى ۋە ئىلغار ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى كېڭەيتىلدى. 1993.يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە «رومالىق قەھرىمانلار شەجەرىسى» ناملىق شەخسلەر توغرىسىدىكى مەخسۇس چاتما فىلىمنى كۆرسىتىش، «8 - مارت» ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت مەخسۇس پروگراممىسىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك «گۈزەل ئائىلە» لەرنى باھالاش پروگراممىسىنى ئىشلەپ كۆرسەتتى؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئورۇنلاشتۇرغان «ئاياللار دۇنياسى» مەخسۇس تېلېۋىزىيە پروگراممىسى يىل ئاخىرىغا قەدەر بەش قىسىم كۆرسىتىلدى. «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مەزگىلىدە «شىنجاڭ گېزىتى» دە مەخسۇس ئاياللار بېتى ئېچىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى «شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ 40 يىللىقى» ، «رومالىقلار قامىتى» ناملىق ئىككى كىتابنى نەشىر قىلىپ تارقاتتى. «شىنجاڭ ئاياللىرى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ تىراژى 76 مىڭ نۇسخىغا يەتتى، «ھەمراھ» (خەنزۇچە) ناملىق قوش ئايلىق ژۇرنال 1993 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى.

ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 4.يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر» دە ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنىڭ شەكلى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنى تەشكىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە نوقۇل ھالدا تىك يۆنىلىش بويىچە ئىش كۆرىدىغان تەشكىلىي شەكىل بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك، بويىغا ۋە توغرىسىغا كېڭىشىپ ئۆتىدىغان، ھەممە تەرەپلەر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلۇپ، خىزمەت تورىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ خىزمەت ئوبيېكتى جەھەتتە، شەھەرلەردىكى ئاياللار ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشچى - دېھقان ۋە زىيالىي ئاياللار ئاساسىي گەۋدە، ھەرقايسى سەپلەردە ئاكتىپ ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاياللار تايانچ كۈچ قىلىنىدىغان بولدى؛ خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە زېھىن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇقتۇرۇلۇق خىزمەت چەك تۈزتۈلدى؛ خىزمەت مەزمۇنى جەھەتتە، ئاياللار خىزمىتىدە ئاياللا خىزمىتىنىلا ئىشلەش، ئاياللار خىزمىتىنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئاياللار خىزمىتىنىلا مۇلاھىزە قىلىشتەك ئادەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، خىزمەتلەرنىڭ دەرىجە - قاتلاملىرى ئۆستۈرۈلدى. 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى مالىيە نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى قاتارلىق 16 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە «ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئۇن جەھەتتىكى ئالاقىدار كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 76 نەپەر كادىرى مەملىكەتلىك ئايال كادىرلار باشقۇرۇش شۆيۈەنىدە شىنجاڭ ئۈچۈن ئالاھىدە ئېچىلغان 5 - قارارلىق ئىش ئورنىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشتى؛ 80 ئايال مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان چوڭلار ئالىي مائارىپى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ ئىككى يىللىق خەنزۇ تىلى مەخسۇس كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى؛ 186 ئايال ئاپتونوم رايونلۇق ئايال كادىرلار ئىگىلىك باشقۇرۇش مەخسۇس كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق ئايال كادىرلار مەكتىپى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئىگىلەش، بالىلار مائارىپى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تۆت قارار قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 402 ئايال كادىرنى تەربىيىلىدى.

ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئەھۋالى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 26، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل بىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 20، ماھىنۇر قاسىم، خەلچەم ئىسلام، نىي خاۋمېي، ئەدىپە مولىتقان (قازاق) لار

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 7 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ماھىنۇر قاسىم مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئاياللار تەرەققىيات فوندى 1993 - يىلى شىنجاڭ ئاياللار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا - كەسىپچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئىئانە قىلغان 150 مىڭ 500 يۈەن پۇلنى قوبۇل قىلدى.

جاۋ ۋېيلىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 400، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 23، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 22. رەسمىي ۋەكىللەر ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئاياللار خىزمىتى خادىمى 191 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى، سىياسىي قانۇن، مالىيە - سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر ساھە ۋەكىللىرى 209 بولۇپ، %52 نى ئىگىلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 259 بولۇپ، %65 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق 13 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىدىن ۋەكىل قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، جاڭ فۇشېن، جىن يۈنخۇي، ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باۋۇدۇن، گوگاڭ، جۇشىڭتاۋ، جۇگوفۇ، خەلچەم ئىسلام، ئابدۇرېھىم ھامۇتلار ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماھىنۇر قاسىم قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى خەلچەم ئىسلام «ھەر مىللەت ھەر ساھە ئاياللار ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئۈچقاندەك راۋاجلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. دوكلاتتا ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە ئۇ ھەقتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، 90 - يىللاردىكى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتى ۋە ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ۋەزىپىلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، خوجايىنلىق ئىجادىي روھ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشتىن ئىبارەت.

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە يۈننەن، خۇنەن، تيەنجىن، شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭشى قاتارلىق 25 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىلىرى تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

قۇرۇلتايدا 55 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. كومىتېتنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا 22 نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، خەلچەم ئىسلام رەئىسلىككە، چېن شۇيچىن، ساتىپقان ساقتاي، ھەلىمە ئابدۇللا، جىڭ خېيىنلەر مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

يەن يۇڭفاڭ

## «روماللىقلار تۆھپە قوشۇش» مۇسابىقە پائالىيىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «روماللىقلار تۆھپە قوشۇش» مۇسابىقە پائالىيىتى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 345 مىڭ ئايال قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئايال 85 مىڭ بولۇپ، %24.6 نى ئىگىلىدى. ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ئورۇنلار مۇسابىقە پائالىيىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرغۇچى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىدىن 1862 سى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەزالىرى 7340 قا، ئالاقىلاشقۇچى خادىمى 2902 گە يەتكەن؛ جايلار مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاياللار ئۈچۈن تۈرلۈك تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سىنىپىدىن 9581 قارار ئېچىپ، 129 مىڭ 36 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىگەن؛ جايلاردىن مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاياللار مۇسابىقە پائالىيىتى داۋامىدا ئۆز

گورۇپلىرى ئۈچۈن ئەڭلىكە مۇۋاپىق بولغان تەكلىپتىن 41 مىڭ 575 نى كوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭدىن 30 مىڭ 505 ى قوبۇل قىلىنىپ، كارخانىلار ئۈچۈن 6 مىليون 980 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بېرىلگەن؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «رومالنىقلار تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخستىن 8300 نى، ئىلغار كوللېكتىپتىن 1177 نى تەقدىرلىگەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن مەملىكەت بويىچە «رومالنىقلار تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار رەھبىرىي كادىر، شايىزا (قازاق، ئىلى ۋىلايەتلىك ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) ياۋ يۈپىڭ (شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىنژېنېرى) لار مەملىكەت بويىچە «رومالنىقلار تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىدىكى ئۈلگە بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى شياۋشىبېن كۆكتات دۇكىنى مەملىكەت بويىچە «رومالنىقلار تۆھپە قوشۇش» پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئايالار، باللار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى ۋاڭ لىپى قاتارلىق 75 كىشىگە «〈رومالنىقلار تۆھپە قوشۇش〉 پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى؛ خوتەن پىلىچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 24 ئورۇنغا «〈رومالنىقلار تۆھپە قوشوش〉 پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

جاۋ ۋېيلىڭ

**«ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى**

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 1 مىليون 679 مىڭ ئايال «سىياسەت، ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا ئۆگىنىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا، نەتىجە يارىتىشتا، تۆھپە قوشۇشتا بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى، بۇ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئايال ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 52.74 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1. تەشۋىقات - تەربىيە كۈچەيتىلىپ، مۇسابىقە دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئايالار بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە تېلېۋىزىيە نەسرىي داستانى «قىزلار خورى» نى ئىشلەپ چىقتى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ھەمراھ»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» دىن ئىبارەت گېزىت - ژۇرناللار ھەمدە جايلاردىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللار ھەر مىللەت ئاياللارنىڭ تېپىك ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئاكلىتىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، كەڭ ئاياللارنىڭ ئېھمۇۋېتىش، تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ئىلھام بەردى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاياللارنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، تاۋار ئىگىلىكى كۆز قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلىدى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇرۇنقىدەك يەر تېرىش ئۈچۈن كالا باقىدىغان، ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چوشقا ۋە قوي باقىدىغان، ياغ ۋە تۇزغا تېگىشىش ئۈچۈن توخۇ باقىدىغان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت شەكلى پەيدىنپەي كۆپ خىل تىجارەت قىلىش بىلەن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشكە ئۆزگىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كەسپىلىشىشكە، ئىگىلىك ئۈنۈمدار بولۇشقا، ئورۇنلاشتۇرۇش رايونلىشىشقا، مۇلازىمەت سىستېمىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. قۇتۇبى ناھىيىلىك ئايالار بىرلەشمىسى «ئۈچ كەسىپ، ئۈچ تۈر» (ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تېرىقچىلىق؛ چوشقا، قوي، ئۆي قۇشلىرى بېقىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل باقمىچىلىق؛ ماشىنا رېمونت قىلىش، كىيىم - كېچەك ۋە كەشتە تىكىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى) دە ئۆلچەمگە يېتىش بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىنى قانات يايدۇردى، ناھىيە بويىچە نۇرغۇنلىغان تېرىقچىلىق ماھىرلىرى، باقمىچىلىق ماھىرلىرى، خىش پىشۇرۇش ئۇستىلىرى، ماشىنا رېمونت قىلىش ئۇستىلىرى مەيدانغا كەلدى. جايلار يەنە پەن - تېخنىكىلىق مەزمۇنى مول بولغان ساھەلەرنى پائال تاللاپ مۇسابىقىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىغا بولغان سېلىنما ۋە ئۆزگەرتىشنى تېزلەتتى. 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئايالار ئارىسىدا «ئۈچنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش» نى ماسلاشتۇرۇش گورۇپپىسى «پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنى 〈8 - مارت〉 كۆموش گۈل مۇسابىقىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىن كېۋەز تېرىش ئىلغار تېخنىكىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تۈرلۈك تېخنىكا تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن يەنىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەرقايسى پاختىچىلىك رايونلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرخىل شەكىلدىكى مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

2. ئومۇمىي ساۋات، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن

تەربىيىلەشنى سىستېمىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ماائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش، كەسپىي تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەشنى تەدرىجىي ھالدا تەرتىپكە سالدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك بىلىم ئىگىلەش، ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن جەمئىي 26 مىڭ 800 قارار ئېچىلىپ، ئاياللاردىن قېتىم سانى بويىچە 1 مىليون 482 مىڭ 400 ى ئۆگىنىشكە ۋە تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 101 مىڭ ئايال ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، 879 مىڭ ئايال بىر خىلدىن ئارتۇق ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىنى ئىگىلىدى، 40 مىڭغا يېقىن ئايال دېھقان، چارۋىچىلاردىن چىققان تېخنىكا خادىمى بولۇپ قالدى، 15 مىڭ 302 نەپەر ئايال كۇرسانت يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى ۋە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان يېزا ئىگىلىك داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇدى. ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۆگەنگەن پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىمكان قەدەر تېز قوللىنىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىلغار تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش - ئومۇملاشتۇرۇشتىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى.

3. «(8 - مارت) كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن قېتىم سانى بويىچە 1 مىليون 720 مىڭ ئايال «(8 - مارت) كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 27 مىليون 955 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 28 مىڭ 500 مو يەردە «8 - مارت» كۆچەتزارلىقى، 453 مىڭ 600 مو يەردە «8 - مارت» ئورمان بەلبېغى، 22 مىڭ 500 مو يەردە «8 - مارت» كۆكەرتىش بازىسى بەرپا قىلدى.

4. ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار تەقدىرلەندى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار ئارىسىدا «ئۇچنى ئۆگىنىش، ئۇچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 1992 - يىللىق «ئۇچنى ئۆگىنىش، ئۇچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. 1993 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە شىخو ناھىيىلىك «ئۇچنى ئۆگىنىش، ئۇچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار ماسلاشتۇرۇش تەشكىلاتلىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى ئورۇن؛ خەلچەم ئىسلام (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)، جاڭ سىشۇ (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى)، لى شۇشەن (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى)، گۇاڭ جىنىيۇ (ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى) لار مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر؛ داۋشى (موڭغۇل، خېجىڭ ناھىيىلىك بايان ئۇل يېزىسىدا چارۋىچى)، بىمبە (موڭغۇل، ئارشاڭ ناھىيىلىك چاغان تۇڭكې يېزىسىدا چارۋىچى) لەر مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئايال ماھىر بولۇپ باھالاندى؛ ئاقتۇ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «8 - مارت» باغۋەنچىلىك بازىسى مەملىكەت بويىچە «(8 - مارت) كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىدىكى سۈپەتلىك قۇرۇلۇش» دېگەن نامغا؛ ئايشەم ئاۋۇت (ئاقسۇ شەھىرى ئىگەرچى يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى)، سۇن خۇي (ماناس ناھىيە گۇاڭدۇڭدى يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى) لار مەملىكەت بويىچە «8 - مارت كۆكەرتىش مېدالى» غا ئېرىشتى.

يەن يۇڭخاڭ

«8 - مارت» قىزىل بايراقدارلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى رەيھان ھېمىت (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى توشۇش ئۆچاستكىسىنىڭ چېڭدۇ پويىزى ئەترىتىدىكى 15 - مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)، پەرىدە ئابدۇراخمان (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئات ئويۇنى تەنھەرىكەتچىسى) لارغا ئاپتونوم رايون بويىچە «(8 - مارت) قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بەردى.

يەن يۇڭخاڭ

ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى كۈچەيتىلىپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى يۈرگۈزۈلدى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «قۇرامىغا

يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىككى قانۇننى يولغا قويۇش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىشقا پائال قاتناشتى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى قىزىلسۇ، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيىگە ئەۋەتكەن خادىملار «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە شۇ جايدىلا ئاياللار خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشىنىڭ دەخلى - تەرۈزگە ئۇچرىشى، بالا ئىشچى، بالا سودىگەرلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ھادىسىسى، نىكاھتىن ئاجراشقان ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ بېقىلىشى، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلار تەرىپىدىن كەمسىتىشكە ئۇچرىشى قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئومۇمىي مەلۇمات يېزىپ چىقىپ ئالاقىدار ئورۇنلارغا ھازىرقى ئەھۋال ۋە تىپىك مىساللارنى مەلۇم قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى كەلگەن ئەرز ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 17 مىڭ 487 نى تاپشۇرۇۋالدى ۋە كۈتۈۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 46 ئەرزنى بىر تەرەپ قىلدى، 940 ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 2235 ئادەمنى كۈتۈۋالدى، ئەنزىلەرنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 95.3% كە يەتتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللار ۋە بالىلارغا ۋەكالىتەن 13 نۇسخا قانۇن ماتېرىيالى يېزىپ بەردى، ئۇلارغا ۋەكالىتەن سەككىز ئەنزە ئۈستىدە سوتقا قاتناشتى، بۇ ئەنزىلەرنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 98.7% كە يەتتى.

سۈي جۈنجى

## بالىلار - ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار «90 - يىللاردىكى جۇڭگو بالىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى تېزىسلىرى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار - بالىلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى سەھىيە، مىبېيپلار بىرلەشمىسى، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق ماسلاشتۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلارنى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ بېيجىڭدا چاقىرغان پىلان تېزىسلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە 1 - دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئىلى ئوبلاستىدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز ۋە شىبەدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 150 كىشى قاتناشقان 2 - دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، سانجى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا 3 - دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك تەربىيىلەنگۈچى يولداشلار ۋە ئورۇنلار كېيىنكى دەرىجىلىك تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت قاتارلىق ۋاسىتىلەر ۋە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شىنجاڭ ئاياللىرى تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تۇرپان، قەشقەر، شىخەنزە، قىزىلسۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى بالىلارغا 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى بايراملىق سوۋغات تەقدىم قىلدى.

ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقاتى مۇدىرىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە تەربىيىسى مۇدىرىيىتى ۋە شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، بەش رايوننىڭ ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەر (ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونى، تۇرپان شەھىرى، مىچۈەن ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى) نىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش، سۈپەتلىك بېقىش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش جەھەتتە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئالتە ناھىيە، شەھەر (ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونى، مىچۈەن ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، شىخەنزە شەھىرى، قاراماي شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى) نىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تۈر ئىجرا قىلىش مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات يىغىنى بىلەن رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنى باھالاش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا 1993 - يىللىق ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسى بېكىتىلدى؛ پىلان تېزىسىدىكى ئائىلە تەربىيىسىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش

قەرەللىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە ئاياللار بىرلەشمىسى ماتارىپ، سەھىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، مەسلىھەت بېرىش ۋە تېلېفوندا مەسلىھەت بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار 2500 ئادەم (قېتىم) گە مەسلىھەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «ئاياللار دۇنياسى» نى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتى نۇقتىلىق ھالدا تەشۋىق قىلىندى. شىنجاڭ ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى يولداش دۇەن يۈلىيەن ھەرقايسى قاتلامدىكى 1724 ئائىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىدى.

سۈي جۈنجى

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

1. شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئارقىلىق ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەندىكى ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى:

1) تەشۋىق ۋە يېتىشتۈرۈش تۈرى: 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە، 6-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئىلى ئوبلاستىدا شىنجاڭ NPA («90 - يىللاردىكى جۇڭگو بالىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلان تېزىسلىرى» نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى) بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 2 - دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 150 رەھبەر ۋە تەشۋىقات تايانچى قاتناشتى. NPA نىڭ ئون چوڭ نىشانى ئۇيغۇرچىغا ۋە NPA نىڭ تولۇق تېكىستى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە تارقىتىلدى. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى ۋە چاپچال ناھىيىلىرىدە قىرغىز، موڭغۇل، شىبە تىللىرىدا ئۈزمۈر بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 150 تەشۋىقات تايانچى تەربىيىلەندى. 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى بىلەن بىرلىكتە تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلغان ئۈچتە سۈپەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا 45 ئادەم تەربىيىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە NPA دىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 5000 دىن ئارتۇق تەشۋىقات بۇيۇمى تارقىتىلدى، نازارەت قىلىندى ۋە باھالاندى. 6 - ئايدا ئىلى ئوبلاستىدا ئىجرا قىلىنغان تۈرلەرنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈلۈش ۋە باھالىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاياللار قاتناشقان تەرەققىيات تۈرلىرى بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدىلا ئاياللارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ كېلىندى؛ رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدىمۇ بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، 80% تىن كۆپرەك ئوقۇشتىن توختاپ قالغان بالا قايتىدىن مەكتەپكە كىردى. 8 - ئايدا رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى جەھەتتە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان مىچۈەن ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونىغا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، «رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنى باھالاش سوئاللىرى» ۋە «رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلىملىرى ھەققىدە سوئال - جاۋاب» تىن 400 نۇسخا تارقىتىلدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى 90% ئاممىنىڭ رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، 70% ئاممىنىڭ رايونلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بالىلارنى ئىلىم بىلەن تەربىيىلەش ۋە بالىلارغا تەربىيە بېرىشكە تەدبىق قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى، 43.2% ئاممىنىڭ بىرقەدەر ياخشى تەربىيىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشىلدى، دەپ قارايدىغانلىقىنى، 93.3% ئاممىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە داۋاملىق ئائىلە تەربىيىسى بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

2. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جۇڭگو - كانادا تۈرى ئىشخانىسى ئارقىلىق تۆۋەندىكى جۇڭگو - كانادا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى:

1) كانادا فوندى تۈرى: 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق نامرات رايونلارنىڭ ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى بىرلىكتە كانادا فوندىنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى مايىفالىڭ خانىمنى ۋە جۇڭگو نامراتلارنى يۆلەش فوندى جەمئىيىتى تاشقى ئالاقە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلىڭ ياۋنەن ئەپەندىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە قەشقەر، ئىلى ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قىسىم نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئاياللارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تەرەققىيات تۈرلىرىنى تەكشۈردى، كانادا فوندىنىڭ بەش كىچىك تۈرىنى تەكشۈرۈشكە يوللاپ بېكىتتى. ئۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ قازاق ئايال - بالىلىرىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى؛ شىنجاڭدىكى تاجىك ئاياللارنىڭ كۆكتات تېرىش بازىسى ۋە ئۇلارنى كۆكتات تېرىش جەھەتتە تەربىيىلەش؛ شىنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاياللارنى داڭشەن نەشپۈت دەرىخىنى تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى؛ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللارنى پەيزاۋات قوغۇنىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى؛ شىنجاڭ غۇلجا

ناھىيىسى ئەۋلىيا يېزىسىدىكى قازاق ئاياللىرىنى كۆكتات تېرىش، مېۋىلىك كۆچەت تىكىپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى يولداش. 2) جۇڭگو ـ كانادا ئاياللىرى قاتناشقان تەرەققىيات تۈرلىرى: شىنجاڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللارنى بازار ئىگىلىكى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان قوي بورداش تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى ۋە شىنجاڭ سانجى ئوبلاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللارنى بازار ئىگىلىكى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېمەكلىك زەمبۇرۇغى تېخنىكىسى جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش بېكىتىلىپ يوللاندى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ يېزىسىدا جۇڭگو ـ كانادا ئاياللىرى قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ماشىنىدا كەشتە تىكىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. بۇ كۇرسقا قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسى ۋە شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللاردىن 72سى قاتناشتى. ئۇلار كېسىش، تىكىش، گۈل بېسىش، رەڭ ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق ئاساسىي بىلىم ۋە ماھارەتنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى ئىككى يېرىم يىل ئىچىدىلا پۈتۈنلەي ئورۇندىلىپ بولدى، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللاردىن تىكىش، گۈل بېسىش بويىچە 136 تالانت تەربىيىلەندى. 7 ـ ئايدا فۇكاڭ شەھىرىدە جۇڭگو ـ كانادا ئاياللىرى قاتناشقان مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا ھەر قايسى يېزا، بازارلاردىن 100 ئايال قاتناشتى.

يەن يۇڭفاڭ

**مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋدى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى**

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جاۋدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ، شىخەنزە ۋە ۋۇجياچۇ قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە ئۆسمۈرلەر ـ بالىلاردىن ۋە ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار خىزمىتى خادىملىرىدىن ھال سورىدى.

شىن جيەن

**دوستانە بېرىش ـ كېلىشلەر**

☆ 1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زىيايىۋا ساجىدە ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئاياللار ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئالتە كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى ھەمدە ئاياللار خىزمىتى، مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئۆز ھەققىدە تەجرىبە ئالماشتۇردى.

☆ تەيۋەن دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاياللار ئىشلىرى ۋە تەرەققىياتى بويىچە شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 39 كىشى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدە ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

يەن يۇڭفاڭ

☆ ☆ ☆

**خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى**

1. ئۇيۇشما گەلەك ئۇيۇشما ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1993 ـ يىلى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى «خۇاڭپۇ خەۋىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيۇشما ئەزالىرىنى ج ك پ 14 ـ قۇرۇلتىيى، 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ئۇيۇشما ئەزالىرى مەركەزلەشكەن رايونلاردىن شۇ جايدىكى پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى. 1993 ـ يىلى ئۇلار ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، چۆچەك شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، قۇمۇل شەھىرى، ماناس ناھىيىسى ۋە يەنجى ناھىيىسىدە گۇرۇپپا قۇردى؛ دۆلەت بايرىمى ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى بايرىمى قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش يىغىنى، دوكلات يىغىنى، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ۋە چۈشەندۈرمە دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى فاڭجېن ـ سىياسەتلەر، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىكى تەدبىرلەر ھەم بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش، تەيۋەنگە قارىتىلغان

قاتنىشىپ . سىياسەتلەر جەھەتتە چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىنىپ، كەڭ ئۆيۈشما ئەزالىرىنى ئىشتىپاقلاشتۇرۇپ تەربىيىلەشتە ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

2. ئۆيۈشما تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1993 - يىلى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 22 - ۋە 23 - قاراردىكى ئۆيۈشما ئەزالىرىنى تەيۋەن ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىكى ساۋاقداشلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئۇلارنى شىنجاڭغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى؛ 9 - شۆبە مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارنى تەيۋەن ۋە ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق ساۋاقداشلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئۇيۇشتۇردى؛ 7 - شۆبە مەكتەپتىكى 17 - قارار ساۋاقداشلارنى تەيۋەندىكى ئىقتىسادىي كۈچى بار ساۋاقداشلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق ليۇليۇپېي ئەپەندى دەۋەت قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم كەلدى ھەمدە ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئۆيۈشما ئىككى نەپەر كۆز دوختۇرى (قازاقىستانلىق ۋۇۋېيجيا، قىرغىزىستانلىق خې زىجېن) نىڭ ئۈرۈمچىدە ئامبۇلاتورىيە ئېچىشىغا ياردەملەشتى؛ سودا - سانائەت بىرلەشمىسى «ئەيجيەن» شىركىتىنىڭ بىشكېكتە بىرلەشمە تىجارەت شىركىتى قۇرۇشى ئۈچۈن ئالاقىلىشىپ بەردى.

ساۋ شياۋيەن

**شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

دوستانە بېرىش كېلىشلەر مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى چەتتىن شىنجاڭغا كەلگەن دوستلاردىن 20 تۈركۈمدە 119 ئادەم (قېتىم) نى بىۋاستە كۈتۈۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، خۇاچيۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە توققۇز تۈركۈمدە 46 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. بۇ دوستلار تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، جەنۇبىي ئافرىقا، ياپونىيە، ئامېرىكا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، فىلىپپىن، كامبودژا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن. بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە ياپونىيىلىك فىزىكا ئالىمى شياۋلىنكېجىنى شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى؛ شىنجاڭغا چەتتىن كەلگەن دوستلار ئىچىدە جۇڭخېي شەھەرلىك چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق زاتلارنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، شاڭخەي شەھەرلىك چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن شياڭگاڭلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۆمىكى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن شياڭگاڭلىق، جەنۇبىي ئافرىقىلىق زاتلارنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى چەت ئەلگە ئوقۇشقا، ھەج قىلىشقا بارغان خادىملار ۋە تەكشۈرۈشكە بارغان ئۆمەكلەرنى قوشنا دۆلەتلەردىكى چەت ئەللىك دوستلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتۇرۇپ، شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىسادتېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ بېسىپ تارقاتتى؛ 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭەشش يىغىنى ئۈچۈن 250 نۇسخا تەكلىپنامە ئەۋەتتى. چەت ئەللىك دوستلاردىن 535ى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلارنى ۋە سودىگەرلەرنى 1993 - يىللىق ئىلى تۇلپار مەرىكىسى ۋە 1993 - يىللىق سانجى شاپتۇل سەيلىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. ۋاستىچىلىك قىلغان كېڭەشش تۈرى 20دىن كۆپرەككە يەتتى، جەمئىي ئىككى توختامنامە ئىمزالاندى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر سالغان مەبلەغ 1 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ ئىمزالانغان كېلىشىم تۈركە، كېلىشىم سوممىسى 35 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ۋە 28 مىليون خەلق پۇلىغا يەتتى.

چەت بىلەن بولغان ئالاقە 1993 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى يەنە قۇرۇلۇق سىرتىدىكى كېڭەش ئەزاسىدىن تۆتنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار: لى شېڭكەن، يىن جيەنلىن، شيې ۋېيشى، لياۋ جۇاڭرۇڭلاردىن ئىبارەت.

ياڭ شېڭپىڭ

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

سىلىڭيۈەن: فۇبىڭياۋ (شاۋجياڭ)

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: سۇڭ خەنلياڭ

سىياسىي كومىسسارى: پەن جاۋمىن (جۇڭجياڭ)

مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىرى: فاڭ دېگۇا (شاۋجياڭ)، دۇەن شىكاڭ (شاۋجياڭ)، تاۋجى (شاۋجياڭ)، قۇربان ئەرشىدىن (شاۋجياڭ)

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جۇيۇڭشۇن (شاۋ جياڭ)، روزى ھوشۇر (شاۋجياڭ)، لىي شىڭبىڭ (شاۋجياڭ)

ھەربىي تەلىم - تەربىيە

1993 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. بىر شى، ئىككى تەلىم - تەربىيە ئەترىتى ئارمىيە بويىچە ئىلغار تەلىم - تەربىيە ئورنى بولۇپ، ئۈچ كىشى ئارمىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى شتاب ئوفىتسېرى بولۇپ، تۆت كىشى ئارمىيە بويىچە سۆزلەشنى، ئىشلەشنى، ئۆگىتىشنى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنى بىلىدىغان ئىنستىرۇكتور بولۇپ باھالاندى؛ بىر شۆبە بۆلۈم، ئالتە تۇەن، ئىككى تەلىم تەربىيە ئەترىتى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم تەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ، 18 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئون تۇەن، 39 ليەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ، 46 كىشى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئاساس تەلىم - تەربىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملارنىڭ يەككە ئەسكەر، يەككە ماشىنا، يەككە توپ، يەككە ئىستانسا بويىچە تەلىم - تەربىيە سەۋىيىسى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستى، يىغىپ قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ توپ، پىلىموت قاتارلىق قورال - ياراغلار مەشغۇلات تېخنىكىسى جەھەتتە يۈسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بولدى. ھەربىي رايوندىكى 96% ليەندۈيىنىڭ ئوق ئېتىش، بومبا تاشلاش، پارتلىتىش مەشغۇلاتلىرىدىكى ئومۇمىي نەتىجىسى ياخشى بولدى. يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە دەرسىدىكى نەتىجىسى ياخشىدىن يۇقىرى بولدى. ھەربىي تەنتەربىيە مەشىقىدە 400 مېترلىق توساقتىن بىر مىنۇت 26 سېكۇنت 36 دەقىقە ئىچىدە ئۆتۈشتەك ياخشى نەتىجە يارىتىلىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەلىم - تەربىيە رېكورتى بۇزۇپ تاشلاندى.

تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسى ھەربىي رايون بويىچە 721 بەن، 143 ليەن، 29 يىڭ قارىغا ئېتىش تاكتىكا مانېۋرىنى تاماملىدى، 48% تۇەن ھەربىي قىسىم قورال-ياراغ، ماشىنا - سايمانلار بىلەن ئەمەلىي مانېۋر ئۆتكۈزدى. شى، لۇ، شۆبە ھەربىي رايونلار ۋە 65%تىن ئارتۇق مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە تۇەنى باشلىقلار ئىدارىسىدە خەۋەرلىشىش قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ يۈرۈش مانېۋرىنى ئۆتكۈزدى؛ شى، لۇلەر ۋە ئالتە شۆبە ھەربىي رايون دالا تەلىم - تەربىيىسىنى ئۇيۇشتۇردى، ئەڭ يىراق مۇساپە 720 كىلومېترغا يەتتى.

كادىرلار تەلىم - تەربىيىسى ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار باشلىقلار ئىدارىسى، تايانچ ئوفىتسېرلار تەلىم - تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، باشلىقلار ئىدارىسى ۋە تايانچ كادىرلار تەلىم - تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. ھەربىي رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار شتاب ئوفىتسېرلىرى كەسپى بويىچە 25 قارار يىغىپ تەربىيىلەشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 800دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە 128 قارار يىغىپ تەربىيىلەش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 7900دىن ئارتۇق تايانچ ئوفىتسېر تەربىيىلەندى. يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش بويىچە 20 نەچچە قارار كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قېتىم سانى بويىچە 2600 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى.

تەلىم - تەربىيە ئەترىتى تەلىم - تەربىيىسى ھەر دەرىجىلىك تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرى باش شتاب ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز مەيدان، تۆت ئىشخانا، ئىككى ئامبار (يېنىك قوراللار بىلەن قارىغا ئېتىش مەيدانى، سەپ تۈزۈش، ئەسۋاب - سايمانلار توسالغۇدىن ئۆتۈش، قول بومبىسى تاشلاش، يەككە ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال، بەن تاكتىكىسى كەسپىي تەلىم -

تەربىيە مەيدانلىرى، دەرسخانا، ماتېرىيال بۆلۈمى، كۈتۈپخانا، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، تەلىم - تەربىيە سايمان - ماتېرىياللىرى ئامبىرى، قورال - ياراغ ئامبىرى) بولۇش تەلىپىگە يەتتى. %90 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ئىشلەشنى، مۆرلەشنى، ئۆگىتىشنى، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنى بىلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. ھەربىي رايون بويىچە 63 قارارىدا بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلاردىن 2500دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولدى. لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق ھەر قايسى شىلاردىكى تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرى ئۆلچەمگە يەتتى.

قىسىم تۈرلىرى ۋە ئارقا سەپ كەسپى تەلىم - تەربىيىسى قىسىم تۈرلىرى ۋە ئارقا سەپ قىسىم (شۆبە ئەترەت) لىرى ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى ۋە ھەر تەرەپلىمە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ئالتە ئورۇندىن 450 كىشىنى پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ قارىغا ئېتىش تاكتىكا مانېۋىرىغا قاتناشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئارقا سەپ قىسىم (شۆبە ئەترەت) لىرى يەنە جەڭ تەمىنات كۆرۈپپىلاشتۇرۇش مانېۋىرىنى ئوقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى ھەمدە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە زورراۋانلىق ھەرىكەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش مانېۋىرى ئۆتكۈزدى.

تەلىم - تەربىيە كاپالىتى ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار تەلىم - تەربىيە ئورنى، مۇئەسسەسەلىرىنى ئاساسەن مۇكەممەللەشتۈرۈش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئۇنۇم كۆزقارىشىنى ئۆستۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە كاپالىتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە مۇئەسسەسەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرى «ئالتە مەيدان، بىر ئۆي، بىر ئامبار» (سەپ تۈزۈش، ھەربىي ئىستىھكام، قول بومبىسى تاشلاش، توسالغۇدىن ئۆتۈش، يەككە ئەسكەرلەر بويىچە ئۇنىۋېرسال مانېۋىر ئۆتكۈزۈش، قارىغا ئېتىش مەيدانى، دەرس تەييارلاش ئۆيى، تەلىم - تەربىيە سايمان - ماتېرىياللىرى) قۇرۇلۇشىنى ئاساسەن ئورۇندىدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرىنى باھالاش يىغىنىدا ھەربىي رايون تاللاپ ئەۋەتكەن 12 ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش فىلىمىدىن بىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تۆتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تۆتى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يەتتە ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش فىلىمى لەنجۇ ھەربىي رايونى نامىدىن باش شتابنىڭ سىبلەشتۈرۈپ باھالىشىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ پرويېكسىيون فونار فىلىمى 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، تۆت سىنئالغۇ فىلىمىدىن ئۈچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

قىسىم تۈرلىرى خىزمىتى

توپچى قىسىملار

شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق توپچى قىسىملار باش شتاب قىسىم تۈرلىرى بۆلۈمىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۆكتوقاي بازىرىدا ئارمىيە بويىچە توپچى قىسىملارغا مۇناسىۋەتلىك تۆت خىل ئەسۋاب، 17 تۈر بويىچە سوغاق رايونلار سىنىقىنى تەشكىللەپ، سىناقتا 2300 سانلىق ئاساسقا ئىگە بولدى. قىسىملارنىڭ ئاساس تەلىم - تەربىيىسى ۋە تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان 83 قارارلىق يىغىپ تەربىيىلەشتە 4100 ئادەم تەربىيىلەندى. 7 - ئايدا باش شتاب بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايونى «36330» قىسىم ۋە «36176» قىسىم تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرىنىڭ مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى، بۇ تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. 8 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن تۈەن، يىڭلارغا قاراشلىق توپچى قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەلىم - تەربىيىسىنى ئەمەلىي كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنىدا «36135» قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 10 - ئايدا ھەربىي رايون «36220» قىسىمنىڭ ماۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش يېڭى ۋە «36129» قىسىمنىڭ «تېز ئىنكاس قايتۇرۇش» تەلىم - تەربىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇ ئىككى ئورۇن ئومۇمىي باھالاشتا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى.

برونېلىق قىسىملار

7 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆزىگە قاراشلىق برونېلىق قىسىملارنىڭ كەسپىي تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسىنى تەكشۈردى، بۇ قىسىملار ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. كادىرلار مەشغۇلات تەلىم - تەربىيىسى داۋامىدا جەڭ مەشقىدە 1 - توپنى ئېتىش، قارىغا ئېتىش مەشقىدە 1 - پاي ئوقنى ئېتىش، توسالغۇدىن ئۆتۈشتە 1 - بولۇپ ئۆتۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. 11 - ئايدا ھەربىي رايون قىسىملارنىڭ دالا مەشقىگە بىرلەشتۈرۈپ، زامانىۋى قىسمەن ئۇرۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان باشلىقلار ئىدارىسىدىكى مەشغۇلاتنى باھالاپ چىقتى، باھالاشتا ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا «36178» قىسىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن

بولۇپ باھالاندى. 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ھەربىي رايونغا قاراشلىق بىرونىلىق قىسىملار باش شتاب، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ «36127» قىسمىنى ماشىنىلاشقان قىسىم قىلىپ قايتا تەشكىللەش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال تەڭشەپ، قايتا تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئورۇنداپ بولدى.

ئىنژېنېرلىق قىلغۇچى قىسىملار

1993 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق ئىنژېنېرلىق قىلغۇچى قىسىملارنىڭ مۇنتىزىم تەلىم ـ تەربىيە نىسبىتى %5 .88 بولدى. «36007» قىسىم مۇنتىزىم تەلىم تەربىيە نىسبىتىنى ئۇدا ئۈچ يىل %100كە يەتكۈزدى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە دەرسى تاماملاندى. 7ـئايدا باش شتاب بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايونى «36007» قىسىم تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىنىڭ مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئون ئۆلچىمى، 45 تەپسىلىي قائىدىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇ تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى باش شتاب تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە ئىنژېنېرلىق قىلغۇچى قىسىملار ئىچىدىكى ئىلغار تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى بولۇپ باھالاندى. 8 ـ ئايدا ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «36007» قىسىم ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن 25 دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ھەربىي رايونغا قاراشلىق ئىنژېنېرلىق قىلغۇچى قىسىم (شۆبە ئەترەت) لار ئەمەلىي جەڭنى ئاساس قىلىپ، قىسىمنى ئورۇش رايونىدىكى بەلگىلەنگەن جەڭ مەيدانىغا باشلاپ بېرىپ، ھەمكارلىق تاكتىكا مەشىقىگە قاتناشتۇردى، ئەمەلىي جەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان جەڭ مەيدانى شارائىتىدا قىسىم (شۆبە ئەترەت) لار جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇردى، جەمئىي 2300 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە بېسىلدى، بۇ ئارقىلىق قىسىم (شۆبە ئەترەت) لارنىڭ تاكتىكا سەۋىيىسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى ھەربىي رايون بويىچە مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 738 كىشى، 246 ھەر خىل ماشىنا، ئاپتوموبىل قاتناشتۇرۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 11 مىڭ 379 كۇب مېتىر تاش ـ توپا قېزىلدى، 87 .278 كۇب مېتىر پولات چىۋىقلىق بېتون، 112 كۇب مېتىر تاش، 62 كۇب مېتىر خىش ئىشلىتىلدى، 190 كۇب مېتىر ئورۇن رېمونت قىلىندى، بۇلارغا جەمئىي 51 مىڭ 941 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. ئاسراش ـ باشقۇرۇش جەھەتتە «36346» قىسىمنىڭ باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈشنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئۆلچەمگە يېتىش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق بۇ قىسىم ئۆلچەمگە يەتكەن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق ئىنژېنېرلىق قىلغۇچى قىسىملار ئۈزلۈكسىز قاراشلىق مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، تېز سۈرئەتلىك پىيادە كېچىش سىناق ئۇقتىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە سەپيارە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش قىسىملىرى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش قىسىملىرى تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلدى. 8 ـ ئايدا «36042» قىسىم ۋە «36171» قىسىمنىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش شۆبە ئەترەتلىرى باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى تەشكىللىگەن مۇنتىزىملاشقان تەلىم ـ تەربىيىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئارمىيە بويىچە خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش قىسىم (شۆبە ئەترەت) لىرىنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەلىم ـ تەربىيىدە ئۆلچەمگە يەتكەنلەر قاتارىدىن تۇنجى قېتىم ئورۇن ئېلىپ، باش شتابنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا «36105» قىسىم باش شتاب تارقاتقان «ئومۇمىي جەھەتتىن قوغدىنىش ئىقتىدارىنى باھالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، قىسىمنىڭ نورمال تەلىم ـ تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي جەھەتتىن قوغدىنىش ئىقتىدارىنى باھالاپ چىقتى. 1993 ـ يىلى ھەربىي رايونغا قاراشلىق خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش قىسىملىرىنىڭ «ئارمىيىمىزنىڭ قوغدىنىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە مۇلاھىزە» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى باش شتابنىڭ قىسىم تۈرلىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش ھەربىي ئىلمىي توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، سابىق خىمىيىۋى قوراللاردىن قوغدىنىش باشقارمىسى باش شتابنىڭ قىسىم تۈرلىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن خەۋەرچىلىكتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يولداش يۈ ۋېيى خەۋەرچىلىكتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1993 ـ يىلى ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىم تۈرلىرىدىكى قىسىم (شۆبە ئەترەت) لاردىن بىر تۈەن، ئىككى يىڭ، ئىككى ليەن باش شتابنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۈچ تۈەن، ئىككى يىڭ، 13 ليەن، تۆت ئالدىنقى قاتاردىكى شتاب ئوفىتسېرى، 12 مۇنەۋۋەر ھۆتتنى بىلىدىغان ئىنستىرۇكتور لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1993ـيىلى ھەربىي رايون بويىچە قىسىم تۈرلىرى خىزمىتىدە 1000دىن ئارتۇق كىشىدىن ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان ئېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى،

420 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، باش شتاب، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ «36141» قىسىم ۋە «56171» قىسىمدىكى ئۇرۇش تەييارلىقى سىناق نۇقتىسىدا قىلىنغان بىرىكمە تاكتىكا مانېۋىرى ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى.

ئالاقىلىشىش قىسىملىرى

ھەر خىل ۋەزىپە ئۆتەش كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ھەربىي رايون بويىچە سىملىق ئالاقە لىنىيىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 كىلومېتىردا ھەر ئايدا توسالغۇ كۆرۈلۈش ۋاقتى 1992 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايغان، رادىئو ئالاقىسىنىڭ راۋان بولۇش نىسبىتى، سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە يولىنىڭ ئېچىلىش نىسبىتى، ئالاقە يولى سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش نىسبىتى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى ياخشى بولغان. ئاپپارات - لىنىيە، ئۈسكۈنىلەر قايتىدىن رەتلىنىپ ۋە رېمونت قىلىنىپ، يىلىغا 3324 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇزۇن يوللۇق يەر ئاستى تېلېفون كابېلىنى رەتلەش - رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى 98% كە يەتتى؛ 197.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شەھەر ئىچى تېلېفونىنى تۇتاشتۇرۇش تېلېفون (ئوپتىكىلىق) كابېلى ئورنىتىلدى، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى 97.4% كە يەتتى، 420 ھەر خىل ئۈسكۈنە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى 98.9% كە يەتتى، لىنىيىنى چوڭ رېمونت قىلىش ۋە ئىستانسا - پونكىتلارنى رەتلەش - رېمونت قىلىش ئىشى ئىشلىنىپ، 17 ئورۇندىكى 238 تۈۋرۈك/كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى لىنىيە چوڭ رېمونت قىلىندى، 2680 تۈۋرۈك/كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاددىي تۈۋرۈك يېڭىلاندى، ئالاقىلىشىش ئىستانسا - پونكىتىدىن سەككىزىدە 1240 كۋادرات مېتىرلىق ئورۇن رەتلەندى ۋە رېمونت قىلىندى.

خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى خىزمىتى

ھەربىي رايون 72 ناھىيە (شەھەر)، تۈەن - مەيدان، 84 يېزا (بازار) لىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى، 108 خەلق ئەسكىرى لېيەنگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 60% خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس لېيەندۈيى، 65% ئاساسىي قاتلام قوراللىق بۆلۈمى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىگە يەتتى. 10 - ئايدا ھەربىي رايون ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلار رەھبەرلىرى، كەسپىي بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ 170 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان يىغىپ تەربىيىلەشنى تەشكىللىدى. يىل ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا 23 يەرلىك خەلق قوراللىق قىسمىنى ئارمىيە شتاتىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق قوراللىق مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپكە 1 - تۈركۈمدە 120 كۇرسانت (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 80، خەنزۇ كۇرسانت 40) قوبۇل قىلىندى.

1993 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە تەربىيىلەنگەن لاياقەتلىك تايانچ خەلق ئەسكىرى 28 مىڭ 500 گە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە پىيادە ئەسكەر 15 مىڭ 148، كەسپىي تېخنىكا ئەسكەر 9955، خەلق ئەسكىرى كادىرى 3402)، 42.5% ئارتۇق تەربىيىلەندى؛ زاپاس قىسىملاردىن تەربىيىلەنگەن لاياقەتلىك ئەسكەر 4475 كە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېر 120، كاندىدات ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېر 861، ئەسكەر 3794)، 6.8% ئارتۇق تەربىيىلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەربىي رايون فۇكاڭ شەھەرلىك ۋە مايتاغ كان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قېلىپلاشقان تەلىم - تەربىيە سىنىقىنى نۇقتىلىق تۇتتى. شىخەنزە زاپاس ئەسكەرلەر شىسى شى، تۈەن باشلىقلىرى ئىدارىسىدىكى تاكتىكىلىق مانېۋىرنى ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 155 خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش يىڭى ۋەلىيەنى يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە يىغىپ تەربىيىلەشنى تاماملىدى. ماناس ناھىيىسىدىكى بىر خەلق ئەسكىرى لىيەنى بىلەن شىخەنزە زاپاس شىسىنىڭ بىر پىيادە ئەسكەر لىيەنى ھەربىي رايون ئۆتكۈزگەن «939» تاكتىكىلىق مانېۋىرغا قاتناشتى. باش شتاب ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە 11 نۇقتىلىق زاپاس شىنى تەكشۈرۈش - سىناش داۋامىدا شىخەنزە زاپاس شىسى سىناش ئېلىنغان تۆت دەرستە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان خەلق قوراللىق كادىرلىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىنى تەكشۈرۈش - سىناش داۋامىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن سىناش ئېلىنغان تۆت خەلق قوراللىق بۆلۈمى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ تەقدىرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتۇش شەھەرلىك، فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى خەلق قوراللىق كادىرلىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سانائەت 1 - شىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى، قورغاس ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى خەلق قوراللىق كادىرلىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيە سىناش نەتىجىسى جەھەتتە ياخشى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 131 كىشى باش شتاب ۋە ئىككى دەرىجىلىك ھەربىي رايون تەرىپىدىن خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرى بويىچە تۆتنى بىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئىنىستىرۇكتور بولۇپ باھالاندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىدىكى 1241 جەددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتى، 3541 كىشى ئۇزاق مۇددەت چارلاش - ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، يول ئاسراش، زاۋۇتنى مۇھاپىزەت قىلىش، مۇھىم نىشانلارنى قوغداش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىشىغا ماسلىشىپ، 1410 جىنايەتچىنى تۇتتى، 195 ھەر خىل قاتىللىق قورالىنى يىغىۋالدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1400 دىن ئارتۇق خەلق ئەسكەرلىرى يالغۇز ليەندىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى تەشكىللىنىپ تۈزۈلۈش بويىچە يۆتكىلىپ، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا قاتناشتۇرۇلدى. 384 خەلق ئەسكەرلىرى ليەندىكى 110 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى ۋە زاپاس خادىم خېيىم - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، دۆلەتكە يېتىدىغان بىر نەچچە 100 مىليون يۈەنلىك زىياننى ئازايتىلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى پائال تۈردە كارخانا قۇرۇپ، خەلق قوراللىق خىزمىتىگە ئەمگەك ئارقىلىق مەدەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى خىراجەت قىسلىقىنى تولۇقلاپ، ھۆكۈمەت ۋە ئامممىنىڭ سېلىقىنى يېنىكلەتتى. ھەربىي رايون چۆچەكتە ئارمىيە، ساقچى، خەلق ئەسكەرلىرى، خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى - ئۇرۇش تەييارلىقى سىنىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئارمىيە لىنىيىسىنى باشقۇرۇش، ساقچى ئورۇنلىرى نۇقتىسىنى باشقۇرۇش، خەلق دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىبارەت چېگرا مۇداپىئە قوغداش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بىر يىلدىن بېرى چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى چېگرا بويىغا كىلىپ قالغان چارۋا مالدىن 157 قېتىمدا 12 مىڭ 670 تۇياقنى، چېگرا بويىغا كەلگەن خادىمدىن 43 قېتىمدا 126 ئادەمنى توسۇپ قالدى، چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان گۇمانلىق خادىمدىن 26 قېتىمدا 54 ئادەمنى تۇتۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن چېگرا تەرتىپى قوغداپ قېلىندى.

خىزمەت كۆرسىتىپ، نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

1) 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى ئون ئىلغار پارتىيە كومىتېتى، 25 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 50 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى. ئون ئىلغار پارتىيە كومىتېتى مۇنۇلار: «36920» قىسىم پارتكومى، «36921» قىسىم پارتكومى، «36135» قىسىم پارتكومى، «36234» قىسىم پارتكومى، «36173» قىسىم پارتكومى، «36912» قىسىم پارتكومى، «36915» قىسىم پارتكومى، «36919» قىسىم پارتكومى، «36346» قىسىم پارتكومى، «36313» قىسىم پارتكومى. 25 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى مۇنۇلار: «36224» قىسىم 2 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، ئالىي شۆبە ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە 1 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36923» قىسىم 2 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، 18 - دوختۇرخانا سەنشىلى گەزەرمىسى داۋالاش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، «36103» قىسىم 8 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36109» قىسىم كاتيوشا يىڭى 1 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36229» قىسىم قوماندانلىق ليەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36131» قىسىم رازۋېت ليەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36232» قىسىم 6 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36145» قىسىم 5 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36173» قىسىم 3-ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36175» قىسىم «105» توپچىلار ليەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36330» قىسىم 5 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر يىڭى 1 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36912» قىسىم 4 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36914» قىسىم 2-ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36916» قىسىم 3 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36917» قىسىم 8-ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36918» قىسىم 8 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، شىسەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە شۆيۈەنى ئۇرۇمچى شۆبە شۆيۈەنىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئورتاق دەرسلىرى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى پارتىيە ياچېيكىسى، «36007» قىسىم 4 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36211» قىسىم2-ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36313» قىسىم 9 - ليەن پارتىيە ياچېيكىسى، 15 - دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر 2 - بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانا جۇڭگو تىبابىتى بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، 50 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى مۇنۇلار: قۇربان ھېكىم، ۋۇچېڭجى، شۇكوڭمىڭ، سەيۋاڭۋاڭدۇي (زاڭزۇ)، شوگۇاڭتيەن، ۋاڭ جيەنخۇي، ماۋجيەنچاڭ، چياۋيۈنپىڭ، مېي چاۋلۇن، ليۇكېشيەن، لى ياڭ، پېڭ چېڭخۇا، ليۇجىڭخې، ياڭ شۇفېڭ، جاڭ جيەنكاڭ، شۇيەنشىن، شى شىڭشېڭ، جاڭ يىڭگو، ۋاڭ سەنكەي، گاۋپېڭ، مى گۇاڭدې، كېرىم سەلەي، سۇ خېشېڭ، ۋۇ جىجۇڭ، گوفېڭ، زېڭ جۇنيۇ، ۋاڭ زىيۇڭ، چېن فۇشېڭ، قىزىربېك (قازاق)، لى جىنتيەن، ۋاڭ خەيمىن، جاڭ فۇخەي، ۋاڭ جىيۇ، گويۇن، شۆجىيۇڭ، ماخمۇت قۇربان، لى بوجۇن، جاۋشىشىن، دى جىشياڭ، ماگۇاڭشۈ، ۋاڭ مىڭزۇ، جاڭ شىمىڭ، سۇن چىچۇن، ۋاڭ تيەنلۇ، خۇگۇيخۇا (ئايال)، خۇشېڭيۇەن، شۇشيەنپىڭ، ليۇخۇڭۋېي (خۇيزۇ)، موخۇي (ئايال)، شېن يۇڭشى.

2) 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى لەنجۇ ھەربىي

رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى فۇبىڭياۋ، لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى پەن جاۋمىن «36318» قىسمىنى كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويدى.

3) 1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى ليۇجىڭسۇڭ، سىياسىي كومىسسارى ساۋپېڭشېڭ ئىنقىلابىي قۇربان مىڭ چىڭفەنگە «جان پىدالىق بىلەن سەپدىشىنى قۇتقۇزغان مۇنەۋۋەر جەڭچى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا ئىمزا قويدى.

4) 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى فۇبىڭياۋ، لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى پەن جاۋمىن يولداش ياڭ جىشېڭنى 2ـدەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويدى.

5) 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى «يولداش زۇڭ يىشياڭ، يولداش ۋاڭ فېڭلىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بېكىتمە»نى چىقاردى.

6) 1993 ـ يىلدا لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى فۇبىڭياۋ، لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ھەم شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى پەن جاۋمىن ھەربىي رايون قىسىملىرىدىكى ئورۇش تەييارلىقى ـ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، تەلىم ـ تەربىيە، قۇرۇلۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق چوڭـچوڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش داۋامىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن 14 كىشىنى شەرەپ بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويدى. ئۇلار مۇنۇلار: چېن تاۋ، دىڭ يۈنخۇي، ليۇخۇيلىن، ۋۇ جېنخۇ، نيۇلىيۇچى، جاڭ شياڭدې، گاۋجيەنشىن، سىرېنتابا، ياڭ جۈن، يې جىنشەن، لى يىڭبىن، لى فۇجۈن، جياۋجېنجۇڭ، ۋاڭ شۆۋبىن.

7) 1993 ـ يىل 6 ـ ئايدا قازان دەرياسى چېگرا مۇداپىئە لىيەنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

8) سەنشىلى گەزەرمىسى داۋالاش پونكىتى 1993 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

### ئارقا سەپ خىزمىتى

ئارقا سەپ تەلىم ـ تەربىيىسى 1993 ـ يىلى ھەربىي رايون بويىچە 533 قارار ھەر خىل كەسپىي تەلىم ـ تەربىيە سىنىپى ئېچىلىپ، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا تايانچىدىن 13 مىڭ 374ى، باشقۇرغۇچى خادىمدىن 2382سى، ئاشپەزدىن 331ى تەربىيىلەندى؛ ھەربىي ماھارەتتە بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتى 42 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 1306 كىشى قاتناشتى؛ سەككىز قېتىم كەسپىي مۇلازىمەت ئىشلىرى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىلدى، بۇنىڭغا 1444 ئادەم قاتناشتى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملاردىكى مۇئاۋىن يىڭجاڭلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %85، مۇئاۋىن ليەنجاڭلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %91، خوجىلىق باشلىقلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %90 بولدى؛ ليەندۈيلەرنىڭ قورالـياراغ خادىملىرى، سانىتارلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %100 بولدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا ئارمىيە خاراكتېرلىك ژۇرناللاردا ئارقا سەپ ئىلمىغا دائىر 195 تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ئارقا سەپ تەمىناتى مۇشۇ بىر يىلدا پىلان بويىچە ھەر خىل خىراجەت، ماي كۆرسەتكۈچى تۆۋەنگە تولۇق چۈشۈرۈلۈپ، قىسىملارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ 4 مىليون دانىدىن ئارتۇق قاچىلانغان ھەر خىل ماددىي ئەشيا تۆۋەنگە يەتكۈزۈلدى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا 42 خىلدىكى 920 توننىدىن ئارتۇق قوشۇمچە يېمەكلىك، 49 مىڭ دانە ئېگىزلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە ئەسۋاب ـ سايمان يەتكۈزۈپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 9 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلىنىپ، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ماي ئامبىرى (پونكىتى) قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 18 ـ دوختۇرخانا ۋە سەنشىلى گەزەرمىسى داۋالاش پونكىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ياخشىلاندى؛ زاپاس مەبلەغدىن 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، بىر قىسىم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ كۆكتات ئورىسى، چوشقا ئېغىلى سېلىش، ئۆزگەرتىپ ياساش ئىشى نۇقتىلىق ھەل قىلىندى؛ 1737 كۋادرات مېتىر قىسىم گەزەرمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، 38 مىڭ 912 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئادىي ئاپتوموبىل گاراژى ياسالدى، 34 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر گەزەرمە چوڭ رېمونت قىلىندى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ 1 ـ سېپىدىكى ليەندۈيلەردە ھەر ئادەمگە كۈنىگە 20 — 30 فوڭ تاماق قوشۇمچە پۇلى بېرىلدى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئەسى ئۈچۈن ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىش

پىلانى 100% ئورۇندالدى.

ئارقا سەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى هەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار «ئاساسىي قاتلام ئارقا سەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشتە 50% ئورۇن ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتتى، 90% ليەندۈي ئاساسەن ئۆلچەمگە يەتتى. ئاساسىي قاتلامدىكى 70% ليەندۈيدە بىردىن 200 كۋادرات مېتىرلىق پارنىك بار؛ 80% شتاتلىق تۈەن ۋە بىر قىسىم تۈەنگە تەۋە كېلىدىغان ئورۇنلاردا تۇرمۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. هەربىي ئاپتوموبىللارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ئاپتوموبىل مەسئۇلىيەت خېيىم - خەتىرىدە ئۆلگەن ئادەم سانى 1992 - يىلدىكى هەر 100 مىليون كىلومېتىرغا 4.4 ئادەمدىن 2.44 ئادەمگە چۈشۈپ، ئارمىيە بويىچە ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 17 ئورۇن شىنجاڭ هەربىي رايونى تەرىپىدىن ئارقا سەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل 13 رەھبەر لەنجۇ هەربىي رايونى تەرىپىدىن «ئارقا سەپ خىزمىتىدىكى ياخشى باشقۇرغۇچى» بولۇپ باھالاندى. هەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، ئۆلچەم ئىچىدە 9 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاماق پۇلى، 6331 توننا كۆمۈرنى تېجەپ قالدى.

ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى 1993 - يىلى هەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت سوممىسى) 370 مىليون يۈەندىن ئاشتى، 71 مىليون 470 مىڭ يۈەن پايدا - باج يارىتىلدى، 56 مىليون 870 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. هەربىي رايون بويىچە 21 مىڭ 50 توننا ئاشلىق ۋە ماي، 6250 توننا ساپ پاختا، 1480 توننا گۆش، 25 مىڭ 280 توننا كۆكتات، 650 توننا ئۆي قۇشى، بېلىق ۋە تۇخۇم، 1335 توننا سۈت ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 272 مىڭ 780 چارۋا ۋە ئۆي قۇشى قالدى. بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 2197 موغا يەتتى.

شىن جيەن

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق هاۋا ئارمىيە قىسىملىرى

**شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق هاۋا ئارمىيە قىسىملىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

قىسىم كوماندىرى: ساۋيۈچېن (هاۋا ئارمىيە شاۋجياڭى)

سىياسىي كومىسسارى: دىڭ چاڭيۇ (هاۋا ئارمىيە شاۋجياڭى)

مۇئاۋىن قىسىم كوماندىرى: ياڭ جېنشىڭ (هاۋا ئارمىيە شاۋجياڭى)

مۇئاۋىن قىسىم كوماندىرى: جاڭ دۇڭشىڭ (هاۋا ئارمىيە شاۋجياڭى)

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: لى باۋچى (هاۋا ئارمىيە داشياۋى)

**ئومۇمىي ئەھۋالى**

1) هەربىي خىزمەت، ئۆگىنىش تەلىم - تەربىيىسىدە يىللىق ۋاقىت كۆرسەتكۈچى 104.9% ئورۇندالدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى قورال‌لىق سەپەر قىلىش مەشىقىنى خېلى ياخشى تەشكىللىدى، رادار قىسمى كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مەخپىيەتلىك تارماقلىرى لەنجۇ هەربىي رايونى هاۋا ئارمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ئون تۈرنىڭ توققۇزىدا 1 - بولۇپ، ياخشى نەتىجە ياراتتى. خىزمەت ئورنىدا هەربىي مەشق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالىي دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قىسمەن ئورۇش قىلىش تەتقىقاتى ۋە مانېۋىر قىلىش كۈچەيتىلدى.

2) ئارقا سەپ خىزمىتى كۈچەيتىلدى ۋە قورال - ياراغلار تېخنىكا جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئۇچۇش داۋامىدىكى ئارقا سەپ ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئۆستى، ئەلا سۈپەتلىك ياخشى ئايرودروم (قېتىم) بولۇش نىسبىتى 99.85% كە يەتتى. «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئارقا سەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئارقا سەپ ئىشلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. تۆەندىن يۇقىرى ئورۇنلار 6 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت توپلاپ، چەت، يىراق يەرلەردىكى خىزمىتى جاپالىق ئون ليەندۈينىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى نۆۋەتلىك ياخشىلىدى.

3) جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى بېرىشكە تەشكىللەندى. بىرىنچىدىن، دەرىجە بويىچە كادىرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تۆەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 1000غا يېقىن كىشى يىغىپ تەربىيىلەندى، ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئۆگەندى، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 - تومىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئىككىنچىدىن، چوڭ مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. تۆەندىن يۇقىرى پارتكوملار هەر پەسىلدە بىر نۆۋەتلىك مەزمۇننى ئۆگىنىپ، پارتكومىنىڭ

قوزغىلىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرەر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا چولڭ مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچىدىن، مەخسۇس تېمىدا تەربىيە بېرىلدى. ئالتە مەخسۇس تېما بويىچە، «پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش» تەربىيىسى ئېيىشتۇرۇلدى.

4) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەستايىدىل تۇتۇلدى. تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوم بەنزىلىرى ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، بەنزىنى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق تۇتتى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، ھەم دەرىجىگە، دائىرىلەرگە بۆلۈپ يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ 300دىن ئارتۇق شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىسىنى يىغىپ تەربىيىلىدى.

**ھەربىي تەلىم - تەربىيە**

1993 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەلىم - تەربىيىنى پائال، مۇقىم تەشكىللەپ، ۋەزىپىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىدى ۋە ئۇچۇش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسى ئۇچقۇچىلار قىسمى تاكتىكا ۋە يېڭى تۈردىكى ئايروپىلانلارنى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىنى پائال تەشكىللىدى، تاكتىكا تىزىسى بويىچە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ئۇچقۇچىلار تۆۋەنلىرى ھاۋا ئارمىيىسى بەلگىلىگەن «ئا» ياكى «ب» خىلدىكى جەڭگىۋار تۆۋەن سەۋىيىسىگە يەتتى. %50 ئۇچقۇچى تۆت خىل ھاۋا رايىدا مەشغۇلات قىلالايدىغان سەۋىيىگە يېتىپ، «پۈتۈن كۈندىكى ھاۋارايىدا مەشغۇلات قىلالايدىغان» ئۇچقۇچى بولۇپ يېتىلدى. ئومۇمىي ئۇچقۇچىلار ئىچىدە قوماندانلار %31نى، ئوقۇتقۇچىلار %5. 55نى ۋە ئايروپىلان باشلىقلىرى %80نى ئىگىلىدى.

يەر ئۈستى تەلىم - تەربىيىسى يەر ئۈستى قىسىم (تارماق ئەترەت) لىرى تەلىم - تەربىيە پروگراممىسىنىڭ تەلىپى بويىچە بەلگىلەنگەن ئورتاق دەرسلەر ۋە ھەربىي تەنتەربىيە تەلىم - تەربىيىسىنى مەزمۇنغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ۋاقتىدا ئورۇندىدى، ئۈچ تۆۋەن ھەربىي تەنتەربىيە تەلىم - تەربىيىسى ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تۆۋەن باش شتاب، باش سىياسىي بۆلۈم ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يەتكەن ئىلغار بورۇن بولۇپ باھالاندى. 1992 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقا يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ قىش پەسىللىك تەلىم - تەربىيىسى تەلىم - تەربىيە پروگراممىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئورۇندالدى. ھەربىي ئىشلارغا ئاساسلىق مەسئۇل كوماندىرلار يىغىپ تەربىيىلەندى. قىسىمغا قاراشلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: خويى (داشياۋ)

1 - سىياسىي كومىسسارى: چېن جىنچى

سىياسىي كومىسسارى: جاڭ ۋۇ (داشياۋ)

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: ئابدۇغېنى (داشياۋ)، جاڭ خۇيسۇن (شياۋشياۋ)

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جاڭ يۇڭخەي (داشياۋ)، ئىبزىز ھېبىت (داشياۋ)

**ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى «ئىچكى قوغدىنىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» ۋە «تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 55 قېتىملىق جىنايەتچى قېچىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، قاتىللىق قىلىش ۋەقەسى توسۇپ قېلىندى، 1992-يىلدىكىگە قارىغاندا جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنۇش قېتىم سانى %20، قېچىشقا ئۇرۇنغان ئادەم سانى %22 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈرلۈك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە زوراۋانلىق ئەنزىسىدىن جەمئىي 29 قېتىملىقى بىر تەرەپ قىلىندى، 1809 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرى كۈچ ئىشقا سېلىندى.

1993 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى جەمئىي 488 قېتىم چوڭ مۇھاپىزەت قىلىش

ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 87 مىڭ 226 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچنى ئىشقا سالدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرى، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)نىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرىنىڭ يەتتە قېتىملىق شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشى، قىسقا ۋاقىتلىق توختىشى، مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ جېننىڭ جەسەت كۈلىنى چېچىش مۇراسىمى ۋە «13 - نويابىر» ئايروپىلان ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئورۇننى قوغداش، كۆزەتتە تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئۇرۇمچى كېڭەيتىش يىغىنى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ كۆلەملىك سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 1206 ھەر خىل قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 1206 جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، 800 گرامدىن ئارتۇق زەھەرلىك چېكىملىك يىغىۋېلىندى، 110 قېتىملىق زوراۋانلىق ئەنزىسى، توپىلىشىپ ئۇرۇشۇش توسۇپ قېلىندى.

# قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: خاۋشۇچېڭ (داشياۋ)

سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ جىڭگۇاڭ (داشياۋ)

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: سەي رۇيىيۇەن (داشياۋ)، گوزۇڭچاڭ (داشياۋ)

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: گويىڭ (داشياۋ)

قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسى

1993 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتىگە قاراشلىق ئالتە تارماق ئەترەت (پونكىت) شىنجاڭ، گۇاڭدۇڭ، خېبېي، نىڭشيا، جياڭسۇ، لياۋنىڭ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 230 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. قىسىم بويىچە ھەر بىر كىشىنىڭ تېخنىكىلىق قوراللىنىش نىسبىتى 23 مىڭ يۈەنگە، ھەر بىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان ئېنېرگىيە بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى 22.9 كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە باش ئەترەت جەمئىي 8

مىليون 575 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قازدى، 211 مىڭ 700 كۇب مېتىر مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، ئۇزۇنلۇقى 2623 مېتىر كېلىدىغان 171 سوڭگۈچ، ئۇزۇنلۇقى 367.2 مېتىر كېلىدىغان 23 كۆۋرۈك ياسىدى، 158.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت، بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا بېتون ياتقۇزدى، 374.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تونېل قازدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 514 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 223.8% ئورۇندالدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 82 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 4-تارماق ئەترەت دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىدىكى قاراتۇڭكېدىن كۆيۈك تاغقىچە بولغان تاشيولنى ياساپ، مۇشۇ يىلى 62.44 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتىنى 82 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 4 - تارماق ئەترەت ياسىغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىدىكى چىڭشۇيخوزىدىن قورغاسقا بارىدىغان تاشيولدا 91 مىڭ 500 كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، 12 سوڭگۈچ، 172.62 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بەش كۆۋرۈك ياسالدى. 85 مىڭ 402 كۋادرات مېتىر يولغا بېتون، 321 مىڭ 506 كۋادرات مېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4-تارماق ئەترەت ئۈستىگە ئالغان شاڭخەيدىن نەنجىڭغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىدا مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت يولى «217» لىنىيىسىدىكى ئالتايدىن بۇرچىنغا بارىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4 - تارماق ئەترەتنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىكى قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 154 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىلدىكى مەبلەغ سېلىش پىلانى 386.1% ئورۇندالدى. 5 - تارماق ئەترەت ياساشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى ئايغىر بۇلاق تاشيول قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ بىر يىلدا 296 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، 29 مىڭ 300 كۇب مېتىر مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، 29.74 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر كۆۋرۈك ياسالدى، 50.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 956 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1993-يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا بولدى. ئۇلار ياساشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىدىكى ليۇپەنشەن تاشيولىنىڭ تونېل قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ يىلدا 4206 كۇب مېتىر

تونېل مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، 374.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسالدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىدىكى گەنسۇدىن جىڭنىڭگە بارىدىغان تاشيولنىڭ تونېل قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تارماق ئەترەتنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىكى جەمئىي قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 188% ئورۇندالدى. 6 - تارماق ئەترەت ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىدىكى قۇمۇلدىن لياۋدۇنخۇغىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى ئايغىر بۇلاق كۆۋرۈكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان «2912» تاشيول لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدىن بارىكۆلگىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان قۇمۇلدىكى «شىمالىي جۇڭشەن» كوچىسى قۇرۇلۇشىدا، مەھسۇلات قىممىتى 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خېفېيدىن ۋۇخۇغا بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا 661 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا قېزىلدى، 4988 كۇب مېتىر مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، 19 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى كۆۋرۈك ياسالدى، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئەترەتنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىكى جەمئىي قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 226.2% ئورۇندالدى. 7 - تارماق ئەترەت ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان خېبېي ئۆلكىسىدىكى چېڭدېدىن لىشۇۋېنگىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا 778 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى كىچىك كۆۋرۈك، 573.2 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 54 سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسالدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ياشاشنى ئۈستىگە ئالغان خېبېي ئۆلكىسىدىكى چىنخۇاڭداۋ شەھىرىنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى لۇڭمېندىن شىنفېڭگە بارىدىغان ئالىي دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشلىرىدا مەھسۇلات قىممىتى 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت بۇ ئەترەت يەنە بېيجىڭ، خېبېيلارنىڭ باشقا تاشيول قۇرۇلۇشلىرىنى ياشاشنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 108.2% ئورۇندالدى. پورت قۇرۇش قوماندانلىق ئورنى ئۈستىگە ئالغان لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى دالىيەن شەھىرىنىڭ داجياۋۋەن 2 - قارارلىق قۇرۇقلۇق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا 1 مىليون 126 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ئۈستىگە ئالغان گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى يەنتيەن پورتىنىڭ تاغ يۆتكەپ، دېڭىزنى تىندۇرۇش قۇرۇلۇشىدا 1 مىليون 238 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدىكى جەمئىي قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 206% ئورۇندالدى. شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيول قوماندانلىق ئورنى دۆلەت يولى «219» لىنىيىسىدىكى قاغىلىقتىن سەنشىلى گەزەرمىسىگىچە بولغان تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا 984 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا قازدى، 72 مىڭ 341 كۇب مېتىر مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، 387 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 46 سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسىدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇلار ئۈستىگە ئالغان جياڭشى ئۆلكىسىدىكى نەنچاڭ شەھىرىدىن نەنتۇڭغا بارىدىغان ئالىي دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىدا 600 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى، قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 165% ئورۇندالدى. باش ئەترەتنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى لۇڭمېندىن شىنفېڭگە بارىدىغان تاش يول تورىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا باش ئەترەت ياسىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىش نىسبىتى 100% كە، ئوتتۇرىچە ياخشى بولۇش نىسبىتى 94.8% كە يەتتى. تۆت ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشى ياخشى قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۈچ تارماق ئەترەت ياخشى قۇرۇلۇش ئەترىتى بولۇپ، 16 ليەندۇي ياخشى قۇرۇلۇش ليەندۇيى بولۇپ باھالاندى.

1993 - يىلى باش ئەترەت گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ 500 بىناكارلىق كارخانىسى» ئىچىدە 104 - بولۇپ، «جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى 500 بىناكارلىق كارخانىسى» ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ 28 - سى بولۇپ باھالاندى.

# قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى (ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى) رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى (ئىدارە باشلىقى): سۈن چۈەنلىيۇ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارى: كابىر داۋۇت (داشياۋ، قازاق، 11 - ئايدا ئالمىشىپ كەتكەن)

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى):

لى شاۋچيەن (داشياۋ)

جاڭ فېڭ (داشياۋ)

قادىر ئاۋۇت (داشياۋ)

**چېگرا باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا باشقۇرۇش خىزمەت تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «چېگرا ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈش ۋە ئولتۇراقلىشىشنى كۆچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، 13 تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، چېگرا ئېغىزلىرى ۋە نۇقتىلىق ئۆچاستىكىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا چېگرا باشقۇرۇش رايونىدا 899 قېتىم جىنايى ئىشلار ئەنزىسى سادىر بولدى، بۇنىڭ 683 قېتىملىقى پاش قىلىندى. 1163 قېتىم جەمئىيەت ئامانلىقى ئەنزىسى سادىر بولدى، بۇنىڭ 998 قېتىملىقى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. چېگرىدا قانۇنسىزلىق بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلغان 144 ئەنزە پاش قىلىندى، خۇسۇسىلار تېرىغان 25 مىڭ تۈپ كۆكنار مۇسادىرە قىلىندى، توققۇز گرام خىروئىن، 34 كىلوگرام نەشە قولغا چۈشۈرۈلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى (نۇقتىسى) ئەتكەس ئاپتوموبىلدىن بەشنى قولغا چۈشۈردى.

مۇشۇ بىر يىلدا چېگرىنىڭ 1 - لىنىيىسىدە 72 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان 213 ئادەم (قېتىم) تۇتۇۋېلىندى. قوشنا دۆلەتتىن 13 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 16 ئادەم (قېتىم) تۇتۇۋېلىندى. چېگرا باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان چەت ئەللىك 67 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

**چېگرا ئېغىزى، چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگرا ئېغىزى، چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 696 مىڭ 528 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ 486 مىڭ 442 ئادەم (قېتىم)، قاتناش - ترانسپورت سايمانلىرى مۇلازىمەتچىسى 210 مىڭ 86 ئادەم (قېتىم). چېگرىدىن كىرگەن - چىققان قاتناش - ترانسپورت قورالى 173 مىڭ 129 قېتىم تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 170 مىڭ 870 قېتىم، پويىز 1566 قېتىم، ئايروپىلان 693 قېتىم. 24 قېتىمدا چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ چەتكە قاچقان 119 جۇڭگو پۇقراسى بايقىلىپ، بىر تەرەپ قىلىندى. سەككىز قېتىمدا دۆلىتىمىزنىڭ رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى يالغاندىن ياسىغان 66 چەت ئەللىك تۇتۇلدى؛ رەسمىيىتى مۇۋاپىق بولمىغان 401 يولۇچى بايقىلىپ، بىر تەرەپ قىلىندى. 13 تال قورال، 3249 پاي ئوق قولغا چۈشۈرۈلدى. ھەر قايسى چېگرا ئېغىزى، چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى قازاقىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، پاكىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش (ئاھالە كۆچۈرۈش) ئورگانلىرى بىلەن جەمئىي 29 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 549 قېتىم ئۇچراشتى. باش ئەترەت ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۈچ قېتىم ئالىي دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى 70 نەچچە قېتىم چېگرا سودىسى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇچرىشىپ، يەرلىك سودىغا 200دىن ئارتۇق ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى.

# قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى بىڭتۇەن قوماندانلىق ئورنى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىڭتۇەن قوماندانلىق ئورنى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىرى: لى جىڭتاڭ (داشياۋ)

سىياسىي كومىسسارى: سۈن شياۋلىيەن (داشياۋ)

**ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئەھۋالى**

1993 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىڭتۇەن

قوماندانلىق ئورنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «ئىچكى قوغدىنىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «ئۇرۇش تەييارلىقى تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» لەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 32 قېتىمدا 48 جىنايەتچى قېچىشتىن توسۇپ قېلىندى؛ 155 قېتىمدا 580دىن ئارتۇق جىنايەتچى جېدەل چىقىرىش، قاتىللىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، توپلىشىپ ئۇرۇشۇشتىن توسۇپ قېلىندى؛ 24 قېتىملىق زوراۋانلىق ئەنزىسى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىر چوڭ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىپ، 67 جىنايەتچى تۇتۇلدى، جىنايەت سادىر قىلىشقا ئىشلىتىلگەن قاتىللىق قوراللىرىدىن 110دىن ئارتۇقى قولغا چۈشۈرۈلدى؛ 54 قېتىم قوغلاپ تۇتۇش، قولغا ئېلىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىندى؛ 2000 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ۋاقىتلىق ئەسكىرىي كۈچ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا قاتناشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئالتە تارماق ئەترەت، توققۇز چوڭ ئەترەت، 62 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتى، 182 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش شۆبە ئەترىتى، 135 ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق تۈرمە، 24 تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا نازارەت قىلىش، كۆزەت قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 61 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتىدە قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى، 52 ئوتتۇرا ئەترەتتە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش داۋامىدا ھادىسە يۈز بەرمىدى، 20 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت بولۇپ باھالاندى.

5-ئايدىن 9 - ئايغىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى، «7 — 93» قۇرۇلۇشىغا جىنايەتچىلەرنى يۆتكەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، بۇنىڭغا 1000 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئىشلىتىلىپ، 5000 كىلومېتىر مۇساپىغە نازارەت قىلىپ بارغىچە سەۋەنلىك يۈز بەرمىدى.

1993 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىڭتۈەن قوماندانلىق ئورنى ھەربىي تەلىم - تەربىيە جەھەتتە، ئاساسىي قاتلامدىكى قىسىملار بىلەن يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت، ئاساسلىق ماھارەت ۋە يەككە ئەسكەر، بەن، پەيلەر بويىچە تېخنىكىلىق ھەرىكەت تەلىم - تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى. يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 88 كۈندىن ئارتۇق بولۇپ، تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 86.6%كە يەتتى. سىناق قىلىش ئارقىلىق تۆتنى بىلىدىغان ئىنستىرۇكتور 563كە، مەرگەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ماھىرى، تېخنىكا ماھىرى 1083 كە، تەلىم - تەربىيىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت 25كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 قارار ھەر تۈرلۈك يىغىپ تەربىيىلەش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، قېتىم سانى بويىچە 1213 تايانچ بەنجاڭ تەربىيىلەندى.

شىن جيەن

# لۇپتۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى نىلقىدا ئۆتكۈزۈلدى

ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي شائىر لۇپتۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، 1994 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە نىلقا ناھىيىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە لۇپتۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى لۇپتۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى. رەھبىرىي يولداشلاردىن ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ ئالاھىدە بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

# ئۈنۈۋېرسال ئىگىلىك

## ئومۇمىي بايان

**خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى داۋاملىق يۈكسەلدى. ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، ئوبوروت، ئىستېمال قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، بازار مېخانىزمىنىڭ رولى دەسلەپكى قەدەمدە گەۋدىلەندى. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 49 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 9.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ كەسىپنىڭ كۆپەيگەن قىممىتى 15 مىليارد 282 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.3% ئېشىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 30.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 753 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4.4% ئاشتى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە قىزىلچا قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى بىر ئاز تۆۋەنلىگەندىن سىرت، باشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشتى. ئاشلىق 7 مىليون 90 مىڭ توننىغا يېتىپ، 0.4% ئېشىپ، يەنە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. پاختا 1.9%، ياغلىق دان 3.9% ئاشتى، قىزىلچا 28% تۆۋەنلەپ كەتتى. گۆش 6.1% ئاشتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليارد 248 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 27 مىليارد 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.2% ئاشتى؛ يېنىك سانائەتنىڭ 16 مىليارد 221 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.9% ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ 7.2% ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ 16.3% ئاشتى، باشقىلارنىڭ 52.5% ئاشتى. مەبلەغ سېلىش ئېھتىياجىنىڭ تەسىرىدە ئېنېرگىيە، خام ئەشيا سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. كۆمۈر 19.2%، چويۇن 7.9%، توك 24.3%، نېفىت 1.3%، پولات 12.8%، پولات ماتېرىيالى 15.8%، ئالىيۇمىن 33%، سېمونت 14.1% ئاشتى. قاتناش ـ ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئاشتى. تاشيول، تۆمۈر يولدا ئىككى تەرەپلەپ يۈك توشۇلۇپ، مەلۇم نەتىجە يارىتىلدى، توشۇلغان يۈك 317 مىڭ 200 توننىغا يەتتى. تۆمۈريول تارماقلىرى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ توشۇش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، توشۇش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، نۇقتىلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 397 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.9% ئاشتى. ئۈزۈن يوللۇق تېلېفون، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون ئالاقىسى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى، ئۈزۈن يوللۇق تېلېفون تورىغا كىرگەن شەھەر، ناھىيىلەر 16 گە يەتتى. گېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. يېڭىدىن ئون ئورۇندا مۇھىم كان تېپىلدى.

تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى سالماق قەدەم بىلەن كۆپەيدى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خېلى ئىلگىرىلىدى. 1993 ـ يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 36.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ 30.9% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 36.8%، كوللېكتىپ ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 61.4%، شەھەر، يېزىلاردا شەخسلەر سالغان مەبلەغ 17% كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلىق 35 تۈر ناھايىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە، مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىليارد 179 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شەھەر، يېزىلاردا بازار ئاۋاتلىشىپ، جانلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 17.15% (باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 4%) ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرگە سېتىپ بېرىلگىنى 14 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.8%

ئاشتى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا سېتىپ بېرىلگىنى 2 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.8 ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاھالىلەر ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىش، ئۆيىنى بېزەش، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەدرىجى ھالدا ئىستېمال قىزغىنلىقى شەكىللەندى.

تاشقى سودا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشقى سودىدا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 912 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %30.3 ئاشتى. مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى تېز تەرەققىي قىلدى، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %80.2 ئاشتى. بۇ، نەق پېرېۋوت سودىسىدىن ئېشىپ، تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 63.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، تاشقى سودىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىساد - تېخنىكا جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش كۈچەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن 363 مەبلەغ سېلىش توختامى ئىمزالاندى، ئىمزالانغان توختام 1992 - يىلدىكىدىن 1.9 ھەسسە كۆپەيدى. توختام سوممىسى 257 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 53 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىندى، سېلىنغان مەبلەغ 1992 -يىلدىكىدىن4.2 ھەسسە ئاشتى، 1993 - يىل تارىختا چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان بىر يىل بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا 1500 ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 2 مىليارد 826 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەمەلىيەتتە، باشقا ئۆلكىلەردىن 566 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشى چىقىمىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %33.1 ئاشتى، مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 446 مىليون يۈەن بولۇپ، %14.9 ئاشتى. بانكىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 40 مىليارد 632 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد 742 مىليون يۈەن ئاشتى، قەرز پۇل قالدۇقى 46 مىليارد 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 650 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 3 مىليارد 746 مىليون يۈەن پۇل تارقىتىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 849 مىليون يۈەن كۆپ.

خەلق تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 3415 يۈەنگە يېتىپ، %24.5 كۆپەيدى. باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %10.2 ئاشتى. يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 778 يۈەنگە يېتىپ، %5 كۆپەيدى، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل خېلى تېز كۆپەيدى. ئامانەت پۇل قالدۇقى 24 مىليارد 412 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 5 مىليارد 32 مىليون يۈەن، يەنى %26 ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئومۇمەن خېلى ياخشى بولدى، لېكىن، يەنە مۇنداق خېلى گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى: 1) بازارلاردا مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ تۆۋەنلىمەي پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى 1992 - يىلدىكىدىن %12.6 ئۆرلىدى. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى %13 ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردە %13.6، يېزىلاردا %10.8 ئۆرلىدى. 2) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالى يەنىلا ئېغىر بولدى، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى نىسبىي ھالدا كېمەيدى، تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك ئەمەس، بەزى يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئورۇنلىرى قىسقارتىلغاچقا، كىشىلەردە خاتىرجەمسىزلىك كۆرۈلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى بەك ئۆرلەپ كېتىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. يېزىلاردىكى 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتى ئاشقان بىلەن كىرىمى ئاشمىدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قايچىسىمان پەرقى زورايدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى راۋان بولماي، سېتىش، سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش دېھقانلارنى چۆچۈتۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مەسىلىلەر يەنىلا گەۋدىلىك بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۈرئىتى، ئۈنۈمى يەنىلا تۆۋەن بولدى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر: 1) تۈزۈلمە راۋان ئەمەس، تۈزۈملەر ئىزچىللاشمىدى. 2) كوزۇر مەھسۇلاتلار كەم بولدى. مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى، دەرىجىسى، سۈپىتى بازار رىقابىتى تەلىپىگە لايىق بولماي، مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قېلىپ، مەبلەغنىڭ نورمال ئوبوروتىغا تەسىر يەتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كەتتى، كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى كېڭىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى. 3) كارخانىلارنىڭ سېلىقى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۈچ بۇرجەك قەرز كۆپەيدى، تەرەققىيات قەدىمى مۈشكۈللەشتى. 4) تېخنىكا ئۆزگەرتىش سېلىنمىسى ئاز،

تېخنىكا تۇسقۇنلىرى قالاق، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچى كەمچىل. 5) مەبلەغ كەمچىل، ترانسپورت جىددىي، كارخانىلارنىڭ ئىشلىشى قىيىن بولدى.

ئۈنىڭدىن باشقا، نەق پېرېۋوت سودىسىدا ئېكسپورت ئازلاپ كەتتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى مەملىكەت بويىچە كەينىدە قالدى، بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىختىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ سىرتقا ئېقىپ كەتتى.

لىۋ ۋېنجۇ

ۋۇ جۈن

## ئاپتونوم رايونلۇق پىلان يىغىنى

1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرىدە پىلان يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 1993 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. 1993 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە ۋەزىپىسى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

1. خەلق ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش تەلىپى بويىچە، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، خەلق ئىگىلىكى بىر قەدەر تېز يۈكسەلدۈرۈلىدۇ. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 36 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1992 ـ يىلدىكىدىن %10.5 ئاشۇرۇلىدۇ، %11 ئاشۇرۇش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، بازار يېتەكچى قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىش يولىغا مېڭىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن 16 ـ يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان 2 ـ، 3 ـ كەسىپلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈلىدۇ. پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %4.5 ئاشۇرۇلىدۇ، ئاشلىق يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %29.3 ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئاشلىق 7 مىليون توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %0.8 ئاشۇرۇلىدۇ؛ پاختا 800 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %8.1 ئاشۇرۇلىدۇ؛ ياغلىق دان 300 مىڭ توننا بولۇپ، 30 مىڭ توننا كېمەيتىلىدۇ. شېكەر سانائىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قىزىلچىنى 3 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ؛ گۆش 3 مىليون 55 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %7.6 ئاشۇرۇلىدۇ.

3. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى كۈچەيتىلىدۇ، سانائەت قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %13.2 ئاشۇرۇلىدۇ؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئېنېرگىيە سەرپىياتى 1.7 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىتىلىدۇ، سانائەت مەبلىغىنىڭ پايدا ۋە باج نىسبىتى 0.5 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ: نېفىت 9 مىليون 260 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %5.7 ئاشۇرۇلىدۇ. نېفىت پىششىقلاش مىقدارى 6 مىليون 300 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %20.6 ئاشۇرۇلىدۇ، توك 9 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈلۈپ، %9.8 ئاشۇرۇلىدۇ. پولات ماتېرىياللىرى 425 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %16.4 ئاشۇرۇلىدۇ؛ سېمونت 4 مىليون 200 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %13.6 ئاشۇرۇلىدۇ، پاختا يىپ 160 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %8.4 ئاشۇرۇلىدۇ؛ شېكەر 350 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلۈپ، %12.5 ئاشۇرۇلىدۇ.

4. مەبلەغ سېلىش كۆلىمى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىنىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ: ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 6 ميارد 686 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %28.5 ئاشۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالىدىغان مەبلەغ 4 مىليارد 586 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %34.7 ئاشۇرۇلىدۇ. كوللېكتىپ ئورۇنلار سالىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %25 ئاشۇرۇلىدۇ. يەككە ئىگىلىكتىكىلەر سالىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %10 ئاشۇرۇلىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالىدىغان مەبلەغ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغىنى 2 مىليارد 886 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىدىغىنى 1 مىليارد يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنىدىغىنى 400 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنىدىغىنى 300 مىليون يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان 2 مىليارد 886 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: 186

مىليون يۈەنى دۆلەت خام چوتىدا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، 199 مىليون يۈەنى ۋىلايەت دەرىجىلىك مالىيە ئۆزى تەييارلايدۇ. بانكا 200 مىليون يۈەن قەرز بېرىدۇ. 776 مىليون يۈەن چەت ئەل مەبلىغى، قىممىتى بار ئاكسىيەدىن 330 مىليون يۈەن ئىشلىتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، تارماق، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرى 1 مىليارد 195 مىليون يۈەن تەييارلايدۇ. جەمئىي 32 چوڭ، ئوتتۇرا تۈر (مەركەزنىڭ تۈرلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 3 مىليون يۈەنلىكتىن يۇقىرى 169 كىچىك تۈر، ئون تەييارلىق تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى ئىچىدىن تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىقىغا داۋاملىق 30 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ، بۇ مەبلەغ، ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، ئېنېرگىيە، مۇھىم خام ئەشيا قاتارلىق چوڭ تۈرلىرىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە سەرپ قىلىنىدۇ.

5. ئىككى لىنىيە بويىچە ئېچىۋېتىش تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىدا يېڭى يۈكسىلىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 560 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، 21.7% ئاشۇرۇلىدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىنىڭ 260 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، 62.5% ئاشۇرۇلىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش 408 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ.

6. 3 - كەسىپ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، بازار قۇرۇلۇشى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، ئىچكى، تاشقى بازارلار تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئوبوروت جانلاندۇرۇلىدۇ، مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: 3 - كەسىپنىڭ ئېشىش قىممىتى 11 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 15.3% ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليارد 670 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 14.7% ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 8% - 9% تە تىزگىنلىنىدۇ.

7. تىرىشىپ كىرىم ئاشۇرۇلۇپ، چىقىم تېجىلىپ، مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. پىلاندا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: يەرلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليارد 772 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.6% ئاشۇرۇلىدۇ، مالىيە چىقىمى 4 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1992 - يىلىنىڭ بېشىدىكى خام چوتتىن 9.9% ئاشۇرۇلىدۇ.

8. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، رادىئو، كىنو - تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلار راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلىنىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتتىق تىزگىنلىنىپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 20‰ ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ.

ياڭ يىبو

## 1993 - يىلدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليارد 881 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليارد 521 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليارد 62 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 10.6% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدىكى ئېشىش سۈرئىتى مۇنداق بولدى: 1 - پەسىلدە 2.5%، 2 - پەسىلدە 8.4%، 3 - پەسىلدە 9.06%، 4 - پەسىلدە 19.34% ئاشتى. 4 - پەسىلدە زور دەرىجىدە ئاشقاندىن سىرت، 1 -، 2 -، 3 - پەسىللەردە ئېشىش نىسبىتى زور بولمىدى، ئومۇمەن، سۈرئەت ئاستا بولدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

1. ئېغىر سانائەت يېنىك سانائەتتىن كۆپ ئاشتى. ئېغىر سانائەت 14%، يېنىك سانائەت 7.4% ئاشتى. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە يېنىك سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولدى. 1 - پەسىلدە 3.8%، 2 - پەسىلدە 1.6%، 3 - پەسىلدە 2% بولدى، 4 - پەسىلدە زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ، ئاساسەن، چىگىت ئايرىش، شېكەر ئىشلەش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشتىن ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېنىك سانائەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئېغىر سانائەتنىڭكىدىن 6.6 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى.

2. دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭكىدىن كۆپ ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا قۇرغان كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 23.33% ئاشتى، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قاتارلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41.2%

ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەتنىڭ يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان سانائەت تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى.

3. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى تېز ئاشتى، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) كە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي %17.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ %8.8 ئاشتى. مەركەزگە قاراشلىق نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر، رەڭلىك مېتال قاتارلىق كارخانىلارنىڭ %25.3 ئاشتى. يەرلىك كارخانىلارنىڭ ئاران %4.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ %10.5 تۆۋەنلەپ كەتتى، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) كە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %10.1 ئاشتى.

4. رايون، تارماقلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بازار، مەبلەغ ۋە تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. 34 ۋىلايەت ۋە تارماقتىن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى (%25.7)، شىنجاڭ پولات تۆمۈر شىركىتى (%12.2)، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى (%15.3)، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسى (%14.5)، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ ستېبمىسى (%13.9)، قاراماي شەھىرى (%56.8)، قۇمۇل ۋىلايىتى (%16.8)، سانجى ئوبلاستى (%14.9)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (%13.2) ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى (%11.6) نىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائەت نازارىتى (—%2.9)، ئورمانچىلىق نازارىتى (—%13.4)، ئاشلىق ئىدارىسى (—%20.3)، دورا شىركىتى (—%26)، قىزىلسۇ ئوبلاستى (—%5.8)، خوتەن ۋىلايىتى (—%2.2) قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

5. مەبلەغ سېلىش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، بىر قىسىم يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى. پولات ماتېرىياللىرى (%15.8)، چويۇن (%19.2)، ئاليۇمىن (%33)، سېمونت (%14.1)، نېفىت (%24.3)، نېفىت مەھسۇلاتلىرى (%13.4)، توك (%7.9)، رەڭلىك تېلېۋىزور (%75)، ئىچىملىك - ھاراق (%12.2)، ئاق ھاراق (%31.3)، كونسېرۋا (%21.6)، مەشۇت (%18.6)، يۇڭ ئەدىيال (%93.1)، ئىسپىرت (%49.7) ۋە بالون (%26.4) قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى. تۇز (—%40.8)، خورۇم ئاياغ كىيىم (—%51.7)، بىرىكمە سۈيۈق سوپۇن (—%32)، رەڭلىك تېلېۋىزور (—%30.8)، سۇلياۋ ياسالمىلار (—%25.5)، ئاليۇمىن ياسالمىلار (—%89) ۋە ئەينەك ياسالمىلار (—%26) قاتارلىقلار زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى.

6. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1993 - يىلى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش تەشكىللىنىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ نىسبىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ساقلاندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ سېتىلغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 41 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.9 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.1 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ %96.7، يېنىك سانائەتنىڭ %97.3 بولدى. ئامباردىن چىقىرىلىپ سېتىلىپ بولغىچە كەتكەن ۋاقىت يىل بېشىدىكى 68 كۈندىن 58 كۈنگە قىسقىراپ، ئىشلەپچىقىرىلىش بىلەن سېتىلىشنىڭ باغلىنىشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

7. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئاشتى، لېكىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليارد 314 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.7 ئاشتى، لېكىن ھېساباتى مۇستەقىل سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 1992 - يىلدىكى %78.6 تىن %70.2 كە چۈشۈپ قالدى، بۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تەخمىنەن 26 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خام چوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا ۋە باج پولات - تۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، لېكىن زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 240 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيدى، زىيان تارتىش كۆلىمى %31.2 كېڭىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.88 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسىنىڭ 40 پىرسەنتى زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا كېتىپ،

نۇرغۇن كارخانىلار ناچار دەۋر قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

ۋاڭ يۈڭشېڭ

## نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 35 تۈر ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىپ، جەمئىي 10 مىليارد 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىللىق پىلان 101% ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، 18 تۈرنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرىنىڭ ئايرىم تۈرلىرى ياكى بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا تولۇق كىرىشكىنى 11 تۈر، ئۇلار: قەشقەر 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشقورغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، جىلىڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىخەنزە تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئىلى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، شىخو ناھىيىلىك تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، قىزىل سۇ ئامبىرى، شىنجاڭ ساپ شۈلتا زاۋۇتى، فۇكاڭ نىكېل تاۋلاش زاۋۇتى، دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈن - داخۇاگۇەن قىسمى، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ساردۆڭ - مائەنچياۋ قىسمى. ئايرىم تۈرلەر ياكى بىر قىسىم تۈرلەردىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكىنى يەتتە، ئۇلار: ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولىئېستېر 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرى «نۇر» كوچىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىگە قاراشلىق نېفىتلىك، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل - لياۋدۇن قىسمى ۋە سانجى - قۇتۇبى مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى قاتارلىقلار.

قالغان 17 نۇقتىلىق تۈرنىڭ سۈرئىتى ئاساسىي جەھەتتىن پىلاندىكى تەلەپكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنىڭ ئېتىلېن، بوتادىئېن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى، ئاساسلىق قۇرۇلمىلار ئومۇميۈزلۈك قۇراشتۇرۇلۇش باسقۇچىغا كىردى. 48 ئاساسلىق يەككە تۈرنىڭ توققۇزى پۈتتى. نۇقتىلىق ئېغىز قۇرۇلۇشلىرىدىن ئالاتاۋ ئېغىزى تاشيولىدىكى بىرلەشمە تەكشۈرۈش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ چىڭگىسخوزا - قورغاس، چۆچەك - باقتۇ ئېغىزى تاشيوللىرى پۈتۈپ، ئاپتوموبىل قاتنىدى. باشقا تاشيوللار، ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى مۇئەسسەسىلىرىنىڭ سۈرئىتى تېزگىنلەنگەن نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغانلىرىنىڭ پۈتۈشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قوشتى. ئېلېكتر ئىستانسىلىرى گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 110 مىڭ 400 كىلوۋاتقا، نېفىتنىڭ يىللىق ئېچىش مىقدارى 2 مىليون 588 مىڭ توننىغا، ساپ شۈلتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 80 مىڭ توننىغا، پولىئېستېرنىڭ 42 مىڭ توننىغا، ئېلېكترولىزلانغان نىكېلنىڭ 20 مىليون توننىغا، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 640 مىليون كۇبقا يەتتى، قوش لىنىيىلىك قىلىنغان 191 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر يول ترانسپورت تىجارىتىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. 62. 724 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 5.42 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 2. 323 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 396 كىلومېتىر.

ياڭ يىبو

## تېخنىكا تەرەققىياتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 48% ئاشتى، تېخنىكا كىرگۈزۈش بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 38 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 49% ئاشتى، بۇ ئىككى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. تېخنىكا تەرەققىياتى، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش سەۋىيىسىمۇ خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە، ئاساسلىقى، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى، پولات - تۆمۈر قاتارلىق ساھەلەردىكى 29 نۇقتىلىق تۈر ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 45 تۈر تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 150 مۇھىم يېڭى مەھسۇلات ئىشلەندى، 30 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، 35 تۈر يولغا قويۇلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز تۈر پۈتكۈزۈلۈپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ۋاڭ يۈڭشېڭ

## ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى 1599 ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 2 مىليارد 825 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1323 تۈر (1992 - يىلدىن ئاغدۇرۇلغان تۈرلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىجرا قىلىندى، ئەمەلىيەتتە، 1 مىليارد 933

مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنـدى؛ باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلمەكچى بولغان مەبلەغ 1 مىليارد 166 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كىرگۈزۈلگىنى 566 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 25 تۈرگە 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چەت ئەل مەبلىغى ئىشلىتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن تۈرلەر ۋە كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە 513 مىليون 60 مىڭ يۈەن پۇل ئوبوروت بولدى. بۇ تۈرلەر ئەمەلىيلىشىپ، ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، مەھسۇلات قىممىتىنى 571 مىليون 105 مىڭ 100 يۈەن، پايدا ۋە باجنى 104 مىليون 762 مىڭ 100 يۈەن ئاشۇرغىلى، 285 خىل مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2565 نەپەر (قېتىم) ھەر خىل ئىختىساس ئىگىسى كىرگۈزۈلدى.

1. سودىگەرلەر تەكلىپ قىلىنىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا 1 مىليارد 79 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئوبوروت قىلىندى، بۇ، 1989 - يىلىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە ۋە سىرتىدا ئوبوروت قىلىنغان مەبلەغ ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزگەن نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرى 52 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 37 سى ساپ كۆپەيدى. بۇ نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن 237 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. بۇ تۈرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن مەھسۇلات قىممىتى 361 مىليون 156 مىڭ يۈەن، پايدا 52 مىليون 950 مىڭ يۈەن، باج 25 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئاشىدۇ.

2. تاشقى ئىقتىساد ۋە چېگرا سودىسى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە چېگرا سودىسىنى پائال قانات يايدۇردى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تارماقلىرى چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش توختامىدىن 35 نى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 92 مىليون 290 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا، 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 21 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، 36 مىليون 159 مىڭ 600 يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تارمىقىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى بىلەن ئالاقىدار ئورۇن شىياڭگاڭدىن 180 مىليون يۈەن خەلق پۇلى كىرگۈزۈپ، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، يىلىغا 1 مىليون توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇش تۈرى ئىمزالىدى، بۇ، ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا ئىمزالانغان ئەڭ كۆپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى بولۇپ قالدى. ئالتاي، تارباغاتاي، قەشقەر، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى چېگرا سودىسى ھوقۇقىغا ئىگە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شىركەتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 10 مىليون شۋېتسارىيە فرانكىغا يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدا ئون ئىقتىسادىي گەۋدە قۇردى.

3. ئىقتىسادىي گەۋدىلەر. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىقتىسادىي گەۋدە 50 تىن ئاشتى، ئۇلارنىڭ 40 نى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شىركەتلىرىگە تايىنىپ قۇردى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىكى تىجارەت سوممىسى 150 مىليون يۈەندىن، پايدا ۋە بېجى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

شاۋ بوخىڭ

يۈەن جىنلياڭ

## قوشۇمچە

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە چەت ئەللەردىن 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزگەن نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرلىرى

1. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 14 تۈر (چەت ئەل مەبلەغ سالغان ئۈچ تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)

1) تۇرپان ۋىلايىتى چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئارسېنىك تارماق زاۋۇتىنى يىلىغا 7000 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان قىلىپ كېڭەيتىش تۈرىگە شاڭخەي شەھەرلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك باج باشقارمىسى 6 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ 3 مىليون يۈەنى شاڭخەيدىن كىرگۈزۈلدى. بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 24مىليون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 7 مىليون 190 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2) پىچان ناھىيىلىك ئېرىتكۈچ ماي زاۋۇتى بىلەن يۈمېن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «شىڭيۇ» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەمئىي 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ 8 مىليون يۈەنىنى يۈمېندىن كىرگۈزدى. بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 20 مىليون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 5 مىليون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3) پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم يېزىلىق تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن شېرىكلىشىپ، قوماندانلىق شتابىدىن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 5 مىليون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 1 مىليون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4) پىچان ناھىيىلىك 2 - يېڭىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ

تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ «سىدا» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ شىركەتتىن 10 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 27 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 5 مىلىيون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

5) پىچان ناھىيىلىك «كىرروران» رېستورانى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى چېڭخېي قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات باشقارمىسى بىلەن ھامكارلىشىپ مەشغۇلات باشقارمىسىدىن 3 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 150 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

6) پىچان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەمىنلەش باشقارمىسىدىن 5 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 9 مىلىيون 200 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنى 2 مىلىيون 620 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

7) تۇرپان شەھەرلىك ساقلىغۇچنى ساقلاش ئۈژمە يېمەكلىكلىرى چەكلىك شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى «سىدا» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «سىدا» شىركىتىدىن 4 مىلىيون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 10 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 1 مىلىيون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

8) تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى مىنېرال سۇ زاۋۇتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نېفىتلىكى، جۇڭگو - ئامېرىكا تاشقى سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، 3 مىلىيون 960 مىڭ يۈەن چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 8 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 800 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

9) تۇرپان شەھەرلىك تەبىئىي ئىچىملىك چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يېڭى ئاسىيا» شىركىتى، تەيۋەن «شىلەن» شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، ئىككى شىركەتتىن 1 مىلىيون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 4 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 400 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

10) تۇرپان ئېسپىرتسىز ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش لىنىيىسىگە ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق 3 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 5 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 500 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

11) تۇرپان ئۈزۈمنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 10 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 15 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 1 مىلىيون 500 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

12) پىچان ناھىيىسى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 5 مىلىيون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، پىچان ناھىيە بازىرىدىن پىيىز ئىستانسىسىغىچە بولغان 19 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولنى ياسىدى.

13) پىچان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي گازنى قىسىش تۈرىگە 3 مىلىيون يۈەن چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلدى، بۇ مەبلەغنىڭ 1 مىلىيون 500 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلەشتى.

14) «خۇرىنخې» تەبىئىي ئىچىملىك شىركىتى چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، 6 مىلىيون يۈەن چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 20 مىلىيون يۈەن، پايدا ۋە باجنى 4 مىلىيون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. سانجى ئوبلاستىنىڭ 12 تۈر (چەت ئەل مەبلەغ سالغان بەش تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)

1) ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىپ، ئىلمە توقۇلما فابرىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە 12 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

2) قۇتۇبى ناھىيىلىك ماشىنىسازلىق شىركىتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ «چۈەنلۇ» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، دىزېل - ماتورلۇق ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇشقا سىچۈەندىن 1 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

3) مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گۇمۇدى بازىرى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى نەنخەي ناھىيىسىنىڭ شاتۇجېن بازىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالىيۇمىن ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشقا گۇاڭدۇڭدىن 6 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

4) مىچۈەن «يۇڭخې» ياردەمچى ماددا زاۋۇتى لەنجۇ نېفىت شۆيۈەنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نېفىت خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەشكە لەنجۇدىن 1 مىلىيون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

5) مىچۈەن ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بېيجىڭ نېفىت خىمىيە پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نېفىت ياردەمچى ماددىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا بېيجىڭدىن 3 مىلىيون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

6) مىچۈەن ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى سىچۈەن ئىچىتىپ ياساش ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، گۇرۇچ شىرنىسى ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىشقا سىچۈەندىن 3 مىلىيون يۈەن مەبلەغ

كىرگۈزدى.

7) سىچۈەن ناھىيىلىك ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى شياڭگاڭ «شىنيى» گۇرۇھى شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆي - زېمىن كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شياڭگاڭدىن 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مەبلەغ كىرگۈزدى.

8) سىچۈەن ناھىيىلىك «ئاسىيا - ياۋروپا» شىركىتى شياڭگاڭ «شىلەي» شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، شياڭگاڭدىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدە چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى.

9) سىچۈەن ناھىيىلىك «مىرەن» ئۆي جاھازلىرى شىركىتى شياڭگاڭ «شىلىنمىن» شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، لۆم - لۆم كارۋاتقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى ياساشقا شياڭگاڭدىن 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مەبلەغ كىرگۈزدى.

10) سىچۈەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى ئامېرىكىنىڭ PC چەكلىك شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، يىلىغا 1000 توننا ئەينەك پولات ياسالمىلىرى ئىشلەش ئۈرۈنگە ئامېرىكىدىن 420 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى.

11) فۇكاڭ شەھەرلىك «تيەنچۈەن» شىركىتى شياڭگاڭ «يىجۇ» گۇرۇھى بىلەن شېرىكلىشىپ، ئالقات مەھسۇلاتلىرى ئىشلەشكە شياڭگاڭدىن 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن قىممىتىدە چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزدى.

12) فۇكاڭ ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق شىركىتى شاڭخەي «فۇخاۋ» گۇرۇھى بىلەن شېرىكلىشىپ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا شاڭخەيدىن 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

3. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئون تۈر

1) غۇلجا شەھىرى يېڭىيەر يېزىلىق پولات پروكاتلاش زاۋۇتى فۇجيەن شەھىرىنىڭ «گاۋ خۇ» پولات پروكاتلاش زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ پولات پروكاتلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا فۇجيەن شەھىرىدىن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

2) غۇلجا ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ «رۇڭچاڭ» ھاراق زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىشقا سىچۈەندىن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

3) چاپچال ناھىيىلىك ئۆلچەملىك بۇيۇملار ۋە توك سىمى زاۋۇتى گەنسۇ ئۆلكىسى «جىنچۈەن» مېتال تاۋلاش زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا گەنسۇدىن 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

4) موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك كانچىلىق رەڭلىك مېتال شىركىتىنىڭ مىس - نىكېل كانى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ «جىنچۈەن» رەڭلىك مېتال شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ كان ئېچىشقا گەنسۇدىن 2 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

5) غۇلجا شەھىرى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مىيەنياڭ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىلى بىناسىنى سېلىشقا سىچۈەندىن 14 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

6) غۇلجا شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىۋۇ شەھىرى بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا سودا بازىرى قۇرۇشقا جېجياڭدىن 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

7) غۇلجا شەھەرلىك ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جىنجۇڭ ۋىلايىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى سېلىشقا سەنشىدىن 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

8) غۇلجا شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى شەندۇڭ شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، ساراي شەكلىدە خىزمەت بىناسى سېلىشقا شەندۇڭدىن 25 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

9) غۇلجا شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتى شەندۇڭ شەھەرلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرى زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ «تەيلۇڭ» يولۇچى توشۇش شىركىتى قۇرۇشقا شەندۇڭدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

10) غۇلجا شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى بېيجىڭ «خۇڭيۈن» گۇرۇھى شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش رايونى قۇرۇشقا بېيجىڭدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

4. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سەككىز تۈر

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېيەنبەي ناھىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرى شىركىتى قۇرۇشقا گۇاڭدۇڭدىن 2 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى جياڭسۇ ئۆلكىسى ليەنشۈي ناھىيىسىنىڭ گاۋ گۇ ھاراق زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، جياڭسۇ - شىنجاڭ شېرىكچىلىكىدىكى قۇمۇل ھاراق زاۋۇتى قۇرۇشقا جياڭسۇدىن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇنىڭ 1 مىليون يۈەنى قولغا تېگىپ بولدى.

3) قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت باش شىركىتى جيەنلىباۋ ئىچىملىكى گۇرۇھىنىڭ نەنجىڭ «جىنشى» پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىشقا نەنجىڭدىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

4) قۇمۇل ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇل ئارچا مېيى زاۋۇتى قۇرۇشقا شەنشىدىن 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

5) قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق يېزىسى كارخانا شىركىتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى گىدرولوگىيىلىك ئۆلچەش ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، بۇلۇڭتوغراق چۈچۈك بۇيا مەلھىمى زاۋۇتى قۇرۇشقا گەنسۇدىن 1 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 700 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنى 350 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

6) قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىبىي ئۆلكىسىنىڭ مەنچاڭ ناھىيىسى بىلەن شېرىكلىشىپ، خىتالات كىلاتاسى زاۋۇتىدا بىرلەشمە تىجارەت قىلىشقا خىبېيدىن 4 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇنىڭ 2 مىليون يۈەنى قولغا تېگىپ بولدى.

7) قۇمۇل ۋىلايەتلىك كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھەرلىك خۇرۇم بۇيۇملار گۇرۇھى شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، سابىق شىنجاڭ خۇرۇم بۇيۇملار زاۋۇتىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشقا خېنەندىن 4 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

8) قۇمۇل ۋىلايەتلىك «جىنفېڭ» سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ليەنيۈنگاڭ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش، بېزەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا جياڭسۇدىن 4 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

5. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۆت تۈر (چەت ئەل مەبلەغ سالغان بىر تۈر مۇشۇنىڭ ئىچىدە)

1) «تەڭرىتاغ» رايونلۇق قۇرۇلۇش شىركىتى شياڭگاڭ «خاۋلى» شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇشقا شياڭگاڭدىن 3 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

2) ئۈرۈمچى «تيەنگاڭ» شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پولىپروپىلېن تالاسى يىپى ئىشلەپچىقىرىشقا نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىن 3 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

3) ئۈرۈمچى «شىنفېڭ» ئەينەك پولات زاۋۇتى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چىنياڭ ناھىيىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئەينەك پولات مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا خېنەندىن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن كىرگۈزدى.

4) ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى شېنياڭ شەھەرلىك تېچلىق رايونى بىلەن «شىنخې» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى بىرلىكتە باشقۇرۇشقا شېنياڭدىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

6. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۈچ تۈر

1) ئالتاي شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى شېنجېن شەھىرىنىڭ لەنشەن رايونى بىلەن ھەمكارلىشىپ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 20 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشكە شېنجېندىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى، بۇ تۈردە مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنى 1 مىليون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2) ئالتاي شەھەرلىك كونسېرۋا زاۋۇتى ۋۇشى ناھىيىسىنىڭ چيەنچياۋ بازىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يىلدا 1000 توننا كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇشقا ۋۇشىدىن 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە كىرگۈزدى.

3) ئالتاي شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى شېنجېننىڭ نەنشەن رايونى بىلەن بىرلىكتە «ئالتۇن كۆۋرۈك» رېستورانى سېلىشقا شېنجېندىن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

7. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىككى تۈر ( چەت ئەل مەبلەغ سالغان بىر تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)

1) ئاقسۇ تاشقى سودا شىركىتى شياڭگاڭ سودا - سانائەت شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، چۈچۈك بۇيا مەلھىمى زاۋۇتى ۋە پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇشقا چەت ئەلدىن 44 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

2) كۇچا ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈنچېڭ ۋىلايىتى بىلەن بىرلىشىپ سەنشى - شىنجاڭ ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇشقا سەنشىدىن 1 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

**1993 - يىلى شەھەر، ناھىيە ئىقتىسادىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون ئورۇننى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئەھۋالى .**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر، ناھىيىلەر 1993 - يىلى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ستاتىستىكىلىق يىللىق مەلۇمات ۋە ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى 1993 - يىلى شەھەر، ناھىيە ئىقتىسادىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون ئورۇننى باھالاپ مۇنداق رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقتى: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون شەھەر: قاراماي (25 مىڭ 607 يۈەن)، ئۈرۈمچى (7105 يۈەن)، كورلا (5868 يۈەن)، كۈيتۇڭ (5132 يۈەن)، شىخەنزە (3852 يۈەن)، سانجى (3483 يۈەن)، قۇمۇل (3448 يۈەن)،

فۇكاڭ (3260 يۈەن)، ئاقسۇ (3156 يۈەن)، چۆچەك (2924 يۈەن).

مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون ناھىيە: پىچان (8520 يۈەن)، بۈگۈر (4689 يۈەن)، كۆكتوقاي (3381 يۈەن)، چاقىلىق (3286 يۈەن)، ئۈرۈمچى (2985 يۈەن)، لوپنۇر (2979 يۈەن)، مىچۈەن (2792 يۈەن)، توقسۇن (2695 يۈەن)، ماناس (2659 يۈەن)، قوبۇقسار (2588 يۈەن).

مالىيە كىرىمىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون شەھەر: ئۈرۈمچى (1 مىليارد 82 مىليون 660 مىڭ يۈەن)، قاراماي (196 مىليون 790 مىڭ يۈەن)، كۈيتۇڭ (136 مىليون 340 مىڭ يۈەن)، كورلا (123 مىليون 350 مىڭ يۈەن)، شىخەنزە (105 مىليون 310 مىڭ يۈەن)، غۇلجا (94 مىليون 560 مىڭ يۈەن)، ئاقسۇ (67 مىليون 910 مىڭ يۈەن)، قۇمۇل (56 مىليون 240 مىڭ يۈەن)، سانجى (55 مىليون 470 مىڭ يۈەن)، قەشقەر (49 مىليون 300 مىڭ يۈەن).

مالىيە كىرىمىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون ناھىيە: ئۈرۈمچى (58 مىليون 510 مىڭ يۈەن)، مىچۈەن (46 مىليون 540 مىڭ يۈەن)، پىچان (43 مىليون 250 مىڭ يۈەن)، كۈنەس (41 مىليون 100 مىڭ يۈەن)، ساۋەن (33 مىليون 930 مىڭ يۈەن)، شىخو (31 مىليون 860 مىڭ يۈەن)، ماناس (31 مىليون 90 مىڭ يۈەن)، يەكەن (26 مىليون 930 مىڭ يۈەن)، كۇچا (24 مىليون 640 مىڭ يۈەن)، بۈگۈر (23 مىليون 560 مىڭ يۈەن).

يۇقىرىقى رەت تەرتىپىدىن شۇنى كۆرىمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى خېلى تېز ئۆسكەن، 17 شەھەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 57.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 4.5 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆسكەن. مالىيە كىرىمى %62.4 ئىگىلىگەن. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر ئىچىدە قاراماي، ئۈرۈمچى، كورلا، كۈيتۇڭدىن ئىبارەت تۆت شەھەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 5000 يۈەندىن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي خېلى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر قاتارىغا ئۆتتى. لېكىن، شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تولىمۇ تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، مالىيە كىرىمى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى. ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئون شەھەر ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر %80نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقى زور، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇۋاپىق، 2 -، 3 - كەسىپلەر بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى زور. ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلۇش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى روشەن ھالدا تېزلىشىپ، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىگەن، ئايرىم ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن، لېكىن ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى پەرق زور، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنىڭ 8520 يۈەنگە يەتكەن، ئەڭ تۆۋىنىنىڭ 712 يۈەن بولغان. بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادى قالاق، ئاساسىي ئاجىز، كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، كۆپىنچە 1 - كەسىپ (يېزا ئىگىلىك)نى ئاساس قىلىدۇ، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ يېتەرسىز.

ۋاڭ شىنمىن

**1990 - 1992 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېسىل يېڭى مەھسۇلاتلار**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990 — 1992 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 23 خىل ئېسىل يېڭى مەھسۇلاتقا «ئالتۇن تۇلپار» مۇكاپاتى بەردى.

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

«گ» دەرىجىلىك ئارىلىقتىكى گۆڭگۈرتنىڭ چىرىتىشىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان نېفىت قۇدۇقى سېمونتى (شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى)، قاتتىق، نوركەش قەغەز تاختا ساندۇق (شىنجاڭ تاشقى سودا قاچىلاش - ئوراش زاۋۇتى)، خرومات مەھسۇلاتلىرى (خروم كىسلاتا - ئانگىدرىدى، ئارسىنىك)، (شىنجاڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

ئالىي دەرىجىلىك بىر يۈزى گۈللۈك سوكنو (شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق 2 - فابرىكىسى)، «525» نومۇرلۇق ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاق سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «چاڭلۇڭ» ئاق سېمونت چەكلىك شىركىتى)، قومۇش پەنەركە

(لوپنۇر ناھىيىلىك قومۇش پەنركە زاۋۇتى) ، ئالدىن كۆچەندۈرۈلگەن بېتون تۇرۇبا (شىنجاڭ قۇرۇلۇش خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى) ، PVC توك سىمىنى قوغدىغۇچى پۈرمىلىك تۇرۇبا (شىنجاڭ «بەش يۇلتۇز» كاۋچۇك بۇيۇملىرى زاۋۇتى) ، «XJG5020XZY» تىپلىق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل (شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى) ، يۇقىرى زىچلىقتا ئىككى تۆۋەن بېسىملىق پولى ئېتىلىندىن ئىشلەنگەن دەرىجىدىن تاشقىرى نېپىز سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ كورلا 1 ـ سۇلياۋ زاۋۇتى) ، «F — MN» ماركىلىق قۇدۇق بېتونى سوغۇقتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقى (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى) ، G دەرىجىلىك (HSR) نېفىت ـ قۇدۇق سېمونتى (شىنجاڭ «يېشىل قارغاي» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى) .

3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

قىرقىما تىۋىتلىق، ئويما گۈللۈك چوڭ گىلەم (باينغولىن ئوبلاستلىق تېرە، يۇڭ ـ خۇرۇم زاۋۇتى) ، دىزېلنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش سۇيۇقلۇقى (سانجى ئوبلاستلىق «تۇڭدا» سانائەت شىركىتى) ، ئىسسىق پروكاتلانغان 2 ـ نومۇرلۇق تەڭ يانلىق قىرلىق پولات (شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىك پولات پروكاتلاش زاۋۇتى) ، «CSLRS» ئۆرە شەكىللىك جۈپ باغرىلىق، نورمال بېسىملىق ئىسسىق سۇ كاتولى (سانجى ئوبلاستلىق تۆۋەن بېسىملىق كاتول زاۋۇتى) ، ئاسما كالىندارنىڭ قىستۇرما بەت قەغىزى (شىنجاڭ شىخەنزە قەغەز زاۋۇتى) ، «6.50 ـ 20» تىپلىق تراكتورنىڭ ئالدى چاق بالونى (شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى) ، «GBZ» شەكىللىك ئۈنۈمسىز قۇۋۋەتنى ئۆز جايىدا تولۇقلاش قۇرۇلمىسى (شىنجاڭ «قىزىل يۇلتۇز» سەپلىمە زاۋۇتى) «7.50 ـ 156» تىپلىق يېنىك يۈك ئاپتوموبىلى بالونى (شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى) ، قايتا ئىشلەنگەن قەغەز خالتا قەغىزى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ قەغەز زاۋۇتى) ، سۈزۈك ھاراق (مىچۈەن ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى) ، ئون گرادۇسلۇق پىۋا (شىنجاڭ «چۈنلىن» پىۋا زاۋۇتى) .

ۋاڭ يۇڭشېڭ

### قۇرۇلۇشتا مەسلىھەت بېرىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ قۇرۇلۇشتا مەسلىھەت بېرىش شىركىتى ئاساسلىق ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى ئورۇندىدى:

1. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ چەك قويۇلغان سوممىدىن ئېشىپ كەتكەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەسلىھەت بەردى ۋە ئۇنى مۆلچەرلىدى. ئۇلار مەسلىھەت بېرىپ مۆلچەرلىگەن يەتتە تۈرگە جەمئىي 653 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

2. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ سانائەت، ئېنېرگىيە، قاتناش جەھەتلەردىكى 8 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى، 9 ـ بەش يىللىق پىلانى، 2001 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىللەردىكى تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ بەردى. تەھلىل قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاش ئارقىلىق يېقىن، ئوتتۇرا، يىراق مەزگىللەردە ئىشلىنىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىدىن جەمئىي 512نى تاللاپ بەردى، بۇلارغا 25 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئومۇمىي پىلان نىشانىنى بەلگىلىدى. بۇ نىشان بويىچە 1992 ـ يىلى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنغاندا 2000 ـ يىلغىچە سانائەت تەرەققىيات سۈرئىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 13.38%تىن ئېشىپ، 2001ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلغىچە تەرەققىيات سۈرئىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 11.3%تىن ئېشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي سانائەت تەرەققىيات سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ.

3. كەسپىي ئىشلىرىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جەمئىي 22 تۈر ئۈستىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتى تەييارلاپ، تەخمىنىي چوت، خام چوت، نەق چوتلارنى تەكشۈرۈپ، دۆلەت مال ـ مۈلكىنى مۆلچەرلىدى، بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 1 مىليارد 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، مۇلازىمەت كىرىمى 380 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

خۇ شىچېڭ

# ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

### شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق تۈردە كارخانا ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت مەركىزىي ھالقىنى چۆرىدەپ، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ چوڭقۇر راۋاجلاندى ھەم كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى.

1. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەر خىل 98 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىنى ئايرىلاپ

تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى»دا بەلگىلەنگەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا 14 تۈرلۈك ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن سەككىزى ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش ھوقۇقى، ئاپپارات تەسىس قىلىش ھوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، مەھسۇلات ۋە ئەمگەك باھاسىنى بەلگىلەش ھوقۇقى، مەھسۇلاتنى سېتىش ھوقۇقى، ئۆز مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى، ئىچكى جەھەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى، مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشكەن.

2. كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى قوللىنىلىپ، كارخانىلار جانلاندۇرۇلدى. 1) كۆپ ساندىكى كارخانىلار باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى بىر نۆۋەت ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان كارخانا 1047گە يېتىپ، 1992 - يىلى قەرەلى توشۇپ ھۆددىگە بېرىشكە تېگىشلىك كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 2) ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىن ئالتىسىگە سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنى بىراقلا ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلۇپ، بۇ نۇقتىلىق ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 3) كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى تەرتىپكە سېلىندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 25 كارخانىلار گۇرۇھى تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون، ئاپتوموبىل ساھەلىرىدىكى ئايرىم كارخانىلار مەملىكەتلىك «شەرق» ئېلېكتر سايمانلىرى گۇرۇھى ۋە ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا قاتناشتى. 31 كارخانا قوشۇۋېلىندى، 38 كارخانا قوشۇۋېتىلدى، 13 كارخانا ۋەيران بولدى، 26 كارخانا سېتىۋېتىلدى. 4) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان كارخانا 285كە يەتكەن، بۇ جەھەتتە خېلى تېز ئىلگىرىلەش بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە 83 كارخانا، 500 دىن ئارتۇق ماگىزىن ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان، ئۇلارنىڭ مۈلكى 74 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

3. پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتى يۈكسەلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەستىقى بويىچە قۇرۇلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 107گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 20 بولۇپ، ئومۇمىي پاي سوممىسى 938 مىليون 68 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 87 بولۇپ، ئومۇمىي پاي سوممىسى 482 مىليون 790 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك بارلىققا كەلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بويىچە قۇرۇلغانلىرىلا 153 بولۇپ، ئومۇمىي پاي سوممىسى 120 مىليون 92 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

4. كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. بىرىنچىدىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا يۈزلىنىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، كاسات مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتتى ھەم سېتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئىككىنچىدىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلار ئىچكى ئاپپاراتلىرىنى ۋە فۇنكسىيىسىنى تەڭشەپ، ئىچكى جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە سىناق قىلىش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئاز ساندىكى كارخانىلار تەقلىدىي بازارچىلاپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئۈچىنچىدىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلار كادىر، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ۋە قەرەللىك سىناشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى، بەزى كارخانىلار ئىچكى قىسمىدىن خىزمەتكار چاقىرىپ، ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ خىزمەتكە قويدى؛ مۇۋاپىق گورۇپپىلاشتۇرۇش ۋە توختام بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى؛ تۆتىنچىدىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلار شەخسنىڭ كىرىمىنى ئۇنۇمگە باغلاشتۇرۇپ، ئىش ھەققى مۇكاپات سوممىسىنىڭ دەرىجە پەرقىنى چوڭايتتى. ئاز ساندىكى كارخانىلار ئىش ئورنى تېخنىكا ئىش ھەققى تۈزۈمىنى سىناق قىلدى.

5. بازار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل بازار 1200گە يېتىپ، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 155ى كۆپەيدى. شەھەر - يېزا سودا بازارلىرىدىكى يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 4 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54.3 ئاشتى، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى 28 بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 2 مىليارد 840 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك

بازارلىرىدا 160 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا تونۇشتۇرۇلدى، 2400 دىن ئارتۇق ئىختىساس ئىگىسى ئالمىشىش توختامى ئىمزالىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى تىزىمغا ئالغان تېخنىكا ئۆتىنىپ بېرىشتە پۇتۇشۇش سوممىسى 75 مىليون يۈەندىن ئاشتى. بانكىلارنىڭ ئۆز ساھەسىدە ئۆتنە بېرىم قىلىشى ئاساس، زايوم، پاي چېكى بازىرى قوشۇمچە قىلىنغان مەبلەغ بازىرىمۇ تەدرىجىي بارلىققا كەلدى، مۇكەممەللەشتى ۋە راۋاجلاندى.

6. ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى باشلاندى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايونىمىز ئەسلىدىكى دۆلەت توختام بويىچە سېتىۋالىدىغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 60 پىرسەنتىنى داۋاملىق توختام بويىچە سېتىۋېلىش، قالغان 40 پىرسەنتىنىڭ باھاسىنى، تىجارىتىنى قويۇۋېتىش ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىپ، باھاسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇناسىپ قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى.

7. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى. بىرىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى 14 تۈرلۈك ئۆزى ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەركەز قىلىنىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقنى بېرىۋېتىش قەدىمى تېزلىتىلدى. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاپپارات ئىسلاھاتى سىناق قىلىندى. بەزى نازارەت، ئىدارىلەر ئورگان ئاپپاراتى ۋە فۇنكسىيىسىنى تەڭشەشكە باشلاپ، كارخانىلارغا ئارىلىششنى ئازايتىپ، ماكرولۇق تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى ھەم كېيىنكى قەدەمدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئاساس سالدى؛ بەزى نازارەت، ئىدارىلار خادىملارنى بۆلۈپ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىغا تەشكىلىي جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق كۆردى.

جېڭ جىنجۇڭ

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلاردا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى

دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل يېڭى ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى كىچىك كارخانىلاردا سىناق قىلىندى ھەم بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنى ۋە ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلارنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى.

دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى، دۆلەت مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ھۆججەت تۈزۈپ چىقىپ بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» سۇنۇپ، دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىغا دائىر مەسىلىلەرنى قېلىپلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش پىكرىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى:

1. دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۆزگەرمەسلىك، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئۆزگەرمەسلىك، كارخانىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە يېزىلاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك چوڭ ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى كىرگۈزۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى شەخسلەرگە ياكى شېرىك تىجارەت قىلغۇچىغا ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان شەخسى ياكى شېرىك تىجارەت قىلغۇچى ئوبوروت مەبلىغىنى ئۆزى تەييارلايدۇ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدۇ. پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، تەقسىماتقا ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

2. دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ماس كېلىش دائىرىسى، بۇ، ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت (مېھمانخانا، خەت ئويۇش كەسىپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) كارخانىلىرى، سودا ئورۇنلىرى قۇرغان كىچىك سانائەت كارخانىلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك سانائەت، قاتناش

بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، سانائەت، سودا كارخانىلىرى قۇرغان كىچىك كوللېكتىپ كارخانىلارغا ماس كېلىدۇ. تەمىنات - سودا كارخانىلىرى، 2 - يېنىك سانائەتكە كىرىدىغان كىچىك كوللېكتىپ كارخانىلارمۇ يولغا قويسا بولىدۇ.

3. دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۇرلۇك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى. كارخانىنىڭ بارلىق مۈلكىنى هۆددىگە، ئىجارىگە بېرىشكىمۇ بىر قىسىم مۈلكىنى هۆددىگە، ئىجارىگە بېرىشكىمۇ بولىدۇ. يەنى سودا كارخانىلىرى پوكەي ياكى مال جازىسىنى هۆددىگە، ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ. سانائەت كارخانىلىرى ئۆزىگە قاراشلىق سېخ ياكى مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، ئۈسكۈنىنى هۆددىگە، ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ. ترانسپورت كارخانىلىرى يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنى هۆددىگە، ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسى ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ستاژىغا قاراپ ئۈسكۈنىلەرنى هۆددىگە، ئىجارىگە بەرسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئالدىغا ئەترەت تەشكىللەپ، ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ، ئىش تېپىپ ئىشلەپ، بەلگىلەنگەن سوممىنى يۇقىرىغا تاپشۇرسا بولىدۇ.

4. دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۇرلۇك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى

1) دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۇرلۇك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويغانلىكى كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۈلكىنى ئېنىقلايدۇ ۋە باھالايدۇ، ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن باھالانغان قىممەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقىنى دۆلەت مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش تارمىقى ئايرىپ بېرىدۇ؛ مال - مۈلكى ئازراق كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى شۇ كارخانىنىڭ مەسئۇل تارمىقى ئېنىقلاپ، دۆلەت مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش تارمىقىغا مەلۇم قىلىپ، ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ.

2) هۆددىگە ۋە ئىجارىگە ئالغۇچى خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن كارخانىنىڭ ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىن خېرىدار چاقىرىلىدۇ. بىرەر ئىشچى - خىزمەتچى هۆددىگە ۋە ئىجارىگە ئالسىمۇ، نەچچىسى بىرلىشىپ هۆددىگە ۋە ئىجارىگە ئالسىمۇ، كارخانىنىڭ ئۆزىدىن مۇۋاپىق نامزات چىقمىغاندا، كارخانىنىڭ مەسئۇل تارمىقى قانتىق تەكشۈرۈپ شۇ ساھەگە ياكى جەمئىيەتكە هۆددىگە ياكى ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ.

3) هۆددە، ئىجارە هەققىنى بەلگىلەش. هۆددە، ئىجارە هەققى ئادەتتە دۆلەت مال - مۈلكىنى ئۆزلەشتۈرۈش هەققى، كارخانا باشقۇرۇش هەققى، ئەمگەك تارمىقى بەلگىلىگەن بېر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان مەبلەغ ۋە سۇغۇرتا هەققى، ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىراجىتى، مائارىپ خىراجىتى، ئۆي - زېمىن ئىجارە هەققى، يەر ئىشلىتىش هەققى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنىڭ كۆپچىلىكى پايدىسى ئاز ياكى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كارخانىلار بولغاچقا، هۆددە، ئىجارە هەققى ئىمكانقەدەر مۇۋاپىق قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايوندىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ تارقىلىش ئەهۋالى

پۇلنىڭ بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| رايونلار | سانى | ئومۇمىي پاي سوممىسى | دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى پاي | قانۇنىي ئىگىنىڭ پېيى | شەخسنىڭ پېيى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون | 37 | 20872.43 | 150 | 20212.99 | 509.44 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 11 | 2804 | | 2506.2 | 297.8 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 3 | 238.6 | 85.81 | 148.29 | 4.5 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 2 | 1029.8 | 300 | 350 | 379.8 |
| سانجى ئوبلاستى | 7 | 1553.64 | 250 | 1211.64 | 92 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 4 | 631.54 | 69.1 | 257.39 | 305.05 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 12 | 12157.8 | | 12157.8 | |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1 | 72 | | 62 | 10 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 2 | 190 | 5 | 162 | 23 |
| قاراماي شەھىرى | 3 | 5920 | 5432 | 468 | 20 |
| ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى | 5 | 2807.25 | 865 | 1889.75 | 52.5 |
| جەمئىي | 87 | 48277.6 | 7156.91 | 39426.6 | 1694.09 |

ئەسكەرتىش: بازارغا كىرگەن ۋە ئىچكى جەھەتتىن پاي توپلىغان شىركەتلەر بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى؛ قانۇنىي ئىگىنىڭ پېيى كوللېكتىپ پاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ھۆددىگە، ئىجارىگە ئالغۇچى دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ مەلۇم نىسبىتىدە ھۆددىگە، ئىجارىگە بەرگۈچىگە خېيىم - خەتەر رەنە پۇلى تاپشۇرىدۇ، بۇ پۇل بىلەن ھۆددە، ئىجارە ھەققىنىڭ بېرىلمىگەن قىسمى تولۇقلىنىدۇ.

5) ھۆددە، ئىجارە توختامىنى ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيدۇ. توختامنىڭ ماددىلىرى ئىككى تەرەپ قول قويغاندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

جىيا جېنجۇڭ

# مالىيە . باج

## مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1993 - يىلى ئىسلاھچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا، ئوبوروت ساھەسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى خېلى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 513 مىليون 460 مىڭ يۈەن (« باجنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمى» ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، يىللىق خام چوت 124.15% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 906 مىليون 90 مىڭ يۈەن، يەنى 34.75% ئاشتى، ئېشىش مىقدارى ۋە ئېشىش نىسبىتى بويىچە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1993 - يىلى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي ئامىللار مۇنداق: 1) شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تاپشۇرىدىغان نېفىت بېجىنىڭ نىسبىتى 5% تىن 12% كە ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، نېفىت بېجى 1992 - يىلدىكىدىن 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى. 2) نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئېلىش چارىسى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، نېفىت مەھسۇلاتلىرى بېجى 1992 - يىلدىكىدىن 62 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى. 3) 1992 - يىلى 10 - ئايدا نېفىت بايلىقى بېجى ئېلىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، 1993 - يىلىنىڭ 3 - پەسلىدە باج كىرىمى 37 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى. 4) 1993 - يىلى 5 - ئايدا دۆلەت سودىسىنىڭ پارچە سېتىش بېجىنىڭ نىسبىتىنى ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى تىجارەت بېجىنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن (3% تىن 5% ئۆستۈرۈلدى)، تىجارەت بېجى كىرىمى 94 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى. 5) 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشلىقنىڭ 58 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيىنى چىقىمغا ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن، كىرىم 58 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى. 6) باھا ئۆسۈش ئامىلى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوبوروت بېجى كىرىمى 220 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى. 7) باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تىزگىنلەش، قەرز قالغان باجنى ئېنىقلاش، باج، مالىيەنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈپەيلىدىن كىرىم 370 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى.

1993 - يىلى مالىيە كىرىمىنىڭ تۈرلەر بويىچە ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: سودا - سانائەت باج كىرىمى 3 مىليارد 162 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 124.02% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 835 مىليون 470 مىڭ يۈەن، يەنى 35.99% ئاشتى. سودا - سانائەت بېجى ئىچىدە مەھسۇلات بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى، سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى 2 مىليارد 470 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سودا - سانائەت بېجىنىڭ 78.81 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1992 - يىلدىكىدىن 740 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇلار سودا - سانائەت بېجىنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ 88.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى ۋە ئۆتكەندىن 42.82% ئاشتى. مەھسۇلات بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى 1 مىليارد 276 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 127.68% ئورۇندالدى. كىرىم 365 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يەنى 40.07% ئاشتى؛ تىجارەت بېجى 1 مىليارد 173 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 131.69% ئورۇندالدى، 368 مىليون 20 مىڭ يۈەن، يەنى 45.67% ئاشتى. كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 148 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 94.89% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى؛ شەھەر ئاسراش بېجى 163 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 125.39% ئورۇندالدى. كىرىم 42 مىليون 220 مىڭ يۈەن يەنى 34.95% ئاشتى، بايلىق بېجى 48 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 125% ئورۇندالدى. كىرىم 35 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يەنى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى؛ تۇز بېجى 21 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 48.13% ئورۇندىلىپ، 52.16% ئازىيىپ كەتتى. باشقا سودا - سانائەت باجلىرى 192 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 106.05% ئورۇندالدى، كىرىم 16 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يەنى 28.59% ئاشتى. دېھقانچىلىق باجلىرى 135 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 135.63% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن ئازراق ئاشتى. كارخانا كىرىمىدىن خەزىنىگە ساپ قايتقىنى 52 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19 مىليون 470 مىڭ يۈەن كەم قايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 308 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت 117.35% ئورۇندالدى، كىرىم 1992 - يىلدىكىدىن 28 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يەنى، 8.43% ئازىيىپ كەتتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەڭشەش بېجى 33 مىليون،

800 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت %83.21 ئورۇندالدى، كىرىم 1992 - يىلدىكىدىن 16 مىليون 180 مىڭ يۈەن، يەنى %32.37 ئازىيىپ كەتتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تاپشۇرغان پايدا 47 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %153.49 ئورۇندالدى، كىرىم 1992 - يىلدىكىدىن 16 مىليون 820 مىڭ يۈەن، يەنى %55.68 ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پىلاندىكى زىيىنىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم 315 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت %94.06 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن %14.77 ئازايدى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خەزىنىگە قايتقان ھۆددە كىرىمى 125 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.39 ئاشتى. ئېنېرگىيە، قاتناش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى كىرىمى 34 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت %97.34 ئورۇندالدى، دۆلەت خام چوتىنى تەڭشەش فوندى 54 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت %108.76 ئورۇندالدى. 1992 - يىلدىكىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى. مەخسۇس پۇل كىرىمى 70 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %171.76 ئورۇندالدى، كىرىم 1992 - يىلدىكىدىن 17 مىليون 490 مىڭ يۈەن، يەنى %33.04 ئاشتى. باشقا كىرىملەر 109 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %194.68 ئورۇندالدى، كىرىم 1992 - يىلدىكىدىن 33 مىليون 590 مىڭ يۈەن، يەنى %44.53 ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 471 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %97.54 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 861 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئارتۇق چىقىم بولۇپ، %15.36 ئاشتى. مالىيە چىقىمى ئىچىدە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 1993 - يىلىنىڭ 4 - پەسلىدە كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ تەڭشەلگەن ئىش ھەققى ئۈچۈن 204 مىليون 740 مىڭ يۈەن ئالدىن چىقىم قىلىندى، بۇ ئامىل چىقىرىۋېتىلسە، 1993 - يىلى مالىيە چىقىمى 1992 - يىلدىكىدىن 657 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يەنى %11.71 ئاشىدۇ. مالىيە چىقىمى جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 1) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چىقىم 1 مىليارد 436 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بارلىق مالىيە چىقىمىنىڭ 22.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، چىقىم 136 مىليون 330 مىڭ يۈەن ئېشىپ، بارلىق ئاشقان چىقىمنىڭ 15.82 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 629 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %89.74 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولدى؛ كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزگەرتىش مەبلىغى 173 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %86.27 ئورۇندالدى. چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 58 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەنى %50.8 ئاشتى؛ ئاددىي بىناكارلىق قۇرۇلۇش خىراجىتى 26 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %121.24 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭ بولدى؛ گېئولوگىيىلىك قىدىرىش خىراجىتى 2 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولدى؛ پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك خىراجىتى 43 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %84.16 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 260 مىڭ يۈەن، يەنى %30.84 ئاشتى؛ يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش چىقىمى 307 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %76.53 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 14 مىليون 650 مىڭ يۈەن، يەنى %5.01 ئاشتى. شەھەر ئاسراش خىراجىتى 195 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %92.72 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 43 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يەنى %29 ئاشتى؛ تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا مەدەت بېرىش چىقىمى 59 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %90.79 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يەنى %7.99 ئاشتى. 2) كەسپىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 3 مىليارد 962 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بارلىق مالىيە چىقىمىنىڭ 61.24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 1992 - يىلدىكىدىن 584 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئېشىپ، بارلىق ئاشقان چىقىمنىڭ 67.82 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق خىراجىتى 367 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %105.04 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 21 مىليون 780 مىڭ يۈەن يەنى %6.3 ئاشتى؛ سانائەت - قاتناش تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 106 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %103.09 ئورۇندالدى؛ چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يەنى، %3.79 ئاشتى؛ سودا تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 18 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %105.99 ئورۇندالدى، چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 8 مىليون 190 مىڭ يۈەن، يەنى %78.9 ئاشتى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 1 مىليارد 785 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت %103.12 ئورۇندالدى، چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 253 مىليون 860 مىڭ يۈەن، يەنى %16.58 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ كەسپىي خىراجىتى 1 مىليارد 74 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت %103.09 ئورۇندالدى، چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 138 مىليون 90 مىڭ يۈەن، يەنى %14.75 ئاشتى)؛ ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى 62 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، خام چوت 98.70% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 6 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يەنى 12.48% ئاشتى؛ باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى 261 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 104.45% ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن 43 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يەنى 19.71% ئاشتى؛ خەلق ئەسكەرلىرى كەسپىي خىراجىتى چىقىمى 6 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ بولدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 1 مىليارد 9 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت 108.92% ئورۇندالدى، چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 171 مىليون 460 مىڭ يۈەن، يەنى 20.45% ئاشتى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت چىقىمى 344 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.07% ئاشتى (شەخسىي چىقىم 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 55.1% نى ئىگىلىدى، 28 مىليون يۈەن ئاشتى، ئومۇمىي ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن خىراجەت ۋە باشقا خىراجەتلەر 154 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 44.9% نى ئىگىلىدى. 47 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى، ئاساسلىقى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى خىراجىتى بىلەن كەسپىي خىراجەت كۆپرەك ئاشتى). 3) باھا قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا چىقىملار 867 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بارلىق مالىيە چىقىمىنىڭ 13.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 1992 - يىلدىكىدىن 63 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئاز بولدى. 4) ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇن خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققىگە تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ تېخى تولۇقلاپ بېرىلمىگەن پۇل 204 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بۇ بارلىق مالىيە چىقىمىنىڭ 16.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيەسىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 7 مىليارد 516 مىليون 260 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 513 مىليون 460 مىڭ يۈەن. مەركەزنىڭ قوشۇمچە ياردىمىدىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 976 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىممىتى بار ئاكسىيىلىرىنىڭ دىرىنى قايتۇرۇشتىن بەرگەن كىرىم 980 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى 693 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئېلېكتر قۇرۇلۇشى مەبلىغى مەخسۇس تۈر كىرىمى 29 مىليون 350 مىڭ يۈەن، 1992 - يىللىق قالدۇق كىرىم 299 مىليون 660 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن باشقا مەبلەغلەر 2 مىليون 290 مىڭ يۈەن) بولۇپ، بۇنىڭدىن شۇ يىلدىكى يەرلىك مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 471 مىليون 110 مىڭ يۈەننى ۋە مەركەزگە تاپشۇرۇلغان 14 مىليون 450 مىڭ يۈەننى، ئارتۇق تەستىق قىلىنغان خام چوت ئوبوروت مەبلىغى چىقىمى 2 مىليون 30 مىڭ يۈەننى، يەرلىك ھۆكۈمەت قىممىتى بار ئاكسىيە سېتىۋالغان 250 مىڭ يۈەننى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى چىقىمى 693 مىليون 940 مىڭ يۈەننى، ئېلېكتر قۇرۇلۇش مەبلىغى مەخسۇس تۈر چىقىمى 29 مىليون 350 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، يىل ئاخىرىدا قالغان قالدۇق 305 مىليون 130 مىڭ يۈەن، قالدۇق ئىچىدىن كېيىنكى يىلغا قالغان چىقىم ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى چىقىمى 1 مىليارد 107 مىليون 430 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، ساپ مەنپىي قالدۇق 802 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇقى ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مەنپىي سانى 16 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەنپىي سانى 785 مىليون 360 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ قىزىل رەقىمى 176 مىليون 260 مىڭ يۈەن، 74 ناھىيە (شەھەر) نىڭ قىزىل رەقىمى 632 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ئىككى ئوبلاست شەھەرنىڭ قالدۇقى 20 مىليون 50 مىڭ يۈەن، 11 ناھىيە (شەھەر) نىڭ قالدۇقى 3 مىليون 630 مىڭ يۈەن).

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 524 مىليون يۈەن (ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان پۇل) لىك خەزىنە چېكى تارقىتىلىپ، دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە 109.17% ئورۇندالدى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كىرىم - چىقىم قىلىنىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

1. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كىرىم - چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە كارخانا مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مالىيە مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغى دېگەن ئۇقۇمنى 1993 - يىلدىن باشلاپ قوللانماسلىقنى قارار قىلدى. چۈنكى كارخانىلارغا بۇندىن كېيىن خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىم چىقىمى نەق چوتنى ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. مالىيە تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن يېڭى كارخانا مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغان، كارخانىچىلاپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان ئورۇنلارمۇ ئەمدى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىم چىقىمى نەق چوتىنى يوللىمايدۇ.

يېڭى نەقچوت مەلۇماتىنى تۈزۈش ئۆلچىمىنى ئاساس قىلغاندا 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 1 مىليارد 676 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21% ئاشتى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىل (كونا ئۆلچەم بويىچە، پۈتۈن چىقىمىنى دۆلەت كۆتۈرىدىغان ئورۇنلار كىرىمىنىڭ چىقىمغا چېقىۋېتىلگەن قىسمى نەق چوتتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ،

تۈۋەندىمۇ شۇنداق) نى چىقىرىۋەتكەندە %15 ئاشتى. كىرىم ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 43 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك قوشۇمچە كىرىم 36 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، مەركەزلەشتۈرۈلگەن كارخانا كىرىمى 1 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، مەركەزلەشتۈرۈلگەن كەسپىي كىرىم 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، باشقا كىرىملەر 3 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 632 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %15 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول ئاسراش ھەققى كىرىمى 771 مىليون 570 مىڭ يۈەن، بازار باشقۇرۇش ھەققى كىرىمى 93 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ئورمان يېتىشتۈرۈش فوندى 33 مىليون 410 مىڭ يۈەن، جامائەت خەۋپسىزلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەققى 17 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەر باشقۇرۇش ھەققى 20 مىليون 910 مىڭ يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش خىراجىتى 65 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەممىسىلا 1992 ـ يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى، يېڭى ئۆلچەم بويىچە ھېسابلانغان تىجارەت، مۇلازىمەت ساپ كىرىمى 75 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 1 مىليارد 860 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %28 ئاشتى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %18 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول ئاسراش ھەققى چىقىمى 1 مىليارد 3 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېڭى ئۆلچەم بويىچە ھېسابلانغان چىقىمغا چېقىمۇېتىلگەن كىرىم 147 مىليون 270 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ چىقىمى 243 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، شەھەر ئاسراش چىقىمى 31 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، پاراۋانلىق، مۇكاپات چىقىمى 69 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، مەمۇرىي، كەسپىي چىقىم 300 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان ئېنېرگىيە قاتناش فوندى 24 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان خام چوتنى تەڭشەش فوندى 23 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، مۇكاپات بېجى چىقىمى 90 مىڭ يۈەنگە، مەبلەغ سېلىشنى تەڭشەش بېجى چىقىمى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 132 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىنىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، شۇ مەزگىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى كىرىمىنىڭ 7.9 پىرسەنتىگە تەڭلەشتى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق ئىچىدە قىممىتى بار ئاكسىيە 41 مىليون 20 مىڭ يۈەن، پۈتمىگەن قۇرۇلۇش ئىگىلىۋالغىنى 16 مىليون 320 مىڭ يۈەن، مەخسۇس تۈردىكى ماددىي ئەشيالار ئىگىلىۋالغىنى 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن، سىرت ئورۇنلارغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 430 مىڭ يۈەن. بانكىغا ئامانەت قويۇلغىنى 60 مىليون 170 مىڭ يۈەن.

يۇقىرىقى سانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1993 ـ يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى چىقىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولۇپ، قالدۇق زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

2. خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

1) «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەقلەرنى ئېنىقلاش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ھەق تۈرلىرى سىتىبما، تارماقلار بويىچە بىرمۇ بىر ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئۈچ تۈركۈمدە 151 خىل ھەقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىپ، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ سېلىقى 100 مىليون يۈەن يەڭگىللىتىلدى.

2) قائىدە ـ تۈزۈم تۈزۈلۈپ، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش تەدرىجىي ھالدا قانۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى، «مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق تالونلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

3) تالون باشقۇرۇش تۈزۈمى ساغلاملاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تالون تارقىتىش ۋە تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق تالونى تارقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن 3913ى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەلگىلىمە بويىچە «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» ئالغان ئورۇن 913، ۋاقىتلىق ھەق ئالغۇچى ئورۇن 3000، ھەق تۈرى 1000 خىلغا يېقىن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

4) مالىيە مەخسۇس ھېسابات ئېچىپ، ئامانەت قويۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ۋاقىتىنچە تۇرۇپ تۇرىدىغان مەبلەغنى پۇل مۇئامىلىسىگە سېلىش چارىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە

راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس ھېساب ئېچىپ ئامانەت قويغۇچىلار 2392گە يەتتى، مەخسۇس ھېساباقا ئامانەت قويۇلغان مەبلەغ جەمئىي 365 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمىنىڭ 22.41 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرىدىغان مەبلەغدىن پۇل مۇئامىلىسىگە سېلىنغىنى 56 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشتە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

جياڭ ئەيلىڭ

**ناھىيە مالىيەسىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە، شەھەر مالىيەسىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 759 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 373 مىليون 770 مىڭ يۈەن، يەنى %26.97 ئاشتى. ناھىيە، شەھەر مالىيەسىنىڭ چىقىمى 3 مىليارد 8 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 460 مىليون 270 مىڭ يۈەن، يەنى، %18.06 ئاشتى. ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى %58.49 بولدى. 1993 - يىلى ناھىيە، شەھەر مالىيەسىنىڭ كىرىم - چىقىم ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1. مالىيە كىرىمى ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە، شەھەرلەر مالىيە كىرىمىنىڭ ئاپتونوم رايون مالىيە كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %50.09 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.06 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى. ھەر بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى 20 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85 ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە ئۈچ شەھەرنىڭ كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى (كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 136 مىليون 340 مىڭ يۈەن، كورلا شەھىرىنىڭ 123 مىليون 350 مىڭ يۈەن، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 105 مىليون 310 مىڭ يۈەن). ئۇلارنىڭ كىرىمى جەمئىي 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى كىرىمىنىڭ 20.74 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كىرىمى 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغانلىرى بەش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى جەمئىي 332 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى كىرىمىنىڭ 18.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كىرىمى 30 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغانلىرى ئون بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى جەمئىي 390 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.2نى ئىگىلىدى؛ كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەنگىچە بولغانلىرى 28 بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى جەمئىي 482 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27.4نى ئىگىلىدى؛ كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرى 39 بولۇپ، بۇلارنىڭ كىرىمى جەمئىي 189 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.75نى ئىگىلىدى. ئۇلار ئىچىدە كىرىمى 1 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان ناھىيە، شەھەر تۆت، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ كىرىمى ئەڭ ئاز بولۇپ، ئاران 300 مىڭ يۈەن بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگرىغا جايلاشقان 33 ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 431 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ 24.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 51 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى كىرىمىنىڭ 2.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن 27 نامرات ناھىيىنىڭ كىرىمى 186 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى كىرىمىنىڭ 10.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ناھىيە مالىيەسى كىرىمىدە سودا - سانائەت بېجى 1 مىليارد 540 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %87.54نى ئىگىلىدى؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باجلىرى 131 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.48نى ئىگىلىدى؛ كارخانا كىرىمى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %0.75نى ئىگىلىدى؛ باشقا كىرىملەر 74 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4.23نى ئىگىلىدى.

2. مالىيە چىقىمى ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە، شەھەر مالىيەسىنىڭ چىقىمى 3 مىليارد 8 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مالىيە چىقىمىنىڭ 46.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.07 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. ھەر بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئوتتۇرىچە چىقىم سەۋىيىسى 35 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85 ناھىيە، شەھەر ئىچىدە چىقىمى 50 مىليون يۈەندىن يۇقىرىلىرى 13 بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىقىمى جەمئىي 777 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى چىقىمىنىڭ 25.85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىخەنزىنىڭ چىقىمى (85 مىليون 920 مىڭ يۈەن) ئەڭ كۆپ بولدى؛ چىقىمى 30 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغانلىرى 37 بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىقىمى جەمئىي 1 مىليارد 383 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %45.98نى ئىگىلىدى؛ چىقىمى 20 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەنگىچە بولغانلىرى 29 بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىقىمى جەمئىي 749 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.92نى ئىگىلىدى؛ چىقىمى 20 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرى ئالتە بولۇپ،

ئۇلارنىڭ چىقىمى جەمئىي 97 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، 25.3%نى ئىگىلىدى، بۇلار ئىچىدە چىقىمى ئەڭ ئاز ناھىيە قاراتۇرۇك بولۇپ، ئاران 14 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى.

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چېگرىدىكى 33 ناھىيىنىڭ مالىيە چىقىمى 1 مىليارد 66 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى چىقىمىنىڭ 35.46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئالتە ئاپتونوم ناھىيىنىڭ مالىيە چىقىمى 177 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى چىقىمىنىڭ 5.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ نامرات ناھىيىلەرنىڭ مالىيە چىقىمى 764 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە مالىيەسى چىقىمىنىڭ 25.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ناھىيە مالىيەسى چىقىمى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش چىقىمى (ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى، يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، تەرەققىيات مەبلىغى قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە) 391 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، 13%نى ئىگىلىدى؛ كەسپىي، مەمۇرىي چىقىم (دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق خىراجىتى ۋە كەسپىي خىراجەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجەتلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت خىراجىتى قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە) 2 مىليارد 57 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، 68.4%نى ئىگىلىدى؛ مال باھاسىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش چىقىمى ۋە باشقا چىقىملار 559 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، 18.61%نى ئىگىلىدى.

3. مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش ئەھۋالى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە مالىيەسىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليارد 89 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 1 مىليارد 759 مىليون 700 مىڭ يۈەن، يۇقىرى بەرگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى قاتارلىقلار 1 مىليارد 496 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىن قېپ قالغان كىرىم مەنبىي 166 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ناھىيە مالىيەسىنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 3 مىليارد 487 مىليون 150 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق چىقىم 3 مىليارد 8 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان چىقىم قاتارلىقلار 478 مىليون 400 مىڭ يۈەن. ناھىيە مالىيەسى كىرىم - چىقىمىنى ئۆزئارا چېقىشتۇرغاندا، قالدۇق مەنبىي 397 مىليون 360 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھېسابات قىلىنىپ ئاغدۇرۇلىدىغان چىقىم 231 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق مەنبىي 629 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى.

85 ناھىيە، شەھەرنىڭ 74 دە 1993-يىلى 632 مىليون 780 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم كۆرۈلدى. قىزىل رەقەم سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىرى 29، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتىنىڭ قىزىل رەقىمى 20 مىليون يۈەندىن ئوشۇق.

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85 ناھىيە، شەھەردىن كىرىمى چىقىمىدىن ئارتۇق بولغانلىرى ئون؛ مالىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسى 50%تىن يۇقىرىلىرى 20؛ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسى 30%تىن 50%كىچە بولغانلىرى 14؛ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسى 30%تىن تۆۋەنلىرى 41، بۇنىڭ ئىچىدە قاراتۇرۇك ناھىيىسى قاتارلىق سەككىز ناھىيە، شەھەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسى 10%كىمۇ يەتمەيدۇ.

ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مالىيە تۈزۈلمىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرالايدىغان ناھىيە، شەھەر 11، ئۇلار: شىخەنزە شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، كۈيتۇن شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، سانجى شەھىرى، مىچۈەن ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، قۇمۇل شەھىرىدىن ئىبارەت. خوتەن شەھىرى ھەم يۇقىرىغىمۇ تاپشۇرالمايدۇ، ھەم نورمىلىق قوشۇمچە ياردەممۇ ئالمايدۇ. قالغان 73 ناھىيە، شەھەرگە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ.

ۋاڭ جيەنچياڭ

**كۈنەس، پىچان، ساۋەن ناھىيىلىرى مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم ئېلىش قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش توختامىنى ئۆز قەرەلىدە ئەمەلگە ئاشۇردى**

كۈنەس ناھىيىسى 1990-يىلى 1-ئايدا، پىچان، ساۋەن ناھىيىلىرى 1993-يىلى 4-ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن قەرەل بەلگىلەپ مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم ئالىدىغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا توختام ئىمزالاشقانىدى. 1993-يىلى پىچان، ساۋەن ناھىيىلىرى مۇددەتتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، كۈنەس ناھىيىسى ئۆز قەرەلىدە مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم ئېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش توختامىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1993-يىللىق ئەقچوت مەلۇماتىغا قارىغاندا، پىچان ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى 43 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، توختام تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 1992-يىلدىكىدىن 21 مىليون 980 مىڭ يۈەن ئاشقان؛ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى 33 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، توختام تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 1992-يىلدىكىدىن 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئاشقان؛ كۈنەس ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى 41 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، توختام تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 1989-يىلدىكىدىن 22 مىليون 547 مىڭ يۈەن ئاشقان. بۇ

ناھىيىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

شىي رۇڭ

## يېزا - بازار مالىيەسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار مالىيەسىنىڭ ئۆز خىل مەبلەغ ئومۇمىي كىرىمى 236 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 28 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەنى 13.69% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى كىرىمى 177 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37 مىليون 250 مىڭ يۈەن، يەنى 26.63% ئاشتى؛ خام چوت سىرتىدىكى كىرىمى 12 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەنى 40.86% ئازايدى. ئۆزى توپلىغان مەبلەغ كىرىمى 47 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۆز خىل مەبلەغ چىقىمى 556 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 67 مىليون 970 مىڭ يۈەن، يەنى 13.92% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى چىقىمى 493 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 71 مىليون 850 مىڭ يۈەن، يەنى 17.03% ئاشتى؛ خام چوت سىرتىدىكى چىقىمى 12 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئازايدى؛ ئۆزى توپلىغان مەبلەغ چىقىمى 49 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن، يەنى 6.84% ئاشتى.

خام چوت ئىچىدىكى كىرىم ئىچىدە سودا - سانائەت بېجى كىرىمى 118 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 66.86%نى ئىگىلىدى. ھەر خىل دېھقانچىلىق بېجى 58 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.97%نى ئىگىلىدى؛ باشقا كىرىملەر 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.17%نى ئىگىلىدى. خام چوت ئىچىدىكى چىقىم ئىچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 323 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 65.6%نى ئىگىلىدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت چىقىمى 91 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.58%نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى 15 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.19% نى ئىگىلىدى؛ باشقا چىقىملار 62 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.64%نى ئىگىلىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازار مالىيە ئاپپاراتى قۇرۇلغان 75 ناھىيە، شەھەرنىڭ 38ىدە بازار مالىيە پونكىتى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇپ بولدى. قۇرۇلغان يېزا - بازار مالىيە پونكىتى 560قا يېتىپ، يېزا - بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 65.57%نى ئىگىلىدى، 1992 - يىلدىكىدىن سەككىزى كۆپەيدى. يېزا - بازار مالىيە خادىمى 2577گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 226سى كۆپەيدى، بۇ، ھەر بىر يېزىلىق مالىيە پونكىتىغا 4.6دىن توغرا كەلدى. يېزا-بازار مالىيە خادىملىرى ئىچىدە مەمۇرىي شتاتتىكىلەر 867، كەسپىي شتاتتىكىلەر 1414، كادىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئىشچى 121، كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكتىكى خادىم 175. يېزا - بازار مالىيە پونكىتلىرىنىڭ ئىشخانا كۆلىمى 43 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقىنى 7000 كۋادرات مېتىر. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى 28 قارار يېزا - بازار مالىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 231 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەربىيىلەنگەن يېزا - بازار مالىيە خادىمى جەمئىي 2348گە يېتىپ، بارلىق خادىملارنىڭ 11.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

## چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشى مالىيەسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسىدىن چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 71 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 48 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلار ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن نورمال ئىشلەش ۋە ئىشلىتىلىش باسقۇچىغا كىردى. 6 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىغا سېلىنغان مەبلەغ ئۈنۈمسىز، ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. باشقا ئېغىزلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر قىسىم ئىش باشلاش مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىلدى، مالىيەدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قەرز پۇل جەمئىي 4 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئېغىزلارنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئىگىلەپ تۇرۇلدى. چېگرا ئېغىزىنى باشقۇرۇش خىراجىتى كىرىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ «مالىيە مەخسۇس ھېسابى»غا ئامانەت قويۇشقا ،تاپشۇرۇشقا پائال ھەيدەكچىلىك قىلىندى. يالغۇز قورغاس چېگرا ئېغىزىلا يۇقىرىغا 420 مىڭ يۈەن تاپشۇردى. 540 مىڭ يۈەن چىقىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئېغىز باشقۇرۇش خىراجىتىنى ئېغىزدىن ئېلىپ ئېغىزغا ئىشلىتىش، ئېغىز ئارقىلىق ئېغىزنى بېقىشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

فۇ نىڭ

**باج، مالىيە، مال باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باج، مالىيە، مال باھاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن ھەر خىل پۇلدىن جەمئىي 180 مىليون 230 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىسى 131 مىليون 860 مىڭ يۈەن، خەزىنىگە تاپشۇرۇلۇپ بولغىنى 108 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن پۇل 1992 ـ يىلدىكىدىن 49.5%، خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇل 1992 ـ يىلدىكىدىن 97.6% ئاشتى، خەزىنىگە كىرىش نىسبىتى 1992 ـ يىلدىكىدىن 7.8 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار، يەككە سودا-سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار بولۇپ جەمئىي 163 مىڭ 116 ئورۇن ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەم «ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تىزىملاش جەدۋىلى»نى يۇقىرىغا يوللىدى، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش نىسبىتى 99.2% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى ئۆزى ئېنىقلاپ چىققانلار 15 مىڭ 117 بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرگەنلەر سانىنىڭ 9.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭدىن يەككە تىجارەتچىلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ نىسبەت 15.9% كە يېتىدۇ. ئۆزى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققان ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن سوممىسى 67 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سوممىنىڭ 37.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 6.4 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نۇقتىلىق تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 8324 تەكشۈرگۈچى ئاجرىتىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىن 123 كىشى تەكلىپ قىلىنىپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار بولۇپ 74 مىڭ 829 ئورۇن نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش كۆلىمى 45.9% كە يېتىپ، گوۋۇيۈەن تەلەپ قىلغان 40% لىك نىشاندىن ئېشىپ كەتتى. نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە 21 مىليون 704 ئورۇننىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ بۇ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ساننىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 0.4 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن ھەر خىل سوممىسى 112 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سومىنىڭ 62.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 6.4 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 87 ئورنىدىن 82 سىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلەتكەن سوممىسى 5 مىليون 330 مىڭ يۈەن.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن سومما ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سودا ـ سانائەت باجلىرىنى ئوغرىلاش، يوشۇرۇش، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئىككى خىل پۇلنى ئوغرىلاش، يوشۇرۇش خاراكتېرىگە ياتىدىغان سوممىسى 92 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئوغرىلىغان، يوشۇرغان تاپاۋەت بېجى، تەڭشەش بېجى ھەم يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدىدىن تۇتۇپ قالغان سوممىسى 25 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ دۆلەتنىڭ باھا قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن سوممىسى 16 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلەش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش، كەلمە ـ كەلمەس مۇكاپات پۇلى ۋە ماددىي بويۇم تارقىتىش، ئۆز ئالدىغا «كىچىك خەزىنە» قۇرۇش، بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىگە ياتىدىغان سوممىسى 39 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن باشقا، 1993 ـ يىلى تەكشۈرۈشتە بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىلىرى يەنە كۆچ تەشكىللەپ، بەزى ساھەلەرنى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن 6 مىليون 550 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە بولغان 229 ئورۇن، 100 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە بولغان 113 ئورۇن، 500 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە بولغان ئۈچ ئورۇن، 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان بەش ئورۇن ئېنىقلاپ چىقىلدى. 3353 ئورۇن، 1774 ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاندى، ئىككى ئادەم ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئەنزە تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ياڭ خۇ

**ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى

دەرىجىلىك ئورۇنلار خەجلىگەن ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 599 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دۆلەت تەكشۈرۈپ بېكىتكەن سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنىڭ 120.28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 1992 - يىلدىكىدىن 13.26% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار خەجلىگەن ئومۇمىي سومما ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك چىقىم 799 مىليون 540 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلارغا خەجلەنگىنى 406 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16.29% تۆۋەنلىدى. باشقا ئادەتتىكى تاۋارلارغا خەجلەنگىنى 393 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 40.76% ئاشتى، يېتەكچى خاراكتېرلىك چىقىم 800 مىليون 110 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىغا خەجلەنگىنى 79 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.24% ئاشتى؛ غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئىشلەتكەن يېقىلغۇ مايغا خەجلەنگىنى 222 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 65.59% ئاشتى. دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىگە خەجلەنگىنى 346 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.01% ئاشتى. ئىچىدىغان سۇ، يۇيۇنۇش ۋە ئىسسىنىش ئۈچۈن كەتكەن يېقىلغۇغا خەجلەنگىنى 152 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.22% ئاشتى.

مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلارنىڭ خەجلىگىنى 944 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.23% ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ خەجلىگىنى 265 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.99% ئاشتى؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى خەجلىگىنى 388 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.46% ئاشتى. ئورۇنلارنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ خەجلىگىنى 243 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.56% ئاشتى؛ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خەجلىگىنى 382 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.92% ئاشتى؛ كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ خەجلىگىنى 973 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.18% ئاشتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان كىچىك ماشىنا 40 مىڭ 653 (ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 16 مىڭ 946) كە، ئاپتوبۇس 7607 (ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 5626) گە يەتتى.

1993 - يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلار قوشۇمچە خىراجىتى 56 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك، يېزىلىق دوختۇرخانا ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە ئىشلىتىلگىنى 15 مىليون يۈەن. جايلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىشقا، كەسپىي مائارىپ ۋە يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگىنى 15 مىليون يۈەن، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» غا كىرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 5 مىليون يۈەن؛ پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، باللار باغچىسى، پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 21 مىليون يۈەن.

ۋاڭ خۇاڭ

**ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلدى**

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىدا «211 قۇرۇلۇشى» پىلانىنى يولغا قويۇشنى يەنى XXI ئەسىرگە يۈزلىنىپ، مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ ۋە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق پەن، كەسىپلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇلارنى ئاۋۋال دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ داشۆسىنى دۆلەتنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» پىلانىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىشنى قارار قىلدى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» غا كىرىشىگە ئېھتىياجلىق مەبلەغنى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدە ئىستېمال ماھىسىدىن ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇردى، ئىشخانىنىڭ ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدە. جايلارمۇ مۇناسىپ ھالدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىغا چاتتى.

1993 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دېيىلىدۇ) نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تىزىمغا ئالغان، چەت ئەللەر بىلەن تىجارەت قىلىدىغان تىجارەت ئورۇنلىرى ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىش

گويىپكتى قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇلار تۆۋەندىكى ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. مېھمان كۈتۈش كەسپى: مېھمانخانا، سارايلار.

2) يېمەك - ئىچمەك كەسپى: رېستوران، مەيخانا، قاۋاقخانا، ھەر خىل ئاشپۇزۇللار.

3) كۆڭۈل ئېچىش كەسپى، كاراOKخانا، تانسىخانا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، كۆڭۈل ئېچىش زالى، بەزمىخانا ۋە باشقىلار.

ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى بەلگىلەنگەن سومما بويىچە ئايمۇ ئاي ئېلىنىدۇ، ئېلىنىدىغان ھەق سوممىسىنى بەلگىلەش چارىسى مۇنداق بولىدۇ: جايلاردىكى ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىشنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى تىجارەت قىلغۇچى ئورۇننىڭ مالىيە بوغالتىرلىق ماتېرىيالى؛ تىجارەت سورۇنىنىڭ كۆلىمى، كارىۋات سانى، ئورۇندۇق سانى، ئۈستەل ئەھۋالى، تىجارەت ئەھۋالى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇننىڭ ھەر بىر تىجارەت تۈرىنىڭ تىجارەت سوممىسىنى مۆلچەرلەپ چىقىدۇ، مۇشۇ سان ئاساسىدا ھەق %2 — %3 نىسبەتتە ھېسابلىنىپ ئېلىنىدۇ. ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىشتا، ئېلىشنى باشلاش نۇقتىسىنى بەلگىلەش چارىسى قوللىنىلىدۇ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئېلىشنى باشلاش نۇقتىسى ئۆلچىمى مۇنداق بەلگىلەندى: مېھمانخانا، يېمەك - ئىچمەك ساھەلىرىنىڭ شۇ يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق تىجارەت سوممىسى 30 مىڭ يۈەن؛ كۆڭۈل ئېچىش كەسپىنىڭ 20 مىڭ يۈەن؛ ئالاھىدە ئورۇنلار (قاۋاقخانا، بەزمىخانا) نىڭ 15 مىڭ يۈەن، باشقا جايلارنىڭ ئېلىشنى باشلاش نۇقتىسى ئۆلچىمىنى جايلار ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

تىجارەت ئورۇنلىرى تاپشۇرغان ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى بىردەك باجدىن كېيىن چىقىم قىلىنىدۇ، باشقۇرۇش مۇددىتىگە بېرىلگەن ئورۇنلار ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇددەت قىلىنغان ئاساسىي سانى تەڭشىلىدىغان بولمايدۇ.

ۋاقىتلىق بەلگىلىمىدە يەنە مۇنداق بەلگىلەندى: ئۈرۈمچى رايونى يىغقان ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرىدۇ، %20نى ئېلىپ قېلىپ ئۆزى ئىشلىتىدۇ، باشقا رايونلار يىغقان ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرىدۇ، 30 پىرسەنتىنى ئېلىپ قېلىپ ئۆزى ئىشلىتىدۇ. ناھىيە (شەھەر) لەر ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرىدىغان %70نى ئۇلار قاراشلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار توپلاپ ئاپتونوم رايونغا بىر تۇتاش تاپشۇرىدۇ.

ۋاقىتلىق بەلگىلىمە 1993 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. كونكرېت ھەق ئېلىشنى باشلاش ۋاقتى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بولدى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3 مىليون 313 مىڭ 600 يۈەن ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى.

جى شىنمىي

## باج خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج تارماقلىرىنىڭ باج كىرىمى 4 مىليارد 533 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %27.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بېجى كىرىمى 3 مىليارد 891 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان %120.6 ئورۇندالدى، 1992-يىلدىكىدىن %38.3 ئاشتى.

كىرىمنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي ئامىللار: 1) 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش تەڭ ئېشىپ، كىرىمنى تەشكىللەشكە ياخشى شارائىت يارىتىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نەتىجىسىدە باج كىرىمى 445 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %15.8 ئاشتى. 2) دۆلەتنىڭ باج سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسىدە باج كىرىمى كۆپەيدى: نېفت بېجىنىڭ نىسبىتى %5تىن %12كە كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، نېفت بېجى 50 مىليون يۈەندىن جىقراق كۆپەيدى. نېفت مەھسۇلاتلىرىدىن باج ئېلىش چارىسى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەنلىكتىن نېفت مەھسۇلاتلىرى بېجى 80 مىليون يۈەندىن جىقراق كۆپەيدى؛ 5 - ئايدا سودىدا پارچە سېتىش ۋە باشقا يېمەك - ئىچمەك بېجىنىڭ نىسبىتى ئىككى پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىتىلگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ باج نورمىسى تەڭشەلگەنلىكى ئۈچۈن تىجارەت بېجى 90 مىليون يۈەندىن جىقراق كۆپەيدى؛ 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نېفتتىن بايلىق بېجى ئېلىش باشلانغانلىقتىن 1993 - يىلى باج كىرىمى 40 مىليون يۈەندىن جىقراق كۆپەيدى. 3) تاشقى سودا تېز راۋاجلىنىپ، تاموژنا ئېلىپ بەرگەن باج زور دەرىجىدە ئاشتى، ئۇلار ئېلىپ بەرگەن مەھسۇلات بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى، ئالاھىدە ئىستېمال بېجى 134 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %211.4 ئاشتى. 4) يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن باج ئېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ئۇلاردىن ئېلىنغان باج 351 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان %111.6 ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن %34.6 ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى

قاتتىق چەكلەپ، باج يىغىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باج پۇلىنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ 12 تۈرلۈك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك باج ئورگانلىرى باجنى ۋاقىتلىق كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى توختىتىپ، باجنى مەخسۇس تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، ھوقۇقىدىن ھالقىپ باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومۇمىي ھۆددىگەرلىك سىنىقىنى توختاتتى، نەتىجىدە باج كىرىمى 154 مىليون يۈەن كۆپەيدى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك باج سىياسىتى»، «يېزا - بازار كارخانىلىرىغا مەدەت بېرىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك باج سىياسىتى»، «باشقا جايلارنى مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى» قاتارلىق ئون جەھەتتىكى باج سىياسىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج سىياسىتىنى دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باج قانۇن - نىزاملىرى، سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باج يىغىشتا ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان، سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورۇن كۆپ بولىدىغان، باجدا ئېتىبار بېرىش، باجنى كېمەيتىشتە ئۆزئارا بەسلىشىدىغان ھادىسىلەرنى ئۈنۈملۈك تۈگەتتى ۋە ئۇلاردىن ساقلاندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك باج ئورگانلىرى باج ئېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باج پۇلىنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى. 1) يۇڭ، تىۋىتتىن ئىشلىنىدىغان مەھسۇلات بېجىنى باشقۇرۇش چارىسىنى بىر تۇتاش بەلگىلىدى، جايلاردىكى قاتناش تۈگۈنلىرىدە باج تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇردى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى؛ 2) باج تالونىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، تالون باشقۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ، تالون باسىدىغان زاۋۇتلارنى تاللاش، تالون سېتىش، ساقلاش، ئىشلىتىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەرنى چىڭىتتى؛ 3) ئېكسپورتتىن قايتقان باجنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قايتقان باجنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمى ئورناتتى، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئېكسپورتتىن قايتقان باج بىلەن تاموژنىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى ۋە پېرېۋوت ھېساباتى جەدۋىلىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئېكسپورتتىن قايتقان باج جەھەتتىكى ئالدامچىلىقنى ئۈنۈملۈك توستى. 4) سىياسەت خاراكتېرلىك باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ 5) يەككە سودا - سانائەتچىلەر خۇسۇسىي كارخانىلاردىن باج ئېلىشنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ باج نورمىسى ۋە تاۋارلارنى پارچە سېتىش تىجارەت بېجى نىسبىتىنى ئوڭشۇشلۇق تەڭشىدى؛ 6) شەخسلەرنىڭ تەڭشەلگەن بېجىنى ۋەكالىتەن تۇتۇپ قېلىش ۋە ۋەكالىتەن تاپشۇرۇشنى تېخىمۇ چىڭىتتى؛ 7) كۈچ تەشكىللەپ، نېسى قالغان باجلارنى زور كۈچ بىلەن ئېنىقلاپ، نېسى قالغان باجنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى؛ 8) 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مەملىكەت بويىچە باشلانغان مالىيە، باجنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پائال قانات يايدۇردى، 1993 - يىلى باج تەكشۈرۈش ۋە نېسى قالغان باج ئېنىقلىنىش ئارقىسىدا باج كىرىمى 130 مىليون 730 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ 9) «باج باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باج ئېلىشنى باشقۇرۇشنى سىناق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، باج ئوغرىلىغان، يوشۇرغان جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارغا چارە كۆردى. 10) 2 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ئېيى پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج تاپشۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈردى.

پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. سىستېما بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مەيدانغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ۋە دۆلەت باش باج ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، قەشقەر شەھەرلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ 9 - شىسى باج پونكىتى، ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى شىمالىي پويىز ئىستانسىسى باج تەكشۈرۈش پونكىتى مەملىكەت بويىچە باج سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، جوجېنخۇا (بۇرچىن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورگانلارنىڭ پاكلىقىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى 1 - بولدى.

لى جىنيۇ

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ستاتىستىكىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسى ئىزچىل ئۆستۈرۈلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زىچ چۆرىدەپ، ستاتىستىكا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش ۋە نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

1) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىندى. «شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى» ئايلىق كارتوچكىسى، «شىنجاڭنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى يەككە ئىگىلىك ھەققىدە ئايلىق مەلۇمات»، «شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئايلىق مەلۇمات»، «شىنجاڭدىكى پاي تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كارخانىلار توغرىسىدىكى ئايلىق ستاتىستىكىلىق مەلۇمات» قاتارلىقلار تۈزۈلۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى مۇھىم ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ئايلىق ستاتىستىكا ماتېرىيالى بويىچە ئەتىسىلا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «تۈنۈگۈنكى مۇھىم ئەھۋال» ناملىق نەشر بۇيۇمىغا 166 ماقالە يوللاپ بەردى، بۇنىڭدىن 137 سى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ 15نى گۇۋۇيۈەن ئىشخانىسى كۆچۈرۈپ باستى، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تاشقى ئىقتىساد ستاتىستىكا باشقارمىسىنى قۇرۇپ، «شىنجاڭنىڭ سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە ئايلىق ستاتىستىكىلىق مەلۇمات»نى ئايمۇ ئاي چىقىرىپ تۇردى، چېگرا ئاھالىلىرى بازىرى، ئېچىۋېتىلگەن رايونلاردا ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

2) قاتنىشىش ئېڭى كۈچەيتىلىپ، ستاتىستىكىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش، نازارەت قىلىش جەھەتتىكى ئومۇمىي ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئۈچ قاتلىغىلى بولىدۇ»، «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا توغرا كېلىشىنى 4000 يۈەندىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىككى ماقالىنى يازدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2000 - يىلدىكى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ماقالىلەردىكى پىكىرلەردىن پايدىلاندى.

3) پاسسىپلىق تەشەببۇسكارلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، كېيىنچە شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ پائالىيەت ۋەزىيىتىنى ئايمۇ ئاي ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتنى ۋاقتىدا ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى، 12 - ئايدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە شىنجاڭنىڭ 1993 - يىللىق ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە يۈز مۇھىم ئىقتىسادىي ئۇچۇر، 200گە يېقىن مۇھىم ئىقتىسادىي تەھلىل ماتېرىيالىنى ئېلان قىلدى، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «رەھبىرىي كادىرلار قوللانمىسى»نى تۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى يەنە «شىنجاڭنىڭ مەملىكەتتە تۇتقان ئورنى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابقا 1980 - يىلدىن كېيىنكى مۇھىم يىللاردىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 300گە يېقىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي رەت تەرتىپى كۆرسەتكۈچى كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن 1993 - يىللىق «شىنجاڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى» مەملىكەتلىك يەرلىك ستاتىستىكا يىلنامىلىرىنىڭ «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مالىيەگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»نى تۈزۈپ چىقتى.

2. يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ستاتىستىكا تۈزۈمى ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

1) شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى تۈزۈمىنى

ياخشى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇردى ھەم 1993 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى جايلاردىكى ستاتىستىكا تارماقلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، يېڭى ستاتىستىكا مەلۇماتى يوللاش تۈزۈمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ستاتىستىكا ئىسلاھات قەدىمىگە يېتىشىپ يەتتىكە بىر قوشۇلغان بىر يۈرۈش مەلۇمات جەدۋىلىنى ئومۇملاشتۇردى.

2) دائىرىلەر بويىچە ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ساھە چەكلىمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ساھە بويىچە ستاتىستىكا قىلىش بىلەن دائىرە بويىچە ستاتىستىكا قىلىش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن يېڭى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ، ماتېرىياللارنىڭ يۇقىرىغا يوللىنىش يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى.

3) تەكلىپكە بىنائەن قازاقىستان ستاتىستىكا كومىتېتى دوستانە زىيارەت قىلىنىپ، چەت ئەل بىلەن ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى.

4) مەبلەغنىڭ ئېقىش مىقدارىنى ھېسابلاش جەدۋىلى سىناق قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993-يىللىق مەبلەغنىڭ ئېقىشىنى ھېسابلاش جەدۋىلىنى سىناق تەرىقىسىدە تۈزۈپ چىقىپ، 1993-يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ پەسىللىك مەلۇماتلىرىنى يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئورۇندىدى.

3. «سىلىنما بىلەن ھاسىلاتنى تەكشۈرۈش» ۋە «3 - كەسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش» خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

1) سىلىنما بىلەن ھاسىلاتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجىگە ئېرىشىلدى. ئاپتونوم رايوندا سىلىنما بىلەن ھاسىلاتنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ مۇناسىپ ھالدا سىلىنما بىلەن ھاسىلاتنى تەكشۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 167 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىندى. كىچىك كارخانىلار ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىن ساھەلەر بويىچە ئاز بولغاندا ئۈچى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان 647 ئورۇن بېكىتىلدى. سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش تەدبىرلىرى بەلگىلەندى. «1993 - يىللىق شىنجاڭ بويىچە سىلىنما بىلەن ھاسىلاتنى ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى قاراپ چىقىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاساسىي قاتلام يوللىغان سانلىق مەلۇماتلارنى دەرىجىمۇ دەرىجە جەملەش جەريانىدا تۆت قېتىم قاراپ چىقىلىدىغان قىلىنىپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2) 3 - كەسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. تەكشۈرۈپ تېگىنى ئېنىقلاش، يېتىشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ۋە قولدا جەملەش ۋەزىپىسى ئۆز قەرەلىدە ئورۇندالدى. سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە خۇلاسىلاپ تەقدىرلەش خىزمىتى 1994 - يىلى ئۆز قەرەلىدە ئورۇندىلىشى مۇمكىن.

4. ستاتىستىكا قانۇن - نىزاملىرى تۈزۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

1993 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ستاتىستىكا قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «1994 - يىلى ئاپتونوم رايون تۈزۈشكە تېگىشلىك ستاتىستىكا قانۇنلىرىنى مەلۇم قىلىش دوكلاتى» يوللىدى. بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1994 - يىللىق قانۇن تۈزۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

ليۇ ۋېنجۇ

ۋۇ جۇن

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقى بىلەن چەت ئەلنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى

ھەمكارلىق توختامىدىن 57سى ئىمزالاندى، ئومۇمىي توختام سوممىسى 45 مىليون 283 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %86. 8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش توختامى 31گە، توختام سوممىسى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامى 26گە، توختام سوممىسى 5 مىليون 283 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولۇپ، ئۆلار، ئاساسەن، بىنا سېلىش ۋە زىننەتلەش ھەم دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر يىلدا ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا چىقىرىلغانلار 500 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تەستىق بويىچە چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش توختامىدىن 189ى ئىمزالاندى، جۇڭگو تەرەپ سالىدىغان مەبلەغ 29 مىليون 85 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 160 تۈر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتە، قالغان 20 تۈر موڭغۇلىيە ۋە پاكىستاندا. چەت ئەللەردىكى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى، ئاساسەن، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىش، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاش، ئاشپۇزۇل، ئىچىملىك، تۈرلۈك ماگىزىن ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئىككى تەرەپ ۋە كۆپ تەرەپ ھەقسىز ياردەم قىلغان يەتتە تۈر قوبۇل قىلىندى، قوبۇل قىلىنغان ياردەم سوممىسى تەخمىنەن 5 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، سىرتنىڭ ياردىمى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بالىلار فوندى جەمئىيىتى، نوپۇس فوندى جەمئىيىتى، تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسى ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيەدىن كەلدى.

لى يەن

### چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەستىقى بىلەن چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش توختامىدىن 363ى ئىمزالاندى. توختامدىكى چەت ئەل (رايون) مەبلىغى 257 مىليون 441 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %01. 154 ئاشتى. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل (رايون) مەبلىغى 54 مىليون 925 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 36. 4 ھەسسە ئاشتى. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىشقا تەستىقلانغان تۈر سەككىز. كېلىشىلگەن چەت ئەل مەبلىغى 81 مىليون 780 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قەرز پۇلى 233 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى (ئاساسلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان ئېتىلىن قۇرۇلۇشى ۋە پولىئېستېر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى).

چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان 363 تۈر ئىچىدە، شېرىك كارخانا 304، سوممىسى 176 مىليون 8 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ھەمكارلىق كارخانىسى 19، سوممىسى 47 مىليون 310 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان كارخانا 40، سوممىسى 34 مىليون 123 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى.

1993 - يىلى تەستىقلانغان چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي ساھەلىرىگە تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق: دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كارخانىلىرى تۆت، سوممىسى 634 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ سانائەت كارخانىسى 178، سوممىسى 102 مىليون 686 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى؛ بىناكارلىق كارخانىسى 19، سوممىسى 11 مىليون 715 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف كارخانىسى 29، سوممىسى 18 مىليون 1000 ئامېرىكا دوللىرى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 24، سوممىسى 8 مىليون 71 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى؛ ئۆي - زېمىن، جامائەت ئىشلىرى، مۇلازىمەت كارخانىسى 107، سوممىسى 115 مىليون 436 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى؛ باشقا ساھەدىكىلەر ئىككى، سوممىسى 897 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

چەت ئەل (رايون) مەبلىغى ياپونىيە، سىنگاپور، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق 27 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى سودىگەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا سالغان مەبلەغ روشەن ھالدا ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستان مەبلەغ سالغان تۈر 44، سوممىسى 11 مىليون 384 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى؛ روسىيە فېدېراتسىيىسى مەبلەغ سالغان تۈر ئۈچ، سوممىسى 10 مىليون 745 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ئۆزبېكىستان مەبلەغ سالغان تۈر بەش، سوممىسى 3 مىليون 97 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى؛ قىرغىزىستان مەبلەغ سالغان تۈر سەككىز، سوممىسى 2 مىليون 809 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

1993 - يىلى ئىش باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئېكسپورت قىلىپ، 32 مىليون 37 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ياراتتى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %38. 6 كەم بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت ئومۇمىي

سومىسىنىڭ 6.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

لى يەن

**سىرتقا مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەستىقلىغان سىرتقا مەبلەغ سالغۇچى كارخانا 381گە يەتتى. بۇ كارخانىلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقىلىق سىرتقا مەبلەغ سېلىش خېيىم - خەتىرىنى تەكشۈرتكەن ۋە تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەكشۈرگەن ھەم ئەنگە ئالدۇرغان كارخانا 97 (ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانا 24، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانا 73). ئۇلار سالغان ئومۇمىي مەبلەغ 107 مىليون 635 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سالغان مەبلەغ 53 مىليون 952 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (ماددىي بۇيۇملار سېلىنمىسى 51 مىليون 577 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، نەق پېرېۋوت سېلىنمىسى 2 مىليون 375 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى). سىرتقا مەبلەغ سالغان 97 كارخانا ئىچىدە قازاقىستانغا مەبلەغ سالغىنى 64، قىرغىزىستانغا مەبلەغ سالغىنى 13، ئۆزبېكىستانغا مەبلەغ سالغىنى ئون، روسىيىگە مەبلەغ سالغىنى ئۈچ، پاكىستانغا مەبلەغ سالغىنى ئۈچ، ئامېرىكىغا مەبلەغ سالغىنى بىر، كاناداغا مەبلەغ سالغىنى بىر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە مەبلەغ سالغىنى بىر، ماداغاسقار جۇمھۇرىيىتىگە مەبلەغ سالغىنى بىر.

جاڭ تاۋ

# ساياھەتچىلىك

**ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن جەمئىي 241 مىڭ ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 40 مىليون 145 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئىچىدە تاۋار خاراكتېرلىك كىرىم %6.37نى، ئەمگەك مۇلازىمىتى خاراكتېرلىك كىرىم %33.62نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ بىر يىلدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشقا كەلگەن ساياھەتچىدىن جەمئىي 120 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. جۇڭگو پۇقرالىرىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشقا 83 ئۆمەك، جەمئىي 3000دىن ئارتۇق ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ساياھەت ئىدارىلىرى 102گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1-دەرىجىلىكى سەككىز؛ 2 - دەرىجىلىكى 19؛ 3 - دەرىجىلىكى 75؛ چەتكە ئېچىۋېتىلگەن ساياھەتچىلەر مېھمانخانىسى 73 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 17 (تۆت يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بىر، ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بىر، ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا ئون، بىر يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بەش)، مېھمانخانا ياتاق ئۆيى 3000 ئېغىزدىن ئاشتى. ساياھەتچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىسى 6000دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەرجىمان، يول باشلىغۇچىسى 243.

چىن بىنىڭ

**تەشۋىقات ئارقىلىق سېتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلار يارىتىلدى**

1993 - يىلى جۇڭگو مەنزىرىلىرى ساياھىتى مەملىكەت بويىچە ساياھەتچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولدى، شىنجاڭدا مۇشۇ ئاساسىي تېما قىلىنىپ، بازار ئۆزگىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان رايون خاراكتېرلىك تۈر ۋە مەھسۇلاتلار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، «يىپەك يولى» مەركىزى ئوق قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى، بورتالا نادام مەركىسى، فۇكاڭ بوغدا كۆلى شاپتۇل سەيلىسى قاتارلىق سەيلە - ساياھەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئىلى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ، ئىلى تۇلپار مەركىسى، كۇچا كۈسەن مەدەنىيىتى مەركىسى ۋە قۇمۇل قوغۇن سەيلىسى قاتارلىق بايرام پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتلەردە ساياھەتچىلىك، ئىقتىساد - سودا، مەدەنىيەت، تەشۋىقات بىر گەۋدە قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا شىنجاڭ تېخىمۇ ياخشى تونۇشتۇرۇلدى.

1993 - يىلى ياپونىيە، ئەنگلىيە، سىنگاپور، كانادالاردىن ۋە شياڭگاڭ رايونىدىن ئالتە تۈركۈمدە 17 ساياھەتچى مۇخبىر تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. يەنە دۆلىتىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئون نەچچە تۈركۈم مۇخبىرى كېلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ، زىيارەت قىلىپ، خەۋەر يېزىپ، خېلى زور تەشۋىقات داغدۇغىسى پەيدا قىلدى.

شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىدارىسى مال سېتىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، سىنگاپور، مالايسىيا، برونى، ھىندونېزىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتتى. ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى دۇنيا ساياھەت يەرمەنكىسىدە شىنجاڭنىڭ «يىپەك

يولى» يەنىلا نۇرغۇن چەتئەل ساياھەتچىلەر شىركىتىدىكى سايالارنى ... ئۇلار ئالدىدا بۇ قېتىمقى ...

يولى» يەنە لىنىيىسى بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ساياھەتچىلىك سودىگەرلىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 ساياھەت ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كارخانىلىرى بىلەن كەسپىي ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. ئۇلار ئىچىدە بېلگىيە، كانادا، ئىسپانىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ساياھەتچىلىك سودىگەرلىرى يەرمەنكىدە ئۈمەك ئۇيۇشتۇرۇش مۇددىئانامىسى تاپشۇردى.

ئەسلىدىكى مېھمان مەنبەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن ۋە قوشنا دۆلەتلەردىن مەنبە تېپىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، مۇسۇلمانلارغىلا خاس مەھسۇلاتلار بازارغا سېلىندى، ئۈچ تۈركۈمدە ئالتە ئادەم سىنگاپور، مالايسىيا، بىرۇنىي قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلىپ، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مېھمان مەنبەلىرى تېپىلدى ھەم پاكىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. يەنە تونۇشتۇرغۇچىلارنى پاكىستان، تۈركمەنىستان، ئازەربەيجان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە زىيارەتكە ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 3 - خىلدىكى 30 ساياھەتچىلەر باشقارمىسىدىن، 1 - ، 2 - خىلدىكى ساياھەتچىلەر باشقارمىلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بۆلۈملىرىدىن جەمئىي 60دىن ئارتۇق ۋەكىل گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، بىر نەچچە 100 پارچە كۆتۈۋېلىش توختامنامىسى ئىمزالىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چېن بىنمىڭ

## شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى تەكشۈرۈپ دەلىللەندى

1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك ئىدارىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋۇچۇەنجۈننى، جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گولەيشى ۋە پروفېسسور يىن يىشىڭ، سۇڭ لىخۇلارنى ھەم شىنجاڭدىن 13 مۇتەخەسسىس، ئالىمنى تەكلىپ قىلىپ، «يىپەك يولى»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شىخەنزە، قارامايى، چۆچەك، بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا، كۆيتۇڭ، بورتالا، ئارىشاڭ، قورغاس، غۇلجا، نىلقا، كۈنەس، كۇچا، باي، ئاقسۇ، ئاقسۇ كوناشەھەر، ئۇچتۇرپان، ئاتۇش، چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇر، كورلا، باغراش، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى، باركۆل، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىلەردىكى 189 مەنزىرىلىك سەيلىگاھ ۋە 290 بايلىق مەنبەسىنى ئىقتىسادىي بايلىققا ئايلاندۇرۇش نۇقتىسى بولۇپ جەمئىي 479 مەنزىرىلىك سەيلىگاھنى تەكشۈردى، ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا 13 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مۇنداق قارالدى: شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى مەنبەسى مول، تۈرى كۆپ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ، جۇڭگونىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زاپاس بايلىق بازىسى، شىنجاڭدىكى ساياھەت بايلىق مەنبەلىرى يېڭى، قىزىقارلىق، سىرلىق، ھەيۋەتلىك ۋە ئىپتىدائىي تەسىرات بېرىدۇ. دائىرىسى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر.

چېن بىنمىڭ

## جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتتى

1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە شىنجاڭ تەبىئەت ساياھەتچىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ئەنگلىيە خان جەمەتى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ 1993 - يىللىق تەكلىماكان قۇملۇقىنى



قىزىلقاغا تۈرى

چېن بىنمىڭ فوتوسى

كېسىپ ئۆتۈش، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئەنگلىيىنىڭ يەتتە ئادىمى ۋە جۇڭگونىڭ ئالتە ئادىمى ھەم مۇخبىرلار بولۇپ 27 كىشى 60 كۈن جاپالىق سەپەر قىلىپ، 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول يۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ھالاكەت دېڭىزى»نى غەلىبىلىك ھالدا غەربتىن شەرققە پىيادە كېسىپ ئۆتتى.

چېن بىنىڭ

**ئۈرۈمچى شەھىرى شىمېكو رايونىدا ئاسما ساياھەت يولى قۇرۇلدى**

غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى ئاسما ساياھەت يولى ھېسابلىنىدىغان ئۈرۈمچى شىمېكو ئاسما ساياھەت يولى 1993-يىل 8 - ئايدا پۈتتى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئاسما يول شىمېكو جىلغىسىدىن ئارتىلدۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاقلىق تاغ بىلەن شىمالىي تاغدىكى مەنزىرىلىك جايلارنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 419 مېتىر بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر سائەتتە 400 ئادەم توشۇيدۇ. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىگە ئاۋسترىيىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى كىرگۈزۈپ قوللىنىلغان. بۇ قۇرۇلۇش 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلانغان، ئۇنى شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك قۇرۇلۇش شىركىتى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ياسىدى.

شۇ گوجېن

# «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

قولىڭىزدىكى «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان پەسىللىك ژۇرنال.

بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەت، يولىيورۇقلار يەتكۈزۈلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىكى تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى خەۋەر قىلىنىدۇ، تەزكىرىچىلىككە ئائىت تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلىدۇ، تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، بىرەر جاي، بىرەر كەسىپنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، تارىخىي ۋەقەلەر، يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ۋە تەزكىرە تۈزۈشتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن خادىملار تونۇشتۇرۇلىدۇ. ژۇرنالدا يەنە تارىخ، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە، نەسەبنامە، يەرناملىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت ئەسلىمە، خاتىرە، تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى، سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن پارچىلار، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا دائىر ماتېرىياللار ۋە كونا تەزكىرىلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىدا تۆۋەندىكى سەھىپىلەر ئېچىلغان: «ھۆججەتلەر»، «تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى»، «خىزمەت تەتقىقاتى»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن»، «يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى»، «مەشھۇر شەخسلەر»، «بىزنىڭ تەزكىرىچىلىرىمىز»، «گۆھەر زېمىندا»، «سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن»، «تەزكىرىچىلىككە دائىر ماقالىلەردىن ئۈزۈندىلەر»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «كىتاب خەۋەرلىرى»، «لۇغەتچە»، «شىنجاڭدىكى كەسىپلەر»، «نەسەبنامە تەتقىقاتى»، «يىلنامە تەتقىقاتى»، «شىنجاڭدا ئەڭ»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش»، «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، «دۇنيا خەرىتىسىدە»، «تەزكىرە گۈلزارى». «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى ھەر پەسىلنىڭ 2 - ئېيىنىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىدۇ. ھەر سانىنىڭ باھاسى 1.5 يۈەن، يىللىق باھاسى ئالتە يۈەن. ژۇرنال ھازىرچە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار پۇلنى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىگە ئەۋەتسە بولىدۇ. ژۇرنال پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ (مۇشتەرى بولغۇچىلار ئىسىم - فامىلىسى، پوچتا نومۇرى، ئادرېسىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك). تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ ئادرېسى: پوچتا نومۇرى 830002، ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچا №8 11 - قەۋەت ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى

# ئىقتىسادنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

## مۇپەتتىشلىك

**مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى 1993 - يىلى جەمئىي 3224 تۈرلۈك ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 403 مىليون 630 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 30 مىليون 550 مىڭ يۈەن، مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن پۇلدىن كېمەيتىشكە تېگىشلىكى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىنغان پۇل 61 مىليون 510 مىڭ يۈەن، زىيانغا ئۇچرىتىلغان ۋە بۇزۇپ - چېچىلغان پۇلدىن 42 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئەنزىسىدىن تۆتى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى بار 82 كىشىنىڭ ماتېرىيالى رېۋىزىيە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ساقلىنىۋاتقان تەسىر قوزغايدىغان ۋە قىيىن مەسىلىلەر پائال مۇپەتتىشلىك قىلىنىپ ۋە تەكشۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماكرو جەھەتتىن تەڭشەشنى كۈچەيتىشى توغرىسىدا ۋاقتىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەر بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 241 نۇسخا مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى تەستىق سالغىنى ۋە تەستىقلاپ تارقاتقىنى 40 نۇسخا، ئىچكى قىسىمدا چىقىرىلغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش 49 نۇسخا،، سىرتقا ئېلان قىلىنغىنى 16 نۇسخا؛ 309 نۇسخا مۇپەتتىشلىك ئۇچۇرى قىسقا خەۋىرى چىقىرىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگىنى 170 نۇسخا.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانا مالىيەسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى، كارخانا بوغالتىرلىقى مىزانى ۋە بېتى بوغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە 30 نەچچە قارار كۇرس ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى مۇپەتتىشلىك كەسپى بويىچە سەككىز قارار كۇرس ئاچتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى بويىچە 237 ئادەم (قېتىم) لىك زىيابەت، 6450 يۈەنلىك سوۋغا - سالام ۋە پۇل رەت قىلىنغان. مۇپەتتىشلىك ئورۇنلىرى 103 پارچە تەقدىرلەش خېتى ۋە لەۋھە تاپشۇرۇۋالغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش بويىچە باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانلىق تۈزەش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

زىلى چاڭخۇڭ

**مالىيە ۋە باج ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىلى مۇناسىۋەتلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 27 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 62 مالىيە، باج تارمىقى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى تارباغاتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قاراماي شەھىرىدىكى مالىيە، باج تارماقلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى. مۇپەتتىشلىك قىلىنغان سومما 2 مىليارد 401 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. ئىنتىزامغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 94 مىليون 272 مىڭ يۈەن پۇل ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇپ قېلىنغان، تۇتۇپ قېلىنغان ۋە يۆتكىۋېتىلگەن مالىيە كىرىمى 1 مىليون 893 مىڭ يۈەن، ئىگىلىۋېلىنغان يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 2 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ساختا مالىيە چىقىمى 2 مىليون 986 مىڭ يۈەن، مالىيە، باج تارماقلىرى قىسمەن قېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان مالىيە، باج مەبلىغى 5 مىليون 216 مىڭ يۈەن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان باشقا مەبلەغ 81 مىليون 967 مىڭ يۈەن. مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى يەنە جايلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆز ئالدىغا

بەلگىلىنىۋالغان باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى، شۇنىڭدەك ھەر خىل شەكىلدىكى ھۆددىگەرلىك ئوبوروت بېجىنى تۈزىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە ئىناۋەتلىك مەبلىغى ۋە جايلارنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى، كۆلىمى، ئىشلىتىلىش يۆنىلىشى، ئىشلىتىلىش ۋە باشقۇرۇلۇش مەسىلىسىنى تەكشۈردى ۋە بۇ جەھەتتە مەسىلە ئىگىلەپ، جايلاردىكى ھۆكۈمەت ۋە مالىيە، باج تارماقلىرىنىڭ بۇ مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

جۇ جياچياڭ

**پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى 1993 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ۋە سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش بانكىلىرى، جۇڭگو بانكىسى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى قاتارلىق 26 مەركىزىي تارماق بانكىدىن يۇقىرى پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا ئاپپاراتىنىڭ 1992 - يىللىق ۋە 1993 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مالىيە كىرىم - چىقىم مەسىلىسى ھەم كرېدىت سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى. جەمئىي 2 مىليارد 380 مىليون يۈەن ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى، ئىنتىزامغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 160 مىليون يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خەزىنىسىگە تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 740 مىڭ يۈەن، ھېسابتىن يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 185 مىڭ يۈەن، جەرىمانە قويۇلغىنى 674 مىڭ يۈەن، خەزىنىگە كىرگۈزۈلگىنى 1 مىليون 414 مىڭ يۈەن. مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى بانكا سىستېمىلىرىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشى جەھەتتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى بايقالدى: 1) كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش مۇكەممەل ئەمەس، قەرز پۇل بېرىلگەن بەزى تۈرلەر جەھەتتە، قەرز پۇل بېرىلىشتىن ئىلگىرى يېتەرلىك دەرىجىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلمىغان، قەرز پۇل بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش يېتەرلىك بولمىغان؛ بەزى جايلارنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇللارنى ئىشلىتىش ئۈنۈمى تۆۋەن، يىغىۋېلىشى تەس بولغان، پۇلنىڭ بىر جايدا تۇرۇپ قېلىشى، ھېسابتا ئېسىلىپ قېلىشى ۋە قايتۇرۇلماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولىدىغان زىيان كۆپ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى بانكىلار تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى نامىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقاتقان ياكى قەرز پۇل ئارقىلىق ئۆسۈم يېگەن؛ 2) دۆلەتنىڭ مەبلەغ ئۆتنە - يېرىم قىلىشنى باشقۇرۇشقا ئائىت چارىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان، بەزى بانكىلار ئورغۇن مەبلەغنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆتنە - يېرىم قىلىۋەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى خېلى بىر قىسىم مەبلەغ ئىچكىرىدىكى، دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا ۋە ئۆي، يەر - زېمىن تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئۆتنە - يېرىم قىلىۋېتىلگەن. مەبلەغنىڭ زور مىقداردا سىرتقا ئېقىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، شۇ جاينىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان؛ 3) ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىنىپ، قەرز پۇل ۋە ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆستۈرۈۋېتىلگەن؛ 4) بەزى بانكىلار كرېدىت مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى بېرىپ تۇرۇش يولى ئارقىلىق ئۆز تارمىقى ئۈچۈن ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىۋالغان، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە سېتىۋالغان، پاي چېكى ئېلىپ ساتقان؛ 5) بەزى بانكىلار ئۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بانكىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى مەبلىغى ۋە كرېدىت مەبلىغىنى زور مىقداردا ئىگىلەپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك ياخشى باشقۇرۇلمىغاچقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار بولغان، نەتىجىدە ئىگىلىۋېلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇش قىيىن بولغان.

جۇ جياچياڭ

**نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى 1993 - يىلى جەمئىي 13 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 512 مىليون 880 مىڭ يۈەن ئىدى، بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 48 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىن چوتتىن ئاشۇرۇپ سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون 820 مىڭ يۈەن، قىسىپ قېلىنىپ باشقا جايغا ئىشلىتىۋېلىنغان قۇرۇلۇش مەبلىغى 2 مىليون 850 مىڭ يۈەن، كۆلەمدىن ۋە ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ سېلىنغان قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن، زىيان بولغان ۋە بۇزۇپ - چېچىلغان مەبلەغ 630 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

مۇپەتتىشلىك قىلىش ئارقىلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە پىلان مەبلىغى ئەمەلىيلەشمەسلىك، مەبلەغ ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىلمەسلىك؛ قۇرۇلۇش تۈرى تەخمىن چوتتىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك

ساقلانغانلىقى بايقالدى. تۆت ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بىر قىسىم تۈرلىرىنى مۇپەتتىشلىك قىلىش بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۈسكۈنە، ماتېرىياللارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىشى، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قۇراشتۇرۇش خىراجەتلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن تەخمىن چوتتىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغنىڭ 15 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكى؛ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىۋېلىشى تۈپەيلىدىن تەخمىن چوتتىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغنىڭ 1 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكى؛ قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش، باجدىن قېچىش ئەھۋاللىرىنىڭمۇ ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرۇلىدىغانلىقى بايقالدى.

ۋاڭ يۇڭشياڭ

يېڭىدىن باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى دۆلەت مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1993 ـ يىلى يېڭىدىن باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، بۇ جەرياندا 481 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 441 تۈرنى مۇپەتتىشلىك قىلىپ، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەبلەغدىن 16 مىليون 940 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ مەبلىغىدىن قىسىپ قېلىنغىنى 14 مىليون 600 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېتىلگەن مەخسۇس مەبلەغ 640 مىڭ يۈەن، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ توپلاش ۋە سېلىق سېلىش ئارقىلىق جۇغلانغىنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن) نى، 60 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

ۋاڭ يۇڭشياڭ

ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 943 ھۆكۈمەت تارمىقى (بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئورۇن 531، كەسپىي ئورۇن 412) ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 130 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان ھەر خىل مەبلەغنىڭ 23 مىليون 10 مىڭ يۈەن، مالىيەگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغنىڭ 4 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكىنى، مالىيەدىن ئاجرىتىلىدىغان ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان پۇلنى 340 مىڭ يۈەن كېمەيتىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكى، 160 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇش لازىملىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. مالىيەگە 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى. ھايانكەشلىك ۋە پارىخورلۇق گۇمانىدىن ئىككىسى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، بەش كىشىنىڭ ماتېرىيالى رېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. ئېنىقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: مەبلەغنى قىسىپ قېلىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش؛ مەبلەغنى ساختا مەلۇم قىلىش ۋە يۆتكىۋېتىش؛ مالىيەگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كىرىمنى تۇتۇپ قېلىش؛ سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىش؛ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى كەلسە ـ كەلمەس تارقىتىش، مېھمان چاقىرىش ۋە سوۋغات تەقدىم قىلىش.

مېڭ جيەنپىڭ

سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى دۆلەت مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، 1993 ـ يىلى 66 سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1991 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە جەرىمانە قويغان ۋە مۇسادىرە قىلغان پۇلى، بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىدىغان ھەق قاتارلىق نۇقتىلىق مەبلەغلىرى ئۈستىدە ساھەلەر بويىچە مۇپەتتىشلىك قىلدى ھەمدە نۇقتىلىق ھالدا 235 سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 175 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 10 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى.

مۇپەتتىشلىك قىلىش ئارقىلىق، ئاساسلىقى، ئاز ساندىكى سودا ـ سانائەت تارماقلىرىنىڭ جەرىمانە قويۇش ۋە مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق قىلىنغان كىرىمنى مالىيەگە ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرمىغانلىقى؛ بىر قىسىم سودا ـ سانائەت تارماقلىرىنىڭ بازار باشقۇرۇش ھەققى قاتارلىق خام چوت سىرتىدىكى كىرىمدىن دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە ـ قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى، دۆلەتنىڭ خام چوتنى تەڭشەش فوندىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك قىسمىنى تولۇق تاپشۇرمىغانلىقى؛ ئايرىم تارماقلارنىڭ بازار باشقۇرۇش ھەققى ئىچىدىكى ئۆي ئىجارە ھەققى، يايما ئورنى ھەققىدىن قىلىنغان كىرىملىرىنى ھېسابقا ئېلىپ قويۇپ، كىرىم ھېساباتىغا كىرگۈزمىگەنلىكى؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش بېلىتى تارقاتقانلىقى، بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىدىغان ھەق كىرىمنى

بەلگىلىمە بويىچە قاتلاممۇ قاتلام يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى؛ قەرزنى سوزۇۋېتىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى؛ بازار قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بەزى جايلاردا مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىۋېتىلگەنلىكى، بەزى جايلاردا شۇ جايدىكى مەمۇرىيەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى تۈپەيلىدىن، بازىرى بولسىمۇ سودا بولماسلىق، بازار كاسات بولۇش مەسىلىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى؛ ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلەشنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى، بوغالتىرلىق ھېساباتىنىڭ قېلىپلاشمىغانلىقى بايقالدى.

مىڭ جيەنپىڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇملۇك تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 37 ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىلى ئۆز ناھىيىسىنىڭ 1991- ۋە 1992-يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇملۇك تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش، باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلدى. جەمئىي 153 مىليون يۈەن مۇپەتتىشلىك قىلىندى، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 5 مىليون 207 مىڭ 800 يۈەن ئېنىقلاندى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: مەبلەغ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەن، شۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ 2 - يىلى يەتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ قەستەن قېلىنغان ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 450 مىڭ 100 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 3 مىليون 145 مىڭ 700 يۈەن، ئىشخانا بىناسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلگىنى 77 مىڭ يۈەن، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگىنى 55 مىڭ 700 يۈەن، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ تىجارەت قىلىش ۋە كارخانا قۇرۇشقا ئىشلىتىلگىنى 150 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېتىلگىنى 590 مىڭ يۈەن؛ ھەر دەرىجىلىك يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغى ئەمەلىيلەشمىگەن؛ ئامىنىڭ مەبلەغ جۇغلىشى قىيىن بولغان؛ ئاز بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇملۇك تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىنى تۈز قىلىپ تۇرغۇزۇشقا بولغان نازارەتچىلىك قاتتىق بولمىغاچقا، مەبلەغ بىكار تۇرۇپ قېلىش، ئىسراپ بولۇش مەسىلىرى كۆرۈلگەن.

جاڭ مىڭ

## ئالتە ناھىيە ۋە شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەبلىغى ئومۇمىي سېلىنمىسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىلىرى بىلەن بىرلىكتە 1993 - يىلى سانجى، كۇنەس، چۆچەك، توقسۇ، مارالبېشى ۋە خېجىڭدىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ۋە شەھەردىكى 63 تارماق ۋە پۇل ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ 1991 -ۋە 1992 - يىللىق يېزا ئىگىلىك مەبلىغى ئومۇمىي سېلىنمىسىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى، مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي مەبلەغ 252 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئىشلىتىۋېلىنغان 8 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاندى.

يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنىڭ سېلىنىش ئەھۋالى. 1991 - يىلى ئالتە ناھىيە ۋە شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 151 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990 - يىلدىكىدىن 30.17% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەدىن يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 24 مىليون 507 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ساھەسىنىڭ كەسپىي خىراجەت چىقىمى15 مىليون137 مىڭ يۈەن، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 5 مىليون 143 مىڭ يۈەن، مالىيەدىن خام چوت سىرتىدا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 29 مىليون 790 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل 76 مىليون 775 مىڭ يۈەن. 1992 - يىلى ئالتە ناھىيە ۋە شەھەر يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مەبلەغ 157 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1991 - يىلدىكىدىن 3.97% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەدىن يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 26 مىليون 370 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ كەسپىي خىراجەت چىقىمى 17 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى چىقىمى 8 مىليون 958 مىڭ يۈەن، مالىيەدىن خام چوت سىرتىدا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 28 مىليون 586 مىڭ 500 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل 66 مىليون 975 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىم 8 مىليون 458 مىڭ يۈەن.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغى تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى، مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئالتە ناھىيە ۋە شەھەرنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مەبلىغىنىڭ 9 مىليون 318 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ 4 مىليون 838 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇرۇشلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئومۇمىي مەبلەغنىڭ ئاران 51.92 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغانلىقى، مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا بۆلۈپ بېرىلمىگەنلىكى؛ يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى قەستەن قالدۇرغان ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋالدىغان ئەھۋاللارنىڭ ساقلانغانلىقى,

ئېنىقلاندى.

جاڭ شۇيىڭ

### مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى دۆلەت مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن، 1993 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتىنىڭ 1992 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، جەمئىي 15 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى. بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 143 مىڭ يۈەنلىك تەننەرخ قىسىپ قېلىنغان ۋە پايدا ئازايتىۋېتىلگەن، بۇ، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھېسابقا يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئېنېرگىيە - قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى ۋە خام چوت تەڭشەش فوندى ئۈچۈن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلدىن تاپشۇرۇلمىغان 62 مىڭ 500 يۈەن پۇل مالىيەگە تولۇق تاپشۇرۇلدى.

جۇ شىنلىن

### ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ۋە ياشانغانلار سۇغۇرتا فوندى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى 1993 - يىلى، نۇقتىلىق ھالدا، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 70 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى باشقۇرىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرۇش فوندى، سۇغۇرتا فوندى ۋە جەمئىيەتتىكى پېنسىيىگە چىققانلار ۋە ياشانغانلارنى بېقىش سۇغۇرتىسى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى. مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 452 مىليون 676 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىككى خىل فوند ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 67.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

مۇپەتتىشلىك قىلىش ئارقىلىق، ئىككى خىل فوند بىر تۇتاش توپلىنىپ، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىنغانلىقى نامايان بولدى. لېكىن بۇ تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئىككى خىل فوندنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى: 1) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تېخى مۇكەممەللەشمىدى، قانۇن - تۈزۈملەر تېخى دېگەندەك تاكامۇللاشمىدى، ئىككى خىل فوندنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسى شەكىللەنمىدى؛ 2) ئىككى خىل فوندنى تاپشۇرماسلىقتەك ئەھۋاللار بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلاندى؛ 3) ئىككى خىل فوندنى قىسىپ قېلىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋاللىرى ئېغىر ھالدا ساقلاندى؛ 4) باشقۇرۇش ھەققىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ بولدى.

ماۋ دېجۈن

### مۇھىت ئاسراش بويىچە ئېلىنىدىغان تازىلاش ھەققى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك، قاراماي شەھەرلىك، شىخەنزە شەھەرلىك، ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىلىرىنىڭ 1992 - يىللىق پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەققى ئېلىشى، ئۇنى ئىشلىتىشى ۋە باشقۇرۇشى ئۈستىدىن مەخسۇس مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەكشۈردى. مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى بايقالدى: 1) كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەققىنى تاپشۇرماسلىق ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولغان؛ 2) بىر قىسىم ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە مەبلىغى جىددىي بولغاچقا، پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەققىنى ئىش ھەققى تارقىتىش، ئىشخانا بىناسى سېلىش، شىركەت قۇرۇش، يول ياساش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋاللىرى ساقلانغان؛ 3) مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش قوشۇنى ئاجىز بولغاچقا، بىر قىسىم ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەر پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەققىنى تاپشۇرمىغان؛ 4) مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەققىنى يىغىش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى زۆرۈر بولغان ئىچكى قىسمىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى كەمچىل بولغان.

مياۋ ۋۇتىڭ

### دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن تۈرلەر ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى 1993 - يىلى دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن ئون تۈر ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، دەرسلىك تۈزۈش، يېزىلارنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇھىت تازىلىقى، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى تىزگىنلەش، 5 - قېتىملىق سانائەت كرېدىتى، تۆمۈريولدىن ئىبارەت سەككىز تۈر ئۈستىدىن يىللىق مۇپەتتىشلىك قىلىندى. 2 - قارارلىق يېزا ئىگىلىك تەربىيىسى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ۋە يەرلىك ئالىي مەكتەپ تۈرلىرى ئۈستىدىن ئاخىرقى مۇزاكىرىلىك

مۇپەتتىشلىك قىلىندى. مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سوممىسى 965 مىليون يۈەن (227 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) گە يېتىدۇ. مۇپەتتىشلىك قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۇنيا بانكىسىغا ئىككى نۇسخا مۇپەتتىشلىك گۇۋاھلىقى دوكلاتى، بىر نۇسخا باشقۇرۇش پىكىرنامىسى تاپشۇرۇلدى، تۈرنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارغا 13 نۇسخا ئىچكى جەھەتتىكى مۇپەتتىشلىك دوكلاتى تاپشۇرۇلدى ھەمدە تۈرلەرنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى كەمچىل بولۇش، تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغنى قىسىپ قېلىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېتىش، تۈرلەرگە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ماددىي ئەشيا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ھايىنىغا سېتىۋېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك خۇلاسىسى ۋە قارارى چىقىرىلدى.

گاۋ مىن

«2817» تۈرى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىلى ئالتاي ۋىلايەتلىك مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى ۋە ئالتاي شەھەرلىك، بورۇلتوقاي ناھىيىلىك، بۇرچىن ناھىيىلىك، كۆكتوقاي ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، ب د ت دۇنيا ئاشلىق پىلان مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتلاقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بەرگەن «2817» تۈرىنىڭ 1992 - يىللىق ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى. بۇ تۈر ئەسلىدىكى پىلاندا 1992 - يىلى پۈتكۈزۈلمەكچى ئىدى، ب د ت دۇنيا ئاشلىق پىلان مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلۇش مۇددىتى 1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئۇزارتىلدى. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ تۈرگە ياردەم بېرىلگەن 99 مىڭ تونىنا بۇغداي، 50 تونىنا قۇرۇتۇلغان كالا گۆشى، ھۆكۈمەت چىقارغان 36 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ تاپشۇرۇۋېلىندى. مۇپەتتىشلىك قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى مەسىلىلەر بايقالدى: 1) دۆلەت ئىچىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى ۋاقتىدا، تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەن؛ 2) تۈرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغنى قىسىپ قېلىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش مەسىلىلىرى يەنىلا تەل - تۆكۈس ھەل بولمىغان؛ 3) غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىمنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغان.

فېڭ ۋېنچاۋ

**جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇۋاتقان بىر كارخانا ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى چوڭ كارخانا — شىنجاڭ «بوستان» ئۈزۈم تالالىق پاختا چەكلىك شىركىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى. مۇپەتتىشلىك قىلىش ئارقىلىق بۇ شىركەتنىڭ 1987 - يىلى تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان ئۇرغۇن زىيان تارتىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئېنىقلاندى: بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش مۇددىتى ئۈچ يىل كېيىنكە سوزۇلۇپ كەتكەن؛ قەرزگە بوغۇلۇپ ئىككىلىك باشقۇرغان، يۈكى ئىنتايىن ئېغىر بولغان؛ مەھسۇلاتلار ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قالغان، رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۆزگىرىش كۆپ بولغان، باشقۇرۇش جەھەتتە ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت ۋەھاكازا.

لىيۇ ۋېنخۇا

ئىچكى مۇپەتتىشلىك ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قۇرۇلغان ئىچكى مۇپەتتىشلىك ئورگىنى 706 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 83 ئورگان كۆپەيدى (ئاساسلىقى، كارخانىلاردىكى ئىچكى مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى كۆپەيدى)، 1489 نەپەر ئىچكى مۇپەتتىش سەپلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 1393 ئورۇن ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىنىپ، 13 مىليون 660 مىڭ يۈەنلىك زىيان ۋە بۇزۇپ - چېچىلغان پۇل ئېنىقلاندى، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان 51 مىليون 170 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ تۈزىتىلدى؛ 774 ئورۇننىڭ مالىيە نەق چوتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق ئەنزىسىدىن يەتتىسى ئېنىقلاندى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 21 كىشىنىڭ ماتېرىيالى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى.

ياڭ يۈنيەن

ئىجتىمائىي مۇپەتتىشلىك ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە لاياقىتى بار مۇپەتتىشلىك ئىشلىرى ئورنىدىن 123 ى، كەسپىي شۆبە مۇپەتتىشلىك ئورنىدىن 17 سى قۇرۇلدى، خادىمى 1320 دىن ئاشتى، 716 مۇپەتتىش تىزىملاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي مۇپەتتىشلىك تەشكىلاتلىرى ھاۋالە بىلەن بېجىرگەن مۇپەتتىشلىك تۈرى 24 مىڭ 692 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %50 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى ھاۋالە قىلغىنى 396 تۈر، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان سوممىسى 1 مىليارد 757 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان 6 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى؛ كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قوبۇل

قىلىنغان ھەرخىل مۇپەتتىشلىك 20 مىڭ 618 تۇر؛ ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بېكىتىلگەن ئىقتىسادىي ئەنزە 1641.

يې مىڭ

**دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامبارلىرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 ـ يىلى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 54 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىسىنىڭ 1992 ـ يىلى ئامباردا ساقلانغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 54 كارخانىنىڭ ئامبىرىدىكى مەھسۇلاتلار ئىگىلەپ تۇرغان ئومۇمىي مەبلەغ 684 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (تەننەرخ سېتىش باھاسىدىن يۇقىرى بولغان، يوشۇرۇن زىيان ھېسابىدا ھېسابقا ئېلىپ قويۇلغان 59 مىليون 490 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1991 ـ يىلدىكىدىن 39.4% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئامباردىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 17 بولۇپ، ئىگىلىنىپ تۇرغان ئومۇمىي مەبلىغى 484 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇق بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلار ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغ 91 مىليون 487 مىڭ يۈەن، ئىككى يىلدىن ئارتۇق بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلار ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغ 46 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1992 ـ يىللىق سېتىش سەۋىيىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئامباردىكى مەھسۇلاتلارنى ھەر تەرەپلىمە سېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان كۈن سانى 84.96 كۈن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە نورمال سېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان كۈن سانىنىڭ 3.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، 34 كارخانىنىڭ نېسى ساتقان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 457 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن 8.8% ئاشقان. تەييار مەھسۇلات، يوشۇرۇن زىيان خاراكتېرلىك ھېسابقا ئېلىپ قويۇلغان ۋە تارقىتىۋېتىلگەن تاۋارلار ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغ ئومۇمىي تۇراقسىز مەبلەغنىڭ 48.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈش سەۋەبى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1) تۆمۈريول ترانسپورتى جەھەتتە تاۋارلارنى شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش چەكلىمىگە ئۇچرىغان. 2) كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرى كونىراپ كەتكەن. 3) ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەمۇرىي جەھەتتىن ھەددىدىن ئارتۇق ئارىلىشىۋالغاچقا، كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1) بەزى كارخانىلارنىڭ بازارنىڭ كاسات، رىقابەتنىڭ كەسكىن بولۇشىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز، شارائىتقا ماسلىشىش تەدبىرلىرى كەمچىل بولغان. 2) سۈپەت ئېڭى ناچار بولغان. 3) مەھسۇلاتلارنىڭ رەڭ ـ تۈرلىرى كونا ھەم بىر خىللا بولۇپ، بازارغا باب كېلىدىغان يېڭى مەھسۇلاتلار كەمچىل بولغان. 4) سېتىش ۋاسىتىلىرى قالاق، سېتىشقا تۈرتكە بولىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەش جانلىق بولمىغان. 5) بازارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىغان.

لیۇ تيې

**ئالتۇنغا دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك مەبلەغ تەكشۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى، ئالتۇن ئىدارىسى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1993 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە بولغان ئالتۇنچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى، ئالتۇنچىلىققا سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئالتۇن باھاسىنىڭ سىرتىدا قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئالتۇندىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم، تەقسىم قىلىنىدىغان ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلەپ تۇرىدىغان باھانىڭ سىرتىدا قوشۇمچە ياردەم بېرىش ۋە تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئەمەلىي تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 12 يىلدىن بېرى ئالتۇنغا دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك تۆت تۈرلۈك مەبلەغ 60 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى نەقلەشتۈرۈلگەن ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە تەقسىم قىلىنىپ يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتۇنچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىغان. لېكىن مەبلەغنى باشقۇرۇش تارقاق، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مەبلەغنى ئىشلىتىشكە بولغان نازارەتچىلىكى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكەن.

لى يىنجياڭ

**يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 1993 - يىلى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە 75 كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى تاشقى سودىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىغا دائىر ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون 124 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىمپورت سوممىسى 288 مىليون 62 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ئېكسپورت سوممىسى 289 مىليون 62 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىغا دائىر ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 63.37 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بايقالدى: چېگرا سودىسى كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەرتىپى قالايمىقان، بەزى كارخانىلار خېرىدارلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ھە - ھۇ بىلەنلا ئۆستۈرۈۋەتكەچكە، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدىن ئېلىنىدىغان پايدىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ھەتتا بەزى كارخانىلار زىيان تارتقان؛ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتتىق بولمىغاچقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر يەتكەن؛ مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا بىرلىككە كەلگەن ھېسابات قىلىش ئۇسۇلى بولمىغاچقا، مالىيە ھېساباتىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلگەن؛ چېگرا سودىسى كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى جەھەتتە قەرز پۇلغا تايىنىشى ئۇلارغا زور بېسىم ئېلىپ كەلگەن؛ ھەر خىل خىراجەت چىقىمى كۆپىيىپ كەتكەن، بەزى كارخانىلارنىڭ چىقىمى تاۋار ئوبوروتى مەبلىغىنىڭ 19.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىملەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، بۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتكەن؛ مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا قىسمەن تاۋارلارنىڭ سۈپىتى ناچار، باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، سېتىلماي بېسىلىپ قالغان؛ چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى مۇكەممەل بولمىغان.

مەھەممەت شېرىپ

# مال باھاسى

## مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 1993 - يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 1992-يىلدىكىدىن 12.6% ئۆرلىدى (شەھەر - بازارلاردا 13.4%، يېزىلاردا 10.1%؛ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 12.7% ئۆرلىدى) . يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 16.9% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ باھاسى 28.2%، سۇ يېغىنىڭ باھاسى 6.2%، يېڭى كۆكتاتنىڭ باھاسى 9.3%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى 21.1%، كىيىم - كېچەكنىڭ باھاسى 3.8%، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 9.1%، مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 2.2%، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال باھاسى 6.6%، تېببىي دورا ۋە تېببىي داۋالاش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 15.7%، بىناكارلىق - بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى 23.5%، يېقىلغۇنىڭ باھاسى 23.8%، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى 10.1% ئۆرلىدى. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسى 13% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - ئاھالىلىرىنىڭ 13.6%، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ 10.8% ئۆرلىدى. مۇلازىمەت باھاسى 15.7% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردا 14.8%، يېزىلاردا 17.6% ئۆرلىدى، پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھاسى جەھەتتە دۆلەت ئىلكىدىكى سودىنىڭ 12.9%، بازار سودىسىنىڭ 13.7% ئۆرلىدى. ئېنېرگىيە، خام ئەشيا - ماتېرىيالنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 36.4% ئۆرلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى 26.2%، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش باھاسى 26.5%، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 13% ئۆرلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق مال باھاسى ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى: 1) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى 1992 - يىلدىكى ئۆرلەش ھەجمىدىن 4.5 پىرسەنتلىك رەقەم، يىل بېشىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى خىزمەت يىغىنىدا بېكىتىلگەن پىلاندا كۆرسىتىلگەن ئۆرلەش ھەجمىدىنمۇ 3.6 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. مال باھاسىنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى ھەجمدە ئۆرلەپ كېتىشى سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن شارائىتتا تۇرۇۋاتقان، مالىيەدىن مال باھاسىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم بىر قەدەر كۆپ قىسقارتىۋېتىلگەن ئەھۋالدا كۆرۈلدى، بۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. 2) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ئۈندا ئۈچ يىل مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.4 پىرسەنتلىك رەقەملا تۆۋەن بولدى. 3) ئايلار بويىچە ئالغاندا ئىجتىمائىي

تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى يۇقىرى پېتى تۇرۇۋەردى، ئۆرلەش ھەجىمى 1992- يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى ۋە 1992 - يىل 12 - ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئايدا بىردەك 10% تىن يۇقىرى بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 19.1% ئۆرلىدى. 4) تۈرلەر بويىچە ئالغاندا، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلىدى، يېمەكلىك، تېببىي دورا ۋە تېببىي داۋالاش بۇيۇملىرى، بىناكارلىق - بېزەش ماتېرىياللىرى ۋە يېقىلغۇ باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى 15% تىن يۇقىرى بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 23.8% كە يەتتى. 5) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى يېزىلاردا شەھەر - بازارلاردىكىدىن 3.3 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى، يېزىلاردا ئۆسۈش ھەجمى شەھەر - بازارلاردىكىدىن ئۇدا ئۈچ يىل يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى ئوڭشالغاندىن كېيىن، بىر قەدەر نورمال ئەھۋال داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. 6) مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى جەھەتتە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىدىن 0.4 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولۇپ، ئۈچىنىڭ باھاسى ئاساسەن ماسلاشتى، بىراق مۇلازىمەت، ئېنېرگىيە خام ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى ۋە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلار باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق بىر قەدەر چوڭ بولدى. 7) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىدىن تۆۋەن، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن يۇقىرى بولدى. مال باھاسى ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى، ئەمەلىيەتتە، 10.2%، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى، ئەمەلىيەتتە، 11.2% ئاشتى.

لى چاۋچۈن

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ۋە مالىيە نازارىتى مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ھەق ئېلىنىدىغان 151 تۈر بىكار قىلىندى، ئۈچ تۈر ۋاقىتلىق توختىتىلدى، 19 تۈرنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى؛ جايلار ئېنىقلاش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يۈكىگە چېتىلىدىغان ھۆججەتتىن 99 نى ئىناۋەتسىز قىلدى، 34 خىل ھەق ئېلىش تۈرىنى بىكار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە قارىتا دۆلەت باھا بېكىتىش، بىر تۇتاش يولغا قويۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال باھا، ئەڭ يۇقىرى چېكى تىزگىنلىنىدىغان باھا، پەرق نىسبىتىنى تىزگىنلەش، رايونلار ئارا پەرقلىق باھانى يولغا قويۇشقا ئوخشاش چارىلەرنى قوللىنىپ، باھانى تىزگىنلىدى؛ مۇھىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشلىقنىڭ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان قىسمىنىڭ 60 پىرسەنتىگە قارىتا سېتىۋېلىشتا قوغداش باھاسى بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى (قالغان 40 پىرسەنتىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى قويۇۋېتىلدى)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېيىم - خەتەرنى تەڭشەش فوندى تۈزۈمىنى ئورناتتى ھەمدە بىر مەھەل شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتكەن، باھاسى قويۇپ بېرىلگەن ئاشلىق ۋە ياغنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، ئۇنى چەكلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ئاساسلىق شەھەردە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان 100 خىل مۇھىم تاۋار ۋە مۇلازىمەت جەھەتتە، بازار باھاسىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئېنىق يېزىپ قويۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، باھادا قاقتى - سوقتى قىلمىشلىرىغا قارشى تۇردى.

لى چاۋچۈن

## باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ئۆزگەرتىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى قىسمەن، ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى پۈتۈنلەي، ئاشلىق ۋە ياغنىڭ سېتىلىش باھاسىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىشكە ئوخشاش ئون تۈرلۈك دۆلەت بىۋاسىتە بېكىتىپ كېلىۋاتقان باھا ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى داۋاملىق قويۇۋەتتى. مۆلچەرىي ھېساباتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا بازار ئارقىلىق تەڭشەش باھاسىنىڭ نىسبىتى 1992 - يىلدىكىدىن دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى جەھەتتە 80% تىن 96% كە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە

سېتىلىش سوممىسى جەھەتتە %90 تىن %94 كە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سېتىش سوممىسى جەھەتتە %80 تىن %87 كە كۆپىيىپ باھانى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى جەھەتتە باھانى بازار ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ماھىيەت خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى.

لى چاۋچۇن

**دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى**

1993 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىقنىڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق، سۇ يېغى تىجارىتىنى ۋە باھاسىنى قويۇۋېتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بولۇشىغا، كۆپ يوللۇق سېتىش تىجارىتىگە قاتنىشىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش؛ سېتىش باھاسىنى بازارغا قاراپ قويۇش، ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق ۋە سۇ يېغى بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شۇنداقلا ئاشلىق بېلىتىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن يەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر (دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز يۈەندىن، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا بەش يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش؛ ئەسلىدە بېكىتىلگەن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنىدىغان %40 ئاشلىقنى ۋە سۇ يېغىنى سېتىۋېلىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ھەم سېتىۋېلىش باھاسىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىشنى بەلگىلىدى.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى چۈچۈك بۆيىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى، چۈچۈك بۆيا نىسبىتى %31 تىن ئاشىدىغان چۈچۈك بۆيا مەلھىمىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 9800 يۈەندىن 13 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، چۈچۈك بۆيا نىسبىتى %26 تىن ئاشىدىغان چۈچۈك بۆيا قىيامىنىڭ باھاسى 10 مىڭ 200 يۈەندىن 13 مىڭ 300 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، چۈچۈك بۆيا پاراشوكىنىڭ باھاسى 4500 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى، چۈچۈك بۆيا مەلھىمى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بايلىق مەنبەسى ھەققى جەھەتتە، پىلان ئىچىدىكىسىنىڭ ھەر توننىسىدىن يەنىلا 2000 يۈەن، پىلان سىرتىدىكىسىدىن ئېلىنىدىغان 5000 يۈەننى 30 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈردى، چۈچۈك بۆيا پاراشوكى جەھەتتە، پىلان ئىچىدىكىسىدىن 500 يۈەن ئېلىش 300 يۈەن ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، پىلان سىرتىدىكىسىدىن 1800 يۈەن ئېلىش 1000 يۈەن ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى دۆلەتنىڭ توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە ساقلىنىدىغان ئاشلىققا قارىتا قوغداش باھاسى ۋە خېيىم - خەتەرنى تەڭشەش فوندى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، جايلارنىڭ ئەسلىدىكى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنىڭ 40 پىرسەنتىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى قويۇۋېتىش، قالغان 60 پىرسەنتىنى سېتىۋېلىشتا ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۈزگى بۇغداينىڭ ھەر 50 كىلوگرامى 32.6 يۈەن، يازغى بۇغداينىڭ 31 يۈەن، كۆممە قوناقنىڭ 20.8 يۈەن، شالنىڭ 35.9 يۈەن بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان بولدى.

9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئۆلچەمگە توشقان 3 - دەرىجىلىك 27 مىللىمېتىرلىق تۈزۈندا قورۇقلۇق پاختىسىنىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر تۇتاش 320 يۈەندىن سېتىۋېلىش، ھەرە چىشلىق چىغىرىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن پاختىنىڭ تۈزۈپ كېتىشتىن بولىدىغان زىيىنى ئۈچۈن ھەر 50 كىلوگرامىغا 12 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى.

11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئۆلچەمگە توشىدىغان 3 - دەرىجىلىك 27 مىللىمېتىرلىق تۈزۈندا قورۇقلۇق پاختىسىنى سىرتقا يۆتكەشتە مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەمىنلەش باھاسىنى ئىجرا قىلىشنى، يەنى ھەر 50 كىلوگرامىنى 369.8 يۈەن، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تەمىنلەش باھاسىنى 345 يۈەندىن 350 يۈەنگىچە قىلىپ بەلگىلىدى.

لى چاۋچۇن

**يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى**

1993 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى قويۇۋېتىپ، بازارغا قاراپ باھا قويۇشنى

قارار قىلدى.

6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى تۇز كۆلدە ئىشلەنگەن كىچىك سۇلياۋ خالتىلىق ئىنچىكە ئىشلەنگەن ۋاكۇئۇملۇق تۇزنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسىنى 446 يۈەن، ئۈرۈمچىدە توپ سېتىلىش باھاسىنى 551 يۈەن، ھەر بىر كىلوگراممىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى 0.65 يۈەن قىلىپ بەلگىلىدى؛ تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇزنىڭ پارچە ۋە توپ سېتىلىش پەرق نىسبىتىنى بەلگىلەپ، ئەسلىدىكى يىرىك تۇز، ئۇۋۇتىلغان يود قوشۇلغان تۇز ۋە قاچىلانمىغان ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇزنىڭ پەرق نىسبىتىنى %18 تىن %20 كە، كىچىك خالتىلىق تۇزنىڭ پەرق نىسبىتىنى %15 تىن %18 كە تەڭشىدى.

9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق پىلان ئىچىدىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ خام ئەشياسىغا قارىتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش تەمىنلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال باھانى يولغا قويۇش، يۇقىرى بېسىملىق پولىئېتىلىننىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسىنى 4220 يۈەندىن 6200 يۈەنگىچە، چۈشۈرۈلگەن پولىئېتىلىننىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسىنى 5800 يۈەندىن 6200 يۈەنگىچە قىلىشنى، پىلان ئىچىدىكى نېپىز سۇلياۋ يوپۇق جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش زاۋۇت باھاسىنى يولغا قويۇش، ئۆلچەملىك نېپىز سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسىنى 7565 — 7375 يۈەندىن 7400 — 6985 يۈەنگە چۈشۈرۈش، ئادەتتىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى 6860 — 6560 يۈەندىن 6700 — 5885 يۈەنگە چۈشۈرۈش، پارنىكتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى 6940 يۈەندىن 6005 يۈەنگە چۈشۈرۈش، پىلان ئىچىدىكى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش پارچە سېتىش ئۇنىۋېرسال باھانى يولغا قويۇش، ئۆلچەملىك نېپىز سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى 8810 يۈەندىن 8350 يۈەنگە چۈشۈرۈش، ئادەتتىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى 8030 يۈەندىن 6940 يۈەنگە چۈشۈرۈش، پارنىكتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى 8230 يۈەندىن 7130 يۈەنگە چۈشۈرۈشنى بەلگىلىدى؛ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان تۇزنىڭ زاۋۇت باھاسى جەھەتتە، ھەر بىر توننا يىرىك تۇزنىڭ باھاسىنى 68 يۈەندىن 83 يۈەنگە ئۆستۈرۈش (تۇزچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى، باج ۋە قاچىلاش ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئىنچىكە ئىشلەنگەن ۋاكۇئۇملۇق تۇزنىڭ باھاسىنى 210 يۈەندىن 293 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى، تەقسىملەش باھاسى جەھەتتە، ھەر بىر توننا يىرىك تۇزنىڭ باھاسىنى 117.32 يۈەندىن 136.61 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى، ئىنچىكە ئىشلەنگەن ۋاكۇئۇملۇق تۇزنىڭ باھاسىنى 355.72 يۈەندىن 413.11 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى يەنە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنى تارقىتىپ، بالا ھەمرىيى توقۇلما سۈيۈقلۇقى قاتارلىق بىئولوگىيىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى، جۈملىدىن پېنىتسىللىن قاتارلىق ئۈچ خىل تىببىي دورىنىڭ باھاسىنى، ۋىتامىن C قاتارلىق ئون نەچچە خىل يەرلىك كارخانىلاردا ئىشلەنگەن خىمىيىلىك تىببىي دورىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى، ئاتسېتىل سېپراميتسىن قاتارلىق ئالتە خىل تىببىي دورىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشنى بەلگىلىدى، تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە كارخانىلىرى ئۆزلىرى ياسىغان ۋە بىۋاسىتە تەڭشىلىدىغان دورىلارغا باھا قويۇش چارىسى قاتارلىقلارنى بېكىتتى.

لى چاۋجۈن

ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە قاتناش ـ ترانسپورت باھاسى تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى

1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى چېگرىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريولنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان بۆلىكىدە توشۇلىدىغان ھەر توننا كىلومېتىر يۈككە قارىتا پەۋقۇلئاددە كىرا ھەققى نىسبىتى بويىچە 0.2 يۈەندىن ھەق ئېلىشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى قارار چىقىرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى رايونىدىكى سېمونتنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشىدى، «325» نومۇرلۇق داشقالدىن ئىشلەنگەن سىلىكاتلىق تۇزلۇق پارچە سېمونتنىڭ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئىجازەت قىلىنىدىغان باھاسى ھەر توننىسىنىڭ 120 ـ 130 يۈەندىن 169 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. تۇراقسىزلىق دەرىجىسى %30 بولدى؛ كۆمۈركاندا پارتلىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ زاۋۇت باھاسىغا ماتېرىيال باھا پەرقى قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى، «NT» پارتلىتىش دورىسىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 1670 — 3150 يۈەندىن 1920 — 3600 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغا بارىدىغان خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت پويىزىنىڭ ھەر بىر بېلەتكە ئۆزارتىپ مۇلازىمەت قىلىش ھەققى ئۈچۈن 60 يۈەنلىك تاشقى پېرېۋوت بېلەتى ياكى خەلق پۇلى ئېلىنىدىغان بولدى.

4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ قارارىنى تارقىتىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتتى؛ تارىم نېفىتلىكىدىكى جەنۇبىي بۇگۇردىن كورلىغىچە بولغان نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسىدا توشۇلىدىغان نېفىت ئۈچۈن ۋاقىتىنچە ھەر توننا/كىلومېتىرغا 0.28 يۈەن ئېلىش

بېكىتىلدى.

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنىڭ كېمەيتىپ ھېسابلىنىدىغان كىرا ھەققىنى تەڭشەش ئۇقتۇرۇشىنى (مەملىكەت ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ 10% ئۈستۈرۈلدى) ئېلان قىلدى، ھەر بىر بېلەت بويىچە ئۈرۈمچىدىن خاڭجۇغا بارىدىغىنى 850 يۈەن، شىيامېنغا بارىدىغىنى 990 يۈەن، گۇيلىنغا بارىدىغىنى 840 يۈەن، شېنجېنغا بارىدىغىنى 1180 يۈەن، چاڭشاغا بارىدىغىنى 790 يۈەن، شىئەنگە بارىدىغىنى 690 يۈەن، چېڭدۇغا بارىدىغىنى 680 يۈەن، لەنجۇغا بارىدىغىنى 410 يۈەن، دۇنخۇاڭغا بارىدىغىنى 200 يۈەن، شېنياڭغا بارىدىغىنى 970 يۈەن، خاربىنغا بارىدىغىنى 1170 يۈەن، دالىيەنگە بارىدىغىنى 1190 يۈەن، چۇڭچىڭغا بارىدىغىنى 770 يۈەن، جىايۈگۈەنگە بارىدىغىنى 240 يۈەن، قەشقەرگە بارىدىغىنى 310 يۈەن، خوتەنگە بارىدىغىنى 310 يۈەن، ئاقسۇغا بارىدىغىنى 200 يۈەن، ئالتايغا بارىدىغىنى 130 يۈەن، غۇلجىغا بارىدىغىنى 150 يۈەن، كورلىغا بارىدىغىنى 110 يۈەن، كۇچاغا بارىدىغىنى 160 يۈەن، چەرچەنگە بارىدىغىنى 180 يۈەن، كۆكتوقايغا بارىدىغىنى 120 يۈەن، قارامايغا بارىدىغىنى 90 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى؛ مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر ـ مانگان رۇدىسىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلدى، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار ئۆزلىرى بېكىتىدىغان بولدى؛ دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ تورمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار ئۆزلىرى بېكىتىدىغان بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى قىشلىق، يازلىق تەتىلدە ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا بەھرىمەن بولىدىغان يېرىم بېلەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيا كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرنىڭ باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلغاندىن كېيىن، بارلىق مەھسۇلاتنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە كۆمۈرنىڭ كاندىن چىقىش باھاسى جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 41.8 يۈەندىن 51.8 يۈەنگە، تورمۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 39.8 يۈەندىن 49.8 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، قالغان 50 پىرسەنتىنىڭ باھاسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى 80 يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ، بازاردا ئۆز ئالدىغا ساتسا بولىدىغان بولدى؛ دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى ۋە جۇڭگو رەڭلىك مېتال باش شىركىتىنىڭ پىلان ئىچىدىكى مىس ـ سىنكىتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ساپلىق دەرىجىسى 99.95% تىن تۆۋەن بولمىغان ئېلېكترولىزلانغان ھەر تونىنا مىسنىڭ باھاسى 13 مىڭ يۈەندىن 18 مىڭ يۈەنگە، ساپلىق دەرىجىسى 99.3% تىن تۆۋەن بولمىغان يىرىك مىسنىڭ باھاسى 11 مىڭ 750 يۈەندىن 16 مىڭ 200 يۈەنگە، ساپلىق دەرىجىسى 25% لىك مىس رۇدىسىنىڭ باھاسى 9870 يۈەندىن 12 مىڭ يۈەنگە، ساپلىق دەرىجىسى 99.99% تىن تۆۋەن بولمىغان سىنىك نوكچىسىنىڭ باھاسى 6400 يۈەندىن 7700 يۈەنگە، ساپلىق دەرىجىسى 55% تىن تۆۋەن بولمىغان سىنىك رۇدىسىنىڭ باھاسى 3600 يۈەندىن 3800 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى؛ پىلان ئىچىدىكى كېلىشىم باھالىق ئۇرېيەنىڭ زاۋۇت باھاسى تەڭشىلىپ، ھەر تونىنا ئۇرېيەنىڭ باھاسى 600 يۈەندىن 675 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى؛ دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن، پىلان ئىچىدىكى نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تاختاي باھاسىدىن يۇقىرى باھاغا ئۆزگەرتىش بەلگىلەندى، نېفىتنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 216 يۈەندىن 519 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، نېفىت مەھسۇلاتلىرى (ئارمىيىدە ۋە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مايىنىڭ باھاسى ئۆزگەرتىلمىدى) جەھەتتە، «70» نومۇرلۇق بېنزىنىنىڭ ئەسلىدىكى تاختاي باھاسى 610 يۈەن ۋە 698 يۈەن، يۇقىرى باھاسى 890 يۈەن، چەك قويۇلىدىغان باھاسى 1020 يۈەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1250 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، «0» نومۇرلۇق دىزېلىنىنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى 440 يۈەن، 642 يۈەن، 780 يۈەن، 895 يۈەندىن بىراقلا 1120 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، لامپىغا ئىشلىتىلىدىغان كىرسىننىڭ باھاسى 490 يۈەندىن 1150 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ باھاسى 220 يۈەندىن 525 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى (پوسكامىنىڭ 400 يۈەن بولدى)، يۆتكەش ۋە مېتىش باھاسمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۈستۈرۈلدى.

6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، ماددىي ئەشيا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى چىقىدىغان ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا ساقلانغان ياغاچنىڭ باھاسىنى تەڭشىدى، ھەر كۇب مېتىر شەمشاد ئۆلچىمىدىكى ئەن ياغاچ (ئۇزۇنلۇقى 4 ـ 5.8 مېتىر، دىئامېتىرى 18 ـ 28 سانتىمېتىر، 2 ـ دەرىجىلىك ياغاچ) نىڭ باھاسى 216 يۈەندىن 304 يۈەنگە ئۈستۈرۈلدى، بال قارىغاينىڭ باھاسى 180 يۈەندىن 234 يۈەنگە

ئۆستۈرۈلدى، شەمشاد ئۆلچىمىدىكى تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال (ئۇزۇنلۇقى 4 ـ 4.8 مېتىر، ئوتتۇراھال تاختاي، 2 ـ دەرىجىلىك) نىڭ باھاسى 359 يۈەندىن 577 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، بال قارىغاينىڭ باھاسى 331 يۈەندىن 490 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئەن ياغاچنىڭ سېتىلىدىغان جايدىكى باھاسى، تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ مەيدان باھاسى، تەمىنلەش باھاسى ۋە پارچە سېتىلىش باھاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈلدى؛ پىلان ئىچىدىكى ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر توننا ئۈرىيەنىڭ زاۋۇت باھاسى 800 يۈەندىن 850 يۈەنگە، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر توننا ئاممىئونىي نىتراتنىڭ باھاسى 560 يۈەندىن 650 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى سېمونتنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، تۆمۈر يولدا توشۇلىدىغان ھەر توننا/كىلومېتىر يۈكنىڭ كىرا ھەققىنى 0.0385 يۈەندىن 0.0535 يۈەنگە ئۆستۈردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى تارقىتىپ، پىلان سىرتىدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىغا قارىتا ئەڭ يۇقىرى چەك بېكىتىشنى يولغا قويدى.

9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۇزارتىپ مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ھەق ئېلىش باھاسىنى بېكىتتى، ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى بېلەت سېتىش ئورنىدىن ئايرودرومغىچە بولغان تاق لىنىيە بويىچە مېنىبۇسنىڭ بىر بېلىتى ئالتە يۈەن، بېلەت سېتىش ئورنىدىن يىراقلاپ كەتسە سەككىز يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى يەنە دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ «فۇكاڭ» ماركىلىق ئاپتوبۇس ۋە «يۈنچۆ» ماركىلىق كىچىك ماشىنىنىڭ سىناق تەرىقىسىدە سېتىش باھاسى، بىر قىسىم بىرىكمە ماتېرىياللارنىڭ ئىجازەت قىلىنغان زاۋۇت باھاسى، نافتا مايىنىڭ زاۋۇت باھاسى، ئېلېكترلەشكەن تۆمۈر يولغا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باھاسىنى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنىڭ سېتىلىش باھاسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەبىئىي گازنىڭ باھاسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، جۇڭگو رەڭلىك مېتال ساناائىتى باش شىركىتىنىڭ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن كارلىقىتىكى مەھسۇلاتلارغا باھا قويۇش كوئېففىتسىېنتى بويىچە باھا قويۇش قاتارلىق بەلگىلىمىلىرىنى تارقاتتى؛ قەشقەر، كۈيتۇڭ ئېلېكتر تورلىرىدىن توك ئىشلىتىشتە يېقىلغۇ ترانسپورتى ئۈچۈن قوشۇمچە ھەق ئېلىش، بۆگۈر رايونىدا توك ئىشلىتىشكە قارىتا باھا قوشۇش، ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىدا بىرلىككە كەلگەن توك باھاسىنى ئىجرا قىلىش، ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىدا ئىمپورت قىلىنغان پارچە سېمونت ئۈچۈن يۆتكەپ قاچىلاش ھەققى ئېلىش، ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىنىڭ 2 ـ يۈك ـ تاق، پوسۇلكا ئۆتىدە ھەق ئېلىش، ئالاتاۋ پويىز ئىستانسىدا سىرتقا قارىتا ئېغىز قۇرۇلۇشى فوندى ئېلىش، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتىدە رېلىسسىز ئىستانسا ئۈچۈن ھەق ئېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش، يەرلىك تۆمۈريولدا ۋاگون ئىشلەتكەندە تۆلەم ھەققى ئېلىش، كارخانىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان باك ۋاگونى بىلەن نېفىت توشۇسا ئىجارە ھەققى ئېلىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈريولدا شىنجاڭدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيالار ئۈچۈن تۆمۈريول قۇرۇلۇش ھەققى ئېلىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى.

لى چاۋچۈن

## غەيرىي تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان باھا تەڭشەلدى ۋە بەلگىلەندى

1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ۋە مالىيە نازارىتى ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئۈچۈن ھەر بىر بېلەتكە 40 يۈەن ئايرودروم قۇرۇلۇش ھەققى (دۆلەت ئالىدىغان 15 يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېلىشنى بەلگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى پوچتا تارماقلىرىنىڭ تالون چىقىرىپ بېرىلىدىغان ھەر بىر پوچتا يوللانمىسى ئۈچۈن 0.2 يۈەن قوشۇمچە ھەق ئېلىشنى بەلگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئارقىلىق، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارچە سېتىلىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتىنىڭ باھاسىنى تەڭشىدى، شەھەر رايونىدىكى 17 لىنىيە بويىچە ئاپتوبۇس بېلىتى جەھەتتە 0.1 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاش، 0.1 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاش، 0.1 يۈەنگە تۆت بېكەت ئولتۇرۇش، 0.2 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاپ ئۈچ بېكەت ئولتۇرۇش، 0.1 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاپ ئۈچ بېكەت ئولتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، قولايلىق ئاپتوبۇسنىڭ بېلەت باھاسى جەھەتتە 0.1 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاش، 0.1 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاش، 0.1 يۈەنگە ئىككى بېكەت ئولتۇرۇش 0.2 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاپ ئۈچ بېكەت

ئولتۇرۇش، 0.1 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاپ ئىككى بېكەت ئولتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ شەھەر ئەتراپىدىكى سەككىز لىنىيە بويىچە كىرا ھەققى نىسبىتى ھەر بىر ئادەم/كىلومېتىرنىڭ 0.0466 يۈەن (2% سۇغۇرتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، شەھەر ئەتراپىدىكى 19 لىنىيە بويىچە كىرا ھەققى نىسبىتى ھەر بىر ئادەم/كىلومېتىرنىڭ 0.052 يۈەن (2% سۇغۇرتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇش، بىردەك 0.1 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاش 0.2 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاشقا، ئەمەلىي بېكەت ئارىلىقىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ باھا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ كەچلىك ئاپتوبۇسلارنىڭ بېكەتتىن قوزغىلىش ۋاقتى ھەرقانداق پەسىلدە بېيجىڭ ۋاقتى 22 دىن باشلاپ ئىككى سائەت ئۇزارتىلسا، مەيلى ئاپتوبۇس ياكى قولايلىق ئاپتوبۇس بولسۇن، بىردەك 0.1 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاش، 0.1 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاش، 0.1 يۈەنگە ئىككى بېكەت ئولتۇرۇش، 0.2 يۈەندىن باشلاپ باھا ھېسابلاش، 0.2 يۈەندىن قوشۇپ ھېسابلاش، 0.2 يۈەنگە ئۈچ بېكەت ئولتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئايلىق بېلەت ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى؛ يېڭىدىن قاتناش باشلانغان خېيجياشەندىن جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسىغىچە بارىدىغان، قىزىلتاغدىن ليۇداۋانغىچە بارىدىغان ۋە قىزىلتاغدىن «ياڭزىجياڭ» كوچىسىغىچە بارىدىغان ئۈچ لىنىيىدە، قاتنايدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى مىنىبۇسقا چىقسىلا بىر يۈەنلىك بېلەت ئېلىش، شۇ بېلەت بىلەن ئاخىرقى بېكەتكىچە ئولتۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى.

2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئاخبارات، نەشرىيات سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشنى مەركەزدىن باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى، گېزىت - ژۇرناللارنى تىزىمغا ئالدۇرۇشتا 20 يۈەن، مۇخبىرلىق كېنىشكىسى ئۈچۈن بىر يۈەن ھەق ئېلىنىدىغان بولدى، نەشىر ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن بېجىرىپ بېرىش مۇلازىمەت ھەققى تالون بويىچە ئېلىنىدىغان، خەلقئارا كۆرگەزمىدە قىستۇرما رەسىم بەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئۈچۈن 50 يۈەن ئېلىنىدىغان بولدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش بويىچە يىللىق تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش چارىسى ئېلان قىلىندى، بىر يىلدا ئېلىنغان ھەققىنىڭ 0.3 پىرسەنتىدىن بىر پىرسەنتىگىچە باشقۇرۇش ھەققى ئېلىنىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى كەسپى جەھەتتىكى باھانى يەنىمۇ قويۇۋېتىش ھەمدە ئۇنىڭغا دائىر تولۇقلىما بەلگىلىمىسىنى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى ئومۇمىي پايدا نىسبىتى ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشنى پۈتۈنلەي قويۇۋەتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسىنى تارقىتىپ، دەريا - ئېقىنلاردىن قۇم ۋە شېغىل سۈزۈشتىن ئېلىنىدىغان ھەققى سۇ تارماقلىرى بىر تۇتاش ئالىدىغان قىلدى؛ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش ۋە ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنىدىغان خادىملار ۋە قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلىدىغان كادىرلارنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى ئۈچۈن ھەر بىر ئادەمدىن ئېلىنىدىغان ئۈچ يۈەننى ئالتە يۈەنگە ئۆستۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش ھەققى جەھەتتە ھەر بىر ئادەم/دەرستىن ئېلىنىدىغان ئون يۈەننى 15 يۈەنگە ئۆستۈرۈش بەلگىلەندى.

3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ۋە مالىيە نازارىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ھەدىيە قىلىنغان بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەدىيە قىلىنغان ماددىي ئەشيانىڭ ئېغىزغا كېلىش ئومۇمىي باھا سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتى بويىچە باشقۇرۇش ھەققى ئالىدۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 5000 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى ۋە دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ يەرنى ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىن ئېلىنىدىغان باشقۇرۇش ھەققىنىڭ ئۆلچىمىنى تارقاتتى، كىنىشكا تارقىتىپ بېرىش ۋە كېسىم قىلىشتا كۆلىمىگە قاراپ 0.8 يۈەندىن 35 يۈەنگىچە ئېلىنىدىغان بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: شىنجاڭ بىناكارلىق سانائىتى دوختۇرخانىسى ئومۇرتقا تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىنىڭ ھەق ئۆلچىمى، تۆت چوڭ خىلدىكى 59 تۈر بويىچە، ھەر بىر تۈرنىڭ 20 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولىدۇ. فۇكاڭدىكى بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ كىرىش بېلىتى ئۈچۈن چەت ئەللىكلەردىن ئېلىنىدىغان بەش يۈەن ئون يۈەنگە، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئۈچ يۈەن بەش يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ، ساياھەت كېمىسى ئۈچۈن چەت ئەللىكلەردىن ئون يۈەن ئېلىنىدۇ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن تۆت يۈەن ئېلىش بەش يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ۋە پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ئىچى پروگراممىلىق تېلېفونلىرىدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تەڭشىدى، ئورۇمچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، يەسلى، بالىلار باغچىسى، ياشانغانلار ساناتورىيىسى، دارىلئېيتام، شان - شەرەپ يۇرتى، مېيىپلار بىرلەشمىسى، مېيىپلار كارخانىسى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى باشقۇرغان مەكتەپلەر، ئىشخانىدا ئىشلىتىلىدىغان غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىك كەسپىي تېلېفونلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن

دەسلەپتە ئورناتقاندا ئېلىنىدىغان بىر قېتىملىق ھەق 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ 2500 يۈەن، 3000 يۈەن ۋە 4000 يۈەندىن 5000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەر تۆۋەنلىك شەھەرلەردە 1500 يۈەندىن 2400 يۈەنگە، 2000 يۈەن، 2500 يۈەن ۋە 3500 يۈەندىن 4000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ناھىيە بازارلىرىدا 1000 يۈەندىن 1800 يۈەنگە، 1500 يۈەن، 2000 يۈەن ۋە 3000 يۈەندىن 3000 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، يۇنى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەر 30% تۆۋەنلەتسە بولىدىغان بولدى، ئايلىق ئىجارە ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40% ئۆستۈرۈلدى، ئايلىق ھەق ئېلىش تۈزۈمىدىكى ئادەتتىكى تېلېفون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ «ئا» خىلدىكى ھەر بىر تېلېفوننىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 25.2 يۈەن، 1 - دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ «ئا» خىلدىكى ھەر بىر تېلېفوننىڭ ئايلىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 28 يۈەن ئېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر قېتىم تېلېفون بەرگەندە ئۈچ مىنۇت بىرلىك قىلىنىپ 0.1 يۈەن ئېلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاممىۋى تېلېفونلارنى ئىشلەتكەندە ھەر ئۈچ مىنۇت بىرلىك قىلىنىپ 0.15 يۈەن ئېلىش 0.3 يۈەن ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 0.2 يۈەندىن ئېلىنىدىغان بولدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۈچۈن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە ھەق دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى ئاساسىدا يەنە 20% كۆپەيتىلدى.

4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى. گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارىيەتكە ئېلىنىپ كۆرۈلسە، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە قاراپ، ھەر بىر يۈرۈش ماتېرىيالدىن 400 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە ھەق ئېلىنىدۇ، ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈشنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى ئۈچۈن ھەر بىر ئادەمدىن كۈنىگە ئىككى يۈەندىن 20 يۈەنگىچە ھەق ئېلىنىدۇ، ئارخىپنىڭ ئۇپراش ھەققى ئۈچۈن كۈنىگە ئىككى يۈەندىن 30 يۈەنگىچە ھەق ئېلىنىدۇ، ئارىيەت ئېلىپ كۆرگۈچىلەردىن كۈنىگە تۆت يۈەندىن 80 يۈەنگىچە مەخسۇس تۈر بويىچە كۆپەيتىپ باستۇرغۇچىلاردىن ھەر بىر ۋاراقى ئۈچۈن ئىككى يۈەندىن 40 يۈەنگىچە ھەق ئېلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئىشلىتىدىغان مەخسۇس تېلېفوننىڭ دەسلەپتە ئورنىتىش ھەققى ئۈچۈن 1500 يۈەن، يىللىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 600 يۈەن ئېلىنىدۇ.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: كورلا ئايرودرومىدا ئايرودروم قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر بىر بېلەت بويىچە 50 يۈەن (دۆلەت ئالىدىغان 15 يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە) ھەق ئېلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سىمسىز ئالاقىلىشىش تورىغا كىرىش ئۈچۈن 1500 يۈەن، يىللىق ئىشلىتىش ھەققى ئۈچۈن 300 يۈەن، بىر مىنۇت سۆزلەشسە بىر يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئېلان قىلغان مۈلۈكنى باھالاش بويىچە ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسىنى تارقاتقاندىن كېيىن، پەرقلىق ئېنىقلىما پروگرېسسىپلىك ھەق ئېلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، مۈلۈك سوممىسىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە ئاساسەن، دەرىجىسىگە قاراپ ھەق ھېسابلىنىدىغان بولدى.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيىسىنى ئۇلاپ ئىشلەتكۈچى ئاخىرقى ئۈچىنىكى ئورۇنلاردىن بىر قېتىملىق تورغا كىرىش ھەققى ئېلىنىدىغانلىقى، كابېل تارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغىنى ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلىدىن 300 يۈەن، كۆپ يوللۇق ئۇلترا دولقۇن تارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغىنىدىن ئائىلە سانى 350 كە يەتمەيدىغان ھەر بىر ئورۇندىن 5250 يۈەن، ئائىلە سانى 350 تىن ئاشسا ھەر بىر ئائىلىدىن 15 يۈەن، ھەر بىر ئائىلىدىن تېلېۋىزور كۆرۈش ھەققى ئۈچۈن ئايدا ئالتە يۈەن ھەق ئېلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە كومىتېت مەستىپىسىدىكى 1 - تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەق ئېلىش تۈرىدىن 89 نى، ۋاقىتىنچە توختىتىلىدىغان تۈردىن ئۈچىنى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلىدىغان تۈردىن 11 نى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرى «جۇڭشەن» كوچىسىدىكى تاۋار ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە ھەر بىر كۋادرات مېتىرى 1550 يۈەندىن سېتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى ۋە مائارىپ كومىتېتى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش روھىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى بەلگىلىدى، بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنىدىغان ھەر بىر يېڭى ئوقۇغۇچىدىن تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇيدىغانلاردىن 500 يۈەن، تېخنىكومدا ئوقۇيدىغانلاردىن 400 يۈەن، ئۆز خىراجىتى بىلەن تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستا ئوقۇيدىغان يېڭى ئوقۇغۇچىلاردىن 2000 يۈەندىن 2600 يۈەنگىچە، تېخنىكومدا ئوقۇيدىغانلاردىن 1200 يۈەندىن

1800 يۈەنگىچە ئوقۇش پۇلى ئېلىنىدىغان بولدى، چوڭلار مائارىپى ۋە سىرتتىن ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكوملار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەقمۇ مۇناسىپ ئۆستۈرۈلدى.

7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە كومىتېت سىستېمىسىدىكى 2 ـ تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەق ئېلىش تۈردىن 47 نى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلىدىغان تۈردىن ئىككىنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: شىنجاڭ قۇرۇلۇش بانكىسى ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم تاۋار ئۆيلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى جەھەتتە، قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە، ھەر بىر كۋادرات مېتىرى «پاختا» كوچىسىدىكىنىڭ 1279 يۈەن، «شىخۇاڭ» كوچىسىدىكىنىڭ 1240 يۈەن، «ياشلار» كوچىسىدىكىنىڭ 1191 يۈەن بولىدۇ.

8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تۆمۈريولدا توشۇلىدىغان ھەر توننا يۈك ئۈچۈن 0.5 يۈەن تۆمۈريولنى قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە ھەققى ئالىدۇ.

10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە كومىتېت سىستېمىسىدىكى 3 ـ تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەق ئېلىش تۈردىن 15 نى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلىدىغان تۈردىن ئالتىنى ئېلان قىلدى.

11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن ساياھەت ئىدارىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: بىر قىسىم سەيلە ـ ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىنىدىغان نۇقتىلارنىڭ ئىشىك بېلىتىنىڭ باھاسى جەھەتتە، قىزىل مىنتۇيدە ھەر بىر چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 20 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ھەربىر ساياھەتچىدىن ئون يۈەن، قىزىل قاغا مىنتۇيدە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن 35 يۈەن، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن 20 يۈەن، تۇرپان شەھىرىدىكى ئاساسلىق مەنزىرىلىك جايلاردا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن ئالتە يۈەندىن ئون يۈەنگىچە، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە ئېلىنىدۇ، ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي تاغقا جايلاشقان ئاق تېرەك جىلغىسىدا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن ئالتە يۈەن، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن ئۈچ يۈەن ئېلىنىدۇ، ئېچىۋېتىلمىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنى تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ھەر بىر ئادەمدىن 400 يۈەندىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش ھەققى ئېلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان مەركەزنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى 1 ـ تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرغان 75 ھەق ئېلىش تۈرىنى تارقاتتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى دۆلەت مال باھاسى ئىدارىسى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان پاتېنت ھوقۇقىدىن ئېلىنىدىغان ھەق، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى بېكىتىش كىنىشكىسىدىن ئېلىنىدىغان ھەق، قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈش ۋە لايىھىلەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىش ھەققى، قۇرۇلۇشلارنىڭ نورما ۋە شتاتىنى باشقۇرۇش ھەققى، تېخنىكا توختاملىرىنى كېسىم قىلىش ھەققى قاتارلىقلارغا دائىر بەلگىلىمە تۈرلۈك تەربىيىلەش ھەققى، ھەر خىل ئىجازەتنامە ھەققى، ھەر خىل كېنىشكىلەرنىڭ تەننەرخ ھەققى، ھەر خىل ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ياتاق ھەققى، بىر قىسىم دەپنە مۇراسىملىرى بويىچە مۇلازىمەت ھەققى قاتارلىقلارغا دائىر بەلگىلىمە چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى بىلەن ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى يەنە «شىنجاڭ گېزىتى»گە يېزىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارغا دائىر بەلگىلىمە چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى يەنە دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «خەلق گېزىتى» قاتارلىق يەتتە گېزىت ۋە بىر ژۇرنالغا يېزىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارغا دائىر بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى؛ ھەر خىل مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىمسىز چاقىرتىش ئاپپاراتلىرىدىن ئېلىنىدىغان ھەق قاتارلىقلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

لى چاۋچۈن

## 1993 ـ يىلى پارچە سېتىلغان مال باھاسىنىڭ يۈزلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە سەۋەبلىرى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %12.6، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %13 ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا سەۋىيىسىمۇ زور ھەجىمدە ئۆستى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %26.24 ئېشىپ، ئوتتۇرىچە ئۆرلەش ھەجمى پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن 13.64 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. باھا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە باھا قويۇۋېتىلگەچكە، بازاردىكى

مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ سەل ئۆرلەپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ھەر خىل ئىقتىسادىي ئامىللار ۋە تۈزۈلمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەڭپۇڭسىز ئۆزگىرىش باھانىڭ كەسكىن ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇشىمۇ مۇمكىن. 1993 - يىللىق بازاردىكى مال باھاسى ۋەزىيىتىنى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

1. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئالاھىدىلىكى

1) ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش سەۋىيىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى بولدى ھەمدە بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئۆرلەش سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىندى.

1 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سەۋىيىسى 8.4% ئۆرلىدى، بۇ، 1990 - يىلدىن بۇيان يىل بېشىدىكى مال باھاسى سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاي ھېسابلىنىدۇ، 5 - ئايدا 13.4% كە، 7 - ئايدا 14.3% كە ئۆرلىدى. كېيىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغاچقا، 9 - ئايدا ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى 13.2% كە چۈشتى. 12 - ئايغا كەلگەندە، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تېزدىن ئۆرلەپ، ئۆرلەش ھەجمى 18.8% كە يەتتى، بۇ، شۇ يىلى ئۆرلەش ھەجمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاي ھېسابلىنىدۇ.

2) يېمەكلىك تاۋارلىرى ئىچىدە ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى داۋاملىق تەڭ قەدەمدە ئۆرلەپ پەقەتلا چۈشمىدى. 1 - ئايدا ئاساسىي تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 12.5%، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 7.9% ئۆرلىدى، 7 - ئايغا كەلگەندە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 20.2%، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى 30.7%، يېڭى كۆكتاتنىڭ باھاسى 18.7% ئۆرلىدى، 12 - ئايغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 27.5%، ئاشلىقنىڭ باھاسى 34.1%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى 34.4%، يېڭى كۆكتاتنىڭ باھاسى 29.2% ئۆرلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاشلىقنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28.2%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ باھاسى 22.1% ئۆرلىدى.

3) سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى، چىدامسىز ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى.

دۆلەت 5 - ئايدىن باشلاپ پارچە سېتىش تىجارىتى بېجىنى ئۆستۈرگەچكە، كۆپ ساندىكى سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىيىم - كېچەكنىڭ باھاسى 3.8%، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 9.1%، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باھاسى 6.6%، تېببىي دورا ۋە تېببىي داۋالاش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 15.7%، بىناكارلىق ۋە بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى 23.5%، يېقىلغۇنىڭ باھاسى 23.8% ئۆرلىدى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بويىچە چىدامسىز ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى، 1992 - يىلدىكىدىن باھا 7.3% ئۆرلىدى. بەزى ئالىي دەرىجىلىك چىدامسىز ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى، كۆرسى چۈشمىگەن تاۋارلارنىڭ باھاسى بىرقەدەر شىددەت بىلەن ئۆرلىدى ھەمدە باھاسى يۇقىرى بولدى.

4) مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلىدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.7% ئۆرلەپ، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىدىن يۇقىرى بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بىر قىسىم جامائەت ئىشلىرى خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى قويۇۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئامالىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق غەيرىي تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى 15.7% ئۆرلەپ، ماللارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىدىن 3.1 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. مۇلازىمەت تۈرلىرى ئىچىدە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەققى 32.5%، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ھەققى 27.1%، توك - سۇ ھەققى 17.9%، ئۆي ئىجارىسى 17.7%، قاتناش ھەققى 14.5%، پوچتا - تېلېگراف ھەققى 10.4% ئۆرلىدى.

5) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلىدى، قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىدا ئايمۇ ئاي ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، 1 - ئايدا 5.8% ئۆرلىگەنىدى، 7 - ئايغا كەلگەندە 10% ئۆرلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۆرلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.1% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ باھاسى 29.7%، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ باھاسى 17.7%، ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ باھاسى 12.6%، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ باھاسى 5% ئۆرلىدى، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن بىلەن پىلان بويىچە تەمىنلەش جەھەتتە

ماي مەنبەسى قىس، يەتكۈزۈپ بېرىش تەس، باھاسى يۇقىرىراق بولغاچقا، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىنىڭ باھاسى %25.6 ئۆرلىدى.

6) شەھەر - بازارلاردا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى يېزىلاردىكىدىن يۇقىرى بولدى، ئاساسلىق چوڭ ئوتتۇرا شەھەرلەردە باھانىڭ ئۆرلىشى روشەن بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %13.4، يېزىلاردا %10.1 ئۆرلىدى، شەھەر - بازارلاردا يېزىلاردىكىدىن 3.3 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، كورلا، غۇلجا، سانجى، ئالتاي، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەردە ئۆرلەش ھەجمى يۇقىرىراق بولدى، يەنى مۇشۇ بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈرۈمچىدە %16.3، قارامايدا %22.5، كورلىدا %17.7، غۇلجىدا %17.1، سانجىدا %16.3، ئالتايدا %15.7، شىخەنزىدە %15.4، قەشقەردە %15 ئۆرلىدى.

2. بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى

1) جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئېھتىياج بىر قەدەر شىددەتلىك كۆپەيدى.

(1) تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشتى.

1993 - يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد 195 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.4 ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 652 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %29.4 ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %89.3 ئاشتى؛ تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 475 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %98.7 ئاشتى، باشقا مەبلەغ 2 مىليارد 623 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ئورۇندىغان بىناكارلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى %48.4 ئاشتى، مەبلەغ سېلىشنىڭ ئېشىشى نورمال ئەھۋالدىن ھالقىپ كەتكەچكە، خام ئەشيا، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش ۋە خام ئەشيا، ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپىيىپ كېتىشتەك يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش پەيدا بولۇپ، بازاردىكى مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى.

(2) پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، باھا سەۋىيىسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەن، مالىيە چىقىمى 6 مىليارد 446 مىليون يۈەن بولدى. پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 3 مىليارد 746 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %29.3 ئاشتى. بۇ، مۇشۇ بىر يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش ھەجمى %9.5 تىن شۇنداقلا مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان 1988 - ۋە 1989 - يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى تارقىتىلغان پۇلنىڭ ئېشىش مىقدارىدىنمۇ يۇقىرى بولدى. بازاردا نورمال ئوبوروت قىلىنىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن بۇ بىر قىسىم پۇلنىڭ خېلى بىر قىسمى، مۇقەررەر يوسۇندا، مال باھاسىنى ئۆرلىتىش شەكلى بىلەن بازار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى، يەنى ئۇ، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەپ كېتىشىگە ئۆزگەردى.

(3) ئاھالىلەرنىڭ پۇل كىرىمى كۆپەيگەچكە، ئىجتىمائىي ئېھتىياج داۋاملىق ئاشتى.

1993 - يىلى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %27.2 ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل ئىش ھەققى 3415 يۈەنگە يېتىپ، %24.5، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %10.2 ئاشتى.

1993 - يىلى شەھەر - بازارلار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2215.32 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %26.4 ئاشتى، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %11.2 ئاشتى. جۇڭگونىڭ تاموژنا بېجى، سودا باش كېلىشىمىگە قايتىدىن كىرىش ۋاقتىنىڭ كېيىنكە سۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كەڭ ئىستېمالچىلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان قاراپ بېقىش پسىخىكىسى تەدرىجىي يوقالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ خەلق پۇلى بىلەن ئايرىۋاشلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇ، كەڭ ئىستېمالچىلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن يىغىپ ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى سېتىۋېلىش كۈچى بازارغا قاتناشتى. 1993 - يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ يىللىق پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17.15 ئاشتى، ھەر خىل ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىش جەھەتتە، يېمەكلىك تاۋارلىرىدىن ئاشلىقنىڭ باھاسى %3.14، سۇ يېغىنىڭ باھاسى بىر ھەسسە ئۆرلىدى، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ ۋە رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ باھاسى ھەرخىل دەرىجىدە ئۆستى. شەھەر

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىلدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى ۋە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى (1992 ـ يىلدىكى باھا 100 ھېسابلاندى)

| تۈرى | ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە | شەھەر، بازارلاردا | يېزىلاردا |
|---|---|---|---|
| تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى | 113 | 113.6 | 110.8 |
| پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى | 112.6 | 113.4 | 110.1 |
| 1. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 112.7 | 113.4 | 110.1 |
| 1) يېمەكلىكلەر | 116.9 | 118 | 113 |
| (1) ئاشلىق | 128.2 | 130.6 | 121 |
| (2) قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | 116 | 116.4 | 113.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كۆكتات | 109.3 | 109.3 | |
| گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 122.1 | 122.4 | 119.3 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 107.2 | 107.7 | 104.4 |
| (3) تاماكا، هاراق، چاي | 106.8 | 108.9 | 103.2 |
| (4) باشقا يېمەكلىكلەر | 113.6 | 114.3 | 110.5 |
| 2) كىيىم ـ كېچەك | 103.8 | 104.1 | 102.7 |
| 3) كۈندىلىك بۇيۇملار | 109.1 | 109.2 | 108.5 |
| 4) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 102.2 | 102.4 | 101.2 |
| 5) كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 106.6 | 106.5 | 106.7 |
| 6) تىببىي دورا ۋە داۋالاش بۇيۇملىرى | 115.7 | 116 | 115 |
| 7) بىناكارلىق ماتېرىياللىرى | 125.5 | 126.5 | 118.1 |
| 8) يېقىلغۇ | 123.8 | 128.1 | 117.2 |
| 2. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 110.1 | | 110.1 |
| يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 117.7 | | 117.7 |
| خىمىيىۋى ئوغۇت | 105 | | 105 |
| دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە دورا چېچىش ماشىنىلىرى | 99.7 | | 99.7 |
| 3. مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 115.7 | 114.8 | 117.6 |
| 1) ئۆي ئىجارىسى | 117.7 | 112.4 | 139.2 |
| 2) سۇ، توك ھەققى | 117.9 | 117.2 | 119.7 |
| 3) قاتناش ھەققى | 114.5 | 110.7 | 116.9 |
| 4) پوچتا ـ تېلېگراف ھەققى | 110.4 | 110.5 | 110.4 |
| 5) تىببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ھەققى | 127.1 | 127.8 | 125.8 |
| 6) ئوقۇش، بېقىش ھەققى | 107.6 | 108.2 | 104.5 |
| 7) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەققى | 132.5 | 132.4 | 133.1 |
| 8) رېمونت ۋە باشقا مۇلازىمەت ھەققى | 114 | 116.8 | 106.9 |

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1993 - يىللىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ۋە پارچە سېتىلغان ماللارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى
(1992 - يىلدىكى باھا 100 ھېسابلاندى)

| تۈرى | ئۈرۈمچى شەھىرىدە | قەشقەر شەھىرىدە | غۇلجا شەھىرىدە | خوتەن شەھىرىدە | قاراماي شەھىرىدە | قۇمۇل شەھىرىدە | سانجى شەھىرىدە | كورلا شەھىرىدە | ئاقسۇ شەھىرىدە | بەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە | چۆچەك شەھىرىدە | ئالتاي شەھىرىدە | شىخو ناھىيىسىدە | بورتالا شەھىرىدە | تۇرپان شەھىرىدە | كۇچا ناھىيىسىدە | ئاتۇش شەھىرىدە | شايا ناھىيىسىدە | كۈيتۇن شەھىرىدە | شىخەنزە شەھىرىدە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچى | 115.7 | 115.2 | 116.3 | 109.8 | 122 | 114.7 | 116.2 | 117.5 | 113.1 | 111.5 | 114.2 | 115.7 | 114.1 | 112.3 | 117.6 | 109.4 | 111.4 | 115.1 | 113.3 | 116.4 |
| پارچە سېتىلغان مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى | 116.3 | 115 | 117.1 | 111 | 122.5 | 113.7 | 116.3 | 117.7 | 112.6 | 110.2 | 112.6 | 115.7 | 113.5 | 112 | 114.8 | 108.5 | 112.3 | 110.6 | 113.4 | 115.4 |
| 1. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 116.3 | 115 | 117.1 | 111 | 122.5 | 113.7 | 116.3 | 117.7 | 112.6 | 110.2 | 112.6 | 115.7 | 113.5 | 112 | 114.8 | 108.5 | 112.3 | 110.6 | 113.4 | 115.4 |
| 1) يېمەكلىكلەر | 122.4 | 118.4 | 122.6 | 114.7 | 124.5 | 117 | 119.7 | 122.1 | 117.3 | 116.8 | 117.7 | 125 | 118.4 | 116.2 | 121.8 | 114.1 | 119 | 109.6 | 112.9 | 121.9 |
| (1) ئاشلىق | 133.8 | 122.5 | 119.6 | 136.4 | 130.9 | 127.8 | 128.7 | 156.3 | 137.4 | 131.2 | 136.6 | 125.1 | 138 | 137.9 | 122.6 | 126.9 | 117.2 | 121 | 129.6 | 120.6 |
| (2) قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | 122.1 | 116.8 | 120.7 | 109.1 | 124.4 | 117.5 | 121.5 | 116.6 | 111.7 | 112 | 114.6 | 113.7 | 114.5 | 112.9 | 124.8 | 112.7 | 117.2 | 105.4 | 108.8 | 126.4 |
| كۆكتات | 114.7 | 132.9 | 146.2 | 97.7 | 123.4 | 117.8 | 120.6 | 98.9 | 91.9 | 92.3 | 109 | 151.6 | 113 | 107.6 | 120.6 | 113.4 | 159.5 | 103.5 | 111 | 133 |
| قۇرۇتۇلغان كۆكتات | 126.1 | 112.2 | 101 | 106.5 | 123 | 114.9 | 121.2 | 114.2 | 124.2 | 117 | 119.5 | 123.4 | 107.9 | 117.6 | 139.2 | 105.4 | 114.2 | 112.5 | 114 | 111.9 |
| گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 128.5 | 106.6 | 118.2 | 108.6 | 127.4 | 119.2 | 124.7 | 129.3 | 119.8 | 122.2 | 120.3 | 140.5 | 122 | 119.7 | 128.6 | 111.4 | 108.6 | 106.4 | 105.6 | 125.7 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 103.1 | 119.6 | 109 | 108.4 | 116.1 | 105.5 | 118.6 | 110.5 | 123.2 | 113.6 | 105.4 | 116.5 | 97 | 113.1 | 120.8 | 99.1 | 99 | 99.5 | 125.7 | 115.2 |
| (3) تاماكا، ھاراق، چاي | 107.3 | 121.3 | 130.1 | 100.2 | 122 | 108.3 | 105.5 | 106.6 | 112.9 | 107.3 | 102 | 101.7 | 102.2 | 105.8 | 113.8 | 104.5 | 103.4 | 111.2 | 107.8 | 127 |
| (4) باشقا يېمەكلىكلەر | 119.2 | 111.3 | 127.9 | 108.3 | 123.1 | 113.7 | 111.7 | 113.3 | 112.1 | 123.1 | 113.9 | 121.1 | 115.5 | 105.1 | 116.8 | 104.5 | 121.4 | 105.7 | 114.1 | 107.6 |
| 2) كىيىم - كېچەك | 104.7 | 106.7 | 107.3 | 100.2 | 108.7 | 106.6 | 102.9 | 102.1 | 106.8 | 100.2 | 105 | 102.4 | 103.8 | 104.9 | 109.2 | 100.5 | 102.6 | 104.6 | 119.5 | 105.4 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3) كۈندىلىك بۇيۇملار | 110.5 | 105.2 | 110.5 | 101.5 | 112.1 | 106.7 | 104 | 110.5 | 109.7 | 105.7 | 107.6 | 108.6 | 111.9 | 109.1 | 108.2 | 102.5 | 109.4 | 115.9 | 106.6 | 109.7 |
| 4) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 102.8 | 100.7 | 104.8 | 100 | 108.3 | 100.4 | 103.3 | 103 | 106.1 | 95.3 | 89.6 | 102.9 | 105.3 | 100.5 | 103.7 | 100.5 | 97.8 | 103.1 | 106.5 | 103.3 |
| 5) تېببىي دورا ۋە داۋالاش بۇيۇملىرى | 125.2 | 115.4 | 116.3 | 106.5 | 114.2 | 112.8 | 106.9 | 144.8 | 118.6 | 108.8 | 109.7 | 112.8 | 113.9 | 122 | 105.2 | 101.9 | 103.1 | 132.9 | 104.2 | 113.8 |
| 6) كىتاب، گېزىت، ژۇرناللار | 106.3 | 100 | 103.4 | 100.3 | 118.6 | 109 | 118.3 | 106.3 | 103.7 | 104.8 | 100.5 | 102.9 | 100 | 100.2 | 100 | 106.8 | 100 | 130.5 | 105.5 | 102.9 |
| 7) بىناكارلىق ۋە بېزەش ماتېرىياللىرى | 138.4 | 125.8 | 138.7 | 124.2 | 115.5 | 140 | 152.7 | 127.8 | 103.6 | 121.8 | 135.1 | 111.9 | 120.5 | 122.9 | 109.8 | 106.6 | 112.6 | 104.2 | 140.9 | 115.3 |
| 8) يېقىلغۇ | 117.8 | 143 | 120 | 162 | 551.2 | 148.8 | 140.8 | 154 | 96.7 | 119.6 | 114.1 | 122 | 109.7 | 129.8 | 111.2 | 117 | 117.5 | 130.6 | 149.1 | 164.9 |
| 2. مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى | 111.6 | 116.8 | 109.4 | 103.8 | 116.4 | 124.5 | 115.9 | 116.5 | 117 | 119.1 | 128.6 | 115.7 | 118.6 | 114.4 | 134.4 | 113.4 | 103.4 | 139 | 112.4 | 124.8 |
| 1) ئۆي ئىجارىسى | 100.3 | 117.3 | 107.8 | 100 | 117 | 169.5 | 106.9 | 104.7 | 120.7 | 106 | 137.1 | 146.6 | 129.4 | 100 | 282.7 | 105 | 100 | 115.1 | 100 | 117.6 |
| 2) سۇ، توك ھەققى | 114.8 | 108.8 | 115 | 115.9 | 100 | 111.7 | 100 | 110.5 | 128.5 | 123.3 | 112.1 | 119 | 114.3 | 132.1 | 113.7 | 134.1 | 107.6 | 109.8 | 100 | 119.4 |
| 3) قاتناش ھەققى | 108.4 | 108.4 | 106.6 | 102.3 | 101.7 | 111.1 | 107.9 | 111.3 | 111.9 | 103.8 | 108.5 | 111.8 | 100 | 117.6 | 110.6 | 102.1 | 101.1 | 128.2 | 104.1 | 116.5 |
| 4) پوچتا - تېلېگراف ھەققى | 115.4 | 117.4 | 126.2 | 100 | 124.2 | 100 | 100 | 100 | 107 | 113 | 100 | 121.6 | 123.1 | 100 | 100 | 108.3 | 110.2 | 132.6 | 122 | 125.8 |
| 5) تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ھەققى | 121.3 | 126.5 | 123.2 | 109.8 | 140.8 | 199.8 | 154.3 | 162.1 | 123.3 | 130 | 153.4 | 124.8 | 141.4 | 126.9 | 126.3 | 137.8 | 107.1 | 117 | 136.3 | 127.4 |
| 6) ئوقۇش، بېقىش ھەققى | 100 | 115.2 | 105.1 | 100 | 104.9 | 105.2 | 132.8 | 100 | 119.7 | 131.1 | 133.2 | 100 | 107.3 | 103.1 | 122.8 | 100 | 100 | 238.3 | 117.9 | 110.9 |
| 7) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەققى | 128.5 | 139.2 | 102.3 | 100 | 140.8 | 156.4 | 120.8 | 200 | 125.8 | 102.7 | 108.2 | 100 | 157.1 | 100 | 151.1 | 157.5 | 128.2 | 151.4 | 146.1 | 188.3 |
| 8) رېمونت ۋە باشقا مۇلازىمەت ھەققى | 124.3 | 108.6 | 107.8 | 100.8 | 128.2 | 114.2 | 118.2 | 116.5 | 113.1 | 114.2 | 102.6 | 104 | 111.4 | 116.8 | 102.5 | 104.9 | 100 | 126.5 | 112.1 | 124.5 |

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئاھالىلەر ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىش، ئۆيىنى بېزەش، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىش، كۆرسى چۈشۈپ كەتمەيدىغان ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىقلار ئىستېمالنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

2) تەننەرخنىڭ تۆرتكە بولۇش بېسىمى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى.

باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە كارخانىلارنىڭ تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كارخانىلارنىڭ پايدا نىشانى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. بىراق 1993- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا خام ئەشيا، ماتېرىيال، يېقىلغۇ ۋە ئېنېرگىيىنى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن %36.37 ئۆرلىدى، شۇ سەۋەبلىك ئوخشاش مەزگىلدىكى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى سەۋىيىسى 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن %26.24 ئۆرلىدى. سېلىنما باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ھاسىلات باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىدىن يۇقىرى بولغاچقا، كارخانىلار تەننەرخىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئېغىر بېسىمغا دۇچ كەلدى. 1993 - يىلى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 1992 - يىلدىكى %78.6 تىن %70.2 كە چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 1992 - يىلدىكى %94.8 تىن %96.9 كە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق تەننەرختىن ئېلىنىدىغان پايدا نىسبىتى %2.7 تىن %3.9- كە چۈشۈپ قالدى. پۈتكۈل ئىقتىسادىي ئۈنۈم يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن بولدى، مەبلەغ يېتىشمىدى، «ئۈچ بۇرجەك قەرز» چۈشەپ تۇردى، ئۈچ تۈرلۈك مەبلەغ بىرقەدەر كۆپ ئىگىلىۋېلىندى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى. ئىسلاھاتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە مۇناسىپ بولغان چەكلەش مېخانىزمىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن، باھانى ئۆستۈرۈش تەننەرخ بېسىمىنى يۆتكىۋېتىشتىكى ئەڭ ئاسان ئۆزلەشتۈرۈش يولى بولۇپ قالدى، بۇ ھال مۇقەررەر يوسۇندا بازاردىكى مال باھاسى سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

3) سىياسەت خاراكتېرلىك باھا تەڭشەش دائىرىسى كەڭ، ئىسلاھاتنىڭ تەسىر كۈچى زورىيىپ كەتتى.

1993 - يىلى دۆلەت پولات - تۆمۈرنىڭ باھاسىنى، مەھسۇلاتى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان بىر قىسىم كانلارنىڭ كۆمۈرنىڭ كان باھاسىنى قويۇۋەتتى ھەمدە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان سېمونتنىڭ باھاسىنى، ئاشلىق ۋە سۇ يېغى تىجارىتىنى ۋە سېتىش باھاسىنى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋەتتى، نەتىجىدە ئاشلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يېمەكلىك ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەپ كەتتى. پەقەت ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى %20 كە يەتتى، دۆلەت ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدىكى باھانى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۆپلەپ قويۇۋېتىپ، باھانى بازار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئوخشاش غەيرىي تاۋارلاردىن ھەق ئېلىش باھاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى، تىجارەت بېجى ۋە پېرېۋوت نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى.

تويا

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى ۋە تېببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە 70 ناھىيە، شەھەر ۋە تۈەن - مەيداندىكى 740 تىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ 1992 - يىلى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئومۇملاشتۇردى. ئومۇمىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە: تەننەرخنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى تېز بولغان، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل ماددىي سەرپىيات ۋە ئادەم ئىشلىتىش كۆپەيگەن. ئالتە خىل ئاساسلىق مەھسۇلات تۈرى بويىچە ھەر بىر مو يەردىن باج ۋە ساپ كىرىمنىڭ كېمىيىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: بۇغداينىڭ 51.85 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %101.99 ئاشقان، كۆممىتوناقنىڭ 112.96 يۈەنگە يېتىپ، %449.42 ئاشقان، شالنىڭ 41.24 يۈەن بولۇپ، %76.6 كېمەيگەن، قورۇقلۇق پاختىسىنىڭ 45.83 يۈەن بولۇپ، %83.42 كېمەيگەن، ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ 417.37 يۈەن بولۇپ، %20.03 كېمەيگەن، قىزىلچىنىڭ 109.43 يۈەنگە يېتىپ، %2.32 ئاشقان.

لى چاۋچۈن

مال باھاسى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى ھەرخىل كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس باھا ئۆستۈرۈشنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا مال باھاسىنى تەكشۈردى، مۇشۇ بىر يىلدا باھا سىياسىتى جەھەتتە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 3957 سى، 19 مىليون 787 مىڭ 700 يۈەن قانۇنسىز كىرىم ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ بىر

قىلمىسى سۈرۈشتە قىلىنمىغاندىن باشقا، 11 مىليون 99 مىڭ 400 يۈەنلىك ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى (مۇسادىرە قىلىنغان ۋە جەرىمانە قويۇلغان) 7 مىليون 920 مىڭ 600 يۈەن، خەبەردارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلگىنى 3 مىليون 178 مىڭ 800 يۈەن.

لى چاۋچۈن

## سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالى

### كارخانىلارنى تىزىملاش تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانىلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالدىنقى شەرت بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى كۈچەيتىپ، ئىجازەتنامە ئارقىلىق باشقۇرۇش دائىرىسىنى تارايتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كارخانىلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىجازەتنامە ياكى مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىق ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېنىقلىدى، ئاپتونوم رايونىمىز بېكىتكەن ئىجازەتنامە ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ سېلىنغان تەستىقتىن 17 چوڭ تۈردىكى 81 تۈرنى ئېنىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 21 تۈرنى كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، 26 تۈرنى قوشۇمچە شەرتى قىلىشنى، 34 تۈرنى كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىشنىڭ شەرتى قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇردى؛ ئادەتتە كارخانىلار تىجارەت باشلاپ تىزىمغا ئالدۇرغاندا تاپشۇرىدىغان ھۆججەتلەرنى ئىلگىرىكى ئون نەچچە خىلدىن يەتتە خىلغا ئازايتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «كارخانا تەسىس قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» ۋە «(ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى)نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش پىكرى» نى يېزىپ چىقتى ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تەستىقلاپ تارقاتتى، بۇ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشىگە ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەردى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك كارخانىلارنى تىزىمغا ئېلىش ئورگانلىرى ئەمەلىي سېلىنغان كاپىتالنى تەكشۈرۈش، مۈلۈك بىلەن ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۈچ تەشكىللەپ، نورمال سەۋەبى يوق تۇرۇقلۇق يىللىق تەكشۈرۈشنى رەت قىلغان كارخانىلارنى بىرتەرەپ قىلىپ، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى 85% كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى ۋە تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە 95% كە يەتكەن. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان كارخانا 106 مىڭ 945 كە يېتىپ، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 39.6% كۆپەيگەن، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 70 مىليارد 490 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 44.2% كۆپەيگەن، خادىمى 3 مىليون 260 مىڭغا يېتىپ، 45.9% كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تىزىمغا ئالدۇرغان شىركەت 39 مىڭ 71 گە يېتىپ، 79.6% كۆپەيگەن، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 45 مىليارد يۈەنگە، خادىمى 1 مىليون 279 مىڭغا يەتكەن.

دەي جىنچى

### ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش ۋە كېسىم قىلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى 1993 - يىلى گۇۋاھلىق بەرگەن ئىقتىسادىي توختام 13 مىڭ 200 گە يەتتى، توختام سوممىسى 6 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 620 مىليون يۈەن ئاشتى. ھەقدارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىنغان توختام 52 مىڭ 400 گە، توختام سوممىسى 3 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى، 298 توختامنىڭ ھەقدارىغا ھەمكارلىشىپ، 34 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى. تەكشۈرۈلگەن ھەرخىل ئىقتىسادىي توختام 75 مىڭ 600 گە، توختام سوممىسى 9 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان توختام 18 گە، توختام سوممىسى 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توختامغا كېسىم قىلىش خىزمىتىدە، كارخانىلارنىڭ سۆرۈنۈشتىلگەن قەرزىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا قوبۇل قىلىنغان تۈرلۈك توختام ماجىراسىغا دائىر ئەنزە 220 گە، تالاش - تارتىشتا قالغان سومما 23 مىليون يۈەنگە، كارخانىلار

ئۇچۇن ئىنقىلاۋ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىلگەن سۈرئۈيتىلگەن قەرز 18 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى 1993 - يىلى «توختام قانۇنى»نى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، توختام تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 240 نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ، 1200 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، ھەرخىل ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي توختامغا دائىر ئۆرنەك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا پائال يېتەكلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا توختامغا دائىر ئۆرنەك ماتېرىيالدىن جەمئىي 150 مىڭ پارچە تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 95% تىن ئارتۇق كارخانا ئۆرنەك ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى تولۇق دەرىجىدە يولغا قويدى. قانۇنىي ئىگە ھوقۇق بەرگەن تارماق ئاپپاراتلارغا 50 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 8000 دىن ئارتۇق كارخانا توختامغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىناۋەتنى ساقلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى، 1100 دىن ئارتۇق كارخانا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «توختامغا ئەھمىيەت بەرگەن، ئىناۋەتنى ساقلىغان كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

نيۇ دېشۇن

## بازار باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى بازار قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 87 مىليون 110 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن مەبلەغ 6 مىليون 840 مىڭ يۈەن، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سالغان مەبلەغ 26 مىليون 300 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 79.9% ئاشتى. يېڭىدىن 158 بازار سېلىندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر، يېزىلاردىكى سودا بازىرى 1200 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال بازار 1025، سانائەت بۇيۇملىرى كەسپىي بازىرى 83، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى مەخسۇس بازىرى 50، باشقا مەخسۇس بازار 42؛ 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر، يېزا سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 4 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 32.5% ئاشتى؛ شەھەر، يېزا سودا بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 19 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «پەن - تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «تېخنىكا ۋاستىچىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقاتتى، «بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش بويىچە يولغا قويۇش چارىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزدى. ھەردەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى ۋە مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى يېتىلدۈرۈش ھەم باشقۇرۇشقا پائال قاتناشتى.

دەي جىچى

## يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك

1993- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 280 مىڭ 132گە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 15.9% كۆپەيدى، خادىمى 429 مىڭ 984 كە يېتىپ، 19.5% كۆپەيدى، ئۇلار تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ 1 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 43.4% كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 156 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 28.9% كۆپەيدى، ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 361 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.7% كۆپەيدى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.6% كۆپەيدى. خۇسۇسىي كارخانا 2940 قا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 116% كۆپەيدى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ 905 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 262% كۆپەيدى، مەبلەغ سالغۇچىلار 7516 گە يېتىپ، 130% كۆپەيدى. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 899 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 373% ئاشتى، ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 453 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 127% ئاشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى جەمئىي 352 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن 34.6% ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاپشۇرۇلغان سودا - سانائەت بېجىنىڭ 9.04 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ھازىر يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىدىكى يېڭى نۇقتا بولۇپ قالدى.

دەي جىچى

## چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تىزىملاش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىشتە ئىلگىرىكى 23 نۇسخا ماتېرىيال تاپشۇرۇشنى 14 نۇسخا ماتېرىيال تاپشۇرىدىغان قىلدى؛ تىجارەت كىنىشكىسىنى بېجىرىش ۋاقتىنى 30 كۈندىن ئۈچ - يەتتە كۈنگە قىسقارتتى؛ دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن، بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىگە چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تىزىملاش بويىچە دەسلەپكى تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى بەردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تىزىملاش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئىلتىماس سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقاتتى ھەمدە يىللىق تەكشۈرۈش ۋە چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تىزىمغا ئالغان چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 344 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %180 كۆپەيدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 508 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانا 417، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلغان كارخانا 24، مۇستەقىل مەبلەغ سېلىنغان كارخانا 67. بۇ كارخانىلارغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 80 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، تىزىمغا ئېلىنغان كاپىتال 740 مىليون ئامېرىكا دوللىرى (بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سېلىندى دەپ ئېتىراپ قىلغان مەبلەغ 360 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، چەت ئەل (رايون) تەرەپ سېلىندى دەپ ئېتىراپ قىلغان مەبلەغ 380 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) غا يەتتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرگە تارقالدى، مەبلەغ سالغۇچىلار شياڭگاڭ، تەيۋەن، قازاقىستان، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئاۋمېن قاتارلىق 30 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن.

دەي جىنچى

## تاۋار ماركىسىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1993 - يىلى دۆلەت يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزگەن «تاۋار ماركىسى قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپى» نى، شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «تاۋار ماركىسىنى ساختىلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇش جىنايى قىلمىشلىرىنى جازالاش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» نى پائال تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز يەتكۈزۈپ، ساختا تاۋار ماركىسى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغدىدى، بىر تۈركۈم تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ، ساختا تاۋار ماركىسى ئىشلىتىش ئەنزىسى ۋە ئادەتتىكى تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ساختا تاۋار ماركىسىدىن جەمئىي 1 مىليون 590 مىڭ پارچە يىغىۋېلىندى، 119 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ھەقىقىي كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تاۋار ماركىسىنى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، شىنجاڭ تاۋار ماركىسى ئىشلىرى ئورنى تەسىس قىلىپ، تاۋار ماركىسىنى ۋەكالەتەن بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ۋەكالەتەن بېجىرىش خىزمىتى رەسمىي قانات يايدۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسىدىن 437 پارچە تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇلازىمەت تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى 40 پارچە، داۋاملىق تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى 161 پارچە. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسى 2473 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.4 كۆپەيدى.

دەي جىنچى

## ئېلان ئىشلىرى ۋە ئېلان باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار 382 گە، خادىمى 2558 گە، يىللىق ئېلان تىجارىتى سوممىسى 84 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1) 1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت تارماقلىرى ئاخبارات

ۋاستىلىرى ۋە ھەرقايسى ئىلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارغا بېرىپ يىللىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئېلان ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، بەلگىلىمىلەر ۋە ئېلاننىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە كارخانىلارنى ئېلان ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە دەۋەت قىلدى. 2) ئېلان ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار تەربىيىلەندى، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق، 240 كىشىگە «ئېلان كەسپىي خادىملىرى كىنىشكىسى» تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كىنىشكا ئېلىپ خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان خادىم 730 غا يەتتى، ئېلان باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئېلان تىجارىتى سەۋىيىسى جەھەتتە يۈكسىلىش بولدى. 3) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈرۈمچى رايونىدا ئېلان ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە ئېلان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۈرۈمچى رايونىدا بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 4) ئېلان بازىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىجازەتنامە ئالماي تۇرۇپ ئېلان تىجارىتى بىلەن قانۇنسىز شۇغۇللانغان ئالتە ئورۇننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلان قانۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 33 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 29مىليون 300مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق ئېلان جەمئىيىتى 1993- يىلى خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. ئېلان ساھەسىدە «ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىناۋەت دەرىجىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئېلان ئەسەرلىرىنى باھالاپ تاللاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يۇقىرىغا يوللانغان 92ئېلان ئەسىرىنىڭ ئۈچى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتىسى 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئونى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا تاللاندى، ئېلان ئىجاد قىلىش مۇددىئاسى ۋە ئىشلەش سەۋىيىسى ئۆستى. 5 - ۋە 8 - ئايلاردا شىنجاڭ ئېلان جەمئىيىتى ئەنخۇي ئۆلكىسى خېفېي شەھەرلىك ئېلان جەمئىيىتى بىلەن ئىككى جايدا قىسمەن ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ھەمدە ئېلان نەزەرىيىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلان جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرىمۇ خېلى كۆپەيدى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلان جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان ئورۇن 90 گە يەتتى، سانجى ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئېلان جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئىلى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ئېلان جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىلىشىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلان جەمئىيىتىنىڭ كېزىت كەسپىي خىزمەت ھەيئىتى قۇرۇلدى.

جاۋ پىڭ

**ساختا، ناچار تاۋارلارغا ۋە ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى 1993 - يىلى ئىقتىسادنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھايانكەشلىككە زەربە بېرىشنى ئاساس قىلىشتىن ناتوغرا رىقابەتكە ۋە مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا يۆتكىدى. ئىقتىسادنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپ سېتىش ۋە ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىپ ئېلىپ سېتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى «باھار بايرىمى مەزگىلىدە ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ساختا ۋە ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» ۋە «ساختا ماركىلىق كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىملەرنى سېتىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ساختا ۋە يالغان تاۋارلارغا زەربە بېرىشنى ئۈچ قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ساختا ۋە ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپ سېتىش ئۈۋىسىدىن 110ى چۇۋۇپ تاشلانغان، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى ئەتكەسچىلىك قىلىپ ئېلىپ سېتىشتىن ئىبارەت بولدى. پەقەت ئۈرۈمچى شەھەرلىك، قۇمۇل شەھەرلىك، تۇرپان شەھەرلىك ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق سودا -. سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەتكەسچىلىك قىلىپ ئېلىپ سېتىلغان ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىلدىن جەمئىي 181 ى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىنغان، 111 ئاپتوموبىل ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگەن. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇنغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنغان ئىقتىسادىي ئەنزىدىن جەمئىي 652 نى تەكشۈرۈپ بىر

تەرەپ قىلدى، بۇ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 33.6% ئاز، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەنلىكتىن ئاشىدىغان ئەنزە 106 بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 63.4% ئاز، جەرىمانە قويۇلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 40.3% تۆۋەنلىدى. چوڭ ئەنزىدىن 11 ي ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئون كىشىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

دەي جىچى

## قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1993 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت ۋە سودا نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بازار ئېچىپ سودا قىلىشىنى باشقۇرۇشقا دائىر سىناق چارىسى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى؛ باشقا نازارەت ۋە ئىدارىلەر بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا، بازارلاردىكى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى كۆمۈر كانلىرىدا كاننىڭ بىخەتەرلىك شارائىتى لاياقەتنامىسى تارقىتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىق 50 نەچچە قېلىپلاشقان ھۆججەتنى چىقاردى. سودا ـ سانائەت تارماقلىرى مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەشكە تېگىشلىك بولغان قانۇن، بەلگىلىمە ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال ماسلىشىپ دەلىللىدى، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى تولۇقلىدى، باشقا تارماقلارغا ماسلىشىپ 85 پارچە ھۆججەتنى بېجىردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياخشىلاش، تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدىكى قانۇن، بەلگىلىمە ۋە ھۆججەتلەرنى ۋاقتىدا ئىنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 50 نەچچە پارچە ھۆججەتنى بىكار قىلىپ، بازارنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىرقەدەر ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كادىرلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1500 دىن ئارتۇق كادىرنى تەربىيىلىدى، جايلار قانۇننى ئىجرا قىلىش تۈزۈمى ئورناتتى، مۇشۇ بىر يىلدا قايتىدىن قاراپ چىقىلىدىغان مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسىدىن 19 ى سادىر بولدى، بۇ، مەمۇرىي جەھەتتىن جازالانغانلارغا دائىر ئومۇمىي ئەنزىنىڭ 2.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي جەھەتتىن ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئەنزە 17 بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىن جازالانغانلارغا دائىر ئومۇمىي ئەنزىنىڭ 2.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى خىزمىتىمۇ ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇنۇملۇك سىياسەت ۋە نىزام ھۆججەتتىن 86پارچىنى توپلاپ، 400نەچچە مىڭ خەتلىك ھۆججەتلەر توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلدى. «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. جايلارمۇ ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىككى قانۇننى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئىككى قانۇننى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

جاۋ پېڭ

## يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى 1993 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. جۇڭگو يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا كەسپىي ئەخلاق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەربىيىلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، ئارىشاڭ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، ئاتۇش شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى جۇڭگو يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى، قاراقاش ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىگە قاراشلىق كونا كوچا بازىرى شۆبە

جەمئىيىتى قاتارلىق 30 ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. كورلا شەھىرىدىكى يەككە ئاشخانىدىكى خىزمەتچى خادىملار باشقۇرۇشقا بويسۇنماي پىچاق كۆتۈرۈپ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت قانۇنسىز ۋەقەگە قارىتا، «يەككە ئەمگەكچىلەرگە بولغان قانۇنچىلىق تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋاقتىدا تارقىتىلىپ، كەڭ يەككە ئەمگەكچىلەرگە قانۇن ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، باشقۇرۇشقا بويسۇنۇپ، مەدەنىيەتلىك تىجارەت قىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىپ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈگىتىشقا قاتنىشىپ، ئەھۋاللار ھۆكۈمەتكە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جاۋ پېڭ

**ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى 1993 - يىلى ئۆز قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەرمىللەت ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. 1) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتى، بۇ تەشكىلات مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، ئاھالىلار كومىتېتى، يېزا، بازار، كەنت ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغىچە كېڭەيدى. جايلاردىكى ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى يەنە بەزى چوڭ - ئوتتۇرا كارخانىلاردا نازارەت قىلىش پونكىتى، ئەرز سۇنۇش پونكىتى ۋە خىزمەت پونكىتى قۇردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى شۆبىسى 290 گە، خىزمەت پونكىتى 269 غا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپلىغان ئىستېمالچىلار نازارەت تورى ئاساسەن شەكىللەندى. 2) ھەردەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئاقىدىغان، قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورناتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەرز - شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىپ بېجىرىشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقىتىپ، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەدرىجىي يوسۇندا تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلىشىش ئىزىغا سالدى. 3) تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى پائالىيىتىگە ئوخشاش يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئىستېمالغا ئائىت قانۇن - بەلگىلىمىلەر بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، نىلقا، كۈنەس ۋە جىڭ ناھىيىلىرىدىكى ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېزا - قىشلاقلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىستېمالغا ئائىت بىلىم تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 7822 ئەرز - شىكايەت ئەنزىسى تاپشۇرۇۋېلىنىپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ 6963 ى ھەل قىلىندى، ھەل قىلىنىش نىسبىتى 89% كە يەتتى، ئىستېمالچىلارنىڭ 3 مىليون 177 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەرز - شىكايەت بۆلۈمى جۇڭگو ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى بويىچە 1993 - يىللىق ئىلغار ئەرز - شىكايەت بۆلۈمى بولۇپ باھالاندى.

جاۋ پېڭ

## ئۆلچەملەشتۈرۈش

**ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈردى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «<مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى>نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تەشۋىق قىلىش رە ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش تارماقلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەشكىللىك ھەم پىلانلىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى «مەھسۇلات

سۈپىتى قانۇنى» نى ئۆگىنىش بويىچە ئىككى قارار كۇرس ئېچىپ، 160تىن ئارتۇق خادىمنى تەربىيىلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر، نازارەت، ئىدارىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 150نەچچە قارار تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى قاتلاممۇ قاتلام ئاچتى، كۇرسقا25مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى ماددىلىرىنىڭ يەشمىسى»، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنىغا ئائىت بىلىملەردىن سوئال جاۋاب»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جىنايى قىلمىشلىرىنى جازالاش توغرىسىدىكى قارارى» قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا 100 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق بېسىپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 80 نەچچە شەھەر ۋە بازاردا ئىككى خىل يېزىقتىكى «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ۋە تەشۋىقات رەسىملىرىدىن 8000 نۇسخىدىن ئارتۇق چاپلاندى ۋە تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەنە «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى مەركەزلىك تەشكىللىنىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يەنە بىر تۈركۈم ساختا ۋە ناچار تاۋارلار مەركەزلەشتۈرۈپ كۆيدۈرۈلۈپ، تەشۋىقات خىزمىتى بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ساناەت - يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يىل بېشىدا ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى ھەمدە تەرەققىيات پىلانىنى تۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆلچەملەشكەن ئۆلگىلىك ناھىيە (تۈەن - مەيدان) 1992 - يىلدىكى سەككىزدىن 14 كە كۆپەيدى، ئۆلچەملەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش يولغا قويۇلغان كۆلەم 1992 - يىلدىكى 499 مىڭ 100 مودىن 2 مىليون 548 مىڭ 800 موغا كۆپىيىپ، 4.1 ھەسسە كېڭەيدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مول ھوسۇل پىلانى» نى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى بىلەن بىرلىكتە «3 مىليون 600 مىڭ مو يەردە كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» نى تەشكىللەپ يولغا قويدى، ئۈچ يىل بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1993 - يىلى قەشقەر ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتتە 5 مىليون 93 مىڭ 500 مو يەردە قۇرغاقلىق كېۋەزنى ئۆلچەم بويىچە تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 85.16 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئالدىنقى ئۈچ يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.2 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى، ساپ پاختىدىن 97 مىڭ 812.57 توننا كۆپ ھوسۇل ئېلىندى، كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 796 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مىجۈەن، ئاقسۇ كوناشەھەر ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىدە «شالنىڭ ئۈنۈمۈرسال ئۆلچىمى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى، بۇ ئۆلچەم يولغا قويۇلغان كۆلەم 124 مىڭ موغا يەتتى، تەننەرخ ھېساباتى بويىچە تەھلىل قىلىشقا ئاساسلانغاندا، تەننەرخ نىسبىتى كونا ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈشكە قارىغاندا 12.9% تۆۋەنلىگەن، شالنىڭ دەرىجىسى 0.5 دەرىجە ئۆسكەن، ئاشۇرۇلغان كىرىم ۋە تېجەلگەن چىقىم 11 مىليون 720 مىڭ 200 يۈەنگە يەتكەن. يېزا ئىگىلىك ئۆلچىمىنى تۈزۈش (تۈزىتىش كىرگۈزۈش) جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك يېزا ئىگىلىك ئۆلچىمىدىن 20. سى، رايون خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك مەشغۇلات قائىدىسىدىن 77 تۈر ئورۇندالدى؛ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش جەھەتتە، ھەردەرىجىلىك تالا پىرىيوم قىلىش ئورگانلىرى جەمئىي 22 مىڭ 335 توننا قوي يۇڭىغا گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنى پىرىيوم قىلدى، 21 مىڭ توننا پاختىنى نازارەت قىلىپ پىرىيوم قىلدى، شىنجاڭدىن سىرتقا يۆتكەلگەن 75 مىڭ 616.5 توننا قوغۇن - تاۋۇزنىڭ سۈپىتىنى پىرىيوم قىلدى، پاختىنى تۈرگە ئايرىپ ناتوغرا ئۆلچەم بېكىتىش بويىچە 1208 يۈرۈش، 7101 قۇتا ئۆلچەمنى بېكىتتى، سۈپەت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 1000 توننىدىن ئارتۇق قوي يۇڭى، 9201 توننا پاختىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دۆلەتنىڭ قوي يۇڭى ئۆلچىمى»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوي يۇڭىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش چارىسى»نى پائال تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساناەت - قاتناشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىدە 1993 - يىلى، ئاساسلىقى، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئۆلچەملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. «ئۈچ فازىلىق بىماس قەدەملىك ئېلېكتر دېۋىگاتېلىنى تېجەشلىك ئىشلىتىش ئۆلچىمى» ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 17 مىليون كىلوۋات سائەت توك تېجەپ قېلىنىپ، 3 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم

قولغا كەلتۈرۈلدى؛ «ئاممىباپ شەكىللىك بەلگىلەر ئۆلچىمى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقەتلىك شەھەر، ئايرودروم، مېھمانخانىلاردا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى؛ «يېمەكلىكلەر ماركىسى ئۆلچىمى» ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ساختا ۋە ناچار يېمەكلىكلەرنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى چەكلەش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلگراف ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «دۆلەتنىڭ كونۋېرت ئۆلچىمى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يولغا قويدى، كارخانىلارنىڭ سۈپەت ۋە ئۈنۈم يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ GB/T19000 ئۆلچىمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 1993 ـ يىلى بەش خىل مەھسۇلاتنىڭ ماركىسى ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئورغۇنلىغان كارخانىلار دۆلەتنىڭ GB/T19000 ئۆلچىمىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. نۆۋەتتە كارخانىلاردا ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەن، ئۆلچەملەشتۈرۈش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانىلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈشنى تىزىمغا ئېلىش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، ھەم كارخانىلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەم كارخانىلارنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

سۈپەتنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپى قوغدالدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۈپەتكە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى 1993 ـ يىلى بازارنى نازارەت قىلىش بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشتىن كېيىن سۈپەت جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتىگە قويۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا بازاردىكى تاۋارلاردىن جەمئىي 952 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %59 .45 كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتىدىن 9.41 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى. بازارنى نازارەت قىلىش بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان ئېغىر سۈپەت مەسىلىلىرىگە ئاشكارا تەسىر كۆرسىتىلىپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئادەتتىكى سۈپەت مەسىلىلىرىگە قارىتا «باشقۇرۇش، ياردەم بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق سۈپەت تەكشۈرۈش ئورنى بازا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالتۇن، كۆمۈش زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ھەم يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش تۈرىنى يولغا قويۇشقا پائال تەييارلىق قىلىپ، ھاۋالە بىلەن تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشكە كېسىم قىلىش ئىشلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنى كۆپ خىل تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، كەسىپ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 1800 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. ھەردەرىجىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش تارماقلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەت ۋە پاش قىلىش خەتلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ئاپتوموبىلنىڭ سۈپەت مەسىلىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىنغان ئىككى چوڭ ئەنزىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى، ئۈچ سۈيۈق ئامىياك ئاپتوموبىلى ۋە بىر ساياھەت ئاپتوموبىلى پۈتۈنلەي قايتۇرۇلۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجازەتنامە بېرىش خىزمىتىدە ئىجازەتنامىسىز ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئىشى كۈچەيتىلىپ، قەغەز ساندۇق، پولات ـ تۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ماشىنىسازلىق، تىببىي دورا قاتارلىق 18 خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 94 كارخانا تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ئۈچۈن، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى ھەققىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» يولغا قويۇلۇپ، يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسى جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئۆلچەملەشتۈرۈشكە دائىر ئاخبارات مۇلازىمىتى ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشلىرى كۈچەيتىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ئۈچۈر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سىزىقلىق نومۇر ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەكالەت نومۇرىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى پائال ئىشلىدى. بىرلىككە كەلگەن ۋەكالەت

نومۇرنى قوللىنىش خىزمىتىدە، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ 50 پىرسەنتى ئورۇندالدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئورگانلارغا نومۇر بېرىش خىزمىتى پۈتۈنلەي تاماملاندى، بىرلىككە كەلگەن ۋەكالەت نومۇرى گۇۋاھنامىسىدىن 50 مىڭى تارقىتىلدى، سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ستاتىستىكا ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش خىزمىتى مۇھىم تېخنىكىلىق كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى؛ سىزىقلىق نومۇرنى قوللىنىشمۇ بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، 1993 - يىلى سىزىقلىق نومۇر سىستېمىسىنىڭ ئەزاسى 57 گە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ سىستېمىغا ئەزا ئورۇن 86 گە، ئۇلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 607 مىليون 364 مىڭ يۈەنگە، ئېكسپورت سوممىسى 97 مىليون 570 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، دېمەك، ئاپتونوم رايونىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بازارغا كىرىشى ئۈچۈن ئوراش - قاچىلاش بەلگىسى جەھەتتە ئاساسىي شارائىت ھازىرلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈشكە دائىر ئاخبارات ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى 1993 - يىلى رەتلەش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلچەملەشتۈرۈش ماتېرىيالىدىن 106 مىڭ 483 نى ساقلاپ، 1244 ئورۇن ئۈچۈن ھەرخىل ئۆلچەملەشتۈرۈش ماتېرىيالىدىن 4483 نى يەتكۈزۈپ بەردى، «شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىغا دائىر رەسىملىك ماقالىلەر توپلىمى» نى تۈزۈپ باستۇردى، «شىنجاڭنىڭ سۈپەت ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشلىرى» ناملىق قەرەللىك ژۇرنالنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئون سان نەشر قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە سۈپەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت كەسپىي گۇۋاھنامە بېرىش سىنىپىدىن ئىككىنى ئاچتى؛ ھەرخىل تىپتىكى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 16 قارار ئاچتى؛ مەملىكەت بويىچە «يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»، «سودا كارخانىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈ-رۈش»، «سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»، «تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى»، «سۈپەتنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش»، «خەلقئارالىق ئۆلچەم ISO9000» قاتارلىق ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش ۋە تەربىيىلەش كۇرسىدىن ئالتە قارار ئېچىپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

لىيۇ جىڭچى

## ساختا، ناچار تاۋارلاغا زەربە بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى 1993 - يىلى ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى ئۈچ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىش بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، بىر تۇتاش تەكشۈرۈش، ئىجازەتنامىسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، تالا تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش تارماقلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ھەرخىل قانۇنسىز تاۋارلارنىڭ قىممىتى 85 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، جەرىمانە قويۇلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان ئومۇمىي سومما 5 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ساختا ۋە ناچار تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، سېتىلىش ئەنزىسىدىن 569 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بەش ئەنزە ئەدلىيە تارماقلىرىغا يوللاپ بېرىلدى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتىدىن 1827 سى قوبۇل قىلىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 3 مىليون 794 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى. مەركەزلىك ھالدا پولات ماتېرىيالىنى ۋە سېمونتنى ئىجازەتنامىسىز ۋە سۈپەتسىز ئىشلەپچىقىرىشنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ساختا، ناچار پولات ماتېرىيالىدىن 9321 توننا، ناچار سېمونتتىن 64 مىڭ 720 توننا ئېنىقلاندى ھەم قانۇنسىز تىجارەتچىلەرگە زەربە بېرىلدى، ھەم بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سېتىش بازىرى تازىلاندى. ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىدە، چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىدىن 21ى ئېنىقلاندى، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش قارا ئۇۋىسىدىن ئالتىسى چۇۋۇۋېتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلغان چوڭ ۋە مۇھىم ئەنزىلەر مۇنۇلار: شىنجاڭ X X تەمىنات - سودا شىركىتىنىڭ 2700 توننا ساختا ۋە ناچار پولات ماتېرىيالىغا 7 مىليون 730 مىڭ يۈەن باھا قويۇپ سېتىش ئەنزىسى؛ 17 كارخانىنىڭ 165 دانە ساختا «بېيجىڭ» 2020N ماركىلىق ئاپتوموبىلغا 7 مىليون يۈەن باھا قويۇپ سېتىش ئەنزىسى؛ 197 توننا ناچار قىزىلچا ئۇرۇقىنى، 142 توننا ئۆلچەمگە توشمايدىغان كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى سېتىپ دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئەنزىسى؛ سانجى ئوبلاستلىق تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئىدارىسى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلغان 200 توننا ناچار خىمىيىۋى ئوغۇتنى سېتىش ۋە ناچار سېمونتتىن ئىشلەنگەن ئىچى كاۋاك سېمونت قويۇلمىنى ئىشلەتكەندە، ئۇ سۇنۇپ غۇلاپ چۈشۈپ ئادەمنى زەخىملەندۈرۈش ئەنزىسى.

لىيۇ جىڭچى

**سۈپەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش بويىچە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ چىقىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش بويىچە 10 مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىنى ئارىلاپ چىقىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش، ئاخبارات ۋە جامائەت پىكرىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە سۈپەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش بويىچە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ چىقىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى ۋە بەش ئاخبارات ئورنىدىن تەركىب تاپقان سۈپەتكە نازارەتچىلىك قىلىش بويىچە زىيارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، زاۋۇت، ماگىزىن ۋە ئېتىز باشلىرىنى ئارىلاپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلاردىن 500 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلىپ، 250 نەچچە ئادەم (قېتىم) نىڭ ئەرز - شىكايىتىنى قوبۇل قىلىپ بىرتەرەپ قىلىپ، 200 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن 120 نەچچە پارچە ماقالە بېسىلدى ۋە ئاڭلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ناچار، ساختا تاۋار ئەنزىسىدىن 12 سى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىنىۋېتىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى سۈپەت ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ چىقىش بويىچە سۈپەتنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر ۋە 14 تۈەن - مەيداننى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 88 ئەرز - شىكايىتىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 178 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى.

لىۇ جىڭچى

## ئۆلچەم

**«ئۆلچەم قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى**

ئۆلچەم بېكىتىشنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھوقۇق بېرىش ئەھۋالى 1993 - يىلى 40 ئورۇننىڭ ئۆلچەم ستاندارتى تەكشۈرۈلدى ۋە قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 35 تۈرلۈك ئۆلچەم ستاندارتىنى تۈزۈش تەكشۈرۈلۈپ، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى، 88 تۈرلۈك ئۆلچەم ستاندارتى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 1408 تۈرلۈك ئۆلچەم ستاندارتى تەلەپكە لايىق بولدى. ئىككى ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھوقۇقى بېرىلدى، ئالتە تۈر تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىلىشىش ئۆلچەم پونكىتىغا ھوقۇق بېرىلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن تۈر تۆت، ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈش - لايىھەلەش پونكىتىغا ھوقۇق بېرىلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن تۈر ئىككى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 44 ئورۇنغا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھوقۇقى بېرىلدى، 306 تۈر تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

ئۆلچەم قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملار تەكشۈرۈلدى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ئۆلچەم قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغان مەمۇرىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلدى، 16 نەپەر ئۆلچەم قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى خادىم تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆلچەم قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىم 334 كە يەتتى. «ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملارنى باشقۇرۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، تارازا، ئېلېكترونلۇق تارازا، تېرمومېتىر، بۇيەت، مانومېتىر، ئېقىش مىقدارى ۋە ئېلېكتر ئىلمىدىن ئىبارەت سەككىز كەسىپ بويىچە ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىملار تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولغان 423 كىشىگە ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى، ئىلگىرىكى يىللاردا تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇپ گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلگەن خادىملارنى قوشقاندا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلگەنلەر 2058 گە يەتتى.

مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋە سىناق تەجرىبىخانىلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە گۇۋاھلىق بېرىلدى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە بىنائەن، 34 تەكشۈرۈش ئورگىنى ئۈستىدىن ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. تەكشۈرۈپ باھالاشتا 18 ئورۇن لاياقەتلىك بولدى، ئۇلارغا ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى ئۈچ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 15. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىشتە لاياقەتلىك بولغان تەكشۈرۈش ئورگىنى جەمئىي 110 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 45، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 63، ناھىيە دەرىجىلىكى ئىككى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەش تەكشۈرۈش ئورگىنى ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىنى قايتا تەكشۈرۈش مۇددىتى توشقاندا، قايتا

تەكشۈرۈپ باھالاندى، بەش تەكشۈرۈش ئورگىنى ئۈستىدىن نازارەت قىلىندى ۋە ئۇ تەكشۈرۈلدى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاش گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ يېمەكلىك مەركىزى (شىخەنزە) ئۈستىدىن ئورگاننى تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىشنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى.

ئۆلچەم قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ئەھۋالى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئۈرۈمچى دائىرىسىدىكى تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرى، ماي يېقىلغۇ قىلىنىدىغان ماشىنىلار، ماي قاچىلاش ماشىنىسى، كۆز ئەينەك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان نۇر سۇندۇرۇش فوتومېتىرى، سودا (يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى) بازىرى، ماگىزىن، سەييارە يايما، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش، سانائەت كارخانىلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆلچەم قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى تۇنجى بولۇپ قايتا تەكشۈرۈلىدىغان مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى. شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنىڭ شەھەرلىك «جۇڭتيەنشيالڭ» كارتوگرافىيە ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن - مائارىپ سايمانلىرى شىركىتى ئىلتىماس قىلغان قايتا تەكشۈرۈلىدىغان ئىككى مەمۇرىي دەۋا ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئەنزىگە دائىر ئەسلىدىكى مەمۇرىي جازا بېرىش قارارى كۈچكە ئىگە قىلىنىپ ساقلاپ قېلىندى، دۆلەت تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئىدارىسىنىڭ قانۇننى چۈشەندۈرۈپ ئەۋەتكەن جاۋاب تەكلىپىگە ئاساسەن، بىر ئەنزىدىكى قايتا تەكشۈرۈلىدىغان كىشى ئۈستىدىن چىقىرىلغان قارار ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي جازا بېرىش قارارى چىقىرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ
جېڭ زۇڭچېڭ
شېن گۇەندا
ۋېي دۇڭ

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆلچىمى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىندى

دۆلەت تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەلىپى ۋە كارخانىلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كارخانىلارغا مەسئۇل تارماقلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆلچەم مەمۇرىيىتى تارماقلىرى كارخانىلارغا مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىللە كارخانىلارنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 1993 - يىلى ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا 14 كارخانا ئۆلچەم جەھەتتە 2 - دەرىجىلىك تەلەپكە لايىقلىق سەۋىيىگە يەتتى، سەككىز كارخانىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەم سەۋىيىسى قايتا تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولۇپ چىقتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردا ئۆلچەم جەھەتتە تەلەپكە لايىق بولغان كارخانا جەمئىي 1686 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك كارخانا يەتتە، 2 - دەرىجىلىك كارخانا 313، 3 - دەرىجىلىك كارخانا 1238. ئۆلچىمى قايتا تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولغان كارخانا 136.

ۋاڭ تيەنگو
جاڭ گەنماڭ

قۇتۇبى ناھىيىسى «يەر كۆلىمى ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى

دۆلەت تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش ئىدارىسى 1993 - يىل 9 - ئايدا ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك يەر كۆلىمى ئۆلچەم بىرلىكى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا، قۇتۇبى ناھىيىسى «يەر كۆلىمى ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دۆلەت قۇتۇبى ناھىيىسىنى 1992 - يىلى يەر كۆلىمى ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىسلاھ قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىندىغان 14 ناھىيىنىڭ بىرى قىلغانىدى.

شى دېشۇن

# تاموژنا

## تاموژنا نازارەتچىلىكى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 1 مىليون 718 مىڭ يەتتە توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %28.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 1 مىليون 296 مىڭ 395 توننىغا يېتىپ، %50.2 ئاشتى؛ ئېكسپورت قىلىنغىنى 421 مىڭ 612 تونا بولۇپ، %10.3 كېمەيدى. ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %84.8 ئاشتى. نازارەت قىلىش ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ترانسپورت قوراللىرى (ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان) قېتىم سانى بويىچە 161 مىڭ 353 گە يېتىپ، %23 كۆپەيدى. قورغاس ئېغىزىدا تۇنجى بولۇپ كۈنىگە 200 ئاپتوموبىل (قېتىم) كىرىپ، چىقىدىغان بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەر 830 مىڭ 810 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %29.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگەنلەر 410 مىڭ 685 ئادەم (قېتىم)

گە يېتىپ، %29.7 ئاشتى؛ چېگرىدىن چىققانلار 420 مىڭ 125 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %30.4 ئاشتى. چېگرىدىن كىرگەنلەر ئىچىدە دۆلىتىمىز ئادەملىرى 87 مىڭ 479 ئادەم (قېتىم)، چەت ئەلدىن كەلگەنلەر 303 مىڭ 206 ئادەم (قېتىم)؛ چېگرىدىن چىققانلار ئىچىدە دۆلىتىمىزدىن چىققانلار 97 مىڭ 477 ئادەم (قېتىم)، چەت ئەللىكلەر 322 مىڭ 648 ئادەم (قېتىم). قورغاس ئېغىزى تۇنجى بولۇپ كۆنىگە 2000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كىرىپ ـ چىقىدىغان ئېغىز بولۇپ قالدى.

مۇشۇ بىر يىلدا تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان پوسۇلكا 6414 بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %81.7 كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 3076 بولۇپ، %89.9 كېمەيدى؛ چىقىرىلغىنى 3338 بولۇپ، %27.3 كېمەيدى. تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان باسما ماتېرىيال 273 مىڭ 322 گە يېتىپ، %110 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 257 مىڭ 225 كە يېتىپ، %110 كۆپەيدى؛ چىقىرىلغىنى 16 مىڭ 97 گە يېتىپ، %66.8 كۆپەيدى.

مۇشۇ بىر يىلدا تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت مال تالونىدىن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 430 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %72 كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر تاموژنا تىزىمىغا ئالغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 563 كە، مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق تىزىمغا ئېلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 275 كە يەتتى؛ «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلغان 187 ئاپتوموبىل تەكشۈرۈلدى؛ 80 نۇسخا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سودا توختامى تەكشۈرۈلۈپ ھېساباتىن ئۆتكۈزۈلدى، 1 مىليون يۈەنلىك تاموژنا بېجى تولۇقلاپ ئېلىندى، 100 مىڭ يۈەنلىك جەرىمانە پۇلى سۈيلەپ تاپشۇرغۇزۇلدى.

جاڭ جۇڭمىن

## تاموژنا بېجى ئېلىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئالغان تاموژنا بېجى جەمئىي 162 مىليون 792 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.93 ھەسسە ئاشتى. ۋەكالىتەن ئېلىنغان باج 138 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.09 ھەسسە ئاشتى؛ تاموژنا بېجى ۋە ۋەكالىتەن ئېلىنغان باجنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنۇلار: 1) مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ باھاسىنى تۆۋەن مەلۇم قىلىش ۋە يوشۇرۇشقا بولغان تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، 54 مىليون 507 مىڭ يۈەنلىك تاموژنا بېجى ۋە ۋەكالىتەن ئېلىندىغان باج تولۇقلاپ ئېلىندى؛ 2) تاموژنا بېجى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ سۈرۈشتىلگەن پۇلىدىن 4 مىليون 319 مىڭ يۈەن باج ھەيدەكچىلىك ئارقىلىق ئېلىندى؛ 3) مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە ئىمپورت قىلىنغان ماللار بىر قەدەر زور ھەجىمدە كۆپەيدى، تاموژنا بېجى نىسبىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش كۆپەيدى.

مۇشۇ بىر يىلدا كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان تاموژنا بېجى جەمئىي 475 مىليون 211 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4.68 ھەسسە ئاشتى؛ كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ۋەكالىتەن ئېلىندىغان باج 254 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.39 ھەسسە ئاشتى. كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنۇلار: 1) مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە يېرىمى كېمەيتىپ ئېلىندىغان باج سوممىسى 1992 ـ يىلدىكىدىن 4.76 ھەسسە ئېشىپ، كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي باج سوممىسىنىڭ 29.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 2) چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى بەرگەن قەرز پۇل بىلەن ئىمپورت قىلىنغان ماللار كۆپىيىپ، كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي باج سوممىسىنىڭ 26.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ 3) «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرىنىڭ تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ماللىرى بىر قەدەر زور ھەجىمدە كۆپەيدى. كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.4 ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

جاڭ جۇڭمىن

## ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى 1993 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئەتكەسچىلىك ئەنزىسى 344 كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %4.9 كۆپەيدى؛ ئەنزىلەرگە چېتىشلىق ماللارنىڭ قىممىتى 25 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.4 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 15 بولۇپ، ئۇنىڭغا چېتىشلىق مال قىممىتى 18 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن كىچىك ماشىنا ئىمپورت قىلىش ئەنزىسى ئالتە بولۇپ، ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان 14 كىچىك ماشىنا تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى؛ ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن ئىمپورت قىلىنغان ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان كىچىك ماشىنا ئەنزىسى بىر بولۇپ، مال قىممىتى 6 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن بۆكەن مۈڭگۈزى ئىمپورت قىلىش ئەنزىسى ئىككى بولۇپ،

2387 كىلوگرام بۆكەن مۈڭگۈزى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى، بۇنىڭ قىممىتى 900 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ؛ ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن پاھىرۇس ئىمپورت قىلىش ئەنزىسى بىر بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان 46 ساندۇق پاھىرۇس تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى، بۇنىڭ قىممىتى 1 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

جاڭ جۇڭمىن

## ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنىڭ توشۇلۇشىغا ئومۇمىي جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىندى ۋە ئۇ تېزگىنلەندى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى 1993 - يىلى ئىگىلەش فۇنكىسىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ۋاستىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي، قانۇنىي، مەمۇرىي ۋاستىلەر ۋە ئۈچۈر ۋاستىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قوللىنىش ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇشتۇردى، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەڭشىدى. 1) نازارەتچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىمپورت قىلىنسا باج ئېلىنىدىغان ۋە باج نىسبىتى يۇقىرى بولغان تاۋارلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا قويۇلۇپ، ئىسپاتسىز ئىمپورت قىلىنغان 3 - دۆلەتنىڭ كىچىك ماشىنىلىرى بىر قەدەر قاتتىق تىزگىنلەندى؛ يالغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىغا دائىر قىلمىشلار قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى ئىمپورت قىلىدىغانماللارغا قارىتا نورمىلىق ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى يىللىق تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. 2) نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى، نامىراتلارنى يۆلەش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش تۈرلىرى شۇنداقلا پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مېيىپلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىشقا توغرا كەلگەندە ھەم دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بويىچە تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى، ھەم قاتتىق تەكشۈرۈش تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 3) كەسپىي ھالقىلار ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىش ئورنىدىكى مەشغۇلات تەرتىپى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا خالىغانچە ئىش قىلىپ قويۇش ئەھۋاللىرى تۈگىتىلدى. 4) كېيىن داۋاملىق باشقۇرۇش بەدىسۇ كۈچەيتىلىپ، يالغان توختام تۈزۈش، يالغان شېرىكلىشىش، يالغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى، شۇنىڭدەك بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىشنى ھايىنىغا سېتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىياتى توسۇلدى. 5) چېگرىدىن كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان يولۇچىلار ئېلىپ ماڭىدىغان يۈك - تاق ۋە بويۇملارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش ئۆلچىمى ۋە باج تۆلەش باھاسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، غەيرىي سودا يوللىرى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان سودا خاراكتېرلىك ماللارغا قارىتا يولۇچى بىلەن مالنى ئايرىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، چېگرىدىن كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان يولۇچىلارنىڭ بويۇملارنى چەكلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئېلىپ مېڭىش مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. 1) تاموژنا قانۇن - بەلگىلىمىلىرى ۋە سىياسەتلىرى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىنىپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدا پائال تەكلىپ بېرىلدى؛ 2) تارىم، تۇرپان - قۇمۇل ۋە جۇڭغار نېفىتلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش، ئېچىش قۇرۇلۇشى، 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، شاڭخەي — شىئەن — ئۈرۈمچى — گوللاندىيە ئوپتىكىلىق كابېل ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرۋېتىش ۋە سۇغىرىش مۇئەسسەسىلىرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى؛ 3) 3 - دۆلەتنىڭ 254 كىچىك ماشىنىسىنى ئىسپاتسىز ئىمپورت قىلىش مەسىلىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى؛ 4) شىنجاڭنىڭ يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 67 خىل ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ 3 - دەرىجىلىك باھا ماتېرىيالى تۈزۈپ چىقىلىپ، چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودا بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى؛ 5) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كونا ئاپتوموبىللىرىنى مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىش مەسىلىسى

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھەل قىلىندى؛ 6) 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 15 چوڭ - ئوتتۇرا كارخانا زىيارەت قىلىندى، يەتتە چېكرا ئېغىزىدا ئىش ئورنىدا ئىش بېجىرىلىپ، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە كارخانىلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

جاڭ جۇخمىن

**غەيرىي سودا خاراكتېرلىك ماللار ئومۇمىي جەھەتتىن نازارەت قىلىنىپ ئىزگىنلەندى**

ئۈرۈمچى تاموژنىسى 1993 - يىلى چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان باسما بۇيۇمدىن جەمئىي 5589 نى مۇسادىرە قىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن باسما بۇيۇمى 5144 (ئەكسىيەتچىل باسما بۇيۇمى 671، شەھۋانە باسما بۇيۇمى 303، دىنىي باسما بۇيۇمى 1047، باشقا باسما بۇيۇملىرى 3123)، چېگرىدىن چىقىرىلغان باسما بۇيۇمى (مەخپىي بۇيۇم بىر، ئىچكى قىسىمدىكى كىتاب - ژۇرنال 68، باشقا بۇيۇملار 376). چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان باسما بۇيۇمدىن 719 ى قايتۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغىنى 704 (دىنىي باسما بۇيۇمى 701، باشقا باسما بۇيۇمى ئۈچ)، چېگرىدىن چىقىرىلىدىغىنى 15 (ئىچكى قىسىمدىكى كىتاب - ژۇرنال تۆت، باشقا باسما بۇيۇم 11). مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 45 ئون - سىن بۇيۇمى مۇسادىرە قىلىندى، چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان 197 ئۈن - سىن بۇيۇمى قايتۇرۇۋېتىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 42 تۈركۈمدە 8 مىليون 660 مىڭ يۈەنلىك ھەدىيە قىلىنىغان ماددىي ئەشيا تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ 5 مىليون 673 مىڭ 491 ئامېرىكا دوللىرىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىنىغان ھەرخىل تاۋار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلدى؛ چېگرىدىن ۋاقىتلىق كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 87 سى تەكشۈرۈلدى.

جاڭ جۇخمىن

**قورغاس تاموژنىسى «مەملىكەت بويىچە تاموژنا ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى**

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئېغىز بەرپا قىلغان ئورۇنلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، قورغاس تاموژنىسى مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

جاڭ جۇخمىن

## تاۋار تەكشۈرۈش ئەھۋالى

**ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى 1993 - يىلى تەكشۈرگەن ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى جەمئىي 29 مىڭ 183 تۈركۈمگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %40 ئاشتى، مال قىممىتى 831 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %60 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن ئىمپورت تاۋارلىرى 10 مىڭ 187 تۈركۈم، مال قىممىتى 382 مىليون 920 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق ئەمەس بولۇپ چىققان ئىمپورت تاۋارلىرى 196 تۈركۈم، مال قىممىتى 2 مىليون 740 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. تەكشۈرۈلگەن تۈركۈم سانىنىڭ ئومۇمىي تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى %98.08 بولۇپ، 5.8 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى، سوممىسىنىڭ ئومۇمىي تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى %99.29 بولۇپ، 3.27 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. تەلەپكە لايىق بولمىغان ئىمپورت تاۋارلىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى چىقىرىپ بېرىلىپ، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ چەت ئەلدىن تۆلەم ئېلىشى ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۆلەم



1993 - يىل 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى 7650 تۈركۈمدە 106 مىڭ 850 توننا پاختىنى تەكشۈردى، بۇ، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىنىڭ 1.5 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ.

لى شيەنۋېن فوتوسى

## 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

سومما بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ئىدارە نامى | جەمئىي | | تەلەپكە لايىق بولمىغىنى | | ئېكسپورت قىلىنغىنى | | ئېكسپورتتا تەلەپكە لايىق بولمىغىنى | | ئىمپورت قىلىنغىنى | | ئىمپورتتا تەلەپكە لايىق بولمىغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تۈركۈمى | سوممىسى | تۈركۈمى | سوممىسى | تۈركۈمى | سوممىسى | تۈركۈمى | سوممىسى | تۈركۈمى | سوممىسى | تۈركۈمى | سوممىسى |
| ئىدارە بويىچە | 29183 | 83110 | 2132 | 3504 | 18996 | 44818 | 1936 | 3231 | 10187 | 38292 | 196 | 273 |
| شىنجاڭ ئىدارىسىدە | 19049 | 58808 | 1837 | 2942 | 10906 | 25014 | 1644 | 2687 | 8143 | 33794 | 193 | 253 |
| ئالاتاۋ ئىدارىسىدە | 488 | 2330 | 1 | 1 | 355 | 1926 | 1 | 1 | 133 | 404 | | |
| كورلا ئىدارىسىدە | 1555 | 6465 | 53 | 101 | 1498 | 3904 | 51 | 101 | 57 | 2561 | 2 | |
| ئاقسۇ ئىدارىسىدە | 1072 | 3157 | 145 | 346 | 1072 | 3157 | 145 | 346 | | | | |
| قەشقەر ئىدارىسىدە | 1658 | 6045 | | | 1574 | 5583 | | . | 84 | 462 | | |
| خوتەن ئىدارىسىدە | 729 | 735 | 83 | 74 | 729 | 735 | 83 | 74 | | | | |
| ئىلى ئىدارىسىدە | 799 | 3605 | 13 | 40 | 797 | 3585 | 12 | 22 | 2 | 20 | 1 | 18 |
| قورغاس ئىدارىسىدە | 136 | 122 | | | 35 | 2 | | | 101 | 120 | | |
| ئالتاي ئىدارىسىدە | 3697 | 1843 | | | 2030 | 912 | | | 1667 | 931 | | |

ئېلىنغان ئىمپورت قىلىنغان مال تۆت تۈركۈمگە، سوممىسى 2 مىليون 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 29.5% ئاشتى. تەكشۈرۈلگەن ئېكسپورت تاۋارلىرى 18 مىڭ 996 تۈركۈمگە يېتىپ، 14% ئاشتى، مال قىممىتى 448 مىليون 18 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 61% ئاشتى. تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولمىغان ئېكسپورت تاۋارلىرى 1936 تۈركۈمگە، مال قىممىتى 32 مىليون 310 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش تۈركۈم سانىنىڭ ئومۇمىي تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى 89.01% كە يېتىپ، 10.7 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، مال قىممىتىنىڭ ئومۇمىي تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى 92.7% كە يېتىپ، 7.5 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى.

لى فۇتيەن

**تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ئىگىلەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى، ئاساسىي خىزمەت ۋە ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ۋە تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

1. ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، تاۋار تەكشۈرۈش ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چېگرا ئېغىزلىرىدىكى تاۋار تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاستا بولۇش، كۈچى ئاجىز بولۇش ئەھۋالىغا ھەم چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاۋار تەكشۈرۈش سىستېمىسىدا 34 ئادەم كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرىدا كۆپەيتىلگىنى 33؛ تەكشۈرۈش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 90% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاز كەم 5 مىليون يۈەن

مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، قورغاس، كورلا تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئىشخانا بىناسى، ئالاتاۋ ئېغىزى تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئىشخانا بىناسى ۋە ئولتۇراق ئۆي بىناسى پۈتتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 9050 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودا بويىچە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنى شۇ جايدىكى تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرى تەكشۈرىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك تەجرىبىخانىدا سىناق قىلىش تۈرلىرىنى ئاساسەن ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، تەكشۈرۈش مۇددىتى قىسقارتىلىپ، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورتىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

2. تەكشۈرۈش ئۈتكىلىنى ئىگىلەش كۈچەيتىلىپ، سودا قىلغۇچى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى. شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەنگەن جايدا تەكشۈرۈش ۋە چېگرا ئېغىزىدا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ھەم باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، تۈركۈم قېتىمى ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاسانلا تازىلىق، سۈپەت مەسىلىسى كېلىپ چىقىدىغان ۋە ئېكسپورت مىقدارى بىر قەدەر زور بولغان ئىچىملىك، ھاراق، ئاق شېكەرگە ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكەلنى ئىگىلەشنى يولغا قويدى، ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدىغان ۋە ئاسان سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالىدىغان يېڭى يېمەكلىكلەرنى شۇنىڭدەك توڭلىتىلغان گۆشلەرنى سودا قىلغۇچى ئىككى تەرەپ چېگرا ئېغىزىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئىمزا قويۇش ۋە تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇۋېلىشنى يولغا قويدى. مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ سەيلە - ساياھەت ئارقىلىق مال سېتىۋېلىش ۋە خەلقئارا بىۋاسىتە ترانسپورت ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ساختا، ناچار ۋە «ئۈچ نەرسە» سى يوق مەھسۇلاتلارنى ئۆتكۈزمىدى.

1993 - يىلى تەكشۈرۈلگەن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغان چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودا ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى 16 مىڭ 30 تۈركۈمگە، مال قىممىتى 429 مىليون 870 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، نەق پىرېۋوت سودىسى بويىچە تەكشۈرۈش تۈركۈم سانى ۋە مال قىممىتىدىن تۇنجى قېتىم ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي تۈركۈم مىقدارىنىڭ 54.9 پىرسەنتىنى ۋە ئومۇمىي مال قىممىتىنىڭ 51.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولمىغان ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلار رەتلەپ چىققان ياكى مالنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، قايتا تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولۇپ چىقسا ئاندىن ئېكسپورت قىلىشقا يول قويدى؛ تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولمىغان ئىمپورت تاۋارلىرىغا قارىتا تۆلەم ئېلىش گۇۋاھنامىسى چىقىرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، تىجارەت قىلغۇچى تارماقلار چەت ئەلدىن تۆلەم ئالدى؛ چېگرا سودىسى بويىچە سوممىسى ئاز بولغان سودىغا قارىتا ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈپ، ئىش ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىپ تۆلەم ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى.

3. ھەم ئۆتكەل ئىگىلىنىپ، ھەم مۇلازىمەت قىلىنىپ، تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زاۋۇتتا تۇرۇپ تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويدى. پاختا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق تاشقى پىرېۋوت يارىتىلىدىغان مەھسۇلاتى بولغاچقا، شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى كېۋەزنى ئۆستۈرۈش، تېرىشتىن تارتىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە بولغان پۈتۈن جەرياننى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، پاختىنىڭ قەنت ماددىسىنىڭ ئاساسەن ئېچىدىن بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ پاختا تالاسىنىڭ يېپىشقاقلىقىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئىگىلەپ، 1-، 2- ۋە 3- دەرىجىلىك قەنت تەركىبىدىكى پاختىلارنى ئېكسپورت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پاختىنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتىنى 31 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستۈردى، تەكشۈرۈش مۇددىتىنى ئىلگىرىكى 12 كۈندىن بەش كۈنگە قىسقارتتى. 1993 - يىلى ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختىنى تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈش، مال تەييارلاش سۈرئىتى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

شىنجاڭ ئېتىلىبن قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى، شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ سۈپىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كىرگۈزۈلگەن مۇھىم ئۈسكۈنىلەرنى قاچىلاپ توشۇشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش ۋە مال كەلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىدى. بۇ قۇرۇلۇشقا كىرگۈزۈلگەن 1 مىليون 140 مىڭ فوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى ئۈچ شارسىمان باكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، شارسىمان باكنىڭ يۈز قىسمىنىڭ داتلىشىپ كەتكەنلىكى، ياي ئۆزۈنلۈكى، ئەگرىلىك نىسبىتى ۋە قارىمۇ قارشى بۇلۇڭلار ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقلارنىڭ خاتالىق پەرقى ئۆلچەمدىن ئېشىپ

كەتكەنلىكىدەك ئېغىر سۈپەت مەسىلىلىرىگە قارىتا تۆلەم ئېلىش گۇۋاھنامىسى چىقىرىپ بەردى، چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۆز ئىچىملىك سىناق قىلىپ قوراشتۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئەمەلىي پاكىت ئالدىدا مال بىلەن يېڭىباشتىن تەمىنلەش ئەسلەتمىسىگە ئىمزا قويدى ھەمدە سىناق قىلىپ قوراشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 650 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۆلەمنى تۆلەپ بەردى.

4. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ISO9000 يۈرۈشلۈك ئۆلچەم پائال يولغا قويۇلۇپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىكى سۈپەت سىستېمىسىنى باھالاپ تەكشۈرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە «تاموژنا بېجى، سودا باش كېلىشىمىگە قايتىدىن ئەزا بولۇش ۋە ISO9000» تېلېۋىزىيە لېكسىيىسى ئۆگىنىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. تېخنىكا خادىملىرى كارخانىلارغا بېرىپ، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ياردەملىشىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۈن، ياغ يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 130 زاۋۇت (ئامبار) تەكشۈرۈلدى، 110 كارخانا تازىلىقتا تەلەپكە لايىق بولۇپ تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

5. باھالاپ بېكىتىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1993-يىلى چېگرا ئېغىزلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن 1 مىليون 30 مىڭ توننا مالنىڭ ئېغىرلىقى بېكىتىلدى، 180 مىڭ توننا مالنى ۋاقتىلىق قاچىلاش ۋە چۈشۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىلىندى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان 19 تۈركۈمدىكى مۈلۈكنىڭ باھاسى بېكىتىلدى، بۇلارغا ئەسلى چەت ئەل سودىگەرلىرى 29 مىليون 24 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى دەپ مەلۇم قىلغانىدى، باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلغان باھا 23 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ چىقتى، قىممەتنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش نىسبىتى 18% بولۇپ، 5 مىليون 164 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىنىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغنى كۆپ مەلۇم قىلىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ۋاستىلىك زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. ئېكسپورت تاۋارلىرىنى توشۇش ۋە قاچىلاشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، قاچىلاش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قاچىلاش جەھەتتىكى سۈپەت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراپ تۆلەم تۆلەش ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

لى فۇتيەن

# ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

**چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتى يەنە بىر يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلدى.

ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى كارانتىن قىلىنغان چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى 4267 تۈركۈمدە 130 مىڭ 3. 529تونىنىغا يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 85% ئاشتى؛ ماللارنىڭ قىممىتى 725 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 45% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پېرېۋوت سودىسى بويىچە ئېكسپورت قىلىنغىنى 1734 تۈركۈم، 112 مىڭ 9. 943 توننا، چېگرا سودىسى بويىچە ئېكسپورت قىلىنغىنى 2542 تۈركۈم، 17 مىڭ 4. 585 توننا. چېگرىدىن چىقىرىشتا كارانتىن قىلىنغان خەلقئارا پوسۇلكا 16 تۈركۈم، 55 خىل، 52. 091 كىلوگرام؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈشتە كارانتىن قىلىنغىنى 22 تۈركۈم، 245 خىل، 79. 66 كىلوگرام. سۆرلەپ بىر تەرەپ قىلىنغان چېگرىدىن چىقىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچ تۈركۈم، 103 توننا؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ياغاچ ماتېرىيال 176 تۈركۈم، 55. 877 كۇب مېتىر. ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىمپورت قىلىنغان كوممىقوناق، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، بۇغداي قاتارلىقلار ئايرىم قويۇپ كۆزىتىلدى. كارانتىن قىلىش ئارقىلىق تېپىلغان ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان زىياندىش ھاشارات 16 تۈركۈم، مال 960 توننا، ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە پاكىستانلىقلار يەرمەنكىگە قويىدىغان تاۋارلىرىنى سالغان ياغاچ ساندۇقتىن تېپىلغان تىرىك قۇرت تۆت خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

ھايۋانات كارانتىن قىلىش ئەھۋالى كارانتىن قىلىنغان ئىمپورت - ئېكسپورت ھايۋانلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار 26 خىل، 2271 تۈركۈمگە يېتىپ، 1992 -

يىلدىن 47% ئاشتى؛ مال قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 130% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل تېرە 676 تۈركۈم، 970 مىڭ پارچە، يۇڭ 1513 تۈركۈم، 4587 توننا، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئىككى تۈركۈم، 1.24 توننا، توڭلىتىلغان بېلىق ئىككى تۈركۈم، 7.046 توننا، توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى بەش تۈركۈم، 7.623 توننا، قوتاز قېرىنى بىر تۈركۈم، 0.35 توننا، توڭلىتىلغان كالا گۆشى ئۈچ تۈركۈم، 512.625 توننا، ئۈچەي ئىككى تۈركۈم، 8800 تال ۋە يەتتە تۈركۈم، 94 توننا، جۈپ ھايۋانلار 52 تۈركۈم، 82 تۇياق، قوي ئىككى تۈركۈم، 290 تۇياق، ئاق چاشقان بىر تۈركۈم، 250، چۈجە بىر تۈركۈم، 6900. ئىمپورت قىلىنغان تېرىلەرنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، موڭغۇلىيە ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىمپورت قىلىنغان تېرىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆيدۈرگە بارلىقى بايقالدى.

يولۇچىلارنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى چېگرىدىن كىرگەن ۋە چىققان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە نۆۋەتچى ئايروپىلانى ۋە ئاپتوبۇستىن قېتىم سانى بويىچە 21 مىڭ 354 ى كارانتىن قىلىندى، كارانتىن قىلىنغان يولۇچى ۋە قاتناش مۇلازىمەت خادىمى 205 مىڭ 415 ئادەم (قېتىم) گە يېتىدۇ. يولۇچىلار ئېلىپ كەلگەن ھايۋاناتلاردىن 512 سى كارانتىن قىلىندى، 41 تۈركۈم (قېتىم) ھەرخىل گۈل كارانتىن قىلىنىش ئارقىلىق تۇتۇپ قېلىندى، 42 خىل، 12 مىڭ 300 كىلوگرام بۇيۇمنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلۈشى چەكلەندى. تۇتۇپ قېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە ئالما قۇرتى، شاپتۇل قۇرتى، كۆممىقوناق پەرۋانىسى، ياڭيۇ ھالقىسىمان چىرىتىش كېسەللىكى باكتېرىيىسى، پەمىدۇرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بولىدىغان كېسەللىك باكتېرىيىسىگە ئوخشاش كۆپ خىل زىيانداش ھاشاراتلار بايقالدى. تۇتۇپ قېلىنغان 22 ئۆلۈك ئىتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كارانتىن قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىتلارنىڭ پۈتۈنلەي يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك ئۈچەي ياللۇغى ۋە ئىت ۋاباسىغا دۇچار بولۇپ ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇ ئۆلۈك ئىتلار دېزىنفېكسىيە قىلىنغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئورەك قېزىلىپ كۆمۈۋېتىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىللىق چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. قانۇننى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، قانۇن بويىچە كارانتىن قىلىنىپ، ئۆتكەلنى ئىگىلەش فۇنكسىيىسى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بارلىق ئاخبارات، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشقا قاتناشتى. 1993 ـ يىلنىڭ

# جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتى

1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورگىنى 12 گە يەتتى. ئۈرۈمچى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملەكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا يەنە، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە ۋە باشقارمىدىن 11 ى قۇرۇلدى، بۇلار جەمئىي 15 چېگرا ئېغىزى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە ئېغىزى ئىككى) نى باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىمى 180 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇمدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 70% نى، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 85% نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورگىنى ئەڭ دەسلەپتە 1965 ـ يىل 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئىلىدا ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك ئورگاندىن ئۈچى قۇرۇلغان بولۇپ، 35 خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئىككى قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزى بار ئىدى. 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى بۇ ئورگانلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىدى. 1980 ـ يىل 10 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، 1981 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش باش ئورنىغا قارايدىغان بولغان. 1992 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى چېگرا ئېغىزى ئىدارىلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

بۇ ئاپپارات تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ۋە

ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش سىستېمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئالتاي، قۇمۇل، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ، 12 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 300 دىن ئارتۇق كارانتىن قىلىش خادىمىغا قانۇنچىلىق تەربىيىسى بەردى. ئۇيغۇرچە «كارانتىن قىلىش قانۇنى» ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يورۇتۇش-تەشۋىق ماتېرىياللىرىنى كەينى - كەينىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.

2. كارانتىن قىلىش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنئالا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، مۇلازىمەت قىلىش ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. كارانتىن قىلىش خادىملىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلىدى: 1) رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ھالقىلارنى ئازايتىپ، مال ئىگىلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، مەلۇم قىلغان ھامان كارانتىن قىلىپ بەردى. 2) يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئالدىنئالا يېتەكچىلىك قىلىپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويدى. 3) 11 تۈرلۈك پەن تەتقىقات ھەمكارلىق تۈرى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش تېمىسىنى تۇتۇپ، مۇلازىمەت قىلىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

3. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ساپاسى ئۈستۈرۈلۈپ، ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىلىپ، ئىلگىرى سۈرۈش فۇنكسىيىسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

1) چېگرا ئېغىزى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. دۆلەت شىنجاڭدىكى باشقارما دەرىجىلىك ئۈچ چېگرا ئېغىزىدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورگىنىنى بۆلەككە بۆلۈپ، بىر تۇتاش ھالدا ئۈرۈمچى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسىگە قارايدىغان قىلىشنى، ئالتاي ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنى ۋاقتىدا قۇرۇپ، شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى چېگرا ئېغىزلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

2) يورۇتۇش-تەشۋىق قىلىنىدىغان قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش چىڭ تۇتۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىنىپ، ئالتە تۈرلۈك يولغا قويۇش چارىسى، تەپسىلىي پىرىنسىپى ۋە بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى؛ چېگرا سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چېگرا ئېغىزىدا كارانتىن قىلىنىدىغان ئاپتوموبىل، ماللارنى تىزىملاش، ھەق ئېلىش تەپسىلىي جەدۋىلى ۋە تەكشۈرۈپ ھېسابىتىن ئۆتكۈزۈش تالونلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

ۋۇ لەنشەن

ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. كارانتىن قىلىش خادىملىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كارانتىن قىلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، ئۇنۇملۇك ھالدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك كارانتىن قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان زىرائەتلەر دان تۇتۇش ئالدىدا چۈشىدىغان كۆك پىت، ئالما قۇرتى، كۆممىقوناقنىڭ باكتېرىيە خاراكتېرلىك قۇرۇپ قېلىش كېسەللىكى؛ 2 - دەرىجىلىك كارانتىن قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان ئاپېلسىن چىۋىنى، ئامېرىكا ئاق كېپىنىكى، شۇنىڭدەك قىزىل مىتە، چوڭ - كىچىك زىرائەت مىتىسى، يېشىل مىتە، ياپونىيە قوش نەشتەرلىك سوزۇنچاق مىتىسى، ھىندىستان شال پەرۋانىسى، دورا ماتېرىيالى قىلىنىدىغان قوڭغۇز، چوڭ - كىچىك مېۋە قۇرتى ۋە كىچىك سالجا قاتارلىق 20 نەچچە خىل زىيانداش ھاشارات كارانتىن قىلىنىدى. ھايۋانات كارانتىن قىلىش جەھەتتە چوشقىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، كالىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق بۇرۇن - نەپەس يولى ياللۇغى، كۆك تىل كېسەللىكى، كالا ۋە قويلاردا بولىدىغان شىللىق پەردە ياللۇغى، قويلاردا بولىدىغان خلامىدىيە كېسەللىكى قاتارلىق ئون نەچچە خىل كېسەللىك كارانتىن قىلىنىدى.

كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلار پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، كارانتىن مۇلازىمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى چېگرا ئېغىزى ئىدارىلىرىنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇلۇشى ۋە مۇئەسسەسەلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. يېڭىدىن ئېچىلغان چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك ئىشخانا - كارانتىن قىلىش كەشىپى بىنالىرى سېلىنىدى، كونا چېگرا ئېغىزى ئىدارىلىرىنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە نۇر ئايرىش فوتومېتىرى، فېرمېنت ئۆلچەش ئەسۋابى، كېسەللىك ۋىرۇسىنى سۈزگۈچ قاتارلىقلار تولۇق سەپلەندى، ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ، ئۇلترا سۈرئەتلىك سېنترىفوگ، ھاۋادىكى رەڭ دائىرىسىنى ئايرىش ئەسۋابى قاتارلىقلارمۇ كەينى - كەينىدىن سەپلىنىۋاتىدۇ، مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. قىسمەن سانى بويىچە 50 نەچچە ئادەم ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش، چەت ئەل تىلى، ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بەش تۈرلۈك پەن - تېخنىكا

# يەر باشقۇرۇش خىزمىتى

**يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى**

ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى 1993 - يىلى ئۈچ يەرنىڭ تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى، تەۋەلىكى تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4279.8 گېكتار بولۇپ، 223 پاسىل قوزۇقى قېقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاستىكى جياجۇ چېگرا سودىسى شەھىرىنىڭ يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش كۆلىمى 8. 132 گېكتار بولۇپ، 21 پاسىل قوزۇقى قېقىلدى؛ جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكىنىڭ تۇرمۇش رايونىدا تەكشۈرۈلگەن يەر تەۋەلىكىنىڭ كۆلىمى 1100 گېكتار بولۇپ، 49 پاسىل قوزۇقى قېقىلدى؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدىكى پىچان رايونىدا تەكشۈرۈلگەن يەر تەۋەلىكىنىڭ كۆلىمى 3047 گېكتار بولۇپ، 153 پاسىل قوزۇقى قېقىلدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لىيۇ جيەنۇبى

خۇاڭ شۈۋېي

**يەر رېۋىزىيىسى قىلىش خىزمىتى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى 1993 - يىلى يەرگە دائىر قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، مۇشۇ بىر يىلدا يەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان ھەرخىل ئەنزىدىن 4702 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3448 ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %33. 73 كە يەتتى. بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرى ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلكىچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا تەۋە ئەنزە 727، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا تەۋە ئەنزە 297، شەخسلەرگە تەۋە ئەنزە 2424.

ۋاڭ چۈنچى

خۇاڭ شۈۋېي

**دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر سېتىۋېلىش خىزمىتى**

ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەر سېتىۋېلىش ئىشلىرى بۆلۈمى 1993 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر سېتىۋېلىش ئىشىنى مەسلىھەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى)، تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى، تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ قۇمۇلدىكى تۇرمۇش بازىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي ۋۇسەيۋەن نېفىتلىكىگە ئوخشاش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان 5100 گېكتاردىن ئوشۇق يەرنى سېتىۋېلىشقا مەسلىھەت بېرىلىپ، بۇ

مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپات بىر، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپات ئىككى، ئۆلكە، نازارەت دەرىجىلىك مۇكاپات ئىككى؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتە تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

كارانتىن قىلىش تارماقلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تاشقى سودىنى قوغداش، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۈردە يېڭى يول ئاچماقتا.

قوغۇندا قوغۇن چىۋىنى بار، دېگەن گەپ بىلەن ياپونىيە تەرەپ قوغۇن ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەنىدى. دۇنيا بويىچە داڭقى بار بۇ ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتنى ياپونىيە بازارلىرىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، 1987 - يىلى جۇڭگو ۋە ياپونىيە مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭدا ئورتاق ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش 1982 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، ئۈرۈمچى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش قۇرت - قوڭغۇز مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭدىكى تاۋار قوغۇن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 16 ناھىيە ۋە 13 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 200 مىڭ مودىن ئارتۇق قوغۇنلۇقى (باغ، كوكتاتلىقى) دا كەڭ كۆلەمدە قوغۇن چىۋىنىنى تەكشۈردى ۋە ئېنىقلىدى، بۇ خىزمەت قوغۇن چىۋىنىنى زادىلا بايقىمىغان ئاساسىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بولۇش ئاساسىدا ئىشلەندى. 1987 - يىل 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپ يەنە شىنجاڭ دائىرىسىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرگەن ۋە ئېنىقلىغاندىن كېيىن مۇنداق يەكۈن چىقاردى: شىنجاڭنىڭ مۇھىتى قوغۇن چىۋىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ماس كەلمەيدۇ، شىنجاڭدا قوغۇن چىۋىنى مەۋجۇت ئەمەس! نەتىجىدە ياپونىيە ئاخىرقى ھېسابتا قوغۇن ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1988 - يىلدىن باشلاپ، قوغۇن ياپونىيە بازارلىرىغا ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەتكە تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ بېرىلدى.

ۋۇ لەنشەن

ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

لى شياڭمىن

خۋالڭ شۆۋبي

**سەككىز ناھىيە، شەھەرنىڭ يەر دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتى ئاياغلاشتى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، قاراماي، غۇلجا، قەشقەر، كورلا شەھەرلىرى ۋە يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت سەككىز ناھىيە ۋە شەھەرنىڭ يەر دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتى ئاياغلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە ۋە كورلىدىن ئىبارەت تۆت شەھەردە يەرنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلەش بىرلا ۋاقىتتا تاماملاندى. بۇ شەھەرلەردە يەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ، يەرنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلەش خىزمىتىنىڭ ئاياغلاشقانلىقى، شۇ جايلارنىڭ يەر سودىسى باھاسىنى مۇۋاپىق قويۇپ، يەر بازىرىنىڭ يېتىلىشى ۋە كۆللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىن يەر بازىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ۋالڭ شۆشىن

خۋالڭ شۆۋبي

**22 ناھىيە، شەھەر يەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تىزىملاشنى تاماملىدى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 59 ناھىيە، شەھەر دۆلەت زېمىنىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى، كوللېكتىپقا تەۋە زېمىننىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى، كوللېكتىپقا تەۋە زېمىننى قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە قوشنا ئورۇنلارنىڭ قاتنىشى، سۇ چىقىرىۋېتىشى قاتارلىق جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىزىملاش ئىشىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن، نىيە، چىرا، لوپ، قەشقەر يېڭىشەھەر، پوسكام، يوپۇرغا، ئۇلۇغچات، كەلپىن، بۈگۈر، يەنجى، خوشۇت، بارىكۆل، مىچۈەن، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە سانجى، غۇكاڭ، ئالتاي، قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرىدىن ئىبارەت 22 ناھىيە، شەھەر دەسلەپكى قەدەمدە تىزىملاش ئىشىنى پۈتتۈرۈلەي تاماملىدى.

ۋالڭ شۆشىن

خۋالڭ شۆۋبي

**مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانى باھالاپ بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى**

1993 - يىل 12 - ئايدا مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي گەۋدە پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق يەر ئىشلىتىش ئومۇمىي پىلانىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە سانجى ئوبلاستلىق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باھالاپ بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق زېمىن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكا مەركىزى، سانجى ئوبلاستلىق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، مىچۈەن ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ سۇ مەنبەسى، يەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ھالىتى، يەرنىڭ لايىقلىشىشچانلىقى، يەردە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى، نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە يەرگە بولغان ئېھتىياجنى ئالدىن مۆلچەرلەش قاتارلىق ئالتە جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ 9570 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان يەر بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشقا قارىتا، زامان ۋە ماكان جەھەتتە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئومۇمىي پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 1990 - يىلدىكى 30.23% تىن 2000 - يىلى 30.33% كە، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.09% تىن 3.11% كە يەتكۈزىدۇ.

خۇ جېڭخۇا

خۋالڭ شۆۋبي

## توقسۇندىكى كارىزلارنىڭ سانى

ناھىيە بويىچە جەمئىي 182 كارىز بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 442.695 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۈيى بار كارىز 56، سۇ باشلايدىغان كارىز ئېقىكى، سۇسىز كارىز 124. تەۋەلىكى بويىچە رايونلارغا ئايرىغاندا، توقسۇن يېزىسىدىكى كارىز 55، ئۇزۇنلۇقى 87.5 كىلومېتىر؛ ئىلانلىق يېزىسىدىكى كارىز 50، ئۇزۇنلۇقى 108.45 كىلومېتىر؛ بوستان يېزىسىدىكى كارىز 26، ئۇزۇنلۇقى 88.395 كىلومېتىر؛ خېدوڭ يېزىسىدىكى كارىز 49، ئۇزۇنلۇقى 156.3 كىلومېتىر؛ «قىزىلتاغ» سۇ ئامبىرىدىن سۇ باشلايدىغان كارىز ئېقىكى، ئۇزۇنلۇقى 2.05 كىلومېتىر.

# پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

## خەلق بانكىسى

**پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندى، پۇل مۇقىم بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كېتىش، ئامانەت پۇل، قەرز بېرىلىدىغان پۇل ئازىيىپ كېتىش، بانكىلارنىڭ چىقىم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىش، پۇل ئىقتىسادىي سىلىنىمىدىن ئېشىپ كېتىش، مەبلەغ ئومۇمىيۈزلۈك جىددىي بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن شارائىتتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋال ۋە ماكرولۇق تەڭشەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ياخشىلاپ، پۇل مۇئامىلە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، مەبلەغ زىيادىيىتىنى پەسەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 6 مىليارد 742 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قەرز پۇل قالدۇقى 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 8 مىليارد 649 مىليون يۈەن كۆپەيدى، تارقىتىلغان پۇل 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 849 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 298 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، چىقىمى 334 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 461 مىليون يۈەن، تۆلەم پۇلى 209 مىليون يۈەن بولدى.

1. كىرېدىت مەبلىغىنىڭ مەنبەسى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ۋە پوچتا پۇل ئامانىتى تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىككى قېتىم ئۆستۈرگەنلىكىدەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا «پۇل ئامانىتى بويىچە 100 كۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتى» نى قانات يايدۇرۇپ، بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالىنى ئوڭشىدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بانكىلارنىڭ ئامانەت قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 742 مىليون يۈەن، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 269 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە كۆپەيگىنى 7 مىليارد 70 مىليون يۈەن بولدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 32 مىليون يۈەن، 1992-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 870 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىن 12 - ئايغىچە كۆپەيگىنى 4 مىليارد 353 مىليون يۈەن. كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 953 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

2. تۈرلۈك قەرز پۇل كۆپەيتىلىپ، مەبلەغ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ نۇقتىلىق ئېھتىياج كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ماكرولۇق تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ھەمدە تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ جىددىي بولۇش ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي پەسەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەردى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. سېتىۋېلىشتا «ئۈچ دەرىجە، يەتتە تەرەپ» ئورتاق كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى ۋە مەخسۇس باشقۇرۇش چارىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليارد 228 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى سېتىۋېلىندى؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى سۈرئەت تۆۋەن بولۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، مۇشۇ بىر يىلدا سېلىنغان سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى 2 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 634 مىليون يۈەن كۆپ

بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت تەرەققىياتىنى ئايمۇ ئاي يۇقىرى كۆرلىتىشتە، يىللىق پىلاننى ئورۇنداشتا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئۈچىنچىدىن، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىش ھەجمى بىرقەدەر زور بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيتىلگەن تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى 3 مىليارد 235 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 288 مىليون يۈەن، يەنى 66% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 2 مىليارد 220 مىليون يۈەن كۆپەيدى، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 930 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 926 مىليون يۈەن كۆپەيدى، 553 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى؛ تۆتىنچىدىن، باشقا قەرز پۇل كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيگەن تاشقى سودا قەرز پۇلى 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 124 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى؛ كۆپەيتىلگەن سودا قەرز پۇلى 1 مىليارد 377 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 485 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى؛ كۆپەيتىلگەن يېزا - بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلى 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 160 مىليون يۈەن كۆپەيدى. پۈتۈن يىللىق كرېدىت كۆلىمى دۆلەت چۈشۈرگەن كۆلەم ئىچىدە تىزگىنلەندى.

3. نەق پۇل باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پۇل تارقىتىش قاتتىق تىزگىنلەندى. 1993 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۇل زور ھەجىمدە تارقىتىلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.47 ھەسسە ئېشىپ كەتتى؛ كېيىنكى يېرىم يىلدا يەنە مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىش، تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى تېزلىشىش، 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تارقىتىلغان چوڭ سوممىلىق قەرەللىك پۇل ئامانەت چەكلىرىنى قايتۇرۇش قاتارلىق پۇل تارقىلىشىنى كۆپەيتىۋېتىدىغان يېڭى ئامىللار مەيدانغا كەلدى. خەلق بانكىسى كەسپىي بانكىلار بىلەن بىرلىكتە ماكرولۇق تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈچ قېتىم نەق پۇلنى تەكشۈردى. تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە قەرز پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىشى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تەڭشەپ سېتىشنىڭ ياخشىلىنىشى ھەمدە بازارلارنىڭ جانلىنىشى ئارقىسىدا، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە پۇلنىڭ تارقىتىلىشى دۆلەت چۈشۈرگەن كۆلەم ئىچىدە تىزگىنلەندى.

4. پۇل مۇئامىلىسى ئۈستىدىكى نازارەت كۈچەيتىلدى. بىرىنچىدىن، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان 1 مىليارد 710 مىليون يۈەن مەبلەغ ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇۋېلىندى، بۇ، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 64.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ ئىككىنچىدىن، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ توپلاشنى چەكلەيدىغان ۋە مەبلەغنىڭ نامۇۋاپىق ھالدا سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدىغان تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل شەكىلدىكى مەبلەغ توپلاش ۋە مەبلەغنىڭ نامۇۋاپىق ھالدا سىرتقا ئېقىپ كېتىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ توپلاش ۋە مەبلەغنىڭ نامۇۋاپىق ھالدا سىرتقا ئېقىپ كېتىشى ئاساسىي جەھەتتىن چەكلەندى؛ ئۈچىنچىدىن، پۇل مۇئامىلە ئىنتىزامى چىڭىتىلىپ، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ سېلىش چەكلەندى؛ تۆتىنچىدىن، ئۆسۈم نىسبىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىگە خىلاپ ھادىسىلەر قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ بەشىنچىدىن، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئۆزئالدىغا تەستىقلاپ تەسىس قىلىش ئەھۋالى چەكلەندى، قانۇنسىز تەسىس قىلىنغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئېنىقلاندى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئالتىنچىدىن، ھەردەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بانكىنىڭ 37 تارماق ئاپپاراتى ۋە 60 شەھەرلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، 33 يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى پۇل مۇئامىلىسىنى ماكرولۇق تەڭشەش تەدبىرلىرى، ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى، قەرز پۇل كۆلىمى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى.

5. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

ئېكسپورتقا تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش ۋە غەيرىي سودا خاراكتېرلىك تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇلۇپ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورتتىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوت ساپ كىرىمى 157 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىش جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيا، سانائەت خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە تېخنىكا، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش ئېھتىياجىغا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىندى، بۇ جەھەتتە چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت تاشقى پېرېۋوت ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى.

6. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بانكا، شىركەتلەردىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار پاك، ئىنتىزامچان بولۇش ھەققىدىكى بەش ماددىلىق بەلگىلىمىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزى تۈزەتتى، بىر تۈركۈم زور، مۇھىم ئەنزىلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، پۇل مۇئامىلە قوشۇنىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئېڭى يەنىمۇ

ئۆسكەچكە، ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 59.9% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى ئىقتىسادىي ئەنزە 1992 ـ يىلدىكىدىن 14.3% تۆۋەنلىدى. «ئىككىدە ئالدىنى ئېلىش، بىردە كاپالەتلىك قىلىش» ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: بىرىنچى، كرېدىت مەبلىغى جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك، مەبلەغ قىس بولدى. ئىككىنچى، كرېدىت مەبلىغى كۆپلەپ ئىگىلىۋېلىنىپ، ئىشلىتىۋېلىنىپ كەتكەچكە، ئوبوروتى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش زىددىيىتى كۆنىيىپ گەۋدىلىنىپ، بانكىلارنىڭ تىجارەت قىلىشى قىيىنلىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىش ئىقتىدارىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. ئۈچىنچى، يېڭى ـ كونا تۈزۈلمىلەرنىڭ ئالمىشىش جەريانىدا، ئۈنۈملۈك چەكلەش مېخانىزمى ۋە خەۋپ ـ خەتەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخى ئورنىتىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ توپلاش، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ سېلىش، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ يۆتكەش قاتارلىقلارنى چەكلەش تەس بولدى، شۇنىڭ بىلەن بانكىلارنىڭ ئامانەت توپلىشى بىۋاسىتە زەربىگە ئۇچرىدى، يۇقىرىقىلار ۋە بانكا قەرز پۇلىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشلار پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، كرېدىت مەبلىغىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

جياڭ گوجيەن

## پۇل مۇئامىلە تەرتىپى ياخشىلاندى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى پائالىيىتىدە بىر مەھەل كەلسە ـ كەلمەس ئۆتنە ـ بېرىم قىلىش، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ سېلىش، كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ توپلاش ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كەلسە ـ كەلمەس تەسىس قىلىش مەسىلىلىرى كۆرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1993) 6 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ياخشىلاش، پۇل مۇئامىلە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش توغرىسىدا 14 ماددىلىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىنغان مەبلەغ ئەستايىدىل ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇۋېلىندى. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردىكى 15 پۇل مۇئامىلە بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مەبلەغ بازارلىرى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى؛ كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە ـ بېرىم قىلغان مەبلىغىدىن 1 مىليارد 710 مىليون يۈەننى يىغىۋالدى، بۇ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك مەبلەغنىڭ 9. 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك چەكلەندى. بىرىنچىدىن، بانكىلارنىڭ كارخانىلارغا قوشقان پېيى، سالغان مەبلىغى ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ كرېدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۆي ـ مۈلۈك، پاي چېكى سېتىۋېلىپ ھايىنىغا سېتىش قاتارلىق مەسىلىلىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ ئۈچىنچى، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى كرېدىت مەبلىغىنىڭ مەدىتىدە ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان گەۋدىلەر بەلگىلىمە بويىچە ئايرىۋېتىلدى؛ تۆتىنچى، مەبلەغنىڭ نامۇۋاپىق ھالدا كۆپلەپ سىرتقا ئېقىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «سىرتقا ئېقىپ كەتكەن مەبلەغنى قەتئىي، دەرھال قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلىپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

كەلسە ـ كەلمەس مەبلەغ توپلاش مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توپلانغان ھەرخىل ئىجتىمائىي مەبلەغ 2 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل تارماقلار تەستىقلىغىنى ئاران 180 مىليون يۈەن ئەتراپىدا، بۇ، ئىجتىمائىي مەبلەغنى ئۈنۈملۈك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى ھەم بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئىجتىمائىي مەبلەغ توپلاشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مەبلەغ توپلاش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇردى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كەلسە ـ كەلمەس تەسىس

قىلىش ھەمدە غەيرىي پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەندى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى كەلسە كەلمەس تەسىس قىلىشنى قەتئىي چەكلەش ۋە تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقىسىز قۇرۇۋالغان ئون مالىيە ئىشلىرى شىركىتى ۋە بىر ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇردى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مالىيە ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا تارماقلىرى مەمۇرىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ زورلۇق بىلەن يولغا قويغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپى تۈزىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق بانكىسى ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تەستىقلاپ تەسىس قىلغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ تۈزەتتى.

جاڭ پۇشى

## بانكا كرېدىتى ۋە نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1992 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد 742 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، يىللىق ئامانەت توپلاش پىلانى %58.71 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى؛ قەرز پۇل قالدۇقى 1992 - يىلدىكىدىن 8 مىليارد 650 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، كرېدىت كۆلىمى ئىچىدە تىزگىنلەندى؛ مۇشۇ بىر يىلدا بانكىلارنىڭ نەق پۇل كىرىمى 1992 - يىلدىكىدىن 32 مىليارد 382 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %64.74 ئاشتى، نەق پۇل چىقىمى 1992 - يىلدىكىدىن 33 مىليارد 231 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %62.8 ئاشتى، نەق پۇل كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلاشتى، مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان پۇل 1992 - يىلدىكىدىن %29.3 كۆپ بولدى.

1. پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر كۆپ بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئامانەت پۇل 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 269 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپىيىپ، بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈچەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 953 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 478 مىليون يۈەن ئاز كۆپەيدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى پۇل ئامانىتى يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 483 مىليون يۈەن كۆپەيدى، 1992- يىلدىكىدىن 1 مىليارد 422 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى؛ يېزىلارنىڭ ئامانەت پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 371 مىليون يۈەن كۆپەيدى، 1992 - يىلدىكىدىن 332 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى.

2. قەرز پۇل خېلى كۆپەيدى، مۇشۇ بىر يىلدا قەرز پۇل 1992 - يىلدىكىدىن 577 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى. تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 756 مىليون يۈەن كۆپەيدى، 1992 - يىلدىكىدىن 183 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قەرز پۇلى 2 مىليارد 106 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 643 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى. سودا قەرز پۇلى 2مىليارد 310 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 892 مىليون يۈەن ئاز كۆپەيدى، سودا قەرز پۇلىنىڭ ئاز كۆپىيىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، پاختىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، قەرز پۇلنىڭ بانكىغا قايتىش ئەھۋالى 1992 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلى 267 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 82 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 520 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 320 مىليون يۈەن ئاز كۆپەيدى. تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 235 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 288 مىليون ئارتۇق كۆپەيدى، بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ كۆپىيىشى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليارد 219 مىليون يۈەن كۆپىيىپ 931 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى.

3. مۇشۇ بىر يىلدا پۇلنىڭ تارقىتىلىشى خېلىلا كۆپ بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان پۇل 1992 - يىلدىكىدىن 849 مىليون يۈەن، يەنى %29.3 كۆپ بولدى. تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى ۋە ئامانەت قەرز پۇلنىڭ بانكىغا قايتىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا سېتىلغان تاۋار كىرىمى1992- يىلدىكىدىن 5 مىليارد 761 مىليون يۈەن، يەنى %46.45 كۆپەيدى؛ پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمى 1992 - يىلدىكىدىن 907 مىليون يۈەن، يەنى %42.46 كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىستېمال فوندى قاتارلىق نەق پۇل چىقىمىنىڭ ئېشىشى زور بولدى، ئىش ھەققى خاراكتېرلىك چىقىم 1992 - يىلدىكىدىن 5 مىليارد 185 مىليون يۈەن، يەنى %36.02 كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 1992 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 15 مىليون يۈەن، يەنى %47.82 كۆپەيدى؛ مەمۇرىي، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى 2 مىليارد 131 مىليون يۈەن، يەنى %78.58 كۆپەيدى.

جى خۇيپىڭ

## خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى

1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل قالدۇقى 24 مىليارد 412 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلنىڭ

ئاخىرىدىكىدىن 5 مىليارد 32 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1992- يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 873 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپىيىپ، ئازادلىقتىن بۇياقى يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

ياڭ جيەنجۈن

## مەخسۇس قەرز پۇل

1993 - يىلى خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى مەخسۇس قەرز پۇلدىن 437 مىليون 240 مىڭ يۈەن تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 284 مىليون 820 مىڭ يۈەن؛ كونا ئازاد رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، چەت - ياقا رايون ۋە نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 69 مىليون 540 مىڭ يۈەن؛ نامرات رايونلاردىكى ناھىيىلەر باشقۇرغان كارخانىلار ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 10 مىليون 310 مىڭ يۈەن؛ تاشقى پىرېۋوت سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 22 مىليون 370 مىڭ يۈەن؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا بېرىلگەن مەخسۇس قەرز پۇل 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ چېگرىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەرەققىيات رايونى قۇرۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن مەخسۇس قەرز پۇل 30 مىليون يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلى جەمئىي 181 ئاساسىي قۇرۇلۇشقا، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە بىر قىسىم ئۆچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۇلۇك مەبلىغى ۋە تۇراقسىز مەبلەغ ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەخسۇس قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش پىلانى %103.1 ئورۇندالدى، 72 تۈرگە بېرىلگەن قەرز پۇل تولۇق قايتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدىكى مەخسۇس قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 866 مىليون يۈەن بولدى.

ليۇ چۈنياڭ

## سۇغۇرتا بازىرى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇغۇرتا كارخانىلىرىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى ۋە سۇغۇرتا پۇل ئامانىتى 572 مىليون 960 مىڭ يۈەن (سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 383 مىليون 858 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا پۇل ئامانىتى 189 مىليون 102 مىڭ يۈەن)، ئومۇمىي تۆلەم پۇل 272 مىليون 903 مىڭ 700 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى ۋە سۇغۇرتا پۇل ئامانىتى 461 مىليون 72 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %43.33 كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇغۇرتا كەسپى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 80.47 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭ بىرسال تۆلەم پۇل نىسبىتى %62.38 بولدى؛ پىڭئەن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 102 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %37.1 كۆپىيىپ، %17.82 نى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭ بىرسال تۆلەم پۇل نىسبىتى %62.2 بولدى؛ جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى ۋەكالەت ئورنىنىڭ 9 مىليون 795 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.71 نى تەشكىل قىلدى، ئۇنىڭ بىرسال تۆلەم پۇلى نىسبىتى %11.33 بولدى.

1993 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەكالەت ئورنى قۇرۇلۇپ، سۇغۇرتا بازىرىنى بىرلا ئورۇن مونوپول قىلىۋېلىش ئەھۋالى بۇزۇپ تاشلاندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى 12 ناھىيە، شەھەردە سۇغۇرتا شۆبە - تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ شى، تۈەنلىرىدە سۇغۇرتا تورى تەسىس قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، بىر قىسىم يېزا - بازارلاردىمۇ سۇغۇرتا ۋەكالەت نۇقتىلىرى قۇرۇلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 26 يېڭى سۇغۇرتا تۈرى يولغا قويۇلدى، مەسىلەن: خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «قان بەرگەندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان جىگەر ياللۇغى سۇغۇرتىسى»، بىڭتۈەن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «نەشپۈت سۇغۇرتىسى»، ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «ئاھالىلەرنىڭ توك ئىشلىتىش ئامانلىق سۇغۇرتىسى» قاتارلىقلار.

سۇغۇرتا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان ئۆز ئالدىغا يېڭى سۇغۇرتا تۈرلىرىنى يولغا قويۇش، كەسپىي تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىش ئەھۋاللىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ئايرىم جايلاردىكى ھۆكۈمەت، تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ سۇغۇرتىنى ئۆز ئالدىغا بېجىرىشى چەكلىنىپ، تەرتىپلىك سۇغۇرتا بازارلىرى بەرپا قىلىندى.

تيەن جىڭ

## ئاكسىيە بازىرى

1. پاي چېكى بازارلىرى بوسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئون پاي چېكى چەكلىك شىركىتى تەستىق بويىچە ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە 87 مىليون 850 مىڭ پاي تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ «خۇڭيۈەن» ھاۋالە مەبلەغ چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى تۇنجى قېتىم 45 مىليون پاي چېكى بېلەتنى ئاشكارا تارقاتتى، دۆلەتنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركەتلىرىنىڭ ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قولىدىكى پاينى قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر پىكرىگە ئاساسەن، بارلىق

چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قولىدىكى پاي چېكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ بېرىش يولغا قويۇلدى.

2. قەرز چېكى تارقىتىش بازىرىنىڭ كۆلىمى بەلگىلىك كېڭەيدى. بىرىنچىدىن، تارقىتىلىش مىقدارى كۆپەيدى، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 2 مىليارد 241 مىليون 610 مىڭ يۈەنلىك قەرز چېكى تارقىتىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق كۆپ؛ ئىككىنچىدىن، قەرز چېكى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى، مەبلەغ توپلاشتا دۆلەت ۋە بانكا ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، توپلانغان مەبلەغ سوممىسى تارقىتىلغان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى، كارخانىلارنىڭ قەرز چېكى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەش سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن تارقىتىلمىدى.

3. ئاكسىيە بازىرى كۈندىن كۈنگە جانلاندى. شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋە 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شاڭخەي ئاكسىيە سودىسى ئورنى ۋە شېنجېن ئاكسىيە سودىسى ئورنىدا سودا مەخسۇس لىنىيىسىنى ئاچتى؛ جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئاكسىيە سودا تىجارەت بۆلۈمى ئىككى ئاكسىيە سودىسى ئورنىدا سودا مەخسۇس لىنىيىسىنى ئاچتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك پاي چېكى سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 265 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4. ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى بەلگىلىك راۋاجلاندى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئاكسىيە تىزىملاش شىركىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى، 10 - ئايدا جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن مەخسۇس، قوشۇمچە ۋە ۋەكالىتەن شۇغۇللىنىدىغان كۆپ قاتلاملىق ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاكسىيە بازىرى تەشكىلىي سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

جاۋ بىڭ

**ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى بازىرى جانلاندۇرۇلدى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى سېتىۋالغان ئالتۇن 84 مىڭ 354 سەر بولۇپ، باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلان %75.7 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، 1992 - يىلدىكىدىن %26.8 ئاشۇرۇلدى. ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ بىر يىلدا مەخسۇس 33 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، غۇلجا ئاشى ئالتۇن كېنىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ۋە قابا ئالتۇن كېنىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى بازىرى جانلاندى. خەلق بانكىسى مۇشۇ يىلى پاساپ ساتقان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلگەن ئالتۇن 1090 كىلوگىرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %122.1 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بەلگىلەنگەن زاۋۇتلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن ۋە سېتىش نۇقتىلىرى ئىچكىرىدىن بىۋاسىتە كىرگۈزگەن مال خېلى ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ يىللىق سېتىلىش مىقدارى 1.73 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %93.7 ئاشتى.

چېن خۇي

**شەھەر ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەستىق بويىچە قۇرۇلغان شەھەر ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى جەمئىي 101 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 33 ى كۆپەيدى. شەھەر ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 1470 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1000 دىن ئارتۇق. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى پۇل ئامانىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 537 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 999 مىليون 550 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ قەرز پۇل قالدۇقى 812 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 469 مىليون 160 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. پايدىسى 24 مىليون 771 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

ما جۈن

**تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئېكسپورتتىن مەركەزگە تاپشۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت 66 مىليون 460 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلغىنى 11 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغىنى 50 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، غەيرىي سودا ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 18 مىليون 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تەستىق بويىچە سەرپ قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 253 مىليون 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17 ئازايدى، تاشقى پېرېۋوتنىڭ سەرپ قىلىنىشى ئاساسى جەھەتتىن مۇۋاپىق بولدى.

1. ئېكسپورتتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 288 مىليون 580 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، تەكشۈرۈپ

ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش نىسبىتى 100.6% كە يەتتى. شۇنىڭدەك تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى چىڭىتىش، تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى يېتەكلەش ئارقىلىق 53% تىن ئارتۇقراق تاشقى پېرېۋوت سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا سەرپ قىلىندى.

2. ساياھەت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى كۆپەيتىلدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ھەمدە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشتەك پايدىلىق شارائىت چىڭ تۇتۇلدى، غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى 1 - خىلدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئامېرىكا دوللىرى ھېساباتى ئېچىپ بېرىلىپ، ھېسابات قىلىشتا قولايلىق يارىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە چەت ئەل پۇللىرىنىڭ ئوبوروت بولۇش ئەھۋالى ئېنىقلاندى.

3. ئاپپاراتلار ئىخچاملىنىپ، ھوقۇق چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، سىياسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن چېگرىدىن چىققۇچى خادىملار ئىشلەتكەن پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، چەت ئەلگە چىققۇچىلارنىڭ پېرېۋوت ئىشلىتىش رەسمىيىتى ئاددىيلاشتۇرۇلدى. يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىغا داۋاملىق مايىللىق سىياسەت يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارغا تاشقى پېرېۋوت قالدۇرۇش نىسبىتى زورايتىلدى، چېگرا ئېغىزى رايونلىرىدا تاشقى پېرېۋوت ئورنىغا تاشقى پېرېۋوت بېلىتى ئىشلىتىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئازايتىلدى.

4. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپىگە بولغان باشقۇرۇش - نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىدىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 118 (بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورنى 20) گە يەتتى. شىنجاڭ خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ باھالاپ چىقىلدى.

5. چەتنىڭ مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ كەسپىي ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تەستىق بويىچە قۇرۇلغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان ھەر قىسىم كارخانىلار تىزىملىنىپ ئەنگە ئېلىندى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا تاشقى پېرېۋوت تەڭشەپ بېرىش قاتارلىق تاشقى پېرېۋوت كەسپلىرى پائال ئىشلەندى.

6. تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن تاشقى پېرېۋوتقا دائىر قانۇنغا خىلاپ ئەنزە جەمئىي 18. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىيلار تاشقى پېرېۋوتنى ئېلىپ - سېتىش ئەنزىسى سەككىز، پېرېۋوت ئالدامچىلىقى ئەنزىسى ئۈچ، تاشقى پېرېۋوت ھايانكەشلىكى ئەنزىسى يەتتە، قانۇنغا خىلاپ سومما جەمئىي 2 مىليون 299 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تاشقى پېرېۋوت ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تاشقى پېرېۋوت قاراڭغۇ بازىرىغا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى.

ماۋ شياۋفېي

## تاشقى پېرېۋوت تەڭشەش بازىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئورگانلىرىغا جەمئىي 1279 قېتىم تاشقى پېرېۋوت تەڭشەپ بېرىلدى، سوممىسى 176 مىليون 554 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ئاھالىلەرگە 4206 قېتىم تاشقى پېرېۋوت تەڭشەپ بېرىلدى، سوممىسى 3 مىليون 225 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، 221 مىڭ شياڭگاڭ پۇلىغا يەتتى. سەرپ قىلىنىش يۆنىلىشى ئاساسەن مۇنداق بولدى: ھەج قىلغۇچىلارغا سەرپ قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 910 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى، چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاشقا چىققانلار سەرپ قىلغان تاشقى پېرېۋوت 335 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، 84 مىڭ شياڭگاڭ پۇلى، چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ دەم ئېلىشتا چىقىش پۇلى، پېنسىيىگە چىقىش پۇلى، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پۇلى، ۋەزىپىسىدىن چېكىنىش پۇلى، نەپىقە پۇلى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 102 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، 160 مىڭ شياڭگاڭ پۇلى، باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 65 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

لى جىڭ

## يەرلىك غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتى كىرىم پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 69 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 126.1% ئاشتى،

يىللىق پىلان 201% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھاجىرلار تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ساياھەت تارماقلىرىنىڭ كىرىمى 20 مىليون 170 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 44.4% ئاشتى؛ ساياھەت ئاۋارلىرىدىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 810 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 31.8% ئازايدى؛ تۆمۈر يول كىرىمى 5 مىليون 240 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 445.8% ئاشتى؛ ئاۋىئاتسىيە كىرىمى 7 مىليون 910 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 92.9% ئاشتى؛ تاپشۇرۇۋېلىنغان چەت ئەل پۇلى 4 مىليون 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1033.3% ئاشتى؛ باشقا غەيرىي سودا كىرىملىرىدە پىلان بىردەك ئورۇندالدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە غەيرىي سودا چىقىمى 4 مىليون 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 613.8% ئاشتى، ئاساسلىق چىقىم تۈرلىرى ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ چىقىمى ۋە باشقا خىراجەتلەر، چەت ئەلگە چىققان خادىملار خىراجىتى ۋە باشقا غەيرىي سودا چىقىملىرىدىن ئىبارەت.

فەن شۆپىڭ

## تاشقى قەرزنى ستاتىستىكىلاش ۋە مۆلچەرلەش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرزى 318 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، يىل ئاخىرىدا تاشقى قەرز قالدۇقى 819 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 35.34% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت قەرزى 82 مىليون 320 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 10.04% نى ئىگىلىدى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىنىڭ قەرزى 101 مىليون 391 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 12.37% نى ئىگىلىدى، سودا قەرز پۇلى 176 مىليون 186 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ 21.5% نى ئىگىلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرزى 448 مىليون 664 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 54.74% نى ئىگىلىدى. باشقا قەرزلەر 11 مىليون 26 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1.35% نى ئىگىلىدى. بۇ مەبلەغ، ئاساسلىقى، ئېنېرگىيە سانائىتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، مۇلازىمەت، قاتناش، خەۋەرلىشىش، ماتارىپ قاتارلىق كەسىپلەرگە سېلىندى. 1993 ـ يىلى قايتۇرۇلغان تاشقى قەرزدىكى 53 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئۆسۈمى 29 مىليون 590 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزنىڭ 71.887 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

ياڭ شىنجيەن

## مۇپەتتىشلىك خىزمىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى 92 پۇل مۇئامىلە ئورگىنىنى تەكشۈرۈپ مۇپەتتىشلىك قىلدى، تەكشۈرۈپ چىقىلغان بەلگىلىمە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان سومما 2 مىليارد 637 مىليون 440 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دائىرىدىن ھالقىپ جەلپ قىلىنغان ئامانەت پۇل 51 مىليون 596 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى خەلق پۇل ئامانىتىگە ئايلاندۇرۇلغىنى 4 مىليون 158 مىڭ يۈەن، مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلدىن يۆتكىۋېتىلگىنى 52 مىليون 726 مىڭ يۈەن، كېچىكتۈرۈلگەن، قالدۇرۇپ قويۇلغان، ئاز تاپشۇرۇلغان مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل ۋە ئامانەت تەييارلىق فوندى 101 مىليون 799 مىڭ يۈەن، دائىرىدىن ھالقىپ، نىسبەتتىن ئاشۇرۇپ تارقىتىلغان قەرز پۇل 127 مىليون 90 مىڭ يۈەن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سېلىنغان مەبلەغ ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تارقىتىلغان باشقا قەرز پۇل 244 مىليون 518 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىگە خىلاپ سومما 79 مىليون 645 مىڭ يۈەن، ھېسابات ئىنتىزامىغا خىلاپ سومما 1 مىليارد 101 مىليون 69 مىڭ يۈەن، ئۆتتە ـ يىرىم كەسپىدە بەلگىلىمىگە خىلاپ سومما 627 مىليون 637 مىڭ يۈەن، بەلگىلىمە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئىشلىتىلگەن باشقا سومما 247 مىليون 202 مىڭ يۈەن. بەلگىلىمە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ بۇ مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلغىنى 151 مىليون 416 مىڭ يۈەن، توڭلىتىلغان ئامانەت پۇل 6 مىليون 509 مىڭ يۈەن، ئاز تاپشۇرۇلغان مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلدىن يىغىۋېلىنغىنى ۋە تەييارلىق پۇلدىن تولۇقلانغىنى 21 مىليون 255 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي ئوقتۇرۇش ئارقىلىق 14 ئورۇن تەنقىد قىلىندى. 27 ئادەم (قېتىم) گە مەمۇرىي چارە كۆرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى، خىزمەتنى ياخشىلاش ھەققىدە 414 پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىلدى. قائىدە ـ ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى.

گېڭ لىرۇڭ

## سېتىلغان پاختىنىڭ پۇلىنى كەينىگە سۆرەش ئەھۋالى ئېنىقلاندى

1993 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باشقا ئۆلكە، شەھەرلەر كەينىگە سۆرىگەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا پۇلى 630 مىليون يۈەنگە، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەلىكىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى كەينىگە سۆرىگەن پاختا پۇلى 620 مىليون يۈەنگە، ئاپتونوم رايونلۇق پاختا ـ چىگە شىركىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پاختا ـ چىگە شىركىتى كەينىگە سۆرىگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پاختا پۇلى

900 مىليون يۈەنگە يەتتى. پاختا تولۇقسىزلىق ساھەسىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولماي، پاختا پۇلىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن يۆتكەپ بەرگەن پاختىنىڭ پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىدى، پاختا بازىرى بىر مەھەل قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، بايلىق سىرتقا چىقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

1993 - يىلى پاختىنىڭ پۇلىنى كەينىگە سۈرۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، پاختا - چىگە شىركىتى، ئىقتىساد كومىتېتى ۋە بانكا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئىشلىدى، مۇشۇ بىر يىلدا باشقا ئۆلكە، شەھەرلەر كەينىگە سۈرەپ كېلىۋاتقان پاختا پۇلىدىن 420 مىليون يۈەننى يىغىۋالدى، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەننىڭ پاختا - چىگە شىركەتلىرى ئۆزلىرى كەينىگە سۈرەپ كېلىۋاتقان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پاختا پۇلىدىن 800 مىليون يۈەننى قايتۇردى ھەمدە يەنە كەينىگە سۈرۈش بوللىرى ئېتىپ تاشلاندى، مەبلەغنىڭ ئايلىنىشى توغرا ئىزغا چۈشۈپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

جاڭ چېڭيەن

# سودا - سانائەت بانكىسى

## سودا - سانائەت بانكىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 16 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14% ئاشتى. قەرز پۇل قالدۇقى 16 مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.3% ئاشتى. قەرز پۇل تارقىتىشتا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان ئاشلىق، ماي، گۆش قەرز پۇلى جەمئىي 2 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولدى، قىزىلچا، يۇڭ، پىلە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى يەنە 300 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى؛ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ئەشيا ماتېرىياللىرى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، قەرز ساناش ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارغا بىۋاسىتە 730 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ بېرىلدى؛ دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ۋە داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 105 تۈرگە 950 مىليون يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى بېرىلدى؛ ئاۋات پەسىل بازىرى ۋە مۇھىم تاۋارلار زاپىسىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى، بايراملىق بازار، ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنى، چېگرا سودىسى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلار ئۈچۈن 350 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىلدى.

پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان مەبلەغ ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇۋېلىندى، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىنغانمەبلەغدىن كېيىنكى يېرىم يىلدا قايتۇرۇۋېلىنغىنى 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان شىركەتلەر ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، ئىچكى قىسمىدىكى ئايرىلىپ چىقىپ كەتمىگەن مۇلازىمەت خاراكتېرلىك شىركەتلەرنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى، ئايرىلىپ كېتىشكە تېگىشلىك شىركەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئايرىۋېتىلدى ھەمدە بەلگىلىمىگە ئاساسەن «غەربىي يۇرت» مەبلەغ بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆسۈم نىسبىتى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش چەكلەندى ۋە تۈزىتىلدى؛ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىچكى باشقۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە بىخەتەرلىككە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈلمىدى.

1993 - يىلنى 1992 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تاشقى پېرېۋوت ئامانىتى 67.2%، تاشقى پېرېۋوت قەرزى 36.7%، خەلقئارا ھېسابات مىقدارى 164% ئاشتى؛ ئوتتۇراق ئۆي ئامانىتى 297%، ئوتتۇراق ئۆي قەرزى 180% ئاشتى.

لىيەن خېڭ

## سانائەت - قاتناش كرېدىتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى ھېسابىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 510 مىليون يۈەن ساپ كۆپىيىپ، 23.6% ئاشتى. مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل

قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ بېرىلدى. ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق خام ئەشيا ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن، چولڭ، ئوتتۇرا ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىغا 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ بېرىلدى. 94 تۈر يېڭىچە يەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەك قەرز پۇل بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئالىي، خىل، ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىلدى.

نۇقتىلىق كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل، ئاساسلىقى، خام ئەشيا سانائىتى قاتارلىق ئاساس سانائەت ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەۋزەل كەسىپلەرگە سەرپ قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان پولات ماتېرىياللىرى، چويۈن، ئاليۇمىن، سېمونت، نېفىت قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى، نېفىت ھەمدە نېفىت خىمىيە سانائىتىگە يەنە 280 مىليون يۈەن مەبلەغ بېرىلدى، بازىرى ئىتتىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرى زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىنىپ 100 مىليون يۈەن مەبلەغ بېرىلىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

جاڭ شياۋيەن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى

1993 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى جەمئىي 950 مىليون يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقاتتى. 210 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى يىغىۋالدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 90 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 730 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى، بۇ، باش بانكا چۈشۈرگەن قەرز پۇلنى ساپ ئاشۇرۇش پىلانىنىڭ 97 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1993 - يىللىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنۇلار: 1) چەكلىك كرېدىت كۆلىمى ۋە مەبلىغى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر ۋە نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا نۇقتىلىق، داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنغان مەبلەغ تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. 2) دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسىپلەرنى تەڭشەش سىياسىتىگە ئاساسەن، قەرز پۇلنىڭ سەرپ قىلىنىشى، ئاساسلىقى، قاتناش، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ماتېرىياللىرى سانائىتىگە مايىل بولۇپ جەمئىي 678 مىليون 900 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى، بۇ، %72 نى تەشكىل قىلدى، بازىرى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چولڭ، ئوتتۇرا تايانچ كارخانىلارغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. 3) تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تۈرلىرىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شۆبە بانكىلار يېڭىدىن ئېچىلغان تۈرلەرنى باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، 50 تىن ئارتۇق تۈرنى باھالىدى ھەمدە 20 دىن ئارتۇق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ خام چوت، نەق چوتىنى تەكشۈرۈپ، قەرز پۇل بېرىش قارارى چىقىرىشنى، تەدبىر بەلگىلەشنى ۋە مەبلەغنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

جاڭ رۇڭ

## سودا كرېدىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى تارقاتقان سودا قەرز پۇلى جەمئىي 9 مىليارد 19 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 704 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئاشتى.

ھەر دەرىجىلىك كرېدىت تارماقلىرى ئاشلىق، ماي سېتىۋېلىشنى مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىندىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كۆلەملىك مەبلەغ قاتارىدىكى مەخسۇس تۈر قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشكە، «ئاق ھۆججەت بېرىش» ئەھۋالىنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئۈنۈمى ياخشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان كارخانىلار ۋە يەرلىك سودا، چېكرا سودىسى كارخانىلىرى نۇقتىلىق مەدەت بېرىش ئوبيېكتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەبلەغ جەھەتتىن ئۇلارغا مايىل بولۇپ ئۇلارنىڭ مەبلەغكە بولغان مۇۋاپىق ئېھتىياجىغا پائال مەدەت بېرىلدى، تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە سودا تۈر - نۇقتىلىرى قەرز پۇلى مۇۋاپىق ئاشۇرۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى مەبلەغ جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، كارخانىلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، نامۇۋاپىق تاۋار ۋە مەبلەغ ئىگىلىۋېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى.

1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى كرېدىت مۈلكىنى ئېنىقلىدى، سودا قەرز پۇلى ئالغۇچى 5279 كارخانىنى، 5 مىليارد 60 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئېنىقلاپ چىقىلغان مەسىلە بار قەرز پۇل 1 مىليارد 369 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 27 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى

كرېدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. قەرز ئالغۇچى كارخانىلارغا قارىتا سېتىشقا قاراپ قەرزنى بېكىتىش، ئاندىن يىللىق ئوبوروت قەرز مىقدارىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۇسۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىردەك ۋاقىتلىق قەرز پۇل بېرىلدى، كارخانىلار مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، بازار ئەھۋالى ھەمدە بانكىنىڭ مەبلىغى، كۆلەم ئىقتىدارىغا قاراپ قەرز پۇل مۇددىتى بەلگىلەندى. كارخانىلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرزنى ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ ئىشلىتىش، بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى تەڭشەشتە جانلىق بولماي، ئوبوروتى ئاستا بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. كرېدىت مەبلىغىنىڭ يىللىق ئوبوروتى 1.78 قېتىم بولۇپ، بىر قېتىملىق ئوبوروتى 1992 - يىلدىكىدىن 36 كۈن تېزلىتىلىپ، مەبلەغنىڭ يۈرۈشۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

چيۇ بەيچۇ

## خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 9 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

1993 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى ئامانەت پۇل كۆپەيسە، ياردەم پۇلىمۇ كۆپىيىش ھۆددىگەرلىك شەكلىنى يولغا قويۇپ، ھۆددىگەرلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتلىرىغا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلدى، بۇ خىل پونكىتلار 1992 - يىلدىكىدىن 22 سى كۆپەيدى؛ تورلاشتۇرۇلغان خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتى 29 غا يەتتى ھەمدە ئىككى «ATM» تىپلىق مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى (پۇلنى ئاپتوماتىك چىقىرىپ بېرىدىغان مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى) ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ كەسىپنى ئىككى كىشى باشقۇرىدىغان تۈزۈمنى بىر كىشى باشقۇرىدىغان تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلدى؛ ئىچكى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلگەنلىكتىن، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان خاتالىق سادىر بولمىدى.

چېن جۈن

## ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى قالدۇقى 6 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۇرلۇك ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 39.96 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى ھەمدە 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 450 مىليون يۈەن ئاشتى. باش بانكا بېكىتكەن سىناش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى ئازىيىپ كەتتى، بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى ئېغىر بولدى، بىر قىسىم كارخانىلار نورمال ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ئىشلىتىپ، جەمئىيەتتىكى مەبلەغ توپلاش، پاي چېكى، ئۆي - زېمىن ئېلىپ سېتىش ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا قاتناشتى. ئىككىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا سېرىقتى تۆۋەن، ئۈنۈمى تۆۋەن، مەبلەغ ئوبوروتى ئاستا بولۇپ، سېتىش كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، نىسبىي ھالدا ئامانەت پۇلىمۇ ئازلاپ كەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭى مالىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كارخانىچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ پۇل ئامانىتى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلغانلىقتىن، ئامانەت پۇلى ئومۇمىي مىقدارى نىسبىي ھالدا تۆۋەنلەپ كەتتى؛ تۆتىنچىدىن، مەبلەغ تۇتقۇچى ئاپپاراتلىرى كۆپىيىپ كېتىپ، كارخانىلار ئىچكى قىسىمدا مەبلەغ توپلاشتىن تاشقىرى، تۇرلۇك غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بانكا پۇل ئامانىتىگە بىۋاسىتە زەربە بەردى.

شاڭ لىپى

## تاشقى پېرېۋوت كەسپى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئامانىتى قالدۇقى 33 مىليون 750 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 67.16% ئاشتى؛ تارقىتىلغان تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى جەمئىي 10 مىليون 910 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 36.7% ئاشتى؛ بېجىرىلگەن خەلقئارا ھېسابات 397 گە، سوممىسى 74 مىليون 790 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 164% ئاشتى؛ تاشقى پېرېۋوت پايدىسى 35.94% ئاشتى.

1993 - يىلى سودا - سانائەت بانكىلىرى كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تاشقى پېرېۋوت ئامانىتىنى كەڭ جەلپ قىلدى، سودا - سانائەت بانكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساقلاپ بېرىش، قەرز بېرىش، پېرېۋوت قىلىپ بېرىشكە ئوخشاش مۇلازىمەتلىرى ئارقىلىق چەت ئەل پۇلى ئامانىتىنى جەلپ قىلدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەق پېرېۋوت كىرىدىغان ئېكسپورت سودىسى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېكسپورت سودىسىدىكى ھېسابات كەسپىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى، بېجىرىلگەن ئېكسپورت سودىسى

ھېسابات كەسپىنىڭ سوممىسى 1992 - يىلدىكىدىن 431.58% ئاشتى.

خۇاڭ شىنخەي

### ئۈرۈمچى ئىناۋەتلىك كارتا ئورنى

جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى ئۈرۈمچى ئىناۋەتلىك كارتا ئورنى 1992 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «مۇدەن» ئىناۋەتلىك كارتا كەسپىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى مەملىكەت بويىچە مۇشۇ كەسىپ بىر قەدەر بالدۇر يولغا قويۇلغان شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇ كەسىپنى شىنجاڭ شۆبە بانكا تۇنجى بولۇپ يولغا قويدى. بۇ كەسىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كەسپىي ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، كارتوچكا ئالغانلار تېز كۆپىيىپ، ئىناۋەتلىك قەرز بازىرى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىيەتكە 12 مىڭ كارتا تارقىتىلدى، ئالاھىدە توختاملاشقان سودىگەر 180 دىن كۆپرەككە يەتتى، «مۇدەن» كارتوچكىسىنى بېجىرىدىغان ئامانەت پونكىتى 65 كە يەتتى، شەھەر بويىچە 1993 - يىلى بېجىرىلگەن سودا - سېتىق 58 مىڭ 489 قا، سودا ئومۇمىي سوممىسى 518 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ۋە شىنجاڭ شۆبە بانكا «مۇدەن» كارتىسى كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، زامانىۋى ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى ھەمدە ئىلغار خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، «مۇدەن» كارتىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. بانكىلارنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىناۋەتلىك كارتا بۆلۈمىنىڭ «مۇدەن» كارتىسى كەسپىدە تېلېفون بانكىسى، تېلېفون ئارقىلىق ئاپتوماتىك ھوقۇق بېرىش، «ATM»، «POS» ھەمدە چىقىم قىلىشنى ئاخىرقى نۇقتىدا ئاپتوماتىك توختاتقۇچ قاتارلىق ئېلېكترونلۇق پۇل سىستېمىسى يولغا قويۇلدى، سورۇشتۇرۇش، ھوقۇق بېرىش، چىقىم قىلىشنى توختىتىش بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇپ ۋە ئاخىرقى نۇقتىدا چىقىم قىلىشنى توختىتىش ئاپتوماتلاشتۇرۇلۇپ، خىزمەت ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، مەبلەغ ھېسابلاش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، كەسپىي خەتەر ئازايتىلدى. نۆۋەتتە شەھەر بويىچە «ATM» ئاپپاراتىدىن ئالتىسى، «POS» ئاپپاراتىدىن 50 ى، چىقىم قىلىشنى توختىتىشنى ئىزدەپ تاپقۇچتىن 400 ى ئورنىتىلىپ، قولىدا كارتىسى بار كىشىلەر ۋە ئالاھىدە توختاملاشقان سودىگەرلەر ئۈچۈن ئىنتايىن زور قولايلىق يارىتىلىپ، «مۇدەن» كارتىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنىدى.

ئۈرۈمچى «مۇدەن» كارتىسى بىلەن ئالاھىدە توختاملاشقان ئورۇنلار پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى، چېتىلىدىغان كەسىپلەرمۇ كۆپەيدى، جايلاردىكى قولىدا كارتىسى بار كىشىلەر مال سېتىۋېلىش، ئىستېمال قىلىش، تاماق، ياتاق، سەپەر، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ھېسابات مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ھازىر بار بولغان ئالاھىدە توختاملاشقان ئورۇنلار ئىچىدە سودا ئورنى 96، شەھەردىكى ئاساسلىق سودا سارايلىرى، سودا شەھىرى، سودا دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى «مۇدەن» كارتىسىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى؛ ئالىي مېھمانخانا، مېھمانخانا، مەيخانا، ئاشخانا 85؛ ئالىي دەرىجىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 15. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاش، دىئاگنوز قويۇش - داۋالاش، يول ئاسراش ھەققى، گۇۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈش، ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىش، سۆزلىشىش ھەققىنى ۋەكالىتەن يىغىش قاتارلىق كەسىپلەردە «مۇدەن» كارتىسى كەسپىي مۇلازىمىتى يولغا قويۇلماقچى.

ئۈرۈمچى سودا - سانائەت بانكىسى

# قۇرۇلۇش بانكىسى

### قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتىدىن ئومۇمىي بايان

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئامانەت پۇلنى كۆپەيتىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر بانكا بويىچە ئادەتتىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 23.54% ئېشىپ، باش بانكا بېكىتىپ بەرگەن يىللىق ئامانەت پۇلنى كۆپەيتىش پىلانى 192.43% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيگەن كارخانا ئامانەت پۇلى 1992 - يىلدىكىدىن 6.14% ئېشىپ، ۋەزىپە 106.46% ئورۇندالدى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇلى 50.24% ئېشىپ، ۋەزىپە 226.8% ئورۇندالدى.

مۇشۇ بىر يىلدا بېجىرىلگەن كەسپىي ئىشلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن 16.12%، كىرىدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىلىپ تارقىتىلغان تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ كۆپەيتىلگەن قالدۇقى 45.92% ئاشتى، يىل ئاخىرىدا كۆرسەتكۈچتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 100% بولدى. تىزگىنلىنىدىغان كىرىدىت كۆلىمى ئىچىدە دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭ، ئوتتۇرا، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجى ۋاقتىدا تەمىن ئېتىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار «ئاق مۇجىجەت» بەرگەن 49 مىليون يۈەن قەرز ھەل قىلىپ

بېرىلدى.

قۇرۇلۇشلارنىڭ تەخمىن چوتى (خام چوتى) نەق چوتىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈكەيدە نازارەت قىلىش ۋە ئورۇنلارغا مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىش يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ۋە ئورۇنلار ئۈچۈن قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن جەمئىي 297 مىليون 850 مىڭ يۈەن تېجەپ قىلىندى.

چېن دېفا

## قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەكشۈرگەن قۇرۇلۇش لايىھەسىدىكى تەخمىن چوت (ھۆددىگەرلىك توختامى كېلىشىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، خام چوت، نەق چوت ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليارد 675 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن قىممەت 257 مىليون 550 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگەن قىممەت 18 مىليون 290 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن ساپ قىممەت 239 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېكىتىلگەن لايىھەدىكى قىممەت 4 مىليارد 473 مىليون 850 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن قىممەت 255 مىليون 520 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگەن قىممەت 17 مىليون 480 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن ساپ قىممەت 238 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولدى. تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تەخمىن چوتىدىكى قىممەت 279 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ساپ كېمەيتىلگىنى 19 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولدى؛ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش خام چوتىدىكى قىممەت 946 مىليون 480 مىڭ يۈەن، ساپ كېمەيتىلگىنى 33 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى؛ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش نەق چوتى 2 مىليارد 399 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ساپ كېمەيتىلگىنى 109 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولدى؛ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش نەق چوتى 848 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ساپ كېمەيتىلگىنى 75 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە بۆلۈپ بېرىلگەن، قەرز بېرىلگەن پۇللارنى ۋە مالىيە مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نامۇۋاپىق چىقىمدىن 252 نى چەكلەپ، 33 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغنى تېجەپ قالدى. 1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى، جۇڭگو قۇرۇلۇش باھاسىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلۇش بانكا كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدا مەسلىھەت مۇلازىمەتچىلىكى ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، ئىشتىكى 320 خادىمدىن ئىمتىھان ۋە سىناش ئېلىندى، قۇرۇلۇش باھاسىنى تەكشۈرۈش، مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە سودا - سانائەت، ئەدلىيە ئورگانلىرى ھاۋالە قىلغان ئىشلار قوبۇل قىلىنىپ بېجىرىلدى.

يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 28 قارار كۇرس ئېچىلىپ، بانكا ئىچى - سىرتىدىكى مالىيە بوغالتىرلىرىدىن 2000 نەچچە ئادەم (قېتىم) تەربىيەلەندى.

چېن دېفا

## نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بېجىرگەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى 13، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ئۈچ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ئون. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى 13 مىليارد 234 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ 81.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كۆپ ساندىكى تۈرلەر قۇرۇلۇشقا پۇل سەرپ قىلىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە، ئاخىرلىشىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىگە قاراشلىق نېفىتلىكلەر، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ساپ شۆلتا زاۋۇتى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ مەبلىغى مەخسۇس تۈر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 9 مىليارد 259 مىليون يۈەن بولدى، 590 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ كەملەيدىغانلىقى سېزىلدى، تەخمىن چوت پىلانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئېشىپ كەتكىنى 60 مىليون 660 مىڭ يۈەن، نازارەت قىلىشقا قارىغاندا، مەبلەغ سېلىش پىلانى ئوبدان ئەمەلىيلەشكەن. 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە مەبلەغدە جىددىيلىك كۆرۈلۈپ، تۈرلەرنىڭ مەبلىغى ئەمەلىيلەشمىگەن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 89 مىليون يۈەن ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى ئويۇشتۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ مەبلەغ جەھەتتىكى تەمىنلەش - ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيىتىنى ھەل قىلدى، تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتى. مايتاغ پولىئېستېر قۇرۇلۇشىغا مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليارد 170 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش بانكىسى بەرگەن قەرز پۇل 985 مىليون يۈەن. تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش

ئۆچۈن، كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ بىر تۈركۈم خەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلەر ئېنىقلىنىپ، قىسقارتىلىپ ۋە كېمەيتىلىپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1992 - يىلى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك 103 ئورۇننىڭ رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا دائىر مالىيە نەق چوتىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەپ، مەركەز دەرىجىلىك نەق چوتنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەپ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 114 ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ھەمدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا دائىر مالىيە نەق چوتىنى خۇلاسىلەپ، يۇقىرىغا يوللىغان جەدۋەل باش بانكا تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تۈرلەرنى باھالاش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، 84 تۈر باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل بېرىش ۋەدە قىلىنغان تۈر 61؛ باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق مەبلەغ سېلىشنى تەڭشەش تەكلىپى بېرىلگەن ھەمدە تەكلىپ قوبۇل قىلىنغان تۈر 22. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭشەش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن تۈر 14، كۆپەيتىلگەن مەبلەغ 145 مىليون يۈەن. تەڭشەپ كېمەيتىلگەن تۈر تۆت، كېمەيتىلگەن مەبلەغ 14 مىليون 30 مىڭ يۈەن. مەملىكەت بويىچە سېمونت، ئاليۇمىن سانائىتى، ئاپتوموبىل سانائىتىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپكە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈرىنى تەكشۈرۈش ۋە توققۇز مەبلەغ سېلىش تۈرىگە دائىر كېيىنكى باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ نېفىت شۆبە بانكىسى بىلەن تارىم نېفىتلىكى كەسپىي تارماق بانكىسى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسى تەرىپىدىن 1992 - يىللىق مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق تۈرلەرنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئۈلگىمىگە يەتكەن ئىلغار بانكا دەپ باھالاندى.

چېن دېڭا

## كرېدىت باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى كرېدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ تارقاتقان قەرز پۇل قالدۇقى 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %92 .45 ئاشتى، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى كۆرسەتكۈچتە ئىگىلىگەن نىسبىتى %100 كە يەتتى، بۇ، باش بانكا ۋە خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بېكىتىپ بەرگەن كرېدىت ئومۇمىي كۆلىمى ئىچىدە قاتتىق تىزگىنلەندى.

پۈتۈن بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ياخشى بولدى، كرېدىتنىڭ تارقىتىلىشى جەھەتتە مەبلەغ ئەھۋالىغا ئاساسەن مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈلدى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە، زاپاس مىقدارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى؛ دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى، ياخشىلىرىنى يۆلەپ، ناچارلىرىنى چەكلەش پرىنسىپى ۋە باش بانكىنىڭ قەرز پۇل باشقۇرۇشقا دائىر يېڭى چارىسىگە ئاساسەن، تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش جەھەتتە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى تەمىنلەنگەندىن تاشقىرى، قالغان قەرز پۇل ئارقىلىق نېفىت، توك، خەۋەرلىشىش، شېكەرچىلىك، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى؛ تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى قەرز پۇلى مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيتىلگەن كۆلەمنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى، بۇ قەرز پۇل دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق، چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلدى. قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇللار داۋاملىق ئېنىقلاپ يىغىۋېلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل جەمئىي 341 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، قەرەلى ئېشىپ كېتىش نىسبىتى باش بانكا بېكىتكەن نىسبەت ئىچىدە تىزگىنلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا كرېدىت قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇاپىق بولدى، كەسىپلەرگە بېرىلگەن مەبلەغنىڭ نىسبىتى مۇنداق بولدى: يېنىك سانائەت %6.71، يېزا ئىگىلىك %2.26، ئېغىر سانائەت %21 .46، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش، قېدىرىپ تەكشۈرۈش، لايىھىلەش %33 .15، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، سودا، ئاشلىق، تاشقى سودا، پەن تەتقىقاتى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، شەھەر قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلارمۇ مۇئەييەن نىسبەت ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل تۈرى 21. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى توققۇز (چوڭ تىپتىكى بىر تۈر شۇنىڭ ئىچىدە)، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 12، ئىشقا ئاشۇرۇلغان قىممەت 357 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، باج .سوممىسى 39 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

چېن دېڭا

## ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى، يىل ئاخىرىغا قەدەر جەلپ قىلغان ئۆي ئىسلاھاتى مەبلىغى ھېسابىدىكى ئامانەت پۇل 1992 - يىلدىكىدىن %72 .13 ئاشتى. ئۆي - زېمىن ئىسلاھاتى مەبلىغى ھېسابىدا تارقىتىلغان قەرز پۇل 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 .68 كۆپەيتىلدى. شەھەرلەردە تۇرالغۇ ئۆي سېلىشقا مەدەت بېرىلىپ، مەبلەغ جۇغلاپ ھەمكارلىشىپ سېلىنغان ئۆي ۋە شەھەرلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەر ئۆزگەرتىپ سېلىنغان ئۆي 654 مىڭ

كۆادرات مېتىر، پۈتكەن ئۆي 6842 يۈرۈش بولدى، 200 دىن ئارتۇق كارخانا، ئورۇننىڭ ئۆي - زېمىن ئىسلاھاتى ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغىچە پۈتكۈل بانكىنىڭ ھەردەرىجىلىك ئۆي - زېمىن كرېدىت بۆلۈملىرى جەمئىي 8953 ھېساب ئاچتى، 440 مىڭ بوغالتىرلىق ئوردېرى كەستى، كەسپىي خادىم 200 گە، مالىيە خادىمى 234 كە يەتتى.

چېن دېفا

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى ۋە خەلق پۇل ئامانىتى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى جەلپ قىلغان ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى قالدۇقى 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %14.6 ئاشتى، ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى قالدۇقى ئادەتتىكى ئامانەت پۇلى قالدۇقىنىڭ 57.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1993 - يىلى يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاھالىلەر پۇل ئامانىتى 1992 - يىلدىكىدىن %24.50 ئېشىپ، بېكىتىلگەن يىللىق پىلان %8.226 ئورۇندالدى، ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ ئادەتتىكى ئامانەت پۇلى قالدۇقىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1992 - يىلدىكىدىن 8.6 پىرسەنتلىك رەقەم ئېشىپ، %94.47 كە يەتتى، كۆپەيگەن ئامانەت پۇل سوممىسى ئالدىنقى ئىككى يىلدا كۆپەيگەن ئامانەت پۇل سوممىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيگەن ئادەتتىكى ئامانەت پۇل سوممىسىنىڭ 84.2 پىرسەنتىنى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپەيگەن ئامانەت پۇل سوممىسىنىڭ 31.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، كرېدىت مەبلىغىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ قالدى. 1993 - يىلى خەلق پۇل ئامانىتى سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان پۇل ئامانەت پونكىتى 115كە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان ئامېيلىك تارماق بانكا يىل بېشىدىكى ئىككىدىن ئالتىگە يەتتى، تور - نۇقتىلاردىكى ئامانەت سوممىسى %45 ئاشتى. مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئارا قانات يايدۇرۇلغان 100 كۈنلۈك ئامانەت جەلپ قىلىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىنىپ، 100 كۈن ئىچىدە باش بانكا چۈشۈرگەن 100 كۈنلۈك پۇل ئامانىتىنى ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى تۆت ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ئايلىق ئوتتۇرىچە كۆپەيگەن ئامانەت سوممىسى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئامانەت سوممىسىنىڭ 3.4 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى، مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئارا ئېلىپ بېرىلغان 100 كۈنلۈك مۇسابىقە پائالىيىتىدە شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ئومۇمىي نومۇر بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

چېن دېفا

## ئىناۋەتلىك كارتا كەسپى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئىناۋەتلىك كارتا كەسپىدە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئىناۋەتلىك كارتا تارقىتىدىغان بانكا 1992 - يىلدىكىدىن بىردىن ئالتىگە، ئامانەت پۇل قويۇش - ئېلىش نۇقتىسى 161 گە يەتتى، تارقىتىلغان كارتا 1992 - يىلدىكىنىڭ 3.29 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، ئالاھىدە توختاملاشقان سودىگەر 1992 - يىلدىكىنىڭ 3.29 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، ئىناۋەتلىك كارتا بويىچە پۈتتۈشۈلگەن سومما 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، ئىناۋەتلىك كارتا ھېسابىدىكى ئامانەت پۇل 36 مىليون 283 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

چېن دېفا

## مۇپەتتىشلىك

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى باش بانكا ئورۇنلاشتۇرغان مۇپەتتىشلىك قىلىش شەرت بولغان يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك، ئەمما يىغىۋېلىنمىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ۋە توختاپ قالغان ئىككى قەرز پۇل ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلدى. يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك، ئەمما يىغىۋېلىنمىغان قەرز پۇل ئۆسۈمى ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلىشتا نۇقتىلىق ئاربلاپ تەكشۈرۈلگەن كۆلەم %60 كە، 1992 - يىلى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك، ئەمما يىغىۋېلىنمىغان قەرز پۇل ئۆسۈمى قەرز قالغان ئورۇن 1306 گە، سومما 191 مىليون 562 مىڭ يۈەنگە، مۇپەتتىشلىك قىلىشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىنغىنى 19 مىليون 683 مىڭ 400 يۈەنگە، مۇپەتتىشلىك قىلىش داۋامىدا يىغىۋېلىنغىنى 296 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ، قەرز قالغان ئۆسۈم ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 4.15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، 56 ئورۇندا تولىنىپ قالغان ھېساب زىيىنى كۆرۈلدى. توختاپ قالغان ئىككى قەرز پۇل ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلغاندا، نۇقتىلىق ئاربلاپ تەكشۈرۈلگەن كۆلەم %30 نى تەشكىل قىلدى، 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى كرېدىت مەبلىغىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقىنى ئاساس قىلغاندا، نورمال قەرز پۇل %79.92 نى، غەيرىي نورمال قەرز پۇل %21.7 نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تورۇپ قالغان قەرز پۇل %06.3 نى، تورۇپ قالغان ھېساباتىكى قەرز پۇل %06.0 نى تەشكىل قىلدى. 1992 - يىلى 37 ئورۇننىڭ تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن قەرز پۇلى 3 مىليون 604 مىڭ 600 يۈەن. قەرەللىك ۋە مۇنتىزىم مۇپەتتىشلىك قىلىش جەھەتتە، 1993 - يىلنىڭ 3 - پەسلىدىكى ئامانەت پۇلى بىلەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلاش ۋە 1992 - يىللىق ئامانەت پۇلى بىلەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلاش ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى. 3 - پەسلىدە 262 مىليون 856 مىڭ 700 يۈەنگە چېتىلىدىغان 154

مىڭ 328 نۇسخا ھېساب ئاللاپ تەكشۈرۈلۈپ، 1 مىليون 583 مىڭ 300 يۈەنگە چېتىلىدىغان 4100 نۇسخا ھېساب تۈزىتىلدى؛ 1992 - يىلى 396 مىليون 304 مىڭ 800 يۈەنگە چېتىلىدىغان 129 مىڭ 585 نۇسخا ھېساب ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. قەرز پۇل توختاملىرىنى ئالدىن ئالا تەپتىشلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي 1 مىليارد 245 مىليون 607 مىڭ يۈەنگە چېتىلىدىغان 4394 تۈرلۈك توختام تەكشۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق توختاملارنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى. 1992 - يىللىق خەلق پۇل ئامانىتىنى ئىچكى قىسمىدا تىزگىنلەش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى مۇپەتتىش قىلىش داۋامىدا سىزىلگەن مەسىلىلەر قايتا مۇپەتتىش قىلىندى، تەكشۈرۈپ تەپتىشلىك قىلىنغان نۇقتا 231، تەپتىشلىك قىلىش دائىرىسى %45 بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قاراشلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلى، ئۆي - زېمىن كرېدىت بۆلۈملىرىنىڭ ئامانەت پۇلى، قەرز پۇلى ھەمدە پۇل كرېدىت سىياسىتى، كرېدىت پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ھەق ئېلىش ئەھۋالى، تۇرۇپ قالغان ھېساباتىكى قەرز پۇللارنى تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى تەكشۈرۈپ مۇپەتتىشلىك قىلىنىپ، ئۆتكەل ئىگىلىنىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

چېن دېفا

### خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى

1993 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى، ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاستتا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى يولغا قويۇلدى ھەمدە ئۈچ ۋەكالەتتىن ئىش بېجىرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. تاشقى پېرېۋوت ئامانىتى قالدۇقى 32 مىليون 480 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. قەرز پۇلنى باشقۇرۇش جەھەتتە، دۇنيا بانكىسى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن تۈرلەردىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكىتۈەنىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ھەرتەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇش تۈرى ۋە تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش - توختام سۇ چىقىرىۋېتىش ھەمدە مۇھىت ئاسراش تۈرىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھەردەرىجىلىك بانكىلار مەخسۇس خادىم سەپلەپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر (دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان تۈر ئىشخانىسى) نىڭ مەبلەغنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىشكە ھەمكارلاشتى، مالىيە ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ۋە مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان تۈرلەرنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى تۈزۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتىگە قاتنىشىلىپ، بۇ تۈرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقۇرۇۋاتقان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن تۈر ئۈچكە، قەرز پۇل سوممىسى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش، چەت ئەللەردىن تېخنىكا - ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش تۈرلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، بەش تۈر 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق تاشقى پېرېۋوت قەرزى بىلەن تەمىنلەپ بېرىلدى. سانجى، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تايانچ شېكەر زاۋۇتلىرى ئۈستىدىكى تولۇقلىما سودىغا داۋاملىق كېپىل بولۇندى، خەلقئارالىق سودا ۋە غەيرىي سودا ھېساباتىنى بېجىرىش پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مۇشۇ بىر يىلدا بېجىرىلگەن ھېسابات مىقدارى 31 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل پۇلى ئىناۋەتلىك كارتا كەسپى يولغا قويۇلدى.

چېن دېفا

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى

### يېزا پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 968 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %18.6 ئاشتى؛ قەرز پۇل قالدۇقى 18 مىليارد 897 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.84 ئاشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن تارقاتقان قەرز پۇل جەمئىي 5 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 447 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئىككىدە يۇقىرى، بىردە سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە «مول ھوسۇل» پىلانى، «ئۇچقۇن» پىلانى نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى ھەرتەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇشقا، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا مەدەت بېرىلدى.

1993 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېزا ئىگىلىك ۋە

قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تارقاتقان قەرز پۇل 8 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد يۈەن كۆپەيدى، «ئاق ھۆججەت» بېرىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بەرگەن قەرز پۇل 888 مىليون يۈەنگە، قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 373 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇ، تارىختا سېلىنما ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىشنى ۋە شىركەتلەرگە مەبلەغ بېرىشنى توختاتتى ھەمدە مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ، تەرتىپكە سېلىش، ئېنىقلاش ئارقىلىق قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە - يېرىم قىلىنغان مەبلەغدىن 134 مىليون يۈەننى قايتۇرۇۋالدى؛ 19 ئىقتىسادىي گەۋدىنى بىكار قىلدى، قوشۇۋەتتى ۋە ئىشتىن توختاتتى؛ بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى مەركەزلىك ھالدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوغرىلىقتىن، ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىپ، مەبلەغنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئىچكى باشقۇرۇش ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

جياڭ گۈيىۋەن

### يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن تارقاتقان قەرز پۇل 5 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 646 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا پائال مەدەت بېرىلىپ، 1992 - يىلى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا يېزىپ بېرىلگەن «ئاق ھۆججەت»لەر ۋە ئىككى مەبلەغ قەرز پۇلىنى نەقلەشتۈرۈش ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغى ھەقىقىي جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، ئىككىدە يۇقىرى، بىردە سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىشتە، نۇقتىلىق ھالدا، ئاشلىق، پاختا، قىزىلچىدىن ئىبارەت چوڭ ئېتىزلار بويىچە مەھسۇلات ئاشۇرۇلىدىغان تېخنىكىلارنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرى ۋە دېھقانچىلىق، سانائەت، سودا، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زاپاس كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، سۇغىرىش، توختام سۇنى چىقىرىۋېتىش، شورنى تىزگىنلەش ھەمدە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىنى ئاسراش، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىلدى؛ سۇ ئىنشائاتى، سۇنى قوغداش تىجارەت مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ كۆپ خىل تىجارىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىلدى؛ تۈرلەرنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل ياخشى ئىشلىتىلدى. 1993 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ھەرتەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇش، قۇمنى تىزگىنلەش ئورمانچىلىقى قوشۇمچە ئۆسۈمى قاتارلىق مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇللىرىغا قارىتا تۈرگە ئاساسەن پىلان چۈشۈرۈش يولىغا قويۇلۇپ، مەسئۇل تارماقلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق كۈچەيتىلدى، مەدەت بېرىلىدىغان تۈرلەر ئىلمىي رەۋىشتە تاللاپ - بېكىتىلىپ، تەكشۈرۈپ باھالاش - مۆلچەرلەش ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى.

جياڭ گۈيىۋەن

### يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ئەھۋالى

1993 - يىلدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش چارىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى خەلق باش بانكىسىدىن بىر تۇتاش قەرز ئېلىپ، بىر تۇتاش قايتۇرۇش، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىدىن بىر تۇتاش قەرز ئېلىپ، بىر تۇتاش قايتۇرۇشقا، يەنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر بانكا سېتىۋېلىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك بانكا، كوپېراتىپلار تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى توپلاپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەپ، سېتىۋېلىشتا «ئاق ھۆججەت» بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل جەمئىي 8 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد يۈەن كۆپەيدى. مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن سېتىۋېلىشقا تەسىر يېتىدىغان ۋە «ئاق ھۆججەت» بېرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىدى.

جياڭ گۈيىۋەن

### يېزا سانائەت كرېدىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، يېزا - بازار كارخانىلىرى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق يېزا سانائىتى ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇل 1 مىليارد 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 515 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يېزىلاردا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن تارقاتقان قەرز پۇل 888 مىليون يۈەن بولدى، قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 373 مىليون يۈەن كۆپەيدى، نۇقتىلىق ھالدا ئۈرۈمچى، سانجى، بايىنغولىن، تۇرپان، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ۋە 1992 - يىلى «ئۈچچۈن» سۆھبەت يىغىنىدا بېكىتىلگەن 42 نۇقتىلىق تۈردىكى پۈتمىگەن، داۋاملىشىۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا ھەمدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان سانجى شەھەرلىك «شىنكىن» ياغاچ ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق شېرىك كارخانىلار ۋە نۇقتىلىق تاشقى بېرىۋوت يارىتىدىغان كارخانىلارغا مەدەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە قۇتۇبى ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى باجىياخۇ كەنتىنى مۇناسىۋەت باغلايدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىپ بېكىتتى ھەمدە كرېدىت جەھەتتە ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە مايىل بولدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلارمۇ ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىشىش مۇھىم نۇقتىلىرىنى بېكىتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىلدى. يەنجى شېكەر زاۋۇتى، كۇنەس شېكەر زاۋۇتى، غۇلجا شېكەر زاۋۇتى، غۇلجا ناھىيىلىك زىغىر خام ئەشيا زاۋۇتى، كۇنەس زىغىر خام ئەشيا زاۋۇتى، ئىلى ھاراق زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، جەمئىي 174 مىليون يۈەن تېخنىكا قەرز پۇلى، 250 مىليون يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ئاساسلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشدەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ ھەربىرىگە 30 مىليون يۈەندىن قەرز بېرىلدى. يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى - شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىغا مەدەت بېرىلدى. شىنجاڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىغا 6 مىليون يۈەن سېلىنما سېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، يېزىلاردىكى ئېلېكترلەشكەن ناھىيىلەر قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى تارقاتقان قەرز پۇل 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ پۇل دۆلەت ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزگەن يەتتە ناھىيىدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇكالڭ شەھىرى، بورتالا شەھىرى، كۆكتوقاي ناھىيىسى ئېلېكترلەشكەن ناھىيە ئۆلچىمىگە يەتتى.

جياڭ گۇييۈەن

### يېزا سودا كرېدىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان قەرز پۇلى 2 مىليارد 460 مىليون يۈەن (يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى. 130 مىليون يۈەنلىك «ئاق ھۆججەت» نەقلەشتۈرۈلدى. 380 مىليون يۈەن ئىككى مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى 340 مىليون يۈەن، ئاشلىقنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى 40 مىليون يۈەن بولدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە توختامدا بېكىتىلگەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكىگە دائىر مەبلەغ تارماقلىرى سېتىۋېلىپ كىرگۈزىدىغان ۋە زاپاس ساقلايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق مەبلەغقە ئالدىن كاپالەتلىك قىلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك مەبلىغى قەرز پۇلى جەمئىي 980 مىليون يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەمدە قىسمەن ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدا تاپشۇرۇلماي تۇرۇپ قالغان قەرز پۇللارنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، پاختا - چىگە شىركەتلىرىگە 310 مىليون يۈەن پاختا پۇلىنى يىغىپ بەردى.

جياڭ گۇييۈەن

### نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتقان نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى جەمئىي 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5 مىليون يۈەن كۆپەيدى. قەرز پۇلى، ئاساسلىقى، نامرات، قىيىنچىلىقى بار

ئائىلىلەرنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغان نامراتلارنى يۆلەيدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر، ئۆزىيېرىنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇلغان قىسقا ۋاقىتتا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئادەتتىكى تۈرلەر، پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىگىمۇ ئاكتىپ مەدەت بېرىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

جياڭ گۈييۈەن

### مەبلەغ تەشكىللەش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 968 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 351 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ 2 مىليارد 5 مىليون يۈەن، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 349 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ھەردەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئېلېكترونلۇق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قەدىمىنى تېزلەتتى، ئوتتۇرا، كىچىك تىپلىق ئېلېكترونلۇق مېڭە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىجارەت ئاپپاراتلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى. ئىناۋەتلىك كارتا كەسپى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا سىناق قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى كارخانىلارنىڭ سېتىشنى كۆپەيتىپ، مال زاپىسىنى ئازايتىش، سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان قەرز پۇللارنى ئېنىقلاشنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، ئىشلەتكىلى بولىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتتى.

جياڭ گۈييۈەن

## جۇڭگو بانكىسى

### جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جۇڭگو بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليارد 971 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 982 مىليون 270 مىڭ يۈەن ساپ كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 936 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 96.11% ئاشتى؛ «سەددىچىن» ئىناۋەتلىك كارتىسى بويىچە جەلپ قىلىنغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 154.65% ئاشتى. خەلق پۇلى مەبلىغى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 82.1% كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19.5 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. تاشقى پېرېۋوت ئامانىتى قالدۇقى 181 مىليون 510 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 78.32% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر چەت ئەل پۇلى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 46 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 115.5% ئاشتى. جەمئىي بەش تارماق بانكا ھەمدە شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئامانەت پۇلى 100 مىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى؛ ئون تارماق بانكا ئامانەت جەلپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپپارات، تور، نۇقتىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 20 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ساپ كۆپەيگەن سومما جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي بانكىلار ئارا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان 38 ئاپپارات، تور، نۇقتىدا جەلپ قىلىنغان ئامانەت سوممىسى كۆپەيگەن ئامانەت سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

مۇشۇ بىر يىلدا باش بانكىغا ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق قەرز كۆلىمىنى تەڭشەپ كۆپەيتىپ بېرىش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قەرز كۆلىمى 412 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كۆلىمى 788 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. قەرز پۇل كۆلىمىنى تەقسىملەشتە، پەسىل بويىچە پەسىللىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ۋە قەرز پۇلنى ئىشلىتىشنىڭ ئايلىق پىلانىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. شۇنداقلا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىساد - سودا تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، رايون پەرقى، ۋاقىت پەرقىدىن پايدىلىنىپ، «پىلاندىكى كۆلەمدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ، قەرز پۇل كۆلىمى قايتا - قايتا تەڭشەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن قەرز پۇل كۆلىمى 112 قېتىم تەڭشىلىپ، قەرز پۇل كۆلىمىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 588 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 43.98% ئاشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلى سېلىنمىسى خېلى كۆپەيگەندىن تاشقىرى، ئېنېرگىيە قەرز پۇلى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قەرز پۇلى ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىمۇ 1992 - يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلى 439 مىليون 100 مىڭ يۈەن، باشقا كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلى 115 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئېشىپ، خەلق پۇلى بويىچە كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ 53.55 ۋە 14.64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز

پۇل قالدۇقى 962 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %88.78 ئاشتى.

كەسپىي بانكىلار خەلقئارا ھېسابات كەسپىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ھېساباتى كەسپىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى يەنىلا %60 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا بېجىرىلگەن نەق پۇل ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 199 مىليون 540 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز نەق پۇل ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 59.67 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا بېجىرىلگەن ھاۋالە مەبلەغ كەسپىي سوممىسى 74 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ سېلىش كەسپىنىڭ 10 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى. مەسلىھەت بېرىش كەسپىدە قوبۇل قىلىنغان خەت ـ چەك 57، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىگە دائىر تەكشۈرۈلگەن خەت ـ چەك 31. ھاۋالىگە كاپالەتلىك قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن خەت ـ چەك جەمئىي 17، ئۇلارغا چېتىشلىق سومما 5 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئىجارىگە ئېلىش ـ بېرىش كەسپىدە بېجىرىلگەن خەت ـ چەك 22، ئۇلارغا چېتىشلىق سومما 12 مىليون 20 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرلىك ئىجارىگە ئېلىش ـ بېرىش كەسپىگە دائىر خەت ـ چەك ئالتە، ئۇلارغا چېتىشلىق سومما 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

1993 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتتە «تېلېفون بانكىسى مۇلازىمەت سىستېمىسى»، «كرېدىت باشقۇرۇش سىستېمىسى»، «چەت ئەلگە چىققۇچى خادىملارنىڭ پاسپورتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى» قاتارلىق يۇمشاق دېتاللىق تېخنىكىلار يولغا قويۇلۇپ ئىشلىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنىپ، ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ قاتتىق دېتاللىق ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئەسلىھەلىرى مىكرو ئاپپاراتتىن كىچىك ئاپپاراتقا ئۆزگەرتىلدى. ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، پىلان سىستېمىسىدا %90 كە، ئىناۋەتلىك كارتا سىستېمىسىدا %80 كە، بوغالتىرلىق سىستېمىسى (ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىن يۇقىرى) دا %70 كە، خەلق پۇل ئامانىتى سىستېمىسى (تور، نۇقتىلار) دا %61 كە، خەلقئارا ھېسابات سىستېمىسىدا %50 كە يەتتى.

قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە ـ يېرىم قىلىنغان مەبلەغ ئەستايىدىل ئېنىقلىنىپ يىغىۋېلىندى ۋە ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى. 1992 ـ يىلنىڭ بېشىدىن 1993 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە مەبلەغ ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، ئورۇنلار ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە ـ يېرىم قىلىنغان مەبلەغدىن جەمئىي 42 مىليون يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، بۇ، قائىدىگە خىلاپ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 80.80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. خەلق بانكىسى سىستېمىسىغا قاراشلىق ئورۇنلار ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان 23 ئىقتىسادىي گەۋدە ئۈززۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، شۆبە بانكا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنىڭ دەسمايىسى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تىجارەت مەبلىغىدىن ئاجرىتىلغاندىن تاشقىرى، قالغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ دەسمايىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەبلەغ توپلىشى ۋە تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولۇپ، بانكىنىڭ ئامانەت ـ قەرز مەبلىغىنى يۆتكەپ تېزىمغا ئالدۇرۇپ ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت كرېدىتى

1993 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تارقاتقان تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى جەمئىي 534 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 962 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 452 مىليون 480 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت قەرز پۇلى، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلاشما قەرز پۇلى، سېتىۋالغۇچىنىڭ ئامانەت ـ قەرز ھېسابىدىكى «ئۈچ خىل قەرز» پۇلى قالدۇقى 906 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 429 مىليون 710 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيدى. نەق پۇل قەرز پۇلى قالدۇقى 56 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 22 مىليون 770 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيدى.

تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئارقىلىق ئالدى بىلەن نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. قاراماي، تۇرپان ـ قۇمۇل، تارىمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نېفىتلىككە ۋە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولىئېستېر قۇرۇلۇشى، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 429 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 896 مىليون 850 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 93 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يېڭىدىن تەستىقلانغان (يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىقلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان تۈرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى تۈرلىرىگە بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 1 مىليارد 932 مىليون 690 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىلگەن

تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 12 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پىلان ئىچىدىكى نەق پېرېۋوت قەرز پۇلنىڭ تۇراقلىق مۇلۈك قەرز پۇلىدا كۆپەيگەن سوممىنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، چەت ئەلدىن پروگراممىلىق تىزگىنلىنىدىغان تېلېفون ئۇسكۇنىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى شەھەر ئىچى تېلېفونى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلار زور كۆلەمدە ئۆزگەرتىلدى ۋە سىغىمچانلىقى ئاشۇرۇلدى. پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى ئۈچۈن ئەستىقلانغان نەق پېرېۋوت قەرز پۇلى 22 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يېڭىدىن ئەستىقلانغان نەق پېرېۋوت قەرز پۇلنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلېكترقۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلىپ، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 21 مىليون 800 مىڭ شۋېيتسارىيە فرانكى ۋە 40 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارغا قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت پېرېۋوتى بىلەن مەدەت بېرىلدى. كارخانىلارغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 17 مىليون 610 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت پېرېۋوتى قەرز بېرىلدى، مۇشۇ يىل ئىچىدە 9 مىليون 880 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قايتۇرۇۋېلىندى. قەرز پۇلنىڭ ئوبوروتى تېز، ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

نەق پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىچىدە قەرەلى توشقان، قەرەلى ئېشىپ كەتكەنلىرى كۆپ بولدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە جەمئىي 12 مىليون 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قايتۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل 1 مىليون 670 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. يىل ئاخىرىدا قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن نەق پېرېۋوت قەرز پۇلى 17 مىليون 620 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، نەق پېرېۋوت قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 45 .31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

تەن سۈڭلىيۇ

تاشقى سودا كرېدىتى

1993 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرى ئۈچۈن تارقاتقان خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى 2 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 690 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقان قەرز پۇل 440 مىليون يۈەن بولدى. ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشتىكى، بىرىنچىدىن، نەق پېرېۋوت ئېكسپورتى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئېكسپورتتىن بانكىغا قايتىدىغان پۇل زور ھەجىمدە ئازىيىپ كېتىپ، قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ كەتتى. ئىككىنچىدىن، 4 - پەسلىدە تاشقى سودا شىركەتلىرىنىڭ ئېكسپورت ئۈچۈن سېتىۋېلىش سۈرئىتى تېزلىشىپ، ئامبار زاپىسىنى كۆپەيتىۋەتكەچكە، مۇناسىپ ھالدا قەرزگە بولغان ئېھتىياج ئاشتى. ئۈچىنچىدىن، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كەتتى. تۆتىنچىدىن، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، كۆپەيتىلگەن قەرز پۇل 200 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە 53 مىليون يۈەن يىل بېشىدىكى «ئۈچ بۆرجەك قەرز» نى ئېنىقلاش، «ئاق ھۆججەت» نى نەقلەشتۈرۈشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس تۆر بويىچە يەرلىك سودا ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىگە قەرز بېرىلدى) گە يېقىنلىشىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ كۆپەيگەن قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

قەرز پۇلى بېرىشتە، يەنىلا مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلەرنى قىسىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پاختا، كۆممىقوناق، ئۆچكە، پەمدۇر قىيامى، چۈچۈكبۇيا ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار قاتارلىق بازىرى ئىتتىك تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توقۇلما بۇيۇملارنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش شىركىتىنىڭ كۆپەيگەن قەرز پۇلى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كۆپەيگەن قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 27 .27 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. تاشقى سودا كارخانىلىرىدا مەبلەغنى نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىش ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ، قەرز پۇل باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىركەتلەرنىڭ يوشۇرۇن مەبلەغ كۈچىنى ئىشقا سېلىشىغا ياردەملىشىشكە، مەبلەغنى نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىشنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قويۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان جەمئىي 212 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مەبلەغ 151 مىليون 590 مىڭ يۈەن.

تەن سۈڭلىيۇ

چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار كرېدىتى

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە باش بانكىنىڭ كرېدىت سىياسىتىگە ئاساسەن، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا تاللىغان ئاساستا قەرز پۇل جەھەتتە مەدەت بەردى. يىل ئاخىرىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن قەرز پۇل ئالغىنى 34 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14 ى كۆپەيدى. خەلق

پۇلى ھېساۋىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 289 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 63 مىليون 40 مىڭ يۈەن ساپ كۆپەيدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «تەڭرىتاغ» پۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىگە بېرىلگەن خەلق پۇلى ھېساۋىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى جەمئىي 74 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى، قەرز پۇل قالدۇقى 111 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ خەلق پۇلى ھېساۋىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ 38.53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

تەن سۇڭلىيۇ

خەلقئارا سودا ھېساباتى

1993 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تيەنجىندە خەلقئارا سودا ھېسابات نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ئېكسپورت ھۆججەتلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇپ، ئېكسپورت ھېسابات مىقدارىنى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتتى، سودا ھېسابات نۇقتىسى يىل ئاخىرىغا قەدەر كېسىپ بەرگەن مەسلىھەتلىشىلگەن ئېكسپورت چىقىمى ھۆججىتى 546 گە يېتىپ، 47.56% نى تەشكىل قىلدى، سوممىسى 41 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامە تۈرىدە مەسلىھەتلىشىپ بېرىلگەن ۋە چىقىم قىلىنغانلىقى 97.46 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ پېرېۋوتنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.83 كۈن بولۇپ، تيەنجىن بانكىسى ئارقىلىق مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىدىغان چاغدىكىدىن ئون كۈن تېزلىدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامىنى رەنىگە ئېلىپ قەرز بېرىش كەسپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامىنى رەنىگە ئېلىپ يەتتە تۈركۈمدە بېرىلگەن قەرز پۇل جەمئىي 11 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رەنىگە ئېلىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان پېرېۋوت جەمئىي 10 مىليون 930 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ھەل قىلىنغان خەلق پۇلى مەبلىغى 63 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئارقىلىق ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ ئوبوروتىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلىپلا قالماستىن، ئېكسپورت سودا ھېساباتى كەسپى سىرتقا ئېقىپ كېتىش تىزگىنلەندى ۋە ئۇ قايتۇرۇپ كېلىندى. تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىمپورت كەسپىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭەيتىلدى، ئەسلىدە بار بولغان گۇۋاھنامە كېسىش تۈرلىرىدىن تاشقىرى، ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە گۇۋاھنامە كېسىش، ئىمپورتقا كېپىللىك خېتى بېرىش، ئېكسپورتتىن كىرگەن گۇۋاھنامىلارنى رەنىگە ئېلىپ ئىمپورت ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامىسى كېسىش ھەمدە تولۇقلىما سودا تۈرىدە قوش ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامە كېسىش قاتارلىق تۈرلەر كۆپەيتىلىپ، ئىقتىساد - سودا تىجارىتىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەق پېرېۋوت ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، خەلقئارا سودا ھېساباتى كەسپى 1992 - يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ھېساباتىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى كىچىك تاشقى سودا شىركەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سودىلاشقاندا بانكا ئارقىلىق سودا ھېساباتى قىلماي بىۋاسىتە سودا قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى مال ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي نەق پېرېۋوت سودىسى، نەق پۇل سودىسى ۋە قىسمەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش، قىسمەن نەق پېرېۋوت ئىشلىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئىگىلىۋالغانلىقتىن ئاز مىقداردىكى چوڭ سودىلاردىلا مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ھېسابات قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا تاپشۇرۇۋېلىنغان ئېكسپورت گۇۋاھنامىسى 562، سوممىسى 74 مىليون 880 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ھۆججەت تەكشۈرۈلۈپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق چىقىم قىلىنغىنى 1148، سوممىسى 87 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت ھاۋالە كىرىمى 372 تۈركۈم، سوممىسى 28 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، پېرېۋوت قىلىنىپ كەلگەن تاشقى پېرېۋوت 48 مىليون 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، پېرېۋوت قىلىنىپ چىقىرىلغان تاشقى پېرېۋوت 63 مىليون 790 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بېجىرىلگەن جەمئىي نەق پېرېۋوت ئېكسپورتى 116 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 58.24% ئازايدى؛ ئىمپورت ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پېرېۋوت 83 مىليون 540 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 41.42% ئازايدى. بېجىرىلگەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ھېساباتى 11 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىنىڭ 11.27 پىرسەنتىگە تەڭلەشتى.

تەن سۇڭلىيۇ

«سەددىچىن» ئىناۋەتلىك كارتىسى كەسپى

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ «سەددىچىن» ئىناۋەتلىك كارتىسىنىڭ ئۈنۈملۈك كارتىسى 32 مىڭ 334 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 176.83% ئاشتى؛ ئىناۋەتلىك كارتا ھېساۋىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 243 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 154.64% ئاشتى؛ ئالاھىدە توختاملاشقان سودىگەر 607 گە يېتىپ، 391 ى كۆپەيدى؛ يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 2 مىليارد 494 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 255.79% ئاشتى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

ئىناۋەتلىك كارتا شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئىشلىك ئالدىغا بېرىپ مۇجەجەت يىغىش ۋە تېلېفون بانكىسى ئارقىلىق ئالدىن توختاملىشىپ مۇجەجەت يىغىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھېسابنى ئىنقىلاش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، سودىگەرلەرنىڭ «سەددىچىن» ئىناۋەتلىك كارتىسىنى قوبۇل قىلىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. سودىگەرلەرنىڭ ھەپتىلىك تاپشۇرغان مۇجەجىتى ۋە ئىستېمال سوممىسى شىركەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 100 نۇسخا ۋە 200 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 160 نۇسخا ۋە 300 مىڭ يۈەن ئەتراپىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ئاپپاراتى، بەلگىلىك ۋە چەكلىك سوممىلىق مىمورىئال چەكلەرنى تارقىتىش، تېلېفونلاشقان بانكا، چەك قايتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش قاتارلىق يېڭى مۇلازىمەت تۈرلىرى يولغا قويۇلۇپ، ئىناۋەتلىك كارتا كەسپىنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، ئىناۋەتلىك كارتا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىركەتنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە كەسپىي ئىشلار مىقدارى 1200، سودا سوممىسى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

تەن سۈڭلىيۇ

# سۇغۇرتا

## سۇغۇرتا ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

1993 - يىلى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دۆلەت ئىچى - سىرتقا چېتىشلىق سۇغۇرتا كەسپى ئومۇمىي كىرىمى 461 مىليون 72 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 43.33% كۆپەيدى، يىللىق پىلان 124.18% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 181 مىليون 131 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31.43% ئاشتى، پۇل ئامانىتى كىرىمى 179 مىليون 941 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 66.93% ئاشتى. دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى (سۇغۇرتا ھەققى ۋە پۇل ئامانىتى شۇنىڭ ئىچىدە) 264 مىليون 185 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 38.57% ئاشتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى 178 مىليون 186 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 59.08% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 23 مىليون 107 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.27% ئاشتى. چەت ئەللەرگە چېتىشلىق سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 4 مىليون 606 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 40.73% ئاشتى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سۇغۇرتا كەسپىي ئومۇمىي چىقىمى 208 مىليون 952 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپى بويىچە تۆلەم چىقىمى 168 مىليون 447 مىڭ يۈەن بولدى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە بېرىلگەن سۇغۇرتا پۇلى 34 مىليون 75 مىڭ يۈەن بولدى؛ چەت ئەللەرگە چېتىشلىق سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تۆلەم چىقىمى 6 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولدى. ئومۇمىي تۆلەم ھەققى تۆلەش نىسبىتى 62.38% بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇغۇرتا كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنۇلار:

1. بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىلىپ، كەسىپ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

2. تۆلەم ھەققى تۆلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، سۇغۇرتىنىڭ ئىقتىسادىي تولۇقلىمىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

3. بىر كەسىپنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

فېڭ گۇاڭيۈەن

## يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىدىكى زور تۆلەم ئەنزىلىرى

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خۇڭيەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە تېمپېراتۇرا تاسادىپىي تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن زور بىر تۈركۈم لوقىي بېلىقى ئۆلۈپ كەتتى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان بېكىتىلىپ، 296 مىڭ 140.65 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۇ يېزىسىدا ئون بال بوران چىقىپ، 2132 مو چوڭ لاپاسلىق پارنىكتىكى كۆكتاتلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش دەرىجىسى 80% تىن ئېشىپ كەتتى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان بېكىتىلىپ، 421 مىڭ 820.7 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇر ناھىيىسىدە توققۇز بال بوران چىقىپ، 9090 مو يەردىكى كېۋەز مايسىسى ئاپەتكە ئۇچرىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان بېكىتىلىپ، 582 مىڭ 172.92 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدە مۆلدۈر ياغقانلىقتىن 70 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى كېۋەز مايسىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

6 -، 7 - ئايلاردا بۇ ناھىيە يەنە كەينى - كەينىدىن مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان بېكىتىلىپ يەنە بىر قېتىم 400 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا

قىرو ئۈششۈكى يۈز بېرىپ، 4200 مو يەردىكى كېۋەز مايسىسى زىيانغا ئۇچرىدى، ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈلۈپ، زىيان، تۆلەم بېكىتىلگەندىن كېيىن، 130 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىدە ئۆدا قارا يامغۇر يېغىپ، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن 31 مىڭ 618 مو يەردىكى كېۋەز مايسىسى ئۇششۇپ قېلىپ، ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەندى، سۇغۇرتا شىركىتى 699 مىڭ 172.98 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەپ بەردى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، كېۋەز مايسىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقاندى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان بېكىتىلىپ، 1 مىليون 550 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار يېزىلىرى مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. شۇ قېتىم ھاۋارايىدا ئۆزگىرىش بولۇشتىن ئىلگىرى مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتىنىڭ 12 زەمبىرەكنىڭ نۇقتىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەشغۇلاتقا كىرىشىپ، 1015 پاي مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئوقى ئاتتى، بىراق بۇلۇت قاتلىمى قېلىن، دائىرىسى زور بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۆلدۈرنىڭ يېغىشى شىددەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپەتنىڭ زىيان سېلىش دەرىجىسى ئۈنۈملۈك تۈردە يېنىكلىتىلگەن بولسىمۇ، 16 مىڭ 628 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تۈرلۈك دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۇغۇرتا شىركىتى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بەردى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋە 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئۆدا ئىككى قېتىم مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، 18 مىڭ 651 مو بۇغداي ۋە قىچا زىيانغا ئۇچرىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زىيان ۋە تۆلەم ھەققى بېكىتىلىپ، 146 مىڭ 650.29 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خۇڭيەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە، خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدا كاشىلا چىققانلىقتىن، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش شىركىتىنىڭ ئىللىق سۇ كۆلچىكىنىڭ تېمپېراتۇرىسى جىددىي تۆۋەنلەپ كېتىپ، لۇفېي بېلىقىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، سۇغۇرتا شىركىتى زىياننى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق 271 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بەردى.

فېڭ گۇاڭيۈەن

**كەنت دەرىجىلىك كادىرلار ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا كىرىشتى.**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى كەسپىنى يولغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى، كەنت ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق 10 مىڭ 392 نەپەر كەنت دەرىجىلىك كادىر ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

فېڭ گۇاڭيۈەن

**تۇرپان ۋىلايىتىدە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئېغىر زىيان كۆرۈلدى**

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇرپان ۋىلايىتى بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپتوموبىللار ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسىغا ۋە 3 - شەخس مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلغانلىقتىن، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەمنى ھېسابلاش ئارقىلىق 1 مىليون 80 مىڭ يۈەنلىك زىياننى تۆلەپ بەردى. بوران ئاپىتى 47 مىڭ 500 مو يەردىكى كېۋەز، 6580مو يەردىكى بۇغداي، 7880مو يەردىكى قوغۇن - تاۋۇزنى نابۇت قىلىۋەتتى، 110 مىڭ مو يەردىكى ئۈزۈمنىڭ زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسى 20% ئەتراپىغا يەتتى، بوران تۆت يەردە ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۆت ئادەم ئۆلدى، ئۈچ ئادەم ئېغىر يارىلاندى، بوران 50 ئېغىز ئۆي ۋە 600 تال سىم تاناپ تۈۋرۈكىنى ئۆرۈۋەتتى، بىر قىسىم ئېرىق - ئۆستەڭ، كارىزلارنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتى؛ بۇ قېتىمقى بوران ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان 50 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلمىغانلىقتىن، سۇغۇرتىنىڭ كاپالىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

فېڭ گۇاڭيۈەن

**شىنجاڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ دۆلەت شىركىتىدىكى تۇنجى ئاپپاراتى قۇرۇلدى**

خەلقئارا سۇغۇرتا بازىرى ئېچىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1993 - يىلى شىنجاڭ سۇغۇرتا شىركىتى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي شەھىرىدە جۇڭگو شىنجاڭ - دۇبەي ئۇنىۋېرسال سودا شىركىتى سۇغۇرتا ۋەكالەت بۆلۈمى قۇردى. دۇبەي شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، سودىسى راۋاجلانغان بولۇپ، سۇغۇرتا جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ئىنتايىن زور ئىدى. دۆلىتىمىزنىڭ دۇبەيدىكى سودا شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ سالغان كارخانىلىرى 50 كە

يېقىنلىشىپ، يىللىق سودا سوممىسى 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

جۇڭگو شىنجاڭ دۆبەي ئۇنىۋېرسال سودا شىركىتىنىڭ سوغۇرتا ۋەكالەت بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى دۆلەت ئىچىدىكى جايلارنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تۇرۇشلۇق دۆلەت سىرتىدىكى سودا ئاپپاراتلىرىنىڭ مال - مۈلۈك، خادىم، يۈك ترانسپورتى ۋە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارغا دائىر سوغۇرتا كەسپىنى ھۆددىگە ئالدى. يەنە ھۆججەت بېرىش، تەكشۈرۈش، تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئوخشاش كەسىپ سوغۇرتىسى قاتارلىق ئىشلارنى ۋەكالەتەن بېجىردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى، جىسمانىي سوغۇرتا، يۈك ترانسپورتى سوغۇرتىسى، مال ساقلاش سوغۇرتىسى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە قويۇلۇپ، 47 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق سوغۇرتا ھەققى كىرىم قىلىندى. مالدىن كۆرۈلگەن زىيان ئىككى قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەكالەتەن ھۆججەت بېرىلگەن شىركەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىلدى.

فىڭ گۇاڭيۈەن

# قۇمۇلدىكى ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى

شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ بىرى ھېسابلانغان قۇمۇل ۋاڭ قەبرىستانلىقى قۇمۇلدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقە ۋە سەيلىگاھلار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق قۇمۇلنىڭ تۇنجى ۋاڭى ئەبەيدۇللا تەرىپىدىن 1697 - يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، 296 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ قەبرىستانلىققا يەتتە ئەۋلاد ۋاڭ دەپنە قىلىنغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. قەبرىستانلىقنىڭ ئۇدۇلىدا ھېيتگاھ چوڭ مەسچىتى بار. بۇ مەسچىتنى 4 - ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدا سالدۇرغان. مەسچىتنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىدىن قالسىلا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەسچىتتە بىر قېتىمدا 1800 دىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل جاي — «ئاقتاش» مۇ قۇمۇلدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ بولۇپ، بۇ يەردە قاتمۇ قات تاغلار، زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار بۇ جايغا ھۆسن قوشۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە قارىغايزارلىق، يۇمران ئوتلاقلار ۋە مەنزىرىلىك قوملۇق بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە قارا دۆۋە ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقى بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە ئاز ئۇچرايدىغان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ھازىرغا قەدەر 1/10 قىسمى قېزىلىپ، ئۈچ جەسەت قېزىۋېلىندى. بۇ جەسەتلەر ئىچىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇنلىرى 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى مۇكەممەل ساقلانغان، بۇ، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تەتقىقات ماتېرىيالى ھازىرلاپ بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل كارىزى قېزىلىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، سۈيىنىڭ سۈزۈك ھەم تاتلىقلىقى جەھەتتە تۇرپان كارىزىدىن قېلىشمايدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خاتىرە تېشى، قەيس فوجام مازىرى، سەنشى چوڭ مەسچىتى، توققۇزباشلىق ئەجدىھا سۆگەت، باغداش، يامبۇلاق قەدىمكى شەھەر خارابىسى، ئاق تېرەك بۇددا ئىبادەتخانىسى، ئارتام مازىرى، قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقى قاتارلىق ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرى ۋە سەيلىگاھلارمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قۇمۇلنىڭ تارىخىغا ھەقىقىي گۇۋاھ بولالايدۇ. بۇ ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە ھېسابلىنىدۇ.

# يېزا ئىگىلىكى

## يېزا خىزمىتى

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگە قەدەر ئۈرۈمچىدە يېزا خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا، ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى بەلگىلەندى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ شۇجىلىرى (ۋالىيلىرى، ئوبلاست باشلىقلىرى، شەھەر باشلىقلىرى، هاكىملىرى)، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى (مۇئاۋىن ۋالىيلىرى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى، مۇئاۋىن هاكىملىرى)، پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 310 نەچچە كىشى قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد يىغىنغا قاتناشتى ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - هۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، جاڭ خېلىڭ مەملىكەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە سىياسىتى ۋە تەدبىرى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن پۇرسەت ۋە خىرىسلار يەنىمۇ ئېنىق تونۇۋېلىندى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش ۋە قوغداش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىندى. يىغىندا جايلاردىن تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق هالدا چىڭ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى: 1) تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇش؛ 2) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تۈرلۈك ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ 3) هاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، يېزا خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش ئىگىلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ 4) يېزا ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان هالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ 5) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقىرى هوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش؛ 6) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سېلىنمىسىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆپەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ 7) دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش؛ 8) نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە «ئىستىهكام ئېلىش جېڭى» نى

ياخشى قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ 9) يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ياخشى قۇرۇش؛ 10) پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش.

جىن چاڭخۇ

### دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى 1993 - يىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان بەش ناھىيە (شەھەر)نى ئاپتونوم رايوننىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيە (شەھەر) قىلىپ تاللىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئالتە يېزا، كەنت ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى باشلامچىلىق قىلىپ، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە بەش يېزىنى پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسى قىلىپ تۇتتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرمۇ 110 يېزا، 1000دىن ئارتۇق كەنت ۋە خېلى كۆپ دېھقان ئائىلىسىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش، ئىزدىنىپ تەجرىبە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتىكى بۆسۈش ئېغىزلىرىنى تاپتى، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى، پىششىقلاش سانائىتىنى قىممەتنى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش؛ بازار قۇرۇپ، چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوبوروتقا تايىنىپ بېيىش؛ چارۋىچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق بېيىش؛ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، كان ئېچىش، كۆمۈر قېزىش ئارقىلىق بېيىش؛ يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، شىركەت بىلەن دېھقاننى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى قوشۇپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ، سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ بېيىش يولى قىلىپ تاللىۋالدى.

ۋاڭ لىبى

### 3 - قارارلىق يېزا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى

ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - قارارلىق يېزا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى بەش ئاي داۋام قىلىپ، 1993 - يىل 4 - ئايدا ئاياغلاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار جەمئىي 27 مىڭ 607 كادىر ئاجرىتىپ، 3 - قارارلىق يېزا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئۇلار ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلاردىن 521، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن 1807، ناھىيە (شەھەر)لەردىن 8584، يېزا (بازار)لاردىن 16 مىڭ 695 كادىر بار؛ ئاجرىتىلغان كادىرلار ئىچىدە ۋالىي، نازىر دەرىجىلىك كادىر 102، ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 1420، پارتىيە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى %80تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون 1990 - يىلى قىشتىن باشلاپ، ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئۈچ يىل مەركەزلىك ھالدا ئېلىپ بارغان يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسى، 1993 - يىل 4 - ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. ئۈچ قارار يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە ئاپتونوم رايون بويىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىلىپ، %90تىن كۆپرەك يېزا - كەنتلەردە مەركەزلىك ھالدا تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تېخى مەركەزلىك ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلمىغان %10 يېزا - كەنتتىكى ۋە مەركەزلىك ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا تەلەپكە لايىق بولمىغان تەخمىنەن %5 يېزا - كەنتتىكى تولۇقلاش ۋە ئاياغىنى ئۇزۇش خىزمىتىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئۆزلىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق ئورۇنداپ بولدى. ئومۇمىيۈزلۈك مەركەزلىك تەربىيە بېرىش جەريانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ 97 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى، ئاممىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىندى.

يىن شىنجياڭ

### دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى

يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1993-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار بىۋاستە ئۈستىگە ئالغان كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزا بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان خىراجەت كىشى بېشىغا 37 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1992 - يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمنىڭ 5.35 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، 1992 - يىلدىكىدىن 3.62 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىگەن، ئازايغان سېلىق سوممىسى 176 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 22 يۈەندىن توغرا كەلگەن. قاراماي شەھىرى، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، ئالتاي

ۋىلايەتلىرى، سانجى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرىدا كەنت قالدۇرۇقى، يېزا بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان خىراجەت 5% دائىرىسىدە تىزگىنلىنىپ، 1992 - يىلدىكىدىن بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر كۆپەيگەن. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئۈستىگە ئالغان ئوتتۇرىچە مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنى 16 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17 ئەمگەك كۈنى ئازايغان، ئومۇمىي ئەمگەك كۈنى 18 بولۇپ، 25 ئەمگەك كۈنى ئازايغان، ئىجتىمائىي يۈكمۇ ئازايغان، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي يۈكى 30 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19 مىليون 750 مىڭ يۈەن يەنى 39.52% ئازايغان. يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق ھۆججەت ۋە سېلىق تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ، بىر تۈركۈم مەبلەغ جۇغلاش، فوند، سېلىق تۈرلىرىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى 225 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، بۇ، كىشى بېشىغا 27.75 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى جەمئىي 421 مىليون360 مىڭ يۈەن يېنىكلىتىلىپ، كىشى بېشىغا 51.15 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىنىڭ كۆپ قىسمى مۇناسىپ ھالدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان، يۇقىرى تۆۋەن تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارە ۋە نازارەتلەرنىڭ ھۆججەتلىرىنى رەتلەپ، ئاپتونوم رايوندا 1 - تۈركۈمدە بىكار قىلىنىدىغان، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 29 مەبلەغ جۇغلاش، فوند، ھەق تۈرىنى ۋە 20 خىل ئۆلچەمگە يېتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە چېتىلىدىغان ھۆججەتتىن 491نى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - تۈركۈمدە 12 ھۆججەت بىكار قىلىندى، 16 ھۆججەتكە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 107 خىل ھەق ئېلىش تۈرى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - تۈركۈمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەق ئېلىش تۈرى 22. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە چېتىشلىق ھۆججەتتىن جەمئىي 230 نى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىكار قىلىنغىنى 99؛ 486 خىل ھەق ئېلىش تۈرى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 314 خىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورۇنلار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە چېتىلىدىغان ھۆججەتتىن جەمئىي 369نى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقىپ، 124 ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 421 خىل ھەق ئېلىش تۈرىنى ئېنىقلاپ - رەتلەپ چىقتى، بۇنىڭدىن 190 خىلنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە سىستېمىسىلا جەمئىي 105 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 992 ئادەم ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 50 ناھىيە، 405 يېزا، 1007 كەنتتە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، 355 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىر ۋە ئاممىنى 5632 ئادەم (قېتىم) زىيارەت قىلغان.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى تۈزۈملىشىش، قانۇنلىشىش ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايون «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەكلەرنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جايلار دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى تارماق ئىكەنلىكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى، خام چوت ۋە نەقچوت قىلىش تۈزۈمى، ئامما پاش قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەر قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، نازارەت قىلىش ھوقۇقى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدىغان بولدى، ئاپتونوم رايون «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى باشقۇرۇش كارتىسى»نى بىر تۇتاش ئىشلەپ، ھەر ئائىلىگە بىردىن بېرىپ، 1994 - يىلى باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇرۇشقا شەرت - شارائىت ياراتتى.

چېن لىي

**دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى**

ئاپتونوم رايوندىكى پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 590 گە، ئۇلار قوبۇل قىلغان پاي سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. ھەممىدىن ئاۋۋال 1984 - يىلى غۇلجا ناھىيىسى ئۈچيۈن يېزىسىنىڭ ئۈنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى پاي تۈزۈمىدىكى تىجارەت شەكلىنى كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئېلىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ دەسلەپكى پاي ھەمكارلىق كارخانىسى بارلىققا كەلدى. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرىدا ئىلى، سانجى، قۇمۇل، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ ئون نەچچە يېزا - بازار كارخانىسى پاي ھەمكارلىق كارخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، يەنجى ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، قاغىلىق ناھىيىلىك كونسېرۋا زاۋۇتى قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. 90 - يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ سۆھبەت ئېلان قىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغ جۇغلاپ، كارخانا قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپلىقى بارغانسېرى ئۆستى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى مۇشۇ جىددىي تەلىپىگە ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، 1993 - يىل 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت يىغىنىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگە قەدەر غۇلجا ناھىيىسىدە «ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى سۆھبەت يىغىنى» ئۆتكۈزدى.

سۆھبەتكە قاتناشقان ۋەكىللەر غۇلجا، قورغاس ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، يەنجى ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۇنئىي ئالماس زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن تىپىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى. پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنىڭ يېزىلاردا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى رولى ۋە ئورنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لو جيەنجى
شۇ تاۋ

## دېھقانچىلىق مول ھوسۇل مۇكاپاتى تارقىتىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق مول ھوسۇل مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتى 1993 - يىلى جايلار يوللاپ بەرگەن 41 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتنى باھالاپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 38 تۈردىن 31 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتنى مۇكاپاتلىدى. ئۇلاردىن ئۈچى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، توققۇزى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 19ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

كاڭ يى

## يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلىرى

يېزىلاردا ئېنېرگىيە تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 41 مىڭ دېھقان ئائىلىسى يېڭى تىپلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەش ئوچىقى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۇلار ئىچىدە تاۋارلاشقان كۆمۈر تېجەيدىغان ئوچاق ئىشلەتكەن ئائىلە 15 مىڭ 900. جايلار كېڭەيتىش جەريانىدا يېڭى ئوچاق سېلىش تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوچاقنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. تاماق ئېتىش، ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر تېجەش ئوچاقلىرى (يەرلىك پارۋاي) جايلاردا كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى ئېنېرگىيە تېجەش ئوچىقى ئىشلەتكەن دېھقان ئائىلىلىرى جەمئىي 1 مىليون 336 مىڭغا يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

دۆلەت پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1993 - يىلى 10 - ئايدا يېزىلاردا ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئورۇنلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەقدىرلىگەندە، شىنجاڭدىن 12 ئورۇن ئىلغار ئورۇن، 78 پەن - تېخنىكا خادىمى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

جايلاردا قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پائال پايدىلىنىپ، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسسىتقۇچنىڭ كۆلىمى 14 مىڭ 300 كۋادرات مېترغا كېڭەيتىلىپ، يېزىلاردا يۇيۇنۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. قۇياش ئېنېرگىيىسى پارنىكى 120 مىڭ كۋادرات مېترغا كېڭەيتىلدى؛ قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر مەنبەسى 9.25 كىلوۋاتقا يەتتى. توققۇزتارا ناھىيىسى ئاغارسىن يېزىسىنىڭ ئاقتام كەنتى قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش ئومۇملاشقان كەنت بولۇپ

قالدى، بۇ كەنتتىكى 180 ئۆيلۈك دېھقان ئۆيىدە ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ تولۇق ھاسىل قىلىپ، چىراق ياندۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ، ئۇزاق داۋاملاشقان جىن چىراق ياندۇرۇش تارىخىغا خاتىمە بەردى. كۇنەس، بارىكۆل، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ جەت - يىراق يېزىلىرىدا 100 — FD تىپلىق شامال كۈچى گېنېراتورى 133 كە، سىغىمچانلىقى 1300 كىلوۋاتقا يەتتى.

يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە ئۇنۇمىسال قۇرۇلۇشى مەملىكەت بويىچە يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە ئۈنۈمىسال قۇرۇلۇشى سىناق قىلىنىۋاتقان 100 ناھىيىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن جىمسار، پوسكام ناھىيىلىرىدە بۇ قۇرۇلۇش ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. 1993 - يىلى پوسكام ناھىيىسى ئۈنۈمىسال قۇرۇلۇشقا 5 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پۈتكۈزگەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئالتە تۈرنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ئىقتىدارى 286 مىڭ تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە يېتىپ، ئۈنۈمىسال ئېنېرگىيە تېجەش ئۈنۈمى 60 مىليون يۈەندىن ئاشتى. جىمسار ناھىيىسى ئۈنۈمىسال قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 900 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، خىش خۇمدىنىنى ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۆزگەرتىش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماي تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق سەككىز تۈرنى پۈتكۈزدى، ئېنېرگىيە تېجەش ئىقتىدارى 436 مىڭ تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە يەتتى، ئۈنۈمىسال ئېنېرگىيە تېجەش جەھەتتىكى ئۈنۈمى 46 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

يېزىلاردىكى ئېنېرگىيە سانائىتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئېنېرگىيە سانائىتى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، يېڭىدىن يەتتە كارخانا قۇرۇلدى. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 376 مىڭ يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 674 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 209 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىلگىرى قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسسىتقۇچىلا ئىشلەيدىغان بولسا، ئەمدىلىكتە شەكىللىك كۆمۈر ياساش، فوسفورلۇق، ماگنىيلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەش، ئېنېرگىيە تېجەش ئوچىقى، ئېنېرگىيە تېجەش چىراقلىرىنى ياساش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، يېزا ئېنېرگىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جانلاندى. تېكەس ناھىيىسى ئىشلىگەن تاماق ئېتىش، ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل تىپلىق ئۈچ خىل كۆمۈر تېجەش ئوچىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىلمىي، ئىقتىدارى كۆپ بولۇپ، كۆمۈر تېجەش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىسسىتالايدۇ، ئۇلار ھەر خىل ئائىلىلەرنىڭ تەلىپىگە لايىق بولۇپ، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ھاجەتمەنلەرنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. تۇرپان ۋىلايەتلىك قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسسىتقۇچ زاۋۇتى قىزىل سۇلياۋدىن ئىشلىگەن خالتە شەكىللىك سۇ ئىسسىتقۇچنى قۇراشتۇرۇش ئاسان، ئىشلىتىش ئەپلىك، باھاسى ئەرزان بولۇپ، بۇ زاۋۇت يىلىغا 8000دىن ئارتۇقنى ئىشلەپچىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ساتماقتا.

يېزىلاردا ئېنېرگىيە تېخنىكا مۇلازىمىتى تورى شەكىللەندى يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىز قىلىنغان ئېنېرگىيە تېخنىكىسى مۇلازىمىتى تورى خوتەندىن تارتىپ ئىلى ۋىلايىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا 19 تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىنى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكلىرى تۆت، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكلىرى 15، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى جەمئىي 108، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 630 مىڭ يۈەن، تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 37 مىڭ يۈەن، پايدىسى 134 مىڭ يۈەن بولۇپ خېلى ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ۋېي كېجيەن
ليۇ جۈن

يېزا مۇپەتتىشلىك خىزمىتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 34 ناھىيە، 454 يېزىسىدا مۇپەتتىشلىك خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 18 ناھىيە، 258 يېزىدا مۇپەتتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى %83 ناھىيە، %90 يېزىدا مۇپەتتىشلىك خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1224 يېزا مۇپەتتىشى، 369 مەخسۇس مۇپەتتىش سەپلىنىپ، خېلى بىر قىسىم رايونلاردا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك سىستېمىسى شەكىللەندى. مۇپەتتىشلىك مەزمۇنى مالىيە كىرىم - چىقىمى مۇپەتتىشلىكىدىن يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختاملىرى، مال - مۈلۈك، ماددىي ئەشيا، مەبلەغ ھېساباتى، تۇراقلىق مۈلۈكلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى، كەنت (گۇرۇپپا) كادىرلىرىنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش — ۋەزىپىگە تەيىنلەش، دېھقانلارنىڭ يۈكى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغىچە كېڭەيدى. 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر جەمئىي 7266 ئورۇن مۇپەتتىشلىك قىلىندى، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 367 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان 11 مىليون 780 مىڭ يۈەن پۇل، 870 خىيانەتچىلىك ئەنزىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى. خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرى ئىچىدە سوممىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرىلىرى 374، ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار 328 كىشىگە چارە كۆرۈلدى، ئۇلاردىن 213 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 48ى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. خىيانەت قىلىنغان 2 مىليون 168 مىڭ

100 يۈەن پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

ۋاڭ ۋېي

**دېھقان، چارۋىچىلارغا تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتى**

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانلارغا تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى (قىسقارتىپ «يېشىل كىنىشكا» دەپ ئاتىلىدۇ) بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە، «دېھقانلارغا تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 1993 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارغا تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسى بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، قۇتۇبى ناھىيىسى، سانجى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، ئائىلە ئىگىلىكى، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 14 كەسپىي كۇرس ئاچتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 829 كىشى «يېشىل كىنىشكا» بېرىش تەلىپىگە يەتتى، ئۇلار رەسمىي سىناق ئېلىش ئارقىلىق كىنىشكا بېرىلگەن تۇنجى تۈركۈم كۇرسانت بولۇپ قالدى.

دۇڭ ۋېي

**ئۈچ كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ نەمۇنىچى تەكشۈرگۈچىسى» دەپ نام بېرىلدى**

1993 - يىل 10 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك يېزىلاردىكى مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىلىرى يىغىنىدا شىنجاڭدىن ئابلاجان (خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، توختى ھەسەن (پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ كادىرى)، ۋاڭ لى (ئايال، قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ كادىرى) دىن ئىبارەت ئۈچ كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى مۇقىم كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ نەمۇنىچى تەكشۈرگۈچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

جاڭ يۈ

## يېزا ئىقتىسادى

### يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، تېرىقچىلىق پىلانى قويۇۋېتىلگەن تۇنجى يىل، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان 16 - يىل بولدى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىق مۇھىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا تارىختا يەنە يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، يېزا ئىقتىسادى مەزمۇت قەدەم بىلەن يۈكسەلدى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى.

1. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى داۋاملىق ئاشتى؛ جايلار ئۆز شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشىدى، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، سورتلۇق شال، ئارپا، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز كۆلىمىنى يەنە كېڭەيتتى. 1993 - يىلى دۆلەت پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەپ، ھەر 50 كىلوگرام ئۆلچەملىك پاختىنىڭ باھاسىنى 25 يۈەن ئۆستۈردى، ئاپتونوم رايون ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ باھاسىغا 20 يۈەن قوشۇشنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. ھاۋا شارائىتىمۇ دېھقانچىلىققا پايدىلىق بولدى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17.3% ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى ئالتە پىرسەنتلىك رەقەم ئۆسكەن، شىمالىي شىنجاڭدا ئېشىش نىسبىتى خېلى زور بولۇپ، 26.5% ئاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭدا 8.4% ئاشقان. قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن سانجى ئوبلاستىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 30%تىن يۇقىرى بولغان. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئاران 1.3% ئاشقان. يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، مول ھوسۇل پىلانىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەلا سورتلارنى چىڭ تۇتۇش، يەر ئەھۋالىغا قاراپ ئوغۇت ئىشلىتىشكە ئوخشاش يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۇسۇللىرى بويىچە تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقتىن توننا ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزلىرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ ئۆستى، دېھقانچىلىق كىرىمىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشتى. 1993 - يىلى دېھقانچىلىق كىرىمى 7 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.9% ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 59.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق كىرىمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.7% ئاشتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باقمىچىلىق راۋاجلىنىپ، نۇرغۇن باقمىچىلىق - بورداقچىلىق ئائىلىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر، كەسپىي گۇرۇپپىلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

يېزا ئىقتىسادىنىڭ تۆت قاتلاملىق ئىگىلىكىدە، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلەيدىغان

سالمىقى ئەڭ زور بولۇپ، %82.9نى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.8 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى؛ قالغان ئۈچ قاتلامنىڭ سالمىقى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئېشىش نىسبىتى خېلى يۇقىرى بولدى. يېزىلار باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىرىمى %50 ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 12.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كەنت ـ گۇرۇپپا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ كىرىمى %52.7 ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بىرلەشمە كارخانىلارنىڭ كىرىمى ئومۇمىي كىرىمنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

2. يېزىلاردا 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون 1993 ـ يىلى يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلەتتى، نەتىجىدە 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەر تېز راۋاجلىنىپ، 1 ـ كەسىپ مۇقىم يۈكسەلگەن، 2 ـ كەسىپ تېز راۋاجلانغان، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشكەن يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ كىرىمى 3 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %54.7 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا سانائىتى، سودا خاراكتېرلىك يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى ۋە مۇلازىمەت كەسپىنىڭ كىرىمى 1992 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا %60تىن كۆپرەك ئاشقان. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئەسلىدىكى ئاساستا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، بىرلىشىپ قۇرۇش، شېرىكلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەبلەغ ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، بازارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، كىرىمنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا سانائىتىنى ئاساس قىلغان يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن تېز بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا 1992 ـ يىلدىكىدىن %73 كۆپەيدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا %36 كۆپەيدى. چېگرا سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشى يېزا سانائىتى، قاتناش ـ ترانسپورتى، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بەزى رايونلار چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ۋە سودا خاراكتېرلىك يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئاشتى، باي ناھىيىلەر كۆپەيدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 749 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %8.2 ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 640 يۈەنگە يېتىپ، %4.9 ئاشتى، شىمالىي شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 925 يۈەنگە يېتىپ، %12.3 ئاشتى. سانجى ئوبلاستىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇپ، ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى %15تىن يۇقىرى بولدى. ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە %1.8، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا %2.2 ئاشتى. خوتەن ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى ئەڭ ئاز بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدە 485 يۈەندىن، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 487 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئېشىشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا نوپۇسى %1.35 كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى 1992 ـ يىلدىكىدىن 0.83 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ناھىيە (شەھەر)لەر 1992 ـ يىلدىكى 12دىن 18 گە كۆپىيىپ، ئومۇمىي ناھىيە (شەھەر)نىڭ 21.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كەنت ئائىلە گۇرۇپپىلىرى 4273كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %68.8 كۆپەيدى. بۇ، ئومۇمىي كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 700 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغان كەنت ئائىلە گۇرۇپپىلىرى 9267 گە يېتىپ، %7.2 كۆپەيدى ھەمدە ئومۇمىي كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرىچە كىرىمى 500 يۈەندىن تۆۋەن بولغان كەنت ئائىلە گۇرۇپپىلىرى 7980 بولۇپ، %22.4 ئازايدى، بۇ، ئومۇمىي كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

4. يېزىلاردا تاۋار ئىگىلىكى يەنىمۇ راۋاجلاندى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نەق پۇل كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. 1993 ـ يىلى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 6 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %3.8 ئاشتى، بۇ، مەھسۇلات سېتىش كىرىمىنىڭ 67.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. خىلمۇخىل يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمىنىڭ 48.7 پىرسەنتى بازاردا سېتىشتىن كىردى، بۇ، 1992 ـ يىلدىكىدىن ئون پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 130 مىليون يۈەنگە يېتىپ،

%56.9 ئاشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %56.9 ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %80.7 ئاشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.7 ئاشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %20كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئۈچ پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، باشقا مەھسۇلاتلارنى سېتىش كىرىمى 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %59.6 ئاشتى.

5. دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلىدى، يېزا - كەنتلەرنىڭ قالدۇرۇقى، بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان خىراجەت ئەقەللىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون 1993 - يىلى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ، بىر قىسىم نامۇۋاپىق ھەق تۆرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ نەتىجىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى ئۆستى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى يېزا - كەنتلەرنىڭ قالدۇرۇقى، بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان خىراجەت 280 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.2 ئازىيىپ، ساپ كىرىمنىڭ 4.47 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ساپ كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان رايون خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدە %4.99، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە %4.95نى ئىگىلىگەن، نىسبىتى تۆۋەنرەك بولغان رايون قىزىلسۇ ئوبلاستى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتى بولۇپ، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا %2.03، قۇمۇل ۋىلايىتىدە %2.31نى ئىگىلىگەن. قالدۇرۇق ۋە بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان خىراجەت ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.23 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

6. ئومۇمىي سەرپىيات يۇقىرى ئۆرلەپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كەتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئومۇمىي سەرپىيات يەنە زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى. سەرپىياتنىڭ ئېشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەرپىياتى 5 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %31.2 ئېشىپ كەتكەن. ئومۇمىي سەرپىيات ئومۇمىي كىرىمنىڭ 44.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 4.8 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلەپ كەتكەن. ئومۇمىي سەرپىياتنىڭ نىسبىتى ئومۇمىي كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن 14 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولغان. ئومۇمىي سەرپىياتنىڭ ئېشىش نىسبىتى شىمالىي شىنجاڭدا يۇقىرىراق بولۇپ، %42.3 ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 49.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولۇپ، %18.2 ئېشىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 39.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي سەرپىياتنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان رايون ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە %98.4، قۇمۇل ۋىلايىتىدە %59.7 بولغان. ئومۇمىي سەرپىياتنىڭ كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان رايونلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە %72.5، شىخەنزە شەھىرىدە %59.1، سانجى ئوبلاستىدا %52.3، قۇمۇل ۋىلايىتىدە %50.2 بولغان. بۇ، ساپ كىرىمنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ ۋە ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن، توك قاتارلىقلار) نىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى قايچىسىمان پەرق تېخىمۇ يوغىناپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كەتتى. 2) يېڭى قۇرۇلغان يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى يېڭى تۈرلەر كۆپەيگەچكە، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى ئېشىپ كەتتى، مەبلەغ ياخشى باشقۇرۇلمىدى، سەرپىيات ئېشىپ، تەننەرخ ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر بىر يۈەن سېلىنمىدىن كىرگەن ساپ كىرىم 1.23 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.27 يۈەن ئازىيىپ كەتتى. ھەر بىر يۈەن سېلىنمىدىن كىرگەن ساپ كىرىمى يۇقىرىراق بولغان رايونلاردىن قىزىلسۇدا 2.1 يۈەن، ئالتايدا 1.68 يۈەن، قەشقەردە 1.66 يۈەن، سانجىدا 1.63 يۈەن بولدى. ساپ كىرىم ئەڭ تۆۋەن بولغان رايون ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، ئاران 0.38 يۈەن بولدى.

ھىمىت

## دېھقانچىلىق تەننەرخى ۋە ئۈنۈمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق تەننەرخى ۋە ئۈنۈمىدە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى:

1. تەننەرخ ئۆرلەپ كەتتى، باھاسىدا ئۆزگىرىش بولمىدى، ئاشلىقنىڭ پايدىسى يەنە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1993 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىقتىن 16 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 204 مىڭ توننىغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت 7 مىليون 36 مىڭ توننا، پۇرچاق تېپىدىكىلەر 168 مىڭ توننا)، كۆپ مىقدارلىق ئاشلىقلارنىڭ

## 1993 ـ يىللىق يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر | 1993 ـ يىلى | | 1992 ـ يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگىنى % |
|---|---|---|---|
| | سانى | ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى% | |
| 1. ئومۇمىي كىرىم | 1235113 | 100 | 17.3 |
| 1) دېھقانچىلىق كىرىمى | 733622 | 59.4 | 7.91 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق كىرىمى | 313150 | 25.35 | 0.13 |
| 2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 16835 | 1.36 | 24.2 |
| 3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 119939 | 9.71 | 23.7 |
| 4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 2698 | 0.21 | 46.95 |
| 5) سانائەت كىرىمى | 170817 | 13.83 | 65.06 |
| 6) بىناكارلىق كىرىمى | 44960 | 3.64 | 29.93 |
| 7) ترانسپورت كىرىمى | 46981 | 3.81 | 30.76 |
| 8) سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى كىرىمى | 36096 | 2.92 | 63.06 |
| 9) مۇلازىمەت كەسپى كىرىمى | 28474 | 2.31 | 63.78 |
| 10) باشقا كىرىملەر | 34682 | 2.82 | 69.5 |
| 2. ئومۇمىي خىراجەت | 553302 | 44.8 | 31.29 |
| بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق خىراجىتى | 281730 | 22.81 | 16.34 |
| 3. ساپ كىرىم | 679908 | 55.05 | 7.66 |
| 1) دۆلەت بېجى | 23378 | 3.44 * | 30.61 |
| 2) مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلغىنى | 3590 | 0.53* | 38.66 |
| 3) كارخانىنىڭ ھەر خىل فوندلىرى | 7667 | 1.13 * | 66.53 |
| 4) يېزا (كەنت)لەر بىر تۇتاش ئىگىلەيدىغىنى | 27967 | 4.11 * | —36.21 |
| 5) دېھقانلارنىڭ تاپاۋىتى | 617306 | 90.79 * | 9.72 |
| كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) | 749 | | 8.24 |
| ھەر بىر يۈەن سېلىنمىنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمى (يۈەن) | 1.23 | | —18 |
| قوشۇلغان نوپۇس (10 مىڭ نەپەر) | 824 | | 1.35 |

* بەلگىسى قويۇلغانلىرى ساپ كىرىم پىرسەنتىنى كۆرسىتىدۇ.

زاپىسى يېتەرلىك بولغاچقا، ئاشلىق، ياغ باھاسى ئۆسۈش شامىلى تىنچ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئاشلىقتىن ئۇدا بىر قانچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بىلەن ماس كەلمىگەن ھالدا شالىنىڭ مو بېشى كىرىمى 13 .40 يۈەن، مو بېشى پايدىسى 25.75 يۈەن ئاشتى، كۆممىقوناقنىڭ بازار باھاسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، مو بېشى كىرىمى 1992 ـ يىلدىكىدىن ئاران 10.23 يۈەن، مو بېشى پايدىسى 1.89 يۈەن ئاشتى، ئەكسىچە تەننەرخنىڭ پايدا نىسبىتى 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.8 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلەپ كەتتى. تېرىلغۇ كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بۇغداينىڭ مو بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاران 18 .200 يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %5.98 ئېشىپ، شەھەرلەردە

ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى تېز ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئەھۋال بىلەن روشەن تەتۈر پەرق شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق تېرىش تەننەرخى داۋاملىق ئۆرلەپ، دېھقانچىلىقنىڭ يوشۇرۇن ئۆزلۈكسىز ئېغىرلاپ كەتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىليون 463 مىڭ 600 موغا يەتتى، دېھقانلار ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان، ئەڭ كۆپ ئەمگەك سەرپ قىلغان زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش نىسبىتى %55.68كە يەتتى، لېكىن ئۆرۈپىنىڭ باھاسى ئۆرلىۋېلىپ چۈشمىدى، بۇغداي باھاسى بىلەن ئۆرۈپە باھاسىنىڭ نىسبىتى 1:1.48 بولدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر كۇب مېتىر سۇنىڭ باھاسى ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى تۆت - بەش لىدىن ئۆرلەپ، بىر پۇڭدىن كۆپرەككە چىقتى، ئۆلچەملىك بىرمو يەرنى بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ بېرىش ھەققى ئۈچ - بەش يۈەندىن ئۆرلەپ، يەتتە - ئون يۈەنگە چىقتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئۇمۇمىيۈزلۈك داۋاملىق ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن 1993 - يىلى ھەر مو بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە سەرپىياتى 38.95 يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %19.3 ئېشىپ كەتتى، ھەر مو بۇغداينىڭ تەننەرخى 165.36 يۈەنگە يېتىپ، %11.84 ئېشىپ، بۇغداي كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن 5.86 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى، بۇغداينىڭ پايدىسى يەنە تۆۋەنلەپ، 1992 - يىلدىكى 38.23 يۈەندىن 31.97 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. ئوخشاش بىرمو يەردە بۇغداينىڭ پايدىسى ياغلىق دانىنىڭ پايدىسىنىڭ 58.07 پىرسەنتىگە، سېرىق يۇرچاقنىڭ 32.57 پىرسەنتىگە، چوڭ ئۇرۇقلۇق تاۋۇزنىڭ 23.95 پىرسەنتىگە، پاختىنىڭ 17.75 پىرسەنتىگە، كونسېرۋا قىلىنىدىغان پەمىدۇرنىڭ 7.55 پىرسەنتىگە تەڭ كېلىدۇ.

2. پاختىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، بازىرى ئىتتىك بولۇپ، ئۈنۈمى تېز ئاشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد يۈەنگە يەتتى، كېۋەز كۆلىمى 1992 - يىلدىكىدىن %5.74 كېمىيىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئومۇمىي ھوسۇل 680 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.86 ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 74.76 كىلوگرامغا يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مو كېۋەزنىڭ كىرىمى 515.81 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %21.78 ئاشتى، تەننەرخى 330.71 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10 كە يېقىن ئېشىپ كەتتى، مو بېشى پايدىسى يەنە 180.1 يۈەنگە يېتىپ، %59.68 ئاشتى، نەتىجىدە، پاختا باھاسى ئۆرلەش بىلەن بىللە، كىرىم بىلەن پايدىمۇ تەڭلا ئاشتى.

3. قىزىلچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن سېتىلىشىدا تەتۈر يۆزلىنىش بولۇپ، شېكەر ئىشلەشكە خام ئەشيا يېتىشمەي قالدى. 1993 - يىلى شىنجاڭدا قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 1992 - يىلدىكى 1 مىليون 263 مىڭ مودىن ئازىيىپ، 1 مىليون موغىمۇ يەتمىدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى تارىختا رېكورت يارىتىلغان 1992 - يىلدىكى 3 مىليون 290 مىڭ 700 توننىدىن بىراقلا 2 مىليون 369 مىڭ 100 توننىغا چۈشۈپ قېلىپ، شېكەر زاۋۇتلىرىغا خام ئەشيا يېتىشمەي قالدى. ھەر توننا قىزىلچىنىڭ باھاسى 1992 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسىدىن 20 يۈەنمۇ ئۆسمىدى، ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %10 چامىسىغىمۇ يەتمىدى، نەتىجىدە قىزىلچا ئۈنۈمىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى پاختىنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى. 1993 - يىلى سېلىنما يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى 270.56 يۈەنگە يېتىپ، سېلىنمىنىڭ ھاسىلاتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى %68.75كە يەتكەن ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلچىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى كىرىمى 393.53 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.93 ئاشقان، مو بېشى پايدىسى 118.39 يۈەنگە يېتىپ، %31.28 ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي كىرىم سوممىسى ئاران 42 يۈەن، ئەمەلىي پايدا سوممىسى ئاران 28 يۈەن ئاشتى. پاختا ئۈنۈمى بىلەن قىزىلچا ئۈنۈمىنىڭ پەرقى 50 يۈەندىن 61.71 يۈەنگە يەتتى.

4. بازار ئېغىر كۆچىيىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىش يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ بىردەك تىرىشىش نىشانىغا ئايلاندى. 1993-يىلى يېزىلاردا 2-، 3- كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايدى، 1990 -يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىدا ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ نىسبىتى 1990 - يىلدىكى 61.31:26.68دىن 56.03:33.75كە تەڭشەلدى. تاۋار مەھسۇلات قىممىتى 300 يۈەندىن ئاشىدىغان زىرائەتلەرنىڭ نىسبىتى 15 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. بازىرى ياخشى، نەق پۇل كىرىمى يۇقىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاساسلىق نىشانغا ئايلاندى. 1992 - يىلىلا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە كۈن نۇرىنى ئۆتكۈزىدىغان سۇلياۋ بىلەن چۈمكەلگەن پارنىكتىن پايدىلىنىپ كۆكتات ئۆستۈرۈش بارلىققا كەلگەندى، بۇنداق پارنىك 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز كەم 10 مىڭغا يەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شۇيشىگۇ، بەنفاڭگۇ، يۇڭفېڭ قاتارلىق يېزىلاردا 553 پارنىك بولۇپ، ئۇلاردىن بىر پەسىلدىلا 1500 توننىدىن كۆپرەك كۆكتات ئېلىنىدى، ئۇلارنىڭ تاۋار مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، ھەر موسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 مىڭ يۈەندىن جىقراق توغرا كەلدى، بۇ، ئاشلىق، ياغلىق

دانلارنىڭكىدىن 100 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇپ، بىر قىشلىق كىرىمىلا ئاشلىق، پاخلىق دانىنىڭ بىر يىللىق كىرىمىدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن پەۋقۇلئاددە يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى ۋە پارلىق كۆكتاتلار قىشتا تېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ كۆكتات پارنىكىغا كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ. ئەمما ئۈنۈمى سېلىنمىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. قېلىپلاشقان پامبۇك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق پارنىكنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ نىسبىتى 1:3 بولدى؛ سوقما پارنىكنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ نىسبىتى 1:2 بولدى. بۇنداق پارنىكنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولغان بىلەن سېلىنمىنى سېلىنغان يىلىلا ئۈندۈرۈۋالغىلى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە 10 مىڭ يۈەن چامىسىدا پايدىسى قالىدۇ. بۇنى مەلۇم ئىقتىسادىي قۇۋۋىتى بار دېھقانلار قوللىنالايدۇ؛ پولات قۇرۇلمىلىق پارنىكنىڭ مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مو بېشىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىنىپ، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ نىسبىتى 1:1.83 بولدى. پارنىك ياساپ كۆكتات تېرىغاندا، ۋاقىت پەرقىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ، كۆكتات قىش كىرگەندە تېرىلىدۇ، كۈزنىڭ 1-ئورۇمى يېڭى يىل، باھار بايرىمى مەزگىللىرىدە بازارغا كىرىپ، كىشىلەرنىڭ يېڭى كۆكتات يەپ بېقىش تەلىپىنى ۋە بايراملىق يۇقىرى ئىستېمالىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ، كۆكتات خىللىرى ئاز بولسىمۇ، بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، سېتىلىش باھاسى يازدىكى كۆكتاتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسىدىنمۇ ئۈچ ھەسسە كۆپرەك يۇقىرى بولىدۇ. پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشنىڭ بارلىققا كېلىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، يۈننەنلەرنىڭ چېكەي، يېسىۋىلەك، سۇەنتەيزە ۋە قىزىلمۇچلىرى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ قىشلىق كۆكتات بازىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى، قىش پەسىللىك سۇپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

گاۋ دېفېن

**يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى**

ئاپتونوم رايونىمىزدا 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 402 يېزا-بازار ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، 6362 كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى، كەنت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 9710 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

جايلار 1993-يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنى قەدەممۇ قەدەم قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1) تەشۋىقات-تەربىيە كۈچەيتىلىپ، يېزا، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى دېھقان، چارۋىچىلارغا ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن تونۇتۇلدى؛ 2) كادىرلار ئەستايىدىل ياخشى تەربىيىلەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 3728 مۇدىرى تەربىيىلىنىپ، ئومۇمىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى؛ 3) تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلىنىپ، تۈرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىندى. تەشكىلات قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغانلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاپپاراتى، خادىملىرى ۋە فۇنكسىيىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇدىرىدىن 723ى تەڭشەلدى، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى قائىدە-تۈزۈم ئورنىتىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلەرنى ئۆز تۈزۈمى بويىچە ئىشلىدى. ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى تېخى قۇرۇلمىغان يېزا، كەنتلەر ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى قەدەممۇ قەدەم قۇرۇشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشماقتا.

لى خۇڭيۈن

**يېزىلاردىكى ھەمكارلىق فوندى جەمئىيەتلىرى**

1993-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 408 يېزا ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا (بازار) دەرىجىلىكلىرى 131 بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي يېزا (بازار)نىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كەنت دەرىجىلىكلىرى 277 بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي كەنتنىڭ 2.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىچكى قىسىمدا مەبلەغ مۇئامىلىسىنى قانات يايدۇرغان يېزا (بازار) 316غا، كەنت 2847گە يەتتى، ناھىيە دەرىجىلىك ھەمكارلىق فوندى بىرلەشمىسىدىن بىرى قۇرۇلدى، مەبلەغ

مۇئامىلىسىنى قانات ياپدۇرغان ناھىيە 11 بولۇپ، جەمئىي 370 مىڭ يۈەن ئوبوروت مەبلىغى توپلىدى. ھەمكارلىق فوندى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى:

1. يېزا كوللېكتىپ مەبلىغىنى باشقۇرۇش ياخشىلاندى ۋە كۈچەيدى. ئىلگىرى يېزا كوللېكتىپ مەبلىغىنى ھەقسىز ئىشلىتىش ۋە ئىسراپ قىلىۋېتىش خېلى ئومۇمىي ئەھۋال ئىدى، ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كوللېكتىپنىڭ مەبلىغى فوند جەمئىيىتىگە پاي قىلىپ قوشۇلۇپ، ھەقلىق ئىشلىتىلىدىغان بولدى، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش كارخانىچىلاپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. جايلار 1993 - يىلى بىر تەرەپتىن فوند جەمئىيەتلىرىگە مەبلەغ توپلاشنى تۇتۇپ، دېھقانلار ئالغان ئارتۇق قەرز پۇل يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىغىۋېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 27 مىليون 190 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىنىپ، كەنت (كوپېراتىپ) كوللېكتىپ مەبلىغىدىن قوشۇلغان پاي 200 مىليون يۈەنگە، فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆز مەبلىغى 31 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلاردىن قوبۇل قىلغان پاي پۇلى 77 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 75.4% كۆپەيدى، يەنە بىر تەرەپتىن، مەبلەغنىڭ تارقىلىشىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، فوندنىڭ دىرىنى ساقلاپ، قىممىتىنى كۆپەيتىشتەك ياخشى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى.

2. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىلىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، فوند جەمئىيەتلىرى، ئادەتتە، ئۆز مەبلىغىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بەردى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە فوند جەمئىيەتلىرى جەمئىي 370 مىليون يۈەن مەبلەغ تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلگىنى 297 مىليون يۈەن، بۇ مەبلەغ، ئاساسەن، جىددىي ئېھتىياجلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقسىز مەبلەغ ئۆكسۈكچىلىكىنى پەسەيتىشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى.

3. يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەكشەش ئىلگىرى سۈرۈلدى. فوند جەمئىيەتلىرى يەنە يېزىلاردىكى 2-، 3- كەسىپلەرگە مەبلەغ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە كارخانا قۇرۇشىغا 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن، كەنتلەرنىڭ كارخانا قۇرۇشىغا 4 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يېزىلارنىڭ كارخانا قۇرۇشىغا 16 مىليون 200 مىڭ يۈەن بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول بويلىرىدىكى يېزا (بازار) لىرىدا يەنە بىر تۈركۈم يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كارخانىلىرى ۋە سودا كارخانىلىرى قۇرۇلدى.

4. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرى 1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىغا 14 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ بەردى، دېھقان ئائىلىلىرىگە بىۋاسىتە 280 مىليون يۈەن بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دېھقان ئائىلىلىرىگە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا دائىر ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە تىجارەت تۈرىنى تاللىشىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، سېتىۋېلىش، سېتىش جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

5. يېزىلاردا پۇقرالار ئارا ئەركىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى تىزگىنلەندى. يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا، يېزىلاردا پۇلغا بولغان ئېھتىياجنىڭ تېز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، پۇقرالار ئارا قەرز ئېلىش كۈندىن كۈنگە جانلاندى، ئايرىم جايلاردا جازانىخورلۇق قايتا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى، قاتناش قولايلىق، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان بەزى جايلاردا پۇقرالار ئارا ئالغان قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 30% كە يەتتى، ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرى دېھقانلارغا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەرز ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھەقلىق مەبلەغ بېرىپ، جازانىخورلۇقنى توسۇپ، يېزا پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى كۈچلۈك قوغدىدى.

6. فوند جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. بىر قىسىم فوند جەمئىيەتلىرى 1993 - يىلى مەبلەغ قوشقانلارغا پايدا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، پايچىكلارنى ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلدى، كوللېكتىپ پاي پۇلىنى كۆپەيتتى، دېھقان ئەزالارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى، فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ جۇغلانمىسىمۇ كۆپەيدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 36 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي چىقىمى 28 مىليون 550 مىڭ يۈەن (مەبلەغ ئىگىلىرىگە بېرىلگەن 930 مىڭ يۈەن ئۆسۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى؛ 8 مىليون 40 مىڭ يۈەن پايدا تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ 2 مىليون 360 مىڭ يۈەنى مەبلەغ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلدى، 4 مىليون 990 مىڭ يۈەنى مەبلەغ مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ جۇغلانمىسى قىلىندى.

ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا سەۋىيىدىن تۆۋەن تۇردى، 1993 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن نىسبىي مۇقىم ھالەتتە تۇردى، ئومۇمىي كۆلىمى كېڭەيمىدى، ئايرىم رايونلاردا

ھەمكارلىق فوند جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تونۇش ئېنىق بولمىغانلىقى، مەمۇرىي جەھەتتىن ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋېلىنغاچقا، ياخشى تەرەققىيات شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئاندىن قالسا، ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈمى ئانچە ساغلام بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپ كەتتى.

جۇەن لياڭ

### دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى 45 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەيدانى 29، باغۋەنچىلىك مەيدانى 16، يەر كۆلىمى 4 مىليون 604 مىڭ 400 مو، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 158 مىڭ 700؛ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 539 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.24% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 468 مىليون يۈەن بولۇپ، 13% ئاشتى؛ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 310 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.76% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 210 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 67.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 2 - كەسىپنىڭ 60 مىليون يۈەن بولۇپ، 19.68%نى ئىگىلىدى، 3 - كەسىپنىڭ 40 مىليون يۈەن بولۇپ، 13.02%نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ بىر يىلدا ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى 692 مىڭ موغا يېتىپ، ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 65.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر كۆلىمى 618 مىڭ 900 موغا يېتىپ، تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ 77.19 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1993 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 341 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.77% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.96% ئاشتى، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.62% ئاشتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.92% ئاشتى، قوشۇمچە كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.32% ئاشتى، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇھىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 122 مىڭ 100 توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، 1992-يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى؛ پاختا 15 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 47.57% ئاشتى؛ قۇلماق 1977 توننىغا يېتىپ، 13.88% ئاشتى، قىزىلچا بىلەن ياغلىق داننىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، باغ كۆلىمى 108 مىڭ 100 موغا يېتىپ، 29.65% كېڭەيدى، ھوسۇلى 37 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 4.22% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالما، نەشپۈتنىڭ كۆلىمى خېلى كېڭىيىپ، مەھسۇلاتىمۇ كۆپ ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېلىنغان گۆش 3217 توننىغا يېتىپ، 8.72% ئاشتى؛ سۈت 1760 توننىغا يېتىپ، 26.07% ئاشتى؛ تۇخۇم 1790 توننىغا يېتىپ، 114% ئاشتى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 203 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن كېمىيىپ كەتتى.

مەيدانلار قۇرغان سانائەت كارخانىسى 96غا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن ئونى كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 23.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.38% ئاشتى، مەيدانلار قۇرغان سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە يېمەكلىك، ئىچىملىك ئىشلەيدىغانلىرى 36، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە مېتاللوئىد مەدەن مەھسۇلاتلىرى ئىشلەيدىغانلىرى 23، كۆمۈر قېزىش، تاللاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى يەتتە.

ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى: پاختا 3000 توننىغا يېتىپ، 262.47% ئاشتى؛ پەمىدۇر قىيامى 2219 توننىغا يېتىپ، 107.38 توننا ئاشتى، ئۈزۈم 2111 توننىغا يېتىپ، 34 ھەسسە ئاشتى؛ قۇلماق 740 توننىغا يېتىپ، 15.89% ئاشتى؛ مېۋە 1720 توننا بولۇپ، 55.20% كېمىيىپ كەتتى؛ تاتلىق جۇخارگۈل 60 توننىغا يەتتى.

شى ۋېيشىڭ

## دېھقانچىلىق

### دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 44 مىليون 927 مىڭ مو بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 25 مىليون 245 مىڭ مو بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 611 مىڭ مو كېمەيدى، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 7 مىليون 90 مىڭ توننىغا يېتىپ، 27 مىڭ 300 توننا ئاشتى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 280 كىلوگرام بولۇپ، سەككىز كىلوگرام ئاشتى؛ كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 9 مىليون 95 مىڭ مو بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 388 مىڭ مو كېمەيدى، ئېلىنغان

پاختا 680 مىڭ توننىغا يېتىپ، 12 مىڭ 400 توننا ئاشتى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 75 كىلوگرامغا يېتىپ، ئالتە كىلوگرام ئاشتى، ئاپتونوم رايونىمىز پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە بىرلىك مەھسۇلاتى جەھەتلەردە مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى؛ ياغلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون 358 مىڭ 500 مو بولۇپ، 205 مىڭ 500 مو كېمەيدى، ئېلىنغان ياغلىق دان 360 مىڭ توننىغا يېتىپ، 3800 توننا ئاشتى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 107 كىلوگرام بولدى؛ قىزىلچىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 913 مىڭ 500 مو بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 371 مىڭ 500 مو كېمىيىپ كەتتى، ئېلىنغان قىزىلچا 2 مىليون 280 مىڭ توننا بولۇپ، 1 مىليون 11 مىڭ توننا كېمىيىپ كەتتى؛ قوغۇن-تاۋۇزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 580 مىڭ موغا يېتىپ، 89 مىڭ 500 مو كېمەيدى، ئېلىنغان قوغۇن ـ تاۋۇز 800 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ 100 مىڭ توننىسى تاۋار سۈپىتىدە سىرتقا يۆتكەلدى؛ 250 مىڭ مو يەرگە يېڭىدىن مېۋىلىك كۆچەت تىكىلىپ، باغ كۆلىمى 2 مىليون 9000 موغا يەتكۈزۈلدى، ئېلىنغان مېۋە 998 مىڭ توننىغا يەتتى. كۆكتات (ياۋايى تېپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ كۆلىمى 1 مىليون 100 مىڭ مو، ئېلىنغان كۆكتات 2 مىليون 420 مىڭ توننىغا يەتتى؛ ئېلىنغان پىلە غوزىسى 4250 توننىغا يېتىپ، 22 توننا ئاشتى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي سانائەت ـ دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 468 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 138 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، %9.3 ئاشتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 778 يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى.

1993 ـ يىلى يېزا ئىقتىسادى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن تۇنجى يىل بولدى، ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى قويۇۋېتىپ، توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «ئالتىنى ساقلاپ قېلىش، تۆتنى قويۇۋېتىش» نى يولغا قويدى ھەمدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى يوللىرىنى تەدرىجىي جانلاندۇرۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى تۈپ ئاساسىدىن بۆسۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، مۇھىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايون 1993 ـ يىلى مول ھوسۇل پىلانى تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشلىق، ياغلىق زىرائەت كۆلىمىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە مول ھوسۇل پىلانى يولغا قويۇلغان كۆلەم 17 مىليون 751 مىڭ موغا يېتىپ، پىلان ئەمەلىيەتتە %118.3 ئورۇندالدى، مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 666 مىليون يۈەن ئاشتى. ئەلا سورتلارنى تېرىش، ئۈسۈملۈكلەرنى ئاسراش، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، زىرائەتنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئەندىزە بويىچە تېرىش قاتارلىق ئەمەلىي تېخنىكا تەدبىرلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توپلانغان ۋە ياسالغان مەھەللىۋى ئوغۇت 43 مىليون 427 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4 مىليون 79 مىڭ توننا ئاشتى، 21 مىليون 560 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا 506 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) 41 مىڭ 330 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 6652 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. 1993 ـ يىلى دېھقانچىلىقتا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن، دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى؛ دېھقانچىلىق مېبلىغىنى كەمچىل بولدى، ئۇل مۇئەسسەسە ۋە قورال ـ سايمانلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولدى، دېھقانچىلىق تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولمىدى؛ يېزا ئىقتىسادىي ئۈچ‌ئۇر تورى قۇرۇلۇشى ئارقىدا قالغان بولغاچقا، بازار ھەققىدە تېز، ئۈنۈملۈك ئۇچۇر بېرىپ، دېھقانلارنى يېتەكلەش يېتەرسىز بولدى؛ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسىدىكى تور بۇزۇلۇش، خادىملار تاراپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ئوڭشالمىدى، «بۆلۈنۈپ كېتىش، ئەمچەكتىن ئايرىلىش» ھادىسىسى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك بولدى.

يۈەن جىننەن

## دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى

ئاپتونوم رايون 1993 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى ئىچىدىكى 1 مىليون مو كېۋەزنىڭ ھەر مودىن 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى يىلدا ئورۇندىماقچى بولدى؛ ئاپتونوم رايون جەمئىي 14 مىليون مو كۆلەمدىكى توققۇز دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىل يولغا قويۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 17 مىليون 751 مىڭ مو كۆلەمدىكى 15 تۈر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پىلان %118.3 ئورۇندالدى. بۇنىڭ

ئىچىدە بۇغداي 8 مىليون 62 مىڭ مو، كۆممىقوناق 3 مىليون 535 مىڭ مو، شال 342 مىڭ مو، توننا مەھسۇلاتلىق ئاشلىق ئېتىزى 857 مىڭ مو، كېۋەز 3 مىليون 393 مىڭ مو، ياغلىق زىرائەت 582 مىڭ مو، قىزىلچا 475 مىڭ مو، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات 144 مىڭ مو، پىلە ئۇرۇقى 9400 قۇتا، باشقا تۈرلەر 361 مىڭ مو.

ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدا ستاتىستىكا قىلىشقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىليون 796 مىڭ مو بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 50.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 4 مىليون 810 مىڭ 200 تونىنىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ 67.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 375.9 كىلوگرام بولغان؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون 393 مىڭ مو بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 37.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئېلىنغان ساپ پاختا 277 مىڭ 500 تونىنىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان پاختىنىڭ 40.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 81.8 كىلوگرامغا يەتكەن؛ ياغلىق زىرائەت كۆلىمى 582 مىڭ مو بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ياغلىق زىرائەت كۆلىمىنىڭ 17.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئېلىنغان ياغلىق دان 72 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ياغلىق داننىڭ 20.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، بىرلىك مەھسۇلاتى 125.2 كىلوگرامغا يەتكەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 666 مىليون يۈەن ئاشقان.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا 700 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. جايلار دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا مەخسۇس 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 403 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 12 مىڭ توننا سۇلياۋ يوپۇق، 326 توننا دېھقانچىلىق دورىسى جۇغلاپ دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

لىيۇ يۈڭزى

## دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون 1993 - يىلى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنى باشلامچى قىلىپ، سورتنى ياخشىلاش، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئەمەلىي تېخنىكا تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىپ قوللىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئىچىدىكى نىسبىتىنى ئاشۇردى.

1. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاستلار ئورۇنلاشتۇرغان 17 مىليون 751 مىڭ مو يەردىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى 118.3% ئورۇندالدى، مەھسۇلات كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

2. ئەلا سورت كۆلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە 25 مىليون موغا يەتتى، بۇغداي، كۆممىقوناقلارنى ئەلا سورتلاشتۇرۇش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولدى، كېۋەز ۋە قىزىلچا پۈتۈنلەي ئەلا سورتلاشتى.

3. 9 مىليون 800 مىڭ مو يەردە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان كېۋەز 8 مىليون 700 مىڭ مو بولۇپ، كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كىرىشتۈرۈپ تېرىپ يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش ئاساس قىلىنغان توننا مەھسۇلاتلىق ئاشلىق ئېتىزىنىڭ كۆلىمى 985 مىڭ 500 موغا، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئەندىزە بويىچە تېرىلغان بۇغداي كۆلىمى 664 مىڭ 800 موغا، قۇرغاق يەرگە تېرىپ شالاڭلىتىپ كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان شال كۆلىمى 270 مىڭ موغا يەتتى.

4. 17 مىليون 219 مىڭ مو يەرگە تەڭشەلگەن ئوغۇت بېرىلدى، 21 مىليون 560 مىڭ مو يەرگە ئورگانىك ئوغۇت بېرىلدى، 4 مىليون 320 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت غولى ئېتىزغا قايتۇرۇلدى. دېھقانچىلىق رايونىدا 2 مىليون 934 مىڭ 500 مو ئوت - چۆپ تېرىلدى، 10 مىليون 258 مىڭ 900 مو (قېتىم) يەرگە «پۈركۈش كۆمىرى» ئوغۇتى چېچىلدى، 11 مىليون 893 مىڭ 800 مو يەرگە مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت، كالىي دى ھىدرو فوسفات، قوڭۇر چىرىندا كىسلاتاسى قاتارلىقلار ئىشلىتىلدى.

5. ئاپتونوم رايون بويىچە 17 مىليون 40 مىڭ مو (قېتىم) يەردە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەزلىك 8 مىليون 646 مىڭ مو (قېتىم) غا، خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن ئوت ئوتالغان يەر 6 مىليون 729 مىڭ مو (قېتىم) غا يېتىپ، 200 مىڭ توننا ئاشلىق، پاختا زىياندىن قۇتقۇزۇۋېلىندى.

6. 47 مىڭ مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئەلا سورتلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىلدى، 115 مىڭ مو يەرگە كۆكتات مۇھاپىزەت قىلىپ تېرىلدى. 269 مىڭ مو كونا باغ ئۆزگەرتىلدى، 32 مىليون تۈپ ئۈژمىگە ئەلا سورت ئۇلاندى.

7. ئاپتونوم رايون بويىچە 4392 قارار ھەر خىل

دېھقانچىلىق تېخنىكىسى كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلاردىن 562 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 596 مىڭ ھەر خىل پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى بېسىپ تارقىتىلدى.

چېن خۇاتاڭ

**خوتەن، يەكەن دەريا ۋادىلىرىدا 500 مىڭ مو تونىنا ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىندى**

بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇپراق - ئوغۇت تەتقىقات ئورنى ۋە ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى ھەمكارلاشتى. 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر ئەمەلىي كېڭەيتىلگەن تونىنا ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزى 892 مىڭ 400 موغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1048.34 كىلوگرامغا يەتتى. 1993 - يىلى 506 مىڭ 900 مو يەردە تېخنىكا كېڭەيتىلىپ، تۈر رايونى ياكى كېڭەيتىش دائىرىسىنىڭ 31.9 پىرسەنتىگە يەتتى. سەككىز مو يەرنىڭ ھەر موسىدىن 1618.5 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىشتەك يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى بىر تونىنىغا يەتكۈزۈشتە، ئېگىزغا كۆممىقوناق تېرىشنى ئۆزگەرتىپ، بۇغداينى تاسمىلاپ، ئارىلىق تاشلاپ، ئارىلىقىغا كۆممىقوناق كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. تاسمىمان تېرىلغان بۇغداي كەڭلىكى 70 — 75 سانتىمېتىر قىلىنىپ، ئىككى سول ئارىلىقىدىن 40 — 45 سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ، ئىككى قۇر قوناق تېرىلىپ، بۇغدايدىنمۇ، كۆممىقوناقتىنمۇ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىندى. ھوسۇل يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى «خېبېي — 5418»، «خېبېي — 26» بۇغدايلىرى بىلەن «يۇگوسلاۋىيە كوممىقونىقى 704 — SC»، خوتەن كۆممىقونىقىنىڭ ئەلا سورتى «يېدەن - 12» كىرىشتۈرۈپ تېرىلدى؛ ھەر مو يەر بەش تونىنىدىن يەتتە تونىنىغىچە مەھەللىۋى ئوغۇت، 40.4 كىلوگرام ساپ ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاندى؛ ھەر مو بۇغدايلىقتا 500 مىڭدىن ئارتۇق باشاق، ھەر مو كۆممىقوناقلىقتا 5000 تۈپتىن قوناق بولۇش تەلەپ قىلىندى. تونىنا ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزىنىڭ ھەر موسىدىن 307.63 كىلوگرام مەھسۇلات، 478.9 كىلوگرام شاخ - سامان ئاشۇرۇپ ئېلىندى. ساپ كىرىم 186.7 يۈەن ئاشتى.

كېڭەيتىلىدىغان تۈرلەر 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى رىياسەتچىلىك قىلغان باھالاشتىن ئۆتتى، باھالاش يىغىنىدا بۇ مۇۋەپپەقىيەت مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى، دەپ قارالدى.

جاڭ لياڭجيەن

**دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتىنى بېكىتىش كومىتېتى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچى 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، 11 يېڭى سورتنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

كۈزلۈك بۇغداي سورتى «خېبېي - 26»، بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇق باشقۇرۇش باش پونكىتى، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرى كىرگۈزگەن. يازلىق بۇغداي سورتى «شىنجاڭ يازلىقى - 6»، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يادرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن. كۆممىقوناق سورتلىرىدىن «شىنجاڭ كۆممىقونىقى - 7»، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن. «شىنجاڭ كۆممىقونىقى - 8»، بۇنى شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ زىرائەت تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن. ياغلىق ئاپتاپپەرەس سورتلىرىدىن «شىنجاڭ ئاپتاپپەرەسى (شالغۇت) - 3»، بۇنى ساۋەن ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى يېتىشتۈرگەن، «شىنجاڭ ئاپتاپپەرىسى (شالغۇت) - 4»، بۇنى شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ زىرائەت تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن. ئالما سورتى «شىنجاڭ ئالمىسى - 11»، بۇنى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزي يېتىشتۈرگەن، نەشپۈت سورتلىرىدىن «شىنجاڭ نەشپۈتى - 1»، «شىنجاڭ نەشپۈتى - 2»، بۇلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن.

چېن شيەنلەي

**«خېبېي بۇغدىيى - 26»نى كېڭەيتىش خىزمىتى**

كۈزلۈك بۇغداي سورتى بولغان «خېبېي بۇغدىيى - 26» 1988 - يىلى خېبېي ئۆلكىسى شىجياجۇاڭ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنىدىن كىرگۈزۈلۈپ، خوتەن،

قەشقەر ۋە ئاقسۇدا سىناق قىلىندى. ئىككى يىل رايون خاراكتېرلىك سىناق قىلىنغاندا، ئوتتۇرىچە ھېرلىك مەھسۇلاتى 472.1 كىلوگرامغا يېتىپ، «تاڭشەن — 6898» نىڭكىدىن 12.38% يۇقىرى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈپى زىچ، يوپۇرمىقى يۇقىرىغا قاراپ ئۆسكەن بولۇپ، بالدۇر پىشىدۇ، قولى پاكار، ئوغۇتقا چىداملىق، يېتىۋالمايدۇ. ھالغا ھېرداشلىق بېرەلەيدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغاچقا، يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدا ئارىلاشتۇرۇپ ۋە كىرىشتۈرۈپ تېرىشقا باب بولۇپ چىقتى، ئۇ، تونۇش ھوسۇللۇق ئاشلىق ئېتىزلىرىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىشقا بولىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك سورت بولۇپ، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتىنى بېكىتىش كومىتېتىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1992 - يىلى بۇ سورت خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست) لەردە 480 مىڭ مو يەرگە تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە ھېرلىك مەھسۇلاتى 390 — 410 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 550 كىلوگرامغا يېتىپ، «تاڭشەن — 6898» نىڭ ھېرلىك مەھسۇلاتىدىن 15 — 30 كىلوگرام يۇقىرى بولغان، 1993 - يىلى 1 مىليون 20 مىڭ مو يەرگە تېرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەندە 750 مىڭ مو، قەشقەردە 240 مىڭ مو، قىزىلسۇدا 30 مىڭ مو يەرگە تېرىلغان.

چېن شيەنلەي

**باغۋەنچىلىك**

سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە باغ كۆلىمى 2 مىليون 8000 مو (يېڭىدىن ئەمىيا قىلىنغىنى 130 مىڭ مو) غا، ئېلىنغان مېۋە 1 مىليون تونناغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئالما ۋە ئۈزۈم كۆپرەك ئاشقان، ئالما 187 مىڭ تونناغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21.04% ئاشقان، ئۈزۈم 447 مىڭ تونناغا يېتىپ، 9.4% ئاشقان.

1. رەھبەرلىك كۈچلۈك بولدى، دېھقانلار سېلىنمىنى كۆپەيتتى. جايلار 1993 - يىلى تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەۋزەل كەسىپنىڭ ئۈنۈمىنى تەدرىجى جارى قىلدۇردى. ئۈزۈم ئوخشايدىغان تۇرپاندا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1500 يۈەندىن ئاشتى، ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

2. بازا قۇرۇلۇشى مەلۇم كۆلەمگە يەتتى. داڭلىق، ئېسىل، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئاپتونوم رايون بويىچە كېيىنى - كەينىدىن قانات يايدۇرۇلدى، ھازىر تۇرپان ئاساس قىلىنغان قۇرۇق ئۈزۈم بازىسى، كورلا ئاساس قىلىنغان نەشپۈت بازىسى، قەشقەر قاتارلىق جايلار ئاساس قىلىنغان ئۆرۈك بازىسى ۋە ئاقسۇ ئاساس قىلىنغان ئالما بازىسى شەكىللەندى. 1993 - يىلى يەنە كورلا نەشپۈتى ئېكسپورت تاۋار بازىسى، ئاتۇش ئەنجۈر تاۋار بازىسى قۇرۇلدى، ئارقىدىن ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈم ئېكسپورت تاۋار بازىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

3. پەن - تېخنىكا ئۈتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىش پائالىيىتى كېڭەيدى. جايلار ئۈزۈم، ئۆرۈك قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ مول ھوسۇل ئېلىش پىلانلىرىنى تۈزدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 250 مىڭ مو باغدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندا 53 مىڭ 100 مو يەردىكى ئۈزۈمنىڭ ھېرلىك مەھسۇلاتى 2055.7 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەر مو يەردىكى ئۈزۈم 505.7 كىلوگرام ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 26 مىڭ 900 تونناغا يېتىپ، ساپ ئۈنۈمى 32 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئاشتى.

4. مەھسۇلاتى تۆۋەن باغلار ئۆزگەرتىلدى. مېۋە چىقىدىغان ئاساسلىق رايونلار 1993 - يىلى ئوغۇت، سۇ مەركەز قىلىنغان مەھسۇلاتنى ئۆزگەرتىشنى، سورتلارنى باشقىدىن ئۇلاش، يېڭىلاش قاتارلىق ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 190 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى باغنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە تۆۋەن ھوسۇللۇق 100 مىڭ مو باغنى ئۆزگەرتىش بويىچە پەن - تېخنىكا «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يولغا قويۇشقا كىرىشىپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش بويىچە سەككىز ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇردى، ئۈلگە كۆرسىتىش كۆلىمى 3000 موغا، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزگەرتىلگەن كۆلەم 131 مىڭ 500 موغا يەتتى.

باغۋەنچىلىكتە مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر ساقلاندى: ئىلمىي پوزىتسىيە كەمچىل بولۇپ، قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇرۇلدى؛ راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، پەرۋىش قىلىشقا سەل قارالدى، سانغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، سۈپەتكە سەل قارالدى؛ ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى تېخى بارلىققا كەلمىدى، كۆچەتلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى قالايمىقان بولدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ھەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخى مۇكەممەللەشمىدى، توختاملارنىڭ ئەقلىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولدى ۋە باشقىلار.

لى دۇڭشيا

**ئۈجمە ئۇلاشتا ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 40 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە تىكىلىپ، 35 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمە ئۇلىنىپ، سورتى ياخشىلاندى. ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاشتا

تارىختا ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇچمە جەمئىي 160 مىليون تۈپتىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلىنىپ سورتى ياخشىلانغانلىرى 100 مىليون تۈپتىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي ئۇچمىنىڭ 63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاپ سورتىنى ياخشىلاش تېكىشتىن كېيىن قالىدىغان ئەھۋال دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەردى.

ساۋ شياۋلىي

### ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلىگە كېسەل تەگدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق پىلىچىلىك رايونلىرى بولغان خوتەن ۋىلايىتى ۋە يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردە 1993-يىلى پىلىگە ئېغىر كېسەل تەگدى، ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا پىلىگە تەگكەن كېسەللەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، زىيان يەتكۈزۈش كۆلىمى زور، كېسەل ئەھۋالى ئېغىر بولدى. ئىككى پىلىچىلىك رايوندا 186 مىڭ 500 قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن ئەمەلىيەتتە 4087 توننا غوزا ئېلىندى، بۇ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولسىمۇ، پىلاندىكىدىن 1000 توننا كېمىيىپ كەتتى، پىلە غوزىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 17.3 كىلوگرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.42 كىلوگرام، بىرلىك مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1990 - يىلدىكىدىن 4.5 كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى.

پىلىچىلىك كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە، پىلە زىچلىقىنىڭ ئېشىشىغا، يېڭى پىلە باققۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پىلىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر تەدرىجىي ئېغىرلاشتى. 1993 - يىلى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ۋە سايمانلارغا سېلىنغان سېلىنما كەمچىل بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە، ئىشلىتىلگەن دورا ئېھتىياجلىق مىقدارىنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسمىغا يەتتى، شۇڭا دېزىنفېكسىيە قىلىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈزۈل - كېسىل بولمىدى. ئەتىيازلىق غوزا يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، بېقىش، غوزىلىتىش ئۆيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېزىنفېكسىيە قىلىنماي، كېسەللىكلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنبەسى قېلىپ قالدى، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق غوزا بازارغا كىرگەندە، جايلار قاتقان پىلە قۇرۇتىنى سېتىۋالغاچقا، كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى تارقىلىپ كېتىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنى ۋە يەكەن ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيىلەر يېزىلىرىنى بۇلغىۋەتتى. يېڭى كېسەللىك مەنبەسىنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاخىرى كۈزلۈك پىلە قۇرۇتى قېتىپ قىلىش كېسىلى كەڭ كۆرۈلدى، كۈزلۈك پىلە غوزىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1279 توننىغا يېتىپ، پىلان ئاران 70% ئورۇندالدى.

ساۋ شياۋلىي

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى داۋاملىق ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە، تۇغۇلۇپ ئەي بولغان تۆل 14 مىليون 851 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.9% ئاشتى، ئەي بولۇش نىسبىتى 83.78% كە يېتىپ، 3.18 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى؛ 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بېقىلىۋاتقان چارۋا سانى 44 مىليون 200 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 2.26% كۆپەيدى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋامال 35 مىليون 147 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 0.6% كۆپەيدى؛ شۇ مەزگىلدە قولدىن چىقىرىلغان چارۋامال 13 مىليون 970 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن ئازراق كۆپەيدى؛ لېكىن بوردالغان چارۋا مال 5 مىليون 400 مىڭ تۇياققا يېتىپ، قولدىن چىقىرىلغان چارۋا مالنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، گۆش مىقدارى ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي گۆش مىقدارى 383 مىڭ توننىغا يېتىپ، 6.3% ئاشتى. شۇ مەزگىلدە قولدىن چىقىرىلغان تاۋار چارۋا 8 مىليون 800 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 194 مىڭ 400 تۇياق كۆپەيدى، تاۋارلىشىش نىسبىتى 63%كە يېتىپ، 1.4 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى. باشقا چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ ئاشتى، قوي يۇڭى 50 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1.6% ئاشتى، ئۆشكە تىۋىتى 800 توننىغا يېتىپ، 6.7% ئاشتى؛ سۈت 370مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 2.9% ئاشتى، تۇخۇم 77 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 1.17% ئاشتى؛ كالا تېرىسى 688 مىڭ 500پارچىگە يېتىپ، 6.5% كۆپەيدى؛ قوي تېرىسى 8 مىليون 76 مىڭ 400 پارچىگە يېتىپ، 5.3% كۆپەيدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 4 مىليارد 36 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.4% ئاشتى، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1992 - يىلدىكى 20.6% تىن 21.82% كە ئۆستى. چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 700 يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايون 1993 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش بىلەن ئەنئەنىۋى، قالاق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت

بېرىپ، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى مەركەز، چارۋا ماللارنىڭ قىش ۋە ئەتىيازلىق ئوت - چۆپىنى ھەل قىلىشنى نىشان قىلىپ، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، چارۋىچىلىقنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 - يىلى 3816 ئېغىز ئۆي سېلىندى، 1967 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، يېتىشتۈرۈلگەن ئوتلاق قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 568 مىڭ 900 موغا، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان سۇنئىي ئوتلاق 1 مىليون 70 مىڭ موغا يەتتى، 2900 قوتان سېلىندى، 1383 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ئېرىقى - ئۆستەڭ چېپىلدى، 1367 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆچ يولى ياسالدى، 413 كۆۋرۈك، سۇئىچكۈچ سېلىندى، 316 قۇدۇق قېزىلدى، 211 كۆلچەك ياسالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چېكەتكە يوقىتىلغان ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 310 مىڭ موغا، چاشقان يوقىتىلغان ئوتلاق كۆلىمى 6 مىليون 220 مىڭ موغا يەتتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى.

ئوتلاقلارنى ئېچىش 1992 - يىلى سۇ - تۇپراقنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، 1993 - يىلى دۆلەت يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنى 2 - قارارلىق بەش يىللىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش بازىسى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈپ، داۋاملىق مەدەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نامرات چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش پىلانىغا كىرگۈزۈپ ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايون مالىيە، ماددىي جەھەتلەردە چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 7 - ئايدا ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا كەم كۆرۈلگەن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاندا، ئاپتونوم رايون 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، چارۋىچىلارنىڭ قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئۆي - ماكانىنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە ياردەم قىلدى. 1993 - يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېغىر كەلكۈن، چاشقان ئاپەتلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىلەر مالىيە جەھەتتىن مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام قىشلىق ئوت - چۆپ تەقلىنىپ، چارۋا ماللارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىلدى.

1993 - يىلى قولدىكى چوشقا 1 مىليون 80 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون تارىخىدا ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى؛ قولدىكى ئۆي قۇشلىرى تۇنجى قېتىم 20 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى، چوشقا گۆشى 60 مىڭ توننىدىن، قۇش گۆشى 20 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى. ئوتخور ئۆي ھايۋانلىرى جەھەتتە سويۇلىدىغان كالا، سويۇلىدىغان قويىنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە يۈكسەلدى.

شى رۇيجۈن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 261 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇنئىي ئوتلاق 80 مىڭ 500 گېكتار (ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىلغان ئوتلاق 20 مىڭ گېكتار، قوش قەۋەتلىك ئوتلاق 8900 گېكتار، خەلق ئاممىسى ۋە بازىلار تېرىغان ئوتلاق 51 مىڭ 800 گېكتار)، ياخشىلانغان ئوتلاق 112 مىڭ 900 گېكتار، قاشالانغان ئوتلاق 67 مىڭ 900 گېكتار، يىل ئاخىرىغا قەدەر 112 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلدى. 287 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاقتا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇلار يوقىتىلدى، 414 مىڭ 600 گېكتار ئوتلاقتا چاشقان يوقىتىلدى. چارۋا ماللارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 3 مىليارد 504 مىليون كىلوگرام ئوت - چۆپ، 3 مىليارد 389 مىليون كىلوگرام شاخ - سامان تەقلىۋېلىندى. يېڭىدىن 3072 ئۆيلۈك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 3816 ئېغىز ئۆي سېلىندى، 4323 قوتان ياسالدى، 77 .2060 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋىچىلىق رايونىنى سۇغىرىش ئېرىقى - ئۆستەڭ چېپىلدى، 27 .2194 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆچ يولى ياسالدى، 498 كۆۋرۈك، سۇئىچكۈچ سېلىندى، 336 قۇدۇق قېزىلدى، 237 كۆلچەك ياسالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 47 مىليون 205 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ سالغىنى 26 مىليون 740 مىڭ يۈەن (ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىپ بېرىش ھەققى، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش فوندى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش خىراجىتى، پۇل ئورنىغا ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بەرپا قىلىنغان ئوتلاق قىسمى، يېزا ئىگىلىكىدە ئوتلاقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىراجىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سالغىنى ۋە ئامما ئۆزى جۇغلىغىنى جەمئىي 20 مىليون 465 مىڭ 400 يۈەن.

شى لىپ

## ئوتلاق ئىزاملىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى

ئاپتونوم رايون 1993 - يىلى «ئوتلاقلارنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ، ئۇزاق مۇددەت ھەقلىق ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»،

«ئاپتونوم رايوندىكى ئوتلاق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئوتلاق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى (سىناق نۇسخا)»، «شىنجاڭدا ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىنى تۈزەش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتلاق قوروۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «ئوتلاقلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئوتلاقتا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»دىن ئىبارەت قائىدە - تۈزۈم خاراكتېرلىك بەش ھۆججەتنى چىقاردى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (مەيدان) دەرىجىلىك ئوتلاق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى 364كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى 98؛ ئوتلاق نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خادىمى ئاز كەم 1500گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى 700دىن ئاشىدۇ. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 892سى كۆرۈلدى، 123 مىڭ مو ئوتلاق ۋەيران قىلىۋېتىلدى، بۇ ئەنزىلەردىن 684 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئەنزىلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %77.2گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئالتە پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، ۋەيران قىلىنغان ئوتلاق كۆلىمى %24 ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقتا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسىدىن 27سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت (ئوبلاست) دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلىرى توققۇز، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى 18، ئوتلاقتا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلمىغان جايلاردا ئوتلاقتا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئوتلاق نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئورۇنلىرى مەسئۇل بولۇپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ قويدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقلاردا 52 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاگاھ خاراكتېرلىكلىرى 47 قېتىم، ئادەتتىكىلىرى بەش قېتىم بولۇپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە، زور ئوت ئاپەتلىرى كۆرۈلمىدى. كۆيگەن كۆلەم 1467 گېكتار بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %24 ئازايدى.

شى لىي
دۆلقۇن

## يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى

1993 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى 183 (بۇنىڭ ئىچىدە نەسىللىك چارۋا فېرمىسى 16) بولۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمي مەھسۇلات قىممىتى 739 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.6 ئاشتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 695 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 601 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5.6 ئاشتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5.1 ئاشتى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 476 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پايدا ۋە باج 23 مىليون 165 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.5 ئاشتى، 149 فېرما پايدا ئالدى، 34 فېرما زىيان تارتتى، پايدا ۋە زىيان ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 275 مىڭ يۈەن.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدىكى ھەر خىل چارۋا 4 مىليون 635 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %0.3 كۆپەيدى، ئەي قىلىنغان ھەر خىل تۆل 2 مىليون 102 مىڭ 500 تۇياقتا يېتىپ، %2.2 كۆپەيدى، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %80.8 گە يەتتى؛ قولدىن چىقىرىلغان ھەر خىل چارۋا 1 مىليون 800 مىڭغا يەتتى، قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %42.7گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.5 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى؛ تاۋار چارۋا 1 مىليون 298 مىڭغا يەتتى، تاۋارلىشىش نىسبىتى %28.1كە يېتىپ، 2.1 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆسۈپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. گۆش 39 مىڭ 900 تونىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.6 ئاشتى؛ قوي يۇڭى 7739 تونىغا يېتىپ، %1.1 ئاشتى؛ سۈت 52 مىڭ 700 تونىغا يېتىپ، %3.3 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق، يەم - بوغۇز 183 مىڭ 300 تونا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1600 تونا كېمىيىپ كەتتى؛ ياغلىق دان 20 مىڭ 700 تونا بولۇپ، 63 تونا كېمىيىپ كەتتى؛ پاختا 4642 تونا بولۇپ، 191 تونا كېمىيىپ كەتتى. مۇھىم سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: 8 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 551 مىڭ 600 تونا كۆمۈر، 60 مىڭ 300 تونا سېمونت، 250 تونا خىمىيىۋى ئوغۇت، 1371 تونا پاختا يىپ، 8422 تونا ئارلاشما بوغۇز، 336 تونا زاۋۇت قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 443 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچى 156 مىڭ.

جاڭ گۈيلەن
دىلشات

**يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇش تۈرىدىن 11نى ئورۇنلاشتۇردى (1992 - يىلدىن قالغان ئالتە تۈرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش تېپىپ بېرىپ ياردەملىشىش تۈرى سەككىز بولۇپ، ئۇلارغا جەمئىي 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن (ئىش تېپىپ بېرىش مەخسۇس مەبلىغى 1 مىليون يۈەن، يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغى 900 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، ئۆسۈمى قوشۇلىدىغان قەرز پۇل بېرىلىدىغان تۈر ئۈچ بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن (ئۆسۈمى قوشۇلىدىغان قەرز پۇل 1 مىليون يۈەن، يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغى 500 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش تۈرلىرى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئوتلاقلارنى ياخشىلاش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، جامائەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھەم سانائەت قوشۇمچە كەسىپ قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1993 - يىلى 15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ يىللىق پايدىسى جەمئىي 1 مىليون 262 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4 . 32 ئاشتى؛ ممللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 27 مىليون 875 مىڭ يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، %4 . 4 ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3 . 1175 يۈەنگە يېتىپ، %2 . 3 ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 7 . 381 يۈەنگە يېتىپ، %87 . 1 ئاشتى.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىقلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى مۇنۇلار: 1) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 183 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىچىدە نامرات فېرما 61 بولسىمۇ، ئاران 15 فېرما دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 2) دۆلەت ھەر يىلى بېرىپ تۇرۇۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغى ئاران 2 مىليون يۈەن بولۇپ، تولىمۇ ئاز، بۇنىڭ بىلەن نامرات فېرمىلارنىڭ قىياپىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. 3) نامرات فېرمىلارنىڭ كۆپ قىسمى چەت، تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئىختىساسلىق خادىملار، مەبلەغ، تېخنىكا كەمچىل، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بىر خىل بولغاچقا بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە ناچار ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە.

ۋاڭ ژېيگو

**جۇڭگو سىمبىلتال كالىسىنى يېتىشتۈرۈش باشلاندى**

جۇڭگو سىمبىنتال كالىسىنى يېتىشتۈرۈش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى 1993 - يىل 6 - ئايدا قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

«جۇڭگو سىمبىنتال كالىسىنى يېتىشتۈرۈش» دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1992 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنى باش، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى تېخنىكا مەسلىھەتچىسى قىلىپ، سىچۈەن ياڭپىڭ نەسىللىك كالا فېرمىسى، شىنجاڭ قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى، ئىچكى موڭغۇل جىرىم ئايمىقى گاۋلىنتۇن نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، ئىچكى موڭغۇل گىداسۇ نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، جىلىن چاگەنخۇا نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، خېيلۇڭجياڭ چىچىخار نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، لياۋنىڭ فۇشىن نەسىللىك كالا فېرمىسىدىن ئىبارەت سىمبىنتال كالىسىنى يېتىشتۈرگۈچى يەتتە نۇقتىلىق فېرمىنى قاتناشتۇرۇپ، يېتىشتۈرۈش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرغانىدى.

شىنجاڭ قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىدا سىمبىنتال كالىسىنىڭ ئېنىكى 1995 - يىلى 140قا، 1997 - يىلى 170كە، 2000 - يىلى 230غا يەتكۈزۈلىدۇ.

شيۇڭ بىن

**سويۇلىدىغان قوي گۆشىنى ئاشۇرۇشنىڭ يۇرۇشلەشكەن تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى**

بۇ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1991 - يىلى چۈشۈرگەن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىدىكى تۈر بولۇپ، ئالتاي شەھىرى، بۇرچىن، قابا، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدە يولغا قويۇلغان، ئۇنىڭدا، يىلىغا 300 مىڭ پاخلاننى بورداپ ئېغىرلىقىنى 12 كىلوگرامدىن 17 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، يىلدا 1500 توننا گۆشنى ئاشۇرۇش پىلانلانغانىدى.

1991 - ۋە 1992 - يىللىرى باش ئەتىيازدا تۆللىتىش، قەتئىي نەسىللىك قوشقار بىلەن نەسىللەندۈرۈش، يايلاقنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، شۇ يىلى پىچىپ سەمرىتىپ قولدىن چىقىرىش، سوففولك، دورسېت قاتارلىق سويۇلىدىغان قوي نەسىللىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك شالغۇتلاشتۇرۇش قاتارلىق يۇرۇشلۇك تېخنىكا تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق سۈپەتلىك قوي گۆشى يېتىشتۈرۈلدى. 1991 - يىلى تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا 19 مىڭ 149 نەسىللىك قوشقار ئومۇميۈزلۈك باھالىنىپ، 1764 قوشقار شاللىۋېتىلدى، 4662 قوشقار تولۇقلاندى. 634 مىڭ 400 ساغلىق باھالىنىپ، 75 مىڭ 200 ساغلىق شاللىۋېتىلدى، 1991 - يىلى ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك نەسىللىك قوشقار بىلەن 686 مىڭ ساغلىق نەسىللەندۈرۈلدى (بۇنىڭ 82 مىڭ 200ى

باش ئەتىيازدا ئېلىنغان تۆل)، 1992 - يىلى 652 مىڭ 200 تۆل ئەي قىلىنىپ، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 95.2% كە يەتتى، شۇ يىلى 312 مىڭ 400 بورداق پاقلان قولدىن چىقىرىلدى. شۇ يىللىق پاقلانلاردىن 6035 نى ئارىلاپ تەكشۈرگەندە تۆت - بەش ئايلىق بولغانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىك ئېغىرلىقى 35.66 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە گۆش ئېغىرلىقى 18.43 كىلوگرامغا، سويۇلۇش نىسبىتى 49.25% كە يەتتى. 1991 - ۋە 1992 - يىللىرى تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا 1736.9 توننا گۆش ئاشۇرۇپ ئېلىندى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 632 مىڭ 100 يۈەن ئاشتى، جەمئىي 2 مىليون 913 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سېلىنما بىلەن ھاسىلاتنىڭ نىسبىتى 1:5.57 بولدى.

بۇ مۇۋەپپەقىيەت 1993 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئويۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش باھالىشىدىن ئۆتتى، باھالاش پىكرىدە بۇ مۇۋەپپەقىيەت مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپتۇ، دەپ قارالدى.

شيوڭ بىن

## ئاپتونوم رايوندا ئىمپورت قىلىنغان سويۇلىدىغان قوينى ساپ كۆپەيتىش ۋە ئۇلاردىن شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى

بۇ تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق تېما بولۇپ، بۇ تېما 1990 - يىلى يولغا قويۇلغان. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ۋە پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، ئالتاي شەھىرىدە ئوتتۇرا مىزگىللىك باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. باھالاش گۇرۇپپىسى ئالتاي شەھىرىنىڭ شەمىرشەك يېزىسىدا سوففولك، دورىست سويۇلىدىغان قويلىرى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسلى ياخشىلانغان ئالتاي قويىنىڭ شالغۇت 1 - ئەۋلاد پاقلانلىرىنى تەكشۈردى، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا بەش ئايلىق بولغان ئالتاي قويىدىن ئۈچنى، سوففولك × ئالتاي شالغۇتىدىن ئۈچنى، دورىست × ئالتاي شالغۇتىدىن ئۈچنى سويدى. ئۆلچەپ كۆرگەندە ئالتاي قويلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىك ئېغىرلىقى 44.33 كىلوگرام، گۆش 23.17 كىلوگرام، لوق گۆشى 18.3 كىلوگرام چىقتى؛ سوففولك × ئالتاي شالغۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىك ئېغىرلىقى 50 كىلوگرام، گۆشى 26.3 كىلوگرام، لوق گۆشى 20.5 كىلوگرام چىقتى؛ دورىست × ئالتاي شالغۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىك ئېغىرلىقى 47.67 كىلوگرام، گۆشى 26.27 كىلوگرام، لوق گۆشى 20.43 كىلوگرام چىقتى. ئۆلچەرلەش گۇرۇپپىسى يەنە تېمىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ماناس ناھىيىسىدىكى ساپ كۆپەيتىش نۇقتىسىغا دائىر مەنبەنى كۆردى، ئۇلار بىردەك: بۇ تۈر ئومۇمەن ياخشى يولغا قويۇلغان، ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش يۆنىلىشى توغرا، تەشكىلىي تەدبىرلەر كۈچلۈك بوپتۇ، يەنە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

«ئىمپورت قىلىنغان سويۇلىدىغان قوينى ساپ كۆپەيتىش ۋە ئۇلاردىن شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى» تۈرىدە ئىلى، ئالتاي، قەشقەر، بايىنغولىن قاتارلىق سەككىز ۋىلايەت ۋە ئوبلاستتا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بىر تۈەن - مەيدانىدا سوففولك، دورىست قويلىرى ئارقىلىق ئالتاي قويى، قازاق قويى، بايىنبۇلاق قويى، قاراكۆل قويى ھەم تۈۋەن دەرىجىلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي شالغۇتلاشتۇرۇلدى، ئۆلچەپ كۆرگەندە تۆت - بەش ئايلىق شالغۇت پاقلانلارنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى يەرلىك پاقلانلارنىڭكىدىن ئۈچ - سەككىز كىلوگرام، گۆشى بىر - بەش كىلوگرام، لوق گۆشى بىر - بەش كىلوگرام ئېغىر بولۇپ چىقتى. يەنە قۇيرۇق مېيىنى ئازايتىپ، گۆشنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ، قۇيرۇق مېيىنىڭ نىسبىتىنى 8.7% - 15.2% تىن 2% - 5.9% كە چۈشۈرگىلى بولىدۇ. ئومۇمەن شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، يۆنىلىشى توغرا بولۇپ، ئۇ، سۈپەتلىك قوي گۆشى مىقدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ماناسنىڭ نەنشەن چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ساپ كۆپەيتىش ئورنى قۇردى، چاپچال قوي فېرمىسى، ئۈرۈمچى نەنشەن تەجرىبە قوي فېرمىسىدا ساپ كۆپەيتىش نۇقتىلىرىنى قۇردى ھەمدە ئىمپورت قىلىنغان سويۇلىدىغان قوينىڭ ئۆسۈشى، ماسلىشىشچانلىقى، كۆپىيىش ئىقتىدارى، يۇڭىنىڭ سۈپىتى قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلدى، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، ساپ كۆپەيتىش خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 1993 - يىلغا كەلگەندە ساپ نەسىللىك ساغلىق 790 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ساغلىق 481 تۇياق، پاقلان 300 تۇياق؛ قوشقار پاخلان 294 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈر يولغا قويۇلغان رايونلار ۋە ئۇلار تەسىر كۆرسەتىدىغان رايونلار قوي نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۈپەتلىك نەسىللىك قوي بىلەن تەمىنلىنىپ، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 170 مىڭ تۇياق

شالغۇت پاقلان تارقىتىپ بېرىلدى.

سۇ ۋېي

**شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشتىن ئۆتتى**

«شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەستىقى بويىچە تۈرگۈزۈلۈپ، 1990 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغانىدى. تۈرنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باشقارمىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 1993-يىل 11 - ئايدا خوتەنگە بېرىپ ئەمەلىي باھالاش ئېلىپ باردى. مۇتەخەسسىسلەر بەش يېزا، بىر فېرمىدىكى لىنكولىن قويى بىلەن خوتەن قويىنى شالغۇتلاشتۇرۇش يولى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن 24 قورۇدىكى 5845 تۇياق قويىنى بىۋاسىتە كۆردى، ئۇلاردىن 128 نىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ باقتى.

تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق 720 مىڭ تۇياق قوي يېتىشتۈرۈلدى، تەبىئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش يولى بىلەن 390 مىڭ تۇياق قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. شالغۇتلاشتۇرۇش يولى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن قوي جەمئىي 800 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغىنى 411 مىڭ تۇياق. نەسلى ياخشىلانغان قويىنىڭ يۇڭ مىقدارى خوتەن قويىنىڭكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىلوگرامدىن كۆپرەك، ئېغىرلىقى بەش كىلوگرامدىن كۆپرەك ئېشىپ، نەسلىنى ياخشىلاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

تۈرنى يولغا قويۇش جەريانىدا يېڭىدىن 52 ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، 25 قېتىم تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1448 كىشى تەربىيىلەندى.

مۇتەخەسسىسلەر بىردەك «شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوتەن قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىنىڭ كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل، تەدبىرلىرى كۈچلۈك، ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك دەپ ھېسابلىدى.

سۇ ۋېي

**تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتلاقلارنى ئۇنىۋېرسال ياخشىلاش سىنىقى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش تەتقىقاتى**

بۇ تەتقىقات ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ باشچىلىقىدا سەككىز ئورۇننىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئورۇندالدى. 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاشتا، بۇ مۇۋەپپەقىيەت مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش خىلدىكى تەتقىقاتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتلاقلارنى ئۇرۇق چېچىپ تولۇقلاش، ئوغۇتلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىۋېرسال ياخشىلاشتا ئوت - چۆپنى ئورۇۋېلىنىدىغان ھەر مو ئوتلاقتا ئاران 15 يۈەنلا مەبلەغ سېلىپ، 100 كىلوگرامدىن 150 كىلوگرامغىچە قۇرۇق ئوت - چۆپ ئالغىلى، يىللىق كىرىمنى 30 يۈەندىن كۆپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تاشلىۋېتىلگەن تېرىلغۇ يەرنى ياخشىلاپ، سۈنئىي ئوتلاققا ئايلاندۇرۇشتا ھەر مو يەرگە 20 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ھەر مودىن 300 كىلوگرامدىن ئارتۇق سۈپەتلىك قۇرۇق ئوت - چۆپ ئالغىلى، يىللىق كىرىمنى 100 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇنداق ئوتلاقلاردىن مەبلەغ سېلىنغان يىلىلا مەنپەئەت كۆرگىلى ھەم ئۇدا كۆپ يىل ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر 10 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىپ جەمئىي 28 مىليون 379 مىڭ كىلوگرام قۇرۇق ئوت - چۆپ ئاشۇرۇپ ئېلىندى. ئوت - چۆپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 439 مىڭ 700 يۈەن ئاشتى.

شى لىيې

**ئوتلاقلاردىكى ھاشارات، چاشقان ئاپەتلىرى ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتلاقلىرىدا ئوتتۇراھال ھاشارات، چاشقان ئاپەتلىرى يۈز بەردى، ئايرىم جايلاردا ئاپەت ئېغىرراق بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھاشارات ئاپىتى كۆرۈلگەن كۆلەم 11 مىليون موغا، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 9 مىليون موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلگەن كۆلەم 8 مىليون مو، ئوتلاق سېسىق قوڭغۇزى كۆرۈلگەن كۆلەم 2 مىليون مو، يالغان پوتلۇق سېسىق قوڭغۇز كۆرۈلگەن كۆلەم 250 مىڭ مو، باشقا ھاشارات ئاپەتلىرى كۆرۈلگەن كۆلەم 750 مىڭ مو، چاشقان ئاپىتى كۆرۈلگەن كۆلەم 14 مىليون موغا، چاشقان ئاپىتى ئېغىر بولغان كۆلەم 10 نەچچە مىليون مو (يىل ئاخىرىدا ئالتايدا ئۇشتۇمتۇت سېرىق لاسوكال چاشقان ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۆلەم بۇنىڭ سىرتىدا) غا يەتتى.

چېكەتكە ئاپىتى شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى تاغ ئالدى ئوتلاقلىرىدا ئەڭ ئېغىر بولدى. سانجى، قۇتۇبى، ماناس، ساۋەن، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا چېپەرقۇتسىماق چېكەتكە، يالغان چىپار قاناتلىق چېكەتكە

قاتارلىق چېكەتكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 20 ـ 51.7 دانە/ كۋادرات مېترغا يەتتى؛ بارىكۆل ئويمانلىقىدا سىبىرىيە چېكەتكىسى ئاۋۇپ قالدى؛ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن ناھىيىلىرىدىمۇ چېكەتكە كۆرۈلگەن كۆلەم خېلى زور بولدى. باغراشتىكى ئاسىيا چېكەتكىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا تىزگىنلىنىپ ئۇدا 13 يىل ئاپەت سالمىغانىدى، لېكىن 1993-يىلى 1 ـ 09001 چېكەتكە رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دەريا ئېغىزى قومۇشلۇقىدا ئوتتۇرا ھالدىن ئېغىرراق چېكەتكە پەيدا بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى زىچلىقى 21 دانە/كۋادرات مېترغا، ئوتتۇرىچە زىچلىقى 4.9 دانە/كۋادرات مېترغا يەتتى؛ ئوتلاقلارغا زىيان يەتكۈزۈشتە چېكەتكە، يالغان پۈتلۈق سېسىق قوڭغۇزلاردىنلا كېيىن تۇرىدىغان يەنە بىر چوڭ زىيانداش ـ ئوتلاق سېسىق قوڭغۇزى تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايون ئوتلاقلىرىغا زىيان سالىدىغان مۇھىم زىيانداش ھاشاراتقا ئايلاندى، ئۇ كۆرۈلگەن كۆلەم 2 مىليون موغا يەتتى. ئۇ، ئالتاي سېسىق قوڭغۇزى ۋە غوزاسىمان سېسىق قوڭغۇزنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاساسەن شىخو، بۇرچىن، مىجۈەن، قورغاس، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تارقالدى، باشقا ھاشارات ئاپەتلىرىمۇ، مەسىلەن: ئىلى ۋىلايىتىدە يالغان پۈتلۈق سېسىق قوڭغۇز ئاپىتى، خوتەندە سېرىق يەر يولۋىسى ئاپىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يوپۇرماق تۈكلۈك پەرۋانە ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەر كۆرۈلدى.

چاشقان ئاپەتلىرىدىن ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا سېرىق سوكال چاشقان ئاپىتى ھەممىدىن ئېغىر بولدى، ساۋەن ناھىيىسىدىكى بۆرتۇڭگۇ يېزىسىدا 6 ـ ئايدا ھەر گېكتار يەردىكى سېرىق سوكال چاشقان تۆشۈكى 1364 كە، چاشقان 30 — 50 كە يەتتى. بولۇپمۇ ئالتاي ۋىلايىتىدە كۈزدىن كېيىن سېرىق سوكال چاشقان تېز كۆپىيىپ كەتتى، كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدىكى ئاقتاس ئوتلىقىدا ھەر گېكتار يەردىكى چاشقان تۆشۈكى 3864 كە، چاشقان 375 كە يەتتى. ساۋۇر تېغى ئوتلاقلىرىدىمۇ سېرىق سوكال چاشقان ناھايىتى كۆپ بولدى. چاشقانلار ئوتلاقلاردا گىيا قويمىدى، بولۇپمۇ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى 600 مىڭ مو سۇنئىي ئوتلاقنىڭ ھەممىسى ئاپەتكە ئۇچراپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۇششاق چارۋىلارنى قىشلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، چارۋا ماللارنى قىش ۋە ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 1993 ـ يىلى ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە يەنە سېرىق سوكال چاشقان كۆپلەپ تەبىئىي ئۆلۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ۋە قوبۇقسار قاتارلىق سېرىق سوكال چاشقان كۆرۈلگەن جايلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە چاشقان ئۆلۈكلىرى ئۇچراپ تۇردى، ئۆلۈپ قالغان چاشقانلار بولۇپمۇ سۇغا يېقىن جايلاردا، چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا، شاخ ـ شۇمبا دۆۋىسى تۈۋىدە كۆپرەك ئۇچرىدى. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى بېلىقچىلىق كۆللىرىدە چاشقان ئۆلۈكلىرى كۆپلەپ لەيلەپ قالدى، كۆلنىڭ چېتىدىكى چۆشۈرگىدە نۇرغۇن چاشقان ئۆلۈكلىرى سېسىپ كەتتى. ئۈرۈمچى ـ ئالتاي تاشيولىنىڭ بېلىقچىلىق يېزىسى ئۆچاستكىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر قىسمىدا ئاپتوموبىل يەنچىۋەتكەن 268 چاشقان ئۆلىكى ئۇچرىدى. ئۆلۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى چاشقانلارنىڭ ھەرىكىتى ئاستىلاپ، سۇسلىشىپ كەتتى، جاڭگال ئوتلاقلاردا ئۆلۈپ قېلىش ئەھۋالى كەم ئۇچرىدى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان چاشقانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە، ئاساسەن، ئوتلاقلارنىڭ چاشقان سىغدۇرۇشچانلىقىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى، چاشقانلار ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقى سەۋەبچى بولدى، ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا سېرىق سوكال چاشقاننىڭ ئۆلۈپ قېلىشى، كۈز كىرگەندىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىدە سېرىق سوكال چاشقاننىڭ يەنە كۆپىيىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا سانجى، تۇرپان، توقسۇن، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردا چۆل چاشقىنى ئاپىتى، ھىندىستان چاشقىنى ئاپىتى ۋە خوتەننىڭ كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدا ھىمالايا سۇغۇرى ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەرمۇ ئېغىر بولدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىلغان ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 318 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 470 مىڭ مو يەردە ئايروپىلان بىلەن ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى. 1 مىليون 143 مىڭ مو يەردە ماشىنا ـ سايمان ئارقىلىق ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى، 2 مىليون 705 مىڭ مو يەردە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدى ئېلىندى ۋە يوقىتىلدى؛ چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 6 مىليون 220 مىڭ موغا، بۇنىڭ ئىچىدە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن يوقىتىلغان كۆلەم 750 مىڭ موغا يېتىپ، ئوتلاقلاردا كۆرۈلگەن زىيانداش ھاشارات ۋە چاشقان ئاپەتلىرىنىڭ يامراپ كېتىشى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

جاڭ لەنيىڭ

**ئىلى ۋىلايىتىدە ئوت ـ چۆپ كېسەللىكلىرى، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كۆشەندىلەر تەكشۈرۈلدى**

بۇ تەكشۈرۈشنى ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق بەن تەتقىقات ئورنى ئورۇنلىدى، ئۇ، 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان باھالاشتىن ئۆتتى، باھالاشتا، بۇ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە

يېتىپ‌بېرىشنى، دەپ قارالدى.

بۇ تەتقىقاتتا ئىلى ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرگە قاراشلىق ھەر خىل ئوتلاقلاردىكى چېكەتكە ئېغىر كۈلىمى 33 مىليون 436 مىڭ 400 موغا يېتىدىغان 317 تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسەل تەككەن 115 ئوت ـ چۆپ ئەۋرىشكىسى يىغىلىپ 98ى باھالاندى. بۇلار ئىچىدە جۇڭگودا يېڭىدىن ئۇچرىغىنى ئۈچ؛ يىغىلغان ھاشارات ئەۋرىشكىسى 1595، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوت ـ چۆپكە زىيانلىقلىرى ئىككى سىنىپ، ئون ئەترەت 95 ئائىلە 585 تۈرگە كىرىدۇ، كۆشەندە ھاشاراتلار سەككىز ئەترەت 48 ئائىلە 323 تۈرگە كىرىدۇ، يېڭى تۈر ئىككى، جۇڭگودا يېڭىدىن ئۇچرىغىنى 34؛ ئۆمۈچۈكلەر 18 ئائىلە 138 تۈرگە كىرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر يالغۇز جىنسلىق بولۇپ يېڭىدىن بايقالدى، ئۈچ تۈر جۇڭگودا يېڭىدىن ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھاشارات ۋە ئۆمۈچۈكلەردىن شىنجاڭدا يېڭى ئۇچرىغانلىرىمۇ خېلى بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق كېسەللىكلەر، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كۆشەندىلەر تۈر تىپلىرىنىڭ سانى، تارقىلىشى، زىيان يەتكۈزۈش ئەھۋالى ھەم زىيانداش ھاشارات ۋە كۆشەندىلەرنىڭ يوقىلىش، ئاۋۇش قانۇنىيىتى قاتارلىقلار كۆزىتىلىپ ۋە خاتىرىلىنىپ، «ئىلى ۋىلايىتىدە ئوت ـ چۆپ كېسەللىكلىرى، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كۆشەندىلەرنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ۋە «ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئوت ـ چۆپ كېسەللىكلىرى، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كۆشەندىلەرنىڭ نامى» يېزىلىپ چىقىلدى.

شيۇڭ بىن

## يەم ـ خەشەك سانائىتى

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا، سائىتىگە بىر توننىدىن ئارتۇق يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان 261 كارخانا پۈتتى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئايرىغاندا، ئاشلىق سىستېمىسىغا قارايدىغانلىرى 87، چارۋىچىلىق سىستېمىسىغا قارايدىغانلىرى 46، يېزا ـ بازار كارخانىسى توققۇز، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىغا قارايدىغانلىرى 110، باشقىلار توققۇز. يەم ـ خەشەك پىششىقلىغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىككى سمېنا بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 621 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 289 مىڭ توننا ئاشتى. سائىتىگە بىر توننىدىن تۆۋەن (بىر توننىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەم ـ خەشەك پىششىقلايدىغان نۇقتا 57 بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى ئىككى سمېنا بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 65 مىڭ توننىغا يەتتى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 450 مىڭ 100 توننا ھەر خىل يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم ـ خەشەك 447 مىڭ 400 توننىغا، خۇرۇچ قوشۇپ ئالدىن تەييارلانغان يەم ـ خەشەك 2665 توننىغا، قويۇقلاشتۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ئىچىدە بىرىكمە يەم ـ خەشەك 220 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 49.24% نى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.24 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. بىرىكمە يەم ـ خەشەك ئىچىدە چوشقا يەم ـ خەشىكى 31% نى، ئۆي قۇشلىرى يېمى 52%نى، بېلىق يېمى 7%نى، باشقا يەملەر 10% نى ئىگىلىدى. 1993 ـ يىلى سۆڭەك پاراشوكى، گۆش ـ سۆڭەك پاراشوكى ئىشلەيدىغان 19 كارخانا 4124 توننا يەم ئىشلىدى.

1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرىدىكى 14 ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىنىڭ 30 خىل يەم ـ خەشىكىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولغىنى 17 بولۇپ، 57% نى ئىگىلىدى، تەلەپكە لايىق بولمىغىنى 13 بولۇپ، 43% نى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەم ـ خەشەك سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 15 مىليون 440 مىڭ يۈەن ئاشتى. يەم ـ خەشەك پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەش نىسبىتى ئاران 0.6 سمېنا بولۇپ، كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر تەسىر يەتتى.

ليۇ جۇنجيەن

## سىلوسلانغان، ئاممىياكلاشتۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 1 مىليون 410 مىڭ توننا سىلوسلانغان، ئاممىياكلاشتۇرۇلغان يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 84 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 235 مىڭ توننا ئاشلىق تېجەپ قېلىندى.

سىلوسلانغان يەم ـ خەشەك 1993 ـ يىلى ئاپتونوم‌رايون بويىچە ئىشلەنگەن بۇ خىل يەم ـ خەشەك 1 مىليون 339 مىڭ توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلىدىكىدىن 325 مىڭ 800 توننا كېمىيىپ كېتىپ، 1992 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە 10 ـ ئورۇندىن بىراقلا 13 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇششاق ۋە چوڭ چارۋىلارنى كالىغا سۇندۇرۇپ، ھېسابلىغاندا، سىلوسلانغان يەم ـ خەشەك ھەر بىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 159.83 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. سىلوسلانغان يەم ـ خەشەك قەشقەردە 409 مىڭ 900 توننا،

خوتەندە 355 مىڭ 200 تونىنا، ئاقسۇدا 221 مىڭ تونىنا، ئىلىدا 162 مىڭ 600 تونىنا ئىشلەپچىقىرىلىپ، بۇ تۆت ۋىلايەتنىڭ سىلوسلانغان يەم - خەشەك مەھسۇلات مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 85.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ شاخ - سامان بىلەن چارۋا - مال بېقىشتا تۇنجى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى بولغان قۇتۇبى ناھىيىسىدە سىلوسلانغان يەم - خەشەك مىقدارى 2000 توننىدىن 53 مىڭ توننىغا كۆپەيدى، 112 ئۈلگىلىك ئورۇن بارلىققا كەلدى. سىلوسلاشتا يەنىلا كومىقوناق شېخى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم بېشى ئۈزۈلمىگەن كومىقوناق، قومۇش، قىزىلچا تىرىپى، هاراق ئارزىنگى ۋە ئاز مىقداردا ئوت-چۆپلەرمۇ سىلوسلاندى. خوتەن، قۇتۇبى ناھىيىلىرى ھەم لىۋجۇنجيەن (ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىدىن)، خې ياۋرۇڭ (قۇتۇبى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ چاڭچۈن (قۇتۇبى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن)، ئەزىز قۇربان (خوتەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن)، ئەمەت توختى (خوتەن ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن) لار يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

ئاممىباكلاشتۇرۇلغان يەم - خەشەك 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەنگەن بۇ خىل يەم - خەشەك 71 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 31 مىڭ 900 تونىنا، يەنى %76.65 ئاشتى، شاخ - سامانىنى ئاممىباكلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)نىڭ ھەممىسىدە قانات يايدۇرۇلدى. ئۇلار ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى 31 مىڭ 500 تونىنا، ئىلى ۋىلايىتى 14 مىڭ تونىنا ئىشلەپچىقاردى.

لىۋ جۇنجيەن

**مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى**

ئاپتونوم رايون مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگە قەدەر مىچۈەن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتلىرى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا جايلارنىڭ مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا دائىر مۇھىم ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى؛ ھەر دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈلۈپ تەڭشەشكە تېگىشلىك تەتقىق قىلىندى، .چارۋىچىلىقتا مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى مەمۇرىي ۋاسىتە ئارقىلىق باشقۇرۇشنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش، مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئۈچ دەرىجىلىك پونكىت ئىچكى كەسپىي پائالىيەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنتىزىم نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك تارماقلار 1993 - يىلى ئۆزلىرىگە قاراشلىق رايونلاردىكى گۆش زاۋۇتى، قۇشخانا، توڭلىتىش ئامبارلىرىنى مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش جەھەتتىن نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى؛ شەھەر ۋە ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، سېتىش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش تەلىپىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قۇشخانىدىن 85ى، توڭلىتىش ئامبىرىدىن 20 سى، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى سودا بازىرىدىن 707 سى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى سودا بازىرى 541) تەكشۈرۈلدى. پۈتۈن بىر يىلدا كارانتىن قىلىنمىغان 208 تونىنا قوي گۆشى، ئالتە تونىنا يۇڭدالغان توخۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ ھايۋانات تازىلىقى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان 284 ئەنزە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئەنزە سادىر بولۇش نىسبىتى 1992 - يىلدىكىدىن %38.1 تۆۋەنلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولدى، جەمئىي 45 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى؛

ئاپتونوم رايونلۇق، چارۋىچىلىق نازارىتى مال دوختۇرلۇق ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)لەر، ناھىيە (شەھەر)لەر، ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۈەننىڭ شى، تۈەنلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مال

دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچىلار ھەم مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق - كارانتىن باش پونكىتىنىڭ كونكرېت مەسئۇل بولۇشى بىلەن بىر تۇتاش تەربىيەلەشنى قارار قىلدى. 6 .، 7 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتە قارار مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىلىپ، 567 كىشى تەربىيەلەندى، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مال دوختۇرلۇق، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ تەخمىنەن 86.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

جۇ زىنۇ

**چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ تۆت دەرىجىلىك سىمسىز ئالاقە تورى پۈتتى**

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى 1988 - يىلى چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ سىمسىز ئالاقە تورىنى قۇرۇشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ تۆت دەرىجىلىك قىسقا دولقۇنلۇق سىمسىز ئالاقە تورى پۈتتى. 1 - دەرىجىلىك تور ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مەركىزى ئىستانسىدىن ئىبارەت، 2 - دەرىجىلىك تور ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق باشقارمىسى (ئىدارىسى) نىڭ 12 ئاساسلىق ئىستانسىدىن تەركىب تاپىدۇ، 3 - دەرىجىلىك تور ناھىيىلىك (شەھەرلىك) چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ 51 شۆبە ئىستانسىدىن تەركىب تاپىدۇ، 4 - دەرىجىلىك تور نازارەتكە قاراشلىق پونكىت، فېرما باشقارمىسى ناھىيىلەرگە قاراشلىق پونكىتلار، فېرمىلار ھەم چارۋىچىلىق يېزىلىرىغا قاراشلىق شۆبە ئىستانسىلار بولۇپ 112 ئىستانسىدىن تەركىب تاپىدۇ. چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ تۆت دەرىجىلىك ئالاقە تورىغا جەمئىي 260 قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 86 كۆچمە تېلېگراف ئاپپاراتى، 50 نەچچە ئۇلترا قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئاپپاراتى بار. 1 .، 2 - دەرىجىلىك تورلار سىملىقلىرى بىلەن سىمسىزلىرىنى قىسقا دولقۇنلۇقلىرى بىلەن ئۇلترا قىسقا دولقۇنلۇقلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق تورلاشتۇرۇلدى. تور قۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاستلار 11 قارار كۇرس ئېچىپ تېلېفونىستلار، رېمونتچىلاردىن 411 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، مەشغۇلات مەيدانلىرىدا 400 نەچچە ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. تېلېگراف ئىستانسىلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى تەربىيەلەنگەندىن كېيىن سىناقتا لاياقەتلىك بولۇپ، خىزمەت كىنىشكىسىغا ئېرىشتى. تۆت دەرىجىلىك تورنىڭ ئومۇمىي ئالاقە مۇساپىسى 48 مىڭ 986 كىلومېترغا يېتىپ، يىلىغا 1 مىليون 40 مىڭ پۈەن تېلېگرامما، تېلېفون خىراجىتى تېجىلىپ قالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ سىمسىز ئالاقە تورى قۇرۇلۇشىنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر، چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ تۆت دەرىجىلىك سىمسىز ئالاقە تورى ئالاقە تېخنىكىسى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە ئىگە، ئۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كۆلىمى كەڭ سىمسىز، سىملىق ئالاقە تورى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، دەپ ھېسابلىدى.

ليۇ جۈنجيەن

**تۇنجى نۆۋەتلىك قوي - ئۆچكە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى**

ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قوي - ئۆچكە مۇسابىقىسى 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىخو ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان 50 قوي - ئۆچكىنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئەستايىدىل تاللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى)، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ۋە شىنجاڭ تىۋىتلىق ئۆچكىسى بار.

مۇسابىقىنىڭ باھالاش نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي گۇرۇپپىسىدىن ئىلى ۋىلايىتى چاپچال نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ چوڭ قوشقىرى ۋە چوڭ ساغلىقى 1 - بولدى؛ شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەنسەن نەسىللىك قوي تەجرىبە فېرمىسىنىڭ يېشىغا يەتكەن قوشقىرى 1 - بولدى؛ سانجى ئوبلاستى فۇكاڭ نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ يېشىغا يەتكەن ساغلىقى 1 - بولدى.

تىۋىتلىق ئۆچكە گۇرۇپپىسىدىن شىخو ناھىيىسى سالكىت فېرمىسىنىڭ چوڭ تېكىسى 1 - بولدى؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسى سەيۇۋپۇ يېزىسىنىڭ چوڭ چىۋىشى، يېشىغا يەتكەن تېكىسى ۋە يېشىغا يەتكەن چىۋىشى ئۈچ تۈردە 1 - بولدى.

جۇ جيەنتۇڭ

فاڭ گۇاڭشىن

**ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپى «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا يېزا ئىگىلىك ماشىرىپىنى كۆچەيتىش» تۈرى ئىجرا قىلىنىدىغان نۇقتا قىلىندى**

ب د ت نىڭ تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسى ياردەم بەرگەن «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا يېزا ئىگىلىك ماشىرىپىنى كۆچەيتىش» تۈرىنى جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئىجرا قىلىدۇ. بۇ تۈردە شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، چىڭخەي،

نىڭشىيا قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردىكى ئالتە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تېخنىكۇمىغا ياردەم بېرىلىدۇ. بۇ تۈر 1993 - يىلى باشلىنىپ، بەش يىلدا ئورۇندىلىپ بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپى تۈر ئىجرا قىلىنىدىغان نۇقتىلاردىن بىرى قىلىندى. ئۇنىڭغا ب د ت 385 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم بېرىدۇ. تۈر ئورۇندالغاندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1000 غا يېتىدۇ.

خېلىق پېيرۇڭ

**ئاپتونوم رايون ئۆي قۇشلىرى يەرمەنكىسىگە ئۆمەك قاتناشتۇردى**

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئۆي قۇشى باقمىچىلىقى جەمئىيىتى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگە قەدەر شىئەندە ئۆتكۈزگەن 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئۆي قۇشلىرى يەرمەنكىسىگە ئاپتونوم رايون ئۆمەك قاتناشتۇردى. يەرمەنكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن شىنجاڭ «خۇاشىن» چارۋىچىلىق - سانائەت - سودا بىرلەشمە شىركىتىنىڭ نەسىللىك توخۇ فېرمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شودىيۇپۇ توخۇ فېرمىسى، ئۈرۈمچى، شەھىرىنىڭ ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغلىق دان ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانى، چېن يىڭ (ئايال، شىنجاڭ «خۇاشىن» چارۋىچىلىق - سانائەت - سودا شىركىتىدىن)، جاڭ شياۋخې (ئۈرۈمچى شەھىرى شودىيۇپۇ توخۇ فېرمىسىدىن)، ۋاڭ دېشيەن (شىنجاڭ ئاشلىق - ياغلىق دان مادىي ئەشيا شىركىتىنىڭ باقمىچىلىق مەيدانىدىن) مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆي قۇشلىرى كارخانىسى ۋە مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولۇپ باھالىنىپ، نامى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

جاڭ شياۋيىڭ

جېڭ جياڭپىڭ

# ئورمانچىلىق

**ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش ئەھۋالى**

1. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئورمانلىقلاردا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشى ئىشلىنىش بىلەن ئوت ئاپىتىنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى ئازايتىلدى. بەزى رايونلاردا ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا تاغنى تازىلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمان يېتىشتۈرۈش فوندىدىن بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ، بەزى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى دائىم ئاپەت يۈز بېرىدىغان جايلارنىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۇزۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بەردى. بەزى ئورمانچىلىق ئىدارە (مەيدان) لىرى يەنە ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ يېڭىچە خەۋەرلىشىش رادىئو ئىستانسىسى سېتىۋالدى. ئورمانلاردىكى ئوت ئاپىتىنىڭ خەتىرىنى دەرىجىگە ۋە رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى ۋە ئورمانلىقتىكى ئوت ئاپىتىنى ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق كۆزىتىش - ئۆلچەش سىنىقى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 17 قېتىم يانغىن تىرېۋوگىسى، مەككىز قېتىم ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، كۆيگەن كۆلەم 12 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمى 1200 مو مۇشۇ يىلدا ئورمانلارنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 0.03‰ بولدى.

2. ئورماندا بولىدىغان كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، كارانتىن قىلىش خىزمىتىدە داۋاملىق ھالدا نىشانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئورمانلىقلاردا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش چارىسى» گە ئاساسەن، جايلارغا ئورماندا بولىدىغان كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنىڭ 1993 - يىللىق تۆت نىسبەتلىك كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى ھەمدە يايلاق، تاغلىق رايونلار ئورمانلىقلىرىدىكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتتى، «ئورمانلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ئۇسكۇنىلەرنى ھەقلىق تەقسىم قىلىپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ياردەم پۇلىنى ئالدىن ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ۋەزىپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جايلارغا تەقسىملەپ بەردى. دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە ئەسۋاب ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش خىراجىتىنىڭ 40 پىرسەنتىنى جايلار ئۈستىگە ئالدى. 60 پىرسەنتىنى ئاپتونوم رايون تولۇقلاپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن كەلگۈلەمدە مەبلەغ توپلىنىپ، كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش پەيدىنپەي ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئورمانلىقلاردا 2 مىليون 492 مىڭ 800 مو يەردە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى يۈز بەردى، 1 مىليون 796 مىڭ 600 مو يەردە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ يوقىتىلدى، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىلىش نىسبىتى 59.36% كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.66 پىرسەنتلىك زەقەم ئاشتى. سورتلۇق كۆچەت يېتىشتۈرۈل-

دىغان 93 مىڭ 400 مو يەر كارانتىن قىلىندى، تەكشۈرۈلگەن، كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن كۆلەم 14 مىليون 811 مىڭ 900 موغا يەتتى. ئورمانلىقلاردا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى تۆت نىسبەتنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى.

3. ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى. 1993 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يەتتە ناھىيە ۋە تۆت تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانى ھەم ئىككى تەبىئىي قوغداش رايونىدا قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. 9 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

1993 - يىلى ياۋا ئاتنى كۆپەيتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئالتە ياۋا ئات ئەيى قىلىندى، ھازىر ياۋا ئاتلارنىڭ سانى 49 غا يەتتى.

4. ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئەھۋالى. جايلاردىكى ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن دەرەخ ئوغرىلاش، كەلسە - كەلمەس كېسىش، كەلسە - كەلمەس ئۆۋ ئوۋلاشتەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىدىغان مەخسۇس تۈر بويىچە ئىدارە قىلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئورمانغا دائىر ھەر خىل ئەنزىدىن 1410 نى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 1341 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 1886 كىشىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلدى، 1993 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالىنى يىغىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت 1 مىليون 371 مىڭ 900 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

چېن مىڭ

## ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 مىليون 67 مىڭ 700 مو تۇزلەڭلىكتە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، يىللىق پىلان 130% ئورۇندالدى (يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قىلغىنى 858 مىڭ 800 مو بولۇپ، يىللىق پىلان 143% ئورۇندالدى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بەرپا قىلغىنى 208 مىڭ 900 مو بولۇپ، يىللىق پىلان 104% ئورۇندالدى) . بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 57 مىڭ 900 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 561 مىڭ 600 مو، ئىھاتە ئورمىنى 380 مىڭ 300 مو (ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 297 مىڭ 500 مو) ، يېقىلغۇ ئورمىنى 56 مىڭ 900 مو، باشقا ئورمانلار 11 مىڭ مو. ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىدە 48 مىليون 166 مىڭ 900 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشكە 5 مىليون 245 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 51 مىليون 877 مىڭ 800 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 84 مىڭ مو يەردە قۇمنى تىزگىنلەش ئورمىنى بەرپا قىلىندى، 2 مىليون مو يەردە قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى ۋە ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈلدى، 185 مىڭ مو يەردە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ تېرىلدى ۋە ئوتلاق ياخشىلاندى، 15 مىڭ 500 مو يەردە قۇمنى تىزگىنلەپ ئېتىز بەرپا قىلىندى ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. تۇزلەڭلىكتىكى 2 مىليون 312 مىڭ مو تەبىئىي ئورمان داۋاملىق ساقلاندى. 13 مىڭ مو تەبىئىي تاشلاندۇق ئورمان ئۆزگەرتىلدى، 1 مىليون 110 مىڭ مو يەردىكى دەل - دەرەخ كەلگۈن سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلدى. 99 مىڭ 100 مو تۇزلەڭلىكتە كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، پىلان 93.5% ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 62 مىڭ مو يەردىكىسى يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، پىلان 98.7% ئورۇندالدى، تاغلىق رايوندىكى ئورمانچىلىق كارخانىلىرىدا 1388.56 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، پىلان 110.47% ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 78.1 مو يەردە يېڭىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 569 مو يەردە سۈپەتلىك دەرەخ سورتى يېتىشتۈرۈش مەيدانىنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋەزىپىسى ۋە 5375 مو يەردە داۋاملىق قۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆچەتزارلىقلاردىن چىقىرىلغان ھەر خىل كۆچەت 200 مىليون تۈپكە يەتتى. تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا 42 مىڭ 300 مو يەردىكى ئورمان يېڭىلىنىپ بەرپا قىلىندى، يىللىق پىلان 129.6% ئورۇندالدى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 95.5% بولدى. 30 مىڭ 300 مو يەرنىڭ ئورمىنىنى يېڭىلاش جەھەتتىكى قەرز قايتۇرۇلدى، بۇرۇنقى ئورنىغا يېڭىلاش نىسبىتى 153.3% بولدى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىلاش جەھەتتىكى قەرزدىن يەنە 46 مىڭ مو قالدى، 1995-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇنداش مۆلچەرلەندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا 8443 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 600 مىڭ مو يەردىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كۆچەتلەر پەرۋىش قىلىندى، 24 مىڭ 800 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى، يەنە 2894 توننا ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىق مېۋە - چېۋە، 106 توننا ياڭاق، بادام قاتارلىق قۇرۇق مېۋە، 4765 توننا ئاشلىق، 1261 توننا پاختا، 4176 توننا

قىزىلچا، 90 توننا قورۇتۇلغان قۇلماق، 12 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 510 توننا يەمدۈر قىيامى ۋە مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەندى ۋە ئىشلەپچىقىرىلدى، 1226 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئىشلەندى، ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن 867 مىڭ ياغاچ بۇيۇم ياسالدى. 1993 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدان (پونكىت) لىرىنىڭ سېتىشتىن قىلغان كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى %10 تىن ئېشىپ كەتتى. بۇرۇن نامرات ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن قاغىلىق ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاقسۇ كونا شەھەر ياغاچ غوللۇق ئاشلىق-ماي ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاقسۇ كونا شەھەر جام ئورمانچىلىق مەيدانى، ئاقسۇ تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىم 800 يۈەندىن ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇنلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

1993 - يىلى تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا جەمئىي 286 مىڭ 600 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى كېسىلىپ، يىللىق پىلان %97.6 ئورۇندالدى. ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ياغاچ ماتېرىيالى 73 مىڭ 300 كۇب مېتىر بولۇپ 1992 - يىلدىكىدىن %34.4 ئازايدى. ياغاچتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 58 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %37.4 ئازايدى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان تالالىق پەنەركە 1073 كۇب مېتىر بولۇپ، %50.3 كېمەيدى، يالتىراقلاشتۇرۇلغان پەنەركە 50 مىڭ 300 تونىغا يېتىپ، %125 ئاشتى؛ ترانسپورت كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 802 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، %19 كېمەيدى.

1993 - يىلى ئورمانچىلىق تارماقلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى 160 مىليون يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىمى 71 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %18.5 ئاشتى؛ ياراتقان پايدىسى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆپ خىل ئىگىلىكتىن قىلىنغان كىرىم ئورمانچىلىق سانائىتىدە سېتىشتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىمنىڭ 28 پىرسەنتىنى، ياراتقان پايدىسى ئورمانچىلىق سانائىتىدە يارىتىلغان ئومۇمىي پايدىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1993 - يىلى ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرى ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10 كېمىيىپ كەتتى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %98.3 كە يېتىپ، 4.7 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. 33 مىليون 470 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. بىۋاسىتە قاراشلىق ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ سانى 1992 - يىلدىكى بىر كارخانىدىن كۆپىيىپ ئۈچكە يەتتى.

چېن مىڭ

### ئورمان بايلىقى ۋە ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن دەرەخلەرنى چەكلىك كېسىشنى تولۇق نورمىلىق باشقۇرۇشنى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، ئىجازەتنامىسىز دەرەخ كېسىش ۋە پىلاندىن ئاشۇرۇپ كېسىش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىجازەتنامىسىز يۆتكەش، ئورمان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئورمان بايلىقلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئورمانچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن ئورمان بايلىقى ۋە ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى چەكلىك كېسىش، ئىجازەتنامە ئارقىلىق يۆتكەش، ئىجازەتنامە ئارقىلىق كېسىشتە جەزمەن چىڭ تۇرۇشنى، ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ئىشلىتىشتە ئورمانچىلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە يوللاش زۆرۈرلىكىنى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ «ئورمان يەرلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنى ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى بېسىپ تارقاتتى، 6 - ئايدا يەنە ئورمان بايلىقىنى خوراش - ئۆستۈرۈش نىشانى مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان 2 - قېتىملىق ئورمان بايلىقى مەمۇرىيىتى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، تارقىتىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، 10 - ئايدا ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 20 ناھىيە، ئالتە ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىپ، دەرەخلەرنى چەكلىك نورمىدا كېسىشنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى، 1993 - يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئەي بولۇش نىسبىتىنى ھەمدە ئورمان يەرلىرىنىڭ قوغدىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

1993 - يىلى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال پىلانلاش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1992 - يىللىق ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش مىقدارى 2 مىليون 43 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 1991 - يىلدىكىدىن 357 مىڭ كۇب مېتىر

ئازىيىپ، ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش مىقدارى ئۇدا ئىككى يىل چەكلىنىپ كېمىيىش نورمىسى ئىچىدە تىزگىنلەنگەن. سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ساقلانغان كۆلىمى 79.2% كە يېتىپ، 1991 - يىلدىكىدىن ئىككى پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. 1993 - يىلى ئىگىلىنىۋېلىنغان ئورمان يەر كۆلىمى 5743 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگىنى 300 مو.

ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يۆتكەشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ توشۇلغان 146 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىچىدە 2598 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قانۇنسىز توشۇلغان.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق ئورمان بايلىقلىرىنى ئىككى تۈر بويىچە 2 - قېتىم تەكشۈرۈشنى ۋە تىجارەت لايىھىسىنى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، توققۇزتارا ۋە چاپچال ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى.

چېن مېڭ

## ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش پونكىتى ئالتاي، ئىلى، كورلا، سانجى، ئۈرۈمچى، بورتالا ۋە شىخەنزە قاتارلىق رايونلاردىكى 100 ئورمانچىلىق كارخانىسىنىڭ 13 خىل مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، كۆندىلىك سۈپەت تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قېتىم سانى 132، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەمگە لايىق بولغىنى 80 بولۇپ، ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 60% كە يەتتى. ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، باغراش ناھىيىسىدىكى قومۇش تاختا زاۋۇتى، شىنجاڭ بىناكارلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى سانائىتى شىركىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك «خۇاشى» ئۆي جاھازلىرى سانائەت - سودا شىركىتىنىڭ قىرىندى تاختا زاۋۇتى، شىنجاڭ سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ قىرىندى تاختا زاۋۇتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا - ئىگىلىك 8 - شىسى 150 - تۇەن - مەيدانىنىڭ سۇنئىي تاختا زاۋۇتىدىن ئىبارەت بەش كارخانىنىڭ قىرىندى تاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «سۈپەت سەپىرى» ۋە شىنجاڭنىڭ «تەڭرىتاغدا سۈپەت سەپىرى» پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1 -، 3 -، 8 -، 11 - ئايلاردا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق رايونلاردىكى نەچچە ئون كارخانىنىڭ ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، ئۈچ خىل تاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 50% مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئېنىقلاندى.

چېن مېڭ

## تارماقلارنى كۆكەرتىش خىزمىتى

تارماقلارنىڭ ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش خىزمىتى پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، ئومۇمىي خەلق كۆكەرتىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قورالللىق ساقچى باش ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە تۆمۈر يول، تاشيول، كۆمۈر، سۇ ئىشلىرى، نېفىت، مائارىپ، رەڭلىك مېتال، پولات - تۆمۈر قاتارلىق 14 تارماقتا 1981 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە جەمئىي 20 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشكە قاتناشتى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشكە قاتناشقان ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ تىكىلگەن كۆچەت 200 مىليون تۈپتىن كۆپرەك بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىي تىكىلگەن كۆچەت سانىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئىككى ياقىسى كۆكەرتىلگەن تاشيول مۇساپىسى بۇرۇنقى 3420 كىلومېتىردىن 3921 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇ، كۆكەرتىشكە بولىدىغان يول مۇساپىسىنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك تاشيولنىڭ كۆكەرتىلگەن ئومۇمىي مۇساپىسى 3050 كىلومېتىردىن 3521 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇ، كۆكەرتىشكە بولىدىغان تاشيول مۇساپىسىنىڭ 58.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تۆمۈريول ياقىسىدىكى 42 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇساپە كۆكەرتىلدى، تۇرمۇش بازىلىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3% تىن 13.3% كە يەتتى. كۆمۈر، رەڭلىك مېتال، پولات - تۆمۈر سىستېمىلىرى ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتكەن كۆلەم 5300 مو بولۇپ، كۆكەرتىش پىلانى 88% ئورۇندالدى. دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئىككى قىرغىقى، ئۆستەڭ بويلىرىدىكى كۆكەرتىلگەن مۇساپە 1400 كىلومېتىرغا، كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 45 مىڭ موغا يەتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قورالللىق ساقچى باش ئەترىتى گازارما رايونلىرىنى كۆكەرتىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ئورۇنغا ياردەم بېرىپ 14 مىليون 600 مىڭ تۈپ

كۆچەت تىكىپ بەردى، 143 مىڭ كۋادرات مېتىر يەردە ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈپ بەردى. 4 مىليون 900 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى، 270 مىڭ قېتىم ئاپتوموبىل ئاجراتتى، 200 مىليون كۇب مېتىر تاش ـ تۇپراق يۆتكەپ بەردى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تارماقلار ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىشكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتتى، تاشيول، تۆمۈريول، سۇچىلىق، پولات ـ تۆمۈر، نېفىت ـ تەبىئىي گاز، نېفىت خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىيال باش ئەترىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭلا ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلغان مەبلىغى 16 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى بىلەن تۆمۈريول، تاشيول تارماقلىرى لىنىيە ياقىسىدىكى بىر قىسىم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ يول ئاسراش ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئۇلار «بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇددەتكە بۆلۈپ يولغا قويۇش، ھەمكارلىشىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئاۋۋال ئاسىنىنى، ئاندىن قىيىنىنى تۇتۇش، يەرگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئورمان باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆزئارا قاراشلىق تارماقلار ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ كۆكەرتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، تۆمۈريول، تاشيول ياقىلىرىنى كۆكەرتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، تۆمۈريول، تاشيول ياقىلىرىنى كۆكەرتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

يۇ جيالى

## ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش ۋە ئۆسۈشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمان بايلىقىنىڭ خورىشىنى تىزگىنلەش، ئورمان بايلىقىنى چەكلىك نورمىدا كېسىشنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ھازىر بار بولغان ئورمان يەرلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش، ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ خوراش ۋە ئۆسۈشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى مەخمۇت مەھەممەت ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە ـ مەيدانلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن «1993 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئورمان بايلىقىنىڭ ئۆسۈشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاپ، دەرەخلەرنى چەكلىك نورمىدا كېسىش، ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەمنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئورمان يەرلىرىنى ئاسراشتا رەھبەرلىكنىڭ نىشانلىق باشقۇرۇشىنى يولغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار يەنە قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، نىشانلىق باشقۇرۇشنى كونكرېت ئورۇن رەھبەرلىكىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئىلمىيلەشكەن، مۇنتىزىملاشقان، تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى.

چېن مىڭ

## غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورمان قانۇنى بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى بېرىلدى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆز تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا ئورمان قانۇنى بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىشنى يولغا قويۇش ھوقۇقىنى بېرىپ، 1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. ئورمان قانۇنى بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى ئورمانچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەمۇرىي تارماقلارنىڭ «ئورمان قانۇنى» غا خىلاپ ھالدا ئورمان بايلىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان مەمۇرىي جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا جازا بېرىدىغان ھوقۇق چېكى. ئەمما قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئورمانچىلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەمۇرىي تارماقلار ھوقۇق بەرگەن، قانۇنىي ۋەكالەتچىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا مۇستەقىل جازالاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئورۇنلار جازالاش ھوقۇقىنى ۋەكالەتەن يولغا قويسا بولىدۇ، ئەمما ھاۋالە قىلىنغۇچى ئورۇندا قانۇنىي سالاھىيەت بولمايدۇ.

چېن مىڭ

## ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئورمانچىلىق ساھەسىدە ئالتە تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

«شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىقنى ئارىلاش يولغا قويۇش تەتقىقاتى» بۇ، ئاپتونوم

رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى بىرلىكتە ئورۇندىغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات تۈرى بولۇپ، بۇ تۈر 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن. بۇ تۈردە تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قاتلاملىق ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆپ خىل زىرائەت تۈرلىرىنى بىرلىكتە ئۆستۈرۈش ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق ئايلىنىشتا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئارىلاشما يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلۇپ ھەمدە يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا قوللىنىلىپ، تاللاش ئارقىلىق ئۈژمە كۆچىتى بىلەن ئاشلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش، چىلان كۆچىتى بىلەن ئاشلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم كارىدورى، ئۆرۈك ئورمان بەلبېغىدىن ئىبارەت دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشتىكى سۇپەتلىك تۆت خىل ئەندىزە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، 14 مىڭ 100 مو كۆلەمدىكى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىقنى كىرىشتۈرۈش ئەندىزىسىدىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى نوقۇل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭكىدىن %15 تىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى. بۇ تۈردە تەتقىق قىلىنغان تېخنىكا پىشىپ - يېتىلىپ يولغا قويۇشقا بولىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىچىدە مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، تېخنىكىلىق سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، قىسمەن جەھەتتە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

«شىنجاڭنىڭ قۇم تىزگىنلەش ئورمان بەلبېغىنى ياخشىلاش ئەندىزىسى تەتقىقاتى» بۇ تۈرنى جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنى ئوتتۇرىغا قويغان، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورۇندىغان؛ بۇ تۈرنى 1993-يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. بۇ تۈردە شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇم ۋە قۇم بورىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەكشۈرۈپ نۇقتا تاللاش، سىستېمىلىق تەھلىل قىلىش، بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرالايدىغان دەرەخ خىللىرىنى تەتقىق قىلىش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش - ئاسراش ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، قۇم - بوران زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئىككى خىل كەڭ ياخشى ئەندىزە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ تەتقىقات دۆلەت ئىچىدىكى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، نەتىجىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

«ئوسما يوپۇرمىقى توموزغىسىنى ئۈنۈۋېرسال باشقۇرۇش تېخنىكىسى تەتقىقاتى» بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىرلىكتە ئورۇندىغان. بۇ تۈرنى 1993-يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. تېما گۇرۇپپىسى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوسما يوپۇرمىقى توموزغىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، بوشلۇقتىكى تارقىلىش شەكلى ۋە ئۇنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئەقلىگە مۇۋاپىق بولغان ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كۆرسەتكۈچى ۋە ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تۈردە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆزدە خىمىيىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ئاساس، ئوت - چۆپ يوقىتىپ لېچىنكا ئۆلتۈرۈش، ھاشارات چۈشكەن شاخلارنى كېسىش، چىراق يورۇقىدا ئالداپ ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي كۈشەندىلىرىنى قوغداش قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنغان ئۈنۈۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدا پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن، تەتقىق قىلىش، بىر تەرەپتىن، كېڭەيتىش يولغا قويۇلۇش بىلەن ئۈچ يىلدا 360 مىڭ مو يەردە كېڭەيتىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى %90 تىن كۆپرەككە يەتتى. تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت

ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

«شىنجاڭ تېرىكىدە بولىدىغان ئون چوڭ زىياندىش هاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكا ئۆلچىمى» بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئورماندىكى كېسەللىك، زىياندىش هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش باش پونكىتى ئورۇندىغان. بۇ تۈر 1993-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن. تېما گۇرۇپپىسى نۇقتىنى بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچى بىلەن سىرتنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۈچ يىل ئىزچىللىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ تېرىكىدە بولىدىغان گەز قۇرۇت، زەھەرلىك تېرەك كېپىنىكى، سافىرىسى تۈكلۈك سېرىق قوڭغۇز، ئۈششاق تېرەك كېپىنىكى، ئۇسۇرغاق قوڭغۇز قاتارلىق ئون چوڭ زىياندىش هاشاراتنىڭ تارقىلىشى، ئۇلارنى كۆزىتىش، ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كۆرسەتكۈچى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىلىق ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئۆلچەمنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخنىكا جەھەتتىن ئىلغارلىقى، چارىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇ يېزىپ چۈشەندۈرۈلۈشى ئاددىي، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىمۇ ئاسان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق هاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان كۆلەم جەمئىي 70 نەچچە مىڭ گېكتارغا، تۆلۈۋېلىنغان ياغاچ ماتېرىياللىرى زىيىنى 200 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەككە، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر خىل دەرەختىكى ھەممە ئاساسلىق زىياندىش هاشاراتلارنى تېخنىكىلىق قائىدە بويىچە تەتقىق قىلىش دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ئىلمىي جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

«شىنجاڭ خوتەندىكى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئېگىزدىكى شاخلىرىغا ئۇلاق سېلىش سورتىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى بىلەن خوتەن ناهىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتى بىرلىكتە ئورۇندىغان بۇ تۈرنى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. تېما گۇرۇپپىسى خوتەندىكى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئۇرۇقتىن تېرىلىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغان، مەھسۇلاتى تۆۋەن، سورتى ناچار بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تېما گۇرۇپپىسى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ تەربىيەلەش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق خوتەندىكى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئېگىزدىكى شاخلىرىغا ئۇلاق سېلىپ، سورتىنى ياخشىلاش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى يولغا قويدى. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىناق نۇقتا قىلىنغان كۆلەم 900 موغا، يېتىشتۈرۈلگەن دېھقان تېخنىك 1975 ئادەم (قېتىم) گە، سورتى ياخشىلانغان ياڭاق دەرىخى 16 مىڭ 448 تۈپكە، ئۇلانغاندىن كېيىنكى تۇتۇش نىسبىتى 95% كە، ئۇلانغاندىن كېيىنكى ھەر بىر تۈپ ياڭاقتىن ئېلىنغان مەھسۇلات 11.2 كىلوگرامغا يەتتى. بۇ تۈر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، تېخنىكا جەھەتتىن پىشقان ھەم يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى» بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئاكادېمىيىسى، گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى بىرلىكتە ئورۇندىغان. بۇ تۈرنى 1993-يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. تېما گۇرۇپپىسى گۇما ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ناچار، تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى ۋە قۇم بوراننىڭ زىيىنى ئېغىر بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1989-يىلدىن 1991 - يىلغىچە «دەل - دەرەخ ۋە ئوت چۆپنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈپ، ئېتىزلاردىكى قۇم بوراننىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئەلىنىش» پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى قوللىنىپ، دەرەخ، چاتقال، ئوت - چۆپلەر ۋە تور - دائىرە - بەلباغلار ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تىزگىنلەش ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى، بۇ تېخنىكا كېڭەيتىلگەن كۆلەم 185

مىلاڭ موغا يەتتى. بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتىش جەريانىدا 52 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، قېتىم سانى بويىچە 2229 دېھقان تېخنىكا يېتىشتۈرۈلدى. ئۆلكە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئورەك كولاپ ئورمان بىنا قىلىش ۋە چوڭ كۆچەتنى چوڭقۇر تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق چاتقال، غوللۇق دەرەخلەرنى تاللاش، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم كۆرۈلدى. بۇ نەتىجە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

لىن شىڭخۇي •

**شىنجاڭ تۇنجى قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ جۇڭگو گۈل - گىياھ كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردى**

شىنجاڭ گۈل - گىياھچىلار جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ، 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق جۇڭگو گۈل - گىياھ كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردى. شىنجاڭ مۇكاپاتلاشقا ئىلتىماس قىلغان 12 كۆرگەزمە بۇيۇمىدىن ئىككىسى كۈمۈش مېدالغا، ئۈچى مىس مېدالغا ۋە ئۈچ تۈردە مۇنەۋۋەر بۇيۇم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە لايىھىلەش ۋە كۆرگەزمىگە قويۇش بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، شىنجاڭ گۈل - گىياھچىلار جەمئىيىتى تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شاڭ لىجۈەن

**غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورمانچىلىق نازارەت (ئىدارە) باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى**

بۇ يىغىن 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىننىڭ مەقسىتى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئورمانچىلىق خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئورمانچىلىق خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىن يەنە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئورمانچىلىق ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، غەربىي شىمال رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش، جانلىنىش، باي بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، بىرلىكتە غەربىي ئېغىزغا يۈرۈش قىلىش، ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئورمانچىلىق ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىزدەندى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئورمانچىلىق خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاۋ بىڭۋۇ

**مەملىكەتلىك كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى**

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز كىشى 1992 - يىللىق «مەملىكەتلىك كۆكەرتىش مېدالى»غا ئېرىشتى. ئۇلار مۇنۇلار: جۇ جۇڭچاڭ (شىخەنزە شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر)، رۇڭ چېڭشۈەن (گۈچۈڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)، تۇرسۇنبېك (قازاق، كۈنەس ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، گو يۇڭتاڭ (ئالتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، روزى يۈسۈپ (مەكىت ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، مويدىن مەسۇم (ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى گۈل ئاۋات يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ جيەنجېن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى)، ياقۇپ توختى (ئاقسۇ تاشيول ئاسراش ئۇچاسكىتىسىنىڭ باشلىقى)، جياڭ جېنيى (جىڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى).

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 14 كىشى 1993 - يىللىق «مەملىكەتلىك كۆكەرتىش مېدالى»غا ئېرىشتى. ئۇلار مۇنۇلار: دى شىنجى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، ئابدۇقادىر سەيدى (چىرا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ جيارۇي (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ھۆسەين سىدىق (قاغىلىق ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، مەمتىمىن زاكىر (ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى)، ۋۇ جۇڭمىن (خېجىڭ ناھىيىلىك كالا - قوي بورداش شىركىتىنىڭ جىڭلىسى)، خۇ يىڭدې (قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ باشلىقى)، بەي رۇلياڭ (ئىلى ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ يىنفۇ (توققۇزتارا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، سۇن جىڭشۈن (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى)، ئابلىكىم (بورتالا ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، جاۋ شياڭلىن (ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمان بىنا قىلىش

باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، جىن لىن (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمان بىنا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)، لۇ گۇاڭۇېن (سانجى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى پارتكوم ۋەكىلى شۇجىسى).

شاڭ لىجۈن

«8 - مارت، ئەلا سۈپەتلىك كۆكەرتىش ئىنشائاتى» نامىغا ۋە «8 - مارت» كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

1993 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە 30 «8 - مارت كۆكەرتىش ئىنشائاتى» غا مەملىكەت بويىچە «8 - مارت، ئەلا سۈپەتلىك كۆكەرتىش ئىنشائاتى» دەپ نام بەردى، مەملىكەت بويىچە 100 ئايالغا مەملىكەتلىك «8 - مارت» كۆكەرتىش مېدالى بەردى. بۇنىڭدا يېڭىسار ناھىيىسى ساغان يېزىسىدىكى «8 - مارت» ئورمىنى ۋە خې سەيخۇا (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىدىن)، بەي يۈخۈي (مورى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن) قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ نامى بار.

چېن مىڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەھۋالى

**دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 4 مىليون 730 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.2% ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور 172 مىڭ 322 گە يېتىپ، 6.2% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1992 - يىلدىكىدىن 3.7 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 38 مىڭ 791 بولۇپ، 124 ى ئازايدى، كىچىك تىپتىكى تراكتور 133 مىڭ 531 گە يېتىپ، 8.2% ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1992 - يىلدىكىدىن 3.7 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 60 مىڭ 432 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن سەل - پەل ئاشتى؛ كىچىك تىپتىكى ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 113 مىڭ 860 قا يېتىپ، 5.2% ئاشتى؛ كومبايىن 2052 بولۇپ، 74 ى ئازايدى؛ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى 28 مىڭ 632 گە يېتىپ، 30.5% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 9887 گە يېتىپ، 150 ى ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق ماشىنىلار 37 مىڭ 741 گە يېتىپ، 739 دانە ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق سۇ چىقىرىش - سۇغىرىش ماشىنىسى 19 مىڭ 383 كە يېتىپ، 88 دانە ئاشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا دائىر تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 514 مىليون 578 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 2 مىليارد 232 مىليون 485 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.2% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەۋىيىسى مۇنداق بولدى: 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە توغرا كەلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 2.1460 كىلوۋات، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 11.97 بولۇپ، 0.03 تراكتور ئازىيىپ كەتتى، كىچىك تىپتىكى تراكتور 41.2 گە يېتىپ، 3.2 تراكتور كۆپەيدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 33 مىليون 111 مىڭ 700 مو بولدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 405 مىليون ئۆلچەملىك موغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى 28 مىليون 505 مىڭ 800 مو بولۇپ، پۈتۈن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغان يەر كۆلىمى 24 مىليون 615 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئۇرۇق سېلىنغان يەر كۆلىمىنىڭ 74.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان يەر كۆلىمى 8 مىليون 535 مىڭ مو (بۇغدىيى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان يەر كۆلىمى 6 مىليون 607 مىڭ مو) بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 26.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 12 مىليون 294 مىڭ مو يەردىكى ئۆسۈملۈك ماشىنا بىلەن ئاسرالدى؛ 5 مىليون 172 مىڭ 400 مو يەرگە ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلدى؛ 2 مىليون 956 مىڭ توننا ئوت - چۆپ يىغىۋېلىندى. ماشىنا ئارقىلىق 958 مىڭ توننا سىلوس تەييارلاندى؛ 1 مىليون 3000 تۇياق قوينىڭ يۇڭى ماشىنىدا قىرقىلدى؛ 4 مىليون 521 مىڭ مو يەر ماشىنا ئارقىلىق كۆلتىۋاتسىيە قىلىندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى كىرىمى 1 مىليارد

358 مىليون 369 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 209 مىليون 784 مىڭ يۈەن بولۇپ، 17.3% ئاشتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ھەر كىلوۋاتلىق قۇۋۋىتىدىن قىلىنغان كىرىم 255.7 يۈەنگە يېتىپ، 3.7 يۈەن ئاشتى؛ كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 93 مىليون 237 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.3% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم 547 مىليون 986 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.7% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە (شەھەر) لىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى 64 بولۇپ، ئۇلاردا 5000 دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئۇلار ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى رېمونتچىلىقتىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 972 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 2 مىليون 349 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمىدىن 237 مىڭ 100 كىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلاردا ئىشلەيدىغىنى 3976 كىشى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلەر مۇنۇلار: يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى بەك زور، سانائەت - يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قايچىسىمان پەرقى جىددىي زورىيىپ كەتكەچكە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بەرداشلىق بېرىشى تەس بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆلەت مالىيەسى ۋە يەرلىك مالىيەدىن، كوللېكتىپ ئىقتىسادىدىن سېلىنىدىغان سېلىنما ئىنتايىن ئاز، يېڭىلاش مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا ماشىنا - سايمانلارنى يېڭىلاش ئىشى بىر ئىزدىلا توختاپ قالدى، ماشىنا - سايمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ھالىتى بەكمۇ ناچارلىشىپ كەتتى؛ يېزا - ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى ئاجىزلىدى، ئورگان ئىسلاھاتىدا بەزى ناھىيە (شەھەر) لىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرى پۈتۈن گەۋدە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت مەركىزىگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇش ئىشى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان؛ كەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنا باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى مەنبەسى بولمىغاچقا، ئىشتىن بوشىتىلىپ، كەنت دەرىجىلىك يېزا - ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قوشۇنى تۇراقسىز، ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىر قەدەر ناچار.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئۈچ ئورۇنغا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا ئورنى» دەپ نام بېرىلدى. ئۇلار: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى. 16 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى» دەپ نام بېرىلدى. ئۇلار مۇنۇلار: جاڭ ليەنجۈەن (لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، فېي شىنمىن (ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پونكىتىدىن)، تەن فېڭلەن (ئايال، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىدىن)، ئۇتتۇق (ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىدىن)، دۇ چىنرۇي (ئايال، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىدىن)، ۋاڭ جېڭيىڭ (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، ليۇ داشيۇڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىدىن)، خوجاھاپىز (ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، يۇ شېڭيەن (ئىلى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىدىن)، ئابدۇرېشىت (ئاقتۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)، ما يۇشياڭ (خوېزۇ، يەنجى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)، ساۋدىيەنگاۋ (قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت پونكىتىدىن)، خۇ جىنشى (مىچۈەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن)، سۇلتان (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىدىن)، نىڭ باۋخۇ (يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن)، گۇ لىجى (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقات ئورنىدىن).

ۋاڭ جي

**يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان ناھىيىدىن يۇقىرى يېزا - ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، پەن - تېخنىكا، كېڭەيتىش قاتارلىق مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى 360 قا يەتتى. ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 1056 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە رايون، يېزا، بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى 724، بۇ يېزا - بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كەنت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئەترىتى 332؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇلازىمەت قىلىش ئورنى 2586، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى 21، كەنت ۋە كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت ئەترىتى 1178، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي مۇلازىمەت ئەترىتى 999، يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىمى 237 مىڭ 122. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتىدىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 358 مىليون يۈەنگە، ساپ كىرىم 548 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا (بازار) لاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت ئومۇمىي كىرىمى 79 مىليون 30 مىڭ يۈەن، باج ۋە پايدىسى 19 مىليون يۈەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ 58 يېزا (بازار) دىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى.

ئۇۋ شىڭجياڭ

**يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىگە نازارەت قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۈپەت باشقۇرۇش تارماقلىرى سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا بازاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 25 خىل تاۋارنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 خىل تاۋار ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇپ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %52 بولدى. 12 خىل تاۋار ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولمىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىگە نازارەت قىلىش پونكىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەنگەن 35 خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلچەمدىكى تەلەپكە يەتكەنلىكىنى بېكىتتى.

ما خۇيلىڭ

**يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تراكتور 195 مىڭ 165، تراكتور شوپۇرلىرى 198 مىڭ 645؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەكشۈرۈلگەن تراكتور 152 مىڭ 664 دانە بولۇپ، بۇ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك تراكتورنىڭ 82.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەكشۈرۈلگەن تراكتور شوپۇرلىرى 156 مىڭ 439 بولۇپ، بۇ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك تراكتور شوپۇرلىرىنىڭ 81.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەكشۈرۈلۈپ نومۇر ئېسىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى 112 مىڭ 415 كە يېتىپ، 1993 - يىلى چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە %131.8 ئورۇندالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 297 قېتىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 207 ئادەم ئۆلدى، ئىقتىسادىي زىيان 632 مىڭ 600 يۈەن بولدى، 1000 تراكتور بويىچە ۋەقە يۈز بېرىش قېتىم سانى 1.52 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %5.3 ئازايدى، ئۆلگەن ئادەم 1.06 بولۇپ. 1992 - يىلدىكىدىن %3.8 ئازايدى، ئىقتىسادىي زىيان 3200 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %68.7 كۆپەيدى. 1993 - يىلى كۇنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە يوپۇرغا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش پونكىتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، شى شۈچىڭ (كۇنەس ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن)، جاۋ جيەنمىن (بورتالا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن) ۋە يۈسۈپ مامۇت (قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن) لار مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇر، مەشغۇلاتچىلىرىدىن ئىمتىھان

ئېلىش چارىسى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قائىدىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇر، مەشغۇلاتچى خادىملىرىدىن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» قاتارلىق يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن تەپسىلىي پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش خادىملىرىغا ئەمگەك مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بېرىش ئۆلچىمى» تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش تارماقلىرى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نومۇرى، كېنىشكىسى يوق تراكتورلارنى، نومۇرنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن تراكتورلارنى ۋە بىرلا تەرىپىدىلا نومۇرى بولسىمۇ ئىشلىتىلگەن تراكتورلارنى ھەمدە كېنىشكىسىز تراكتور ھەيدىگەنلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ۋە تەرتىپكە سالدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر 800 دىن كۆپرەك نومۇرى يوق تراكتورنى 7500 كېنىشكىسىز تراكتور شوپۇرىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە ئۇلارنى مۇناسىپ ھالدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 7500 تراكتور ۋە ئۇلارنىڭ شوپۇرى كېنىشكىغا ئىگە بولۇپ، نورمال باشقۇرۇش قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

1993 - يىلى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك گېزىتى» نىڭ تارقىلىش مىقدارى كۆپلەپ ئاشتى. «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك گېزىتى» 18 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى؛ «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسى 34 مىڭ 600 نۇسخا تارقىتىلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.9% كۆپەيدى، ئۇيغۇرچىسى 36 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىپ، 28.6% كۆپەيدى.

ۋۇ چېڭجۇ

## يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىننى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىشكە چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلاندىكى دىزېلىن 128 مىڭ 235 توننا ئىدى، تەمىنلەشتىكى نەقلىشىش نىسبىتى 99% بولدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىندىن 6000 تونىنى قوشۇپ بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا قۇرۇلغان ماي قاچىلاش پونكىتى 768 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ماي قاچىلايدىغىنى 724 (مۇشۇ يىلدا كۆپەيگىنى 44) بولۇپ، ئومۇمىي ماي ساقلاش ئىقتىدارى 21 مىڭ توننىغا يەتتى، سېتىلغان ھەرخىل ماي 221 مىڭ توننا بولۇپ، بۇ، يېزىلاردا ئەمەلىي سەرپ قىلىنغان ماينىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 4 مىليون 700 مىڭ يۈەن پايدا، باج يارىتىلدى. ھازىر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ماي قاچىلاش پونكىتلىرى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ ماي بازىرىدىكى ئاساسلىق ئوبوروت يولىغا ئايلىنىپ، ماي بىلەن تەمىنلىگۈچى تارماقلارنىڭ تەڭشەپ تەمىنلىشى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك ماي ئىشلىتىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، ماي بىلەن تەمىنلىگۈچى تارماقلارنىڭ ئادەتتىكى پەسىللەردە ماي بېسىلىپ قېلىش، مەبلەغ ئوبوروتى قىيىن بولۇش قاتارلىق زىددىيەتلەر پەسەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردىكى ماي ئىشلىتىشتە تەقسىملەش، باشقۇرۇش، تەمىنلەش، ئىشلىتىش، تېجەش، ئۆز ئارا يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن بىۋاسىتە باشقۇرۇش، بىۋاسىتە تەمىنلەشتىن ئىبارەت تەقسىملەپ باشقۇرۇش سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىننى باشقۇرۇش خىزمىتىدە، تەقسىماتتا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش، تەمىنلەش ئۆز ۋاقتىدا بولۇش، سەرپىياتنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىلدى، 1993 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئىگىلىرى 2300 توننا ماينى تېجەپ قالدى.

ئوۋ شىڭجياڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 18 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش تۈر باھالاپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، ئۈچ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«تراكتورلاردا ئۇنىۋېرسال ماي تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» بۇ تۈر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى رېمونت قىلىش - ياساش باشقارمىسى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى بىرلىكتە ئورۇندىغان. بۇ تۈردە ئىلغار

تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئەسۋابى قوللىنىلىپ، جەمئىي 47 مىڭدىن كۆپ تراكتور تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 26 مىڭدىن كۆپرەكى تەڭشەپ رېمونت قىلىندى، 10 مىڭ 18 كونا تراكتور ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 13 مىڭ 969 ماي چەكلىگۈچ ئورنىتىلىپ، 7400 توننا ماي تېجەپ قېلىندى، 56 مىڭ كىلوۋاتتىن كۆپرەك قۇۋۋەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 13 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈر 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، تەكشۈرگۈچىلەر، بۇ تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 4 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تراكتور يوللىرىدا قاتناش باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى تەتقىقاتى» بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش باش پونكىتى ئورۇندىغان، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش تارماقلىرىدا كېڭەيتىلىپ يولغا قويۇلغان تۈر. بۇ تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولغان ھاۋالە قىلىپ يولغا قويۇش چارىسى تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، تراكتورلارغا ئائىت بىخەتەر يول يۈرۈش، تراكتور شوپۇرلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش، نومۇر تارقىتىپ بېرىش، نومۇرلارنى، گۇۋاھنامىلەرنى ياساش، نازارەت قىلغۇچى ۋە ئىمتىھان ئالغۇچىلارنى تەربىيىلەش، يوللار بويىچە كىنىشكا تەكشۈرۈش، يىللىق تەكشۈرۈش، تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىش بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قاتناش ھادىسىسىگە دائىر ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ تۆۋەنلىتىلگەن. بۇ تۈر شۇ كەسىپتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. بۇ تۈر 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

«بۇغداينى ماشىنا ئارقىلىق خىللاپ ئاز مىقداردا ئۇرۇق سېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى بىلەن ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى بىرلىكتە ئورۇندىغان بۇ تۈردە «مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، يېرىم خىللاپ ئۇرۇق سېلىش» تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى 16 قۇر، 24 قۇرلۇق سيالكىلارنىڭ قۇرلاپ تېرىش سىستېمىسى 300 نەچچىگە يەتكۈزۈلگەن. بۇ تۈر جەمئىي 1 مىليون 100 مىڭ مودىن ئوشۇق يەردە كېڭەيتىلىپ، ھەر مو يەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە كىلوگرام ئۇرۇق تېجەلدى، ھەر مو يەرنىڭ مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 كىلوگرام ئاشتى، ئۇرۇقنى تېجەش ئارقىلىق 40 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاشۇرۇپ ئېلىندى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 32 مىليون 358 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈر 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالىغۇچىلار بۇ نەتىجىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى، بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«قىزىلچىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، قەنت تەركىبى يۇقىرى قىلىش بويىچە ماشىنىلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان يېتەكچى خاراكتېرلىك كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى بىلەن يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى بىرلىكتە ئورۇندىغان. بۇ تۈردە ھەر خىل يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىدىن 3000 ى كىرگۈزۈلدى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، كېڭەيتىلگەن يەر كۆلىمى 594 مىڭ 200 موغا يەتتى. سىناق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ تۈر كېڭەيتىلگەن ئېتىزلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 3060 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەر مو يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1060 كىلوگرام قىزىلچا ئاشۇرۇپ ئېلىندى، قىزىلچىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ھالدا 16% تىن ئېشىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ تۈر 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«ماشىنا ئارقىلىق سۇلياۋ يوپۇق يېپىشنى سىناق قىلىش ۋە باھالاشنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچىمى تەتقىقاتى» بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش ـ باھالاش پونكىتى ئورۇندىغان. بۇ تۈردە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار ئۆلچەم ۋە پىشىپ يېتىلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى قوللىنىلىپ، ماشىنىدا يەرگە سۇلياۋ

يوپۇق بېيىش تېخنىكىسىغا قارىتا سىناق قىلىش، ياماللاش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئارقىلىق ماشىنىدا يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېيىشتا ئىشلىتىلىشتىكى ئىشەنچلىكلىرىنى ياماللاش تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۇنىۋېرسال ياماللاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ياماللاش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسىغا دائىر تېخنىكىلىق ئۆلچىمى بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ تۈر 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ياماللاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

ھىممەت روزى

### «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىدا ‹ئۈچ قالايمىقان›نى تۈزەشنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىغا چېتىشلىق بولغان دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى:

1. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى گوۋۇيۈەننىڭ ماقۇللىشى ئاساسەن ئېلان قىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن باشقۇرۇش ھەققى ئېلىشنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋە ئايرىم ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە يولغا قويۇلغان «تۆمۈر ئۆكۈز» لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى، يېزا ـ بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا باھالاپ سېلىشتۇرۇش ۋە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى دەرھال توختىتىش لازىم.

3. جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىگىلىرى ۋە دېھقانلاردىن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات فوندى يىغىشنى دەرھال توختىتىش لازىم.

4. جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇۋاتقان رېمونت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى، ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىقلاردا ئىختىيارىي قاتنىشىش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش، رېمونت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش فوندى يىغىشتىكى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەرنى بىكار قىلىش لازىم.

5. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن بىلەن تەمىنلەش نۇقتا (پونكىت) لىرى دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن بىلەن بەلگىلىمىدىكى سانى، باھاسى بويىچە ۋاقتىدا تەمىنلەش لازىم. تاختاي باھاسى بىلەن كېلىشىم باھانى بىرلەشتۈرۈش، ئارىلاشما باھانى يولغا قويۇش، ماي بىلەن تەمىنلەشتىن پايدىلىنىپ باشقا بۇيۇملارنى تېڭىپ سېتىش ياكى ئايرىم ھەق ئېلىش قاتارلىقلارنى قەتئىي تۈزىتىش، تاختاي باھاسىدىكى مايني كېلىشىم باھادا تەمىنلەپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىشتەك قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. باشقا تارماقلار خىلمۇ خىل بەلگىلىمىگە خىلاپ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆلى قەتئىي چەكلەش، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيان ۋە ئاقىۋەتنى ئۆز ۋاقتىدا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا مەلۇم قىلىش لازىم.

6. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۈچۈن مەشغۇلات ھەققى ئېلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم.

7. تراكتور شوپۇرلىرىدىن تەربىيىلەش ھەققى ئېلىشتا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ تارقاتقان «تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم، ئاشۇرۇپ ھەق ئالماسلىق، ئەپلەك ناملار بىلەن قالايمىقان ھەق ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

8. نىزامغا خىلاپلىق قىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى جازالاشتا «تەربىيىلەشنى ئاساس، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. جەرىمانە سوممىسىنى بىردەك يەرلىك مالىيىگە تاپشۇرۇش كېرەك، ئۆزلىرى ئېلىپ قالماسلىق لازىم.

ۋاڭ جې

## سۇ ئىشلىرى

### سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇ قۇرۇلۇشى

ئۈچۈن 308 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ 79 مىليون 220 مىڭ يۈەن، مەركەزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ياردەم قىلغىنى 42 مىليون 560 مىڭ يۈەن، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىغا ياردەم بېرىش خىراجىتى 85 مىليون يۈەن، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق بېرىلگەن ياردەم 72 مىليون 770 مىڭ يۈەن، مەركەز ياردەم قىلغان قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن، باشقىلار 20 مىليون 950 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىن جەمئىي 88 ي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 40. ئاساسلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدە باي ناھىيىسىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇشى، خوتەندىكى ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائاتى توگۈنىنىڭ تەييارلىق قۇرۇلۇشى، تارىم دېھقانچىلىق رايونىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، ئالتايدىكى «635» سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، بىر تەرەپتىن پايدىسى كۆرۈلۈۋاتقان قۇرۇلۇشلاردىن مۇنۇلار بار: قىزىل سۇ ئامبىرىغا 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىپ، تۆۋەن ئېقىن ئەتراپىدىكى كۇچا، شايار، توقسۇدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىكى 1 مىليون 800 مىڭ مو ئېتىزنىڭ ئېھتىياجلىق سۇغىرىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، ئۇلانباي سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش، خەتەرنى تۈگىتىش ئاساسىي قىسىم قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، يەنە ئالتاي شەھىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ۋە فۇكاڭ، جىمسار، ئۈرۈمچى، بارىكۆل قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن 21 ي مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە جەمئىي 241 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 109 مىليون 380 مىڭ يۈەن. جەمئىي 9 مىليون 860 مىڭ كۇب مېتىر توپا قۇرۇلۇشى، 460 مىڭ كۇب مېتىر تاش قۇرۇلۇشى، 140 مىڭ كۇب مېتىر بېتون قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى. 89 مىليون 160 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك قوشۇلدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 84 مىڭ مو ئاشتى.

كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغا دۆلەت ياردەم بەرگەندىن سىرت، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆزلىرى 81 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى؛ ئەمما سەرپ قىلغان ئەمگەك كۈنىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 66 مىليون 430 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 130 مىليون كۇب مېتىر تاش - توپا قۇرۇلۇشى ئاماملاندى، 3726 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەيدىغان ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، سۇغىرىش رايونلىرىدا 22 مىڭ يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇش ياسالدى، 866 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 500 مىڭ مو ئاشتى، 1 مىليون 840 مىڭ مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى.

زاۋۇت - كان، نېفىتلىك، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتە 5 مىليون 170 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئالدىنقى قارارلىق ئىش مىقدارى ئورۇندالدى، قۇمۇل شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتى پۈتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىغىپ ھېسابلىغاندا 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلغان سۇ ئامبىرى 466 گە، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 5 مىليارد 930 مىليون كۇب مېترغا، چۈشۈرگە 688 گە، توغان 3876 كىلومېترغا، ماشىنىلاشقان ۋە ئېلېكترلەشكەن قۇدۇق 25 مىڭ 514 كە، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قۇدۇق 23 مىڭ 676 غا، گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 490 مىڭ كىلوۋاتقا، سۇ چىقىرىش پونكىتى 551 گە يەتتى. سۇغىرىش كۆلىمى 58 مىليون 580 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلغان ئېتىز كۆلىمى 43 مىليون 60 مىڭ مو، ئورمان يەرلىرى 6 مىليون 280 مىڭ مو، باغ 2 مىليون 20 مىڭ مو، چارۋا مال ئوت - چۆپلىكلىرى 6 مىليون 250 مىڭ مو، باشقىلار 970 مىڭ مو.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

### سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە سۇنى سۇلياۋ يوپۇق ئۆستەڭدىن ئاقتۇرۇپ سۇغىرىش تېخنىكىسى 2 مىليون 300 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 300 مىڭ مو ئاشۇرۇلدى، 370 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى. چۈنەكلەپ سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 35 مىليون موغا، تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلغان ۋە پۈركۈپ (ياغدۇرۇپ) سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 35 مىڭ موغا، پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش نورمىسى بويىچە سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 30 مىليون 290 مىڭ موغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ باشقۇرغۇچى

خادىملاردىن 14 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، پەرلىك سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى 126 مىليون يۈەن سۇ ھەققى ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 29 مىليون 680 مىڭ يۈەن سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى ماشىنىلاشقان قۇدۇق 25 مىڭ 500 گە يېتىپ، 2 مىليارد كۇب مېتىر سۇ چىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت 1 مىليون700 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى، 12 سۇ ئامبىرىنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملىدى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 10 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ، تەكشۈرۈپ باھالاشتا يەتتە ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار سۇ باشقۇرغۇچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئۈرۈمچى دەرياسى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكى لى شيۈجى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى ماناس دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى چېن زۇڭجۇن سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر باشقۇرۇش خادىمى بولۇپ باھالاندى.

مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن 41 مىليارد كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىلدى، ئەمەلىي سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 58 مىليون 580 مىڭ موغا، سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى يىغىپ ھېسابلىغاندا 230 مىليون مو (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا سۇغىرىلغان يەر 91 مىليون مو (قېتىم) بولدى.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

سۇ ئىشلىرى خىزمىتى

1993 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئون ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، 23 ناھىيە (شەھەر) نىڭ «سۇ قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 4-ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتكۈلگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 《 سۇ قانۇنى 》ۋە《سۇ ۋە تۇپراقنى ئاسراش قانۇنى 》نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللىنىپ، مۇشۇ بىر يىللىق سۇ قانۇنى خىزمىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە سۇ ئىشلىرى، سۇ بايلىقى ئاپپاراتىدىن 100 ى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دەريا ۋادىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن بەشى قۇرۇلدى ھەمدە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سۇ ئىشلىرى مۇھەتتىشلىك تورلىرى قۇرۇلۇپ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى سۇ ئىشلىرى مۇھەتتىشلىكىگە تەيىنلەندى ۋە ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىش خىزمىتى ئىشلەپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ ئىشلىرى بويىچە قانۇنغا خىلاپ جەمئىي 712 ى دەنزە سادىر بولۇپ، كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيىنى 1 مىليون 205 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ 638 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇلدى، جەرىمانە قويۇلدى ۋە 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قانۇنسىز كىرىم مۇسادىرە قىلىندى. سۇ ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى يەنە سۇ بايلىقى خىراجىتى ئېلىشنى باشقۇرۇش ۋە تىزىملاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 8945 خېرىدار سۇ ئىشلىتىشنى تىزىملاتتى، سۇ ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسىدىن 7923 ى تارقىتىلدى، 5 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىشكە تەستىقلاپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى 4 مىليون 182 مىڭ 200 يۈەن سۇ بايلىقى خىراجىتى يىغىۋالدى.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

كەلكۈن ئەھۋالى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەلگەن كەلكۈننىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: چوڭ دەريالاردىكى سۇ ئەھۋالى تۇراقلىق بولدى، ئوتتۇرا، كىچىك دەريا - ئېقىنلار ۋە جىرالاردا كەينى - كەينىدىن قارا يامغۇر ياغقاننىڭ ئۈستىگە ئېرىگەن قار قوشۇلۇش تىپىدىكى كەلكۈن، قاتتىق يامغۇر كەلكۈنى ۋە لاتقا - شېغىل ئېقىنى يۈز بەردى، كەلكۈن ئاپىتى بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن ئېغىر بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا بۇرۇنقى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە مىقداردىن %15 ئاشتى، 1992-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %55 ئاشتى. تاغلىق جايلاردا ياغقان يامغۇر مىقدارى 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە شىمالىي شىنجاڭدا بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن %30 تىن %140 كىچە كۆپ بولدى، 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك كۆپرەك بولدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق جايلىرىدا يىغىلىپ قالغان قارنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېترغا يەتتى، بۇ تارىختا قار ئەڭ كۆپ يىغىلىپ قالغان بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر 36 ناھىيە (شەھەر) كەلكۈن ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا

ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلى ۋىلايەتلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە چاقىلىق ناھىيىسىدە ئاپەتكە ئۇچراش ئېغىر بولدى. تارباغاتايدىكى قارا ئۆتكۈر، ئابدىرا، مارالسۇ دەريالىرىدا 30—50 يىلدىن بۇيان كەلمىگەن ئۇلۇغ كەلكۈن كەلدى؛ ئالتايدىكى بۇرچىن، ئېرتىش دەريالىرىدىمۇ ئوخشاش ۋاقىتتا ئازادلىقتىن كېيىنكى 2 - قېتىم يۈز بەرگەن ئۇلۇغ كەلكۈن كەلدى، تاشقىن پەللىسى تېز ئۆرلەپ، ئېقىش تېزلىكى سېكۇنتىغا 1500 كۇب مېتىرغا يەتتى. چاقىلىق دەرياسىدىمۇ 100 يىلدىن بېرى كەلمىگەن ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىپ، تاشقىن پەللىسىنىڭ ئېقىش تېزلىكى سېكۇنتىغا 443 كۇب مېتىرغا يەتتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داشىگۇ جىلغىسىدا لاتقا - شېغىل ئېقىپ كېلىپ «ياشلار» ئۆستىڭىنىڭ ئوندىن كۆپرەك جايىنى تىندۇرۇۋەتتى، ئۇ يەرلەرگە يىغىلىپ قالغان لاتقا - تاش 33 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 مىليون 800 مىڭ مو ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 330 مىڭ مو يەردىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى، 60 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر نابۇت بولدى، 31 ئادەم، 30 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى، 12 مىڭ ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى، 28 مىڭ ئېغىز ئۆي خەتەرلىك بولۇپ قالدى. 30 دىن ئارتۇق ئېرىق - ئۆستەڭ، 1300 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك (سۇ ئۆتكۈچ، چۇشۇرگە) بۇزۇۋېتىلدى، كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 16 سى بۇزۇۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە توما، 360 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى بۇزۇۋېتىلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 462 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ئۇچرىغان زىيان 132 مىليون يۈەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى جايلار گىدروگرافىيىلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەگرىتاغنى بويلاپ قار ئەھۋالىنى ئۆلچەپ چىقتى. قەشقەر ۋىلايىتى سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق كەلكۈن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز كەلكۈن كېلىشتىن بۇرۇن نۇقتىلىق سۇ ئامبارلىرىنىڭ كەلكۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇنى مۇددەتتىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىپ، كەلكۈننى سۇ ئامبىرىغا باشلاپ توسۇپ تۇرۇپ، تاشقىن پەللىسىنى پەسەيتىپ، تۆۋەن ئېقىمدىكى جايلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. توغان قۇرۇلۇشى تەدرىجىي ھالدا مۇنتىزىم بولۇش ۋە ئۇزاق مەزگىللىك بولۇشقا قاراپ راۋاجلاندۇرۇلدى. 1993-يىلى خوتەندىكى يورۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدا ئۇزاق مەزگىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى بىلەن T شەكىللىك توسمىدىن 11 ى ياسالدى. ئۇلار كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە رولىنى جارى قىلدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 528 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قاش رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى، 28 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇزاق مەزگىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشلاردا 5 مىليون 330 مىڭ كۇب مېتىر تاش - تۇپا قېزىلدى، 42 مىڭ كۇب مېتىر بېتون، 330 مىڭ كۇب مېتىر شېغىل بوتقىسى ئىشلىتىلدى. 4 مىليون 530 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى، 69 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بەرگەن ئالاھىدە زور كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتى 4 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاجراتقىنى 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق بېرىلگەن ياردەم 5 مىليون يۈەن. قالغان قىسمى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆزى تەييارلىغان ۋە ئەمگەك كۈنىنى مەبلەغكە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان پۇل.

ساقلانغان مەسىلىلەر: چوڭ - كىچىك دەريالاردا لاتقا تىنىپ قېلىش ئېغىر ۋە دەريا قىنلىرىدا ئادەملەر ياسىغان توساقلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ كەتكەچكە، كەلكۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن؛ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونتسىز قالغان. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 400 دىن كۆپرەك دەريا - ئېقىنلارغا 11 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياساشقا تېگىشلىك بولۇپ، ئۇزاق مەزگىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىدىن ئاران 1257 كىلومېتىر ياسالغان، قالغانلىرى قۇم-شېغىل، ياغاچ، شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان ۋاقىتلىق مۇئەسسەسەلەر؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىچىك تىپتىكى 357 سۇ ئامبىرىنىڭ 80 پىرسەنتى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچىمى تۆۋەن، سۇ ئىنشائاتلىرىدا يوشۇرۇن ئاپەت خەۋپى زور؛ شەھەر - بازارلارنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆلچىمى تۆۋەن. 85 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 83 پىرسەنتىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئادەتتە بەش - ئون يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كىچىك كەلكۈنگىلا تاقابىل تۇرالايدۇ.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخۇڭ

### قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ۋە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن

قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: شىمالىي شىنجاڭدا ئەتىيازدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىل بويى قۇرغاقچىلىق بولدى. بۇ بىر يىل ئازادلىقتىن كېيىن 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان قۇرغاقچىلىق يىلى بولدى. 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق 20 دەريا - ئېقىنغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى 21 مىليارد 560 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %58، بۇرۇنقى يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارىدىن %15.4 كۆپ بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق 19 دەريا - ئېقىنغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى 21 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1992 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %13.6، بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن %20.9 ئازىيىپ كەتتى. قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى ئېغىر بولغان قەشقەر ۋىلايىتىدە 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە دەريا - ئېقىنلارغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن 1 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر ئازىيىپ كەتتى؛ سانجى ئوبلاستىدا 4 - ئايدىن 6-ئايغىچە غەربىي قىسمىدىكى دەريا - ئېقىنلاردىكى سۇ مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %60 ئاز بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەتىياز پەسلىدە 4 مىليون مو ئېتىز قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىليون مو ئېتىز ئېغىر قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى. كۈز پەسلىدە 4 مىليون مودىن كۆپرەك ئېتىز قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى. شىمالىي شىنجاڭدا سۇ ئېقىنى سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەچكە، 1 مىليون 500 مىڭ مو ئېتىز قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن 590 مىڭ ئادەم، 5 مىليون 900 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولدى.

قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا جايلار تولۇق ياتقۇزۇش، قىشلىق سۇ ساقلاش، مۇددەتتىن بۇرۇن مۇزلارنى يېرىپ، سۇ باشلاشنى چىڭ تۇتتى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇنى دەريالار ئارا ۋادا ئاتلىتىپ تەڭشەشنى يولغا قويۇپ، ئارتۇق - كەم سۇنى ئۆزئارا تەڭشىدى. قەشقەردىكى قىزىل، گەز، كۇسەن، تىزناپ دەريالىرىنىڭ سۈيىنى سۇ ئىنشائاتلىرى ئارقىلىق تەڭشەپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى يېنىكلەتتى. زىرائەت تېرىش قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، سۇ ئىشلىتىشتىكى ھەممىسى بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىشتەك زىددىيەت ئازايتىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش كۆلىمى 1992 - يىلدىكىدىن 700 مىڭ مودىن كۆپرەك كېمەيتىلدى. جايلار سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، جەمئىي 3726 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ ياسىدى. قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، قۇدۇقلارنى كېچە - كۈندۈز ئىشقا سېلىپ سۇ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 9100 دىن كۆپ قۇدۇق ئىشقا سېلىنىپ، 1 مىليارد كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇ چىقىرىلىش بىلەن يەر يۈزى سۈيىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تولۇقلاندى.

قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە مەركەز ئالاھىدە چوڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش خىراجىتىدىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، ئاپتونوم رايون 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇردى.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

**ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى**

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقە پائالىيىتى 1992 - يىل 10 - ئايدىن 1993 - يىل 10 - ئايغىچە جايلاردا قانات يايدۇرۇلدى. سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق 30 ناھىيە (شەھەر) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىخو، ئاقسۇ، كونەس، جېمىنەي، جىمساردىن ئىبارەت بەش ناھىيە (شەھەر) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ موڭغۇلكۈرە، ساۋەن، فۇكاڭ، جىڭ، تۇرپان، قۇمۇل، باركۆل، يەنجى، كورلا، خوتەن، توقسۇدىن ئىبارەت 11 ناھىيە (شەھەر) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ توققۇزتارا، قورغاس، چۆچەك، دۆربىلجىن، كۆكتوقاي، ماناس، پىچان، بۈگۈر، كۇچا، مارالبېشى، قەشقەر يېڭىشەھەر، لوپ، ئارشاڭ، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت 14 ناھىيە (شەھەر) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

**چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 43 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش قۇرۇلۇشى 16، ئوت - چۆپ بازىسى ۋە تەبىئىي ئوتلاقلارنى سۇغىرىش قۇرۇلۇشى 26، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى بىر. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ياردەم قىلغىنى 3 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ توپلىغان مەبلىغى 2 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئاممىنىڭ توپلىغان مەبلىغى ۋە ئەمگەك كۈنىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان مەبلەغ 3 مىليون 930 مىڭ يۈەن،

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىش تېپىپ بېرىش يولى ئارقىلىق بېرىلگەن ياردەم 5 مىليون يۈەن.

ئاساسلىق تۈرلەردىن قورغاس ناھىيىسىدىكى تەلكە، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ليۇشۇگو، قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى مايىنتىسۇ، مىچۈەن ناھىيىسىدىكى بەيياڭگو قاتارلىق جايلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش قۇرۇلۇشى؛ ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى 4 - چارۋىچىلىق فېرما، شىخو ناھىيىسىدىكى باياڭخۇ، يەنجى ناھىيىسىدىكى خارۇولىن ئارشاتى سالا، تولى ناھىيىسىدىكى چالغاي ئۆزەن، ئاتۇشتىكى كاتتايلاق يېزىسى، ئاقچى ناھىيىسىدىكى قاراچى يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئوت - چۆپ بازىسى ۋە تەبىئىي ئوتلاقلارنى سۇغىرىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ تورۇبىسىدىن 143 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياتقۇزۇلدى، 138.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ ياسالدى، 280 مىڭ مو ئوت - چۆپ بازىسى ۋە تەبىئىي ئوتلاق سۇغىرىلدى، 40 مىڭ ئادەم ۋە 240 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش شارائىتى ياخشىلاندى.

1993 - يىلى دالىدا تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش خىزمىتىدە 17 تۈر، پىلانلاش، لايىھىلەش خىزمىتىدە 12 تۈر ئورۇندالدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قېزىپ بەرگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇقلار دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخوڭ

يېزىلاردىكى سۇنى ياخشىلاش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزىلاردىكى سۇنى ياخشىلاش ئىشىغا 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ماشىنىلاشقان ئىستېمال سۇ قۇدۇقىدىن 35 ى قېزىلدى، سۇ مۇنارى ۋە سۇ زاۋۇتىدىن 30 ى ياسالدى، 350 چوڭقۇر قۇدۇق قول پومپىسى، 139 تېيىز قۇدۇق قول پومپىسى ئورنىتىلدى، 250 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىستېمال سۇيى تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 250 مىڭ ئادەم، 500 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى.

1993 - يىلدا نۇقتىلىق سۇنى ياخشىلاش ئىنشائاتىدىن 35 ى پۈتكۈزۈلۈپ، 170 مىڭ ئادەم، 320 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى. بۇلار، ئاساسەن، چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا بازىرى، لوپ ناھىيىسىنىڭ لوپ بازىرى، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسى، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال يېزىسى، شىخو ناھىيىسىنىڭ شىداگۇ يېزىسى، باي ناھىيىسىنىڭ قارا باغ يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشلىرىدىن ئىبارەت. سىرتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن پۇلدىن پايدىلىنىپ يېزىلاردا سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇھىت تازىلىقى تۈرىدىن بەشى ئورۇندالدى، بەش سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 200 قۇدۇق قېزىلدى ھەمدە ئۇلارغا چوڭقۇر قۇدۇق قول پومپىسى ئورنىتىلدى، 40 مىڭ ئادەم، 100 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى! مۇشۇ بىر يىلدا دۇنيا بانكىسى ياردەم بەرگەن تۈرلەر ئۈچۈن سەككىز قارار كۇرس ئېچىلىپ، 287 ئادەم تەربىيىلەندى؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بالىلار فوندى جەمئىيىتى 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە قەشقەردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ساقلىقنى ساقلاش تۈرى ئۈچۈن جەمئىي 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. يەكەن ناھىيىسىدە 100 چوڭقۇر قۇدۇق قول پومپىسى ئورنىتىلىپ ئىشقا سېلىندى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى باھالاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ساغان يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبوي يېزىسىدا سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 40 مىڭ ئادەم، 80 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى؛ كانادا خەلقئارا تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سولياۋ قول پومپىسىدىن 300 ى سىناق تەرىقىسىدە ياسىلىپ، نامرات دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخوڭ

سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە جەھەتتە توك مەنبەسى، ئېلېكتر تورى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا 287 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سالغان مەبلىغى 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولدى، قالغىنىنى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆزى توپلىدى ياكى بانكىدىن قەرز ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ياسالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 210 مىڭ كىلوۋات بولدى. بايدىكى قىزىل سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاقسۇدىكى غەربىي كۆۋرۈك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاشقورغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاقتۇدىكى ئويتاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇ بىلەن ئېلېكتر قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن شىخەنزە شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋات ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 30 مىڭ كىلوۋات ئاشتى. 4551 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى تارتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 110

كىلوۋولتلىق توك لىنىيىسى 207 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلىق توك لىنىيىسى 1161 كىلومېتىر، ئۈچ كىلوۋولتتىن ئون كىلوۋولتقىچە بولغان توك لىنىيىسى 3080 كىلومېتىر. 2442 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسى تارتىلدى. 145 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرلىق توك پەتكۈزۈش - توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش پونكىتىدىن 30 ى قۇرۇلدى، 180 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرلىق توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتوردىن 2871 ى كۆپەيتىلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پوسكام، كۆكتوقاي، كۈنەس، ئاقسۇ كونا شەھەر، جىمسار ناھىيىلىرى ۋە بورتالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىن ئىبارەت مەملىكەت بويىچە ئېلېكترلەشتۈرۈش نۇقتىدا سىناق قىلىنغان ئالتە ئورۇندا توققۇز ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئۇلاردىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 22 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 54.4 پىرسەنتى ئورۇندالدى، 27.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 110 كىلوۋولتلىق ئېلېكتر تورى، 1260 كىلوۋولت - ئامپېرلىق 110 كىلوۋولت توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ۋەزىپە تولۇق ئورۇندالدى؛ 277.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولتلىق توك لىنىيىسى تارتىلىپ، پىلاننىڭ 66.6 پىرسەنتى ئورۇندالدى، 35 كىلوۋولتلىق توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش پونكىتىنىڭ توك سىغىمچانلىقى 36 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېرغا يېتىپ پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 58.6 پىرسەنتى ئورۇندالدى؛ 434.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئون كىلوۋولتلىق توك لىنىيىسى تارتىلىپ، پىلاننىڭ 51.8 پىرسەنتى ئورۇندالدى؛ توك تەقسىم قىلغۇچى ترانسفورماتورنىڭ توك كۈچى 24 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر بولۇپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 814 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 463 مىڭ كىلوۋات، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 2 مىليارد كىلوۋات سائەت، مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 960 مىليون كىلوۋات سائەت، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سۇ چىقىرىش ۋە سۇغىرىش، قوشۇمچە كەسىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا - بازار سانائىتى ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 1 مىليارد 90 مىليون كىلوۋات سائەت. قالغىنى ناھىيە بازىرى ۋە ۋىلايەتتىكى سانائەت ئورۇنلىرى ۋە تۇرمۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85% ناھىيە (شەھەر)، 93% يېزا، 87% كەنتنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

لىۋ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

**سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تۈرىدىن 48 ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە پىلانلاپ لايىھىلەنگەن تۈر 33. ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: خوتەندىكى ئۇلۇغ ئاتا مەركىزى سۇ قۇرۇلۇشى، يېڭىساردىكى كاچۇڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئىلىدىكى جىرىنتاي 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، خېجىڭدىكى شاۋ شەنكۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئالتايدىكى شىبەلەڭ سۇ ئامبىرى، ئاقچىدىكى ئۇسەنخۇش مەركىزى سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ دەسلەپكى لايىھىلىرى ۋە بايدىكى قىزىل مىڭ ئۆي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، فۇكاڭدىكى بوغدا كۆلى سۇ چىقىرىش، ئېنېرگىيە ساقلاش ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان تەتقىقات دوكلاتلىرى، قىزىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە بورتالا دەريا ۋادىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانلىرى بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە تۈرنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. 33 تۈرنىڭ 4284 چېرتيوژى، 485 ھېسابلاش ماتېرىيالى، 370 دوكلات ئىشلىنىپ بولدى.

تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈرىدىن 15 ى ئورۇندالدى، ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: ئىلىدىكى جىرىنتاي سۇ ئىنشائات تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى چاغان ئۇس سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قابا ناھىيىسىدىكى تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۇچادىكى دۇنيا بانكىسى قەرز بېرىدىغان تۈر قاتارلىقلارنى ئۆلچەش - سىزىش، 79 مىڭ ئۆلچەملىك مېتىر يەرنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش، 12 مىڭ ئۆلچەملىك نۇقتىنى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، 168 مىڭ ئۆلچەملىك كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشلارنى ئۆلچەش - سىزىش، 883 كۋادرات كىلومېتىر گېئولوگىيىلىك تەكشىلىكنى ئۆلچەش - سىزىش، 9226 كۋادرات مېتىر چوڭقۇرلۇقنى تەكشۈرۈش ۋە غارنى تەسۋىرلەش، 5304 كۇب مېتىر تاش - توپا قېزىش ئورۇندالدى.

گېدروگرافىيىلىك خىزمەت جەھەتتە 122 گېدرولوگىيىلىك ئىستانسىنىڭ 1992 - يىللىق گېدروگرافىيىلىك ماتېرىياللىرىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش، تەكشۈرۈش، تۈزۈش ۋە ماتېرىياللارنى دەرىجىگە ئايرىپ باھالاش خىزمىتى ئورۇندالدى. مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان پروگراممىنى باشقىدىن تۈزۈش ۋە ماتېرىياللارنىڭ ھېسابلىنىش نەتىجىسىنى ئامبارغا كىرگۈزۈش ماتېرىيالىنى تۇرغۇزۇشتا تۇنجى قېتىم «VAX» تىپلىق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ، ماتېرىياللارنىڭ سانلىق

مەلۇماتلار ئامبىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 171 گىدروگېئولوگىيىلىك كۆزىتىش ئۆلچەش پونكىتىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش، تەكشۈرۈش ۋە رەتلەپ توپلام تۈزۈش خىزمىتى ئورۇندالدى.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخۇاڭ

سۇ ئىشلىرى كەسپى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈكنى ئېنىقلاش خىزمەت ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ ئىشلىرى كەسپى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈكنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

1990 - يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەردە سۇ ئىشلىرى كەسپى بويىچە مال - مۈلۈكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى، 1648 كىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا قاتنىشىپ، 60 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تۇراقلىق مۈلۈك كارتوچكىسىدىن 160 مىڭنى تولدۇرۇپ تۈزدى، ھەرخىل قۇرۇلۇشلارنىڭ 34 مىڭ سۈرىتى ۋە چېرتيوژىنى ئىشلەپ چىقتى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش دائىرىسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى (باشقارمىسى) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىغا قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكى بولدى.

ئېنىقلاشقا قارىغاندا، 1949 - يىلدىن 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇ ئىشلىرى كەسپىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليارد 603 مىليون 468 مىڭ 200 يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 836 مىليون 290 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 61.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، ئاممىنىڭ تەييارلىغىنى 1 مىليارد 767 مىليون 177 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 38.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە سۇ ئىشلىرى، سۇ ئېلېكتر ئىنشائاتلىرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك 3 مىليارد 831 مىليون 51 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى 2 مىليارد 88 مىليون 22 مىڭ 600 يۈەن، ئاممىنىڭ ئەمگەك كۈنىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندىكى مەبلەغ 1 مىليارد 734 مىليون 28 مىڭ 800 يۈەن.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىقلاندى، مال - مۈلۈك باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۇ ھەققىنى ھېسابلاش ۋە تەڭشەش ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولدى.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخۇاڭ

تارىمدىكى دۇنيا بانكىسىدىن ئالغان قەرز پۇل بىلەن ئىشلىنىدىغان تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

تارىم دېھقانچىلىق رايونىدىكى سۇغىرىش - سۇنى چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىتنى ئاسراشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىرتتىن كىرگۈزگەن مەبلىغى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇقتىسلىق تۈر بولۇپ، 1990 - يىلى دۇنيا بانكىسىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن. بۇ تۈر زەرەپشان دەريا ۋادىسى ۋە ئۆگەن دەريا ۋادىسىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ مۇھىتىنى ئاسراشتىن ئىبارەت ئۈچ تارماق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈر بويىچە 1 مىليون 200 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، 1 مىليون 800 مىڭ مو تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز ئۆزگەرتىلىدۇ، 9030 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ يېڭىدىن ياسىلىدۇ ياكى ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ، 754.45 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇنى چىقىرىۋېتىش، تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلمىلىرىدىن 222 سى ياسىلىدۇ، ئىككى جايدىن ئۆستەڭ ئېلىنىدۇ، ئۈچ يەردىن سۇ مەنبەسى تېپىلىدۇ، كاچۇڭ 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى (گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 21 مىڭ كىلوۋات) قۇرۇلىدۇ، يۇقىرىقىلار ھەممە باشقا تۈرلەر ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليارد 49 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز بېرىدىغىنى 125 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، بۇ تۈرنىڭ رەسمىي ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى 1992-يىلدىن 1996 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت.

1993 - يىلى بۇ تۈرگە تەخمىنەن 90 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلىپ ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 400 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ تۈرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، مەكىت، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، 100 مىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ؛ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى سوقچاق ئۆستىڭىنى پۈتكۈزۈلسە تۆۋەنكى ئېقىمدىكى سۇغىرىش رايونىغا 20 كۈن بۇرۇن سۇ يەتكۈزۈپ بەرگىلى، سۇ مىقدارىنى تەخمىنەن 3000 كۇب مېتىر كۆپەيتكىلى بولىدۇ؛ توقسۇ ناھىيە ئىچكىرىق يېزىسىدىكى تۆت كەنتنىڭ تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، شالىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقىدىن 151 كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«تارىمنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا جىددىي

ئېھتىياجلىق سۇنى يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلۇشى» تۈرى تارىم دەرياسىنى تىزگىنلەشنى باشلاش قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1991 ـ يىلى ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىقى باشلانغانىدى. 1993 ـ يىلغىچە بۇ تۈر ھەققىدىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان تەتقىقات دوكلاتى ۋە دەسلەپكى لايىھە سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تارىمنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى سۇ تېجەش دائىرىسىنى تاللاپ، سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى ياساپ، تۆۋەنكى ئېقىمغا يەتكۈزۈلىدىغان سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىش، تارىمنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەنكى ئېقىمىدا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلۇشى ياساپ، سۇ مىقدارىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى يېشىل كارىدورغا بىخەتەر يەتكۈزۈلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈردە ئون تارماق تۈر ئىنشائاتى بار بولۇپ، ئۇلار تارىم دەرياسىنىڭ شايار، كۇچا، لوپنۇر قاتارلىق ناھىيىلەر دائىرىسىدىكى 998 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېقىمغا جايلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارغا جەمئىي 29 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۈچ يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلاندى، قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن تارىمنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا ھەر يىلى 200 مىليون كۇب مېتىردىن 250 مىليون كۇب مېتىرغىچە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. 1993 ـ يىل 11 ـ ئايدا قۇرۇلۇشنى ئىشلىگۈچى ئورۇن ئىش ئورنىغا يېتىپ باردى. 1993 ـ يىلى بۇ تۈرگە 5 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلمەكچى ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى بېرىدىغان قەرز 680 مىڭ يۈەن، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى سالىدىغان مەبلەغ 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇدىغىنى 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 5 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلىپ بولدى.

لىيۇ ۋېنفېن

ساۋ زېخۇڭ

پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

1993 ـ يىلى تۆت تۈرلۈك سۇ ئىشلىرى پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى مەخسۇس كەسپىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى.

«ئالغۇي جىلغىسىدىكى لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن تەتقىقاتى» بۇنى شىنجاڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇندىغان. ئالغۇي تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئىچىدە لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن ئاپىتى ئەڭ ئېغىر يۈز بېرىدىغان رايون بولۇپ، ھەر يىلى يازدا كەلكۈننىڭ كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي زىيىنى نەچچە مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا ئىككى يىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە تارىخى ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىننىڭ شەكىللىنىش شەرت ـ شارائىتى، لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىننىڭ ماددىي ۋە مېخانىكىلىق تۈزۈلۈشى، ئاپەت رايونىنى ئايرىش، خەتەرلىك دەرىجىسىنى ئايرىش ھەمدە كېڭىيىش يۈزلىنىشى، ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئالدىنى ئېلىش پىلانى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

«سانجىدىكى يوشۇرۇن سۇنىڭ مۇۋازىنەت مەيدانىنى كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش تەتقىقاتى» بۇنى شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى پەن تەتقىقات ئورنى ئورۇندىغان. بۇ تېمىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چېتىگىچە بولغان جايلاردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان، يوشۇرۇن سۇنىڭ مۇۋازىنەت مەيدانىنى ئون نەچچە يىل كۆزىتىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۇپراق سۈپىتى، تۇپراق كەسمە يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى، تۇز تەركىبى ئۆلچەش سىنىقلىرى يۈزىنىڭ يوشۇرۇن سۇنىڭ ھورلىنىشىغا قارىتا تەسىرى يەكۈنلىنىپ، يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش قانۇنىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ۋادىنى پىلانلاش، سۇ مەنبەسىنى ۋە مۇھىتنى باھالاش، شور ۋە تۇزنى تىزگىنلەش قاتارلىقلاردا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

«زەرەپشان دەريا ۋادىسىدا سۇ چىقىرىۋېتىشنى تىزگىنلەشنى ئىسپاتلاش تەتقىقاتى» بۇنى شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇندىغان. بۇ تېما دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن پۇل بىلەن ئىشلىنىدىغان تارىم دېھقانچىلىق رايونىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش ـ سۈغىرىش تۈرىدە ئىسپاتلاش زۆرۈر بولغان ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا سۇ بىلەن شورنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاساس قىلىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى چىقىرىۋېتىلىدىغان سۇ مىقدارى، شور مىقدارىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ۋە سۇنى چىقىرىۋېتىش يولى، ئېتىزلار ئارىسىدىكى زەيكەشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئارىلىقى ھەققىدە مۇۋاپىق تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىكى تۇپراق بايلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا باھا ۋە ياخشىلاپ پايدىلىنىدىغان يەرلەرنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى» بۇنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇندىغان. بۇ تېما ئاقسۇ دەريا ۋادىسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى بولۇپ، 21 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى يەرنىڭ تۇپرىقىنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش شەرت ـ شارائىتى، جەريانى، تارقىلىشى، ياخشىلاپ پايدىلىنىش، سۇ ۋە تۇپراقنىڭ تەڭپۇڭلۇقى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىكى سۇ ۋە تۇپراق بايلىقىنى مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈش ۋە

ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

**شىنجاڭ كارىز تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى**

1993 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ كارىز تەتقىقاتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سۇ ئىشلىرى كەسپى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار خادىملار ئەزا بولغاندىن تاشقىرى، يەنە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ياپونىيىدىكى كارىز تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارمۇ ئەزا بولدى.

تەتقىقات جەمئىيىتى كارىزلارنى تەكشۈرۈش، ماشىنىلاشقان ئىش مەشغۇلاتىنى كېڭەيتىش، شۇنىڭدەك كارىزلاردا سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ۋە سۇ سىڭىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ماتېرىياللىرى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1950 - يىلى شىنجاڭدىكى كارىز 1500 دىن كۆپرەك بولۇپ، 1993 - يىلى 1100 دىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالغان، كارىزلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 350 مىليون كۇب مېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 300 نەچچە مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن 150 مىڭ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇ ھەل قىلىنىدىكەن. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 25 كارىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ سۇلياۋ بۇيۇملىرى باش زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، ئېتىلېنلىق سۇلياۋ يوپۇقتىن ياسالغان قوش دىۋارلىق تۇرۇبىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى ھەمدە ئۇنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كارىز ئېرىقىغا ئىشلىتىپ، سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغاندا، سۇ مىقدارى بۇرۇنقىدىن سېكۇنتىغا 8.5 لىتىر كۆپەيدى.

ليۇ ۋېنفېن
ساۋ زېخۇڭ

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

**يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 536 مىليون 160 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %37.67 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 852 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.02 ئاشتى. تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 840 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %55.84 ئاشتى، ئېلىنغان ساپ پايدا 518 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %49.74 ئاشتى، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج 273 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %61.13 ئاشتى. ئېكسپورت ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان مال سوممىسى 69 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 202 مىڭ 274 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %29.9 ئاشتى، كارخانا خادىمى 600 مىڭ 687 گە يېتىپ، %20.59 ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 191 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.99 ئاشتى. خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرى بويىچە ئايرىغاندا، يېزا ئىگىلىك كارخانىسى 1515 بولۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 0.75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كارخانىدىكى ئادەم سانى 14 مىڭ 768 بولۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 2.46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سانائەت كارخانىسى 47 مىڭ 198 بولۇپ، %23.33 نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 235 مىڭ 53 بولۇپ، %39.13 نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 852 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، %51.53 نى ئىگىلىدى؛ بىناكارلىق كارخانىسى 6221 بولۇپ، %3.08 نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 90 مىڭ 167 بولۇپ، %15.01 نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 226 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، %22.16 نى ئىگىلىدى؛ قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى 60 مىڭ 220 بولۇپ، %29.77 نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 79 مىڭ 423 بولۇپ، %13.22 نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 671 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.13 نى ئىگىلىدى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 55 مىڭ 932 بولۇپ، %27.65 نى ئىگىلىدى. كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 111 مىڭ 605 بولۇپ، %18.59 نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 697 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.6 نى ئىگىلىدى؛ مۇلازىمەت كارخانىسى 20 مىڭ 778 بولۇپ، %10.27 نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 45 مىڭ 680 بولۇپ، %7.6 نى ئىگىلىدى. باشقا كارخانىلار 10 مىڭ 410 بولۇپ، %5.15 نى ئىگىلىدى، كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 23 مىڭ 991 بولۇپ، %3.99 نى ئىگىلىدى. ئىگىلىك تۈرلىرى

بويىچە ئايرىغاندا، يېزا، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانا 7906 بولۇپ، 3.91% نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 399 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 61.4% نى ئىگىلىدى؛ كوپېراتسىيە كارخانىسى 258 بولۇپ، 0.13% نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، 0.89% نى ئىگىلىدى؛ يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانا 194 مىڭ 110 بولۇپ، 95.96% نى ئىگىلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 87 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، 37.71% نى ئىگىلىدى.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مىقدارى مۇنداق بولدى: ئالتۇن 487.08 كىلوگرام بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 140% ئاشتى؛ كۆمۈر 8 مىليون 345 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 19.17% ئاشتى؛ ئۇن 1 مىليون 295 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 25.17% ئاشتى؛ سېمونت 167 مىڭ توننا بولۇپ، 31.5% ئاشتى؛ خىش 3 مىليارد 678 مىليون دانە بولۇپ، 55.99% ئاشتى؛ فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىيالى 26 مىڭ 152 توننا 780 كىلوگرام بولۇپ، 60.59% ئاشتى؛ كۆن ـ خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم 322 مىڭ بولۇپ، 12.86% ئاشتى؛ پۇتكۇزۇلگەن ئۆي-جاي كۆلىمى 2 مىليون 960 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 26.18% ئاشتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) خىلمۇ خىل ئۇسۇل، خىلمۇ خىل يوللار ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىش. تۇرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا 1 ـ، 2 ـ، 3-خىل كەسىپلەرنى تەڭ يۈكسەلدۈرۈش، كوللېكتىپ بىلەن ئائىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، يەككىلەر ئىگىلىكىدىكى ۋە بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تۈزۈلمىلىك، كۆپ شەكىللىك تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندى. جايلار كوللېكتىپ تايانچ كارخانىلارنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى، قاتناش ـ ترانسپورت، سودا، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك، ئۇن تارتىش، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور تۈركۈمدىكى يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە، خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار 194 مىڭ 110 غا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 30.55% ئاشتى، كارخانا خادىملىرى 374 مىڭ 574 كە يېتىپ، 26.29% ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 302 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 62.76% ئاشتى؛ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 87 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 54.48% ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 701 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 69.16% ئاشتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تىجارەت كىرىمىنىڭ 39.42 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 37.7 پىرسەنتىنى ۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 24.59 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئېلىنغان ساپ پايدا 3 مىليارد 310 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 51.89% ئاشتى؛ دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 136 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 85.14% ئاشتى. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇلغاچقا، نۇقتىلىق ناھىيە، يېزا، كەنت ۋە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ياخشى بولدى. 1993 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان ناھىيە 17؛ 20 مىليون يۈەندىن ئاشقان يېزا 29؛ 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كەنت ئون؛ 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 590. 590 كارخانىنىڭ تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 733 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 36.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

2) پائال مەبلەغ تەييارلىنىپ، كىرىم كۆپ يوللار بىلەن ئاشۇرۇلدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىش باشلانغان يېزا ـ كەنت كارخانىسى 945 كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 351 كارخانا ئاشتى، ئىش باشلانغان تۈر 857، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 762 بولۇپ، جەمئىي 516 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 51.47% ئاشتى. مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ياردەم بەرگەن مەبلەغ 11 مىليون يۈەن، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بەرگىنى 28 مىليون يۈەن، بانكىنىڭ بەرگەن قەرز پۇلى 269 مىليون يۈەن، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 54 مىليون يۈەن، ئۆزىدە ئەسلى بار مەبلەغ 110 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 44 مىليون يۈەن.

3) ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانا باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى

مۇكەممەللەشتۈرۈش، خىيىم - خەتەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بازارنى ئېچىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە توغرىسىغا بىرلىشىش ۋە چېتىلىپ ھەمكارلىشىشنى پائال قانات يايدۇرۇش، پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمى قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، بەزى تايانچ كارخانىلارنىڭ ئىلگىرىكى پىلان ۋە مەبلەغ تەلەپ قىلىشتەك ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان ۋە يېرىم توختىغان بىر قىسىم كارخانىلار ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. 1993 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت (ئوبلاست) تىكى 19 كارخانىدا سىناق تەرىقىسىدە ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ۋە ئۆلچەملىك يېتەكلەشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئېلىپ بېرىلدى، ئۇلاردىن ئۆلچەمگە توشقىنى 17 كارخانا. شۇنداقلا 42 ناھىيە (شەھەر) دىكى 57 كارخانا ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى قىلىپ بېكىتىلىپ، كارخانىلار پەيدىنپەي ئىلمىلاشقان ۋە قېلىپلاشقان باشقۇرۇش يولىغا سېلىندى.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

بىرىنچى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇش جەھەتتە يەنىلا پەرق بار، بەزى جايلار يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشتىن - ئاخىر دەل ئورنىغا قويغىنى يوق، شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مەملىكەت بويىچە ئارقىدا تۇرماقتا؛ ئىككىنچى، مەبلەغ قىس بولغاچقا بەزى قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنى ئۆز مۇددىتىدە پۈتكۈزۈش مۇمكىن بولمىدى، بەزى كارخانىلار ۋاقتىدا تۇراقسىز مەبلەغكە ئىگە بولالماي، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىش ياكى يېرىم توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى؛ ئۈچىنچى، نۇرغۇنلىغان سىياسەتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشمىگەچكە «ئۈچ قالايمىقان» ۋە كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويدى؛ تۆتىنچى، كارخانىچىلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى يەنىلا ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىدى؛ بەشىنچى، بەزى جايلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ئەمەس ۋە باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى مۇقىم بولمىغاچقا، فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى.

جاڭ گوخۇا

لى لەيشۇن

**يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ياكى تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن ناھىيە (شەھەر) لەر**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ياكى تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن ناھىيە (شەھەر) لەر 17 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: ئۈرۈمچى، مىچۈەن، لوپنۇر، سانجى، قۇتۇبى، پىچان، ساۋەن، شىخو، ماناس، كورلا، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، بورتالا، باي، تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر. بۇ 17 ناھىيە (شەھەر) دىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 3 مىليارد 162 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 57 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 787 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە) بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

لى لەيشۇن

ياڭ بىن

**ھەمكەسىپ ئورۇنلارنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 184 ھەمكەسىپ ئورۇن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن 46 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز قىلىنغان ياردەم 10 مىليون 350 مىڭ يۈەن. 28 تۈر كىرگۈزۈلدى، 30 دانە ئۈسكۈنە ياردەم قىلىندى، بۇلارنىڭ قىممىتى 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىختىساسلىق خادىملاردىن 34 ى كىرگۈزۈلدى، ئىختىساسلىق خادىملاردىن 246 سى تەربىيىلەپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ يېزىلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاساس قىلغان 2 ., 3 - كەسىپكە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەمكەسىپ ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىش ئەھۋالىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بىرىنچى، كادىرلار ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇلدى؛ ئىككىنچى، ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇلۇپ، ناھىيە، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئۈچىنچى، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى؛ تۆتىنچى، تىپلار تۇتۇلۇپ، ناھىيە، يېزىلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى؛ بەشىنچى، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، تەرەققىيات يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئالتىنچى، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىقتىسادى بىلەن ئۆزىنىڭ

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| رايون ئايرىمىسى | كارخانا سانى | كارخانىلاردىكى ئادەم سانى | تىجارەت كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ساپ پايدا (10 مىڭ يۈەن) | يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 202274 | 600687 | 584089 | 553616 | 285276 | 51880 | 27354 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 6535 | 34131 | 89131 | 75182 | 53141 | 5734 | 4864 |
| قاراماي شەھىرى | 51 | 950 | 1063 | 1008 | 386 | 87 | 32 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 15267 | 34414 | 38293 | 38301 | 19658 | 4137 | 2037 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 7206 | 21883 | 16135 | 17657 | 10120 | 836 | 620 |
| سانجى ئوبلاستى | 25743 | 76656 | 107632 | 109498 | 60557 | 7960 | 5508 |
| شىخەنزە شەھىرى | 455 | 2501 | 2475 | 2289 | 1893 | 141 | 130 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 4 | 1095 | 3342 | 3712 | 365 | 13 | 85 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 19422 | 54835 | 42179 | 42934 | 23905 | 3668 | 2118 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 11022 | 35345 | 43469 | 46791 | 28292 | 3596 | 1444 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 6282 | 22557 | 28340 | 28312 | 15314 | 2678 | 1248 |
| بورتالا ئوبلاستى | 4561 | 15676 | 21812 | 20036 | 10921 | 1250 | 989 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 7253 | 30591 | 67191 | 61469 | 21811 | 3499 | 2728 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 15983 | 46268 | 34409 | 34355 | 10358 | 4525 | 1402 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 9783 | 23547 | 10640 | 9508 | 3340 | 1503 | 489 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 54703 | 132966 | 55178 | 41992 | 16100 | 8897 | 2711 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 18004 | 67272 | 22800 | 20572 | 9115 | 3356 | 949 |

جاڭ يىڭلەن

تەرەققىياتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش بىلەن بىللە، مەسئۇل بولغان ئورۇنلارمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

جاڭ داشياڭ

**يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا تۇتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 60 قاراردىن كۆپرەك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 2330 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 900 ئادەم (قېتىم). چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملار تەربىيىلەپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىنغانلار 484 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 167. بىر يىللىق ئالىي تېخنىكوم سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەنلەر 180 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 10 مىڭ نۇسخا بېسىلدى.

جاڭ خۇ

**14 ئورۇن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى**

گۇۋاڭيۈەن 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى چوڭ بولغان 200 ناھىيە (شەھەر)، 300 يېزا (بازار) ۋە 500 ئىلغار يېزا - بازار كارخانىسىنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى، مىچۈەن، لوپنۇر، قۇتۇبى ناھىيىلىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ چىداۋان بىلەن ئەرگۈلۈك يېزىسى، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گۇمۇدى بازىرى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ «ئىتتىپاق» يېزىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى باجياخۇ يېزا ئىگىلىك سانائەت - سودا باش شىركىتى، مىچۈەن ناھىيىلىك لىنيە مايمانلىرى زاۋۇتى، خوشۇت ناھىيىلىك ئېغىبدىرىن زاۋۇتى، كورلا شەھەرلىك 1 - سېمونت زاۋۇتى، لوپ ناھىيىلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسى، بۇرچىن ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

لى لەيشۈن
جاۋ شاۋخۇا

**يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىبازار كارخانىلىرى قۇرغان پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمىدىكى كارخانا 590 گە، ئومۇمىي پاي سوممىسى 420 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئوبلاستىدىكى پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمىدىكى كارخانا 152، ئومۇمىي پاي سوممىسى 70 مىليون 5000 يۈەن؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە 140، ئومۇمىي پاي سوممىسى 82 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانا سانى ۋە پاي سوممىسى جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

لىن جۈگشۈن

**غەربىي قىسمىدىكى ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى**

غەربىي قىسمىدىكى ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا بازار كارخانىلىرى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ 3 - قېتىملىق بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ گۇۋاڭيۈەننىڭ «ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بېكىتمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى، يىغىندا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 2000 - يىلغىچە بولغان تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى، تەجرىبىلەر كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇلدى.

جاڭ گوخۇا

**ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى**

بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلدىن كېيىن چاقىرغان كەڭ كۆلەملىك يېزا - بازار كارخانىلىرى يىغىنى بولۇپ، 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە سانجىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى يېزا ئىگىلىك شى (ئىدارە) لىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ۋەكىللەر سانجى ئوبلاستى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى 25 كارخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، يىغىندا 11 ئورۇن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ۋە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىت يازما سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

لى لەيشۈن
جاڭ جيەنىو

## بېلىقچىلىق

**بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 28 مىڭ 831 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 16 مىڭ 651 توننىغا يېتىپ، %7.7 ئاشتى؛ يەككە ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 12 مىڭ 180 توننىغا يېتىپ، %9.4 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىستېمىسىنىڭ بېلىقچىلىقىمۇ راۋاجلاندى، ئېلىنغان بېلىق 7804 توننىغا يېتىپ، %10 ئاشتى. ئېلىنغان بېلىق ئەڭ كۆپ ئاشقان رايونلار مۇنۇلار: سانجى ئوبلاستىنىڭ 4100 توننىغا يېتىپ، 892 توننا ساپ ئاشتى؛ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 3004 توننىغا يېتىپ، 306 توننا ساپ ئاشتى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 1736 توننىغا يېتىپ، 212 توننا ساپ ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەبىئىي دەريا - كۆللەردىن تۇتۇلغان بېلىق 6615 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.5 ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىستېمىسى بويىچە تۇتۇلغان بېلىق 747 توننا بولۇپ، %35.6 ئازىيىپ كەتتى. بېلىق تۇتۇش كەسپى بويىچە مەھسۇلات مىقدارى، ئاساسەن، باغراش، بورۇلتوقاي كۆللىرى ۋە ئېرتىش، ئىلى دەريالىرىدىن كېلىدۇ، بۇ دەريا - كۆللەردىن تۇتۇلغان بېلىق 6251 توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇتۇلغان بېلىقنىڭ 94 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى بېلىقچىلىقتا مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، تەبىئىي سۇ جەھەتتىكى بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاجىز، خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇقىم ئەمەس، ئۈسكۈنىلەر كونا، باشقۇرۇش ۋاستىلىرى قالاق، قانۇنسىز بېلىق تۇتۇش ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بېلىقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تۇتۇش ھادىسىسى كۆپىيىپ كەتتى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەنبەسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىككىنچىدىن، بېلىق تۈرلىرىنى سۈنئىي كۆپەيتىش

## شىنجاڭ بويىچە 1 - كەنت باجياخۇ

1993 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى ئەرگۈڭ يېزىسى باجياخۇ كەنتىنىڭ سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 224 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %102 ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %86 ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %69 ئاشتى؛ ئومۇمىي كىرىمى 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %149.8 ئاشتى، باج ۋە پايدا 16 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %100 ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 5 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %92 ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 3500 يۈەنگە يېتىپ، %16.67 ئاشتى. كەنتتىكى كوللېكتىپ كارخانىلار 26 گە، مەھسۇلاتى 60 نەچچە خىلغا يەتتى. كەنت 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى، يېڭىدىن كەنت بويىچە 1 - دەرىجىلىك بالىلار باغچىسىنى ياسىدى، شۇنىڭ بىلەن يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە شەھەرلەشتۈرۈشكە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

1993 - يىلى باجياخۇ كەنتى مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخنىكىلىقى، قوشۇمچە قىممىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، ئۆزىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، بەش خىل مەھسۇلاتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئون نەچچە ئۆلكە، شەھەر بازارلىرىغا كىردى. ئۇلار پائال تۈردە چەتتىن مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزدى ۋە ئۆزلىرىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇ كەنت 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 80 دىن كۆپرەكىنى كىرگۈزدى. ھەر خىل تېخنىكا خادىمىدىن 120 دىن كۆپرەكىنى تەربىيىلىدى، 1993-يىلى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تەييارلاپ، «بوغدا» ئىشلىمە توقۇلما ماللار چەكلىك شىركىتى، پولات زاۋۇتى ۋە پولات پروكاتلاش 3 - زاۋۇتىنى قۇردى، مۇشۇ يىلدىلا مەھسۇلات قىممىتىنى 19 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجىنى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، مەبلەغ سېلىش تېز، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى.

1993 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەرگۈڭ يېزىسىدىكى باجياخۇ يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا باش شىركىتى مەملىكەت بويىچە 500 ياخشى كارخانىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 73 -، 500 يېزا - بازار كارخانىسىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 17 -، جۇڭگودىكى تىجارەت كۆلىمى ئەڭ زور بولغان يېزا - بازار كارخانىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 215 - بولدى.

جاڭ گوخۇا

لى لېشۇن

ياڭ بىن

ۋە سۇغا بېلىجان سېلىش خىزمىتى يېتىشىپ ماڭالمىدى، ھەر يىلى ئىككى كۆلگە ئاران 50 توننا بېلىجان سېلىنىدى، كۆللەرنىڭ بېلىق تۇرلىرى بىلەن تولۇقلىنىشى يېتەرلىك بولمىدى. ئۇچىنچىدىن، ئېرتىش دەرياسى تارىختا ئاز كۆرۈنىدىغان كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن تور تاشلاپ بېلىق تۇتۇش قىيىنلاشتى، نەتىجىدە تۇتۇلىدىغان بېلىق شىددەت بىلەن ئازىيىپ كەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېقىلغان سۇ مەھسۇلاتى 22 مىڭ 216 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %13 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باقمىچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 12 مىڭ 633 تونىنغا يېتىپ، %15.4 ئاشتى؛ ئاممىۋى باقمىچىلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 9583 تونىنغا يېتىپ، %9.9 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۈەنى سىستېمىسى بويىچە باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 7057 تونىنغا يېتىپ، %19 ئاشتى. سانجى، غۇلجا شەھەرلىرى، غۇلجا، ئۈرۈمچى، مىچۈەن، قۇتۇبى، قورغاس ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ باقمىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى 500 تونىنىدىن ئاشتى.

بېقىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆلچەكتە بېقىلغان بېلىق 13 مىڭ 821 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %13.4 ئاشتى؛ سۇ ئامبىرىدا بېقىلغان بېلىق 4832 تونىنغا يېتىپ، %2.9 ئاشتى؛ سۇ ئازگىلىدا بېقىلغان بېلىق 1314 تونىنغا يېتىپ، %92.4 ئاشتى؛ كۆلدە بېقىلغان بېلىق 470 توننا بولۇپ، %11.7 ئازىيىپ كەتتى؛ باشقا سۇدا بېقىلغان بېلىق (ئېقىن سۇدا، تور ساندۇقتا بېقىلغان بېلىق) 1779 تونىنغا يېتىپ، %14 ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 68 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلچەك كۆلىمى 5890 گېكتار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمىنىڭ 8.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كۆل كۆلىمى 7680 گېكتار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمىنىڭ 11.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ ئامبىرى كۆلىمى 44 مىڭ 330 گېكتار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمىنىڭ 60.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ ئازگىلى كۆلىمى 4660 گېكتار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمىنىڭ 6.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان باشقا سۇ كۆلىمى 6000 گېكتار بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمىنىڭ 8.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ھەر بىر گېكتار يەردە بېقىلغان بېلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 327 كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر گېكتار كۆلچەكنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 2357 كىلوگرامغا، بىر گېكتار سۇ ئازگىلىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 282 كىلوگرامغا، بىر گېكتار سۇ ئامبىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 109 كىلوگرامغا، بىر گېكتار كۆلنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 61 كىلوگرامغا يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 60 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق مەيدانى 46، بېلىق تۇتۇش مەيدانى تۆت، سۇ مەھسۇلاتلىرى كونسېرۋاسى زاۋۇتى ئىككى، سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى سەككىز. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىچىدە پايدا ئالغىنى 48؛ زىيان تارتقىنى 12 (بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق تۇتۇش مەيدانى ئىككى، سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىش مەيدانى توققۇز، سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى بىر). دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 2991، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي، كەسپىي خادىم 1319، ئىشلەپچىقىرىش، پەن - تېخنىكا خادىمى 375. بۇ كارخانىلاردا 260 موتورلۇق بېلىق تۇتۇش كېمىسى بار، ئۇلارنىڭ تونناژى 1243 تونىنغا، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 2721 كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېقىلغان بېلىجان 3238 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئۆلچەملىك بېلىجان 2306 توننا.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېلىقچىلىققا 11 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغ 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىچىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن، جايلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، يېڭىدىن قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون 180 مىڭ يۈەن، كېڭەيتىپ قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇشنىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، تاتلىق سۇ بېلىقچىلىقىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 790 مىڭ يۈەن، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن، سورتلۇق سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەيدانىغا سېلىنغان مەبلەغ 830 مىڭ يۈەن، سۇ مەھسۇلاتلىرى بويىچە تېخنىكا كېڭەيتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 540 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 250 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا

سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن سانجى ئوبلاستلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى بويىچە تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ تەجرىبە بازىسى، بورتالا شەھەرلىك تاۋار بېلىق بازىسى، ئىلى دەرياسى ئۆستەڭ بېلىقى بېقىش مەيدانى؛ تۇرپان سۇ مەھسۇلاتلىرى سورتىنى ياخشىلاش كۆپەيتىش مەيدانىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى؛ ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك ئېكولوگىيىلىك بېلىقچىلىق بازىسى ۋە شىنجاڭ ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىش مەيدانى بار بولدى.

1993 - يىلى بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى) 175 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن 18 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپپارات بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئاپپارات يەتتە، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپارات ئون. بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش خادىمىدىن 200 ى بار. ھەر دەرىجىلىك بېلىقچىلىق مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرىغا سۇ - قۇرۇقلۇق قاتناش قورالى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىسپات تېپىش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلدى. بېلىقچىلىققا دائىر ماجىرالار ۋاقتىدا مۇرەسسە قىلىنىپ، قانۇنسىز بېلىق تۇتۇش ئەنزىلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، بېلىقچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

ليۇ يىجەي

**كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىق ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىقى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، تۇتۇلغان بېلىق 12 مىڭ 180 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %9.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدا تۇتۇلغان بېلىق 4752 توننا، يەككە ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدا تۇتۇلغان بېلىق 7428 توننا. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بېلىقچىلىق ساھەسىدە 7884 ئەمگەك كۈچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئەمگەك كۈچى 4958، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 2926. يەككە ئىگىلىكتىكى بېلىقچىلىقتا كەسپىي بېلىق باققۇچى ئائىلە 2704 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 213 ئائىلە كۆپەيدى. تۇتۇلغان بېلىق 7410 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئاشتى.

ليۇ يىجەي

**بېلىقچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان «كۆلچەكلەردىكى ئەركەك بېلىقلارنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى» ئۈرۈمچى شەھىرى سەيۋۈپۇ كۆلىدە سىناق قىلىنىپ، كۆپ مىقداردىكى كۆلچەك ئەركەك بېلىقى كۆپەيتىلدى، تۇتۇلغان بېلىق 30 توننىغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات مىقدارى يارىتىلدى. سانجى، ئىلى قاتارلىق جايلار ئۈستىگە ئالغان «10 مىڭ مولۇق مودېللاشتۇرۇلغان كۆلچەكتە بېلىق بېقىپ يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى»، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئۈستىگە ئالغان «سۇ ئامبارلىرىغا ئوغۇت چېچىپ تۇجۇپىلەپ بېقىش ئارقىلىق يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى»، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈستىگە ئالغان «شاللىقتا بېلىق بېقىش تېخنىكىسى» قاتارلىق تۈرلەر سۇ مەھسۇلاتلىرى مۇتەخەسسىلىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى كېڭەيتكەن، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن «كىچىك كۆلەمدە، يۇقىرى زىچلىقتا تورساندۇقتا بېلىق بېقىش تېخنىكىسى» نىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

ليۇ يىجەي

**بېلىقچىلىق بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى**

1992 -، 1993 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق بېلىقچىلىق بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى پائالىيىتى 1993 - يىل 9 - ئايدا سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. سانجى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە سانجى شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى «بېلىقچىلىقتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا؛ ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇڭيەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات شىركىتى، غۇلجا شەھىرى سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىش مەيدانى، باغراش ناھىيىلىك بېلىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان دولان ئۆستىڭى سۇ ئىنشائاتى بېلىقچىلىق مەيدانى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى مەيدانى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى «بېلىقچىلىقتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سانجى ئوبلاستى، ئىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ 1993 - يىللىق سۇ مەھسۇلاتى مىقدارى 8532 توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىنغان سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ 38.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ليۇ يىجەي

# نامراتلارنى يۆلەش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

**جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يەتتە يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يەكۈنلىنىش ئاساسىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ۋىلايەت - ئوبلاستلار بىلەن بىرقاتاردا ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە دائىر سىياسەت ۋە تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلدى.

1. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ سۇ، توك، يول ۋە خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، سېلىنما ئورۇنلاشتۇرغاندا شۇ جاينىڭ مالىيەسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى زورايتىدۇ.

1) نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق، يازدىكى كەلكۈن، يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئۈچ زىيانلىق ئامىل ھەر تەرەپلىمە تۈزىلىدۇ. ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان ئاغۇ سۇ ئامبىرى، جاڭگال ئۆستىڭىنىڭ ئۆستەڭ بېشى، «كوئىنلۇن» ئۆستىڭىنىڭ ئۆستەڭ بېشى قاتارلىق داۋاملاشتۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇشلار ۋە قىزىل سۇ ئامبىرىنىڭ چالىسىنى پۈتتۈرۈش ئىشى تېزلىتىلىدۇ، ئۆگەن دەرياسى ۋە يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى «دۇنيا بانكىسى تۈرى» ۋە تارىم دەرياسى مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ياخشى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئىنشائاتى توگۇن قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ؛ قەشقەر پوست بەلدىر سۇ ئىنشائاتى توگۇنى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى كۆچاما سۇ باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بوز يەر ئېچىپ كېڭەيتىلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ موغا، ئۆزگەرتىلگەن ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر 4 مىليون موغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ دەريالاردا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش پىلانىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، مەزمۇت كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى قىلىنىدۇ. يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلىدۇ، 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست بويىچە يېزىلاردىكى ياخشىلانغان سۇدىن مەنپەئەتلىنىدىغان ئادەم 3 مىليون 400 مىڭغا يەتكۈزۈلىدۇ.

7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ھەر يىلى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇلارغا سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكترى ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 25 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلگەنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە خوتەنگە ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 7 مىليون يۈەن، قەشقەرگە ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىغا ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 5 مىليون يۈەن، ئاقسۇغا ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن)، بۇ مەبلەغنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى.

2) ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر قاتارلىق ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر توركۈم ناھىيىلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلىدۇ، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 8. بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئويتاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەشقەر 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، نىيە كەڭساي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قەشقەر كاچۇڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىمكانقەدەر پۈتتۈرۈلىدۇ؛ ساجىڭزا — كەلپىن 35 كىلوۋولتلۇق، قەشقەر — يوپۇرغا 110 كىلوۋولتلۇق، يەكەن — مەكىت ناھىيە بازىرى 110 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئۇسەنخۇش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشقورغان ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتكۈزۈلىدۇ، ئاقسۇ ئېلېكتر تورىنىڭ تۇمشۇق ئارقىلىق مارالبېشىغا بارىدىغان قىسمى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، كەلپىن، ئاقچى، مارالبېشى، يوپۇرغا، مەكىت، تاشقورغان، چىرادىن ئىبارەت يەتتە ناھىيىنىڭ توك بولماسلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ؛ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن ئېلېكتر قۇۋۋىتى كەلتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل

قىلىنىدۇ.

8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كۆمۈركان قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلىدۇ، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان دۆۋلەت كۆمۈر كېنى پۈتكۈزۈلىدۇ، يەككە كۆمۈر كېنى، مەكتەپ ناھىيىسى لوماكۇ كۆمۈر كېنى قاتارلىقلار پۈتكۈزۈلۈپ، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىك پەسەيتىلىدۇ.

3) تاشيول، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە ۋە پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ. 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قەشقەرگە ئاپىرىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. تاشيول قۇرۇلۇشىدا 1993 ـ يىلى مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولى پۈتكۈزۈلىدۇ، بەدەل چېگرا ئېغىزىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، 1994-يىلى سىمخانا چېگرا ئېغىزىغا بارىدىغان تاشيول پۈتكۈزۈلىدۇ، ئوتتۇرا تارىم تاشيولى ۋە مەكىت كۆۋرۈكىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلىدۇ، يەنە بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ ھەممە يېزىدا تاشيول بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. خوتەن، قەشقەر ئايرودروملىرىدىن بېيجىڭ ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان ھاۋا لىنىيىسى ئېچىش جەھەتتە دۆلەتكە پائال تۈردە ئىلتىماس سۇنۇلىدۇ. پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارالىق خەۋەرلىشىش ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، ھەممە يېزىدا تېلېفون بولۇش، ھەممە كەنتكە پوچتا قاتناش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز 1993 ـ يىلدىن باشلاپ، ئەسلىدە بېكىتىلگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ھەر يىلى ناھىيە، يېزا يوللىرى ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن قوشۇمچە خىراجەت بەرگەن ئاساستا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 1 مىليون يۈەننى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، بۇ پۇل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ناھىيە، يېزا يوللىرىنى ياسىشى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم قىلىنىدۇ. يەنجىدىكى قاراشەھەر دەرياسى كۆۋرۈكىنى سېلىش ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز پۇلنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى قايتۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئېلىنىدىغان كۆۋرۈك ھەققىنىڭ 80 پىرسەنتى يوقىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم قىلىنىدۇ.

4) 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارىتا، ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئوخشاشلا، ئېنېرگىيە، قاتناش فوندىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسىگە تاپشۇرۇلىدىغان قىسمىنىڭ 30 پىرسەنتىنى مەزكۇر ۋىلايەتكە قايتۇرۇپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ، بۇ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

2. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئاساس قىلىنغان 2 ـ، 3.كەسپلەر زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئاساس قىلىنغان 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا، قانداق شەكىل قوللىنىلسا بولۇۋېرىدۇ، نىسبەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي تەرەققىياتقا، سۈرئەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۈنۈمگە قاراش كېرەك. نامرات رايونلاردا يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. سىرت جايلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى يولغا قويۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، ئومۇمەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا كېلىپ مەبلەغ سالغۇچىلار، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرغۇچىلار ياكى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرغۇچىلار، ئىدارە ـ ئورۇن ياكى شەخس بولۇشتىن قەتئىينەزەر، شۇ جاينىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تۆمۈريول بويلىرى قاتارلىق ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلاردا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ، ئۇلار شۇ جاينىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسى 7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ھەر يىلى 10 مىليون يۈەن (مالىيەدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 7 مىليون يۈەن، خەلق ئىشلىرى ئورنىنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلى 3 مىليون يۈەن) نامراتلارنى يۆلەش ئوبوروت فوندى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ئاساستا، 1993 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 3 مىليون يۈەننى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، بۇ پۇل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى قوشۇپ بېرىش ۋە ئوبوروت فوندى قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، كۈچ ئويۇشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى يۇقىرى تۈرلەرنى تاللاپ، ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ.

3. پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسى كۆپەيتىلىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش تارماقلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن ـ تېخنىكا

كۆچلىرى تەشكىللىنىپ، «مول هوسۇل» پىلانى، «يانفىن» پىلانى، «ئۈچقۇن» پىلانى، «نامراتلارنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق يۆلەش پىلانى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، «تونىنلىق ئاشلىق ئىتىزى»، «قوش 100 جىڭلىق پاختا ئىتىزى»، «1000 يۈەنلىك ئىتىز» لارنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلىش نىسبىتى 50% كە، يەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتىكى تۆھپە ئۈلۈشى 40% كە يەتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، «شىنجاڭنى يەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت قوزغاتقۇچى تۈر مەبلىغىنى كۆپەيتىدۇ، يېقىنقى مەزگىلدە يەن - تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمىتى قوشۇنى تەشكىللەپ، مەسلىھەت بېرىش ۋە مۇلازىمەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 39 مىليون 727 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 44 تۈرنى يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشمۇ، ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مايىل بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل يەن - تېخنىكا خادىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بېرىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، يەن - تېخنىكا ھۆددىگەرلىكنى ياخشىلاشتا، ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشتا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. چەت، يىراق رايونلاردىكى يەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۈچەيتىلىدۇ.

4. دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوغدىلىدۇ.

دېھقانلارغا كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش، ئۇلاردىن كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس مەبلەغ ۋە ئەشيا توپلاش قەتئىي چەكلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يۈكى ھەقىقىي تۈردە يېنىكلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىدۇ.

ھازىردىن باشلاپ 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەر (7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە تېخى يەتمىگەن، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان، چارۋىچىلارنىڭ 250 يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئائىلىلەر) دىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ئېلىنمايدۇ، نامرات ئائىلىلەردىن كەچۈرۈم قىلىنغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنىڭ كەم يىغىلغان قىسمىنى، يىل ئاخىرىدا ھېسابات قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيەسى مەخسۇس تۈر بويىچە تولۇقلاپ بېرىدۇ.

5. كىرىدىت مەبلىغى كۆپەيتىلىپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىدۇ.

1) ئەسلىدە بېكىتىلگەن 30 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت فوندى قەرز پۇلى ئاساسىدا، يەنە 5 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ كۆپەيتىلىدۇ، بۇ مەبلەغ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ مەبلەغنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ 30 مىليون يۈەننى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

2) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ تېخىمۇ ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنىڭ كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى جەھەتتە، پايدا نىسبىتىنى 20% تۆۋەنلىتىش بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ تېخىمۇ ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغان قىسمى يەنىلا ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

3) يەرلىك ئورۇنلارنى باشقۇرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرىدىغان سانائەت، قاتناش - ترانسپورت كەسپىگە دائىر تۈراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى جەھەتتە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان، قانۇندا بەلگىلەنگەن پايدا نىسبىتى ئاساسىدا 20% تۆۋەنلىتىش سىياسىتى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ.

4) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلىرىگە قەرز پۇل بېرىشتە، ئۆزىدە بار مەبلەغنىڭ نىسبىتى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر تۇتاش تەلەپ قىلىنىدىغان 30% بولۇشتىن 20% كە چۈشۈرۈلىدۇ.

6. بازارلار بەرپا قىلىنىپ، ئوبوروت جانلاندۇرۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى تەمىنلەيدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ پىلان ئىچىدىكىسىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىر تۇتاش ساتىدۇ، بۇنىڭدا داۋاملىق ئۇنىۋېرسال باھا يولغا قويۇلىدۇ؛ پىلان ئىچىدىكى تاختاي باھاسىدىكى بېنزىن، دىزېلىننى نەقلەشتۈرۈپ يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ پىلان ئىچىدىكى تاختاي باھاسىدىكى پولات ماتېرىيال، ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، پاختا - چىگە شىركەتلىرىنىڭ پاختىنى سىرتقا بىۋاسىتە سېتىشىغا يول قويۇلىدۇ، سېتىش كىرىمى پۈتۈنلەي مەھسۇلات چىققان جايغا قالىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - دەرىجىلىك پونكىتلارنىڭ سېتىشى ئۈچۈن يۆتكەپ بېرىلگەن پاختىدىن يارىتىلغان تاپاۋەت بېجى ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش، قۇرۇلۇش فوندى جايلار يۇقىرىغا يۆتكەپ بەرگەن پاختىنىڭ مىقدارى بىلەن چېتىلىپ، ئۇ، بىۋاسىتە پاختا چىققان ناھىيىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نورما بەلگىلەپ سېتىۋالغان ئاشلىق ۋە پاختىسىغا مۇكاپات ھېسابىدا سېتىپ بېرىلىدىغان ۋە نامراتلارنى يۆلەيدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاپتونوم رايونىمىز بەلگىلىگەن چېتىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن نەقلەشتۈرۈلىدۇ.

7. چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك سودا زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چېگرا بويىغا جايلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ بىردىن چېگرا سودىسى شىركىتى قۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ. ئومۇمەن تىجارەت ئىقتىدارى بار كارخانىلار مالغا مال ئالماشتۇرۇش چېگرا سودىسى كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد - سودا كومىتېتى كونكرېت لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ. خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇلاردا «يىپەك يولى» شىركىتى قۇرۇلۇپ، تۆت شىركەتنى بىر نام بىلەن ئاتاش يولغا قويۇلىدۇ. ھەرقايسى شىركەتلەر سىرتقا قارىتا ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىدىن بىۋاسىتە بەھرىمەن بولىدۇ، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش كەسپىنى بىۋاسىتە بېجىرىدۇ، ئۆزلىرى خېرىدار تاپىدۇ، ئۆز ئالدىغا سۆھبەتلىشىدۇ، ئۆز ئالدىغا ۋەدىلىشىدۇ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ «يىپەك يولى» شىركىتىنىڭ ئەسلى نامى يەنىلا ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلىپ، ئۇ، ئەمەلىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇلىدۇ. ئەسلىدىكى سېلىنغان مەبلەغ (قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 500 مىڭ يۈەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 300 مىڭ يۈەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 200 مىڭ يۈەن) نى ئىشلىتىپ پاي شىركىتى قۇرسىمۇ بولىدۇ.

تاموژنا باش مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو - پاكىستان سودىسى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، پاكىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار (دۆلەت ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن مەھسۇلاتلاردىن باشقا تاۋارلار) پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىدۇ، بۇ تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى، مەھسۇلات بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ. تاشقورغان ناھىيىسىدە چېگرا سودىسى رايونى قۇرۇش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى سىمخانا چېگرا ئېغىزى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بەدەل چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىلىدۇ. دۆلەتنىڭ خام يىپەك ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقى بېرىشى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، خام يىپەك زاۋۇتلىرىنىڭ بىۋاسىتە تاشقى سودىنى يولغا قويۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسى 1993 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 1 مىليون يۈەندىن قەرز بېرىدۇ، بۇ پۇلنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ، ئۇ، شارائىتى بار ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇ ئوبوروت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

8. مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئاھالىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، بىلىم ئاشۇرۇشتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئالدىن ئېتىبار بېرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسى ھەر يىلى مەخسۇس تۈر بويىچە 450 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ بېرىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلىدىغىنى 100 مىڭ يۈەن)، بۇ پۇل نامرات ئائىلىلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر يىلى 900 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلىدىغىنى 200 مىڭ يۈەن)، بۇ پۇل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى سەرگەردان بالىلارنى باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ۋاستىلىرى ۋە خىزمەت شارائىتى ياخشىلىنىپ، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش، سۈپەتلىك بېقىش بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 17.8‰ ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى سىياسەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست دائىرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى، كارخانىلىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ كارخانىلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

سۇن خاۋيۈەن

**نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ۋە ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ئەھۋالى**

1993 - يىلى دۆلەت مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتە

شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارغا بېرىلىدىغان يېرىملىمىنى داۋاملىق كۆپەيتتى. بىرىنچىدىن، دۆلەت شىنجاڭغا 40 مىليون 800 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەيدىغان، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس قەرز پۇلى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەشكە بەرگەن، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل 14 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تاشقورغان ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن، يېڭىسار ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن، گۇما ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن، قاراقاش ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون يۈەن، لوپ ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، چىرا ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 750 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھىرىگە بېرىلگىنى 400 مىڭ يۈەن، كەلپىن ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون يۈەن، مورى ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 300 مىڭ يۈەن، تولى ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 200 مىڭ يۈەن؛ مەركەز چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەشكە بەرگەن، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل 10 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن نىيە ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاقچى ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 800 مىڭ يۈەن، نىلقا ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 200 مىڭ يۈەن، قاراقاش ناھىيىسىگە مول ھوسۇللۇق باغ ئۈچۈن بېرىلگىنى 150 مىڭ يۈەن، پوسكام ناھىيىسىدىكى مىللىي يېزىغا قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن بېرىلگىنى 800 مىڭ يۈەن؛ مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بەرگەن مەخسۇس قەرز پۇلى 8 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن كېرىيە ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 2 مىليون يۈەن، يوپۇرغا ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 500 مىڭ يۈەن، ئاقتۇ ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 700 مىڭ يۈەن، بارىكۆل ناھىيىسىگە بېرىلگىنى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن، مورى ناھىيىسى «خۇاتيەن» سودا - سانائەت شىركىتىنىڭ ئىنچىكە ماشىنوگرە زاۋۇتىغا بېرىلگىنى 200 مىڭ يۈەن؛ دۆلەت كۆپەيتىپ بەرگەن، ئاساسىي ئىنشائات - ئىبرىق قۇرۇلۇشى بويىچە نامراتلارنى يۆلەيدىغان، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل 8 مىليون800 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ كالا - قوي گۆشى بازىرىغا 400 مىڭ يۈەن، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئالما دەرىخىنى پاكار ئۆستۈرۈش تۈرىگە 400 مىڭ يۈەن، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مول ھوسۇللۇق باغلىرى ئۈچۈن 450 مىڭ يۈەن، لوپ ناھىيىسىنىڭ پىلە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ پىلە قوزىسى قۇرۇتۇش پونكىتىغا 300 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىسىنىڭ ئوتلاق قۇرۇلۇشىغا 600 مىڭ يۈەن، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئېرىنمودون سۇغىرىش رايونىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز بازىسىغا 900 مىڭ يۈەن، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ بىرلەشمە سېمونت زاۋۇتىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ئويتاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن 800 مىڭ يۈەن، بارىكۆل ناھىيىسى شىرىنزا يېزىسى شىرىنزا كەنتىنىڭ بوغا فېرمىسىغا 250 مىڭ يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتىغا 100 مىڭ يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتىغا 100 مىڭ يۈەن بېرىلدى. ئىككىنچىدىن، دۆلەت شىنجاڭنىڭ نامرات ناھىيىلىرىدىكى ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 28 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز پۇل چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق بانكىسى نامرات ناھىيىلەردىكى ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەرگەن قەرز پۇل 10 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 10 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: قاراقاش ناھىيىلىك يىپەك زاۋۇتىغا 500 مىڭ يۈەن، كېرىيە ناھىيىلىك يىپەك زاۋۇتىغا 820 مىڭ يۈەن، نىلقا ناھىيىلىك خرۇستال زاۋۇتىغا 400 مىڭ يۈەن، نىلقا ناھىيىسىنىڭ غۇلجىدىكى ئۇنىۋېرسال بىناسىغا 2 مىليون يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق كەشتە ئىشلەش زاۋۇتىغا 400 مىڭ يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك لاتا ئاياغ كىيىم زاۋۇتىغا 600 مىڭ يۈەن، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى كۆكساي ئالتۇن كېنىغا 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن، جىمسارنەي ناھىيىسىدىكى چېكرا ئېغىزىنىڭ مال مەيدانى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك مەرۋايىت زاۋۇتىغا 300 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك قەغەز ساندۇق زاۋۇتىغا 100 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يەكەن ناھىيىلىك خىش زاۋۇتىغا 650 مىڭ يۈەن بېرىلدى؛ سودا - سانائەت بانكىسى نامرات ناھىيىلەردىكى ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەرگەن قەرز پۇل 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 7 مىليون 240 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئالىي دەرىجىلىك

تارىلىق قەفىزى زاۋۇتىغا 600 مىڭ يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك مىق زاۋۇتىغا 650 مىڭ يۈەن، قەشقەر شەھەرلىك ئېلېكترلىك ھەل بېرىش زاۋۇتىغا 290 مىڭ يۈەن، ئاقتۇ ناھىيىلىك زىبۇ.زىننەت زاۋۇتىغا 200 مىڭ يۈەن، مورى ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال ترانسپورت شىركىتىگە 300 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتىغا 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن بېرىلدى؛ قۇرۇلۇش بانكىسى نامرات ناھىيىلەردىكى ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەرگەن قەرز پۇل 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 4 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: قەشقەر شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىغا 1 مىليون يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىغا 3 مىليون يۈەن بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، ئەمەلىيەتتە، 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: يېڭىسار ناھىيىلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىغا 1 مىليون يۈەن، پەيزاۋات ناھىيىسى يېڭىمەھەللە يېزىلىق خىش زاۋۇتىغا 300 مىڭ يۈەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ گۆش توخۇسى تاۋار بازىسىغا 1 مىليون يۈەن، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاقسىل ئايرىش تۈرىگە 200 مىڭ يۈەن، كېرىيە ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىغا 750 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق ئۇن زاۋۇتىغا 100 مىڭ يۈەن، ئاتۇش شەھەرلىك كالا - قوي بورداش بازىسىغا 400 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك فارفورۇل زاۋۇتىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن بېرىلدى.

1993 - يىلى دۆلەت شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىغا 200 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2000 توننا نامراتلارنى يۆلەش خىمىيىۋى ئوغۇتى، 206 نامراتلارنى يۆلەش ئاپتوموبىلى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

ژاڭ لىنجۇ

# سەندەل

ھەرقايسى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئۆز يۇرتىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا خاس بەزى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ رايوندا ئومۇملىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئازادلىقتىن ئىلگىرى قەشقەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، ھاۋا كىلىماتى سوغۇق، تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى قىش كۈنلىرى سەندەل بىلەن ئىسسىناتتى سەندەل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆيچىقى ئىدى.

سەندەلنىڭ ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى سۇپىغا، ئەگەر سۇپا بولمىسا، ياتىدىغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى 50 —60 سانتىمېتر، تۆت پۇتلۇق، چاسا ئۈستەل قويۇلىدۇ. ئۈستەلنىڭ دەل ئوتتۇرىسى 30 — 40 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ، ئويغان يەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا خىش قويۇلۇپ، ھىم چاپلىنىدۇ، بەزىدە ئويۇلغان يەرگە قاڭالتىردىن ياسالغان تۆت چاسا داس قويۇلىدۇ، بەزىدە ئويۇلغان يەرگە كىچىك گۈل تەشتىكى قويۇلۇپ، ئىسسىقنى ساقلاش ئۈچۈن شور تۇز بىلەن (لاي بىلەن) لايلىنىدۇ، ئاندىن ئۈستەلنىڭ ئۈستى يوتقان بىلەن ياكى پالاز بىلەن يېپىلىپ، ئەتراپى چۈمكىلىدۇ. سەندەلنىڭ ئاستىدىكى ئويغان ئوچاققا تۈتۈنى يوق چوغ سېلىنىدۇ (ھاللىقلار پەيزاۋات، مارالبېشى جاڭگاللىرىدىن ئۆرۈك، ئامۇت دەرەخلىرىنىڭ كۆمۈرلىرىنى ئەكىلىپ ئىشلىتىدۇ) چوغ سېلىنغاندىن كېيىن يوتقان ياكى پالاز بىلەن چۈمكەلگەن سەندەلنىڭ ئىچى ئوبدان ئىسسىيدۇ. كېچىدە ئۆيدىكى كىشىلەر سەندەلنىڭ تۆت ئەتراپىغا يوتقان - كۆرپە سېلىپ، پۇتلىرىنى سەندەل ئىچىگە تىقىپ، سەندەلنىڭ ئىسسىقىدا راھەتلىنىپ ئۇخلايدۇ. كۈندۈزلىرى ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالسا، سەندەلگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. مېھمان مەسە - كالاشلىرىنى سېلىپ، سۇپىغا چىقىپ سەندەلگە مۇزلىغان پۇت - قوللىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ ساھىپخان بىلەن پاراڭلىشىدۇ.

# سانائەت

## نېفىت

### شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى

**ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتلەردە ھۆددىگە بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىدى. 13 تۈرلۈك مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچىنىڭ توققۇزىدا تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 7 مىليون 602 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.1% ئاشتى، مەھسۇلات ئۇدا 12 يىل مۇقىم ئاشتى؛ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان تاۋار نېفىت 7 مىليون 314 مىڭ توننىغا يېتىپ، 244 مىڭ توننا ساپ ئاشتى؛ سىرتقا بېرىلگەن تەبىئىي گاز 340 مىليون كۇب مېترغا يېتىپ، 70 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى؛ بېنزىن، كېروسىن، دىزېلىن، سىلىقلاش مېيىدىن ئىبارەت تۆت خىل مەھسۇلات 2 مىليون 683 مىڭ توننىغا يېتىپ، 272 مىڭ توننا ساپ ئاشتى؛ سېتىلىش مىقدارى 2 مىليون 716 مىڭ توننىغا يېتىپ، 333 مىڭ توننا ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ۋە خىراجەتلەر 3 مىليارد 921 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 120 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى؛ نېفىت پىششىقلاش مىقدارى 4 مىليون 101 مىڭ توننىغا يېتىپ، 512 مىڭ توننا ساپ ئاشتى؛ قوشۇلغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 623 مىڭ توننىغا يېتىپ، 407 مىڭ توننا ساپ ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 4 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 310 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى.

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 426 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 160 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات بېجى 331 مىليون يۈەن، بايلىق بېجى 33 مىليون 900 مىڭ يۈەن، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى 19 مىليون 320 مىڭ يۈەن، باشقا باجلار 42 مىليون 350 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا ئىدارە بويىچە يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۇنۇم 1 مىليارد 150 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ھەممىسى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش، تۈزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنىپ، مەبلەغنىڭ كەمچىلىكى تولۇقلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

شۇ مىڭيۇ

**نېفىت - گاز بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نۇقتىلىق ھالدا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى لۇڭەن كۆتۈرۈلمىسى، ماناس دەرياسى كۆتۈرۈلمىسى، غەربىي - شىمال چېتىدىكى يانتۇلۇق ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى ئولتۇرۇشما، مەكىت يانتۇلۇقى قاتارلىق رايونلاردا نېفىت - گاز بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا زور بايقاش ۋە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي ئولتۇرۇشمىسىدىكى چوڭقۇرچاق تۈزۈلمە بەلبېغىدىكى ئەگرى 3 - قۇدۇقتىن سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇ، تارىمنىڭ غەربىي - جەنۇبىنى تەكشۈرۈپ، 1977 - يىلى كۆكيار نېفىت گازلىقى تېپىلغاندىن بۇيانقى يەنە بىر قېتىملىق زور بۆسۈش؛ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتى ماناسنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ترىئاس سىستېمىسى ئاقبۇلاق گورۇپپىسىغا كىرىدىغان نېفىت ئۇۋىسى بايقالدى ھەمدە خېلى زور كۆلەمدىكى نېفىت تەركىبلىك مەيدان تىزگىنلەندى؛ 5 - رايوننىڭ جەنۇبىدىكى پېرم سىستېمىسى يەر قاتلىمىنىڭ قورشالما نېفىت ئۇۋىسىدىكى ئاساسلىق نېفىت قاتلىمىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيدى ھەمدە يەنە نېفىت تەركىبلىك يېڭى قاتلام بايقالدى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى شىشى دۆم پۈرمىسىنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسىدا خېلى زور مىقداردىكى نېفىت - گاز زاپىسى تىزگىنلەندى ھەمدە ترىئاس ۋە يۇرا سىستېمىسىدا ناھايىتى ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى؛ سانجى ئويۇلمىسىدىكى شىمالىي فۇكاڭ دۆم

پۈرمىسى، شىنەن ئۆيۈلمىسىدىكى شىنەن 2 - نومۇرلۇق دۈم پۈرمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلگەندە، ناھايىتى ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى؛ سەنتالخىۋ ئويمانلىقىنىڭ ئالدىن تەكشۈرۈش قۇدۇقى — سەنتالخىۋ پارامېتىر 1 - قۇدۇقىدىن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سانائەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىدارە بويىچە ئېنىقتىنىڭ ھەر 100 مىليون توننا گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇرغىلانغان قۇدۇق سانى، بۇرغىلاش مېتىراژى 1992 - يىلدىكىدىن ھەرخىل دەرىجىدە كېمەيدى.

يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 14 يەر تەۋرىتىش ئەترىتى ئىشقا سېلىنىپ، ئىككى يۆنىلىشنىڭ يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 9385.9 كەسمە يۈز كىلومېتىر، ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 1856 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە تەكشۈرۈلدى.

يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق ئېلىنغان ماتېرىياللار سۈپىتىنىڭ ئەلا، ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 99.8% كە يېتىپ، مىنىستىرلىك بېكىتكەن ئۆلچەمگە يەتتى. 11 مىڭ 991 كىلومېتىرغا يېتىدىغان 366 ئىككى يۆنىلىشلىك كەسمە يۈز ۋە 2349 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدىغان ئۈچ يۆنىلىشلىك كەسمە يۈز بىر تەرەپ قىلىندى، تەۋرىتىپ ئۆلچەنگەن، 24 مىڭ 221 كىلومېتىرغا يېتىدىغان 594 كەسمە يۈز چۈشەندۈرۈلدى. يېڭىدىن بايقالغان قۇرۇلما 57 بولۇپ، كۆلىمى 1707.5 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ؛ قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلما 26 بولۇپ، كۆلىمى 723 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىدارە بويىچە I + 1 تىپلىق قۇرۇلمىدىن 88 زاپاس تەييارلاندى، بۇنىڭ كۆلىمى 5418 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكىسى 83 بولۇپ، كۆلىمى 4648 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، تارىمنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكىسى بەش بولۇپ، كۆلىمى 770 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى مۇشۇ بىر يىلدا 85 بۇرغىلاش ستانوكى ئىشقا سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ 62، شەرقىي جۇڭغارىيە تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنىڭ 11، غەربىي - جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنىڭ ئۈچ، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات باشقارمىسىنىڭ توققۇز. ئۇلار جەمئىي 844 قۇدۇقنى بۇرغىلاشقا كىرىشتى، 861 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ بولدى، بۇرغىلاش مېتىراژىنى 1 مىليون 356 مىڭ 971 مېتىرغا يەتكۈزۈپ، 1992 - يىلدىكىدىن 86 مىڭ 933 مېتىر ئاشۇرۇپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى. پۈتكۈزۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1595.51 مېتىرغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 594 مېتىر ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 39 ى بۇرغىلىنىشقا باشلىدى، 39 ى پۈتكۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ مېتىراژى 140 مىڭ 277 مېتىرغا يەتتى، تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىدىن پۈتكۈزۈلگەنلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3628.56 مېتىرغا يەتتى؛ ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقلىرىدىن 805 ى بۇرغىلىنىشقا باشلىدى، 822 سى پۈتكۈزۈلدى، ئۇلارنىڭ مېتىراژى 1 مىليون 216 مىڭ 694 مېتىرغا يەتتى، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1640 مېتىرغا يەتتى. ھەر بىر بۇرغىلاش ستانوكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق بۇرغىلاش سۈرئىتى 1805 مېتىر بولدى، مېخانىزمنىڭ سائەتلىك بۇرغىلاش سۈرئىتى 6.87 مېتىر، كېرىن ئېلىش نىسبىتى 95.34% بولدى، قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ سۈپىتى، قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتى 100% كە يەتتى، بۇرغىلاشقا جەمئىي 541 مىڭ 311 سائەت ۋاقىت كەتتى. ئىككى قۇدۇق، 3771 مېتىر بۇرغىلاش مېتىراژى يارامسىز بولدى، قايتا بۇرغىلاش مېتىراژى 9420 مېتىرغا يەتتى.

پۈركۈپ بۇرغىلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بۇرغىلاش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى ۋە يېڭى تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، بۇرغىلاش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلدى. پۈركۈپ بۇرغىلانغان قۇدۇق 364 بولۇپ، پۈتكۈزۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پۈركۈپ بۇرغىلانغان قۇدۇقلارنىڭ مېتىراژى 91 مىڭ 615 مېتىرغا يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 9% ئاشتى؛ ھەرخىل يۆنىلىشلىك قۇدۇقلاردىن 28 ى پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاددىي يۆنىلىشلىك قۇدۇق بىر، توپلانما يۆنىلىشلىك قۇدۇق 25 (ئالتە سوپا)، يانتۇ تۈز قۇدۇق بىر، گورىزونتال قۇدۇق بىر.

نېفىت سىناش قۇرۇلۇشى مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي ئون نېفىت سىناش ئەترىتى، ئۈچ ئۆلچەپ سىناش ئەترىتى ۋە تۆت مەشغۇلات ئەترىتى ئىشقا سېلىندى، ئۇلار 64 قۇدۇقتا نېفىت سىنىدى. ئۇلار 174 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا نېفىت سىناشنى تاماملاپ، 32 قۇدۇقنىڭ 49 قاتلىمىدىن سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قاتلىمى 34، گاز قاتلىمى يەتتە، نېفىت - سۇ قاتلىمى سەككىز، يېڭىدىن تېپىلغان سانائەت نېفىت - گاز قاتلاملىرى نېفىت سىنالغان قاتلام سانىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قۇرۇلۇش تەرتىپىگە كىرىدىغان ھەرخىل مەشغۇلات 2661 قۇدۇق (قېتىم) ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.2% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ھۈنەر - سەنئەت مەشغۇلاتى 973 قۇدۇق (قېتىم) بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 97.6% كە يەتتى. نېفىت سىناش ئارقىلىق 5 - رايوننىڭ جەنۇبى، ماناس، شىشى رايونلىرىدا نېفىت

چىقىدىغان بىر تۈركۈم يېڭى نۇقتىلار تېپىلدى، خېلى زور كۆلەمدىكى نېفىت ـ گاز زاپىسى ۋە نېفىت ـ گاز تەركىبلىك كۆلەم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ياكى تىزگىنلەندى.

قۇدۇق ئۆلچەش قۇرۇلۇشى مۇشۇ بىر يىلدا گېئوفىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئۆلچەنگەن ھەرخىل قۇدۇق 1285 گە يەتتى، ئۆلچەپ بولۇنغان قۇدۇق 1379 غا يەتتى، ئۆلچەش مىقدارى 1 مىليون 697 مىڭ مېتىر بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.4% كېمەيدى؛ تېشىلگەن تۆشۈك 16 مىڭ 151 بولۇپ، 14.1% كېمەيدى. قۇدۇق ئۆلچەش ئەگرى سىزىقىنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 99.9% كە، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.6% كە، تېشىلگەن تۆشۈكنىڭ دەل بولۇش نىسبىتى 100% كە، كىرىش ئالغاندا قۇدۇق تېمى ئارقىلىق چىقىرىۋېلىش نىسبىتى 71.2% كە، كىرىش ئېلىنىش نىسبىتى 86.5% كە يەتتى، ئالدىن تەكشۈرۈلىدىغان قۇدۇق توغرىسىدىكى ئىزاھاتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 84.21% كە، باھالاش قۇدۇقى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 84.4% كە، ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى توغرىسىدىكى ئىزاھاتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 93.16% كە، نېفىت قاتلىمىنى تېپىش نىسبىتى 94.59% كە يەتتى. ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن 13 ى، ئاددىي قۇدۇق خاتىرىلەش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى، «P — K» ئاپپاراتىدىن ئىككىسى، «OSA» ئاپپاراتىدىن ئىككىسى ئىشقا سېلىنىپ، 18 تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ 50 مىڭ مېتىرلىق بۆلىكىنىڭ ماتېرىيالىنى خاتىرىلەپ ئۆلچەش خىزمىتى ئورۇندىلىپ، 248 قاتلامدا نېفىت، گاز ئالامىتى بايقالدى، بايقاش نىسبىتى 100% كە يەتتى، قۇرۇلۇشتىكى يوشۇرۇن ھادىسىلەردىن 69 قېتىم ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، ئالدىن مەلۇماتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 95.6% كە يەتتى.

جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ مەركىزى قىسمىدىكى ئالدىن تەكشۈرۈلگەن يېڭى رايونلاردىن يېڭى ئۈچ ئۇچۇرلار قولغا كەلتۈرۈلدى. شىشى دۆم پۈرمىسىدە، بۇرغىلىنىپ بولغان شىشى 1 ـ، شىشى 2 ـ، شىشى 3 ـ، شىشى 001 ـ، شىشى 002 ـ دىن ئىبارەت بەش تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن نېفىت تەركىبلىك 142.11 مېتىر كىرىش ئېلىندى. قۇدۇق ئۆلچىنىپ ئىزاھات بېرىلگەن نېفىت قاتلىمى 50 ـ 88 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، خېلى كۆپ نېفىت زاپىسى ۋە مەلۇم كۆلەملىك نېفىت تەركىبلىك دائىرە تىزگىنلەندى؛ شىشى دۆم پۈرمىسىنىڭ ئوتتۇرا ھايات گورۇپپىسىدىنمۇ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. شىشى 2 ـ، شىشى 001 ـ، شىشى 002 ـ ۋە شىشى 003 ـ قۇدۇقلىرىدىن 12.35 مېتىر نېفىت تەركىبلىك كىرىش ئېلىندى. شىشى دۆم پۈرمىسىنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىكى ئالتە

قۇدۇقتىن نېفىت تەركىبلىك كىرىش ئېلىندى، نېفىت تەركىبلىك كىرىشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 114.93 مېترغا يەتتى، گاز ئۆلچەشتىمۇ ياخشى ئالامەتلەر كۆرۈلدى، تولۇق ئارقىلىق ئۆلچەپ ئىزاھلاشتىمۇ نېفىت بار ياكى نېفىت بارلىقى ئېھتىمالغا يېقىن قاتلاملار تېپىلدى، جۇڭغارىيىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى شىنەن ئويۇلمىسىدىكى شىنەن 2 ـ نومۇرلۇق دۆم پۈرمىسى، لۇنەن كۆتۈرۈلمىسىدىكى لۇنەن دۆم پۈرمىسى، دىشىنەن دۆم پۈرمىسى، دىشىنەن 1 ـ نومۇرلۇق ئۈزۈك بۆلەك ۋە ماناس دەرياسى كۆتۈرۈلمىسىدىكى موسۇۋەن دۆم پۈرمىسىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئوخشىمىغان دەرىجىدە نېفىت گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، تەكشۈرۈش ئىستىقبالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى شىمالىي ماناس رايونىدا بۇرغىلاپ پۈتكۈزۈلگەن ماناس 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرى ۋە ماناس 001 ـ، ماناس 2 ـ باھالاش قۇدۇقلىرىدىن نېفىت تەركىبلىك 133.79 مېتىر كىرىش ئېلىندى، تۆت قۇدۇقنىڭ ئون قاتلىمىدا نېفىت سىناق قىلىنىپ، ئىككى قۇدۇقنىڭ بەش قاتلىمىدىن ساناەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى. نېفىت سىناق قىلىنىپ باقمىغان ماناس 6 ـ، 7 ـ، 001 ـ ۋە ماناس 002 ـ قۇدۇقلىرىدىنمۇ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى. شىمالىي ماناس رايونىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئاقبۇلاق گورۇپپىسى نېفىت ئۇۋىسى تېپىلىپ، نېفىت تەركىبلىك كۆلەمدىن 65.3 كۋادرات كىلومېتىر تىزگىنلەندى، تىزگىنلەنگەن نېفىت زاپىسمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ ئېلىنغان ماتېرىيالغا ئاساسەن نېفىت ئۇۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەشتىن بايقىلىشىچە، بۇ نېفىت ئۇۋىسىنىڭ يۇقىرىغا قىيسايغان يۆنىلىشىدە يەنە 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاق بۇلاق گورۇپپىسىغا ياتىدىغان نېفىت تەركىبلىك پايدىلىق رايوننىڭ بارلىقى بايقالدى؛ ئورخۇ گورۇپپىسىدىكى نېفىت تەركىبلىك دائىرە كېڭەيتىلدى، ماناس 4 ـ قۇدۇقىنىڭ ماناس 2 ـ قۇدۇقىغا باراۋەر كېلىدىغان ئورخۇ گورۇپپىسىنىڭ نېفىت چىقىدىغان قاتلىمىدىن كۈنىگە 18 تونئا ساناەت نېفىت ئېقىمى ئېلىندى، ماناس 001 ـ قۇدۇقىنىڭ ئورخۇ گورۇپپىسىدىنمۇ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى ھەمدە ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىشكە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ۋە ئامپلىتودىنىڭ توغرىسىغا قوغلاش ئارقىلىق ئورخۇ گورۇپپىسى نېفىت تەركىبلىك كۆلىمىنىڭ خېلى كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى، قاراماي گورۇپپىسىدا نېفىت قاتلىمى بايقالدى، ماناس 7 ـ قۇدۇقى توك ئارقىلىق ئۆلچەنگەندە قاراماي گورۇپپىسى نېفىت قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى

50.8 مېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ھازىرقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قاراماي گۆرۈپپىسىدا نېفىت ئۈۋىسى شەكىللەنگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

5 - رايوننىڭ جەنۇبىي ئورخو گۆرۈپپىسىدا بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە نېفىت ئۈۋىسىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش باھالاندى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن توققۇزى (قاراماي 006 -، 008 -، 009 -، 010 -، 011 -، 012 -، 013 -، قاراماي 78 -، قاراماي 79 -) پۈتكۈزۈلدى، نېفىت تەركىبلىك كېرىندىن 165.5 مېتىر ئېلىندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئورخو گۆرۈپپىسى ئاساسلىق نېفىت قاتلىمىنىڭ نېفىت تەركىبلىك كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيدى؛ ئورخو گۆرۈپپىسى ئاساسلىق نېفىت قاتلىمىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆۋەن قارشىلىقلىق بۆلىكىدىكى قاراماي 76 -، قاراماي 001 - قۇدۇقىدىن ئۈچ مىللىمېتىرلىق شتۇتسىر بىلەن كۈنىگە 17.2 كۇب مېتىر نېفىت، 1894 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى ۋە كۈنلۈك مەھسۇلاتى 12.5 كۇب مېتىر بولغان بىرقەدەر يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، پېرم سىستېمىسىدا نېفىت تەركىبلىك يوشۇرۇن كۈچ بىرقەدەر زور بولۇپ، زاپاس قاتلاملارنىڭ ھەممىسىدە نېفىت ئۈۋىسى شەكىللەنگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن؛ نېفىت، گاز زاپىسى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۇنىۋېرسال باھالاشتا بۇ رايون ئوتتۇرا چوڭقۇر قاتلاملىق، موللۇق دەرىجىسى تۆۋەن، ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىق، ئالاھىدە تۆۋەن ئېقىملىق ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت - گازلىق دەپ ھېسابلاندى.

شىنگۇاڭ ئۈزۈلمىسىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ياخشى نېفىت گاز ئالامەتلىرى تېپىلدى. شىمالىي ماناس نېفىتلىكى بىلەن تۇتىشىدىغان رايوننىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىدىكى يانتۇ بەلباغنىڭ غەربىي - جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان شىنگۇاڭ ئۈزۈلمىسىدىكى تۇنجى ئالدىن تەكشۈرۈش قۇدۇقى (شاۋگەي 3 - قۇدۇق) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇرغىلىنىپ پۈتكۈزۈلدى، بۇرغىلىنىپ پۈتكەن قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5320 مېتىر، پۈتۈن قۇدۇقتىن ئېلىنغان كېرىن سەككىز سېلىندىر بولۇپ، نېفىت تەركىبلىك كېرىندىن 27.66 مېتىر ئېلىندى، قۇدۇق تېمىدىن 21 پارچە كېرىن ئېلىندى، بۇنىڭ 19 پارچىسى نېفىت تەركىبلىك، پۈتۈن قۇدۇقنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 2.88 مېتىر كېلىدىغان 12 بۆلەك نېفىت قاتلىمى تولۇق ئارقىلىق ئۆلچىنىپ ئىزاھلاندى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي يېڭى رايوننى تەكشۈرۈش ئەھۋالى 1992 - يىلى مارالبېشى رايونىدا چوڭقۇرچاق 3 - قۇدۇقى بۇرغىلىنىپ پۈتكۈزۈلدى، 1992 - يىلى كۆكيار دۆڭ پۈرمىسىنىڭ شىمالىي قانىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆكيار 101 - قۇدۇقنىڭ تۆۋەنكى نېفىت گۆرۈپپىسىدا بۇرغىلاپ تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بېرىلدى، 1993 - يىل 3 - ئايدا قۇدۇق بۇرغىلىنىپ پۈتكۈزۈلدى، 1 -، 2 - قاتلاملاردىكى قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتى ياخشى بولماي، بۇ ئىككى قاتلام ئارىسىدىكى سۇ قاتلىمى ئۆتۈشۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۆلچەپ سىناق قىلغاندا ھەقىقىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېنىقلانماي قالغاندى، ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش ئارقىلىق 1 - قاتلىمى نېفىت قاتلىمى، 2 - قاتلىمى گاز قاتلىمى بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلاندى، 3 - قاتلام (3869.76 — 3876.08 مېتىر) دىن 12 - ئايدا تۆشۈك تېشىلگەندە، نېفىت، گاز ئېتىلىپ چىقىپ، كۈنىگە 4. 23 كۇب مېتىر نېفىت، 124 مىڭ 470 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز چىقتى. ئۆلچەپ سىناش نەتىجىسىدىن كۆكيار دۆڭ پۈرمىسىنىڭ شىمالىي قانىتىدىكى تۆۋەنكى نېفىت گۆرۈپپىسىنىڭ بىر قەدەر چوڭ نېفىت، گاز جەھەتتە خېلى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى سەنتاڭخۇ ئويمانلىقى شەرقىي جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوقۇر شەكىللىك يۈرمە بەلبېغىدا يېتىلگەن تاغ ئارىسى ئويمانلىقى بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 46 كىلومېتىر، كۆلىمى 23 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى ۋە خېنەن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى شېرىكلىشىپ بۇرغىلىغان تۇنجى تەكشۈرۈش قۇدۇقى (سەنتاڭخۇ پارامېتىر 1 - قۇدۇقى) شىمالىي كىچىك كۆل تۈزۈلمىسىدىكى 1 - نومۇرلۇق دۆڭ پۈرمىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان. بۇ قۇدۇق 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بۇرغىلىنىپ پۈتكۈزۈلدى، بۇرغىلاش جەريانىدا نېفىت ھاسىل بولۇپ ساقلىنىدىغان ياخشى يېپىق تۈزۈلمە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. 2082.7 — 2087 مېتىرلىق بۆلىكىدە تۆشۈك تېشىپ ئۆلچەپ سىنىغاندا، كۈنىگە 19.1 توننا نېفىت چىقتى.

جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى شىمالىي فۇكاڭ دۆڭ پۈرمىسى بەيجياخەي كۆتۈرۈلمىسىنىڭ جەنۇبىي قانىتى بىلەن سانجى چۆكمىسى ئوتتۇرىسىدىكى يانتۇ بەلباغقا جايلاشقان، يۇرا سىستېمىسى سەنگۇڭخې گۆرۈپپىسىنىڭ قورشالما دائىرىسى 12.5 كۋادرات كىلومېتىر، شىشەن ئازگال گۆرۈپپىسى قورشالمىسىنىڭ دائىرىسى 9.5 كۋادرات كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان جەنۇبقا قىيپاش ئوڭ ئۈزۈك قاتلام بۇ دۆڭ پۈرمىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ، جەنۇبىي بۆلەك ۋە شىمالىي بۆلەك بولۇپ ئىككىگە ئايرىۋەتكەن، 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

بۇرغىلاپ پۈتكۈزۈلگەن ئۇكالق 2 - قۇدۇقـــى مۇشۇ دۇم پۈرمىدىكى تۇنجى تەكشۈرۈش قۇدۇقى بولۇپ، بۇ قۇدۇقنىڭ تۆۋەنكى يۇرا سىرىيىسى يەر قاتلىمىنى بۇرغىلىغاندا ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، نېفىت تەركىبلىــك كېرىندىن 6.68 مېتر ئېلىنــدى، يەنە 3847.02 مېتر چوڭقۇرلۇقتىن بىر لىتىر نېفىت ئەۋرىشكىسى ئېلىنــدى، بۇرغىلاش ماتېرىيالى بىلەن قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىيالىنــى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ساناﺋەت خاراكتېرلىك نېفىت ئېقىمىنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد بار.

شۇ مىڭيۇ

## نېفىتلىكلەرنى ئېچىش ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى جەمئىي 959.8 كۋادرات كىــلومېتر نېفىــت تەركىبلىك دائىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىــڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىت تەركىبلىك دائىرە 875.4 كۋادرات كىلومېتر، قويۇق نېفىت تەركىبلىك دائىرە 84.4 كۋادرات كىلومېتر. ھازىر ئېچىشقا كىرىشتۈرۈلگەن نېفىتلىكلەردىن قاراماي، ئاقبۇلاق، چۆقان، شازىگەي، شەيتان كەرىش، جەنۇبىي ئۇسەيۈەن، كۆيۈك تاغ، شىمالىي سەنتەي، كۆكيار، ئۆچكىلىك، مايتاغدىن ئىبارەت 11 نېفىتلىك بولۇپ، 549.8 كۋادرات مېتر نېفىت تەركىبلىك دائىرىگە قول تەككۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىت تەركىبلىك دائىرە 523 كۋادرات كىلومېتر، قويۇق نېفىت تەركىبلىك دائىرە 26.8 كۋادرات كىلومېتر. ئىدارە 8 مىليون 660 مىڭ توننا يۇرۇشلۇك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 6 مىليون 540 مىڭ توننا، قويۇق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 120 مىڭ توننا ئېچىلغان. نېفىتلىكلەردىكى نېفىت ئۆزۈلىــرىنىــڭ تىپلىرىنى گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە نېفىت ئېلىش شەكلىگە قاراپ مۇنداق يەتتە تىپقا بۆلۈشكە بولىــدۇ: 1) تەكشىسىزلىكى ئېغىر شېغىل تاشلىقتا جايلاشقان، سۇ بېرىپ ئېلىنىدىغان نېفىت ئۆزۈسى؛ 2) زاپاس قاتلىمىنىڭ توزۇلۇشى مۇرەككەپ چاكىنىڭ يېتىلىشىدە ئىككى ياقلىما مۇھىتلىــق سىڭىپ ئېقىش ئالاھىدىلىكىگە ئىــگە بولغان تاش كۆمۈر سىستېمىسى ۋە پېرم سىستېمىسىدىكى نېفىت ئۆزۈسى؛ 3) سىڭدۈرۈشچانلىقى تۆۋەن شېغىل تاشلىقتا جايلاشقان نېفىت ئۆزۈسى؛ 4) يېرىق قۇم تاشلىقتا جايلاشقان نېفىت ئۆزۈسى؛ 5) چەت ياقىلىرى ۋە تېگىدە ھەرىكەتچان سۇ بولغان قۇم تاشلىقتا جايلاشقان نېفىت ئۆزۈسى؛ 6) تېيىز قاتلامدىكى قويۇق نېفىت ئىــسىق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان نېفىــت ئۆزۈسى؛ 7) قېتىشما نېفىت - گاز ئۆزۈسى.

ھازىر ئىدارە بويىچە 6705 نېفىت قۇدۇقى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ئېلىنىۋاتقانلىرى 5851 بولۇپ، 87.3% نى ئىگىلەيدۇ. 1993 - يىل 12 - ئايدا ئىشقا سېلىنغان قۇدۇق 6029 بولۇپ، نېفىت قۇدۇقلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 97% كە يەتتى، ھەر بىر قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 3.3 توننىغا يەتتى. قۇدۇقلاردىن نېفىت ئېلىش سەۋىيىسى 20 مىڭ526 توننا، ئۇنىۋېرسال سۇ تەركىبى 62%، گاز بىلەن نېفىتنىڭ ئۇنىۋېرسال نىسبىتى156 كۇب مېتر/توننا، ئېنىق سۇيۇقلۇق ئېلىنىش سۈرئىتى 2.32%، نېفىــت ئېلىنىش سۈرئىتى 0.89%، ئېلىشقا بولىــدىغان قالدۇق نېفىتنىڭ ئېلىنىش سۈرئىتى 8.03%، ئېلىنىش دەرىجىسى 13.5% ، ئېلىشقا بولىدىغان نېفىتنىڭ ئېلىنىش دەرىجىسى 53.09%. ئىدارە بويىچە جەمئىي 1724 سۇ بېرىش قۇدۇقى بار. بۆلۈپ سۇ بېرىش قۇدۇقىدىن 554 ى بار بولۇپ، بۇ، ھازىر گېئولوگىيىلىك ئېھتىياج تۈپەيلىــدىن بۆلۈپ سۇ بېرىلىــدىغان ھەمدە بۆلۈپ سۇ بېرىش مۇمكىــن بولغان قۇدۇقلارنىڭ 90.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سۇ جەمئىي 1281 قاتلام بۆلىكىگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ، 1993 - يىل 12 - ئايدا 1505 قۇدۇققا سۇ بېرىلدى، سۇ بېرىش قۇدۇقلىــرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 99% كە يەتتى، ھەر قۇدۇققا كۈنىگە 36 كۇب مېتردىن سۇ بېرىلدى، كۈنلۈك سۇ بېرىش سەۋىيىسى 73 مىڭ 17 كۇب مېتر (23 مىڭ 284 توننا پار شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى، كۈنلۈك سۇ بېرىش بىلەن نېفىت ئېلىشنىڭ كۈنلۈك نىسبىتى 1:1، ئومۇمىي نىسبىتى 0.98 بولدى.

شۇ مىڭيۇ

## نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1993 - يىلى 7 مىليون 602 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 6 مىليون 657 مىڭ 400 توننا، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ 944 مىڭ 600 توننا، سۇيۇق نېفىت مىقدارى 5 مىليون 450 مىڭ توننا، قويۇق نېفىت مىقدارى 2 مىليون 152 مىڭ توننا. 1993 - يىلى ئىدارە بويىچە ئېلىنغان تەبىئىي گاز ساناﺋەت مىقدارى 840 مىليون كۇب مېتر بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 170 مىليون كۇب مېتر يەنى 25.4% ئاشتى.

شۇ مىڭيۇ

## جەنۇبىي ئۇسەيۈەن نېفىتلىكى ئېچىلىشقا باشلىدى

جەنۇبىي ئۇسەيۈەن نېفىتلىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 140 كىلومېتر شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىغا 45 كىلومېتر ئىچكىرىلەپ كىــرگەن بولۇپ، يەر ئۈستىدىكى قۇمنىڭ قېلىنلىقى 200 — 350 مېترغا يېتىدۇ، نېفىتلىك تۈزۈلمىسى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا

قىسمىدىكى مەركىزىي كۆتۈرۈلمە بەلبېغىنىڭ شەرقىي ئۇچى بەيجىياخەي كۆتۈرۈلمىسىگە جايلاشقان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇن ئوقلۇق كىچىك دۆڭ يۈرىسىدىن ئىبارەت، نېفتلىكنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 17 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتر، ئۇ، دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى قۇملۇق نېفتلىكى، شۇنداقلا شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1993 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىدىن بىرى. جەنۇبىي ئۇسەيۈەن نېفتلىكى 1991 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇسەيۈەن پارامېتر 2 - قۇدۇقىدىن ساناەت نېفت ئېقىمى تېپىلغاندا بايقالغان بولۇپ، 1992 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئارقىلىق 57.2 كۇادرات كىلومېتر نېفت تەركىبلىك دائىرە تېپىلغان. بۇ نېفتلىكنى ئېچىش لايىھىسىدە 277 ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفت ئېلىش قۇدۇقى 190، سۇ بېرىش قۇدۇقى 36. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 54 نېفت ئېلىش قۇدۇقى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 18.75 توننىغا يەتكەنىدى. 1993 - يىلى 16 بۇرغىلاش ستانوكى بىلەن 222 قۇدۇق (1994 - يىللىق ئىش مىقدارى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالغان 51 قۇدۇق شۇنىڭ ئىچىدە) بۇرغىلاندى، بۇرغىلاش مېترازى 519 مىڭ مېترغا يەتتى، 224 قۇدۇق مەيدانى تۈزلەندى، 165 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 912 مىڭ 500 تونىغا يەتتى (ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 100مىڭ تونىغا يەتتى). ھەر قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 19.2 تونىغا يەتتى؛ 15 يېڭى سۇ بېرىش قۇدۇقى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، نېفتلىكنىڭ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۇدا ئۈچ پەللە كۆتۈرۈلدى (3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 1000 تونىغا، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 2050 تونىغا، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 3000 تونىغا يەتتى)، مۇشۇ بىر يىلدا 631 مىڭ توننا نېفت ئېلىندى. نېفت ئۈزۈلىرىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پاخشى لايىھىلەرگە قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسلى لايىھىدىن 90 قۇدۇق ئاز بۇرغىلاندى، بۇرغىلاش مېترازى 200 مىڭ مېتر ئازايتىلدى، 200 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تېجەپ قېلىندى؛ بۇرغىلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.1%، قۇدۇق سۈپىتىنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى 100%، قۇدۇق مۇستەھكەملەش سۈپىتىنىڭ بىر قېتىمدىلا تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى 96.8%، نېفت قاتلاملىرىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىش قىممىتى 80% تىن يۇقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 100% بولدى؛ يەر ئۈستىدىكى يۈرۈشلۈك قۇرۇلۇشلار (توپلاپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىنى ئاددىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى) سىرتقا نېفت ئاققۇزۇش - سۇ بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، 21 مىقدار ئۆلچەش پونكىتىنى تېخىمۇ تامال قىلىش قۇرۇلۇشى) نى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئېلېكتر زەنجىرى، سۇ تورۇبىسى، نېفت تورۇبىسى، تاشيوللارنى ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جەنۇبىي ئۇسەيۈەن نېفتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ سۈرئىتى تېز، سەۋىيە، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگو نېفت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى تەرىپىدىن 1993 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئېچىش تۈرى دەپ باھالاندى.

شۇ مىڭيۇ

## نېفتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1993 - يىلى يەر ئۈستى ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىغا جەمئىي 2 مىليارد 265 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى (مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 434 مىليون يۈەن؛ نېفت ئايرىش خىمىيە ساناەتى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 160 مىليون يۈەن؛ سېتىما قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 509 مىليون يۈەن؛ كان رايونى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 162 مىليون يۈەن. 14 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش پۈتتى.

ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى جۇڭگو نېفت تەبىئىي گاز باش شىركىتى چۈشۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى 1 مىليون 623 مىڭ توننا بولۇپ، جەمئىي 775 نېفت ۋە سۇ قۇدۇقى (707 نېفت قۇدۇقى، 68 سۇ قۇدۇقى) پۈتتى، 67 مىقدار ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغان نېفتنى ئۆلچەش پونكىتى 25، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئىككى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئۈچ. يۇقىرى بېسىملىق پار قازىنىدىن 11 ى قۇراشتۇرۇلدى، 655 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ھەرخىل دىئامېتىرلىق تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 480 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى ۋە تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر زەنجىرى تارتىلدى. ترانسفورماتور پونكىتىدىن سەككىزى قۇرۇلدى، 293 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول (نېفت رايونىدىكىسى 99 كىلومېتر) ياسالدى.

نېفت ئايرىش خىمىيە ساناەتى قۇرۇلۇشى مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 990 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ،

توققۇز تۈرنىڭ قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. قۇرۇلۇشلار پۈتكەندىن كېيىنكى ئېتىراپ قىلىنىشچە قۇرۇلۇشلار سۈپىتىنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى %99.52، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى %55.6 بولدى؛ قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى يىلىغا 400 مىڭ توننا ھىدروگېن ئىشلەيدىغان قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىلىغا 6000 توننا سۇلفونات ئىشلەيدىغان قۇرۇلما، يىللىق مەھسۇلاتى 300 مىڭ تونىغا يېتىدىغان كوكسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، يىللىق مەھسۇلاتى 500 مىڭ تونىغا يېتىدىغان كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنى قۇرۇشتا تەلەپ بويىچە ئىلگىرىلەپ دەل ۋاقتىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 500 مىڭ تونىغا يېتىدىغان كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، تېخنولوگىيىلىك قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى.

كان رايونى قۇرۇلۇشى مۇشۇ بىر يىلدا ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇش 470 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 390 مىڭ كۋادرات مېتىرى پۈتتى، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ نىسبىتى %84.7 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي رايونىدا قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 220 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتۈش نىسبىتى %100 كە يەتتى. قۇرۇلۇشلارنىڭ تۈرلەر بويىچە سۈپەت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %90.49 كە يەتتى. خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش 138 بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 295 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بىرلىكلەر بويىچە قۇرۇلۇشنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى %28 بولدى، 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئىدارە بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا 287 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئولتۇراق ئۆي ۋە ياتاق پۈتتى، يەنى 4356 يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي، 596 كارىۋاتلىق ياتاق پۈتتى. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا، قاراماي رايونىدا 185 مىڭ كۋادرات مېتىر، مايتاغ رايونىدا 9900 كۋادرات مېتىر، ئۈرۈمچى رايونىدا 15 مىڭ كۋادرات مېتىر، شەرقىي جۇڭغارىيە تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتىدە 39 مىڭ كۋادرات مېتىر، پوسكام ئېچىش شىركىتىدە 20 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، مايتاغ ئېتىلىن قۇرۇلۇشىدا 18 مىڭ كۋادرات مېتىر سېلىندى.

سىستېمىلىق يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشلار ئاق بۇلاق بىلەن شازىگەي ئوتتۇرىسىدىكى 70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 110 كىلوۋولتلىق توك ئۆزىتىش لىنىيىسى ۋە 110 كىلوۋولتلىق ۋاقىتلىق ترانسفورماتور ئىستانسىسى 6 - ئايدا پۈتتى، توك ئۆزىتىشقا سىلىش سىنىقى بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى؛ شازىگەي سۇ بېرىش پونكىتى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 9 - رايوندىكى توققۇز ۋاقىتلىق پارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شازىگەيدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇش پونكىتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۈنلۈك ئاققۇزۇش ئىقتىدارى 180 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ جەرەنبۇلاق بەر ئاشتى سۇ قۇرۇلۇشى ۋە قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ كوممۇتاتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 15 مىڭ توچكا بولغان، رەقەم بىلەن تىزگىنلىنىدىغان تېلېفون سىستېمىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 110 كىلوۋولتلىق ترانسفورماتور پونكىتى، 110 كىلوۋولتلىق ئېلېكتر زەنجىرىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ مايتاغ2. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 25 مىڭ كىلوۋولتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشقا چۈشۈپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى. قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 12000 × 2 كىلوۋولتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى؛ مايتاغدىكى 25.22 كىلومېتىرلىق مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى پۈتۈپ، ترانسپورت تىجارىتىگە سېلىندى؛ شەرقىي جۇڭغار 3 - رايون بىلەن ۋاڭجياگو ئوتتۇرىسىدىكى نېفىت ئاققۇزۇش تورۇبا لىنىيىسى ۋە تارماق نېفىت ئاققۇزۇش پونكىتلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ مىڭيۇ

## نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى

نېفىت ئايرىش ئىشلەپچىقىرىشى 1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىدا پىششىقلاپ ئىشلىگەن نېفىت 4 مىليون 101 مىڭ 100 تونىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1 مىليون 610 مىڭ 700 توننا، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 2 مىليون 326 مىڭ 100 توننا، پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 164 مىڭ 300 توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئىشلەپچىقىرىلغان بېنزىن، كېروسىن، دىزېلىن، سىلىقلاش مېيىدىن ئىبارەت تۆت خىل مەھسۇلات 2 مىليون 683 مىڭ تونىغا يېتىپ، %11.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن 1 مىليون 113 مىڭ توننا، كېروسىن 63 مىڭ توننا، دىزېلىن 1 مىليون 313 مىڭ توننا، سىلىقلاش مېيى 194 مىڭ توننا. 83 مىڭ توننا نېفىت كوكسى، 112 مىڭ توننا ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىلدى. پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 110 مىڭ توننا ئۈرېيە، 68 مىڭ توننا سىنتېتىك ئاممىياك ئىشلەپچىقاردى. ئىدارە بويىچە 23 مىڭ 451 توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 2 مىليارد 318 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.5% ئاشتى، بۇ، ئىدارە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 51.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 1 مىليارد 398 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6.8% ئاشتى، قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 745 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.95% ئاشتى، پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 175 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.6% ئاشتى.

تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلەر نېفىت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى ئۇدا توققۇز يىل 100% بولدى. ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممەت نىسبىتى 74.53% بولدى. يىغىۋېلىنىش نىسبىتى كۆرسەتكۈچى: بېنزىن، كېروسىن، دىزېلىن، سىلىقلاش مېيىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 65.42%، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 89.98%، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئىدارە ئۆزى ئىشلىتىش نىسبىتى 7.51%، نېفىتنىڭ پىششىقلاش جەريانىدا خوراش نىسبىتى 1.65%، چالا مەھسۇلات ۋە خام ئەشيانىڭ ئامباردىكى ئېشىش - كېمىيىش نىسبىتى 0.94% بولدى. سەرپىيات كۆرسەتكۈچى: ھەر توننا نېفىتنى پىششىقلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان سۇ 1.23 كۇب مېتىر، توك 39.1 كىلوۋات سائەت، پار 0.2 كۇب مېتىر، يېقىلغۇ ماي 16.8 كىلوگرام، يېقىلغۇ گاز 31.36 كىلوگرام بولدى. پىششىقلاپ ئىشلەشتە زىيان بولغان نېفىت 64 مىڭ توننا (مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 33 مىڭ 600 توننا، قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 25 مىڭ 500 توننا، پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 5201 توننا)، زىيان بولغان باشقا نېفىت 143 توننا بولدى. چالا مەھسۇلات ۋە خام ئەشيالارنىڭ ئامباردا ساقلىنىش پەرقى 38 مىڭ 500 توننا بولدى.

يېڭى مەھسۇلاتلار تەتقىق قىلىپ ئىشلەندى، ۋە قىسمەن ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى جەمئىي 198 خىلغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن تۆت خىل مەھسۇلات كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە 41 خىل مەھسۇلات ھەرخىل دەرىجىدە خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىلدى (قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 15 خىلنى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 26 خىلنى ئىشلىدى). مۇشۇ بىر يىلدا سەككىز خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئىشلىگەن «L — DRB/A32» ماركىلىق قويۇق توڭلاتقۇچى ئاپتول جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى باش شىركىتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «L — HV32» ماركىلىق تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سۈيۇقلۇق بېسىمى مېيى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئاپتوموبىلغا سۈيۇقلۇق بېسىمى بىلەن قاچىلىنىدىغان يېنىك ماي ئاپتونوم رايونىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئېغىر ماي تەتقىقاتى ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «10W/32CC» دەرىجىلىك دىزېلىن ئاپتول، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «L — ECP30» ماركىلىق دىزېلىن ئاپتول، «30CD»، «40CD» دەرىجىلىك دىزېلىن ئاپتول، «30،40CC» دەرىجىلىك دىزېلىن ئاپتول، «32» نومۇرلۇق كېڭەيدىغان ئاپتول قاتارلىقلار جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى (ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك) نىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

شۇ مىڭيۇ

**ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە ئېنېرگىيە تېجەش ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشلەپچىقارغان قايتىلانمايدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرغاندا 12 مىليون 197 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى؛ قايتىلىنىدىغان ئېنېرگىيە ئومۇمىي مىقدارىنى ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرغاندا 640.1 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، 13.2% ئاشتى.

ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئىدارە بويىچە ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى (خوراشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 3 مىليون 333 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.28% ئاشتى. بۇ، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ئېشىش كۆلىمىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتنىڭ يىللىق سەرپىياتى 332 مىڭ توننا بولۇپ، 22.05% ئاشتى، تەبىئىي گازنىڭ سەرپىياتى 717 مىليون 674 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 25.1% ئاشتى، يېقىلغۇ مايىنىڭ سەرپىياتى 603 مىڭ توننا بولۇپ، 16.3% ئاشتى. ھەر توننا ئېغىر نېفىت ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يېقىلغۇ سەرپىياتى 1992 - يىلدىكى 184 كىلوگرام ئۆلچەملىك مايدىن ئېشىپ، 232 كىلوگرام ئۆلچەملىك مايغا يەتتى. كۆمۈر سەرپىياتى 588 مىڭ توننا بولدى. ئىدارە بويىچە ھەر 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى 7.72 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر بولدى.

ئېنېرگىيە تېجەش ئەھۋالى 1993-يىلى ئىدارە بويىچە 101 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە باراۋەر ھەرخىل ئېنېرگىيە تېجەپ قېلىندى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 12 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆپ. قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى، 9-رايون ئېغىر نېفىت پار قازىنى ۋە قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1992-يىلدىكىگە قارىغاندا تەبىئىي گازنى 55 مىليون 90 مىڭ كۇب مېتىر كۆپ ئىشلىتىپ، 55 مىڭ 90 توننا يېقىلغۇ مېيىنى تېجەپ قالدى، بۇنىڭ قىممىتى 25 مىليون يۈەندىن ئارتۇق. جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتى چۈشۈرگەن ئېنېرگىيە تېجەش تەتقىقاتىدا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تېمىسى، يەنى «قاراماي نېفىتلىكىدە ئېلېكتر تورىنى ياخشىلاپ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»، «ئاق بۇلاق نېفىتلىكىدە ماشىنا، ئېلېكتر، ئىسسىقلىق جەھەتتە ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» قا جەمئىي 19 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تېمىلار 26 تارماق تېمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، يەتتە تارماق تېمىدا باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلنىڭ ئۆزىدىلا سېلىنغان بارلىق مەبلەغ يىغىۋېلىنغاندىن باشقا، ئېنېرگىيە تېجەشتىكى ساپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 10 مىليون يۈەنگە يېقىن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان 15 تارماق تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئالتىسىدە باسقۇچلۇق نەتىجىگە ئېرىشىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نېفىتلىكتە سۇ بېرىشتە بىرلىك سەرپىيات 7.07 كىلوۋات سائەت/كۇب مېتىردىن 6.6 كىلوۋات سائەت/كۇب مېتىرغا چۈشتى، نېفىت ئاققۇزۇشتا بىرلىك سەرپىيات 1.35 كىلوۋات سائەت/توننىدىن 1.3 كىلوۋات سائەت/تونىغا چۈشتى، سۇ چىقىرىۋېتىشتە بىرلىك سەرپىيات 0.31 كىلوۋات سائەت/توننىدىن 0.29 كىلوۋات سائەت/تونىغا چۈشتى، ماشىنا بىلەن نېفىت ئېلىشتا بىرلىك سەرپىيات 25.3 كىلوۋات سائەت/توننىدىن 22.7 كىلوۋات سائەت/تونىغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن يارىتىلغان يىللىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم 3 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۇنجى قېتىم يېڭى زېلاندىيىدىن كىرگۈزۈلگەن يۈرۈشلۈك «CNG» گاز قوشۇش قۇرۇلما تېخنىكىسى 10-ئاينىڭ 4-كۈنى نېفىت ئېلىش 3-زاۋۇتىدا قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تەبىئىي گازنى ئىشلىتىپ ئاپتوموبىل ھەيدەش تېخنىكىسى ئاپتوموبىللارنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان قوش سىستېمىغا ئىگە قىلدى، تەبىئىي گاز تولۇق كۆيىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى ئازايدى.

شۇ مىڭيۇ

### يارىدەمچى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993-يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق 22 مىڭ 89 يۈرۈش ئۈسكۈنە بار بولۇپ، تەكشۈرۈش-ئېچىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىجىرىملىكى يەنىلا %94 تىن يۇقىرى بولدى. ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش كارخانىلىرى ياسىغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى 4000.3 توننا بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %13.6 ئازايدى، ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، %20.3 ئازايدى. ئىدارە بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليارد 224 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، ماناس توك تورى بىلەن قاراماي توك تورى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۈنىگە 20 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىدارە بويىچە توك بىلەن تەمىنلەشتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسەيدى. ئىدارە بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا تەمىنلەنگەن سۇ 44 مىليون 14 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى، 3 مىليون 610 مىڭ كۇب مېتىر سۇ، 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن سۇ خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. ئىدارە ئىچىدە تېلېفوننىڭ بىر قېتىمدىلا ئۇلىنىش نىسبىتى %62.19 بولدى، ھەر 100 توچكىلىق تېلېفون ئارقىلىق كاشىلىنى مەلۇم قىلىشقا كەتكەن ئوتتۇرىچە ۋاقىت 183.7 مىنۇت بولدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %99.83، سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە يوللىرىنىڭ راۋان بولۇش نىسبىتى %99.99 بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشتە مالنىڭ بىر قېتىم ئوبوروت بولۇشىغا كەتكەن ۋاقىت 162 كۈن بولدى، سىرتتىن 3 مىليارد 46 مىليون يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرى سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىن 181 مىليون يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرى سېتىۋېلىندى. ئاپتوموبىللارنىڭ يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 246 مىليون توننا/كىلومېتىر، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 221 مىليون ئادەم/كىلومېتىر بولدى.

شۇ مىڭيۇ

### نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1993-يىلى 3 مىليون 576 مىڭ توننا نېفىت ساتتى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 13 مىڭ توننا ئاز. نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن 3 مىليون 656 مىڭ توننا ساتتى، بۇ، 1992-يىلدىكىدىن 452 مىڭ 100 توننا ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت شىركىتىگە تاپشۇرۇلغىنى 1 مىليون 415 مىڭ 400 توننا، ھەربىي سانائەتكە بىۋاسىتە بېرىلگىنى 52 مىڭ 800 توننا، ئىدارە ئۆزى ئىشلەتكىنى 711 مىڭ 400 توننا،

جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتى سېتىۋېلىشقا بېرىلگىنى 32 مىڭ 900 توننا، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن ماتېرىيال 76 مىڭ 100 توننا، ئىدارە، زاۋۇتلار ئۆزى ساتقىنى 1 مىليون 367 مىڭ 100 توننا (ئاپتونوم رايون ئىچىگە ساتقىنى 496 مىڭ 300 توننا، ئىچكىرىگە يۆتكەپ بەرگىنى 870 مىڭ 800 توننا). سېتىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بېنزىن 1 مىليون 131 مىڭ 500 توننا، كېروسىن 65 مىڭ 700 توننا، دىزېلىن 1 مىليون 325 مىڭ 700 توننا، سىلىقلاش مېيى 193 مىڭ توننا، يېقىلغۇ ماي 515 مىڭ توننا، نېفىت كوكسى 52 مىڭ 700 توننا، ئاسفالت 113 مىڭ 700 توننا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز 34 مىڭ 100 توننا، نېفىت كىسلاتاسى ۋە تۇزى 991 توننا، سىلىقلاش ئاساس مېيى 146 مىڭ توننا، باشقىلار 77 مىڭ 200 توننا بولدى. سېتىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونغا تەقدىم قىلىنغان 35 مىڭ توننا مايني، ئاپتونوم رايوننىڭ كېمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان 144 مىڭ توننا مايني، يەرلىك ئورۇنلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بېرىلگەن 4275 توننا مايني ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سېتىش ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ئۈچۈن، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى تيەنجىن، جېڭجۇ، شاڭخەي، شېنجېن، ۋۇشى، چېڭدۇ، چۇڭچىڭ، شيامېن، گۇاڭجۇ، شىئەن شەھەرلىرىدە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئورنىدىن ئوننى تەسىس قىلدى، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا ماي ماتېرىياللىرىنى پارچە سېتىش، ماي قاچىلاش پونكىتىدىن 12 نى تەسىس قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە مۇستەقىل ياكى بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان ماي قاچىلاش پونكىتىدىن 42 نى قۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 7700 توننا سىلىقلاش مېيى ئېكسپورت قىلىندى.

شۇ مىڭيۇ

## چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى چەت ئەللەر بىلەن ئېتىبارلىق قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا ئىمزالىغان كېلىشىملەرنىڭ سوممىسى 750 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل مەبلىغى قەرز پۇلىدىن 499 مىليون 170 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1993 ـ يىلى نېفىت مەخسۇس ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن تۆلەنگەن چەت ئەل مەبلىغى قەرز پۇلى 54 مىليون 270 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى قاراماي نېفىت قۇرۇلۇشىغا دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز پۇلدىن 87 مىليون 520 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلدى. بۇ، ئاساسەن، چەت ئەللەرنىڭ نېفىت تەكشۈرۈش، ئېچىش جەھەتتىكى ئىلغار تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1993 ـ يىل 4 ـ ئايدا دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىلدە، بۇ تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈردى. 10 ـ ئايدا دۇنيا بانكىسىنىڭ مۇپەتتىشلەر ئۆمىكى قارامايغا كېلىپ، تۈرنى ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندە، بۇ تۈر جۇڭگونىڭ دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلانغان نېفىت تۈرلىرى ئىچىدە ئىجرا قىلىنىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى، يولغا قويۇلۇش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى تۈر بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى يەر تەۋرىتىپ ئېنىقلانغان يوشۇرۇن نېفىت زاپىسى ئەۋزەللىكىنى ئەمەلىي نېفىت مەھسۇلاتى ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى ۋە نېفىت مەھسۇلاتىنى زور كۆلەمدە ئاشۇرۇپتۇ، دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ياپونىيە جۇڭگوغا 3 ـ قېتىم بەرگەن ئېنېرگىيە قەرز پۇلى مەبلەغ قەرز پۇلى كېلىشىمىنىڭ سوممىسى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن، قاراماي 6 ـ رايون ۋە چۆقان نېفىتلىكىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ. 1993 ـ يىلى قەرز پۇلدىن 142 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قولغا تەگدى، مەخسۇس نېفىت تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش توختامىدىن 24 ى ئىمزالىنىپ، بۇلارغا 30 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خىراجەت قىلىندى (7000 مېتىرلىق چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش ستانوكى، يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش رەقەملىك ئاپپاراتى، تەۋرىتىش ئۈسكۈنىسى، قۇدۇق ئۆلچەش ئاپپاراتى، جەنۇبىي ئۇسەيۈەن نېفىتلىكىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە)؛ مەخسۇس نېفىت تۇرۇبا ماتېرىياللىرىدىن 67 مىڭ توننا كىرگۈزۈش توختامى ئىمزالىنىپ، ئۇنىڭغا 47 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خىراجەت قىلىندى.

ما يۆك

## نېفىت پەن ـ تېخنىكىسى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن يەتتىسى جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ئىككىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى، 11 ى جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، سەككىزى يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 17 سى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىنغان 55 نەتىجىنىڭ 30 ى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى؛

146 ئىلمىي ماقالە باھالىنىپ تاللاندى، مۇنەۋۋەر قىسمەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە ياكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئىشلىتىش ئارقىلىق يارىتىلغان ئۈنۈم 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. «ئېغىر سىلىقلاش مېيى چەككىلەنمىسىدىن كىسلاتا ئاجرىتىش» ۋە «بۇرغىلاش ئۇچۇرى تورى» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نەتىجە جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئون چوڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «ئېغىر سىلىقلاش مېيى چەككىلەنمىسىدىن نافتېن كىسلاتاسىنى ئاجرىتىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقاتى» دۆلەت ئىچىدە تۇنجى ئىجادىيەت بولدى ھەمدە خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، «سۇ بىلەن ھەيدەش مودېلى»، «قەرەللىك سۇ بېرىشنى تەڭشەش تېخنىكىسى» دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى ئىجادىيەت بولۇپ قالدى.

نۇقتىلىق پەن - تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1) يەر تەۋرىتىش، قۇدۇق ئۆلچەش، نېفىت سىناق قىلىش، بۇرغىلاش، گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار كېڭەيتىلىپ ۋە ئىشلىتىلىپ، يانار تاغ جىنىسلىق نېفىت ئۆۋىسىنى قوغلاپ يۈرۈپ تەسۋىرلەش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، مۇرەككەپ جىنىس خاراكتېرلىك زاپاس قاتلام تەتقىقاتىدىكى قىيىن ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈلدى. 2) ئويمانلىق مودېلى، رايون بەلباغلىرىنى باھالاش، قورشالمىنى باھالاش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلىش ئارقىلىق جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىلى، سەيۋۇپۇ، سەنتاڭخۇ ئويمانلىقلىرى سىستېمىلىق باھالىنىپ، ئالتە يۈرۈش ھىدروكاربون مەنبەلىك جىنىس بوشلۇقىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىسسىقتىن ئۆزگىرىش تارىخى بېكىتىلىپ، گاز بىلەن تەمىنلەش بىرلىكى ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن نېفىت، گازنىڭ يانغا ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئۈچ خىل مودېلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئويمانلىقتىكى نېفىت، گاز بايلىقىنىڭ مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلدى ھەمدە 14 رايون بەلبېغى، 197 قورشالما باھالىنىپ ۋە تۈرگە ئايرىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 3) قارامايدا ئۈچ ئېلېمېنتلىق مۇرەككەپ ھەيدەش ئارقىلىق نېفىت ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تەجرىبىسىدە باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، ئۈچ خىل «ASP» نېفىت ھەيدەش سىستېمىسى ياخشىلىنىپ سەپلەندى، تەجرىبىخانىدا نېفىت ھەيدەش تەجرىبىسىدە نېفىت ئېلىش نىسبىتى 20% — 30% ئېشىپ؛ تېما تەلىپىدىكى كۆرسەتكۈچكە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، 13 تەجرىبە قۇدۇقنى بۇرغىلاش ۋە قۇدۇق مۇستەھكەملەش لايىھىدىكى تەلەپكە يەتتى، ئىككى يېپىق كېرىن ئېلىش قۇدۇقىدا كېرىن ئېلىش نىسبىتى 96% كە يەتتى، كېرىننىڭ يېپىق نىسبىتى 100% كە، كېرىننىڭ شەكىللىك بولۇش نىسبىتى 94.9% كە يېتىپ، قاراماي كونا نېفىت رايونىدا يېپىق كېرىن ئېلىش بويىچە يېڭى رېكورت يارىتىلدى. 4) 5 - رايوننىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرا - چوڭقۇر قۇدۇقلاردىكى نېفىت ئۆۋىلىرىنى دومىلانما ھالەتتە ئېچىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، بۇرغىلانغان 56 ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى بىر مېتىرمۇ ئوشۇق بۇرغىلانمىدى، بىرەر مېتىر نېفىت قاتلىمى چۈشۈرۈپ قويۇلمىدى، بىرەر قۇدۇقمۇ بىكاردىن بىكار بۇرغىلانمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغدىن 65 مىليون 380 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى. 5) 150 قۇدۇقتا يېڭى تىپتىكى «مۇرەككەپ ئىئونلۇق» پولىمېرلاشقان سىغىزلىق ئېرىتمە تەييارلاش ھۈنەر تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ ۋە قوللىنىلىپ، قۇدۇق تېمىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ بۇرغىلاش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، توك بىلەن ئۆلچەشتە بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 5% ئۆستۈرۈلدى، قۇدۇق دىئامېترىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش نىسبىتى 10% ئازايتىلدى،، قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۈنۈم 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 6) ئۇنىۋېرسال توك تېجەش تېخنىكىسىدا چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى، «قاراماي نېفىتلىكىدە ياخشىلاپ ئىشقا سېلىپ ئۇنىۋېرسال توك تېجەش تېخنىكىسى» قوللىنىلىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 9 - نومۇرلۇق ئوچىقىغا يۇقىرى ئۈنۈملۈك توك تېجەيدىغان كۆيدۈرگۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئوچاقنىڭ ئۈنۈمى 3% ئۆستۈرۈلدى، ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق سۈرئەت تەڭشىگۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، توك تېجەش ئۈنۈمى 34% كە يەتكۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توك ئۆزىتىش ئىقتىدارى تولۇقلىنىپ ۋە ئاشۇرۇلۇپ توك تەقسىملەش توردىكى زىياننى ئازايتىش، توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 7) ئاق بۇلاق نېفىتلىكىدە ئۇنىۋېرسال توك تېجەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى مەبلەغ سېلىپ، شۇ يىلى مەبلەغنى يىغىۋېلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. نېفىت، گازنى يېپىق ھالدا ھەيدەش، نېفىتنى تۇراقلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچ ۋە يېپىق ھالقىلىق تىزگىنلەش قاتارلىق ھۈنەر تېخنىكىلار كېڭەيتىلىپ قوللىنىلغاندىن كېيىنمۇ ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

شۇ مىڭيۇ

**كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 213 كە، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش تور - نۇقتىلىرى 624 كە يەتتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 14 كە، يىللىق پايدا ۋە باج سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 11 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدىكى تىجارەتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %24 ئاشتى، پايدا ۋە باج سوممىسى 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47 ئاشتى. ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئىش ئۈنۈمى (ساپ قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى) 9000 يۈەنگە يېتىپ، %6 ئاشتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت توختاملىرىنىڭ سوممىسى 7 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. كۆپ خىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى 11 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندا سېتىلدى.

شۇ مىڭيۇ

**نامراتلارنى يۆلەپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە يەر سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىتلىك ئۈچۈن 45 مىڭ 319 مو يەر سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا 5 مىليون 144 مىڭ 100 يۈەن خىراجەت سەرپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلىدىغان يەر 33 مىڭ 625.5 مو، سېتىۋېلىش خىراجىتى 3 مىليون 961 مىڭ 100 يۈەن بولدى؛ ۋاقىتلىق سېتىۋېلىنغان يەر 11 مىڭ 693.5 مو، سېتىۋېلىش خىراجىتى 1 مىليون 183 مىڭ يۈەن بولدى. 1993 - يىلى نامراتلارنى يۆلەپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ھەقسىز ياردەم قىلىنغان خىراجەت 1 مىليون 773 مىڭ يۈەن، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل 760 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ تاشيول ياسىشىغا بېرىلگەن ياردەم 180 مىڭ يۈەن؛ تولى ناھىيىسىنىڭ دەم دەرياسىدىن سۇ باشلاش نورى ياسىشىغا بېرىلگەن ياردەم 50 مىڭ يۈەن؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن نەق پۇل يەنە ئون چېدىر، 90 مىڭ يۈەنلىك ماتوق كىيىم - كېچەك، پاختىلىق كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر ئىئانە قىلىندى؛ شاۋگەي يېزىسىنىڭ تاش يول ياسىشى ئۈچۈن 293 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىندى؛ تولى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىپ قازاق داۋالاش خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 35 كىشى تەربىيىلەپ بېرىلدى، ئۇنىڭغا كەتكەن خىراجەت تەخمىنەن 297 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ مىڭيۇ

# تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى

**تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش بىرلەشمە جېڭى ئەھۋالى**

1993 - يىلى تارىم تەكشۈرۈش رايونىدىكى نېفىت كەسپىي بىرلەشمە جېڭىگە قاتناشقان مەشغۇلات ئەترەتلىرى مۇنۇلار: 36 فىزىكىلىق نېفىت تەكشۈرۈش ئەترىتى، 45 بۇرغىلاش ئەترىتى، يەتتە نېفىت سىناش ئەترىتى بولارغا باشقا كەسپىي ئەترەتلەرنى قوشقاندا، بىرلەشمە جەڭگە قاتناشقان نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» تەرەپنىڭ مەشغۇلات قىلىدىغان ئادەملىرىنىڭ سانى كېمىيىپ 4400 نەپەرگىچە چۈشتى، تەكشۈرۈش رايونى بويىچە 1 - سەپتىكى خادىملار بىلەن 2 -، 3 - سەپلەردىكى خادىملارنىڭ نىسبىتى يەنىلا 1:3 بولدى. 1993 - يىلى قوماندانلىق شتابى بويىچە 2 مىليارد 516 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تەكشۈرۈش - ئېچىش قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 96.75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كۆپەيگەن تۇراقلىق مەبلەغ 955 مىليون يۈەن بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا يارىتىلغان ساناائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 1 مىليارد 185 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %134.49 ئاشتى. ساناائەتتىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ يىللىق ئىش ئۈنۈمى كىشى بېشىغا 165 مىڭ 400 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %16.5 ئاشتى. 1993 - يىلى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە ئوتتۇرا تارىم، شىمالىي تارىم رايونلىرىدا بىرقاتار زور ئىلگىرىلەش بولدى. ئوتتۇرا تارىم رايونىدا مۇنداق ئىككى چوڭ بۆسۈش بولدى: ئوتتۇرا تارىم تۆۋەن كۆتۈرۈلمىسىنىڭ شىمالىدىكى يانتۇ بەلباغ 10 - تۈزۈلمىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇنىڭ غەربىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا تەدرىجىي ئېگىزلىگەن، نېفىت - گاز يىغىلغان بەلباغ ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاندى، مۆلچەرگە قارىغاندا، نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى كۆرۈنەرلىك ئىكەن؛ ئوتتۇرا تارىمدىكى 6 - نومۇرلۇق دۆڭ پۈرمىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، ئۇ، ئوتتۇرا تارىم 1 - نومۇرلۇق، 4 - نومۇرلۇق تۈزۈلمىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان نېفىت، گازلىق تۇپنى شەكىللەندۈردى، بۇنىڭ نېفىت، گاز مول بولغان «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نى شەكىللەندۈرۈش ئېھتىمالى بار. بۇ، تەكشۈرۈلىدىغان چوڭ

مەيداننىڭ ئاساسلىق ئىش يۈنىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، بۇنىڭدىن باشقا، يەقەت ئالتە تەكشۈرۈش قۇدۇقى ئارقىلىقلا ئوتتۇرا تارىم 6 - نومۇرلۇق نېفىتلىكى ئېنىقلىنىپ، نېفىت تەكشۈرۈشتە يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. شىمالىي تارىمدا، پۈتۈن پېتى كېسىلگەن بۇگۇر ئۆزۈك كۆتۈرۈلمىسىدىكى بىرىنەچچە تۈزۈلمە بەلباغ پۈتۈنلەي قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭىمەھەللە 7 - ياقا، «قىزىلبايراق»، تىرگىنىدىن ئىبارەت تۈزۈلمە بەلباغلىرىدا توققۇز نېفىت، گاز تەركىبلىك تۈزۈلمە بايقالدى، تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي بۇگۇر، دۆڭقوتان، سانتام، جىراق، «ئازادلىق» ئۆستەڭنىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا تارىم 4 -، يېڭىمەھەللە 7- دىن ئىبارەت يەتتە نېفىت - گازلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ۋە ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، يېڭىدىن 23 سانائەت خاراكتېرلىك نېفىت، گاز تەركىبلىك تۈزۈلمە، 17 يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز قۇدۇق نۇقتىلىرى بايقالدى، شۇنىڭ بىلەن 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 5 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىشتىكى زاپاس بايلىق مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 1 مىليون 600 مىڭ 500 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدىلا جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇددەتتىن بۇرۇن تۆھپە قوشۇلدى. ھازىر تەكشۈرۈش رايونىدىكى كۈنلۈك نېفىت ئېلىنىش سەۋىيىسى 6000 توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

نېفىتلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتە، جەنۇبىي بۇگۇردە 1 مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە سانتام، «ئازادلىق» ئۆستەڭنىڭ شەرقىدىكى نېفىتلىكتە 500 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، دۆڭقوتاندىكى 600 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇش ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، جەنۇبىي بۇگۇر — دۆڭقوتان نېفىت ئاققۇزۇش تورۇبا لىنىيىسى سۈپەتلىك ياتقۇزۇلدى. ئوتتۇرا تارىمدىكى 100 مىليون توننا دەرىجىلىك 4 - نېفىتلىكنى ئېچىش ۋە يەر يۈزى قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا قۇملۇق نېفىت تاشيولىنىڭ 130 كىلومېتىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ بولدى. تاشيولنىڭ ئۇلى ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكىگىچە پۈتكۈزۈلدى.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1993 - يىلى تارىمدا نېفىت تەكشۈرۈشتە ھەرخىل نېفىت تەركىبلىك كېرىندىن جەمئىي 64. 1222 مېتىر ئېلىندى، 19 قۇدۇق ئۆلچەش مەشغۇلات ئەترىتى ئىشقا سېلىنىپ، 63 قۇدۇق 122 قېتىم توك ئارقىلىق ئۆلچەندى، يەتتە نېفىت سىناش بۇرغا ستانوكى ئىشقا سېلىنىپ، 50 قۇدۇقنىڭ 201 گېئولوگىيىلىك قاتلىمىدا نېفىت سىناق قىلىندى، 20 قۇدۇقنىڭ 44 قاتلىمىنى سىنىغاندا سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. ئوتتۇرا تارىم رايونىدا. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي ئون تەكشۈرۈش قۇدۇقى ۋە باھالاش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە قۇدۇقتا ئۆلچەپ سىناش ئېلىپ بېرىلغاندا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

1) ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق 100 مىليون توننا دەرىجىلىك نېفىتلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باھالاش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوتتۇرا تارىم 421 -، 422 -، 411 - باھالاش قۇدۇقلىرى ۋە ئۆتكەن يىلدىن قېلىپ قالغان ئوتتۇرا تارىم 401 -، 402 - نېفىت سىناش قۇدۇقلىرىنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسىدىكى ئۈچ نېفىت گورىزونتىدا ياخشى نېفىت قاتلىمى سىزىلدى ياكى ئۆلچەپ سىنىغاندا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئوتتۇرا تارىم 401 - قۇدۇقنىڭ II نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 126 كۇب مېتىر نېفىت، 48 مىڭ 444 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى. ئوتتۇرا تارىم 402 - قۇدۇقنىڭ I نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 666 كۇب مېتىر نېفىت، 13 مىڭ 914 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى، II نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 589 كۇب مېتىر نېفىت، 65 مىڭ 235 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى. ئوتتۇرا تارىم 411 - قۇدۇقنىڭ II نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 303 كۇب مېتىر نېفىت، 18 مىڭ 218 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى.

باھالاش، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق نېفىتلىكنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسى II نېفىت گورىزونتىدا قېلىنلىقى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان نېفىت، گاز قاتلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندى.

2) ئوتتۇرا تارىم 10 - ۋە 6 - قۇدۇقلىرىنىڭ تاش كۆمۈر سىستېمىسى II نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە سىلور سىستېمىسى، ئوردوۋىك سىستېمىسى قاتلاملىرىدا نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى. ئوتتۇرا تارىم 10 - قۇدۇقنىڭ II نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 231.48 كۇب مېتىر نېفىت ئېلىندى، ئوتتۇرا تارىم 6 -

قۇدۇقنىڭ I نېفىت گورىزونتى ئۆلچەپ سىنالغاندا، كۈنىگە 60 مىڭ 475 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ۋە ئاز مىقداردا قېتىشقان نېفىت ئېلىنىدى. ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شىمالىدىكى ئوتتۇرا تارىم 101 - قۇدۇقنىڭ I نېفىت گورىزونتىدىن كۈنىگە 200 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 250 مىڭ كۇب مېتىر قېتىشقان نېفىت چىقىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ يەر قاتلىمى قورشالمىسىدىكى نېفىت گاز ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بايقىلىشى چوڭ مەيدان بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى تەكشۈرۈش ساھەسى بىلەن تەمىنلىدى.

2. شىمالىي تارىم رايونىدا. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 29 تەكشۈرۈش قۇدۇقى ۋە باھالاش قۇدۇقى بۇرغىلىنىپ پۈتكۈزۈلدى. 11 قۇدۇقنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

1) بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسىدىكى تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈشتە كەڭ كۆلەملىك مول ھوسۇل قولغا كەلتۈرۈلدى. ياقا، يېڭىمەھەللە 7 - نومۇرلۇق، «قىزىل بايراق» تىن ئىبارەت ئۈچ يېرىق تۈزۈلمە بەلباغدا سەككىز نېفىت تەركىبلىك تۈزۈلمە بايقالدى.

① ياقا 3 - قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ياقا تۈزۈلمە بەلبېغىدا زور بۆسۈش بولدى. ياقا 3 - قۇدۇقنىڭ تۆۋەنكى 3 - سىستېمىدا ئۆلچەپ سىناق قىلىنغاندا، كۈنىگە 110 كۇب مېتىر نېفىت، 160 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى، يەنە بۇ قۇدۇقنىڭ يۇقىرىقى 3 - سىستېمىسى جىگدىلىك گورىزونتى ۋە يۇرا سىستېمىسىدىمۇ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى. ياقا 4 - قۇدۇقنىڭ جىگدىلىك گورىزونتىدىنمۇ كۈنىگە 39 كۇب مېتىر قېتىشقان نېفىت، 25 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز چىقىدىغان سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ تۈزۈلمە بەلباغدا بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان ياقا 1 -، 2- 6 - تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ نىشانىدىكى قاتلام، سىستېمىلىرىنى بۇرغىلىغاندا ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى، پۈتۈن بەلباغدا تەبىئىي گاز زاپىسى نەچچە ئون مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى.

② يېڭىمەھەللە 17 -، 19 -، 21 - قۇدۇقلىرىنىڭ تۆۋەنكى 3 - سىستېمىسىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، يېڭىمەھەللە 7 - يېرىق تۈزۈلمە بەلبېغىدىكى نېفىت، گاز تەركىبلىك كۆلەم ئۈزلۈكسىز غەربكە كېڭەيتىلدى. يېڭىمەھەللە 17 - قۇدۇقنىڭ تۆۋەنكى 3 - سىستېمىسىنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، كۈنىگە 106.5 كۇب مېتىر نېفىت، 266 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى؛ يېڭىمەھەللە 19 - قۇدۇقىدىن كۈنىگە 48 كۇب مېتىر نېفىت، 188 مىڭ 600 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى.

③ «قىزىل بايراق» يېرىق تۈزۈلمە بەلبېغىدا بۇرغىلانغان ئۈچ تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭىمەھەللە 6 - قۇدۇقنىڭ يۇقىرىقى 3 - سىستېمىسى ۋە تۆۋەنكى 3 - سىستېمىنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، كۈنىگە 96.4 كۇب مېتىر نېفىت، 100 مىڭ كۇب مېتىر ۋە 26 مىڭ 500 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى؛ «قىزىل بايراق» 1 - قۇدۇقنىڭ تۆۋەنكى 3 - سىستېمىسىنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، كۈنىگە 376 كۇب مېتىر نېفىت، 55 مىڭ 700 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى؛ دۆڭقوتان 12 - قۇدۇقنىڭ بەش قاتلام سىستېمىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى سېزىلدى، تۆۋەنكى 3 - سىستېمىنىڭ ئىككى قاتلىمىنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، بىرىدىن كۈنىگە 196.8 كۇب مېتىر نېفىت، 160 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، يەنە بىرىدىن كۈنىگە 175 كۇب مېتىر نېفىت، 172 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى.

2) شىمالىي تارىم كۆتۈرۈلمىسى ئوردوۋېك سىستېمىسىغا باھا بېرىشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدى. سانتام ئۆزۈك گورىست بەلبېغى ۋە يېڭىمەھەللە 2 - دۆم پۈرمە ئوردوۋېك سىستېمىسىنىڭ نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بەش باھالاش قۇدۇقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى ياكى ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. «ئازادلىق» ئۆستەڭ 126 - قۇدۇقنىڭ ئوردوۋېك سىستېمىسىنى ئۆلچەپ سىنىغاندا، كۈنىگە 67 كۇب مېتىر نېفىت، 295 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىدى؛ يېڭىمەھەللە 201 - قۇدۇقنى ئوتتۇرىلىقتا ئۆلچەپ سىنىغاندىمۇ 12.75 كۇب مېتىر سانائەت نېفىت ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، رايون دائىرىسىدە كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈپ بۇرغىلانغان ئالتە قۇدۇقنى ۋە دۆڭقوتان تۈزۈلمە بەلبېغىنى دوملىما تەكشۈرۈشتىمۇ يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## فىزىكىلىق نېفىت تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1993 - يىلى تارىم نېفىت بىرلەشمە جېڭىدە جەمئىي 36 فىزىكىلىق تەكشۈرۈش مەشغۇلات ئەترىتى ئىشقا سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر تەۋرىتىش ئەترىتى 28 (27 سى ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئەترىتى، بىرى ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئەترىتى)، «VSP» (ۋېرتىكال يەر تەۋرىتىپ قۇدۇق ئۆلچەش) ئەترىتى ئىككى، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش ئەترىتى ئۈچ، يىراقتىن سەزگۈچى ئەترەت بىر، نازۇكلۇقى يۇقىرى ئېغىرلىق كۈچى ئەترىتى ئىككى، مۇشۇ بىر

يىلدا ئۇلار ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ ئۆلچىگەن لىنىيە 27 مىڭ 702.28 كىلومېتىر؛ ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ ئۆلچىگەن كۆلەم 221.1 كۋادرات كىلومېتىر. مۇشۇ بىر يىلدا 346 مىڭ 346 نۇسخا يەر تەۋرىتىش خاتىرىسى ئېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك ماتېرىيال بولۇش نىسبىتى 80.4% كە، 2 - دەرىجىلىك ماتېرىيال بولۇش نىسبىتى 19.4% كە يەتتى. 21 قۇدۇق «VSP» ئارقىلىق ئۆلچەندى، قۇدۇق ئورنى 154 قۇدۇق (قېتىم) ئۆلچەندى، كۆچا ئولتۇرۇشمىسىدىكى 4653 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە 1:50000 ماسشتابلىق يۇقىرى ئېنىقلىقتا ئۆلچەندى ۋە ئوتتۇرا تارىم رايونىدىكى 8800 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ماشىنا بىلەن يىراقتىن ئۆلچەندى. يىللىق ئىش مىقدارى 1000 كىلومېتىردىن ئاشقان ئەترەتلەر 16 گە يەتتى، يىللىق ئىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان 2207 - ئەترەتنىڭ 1783.25 كىلومېتىرغا يەتتى.

1993 - يىلى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق 57 تۈزۈلمە، 2033.17 كۋادرات كىلومېتىر قورشالما بايقالدى؛ كۆلىمى 1726.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 40 قورشالما يېڭىباشتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بولۇپمۇ رايون دائىرىلىك تۈزۈلمىلەردىن داۋانچىي، قاراسۇ، پۇخۇي، بالىيەنزى، چۆلمەھەللە، مانەن 1 -، تاخېبېي 2 - ۋە ئوتتۇرا تارىم 10 - ئانتىكلىنال بەلبېغى، يېڭىمەھەللە 7 - يېرىق تۈزۈلمە بەلباغ، ياقا يېرىق تۈزۈلمە بەلبېغىدىكى بەزى تۈزۈلمىلەر بايقىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نىشان بىلەن تەمىنلىدى.

ليۇ ۋېنشباڭ

قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى

تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈشتە 1993 - يىلى جەمئىي 45 بۇرغىلاش ستانوكى ئىشقا سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە 9000 مېتىر بۇرغىلاش ستانوكىدىن بىرى، 7000 مېتىر بۇرغىلاش ستانوكىدىن سەككىزى، 6000 مېتىر بۇرغىلاش ستانوكىدىن 36 سى بار). بىرلەشمە جەڭگە قاتناشقان ئورۇنلار بويىچە ئايرىغاندا، شىنجاڭ بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى ئالتە، سىچۈەن بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى 11، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى 11، شىمالىي جۇڭگو بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى سەككىز، «غالىبىيەت» بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى سەككىز، داچىڭ بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ ستانوكى بىر. بۇنىڭدىن باشقا، نېفىت سىناش ستانوكىدىن يەتتىسى بار. يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇرغىلاش ستانوكلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: شىمالىي تارىم رايونىدا 27، ئوتتۇرا تارىم رايونىدا ئون، باشقا رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىدا سەككىز.

مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 77 قۇدۇق بۇرغىلاندى (1992 - يىلى بۇرغىلىنىپ بولمىغان 21 قۇدۇق بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ 59 ى تەكشۈرۈش قۇدۇقى، 18 ى ئېچىش قۇدۇقى، 57 قۇدۇق بۇرغىلىنىپ بولدى. ئومۇمىي بۇرغىلاش مېتىراژى 289 مىڭ 65 مېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا كېرىن ئېلىش ئۈچۈن بۇرغىلانغان مېتىراژ جەمئىي 5287 مېتىر بولۇپ، كېرىننىڭ ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقى 5000.21 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە كېرىن ئېلىنىش نىسبىتى 94.6% كە يەتتى، ئېلىنغان ھەرخىل نېفىت تەركىبلىك كېرىننىڭ ئۇزۇنلۇقى 1222.64 مېتىر بولدى.

1993 - يىلى بۇرغىلىنىپ بولغان تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 5135 مېتىر بولدى. ھەر بىر بۇرغىلاش ستانوكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق بۇرغىلاش سۈرئىتى 860 مېتىر، مېخانىزمىنىڭ سائەتلىك ئوتتۇرىچە بۇرغىلاش سۈرئىتى 3.3 مېتىر بولدى. ئۈنۈملۈك بۇرغىلاش ۋاقتى پۈتۈن بۇرغىلاش ۋاقتىنىڭ 88.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژىنى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشۇرغان بۇرغىلاش ئەترەتلىرى تۆت، «غالىبىيەت» بۇرغىلاش شىركىتى 6061 - ئەترىتىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇپ، قۇدۇق 12 مىڭ 261 مېتىرغا يەتتى. تەكشۈرۈش رايونىدا ئەڭ تېز بۇرغىلانغان قۇدۇقلار دۆڭقوتان 1 -، 4 -، 8 - قۇدۇقلىرى بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 6180 مېتىر، بۇرغىلىنىش مۇددىتى 82.2 كۈن، پۈتكۈزۈلۈش مۇددىتى 98.3 كۈن بولدى. ئەڭ تېز بۇرغىلانغان تەكشۈرۈش قۇدۇقى دۆڭقوتان 401 - قۇدۇق بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 6200 مېتىر، بۇرغىلىنىش مۇددىتى 127 كۈن، پۈتكۈزۈلۈش مۇددىتى 136 كۈن بولدى. دۆڭقوتان رايونىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇقلارنى بۇرغىلاش سۈرئىتى، دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

1993 - يىلى تارىم نېفىت بىرلەشمە جېڭىدە 32 قۇدۇقنى بۇرغىلاشتا خەۋەردار چاقىرىلىپ، «كۆندىلىك خىراجەت تۈزۈمى»، «پۈتۈن قۇدۇقنى ھۆددىگە بېرىش» ۋە «باسقۇچقا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش» شەكىللىرى قوللىنىلىپ، بۇرغىلاش سۈرئىتى ۋە سۈپىتى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى.

ليۇ ۋېنشباڭ

نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ۋە كان رايونى قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى تارىم تەكشۈرۈش رايونى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 740 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئاساسلىقلىرى 70 سىستېما قۇرۇلۇشى، 11 ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇش، 16 ياردەمچى قۇرۇلۇش، 53 خەلق ئىشلىرىغا كېرەكلىك قۇرۇلۇش، ئون مۇھىم ئاسراش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر يىلدا

ئۇلاردىن 113 ى پۈتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا شىمالىي تارىم رايونىدا 20 مىڭ 922 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىنىپ، 13 مىڭ 481 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم پۈتكۈزۈلدى، 345 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئوتتۇرا تارىم رايونىغا 125 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تۇرمۇش بازىسىدا 140 مىڭ 764 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىنىپ، 91 مىڭ 287 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم پۈتكۈزۈلدى، 171 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئارقا سەپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا 6700 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىنىپ 6501 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم پۈتكۈزۈلدى، 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ باشقا تۈرلەرگە 73 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن پۈتكۈزۈلگەنلىرى مۇنۇلار: سانتام، «ئازادلىق» ئۆستىڭى شەرقىي نېفتلىكلىرىنىڭ500 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي بۇگۇر نېفتلىكىنىڭ 1 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، نېفتلىكتىكى 149.8 كىلومېتىرلىق توك ئۆزىتىش ترانسفورماتور لىنىيىسى، جەنۇبىي بۇگۇر نېفتلىكىدىن دۆڭقوتان نېفتلىكىگىچە ياتقۇزۇلغان 93.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نېفت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار؛ تېخى پۈتكۈزۈلمىگەن قۇرۇلۇشلار مۇنۇلار: دۆڭقوتان نېفتلىكىنىڭ 600 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرۇلۇشى، 540 يوللۇق رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى. ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق نېفت تاشيولى قۇرۇلۇشى (مۇشۇ بىر يىلدا 130 كىلومېتىرغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، جەمئىي 157 كىلومېتىرى ياسالدى)، بۇگۇر - كۇچا نېفت ئاققۇزۇش تۇرۇبا لىنىيىسىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى پونكىتلىرىدىكى 6 × 50000 كۇب مېتىرلىق نېفت ساقلاش باكى قۇرۇلۇشى.

1993 - يىلى تارىم تەكشۈرۈش رايونىدا يىلىغا 1 مىليون توننا نېفت ئىشلەپچىقىرالايدىغان قۇرۇلۇش باشلىنىپ، يىلىغا 400 مىڭ توننا نېفت ئىشلەپچىقىرالايدىغان قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 2 مىليون 100 مىڭ توننا نېفت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى.

لىيۇ ۋېنشياڭ

## نېفتلىكنى ئېچىش، نېفت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۆتكەش، سېتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى تارىم نېفت بىرلەشمە جىڭدە رەسمىي ئېچىلىشقا باشلىغان نېفتلىكلەر: جەنۇبىي بۇگۇر نېفتلىكى، سانتام نېفتلىكى، «ئازادلىق» ئۆستىڭى شەرقىي نېفتلىكىدىن ئىبارەت. سىناپ نېفت ئېلىشقا كىرىشتۈرۈلگەن نېفتلىكلەر دۆڭقوتان نېفتلىكى، ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق نېفتلىكى ۋە يىڭىمەھەللە نېفتلىكىدىن ئىبارەت. يىل ئاخىرىغىچە نېفت قۇدۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 101 گە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 72 گە، بۇ قۇدۇقلارنىڭ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 6500 توننىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 1 مىليون 600 مىڭ 500 توننا نېفت ئىشلەپچىقىرىلىپ، نېفت مىقدارى جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇرۇقلۇق نېفتلىكلىرى بويىچە 16 - لىكتىن 11 - لىككە ئۆتتى.

بۇگۇر - كۇچا تۇرۇبا لىنىيىسىدە مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 437 مىڭ 800 توننا نېفت ئاققۇزۇلدى، سىرتقا 1 مىليارد 440 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 1 مىليون 453 مىڭ 951 توننا نېفت سېتىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 126.57% ئارتۇق.

لىيۇ ۋېنشياڭ

## گېئولوگىيىلىك تەتقىقات

1993 - يىلى تارىم نېفتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش شتابىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفتنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاساسىي قانۇنىيىتى ۋە نېفت، گاز تەركىبلىك رايون - بەلباغلارغا بولغان تونۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتى.

1. ئوتتۇرا تارىم رايونى يەنىلا يېقىنقى مەزگىلدە «چوڭ مەيدان» ئىزدەشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى. 1993 - يىلى ئوتتۇرا تارىمنىڭ تۆۋەنكى كۆتۈرۈلمىسى «چوڭ مەيدان»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى قىلىنىپ، مەركىزىي ئۈزۈك گورست ئانتىكلىنال بەلباغنى پۈتۈن پېتى كېسىش ۋە جەنۇب ھەم شىمالدىكى يانتۇلۇقنى تەكشۈرۈش خىزمىتى نۇقتىلىق تۇتۇلدى.

1) ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق 100 مىليون توننىلىق نېفتلىكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق 100 مىليون توننىلىق نېفتلىكنى باھالاش، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنۇلار ئېنىقلاندى: تاش كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ II نېفت گورۇپپىسى ئىلگىرى غايەت زور قەدىمكى نېفت ئۇۋىسى بولۇپ، زاپىسى تەخمىنەن نەچچە يۈز مىليون توننا، ئۇنىڭ نېفت - سۇ چېگرىسى دېڭىز يۈزىدىن 2610 مېتىر ئەتراپىدا تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا تارىم 401 -، 402 - ئېگىزلىك نۇقتىلىرى بىرلىككە كەلگەن نېفت - سۇ چېگرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ھازىرقى نېفت - سۇ چېگرىسىنىڭ ئاستىدىكى قىسمەن قەدىمكى نېفت قاتلىمىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا 100 مىليون توننىدىن ئوشۇق زاپاس بار.

2) ئوتتۇرا تارىمنىڭ تۆۋەنكى كۆتۈرۈلمە شىمالىي يانتۇلۇقىدا بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا تارىم رايونىدىكى نېفىت تەركىبلىك تۇزۇلمىنىڭ جايلىشىش دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 110 كىلومېتىر سوزۇلىدىغانلىقى، نېفىت قاتلىمىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقىنىڭ 670 مېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئوتتۇرا تارىم 10 - قۇدۇقنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرا تارىمنىڭ تۆۋەنكى كۆتۈرۈلمە شىمالىي يونتۇلۇق بەلبېغىدىكى تۆۋەنكى كۆتۈرۈلمە شىمالىي يانتۇلۇق بەلبېغىدىكى قىسمەن تۇزۇلمىلەرنىڭ زەنجىرسىمان بەلباغ بولۇپ يېتىلىدىغان تۇزۇلمە ئورنى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە نىشاندىكى قاتلام - سىستېمىلار كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆڭقوتان قۇم جىنسىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئوتتۇرا تارىم 6 - قۇدۇقىدىن دۆڭقوتان قۇم جىنسلىق يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز قاتلىمى بايقىلىپ، دۆڭقوتان قۇم جىنسى ئۈچىنىڭ يوقىلىش سىزىقىنىڭ ئورنى ۋە تارقىلىش دائىرىسىگە بولغان تونۇشتا سەكرەش ھاسىل بولۇپ، ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقىنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي، شىمالىدىكى رايونلاردا دۆڭقوتان قۇم جىنسى يوق دېيىلىدىغان «چەكلەنگەن رايون» بۇزۇپ تاشلاندى، دۆڭقوتان قۇم جىنسى ئوراپ تۇرغان ئوردوۋىك سىبرىيىسىگە تەۋە يوشۇرۇن تاغ «يالغۇز ئارال» نىڭ خۇددى «پەرتۇق» تەك جايلىشىپ يەر قاتلىمىدا بىماس دەستىلەنگەن نېفىت - گاز ئۆۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن دۆڭقوتان قۇم جىنسىنى تەكشۈرۈش ساھەسى كېڭەيدى.

3) مەركىزىي ئۆزۈك گورست ئانتىكلىنال بەلبېغىنىڭ شەرقىي ئۈچىدا يەنە ئوتتۇرا تارىم 4 - نومۇرلۇق، 6 - نومۇرلۇق، 1 - نومۇرلۇق نېفىت - گاز تەركىبلىك تۇزۇلمىلەر، تۆت ئېگىزلىك نۇقتىسىدىن تۇزۇلگەن نېفىت، گازلىقلار توپى شەكىللەنگەن، ئۇ دەل ئوتتۇرا تارىم 10 - ئانتىكلىنال بەلباغ، مەركىزىي ئۆزۈك گورست ئانتىكلىنال بەلباغ ۋە ئوتتۇرا تارىم 1 — 7 - يوشۇرۇن تاغ بەلباغلىرى كېسىشكەن «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك بەلباغ» قا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر نېفىت - گازنىڭ زاپىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان رېئال رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسى - كەڭ كۆلەمدىكى تەبىئىي گاز توپلانغان رايون. بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسىدە ئۈچ رەت توققۇز ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېراسى ئۆزۈك تۇزۇلمە بەلبېغى بايقالدى. ئۇنىڭدىكى نېفىت، گازنىڭ مول توپلىنىش قانۇنىيىتى ۋە نېفىت يىغىش ئاماللىرىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل قاراش ھاسىل قىلىندى: 1) رايون ئىچىدىكى يۇقىرىقى 3 - سىستېما جىگدىلىك گورۇپپىسى ۋە تۆۋەنكى 3 - سىستېمىنىڭ ئېگىدە قۇم جىنسىنىڭ جايلىشىشى كەڭرى، زاپاس بىلەن قاپلىنىشىنىڭ بىرىكىشى ياخشى، بويىغا تەكشۈرگەندە نىشاندىكى قاتلام، سىستېمىلار كۆپ؛ 2) ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېراسىدىكى نېفىت، گازنىڭ جايلىشىشى رايون دائىرىلىك تۇزۇلمىنىڭ تىزگىنلىشىگە قاتتىق ئۇچرىغان. ھازىر ئۈچ تۇزۇلمە بەلباغدا تىزگىنلىنىپ بايقالغان نېفىت، گاز تەركىبلىك سەككىز تۇزۇلمە يېرىق بەلباغ بويلاپ جايلاشقان، 2 - دەرىجىلىك يېرىق تۇزۇلمە بەلباغ نېفىت، گاز ئۆۋىسىنىڭ جايلىشىشىنى تىزگىنلىگەن؛ 3) ئۆزۈك قاتلامنىڭ ئۆزۈلگەن ئارىلىقى تۇزۇلمە كۆلىمى ۋە نېفىت، گاز تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسىنى تىزگىنلىگەن. 4) قىسمەن تۇزۇلمىلەر رەت - رەت بولۇپ جايلاشقان ھەمدە ئۆزۈك قاتلامنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن قانتىنى شەكىللەندۈرگەن «تەتۈر يۆنىلىشلىك ئۆگىزە»لىك ئۆزۈك ئانتىكلىنال. ئۆزۈك تۇمشۇق، ئۆزۈك بۆلەك قاتارلىقلار نېفىت، گازنىڭ توپلىنىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق؛ 5) بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسىنىڭ تۆۋەندىكى 3 - سىستېمىسىدا نېفىت، گازنىڭ توپلىنىشىدا ئوتتۇرا غەربىي بۆلىكى شەرقىي بۆلىكىگە قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە، ئوتتۇرا غەربىي بۆلىكى زاپاس قاتلامنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، زاپاس بىلەن قاپلىنىشنىڭ بىرىكىشى، نېفىت مەنبەسى، ھەرىكەتلىنىشى قاتارلىق شارائىتى جەھەتتە شەرقىي بۆلىكىگە قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە. پەقەت بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسىدىكى يېڭىمەھەللە 7 -، ياقا، يانتاق قاتارلىق ئۈچ يېرىق تۇزۇلمە بەلبېغىنى تەخمىنىي ھېسابلىغاندا، تەبىئىي گازنىڭ زاپىسى 110 مىليارد كۇب مېتىر بولۇشى مۇمكىن، دەپ مۆلچەرلەندى. بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بۇگۇر كۆتۈرۈلمىسىدىكى ئوتتۇرا، يېڭى ئېرانىڭ كەڭ كۆلەمدىكى تەبىئىي گاز مول توپلانغان بەلباغ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

3. بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئويمانلىقتا رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھەم بايلىقنى باھالاش ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىدا ئاساسەن ئۈچ چوڭ نېفىت مەنبەلىك رايون، يەتتە يورۇش چوڭقۇر كۆمۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك زاپاس قاتلام بارلىقى، ئويمانلىقتا نېفىت، گاز بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە چوڭ نېفىتلىك ئىزدەشتىكى ئاساسلىق يەتتە تىرىشىش يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قەدىمكى ھايات ئېراسىدىن ئوتتۇرا ھايات ئېراسىغىچە تارىم ئويمانلىقىدا مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق نېفىت مەنبەلىك رايون بار: 1) مەنجار ئولتۇرۇشمىسىنىڭ ئۈستىنكى ئوردوۋىك سىبىرىيىسى - ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى قاتلاملىق تۆۋەنكى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا مەنسۇپ نېفىت مەنبەلىك رايون؛ 2)

غەربىي جەنۇبىي گۈلتۈرۈشما تاش كۆمۈر، پېرم سىستېمىسى — ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى قاتلاملىق ئۈستۈنكى قەدىمكى ھاياتى ئېراسىغا مەنسۇپ نېفىت مەنبەلىك رايون؛

3) كۇچا گۈلتۈرۈشمىسى - يۇرا - ترىئاس سىستېمىسى ئاساسلىق نېفىت مەنبەسى قاتلاملىق ئوتتۇرا ھاياتى ئېراسىغا مەنسۇپ نېفىت مەنبەلىك رايون. بۇنىڭدىن باشقا، تارىم ئويمانلىقىدا كەڭ دائىرىدە يېتىلگەن كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 4000 — 6000 مېتىر كېلىدىغان 3 - سىستېمىدىن يۇر، يۇرا، ترائىاس، پېرم، تاش كۆمۈر سىستېمىسى ۋە سىلۇر سىستېمىسىنىڭ كۆپ كاۋاكلىق كۆپ سىڭىشلىق كۋارتس قۇمتاشلىق يەتتە يۈرۈش زاپاس توپلانغان قاتلام بار، ئورغۇنلىغان تەتقىقاتلاردا بۇ چوڭقۇر كۆمۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك زاپاس قاتلاملار ئىپتىدائىي كاۋاك تىپلىق ياكى ئىپتىدائىي كاۋاكنى ئاساس قىلغان زاپاس توپلانغان قاتلام دەپ ھېسابلاندى. تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز بايلىقىنى 2 - قېتىم باھالاش نەتىجىسى تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز بايلىقىنىڭ ئىنتايىن مول بولۇپ 19 مىليارد 150 مىليون توننىغا، ئارىلىق قىممىتىنىڭ 12 مىليارد 160 مىليون توننىدىن 29 مىليارد 630 مىليون توننىغىچە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتنىڭ 10 مىليارد 760 مىليون توننا، تەبىئىي گازنىڭ 839 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن، ھازىر ئويمانلىقنى تەكشۈرۈش سەۋىيىسى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن، گېئولوگىيىلىك ئەھۋال بەك مۇرەككەپ بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە تىزگىنلەنگەن زاپاس نېفىت، گازنىڭ كەلگۈسى مىقدارىنىڭ پەقەت 3.3 ۋە 1.8 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. قالغان بايلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. بايلىقنى باھالاش ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتقا ئاساسەن، چوڭ نېفىتلىك ئىزدەيدىغان يەتتە يۆنىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار: ئوتتۇرا تارىم كۆتۈرۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يانتۇلۇق، مەكىت يانتۇلۇقى، شىمالىي تارىم كۆتۈرۈلمىسىدىكى يېڭىمەھەللە يانتۇلۇقى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى يانتۇلۇقلار، شەرقىي تارىم كۆتۈرۈلمىسىدىكى غەربىي يانتۇلۇق، جەنۇبىي تارىم كۆتۈرۈلمىسىدىكى غەربىي يانتۇلۇق، كۇچا ئالدىنقى قۇرۇقلۇق تەتۈر ئۆزۈلگەن بەلباغ ۋە ئالدىنقى گىرۋەكتە كۆتۈرۈلگەن كېرىلمە تۈزۈلۈشلۈك بەلباغ، غەربىي - جەنۇبىي تارىم تەتۈر ئۆزۈلگەن بەلباغلاردىن ئىبارەت. ئوتتۇرا تارىم كۆتۈرۈلمىسى - يەنىلا چوڭ نېفىت، گازلىق ئىزدىلىدىغان، يېقىنقى مەزگىلدە زاپاس ئېلىنىدىغان ئاساسىي جەڭ مەيدانى.

ليۇ ۋېنشىڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1993 - يىلى تارىم نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى كۆپەيتكەن پەن - تېخنىكىدا سىرت بىلەن ھەمكارلىشىش توختامى 31، ئومۇمىي توختام سوممىسى 4 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولدى، ئىمزالانغان توختام جەمئىي 137 بولۇپ، بۇنىڭ يەتتىسى ئىجرا قىلىنىپ بولدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان توختام ماتېرىياللىرى جەمئىي 71 تۈر بويىچە746 نۇسخا بولدى. تۆلەنگەن توختام سوممىسى 4 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولدى. 1993 - يىلى قوماندانلىق شتابىنىڭ پىلانغا كىرگۈزۈلگەن پەن - تەتقىقات تۈرى 75 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز بايلىقى تەتقىقاتى» دىكى 3 - دەرىجىلىك تېمىلار بويىچە كىرگۈزۈلگەن تۈر 29، باش شىركەتنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى سەككىز، قوماندانلىق شتابىنىڭ تەتقىقات تېمىسى 38. يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشتىكى نۇقتىلىق تۈر سەككىز. قوماندانلىق شتاب ئاجرىتىپ بەرگەن پەن تەتقىقات خىراجىتى 10 مىليون يۈەن، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىراجىتى 3 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا تارىم تەكشۈرۈش رايونىدا جەمئىي 270 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ تۆتى باش شىركەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت گاز بايلىقى (85 — 101)» نى تەتقىق قىلىشتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 8 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەرنى ئويۇشتۇرۇپ ئوتتۇرىلىقتىكى نەتىجىلەرنى باھالىدى، باسقۇچلۇق نەتىجىلەردىن 128 ى تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئونى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 12 سى تارىمدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىپ، ئويمانلىق تۈزۈلمىسى، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيە قاتارلىق 15 جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇملۇق نېفىت تاشيولى 157 كىلومېتىر ياسىلىپ بولدى ھەمدە 110 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىن يەنە 2 - ئىككى كىلومېتىرلىق بۆلەكتە سىناق ئېلىپ بېرىلدى. قۇملۇق تاشيولىنىڭ لىنىيىسىنى تاللاش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش، يول ياساش ماتېرىياللىرى، يول يۈزى تۈزۈلمىسى ئۇلنى مۇستەھكەملەش، قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى، يول ئاسراش تېخنىكىسى، يول بويىدىكى گىدرولوق قۇرۇلۇشنىڭ گېئولوگىيىلىك تەتقىقاتى، مۇھىتنىڭ تەسىرىنى باھالاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلاردىمۇ زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە تۇنجى يېڭى تېخنىكىلار قوللىنىلدى. يول ياساش ماتېرىيالى، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە قۇمنى

تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتىمۇ دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

1993 - يىلى تارىمدا 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تۈرى چوڭقۇر قۇدۇقنى ياخشىلاپ بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى، نېفىت، گاز قاتلىمىنى ئاسراش ۋە قۇدۇقنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى، چوڭقۇر قۇدۇقنى مۇستەھكەملەش ھۈنەر تېخنىكىسى، چوڭقۇر قۇدۇق تېمىنىڭ مۇقىملىقىنى تەتقىق قىلىش، شورتاڭ قاتلامنى بۇرغىلاش ھۈنەر تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت مەخسۇس تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئون تۈردە تەتقىقات نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، 17 تۈردە باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ نەتىجىلەر تارىمدىكى چوڭقۇر قۇدۇق، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش ھۈنەر تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش سەۋىيىسىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزدى، 90 - يىللاردىكى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىتلىكتە چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى، ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق نېفىتلىكىنى ئېچىش ۋە قۇملۇق نېفىتلىكنى باشقۇرۇشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلدى.

لىيۇ ۋېنشېڭ

## تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى

### نېفىت - گاز تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى

1993 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشتا ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ ئۆلچەنگەن كەسمە يۈز 7649.8 مېتىرغا، يەر ئۈستىدە فىزىكىلىق، خىمىيىلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەنگەن كۆلەم 4223 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، تارىختا يېڭى رېكورت يارىتىلدى. پىچان يايسىمان تۈزۈلمە بەلبېغى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. باقا رايون بۆلىكىنىڭ شەرقىي قانىتىنى تەكشۈرۈش كېڭەيتىلىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئىككى كىچىك ئۆزۈك بۆلەك بايقالدى؛ خوڭخۇ رايون بۆلىكىنى تەكشۈرۈش يەنە كېڭەيتىلىپ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى؛ ساكاڭ تۈزۈلمىسى ئالدىن تەكشۈرۈلگەندە سانائەت نېفىت ئېقىمى كۆرۈلدى. غەربىي قىسمىدا يېڭى رايون - بەلباغ، يېڭى قاتلام سىستېمىلارنى تەكشۈرۈشتە مۇنداق بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى: شىمالىي سىڭگىم 2 - دەرىجىلىك ئولتۇرۇشمىسىنىڭ شىمالىي ئۈزۈمچىلىك تۈزۈلمە بەلبېغىدىكى شىمالىي ئۈزۈمچىلىك 1 - قۇدۇقنى ئالدىن تەكشۈرۈلۈپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت، گاز ئېقىمى قولغا كەلتۈرۈلدى. قارايۈزى تۈزۈلمە بەلبېغى ئالدىن تەكشۈرۈلۈپ، چالا كارىز نېفىت تەركىبلىك تۈزۈلمە بايقالدى؛ شىمالىي سىڭگىم تۈزۈلمە بەلبېغىدا بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان سىڭگىمتاي پارامېتىر 2. قۇدۇقىدا نېفىت، گاز ئالامەتلىرى بايقالدى؛ جەنۇبىي سىڭگىم تۈزۈلمە بەلبېغىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق جەنۇبىي سىڭگىم ئىلاھ بۆلىقىدىن ئىبارەت نېفىت، گاز تەركىبلىك ئىككى تۈزۈلمە بايقالدى. ياخشى نېفىت تەركىبلىك مەنزىرە نامايان بولۇپ، 9. بەش يىللىق پىلاندىكى زاپاسنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىلدى.

جېن ياۋ

سۈي جىڭيۇ

### قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى تۇرپان - قۇمۇلدا نېفىت تەكشۈرۈش ئۈچۈن جەمئىي 44 بۇرغا ستانوكى ئىشقا سېلىندى، بۇرغىلاش باشلانغان قۇدۇق 272، پۈتكۈزۈلگىنى 273 بولۇپ، قۇدۇق بۇرغىلاش مېتىراژى 762 مىڭ 700 مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 46 تەكشۈرۈش قۇدۇقىنى بۇرغىلاش باشلاندى، 47 قۇدۇق پۈتتى، بۇرغىلاش مېتىراژى 136 مىڭ 600 مېتىرغا يەتتى؛ 226 ئېچىش قۇدۇقىدا بۇرغىلاش باشلاندى، 226 قۇدۇق پۈتكۈزۈلدى، بۇرغىلاش مېتىراژى 626 مىڭ 100 مېتىرغا يەتتى. ھەر بىر بۇرغىلاش ستانوكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق سۈرئىتى 2538.91 مېتىرغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.6 ئاشتى، مېخانىزمنىڭ ئوتتۇرىچە بۇرغىلاش سۈرئىتى 7.7 مېتىرغا يېتىپ 1992 - يىلدىكىدىن %13.2 ئاشتى. ئوتتۇرىچە قۇدۇق بۇرغىلاش مۇددىتى 14.06 كۈن، قۇدۇق پۈتكۈزۈش مۇددىتى 14.23 كۈن قىسقاردى. 26 بۇرغىلاش ئەترىتى يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژىنى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشۇردى، تۆت بۇرغىلاش ئەترىتى يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژىنى 20 مىڭ مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئالتە بۇرغىلاش ئەترىتى يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژىنى 30 مىڭ مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتتى. يۇمېن 32852 - بۇرغىلاش ئەترىتى يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژىدا 40 مىڭ مېتىرلىق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدىكى ئەترەتلەرنىڭ يىللىق بۇرغىلاش مېتىراژى تارىخىدا يېڭى رېكورت ياراتتى. قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، بۇرغىلاپ

يۈتكۈزۈلگەن قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى ۋە سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى؛ 244 قۇدۇقنىڭ نېفىت قاتلاملىرىنى مۇستەھكەملەشتە بىر قېتىمدا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 97.98% كە، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.66% كە يەتتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا كېرىپ ئېلىش مېتراژى 2270.56 مېترغا، ئوتتۇرىچە كېرىپ ئېلىش نىسبىتى 97.07% كە يەتتى؛ قۇدۇق تەكتىنىڭ گورىزونتال سىلجىشى تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ قاتتىق تەلىپىگە يەتتى، يۆنىلىشلىك 14 قۇدۇقتىن باشقا، 81.22% قۇدۇقنىڭ تەكتىنىڭ سىلجىشى 50 مېتر ئىچىدە تىزگىنلەندى، 34.74% قۇدۇقنىڭ 30 مېتر ئىچىدە تىزگىنلەندى، يۆنىلىشلىك يەتتە قۇدۇق ئەلا سۈپەتلىك يۆنىلىشلىك قۇدۇق ئۆلچىمىگە يەتتى. 1993 - يىلى بۇرغىلاش سىستېمىسىدىكى 14 خىل ئاساسىي ئىقتىسادىي - تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچتە 1992 - يىلقى رېكورت بۇزۇپ تاشلاندى.

جۇ شياۋلۇڭ

نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى پىچان — مىدىلىق نېفىتلىكىدە 700 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىندى، ھەممىسىنى جەملىگەندە يىلىغا 1 مىليون 580 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى. كۈنىگە 280 مىڭ كۇب مېتر گازنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىسىملىق گاز پونكىتىدىن بىرى، گاز بېرىش پونكىتىدىن ئالتىسى، (نېفىتنى) گاز بىلەن كۆتىرىش تەجرىبە قۇدۇقىدىن 21 ى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كۈنىگە 200 توننا نېفىت ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلدى، پىچان نېفىتلىكىدە يىلىغا 880 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇرۇشلەشتۈرىدىغان ۋە ياخشىلايدىغان يەر يۈزى قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلدى. نېفىت ساقلاش ئىقتىدارى 105 مىڭ كۇب مېتر كېڭەيتىلدى، پىچان نېفىتلىكىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن يۇرۇشلەشتۈرۈلىدىغان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، ساقلاش - قاچىلاش پونكىتى، ئوكسىگېن ئاجرىتىش پونكىتى ۋە نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇش قۇرۇلمىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ سۇ مەنبەسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ پىچان - مىدىلىق نېفىتلىكىدىكى 35 مىڭ ۋولتلۇق توك ئۆزگەرتىش - ترانسفورماتور قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا نېفىتلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا 80 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول ياسالدى، بۇنىڭ 25 كىلومېترىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى؛ ئالدىنقى سەپ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرىدا يەر ئۈستى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش سىستېمىسى قۇرۇلدى؛ ئالدىنقى سەپ ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرىدىكى جامائەت پايدىلىنىدىغان يۇرۇشلەشكەن مۇلازىمەتلەر پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

چېن ياۋ

جۇ شياۋلۇڭ

نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۆتكەش، سېتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە جەمئىي 1 مىليون 151 مىڭ 800 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پىچان نېفىتلىكىدە 915 مىڭ 600 توننا، پىچان - مىدىلىق نېفىتلىكىدە 179 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، ئېدىرلىق، پىچان، مىدىلىق، باغا، خوڭخو قاتارلىق جايلاردىكى سىناپ نېفىت ئالىدىغان 25 قۇدۇقتىن 57 مىڭ 200 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا سىرتقا يۆتكەلگەن ۋە سېتىلغان نېفىت جەمئىي 1 مىليون 61 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 498 مىڭ 100 توننا ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يول ئارقىلىق يۆتكەلگىنى 899 مىڭ 700 توننا، تاشيول ئارقىلىق يۆتكەلگىنى 161 مىڭ 900 توننا.

سۈي جىڭيۇ

جۇ شياۋلۇڭ

يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى ۋە قوللىنىلدى

1993 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە پەن تەتقىقات جەھەتتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تۈرىدىن جەمئىي 44 تۈر (دۆلەت دەرىجىلىك بىر تۈر، باش شىركەت دەرىجىلىك بەش تۈر، قوماندانلىق شتاب دەرىجىلىك 38 تۈر) ئۈستىدە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلۇپ، 42 تۈر ئۈستىدىكى تەتقىقات ئورۇندالدى؛ ئون يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى؛ ئون تۈر ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش داۋامىدا كېڭەيتىش ئىقتىدارى شەكىللەندى ھەمدە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەردى. ئېدىرلىق نېفىتلىكىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنىڭ تۈزۈلۈشى خەلقئارا سەۋىيىگە يېتىپ، باش شىركەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ نېفىت، گاز تەكشۈرۈش، تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان نېفىتلىكنى ئېچىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بۇرغىلاش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ئالتە يۈرۈش ئاساسىي ھۈنەر - تېخنىكا يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى شەكىللەندۈرۈلدى.

1993 - يىلى دۆلەت ئىچىدىكى مۇتەخەسسىس تېخنىكلاردىن جەمئىي 267 سى تەكلىپ قىلىنىپ، پەن تەتقىقات بويىچە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. پەن - تېخنىكا توختىمىدىن 33 ى ئىمزالاندى. 1993 - يىلى تۆت

تور باش شىركەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 85 تور قوماندانلىق شتابىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جۇ شياۋلۇڭ

سۇي جىڭيۇ

## شىمالىي تارىم نېفىت، گاز تەكشۈرۈش بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى

### تارىم ئويمانلىقىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە نېفىت، گاز ئېچىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە نېفىت، گاز ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى بۇ ئىدارە ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 1. 1817 كىلومېتىر كەسمە يۈزى، ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 120.03 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمنى يەر ئېلېكتىر ـ ماگنىت ئارقىلىق 80 فىزىكىلىق نۇقتىنى، سۇنئىي ھەمراھ بىلەن تىزگىنلەش ئارقىلىق 79 نۇقتىنى تەكشۈردى، «VSP» ئارقىلىق بىر قۇدۇقنى ئۆلچىدى، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق 6. 240 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى تەكشۈردى، يەر تەۋرىتىپ ئېلىنغان كونا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ 37. 1150 كىلومېتىر كەسمە يۈزنى تەپسىلىي بىر تەرەپ قىلدى، يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ 02. 1203 كىلومېتىر كەسمە يۈزنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئا»، «ب» دەرىجىلىك كەسمە يۈزلەر %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى بۇرغىلاش مېتراژى 32 مىڭ 99. 470 مېتىر بولدى، سەككىز قۇدۇق بۇرغىلاپ پۈتكۈزۈلدى، ھەر بىر بۇرغىلاش ستانوكىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئۈنۈمى 68. 1993 مېترغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %8. 95 ئاشتى، مېخانىزمنىڭ ئۈنۈمى سائىتىگە 6.5 مېترغا يېتىپ، %8. 31 ئۆستى، ھەر بىر بۇرغىلاش ستانوكىدىن كاشىلا چىقىش ۋاقتى %25 ئازايدى. غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى تارىم ئويمانلىقىدا بۇرغىلاش ئىشلەپچىقىرىشدا يېڭى رېكورت ياراتتى.

قۇدۇق مۇستەھكەملەش مەشغۇلاتى سەككىز قۇدۇقتا 31 قېتىم قۇدۇق مۇستەھكەملىنىپ، قۇدۇق مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %96 كە يەتتى؛ ھەر قاتلامنى ئۆلچەپ سىناش مەشغۇلاتى ئون قېتىم ئېلىپ بېرىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 كە يەتتى، قۇدۇقتا سىناق قىلىش مەشغۇلاتىدا مانومېتىر، ئەۋرىشكە ئالغۇچ قاتارلىق قۇدۇق ئاستى سايمانلىرىنى چىقىرىش ـ چۈشۈرۈش 100 قېتىمدىن كۆپ بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى؛ ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى قۇدۇقتا ئۇلانغان نېفىت تۇرۇبىسىنى تۆشۈك تېشىپ قائىدىلىك چۈشۈرۈش، نورمال تۆشۈك تېشىش ئارقىلىق ئۈچ قۇدۇقتا ئىشلەپچىقىرىش پاكىرى چۈشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

قۇدۇق ئۆلچەش ئەھۋالى قۇدۇق ئۆلچەشتە 11 مىليون 250 مىڭ شەرتلىك مېتىر (بۇ يەتتە قۇدۇقتىكى تۆشۈك تېشىش مەشغۇلاتى 900 مىڭ شەرتلىك مېترغا سۇندۇرۇلدى) ئورۇندالدى.

نېفىت، گاز ئېچىش خىزمىتى سىناق قىلىپ نېفىت ئېلىنىۋاتقان كونا قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، يېڭى قۇدۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق 11 قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق يەتتە نېفىت ئېلىش قۇدۇقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈنى 2036 گە يېتىپ، پىلاندىكىدىن %06. 14 ئاشتى، جەمئىي 269 مىڭ كۇب مېتىر نېفىت، 191 مىليون 746 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. نېفىت مەھسۇلاتى 1992 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا بىر قاتلاندى.

ھەر خىل فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، بۇرغىلاش گېئولوگىيىسى، قۇدۇق پۈتكۈزۈش ۋە نېفىت سىناش، نېفىت، گاز زاپىسى، گېئولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات قاتارلىق جەھەتلەردە جەمئىي 38 نۇسخا نەتىجە دوكلاتى تاپشۇرۇلدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تۆت رايوندا بىر تۈركۈم ھەر خىل قورشالما تۈزۈلمىلەر بايقىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ياقلا ـ بۇگۇر رايونىدىكى بەزى تۈزۈلمىلەرنىڭ دائىرىسى بېكىتىلدى ھەمدە بىر تۈركۈم قۇدۇق ئورنى تونۇرىسىدىكى تەكلىپ تاپشۇرۇلۇپ، شىمالىي تارىمدىكى نېفىت، گاز نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن تاللاشقا بولىدىغان زاپاس بازا ۋە رايون دائىرىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شايارنىڭ غەربىدىكى چوقچىيىپ چىققان قىزىل تۈزۈلمىسىدە بۇرغىلىنىۋاتقان شايار 42 ـ قۇدۇقنىڭ بور سېرىيىسى قاتلىمىنى سىناق قىلىش ئارقىلىق نېفىت، گاز قولغا كەلتۈرۈلدى. پېرم سىستېمىسى بازالت جىنسىنىڭ يوچۇق ۋە

ھاكلىرىدىن پارقىراش ئالامىتى ۋە قىسمەن قۇدۇق بۆلەكلىرىدە گاز ئۆلچىگەندە غەيرى ئالامەتلەر بايقالدى، ئۆلچەپ سىناش ئارقىلىق ئاز مىقداردا نېفىت، گازنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن شايارنىڭ غەربىدىكى كۆتۈرۈلمە بەلبېغىدا نېفىت، گازنىڭ بېغىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، غەربىي دەريا نېفىت، گازلىقىدا بۇرغىلانغان بەش قۇدۇقنىڭ دەل جايىدا بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت قۇدۇقتا ئۆلچەپ سىناق قىلغاندا نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى نەچچە يۈز توننىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى تەتقىق قىلىش، نېفىتلىك ئېچىشنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش، زاپاس قاتلاملارنىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش، سىناپ نېفىت ئېلىش ھۈنەر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك زاپاس كومىتېتى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى يوللىغان «شىنجاڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي دەريا نېفىت، گاز تورىدا تىرىشاس سىستېمىغا مەنسۇپ نېفىت، گاز ئۇۋىسىدىكى زاپاس توغرىسىدا دوكلات»نى ماقۇللىدى ھەمدە ئۇ 1 - لىككە ئېرىشىپ، غەربىي دەريا نېفىت، گازلىقىنى دۆملىما تەكشۈرۈشنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

لياڭ يەنجى

### دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرى «101 - 85»

1993 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئۆتكىلى تۈرى «101 - 85» بويىچە تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغ قاتارلىق جايلاردا دالادا تەكشۈرۈش، ئەۋرىشكە ئېلىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چۆرىسىدىكى تاغ پەيدا بولۇش بەلبېغى توغرىسىدىكى ۋە پۈتۈن ئويمانلىقنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، شىمالىي تارىمنىڭ شىمالىي ۋە پۈتۈن ئويمانلىق توغرىسىدىكى كۆپلىگەن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي، سىستېمىلىق تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەر قاتلاملىرىنىڭ تەرتىپىنى بېكىتىش جەھەتتە مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى؛ كۆپلىگەن ئەۋرىشكىلەر تەھلىل قىلىنىپ باھالاندى ۋە ئاساس خەرىتىلەر تۈزۈپ چىقىلدى؛ ئۇسۇل ۋە تېخنىكا رەتلەندى ھەمدە سىناق قىلىندى؛ 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس تېمىلار بويىچە نەتىجە مەلۇم قىلىش تېزىسلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تەييارلىنىپ بولدى، ئۇلار جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە ئىلمى كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان ئۈچ تېما ۋە 17 خىل 1 - دەرىجىلىك مەخسۇس تېما ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشتىن ئۆتتى، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە، ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىش، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ سايئوپا 2 - دەرىجىلىك ئويۇلمىسىدىكى نېفىت، گازنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش داۋامىدا، نېفىت، گاز ئۇۋىسى ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ستراتېگىيىلىك رايونلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش، تۈزۈلمە قورشالمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گازنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشتە يېڭى نەزەرىيە، يېڭى پىكىر قوللىنىلىپ، شايار كۆتۈرۈلمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى خانقاتام ئويۇلمىسى، مەنجار ئويۇلمىسىنىڭ شىمالىي، مارالبېشىنىڭ شەرقىي رايونى، ئاۋات ئۆزۈك ئويۇلمىسىدىن ئىبارەت تۆت رايون بويىچە رايون تاللاپ باھالاش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، «تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت، گازنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» تىن ئىبارەت تەتقىقات دوكلاتى تاپشۇرۇلدى. ياقلا - بۈگۈر، ئېشەك - ئاقكۆل - دەريا، سايئوپا 2 - دەرىجىلىك ئويۇلمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ نېفىت، گاز رايونى بەلبېغىدىكى سانائەت خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش تۈرىمۇ نېفىت گاز مەنبەسى، زاپاس قاتلام، ئۈززۈلمە، قىسمەن تۈزۈلمە، نېفىت، گازلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە چۆكۈندە تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، 15 نۇسخا نەتىجە دوكلاتى يېزىلدى.

لياڭ يەنجى

### تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى

1993 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش، ئېچىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك جەھەتتە ئورۇندىغان ئومۇمىي ئىش مىقدارى پۇل بىلەن ھېسابلانغاندا 287 مىليون يۈەنگە يەتتى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن باشقا تىجارەتتىن تاپقان كىرىمى 215 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتتىن قىلغان كىرىمى 153 مىليون يۈەن، باشقا تىجارەتلەردىن تاپقان كىرىمى 62 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى؛ ياراتقان پايدا ۋە باج 59 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىشتا ئاشۇرۇلغان قىممەت تۈنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى،

پايدا ۋە باج كىشى بېشىغا 17 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. ساپ پايدىسى 1992 - يىلدىكىدىن %134 ئاشتى؛ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن باشقا ئىشتىن قىلىنغان كىرىمى %117 ئاشتى.

ئىدارە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرىگە جەمئىي 29 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (نېفىت قۇدۇقلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا).

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى ئاچقان كارخانىلار 26 گە، تىجارەت تۈر - نۇقتىلىرى 54 كە يەتتى. تىجارەت قىلىش دائىرىسى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، قاتناش - ترانسپورت، ماشىنا رېمونت، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، چېكرا سودىسى، باقمىچىلىق، مەتبەئە، پۇل - مۇئامىلە مۇلازىمىتى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئىشقا كېڭەيدى. كۆپ خىل ئىگىلىككە 36 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارىنىڭ مەبلىغى 15 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بانكىدىن قەرز ئېلىنغىنى 5 مىليون يۈەن؛ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزىدە بار مەبلىغى 13 مىليون يۈەن، توپلىغان مەبلەغ 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن؛ تۇراقسىز مەبلەغ 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

1993 - يىلى ئىدارە بويىچە ئىككى كارخانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن، بىر كارخانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى. غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى ئاقسۇ تيەنخې خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرغان شىمالىي تارىم قۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇ تۈرگە جەمئىي 27 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى. بۇنىڭدىن باشقا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كورلا تۆمۈر يولى ساقلاش - توشۇش قۇرۇلۇشى، 3 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغان قورغاس چېگرا سودىسى بىناسى ۋە 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۈرۈمچى «خۇاجياڭ» بىناسىمۇ پۈتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ليالىڭ يەنجى

### شىنجاڭ «خۇاجياڭ» قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش باش شىركىتى قۇرۇلدى

گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ «خۇاجياڭ» قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش باش شىركىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ «خۇا جياڭ» قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش باش شىركىتى نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە مۇناسىۋەتلىك قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىشنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى ئىچكى، تاشقى سودىنى قوشۇمچە قىلىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا ھالدا باشقۇرۇلىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، مۇستەقىل ۋەكالەتچىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر يۈرۈش قوشۇنى بار.

ليالىڭ يەنجى

### مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش خىزمىتى

1993 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى كېڭەيتىش سىناق قىلىشىغا قاتناشتى. مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاشتا غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى ئىگىلىگەن مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 360 مىليون يۈەن ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مەبلەغنىڭ ئەسلى قىممىتى 315 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 202 مىليون يۈەن، تۇراقسىز مەبلەغ 154 مىليون يۈەن، ئومۇمىي قەرزى 360 مىليون يۈەن ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش 1 - چوڭ ئەترىتى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مال-مۈلۈكنى ئېنىقلاشتا ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالاندى، شۇ دېۋاۋ مەملىكەت بويىچە مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاشتا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

ليالىڭ يەنجى

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى

### ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر

ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 1993-يىلى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

نېفىت ئايرىش مۇشۇ بىر يىلدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 2 مىليون 322 مىڭ 800 توننا، ئىشلەپچىقىرىلغان يېنىك ماي 1 مىليون 550 مىڭ توننا بولدى.

خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشى مۇشۇ بىر يىلدا 308 مىڭ 900 توننا سىنتېتىك ئاممىياك، 523 مىڭ 880 توننا ئۈرېيە ئىشلەپچىقىرىلدى، قۇرۇلمىلار ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلۈپ «ئۇدا ئۈچ يىل چېمپىيون» بولۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

خىمىيىۋى تالا ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلارنى سىناق قىلىشتىن سىناپ ئىشلەپچىقىرىشقا يۆتكىلىشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى باسقۇچتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، 4099 توننا ئۇزۇن تالا، 6472 توننا پولىئېستېر ئىشلەپچىقىرىلدى.

خالتا توقۇش مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 520 مىڭ سۇلياۋ خالتا توقۇلدى.

ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىككى پېچ ۋە ئىككى گېنېراتور مۇقىم ئىشلەپ، 196 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى.

تىجارەت قىلىش - سېتىش ئەھۋالى سېتىلغان يېنىك مايدىن جەمئىي 1 مىليون 475 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 172 مىڭ 700 توننا ئاشتى؛ ئۆزلىرى ساتقان يېنىك ماي 555 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، 142 مىڭ 500 توننا ئاشتى؛ 512 مىڭ 600 توننا ئۇرېيە، 4129 توننا ئۇزۇن تالا، 3823 توننا پولىئېستېر، 17 توننا قىسقا تالا سېتىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 25.74% ئاشتى؛ سېتىلىش كىرىمى 2 مىليارد 377 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 66.6% ئاشتى؛ 84 مىليون 630 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى؛ پايدا ۋە باج 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 55.2% ئاشتى.

تيەن يۇڭ

ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 292 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 231 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 61 مىليون يۈەن.

پولىئېستېرنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېرىلېن قىسقا تالا قۇرۇلمىسىدا ماشىنىلار مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىندى، پولىئېستېرنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈل ئىش جەريانىنى تۇتاشتۇردى، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىككى پېچ، ئىككى گېنېراتور توك ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نورمال بېسىم - كېمەيتىلگەن بېسىم سېخىنىڭ ئورنىنى يۆتكەش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇپا تاش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، ھۈنەر - سەنئەت سىستېمىسى قىسمەن قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. كاتالىزلاش سېخىنىڭ ئورنىنى يۆتكەش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا مەيداننى تۈزلەش ۋە چوڭ ئۈسكۈنىلەرنى تەق قىلىشقا ئوخشاش ئاساسلىق خىزمەتلەر ئورۇندالدى.

20 مىڭ كۋادرات مېترلىق ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى باشلاندى، يىلنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدىغان خەلق ئىشلىتىدىغان ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 35 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى.

پەن - تېخنىكا ئېچىش تۈرلىرى جەمئىي 51 بولۇپ، ئۇنىڭغا 9 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 37 تۈر ئورۇندالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت تۈر جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ئېرىشتى.

تيەن يۇڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى خىزمەتچىسى 8934 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 7025 نەپەر. ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتوموبىلى 1342. ئاساسلىق ئاپتوموبىل تىپلىرى «نىنو»، «ئىسوزۇ»، «بېنتىس»، «نىسان»، «كاماز»، «شەرق شامىلى»، بەش توننىلىقتىن 50 توننىلىققىچە كران قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى جەمئىي 321 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ئىجارىگە بەرگەن ئۈسكۈنە، مال - مۈلۈكنىڭ قىممىتى 209 مىليون يۈەن. شىركەت قارمىقىدا 1 -، 2 -، 3 - شىركەتلەر، تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئالتە ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بار. بۇلارنىڭ تارقالغان رايونلىرى مۇنداق: 1 -، 3 - شىركەتلەر شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى «غالىبىيەت» نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى؛ 2 - شىركەت قاراماي، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى؛ تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

1993 - يىلى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1) ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى جەھەتتە: يۈك ئوبوروت مىقدارى 582 مىليون 330 مىڭ توننا/كىلومېترغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 940 مىڭ توننا / كىلومېتر ئاشتى. توشۇلغان ئومۇمىي يۈك 4 مىليون 580 مىڭ تونىنغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا توشۇلغان

ئۈسكۈنە 62 مىڭ توننا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا توشۇلغان نېفىت 233 مىڭ توننا؛ نېفىت مەھسۇلاتلىرى 111 مىڭ توننا.

2) ترانسپورت سۈپىتى: بىخەتەر قاتنىغان مۇساپە 1 مىليون 437 مىڭ 700 كىلومېترغا يەتتى.

3) سەرپىيات: ھەر 100 كىلومېتىر مۇساپىگە، ئەمەلىيەتتە، 22.20 كىلوگرام يېقىلغۇ ماي سەرپ قىلىندى، ھەر بىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى، ئەمەلىيەتتە، 123 مىڭ 200 كىلومېترغا يەتتى.

4) ئىش ئۈرنى: بارلىق خادىملارنىڭ يىللىق ئىش ئۈنۈمى كىشى بېشىغا 71 مىڭ 964 توننا/كىلومېتىردىن توغرا كەلدى.

5) تەننەرخ: ھەر 1000 توننا/كىلومېتىرنىڭ بىرلىك تەننەرخى، ئەمەلىيەتتە، 382.7 يۈەن بولدى.

6) ترانسپورت ئۈنۈمى: ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىلىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 87.71% كە يەتتى، ئاپتوموبىللارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى شىركەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 78.34% كە يەتتى.

1993 - يىلى ترانسپورت شىركىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 33 مىڭ 745 كۋادرات مېتىر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8570 كۋادرات مېتىر.

1993 - يىلى شىركەت كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 154.94% ئاشتى؛ پايدا ۋە بېجى 812 مىڭ 300 يۈەنگە، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان خادىملارنىڭ سانى 1429 غا يەتتى.

مۇ چېنيىڭ

قۇملۇق كەسپىي ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى

1993 - يىلى ترانسپورت شىركىتى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ئېچىش - ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتىنى تارىم ترانسپورت شىركىتىدىن ئايرىپ، 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگودا تۇنجى قۇملۇق كەسپىي ترانسپورت شىركىتى قۇردى. بۇ شىركەتنىڭ 468 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 156 قۇملۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى بار. قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى مۇشۇ بىر يىلدا تارىم قۇملۇقىنىڭ مەركىزىدىكى 15 قۇدۇقتىكى بۇرغا ماشىنىلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە ئۈچ دانە ئارىلىقتىكى تىرەك نۇقتىلارنى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، ھەممىسىنى قوشقاندا، يۈك توشۇش مىقدارى 13 مىڭ 623 تونىغا يەتتى.

مۇ چېنيىڭ

# كۆمۈر

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆمۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 23 مىليون 922 مىڭ 900 تونىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.52% ئاشتى. 22 مىليون 217 مىڭ توننا كۆمۈر سېتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىلىش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 67 مىڭ توننا كۆمۈر يۆتكەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى قاتارلىق جايلارغا يۆتكەلگىنى 2 مىليون 208 مىڭ 100 توننا.

ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى 1992 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 219 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى سالغان مەبلەغ 6 مىليون 520 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئېنېرگىيە مەبلەغ سېلىش شىركىتى سالغان مەبلەغ 173 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىز سالغان مەبلەغ 18 مىليون 100 مىڭ يۈەن، ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 15 مىليون 290 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 5 مىليون 970 مىڭ يۈەن)، 118 مىليون 160 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى كۆپەيتىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 15 ئورۇندا كان قۇدۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى (ھەممىسى ئوتتۇرا كىچىك كۆمۈركان)، بۇلارنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىقتىدارى 3 مىليون 900 مىڭ توننا (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان قۇدۇق 11، لايىھەدىكى يىللىق ئىقتىدارى 3 مىليون 240 مىڭ توننا، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان قۇدۇق تۆت، بۇ كان قۇدۇقلىرى پۈتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يىللىق ئىقتىدارى 660 مىڭ توننا ساپ كۆپىيىدۇ). ئىككى ئورۇندىكى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈركان ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىللىق ئىقتىدارى 60 مىڭ توننا ساپ ئاشۇرۇلدى (فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ كۆمۈركېنىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىقتىدارى 30 مىڭ تونىدىن 60 مىڭ تونىغا كېڭەيتىلدى؛ ئىلى ئوبلاستى قازانچى كۆمۈر كېنىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىقتىدارى 60 مىڭ تونىدىن 90 مىڭ تونىغا كېڭەيتىلدى). يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئوتتۇرا كىچىك كۆمۈركانلارنىڭ ئۈستىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىدا 2 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر يەرنى ئېچىش تاماملاندى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كۆمۈركان قۇدۇقلىرىنىڭ 4353 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خاڭ يولى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. مۇشۇ بىر

يىلدا 112 مىڭ 409 كۋادرات مېتىر ئۆي. ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، 54 مىڭ 617 كۋادرات مېتىر ئۆي. ئىمارەت پۈتكۈزۈلدى. كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى تارماقلىرى مۇشۇ بىر يىلدا تاماملىغان بەر قاتلىمىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مىقدارى 22 مىڭ 19 مېترغا يەتتى، ئايلىق بۇرغىلاش ئۈنۈمى 475 مېترغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 14.46% ئاشتى؛ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قاتلاملىرىدىن كۆمۈر ئېلىنىش نىسبىتى 92.8% بولۇپ، 2.4 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 75 تۈشۈك تېشىلدى، ئالاھىدە «ئا» دەرىجىلىك تۈشۈك نىسبىتى 89.3% كە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دەرىجىلىك تۈشۈك نىسبىتى 40% كە يەتتى)؛ تۈرلۈك كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى دوكلاتىدىن يەتتىسى تاپشۇرۇلدى، 95 مىليون 190 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسىغا دائىر ماتېرىيال تاپشۇرۇلدى. فۇكاڭ شەھىرى بەيياڭخې كۆمۈرلۈكىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى چاڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتە دەسلەپكى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. قۇتۇبى ناھىيىسى چۆرگۈل كۆمۈرلۈكىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، دۆڭخې ۋە شىشيالاردىكى يەر ئۈستىدىكى ۋە قۇدۇق ئاستىدىكى ئوت تىزگىنلەندى، دۆڭخېر، دۆڭخەن ۋە شىشاخلاردىكى ئوت ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى. لايىھىلەش تارماقلىرى كان رايونى ئومۇمىي گەۋدە پىلانىدىن بىرنى تاماملىدى (يىللىق ئىقتىدارى 300 مىڭ توننا)، كان قۇدۇقلىرىغا دائىر دەسلەپكى لايىھەدىن بەشى تاپشۇرۇلدى (يىللىق ئىقتىدارى 930 مىڭ توننا)، قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىدىن 6103 ى ئوتتۇرىغا قويۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تۈزۈلگەن چېرتيوژ 4072 نۇسخا، پايدىلىنىلغان چېرتيوژ 2031 نۇسخا)، مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 247 مىڭ 400 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

پەن تەتقىقات ۋە مائارىپ ئىشلىرى مۇشۇ بىر يىلدا پەن تەتقىقات تۈرى ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 19 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئۈچى تاماملاندى. ئېۋۈرغول كۆمۈر كېنىدىكى كۆمۈر قاتلىمىنى قاتتىق تاش تۇرۇسلۇق قىلىپ باشقۇرۇش تەتقىقاتى، ئۆۋاق كۆمۈردىن رەڭلىك كۆمۈر ئايرىش تەتقىقاتى، ئەرزان باھالىق كۆمۈر ئادسوربېنتىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈرنى ئىشلىتىش تەتقىقاتى، كۆمۈر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆمۈردىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ئىشلەش ئارىلىق سىنىقى تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلاردا كۆمۈر قېزىشنىڭ ماشىنىلىشىشى 42.66% كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.27 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، قېزىپ كىرىش ۋە قاچىلاشنىڭ ماشىنىلىشىشى 25.91% بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 5.91 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارغا 517 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 4834 ئىشچى ـ خىزمەتچى تەربىيىلەش ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولدى.

يەرلىك كۆمۈر كانلار مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 19 مىليون 500 مىڭ 400 تونىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.69% ئاشتى. يەرلىك كۆمۈر كانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گېئولوگىيىسىگە دائىر دوكلاتتىن تۆتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى (تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن دوكلات ئۈچ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن دوكلات بىر)، 86 مىليون 820 مىڭ توننا ھەر دەرىجىلىك كۆمۈر زاپىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يەرلىك كۆمۈركانلار ھەر خىل بىخەتەرلىك تېخنىكا تەربىيىسى كۇرسىدىن 14 قارار ئېچىپ، 698 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، گېئولوگىيىلىك زاپاسنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىپ، 18 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. شىخو ناھىيىسى چىگشور كۆمۈر كېنىنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقى، تارباغاتاي ۋىلايىتى تېمىرتام كۆمۈر كېنىنىڭ 3 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقى، ئالتاي ۋىلايىتى قۇلۇنتۆبېك كۆمۈر كېنىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك كۆمۈر كانلار مىنىستىرلىكىنىڭ «ب» دەرىجىلىك سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن كان قۇدۇقى بولۇپ قالدى، 1992 ـ يىلدىكىدىن بىر كان قۇدۇقى كۆپەيدى؛ نىلقا ناھىيىسى خوجىرتاي يېزىلىق كۆمۈركان ئۆلكە دەرىجىلىك سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن كان قۇدۇقى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ـ بازار كۆمۈركانلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يېتەلمەسلىكى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى؛ شامال ئۆتتۈشتۈرۈش سۈپىتى جەھەتتە مىنىستىرلىكنىڭ «ئا» دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن يۇقىرىدىكى بەش كان قۇدۇقىدىن باشقا، يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىگتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى 187 ـ تۇەن مەيدانىنىڭ كۆمۈركېنى، يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىنىڭ داخۇاڭشەن كۆمۈركېنى؛ تورپان شەھەرلىك كۆمۈركان، فۇكاڭ شەھىرى شىگۇ كۆمۈر كېنى مىنىستىرلىك دەرىجىلىك شامال ئۆتتۈشتۈرۈش سۈپىتى بويىچە «ب» دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

كۆمۈركان بىخەتەرلىكى 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆمۈركانلاردا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھادىسە 265 قېتىمغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 27.4% كۆپەيدى، ئۆلگەن ئادەم 348 گە يېتىپ، 25.63% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلگەن ئادەم 305 كە يېتىپ، 25.51% كۆپەيدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئۆلگەن ئادەم 20 گە يېتىپ، 150% كۆپەيدى؛ باشقا ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلگەن ئادەم 12 گە يېتىپ، 140% كۆپەيدى؛ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلمىگەن كان

قۇدۇقلىرىدا ئۆلگەن ئادەم 11 بولۇپ، %47.62 ئازايدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈركانلاردا ئۆلگەن ئادەم بەش بولۇپ، %37.5 ئازايدى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈركانلاردا ئۆلگەن ئادەم 62 گە يېتىپ، %26.53 كۆپەيدى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىختەتلىكى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى، ھەربىي قىسىم، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىدىكى كۆمۈركانلاردا ئۆلگەن ئادەم 48 گە يېتىپ، %14.29 كۆپەيدى؛ يېزا - بازار (كەنت) لاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى كۆمۈركانلاردا ئۆلگەن ئادەم 190 گە يېتىپ، %31.94 كۆپەيدى. 1993 - يىلدا قۇمۇل، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە رەڭلىك مېتال، سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى كۆمۈركانلاردا ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى يۈز بەرمىدى، ئۆلگەن ئادەم ئېۋىرغول كۆمۈركېنىدا 1992 - يىلدىكىدىن %50، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىختەتلىكى سىستېمىسىدىكى كۆمۈركانلاردا %30.23، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى كۆمۈر كانلاردا %28.57، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كۆمۈركانلاردا %20، ئۈرۈمچى شەھىرى (ئۈرۈمچى ناھىيىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىكى كۆمۈر كانلاردا %6.82 ئازايدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلار ئىچىدە ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى 743 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى، جيەنگۇ كۆمۈر كېنى 1378 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 4 - كۆمۈر كېنى 2491 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈركانلار ئىچىدە، خوتەن ۋىلايىتى دۆۋا كۆمۈر كېنى 1216 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى، باي ناھىيىسىنىڭ تىرەك كۆمۈركېنى بەش يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى، تۇرپان شەھەرلىك كۆمۈر كان 17 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ يېزا - بازار كۆمۈركانلىرى ئىچىدە، نىلقا ناھىيىسى خۇجىرتاي يېزىلىق كۆمۈركان 16 يىل سەككىز ئاي بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شۇ گوجېن

### ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر سانائىتى بويىچە 1993 - يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى

بىرلىكى: توننا

| | 1993 - يىل | 1992 - يىلدىكىسى % |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆمۈر مىقدارى | 2392.29 | 108.52 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈركانلارنىڭ | 442.25 | 96.44 |
| يەرلىك كۆمۈركانلارنىڭ | 1950.04 | 111.69 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكە باشقۇرىدىغان كۆمۈركانلارنىڭ | 450.34 | 100.51 |
| مەخسۇس باشقۇرۇلىدىغان كۆمۈركانلارنىڭ | 163.24 | 97.76 |
| ناھىيە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلارنىڭ | 424.64 | 98.66 |
| يېزا - بازار (كوللېكتىپ) كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 911.82 | 130.17 |
| ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كوكس مىقدارى | 173.33 | 96.97 |
| ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلىق كۆمۈر مىقدارى | 129.83 | 70.52 |

**شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو كۆمۈرى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان كۆمۈركانلار باش شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى قۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو كۆمۈرى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان كۆمۈركانلار باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ گوجېن

ئېۋىرغول كۆمۈركېنىدا كۆمۈر قاتلىمىنى قاتتىق تاش تورۇسلۇق قىلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى تەتقىقاتى بۇ تۈرنى شىنجاڭ كۆمۈر پەن تەتقىقاتى ئورنى ئۈستىگە

ئالدى، ئېۋىرغول كۆمۈركېنىنى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. بۇ تۈر 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان، جۇڭگو كۆمۈر پەن تەتقىقات باش يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، ئۇ، دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تېخنىكىلىق جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كۆمۈر كانلىرىدىكى قاتتىق تاش تورۇسلۇق تىزگىنلەش جەھەتتە يېڭى يول ئاچتى، ئۇ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى زور كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئېۋىرغول كۆمۈركېنىنىڭ قاتتىق تاش تورۇسلۇق باشقۇرۇش ئۇسۇلى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: ئالدىن پارتلىتىشتا تورۇسنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، تۇرغۇزۇش تەس بولغان تورۇسنى يۇختىلاش جەھەتتە دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق سىناق تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى؛ تېشىلىدىغان تۆشۈكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە پارتلىتىش پارامېتىرىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق بولدى، مەشغۇلات ئورنىدىكى تورۇستىن سۇ تامچىلىمايدىغان، پەلەمپەيلەر ئۆلتۈرۈشۈپ كەتمەيدىغان ۋە كۆمۈر دىۋارى سويۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى؛ تۆشۈك ۋە كاۋاكلارنى ئېتىش ماتېرىياللىرىنىڭ تاللىنىشى ۋە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇپ، پارتلىغان گاز زەربە دولقۇنىنىڭ تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن كۆمۈر قېزىش رايونىدىكى خەتەرلىك ئامىللار تۈگىتىلدى. پارتلىتىش دورىسىغا كۈچلۈك ئاممونىي نىترات مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىلدى، ئالدىن پارتلىتىش ۋە كېيىن پارتلىتىشتا خېلى ياخشى پارتلىتىش نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئالدىن پارتلىتىلىدىغان مەشغۇلات ئورنىدا كۆمۈر قېزىش بىلەن پارتلىتىش مەشغۇلاتى تەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، كۆمۈر قېزىش مەشغۇلاتى ئورنىدا بىخەتەرلىك، يۇقىرى مەھسۇلات، يۇقىرى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى؛ ئالدىن پارتلىتىپ تورۇسنى تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى قوللىنىشتا يانتۇ قەۋەت بويىچە كۆمۈر ئېلىش ئۇسۇلى تۈۋرۈكسىمان كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلى ئورنىغا دەسسىتىلىپ، يانتۇ، ئالاھىدە قىلىنىپ قاتلام بويىچە كۆمۈر قېزىلىپ، كۆمۈر قېزىش رايونىنىڭ كۆمۈر قېزىلىش نىسبىتى %42 تىن %77 كە يەتكۈزۈلدى.

شۇ گوجېن

**فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ كۆمۈركېنىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى**

فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ كۆمۈركېنىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا تاپشۇرۇلدى.

بۇ قۇرۇلۇشنى 1988 - يىلى ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى پەن تەتقىقات تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەنىدى، ئۇنىڭ لايىھىدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننىدىن 60 مىڭ تونىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلانغان، بۇ قۇرۇلۇشقا 5 مىليون 177 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

شۇ گوجېن

**كۆمۈردىن ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ئىشلەش ئارىلىق سىنىقى**

بۇنى شىنجاڭ كۆمۈر پەن تەتقىقات ئورنى سانجى شەھەرلىك كۆمۈر ياسالمىلىرى زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىدى. بۇ، 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ مول ئوت ئالىدىغان كۆمۈرىدىن پايدىلىنىلىپ، بىر قەدەملىك بىۋاسىتە ئاكتىپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلغان، سىلىپ پېچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىر تۈرلۈك مۇھىم ھۈنەر-سەنئەت ئىسلاھاتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ تۈر ئارقىلىق ئىشلىتىلىدىغان توكنى تەخمىنەن %60 - %70 تېجىگىلى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى %100 ئۆستۈرگىلى، ھەر توننا كۆمۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش تەننەرخىنى %36 تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، بۇ، ئادسوربسىيە قىممىتى يۇقىرى، كۈچلۈكلۈكى زور، تۇزان ئاز، لەيلەش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئاكتىپلاشتۇرۇلغان كۆمۈر، ئاساسەن، پاسكىنا سۇنى تازىلاش ۋە يېمەكلىك سانائىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

شۇ گوجېن

**ئۈرۈمچى - سانجى رايونى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش بىرلەشمىسى قۇرۇلدى**

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ كۆمۈر توشۇش - سېتىش شىركىتى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى

ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق كۆمۈر ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق كۆمۈر توشۇش - سېتىش شىركىتى، سانجى شەھەرلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك كۆمۈر كارخانىلىرى (گۇرۇھى) باش شىركىتى، مىچۈەن ناھىيىلىك كۆمۈر ئىدارىسى، مىچۈەن ناھىيىلىك كۆمۈر شىركىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سانائەت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن رايونى كۆمۈر شىركىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىناكارلىق، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىلىرىدىكى كۆمۈركانلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئۈرۈمچى - سانجى رايونى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى - سانجى رايونى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ زور كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، يىلىغا 7 مىليون توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ رايونلار يەنە كېلىپ شىنجاڭدىكى ئەڭ زور كۆمۈر بازىرى ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشمە قۇرۇشتىن مەقسەت شىنجاڭنىڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى قوغداپ، كۆلەم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ناتوغرا رىقابەتنى چەكلەپ، كەسىپ، رايون، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىن ھالقىغان كۆمۈر كارخانىلىرى گۇرۇھىنى قۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىپ، كۆمۈر كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى يولغا باشلاشتىن ئىبارەت.

شۇ گوجېن

«156» كۆمۈرلۈكنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى «كۆمۈر سانائىتى بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى

شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى ئىدارىسىنىڭ «156» تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «مەملىكەتلىك كۆمۈر سانائىتى بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شۇ گوجېن

كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتى سىستېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت كىرىمى) 163 مىليون 263 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %19.84 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 656 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %9.84 ئاشتى؛ ئورۇندالغان بىناكارلىق مەشغۇلاتى مىقدارى 48 مىليون 370 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %23.65 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ تىجارەت كىرىمى 41 مىليون 641 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %36.22 ئاشتى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى 595 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. يارىتىلغان پايدا ۋە باج 12 مىليون 178 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %45.61 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يارىتىلغان پايدا 6 مىليون 25 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %80.32 ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 6 مىليون 153 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، %22.52 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 1552 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئارتۇق خادىم 216. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ۋە زاۋۇت - نۇقتا 421 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 57 سى كۆپەيدى، بۇلاردا 12 مىڭ 639 ئىشچى - خىزمەتچى بار. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يارىتىلغان يىللىق كىرىم 12مىڭ 938 يۈەنگە يېتىپ، %21.39 ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3578.9 يۈەنگە يېتىپ، %17.26 ئاشتى.

شۇ گوجېن

# ئېلېكتر قۇۋۋىتى

ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىلغان توك 9 مىليارد 578 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.46 ئاشتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2 مىليون 576 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 643 مىڭ كىلوۋات، شامال كۈچى گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 40 مىڭ كىلوۋات، ئوت ئېلېكتر گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 929 مىڭ كىلوۋات. مۇشۇ بىر يىلدا ساپ كۆپەيگەن گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 117 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترنىڭ 55 مىڭ كىلوۋات، ئوت ئېلېكترنىڭ 62 مىڭ كىلوۋات. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتور كېرەكتىن چىقتى.

ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورى غەربىي شىمالدا قارامايغىچە ئۇزارتىلدى، ئېلېكتر ئىدارىسىگە

قاراشلىق «مول ھوسۇل» ئېلېكتر ئىستانسىسى يىل ئاخىرىدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەمدە ئېلېكتر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورىنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 761 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.54% ئاشتى.

1993 - يىلى پۈتۈن تور بويىچە تارقىتىلغان توك 5 مىليارد 150 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.23% ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىلغان توكنىڭ 53.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى تارقاتقان توك 4 مىليارد 155 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.59% ئاشتى. تور ئىچىدىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىگە قارىمايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تارقاتقان توك 43.17% ئېشىپ، 300 مىليون كىلوۋات سائەت ساپ كۆپەيدى. تور ئىچىدىكى زاپاس ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە باشقا ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تېز كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش كېلىپ چىقىپ، كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىلىرى چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بىلەن كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى تالىشىدىغان، ئەكسىچە چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ توك بېسىمىنى تەڭشەيدىغان نورمالسىز ئەھۋال كېلىپ چىقتى، نەتىجىدە ئۈنۈمى يۇقىرى، سەرپىياتى تۆۋەن بولغان چوڭ گېنېراتورلار گورۇپپىسى ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى.

1993 - يىلى ئېلېكتر تورى ئومۇملاشقان رايونلاردا يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتىغا ئىشلىتىلگەن توك 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4.13% ئازىيىپ كەتتى. سانائەتتە ئىشلىتىلگەن توك 10.64% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتتە ئىشلىتىلگەن توك 14.4% كۆپەيدى، يېنىك سانائەتتە ئىشلىتىلگەن توك 3.58% ئازىيىپ كەتتى. گېئولوگىيىلىك ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىدە ئىشلىتىلگەن توك 8.17% ئازىيىپ كەتتى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلگەن توك 19.37%، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشىدە ئىشلىتىلگەن توك 9.45%، سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى سېتىش، ساقلاش كەسپلىرىدە ئىشلىتىلگەن توك 3.72%، باشقا ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن توك 1.65% كۆپەيدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك 19.62%، جۈملىدىن يېزا - كەنتلەردە ئىشلىتىلگەن توك 13.52%، شەھەرلەردە ئىشلىتىلگەن توك 20.87% كۆپەيدى.

**ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش ۋاقتى 4053 سائەتكە، ئىشلىتىلىش نىسبىتى 46.27% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر (شامال كۈچى ئېلېكترىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى 3456 سائەت، ئىشلىتىلىش نىسبىتى 39.45%، ئوت ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى 4244 سائەت، ئىشلىتىلىش نىسبىتى 48.45%.

ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورى ئىچىدىكى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى جەھەتتە، سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرىچە ساندىن تۆۋەن بولغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ۋاقتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇرىچە قىممەتتىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر (شامال كۈچى ئېلېكترىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 36.18%، ئوت ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 57.9% يۇقىرى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش ۋاقتى 5351 سائەتكە، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 61.08% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خوۇگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 67.2%، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 58.45%، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 56.12%.

**ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سانائىتىدە تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سىغىمچانلىقتا ئىگە ئېلېكتر ئىستانسىلىرى توك بىلەن تەمىنلەشتە بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 538 گىرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلدى، بۇ، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن بىر گىرام كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورى ئىچىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرى توك بىلەن تەمىنلەشتە بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئۆلچەملىك كۆمۈر 1992 - يىلدىكىدىن تۆت گىرام ئازايدى، باشقا رايونلاردىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرى توك بىلەن تەمىنلەشتە بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئۆلچەملىك كۆمۈر 12 گىرام كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىگە قاراشلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى توك بىلەن تەمىنلەشتە بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئۆلچەملىك كۆمۈر توققۇز گىرام ئازايدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توكنىڭ

يەتكۈزۈش سىم يولىدا خوراش نىسبىتى %8.33 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.42 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورىدا توكنىڭ يەتكۈزۈش سىم يولىدا خوراش نىسبىتى %7.99 كە يېتىپ، 0.74 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى بويىچە توكنىڭ يەتكۈزۈش سىم يولىدا خوراش نىسبىتى %7.82 كە يېتىپ، 0.92 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. باشقا رايونلاردا %9.01 بولۇپ، %0.19 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنۇلار: ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتر تورىدا غەربنىڭ توكى شەرققە يەتكۈزۈلدى، ئىقىم مۇۋاپىق ئەمەس، بۇنىڭدىن باشقا، تور جاھازلىرى ئاجىز، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى جەھەتتە مەبلەغ كەمچىل، توك بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسلىرى كونا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل.

خۇ ۋېنجېن

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 524 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ تورىگە سېلىنىدىغىنى 446 مىليون 880 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تورىگە سېلىنىدىغىنى 77 مىليون 490 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە، ئەمەلىيەتتە، 645 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ تورىگە سېلىنغان مەبلەغ 474 مىليون 780 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تورىگە سېلىنغان مەبلەغ 170 مىليون 480 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2 مىليون 576 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى توك تارقىتىش قۇرۇلۇشىدا 48 گېنېراتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 548 مىڭ 100 كىلوۋاتقا، توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا ئالتە لىنىيە بويىچە 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بېسىملىق لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 730.74 كىلومېتىرغا، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا سەككىز دانە 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتورنىڭ بېسىمى 672 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرغا يەتتى.

باشلانغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 43 توك تارقىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 396 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، ئالتە لىنىيە بويىچە 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 730.74 كىلومېتىرغا، ئالتە دانە 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بېسىملىق ترانسفورماتورنىڭ بېسىمى 462 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرغا يەتتى.

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى توك تارقىتىش قۇرۇلۇشىدىكى 30 گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 135 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار تۆۋەندىكىچە: قەشقەر 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - گېنېراتور گۇرۇپپىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 8800 × 1 كىلوۋات، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ تاشقورغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 1300 × 1 كىلوۋات، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئاقسۇ قىزىل سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6500 × 2 كىلوۋات. 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئاقسۇ غەربىي كۆۋرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6500 × 2 كىلوۋات، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 12000 × 2 كىلوۋات، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ جىڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6000 × 1 كىلوۋات، 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شىخەنزە شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - گېنېراتور گۇرۇپپىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 12000 × 1 كىلوۋات، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شىخو تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6000 × 1 + 3000 × 1 كىلوۋات، 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ قۇمۇل تارانچى كۆمۈر كېنى ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6000 × 1 كىلوۋات، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 25000 × 1 كىلوۋات، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈچ لىنىيە بويىچە توك يەتكۈزۈش سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 327.24 كىلومېتىرغا يەتتى، ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار تۆۋەندىكىچە: 220 كىلوۋولتلۇق ماناس - قاراماي توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (LGJQ — 400 (1)/50، ئۇزۇنلۇقى 178.74 كىلومېتىر)، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى؛ 110 كىلوۋولتلۇق قەشقەر - يوپۇرغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (LGJ — 150، ئۇزۇنلۇقى 76 كىلومېتىر)، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى؛ 110 كىلوۋولتلۇق جىڭ - ئالاتاۋ ئېغىزى توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (LGJ — 150، ئۇزۇنلۇقى 72.5 كىلومېتىر)، 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى (35 كىلوۋولتلۇق). ئۈچ

ترانسفورماتوردىن تەركىب تاپقان بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 216 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرغا يەتتى، ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار تۆۋەندىكىچە: 220 كىلوۋولتلۇق قاراماي ترانسفورماتور پونكىتى (120000 × 1 كىلوۋولت - ئامپېر، 220/110/35 كىلوۋولت)، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى؛ 220 كىلوۋولتلۇق توقسۇن ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ 220 كىلوۋولتلۇق بېسىم ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى (19000 × 1 كىلوۋولت - ئامپېر، 220/110/35 كىلوۋولت)، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى؛ 110 كىلوۋولتلۇق يوپۇرغا ترانسفورماتور پونكىتى (6300 × 1 كىلوۋولت - ئامپېر، 110/35/10 كىلوۋولت)، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى.

قۇرۇلۇشى يېڭىدىن باشلانغان ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى 220 كىلوۋولتلۇق توقسۇن - پىچان (پىچان نېفىتلىكى) توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (LGJ — 300/25، ئۇزۇنلۇقى 274 كىلومېتىر، 220/110/35 كىلوۋولتلۇق، 63000 × 2كىلوۋولت - ئامپېرلىق)، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىش باشلاندى؛ تۇدۇنخابا ترانسفورماتور پونكىتى (LGJ — 300/25، ئۇزۇنلۇقى 4.2 كىلومېتىر، 220 كىلوۋولتلۇق، 220/110/35 كىلوۋولتلۇق، 120000 × 2 كىلوۋولت - ئامپېرلىق)، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش باشلاندى.

قۇرۇلۇۋاتقان ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشلىرى ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 100000 × 2 كىلوۋات، خوشيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 100000 × 1 كىلوۋات، تاشدەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 25000 × 2 كىلوۋات، قابا تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 6500 × 4 كىلوۋات.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشىدا بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى قىلغۇچى كارخانىلاردا خادىملارنىڭ يارىلىنىش نىسبىتى 3.5‰ بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.5 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى، دۆلەتنىڭ تەلىپىدىن 6.5 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەن بولدى.

خې كېلياڭ

**ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورى بىلەن قاراماي ئېلېكتر تورى تۇتاشتۇرۇلدى**

ماناس - قاراماي 220 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، قاراماي 110 كىلوۋولتلۇق مەركىزىي ترانسفورماتور پونكىتىغا توك يەتكۈزۈلۈپ، رەسمىي يۈكلۈك ئايلىنىش باشلىنىپ، ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورى بىلەن قاراماي ئېلېكتر تورىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، شىنجاڭ توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 71 مىليون 986 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 178.74 كىلومېتىر، ترانسفورماتور پونكىتىدىكى ترانسفورماتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 20000 × 2 كىلوۋولت - ئامپېر (مۇشۇ قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 20000 × 1 كىلوۋولت - ئامپېر). سىم تارتىش قۇرۇلۇشى 1992 - يىل 3 - ئايدا باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتكەندى؛ ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1992 - يىل 4 - ئايدا باشلىنىپ، 1993 - يىلى پۈتتى.

ماناس - قاراماي توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ نېفىتنى ئېچىش ۋە قاراماي نېفىت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەمدە ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىنىڭ ئۇزارتىلىشىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر تۇتاش ئېلېكتر تورىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

كۇاڭ لۇمىڭ

**تۆمۈر يول غەربىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

ئۈرۈمچى تۆمۈريول غەربىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ توك يەتكۈزۈلدى.

تۆمۈر يول غەربىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 1991 - يىلى ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ بېكىتىلگەندى، ئۇنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدارىسى ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش باشقارمىسى، نۇر مەنبەسى ئېلېكتر قۇۋۋىتى سودا - سانائەت باش شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىدىكى ترانسفورماتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى31500 × 2

كىلوۋولت. ئامېر، 110 كىلوۋولتلۇق سىم يولى زەنجىر بويىچە لايىھىلەندى، سانجى 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى سىرتقا چىقىرىدىغان توك ئۈچۈن 43.25 كىلومېتىر سىم تارتىلدى. ئون كىلوۋولتلۇق توك تەقسىملەش سىم يولىدىن 18ى ئورنىتىلدى، ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. بۇ قۇرۇلۇشتا مەملىكىتىمىز بويىچە ئېلېكتر تورلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە 110 كىلوۋولتلۇق سۇلفات گېكسا خلورىدلاشقان مېتال ئارقىلىق يېپىلغان بىرىكمە ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى، مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق رېلېلىق قوغداش قۇرۇلمىسى، مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئاپتوماتلاشقان قۇرۇلما قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر قوللىنىلدى. ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 9600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوخشاش كۆلەمدىكى ترانسفورماتور پونكىتلىرى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تۆمۈريول غەربىي پويىز ئىستانسىسى توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى سىستېمىسىدىكى ئەڭ زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشىپ توك يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى توك ئىشلىتىش جەھەتتىكى جىددىيلىك پەسىيىدۇ، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ ئايرودرومى، ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىي ۋوگزالىنى توك بىلەن تەمىنلەشتىكى ئىشەنچلىكلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

كۇاڭ لۇمىڭ

**شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش جەريانى تېزلىتىلدى**

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىنىڭ شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش باش زاۋۇتى دانىيىنىڭ «NORDTAK» شىركىتى بىلەن 1993 - يىل 2 - ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان كارخانا — شىنجاڭ جۇڭگو - دانىيە شىمال ئېنېرگىيىسى چەكلىك شىركىتىنى قۇردى، بۇنىڭ توختامدا بېكىتىلگەن ۋاقتى 13 يىل، كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل مەبلىغى 36 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، بۇنىڭ ئىچىدە 26 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئەمەلىيلەشتى.

شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىسىنى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمال كۈچى ئېنېرگىيىسىنى ئۇزۇن مەزگىل، كەڭ كۆلەمدە، يۇقىرى سۈرئەتتە، تۆۋەن تەننەرخ بىلەن ئېچىشنىڭ ئاساسى.

شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىسىنى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى جەھەتتە، چەت ئەلدىن بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، بۇ ئۈسكۈنىلەر، ئاساسەن، چەت ئەل تەرەپ مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەمىنلىگەن سىغىمچانلىقى 300 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سىغىمچانلىقتا ئىگە شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، چېرتيوژ ماتېرىيالى ئاساسىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

1 - تۈركۈمدە ھەمكارلىشىلىدىغان تۈر تۆۋەندىكىچە: شىمال ماشىنىسى ئاساسى ۋە شىمال ماشىنىسى تۇۋرۇكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، بۇ، 1992 - 1993 - يىللىرى كىرگۈزۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلدى. 1993 - يىل 10 - ئايدا پۈتكەن 1500 كۋادرات مېتىرلىق شىمال كۈچى گېنېراتورى سېخى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2 - تۈركۈمدە ھەمكارلىشىلىدىغان تۈر تۆۋەندىكىچە: شىمال ماشىنىسى ساندۇقى، سۈرئەتنى ئاشۇرۇش ساندۇقى، چاقپەلەك كۆدىسى، گېنېراتور ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى سۆھبەت تاماملاندى، توختام بېكىتىلدى ھەمدە خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە زاۋۇت قۇرۇش ئىشى باشلاندى، مۆلچەرلىنىشىچە، 1994 - يىلى سىناق قىلىنىدىغان ئۈلگە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ شىمال ئېنېرگىيىسى بايلىقى مول، شىمال كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش سېلىنما ئاز كېتىدىغان، كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1992 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن 300 كىلوۋاتلىق سەككىز گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ بىر يىل ئايلىنىشىغا دائىر مەلۇماتقا قارىغاندا، يىللىق توك مىقدارى 8 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يىللىق ئايلىنىش ۋاقتى 7054 سائەتكە، يىللىق پايدىلىنىلغان ۋاقتى 3390 سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سۇ كۈچى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش گېنېراتورلىرىدىن يىللىق پايدىلىنىلغان ۋاقتىغا يېقىنلاشقان.

زۇ شيەنشېن

كۇاڭ لۇمىڭ

**توك يوق ناھىيىلەرنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى**

1993 - يىلى دۆلەت ئېنېرگىيىگە مەبلەغ سېلىش شىركىتى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى ئىدارىسىگە توك يوق ناھىيىلەرنىڭ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 16 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ چۈشۈرۈپ بەردى.

كەلپىن توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان تەخمىن چوت مەبلىغى 12 مىليون 600 مىڭ

يۈەن. بۇ مەبلەغ بىلەن ساجىڭزا 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن كەلپىن ناھىيىسىگىچە بولغان 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈلىدىغان 81 كىلومېترلىق سىم يولى ۋە ئاچال، كەلپىندە ئىككى ئورۇندا 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن قۇرۇلۇش ئاساسەن پۈتكۈزۈلدى.

يوپۇرغا توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان تەخمىن چوت مەبلىغى 16 مىليون 380 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ بىلەن قەشقەر مەركىزىي ترانسفورماتور پونكىتىدىن يوپۇرغا ناھىيىسىگە بارىدىغان 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈلىدىغان 76.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سىم يولى ۋە 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى (6300 × 2 كىلوۋولت - ئامپېرلىق) ، شۇنىڭدەك يوپۇرغا ترانسفورماتور پونكىتىدىن پەيزاۋات ناھىيىسىگە بارىدىغان 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈلىدىغان 30 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سىم يولى قۇرۇلىدۇ. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يوپۇرغا - پەيزاۋات توك يەتكۈزۈش سىم يولىدىن باشقا، پۈتۈن قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى.

كۇاڭ لۇمىڭ

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى ساھەسىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلېكتر قۇۋۋىتى ساھەسىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قىلىنغان كىرىم 602 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %201 ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا 43 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %286.4 ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پايدا 5100 يۈەنگە يېتىپ، %104 ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 14 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 62 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدارىسىگە 22 كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش باشقارمىسى (باش شىركەت) ۋە 143 بىرىنچى دەرىجىلىك قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە سودا - سانائەت كارخانىسى قارايدۇ، بۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى بىناكارلىق، ئېلېكتر قۇۋۋىتى - قۇراشتۇرۇش، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش سىم يول قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى تەڭشەش، قاتناش - ترانسپورت، خەۋەرلىشىش، مېتال تاۋلاش، سودا، مېھمانخانا - تاماق ۋە ئىچىملىك، مەدەنىيەت - مائارىپ - پەن تەتقىقاتى، ئۆي ۋە يەر-زېمىن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1993 - يىلى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 9569غا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %84.3 كۆپەيدى؛ يادرولۇق كەسىپلەردىكى تارقاق خادىملاردىن قوبۇل قىلىنغانلار 4611گە يېتىپ، %210.9 كۆپەيدى؛ ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 1123كە يېتىپ، %175.2 كۆپەيدى.

لۇ جيەن
كۇاڭ لۇمىڭ

# پولات-تۆمۈر

## پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئون ئوتتۇرا، كىچىك پولات - تۆمۈر كارخانىسىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 849 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.35 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %36 ئاشتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: پولات 529 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %13.6 ئاشتى؛ پولات ماتېرىيال 453 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %17.26 ئاشتى؛ چويۇن 550 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %19.07 ئاشتى؛ تۆمۈر رۇدىسى 746 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %26.83 ئاشتى؛ تۆمۈر قېتىشمىسى 9333 توننىغا يېتىپ، 1.22 ھەسسە ئاشتى؛ ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال 40 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %21.69 ئاشتى؛ كوكس 432 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %2.2 ئاشتى.

جاڭ شۆگۇاڭ

## شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى

1993-يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %16.2 ئاشتى؛ سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 518 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %78.08 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 479 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %102.35 ئاشتى، دېمەك بۇ زاۋۇت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ كۆپ پايدا ۋە باج ياراتقان كارخانا بولۇپ قالدى. ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى مۇنداق بولدى: پولات 490 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.3 ئاشتى؛ تۆمۈر 442 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %19.09 ئاشتى؛ پولات ماتېرىيال 426 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %18.01 ئاشتى؛ كوكس 347 مىڭ

500 توننىغا يېتىپ، 3.52% ئاشتى؛ ئاپتوموبىل رېسورى 10 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 36.41% ئاشتى. 1993 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، ئۇلاش زاۋۇتى ئىدارىسى، باش ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ۋە ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۈچۈر تورىنى بەرپا قىلدى؛ 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 40 مىڭ توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ۋە مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنى قۇراشتۇردى؛ 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قورالىق ساقچى قاتناش 2 - باش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە زاۋۇت رايونىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.48 كىلومېتىر كېلىدىغان 1 - دەرىجىلىك سېمونت يول ياسىدى؛ ئوكسىگېن بىلەن ياندىن شامال بېرىلىدىغان 1.5 توننىلىق كىچىك ئايلانما مەشنى ئۈستىدىن شامال بېرىلىدىغان ئۈچ توننىلىق ئايلانما مەشكە ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ يېڭىدىن ماشىنىدا ئارقىمۇ ئارقا كىچىك خىششىمان پولات قۇيما قۇيۇش سېخىنى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، يىللىق قۇيما پولات قۇيۇش ئىقتىدارىنى 350 مىڭ توننىغا يەتكۈزدى، بۇ خىل ئۇسۇلنى قىلىپتا قۇيما پولات قۇيۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. سىم ماتېرىياللارنى پىرىسلاش ماشىنىسىنى بىر قېتىمدا تۆت قات سىم پىرىسلايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى. 7- ئايدا «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ 42 تۆشۈكلۈك 2- نومۇرلۇق كوكس مېشىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ مەش پۈتكەندىن كېيىن 1 مىليون توننا پولات ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك كوكس بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. 1993 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى 433 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 13 ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مۇئەسسەسە بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. ھازىر «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئۇنىۋېرسال پولات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننىدىن 600 مىڭ توننىغا يەتتى.

1993 - يىلى جۇڭگو كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى باھالاش مەركىزى مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 500 سانائەت كارخانىسىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ھاياتى كۈچ نورمىسىنى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇشتا، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى 127 - بولدى، ھاياتىي كۈچ قۇربى 7 . 74 بولدى.

1993 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىدا ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە ئۆلۈش نىسبىتى 0.2‰، ئېغىر پايدىلىنىش نىسبىتى 0.25‰، يارىلىنىش نىسبىتى 5.74‰ بولدى.

بامانسۇ كېنى بۇ، 1958 - يىلى قۇرۇلغان ئوتتۇرا تېپتىكى ئۈستى ئوچۇق ئويمان تۆمۈر كېنى. 1993 - يىلى بۇ كاننىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19.5% ئاشتى؛ سېتىش كىرىمى 62 مىليون 124 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ پايدا ۋە باج 7 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.36% ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان تۆمۈر رۇدىسى 545 مىڭ توننىغا يېتىپ، 23.8% ئاشتى؛ ھالق تېشى 59 مىڭ توننىغا يېتىپ، 19.5% ئاشتى؛ ئاساسى قۇرۇلۇشقا 11 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 23.68% ئاشتى.

خېجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 1993 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولدى؛ پايدا ۋە باج 15 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 510.12% ئاشتى؛ سېتىش كىرىمى 127 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1993 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىپ قويۇلغىنىغا 23 يىل بولغان پولات تاۋلاش قۇرۇلۇشى ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پولات پروكاتلاش، ئوكسىگېن ئىشلەش، تۆمۈر تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان 120 كۇب مېترلىق ئۆرەمەش قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ مېتاللىق قۇرۇلۇش شىركىتى 1993 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 251 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.19 ھەسسە ئاشتى؛ قۇرۇلۇش كۆلىمى 349 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى؛ يارىتىلغان پايدا ۋە باج 9 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 2 مىليون 888 مىڭ يۈەن، 10 مىليون 110 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە سېتىۋېلىندى، 11 مىليون 910 مىڭ يۈەن قەرز قايتۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 4291 يۈەنگە يېتىپ، 32.62% ئاشتى.

جاڭ شۆگۇاڭ

ئىچكى جەھەتتە كېڭەيتىش، تاشقى جەھەتتە بىرلىشىش، بازار ئېچىش ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى بايلىق مەنبەسى بازارلىرىنى پائال ئېچىپ، پىچاننىڭ كانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىن مەدەت بەردى. تاشقى سودىنى كۈچەيتىپ، قازاقىستاندىن 98 مىڭ توننا تۆمۈر تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆمىلاچ رۇدا سېتىۋالدى، 561 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ماددىي ئەشيانى ئېكسپورت قىلدى.

1993 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى

ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مىنىستىرلىكى بىلەن پولات ۋە توك جەھەتتە بىر - بىرىگە كاپالەتلىك قىلىشنى يولغا قويدى؛ 13 مىليون يۈەن پاي قوشۇپ سانجى تۆدۈنخاپا سېمونت زاۋۇتىغا مەدەت بېرىپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ رۇدا داشقىلىنى سېتىش يولىنى ھەل قىلدى.

جاڭ شۆگۇاڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

1993-يىلى شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ پولات-تۆمۈر تەتقىقات ئورنى 16 تۈر بويىچە پەن تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى، 18 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى، 18 تۈرلۈك تېخنىكىنى كېڭەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: H08MnsiA كەپشەر سىمىغا ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى يۈگىمە شەكىلدە سىناق قىلىپ ئىشلەش، II 25Mnsi دەرىجىلىك پولات چىۋىقنى سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، ئۆرە مەشىنىڭ داشقىلىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەتقىقات نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. «WJL» ئېلېكتر ماشىنىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئاپتوماتىك تەڭشەش ئۈسكۈنىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئېنېرگىيە تېجەپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە، ئۆرەمەشتە بىر توننا پولات تاۋلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كوكس 572 كىلوگرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 61 كىلوگرام تۆۋەنلىدى؛ 12 توننىلىق ئايلانما مەشتە بىر توننا پولات تاۋلاش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كوكس 1136 كىلوگرام بولۇپ، بىر كىلوگرام تۆۋەنلىدى، بەش توننىلىق ئېلېكتر مەشتە بىر توننا پولات تاۋلاش ئۈچۈن 671 كىلوۋات سائەت توك سەرپ قىلىندى؛ پروكاتلانغان پولاتنىڭ ئۈنۈملۈك ماتېرىيال بولۇش نىسبىتى %86.11كە يەتتى، بىر توننا پولات تاۋلاش ئۈچۈن 75 كىلوگرام كۆمۈر سەرپ قىلىندى.

جاڭ شۆگۇاڭ

## «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى

1993 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت كىرىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 194 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %25.65 ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا ۋە باج 22 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %44.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 11 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36 ئاشتى. بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 45 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4600 يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىغا قاراشلىق 31 كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 35 مىليون 679 مىڭ يۈەنگە، ساپ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 4367 گە يەتتى. 1993 - يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلاردىن 485 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاڭ شۆگۇاڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىدىكى زىيالىيلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگە قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى زىيالىيلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئاساسىي سەپتىكى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى، پەن تەتقىقات، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى قاتارلىق توققۇز تارماققا بېرىپ، پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى زاتلار، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى، ياشانغان، ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 130دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، زىيالىيلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەرنى زىيارەت قىلدى، بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى تەكشۈردى، 300دىن ئارتۇق ھەر خىل قاتلامدىكى زىيالىينى ئارىلاپ قەغەز ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈردى.

ھازىر «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 21 مىللەتتىن 20 مىڭ 80 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىي 5007 (ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى 476، پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىي 3470). كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 4371 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 401، پارتىيە سىرتىدىكىلەر 2884)، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 241 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 18، پارتىيە سىرتىدىكىلەر 58)؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 866 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 77، پارتىيە سىرتىدىكىلەر 372)؛ تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 3240 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 306، پارتىيە سىرتىدىكىلەر 2454). زىيالىيلار ئىچىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ ئەزالىرى ئائىلە، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ بالا-چاقىسى ۋە تەيۋەنلىكلەر 75.

باش زاۋۇت زىيالىيلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا

ئەھمىيەت بەردى، باش زاۋۇت دەرىجىلىك توققۇز رەھبەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار، باشقارما دەرىجىلىك 239 كادىر ئىچىدە تېخنىكۇمدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بارلار 184، بۆلۈم دەرىجىلىك 1153 كادىر ئىچىدە تېخنىكىتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 881؛ 22 نەپەر ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىي زاۋۇتنىڭ باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى 28 ياش، باش زاۋۇت رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە بىر نەچچە پارتىيىسىز زىيالىي بار، زاۋۇت، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا پارتىيىسىز زىيالىدىن 11ى بار، بىر نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىككى نەپەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىككى نەپەر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، بىر نەپەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بار. 1992 ـ، 1993 ـ يىللىرى گەۋدىلىك تۆھپىسى بار 19 نەپەر زىيالىي ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتى زىيالىيلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى پائال ياخشىلىدى، كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاپ، پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتى تەتقىقات ئورنى، لايىھىلەش يۇرتى خىزمەت بىناسى سالدى، ئاساسىي سەپتىكى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى زور تۈركۈمدە تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەجرىبە سايمانلىرىنى كىرگۈزدى ۋە سېتىۋالدى، 100 مىڭ دانە كىتاب ساقلىغىلى بولىدىغان كىتاب ئاخبارات ئىشخانىسى سالدى، زىيالىيلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى.

زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر تەكشۈرۈلدى:

1. ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى تۈزگەن زىيالىيلارغا دائىر بەزى سىياسەتلەر يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەي قالدى. سۆھبەت جەريانىدا زىيالىيلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زىيالىيلارنىڭ تەمىناتى توغرىسىدا يەنىمۇ يېڭى سىياسەت تۈزۈپ چىقىشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

2. كارخانىلارنىڭ ئۇنۇم ئىش ھەققى بىلەن ئىش ئورنى ئىش ھەققى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەمگەك قىممىتىنى تازا ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمىدى. نۇرغۇن زىيالىيلار «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتىنىڭ تەقسىمات سىياسىتىدە 1 ـ سەپتىكى ئىشچىلارغا مايىل بولۇپ كېتىپ، زىيالىيلارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى.

3. كارخانىلاردىكى زىيالىيلارنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتىدە يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغاچقا، رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولمىدى.

5. كارخانىلاردا ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋاڭ جيەنجۈن

# رەڭلىك مېتال

## رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 352 مىليون 300 مىڭ يۈەن (يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى مەھسۇلات قىممىتى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى. سېتىش كىرىمى 425 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 23.7% ئاشتى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 37 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 21.5% ئاشتى. نىكېل باھاسىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى، خام ئەشيا، توك باھاسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكى، سېتىش تەننەرخىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك يۇقىرى قەرز ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش، يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىليون 570 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى، بۇنى 1992 ـ يىلدىكى 29 مىليون 130 مىڭ يۈەن پايدا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پايدا جەمئىي 47 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئازايدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 14 مىڭ 577، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 10 مىڭ 369 بولۇپ، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 33 مىڭ 977 يۈەندىن توغرا كەلدى. شىركەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىكى تۇراقلىق مەبلەغنىڭ ئەسلى قىممىتى 515 مىليون 770 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ساپ قىممىتى 316 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايون پاي قوشقان، شىركەت باشقۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى ئالىيۇمىن زاۋۇتىنىڭ 1993 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 198 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 39% ئاشتى؛ سېتىش كىرىمى

251 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %67 ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 20 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %61 ئاشتى؛ پايدىسى 10 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.203 ئاشتى؛ تۇراقلىق مەبلەغنىڭ ئەسلى قىممىتى 120 مىليون 681 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ساپ قىممىتى 94 مىليون 982 مىڭ يۈەن بولدى.

■ ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن ئاللانغان لىتىي رۇدىسى 1992-يىلدىكىدىن %2.5، ئاللانغان تانتال - نىئوبىي رۇدىسى %3.23، لىتىي كاربونات %5.7 كېمەيدى، لىتىي ھىدرو ئوكسىدى %6.15، لىتىي خلورىد %2.0، ئېلېكترولىزلاشقان ئاليۇمىن %7.38، ئاليۇمىن چوكىسى %2.23، ئالتۇن %8.25 ئاشتى (يەرلىك كارخانىلارنىڭ %5.30، شىركەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ %8.6 ئاشتى)، خىروم رۇدىسى %8.18، يۇقىرى نۇقتىدا قاتىدىغان نىكېل %7.10 ئاشتى، تۆۋەن تۆمۈرلۈك لىتىي رۇدىسى %1.40 كېمەيدى، سۇسىز ناترىي سۇلفات %9.14 ئاشتى، ئاللانغان ئاليۇمىن %2.18 كېمەيدى، ئاليۇمىن %4.350، ئېلېكترولىزلاشقان مىس %9.11، ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل %10 ئاشتى، مېخانىزملارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى %25، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى %9.3 ئاشتى، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى %21 ئازايدى، كۆمۈر %5.38 ئاشتى.

لۇڭ بىڭشىڭ

## لىتىيلىق تۇز سانائىتى

1993-يىلى شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 140 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %3.8 ئاشتى؛ پايدىسى 9 مىليون يۈەن بولدى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 17 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا، ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 20 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولدى. سېتىش كىرىمى 149 مىليون يۈەن بولدى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 80 مىڭ 419 يۈەن بولدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن: لىتىي ھىدرو ئوكسىد 1992-يىلدىكىدىن %6.15، لىتىي خلورىد %2.0 ئاشتى، لىتىي كاربونات %5.7 ئازايدى. لىتىي ھىدروئوكسىدنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى شۇ يىلنىڭ بېشىدىكى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %77.80كە يەتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغان ئايدا %23.83كە، ئەڭ تۆۋەن بولغان ئايدا %12.79كە يەتتى؛ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى %06.95كە يەتتى. لىتىي خلورىدنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %41.88 كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %09.90 كە، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا %86كە يەتتى؛ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى %01.51كە يەتتى. لىتىي كاربوناتنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %011.86كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %55.87 كە، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا %10.80كە يەتتى؛ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى %02.77كە يەتتى. ھەر توننا لىتىي ھىدرو ئوكسىدنى ئىشلىشقا سەرپ قىلىنغان ھاك تېشىنىڭ بىرلىك سەرپىياتى 41.21 توننا، ئېغىر مايىنىڭ سەرپىياتى 4.92 توننا، ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى %76.20 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر بولدى؛ ھەر توننا لىتىي كاربوناتنى ئىشلىشقا سەرپ قىلىنغان سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ بىرلىك سەرپىياتى 2.87 توننا، ساپ شۇلتىلىق سەرپىياتى 2.17 توننا، ئېغىر مايىنىڭ سەرپىياتى 0.88 توننا، ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە سەرپىياتى 5.28 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر بولدى.

1993-يىلى شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى ئەسلىدىكى 2-نومۇرلۇق كۆيدۈرۈش خۇمدىنىنى كىسلاتالىق خۇمدانغا ئۆزگەرتتى، چاڭ-توزان يىغىۋېلىش، يۇيۇش، تۇماننى يوقىتىش مەسىلىلىرىنى كۆپەيتتى؛ 4-نومۇرلۇق كۆيدۈرۈش خۇمدىنىنى قاقلاپ كۆيدۈرۈش خۇمدىنىغا ئۆزگەرتتى، سوۋۇتۇش مەسىلىلىرىنى ۋە ماتېرىيال ئامبىرى، رودا ئۆتۈش سىستېمىلىرىنى كۆپەيتتى؛ ئەسلىدىكى ناترىي سۇلفات سېخىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ، تۆت گورۇپپا پارلاندۇرغۇچنى كۆپەيتتى، ناترىي سۇلفات سېخىدىن يەنە بىرنى سالدى؛ ئەسلىدىكى لىتىي كاربونات سېخىنىڭ قىسمەن ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتتى، لىتىي كاربونات سېخىدىن يەنە بىرنى سالدى. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى پىلان بويىچە ئورۇندىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى.

لۇڭ بىڭشىڭ

## مىس - نىكېل ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993-يىلى قاراتۇڭگۇي مىس - نىكېل كېنىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 100 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %2.6 ئاشتى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 76 مىڭ 486 يۈەنگە يېتىپ، %2.15 ئاشتى.

رۇدا ئېلىش، كان قېزىش ۋەزىپىسى 509 مېتىر ئورۇندالدى، ئېلىنغان رۇدا 82 مىڭ 978 توننىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %36.8 ئاشتى. يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېل 7308.69 توننىغا يېتىپ، %10.7 ئاشتى. ئاساسىي تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر: رۇدىنىڭ ئۈنۈمسىزلىنىش نىسبىتى %10.12، رۇدىنىڭ زىيان بولۇش نىسبىتى %1.1، مېتال نىكېلنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %81.42، مېتال مىسنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %81.17 بولدى؛ يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېلنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك نىكېل %30 تىن كۆپ، مىس %40 تىن كۆپ، كوبالىت %2 تىن كۆپ بولدى. ھەر توننا رۇدا ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان خام ئەشيا، يېقىلغۇ ۋە توكنىڭ سەرپىياتى مۇنداق بولدى: ئالاھىدە باي رۇدا 6.57 توننا، كۆيدۈرۈلگەن كاللەك رۇدا 2.93 توننا، كوكس 2.61 توننا، كۋارتس 4.05 توننا، ھاك تېشى 1.2 توننا بولدى. يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېلنىڭ بىرلىك تەننەرخى 9158.15 يۈەن بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 520 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

«كانايىنى سىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش»، «ئايلانما مەشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى داشقالنى شامال بەرگۈچى مەشكە قايتۇرۇش» ۋە «ئايلانما مەشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش»تىن ئىبارەت ئۈچ نەتىجە رەڭلىك مېتال باش شىركىتىنىڭ 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 ـ يىلى فۇكاڭ نىكېل تاۋلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل 6.6 توننىغا، تۆۋەن دەرىجىدە قوتۇپلانغان پىلاستىنكا 4.5 توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. سۇلفات كىسلاتاسى ئىشلەشتە چىلاپ تاللاش ھۈنەر ـ سەنئىتى سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت دۆلىتىمىز نىكېل تاۋلاش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى دۇنيادىكى ئىلغارلار قاتارىغا كىرگۈزدى.

شياۋ مىڭشۇن

ئاليۇمىن سانائىتى

ئۈرۈمچى ئاليۇمىن زاۋۇتى مۇشۇ بىر يىلدا ئاليۇمىن نۆكچىسى 20 مىڭ 118 توننىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %45.3 ئاشتى؛ ئاليۇمىن چوكىسى 2370 توننىغا يېتىپ، %23.2 ئاشتى، ئانود بوتقىسى 2273 توننىغا يەتتى، ساپ ئاليۇمىن 1184 توننا بولۇپ، %18.2 كېمەيدى، ئاليۇمىن بىرىكمىلىرى 2153 توننىغا يېتىپ، %350.4 ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەتى جەھەتتە: ئاليۇمىن نۆكچىسىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100، 1 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولۇش نىسبىتى %90.48 بولۇپ، 6.3 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى؛ نۆكچە قۇيغىچە ‰6.2 خورىدى، ئاليۇمىن چوكىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، چوكا قۇيغىچە ‰14 خورىدى، توكنىڭ ئۈنۈمى %86.08كە يەتتى، ھەر توننا ئاليۇمىن ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان تۇراقلىق توكنىڭ سەرپىياتى 15 مىڭ 27 كىلوۋات سائەت، ئۆزگىرىشچان توكنىڭ سەرپىياتى 16 مىڭ 334 كىلوۋات سائەت، ئۇنۇۋېرسال توك سەرپىياتى 17 مىڭ 357 كىلوۋات سائەت بولدى. ساپ ئاليۇمىننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. ھەر توننا ساپ ئاليۇمىن ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئۆزگىرىشچان توكنىڭ سەرپىياتى 19 مىڭ 715 كىلوۋات سائەت، ئاليۇمىن ئوكسىدىنىڭ سەرپىياتى 1954 كىلوگرام، ئانود بوتقىسىنىڭ سەرپىياتى 548 كىلوگرام، فتورلۇق تۇزنىڭ سەرپىياتى 48 كىلوگرام بولدى.

كۆكتوقاي ئاليۇمىن زاۋۇتى 1993 ـ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاليۇمىن نۆكچىسى 2151 توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %2.8 ئازايدى. مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتى جەھەتتە: ئاليۇمىن نۆكچىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە، 1ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى %94.69كە يەتتى، نۆكچە قۇيغىچە ‰12.45 خورىدى، توك ئۈنۈمى %81.86كە يەتتى، ھەر توننا ئاليۇمىن ئېلىش ئۈچۈن سەرپ بولغان تۇراقلىق توكنىڭ سەرپىياتى 15 مىڭ 725 كىلوۋات سائەت، ئۆزگىرىشچان توكنىڭ سەرپىياتى 17 مىڭ 551 كىلوۋات سائەت، ئۇنۇۋېرسال توك سەرپىياتى 17 مىڭ 798 كىلوۋات سائەت، ئاليۇمىن ئوكسىدىنىڭ سەرپىياتى 1925 كىلوگرام، ئانود بوتقىسىنىڭ سەرپىياتى 526.6 كىلوگرام، فتورلۇق تۇزنىڭ سەرپىياتى 51.8 كىلوگرام بولدى.

ئىلى ئاليۇمىن زاۋۇتى 1993 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %15.2 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاليۇمىن نۆكچىسى 3506 توننىغا يېتىپ، %16.8 ئاشتى. مەھسۇلات سۈپەتى جەھەتتە: ئاليۇمىن نۆكچىسىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100كە، 1 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى %81.35كە يەتتى؛ توك ئۈنۈمى %77.33كە يەتتى، ھەر توننا ئاليۇمىن ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان تۇراقلىق توكنىڭ سەرپىياتى 17 مىڭ 716 كىلوۋات سائەت، ئۆزگىرىشچان توكنىڭ سەرپىياتى 18 مىڭ 564 كىلوۋات سائەت، ئۇنۇۋېرسال توك سەرپىياتى 20 مىڭ 393 كىلوۋات سائەت، ئاليۇمىن ئوكسىدىنىڭ سەرپىياتى 2002 كىلوگرام، ئانود بوتقىسىنىڭ سەرپىياتى 651 كىلوگرام، فتورلۇق تۇزنىڭ سەرپىياتى 44 كىلوگرام بولدى.

شيا فاڭ

## ئالتۇن سانائىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتۇن كارخانىلىرى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا دۆلەت پىلانىنى %144.76 ئورۇندىدى، ئالتۇن مەھسۇلاتىنى 1992 - يىلدىكىدىن %27.92 ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە كېھەك ئالتۇن ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 10.67 پىرسەنتىنى، ئۆيۈل ئالتۇن ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 89.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇقتىلىق كان بولغان خاتو ئالتۇن كېنى 12 مىڭ 500 سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەت پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاساسلىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىن ئالتاي ۋىلايىتى پىلانىنى %108.07 ئورۇنداپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.71 ئاشۇردى؛ تۇرپان ۋىلايىتى پىلانىنى %408.53 ئورۇنداپ، %281.60 ئاشۇردى؛ قۇمۇل ۋىلايىتى پىلانىنى %104.48 ئورۇنداپ، %11.97 ئاشۇردى؛ ئىلى ۋىلايىتى پىلانىنى %286.19 ئورۇنداپ، %28.55 ئاشۇردى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە پىلان %80.26 ئورۇندىلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.79 كېمەيدى. 1993 - يىلى ئالتاي، تۇرپان ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرى 10 مىڭ سەردىن ئالتۇن ئىشلەپچىقاردى؛ كۆكتوقاي، قابا، پىچان ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى 10 مىڭ سەردىن ئالتۇن ئىشلەپچىقاردى.

1993 - يىلى ئاشى ئالتۇن كېنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. قۇمۇل شەھىرى جەنۇبىي بەل بۇلاق ئالتۇن كېنىنىڭ كۈنىگە 100 توننا رۇدا تاللاش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ئورۇندالدى.

1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بازاردا مال باھاسى ئۆرلىگىنى بىلەن، بانكىنىڭ كانلار ئىشلەپچىقارغان ئالتۇننى سېتىۋېلىش باھاسى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ تىجارىتىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئاز بىر قىسىم ئالتۇن ئىستىخسىلىك ھالدا ئالتۇن بازىرىغا ئېقىپ كىردى. كۆپ ساندىكى كارخانىلار يەنىلا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئالتۇننى بانكىغا تاپشۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئالتۇن تاپشۇرۇشتا مەملىكەت بويىچە ئەلڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، دۆلەت ئالتۇن ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئالتۇن سىياسىتىنى تەڭشىگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئەھۋالى تېز ياخشىلاندى، 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تۆت ئايدا تاپشۇرۇلغان ئالتۇن مىقدارى يىللىق مەھسۇلاتنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتۇن سانائىتىدە ئاساسەن مۇنداق مەسىلىلەر ساقلاندى: ئالتۇننى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ يېتەرلىك بولماي، تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمىگەنلىكتىن، قىسمەن كانلارنىڭ بايلىق مەنبەسى كەمچىل بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا، قىسمەن رايونلاردا قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش، يەككىلەر ئالتۇن قېزىش ئەھۋاللىرى يەنە باش كۆتۈرۈپ قالدى. ئالتۇن تاغ مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. ئالتۇن سىياسىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئالتۇن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ پائالىيەت خىراجىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالتۇن سانائىتىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ باشقۇرۇشقا تەسىر يەتتى.

يۈ شيالىن

## ئاز ئۇچرايدىغان مېتال سانائىتى

كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1993 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.4 ئازايدى، پايدىسى 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن تاللانغان لىتىي رۇدىسى 24 مىڭ 213 توننىغا يېتىپ، %1.5 ئاشتى؛ تاللانغان تانتال - نىئوبىي رۇدىسى 37 توننا بولۇپ، %15.9 ئازايدى، تۆۋەن تۆمۈر تەركىبلىك كاللەك رۇدىسى 1610 توننا بولۇپ، %40.1 ئازايدى. 3 - نومۇرلۇق ئۆستى ئوچۇق كاندا ئومۇمىي قېزىش مىقدارى 281 مىڭ 75 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇدا ئېلىش مىقدارى 279 مىڭ 368 توننا، قېزىش مىقدارى 1707 توننا بولدى. ئاساسلىق تېخنىكا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى مۇنداق بولدى: ھەر بىر (سمېنا) ئېكسكاۋاتورنىڭ ئىش ئۈنۈمى 535.4 توننا، ھەر بىر سمېنا تېشىش بۇرغىسىنىڭ ئىش ئۈنۈمى 50.03 مېتر، ھەر بىر (سمېنا) مۇللاقچى ئاپتوموبىلنىڭ ئىش ئۈنۈمى 26.73 توننا / كىلومېتر بولدى. ھەر بىر 10 مىڭ توننا تاغ جىنسلىق رۇدىنى پارتلىتىشقا 2441 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا سەرپ قىلىندى. «87» ماشىنا ئارقىلىق رۇدا تاللاش زاۋۇتىنىڭ تاللانغان لىتىي رۇدىسىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %82.12كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى سەۋىيە بىلەن تەڭلەشتى؛ تانتال - نىئوبى تاللانغان رۇدىسىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %65.11 بولۇپ، 2.2 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايدى. تاللانغان لىتىي رۇدىسىنىڭ يارامسىز تەركىبى %11.24كە يېتىپ، 1.54 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا بىر تەرەپ قىلىنغان رۇدا جەمئىي 137 مىڭ 557 توننىغا يەتتى. ھەر توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىنغان پولات شارچە ۋە تۇم پولات 3.63 كىلوگرام، ئاساسلىق خۇرۇچ 4.53 كىلوگرام، توك 76.29 كىلوۋات سائەت بولدى.

ئالتاي كېنى 1993 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.21 ئازايدى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردا يىللىق پىلان ئورۇندالمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاللانغان لىتىي رۇدىسى 6685 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.39 ئازايدى، تاللانغان تانتال - نىئوبىي رۇدىسى 5.20 توننا بولۇپ، %9.33 ئازايدى. رۇدا قېزىش - كان كولاش مىقدارى 80 مىڭ 146 تونىنغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رۇدا قېزىش مىقدارى 55 مىڭ 796 توننا، كان كولاش مىقدارى 2633 مېتىر. ھەر بىر (سىمېنا) بۆرىمدا 54.65 توننا رۇدا قېزىلىپ، كان 1.49 مېتىر چوڭقۇرلىدى. كان قېزىش مەيدانىدىكى ھەر بىر سىمېنىدا 6.08 توننا رۇدا قېزىلىپ، كان 0.25 مېتىر چوڭقۇرلىدى. بىر توننا رۇدا قېزىشقا 0.37 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، بىر مېتىر قۇدۇق كولاشقا 13.33 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى سەرپ قىلىندى. رۇدا قېزىشتىكى زىيان نىسبىتى %65.2، ئۇنۇمسىزلىنىش نىسبىتى %52.2 بولدى. رۇدا تاللاش زاۋۇتى 61 مىڭ 531 توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلدى، تاللانغان لىتىي رۇدىسىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %41.78 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى سەۋىيە بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى؛ تاللانغان تانتال - نىئوبىي رۇدىسىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %49.74كە يېتىپ، 7.88 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. تاللانغان لىتىي رۇدىسىنىڭ يارامسىز تەركىبى %68.7 بولدى، بىر توننا رۇدا تاللاشقا 43 كىلوگرام ئاساسلىق خۇرۇچ، 2.46 كىلوگرام پولات شارچە ۋە توم پولات، 34.23 كىلوۋات سائەت توك سەرپ قىلىندى.

مائېركالڭ كېنى 1993 - يىلى ئىشتىش كىرىمى 9 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلات بولغان تاللانغان لىتىي رۇدىسى 10 مىڭ 46 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %21 ئاشتى، كان مەشغۇلات مىقدارى مۇنداق بولدى: رۇدا قېزىش، كان كولاش مىقدارى 154 مىڭ 625 تونىنغا يەتتى، 139 مىڭ 831 توننا رۇدا قېزىلىپ، كان 1370 مېتىر چوڭقۇرلىدى. ئاساسلىق تېخنىكىلار ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىدىن ھەر بىر سىمېنىدا 49.09 توننا رۇدا قېزىلىپ كان 1.33 مېتىر چوڭقۇرلىدى؛ كان مەيدانىدىكى ھەر بىر سىمېنىدا 7.84 توننا رۇدا قېزىلىپ، كان 0.21 مېتىر چوڭقۇرلىدى؛ ھەر بىر توننا رۇدا قېزىشقا 0.32 كىلوگرام، ھەر بىر مېتىر كان كولاشقا 13.19 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى سەرپ بولدى. رۇدا تاللاش زاۋۇتى 58 مىڭ 517 توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلدى، تاللانغان لىتىي رۇدىسىنىڭ قايتا يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %88.74كە يېتىپ، 2.02 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. تاللانغان لىتىي رۇدىسىنىڭ يارامسىز تەركىبى مۇشۇ بىر يىلدا يۇقىرىراق بولۇپ، ئوتتۇرىچە %38.9 بولدى، ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئىشلىتىش نىسبىتى %29.67كە يەتتى، بىر توننا رۇدا قېزىشقا پولات شارچە ۋە تومۇر پولات 2.131 كىلوگرام، ئاساسلىق خۇرۇچ 5.55 كىلوگرام سەرپ بولدى.

شيا فالڭ

## يەرلىك رەڭلىك مېتال سانائىتى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك كىچىك رەڭلىك مېتال سانائىتى كارخانىلىرى 1993 - يىلى مىس، ۋولفرام، قەلەيدىن ئىبارەت مېتال كان مەھسۇلاتلىرىدىن 1357 توننا ئىشلەپچىقاردى، مىس، قەلەي، سىنىك مەھسۇلاتلىرىدىن 570 توننا تاۋلىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 18 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىگە ئاساسەن تەڭلەشتى. باراتقان پايدا ۋە بېجى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 200 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەرلىك كىچىك رەڭلىك مېتال سانائەت كارخانىلىرىدىن 20سى بار (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى تۆت) بولۇپ، ئۇلار، ئاساسلىقى، ئۈچ خىل كان مەھسۇلاتى ۋە ئۈچ خىل تاۋلانغان مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. كان مەھسۇلاتلىرىدىن 6520 توننا تاللانغان مىس رۇدىسى (دەرىجىسى %20 تىن %22 كىچە)، 1270 توننا مىس تەركىبلىك مېتال، 106 توننا ۋولفرام رۇدىسى (دەرىجىسى %68تىن %73كىچە)، 74 توننا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ۋولفرام ترىئوكىسىدى، 21 توننا تاللانغان قەلەي رۇدىسى (دەرىجىسى %60)، 13 توننا قەلەي تەركىبلىك مېتال ئىشلەپچىقىرىلدى. تاۋلانغان مەھسۇلاتلاردىن 430 توننا قوغۇشۇن (دەرىجىسى %97تىن يۇقىرى)، 100 توننا ئېلېكترولىزلانغان قوغۇشۇن (دەرىجىسى %9.99)؛ 40 توننا قاتتىق مىس (دەرىجىسى %37) ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرلەر: 1993 - يىلى قۇرۇلغان ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يەرلىك رەڭلىك مېتال زاۋۇت - كانلىرى ئىچىدە رۇدا تاللاش زاۋۇتلىرىدىن لاماسۇ مىس تاللاش زاۋۇتى (كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى 200 توننا)، يەكەن مىس رۇدىسى تاللاش زاۋۇتى (كۈندىلىك مەھسۇلاتى 50 توننا)؛ تاۋلاش زاۋۇتلىرىدىن ئىلقا قاتتىق مىس تاۋلاش زاۋۇتى (يىلىغا 200 توننا ئىشلەپچىقىرىدۇ)، ئاتۇش سىنىك ئوكسىدى تاۋلاش زاۋۇتى (يىلىغا 1000 توننا سىنىك ئوكسىدى پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىدۇ). 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى يەرلىك كىچىك رەڭلىك مېتال كانلىرىنىڭ كۈندىلىك رۇدا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 1180 تونىنغا يەتتى؛ تاۋلانغان رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتى يىلىغا 6800 تونىنغا يەتتى. قۇرۇلۇۋاتقان ئاتۇش مىس تاۋلاش

زاۋۇتىغا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ زاۋۇت يىلىغا 1200 توننا ئېلېكترولىزلانغان مىس قوشۇمچە 65 كىلوگرام ئالتۇن، 202 كىلوگرام كۈمۈش ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.

ساۋ خۇيجى

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە 15 مىليون 240 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. گورۇندالغان ئاساسلىق ئىش مىقدارى مۇنداق: 6104 مېتر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلدى، ھەر بىر بورۇاينىڭ ئايلىق بۇرغىلاش ئۈنۈمى 571 مېتر، تۆشۈكلەرنىڭ 1 - دەرىجىلىك بولۇش نىسبىتى %82؛ خەندەك قېزىپ تەكشۈرۈش 28 مىڭ 180 كۇب مېتر، قۇدۇق كولاپ تەكشۈرۈش، 350 مېتر، 1:50000 ماشتابلىق يىراقتىن سېزىش ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك كۆلەم 2000 كۋادرات كىلومېتىر، 1:50000 ماسشتابلىق خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن تارقاق ئېقىم 3871 كۋادرات كىلومېتر مىس، نىكېل، ئالتۇن، قەلەي، سىنك قاتارلىق 13 تۈردە ئالدىنقى قاتارلىق تەكشۈرۈش ياكى بۇرغىلاپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە پەن تەتقىقات ئارقىلىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلىپ، شىبغىل بۇلاق، مىس جىلغا، چىڭگىل كان رايونى، جامانتىي، بوركىسدەي - خۇرجىنخۇلا، قۇلاساي، مەيسى يانتولۇقى، شياڭشەن قاتارلىق كان رايونلىرى ۋە كان بەلباغلىرى تاللىنىپ، 1994 - يىلى باسقۇچ خاراكتېرلىك مىس، ئالتۇن زاپىسىنى ئورۇنداش ھۆددە نۇقتىلىرى ۋە مىس، نىكېل، ئالتۇن، شۇنىڭدەك قەلەي، سىنكنى تەكشۈرۈش بازار ھۆددە نۇقتىلىرى قىلىندى، بەزىلىرىنىڭ قىسمەن زاپىسى ھېسابلاپ چىقىلدى. چىڭگىل رايونى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلاردا بىر قەدەر زور ئالتۇن تەركىبلىك، رەڭلىك مېتال تەركىبلىك كان بەلباغلىرى بايقالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە رەڭلىك مېتال ستېپىسىنىڭ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش رايونلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

1993 - يىلى كانلارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ئەتراپىدىن كان ئىزلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. قۇرۇمتى كېنىنىڭ 112.نومۇرلۇق تومۇرىنىڭ 1584 تەكشىلىكتىكى بۆلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كاننىڭ چوڭقۇر قىسمى قېلىنلاشقانلىقى، دەرىجىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، يېڭىدىن تەكشۈرۈلگەن 116 - نومۇرلۇق تومۇردا 1 مىليون تونندىن ئارتۇق رۇدا تىزگىنلەندى. خاتۇ ئالتۇن كېنىنى ئۈچ يىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق خېلى كۆپ ئالتۇن زاپىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

لۇاڭ يىڭشاڭ

كان گېئولوگىيىسى

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى تاپشۇرغان «كۆكتوقاي ناھىيىسى قاراتوڭكې مىس - نىكېل كان رايونى 1 - نومۇرلۇق كان ياتىمىسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى گېئولوگىيىلىك دوكلات» ئاپتونوم رايونلۇق كان زاپىسى كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكېلنىڭ زاپىسى كەڭ كۆلەمگە، مىس، كوبالتنىڭ زاپىسى ئوتتۇرا كۆلەمگە كىرىدۇ، ئۇ، ئېلىمىز بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان مىس - نىكېل سۇلفاتلىق كان ياتىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گېئولوگىيە خادىملىرى كۆكتوقاي 3 - نومۇرلۇق رۇدا تومۇرىنى ئۈچ يىل گىدروگېئولوگىيىلىك سىناق قىلىش، كۆزىتىپ ئۆلچەش ھەمدە 30 نەچچە يىللىق تارقاق سۇ چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، بۇ چوڭ كان ياتىمىسىنى ئېچىش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، پەلەمپەي ئاقتۇرۇپ سۇ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە 2 - قاتارلىق تارقاق سۇ چىقىرىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشى ۋە يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بۇ لايىھە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، بۇ لايىھە بويىچە بولغاندا 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قۇرۇلۇش خىراجىتىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

كۆكتوقاي قۇرۇمتى رايونىدا قىزىل، يېشىل - كۆك ياقۇت رۇدا تومۇرى تېپىلىپ قېزىلغاندىن كېيىن، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بۇ رۇدا تومۇرىنىڭ تېپىلىشى بۇ رايوننىڭ ياقۇت ئىزدەش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

كۆكتوقاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئارال رايونىدا لىتىي رۇدا تومۇرى تېپىلىپ، كاننىڭ زاپاس لىتىي بايلىقى بازىسىنى ئىزدىشىنى يېڭى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

جېڭدۇ تەبىئىي پەن - سانائەت پەنلىرى شۆيۈەنى ئۆستىگە ئالغان كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئاز ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقىنىڭ زاپاس بازىسىنى تېپىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان «305» پەن تەتقىقات تۈرىدە، 1992 - يىلى دالا خىزمىتى ئورۇندىلىپ، بەش خىل كان ئىزدەش ئۇسۇلى ئارقىلىق 3 -، 4 -، 5 - نومۇرلۇق ئۇمىدلىك غەيرىلىكلەر دائىرىگە ئېلىندى. 1993 - يىلى 5 - نومۇرلۇق غەيرىلىك بۇرغىلاپ تەكشۈرۈلۈپ دەلىللەندى، ئۈچ تۆشۈك 251 مېتر بۇرغىلانغاندا، غەيرىلىكلەرنى خلورىدلاشقان ئامفىبولىت پەيدا قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى:

قۇرۇمتى 112 - نومۇرلۇق رۇدا تومۇرىنىڭ چوڭقۇر

قىسمىدىكى 1584 مېتىر ئوتتۇرا بۆلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلاپ، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بارىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. 116 ـ نومۇرلۇق رۇدا تومۇرىدا 1832 مېتىردىن 1632 مېتىرغىچە بولغان ئالتە ئوتتۇرا بۆلەكنى ئورەك قېزىپ تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ، 1 مىليون توننىدىن ئارتۇق رۇدا تىزگىنلەندى. پەلەمپەيلىك سىرىلما قۇدۇقتىن رۇدا قېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق كان قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش تەستىقلاندى.

خاتو ئالتۇن كېنىدا ئۈچ يىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق 28 كان گەۋدىسىنىڭ زاپىسى ھېسابلىنىپ، بەش توننىدىن ئارتۇق ئالتۇن زاپىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئالتۇن كېنى، ئالتاي شەھىرى خۇڭدۇن ئالتۇن كېنى، جىمسار ئالتۇن كېنى، گۇچۇڭ ئالتۇن كېنى قاتارلىق جايلاردا ئىككى يىلدىن بۇيان بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن قېزىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئالتۇن رۇدىسى زاپىسى تاپشۇرۇلۇپ، كانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۆمرى ئۇزارتىلدى.

شەن جيۇراڭ

**ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى**

ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ 1993 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى 90 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 15 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئاشتى. (يەرلىك ئورۇنلار ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا). ئىككى چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى، ئۇلار: كان نىكېل تاۋلاش زاۋۇتىغا 39 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە توپا ـ تاش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 29 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئۈسكۈنە، ئاپپاراتلارنى قۇراشتۇرۇشقا سېلىنغىنى 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ ئاشى ئالتۇن كېنى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە توپا ـ تاش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئۈسكۈنە، ئاپپاراتلارنى قۇراشتۇرۇشقا سېلىنغىنى 150 مىڭ يۈەن. 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى قۇرۇلغان فۇكاڭ نىكېل تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ نىكېلنى ئېلېكتروللىزلاش ئۇچاستىكىسىدا تۇنجى ئېلېكتروللىزلانغان نىكېل تاختىسى ئىشلەپچىقىرىلىپ، شىنجاڭنىڭ نىكېل ئىشلەپچىقىرالمايدىغان تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەمدەش ئۇسۇلى بىلەن نىكېل ئېلىش جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى.

ئاشىل مىس كېنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. 1993 ـ يىلى ھەر خىل تەكشۈرۈش ۋە قېزىش قۇدۇقلىرىغا 6 مىليون 985 مىڭ 400 يۈەن سەرپ قىلىندى. ئاساسلىق قۇدۇقلار 175 مېتىر كولاندى؛ بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش 4964.1 مېتىرغا، گىدرولوگىيىلىك بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش 379 مېتىرغا، تېخنىكىلىق بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش 410 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى، قۇدۇقلارنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشلىرى ۋە ۋاقىتلىق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى 1850 كۋادرات مېتىر ئورۇنلاندى.

تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى قاراتۇڭكې مىس ـ نىكېل كېنىنىڭ يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېل سېخىدا بۇنىڭدىن بۇرۇن شامال بېرىش ئوچىقىنىڭ تۇرخۇنى قۇرۇمداپ پات ـ پات تومۇلۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر تۆت ـ بەش كۈندە بىر قېتىم ئىش توختىتىپ يەتتە ـ سەككىز سائەت رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەسىر يەتكەن ئىدى. 1993 ـ يىلى بۇ سېختىكى سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەتقىق قىلىپ ئەسلىدىكى «八» شەكىللىك تۇرخۇننى گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان تۇرخۇنغا ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلىتىش مۇددىتى ئەسلىدىكى 15 كۈندىن 45 كۈنگە ئۇزىراپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۆستى؛ شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن ھاك تاشنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى سۇلفات كىسلاتاغا چىلاش ئارقىلىق لىتىي كاربونات ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئۆزگەرتتى، كونا سېخنىڭ بىر قىسىم مۇئەسسەسلىرىنى ئېلىۋېتىپ، لىتىي كاربونات سېخىنى قۇردى؛ ئەسلىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق كۆيدۈرۈش خۇمدىنىنى كىسلاتالىق خۇمدانغا ئۆزگەرتتى، بىر قىسىم چاڭ ـ توزان يىغىش، تۇماننى يوقىتىش مۇئەسسەسلىرىنى كۆپەيتتى؛ 4 ـ نومۇرلۇق كۆيدۈرۈش خۇمدىنىنى قاقلاپ كۆيدۈرۈش خۇمدىنىغا ئۆزگەرتتى، ماتېرىيال كىرگۈزۈش، سوۋۇتۇش، رۇدا ئېزىش قاتارلىق مۇئەسسەسلىرىنى كۆپەيتتى ھەمدە ئەسلىدىكى لىتىي كاربونات ۋە ناترىي سۇلفات سېخلىرىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇردى.

لۇڭ بىڭشاڭ

**يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت**

1993 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى ئىككى مۇھىم يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزدى ھەم ئىشلەتتى. يېڭى قۇرۇلغان كاڭ نىكېل تاۋلاش زاۋۇتىغا يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېلنى نەمدەش ئۇسۇلى بىلەن تاۋلاش يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانى، يەنى مېتاللاشقان يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېلنى سۇ بىلەن پارچىلاپ سۇلفات كىسلاتاسىغا چىلاش ـ قارانىكېلدىن كوبالتنى ئاجرىتىش ـ قۇرۇتۇپ ئانود توك ئارقىلىق نىكېل ئېلىش ھۈنەر ـ سەنئىتى

جەرياني مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ قوللىنىلدى. بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەت جەريانىدا ھالقىلار ئاز، خۇرۇچ سەرپىياتى تۆۋەن، داشقال ئېرىتمىسى ساپ، مۇھىتنىڭ ئاسرىلىشى بىر قەدەر ياخشى، نىكېل، كوبالتنىڭ تىنىش نىسبىتى ۋە مېتالنى قايتا يىغىۋېلىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەت جەرياني شىركەت بىلەن بېيجىڭ رۇدا تاۋلاشنى تەتقىق قىلىش باش ئاكادېمىيىسى بىرلىكتە يېرىم سانائەت خاراكتېرلىك سىناق قىلىپ ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، فۇكاڭ نىكېل تاۋلاش قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلگەنىدى، 12 - ئاينىڭ 23-كۈنى تۇنجى ئېلېكترولىزلانغان نىكېل تاۋلاپ چىقىلدى. 1993 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاشى ئالتۇن كېنى قازاقىستاندىن دەرەخ يېلىمىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن ئېلىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى كىرگۈزدى. بۇ خىل ھۈنەر سەنئەتتە مەنپىي ئىئون بىلەن دەرەخ يېلىمى ئالماشتۇرۇلۇپ، سىئاندكان ئېرىتمىسىدە بىۋاسىتە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىر نەچچە يىل ئىلگىرى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈپ قوللىنىلغان كاربون ئېرىتمىسى ئارقىلىق ئالتۇن ئېلىشقا قارىغاندا، تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى كۆپ ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مېتالنىڭ قايتا يىغىۋېلىش نىسبىتىنى ئىككى - ئۈچ پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى

1993 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا يىرگىنىشلىك چوڭ ھادىسىلەر، ئۆلۈم - يېتىم ھادىسى، چوڭ ئوت ئاپىتى ۋە چوڭ مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسى يۈز بەرمىدى. ئېغىر زەخىملىنىش ھادىسى 1992 - يىلدىكىدىن 11% تۆۋەنلىدى، ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە زەخىملىنىش نىسبىتى 54.7‰ تۆۋەنلىدى، چاڭ - توزان زىچلىقىنىڭ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 3.14 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى، قاتناش ۋەقەسى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى ئىككى ئادەم (قېتىم) كېمەيدى.

لۇڭ بىڭشىڭ

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

1993 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى جەمئىي 31 تەتقىقات تېمىسىنى ئورۇنلاشتۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «مەشئەل» پىلانىغا تەۋە تۈر بىر، دۆلەتنىڭ «305» تۈرىگە تەۋە تۈر تۆت، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تۈرى بەش، جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتىنىڭ تۈرى 11، رەڭلىك مېتال باش شىركىتى ھەربىي سانائەت يېڭى ماتېرىياللىرى تۈرى ئىككى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە تەۋە تۈر سەككىز)، ئۇلاردىن 28 تۈر ئورۇندالدى ۋە يىللىق پىلاندىكى ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىدىكى بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات تۈرلىرى ۋە يەرلىك ئورۇن بىلەن توغرا لىنىيىلىك ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان پەن تەتقىقات تېمىلىرىدىن 11 تۈر ئورۇندالدى.

1993 - يىلى توققۇز تۈر ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاشتىن ئۆتتى؛ بۇلار: قارا تۈگكي مىس - نىكېل كېنىدا نەمدەش ئۇسۇلى بىلەن تاۋلاش يېڭى ھۈنەر سەنئىتى. قاراتۈگكي مېتاللاشقان يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىدىغان نىكېلنى يەل بېرىپ تاۋلاش ۋە سۇدا ئېزىش، لىتىي تەركىبلىك ئانود بوتقىسىنى سانائەت تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈش، دولقۇنلىتىش ئارقىلىق ئالتۇن ئېلىش ھۈنەر - سەنئەتنى سىناپ كۆرۈش، لىتىينى دېئېلېكترىكنى تەتقىق قىلىپ ياساش، لىتىي تېترا بوراتنى تەتقىق قىلىپ ياساش، لىتىي - ئالىيۇمىندىن ئالتۇن ئېلىش، چاستوتا بەلگىسى ئارقىلىق سېپزىنىي ئېلىش، 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال ۋە ئالتۇن سانائىتىدىكى نۇقتىلىق كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار ئىچىدە قاراتۈگكي مىس - نىكېل كېنىنىڭ نەمدەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاۋلاش يېڭى ھۈنەر سەنئەت نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

1993 - يىلى شىركەت مېتال نىكېل، لىتىي ئارسېناتلىق گېكسا فتورىد، لىتىي ئالىيۇمىناتلىق تېتراخلورىد، لىتىي ئوكسىدىي ترى فتورولىتىي مېتىل سۇلفات، سۇسىزلىتىي سۇلفىد، لىتىي بوراتلىق تېترافتورىد، لىتىي تېترا بورات، سىلىتىي يېلىملىق يۇقىرى ئىقتىدارلىق دېئېلېكترىكتىن ئىبارەت توققۇز خىل يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشلىدى.

يىچۇن تانتال - نىكېل كېنىدا كان لاتقىسىنى ۋېنتا شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت سانائەت تەجرىبىسى ۋە قاراتۈگكي كېنىنىڭ ئېرىتىپ تاۋلاش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقاتى ئۆلكە - مىنىستىرلىك بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاممونىيلىق كاربون بىلەن لىتىينى تىندۇرۇپ لىتىي كاربونات ئېلىش ئۇسۇلى دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

دەي خۇەنشۈن

تاشقى سودا، چېگرا سودىسى، كوللېكتىپ ئىگىلىك

1993 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ ئېكسپورت تىجارىتى تارماقلىرىدا تىجارەتنى

مۇددىتىگە بېرىش يولغا قويۇلدى. تىجارەت ئۇسۇلى جەھەتتە مەھسۇلات، بازار كۆپ خىللاشتۇرۇلۇپ، لىنتىيلىق تۇزغا نۇقتىلىق ھالدا دۆلەت سىرتىدىكى بازار تېپىلدى. تىجارەت تارماقلىرى دېڭىز بويىدىكى شىركەتلەرگە ساقلاپ، توشۇپ بېرىشنى مۇددىتىگە بېرىپ، ساقلاپ، توشۇپ بېرىش ھەققى ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئەمەلىيەتتە، 3 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلىندى؛ ئىمپورت سوممىسى 9 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ 6 مىليون 545 مىڭ يۈەنلىك بېسىلىپ قالغان مەھسۇلات بىر تەرەپ قىلىندى.

1993 - يىلى شىركەتكە قاراشلىق يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى شىركەتلىرى كەسىپ، تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قازاقىستان رەڭلىك مېتال سانائىتى زاۋۇت - كانلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئېلىپ باردى. جۇڭگو تەرەپ قازاقىستاننى جىددىي كەمچىل بولۇۋاتقان كان تاللاشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ، قارشى تەرەپنىڭ مىسنى ئاساس قىلغان ئارىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا 4020 توننا تاللانغان مىس رۇدىسى ۋە قىسمەن ئېلېكتروللىزلانغان مىس ھەم كېرەكسىز ئارىلاشما مىس قاتارلىقلار ئالماشتۇرۇلدى. يىللىق پايدىسى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 350 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى كارخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

1993 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە قاراشلىق كوللېكتىپ ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 76 مىليون 711 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %78.4 ئاشتى؛ پايدا ۋە بېجى 5 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %76 ئاشتى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 600دىن ئارتۇق ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلاردىن 175 ى تەربىيەلەندى. 1993 - يىلى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 658 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 13 مىليون 337 مىڭ 500 يۈەن. ئۈرۈمچى مىس ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات تۇزەكلىك رېزىنكە قاپلىق ئالىيۇمىن سىمى زاۋۇتى، كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسىگە قاراشلىق فوكاڭ سېلىندىر شەكىللىك خالتا زاۋۇتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاتىسېتىلېن ئېرىتىش زاۋۇتى، رەڭلىك مېتال 2 - كان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئۆزگەرتىلگەن «بەيلەنسۇن» مېھمانخانىسى قاتارلىق كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى ياكى سىناق تەرىقىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، رەڭلىك مېتال 2 - كېنىنىڭ سامساق جەۋھىرىدىن ساقلىق سافلاش يېمەكلىكى ئىشلەش زاۋۇتى، كۆيتۇڭ ئالتۇنچىلىق بىناسى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ قىزدۇرۇپ ئىگىلىگەن ئەينەك بۇيۇملىرى زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى راۋاجلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان 28 تۈرنىڭ بىر قىسىم ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، مۇشۇ بىر يىلدا كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 30 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14 مىليون 870 مىڭ يۈەن ئاشتى، ساپ كىرىم 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %122 ئاشتى.

لۇڭ بىڭشىڭ

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى پىلان بويىچە باشقۇرىدىغان 118 كارخانىنىڭ 1993 - يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 828 مىليون 770 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %0.02 ئاشتى. سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 479 مىليون 896 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %25.89 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 117 مىليون 744 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 65 مىڭ 679 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر - تېخنىك 4817، بارلىق خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 7553 يۈەن بولدى.

1993 - يىلى 53 كارخانا يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋە نېفتلىككە ياردەم قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 240 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4 كېمەيدى. مۇشۇ بىر يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ساھەلەر بويىچە ئايرىغاندا مۇنداق بولدى: ئاپتوموبىل ساھەسىنىڭ %0.5، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىنىڭ %15.6 تۆۋەنلەپ كەتتى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ساھەسىنىڭ %14.1، نېفىت ئاسباب ساھەسىنىڭ %13.3، ئېلېكترون ساھەسىنىڭ

%8.6 ئاشتى. غەربىي قورال - ياراق ساھەسىنىڭ %1.1 تۆۋەنلەپ كەتتى. مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك شۇكى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولدى، ئامبار زاپىسى كۆپىيىپ كەتتى، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى، زىيان تارتقان كارخانىلار كۆپىيىپ كەتتى.

سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىنىڭ ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناپ باھالاش پونكىتى مۇتەخەسسىسلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، 15 كارخانىنىڭ سەككىز خىل مەھسۇلاتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈردى، كۆپ ساندىكى كارخانىلار مەھسۇلاتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ سۈپىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن. دۆلەت نازارەتچىلىك قىلىش ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل ساندۇق» (يورۇتۇش ساندۇقى، روزېتكا ساندۇقى، ئۆلچەش ساندۇقى) ئىشلەپچىقىرىدىغان 36 كارخانىنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەكشۈرۈش ئۆلچىمى بويىچە ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈردى، ئون كارخانىنىڭ مەھسۇلاتى ئۆلچەمگە لايىق بولمىدى. مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئوتتۇرىھالدىن يۇقىرىراق سەۋىيىدە تۇرىدۇ.

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان قوشۇمچە ماشىنىلىرى زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، كۆرسەتكۈچلۈك ئۆلچىگۈچ شىركىتى، شىنجاڭ بىرىنچى ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇننىڭ ئاپتوماتىك كۆرسەتكۈچلۈك ئۆلچىگۈچ تەخسىسىگە كىنىشكا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشىنى ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى ھەمدە شىنجاڭ توك سىمى زاۋۇتى، شىنجاڭ «باغراش كۆلى» توك سىمى زاۋۇتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك «654» توك سىمى زاۋۇتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «36300» قىسىم ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمكۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى سەپلىمىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» ئۇن - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ چۆكمە ناسوس زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆۋەن بېسىملىق پار قازان زاۋۇتى قاتارلىق 19 زاۋۇتنىڭ كىنىشكا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش بويىچە ئاساسىي مەركەزلىك زاۋۇت شارائىتىنى تەكشۈرۈش، ئۈلگە ئېلىش، مەلۇم قىلىش، قايتا تەكشۈرۈش، ئىسپاتلاش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملاندى.

سۈپەت تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈم باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باستۇرۇلغان كۇرسى تاماملاش گۇۋاھنامىسىدىن 1300دىن كۆپرەكى تارقىتىلدى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مىنىستىرلىكى فىزىكا، خىمىيە ھەمكارلىق تورىنىڭ تەلىپىگە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر جەمئىي 450 نەپەر فىزىكا، خىمىيە ئۆلچەملىرى خادىمى تەربىيىلەپ چىقىلدى، بۇ، نۇقتىلىق ماشىنىسازلىق كەسىپلىرىدە گۇۋاھنامە ئېلىشقا تېگىشلىك خادىملارنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى GB/T1900 — ISO9000 «سۈپەت باشقۇرۇش ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش» قا دائىر بىر يۈرۈش ئۆلچەمنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە ئىلغار ئورۇن تەقدىرلەندى، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بويىچە 16 نەپەر ئىلغار سۈپەت ستاتىستىكىچىسى باھالاپ چىقىلدى. كىچىك كارخانىلار ئۈچۈن يېڭى سۈپەت كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، يېڭى سۈپەت كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دائىرىسى ئەسلىدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان 47 كارخانىدىن 80 كارخانىغا كېڭەيتىلدى. 50 كارخانىغا «CAD» ھېسابلاش ماشىنىسى بويىچە ياردەمچى ستاتىستىكىچى تەربىيىلەپ بېرىلدى، ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ مەلۇمات يوللايدىغان كارخانا 13كە يەتكۈزۈلدى.

پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى 12 پەن - تەتقىقات نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ كومبايىن زاۋۇتىنىڭ لاگېر ئاپتوموبىللى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ قوشۇمچە لايىھىسى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ لەيلىمە شەكىللىك سۈزگۈچ ۋە پەمىدۇر قىيامى ياساش ماشىنىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوتلاقتا تۇپراقنى بوشىتىپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسى، شىنجاڭ نېفىت شۆبىسىنىڭ «BQB250» تىپلىق يېرىم شارلىق ئايلانما ناسوسى، «BQB150» تىپلىق يېرىم شارلىق ئايلانما ناسوسى، شىنجاڭ سانائەت شۆبىسىنىڭ تەخسىمان قۇتۇپسىز سۈرئىتى تەڭشەلگەن ئېلېكترودۋىگاتېلى، شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆسمۈر - باللارنىڭ زېھنىنى تەھلىل قىلىش يۇمشاق دېتالى، تەرتىپ تۈزۈپ تىزگىنلىگىلى بولىدىغان ئەمەلىي قوللىنىش

تەتبىقاتى، كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ ئارقا كۆۋرۈك قېپى ئىشلەپ چىقىرىش لىنىيىسى، شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ بىخەتەر ياندىشىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ئەسۋابى.

يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى 68 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، تۆۋەندىكى مەھسۇلاتلار مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى: يۈك ئاپتوموبىلى گۇرۇھى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «FD — TSQ2815» ئاساسىي تىپلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى، «F — TSQ2815 — 1» تىپلىق بىر يېرىم رەت ئورۇندۇقلۇق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى، «FD — TSQ2810 — W» تىپلىق قوش رەت ئورۇندۇقلۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى، «FD — TSQ2815D» تىپلىق بىر رەت ئورۇندۇقلۇق، ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل، «FD — TSQ2815D — 1» تىپلىق، بىر رەت ئورۇندۇقلۇق، ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، «FD — TSSQ2810M» تىپلىق قوش رەت ئورۇندۇقلۇق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، شىنجاڭ «باغراش» توك سىمى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «LQJ16/3 — 70/10» پولات ئۆزەكلىك قاپلىق قوغۇشۇن سىم، شىنجاڭ 4 - ستانوك زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «IBQ2 — 2.6» تىپلىق ئېغىر تىپتىكى دىسكىلىق تىرنا، «18» تىپلىق ماي تارتىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتقۇچ، شىنجاڭ سۇ ناسوسى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «200QJ32»، «250QJ50» تىپلىق بىر يورۇش چۆكمە سۇ ناسوسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «92YG1.5» تىپلىق ئوت - چۆپ باغلاش ماشىنىسى، «92YZ600» تىپلىق ئوت - چۆپ باغلاش - قاچىلاش - چۈشۈرۈش ماشىنىسى، يۇمشاق ئوقسىمان يۈك قىرقىش ماشىنىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تراكتور زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «FY — 2815» تىپلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ چاقلىق ترانسپورت ئاپتوموبىلى، شىنجاڭ «كۇئېنلۇن» ھەرە تىغى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان 20 - نومۇرلۇق پولات قول ھەرە تىغى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىش - قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «XJG — 89031» تىپلىق ئاپتوبۇس، «XJG1022, 2031» تىپلىق قوش رەت ئورۇندۇقلۇق يېنىك تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى، شىنجاڭ سۇ ناسوسى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «IS150 — 125 — 315» ۋە «IS50 — 32 — 200» تىپلىق يەككە قۇتۇپلۇق سۈزۈك سۇ تارتىدىغان مەركەزدىن قاچما سۇ ناسوسى، «DG25» كۆپ قۇتۇپلۇق سۈزۈك سۇ پارقازىنىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەركەزدىن قاچما سۇ ناسوسى، «IR65 - 40 - 200» ۋە «IR50 — 32 — 200» تىپلىق يەككە قۇتۇپلۇق ئىسسىق سۇ تارتىدىغان مەركەزدىن قاچما سۇ ناسوسى، قۇتۇپى نەسىللىك كالا فېرمىسىنىڭ رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «93ZF — 630A» تىپلىق ئوت توغراش ماشىنىسى، شىنجاڭ «يانغىن» ماشىنا زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «LMX — 1» تىپلىق سومكا شەكىللىك قۇرۇق پاراشوكلۇق ئوت ئۆچۈرگۈچ، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشىكسىز ئېلېكترونلۇق بىخەتەر شكاپ، شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ 1- ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «CA141» تىپلىق شارسىمان تۆمۈر پورشېن ھالقىسى، شىنجاڭ 9 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «بېيجىڭ 212» تىپلىق جىپنىڭ ئاپتول سۈزگۈچى، شىنجاڭ 3 - ستانوك زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «CYTY14 — 5.5 — 89» تىپلىق نېفىت تارتىش ماشىنىسى، شىنجاڭ «قىزىل يۇلتۇز» سەپلىمە زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «LHL» يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان «خورون» ماركىلىق چۆگۈن، ماناس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «7CBY3» تىپلىق سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئارقا تەرەپكە ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يېرىم چېتىقلىق ئاپتوموبىل، «شەرق شامىلى» گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «XQD3140G6D» تىپلىق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، «EQZ1106DG» قۇملۇق دالا ئاپتوموبىلى، توققۇز توننىلىق يېرىم چېتىقلىق ئاپتوموبىلى، ئاقتۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «6MZR — 250» تىپلىق چىگىتتىن تۈك چىقىرىش ماشىنىسى، ئازادلىق ئارمىيە «7436» زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «TL6480» تىپلىق يېنىك ئاپتوبۇس، «TL5480XJH» تىپلىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، «TL5480XQC» تىپلىق مەھبۇس ئاپتوموبىلى، «TL5480XYC» ۋە «TL5430XYC» تىپلىق پۇل توشۇش ئاپتوموبىلى، «TL5430XJL» ئوتلاق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپتوموبىلى، «TL5430XXJ» تىپلىق نېفىت قۇدۇقلىرىنى سەييارە تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلى «TL1020SY» تىپلىق قوش رەت ئورۇندۇقلۇق يۈك ئاپتوموبىلى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان قوشۇمچە ماشىنا

سايمانلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆپ تۈرلۈك يوللۇق ئىس - تۈتۈن، چاڭ - توزان تازىلىغۇچ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئىشلەپچىقارغان قىزىلچا مايسىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان قىزىلچا كۆچۈرۈش ماشىنا - سايمىنىنىڭ يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىسى، شىنجاڭ يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «JYN2 — 10» تىپلىق، مېتالدىن ئىشلەنگەن يېپىق شەكىللىك ئۆزگىرىشچان توك ۋېكلىيۇچاتېل شكابى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 111 - تۈەن - مەيدان پولات چەمبەر زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «5.50F — 16» تىپلىق چاق (يېزا ئىگىلىكدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلنىڭ پولات چەمبىرى)، شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «XZ3160J» تىپلىق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، «XZC5160GSN» تىپلىق پارچە سېمونتنى گاز ئارقىلىق ئۆزى چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، «XZC3093J» تىپلىق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، «XZC3094J» تىپلىق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىش - قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ سەپلىمە زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «CA141»، «EQ140»، «BJ212» تىپلىق ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزىسى، «EQ140»، «BJ130» تىپلىق ئاپتوموبىلنىڭ لاي - پاتقاق توسقۇچى، «CA141»، «EQ140» تىپلىق ئاپتوموبىلنىڭ ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ قاپقىقى يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتى، شىنجاڭ «ئالغا» ماشىنا زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «YSP — 50» تىپلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى تونۇقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 71 - تۈەن - مەيدانىنىڭ رېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «5HTL — 6» تىپلىق دان قۇرۇتۇش ماشىنىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ئىشلەپچىقارغان پارتلاشتىن ساقلىنالايدىغان «غەربىي يۇرت» ماركىلىق يالتىراق لامپۇچكا، «BQG — 10/12» پارتلاشتىن ساقلىنالايدىغان ماگنىتلىق قوزغاتقۇچ، «BZK — 20» تىپلىق پارتلاشتىن ساقلىنالايدىغان ئاپتوماتىك ۋېكلىيۇچاتېل، «DGS — 127/20(15)» كاندا ئىشلىتىلىدىغان پارتلاشنى ئايرىۋېتەلەيدىغان يالتىراق لامپۇچكا، «DGS — 127/60B» تىپلىق پارتلاشنى ئايرىۋېتەلەيدىغان ئاق يالقۇن چىراغ، «aYD2 — 220/40(30)» تىپلىق پارتلاشتىن ساقلىنالايدىغان يالتىراق لامپۇچكا، شىنجاڭ چۆكمە ناسوس زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «G70 — 2» ئاق يۇرمىلىق ناسوس، «200RS72» تىپلىق ئىسسىق سۇ ئايلاندۇرۇش ناسوسى، «DG48 — 30» تىپلىق كۆپ ئۆلگىلىك پار قازانغا سۇ يەتكۈزۈش ناسوسى، «IS» تىپلىق بىر ئۆلگىلىك بىر شورىغۇچلۇق سۈزۈك سۇ تارتىدىغان مەركەزدىن قاچما ناسوس.

پىلان ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى «شىنجاڭ ئېلېكترون سانائىتىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ كېيىنكى ئۈچ يىلدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر» ۋە «شىنجاڭ ماشىنىسازلىق سانائىتىنى گۈللەندۈرۈش پىلانى (دەسلەپكى لايىھە)» يېزىپ چىقىلدى، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىنجاڭ ماشىنىسازلىق سانائىتى (ئاپتوموبىل سانائىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 2000 - يىلغا قەدەر بولغان تەرەققىيات ستراتېگىيىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاپتوموبىل سانائىتىنى باشلامچى قىلىپ، ئىقتىسادىي كۆلەم شەكىللەندۈرۈش؛ ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، ئاساسىي سەپلىمىلەر، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ماشىنىسازلىق سانائىتىنى تېزراق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندۇرۇش، ماشىنىسازلىق سانائىتىنى گۈللەندۈرۈش فاكتېنى دائىرىنى ئالاھىدە بېكىتىش، چەكلىك تىشان بولۇش، نۇقتىلىق يۆلەش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

1993 - يىلى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 1 - خىلدىكى بېسىم قاچىسى (چەكلىك ئاجرىتىش قاچىسى، ساقلاش قاچىسى) نى ياساش لاياقەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا زاۋۇتى 1 -، 2 - خىلدىكى بېسىم قاچىسىنى ياساش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا 25 قۇرۇلۇش تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەرگە، ئەمەلىيەتتە، 61 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 16 مىليون 730 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 44 مىليون 690 مىڭ يۈەن.

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى 1993 - يىلى ئۆلۈم - يېتىم ۋە پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى، نۇقتىلىق، تايانچ كارخانىلاردا جەمئىي 84 قېتىم ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر يارىلىنىش سەككىز قېتىم، يېنىك يارىلىنىش 76 قېتىم بولۇپ 1992 - يىلدىكىدىن % 4.68 كۆپەيدى.

ئېكسپورت ۋە چېگرا سودىسى ئەھۋالى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 18 مىليون 43 مىڭ 100 ئامېرىكا

دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 56.7% ئاشتى.

1993 ـ يىلى شىنجاڭ «جۇڭرۇەن» يېڭى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «دېڭىز دېلفىنى» يېزەش ـ زىننەتلەش شىركىتى، شىنجاڭ «بۈكەن خۇايۇەن» بېزەش ـ زىننەتلەش شىركىتىدىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى شېرىك كارخانا ۋە چېگرا سىرتىدا ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان شىركەت تەسىس قىلىنىپ قۇرۇلدى.

تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ئەھۋالى مۇشۇ بىر يىلدا تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش ۋە كېڭىشىش ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەر، ياپونىيە، سىنگاپور، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، گېرمانىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە جەمئىي 41 ئۆمەك ۋە گۇرۇپپا ئەۋەتىلدى، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كورېيە، مالايسىيا، تۈركىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاز كەم 20 ئۆمەك ـ گۇرۇپپا كۈتۈۋېلىندى.

ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە، ماشىنا ـ ئېلېكتر ساھەسىدە ئىقتىساد ـ سودا جەھەتتىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 50% ئاشتى. تاشقى ئىقتىساد ـ سودا توختامى ۋە ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن 31نى ئىمزالاندى. تاشقى ئىقتىساد ـ سودا توختامىدىن 29نى ئىمزالاندى. توختامدىكى سومما 12 مىليون 27 مىڭ 400 يۈەن. تاشقى ئىقتىساد ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن ئىككىسى ئىمزالاندى، توختامدىكى سومما 21 مىليون 666 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرى.

سېتىش ۋە ئامبار زاپىسى ئەھۋالى مۇشۇ بىر يىلدا سېتىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى قىممىتى (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 2 مىليارد 479 مىليون 896 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 25.89% ئاشتى، مەھسۇلاتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسى 477 مىليون يۈەنلىك بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 136 مىليون يۈەنلىك كۆپەيدى.

ساقلانغان مەسىلىلەر بىرىنچىدىن، كۆزقاراش كونا، ئىسلاھات قەدىمى چوڭ ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماشىنا ـ ئېلېكتر ساھەسى بويىچە ئەسلىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ تۆۋەن، ئۆزىدىكى بار مەبلەغ ئاز بولدى، خام ئەشيا، ماتېرىيالنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيدى، مەبلەغ ئىنچىكە تۇردە قىس بولۇپ كەلدى؛ تۆمۈريول ترانسپورتى جىددىي بولغاچقا ئاپتونوم رايونىمىزدىن سىرتقا يۆتكىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ۋاقتىدا يۆتكىگىلى، جىددىي ئېھتىياجلىق ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يۆتكەپ كەلگىلى بولمىدى. ئۈچىنچىدىن، مەھسۇلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، مەھسۇلاتلار بىرلا خىل، ماددى ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخى ئۈستۈن، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كەمچىل، «ئۈچ بۆرجەك قەرز» گە بوغۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. تۆتىنچىدىن، تېخنىكا، ئۈسكۈنە قالاق، ئۆز ئالدىغا يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كەمچىل.

دۇڭ شۈجى

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ توغرا لىنىيىلىك پەن تەتقىقاتى، توغرا لىنىيىلىك تېخنىكا يارىتىش، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى تۈرىدىن 58نى ئۈستىگە ئالغانىدى، پىلان بويىچە 41 تۈر ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمزالانغان ھەر خىل توغرا لىنىيىلىك تېخنىكا توختامى 37، توختامدىكى سومما 3 مىليون 968 مىڭ 700 يۈەن. تۆت تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

لەيلىمە شەكىللىك سۈزگۈچ بۇنى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى تەتقىق قىلىپ ياسىدى، بۇ خىل سۈزگۈچ قاپ، ئېغىز، لەيلىمە شار ۋە قەپەزدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ لايىھىلىنىشى يېڭىچە بولۇپ، ئۇ، سۈنى ئاز بولسىمۇ، كۆپ بولسىمۇ راۋان ئاققۇزۇش، تازىلاش، رېمونت قىلىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، 1993 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: لەيلىمە شەكىللىك سۈزگۈچ «Q/JY — 006 — 92» ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، ئۇنى قاچىسمان سۈزگۈچنىڭ يېڭى ئەۋلات مەھسۇلاتى قىلىشقا بولىدۇ.

ئېلېكتر دۈڭگاتېلىغا شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قۇۋۋەت تولۇقلاش تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلمىنى ئىشلەپچىقىرىپ كېڭەيتىپ قوللىنىش بۇ، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلگەن توك تېجەيدىغان يېڭى تېخنىكا بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەن، تۈر گۇرۇپپىسى ئىككى يىل كېڭەيتىش جەريانىدا، ئېلېكتر دۈڭگاتېلىغا شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قۇۋۋەت تولۇقلاش تېخنىكىسىنى جەمئىي 8.23 كىلوۋات كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن 15 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3

مىليون 162 مىڭ يۈەن تولۇق پۇلى تېجەپ قالدى، 19 قارار ئىش ئورنىدا كېڭەيتىش يىغىنى ۋە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 1204 نەپەر تېخنىكا تايانچىسىنى تەربىيىلىدى. ئىككى قېتىم «GBZI» تىپلىق ئىنۋ جاينىڭ ئۆزىدە قۇۋۋەت تولۇقلاش قۇرۇلمىسى، «JQIC» تىپلىق يۈرۈشلۈك تولۇق تېجەش تېمىدىكى ئۆزلۈكىدىن بېسىمنى ئازايتىدىغان قوزغىتىش ساندۇقى ۋە «ZDQ — AC3» تىپلىق يۈرۈشلۈك بېسىمنى ئاپتوماتىك تولۇقلايدىغان - ئازايتىدىغان قوزغىتىش ساندۇقى قاتارلىق ئېلېكتر تېخنىكىسىدا تولۇق تېجەيدىغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتلار 1993 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ نەتىجە مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

قويما ھالەتتىكى سۈركىلىشكە تاقابىل تۇرىدىغان مانگانلىق شارسىمان گرافىتلىق قويما چويۇن تەتقىقاتى بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1991 - يىلى چۈشۈرگەن «ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەن فوندى بويىچە مەبلەغ ياردەم قىلىش تۈرى» بولۇپ، ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، كۈچلۈك زەربە بىلەن چىداملىق قىلىنغان قويما ھالەتتىكى شارسىمان مانگانلىق تۆمۈر ۋە «GMC» تىپلىق قويما ھالەتتىكى مانگانلىق شارسىمان تۆمۈرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش ماددىسى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى قويما ھالەتتىكى مانگانلىق شارسىمان تۆمۈرنىڭ يۇمىلاقلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، سوبى جىسىمنىڭ مىقدارى ئازايتىلىپ، ئولىۋكوۋ جىسىم بىلەن مارتېنس جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلۇپ، مانگانلىق شارسىمان تۆمۈر سەپلىمىلەرنىڭ سوقۇپ چىداملىق قىلىنىشى، سۈركىلىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىشلىتىلىش ئۆمرى كۆرۈنەرلىك ئۇزارتىلىپ، مانگانلىق شارسىمان تۆمۈرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. بۇ مەھسۇلات 1993 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ نەتىجە مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش، تېخنىكىلىق جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ.

قاتتىق بىرىكمە مېتالدىن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىغ سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش بۇ، دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى يېڭى تېخنىكىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى بولۇپ، ئۇنى 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش پىلانىغا كىرگۈزگەندى، ئۈچ يىل كېڭەيتىش ئارقىلىق، كېڭەيتىش نۇقتىسى 30دىن، ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىغ سايمانلارنى ئىشلىتىدىغانلار 500دىن كۆپرەككە يەتتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېتال قىرمىچىلىقىدا قاتتىق بىرىكمە مېتال ئىشلىتىشتە، ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىغ سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 65%كە يەتتى. 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغا قەدەر بۇ خىل تىغ سايمانلارنى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق 2 مىليون 626 مىڭ سائەت ئىش ۋاقتى، 267 توننا پولات ماتېرىيال، 2 مىليون 390 مىڭ يۈەن تىغ سايمان خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. بۇ، 1993 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىغ سايمانلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېتال قىرمىچىلىق سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى، قاتتىق بىرىكمە مېتالدىن ئىشلەنگەن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىغ سايمانلارنى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش خىزمىتى، قاتتىق بىرىكمە مېتالدىن ئىشلەنگەن تىغ سايمانلارنى ئىشلىتىشنىڭ كېڭەيتىلىش نىسبىتى ۋە كېڭەيتىلىش دائىرىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ.

سۇن. شى

## شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

1993 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى پەن تەتقىقات، تېخنىكا يارىتىش، تېخنىكا كېڭەيتىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى تۈرىدىن 17نى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز پىلانلىغان تۈر سەككىز، پەن تەتقىقات يۇرتى (ئورنى) نىڭ كەسپىي خىراجىتى بىلەن ۋەزىپە چۈشۈرۈلگەن تۈر يەتتە، تېخنىكا كېڭەيتىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى تۈرى ئىككى. مۇشۇ بىر يىلدا يەتتە تۈر ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، ئۈچ تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

كۆپ خىل تىلدا ئاپتوبۇس بېكىتىنى مەلۇم قىلىش ئۈسكۈنىسى بۇ ئۈسكۈنە «8031» تىپلىق تاق پلاستىنكىلىق ماشىنا ئارقىلىق تىزگىنلىنىدۇ، ئۇنىڭغا «CVSD» چاستا شەكىللىك ئاۋاز كىرىشتۈرگۈچى ئۆزەك پلاستىنكا ئىشلىتىلگەن، ئاۋاز ئامبىرىغا «IM» ئورۇنلۇق «EPROM» لىق تۆت پلاستىنكا قاچىلانغان. بۇ ئۈسكۈنە بېكەتلەرنى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا مەلۇم قىلالايدۇ، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى بېكەتلەرنىڭ، ئۆتكەن بېكەتنىڭ، تەسىس قىلىنغان

بېكەتلەرنىڭ نومۇرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئاپتوبۇس ئىچى ۋە سىرتىدىكى كانايلارنىڭ سىم يولىنى ئاپتوماتىك ئايرىۋېتىش، مۇلازىمەت تىلى قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە. بۇ خىل بېكەت مەلۇم قىلىش ئۈسكۈنىسىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى ۋە باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى، سۈپىتى مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك، ئۇ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە. بۇ ئۈسكۈنە 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ ئۈسكۈنىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى.

دەرىجىدىن تاشقىرى سودا سارايلارنىڭ سېتىشنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى بۇ سىستېما دەرىجىدىن تاشقىرى، مالنى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىغان سودا سارايلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە سىزىقلىق نومۇر تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سىستېما ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دۇڭفېڭ» دەرىجىدىن تاشقىرى سودا سارىيىنى تەتبىقلاش مۇھىتى قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى ھەممىباب قاتتىق، يۇمشاق دېتال مۇھىتى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن يۇمشاق دېتال سىستېمىسىدا 73 ھۆججەت، جەمئىي 70KB بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە 19 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 11KBنى ئىگىلەيدۇ. سىستېما تەرتىپىنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە سانلىق مەلۇمات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئەپلىك، ئىشلىشى مۇقىم، بىخەتەر، ھېسابلىشى توغرا، ئىشەنچلىك. ئۇ، سىستېمىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەسىس قىلىپ بېكىتىش، كۈندىلىك كەسپىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، بېسىپ چىقىلغان خەتلەرنى تەكشۈرۈش، سۈرۈشتە قىلىش ۋە سىستېما باشقۇرۇشنى ئاسراشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئىقتىدارغا، 19 تۈرلۈك قوشۇمچە ئىقتىدارغا ئىگە. بۇ سىستېما 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى بۇ نەتىجە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارىدى.

ناھىيە دەرىجىلىك چارۋىچىلىق رايونلارنىڭ خەۋەرلىشىش سىستېمىسى بۇ سىستېما كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش مەقسىتىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ئۇ، ناھىيىلىك مەركىزىي ئىستانسىنى دەۋر قىلغان ھالدا ھەر قايسى چارۋىچىلىق يېزىلىرى، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىشخانىسى، يېزىلىق چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ قىسقا دولقۇنلۇق سىمسىز خەۋەرلىشىش تورىنى بەرپا قىلغان، بۇ سىستېمىغا دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان «XD — DIB» تىپلىق 15 ۋاتلىق يەككە بەلباغلىق رادىئو ئىستانسىسى ۋە «150 — M700» ۋاتلىق قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسى، بەش ۋاتلىق قىسقا دولقۇنلۇق يەككە بەلباغلىق ئانتىكلىناللىق يۈكلىمە ئاپپارات بولۇپ، جەمئىي 17 رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىتىلگەن، بۇ ئارقىلىق تەۋرەنمە تور شەكىللەندۈرۈلگەن، ئۇ 40 مېترلىق دولقۇن ئىشلىتىش ئارقىلىق، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، خەۋەرلىشىش نۇقتىلىرى تارقاق، ھاۋا كېلىماتى ناچار شارائىتتا يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپ خەۋەرلىشىشكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان، بۇ سىستېمىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، مەشغۇلاتى مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك، ئىگىلەيدىغان چاستوتىسى ئاز، قاپلاش دائىرىسى كەڭ، خەۋەرلىشىش سۈرئىتى تېز، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قولاي بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆت دەرىجىلىك تور بىلەن تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر خەۋەرلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئالاقە تورى بويىچە ناھىيىدىن تۆۋەن كۆپ قىسىم رايونلاردا قوللىنىلماقتا. بۇ سىستېما 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى بۇ سىستېما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

تەرتىپ تۈزۈپ تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى (PC) نى قوللىنىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش «PC» تېخنىكىسى دۆلەت كېڭەيتكەن بىر تۈرلۈك قوللىنىش تېخنىكىسى بولۇپ، ئۇ، شىنجاڭدا تېخى ئەمدىلا باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. تېما گۇرۇپپىسى «PC» تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ «PC» ئاپپاراتىنى ئاساسىي گەۋدىنى تىزگىنلەشتە قوللىنىپ، پاختا تايلاش ماشىنىسىنى رېمونت قىلدى، «PC» ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان ۋاكۇئۇملۇق قۇرۇق باكنى تىزگىنلەش سىستېمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ، خېرىدارلارنى پۈتۈن يۈرۈش تېخنىكا مۇلازىمىتى، مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش، رېمونت قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى تىزگىنلەش، ماشىنا - ئېلېكتر بىر گەۋدە قىلىنغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى. 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىنى ئۆلچەيدىغان يۇمشاق دېتال ھېسابلاش ماشىنىسى

تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، سىنىلىدىغان بالىلارنىڭ قول بىلەن كۆزنى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى، ھەرپلەرنىڭ يۆنىلىشىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە رەسىمنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە كومۇمىي ھالىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تەكشۈرۈلىدۇ. سىنىلىدىغان بالىلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە بولغان باھا سىستېمىلىق سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق تەھلىل قىلىنىپ، بالىلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە باھا بېرىلىدۇ. بۇ مىتال 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك ئەنزە مەلۇم قىلىش ئۈسكۈنىسى بۇ خىل قۇرۇلما ئوغرىلىق، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ئۈشتۈمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى ئاپتوماتىك مەلۇم قىلىش ۋە سىگنال بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇققاندا، سېزىش ئاپپاراتى ياكى سۇنئىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئالاقىدار تارماقلارغا (ئۈچ نۆۋەتچى تېلېفون نومۇرىغا) خەۋەر يەتكۈزىدۇ ھەمدە ئەنزە سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاپتوماتىك ھالدا پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئايلانما خەۋەر ئۇدۇل تېلېفونغا ئۇتىشىپ، نۆۋەتچى تېلېفوننى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ ئۈسكۈنە مۇئەييەن ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇ، 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

لىيۇ چى

**1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى**

1. ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى جۇڭگو 1. ئاپتوموبىل گۇرۇھى بىلەن زىچ بىرلەشكەن كارخانا بولۇپ، ئۇنىڭ پىلان يوللىرى 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھىغا مەنسۇپ، دۆلەت ئۇنى پىلانغا ئايرىم كىرگۈزگەن، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئىشلىرى 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى يولغا قويغان «ئالتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش» بويىچە بولىدۇ. ئۇ، تاشقى سودا تىجارىتى ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل سانائىتى كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ.

شىركەت قارمىقىدا 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋە 1 - ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى زاۋۇتى بار. ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىسى 4520 گە يېتىدۇ، ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 400 دىن ئاشىدۇ، بۇ شىركەتنىڭ 220 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار. ئۇ، «ئازاد» ماركىلىق بىر يۈرۈش ئاپتوموبىلنى قۇراشتۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش، ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى، بىر يېرىم توننىلىقتىن توققۇز توننىلىققىچە بولغان يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە قۇراشتۇرىدۇ؛ بىر يېرىم توننىلىقتىن سەككىز توننىلىققىچە بولغان ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل ۋە ئالاھىدە ئاپتوموبىللارنى ئۆزگەرتىدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدى - ئارقا كۆۋرۈكى، پولات چەمبەر، پورشېن، پورشېن ھالقىسى، كۆزنەك، سىلىندىر گەۋدىسى قاتارلىق نەچچە يۈز خىل ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرىنى ياسايدۇ؛ 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ «ئاۋدى»، «جىدا» قاتارلىق ھەرخىل ئاپتوموبىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەپلىمىلىرىنى ساتىدۇ؛ ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆپ قېتىم دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تارقاتقان «ئالتۇن ئەجدىھا» مۇكاپاتى، «ئالتۇن تۇلپار» مۇكاپاتى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى 1. ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتىپ، 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ تاۋار ماركىسىنى ئىشىپ زاۋۇتتىن چىقىرىش ئەستىقلاندى ھەمدە گۇرۇھىنىڭ ئىجتىمائىي رېمونت يولى ۋە ئاساسلىق ماشىنىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش يولىغا كىردى. 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، يېڭى مەھسۇلات «CA150K2B9» توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقاردى، سەپلىمىلەر شىركەت قارمىقىدىكى ئۈچ زاۋۇت ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئاپتوموبىلنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 - يىلى سېتىش كىرىمى 1992 - يىلدىكىدىن %22 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 1992 - يىلدىكىدىن %4.6 كۆپەيدى، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 31 مىڭ 804 يۈەنگە يەتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تيەن لى

**يېڭى ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرى**

1993 - يىلى 1 - ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى تىرىشىپ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، بازار ئېھتىياجىغا پائال ماسلاشتى. بۇ زاۋۇت « ‹ئازاد› CA1150K2BT1 » تىپلىق ترققۇز توننىلىق ئاپتوموبىلنىڭ

تەگلىكىدىن پايدىلىنىپ، «XZC3160J» تىپلىق سەككىز توننىلىق ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىل ۋە «XZC5160GSN» تىپلىق سەككىز توننىلىق، پارچە سېمونتنى گاز ئارقىلىق چۈشۈرىدىغان ئاپتوموبىلنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، بۇ مەھسۇلات 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ زاۋۇت «ئازاد، CA1150K2T1» تىپلىق توققۇز توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى قۇراشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېغىر تىپتىكى بىر پۈتۈن ئاپتوموبىلنى ئىشلەپچىقىرالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

يەن سۇنرېن

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 2 مىليارد 26 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ئىشلەپچىقىرىلغان 145 مىليون يۈەنلىك تۈزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1992 - يىلدىكىدىن 31.3% ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 4.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئاشتى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش نىسبىتى 98.6% كە يەتتى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىدىكى كارخانىلارنىڭ بىرەربىسىمۇ زىيان تارتمىدى. سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئومۇميۈزلۈك پايدا ئالدى، ئۈنىڭ ئۈستىگە، كۆپ ساندىكىلىرى تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 81 كارخانىنىڭ مالىيە ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۈچ كارخانا زىيان تارتقان، زىيان سوممىسى 110 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، سېتىش كىرىمى 707 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 173 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشقان.

**ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى** 1993- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 45 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى يەتتە، يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈر ئۈچ، داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈر تۆت بولۇپ، بۇلارغا 135 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇل 84 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىغا قەدەر 72 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

مەھسۇلات سۈپىتى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مېتاللورگىيىدىلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى مۇشۇ بىر يىلدا 908 سېمونت ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈردى، بۇ سېمونتلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 84.64% بولدى. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 61 مىليون 376 مىڭ 800 يۈەنگە، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى 53.59% كە يەتتى، سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى 91.66% بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پىلان ئىچىدىكى 13 سېمونت كارخانىسىدا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ماتېرىيال تەڭشەش تېخنىكىسى قوللىنىلدى، پىلان سىرتىدىكى ئالتە سېمونت كارخانىسىدا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق تىزگىنلەش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. سەككىز ئاممىۋى خاراكتېرلىك سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئىككىسى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ بىرى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مېتاللوگىدلار كانلىرى مېتاللوگىدلار كانلىرى ۋە ئۇلارنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1993 - يىلى يىلىغا 2000 توننا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرالايدىغان ساۋەن ناھىيىلىك تاشپاختا سۈرتۈش بۇيۇملىرى زاۋۇتى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ يىلىغا 10 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان چەرچەن تاشپاختا تاللاش زاۋۇتى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىلىق تاشپاختا كېنى مەملىكەت بويىچە چوڭ كارخانىلار قاتارىغا ئۆتتى.

تام ماتېرىياللىرىنىڭ يېڭىلىنىش ئەھۋالى مۇشۇ بىر يىلدا 100 دىن ئارتۇق تام ماتېرىياللىرى كارخانىسى (داشقال كېسەك، سېغىز توپىدىن قۇيۇلغان كاۋاك خىش، ساپال شاخارلىق خىش، گازلىق بېتون شۇنىڭ ئىچىدە) قۇرۇلۇپ

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلدى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تام ماتېرىياللىرى ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىش ئەھۋالى 1993 - يىلى پۈتۈن ساھە بويىچە ئېكسپورت ئارقىلىق يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 3 مىليون 392 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

دۆلەت بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىز بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، ئەڭ سىستېمىلىق بولغان بىر قېتىملىق يىراق كەلگۈسى پىلان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چېلىڭ لىبي

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلدىكى ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا دائىر ستاتىستىكا

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| سېمونت | 10 مىڭ توننا | 418.73 |
| سېمونت تۇرۇبا | 1000 مېتىر | 465.33 |
| | 10 مىڭ توننا | 8.99 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: بېسىم تۇرۇبىسى | 1000 مېتىر | 94.6 |
| | 10 مىڭ توننا | 0.83 |
| سېمونت ستولبا | 10 مىڭ تال | 7.56 |
| | 10 مىڭ توننا | 5.04 |
| سېمونت شىپال | 10 مىڭ تال | 58.51 |
| | 10 مىڭ توننا | 14.69 |
| سېمونت خىش | 10 مىڭ دانە | 55.67 |
| سېمونت قويۇلما | 10 مىڭ كۇب مېتىر | 78.4 |
| تاختا ئەينەك | 10 مىڭ ساندۇق | 61.09 |
| | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 364.67 |
| بېسىم ئارقىلىق سوزۇلغان ئەينەك | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 0.92 |
| قاتتىقلاشتۇرۇلغان تۈز ئەينەك | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 1.86 |
| تازىلىق فارفورى | 10 مىڭ دانە | 18.07 |
| | 10 مىڭ توننا | 0.22 |
| سىرلانغان خىش | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 6.27 |
| تامغا چاپلىنىدىغان، يەرگە ياتقۇزۇلىدىغان خىش | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 11.63 |
| | توننا | 2.48 |
| ۋېرمىكۇلىت | 10 مىڭ توننا | 1.86 |
| كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇلىت | توننا | 7841 |

| | | |
|---|---|---|
| 211 | توننا | كۆپتۆرمە ۋېرمىكۇتىت ياسالمىلىرى |
| 3.24 | 10 مىڭ توننا | بىنتونىت رۇدىسى |
| 0.5 | 10 مىڭ توننا | بىنتونىت پاراشوكى |
| 1.75 | 10 مىڭ توننا | مەرۋايىت تاش |
| 3.28 | 10 مىڭ توننا | كۆپتۆرمە مەرۋايىت تاش |
| 0.03 | 10 مىڭ توننا | كۆپتۆرمە مەرۋايىت تاش ياسالمىلىرى |
| 62.3 | 100 مىليون دانە | خىش |
| 959.32 | 10 مىڭ دانە | كاھىش |
| 7.25 | 10 مىڭ توننا | تاشپاختا |
| 0.12 | 10 مىڭ توننا | تاشپاختا ياسالمىلىرى |
| 0.08 | 10 مىڭ توننا | سانائەت خام ئەشياسى چىرىمتالى |
| 0.22 | 10 مىڭ توننا | چىرىمتال ياسالمىلىرى |
| 99 | توننا | چىرىمتال قەغىزى ياسالمىلىرى |
| 0.79 | توننا | ئېلېكترون لامپا چىرىمتالى |
| 170 | توننا | نېپىز ياپراقچە چىرىمتالى |
| 1 | توننا | قېلىن ياپراقچە چىرىمتالى |
| 217 | توننا | چىرىمتال قەغىزى |
| 12.62 | 10 مىڭ توننا | گەج |
| 0.22 | 10 مىڭ توننا | تالك پاراشوكى |
| 0.38 | 10 مىڭ توننا | سانائەتتە خام ئەشيا قىلىنىدىغان تالك |
| 41.71 | 10 مىڭ كارات | بېرلىيانت |
| 17.28 | 10 مىڭ توننا | بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھاك |
| 2.03 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | مەرمەر تاختا ماتېرىيالى |
| 0.79 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | گرانىتتىن ئىشلەنگەن تاختا ماتېرىيال |
| 4.26 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | بىلەنمە تاش تاختا ماتېرىيالى |
| 9.5 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | كۆپتۆرمە بېتون ياسالما |
| 2.22 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | قەغەز يۈزلۈك گەج تاختا |
| 30.69 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | تالالىق گەج تاختا |
| 127.12 | 10 مىڭ يۈگەم | ماي قەغەز |
| 3.7 | 10 مىڭ كۋادرات مېتر | بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سېمونت خىش |
| 2.74 | 10 مىڭ توننا | سىغىز توپىدىن ئىشلەنگەن ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال |
| 4.82 | 10 مىڭ توننا | سىغىز توپىدىن قۇيۇلغان ئوتقا چىدامىلىق خىش |

| | | |
|---|---|---|
| ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ياسالمىلىرى | 10 مىڭ توننا | 40.86 |
| ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار | 10 مىڭ توننا | 1.83 |
| ئەينەك تالالىق يىپ | توننا | 8.1 |
| ئەينەك تالالىق رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 399.7 |
| ئەينەك پىلاستىك ياسالمىلىرى | 10 مىڭ توننا | 0.15 |
| بىلەش سايمانلىرى | توننا | 19 |
| بىلەش ماتېرىياللىرى | توننا | 16955 |
| مىنېرال پاختا | توننا | 619 |
| مىنېرال پاختا ياسالمىلىرى | توننا | 499 |

**سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سېمونت ئىشلەپچىقىرىغان كارخانا 116 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن توققۇز كارخانا كۆپەيدى. سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 5 مىليون 447 مىڭ تونىنغا يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونت 4 مىليون 180 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 453 مىڭ 700 توننا ئاشتى.

سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان 116 كارخانا ئىچىدە، ئايلانما خۇمدانلىق زاۋۇت 32، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 739 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 820 مىڭ توننا ئاشتى، تىك ماشىنا خۇمدان 43، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 415 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 431 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئادەتتىكى تىك خۇمدانلىق زاۋۇت 23، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 176 مىڭ توننا بولۇپ، 50 مىڭ توننا كېمىيىپ كەتتى. تۇخۇمسىمان خۇمدانلىق زاۋۇت 15، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 80 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 36 مىڭ توننا ئاشتى؛ تالقانلاش پونكىتى ئۈچ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 37 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 10 مىڭ توننا ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كارخانا 28، ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 247 مىڭ توننا، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى 4 - نومۇرلۇق خۇمدىنىنىڭ كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 700 مىڭ توننا.

جياڭ كېفېڭ

**1992 - يىلى شىنجاڭنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا مەسئۇل تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى، خۇلاسىلەنگەن 91 سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىشلەپچىقارغان سېمونت 3 مىليون 662 مىڭ 200 تونىنغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي سېمونتنىڭ 97.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان بۇ 91 كارخانا ئىچىدە، ئايلانما خۇمدانلىق كارخانا 33 بولۇپ، سېمونت مىقدارى 1 مىليون 791 مىڭ تونىنغا يەتتى؛ تىك ماشىنا خۇمدانلىق كارخانا 41 بولۇپ، سېمونت مىقدارى 1 مىليون 723 مىڭ تونىنغا يەتتى؛ ئادەتتىكى تىك خۇمدانلىق كارخانا 17 بولۇپ، سېمونت مىقدارى 148 مىڭ 200 تونىنغا يەتتى، زاۋۇتتىن چىققان ئومۇمىي سېمونت مىقدارى 3 مىليون 672 مىڭ 600 تونىنغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، «425» نومۇرلۇقتىن يۇقىرى سېمونت 817 مىڭ 800 توننا، «325» نومۇرلۇق سېمونت 2 مىليون 846 مىڭ 800 توننا، «275» نومۇرلۇقتىن تۆۋەن سېمونت 8000 توننا، زاۋۇتتىن چىققان سېمونتنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %99.98 كە يېتىپ، 1991 - يىلدىكىدىن 0.1 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايلانما خۇمدانلىق كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان سېمونتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش جەھەتتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100 كە، تىك ماشىنا خۇمدانلىق كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان سېمونتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش جەھەتتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %99.97 كە، ئادەتتىكى تىك خۇمدانلىق كارخانىلار

ئىشلەپچىقارغان سېمونتىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش جەھەتتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %99.86 كە يەتتى. سېمونتلارنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى جەھەتتىكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %97.63 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.18 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئايالنما خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ %98.28، تىك ماشىنا خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ %97.61، ئادەتتىكى تىك خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ %89.85 بولدى. پىشقان بىر توننا ماتېرىيال ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئۆلچەملىك كۆمۈر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 232.22 كىلوگرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.02 كىلوگرام ئاشتى، ئايالنما خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ كۆپرەك ئېشىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.69 كىلوگرام ئاشتى، تىك ماشىنا خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ 6.92 كىلوگرام ئاشتى، ئادەتتىكى تىك خۇمدانلىق كارخانىلارنىڭ 6.98 كىلوگرام تۆۋەنلىدى، بىر توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىشقا ھەر تەرەپلىمە سەرپ قىلىنغان ئوتتۇرىچە توك سەرپىياتى 111.12 كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.92 كىلوۋات سائەت ئاشتى.

ۋۇ ۋېنجۈن

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن يەتتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساپال ياسالمىلىرى زاۋۇتىنىڭ ئوتقا چىداملىق ئالىي دەرىجىلىك ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە 46 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنى باشقا جايغا يۆتكەپ ئۆزگەرتىشكە 44 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ دۆربىلجىن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ كۇچا ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى 20 مىڭ توننىلىق ئايالنما خۇمدانلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 4 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ لوپ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 15 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى؛ گۇچۇڭ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى باشقا جايغا يۆتكەپ ئۆزگەرتىش تۈرىگە 23 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئىلى ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 43 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەتتە نۇقتىلىق تۈر ئىچىدە تۆتى داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈر، ئۈچى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر. شۇ يىلى ئىككى تۈر تاماملاندى. قالغانلىرى كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلدى. نۇقتىلىق تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ: ئالىي دەرىجىلىك ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 15 مىڭ توننا، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 235 مىڭ توننا. 1993 - يىلى چەك بېكىتىلىپ چۈشۈرۈلگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 15 (بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار)، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر 12، شۇ يىلى 14 تۈر تاماملاندى، چەك بېكىتىلىپ چۈشۈرۈلگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئېشىپ، بەنلا يىللاردىن بۇيان سېلىنغان سېلىنما ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

ۋۇ ۋېنجۈن

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە تۆۋەندىكى 11 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى: «425»، «525» نومۇرلۇق ئالدىن كۈچەندۈرۈلگەن يولغا ئىشلىتىلىدىغان سىلىكاتلىق تۇز سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان سېمونت، سۇغا قارشى كۆپتۈرمە مەرۋايىت تاشتىن ئىشلەنگەن ئاددىياتىك ئىسسىقلىق ساقلاش بۇيۇمى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆتكۈزمەس پاراشوك، شۇبېك، داشقال ئارىلاشتۇرۇلغان كىچىك كاۋاك سېمونت خىش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا تېز كۆيدۈرۈلگەن تازىلىق فارفورى، چوڭ تۆشۈكلۈك سېغىز توپىدىن ئىشلەنگەن يېنىك كاۋاك خىش، بىرىكمە سىلىكاتلىق ئاليۇمىندىن ئىشلەنگەن ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئىزولياتورلۇق ئېلېكترو تېخنىكا كىيدۈرمە تۇرۇبىسى، ئىلاستىكىلىقى ئاشۇرۇلمىغان «PVC» ئىزولياتورلۇق ئېلېكترو تېخنىكا كىيدۈرمە تۇرۇبىسى، «325» نومۇرلۇق پولات - رۇدا داشقىلىدىن ئىشلەنگەن سېمونت.

1993 - يىلى ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن يېڭى تېخنىكا تەتقىقات تۈرى توققۇز بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىستېمىسى، بېلىق قاسىرقىدىن ساپلىقى يۇقىرى گرافىت ئىشلەش ھۈنەر سەنئىتى تەتقىقاتى، ئىسسىقلىق ساقلىغۇچى بىرىكمە قۇم بوتقا تەتقىقاتى، سېمونت ئېزىش سىستېمىسىنى ئۆچ ئۆزەك بويىچە مەركەزلىك ۋە تارقاق تىزگىنلەش، خۇمدان ئاستىدىكى شامالدۇرغۇچنىڭ شامال ئۆتۈشتۈرۈش سۇرئىتىنى تەڭشەپ ئېنېرگىيە تېجەش تەتقىقاتى،

كىلاتالىق لىتىي داشقىلىدىن سىرلىق ساپال خىش ئىشلەش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا تېز كۆيدۈرۈلگەن تازىلىق فارفورى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا بىرىكتۈرۈلگەن خام ماتېرىيالنى ئېمولسىيىلەشتۈرۈش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ياساش، شىنجاڭدىكى قاراماي، تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى يانارتاغ جىنسلىرىدىن بىنا بولغان غەيرىي مېتال كان ئىستېمىسىدا كان ھاسىل قىلىش تەتقىقاتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن تۈر بەش بولۇپ، 55.5% نى ئىگىلەيدۇ.

لىيۇ چى

سۈن يۈچىبى

**بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ نېفىتلىك ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ساھەسى ئۆچ چوڭ نېفىتلىك ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشىنى 170 مىليون يۈەنلىكتىن ئارتۇق مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاق تازىلىق فارفورى 20 نەچچە مىڭ دانە، ماي قەغەز 60 مىڭ يۆگەم، تاختا ئەينەك 60 مىڭ كۋادرات مېتر، شۇنىڭدەك مەخسۇس نېفىتلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوتقا توپىسى، بارىت پاراشوكى، ئېغىرلىتىش خۇرۇچى، ۋاقىتلىق ئېتىش خۇرۇچى، بېسىم تۇرۇبىسى، سىغىز توپىدىن قۇيۇلغان خىش، ھەرخىل قۇيما خىش، تاشپاختا، كۆپتۈرمە مەرۋايىت تاش، گاز قوشۇلغان بېتون قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەنمۇ تەمىنلىدى.

يىل ئاخىرىغىچە پۈتتۈرۈلگەن، نېفىتلىك ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تۈرلەر تۆۋەندىكىچە:

نېفىت قۇدۇقى سېمونتى تۈرىدە 120 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 70 مىڭ توننا؛ شىنجاڭ ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننا؛ مىچۈەن ئەينەك پىلاستىك زاۋۇتى شۇ يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 1000 توننا ئەينەك پىلاستىك نەيچە كومزەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى؛ قۇمۇل تاش ماتېرىيال زاۋۇتى ئىتالىيىدىن بىر يۈرۈش تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن 20 مىڭ كۋادرات مېترلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى؛ پىچان ناھىيىسى بارىت پاراشوكى زاۋۇتى قۇردى؛ ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى يىلىغا 20 مىڭ كۋادرات مېتر رەڭلىك سىرلىق خىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى پۈتتۈردى.

گۇڭ يۈنشيەن

**تاش ماتېرىياللىرى تۇنجى قېتىم ئېكسپورت قىلىندى**

1993 - يىلى قۇمۇل تاش ماتېرىيال زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ يېشىل ياقۇتى» ماركىلىق گۈللۈك گرانىت ئاۋستىرىيە ۋە تايلاندقا ئېكسپورت قىلىندى، ئۇنىڭ مىقدارى 67 كۇب مېتر بولۇپ، 24 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. بۇ، شىنجاڭ بويىچە تاش ماتېرىياللىرىنى تۇنجى قېتىم ئېكسپورت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جەن يۈگۇاڭ

**بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنى چوڭ كارخانىلار قاتارىغا كىردى**

1993 - يىل 9 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنى مەملىكەتلىك كارخانىلارنىڭ تىپىنى ئايرىپ ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن 2 - دەرىجىلىك چوڭ كارخانا بولدى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى دۆلەت ئېتىراپ قىلغان تۇنجى چوڭ كارخانىغا ئايلاندى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنى 1965 - يىلى قۇرۇلغانىدى، 1993 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 32 مىڭ توننىغا يەتتى.

گۇڭ يۈنشيەن

**كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى قۇرغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسى 21 گە يەتتى. ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى پەن - تېخنىكا يارىتىش، كان ئېچىش، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش، ۋاكۇئۇملۇق پەردە يالىتىش، بېزەش - زىننەتلەش، تىجارەت قىلىش مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گۇڭ يۈنشيەن

## خىمىيە سانائىتى

**خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى كارخانا 108 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 42 بولۇپ، 38.9% نى ئىگىلىدى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 65 بولۇپ، 60.18% نى ئىگىلىدى، يېزا - بازار كارخانىسى بىر بولۇپ،

%0.93 نى ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 715 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %5.5 تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيە سانائىتى ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 521 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %92. 4 ئاشتى. ستاتىستىكا قىلىنىپ تەكشۈرۈلگەن 22 خىل ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئويغۇچى ناترىي، ئىچ-تاش كامبىر، قول ھارۋىسىنىڭ ئىچ - تاش كامبىرى، توشۇش تاسمىسى قاتارلىق ئالتە خىل مەھسۇلات 1992 - يىلدىكىدىن ئاشتى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، ئىشقارى سۇلفىد، سۇسىز ناترىي سۇلفات، بىرىكمە ئاممىياك، ئۇرېيە، ئاممونىي نىترات، قاتارلىق 16 خىل مەھسۇلات 1992 - يىلدىكىدىن ھەرخىل دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. سىستېما ئىچىدىكى 35 خام چوت ئىچىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ياراتقان پايدا ۋە باج 68 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %15. 19 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتىدە كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسى داۋاملىق تەڭشەلدى. يىل ئاخىرىغىچە 108 كارخانا ئىچىدە چوڭ كارخانا 17 گە يېتىپ، ئومۇمىي خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ 15.7 پىرسەنتىنى، مەھسۇلات قىممىتى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 85.63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كىچىك كارخانا 91 گە يېتىپ، ئومۇمىي كارخانىنىڭ 84.3 پىرسەنتىنى، مەھسۇلات قىممىتى %37. 14 نى ئىگىلىدى. كەسىپ قۇرۇلمىسى جەھەتتە، 108 كارخانا ئىچىدە، ئاساسەن، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا - ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 52 بولۇپ، %48 نى، مەھسۇلات قىممىتى %3. 26 نى ئىگىلىدى؛ خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 16 بولۇپ، %81. 14 نى، مەھسۇلات قىممىتى %56. 38 نى ئىگىلىدى؛ ئورگانىك خىمىيۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى سەككىز بولۇپ، %4. 7 نى، مەھسۇلات قىممىتى %18. 6 نى ئىگىلىدى؛ كاۋچۇك پىششىقلاش كارخانىسى 19 بولۇپ، %59. 17 نى، مەھسۇلات قىممىتى %08. 17 نى ئىگىلىدى؛ خىمىيە سانائىتى ماشىنسازلىقى، خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق-قۇراشتۇرۇش قاتارلىق باشقا كارخانا بەش بولۇپ، %63. 4 نى، مەھسۇلات قىممىتى %98. 11 نى ئىگىلىدى. تاشقى سودا بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىغا ئىگە شىنجاڭ «جۇڭخۇاجيەن» شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى ھەمدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت كارخانىلىرى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

1993 - يىلى مايتاغ 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 80 مىڭ توننىلىق پولىئېتىلېن قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، پولىئېتىلېن قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 6472 توننا پولىئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىلدى؛ شىنجاڭ ساپ شۈلتا زاۋۇتى (8 - ئايدا نامى شىنجاڭ قومۇل شۈلتا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ 80 مىڭ توننىلىق ساپ شۈلتا قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1993 - يىلى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشى جەھەتتە، مەھسۇلات سۈپىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش، خام ئەشيا - ماتېرىيال سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش نىشان قىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش ۋە «ئۆلچەملەشتۈرۈش قانۇنى» يولغا قويۇلدى، خىمىيە سانائىتى ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئۆلچەمسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتتى، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئۆلچەمنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى بويىچە يېڭىدىن تىزىمغا ئالدۇرغان سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى 68 گە يەتتى، 21 تۈرلۈك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، يارىتىلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى خىمىيە سانائىتى سېخىنىڭ پولى پروپىلېن ھۆنەر - سەنئىتى 1 - سىنىپنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى پولات - تۆمۈر 2-زاۋۇتى خىمىيە سانائىتى شۆبە زاۋۇتىنىڭ ئوكسىگېن ئىشلەش سۈپىتىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، شىخەنزە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئۇنىۋېرسال سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ ئۆزارتىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ ئويغۇچى ناترىي زاۋۇتى خلوروسۇلفات سېخىنىڭ ئېلېكترولىز سۈپىتىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە خىمىيە سانائىتىدىكى سۈپەت باشقۇرۇشتا خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى 298 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپىنى پۈتكۈزدى، 344 ئوقۇغۇچى يېڭىدىن قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 889 غا يەتتى؛ 266 ئوقۇغۇچى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتكۈزدى، 600 ئوقۇغۇچى يېڭىدىن قوبۇل

قىلىندى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1000 غا يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتىدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تەتۈر تاناسىپ بويىچە ئېشىشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەبلەر شۇكى، تېيىز قاتلام جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، تۆمۈر يول ترانسپورت كۈچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، مەبلەغ كەمچىل بولدى؛ چوڭقۇر قاتلام جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، قۇرۇلمىسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، كارخانىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سالىدىغان مەبلىغى يېتىشمىدى، كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىش جەھەتتىكى زاپاس كۈچى كەمچىل بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيە سانائىتىنىڭ ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز، 80 - يىللاردىكى ئون يىلدا خىمىيە سانائىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22.6% لىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلغانىدى، 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، خىمىيە سانائىتى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ۋە كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇرۇلۇش، شەكىل ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، بۇنىڭ بىلەن زاپاسقا تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈستۈنلۈك تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

1993 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىن ياڭ جاۋيىڭ، شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتىدىن جاڭ شياۋمىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇچى ناترىي زاۋۇتىدىن جاڭ جىجېڭلار خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنچىسى بولۇپ باھالاندى.

كاۋ جۇنچاڭ

**ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدا 64 ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 199 مىليون 140 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى سەككىز بولۇپ، بۇنىڭغا 75 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 56 بولۇپ، بۇنىڭغا 123 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن يىلىغا 80 مىڭ توننا يېڭى ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرىدىغان شىنجاڭ قومۇل شۇلتا زاۋۇتى، يىلىغا 300 توننا دى ئالكىلامىن دى تىئو فوسفور - سىنىك (نېفىت مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇلىدىغان خۇرۇچ) ئىشلەپچىقىرىدىغان شىنجاڭ «مىڭدا» نەپىس خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن تۇرپان ۋىلايىتى چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 500 توننا مەركىمۇش كالىي ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ يۇرۇش قىيپاش كامېرنى سۇپەتلىك، يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش تۈرى، قومۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 100 توننا ئالما L — كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، ساۋەن ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 50 مىڭ ئۆلچەملىك مېتىر بۇرغىلاش-چارلاش رېزىنكە تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، ئۈرۈمچى رېزىنكە - سۇلياۋ ياسالمىلىرى باش شىركىتىنىڭ يىلىغا 125 توننا رېزىنكە ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، شىنجاڭ «شەرقىي جەنۇب» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 800 توننا مېلامىن ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ سائەتلىك ئىقتىدارى 75 توننىلىق پارقازىنىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سۇلفونلاشقان فېنول ئالدېگىدسىمولاسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1993 - يىلى خىمىيە سانائىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، بىرىنچىدىن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلەر، ئاساسەن، نەپىس خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ۋە قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان تۈرلەردىن ئىبارەت بولدى؛ ئىككىنچىدىن، سېلىنما كۆپەيتىلدى، كۆلىمى 1 مىليون يۈەنلىكتىن ئاشىدىغان تۈر ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى، 10 مىليون يۈەنلىكتىن 200 مىليون يۈەنلىككىچە بولغان تۈر يەتتىگە يەتتى.

كاۋ جۇنچاڭ

**شىنجاڭ ساپ شۇلتا زاۋۇتى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ساپ شۇلتا زاۋۇتى (1993 - يىل 8 - ئايدا نامى شىنجاڭ قومۇل شۇلتا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ 80 مىڭ توننىلىق يېڭى ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى سىناق قىلىندى، كاربونلاشقان مۇنارسىمان شۇلتا سۈزۈش ماشىنىسىدىن شۇلتا چىقتى، بىر قېتىملىق ئۆتكۈزۈش تەرتىپى ئارقىلىقلا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەھسۇلاتلار رەسمىي قاچىلاندى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ساپ شۇلتا ئىشلىيەلمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

ساپ شۈلتا قۇرۇلۇشىنى خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ 8 - لايىھەلەش يۇرتى لايىھىلىدى، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇش باش شىركىتى باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئالدى، 11 - خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش شىركىتى كوللېكتىپ قۇرۇلۇش قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ قۇرۇلۇش 1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلانغانىدى، ئۇنىڭغا 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، پۈتۈن قۇرۇلۇش 67 يەككە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 26.5 گېكتار، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 57 مىڭ 157 كۋادرات مېتىر. خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100 كە، تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى %87 كە، قۇراشتۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى %95 كە يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىي 17 مىڭ توننا ساپ شۈلتا ئىشلەپچىقىرىلدى.

گاۋ جۇنچاڭ

## شىنجاڭ ئويغۇچى ناترىي زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

شىنجاڭ ئويغۇچى ناترىي زاۋۇتىنىڭ خلورو شۈلتا تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رەسمىي باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئەڭ زور، شۇنداقلا چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن بىردىن بىر تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى. بۇ تۈردە نۆۋەتتە خەلقئارادىكى ئەڭ ئىلغار بولغان ئىئونلۇق پەردە ئۇسۇلى ئارقىلىق خلور شۈلتا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - تېخنىكىسى قوللىنىلدى، شىنجاڭ ئىشقارىي سۈلفىد زاۋۇتىنىڭ ئەسلىدىكى يىلىغا 11 مىڭ توننا ئويغۇچى ناترىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا يېڭىدىن 10 مىڭ تونىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى، يىلىغا 10 مىڭ توننا پولىۋىنىل خلورىد سىمولاسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 178 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، بۇ مەبلەغ ئىئونلۇق پەردە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا - ئۈسكۈنىسى ۋە پولىۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ 1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتتۈرۈلۈشى پىلانلاندى، بۇ قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىللىق سېتىش كىرىمى 101 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ئويغۇچى ناترىي مەھسۇلاتىنىڭ ساپلىقى يۇقىرى بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ساپلىقى يۇقىرى ئويغۇچى ناترىيغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ؛ پولىۋىنىل خلورىد سىمولاسى پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئورۇنلارنىڭ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گاۋ جۇنچاڭ

## خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى يېڭى مەھسۇلات ۋە يېڭى تېخنىكىلار

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى توققۇز خىل يېڭى مەھسۇلات، تۆت تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، بۇ تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىلىغا مەھسۇلات قىممىتىنى 32 مىليون 380 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنى 6 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يېڭى مەھسۇلاتلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى «يىنجيەن» سودا - سانائەت - تېخنىكا يارىتىش شىركىتىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كۆپ رەڭلىك سۇۋاقلىغۇ؛ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان تىزما تۇرۇبا شەكىللىك كۆپ ئۈنۈملۈك توزان تازىلىغۇچ؛ شىنجاڭ ئويغۇچى ناترىي زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان %42 لىك، %45 لىك سۇيۇق ئويغۇچى ناترىي؛ شىنجاڭ ئويغۇچى ناترىي زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان %10 لىك 2 - دەرىجىلىك ناترىي خلورات؛ شىنجاڭ «ۋۇتۇڭ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ ئورگانىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىرلىكتە ئىشلەپچىقارغان «DSSAS» نېفىت قۇدۇقىنى بۇرغىلاشقا ياردەم بەرگۈچى خورۇج سۇلفونلاشقان ئاسفالت (پاراشوك خورۇج)؛ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاككوموليياتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سىلىتسىي يېلىمىدىن ئىشلەنگەن ئېلېكترولىت؛ شىخەنزە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئىشقار تۇراقلاشتۇرغۇچى ياپراقسىمان ناترىي گىدروكسىد؛ پىچان چىقتىم خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن غەربىي جەنۇب نېفىت شۆيۈەنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقارغان قۇدۇق بۇرغىلاش سۇيۇقلۇقىغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سۇلفونلاشقان ئاسفالت «LFD — 2»؛ پىچان چىقتىم خىمىيە سانائىتى



1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كەتتى، شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىغان خام ئەشيا - ماتېرىيالى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولدى، شېكەر زاۋۇتلىرى قىزىلچىنى ئالدىسىپ سېتىۋالدى.

شىڭ يىڭشۈەن فوتوسى

زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كۈچلۈك يېپىشقاقلىق خاراكتېرلىك فىلتىر تۆۋەنلىتىش خورۇچى «JT900». يېڭى تېخنىكىلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى لايىھەلەش - تەتقىقات يۇرتى ياراتقان گلائۇبېر تۇزى ۋە نىترو - ئامىنىدىن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ يېڭى ماددا ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ناترىي نىترات ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى؛ شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مالەندە تۇرۇشلۇق قىسمى بىرلىكتە ياراتقان سانائەت باشقۇرشتا ئىشلىتىلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى تور سىستېمىسى؛ شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى بىلەن غەربىي شىمال ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ياراتقان T شەكىللىك تۆت تۇلۇقلۇق سوزۇش ماشىنىسىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق تىزگىنلەش-تەكشۈرۈش تېخنىكىسى؛ شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى لايىھەلەش-تەتقىقات يۇرتى ياراتقان شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ھال، تۆۋەن دەرىجىلىك فوسفور رۇدىسىنى كۆپ ئاساسلار بويىچە بىرىكتۈرۈپ سۇيۇق ئوغۇت ياساش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىش تەجرىبىسى.

زور پەن - تېخنىكا تۈرى جەھەتتە شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 15 مىڭ توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن ناترىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىش تۈرى بىلەن يىلىغا 500 توننا سۇسىز ناترىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، 1993 - يىلى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «مەشئەل» پىلانىغا دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ سانائەت ئارىلىق سىنىقى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، بۇ ئىككى پەن تەتقىقات تۈرىگە 21 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك زور پەن تەتقىقات تۈرىدىن ئىبارەت.

گاۋ جۈنچاڭ

# يېنىك سانائەت

### يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 37 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.91 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.21 ئېشىپ، ئۈچ چوڭ كەسىپ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى؛

2 - يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.62 ئاشتى؛ 1 - يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 697 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.65 تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنى، ئاساسەن، تۇز، گلائۇبېر تۇزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يۆتكىلىش مىقدارى ئازىيىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. پۈتكۈل يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (كېمىيىپ كەتكەن مەھسۇلات قىممىتىنى تولۇقلىغىنىمىز شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئېشىشىنى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار تۆۋەندىكىچە: 34 مىڭ 900 توننا كونېرۋا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 12 مىڭ 700 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، 50 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى كۆپەيتىلدى؛ 8900 توننا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 3300 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 277 مىڭ 200 قۇر خۇرۇم كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، 122 مىڭ 900 قۇر ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 335 مىڭ 300 توننا چاقماق قەنت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 13 مىڭ 800 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛

30 مىڭ 400 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 11 مىڭ 300 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 900 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 109 مىڭ 600 توننا دانىچە ئارزاڭ ئىشلەپچىقىرىلىپ، 31 مىڭ 900 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 760 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 99 مىڭ 300 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 13 مىڭ 600 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 320 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 8900 توننا سۈت ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1400 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 59 مىڭ 400 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلىپ، 13 مىڭ 800 توننا ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 840 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 130 مىڭ ساندۇق پاپىرۇس ئىشلەپچىقىرىلىپ، 9000 ساندۇق ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى؛ 3 مىليون 354 مىڭ 300 دانە چايدان ئىشلەپچىقىرىلىپ، 853 مىڭ 100 دانە ساپ ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 660 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 699 يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 625 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەغەزنىڭ 140 مىليون 310 مىڭ يۈەن، مېتال بۇيۇملارنىڭ 61 مىليون 680 مىڭ يۈەن، شېكەرنىڭ 712 مىليون 590 مىڭ يۈەن، لامپۇچكىنىڭ 20 مىليون 890 مىڭ يۈەن، كۆن ـ خۇرۇم، يۇڭ ـ تېرىنىڭ 172 مىليون 640 مىڭ يۈەن، كۈندىلىك ئىسرلىق ساپال بۇيۇملارنىڭ 15 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ 54 مىليون 560 مىڭ يۈەن، باشقا يېنىك سانائەت ساھەسى (قەغەز ياسالما قاتارلىقلار) نىڭ 680 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ھاراقنىڭ 281 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئۆي جاھازلىرىنىڭ 36 مىليون 661 مىڭ يۈەن، بولارنىڭ ھەممىسى 1992 ـ يىلدىكىدىن ئاشتى. 699 يېنىك سانائەت كارخانىسىنىڭ پايدا ۋە باج سوممىسى 116 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش تەننەرخى 2 مىليارد 185 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 100 يۈەنلىك تەننەرختىن 34.5 يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى، ساھەلەر بويىچە ئايرىغاندا، 100 يۈەنلىك تەننەرختىن يارىتىلغان پايدا ۋە باجنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولدى: ئۆي جاھازلىرىنىڭ 39.31 يۈەن، ھاراقنىڭ 96.30 يۈەن، كۈندىلىك ئىسرلىق ساپال بۇيۇملارنىڭ 48.18 يۈەن، باشقا يېنىك سانائەت ساھەسى (قەغەز بۇيۇم، بېزەش قاتارلىقلار) نىڭ 58.14 يۈەن، لامپۇچكىنىڭ 84.10 يۈەن، كۈندىلىك ساپال بۇيۇملارنىڭ 64.10 يۈەن، بىرىكمە يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ 63.10 يۈەن، كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ 53.10

.يۈەن، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ 8.9 يۈەن، مېتال بۇيۇملارنىڭ 6.29 يۈەن، سۇلياۋ ياسالمىلىرىنىڭ 1.64 يۈەن.

شۇ شاۋجېڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسىدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 94 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 31 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.33 نى ئىگىلىدى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 63 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8.66 نى ئىگىلىدى. 57 مىليون يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا كۆپەيتىلگەن مەبلەغ 26 مىليون 550 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە كۆپەيتىلگەن مەبلەغ 30 مىليون 450 مىڭ يۈەن.

1993 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلگەن مەھسۇلاتلار تۆۋەندىكىچە: پىۋا 20 مىڭ توننا (شىخو پىۋا زاۋۇتى)، ئاق ھاراق 1200 توننا (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھاراق زاۋۇتىنىڭ 1000 توننا، سەنتەي ھاراق زاۋۇتىنىڭ 200 توننا)، ئىچىملىك 3200 توننا («بۇغدا كۆلى» يېمەكلىك ـ ئىچىملىك زاۋۇتىنىڭ 3000 توننا، نىلقا جىغان ئىچىملىكى زاۋۇتىنىڭ 200 توننا)، گلۇتامىن كىسلاتاسىنىڭ 1000 توننا (بورتالا شېكەر زاۋۇتى)، قەغەز ياسالمىلىرىنىڭ 125 توننا (شىنجاڭ قەغەز ياسالمىلىرى زاۋۇتى)، سارۇشكا ساندۇق قەغىزىنىڭ 5000 توننا (ئۈرۈمچى شەھەرلىك قەغەز 3 ـ زاۋۇتى). پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16 مىڭ 590 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شۇ شاۋجېڭ

## ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى 67 مىڭغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ چاقماق قەنت 12 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %66.8 ئاشتى؛ سىرلىق ساپال بۇيۇم 1 مىليون 60 مىڭ دانىگە يېتىپ، %58.11 ئاشتى؛ پىچاق 63 مىڭ دانىگە يېتىپ، %57.28 ئاشتى؛ ياغاچ ئۆي جاھازلىرى 96 مىڭغا يېتىپ، %28.43 ئاشتى؛ پوپايكا ـ يوپكا 288 مىڭ قۇرغا يېتىپ، %9.176 ئاشتى. مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابى، خۇرۇم ئاياغ كىيىم، كىيىم ـ كېچەك، كەشتە بۇيۇمى، گىلەم، يۇڭ رومال، كالاچ قاتارلىق ئاز سانلىق

مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار جەھەتتىمۇ مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ساقلاپ قېلىندى، بۇ مەھسۇلاتلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى.

1993 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا داۋاملىق يار - يۆلەك بولدى، 12 كارخانىغا ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى.

شۇ شاۋجيەڭ

**پەن - تېخنىكا خىزمىتى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا يارىتىش تۈرىدىن 32 سى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خورۇم دەزماللاش ماشىنىسى، كېگىز پايپاق، ئۈجمە شىرنىسى ئىچىملىكى، خىمىيە ئاقارتىش گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان توقۇتۇش سايمىنىدىن ئىبارەت تۆت تۈر دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. باغراش ناھىيىلىك قومۇش تاختاي زاۋۇتىنىڭ سىلىقلانغان قومۇش تاختا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى، شىنجاڭ «خۇاشىن» كۆن - خۇرۇم سانائەت شىركىتىنىڭ ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن خىروملۇق يۇمشاق خۇرۇمى مەملىكەت بويىچە يېنىك سانائەت باش ئۇيۇشمىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسىدا 16 مەھسۇلات خەلقئارا ئالتۇن، كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «غەربىي تەڭرىتاغ» ۋوتكىسى، «غەربىي تەڭرىتاغ» ئېسىل ھارىقى گېرمانىيە ميۇنخېن پېۋا بايرىمىدا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «قۇرغۇي» ماركىلىق ئالىي ھاراق، «قۇرغۇي» ماركىلىق ئالاھىدە ھاراق، «بۇغدا» ماركىلىق ۋودكا، «ئاق تېرەك» ماركىلىق ئۈزۈم ساقلانغان ھاراق شياڭگاڭ خەلقئارا تاۋار يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، گۈيجۇ دەرىخىدىن ئىشلەنگەن ئۈزۈم ھارىقى، «بۇغدا» ماركىلىق ھاراق، «مۇبارەك» ماركىلىق ئالىي ھاراق، «مۇبارەك» ماركىلىق ۋوتكا كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «گۇخەي» ماركىلىق ئۈزۈم ساقلانغان ھاراق، شىخونىڭ 12° لۇق پىۋىسى، ئاقسۇ كوناشەھەرلەرنىڭ 12° لۇق پىۋىسى تايلاندنىڭ بانگكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يەرمەنكىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «ئاق تېرەك» ماركىلىق ئۈزۈم ساقلانغان ھاراق (ساپ) ۋېنگىرىيىنىڭ بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا تاۋار يەرمەنكىسىدە ئالاھىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، «ئاق تېرەك» ماركىلىق ئۈزۈم ساقلانغان ھاراق (ئىنچىكە ئىشلەنگەن) ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 54° لۇق كۈيتۇڭ ئالىي ھارىقى گوللاندىيىنىڭ روتتېردامدا ئۆتكۈزۈلگەن كۈز پەسىللىك جۇڭگو مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توققۇز مەھسۇلات دۆلەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «كوئىنلۇن» ماركىلىق ئالىي ھاراق، «غەربىي يۇرت» ماركىلىق ئالىي ھاراق (45° لۇق)، «كوئىنلۇن» ماركىلىق ئاق قوناق ھارىقى، «ئورماندا باھار» ماركىلىق 10° لۇق قۇرۇق پېۋا مەملىكەت بويىچە «ئۈچقۇن» پىلانى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «ئىلى» ئالىي ھارىقى، «ئىلى» ئۈزۈم ساقلانغان ھارىقى، «گۈچۈڭدا باھار» ھارىقى، شىجۇ ھارىقى، «گۇخەي» ماركىلىق ئۈزۈم ساقلانغان ھاراق جۇڭگو سۈپەتلىك ئاق ھاراق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ئۆگىنىش كۇرسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسىدىكى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە سۈپەتكە مەسئۇل خادىملارنىڭ «سۈپەت باشقۇرۇش ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش» قا دائىر بىر يۈرۈش ئۆلچەمنى ئۆگىنىش كۇرسى، «مەھسۇلات سۈپىتى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، كارخانىلارغا ھەمكارلىشىپ 40 تۈرلۈك كارخانا ۋە مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ تۈزەتتى، دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن تۆت كۆز ئەينەك كارخانىسىنىڭ كۆز ئەينەك ئەينىكىنىڭ نۇر گىرادۇسىنى تەكشۈردى. شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى شور مەيدانىنىڭ شور سوزۇش كېمىسى ئارقىلىق شور سوزۇش سىستېمىسىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دۆلەت تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 20 سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شۇ شاۋجيەڭ

**تاشقى ئىقتىساد - سودا ۋە ئىچكى ئىقتىساد جەھەتتىكى ھەمكارلىق**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 66.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان شېكەر 107 مىڭ 900 توننا، قىزىلچا دانچە

ئارزاڭى 62 مىڭ 700 توننا، ئىسپىرت 702 توننا، ئاق ھاراق 924 توننا، پىۋا 791 توننا، ۋودكا 1000 توننا، لاتا ئاياغ كىيىم 69 مىڭ 600 پار، خۇرۇم ئاياغ كىيىم 18 مىڭ پار، پەمىدۇر قىيامى ۋە كونسېرۋاسى 29 مىڭ 900 توننا. 1993-يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا شىنجاڭ يېنىك سانائەت سودا ئۆمىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىكى سودا ئۆمەكلىرى بىلەن جەمئىي 27 توختام، كېلىشىم ۋە مۇددىئانامە ئىمزالىدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە تاشقى ئىقتىسادتېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك كۆن-خۇرۇم-يۇڭ-تېرە سانائەت شىركىتى بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلىنى، تارباغاتاي شېكەر زاۋۇتى دانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 490 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلىنى كىرگۈزدى، شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى شياڭگاڭدىن 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلى كىرگۈزۈپ، 50 مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق تۈرلەرنى شېرىكلىشىپ قۇردى، بۇ قۇرۇلۇشلار جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. شېنجېن قۇرغان «شىنيى» خۇرۇم ئاياغ كىيىم چەكلىك شىركىتى مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنلىك زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇردى؛ جۇڭگو-كورېيە شېرىكلىشىپ قۇرغان «نەشپۈت چېچىكى» قاچىلاش چەكلىك شىركىتى (كومپيۇتېرمە سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن تور خالتىغا قاچىلاش) شۇ يىلى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ۋە شۇ يىلى ئۈنۈمى كۆرۈلدى؛ شىنجاڭ پىۋا چەكلىك شىركىتىنىڭ 7000 توننا پىۋا قاچىلىنىدىغان ئىچىملىك قۇتىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلىدى. قومۇل پىۋا زاۋۇتى بېيجىڭ «بەش يۇلتۇز» پىۋا زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، گۇچۇڭ ھاراق زاۋۇتى «جيەننەنچۈن» ھاراق زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقارغان يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

شۇ شاۋجېڭ

## توقۇمىچىلىق

### توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توقۇمىچىلىق سانائىتى ساھەسىدىكى ھەرقايسى كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئۆرلەش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1. مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى: پۈتۈن ساھە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 3 مىليارد 414 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 1.53% تۆۋەنلەپ كەتتى. سىستېما ئىچىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 685 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.48% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 1 مىليارد 332 مىليون يۈەن بولۇپ، 11.9% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ 880 مىليون يۈەن بولۇپ، 2.84% تۆۋەنلەپ كەتتى.

2. ئېكسپورت ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان مال: 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ساھەسىدە ئېكسپورت ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان ماللارنىڭ قىممىتى 33 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 1% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان ماللارنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: پاختا يىپ 5930 تونىغا يېتىپ، 22.3% ئاشتى؛ رەخت 9 مىليون 220 مىڭ مېتىر بولۇپ، 52.45% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ يۇڭ توقۇلما 260 مىڭ مېتىر بولۇپ، 37.1% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پاختا ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يىپ 2319 تونىغا يېتىپ، 6.18% ئاشتى.

3. ئىقتىسادىي ئۈنۈم: 1993-يىلى سىستېما ئىچىدە يارىتىلغان پايدا ۋە باج 25 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 77.3% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە باج 169 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.9% ئاشتى، پايدا مىنۇس 143 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى، يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە مۇشۇ يىل يارىتىلغان 42 مىليون 850 مىڭ يۈەن پايدا 1992-يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشكەندىن سىرت، پاختا توقۇمىچىلىق قاتارلىق باشقا ساھەلەر زىيان تارتتى، پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى زىيان زور ھەجىمدە كۆپەيدى. يىپەك، خىمىيىۋى تالا ساھەلىرى زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولدى.

4. ۋەزىيەت ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر: توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ۋەزىيىتى جەھەتتە مەھسۇلات قىممىتى كېمىيىپ كەتتى، ئېكسپورت ئازىيىپ كەتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق تۆۋەنلەپ كەتتى. سېپتا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن باشقا، ئاساسلىق توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى بوشاش ھالىتىدە تۇردى، پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى تېخىمۇ بوشاشقا قاراپ يۈزلەندى، 4-پەسىلگە كەلگەندە ئاندىن سېتىش كۆللەنگەن ۋەزىيەتكە قەدەم قويدى. ساقلانغان مەسىلىلەر مۇنۇلار: كارخانىلارنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولدى، خام ئەشيا يېتىشمىدى، ترانسپورت جىددىي بولدى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىدى، ئۈچ بۇرجەك قەرز كارخانىلارنى چىڭ چۇشۇرۋالدى. پۈتۈن ساھە ئۇدا ئىككى يىل زىيان تارتقاچقا، كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كارخانىلار ئىشتىن

توختىدى ياكى ئىشتىن بىرىم توختىدى، بۇ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى، ئۇندىن ئۆستىگە، مەملىكەت بويىچە پاختا مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەچكە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاختا كۆپلەپ سىرتقا يۆتكىلىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتتى.

دۇڭ فىياڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىگە 83 مىليون 90 مىڭ يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە، 103 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئورۇنلاشتۇرغان، قۇرۇلۇۋاتقان توقۇمىچىلىق ساھەسى تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ مىللىيچە كىيىم - كېچەك تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ تىرىلىپن تالا فابرىكىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، ساۋەن چېبەرقۇت فابرىكىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يەكەن ناھىيىلىك يىپەك فابرىكىسى. تۇرپان ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن تارتىپ 19 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپ، مەبلەغ كەمچىل بولغاچقا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بۇ فابرىكىنىڭ باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇنى تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ يىلى خوتەن ناھىيىلىك يىپەك فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ھازىر ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ سۇنئىي تالا فابرىكىسى، شىنجاڭ تىرىلىپن تالا فابرىكىسىنى 10 مىڭ توننا ئۇزۇن تالالىق يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشىنىڭ 2900 توننىلىق 1 - قارارلىق تۈرى، يىلىغا 800 توننا پروپىلىن «PP» سانائەت يىپىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى.

1993 - يىلى توقۇمىچىلىق ساھەسى بويىچە شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى بولغان 4800 ئۇرچۇقلۇق سىپتا يۇڭ توقۇلما قۇرۇلۇشى بىلەن ۋۇجياچۈ بىرلەشمە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 33 مىڭ 600 ئۇرچۇقلۇق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تۈر پۈتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

گۇ دۇڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ساھەسىدە 11 تۈر بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلغان تۈر سەككىز، يېڭىدىن باشلانغان تۈر ئۈچ، 1993 - يىلى بۇ تۈرلەرگە 89 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە، 96 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1992 - يىلدىكى ھېساپتىن ئاشۇرۇلغان مەبلەغ 36 مىليون 340 مىڭ يۈەن.

فەن جىنخۇڭ

## يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە 25 خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات يارىتىش پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشى تۆۋەندىكىچە: زىغىردىن ئىشلەپچىقىرىلغان يورۇشلۇق مەھسۇلاتلار: ساپلىقى يۇقىرى زىغىر يىپى، ئارىلاشما زىغىر يىپى، ئارىلاشما زىغىر يىپىدىن ئالماپ توقۇلغان رەخت؛ زىغىر توقۇلمىلىرىنى ئاقارتىپ بوياپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار؛ يۇڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان يورۇشلۇق مەھسۇلاتلار: شايىغا تەقلىد قىلىنغان گاباردىيون، شايىغا تەقلىد قىلىنغان بىجى، شايىغا تەقلىد قىلىنغان تۆگە تىۋىتىدىن توقۇلغان تاۋار، ئىلمە توقۇلما يۇڭ رەخت، ھەم سىپتا، ھەم يىرىك ئالماپ توقۇلغان نېپىز دراپ، چەمبەر گۈللۈك دراپ، تۆگە تىۋىتىدىن توقۇلغان تاۋار قاتارلىقلار؛ پاختا توقۇلمىلىرى جەھەتتە يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار: سىپتا توقۇلغان توغرا يوللۇق تاۋار، چوڭ گۈللۈك بېزەك مەھسۇلاتى، ساپ پاختىدىن توقۇلغان تىك تىۋىتلىك مەخمەل قاتارلىقلار؛ يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار: پاكىز ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم، ئاممىنولۇق بىرىكمە تالادىن توقۇلغان ئىلاستىك ئىچ ئىشتان قاتارلىقلار. يىل ئاخىرىغىچە سەككىز مەھسۇلات ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق باش فابرىكىسى 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان تۆگە تىۋىتىدىن توقۇلغان تاۋار، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان شايىغا تەقلىد قىلىنغان گاباردىيون، شايىغا تەقلىد قىلىنغان بىجى، شايىغا تەقلىد قىلىنغان تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان تاۋار، شىنجاڭ كۈيتۇڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان زىغىر پاختا ئارىلاش ئىگىرىلگەن ئەسلى رەڭلىك يىپ (53. 4tex)، بورچىن يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان ھەم سىپتا، ھەم يىرىك ئالماپ توقۇلغان نېپىز دراپ، چەمبەر گۈللۈك سوكنو، ئىلاستىكلىقى يۇقىرى ئىلمە توقۇلما يۇڭ رەخت.

خې شېڭشياڭ

## سىپتا يۇڭ توقۇلما ساھەسىدە ئۈنۈم داۋاملىق ئۆستى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مالىيەسى

سىستېمىسىدىكى سەككىز سىپتا يۇڭ توقۇلما كارخانىسىنىڭ سېتىش كىرىمى 933 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 251 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا ۋە باج 144 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 80 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1993 - يىلى سىپتا يۇڭ توقۇلما كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنۇلار: 1) ئاساسنى باشقۇرۇش چىڭىتىلدى، قوي يۇڭىنى سېتىۋېلىشتىن تارتىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقىچە بولغان ئىش تەرتىپىدە ئۆتكەلنى قاتلاممۇ قاتلام ئىگىلەش يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ 2) ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قاتتىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ راۋان سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ 3) سېتىش كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، سېتىشنى تېزلىتىش چارىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇكاپات ۋە جازا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، تىجارەتچى خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى؛ 4) پۇلنىڭ خەزىنىگە قايتىشى تېزلىتىلىپ، قەرزنى يىغىۋېلىشتىن سۈرۈشتۈرۈشتەك ئەھۋاللار يۈز بەرمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىلگىرىكى يىللاردىكى قەرز پۇللارغا قارىتا جانلىق ئالدىرىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ 5) كارخانىلارنىڭ توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشى كۈچەيتىلىپ، داڭلىق مەھسۇلاتلار ياكى ئىلغار كارخانىلار بىلەن ئۆز ئارا چىرىتىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ داڭقى كېڭەيتىلىپ، بازار ئېچىلدى.

سۈن جىڭتەي

## پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى پۈتۈنلەي زىيان تارتتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى پۈتۈنلەي زىيان تارتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى، مەھسۇلات، خام ئەشيا باھاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى، ئومۇمىي ۋەزىيەت كاساتلىقتىن بازىرى ئىتتىك بولۇشقا، باھا تۆۋەن سەۋىيىدە ئايلىنىپ يۈرۈشتىن تېز سۈرئەت بىلەن ئۆرلەشكە قاراپ يۈزلەندى، مۇشۇ بىر يىللىق ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بازار ئىتتىك بولۇش ۋە باھانىڭ ئۆرلىشى يىل ئاخىرىغا توغرا كەلگەچكە، پاختا توقۇمىچىلىق ساناﺋىتىنىڭ يىللىق زىيان تارتىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مالىيە سىستېمىسىغا قاراشلىق 33 پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى سېتىشتىن قىلغان كىرىم 1 مىليارد 789 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 254 مىليون 420 مىڭ يۈەن، يەنى 16.57% ئاشتى؛ يارىتقان پايدا ۋە باج 69 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 560 مىڭ يۈەن، يەنى 9.79% كېمىيىپ كەتتى؛ زىيان تارتقان كارخانا ۋە زىيان سوممىسى 1992 - يىلدىكىدىن كۆپەيدى. 1992 - يىلى ساھەلەر بويىچە زىيان تارتىش دائىرىسى 77.42%، 1993 - يىلى 84.85% بولۇپ، 7.43 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيدى؛ 1993 - يىلى زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 182 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 93 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يەنى 104.76% ئاشتى؛ پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ساپ زىيان سوممىسى 180 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 92 مىليون 870 مىڭ يۈەن، يەنى 105.85% ئاشتى.

بۇ خىل ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ كۆرۈلۈشىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار: 1) پاختىدىن توقۇلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بەك كۆپ ئېشىپ قالدى؛ 2) خام ئەشيانىڭ باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا تەننەرخ چىقىمى 87 مىليون 500 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ كەتتى، كارخانىلار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ 3) يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا كارخانىلارنىڭ 18 مىليون يۈەن پايدىسى يېيىلىپ كەتتى.

سۈن جىڭتەي

## شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق 2 - فابرىكىسى

شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق 2 - فابرىكىسى — دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا تىپتىكى سىپتا يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى. بۇ فابرىكا 1982 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 1600 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 9300 يىپ ئىگىرىش ئۇرچۇقى، 104 توقۇش ماشىنىسى، شۇنداقلا مۇناسىپ ھالدىكى يۈرۈشلەشكەن يۇللۇق بوياش ۋە بوياش - تۈزەش ئۈسكۈنىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يىپ ئىگىرىش، بوياش - تۈزەش، يۇللۇق بوياش جەھەتتە چەت ئەلدىن ئىلغار ئۈسكۈنە كىرگۈزۈشنىڭ 1-قارارلىق ئۆزگەرتىش پىلانى تاماملاندى، 2 - قاراردا بېلگىلەنگەن خەنجەرسىمان دەستىلىك توقۇش ماشىنىسىدىن 40 نى كىرگۈزۈش ئىشى ھازىر ئىشلىنىۋاتىدۇ. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەردىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە ئىگە كۆلەم شەكىللىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە. 1993 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ساناﺋەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 94 مىڭ مېترغا، سېتىش سوممىسى 50 مىليون 748 مىڭ 700 يۈەنگە، يارىتقان پايدا ۋە بېجى 7 مىليون 34 مىڭ 200 يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 249 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ فابرىكا نەپىس تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ۋە

ئىلغار تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سايمانلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىپ، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «ئالتۇن مۇنار» ماركىلىق يۇڭدىن توقۇلغان گاباردىيون، دراپ، شاۋبى سوكنوسى، پەلىدىن، چىبەرقۇت، گۇڭنى سوكنوسى، پەيلىس، ئاياللار سوكنوسى قاتارلىق سەككىز چوڭ يۈرۈش، 260 نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل مەھسۇلات مەملىكەتلىك يېڭى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بويىچە «ۋېرجىيا» لوڭقىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، توققۇز خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن «سۈپەتلىك مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى. فابرىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا سېتىلدى، مەملىكىتىمىزدىكى 28 ئۆلكە - شەھەردە بىرلەشمە شىركەت، تىجارەت ئورنى، ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، خېلى مۇكەممەل بولغان سېتىش، ئۇچۇر تورى شەكىللەندى، 1993 - يىلى تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى بۇ فابرىكىغا ئۆز ئالدىغا ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقى بەردى، بۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ فابرىكىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتىنىڭ خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىشىگە ئاساس سېلىندى.

چېن يەن

# تاماكا

## تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 11 مىڭ 760 مو يەرگە تاماكا تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاماكا 5813 مو، خۇشپۇراق تاماكا 5902 مو، بىلى تاماكىسى 45 مو، مۇشۇ بىر يىلدا ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان كۆك تاماكا 882 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى. يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆك تاماكىنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماكىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 76.94% كە يېتىپ، 11.4 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى، 1 - دەرىجىلىكتىن 3 - دەرىجىلىككە بولغان خۇشپۇراق تاماكىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 37.84% كە يېتىپ، 14.4 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆك تاماكىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلات قىممىتى 352.78 يۈەنگە يېتىپ، 87.66% ئاشتى. كۆك تاماكىنىڭ سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستى، تاماكا زاۋۇتلىرىنىڭ 20 تاماكا ئەۋرىشكىسىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئوتتۇرىچە قەنت مىقدارىنىڭ 21.24% كە يەتكەنلىكى، تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن مىقدارىنىڭ 1.87%، كۆپ قىسىم تاماكىنىڭ تەركىبىدىكى شېكەر بىلەن نىكوتىننىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى 10:1 دىن تۆۋەن بولۇپ، سۈپەتلىك تاماكىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. خۇشپۇراق تاماكىدىن توققۇز ئەۋرىشكىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوتتۇرىچە شېكەر مىقدارىنىڭ 15.69% كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئالتە پىرسەنتلىك رەقەم ئۆسكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تاماكىچى دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا تېخنىكا خادىملىرىدىن 150 ئادەم (قېتىم)، تاماكىچى دېھقانلاردىن 2000 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 5000 نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە قول ئۇچىدا پەرۋىش قىلىشتەك قالاق ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەردى. قېلىپلاشقان ئىشلەپچىقىرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تاماكا ۋە خۇشپۇراق تاماكىنىڭ سورتىنى تاللاش، ئۆستۈرۈش زىچلىقى، ئوغۇتلاش نىسبىتى، شۇنداقلا ئۇچىنى ئۈزۈش، چاتاش، قۇر ۋە توپ ئارىلىقىنىڭ نىسبىتى قاتتىق ئىگىلەندى. بولۇپمۇ تاماكا ئېتىزلىرىدا سۇلياۋ يوپۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، مۇددەتتىن بۇرۇن كۆچۈرۈش ۋە خۇشپۇراق تاماكىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

فەن زىشياڭ

## پاپىرۇس سانائىتى


1993 - يىلى شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىدى، ئاساسلىق ئىقتىساد - تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى، ئومۇمەن، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ياخشى بولدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 259 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.64% ئاشتى. پاپىرۇس 130 مىڭ ساندۇققا يېتىپ، 7.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» دەرىجىلىك پاپىرۇس 52 مىڭ 100 ساندۇققا يېتىپ، 31.9% ئاشتى؛ «ب» دەرىجىلىك پاپىرۇس 77 مىڭ 900 ساندۇق بولۇپ، 4.4% كېمىيىپ كەتتى؛ سۈزگۈچلۈك پاپىرۇس 87 مىڭ 700 ساندۇققا يېتىپ، 1.04% ئاشتى. سېتىش كىرىمى 285 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.47% ئاشتى. يارىتىلغان پايدا ۋە باج 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.1% ئاشتى، بىر ساندۇقتىن يارىتىلغان پايدا ۋە باج 1253.31 يۈەنگە يېتىپ، 149.71 يۈەن ئاشتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يارىتىلغان پايدا ۋە باج 170 مىڭ

خىزمىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى بىرقاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1) تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، بىخەدەس كۆپەيتىلگەن ئۈسكۈنىلەرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ كىرىم قىلىش كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. 8 - ئايدا 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 2-قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى — 46 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلگەن «كېماسى» پاپىروس تالاسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈن ئەۋدە بويىچە سىناق قىلىندى، 11 - ئايدا بۇ لىنىيە ئىككى سمېنا بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، پاپىروس تالاسى سۈپىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. باشقا تۇققۇز (يۈرۈش) كۆپەيتىلگەن ئۈسكۈنىمۇ مۇشۇ يىل ئىچىدە ئارقا ئارقىدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 2) مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. «ئا» دەرىجىلىك «قار لەيلىسى» ماركىلىق پاپىروسنىڭ بازار تېپىشى، «ب» دەرىجىلىك «بوغدا كۆلى»، «قىزىلتاغ» ماركىلىق پاپىروسلارنىڭ بازار ئاپالماسلىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، «ئا» دەرىجىلىك پاپىروس 10 مىڭ ساندۇق كۆپەيتىلدى، «ب» دەرىجىلىك پاپىروس مۇناسىپ ھالدا 10 مىڭ ساندۇق ئازايتىلدى. 3) ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەر ئىشقا سېلىنىپ، خام ئەشيا، قوشۇمچە ماتېرىياللارنىڭ سەرپىياتى ئازايتىلدى. ئاز كەم 7 مىليون يۈەنلىك خام ئەشيا، قوشۇمچە ماتېرىيال تېجەپ قېلىندى، پەقەت پاپىروس ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە سەرپ قىلىنغان خىراجەت 1992 - يىلدىكى 174.82 يۈەندىن 96.28 يۈەنگە چۈشتى.

فەن زىشياڭ

## پاپىروس بازىرى ۋە تاماكىنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش قىممىتى 668 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.1% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ سېتىۋېلىنغان پاپىروس 241 مىڭ 600 ساندۇق بولۇپ، 10.1% ئازىيىپ كەتتى؛ پاپىروسنىڭ سېتىلىش قىممىتى 822 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.4% ئاشتى؛ سېتىلغان پاپىروس 261 مىڭ 900 ساندۇققا يېتىپ، 1.6% ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغان



1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 5902 مو يەرگە خۇشبۇيراق تاماكا تېرىلدى. سۈرەتتە: چاپچال ناھىيىسىدە تېرىلغان خۇشبۇيراق تاماكىدىن بىر كۆرۈنۈش.

شىڭ يەن فوتوسى

100 يۈەنگە يېتىپ، 19.34% ئاشتى. پاپىروسنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 96.1% كە يېتىپ، 0.7 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، سۈپەتلىك مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى 56.4% كە يېتىپ، 4.9 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى. بىر ساندۇق پاپىروس ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۆك تاماكا 49.6 كىلوگرام بولۇپ، 1.6 كىلوگرام ئازايدى؛ بىر ساندۇق پاپىروس ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان سۈزگۈچ 9022.5 بولۇپ، 153.5 تال ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا كىرەكسىز تاماكا غولى، تاماكا پۇۋەكچىسى يىغىۋېلىنىپ، 350 مىڭ كىلوگرام نېپىز ياپراقچە ئىشلەپچىقىرىلدى، ئۇ، 300 مىليون دانە پولىپروپىلېندىن ئىشلەنگەن سۈزگۈچ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىپ، تەننەرخ تۆۋەنلىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاماكا ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى جەھەتتىكى ئېگىز - پەسلىك ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور بولدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايون سىرتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ زەربىسى ۋە سودا بازارلىرىدىكى پاپىروسنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا توپ تارقىتىشنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسلار سېتىلماي بېسىلىپ قالدى، بازاردىكى پاپىروس باھاسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش

پاپىروس 17 مىڭ 200 ساندۇق بولۇپ، يىل بېشىدىكى ئامبار قالدۇقىدىن 22 مىڭ 700 ساندۇق ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا يارىتىلغان سودا باج ۋە پايدىسى 60 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %58.38 ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاپىروس بازارلىرىدا مۇنۇ ئۈچ جەھەتتە خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى.

1. ئالدىنقى يېرىم يىل بىلەن كېيىنكى يېرىم يىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى جەھەتتىكى تەتۈر پەرق زورايدى، ئىلگىرىكى يىللاردىكى پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش - سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە، ئالدىنقى يېرىم يىلدىكىسى كېيىنكى يېرىم يىلدىكىسىدىن كۆپ بولاتتى، ئەمما 1993 - يىلى بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، كېيىنكى يېرىم يىلدا پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش مىقدارى مۇشۇ بىر يىلدىكى سېتىۋېلىنىش مىقدارىنىڭ 55.2 پىرسەنتىنى، سېتىلىش مىقدارى %1.50 نى ئىگىلىدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش ۋە سېتىلىشى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشتە كەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپتى.

2. ئىستېمال سەۋىيىسى، پاپىروسقا بولغان ئېھتىياجنىڭ دەرىجىسى داۋاملىق ئۆسۈش يۈزلىنىشىدە تۇردى، داڭلىق پاپىروسلار بازار تېپىشقا قاراپ يۈزلەندى، «ئا» دەرىجىلىك پاپىروسنىڭ سېتىلىش سالمىقى %7.46 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولغان سۈزگۈچلۈك «قارلەيلىسى» ماركىلىق پاپىروسنىڭ سۈپىتى بىلەن باھاسى مۇۋاپىق بولغاچقا، ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلدىكى سېتىلىش مىقدارى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. سۈزگۈچسىز پاپىروسلار، تەدرىجىي ھالدا، شەھەر - بازارلاردىن چېكىنىپ چىقتى.

3. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروس بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ سالمىقى جەھەتتە خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش مىقدارى 132 مىڭ 900 ساندۇققا يېتىپ، ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش مىقدارىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، سېتىلىش مىقدارى 140 مىڭ 300 ساندۇققا يېتىپ، ئومۇمىي سېتىلىش مىقدارىنىڭ 57.53 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھالبۇكى 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ سېتىۋېلىنىش ۋە سېتىلىش سالمىقى %50 كە يەتمىگەنىدى.

شۆبە شىركەتلەر ماكرولۇق تىزگىنلەشنىڭ پېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىن مال كىرگۈزۈش رېتىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسلارنى تەقسىم قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسلارنى سېتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، سېتىشنى تىزلىتىش تەدبىرلىرىنى پائال قوللىنىپ، تەمىنلەش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، 3 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا پائال سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ سېتىلىشى تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك چەكلىدى.

1993 - يىلى «تاماكىنى مەخسۇس سېتىش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان 2 - يىل. ھەردەرىجىلىك تاماكىنى مەخسۇس سېتىشقا مەسئۇل تارماقلار تاماكىنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تاماكىنى مەخسۇس سېتىشقا دائىر نىزاملارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پاپىروس بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش، كىنىشكىسىز ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە يالغان تاۋار ماركىسى ۋە پاپىروس ياساش قاتارلىق تۈرلۈك قائىدە، قانۇنغا خىلاپ ئەنزىدىن 734 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، جەرىمانە قويۇلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 1 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنغان پاپىروستىن 11 مىڭ 465 بولاق تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، ساختا «قىزىلتاغ» ماركىلىق پاپىروستىن 3014 بولاق ئاشكارا كۆيدۈرۈلدى، ساختا پاپىروس ياساش ئورنىدىن ئۈچى بىت - چىت قىلىندى، پاپىروسنى قانۇنسىز توپ تارقىتىدىغان بازاردىن ئىككىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نورمال تىجارەت تەرتىپى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

فەن زىشياڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق تاماكىنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى (شىركىتى) «ئىلغار ئىدارە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاماكىنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى (شىركىتى) نىڭ پۈتۈن سىستېما بويىچە ياراتقان پايدا ۋە بېجى 223 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.22 ئاشتى. ھەرقايسى ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. دۆلەت تاماكىنى مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى، جۇڭگو تاماكا شىركىتى بۇ ئىدارىگە «1993 - يىلى تاماكا ساھەسىدە زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆتۈپ پايدىنى ئاشۇرغان ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

فەن زىشياڭ

# قاتناش. پوچتا - تېلېگراف

## تۆمۈر يول

**تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى توشۇغان يۈك مىقدارى 20 مىليون175 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %8. 6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت 6 مىليون 781 مىڭ توننىغا يېتىپ، %3. 22 ئاشتى، پاختا 689 مىڭ توننىغا يېتىپ، %1. 51 ئاشتى، كۆمۈر 4 مىليون 76 مىڭ توننا بولۇپ، %5. 6 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 126 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 122 پىرسەنتىگە تەڭلىشىپ، %7. 20 ئاشتى. سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى 234 مىليارد توننا/كىلومېتىرغا يېتىپ، %4. 7 ئاشتى؛ ترانسپورت كىرىمى 1 مىليارد 123 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى؛ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمىي خادىملارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 53 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1. 8 ئۆرلىدى؛ يولۇچى ۋە يۈك پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا بېرىش - كېلىش نىسبىتى %96 تىن يۇقىرى، يۈك پويىزىنىڭ دەل ۋاقتىدا بېرىش - كېلىش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى. ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىنىڭ يىللىق ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش ئىقتىدارى 2 مىليون توننىغا يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 600 مىڭ توننا مال ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلىندى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگە قەدەر بولغان 800 كۈن ئىچىدە تۆمۈر يول قاتنىشىدا ئېغىر، چوڭ ھادىسە يۈز بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 1993 - يىلنىڭ تەبىئىي بىخەتەرلىك يىلى بولۇشنى قولغا كەلتۈردى. قومۇل تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى بىخەتەر قاتناشنى 1000 كۈندىن ئاشۇرۇۋەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ئون يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىدارە بويىچە ئۇدا توققۇز ئاي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا خىزمەت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلمىدى، مەسئۇلىيەتسىزلىك سەۋەبىدىن يولۇچىلار ئۆلۈپ كېتىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك سەۋەبىدىن يۈك توشۇشتا چوڭ زىيانغا ئۇچراش ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئېغىر ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشتەك ھادىسىلەر تۈگىتىلدى.

كالڭ كېچمىن

**لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى**

1993 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇش باشلاندى، سۇلىخېدىن ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغىچە بولغان 987 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكتە ھەرقايسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۇلىخېدىن ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىغىچە بولغان بۆلىكىدە قۇرۇلۇش قىلىش سۈرئىتىنى كۆرسىتىش چېرتيوژىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەمگەك كۈچىنى توپلاپ، ئۇدا ئىش ئورنىغا بېرىپ، لىنىيە بويى، كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، يول ئۇلى، ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشلىرىنى قانات يايدۇردى. ئومۇمىي قۇرۇلۇش مۇددىتى تىزگىنلىنىدىغان تەڭرىتاغ تونېللىرى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىش باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى 1- قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش1- شىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلۇش يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە ئەمگەك كۈچى 22 مىڭغا يەتتى ھەرخىل قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىدىن 300 دىن كۆپرەكى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1993 - يىللىق قوش لىنىيە قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش پىلانىدا لىنىيە بويىدىكى قۇرۇلۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش، تونېل قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى 2800 مېتىر ئورۇنداپ بولۇش، 720 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ئۇلى شەكىللەندۈرۈش ۋە 465 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى چوڭ بۆلەككە رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇش تەلەپ قىلىنغانىدى، يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈن لىنىيىگە 982 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يول ئۇلى قۇرۇلۇشىدا 10 مىليون 396

مىڭ 100 كۇب مېتىر تاش - تۇپا قېزىلدى، 1245 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا چوڭ كۆۋرۈك، 2267 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئوتتۇرا تىپتىكى كۆۋرۈك، 488 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈك ياسالدى، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنى قوشقاندا 9973 مېتىر كېلىدىغان تونېل قېزىلدى، تەڭرىتاغدا 12 تونېل (ئۇزۇنلۇقى 2907 مېتىر) قېزىلدى، ئاساسلىق لىنىيىدە 384.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا رېلىس ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 232.7 كىلومېتىر رېلىس ماشىنىدا ياتقۇزۇلدى، 24.12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ۋوگزال رېلىسى ياتقۇزۇلدى. لياۋدۇن، ئۈردەكلىك، سۇمقاغا، قوشتىكەن، ئاستانە، شىبەندۇن، سەنجا پاردىن ئىبارەت يەتتە ۋوگزالنىڭ ۋوگزالى ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان 116 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلەكتە قاتناش باشلاندى.

شۇ شۆۋېي

**جۇڭگو تۆمۈر يولىدا 14/13 قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزى قاتناشقا باشلىدى**

جۇڭگو تۆمۈر يول ئىدارىسى ۋاگون بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان 14/13 قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن ئېتىبارەن قاتناشقا باشلىدى. 14/13 قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزىنى جۇڭگو بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىر قېتىملىقتىن ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەر شەنبە كۈنى ئۈرۈمچى بىلەن ئالمۇتىدىن پويىز قوزغىلىپ، دۈشەنبە كۈنى ئىككىلا تەرەپتىن قايتىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ 14/13 قېتىملىق پويىزنىڭ مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى يولۇچى توشۇش ئۆچاستىكىسىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت ئەترىتى ئۈستىگە ئالدى.

لى شياۋۋېن

**تارىم نېفىتلىكىدىكى نېفىتنىڭ توشۇلۇش ئەھۋالى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تارىم نېفىتلىكىدىكى نېفىتنى سىرتقا توشۇشتا تۇنجى قېتىم 1 مىليون توننىلىق ئۆتكەل بۇزۇپ تاشلاندى. يىل ئاخىرىغىچە توشۇلغان نېفىت 1 مىليون 528 مىڭ توننا بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 138.9 پىرسەنتىگە، ھۆددىگە ئېلىنغان ۋەزىپىنىڭ 109.1 پىرسەنتىگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 79.6% ئاشتى.

ما دېفۇ

**يول ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى**

1993 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى يول ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1. كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرگە ئايرىم بېرىلىدىغان ۋاگون ۋە بېلەتلەر تەرتىپكە سېلىندى، 2 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن توختىتىلدى؛ پويىز بېلىتى زاكاز قىلغۇچىلار، ئىدارە بويىچە 385 شىركەتنىڭ ھەممىسى ئورگاندىن ئايرىۋېتىلدى، ۋاگون بىلەن بېلەتمۇ ئايرىۋېتىلدى، تۆمۈر يول ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىسىنىڭ شىركەتلىرىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

2. ئىدارە بويىچە تۈرلۈك ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن جەمئىي 364 ى تەرتىپكە سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇۋاپىق بولمىغان ۋە قانۇنسىز ھەق ئېلىش تۈرلىرىدىن 100 ى بىكار قىلىندى.

3. مۇشۇ بىر يىلدا ۋاگون ۋە بېلەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىنى كۆزلەش ئەنزىسىگە دائىر يىپ ئۇچىدىن 29 ى قوبۇل قىلىندى، يەتتە ئەنزە تۇرغۇزۇلدى، يەتتە ئەنزە ئاياغلاشتۇرۇلدى. يول ئىستىلىغا خىلاپلىق قىلغان 46 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى.

4. «رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر نەچچە بەلگىلىمە»، «كۆپ مەنبەلىك ئىگىلىكنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش توغرىسىدا بېكىتمە»، «ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ باھا باشقۇرۇش چارىسى»، «يۈك توشۇش پىلانى، يۈك مەيدانى ۋە يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈشنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرلەر»، «ترانسپورت سىستېمىسىدا يول ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش، كەلمە - كەلمەس باھا قوشۇش ۋە كەلمە - كەلمەس ھەق ئېلىشنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى» قاتارلىق 39 تۈرلۈك تەدبىر ۋە چارىلەر ئېلان قىلىنىپ، يول ئىستىلىنى باشقۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمى ياخشىلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

5. ئىدارە بويىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 324 ى پاش قىلىندى، ئەنزە سادىر قىلغان 467 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى، 58 جىنايى گۇرۇھ يوقىتىلدى، ئۈچ خىل بۇيۇمدىن 122 سى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

قانۇنسىز بېلەت ئېلىپ ساتقۇچىلاردىن 1275 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلەت ئەتكەسچىلىرىدىن 208 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى.

كاڭ كېچىن

**لەنجۇ - شىنجاڭ قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولىدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، -بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى**

بۇ قۇرۇلۇشقا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى گاۋجۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇنى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ تۆمۈر يول

قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئىشخانىسى تاماملىدى. ھاۋا كۆچى ئىلمىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ھەمدە ئىش ئورنىدا ئۇزۇن ۋاقىت سىناق قىلىش، شامال ئۆتكۈزۈپ تەقلىدىي سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق لەنجۇ - شىنجاڭ قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تېمىدىن ئىبارەت بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق لايىھىلەش ئۇسۇلى، ئۆلچىمى ۋە ئاساسلىق تېخنىكا پارامېتىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تاق لىنىيىلىك تۆمۈر يولدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تېمىنىڭ ئېگىزلىكى (3.5 مېتىر) نى ئوخشاشلا قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولدا قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن لەنجۇ - شىنجاڭ قوش لىنىيىلىك تۆمۈر يولدا بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ھەل قىلىندى. بۇ نەتىجىنى، دۆلەت ئۇچۇر مەركىزى خەلقئارالىق بىرلەشمە ماشىنىنى قوللىنىش ئارقىلىق تەكشۈرگەندە 40 مىليون پاتېنت ۋە ھۆججەت ئىچىدە ئوخشاش مەزمۇندىكىلىرى يوق بولۇپ چىقتى: بۇ نەتىجە 1993 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان باھالاشتىن ئۆتتى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىدا ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن 2 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ بېرىلدى.

لىيۇ چاڭچى

## ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى 800 كۈن بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سائەت 18 كىچە بولغان 800 كۈن ئىچىدە، پويىز قاتنىشىدا ئېغىر، چوڭ ھادىسە كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدارە قۇرۇلغاندىن بۇيان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭى رېكورت ياراتتى. بۇ تۈرپە مەملىكىتىمىزدىكى 12 تۆمۈر يول ئىدارىسى بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

لى شياۋۋېن

## جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى ئون يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 18 گە قەدەر بولغان ئون يىل ئىچىدە بىخەتەر ترانسپورت - ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ۋاقىتلىق تۆمۈر يول قاتنىشىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش رېكورتىنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 476 كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن لىنىيىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەڭرىتاغدىكى تارچىلغىلارنى كېسىپ ئۆتىدۇ، 400 نەچچە كۆۋرۈك، 30 نەچچە تونېل ھەمدە يانتۇلۇقى 22‰ بولغان 254 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يانتۇ يول مەملىكىتىمىز تۆمۈر يوللىرى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئېگىز تاغقا ياسالغان كۆۋرۈك، تونېللىرى كۆپ تۆمۈر يولنى شەكىللەندۈرگەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى ياش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئون يىلدا «بىخەتەرلىك بىرىنچى، تەربىيىلەش ئاساس» دېگەن فاڭجېندا باشتىن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ئالىي تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەردىن 700 گە يېقىن كىشى تەربىيىلەپ چىقىلدى. ھەرخىل شەكىللەر قوللىنىلىپ، مائارىپقا 3 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تۈرلۈك، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 33 مىڭ 653 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى پاراۋوزلارنى باشقۇرۇش چارىسى»، «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قاتناش چارىسى» قاتارلىق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى ۋە بۇلار خۇلاسىلەندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ترانسپورت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر پائال قوللىنىلىپ، ئېغىر دېتاللارنى ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى؛ «ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش، ئۆلچەملىك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت بىخەتەر باشقۇرۇش فاڭجېنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇكەممەل بولغان تۈزۈم سىستېمىسى ۋە خىزمەت تەرتىپى شەكىللەندۈرۈلدى. ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بىخەتەرلىكى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

لى شياۋۋېن

## 70/69 قېتىملىق پويىزغا تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم «قىزىل بايراقدار پويىز» دەپ نام بېرىلدى

70/69 قېتىملىق يولۇچىلار ئالاھىدە تېز پويىزىغا 1993 - يىلى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېيجىڭغا كىرىدىغان

پويىزلارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 9 - قېتىم «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نام بېرىلدى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتىنىڭ 70/69 قېتىملىق پويىزى - مەملىكەت بويىچە بېيجىڭغا كىرىدىغان پويىزلار ئىچىدە سەپىرى ئەڭ ئۇزۇن، يول شارائىتى ئەڭ جاپالىق، ئەمگەك سىجىللىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان پويىز. 1993 - يىلى مۇلازىمەتچىلەر 4860 يۈەن سۆيۈنچىنى رەت قىلىپ، يولۇچىلارغا 10 مىڭ 890 يۈەن پۇل تېجەپ بەردى، يولۇچىلارنىڭ 140 مىڭدىن كۆپرەك تەقدىرلەش خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

لى شياۋۋېن

### ئۈرۈمچى ۋوگزالى ئۇدا تۆت يىل «مەملىكەت بويىچە تۆمۈر يولدىكى مەدەنىيەتلىك ۋوگزال» بولدى

ئۈرۈمچى ۋوگزالى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكىتىمىز تۆمۈر يوللىرىدىكى يولۇچى توشۇش چوڭ ۋوگزاللىرى بويىچە مەدەنىيەتلىك ۋوگزاللارنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا ئۇدا 5 - قېتىم گورۇپپىلار بويىچە 1. لىكنى قولغا كەلتۈردى. ئۇدا تۆت يىل «مەملىكىتىمىز بويىچە تۆمۈر يولدىكى مەدەنىيەتلىك ۋوگزال» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئۈرۈمچى ۋوگزالى 11 مىڭ 226 كۈن مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن يولۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئېغىر يارىلىنىش، ئۆلۈپ كېتىش، يېنىك يارىلىنىش ھەمدە ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىكنى، 5319 كۈن ئېغىر يۈك - تاق ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىكنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن يولۇچىلار پويىزى كېچىكىش، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن يۈك - تاق، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر ھەم نەق پۇل، ھۆججەتلەر ئوغرىلىنىش، يوقۇپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى، يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ھادىسىسىنى تۈگەتتى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 626 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، يىللىق توشۇش پىلانى 121.6% ئورۇندىلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 480 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئارتۇق توشۇلدى. ترانسپورت كىرىمى 218 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 120% ئورۇندالدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 42 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

لى شياۋۋېن

### مىنىستىر خەن جۇبىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىگە كېلىپ، ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خەن جۇبىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىگە كېلىپ، ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى. خەن جۇبىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن نۆۋەتتىكى تۆت تۈرلۈك مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى قۇرۇش مەسىلىسى. خەن جۇبىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشىمىز لازىم، لايىھەلەشنى تەرتىپكە سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە تۆمۈر يول تارماقلىرى تىرىشىپ كۈچ چىقىرىشى، مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىدە ئاپتونوم رايون ياردەم قىلىشى كېرەك.

2. تۆمۈر يول ترانسپورت مەسىلىسى. خەن جۇبىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ يىللىق ترانسپورت ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئورۇنداپ بولۇشىنى، بەلكى ئاشۇرۇپراق ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلدى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بىلەن لەنجۇ تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى جيايۈگۈەنگە يىغىپ، قاتناش ئېغىزى توسۇلۇپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىدۇ.

3. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرگىچە بولغان بۆلىكىنى ياساش مەسىلىسى. تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بۇ بۆلەكنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنى 9 - بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانغا كىرگۈزدى.

4. 2 - ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدە توشۇش، يۆتكەشنى تېزلىتىش مەسىلىسى. سۇڭ خەنلياڭ تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىرلىكتە بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ لىنىيىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. خەن جۇبىڭ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى ھەمدە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە تاشقى ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنى جەلپ قىلىپ، قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئوتتاشتۇرۇلۇشىنى لايىھە بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لى شياۋۋېن

### مۇئاۋىن مىنىستىر سۇن يۇڭفۇ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇن يۇڭفۇ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ لياۋدۇن، ئۆردەكلىك، دىيەنچۈەن، قوشتىكەن

قاتارلىق بۆلەكلىرىدىكى ۋوگزاللارنى ۋە خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشلىرىنى، شۇنداقلا قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۇقتىلىق ئىگىلىدى.

لى شياۋۋېن

## تاشيول

### تاشيول قاتناش - ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تاشيول قۇرۇلۇش ۋە تاشيول ئاسراش ئەھۋالى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىدا مەككىز تورلۇك ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش يۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۇلار مۇنۇلار: دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئايغىر بۇلاق قىسمى (ئۆزگەرتىپ ياسالدى)، دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمى، دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ سانجى — قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى، دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۇن — داخۇاڭشەن قىسمى، مارالبېشى — يەكەن تاشيولى، چىڭخوزا — قورغاس ئېغىزى تاشيولى، بورتالا — ئالاتاۋ ئېغىزى تاشيولى، چۆچەك — باقتۇ ئېغىزى تاشيولى. بۇلاردىن 4.938 كىلومېتىرى پۈتكۈزۈلۈپ، (مارالبېشى — يەكەن تاشيولى بىلەن بورتالا — ئالاتاۋ ئېغىزى تاشيولىدىن باشقىلار)، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە باھالاپ سىلىشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئالتە تورلۇك قۇرۇلۇش ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولدى. 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي يەتتە تورلۇك قۇرۇلۇش ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى تاشيول قۇرۇلۇشىغا 540 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە، 673 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇشۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان بىر يىل بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل قاتنايدىغان يولنىڭ يىل ئاخىرىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 27 مىڭ 961 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 34 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل يولى 49 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 3834 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 8298 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 1178 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان يول 3965 كىلومېتىر، كۆۋرۈك 2395 (ئۇزۇنلۇقى 57 مىڭ 557 مېتىر)

، دۇنيا بانكىسىنىڭ 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى كىرگۈزۈلگەن تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ۋە قىسمەن لىنىيىلەرگە يەر ئىگىلەش، چىقىش، كۆچۈرۈش ئىشلىرى تاماملاندى. ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇشقا بولىدىغان تېخنىكا تەتقىقاتى تاماملاندى، ھازىر باھالىنىۋاتىدۇ. شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى پاكىستاندىكى تۆت تاشيول كۆۋرۈكىنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش، لايىھىلەش ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ھۆددە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ناھىيە - يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 607 كىلومېتىرغا يەتتى.

تاشيول ئاسراش تارماقلىرى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن يول ئاسراشنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، تاشيول ئاسراشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 528 تاشيول ئۇچاستىكىسى، 17 مىڭدىن كۆپرەك يول ئاسراش ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. تاشيول ئىدارىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلار يول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ جاپالىق خىزمىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ۋە 400 نەچچە يول ئاسراش ئىشچى - خىزمەتچىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 36 چەت، يىراق تاشيول ئاسراش بەنگە قاتناش ماشىنىسى سەپلەپ بەردى، 11 تاشيول ئاسراش بەنگە سۈنئىي ھەمراھتىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئەسۋابى ئورنىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 200 دىن كۆپرەك ياتاقلىق تاشيول ئاسراش بەنى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئاسرالغان تاشيول 27 مىڭ 439 كىلومېتىرغا، تەكشۈرۈلگەن يول 16 مىڭ 190 كىلومېتىرغا يەتتى. 775 كىلومېتىر يول ئالىي دەرىجىلىك، 9846 كىلومېتىر يول ياخشى، 3366 كىلومېتىر يول ناچارراق، 2203 كىلومېتىر يول دەرىجىگە توشمايدىغان يول بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى يوللارنىڭ نىسبىتى 65.6% كە، ئومۇمىي نومۇرى 66.6 گە يەتتى.

ئاپتوموبىل ترانسپورتى 1993 - يىلى ترانسپورت بازارلىرى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە باراۋەر بولمىغان رىقابەت كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ترانسپورت بازارلىرىدا قالايمىقان ۋەزىيەت كۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاشيول، ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، يېقىلغۇنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور

دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش تارماقلىرى توشۇغان يولۇچى 38 مىليون 290 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 319 مىليون 680 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 4 مىليون 342 مىڭ تونىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 419 مىليون 130 مىڭ تونا/كىلومېتىرغا يەتتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار ترانسپورتىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 چېگرا ئېغىزىنىڭ 14 ىدە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئاپتوموبىل ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ چىقىش ترانسپورتى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتوموبىل ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان، يولۇچى ۋە يۈك توشۇلىدىغان 22 بىرلەشمە ترانسپورت لىنىيىسى ئېچىلدى. نۆۋەتتە شىنجاڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار تاشيول لىنىيىسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئۇزۇن رايون بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 73 ناھىيە، شەھەردە كارۋاتلىق كېچىلىك نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتناشقا باشلىدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 137 تاشيول قاتناش كارخانىسىدىن 46 سى زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي زىيىنى 349 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ ۋە ئوتتۇرا ترانسپورت كارخانىلىرىدۇر.

جاڭ پىڭ

شاۋ ماۋ

## قاتناش نازارىتى ترانسپورتنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى

1993 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ترانسپورتنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، مەيلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار ۋە ياكى شەخسلەر بولسۇن، تىجارەت قىلىش شەرتىگە توشسىلا، شۇ يەردىكى قاتناش - ترانسپورتنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول ترانسپورت گۇۋاھنامىسى» نى ئېلىپ، سودا - سانائەت تارماقلىرىغا بېرىپ «تىجارەت گۇۋاھنامىسى» نى بېجىرگەندىن كېيىن، تىجارەت خاراكتېرلىك تاشيول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئىككىنچى، ئاپتوموبىل بىلەن يۈك توشۇشتا خىيىم - خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، چەت ئەلگە ئالاقىدار ترانسپورت، نېفىت، ئاشلىققا قارىتا بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان يولغا قويۇلغاندىن سىرت، باشقا يۈك توشۇش تىجارىتى بىردەك قويۇۋېتىلىدۇ، رايونلارنى قامال قىلىۋېلىشقا، ھەرقانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ مال مەنبەسىنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايون بويىچە يولۇچىلارنى توشۇش تىجارىتى قويۇۋېتىلىدۇ، لىنىيە ۋە ئاپتوموبىل نۆۋەت قېتىم سانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمايدۇ. تۆتىنچى، بارلىق قاتناش بېكىتى (يولۇچى توشۇش بېكىتى) بىردەك جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈلۈپ ئېچىۋېتىلىدۇ. بارلىق يولۇچى توشۇش ئاپتوبۇسلىرى بىردەك بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توختىتىلىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن بېلەت ئىشلىتىلىدۇ. بەشىنچى، ترانسپورت باھاسىدا، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئىچىدىكى ماللارنى توشۇشتا ۋە يولۇچى توشۇشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بېكىتكەن باھا ئىجرا قىلىنىدۇ، ناھىيە - يېزىلارنىڭ يولۇچى توشۇش باھاسىنى 20% ئىچىدە تۇراقسىز قىلىشقا بولىدۇ. باشقىلاردا بىردەك بازار ئارقىلىق تەڭشەلگەن باھا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئالتىنچى، چەت ئەلگە ئالاقىدار يولۇچى (ساياھەتچى) توشۇش ۋە يۈك توشۇش (چېگرىدىن كىرىپ چىقىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. بۇلارنىڭ ترانسپورت كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا پرىنسىپ جەھەتتىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. چەت ئەلگە ئالاقىدار ترانسپورت شارائىتى ھازىرلانغان باشقا ترانسپورت كۈچلىرى ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يولۇچى، يۈك توشۇش باھاسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن باھا بويىچە ياكى جۇڭگو تەرەپ بىلەن چەت ئەل تەرەپ ئۆز ئارا كېلىشكەن باھا بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. يەتتىنچى، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى ۋە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ نورمىلىق تىزگىنلىشى قويۇۋېتىلىدۇ. سەككىزىنچى، قاغىلىق، تومشۇق، ئاتۇش، كۇچا، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى چىڭخوزا، پىچان، شىخەنزە، كۆچۈڭ، ئۈرۈمچى، جىڭ ۋە ئىلىنىڭ شەرقىي چىقىش ئېغىزىدىكى 11 تەكشۈرۈش پونكىتى مۇپەتتىشلىك ئەترەتلىرىگە ئۆزگەرتىلىپ، سەييارە تەكشۈرۈش يولغا قويۇلىدۇ.

يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەككە ئىگىلىكتىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كارخانىلارمۇ بەس - بەستە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئاپتوبۇسلارنى سېتىۋېلىپ، يولۇچى توشۇدى. بۇنىڭ بىلەن يولۇچى توشۇش بازارلىرى ئاۋاتلاشتى ۋە جانلىنىپ كەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1842 ئاپتوبۇس كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە زور كۆپچىلىكى كىچىك تىپتىكى ئاپتوبۇسلار (شەھەر قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاپتوبۇسلار بۇنىڭ سىرتىدا). 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىنىبۇسلار 11 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەن.

ئالىي دەرىجىلىك چولڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاپتوبۇسلار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكتىن، لىنىيە ۋە ئاپتوبۇسلارنىڭ نۆۋەت قېتىم سانىنى ستاتىستىكا قىلىشقا ئامال بولمىدى. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىيەتتە خەلققە كىرەكلىك ئاپتوموبىل 199 مىڭغا يەتتى. بىراق يەنىلا تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە ساقلانماقتا:

1. يولۇچى توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوبۇسلار خالىغان يەردە توختاپ، يول ۋە كوچىلارنى بىكەت قىلىۋېلىپ، قاتناش نىزامىغا ۋە شەھەر باشقۇرۇش نىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلدى.

2. ئۆچ خىل شەخسىيەتچىلىك قىلمىشى ئاشكارىلاندى. بىر قىسىم ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ۋە يولۇچى توشۇغۇچىلار يولۇچى ھەم مال مەنبەسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، يولۇچىلارغا ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ھەتتا شىرىنكانە بېرىپ، يولۇچىلارنى ئىرغىتىسلا پۇل تۆكۈلىدىغان دەرەخ قىلىۋالدى، ئاپتوبۇس توختايدىغان جايلاردا كىشى بېشىغا ھەق (ھەر بىر ئورۇنغا تۆت يۈەن) ئېلىپ، كەسىپتىكى ناچار ئىستىللارنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى.

3. ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى ۋە كېچىلەپ يول يۈرىدىغان كارىۋاتلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنىڭ قارىغۇلارچە كۆپەيتىلگەنلىكى ھەمدە يولۇچى ۋە يۈك مىقدارىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن قېتىم ئېغىر قاتناش ھادىسىسى كۆرۈلدى.

4. ئاپتونوم رايون بويىچە بېلەت باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. بىر قىسىم كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار ھەمدە يولۇچى توشۇيدىغان كارخانىلار رىقابەت جەريانىدا بېلەت باھاسىنى خالىغانچە چۈشۈرۈپ، يولۇچىلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، بۇ ئەھۋال دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ترانسپورت كارخانىلىرىغا يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يولۇچى توشۇش كارخانىلىرىنىڭ 90 پىرسەنتى زىيان تارتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 137 قاتناش كارخانىسى 349 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بىر مۇنچە كارخانىلار تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى.

جاڭ يىڭ

شى جى

## تاشيول ترانسپورتى بىلەن تۆمۈر يول ترانسپورتى ئايرىۋېتىلدى

تۆمۈر يول ترانسپورتىغا بولغان بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇنداق قارار چىقاردى: بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىن توشۇلىدىغان تۆت چوڭ مەھسۇلات (ئاشلىق، خىمىيىۋى ئوغۇت، نېفىت، ياغاچ ماتېرىياللىرى)، 18 خىل ماددىي ئەشيا تۆمۈر يولدا توشۇلماي، تاشيولدا توشۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى مۇنداق قارار چىقاردى: تاشيول ترانسپورتىغا قاتناشقان ھەمدە قاتنىشىش رەسمىيىتىنى بىجىرىپ بولغان ئاپتوموبىللاردىن 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ، ماي جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدۇ؛ تىجارەت بېجى ئېلىنمايدۇ، يول ئاسراش ھەققىنىڭ 50 پىرسەنتى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىن 317 مىڭ 200 توننا ماددىي ئەشيا توشۇلۇپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيا ۋەزىپىسى %5.47 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

جاڭ يىڭ

## دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قومۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى

1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قومۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمىدىكى تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ قومۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان قىسمى بولسا، ئاللىبۇرۇن ياسىلىپ بولغان شىڭشىڭشيا ـ قومۇل تاشيولىنىڭ داۋامى ئىدى، بۇ بۆلەكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 92.6 كىلومېتىر بولۇپ، ئەسلىدىكى تاشيولدىن 8.17 كىلومېتىر قىسقا ئىدى. ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن 2 ـ دەرىجىلىك تاشيول بولدى، يول ئۈلىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش ـ تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش ئورنى ئۆلچەپ لايىھىلىدى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 ـ باش ئەترىتىنىڭ 6 ـ تارماق ئەترىتى ئىككى يىلدا پۈتكۈزدى.

جاڭ يىڭ

## دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈن ـ داخۋاڭشەن قىسمى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى

1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ شىبەكېچىكىدىن كۆيۈك تاققىچە بولغان قىسمىدا قاتناش باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈن ـ داخۋاڭشەن قىسمىدا تامامەن قاتناش باشلاندى. قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى

جۇچالڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتناش باشلاش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى.

بېيتۈن - داخۇاڭشەن تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 392.6 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك تاشيول 68 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 324.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيە ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن قىسمى شىنجاڭ غول تاشيولىنىڭ ئاساسىي بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. تاشيول ئۇلىنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر كېلىدۇ، ئاسفالتلىق 3 - دەرىجىلىك تاشيولغا كىرىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بېيتۈن - داخۇاڭشەن تاشيولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كۆكتوقاي ناھىيىسى، چىڭگىل ناھىيىسى ۋە كۆكتوقاي كان رايونى بىلەن قارا تۇڭگى كان رايونىدىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاشيول مۇساپىسى قىسقاردى.

بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش لايىھىلەش ئورنى ئۆلچەپ لايىھىلىدى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتىنىڭ 2 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى بىلەن قوراللىق ساقچى قىسىم 2 - باش ئەترىتىنىڭ 4 - تارماق ئەترىتى بەش يىلدا پۈتكۈزدى.

جاڭ پىڭ

**دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا - قورغاس قىسمىدىكى چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.**

1993 - يىلى 10 - ئايدا دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا - قورغاس قىسمىدىكى چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. قورغاس مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆتۈشمە غول تاشيولى — دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى ئەڭ مۇھىم خەلقئارالىق سودا يولى. قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش2- باش ئەترىتىنىڭ 4 - تارماق ئەترىتى چىڭشۇيخوزا - قورغاس قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31.5 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول بەش كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 26.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى. باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ چىڭشۇيخوزا - قورغاس قىسمى ئەلا سۈپەتلىك يول بولدى.

جاڭ پىڭ

**دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ سانجى - قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى**

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى - دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىنىڭ سانجى - قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ قاتناش باشلاندى.

سانجى - قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل تاشيولى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياسالغان ئىككى تەرەپتىن ئۇزۇنىسىغا، ئۈچ تەرەپتىن توغرىسىغا كېسىشكەن غول تاشيوللارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 49.86 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 1.44 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك مەخسۇس ئاپتوموبىل يولى 48.42 كىلومېتىر. بۇ يول ئۈرۈمچى - سانجى 1 - دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ غەربكە سوزۇلغان بۆلىكى بولۇپ، غول لىنىيە، قوشۇمچە لىنىيە ۋە قۇتۇبى ناھىيە بازىرىدىن پويىز ئىستانسىسىغىچە بولغان تارماق لىنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 141 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

سانجى - قۇتۇبى تاشيولىدا 1989 - يىل 4 - ئايدا ئىش باشلانغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ تاشيول تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى لايىھىلىگەن، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ 2 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى بىلەن كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باشقارمىسى بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈردى.

جاڭ پىڭ

**تاغلىق رايوندىكى تۇنجى2- دەرىجىلىك تاشيول — ساردۆڭ - مائەن كۆۋرۈكى (ئايغىر بۇلاق قىسمى ئۆزگەرتىپ ياسالغان) تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئايغىر بۇلاق قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

ئايغىر بۇلاق قىسمى دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قىسمى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تارجىلغىلارغا جايلاشقان. ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى شىمالدا توقسۇن ناھىيىسىدىكى ساردۆڭدىن جەنۇبتا كۈمۈشتىكى مائەن كۆۋرۈكىگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50.11 كىلومېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 138 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول ئەسلىدىكى تاشيولدىن سەككىز كىلومېتىر قىسقىراپ كەتتى، ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى تۆت ھەسسە ئاشتى. بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى ئۆلچەپ لايىھىلىدى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتىنىڭ 5 - تارماق ئەترىتى يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىككى يېرىم يىل كۈرەش

قىلىش ئارقىلىق، 2 مىليون 380 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا قېزىپ، 16 ئۆتتۈرا ۋە كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈك ياساپ؛ 106 تونېل قېزىپ ۋە 120 مىڭ كۇب مېترلىق مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى ياساپ، مۇددەتتىن 20 كۈن بۇرۇن پۈتتۈردى.

جالڭ پىڭ

**مارالبېشى - يەكەن تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مارالبېشىدىن يەكەنگىچە بولغان تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

مارالبېشى - يەكەن تاشيولى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۆلكە يولى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ نامراتلارنى يۆلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان تاشيول ھېسابلىنىدۇ. يول ئۇلى 2 - دەرىجىلىك تاشيولنىڭ ئۆلچىمى بويىچە لايىھىلىنىپ ياسالدى، شىمالدا مارالبېشى ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا يەكەن ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدۇ، مارالبېشى، مەكىت، يەكەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنىڭ 20 گە يېقىن يېزا بازارلىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 208 كىلومېتىر.

مارالبېشى، مەكىت، يەكەن ناھىيىلىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا خەلق ئىشچىلىرىدىن پايدىلىنىپ يول ئاساسىنى ياساشنى باشلىغانىدى. «خەلق ئىشچىلىرى ئەمگەك كۈچى چىقىرىش، خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش»



نامراتلارنى يۆلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ياسالغان مارالبېشى - يەكەن تاشيولىدا 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش باشلاندى.
جاۋ جىنشياڭ فوتوسى

فاڭجېنى بويىچە 1987 - يىلدىن بۇيان 208 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. بۇلارغا خەلق ئىشچىلىرى جەمئىي 1 مىليون كۈندىن كۆپرەك ئىشلىدى، 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگىكىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 12 مىليون يۈەن بولدى.

جالڭ پىڭ

**چۆچەكتىن باقتۇ چېگرا ئېغىزىغىچە بولغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۆچەكتىن باقتۇ چېگرا ئېغىزىغىچە بولغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

چۆچەك - باقتۇ تاشيولى چۆچەك شەھىرىدىكى «نۇر» كوچىسىدىن باشلىنىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى 163 - تۈەن - مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، باقتۇ چېگرا ئېغىزىدىكى دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي تىزگىنلەش سىزىقىدىكى تاشيول تۇتاشقان يەرگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16.16 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئىچىدىكى يول 1.5 كىلومېتىر) كېلىدۇ، جەمئىي 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ يولنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى ئۆلچەپ لايىھىلىدى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ 2 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى ياسىدى.

جياڭ تۇڭجيەڭ

**بورتالا - ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى**

1993 - يىل 10 - ئايدا بورتالا - ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

بۇ قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى لايىھىلىدى، بورتالا ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسى ياساشقا ئۆتكۈزۈۋالدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 77.3 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك تاشيول 4.5 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 72.8 كىلومېتىر، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش باھاسى 25 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش مىنىستىرلىكى ياردەم بەرگەن پۇل 34.8% نى ئىگىلەيدۇ.

جالڭ پىڭ

**ناھىيە - يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون

بويىچە ناھىيە - يېزا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 607 كىلومېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەرىجىگە توشىدىغان تاشيول 9057 كىلومېتر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ۋە تاشيول ئىدارىسى ناھىيە - يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 1987 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە قاتناش نازارىتى قىزىلسۇ، خوتەن، قەشقەردىن ئىبارەت چەت، نامرات رايونلارنىڭ ناھىيە - يېزا تاشيولىنى ياسىشىغا 90 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. بۇ ئۈچ رايوندا 24 مىڭ كىلومېتردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالت يول ۋە شېغىل يول، 750 كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسالدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە - يېزا تاشيولى ئىلگىرىكى 50 تىن 135 كە كۆپەيدى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 705 كىلومېتردىن 1858 كىلومېترغا يەتتى. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە - يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشىدا ناھىيە - يېزا تاشيولىنى ئاسفالتلاشتۇرۇش، يېزا - كەنت تاشيولىنى دەرىجىلەشتۈرۈش، تاشيول كۆۋرۈكى ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچلىرىنى يوغانلاشتۇرۇش، تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ئورمانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 18 يېزا - بازارنىڭ بارلىق يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. تاشيولنىڭ زىچلىقى ھەر 100 كۋادرات كىلومېتر بويىچە 13.9 كىلومېترغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

جاڭ پىڭ

ۋاڭ جىيەن

**ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ئوتتۇرىسىدا بىرلەشمە يولۇچى توشۇش نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىدى**

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۈرۈمچى - قازاقىستان ئالمۇتا خەلقئارا بىرلەشمە يولۇچى توشۇش بېۋاستە نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى رەسمىي قاتناش باشلىدى.

ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 1052 كىلومېتر بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە كۈنلىرى جۈڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپنىڭ ئاپتوبۇسى تەڭ يولغا چىقىدۇ، بۇ مۇساپىنى بېسىپ بولۇش ئۈچۈن 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، بېلەت باھاسى 48 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ.

جاڭ پىڭ

**چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك ترانسپورت ئىشلىرى**

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىدىن كىرىپ - چىقىدىغان يولۇچى - يۈك بىرلەشمە ترانسپورت لىنىيىسىدىن جەمئىي 22 نى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېۋاستە قاتنايدىغان خەلقئارا بىرلەشمە يولۇچى توشۇش لىنىيىسى توققۇز، چېگرا ئېغىزلىرىدا يولۇچىلارنى ئالماشتۇرۇپ توشۇش لىنىيىسى بەش، بېۋاستە قاتنايدىغان خەلقئارا ئاپتوموبىلدا يۈك توشۇش لىنىيىسى بەش، بېرىپ قايتىش مۇساپىسى ۋاقىتلىق ئۇزارتىلغان يۈك توشۇش لىنىيىسى ئۈچ. جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېرىكلەشكەن، ھەمكارلاشقان ئاپتوموبىل ترانسپورتى رېمونتچىلىق كارخانىسىدىن ئۈچى قۇرۇلدى، 70 ئورۇن چېگرا ئېغىزلىرىدا ئالماشتۇرۇپ توشۇيدىغان چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىك ترانسپورت تىجارەت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 18 ئورۇن چېگرىدىن بېۋاستە كىرىپ - چىقىدىغان يولۇچى ۋە يۈك ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 11 چېگرا ئېغىزى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئاپتوموبىلدا چېگرىدىن كىرىش - چىقىش ترانسپورتىنى قانات يايدۇردى. توشۇلغان ئېكسپورت - ئىمپورت مېلى 895 مىڭ توننىغا، چېگرىدىن چىققان ۋە كىرگەن يولۇچى 657 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش - ترانسپورت تارماقلىرى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن يولۇچىلار بىرلەشمە ترانسپورتى ھەمدە قىسمەن ساياھەتچىلىك ترانسپورتىنى قانات يايدۇرۇپ، 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ۋە 8 مىليون 870 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ھەمدە پېرېۋوت چېكى كىرىم قىلدى.

شى جى

جىن مىڭ

**قاتناش پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچ تۈرلۈك قاتناش پەن - تېخنىكا نەتىجىسى باھالاپ - بېكىتىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى:

«شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تەخمىن (خام) چوتىدىكى يۇمشاق دېتال سىستېمىسى» نى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. ئۇنىڭدا يۇمشاق دېتاللارنىڭ لايىھىلىنىش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، سىستېمىنىڭ ئىقتىدارى تولۇق، مۇكەممەل بولۇپ، بۇ خىل يۇمشاق دېتال بويىچە تۈزۈلگەن تەخمىن (خام) چوت ھۆججىتى قوللىنىلسا، ئىش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسىپلەردە قوللىنىشقا، كېڭەيتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ نەتىجە 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ - باھالاشتا، بۇ نەتىجە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، دەپ قارالدى.

«شىنجاڭنىڭ غول تاشيوللىرىدىكى ئاسفالت يوللارنىڭ ئىشلىتىلىش ئىقتىدارىنى باھالاش ۋە ئۇنى رېمونت قىلىش

ئۆلچىمى» نى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقاتى ئورنى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە تاماملىدى. بۇ تېما گۇرۇپپىسىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول ماتېرىياللىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ، رەتلەش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى تۈرنى باھالاش كۆرسەتكۈچى ۋە خىراجەت كۆرسەتكۈچىنى بېكىتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلمىيلىكقا، ئىلغارلىقا ۋە كەڭ قوللىنىشچانلىققا ئىگە. ئۇ 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىشتە بۇ تېما ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، دەپ قارالدى.

«شىنجاڭنىڭ قۇملۇقلىرىدا تاشيول ياساش تېخنىكىسى ھەققىدە تەتقىقات» — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى. بۇ تۈر قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ۋە شامال ئۆتكۈزۈش سىناپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ كۆچمە قۇملۇقتا لىنىيە تاللىنىپ، قۇملۇق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 106 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇملۇق تاشيولى لايىھىلىنىپ چىقىلدى، بۇ، دۆلىتىمىزدىكى بىر ئىجادىيەت بولۇپ دۇنيادىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. بۇ تۈر 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە باھالاشتىن ئۆتتى.

يالڭ شىنگۇاڭ

**قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن مىنىستىرى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى**

قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىرىدىن جېڭ گۇاڭدى (ئايال) 1993 - يىل 3 - ئايدا، ليۇسۇڭجىن 5 - ئايدا، لى جۇچاڭ 9 - ئايدا شىنجاڭغا كېلىپ، تاشيول قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۇلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى تاشيول باش ئۆچاستكىلىرى، يول ئاسراش بەنلىرىگە بېرىپ، ھەرمىللەت يول ئاسراش ئىشچىلىرىنى يوقلىدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تاشيول تەرەققىياتى ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ پىڭ

**ليۇجېنخۇەن 2 مىليون 100 مىڭ كىلومېتر يولنى بىخەتەر قاتنىدى**

1993 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى 1 - ئەترىتىنىڭ شوپۇرى ليۇجېنخۇەن 2 مىليون 105 مىڭ كىلومېتر يولنى بىخەتەر قاتناپ، جۇڭگونىڭ تاشيول ترانسپورت تارىخىدا بىخەتەر ماشىنا ھەيدەشنىڭ يېڭى رېكورتىنى ياراتتى.

ليۇجېنخۇەن بۇ يىل 54 ياش بولۇپ، 35 يىللىق شوپۇرلۇق ھاياتىدا ھەرخىل تىپتىكى يەتتە خىل ئاپتوبۇسنى ھەيدىدى. ئۇ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن «لۇڭجياڭ» ماركىلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنى ھەيدىگەن بولۇپ، 500 مىڭ كىلومېترلىق مۇساپىنى بېسىش داۋامىدا ئاپتوبۇسنى چوڭ رېمونت قىلمىدى.

شى جى

**مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈچ ئورۇن، ئىككى كىشىگە ئىلغارلىق نامىنى بەردى**

1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خوتەن تاشيول باش ئۆچاستكىسى كېرىيە تاشيول ئۆچاستكىسىنىڭ چىرا يول ئاسراش بەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى 3 - ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەت بويىچە نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر كىچىك ئائىلىسى» بولدى؛ شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەت بويىچە نەمۇنىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» بولدى؛ دۇڭ شيۇجى (ئايال) «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى» بولدى؛ بەردى ھەسەن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى» بولدى.

جاڭ پىڭ

**تۆت ئورۇن «مەملىكەت بويىچە تاشيول، سۇ يولىدا يولۇچى توشۇشتا مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام ئالدى**

1993 - يىل 1 - ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل بېكىتى، ئۈرۈمچى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل بېكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى، شىنجاڭ 4 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ 5 - ئەترىتى «مەملىكەت بويىچە تاشيول، سۇ يولىدا يولۇچى توشۇشتا مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام ئالدى.

جاڭ پىڭ

**ئاپتونوم رايون يول ياساش قەھرىمانلىرىنى تەقدىرلىدى**

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشيول ياساش نەتىجىلىرىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى،

قۇراللىق ساقچى قاتناش 2 - باش ئەترىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، كۆكتوقاي ناھىيىسى تەقدىرلەندى. يول ياسىغۇچى ئورۇن ۋە ئۆھپىكارلارنى تەقدىرلەش — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى ئىش.

بۇلاردىن باشقا، يەنە توققۇز ئورۇن، 14 ئىلغار كوللېكتىپ، 13 ئىلغار بەن - گۇرۇپپا، 39 ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

جاڭ پىڭ

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

### خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئورۇندىغان ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 186 مىليون 166 مىڭ 500 توننا/كىلومېترغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14% ئاشتى؛ توشۇلغان يولۇچى 900 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 9.28% ئاشتى؛ توشۇلغان يۈك ۋە پوچتا يوللانمىلىرى 14 مىڭ 25.5 تونىنغا يېتىپ، 13.3% ئاشتى.

1993 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى «IL—86» تىپلىق، كەڭ گەۋدىلىك ئۈچ يولۇچىلار ئايروپىلانى ۋە بىر «بوئىن 300 — 737» تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانىنى سېتىۋالدى، شىركەت ئايروپىلانلىرىنىڭ يولۇچىلار ئورۇندۇقى 1992 - يىل ئاخىرىدىكى 1050 تىن 2244 كە يەتتى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇچۇشقا قاتناشقان ئايروپىلانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئورۇندۇق سانى 2268 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 62.8% ئاشتى، ترانسپورت كۈچىنىڭ زور مىقداردا ئېشىشى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاۋىئاتسىيە بازارلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىپ، يولۇچىلارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلدى.

يولۇچى ۋە مالنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇش مىقدارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تەسىر قوزغايدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىگە چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانلىرىنى سېلىپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇردى. شىئەن، گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەردە تىجارەت بۆلۈمى ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىمۇ ئون نەچچە ئورۇندا ئايروپىلان بېلىتىنى ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى قۇرۇلدى، سېتىش تورى كېڭەيتىلىپ، ئاۋىئاتسىيە قاتنىشىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

1993 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۆزبېكىستان ۋە روسىيىدىن «IL—86» تىپلىق ئىككى ئايروپىلان بىلەن «TV—154» تىپلىق ئىككى ئايروپىلاننى ئىجارىگە ئالدى.

جۇڭ شياۋيۈن

### يېڭىدىن ئېچىلغان ئۇچۇش لىنىيىلىرى

1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى - شىنىڭ - گۇاڭجۇ ئۇچۇش لىنىيىسىدە قاتناش باشلىنىپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەتچى ئايروپىلان قاتنىدى.

ئۇچۇش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3836 كىلومېتىر بولۇپ، «TV — 154» تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلدى.

جۇڭ شياۋيۈن

### ئاممىباب ئاۋىئاتسىيە

1993 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئاممىباب ئاۋىئاتسىيە بويىچە جەمئىي 1013 سائەت ئۇچتى، مەشغۇلات كۆلىمى 24 مىڭ 3 . 539 گېكتارغا يەتتى، مەشغۇلات تۈرلىرى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇرۇق سېلىش، ئورمان بەرپا قىلىش، ئوغۇتلاش، ئورمانلاردىكى كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

لى يۈن

### ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتى

1993 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئارقا سەپ كاپالىتى ئورۇنلىرى ھەرخىل ئايروپىلانلارنىڭ 39 مىڭ 365 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە نۆۋەتچى ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 12 مىڭ 928، سىينا قوشۇپ ئۇچقىنى قېتىم سانى بويىچە 617، ھۆددىگە ئېلىنىپ ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 1098، مەخسۇس ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 36، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 171، ئومۇمىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 11، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە توققۇز، چەت ئەلگە ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 218، مەشىق ئۈچۈن ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 15 مىڭ 374، ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 510، باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 1612، دۆلەتتىن ھالقىپ خەلقئاراغا ئۇچقان ئايروپىلان قېتىم سانى بويىچە 6781. باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرىنىڭ نورماللىق نىسبىتى 84.1% كە، ئاۋىئاتسىيە پونكىتلىرىنىڭ قويۇپ بېرىش نورماللىق نىسبىتى 92.3% كە يەتتى.

ئايروپىلان رېمونت زاۋۇتى مۇشۇ بىر يىلدا ھەرخىل

ئايروپىلانلارنىڭ 24 مىڭ 660 سائەت 52 مىنۇت ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچقان ۋاقتى 18 مىڭ 13 سائەت 23 مىنۇت. بۇ زاۋۇت ھەر خىل تىپتىكى 7591 ئايروپىلان (قېتىم) نى قەرەللىك رېمونت قىلىپ، ئايروپىلاننىڭ 15 مىڭ 677 قېتىم كۆتۈرۈلۈش ـ قونۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، سىرتتىن كەلگەن ئايروپىلانلارنىڭ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىگە 1305 ئايروپىلان (قېتىم) تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئايروپىلان ئېلىپ يۈرىدىغان ئۈسكۈنىدىن 1059 نى رېمونت قىلدى، 417 ئۈسكۈنىنى تەكشۈردى.

ئۇچۇشنى تىزگىنلەش تارماقلىرى ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇشنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى «ئون مادىلىق بۇيرۇق» ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1993 ـ يىللىق بىخەتەرلىك يىلى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە ھاۋارايىدىكى يېڭى كودۇق ئۇچۇش ئېگىزلىكى قەۋىتىگە دائىر ئىسلاھات خىزمىتى ئورۇندالدى. ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 97% كە، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى 99.9% كە، سىگنال ھەمراھتىن خەرىتە قوبۇللاش نىسبىتى 98.5% كە يەتتى.

ئالاقىلىشىش خىزمىتىنىڭ نورماللىق نىسبىتى 99.98% كە، يول باشلاش ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشتىكى نورماللىق نىسبىتى 99.99% كە يەتتى، تېلېگراممىدىكى خاتالىق نىسبىتى نۆل بولدى، 10 مىڭ سائەت ئىچىدە ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامىتىنىڭ نىسبىتى 0.66 بولدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1993 ـ يىللىق بىخەتەرلىك تەلىپىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ماي بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى 1993 ـ يىلى 69 مىڭ 613 تونىنا ئاۋىئاتسىيە مېيىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئايروپىلانغا 72 مىڭ 680 تونىنا ماي قاچىلاپ بەردى.

لى يۈن

**مالەن زاپاس قونۇش ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى**

1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مالەن زاپاس قونۇش ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا «IL — 86» تىپلىق كەڭ گەۋدىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانى قونىدىغان زاپاس ئايرودروم يوق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مالەن قونۇش زاپاس ئايدورومى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كېلىشىم تۈزۈشى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «لىدا» بىناكارلىق قۇرۇلۇش ـ قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشى بىلەن باشلاندى، قۇرۇلۇشقا جەمئىي 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

رېن شياۋيەن

**«13 ـ نويابىر» ئايروپىلان ھادىسىسى**

1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 14 تىن 56 مىنۇت ئۆتكەندە شىمالىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «MD — 82» تىپلىق «1241» نومۇرلۇق بىر ئايروپىلانى شېنيالڭ ـ بېيجىڭ ـ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى 6901 ـ قېتىملىق نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ شەرقىغە 2.2 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى ناھىيىسى دىۋوپۇ يېزىسى شېبەردۇڭ كەنتىنىڭ ئېتىزلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. ئايروپىلاندا 102 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان خادىمى ئون) بولۇپ، 12 ئادەم قازا قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان خادىمى تۆت)، 76 ئادەم يارىلاندى. ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى لوگەن، مۇئاۋىن باش كاتىپى جاڭ كېجى، ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جۇجياجېن، ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ جۇپىڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى جيەن ھەمدە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى قاتارلىق دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەشكىل تاپقان مەركەز خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ھادىسە يۈز بەرگەن ئورۇننى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە دوختۇرخانىغا بېرىپ يارىلانغان خادىملاردىن ھال سورىدى.

جۇ جىنتيەن

# پوچتا ـ تېلېگراف

**پوچتا ـ تېلېگراف خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرى ئورۇندىغان پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 399 مىليون 693 مىڭ 600 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 38.87% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەق ئېلىنىدىغان كەسپىي تىجارەت سوممىسى 382 مىليون 316 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 38.95% ئاشتى ۋە پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىي ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 95.65 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 0.05 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى.

مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسى 382 مىليون 515 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %39.09 ئاشتى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 177 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %34.05 ئاشتى. مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ خەلقئارالىق ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا دائىر پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىي تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 472 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %77.09 ئاشتى. پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي سوممىسى 404 مىليون 834 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %30.47 ئاشتى. مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسى 387 مىليون 656 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %30.6 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىنى ساھەسىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 18 مىڭ 982 يۈەنگە يېتىپ، %33.23 ئاشتى؛ خەۋەر ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 19 مىڭ 237 يۈەنگە يېتىپ، %25.09 ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 471 مىليون 486 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %54.47 ئېشىپ، ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن 15.6 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تىجارەت كىرىمى 445 مىليون 96 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %55.23 ئاشتى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كەسپىي كىرىمى 26 مىليون 390 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %42.69 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تەننەرخى 481 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تەننەرخى 457 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %57.49 ئاشتى؛ يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كەسپ تەننەرخى 24 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.41 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ كىرىم ـ چىقىم پەرقىدە چىقىم پەرقى 142 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %36.45 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ چىقىم پەرقى 138 مىليون 170 مىڭ يۈەن، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ چىقىم پەرقى 4 مىليون يۈەن بولدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا داۋاملىق ئېشىپ بېرىش ئاساسىدا، يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، ئىقتىسادى راۋاجلانغان شەھەرلەردە ئېشىش ھەجمى بىرقەدەر زور بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي كەسپ مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش ھەجمىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر مۇنۇلار: شىنجاڭ سىمسىز خەۋەرلىشىش ئىدارىسى (%105.6)، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسى (%57.7)، ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (%54.9)، سانجى ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (%46.7)، قاراماي شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (%43)، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (%42.6)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى (%40.7). ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئېشىش ھەجمى %18.7 كە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ساھەسىنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتىدىن 3.9 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. بۇ ئىدارىلەرنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئومۇمىي كەسپىي مىقدارى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف ئومۇمىي كەسپىي مىقدارىنىڭ 68.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا ـ تېلېگرافنىڭ تۇراقلىق مۈلكىگە سېلىنغان مەبلەغ 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە كۆپەيدى. 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پروگراممىلىق كومموتاتورغا 100 مىڭ توچكا يېڭىدىن قوشۇلدى، شەھەر (بازار) ئىچى تېلېفونلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 254 مىڭ 486 توچكىغا يەتتى. يەنە ئون ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى بازار ئىچى تېلېفونىنى ئاپتوماتلاشتۇردى. شەھەر (بازار) ئىچى تېلېفونلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى ئىچىدە پروگراممىلىق تېلېفون %57.5 نى تەشكىل قىلدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلارنىڭ پروگراممىلىق كومموتاتور سىغىمى 1460 لىنىيە كۆپىيىپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 4800 لىنىيىگە يەتتى. «DD» سىستېمىسىدىكى ئۈسكۈنىلەر قوللىنىلىپ، بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىدارىلەرنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلارنىڭ 12 يۆرۈش قارىمۇ قارشى نۇقتىلىق ئۈسكۈنىسى كۆپەيتىلدى، يەنە 26 ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئۇزۇن يوللۇق ئالاقىنىڭ ئاپتوماتىك تورىغا كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە كۆپەيتىلگەن ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە كەسپىنىڭ سىم يولى 700 تاناپقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلگەن 1 ـ دەرىجىلىك ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە كەسپىنىڭ سىم يولى 330 تاناپ. شىمالىي

**ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ـ تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ 1993 ـ يىللىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى**

| كۆرسەتكۈچ نامى | بىرلىكى | 1993 ـ يىل |
|---|---|---|
| ئۆزى قىلغان كىرىمنىڭ تەننەرخ خىراجىتى نىسبىتى | % | 83.7 |
| مەبلەغنىڭ پايدا ۋە باج نىسبىتى | % | 6.2 |
| 100 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكتىن يارىتىلغان مەھسۇلات نىسبىتى | 100 يۈەن/يۈەن | 72.4 |
| تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئېشىش نىسبىتى | % | 135.3 |
| ئومۇمىي كەسىپ مىقدارى بويىچە ھېسابلانغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | ئادەم/يۈەن | 18982 |
| ئومۇمىي خەۋەرلىشىش مىقدارى بويىچە ھېسابلانغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | ئادەم/يۈەن | 19237 |

شىنجاڭ سانلىق مىكرو دولقۇن قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ـ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ سانلىق مىكرو دولقۇن قۇرۇلۇشى قەشقەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئۈرۈمچى — تۇرپان ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ 4 ـ قىتىملىق سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ قەشقەر — ئاتۇش، كۈيتۇڭ — مايتاغ ئوپتىكىلىق كابېللىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى مەملىكەت بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن پروگراممىلىق كوممۇتاتور تورىغا كىرگۈزۈلدى. 800 مېگالىق يۆتكەلمە ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، سىمسىز تېلېفوندا چاقىرىش كۆلىمى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن تاشقىرى 30 ناھىيە بازىرىغىچە كېڭەيتىلدى.

ئۈرۈمچى— ئالمۇتا خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى تۇتاشتۇرۇلدى؛ ئۈرۈمچى —خوتەن، ئۈرۈمچى — غۇلجا تېز پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش يولى تەرتىپكە سېلىنىپ، خەتنە ئالاقىلەرنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 15 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزىلاردىكى 177 پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسى (پونكىتى) قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. ئورۇندالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 30 مىڭ 600 كۋادرات مېترغا يەتتى؛ شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قارامايلاردىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركەزلىرى ۋە سانجى پوچتا ـ ئىشلەپچىقىرىش بىناسىنىڭ توپا ـ تاش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، كۆپەيتىلگەن ئىدارە ئۆيى كۆلىمى 24 مىڭ 167 كۋادرات مېتىر بولدى. 50 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ۋە 18 پوچتا پۇل ئامانىتى تىجارەت ئورنىنىڭ پوچتا پۇل ئامانىتى بېجىرىلگەندىن كېيىنكى نازارەت قىلىش سىستېمىسىدا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ خەت ـ چەكلەرنى ئاپتوماتىك ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش كىرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچىدە خەت ـ چەكلەرنى ئايرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلدى.

قۇتۇبى، قورغاس، قاراقاش، كېرىيە، چىرا، قەشقەر يېڭىشەھەر، مارالبېشى، ئاقتۇ، جىڭ، پىچان، بۆرچىن، كۆكتوقاي، شايار ناھىيىلىرىدىكى پوچتا ـ تېلېگراف ـ ئىشلەپچىقىرىش بىنالىرى پۈتتى، كۆپەيتىلگەن بىنا كۆلىمى 29 مىڭ 458 كۋادرات مېترغا يەتتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا 44 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆلىمى 57 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتىقى سېلىندى.

پوچتا ـ تېلېگراف سانائىتى بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %8.1 ئاشتى، سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 15 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992ـ يىلدىكىدىن %21.1 ئاشتى؛ يۇقىرىغا 710 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج تاپشۇرۇلدى. پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى ئورۇندىغان سېتىش سوممىسى 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %95 ئاشتى، ئورۇندالغان پايدا ۋە باج 2 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سى جيەنفېي

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى**

1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش

نىزامى» نى رەسمىي ماقۇللىدى. بۇ - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسىنى تەڭشەشنى ئوبيېكت قىلغان تۇنجى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك يەرلىك نىزام.

سى جيەنفېي

**پوچتا ئالاقىسى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 138 مىليون 945 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17.75 ئېشىپ، پوچتا تېلېگراف ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 76 .34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بىر تەرەپ قىلىنغان خەت - چەك 97 مىليون 501 مىڭ 700 گە يېتىپ، %25 .21 ئاشتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان مەخپىي ھۆججەت 354 مىڭ 300 بولۇپ، %1 .9 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان پوسۇلكا 2 مىليون 211 مىڭغا يېتىپ، %91 .29 ئاشتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان پوچتا تېز يوللانمىسى 10 مىليون 285 مىڭ 900گە يېتىپ، %1 .5 ئاشتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىسى 258 مىڭ 700 گە يېتىپ، %07 .28 ئاشتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان پىربۇوت چېكى 6 مىليون 812 مىڭغا يېتىپ، %88 .5 ئاشتى؛ بىر تەرەپ قىلىنغان جەمئىي گېزىت 309 مىليون 373 مىڭ 500 نۇسخىغا يېتىپ، %1 .1 ئاشتى؛ ژۇرنال 35 مىليون 256 مىڭ 900 نۇسخا بولۇپ، %37 .5 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇق سوممىسى 1 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %02 .14 ئاشتى؛ پوچتا ماركىسى تويلاش كەسپىدە ئورۇندالغان ئىش مىقدارى 27 مىليون 672 مىڭ 400 گە يېتىپ، %95 .21 ئاشتى؛ پوچتىنى ئىجارىگە بېرىش، ۋەكالىتەن ئاسراش ھەمدە باشقىلاردىن قىلىنغان كىرىم 6 مىليون 669 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %41 .322 ئاشتى؛ خەلقئارا ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلار ئارا بېجىرىلگەن خەت - چەك 336 مىڭ 300 گە يېتىپ، %85 .13 ئاشتى؛ خەلقئاراغا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا توشۇلغان پوسۇلكا 2555 بولۇپ، %4 .3 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ خەلقئاراغا ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا توشۇلغان ئالاھىدە تېز پوچتا يوللانمىلىرى 8065 كە يېتىپ، %98 .76 ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا مەخسۇس پوچتا كەسپىدە قىلىنغان كىرىم 148 مىليون 910 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %99 .29 ئاشتى، بۇ، پوچتا كەسپىي كىرىمىنىڭ 31 .58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدە خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 19 مىليون 403 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %79 .16 ئاشتى؛ دۆلەت ئىچىدە پوسۇلكىلارنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 946 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %31 .22 ئاشتى؛ دۆلەت ئىچىدە پىربۇوت چېكىنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 24 مىليون 521 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %13 .28 ئاشتى؛ گېزىتتىن قىلىنغان كىرىم 13 مىليون 483 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %62 .15 ئاشتى؛ ژۇرنالدىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليون 211 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، %35 .6 ئاشتى؛ تېز پوچتا يوللانمىلىرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 405 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %86 .12 ئاشتى؛ دۆلەت ئىچىدە ئالاھىدە تېز مەخسۇس پوچتا يوللانمىلىرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 3 مىليون 799 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %59 .73 ئاشتى؛ مەخپىي ھۆججەتلەرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 730 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، %84 .6 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ پوچتا پۇل ئامانىتىدىن قىلىنغان كىرىم 29 مىليون 296 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، %25 .43 ئاشتى؛ پوچتا ماركىسى تويلاش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 17 مىليون 6600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34 .40 ئاشتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا دائىر خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 385 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، %1 .2 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا پوسۇلكا يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 444 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %18 .20 ئاشتى؛ خەلقئارا ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا ئالاھىدە تېز مەخسۇس پوچتا يوللانمىلىرنى يەتكۈزۈشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 49 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %64 .92 ئاشتى. پوچتا مەخسۇس كەسپىنىڭ تەننەرخى 154 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %24 .1 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەت - چەك، پىربۇوت نەقلەشتۇرۇش تەننەرخى 75 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %39 .2 ئاشتى؛ پوسۇلكا تەننەرخى 14 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، %16 .11 تۆۋەنلىدى، مەخپىي ئالاقىلەر تەننەرخى 5 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، %58 .7 تۆۋەنلىدى؛ گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش تەننەرخى 40 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، %18 .11 تۆۋەنلىدى؛ پوچتا پۇل ئامانىتى تەننەرخى 18 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %78 .25 ئاشتى.

1993 - يىلى سودىغا دائىر خەت - چەكلەرنى كۆپەيتىشكە ئائىت مۇكاپاتلاش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدە سودىغا دائىر خەت - چەكلەرنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا قوبۇل قىلىنغان، يوللانغان سودىغا دائىر خەت - چەك 1 مىليون247 مىڭغا يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %9 .204 ئاشتى. 1993 - يىلى كانادا، گېرمانىيە، شىۋېتسىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكىلار بىلەن بولغان تېز يوللانما كەسپى يولغا قويۇلدى؛ كورلا، كۇيتۇڭ،

قاراماي، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا تۆمۈر يولدا مال يېتىپ كەلگەنلىك ئۇقتۇرۇش تالوننى ئالاھىدە تېز مەخسۇس يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى؛ بانكا پىرېۋوتى بويىچە ئالاھىدە تېز يوللانمىنى مەخسۇس يەتكۈزۈش خىزمىتى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدە ئالاھىدە تېز يوللانمىنى مىكرو ئاپپاراتتا ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىدە تېز يوللانما كەسپىدە خېلى تېز ئۆسۈش سۈرئىتى ساقلىنىپ كەلدى.

70/69 قېتىملىق پوچتا پويىزى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتلىك پوچتا پويىزى بولۇپ باھالاندى، قەشقەر پوچتا يوللانمىلىرى ئۆتەڭ پونكىتى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتلىك ئۆتەڭ پونكىتى» بولۇپ باھالاندى ھەمدە مەملىكەت بويىچە «1. ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. تۇرپان پوچتا - يوللانمىلىرى ئۆتەڭ پونكىتى «غەربىي شىمال رايونى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئۆتەڭ پونكىت» بولۇپ باھالاندى.

سى جيەنفېي

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق پوچتا ئالاقىسىدە سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچ نامى | بىرلىكى | 1993 - يىل | 1992 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئاشقىنى (+) كېمەيگىنى (-) |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى | ‰ | 0.00095 | +0.00074 |
| ھۆججەتلىك پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى | ‰ | 0.00178 | +0.00164 |
| مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىش، يوقاپ كېتىش نىسبىتى | دانە | 0 | 0 |

## تېلېگراف ئالاقىسى

1992 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 243 مىليون 570 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %55.14 ئاشتى، بۇ، پوچتا - تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 60.94 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.39 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەق ھېسابلاش كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 233 مىليون 311 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %55.4 ئاشتى. تېلېگراف كەسپىي مىقدارى مۇنداق بولدى: دۆلەت ئىچىدىكى بېجىرىلگەن جامائەت تېلېگراممىسى 8 مىليون 624 مىڭ 900 نۇسخا بولۇپ، %1.46 كېمەيدى؛ مەملىكەت ئىچىدىكى بېجىرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 28 مىليون 332 مىڭ قېتىمغا يېتىپ، %63.37 ئاشتى؛ بېجىرىلگەن ئىچكى ئابونىچىلار تېلېگراممىسى 36 مىڭ 798 قېتىمغا يېتىپ، %72.36 ئاشتى؛ ئىچكى تېلېگراما ئابونىچىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 212 گە يېتىپ، %27.71 ئاشتى، بېجىرىلگەن ئىچكى فوتو تېلېگراف 52 مىڭ 728 نۇسخىغا يېتىپ، %42.98 ئاشتى؛ شەھەر ئىچىدە ئاپلىق ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىدىكى تېلېفون ئابونىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 36 مىڭ 218 بولۇپ، %30.91 كېمەيدى؛ شەھەر ئىچىدە قېتىم بويىچە ھېسابلاش تۈزۈمىدىكى تېلېفون ئابونىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 102 مىڭ 53.6 گە يېتىپ، %87.87 ئاشتى؛ شەھەر ئىچىگە ئابونىچىلار ئۈچۈن ئورنىتىلغان تېلېفونلار يىل ئاخىرىدا 161 مىڭ 792 گە يېتىپ، %35.03 ئاشتى؛ ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون ئابونىچىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 64 مىڭ 467 گە يېتىپ، %121.19 ئاشتى؛ سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىچىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 47 مىڭ 435 كە يېتىپ، %156 ئاشتى؛ يۆتكەلمە تېلېفوننىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 4606 گە يەتتى. تېلېگراف ئىجارىگە بېرىش، ۋەكالىتەن ئاسراش ھەمدە باشقىلاردىن قىلىنغان كىرىم 14 مىليون 835 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %35.41 ئاشتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا دائىر جامائەت تېلېگراممىسىدىن بېجىرىلگىنى 11 مىڭ 34 نۇسخىغا يېتىپ، %8.66 ئاشتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىكى ئابونىچىلار تېلېگراممىسىدىن بېجىرىلگىنى 32 مىڭ 181 نۇسخا بولۇپ، %16.97 كېمەيدى؛ دۆلەتلەر ئارا بېرىلگەن تېلېفون 208 مىڭ 946 قېتىمغا يېتىپ، %118.24 ئاشتى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىلگەن تېلېفون 66 مىڭ 744 قېتىمغا يېتىپ، %46.76

ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تېلېگراف ئالاقىسى كەسپى بويىچە ئورۇندالغان كەسپىي كىرىم 296 مىليون 185 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %72.03 ئاشتى، بۇ، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىي كىرىمىنىڭ 62.82 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 6.42 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى جامائەت تېلېگراممىسى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 26 مىليون 970 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %63.65 ئاشتى؛ ئىچكى ئابونچىلار تېلېگراممىسى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 922 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %120.95 ئاشتى؛ ئىچكى فوتو تېلېگراف كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 607 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %120.9 ئاشتى؛ ئىچكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 121 مىليون 613 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %76.71 ئاشتى؛ ئىچكى تېلېگراف يوللىرىنى ئىجارىگە بېرىشتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليون 58 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، %17.18 كېمەيدى؛ شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىنىڭ مەخسۇس لىنىيىسىدىن قىلىنغان كىرىم 779 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.09 ئاشتى؛ شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىدىن قىلىنغان كىرىم 86 مىليون 345 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %58.61 ئاشتى؛ سىمسىز چاقىرغۇدىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليون 796 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %171.11 ئاشتى؛ يۆتكەلمە تېلېفوندىن قىلىنغان كىرىم 13 مىليون 84 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى؛ خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا دائىر جامائەت تېلېگراممىسى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.24 تۆۋەنلىدى؛ دۆلەتلەر ئارا بېرىلگەن تېلېفوندىن قىلىنغان كىرىم 13 مىليون 688 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %131.08 ئاشتى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىلگەن تېلېفوندىن قىلىنغان كىرىم 823 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، %148.9 ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تېلېگراف ئالاقىسى كەسپىنىڭ تەننەرخى 134 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %14.12 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تەننەرخى 83 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.12 ئاشتى؛ تېلېگرامما تەننەرخى 50 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.84 ئاشتى. شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىنىڭ كەسپىي تەننەرخى 87 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51.94 ئاشتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېلېگرامما ئالاقىسى ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى. 1. يوللاش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. ئوچۇق لىنىيىنىڭ 15 بۆلىكىدە يۇكلىمە دولقۇنلۇق ئۇسكۇنە تېلېگرامما يولى ئېچىلىپ، 171 تېلېگرامما يولىنىڭ ئۇسكۇنىسى كۆپەيتىلدى؛ ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ تۆت قېتىملىق سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئىشى تاماملىنىپ، 1920 تېلېگرامما يولى كۆپەيتىلدى، قەشقەردىن ئاتۇشقىچە، كۈيتۇڭدىن مايتاغقىچە «34MB/S» ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇپ، ھەربىرىگە 480 تېلېگرامما يولى كۆپەيتىپ بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق خەۋەرلىشىش يەر يۈزى پونكىتىغا قوشۇلغان «TDMA» ئۇسكۇنىسى، كۆپەيتىلگەن 240 تېلېگرامما يولى، «IDR» سىستېمىسى بويىچە كۆپەيتكەن 90 تېلېگرامما يولى؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى سانلىق مىكرو دولقۇنلۇق 960 تېلېگرامما يولى ۋە يول بويىدىكى 120 تېلېگرامما يولى دەسلەپكى قەدەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىكرو دولقۇنلۇق تېلېگرامما يولى سىناق تەرىقىسىدە قەشقەرگە تۇتاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيتىلگەن تېلېگرامما يولى 700 گە يەتتى. 2. كوممۇتاتور ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 1460 يول بۆلىكىدىكى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك تېلېفوننىڭ كوممۇتاتور ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى؛ پروگراممىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتوردىن تاشقىرى، «DD14»، «DD16» تىپلىق 2 ـ قول ئۇسكۇنىلەر ئىشلىتىلىپ، سانجى، خوتەن، ئاتۇش، ئاقسۇ، بورتالا، چۆچەك، قاراماي، شىخو، تېكەس، ئۆچتۇرپان ۋە بايغا 12 يۆرۈش ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك قارىمۇ قارشى نۇقتىلىق ئۇسكۇنە كۆپەيتىپ بېرىلدى. شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىنى ئۆزگەرتىشتە كۆپەيتىلگەن ئۇسكۇنىلەرنىڭ سىغىمچانلىقى 100 مىڭ 832 توچكىغا يېتىپ، 1992 ـ يىل ئاخىرىدىكى ساندىن %65.62 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 254 مىڭ 486 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك تېلېفون %98.86 نى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.13 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى، پروگراممىلىق تېلېفون ئاپتوماتىك تېلېفوننىڭ 58.16 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 16.45 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر ئىچى تېلېفون لىنىيىسىنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3. غەيرىي تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئابونچىلارنىڭ تېلېگرامما كوممۇتاتورى ئەسلىدىكى 280 لىنىيىدىن پروگراممىلىق 512 لىنىيىگە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى. 64 ئۇچ ئېغىزلىق، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ نۇقتا تېجەش ئاپپاراتى — «DNP—100» سىستېمىسى تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ئۆزگەرتىش تورىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارە بىلەن 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىدارە ئوتتۇرىسىدىكى ئون يۇكلىمە دولقۇنلۇق

تېلېگراممىا چاستوتا — مىنۇت تۈزۈمىدىن سائەت — مىنۇت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، يۈكلىمە دولقۇنلۇق تېلېگرامما يولى جىددىي بولۇش ھالىتى پەسەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك تېلېگرامما يوللاش تورىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتوماتىك تېلېگرامما يوللاش يولىنىڭ ئومۇمىي سانى 165 كە يەتتى. خەۋەرلىشىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تېلېگرامما كەسپى داۋاملىق يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئىچى تېلېفونى 161 مىڭ 792 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 34.94% ئاشتى؛ بىر يىل ئىچىدە نومۇر سېلىنغان 39 مىڭ 997 لىنىيە ساپ كۆپەيتىلدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئابونىچىلار 64 مىڭ 438 گە يېتىپ، 35 مىڭ 293 ئابونىچى ساپ كۆپەيدى، يەنى مەككىز ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى مەملىكەتنىڭ ئاپتوماتىك تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەتتە ئىدارىمۇ بۇنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئاپتوماتىك تېلېفون تورى ئارقىلىق راۋان يۈرۈشلەشكەن كەسىپ مىقدارى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 71.23 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.29 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، قاراماي ۋە كورلىدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى 800 مېگالىق يۆتكەلمە تېلېفون بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئابونىچىلار 4604 كە يەتتى. شەھەرلەردە يولغا قويۇلغان سىملىق چاقىرغۇ 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن باشقا، 30 دىن ئارتۇق ناھىيىگە كېڭىيىپ، يىل ئاخىرىدىكى ئابونىچى سانى 47 مىڭ 317 گە يەتتى. ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، غۇلجا، سانجى ۋە كورلىدىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى خەلقئارا بىۋاستە تېلېفون كەسپىدە تېلېفون قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ ھەق تۆلەش كەسپىنى («108» كەسپىنى) يولغا قويدى، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، كورلا، غۇلجا قاتارلىق «C3» ئىدارىلەر بېيجىڭ ئېكسپورت ئىدارىسىنىڭ «DOP» خەلقئارا ئىستانسىسى بىلەن قوش يۆنىلىشلىك چاقىرىپ بېرىش كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى ئاپتوماتىك ئاۋازلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى كەسپىنى يولغا قويدى.

سى جيەنفېي

### خەۋەرلىشىش ئىشلىرى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەقلىق ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تورلىرىنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، جامائەت خەۋەرلىشىش تورى بىلەن مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، مايتاغ ئېتىلىن قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىدە سىغىمچانلىقى 40 مىڭ توچكىغا يېقىن كوممۇتاتور جامائەت خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگۈزۈلدى يەنە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن ئىبارەت تۆت ئورۇن خەۋەرلىشىش تورىنى بىرلەشتۈرۈش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى، سىغىمچانلىقى 10 مىڭ توچكىغا يېقىنلاشتى.

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى رايونىدا جامائەت خەۋەرلىشىش بويىچە 19 سىمسىز چاقىرغۇ ئورۇن ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 400 مىڭغا، تارقىتىلغان نومۇر 51 مىڭ 400 دىن كۆپرەككە يەتتى؛ تەستىقلانغان، لېكىن تېخىچە تۇتاشتۇرۇلمىغان ئورۇن ئون بولۇپ، جەمئىي ئالاقە يولى 96، تارقىتىلغان نومۇر تەخمىنەن 1000؛ تەستىقلانغان، لېكىن تۇتاشتۇرۇلمىغان ئورۇن تۆت، يولغا قويۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان ئورۇن تۆت.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى خەۋەرلىشىشتىكى ئاخىرقى نۇقتا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىش بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سېتىش، تىجارەت قىلىش ئورۇنلىرى گۇۋاھنامىگە تايىنىپ تىجارەت قىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىدى. زور قۇۋۋەتلىك سىمسىز تېلېفونلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ساتقان ۋە خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگەنلىك گۇۋاھنامىسى يوق ئاخىرقى نۇقتىدىكى ئورۇن ۋە شەخسلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، زور قۇۋۋەتلىك سىمسىز تېلېفون ۋە خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگەنلىك ئالامىتى يوق تېلېفون ئاپپاراتىدىن 19 نى مۇسادىرە قىلدى.

سى جيەنفېي

### پېيجا تېلېفونى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پېيجا تېلېفونى كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 177 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 34.05% ئاشتى، بۇ كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى پوچتا - تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 4.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايلىق ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىدىكى ئابونىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 2554.5 كە يېتىپ، 87.38% ئاشتى؛ قېتىم سانى بويىچە ھېسابلاش تۈزۈمىدىكى

ئابونتچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 12 مىڭ 615 كە يېتىپ، %98 .15 ئاشتى؛ يېزا تېلېفونىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئابونتچى سانى 17 مىڭ 536 گە يېتىپ، %3 .35 ئاشتى؛ ئۇلاپ بېرىلگەن تېلېفون 9 مىليون 639 مىڭ 457 قېتىمغا يېتىپ، %05 .47 ئاشتى؛ ئىجارىگە بېرىش، ۋەكالىتەن ئاسراش ۋە باشقا ئىشلاردىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 24 مىڭ187 يۈەنگە يېتىپ، %5 .14 ئاشتى. يىللىق كەسىپىي ئىشلار كىرىمى 26 مىليون 390 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %7 .42 ئاشتى. يېزا تېلېفونلىرىنىڭ چىقىمى 24 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى. يىللىق كىرىم ـ چىقىم پەرقىدە چىقىم پەرقى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا يېزا تېلېفونى قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 43 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ھەرقايسى ئىدارىلەر ئۆزلىرى توپلىغىنى ۋە ئابونتچىلار جۇغلىغىنى 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 82 يۈرۈش ئاپتوماتىك كوممۇتاتور كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 21 مىڭ 224 توچكىغا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكى سىغىمچانلىق بىر قاتلاندى. سىمسىز ئالاھىدە يۇقىرى چاستوتىلىق 57 يۈرۈش ئۈسكۈنە، 42 نۇقتىلىق يۇكلىمە دولقۇنلۇق ئاپپارات يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ تۇتاشتۇرۇلدى، 2274 تېلېگرامما يولىنىڭ سىغىمچانلىقى كۆپەيتىلدى. يەنە ئون يۈرۈش سانلىق پروگراممىلىق كوممۇتاتور (سىغىمچانلىقى 5828 توچكا) ۋە تۆت نۇقتىلىق سانلىق مىكرو دولقۇنلۇق ئاپپارات (600 تېلېگرامما يولىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كۆپەيتەلىگەن) تۇتاشتۇرۇلۇپ، يېزا تېلېفونلىرىنى يوللايدىغان ـ قوبۇللايدىغان بىر تۈركۈم ئىدارىلەرنىڭ سانلىق مىكرو دولقۇنلۇق غول لىنىيىسى شەكىللەندى.

يېزا تېلېفونلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. يىل ئاخىرىدا كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 45 مىڭ 119 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك تېلېفون كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 24 مىڭ 95 توچكىغا يېتىپ، ئاپتوماتىك تېلېفون ئابونتچىلىرىدىن 5012 سى ساپ كۆپەيدى، ئاپتوماتىك كوممۇتاتور ئىگىلىگەن ئومۇمىي مىقدارنىڭ نىسبىتى 1992 ـ يىلدىكى %6 .22 تىن %4 .53 كە يەتتى؛ ئاپتوماتىك تېلېفون ئابونتچىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1992 ـ يىلدىكى %9 .24 تىن %6 .46 كە يەتتى. ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى 121 گە، ئۇزۇن يوللۇق خەۋەرلىشىش تورىغا كىرگەن ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى 43 كە يەتتى.

سى جيەنفېي

**جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلارغا تېز پوچتا ئاپتوموبىلى قاتنىدى**

1993 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا ئىككى غول لىنىيىدە كېچىلىك تېز پوچتا يولى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە بولغان 2179 كىلومېتىرلىق پوچتا يولىنى بېسىش، ئۆچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ئەسلىدىكى 100 سائەتكە يېقىن ۋاقىتتىن 55 سائەتكە قىسقارتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 41 ناھىيىگە خەت ـ چەك، گېزىت ـ ژۇرنال يەتكۈزۈلۈش ۋاقتى مۇددەتتىن بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋە بورتالا ئوبلاستلىرىدىكى 11 ناھىيىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋاقتى مۇددەتتىن بىر كۈندىن ئىككى كۈنگىچە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

سى جيەنفېي

**ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولىدا قاتناش باشلاندى**

1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى — ئالمۇتا خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولىدا قاتناش باشلاندى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قازاقىستان قاتارلىق بەش قوشنا دۆلەتكە ئەۋەتىلگەن خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە پوچتا يوللانمىلىرى ئۈرۈمچى خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئالمۇتىغا يەتكۈزۈلۈپ، پوچتىنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى روشەن ھالدا تېزلىتىلدى.

سى جيەنفېي

**800 مېگالىق ھەر» كۆنىكسىمان يۆتكەلمە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 800 مېگالىق ھەرە كۆنىكسىمان يۆتكەلمە خەۋەرلىشىش تورىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 800 مېگالىق ھەرە كۆنىكسىمان يۆتكەلمە خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرى ئامېرىكىنىڭ تېلېگرامما ـ تېلېفون شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىككى قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشقا 24 مىليون 420 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت 2 مىليون 875 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، يۆتكەلمە خەۋەرلىشىش يولىدىن 192 سى يەتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، قاراماي، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، كورلا، سانجىلارنىڭ يۆتكەلمە تېلېفون سىستېمىسى تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ

سېتىپ كىرگۈزۈلگەن ئابونچى 4606 گە يەتتى.

سى جيەنفېي

**قەشقەر، سانجى، قاراماي شەھەرلىرىدە پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلدى**

1993 - يىلى قەشقەر، سانجى، قاراماي شەھەرلىرىدە ئۇزۇن يوللۇق، شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى ئۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، تېلېفون نومۇرى بەش خانىلىق ساندىن ئالتە خانىلىق سانغا ئۆستۈرۈلدى ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون تورىغا ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى.

قەشقەر، سانجى ۋە قارامايدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەردە ئىسپانىيە غەربىي ساموئا شىركىتىدىن كىرگۈزۈلگەن «S—1240» تىپلىق سانلىق پروگراممىلىق، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بىلەن شەھەر ئىچى تېلېفون بىرلەشتۈرۈلگەن تېلېفون كوممۇتاتورى ئىشلىتىلدى. ئۈچ شەھەردە جەمئىي قۇراشتۇرۇلغان ئۇزۇن يوللۇق پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى 960 يولغا، قۇراشتۇرۇلغان شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىنى پروگراممىلىق كوممۇتاتورنىڭ توچكىسى 28 مىڭغا يەتتى. جەمئىي 54 مىليون 709 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان چەت ئەل پېرېۋوتى 3 مىليون 811 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

يۇقىرىقى ئۈچ شەھەردىن باشقا، مايتاغ ۋە پىچانمۇ ئايرىم ھالدا 6000 توچكىلىق ۋە 2000 توچكىلىق شەھەر ئىچى تېلېفونىنىڭ پروگراممىلىق كوممۇتاتورىنى ئورناتتى.

سى جيەنفېي

**گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، سېتىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون691 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %1.39 ئاشتى. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش كەسپىي تىجارەت سوممىسى پوچتا ئومۇمىي كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 16.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.67 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان، سېتىلغان گېزىت جەمئىي 309 مىليون 373 مىڭ 500 نۇسخىغا يېتىپ، %1.1 ئاشتى؛ مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان، سېتىلغان ژۇرنال جەمئىي 35 مىليون 256 مىڭ 900 نۇسخا بولۇپ، %5.37 ئازايدى؛ گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 110 مىليون 119 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، %41.72 ئاشتى؛ مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان سېتىلغان گېزىتنىڭ پەسىللىك تارقىتىلىش سانى 1 مىليون 821 مىڭ 600 نۇسخىغا يېتىپ، %1.48 ئاشتى؛ مۇشتەرى قىلىنغان، سېتىلغان ژۇرنالنىڭ پەسىللىك تارقىتىلىش سانى 2 مىليون 828 مىڭ 300 نۇسخا بولۇپ، %5.79 ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 25 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.44 ئاشتى، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم پوچتا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 17.29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش كەسپىنىڭ چىقىمى 40 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولدى.

1993 - يىلى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پارچە سېتىش ئوبوروت سوممىسى 9 مىليون 704 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %9.29 ئاشتى. گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش ئىشىنى بېجىرىدىغان تارماق ئىدارە (ئورۇن) 200 دىن كۆپرەككە يەتتى. «شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى»، «ئورۇمچى كەچلىك گېزىتى» يېڭىباشتىن پوچتا ئىدارىسىنىڭ تارقىتىشىغا تاپشۇرۇلدى.

گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش داۋامىدا گېزىت - ژۇرناللارنىڭ قىسمەن كەملەپ قېلىش ۋە يەتكۈزۈش ئۆز ۋاقتىدا بولماسلىقتەك مەسىلىلەر ساقلاندى، بۇنىڭدىن كېيىن كەسپىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سى جيەنفېي

**پوچتا پۇل ئامانىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 65 پوچتا پۇل ئامانىتى نۇقتىسى كۆپەيتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى پوچتا پۇل ئامانىتى نۇقتىسى 534 كە يېتىپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى (پونكىتى) بويىچە %40.01 نى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.61 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە پوچتا پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليارد 227 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 151 مىليون 183 مىڭ 700 يۈەن ساپ ئاشتى، پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %5.03 كە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پوچتا پۇل ئامانىتى 77.67 يۈەنگە يەتتى.

دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىدا 234 پۇل قايتۇرۇش كۆزنىكى ئېچىلدى، 32 ئورۇندا سەييارە مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرۇلدى، دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى ئۈچۈن جەمئىي 6 مىليون 319 مىڭ 400 يۈەن بېرىلدى.

سى جيەنفېي

**ماركا توپلاش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماركا توپلاش كەسپىدە سېتىلغان ماركا 27 مىليون 672 مىڭ 400 گە

يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21.95% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا ماركىسى كەسپىدە سېتىلغان ماركا 23 مىليون 488 مىڭ 500 گە، پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىدە سېتىلغان ماركا 4 مىليون 183 مىڭغا يەتتى. پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 17 مىليون 6600 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 40.34% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماركا توپلاش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 20 مىڭ 591 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.12% ئاشتى، ماركا توپلاش ھەۋەسكارى 229 مىڭ 950 كە يەتتى. 1993 - يىلى يەنە بەش ناھىيىدە ماركا توپلاش جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە، شەھەرلەردە قۇرۇلغان ماركا توپلاش جەمئىيىتى 44 كە يەتتى.

ئاساسىي قاتلامدىكى ماركا توپلاش جەمئىيىتى تەشكىلاتى 318 گە يەتتى.

1993 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش — 1993 - يىللىق جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى» دە، شىنجاڭدىن قاتناشتۇرۇلغان يەتتە ماركا توپلىمى، ئىككى ھۆججەت بىر ئالتۇن مېدال، بىر چوڭ كۈمۈش مېدالغا، تۆت كۈمۈش مېدالغا، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەت بويىچە ئىسمىلىك تەرتىپىدە 13 - ئورۇنغا، غەربىي شىمال بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش سەۋىيىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن سەۋىيىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

6 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا دۆلەتلىك كۆرگەزمىخانىسىدا شىنجاڭ ماركا توپلاش جەمئىيىتى بىلەن قازاقىستان ماركاتوپلاش جەمئىيىتى ئىككى تەرەپنىڭ ماركا كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىملىق ماركا كۆرگەزمىسىدە ئەنئەنە، پوچتا تارىخىغا دائىر ئالتە تۈردىكى ئون قىسىملىق ماركا توپلىمى، 636 چاپلانغان ماركا كۆرگەزمە قىلىندى.

شى جيەنفې

# چېپىت

چېپىت — كەلپىن خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نانلىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ بەزى يېزىلاردا «چېپىتا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چېپىت كەلپىنلىكلەرنىڭ ھەرخىل مېھماندارچىلىقىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

چېپىت بولدۇرۇلغان خېمىردىن يېقىلىدۇ. ئادەتتە چوڭلۇقى كاكچە نانغا ئوخشاش بولۇپ، دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ. چېپىتنىڭ قېلىنلىقى بىر قانچە مىللىمېتىرلا بولۇپ، ئۇنى ئاختارغاندا قېلىنلىقىغا تەمسىل قىلىشقا بولىدۇ. چېپىت قانچە نېپىز يېقىلسا شۇنچە ياخشى، مېزىلىك بولىدۇ. بەزى كىشىلەر پۇراقلىق، مېزىلىك بولسۇن ئۈچۈن چېپىت خېمىرىنى پۇزى بىلەن كېچىكتۈرىدۇ، ئىلگىرى ئازراق سىيادانمۇ سېلىۋېتىدۇ. چېپىت خېمىرى بولدۇرۇلغاندىن كېيىن، تونۇر ياخشى قىزىتىلىدۇ. ياخشى قىزىتىلمىسا، چېپىت سۇپەتسىز، خام چىقىپ قالىدۇ.

كەلپىنلىكلەر چېپىت ياققاندا، ئادەتتە يەككە سان بويىچە سانىماي توققۇز سانىنى بىر دەۋر قىلىپ سانايدۇ، يەنى، مۇنچە توققۇز نان (چېپىتا) ياقتىم، دېسە شۇ توققۇزغا شۇ سانىنى كۆپەيتسە يېقىلغان چېپىتنىڭ يەككە سانى چىقىدۇ.

چېپىتقا گۆش ئوراپ يېسە، گۆشكە شۇنچە تەم بېرىدۇ. شۇڭا توي - تۆكۈن گۆشلىرى چېپىتسىز بېرىلمەيدۇ، ئادەتتىكى تويلارنىڭ چايلىرى ئۈچۈن بولۇپمۇ گۆشلۈك چايلىرى ئۈچۈن 20 — 30 توققۇز چېپىت يېقىلىدۇ، تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر ياخشى ئائىلىلەردە چېپىت ھەرۋاقىت مېھمان كۈتۈشكە تەق قىلىپ قويۇلىدۇ.

ئۆتمۈشتە توگمەن ئۇنى (ھەتتا تۈز ئارىلاشقان ئۇن) بىلەن چېپىت يېقىلسا ئۇزاقراق ھەم يۇمشاق پېتىدا ساقلىغىلى بولاتتى، ھازىر زاۋۇت ئۇنى بىلەن چېپىت ياققاندا، ئۇنى يۇمشاق ساقلاش ئۈچۈن سۇلياۋغا ئوراپ قويۇلىدۇ، بەزىلەر داستىخانغا ئوراپ جۇۋىغا يۆگەپ قويۇپ ساقلايدۇ.

چېپىت ساپ بۇغداي ئۇنىدىن يېقىلسا سۈپىتى ياخشى چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ياغ ۋە باشقا خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چېپىت يېقىش ئۈچۈن كاكچانان ياقىدىغان چوڭ رېپىتە ئىشلىتىلىدۇ.

# قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش، كارتوگرافىيە

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جەھەتتىكى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 269 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 45.2% ئاشتى. بۇنىڭدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 71 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 197 مىليون 920 مىڭ يۈەن، سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە بۆلگەندە شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 26 مىليون 730 مىڭ يۈەن، كىر-كىرسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە 14 مىليون 180 مىڭ يۈەن، يول ياساشقا 124 مىليون 830 مىڭ يۈەن، كۆۋرۈك سېلىشقا 8 مىليون يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 800 مىڭ يۈەن، جامائەت قاتناش ئىشلىرىغا 44 مىليون 320 مىڭ يۈەن. سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازىغا 18 مىليون 900 مىڭ يۈەن، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشقا 17 مىليون يۈەن، باغ - ۋارانلاشتۇرۇشقا 5 مىليون يۈەن، مۇھىت تازىلىقىغا 7 مىليون 290 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 2 مىليون 440 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى.

شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 109 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبىسى كۆمۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەرلەردە تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 91.9%كە، كىشى بېشىغا كۈنىگە توغرا كېلىدىغان تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ 163 لىتىرغا يەتتى.

شەھەرلەردە كىر-كىرسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى كىر-كىرسىز سۇلار چىقىرىۋېتىلىدىغان تورۇبا يولىنىڭ كۆپەيتىلگەن ئۇزۇنلۇقى 39.8 كىلومېتىرغا يەتتى، كۈنىگە 8000 توننا يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەرلەردە كىر-كىرسىز سۇلار چىقىرىۋېتىلىدىغان تورۇبا يولىنىڭ زىچلىقى 3.9 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا، يۇندىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 20.9%كە يەتتى.

يول 52 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆلىمى 1 مىليون 80 مىڭ كۋادرات مېتىر يول كۆپەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەر بىرىگە 7.2 كۋادرات مېتىردىن يول توغرا كېلىدىغان بولدى.

جامائەت قاتناش ئىشلىرى 500 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆلچەملىك كوچا ئاپتوبۇسى شەھەرلەردە ھەر 10 مىڭ كىشىگە 5.2 دىن توغرا كەلدى.

سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گاز ساقلاش ئىقتىدارى 130 توننا ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن شەھىرىنىڭ 90 توننا، كورلا شەھىرىنىڭ 40 توننا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەرلەرنىڭ گازلىشىش نىسبىتى 71.9% كە يەتتى.

مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئەھۋالى ئىسسىتىش كۆلىمى 4 مىليون 550 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى.

باغ - ۋارانلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن جامائەت كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 5.5 كۋادرات مېتىرغا، شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان قىسمىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 27.6% كە يەتتى.

تازىلىق ئىشلىرى ئەمەلىي تازىلاش كۆلىمى 13 مىليون 630 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 1 مىليون 390 مىڭ توننا ئەخلەت، 230 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى.

تەن لى

### شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا تۈرلۈك ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 118 مىليون 745 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 259 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مىليون 659 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1 مىليون 240 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشتى. يۈرۈشلەشكەن تۇرالغۇ ئۆي 375 مىڭ يۈرۈش، كۆلىمى 23 مىليون 290 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 38.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. خىش-بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر 1992 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 21 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشتى. 1993 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا

كەلگەن ئۆي كۆلىمى 8.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئۆيلەرنىڭ ھازىرقى قىممىتى 22 مىليارد 422 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8 مىليارد 420 مىليون 871 مىڭ يۈەن ئاشتى.

چېن لىۋېن

كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە بازارلىرىدىن باشقا تەشكىللىي تۈزۈلۈشكە ئىگە بازار 58گە، سودا بازىرى 760قا، كەنت 25مىڭ 480گە يەتتى، كەنت - بازارلار ئىگىلىگەن يەر 15 مىليون 60 مىڭ مو، ئولتۇرۇشلۇق ئائىلە 2 مىليون 333 مىڭ، نوپۇسى 10 مىليون 462 مىڭ 600، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 151 مىليون 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 9.46 كۋادرات مېتىر، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەنت - بازارلاردىكى 47 مىڭ ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى يېڭىدىن ئۆي سالدى، بۇلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 2.01 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېڭىدىن سېلىنغان جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 618 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 466 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كەنت - بازار 2351 بولۇپ، تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان ئادەم 1992 - يىلدىكى 2 مىليون 272 مىڭ 600دىن 2 مىليون 466 مىڭ 600گە، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %58.23كە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 12 مىڭ 857 كەنت - بازارغا توك سىمى تارتىلدى، كەنت - بازارلاردىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 مىڭ 19 كىلومېتىرغا يەتتى.

1993 - يىلى كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 915 مىليون 439 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 580 مىليون 369 مىڭ 800 يۈەن، جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 179 مىليون 438 مىڭ 100 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 125 مىليون 362 مىڭ 700 يۈەن، جامائەت مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنغىنى 30 مىليون 269 مىڭ 100 يۈەن. جەمئىي 17 مىڭ 608 توننا پولات ماتېرىيال، 69 مىڭ 982 كۇب مېتىر ياغاچ، 134 مىڭ 318 توننا سېمونت، 35 مىڭ 821 ساندۇق ئەينەك ئىشلىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 96گە، باشقۇرغۇچى خادىم 296گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېردىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار %53.14نى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەشكىللىي تۈزۈلمىسى شتاتقا كىرگۈزۈلۈپ پىلانلانغان بازار 51گە، شتاتقا كىرگۈزۈلۈپ قۇرۇلۇش پىلانلانغان سودا بازىرى 551گە، شتاتقا كىرگۈزۈلۈپ قۇرۇلۇش پىلانلانغان مەھەللە 17 مىڭ 74كە يەتتى.

ما تيەنيۇ

شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 17 شەھەردىن 14ىنىڭ ئۆي ئىسلاھاتى لايىھىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆي ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. كۈيتۇڭ، خوتەن، فۇكاڭ شەھەرلىرىنىڭ ئۆي ئىسلاھاتى لايىھىسى يۇقىرىغا يوللانمىدى؛ 70 ناھىيە ئىچىدە مارالبېشى، يەكەن، پوسكام، پەيزاۋات، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، ئارشاڭ، جىڭ ناھىيىلىرىنىڭ ئۆي ئىسلاھاتى لايىھىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئۆي ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، قالغان ناھىيىلەردە ئۆي ئىسلاھاتى پائال ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارقىلىق 774 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى 4 مىليون 781 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر ئۆينى سېتىش ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان مەبلەغ 669 مىليون يۈەن، ئۆي سېلىش ئۈچۈن شەخسلەردىن يىغىلغان مەبلەغ 97 مىليون يۈەن، ئىجارىگە بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆيگە ئېلىنغان كاپالەت پۇلى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەن، شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئۈچۈن ئامانەت قويغان ئامانەت پۇلى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەن.

ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە بۇ ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى، قۇمۇل شەھەرلىرىدە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئۆي ئىسلاھاتى داۋامىدا توپلانغان تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنىڭ ئۆي سېلىشقا ۋە ئۆي رېمونت قىلىشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

تاڭ پېيفاڭ

تۇرالغۇ ئۆي مىكرو رايونى قۇرۇلۇشى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز شەھەردە مۇئەسسەسەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق، ئىقتىدارى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل تۇرالغۇ ئۆي مىكرو رايونىدىن 23ى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1

مىليون 55 مىڭ 500 كۋادرات مېتر. ئومۇمىي ئائىلىسى 15 مىڭ 640 بولۇپ، مەخسۇس باشقۇرۇچى خادىم 57.

گۈلجەمىش

## تاۋار ئۆي تەرەققىياتى قۇرۇلۇشى ۋە تىجارىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى تېز بولدى، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 1992 - يىلدىكى 82 دىن 265 كە كۆپەيدى، تىزىملاتقان ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەبلەغ سېلىش كۆلىمى كېڭەيدى. مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتە مۇۋاپىق بولدى، يېڭىدىن ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى زور دەرىجىدە ئاشتى. لېكىن پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ يېرىمىغا يەتمىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇشۇ يىلدا تاۋار ئۆيگە سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 670 مىليون يۈەن، نەق سېلىنغان مەبلەغ 660 مىليون يۈەن بولدى، ئورۇندالغان تەرەققىيات خىزمەت مىقدارى 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولدى. ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 886 مىڭ 200 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 267 مىڭ 600 كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 767 مىڭ 900 كۋادرات مېتر. پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 960 مىڭ 600 كۋادرات مېتر بولۇپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان ئۆي كۆلىمىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 702 مىڭ 500 كۋادرات مېتر؛ سودا مۇلازىمىتىگە ئىشلىتىلىدىغان ئۆي كۆلىمى 166 مىڭ 800 كۋادرات مېتر؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، داۋالاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي كۆلىمى 33 مىڭ 100 كۋادرات مېتر؛ ئامبار، زاۋۇت سېخلىرى 37 مىڭ 700 كۋادرات مېتر؛ باشقا ئۆيلەر 20 مىڭ 500 كۋادرات مېتر. مۇشۇ بىر يىلدا سېتىلغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 427 مىڭ 100 كۋادرات مېتر، سېتىلىش سوممىسى 448 مىليون يۈەن بولدى. سېتىلغان تۇرالغۇ ئۆي 356 مىڭ 800 كۋادرات مېتر، سېتىلىش سوممىسى 381 مىليون يۈەن بولدى. شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆي 128 مىڭ 100 كۋادرات مېتر، سېتىلىش سوممىسى 140 مىليون يۈەن بولدى. ھەر كۋادرات مېتر تاۋار ئۆينىڭ سېتىلىش باھاسى 1050 يۈەن بولدى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان تۇرلۇك خىراجەت 60 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئېلىنغان پايدا 19 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى شەھەر - بازارلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش كۆچلۈك بولدى، چېگرا بويىدىكى ئېغىز شەھەر - بازارلىرىدا سودا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى بېغ ھالىتىدە تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بازار يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مەبلەغ سېلىشتىكى يۇمشاق، قاتتىق مۇھىتنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنىڭ قېلىپلاشماسلىقى نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

خۇ شياۋچاڭ

## ئۆي - زېمىن بازىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا76شەھەر- بازار ئۆي- زېمىن سودىسىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر 17، بازار 59، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سودا قىلىنغان ئۆي ئومۇمىي كۆلىمى 721 مىڭ كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئۆي كۆلىمى 328 مىڭ كۋادرات مېتر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى ئۆي كۆلىمى 393 مىڭ كۋادرات مېتر، ئومۇمىي سودا سوممىسى 108 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئىجارىگە بېرىلگەن ئومۇمىي ئۆي كۆلىمى 403 مىڭ كۋادرات مېتر، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئۆي 284 مىڭ كۋادرات مېتر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى ئۆي 119 مىڭ كۋادرات مېتر. ۋەكالىتەن ئېلىنغان ئۆي بېجى 359 مىڭ يۈەن. ئۈرۈمچى، كورلا، غۇلجا شەھەرلىرىدە ئۆي - زېمىن بازىرى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۆلچەملىك باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى.

يې جىنيۇ

## ئۆيلەرنى چېقىش، كۆچۈرۈش ۋە خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى باھالاش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 52 شەھەر - بازار (17 شەھەر، 35 بازار) دا ئۆيلەرنى چېقىش، كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، چېقىلغان، كۆچۈرۈلگەن ئۆي كۆلىمى 739 مىڭ كۋادرات مېتر، ئۆيى چېقىلغان، كۆچۈرۈلگەن ئائىلە 8971، ئون شەھەر - بازاردا ئۆي چېقىش، كۆچۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى باھالاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان. 31 شەھەر- بازار (11 شەھەر، 20 بازار) دا باھالانغان ئۆي كۆلىمى 372 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى، يەتتە شەھەر - بازاردا خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى باھالاش ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

يې جىنيۇ

## ئۆي - زېمىنغا كېسىم قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون شەھەر، 19 ناھىيىدە ئۆي - زېمىن ماجىرالىرىغا كېسىم قىلىش خىزمىتى

قانات يايدۇرۇلدى. 1993 - يىلى سېتىش - سېتىۋېلىش، ئىجارىگە بېرىش، ئالماشتۇرۇش، بۇلىۋېلىش، كىشىلىتىش، ئىگىلىۋېلىش ۋە چەت ئەلگە چېتىشلىق مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆي - زېمىن ماجىراسىدىن 1077 سى كېلىشتۈرۈلدى ۋە كېسىپ قويۇلدى.

گۈلجەمىش

## كارخانىلارنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلاردا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولدى. يەر تەۋرەشنى نۇقتىلىق كۆزىتىش رايونلىرىغا جايلاشقان شىخەنزە، ئاقسۇ، قاراماي، كورلا، سانجى، ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا كارخانىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەرنىڭ قوماندانلىقىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى ياكى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىندى. بۇ يىل ئىچىدە كارخانىلار 200 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بىنانى يەرتەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ پۇختىلاش ئىشىنى ئورۇندىدى، بۇنىڭغا 9 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىنىڭ %70 چامىسىنى ئىگىلەيدۇ. 60 كارخانا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانىنى ۋە يەر تەۋرىگەندە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈش ئىشىنى ئورۇندىدى. بۇلار ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى توققۇز كارخانىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانى ۋە سەككىز كارخانىنىڭ يەر تەۋرىگەندە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى شۇ جايدىكى مەسئۇل تارماقنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

سەي بىن

## 16 شەھەردە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى1992- يىلدىن1995- يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 شەھەردە شەھەرنى ياخشى پىلانلاش، ياخشى قۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. «تەڭرىتاغ» لوڭقىسىغا نومۇر باھالاش ئۆلچىمى 1000 بولۇپ، شەھەر پىلانلاش، ئۆي سېلىپ قېيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە كىرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش، مۇھىت تازىلىقى، باغ - ۋارانلاشتۇرۇش، يولۇچى توشۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەپتىش قىلىش، مەبلەغ باشقۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇش ئارخىپى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە يەككە تۈر لوڭقىسى تەسىس قىلىندى. مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن شەھەرلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى ياكى يەككە تۈر لوڭقىسى بەردى.

1993 - يىلى — «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ 2 - يىلى، تەشكىل تەرىپىدىن تەكشۈرۈش، سىناش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۈيتۇڭ، قەشقەر، قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرىگە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى، شىخەنزە شەھىرىگە شەھەر پىلانلاش لوڭقىسى، ئۆي سېلىپ قېيىنچىلىقنى ھەل قىلىش لوڭقىسى، كۈيتۇڭ شەھىرىگە شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، باغ - ۋارانلاشتۇرۇش لوڭقىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىگە شەھەر قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئارخىپىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، كۈيتۇڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىگە مۇھىت تازىلىقى لوڭقىسى، تۇرپان شەھىرىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە كىرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئۈستىدە تەپتىش قىلىش لوڭقىسى، غۇلجا شەھىرىگە يولۇچى توشۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، قەشقەر شەھىرىگە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى لوڭقىسى بېرىلدى. خۇاڭ جىڭمىڭ (كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، جياڭ جۇڭرېن (قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ۋۇجىزۇڭ (قاراماي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) لارغا «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەرلىرىدە قانات يايدۇرۇلغان ‹تەڭرىتاغ› لوڭقىسى مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر شەھەر باشلىقى» دەپ نام بېرىلدى، ما رۇڭ قاتارلىق 48 كىشىگە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەرلىرىدە قانات يايدۇرۇلغان ‹تەڭرىتاغ› لوڭقىسى مۇسابىقىسىدىكى خىزمەت ئىلغارى» دەپ نام بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇدا ئىككى يىل «تەڭرىتاغ» لوڭقىسىغا ئېرىشكەن كۈيتۇڭ، قەشقەر، قاراماي شەھەرلىرىگە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسىنىڭ مۇقىم مۇكاپات لوڭقىسى بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر سۇ چېچىش ئاپتوموبىلى 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن مۇكاپاتلىدى. 1993 - يىلى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسىغا ئېرىشكەن شىخەنزە شەھىرىگە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسىنىڭ كۆچمە مۇكاپات لوڭقىسى بەردى ۋە بۇ شەھەرنى 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

گاۋ خۇڭشىڭ

### چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون جىمنەي ئېغىزىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى، دولاتا ئېغىزىنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تەستىقلىدى ھەمدە دولاتا ئېغىزىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تەڭشەش ئىشىنى تەكشۈرۈش، قونجىراپ ئېغىزىنى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا كۆچۈرۈش پىلانىنى تەكشۈرۈش، ئەركەشتام — تورغات ئېغىزىنىڭ ئورنىنى تاللاش ئىشىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇندىدى.

جىمنەي ئېغىزى جىمنەي ناھىيىسىدە بولۇپ، دۆلەتنىڭ 1 ـ خىل ئېغىزى، دۆلىتىمىزدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش يولى ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسى يىغىنچاق مەزگىلدە 3000 دائىرىسىدە، كەلگۈسىدە 5000 دائىرىسىدە تىزگىنلىنىدۇ. ئېغىز قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان يەر 0.3 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە، ئېغىز پىلانلانغان رايوننىڭ كۆلىمى 3.52 كىلومېتىر دائىرىسىدە تىزگىنلىنىدۇ. ئومۇمىي پىلان ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 ـ شىنىڭ 186 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئېغىزدا بىرلەشمە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە بىرلەشمە تەكشۈرۈش خىزمەتچىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان تۇرمۇش مۇئەسسەسىلىرى شۇنىڭدەك ئاز مىقداردىكى زۆرۈر مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلىدۇ، باشقا مۇئەسسەسەلەردە ئالتاي شەھىرى بىلەن جىمنەي ناھىيە بازىرىغا تايىنىلىدۇ.

دولاتا ئېغىزىدا ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلاش ئاساسىدا، ئېغىزنى تەپسىلىي پىلانلاش خىزمىتى ئىشلەپ بېرىلدى ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇلدى، يولغا قويۇش جەريانىدا بەزى ئېغىزنىڭ ئومۇمىي پىلانى تەڭشەلدى ھەمدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلماقچى. پىلاندا ئاھالىسى يىغىنچاق مەزگىلدە 5000 دائىرىسىدە، كەلگۈسىدە 15 مىڭ دائىرىسىدە تىزگىنلىنىدۇ، ئېغىزنىڭ يىغىنچاق مەزگىللىك قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان يەر بىر كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە، كەلگۈسىدە قۇرۇلۇش قىلىش پىلانلانغان يەر كۆلىمى ئۈچ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە، پىلانلانغان ئېغىز رايونىنىڭ كۆلىمى 17.5 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە تىزگىنلىنىدۇ. پىلاندا مەركىزىي غول يول مەركەز قىلىنىپ، گورۇپپا ـ ئۆمەكلەر بويىچە دومىلىتىپ راۋاجلاندۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاڭ خۇڭبىڭ

### گەنسۇ ـ لىەنيۇنگاڭ — لەنجۇ ـ شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر ـ بازار سىستېمىسى ئومۇمىي پىلانىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ ئونئۇچسال پىلانى

پىلان قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت پىلان كومىتېتى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، 1993 ـ يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، تەكشۈرۈپ قوشۇلۇپ يۇقىرىغا يوللىدى. «گەنسۇ ـ لىەنيۇنگاڭ — لەنجۇ ـ شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر ـ بازار سىستېمىسى پىلانى» قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت پىلان كومىتېتى چۈشۈرگەن 8 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى نۇقتىلىق تېما بولۇپ، ئۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭ بۇ پىلان دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقى قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەربتە بورتالاغىچە بارىدۇ، تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى جەلپ قىلىش دائىرىسى قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قاراماي، ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇدىن ئىبارەت سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاستنى، 12 شەھەرنى، 42 ناھىيىنى، 36 مۇستەقىل تۈزۈلمىگە ئىگە بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 93 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. پىلان، ئاساسلىقى، تۆت قىسمغا بۆلۈنىدۇ: ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان؛ رايونلار ۋە شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات شارائىتىغا باھا؛ شەھەر ـ بازار تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، ئاساسلىق شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانى؛ ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ھەققىدە تەكلىپ. پىلاندا رايونلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەتتا 2 ـ ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى ئورنى ۋە رولى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىندى، لىنىيە بويلىرىدىكى شەھەر ـ بازارلار تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى، شەھەرلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ۋە سانائەتنى جايلاشتۇرۇش شارائىتى، ئورنى ۋە قاتناش شارائىتى، سۇ شارائىتى، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش شارائىتى، شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسىي شارائىتى، شەھەر مۇئەسسەسەلىرى شارائىتى ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتى جەھەتتىكى ئەھۋاللار ئىلمىي ئاساستا تەھلىل قىلىندى. شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازارلار تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئالاھىدە چوڭ شەھەرلەر لايىھىدا تىزگىنلىنىدۇ، چوڭ شەھەرلەر پىلانلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەر نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئالاھىدىلىككە ئىگە كىچىك شەھەرلەر مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ كۆلەم سىستېمىسىدىكى نۇقسانلىق ئەھۋال ئۆزگەرتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك

ئۆستۈنلۈكىنى، قاتناش ئۈستۈنلۈكىنى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پىلاندا مۇشۇ ئەسىردىڭ ئاخىرىغىچە، مۇشۇ جايلاردا شەھەرنىڭ كۆلىمى جەھەتتە ئالاھىدە چوڭ شەھەردىن بىرنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەردىن بەشنى، فۇنكسىيە جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى روشەن ھالدا ئوخشاش بولمىغان شەھەر - بازار توپىدىن بەشنى شەكىللەندۈرۈش مۆلچەرلەندى.

شۇ شياۋيەن

ئۈچ ئورۇن، بەش شەخس مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ ۋە شەخس بولۇپ باھالاندى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچ ئورۇن، بەش شەخسكە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر شەخس» دەپ نام بېرىلدى.

مۇنەۋۋەر كوللېكتىپلار: ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر نازارەت» دېگەن نامغا ئېرىشتى. كۇيتۇڭ، سانجى شەھەرلىرى «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى. مۇنەۋۋەر شەخسلەر: شياۋ جىنۋېن (ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى پارتكوروپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر) «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر نازىر» دېگەن نامغا، خۇاڭ جېڭمىڭ (كۇيتۇڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مامىڭچېڭ (سانجى شەھىرىنىڭ باشلىقى) لار «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر باشلىقى» دېگەن نامغا، ياۋيۈەنشيۇڭ (كۇيتۇڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ شىيى (سانجى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) لار «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشتىكى مۇنەۋۋەر ئىدارە باشلىقى، كومىتېت مۇدىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

گاۋ خۇڭشىڭ

بىر ئورۇن، تۆت شەخس مەملىكەت بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخس بولۇپ باھالاندى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى چاقىرغان 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتى يىغىنىدا شىنجاڭدىن بىر ئورۇن، تۆت شەخسكە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس، شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان رەھبەرىي كادىر» دەپ نام بېرىلدى.

ئىلغار كوللېكتىپ: ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسى؛ ئىلغار خىزمەتچىلەر: ۋېي جۇڭچيۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىنىڭ باشلىقى)، چېن شياۋماۋ (قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئارخىپخانىسىنىڭ باشلىقى)، جاڭ تيەنچى (ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)؛ شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان رەھبەرىي كادىر: جاڭ گوۋېن (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

زو شۇشياڭ

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 12 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش سېلىندى ۋە داۋاملاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى «قىزىل بايراق» كوچىسىدىكى يەر ئاستى كوچىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا رەسمىي ئۆتۈش قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى پۈختىلانغىنى ۋە ئۆزگەرتىلگىنى 2921 كۋادرات مېتىر، ئاسرالغىنى 84 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئېغىزى بىر تەرەپ قىلىنغىنى بىر، بىكار قىلىنغىنى 9221 كۋادرات مېتىر.

1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ھەرىكەتچان خەۋەرلىشىش تورىنى ئۆزگەرتىش ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ھەرىكەتچان خەۋەرلىشىش تورىنى قۇرۇش خىزمىتى ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى 1 -، 2 - خىل نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى خەۋەرلىشىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى ۋە كۈچەيدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 97 مىڭ 579 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۈرلۈك ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىدىن 140ى سېلىندى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلدى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق

يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 282 مىڭ يۈەن، پايدا 8 مىليون 574 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تارماقلىرى قۇرۇلۇشنى ئىشلەتكەن ئورۇنلاردىن 2 مىليون 410 مىڭ يۈەن ھەق ئالدى، بۇ قۇرۇلۇشلارغا 1700دىن كۆپرەك ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1993 - يىلى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيىدە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تەشۋىق قىلىنغان ماقالە، ئون - سىن بۇيۇمى، سۈرەت ۋە خەۋەر بېرىلدى، «شىنجاڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى خەۋىرى»دىن تۆت سان نەشر قىلىنىپ، 8000 نۇسخا بېسىلدى ۋە تارقىتىلدى.

. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 27 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 126 سىنىپىدا «ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش ساۋاتى» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، 6703 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدە 1 - خىل نۇقتىلىق شەھەرلەر قاتارىغا كىرىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە «ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قارار قىلىندى. مۇشۇ مەقسەتتە «ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» تەربىيىسى ئوقۇتقۇچىلىرى كۇرسى بىر قارار ئېچىلىپ، 44 ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈلدى.

لۈەن بىنجى

**قەشقەر «01» قۇرۇلۇشى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى**

قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىدىكى كۆلىمى 1757 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەر ئاستى «01» خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا كىشىلەر بۇ يەردە ئۆزىنى دالدىغا ئالالايدۇ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا يەر ئاستى سودا سارىيى سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۇ، چاسا لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئوچ تەرەپكە قاراپ تۇرىدىغان كىرىش - چىقىش ئىشىكى ۋە ئىككى شامال ئېغىزى بار. قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى لىمسىز تاختا قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۆزىدىن سۇ ئۆتمەيدۇ، سىرتىدىمۇ سۇ ئۆتمەيدىغان بىر قەۋەت بار. ئىچى ئاددىي، پۇختا ۋە يېڭىچە بېزەلگەن. شامال ئۆتكۈزۈش، ئېلېكتر، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە كېرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋېتىش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش، ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش، سۇ پۈركۈش سىستېمىسى، خەۋەرلىشىش، رادىئو، زاپاس توك مەنبەئى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ئادەتتىكى ۋاقىت بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تەلەپنى قاندۇرالايدۇ.

قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ يەر ئاستى بىنالىرىنى لايىھىلەش ئورنى لايىھىلىدى، قۇرۇلۇشقا ئىشلەش ئومۇمىي ھۆددىگە بېرىلدى، قۇرۇلۇشنى باشلاشتىن تارتىپ ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگىچە يەتتە ئاي ۋاقىت كەتتى، ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھاۋامۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى تارىخىدا قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى ئەڭ قىسقا، سۈرئىتى ئەڭ تېز، سۈپىتى ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش بولدى. 1994 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىشلىتىشكە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

جاڭ جىيىڭ

**ئۈرۈمچى «قىزىل بايراق» كوچىسى يەر ئاستى كوچىسىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى**

1993 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات باش شىركىتى بىلەن شياڭگاڭ «شىڭتيەن» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى شېرىكلىشىپ قۇرىدىغان ئۈرۈمچى «قىزىل بايراق» كوچىسى يەر ئاستى كوچىسىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى. قۇرۇلۇشنىڭ ئورنى شەھەر رايونىدىكى «قىزىل بايراق» كوچىسىدىكى بازارنىڭ ئاستىدا بولۇپ، كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر، 6 - دەرىجىلىك مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇرۇش ۋاقتىدا كىشىلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ئورۇن ۋە ئامبار سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئۈنۈمى يۇقىرى كۆپ ئىقتىدارلىق سودا كوچىسى قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش سوزۇنچاق، قىسمەن جايلىرى ئىككى قەۋەت لايىھىلەندى. سەككىز كىرىش - چىقىش ئېغىزى ۋە شامال ئېغىزى بار. قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى لىم، تاختا ۋە تۈۋرۈك بىلەن قۇراشتۇرۇلغان، ئىچى ۋە سىرتىدىن سۇدىن مۇداپىئەلىنەلەيدۇ. ئىچى يېڭىچە كۆركەم بېزەلگەن، شامال، سۇ، توك ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش ۋە ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈسكۈنىلىرى، مۇئەسسەسلىرى مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى، قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى.

جاڭ جىيىڭ

# بىناكارلىق

**بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 573 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانا ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 67.5% ئاشتى. كارخانىلارنىڭ ئاشقان قىممىتى 2 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 67.7% ئاشتى؛ پۈتكەن ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 6 مىليون 789 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىپ، 14.4% ئاشتى؛ ئومۇمىي پايدىسى 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 181.5% ئاشتى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 22 مىڭ 919 يۈەنگە يەتتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى

86.4%، ئەلا بولۇش نىسبىتى 10.8% بولدى. يىل ئاخىرىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانا 451 گە يېتىپ، ئومۇمىي كارخانا سانىنىڭ 78.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىش ھەققىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويغان كارخانا 223 كە يېتىپ، ئومۇمىي كارخانا سانىنىڭ 38.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈنۈم بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئاشتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنماقچى بولغان مەبلەغ 21 مىليارد 510 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 43.3% ئاشتى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى دەرىجىلىك 573 كارخانىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1406 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 24.3% ئاشتى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ۋەزىپىسى يېتەرلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى؛ 1993 - يىلى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ بىر قەدەر كۆپىيىش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىنى مۇناسىپ ھالدا ئىلگىرى سۈردى. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئىككى ھوقۇقنى ئايرىش، شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش، كارخانىدىكى ئۈچ تۈزۈم ئىسلاھاتى ۋە پاي تۈزۈمى سىنىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى پائال يولغا قويۇپ، 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىچە كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئۈنۈم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلۇشنىڭ خام چوتتىكى باھاسى بىر قەدەر ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئاشقان زىيىنى مەلۇم دەرىجىدە تۈگىتىلدى. 1993- يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشلارنىڭ يەككە خام چوت باھاسىنى ئېلان قىلدى، يىل ئاخىرىدا يەنە توققۇز پىرسەنتنىڭ باھا ئىندېكسىنى ئېلان قىلدى.

ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى، ئاساسلىقى، قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ نەقلىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، نىسبىي قالغان قۇرۇلۇش پۇلى تېز كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا تۇراقسىز مەبلەغ يېتىشمىدى، بەزى كارخانىلاردا نىسبىي ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بېرەلمەسلىك بىر قەدەر ئېغىر بولدى؛ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلىدى؛ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتى بەك كۆپ ئېشىپ كەتتى؛ بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە ئوخشاش ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ساھە بويىچە بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشمىغان كارخانىلاردا تېخىمۇ ئېغىر بولدى.

رېن مياۋجى

**16 شەھەردە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى**

1993 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 16 شەھەردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئايرىلاپ تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ كارخانىدىن 62سى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2 - دەرىجىلىك كارخانا 18، 3 - دەرىجىلىك كارخانا 15، 4 - دەرىجىلىك كارخانا 29، ئومۇمىي كۆلىمى 477 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدىن 235ى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق 118 قۇرۇلۇش ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 50.2% بولدى. قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 50%تىن يۇقىرى (50%مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولغان كارخانا 43 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش كارخانىنىڭ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولدى؛ تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 50% كە يەتمىگەن كارخانا 19 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولمىغىنى سەككىز. كۈيتۇڭ، قاراماي، سانجى شەھەرلىرىدە تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى؛ ئاتۇش، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدە تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولدى. قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇش سۈپىتى ياخشى بولغان شەھەر ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى تەقدىرلىدى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ناچار بولغان شەھەر ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى تەنقىتلىدى ۋە جازالىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى سۈپىتىنىڭ پۈتكۈل سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتكەن، 1991 - يىلدىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش

نىسبىتى 3.6 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىگەن، بۇ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش سۈپىتى مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىن شىجيې

**شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى ئورۇندىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 912 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 152 مىليون 950 مىڭ يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 341 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ترانسپورت مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 970 مىڭ يۈەن، ماشىنىلارنى ئىجارىگە بېرىش قىممىتى 20 مىليون 590 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش قىممىتى 24 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش قىممىتى 286 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا پۈتكۈزۈلگەن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 727 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇشلارنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى (كۆلىمى بويىچە ھېسابلاندى) %6 .33 بولدى. 42 قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياخشى قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. باش شىركەت ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان تۈر ۋاقتىدا ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى ياكى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. باش شىركەتتە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى %3 .90 بولدى.

باش شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى؛ زىيان تارتىۋاتقان كارخانا ئۆتچىتىن بىرگە ئازايدى، مۇشۇ بىر يىلدا باش شىركەتنىڭ پايدىسى 23 مىليون 885 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

1993 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنى تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى بىلەن تېخنىكا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت توختامى ئىمزالاپ، كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش يۇرتى ئورۇندىغان لايىھىلەش مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 183 مىڭ 800 يۈەن، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇقىم مۈلۈك قىممىتىنىڭ

نىسبىتى %31 .11، توختاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %95.71، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى%3، ياخشى بولۇش نىسبىتى %90، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى %95 بولدى.

شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش يۇرتى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 100 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىلكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى %9 .5، قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %51 .21، ياخشى بولۇش نىسبىتى %28 .91، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %100، توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %2 .90 بولدى.

شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا سالغان مەبلىغى 54 مىڭ يۈەن، تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش نىسبىتى %3 .83، دۆلەت ئىلكىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئاشقان قىممىتى 22 مىڭ 800 يۈەن بولدى؛ يەتتە تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى؛ تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم %80 كە يەتتى؛ ساپ كىرىم 210 مىڭ يۈەن بولدى.

لى بىڭ

**.بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 29 نى چۈشۈردى، بۇنىڭ 28ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە «1 ـ IS» بەلگىلىك سۇدىن بىزار ئىسسىقلىقنى ساقلاش پېرلىيىت مەھسۇلاتى، سانائەت چاستوتىسىدىكى قايناممىسمان توك ئېقىمى بىلەن ئاسفالتنى ئېرىتىش قۇرۇلمىسى، قىشتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بېتونلۇق قۇرۇلۇشلارنى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن لايىھىلەش سىستېمىسى، گازلىق گەج بېتون، قوش قەۋەتلىك گازلىق گەج بېتون، «LK — 4» بەلگىلىك ئىچ تام سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇسى ۋە ئوكسىگېن قوشۇش قۇرۇلمىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. شىنجاڭ بىناكارلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش يۇرتى بىناكارلىق كەسپى بويىچە ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىدا ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمى بىلەن لايىھىلەش (CAD) نى ئومۇميۈزلۈك قوللاندى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا «LSC — CAD» بەلگىلىك ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماشىنىسازلىقتىكى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق لايىھىلەش سىستېمىسىنى كەڭ تەتبىق قىلدى.

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا يېڭى تېخنىك، يېڭى ھۈنەر، يېڭى مەھسۇلات ۋە يېڭى ماتېرىياللار 108 تۈر

(قېتىم) كەشىپ قىلىندى، كېڭەيتىلدى ۋە تەتبىق قىلىندى، «SBS» بەلگىلىك ئۆزگەرتىلگەن كاۋچۇكلۇق ماي قەغەز، «ZS» بەلگىلىك سېمونت خۇرۇچى، «GRC» بەلگىلىك مەھسۇلاتلار، رەڭدار سۇۋالغۇ، «PVC» بەلگىلىك كۆپەيدىغان، ئېگىلىدىغان، تولۇق سىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتتىق سۇلياۋ تۇرۇبا قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلاردا كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. «SP — 70» بەلگىلىك تېز چۈۋۈپ، تېز قۇراشتۇرۇلىدىغان بېتون قېلىپ سىستېمىسى، ئاددىي سېلىندىرسىمان قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سىرىلما بېتون قېلىپ ۋە قېلىپ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بېتون تاختا، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئۆگزىسىنى پۈتۈن پېتى كۆتۈرۈش تېخنىكىسى، پولات چىۋىقنى ئېلېكتر بېسىمى بىلەن خۇرۇچلۇق كەپشەرلەش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەرلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كۆپلىگەن ماتېرىيال تېجەپ قېلىندى. تەننەرخ تۆۋەنلىتىلدى، 1993 - يىلى 16 مىليون 864 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

لى بىڭ

**شىنجاڭ ئۆزبېكىستاندا ئۆستىگە ئالغان تونجى مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى**

شىنجاڭ «شىنيا» بىناكارلىق سانائەت، سودا شىركىتى ئۆستىگە ئالغان ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە شەھىرىدىكى جامۇراتۇ يازلىق مېھمانخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتتى، مېھمانخانىنىڭ كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

لو زىلىن

# مۇھىت ئاسراش

**مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈگىتىشكە 142 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۈگىتىش تۈرىدىن 446سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 19 مىليون 120 مىڭ يۈەن مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە تۈگىتىش تۈرىدىن 386سى ئورۇندالدى، 85 مىليون يۈەن تۈگىتىش مەبلىغى سەرپ قىلىندى؛ قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە باھا بېرىش تۈرىدىن 185ى ئورۇندالدى، چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە بېرىلگەن باھالارنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى ۋە «ئۈچ ئىشنى تەڭ ئىشلەش» نىسبىتى %100كە يەتتى، كىچىك تىپتىكى تۈرلەر %85 كە يەتتى، كىچىك تىپتىكى تۈرلەر %85 مۇقىملاشتى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسەدىن 395 يۈرۈش پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1993 - يىلى پۈتكىنى 30 يۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىنغان كېرەكسىز سۇ 33 مىليون 240 مىڭ توننا، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %59.5 بولدى؛ سانائەتتىن چىققان چاڭ - توزاننىڭ يىغىۋېلىنغىنى 201 مىڭ تونىنىغا، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %20.1كە يەتتى، ئىس - تۈتەكنىڭ تۈگىتىلىش نىسبىتى %83.5. كېرەكسىز گازنى پاكىزلاش نىسبىتى %47.4 بولدى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا سۇلفۇرد ئوكسىدنىڭ چىقىرىۋېتىلىش نىسبىتى %15.6 بولدى؛ سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز قاتتىق جىسىم 940 مىڭ تونىنىغا ئازايتىلدى. 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدە سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز قاتتىق جىسىم 2.2 توننا بولۇپ، بىر قىسىم شەھەر ۋە قىسمەن جايلارنىڭ مۇھىت سۈپىتى ياخشىلاندى.

گاۋ جيەنيى

**قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇھىتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرگە باھا بېرىش تۈرىدىن 185نى ئورۇندىدى، مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرگە بېرىلگەن باھالارنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %100 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىر ھەققىدە يوللانغان مەلۇمات جەدۋىلى 129، مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىر ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانغىنى 56، 56 قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى تەكشۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىندى، «ئۈچ ئىشنى تەڭ ئىشلەش» ئىجرا قىلىنغان قۇرۇلۇشلاردىن 46سى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە «ئۈچ ئىشنى تەڭ ئىشلەش» نىسبىتى %100 بولدى. كىچىك تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە %85 بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە باھا بېرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىت باھالاش گۇۋاھنامىسى بار ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى. نېفىتلىكلەرنى ئېچىش داۋامىدىكى مۇھىت باشقۇرۇشنى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتكەندىن كېيىنكى مۇھىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نېفىتلىكلەرنى ئېچىش داۋامىدىكى مۇھىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش چارىسى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتكەندىن كېيىنكى مۇھىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش چارىسى» تۈزۈلدى. جايلار بەلگىلىمە بويىچە «ئاۋۋال باھالاش، كېيىن قۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ

تۇرۇپ، قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن باشلاپلا ماددىي ئەشيا، ئېنېرگىيە ئاز كېتىدىغان، يۇندا ئاز چىقىدىغان ئىلغار پاكىزلىق ھۈنىرىنى ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى قوللاندى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولىئېستېر 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن سېلىندى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇندىنى چىقىرىشى دۆلەت بەلگىلىگەن كۆرسەتكۈچكە يەتتى؛ ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا چاڭ - توزاننى توك ئارقىلىق چىقىرىش تولۇق قوللىنىلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاتموسفېراغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى، يېڭى بۇلغاش مەنبەسى توسۇلدى.

گاۋ جيەنيى

## سانائەتتىكى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئوڭشاش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۇلغىنىشنى ئوڭشاش تۈرىدىن 73ى، مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلىدىن 3 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەرز ئېلىنغان مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلى 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 48 كارخانا ياردەم پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئوڭشالغان 49 تۈرنى بىۋاسىتە تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى كارخانىلارنىڭ بۇلغىنىشنى ئوڭشاش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىقتىن چىقىدىغان كىرەكسىز سۇنى تىزگىنلەش تېخنىكىلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بوياشتىن چىقىدىغان كىرەكسىز سۇلارنى تىزگىنلەشكە دائىر يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رادىئو ئاكتىپلىق بۇلغىنىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە قىسمەن بۇلغىنىش نۇقتىلىرىنى ئوڭشاش لايىھەسىنى تەكشۈرۈش ھەمدە مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالاش ئىشىنى ئورۇندىدى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنى رادىئو ئاكتىپلىق كۆزىتىش ئىشىنى قانات يايدۇردى، ئالاتاۋ ۋە باقتۇ ئېغىزلىرى ئارقىلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ئىمپورت قىلىنغان 300 تونىنا كىرەكسىز، كونا تۆمۈر - تەسەكنى رادىئو ئاكتىپلىق نازارەت قىلىشقا تەشكىللىدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچەمۇھىت كۆزىتىش پونكىتى 33كە، مۇھىت كۆزەتكۈچى 200گە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇھىت كۆزەتكۈچىلەر كۇرسى ئېچىپ، 160 نەچچە نەپەر مۇھىت كۆزەتكۈچىنى تەربىيىلىدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يۇندا چىقىرىۋېتىشتىن ئېلىنغان ھەق 29 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %23 ئاشتى.

گاۋ جيەنيى

## مۇھىت ئاسراش كەسپى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش كەسپىدە مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە مۇھىت ئاسراشتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئەلا ياخشى كېڭەيتىش ئىشى تېزلىتىلدى، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنى پار قازىنى ئالدىدا قېلىپلاشتۇرۇش ماشىنىسى، ئاسفالتنى دۇملەپ ئېرىتىش ئوچىقى، خىلور IV ئوكسىدنىڭ ماسلىشىشى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش سۇيۇقلۇقىنى ھاسىل قىلىش ئەسۋابى، لەيلىمە ماددىلارنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايرىش ئەسۋابى، گۈڭگۈرت ئاجرىتىش پارقازىنىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك چاڭ - توزان تۈگىتىش ئەسۋابى، پار ئارقىلىق كۆيۈشنى كۈچەيتىدىغان نورمال بېسىملىق پار قازان، «JX» بەلگىلىك پار قازان، پار قازىنىدىن چىققان كۆمۈر داشقىلى ۋە كۈلىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش، سېمونت تۈگمىنىدىن چىققان چاڭ - توزاننى تىزگىنلەش، سېمونت - كۆمۈر تۈگمىنىدىن چىققان چاڭ - توزاننى تىزگىنلەش، دوختۇرخانىدىن چىققان يۇندىنى تىزگىنلەشكە ئوخشاش يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئەڭ ياخشى ئەمەلىي تېخنىكىدىن 148ى كېڭەيتىلدى.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش كەسپىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈلدى.

گاۋ جيەنيى

## مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىشى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ۋە 20 نەچچە ناھىيە، شەھەردە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ياكى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈردى. 42 ناھىيە، 405 كارخانا (90 نۇقتىلىق كارخانا)، تەبىئىي مۇھىتى قوغدىلىدىغان بەش رايون تەكشۈرۈلدى.

405 كارخانىدىن مۇھىت ئاسراش قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغىنى 240 بولۇپ، %59.35 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئىشنى تەڭ ئىشلەش تۈزۈمىنى ئىجرا

قىلمىغىنى 82، مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرگە باھا بېرىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلمىغىنى 55، يۈزدىنى ئۆلچەمدىن ئارتۇق چىقىرىش ھەققىنى سۆرەپ كەلگىنى 42، بۇلغاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغىنى 12، بۇلغاش مەنبەسىنى چەكلىمەك مۇددەتتە تىزگىنلەشكە تېگىشلىك بولسىمۇ تىزگىنلەنمىگىنى 18، يۈزدىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا چىقارغىنى 31.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن، 11 كارخانا مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى تولۇقلىدى، ئۈچ تور ئېغىر بۇلغىنىش پەيدا قىلغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇيرۇق بىلەن توختىتىلدى. ئىككى توردە كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز گاز تىزگىنلىنىۋاتىدۇ، سەككىز تورگە تىزگىنلەش مۆھلىتى بەلگىلەپ بېرىلدى، يۈزدىنى چىقىرىۋېتىش ھەققىدىن 674 مىڭ 900 يۈەن تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى، قەرز بېرىلگەن مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلىدىن 200 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن 109ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەم 451، ئوغرىلىقچە ئوۋلانغان ياۋايى ھايۋان 255، يىغىۋېلىنغان ياۋايى ھايۋان تېرىسى 11 مىڭ 724، گۇۋاھنامىسىز بېقىلغان ياۋايى ھايۋان 391. يىغىۋېلىنغان ھەر خىل مىلتىق 270، ئوق 4008، پارتلاتقۇچ دورا 200 كىلوگرام، سىم تور 150، خەنجەر 44، جەرىمانە قويۇلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 325 مىڭ 500 يۈەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالانغان ئادەم 445.

جاڭ فاچېڭ

قوغدىلىدىغان ئالتۇنتاغ تەبىئىي رايونىدىكى قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش ۋە ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش مەسىلىسى ھەل قىلىندى

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئاپتونوم رايون قوغدىلىدىغان ئالتۇنتاغ تەبىئىي رايونىدىكى قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلاش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوغدىلىدىغان رايون دائىرىسىدە قانۇنسىز ئالتۇن قېزىۋاتقان 12 مىڭ ئادەم بارلىقى، كەلسە - كەلمەس قېزىش ۋە قانۇنسىز ئوۋئوۋلاش ھەرىكىتىنىڭ قوغدىلىدىغان رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شۈجىجيەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە بېيجىڭدا شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، ئالتۇن ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان ھالدا ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ئالتۇنتاغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن «يىغىن مۇھىم خاتىرىسى» يېزىلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، قوغدىلىدىغان ئالتۇنتاغ تەبىئىي رايونىدىكى قانۇنسىز ئالتۇن قېزىش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى كەلسە - كەلمەس ئوۋلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە ئېنىق يېتەكچى ئىدىيە ۋە يولغا قويۇش قەدەم باسقۇچلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ تاغنى تازىلاش، قامال قىلىش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلارشتۇردى؛ تازىلاپ قايتۇرۇلىدىغانلارغا دائىر سىياسەت چېكىنى بەلگىلىدى. 11 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ قوغدىلىدىغان ئالتۇنتاغ تەبىئىي رايونىدىن تازىلاپ قايتۇرۇلىدىغان ئالتۇن قازغۇچىلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ئۈچ ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ «بىرلەشمە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، بەش كىشىلىك ۋاقىتلىق ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تاغنى تازىلاش بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

جاڭ فاچېڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىللىق مۇھىتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

1. سانائەتتىكى ئۈچ كېرەكسىز نەرسىنى چىقىرىۋېتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى

1) كېرەكسىز سۇ

(1) چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 334 مىليون 40 مىڭ توننا

(2) سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنىڭ

ئومۇمىي مىقدارى 167 مىليون 939 مىڭ 600 توننا

(3) سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش مىقدارى 59 مىليون 591 مىڭ 500 توننا

سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 35.5%

(4) سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى 108 مىليون 960 مىڭ توننا

سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 59.5%

(5) سانائەتتىكى بىر تەرەپ قىلىنىش، چىقىرىۋېتىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن كېرەكسىز سۇنىڭ مىقدارى 27 مىليون 58 مىڭ 800 توننا

2) كېرەكسىز گاز

(1) چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز گازنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 178 مىليارد 158 مىليون 460 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر

بۇنىڭ ئىچىدە: گۈڭگۈرت ئوكسىدى 305 مىڭ 100 توننا

چاڭ ـ توزان 766 مىڭ 900 توننا

(2) سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز گاز ئومۇمىي مىقدارى 148 مىليارد 950 مىليون 820 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر

① يېقىلغۇنىڭ كۆيۈشى داۋامىدا چىققان كېرەكسىز گاز 108 مىليارد 371 مىليون 530 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر

② ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ تېخنىكىسى سەۋەبلىك چىققان كېرەكسىز گاز 405 مىليارد 979 مىليون 290 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر

بۇنىڭ ئىچىدە: تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 19 مىليارد 222 مىليون 360 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر

تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 47%

③ سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن گۈڭگۈرت ئوكسىدى 135 مىڭ 300 توننا

سانائەتتىكى گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ تۈگىتىلىش مىقدارى 21 مىڭ 100 توننا

④ سانائەتتىكى چىقىرىۋېتىلگەن ئىس ـ تۈتەك مىقدارى 164 مىڭ 200 توننا

سانائەتتىكى ئىس ـ تۈتەكنىڭ تۈگىتىلىش مىقدارى 314 مىڭ 500 توننا

⑤ سانائەتتىكى چاڭ ـ توزاننىڭ يىغىۋېلىنىش مىقدارى 201 مىڭ 200 توننا

3) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىم

(1) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنىڭ ھاسىل بولۇش مىقدارى 4 مىليون 718 مىڭ توننا

(2) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىمدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش مىقدارى 1 مىليون 734 مىڭ توننا

(3) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 1 مىليون 113 مىڭ 600 توننا

(4) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى 1 مىليون 195 مىڭ 500 توننا

(5) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنىڭ چىقىرىۋېتىلىش مىقدارى 939 مىڭ 800 توننا

بۇنىڭ ئىچىدە: دەريا، كۆللەرگە تۆكۈۋېتىلگىنى 28 مىڭ 500 توننا

(6) سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىم ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 9 مىليون 26 مىڭ كۋادرات مېتىر

4) ئۈچ كېرەكسىز نەرسىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

(1) ئۈچ كېرەكسىز نەرسىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 231 مىليون 750 مىڭ يۈەن

(2) ئۈچ كېرەكسىز نەرسىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ پايدىسى 49 مىليون 413 مىڭ يۈەن

2. كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلاردىكى بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش مەبلىغى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى

1) ئىشلىتىلگەن بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش مەبلىغى جەمئىي 142 مىليون 49 مىڭ يۈەن

بۇنىڭ ئىچىدە: كېرەكسىز سۇنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 56 مىليون 110 مىڭ يۈەن

كېرەكسىز گازنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 68 مىليون 743 مىڭ يۈەن

كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 9 مىليون 575 مىڭ يۈەن

شاۋقۇننى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 3 مىليون 103 مىڭ يۈەن

باشقىلارنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 558 مىڭ يۈەن

2) ئىشلىتىش ئۈنۈمى

(1) 1993 ـ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىزگىنلەش تۈرى

(2) 1993 ـ يىلى پۈتتۈرۈلگەن تۈر 386

(3) 1993 ـ يىلى پۈتتۈرۈلگەن تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 85 مىليون 648 مىڭ يۈەن

3. يۇندا چىقىرىۋېتىش ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئەھۋالى

1) يۇندا چىقىرىۋېتىش ھەققى تاپشۇرغان ئورۇنلارنىڭ

سانى 3255

2) يۇندا چىقىرىۋېتىش ئۆچۈن ئېلىنغان ئومۇمىي ھەق 29 مىليون 752 مىڭ يۈەن

3) مۇھىت ئاسراش ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى 21 مىليون 851 مىڭ 700 يۈەن

بۇنىڭ ئىچىدە بۇلغىنىش مەنبەسىنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلگىنى 17 مىليون 578 مىڭ 500 يۈەن

رايونلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلىشىگە ئىشلىتىلگىنى 900 مىڭ يۈەن

4. قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى

1) قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايون سانى 20

بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى ئۈچ

2) قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايونلارنىڭ كۆلىمى 10 مىليون 52 مىڭ 582 گېكتار

5. مۇھىتنى بۇلغاش ۋە بۇزۇش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى

1) ھادىسە قېتىم سانى 18

2) بۇلغاش ھادىسىسى پەيدا قىلىش تۈپەيلىدىن تۆلەنگەن ۋە جەرىمانە قويۇلغان پۇل

(1) بۇلغاش ھادىسىسى پەيدا قىلىش تۈپەيلىدىن تۆلەنگەن پۇل 86 مىڭ يۈەن

بۇلغاش ھادىسىسى پەيدا قىلىش تۈپەيلىدىن قويۇلغان جەرىمانە 430 مىڭ يۈەن

6. ئەرزىيەت خىزمىتى ئەھۋالى

1) كەلگەن خەت 210 پارچە

كەلگەن خەتلەرنى سەۋەبى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا

(1) سۇنىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 47 پارچە

(2) ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 81 پارچە

(3) قاتتىق جىسىمنىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى ئالتە پارچە

(4) شاۋقۇننىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 63 پارچە

(5) باشقىلارنىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 13 پارچە

2) ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەم 393 ئادەم (قېتىم)

3) ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئومۇمىي مەسىلە 364

بۇنىڭ ئىچىدە: سۇنىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 59

ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 98

قاتتىق جىسىمنىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 16

شاۋقۇننىڭ بۇلغىنىشىغا ئائىتى 158

باشقا مەسىلىلەر 33

7. يەرلىك مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

1) ئومۇمىي ئادىمى 1184

بۇنىڭ ئىچىدە: پەن - تېخنىكا خادىمى 772

2) پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %65.2

3) مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتىنىڭ سانى 36

4) ئېچىلغان تەرلىيەت كۇرسى 45

تەربىيىلەنگەن ئادەم 2458 ئادەم (قېتىم)

# كارتوگرافىيە

كارتوگرافىيە ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى دۆلەت دەرىجىلىك تىزگىنلەش نۇقتىسىنى تۈنجى قېتىم تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە كىرگۈزۈپ، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تىزگىنلەپ ئۆلچەش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى؛ ئىككى قارار «كارتوگرافىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «كارتوگرافىيە قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش كۈنىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون نۇقتىلىق شەھەردىكى نۇقتىلارغا 42 ئادەم ئەۋەتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا «كارتوگرافىيە قانۇنى»نى تەشۋىق قىلدى. كارتوگرافىيە باشقۇرۇش باشقارمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى تارمىقى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، قانۇن تارماقلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ تېيچاڭگۇ بازىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «قىزىل بايراق» چارۋىچىلىق فېرمىسى، گەنگۇ كۆمۈركېنى ۋە شىنجاڭ فارفور زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يەر ماجىراسىغا ئائىت خەرىتىلىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن بېكىتتى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت چېگرا سىزىقىنىڭ 150 نۇسخا خەرىتىسى تەكشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىن مەيدانىدىكى 800دىن ئارتۇق يايما ئورنى تەكشۈرۈلۈپ، ئېلانلاردىكى خاتا سىزىپ قويۇلغان جۇڭگو خەرىتىسى تۈزىتىلىپ، دۆلەت چېگرا سىزىقىنى خاتا سىزىپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان تاشقى ماجىرانىڭ ئالدى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى 83 مىڭ 921 ئىش كۈنىگە، يەرلىك ئورۇنلار چۈشۈرگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىش مىقدارى 43 مىڭ 123 ئىش كۈنىگە، كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەش

تۇرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش مىقدارى 32 مىڭ 596 ئىش كۈنىگە يەتتى. كارتوگرافىيىلىك مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 446 مىڭ 934 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 35.8% ئاشتى. دۆلەت چۈشۈرگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك تۈرلەردىن ئورۇندالغانلىرى: تارىم ئۆلچەش رايونىنى يېڭىلاپ قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى 56 نۇسخا، گۇچۇڭ ئۆلچەش رايونىنىڭ كىچىكلىتىلگەن خەرىتىسى 28 نۇسخا، قاراماي ئۆلچەش رايونىنىڭ كىچىكلىتىلگەن خەرىتىسى بەش نۇسخا؛ يەرلىك ئورۇنلار چۈشۈرگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك تۈرلەردىن ئورۇندالغانلىرى: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق 25 كۋادرات كىلومېتىرلىق تەۋەلىك خەرىتىسىنى سىزىش، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تورۇبا لىنىيىسىنى 1:500 ماسشتاب بويىچە ئۆلچەش 300 كىلومېتىر (يوللار بويىچە ھېسابلاندى)، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1:1000 ماسشتابلىق 122 نۇسخا ئىچكى قىسىم خەرىتىسىنى ۋە يەر شەكلى، تەۋەسى، تورۇبا تورى خەرىتىلىرىنى سىزىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەش تۈرلىرىدىن ئورۇندالغانلىرى: نېفىت بايلىقى ئېچىلىۋاتقان تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش، كورلا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنى ئۆلچەش ۋە ئۆلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەش؛ ماددىي خىزمەتلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىنغان كۆلەم 12 مىڭ 583 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى سۈرەتكە ئېلىش 12 مىڭ 186 كۋادرات كىلومېتىر (شەنشى، سىچۈەن، شىنجاڭ ئۈستىگە ئالغان)، كورلا شەھىرىنى سۈرەتكە ئېلىش 397 كۋادرات كىلومېتىر؛ يول باشلىغۇچى پىلانېتلارنىڭ يەر شارىدىكى ئورنى سىستېمىسى 37، ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئۆلچىنىپ تاللاپ كۆمۈلگەن 3 .، 4 - دەرىجىلىك بەلگە 111، 3 .، 4 - دەرىجىلىك ئۈچ بۇلۇڭلۇق كۆرسەتكۈچلۈك ئۆلچەش 80؛ 2 - دەرىجىلىك نۇھىلىرلىق ئۆلچەش 2.357 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك نۇھىلىرلىق ئۆلچەش 5.507 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك نۇھىلىرلىق ئۆلچەش 6.567 كىلومېتىر، نۇھىلىرلىق نۇقتىلار تاللاپ كۆمۈلگەن بەلگە 88، تىزگىنلەپ سىزىلغان تاشقى قىسىم خەرىتىسى 300 نۇسخا، كۆچۈرۈپ سىزىلغىنى 250 نۇسخا، ئۆلچەپ سىزىلغان تاشقى قىسىم خەرىتىسى 759 نۇسخا؛ ئۆلچەپ سىزىپ بېرىلگەن تەۋەلىك 57.326 كىلومېتىر، ئۆلچەنگەن تورۇبا لىنىيىسى 4.478 كىلومېتىر، ئۆلچەپ سىزىلغان ئىچكى قىسىم خەرىتىسى 122 نۇسخا، جۇغراپىيىلىك خەرىتە 58 نۇسخا، ستېرېئولۇق مودېل خەرىتىسى بىر نۇسخا؛ ياسىمدا ئورۇندالغىنى 2816 لىنىڭ رەڭلىك قەغەز. شىنجاڭ كارتوگرافىيىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى تاپشۇرۇۋېلىپ بىنائەن، كورلا شەھىرىنى «GDS» بەلگىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش، ئۈرۈمچىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى، ئوتتۇرا تارىمنى گېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈردى. كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنى 10 مىڭ 676 تاختا (4444 نۇسخا) ھەر خىل ماسشتابلىق خەرىتە، 1529 تاختا (پارچە) ھەر خىل ئاسما خەرىتە، 70 ئاتلاس، 550 ئۈچ بۇلۇڭلۇق نۇقتا، 163 نىۋېلىرلىق نۇقتا بىلەن تەمىنلىدى.

شيا يىلى

تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئوتتۇرا تارىم رايونىنى گېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش قۇرۇلۇشى پۈتتى

ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئوتتۇرا تارىم رايونىنى گېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش قۇرۇلۇشىنى 1993 - يىل 12 - ئايدا پۈتتۈردى. بۇ قۇرۇلۇش 1996 - يىلى تارىم نېفىتلىكىدىن 5 مىليون توننا نېفىت ئېلىشنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەكشىلىكتىكى كوئوردىنات سىستېمىسى، ئېگىزلىك ئۆلچىمى ئوتتۇرا تارىم رايونىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئوتتۇرا تارىم رايونىنى گېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش تورى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، تىزگىنلەش تورىنىڭ تەكشىلىكتىكى قىسمى دۆلەت چۈشۈرگەن 3 - دەرىجىلىك تىزگىنلەش تورىنىڭ نازۇكلۇق تەلىپىنى قاندۇرىدۇ، تىزگىنلەش نۇقتىسىنىڭ ئەڭ كىچىك زىچلىقى 300$KM_2$1 ئۆلچەش رايونىنىڭ كۆلىمى 5762 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 300 نەچچە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 50 كىلومېتىر ئۆلچەش رايونى مەركىزىنىڭ جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 83.2 گرادۇس، شىمالىي پاراللېل 39.2 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قۇرۇلۇشتىكى ئۆلچەش ئىشى تارىم چېتىگە 380 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق نۇقتىسىدىكى ئېگىزلىكنى بىرلىشىپ ئۆلچەش، ئۆلچەش رايونىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئېگىزلىكنى تىزگىنلەش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان 2 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق لىنىيىسىدىن باشلىنىپ، ئاندىن كېيىن دەرىجە بويىچە نازۇكلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

ئورۇندالغان ماددىي خىزمەت مىقدارى مۇنداق: 2 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق كۆزىتىش 357.7 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق كۆزىتىش 248.7 كىلومېتىر. 4 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق كۆزىتىش 306 كىلومېتىر، GPS (يەر شارىدىكى ئورنىنى بېكىتىش سىستېمىسى) لىق كۆزىتىش نۇقتىسى 42، ئورنىتىلغان پولات بەلگە 36، ئاساسلىق نىۋېلىرلىق كۆرسەتكۈچ 126. ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى ئىچكى مەشغۇلاتتا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق نازۇكلۇق ئۆلچەش ئۆلچىمىدىكى نازۇكلۇق كۆرسەتكۈچىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلدى. بۇ نەتىجە تىزگىنلەش نۇقتىسى بولغان 1954 - يىلدىكى بېيجىڭ كوئوردىنات سىستېمىسى، 1980 - يىلدىكى شىئەن كوئوردىنات سىستېمىسىنىڭ تەكشىلىك كوئوردىناتى ۋە 1985 - يىلى دۆلەت چۈشۈرگەن ئېگىزلىك ئاساسىي ئۆلچىمىدىكى نورمال ئېگىزلىك سىستېمىسىدىكى ئېگىزلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 57 ئېغىرلىق ئۆلچەم ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇلاردا ھارمۇنىيەنىڭ نورمال ئېغىرلىق فورمۇلىسى، بۇگېر ھېسابلاپ چىققان 2 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق نۇقتىسىنىڭ نورمال ئېغىرلىق قىممىتى، ئېغىرلىق قىممىتىگە يات بولغان نورمال قىممەت ۋە ئۆلچەش رايونىدىكى «GPS» نۇقتىسى بولغان ئېگىزلىككە يات نورمال قىممەت (ياكى گېئودېزىيە نىۋېلىرلىق جەھەتتىكى پەرق قىممىتى) ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ نەتىجە نېفىتلىك قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق ھەر خىل ئۆلچەمدىكى خەرىتىگە، قۇرۇلۇشنى ئۆلچەشكە ۋە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنى ئۆلچەشنىڭ ئاساسىنى تىزگىنلەش نازۇكلۇقىغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. ئېگىزلىكتىكى يانلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى قۇرۇلۇشلارنى ئۆلچەش ئامىللىرىنى توغرا ھېسابلىغىلى بولىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆلەت دەرىجىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئېلىمىزنىڭ بۇ رايوندىكى دەرىجىلىك تىزگىنلەش - ئۆلچەش جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى.

شيا يىڭ

**ئۈرۈمچى «GPS» سۈنئىي ھەمراھ ئىز قوغلاش پونكىتى پۈتتى**

1993 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى مەسئۇل بولغان مەملىكەتلىك «GPS» (يەر شارىدىكى ئورنىنى بېكىتىش سىستېمىسى) سۈنئىي ھەمراھ ئىز قوغلاش تورىنىڭ ئۈرۈمچى پونكىتى ئۈرۈمچىدە پۈتتى. «TR1MBLE4000SSEGPS» قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. بۇ پونكىتمۇ خەلقئارالىق «GPSNET» يەر شارى «GPS» سۈنئىي ھەمراھ ئىز قوغلاش تورىدىكى بىر پونكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئىز قوغلاش پونكىتىنىڭ ۋەزىپىسى «GPS» سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئىزىنى داۋاملىق قوغلاپ، نەق سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ، «GPS» سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئېلىمىز تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان ئېنىق مۇساپىسىنى «GPS» سۈنئىي ھەمراھنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىش ئېنىق مۇساپىسىنى ھېسابلاپ، ئاستىرونومىيىلىك گېئودېزىيىسىگە، تۈزۈلمە گېئودېزىيىسىگە ئوچۇق خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

گو گۇاڭلۇ

**ئۈرۈمچى دۆلەتلىك مۇتلەق ئېغىرلىق نۇقتىسى پۈتتى**

ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئورنىنى تاللاپ لايىھىلىگەن ئۈرۈمچى «قىزىل تاغ» دۆلەتلىك مۇتلەق ئېغىرلىق نۇقتىسى 1993 - يىل 7 - ئايدا پۈتتى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە دۆلەتلىك كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىلەن گېرمانىيە مۇتەخەسسىسلىرى مۇتلەق ئېغىرلىق ئەسۋابى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى مۇتلەق ئېغىرلىق جەھەتتىن كۆزىتىپ، بۇ مۇتلەق ئېغىرلىق نۇقتىسى مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك ئىكەن دەپ قارىدى.

گو گۇاڭلۇ

**شەھەرلەرنىڭ باغ - ۋارانلاشقان كۆلىمىنى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

بۇ ئىشنى شىنجاڭ كارتوگرافىيە يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى مەركىزى بىلەن شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتى ئورۇندىدى. بۇ نەتىجە1993 - يىل7 - ئاينىڭ23- كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باغ - ۋارانلاشتۇرۇش ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ كارتوگرافىيە، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى مەركىزىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. قۇرۇلۇشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى توغرا، ئۆلچەش ۋە نۇسخا ئېلىپ ستاتىستىكىلاش ئۇسۇلى ئىلمىي، ئىش تەرتىپى ۋە مەشغۇلاتىدا سەۋەنلىك يوق، سانلىق مەلۇماتلار نەتىجىسى ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمىگە دائىر سانلىق مەلۇماتلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمىنى ئايروپىلاندا يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش غەربىي شىمال رايونىدا تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلدى.

شيا يىڭ

# سودا

## سودا ـ سېتىق

**سودا ـ سېتىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر ـ يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى، تاۋار مەنبەسى تولۇق بولدى. بازار ئېھتىياجى داۋاملىق ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 17.16% ئاشتى (مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 4% ئاشتى). بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرگە سېتىپ بېرىلگەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 14 مىليارد 401 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 18.8% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 309 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 35.8% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 755 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.3% ئازايدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكتە پارچە سېتىلىش سوممىسى ئازراق تۆۋەنلىگەندىن سىرت، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك، ھەمكارلىق ئىگىلىكى، يەككە ئىگىلىكتە پارچە سېتىلىش سوممىسى ھەرخىل دەرىجىدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا سىستېمىسىدا پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 18.59% بولۇپ، نىسبىتى 1.98 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بازارلىرىدا چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە رەڭسىز تېلېۋىزورنىڭ سېتىلىش مىقدارى تۆۋەنلىگەندىن سىرت، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان توڭلاتقۇ، كىرئالغۇلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ھەرخىل دەرىجىدە ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىنئالغۇ، بىرىكمە ياڭراتقۇ، كارا OK ، بۇس سۇمۇرگۈچ، دوش قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى داۋاملىق ياقتۇرۇۋاتقانلىقىدىن باشقا، ئۆيلەرنى زىننەتلەش، تېلېفون ئورنىتىش، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازىلىرىنى سېتىۋېلىش پەيدىنپەي يېڭى ئىستېمال ئېقىمىغا ئايلاندى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا سىستېمىسى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليارد 275 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %35.26 ئاشتى؛ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليارد 823 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %88.18 ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 2 مىليارد 313 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %58.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش ئورۇنلىرىنىڭ %2.71 نى ئىگىلەيدۇ. سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە سودىنىڭ ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليارد 554 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %32.29 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 3 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.37 ئېشىپ، سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 77.53 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 122 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.12 تۆۋەنلەپ، سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە سودىنىڭ ساپ ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 7 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %08.16 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.23 ئاشتى. يەتتە چوڭ تۈردىكى تاۋارلار سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە نېفتىنىڭ %29.42، ئېلېكتر ـ خىمىيە بۇيۇملىرىنىڭ %73.17، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ %76.10، تۆرلۈك ماللارنىڭ %66.3، شېكەر، تاماكا ـ ھاراقنىڭ %93.1 ئاشتى، كۆكتاتنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى %13.20، يېمەكلىكلەرنىڭ %89.7 تۆۋەنلىدى. ئاساسلىق تاۋارلاردىن سېتىلىش مىقدارى ئاشقانلىرى بېنزىن، مىق، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ، شېكەر، قول سائىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلىش مىقدارى خېلى زور ئاشقانلىرى: قول سائىتىنىڭ %38، كىرئالغۇنىڭ %5.32، مىقنىڭ %8.13، توڭلاتقۇنىڭ %8.16، شېكەرنىڭ %3.12، ئۈنئالغۇنىڭ %3.11، رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ %1.10؛

كىرسىن، دىزېلىن، سىلىقلاش مېيى، سىناپ پالتىلىغان سىم، ۋېلسىپىت، لامپۇچكا، رەڭسىز تېلېۋىزور، شامالدۇرغۇچ، چوشقا گۆشى، كالا - قوي گۆشلىرى، تۇخۇم، هاراق، پاختا رەخت، يۇڭ توقۇلما، تاۋار - دۇردۇن، يۇڭ يىپ، رېزىنكە ئاياغ كىيىم، سەرەڭگە، سوپۇن، سوپۇن پاراشوكى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، فابرىكا قەغىزى قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازايدى، ئازىيىش مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرى: سەرەڭگە %8 .63، تۇخۇم %5 .49، قوي ۋە قوي گۆشى %1 .43، سوپۇن پاراشوكى %30، يۇڭ توقۇلما %29، كىرسىن %3 .27، سىلىقلاش مېيى %8 .26، كالا ۋە كالا گۆشى %1 .26، رېزىنكە ئاياغ كىيىم %6 .25، سوپۇن %5 .24، چوشقا ۋە چوشقا گۆشى %2 .22، ۋېلسىپىت %4 .17 ئازايدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتتىن يۆتكەپ كىرگەن تاۋارلارنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 212 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %53 .48 كۆپەيدى. ئېكسپورت قىلىشقا بېرىلگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 72 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %43 كۆپەيدى.

1993 - يىلى تۇرلۇك ماللار، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، مېتال، قاتناش - ئېلېكتر - خىمىيە سانائىتى تاۋارلىرى بىلەن يۇتۇن يىل تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولدى. 2 - پەسىلنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ئىمپورت قىلىنغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئالتۇننىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، بازار بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. 6 - ئايدا سودا ئورۇنلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %21 ئېشىپ، تارىختا بازار سۈس مەزگىلدىكى سودا - سېتىق بويىچە ئەڭ يۇقىرى قىممەت يارىتىلدى، 3 - پەسىل كىرگەندە دۆلەت بىرقاتار ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، بازاردىكى سېتىشتا تۆۋەنلەش كۆرۈلدى. 4 - پەسىلنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئاشلىق، ياغنى ئاساس قىلغان 2 - قېتىملىق تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 12 - ئايدا سودا ئورۇنلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تارىختا ئاۋات پەسىلدە سېتىش يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

1993 - يىلى سودىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان ئىقتىسادىدا يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يەرلىك سودا - چېگرا سودىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 160 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. ئىمپورت - ئېكسپورتتىن قىلغان كىرىمى 6.7 ھەسسە ئاشتى، ئېكسپورتنى تەمىنلەش ۋە ئېكسپورت قىلىش %43 ئاشتى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سودا سىستېمىسىدا «دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش» نى يولغا قويغان سودا ماگىزىنى 161 گە يېتىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ ماگىزىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەردى. سودىدا پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ئىسلاھاتى باشلىنىپ، پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىدىن بىرى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىككىسى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى شىركەتتىن ئالتىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شېكەر - هاراق - يېمەكلىك (گۇرۇھى) شىركىتى ئاپتونوم رايون ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 100 دىن ئارتۇق سودا-سانائەت كارخانىسى بىلەن بىرلەشتى، سودا سانائەت كارخانىلىرى بىلەن سودا كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرى بىلەن سودا كارخانىلىرى، سودا كارخانىلىرى بىلەن سودا كارخانىلىرى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش قانات يايدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي دەرىجىلىك چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىش مىقدارى مۇنداق بولدى: شەھەرلەردە ۋېلسىپىت 180.74، رەڭسىز تېلېۋىزور 3 .31، رەڭلىك تېلېۋىزور 41 .77، كىر ئالغۇ 22 .87، توڭلاتقۇ 89 .58، شامالدۇرغۇچ 63 .39، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 52 .83، فوتو ئاپپارات 81 .29، موتسىكلىت 3.89، يېزىلاردا ۋېلسىپىت 32 .134، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 94 .61، رەڭسىز تېلېۋىزور 46، رەڭلىك تېلېۋىزور 13 .10، كىر ئالغۇ 03 .17، توڭلاتقۇ 16 .1، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 35 .41، موتسىكلىت 29 .3.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سودا سىستېمىسىدا يارىتىلغان پايدا 1 مىليارد 30 مىليون يۈەن (ئۆزگەرتىلگەن، ئىجارىگە بېرىلگەن ۋە دۆلەت ئىلكىدە بولۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇلغان كارخانىلارنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %12 .35 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان پايدا ۋە باج 355 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %66 .16 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ ئوبوروت خىراجىتى سەۋىيىسى 79 .0 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ مەبلەغنىڭ ئوبوروت قىلىنىش قېتىم سانى ئىككى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 01 .0 قېتىم ئازايدى.

لى شىنچۈن

**دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئون ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى

سودا كارخانىلىرىدا تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىلىش سوممىسى 1992 - يىلدىكىدىن %18.87 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا 102 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 55 مىليون 610 مىڭ يۈەن ئازايدى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى 173 مىلون يۈەن بولۇپ، زىيان 27 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاشتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: 1. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى تەڭشەلدى. سودا سىستېمىسىدا پارچە سېتىش كارخانىلىرى، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارنىڭ تىجارەت بېجى نىسبىتى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ %3 تىن %5 كە ئۆستى، باج سوممىسى چىقىمى 12 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بانكىلار ئىككى قېتىم قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم پىرسەنتىنى ئۆستۈردى. تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە يىللىق ئۆسۈم %8.64 تىن %9.36 كە ئۆستى، يەنە %9.36 تىن %10.98 كە ئۆستى، ئاشقان ئۆسۈم چىقىمى 28 مىليون 850 يۈەن بولدى؛ 2. بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. كېيىنكى يېرىم يىلدا ئىككى نىزام، ئىككى تۈزۈم يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. پايدا - زىيانغا كىرگۈزۈلگەن تەننەرخ، خىراجەت ئۆلچىمى كېڭىيىپ كەتتى. ئەسلىدە مەخسۇس فوندتىن چىقىم قىلىنىدىغان مەخسۇس قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنىڭ خىراجەتكە كىرگۈزۈلۈشى خىراجەت چىقىمىنى 35 مىليون يۈەن كۆپەيتىۋېتىپلا قالماستىن، يەنە ئەسلىدە باجدىن كېيىن قالدۇرۇلغان پايدىدىن چىقىم قىلىنىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات فوندى قاتارلىق خىراجەتلەرنىمۇ كۆپەيتىۋەتتى، خىراجەت سەۋىيىسى 1992 - يىلدىكىدىن 0.79 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى تەڭشەشكە ئەگىشىپ ئازايغان پايدىسىنىڭ بىر قىسمى ئۆسۈمگە ئۆزگەرتىلىپ، بانكىنىڭ پايدىسى ئاشۇرۇلدى، بىر قىسمى باج پۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمى ئاشۇرۇلدى. 1993 - يىلى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان پايدا ۋە باج 1992 - يىلدىكىدىن %16.66 كۆپەيدى.

لۇ شىنمىن

## سودا - سېتىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا سىستېمىلىرى كارخانىلاردا تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چەت، كىچىك، زىيان تارتقان سودا كارخانىلىرىدا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. كورلا شەھەرلىك «خەلق» سودا سارىيى 1992 - يىل 9 - ئايدا ئوبلاست بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرىدا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئېلىپ باردى، 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سېتىش سوممىسىنى 24 مىليون يۈەن ئورۇنداپ، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %26.3 ئاشۇردى. پايدىنى 750 مىڭ يۈەن ئورۇنداپ، %52 ئاشۇردى، باجنى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورۇنداپ، %64.5 ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا كۆرسەتكۈچىدە يىللىق پىلان %108.6 ئورۇندالدى. قاراماي شەھەرلىك «8 - مارت» سودا سارىيى ئەسلىدە زىيان تارتقان كارخانا ئىدى، 1993 - يىل 2 - ئايدا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ كارخانا يۇقىرىغا 330 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 310 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - سودا ئىدارىسى سىستېمىسىدا 29 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك ماگىزىن، 118 پۈكەي گورۇپپىسى دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، ئۇنىڭغا 682 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى، خەزىنىگە 10 مىليون 80 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى، دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشقا سېلىنغان تۇراقلىق مەبلەغ 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، كارخانىنىڭ يىللىق كىرىمى 5 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - سودا ئىدارىسى سىستېمىسىدا 75 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك ماگىزىن دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، بۇنىڭغا 1206 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى، مال - مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 93 مىڭ 800 يۈەن، يىللىق ھۆددىگەرلىك توپ سانى 1 مىليون 998 مىڭ يۈەن بولدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 30 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانىدى، دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى پەقەت توققۇز ئايلا يولغا قويدى، 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 179 مىڭ 700 يۈەن ساپ پايدا ياراتتى.

دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش سودا كارخانىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ۋە تۈزۈتنى قويۇۋېتىش قاتارلىق ھەرخىل شەكىلدىكى ئىسلاھاتلارنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئۇسۇل: كىچىك كارخانىلار (ماگىزىن، پۈكەيلەر) نى ھۆددىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ياكى بىرقانچە كىشى بىرلىشىپ

مەبلەغ تەييارلاپ تىجارەت قىلىش، خەۋپ ـ خەتەر رەنىسىنى يولغا قويۇش، نىزامنامە بويىچە باج تاپشۇرۇش، نورما بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، ئاشقان كىرىمنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، كەم قىسمىنى ئۆزى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سودا كارخانىلىرىدا دۆلەت ئىلكىدە بولۇش تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويغان ماگىزىن 161 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سودا كارخانىلىرىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

خۇاڭ شى

## گۆش تىجارىتى

1993 ـ يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەكلىكلەر سودا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان گۆشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 261 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %1.16 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە سېتىۋېلىنغان گۆشنىڭ قىممىتى 133 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %10.14 كېمەيدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن گۆشنىڭ قىممىتى 128 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %16.36 ئاشتى. سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى 304 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %29.14 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچىدە سېتىلغان گۆشنىڭ قىممىتى 262 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %32.82 كېمەيدى؛ ئېكسپورت قىلىنغان گۆشنىڭ قىممىتى 41 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %5.74 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق گۆشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %10.43 ئاشتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۆش بازارلىرى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلدى. گۆش سېتىۋېلىش قىزىغان پەسىلدە كۆپ يوللار ئارقىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن بىۋاستە سېتىۋېلىنغانلىقتىن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كالا، قوي سېتىۋېلىش باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆرلىدى، ئىلىدا تىرىك قوينىڭ ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 3.5 يۈەن ئەتراپىدا، ئالتايدا 4.5 يۈەندىن بەش يۈەنگىچە بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %40 — %50 ئۆستى. ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزغا يۆتكەپ بەرگەن قوي گۆشىنىڭ ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 8.7 — 9 يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %35 ئەتراپىدا ئۆستى. سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشى دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەكلىكلەر تارماقلىرىنىڭ گۆش سېتىۋېلىشىغا زور قىيىنچىلىق تۇغدۇردى، تىرىك مال سېتىۋېلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەكلىك تارماقلىرى سېتىۋالغان گۆش 9945 توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %31.9 ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان سويۇلىدىغان كالا 25 مىڭ بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %46 ئازايدى؛ سېتىۋېلىنغان سويۇلىدىغان قوي 382 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، %31 ئازايدى؛ سېتىۋېلىنغان تىرىك چوشقا 39 مىڭ 800 بولۇپ، %26.43 ئازايدى. تىرىك مال، گۆش سېتىۋېلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازايغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھا ئامىلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك يېمەكلىك شىركەتلىرى ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىدىغان گۆش مىقدارىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. 1993 ـ يىلى ئەمەلىيەتتە يەرلىك ئورۇنلاردىن يۇقىرىغا يۆتكەپ بېرىلگەن كالا، قوي گۆشى 2259 توننا (كالا گۆشى 527 توننا، قوي گۆشى 1732 توننا) غا يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 69 توننا ئاشتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن كالا ـ قوي گۆشى 3364 توننا (كالا گۆشى 1009 توننا، قوي گۆشى 2255 توننا) غا يېتىپ، 2394 توننا ئاشتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن چوشقا گۆشى 9289 توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4411 توننا ئازايدى. 1993 ـ يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرى ساتقان گۆش 26 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %22.9 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان چوشقا گۆشى 11 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %17.93 ئازايدى، كالا گۆشى 4200 توننا بولۇپ، %4.5 ئازايدى، قوي گۆشى 10 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %32.69 ئازايدى.

1993 ـ يىلى شىنجاڭ يېمەكلىكلەر باش شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ئورۇندىغان سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 112 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %14.9 ئاشتى، ياراتقان پايدىسى 7 مىليون 727 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %57.1 ئاشتى. 1993 ـ يىلى ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 264 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىنىڭ 100.8 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى، ياراتقان پايدىسى 18 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىنىڭ 137.6 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. 1993 ـ يىل مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە قارىتىلغان سودا داۋاملىق راۋاجلاندى. ئېكسپورت قىلىنغان ئومۇمىي گۆش 3000 توننا (چوشقا گۆشى 2000 توننا، كالا گۆشى 1000 توننا)، شېكەر 365 توننا، ئىمپورت قىلىنغان توخۇ،

ئۆردەك، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار 149 توننا، پولات ماتېرىياللىرى 7000 تونىنغا يېقىن بولدى، ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ يېمەكلىكلەر باش شىركىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 65 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۈچ يىلدا كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 43 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى، نۆۋەتتە كارخانىلاردا تاۋار ئوبوروتى، گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، تىرىك چارۋىلارنى بېقىش، گۆشنى توڭلىتىپ ساقلاش، توڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق تۈرلەردە خىلى مۇكەممەل چوڭ ئوبوروت، چوڭ سودا ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ليۇ جىنيا

ليۇ جىن

## كۆكتات سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆكتات تېرىلغان يەر 1 مىليون 70 مىڭ مو بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئومۇمىي مەھسۇلات 2 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن سەل ئازايدى. بازاردا پۈتۈشۈلگەن كۆكتات مىقدارى305 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10.6% ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرى ساتقان كۆكتات مىقدارى 84 مىڭ 800 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئۈچتىن بىر قىسىم ئازىيىپ كەتتى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋاسىتىسى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى ئۆسكەن، كۆكتاتنىڭ تەننەرخى ئاشقان، سېتىۋېلىش باھاسى ئۆرلىگەن ۋەزىيەتتە، قىشلىق كۆكتات ئامبارلىرى جىددىي ئازىيىپ كېتىپ، قىشتىكى بازارلاردا كۆكتاتنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. نۇرغۇن كۆكتاتلارنىڭ باھاسى 1992 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆرلەپ كەتتى. چوڭ ئوبوروت، چوڭ بازارنىڭ ئەندىزىسى تېخى شەكىللىنەلمىدى.

گۇاڭ لىجى

## شېكەر، ھاراق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا سىستېمىسىنىڭ شېكەر، ھاراق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 268 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.93% ئېشىپ، سودا سىستېمىسى بويىچە سېتىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

شېكەر 1992 — 1993 - ئىشلەپچىقىرىش يىلىدا پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ئازىيىپ، ئېكسپورت مىقدارى كۆپىيىپ، شېكەر مەنبەسى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەت ئىچىدە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا يوچۇق پەيدا بولدى، 1993 - يىل2 - ئايدىن كېيىن، باھا ئۈزلۈكسىز ئۆرلىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى شېكەر - ھاراق شىركەتلىرى سىستېمىسى مۇشۇ بىر يىلدا سېتىۋالغان شېكەر 25 مىڭ 200 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5% ئاشتى، سېتىش مىقدارى 21 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 27.67% ئازايدى.

ھاراق مال مەنبەلىرى تولۇق بولدى، سېتىۋېلىش - سېتىش تەڭ گۈللەندى، ئامبار قالدۇقى كۆپ بولدى. داڭلىق، ئېسىل ئاق ھاراقنىڭ سېتىلىشى بەزىدە ئۆرلىدى، بەزىدە پەسەيدى، پىۋىنىڭ سېتىلىشى مۇقىم ھالدا ئاشتى، قىزىل ھاراق يەنىلا كاساتلىشىپ قالدى، ئىمپورت قىلىنغان ھاراقلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ بازارلىرىدا كۆپلەپ سېتىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى شېكەر - ھاراق شىركىتى سىستېمىسى مۇشۇ يىلدا سېتىۋالغان ھاراق 96 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.93% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 39 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.74% ئاشتى، پىۋا 48 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، 2.77% ئاشتى. سېتىلغان ھاراق 106 مىڭ 900 تونىنغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 37.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 45 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، 36.67% ئاشتى، پىۋا 52 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، 31.75% ئاشتى، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 22 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 19.6% ئاشتى.

قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مەملىكەت ئىچىدە سۈت پاراشوكىغا بولغان ئېھتىياج ئاشتى، مال مەنبەسى جىددىيرەك بولدى، سۈت پاراشوكىنىڭ سېتىلىشى كۆپەيدى، ئىچىملىكلەرنىڭ سېتىلىشى داۋاملىق ياخشى بولدى؛ باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىشىدا داۋاملىق تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شېكەر - ھاراق شىركىتى سىستېمىسىنىڭ مۇشۇ يىلدا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىش سوممىسى 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە كونسېرۋا 17% تۆۋەنلىدى.

جاڭ شىجو

## ھاراقنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھاراقنى مەخسۇس سېتىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 33773 نۇسخا ھاراق ئىشلەش - سېتىش ئىجازەتنامىسى تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى 400 نۇسخا، توپ سېتىش ئىجازەتنامىسى 373 نۇسخا، پارچە سېتىش

ئىجارىچىنامىسى 33 مىڭ نۇسخا. ھاراقنى مەخسۇس سېتىشنى تەكشۈرگۈچى خادىملارغا 184 نۇسخا خىزمەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي يەتتە قېتىم مۇتەخەسسىسلەر ھاراق باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، بازاردا سېتىلىۋاتقان مەملىكەتلىك داڭلىق ئېسىل ھاراقلار ۋە يەرلىك داڭلىق، ئېسىل ھاراقلار سەزگۈ ئەزا ئارقىلىق باھالاپ چىقىلدى، تەكشۈرۈلگەن 1000 خىل ھاراقنىڭ بەش خىلى يېنىك ساناقەت نازارىتى سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئۆلچەم ئىدارىسى سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ فىزىكىلىق ـ خىمىيىلىك تەكشۈرۈشىگە يوللاندى، ئۈچ خىل ھاراق يالغان، ساختا مەھسۇلات دەپ ھېسابلاندى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت ئىدارىسى ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى، ماسلىشىشى ئارقىلىق، يالغان، ساختا، ناچار ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش ئەنزىسىدىن ئىككىسى بىر تەرەپ قىلىندى، 400 بوتۇلكا يالغان، ساختا «ئىلى ئاق ھارىقى» ۋە يالغان، ساختا «ئىلى ئاق ھارىقى» ئىشلەپچىقىرىشتا خام ئەشيا قىلىنىدىغان ھاراقتىن 1000 بوتۇلكا قولغا چۈشۈرۈلدى. يالغان، ساختا «ۋۇلياڭيې ئاق ھارىقى» دىن 102 بوتۇلكا، يالغان، ساختا «ماۋتەي» ھارىقىدىن 336 بوتۇلكا تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى.

1993 ـ يىلى جەمئىي 191 مىڭ 800 بوتۇلكا (تەخمىنەن 2000 توننا) ھاراق شىنجاڭدىن چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 181 مىڭ بوتۇلكا ئاق ھاراق (25 مىڭ بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 3744 بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى، 7026 بوتۇلكا پىۋا بار.

مېن جاۋلۇ

تيەن ۋېنچى

## قۇرۇتۇلغان كۆكتات، دورا ـ دەرمان، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ قۇرۇتۇلغان كۆكتات، دورا ـ دەرمان، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىش سوممىسى 52 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %61.6 ئاشتى؛ قۇرۇتۇلغان كۆكتات، دورا ـ دەرمان، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىش سوممىسى 54 مىليون 494 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %32.8 ئاشتى. يارىتىلغان پايدا 1 مىليون 539 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.8 ئازايدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 439 مىڭ 400 يۈەن، ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ياراتقان پايدىسى 12 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن بىر ئاز ئازايدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 5598 يۈەنگە يېتىپ، 1267 يۈەن ساپ ئاشتى.

1993 ـ يىلى كىچىك تىپتىكى دورا ـ دەرمان، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، قارىمۇچ، كاۋاۋىچىن، شاكال بېدىيان، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى يەنچىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ كىچىك خالتىلارغا قاچىلاش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يۇقىرىدىكى دورا ـ دەرمانلارنىڭ ئەسلى خورۇچلىرى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن قېقى، مېۋە خورمىسى رەتلىنىپ، كىچىك خالتا، كىچىك قۇتىلارغا بۆلۈپ قاچىلىنىپ، ئىستېمال قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىلدى.

جىيا جىيندا

## قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى

1993 ـ يىلى سودا سىستېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، تۈزدىن باشقا ئىلگىرىكى باشقۇرۇشقا تەۋە بارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتتى. كارخانىلار تاۋارنىڭ تەننەرخى، ئىستېمال قىلىنىشى، پايدىسى، بېجى ۋە بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج بويىچە سېتىش باھاسىنى بېكىتتى. قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن بازاردىكى سېتىش باھاسىدىكى ئۆرلەشكە يۈزلەندى.

1) يەرلىك داڭلىق ھاراقلارنىڭ باھاسى: 1993 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان يەرلىك داڭلىق ھاراقلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى خىلى — ئىلى ئالاھىدە ھارىقى بىلەن كۈيتۇڭ ئالاھىدە ھارىقىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. ئۈرۈمچى رايونىدا فارفور بوتۇلكىغا قاچىلانغان ئىلى ئالاھىدە ھارىقىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلىپ، ھەر بىر بوتۇلكىسىنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى 11.8 يۈەندىن 15.5 يۈەنگە تەڭشەلدى، پارچە سېتىلىش باھاسى 12.97 يۈەندىن 17 يۈەنگە تەڭشەلدى، يىل ئاخىرىغىچە داۋاملىق تەڭشىلىپ، 23 يۈەنگە چىقتى؛ فارفور بوتۇلكىغا قاچىلانغان كۈيتۇڭ ئالاھىدە ھارىقىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە توپ سېتىلىش باھاسى 9.64 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 10.6 يۈەنگە ئۆستى، قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە سېتىش باھاسىدا قويۇۋېتىشنىڭ ئالدىدىكى باھا سەۋىيىسى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى، يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 14.33 يۈەنگە تەڭشەلدى. ئىلى ئالاھىدە ھارىقىنىڭ باھاسى خېلىلا ئۆسكەن بولسىمۇ، بازاردا يەنىلا خېرىدارى كۆپ بولدى، كۈيتۇڭ ئالاھىدە ھارىقىنىڭ نورمال سېتىلىشىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى.

2) شېكەرنىڭ باھاسى: شېكەرنىڭ باھاسى 1991 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەنىدى، 1993 ـ يىلى ھەر بىر توننا شېكەرنىڭ

باھاسى 2900 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۈرۈمچىدە ھەر بىر كىلوگرام شىبكەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 3.5 — 3.75 يۈەن بولۇپ، %5 ۋە %8 ئۆپچۆرىسىدە ئۆستى.

3) گۆشنىڭ باھاسى: ئۈرۈمچى بازارلىرىدا 1993 ـ يىلى گۆشنىڭ سېتىلىش باھاسى 1992 ـ يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى، قوي گۆشىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىدا سېتىلىش باھاسى (توڭلىتىلغان ئۆستىخانلىق گۆش) توققۇز يۈەن. بازار باھاسى (يېڭى گۆشنىڭ) 12 يۈەن بولدى؛ كالا گۆشىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىدا سېتىلىش باھاسى 5.7 يۈەن، بازار باھاسى توققۇز يۈەن بولدى. 1992-يىلى ھەر بىر كىلوگرام چوشقا گۆشىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىدا سېتىلىش باھاسى 3.6 يۈەن، قوي گۆشىنىڭ 5.6 يۈەن ئىدى.

چۇ فاڭ

## توقۇلمىلار، ئىلمە توقۇلمىلار بازىرى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىنىڭ توقۇلمىلار، ئىلمە توقۇلمىلارنى سېتىش سوممىسى 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %4.8 ئاشتى. سېتىلغان پاختا رەخت 23 مىليون 784 مىڭ مېتىر بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %11.4 ئازايدى؛ سېتىلغان يۇڭ توقۇلمىلار 1 مىليون 539 مىڭ مېتىر بولۇپ، %29 ئازايدى؛ سېتىلغان تاۋار ـ دۇردۇن 5 مىليون 806 مىڭ مېتىر بولۇپ، %10.6 ئازايدى. سېتىلغان يۇڭ يىپ 657.1 توننا بولۇپ، %15.3 ئازايدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە توقۇلمىلار، ئىلمە توقۇلمىلار بازىرىنىڭ يۈزلىنىشى مۇنداق بولدى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، سېتىش بازىلىرى كۈندىن كۈنگە تارايدى، پارچە سېتىش مۇقىم، راۋان بولۇپ، توپ سېتىشتىن ياخشى بولدى؛ يەككىلەرنىڭ توقۇلما، ئىلمە توقۇلمىلار سودىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭكىدىن ياخشى بولدى. تاۋار خىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىلمە پاختا توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىشى توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىشىدىن ياخشى بولدى، تەييار كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سېتىلىشى رەختلەرنىڭ سېتىلىشىدىن ياخشى بولدى. رەختلەرنىڭ سېتىلىشى سالماق ھالدا تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان رەختلەر، زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان رەختلەرگە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەككە ئىشلىنىدىغان رەختكە بولغان ئېھتىياج تۆۋەنلىدى، يېڭىچە، ئالىي دەرىجىلىك رەختلەر شەھەر ئىستېمالچىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئىلمە پاختا توقۇلمىلار ئىچىدە ھەرخىل دەم ئېلىش كىيىمى، تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمى، ساپ پاختىدىن ئىشلەنگەن ئىسسىقلىق ساقلاش كىيىمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىچ كىيىمگە بولغان ئېھتىياج ياخشى بولدى. ساپ يۇڭ يىپ، يۇڭ گىلەم ۋە ئارىلاشما يۇڭ گىلەم، ھەرخىل ئېسىل يۇڭ پوپايكىلار، ئالىي دەرىجىلىك كارىۋات بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ شەھەرلەردە سېتىلىشى ياخشى بولدى. كىيىم ـ كېچەكلەر ئىچىدە مودا كىيىم ـ كېچەكلەر، ئالىي دەرىجىلىك، ئېسىل كاستيۇم ـ بۇرۇلكىلار، خۇرۇم كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە باللار كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ سېتىلىشى جانلاندى. يېزىلاردا سېتىۋېلىش كۈچى ۋە ئىستېمال كۆزقارىشىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يەنىلا ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك توقۇلما، ئىلمە توقۇلمىلار ئاساس قىلىندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا توقۇلما، ئىلمە توقۇلمىلارنى توپ ساتىدىغان ھەر دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ تىجارىتى قىيىنلىشىپ، ھايات ـ ماماتلىق كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. كارخانىلارنىڭ سېتىشى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇدا تۆت يىل زىيان تارتتى، زىيان ئۆتكەن ئىككى قېتىمدىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. 1993 ـ يىلى پەقەت ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى پونكىتلار ھەمدە ئىلى، قەشقەر توقۇمىچىلىق پونكىتلىرىنىڭ زىيىنىلا 79 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 26 مىليون 75 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

چېڭ جۇئەن

## مېتال ـ قاتناش ـ ئېلېكتر ـ خىمىيە بۇيۇملىرى تىجارىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى سىستېمىسىنىڭ مېتال ـ قاتناش ـ ئېلېكتر ـ خىمىيە تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 14 مىليون يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئاشتى، مېتال ـ قاتناش ـ ئېلېكتر ـ خىمىيە ئائىلە ئېلېكتر بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈردىكى تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش سوممىسى ئومۇميۈزلۈك ئاشقان بولسىمۇ، ھەرخىل تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ـ سېتىلىشىدا ھەم ئۆرلەش، ھەم تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى. سېتىۋېلىنىشى 1992 ـ يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئاشقان تاۋارلار ئىچىدە؛ سېتىۋېلىنغان مىخ %48.7، سىم %79، ئادەتتىكى لامپۇچكا %0.7، ئۇننائالغۇ %5.7، كىرئالغۇ %19.9، توڭلاتقۇ %6.2 ئاشتى؛ سېتىۋېلىنىشى 1992 ـ يىلدىكىدىن ئازايغان تاۋارلار ئىچىدە: ۋېلسىپىت %16.4، رەڭسىز تېلېۋىزور %7.6، رەڭلىك تېلېۋىزور %13.9، شامالدۇرغۇچ %15.4 ئازايدى. مىخ تىجارىتى ئالدىنقى يېرىم يىلدا خام ماتېرىيالنىڭ جىددىيلىكى، پولات ماتېرىياللىرى باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلىشى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى



غۇلجا شەھىرى ئاسلەبكە ساناتەت بۇيۇملىرى سودا بازىرىدىكى تىجارەت قىلىدىغان ئورۇننىڭ كۆلىمى 4330 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مۇقىم تىجارەت قىلىدىغان يەككە تىجارەتچى 800، يىللىق تىجارەت سوممىسى 20 مىليون يۈەن.

دەريا ھەسەن فوتوسى

سەۋەبىدىن 1992 - يىلدىكىدىن %13.8 ئاشتى. سېتىلىشى كۆپەيگەن ماللار ئىچىدە يەنە رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ سېتىلىشى %10.1، ئۈنئالغۇنىڭ سېتىلىشى %11.3، كىر ئالغۇنىڭ سېتىلىشى %32.6، توڭلاتقۇنىڭ سېتىلىشى %16.3 ئاشتى. ساپ ئۇلتا، موم، سۇدان قاتارلىق تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياجمۇ تۇرلۇك دەرىجىدە ئاشتى. بازارنىڭ سىم، ۋېلسىپىتكە بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن قاتناش تۇسالغۇغا ئۇچرىغان، مال مەنبەلىرى بالدۇر ئۇيۇشتۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامبار زاپىسى ئاز، مال مەنبەلىرى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن سىمنىڭ سېتىلىشى %14.3، ۋېلسىپىتنىڭ سېتىلىشى %17.4 ئازىيىپ كەتتى. لامپۇچكىنىڭ سېتىلىشى %3.5، رەڭسىز تېلېۋىزورنىڭ %5.9، شامالدۇرغۇچنىڭ %12.5 ئازىيىپ كەتتى.

لۇ ۋېي

نېفىت تىجارىتى

1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليون 301 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن 1 مىليون 76 مىڭ توننا، دىزېلىن 1 مىليون 51 مىڭ توننا، كىرسىن 110 مىڭ توننا، سىلىقلاش مېيى 64 مىڭ توننا. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە سېتىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرى 1.152 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3 ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن 781 مىڭ توننا، دىزېلىن 695 مىڭ توننا، كىرسىن 9000 توننا، سىلىقلاش مېيى 36 مىڭ توننا ئازايدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىغا سېتىلغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 678 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %25.3 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن 288 مىڭ توننا، دىزېلىن 343 مىڭ توننا، سىلىقلاش مېيى 47 مىڭ توننا كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا يارىتىلغان پايدا ۋە باج 104 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون مالىيەسىگە تاپشۇرۇلغىنى 50 مىليون يۈەن، باجغا تاپشۇرۇلغىنى 29 مىليون 130 مىڭ يۈەن. 1993 - يىلى 249 مىڭ توننا يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن بىلەن تەمىنلەش پىلانى ئورۇندالدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتى جۇڭگودىكى 500 ئىلىك چوڭ مۇلازىمەت كارخانىسىنىڭ سودا تۈرىدىكىلىرى ئىچىدە 2 - بولۇپ باھالاندى.

شۈي شياۋيەن

مىللىي سودا

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي سودىسى بار 55 ناھىيە (شەھەر) دە مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويغان 502 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - مىللىي سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 مىڭ 200، تۇراقلىق مۈلكى 567 مىليون يۈەن، ئۆزىدە بار مەبلىغى 177 مىليون يۈەن، قەرز مەبلىغى 438 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليارد 540 مىليون يۈەنلىك تاۋار سېتىۋېلىندى، 1 مىليارد 880 مىليون يۈەنلىك تاۋار سېتىلدى، 36 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، يۇقىرىغا 44 مىليون يۈەن پايدا ۋە باج تاپشۇرۇلدى.

1993 - يىلى 242 كارخانا زىيان تارتتى، زىياننىڭ دائىرىسى %48 بولدى، زىيان سوممىسى 45 مىليون يۈەن، پايدا - زىياننى چاققاندا، ساپ زىيان 8 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. زىيان كۆرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى ئاساسەن مۇنداق: مەبلەغ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن، قەرز ۋاقتىدا يىغىۋېلىنمىغان، تىجارەت مۇئەسسەسەلىرى كونىراپ كەتكەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش مەبلىغى كەمچىل بولغان، قەرز پۇلىنىڭ

ئۆسۈم پىرسەنتى، قوغدىلىدىغان باھا، توشۇش خىراجىتى ياردەم پۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بەزى مىللىي سودىسى بار ناھىيە، شەھەرلەردە ئەمەلىيلەشمىگەن.

تيەن زۈخۈي

**سودا، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسى دۆلەت سىرتىدىكى بازارلارنى پائال تۇردە ئاچتى، مۇشۇ بىر يىلدا سودا سىستېمىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 146 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سودىسى سوممىسى 78 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.8 ھەسسە ئاشتى؛ ئېكسپورت سودىسى سوممىسى 67 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %34 ئاشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سودا سىستېمىسىدا 20 كارخانا مالغا مال ئالماشتۇرۇش بويىچە ئىمپورت، ئېكسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى ۋە زاپاس مال يۆتكەش ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، تارباغاتاي، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سودا تارماقلىرى يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، تاشقى سودىنى مۇستەقىل قانات يايدۇردى. سودا نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سىستېمىلاردا ئون ئىمپورت - ئېكسپورت سودا كارخانىسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ماللار شىركىتى، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، مېتال - قاتناش - ئېلېكتر - خىمىيە سانائىتى شىركىتى، شېكەر ھاراق - قوشۇمچە يېمەكلىكلەر شىركىتى، ماددىي ئەشيا ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى، سودا - يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى باش شىركىتى قاتارلىق ئالتە كارخانا، چېگرا سودىسى، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى زاپاس مال يۆتكەش شىركىتى تاشقى زاپاس مال يۆتكەش ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى، 1993 - يىلى سودا نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق شىركەتلەرنىڭ ئورۇندىغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 930 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ قىممىتى 3 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئەمەلىي ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 810 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. جايلاردىكى سودا كارخانىلىرى پاراخوت ئارىيەت ئېلىپ سىرتقا مال چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1993 - يىلى ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە سودا نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار چەت بىلەن 41 توختام، كېلىشىم ئىمزالىدى، ئۇلار بىلەن پۈتۈشكەن ئومۇمىي سودا سوممىسى 470 مىليون يۈەن بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودا سوممىسى 259 مىليون يۈەنگە، ئىقتىساد، تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق تۈرى سەككىزگە، پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلىشىپ، كەسپىي پائالىيەت ماھىيەتلىك باسقۇچقا قەدەم قويدى.

لىيۇ لىچۈن

**سودا - سېتىق ساھەسىنىڭ ساقلاش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ ساقلاش تارماقلىرى ساقلىغان تاۋارلارنىڭ مىقدارى 1 مىليون 960 مىڭ توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.5 ئازايدى، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، نۇرغۇن كارخانىلار بازارنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى كۈچەيتىپ، تاۋارلارنى تېز كىرگۈزۈپ، تېز چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئامباردا ساقلىنىش ۋاقتىنى قىسقارتتى. ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئازايدى. قاچىلاش، يىغىۋېلىش ئارقىلىق 280 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى. سەۋەنلىكتىن بولىدىغان ھادىسىلەرنىڭ نىسبىتى 14 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايدى. ھېسابات بىلەن مالنىڭ ئويغۇن بولۇش نىسبىتى 11 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئامبار ياسالدى، 12 دانە قاچىلاش - چۈشۈرۈش، يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يې رېنيىڭ

**سودا - سېتىق ساھەسىنىڭ توشۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرى توشۇغان ماللارنىڭ ئوبوروت مىقدارى119مىليون توننا / كىلومېتىرغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %15.03 ئاشتى، تىجارەت كىرىمى 36 مىليون 154 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32.98 ئاشتى، پايدىسى 3 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %154.03 ئاشتى، بۇ جەھەتلەردە تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە لەنجۇ، شىئەن، چاڭشۇ، يىۋۇ، ۋېنجۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق تاۋار توپلىنىدىغان،

تارقىتىلىدىغان جايلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ ئالاقە تورلىرى تەڭشىلىپ بىرلەشمە ترانسپورت قانات يايدۇرۇلدى، 11 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا، قىرغىزىستاننىڭ بىشكېك شەھىرىگە بىر يولدىلا ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆرگەزمە قىلىپ سېتىلغان 120 توننا ماددىي ئەشيا يۆتكەلدى.

1993 - يىلى شىنجاڭ سودا ترانسپورت باش شىركىتى شياڭگاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ مەبلەغ چىقىرىپ «شىنجاڭ ئارىلىقتا مال توشۇشنى كېڭەيتىش ھەسسىدارلىق شىركىتى» نى قۇردى.

لى لياڭفۇ

## سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان تۇرلۇك ماللار پارچە سېتىش كارخانىلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۆت كارخانا سېتىش سوممىسىنى 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى «دوستلۇق» سودا سارىيىنىڭ سېتىش سوممىسى 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 49.6% ئاشتى، يارىتىلغان پايدىسى 22 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 58% ئېشتى؛ شىنجاڭ تۇرلۇك ماللار سارىيىنىڭ سېتىش سوممىسى 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 43.45% ئاشتى، يارىتىلغان پايدىسى 9 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 74.75% ئاشتى؛ ئۈرۈمچى «قىزىلتاغ» سودا سارىيىنىڭ سېتىش سوممىسى 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 29% ئاشتى، يارىتىلغان پايدىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.91% ئاشتى؛ ئۈرۈمچى داشىزى سودا سارىيىنىڭ سېتىش سوممىسى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 37.5% ئاشتى، يارىتىلغان پايدىسى 5 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.9% ئاشتى.

ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئورۇندىغان سېتىش سوممىسى ۋە ياراتقان پايدا سوممىسى جەھەتتە، «دوستلۇق» سارىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىش سوممىسى 263 مىڭ يۈەن، يىلىغا ياراتقان ئوتتۇرىچە پايدىسى 15 مىڭ 900 يۈەن.

تيەن ۋېنچى

## 12 كارخانا «جۇڭخۇا بويىچە كونا كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇڭچۈنيۈەن» مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «خېڭدېلى» سائەت - كۆزئەينەك ماگىزىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى «ئۈچ يۇلتۇز» سۈرەتخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «نىڭدېتاڭ» دورا ماگىزىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى «شىنشىڭچۈەن» مۇنچىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «بوغدا» مۇنچىسى، شىنجاڭ ئىسلام كاتتا مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئىيۇل» ئاچچىقسۇ-جياڭيۇ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تەڭرىتاغ» يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، ئۈرۈمچى «جيەنشىن» كىيىم - كېچەك زاۋۇتى، ئىلى ھاراق باش شىركىتى ئىلى ھاراق زاۋۇتى، گۇچۇڭ ھاراق زاۋۇتىدىن ئىبارەت 12 ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت كارخانىسى ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭخۇا بويىچە كونا كارخانا» دەپ تونۇلدى ۋە ئۇلارغا مېدال، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

تيەن ۋېنچى

# ماددىي ئەشيا

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماددىي ئەشيا سىستېمىسى ئورۇندىغان سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 687 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 28.2% ئاشتى، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 4 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.6% ئاشتى، يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغان ماددىي ئەشيانىڭ ئومۇمىي قىممىتى 665 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 41.18% ئاشتى، ئومۇمىي پايدا 82 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.23% ئاشتى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازارلىرىدا ماددىي ئەشيا تىجارىتى نىسبىتى 94.89% كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تىجارەت دائىرىسىنى پائال تۈردە كېڭەيتتى. كۆپلىگەن كەسپىي شىركەتلەر ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى بىر خىللا تىجارەت ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر كەسىپنى ئاساس قىلىش، ئاساسىي كەسىپ ئارقىلىق قوشۇمچە كەسىپنى يېتەكلەش، گىرەلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ تىجارەت تور - نۇقتىلىرى 663 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى تور نۇقتا 36 بولۇپ، بازارنى قاپلاش كۆلىمى زور دەرىجىدە ئاشتى.

1993 - يىلى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ماددىي ئەشيا ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى ماددىي ئەشيا پاي چېكى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، سانجى، ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ماددىي ئەشيا ئورۇنلىرى

تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بويىچە ماددىي ئەشيا باش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بورتالا ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى گۇرۇھلار باش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى ماددىي ئەشيا ئىدارىلىرى ۋۇجۇدىنى ساقلاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى قىسقارتتى ۋە يۆرۈشتۈردى.

1993 - يىلى ماددىي ئەشيا خىزمىتىدە ساقلانغان ئاساسىي مەسىلىلەر: بىرىنچى، ئاساسلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازايدى، مەسىلەن: پولات ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 16% ئازايدى، ساپ شۆلتىننىڭ سېتىلىش مىقدارى 29% ئازايدى. ئىككىنچى، تەرەققىيات تەكشى بولمىدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شىركەتلەر ۋە ناھىيە دەرىجىلىك نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ ماددىي ئەشيالارنى سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىش ھەجمى كىچىك، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىش ھەجمى چوڭ بولدى. ئۈچىنچى، چوڭ تىپتىكى مەركەزلەشكەن سودا بازىرى كەمچىل، كارخانىلار كۆلىمى كىچىك، تىجارىتى تارقاق،

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماددىي ئەشيا تارماقلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

سومما بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر سوممىسى / ئورۇنلار | سېتىۋېلىنغان تاۋارنىڭ ئەسلى باھاسى | تاۋار سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم | ئامباردىكى قالدۇق تاۋار | پايدا ئومۇمىي سوممىسى: ئەمەلىيەتتە ئورۇندالغىنى | پايدا ئومۇمىي سوممىسى: 1992 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئاشقىنى % |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 368719 | 408901 | 66498 | 8240 | 0.23 |
| 1. ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار جەمئىي | 138840 | 149075 | 26131 | 3320 | — 17 |
| شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 55661 | 60142 | 8538 | 1269 | — 26.87 |
| شىنجاڭ مېتال ماتېرىياللىرى شىركىتى | 37932 | 36147 | 9801 | 1084 | — 1.54 |
| شىنجاڭ خىمىيە، يېنىك سانائەت شىركىتى | 19433 | 22451 | 1934 | 403 | 108.81 |
| شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتى | 9994 | 11823 | 1613 | 208 | — 29.02 |
| شىنجاڭ ماددىي ئەشيادىن قايتا پايدىلىنىش شىركىتى | 4811 | 6356 | 676 | 181 | — 41.42 |
| شىنجاڭ خام ماددىي ئەشيا مۇلازىمەت شىركىتى | 4808 | 4830 | 1325 | 123 | — 41.43 |
| شىنجاڭ ماددىي ئەشيا تەرەققىيات شىركىتى | 3863 | 3484 | 1040 | 51 | — 58.87 |
| شىنجاڭ ماددىي ئەشيا ترانسپورت شىركىتى | 2338 | 3842 | 1205 | 1 | — 97.3 |
| 2. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە جەمئىي | 229879 | 259826 | 40367 | 4920 | 16.56 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 44307 | 47682 | 7605 | 817 | 14.91 |
| قاراماي شەھەرلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 2654 | 3584 | 234 | 186 | 204.92 |
| سانجى ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 25000 | 26999 | 4134 | 580 | 49.48 |
| ئىلى ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 27607 | 31009 | 5771 | 997 | 51.3 |
| بورتالا ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 16447 | 17645 | 2084 | 73 | — 36.52 |
| تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 7402 | 8771 | 914 | 230 | 32.18 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 6817 | 8439 | 1240 | 107 | — 15.08 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تۇرپان ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 10293 | 10458 | 2139 | 276 | — 16.11 |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 9434 | 9381 | 3008 | 230 | 17.95 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 25480 | 31638 | 3420 | 510 | — 8.11 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 25787 | 30386 | 3690 | 371 | — 14.52 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 2100 | 2760 | 773 | 27 | — 53.45 |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 18488 | 21477 | 3993 | 404 | 21.69 |
| خوتەن ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | 8063 | 9597 | 1362 | 112 | 33.33 |

ئاپتونوم رايون بويىچە ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ 1993 - يىلى ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش، سېتىش ساقلاش مىقدارى

| ماددىي ئەشيا نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىل بېشىدىكى ئامبار قالدۇقى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | مەزگىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| پولات ماتېرىياللىرى | توننا | 57414 | 409803 | 381609 | 85608 |
| مىس | توننا | 3 | 163 | 136 | 30 |
| ئاليۇمىن | توننا | 79 | 991 | 1020 | 50 |
| قوغۇشۇن | توننا | 14 | 68 | 78 | 4 |
| قەلەي | توننا | 30 | 1 | 21 | 10 |
| كېرەكسىز پولات تۆمۈر | توننا | 14868 | 27806 | 27540 | 15134 |
| كۆيدۈرۈلگەن شۇلتا | توننا | 699 | 3939 | 4214 | 424 |
| ساپ شۇلتا | توننا | 367 | 9278 | 9140 | 505 |
| بالون | يۈرۈش | 53593 | 112944 | 121435 | 45102 |
| رېزىنكە | توننا | 731 | 1235 | 1728 | 238 |
| سېمونت | توننا | 54004 | 466580 | 474979 | 45605 |
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 310952 | 527410 | 608569 | 229393 |
| تاختا ئەينەك | كۋادرات مېتىر | 2040167 | 3318281 | 3873318 | 1485130 |
| ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى | 10 مىڭ يۈەن | 15273 | 128875 | 125498 | 18650 |
| مېتال كېسىش، يونۇش ستانوكى | دانە | 57 | 236 | 165 | 128 |
| ئاپتوموبىل | دانە | 782 | 10119 | 9989 | 912 |
| بۇنىڭ ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 461 | 4254 | 4290 | 425 |
| سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ساقلىق قازان | 10 مىڭ يۈرۈش | 84 | 119 | 90 | 113 |

مۇقىم ماددىي ئەشيا بازىسى كەمچىل بولدى. تۆتىنچى، تاشقى سودا كەلگۈلىمە قانات يايدۇرۇلمىدى. ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولدى.

نى گېيىڭ

# تەمىنات - سودا

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سىستېمىسى بويىچە سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 817 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 845 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.81 ئاشتى. سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 3 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.84 ئاشتى؛ سېتىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 923 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار ساتقان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 3 مىليارد166 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %7.72 ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.77 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي تاپشۇرۇلغان ھەرخىل باج 134 مىليون يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 78 مىليون 890 يۈەنگە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سىستېمىسى بويىچە پارچە سېتىلغان تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 103 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى. دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئاستا، سېتىۋېلىش كۈچى تارقاق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ يېزىلاردا پارچە سېتىلىش سوممىسى تۆۋەنلەپ كەتتى، پارچە سېتىلىش سوممىسى 330 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %23.82 ئازايدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا تۇرغانلىقتىن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ياتىدىغان تاۋارلارنى سېتىشنىڭ ئاساسىي يولى كۆپ تەرەپنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىدى، پايدا ئازايدى، ئۈنۈم تۆۋەنلىدى، زىيان كۆپەيدى.

يېڭى ئىشلەپچىقىرىش يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىۋېلىنغان يېڭى پاختا 547 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە شۇ مەزگىلدە سېتىۋېلىنغان پاختا مىقدارىنىڭ 25.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ 84 پىرسەنتى ئورۇندالدى، شۇنداقلا «ئاق ھۆججەت» بېرىش ئەھۋالى تۈگىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن پاختا 59 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 1992-يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 21 مىڭ 900 توننا ئاشتى. يىل ئاخىرىغىچە 43 مىڭ 200 توننا پاختا ئېكسپورت قىلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىنى يېڭى پاختا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. 1993 - ئىشلەپچىقىرىش يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا سېتىۋېلىش مىقدارى ۋە سېتىۋېلىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇمىي تېلېگراممىسى ئارقىلىق تەقدىرلىنىشكە ئېرىشتى.

1993 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سىستېمىسىدىكى سودا تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەتتە يېڭى تەرەققىياتلار بولدى، ئەنئەنىۋى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدىن باشقا، جايلار ئۆز يېرىنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىش زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، مېۋە - چېۋە ئىچىملىك زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كىچىك تىپتىكى پولات تاۋلاش - پروكاتلاش زاۋۇتى قاتارلىق ھەرخىل كەسىپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنى يولغا قويدى ھەمدە بۇلارنى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە قىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاساسىي قاتلام تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ %75 تىن كۆپرەكى «ئۆچنى بېكىتىش، بىرگە كاپالەتلىك قىلىش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بۇ تۈزۈمنى يولغا قويغان تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى %95 تىن كۆپرەككە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى «ئۆچنى بېكىتىش، بىرگە كاپالەتلىك قىلىش» ئىسلاھاتى ئاساسىدا ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «كوپېراتىپ ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئىسلاھ قىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى زىيان تارتىشنى پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتىش ۋە «سېتىۋېلىشنى تېزگىنلەش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئامبار قالدۇقىنى ئازايتىش، قەرزنى ئېنىقلاش» خىزمىتىدە

مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا زىيان تارتىشنى پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتتى، سىستېما بويىچە 1992 - يىلى ھېساباتىكى زىيان 110 مىليون يۈەن بولغانىدى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پايدا 78 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تىزگىنلەندى.

ۋاڭ شاۋنىڭ

**يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سىستېمىسى بويىچە سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 970 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.84% ئاشتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50.72 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.02 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى.

پاختا سېتىۋېلىش ئەھۋالى 1993 - پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىلىدا جەمئىي سېتىۋېلىنغان پاختا 547 مىڭ توننا (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق پاختا 16 مىڭ 90 توننا) غا يېتىپ، 1992 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى، سېتىۋېلىش مىقدارى ۋە سېتىۋېلىش سۈرئىتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. 1993 - پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىز پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە بەشتە 1 - بولدى، يەنى بىرلىك مەھسۇلاتتا 1 -، ئومۇمىي مەھسۇلاتتا 1 -، سۈپەتتە 1 -، تاۋارلىق مىقداردا 1 -، دۆلەتنىڭ يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا 1 - بولدى.

مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىش ئەھۋالى سىرتقا يۆتكەلگەن قوغۇن- تاۋۇز 2723 توننا، سېتىۋېلىنغان ئالما 2466 تونىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 131.12% ئاشتى؛ سېتىۋېلىنغان قۇرۇق ئۈزۈم 7384 توننا بولۇپ، 3.69% ئازايدى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى 1993 - يىلى چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى رىقابەت كەسكىن بولغانلىقتىن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى چاي - چارۋا سىستېمىسىنىڭ سېتىۋېلىش مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىدى، رىقابەت ۋاستىسى ئاز بولدى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش 1992 - يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. سېتىۋېلىنغان قوي يۇڭى 17 مىڭ 59 توننا، ئۆچكە تىۋىتى 211 توننا، قوي تېرىسى 1 مىليون 944 مىڭ پارچە، ئۆچكە تېرىسى 208 مىڭ پارچە، كالا تېرىسى 120 مىڭ 200 پارچە.

تۇ لىاڭ

**پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سىستېمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال مەدەت بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە پاختا - چىگە شىركىتى سىستېمىسى پاختىكار دېھقانلارنىڭ كېۋەزنى كۆپ تېرىشقا ئىلھام بېرىش، گوۋۇيۈەننىڭ 1993 - يىل 3 - ئايدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن پائال ماسلىشىپ كېۋەز تېرىلغۇسى مەزگىلىدە پاختىكار دېھقانلارغا ئۆسۈمى مالىيەدىن قوشۇپ بېرىلىدىغان 320 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، ئۆزىمىزدىن 14 مىليون 210 مىڭ يۈەن بۆيرۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن پاختىكار دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 9 مىليون 103 مىڭ موغا يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 1993 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچى پاختا تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى قۇرۇلۇپ، پاختا ئەۋرىشكىسىدىن 424 ى ئۆلچەپ سىناق قىلىندى، پاختا ئەۋرىشكىسىدىن 1048 ى ئالماشتۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن 130 نەچچە دانە ھەرخىل ئەسۋاب تارقىتىپ بېرىلدى ھەمدە ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن ئەسۋابلارنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەپ سىناق قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش جەھەتتە نۇرغۇن مۇلازىمەت خىزمىتى ئىشلەندى.

1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ چىگىت ئايرىش ئىشى پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەسلىك مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەبلەغ ئىنتايىن جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدا 116 مىليون 232 مىڭ 700 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە 91 مىليون 370 مىڭ يۈەن پۇل 1992 - يىلغا تەۋە) قەرز پۇل ھەل قىلىپ بېرىلدى، 126 تۈردە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا توققۇز زاۋۇت، 22 ياغ تارتىش سېخى، تۆت نەمدەش سېخى قۇرۇلدى، يەنە بەزى زاۋۇتلار پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. 1993 - يىلى

پاختىلىقچىغا سېتىۋېلىشنى يەنە پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنى ئېچىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە پاختا قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاختا - چىگە سېتىۋېلىپ ئىشلەپچىقارغان چىگىت يېغى 19 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشتى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چىگىتى ئايرىلغان ساپ پاختا 332 مىڭ 500 توننا بولۇپ، سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ 75.70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىلغان قىسقا تالالىق پاختا 27 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى، تۈرلۈك تېخنىكا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تايلانغان پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 415 - 425 كىلوگرام/كۇۋادرات مېترغا يەتتى، پاختىنىڭ ئۆلچىمى رەتلىك، پاكىزە بولۇپ، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، پاختا تايلايدىغان ئەھۋاللار تۈگىتىلدى.

ۋاڭ شاۋنىڭ

**يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇلازىمىتى**

1993 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تاۋارلىرىنى مەخسۇس باشقۇرۇشنى ئاساسلىق تىجارەت قىلىشقا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، بازار رىقابىتى كەسكىن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. ئۇلار 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەمىنلىگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا، سۇلياۋ يوپۇق 17 مىڭ 19 توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى 1581 توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش ماشىنىسى 43 مىڭ 700 گە يېتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىمۇ پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى تەرەققىيات مەركىزى ۋە شەھەرلەرنىڭ سەھىيە، دورا ئىشلىتىشكە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇردى، 11 خىل يېڭى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇتنى كېڭەيتتى، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مۇلازىمەت پونكىتلىرى تور بولۇپ ئالاقىلىشىش تۈرلىرى شەكىللەندى ھەمدە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش، يەرنى ئۆلچەپ ئوغۇتلاش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش، سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىش، تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش جەھەتلەردىن دېھقان - چارۋىچىلارنى تېرىقچىلىق ئۇچۇرى، بازار ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش، پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتارىيىنى قانات يايدۇرۇش دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، يەرلىك ھۆكۈمەتكە يېزىلاردىكى بازار ئۇچۇرى ۋە دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى ئىنكاس قىلىش، ئالاقىدار تارماقلار ماسلىشىپ دېھقانلار ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە كېڭەيدى.

تۇ لىڭ

**كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سېتىۋېلىپ سېتىۋالغان كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 283 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 208.76% ئاشتى؛ سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 321 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 216.64% ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ۋىلايەتلىك ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالار كەسپىدە، تۇرپان، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن تۆۋەنلىگەندىن سىرت، قالغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش - سېتىش مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالارنى يىغىۋېلىش خىزمىتى قازاقىستانغىچە كېڭىيىپ، مالغا مال ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق زور مىقداردا كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز ئاليۇمىن قاتارلىق مېتاللار سېتىۋېلىنىپ، ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالارنى پىششىقلاپ

ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. شىنجاڭ كېرەكسىز، كونا ماددىي ئەشيالارنى يىغىۋېلىش ئۇلاردىن پايدىلىنىش شىركىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىدىكى پېششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئۆزگەرتىپ، كېرەكسىز پولات - تۆمۈرلەرنى يىغىۋېلىش، پولات تاۋلاش، پولات پروكاتلاش، پولات - تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى پېششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈردى، مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، 640 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

1993 - يىلى كېرەكسىز پولات ماتېرىياللىرىنى سېتىش بازىرى ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى بازار مۇھىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، كېرەكسىز پولات ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىش يەنىلا چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

ۋاڭ شاۋنىڭ

## يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يارانقان يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى سوممىسى ۋە تاشقى سودا - ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 403 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرىغا، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون435 مىڭ 900 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چېگرا سىرتىدا توققۇز كارخانا قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن قازاقىستان ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى ئۆزئارا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىل ئەۋەتىشىپ، ئۆزئارا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى تەسىس قىلىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تاشقى سودا ۋە يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى خىزمىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى يەرلىك سودا - چېگرا سودىسىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى چېگرا سودىسى باش شىركىتى قۇرۇلدى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تارماق شىركەت نامى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى چېگرا سودىسى باش شىركىتى ۋە ئۆزلىرى قۇرغان شىركەت ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، ئىلگىرىكىدەك پەقەت مال مەنبەلىرىنىلا تەشكىللىيەلەيدىغان، تاشقى سودا شىركىتىگە ۋەكالەتلىك قىلىدىغان ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئىككىنچىدىن، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئاددىي خام ئەشيا ۋە ماتېرىيال سودىسى ئالىي، قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلار سودىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئەنئەنىۋى تاۋارلاردىن باشقا، يەنە ئاپتوموبىل، ماشىنا - ئېلېكتر، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، پولات ماتېرىياللىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، قاشتېشى قاتارلىق تاۋارلار بىلەن تىجارەت قىلىنىدىغان بولدى.

ئۈچىنچىدىن، يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى يوللىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىن تاشقىرى، يەنە روسسىيە فېدېراتسىيىسى، موڭغۇلىيە، پاكىستان، رۇمىنىيە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى بىلەن بولغان سودىمۇ راۋاجلاندى.

تۆتىنچىدىن، سودا قىلىش ئۇسۇللىرى تېخىمۇ جانلىق بولدى. مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ماتېرىيال پېششىقلاپ ئىشلەش، نەق پېرېۋوت سودىسىغا تەرەققىي قىلىپ، يەرلىك سودا - چېگرا سودىسىنىڭ جانلىنىشىنى، خىلمۇخىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ۋاڭ شاۋنىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق پاختا كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پاختا كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

بۇ شىركەت — ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى رەھبەرلىكىدىكى پاختا ئوبوروتىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىر گەۋدە قىلىنغان، كەسىپ، رايون، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ھالقىغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە.

بۇ گۇرۇھ ئۈچ قاتلامدىن تەركىب تاپقان: ئاپتونوم رايونلۇق پاختا - چىگە شىركىتى يادرو قىلىنغان قاتلام؛ ئىختىيارلىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە قاتناشقان 60 نەچچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركەتلىرى زىچ بىرلەشكەن قاتلام؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى 30 نەچچە توقۇمىچىلىق سانائىتى، خام ئەشيا سانائىتى، يېزا ئىگىلىك، سودا، پەن تەتقىقاتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك پاختا - چىگە شىركەتلىرىدىن تەركىب تاپقان تارقاق قاتلام.

گۇرۇھنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئەزا كارخانا ۋەكىللىرى يىغىنى بولۇپ، مۇدىرىيەت تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ

رەھبەرلىكىدىكى باش جىگلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

تۆ لىك

**ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كارخانىلىرى گۇرۇھى شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ شىركەت ئاساسلىقى، پىلان سىرتىدىكى خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ۋە دۆلەت سىياسىتى يول قويغان باشقا تاۋارلار، ماددىي ئەشيالارنى قوشۇمچە تىجارەت قىلىدۇ، ئۆز ئىشلەپچىقىرىش، ئىچكى - تاشقى سودا، پەن تەتقىقاتى، مەبلەغ سېلىش - ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە.

تۆ لىك

## ئاشلىق

**ئاشلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارمىقىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن 2782 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 49 مىڭ 470 كە يەتتى. تارماقلار بويىچە ئايرىغاندا، مەمۇرىي تارماق 118گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3986 گە يەتتى؛ كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتى 89 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1240 قا يەتتى؛ كارخانا تىجارەت ئاپپاراتى (ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرى، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش-سېتىش تور - نۇقتىلىرى، ئاشلىق، ياغ سودا مەركەزلىرى، ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازارلىرى، پارچە سېتىش تور - نۇقتىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2244 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 مىڭ 309 غا يەتتى؛ يۆتكەپ بېرىش ئاپپاراتى 42 گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 1994 كە يەتتى؛ ئۇن، ياغ تارتىش ئاپپاراتى 210 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 مىڭ 676 گە يەتتى؛ باشقا مۇستەقىل، شۆبە ئاپپاراتلار 79 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2265 كە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق 7 مىليارد 237 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2 ئېشىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 451 كىلوگىرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. مۇشۇ ئاشلىق يىلىدا دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق 1 مىليارد 395 مىليون 890 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %28.3 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغان ئاشلىق 767 مىليون 250 مىڭ كىلوگىرام. خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، شىخەنزە، قۇمۇل، قاراماي، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 224 مىليون 890 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %12.8 ئازايدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 1992 - يىلدىكىدىن ئاشقاندىن سىرت، قالغان 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 1992 - يىلدىكىدىن زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى. مۇشۇ ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ئۇلاق پەرق 171 مىليون كىلوگىرام بولدى. مۇشۇ يىلدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شىخەنزە شەھىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشتا ئۇلاق پەرقنى ئىشقا ئاشۇردى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياغلىق دان، چىگىتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ياغقا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 243 مىليون 50 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى. مۇشۇ يىلدا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغ 84 مىليون 30 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.2 ئازايدى. بايىنغولىن، سانجى، بورتالا ئوبلاستلىرى، قۇمۇل، تارباغاتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇندىدى ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سېتىلغان ياغ 136 مىليون 300 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %56.8 ئاشتى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردە ياغ مەنبەلىرى قىس بولۇپ، باھا ئۆرلىگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۆپ مىقداردىكى ياغ ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرگە سېتىپ بېرىلدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياغنىڭ سېتىۋېلىنىش - سېتىلىشتىكى تەتۈر پەرقى 52 مىليون 270 مىڭ كىلوگىرام بولدى، بۇ يىلدا پەقەت ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىلا ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش ئۇلاق پەرقنى ئىشقا ئاشۇردى.

1993 - يىل — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق كەسپلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى تېز بولغان بىر يىل

بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى شەھەر ئىقتىسادىنى يېتەكچى، ئاشلىق باھاسى ئىسلاھاتىنى بۆسۈش ئېغىزى، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى مۇشۇ ئىسلاھاتتا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تەسەۋۋۇرى قىلىنغان ئاساستا، بازارنى قويۇۋېتىش، باھانى قويۇۋېتىش، تىجارەتنى قويۇۋېتىش يولىنى بويلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىلدىكى ئاشلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى:

1) ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا زور قەدەم تاشلاندى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا «سېتىۋېلىشنى ئازايتىپ، سېتىشنى قويۇۋېتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ۋە ئاشلىق تىجارىتى قويۇۋېتىلدى، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئەسلىدىكى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ 60 پىرسەنتىنى دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش بويىچە داۋاملىق سېتىۋېلىندى، 40 پىرسەنتىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە تىجارىتى قويۇۋېتىلدى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق يۆتكەش پىلانى ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مالىيەسىنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم بېرىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى.

2) ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. 1993 - يىل ئاشلىق سېتىۋېلىش باھا قويۇۋېتىلگەن، تىجارەت قويۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى تۇنجى يىل. بۇغداينىڭ سېتىلىش يوللىرى راۋان بولمىغانلىقتىن، ئامباردا كۆپ ساقلىنىپ قالدى، كۆممىقوناق، گۈرۈچ، ياغلىق داننىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى، ئاساسلىق تۈرلەرنى سېتىش ھەم سېتىۋېلىش قىيىن بولۇشتەك مۇرەككەپ ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، ئاشلىق تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدىكى ئېشىنچە ئاشلىقلارنى پائال تۈردە سېتىۋالدى. بانكا قاتارلىق تارماقلار ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغاچقا، «ئاق ھۆججەت بېرىش» مەسىلىسى يۈز بەرمىدى. سىياسەت بەلگىلىمە بويىچە «ئۈچنى چېتىش» دېھقانلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلدى. قوغدىلىدىغان باھا سىياسىتى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. ئاشلىق ساقلاشنىڭ قىيىنلىقىدىن كېلىپ چىققان سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 30 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئامبار سىغىمچانلىقى 40 مىليون كىلوگرام ئاشۇرۇلدى.

3) ئاشلىق بازىرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازارلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى، ئاقسۇ قاتارلىق بەش ۋىلايەت دەرىجىلىك توپ سېتىش بازىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تىجارەت باشلىدى، يەكەن قاتارلىق 12 باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئاشلىق ياغ سودا ئورنىدا تىجارەت باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازىرى باشلامچى قىلىنغان، ۋىلايەت دەرىجىلىك توپ سېتىش بازارلىرى تايانچ قىلىنغان، ناھىيە، يېزا (بازار) ئاشلىق، ياغ سودا بازارلىرى ئاساس قىلىنغان ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازارلىرى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغنىڭ ئامبار قالدۇقى كۆپ، ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغ كۆپ، مەبلەغنىڭ ئوبوروتى ئاستا بولۇشتەك ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغنى بازارغا سېلىپ سېتىشنى چىڭ تۇتۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. سېتىلغان ئاشلىق ئايمۇ ئاي كۆپىيىپ، ئاشلىق، ياغنى بازارغا سېلىپ سېتىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

4) ئاشلىقنىڭ بىخەتەر ساقلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا زاپاس ساقلانغان ئاشلىق ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى، بولۇپمۇ ئامبارلار ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي، نۇرغۇن ئاشلىق ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىپ، ئاشلىق ساقلاشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «تۆتتىن خالى» ئامبار بەرپا قىلىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئامبار باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئامباردىكى ئاشلىق قىش ۋە ئەتىيازدىن بىخەتەر ئۆتتى، ئاشلىق بۇزۇلۇش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلار تەكشۈرۈلۈپ، ھېسابات بىلەن ئاشلىق سېلىشتۇرۇلدى.

5) كۆپ خىل ئىگىلىك تېز راۋاجلاندى، ئىگىلىك دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق

تارماقلىرى كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ تەييارلىدى، ئاپتونوم رايون كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك تەرەققىيات فوندى ئورۇنلاشتۇردى، زور مىقداردىكى كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرلىرى ئىچىدىن 115 تۈرنى تاللىدى، بىر قىسىم تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جايلار، كارخانىلار كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەبلەغ تەييارلاپ، بۇنى كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان پايدىسى 50 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق خىزمىتىدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر شۇكى، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك زىيىنى زور. ئۆسۈم تۆلەش يۈكى ئېغىر بولدى؛ ئاشلىق باھاسى ۋە ئاشلىق تىجارىتى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق كارخانىلىرى ھۆكۈمەت بېرىدىغان مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمەن بولالمىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 1993 - يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى

بىرلىكى: 10 مىڭ كىلوگرام

| رايونلار | سېتىۋېلىنغىنى | | سېتىلغىنى |
|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغىنى | |
| جەمئىي | 139589 | 76725 | 122489 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 5492 | 400 | 18698 |
| قاراماي شەھىرى | 110 | 48 | 1875 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 831 | 165 | 2077 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 3362 | 1585 | 4838 |
| سانجى ئوبلاستى | 26214 | 13365 | 18684 |
| شىخەنزە شەھىرى | 3875 | 3248 | 3307 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 995 | 303 | 1152 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 26569 | 15355 | 16683 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 18311 | 10712 | 8256 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 6333 | 3662 | 3954 |
| بۆرتالا ئوبلاستى | 4502 | 2745 | 1688 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 8736 | 5324 | 8532 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 11887 | 8460 | 8589 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1019 | 245 | 1524 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 11486 | 7926 | 11267 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 8990 | 3182 | 6949 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 877 | | 4416 |

١

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 1993 - يىلى ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى

بىرلىكى: 10 مىڭ كىلوگرام

| رايونلار | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى |
|---|---|---|
| جەمئىي | 8403 | 13630 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 262 | 1065 |
| قاراماي شەھىرى | | 93 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 17 | 75 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 77 | 236 |
| سانجى ئوبلاستى | 2230 | 2601 |
| شىخەنزە شەھىرى | 428 | 901 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 224 | 492 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 788 | 2852 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 953 | 1425 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 71 | 257 |
| بورتالا ئوبلاستى | 401 | 548 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1244 | 805 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 654 | 549 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 54 | 90 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 600 | 837 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 233 | 378 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 183 | 426 |

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشلىقنىڭ ئامبار قالدۇقى كۆپىيىپ، چىقىم ئېشىپ كېتىپ، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىجاتلىق تېپىشىدا كىرىزىس كۆرۈلۈپ، ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت ئېغىر دەرىجىدە كاساتلاشتى.

شۈي شىكتەي

## ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى «سېتىۋېلىشنى ئازايتىش، سېتىشنى قويۇۋېتىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان هالدا ئىسلاھ قىلىنىپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

1) 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى بىلەن تىجارەت ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي يوللۇق رولى جارى قىلدۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ كۆپلىگەن ئوبوروت يوللىرى ئارقىلىق ئاشلىق بازارلىرىدىكى تىجارەتكە قاتنىشىپ، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىشىگە ئىلهام ۋە مەدەت بېرىلدى.

2) شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى

باشقا ئاھالىلەرنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىكى كۆتەك كارتا ئاشلىق تارماقلىرى تەرىپىدىن ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇلدى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق بىلىتىنى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئوبوروت قىلىش توختىتىلدى.

3) ئاشلىق سېتىۋېلىشتا دۆلەتنىڭ ئەسلىدىكى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 1 مىليارد 325 مىليون كىلوگرام تۈپ سان قىلىنىپ، رايونلارغا، تۈرلەرگە ئايرىلماستىن، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش، تۆتنى قويۇۋېتىش سىياسىتى (يەنى %60 نى دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ داۋاملىق سېتىۋېلىش، %40 نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن تىجارىتىنى قويۇۋېتىش) بىر تۇتاش يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا تەكشى تەقسىم قىلىندى.

4) دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىق سانى ئۆزگەرتىلمەي، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى دەل ۋاقتىدا دېھقانلار بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى ھەمدە بۇنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئائىت تۈرلۈك سىياسەتلەر گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىندى.

5) دۆلەتنىڭ ئاشلىق بۇيرۇپ بېرىش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ، سېتىش رايونى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش رايونى سېتىۋېلىش، سېتىش توختامى ئىمزالاش شەكلى ياكى توپ سېتىش بازىرىدا سودىلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىندى، ئاشلىق باھاسىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتتى.

6) 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ياغنى يېتەكچى خاراكتېرلىك بۇيرۇپ بېرىش پىلانى ۋە ئاھالىلەرنى ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياغلىق دان سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ياغ سېتىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلدى، بۇ جەھەتتىكى تىجارەتمۇ قويۇۋېتىلدى.

7) ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق تارماقلىرى تەرىپىدىن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

8) ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون يەرلىك مالىيەسىنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېرىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىق كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

9) ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت، كارخانا، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شەھەر بازارلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا توققۇز يۈەن، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا بەش يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلەدى. ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن سېتىش رايونلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى پەرقلەندۈرۈلدى.

2. ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون تۆۋەندىكى كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى قوللاندى:

1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇردى، يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتتى، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى كېڭەيتتى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇقىرى مەھسۇلات، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم نىشانىغا قاراپ داۋاملىق، مۇقىم تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سۈردى. يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، باھانىڭ قالايمىقان ئۆسۈشىنىڭ ۋە باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

2) دېھقانلارنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش ئاكتىپلىقى قوغدالدى، بازاردا ئاشلىق باھاسى بەك تۆۋەن بولغان چاغدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا قوغدىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن باھانى بەلگىلىدى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى ئەشۇ قوغدىلىدىغان باھا ۋە سېتىۋېلىش سانى بويىچە دېھقانلاردىن ئاشلىق سېتىۋالدى.

3) ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇپ، بازاردا ئاشلىق باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتكەن چاغدا، ھۆكۈمەت زاپاس ئاشلىقنى بازارغا سېلىپ باھانى تەڭشەپ، باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى، زۆرۈر تېپىلغاندا يەرلىك ھۆكۈمەت شەھەر - بازار ئاھالىلىرىگە ئۇزۇقلۇق ئاشلىق سېتىپ بەرگەندە ئەڭ يۇقىرى چەكلىك باھانى يولغا قويدى.

4) ئاشلىق خەۋپ - خەتەر تەڭشەش فوندى تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئۈچ يىلدا ئاشلىق خەۋپ - خەتىرى بويىچە 60 مىليون يۈەن تەڭشەش فوندى تەسىس قىلدى. بۇ فوندنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىگىلەپ، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلەتتى.

ئاشلىق ساھەسىدە ئاساسلىق يوللار ئارقىلىق نورمال تىجارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلەپ، دېھقانلار بىلەن شەھەر - بازارلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشلىق خەۋپ - خەتىرى تەڭشەش فوندى تەسىس قىلدى.

5) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئامباردىكى قالدۇق ئاشلىقنىڭ مۇۋاپىق ئوبوروت بولۇپ تۇرۇشىنى قولدىن بەرمەي، بازارنى نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار كەسىپ جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئاشلىق كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئىمكان قەدەر تېز ئۆزگەرتىپ، ئۆز كەسپىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئۈچ يىلدا 100 مىليون يۈەن ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئوبوروت فوندى تەسىس قىلىپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشىگە بۆلۈپ بېرىپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئارتۇق خادىملارنى ئىچكى قىسىمدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇشىغا مەدەت بەردى.

6) ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك زىيىنىنىڭ ھېسابىنى ئېنىق ئايرىش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىنى چەك قىلغاندا، جايلارنىڭ ئەسلىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىيىنى ھېسابىنى ئېنىق ئايرىپ، قالغانلىرى ئىچكى ھېساب قىلىنىپ ... قالغاندى، تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى ئىنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، تولۇقلاپ بۆلۈپ بېرىش پىلانىنى تۈزدى، سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان ھېسابىنى ئېنىق ئايرىپ قىلىپ ئىشلىتىلىپ كەتكەن قەرز پۇل مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇلدى، بانكا ئۆسۈم قوشمىدى ۋە ئۆسۈم جەھەتتە جەرىمانە قويمىدى ھەمدە ئاشلىق كارخانىلىرىنى نورمال ئىگىلىك باشقۇرۇشقا لازىملىق ئوبوروت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

7) ئاشلىق بازارلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. جايلار ئاشلىق بازارلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توپ سېتىش بازىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئاشلىق بازىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاشلىق سودىسىنى بازاردا قىلىشقا تەدرىجىي يېتەكلىدى، ئاشلىق كارخانىلىرىنى دېھقانلار بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك توختاملىق ئاشلىق سودىسىنى تەشكىللىك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق سودىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئوبوروت تەرتىپىنى ياخشىلىدى.

شۈي شىڭتەي

# تاشقى سودا

## تاشقى سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 911 مىليون 655 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21.49% ئاشتى (سېلىشتۇرما تەرتىپ بويىچە ھېسابلىغاندا 30.30% ئاشتى).

ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 337 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 91.41% ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 495 مىليون 90 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.08% ئېشىپ (سېلىشتۇرما ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا 22.8% ئاشتى)، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 5.68 پىرسەنتىنى، مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 0.54 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى خەلقئارا سودا ئۆلچىمى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىغاندا، چاللا مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 320 مىليون 32 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 64.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 174 مىليون 770 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 35.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان ئاساسلىق تاۋار 53 خىلغا يەتتى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 387 مىليون 80 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 78.18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقانلىرى ئاق شېكەر، پاختا، پاختا يىپ، كۆممىقوناق، يۇڭ پوپايكا، گۈرۈچ، توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى، توڭلىتىلغان كالا گۆشى، نەشپۈت، پەمىدۇر قىيامى، ئاق ھاراق، ئارزاڭ (قىزىلچا تىرىپى)، ئۆچەي، قولماق، پاختا - تېرىلېن ئارىلاش رەخت، مايكا، پاختا - تېرىلېن ئارىلاش رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، گىلەمدىن ئىبارەت 18 خىل تاۋار، بۇلارنىڭ سوممىسى 317 مىليون 292

مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 64.09 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 57 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى. قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 182 مىليون 190 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 36.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ياپونىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 62 مىليون 630 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %12.65 نى ئىگىلىدى؛ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 57 مىليون 970 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %11.71 نى ئىگىلىدى؛ شياڭگاڭغا چىقىرىلغانلىرىنىڭ سوممىسى 54 مىليون 560 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %11.02 نى ئىگىلىدى؛ روسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 25 مىليون 810 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %5.25 نى ئىگىلىدى؛ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 16 مىليون 770 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %3.39 نى ئىگىلىدى؛ تەيۋەنگە چىقىرىلغانلىرىنىڭ سوممىسى 10 مىليون 590 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %2.14 نى ئىگىلىدى؛ كورىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 8 مىليون 420 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.70 نى ئىگىلىدى؛ گېرمانىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 7 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.55 نى ئىگىلىدى؛ شۋېيتسارىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 5 مىليون 160 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.04 نى ئىگىلىدى؛ ئىتالىيەگە ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 5 مىليون 60 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.02 نى ئىگىلىدى؛ پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 4 مىليون 450 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %0.9 نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت قىلىنىپ يېتىپ كەلگەن مالنىڭ قىممىتى 416 مىليون 565 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %40.48 ئاشتى. خەلقئارا سودا ئۆلچىمى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىغاندا چالا مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 39 مىليون 639 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 9.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 376 مىليون 925 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %90.48 نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان تاۋارلار ئاپتوموبىل، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى پولات ماتېرىياللىرى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، ئاممونىي بىفوسفات، تاشپاختا ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرى، ئۈرىيە، بېنزىن، قوي يۇڭىدىن ئىبارەت توققۇز خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوممىسى 291 مىليون 564 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

27 دۆلەت ۋە رايوندىن تاۋار ئىمپورت قىلىندى. قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 175 مىليون 360 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 42.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ شياڭگاڭدىن كىرگۈزۈلگەنلىرىنىڭ سوممىسى 79 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %19.15 نى ئىگىلىدى؛ قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 58 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %14.07 نى ئىگىلىدى؛ روسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 33 مىليون 510 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %8.04 نى ئىگىلىدى؛ ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 21 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %5.11 نى ئىگىلىدى؛ ئاۋستىرالىيەدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 9 مىليون 340 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %2.24 نى ئىگىلىدى؛ موڭغۇلىيەدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 7 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.81 نى ئىگىلىدى؛ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 5 مىليون 730 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.38 نى ئىگىلىدى؛ ئىتالىيەدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 5 مىليون 590 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %1.34 نى ئىگىلىدى؛ پاكىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ سوممىسى 4 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، %0.99 نى ئىگىلىدى.

لى يەن

## تاشقى ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى

1) 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر، پاكىستان، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، كورىيە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق 43 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 1861 سودىگەر كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتى، دۆلەت ئىچىدىكى 30 ئۆلكە، شەھەر (ئاپتونوم رايون) ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ باش شىركىتى قاتارلىق 600 دىن ئارتۇق كارخانا كۆرگەزمە ۋە كېڭىشىشكە قاتناشتى. ئومۇمىي پۈتۈشۈلگەن سومما 2 مىليارد 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكى ئۈرۈمچى

كېڭەيتىش يىغىنىدىكىدىن 138 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ساپ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورتتا پۈتتۈشۈلگىنى 598 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت مال زاكاس قىلىشتا پۈتتۈشۈلگىنى 478 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە پۈتتۈشۈلگىنى 927 مىليون ئامېرىكا دوللىرى.

2) 1993 - يىل 11. ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ۋە گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام شەھىرىدە مال ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ كېلىپ پۈتتۈشۈش كېڭەيتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ كېڭەيتىش ئون كۈن داۋاملىشىپ، جەمئىي پۈتتۈشۈلگەن سومما 6 مىليون 658 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، پۈتتۈشۈلگەن تاۋارلار، ئاساسلىقى، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە گىلەمدىن ئىبارەت بولۇپ، 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق ئېلان، لېنتىگە ئېلىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.

3) 1993 - يىل 11 - ئايدا پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ نامايان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن 53 كارخانىنىڭ 80 ۋەكىلى قاتناشتى، توققۇز چوڭ تۈر بويىچە 1000 خىلدىن ئارتۇق داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلات كۆرگەزمە قىلىندى، بۇ قېتىمقى نامايان قىلىش يىغىنىغا پاكىستان تەرەپنىڭ ئېكسكۇرسىيىچىلىرىدىن 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) كۆتۈرۈلىندى. پاكىستان تەرەپ بىلەن سودا - سانائەت كارخانا ساھەسىدىكى 10 مىڭغا يېقىن كىشى كەلگە ئۇچراشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بويىچە 47 مىليون 690 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرلىق توختام ئىمزالاندى، 26 مىليوندىن كۆپرەك ئامېرىكا دوللىرلىق ئىقتىساد - سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى.

لى يەن

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان تاۋارلار

| سوممىنىڭ تۈرى | تاۋار ئىسمى | ئېكسپورت سوممىسى (10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|
| 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقانلىرى بەش خىل | شېكەر، پاختا، پاختا يىپ، كۆممىقوناق، يۇڭ پوپايكا | 23172.96 | 46.81 |
| 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغانلىرى 13 خىل | گۇرۇچ، توڭلىتىلغان چوشقا گۆشى، توڭلىتىلغان كالا گۆشى، نەشپۈت، پەمىدۇر قىيامى، ئاق ھاراق، قىزىلچا تېرىپى، ئۆچكە، قۇلماق، پاختا - تېرىلىن ئارىلاش رەخت، مايكا، پاختا - تېرىلىن ئارىلاش رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، گىلەم | 8556.28 | 17.28 |
| 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 5 مىليون، ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغانلىرى 12 خىل | ئۈن، قوغۇن، پەمىل چاي، خورۇم كىيىم - كېچەك، چۈچۈك بۇيا مەلھىمى، چۈچۈك بۇيا، چۈچۈك بۇيا كىسلاتاسى، يۇڭ يىپ، پاختا رەخت، خورۇم شىبلىت، چايدان شىشىسى، كىرىمنىيلىق تۆمۈر | 3785.07 | 7.65 |
| 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغانلىرى 23 خىل | سېرىق پۇرچاق، چىگىت يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغى، كەمپىت، زاراڭزا، پىۋا، ماموق چاپان، باشقا ماموق بۇيۇملار، ئاقارتىلغان پاختا رەخت، يۇڭ ئەدىيال، تېرىلىن رەخت، ئارىلاشما يىپەك، پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، سۇلياۋ تاغار - خالتا، تارتىلغان يىپ، قەغەز، تېلېۋىزور، پىششىقلانغان ياغ، رادىي كاربونات، كۆيدۈرۈلگەن شۇلتا، جىپ، ئاككۇمولياتور، تۇك توگمىنى | 3193.76 | 6.45 |
| جەمئىي | 53 خىل | 38708.07 | 78.19 |

**1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭەيتىش يىغىنى**

شىنجاڭ ئاساسلىق باشقۇرغان ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى، يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭەيتىش يىغىنى 1993-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىنىڭ زال ئىچىدە 764 ئۆلچەملىك يايما ئورنى تەسىس قىلىندى، زال سىرتىدىكى كۆرگەزمە ئورنى 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە يايما ئورنى تەسىس قىلىپ بېرىلىپ، قوش يۆنىلىشلىك پۇتتۇشۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئالتە دۆلەت ۋە رايوندىكى 53 شىركەت كۆرگەزمىگە قاتناشتى. زال ئىچىدىكى يايما ئورنىدىن 54 ى ئىجارىگە بېرىلدى، زال سىرتىدىكى كۆرگەزمە ئورنىدىن 60 كۋادرات مېتىرى ئىجارىگە بېرىلدى، كۆرگەزمىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ؛ بۇنىڭدىن، پاكىستانغا 36 سى، ياپونىيىگە ئالتىسى، ئامېرىكىغا تۆتى، روسىيىگە ئۈچى، قازاقىستانغا ئۈچى، شياڭگاڭغا ئىككىسى ئىجارىگە بېرىلدى. چەت ئەل (رايون) سودىگەرلىرى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان تاۋار 300 خىلدىن ئاشتى، جەمئىي پۈتتۈشۈلگەن سوммا 21 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت بويىچە پۈتتۈشۈلگىنى 5 مىليون 740 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت بويىچە پۈتتۈشۈلگىنى 15 مىليون 270 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە پۈتتۈشۈلگەن سوммا 210 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. كېڭەشتىش يىغىنىغا 43 دۆلەت (رايون) دىن 1861 سودىگەر قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن 916 كىشى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن 12 كىشى، ئوتتۇرا شەرقتىن 25 كىشى، ئاسىيادىن 264 كىشى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونىدىن 510 كىشى، ياۋروپا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردىن 134 كىشى. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى ئەمەلىي كۈچى ۋە قاتلىمى 1992 - يىلدىكى ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى. دۆلەت ئىچىدە 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ باش شىركەتلىرى، تاشقى سودا، چېگرا سودىسى شىركەتلىرى قاتارلىق 600 دىن ئارتۇق كارخانىدىن 6000 دىن ئارتۇق كىشى كېڭەشتىش يىغىنىغا قاتناشتى. كېڭەشتىش يىغىنىدا پۈتتۈشۈلگەن سوммا جەمئىي 2 مىليارد 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 92 - يىلدىكى ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىدىن 138 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆپ بولدى. سودىدا پۈتتۈشۈلگەن سوммا 1 مىليارد 76 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت بويىچە پۈتتۈشۈلگەن سوммا 598 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، پۈتتۈشۈلگەن سوммا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان دۆلەت ۋە رايون قازاقىستان، قىرغىزىستان، روسىيە، شياڭگاڭ، پاكىستاندىن ئىبارەت. ئىمپورت قىلىشتا مال زاكاس قىلىنغان سوммا 478 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، مال زاكاس قىلىش سوممىسى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان دۆلەتلەر روسىيە فېدېراتسىيىسى، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن ئىبارەت.

ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىدا تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق سالمىقى ئاشتى، پۈتتۈشۈلگەن ئومۇمىي سوммا 927 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، پۈتتۈشۈلگەن تۈر 629 گە يەتتى. دۆلەت ئىچىدە يولغا قويۇلغان تۈرنىڭ سوممىسى 890 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەرنىڭ سوممىسى 840 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، سوممىسى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان تۈر 17 گە يەتتى. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتتۈشۈلگەن دۆلەت (رايون) جەمئىي 32 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتتۈشۈش سوممىسى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان دۆلەت ۋە رايون كورىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، دانىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كانادا، ئامېرىكا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىن ئىبارەت.

كېڭەشتىش يىغىنىدا ئېكسپورت قىلىشقا توختاملاشقان تاۋار ئاز كەم 1000 خىلغا يەتتى، پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقان تاۋار 120 خىلدىن ئاشتى. ئىمپورت قىلىشتا مال زاكاس قىلىشقا توختاملاشقان تاۋارلاردىن سوممىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقانلىرى 50 خىلدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىدا ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش ۋە ئىچكى سودا بويىچە ئىمزالانغان توختام ۋە كېلىشىم 1080 گە، پۈتتۈشۈلگەن سوмма 3 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش توختامىدىكى تۈر 266 بولۇپ، بۇنىڭ سوممىسى 670 مىليون يۈەن، ئىچكى سودا توختامى 561 بولۇپ، سوممىسى 1 مىليارد 930 مىليون يۈەن.

شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى كېڭەشتىش يىغىنىدا پۈتتۈشكەن سوممىسى 1 مىليارد 910 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ پۈتتۈشكەن سوممىسى 1 مىليارد 506 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پۈتتۈشكەن سوممىسى 1 مىليارد 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ پۈتتۈشكەن سوممىسىنىڭ 76.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ پۈتتۈشكەن سوممىسى 169 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 11.2% نى ئىگىلىدى؛ نازارەت، ئىدارىلەرگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ پۈتتۈشكەن سوممىسى

187 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 12.4% نى ئىگىلىدى؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پۈتۈشكەن سوممىسى 406 مىليون ئامېرىكا دوللىرى.

لى جيەنشىن

## چېگرا سودىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 577 مىليون 124 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 85.84% ئاشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا چېگرا سودىسى بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 289 مىليون 62 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 86.5% ئاشتى؛ ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەرنى ئېكسپورت قىلىشتىكى پۈتۈشۈشتە ئىلگىرىلەش بولدى. 292 مىڭ 384.65 توننا شېكەر ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 117 مىليون 498 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 21 مىڭ 982.14 توننا گۆرۈچ ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 5 مىليون 517 مىڭ 900 ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 174 مىڭ 642 توننا كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىندى. بۇنىڭ سوممىسى 20 مىليون 180 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 18 مىڭ 696.32 توننا بۇغداي ئۇنى ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 3 مىليون 877 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 19 مىڭ 884.02 توننا ئۆسۈملۈك يېغى ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 7 مىليون 176 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 8382 توننا توڭلىتىلغان گۆش ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 12 مىليون 881 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 2672.77 توننا چاي ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 2 مىليون 415 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى بولدى؛ 52 مىڭ 836.22 توننا ھەر خىل ھاراق ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 10 مىليون 757 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. باشقا تاۋارلار، ئاساسلىقى، تۈرلۈك كىيىم - كېچەك، خۇرۇم ئاياغ كىيىم، يۇڭ ئەديال، تېلېۋىزور، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، سۇلياۋ تاغار، كۆيدۈرۈلگەن شولتا، سىر، جىپ، ئاككۇمۇلياتور قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مۇشۇ بىر يىلدا چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت سوممىسى 288 مىليون 62 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 85.18% ئاشتى. ئاساسلىق تاۋارلار ئاپتوموبىل، كومباين ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى، كولاش ماشىنىسى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، پولات ماتېرىياللىرى، مىس، ئاليۇمىن، مىنېرال قوم، بېنزىن، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاخبارات قەغىزى، پاختا، قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، قوي تېرىسى، تاماكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

لى يەن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان چېگرا سودىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليون 972 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 62.29% ئاشتى (نەق پېرېۋوت ئېكسپورت سوممىسى بولغان 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چېگرىدا مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى). بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 9 مىليون 417 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 64.99% ئاشتى. ئاساسلىق تاۋارلار گۆرۈچ، بۇغداي ئۇنى، ئۆسۈملۈك يېغى، شېكەر، چاي، خۇرۇم كىيىم-كېچەك، پاختا رەخت ۋە ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، چايدان شىشىسى، تۈرلۈك چەرچىن ماللار ۋە يىپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت سوممىسى 7 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 59.05% ئاشتى. ئاساسلىق تاۋارلار قوي تېرىسى، كالا تېرىسى، تۆگە يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، قوي يۇڭى، كېرەكسىز پولات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

لى يەن

## پاكىستان بىلەن بولغان چېگرا سودىسى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 8 مىليون 565 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 228.01% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 449 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 115.29% ئاشتى (مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 730 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى، نەق پېرېۋوت بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 718 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرى. ئاساسلىق تاۋارلار بۇغداي ئۇنى، ئۈزۈم، چۈچۈك بۇيا مەلھىمى، ۋېلىسپىت ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى، رەڭسىز تېلېۋىزور، چىنە - تەخسە، سېمونت، گلائۇبېرتۇزى، كاربىد (كالتسىي كاربىد)، فور فورال، بالون، تۇربىنىلىق ئېلېكتر گېنېراتورلار گۆرۈپپىسى، ناسوس، تۈرلۈك كىچىك تىپتىكى ماشىنىلار، مېتالدىن ئىشلەنگەن سايمان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت سوممىسى 4 مىليون 116 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 650% ئاشتى. ئاساسلىق تاۋار تاماكا بولۇپ، بۇنىڭ سوممىسى 3 مىليون 682 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

لى يەن

**ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ تاشقى سودا شىركەتلىرى ئۆز ئالدىغا ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى**

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاشقى سودا، ئىقتىساد ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئىلى ئوبلاستلىق تاشقى سودا شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشقى سودا شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆز ئالدىغا ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بېرىلدى. يۇقىرىدىكى ئالتە شىركەت ئۆز ۋىلايىتى، ئوبلاست (شەھەر) دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان، بىر تۇتاش بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان تاۋارلاردىن باشقا تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىش كەسپىنى ۋە 3 - خىلدىكى تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىش كەسپىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ ۋە ۋەكالىتەن بېجىرىدۇ؛ جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان تىجارەتنى، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى بېجىرىدۇ، «ئۈچ تەرەپتىن كەلتۈرۈپ، بىر تەرەپنى تولۇقلاش» كەسپىنى قانات يايدۇرىدۇ.

لى يەن

**تاشقى سودا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋۇ يى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى**

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، تاشقى سودا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋۇ يى تاشقى سودا ئېكسپورتنىڭ سۈرلىشىپ قېلىشىنى تىزگىنلەش، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان ھالدا شىنجاڭغا كېلىپ، ئالاتاۋ ئېغىزى ۋە قورغاس ئېغىزى ھەمدە قىسمەن تاشقى سودا ئېكسپورت كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد، سودا تەرەققىياتى مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

لى يەن

**شىنجاڭ خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى خىزمىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى**

1993 - يىلى جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى (يەنى جۇڭگو خەلقئارا سودا جەمئىيىتى شىنجاڭ سودا جەمئىيىتى) سودا جەمئىيىتىنىڭ فۇنكسىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارنى چەت ئەللەردىكى بازارلارغا يۈزلىنىشكە يېتەكلىدى ۋە ياردەم قىلدى ھەمدە قانۇن، ئۇچۇر، ئالاقىلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

1993 - يىلى بۇ كومىتېت تاشقى سودا شىركەتلىرى، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ھەمدە سانائەت، سودا شىركەتلىرىنىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىشى ئۈچۈن، ئادەتتە ئۆز جايلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات ئىكەنلىكىگە ئىسپاتنامە يېزىپ بەردى. تۈرلۈك سودا تالون گۇۋاھنامىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى ھەمدە تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغى ئۈچۈن 368 نۇسخا ئىسپات بەردى، خەلقئارا سودا ماجىراسىدىن ئۈچنى مۇرەسسە قىلىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنى 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى، خەلقئارا سودا قانۇنى، كېمە قانۇنى جەھەتتە نۇرغۇن قېتىم مەسلىھەت بەردى. ئۇچۇر ئالاقە قانۇن ئىشلىرى بۆلۈمى پوسكام نامېيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى تەرەققىيات شىركىتىگە يول كۆرسىتىپ، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. ئىچكى تاشقى قانۇن جەھەتتە مەسلىھەت بەردى، سۆھبەتلىشىش توختاملىشىش، توختامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بىر يۈرۈش مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى تۇنجى بولۇپ پاكىستاندا قۇرۇلغان سانائەت كارخانىسى پاكىستان — جۇڭگو شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ياپونىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن زىيارەتكە كەلگەن كارخانىچىلار كۈتۈۋېلىندى، سودا توغرىسىدا كېڭەشلەندى؛ گۇاڭشى، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىكى ئىقتىساد - سودا ساھەسىدىكى60نەچچە كىشى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سودا جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا سودا كۆرگەزمە شىركىتى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە 1993 - يىللىق جۇڭگو شىنجاڭ ئىمپورت تاۋارلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە كۆرگەزمە قىلىپ نامايان قىلىش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 53 كارخانا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى قىسمەن تاۋارلاردىن جەمئىي توققۇز چوڭ تۈر، 1000دىن ئارتۇق خىلنى توپلاپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى، پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

فۇ لىبي

# گېئولوگىيە. يەر تەۋرەش. هاۋارايى

## گېئولوگىيە

**دۆلەتنىڭ «305» تۈرى تەتقىقاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى**

1993 - يىلى دۆلەتنىڭ «305» تۈرىدە 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى ئۈتكەلدىن ئۆتۈش پىلانى يولغا قويۇلغان 3 - يىلى بولۇپ، بۇ تۈردە تەسىس قىلىنغان توققۇز تېما، 54 مەخسۇس تېما ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. تۆۋەن زىچلىقتا قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەر شارى خىمىيىسىگە دائىر 20000:1 ماسشتابلىق خەرىتىسىدىن ئۈچى پۈتتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر؛ ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسال پونكىتى ئۆلچىگەن يەر كۆلىمى 31 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر؛ ئىنفىرا قىزىل نۇر، كۆپ مەنبەلىك سپېكتىر بىلەن ئايروپىلاندا كۆزىتىش ۋە يىراقتىن سېزىش ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان يەر كۆلىمى 375 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر؛ يىغىۋېلىنغان، ھەر خىل ئانالىز، كۆزىتىش تەجرىبە ئەۋرىشكىلىرى نەچچە 10 مىڭ دانە؛ بۇرغىلاپ تەكشۈرۈپ دەلىللەنگەن قۇرۇلۇش 5959 مېتىر؛ ھەر خىل ئېھتىياجغا ئاساسەن، ھەر خىل تىپتىكى تۈرلۈكچە ماسشتابلىق گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى خەرىتىسىدىن 1000دىن ئارتۇقراقى ئۆلچەپ سىزىلدى ۋە تۈزۈپ چىقىلدى.

1993 - يىلى دۆلەتنىڭ «305» تۈر تېمىسى ۋە مەخسۇس تېما تەتقىقاتىغا 677 كىشى قاتناشتى (ئىچكى ئۆلكىلەردىن قاتناشقىنى 501). بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 506 (يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلىرى 245).

كان مەھسۇلاتلىرى گېئولوگىيىسى تەتقىقاتى جەھەتتە، ھەر قايسى كان پېتىلىش رايونلىرى (بەلباغلىرى) دىكى كان پېتىلىش قانۇنىيەتلىرى ۋە كان ئىزدەش يۆنىلىشى ئۈستىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئىلماندى ئالتۇن كېنى، كۆپىۇ ئالتۇن كېنى، بايىنساغان ئالتۇن كېنى قاتارلىق كانلار تېز سۈرئەتتە باھالاپ چىقىلدى ھەمدە بەش ئالتۇن كېنى، ئىككى مىس كېنى، ئۈچ كۈمۈش كېنى بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم ئىستىقبالى بار تۆت ئورۇندىكى كان مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە گېئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ يەر يۈزىدە باھا بېرىلدى ھەمدە بۇنىڭغا يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئاز ساندا تاغ ئۈستىدە ئاشكارىلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى.

1. خۇگىەن ئالتۇن كان بەلبېغى. خۇگىەن ئالتۇن كان بەلبېغىنىڭ ئورنى جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى چوڭقۇر يېرىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، سىلۇر سىستېمىسىدىكى يۇزەكى سۇپەت ئۆزگىرىشى ياسىغان ئۆۋاق جىنسلىق قۇرۇلمىدا ھاسىل بولغان. كان گەۋدىسىنى بىۋاسىتە ئوراپ تۇرغان كارستلار، ئاساسلىقى، ئۈۋۈلىپ، يالىنىپ ئۆزگىرىش ياسىغان دىئورىت بىلەن كۋارتسلىق دىئورىت ھەمدە كارست سىرتىغا تۇتاشقان بەلباغدىكى يۇزەكى ئۆزگىرىش ياسىغان ئۆۋاق جىنسلاردىن ئىبارەت. كان گەۋدىسىنى ئوراپ تۇرغان كارستلارنىڭ ئەپىدوت تېشىغا، سېرىتسىتقا، خلورىد تېشىغا، پىروخسىللىق ۋە تۇرمالىن تېشىغا ئايلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ، تىپىك ھالدىكى ئۈۋۈلىپ، يالىنىپ ئۆزگىرىش ياسىغان كارستلار تىپىدىكى ئالتۇن كان ياتىقىغا كىرىدۇ.

خۇگىەن ئالتۇن كېنى رايونىدىكى مىنېرال جىسىملارنىڭ تارقىلىش كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە بايقالغان مىنېرال جىسىملار 100دىن ئارتۇق. ئۇلار توپ - توپى بىلەن زىچ تارقالغان، يەككە مىنېرال جىسىملارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 500 - 1000 مېتىر، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 2000 - 2500 مېتىر، كەڭلىكى بىر - ئىككى مېتىر، ئەڭ كەڭلىرى بەش مېتىر چامىسىدا. كان گەۋدىسىدىكى كۋارتس تومۇرلىرى، كۆپىنچە، ئىنچىكە تورلاردەك ياكى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان سوزۇق خىروستال جىسىملاردەك كۆرۈنىدۇ. كان گەۋدىسىنىڭ يەر ئۈستىدىكى رۇدا سورتى مۇقىم ئەمەس، رۇدا سورتىمۇ تۆۋەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان ۋە ئەۋرىشكە ئېلىپ تىزگىنلىگەن نۇقتىلاردىكى بەش كان گەۋدىسى ئۈستىدىكى دەسلەپكى مۆلچەردىن قارىغاندا، بۇ كانلار ئىستىقبالى جەھەتتە ئوتتۇراھالدىن سەل يۇقىرى تىپقا كىرىدۇ.

2. جىيابەيسەن ئالتۇن كېنى بەلبېغى. جىيابەيسەن ئالتۇن

كېنى بەلبېغى شىنبالڭ تېغى، چاڭچىلڭ تېغى، شىياۋجىيەن تېغى، شياڭيۇنتەن قاتارلىق بىر قاتار كىچىك ئالتۇن كان نۇقتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورنى كەڭ گۆرتاغ ئالتۇن كېنى بەلبېغىنىڭ شەرققە سوزۇلغان يېرىدە، بۇ كاننىڭ بايقىلىشى بىلەن، كەڭ گۆرتاغ ئالتۇن كېنى بەلبېغى شەرققە قاراپ 100 نەچچە كىلومېتىر ئۇزىراپ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە كان ئىزدەشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئېچىپ بەردى.

جىيابېيەن ئالتۇن كېنى بەلبېغى تاش كۆمۈر دەۋرىدىكى يانار تاغ ماگما قاتلىمىدا ھاسىل بولغان، كان گەۋدىسىنى يالىنىپ ئۆزگەرگەن ئاندېزىت جىنسلىرى ۋە كونۇسلۇق كارستقا ئايلانغان گرانىت تاشلار بىۋاسىتە ئوراپ تۇرىدۇ. كۋارتسلىق تومۇرلار تىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، تەركىبىدە ئالتۇن بولغان كۋارتسلىق تومۇر تەنچىلەر كۆپ، ئەمما ئۇششاق، رۇدا سورتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئەمما دېگەندەك مۇقىم ئەمەس، كان نۇقتىلىرىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك، ھازىر بۇ ۋادىدا تېخىمۇ ئىستىقبالى بار، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ ھەم ئېچىش ئوڭاي بولغان، ئۆزۈلىپ، يالىنىپ ئۆزگەرگەن كارستلار تىپىدىكى ئالتۇن كان ئىزدەشكە كۆڭۈل بۆلۈنمەكتە.

3. خورۇنبۇلاق مىس كېنى. شەرقىي جۇڭغار رايونىدىن بايقالغان يوشۇرۇن ماگمىلىق قىرلىق ئېغىل تاش تىپىدىكى مىس كېنى بولۇپ، يەر ئۈستىدە ئىز ئىزلاپ تېپىلغان مىنېرال غەيرىي بەلباغنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 200 مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە دائىرىلەپ بېكىتىلگەن مىس كان گەۋدىسى تۆت، بۇنىڭدىن باشقا، قوزغاتقۇچى توك ئارقىلىق فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى يوشۇرۇن يېڭى كان گەۋدىلىرى توغرىسىدا مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. يەر ئۈستىدىكى مىنېرال بەلباغدىكى ئاجىز - ئوتتۇراھال قۇتۇپلىنىش نىسبىتى ئۆزگىچە بولغان جەنۇبىي بۆلەكتىكى دائىرە ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 100 مېتىر بولغان، جەنۇبقا قاراپ سوزۇلۇپ يەنىلا ئېتىلمىگەن كۈچلۈك قۇتۇپلاشقان ئۆزگىچىلىك بايقالدى. ھەر خىل ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، بۇ ئۆزگىچىلىك چوڭقۇر قىسىمدا يوشۇرۇن كان گەۋدىسى بولغانلىقتىن پەيدا بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىندى.

4. ئاۋرال تېغى مىس - كۈمۈش كېنى بەلبېغى. غەربىي تەڭرىتاغ ئاۋرال مىس كېنى بەلبېغىدىكى بىر قىسىم مىس كېنى ياتمىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ ھاسىل بولغان كۈمۈش كېنى ئۈستىدە قايتىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئەۋرىشكىلەردە كۈمۈش تەركىبى مۇستەقىل كۈمۈش كانلىرىدا بولىدىغان سانائەت رۇدا سورتى ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە نۇراساي مىس كېنىدىن ئېلىنغان بەش ئەۋرىشكىنىڭ ئوتتۇرىچە رۇدا سورتى كۈمۈش كانلىرىدىكى سانائەت رۇدا سورتلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، مىس تەركىبى بىلەن ئۇنىڭ تاناسىپ بولۇپ چىقتى، تاناسىپلىق كوئېففىتسىېنتى 0.93 بولۇپ، بۇنىڭدىن نۇراساي كان گەۋدىسىدىكى مىس بىلەن كۈمۈشنىڭ مۇستەقىل كان ياتمىسى كۆلىمىگە يېتىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئاساس گېئولوگىيە تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئىلگىرىلەش بولدى. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يەر ئۈستىنىڭ تەركىبى، ئۇنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى، چوڭ تىپتىكى قىياسىي قۇرۇلمىسى، ئوفىئولىت ۋە ئۇلارنىڭ رۇدىلىنىش خۇسۇسىيىتى، ئاساسلىق كان ھاسىل بولۇش مەزگىلىنىڭ ئىزوتوپلىرى، يېڭى قەدىمكى ھايات دەۋرىدىكى گرانىت تاشلار ۋە قۇرۇقلۇق فاشىيىتىسى يانار تېغى جىنسلىرىنىڭ كان ھاسىل قىلىش ئارقا كۆرۈنۈشى، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كان ياتمىلىرىنىڭ كان ھاسىل قىلىشتىكى گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى ھەمدە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپلىگەن ماتېرىيال ۋە يېڭى تونۇشلارغا ئېرىشىلدى. بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئىشقارلىق جىنىس، ئىشقارلىق زور كرىستال، كاربوناتلىق جىنسلار ھەمدە ياقۇتتىن ئىبارەت ئاز ئۇچرايدىغان كان مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇلار بۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كان ئىزدەيدىغان يېڭى رايونلارنى تېپىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇ شىن

**«305» تەتقىقات تۈرى ئوتتۇرا باسقۇچلۇق باھالاشتىن ئۆتتى**

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەر شارى ئىلمى بۆلۈمى مۇئاۋىن بۆلۈم مۇدىرى سۇن شۇ باشچىلىقىدا شۇكېچېن، ليۇباۋجۇن، چاڭ يىنفۇ قاتارلىق ئاكادېمىكلاردىن تەشكىللەنگەن «305» تۈرنى ئوتتۇرا باسقۇچلۇق باھالاش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ ئىش ئورنىدا تەكشۈردى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى سايدۇ ئالتۇن كېنى، ئاشلى مىس كېنى، سار بۇلاق ئالتۇن كېنى، كۆك توقاي كەم ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى، قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنى ۋە كۆپىسۇ ئالتۇن كېنىنى تەكشۈرۈپ، «305» تۈرى ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ بۇ تۈر ۋە توققۇز چوڭ تېما ئۈستىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتىنى

ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئاڭلىقىدى ھەممە ئالاقىدار مۇجەھەت، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتى. ئاكادېمىكلار باھالاش دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «902» تۈرى (يەنى دۆلەتنىڭ «305» تۈرى) دە پەن - تېخنىكا ئۈتكىلىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭنى ئېچىشقا ۋە ئېلىمىزدە قىس بولغان بىر قانچە كان مەھسۇلاتىنى ھەل قىلىشتا ھەمدە شىنجاڭنىڭ ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش 2 - باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاھامەن زۆرۈر. «305» تۈرىدە 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن بۇيان كۆپلىگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا يەنە بىر مۇنچە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئومۇمەن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا ھەمدە نۇرغۇن يېڭى بايقاشلار بارلىققا كەلمەكتە. ئاساس گېئولوگىيىگە بولغان تونۇش بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلمىلىق ئۆزگىرىشى ھەم كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيەتلىرىگە بولغان تونۇش يەنىمۇ ئۆسۈپ، ئۈنۈملۈك بولغان سەر خىل كان ئىزدەش تېخنىكا - ئۇسۇللىرى بارغانسېرى تەرەققىي قىلماقتا. مۇتەخەسسىسلەر «305» تۈرىنىڭ 53 تېمىسىدىكى 17 مەخسۇس تېمىنى «ئا» تۈر قىلىپ، خىراجەتكە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىشقا؛ 34 مەخسۇس تېمىنى «ب» تۈر قىلىپ، توختامدىكى ۋەزىپىنى داۋاملىق پىلان بويىچە ئورۇنداشقا؛ ئىككى مەخسۇس تۈردە ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالغانلىقى ياكى ھەمكارلىق خىراجىتى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن توختامنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى.

شىنجاڭنىڭ بايلىق ۋەزىيىتى ۋە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈنۈمى ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈرلەرنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى باھالاش پىكرىدە ھازىردىن باشلاپ 9 - بەش يىللىق پىلاندىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرى مەسىلىسىنى ئويلىشىشنى تەكلىپ قىلدى.

شۇ شىن

## ناترىي تىئوسۇلفات ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر-سەنئىتى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

دۆلەتنىڭ «305» تۈرىدىكى مەخسۇس تېما بولغان «ناترىي تىئوسۇلفات ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر - سەنئىتى سىنىقى» 1993 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن «305» تۈرى ئىشخانىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، ناترىي تىئوسۇلفات (ناترىي تىئوسۇلفات تۇزى) ئارقىلىق ئايرىش زەھەرسىز، بۇلغىنىشسىز ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر - سەنئىتى بولۇپ ئالتۇن چۆكتۈرۈش سۈرئىتى تېز، سىناق دورا مەنبەسى كەڭ، ئېرىتمىنى ئۇزاققىچە يېپىق ھالەتتە ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇ كىدروسىئانىت كىسلاتا ئارقىلىق ئايرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىكى يېڭى ئۇسۇللاردىن بىرى.

دۆلەتنىڭ «305» تۈرىدىكى غۇلجا ئالتۇن كېنىنى ئېچىش سىناق پونكىتى مەملىكەت ئىچىدە ئالدى بىلەن ناترىي تىئوسۇلفات ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىش سىستېمىسىنى قوللىنىپ، پۈتۈن ئاقما لىنىيىلىك ھۈنەر - سەنئەت سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، ئالتۇن چۆكتۈرۈش سۈيۈقلۇقىدا چۆكتۈرۈپ ئېرىتمىدە تازىلىغاندىن كېيىن قايتىلاپ ئىشلىتىدىغان ھالقىلىق قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى؛ سانائەتتە سىناق قىلىش داۋامىدا ئىككى باسقۇچلۇق تەتۈر ئاقتۇرۇپ چۆكتۈرۈپ ئايرىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن، 1. باسقۇچلۇق ئالتۇن چۆكتۈرۈش سۈيۈقلۇقىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش تەركىبىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىنكى ئىش تەرتىپىدە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان مەدەن مىقدارىنى ئازايتتى؛ باھاسى ئەرزان، مەنبەسى كەڭ بولغان ناترىي تىئوسۇلفاتنى چۆكتۈرۈش سۈيۈقلۇقى قىلىپ، قىممەت ئېرىتمىدىن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋېلىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ شارائىتى ئاددىي، ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق يۇقىرى مىس - ئالتۇن لايلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. سىناق پونكىتى كۈنىگە سەر خىل ئالتۇن رۇدىسىدىن 4.5 توننا بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇپ، سىناق قىلىش مەزگىلىدە 86.06 توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇ لىنىيە 69 سىمېنا (قېتىم) ئىشلىدى، ئالتۇن چۆكتۈرۈپ ئايرىش نىسبىتى 93.93%، كۈمۈش چۆكتۈرۈپ ئايرىش نىسبىتى 85.02%، ئالتۇن چۆكتۈرۈش نىسبىتى 97.92%، كۈمۈش چۆكتۈرۈش نىسبىتى 97.34% بولدى. ئالتۇننى بىۋاسىتە يىغىۋېلىش نىسبىتى 84.06%، كۈمۈشنى بىۋاسىتە يىغىۋېلىش نىسبىتى 54.78% بولدى. ھازىر ناترىي تىئوسۇلفات تۇزى ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر - سەنئىتى نورمال ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلماقتا.

شۇ شىن

## شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ قىسقىچە خىزمەت ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن پۈتۈن گېئولوگىيە خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇندىدى.

ئىشلىتىش قىممىتى بولغان كان مەھسۇلاتى بار جايدىن ئونى بايقىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كېنى بەش، مىس كېنى

بار، قاشتېشى كېنى بار، گاۋلىڭ سېغىز توپىسى كېنى بار، سۇ مەنبەسى ئىككى. تاپشۇرۇلغان تەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشكە بولىدىغان چوڭ، ئوتتۇراھال بازا ئىككى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھال ئالتۇن كېنى بار، چوڭ تىپتىكى ئېتىز-ئېرىق سۇغىرىش سۇ مەنبەسى بار. چوڭ - چوڭ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنغان كان رايونى ئىككى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كېنى كان رايونى بار، مىس كېنى كان رايونى بار، يېڭى ئېنىقلانغان كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسىدىكى كان تۈرلىرىدىن كۆمۈر كېنى، تۆمۈر كېنى، تاش تۇز، گلائۇبېر تۇزى بار. تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك دوكلاتلار 69، بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق جىسىملىق كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئائىتلىرى 25، قاتتىق جىسىملىق كان مەھسۇلاتلىرىنى ئىزدىنىپ تەكشۈرۈشكە ئائىتلىرى ئۈچ.

ئاساس گېئولوگىيە خىزمىتىدە 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە 13 مىڭ 918 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە تولدۇرۇلدى؛ 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىگە 4000 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىگە خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 3166 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى؛ 1:500000 ماسشتابلىق خەرىتىگە خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 22 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى؛ 1:500000 ماسشتابلىق خەرىتىگە ئېغىرلىق كۈچى بويىچە تەكشۈرۈلگەن 5100 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى؛ 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان 20 مىڭ 826 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى؛ 1:1000000 ماسشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان 140 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى.

ماشىنا ئارقىلىق تاش ئۆرەكلىرىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش چوڭقۇرلۇقى 32 مىڭ 578 مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكىسى 10 مىڭ 585 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئايلىق بۇرغىلاش سۈپىتى ئۈنۈمى 489 مېتىر، سۈپەتلىك تۈشۈك نىسبىتى 94.7%.

سېلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 20 مىليون 230 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 9 مىليون 350 مىڭ يۈەن؛ ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۆزى چىقارغىنى 10 مىليون 880 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىش كۆلىمى 54 مىڭ 368 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 50 مىڭ 740 كۋادرات مېتىر؛ پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 35 مىڭ 428 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق جاي كۆلىمى 31 مىڭ 334 كۋادرات مېتىر.

ئىدارە بويىچە كىرىم قىلىنغان ئومۇمىي پۇل 187 مىليون 310 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيە بازىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 81 مىليون 220 مىڭ يۈەن. ئۆتكەن يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۈنۈمۈيرسال پايدا نىسبىتى 7.7%، خام چوت ئىچىدىكى ئىقتىساد بىلەن خام چوت سىرتىدىكى ئىقتىساد ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى 1:0.75 بولدى.

سۇن فۇۋاڭ

تاڭ جيەنيۇن

## گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش نەتىجىلىرى

1993 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. قىممىتى بار مۇھىم كان مەھسۇلاتلىرى ئورنىدىن سەككىزنى تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس كېنى بار، ئالتۇن كېنى بەش، مېتاللوئىد كېنى ئىككى. مىس كېنىنىڭ ئورنى تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك ئارشاڭ ئەتراپىدا، ئۇ، ئاستىنقى كاربونات ئوتتىلىدىكى كىچىك ئارشاڭلىق بىر گورۇپپا يانات تاغ جىنسلىرى ئارىسىدا ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئاساسلىقى، قاتما سۇر كارست، سۇر قاتما قىرلىق كارست، ئاندىزىتلىق پورفىر كارست قاتارلىقلار بار. يەر ئۈستىدىكى تاش رۇدىلاردىن ئاساسلىقى، توزتاش، كۆك تاش، جۇلالىق مىس رۇدىسى، ئازورىت قاتارلىقلار بار. رۇدا تاشلار تەركىبىدىكى مىسنىڭ سورتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىستىقبالى زور بولۇپ، ئۇ، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى نۇقتىلىق تەكشۈرىدىغان رايون قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئالتۇن كان كەڭ گۆرتاغ، بېيسەن تېغى، غەربىي تەڭرىتاغ، شەرقىي جۇڭغارىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. رۇدا تۈرلىرىدىن كۋارتس تومۇرلىرى تىپى ۋە ئۆزۈلۈپ يالىنىپ ئۆزگەرگەن كارستلار تىپى بار. ئالتۇن كاننى ئوراپ تۇرغان كارستلار، كۆپىنچە، تاش كۆمۈر سىستېمىسىدىكى يانار تاغ ئۇۋاق كارستلىرى، ئوراپ تۇرغان كارستلارنىڭ يالىنىپ ئۆزگەرگەنلىرىدىن سېلىتسىيلاشقانلىرى، قوڭۇر تۆمۈر رۇدىسىغا ئايلانغانلىرى، مىلونىت كارستلىرىغا ئايلانغانلىرى بار. كان گەۋدىسى تومۇر ھالىتىدە بولۇپ، ئادەتتە، ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىردىن 280 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى ئىككى مېتىردىن سەككىز مېتىرغىچە. ئالتۇن تەركىبىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئادەتتە $3\times10^{6}$دىن $5\times10^{6}$ گىچە كېلىدۇ. رۇدا تاشلارنىڭ تاللىنىشچانلىقى ياخشى، بەزى رۇدا تاشلارنىڭ چۆكۈش - چىقىش نىسبىتى 80%تىن ئاشىدۇ. مېتاللوئىدكېنى: گوما ناھىيىسى تەۋەسىدىكى شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنىڭ 383 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدىكى خوتەن قاشتېشى، ئۇ، تېگىشىپ ئەۋلاد ئۆزگەرتىدىغان تىپقا كىرىدۇ،

سەددىچىن سىستېمىسىدىكى ماگنىيلىق مەرمەر بىلەن گىرىتسىن دەۋرىدىكى دىئورىتلار سىرتقى تۇتاشقان بەلباغدىكى بەش جايدا كان گەۋدىسى بار، رۇدىلار كۆك قاشتېشىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئازراق ئاق قاشتېشى بار بولۇپ، ئوتتۇرا تىپتىكى بۇ كان ياتىقى ئېچىلماقتا؛ دۆربىلجىن ناھىيىسى دايىنشۇ گاۋلىڭ سېغىز توپا كېنى، بۇ، تىنىپ ئۆزگەرگەن كان تىپى بولۇپ، ئوتتۇراھال لاتقا ئويماندىكى يالىنىپ ئۆزگەرگەن سېغىز كارستلار ئارىسىدا ھاسىل بولغان، تۆت ئەتراپى دىئاباز بىلەن قاپلانغان، ئۇنىڭدا ئالتە كان گەۋدىسى بار بولۇپ، رۇدا تاشلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوتتۇرىچە ئوكسىدلىق ۋولفرام %71. 26، دانچىلىرى ئۇششاق، يۇنۇشچانلىقى كۈچلۈك، ھازىر ئۇ ساپال ئەسۋابلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەكتە.

2. تەپسىلىي تەكشۈرۈلسە بولىدۇ دەپ تاپشۇرۇلغان بازا بىر، بۇ؛ پىچان ناھىيىسىدىكى شىبىگتەن ئالتۇن كېنى بولۇپ، قەدىمكى يانار تاغ قۇرۇلمىسى چېتىدە، ئاستىنقى كاربونات ئوتدىلدىكى بادامسىمان ئاندېزىت كارستلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇلغان قىرلىق كارستلار ۋە داتسىت كارستلىرى ئارىسىدا ھاسىل بولغان. 'ئۇنىڭ ئوتتۇراھال تىپتىكى كان ياتىقى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ھازىر ئېچىلماقتا.

3. زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، گلائۇبېر تۇزى، تاش تۇزىدىن ئىبارەت بەش خىلى بولۇپ، ئالتە كان رايونى بار. غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاشى 1 - نومۇرلۇق ئالتۇن كېنى ۋە قابا ناھىيىسىدىكى دولاناساي 1 - نومۇرلۇق ئالتۇن كېنى توغرىسىدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى تاپشۇرۇلدى، بۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق بايلىق زاپىسى كومىتېتى تەستىقلىدى، جەمئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس شىنجاڭ ئازاد بولغان 40 يىلدىن بۇيان تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئومۇمىي زاپاس بىلەن تەڭ بولۇپ، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى تارىخىدا ئالتۇن زاپىسى ئەڭ كۆپ تاپشۇرۇلغان بىر يىل ھېسابلىنىدۇ. پىچان ناھىيىسىدىكى خوڭيۇنتەن تۆمۈر كېنىدا $V_{1-3}$ $V_{2-3}$ كان گەۋدىسىدىن تەكشۈرۈلگەن C + D دەرىجىلىك زاپاس 3 مىليون 530 مىڭ 90 توننا. چەرچەن ناھىيىسى چىكىلىك كۆمۈر كېنىدا ئېنىقلانغان C + D دەرىجىلىك زاپاس 300 مىڭ توننا. چاقىلىق ناھىيىسى ئۈزۈنشور كۆلى گلائۇبېر تۇزى كېنىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان C + D دەرىجىلىك زاپاس 36 مىليون 23 مىڭ توننا، تاش تۇزىنىڭ C + D دەرىجىلىك زاپىسى 157 مىليون 619 مىڭ 20 توننا بولۇپ، ئوتتۇرا تىپتىكى گلائۇبېر تۇز كېنى ياتىقىدۇر. توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئۈرقاشبۇلاق گلائۇبېر تۇز كېنىدا ئېنىقلانغان C + D دەرىجىلىك زاپاس 10 مىليون 85 مىڭ توننا بولۇپ، بۇ ئوتتۇراھال تىپتىكى كان ياتىقىدۇر.

يۇقىرىقى ئالتە كان رايونى كان ئېچىشنى بازا بىلەن تەمىن ئەتتى.

4. ئىككى مۇھىم كان رايونىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. بىرىنچى، قابا ناھىيىسىدىكى ئاشلى مىس كېنى رايونى گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش رايونى بولۇپ، ئۇنىڭدا گەۋدىلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بىرىنچىدىن، 1 - نومۇرلۇق كان ياتىقىنىڭ زاپىسىدا بېكىتىلگەندىن زور ئۆسۈش بارلىققا كەلدى ھەمدە قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە قەدەم قويۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، 7 - نومۇرلۇق كان ياتىقىدىكى بۇرغىلانغان بىر تۆشۈكتىن كۆرۈنۈش قېلىنلىقى 3.35 مېتىر، ئوتتۇرىچە مىس سورتى %43. 9 بولغان ئالاھىدە مول مىس كېنى تېپىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، 2-نومۇرلۇق مىنېرال بەلباغنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ بۇرغىلانغان تۆشۈكتىن مىس كېنى چىقتى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈش قېلىنلىقى 6.99 مېتىردىن 20.01 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، قايىندا بىلەن خۋاشۇگۇدا يېڭى مىس كېنى تېپىلدى؛ بەشىنچىدىن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن فىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان قۇۋۋىتى كۈچلۈك توك قاچىلاش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، تۆت كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدە تەجرىبە ئىشلەندى، ئۇنىڭ نەتىجىسى ھازىر ئېنىقلانغان كان گەۋدىلىرىدە روشەن ئۆزگىچىلىكلەر بولغاندىن سىرت، يەنە يېڭى يوشۇرۇن ئىزولياتور بولۇش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىككىنچى، قابا ناھىيىسى توققۇز باي ئالتۇن كېنى رايونىدا ئۈچ كان ياتىقى تېپىلدى، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئىككى جايدىن ئالتۇن كان نۇقتىسى تېپىلدى، بۇ، مۇشۇ كان رايونىنىڭ ئىستىقبالى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

5. رايونلۇق تەكشۈرۈش بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. بىرىنچىدىن، 1:200000 ماسشتابلىق رايونلار بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە شەرقىي كۇئېنلۇننىڭ پاتقاقلىق رايونىدا 4000 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرە تەكشۈرۈلۈپ، جىنىدەن دەۋرىگە ئائىت يەر قاتلىمى ۋە تاش قاتلاملار تېپىلىپ، ئوتاۋ سىستېمىسى، سىلۇر سىستېمىسى ۋە لاتقا ئويمان سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلەشمەسلىك مۇناسىۋىتى ئىسپاتلىنىپ، شەرقىي كۇئېنلۇننىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى تەتقىقاتى يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئىككىنچىدىن، 1:50000 ماسشتابلىق رايونلۇق تەكشۈرۈشتە جەمئىي 13 مىڭ 418 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كان مەھسۇلاتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان دائىرە 3487 كۋادرات كىلومېتىر.

6. 1993 ـ يىلى تەييار كانلارنى 1 ـ قارارلىق رايونلارغا ئايرىش تاماملاندى ھەم 2 ـ قارارلىق رايونلارغا ئايرىش باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قانات يايدۇرۇلغان شىنجاڭدىكى تەيياركانلارنى رايونلارغا ئايرىش ئىشى ئومۇملاشتۇرۇلدى، كەڭ گۆرتاغ رايونىدىكى ئالتۇن كېنىنىڭ 200000:1 ماسشتابلىق تەييار كاننى رايونغا ئايرىش، ئاشى رايونىدىكى ئالتۇن كېنىنىڭ 200000:1 ماسشتابلىق تەييار كاننى رايونغا ئايرىشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىلىق تۈر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بىر تۈركۈم مۇھىم تەياركان بەلبېغى ۋە ئىستىقبالى بار تەياركان رايونى ئايرىپ چىقىلدى.

لىيۇ دېچۇەن

تاڭ يەنلىڭ

### سەككىز گېئولوگىيىلىك كان تۈرى گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىدە 1993 ـ يىلى سەككىز گېئولوگىيىلىك كان تۈرى گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كان ئىزدەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ئىككى، گېئولوگىيىلىك پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ئالتە. مۇكاپاتقا ئېرىشىش تۈرلىرى ۋە دەرىجىسى: قۇمۇل خۇاڭسەن مىس ـ نىكېل كېنى ئۈستىدە ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش، كان ئىزدەش 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، تۇرپان ھورۇنبۇلاقنىڭ شەرقىدىكى تاش تۇز كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش كان ئىزدەش 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جۇڭغارىيە يىغىندا كۆمۈر ئويمانلىقىنىڭ شەكىللىنىپ ئۆزگىرىش ۋە كۆمۈر يىغىلىش قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى گېئولوگىيىلىك تەتقىقات 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى 200000:1 ماسشتابلىق تەييار كاننى ئالدىن ئۆلچەش، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال ئاساس قىلىنغان ئىستىقباللىق تەييار كاننى رايونغا ئايرىسا، غۇلجا ناھىيىسى ئاشى ئالتۇن كېنىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ رۇدا تاشلىرى تەركىبىنى گورۇپپىلارغا بۆلۈش ۋە ئېلىپبېنتلىرى ھالىتىنى تەتقىق قىلىش، قابا ناھىيىسى دولانا ساي ئالتۇن كېنىدىكى رۇدا تاشلىرى تەركىبىنى گورۇپپىلارغا بۆلۈش تەتقىقاتى، قۇمۇل ئويمانلىقى 3 ـ سىستېما يەر ئاستى سۈيىنىڭ ساقلىنىش ئالامەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت بەش تۈر 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يەن شىجۇن

### كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتى كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى توغرىسىدىكى دوكلاتتىن جەمئىي 17نى تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 دوكلاتنى تەستىقلىدى، ئۈچ دوكلاتنى تەكشۈرۈپ قارارنامە بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ، قالغان ئۈچ دوكلات تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى بولۇپ، تەكشۈرۈش پىكىرنامىسى چۈشۈرۈشلا قالدى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى مۇنۇلار: كۆكتوقاي ناھىيىسى قاراتۇڭكى مىس ـ نىكېل كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، غۇلجا ناھىيىسى ئاشى ئالتۇن كېنى ياتمىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى گېئولوگىيىلىك دوكلات، تولى ناھىيىسى باۋگۇتوقوغۇساي ئالتۇن كېنى 2 ـ، 3 ـ نومۇرلۇق تومۇرلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى (تەكشۈرۈش پىكىرنامىسىلا بېرىلدى). قابا ناھىيىسى دولاناساي 1 ـ نومۇرلۇق ئالتۇن كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، پىچان خوڭيۇنتەن تۆمۈركېنى ياتمىسى $V_{1.3}$، $V_{2.3}$ كان گەۋدىسىنىڭ تېيىز قىسمىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، توقسۇن ناھىيىسى ئۆركەشبۇلاق گلائۇبېر تۇزى كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، چاقىلىق ناھىيىسى ئۇزۇنشور تاش تۇز، گلائۇبېرتۇزى كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى (تەكشۈرۈش پىكىرنامىسىلا بېرىلدى)، قوبۇقسار ناھىيىسى داباسوڭنۇر گلائۇبېرتۇزى، تاش تۇز كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى (تەكشۈرۈپ بولۇندى، دوكلات تۈزىتىلىۋاتىدۇ)، كورلا خامەنگۇ كۆمۈركېنى 2 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېلىگىرىلەپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، چەرچەن ناھىيىسى چىگىلىك كۆمۈركېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، مەكىت ناھىيىسى لوماگۇ كۆمۈر كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، چاپچال ناھىيىسى كۆمۈركېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات، كۆكتوقاي ناھىيىسى مەنباستاۋ كۆمۈر كېنىنى تەپسىلىي قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات (تەكشۈرۈپ بولۇندى، دوكلات تۈزىتىلىۋاتىدۇ)، مىچۈەن ناھىيىسى شوربۇلاق 17 ـ نومۇرلۇق قۇدۇق ساندۇۋا يېزا كۆمۈر كېنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى گېئولوگىيىلىك دوكلاتى (تەكشۈرۈش پىكىرنامىسىلا بېرىلدى)، كۇچا ناھىيىسى دۆڭقوتان سۇ مەنبەسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى، چاپچال ناھىيىسى ئىدىرلىق نېفىتلىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى، توقسۇن ناھىيىسى ھاراق زاۋۇتى ئىچىملىك تەبىئىي مىنېرال سۈيىنى باھالاش دوكلاتى قاتارلىقلار (بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى مىس كېنىغا

دائىر دوكلاتى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇلار: ئاقتۇ ناھىيىسى گەزتىكى يىلمانسۇ مىس كېنىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، باي ناھىيىسى تامچە قۇمتاش مىس كېنى ياتمىسىنى دەسلەپكى باھالاشقا دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن ئىبارەت.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كان - يېپىق ئازگال گېئولوگىيىلىك دوكلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كان زاپىسىنى باشقۇرۇش قائىدىسىدىن ئونى ئېلان قىلىنىپ، كان زاپىسىنى باشقۇرۇش ئاساسىي قائىدە رامكىلىرى شەكىللەندى.

1993 - يىلى دۆلەت كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1992 - يىللىق كان مەھسۇلاتىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئۈچىنى ياخشى دەرىجىلىك دوكلات قىلىپ باھالىدى, بۇلار: شىخو چىگىشۈر كۆمۈر كېنى «ب» كۆمۈر گورۇپپىسىنى تولۇقلاپ قىدىرىپ تەكشۈرۈش (ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش) دوكلاتى، شىخو ناھىيىسى چىگىشۈر كۆمۈر كېنىدا 7 - نومۇرلۇق مىس ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات، فۇكاڭ ناھىيىسى شىكۇ ئاھاكتاش كېنىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن ئىبارەت.

ۋاڭ خۇجىن

**«شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق ئالتۇن كان ياتمىلىرىدا كان ھاسىل بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كان تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تەتقىقاتقا شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى يېتەكچىلىك قىلدى، چېڭدۇ گېئولوگىيە شۆيۈەنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1 -، 4 -، 7 - گېئولوگىيە ئەترەتلىرى قاتناشتى. 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى تەشكىللىگەن باھالاش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، باھالاپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئوخشاش تۈردىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلار: 1. دولاناساي، ساربۇلاق — ئاقتاس، زاھىر، قازانچى، كەڭگۈرتاغ — ئاچ تاغدىن ئىبارەت بەش ئالتۇن كېنى كان ھاسىل بولۇش بەلبېغىدىكى قۇرۇلما بىرلىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېرتىش قەدىمكى ھايات دەۋرى ياي ئارقىسى ئويمانلىقى، جايپۇسار قەدىمكى ھايات دەۋرى ئارال يايى، دالابۇت كېيىنكى قەدىمكى ھايات دەۋرى ئارال يايى، چۆلوتاغ كېيىنكى قەدىمكى ھايات دەۋرى ئارال يايى دەپ ئايرىلدى؛ تەركىبىدە ئالتۇن بار يەر قاتلاملىرىدىن، ئاساسلىقى، ئوتتۇرا ھال دېئون سىستېمىسى توقسالى گورۇپپىسى، تۆۋەن ھاك سىستېمىسى چوڭ قاراجۇن تېغى گورۇپپىسى، نەنمىڭشۈي گورۇپپىسى، تېيىلكۇلا گورۇپپىسى، يامانسۇ گورۇپپىسى ۋە ئوتتۇرا ھال ھاك سىستېمىسى تۆۋەن كارىز گورۇپپىسى بار؛ ئالتۇن كان ئۈستىدىكى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆزگىچىلىكى، ئۇنىۋېرسال ئۆزگىچىلىك قاتارلىق ئالتۇن كان ئۈستىدىكى يەر شارى خىمىيىسى ئالامەتلىرى بايان قىلىندى، ئالتۇن كانىنىڭ كان ھاسىل بولۇش بەلبېغى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇرۇلما، چۆكۈش، يانار تاغ ئۆزگىرىشى ۋە ماگما پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالتۇن كانلار جايلاشقان كان ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ كان ھاسىل بولۇش ئالامەتلىرى بايان قىلىندى. 2. ئاساسلىق بەش ئالتۇن كېنىنىڭ كان رايونى گېئولوگىيىسى، كان ياتمىسى گېئولوگىيىسى، رۇدا تاش قۇرۇلمىسى، كان ھاسىل بولۇش شەرتى، ئالتۇننىڭ يۆتكىلىشى ۋە چۆكۈشى، كان ھاسىل بولۇش فىزىكىلىق، خىمىيىلىك شارائىتى، كان ھاسىل بولۇش جەريانى، كان ھاسىل بولۇش دەۋرى تەپسىلىي بايان قىلىندى ۋە ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. 3. كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىنىپ، كان ھاسىل بولۇش قېلىپى بەرپا قىلىنىپ، كان ھاسىل بولۇش ھەققىدە ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى، 4. ئاساسلىق ئالتۇن كان ياتمىلىرىنىڭ يەر قەۋىتى تىزگىنلەش رولى بايان قىلىنىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان رۇدا تەركىبى بار بىر نەچچە يەر قاتلىمىدىكى يانار تاغ جىسىملىرى ۋە غەيرىي يانار تاغ جىسىملىرى بولغان تېيىز دېڭىز — دولقۇن تەسىرىدىن ئۇۋۇلغان جىنىس — جانلىقلار تەسىرىدىن ئۇۋۇلغان جىنىس — ساپ بولمىغان ھاك جىنىس بىرىكمىسىنىڭ ئالتۇن كانلاردىكى رۇدا تەركىبى بار كارىست سىستېمىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلدى. 5. ئالتۇن كانلارنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە، ۋاستىلىق مۇناسىۋىتى بولغان گىرانىت تاشلارنىڭ كېيىنكى خۇالىس مەزگىلىدىكىلىرىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى، ئىزوتوپلۇق يېشى 200 - 260 مىليون يىل بولىدىغانلىقى، مىنېراللىشىش كارىست جىسىمىنىڭ 5 — 15 كىلومېتر دائىرىسى ئىچىدە كارىس - جىسىملارنىڭ بىر ياكى ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى. 6. ئالتۇن كانلار، ئاساسەن، قۇرۇقلۇق ئارىلىقلىرىدىكى ھەرىكەتچان بەلباغقا تارقالغانلىقى ئارال يايىسى ۋە ياي ئارىسى ئويمانلىقى مۇھىتىنى ئاساس قىلىدىغانلىقى، كان ياتمىلىرى، كۆپىنچە، يورۇلمىلەرنىڭ ئىككى قانىتىدا ۋە ئوق قىسمى، يورۇلمىلەرنىڭ يورۇلۇش ئۇچى ۋە سىيرىلما چوققا قۇرۇلما

قىسمىدا ھاسىل بولىدىغانلىقى، يېرىقلارنىڭ كېسىشكەن جايى، قەۋەت ئارىلىقلىرىدىكى سىيرىلما ئۆۋاق بەلباغ، يېرىق بەلباغنىڭ كېرىلگەن قىسمى، يان پەي يېرىقلىرى بىلەن ئاساسىي يېرىقلارنىڭ كېسىشكەن جايلىرى سانائەت كانلىرى ساقلانغان قىسمى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 7. ئالتۇن كان بىلەن تومۇر جىنسلىرى ۋە رايونلۇق ئۆزگىرىش رولى، كانغا يېقىن ئورالما كارستلارنىڭ يالىنىپ ئۆزگىرىشى، ئالتۇن ئۈستىدىكى خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆزگىچىلىكى، كان ئىزدەش بەلگىلىرى، كان ئىزدەش يۆنىلىشى ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرى بايان قىلىندى.

يەن شىجۈن

**«غۇلجا ناھىيىسى ئاشى ئالتۇن كېنى ياتىمىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات» ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى**

1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە 1 - ئەترىتى «غۇلجا ناھىيىسى ئاشى ئالتۇن كېنى ياتىمىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتى»نى تاماملىدى، تەكشۈرۈپ ئېرىشىلگەن زاپاس ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى.

دوكلاتتا دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق دەپ قارالدى: ئاشى ئالتۇن كېنى ياتىمىسى قەدىمكى يانار تاغ قۇرۇلمىسى تېز گىنلىشىدىكى ئوتتۇراھال - تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق يانار تاغ ئىسسىق سۇيۇقلۇقى، كۋارتىس تومۇر تىپىدىكى ئالتۇن كان ياتىمىسىغا كىرىدۇ. قىدىرىپ تەكشۈرۈلگەن رايوندىكى 8 - 56 قىدىرىپ تەكشۈرۈش سىزىقلىرى ئارىسىدا ھازىر ئىككى خىل ھاسىل بولۇش سەۋەبى بولغان كان ياتىمىسىدىن سەككىزى ئېنىقلاندى ياكى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى. ئاساسىي كان ياتىمىسىنىڭ يۇقىرىسى تىك، تۆۋىنى تايدا بولۇپ، قىلىن تاختايسىمان ھالەتتىكى كان گەۋدىسىدۇر، ئۇنىڭ زاپىسى ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ %93تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. رۇدا تاشلىرىنىڭ تىپى كۋارتىس تومۇر ۋە يالىنىپ ئۆزگەرگەن كارستتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، كارست تومۇر تىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشى ئالتۇن كېنى چوڭ تىپتىكى كارستلىق ئالتۇن كان ياتىمىسى بولۇپ، كان گەۋدىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ - قېلىنلىق دەرىجىسى، سورتى مۇقىم، زاپىسى مەركەزلەشكەن، ئېچىش تېخنىكىلىق شارائىتلىرى ئاددىي، ئىلغاشچانلىقى ياخشى، ئاساسىي گەۋدىسى قىسمىنى ئوچۇق ئېچىشقا بولىدۇ.

ۋاڭ خۇڭ

**«كۆكتوقاي ناھىيىسى قارا تۇڭكى گۇڭگۇرتلەشكەن مىس - نىكېل كېنى رايونى 1 - نومۇرلۇق كان ياتىمىسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات» ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى**

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى كۆكتوقاي كان ئىشلىرى ئىدارىسى قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنى تاماملىغان «كۆكتوقاي ناھىيىسى قاراتۇڭكى گۇڭگۇرتلەشكەن مىس - نىكېل كېنى رايونى 1 - نومۇرلۇق كان ياتىمىسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتى» 1993-يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ كان ياتىمىسى ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى جىنچۇەندىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ مىس - نىكېل كېنى ياتىمىسى، قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ كان ياتىمىسى چوڭ تىپتىكى نىكېل كېنى، ئوتتۇرا تىپتىكى مىس كېنى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن پايدىلىق تەركىبلەر ھەمراھ ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش زاپىسى كۆلىمى كىچىك، كوبالت، پلاتىنا، پاللادىي، گۇڭگۇرت زاپىسى كۆلىمى ئوتتۇراھال بولۇپ، بۇلارغا يەنە مەلۇم مىقداردىكى سېلېن، تېللۇر ھەمراھ بولۇپ ساقلانغان - كان ياتىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ھەققىدىكى باھا ۋە تەھلىلدىن ئۇنىڭ سانائەتتە پايدىلىنىش قىممىتى ھازىرقى شارائىتتا تەخمىنەن 4 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولىدىغانلىقى، پايدىسى 800 مىليون يۈەندىن ئارتۇق، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان باج سوممىسى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

ۋاڭ خۇڭ

**«جۇڭگو - قازاقىستان جۇڭغارىيە ئالاتاۋ - پولكىنور ۋادىسىدىكى چىپار تاشلىق مىس كېنى ۋە قوغۇشۇن - سىنىك كېنىنىڭ كان ھاسىل بولۇش ئالامەتلىرى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات»**

بۇ تەتقىقاتقا شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە 9 - ئەترىتى يېتەكچىلىك قىلدى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1 - رايون تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋە گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى قاتناشتى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى جەنۇبىي قازاقىستان گېئولوگىيە ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى بىلەن بىرلىكتە ئەترەت تەشكىللەپ، جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى تۇتاشقان رايوندىكى جۇڭغارىيە، ئالاتاۋ - پولكىنور ۋادىسى چىپار تاشلىق مىس كېنى، قوغۇشۇن - سىنىك كېنىنىڭ كان ھاسىل بولۇش گېئولوگىيىلىك ئالامەتلىرى ئۈستىدە

سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ تەتقىقات شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. باھالاپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى، بۇ نەتىجە ئومۇمەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، بەزى تەرەپلەردە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 1. تەتقىقات رايونى ئىچىدىكى يەر قەۋىتىنى ئايرىپ سېلىشتۇرۇپ، ھەر قايسى يەر قەۋىتى بىرلىكلىرىنىڭ كارستلىق قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىكىش ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما خاسلىقى يەكۈنلەندى. 2. تەتقىقات رايونىدىكى ماگما جىنىس (بۆسمە جىنىس، يانار تاغ جىنىس) دەۋرلەر بويىچە ئايرىپ سېلىشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېترولوگىيە، پېتروخىمىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ماگما قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىكىش (رەتكە تۇرغۇزۇلۇش) ئالامەتلىرى ئەتراپلىق سىستېمىلىق بايان قىلىندى؛ ھەر خىل سخېمىلىق چۈشەندۈرۈش ۋە سىرەكلەرنىڭ تەقسىملىنىش ئالامەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش قۇرۇلما مۇھىتى بىلەن كان ھاسىل بولۇش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. 3. تەتقىقات رايونى جۇڭغارىيە - قازاقىستان ۋە تارىمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تاختىسمان پارچە ۋە تاختىسمان پارچە ئىچىدىكى 2 - دەرىجىلىك بىرلىككە ئايرىلىپ، ھەر قايسى قۇرۇلما بىرلىكلىرىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى ۋە بايان قىلىندى. بۇ رايوندىكى يەر پوستى تىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلەندى. 4. تەكشۈرۈلگەن بىر نەچچە تىپىك كان ياتىقىنىڭ كان ھاسىل بولۇش گېئولوگىيىلىك ئالامەتلىرى ۋە كان ھاسىل بولۇشنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئامىللار بايان قىلىندى، نۇقتىلىق ھالدا قەۋەتلەردە قوغۇشۇن سىنىك كانلىرى ۋە چىپار مىس كېنىنىڭ ھاسىل بولۇشنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈش، ماكان - زاماندا تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە كان ھاسىل بولۇش قېلىپى خۇلاسىلەندى ۋە تەھلىل قىلىپ سېلىشتۇرۇلدى، بۇ، ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىدە شۇ خىلدىكى كان مەھسۇلاتلىرىنى ئىزدەشنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. 5. كان ئىزدەش ئىستىقبالى بار رايوندىن 33ى دائىرىلەپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» تۈردىكىسى توققۇز، «ب» تۈردىكىسى 16، «س» تۈردىكىسى سەككىز. ئىستىقبالى بار رايونلاردىكى كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ۋە كان ئىزدەش ئىستىقبالى بايان قىلىندى ھەمدە شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى سايرام كۆلىنىڭ غەربىدىكى ئەيكە پاتال جىلغىسىنىڭ ئۈستۈنكى ۋادىسى ئۆشىق تىپىدىكى قوغۇشۇن - سىنىك كېنى ئاساسلىق تارقالغان جاي ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى؛ لاماسۇ ۋادىسىدا چىپار مىس كېنى ئىزدەلدى؛ ئوتتۇرا ھايات ئېراتېمىدىكى قۇمسۇم چېكە توپى ۋە جىندەن دەۋرى كېيىنكى قەدىمكى ھايات ئېرا تېمىغا خاس جايلار جېكلى تىپىدىكى قوغۇشۇن - سىنىك كېنى ۋە نەيلىڭگىل - خۇشتى كارستلىرى چىپار تاش تىپىدىكى مىس - مولىبدېن كېنى ئىزدەيدىغان ئاساسلىق جايلار ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىندى. 6. تۇنجى قېتىم جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى تۇتاشقان جايلارنىڭ گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى، كان مەھسۇلاتلىرى خەرىتىسى ۋە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ھەمدە ئالدىن مۆلچەرلەش خەرىتىسى تۈزۈلدى.

يەن شىجۇن

**«شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەردىكى مىس كانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاخباراتى ئۈستىدە تەتقىقات»**

شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى تاماملىغان «شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەر (قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە ۋە ئافغانىستان جۇمھۇرىيەتلىرى) دىكى مىس كانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاخباراتى ئۈستىدە تەتقىقاتى» 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، باھالاپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى بۇ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە بىر قەدەر چوڭ ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە ئاخبارات تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈرلەر بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، دەپ قارىدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 1. بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مىس كېنى بايلىقى ۋە مىس كېنى چىقىدىغان جاي سانى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى بايان قىلىندى. 2. شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەردە ھاسىل بولغان مىس كانلىرىنىڭ رايون دائىرىلىك تۈزۈلمە ئارقا كۆرۈنۈشى بايان قىلىندى، نۇقتىلىق ھالدا تەتقىقات رايونلىرى جايلاشقان يەر شارى تۈزۈلمىسى ئورنى ۋە تۈزۈلمە رامكىسى، تېكتونىك ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە يەر پوستى ئۆزگىرىشلىرى، ھەر قايسى تېكتونىك ئېلېمېنتلىرىنىڭ مىس رۇدىلىرىغا ئايلىنىش خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىندى. 3. يەر پوستى قېلىنلىقى ۋە يوشۇرۇنغان رايون خاراكتېرلىك، لىنىيە خاراكتېرلىك تۈزۈلمىلىك قۇرۇلمىلاردىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئۇلارنىڭ مىس كانلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتى مۇھاكىمە قىلىندى. 4. قوشنا دۆلەتلەردىكى مىس كانلىرىنىڭ ئاساسىي گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى تەپسىلىي بايان قىلىندى، شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەردىكى مىنېراللىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلما بولغان كان ھاسىل بولۇش بەلباغلىرىنىڭ تىپى ئايرىپ چىقىلدى، ھەر قايسى تىپتىكى كان ھاسىل بولغان بەلباغلارنىڭ مىس رۇدىلىرىغا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتى، مىس كېنى ياتىملىرىنىڭ تىپى، كان ھاسىل بولۇش ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى يەكۈنلەپ بايان قىلىندى. 5. شىنجاڭدىكى مىس كانلىرىنىڭ تارقىلىشى، گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، كان ياتىملىرى تىپى ۋە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە سېستىمىلىق خۇلاسە چىقىرىلىپ، تونۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، قوشنا دۆلەتلەردىكى مىس كانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا بۇنىڭدىن كېيىن مىس كانلىرى نىشانلانغان رايونلاردىن ياخشىلىرىنى تاللاش ھەققىدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 6. ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى بىر قىسىم چىپار جىنسلىق مىس كانلىرىنى ئىزدەش، باھالاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەر نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدى. 7. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ 26 مۇھىم مىس كېنى ياتىمى (مەيدان) غا دائىر مىساللار توپلام قىلىپ تۈزۈلدى ھەمدە شىنجاڭ ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مىس كېنى چىقىدىغان جايلىرىنى تېزىملاش جەدۋىلى ۋە مىس كېنى قۇرۇلمىسى، كان ھاسىل بولغان بەلباغلارنىڭ گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە دائىر جەدۋەل تۈزۈلدى. 8. شىنجاڭ ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مىس كانلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى (1:2500000 ماسشتابلىق) سىزىلىپ، ئۇنىڭدا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلما، كان ھاسىل بولغان بەلبېغىدىن 52سى، كان مەيدانىدىن 99ى، كان ياتىمى (نۇقتىسى) دىن 337سى كۆرسىتىلدى؛ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قۇرۇلما، كان ھاسىل بولغان بەلباغدىن 37سى، كان ياتىمى (نۇقتىسى) دىن 201ى كۆرسىتىلدى.

يەن شىجۇن

**شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش باش پونكىتى تاماملىدى. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەملىكەتلىك گېئولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، تەكشۈرۈش ھەيئىتى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ نەتىجە بىر قەدەر ئەتراپلىق توپلانغان ۋە سېستىمىلىق رەتلەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان، ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تارقىلىش ۋە ئۇنىڭ خەۋپلىك ھالىتى بىر قەدەر سېستىمىلىق ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەش پىكىرلىرى ۋە قارشى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دەي ئېنفۇ

**«جۇڭگو تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى مۇزارت دەرياسى ۋە مايتاغ - كۇچا تاشيولىنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى تاماملىغان، ئۇ 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. باھالاپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقات بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 1. تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى يەر قاتلىمىنىڭ رايونغا ئايرىلىشى تەڭشەلدى ۋە قايتىدىن ئايرىپ چىقىلدى، پولكىنور تېغى ۋە نارات تېغىدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك رايون ئىلى يەر قاتلىمى تارماق رايونىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ مۇزارت دەرياسى ۋە مايتاغ - كۇچا تاشيولى ۋادىسىنىڭ يەر قاتلىمى تەرتىپى بېكىتىلدى؛ ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ ئۆزگىرىش بەلبېغىدا ئوتتۇرا ھايات ئېراتېمىغا خاس جايلار مەۋجۇتلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە قەدىمكى جانلىقلار ۋە ياش ئەۋرىشكىلىرىدىن ھەر قايسى ئېرالاردىكى يەر قاتلاملىرى ئايرىپ چىقىلدى ۋە سېلىشتۇرۇلدى؛ دېڭىز سېستىمىسى ۋە تاش كۆمۈر سېستىمىسىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، تارقىلىش كۆلىمى قايتىدىن ئۆلچەپ بېكىتىلدى، خالىق تېغى سىلۇر سېستىمىسى ۋە دېڤون سېستىمىسىنىڭ پۈتۈنلىنىش - قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى يېڭىمۇ ئىسپاتلاندى؛ ھەر خىل جانلىقلارنىڭ تاش قاتىملىرىنىڭ ئېكولوگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى ئېرالاردىكى قەدىمكى جۇغراپىيىلىك مۇھىت بايان قىلىندى. 2. ماگما جىنسلارنىڭ پېترولوگىيىسى پېترو خىمىيىسى ۋە سىرەك خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىندى؛ گرانىت تاش تۈرلىرىنىڭ ماسىل بولۇش تىپى ۋە شەكىللەنگەن مۇتىدىل بېسىم شارائىتى مۇھاكىمە قىلىندى، $R_1 - R_2$سخېمىلىق چۈشەندۈرۈشتىن پايدىلىنىپ، تەتقىقات رايونىدىكى گرانىت تاشلارنىڭ شەكىللەنگەن گېئودېزىيىلىك

تۈزۈلمە مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ پېتروخىمىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۆزگەرگەن ئەسلى جىنسلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ مۇتىدىل بېسىم شارائىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى گېئودېزىيىلىك شارائىت ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ ئۆزگىرىش رېتى ۋە ئۆزگىرىش دەۋرى بايان قىلىندى؛ ئۇزۇن ئاۋۇز يېرىقلىرىنى پاسىل قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىدە قوش ئۆزگەن بەلباغ مەۋجۇت ئىكەنلىكى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3. غەربىي تەڭرىتاغ ئەۋرىشىملىك قايچىسىمان كېسىشكەن بەلبېغى، شەكىل ئۆزگەرتىش قاتلىمى، شەكىل ئۆزگەرتىش رېتى، تەتۈر يۆنىلىشلىك قۇرۇلمىسى، ئاستا ئۈزۈلۈپ تۇرۇلۇشى، سىيرىلما قۇرۇلمىسى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىندى؛ مۇھىم تېكتونىك ئېلېمېنتلىرىنىڭ تىپى - يىغىلىش بەلبېغى «سوقۇلۇش» تىپى ۋە «غەيرىي قوشۇلما» تىپىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىپ شەكلىدە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ كەسمە يۈز قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش داۋامىدا «قايچىسىمان كېسىش كۆتۈرۈلگەن بەلباغ» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدە قۇرۇلما تىپى يەكۈنلەپ چىقىلدى؛ تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدە ئاشكارا ھايات ئېئونى پەيدا بولغاندىن بۇيانقى تاغ پەيدا بولۇش جەريانى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە تەتقىقات رايونىدىكى ئوكيان ئويمانلىقى ئۆزگىرىشى بىلەن يېپىق قۇرۇقلۇق پارچىلىرىنىڭ يىغىلىپ سوقۇلۇشى ۋە بىرىكىشى ھەمدە قۇرۇقلۇق ئىچىدە تاغ پەيدا بولۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى تەھلىل قىلىندى. 4. كەسمە يۈز يەر قاتلىمى جىنسلىرىنىڭ مىنېراللىق خۇسۇسىيىتى تەتقىق قىلىنىپ، تولاسۇ يېرىقى ۋە ئالدىن بولاق يېرىقىدا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ سېرىق تۆمۈر رۇدىسىغا ئايلىنىش، گۆڭگۈرتلىشىپ يالىنىپ ئۆزگىرىش بەلبېغى بارلىقى بايقالدى. مۇزارت دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئاۋۋالقى سىلۇر سىستېمىسىدا ئىسسىق سۇيۇقلۇق تىپىدىكى جۇلالىق سۇرمە تاش كان نۇقتىسى بايقالدى؛ نارات قۇرۇلما بەلبېغىنىڭ ئالتۇن ئىزدەش ئىستىقبالى بار رايون ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يەن شىجۈن

**«ئۈرۈمچى - قاراماي دۆلەت زېمىنىنى ئۈنىۋېرسال ئېچىش رايونىنىڭ رايون دائىرىلىك مۇھىت گېئولوگىيىسىگە ئۈنىۋېرسال باھا بېرىش دوكلاتى»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى سۇ رايى گېئولوگىيە 1 - ئەترىتى ئورۇندىغان. ئۇ 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى، بۇ دوكلات قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ ياخشى نەتىجىسى، دەپ قارىدى. 1. ئالدىنقىلارنىڭ كۆپلىگەن نەتىجىلەرگە دائىر ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، زۆرۈر بولغان تولۇقلىما قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە سىناق ئانالىز خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، كۆپلىگەن سانلىق ئاساسلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دوكلاتنى يېزىشقا ئىشەنچلىك ئاساس سېلىنغان. 2. دوكلاتتا خىزمەت رايونىدا 30 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى، سۇ رايى گېئولوگىيىسى، قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ۋە مۇھىت گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ بۇ رايوندىكى سۇ بايلىقى سانى ۋە ھەر قايسى ئېقىن ۋادىلىرىدىكى سۇ بايلىقى سانى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن. سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئېچىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، بۇ رايوندىكى سۇ بايلىقىنى قانداق قىلىپ لايىقىدا ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ خىزمەت رايونىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، 1995 - يىلى، 2000 - يىلى ۋە 2020 - يىلىدىن ئىبارەت ئۈچ مەزگىلدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئالدىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ مۆلچەرلىنىپ، خىزمەت رايونىدىكى دۆلەت زېمىنىنى ئۈنىۋېرسال ئېچىش ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن؛ 3. كۆپلىگەن سۇ، تۇپراق ئەۋرىشكىلىرى ئۈستىدە تەجرىبە قىلىپ ئۆلچەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان، ماتېماتىكا ۋە فىزىكىلىق ستاتىستىكا ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، خىزمەت رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيى ۋە تۇپراق مۇھىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش قىممىتى تۇنجى قېتىم بېكىتىلگەن ھەمدە مۇھىت ئارقا كۆرۈنۈش قىممىتىنىڭ ماكان - زامانغا تارقىلىش خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بىر قەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان، يەرلىك كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك فتور، يود، ئارسېن ئۈستىدە يۆنىلىش دائىرىلىك تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، يەر ئاستى سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىگە ئۈنىۋېرسال باھا بېرىشكە ئاساس سېلىنغان، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. 4. دوكلاتتا ئىچكى - تاشقى مېخانىكىلىق گېئولوگىيە ھادىسىلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتى بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، تۇپراقنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىپ كېتىشى، قۇملىشىپ كېتىشى، يىمىرىلىپ سىيرىلىشى، كۆمۈرلۈك ئاتۇرالى قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى، پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى، زىيان سېلىش دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى

ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنغان ھەمدە ھەر خىل گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر ئاسان يۈز بېرىدىغان ئالتە رايون ئايرىپ چىقىلغان، بۇ، رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى، پىلانلىنىش ۋە گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ 5. خىزمەت رايونىدىكى كارست، تۇپراق جىسىم قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسىنىڭ تىپى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، ئاساسلىق كارست تۇپراق جىسىملىرىنىڭ فىزىكىلىق، دىنامىكىلىق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچلىرى كۆرسىتىلگەن، خىزمەت رايونىدىكى يەر پوستىنىڭ مۇقىملىقى، كارست - تۇپراقلارنىڭ تىپى ۋە قۇرۇلۇشى گېئولوگىيىسى شارائىتىنىڭ پەرقىگە قاراپ، بەش چوڭ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىلىك رايونى ۋە 21 كەنجى رايونغا ئايرىلىپ، رايونلار ۋە كەنجى رايونلاردىكى گېئولوگىيىلىك شارائىت ۋە ئاساسلىق قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بۇ، خىزمەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە؛ 6. دوكلاتتا گېئولوگىيىلىك مۇھىت شارائىتى ۋە گېئولوگىيىلىك بايلىقلارنىڭ تارقىلىشىغا، سۇ بايلىقى سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە ئاساسەن، رايون ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت رايونى مۇھىت گېئولوگىيىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال رايونلارغا بۆلۈنگەن. دوكلاتتا ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە بولغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ، خىزمەت رايونىنىڭ دۆلەت زېمىنىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

دېي ئېنفۇ

**«قۇمۇل ئويمانلىقى مۇھىت گېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال باھا دوكلاتى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ گېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 2 - گىدرو گېئولوگىيە ئەترىتى ئورۇندىدى. ئۇ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ باھالاشتا مۇنداق دەپ قارالدى: مۇھىت گېئولوگىيىسىگە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش ۋە شەھەر گېئولوگىيىسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش بۇ ۋىلايەتتە تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئېرىشىلگەن گېئولوگىيە نەتىجىلىرى خىزمەت رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە پىلان تۈزۈش ئىشلىرىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇمۇل ئويمانلىقى مۇھىت گېئولوگىيىسىگە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش دوكلاتى»دا خىزمەت رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە مۇھىت گېئولوگىيىسى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپلىگەن ئەمەلىي ماتېرىياللار ۋە گېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: 1. خىزمەت رايونىنىڭ گىدرو گېئولوگىيىسى شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، پۈتۈن رايوننىڭ يىللىق سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 864 مىليون 430 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۇ بايلىقى يىلىغا 381 مىليون كۇب مېتىرغا، يىللىق يەر ئاستى سۇ بايلىقى 846 مىليون 940 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق قايتىلىنىش مىقدارى 363 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ھېسابلاندى؛ شوتابۇلاق - گېداجىڭزى نۇقتىلىق ئىگىلىك يەلپۈگۈچىدىكى سۇ بايلىقى بىر قەدەر توغرا ھالدا ئايرىم ھېسابلىنىپ، قۇمۇل ئويمانلىقى نۇقتىلىق ئىگىلىك رايونىدىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، پىلانلاش ئىشى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى؛ 2. قۇمۇل شەھىرىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە بولىدىغان شەھەر سۇ تەمىناتى، قارادۆۋىنىڭ شەرقىدىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بازىسى سۇ تەمىناتى، ساقىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ئىگىلىك بازىسى سۇ تەمىناتىدىكى D + E، دەرىجىلىك چوڭ سۇ مەنبەسىدىن ئۈچى بايقالدى ۋە دائىرىلەپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئويمانلىقى سۇ مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى يەنىمۇ كېڭەيدى؛ 3. رايون ئىچىدىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، كەلگۈسى ئىستىقبال پىلانىدىكى ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ۋە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلدى؛ 4. خىزمەت رايونىدىكى يېڭى قۇرۇلما ھەرىكىتى ئالامەتلىرى تەتقىق قىلىنىپ، خىزمەت رايونىدىكى يەر پوستىنىڭ مۇقىملىقى ۋە كارست - تۇپراقلارنىڭ ئالامەتلىرىگە قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى بويىچە رايونلارغا ئايرىپ باھا بېرىلدى؛ 5. نۇقتىلىق ئىگىلىك رايونىنىڭ قۇرۇلۇش يەلپۈگۈچىدە، سۇ - تۇپراق ئارقا كۆرۈنۈش قىممىتى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈلدى؛ 6. خىزمەت رايونىنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىپ كېتىشى، قۇملىشىپ كېتىشى، سۇ ۋە تۇپراقتىن بولىدىغان يەرلىك كېسەللىكلەر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق مۇھىت گېئولوگىيىلىك ئاپەتلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ئامىللار ئۇنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكلىرى، زىيان سېلىش دەرىجىسى تۇنجى قېتىم بايان قىلىنىدى ھەمدە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ 7. خىزمەت رايونىدىكى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى

ھالىتى ۋە تەرەققىيات نىشانىغا بىرلەشتۈرۈپ، رايون ئىچىدىكى گېئولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا ئۇنىۋېرسال باھا بېرىلىپ، دۆلەت زېمىنى بايلىقىنى ئېچىش ۋە رەتلەش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر گېئولوگىيىسىنى دەسلەپكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا كۆپ تەرەپلىمە قىدىرىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىنىپ، كۆپلىگەن بىۋاستە ماتېرىياللار ۋە بىر قەدەر ياخشى گېئولوگىيە نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى: 1. قۇمۇل شەھىرىدە 4 .، 3 - سىستىما يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ساقلىنىش شارائىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى ھەمدە 4 - سىستىما يەر ئاستى سۈيى كۆپ يەر بۆلەكلىرى دائىرىلىنىپ، شەھەر سۇ تەمىناتى بىر يېڭى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى ھەم ئېچىشقا بولىدىغان ئەڭ ياخشى سۇ بايلىقى مىقدارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش تېخنىكىلىق شارائىتلىرى رايونلارغا بۆلۈپ دەلىللەندى؛ 2. خىزمەت رايونىدىكى تۇپراق جىسىملىرى تىپى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ئالاھىدىلىكلىرىگە رايونلارغا بۆلۈپ باھا بېرىلدى، شەھەردىكى يەر يۈزىنىڭ مۇقىملىقى، يەر ئۇلىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇجمەل ھۆكۈم ئۇسۇلى بىلەن بىر قەدەر تەپسىلىي باھا بېرىلدى ھەمدە زاپىس مۆلچەرى ھېسابلاپ چىقىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى؛ 3. خىزمەت رايونى ئىچىدىكى يەر ئاستى سۈيى جىسىملىرى ۋە تۇپراق جىسىملىرىنىڭ يەر شارى فىزىكا ئىلمى بويىچە ئارقا كۆرۈنۈش قىممىتى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلىپ، يەر ئاستى سۇ جىسىملىرى ۋە تۇپراق جىسىملىرىنىڭ ئەسلى پەيدا بولۇش مۇھىت شارائىتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىپ بېرىلدى؛ خىزمەت رايونىدا ساقلانغان ئاساسىي مۇھىت گېئولوگىيىسى مەسىلىلىرى ۋە گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىنىپ، يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دوكلاتتا يەنە خىزمەت رايونىدىكى گېئولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتىگە ئۇنىۋېرسال رايونلارغا بۆلۈپ باھا بېرىلدى.

دېي ئېنفۇ

**«ئۆلانباي يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىناق مەيدانىدا يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، سىڭدۈرۈش سىنىقىغا دائىر باسقۇچلۇق خۇلاسە دوكلاتى (1986 — 1990)»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش باش پونكىتى ئورۇندىغان، ئۇ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ئۆلانباي يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىناق مەيدانى «ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقىغا ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش» تۈرى ئومۇمىي گەۋدە لايىھەسىنىڭ تەلەپ بويىچە 1984 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1985 - يىلى كۆزىتىشنى رەسمىي باشلىغان، يوشۇرۇن سۇنى پارغا ئايلاندۇرۇش، يامغۇر سۇلىرىنى سىڭدۈرۈش سىنىقى يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىناق مەيدانىدا ئاساسلىق كۆزىتىپ تەتقىق قىلىنىدىغان تۈرلەر. دوكلاتتا كۆپلىگەن ئەمەلىي كۆزىتىش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق، يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، يامغۇر سۈيىنىڭ سىڭىشى بىلەن كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى، كارست خاراكتېرى ۋە ھاۋارايى مۇھىم ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قەدەر سىستېمىلىق تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىندى ھەمدە يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، يامغۇر سۈيىنىڭ سىڭىپ تولۇقلىنىشىدىكى ماكان - زامان ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى يەكۈنلەندى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى سۇ يۈزىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش كوئېففىتسېنتى قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر خىل كارستلارنىڭ خاراكتېرىدە، سۇ ئورنىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى تېيىزرەك بولغاندا يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى بىر قەدەر كۆپ بولىدىغانلىقى، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئاتموسفېرانىڭ پارغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا باغلىق ئىكەنلىكى، سۇ ئورنىنىڭ كۆمۈلۈشى چوڭقۇرراق بولغاندا يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئازىيىدىغانلىقى يەكۈنلەپ چىقىلدى. توپا تەركىبى بولغان قۇم - شېغىل تاشلاردىكى يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش چېكىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3.47 مېتر، سېرىق توپا ھالىتىدىكى كەنجى يېپىشقاق توپىدىكى يوشۇرۇن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش چېكىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5.78 مېتر ئىكەنلىكىدەك سانلارغا ئېرىشىلدى. يامغۇر سۇلىرىنىڭ سىڭىپ كېتىشى تۇپراق تەركىبى بولغان قۇم - شېغىل تاشلاردىكى سۇ ئورنى كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتر، سېرىق توپاسىمان كەنجى يېپىشقاق توپىدىكى سۇ ئورنى كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى بىر مېتر بولغاندا بىۋاستە تولۇقلاش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىي كۆزىتىلگەن ماتېرىياللارنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق پارغا تويۇنغان بەلباغدا قاتما سۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەمدە يوشۇرۇن سۇغا نىسبەتەن مەلۇم تولۇقلاش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بايقالدى.

چې مىبي

**«ئۈرۈمچى قىزىلتاغ - شىمىگو ئاساسىي كارستلىق تاغ رايونىنى گىدروگېئوفىزىكىلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈپ سۇ ئىزدەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئۈنۈملۈك تەتقىقات»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى

1 ـ گىدرو گېئولوگىيە ئەترىتى ئورۇندىغان، ئۇ 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ خىزمەتتە ئاساسىي كارستلىق تاغ رايونىدا ئاساسىي كارست يېرىقلىرىدىن سۇ ئىزدەشتە ئۈنۈملۈك بولغان «گېئولوگىيە ـ گىدروگېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش بىرلەشمە خىزمەت ئەندىزىسى»، يەنى ئەڭ ياخشى خىزمەت تەرتىپى تەتقىق قىلىپ چىقىلدى ھەمدە ئۇۋۇندا ئاساسىي كارستلاردىكى سۇ تەركىبى بار كارستلار گۈرۈپپىسىنىڭ يەر شارى فىزىكىسى ئالاھىدىلىكلىرى يەكۈنلەندى. ئەندىزە ئارقىلىق قىزىلتاغ ـ شىمىگۇ ۋادىسىدىكى ئاساسىي كارستلار يېرىقلىرىدىن سۇ ئىزدىگەندە، ئۈزۈك قاتلامدىكى 29ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدىغانلىرى ئۈچ، بۇلار شىمىگۇ-يامالىق تەتۈر ئۆرۈلما ئۈزۈك قاتلىمى قىزىلتاغ ـ شىمىگۇ تەتۈر ئۆرۈلما ئۈزۈك قاتلىمى، قىزىلتاغ جەنۇبىدىكى ئۈزۈك قاتلامدىن ئىبارەت، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈزۈك قاتلامدا سۇ كۆپ بولۇشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قىزىلتاغ ـ شىمىگۇ ۋادىسىدا سۇ كۆپ بولغان ئوخشاشمىغان بەش رايون ئايرىپ چىقىلدى.

دەي ئېنفۇ

**«پىچان ـ ئېدىرلىق نېفىتلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1 ـ قۇرۇلۇش قىدىرىپ تەكشۈرۈش يۈرتىنىڭ ئۆرۈمچى شۆبىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان. ئۇ 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش ـ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ خىزمەتتە 1:100000 ماشتابلىق گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش 1846.25 كۋادرات كىلومېتىر، 1:150000 ماشتابلىق گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش 397.5 كۋادرات كىلومېتىر، 1:10000 ماشتابلىق گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش 15.75 كۋادرات كىلومېتىر ئورۇندالدى؛ گىدروگېئولوگىيىلىك تۆشۈكتىن 15ى بۇرغىلاندى، بۇرغىلاش مېتراژى 2536.38 مېترغا، گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈزنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 129.04 كىلومېترغا يەتتى، كۆپ تۆشۈكتىن سۇ تارتىش سىنىقى ئىككى گۇرۇپپا، توپ تۆشۈكلەردىن سۇ تارقىتىش سىنىقى بىر گۇرۇپپا ئىشلەندى. قىدىرىپ تەكشۈرۈلگەن رايوندا سۇ تەركىبى بار قاتلامدىكى كارستلارنىڭ خاراكتېرى، كۆمۈلۈش شارائىتى ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تىپى ۋە تولۇقلىنىشى، سىرغىپ ئېقىش ۋە چىقىرىلىش خۇسۇسىيىتى، سۇنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ھەرىكەت ھالىتى خۇسۇسىيىتى ئېنىقلاندى. گىدروگېئولوگىيىلىك پارامېتىرى ھېسابلاندى، يەر ئاستى سۈيى بايلىقى ۋە سۇ مەنبەسىدە بايلىقنى ئېچىشقا باھا بېرىلىپ، پىچان ـ ئېدىرلىق نېفىتلىكى يىلىغا 4 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېچىش كاپالىتىگە ئىگە بولغان، زاپىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى «ب» بولغان ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

چېن بىڭ

**«پىچان ناھىيىسى شياۋساۋخۇ ناترىيلىق سىلىترا كېنى رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 11 ـ گېئولوگىيە ئەترىتى ئورۇندىغان، ئۇ 1993 ـ يىل 12.ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ باھالاشتا مۇنداق دەپ قارالدى: قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق، ئىنتايىن قۇرغاق بولغان شياۋساۋخۇ رايونىدىكى 3.سىستېما ئۇۋۇندا كارست تۈرلىرى ئارىسىدىن نىسبەتەن سۈيى مول بولغان سۇ ساقلاش قۇرۇلمىسى تېپىلىپ، ئېلىمىزدىكى ناترىيلىق سىلىترا چىقىدىغان مۇھىم كان رايونى بولغان شياۋساۋخۇ ناترىيلىق سىلىترا كېنى رايونىدا تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىدىغان يېڭى سۇ مەنبەسى تېپىلدى ھەمدە كۈنلۈك سۇ چىقىش مىقدارى 200 نەچچە كۇب مېتىر بولغان، تەكشۈرۈش بىلەن ئېچىش بىرلەشتۈرۈلگەن بىر سۇ قۇدۇقى تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

دەي ئېنفۇ

**«ئاتۇش رايونىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ سۇنى ياخشىلاش جەھەتتىكى گىدرو گېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش»**

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 3 ـ گىدرو گېئولوگىيە قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان. ئۇ 1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3.كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ خىزمەتتە 1992 ـ يىلى جەمئىي 1:50000 ماشتابلىق گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەش ـ سىزىش 380 كۋادرات كىلومېتىر ئورۇندالدى؛ گىدروگېئولوگىيىلىك تۆشۈكتىن 13ى بۇرغىلاندى، بۇرغىلاش مېتراژى 1596.25 مېترغا يەتتى؛ گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 44.5 كىلومېترغا، يىغىۋېلىنغان ۋە ئانالىز قىلىنغان ئەۋرىشكە 110 گۇرۇپپىغا يەتتى؛ گېئولوگىيىلىك

تەكشۈرۈشكە 1 مىليون 341 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. ئاتۇش ئويمانلىقىدىكى 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلۈش تارقىلىش ئەھۋالى، سۇ كۆپلۈكى، تولۇقلىنىش، سىرغىپ بولۇش ۋە چىقىرىلىش شارائىتى ھەمدە سۈنىڭ خىمىيىلىك شارائىتى سىستېمىلىق ئېنىقلىنىپ، يوشۇرۇن سۇ ۋە ئۈچ قەۋەتلىك بېسىملىق سۇ ئايرىپ چىقىلدى، سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولغان ئاتۇش ئويمانلىقىدىن تورمۇشتا ئىستېمال قىلىشقا باپ كېلىدىغان يوشۇرۇن سۇ رايونى ۋە بېسىملىق سۇ بۆلىكى تېپىلدى ۋە دائىرىلەندى. ئاتۇش ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تولۇقلىنىش مىقدارى 48 مىليون 981 مىڭ 580 كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە تورمۇشتا ئىستېمال قىلىشقا باپ كېلىدىغان سۇ مىقدارى 23 مىليون 407 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا؛ يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنىڭ يىللىق چىقىرىلىش مىقدارى 31 مىليون 920 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە تورمۇشتا ئىستېمال قىلىشقا باپ كېلىدىغان يىللىق سۇ مىقدارى 22 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

چېن بىڭ

## ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتكەن ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇ ئورنى يەتتىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۈيى ئۈچ توردە ئۆلچەمگە يەتكەن سۈپەتلىك تەبىئىي مىنېرال سۇ بولۇپ، ھەر بىر لىتىر مىنېرال سۇ تەركىبىدىكى سترونتسىي مىقدارى 2.649 مىللىگرامغا، لىتىي مىقدارى 0.316 مىللىگرامغا، مېتاسىلىكات مىقدارى 3.9 مىللىگرامغا يەتكەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونى لۇساۋگۇ يېزىسى، تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى، باركۆل ناھىيىسى خەيزىيەن يېزىسىدىن ئىبارەت ئۈچ جايدىكى ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇ تەركىبىدىكى سترونتسىي، مېتاسىلىكاتلىق مىقدارى ئىككى تۈر بويىچە ئۆلچەمگە يەتتى، ھەر بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى سترونتسىي مىقدارى 0.636 - 1.56 مىللىگرامغا، مېتاسىلىكات مىقدارى 25.3 - 59.8 مىللىگرامغا يەتكەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونىدىكى مىنېرال سۇلار سترونتسىي ۋە مىنېراللىق دەرىجىسىدىن ئىبارەت ئىككى توردە ئۆلچەمگە يەتكەن ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھەر بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى سترونتسىي مىقدارى 1.56 مىللىگرامغا، مىنېراللىق دەرىجىسى 1135 مىللىگرامغا يەتكەن، خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق رايونى، توقسۇن ناھىيىسى ھاراق زاۋۇتىنىڭ مىنېرال سۈيى سترونتسىي مىقدارى جەھەتتىن بىر توردە ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇپ، ھەر بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى سترونتسىي مىقدارى بايىنبۇلاق رايونىنىڭ 1.55 مىللىگرامغا، ھاراق زاۋۇتىنىڭ 0.392 مىللىگرامغا يەتكەن.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونىنىڭ لۇساۋگۇ يېزىسى، شىمىگو رايونى، تاشقورغان ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ خەيزىيەن يېزىسى، توقسۇن ناھىيىسى ھاراق زاۋۇتىدىن ئىبارەت بەش ئورۇندا زاۋۇت قۇرۇلۇپ، ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلماقتا. ئەمما مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر تۆۋەن، ھەممىسىنىڭلا 501 توننىدىن ئاشمايدۇ. قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۋاتقان مىنېرال سۇ زاۋۇتلىرىدىن ئۈچ - تۆتى بار، قىدىرىپ تەكشۈرۈلۋاتقان مىنېرال سۇ بۇلاقلىرى بەشتىن ئاشىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى باشقۇرۇش خىزمىتى نورماللىشىش، قانۇن - تۈزۈملىشىشتەك باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشتى، ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى، سەھىيە نازارىتى، يېنىك سانائەت نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشى بىلەن «ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ ھەق ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق بىرقاتار بىرلەشمە ھۆججەت، بەلگىلىمىلەرنى تارقاتتى، ئاپتونوم رايوندا ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ باھالاش مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ۋە ئىستېمال قىلىنىدىغان تەبىئىي مىنېرال سۇنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

يۈ چىڭخې

## شىنجاڭدىكى تۆۋەن ناترىيلىق تەبىئىي ئىستېمال قىلىنىدىغان مىنېرال سۇنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىش دوكلاتى ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «شىنجاڭدىكى تۆۋەن ناترىيلىق تەبىئىي ئىستېمال قىلىنىدىغان مىنېرال سۇ سۈپىتىگە باھا بېرىش دوكلاتى» ئاپتونوم رايونلۇق كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۆلەت كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تەبىئىي مىنېرال سۇ ئېقىپ چىقىدىغان قۇدۇقنىڭ ئورنى توقسۇن ناھىيىسى ھاراق زاۋۇتىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە

بولۇپ، ئېچىش شارائىتى ئەۋزەل. بۇ مىنېرال سۇ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 250 مېتر چامىسىدا بولغان چوڭقۇر قاتلامدىكى بېسىملىق ئاقما يەر ئاستى سۈيى بولۇپ، ھەر بىر لىتىر مىنېرال سۇنىڭ تەركىبىدىكى پايدىلىق ئېلېمېنتلاردىن بولغان سترونتسىيىنىڭ مىقدارى 0.345 ـ 0.418 مىللىگرام، ھەر بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى ئوتتۇرىچە مىقدارى 0.392 مىللىگرام، ھەر بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى ناترىي مىقدارى 20 مىللىگرامدىن تۆۋەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېتاسىلىكات، يود، سىنىك، بور، مىس ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى فتور قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق ئېلېمېنتلار بار بولۇپ، ھەر خىل چەك قويۇلغان مىقدار كۆرسەتكۈچلىرى ۋە بۇلغىغۇچى ماددىلار، مىكرو ئورگانىزملار، رادىئاكتىپ كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئۆلچىمىدىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن. سۇنىڭ خىمىيىلىك تىپلىرى ئېغىر كاربون كىسلاتا ـ كالتسىي-ناترىيلىق تىپتىكى سۇ بولۇپ، ھەر بىر لىتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.17 گرام. بۇ، تۆۋەن ناترىي، سترونتسىي تىپىدىكى تەبىئىي ئىستېمال قىلىنىدىغان سۇپەتلىك مىنېرال سۇ ھېسابلىنىدۇ.

سەي گوخۇا

## شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى ھەم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى

شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرى پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسى بىلەن 9 ـ گېئولوگىيە ئەترىتى ئۈچ يىل تىرىشىپ ئورتاق ھالدا تەتقىق قىلىپ ياسىغان شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش ـ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى، بۇ سىستېمىدىكى يۇمشاق سەپلىمىلەرنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تىپلىق سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇنۇلار: 1. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئالتە تارماق ئامباردىن، يەنى ئاساس ئۇچۇرلار ئامبىرى، كان ياتقۇلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئامبىرى، كان گەۋدىلىرى ئالاھىدىلىكى ئامبىرى، رۇدا ئالاھىدىلىكى ئامبىرى، زاپاس ئامبىرى، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ئۇچۇرلىرى ئامبىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا 115 خىل كان مەھسۇلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كان مەھسۇلاتى چىقىدىغان جايدىن 1664ى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى جىمى كان تۈرلىرىدىكى بارلىق كان ياتقۇلىرى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى بولغان كان نۇقتىلىرىنى (بىر قىسىم نۇقتىلىق كان تۈرلىرىدىكى مۇھىم كانغا ئايلىنىش نۇقتىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. بۇ سىستېما بىر باش تىزگىنلەش بۆلىكى، بەش ئاساسلىق تىزگىنلەش بۆلىكى ۋە ئون نەچچە تارماق تىزگىنلەش بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، ئىقتىدارى تولۇق، سۈرۈشتۈرۈش سۈرئىتى تېز ھەم باشقۇرۇش جانلىق ۋە ئەپلىك، ئىشلەتكۈچىلەر ئۇنى ئىشلىتىش دائىرىسى بىۋاسىتە. مەشغۇلات قىلىش ئوڭاي، ئىگىلەش ئاسان دەپ ماختىماقتا.

شياۋ جىجيەن

## شىنجاڭ كۈيتۇڭ ـ شىخو گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلدى

1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ كۈيتۇڭ ـ شىخو گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كۈيتۇڭ ـ شىخو رايونلىرىدىكى گېئولوگىيىلىك مۇھىت ئۈزلۈكسىز ناچارلىشىپ، رايون خاراكتېرلىك يەر ئاستى سۇ ئورنى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، تۇپراقنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىپ كېتىشى كېلىپ چىقتى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى ۋە كۈيتۇڭ شەھەر رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ھەر يىلى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سۇ بايلىقى يېتىشمەسلىك شەھەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، شۇ جايدىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى، بۇ پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كۈيتۇڭ ـ شىخو رايونلىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى، گېئولوگىيىلىك ئاپەت قاتارلىقلار كۆزىتىلىپلا قالماي، يەنە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ۋە گېئولوگىيىلىك ئاپەت يۈز بېرىش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەت قەرەللىك ھالدا يەر ئاستى سۈيى ئەھۋالى ۋە سۇ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئالدىن مەلۇمات بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشى، گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشى ئاساس ۋە تەكلىپلەر بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ.

چى مېي

# يەر تەۋرەش

## يەر تەۋرەش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 85 قېتىم $M_S \geq 3.5$ بال يەر تەۋرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 3.5 بالدىن 3.9 بالغىچە

## 1993 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە يۈز بەرگەن Ms≥3.5 بال يەر تەۋرەش ئەھۋالى

| نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت | | يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى | | تەۋرەش دەرىجىسى | | تەۋرەش زىچلىقى | تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى (كىلومېتر) | پايدىلىنىدىغان يەر نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۈن ئاي | سائەت، مىنۇت، سېكۇنت | مېرىدىئان | پاراللېل | ML | Ms | | | |
| 1 | 1 16 | 0 37 39.4 | 84°28′ | 42° | 5.1 | 4.7 | 1 | 12 | بوگۇر ناھىيىسى يېڭىسار يېزىسىنىڭ غەربى |
| 2 | 24 | 23 43 34 | 91°6′ | 38°55′ | 4.4 | 3.9 | 4 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن چېگرىداش قىسمى |
| 3 | 2 3 | 0 5 14.2 | 86°6′ | 42°16′ | | 5.7 | 2 | 33 | خېجىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى |
| 4 | 10 | 12 4 58.6 | 81°13′ | 44°45′ | 4.3 | 3.8 | 1 | 29 | ئارشاڭ ناھىيىسى قاشا ئورمانچىلىق مەيدانى |
| 5 | 12 | 19 22 58.1 | 83°55′ | 43°17′ | 4.3 | 3.8 | 1 | 15 | كۈنەس ناھىيىسى ئارات يېزىسى |
| 6 | 13 | 0 16 37.1 | 78°11′ | 40°15′ | 4.5 | 4 | 1 | 21 | كەلپىن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى تاغ |
| 7 | 13 | 18 34 25.9 | 78°9′ | 38°51′ | 4.9 | 4.4 | 1 | 38 | مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئىچى |
| 8 | 17 | 10 0 28.1 | 89°29′ | 38°33′ | 5.1 | 5.1 | 2 | 26 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 9 | 19 | 3 52 12.6 | 85°36′ | 37°18′ | 4 | 3.5 | 4 | | چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ |
| 10 | 23 | 23 20 28.9 | 85°50′ | 47°44′ | 4.1 | 3.6 | 2 | 15 | جىمىنەي ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى |
| 11 | 3 2 | 23 51 06.9 | 88°55′ | 38°47′ | 4.1 | 3.6 | 1 | 30 | چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى |
| 12 | 3 | 11 24 23.6 | 79°3′ | 40°20′ | 4.7 | 4.2 | 1 | 15 | كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىچى |
| 13 | 27 | 21 56 47.3 | 81°11′ | 36°13′ | 4 | 3.5 | 4 | | چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ |
| 14 | 31 | 21 50 47.3 | 83°43′ | 44°6′ | 4.3 | 3.8 | 1 | 20 | شىخو ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق |
| 15 | 4 2 | 2 25 15.2 | 89°40′ | 38°27′ | 4 | 3.5 | 4 | | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى |
| 16 | 2 | 15 59 56.1 | 78°7′ | 40°19′ | 4.4 | 3.9 | 1 | 25 | ئاقچى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 17 | 3 | 13 2 51.9 | 75°41′ | 40°3′ | 4.7 | 4.2 | 2 | 31 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 4 | 5.1 | 5.4 | 35°44′ | 77°45′ | 11 49 28.3 | 8 | 18 |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 3.8 | 4.3 | 35°59′ | 77°50′ | 13 28 3.8 | 8 | 19 |
| گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 4 | 3.6 | 4.1 | 35°58′ | 77°58′ | 4 6 12.5 | 10 | 20 |
| مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ | 23 | 1 | 3.5 | 4 | 40°9′ | 77°44′ | 7 47 26.5 | 10 | 21 |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 4 | 3.5 | 4 | 35°35′ | 77°40′ | 16 16 01.3 | 14 | 22 |
| خوشۇت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغ | 23 | 1 | 4 | 4.5 | 42°41′ | 87°23′ | 16 31 6.9 | 14 | 23 |
| يوپۇغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمى | 43 | 1 | 4 | 4.5 | 39°13′ | 76°57′ | 17 58 4.1 | 14 | 24 |
| گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 4 | 3.5 | 4 | 35°40′ | 78° | 2 28 15.5 | 15 | 25 |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 4 | 3.5 | 4 | 35°48′ | 77°36′ | 4 3 0.1 | 27 | 26 |
| خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 4.3 | 4.8 | 34°59′ | 79°16′ | 15 0 11.6 | 5 8 | 27 |
| ئاقتو ناھىيىسى بۇلۇڭكۆل يېزىسى | 39 | 1 | 3.6 | 4.1 | 38°39′ | 74°57′ | 2 57 15.5 | 5 22 | 28 |
| تاشقورغان ناھىيىسى سۇ بېشى | 35 | 2 | 3.7 | 4.2 | 39°22′ | 74°6′ | 23 6 36.3 | 23 | 29 |
| چاقىلىق ناھىيىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقى | 16 | 2 | 4.1 | 4.6 | 40°2′ | 90°57′ | 22 11 6.7 | 26 | 30 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم يېزىسى | 29 | 2 | 3.5 | 4 | 43°41′ | 94°50′ | 22 54 29.4 | 6 8 | 31 |
| كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى | | 4 | 3.8 | 4.3 | 35°55′ | 82°29′ | 0 24 30.5 | 13 | 32 |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | 36 | 2 | 3.9 | 4.4 | 36°25′ | 76°54′ | 21 7 14.3 | 13 | 33 |
| خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 4.7 | 5.1 | 35°57′ | 78°41′ | 15 30 18 | 14 | 34 |
| يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قوملۇق ئۇچى | 49 | 2 | 4.2 | 4.7 | 38°35′ | 76°45′ | 16 49 59.4 | 14 | 35 |
| گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 4.7 | 5.1 | 36° | 77°58′ | 7 12 27.3 | 16 | 36 |
| كەلپىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ | 19 | 1 | 3.5 | 4 | 40°24′ | 79°3′ | 4 46 15.6 | 19 | 37 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ | 29 | 2 | 4 | 4.5 | 41°19′ | 79°2′ | 11 3 23.7 | 7 16 | 38 |
| خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى | | 4 | 3.6 | 4.1 | 35°41′ | 80° | 21 19 36.9 | 8 9 | 39 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇقسۇن ناھىيىسىنىڭ خوشۇت ناھىيىسى بىلەن چېگرىداش قىسمى | 29 | 2 | 3.8 | 4.3 | 41°48′ | 88°16′ | 14 | 33 | 40.9 | 12 | | 40 |
| خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق يايلىقى | 21 | 1 | 3.6 | 4.1 | 42°58′ | 84°20′ | 6 | 54 | 0.5 | 16 | | 41 |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى | 39 | 1 | 3.8 | 4.3 | 37°5′ | 77°8′ | 12 | 24 | 8.6 | 17 | | 42 |
| خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ | 17 | 1 | 3.5 | 4 | 42°37′ | 85°54′ | 19 | 12 | 34.1 | 17 | | 43 |
| ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مياۋئەرگو دېگەن يېرى | 37 | 1 | 3.9 | 4.4 | 43°17′ | 87°18′ | 0 | 56 | 49.9 | 20 | | 44 |
| تۇقسۇن ناھىيىسى نەنسەن رايونى | 2 | 2 | 3.8 | 4.3 | 41°41′ | 88°53′ | 9 | 31 | 6.5 | 9 | 14 | 45 |
| ئاقتو ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېگرىسى | | 3 | 3.7 | 4.2 | 38°43′ | 73°49′ | 6 | 17 | 50.7 | 16 | | 46 |
| باي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالى | 39 | 1 | 3.7 | 4.2 | 41°54′ | 82°6′ | 8 | 56 | 19.6 | 23 | | 47 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 27 | 1 | 6.6 | | 38°18′ | 88°41′ | 16 | 42 | 33.8 | 10 | 2 | 48 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 31 | 2 | 4 | 4.5 | 38°18′ | 88°47′ | 17 | 20 | 13.6 | 2 | | 49 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 3.8 | 4.3 | 38°24′ | 88°59′ | 17 | 35 | 40.7 | 2 | | 50 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 24 | 1 | 5.5 | | 38°20′ | 88°39′ | 17 | 43 | 21.6 | 2 | | 51 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 3.7 | 4.2 | 37°56′ | 88°50′ | 18 | 6 | 49.5 | 2 | | 52 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 31 | 2 | 3.5 | 4 | 38°21′ | 88°45′ | 22 | 29 | 53.4 | 2 | | 53 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 31 | 1 | 5.5 | | 38°15′ | 88°42′ | 1 | 23 | 34.4 | 3 | | 54 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 28 | 1 | 3.8 | 4.3 | 38°24′ | 88°34′ | 1 | 29 | 35.8 | 3 | | 55 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 29 | 2 | 3.7 | 4.2 | 38°9′ | 88°51′ | 3 | 16 | 44.7 | 3 | | 56 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 29 | 2 | 4.2 | 4.7 | 38°28′ | 88°43′ | 7 | 50 | 1.9 | 3 | | 57 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | | 3 | 3.5 | 4 | 38°53′ | 88°53′ | 10 | 51 | 5.2 | 3 | | 58 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 21 | 2 | 3.8 | 4.3 | 38°30′ | 88°32′ | 6 | 56 | 43.5 | 5 | | 59 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 15 | 2 | 3.7 | 4.2 | 37°56′ | 88°51′ | 1 | 12 | 18.8 | 7 | | 60 |
| چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ | 29 | 1 | 4.3 | 4.8 | 38.27′ | 88°37′ | 11 | 27 | 2.4 | 7 | | 61 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 62 | 7 | 17 55 36.8 | 88°55′ | 37°59′ | 4.1 | 3.6 | 3 | | چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 63 | 8 | 0 48 1.1 | 88°52′ | 38°22′ | 4 | 3.5 | 4 | | چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 64 | 13 | 4 49 22.1 | 88°46′ | 38°22′ | 4.7 | 4.2 | 2 | 31 | چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 65 | 15 | 16 44 45.4 | 88°39′ | 48°17′ | 4.3 | 3.8 | 2 | 22 | ئالتاي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال چېكىرىسى |
| 66 | 15 | 22 9 26.6 | 82°19′ | 42°7′ | 4.3 | 3.8 | 1 | 23 | باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى تاغ |
| 67 | 23 | 12 30 37.2 | 80°15′ | 42°4′ | 4.1 | 3.6 | 1 | 18 | ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى شىمالىي خانتەڭرى چوققىسى |
| 68 | 24 | 23 4 29.5 | 76°54′ | 35°42′ | 4 | 3.5 | 4 | | تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېكىرىسى |
| 69 | 28 | 2 12 1.4 | 88°43′ | 38°19′ | 4 | 3.5 | 2 | 19 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغلىق |
| 70 | 29 | 8 41 38.6 | 77°55′ | 36°30′ | 5 | 4.5 | 2 | 55 | گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى |
| 71 | 31 | 16 32 10.5 | 77°29′ | 36°6′ | 4.1 | 3.6 | 4 | | قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى |
| 72 | 11 6 | 17 2 36.8 | 73°39′ | 38°43′ | 4.4 | 3.9 | 2 | 17 | ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېكىرىسى |
| 73 | 8 | 14 3 38.1 | 88°37′ | 38°1′ | 4 | 3.5 | 2 | 17 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 74 | 14 | 10 48 58.6 | 88°5′ | 38°28′ | 4 | 3.5 | 2 | 0 | چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ |
| 75 | 22 | 18 16 34.7 | 82°30′ | 41°50′ | 4.4 | 3.9 | 1 | 22 | باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسى |
| 76 | 12 1 | 4 37 11.4 | 75°38′ | 39°19′ | | 6.2 | 1 | 39 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 77 | 1 | 4 58 51.9 | 75°39′ | 39°19′ | 4.3 | 3.8 | 1 | 25 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 78 | 1 | 17 25 57 | 75°34′ | 39°21′ | 4.5 | 4 | 1 | 32 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 79 | 1 | 22 18 2.7 | 75°42′ | 39°17′ | 4.2 | 3.7 | 1 | 29 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 80 | 1 | 22 54 53.2 | 93°48′ | 45°7′ | 4.9 | 4.4 | 4 | | باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىي چېكىرىسى |
| 81 | 4 | 7 11 58.7 | 75°30′ | 39°19′ | 4.5 | 4 | 1 | 26 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 82 | 4 | 16 38 17.2 | 75°36′ | 39°18′ | 4 | 3.5 | 1 | 18 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىنىڭ غەربى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 83 | 27 | 11 6 43.2 | 75°33′ | 39°14′ | 4.2 | 3.7 | 1 | 0 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى گوپال يېزىسىنىڭ شەرقى |
| 84 | 29 | 18 19 2.2 | 74°7′ | 38°26′ | 4.3 | 3.8 | 3 | | تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېگرىسى |
| 85 | 30 | 4 16 3.2 | 75°32′ | 38°56′ | 4.3 | 3.8 | 2 | 28 | ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېگرىسى |

بولغىنى 58 قېتىم، تۆت بالدىن 4.9 بالغىچە بولغىنى 20 قېتىم، بەش بالدىن 5.9 بالغىچە بولغىنى بەش قېتىم، ئالتە بالدىن يۇقىرى بولغىنى ئۈچ قېتىم. ئەڭ يۇقىرى بولغىنى 6.6 بال.

1993 - يىلى شىنجاڭدا يەر تەۋرەش قېتىم سانى كۆپ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور بولدى. 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتۇن تاغدا 6.6 بال يەر تەۋرىدى، بۇ شۇ يىل ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق يەر تەۋرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيە $7.2 \times 10^{21}$ ئېرگ بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن ئون ھەسسە ئاشتى، 1985 - يىلى ئۇلۇغچاتتا 7.4 بال يەر تەۋرىگەندىن بۇيان، 1993 - يىلى يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان بىر يىل بولدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ تەۋەسىدە 28 قېتىم Ms≥4 بال يەر تەۋرىدى، يەنى غەربىي كۇئېنلۇن تېغىدا ئون قېتىم، ئالتۇن تاغدا توققۇز قېتىم، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدا بەش قېتىم، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئۈچ قېتىم، بارىكۆلنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا بىر قېتىم. 1993-يىلى غەربىي كۇئېنلۇن رايونىدا يەر تەۋرەش يەنىلا كۆپ بولدى ھەمدە بارا - بارا ئالتۇن تاغقا كۆچتى، نىسبىي ئېيتقاندا، ئالتۇن تاغدا ئېخىمۇ كۆپ ھەم كۈچلۈك بولۇپ، 1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 7.5 بال يەر تەۋرىگەندىن كېيىن ئۇدا 13 يىل تىنچ بولغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمى، ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيە پاسىل تېغى ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونى نىسبىي ھالدا تىنچ بولۇپ، يىلبويى Ms≥4 بال يەر تەۋرەش يۈز بەرمىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدا Ms≥3.5 بال يەر تەۋرەش يىلبويى بىر قېتىممۇ يۈز بەرمىدى.

1993 - يىلى ئالتۇن تاغ رايونىدا توققۇز قېتىم Ms≥4 بال يەر تەۋرەش يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 6.6 بال بولغىنى بىر قېتىم، 5.1 بالدىن 5.5 بالغىچە بولغىنى ئۈچ قېتىم، تۆت بالدىن 4.9 بالغىچە بولغىنى بەش قېتىم. 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يۈز بەرگەن 6.6 بال يەر تەۋرەش 1924 - يىل

چېن شياڭيۇ

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى $7\frac{1}{4}$ بال ۋە 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 7.2 بال يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئاز كەم 70 يىل ئىچىدە ئالتۇن تاغدا يۈز بەرگەن ئەڭ قاتتىق يەر تەۋرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا 1993 - يىلى يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيە شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيىنىڭ 73 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 28 قېتىم يۈز بەرگەن Ms≥4 بال يەر تەۋرەشنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق: جەنۇبىي شىنجاڭدا 27 قېتىم، شەرقىي شىنجاڭدا يەر تەۋرىمىدى، شىمالىي شىنجاڭدا بىر قېتىم، بۇ يەنە كېلىپ جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا رايونىدا يۈز بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيە شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋرەشتىن چىققان ئېنېرگىيىنىڭ 99 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى 1992 - يىلدىكىگە قارىغاندا تىنچ بولدى، پەقەت 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىلا ئافغانىستان بىلەن پاكىستاننىڭ چېگرىسىدا 5.8 بال ۋە 6.6 بال يەر تەۋرىدى، شىنجاڭنىڭ قوشنىسى تاجىكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئالتە بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش بولمىدى، بەش بال يەر تەۋرەشمۇ ناھايىتى ئاز بولدى. گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىزاڭنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلىرىدا يەتتە بال يەر تەۋرەش بولمىدى.

چېن شياڭيۇ

## چاقىلىقتا 6.6 بال يەر تەۋرىدى

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 100 كىلومېتر كېلىدىغان ئالتۇن تاغدا 6.6 بال يەر تەۋرىدى.

1) تەۋرەش پارامېترى

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: سائەت 16 دىن 42 مىنۇت 38.8 سېكۇنت ئۆتكەندە.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 38°18′، شەرقىي مېرىدىئان 88°41′.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: 8°.

تەۋرەش دەرىجىسى ($M_S$): 6.6 بال.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 27 كىلومېتىر.

2) يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان زىيان ئەھۋالى

تەۋرەش مەركىزىگە يېقىنراق جايلاشقان چاقىلىق ناھىيىسى غىش كۆمۈر كېنىدا تاغ ئۆلتۈرۈشۈپ كەتتى، يەر يېرىلدى، تاشلار گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى، ئۈچ ئېغىزلىق گەمە ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى. يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 254 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 42 سانتىمېتىر بولدى (سۈرەتكە قاراڭ).


چاقىلىق ناھىيە بازىرى، ئۇتام يېزىسى، تىكەنلىك يېزىسى ۋە ۋاششەرى يېزىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ تاشپاختا كېنىدا رامكا قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردىن باشقا ئۆي - ئىمارەتنىڭ ئوتتۇرىچە ۋەيران بولۇش نىسبىتى 6.07 گە يەتتى، 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ سۇ - ئېلېكتر پونكىتى ئىشخانىسىنىڭ ئارقا تېمى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىيسىق يېرىلدى.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 178 مىڭ 816 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئادەم پالاكەتكە ئۇچرىمىدى ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 774 مىڭ يۈەن بولدى.

3) يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ تەكشى تەۋرەش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇن ئوق يۆنىلىشى شىمالىي شەرقتىن شەرققە سوزۇلۇش ۋە ھەرىكەتچان قۇرۇلما يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولغاچقا، يۇمشاپ ئالىق ھەرىكەتچان ئۇزۇك قاتلىمى تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتلام بولۇشى مۇمكىن.

بەي مېيشياڭ



چاقىلىق ناھىيىسى غىش كۆمۈر كېنىدا يەر يېرىلغاندا كېلىپ چىققان يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 254 مېتىر كېلىدۇ.
بەي مېيشياڭ فوتوسى

### قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6.2 بال يەر تەۋرىدى.

1) تەۋرەش پارامېترى

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: سائەت تۆتتىن 37 مىنۇت 11.4 سېكۇنت ئۆتكەندە

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەنگەن ئورنى: شىمالىي پاراللېل 39°20′، شەرقىي مېرىدىئان 75°37′.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ماكرولۇق ئۆلچەنگەن ئورنى: شىمالىي پاراللېل، 39°18′، شەرقىي مېرىدىئان 75°36′.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: 7°.

تەۋرەش دەرىجىسى ($M_S$): 6.2 بال.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى (ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەنگەن): $H = 28$ كىلومېتىر.

2) يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان زىيان ئەھۋالى

7° لۇق دائىرە 130 كۋادرات كىلومېتىر، 6° لۇق دائىرە 300 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە، 11 مىڭ ئېغىزلىقتىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە ئېغىر ۋەيران بولدى، 37 مىڭ ئېغىزلىقتىن ئارتۇق ئۆي ھەرخىل دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؛ يەر يۈزىدە كۆرۈنەرلىك ۋەيرانچىلىق بولمىدى، پەقەت قىزىلسۇ دەرياسى ۋە گەز دەرياسى قىرغاقلىرىدا ۋە بەزى جىلغىلارنىڭ دۆمبەللىرىدە يېرىقلار كۆرۈلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، گەز دەرياسى سايلىقىدا ۋە بەزى ئۆستەڭلەرنىڭ ئەتراپىدا بىر قۇم ئارىلاش قۇتان ئېتىلىپ چىقتى؛ ئىككى ئادەم ئۆلدى. سەككىز ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 28 ئادەم يېنىك يارىلاندى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلدى؛ يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان جەمئىي 59 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

3) يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قۇرۇلما كاسكىئارت ئۈزۈك قاتلام بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئۈزۈك قاتلامدا 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 7.4 بال يەر تەۋرىگەنىدى.

جاڭ يۈڭ

### خېجىڭدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى

1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت ئۆلدىن بەش مىنۇت 14.4 سېكۇنت ئۆتكەندە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ قاراموزۇن يېزىسىدا 5.4 بال يەر تەۋرىدى.

1) يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: سائەت ئۆلدىن بەش مىنۇت 14.4 سېكۇنت ئۆتكەندە.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئەسۋاب بىلەن ئۆلچەنگەن ئورنى: شىمالىي پاراللېل 42°19′، شەرقىي مېرىدىئان 86°6′.

ماكرولۇق ئۆلچەنگەن ئورنى: شىمالىي پاراللېل 42°18′، شەرقىي مېرىدىئان 86°3′.

تەۋرەش دەرىجىسى ($M_S$)، 5.4 بال.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: 6°.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: مىكرولۇق ئۆلچەشتە 5±27 كىلومېتىر، ماكرولۇق ئۆلچەشتە 3±29 كىلومېتىر

2) يەر تەۋرەشتىن كېلىپ چىققان زىيان ئەھۋالى

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە خېجىڭ ناھىيىسى قارامۇدۇن يېزىسى، بارۇن قارامۇدۇن يېزىسى، بالغۇنتاي بازىرى، خېجىڭ ناھىيە بازىرى، قاراشەھەر ناھىيىسى يەتتە يۇلتۇز يېزىسى، قاراشەھەر ناھىيە بازىرى، خوشۇت ناھىيىسى ۋە باغراش ناھىيىسىنىڭ قىسمەن جايلىرى، بىر قىسىم تۈەن - مەيدانلاردا تۈرلۈك دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق بولدى. 6° لۇق دائىرە (قاتتىق تەۋرىگەن جاي)، ئاساسلىقى، قارامۇدۇن يېزىسىدا بولدى، ئۇزۇن ئوق شەرقتىن غەربكە 32 كىلومېتىر سوزۇلدى، قىسقا ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، تەۋرەش دائىرىسى 352 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ دائىرىدىكى ئايرىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، قىسمەن تاملار، ئۆگزىلەردىن چاك كەتتى، ئاز ساندىكى تۇرخۇنلار ساڭگىلاپ قالدى ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. قارامۇدۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتى جايلاشقان يەردە بىرقانچە پاراللېل يېرىقلار كۆرۈلدى، يېرىق 100 مېتىردىن ئارتۇق سوزۇلدى، يۆنىلىشى 40° — 60° بولدى، يەككە يېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولدى. 5° لۇق دائىرىنىڭ غەربىي چېتى كەركىن داۋانىغا، شەرقىي چېتى خوشۇت ناھىيىسى تاغاچى يېزىسىغا، شىمالىي چېتى خېجىڭ ناھىيىسى بالغۇنتاي بازىرىغا، جەنۇبىي چېتى كورلا شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، ئۇزۇن ئوقى 148 كىلومېتىر، قىسقا ئوقى 102 كىلومېتىر، كۆلىمى 11 مىڭ 504 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دائىرىدىكى ئايرىم كونا ئۆيلەر ئېغىر ۋەيران بولدى، تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئاز ساندىكى ئۆيلەرگە چاك كەتتى، ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تاشيولىدا يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يېرىقلار كۆرۈلدى، يۆنىلىشى 135°، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يەرتەۋرەشتە قاتتىق تەۋرەش دائىرىسىۋە 5° لۇق دائىرىدە ئادەم ۋە چارۋا بىۋاسىتە ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. بىۋاسىتە ماددىي زىيان خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 727 مىڭ يۈەن بولدى.

3) يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى

يەر تەۋرىگەن دائىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا تۆت پارچە ھەرىكەتچان يېرىق قاتلام بار، شىمالىي قىسمىدا ئىككى پارچە ھەرىكەتچان يېرىق قاتلام بار. يەر تەۋرىگەن دائىرىگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ھەرىكەتچان يېرىق قاتلام خېجىڭ يېرىق قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق تەۋرەشلەر، ساقىندا تەۋرەشلەر، كۆپىنچە، قاتتىق تەۋرىگەن دائىرە (6° لۇق دائىرە) گە مەركەزلەشكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، يەر تەۋرەشتە پەيدا بولغان يەر پوستى قۇرۇلمىلىق يېرىقلارنىڭ تەكشىلىكتە تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە تەخمىنەن شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىرقەدەر ھەرىكەتچان يوشۇرۇن يېرىق قاتلام بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ يېرىق قاتلام دەل مۇشۇ قېتىملىق ئوتتۇراھال يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ.

چېن شياڭيۇ

## يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش قۇرۇلۇشى

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 1 - قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش مەھكىمىسى بىرلىكتە ئورۇندىغان «شىنجاڭ (1 - ئاۋغۇس - پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى دائىرىسىدىكى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش قۇرۇلۇشىغا باھا بېرىش دوكلاتى» ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئۇن بابقا بۆلۈنگەن، تەخمىنەن 130 مىڭ خەتلىك بۇ دوكلاتتا كەلگۈسى يەر تەۋرەش ھەرىكەتلىرى، زاۋۇت دائىرىسىدىكى ئۈزۈك قاتلامدىكى قۇرۇلۇش - يەر تەۋرەشكە باھا بېرىش، يەر تەۋرەش خەۋپىنى تەھلىل قىلىش نەتىجىسى، تارىخىي يەر تەۋرەشلەرنىڭ زاۋۇت دائىرىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، يەر تەۋرەش پارامېتىرىنى لايىھىلەش، يەر يۈزى تېزلىنىش گىرادۇسىنى رايونغا ئايرىش ئۈستىدە يەكۈن خاراكتېرلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، قۇرۇلۇشنىڭ يىراق ئادرېسى ۋە جايلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەكلىپ بېرىلدى.

ياڭ جاڭ

## كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى تولدۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى

1993 - يىلى دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم تېما بولغان «كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى تولدۇرۇش» خىزمىتى تامامەن ئاياغلاشتى ھەمدە تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ چىقىلدى. بۇ

خىزمەت بەش يىل داۋاملاشتى، ئۇنىڭغا 25 ئادەم قاتناشتى، كۆزىتىش نۇقتىسىدىن 895 ى بېكىتىلدى، ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلامنىڭ خەرىتىگە تولدۇرۇلغان ئۇزۇنلۇقى 202 كىلومېتىر بولدى، خەرىتىگە تولدۇرۇلغان يەر كۆلىمى 1923 كۋادرات كىلومېتىر بولدى. 1931 - يىلى كۆكتوقايدا يۈز بەرگەن سەككىز بال يەر تەۋرەشتە شەكىللەنگەن ئۈزۈك قاتلام دۆمبەللىرى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن بەلباغلاردىن 1925 ى ئەمەلىي ئۆلچەندى، ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۈزۈك قاتلامنىڭ گورىزونتال يۆتكىلىشىنى دەلىللەش ئۈچۈن، چوڭ ماسشتابلىق مېنزۇلار بىلەن 19 خەرىتە ئۆلچەندى، ئۈزۈك قاتلام كەسمە يۈزىدىن 92 سى تېئودولىت بىلەن ئۆلچەندى، ئۈزۈلۈپ سىلجىغان 594 سۇ سىستېمىسى ئەمەلىي ئۆلچەندى، 850 موخنىڭ دىئامېتىرى ئەمەلىي ئۆلچەندى، تىك يانتۇ ئۈزۈك قاتلام دۆمبەللىرىدىن 201 ى ئەمەلىي ئۆلچەندى، گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزدىن 19 ى ئەمەلىي ئۆلچەندى، تەكشۈرۈش ئوقۇرىدىن 12 سى، 370 كۇب مېتىر كولاندى، ئىسسىقلىقتىن چىققان نۇر ئەۋرىشكىسىدىن 56 سى، كۆمۈرنىڭ 14 ئەۋرىشكىسىدىن 28 ى ۋە ئۈزۈك قاتلام لاي ئەۋرىشكىسىدىن بىرى ئېلىندى.

يەر تەۋرەش گېئولوگىيىسى ئۈستىدىكى بۇ ئاساس تەتقىقات نەتىجىسىنى تەبىئىي ئاپەتنى يېنىكلىتىش، مۇھىت، يەر تەۋرىتىش قۇرۇلۇشى، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى رايونغا ئايرىش، قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى ۋە يەر تەۋرەش خەۋپىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ تەتبىقلاشقا بولىدۇ. بۇ نەتىجە ئارقىلىق تۆۋەندىكى يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىندى:

1) 1931 - يىلى كۆكتوقايدا يۈز بەرگەن سەككىز بال يەر تەۋرەشتە شەكىللەنگەن ئۈزۈك قاتلام دۆمبەللىرى ھازىرغىچە ئېنىق ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دۆمبەللەر تولاراق 4 - سىستېمىغا ياتىدىغان يەر قاتلىمىدىن قۇرۇلغان، يېمىرىلگەندە ئاۋۋال دەسلەپكى يۈزىنىڭ ئويمان قىسمىدا تېيىز ئېرىقچىلار پەيدا بولۇپ، تىنما ئېرىقچىلارنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ يېمىرىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئەركىن يۈزلەر پەيدا بولغان. 122 سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق كۆكتوقاي، چىڭگىل رايونىدىكى ھازىرقى تىنما ئېرىقچىلارنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ ئوتتۇرىچە يېمىرىش سۈرئىتىنىڭ يىلىغا 100.64 مىللىمېتىر بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. 1931 - يىلى كۆكتوقايدا يۈز بەرگەن سەككىز بال يەر تەۋرەشتە ئەڭ زور گورىزونتال يۆتكىلىشنىڭ 12±2 مېتىر بولغانلىقى تېئودولىت ئارقىلىق ئەمەلىي ئۆلچەندى.

2) كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىنىڭ بۇنىڭدىن 100 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كېيىنكى يېتىلىنىش ئېپوخاسى مەزگىلىدىن بۇيان ھەرخىل مەزگىللەردە ئوتتۇرىچە ئوڭغا ئايلىنىپ سىيرىلىش سۈرئىتى يىلىغا 6.78 ± 0.6 مىللىمېتىر، تىك ھەرىكەت سۈرئىتى يىلىغا 1.61 ± 0.06 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە سىيرىلىش سۈرئىتى يىلىغا 6.97±0.06 مىللىمېتىر بولغان.

3) شىمالىي شەرق — جەنۇبىي غەرب يۆنىلىشىدە قىسىش كۈچى مەيدانىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمى ۋارىسلىق خاراكتېرىدە ئوڭغا ئايلىنىپ سىيرىلىپلا قالماي، بەلكى سولغا ئايلىنىپ سۈرۈلگەن.

4) بۇنىڭدىن 45 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كېيىنكى يېتىلىنىش ئېپوخاسى مەزگىلىدىن بۇيان، كۆكتوقاي - ئەرتەي ئۈزۈك قاتلىمىدا جەمئىي توققۇز قېتىم قەدىمكى يەر تەۋرەش بولغان. 1931 - يىلى كۆكتوقايدا سەككىز بال يەر تەۋرىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاخىرقى قېتىملىق قەدىمكى يەر تەۋرەش تەخمىنەن بۇنىڭدىن 210 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن. قەدىمكى يەر تەۋرەشنىڭ ئەسلى ئورنىدا قايتا يۈز بېرىش مۇددىتى ئوتتۇرىچە 5000 يىل ئۆپچۆرىسىدە بولغان. ئۈزۈك قاتلامنىڭ ھەرىكەتچان سۈرئىتى ئارقىلىق قەدىمكى يەر تەۋرەشنىڭ قايتا يۈز بېرىش مۇددىتىنىڭ 650 ± 50 يىل بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

5) كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى قايىرتىل تارقاق قۇرۇلمىلىق كىچىك ئويمانلىقنى چېگرا قىلغاندا، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبى 1931 - يىلى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن يەر پوستى يېرىلما بەلبېغى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 156 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئويمانلىقنىڭ شىمالى ھازىرقى يېرىلمىغان بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئويمانلىق قۇرۇلمىلىق توسالغۇ نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆكتوقاي - ئەرتەي ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىدا يەتتە بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمەيدۇ.

بەي مېيشىياڭ

### ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش ئىستانسا تورى پۈتتى ھەمدە باھالاشتىن ئۆتتى

1992 - يىل 12 - ئايدا ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش ئىستانسا تورى پۈتتى، 1993 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش ئىستانسا تورى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش تېخنىكا سىستېمىسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، دەپ ھېسابلىدى.

ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىش ئىستانسا

تورى دۆلىتىمىز بويىچە پۈتۈنلەي سىستىمىلاشتۇرۇلغان، پەقەت بىر قېتىم ئۇلاپ بېرىش ئارقىلىق 500 كىلومېتىرغا يېقىن دائىرىدىكى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزەتكىلى بولىدىغان، تۆشۈك دىئامېترى چوڭ بولغان تۇنجى ئىستانسا تورى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى ئىستانسا تورى ئىچىدە تۆشۈك دىئامېترى ئەڭ چوڭ بولغان ئىستانسا تورى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 11 تارماق ئىستانسا، ئۈچ ئارا پونكىت، خاتىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى بىر مەركەزدىن تۈزۈلگەن. كۆزىتىش مەزمۇنى بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، قىسقا دەۋرىيلىك يۆتكىلىش، ئوتتۇرا، ئۇزۇن دەۋرىيلىك يۆتكىلىش ۋە سۈرئەتنى خاتىرىلەش بىر گەۋدە قىلىنغان «CDM — 3» تىپلىق رايون خاراكتېرلىك يەر تەۋرەشنى يىراقتىن كۆزىتىدىغان بىرقاتار ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان. ئۇچۇر ساقلاش ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ياتما ئانتېننا، بۇرمىسىمان دولقۇن سوزىدىغان ۋە كىرىستاللىق دولقۇن سوزىدىغان تۆۋەن شاۋقۇنلۇق ئانتېننالىق چوڭايتقۇچمۇ ياساپ چىقىلىپ، تۆۋەن قۇۋۋەت بىلەن 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا پونكىتلار ئارا ئۇزۇن ئارىلىق ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزۇن ئارىلىقتا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشتى.

ئۈچ يىلدىن ئارتۇق سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش ۋە ئۈچ ئاي رەسمىي ئىشلىتىش نەتىجىسىدە، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىشى نورمال، ماتېرىياللار ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتى، ماتېرىياللارنىڭ ئىزچىللىق نىسبىتى 96.8% كە يەتتى، تورلۇق كۆزەتكۈچلەر لايىھەدىكى تېخنىكىلىق تەلەپكە يەتتى.

ۋۇ شىنچۈەن

چېن شياگېيو

## «شىنجاڭدىكى ئاپەتنى ئازايتىشنىڭ 40 يىلى» نەشىردىن چىقتى

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش بولۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى، قۇرۇلۇش نازارىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئارخىپخانىسى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 40 نەچچە مۇتەخەسسىس تۈزگەن «شىنجاڭدىكى ئاپەتنى ئازايتىشنىڭ 40 يىلى» دېگەن كىتاب 1993 - يىل 3 - ئايدا يەر تەۋرەش نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

بۇ كىتابتا شىنجاڭدىكى ئاساسىي تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، تارقىلىش قانۇنىيىتى، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ھەم تەھلىل قىلىنغان، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىدە تەكلىپ بېرىلگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا 1949 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە يۈز بەرگەن زور تەبىئىي ئاپەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق بايان قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر، شۇنداقلا تەبىئىي ئاپەتلەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، مۇكەممەل خاتىرىلەنگەن ئاساس ماتېرىيال بولۇپ، خەت سانى 500 مىڭدىن ئاشىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى، باھالىغۇچىلار ئۇنى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

يې مىنچۈەن

## يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىل 12 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەت بويىچە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش يىغىنىدا شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئۆلچەش - تەتقىق قىلىش ئەترىتى ئېغىرلىق كۈچىنى سەييارە كۆزىتىش بويىچە 1 - لىككە، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى قىزىلتاغ يەر تەۋرەش پونكىتى ئېغىرلىق كۈچىنى نۇقتىدا كۆزىتىش بويىچە 1 - لىككە، ئۈرۈمچى ئۆلچەملىك ئىستانسىسى يەر ماگنىتىنى كۆزىتىش بويىچە 1 - لىككە، ئۈرۈمچى ئۆلچەملىك ئىستانسىسى يەر توكىنى كۆزىتىش بويىچە 2 - لىككە، قەشقەر ئۆلچەملىك ئىستانسىسى يەر ماگنىتىنى كۆزىتىش بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

1993 - يىللىق كۈندىلىك تەھلىل قىلىش - ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى مەملىكەت بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ تەھلىل قىلىش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەركىزى 2 - لىككە ئېرىشتى، 1994 - يىللىق يەر تەۋرەش يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىش دوكلاتى 3 - لىككە ئېرىشتى. شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ۋە يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

چېن شياگېيو

## تاشقى ئىشلارغا دائىر پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1993 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە دۆلەتلىرى بىلەن پەن - تېخنىكا جەھەتتە باردى - كەلدى قىلىشتى، بارغان - كەلگەنلەر

سانى 57 ئادەم/قېتىم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، خەلقئارا ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىش يۈزىسىدىن چەت ئەللەرگە يەتتە تۈمەك - گۇرۇپپىدىكى 17 ئادەم (قېتىم) نى ئەۋەتتى؛ چەت ئەللەردىن زىيارەت قىلىشقا، لېكسىيە سۆزلەشكە، ھەمكارلىق ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە كەلگەن توققۇز تۈمەك - گۇرۇپپىدىكى 40 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىن تەتقىقاتچى فېڭ شيەنيۆ قاتارلىق ئالتە كىشى قىرغىزىستانغا بېرىپ، «تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش دائىرىسىنى رايونغا ئايرىش تەتقىقاتى» ئۈستىدە ھەمكارلاشتى. ئاساسلىقى، 1:1000000 ماسشتابلىق جۇڭگو - قازاقىستان - قىرغىزىستان يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ خەرىتىسى ۋە تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى قاتارلىق تۈرلەرنى ئورۇندىدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە جۇڭگو - ئامېرىكا رەقەملىك سېيسمومېتر جەھەتتىكى ھەمكارلىق پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىلىق يەر تەۋرەش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى مۇتەخەسسىسى بولىزار شىنجاڭغا ...ىپ، ئاساسلىقى، ئۈرۈمچى يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ ...ەمىك سېيسموگرافنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى بىلەن قازاقىستان يەر تەۋرەش تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، قازاقىستان تەرەپ ۋەكىلى بېرىنۇۋسوۋ نىكولاي شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشتى، ئالمۇتىدا جۇڭگو-قازاقىستان پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى شىركىتى رويخەتكە ئېلىنىپ قۇرۇلدى. يەر تەۋرەش ئىدارىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن 1 - تۈركۈم ئۆلچىگۈچ، ئەسۋابلارنى ئىمپورت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئاز ساندا ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلارنى ئېكسپورت قىلدى.

3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قازاقىستان يەر تەۋرەش تەتقىقات ئورنى نۇرساس ئۆزبېكوۋنى شىنجاڭغا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ۋە خىزمەت جەھەتتە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەر تەۋرەش ئىدارىسى كاندىدات تەتقىقاتچى سۇ نەيچىننى قازاقىستانغا رۇس تىلى ئۆگىنىشكە ۋە خىزمەت جەھەتتە ئەھۋال ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ بەش كىشىلىك يەر تەۋرەش ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ۋە جياڭسۇ ئۆلكىلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇردى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئۈچ كىشىلىك مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، «تەڭرىتاغنىڭ كەسمە يۈزنى يەڭگۈشلەنمە دولقۇن ئارقىلىق چوڭقۇرلاپ ئۆلچەش» كە دائىر دالىدا كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇردى ھەمدە كېيىنكى قەدەملىك ھەمكارلىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ فىلىپ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، كوئىنلۇن ئاشكۆل ئويمانلىقىدىكى ۋولقان ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىن ئۈچ كىشى ۋە بېيجىڭ گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن بىر كىشى قازاقىستانغا بېرىپ، «تەڭرىتاغ رايونىنىڭ يەر پوستى قۇرۇلمىسىنى يەڭگۈشلەنمە دولقۇن ئارقىلىق تەتقىق قىلىش» جەھەتتە ھەمكارلىشىش يۈزىسىدىن پىكىر ئالماشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان قازاقىستان - قىرغىزىستان چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇ - قاغىلىق دائىرىسىدە چوڭقۇر قۇرۇلمىنى يەڭگۈشلەنمە دولقۇن ئارقىلىق تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە بوچېر قاتارلىق ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ تەڭرىتاغنىڭ ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىن بولۇپ تۆت كىشى قازاقىستانغا بېرىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى پائالىيەتلىرى بىلەن بولدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىن كاندىدات تەتقىقاتچى يې مىنچۈەن قازاقىستانغا بېرىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى ئۈستىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (تەتقىقاتچى) جۇلىڭرېن دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ئۆمەك ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ، شەرقىي ئاسىيا يەر تەۋرەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا

قاتناشتى.

چېن شياگېۋ

# ھاۋارايى

## شىنجاڭنىڭ 1993 - يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭنىڭ كىلىماتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: قىش پەسلى ئىللىق، ياز پەسلى سالقىن بولدى؛ باھار پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى زور بولدى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنى گەۋدىلىك بولدى. كۆپ ساندىكى جايلاردا يىللىق يېغىن مىقدارى نورمال ياكى كۆپرەك بولدى. قىسمەن جايلاردا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى، مەسىلەن: تۆۋەن تېمپېراتۇرا، كەلكۈن، بوران، مۆلدۈر 1992 - يىلدىكىدىن كۆپرەك، ئېغىرراق بولدى.

تېمپېراتۇرا

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭدا 4℃ تىن 8℃ قىچە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 9℃ تىن 12℃ قىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاقسۇنىڭ يۇقىرىراق بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلارنىڭ نورمال بولدى.

ھۆل - يېغىن

يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 200 مىللىمېتىردىن 400 مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 60 مىللىمېتىردىن 100 مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، خوتەندە غەيرىي نورمال كۆپرەك بولدى؛ شىخەنزە، ئاقسۇدا كۆپرەك بولدى؛ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

قىش پەسلى (1992 - يىل 12 - ئايدىن 1993 - يىل 2-ئايغىچە)

ئىللىق ھەم كۆپ قارلىق بولۇپ، 1986 - يىلدىن بۇيانقى ئۇدا 8 - ئىللىق قىش بولدى. پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا 5℃ - تىن 8℃ - قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قالغان جايلىرىدا 9℃ - تىن 13℃ - قىچە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 2℃ - تىن 6℃ - قىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇدا غەيرىي نورمال يۇقىرىراق بولدى؛ ئىلى، قەشقەردە نورمال بولدى؛ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يۇقىرىراق بولدى.

قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئون كۈنلۈك ئۆزگىرىشى زور بولدى، 2 - ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىراق بولۇش دەرىجىسى ئەڭ زور بولدى، ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى. 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى ئەڭ زور بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2℃ تىن 4℃ قىچە تۆۋەن بولدى، قىسمەن جايلىرىدا قىش پەسلىدە ئاز كۆرۈلىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆرۈلدى.

قىشلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا 20 مىللىمېتىردىن 70 مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ قەشقەردە 21 مىللىمېتىر بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تۆت مىللىمېتىردىن يەتتە مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالتاي، ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەندە كۆپرەك بولدى؛ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

يېغىننىڭ زامان - ماكاندا تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، 12 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن كۆپرەك، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئازراق ياكى يوق دېيەرلىك بولدى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي، غەربىي قىسمىدا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا بەش ئۈلۈشتىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى ياكى كۆپرەك بولدى. ئالتاي، چاغانتوقايدا 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى رېكورتنى بۇزۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى. 1 - ئايدا ئالتاي، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەندە ھۆل - يېغىن كۆپرەك، قالغان جايلاردا ئازراق بولدى. 2 - ئايدا ھاۋارايى جەريانى كۆپ بولدى، كۆپ ساندىكى جايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا، غەربىي قىسمىدا بەش ئۈلۈشتىن بىر ھەسسىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندە بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، تۇرپان، كورلىدا يېغىن ياغمىدى. پەسىل ئىچىدىكى يېغىندى قارنىڭ ئەڭ زور چوڭقۇرلۇقى مۇنداق بولدى: ئالتايدا 61 سانتىمېتىر، تارباغاتايدا 33 سانتىمېتىر، ئىلىدا 28 سانتىمېتىر بولدى، ئۈرۈمچىدە 25 سانتىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى ياكى ئۇنىڭدىن قېلىنراق بولدى.

**ئەتىياز پەسلى (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە)**

تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى زور بولدى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنى گەۋدىلىك بولدى. 3 ـ ئايدا تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى، 5 ـ ئايدا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى، 4 ـ ئايدا ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى. پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭدا 4℃ تىن 10.5℃ قىچە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 11.5℃ تىن 18.2℃ قىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا تېمپېراتۇرا نورمال بولدى.

• 3 ـ ئاي ۋە 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاخىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا يۇقىرىراق بولۇش دەرىجىسى ئەڭ زور بولدى، كۆپ ساندىكى جايلاردا 2℃ تىن 3℃ قىچە، بىر قىسىم جايلاردا 3℃ تىن 4℃ قىچە، ئايرىم جايلاردا 5℃ تىن 7℃ قىچە يۇقىرى بولدى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدا 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، 3℃ ـ تىن 5℃ ـ قىچە بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، 4℃ ـ تىن 6℃ ـ قىچە بولدى، بىر قىسىم جايلاردا ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى ئەڭ تۆۋەن قىممەتكە يەتتى. تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنى گەۋدىلىك بولدى.

ئەتىياز پەسىللىك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا 37 مىللىمېتىردىن 116 مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا سەككىز مىللىمېتىردىن 22 مىللىمېتىرغىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاقسۇدا غەيرىي نورمال كۆپرەك بولدى، قەشقەر، خوتەندە كۆپرەك بولدى؛ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

ھۆل ـ يېغىننىڭ زامان ـ ماكان جەھەتتىن تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، 3 ـ ئايدا كۆپرەك، 4 ـ ئايدا ئازراق بولدى، 5 ـ ئايدا يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. ھۆل ـ يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا مەركەزلەشتى، ئون كۈنلۈك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپ ساندىكى جايلاردا بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل ـ يېغىن 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەركەزلەشتى، ئاقسۇدا ئون كۈنلۈك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى رېكورتنى بۇزۇۋەتتى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا ھۆل ـ يېغىن ئازراق بولدى، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پەقەت شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىلا ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ قالدى. ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا بىر ئۆلۈشتىن سەككىز ئۆلۈشكىچە ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا ھۆل ـ يېغىن يوق دېيەرلىك بولدى. شىمالىي شىنجاڭدا 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئاخىرلىرىدا ھۆل ـ يېغىن كۆپرەك بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل ـ يېغىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا كۆپرەك، ئوتتۇرىلىرىدا ئايرىم جايلاردا ئالاھىدە كۆپ، ئاخىرلىرىدا ئازراق بولدى. ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا ئىككى ئۆلۈشتىن بەش ئۆلۈشكىچە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە كۆپرەك، قالغان رايونلىرىدا ئازراق بولدى.

ياز پەسلى (6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە) تېمپېراتۇرا تۆۋەن، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولدى. پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭدا 20℃ تىن 24℃ قىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا 22℃ تىن 24℃ قىچە بولدى؛ ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، ئۈرۈمچى، كۈچۈڭ، ئاقسۇ، خوتەندە تۆۋەنرەك بولدى؛ قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، قەشقەردە غەيرىي نورمال تۆۋەنرەك بولدى؛ شىنجاڭنىڭ قالغان جايلىرىدا نورمال بولدى.

ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: 6 ـ، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمالىي شىنجاڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا ۋە ئالتاي رايونىدا تېمپېراتۇرا ئۆدا 1℃ تىن 2℃ قىچە تۆۋەن بولدى؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي شىنجاڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا تېمپېراتۇرا نورمال بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا نورمال ياكى تۆۋەنرەك بولدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ ياز پەسلىدىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قېلىپ، كەڭ كۆلەملىك غەيرىي نورمال تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆرۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەيرىي نورمال تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆرۈلدى.

يازلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 86 مىللىمېتىردىن 160 مىللىمېتىرغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا 20 مىللىمېتىردىن 60 مىللىمېتىرغىچە بولدى؛ ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالتاي، ئىلى، شىخەنزىدە غەيرىي نورمال كۆپرەك، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا، قەشقەر، خوتەندە كۆپرەك، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ جىڭ، بورتالا قاتارلىق رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن ئىككى ئۆلۈشتىن تۆت ئۆلۈشكىچە ئاز بولدى، قالغان رايونلىرىدا تۆت ئۆلۈشتىن توققۇز ئۆلۈشكىچە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەنجى، كورلا رايونىدا ئىككى ئۆلۈشتىن بەش ئۆلۈشكىچە كۆپ بولدى، قالغان رايونلىرىدا ئۈچ ئۆلۈشتىن سەككىز ئۆلۈشكىچە ئاز بولدى. 7 - ئايدا شىنجاڭنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىدا ھۆل-يېغىن كۆپرەك بولدى، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باركۆل، ئاراتۇرۇك، ئارالدا، 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاي، ئىلى، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، ئاقچىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدە خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي غەربىي قىسمىلىرىدا ۋە شىخو ناھىيىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، كورلا، يەنجى قاتارلىق جايلىرىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، كۆكتوقاي، باركۆلدە ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدە خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن داۋاملىق كۆپرەك بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، ئارال، مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، كېرىيىدە 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئون كۈنلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدە خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتايدا ئون كۈنلۈك ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدە خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا ئۈچ ئۆلۈشتىن سەككىز ئۆلۈشكىچە كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنجى قاتارلىق جايلاردا ئۈچ ئۆلۈشتىن ئالتە ئۆلۈشكىچە ئاز بولدى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بىر ھەسسە ئەتراپىدا كۆپ بولدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە) تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولدى، قىشنىڭ كىرىشى بالدۇر بولدى. پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭدا 4℃ تىن 9℃ قىچە بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 8℃ تىن 12℃ قىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالتاي، تارباغاتاي، ئۈرۈمچىدە تۆۋەنرەك بولدى، قۇمۇلدا غەيرىي نورمال تۆۋەن بولدى، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى يۇقىرىراق بولدى. ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنى ئالساق، 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا نورمال ياكى تۆۋەنرەك بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا نورمال ياكى يۇقىرىراق بولدى. ئاي ئىچىدىكى ھەرقايسى ئون كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنى ئالساق، شىمالىي شىنجاڭدا دەسلەپكى ئون كۈنلۈك تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەن، كېيىنكى ئون كۈنلۈك تېمپېراتۇرا نورمال ياكى يۇقىرىراق، ئاخىرقى ئون كۈنلۈك تېمپېراتۇرا نورمال ياكى تۆۋەنرەك بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچادا دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئون كۈنلۈك تېمپېراتۇرا 1℃ تىن 2℃ قىچە تۆۋەن بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلاردا ھەرقايسى ئون كۈنلۈك تېمپېراتۇرا نورمال ياكى يۇقىرىراق بولدى. 10 - ئايدا شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا تېمپېراتۇرا نورمال ياكى تۆۋەنرەك بولدى. 11 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋىلايىتىدە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپىنچە جايلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، كۇچادا تۆۋەنرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىممەتكە يېقىنلاشتى. ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 4℃ تىن 5℃ قىچە تۆۋەن بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا 2℃ تىن 3℃ قىچە تۆۋەن بولدى، شەرقىي شىنجاڭدا 1℃ تۆۋەن بولدى، ئىلىدا ئادەتتىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىممەتكە يېقىنلاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنجىدە 1℃ تۆۋەن، كۇچا، قەشقەردە 1℃ تۆۋەن بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىممەتكە يېقىنلاشتى.

پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 40 مىللىمېتىردىن 100 مىللىمېتىرغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى مىللىمېتىردىن ئالتە مىللىمېتىرغىچە بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىلىدا كۆپرەك، ئۈرۈمچىدە ئازراق، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا نورمال بولدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، باشقا چاغلاردا ھۆل - يېغىن ئازراق بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 11 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچ مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە يېغىن ياغدى، باشقا چاغلاردا ئاساسەن ياغمىدى. ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسمىدا بەش ئۆلۈشتىن سەككىز ئۆلۈشكىچە كۆپ، تارباغاتايدا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپ، شىخەنزە، شىخودا بەش ئۆلۈشتىن يەتتە ئۆلۈشكىچە ئاز بولدى، باشقا رايونلىرىدا ئادەتتىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىممەتكە

يېقىنلاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنغولىننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئادەتتىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىسمەتكە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ھۆل ـ يېغىن ئازراق بولدى ياكى يېغىن ئاساسەن ياغمىدى. 10 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا ھۆل ـ يېغىن 17 ـ 24 مىللىمېترغا يەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ئون مىللىمېتر ئەتراپىدا بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە پۈتۈن ئايدا يېغىن ياغمىدى. 11 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ شىمالىي، غەربىي قىسمىدا ۋە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي شىنجاڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، كۇچادا ھۆل ـ يېغىن كۆپرەك، شەرقىي شىنجاڭ ۋە تۇرپان رايونىدا يېغىن ئازراق بولدى.

ۋاڭ يۈئې

## 1993 ـ يىلدىكى غەيرىي نورمال ھاۋارايى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 83 ئىستانسا ـ پونكىت غەيرىي نورمال ھاۋارايىدىن يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 77 ئىستانسا ـ پونكىتتا غەيرىي نورمال ھاۋارايى كۆرۈلدى. غەيرىي نورمال ھاۋارايى كۆرۈلگەن ئىستانسا ـ پونكىت ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلىرى 52% نى، شىمالىي شىنجاڭدىكىلىرى 48% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ بويىچە 15 تۈردە 281 قېتىم غەيرىي نورمال ھاۋارايى كۆرۈلگەنلىكى خاتىرىلەندى، بىر يىلنىڭ ھەممە ئايلىرىدا كۆرۈلدى، 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 11 ـ ئايلاردا كۆپرەك كۆرۈلدى. كۆرۈلگەن قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بولغان 1 ـ تۈر ئايلىق، يىللىق ئەڭ ئاز كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىت بولۇپ، 39 ئىستانسا ـ پونكىتتا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن 67 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ 2 ـ تۈر ئايلىق، يىللىق ئەڭ كۆپ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بولۇپ، 38 ئىستانسا ـ پونكىتتا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن 57 قېتىم ئېشىپ كەتتى؛ 3 ـ تۈر ئاي، يىل بويىچە بىر كۈنلۈك ئەڭ كۆپ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بولۇپ، 37 ئىستانسا، پونكىتتا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن 49 قېتىم ئېشىپ كەتتى.

1993 ـ يىلى قىسمەن ھاۋارايى ئامىللىرىدا غەيرىي نورماللىق كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئاساسلىق تەسىرى تۆۋەندىكىچە:

1. زور ھۆل ـ يېغىن كەلتۈرۈپ چىقارغان قىسمەن جايلاردىكى كەلكۈن، قار ئاپىتى قاتارلىقلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قاتناش ـ ترانسپورت ھەم خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىرراق تەسىر يەتكۈزدى.

1) قىسمەن جايلاردا كەلكۈن ئاپىتى بولدى.

يازدا شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدىكى ئىستانسا ـ پونكىتلار ھۆل ـ يېغىننىڭ كۆپرەك بولغانلىقىنى خاتىرىلىدى، بولۇپمۇ 7 ـ ئايدا ئالتاي، كۆكتوقاي، ئىلى، قۇمۇل، بۈگۈر، كۇچا، قەشقەر، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئىستانسا ـ پونكىتلار ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپ بولغانلىقىنى خاتىرىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقايدا تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 4.4 ھەسسە كۆپ بولدى. ھۆل ـ يېغىننىڭ تەسىرى ئېغىرراق بولغان جاي ئالتاي ۋىلايىتى بولۇپ، 6 ـ، 7 ـ ئايدا كۆپ قېتىم قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي شەھەر رايونىدا 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سائەت 13 تىن 47 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ سائەت 14 تىن ئىككى مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر 15 مىنۇت ئىچىدە ياغقان ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 7.7 مىللىمېترغا يەتتى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىڭتۇەننىڭ 182 ـ تۇەن ـ مەيدانىدا 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىن باشلاپ سائەت بىردىن 45 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر بىر سائەت 15 مىنۇت ئىچىدە ياغقان ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 48.4 مىللىمېترغا يەتتى، بۇلار تارىختا ئاز كۆرۈلگەن. ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم ئالتاي شەھىرى، جىمىنەي ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ۋە 182 ـ تۇەن ـ مەيدان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىخو ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى تاغلىقلار، ئىلقا ناھىيىسى، شىخەنزە شەھىرىنىڭ نەنشەن رايونى، تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ كەلكۈن ئاپىتى كۆرۈلدى.

لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمىدىن پەقەت 7 ـ ئايدىلا قارا يامغۇر ـ كەلكۈن زەربىسىگە ئۇچرىغان جاي 25 بولدى، ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىمقىسى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 15 تىن 56 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ 22 ـ كۈنى سائەت بەشتىن ئون مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملىشىپ، قاتناش 96 سائەت 18 مىنۇت ئۈزۈلۈپ قالدى، 23 يولۇچىلار پويىزى، 55 يۈك پويىزى يول ئۈستىدە توسۇلۇپ قالدى. 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە تاشيولنىڭ سۇ ئاپىتىدىن ۋەيران بولۇشى 87 قېتىم يۈز بېرىپ، بۇزۇلغان يول يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەڭ كۆپ بولغاندا 79 كىلومېترغا يەتتى، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىت ئەڭ كۆپ بولغاندا 51 سائەتكە يەتتى، توسۇلۇپ قالغان ئاپتوموبىللار ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 غا يېقىنلاشتى.

يازدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغانلىقتىن، بۇرچىن ناھىيىسى، بىڭتۇەننىڭ 182 ـ تۇەن ـ مەيدانى، كۆكتوقاي ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا بوغدايغا ئېغىر دەرىجىدە ھال چۈشتى، قىسمەن جايلاردا ئىقتىسادىي زىيانمۇ كۆپ بولدى.

2) قار ئاپىتى

1993 ـ يىلى ئايلىق، يىللىق يېغىن مىقدارى تارىختا

## شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 1993 ـ يىللىق ھاۋارايىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | ئاي / تۈر | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -15.1 | -9.6 | -2.5 | 6.7 | 12 | 19.2 | 20.7 | 18.2 | 13.2 | 5.3 | -9.6 | -14.8 | ئوتتۇرىچە 3.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.4 | 2.5 | 8.4 | 23.5 | 25 | 31.2 | 29.5 | 30.9 | 27.9 | 22.8 | 10.3 | -0.9 | يۇقىرى 31.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -28.7 | -26.2 | -24.2 | -9.9 | -2.9 | 8.4 | 11.5 | 6.1 | -2.4 | -12.2 | -26.1 | -30.4 | تۆۋەن -30.4 |
| | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | 16.9 | 26.7 | 9.8 | 14.7 | 12.3 | 22.8 | 82.6 | 51.8 | 21.7 | 3 | 31.7 | 16.4 | ئومۇمىي مىقدارى 310.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 19 | 9 | 12 | 14 | 11 | 14 | 11 | 11 | 6 | 12 | 9 | ئومۇمىي كۈن سانى 136 |
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -8.6 | -6.7 | 0.2 | 8.1 | 13 | 19.5 | 21.3 | 20 | 14.2 | 7.1 | -5.7 | -9.3 | ئوتتۇرىچە 6.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 6.2 | 6 | 12.3 | 25.4 | 27.5 | 33.2 | 32.5 | 34.2 | 30.8 | 26.8 | 16.8 | 5 | يۇقىرى 34.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -21 | -24.2 | -12.9 | -11.7 | -1.4 | 10 | 10.2 | 6.3 | 0.4 | -11.4 | -19.1 | -25.4 | تۆۋەن 25.4 |
| | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | 11.5 | 34.7 | 41.6 | 17.6 | 56 | 61.2 | 70.5 | 25.1 | 31 | 7.8 | 62.2 | 21.2 | ئومۇمىي مىقدارى 440.4 |
| | قار يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 18 | 18 | 13 | 11 | 16 | 23 | 16 | 10 | 5 | 19 | 11 | ئومۇمىي كۈن سانى 171 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16.2 | -7.7 | 0.9 | 10.2 | 14.7 | 21.7 | 23 | 20.5 | 15.3 | 7.2 | -5.8 | -15.5 | ئوتتۇرىچە 5.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -1 | 2.6 | 15.1 | 30.4 | 29.1 | 35.9 | 35 | 32.3 | 31 | 22.3 | 11.6 | -3.1 | يۇقىرى 35.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -26.9 | -20.7 | -17 | -5.7 | 1.5 | 12.4 | 11.9 | 8.1 | 1.8 | -7.2 | -21.3 | -28.4 | تۆۋەن -28.4 |
| | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.6 | 12.5 | 17.7 | 5.9 | 42 | 24.7 | 23.1 | 19.1 | 15.5 | 16.8 | 11.5 | 7.8 | ئومۇمىي مىقدارى 198.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 10 | 17 | 16 | 10 | 12 | 18 | 20 | 14 | 11 | 7 | 17 | 18 | ئومۇمىي كۈن سانى 170 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | 8.6 | -3 | 4.5 | 11.9 | 15.3 | 20.5 | 21.8 | 20.6 | 17.3 | 8.8 | 0.5 | -6.7 | ئوتتۇرىچە 8.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.9 | 7.7 | 16.2 | 29 | 29.8 | 32.8 | 34.7 | 34.4 | 31.7 | 28.7 | 19.7 | 7.7 | يۇقىرى 34.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -25.7 | -17.1 | -9.6 | -4.7 | 0.3 | 12.1 | 13.8 | 8.7 | 3 | -6.8 | -15.2 | -23 | تۆۋەن -25.7 |
| | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | 8.1 | 29.6 | 38.2 | 21.3 | 27.7 | 47.4 | 72.7 | 3.8 | 23.8 | 12.6 | 56.4 | 27 | ئومۇمىي مىقدارى 368.6 |
| | قار يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 13 | 10 | 12 | 12 | 16 | 21 | 12 | 10 | 7 | 17 | 11 | ئومۇمىي كۈن سانى 149 |
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -15.8 | -6.9 | 2.1 | 11.3 | 16.4 | 23.5 | 25.2 | 22.2 | 17 | 8.1 | -5.2 | -15.6 | ئوتتۇرىچە 6.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -1.4 | 3.1 | 16 | 33.1 | 32 | 36.4 | 37.3 | 35.5 | 35.5 | 26.5 | 15.2 | -12 | يۇقىرى 37.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -28.7 | -19.1 | -14.6 | -6.7 | 1.8 | 12.1 | 13.5 | 9.2 | 0.6 | -6.5 | -22.1 | -30.3 | تۆۋەن -30.3 |
| | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | 4.6 | 10.8 | 11.3 | 5.4 | 41.1 | 42.9 | 32.9 | 25.4 | 8.1 | 9.9 | 29.6 | 21.5 | ئومۇمىي مىقدارى 243.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 19 | 8 | 8 | 15 | 17 | 19 | 14 | 8 | 8 | 18 | 12 | ئومۇمىي كۈن سانى 157 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە 7 | -13.6 | -4.7 | 8.1 | 16.9 | 22.4 | 25 | 23.2 | 16.1 | 11.2 | 1.5 | -7.2 | -14.8 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | سانجى |
| يۇقىرى 36 | -0.7 | 18 | 26.1 | 35.6 | 34 | 35.7 | 36 | 30.9 | 30.8 | 14.5 | 2.2 | -2.6 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 25.2 - | -25 | 17.7 | -7 | 1.8 | 9.9 | 12 | 13.4 | 1.1 | -6.8 | -14.2 | -19.6 | -25.2 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 197.8 | 7.9 | 12.2 | 7.3 | 12 | 24.3 | 31.1 | 27.7 | 26.8 | 9.2 | 22 | 15.5 | 1.8 | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 152 | 16 | 17 | 5 | 9 | 12 | 18 | 18 | 10 | 7 | 7 | 20 | 13 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| ئوتتۇرىچە 6.1 | -12.1 | -5.3 | 7.3 | 15.5 | 20.6 | 22.9 | 20.9 | 14.2 | 9 | 0.2 | -7.2 | -12.4 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئۈرۈمچى |
| يۇقىرى 33.2 | 3 | 17.3 | 24.1 | 32.7 | 32.3 | 33.1 | 33.2 | 29 | 27 | 11.3 | 6.6 | 1.1 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 22.4 - | -21.7 | -17.6 | -7.6 | 2.3 | 8.1 | 10.7 | 12.2 | -1.2 | -10.7 | -12.6 | -18.4 | -22.4 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 300 | 17.7 | 11.4 | 10 | 25.4 | 40.3 | 29.7 | 52.6 | 36.8 | 15.8 | 34.4 | 22.7 | 3.2 | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 153 | 17 | 18 | 5 | 9 | 10 | 17 | 18 | 9 | 10 | 9 | 22 | 9 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| ئوتتۇرىچە 7.6 | -15.9 | -5.8 | 9.7 | 18.4 | 24.1 | 27.3 | 25.3 | 17.1 | 11.5 | 2.1 | -6.6 | -15.5 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قاراماي |
| يۇقىرى 39.5 | -0.6 | 11.2 | 23.8 | 32.3 | 33.7 | 39.5 | 38.7 | 29.7 | 29.9 | 15.1 | 5.3 | -1.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 28.9 - | -28.9 | -21.3 | -5 | 4.6 | 12 | 14.1 | 14.9 | 4.7 | -4.2 | -12.1 | -17.3 | -25 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 133.2 | 4.6 | 25.2 | 7.7 | 2.5 | 16.5 | 24.4 | 7.6 | 14 | 5.4 | 18.1 | 3.9 | 3.3 | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 166 | 14 | 19 | 6 | 14 | 18 | 21 | 17 | 12 | 7 | 7 | 20 | 11 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| ئوتتۇرىچە 14.8 | -4 | 2.6 | 12.4 | 22.7 | 28.5 | 31.3 | 30.4 | 23.6 | 19 | 12.1 | 3.8 | -5.4 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | تۇرپان |
| يۇقىرى 42.5 | 6.4 | 15.2 | 30.3 | 39 | 40.4 | 42.1 | 42.5 | 38.3 | 35.5 | 23.9 | 13.7 | 3.5 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 12.7 - | -12.6 | -7.4 | -0.9 | 9.4 | 17.2 | 19.5 | 19.6 | 11.9 | 3.7 | -1.7 | -7.7 | -12.7 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 7.2 | | | 1.9 | 0 | 1.2 | 3.1 | 0.9 | 0.1 | 0 | 0 | 0 | | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 47 | | | 1 | 1 | 14 | 14 | 8 | 5 | 2 | 1 | 1 | | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| ئوتتۇرىچە 9.5 | -8.1 | -1 | 7.7 | 17 | 22.1 | 25 | 23.4 | 17.5 | 13.7 | 7.1 | -0.5 | -10.1 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قۇمۇل |
| يۇقىرى 37.6 | 4.5 | 14.2 | 28.6 | 35.3 | 35.7 | 37.6 | 36 | 33.5 | 31.5 | 21.1 | 13.5 | 3.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 21.4 - | -19.2 | -14.2 | -8 | 1.9 | 8.6 | 13.2 | 10 | 1.8 | -3.2 | -8.3 | -12.3 | -21.4 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 47.9 | 1.1 | | 3.2 | 0 | 7.6 | 22.2 | 3.3 | 7.7 | 0 | 0 | 0.5 | 2.3 | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 65 | 5 | | 3 | 2 | 13 | 17 | 12 | 5 | 2 | 2 | 1 | 3 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| ئوتتۇرىچە 11.6 | -4.2 | 1.6 | 10.3 | 20 | 23.2 | 25.4 | 24.3 | 18.5 | 15.4 | 8.7 | 2.3 | -5.9 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | كورلا |
| يۇقىرى 35.5 | 5.3 | 13.8 | 27.7 | 35.5 | 34.4 | 35.2 | 34.7 | 32.1 | 33.4 | 21 | 12.3 | 5.3 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| تۆۋەن 14.4 - | -14.4 | -8.9 | -3.6 | 7 | 10.5 | 13.5 | 10.4 | 3.5 | -2 | -5.1 | -9.5 | -14.3 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| ئومۇمىي مىقدارى 58.6 | 2.7 | 0.1 | 0 | 3.5 | 10.2 | 23.1 | 13.1 | 4.1 | 0 | 1.8 | 0 | 0 | ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| ئومۇمىي كۈن سانى 91 | 9 | 5 | 2 | 1 | 12 | 20 | 11 | 8 | 4 | 4 | 3 | 12 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -6.1 | 0.7 | 7.2 | 15.4 | 17.6 | 22.4 | 22.6 | 21 | 18.7 | 10.2 | 0.9 | -5.8 | ئوتتۇرىچە 10.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.8 | 11.2 | 19.7 | 33.1 | 31.9 | 35 | 36 | 33.1 | 33.9 | 27.4 | 14 | 2.8 | يۇقىرى 36 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -15 | -10.2 | -3.8 | -1.6 | 4.4 | 10.4 | 12.7 | 9.4 | 5.2 | -4.3 | -7 | -16.8 | تۆۋەن 16.8 ـ |
| | ئومۇمىي ھۆل ـ يېغىن مىقدارى | 2.1 | 7 | 39.1 | 0 | 6.4 | 5.9 | 6.4 | 10.6 | 0.2 | 0.2 | 3.7 | 9.1 | ئومۇمىي مىقدارى 90.7 |
| | قار ـ يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 6 | 11 | 2 | 9 | 13 | 12 | 12 | 2 | 4 | 5 | 12 | ئومۇمىي كۈن سانى 10 |
| ئاتۇش | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.4 | 2.1 | 8.1 | 17.7 | 19.1 | 24.9 | 26.2 | 23.6 | 22.2 | 12.8 | 3.6 | -2.8 | ئوتتۇرىچە 12.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 13.1 | 13.1 | 18.3 | 32.5 | 31.8 | 37.2 | 37.5 | 34.4 | 35.2 | 28.1 | 23.1 | 5.3 | يۇقىرى 37.5 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -15 | -9.1 | -1.7 | 1.2 | 4.1 | 10.4 | 15.4 | 12.2 | 10.4 | -0.9 | -5.6 | -9.5 | تۆۋەن 15 ـ |
| | ئومۇمىي ھۆل ـ يېغىن مىقدارى | 7.8 | 33.1 | 3.8 | 0 | 39.2 | 6.7 | 19.6 | 8.7 | 0 | 0.2 | 3.7 | 2.3 | ئومۇمىي مىقدارى 125.1 |
| | قار ـ يامغۇرلۇق كۈن | 9 | 4 | 6 | 1 | 16 | 12 | 2 | 11 | 1 | 3 | 5 | 10 | ئومۇمىي كۈن سانى 90 |
| قەشقەر | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -6 | 1.5 | 7.5 | 16.1 | 17.6 | 23 | 23.9 | 21.9 | 19.6 | 10.9 | 3 | -2.8 | ئوتتۇرىچە 11.4 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 13.3 | 13.6 | 19.6 | 32.3 | 30.6 | 35.3 | 35.3 | 32.8 | 34 | 27.1 | 23.3 | 5 | يۇقىرى 35.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -17.7 | -19.8 | -3.4 | -1.2 | 4.1 | 8.8 | 12.3 | 10.7 | 5.9 | -3.8 | -6.3 | -11 | تۆۋەن 19.8 ـ |
| | ئومۇمىي ھۆل ـ يېغىن مىقدارى | 4 | 16.8 | 4.2 | 0 | 37 | 3.9 | 25.5 | 5.4 | | 0.1 | 1.8 | 1.8 | ئومۇمىي مىقدارى 100.5 |
| | قار ـ يامغۇرلۇق كۈن | 10 | 5 | 5 | 2 | 13 | 12 | 15 | 11 | | 3 | 4 | 11 | ئومۇمىي كۈن سانى 91 |
| خوتەن | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -4.7 | 3.2 | 8.7 | 17.8 | 19.2 | 23.9 | 24.7 | 22.3 | 20.6 | 11.1 | 3.8 | -2.8 | ئوتتۇرىچە 12.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 13.5 | 18.7 | 22 | 33.9 | 33.8 | 38.3 | 38.9 | 33.6 | 33.8 | 27.8 | 23.1 | 6.9 | يۇقىرى 38.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | 14.1 | -5.1 | -2.5 | 3.2 | 5.6 | 10.6 | 13.6 | 11.1 | 7.7 | -1.2 | -5.8 | -10.6 | تۆۋەن 14.1 ـ |
| | ئومۇمىي ھۆل ـ يېغىن مىقدارى | 5.2 | 5.7 | 9.9 | 0 | 7.6 | 5 | 6.1 | 28.7 | | | 0.8 | 0 | ئومۇمىي مىقدارى 69 |
| | قار ـ يامغۇرلۇق كۈن | 13 | 4 | 4 | 1 | 12 | 9 | 11 | 8 | | | 3 | 4 | ئومۇمىي كۈن سانى 69 |

خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى 57 قېتىم كۆرۈلدى، 37 قېتىمى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايدا ۋە 11 ـ، 12ـ ئايدا كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ بويىچە 16 ئىستانسا ـ پونكىتتا ئايلىق، يىللىق ئەڭ زور يېغىندى قار چوڭقۇرلۇقى خاتىرىسى 18 قېتىم بۇزۇلۇپ تاشلاندى، زور ھۆل ـ يېغىن ۋە يېغىندى قارمۇ مەلۇم ئاپەت پەيدا قىلدى. 3 ـ ئايدا قار ئاپىتى ئېغىرراق بولدى.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونىدا قاتتىق قار يېغىپ، قاتناشنى توسۇپ قويدى، چارۋىلارنى كۆچۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزدى؛ 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چارۋىلار كۆچۈرۈلۈۋاتقان چاغدا، شىمالدىكى تۆت ناھىيىدە ئېغىر قار ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئوتلاقنى قېلىن قار بېسىۋالدى، يول توسۇلۇپ قالدى، ئاپەت بولدى. ئەتىياز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىمۇ خېلى ئېغىر قار ئاپىتى بولدى، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا يېغىندى قار ئاپەتكە ئايلاندى، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ۋە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېغىندى قار 50 مىللىمېتىردىن 80 مىللىمېتىرغىچە يەتتى، بۇ يېقىنقى 30 ـ 40 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال بولۇپ، چارۋىچىلىققا خېلى زور تەسىر يەتكۈزدى؛ نىيە ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قاتتىق قار يېغىپ، 6000 دىن ئارتۇق چارۋا توڭلاپ ئۆلدى، 670 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە

ئاخىرلىرىدا ئېغىر قار ئاپىتى بولۇپ، كۆزگى بۇغداي چىرىش، كۆكىرىش كېيىنكى كۆرۈلگەن كۆلەم 200 موغا يېتىپ، كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتىدىن تېرىشقا ۋە تولۇقلاپ تېرىشقا توغرا كەلدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا قاتتىق يېغىن يېغىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى، يېڭىسار ناھىيىسى، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قار يېغىپ، قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىرغا يەتتى؛ بايىنغولىننىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، بوران چىقىپ، قار يېغىپ، چارۋىلارنىڭ ئوت تېپىپ يېيىشى قىيىنلاشتى؛ قىزىلسۇنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قار يېغىپ، بىر ئادەم توڭلاپ ئۆلدى، بىر ئادەم ئۈششۈپ قالدى؛ ئاقسۇنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قار ياغدى، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تاغلىقلىرىدا يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىردىن 50 سانتىمېتىرغىچە يەتتى، بۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئانچە كۆرۈلۈپ باقمىغان.

كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 5 - ئايدا ئەڭ زور يىغىندى قار قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىرغا يېتىپ، تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كېتىپ، تاغلىق رايونلارنىڭ يازغى بۇغداي تېرىلغۇسىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى، تۇرغۇن يېزىسىنىڭ يازغى بۇغداي تېرىلغۇسى بىر ئاي كېچىكتى، بۇغداينىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىپ، دېنى دېگەندەك يېتىلمەي، مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ قالدى.

شىخەنزە شەھىرى پوتەي ھاۋارايى پونكىتى 12 - ئايدا خاتىرىلەنگەن ئەڭ زور يىغىندى قار قېلىنلىقى 29 سانتىمېتىر بولۇپ، 38 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ قېلىن يىغىندى قار ھېسابلىنىدۇ، ئۇ قاتناش - ترانسپورتقا قولايسىز بولۇپ، ئۈرۈمچى - قاراماي تاشيولىدا قاتناش ھادىسىلىرى كۆپىيىپ كەتتى. شىخودا 11 - ئايدا تۇتۇق - قارلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىدىمۇ ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا قاتناش ھادىسىلىرى كۆپ بولدى.

2. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قىسقا بولۇش

1993 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 39 ئىستانسا - پونكىت كۈن نۇرى چۈشۈشنىڭ ئايلىق، يىللىق ئەڭ زور بولغان ۋاقتىنىڭ تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن 67 قېتىم ئېشىپ كەتكەنلىكىنى خاتىرىلىدى، بۇنىڭ 70 پىرسەنتى 1 -، 2 -، 11 -، 12 - ئايلاردا كۆرۈلدى، ئىسسىقچىلىققا ئانچە تەسىر كۆرسەتمىدى، ئاز ساندىكى ئىستانسا - پونكىتلاردىلا 7 -، 8 - ئايلاردا كۆرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىسسىقچىلىقىغا بەزى تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. مەسىلەن: تۇرپاندا 7 - ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتتى.

3. باشقىلار

تۇرپان شەھىرىدە 2 - ئايدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتتى، بۇ ھال كېۋەز قۇرتىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى - دە، ئەتىياز، يازدا قۇرت ئاپىتى ئېغىر بولدى.

چەرچەن ناھىيىسىدە قىرونىڭ ئەڭ كېيىن ئاياغلىشىش ۋاقتى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بولۇپ، تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كېتىپ، شىمالدىكى ئۈچ يېزىدا كېۋەزگە ھەرخىل دەرىجىدە ئۈششۈك تەگدى.

شۇ جىنخۇا

## ھاۋارايى خىزمىتى

ھاۋارايى مۇلازىمىتى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي تارماقلىرىغا يىللىق ھاۋارايى ئامىللىرى تەھلىل قىلىنغان ماتېرىيال ۋە «نومۇر قويۇلغان مۇھىم ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات» ماتېرىيالىنى سەككىز قېتىم يەتكۈزۈپ بېرىپ، تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 1993 - يىلى ئالدىن مەلۇمات بېرىلگەن ھاۋارايى ئامىللىرىدىن 18 تۈر تەكشۈرۈلۈپ، 12 تۈر توغرا، ئۈچ تۈر ئاساسەن توغرا بولۇپ چىقىپ، توغرىلىقى %83.3 بولدى. يىل ئىچىدە كۆرۈلگەن زور ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى، مەسىلەن: 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك بوران، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، ئۈششۈك، قىسمەن دائىرىلىك قارا يامغۇر، كەلكۈن، مۆلدۈر ۋە 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى باش قار، بوران، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش قاتارلىقلارنى ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىستانسىسى ۋە ئىلى، شىخەنزە، تۇرپان ھاۋارايى ئىستانسىلىرى بىرەرنىمۇ قالدۇرماي ئالدىن مەلۇم قىلدى، ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك ۋاقتى 30 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى ئالاقىدار ھاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرى يىللىق ھاۋارايى ئامىللىرىنى تەھلىل قىلىپ، كۈن چۈشۈش ۋاقتىنىڭ كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغانلىقى ئەتىيازلىق سوغۇق ئېقىمنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لازىملىقى قاتارلىقلار ھەققىدە ئالدىن توغرا مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۈزلۈك تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كېۋەزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىك ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئومۇميۈزلۈك ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىپ، ياز، كۈز پەسلىدە ھاۋارايىنىڭ كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى توغرا تەھلىل قىلىپ،

ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونلىرىدا كېلىمات نورمال بولىدۇ، باش قىرو مەزگىلى كېيىنكە سۈرۈلىدۇ، بۇ هال پاختا تالاسىنىڭ ئۆزىرىشى ۋە قېلىنلىشىغا پايدىلىق بولۇپ، مەھسۇلات ئالدىنقى يىللاردىكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، دەپ كۆپ قېتىم ئالدىن مەلۇمات بەردى. جايلار بۇ مۇھىم ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مۇناسىپ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇ، شۇ يىلى پاختىدىن مول هوسۇل ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن مۆلدۈرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلغان جايلاردا مۆلدۈر ئاپىتى ئاساسەن يۈز بەرمىدى. هاۋارايىنى يىراقتىن سېزىپ مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى يىغىندى قار، ئورمان ئوت ئاپىتىنى كۆزىتىش ۋە زىرائەت مەھسۇلاتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. چارۋىلارنى كۆچۈرۈش ۋە تۇل ئېلىش مەزگىلىدە، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى هاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرى هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ، چارۋىچىلىقتا خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئىش ئورنىغا بېرىپ ياكى مەخسۇس تور بويىچە ئالدىن مەلۇمات بېرىپ خىزمەت قىلدى. 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق هاۋارايى ئىدارىسىنىڭ (مەخسۇس) سىمسىز هاۋارايى رادىئو ئىستانىيىسى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە ئاڭلىتىشتا هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش مەخسۇس پروگراممىسىنى ھەركۈنى قوشۇپ بېرىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى چارۋىچىلىقتا دائىر هاۋارايى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئاساسىي كەسىپ خىزمىتى ۋە پەن تەتقىقاتى تەربىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك هاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرى كۈچلۈكلۈكى ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى هاۋارايىدىن چالا قالدۇرماي ئالدىن مەلۇمات بەردى، مەلۇماتنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى مۇقىم هالدا 30 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرىراق بولغان ئۈرۈمچى يەككە پونكىتىنىڭ هۆل-يېغىندىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ماھارىتىگە نومۇر قويۇلۇۋىدى، ئۇنىڭ نومۇرىمۇ 1984 - يىلدىكى سەككىزدىن 1993 - يىلدىكى 38 گە چىقتى. ئاپتونوم رايون بويىچە هاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ يەر يۈزىدە بايقاپ يوللاشتا خاتالىق سادىر قىلىش نىسبىتى 1.8‰ بولۇپ، 1992 - يىلدىكىگە ئوخشاش بولدى، زور خاتالىق 1992 - يىلدىكىدىن ئالتە قېتىم كۆپەيدى. قۇياش رادىئاتسىيىسىنى بايقاشتا خاتالىق سادىر قىلىش نىسبىتى 1.98‰ بولدى. هاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ كۆزىتىش سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن كۆرسەتكۈچ ئورۇندالدى، ئايرىم تۈرلەر 1992 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. يېزا ئىگىلىك هاۋارايى، خەۋەرلىنىش كەسپىنىڭ سۈپىتى خېلى يۇقىرى بولدى. يەر يۈزىدە بايقاپ يوللاشتا 250 سىمبولدا خاتالىق سادىر قىلماسلىق بىر ئادەم (قېتىم) 100 سىمبولدا خاتالىق سادىر قىلماسلىق 92 ئادەم (قېتىم) غا، بۇنىڭ ئىچىدە قۇياش رادىئاتسىيىسىدە سەككىز ئادەم (قېتىم)، بۇلۇت خەرىتىسىنى قوبۇل قىلىشتا بىر ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 30 ئادەم (قېتىم) كۆپەيدى. هاۋا بوشلۇقىدا كۆزىتىشتە 100 سىمبولدا خاتالىق سادىر قىلماسلىق 52 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك هاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرىنىڭ ئاساسىي كەسپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلگىرىلەپ، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىدە ئىشلەش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك هاۋارايى ئىستانسىلىرىنىڭ 50 پىرسەنتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ؛ ئاقسۇ، قەشقەر، شىخەنزە، قاراماي هاۋارايى ئىستانسىلىرى خەرىتىنى ئاپتوماتىك تولدۇرىدىغان بولدى؛ ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، سىمسىز رەقەملىك يەتكۈزۈش ئالاقە تورى پۈتكۈزۈلۈپ، جاپالىق جايلاردىكى 16 پونكىتنىڭ ئۆزى قۇرغان رادىئو ئىستانسىسى ۋە بىر قىسىم پونكىتلارنىڭ هاۋارايى ئەھۋالىنى تېلېگرامما ئارقىلىق يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى.

يېڭىدىن تونۇش قىلىنغان پەن تەتقىقاتى تېمىسى سەككىز. 1992 - يىلدىن قېپقالغىنى 17، باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغىنى 12 بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر بىر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر بىر بولدى؛ شىنجاڭ هاۋارايى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر ئىككى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر تۆت بولدى. شىنجاڭ هاۋارايى كەسپىي مەركىزى سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، قۇملۇقتا زور هۆل - يېغىن هادىسىسى بولىدىغانلىقىنىلا دەللەپ قالماستىن، بەلكى جەنۇبنىڭ سۇبتروپىك بەلباغ سىستېمىسىنىڭ نەم - ئىللىق هاۋاسىنىڭ ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان قاراقۇرۇم تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېپىق هالەتتىكى قۇملۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قىززىق - قۇرغاق قۇملۇق كىلىماتىغا ئاندا - ساندا نەم هاۋا قوشىدىغانلىقىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە بۇنى خىزمەتتە تەتبىقلىدى. شىنجاڭ هاۋارايى پەن تەتقىقاتى ئورنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قۇملۇقتا توغراق، يۇلغۇن ۋە كۆپ خىل هايۋانات، ئۆسۈملۈك كەڭ كۆلەمدە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئېچىشتا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىدىن تۆت قارار ئېچىلدى، 118

كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

يەرلىك ھاۋارايى ئىشلىرى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيەدىن ھاۋارايى ئىشلىرىغا 5 مىليون 500 مىڭ 500 يۈەن بېرىلدى (ھاۋارايى كەسپىي خىراجىتى، مەخسۇس تۈرلەر خىراجىتى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن تولۇقلاپ بېرىلگىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ھاۋارايىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش خىراجىتى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ناھىيىلەر مالىيەسىدىن بېرىلگىنى 490 مىڭ 500 يۈەن. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ھاۋارايى ئىشلىرى راۋاج تاپتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھاۋارايى ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ئىشلەش پونكىتى قۇردى؛ قەشقەر شەھىرى ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە يەرلىك مالىيە كۆچىگە تايىنىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شەھەرلەرنىڭ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش پروگراممىسىغا قاتناشتى، بۇ ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا مەملىكەت بويىچە ئاڭلىتىلماقتا؛ بايىنغولىن ئوبلاستى ھاۋارايىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇردى ھەمدە ھاۋارايىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش مەشغۇلاتىنى قانات يايدۇردى؛ ۋىلايەت - ناھىيىلەر ھاۋارايى قوشۇمچە خەۋەرلىشىش تورى يەككە ماشىنىسى بىر يولىلا پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىستانسا-پونكىتلارغا سەپلەپ بېرىلدى؛ يېزا ھاۋارايى پەن - تېخنىكا (ھاۋارايىدىن سىگنال بېرىش) مۇلازىمەت تورى 16 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 99 يېزا (فېرما) سىغا كېڭەيتىلدى، 1992-يىلدىكىدىن 11 ناھىيە (شەھەر)، 86 يېزا (فېرما) كۆپەيدى؛ ئۈلتىرا قىسقا دولقۇنلۇق ھاۋارايىدىن سىگنال تارقىتىش ئاپپاراتى ئەسلىدىكى يەتتىدىن 17 گە كۆپەيدى، ھاۋارايى سىگنالىنى قوبۇللىغۇچىنى ئىشلەتكۈچىلەر 371 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 754 ى كۆپەيدى.

باشقىلار 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى روسىيە فېدېراتسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىلەن تاشقى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى؛ زىيارەتكە كەلگەن بەش ئۆمەكتىكى 24 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ئۈچ ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ 14 ئادەم (قېتىم) زىيارەتكە چىقىپ، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇردى ھەمدە مۇددىئانامە خاراكتېرلىك چېگرا سودىسى كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ جۇڭگو - ئامېرىكا ئاتموسفېرا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بىر كىشى ئەۋەتتى.

1993 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 2 مىليون 350 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى، تۆت تۈرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن 400 مىڭ يۈەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان پۇل ھاۋارايى ئىستانسا - پونكىتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى. يەتتە پونكىتنىڭ كەسپىي ئىشخانا ئۆيى ھەل قىلىندى، ۋىلايەتلىك ئۈچ ئىدارىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ۋە ئالتە پونكىتنىڭ تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيى ھەل قىلىندى، سۇ، ئىسسىنىش، توك، يول قاتارلىق كىچىك تۈرلەردىن 30 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چېن جاۋلياڭ

**ھاۋارايى ئىشلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى**

ھاۋارايى ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش - ھاۋارايى تارماقلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا. بۇنىڭ ئاساسىي نىشانى ئەسلىدىكى بىرلا خىل ھاۋارايى ئىشلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئۈچ خىل قۇرۇلما قىلىش، يەنى ئاساسىي ھاۋارايى سىستېمىسى (جۇملىدىن دۆلەت ھاۋارايى ئىشلىرى بىلەن يەرلىك ھاۋارايى ئىشلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي ھاۋارايى كەسپى، شۇنىڭدەك پەن تەتقىقاتى، تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى)، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى (كەسپىي ھاۋارايى مۇلازىمىتى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى) ۋە ئۇنىۋېرسال تىجارەت (يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۇنىۋېرسال تىجارەت) تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان يېڭىچە ھاۋارايى ئىشلىرى قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكەت مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

1993 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېڭىچە ھاۋارايى ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلما رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئاساسىي ھاۋارايى سىستېمىسى خادىملار بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن تۈرلۈك كەسپنى نورمال يۈرۈشتۈرۈش ئاساسىدا مۇقىم ئىلگىرىلەتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى «خىل بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇش» پرىنسىپى بويىچە «ئورگان كىچىك بولۇش، مۇلازىمەت كەڭ بولۇش» يۆنىلىشىگە قاراپ ئىسلاھات ئېلىپ باردى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھاۋارايى تارماقلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلار جەمئىي 540 كىشى بولۇپ، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 16.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئۇنىۋېرسال تىجارەتمۇ خېلى راۋاجلىنىپ قالدى. بۆلۈنۈپ چىققان 540 كىشى ئىچىدە، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى 351 كىشى بولۇپ، خىزمەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 1992 -

يىلدىكىدىن %31.5 ئاشتى؛ بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۇنىۋېرسال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 189 كىشى بولۇپ، خىزمەتتىكى كىشى - خىزمەتچىلەرنىڭ 5.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تىجارەت كەۋدىلىرى 60 قا يەتتى، تىجارەت تۈرلىرى پەن - تېخنىكا كەسپى، خام ئەشيا پىششىقلاش، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، پارچە سېتىش سودىسى، ۋاستىچىلىك ئۇچۇرلىرى، چېگرا سودىسى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يىللىق ساپ كىرىمى 1992 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. بورتالا ئوبلاستلىق ھاۋارايى ئىدارىسى قۇرغان «بوشيالڭ» شىركىتى جۇغراپىيىۋى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىچىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، 820 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج ياراتتى (400 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى). ساۋەن ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى قۇرغان يېڭىچە ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى 1993 - يىلى 281 مىڭ 200 يۈەن پايدا ۋە باج ياراتتى (200 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى)، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن %68.79 ئاشتى.

چېن جاۋلياڭ

## ھاۋارايى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان دەل - دەرەخنىڭ يىل-ھالقىسىغا قاراپ ھاۋا كىلىماتىنى، سۇ رايىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى يىل ھالقىسى نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ، يىل ھالقىسى بىئولوگىيىسى پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، دەل - دەرەخنىڭ يىل ھالقىسىغا قاراپ ھاۋارايى ئامىللىرى، سۇ رايى ئامىللىرىغا دائىر ئۇچۇرلارنى ئېلىپ، ھازىرقى ھاۋارايى، سۇ رايىغا دائىر ئېقىن مىقدارى ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ ھەمدە بۇنى ئۆلچەم مۇددىتى قىلىپ، ھاۋارايى، سۇ رايىنىڭ تارىخىي رەت تەرتىپىنى قايتىدىن تۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىي كۆزىتىلگەن ئېقىن مىقدارى ئامىللىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئاساس قىلىپ، ئېقىن مىقدارى بەيدانى، يىل ھالقىسى مەيدانىنى تېپىكلەشتۈرۈپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئېقىن مىقدارى ھەم ئېقىن چوڭقۇرلۇقى مەيدانىنى قايتىدىن تۇرغۇزدى، ھاۋارايى، سۇ رايىغا دائىر ئېقىن مىقدارى ئامىللىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش ئاساسىدا، كەلگۈسى ئۇزاق يىللىق يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلىدى. ئۇلار چوڭ ئەۋرىشكە ئېلىش، دائىرىنى تىزگىنلەش، كۆپ يىل جەدۋىلىنى تۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەۋرىشكە ئېلىش 12 نۇقتىسىدىن جەمئىي 334 دەل - دەرەخ ئەۋرىشكىسى ئېلىپ، دەل - دەرەخ يىل ھالقىسىنىڭ ئۆلچەملىك يىل جەدۋىلىدىن 22 نى ئىشلەپ چىقتى، ئەڭ چوڭ ئەۋرىشكىنىڭ يىل جەدۋىلى رەت تەرتىپىنى 58 گە يەتكۈزدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋادىنىڭ يىللىق ئېقىن مەيدانى ۋە قايتىدىن تۇرغۇزۇلۇشى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ نەتىجە شىنجاڭ ھاۋارايى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

رەڭلىك يوپۇقنىڭ سېلېكتىپلىق رولى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىدىكى تەتقىقات بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك، بىنەپشە رەڭلىك يوپۇقلار بىلەن رەڭسىز سۈزۈك يوپۇقنى سېلىشتۇرۇپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ، كۆك يوپۇق رەڭسىز سۈزۈك يوپۇققا قارىغاندا تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يېڭىچە دېھقانچىلىق يوپۇقى ئىكەن، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. كۆك يوپۇقنىڭ رەڭ تېگىش خۇسۇسىيىتى مۇقىم بولۇپ، ئۇ رەڭسىز سۈزۈك يوپۇقنىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرۇش، نەملىكنى ساقلاش، تۇزنى تىزگىنلەش، ئوتنى يوقىتىش رولىغا يېقىن كېلىدىغان روللارنى ئوينايدۇ، رەڭسىز سۈزۈك يوپۇقنى ئىشلەتكەندە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان «يۇقىرى ھارارەت مايسىنى كۆيدۈرۈپ قويۇش»، «تۆۋەن ھارارەت مايسىنى توڭلىتىپ قويۇش» مەسىلىسىنىمۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلالايدۇ. كۆك يوپۇق تۇپلەر ئارا كۆكۈچ بىنەپشە نۇرنىڭ قايتىش ئۈنۈمىنى، زىرائەتنىڭ فوتوسىنتېز رولىنى ئاشۇرىدۇ، پاختىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتىنى %2 تىن %28 كىچە ئاشۇرىدۇ، قىزىلچىنىڭ شېكەر تەركىبىنى %1 تىن ئارتۇق ئاشۇرىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىقىغا ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ھاۋارايىنىڭ قانۇنىيىتى، كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە بايقاش، قويلارنى تارازىغا سېلىش، ئېنېرگىيە تەڭپۇڭلۇقىنى تەجرىبە قىلىش، قويلارنىڭ قىش، ئەتىياز پەسلىدىكى ھاۋارايى شارائىتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۆزىتىش ۋە ئاساسلىق ھاۋارايى ئامىللىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ بايقاش ئارقىلىق، چارۋىچىلىققا ئاپەت كەلتۈرىدىغان ھاۋارايىغا دائىر بىر تۈركۈم قىممەتلىك كۆرسەتكۈچلەرنى قولغا كەلتۈردى، بەزى كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆرسەتكۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئىلغار ھېسابلاش ۋاستىسى ۋە ماتېماتىكىلىق تەقلىد ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، چارۋىچىلىققا ئاپەت كەلتۈرىدىغان ھاۋارايىنى مۆلچەرلەش سىستېمىسى ئىشلەپ چىقىلدى، 270 مىڭ خەتلىك «چارۋىچىلىققا ئاپەت كەلتۈرىدىغان ھاۋارايى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى» يېزىپ چىقىلدى، بۇ

نەتىجىلەر ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلىنىپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ نەتىجىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ھاۋارايى ماتېرىياللىرى ۋە ھاۋارايى سۈنئىي ھەمراھ يىراقتىن سىزىپ تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئوتلاقلىرىنىڭ ھوسۇلدارلىقىنى مۆلچەرلەش تەتقىقاتى بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە، تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ھوسۇلدارلىق ھالىتى بىلەن سۈنئىي ھەمراھ تەمىنلىگەن ھاۋارايى ماتېرىياللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقلىق ۋە كۆپ مەنبەلىك مۇناسىۋەت سىستېمىلىق شەرھلەپ بېرىلدى، شىنجاڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ 1990 - 1991 - يىللىرى سىناق تەرىقىسىدە كۆزىتىلگەن سىفېكتىرلىق يېپىنچا كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى سىزىپ چىقىلدى، تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئوت - چۆپ ھوسۇلدارلىق ھالىتىنى كۆزىتىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. بۇ نەتىجە دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسپىي تەتقىقات بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، شىنجاڭ ھاۋارايى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يامغۇرسىز مەزگىلنىڭ ئۈزۈلۈكسىز قانۇنىيىتى، تارىخىي تېپىك قارا يامغۇر خەرىتىلىرى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئۇسۇلىدىكى تەتقىقات بۇ تەتقىقات گورۇپپىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەزەرىيىۋى فورمۇلىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھاۋارايىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي مىساللارنى رەتلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ ھەمدە نەزەرىيىۋى فورمۇلىنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەپ، ئۆزى تاپقان فورمۇلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باب كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ نەتىجىگە بىر نۇسخا يۇمشاق دېسكىلىق قارا يامغۇر ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىندى ھەمدە ھېسابلاش ماشىنىسىدا شەكلىنى كۆرسەتكىلى بولىدىغان قار يامغۇر خەرىتىسى ئىشلەندى، ئۇن ئىلمىي ماقالە ۋە بىر ئەمەلىي كۆرسەتمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات دوكلاتى يېزىلدى. بۇ نەتىجە ئومۇمىي سەۋىيە جەھەتتە دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ جېن

**ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پايتەختىنىڭ قىسقا مەزگىللىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش يولغا قويۇلدى**

جۇڭگو ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ ھاۋارايى كەسپىي مەركىزى 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھەر كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پايتەختى (قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتا، قىرغىزىستان پايتەختى بىشكېك، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت، تاجىكىستان پايتەختى دۇشەنبە، تۈركمەنىستان پايتەختى ئاشخابات) نىڭ 24 سائەتلىك ھاۋارايىدىن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىدا رەسمىي مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويدى.

چېن جاۋلياڭ

**مەملىكەتلىك ھاۋارايى سىستېمىسى بويىچە بىر ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈچ كىشى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى**

1993 - يىلى خوشۇت ھاۋارايى پونكىتىغا دۆلەت ھاۋارايى ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ھاۋارايى تارماقلىرى ئىچىدىكى ئىلغار ھاۋارايى پونكىتى» دېگەن نام بېرىلدى.

ۋاڭ مۇگچۈن (خوشۇت ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتىنىڭ باشلىقى) ليۇ داۋگېن (يېڭىسار ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتىنىڭ باشلىقى) «مەملىكەت بويىچە ھاۋارايى تارماقلىرى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر پونكىت باشلىقى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ تەن شياۋجۈ «مەملىكەت بويىچە ھاۋارايى تارماقلىرى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ياش ھاۋارايى خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېن جاۋلياڭ

## قۇمۇلدىكى ئەڭ

△ قۇمۇل — مەملىكەت بويىچە نوپۇسىنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن شەھەر بولۇپ، ھەربىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئۈچتىن ئادەم توغرا كېلىدۇ.

△ 1982 - يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدىن تېپىلغان 3200 يىللىق تارىختا ئىگە جەسەت - ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، تارىخى ئۇزۇن جەسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

△ قۇمۇل — قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە سورتىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

# شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

**شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى**

ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى 1992 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن 43 نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش تۈرىگە 10 مىليون يۈەن سەرپ قىلغانىدى، بۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. 1993 - يىلىغا كەلگەندە بۇ تۈرلەر بۇ تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى تارماقلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى.

«تۇرپان رايونىدا دېھقانچىلىقتا سۇ تېجەش سىستېمىسى بويىچە ئۈلگىلىك رايون قۇرۇش» تۈرىدە ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەر ئاستى سۇ باشلاش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، يۇرۇشلەشتۈرۈش مۇئەسسەسەلىرى لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، دېھقانلار ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەر ئاستى سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزدى. «ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش» تۈرىدە كۆپ پەنلەر بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىپ، 1060 مو يەرنىڭ بىرلىك ساپ پاختا مەھسۇلاتى 51 كىلوگرامدىن 64 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. «دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانى» تۈرىدە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 640 مىڭ دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. ھەرقايسى تەرەپلەر «ئۈچ فازىلىق بىماس قەدەملىك ئېلېكتر دۋىگاتېلىنىڭ ئىخچام ئايلىنىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىگە 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، ئېلېكترو ماشىنىسىدىن 1000 نى ئۆلچەپ سىنىدى، 4100 نى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن 2 مىليون كىلوۋات سائەت توك تېجىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1993-يىلى قوشۇلغان «گەينەك پلاستىك نەيچە، ساپال بۇيۇملار» تۈرى شۇ يىلى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «تۇرپان سۇ ئىشلىرى، بېلىقچىلىق، بېلىقچانلارنى بالدۇر كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇشى» تۈرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى؛ 〈MNS〉 تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل شىكابى» تۈرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى پاكىستان، موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلدى، شۇ يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 186 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدا 1 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۈەن شېڭرۇڭ

**يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش خىزمىتى يېزىلاردا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

1. يېزا ئىگىلىكىدە ئەسقاتىدىغان تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىزمىتى. 1993 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئەسقاتىدىغان تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن جەمئىي 123 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغان تۈر 65، يېڭىدىن بېكىتىلگەن تۈر 58. بۇنىڭغا 6 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئومۇملاشتى، 1000 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى، تېخنىكا كېڭەيتىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

## قوشۇمچە

### ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتە يېقىندىن يولغا قويۇلغان تۈرلەرنىڭ 1993 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈر نامى | باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان يىلى | رىياسەتچىلىك قىلغان تارماق | ئۈستىگە ئالغان ئاساسلىق ئورۇن |
|---|---|---|---|
| باينبۇلاق ئوتلىقىدا سۇنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك رايون قۇرۇش | 1993 - 1997 | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى | خېجىڭ ناھىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە، تۇپراق-قۇملۇق تەتقىقات ئورنى |
| ئاقسۇ، مىچۈەن رايونلىرىدا ئەلا سۈپەتلىك شال بازىسى قۇرۇش | 1993 - 1997 | سانجى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكىسى، بىئوتېخنىكا تەتقىقات ئورنى، مىچۈەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىيات مەركىزى |
| شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى، بېلىقچىلىقى بويىچە تۇرپاندا بالدۇر كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇش | 1993 - 1996 | تۇرپان ۋىلايەتلىك پەن تېخنىكا كومىتېتى | تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى |
| ئەينەك پلاستىك نەيچە، ساپال بۇيۇملىرى | 1993 - 1995 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى | مىچۈەن سېمونت زاۋۇتى |
| پولات داشقاللىرى، رۇدا داشقاللىرىدىن سېمونت ئىشلەش | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى | سانجى ئوبلاستلىق «تۇدۇنخابا» سېمونت زاۋۇتى |
| ئاساسلىق مانگان باتارىيىسى | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى | شىنجاڭ باتارېيە زاۋۇتى |
| (MNS) تۈۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل شكابى | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى | شىنجاڭ «سەددىچىن» ئېلېكتر سايمانلىرى سانائىتى شىركىتى |
| (T501) تىپلىق قېتىشتىن ساقلاش دورىسى | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى | مىچۈەن ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى |
| ماشىنىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەپ چۆكتۈرۈش ئارقىلىق ئالتۇن ئېلىش | 1993 - 1994 | ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى | قابا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، سايدۇ ئالتۇن كېنى |
| قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋىلەردىن ئېسىل مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئوراش - قاچىلاش ئۇسكۇنىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش | 1993 - 1995 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇچۇر ۋە مەسلىھەت ئىندېكسى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىككى باسقۇچلۇق تور سىستېمىسى | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تەتقىقات ئورنى |
| پەن - تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىشنى كەسىپلەشتۈرۈش | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسىتى تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە دائىر تەشۋىقات | 1993 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى |
| شەھەر، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش بويىچە سىناق نۇقتىسى | 1993 - 1995 | ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى | سىناق نۇقتىسى قىلىنغان شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى |
| شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدا كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ستراتېگىيىسى ئومۇمىي پىلانىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسى | ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ گېئولوگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى كەسپىي گۇرۇپپىسى |
| شىنجاڭدا ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يۇرۇشۇش قانۇنىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قوللىنىلىدىغان تەدبىر | 1993 - 1994 | ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى | ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىختىساسلىق خادىملار كەسپىي گۇرۇپپىسى |
| شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئەھۋاللارنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇشى | 1993 | ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى | ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى |

دېھقانچىلىقتا ئەسقاتىدىغان تېخنىكا كېڭەيتىلگەن كۆلەم 40 مىليون مو (قېتىم) دىن كۆپرەككە يەتتى؛ چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشى ھەرخىل مال تۈرىدىكى نەچچە مىليون تۇياق چارۋىغا چېتىلدى، بۇ، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، باقمىچىلىق يېڭى تېخنىكىسى، كالا - قويلارنى بورداش يېڭى تېخنىكىسى، ئوتلاق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئورمانچىلىقتا بولسا، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، يېشىل كارىدورنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشى، كونا مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىش، ئورمانچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئارىلاشتۇرۇش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ سۇنى تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى يولغا قويۇلۇپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپىدە، ئاساسەن، ئىلغار بولغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بېقىش يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېڭى نەسىللەر كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىپ، كەسىپ زەنجىرلىرىنى ئۇزارتىپ، بېقىپ كۆپەيتىش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتتى.

1993 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئەسقاتىدىغان تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە «مول ھوسۇل پىلانى»، «تونىنلىق ئاشلىق ئېتىزى قۇرۇلۇشى»، «دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا ئۈنۈۋېرسال ئۆلچەمنى كېڭەيتىش»، «مىليون تۇياق سويۇلىدىغان قوي يېتىشتۈرۈش»، «مىليون تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش»، «مىليون تۇياق

تىۋىتلىق ئۆچكە يېتىشتۈرۈش»، «ئورمانچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئارىلاشما مەشغۇلاتى» قاتارلىق كۆلىمى زور، ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم تۈرلەر نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلدى. «خوتەن، يەكەن دەريالىرى ۋادىلىرىدا تونىنلىق ئاشلىق ئىتىزى بەرپا قىلىپ، زىرائەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى جەھەتتە، 1993-يىلى ئىككى دەريا ۋادىسىدا جەمئىي 506 مىڭ 900 مو تونىنلىق ئاشلىق ئىتىزى بەرپا قىلىندى، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 1056.3 كىلوگرامغا يەتتى، نەتىجىدە خوتەن شەھىرى تونىنلىق ئاشلىق شەھىرىگە ئايلاندى ھەمدە بىر تۈركۈم دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلار بارلىققا كەلدى، 78.4 مو يەرنىڭ ئىككى پەسىلدىكى ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 1504.7 كىلوگرامغا يەتتى. تونىنلىق ئاشلىق ئېتىزىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا خوتەن، قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتتە ئاشقان ئاشلىق جەمئىي 150 مىليون كىلوگرامغا، كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئالتاي، ئاقسۇ قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 14 ناھىيە (شەھەر) دە يولغا قويۇلغان «تىۋىتلىك ئۆچكىنى مىتىسلاشتۇرۇپ ياخشىلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە ئەلا سۈپەتلىك نەسىل كىرگۈزۈش، ئۆز نەسلىدىن تاللاپ يېتىشتۈرۈش، نەسىللىك تېكىلەرنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۆچكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 14 ناھىيىدە ئومۇمىي ئۆچكە 1988 - يىلدىكى 1 مىليون 260 مىڭدىن 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى، ھەربىر ئۆچكىدىن ئېلىنغان تىۋىت 110.46 گرامدىن 200.3 گرامغا يېتىپ، %81.33 كۆپەيدى. بەش يىلدا جەمئىي ئاشقان ئىقتىسادىي كىرىم ئازكەم 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى. 1993 - يىلى يېزىلار بىرلىك قىلىنىپ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن بەشى قۇرۇلدى. ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە كەسپىي گۇرۇپپا قۇرۇلدى؛ بۇ گۇرۇپپىلار ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى ۋە ئۇنى تەشكىللىدى، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى ئومۇمىي پىلان ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋا ماللارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك نەسلىنى كىرگۈزۈپ كۆپەيتىش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرى يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، يېزا - بازار كارخانىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك ئائىلە بەرپا قىلىپ، تەربىيىلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش، تەجرىبە قىلىش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

3. يېزىلاردا پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش يولغا قويۇلدى. 1993 - يىلى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ تەربىيىلەش ئىشى كۈچەيتىلدى، كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىغا كەسپىي بىلىمنى يېڭىلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى، تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كۆپ قىسمى بىردىن ئىككىگىچە ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىنى ئىگىلىۋالدى.

جاڭ چۈن

**ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىپ يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يىل ئاخىرىغىچە سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 23 ناھىيە، شەھەر ئارقا - ئارقىدىن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بېكىتمە چىقاردى ھەمدە ئۇنى يولغا قويدى.

بايىنغولىن ئوبلاستى ئوبلاست قارىمىقىدىكى ئاز كەم 100 پەن - تېخنىكا خادىمىنى تەشكىللەپ «بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش سىستېما قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات»، «بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ سانائىتىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش سىستېما قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات» نى تاماملىدى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ سانائەتنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش نىشانى، ۋەزىپىسى، بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئوبلاست بويىچە سەككىز ناھىيە، شەھەردە ناھىيە، شەھەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى، كۆپ ساندىكى ساھەلەرگە مەسئۇل تارماقلار ۋە سانائەت كارخانىلىرىدىمۇ مۇناسىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئوبلاستنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ

گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىغان مەخسۇس تۈر خىراجىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش خىراجىتى 500 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس پۇل 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مول ھوسۇل پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ئوبلاست بويىچە ئاشلىق زىرائىتى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت نىسبىتى 1989 - يىلدىكى 1:3 دىن 1993 - يىلى 1:6:1 گە تەڭشەلدى. ئوبلاست بويىچە ئاشلىق يەنىلا يىلىغا 12 مىليون كىلوگرام ئېشىپ باردى. سانائەتنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 114 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 85 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى.

1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يولغا قويۇلغان شەھەرنى پەن - تېخنىكا ۋە ماائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پەن - تېخنىكىغا جەمئىي 12 مىليون 204 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەھەرنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بويىچە يەتتە كارخانىنى ئۈلگىلىك كارخانا، بەش يېزىنى ئۈلگىلىك يېزا، ئىككى دوختۇرخانىنى ئۈلگىلىك دوختۇرخانا قىلىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىدىن تۆتى يولغا قويۇلدى، بۇ ئارقىلىق پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ زىچ بىرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شەھەر دەرىجىلىك پەن تەتقىقات، تېخنىكا يارىتىش تۈرىدىن 241 ى يولغا قويۇلدى، يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 302 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن باج ۋە پايدا 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، 65 خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى، بىر تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرىدىن 240 ى يولغا قويۇلدى، تېخنىكا، سانائەت، سودىدا كىرىم 101 مىليون يۈەنگە، باج 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1993 - يىلى ناھىيە، شەھەرلەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش خىزمىتى جايلاردا قانات يايدۇرۇلدى.

1. ناھىيە، شەھەرلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 - باشلىقلىرى ناھىيە، شەھەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشىنى بىۋاسىتە تۇتتى، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى كۆپەيدى. سانجى، فۇكاڭ شەھەرلىرى، خىجىڭ، لوپ ناھىيىلىرىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 - باشلىقلىرى ناھىيە، شەھەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشىنى ئۆزى تۇتتى. كۆيتۇڭ شەھىرى شەھەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچى خىراجىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىشنى قارار قىلدى؛ سانجى شەھىرى 1989 - يىلدىكى پەن - تېخنىكا ئۈچ خىل خىراجىتىنى ئاساسىي سان قىلىپ، ھەر يىلى %15 كۆپەيتتى؛ بورتالا شەھىرى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شەھەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچى خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئاز دېگەندە 100 مىڭ يۈەندىن 150 مىڭ يۈەنگىچە خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

2. ناھىيە، شەھەرلەرنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. جايلار مەۋقەنى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ناھىيە (شەھەر) نى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسى ۋە كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. فۇكاڭ شەھىرى يېزا ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، «ئىككىدە يۇقىرى، بىردە ئەلا بولغان» شەھەر ئەتراپى تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش يولىغا ماڭدى؛ بوغدا كۆلىگە تايىنىپ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 3 - كەسىپنى يېتەكلىدى؛ نېفىتنى نىشانلاپ، كېمىنى تولۇقلاپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ سانائىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى؛ مەۋقەنى كۆمۈرگە قويۇپ، كوكسلاشتۇرۇش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆمۈر سانائىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى؛ ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سۇ ئېلېكترى بىلەن ئوت ئېلېكترىنى تەڭ تۇتۇپ، تۆۋرۈك شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 1993 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون يۈەنگە يەتتى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى %11 تىن كۆپرەك ئاشتى. لوپ ناھىيىسى «پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ دېھقانلارنى بېيىتىش، پىلە - ئۈجمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ناھىيىنى روناق تاپقۇزۇش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى، 1993 - يىلى سورتلۇق ئاشلىق زىرائىتى ۋە كېۋەز تېرىلغان يەر كۆلىمى 98% كە يەتتى، ناھىيىلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، 100 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى سىغدىغان ئۆي سېلىندى.

شياۋ لىشۆ

ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. تەشكىلىي ئاپپاراتلار تەڭشەلدى. 1993 - يىلى مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى 1 - نۆۋەتلىك ھەيئىتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ

خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق ئارقىلىق، دېمەت ناسىرنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاش؛ جالىڭ يۈجىنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تولۇقلاپ سايلاش؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دۇڭ جاۋجى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شىي خېيىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئومۇمىي يىغىندا ئىختىساسلىق خادىملار كەسپىي گۇرۇپپىسى ۋە تاشقى ئىقتىساد پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى كەسپىي گۇرۇپپىسىنى كۆپەيتىش، خادىملارنى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى ھازىرقى كەسپىي گۇرۇپپىلاردىن تەڭشەش ھەمدە ھەقىقەتەن مەسلىھەت بېرىش ئىقتىدارى بار قىسمەن مۇتەخەسسىسلەرنى يېڭىدىن كۆپەيتىش قارار قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىسمەن مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇتەخەسسىسلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تولۇقلاش، ئۇلارنى 1993 - يىلى چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار ئىچىدىن تاللاش قارار قىلىندى. ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى - سۇ مەھسۇلاتلىرى، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى، يېنىك سانائەت - توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، قاتناش - پوچتا تېلېگراف، خام ئەشيا - ماتېرىيال سانائىتى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون ئۈچۈرى، تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە، شەھەر قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش، مالىيە - سودا، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سىياسەت تۈزۈلمىسىنى باشقۇرۇش، ئىختىساسلىق خادىملار، تاشقى ئىقتىساد پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت 18 كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى، مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچى 280 گە يەتتى.

2. مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. 1993 - يىلى مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلام بويىچە تەدبىر بەلگىلەش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭ - چوڭ، ئومۇمىي، ستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەسلىھەتچىلەرنى ئالدىن مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى كەسپىي گۇرۇپپىسى «شىنجاڭدىكى ئالتاي رايونىنىڭ كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي پىلانىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش» دېگەن تېمىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دائىر ستراتېگىيىلىك نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا، ئالتاي رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى ئېچىش بەلبېغىنى تاللاپ، كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي پىلانىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىدى، كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ۋىلايەتلەردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى ئۇنىۋېرسال تارماقلارنى پىلان تۈزۈش جەھەتتە تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. ئىختىساسلىق خادىملار گۇرۇپپىسى «شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يۈرۈشۈش قانۇنىيىتى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلەر» دېگەن تېمىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ھازىرقى ئىختىساسلىق خادىملارنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈشكە دائىر قاتتىق - يۇمشاق سىياسەت شارائىتى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلەر ئۈستىدە كۈچ چىقىرىپ ئىزدەندى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان بۇ ئىككى مەخسۇس تېما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچى تۈر پىلانىغا رەسمىي تۈر قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

3. شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ باشلامچى تۈرلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 17 نەپەر ئالاقىدار پەنلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى دەسلەپتە تاللاپ سۇنغان شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە دائىر 11 باشلامچى تۈرنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىدى، بۇنىڭ مەركىزى تۈر قىلىپ بېكىتىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەندى.

4. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زور قۇرۇلۇشلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش ۋە بۇ جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. 1993 - يىلى مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ سۇ ئىشلىرى كەسپىي گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى

زور قۇرۇلۇشى — ئۆلۈغئاتا ئېچىملىك سۇ تۇگۇنى قۇرۇلۇشى، تېكەس دەرياسىنى توسۇپ سۇ باشلاش تۇگۇنى قۇرۇلۇشى، قۇمئېرىق دەرياسى شىپىخىلا سۇ باشلاش تۇگۇنى قۇرۇلۇشى، تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇ چىقىرىۋېتىش - سۈمۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى، گېئولوگىيە، گىدرولوگىيە، قۇرۇلۇش قىلىش، لايىھەلەش، مەبلەغنى مۆلچەرلەش قاتارلىق ئالاقىدار مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىدى ۋە بۇ جەھەتتە مەسلىھەت بەردى. قۇرۇلۇش لايىھىسىنى سەرخىللاشتۇردى، تېخنىكا لايىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسىدىن سۇ باشلاش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئۆلچەپ سىزىپ، «ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا دائىر ئاساسىي دوكلات» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

5. مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئۈچۈر ماتېرىياللىرى تۈزۈپ تارقىتىلدى. 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە «تەدبىر بەلگىلەشكە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ئۇنىۋېرسال توپلىمىدىن جەمئىي تۆت سان، كىتابچىدىن 17 سان؛ «مەسلىھەت بېرىشكە دائىر مەخسۇس توپلام» دىن بىر سان؛ «مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ماقالىلىرى توپلىمى» دىن بىر سان؛ «مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپى» دىن 18 سان؛ «قىسقا خەۋەر» دىن 63 سان تارقىتىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەخسۇس تېمىدىكى ھەرخىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، تەكلىپ ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا دائىر ئۇچۇرلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 700 مىڭ خەتلىك 230 ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قاتناش - پوچتا-تېلېگراف گۇرۇپپىسى، مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى ۋە ئېنېرگىيە گۇرۇپپىسىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «كەسپىي گۇرۇپپا پائالىيىتىگە دائىر قىسقا خەۋەر» تۈزۈپ تارقاتتى.

لى كېجيەن

## پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۆلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

1993 - يىل 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ، دائىرە ۋە رايونلارنى ئاساس قىلىپ، پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۆلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇيۇشتۇردى، پەن - تېخنىكا بويىچە 90 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇن 30، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئورۇن 28، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن 32) ئۆلگىلىك يېزا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۆلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار:

1. پەن - تېخنىكا بويىچە 90 ئۆلگىلىك يېزا ئۆزلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى ۋە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان يولغا قويۇش لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. يېزىلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىنى ۋاقتىدا ئورۇنداپلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخېيەنزى بازىرى ئەسلىدىكى ئومۇمىي پىلان ئاساسىدا، «پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى» (بورتالا ئوبلاستى تەرىپىدىن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن) غا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى تۈزۈپ چىقتى،

2. پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگىلىك يېزىلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار سەپلەندى. پەن - تېخنىكا بويىچە 90 ئۆلگىلىك يېزا ئىچىدە يېزا ۋە كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى سەپلەندى؛ پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگىلىك يېزىلاردا يېزىلىق، بازارلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ھەمدە مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى سەپلەندى؛ 90 ئۆلگىلىك يېزىدا پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگىلىك كەنتتىن 80 ى قۇرۇلدى ھەمدە كەنت پەن - تېخنىكىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى؛ پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگىلىك ئائىلە 48 مىڭ 200 گە يېتىپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ يېزا كەسپىي تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 278 ى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى 8000 دىن ئاشتى؛ كەنت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 1256 سى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا قاتناشقانلار 15 مىڭ 90 گە يېتىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، خىلى مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش، ئۆلگە كۆرسىتىش، مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

3. يېڭى تېخنىكىلار پائال كىرگۈزۈلۈپ ۋە قوللىنىلىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كېڭەيتىلىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلدى. پەن - تېخنىكا بويىچە 90 ئۆلگىلىك يېزا، پەن - تېخنىكا تۈرى ۋە كېڭەيتىلىدىغان، ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ھەمدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن 936 نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 373 تۈرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون يۈەنگە،

يارىتىلغان پايدا 42 مىليون 227 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئەلا سورتلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 93.7% كە يەتتى. دېھقانچىلىقتا ئەسقاتىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەر كېڭەيتىلىپ قوللىنىلىشىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80% تىن يۇقىرى بولدى. ئىلگىرى بىر يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشكە ئاز دېگەندە بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى، ھازىر ئىككى ئۈچ يىللا كېتىدىغان بولدى.

4. تېخنىكا جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پەن - تېخنىكا بويىچە 90 ئۈلگىلىك يېزا (بازار) دا دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇلدى، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش سىنىپىدىن 957 سى ئېچىلدى. 1992-يىلدىن 1993 - يىلغىچە ھەرخىل كەسپىي خاراكتېرلىك تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن 654 قارار ئېچىلىپ، 52 مىڭ 240 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى؛ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4240 قارار ئېچىلىپ، 442 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ھەر بىر پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك يېزىدا ئاز كەم 100 دېھقان تېخنىك بارلىققا كەلدى.

5. ئۈچ يىلدا پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۈلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت جەمئىي 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاجرىتىپ بەرگەن يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى خىراجەت 860 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مەخسۇس تۈرلەرگە بەرگەن خىراجەت 870 مىڭ يۈەن، ناھىيىلەر بەرگەن خىراجەت 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن، يېزىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتلەر بەرگەن خىراجەت 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئۇنۇملۇك يولغا قويۇلۇشى مەبلەغ جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى.

6. پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك يېزىلار پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇردى. ناھىيىلەر پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك يېزىلارنى ئۆز يېرىنىڭ پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش بازىسى قىلدى، ئومۇمەن، ئىلغار تېخنىكا بىلەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئاۋۋال ئۈلگىلىك يېزىلاردا سىناق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن كېڭەيتىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچ يىلدا ئەمەلىي كۆزىتىش يىغىنى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدىن جەمئىي 1176 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك يېزىلار بىر ئۈلگىلىك يېزا 50% ئۈلگىلىك كەنتنى تۇتۇش، بىر ئۈلگىلىك كەنت 20% ئۈلگىلىك ئائىلىنى تۇتۇش، بىر ئۈلگىلىك ئائىلە ئۈچتىن بەشكىچە دېھقان ئائىلىسىنى يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى.

7. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بىۋاسىتە تۇتقان 30 ئۈلگىلىك يېزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1992 - يىلى پەن - تېخنىكىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە قوشقان ھەسسە ئۆلۈشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41.1% كە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئازكەم، ئون پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولغان. سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23.5% ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 13.1 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولغان؛ ئۈلگىلىك يېزىلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 894.02 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 162 يۈەن يۇقىرى بولغان؛ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكىدىن 45.3% ئۆسكەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 76.3% كە يەتكەن.

پەن - تېخنىكا بويىچە «321» ئۈلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى، يېزىلاردىكى كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭىنى كۈچەيتتى، دېھقانلارنىڭ بىلىم، ماھارەت سەۋىيىسىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، تەبىئىي بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى يەنىمۇ قوغداش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

چېن جيەنخۇا

«دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانى» يولغا قويۇلدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «شىنجاڭنى پەن، تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» نىڭ باشلامچى تۈرى بولغان «دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى پىلانى» 1993 - يىلى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان تۆۋەندىكىچە: «قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى» ئارقىلىق، ھەر يىلى دېھقان - چارۋىچىلاردىن 800 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەش، يېزىلىق دېھقانلار تېخنىكا، ئومۇمىي ساۋات مەكتىپىدىن 100 نى مۇستەھكەملەش ۋە كۆپەيتىش؛ يېزىلاردىن تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش بويىچە سىرتتىن ئوقۇش داشۆسى

كۆرسانتىدىن 3500 نى قوبۇل قىلىش؛ يېزىلاردا كەسىپىي تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 200 نى قۇرۇش؛ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەدەنىيەتلىك يېزا ۋە كەنتتىن 100 نى قۇرۇش؛ دېھقان تېخنىكتىن 5000 نى تەربىيىلەش، 2500 دېھقان تېخنىكنى باھالاپ بېكىتىش.

بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتلەر ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۈستىگە ئالغان 25 تارماق تۈرگە بۆلۈندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىغىلىنىدىغان 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ جايلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەقسىم قىلىپ، بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەرقايسى تۈرلەرگە دائىر كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

پەن ئىنفو

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنليالڭ «پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت «پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجيەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ يىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىنى پىلانلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىرنەچچە پىكىر»، «خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىرنەچچە بەلگىلىمە» ۋە «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى تېخنىكا يارىتىش تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تېخنىكا - ئىقتىساد ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر يېڭى ھۆججەتلەرنى ئۆگەندى ۋە مۇھاكىمە قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەييارلىغان «پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە بەلگىلىمە»، «پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بۇلارغا تېخىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشى ئۈچۈن يوللايدۇ.

يىغىن مەزگىلىدە، ۋۇمىڭجۇ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، ياڭ شۇشىن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)، خەن جۇڭ (شىنجاڭ چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر)، يې باڭخۇا (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە باش ئىنژېنېر، ئالىي ئىنژېنېر)، جۇيۇڭچىڭ (مىچۈەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، مەسئۇل ئىقتىسادچى)، خۇاڭ شىڭ (شىنجاڭ ئالتۇن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر) دىن ئىبارەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئالتە نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات گۇۋاھنامىسى ۋە 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى.

كاۋ فېڭ

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ چۈشۈرۈلدى، جەمئىي 198 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا ئۈچ خىل خىراجەتتىن ياردەم بېرىلگەن ئومۇمىي سومما 11 مىليون 160

مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قوشۇلغان تۈر 65 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە شۇ يىلى 4 مىليون 644 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى؛ كېيىنكى يىلىغا قالدۇرۇلغان تۈر 133 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 6 مىليون 516 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. پىلاندىكى تۈرلەر ئىچىدە سىناق تەرىقىسىدە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان تۈر 20 بولۇپ، ئۇلارغا 1 مىليون 715 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى؛ ئارىلىقتىكى سىناق تۈرى يەتتە بولۇپ، ئۇلارغا 250 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى؛ مۇھىم پەن تەتقىقات تۈرى 158 بولۇپ، ئۇلارغا 8 مىليون 185 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن فوندى تۈرى 31 بولۇپ، ئۇلارغا 475 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى، يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى 30 بولۇپ، ئۇلارغا 325 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى) ئاجرىتىپ بېرىلدى؛ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى ۋە باشقا تۈرلەر 13 بولۇپ، ئۇلارغا 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن - تېخنىكا پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خېلى ياخشى بولدى. پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 198 تۈر ئىچىدە 93 تېما ۋە مەخسۇس تېما نورمال ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ سورتلىرى ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئەلا نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، يېزىلاردىكى 2 - ۋە 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى، سىرتقا يۈزلەنگەن ئۆزگىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئېچىش، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، يەم - بوغۇز ۋە مال دوختۇرلۇق دورىگەرلىكى بويىچە يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش، بوسۇش خاراكتېرلىك ئۆستۈرۈش ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسى، قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش قاتارلىق كەسىپلەر دېھقانچىلىق دوختۇرلۇقى كەسپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەتقىقاتى ۋە كەسىپلەشكەن تېخنىكىلارنى قوللىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1993 - يىلى دېھقانچىلىق دوختۇرلۇقىغا دائىر تۈردىن 80 ى يولغا قويۇلغانىدى، بۇلاردىن ئالتە تۈر باھالاپ بېكىتىلدى، بەش تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە، بىر تۈر خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. سانائەت جەھەتتە، كەسىپلەردىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تېخنىكىلىق مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدىغان، تېخنىكىلىق مىقدارى يۇقىرى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم زور ھەم خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە تۈرلەر تاللىنىپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىلدى. 1993 - يىلى يولغا قويۇلغان 45 سانائەت تۈرىدىن 24 ى باھالاپ بېكىتىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە، ئۈچ تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە، 14 تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

قىياڭ يۈن

**تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ھەم ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيەسى تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان خىراجەت 42 مىليون 315 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %83 ئاشتى (بۇ، ئاساسەن، مالىيە مىنىستىرلىكى نۇقتىلىق تەجرىبىخانا ئۈسكۈنىلىرى خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون يۈەن ھەمدە خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم بەرگەچكە كۆپەيدى)؛ ئەمەلىي چىقىم 44 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي سومىسى خام چوت قىلىنىپ باشقۇرۇلىدىغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ كىرىمىنى چىقىم ئورنىدا كۆرۈزگە قويغان پۇلى 2 مىليون 820 مىڭ يۈەن. ئەمەلىي چىقىم ئىچىدە خادىملار خىراجىتى %52.3 نى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى خىراجىتى %12.4 نى، كەسپىي خىراجەت %6.6 نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق 54 پەن تەتقىقات ۋە پەن - تېخنىكا كەسپىي ئاپپاراتى قىلغان تۈرلۈك كەسپىي كىرىم جەمئىي 35 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توغرا لىنىيە بويىچە قىلىنغان كەسپىي كىرىم 29 مىليون 340 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە تەننەرخ خىراجىتى ۋە باج چىقىمى 27 مىليون 500 مىڭ يۈەن، پايدا 8 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە توغرا لىنىيە بويىچە يارىتىلغان پايدا 6 مىليون 830 مىڭ يۈەن) پايدا ئىچىدە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلار تەقسىم قىلغان پايدا ۋە تاپشۇرۇلغان تاپاۋەت بېجى 450 مىڭ يۈەن؛ ئاقدۇرۇپ بېرىلگەن مەخسۇس فوند 7 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %20.4 ئاشتى. كەسپىي كىرىم ئىچىدە تېخنىكىلىق كىرىم %57 نى، پەن تەتقىقات نەتىجىسى كىرىمى %5 نى، ئارىلىقتىكى سىناق بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات، يېڭى مەھسۇلات كىرىمى %3 نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك كىرىم %9 نى، باشقا كىرىم %26 نى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە داۋاملىق «بىر باشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر دائىرىنى قويۇۋېتىش» تىن ئىبارەت يېتەكچى پرىنسىپقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى تۈرلەرگە ئايرىلىپ باشقۇرۇلدى.

ئاساسىي شەرت - شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان ئون پەن تەتقىقات ئورنى تاللىنىپ، ھەرىكەتچان باشقۇرۇش، مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، 1993 - يىلى بۇ ئورۇنلارغا مەخسۇس ئۇسكۈنە خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون 830 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا ئوبوروت سوممىسى ئۈچۈن 2 مىليون 903 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى؛ تېخنىكا يارىتىش تىپىدىكى 16 پەن تەتقىقات ئاپپاراتىنىڭ كەسپىي خىراجىتى كېمەيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن چېتىلىدىغان تۈرلىرىدىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ، باراۋەر رىقابەتلىشىش، سەرخىللىرىنى تاللاپ نۇقتىلىق مەدەت بېرىش پرىنسىپى بويىچە، يەككە تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ سىجىللىقى ئاشۇرۇلدى. 1993 - يىلى جەمئىي 56 تۈر يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىلدى، بۇ تۈرلەرگە 2 مىليون 67 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا ئوبوروت سوممىسى ئۈچۈن 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن بېجىرىپ بېرىلدى، مەخسۇس ئۈسكۈنە خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون 390 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق تېخنىكا يارىتىدىغان پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى تېخنىكا - ئىقتىساد ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان سىناق نۇقتىسى قىلىندى، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم، پەن تەتقىقات سەۋىيىسى ۋە پەن تەتقىقاتتىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىقتىدارى قاتارلىق ئومۇمىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى بىلەن چېتىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، تېخنىكا - ئىقتىساد ھۆددىگەرلىك توختاملىرى ئىمزالاندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى پەن تەتقىقات يارىتىش، كېڭەيتىشكە دائىر تېمىدىن 612 - نى يولغا قويدى، بۇ تېمىلارغا 23 مىليون 940 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، 2045 كىشى قاتناشتى. 1993 - يىلى تاماملانغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئىچىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن تۈر 88، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن تۈر %76 نى ئىگىلەيدۇ، باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق 28 تۈر تاۋارغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى مۇشۇ بىر يىلدا 58 ئىقتىسادىي گەۋدە قۇردى، ئۇلارنىڭ خادىمى 654 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 385. پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئىقتىسادىي گەۋدىگە قاتناشقانلار 189. مۇشۇ بىر يىلدا ئۇلار ياراتقان ئومۇمىي پايدا ۋە باج سوممىسى 3 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيەمىزدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پەن - تېخنىكا خىراجىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %1.72 بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى 44 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەر بويىچە 32 - ئورۇندا تۇرىدىكەن، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن - تېخنىكا ئۈچ خىل خىراجىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى پەقەت %0.64 بولدى. نەتىجىدە، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي خىراجەت ئىنتايىن كەمچىل بولماقتا، مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يىلمۇ يىل زورايماقتا. بۇلار پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇپ قويماقتا.

سۇڭ ۋېي

### پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى (ناھىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تارماقلارغا قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 134 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 9616 گە، جۈملىدىن كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6926 گە يەتتى.

ھەرخىل ئاپپاراتلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە 112 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1974 كە يەتتى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 903 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 68 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 2 مىليون 901 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات، تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات، تەرەققىيات ئاپپاراتى 114 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 8848 گە، جۈملىدىن پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 6277 گە، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1220 گە يەتتى. كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 5673 كە، جۈملىدىن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1091 گە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 2073 كە، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم

2509 غا يەتتى.

ئاپپاراتلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 163 مىليون 491 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 88 مىليون 485 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 8.74% ئاشتى، توغرا لىنىيە بويىچە قىلىنغان تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 61 مىليون 841 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 87.3% ئاشتى. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 157 مىليون 774 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققى 45 مىليون 154 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992ـ يىلدىكىدىن 14.47% ئاشتى، مۇلۇك قۇرۇلۇشى خىراجىتى 35 مىليون 468 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.37% ئاشتى.

بۇ ئاپپاراتلار مۇشۇ بىر يىلدا 1304 تېمىنى تەتقىق قىلدى، بۇ تېمىلارغا 2607 ئادەم قاتناشتى، 35 مىليون 589 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى 6.4% نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 20.4% نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى 37.7% نى، تەتقىقات بىلەن تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى 19.9% نى، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى خىراجىتى 11.6% نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى 4% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ ئاپپاراتلار مۇشۇ بىر يىلدا 332 تۈر بويىچە تېخنىكا توختامىنى ئىمزالىدى. توختامدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 14 مىليون 892 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا تەرەققىيات توختامى 56، پۈتۈشۈش سوممىسى 5 مىليون 155 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ئون، پۈتۈشۈش سوممىسى 232 مىڭ يۈەن، تېخنىكا مەسلىھەتى ۋە مۇلازىمەت توختامى 266، پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليون 505 مىڭ يۈەن.

بۇ ئاپپاراتلار مۇشۇ بىر يىلدا 1079 (بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدە ئېلان قىلىنغىنى 115) ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، 6 مىليون 30 مىڭ خەتلىك 30 خىل مەخسۇس پەن ـ تېخنىكا ئەسىرىنى، 170 مىڭ خەتلىك مەخسۇس پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئۈچ خىل ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا 172 تۈرلۈك نەتىجە تىزىملىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقىنى 82؛ 98 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 13، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 27، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 56.

بۇ ئاپپاراتلاردىن 17 سى ساھەلەرنىڭ تېخنىكا يارىتىش مەركىزىگە قاتناشتى ياكى ئۆزلىرى ساھەلەردىكى تېخنىكا يارىتىش مەركىزى بولۇپ قالدى، يەتتىسى كارخانىلار بىلەن مۇقىم شەكىلدە بىرلىشىپ تېخنىكا يارىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى، ئىككىسى كارخانىلارغا قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا بۇ ئاپپاراتلار ئىككى كارخانىنى باشلامچىلىق قىلىپ قۇردى ۋە ھۆددىگە ئالدى، بىر كارخانىنى قوشۇۋالدى. بۇ ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 100 نى قۇردى، بۇنىڭ 82 سى يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىغا كىردى. ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1883 كە، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 432 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 66 مىليون 333 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 6 مىليون 213 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئومۇمىي بېجى 2 مىليون 797 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلى ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى بەشكە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 360 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 321.

بۇ ئاپپاراتلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 6 مىليون 718 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 5 مىليون 534 مىڭ يۈەن، توغرا لىنىيە بويىچە قىلىنغان تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 1 مىليون 184 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 5 مىليون 711 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مۇلازىمىتى خىراجىتى 2 مىليون 157 مىڭ يۈەن، مۇلۇك قۇرۇلۇشى خىراجىتى 956 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا 46 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇ تېمىلارغا 122 كىشى قاتناشتى، 702 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى، سەرپ قىلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 22.4% نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى 61.5% نى، باشقا خىراجەت 16.1% نى ئىگىلەيدۇ.

مۇشۇ بىر يىلدا ئون تەتقىقات دوكلاتى يېزىلدى، بۇنىڭ بەشى ئىشلىتىلدى؛ تەرەققىياتقا دائىر ئىلمىي ماقالىدىن 418 ى يېزىلدى؛ ئومۇمىي ھەجمى 5 مىليون 240 مىڭ خەت كېلىدىغان 14 مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدۇرۇلدى.

3) پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى ئاپپاراتلىرى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى ئاپپاراتى توققۇزغا، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 294 كە، جۈملىدىن پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى، ھۆججەت ماتېرىياللىرىنى توپلاش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 217 كە،

ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 39 ى بولدى.

بۇ ئاپپاراتلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 3 مىليون 555 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 2 مىليون 884 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.26% ئاشتى، توغرا لىنىيە بويىچە قىلىنغان تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 671 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 71.17% ئاشتى. يىللىق ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 3 مىليون 395 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەققى 1 مىليون 429 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.76% ئاشتى، مۇلۈك قۇرۇلۇشى خىراجىتى 772 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.42% ئاشتى.

بۇ ئاپپاراتلار مۇشۇ بىر يىلدا 22 تېمىنى تەتقىق قىلدى، بۇ تېمىلارغا 28 ئادەم قاتناشتى، 220 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تۆت تۈر بويىچە تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى پەن - تېخنىكىغا دائىر ئىلمىي ماقالىدىن 46 سى ئېلان قىلىندى.

بۇ ئاپپاراتلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە ئونغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 78 گە، ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 686 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 767 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 137 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئومۇمىي بېجى 104 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى ئالتىگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 114 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 82، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 15.

بۇ ئاپپاراتلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 907 مىڭ يۈەن، توغرا لىنىيە بويىچە قىلىنغان تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 137 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 1 مىليون 76 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققى 684 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا 22 تېما بويىچە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 40 كىشى قاتناشتى، 242 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە سەرپ قىلىنغان خىراجەت نىسبىتى ئەڭ زور بولۇپ، 62% نى ئىگىلەيدۇ.

روزى شىيا

پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىلىرى ۋە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىسى 71 گە يەتتى، 814 خادىم كۆپەيدى (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم 551 بولۇپ، 67.7% نى ئىگىلەيدۇ، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم 263). خادىملار ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 182 (بۇ، 22.4% نى ئىگىلەيدۇ)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 296، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 180، باشقا خادىملار 156؛ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورۇنلىرى، كەسپىي كارخانا ئورۇنلىرى قۇرغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىسى 377 گە، خادىمى 5814 كە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 82 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 57 (بۇ، 69.5% نى ئىگىلەيدۇ)، خۇسۇسىي كارخانا ۋە يەككە كارخانا ئۈچ، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 22، خادىمى 825، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم 635 (بۇ، 77% نى ئىگىلەيدۇ)، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم 190. ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 253 (بۇ، 30.7% نى ئىگىلەيدۇ)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 219، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 143، باشقا خادىملار 210. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق باشقۇرغان پەن-تېخنىكا كارخانىسى 315 كە، خادىمى 4845 كە يەتتى. 1993 - يىلى خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا، مانائەت (يېزا ئىگىلىك)، سودىدىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى 156 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 45 مىليون 510 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 14 مىليون 260 مىڭ يۈەن. خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 141 تۈردىكى ھەرخىل پەن تەتقىقات تېمىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭدىن 51 نى تاماملىدى؛ 27 تۈر بويىچە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى ۋە

يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتتى. خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر، ئامېرىكا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تېخنىكا، سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ ياكى ھەمكارلىشىپ يەتتە كارخانا قۇردى، 1993-يىلى 2 مىليون350 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاشقى پېرېۋوت ياراتتى. خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. يىل ئاخىرىغا قەدەر خەلق باشقۇرغان 14 پەن - تېخنىكا كارخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

كۆك شياڭ

## پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 1 - ئايدا چىقارغان «پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا بېكىتمە» گە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاساسەن، تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

1. خىراجەت جەھەتتە بىر تەرەپكە مايىل بولۇش، بىر باشنى چىڭ تۇتۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاساسىي شەرت - شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان ئون پەن تەتقىقات ئورنى تاللاپ چىقىلدى، ھەرىكەتچان باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، مەبلەغ سېلىنمىسى ئاشۇرۇلۇپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پەن تەتقىقات سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئۇشكۈنە خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون830 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئوبوروت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن 2 مىليون 903 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى.

2. بازار باشلامچى، سىياسەت يېتەكچى قىلىنىپ، دائىرىلەر بويىچە قويۇۋېتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى يېڭىباشتىن تۈرلەرگە ئايرىلدى، تېخنىكا تەرەققىيات تىپىدىكى پەن تەتقىقات ئورنى ئەسلىدىكى 13 تىن 18 گە كۆپەيتىلدى؛ ھۆددىگەرلىك تىپىدىكى 32 پەن تەتقىقات ئورنىدىن تاللاش ئارقىلىق 14 ى ساقلاپ قېلىندى، تېخنىكا مۇلازىمىتى تىپىدىكى 17 ئاپپارات يېڭىدىن ئېتىراپ قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىلىپ، تېخنىكا - ئىقتىساد ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تۆت تەرەققىيات ئورنى ھۆددە ئالغان توپ سان ئېنىق بېكىتىلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى،

ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلىتىلگەن خىراجەت قىسقارتىلدى. ... 1.نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالاندى ھەمدە ئارىلىقتىكى سىناق بازىسى قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تۈرلىرىنى بېكىتىش، ئوبوروت قەرز پۇلى، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىلدى.

3. ئىلگىرىكى كېمەيگەن كەسپىي خىراجەت نىسبىتىگە ئاساسەن تۈرلەرنى يولغا قويۇشتەك ئۇسۇل ئۆزگەرتىلدى، باراۋەر رىقابەتلىشىش، سەرخىللىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ تۈرلەر تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، تاللانغان تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ سىجىللىقى ئاشۇرۇلدى. 1993 - يىلى 56 تۈر تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، بۇلارغا 2 مىليون 67 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا ئوبوروت مەبلىغى ئۈچۈن 2 مىليون 758 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى.

4. «بەش بىر» قۇرۇلۇشى (بىر بازارنى يەنى تېخنىكا بازىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ بىر قوشۇن يەنى تېخنىكا ۋاستىچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇش؛ بىر يۈرۈش سىياسەت - نىزاملارنى تۈزۈش؛ بىرخىل كەسىپنى يەنى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى، مەسلىھەتچىلىك، مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ بىر خىل يېڭى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش) يولغا قويۇلدى، بۇ، ئارىلىقتىكى سىناق بازىسى، تېخنىكا سودىسىنىڭ ۋاستىلىق ئاپپاراتلىرى ۋە كېڭەيتىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى تېزلەتتى.

5. «پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە ئۈلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلدى. 100 يېزا - بازار تاللاپ چىقىلىپ، بەش يىل تىرىشىش ئارقىلىق، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان يېزا - بازارلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئاھالىلەرنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇش شارائىتىدا خېلى زور ياخشىلىنىش بولدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1200 — 1500 يۈەنگە يەتتى.

6. ئۈلگىلىك كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىغا كىرگەن كارخانىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 13 يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدىغان ئوبيېكت قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ، ئۇلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، سەۋىيىسى يۇقىرى، كۆلىمى زور، تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغان، باشلامچىلىق رول ئوينايدىغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر گۇرۇھىدىن بولۇش

يۈنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە گۈرۈھ ئۈستۈنلۈكى، كۆلەم ئۈستۈنلۈكى ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈش چارىسى»، «ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتلىرى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»، «يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېتىراپ قىلىش چارىسى» ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىندى، بۇ، تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

7. دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى پاتال قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن تەستىقلاندى.

8. تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى» ئېلان قىلىندى، تېخنىكا ۋاستىچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى ئويۇشتۇرۇلدى، باج تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچى رايونىنىڭ تېخنىكا سودا پائالىيىتىدە «تېخنىكا سودىسى مەخسۇس تالونى» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تېخنىكا سودا پائالىيەتلىرى قېلىپلىشىپ، تېخنىكا سودا سوممىسىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈزۈلگەن تېخنىكا توختامىدىكى سودا سوممىسى 1992 - يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، 113 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ شياۋمىڭ

## پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كېڭەيتىلدى

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى كېڭەيتىلىدىغان نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 27 گە يەتتى (ئون تۈر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتكە دائىر تۈر ئالتە، يېزا ئىگىلىكىگە دائىر تۈر 20، باشقا تۈر بىر. بۇ تۈرلەرگە 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى (ئوبوروت مەبلىغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 400 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈرلەرنى كېڭەيتىش بويىچە ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن 257 قېتىم ئېچىلىپ، 14 مىڭ 434 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

1993 - يىلى كېڭەيتىش تۈرىدىن يەتتىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ تۈرلەر ئىچىدە ئۈنۈمى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە: خوتەن دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى 500 مىڭ مو تۇزلۇق ئاشلىق ئېتىزلىرىدا زىرائەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش (1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە) تۈرى ئۈچ يىلدا جەمئىي 892 مىڭ 400 مو يەردە كېڭەيتىلدى، ئوتتۇرىچە موبېشى مەھسۇلاتى 1048.36 كىلوگرامغا، جەمئىي ئاشقان ئاشلىق 270 مىليون كىلوگرامغا، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ تۈر 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «قاتتىق قېتىشمىدىن ياسالغان ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تىغ ئەسۋابلىرىنى كېڭەيتىش» (1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە) تۈرىدە، ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان تىغ ئەسۋابلىرىنى قوللىنىش مىقدارى يونۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق قېتىشما ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ قوللىنىش مىقدارى 80% تىن كۆپرەككە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. نۇقتىلىق ۋە نۇقتا قىلىپ بېكىتىلگەن 30 ئورۇننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون سائەتتىن كۆپرەك ئىش ۋاقتى، 100 توننىدىن كۆپرەك پولات ماتېرىيال، 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت تېجەپ قېلىنغان. ھازىرقى باھا بويىچە مۆلچەرلىگەندە، ئۈچ يىلدا جەمئىي 30 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلغان. «كىچىك ئاجىزلىغان ئېلېكتر ماتورىنىڭ قوزغىتىشنى كۈچەيتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى يارىتىش، كېڭەيتىش» (1991 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە تەتقىق قىلىنىپ، 1993 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى) تۈرى ئىككى يىلدىن بۇيان كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ، كۈچەيتىلگەن ئېلېكتر سىغىمچانلىقى جەمئىي 82 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يەتتى، 19 قېتىم (قارار) ئىش ئورنى يىغىنى، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 1204 تېخنىكا تايانچىسى (قېتىم) تەربىيىلەندى، قولغا كەلتۈرۈلگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم (سېتىش سوممىسى) 5 مىليون 679 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدا 621 مىڭ يۈەنگە، ئابونتچىلار ئىقتىساد قىلغان توك 15 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت (خەلق پۇلى ھېسابىدا 31 مىليون 620 مىڭ يۈەن) كە يەتتى، بۇ تۈر 1993 - يىلى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قۇرغاق يىلىچىلىك رايونلىرىدا ئۈنىۋېرسال مول ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى خوتەن ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلدى، ئۈچ يىلدا 473 مىڭ قۇتا پىلە بېقىلدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 19.62 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9277.62 توننىغا يەتتى، جەمئىي 99 مىليون 450 مىڭ 500 تۈپ ئۈجمە تىكىلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە 103 مىليون 621 مىڭ تۈپ ئۈجمە بار.

**قوشۇمچە1**

## 1993 - يىلى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى بويىچە رايونلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈرلەر

| تۈر نامى | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| ئۆلچىمى ئېنىقسىز بوشلۇقتىكى نېيترونلارنىڭ ئېقىم شەكلى ۋە كارمونىيىلىك نۇر چېچىش نەزەرىيىسى ھەم ئۇنى قوللىنىش | شىنجاڭ داشۆسى |
| دۋېيچاڭ نەزەرىيىسى قۇرۇلمىسى ۋە يىغلىما مودېل | شىنجاڭ داشۆسى |
| يورۇقلۇقتا سەزگۈر ئانئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ سىنتېزلىق توزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارى | شىنجاڭ داشۆسى |
| ئېبىنۇر كۆلى رايونىدا شورلىشىشنى كەڭ كۆلەمدە كۆپەيتىش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى |
| كالىلارنىڭ فوللىكۇل گورمون گېنىنىڭ سېكرېتسىيىلىك ئۆتكۈزۈشتە ئىپادىلىنىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى زەمبۇرۇغ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات | بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى |
| توداري يوپۇرماق ئالقىنىنىڭ ماكرولۇق توزۈلۈشى ۋە يوپۇرماق پوستى سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| مامكاپ ئۇرۇقداشلىدىكى ئۆسۈملۈك تاكسونومىيىسى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| قوغۇن - تاۋۇزلاردىكى يۇقۇملۇق كۆكەرتكۈچى توكسىن ۋە ئىندۇكسىيىلەنگەن قوغۇننىڭ كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش رولى مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ داشۆسى |
| نېرۋا تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە خەنزۇلارنىڭ مېڭە ئىچكى تىل قۇرۇلمىسى ۋە مېڭە ئىقتىدارىنىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش | شىخەنزە تىببىي شۆيۈەنى |
| شىنجاڭدا كېۋەز - كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئوزۇقلۇق فىزىئولوگىيىسى ۋە ئوزۇقلۇقنى تەڭشەپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| شىنجاڭدىكى بېدىلەردە بولىدىغان قوڭۇرداغ كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرالايدىغان سورت ماددىسى بايلىقى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| يېڭى تۇغۇلغان قوزىلارنىڭ سۈئىشي سۈت ئوزۇقلۇقى فىزىئولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| شىنجاڭدىكى ئېگىزلىك بېلىقلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك - بىئوخىمىيىلىك قان ئايلىنىشى ئۆزگىرىشىنىڭ نورمال قىممىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| ئېخىنوكوككوز كېسەللىكى ئىممۇنىتېتىنىڭ تەرتىپسىزلىنىش مېخانىزمى ۋە ئىممۇنىتېتلاپ داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى |
| بۆرگىلەرنى تۈر ئىچىدە چېتىشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تاكسونومىيىلىك ئەھمىيىتى | شىنجاڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەتقىقات ئورنى |
| سۇلياۋ يوپۇقتىن تۆشۈكچە ئېچىپ سۇغىرىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى - سۇ ئېلېكتر تەتقىقات ئورنى |

| | |
|---|---|
| $V_8$ گىرىبلىق يىلتىز زەمبۇرۇغىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىشقارلىششقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مېخانىكىلىق قائىدىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| ئۈچ ئورۇندىن يەر تەۋرىنىش نىشت تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى | شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى |
| بېتوننىڭ تېز توڭلىماس ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنى |
| ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي تىلنى چۈشىنىشكە دائىر ئاساسىي تەتقىقات | شىنجاڭ داشۆسى |

قوشۇمچە 2

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەبىئىي پەن فوندى ياردىمى بىلەن يېڭىدىن قوشۇلغان تۈرلەر

| تۈر نامى | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| كېۋەزدىكى ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيىلەرنىڭ فوسفورنى پارچىلاپ، ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى |
| مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاساسلىق كۆممىقوناق سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللارنى شىنجاڭدا باھالاپ بېكىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى |
| بىرخىل ئۆسۈملۈك ۋىرۇسى (يېڭى تۈر) نى باھالاپ بېكىتىش ۋە ئۇنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى |
| ھېڭىنىڭ يېتىلىش بىئولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى ئەمەلىي قوللىنىش تەتقىقاتى | شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| مونوكلون ئانتىتېلا سىدىن جۈپلەشتۈرۈلگەن دورىلارنىڭ بروتسېللىيوز كېسەللىكىنى داۋالاش جەھەتتىكى مېخانىكىلىق قائىدىسى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى |
| پولىمېرازالىق زەنجىرسىمان تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆچكىلەرنىڭ بوغۇم ياللۇغى ۋە مېڭە ياللۇغىغا بالدۇر دىئاگنوز قويۇش | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى. |
| سۈيدۈكتىكى يالغان سۈيدۈك گلىكوزىد/كرېئاتىنىن قىممىتىنىڭ دەسلەپكى راكقا دىئاگنوز قويۇش ئىلمىدىكى غەيرىي ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى |
| ئادەم ئەمچىكىدىكى ئۆسمە ۋىرۇسىنىڭ قايتا بىرىكتۈرۈلگەن ۋاكسىنىسىنى تەجرىبە قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات | ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسى |
| ئۆسمىنىڭ زىيادە ئاسارەتلىنىشىنى ئىممۇنىتېتلاپ داۋالاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى |
| نېرۋا تىلشۇناسلىقى ۋە بالىلارنىڭ تىلنى بىلىۋېلىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات | شىخەنزە تىببىي شۆيۈەنى |
| ئاجىزلاشتۇرۇلغان رېنتىگىن نۇرى رادىئاتسىيە دوزىسى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى |
| ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تېز تەرجىمە قىلىش سىستېمىسى | شىنجاڭ داشۆسى |
| يۇقىرى دەرىجىدە توپلانغان ماددىلارنىڭ يېنىشىنى ئاجىزلىتىش خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە خۇسۇسىيەت ئۆزگەرتكۈچى خورۇم كالتسىي ئالىيۇميناتىنى تەتقىق قىلىپ ياساش | شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى |
| پروپىكسىيىلىك ئىز قوغلاش يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىسىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سىناق قىلىپ لايىھىلەشتە قوللىنىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات | شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| شىنجاڭ زېمىنىنىڭ گېئودېزىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە كان ھاسىل بولۇشى | شىنجاڭ كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى كومىتېتى |

| | |
|---|---|
| شىنجاڭدىكى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ تۆرەلمە ھۆجەيرە پروتوپلاستىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈپلىرىنى قايتىدىن ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئەمەلىي تەتقىقات ئورنى |
| نەسلى قوزۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قىممەتلىك ھايۋان — شىنجاڭ سەمەندىرىنى قوغداش ۋە كۆپەيتىش | شىنجاڭ شىفەن داشۆسى |
| شىنجاڭدىكى سىرىق يەر يولۋىسى تەنچە ۋىرۇسىنى قوزغاتقۇچى گېن تەرتىپىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئۇسۇلىدە تەتقىقات | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئورنى |
| ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆچىگە ئايلاندۇرۇش مېخانىزمى ئۇسۇلىدە تەتقىقات | شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى |

بۇنىڭ ئىچىدە سۇپەتلىك ئۆجمە دەرىخى %77.69 نى ئىگىلەيدۇ. پىلە ـ ئۆجمىچىلىكتىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى خوتەن ۋىلايىتىگە غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلدى: 1993 ـ يىلى يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پىلە ـ ئۆجمىچىلىك كىرىمى 26.28 يۈەنگە يېتىپ، بۇ تۈر يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى 1990-يىلدىكىدىن 12.7 يۈەن، يەنى %93.5 ئاشتى، ئۈچ يىلدا ئاشقان دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 184 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. پىلە غوزىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ يىپەك تارتىپ سېتىش ئارقىلىق، ئۈچ يىلدا ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 632 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى.

ياڭ لۇيى

تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 21 ئاساسىي خاراكتېرلىك تەتقىقات تۈرى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى بويىچە رايونلارنىڭ تەبىئىي پەن فوندى ياردىمىگە ئېرىشتى، ياردەم پۇلى 912 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي پەن فوندىدىن ئاساسىي خاراكتېرلىك تەتقىقاتقا ياردەم بېرىلگەن تۈر 31 بولۇپ، ياردەم پۇلى 475 مىڭ يۈەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلغان تۈر 19، كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلغان تۈر 12.

شۆ دېشيۇ

دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بەش خىل يېڭى مەھسۇلات «1993 ـ يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى» غا كىرگۈزۈلدى. بۇ مەھسۇلاتلار ئېلېكترون، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ھەممىباب ماشىنا، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق ساھەلەرگە تارقالغان. بۇ تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 46 مىليون 78 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنىڭ 4 مىليون 520 مىڭ يۈەن كۆپىيىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

خۇ ياشىن

**قوشۇمچە**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىلدىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ـ باھالاپ بېكىتىش پىلانى تۈرلىرى

| يېڭى مەھسۇلات نامى | ئىقتىدارى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ساھە | تېخنىكا سەۋىيىسى | مۆلچەرلەنگەن ئۈچ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|
| «CHG × Y250» تىپلىق ئايلانما يۈتكەشكە بولىدىغان دان قورۇتۇش ماشىنا گورۇپپىسى | ماشىنا گورۇپپىسىنى يۆتكەشكە، ئاشلىقنى ئۆز جايىدا قورۇتۇپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ، ئۇ، ئاشلىقنىڭ قورۇتۇش ماشىنىسىغا يېغىلىش جەريانىدىكى ھالقىلارنى ئازايتالايدۇ؛ ئاشلىق پونكىتلىرى، ئاشلىق ئامبىرى، ئوزۇقچىلىق شىركەتلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا سۇ تەركىبى يۇقىرى بولغان ئاشلىقنى قورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ | مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيە | 154.20 | شىنجاڭ ئاشلىق ياغ پەن تەتقىقات ئورنى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| «SZL» تىپلىق سۇ تۇرۇبىسىلىق تېز قوراشتۇرۇلىدىغان پار قازان 4MW — 4. 2MW 2MW. 2t/h — 6t/h. | بۇ، ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىسى. پاركاتولى سانائەتتىن پار بىلەن تەمىنلەشتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىق سۇ پار قازىنى ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئىلغار بولۇپ، كونا سانائەت پار قازانلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ | مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيە | 9288.61 | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتى |
| «SD — 3» تىپلىق ئېلېكترونلۇق مىكروب يوقىتىش ئەسۋابى | دېزىنفېكسىيە قىلىپ مىكروب يوقىتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يېڭى پېتى ساقلايدۇ، كۆكىرىشتىن ساقلاپ، سېسىق پۇراقنى تۈگىتىدۇ، ماۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ، ئوپېراتسىيە ئۆيى، كېسەلخانا، دورا زاۋۇتلىرىدا ھەمدە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش قاتارلىق جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ | مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيە | 3000 | سانجى شەھەرلىك ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى |
| تۇرۇبىسىز ناسوسنى ئېلېكترلىك تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى: «تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئاسرايدىغان قوزغالما ساندۇق» | بۇ، ئاساسەن، تۇرۇبىسىز ناسوسنىڭ ئېلېكترلىك تىزگىنلەش لايىھەسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىسىدۇر، ئۇنى ئادەتتىكى قۇدۇقلارغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ناسوسىنى ئېلېكترلىك تىزگىنلەشتە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، سىرتقا قۇدۇق ئۆيلىرىنى ياساش ھاجەتسىز، ئوغرىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېنېرگىيە تېجەش قاتارلىق ئىقتىدارغا ئىگە | مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيە | 575.7 | شىخەنزە شەھەرلىك سۇ ئىشلىرى ۋە ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى يارىتىش تەتقىقات ئورنى |
| مەركىزى زىخ سۇنئىي چىگە تاختا | چىگە تاختىسى، تاختاي، ھەرخىل سۇنئىي تاللىق تاختاي، قىرىندى تاختاينىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئوبدان سەپلىمە بۇيۇم بولۇپ، ئۇ، ئاساسەن، ئۆي جاھازىلىرى، بىناكارلىق، تاۋارلارنى ئوراش - قاچىلاش، ماشىنا - كېمىسازلىق قاتارلىق كەسىپلەردە ئىشلىتىلىدۇ | مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيە | 805 | غۇلجا ناھىيىلىك زىغىر خام ئەشيا ماتېرىيال زاۋۇتى |

**ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى**

1993 - يىلى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ساھەلەرگە مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل تاللىشى ۋە كۆرسىتىشى ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، ئالتە خىل يېڭى مەھسۇلات مۇشۇ بىر يىلدا سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ مەھسۇلاتلار جەھەتتە مەۋقە شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىگە قويۇلغان، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، قوشۇمچە قىممىتى زور، بولۇپمۇ كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق تىببىي دورىگەرلىكى قاتارلىق جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 19 مىليون 175 مىڭ يۈەن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

خۇ ياشىن

قوشۇمچە

1993 - يىلدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش (باھالاپ بېكىتىش) پىلانى تۈرلىرى

| يېڭى مەھسۇلات نامى | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن | مۆلچەرلەنگەن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | مۆلچەرلەنگەن يىللىق پايدا ۋە باج (10 مىڭ يۈەن) |
| --- | --- | --- | --- |
| «JZK» تېپىلىق، «ZZK» تېپىلىق، «JZZK» تېپىلىق پارلاندۇرۇپ سوغۇق ھاسىل قىلىدىغان تولۇق شاماللىق ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ | ئۈرۈمچى «خۇيجى» ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | 390 | 150 |
| ئالىي دەرىجىلىك ئويما قاش قەلىمى | شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى | 540 | 150 |
| خروم بىلەن ئاشلانغان كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئىككى قات قوش رەڭلىك بېسىپ گۈل چىقىرىلغان خۇرۇم | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ كۆن - خۇرۇم باش زاۋۇتى | 128.4 | 19.3 |
| ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ ياردىمى بىلەن كالا تېرىسىنى ئاشلاپ تاشلىق خۇرۇم ئىشلەش | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ كۆن - خۇرۇم باش زاۋۇتى | 575 | 57.5 |
| ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك خۇرۇمى | شىنجاڭ «خۇاشىن» كۆن - خۇرۇم سانائىتى بىرلەشمە شىركىتى | 174.1 | 25.2 |
| «$FGC_2$ - 700» بىرىكمە سىلىكاتلىق ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى | فۇكاڭ شەھەرلىك «كەييۈەن» ئېنېرگىيە تېجەش ماتېرىياللىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى | 110.1 | 25 |

**11 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى**

1993 - يىلى شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 11 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى تۆت، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بەش. دۆلەتلىك «ئۇچقۇن پىلانى» بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ئىككى.

سۇڭ چۇنخۇڭ

**124 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى («ئۇچقۇن» مۇكاپاتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 124 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى («ئۇچقۇن» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر ئون)، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر تۆت، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 25، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 45، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 50، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر تۆۋەندىكىچە:

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر (تۆت)**

ئۆلكە دەرىجىلىك تارقالما شەكىللىك ئۇنىۋېرسال ھاۋارايى ئۆزگىرىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى

كۆكتوقاي - مورى - قۇمۇل - لىيۇيۈەن - ئاقساي ئۇنىۋېرسال گېئوفىزىكىلىق چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش كەسمە يۈزى

شىنجاڭنىڭ ئاپەت كۆپ كۆرۈلىدىغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

خوتەن، يەكەن دەريالىرى ۋادىسىدا 500 مىڭ مو توننىلىق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش *

## قوشۇمچە

### شىنجاڭ بويىچە 1993 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

| مۇكاپات نامى | دەرىجىسى | مۇكاپاتلانغان تۈر نامى | ئاساسلىق ئورۇندىغۇچى ئورۇن | ئاساسلىق ئورۇندىغۇچى خادىملار |
|---|---|---|---|---|
| دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى | 2 - دەرىجە | جۇڭگودىكى ھەرىكەتچان ئۈزۈك قاتلىمىغا دائىر رەسىملىك توپلام («IGCP» قاتارلىق 206 تۈر بىلەن بىر شارىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتچان ئۈزۈلمە قاتلام خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى) | دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى، دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسى، لەنجۇ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ تەتقىقات ئورنى، يۈننەن ئۆلكىلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى، سىچۇەن ئۆلكىلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى، دۆلەت يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئانالىز قىلىپ ئالدىن ئۆلچەش مەركىزى | دىڭ گويۇ، جاڭ يۈمىڭ، فاڭ جۇڭجىڭ، كې شىمو، لى جيالىڭ، ۋاڭ يىپىڭ، خۇجيەنجىاڭ، خەن يۈەن، دىڭ تيەنكاڭ |
| | | «ئى» تىپلىق جىگەر ياللۇغىغا دائىر كېسەل سەۋەبلىرى ئىلمى ۋە تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى ئۈستىدە تەتقىقات | بېيجىڭ تىببىي داشۆسى، جۇڭگو ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋىرۇسشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، جۇڭگو تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھايۋانات تەجرىبە تەتقىقات ئورنى | جۇاڭ خۇي، ليۇ چۇڭبو، ساۋشۇ، ۋاڭ گۇاڭمىڭ، لى فەن، ليۇ يۈجاڭ، فاڭ شىيې، بى شېڭلى |
| | | كالا - قوي تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۆي ھايۋانلىرى بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تەجرىبە مەركىزى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قويچىلىق بىئو تېخنىكىسى تەجرىبىخانىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك نەسىللىك قوي فېرمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، قۇتۇبى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | گوجىچېن، دىڭ خۇڭ، چېن جىڭبو، ۋاڭ ئەنجياڭ، سەي رېن، خەلچەم، ليۇ جيەنشې، ۋاڭ شياۋ يۈەن، جاڭ شيۇجېن |
| | | بېيجىڭدا قەۋەتلىك بۇلۇتلاردىن سۈنئىي ياغدۇرۇش سىنىقى ئۈستىدە تەتقىقات | جۇڭگو ھاۋارايى پەن تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ھاۋارايى ئىدارىسى، ئىچكى موڭغۇل ھاۋارايى ئىدارىسى، شەنشى ئۆلكىلىك ھاۋارايى ئىدارىسى، جىلىن ئۆلكىلىك ھاۋارايى ئىدارىسى، نىڭشيا ھاۋارايى ئىدارىسى | يۈلېيگۇاڭ، ماپېيمىن، خۇجىجېن، چېن ۋەنكۇي، خې شاۋچېن، ۋاڭ دىڭفېڭ، شياچىڭيېن، چېن جۇڭخەن، ۋاڭ شۈلىن |
| | 3 - دەرىجە | «6GXT – 2» قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىسى | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى | گۇەن شىشۇ، جۇجىنتاڭ، خۇچېڭشياڭ، لى ۋاڭخۇڭ، شۈجۇنشيۇڭ |
| | | بىرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئىسسىقلىققا سەزگۈر ساپال ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى | جۇاڭ شۇنچاڭ، چېڭ جياچى، جاڭ يۈۋۇ، تۇ ۋەنلۇ، گۈلەندەم |
| | | شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپ مىللەت يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى يارىتىش | شىنجاڭ داشۆسى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، شىنجاڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، «ۋېيفاڭ خۋاگۇاڭ» گۇرۇھ شىركىتى، شىنجاڭ شىفەن داشۆسى | ۋۇزۇڭشياۋ، ھوشۇر، خاۋجۈن، نەجمىدىن، يىن جيەنمىن |
| | | كارېز بىلىقىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش | جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تاتلىق سۇ بېلىقچىلىق تەتقىقات مەركىزى، ۋۇشى شەھەرلىك «جۇڭشەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق مەيدانى، جىلىن ئۆلكىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى، جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھەرلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى | جاڭ جيەنسېن، سۇن شياۋبى، شى يۈڭخۇڭ، ۋاڭ جيەنشىن، جۇ گېنرۇڭ |
| | | قويلارنى ئىممۇنىتېتلاپ قوش كېزەك تۇغدۇرۇش | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى چارۋىچىلىق باشقارمىسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى | ۋاڭ لىجى، جاۋ رۇڭسەي، جياۋشو، جۇ يىپىڭ، لياڭ جيەنپىڭ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دۆلەت-نىڭ «ئۇچ-قۇن» مۇكاپا-تى | 3 - دەرىجىلىك | سۇلياۋ بوبۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش تېخنىكىسىغا دائىر ئەتىجىسىنى كېڭەيتىش | شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ باشقۇرۇش باش پونكىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى سۇغىرىش باشقارمىسى | فىڭ گودۇ، ليۇجىمىن، جاۋ ھېڭشەن، لەن يەنچىڭ، شى شاۋخۇا، جاڭ جىلياڭ، يى لياڭجۇڭ |
| | | قوتۇر دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە كېڭەيتىش | شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق نازارىتى مال دوختۇرلۇق باشقارمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى | لى شۇچىڭ، شيې جۇجۇڭ، نۇردان، خاۋ جىڭفېڭ، شيا-يۇچېن، ۋاڭ لىن، ئوبۇلقا-سىم |

**2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر (25)**

سۈيۈقلۇق پىلتىسى نۇرتالاسىنىڭ ئۆزۈن نۇر يولىدا سۇمۇرگەن نۇرنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئانالىز قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات

«UTG — 1» نېفىت قاپلىما تۇرۇبىلىق ئۆلتىرا ئاۋازلىق ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش- ئۆلچەش سىستېمىسى

ئۆچكە چۈپۈرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىش

كاتالىزلاپ كىرېكىنلەش قۇرۇلمىسى رېگېنېراتورىنىڭ تېخنىكىلىق تۈزۈلۈشىنى يېڭىلاش

«YT — 12, YT — 6» تىپلىق تاختىلىق كاۋچۇك مەشغۇلات مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش

شازىگەي نېفىتلىكىنىڭ تۆۋەن بېسىم ۋە تۆۋەن سىڭىشلىك نېفىت - گاز ئۈۋىلىرىنى بۇرغىلاشنىڭ يۇرۇشلەشكەن تېخنىكىسى

قاراماي نېفىتلىكى تېيىز قاتلام قويۇق نېفىتىنى قىزدۇرۇپ ئېلىش نېفىت ئۈۋىسى قۇرۇلۇشى ۋە سانلىق قىممەتنى تەقلىد قىلىش تەتقىقاتى

قاراتۇڭكې مىس - نىكېل كېنى ھاسىل بولۇش بەلبېغى ئۈستىدىكى گېئولوگىيىلىك - فىزىكىلىق - خىمىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ھەم كان ئىزدەش رايونىنى تاللاش

شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ كان ھاسىل بولۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

چوشقا كۆچۈكلىرىدىكى ئىچى سۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش 4P ۋاكسىنىسى تەتقىقاتى

ئۈرۈمچى رايونى شىنجاڭ ئاق تىۋىتلىك ئۆچكە نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

كېۋەز غوزا قۇرتىدىكى كۆپ بۇرجەكلىك ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ شىنجاڭ تىپى، بېدە پەرۋانىسىنىڭ كۆپ بۇرجەكلىك ۋىرۇس كېسەللىكى توغرىسىدىكى تەتقىقات

كۆممىقوناقنىڭ شالغۇت سورتى «شىنجاڭ كۆممىقونىقى - 6» نى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش

سۈپەتلىك شال سورتى يېتىشتۈرۈش ۋە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكا تەتقىقاتى

شىنجاڭدىكى ياۋا قىچا يېڭى سورتى بايلىقىنى بايقاش ۋە تەتقىق قىلىش

بۇغدايىنى سېپالكا ئارقىلىق تۈجۈپىلەپ تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ·

مەكىت ناھىيىسىنىڭ 200 نەچچە مىڭ مو كېۋىزىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۈدا ئۈچ يىل 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ·

ئۈرۈمچى «TORCH» بىلەن يۇقۇملىنىش ئامىللىرىنى ئېپىدېمىئولوگىيە بويىچە تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنىڭ پرىنتال دەۋرىدىكى ئانا - بالىلارغا بولغان زىيىنىنى تەتقىق قىلىش

ئۇيغۇرلاردىكى چاچ - قاش ئۆستۈرۈش دورىسىنىڭ رولى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئوسما قەلىمىنى ئىشلەش تەتقىقاتى

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «HLA» سىستېمىسىدىكى ئىرسىيەتنىڭ كۆپ شەكىللىكلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقات

نىكوتىنامىد بىلەن 2 - ( ئۆدۈئى (P —) [دېمېتىل - ئامىنو ]ستىرېن )مېتىلپىرىدىن يودىت يۈرەك موسكۇلىنىڭ ھۇجەيرە پەردىسىدىكى كالتىسىي يولىغا بولغان تەسىرى

مۇرەككەپ يىجىخاۋ دەملىمىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

مىكرو تاشقى كېسەللىك تېخنىكىسىنىڭ چېگرا رايوندىكى سوغۇق جايلاردا كىلىنىكىدا قوللىنىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش

«ئې» تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ مولېكۇلىسى بىئولوگىيىلىك تەتقىقاتى

جۇڭگولۇقلارنىڭ قان تىپى ئىرسىيەت ئىلمى سىنىر ئامبىرى، ستاتىستىكا ئانالىزى، پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى

**3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر (45)**

كۆچى ئاجىزلىغان ئېلېكتر ماتورىنىڭ قۇۋۋىتىنى كۆچەيتىش تېخنىكىسىنى يارىتىش، كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

«WJL» تىپلىق مىكرو ئېلېكتر قۇتۇپلۇق ئاپتوماتىك تەڭشىگۈچنىڭ ئېلېكتر پېچىدا قوللىنىلىشى

«VSP» ئورام ئەكس دولقۇنىنىڭ ئورنىنى يۆتكەش

6000 مېترلىق بۇرغىلاش ستانوكىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى

پەر تەۋرەش ئالامەتلىرىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى تېز ھەرىكەتچان ئۇدۇۋېرسال تەھلىل قىلىش سىستېمىسى تەتقىقاتى

خرۇمسىزلاندۇرۇلغان كۆن - خۇرۇم پۇرۇچلىرىدىن يەم-بوغۇز ئاقسىلى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قاتناش پەن - تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى

يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان، چىرىندى كىسلاتا - قورغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش دورىسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى

توپلىما بۇرغىلاش تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى

نېفىت سۇ قۇدۇقلىرىنىڭ ئۆتۈشمىسىنى پېچەتلەش تېخنىكىسى

ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش

«MQJ 215» تىپلىق يىپىق كېرىن ئېلىش سايمىنىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلىتىش

«525» نومۇرلۇق سىلىكات كىسلاتا تۇزلىق ئالاھىدە ئاق سېمونت

شىنجاڭ بەدەلئارت ئىستىقباللىق كان ھاسىل بولغان رايون ئۈستىدىكى گېئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ھەم كان ئىزدەش نىشانلانغان رايونلارنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش

شەرقىي تەڭرىتاغ گرانت تېشى ۋە ئۇنىڭ مىنېراللىشىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات

شىڭشىڭشيا ئالتۇن ۋە كۆپ خىل مېتال كان ھاسىل بولغان بەلباغ ئۈستىدىكى گېئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ۋە كان ئىزدەش نىشانلانغان رايونلارنى تاللاش

چۆل ئوتلاقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، قىش ۋە ئەتىيازدا چارۋا مال سىغدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش تەتقىقاتى

قارا گۆشلۈك 10 مىڭ تۇياق تاۋار چوشقا ئىشلەپچىقىرىش يۈرۈشلۈك تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىدىكى ئېگىز تاغلىق ئوتلاق، ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئۈستىدىكى تەتقىقات

شىنجاڭدا چوشقا بېقىشنى زاۋۇتلاشتۇرۇش تەتقىقاتى

كورلا نەشپۈتىنى سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى

شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇشچانلىقىنى ئىممۇنىتېتلىق ئىندۇكسىيىلەش تەتقىقاتى

ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ شىنجاڭنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ئاساسلىق زىرائەت مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنى كېڭەيتىش

چەرچەن چاۋالدۆڭ رايونىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش تەتقىقاتى

«ئۈچقۇن تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن رايون» بەرپا قىلىش تەدبىرى تەتقىقاتى

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر مۇھىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش - پىلانلاش تەتقىقاتى

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يامغۇرسىز مەزگىلىنىڭ مۇددەتلىك قانۇنىيىتى، تارىخىي تىپلىق مۆلدۈر رەسىملىك توپلىمى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتى

تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى ئالغۇي جىلغىسىنىڭ لايلىق تاش ئېقىنى ئاپىتىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى

ماناس دەرياسىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنما سىستېمىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى باھالاش ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات

يەكەن دەرياسىدىن چىقىرىلىدىغان سۇنى كونترول قىلىش، دەلىللەش تەتقىقاتى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 200 مىڭ مو كېۋەزلىكىنىڭ مو بېشىدىن 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش *

تەركىبىدە قەنت مىقدارى كۆپ بولغان يۇقىرى ھوسۇللۇق قىزىلچىنى يېتىشتۈرۈشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش *

لازىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى *

ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قوغۇننى ئەندىزە بويىچە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش *

قۇمۇل چوڭ چىلىنىنىڭ يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈش *

قان يوقاتقان شوك جەريانىدا پەۋقۇلئاددە كىچىك زەرەتلىك تۈزۈلۈشنىڭ زەخىملىنىشى ۋە قان ئايلىنىشىدا ئۇچەي مەنبەلىك بوتۇلىزم توكسىن مىقدارىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى

ئارسېن مىقدارى يۇقىرى بولغان قۇدۇق سۈيىنىڭ ئادەم

ئورگانىزمنىڭ مىكرو قان ئايلىنىش ئۆچلىرىغا (قىلدان تومۇرلارغا) كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات

«شىنجاڭ بۆرگىلىرى تەزكىرىسى»

«كاڭشۇيباۋ» ئىچىملىكىنىڭ ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە قېرىشنى كېچىكتۈرۈش رولى توغرىسىدىكى تەتقىقات

شىنجاڭدا خولېرانىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات

بالا ھەمراھىنىڭ بىرىكمە سۇيۇقلۇقىنى سۆڭەك سۇنۇقىغا ئوكۇل قىلىپ، سۇنۇقنىڭ تۇتۇشىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش

يودلۇق تۇزنى ئۆلچەش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە كېڭەيتىپ قوللىنىش

سانائەتتىكى ئۈچ خىل زەھەرلىك ماددا (بېنزول، مانگان، قوغۇشۇن) نىڭ كەسپىي ئىشچىلارغا يەتكۈزىدىغان زىيان - زەخمىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات

شىنجاڭنىڭ چۆل، قۇملۇق ئېگىزلىكلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقى تەتقىقاتى

«شۆلىيەن تۇڭمەيۋەن» ئارقىلىق مېڭە قان تومۇرى قېتىشىش ۋە قان يېتىشمەسلىك خاراكتېرىدىكى سەكتىنى كلىنىكىلىق داۋالاش ۋە تەجرىبە قىلىش تەتقىقاتى

**4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر (50)**

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدىكى ئېچىلمىغان نېفىتلىكنىڭ نېفىت زاپاس مىقدارىغا باھا ۋە ئۇنى ئېچىش پىلانى

ئوتتۇرا ئوقلۇق ئىئون ئالماشتۇرۇش «ICP—AES —CPU» ئۇسۇلى بويىچە گېئولوگىيىلىك ئەۋرىشكىدىكى 15 خىل ئاز ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلار ۋە سكاندىينى ئۆلچەش

تېپلوۋۇز دىزېل ماتورىنىڭ ئاساسىي ئوق بۆرمىلىرىنى سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق چۈۋۈش - قوراشتۇرۇش ماشىنىسى

«FYCAD» دالا ئۆيىنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش قوشۇمچە لايىھىلەش سىستېمىسى

توپ قاچىلاش ساندۇقىنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلەش ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى

توقۇش ماشىنىسىنى ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەن مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كونترول قىلىش سىستېمىسى

شېكەر زاۋۇتىنىڭ قويۇقلۇقىنى سۈزۈشنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كونترول قىلىش سىستېمىسى

تراكتورلاردا ئۇنىۋېرسال ماي تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

كۆيدۈرمەس پاختا تېپتىكى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش

گۈڭگۈرت، فوسفور تېپلىق ئوتتۇرا ناگروزگا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان چىشلىق چاق مېيى

كومپلېكس خورۇچى ئارقىلىق توسۇق ئېچىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقاتى

نانتېن ئاساسلىرى نېترال مايدىن پۇراقنى چىقىرىۋېتىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقاتى

بىرىكمە ماگنىي سىلىكاتلىق ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى

كۆۋرۈكنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسىنى قوللىنىش

شىنجاڭ گېئوماگنىت تەتقىقاتى (ئۈچ تارماق تېما شۇنىڭ ئىچىدە)

جۇڭغار ئويمانلىقى مەركىزىدىكى پايدىلىق قورشالما ۋە رايون پارچىسىغا باھا بېرىش تەتقىقاتى

خۇاڭشەن مىس، نىكېل كان ماسىل بولۇش بەلبېغىنى گېئولوگىيىلىك، گېئوفىزىكىلىق، گېئوخىمىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ۋە كان ئىزدەش نىشانلىق رايونلىرىنى تاللاش

ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلى شامال ئۆتەڭ - بۇلغۇن ئالتۇن كان بەلبېغىنىڭ گېئولوگىيە، گېئوفىزىكا، گېئوخىمىيىلىك ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتى ھەم نىشانلىق رايونلارنى تاللاش

شىنجاڭنىڭ ئوتلاقلىرىدا پەيدا بولىدىغان ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان چېكەتكە تۈرلىرىنى رايونلارغا ئايرىش

شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي چارۋىچىلىق ماۋارايى ئاپەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتى، كۆرسەتكۈچى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەتقىقاتى

قويلارنىڭ سۈيدۈك يولىغا تاش تۇرۇپ قېلىش كېسەللىكى تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق ئۆسۈملۈكى - يانتاق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش

دورا سۇيۇقلۇقىنى ئايروپىلان بىلەن چېچىپ چېكەتكە يوقىتىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش

ئورگانىك مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتنى ئۆلكە كۆرستىش ۋە كېڭەيتىش

پەمىدۇر يېڭى سورتى — يېڭى پەمىدۇر 1 - نومۇرلۇق ۋە يېڭى پەمىدۇر 2 - نومۇرلۇقنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش

مىكروبسىز قۇرۇقلۇق كېۋىزىنىڭ يېڭى سورتى — «شىنجاڭ ئارا مەزگىللىك قۇرۇقلۇق كېۋەز سورتى 1 - نومۇر» ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتى — «شىنخەي 7 -» نى

يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش

كۆممىقوناقنىڭ ئۆسۈشىنى ھەممىبىلەك كونترول قىلىش تەتقىقاتى

شىنجاڭدىكى بۇغداي زىرائىتىگە يېقىن ئۇرۇقداش ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈش، يىغىش، ماھىسزار قۇرۇش ۋە پايدىلىنىش توغرىسىدىكى تەتقىقات

شىنجاڭ بۇغدىيىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سورتلىرىنى تاللاش ۋە سورت سۈپىتىنىڭ فىزىئولوگىيە، ئېكولوگىيە جەھەتتىكى تەتقىقات

يېشىل چوڭ يوپۇرماق تومۇزغىسىنى ئۈنۈۋېرسال باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش

يوپۇق يېپىپ تېرىلىدىغان تۇپراقنىڭ سۇ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ھەم قالدۇق يوپۇقنىڭ تۇپراقنى بۇلغىشى توغرىسىدىكى تەتقىقات

ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ تۇپراق بايلىقىنى تەكشۈرۈش

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھالاش ۋە باشقۇرۇش تەرتىپى توغرىسىدىكى تەتقىقات

ئۈرۈمچى دۆلەت زېمىنى بايلىقى تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرى تەتقىقاتى

شىمالىي شىنجاڭ گولوچىن ئېپوخاسىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشى

سانجى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش تەتقىقاتى

كونا قۇدۇقتىكى لاتقىنى ماشىنا ئارقىلىق تازىلاش ھەققىدە تەجرىبە قىلىش تەتقىقاتى .

تۇرپان شەھىرىدە كۆكتاتچىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ۋە كېڭەيتىش *

شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يەرلىك كالا نەسلىنى ئۆزگەرتىشنى كېڭەيتىش *

ئاقسىل ئۇزۇقلۇقى ۋە يەرلىك قالقان بەز ئىششىقى كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۈنۈۋېرسال تەتقىقات

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا بەزگەكنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تەتقىقاتى

جىگەر قاپلىق قۇرتىنىڭ ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئىنكاسىدىكى پاتالوگىيىلىك ئاساسى ھەققىدە مۇھاكىمە

غەربىي شىمالدا كۆپ پەيدا بولىدىغان قورغاقلىشىش كېسەللىكى تەلىماتى .

شىنجاڭدا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى

كەسپىي خاراكتېرلىك رادىئاتسىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خادىملار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ھۈجەيرە - گېرسىيەتشۇناسلىق ئانالىز ۋە مىقدار - ئۈنۈم مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات

شىنجاڭدا بولىدىغان بۆرەك شارچىلىرى كېسەللىكى توغرىسىدا تەتقىقات

بالىلاردىكى HEنىڭ كىلىنىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە HE بولغۇچىلارنىڭ سۈتى ھەققىدە تەتقىقات

ئىزاھات: « * » بەلگىسى قويۇلغانلار «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر.

سۇلاڭ چۇنخۇاڭ

## پاتېنت خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلتىماس قىلىنغان پاتېنت 642 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 27.89% كۆپەيدى؛ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تۈر 454 كە يېتىپ، 131.63% كۆپەيدى. ئۈرۈمچى رايونىدا يولغا قويۇلغان 47 خىل پاتېنت تېخنىكىسىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 839 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان باج ۋە پايدا 7 مىليون 177 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

خې يىڭگو

## قوشۇمچە

**1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكى ئېلان قىلىنغان تۈرلەر:**

كىنو ئاپپاراتىدا فىلىمنى ئاپتوماتىك ئۈزۈلدۈرۈپ ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى

ئېقىن مىقدارىنى تەڭشەپ سىغىمچانلىقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەسۋابى

ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ماي

ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر ماشىنىلىرىنىڭ ستاتور كاتوشكىلىرىنى يېڭىدىن ئالماشتۇرۇپ ئۇلاش

سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان زىرائەتلەرگە مايسا مەزگىلىدە توپا يۆلەش قۇرۇلمىسى

قىزدۇرۇپ سىقىلغان ئەگمە باشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇلۇڭ شەكىللىك ئۆزەك بېشىنى ياساش ئۇسۇلى

يۈرەكنى قۇتقۇزىدىغان مىكرولۇق بەلگە

ئاقما داشقال سىستېمىسىنى تورسىمان ئاپتوماتىك كۆزەتكۈچ

يورۇشلۇق ساياھەت ئاماق قاچىسى

بىر خىل ئىس - تۈتەك يوقىتىپ زەھەر قايتۇرىدىغان ماسكا

ئەپچىل كامېر چىقىرىش ئەسۋابى

ئۆزلۈكىدىن پايدىلىنىدىغان ئېنىقلىغۇچنىڭ ماي يۈزىنى كۆرسىتىپ
گىرۋەك ئۈزۈلگەن تالانىلىپ ئەچچىكى

ئۆرۈلۈشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق يولەنچۈكلۈك كۆرپە ئورۇندۇق

مەزى بېزىگە ئوكۇل سېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تېپتىكى ئەينەك

دىزېل گېنېراتورىنىڭ ماي مىقدارىنى بەلگىلەيدىغان ئۆزگىرىشچان سۈرئەت تەڭشىگۈچ

ئۆزلۈكىدىن ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى

سۈيۈقلۇق بېسىمى بىلەن قاتلىنىدىغان يەر تۈزلەش ماشىنىسى

ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان ئېلېكترونلۇق كېچىكتۈرگۈچى رېلې

تۇراقلىق تېمپېراتۇرىدا ئىشلىتىلىدىغان يىغىنسىمان ئېلېكترىك ئەسۋاب

يۇڭ توقۇمىچىلىق ستانوكلىرىنىڭ ئۇچۇق مېخانىزملىق تولۇق چىشلىق چاقى

بىر خىل تۈۋەن سۈركەلمە قارشىلىق قاپلىما تۇرۇبىلىق كالون توغرىلىغۇچ

ئېلاستىك ستولبا

چۈشەك

بورۇنغا ئىشلىتىلىدىغان دوراكاپسولى

ئۈستەل سائىتىنىڭ ۋاقىت بەلگىلەشنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى

ئۆي قۇشلىرىنىڭ پاكىزە يەم قاچىسى

ئۆزلۈكىدىن چەككىلەيدىغان قەلەي تاغاقسىمان ماشىنا

تەرتىپ بەلگىلىرى ئالماشتۇرۇلىدىغان ئايلانما شەكىللىك تەرتىپ قولۇپى

بۇرغىلاش سۈيۈقلۇقى ئېغىرلاشتۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق قۇرۇلما

قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماي سۈمۈرگۈچ

مىكرو مىقدارلىق سپېكتىر فوتومېتىر

يېڭى تىپتىكى ۋاكۇئۇم لامپىسىنىڭ يۇقىرى ئەينەنلىك قوۋۇتىنى ساقلايدىغان چوڭايتقۇچ

بىخەتەر تاماكا قېپى

تاماق ئەتكىلى ھەم ئىسسىنغىلى بولىدىغان ئوچاق

دانچە يۇيۇش خۇرۇچى

يۇقىرى بېسىملىق نېفىت گازى قۇدۇقلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى

ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك پۈركۈمە ھاۋا تەڭشىگۈچ

پاكىزە چوكا ساندۇقى

بىر خىل سۈزۈش قۇرۇلمىسى

ئىچىدىن ياندىغان دېڭىزچىلىقنىڭ ماي يۈزىنى كۆرسىتىپ سىگنال بېرىش ئەسۋابى

تورمۇز گاز بېسىمى، ماي بېسىمىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى

ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل بىرلەشمە كۆمۈر تېجەش ئوچىقى

سىرتىدىن قىسىپ ماگنىتلاندۇرغۇچ

بىر خىل ئېلېكتر ماشىنىلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىۋاسىتە تىزگىنلەپ ئاسرىغۇچ

ۋاقىت ھېسابلاش دېتېكسى

بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ

ماينىڭ قويۇقلۇق دەرىجە سانىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئەسۋابى

قۇرۇلمىسىنى تېز سۈرئەتتە چۈشۈشقا بولىدىغان تولۇق سىمى فار فور قاچىسى

سىملىق - سىمسىز قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ تالون ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرۈش ماشىنىسى

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئاپتوماتىك ئۇلىنىدىغان سىگناللىرىنى قوبۇل قىلىپ تارقىتىش قۇرۇلمىسى

ئەپچىل تاماق ئىسسىتىش قاچىسى

ساقلىق ساقلاشتا چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچى نەم يوپۇق تىلدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىش ئەسۋابى

باسما چايدانىنىڭ سىرتىغا ئورنىتىلىدىغان بىر خىل سۈزگۈچ

كاچالكىلىق شتوك قىسقۇچ

ساقلىق ساقلايدىغان پۇت ئىسسىتقۇچ ھەرىكەتچان بور قەلەم

ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سۇ تېجەش قۇرۇلمىسى

كونتاكسىز يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق توك سىنىغۇچ

سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان قەلەم

تېز ئالماشتۇرۇلىدىغان بىخەتەر سىم ئۇلاش تۈۋرۈكى

ئۆزگىرىشچان ئافلىق كالتا ئىشتان

كىچىك تىپتىكى ئىمپۇلسلىق ئېلېكتر ماگنىتلىق كلاپان

يەككە ئاۋاز يوللۇق ئۈنئالغۇنىڭ تەقلىدىي ستېرېئولۇق ئاۋازىنى تەڭشەيدىغان توك يولى

گۈل چاڭلىرىنى يىغقۇچ

قورۇقلارنى يوقىتىپ ھۆسن تۈزەش ئەسۋابى

قوش يۆنىلىشلىك كالېۋ

بىرناسوسلۇق سۇ سۈمۈرۈش ماشىنىسى

بىر خىل تىك دەستىلىك تىرنا

بوۋاقلارنىڭ نۇر چاچىدىغان مۇزىكىلىق ئاياغ كىيىمى

بىر خىل ئوغرىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان يۇمشاق سومكا

ئاياللار ئىشلىتىدىغان ماگنىتلىق ساقلىقنى ساقلاش ئەسۋابى

ئىتتىرگۈچى قاتلىما كۆزنەكلىك كۆلۈنچ

بىر خىل يېڭى تېخنىكى ئەتىر سوپۇن

ئېتىلما ئېقىملىق كىرئالغۇ

تېز قۇراشتۇرۇلىدىغان چوڭ ئۆي

تولغىنىش ئارىلىقىدا ئۆزلۈكىدىن قۇرۇلمىسى بولغان توساقلىق مەركىزىي تۇرۇبا

پارۋايلىق سۇ ئىسسىتقۇچ

ئېلېكترونلۇق ئېقىم تېزگىنلىگۈچ

بىر يۇرۇشلۇك توجۇپىلەپ ئورۇق سالغۇچ

گاز سومۇرگۈچ سىپالكا بىلەن ئورۇق سېلىش

قوش پەردىلىك پارنىك

بىر دەستىلىك كۆپ باشلىق بىرلەشمە كۈنلۈك

ئەپچىل ئاچقۇچ قاپچۇقى

پاكىزە چوكا

تېشىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان قازان

تۈلۈقسىمان توقۇلما خالتىلىق بېسىش ماشىنىسى

تېز ھېسابلاش مەشق كارتىسى

بىر خىل تەڭشىلىدىغان سىيرىلما يوللۇق قەلەم قېپى

قوش ياپقۇچلۇق ئىستىھان قەغىزىنى مەخپىي ساقلاش خالتىسى

پېداللىق مېۋە شۆپىكى، تۆكۈرۈك ساندۇقى

چاتما تاختىلىق كىيىم ساندۇقى

قوش ياسقۇچلۇق لەيلىمە كلاپانلىق شاۋقۇنسىز ھاجەتخانا سۇ ساندۇقى

ئوق قازان شەكىللىك ماي تۇرۇبىسىنى رۇسلىغۇچ

شلانكىسىز گاز كلاپانى

يېڭى تېپتىكى قوش ئىقتىدارلىق رادىئاتورنىڭ قوشۇمچە مەركىزى

كۆزەتمە شەكىلدىكى تېجەشلىك سۇ سائىتى

كۆپ ئۇچلۇق بىرىكمە دولتىمېتر

ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدىغان سۇ ساقلاش ئەسۋابى

ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئىشلىتىدىغان تۇمانلاتقۇچ

كۆپ ئىقتىدارلىق گاز بېسىملىق چايدان

ئەقلىي كۈچ ئويۇنچۇق مۇنارى

سوغۇقلۇق كىرگۈزۈشتە بوتۇلكا يۇيۇش ماشىنىسىغا كىسلاتانى ئاپتوماتىك قاچىلاش قۇرۇلمىسى

سىرتتىن سوۋۇتۇلىدىغان باغلىق ئاپتوماتىك مۇزلىتىش قۇرۇلمىسى

ئويۇنچۇق بەدەن چېنىقتۇرغۇچ

مېخانىكىلىق ئات ھارۋىسى

بىر خىل شاتون بولتىلىق زەنجىرلىك پلاستىنكا

كۆتۈرۈشكە ئەپلىك ئېلېكترلىك سايمانلارنى قوغدىغۇچ

سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى تىزگىنلەشتە ئۆچكەن ماگنىت ئىزلىرىنى تولۇقلاپ خاتىرىلەش قۇرۇلمىسى

گۈل سۇغىرىدىغان تەپچىر مەسۇ ئەسۋابى

قاپلىق قۇرت قىسقۇچ

نېفىت باكلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۈزۈۋېتىش ئەسۋابى

ۋېلسىپىت ئېگىرىنىڭ سىلكىنىشىنى كېمەيتكۈچ

يۇقىرى چاستوتىلىق ماگنىت مەيدانىدىكى سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسۋابى

قولماقنى قايتا نەملەش ئەسۋابى

كاۋاك خىش

بۆلۈنمە كاتەكچە شەكىللىك يېمەكلىكنى يېڭى پېتى ساقلاش قۇتىسى

رېنتگېن نۇرىدا سېزىم ئاشۇرىدىغان فوتو پلاستىنكىلار قۇتىسىنىڭ ئانودپلاستىنكىلىق ئۆلچەپ سىناش تاختىسى

كۆپ ئىقتىدارلىق رېنتگېن نۇرىدا سۈرەتكە ئېلىش جازىسىنىڭ فوتوپلاستىنكا قۇتىلىق قونداق جازىسى

ئەپلىك سۇ قويۇش تۇرۇبىسى

بىر خىل يۆنەلدۈرگۈچ ماي ناسوسى كلاپانى

بىر خىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تاياقچىسى

زەنجىرلىك ئورالما ساندۇق

ئاپتوماتىك تۇتاشما خالتىلىق مەنبە بۇيۇملىرىنى كېسىش ماشىنىسى

تامچىلىما نەيچىلىك زىل سان ئوقۇغۇچ

لاي ـ لاتقىدىن ساقلايدىغان ئىشتان پاچىقى

دالا كارىۋىتى

جىگدە ئورۇقىدىن تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى

يۇيۇپ تازىلاش ئەسۋابى

ئاجىزلاتقۇچ شەكىللىك بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسۋابى

ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ گاز كلاپان پىلتىسىنى قۇراشتۇرۇش ـ چۇۋۇش ئەسۋابى

نېفىت بىلەن سۇنى ئايرىپ يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى

كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ كەشتە يىڭنىسىنى ئۆلىگۈچ

گازنى چىقىرىپ سۇنى توسىدىغان رادىئاتوركا

تاپاننى ئۇۋۇلاش ئەسۋابى

ئىگەرسىمان گاز قاچىلاش ئويۇنچۇقى

ھىملەشتۈرۈلگەن كىيىم ـ كېچەك خالتىسى

قوش يۆنىلىشلىك دامكرات

يىڭنە ساقلىلىق شتانكىنىڭ ئاجرىلىشتىن ساقلاش ئەسۋابى

سۇيۇقلۇق سۇمۇرگۈچ

ئىسكىرىپكىنىڭ تەخمە شەكىللىك مۈرىلىكى

بىر خىل ئىنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان دىۋار شەكىللىك دانىلاپ تىزىش ئەسۋابى

قىزىلچا يىغىش كومباينى

تىزگىنلىنىدىغان چاڭلاشتۇرۇش ئەسۋابى

ھىمىلەنگەن سۇيۇقلۇق تازىلىغۇچ

سىرتقى ئۈستى ھەرىكەتچان ماي باكىنىڭ مەركىزىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىش تورۇبا قۇرۇلمىسى

تولۇق ھىمىلەنگەن قومۇرۇپ ئېچىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋېلسىپىت قۇلۇپى

تۆت يۈرۈشلۈك قوياش ئېنېرگىيىسى دېرىزىسى

بىر خىل پاۋىل تەۋرىنىشلىك تاقاق قۇرۇلمىسى

بىر خىل تۇمانلىتىش ماشىنىسى

ئەپچىل پاكىزە بوتۇلكا- ئاغزى

بىرلەشمە يالتىراق چىراغ

موتسىكلىتنىڭ ماي باكىنى ئاسراش قېپى

ئۇنىۋېرسال كۆتۈرۈشكە، چۈشۈرۈشكە بولىدىغان تاختىپەر

كىچىك قاتلىما ناسوس

پەلەمپەيلەردىكى چىراغدا توك تېجەش، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان ئۇتاشتۇرغۇچى ئەسۋاب

كۆزئەينەكنىڭ ھورلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياپقۇچ

بىر خىل يېپىسلانغان بىرىكمە تىغلىق ئەسۋاب ۋە يېپىسلاش ماشىنىسى

ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ماي قاچىلانغان ئاياغ كىيىم چوتكىسى

ئوراش - قاچىلاش قۇتىسى

بىر يۆنىلىشلىك سىيرىلما تەخسىلىك ئۈچ پۇرژىنىلىق مەخپىي رەقەملىك قۇلۇپ

تۇرۇبىسىز چۆكمە سۇ ناسوسى

تۇرۇبا يوللىرىنىڭ ماگنىتلىق ئۇلاق ئۇچى

گازارمىلاردا مەركەزلىك سوغۇق ۋە ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدىغان تەرتىپلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ

ئاۋاز بىلەن نۇر تىزگىنلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق يورۇتۇش ۋىكلىيۇچاتېلى

بۇرمىسىمان بىرىكمە تۈگمە

سۇيۇقلۇق بوتولكىلىرىدىكى كەپلەشمىلەرنى سۈزگۈچى

ئاپتوماتىك بۇرغىلاش رىگوتورى

- پارۋاينىڭ سۇ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ گاز چىقىرىۋېتىش جۈمىكى

يەر تەۋرەشتىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى

بېلىق تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ ئەسۋاب

قاتلىنىدىغان شاھمات تاختىسى

زىرائەتلەرگە يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقتىن تۆشۈك ئېچىپ توپا كۆمۈش ماشىنىسى

كۆپ تۆشۈكلۈك دومىلىما پۇت داۋالاش ئەسۋابى

ئەقلىي كۈچ سېھرىي شارچىسى

تەڭشەلمە سۇ تېجەش ئەسۋابى

ئىككى تەرەپكە ئىچىلىدىغان بىخەتەر ئېلېكترونلۇق قۇلۇپ

مۇقىملاشتۇرۇلغان تۇرۇبىسىز چۆكمە سۇ ناسوسى

گاز تۈگۈلىرىنىڭ پاسكىنىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلايدىغان قاپ

بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن قوياش ئېنېرگىيىسى ئاككۇمۇلياتورلۇق تېلېۋىزور

ساقلىق ساقلاش لىپتىكى

ھەرىكەتچان ئۇلانما ئاياغ كىيىم

بىر خىل جىنسىي يولنى داۋالاش خالتىسى

قۇدۇق ئۆلچەشتە قىسىۋېلىش ھادىسىنى تۈگىتىدىغان كاناي

سۇلياۋدىن ياسالغان بىخەتەر كاناي

بىر خىل يىغىنچاق ھاۋا تەڭشەش قۇرۇلمىسى

قىزىلئۆڭگەچ ئەينىكى

بىر خىل ئوت ئۆچۈرۈش ساندۇقى

بىر خىل ھاشارەتلەرنىڭ قانىتىنى يېيىش تاختىسى

مېخانىكىلىق ئۆزگىرىشچان ئايلانما ئېلان قۇرۇلمىسى

ئەپچىل بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئەسۋابى

بىرلەشمە يۆكلىمە شەكىللىك ئاپتوماتىك پۈركۈش قۇرۇلمىسى

يۈزلۈك ھەرىكەتچان تەكشۈرۈپ ئۆلچەش روشەنلەشتۈرۈش ۋە قۇلۇپلاش قۇرۇلمىسى

بىر خىل قوش سۈمبىلىك ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان نېفىت ناسوسى

ئېلېكترونلۇق سۈرئىتى تەڭشىلىدىغان شامالدۇرغۇچ

ئاۋاز - نۇر ئېلېكتروسكوپى

دۇش ئورنىدا ۋە سۇ ئىسسىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان پوستىلاق

كىتاب كۆرگەندە كۆز قوغداشنى يىغىش قېپى

ھەرىكەتچان ھالقا شەكىللىك تەڭشىلىدىغان، قىسقارغان سۆڭەكنى سىرتتىن مۇقىملاشتۇرۇش ئەسۋابى

توفرىسغا ئېقىن ئۆزگەرتىدىغان يانتۇ تاختىلىق تىندۇرۇش كۆلچىكى

بىر قېتىملىق ساياھەت پاكىزە لۆڭگىسى

ئىچىدىن توڭلايدىغان باكلىق ئاپتوماتىك توڭلىتىش

قۇرۇلمىسى

ئۇنتالغۇ (سىنتالغۇ) نىڭ ماگنىت بېشىنى تازىلاش لېنتىسى

مەخپىي رەقەملىك ئېلېكترو ۋېكلىيۇچاتېل

ئەپچىل ئېلېكترلىك تاسما چاقلىق ئاياغ كىيىم تازىلاش ماشىنىسى

ئاپتوموبىل تازىلاش ئەسۋابى

كۆپ ئىقتىدارلىق قاتتىق ئوراش - قاچىلاش ساندۇقى

توز تاختىلىق قەغەز ۋە سولياۋدىن ياسالغان ئوراش - قاچىلاش ساندۇقى

يۇقىرى چاستوتىلىق پېزو ئېلېكترلىك ئۈستى يۆملاق ئاۋاز ساندۇقى

تىز بوغۇمىنى سايىلاندۇرۇپ ئورنىنى بېكىتىپ مۇقىملاشتۇرغۇچ

پۈۋلەيدىغان لەيلىمە شار

بېنزىننى تىزگىنلەيدىغان بىر خىل ماي تېجىگۈچ

سولياۋ يوپۇق يېپىپ زىرائەت تېرىشتا تۆشۈكچىلەرنى توپا بىلەن كۆمۈش ماشىنىسى

قورۇق ئۈزۈم ئۇرۇقىنى ئاجرىتىپ تازىلاش ماشىنىسى

مەركەزدىن قاچما پار قازاننىڭ شامال كىرگۈزۈش ماشىنىسى

كېۋەز غولىغا دورا سۈرتكۈچ

«T» شەكىللىك ئايالچە ساندال

بىر خىل دورا ئىچكۈزگۈچ

تەرجىمە تېلېفونى

چوشقا كۈچۈكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرۇش ئەسۋابى

بىر خىل ئەگرى تومشۇقلۇق چىش كولىغۇچ

كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئاغزى

بۇرغىلاشتا سۇيۇقلۇق لاي - لاتقىلارنى چىقىرىپ تاشلايدىغان بىرىكمە تازىلاش ئەسۋابى

بىر خىل بىخەتەر توك مەنبەسى ۋېكىيۇچاتېلى

قېرىنداش ئۆچلىغۇچ

پار بارابان تۇرۇبىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى دېتال

بىر خىل خام نېفىتنى ئۆلچەش تراپى

پۈتۈن يورۇشلۇق تەڭشىگۈچ

ياتما شەكىللىك ئېلېكترلىك تاسما چاقلىق ئاياغ كىيىم تازىلاش ماشىنىسى

ئېلېكترونلۇق مېخىلىك مەقئەت داۋالاش ئۈسكۈنىسى

سوۋالغۇ ئىدىشلىرىدىكى سۇيۇقلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان كانايلىق چوتكا

كۆپ خىل يېزىقلىق ھۆسن خەت قەلىمى

زوڭزىيىپ ئولتۇرىدىغان تاھارەت قاچىسىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈسكۈنىسى

توڭلاتتىن ساقلايدىغان مانومېتىرنى ئۆلچىغۇچ

چايداندىن قايناقسۇ قويغاندا ئىشلىتىلىدىغان قونداقلىق جازا

كۆپ ئىقتىدارلىق قان تەكچىسى سېلىنمىسى

ئوتتۇرا تىپلىق يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ سۈرئەت پەرقلەندۈرگۈچ ئەسۋابىنى چۇۋۇش - قوراشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى

لەيلىمە قوش شارلىق سۇ تېجەيدىغان تۆۋەن بىرلىك رادىئاتور

پولاتتىن ياسالغان ئوغرىدىن ساقلىنىش ئىشىكى

رەڭلىك نۇرىدا سۈرەت تارتىلغان نېگاتىپنى قىسقۇچ

سىم ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدىغان تۆۋەن تېمپېراتۇرا بېسىملىق كەپشەر ئامبۇرى

كۆپ شامال يوللۇق ئايلانما شامالدۇرغۇچنىڭ شاۋقۇنىنى پەسەيتىش قۇرۇلمىسى

ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىدىغان سۇ كلاپانى

سۇنئىي يەر تەۋرەشتە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنى يۆتكەش ئاپتوموبىلى

ئىككى كالىبىرلىق ئۈچ يوللۇق قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان سۇيۇقلۇق بېسىملىق يۆنىلىش ئۆزگەرتكۈچ

قۇياش ئېنېرگىيىسىلىك ئىسسىقلىق سۈمۈرگۈچ

ماتورنىڭ گاز چىقىرىش نەيچىسىنىڭ مەخپىي بېسىملىق گاز سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى

كۆزنەكلىك دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەلگەك

سۈركەلمە شەكىللىك ئاسفالت قىزدۇرۇش ۋە ئېرىتىش ئۈسكۈنىسى

سۇ توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئەسۋابى

بىر خىل تولۇق ئەينەكلىك پارلاندۇرۇش ئۈسكۈنىسى

كۆپ ئىقتىدارلىق كۆچەيتىلگەن بىرىكمە تاختاي

چېرتيوژ سىزىش ئەسۋابى ۋە قەلەمى قوندىقى

بىر خىل قەغەز ۋە سىيا ئىشلىتىلمەيدىغان ھۆسنخەت

ئۇزۇن ساپلىق تۆمۈر ئەندىۋا

ئاپتوماتىك سۇ توسۇپ، گاز چىقىرىدىغان كلاپان

دومىلىما قوش سىزىقلىق تەقلىدىي ئۆلچەپ مۇقىملاشتۇرغۇچ

ئۆزگەرمە يۈزلۈك ئېلان تاختىسى

ئاساسىي گەۋدىلىك قوش مىكرو دولقۇنلۇق سۇنئىي ھەمراھ ئانتېننىسى

ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان پاكىز ئاياغ كىيىم

بىر خىل قونداقلىق چايدان

مەقئەتنى سۈرتكۈچ
بوشاپ چىگىيدىغان دورىلانغان ماسكا
ۋېلسىپىتنىڭ ئۆزگىرىشچان تۇتقۇچى
ئائىلىدە تاماق ئېتىش ۋە سۇ ئىسسىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئوچاق
بىر خىل سۈيۈقلۇق ئورنىنى ئۆلچىگۈچ
فازا ئۈزۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئەسۋابى
ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك دۈڭگاتېلىنىڭ فازا ئۈزۈلۈشىنى قوغدىغۇچ
كۆپتۈرمە گۈللۈك ئەدىيال
گىتار ۋە ئۇنىڭ تارىنىڭ سۈرئىتىنى ئۆلچىگۈچ
ئىگەر شەكىللىك يەل بېرىلىدىغان ئويۇنچۇق
زەرەتلىنىدىغان ۋېلسىپىت چىرىغى
چايدانغا سۇ قويۇش ئۈسكۈنىسى
كىرئالغۇغا ئىشلىتىلىدىغان سۈركەلمە شار
دورا - دەرمان قۇتىسى
تۈز كانلىرىدىكى ئېرىگۈچى جىسىم
خام ئەشيا - ماتېرىياللىرى ئۈسكۈنىسى
دەپنە - تەزىيە ئەلبومى
ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى پىلانلاش شاھمىتى
ئاشخانىلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ
بىر قېتىملىق پاكىزە لۆڭگە
ھەرىكەتچان كۈلۈچ
ئوپېراتسىيە كارىۋىتى
قۇلۇپ
كۆپ ئىقتىدارلىق كىتاب - دەپتەر قىسقۇچ
كۆپ ئىقتىدارلىق گېئومېتىرىك چېرتىيوژ تاختىسى
ئايلانما چايدان
ھاراق بوتۇلكىسى

**ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرىدىن 31نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭغا جەمئىي 59 مىليون 13 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 35 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئۆزلىرى توپلىغان ۋە باشقا مەبلەغ 23 مىليون 73 مىڭ 800 يۈەن؛ بۇ تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھسۇلات قىممىتى 155 مىليون 170 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنىڭ 39 مىليون 148 مىڭ 400 يۈەن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كۈچلىرى بىلەن «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەشكە ئاز كەم 200 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىمدىن 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى «ئۇچقۇن» پىلانى ئىشخانىسى يەنە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى «ئۇچقۇن» پىلانى ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، قەشقەر، مىچۈەندىن ئىبارەت دۆلەت دەرىجىلىك تەربىيىلەش بازىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي شىنجاڭدا «‹ئۇچقۇن› تېخنىكىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى» ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا «خوتەن، قاراقاش، لوپ ‹ئۇچقۇن› تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن رايون» بەرپا قىلىش توغرىسىدا پىكىر سۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى «ئۇچقۇن» پىلانى ئىشخانىسى يەنە «شىنجاڭدا 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ‹ئۇچقۇن› پىلانى خىزمىتىنى رايونلار بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئۇچقۇن» پىلانى ئىشخانىسى

**«مەشئەل» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىككى تۈر دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: «سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي سۇلفىدىنى پىششىقلاپ ئىشلەش»، «ئالىي دەرىجىلىك بوياش خۇرۇچى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار». بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن، پايدا ۋە باجنى 26 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى، 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ياراتقىلى بولىدۇ.

1993 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئون تۈر دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، يەرلىك ئورۇنلار تۆت تۈرلۈك «مەشئەل» پىلانىنى يولغا قويدى. 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 مىليون يۈەن «مەشئەل» پىلانى قەرز پۇلى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى ۋە يەرلىك ئورۇنلار يولغا قويغان 14 تۈرلۈك «مەشئەل» پىلانى بويىچە يارىتىلغان

مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 297 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات كىرىمى 109 مىليون 503 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 20 مىليون 454 مىڭ يۈەنگە، باج 5 مىليون 752 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت 1 مىليون 610 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

شا دېفېن

## يۇمشاق پەن تەتقىقاتى خىزمىتى

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق يۇمشاق پەن تەتقىقاتى تۈرىدىن 14نى بېكىتتى، بۇ تۈرلەرگە 475 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ تۈرلەر مۇنۇلار: «شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا خەلقئارا چوڭ يول بەرپا قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «تاموژنا بېجى، سودا باش كېلىشىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىمالىي شىنجاڭ «ئۈچقۇن» تېخنىكىسى تەرەققىيات رايونى قۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ «CAD» سىستېمىسى بازىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە «CAD»نى تاۋارغا، كەسىپكە ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا نېفىتلىك ئۇچۇن يەر ئىشلىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدا رايون ھالقىپ سۇ يۆتكەشكە دائىر ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق ئۈستىدە تەتقىقات»، «تاشيول تۆمۈريول ترانسپورتىنى تارماقلارغا ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئوتلاقچىلىقىنى رايونلار بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەكشى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەر خىل لايىھەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنى رايونلار بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىغا قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى سۇ بايلىقى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات».

1993 - يىلى بەش تۈرلۈك نەتىجە باھالاپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، ئۇلار مۇنۇلار: «يېزىلاردا مەبلەغ توپلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۈستىدە تەتقىقات»، «پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تەرتىپى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ «ئۈچقۇن» پىلانى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «مالىيەنى يېتەكچى قىلىپ يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى رەڭلىك مېتال سانائىتى ۋە ئالتۇنچىلىق سانائىتىدە نۇقتىلىق كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىشنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات». 1993 - يىلى يەتتە تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تۆت تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يۇمشاق پەن تەتقىقاتىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى شىنجاڭ يۇمشاق پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇمشاق پەن تەتقىقاتى پىلانىنى تۈزۈش ۋە يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

جاڭ چۈن

## تېخنىكا بازىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېخنىكا بازىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 875 تۈرلۈك تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، تېخنىكا توختاملىرىدىكى يۈتۈشۈش سوممىسى 113 مىليون 126 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى (1992 - يىلدىكىدىن 104.85% ئاشتى). بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنچى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار قاتارىغا كىردى. تېخنىكا توختامىدىكى سودا سوممىسىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىللە، تېخنىكا سودىسى كۆلىمىمۇ كېڭەيدى، ھەر بىر تېخنىكا توختامىدىكى سودا سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 129 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، بۇ، تېخنىكا بازىرى پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «تېخنىكا سودىسى مەخسۇس تالونى» ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، تېخنىكا بازارلىرىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى، بۇ، تېخنىكا توختامىدىكى سودا سوممىسىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېخنىكا توختاملىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى. 1993 -

يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، تېخنىكا توختاملىرىنى تىزىملاش ئاپپاراتىدىن 36سى تەسىس قىلىندى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېخنىكا بازىرىغا دائىر قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. 5000 دىن ئارتۇق ئادەم «تېخنىكا توختامى قانۇنى» قاتارلىق تېخنىكا بازىرىغا دائىر قانۇن - نىزام ۋە سىياسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى. 403 ئادەم دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تارقاتقان «تېخنىكا بازىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق تېخنىكا بازىرى خىزمەت يىغىنى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى تېخنىكا بازىرى خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، يېقىن مەزگىللىك خىزمەت نىشانى ۋە ۋەزىپىسى بېكىتىلدى.

تەن لى

**پەن - تېخنىكا ئاخباراتى كەسپى ئىسلاھ قىلىندى**

1993 - يىلى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى چاقىرغان مەملىكەتلىك 8 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا ئاخباراتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتى كەسپىدە ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلدى.

ھەر قايسى پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئورۇنلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، خىزمەتنىڭ مەركىزىنى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىنى تەڭشەپ، «بىر ئورۇندا ئىككى خىل تۈزۈم»نى يولغا قويدى. جامائەت پاراۋانلىقى تىپىدىكى بىرلا خىل مۇلازىمەتتىن كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلدى. ئىچكى قىسمىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش جەھەتتە، ھۆججەت، تەھرىرلىك، تەتقىقات قاتارلىق خىزمەتلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قالغاندىن باشقا، يەنە مەسلىھەت بېرىش، ئۈنئالغۇ - سىنئالغۇ قويۇش، ماشىنا ئارقىلىق تەكشۈرۈش، ماتېرىيال بېسىش، ئۈچۈرلارنى تەھرىرلەش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرنى ئالاھىدە كۈچەيتتى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئورۇنلاردا تىجارەت گەۋدىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەر خىل دەرىجىدە پايدا قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، ئىجتىمائىيەت مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى ۋە ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش فۇنكسىيىسىنى كۈرۈنەرلىك كۈچەيتتى.

«بىر باشنى چىڭ تۇتۇش، دائىرىلەر بويىچە قويۇۋېتىش»تىن ئىبارەت ئومۇمىي فاڭجېنغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تايانچ قوشۇنى ساقلاپ قىلىنغاندىن سىرت، قىسمەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قوشۇۋېتىلدى ياكى قىسقارتىۋېتىلدى. ھەر قايسى پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئورۇنلىرىدا تەخمىنەن %30تىن %40كىچە خادىم تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تىجارەت مۇلازىمىتىگە يۆزلەندى، تەخمىنەن %5تىن %10 كىچە خادىم باشقا كەسىپكە يۆزلەندى، ئايرىم ئورۇنلاردا %30تىن كۆپرەككە يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رەسمىي ۋۇجۇتقا ئاشقان ئۇنىۋېرسال ئاخبارات تەتقىقاتى ئورنىدىن 15ى، كەسپىي خاراكتېرلىك ئاخبارات تەتقىقات ئورنىدىن 15ى، كەسپىي خاراكتېرلىك ئاخبارات تەتقىقات ئورنىدىن ئالتىسى، تارماقلارغا قاراشلىق پەن - تېخنىكا ئاخبارات تور - پونكىتىدىن 60 نەچچىسى ساقلىنىپ قالدى.

سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە تور لىنىيىلىك ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىش — پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ۋاستىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئورۇنلىرىدا ھەر خىل ھېسابلاش ماشىنىسىدىن 30 نەچچىسى، ئۆپتىكىلىق تەخمىدىن ئالتە يۈرۈش، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن 11ى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى قۇرغىنى ئۈچ، بىرلىشىپ قۇرغىنى ئۈچ، سىرتتىن كىرگۈزگىنى بەش) بار ئىكەن. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالتە ئورۇن مەملىكەت ئىچىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنى تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان، بىر ئورۇن خەلقئارا بويىچە ھېسابلاش ماشىنىسىنى تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

تيەن جۈنرېن

**پەن تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە بۇ جەھەتتىكى مۇلازىمەت خىزمىتى ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىنجاڭ ئىلىم - پەن ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي يوللۇق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن تەتقىقات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى 1800دىن ئارتۇق تەجرىبە ۋە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ قىممىتى 13 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ 200 نەچچە چوڭ تىپتىكى نازۇك ئەسۋاب ۋە زامانىۋى گىش بېجىرىش سىستېمىسىنى رېمونت قىلدى ۋە تەڭشىدى؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىغا ۋە ئاساسىي قاتلام پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا 580 توننا پولات ماتېرىيال، 800 كۇب مېتىر ياغاچ، 1700 توننا سېمونت، 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكەپ بەردى، ئۇلارنى ئالتە ئاپتوموبىل بىلەن قوراللاندۇردى. بۇ شىركەت شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئامبىرىدا ئىشلەنگەن

سپېكتروسكوپىنى كىرگۈزۈشكە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ياپونىيىدىن ئامىنو كىسلاتاسى ئانالىزاتورى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نازۇك ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈشكە ياردەم بەردى، بۇ ئارقىلىق ئىلمىي تەجرىبە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى شارائىتىنى ياخشىلىدى.

1993 - يىلى شىنجاڭ ئىلىم - پەن ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى يەنە كۆپ قېتىم تېخنىكا لېكسىيىسى ۋە ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. مەسىلەن: 3 - ئاينىڭ 15.كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن دەنفېي ئانالىز تارازىسى تېخنىكىسى لېكسىيىسى، 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىلدىي سپېتروسكوپ تېخنىكىسى لېكسىيىسى ھەمدە ماشىنىلارنىڭ ئۆپرىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى، ئەينەكلىك ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى تازىلاش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىش لېكسىيىسى قاتارلىقلار. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مېتاللورگىيە، گېئولوگىيە، نېفىت، تىببىي داۋالاش، يېمەكلىك، ئۆلچەم ئورۇنلىرىدىكى ھەمدە ئالاقىدار پەن تەتقىقات يۇرتلىرى، ئورۇنلىرىدىكى ئىنژېنېر، تېخنىكا خادىملىرىدىن 250 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ لېكسىيە ئاڭلىدى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭدا مەملىكەتلىك ئىزوتوپلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئىزوتوپلارنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزوتوپلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئىلغار تەجرىبىلەر يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

جاۋ جېنجيې
لى جاۋتاۋ

**ئالاھىدە تۆھپە قوشقان پەن - تېخنىكا خادىملىرى مۇكاپاتلاندى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئالتە نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى. ۋۇمىڭجۇ، ياڭ شۇشىن، خەن چۇڭلار 100 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات پۇلىغا، يې باڭخۇا 440 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىغا، جۇڭيۇڭچىڭ 430 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىغا، خۇاڭ شېڭ 70 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە مۇنۇلارنى ئېنىق بەلگىلىدى: بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش ئوبيېكتلىرى شەخسلەر، ئۇلارنىڭ مۇكاپات پۇلىنى ھەر قانداق تارماق ۋە ئورۇننىڭ تۇتۇپ قېلىشىغا، ئىئانە قىلىشقا، مېھمان چاقىرىشقا ۋە باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. مۇكاپات پۇلى شۇ ئورۇننىڭ مۇكاپات پۇلى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىغا كىرگۈزۈپ ھېسابلانمايدۇ. مۇكاپات بېجى ۋە شەخسلەرنىڭ كىرىمىنى تەڭشەش بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مۇكاپات پۇلىنى پايدا ئالغان ئورۇنلارغا ئاجرىتىپ بېرىدۇ ھەمدە باج تۆلەشتىن ئىلگىرىكى ھېساباتتىن چىقىم قىلىدۇ.

**قوشۇمچە**

**مۇكاپاتلانغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

ۋۇمىڭجۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، 1988 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولغان. قوغۇن، تاۋۇز سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 37 يىلدىن بۇيان، توققۇز خىل قوغۇن، تاۋۇز سورتىنى يېتىشتۈرگەن، تۆت قېتىم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يېتىشتۈرگەن قوغۇننىڭ ئالتە خىل يېڭى سورتى سۈپىتى ياخشى، كېسەللىككە چىداملىقى كۈچلۈك، تاشقى كۆرۈنۈشى كۆركەم، ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھال بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ، قوغۇننىڭ چىلگە، ئارا، كەنجى سورت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ سورتلار ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق ناۋار قوغۇنى بازىلىرىدا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلارغا ئايلاندى. شىنجاڭ بويىچە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلىرىغا كىرگۈزۈلىدىغان بىردىنبىر ئالىي دەرىجىلىك تاۋار قوغۇن بازىلىرىدا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلارنى ۋە جەنۇبىي رايونلاردا بازار تاپقان سورتلارنى ئۇ يېتىشتۈرگەن، نۆۋەتتە، ئۇ يېتىشتۈرگەن سورتلار شىنجاڭ بويىچە 90 مىڭ مو يەرگە تېرىلىۋاتىدۇ. ئاشقان پايدا ۋە باج 16 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ يېتىشتۈرگەن تاۋۇزنىڭ ئۈچ خىل يېڭى سورتى شىنجاڭ ۋە شاڭخەي، جېجياڭ، جياڭسۇ قاتارلىق رايونلاردا جەمئىي 110 مىڭ مو يەردە كېڭەيتىلدى. بەزى سورتلار يەنە شۇ جايلاردا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان چىلگە تاۋۇز سورتلىرى بولۇپ قالدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرى 25 توننا قوغۇن، تاۋۇز ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. ۋۇمىڭجۇنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە بولغانلىقتىن، كۆپ قېتىم «‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى»، «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى، ئۇ، مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. 1986 - يىلى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇتەخەسسىس» دېگەن نام بېرىلدى.

**ياڭ شۇشىن** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى پاختىچىلىق تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى، ئۇ 1988 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولغان. ئۇ كېۋەز سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن 37 يىل شۇغۇللانغان، ئۇ يېتىشتۈرگەن قۇرۇقلۇق ئارال كېۋىزىنىڭ يېڭى سورتى «ئارمىيە كېۋىزى - 1» 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ سورت خوزىسى چوڭ، ئۈنۈمسىز تۈپراقتا، قۇرغاقچىلىقتا، شورلىشىشتا چىداملىق، مول ھوسۇللۇق، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆپ قېتىم مەملىكەت بويىچە پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدا رېكورت ياراتقان، ئاز كۆلەمدىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 198.2 كىلوگرامغا يەتكەن، ئۇ، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورت بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ 1987 - يىلدىن بۇيان، يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 2 مىليون مودىن كۆپرەككە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمى ئەڭ كۆپ كېۋەز سورتىغا ئايلاندى، بۇ سورت 1981 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە جەمئىي 14 مىليون 910 مىڭ مو يەرگە تېرىلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 1 مىليارد يۈەنگە يەتتى.

**خەن جۇڭ** شىنجاڭ چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى، ئۇ، 1965 - يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى ياخشىلاش ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتى ھەمدە يېڭى نەسىللەرنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مەسئۇل بولۇپ تاماملىغان «جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نى كۆپەيتىپ ياخشىلاش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە يېڭى نەسىل لىنىيىسىنى يېتىشتۈرۈش» ئىشى 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ۋە 1992 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ تۈر 1986 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دەسلەپكى قەدەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەل، نەسىل يېتىشتۈرۈش تۈزۈمى ساغلام، تېخنىكىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ئوتتۇراھال ئۈچ دەرىجىلىك كۆپەيتىش نەسىل ياخشىلاش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئۆزگىچە جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، نەسىل قۇرۇلمىسىنى بېيىتقان. بەش يىلدا جەمئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئوخشىمايدىغان ئون ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئەلا نەسىللىك قوشقاردىن 20 مىڭ 524 ى كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن 7 مىليون تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ قان تەركىبىدە ھەر خىل دەرىجىدە جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نىڭ قېنى بار بولدى. بۆلتۈر يولغا قويۇلغان 2 مىليون 800 مىڭ تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ ئۈنىۋېرسال سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئومۇمىي قوي يۇڭى %3.40 ئاشتى، ئېلىتا ۋە 1 - دەرىجىلىك ئىنچىكە يۇڭ نىسبىتى %13تىن %35كە ئۆستى. ئۆلچەمگە يەتكەن 1 مىليون 9500 تۇياق قوينىڭ ئوتتۇرىچە يۇڭ ئۇزۇنلۇقى 1.34 سانتىمېتىر، ساپ يۇڭ نىسبىتى %5.57، ساپ يۇڭ 0.77 كىلوگرام ئاشتى، يىللىق ئاشقان ساپ يۇڭ 777 توننىغا يەتتى، بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 901 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**يې باۋخۇا** شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پارقازان زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە باش ئىنژېنېر، ئالىي ئىنژېنېر، ئۇ، 1986 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولغان. كۆپ يىلدىن بۇيان، يېڭى سانائەت پار قازىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە «SZL» سىستېمىسىدىكى تېز قۇراشتۇرۇلىدىغان پار قازاننى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. بۇ مەھسۇلات 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ۋە 1992 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ئۈنۈمى دۆلەت ئۆلچىمىدىن توققۇز پىرسەنتلىك رەقەمدىن 11 پىرسەنتلىك رەقەمگىچە يۇقىرى بولغان، چىقارغان ئىس - تۈتەك قويۇقلۇق دەرىجىسى دۆلەت بەلگىلىگەن 1 - خىلدىكى مۇھىت قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ كۆرسەتكۈچىدىن تۆۋەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تەرىپىدىن «سانائەت پارقازانلىرى بويىچە قىلىنغان 2 - قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پارقازان زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «SZL» سىستېمىسىدىكى تېز قۇراشتۇرۇلىدىغان پار قازاننىڭ يېقىنقى ئون يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە، ئاشقان باج 7 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، كۆپەيگەن پايدا 32 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ مەھسۇلاتنىڭ بارلىققا كېلىشى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتىنى يىلىغا پەقەت 300 تونناژدىن كۆپرەك پار قازان ئىشلەپچىقىرىلغان كىچىك زاۋۇتتىن ھۈنەر - سەنئەت قورallىرى ئىلغار، كۆزىتىپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق،

يىلىغا 2529 توننىلىق سانائەت پار قازىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندۇردى ھەمدە بۇ زاۋۇت ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سانائەت پار قازىنى كەسپى ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە ئۈلگىلىك زاۋۇت قىلىپ بېكىتىلدى. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى 16 ئۆلكە، شەھەردىكى 41 زاۋۇتقا ئۆتۈنۈپ بېرىلدى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى 1 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۇ، 1987-يىلى زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۈزلۈكسىز تۈردە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پار قازان زاۋۇتىنىڭ بازار باھاسى چۈشۈپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى، بەش يىلدا جەمئىي 170 مىليون يۈەن سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى، سېتىش كىرىمىنى 170 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، 24 مىليون 410 مىڭ يۈەن پايدا، 9 مىليون 860 مىڭ يۈەن باج ياراتتى.

**جۇيۇخچىڭ** شىنجاڭ مىچۈەن سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، مەسئۇل ئىقتىسادچى. ئۇ، 1990 - يىل 4 - ئايدا زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن بېرى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشقا تايىنىپ، مىچۈەن سېمونت زاۋۇتىدىن ئىبارەت 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتقان، 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك قەرزگە بوغۇلغان، تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ كارخانىنى ئۈچ يىلدا ئۈچ چوڭ قەدەم تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، مەھسۇلات قىممىتىنى 10 مىليون 780 مىڭ يۈەن، باجنى 1 مىليون 770 مىڭ يۈەن، پايدىنى 6 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئاشۇردى. ھازىر مىچۈەن سېمونت زاۋۇتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم 2-دەرىجىلىك كارخانىلار قاتارىغا كىرگەن ئورۇنلاردىن بولۇپ قالدى، شۇنداقلا مىچۈەن ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆلىمى ئوخشاش بولغان سېمونت زاۋۇتلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ تاشلىق كۆمۈرنى سىلانىس ئورنىغا دەسسىتىپ، خام ئەشيا - ماتېرىياللارنى تەڭشەش تېخنىكىسى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئىشىنى ئويۇشتۇرۇپ، خام ماتېرىياللارنى يەنچىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى؛ ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىرىكمە سېمونت، يوللارغا ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى نومۇرلۇق سېمونت، تۆۋەن ئىسسىقلىقتا ئاجىزلىشىپ كۆپۈشىدىغان سېمونتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېڭى مەھسۇلاتنى بارلىققا كەلتۈردى؛ يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كىرگۈزۈپ ۋە قوللىنىپ، ئايلانما خومدانىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى ئارقىلىق تىزگىنلەش ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

**خۇاڭ شىڭ** شىنجاڭ ئالتۇن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ، ئۇزاقتىن بۇيان، رەڭلىك مېتال ۋە ئالتۇن كانلىرىنى تاللاش تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان. 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئۇ ئۈچ يىل سانائەت خاراكتېرلىك دۆۋىلەپ چۆكتۈرۈش ئارقىلىق ئالتۇن ئايرىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھۆددىگەرلىك تەجرىبىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. تەجرىبە جەريانىدا ئۇ، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ دانە ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان، بۇنىڭ بىلەن مەشغۇلات جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسى ئۆسۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلىگەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتى قۇرغاق رايونلاردا دۆۋىلەپ چۆكتۈرۈپ ئالتۇن ئايرىش جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، ئۇ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ماشىنىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەپ چۆكتۈرۈپ ئالتۇن ئايرىش ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئالتۇن مەھسۇلاتىنى مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندىن 11 - ئورۇنغا ئۆتكۈزۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1991 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە شىنجاڭ ئالتۇن تەتقىقات ئورنى 100 مىڭ توننىدىن كۆپرەك رۇدىنى دۆۋىلەپ چۆكتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 18 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ساپ پايدا ئالدى ھەمدە 3 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تېخنىكا مۇلازىمىتى ھەققىگە ئېرىشتى.

كاۋ فىڭ

## «ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى» پىلانى يولغا قويۇلدى

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1993 - يىلدىن باشلاپ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىش يولى ئېچىش مەقسەت قىلىنغان «ئالتۇن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى» پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە نىشانى تۆۋەندىكىچە: 1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئويۇشتۇرۇلۇپ، تەدبىرلەرنى دەلىللەش ئىشچى قانات يايدۇرۇلدى، 50 خىل تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 50 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى كېڭەيتىلدى؛ 2) نۇقتىلىق ھالدا 30 زاۋۇت ۋە كاندىكى پەن - تېخنىكا

جەمئىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى «غايە سۆزلەش، تۆھپە سېلىشتۇرۇش» پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىندى، 50 تۈر بويىچە تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى ۋە تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش يولغا قويۇلدى، 1000 پارچە مۇۋاپىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ 3) پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ۋە «تۆت تۈر بويىچە تېخنىكا» مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەرگەن پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 500ى تاماملاندى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك 50 يېزا، بازار كارخانىسىنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىلدى؛ 4) دۆلەتلەر ئارا خەلق ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق قانات يايدۇرۇلدى، 40 تۈر بويىچە چەت ئەل بىلەن بولغان تېخنىكا - ئىقتىساد ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ 5) ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، 500 تېخنىكا خادىمى ۋە ئىختىساسلىق خادىمنىڭ يۆرۈشتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، جەمئىيەت ھەر خىل پەن - تېخنىكىغا دائىر 1000 ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەندى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، 200دىن كۆپرەك مۇھىم تۈر داۋاملىق يولغا قويۇلماقتا.

سۇن شىڭگەن

## تەكلىماكان قۇملۇقى بويىچە خەلقارا ئىلىم - پەن يىغىنى

دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى، گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ دۆلەت زېمىنى مەھكىمىسى، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن قۇم تىزگىنلەشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىرلىكتە باشقۇرغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلان مەھكىمىسى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش پىلانى پائالىيەت مەركىزى بىلەن ياپونىيىنىڭ ياپونىيە - جۇڭگو پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنى ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان تەكلىماكان قۇملۇقى بويىچە خەلقئارا ئىلىم - پەن يىغىنى 1993- يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۇا يىغىن تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولدى. 27 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 360تىن ئارتۇق ئالىم بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرغانىدى، ئەمەلىيەتتە، 15 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 265 ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ۋەكىل 50، تەيۋەن ۋەكىلى ئۈچ، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەكىلى ئاز كەم 90. يىغىندا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ئىلمىي ماقالىدىن 270ى تاپشۇرۇۋېلىندى، 232 ئىلمىي ماقالە يىغىننىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىسى 39.

يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى قۇملۇقنى چۈشىنىش، مۇھىت ئاسراش، بايلىقلارنى ئېچىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا ئالماشتۇرۇلغان ئاساسىي تېمىلار قۇملۇقتىكى تەبىئىي بايلىق ۋە مۇھىت ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى؛ قۇملۇق ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادى، بوستانلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش؛ قۇملۇق نېفىت گېئولوگىيىسى ۋە نېفىت - گاز بايلىقىنىڭ خۇسۇسىيىتى؛ قۇملۇقتىكى رايونلارنىڭ رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخى؛ قۇملۇق ئارخېئولوگىيىسى ۋە تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ قۇملۇق رايونلىرىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئەمگەك تازىلىقى؛ قۇملۇقنىڭ مۇھىت دىنامىكىسى خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى ئاسراش؛ قۇملۇق قۇرۇلۇشى (نېفىت، تاشيول قاتارلىقلار) ۋە ئۇنى ئاسراش؛ قۇملۇق تەتقىقاتىغا دائىر يېڭى نەزەرىيە، يېڭى كۆزقاراش، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۇسۇل؛ قۇملۇقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئون تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇڭ جيەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ياپونىيە - جۇڭگو پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنىنىڭ ۋەكىلى، كېڭەش ئەزاسى، ياپونىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى جۇڭما خۇڭيى قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

يىغىندا گېئولوگىيە، يەر تۈزۈلۈشى، يىراقتىن ئۆلچەپ سېزىش، نېفىت - گاز بايلىقى گۇرۇپپىسى، بىئولوگىيە گۇرۇپپىسى، ھاۋارايى، مۇھىت ۋە تارىخ گۇرۇپپىسى، قۇملىشىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، قۇملۇق قۇرۇلۇشى گۇرۇپپىسى، گىدرولوگىيە، تۇپراقچىلىق ۋە يەر بايلىقى، ئىقتىساد گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت بەش گۇرۇپپا بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى. يىغىن مەزگىلىدە ئومۇمىي يىغىندا 21 قېتىم دوكلات بېرىلدى، گۇرۇپپىلاردا 120 قېتىمدىن كۆپرەك دوكلات بېرىلدى، 50 نۇسخا خەرىتە - سىخېما كۆرگەزمە قىلىپ

كۆرسىتىلدى.

تەكلىماكان قۇملۇقى بويىچە خەلقئارا ئىلىم - پەن يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئەڭ كەڭ بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىن، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ قۇملۇق تەتقىقاتى ساھەسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىن ھېسابلىنىدۇ.

خۇ ۋېنكاڭ

**ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى**

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى، دۆلەت زېمىنى ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار باشقۇرغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىق كۆرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ۋە قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا 74 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ۋەكىلى 32، قازاقىستان ۋەكىلى 40، ياپونىيە ۋەكىلى ئىككى. يىغىندا جەمئىي 83 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى؛ 35 ۋەكىل يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى.

يىغىندا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى ئاساسىي تېما قىلىنىپ، قۇرغاق رايونلاردىكى سۇ بايلىقى مەنبەسىنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە ئالمىشىش قانۇنىيىتى؛ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە قۇرغاق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شارائىتىنى ياخشىلاش؛ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا كۆرسەتكەن تەسىرى؛ تاغلىق رايونلاردىكى لاتقا - شېغىللىق ئېقىنلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئۇنى تىزگىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى جۇڭگو تەرەپ «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ئۈستىدە تەتقىقات»قا دائىر مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدى؛ قازاقىستان تەرەپ «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ئۈستىدە تەتقىقات»قا دائىر رۇسچە مەخسۇس ئەسەر ھەمدە ئېنگىلىزچە، رۇسچە، خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە مۇھىتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (قىسقارتىلمىسى) نى نەشر قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە يەنە ۋەكىللەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كارىزلارنى، ئالمۇتا دەرياسى سۇغىرىش رايونى ۋە دۇنياغا مەشھۇر مېدىئو لاتقا - شېغىللىق ئېقىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش توسمىسىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

يەن جىڭيۈەن

**قۇرغاق تۇپراقلارنى تۈرلەرگە ئايرىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى**

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جەنۇبىي ئەللەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى فوند ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماسلاشتۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار مەبلەغ ياردەم بەرگەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەنجىڭ تۇپراق تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە باشقۇرغان قۇرغاق تۇپراقلارنى تۈرگە ئايرىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى 1993 - يىل 8-ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا 12 دۆلەت ۋە رايوندىن كەتكەن 31 چەت ئەللىك ۋەكىل ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى 37 ئورۇندىن كەتكەن 112 ۋەكىل قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تەتقىقاتچى ماۋدېخۋامۇ تەكلىپ بويىچە يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىملاردىن خەلقئارا تۇپراق سىستېماتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خ. ئېسۋاران، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق - يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى (FAO) نىڭ ۋەكىلى ئا. سوئىرجى، ئامېرىكا دېھقانچىلىق تۇپراقلىرىنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ر. ۋ. ئارنولد قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا جەمئىي 107 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن 74 ۋەكىل گۇرۇپپا يىغىنىدا سۆز قىلدى. مەشھۇر تۇپراق تاكسونومىيە مۇتەخەسسىسى، تەتقىقاتچى گۇڭ زىتوڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا قۇرغاقچىلىقنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇرغاق تۇپراقنىڭ تارقىلىشى كەڭ، خىللىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ قۇرغاق تۇپراقلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە خۇلاسىلەش ئاساسىدا، جۇڭگودىكى قۇرغاق رايونلارنى يېڭىدىن سىستېمىلىق تۈرگە ئايرىشنى، بولۇپمۇ خەلقئارادا يېڭىدىن ئېنىقلانغان قاتلام - قۇرغاق سىرتقى يۈز قەۋىتى (Arvdiv Epipedov) ۋە يەنپەن SaiLipan قاتارلىقلارنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوكتور ئا. سوۋئىرجىنىڭ ۋە تۇپراق ھاسىل بولۇش سىستېماتىكىسى بىلەن كارتوگرافىيە خەلقئارا كەسپىي كومىتېتىنىڭ پروفېسسورى خ. ئېسۋاراننىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى لى

شۇگاڭ شىنجاڭدا تىپىك يېپىشقاق قۇرغاق تۇپراق بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ قۇرغاق تۇپراقلىرىنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىغا يېپىشقاق قۇرغاق تۇپراقنىڭ كەنجى سىنىپىنى كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، بۇ تەكلىپ نۇرغۇن مۇتەخەسسىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. يېقىن مەزگىلدە يەنە خەلقئارا قۇرغاق تۇپراق تەتقىقات خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا خەلقئارا تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇپراق پەيدا بولۇش، سىستېماتىكا، كارتوگرافىيە كەسپىي ھەيئىتىگە تەۋە بولۇپ، دوكتور ئا. سوۋۇئىرجى گۇرۇپپا باشلىقى، تۈركمەنىستاندىن ئا. مالىن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، جۇڭگو ئەنجىلاڭ تۇپراق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى گۇلاڭ زىتۇڭ باش كاتىپ بولدى.

يىغىننىڭ ئۈچىنچى ئىككى قىسىم ۋاقتى دالالاردا تۇپراقنىڭ كەسمە يۈزىنى ئېنىقلاپ ئانالىز قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇۋ يۇڭ

**ياشلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىللىق ئىلمىي يىغىنى**

«شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش، ياشلار كەلگۈسىگە يول ئېچىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان شىنجاڭ بويىچە ياشلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىللىق ئىلمىي يىغىنى 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا كۆلىمى ۋە دائىرىسى ئەڭ كەڭ، پەنلەر ئەڭ كۆپ، ئىلمىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر قېتىملىق ھەرمىللەت ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش كاتتا يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. يىللىق يىغىنغا جەمئىي 480 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ۋەكىل 372. ئۇلار 38 ياشتىن تۆۋەن مۇنەۋۋەر ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرى بولۇپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر ئون، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 86، باكلاۋۇرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 211؛ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 48، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 195.

بۇ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىندا تەلەپ بويىچە 1080 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ 331 ى تاللىۋېلىنىپ توپلام قىلىپ تۈزۈلدى؛ يىللىق يىغىندا تەبىئىي پەن، ئۆتتۈشمە پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، تېببىي پەن قاتارلىق سەككىز شۆبە يىغىن زالى بويىچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. يىغىن زالى جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 1200 خىلدىن كۆپرەك ئىلمىي نەتىجىسى ۋە يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەشپىيات، يېڭى مەھسۇلاتلار قاتارلىق پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرگەزمە قىلىندى؛ ۋەكىللەر ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، پەن تەتقىقات ئىش ئورۇنلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ «ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى» دېگەن مەخسۇس تېمىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلايلى» دېگەن تېمىدا تەشەببۇسنامە چىقىرىلدى؛ يىللىق يىغىندا مۇتەخەسسىلەردىن تەركىب تاپقان باھالاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، «ئوسكار» شەكىللىك باھالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، مۇكاپاتلىنىدىغان 22 ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەش ئىلمىي ماقالە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 17 ئىلمىي ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، جاڭ فۇسېن قاتارلىق كىشىلەر يىللىق يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يىللىق يىغىندا ئون نەپەر ياش مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىگە قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 107 ئىلمىي جەمئىيەتكە ياش پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىلىرىنى تولۇقلاپ سايلاشنى، ئۇلار دائىمىي ئىشلار مۇدىرىيەت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ھەمدە شىنجاڭ ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرى مۇكاپات فوندى جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى قارار قىلدى.

ما پىڭ

**2 - نۆۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر مۇنەۋۋەر ماقالىلەر تاللاپ چىقىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە تارقاتقان «ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي پەنگە دائىر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى تاللاش ۋە مۇكاپاتلاشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2- نۆۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى تاللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ نۆۋەتلىك تاللاشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 69 ئىلمىي جەمئىيەت، 14 ۋىلايەتلىك،

ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، سەككىز زاۋۇت، كان پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى يوللىغان 510 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، جەمئىي 342 ئىلمىي ماقالە، 408 ئاپتور مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ئىلمىي ماقالە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 60 ئىلمىي ماقالە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 274 ئىلمىي ماقالە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تاللاش ۋە مۇكاپاتلاشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئومۇمەن، 1 ـ دەرىجىلىك ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەر پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى دەپ قارىلىپ، باھالاپ بېكىتىشكە قاتناشتۇرۇلىدۇ، ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ 1 ـ ئاپتورى تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تىزىملاش رەسمىيىتىنى بېجىرىسە بولىدۇ؛ ئومۇمەن، مۇكاپاتلانغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېخنىكا ئارخىپىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنۋان باھالاش، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش، كادىرلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى سىناشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىنىدۇ.

بۇ نۆۋەت تاللانغان مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنىڭ كەسىپلەر بويىچە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ، سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالىلەر، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، دەپ بېكىتىلدى. ياش پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىدىن مۇكاپاتلانغانلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 68 ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 55.3% نى ئىگىلەيدۇ.

ما پىڭ

**پاتېنت تېخنىكىسى، يېڭى مەھسۇلات بويىچە 1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسى**

پاتېنت تېخنىكىسى، يېڭى مەھسۇلات بويىچە 1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسى 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە مەملىكەت بويىچە 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەر، ئالاھىدە رايونلاردىكى 372 ئورۇندىن كەلگەن 470 تىن كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتى، 1000 خىلدىن كۆپرەك پاتېنت تېخنىكىسى ۋە يېڭى مەھسۇلات قاتناشتۇرۇلدى. كۆرگەزمىدە جەمئىي 241 تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ۋە مۇددىئانامە ئىمزالاندى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش سوممىسى 16 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، كۆرگەزمە مەزگىلىدىكى سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆرگەزمىنىڭ باھالاش ھەيئىتىنى قاتناشتۇرۇلغان كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئىچىدىن ئەڭ يۇقىرى ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىدىن تۆت تۈرنى، ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىدىن 35 تۈرنى، ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىدىن 91 تۈرنى، مىس مېدال مۇكاپاتىدىن تۆت تۈرنى، ئەڭ يۇقىرى سېتىش سوممىسى مۇكاپاتىدىن ئىككى تۈرنى باھالاپ چىقتى.

لىيۇ يۈڭشىڭ

**6 ـ نۆۋەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىندى**

1993 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى غۇلجا شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 6 ـ نۆۋەتلىك ياش ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى. كۆرگەزمە قىلىنغان ئەسەرلەر 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 30 ناھىيە (شەھەر)، 11 يېزا ـ بازار ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يەتتە شى، 23 ـ تۇەن ـ مەيدانى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەش تەتقىقات ئورنىدىكى پەرزەنتلەر مەكتەپلىرى كۆرسەتكەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ 271 پەن ـ تېخنىكا ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرگەزمە مەزگىلىدە 6600 دىن كۆپرەك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرى كۆتۈۋېلىندى، كۆرگەزمىدە مۇنەۋۋەر ئەسەردىن 89 ى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئەسەر 10 ـ ئايدا شىجياجۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇشقا تاللاندى ھەمدە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇكاپاتلانغان ئۈچ تۈر تۆۋەندىكىچە: كورلا شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شېن شىن ياسىغان «يېڭى تىپتىكى گاز يىغقۇچ»، كورلا شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جاۋ پىڭجۇ ياسىغان «يېڭى تىپتىكى قېرىنداش ئۆلچىگۈچ»، ئاقسۇ شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ مىڭ ياسىغان «توك ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل».

ۋۇ شياۋخۇڭ

**1993 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئەسقاتىدىغان تېخنىكا نەتىجىلىرىگە دائىر شىنجاڭ سەييارە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى**

1993 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئەسقاتىدىغان تېخنىكا نەتىجىلىرىگە دائىر شىنجاڭ سەييارە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى 1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى؛ يىغىن 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كۈيتۇڭ شەھىرىدە

يېپىلدى.

سەييارە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنىدا «تېخنىكىنى ئىشلەك ئالدىغا يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇچۇرنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» تىن ئىبارەت يېڭى ئۇسۇل قوللىنىلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا، غۇلجا، كۈيتۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئازكەم 100 خىل پەن - تېخنىكا نەتىجىسى سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى، ئازكەم 2000 خىل ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ئۇچۇرى، تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياج ئۇچۇرى ھەمدە 50 نەچچە تۈر بويىچە مەخسۇس ئۇچۇر سىنئالغۇ ماتېرىيالى ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىمقى سەييارە ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ جەمئىي 1000 دىن كۆپرەك پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى، ئالىي مەكتەپ، زاۋۇت - كان، كارخانا قاتناشتى، ئازكەم 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە ۋە كېڭەشكە قاتناشتى، ئاز كەم 100 تۈر بويىچە مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىم، بەش تۈر بويىچە پۈتۈشۈش توختامى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى تەخمىنەن 1 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇ قېتىمقى ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنىغا دائىر «تېخنىكا نەتىجىلىرى ئۇچۇرلىرى توپلىمى» دىن ئاز كەم 1000 يۈرۈش تارقىتىلدى ۋە سېتىلدى.

تەن لى

**جۇڭگو «مەشئەل» پىلانى نەتىجىلىرى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى**

دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى باشقۇرغان جۇڭگو «مەشئەل» پىلانى نەتىجىلىرى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى يەرمەنكە ئۆمىكى نېپىت خىمىيە سانائىتى، تىبابەتچىلىك، بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنا ئېلېكتر، بىئو تېخنىكا قاتارلىق توققۇز تېخنىكا ساھەسىگە دائىر 34 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى، مەھسۇلات ۋە تېخنىكا سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 871 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، 37 تۈر بويىچە شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش مۇددىئانامىسى، تۆت تۈر بويىچە توختام، تۆت تۈر بويىچە كىرگۈزۈش تۈرى توختامى ئىمزالاندى.

ۋاڭ شۆسەي

**7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ۋە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە ئاپتونوم رايونىمىز قاتناشتۇرغان توققۇز خىل تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ سەككىزى مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر ئالتۇن مېدالغا، بەش تۈر مىس مېدالغا ئېرىشتى.

لىپى شياۋيۈن

**قوشۇمچە**

**7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر**

ئالىي دەرىجىلىك ئوسما قاش قەلىمى (شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى)، قوش كامېرلىق سۇ تۈرۋىسىلىق بېسىمسىز ئىسسىق سۇ پارقازىنى (ئۈرۈمچى «گۇاڭدا» ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى)، فومۇرۇشنىڭ ئالدى ئېلىنغان تولۇق قاپلانغان ۋېلسىپىت قۇلۇپى (شىخەنزە قۇلۇپ زاۋۇتى، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى)، ھەرىكەتچان ئاياغ كىيىم (ئۈرۈمچى كىچىك ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، مىس مېدالغا ئېرىشتى)، بىرىكمە يېقىلغۇ سۈيۈقلاندۇرۇلغان گاز ۋە يورۇشلەشكەن ئوچاق (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دېلوڭ» ماتېرىيال قوللىنىش تەتقىقات ئورنى، مىس مېدالغا ئېرىشتى)، يېڭى تىپتىكى قېرىنداش ئۆچۈرگۈچ (كورلا شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، مىس مېدالغا ئېرىشتى)، توكنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان ۋېكلىيۇچاتېل (ئاقسۇ شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، مىس مېدالغا ئېرىشتى)، يېڭى تىپتىكى گاز يىغىنىسى (كورلا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، مىس مېدالغا ئېرىشتى).

**ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيىگە دائىر ئون پەن - تېخنىكا ئەسىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى**

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيىگە دائىر 100 تۈرلۈك پائالىيەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى كۆرسەتكەن ئون ئەسەرنىڭ ھەممىسى مۇكاپاتلاندى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 125 - تۇەن - مەيدانى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۇخۇڭبىن بىلەن ماسۇيلىڭ يازغان «يەتتە چېكىتلىك خانقىزنىڭ كېۋەز كۆك پىتىنى تىزگىنلەش رولى ئۈستىدە تەتقىقات» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ بورتالا ئوبلاستلىق 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇيۇ يازغان «شىنجاڭنىڭ سەمەندەر ۋە تەڭرىتاغ كۆك تاشپاقىسىنى بېقىش تەجرىبىسى»، سەي چېڭ يازغان «ئېگىز ھەم سوغۇق رايونلاردا جايلاشقان شەھەر - بازارلاردىكى مۇھىتنى كۆكەرتىش دەل - دەرەخلىرى ئۈستىدە

تەكشۈرۈش»، لىن چېن يازغان «چۆل زەمبۇرۇغى ۋە ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىلىك موگۇ ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، لىن يو يازغان «زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش» ۋە يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 125 - تۇەن - مەيدانى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باغۋەنچىلىك گۇرۇپپىسى يازغان «ئالما دەرەخلىرىدىكى قاسراقلىق قۇرتلارنىڭ دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش سىنىقى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ خوتەن شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىئولوگىيە گۇرۇپپىسى يازغان «مور قاتارلىق يېمەكلىك زەمبۇرۇغلىرىنى ئەملەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش»، يېزا ئىگىلىك 7- شىسى125- تۇەن -‌ مەيدانى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى يازغان «كۆيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا تېرىلغان كېۋەزلەردە بولىدىغان سارغىيىپ سولىشىپ قېلىش كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ۋە تىزگىنلەش سىستېمىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر»، «يېمەكلىك زەمبۇرۇغىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قوللىنىش»، بورتالا ئوبلاستلىق 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ يازغان «ئېكىز، سوغۇق رايونلاردا پارنىكتا كۆكتات تېرىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش» قاتارلىقلار مۇنەۋۋەر پائالىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋۇ شياۋخۇڭ

**قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 57 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 105 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى 1989 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. تۆت يىلدا ئالاقىدار تارماقلار دېھقان - چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەرخىل تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن 85 مىڭ قارار (قېتىم) ئېچىپ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن جەمئىي 4 مىليون 430 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە دائىر 800 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك ماتېرىيالنى بېسىپ تارقاتتى، 100 خىلدىن كۆپرەك ئىلغار تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتتى. قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ئاممىۋى تەشكىلات تورلىرىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. تۆت يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىناق بازىسىدىن 38 ى قۇرۇلدى، يېزا (بازار) لىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى 683 كە، كەنت پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 8551 گە، كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيىتى 960 قا، باھالاپ بېكىتىلگەن دېھقان تېخنىك 14 مىڭ 221 گە يەتتى، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۇلگىلىك ئائىلىدىن 43 مىڭ 331 ى بارلىققا كەلدى.

تۆت يىلدىن بۇيان 30 مىڭدىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا خادىمى ۋە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى كادىرى يېزىلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، دەرس سۆزلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلغار تېخنىكىلارنى تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. تۆت يىلدىن بۇيان، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 100 خىلدىن كۆپرەك ئىلغار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، «مول ھوسۇل» پىلانى، «ئۇچقۇن» پىلانى، «يالقۇن» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا زىچ ماسلىشىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتى 1991- يىلدىن 1993 - يىلغىچە 892 مىڭ مو تونۇلۇق ئاشلىق ئېتىزىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ۋىلايەتتە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى 300 كىلوگرامغىمۇ يەتمەسلىكتەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، بىر سەكرەپلا 1048 كىلوگرامغا يەتتى، ئاشقان ئاشلىق 270 مىليون كىلوگرامغا، قوشۇلغان ساپ كىرىم 165 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يەن ئېنفۇ

**پەن - تېخنىكىنى تەشۋىق قىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى، پەن - تېخنىكا شەخسلىرىنى ۋە پەن - تېخنىكىغا دائىر نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى پەن - تېخنىكا تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

1. ئاپتونوم رايونىمىز 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئالتە نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىنى مۇكاپاتلىدى، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

2. گوۋۇيۈەن چاقىرغان مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى، «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى»، «پاتېنت قانۇنى»، «تېخنىكا

توختامى قانۇنى» قاتارلىق نىزاملار تەشۋىق قىلىندى. «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى» يولغا قويۇلغان مەزگىلدە، تۆت قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئالاقىدار رەھبەرلەر رادىئودا، تېلېۋىزوردا نۇتۇق سۆزلىدى، ئالاقىدار گېزىت - ژۇرناللاردا بىر گۇرۇپپا ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇ ئارقىلىق «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى» مەركەزلىك تەشۋىق قىلىندى.

3. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكا تەشۋىقاتى ستونى باشقۇرۇلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە دائىر ماقالە قوبۇل قىلىش» ستونى باشقۇرۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 150 دىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلىندى؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە دائىر مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش» ستونى باشقۇرۇلدى، جەمئىي 84 ماقالە ئاڭلىتىلدى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «پەن - تېخنىكا، مائارىپ دۇنياسى»، «پەن - تېخنىكا كۆزنىكى» مەخسۇس ستونى باشقۇرۇلدى، جەمئىي 50 دىن كۆپرەك ماقالە (فىلىم) ئاڭلىتىلدى ۋە قويۇلدى. يەنە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «پەن - تېخنىكىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى بويىچە قورشاۋ مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى، «تەڭرىتاغ تاڭ نۇرى» ستونى بويىچە «ئىسسىق لىنىيىلىك تېلېفون» دا پەن - تېخنىكىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە دائىر 37 جاۋاب ئاڭلىتىلدى.

4. 1993 - يىلى پەن - تېخنىكىغا دائىر ياخشى خەۋەرلەرنى تاللاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىغا دائىر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە ياخشى خەۋەردىن 33 ى تاللاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ خەۋەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

5. «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى»، «پاتېنت قانۇنى»، «تېخنىكا توختامى قانۇنى» قاتارلىق نىزاملارنى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە 100 دىن كۆپرەك كوماندا قاتناشتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى» دە 260 تىن كۆپرەك پايدىلىنىش تېمىسى (جاۋابى شۇنىڭ ئىچىدە) نى ئېلان قىلدى، 100 يۈرۈشتىن كۆپرەك ھەرخىل پەن - تېخنىكا ماتېرىيالىنى تارقاتتى.

6. «مەشئەل» پىلانى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئالاقىدار ئورۇنلار يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىشتا، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

كۇڭ شياڭجىن

## قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ نەشىر قىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان 48 خىل پەن - تېخنىكا ژۇرنىلى نەشىر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدىغىنى 27 خىل (پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك تۆت ژۇرنالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغىنى 21 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى قەرەللىك ژۇرنال 22 خىل. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە 60 نەچچە خىل ژۇرنال غەيرىي رەسمىي تارقىتىلدى.

خۇ شياۋخۇڭ

### قوشۇمچە

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە رەسمىي ئاشكارا تارقىتىلغان پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

| ژۇرنال نامى | يېزىق تۈرى | قەرەلى | نەشىر قىلىنغان يىلى | نەشىر قىلغۇچى ئورۇن |
|---|---|---|---|---|
| قۇرغاق رايون تەتقىقاتى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1984 | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1978 | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قورغان رايون مۇھىتىنى كۆزىتىش | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1987 | شىنجاڭ مۇھىت كۆزىتىش مەركىزى |
| شىنجاڭ ھاۋارايى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1956 | شىنجاڭ ھاۋارايى ئىدارىسى |
| شىنجاڭ گېئولوگىيىسى | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1983 | شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى، گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى |
| غەربىي قىسىمدا كان بايلىقىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1989 | شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى |
| ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى يەر تەۋرەش | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1987 | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى |
| شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1983 | شىنجاڭ نېفىت تەكشۈرۈش تەرەققىيات تەتقىقات يۇرتى |
| شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1978 | شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات ئورنى |
| يەرلىك كېسەللىكلەر ئاخباراتى | خەنزۇچە | پەسىللىك | 1985 | شىنجاڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1959 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخبارات تەتقىقات ئورنى |
| يېزا پەن - تېخنىكىسى | خەنزۇچە | ئايلىق | 1984 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخبارات تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1978 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1985 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1965 | شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى |
| ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى | خەنزۇچە | قوش ئايلىق | 1984 | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تەتقىقات ئورنى |
| ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى | ئۇيغۇرچە | قوش ئايلىق | 1984 | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخباراتى تەتقىقات ئورنى |
| قۇرغاق رايون تەتقىقاتى | ئۇيغۇرچە | پەسىللىك | 1984 | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى |
| يېزا پەن - تېخنىكىسى | ئۇيغۇرچە | ئايلىق | 1984 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخبارات تەتقىقات ئورنى |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى | ئۇيغۇرچە | قوش ئايلىق | 1985 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى ئۇچۇر پونكىتى |
| ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى | ئۇيغۇرچە | قوش ئايلىق | 1952 | شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى |
| بىلىم — كۈچ | ئۇيغۇرچە | ئايلىق | 1981 | شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى تەھرىراتى |
| پەن ۋە تۇرمۇش | ئۇيغۇرچە | پەسىللىك | 1984 | شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلى تەھرىراتى |
| چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى | قازاقچە | پەسىللىك | 1982 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تېبابەتچىلىك بىلىملىرى | قازاقچە | پەسىللىك | 1980 | شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى |
| پەن ۋە تېخنىكا | قازاقچە | قوش ئايلىق | 1983 | شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى |
| ئۆسمۈرلەر ئىلىم - پەنى | قازاقچە | قوش ئايلىق | 1979 | شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى |

ئون كىشى «جۇڭگونىڭ يەرلىك پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرىسىنى يارانقۇچى ۋە تۈزگۈچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

مەملىكەتلىك يەرلىك پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭشەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو يەرلىك پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرە تەتقىقات جەمئىيىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان مەملىكەت بويىچە يەرلىك پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرە تەتقىقاتى ۋە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە زور تۆھپە قوشقان يولداشلار تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئون كىشى تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭ يىمىن، جاڭ يۈجى، ياڭ شۇمىڭ، جۇجۇڭچى، جۇاڭ شىكىلار «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرىسىنى يارانقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، ماپىڭ، جىن تيەنجىڭ، دىڭ شى، گاۋلىڭخېن، ليۇشىڭلار «جۇڭگو پەن - تېخنىكا تارىخ - تەزكىرىسىنى تۈزگۈچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇاڭ شىكې

چەت ئەل بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، پەن - تېخنىكا ئۆمەك، گۇرۇپپىسى بويىچە 37 تۈركۈمدە 149 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە ئەۋەتىلدى، زىيارەتكە كەلگەن پەن - تېخنىكا ئۆمەك، گۇرۇپپىسى بويىچە 26 تۈركۈمدە 119 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا دائىر ئىككى تۈر (جۇڭگو - فرانسىيە قۇرغاق رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات، جۇڭگو - تۈركىيە كۆن - خۇرۇم ھەمكارلىق تەتقىقاتى) يولغا قويۇلدى. جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قوياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش تۈرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى ھەمدە بىرلىكتە يۈرگۈزۈلىدىغان تۈر قىلىپ بېكىتىلدى.

چەت ئەل بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈلۈش ئارقىلىق تەتقىقات، تەرەققىيات قەدىمى تېزلىتىلدى. دېڭىز قايدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن ئايرىش ھۈنەر - سەنئىتى، چوڭ قۇۋۋەتلىك زەرەتلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كان ئىزدەش، ئالتايدىكى كۆپ مېتالدىن ھاسىل بولغان كان بەلباغلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات، بىرىكمە ئازوتنى تۇراقلاندۇرغۇچى باكتېرىيە، مىكرو فىلانۇن يەم - بوغۇزى، ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، يەر تەۋرەش ئۈستىدە تەتقىقات، كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت كەسىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، چەت ئەلدە تەربىيىلەش ئىشى ئۈزۈشتۈرۈلۈپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ ياردەم بېرىشى بىلەن جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە قويلىرىنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلدى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

يۈ گېڭ

خەلق ئىچىدىكى پەن - تېخنىكىغا دائىر تاشقى ئىشلار پائالىيىتى

1993 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 11 ئۆمەك ۋە گۇرۇپپىنى تەشكىللەپ ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، 52 كىشىنى قازاقىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، ئامېرىكىدا ۋە شياڭگاڭ رايونىدا زىيارەت قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. كېڭەيتىلىدىغان ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇلىدىغان ساھەلەر، ئاساسەن، ھېسابلاش ماشىنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆي جاھازلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى، تېببىي داۋالاش - سەھىيە، قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى، ئىقتىساد - سودا، چەت ئەل تىلى جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يولغا قويۇلغان تۈرلەر شىنجاڭ پەن - تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمىتى مەركىزى قازاقىستاننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن ئالمۇتىدا «دانا - كۈن نۇرى»

شېرىكچىلىك شىركىتى قۇرۇش پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ستېپمېنسىندىكى «بودا» تېخنىكا - ئىقتىساد تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە مۇستەقىل مەبلەغ سالغان شۆبە شىركەت قۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇ شياۋشيۇڭ

## ئىككى مۇتەخەسسىس چەت ئەل ئاكادېمىكلىكىگە ۋە مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى

1993 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېرى چېن جېفۇغا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەبىئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «چەت ئەل ئاكادېمىكى» دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇنىڭ گېئولوگىيە ساھەسىدە جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستان دۆلەتلىرىنىڭ گېئولوگىيە خىزمىتىنى ھەمكارلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تەقدىرلەندى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى ئومۇرتقا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تيەن خۇيجۇڭ ئامېرىكا جۇڭخۇا تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن زېمىن سىرتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى ھەمدە ئامېرىكا جۇڭخۇا تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سۆڭەك تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تاللاندى.

يۈ گېڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر، جەمئىيەتلەر ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ 1993 - يىلى ئۆتكۈزگەن ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| پائالىيەت تۈرىنىڭ نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى ۋە نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ پاختىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 1 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ پاختىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلدى، مۇدىرىيەت ئۆزگەرتىپ سايلاندى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش، پەن تەتقىقاتقا دائىر مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى، 40 تىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| تېكتونىكىغا دائىر مەخسۇس تېما بويىچە دوكلات يىغىنى . | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر «ئەۋرىشىملىك كېسىلگەن بەلباغ» دېگەن مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى |
| شىنجاڭ ئىرسىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئىرسىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلدى، 4- نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى، 21 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئىرسىيەتشۇناسلىق تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 6 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى تەبرىكلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 6 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، تاشيول قاتنىشى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىل بولغان 3 - تۈركۈمدىكى ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرىدىن 113 كىشى تەقدىرلەندى |
| شىنجاڭ تۆمۈر يول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ تۆمۈر يول ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلدى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەت پائالىيىتىدىكى ئاكتىپلار تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، مۇنەۋۋەر ماقالىلەر تاللاپ چىقىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاشيول ترانسپورتى بازارلىرىغا دائىر مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئۈرۈمچى تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تاشيولدا يولۇچى، يۈك توشۇشنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، شىنجاڭ تاشيول ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئانالىز قىلىندى ۋە مۆلچەرلەندى |
| شىنجاڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، مۇدىرىيەت ئۆزگەرتىپ سايلاندى، ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، 106 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، توققۇز مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە باھالاپ چىقىلدى |
| پار تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ تەۋرىنىش ھەرىكەت تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | پارتۇربىنىلىق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنىڭ تەۋرىنىشتىن كېلىپ چىققان توسالغۇلارنى ئېنىقلاش تېخنىكىسى تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تېما بويىچە دوكلات بېرىلدى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| ئالتۇن كانلىرىنى باھالاپ بېكىتىش سۆھبەت يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئالتۇن كان ئىزدەش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە نەتىجىلەرنى قوللىنىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ خەۋەرلىشىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ خەۋەرلىشىش ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، 3 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەۋەرلىشىش پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر دوكلات بېرىلدى، ھەرقايسى خەۋەرلىشىش كەسپىي ساھەلىرىنىڭ 30 ئىلمىي ماقالىسى ئالماشتۇرۇلدى |
| 14 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك سوۋېت باشقۇرۇش گورۇپپىسى قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ سوۋېت باشقۇرۇش جەمئىيىتى | سوۋېت باشقۇرۇش نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى، سوۋېت باشقۇرۇش بويىچە مۇنەۋۋەر گورۇپپىلار تەقدىرلەندى |
| شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسى مۇھاكىمە قىلىندى، 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى، ئېكولوگىيە كەسپىگە دائىر 42 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى سايلاپ چىقىلدى، مۇنەۋۋەر 17 ئەزا ۋە بەش ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى، جۇڭگو تېبابىتىگە دائىر تۇنجى 42 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى |
| شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئاتوم ئېنېرگىيىسى دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى سايلاپ چىقىلدى، جياڭسۇ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، جېجياڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورلىرى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، ئېلىمىزنىڭ يادرو تېخنىكىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| كەڭ تارقالغان رەڭ تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش | 6 | ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار | شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان رەڭ تۈرلىرى كارتىسى تۇرغۇزۇلدى، مەملىكەت بويىچە كەڭ تارقالغان رەڭ تۈرلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر خىزمىتى بويىچە شەھەر باشلىقلىرى مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ شەھەر پەن تەتقىقاتى جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى | چەت ئەلنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات بېرىلدى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ مەتبەئە تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 7 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ مەتبەئە تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، 3- نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت بارلىققا كەلدى |
| تونىلىق ئاشلىق ئېتىزلىرىنى تەكشۈرۈش | 8 | خوتەن ۋىلايىتى | شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تونىلىق ئاشلىق ئېتىزى قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى تەكشۈرۈلدى ھەمدە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر مەخسۇس تېما بويىچە دوكلات بېرىلدى |
| ياش مۇھەررىرلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ۋۇجياچۇ | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىكى ئىلمىي جەمئىيىتى | 20 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە 11ى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا) ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، تەھرىرلىك خىزمىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ژۇرنالارنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ دېھقانچىلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | شىخەنزە شەھىرى | شىنجاڭ دېھقانچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، 3 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى چۆرىدەلگەن ھالدا 60 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي دوكلات يىغىنى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھات مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، ئىلمىي جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، تۇپراق، ئوغۇت، تېرىقچىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى |
| ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك تاشقى كېسەللىكلەر سېستىرالىق ئىلمىي يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ سېستىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتى | تاشقى كېسەللىكلەر سېستىرالىرىنىڭ مەشغۇلاتى، سېستىرالىق تەجرىبىسى، سېستىرالىق پەن تەتقىقاتى قاتارلىقلارغا دائىر 70 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 16 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە باھالاپ چىقىلدى. |
| ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىچكى كېسەللىكلەر سېستىرالىقى ئىلمىي يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ سېستىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىچكى كېسەللىكلەر سېستىرالىقىغا دائىر 49 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، توققۇز مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە باھالاپ چىقىلدى |
| قويچىلىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 10 | كورلا شەھىرى | شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيىتى ئۆزگەرتىپ سايلاندى، شىنجاڭنىڭ قويچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭنىڭ جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىك ئىلمى بويىچە 80 نەپەر ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ۋەكىل ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، 50 تىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلىندى، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىكى بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە جۇڭگو تىبابىتى دورىگەرلىكى كەسپىنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئالاقىدار تەكلىپ بېرىلدى |
| يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق ئىلمىي يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش تەتقىقات جەمئىيىتى | بايلىقلارنى تەقسىم قىلىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى، 20 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك سىستىرالارنى باشقۇرۇش ئىلمى يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ سىستىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتى | دوختۇرخانا سىستىرالىقىنى باشقۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش، پەن تەتقىقات قاتارلىقلارغا دائىر 31 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، بەش مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى |
| شىنجاڭ ئىختىساسلىق خادىملار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ئىختىساسلىق خادىملار تەتقىقات جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، 2- نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى مۇۋاپىق يۆرۈشتۈرۈش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ئىلمىي يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلگىرىكى مەھسۇلات سانىنىڭ ئېشىشىنىلا قوغلىشىش ئاساس قىلىنىدىغان سان تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان سۈپەت، ئۈنۈم تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىشكە دائىر تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى |
| ياغاچ - تاش بىناكارلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 25 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، ئىمارەتلەرنى ئېلېكترلەشتۈرۈش، ئىمارەت قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| نېفىت كەسپى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 1.12 | قاراماي شەھىرى | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر پەن - تېخنىكا مەسىلىسى چۆرىدەلگەن ھالدا 22 قېتىم ھەرخىل كەسپىي ئىلمىي مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، 676 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى |
| شىنجاڭ لاي - شېغىللىق ئېقىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | قەشقەر شەھىرى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى ۋە قەشقەر - تورپان تاشيولىدىكى لاي - شېغىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىش ئورنى تەكشۈرۈلدى، يەتتە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق ئىلمىي يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى تولۇقلاندى، چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىلدى |
| شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 12 | سانجى شەھىرى | شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىلدى، 5- نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت سايلاپ چىقىلدى، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى ۋە مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ 7 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن كادىرلار تەقدىرلەندى، ئوقۇتۇش پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، زوئولوگىيە نەتىجىلىرى جەھەتتىكىلەرگە دائىر 40 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| يەر - مۈلۈك بازىرى تەتقىقات يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ يەر ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىقتىسادىي تەرەققىيات خاراكتېرلىك يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ كۆك تاماكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ كۆك تاماكا ئىلمىي جەمئىيىتى | كۆك تاماكا تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تىجارەت قىلىش، باشقۇرۇشقا دائىر 39 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مەملىكەتلىك دورىگەرلىك ئىشلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | دورىگەرلىك ئىشلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى كەمەلىي تەجرىبىلەرگە دائىر 87 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| مەملىكەتلىك سۇ كۆچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو سۇ كۆچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ سۇ كۆچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش كۈچىنى، تەسىر كۈچى ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى |
| غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك يوقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى بويىچە ئىلمىي يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | يوقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كلىنىكىدا تەجرىبە قىلىشقا دائىر 60 تىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| كۆل تۇزى رايونى تۇزچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق تېخنىكا مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | مەملىكەتلىك كۆل تۇزى رايونى تۇزچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت جەمئىيىتى | كۆل تۇزلىرىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، شىنجاڭدىكى تۇز كۆللىرى، تۇز مەيدانلىرى تەكشۈرۈلدى، ئالاقىدار 32 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| جۇڭگو تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھات مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| جۇڭگو مېتاللچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى پولات تاۋلاش ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو مېتاللچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ مېتاللچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | پولات - تۆمۈر سانائىتى تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ئامىللار ۋە چوڭ پولات - تۆمۈر بىرلەشمە كارخانىلىرى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پولات-تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ بىرلەشتۈرۈش يۆنىلىشى تەھلىل قىلىندى؛ شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ 1 مىليون توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي تەرەققىيات پىلانىغا قارىتا پىكىر بېرىلدى |
| مەملىكەتلىك شەھەر پەن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىرى خىزمەت يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو شەھەر پەن تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ شەھەر پەن تەتقىقات جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىغا دائىر پائالىيەت ئىشلىرى بېكىتىلدى |
| غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك رۇدا تاللاش بويىچە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى شەھىرى | شىنجاڭ مېتاللچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 41 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، رۇدا تاللاش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاشقا دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، رۇدا تاللاشقا دائىر يېڭى ھۈنەر - سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| مەملىكەت بويىچە يەرلەرنى پىلانلاشتا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىش مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يەر ئىلمىي جەمئىيىتى | ھېسابلاش ماشىنىسىنى يەرلەرنى پىلانلاشتا قوللىنىشتا نەتىجىلەر ئالماشتۇرۇلدى؛ يەر بازارلىرى، ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى يەرلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر مەخسۇس تېمىدا دوكلات بېرىلدى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ياش مۇھەررىرلىرىگە مۇكاپات تارقىتىش ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەت بويىچە قەرەللىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ 42 مۇنەۋۋەر ياش مۇھەررىرىگە مۇكاپات تارقىتىلدى، 60 تىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە، دوكلات ئالماشتۇرۇلدى |
| مەملىكەتلىك زاۋۇتلاشتۇرۇپ بېلىق بېقىش مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى شەھىرى | جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئۈرۈمچى «خۇگيەن» سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ يىلمان سۇدا زاۋۇتلاشتۇرۇپ بېلىق بېقىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى |

# تەبىئىي پەن

## ئېكولوگىيە. بايلىق مەنبەسى

**قۇرغاق رايونلارنىڭ مۇھىتى، بايلىق مەنبەسى ئورتاق تەتقىق قىلىندى**

بۇ تەتقىقاتنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى بىلەن ياپونىيە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - سۇ مەھسۇلاتلىرى نازارىتىنىڭ خەلقئارا دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق -. سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات مەركىزى بىرلىكتە يولغا قويغاندى، ئۇ، ئۈچ يىل داۋاملىشىپ 1993 - يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتى ھەمدە شۇ يىلى 3 - ئايدا ياپونىيىنىڭ چىكوبا شەھىرىدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ياپونىيە تەرەپ 11 ئىلمىي ماقالە، جۇڭگو تەرەپ توققۇز ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى، ئىككى تەرەپ قۇرغاق كىلىماتلىق رايونلاردىكى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ شامالدا يېمىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىھاتە ئورمانلىرىنىڭ ئىھاتە تورلىرىنىڭ ھاۋارايىنى ياخشىلاش رولى ھەم ئۈنۈمى، قۇملۇقلاردا ئۆستۈرۈلگەن سۇنئىي يېپېنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى ۋە كىچىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئۈنۈمى، قۇم - بوراننىڭ كۆچۈش جەريانىدىكى شامال سۈرئىتى بىلەن قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆچۈش مۇناسىۋىتى، بوستانلىق بىلەن چەت رايونلارنىڭ كىلىمات پەرقى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى بىلەن سۇ تەڭپۇڭلۇقى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتى، قۇم يۈزىنىڭ پارلىنىش تېزلىكى، قىش پەسلىدىكى تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بىلەن نىسبىي تېمپېراتۇرا، تۇرپاننىڭ ھاۋا

ما پىلاڭ

كىلىماتى بايلىقى قاتارلىقلار ھەمدە تۇرپان رايونىنىڭ تۇپرىقى بىلەن سېغىزلىق مىنېراللارنىڭ تەركىبى، قۇرغاق رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن تۇپراق ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار، تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بىلەن تۇپراقنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە تۇپراقنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە كارىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈستىدە تولۇق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى. بۇ تەتقىقاتتا ھاۋا چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان نورمال ھاۋارايىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش نەتىجىسىگە ۋە ئازكەم 300 ئىسسىقلىق پەرقىنى ئانالىز قىلىش («TG» نىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى ۋە «DTA» نىڭ ئىسسىقلىق پەرقىنى ئانالىز قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نەتىجىسىگە ئاساسەن، تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىقلىم شارائىتىنىڭ رايون بويىچە ئېگىلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئوخشاش كەسپتىكىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ تەتقىقاتقا يەنە فۇكاڭ چۆللۈك ئېكولوگىيە پونكىتىدا نۇقتا تەسىس قىلىنىپ، قىسمەن مىكرو ھاۋارايىغا دائىر تەتقىقات مەزمۇنلىرى قوشۇلدى. تەتقىقات نەتىجىسىگە دائىر «تۇرپان رايونىنىڭ تۇپرىقى» دېگەن مەخسۇس ئەسەر 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدۇ.

ئۇۋ يۇلاڭ

جاۋ گۈيخەي

**شىنجاڭدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ تۇپراق مۇھىتى شارائىتىنىڭ قوغۇننىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى**

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ تۇپراقچىلىق تەتقىقات

ئىشخانىسى 1988 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئىجرا قىلغان، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەرگەن تۈر بولۇپ، 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تەتقىقات تۈرىدە شىنجاڭدىكى قۇرغاق تۇپراقنىڭ مۇھىت شارائىتى بىلەن قوغۇننىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولغان پەيزاۋات ناھىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شى 103 - تۇەن - مەيدانى، قۇمۇل ۋىلايىتى نۇقتا قىلىنىپ، تەجرىبە قىلىش، ئۆلكە كۆرسىتىش ئارقىلىق، يەرنى جايىدا تاللاش، ئىلمىي ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، مۇددەتكە بۆلۈپ ئۈزۈپ ھوسۇلنى ۋە قەنت مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش تەدبىرلەر يەكۈنلەندى. قوغۇندا قەنت تەركىبىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئانالىز قىلىنىش ئارقىلىق، قەنت مىقدارىنى ئاشۇرۇشتا، ئاساسەن، ساخاروزا مىقدارىنى كۆپەيتىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى؛ تۇپراق تەركىبىدە مۇۋاپىق مىقداردا تۇز بولسا قوغۇندىكى قەنت تەركىبىنىڭ جۇغلىنىشىغا پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى؛ فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ قوغۇنغا بولغان فىزىئولوگىيىلىك تەسىرى ۋە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش مېخانىزمى جەھەتتە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى؛ ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەنلا ئوغۇتلاپ سۇنى كۆپ قويغاندا، قوغۇننىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى؛ قوغۇننى خىمىيۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا تەمى تاتلىق بولمايدۇ، دەيدىغان خاتا كۆز قاراش تۈزىتىلدى؛ قوغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا پىشىلىنىش مەزگىلىدە تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ نىسبىتى، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى پەيزاۋات ناھىيىسى، 103 - تۇەن - مەيدانى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە كېڭەيتىلىپ، ئومۇمىي ئۈنۈمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى. مۇتەخەسسىسلەر، بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلى پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كېڭەيتىپ قوللىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ۋاڭ يى

## تۇرفەتتىن پايدىلىنىپ قۇملۇقلارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ۋە ئېچىش بويىچە ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى

بۇ تەتقىقاتنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى بىلەن ياپونىيە نانبەي داشۆسىنىڭ تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى تەتقىقات ئورنى، تورف تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە يولغا قويغاندى، تەتقىقات كېلىشىمى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۈچكە ئىگە قىلىندى، مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى.

ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، تورفتىن ۋە ئوخشاش تەسىرگە ئىگە يېمىرىلگەن كۆمۈردىن پايدىلىنىپ، قۇملۇقلارنى بوستانلاشتۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ، قۇملۇقلارنى بوستانلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۆستۈرۈلىدۇ ھەمدە قۇملۇق ئىچىدە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق يولغا قويۇلىدۇ، يەر ئاستى بايلىقلىرى ئېچىلىدۇ، قۇملىشىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلىدۇ. ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: ئىككى تەرەپ تەتقىقات خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى قۇملۇق رايونلاردا ھەمدە تورف يېمىرىلگەن، كۆمۈر تارقالغان رايونلاردا يەنە بىر قېتىم دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ دالا پونكىتى، تەجرىبىخانىلىرىدا قۇملۇقنى ياخشىلاش تەجرىبىسى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئەۋرىشكە، ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىدۇ، شۇنداقلا سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. كېلىشىمدە يەنە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، خىراجەت سەپلەش، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. كېلىشىمنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرىمۇ بىرلا ۋاقىتتا كۈچكە ئىگە قىلىندى.

1993 - يىل 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ چۆللۈك ئېكولوگىيىسى پونكىتىغا ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ۋە مودېل سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەتقىقات خادىملىرىنى ئەۋەتتى.

ئوۋ يوڭ

## جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا بىرلىشىپ يۇلغۇن ئۇرۇقدىشى ئۆسۈملۈكلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى

بۇ تەتقىقاتنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنى بىلەن ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى دېھقانچىلىق تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ چىملىق، تۇپراقچىلىق ۋە سۇچىلىق تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ياۋا ئوت -

چوڭ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش مۇتەخەسسىسى دوكتور جېكسىن دىلوۋچ بىلەن دوكتور ياڭ مىڭجاۋ (جۇڭگولۇق) ھەمكارلىشىپ يولغا قويغانىدى، بۇ تۈر ئىككى يىل تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تاماملاندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش دائىرىسى شىنجاڭدىكى قۇمۇل، تۇرپان، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق يۇلغۇن ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلاردىن باشقا، يەنە ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت، لىنخې، دېڭكۇ، ئوتوگ خوشۇنى، ئۇشىن خوشۇنى، دۇڭشېڭ رايونى؛ نىڭشيانىڭ يىنچۇەن ۋىلايىتى، گەنسۇنىڭ لەنجۇ، ۋۇۋېي، جاڭيې، جيايۇگۇەن، دۇنخۇاڭ رايونلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى يىل ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈلۈش ۋە ماددىي نەرسىلەر تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق، ئېلىمىزدىكى يۇلغۇن ئورۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سالىدىغان ھاشارات زىيانداشلىقى، پارازىت ئۆسۈملۈك تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقىلدى، كۆپ مىقداردا ھاشارات بەدىنى ۋە ئۆسۈملۈك تەنچىلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى يىغىلدى، باشقا يەردە سۇنئىي كۆپەيتىلىش ئارقىلىق، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈشى مۇمكىن. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆسىدىغان كۆپ شاخلىق يۇلغۇن ئورۇقدىشى ۋە زىچ گۈللۈك يۇلغۇن ئورۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان ئۈچ يوللۇق يوپۇرماق قوڭغۇزىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بارلىققا كېلىدىغانلىقى بايقالدى.

ئۇۋ يۇڭ

لىيۇ مىڭتىڭ

**شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چېكىگە يەتكەن مۇھىتتا ياشايدىغان مىكرو ئورگانىزم بايلىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى**

بۇ تەتقىقاتنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئىشخانىسى تاماملىدى. بۇ تەتقىقات 1993- يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، مۇتەخەسسىسلەر بىردەك، بۇ تەتقىقات مەملىكەت ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان، قوللىنىشقا بولىدىغان ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات، دەپ قارىدى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە تۇنجى قېتىم بىر رايون، بىر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىت كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىكرو ئورگانىزم تۈركۈملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىقتىدارى ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، ھەددىدىن زىيادە قۇرغاقچىلىق بولىدىغان، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، تۇپرىقى ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مىكرو ئورگانىزم تۈر تۈپلىرىنىڭ سانى، تارقىلىش خۇسۇسىيىتى ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلدى، ئايرىتىش ئارقىلىق 280 شتاممى قولغا كەلتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە تۈر (ئىسسىق خۇمار) تۇزخۇمار، ئىشقار خۇمار، تۇزغا، ئىشقارغا چىداملىق، تۆۋەن ئوزۇقلۇق زەمبۇرۇغ شتامممىسى قاتارلىقلار) بايقالدى، بىر شتامىنىڭ پولىمېرلانغان ماگنىي كاربونات خىمىيىلىك ئانئورگانىك ئوزۇقلۇق زەمبۇرۇغى سېزىلدى، ئىسسىقلىققا چىداملىق نېيترال پروتېئىنازا پەيدا قىلىدىغان بىر شتاممى (فېرمېنت ھاسىل قىلىش سەۋىيىسى 4000 بىرلىككە يېتىدۇ) تاللاپ چىقىلدى، ئۇ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە مىكرو ئورگانىزم زەمبۇرۇغ شتامىنىڭ بايقىلىشى ئېلىمىزنىڭ مىكرو بىئولوگىيە، ئىرسىيەتشۇناسلىق ۋە جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتتە مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى چېكىگە يەتكەن مۇھىتتىكى مىكرو ئورگانىزم بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى ھەمدە ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلدى. تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ۋاڭ يى

**«تەڭرىتاغدىكى ئېكىن داۋىنىدا قار - شىۋىرغاننىڭ ھاسىل بولۇشى ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەتقىقاتى»**

بۇ تەتقىقاتتا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ مۇزلۇق توڭ تۇپراق تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق يەتتە ئورۇن تاماملىدى. ئۇ، 1993 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە دۆلەت تاشيولىنىڭ غول لىنىيىسى بولغان غۇلجا — ئۈرۈمچى — چاقىلىق تاشيولى تەجرىبە رايونى قىلىنغان بولۇپ، 20 نەچچە يىللىق سىناق باشتىن كەچۈرۈلدى. تاشيول لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېكىن داۋىنىدا كۆپ پەنلەر ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈپ بىرلىكتە ئۆتكەللگە ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. دالىدا ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىپ ئۆلچەش،

ئايرودىنا مىكىلىق تۇرۇبا مودېلى تۇرغۇزۇش ۋە كىش گورنىدا چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئوتتۇشمە شەكىللىك تېگىدىن شامال باشلاش ئاساس قىلىنغان قار يېمىرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېڭى تېخنىكىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بىر تەرەپتىن كۆزىتىپ ئۆلچەش، بىر تەرەپتىن تەجرىبە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قار - شىۋىرغان ئېقىمىنىڭ ھاسىل بولۇش نەزەرىيىسى ئومۇميۈزلۈك كۆرسىتىپ بېرىلدى، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش پرىنسىپى، ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەر شەكلى ئوخشاش بولمىغان شارائىتتىكى قار - شىۋىرغان ئېقىمى ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شامالدىن ئېروزىيىلىنىش ۋە دۆۋىلىنىپ ئالمىشىش مېخانىك قائىدىسى بويىچە لايىھىلەنگەن ئوتتۇشمە شەكىللىك تېگىدىن شامال باشلاش تېخنىكىسى خەلقئارادا تۇنجى قېتىملىق ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا قار - شىۋىرغان ئېقىمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى تاغلىق رايونلاردىكى قار - شىۋىرغاننىڭ زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى تەرەققىيات بولۇپ، ئون نەچچە يىللىق قار ئاپىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، بۇ ئارقىلىق تاغلىق رايونلاردىكى تاشيولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ناھايىتى زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىنىڭ تەييار بولۇش دەرىجىسى يۇقىرى، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ، ناھايىتى زور كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى، تەجرىبە ھېساباتى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ئەمەلىي قوللىنىلىش ئۈنۈمى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، ئىلمىي سەۋىيىسى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى خەلقئارادا ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

يىن جىڭيۈەن

## تارىم ئويمانلىقى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان قۇرغاق چۆللەردە يەر يۈزىنىڭ پارلىنىشىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىنىقى ۋە ئۇنىڭ مودېلى

بۇ تەتقىقاتنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مېخانىكا تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغانىدى، ئۇ، 1993 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى «تۈرى» ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاقسۇ گورىزونتال تەجرىبە پونكىتى سىناق قىلىپ كۆزىتىپ ئۆلچەش ئورنى قىلىندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى «تارىم ئويمانلىقىدىكى سۇ ئىسسىقلىقى ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات، يەنى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر» دېگەن مەخسۇس ئەسەر سۈپىتىدە «دېڭىز - ئوكيان» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىل 11 - ئايدا رەسمىي نەشر قىلىنغانىدى. بۇ كىتاب ئومۇمىي چۈشەنچە، يەر يۈزى رادىئاتسىيىسى بىلەن يېقىن يەر قاتلىمى ئاتموسفېراسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، يەر يۈزىنىڭ مىكرو كىلىمات خۇسۇسىيىتى بىلەن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارىنى ھېسابلاش، ماتېماتىكىلىق تەقلىدىي ئانالىز قىلىش، سۇ بىلەن مۇھىت، كۆزىتىپ ئۆلچەش تەجرىبىسىدىن ئىبارەت ئالتە بابقا بۆلۈنگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە، كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش بىلەن ماتېماتىكىلىق تەقلىد قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان قۇرغاق رايونلاردا يېقىن يەر يۈزى ئاتموسفېرا پاسىل قەۋىتىدىكى سۇلارنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىشى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، غەربىي شىمالدىكى قۇرغاق رايونلاردا سۇنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىشى بىلەن ماددىلارنىڭ ئېنېرگىيە مۇناسىۋىتى شەرھلەنگەن، قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسىدە سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش بىلەن ئىنسانلار پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىت ئۆزگىرىشىگە باھا بېرىلگەن، تەبىئىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا سۇ تېجەش تەدبىرلىرىنى توغرا تۈزۈپ چىقىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دائىر ئىلمىي ئاساس ۋە دەلىل - ئىسپاتلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان، دېمەك ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساسىي تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن لايىھىلەنگەن، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن ماتېرىياللار تولۇق، قوللىنىلغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر خېلى ياخشى (30 مېتىرلىق ھاۋارايى تۆمۈر مۇنارى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىردىنبىر كۆپ قاتلاملىق گرادىيېنتلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش مۇئەسسەسى ھېسابلىنىدۇ)، نەزەرىيىۋى تەھلىل بىلەن دەلىل - ئىسپاتلىرى ئىشەنچلىك بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قۇرغان رايونلىرىدىكى تۇپراق - ئۆسۈملۈك - سۇ- ئاتموسفېرادىن ئىبارەت ئومۇمىي تۈزۈلۈش سىستېمىسى بويىچە

بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. تەھلىل ماتېرىياللىرىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىش قىممىتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولۇپ، تەتقىقات سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن.

يىن جىڭيۈن

# فىزىكا

## «CaF2:Mn» ئىسسىقلىق چىقىرىپ يورۇقلۇقتا فوسفاتلىشىدىغان ئوپتىكىلىق ماتېرىياللار ۋە مىقدار سەپلىمىلىرى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا سانائىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات تۈرى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە «CaF2:Mn» ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان ئوپتىكىلىق ماتېرىياللار تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ ياسالدى ھەمدە ئۇنىڭ نۇر چىقىش مېخانىكىلىق قائىدىسى تەتقىق قىلىندى، يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچى بىلەن مانگان مىقدارى، كۆيدۈرۈش تېمپېراتۇرىسى بىلەن ھالىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆلچەپ سىنالدى. بۇ 1993 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە مۇنداق دەپ قارالدى: بۇ مەھسۇلاتنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى ئامېرىكىنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتىدىن ياخشى بولۇپ، ئۆلچەش تېخنىكىسى جەھەتتە چەكلىمە دەستىلىك نۇر رىشاتكا قۇرۇلمىسى تۇنجى قېتىم قوللىنىلىپ، ئەسۋابلارنىڭ ئۆلچەش دائىرىسى بىلەن بىردەكلىكلىكى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇ تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

سۇي پىڭ

## ئىسسىقلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى دەرىجىدە سۈمۈرۈشنى ئۆلچەيدىغان دوزا پېرىپارات ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش ئەھۋالى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى ھەيئىتى مەبلەغ ياردەم بەرگەن تۈر. 1993 - يىلى ئۆلچەش مىقدارى ئىنچىكىلىك، ئىشلىتىش ئەپلىك، كاشىلىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يۇقىرى دەرىجىدە سۈمۈرۈلگەن دوزىنى مۇتلەق ئۆلچەپ چىقالايدىغان، ئىسسىقلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى دەرىجىدە سۈمۈرۈشنى ئۆلچەيدىغان دوزا پېرىپارات تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ نەتىجە 1993 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە مۇنداق دەپ ھېسابلاندى: ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇپ ئالىيۇمىن تولۇقلايدىغان كالومېتىر ۋە مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئۆلچەپ تىزگىنلەش سىستېمىسى خەلقئارادا تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان. ئىسسىقلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالىيۇمىن سۈمۈرگۈچى جىسىملاردىكى سېلىشتۇرما ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىنىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى ئۆلچەنگەن، ئېلېكترون، ئىمپۇس، رېنتگېن نۇرىنىڭ رادىئاتسىيىلىك دوزىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلچەنگەن، «60Cor» مەنبەسىنىڭ رادىئاتسىيىلىك دوزىسى ۋە لىفىت مەنبەلىك دوزىنىڭ تارقىلىشى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، رادىئاتسىيە مەيدانى توغرىلانغان، كىرىمنى، ئالىيۇمىن سۈمۈرۈش دوزىسى ھەمدە چوڭقۇرلۇقنىڭ تارقىلىشى ئۆلچەپ چىقىلغان، دائىملىق دوزىمېتىرنىڭ تەسىرى بېكىتىلگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

سۇي پىڭ

## قاينام ئېقىنلىق ئىسسىقلىق سەزگۈچى سېنزور

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم تۇمانلاشتۇرۇپ قىزدۇرۇپ پارچىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۆلتىرا نازۇكلۇق شىنمىي ئىسسىقلىق سەزگۈچى ئىقتىدارغا ئىگە فارفور ماتېرىيال ياساپ چىقىلغان بولۇپ، نېيتراللىق ئىئونلارنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە كىرىستال كىرىتىك زەررىچىلىرىنىڭ ئارىلىق رولىدىن پايدىلىنىپ، ماتېرىياللارنىڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى، تۇراقلىقلىقى، «B» قىممىتى تۆۋەن، قارشىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك قىيىن مەسىلىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىندى. بۇ نەتىجە 1993 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، خەلقئارادا شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن، ئۇنى ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

سۇي پىڭ

«كۆپ تۈشۈكلۈك بىرىم ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئەملىششىكە سەزگۈر فارفور ماتېرىياللىرىنىڭ كونىراپ قېلىش ئېففېكتى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇراقلىقلىقى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى تاماملىغان دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى مەبلەغ ياردەم بەرگەن تۈر. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە كىرىستاللىق بىرىم ئۆتكۈزگۈچ فارفور ماتېرىياللىرىنىڭ ئەملىششىكە سەزگۈر بولۇش ۋە توك ئۆتكۈزۈش مېخانىزمى، ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى، مىكرولۇق تۈزۈلۈش خۇسۇسىيىتى، سىرتقى يۈزىنىڭ ئېلېكترونلۇق ھالىتى؛ تېگىشىش يۈزىنىڭ شوراپ يېپىشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى ۋە ئارىلاشما ئېففېكتىنىڭ ماتېرىياللارنىڭ كونىراپ قېلىشى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تۇراقلىقلىقىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. 1993 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئويۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە پۈتكۈل تۈر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ھەمدە ئىلمىي سەۋىيىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلاندى.

سۇي پىڭ

«تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا يۇقىرى ۋاكۇئۇملۇق سۇيۇق ئازوت ئىدىشلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى تاماملىغان بۇ تېخنىكىدا، ۋاكۇئۇم بىلەن تۆۋەن تېمپېراتۇرا تېخنىكىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى سۇيۇق ئازوت ئىدىشلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قوللىنىلىپ، سۇيۇلدۇرۇلغان ئازوتنىڭ ساقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بىرقاتار تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنىپ، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دائىر بىر يۈرۈش ئىلمىي، ئىلغار تېخنولوگىيە بارلىققا كەلتۈرۈلدى. رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ھەرخىل ئىقتىدار كۆرسەتكۈچلىرى ئىمپورت قىلىنغان ئەسلىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش كۆرسەتكۈچىگە يەتتى، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىراجىتى مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش باھاسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ نەتىجە 1993 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئويۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۈزلىغان كۆپلىگەن سۇيۇق ئازوت ئىدىشلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋە ئىشلىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

سۇي پىڭ

«CIMSD» — لىنىيىلىك ئونئۇبىرسال تەدبىر تىزگىنلەش ئەسۋابى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863» تەتقىقات تۈرى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئەمەلىي ۋاقىت، تەقلىدى بىلەن سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بەرپا قىلىندى، «CIMS» كۆپ تەرتىپلىك قۇرۇلمىلاردا قوللىنىلىدىغان، مەلۇم ئەقلىي ئىقتىدارغا ۋە ئەمەلىي قوللىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئونئۇبىرسال تەدبىر تىزگىنلىگۈچ تەتقىق قىلىپ ياسالدى ۋە تاماملاندى. ئۇ، تۈرلۈك سىستېمىلىق شارائىت، ئىقتىدار كۆرسەتكۈچى، سىستېما ھالىتىگە ئاساسەن، مۇناسىپ ھالدا ئەڭ ئەۋزەل تەدبىرلەرنى تاللىيالايدۇ. 1993 - يىل 8 - ئايدا بۇ تۈر دۆلەتنىڭ «863» تۈرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ياساش سىستېمىسىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەيدىغان تەدبىر تەتقىقاتى ساھەسىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ياساش سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى باسقۇچ ھالىتىدىن باشلانغان لىنىيىلىك تەقلىدىي ئۇسۇل مەسىلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغان، ئۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

سۇي پىڭ

## خىمىيە

«ئۆزگەرتىلگەن چېكىت يېغىدىن بىرىكمە ماي تولۇقلاش خورۇچىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىش ۋە قوللىنىلىش ئەھۋالى»

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم سانائىتى گورۇھى شىركىتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغانىدى، تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ تەتقىقات

تۆرىنىڭ تېمىلارنى تاللاش نىشانى توغرا، ئۆزگەرتىلگەن چېكىت يېغىدىن ئاربىلاشما ماي تولۇقلاش خورۇچى «GM－1» نى تەتقىق قىلىش لايىھىسى ۋە تېخنىكىلىق لىنىيىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مول چېكىت يېغى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئۇ، كۆن - خۇرۇمنىڭ ماي تولۇقلىغۇچى خۇرۇچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆن - خۇرۇم سانائىتىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئۆزگەرتىلگەن چېكىت يېغىدىن ياسالغان بىرىكمە ماي تولۇقلاش خورۇچى «GM－1» تەركىبىدە ئاكتىپ ماددا مىقدارى يۇقىرى، بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كىسلاتالىق ئىشقار بىلەن خرۇم سۇيۇقلۇقىنى تۇراقلاندۇرۇش، قاتتىق سۇغا بەرداشلىق بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى ماي تولۇقلاش خۇرۇچىنى ئىنچىكە يۇقىرى قوۋۋەتلىك تېرىسىنى ئاشلاشتا قوللاندى، ئۇنىڭ سىڭىشچانلىقى، يۇمشاقلىقى جەھەتتە ئۆزگەرتىلگەن قىچا يېغىدىن ياخشى، سۇلفات كىسلاتالىق ئىنەك پىتى يېغىدىن سۈپەتلىك، بولۇپمۇ سىڭىشچانلىقى خۇسۇسىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ روشەن. ماي تولۇقلاش خۇرۇچى ھەرخىل ئالىي دەرىجىلىك يۇمشاق كۆن - خۇرۇملارغا ماي سىڭدۈرۈشكە باب كېلىدۇ، ئۇنى كېڭەيتىپ قوللىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر بوشلۇقىنى تولدۇردى، بەمەلىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

زاڭ بىلى

# ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى

## ئاپتوموبىللىنى چۈۋۈماي تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ئاپتوماتىك خاتىرىلەش قورۇلمىسى

بۇ قورۇلما جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا تەتقىق قىلىپ ياساپ بەرگەن ئاپتوموبىلنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇ سىستېمىدا «PC» ئومۇمىي لىنىيىلىك سانائەت تىزگىنلىمىسى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئاجرىتىۋېتىلگەن ئاپتوموبىللارنى چۈۋۈماي تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قورۇلمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، بۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىللارنى چۈۋۈماي ئادەمسىز مەشغۇلات ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لىنىيىسى شەكىللەنگەن. بۇ قورۇلما كىشىلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتىپلا قالماي، ھەلكى يەنە ۋاقىت سىچوتچىكىنى كۆرۈش جەھەتتىكى سۈنئىي پەرقلەرنى تۈگىتەلەيدۇ. بۇ نەتىجە 1993 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە بۇ قورۇلمىنىڭ ئىشلىنىشى ئىشەنچلىك، ئۇ، ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئۇسۇلنى ئۆزگەرتكەن، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نازۇكلۇقى ۋە ئۈنۈمى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

سۇي پىڭ

## شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىستېمىسى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى 1993 - يىلى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىي ۋاقىتقا دائىر سانلىق مەلۇماتلار سىستېمىلىق ھالدا بىر گەۋدە قىلىنىپ، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قوللىنىلدى ھەمدە شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئەسلىدىكى بىر قىسىم مۇستەقىل ئۆلچەپ تىزگىنلەش سىستېمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ سىستېمىنىڭ ئومۇمىي قورۇلمىسى ئىلمىي، سىستېمىنىڭ نىشانى مۇۋاپىق، لايىھىلەش ئىدىيىسى ئىلغار. بۇ سىستېما 1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئېلىمىزنىڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتە ئۈلگىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلاندى.

سۇي پىڭ

## چوڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى تارماق ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى تاماملىغان تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئىبارەت. بۇ

سىستېمىدا كۆرۈنۈپ ھېسابلاشتۇرۇلغان تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئەسۋابى ئارقىلىق ئىش ئورنىدا ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئۆزگەرتىلىپ، مىكرو ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن پايدىلىنىلىپ، ئۈچ ئۆلچەملىك بىر تېمپېراتۇرا ئۆلچەش سىستېمىسى تەشكىل قىلىندى ھەمدە باش پونكىت ۋە تارماق پونكىتلار كابېل ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ سىستېمىدا ئېلېكتر قارشىلىق ماترىتسا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئۆلچەش نۇقتىسىنىڭ سىغىمچانلىقى چوڭايتىلدى. بۇ سىستېما 1993 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئويۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ سىستېمىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى ئاددىي، ئىشلىتىشى ئىشەنچلىك، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سۈرئىتى تېز بولۇپ، ئۇ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلەتكەن، ئامبارلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىغان؛ بۇ سىستېمىنىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ئەپلىك، ئۇ مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

سۈي پىڭ

**ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يۇڭيۇ» يۇمشاق دېتاللارنى سېتىش مەركىزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «‹يۇڭيۇ› ماركىلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يۇمشاق دېتال سىستېمىسى ‹VI. O›» ئېلېكترون سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ يۇمشاق دېتاللارنى تىزىملاش مەركىزىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، ھەمدە 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي يۇمشاق دېتال ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشتى، بۇ، «ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى قوغداش نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىنى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى بويىچە تۇنجى قېتىم تەستىقلىنىپ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان يۇمشاق دېتال ئاپتورلۇق ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يۇمشاق دېتاللار جامائەت خەۋپسىزلىكى، مائارىپ، پۇل مۇئامىلىسى سىستېمىلىرىدا ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدۇ، بۇ ماشىنا 100 يۈرۈشتىن كۆپرەك قۇراشتۇرۇلدى.

جاڭ رۇيىڭ

**مىكرو ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان، ماگنىتلىق تەتۈر ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق كەڭ ئېكرانلىق كوچا رەڭلىك ئېلان تاختىسى**

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان مىكرو ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان، 100 كۋادرات مېترلىق ماگنىتلىق تەتۈر ئايلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق كەڭ ئېكرانلىق كوچا رەڭلىك ئېلان تاختىسى 1993 - يىلى ئۈرۈمچى كېچىكىش يېغىنى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا بىناسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ، نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ماگنىتلىق تەتۈر ئايلىنىدىغان رەڭلىك روشەنلەشتۈرگۈچى ئېكران ھېسابلىنىدۇ. بۇ روشەنلەشتۈرگۈچى ئېكراننىڭ روشەنلەشتۈرۈش مودېلى ھەرخىل، سۈرئىتى تېز بولۇپ، ھەربىر بۆلەك سىنىپا خەتنى ئالماشتۇرۇشقا پەقەت ئالتە سىكۇنتتىن سەككىز سېكۇنتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ.

بۇ مەھسۇلاتنى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تەرەققىيات رايونى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات، دەپ ئېتىراپ قىلدى.

جاڭ گاۋجيەن

# ئاسترونومىيە

**مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ رادىئو تېلېسكوپ**

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز كەم 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىدا كېڭەيتىپ قۇرغان 25 مېترلىق ئانتېننا رادىئو تېلېسكوپ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەمدە خەلقئارالىق بىرلەشمە كۆزىتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى.

بۇ تېلېسكوپ ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىن تەخمىنەن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئۈرۈمچى ناھىيىسى گەنگۇ يېزىسىنىڭ شياۋفېڭلىياڭدىكى ئېگىزلىك ئوتلىقى مەنزىرە رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ نەنسەن كۆزىتىش پونكىتىدىكى ئەڭ چوڭ كۆزىتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئاساسىي تەتقىقات (يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش پىلانى) تەركىبىدىكى ئەڭ زور تەتقىقات تۈرى - «ھازىرقى زامان يەر پوستى ھەرىكىتى ۋە يەر شارى دىنامىكىسى تەتقىقاتى ھەمدە ئۇنى قوللىنىش» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

بۇ سىستېما 25 مېترلىق ئانتېننا، توققۇز چاستوتا دولقۇن بۆلىكىدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان قوبۇل قىلىش سىستېمىسى، يۇقىرى يىللىق ۋاقىت چاستوتا سىستېمىسى

(سەپلەنگەن ھىدروگېن ئاتوم سائىتى چاستوتىسىنىڭ تۇراقلىقلىقى $10^{-14}$ كە يەتكۈزۈلۈپ، 3 مىليون يىلدىمۇ بىر سېكۇنت پەرقلەنمەيدىغان قىلىنغان) ۋە ئىلغار سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەيدىغان ئاخىرقى ئۈچتىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۇ، «پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن ئاساسىي لىنىيىلىك ئىنتېرفېرومېتىر پونكىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى شاڭخەي، ئۈرۈمچى، كۇنمىڭ (قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ) نى تۇتاشتۇرۇپ، جۇڭگو بويىچە پەۋقۇلئاددە ئۇزۇن ئاساسىي لىنىيىلىك ئىنتېرفېرىنسىيىلىك تور شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ تور خەلقئارا ھەمكارلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى ياۋروپا تورىغا قاتناشتۇرۇلسا، ياۋروپا تورى بىلەن ئېلىمىزنىڭ شاڭخەي تورى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق تولۇقلىنىپ، «VLBI» نىڭ تەسۋىر ھاسىل قىلىش سۈپىتى ياخشىلىنىپ، پەرقلەندۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان سۈپەتلىك سۈرەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاسترو فىزىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

بۇ تېلېسكوبنىڭ پۈتتۈرۈلۈشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا يەنە بىر چوڭ ئاساسىي تەتقىقات مۇئەسسەسى قوشۇلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەش ئاپېتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. •

جاڭ گاۋچېن

### تىزگىنلىنىشنى يوقاتقان سۈنئىي ھەمراھنى توسۇپ كۆزىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئېلىمىز قويۇپ بەرگەن، يەر يۈزىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدىغان 15 - سۈنئىي ھەمراھ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە مىكرو ئېغىرلىق كۈچى تەجرىبىسىنى تۈگىتىپ يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا تىزگىنلىنىشنى يوقاتتى. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى بۇ سۈنئىي ھەمراھنى توسۇپ كۆزەتتى، نۆۋەتچى خادىملار بىر كېچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتتا پەرق نىسبەتەن زور بولغان ئەھۋالدا ئىككى قېتىم ئايلانغانلىقىغا دائىر ماتېرىيالنى قولغا چۈشۈردى، ئۇلار بۇ ماتېرىيالنى ھېسابلاپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى قېتىم ئايلانغانلىقىغا دائىر ماتېرىيالنىڭ ھەممىسى كېرەكلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇ، سۈنئىي ھەمراھنى توسۇپ كۆزىتىش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

جاڭ گاۋچېن

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

### «نەشپۈت ئۈسۈكچە مېۋىسىنىڭ پەيدا بولۇش مېخانىزمى ۋە ئۇنى تەڭشەپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ تەتقىقاتنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق سايدۇڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى تاماملىدى.

بۇ تەتقىقات ئارقىلىق نەشپۈتنىڭ ئۈسۈكچە مېۋىسى (ئەركەك جىنسلىق نەشپۈت) ۋە شۇ خىلدىكى مېۋىلەرنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشىنىڭ سورت ئىرسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. نەشپۈتنىڭ مېۋە شەكلى، ئادەتتە، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ بولىدۇ. ئۈسۈكچە مېۋىلەرنىڭ مېۋە شەكلى، ئادەتتە، نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، دائىم يېرىك پوستلۇق مېۋىلەيدۇ، سۈپىتى روشەن ھالدا تۆۋەنلەيدۇ. ئۇلاق شەكلى، ئوغۇت - سۇ شارائىتى، چاتاش دەرىجىسى، يەككە تۈپلەرنىڭ مېۋىلەرنى كۆتۈرۈش مىقدارى قاتارلىقلار، ئومۇمەن، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مېۋىلەرنىڭ دەسلەپكى ئوزۇقلىنىشىغا پايدىلىق بولغانلىكى شارائىتلارنىڭ ھەممىسى ئۈسۈكچە مېۋىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. گىببېرېللىن بىلەن نافتالىن سىركە كىسلاتاسىمۇ ئۈسۈكچە مېۋىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى، سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ كۆپ ئۈنۈملۈك تىئازول بىلەن ئېتېفون ۋە بىجيۇ ئۈسۈكچە مېۋىلەرنى ئازايتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا مېۋە شەكلىنى خىمىيىلىك تەڭشەپ تىزگىنلەش ئۇسۇلى تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلدى، ئۇ، نەشپۈتنىڭ ۋە كەنجى نەشپۈتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى يۇقىرى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. نەشپۈت دەسلەپتە چېچەكلەپ پورەكلەپ ئېچىلغىچە بولغان مەزگىلدە، يوپۇرماقلىرىغا 200 - 300 گرام - لىترلىق ئۈنۈملۈك تىئازول پۈركىگەندە چۆكمە ئۈسۈكچە مېۋە (چىشى جىنسلىق نەشپۈت) نى %90 تىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى، مېۋە مەھسۇلاتى ۋە قەنت مىقدارىنىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى. بۇ تەتقىقاتتا «نەشپۈت مېۋىسى گۈل كاسىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ياكى تۆكۈلۈپ كېتىشىنى نەشپۈتنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشنىڭ ئۆزى ئىلمىي ئەمەس» دېيدىغان كۆز قاراشنىڭ مۇھىم بىر يېڭىلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

«گۈڭگۈرتسىز ئالتۇن رەڭلىك قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش تەتقىقاتى»

بۇ تېمىنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. گۈڭگۈرتسىز ئالتۇن رەڭلىك قۇرۇق ئۈزۈم تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىد يوق. ئۇنى ئىشلەش تېخنىكىسى شۇكى، ھۆل ئۈزۈم. ئۈزۈم قۇرۇتۇش دورىسىنىڭ سۇدا ئېرىتىلگەن سۇيۇقلۇقىغا بىر نەچچە مىنۇت چىلىنىپ، گۈڭگۈرت بىلەن ئىسلىماي، كۆن ئۆيدە قۇرۇتۇلىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىنى خەلقئارادىكى شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

گۈڭگۈرتسىز ئالتۇن رەڭلىك قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلغان كۆك ئۈزۈمگە قارىغاندا تېز قۇرۇيدۇ، كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ ئاسان قۇرۇماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنى ئېلىمىز بويىچە قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا كېڭەيتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈم يېشىل قۇرۇق ئۈزۈمگە قارىغاندا ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەپ قىممەت باھالىق يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇشقا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگىنى ساقلاپ قېلىش بىر قەدەر ئاسان، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇددىتى ئۇزۇن، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، خەلقئارا باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يېشىل قۇرۇق ئۈزۈمنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بۇ تېما 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

«سېرىق پۇرچاقنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەندى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى ۋە سورت باھالىق ئىشخانىسى، شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، ئىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ھاۋارايى پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۆرۈق باشقۇرۇش باش پونكىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتى ھەمكارلاشتى.

بۇ تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. سورت كىرگۈزۈش، سورتنى سىناق قىلىش، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى كېڭەيتىش ۋە يېڭى سورتنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە: كىرگۈزۈلگەن سورت ۋە سورت لىنىيىسى 562 بولۇپ، كۆپ نۇقتىلاردا سىناق قىلىنىش ئارقىلىق 21 سورت لىنىيىسى رايونلار بويىچە سېلىشتۇرما سىناقتا قاتناشتۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن «بەينۇڭ - 2»، «4 - 79»، «دۇڭنۇڭ - 36»، «خېينۇڭ - 33» تىن ئىبارەت تۆت خىل سورت جەمئىي 13 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك يەردە كېڭەيتىلدى، چاتلاشتۇرۇپ سورت يېتىشتۈرۈش ۋە رادىئاتسىيىلىك سورت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىلىپ، جەمئىي 251 سورت كۆرۈپىلاشتۇرۇلدى، چاتلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 30% كە يەتتى. تاللاپ چىقىلغان تۆت سورت لىنىيىسىنىڭ ھوسۇلى «خېينۇڭ - 33» نىڭ ھوسۇلىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% تىن كۆپرەك ئاشتى، ماي مىقدارى 20% تىن كۆپرەككە يەتتى.

2. ئۈچ يىل سەرپ قىلىنىپ سېرىق پۇرچاق ئۇرۇقىنىڭ ئاقسىل ماددىسى، ماي مىقدارى، قاتتىقلىقلىقى، قوڭغۇز داغلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى تەجرىبە قىلىنىپ كۆزىتىلدى، قاتتىقلىقلىقنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەر تېپىپ چىقىلىپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سېرىق پۇرچاقنىڭ فىزىئولوگىيىسى، ئېكولوگىيىسى ۋە سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

3. سېرىق پۇرچاقنى بىرلىك مەھسۇلاتى 250 كىلوگرامدىن 300 كىلوگرامغىچە بولغان يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 143 - تۈەن - مەيدانىنىڭ 3 . 7 گېكتار يېرىدە ئۈلگە كۆرسىتىلدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، مو بېشىدىن 4 . 304 كىلوگرام

مۇسۇل ئېلىشتەك رېكورت يارىتىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تېما 1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە بۇ تەتقىقات ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

**«ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ئوزۇقلۇق ئالاھىدىلىكى، ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تېما شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق ـ ئوغۇت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى.

تېما گۇرۇپپىسى 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج قانۇنىيىتى، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىش ئالاھىدىلىكى، سانى ۋە ھەرخىل ئوغۇتلارنىڭ ئاپتاپپەرەسنىڭ ھوسۇلىغا ۋە سۈپىتىگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەر 50 كىلوگرام ئاپتاپپەرەس مېغىزى ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ياغلىق ئاپتاپپەرەسنى ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئەڭ ياخشى ئوغۇتلاش رېتسېپىنى ۋە مۇناسىپ ئوغۇتلاش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى تاللاپ چىقتى. ئەڭ ياخشى ئوغۇتلاش رېتسېپىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى ياغلىق ئاپتاپپەرەسكە ئىشلىتىدىغان ئوغۇتنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ياغلىق زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 ـ يىل ـ 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خەت ـ ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

جاڭ لياڭجيەن

**«قىزىلمۇچتا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەندى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، سانجى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بىلەن شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئۆسۈملۈك پاتولوگىيىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قاتناشتى، تۆت يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى:

1. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا قىزىلمۇچ مايسىلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى، ئاساسەن، فىتوفتوروز باكتېرىيىسى پەيدا قىلىدىغانلىقى ئېنىراپ قىلىندى ھەمدە 15 ئائىلىدىكى 50 تۈرداش ئۆسۈملۈكنىڭ كېسەللىنىش خۇسۇسىيىتى ئۆلچەپ بېكىتىلدى، بۇنىڭدىن 26 تۈرداش ئۆسۈملۈكنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇنىڭ ئالتىسى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى. فىتوفتوروز باكتېرىيىسىنىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئەھۋالى ۋە قىزىلمۇچنىڭ يۇقۇملىنىش يوللىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. تېما گۇرۇپپىسى قىزىلمۇچنىڭ فىتوفتوروز باكتېرىيىسىنى كېسەل پەيدا قىلغۇچى بەش خىل تىپقا ئايرىپ، مەملىكەت ئىچىدە بىر يېڭىلىق ياراتتى.

2. قىزىلمۇچتا بولىدىغان باشقا كېسەللىك زىيانداشلىقى، مەسىلەن: ۋىرۇس كېسەللىكى، قاقاچ كېسەللىكى، كۆك قۇرۇش كېسەللىكى، يىپچە قۇرت قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى، ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ «CMV» سى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئۈچ تىپقا ئايرىلىپ، مەملىكەت بويىچە بىر يېڭىلىق يارىتىلدى.

3. كېسەللىككە چىداملىق سورتلار تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 188 خىل سىناق ئۇرۇقى سورتى كىرگۈزۈلدى. شالغۇتلاشتۇرۇپ سورت يېتىشتۈرۈلۈش ئارقىلىق شالغۇتلاشتۇرۇلغان بىر ئەۋلاد تۆت جۈرە ئۇرۇق شالغۇت ئۈستۈنلۈكى قىلىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى. ئىككى يۇقىرى ئەۋلاد جۈرە ئۇرۇقىدىن فىتوفتوروز كېسەللىكىگە چىداملىق بىر سورت لىنىيىسى يېتىشتۈرۈلۈپ، ۋىرۇس كېسەللىكىگە چىداملىق ئەجداد ماتېرىيالى تاپشۇرۇلدى.

4. دورا ۋە كېسەللىككە چىداملىق قىزىلمۇچنى ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى جەھەتتە: رىدومىل، رىدومىل مانگان ـ سىنك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت فىتوفتوروز كېسەللىكىنى تورموزلايدىغان ئالتە خىل دورا ۋە فىتوفتوروز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تابلېتكىلار تېپىپ چىقىلدى؛ ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان جىبېڭلىڭ، ۋىرۇس A قاتارلىق دورىلار تاللاپ چىقىلدى؛ بېجىرىملىكىنى ساقلاش دورىسى ـ 1 ـ نومۇر ۋە 2 ـ نومۇر تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى. كېسەللىككە چىداملىق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى بېكىتىلدى. ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى جەمئىي 1300

گېكتاردىن كۆپرەك يەردە ئۆلگە كۆرسىتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، قىزىلمۇچتىن 16 مىڭ 649 توننا ھوسۇل ئاشتى.

بۇ تېما 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

جاڭ لياڭجيەن

ئەلا سۈپەتلىك كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلغان، شىخەنزە شەھەرلىك پاختىچىلىق تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناشقان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1988 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە بولغان 2 - نۆۋەتلىك ئەلا سۈپەتلىك كېۋەزنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش تۈرى ھېسابلىنىدۇ، كېۋەزنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن يېڭى بەش سورتى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى - 7» بۇ سورتنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ يېتىشتۈرگەن. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نام بەرگەن. بۇ سورتنىڭ تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 مىللىمېتىردىن 37 مىللىمېتىرغىچە، يەككە چىگىلىقى 4.5 گرامدىن 4.58 گرامغىچە، بىر گرامىنىڭ ئىنچىكىلىكى 7112 مېتىردىن 7590 مېتىرغىچە بولۇپ، تەركىبىدە قەنت ماددىسى يوق ياكى بولسىمۇ ناھايىتى ئاز. رايونلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىناق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 78.79 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى -3» نىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 28.3% ئاشقان، بۇ سورت بالدۇر پىشىش، ساغرىپ سولىشىپ قېلىش كېسەللىكىگە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

2. ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى - 9» . بۇ سورتنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭغا 1990 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نام بەرگەن. بۇ سورتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.64 مىللىمېتىر، تالاسىنىڭ يەككە چىگىلىقى 4.45 گرام، ھەربىر گرامىنىڭ ئىنچىكىلىكى 7348 مېتىر. رايونلار بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلغاندا، بىرلىك مەھسۇلاتى 79.13 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى -5» نىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 11.77% ئاشقان، بۇ سورت ساغرىپ سولىشىپ قېلىش كېسەللىكى، قۇرۇپ سولىشىپ قېلىش كېسەللىكىگە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

3. ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ ئارال كېۋىزى - 10» . بۇ سورتنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭغا 1990 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نام بەرگەن. بۇ سورتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 مىللىمېتىردىن 38 مىللىمېتىرغىچە، يەككە تالاسىنىڭ چىگىلىقى 4.3 گرامدىن 4.5 گرامغىچە، ھەربىر گرامىنىڭ ئىنچىكىلىكى 7500 مېتىر. رايونلار بويىچە سىناق قىلغاندا، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 87.2 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 22.4% ئاشقان. بۇ سورت بالدۇر پىشىش، يوپۇرماقتا داغ چۈشۈش كېسەللىكى، قارا كۆكىرىش كېسەللىكىگە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

4. قۇرغاقلىق كېۋىزىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ قۇرغاقلىق ئارا كېۋىزى -4» . بۇ سورتنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىلەن كۇچا پاختىچىلىق تەجرىبە پونكىتى ھەمكارلىشىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭغا 1992 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نام بەرگەن. بۇ سورتنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.53 مىللىمېتىر، يەككە تالاسىنىڭ چىگىلىقى 4.06 گرام، ھەربىر گرامىنىڭ ئىنچىكىلىكى 6108 مېتىر. قىراۋ چۈشۈشتىن ئىلگىرىكى ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 88.2 كىلوگرام بولۇپ، سېلىشتۇرما سورت «ھەربىيلەر كېۋىزى -1» نىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 2.58% كۆپىيىپ كەتتى، كېۋەز تەركىبىدە قەنت ماددىسى يوق ياكى بولسىمۇ ناھايىتى ئاز، ئۇ، ساغرىپ قۇرۇش كېسەللىكىگە چىداملىق.

5. قۇرغاقلىق كېۋىزىنىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ قۇرغاقلىق ئارا كېۋىزى -3» . بۇ سورتنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەكەن تەجرىبە پونكىتى بىلەن يەكەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭغا 1990 - يىلى ئاپتونوم

رايونلۇق زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى نام بەرگەن. بۇ سورتنىڭ تالا ئۇزۇنلۇقى 28.69 مىللىمېتىر، يەككە تالاسىنىڭ چىگىتلىكى 3.6 گرامدىن 4.2 گرامغىچە، ھەربىر گرامىنىڭ ئىنچىكىلىكى 5590 مېتىردىن 6597 مېتىرغىچە. 1986 - يىلى كېيىنلىك تارقالغان رايونلاردىكى مەھسۇلاتى «ھەربىيلەر كېۋىزى - 1» نىڭ مەھسۇلاتىدىن 11% تىن كۆپرەك يۇقىرى بولغانلىقى بايقىلىپ بېكىتىلدى.

يۇقىرىدىكى سورتلار جەمئىي 16 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى. يۇقىرىدىكى سورتلاردىن باشقا، يەنە يەتتە خىل سورت سىنىقى تاللاپ يېتىشتۈرۈلۈپ، 3 - نۆۋەتلىك كېۋەز سورتلىرىنى رايونلار بويىچە سىناق قىلىشقا قاتناشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

**«كېۋەز تالاسىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، تالانىڭ چىگىلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۇلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش»**

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەندى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ھاۋارايى ئىدارىسى، تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتناشتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، ماناس ناھىيىسى ليۇخۇدى يېزىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ھەمكارلاشتى. بۇ تەتقىقاتتا، ئاساسەن، تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى:

1. شىنجاڭدىكى كېۋەز تالاسىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى ۋە تالا چىگىلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئاساسەن، سورتلارنىڭ ئىرسىيەت خۇسۇسىيىتىگە ۋە مۇھىت شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولىدىغانلىقى، ئىچكى قەنت مىقدارى بىلەن سېللۇلوزا بىرىكىپ روشەن مەنپىي خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئالدىنقى باسقۇچتىكى سېللۇلوزانىڭ بىرىكىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدىغانلىقى، بىرىكىش جەريانى تەكشى ھەم ئاستا بولغان سورتلارنىڭ تالاسىنىڭ چىگىلىقى نىسبەتەن يۇقىرى، قەنت مىقدارى تۆۋەن بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

2. شىنجاڭدىكى كېۋەز تالاسىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى ۋە چىگىلىقىغا دائىر ئەھۋاللار ئېنىقلاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى پاختا تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىدا روشەن پەرق يوق، نەسەپلىك چىگىلىقى شەرقىي شىنجاڭدا ئەڭ ياخشى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەڭ ناچار، شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇراھال بولىدۇ. ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلارنىڭ چىگىلىقى «شىنجاڭ قۇرغاقلىق ئارا كېۋىزى - 2» نىڭ 606.7 مېگاپاسكال، «شىنجاڭ قۇرغاقلىق ئارا كېۋىزى - 1» نىڭ 586.1 مېگاپاسكال، «شىنجاڭ قۇرغاقلىق چىلگە كېۋىزى - 1» نىڭ 584.7 مېگاپاسكال، «ھەربىيلەر كېۋىزى - 1» نىڭ 546.1 مېگاپاسكال، چوڭ قىزىللىق كېۋەزنىڭ 512.9 مېگاپاسكال.

3. شىنجاڭ كېۋىزىنىڭ قەنت مىقدارى يۇقىرى، چىگىلىقى تۆۋەن بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى تېپىپ چىقىلدى. ئىچكى قەنت مىقدارى بىلەن چىگىلىقىنى، ئاساسەن، سورتلارنىڭ ئىرسىيەتچانلىقى بەلگىلەيدۇ. سىرتقى قەنت مىقدارىنىڭ يېپىشقاقلىقى يىپ ئىگىرگەندە يامىشىپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. سىرتقى قەنت مىقدارىنىڭ مەنبەسى، بىرىنچىدىن، كۆك پىت شىرنىسى، ئىككىنچىدىن، كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، قۇرغاق جايلاردىكى كېۋەز تۈپلىرىدىكى ھەسەل بېزى كۆپ مىقداردا سىرتقا ئېقىپ چىقىدۇ. تېمپېراتۇرا، ھۆل - يېغىن، قۇرغاق كىلىمات كېۋەزنىڭ نەسەپلىك چىگىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

4. تالا تەركىبىدىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنىڭ چىگىلىقىنى ئاشۇرۇشقا دائىر تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ بۇلار ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە كېڭەيتىش؛ كېۋەز كۆك پىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش؛ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىش؛ سۇ قويۇشنى توختىتىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈش؛ سۇ قوشۇش ئارقىلىق پاختىدىكى قەنت ماددىسىنى يوقىتىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

5. يۇقىرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن «شىنجاڭ قۇرغاقلىق ئارا كېۋىزى - 2» يەكەن ناھىيىسىدە 422.87 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، پاختىنىڭ ئېكسپورت قىلىشتا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 89.96% كە يېتىپ، يانداش سورت «ھەربىيلەر كېۋىزى - 1» نىڭ ئېكسپورت قىلىشتا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى (9.4%) تىن 80.56 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

**«پاختا تالاسىدىكى ئاق مومنى ئۆلچەش بېكىتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تېمىنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق «PE - 983» تىپلىق ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سپېكترو فوتومېتىر ۋە زەنجىرلىك شوراپ ئاجرىتىۋېلىش ئەسۋابى ئىشلىتىلىپ، شوراپ ئاجرىتىۋېلىش دورىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلىش ئىشى ئايرىم - ئايرىم تاماملىنىپ، شوراپ ئاجرىتىۋېلىش دورىسى ئېنىق بېكىتىلدى. پاختا تالاسى ئۈستىدە ھەرخىل ۋاقىت ۋە شوراپ ئاجرىتىۋېلىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى، ھەرخىل ۋاقىتتا ئاجرىتىۋېلىنغان ماددىلار ئۈستىدە ئىنفرا قىزىل نۇرى ئارقىلىق ئىز قوغلاپ تەسۋىر يېيىش ئېلىپ بېرىلىپ، پاختىدىكى ئاق مومنى يۇيۇپ ئادالىغاندىمۇ ياغدا ئېرىيدىغان باشقا ماددىلارنىڭ ئاجراپ چىقمايدىغانلىقىغا دائىر ئەڭ ياخشى شوراپ ئاجرىتىۋېلىش ۋاقتى ئېنىق بېكىتىلدى. بۇ ئارقىلىق پاختا تالاسى قەۋىتىدىكى ئاق موم سۈپىتىنى ئېنىق ئۆلچەپ بېكىتىش ئىشى ئىشەنچلىك، ئاددىي ئۇسۇل بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خەت - ئالاقە ئارقىلىق باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

جاڭ لياڭجيەن

**«شالنى سوغۇق قۇرۇق يەرلەردە شالاڭ ئۆستۈرۈپ، ماشىنىدا كۆچۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا - سايمان ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەندى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. تېما گۇرۇپپىسى ئۈچ يىل سىناق قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، جەمئىي 17 مىڭ 23 كۋادرات مېتىر قۇرۇق يەردە مايسا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى 121.5 گېكتار يەرگە ماشىنىدا كۆچۈردى، 270 گېكتار يەرنى تۈزلىدى، شالنى قۇرۇق يەردە شالاڭ ئۆستۈرۈپ ماشىنىدا كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا - سايماننى تەتقىق قىلىپ ياساش ئىشىنى تاماملىدى، بۇ ماشىنا - سايمانلار سەككىز يۈرۈش بولۇپ، ئۇلار «6ST − 8» تىپلىق توپا بوشىتىپ تاسقاش ماشىنىسى، «2BTP − 116» تىپلىق ئېتىزلاردا سۇلياۋ پەتنۇستا مايسا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى، «2BD − 60» تىپلىق ۋە «2BDY − 58» تىپلىق قۇرۇق يەردە شال مايسىسى ئۆستۈرۈشتە ئۇرۇق سېلىپ توپا كۆمۈش ماشىنىسى، «1JB − 4» تىپلىق شاللىقنى ھەيدەپ تۈزلەش ماشىنىسى، «2ZTR − 430» تىپلىق ئادەم سۆرەيدىغان مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسى، «2ZT − 9356B» تىپلىق ماتورلۇق مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسى ۋە مايسا كۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر ھەيدەپ تۈزلەش ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ مەشغۇلات ئۈنۈمى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە يەر تۈزلەش مەشغۇلات ئۈنۈمىگە قارىغاندا 3.99 ھەسسە يۇقىرى بولدى، تەننەرخى 50.4% تۆۋەنلىدى. توپا يۇمشىتىپ تاسقاش ماشىنىسىغا ئورنىتىلغان ئىشلەش ستانوكىنىڭ يۇمشاتقان توپا دانچىلىرى ئالتە مىللىمېتىردىن كىچىك بولۇپ، سائىتىگە ئۈچ توننا توپىنى يۇمشىتىپ تاسقىيالايدۇ، سېيالكىنىڭ ئۇرۇق سېلىش مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 737 گرامدىن 770 گرامغىچە بولۇپ، سائىتىگە 646 كۋادرات مېتىردىن 1329 كۋادرات مېتىرغىچە يەرگە ئۇرۇق سالالايدۇ. توپا كۆمۈش ماشىنىسى كۆمگەن توپىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىردىن بىر سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 95% — 100% كە يېتىدۇ. مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسىدا كۆچۈرۈلگەن مايسىلارنىڭ قۇر ئارىلىقى 30 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كاتەككە تۆت تۈپ كۆچۈرۈلىدۇ، كۆچۈرۈش چوڭقۇرلۇقى 1.5 سانتىمېتىر، تەكشى چۈشۈش دەرىجىسىنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى 86% كە يېتىدۇ، كۆچۈرۈلمەي قېلىش نىسبىتى 5% ئەتراپىدا بولىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ خىلدىكى تەتقىقات بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى «2BD − 60» تىپلىق قۇرۇق يەردە شال مايسىسى ئۆستۈرۈشتە ئۇرۇق سېلىپ توپا كۆمۈش ماشىنىسى مەملىكەت ئىچىدە مۇستەقىل ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

جاڭ لياڭجيەن

**ئوتلاقلاردا توپا بوشىتىپ ئوت - چۆپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى**

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەندى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئوتلاقچىلىق باشقارمىسى بىلەن سانجى شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى قاتناشتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى

ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنى ھەمكارلاشتى. ئەۋرىشكە ماشىنا تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغاندىن كېيىن، سانجى شەھىرى ئاشىلى قازاق يېزىسى، يۇشۇگۇ يېزىسى، سانجى چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭخەن رايونى لۇساۋگۇ يېزىسىدا كۆپ نۇقتىلار بويىچە سىناق قىلىندى، 310 گېكتار يەرنىڭ توپىسى بوشىتىلىپ ھەرخىل ئوت - چۆپ تولۇقلاپ تېرىلىپ، پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇ ماشىنىنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى سىناق قىلىپ ئۆلچەپ بېكىتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى توختامنامىدىكى تەلەپكە يەتتى. ئۇ، سائىتىگە بىر گېكتاردىن 1.5 گېكتارغىچە يەرگە ئۇرۇق سالالايدۇ، 13 گرادۇسلۇق يانتۇ يەرلەردە مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدۇ. پۇرچاق ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپ ئورۇقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەۋرىشكە ماشىنا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، ئوتلاقلاردا توپا بوشىتىپ ئوت - چۆپ تولۇقلاپ تېرىش ماشىنىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

جاڭ لياڭجيەن

## «(VA) زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكلىق تۇپراق تەركىبىدىكى فوسفوردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي پەن فوندى بىرلىكتە مەبلەغ ياردەم بەرگەن پەن تەتقىقات تۈرى. ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىز كۆپ ساندىكى زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز قىسمىدا بىرلىكتە ياشايدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ يىل سىناق قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى بارلىقى ئېنىقلاندى؛ «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىز ئارقىلىق چىكىتنى ئەملىگەندە، پاختا مەھسۇلاتىنى 5.2% تىن 25.7% كىچە ئاشۇرغىلى، كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنى 13.8% تىن 62.5% كىچە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ زىرائەتلەرنىڭ تۇپراقتىكى ئۈنۈملۈك ئازوت، فوسفورنى سۈمۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى ھەمدە فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ كېيىنكى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە فوسفورلۇق ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 18.6% تىن 76.5% كىچە ئۆستۈرگىلى، فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ كېيىنكى ئۈنۈمىنى 2.3 ھەسسىدىن 42 ھەسسىگىچە ئاشۇرغىلى، ئازوت ئوغۇتىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 12% تىن 33.9% كىچە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، «AP» قىممىتىدىن پايدىلىنىشنى تۇپراق تەركىبىدىكى ئازوتقا باھا بېرىشنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۈنۈمى قىلىشقا بولىدىغانلىقى يەنىمۇ ئېنىق بېكىتىلدى. «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ زىرائەتلەرنىڭ شورلىشىشقا چىداملىق بولۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى. سىناق نەتىجىسىگە ئاساسەن، زىرائەتلەر «VA» زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ ياردىمى بىلەن تۇپراق تەركىبىدىكى تۇراقلىق سۈپ «AL − P» ۋە «Ca8 − p» نى سۈمۈرۈپ پايدىلىنىدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ تەتقىقات 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئىلغارلار قاتارىدا تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

## ئورگانىك كومپلېكسلانغان مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت ئۆلكە بويىچە كۆرسىتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى

بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەنىدى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخبارات تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسى بىلەن تۇپراق - ئوغۇت پونكىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق باشقارمىسى قاتناشتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات تەتقىقات ئورنى، خېبېي يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلاشتى. ئورگانىك كومپلېكسلانغان مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت زىرائەتلەرنىڭ ئۆزلۈكلۈق ئېھتىياجىغا ۋە تۇپراق ئەھۋالىغا ئاساسەن، كۆپ خىل مىكرو ئېلېمېنتلارنى ئورگانىك كومپلېكسلاشتۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن سىستېمىلىق مەخسۇس ئوغۇت بولۇپ، مەھسۇلاتنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇش ۋە زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش رولىغا ئىگە. تېما گۇرۇپپىسى سىناق قىلىش، ئۆلكە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئورگانىك كومپلېكسلانغان مىكرو ئېلېمېنتلىق

ئوغۇتنى تېز كېڭەيتتى، ئۈچ يىلدا جەمئىي 402 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتتى، ئادەتتە زىرائەت مەھسۇلاتى 10% تىن 15% كىچە ئېشىپ، 126 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، كېڭەيتىش پىلانى بەش ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

بۇ تېما 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى ھەمدە ئورگانىك كومپلېكسلانغان مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتنىڭ كېڭەيتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاندى.

جاڭ لياڭجيەن

**«شىنجاڭدىكى چىۋىنخورلارنىڭ تۈرداشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ يېتىلمىگەن لىچىنكىلىرىنى مورفولوگىيىلىك تۈرگە ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ تېمىغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۈچ يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇشۇ تۈرداشنىڭ كەنجى ئائىلىسىگە تەۋە يېتىلگەن ھاشاراتلارنىڭ 1700 دىن كۆپرەك ئەۋرىشكىسى، 200 دىن كۆپرەك لىچىنكا ئەۋرىشكىسى، ئوزۇقلۇق پارازىت خوجايىنى لىچىنكىسىدىن تەخمىنەن 700 ى يىغىۋېلىندى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن 80 نۇسخىدىن كۆپرەك يىغىۋېلىندى، يېتىلگەن ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىش بوغۇملىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك پارچىسى ۋە لىچىنكا قاسراقلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك پارچىسىدىن 200 تال ياسالدى، مۇشۇ كەنجى ئائىلىگە تەۋە يېڭى تۈردىن 23 ى بايقالدى، تۆت تۈر جۇڭگودا يېڭىدىن خاتىرىلەندى، جۇڭگودىكى بۇ كەنجى ئائىلىگە تەۋە تۈرلەر يەتتە ئۇرۇقداش 15 تۈردىن 46 تۈرگە كۆپەيدى، شىنجاڭدا بىر ئۇرۇقداش بىر تۈردىن يەتتە ئۇرۇقداش 35 تۈرگە كۆپەيدى. شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تۈرنىڭ چىۋىنخور ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇلار توپلىغان ئومۇمىي ئەۋرىشكە سانىنىڭ 51.92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان؛ قوساقلىق ئىچنېئۇمون ھەرىسى ئۇرۇقدىشى ۋە چىۋىنخور ئۇرۇقدىشى شىنجاڭدىكى ئالاھىدە تۈر قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ يەتتىدىن يېڭى تۈرى بار. دۇنيادا ئاشكارىلانغان 20 ئۇرۇقداش بويىچە يېتىلگەن لىچىنكىلارنىڭ ئىندىكىسى ۋە جۇڭگودا ئاشكارىلانغان يەتتە ئۇرۇقداشقا تەۋە 46 تۈردىكى يېتىلگەن ھاشاراتلارنىڭ ئىندىكىسى تۈزۈپ چىقىلدى، دۇنيادا ئاشكارىلانغان بۇ كەنجى ئائىلىگە تەۋە 300 نەچچە تۈرنىڭ نامى ھەمدە ئۇنىڭ تارقىلىشى، پارازىت خوجايىنىغا دائىر ئاساسلىق ماتېرىياللار يېزىپ چىقىلدى. دۇنيا بويىچە چىۋىنخورلارنىڭ كەنجى ئائىلىسىگە دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بەرپا قىلىنىپ، دۇنيادا ئاشكارىلانغان بۇ كەنجى ئائىلىدىكى تۈرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كېيىنكى باسقۇچتا تۈرلەرگە ئايرىش تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. يېتىلمىگەن لىچىنكىلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىلىشىنى پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى ئېنىقلاندى ھەمدە يېتىلمىگەن لىچىنكىلارنى مورفولوگىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىش خۇسۇسىيىتى ئىلگىرى دائىم قوللىنىلىۋاتقان ھەرقايسى بوغۇملارنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، لىچىنكا قاسراقلىرىدىكى ئۇچلۇق سۆڭەكلىك تىكەنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى، ئاز كۆپ بولۇشىنىمۇ تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسى قىلىشقا بولىدىغانلىقى بايقالدى. جۇڭگودا ئاشكارىلانغان يەتتە ئۇرۇقداشقا تەۋە لىچىنكىلارنىڭ ئىندىكىسى ۋە شىنجاڭدا ئاشكارىلانغان تۈرداشقا تەۋە لىچىنكىلارنىڭ ئىندىكىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، لىچىنكىلارنىڭ مورفولوگىيىسى تەپسىلىي بايان قىلىندى.

شىنجاڭدىكى ھەرخىل تۇرمۇش شارائىتلىرىدا ياشايدىغان ئاساسلىق چىۋىنخورلار ۋە ئاساسلىق پارازىت خوجايىنى تۈرلىرى ئېنىقلاندى.


بۇ تېما 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

جاڭ لياڭجيەن

**«قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملانغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم پەن تەتقىقات تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

بۇ تەتقىقاتتا چەت ئەلدىن شوۋىيۇلىدىغان قوي نەسلى كىرگۈزۈلۈش ئارقىلىق، دورسېت قويى، سوففولك قويى،



شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، نەنسەن تەجرىبە نەسىللىك قوي فېرمىسى ئاۋستىرالىيە پەن - تېخنىكا خىزمىتى تەشكىلاتىنىڭ هايۋانات ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى ۋە هايۋانات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە تاماملىغان «ئۈچەي قۇرتى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ قويلارنىڭ توغۇش ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى» دېگەن تەتقىقات تۈرى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى باهالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

سۈرەتتە: تەتقىقاتچى خادىملار قويلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەمەكتە.

سۈرەتنى تەتقىقات ئىمىسى گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن.

چۆلن دورست قويى، شارولاي قويى ۋە گېرمانىيىنىڭ مېرىنوس قويى شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدىكى نەسىللىك قوشكېزەك توغىدىغان كىچىك قۇيرۇقلۇق خەنياڭ قويى، خوياڭ قويى ۋە مەكىت قويىنى ئىلى ۋە ئالتاي رايونلىرىدا يەرلىك يىرىك يۇڭلۇق قويى ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بىلەن مىتىسلاشتۇرۇپ گۇرۇپپىلاش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، مۇشۇ ئاساستا ئۈنۈملۈك مىتىس گۇرۇپپىسى بويىچە مىتىسلاشتۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، شۇ يىلى 110 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك قوي مىتىسلاشتۇرۇلدى. مىتىس قوشقارنىڭ شۇ يىلى بوردىلىپ قولدىن چىقىرىلغان چاغدىكى ئېغىرلىقى 35 كىلوگرامدىن ئېشىپ ئۆزى بىلەن تەڭ يەرلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ ئېغىرلىقىدىن ئوتتۇرا هېساب بىلەن 12 كىلوگرام ئاشتى. تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان فىزىئولوگىيىلىك تەڭشەپ تېزگىنلەش تېپىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىشنى تېزلىتىش دورىسى 200 مىڭ تۇياق قويغا ئىشلىتىلىپ، تېز سەمرىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، 20 كۈندە ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرامدىن بەش كىلوگرامغىچە ئاشتى، سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكى قويلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن %50 ئاشتى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پاقلان گۆشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈچ خىل يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېخنىكىسى ئىچىدىن ئون خىل يەككە تۈر تېخنىكىسىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل پاقلان گۆشىنى تۈجۈپىلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى تاللاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوي گۆشى ئىشلەپچىقىرىشىدا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى.

جۇاڭ شياۋچيۇ

**ئۈچەي قۇرتى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ قويلارنىڭ توغۇش ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى**

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، نەنسەن تەجرىبە نەسىللىك قوي فېرمىسى ئاۋستىرالىيە پەن - تېخنىكا خىزمىتى تەشكىلاتىنىڭ هايۋانات ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى ۋە هايۋانات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان، جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە پەن - تېخنىكا هەمكارلىقى «8555» تۈرى هېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باهالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باهالاپ بېكىتىش هەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارادا شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ هېسابلىدى.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئوتلاقلاردا قوي بېقىپ، كۆپ خىل ئېكولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ ئۈنۈمۈرسال تەسىرىنى كۆزىتىش ئارقىسىدا، ئۈچەي قۇرتى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئوزۇقلۇقنى تەڭشەپ تىزگىنلەش ئارقىلىق، قويلارنىڭ توغۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتىلدى. بۇ، بىر تۈرلۈك كۆلەم خاراكتېرلىك سىستېمىلىق قۇرۇلۇش تەتقىقاتى بولۇپ، خەلقئارادا تېخىچە بۇنىڭغا دائىر خەۋەر بېرىلمىدى. بۇ، ئېلىمىز بويىچە تۇنجى ئىجادىيەت هېسابلىنىدۇ.

بۇ تۈر تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق هەر كىلوگرام دورىغا 50 مىللىگرام پىرازىكۋانتېلنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە قويلاردىكى ئىنچىكە ئۈچەي شورىغۇچ قۇرتىنى يوقىتىشتا ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغانلىقى تۇنجى قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى هەمدە قويلاردا

بولىدىغان ئىنچىكە ئۆچەي قۇرتىنىڭ پەسىللىك ھەرىكەت ھالىتى ۋە ئويىراتيانۇس نىماتودىروز قۇرتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى بايان قىلىندى، بۇ خىل يېپىچە قۇرت تەبىئەت دۇنياسىدا 20C° . تېمپېراتۇرىدا ياشاۋېرىدۇ، بۇ خىل بايقاش بۇ خىل يېپىچە قۇرتنى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەشنى مۇھىم ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ تەتقىقاتتا يەنە نەسەن نەسىللىك قوي تەجرىبە فېرمىسىدىكى قويلاردا بولىدىغان ئاساسلىق گۇزۇقلۇق چەكلىگۈچى ئامىللار ۋە ئۇنىڭ قويلارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى، شۇنداقلا قوي يۇڭىنىڭ ئۆسۈشى ۋە چىڭلىق دەرىجىسىنىڭ پەسىل پەرقى؛ قاتارغا قېتىلغان قويلاردىكى ۋە ساغلىقلاردىكى ئاساسلىق پارازىتلىق ئۆچەي قۇرتىنىڭ پەسىللىك ھەرىكەت ئەھۋالى، پەرقى، شۇنىڭدەك ئۆچەي قۇرتىنىڭ يۇقتۇرۇشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان بەدەن ئېغىرلىقى كېمىيىپ كېتىش، قوي يۇڭى مىقدارىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەرتىپى، ئۇنۇمى ۋە پايدىسىنىڭ روشەن بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

بۇ تەتقىقات تۈرىدە يەنە ئوتلاقتا بېقىلىدىغان قويلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئېلېكترونلۇق تەقدىرلەش، قويلارنىڭ چوڭ قېرىنىغا بوففېر كاپسۇللۇق دورا ئىشلىتىش ئىشى ئىشلەندى، قوي يۇڭىغا رەڭ بېرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىلىپ، قوي يۇڭىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ئۆلچەپ چىقىلدى، خروم (VI) ئوكسىدلىق بوففېر كاپسولدىن پايدىلىنىلىپ، قويلار قوبۇل قىلغان ئوزۇقنىڭ مىقدارى كۆزىتىلدى ھەمدە بەدەن سىرتىدا ھەزىم بولۇش نىسبىتى ئۆلچەپ بېكىتىلدى، شۇنىڭدەك تېز سۈرئەتتە ئازوت مىقدارىنى بەلگىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىلىپ، قوي يۇڭىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى كۆزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

جۇاڭ شياۋچيۇ

**ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىلغان كالا ئىسپېرمىسى بىلەن دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرمىنىڭ بوغاز قىلىش نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى**

بۇ تۈرنى شىنجاڭ چارۋا مال ۋە ئوتياش قۇشلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، ئۇ، 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

بۇ تەتقىقات تۈرىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، فرانسىيىنىڭ «IMV» شىركىتىدىن ئېسپېرمىنى ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىدىغان پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنە كىرگۈزۈلۈپ، ئىسپېرما ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىلدى. تەجرىبىخانىدا ئىنچىكە نەيچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرمىنىڭ سۈپىتىگە دائىر يەتتە تۈرلۈك تېخنىكا كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى جەھەتتە 250 قېتىم ئۆلچەپ سىناش، سېلىشتۇرۇش، تاللاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق 0.25 مىللىلىتىر دورافورمىسىدىكى ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرما تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى ھەمدە ئۇنى دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرمىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۇنۇملۇك ئۇرۇق سانى، غەيرىي نورماللىق نىسبىتى، ئاكروزوما مۇكەممەللىك نىسبىتى، ھوشىغا كېلىش نىسبىتى، ياشاش ۋاقتى ھەمدە سەككىز سائەت ياشىغاندىن كېيىنكى ئۆي ھارارىتى ئاستىدىكى ئۇرۇقنىڭ ھاياتىي كۈچى قاتارلىق تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئىسپېرمىنىڭ ھاياتىي كۈچى 0.046، ئۇنۇملۇك ئۇرۇق سانى 2 مىليون 250 مىڭ دانە ئاشتى، غەيرىي نورماللىق نىسبىتى %2.58 تۆۋەنلىدى، ئاكروزوما مۇكەممەللىك نىسبىتى %7.39، ھوشىغا كېلىش نىسبىتى %8.2 ئۆستى، ياشاش ۋاقتى ۋە سەككىز سائەت ياشىغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى 0.026 ۋە 0.017 بولدى، دېمەك، ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەر دۆلەت ئۆلچىمىنىڭ ئىنچىكە نەيچىدە ئىسپېرما توڭلىتىش تەلىپىدىكى كۆرسەتكۈچكە يەتتى. 1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا بوغاز قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، بوغاز قىلىش نىسبىتى %84.55 كە يېتىپ، دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرمىغا قارىغاندا، 9.1 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، كېڭەيتىپ قوللىنىش بويىچە بوغاز قىلىش نىسبىتى %82.27 كە يېتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى دانىچە توڭلىتىلغان ئىسپېرما سەۋىيىسىدىن 12.27 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە ئىسپېرما توڭلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى تېمپېراتۇرىسى (110°C - تىن 150°C قىچە) ۋە ئەڭ ياخشى ئىسپېرما سۇيۇلدۇرۇش رېتسېپى تاللاپ چىقىلدى، كالا ئىسپېرمىسىنى ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىشنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات قائىدىسى ۋە ئىنچىكە سۇلياۋ نەيچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېخنىكا لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

شيۇڭ بىڭ

**مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچ تەتقىق قىلىپ ياسالدى**

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ ئاماملىغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەتقىقات تۈرى بولۇپ، 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

تېما گۇرۇپپىسى 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە شىنجاڭ رايونىدا تۇپراق تەركىبىدىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ، دائىم ئىشلىتىلىۋاتقان 12 خىل يەم بوغۇزنىڭ 102 خىل ئەۋرىشكىسىدىن 26 خىل ئېلېمېنتنى ئاللىۋېلىپ ئۆلچەپ ئانالىز قىلدى ھەمدە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان مىكرو ئېلېمېنتلىق ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئۈستىدە ئانالىز تەتقىقاتى ئېلىپ باردى، مۇشۇ ئاساستا، يەم - بوغۇز تەركىبىدىكى مىكرو ئېلېمېنت مىقدارى، ھەرخىل مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭ مىكرو ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياج ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خورۇچىنىڭ رېتسېپىنى بېكىتتى، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. رېتسېپ تاللاش ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مىنېراللىق ئېلېمېنتلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خورۇچىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى.

تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان سۈت كالىسىنىڭ مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭلۇڭلاشتۇرۇش خورۇچى سۈت كالىسىنىڭ ھەربىر سۈت بېرىش مەزگىلىدە يېڭى سۈت مىقدارىنى 450 كىلوگرام ئاشۇردى؛ مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچنى موزايغا يېگۈزگەندە ھەربىر موزاينىڭ ئېغىرلىقى كۈندە 100 گرامدىن كۆپرەك ئاشىدۇ؛ مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچنى بوردىلىدىغان قويغا يېگۈزگەندە قوينىڭ ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىش ئۈنۈمى مۇنداق بولىدۇ: قىبرى قوينىڭ ئېغىرلىقى سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكى قويغا قارىغاندا 45.56%، ئۆچكىنىڭ 24.77%، قارا كۆل قوينىڭ 40.09% يۇقىرى بولىدۇ؛ مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچنى گۆش چۈجىلىرىگە يېگۈزگەندە، ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى سېلىشتۇرما گۇرۇپپىدىكى چۈجىنىڭ ئېغىرلىقىدىن 17.01% ئاشىدۇ، يەم - بوغۇزنىڭ گۆشكە ئايلىنىش نىسبىتى 14.16% ئۆسىدۇ.



شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى ئاماملىغان مىنېرال ئېلېمېنتلىق ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساش تۈرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش تەتقىقاتلار بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

سۈرەتتە: تەتقىقاتچى خادىملار تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى خورۇچنىڭ بوردىلىدىغان قويغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىش ئورنىدا ئانالىز قىلماقتا.

سۈرەتنى تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى تەۋەتكەن

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، 300 مىڭ چۈجىگە مۇشۇ خورۇچ بېرىلدى، 362 مىڭ 600 قوي بوردالدى، ئۇ، 9400 سۈت كالىسىغا يېگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 5 مىليون 302 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جۇاڭ شياۋچيۇ

## ئىجتىمائىي پەن

**«شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي گۈمانىتارلىقى ئۈستىدە تەتقىقات»**

بۇ، «شىنجاڭنى رايونلار بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» (دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۈر قىلىپ بېكىتكەن، كانادا خەلقئارا تەرەققىيات تەتقىقات

مەركىزى مەبلەغ ياردەم بەرگەن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسەت تەتقىقات ئورنى يولغا قويۇش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرغان) تۈرگە دائىر مەخسۇس تەتقىقاتنىڭ بىرى. بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش ئىشى 1990 - يىلى باشلانغانىدى، «شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي گۈمانىتارلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسى 1993 - يىل 6 - ئايدا تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى.

بۇ مەخسۇس ئەسەردە شىنجاڭ رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ ئۆزگىرىش كۆلىمى، رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئانالىز، رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقى، تارقىلىشى، قۇرۇلمىسى؛ شىنجاڭدىكى سۇ - تۇپراق بايلىقىنىڭ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنى مەنپەئەتدار قىلىش ئىقتىدارى؛ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى بىلەن رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ سىغىمچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش؛ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە تەڭشەپ تىزگىنلەش لايىھىسى قاتارلىقلار ئۇقتىلىق ھالدا سىستېمىلىق تەھلىل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىب تېپىشى، تارقىلىشى، مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر مۇھىم مەزمۇنلار ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىگە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى دەلىللىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن باھا بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر تەدبىر ۋە ئوي - پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جىن يەن

**«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ 90 - يىللاردىكى تەرەققىياتى ۋە جۇڭگو» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى**

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە تەشەببۇس قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ 90 - يىللاردىكى تەرەققىياتى ۋە جۇڭگو» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدىن 60 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقانلار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتى جۇڭگوغا ۋە شىنجاڭغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ قوللىنىدىغان تەدبىرىمىز مۇنداق: ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىگە بولغان تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، بۇ رايونلارنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەسىرىنى توغرا ئىگىلەش لازىم؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، دىنىي پائالىيەت ئەھۋاللىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مەملىكەت ئىچىدە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى، دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش لازىم؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بازار مەسىلىسىگە قارىتا، بىزدە كەڭ پىكىر يولى بولۇشى، زور چارە - تەدبىر بولۇشى لازىم، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز لازىم، يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى جەھەتتە بىر قىسىم ئىجابىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش لازىم؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىنى رايونلاشتۇرۇش ۋە رايونلار ھەمكارلىقى مەسىلىسىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭغا قارىتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇش، شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن قاتنىشىش ئۈستىدە ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سودا مۇناسىۋىتىدىكى قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.

جاڭ يىڭ

ۋاڭ جاۋزۇي

**ئىككى ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاست بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈلدى**

1993 - يىل 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېزا مالىيە بوغالتىرلىقى تەتقىقات جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت ئىككى ئوبلاستىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، «شىنجاڭ بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ چىقتى.

تېما گۇرۇپپىسى تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «ئىككى ۋىلايەت ئىككى ئوبلاست بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە بۇ

جەمئىيەتنىڭ تەدبىر» ناملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى تاماملىدى.

دوكلاتتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى، نۆۋەتتە، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىلاردا دەسلەپكى بازارلارنى يېتىلدۈرۈش، دېھقانلارنى بازارغا قاتنىشىشقا يېتەكلەش، يېزا بازارلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە مۇنۇ مەسىلىلەر ساقلانماقتا: كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز، مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى ئاجىز، مۇلازىمەت ۋاستىلىرى قالاق، تېخنىكا جەمئىيەتنىڭ زاپاس كەمچىل؛ مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن كېيىن قېلىۋاتىدۇ. دوكلاتتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا مۇنۇ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1) يېزىلاردا كەسىپلەشكەن ئىش تەقسىماتىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 2) يېزا ئىگىلىكىدە سېلىشتۇرما مەنپەئەت بەكمۇ تۆۋەن بولۇش ۋە تۆۋەنلەپ كېتىشتەك يۈزلىنىشنى ۋاقتىدا تىزگىنلەپ، ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش، چوڭ بازارلارنىڭ سۈركىلىشىنى كىچىكلىتىش لازىم. 3) قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. 4) يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ليۇ جياجىن

## شىنجاڭنىڭ تۆمۈر يول بويىغا جايلاشقان رايونلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى پەن تەتقىقات خادىملىرىنى تۆمۈر يول بويىغا جايلاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەر — ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، شىخەنزە، بورتالا ۋە بايىنغولىنلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: 1980- يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان سېلىشتۇرغاندا، بۇ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەپتۇ. يېزا - بازار كارخانىسى 2419 دىن 49 مىڭ 395 كە، خادىمى 67 مىڭدىن 172 مىڭغا، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 108 مىليون يۈەنگە يېتىپتۇ، دېمەك، كارخانا 19.4 ھەسسە، خادىم 1.5 ھەسسە، تۇراقلىق مۈلكى 10.6 ھەسسە ئېشىپتۇ؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 147 مىليون يۈەندىن 2 مىليارد 48 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.9 ھەسسە ئېشىپتۇ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 221 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.8 ھەسسە ئېشىپتۇ؛ يارىتىلغان پايدا 39 مىليون 460 مىڭ يۈەندىن 146 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.7 ھەسسە ئېشىپتۇ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 2 مىليون 870 مىڭ يۈەندىن 100 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.9 ھەسسە ئېشىپتۇ. ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە، تۆمۈر يول بويىغا جايلاشقان يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان. 1991 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى رەتكە تۈرغۇزغاندا ئالدىنقى قاتاردىكى ئون ناھىيە (شەھەر) نىڭ توققۇزى تۆمۈر يول بويىغا جايلاشقان.

كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن: 1 - كەسىپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىپتۇ؛ 2 - كەسىپنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئەڭ تېز، كۆلىمى ئەڭ زور بولۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېتەكچى تارماقلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ؛ 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بوپتۇ، لېكىن يەككە ئىگىلىك ئاساس قىلىنىپتۇ. 2 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1991 - يىلدىكى تەرتىپى مۇنداق بوپتۇ: بىناكارلىق كەسپى 26.3% نى، پاختا توقۇمىچىلىق كەسپى 24.2% نى، خىمىيە سانائىتى كەسپى 8.9% نى، پاختا چىقىرىش كەسپى 6.2% نى، غەيرىي مېتال كانلىرىنى ئېچىش (ئاساسلىقى تۇزچىلىق) كەسپى 5.6% نى، كۆمۈرچىلىك كەسپى 4.8% نى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى (سېمونتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كەسپى 3.6% نى، ئىلمە توقۇمىچىلىق كەسپى 4.3% نى، مېتال ياسالمىلىرى كەسپى 3% نى، پولات پروكاتلاش كەسپى 2.5% نى ئىگىلىگەن. يۇقىرىدىكى ئون كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 88.5% نى ئىگىلەيدىكەن. نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە: 1) سۈرئىتى، قاتلىمى، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن. 1980- يىلدىن 1991 - يىلغىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 24.1% بولغان، لېكىن

مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 29% كە يەتكەن؛ 1991 - يىلى خادىملار ياراتقان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 7987 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 11 مىڭ 460 يۈەندىن 14.6% تۆۋەن بولغان. 2) مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىم، بازار كەمچىل. دېھقانلار توپلىغان مەبلەغ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلىگەن، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 3.915 يۈەنگە يەتكەن، ئائىلىلەرنىڭ چىقىمى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش چەكلىمىگە ئۇچرىغان. كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، پايدىسى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇغلانمىسى يېتىشمىگەن. بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇلنىڭ 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قالدۇقى 532 مىليون يۈەنگە يەتكەن، 1992 - يىل تاماملانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈچۈن بانكىدىن 222 مىليون قەرز ئېلىنغان، كارخانىلارنىڭ قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولغاچقا، داۋاملىق پۇل قەرز ئېلىش ئىشىمۇ قىيىنلاشقان. خادىملارنىڭ مەلۇماتى تۆۋەن، ساپاسى ناچار. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ناچار، دەرىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنىڭ شەھەرلەردىكى ئىستېمال بازارلىرىغا كىرىشى ناھايىتى قىيىن بولغان؛ دېھقانلار كىرىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولۇشىمۇ يېزا بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان.

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خادىملار يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە قارىتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەدبىر ۋە چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «كۆپ ساھەنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، كۆپ تەرەپتىن تۇتۇش قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم. مۈلۈكچىلىكى ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارغا باپباراۋەر مۇئامىلە قىلىنىپ، داغدۇغىلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنى ئادىل سىياسىي مۇھىتقا قويۇپ، باراۋەر رىقابەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. 2) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق يېتەكچى كەسپى ھېسابلىنىدۇ، تۆمۈر يول بويىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇھىم نۇقتىنى، تەدرىجىي ھالدا، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قارىتىشى لازىم. 3) ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىپ، مەبلەغ ۋە ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

خۇاڭ جۈن
ژاڭ جاۋرۇي

**قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى**

1993 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدىكى بەش پەن تەتقىقات خادىمى قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن 43 بوۋاي ۋە مومايىنى تەكشۈردى. 43 نەپەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بۇلارنىڭ 30 ى ئەر، 13 ى ئايال.

بۇ 43 كىشىنىڭ بىرى قەشقەر شەھەر رايونىدا تۇرمۇش كۆچۈرگەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۆزۈن مۇددەت يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلار سەھەردە ئىشقا چىقىپ، كەچ كىرگەندە ئارام ئېلىشتەك دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن، بىر قىسىم بوۋاي - مومايلار ھازىرغىچە يېنىك دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان؛ ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى شۇ يەردىكى رايونلار ئىچىدە ئوتتۇراھال سەۋىيىدە ئىكەن، پەقەت بىردىنىي زاتنىڭ تۇرمۇشى خېلى باياشات ئىكەن؛ توققۇز كىشى نامراتلىقتا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن؛ ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئاساسلىقى، دەريا سۈيى ياكى كۆل سۈيىنى ئىچىدىكەن، قۇدۇق سۈيى ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن؛ كۆممىقوناق، بۇغداي ئۇنىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن، مېۋە - چېۋىنى ناھايىتى كۆپ يەيدىكەن، ياز، كۈز پەسىللىرىدە كۆپ ھاللاردا يېڭى مېۋە - چېۋىلەرنى يەيدىكەن، قىش پەسلىدە قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەرنى قوشۇمچە يېمەكلىك قىلىدىكەن، بولۇپمۇ ياڭاق يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، گۆش ۋە سۈتنى ئانچە كۆپ ئىستېمال قىلمايدىكەن؛ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مىجەزى چىقىشقاق، كەڭ قورساق، پەرزەنتلىرى ۋاپادار ئىكەن، دىنغا چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىدىكەن.

لى شياۋشيا
ژاڭ جاۋرۇي

**قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى**

1993 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى مۇقىملىق ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، جىنايى ئىشلار قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا يولۇققان قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكى

نەتىجىلەرگە ئېرىشتى:

1. ليەن جېنخۇانىڭ باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشى، ۋەن كەيفېڭ، خې يۇنلۇڭلارنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك قىلىشى بىلەن «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىساد - سودا نىزامىدىن تاللانما» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى. بۇ كىتابقا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، مۈلۈكچىلىك قانۇنى، يەر قانۇنى، ئىجارىگە بېرىش قانۇنى، چەت ئەل بىلەن بولغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە دائىر توپ قانۇن، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى، بانكا قانۇنى، تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش قانۇنى ھەمدە ھەرخىل باج قانۇنى، باج نىسبىتى قانۇنى قاتارلىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي سودا ئىشلىرىغا دائىر نىزاملار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى بېرىش - كېلىشىنى قانۇنىي ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

2. ليۇشوگۇ يېزىپ چىققان، ليەن جېنخۇا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن «قاتناش ھادىسىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاب جۇڭگو قاتناش نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. پۈتۈن كىتاب 15 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، خەت سانى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭدا ئېلىمىزنىڭ تاشيول قاتنىشى ھادىسىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، ئېغىر زىيانلار، ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، توپ ئالاھىدىلىكى، ھەرخىل قائىدىلەر ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

3. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ھەمدە ماۋزېدوڭ، دېڭ شياۋپىڭلارنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ليەن جېنخۇا

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىقتىساد، پىلان، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، كارخانا باشقۇرۇش، يېزا ئىقتىسادى، سانائەت ئىقتىسادى، تاۋار ئىگىلىكى، ماددىي ئەشيا ئىقتىسادى، تەمىنات - سودا ھەمكارلىقى ئىقتىسادى، ئەمگەك، باج ئىشلىرى، باھا، ستاتىستىكا، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، پەنلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق 40 نەچچە ئىلمىي جەمئىيەت تاللاپ كۆرسەتكەن ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلاردىن بولۇپ جەمئىي 100 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا جەمئىي 150 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. يىغىندا 86 ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى، 40 نەچچە كىشى يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇنلار مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. جانابىل «نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى قانداق قىلغاندا تېزلەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە يولغا قويۇشقا بولىدىغان كۆپلىگەن پىكىر ۋە لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلار، ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش، تەقسىمات تۈزۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش قاتارلىقلارغا دائىر نۇرغۇنلىغان كونكرېت مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ.

ۋاڭ شىنخې

## بازار ئىگىلىكى ۋە پاي تۈزۈمى مۇھاكىمە يىغىنى

شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى تەشەببۇس قىلغان بازار ئىگىلىكى ۋە پاي تۈزۈمى مۇھاكىمە يىغىنى 1993 - يىل 7- ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەرقايسى ساھەلەردىن كەلگەن 130 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، شىنجاڭ لېنتىلىق توز زاۋۇتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ماشىنىلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش شىركىتى، شىخەنزە ئاپتوموبىل رېمونت باش زاۋۇتى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى «دوستلۇق سودا» سارىيىدىن ئىبارەت يەتتە ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا قانداق قىلىپ ئۆز كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش ياكى پاي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپ، كارخانىدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا دائىر تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى

## «12 مۇقام» تەتقىقات نەتىجىلىرى سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت -

تەشۋىقات مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 1993 - يىل 9. ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تىپتىكى كلاسسىك بىر پۈرۈش مۇزىكىسى «12 مۇقام» تەتقىقات نەتىجىلىرى سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى نوتىغا ئېلىش ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى نوتىغا ئېلىپ رەتلەش خىزمىتى غەلىبىلىك ئورۇندالغان ھەمدە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەنىدى.

نۆۋەتتە، «12 مۇقام» نىڭ نوتىسى ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ ئېنگلىزچە، رۇسچە، ياپونچە، تۈركچە نۇسخىلىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتىمۇ تۇتۇش قىلىندى.

«12 مۇقام» تەتقىقاتى، ئومۇمەن، ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى، 1 - باسقۇچتا، يەنى 50 - يىللاردا «12 مۇقام» لېنتىغا ئېلىندى ھەمدە تۇنجى قېتىم نوتىغا ئېلىنىپ نەشر قىلىندى؛ 2 - باسقۇچتا «12 مۇقام» سەھنىگە ئېلىپ چىقىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئورۇندالدى؛ 3 - باسقۇچتا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىلىپ، «12 مۇقام» نوتىسى خاتىرىلەندى، تېكىستى رەتلەندى، ئۇ، كۆپ خىل تىللاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى

**«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى**

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قىرغىزىستان، قازاقىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، ياپونىيە، گېرمانىيە، موڭغۇلىيە، ئامېرىكىدىن كەلگەن ئالىملار ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىدىن بولۇپ جەمئىي 60 نەچچە كىشى قاتناشتى، ئۇيغۇر ئالىملار يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئازكەم يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ.

مۇھاكىمە يىغىنىدا 43 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 40 ئالىم يىغىندا سۆز قىلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 1986 - يىلى ۋە 1991 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاساسىدا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمى، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بويىچە بىرقەدەر چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

ليۇ بىڭ

**شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى**

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. دوكلات يىغىنىدا 17 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى پەلسەپە، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىشلار، مىللەت ۋە دىن نەزەرىيىسى، خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتى، كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭغا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، ماركسىزم نەزەرىيىسىگە قوشقان كۆپ تەرەپتىكى تۆھپىسى بىرقەدەر ئەتراپلىق شەرھلەنگەن.

ۋاڭ جاۋرۇي

**ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ 1993 - يىللىق مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلىرى**

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئاساسلىق ئۇيۇشتۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇنلار | ئاساسلىق مەزمۇنى |
|---|---|---|---|
| ماكرولۇق ئىقتىسادىي ئايلىنىش مۇھاكىمە يىغىنى | 3 | شىنجاڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ئۇچۇرى جەمئىيىتى | ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشىغا دائىر يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلدى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتى باش كاتىپلىرى يىغىنى | 3 | شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن، ئىلمىي جەمئىيەتنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە قانداق قىلىپ ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، ھەقلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماشىنىسازلىق ئېلېكترون كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىش ۋە نىزامنى ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى | 3 | شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترونلۇق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى | يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىش داۋامىدا يولۇققان مال - مۈلۈك ھوقۇقى، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ بىناكارلىق كارخانىلىرى مەسىلىسى سۆھبەت يىغىنى | 4 | شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى | يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىناكارلىق ساھەسىدە ئىسلاھات داۋامىدا كۆرۈلگەن قۇرۇلۇش پۇلىنى سۆرۈۋېتىش، بىناكارلىق بازارلىرىنىڭ قانۇنلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، باراۋەر رىقابەتلىشەلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ ئاياللار مەسىلىسى ۋە بازار ئىگىلىكى مەسىلىسى سۆھبەت يىغىنى | 5 | شىنجاڭ ئاياللار نەزەرىيىۋى تەتقىقات جەمئىيىتى | يىغىندا، ئاساسەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاياللار دۇچ كەلگەن ھەرخىل مەسىلىلەر ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى مۇھاكىمە قىلىندى |
| ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيەسىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مالىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | شىنجاڭ مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىندا، ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى قانداق ھەل قىلىش ۋە مالىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش نىشانى مۇھاكىمە قىلىندى |
| ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىش مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | شىنجاڭ ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن، ئەمگەك تارماقلىرىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئارخىپ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | شىنجاڭ ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | پارتىيىۋىلىك بىلەن ئىلمىيلىكنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارخىپ چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەم ئۇقۇم دائىرىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| پارتىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 6 | شىنجاڭ پارتىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى | پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، پارتىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى ئاپپاراتلىرى ئۆزگەرتىپ سايلاندى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى | 7 | شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتى | كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانداق قىلغاندا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| ئەمگەك نەزەرىيىسى ئۇچۇرى يىغىنى | 10 | شىنجاڭ ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن، ئەمگەك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر ئەڭ يېڭى نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۇچۇرلىرى ئالماشتۇرۇلدى |
| مەبلەغ توپلاش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | شىنجاڭ مەبلەغ ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر ۋە قانداق قىلىپ مەبلەغ توپلاش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيە قۇرۇشقا دائىر نەزەرىيىسى ۋە تەلىماتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى | 11 | شىنجاڭ ئاياللار خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتى | يىغىندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا ئاياللار دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يولى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش دوكلات يىغىنى | 11 | شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاساسەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخقا دائىر نەزەرىيىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۇھاكىمە قىلىندى |

ساۋ شىنشىڭ

## ئاتۇشتا ئەڭ

— ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ داڭلىق، ئەنجۈرلۈك باغ كۆلىمى 3500 مو بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2000 تونna، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

— شىنجاڭ بويىچە ئاتۇشتا ئەڭ بۇرۇن پەننىي مەكتەپ (باشلانغۇچ) قۇرۇلغان. (1883 - يىلى ئىكساق كەنتىدە قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان).

— ئاتۇشتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلغان. (1907 - يىلى).

— ئاتۇشتا پۇتبول ئويناش شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن باشلانغان. (1910 - يىللىرى باشلانغان).

— ئاتۇشتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن مەسچىت سېلىنغان.

# مائارىپ

**«ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى**

1993 ‐ يىل 12 ‐ ئاينىڭ 29 ‐ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش توغرىسىدا تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل يىغىندا سۆز قىلدى ھەمدە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۈچ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئالدى بىلەن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، مائارىپنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم. «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىش كېرەك.

2) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپقا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرەلمەيۋاتقان جايلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تولۇق بېرىپ بولۇشى كېرەك. 1994 ‐ يىل 1 ‐ ئاينىڭ 1 ‐ كۈنىدىن باشلاپ ئىش ھەققى بېرىشنى كېيىنگە سۈرەش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ‐ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئەھۋالى يەنە كۆرۈلسە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە خادىملار قانۇن بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاكتىپ ئامال تېپىپ، شەھەر، بازار، يېزا كەنتلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇزاقتىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ۋە ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. مالىيە ۋە سەھىيە نازارەتلىرى ئىمكان قەدەر تېز مۇزاكىرە قىلىپ، لايىھە قويۇشى كېرەك.

3) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تۈپ قانۇن ئاساسى ۋە كاپالىتىگە ئىگە قىلدى. جايلار ئالدى بىلەن 1994 ‐ يىلدىن 2000 ‐ يىلغىچە بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىدىن «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان قانۇننى ئىمكان قەدەر تېز تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ ماقۇللانغاندىن كېيىن يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرمەسلىك ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر بولغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ‐ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەم خوتەن، قەشقەر، تارباغاتاي، سانجى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە 1993 ‐ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 20 مىليون 330 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكى ئاساسىي جەھەتتىن بېرىپ بولۇندى.

جۇ يۈ

**ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمەت يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمەت يىغىنى 1993 ‐ يىل 2 ‐ ئاينىڭ 14 ‐ كۈنىدىن 17 ‐ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ‐ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن ھەمدە ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە مائارىپ ئىدارىلىرى، مائارىپ باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى.

يېقىندا ماتارىپنىڭ سۈپىتىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ماتارىپ خىزمىتىدە مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش جەھەتلەردە يېڭى يۈسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ماتارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بېكىتمە» سىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جاناپىل تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ماتارىپ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشكە بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، ماتارىپنى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى ماتارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىدى قىلىپ، ماتارىپنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ماتارىپقا مەسئۇل تارماقلار ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز رايونىنىڭ ماتارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

جۇ يۈ

## ماتارىپ خىراجىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماتارىپ خىراجىتى 2 مىليارد 181 مىليون 662 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %20.13 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەردەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتى %23.84 نى، يەرلىك ھەردەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى %76.16 نى ئىگىلىدى. ماتارىپ خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە دۆلەت مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى ماتارىپ خىراجىتى %66.08 نى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 0.88 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يىغىپ ماتارىپقا سەرپ قىلغان باج ۋە ھەقلەر %3.4 نى ئىگىلەپ 1.5 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ كارخانىلار باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ماتارىپ خىراجىتى %26.79 نى ئىگىلەپ، 0.09 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ مەكتەپلەر باشقۇرغان كەسپلەر، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كىرىملىرىدىن ماتارىپقا سەرپ قىلىنغىنى %3.27 نى ئىگىلەپ، 0.37 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ دۆلەت مالىيەسى خاراكتېرىدىكى باشقا ماتارىپ خىراجەتلىرى %0.46 نى ئىگىلەپ، 2.84 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

ماتارىپ خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئاپتونوم رايون يەرلىك مالىيەسىنىڭ خام چوتى ئىچىدە ماتارىپ ئىشلىرىغا ئەمەلىي ئاجرىتىلغان خىراجەت 1 مىليارد 73 مىليون 137 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %12.16 ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەرلىك ماتارىپ كەسپىي خىراجىتى ئىچىدە شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان خىراجەت %82.49 نى ئىگىلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.69 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى؛ ئومۇمىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان خىراجەت %17.51 نى ئىگىلەپ، 2.69 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

يەرلىك ماتارىپ كەسپىي خىراجىتى ئىچىدە ئالىي ماتارىپ خىراجىتى 130 مىليون 320 مىڭ يۈەن (ئادەتتىكى ئالىي ماتارىپ خىراجىتى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار خىراجىتى، چوڭلار ئالىي ماتارىپ خىراجىتى، ماتارىپ شۆبىيەلىرى خىراجىتى، تېلېۋىزىيە داشۆسى خىراجىتى ۋە كەسپىي داشۆلەر خىراجىتى شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، %12.14 نى ئىگىلىدى؛ ئادەتتىكى ماتارىپ خىراجىتى 942 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %87.86 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەردە شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %63.03 نى، ئومۇمىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %36.97 نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك شىفەن مەكتەپلىرىدە شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %67.26 نى، ئومۇمىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %32.74 نى ئىگىلىدى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %84.26 نى، ئومۇمىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %15.74 نى ئىگىلىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شەخسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %90.92 نى، ئومۇمىي ئېھتىياج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى %9.08 نى ئىگىلىدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ كومىتېتىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى كىرىمى 272 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %27.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپلەر باشقۇرغان كەسپلەر، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتىن كىرگەن كىرىم 72 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى كىرىمنىڭ 26.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يىغىپ ماتارىپقا سەرپ قىلغان باج ۋە ھەق كىرىمى 77 مىليون 703 مىڭ يۈەن بولۇپ، %28.52 نى ئىگىلىدى؛ ئوقۇش خىراجىتى كىرىمى 80 مىليون 302 مىڭ يۈەن بولۇپ، %29.48 نى ئىگىلىدى؛ ئىئانە ۋە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش كىرىمى 17 مىليون 133 مىڭ

يۈەن بولۇپ، 6.29% نى ئىگىلىدى؛ باشقا كىرىملەر 24 مىليون 732 مىڭ يۈەن بولۇپ، 9.08% نى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى مۇنداق تەڭشىدى: 1) بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنغان ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغان ئوقۇش خىراجىتى: تولۇق كۇرس ۋە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى 500 يۈەن، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى 400 يۈەن؛ 2) پۇل تۆلەپ ئوقۇيدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغان ئوقۇش خىراجىتى: تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ تىببىي ۋە سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2600 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە ۋە چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2300 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2000 يۈەن، تېخنىكومنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1800 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە ۋە چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1500 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1200 يۈەن؛ 3) چوڭلار مائارىپى ئالىي مەكتەپلىرى ۋە تېخنىكوملىرىدا ئوقۇيدىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغان ئوقۇش خىراجىتى: ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغان ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2500 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1800 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن يېرىم ئايرىلغان ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2100 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1600 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1300 يۈەن، ئىشتىن سىرتقى ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1600 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1100 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 800 يۈەن. ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغان تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1600 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1200 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1000 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن يېرىم ئايرىلغان تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 1400 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 800 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 600 يۈەن، ئىشتىن سىرتقى تېخنىكوم سىنىپلىرىدىكى تىببىي، سەنئەت كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 900 يۈەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 500 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن، قانۇن، مالىيە كەسىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 400 يۈەن؛ 4) سىرتتىن ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغىنى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن دەپ ئايرىماي 600 يۈەن، سىرتتىن ئوقۇيدىغان تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغىنى ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن دەپ ئايرىماي 400 يۈەن؛ 5) ھاۋالە بويىچە تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى مەكتەپ بىلەن ھاۋالە قىلغۇچى ئورۇن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ؛ 6) ئادەتتىكى ۋە چوڭلار مائارىپ بويىچە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر ئوقۇش يىلىدا تۆلەيدىغان ياتاق پۇلى: ئادەتتىكى ياتاقنىڭ 150 يۈەن مېھمانخانىلاشقان ياتاقنىڭ 300 يۈەن.

شىڭ دۇنچۈەن

### ئاسپىرانتلارنىڭ ۋە شىفەن ئالىي مەكتەپلىرى، تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئاسپىرانتلىقنى شىفەن ئالىي مەكتەپلىرى، تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈرگەن 7464 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاسپىرانت 233، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى (شىفەن خاراكتېرىدە بولمىغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملاردىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر مۇشۇنىڭ ئىچىدە) 2251، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شىفەن مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر 4980. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دە تەربىيىلەنگەنلەر 350، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەنلەر 7114.

1993 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش خىزمىتىدە تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپ كۆرۈشۈش، قوش يۆنىلىشلىك تاللاش ۋە پىلان ئارقىلىق تەڭشەش چارىسى قوللىنىلىپ، «ياخشى ئوقۇغۇچىلار ياخشى تەقسىم قىلىنىش سىياسىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ چەت جايلارغا

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 - يىللىق مائارىپ خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

بىرلىكى: 1000 يۈەن

| تۈرى | جەمئىي | | | كەسپىي خىراجەت چىقىمى | | | ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك ئورۇن | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك ئورۇن | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك ئورۇن |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2181662 | 520010 | 1661652 | 1967704 | 482784 | 1484920 | 213958 | 37226 | 176732 |
| 1. دۆلەت مالىيەسى خاراكتېرىدىكى مائارىپ خىراجىتى | 2003215 | 511298 | 1491917 | 1832777 | 475665 | 1357112 | 170438 | 35633 | 134805 |
| 1) خام چوت ئىچىدىكى مائارىپ خىراجىتى | 1323794 | 55552 | 1268242 | 1228085 | 45835 | 1182250 | 95709 | 9717 | 85992 |
| (1) مائارىپ كەسپىي خىراجىتى ۋە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى | 1170898 | 34797 | 1136101 | 1107934 | 34797 | 1073137 | 62964 | | 62964 |
| (2) باشقا تارماق كەسپىي خىراجىتىدىن تېخنىكوم، تېخنىكا مەكتەپلىرىگە ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمىدىن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە سەرپ قىلىنغىنى | 136487 | 20325 | 116162 | 113369 | 10658 | 102711 | 23118 | 9667 | 13451 |
| (3) خام چوت ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلەغ ۋە باشقا مائارىپ خىراجەتلىرى | 16409 | 430 | 15979 | 6782 | 380 | 6402 | 9627 | 50 | 9577 |
| 2) ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مائارىپقا سەرپ قىلىش ئۈچۈن چىققان باج ۋە خىراجەت | 68096 | | 68096 | 41466 | | 41466 | 26630 | | 26630 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر مائارىپى قوشۇمچە ياردەم پۇلى | 30545 | | 30545 | 18041 | | 18041 | 12504 | | 12504 |
| يېزا مائارىپى قوشۇمچە ياردەم پۇلى | 37182 | | 37182 | 23286 | | 23286 | 13896 | | 13896 |
| 3) كارخانىلار باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتى | 536709 | 452958 | 83751 | 503742 | 427042 | 76700 | 32967 | 25916 | 7051 |
| 4) مەكتەپ كارخانىلىرى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كىرىمىدىن مائارىپقا ئىشلىتىلگىنى | 65665 | 2788 | 62877 | 57468 | 2788 | 54680 | 8197 | | 8197 |
| 5) دۆلەت مالىيەسى خاراكتېرىدىكى باشقا مائارىپ خىراجەتلىرى | 8951 | | 8951 | 2016 | | 2016 | 6935 | | 6935 |
| 2. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار ئاچقان مەكتەپلەر خىراجىتى | 3694 | | 3694 | 2724 | | 2724 | 970 | | 970 |
| 3. جەمئىيەتتىن ئىئانە ئېلىپ ۋە مەبلەغ توپلاپ ئاچقان مەكتەپلەر خىراجىتى | 19402 | | 19402 | 7070 | | 7070 | 12332 | | 12332 |
| 4. ئوقۇش ھەققى ۋە تۈرلۈك خىراجەتلەر | 129406 | 7646 | 121760 | 104891 | 6085 | 98806 | 24515 | 1561 | 22954 |
| 5. باشقا مائارىپ خىراجىتى | 25945 | 1066 | 24879 | 20242 | 1034 | 19208 | 5703 | 32 | 5671 |

تەقسىم قىلىنىش سانىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا ئوقۇغۇچى مەنبەسى مەركەزلەشكەن بولۇش ھەمدە تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىش زىددىيىتى ھەل قىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىن كېلىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى %5 ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگەن ئورۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا يۈزلىنىپ، قوش يۆنىلىشلىك تاللاش ئارقىلىق خىزمەت ئورنىنى بېكىتىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1993 - يىلى ئىچكىرىدىكى شىڧەن ئالىي مەكتەپلىرىنى

**قوشۇمچە**

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1993 ـ يىللىق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ سېلىنىش ئەھۋالى

| تۈرى | 1993 ـ يىل سېلىنغان مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | | | | | | | | | | ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | دۆلەت خام چوتى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | ئۆزى تەييارلىغىنى | | باشقا مەبلەغ | قۇرۇلۇش كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە: تۇرالغۇ ئۆي | پۈتكەن كۆلىمى | بۇنىڭ ئىچىدە: تۇرالغۇ ئۆي |
| | | | جايلارنىڭ بىر تۇتاش تەييارلىغىنى | مەركەزنىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا بەرگەن ياردىمى | مەركەزنىڭ مەجبۇرىي مائارىپقا بەرگەن ياردىمى | مەركەزنىڭ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر تۇرالغۇ ئۆيلىرىگە ۋە يەرلىك مائارىپقا بەرگەن ياردىمى | ئىككى تۈردىكى مەبلەغ | ئاپتونوم رايون بەرگىنى | يەرلىك مالىيەدىن بېرىلگىنى | | | | | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 10862 | 5064 | 3287 | 210 | 870 | 180 | 517 | 221 | 3066 | 2511 | 468058 | 107673 | 218021 | 66164 |
| 1. ئالىي مائارىپ | 2448 | 1793 | 1723 | 50 | | 20 | | 23 | | 632 | 97443 | 44817 | 45163 | 22722 |
| 1) شىنجاڭ داشۆسى | 399 | 189 | 189 | | | | | | | 210 | 21910 | 10260 | 16210 | 10260 |
| 2) شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى | 342 | 282 | 282 | | | | | | | 60 | 6230 | 5880 | 2330 | 1980 |
| 3) شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | 319 | 319 | 299 | | | 20 | | | | | 5000 | | | |
| 4) شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى | 394 | 266 | 266 | | | | | | | 128 | 16399 | 5280 | 7664 | 3960 |
| 5) شىنجاڭ شىفەن داشۆسى | 441 | 239 | 229 | 10 | | | | | | 202 | 23208 | 8901 | 3941 | 3504 |
| 6) شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد شۆيۈەنى | 106 | 74 | 74 | | | | | | | 32 | 9456 | 9456 | 3078 | 3078 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7) شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى | 116 | 116 | 116 | | | | | | | | 1200 | | | |
| 8) سانجى شىفەن ئالىي تېخنىكۇمى ، | 76 | 56 | 36 | 20 | | | | 20 | | | 6840 | 5040 | 4740 | 2940 |
| 9) ئىلى شىفەن شۆيۈەنى | 122 | 122 | 122 | | | | | | | | 3200 | | 3200 | |
| 10) قەشقەر شىفەن شۆيۈەنى | 130 | 130 | 110 | 20 | | | | | | | 4000 | | 4000 | |
| 11) خوتەن شىفەن ئالىي تېخنىكۇمى | 3 | | | | | | | 3 | | | | | | |
| 2. ئادەتتىكى مائارىپ | 8414 | 3271 | 1564 | 160 | 870 | 160 | 517 | 198 | 3066 | 1879 | 370615 | 62856 | 172858 | 40442 |
| 1) ئوتتۇرا دەرىجىلىك شىفەن مەكتەپلىرى . | 597 | 327 | 292 | | 35 | | | | 230 | 40 | 17412 | 2520 | 4360 | 2520 |
| 2) مائارىپ شۆيۈەنلە- رى | 602 | 425 | 285 | 140 | | | | | 139 | 38 | 17625 | 5055 | 5055 | 5055 |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 3721 | 1360 | 453 | | 458 | 105 | 344 | 111 | 1407 | 843 | 154879 | 30617 | 57528 | 17064 |
| 4) يېزا ئىگىلىك ۋە كەسپىي ئوتتۇرا مەك- تەپلەر | 482 | 70 | 70 | | | | | 50 | 242 | 120 | 22212 | 1832 | 12249 | 632 |
| 5) باشلانغۇچ مەكتەپ- لەر | 2214 | 744 | 353 | | 213 | 35 | 143 | 17 | 851 | 602 | 105889 | 6182 | 69053 | 3382 |
| 6) باشقىلار | 798 | 345 | 111· | 20 | 164 | 20 | 30 | 20 | 197 | 236 | 52598 | 16650 | 24613 | 11789 |

پۈتتۈرگەن 182 ئوقۇغۇچىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (بىڭتۇەننىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرگە تەقسىم قىلىنغىنى 98، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلارغا تەقسىم قىلىنغىنى 84. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 2069 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (بىڭتۇەننىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرگە تەقسىم قىلىنغىنى 1669، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلارغا تەقسىم قىلىنغىنى 352.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك شىفەن مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 723نى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ 638 ى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (بىڭتۇەننىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەرگە ، 85 ى ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلارغا تەقسىم قىلىندى، 4257 سى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋەتىشى بىلەن ھەممىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاسپىرانتلارنىڭ 95 پىرسەنتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىندى.

تيەن چۈنفاڭ

## يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ۋە «يانغىن» پىلانىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ۋە «يانغىن» پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خىزمىتى 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يىل ئاخىرىغىچە سىناق رايونلىرىدا مائارىپ ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى ۋە ئۇلارغا كونكرېت ئىش بېجىرگۈچىلەر سەپلەندى؛ «يانغىن» پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لايىھىسى تۈزۈلدى ھەمدە ھۆكۈمەت ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئۇنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سىناق رايونلىرىدا يەنە مائارىپ ئىسلاھاتى بويىچە نۇرغۇنلىغان تىپلار بارلىققا كەلدى، فۇكاڭ شەھىرى، بۈگۈر ناھىيىسىدە يېزا مائارىپىدىكى مەدەنىيەت ئاساس مائارىپى ۋە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىن ئىبارەت ئىككى سىستېما دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل يېزىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەرچى بازىرى، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى قاتارلىق ئورۇنلار كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىش تىپلىرى بولۇپ قالدى، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىسلاھاتى توغرىسىدا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن ئالتىنى چىقاردى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىشتا ئاساسەن مۇنداق بەش تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىدى: 1) «شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ باشلانغۇچ كەسپىي تېخنىكا دەرسلىكى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى (خەنزۇ تىلىدا)؛ 2) ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇلاردىن 150 كۇرسانت قوبۇل قىلىشنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭلار ئالىي تېخنىكوملىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، يېزا كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى؛ 3) 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىشنى باشقۇرغۇچى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇ سىنىپلىرىغا ئايرىلىپ دەرس ئۆتۈلدى، 200 نەپەر كادىر تەربىيىلەندى؛ 4) سىناق رايونلىرىدىكى تۈرلەرنى تاللاپ تەكشۈرۈپ «يانغىن» پىلانىدىكى قەرز پۇل بېرىلىدىغان تۈرلەرنى بېكىتتى؛ 5) يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تۈرىگە كىرىدىغان «يېزا ئەمگەكچىلىرىگە پەن ـ تېخنىكا ئۆگىتىشنىڭ يۈرۈشلۈك قۇرۇلۇشى پىلانى» دىكى كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇندىدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزىلاردا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە ئەمەلىي تېخنىكا خادىمىدىن جەمئىي 646 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

لى شىڭيى

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مائارىپقا جەمئىي 108 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 218 مىڭ 21 كۋادرات مېتىر ئۆي ـ ئىمارەت سېلىندى، كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 95 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغ 24 مىليون 480 مىڭ يۈەن، سېلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت 45 مىڭ 163 كۋادرات مېتىر؛ ئادەتتىكى مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغ 84 مىليون 140 مىڭ يۈەن، سېلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت 172 مىڭ 858 كۋادرات مېتىر.

مېڭ شياڭمىڭ

## دەرسلىكلەرنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە، خەنزۇچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتا نەشر قىلىنغان دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش كىتابى، ئوقۇتۇش قوشۇمچە ئوقۇشلۇقى 1269 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 226 خىلغا يەتتى، ئومۇمىي تىراژى

**قوشۇمچە**

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىللىق دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىش ئەھۋالى

| دەرسلىك تۈرى | يېزىق تۈرى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇيغۇرچە | | | قازاقچە | | | قىرغىزچە | | | موڭغۇلچە | | | | شىبەچە | | | خەنزۇچە | | | |
| | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | ئومۇمىي تىراژى (1000) | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | ئومۇمىي تىراژى (1000) | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | ئومۇمىي تىراژى (1000) | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | دەرسلىك تۈرى: ئىجارىگە ئېلىپ بېسىلغىنى | ئومۇمىي تىراژى (1000) | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | ئومۇمىي تىراژى (1000) | دەرسلىك تۈرى: يېڭى نەشر | دەرسلىك تۈرى: قايتا نەشر | دەرسلىك تۈرى: ئىجارىگە ئېلىپ بېسىلغىنى | ئومۇمىي تىراژى (1000) |
| باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى | 8 | 100 | 13369.8 | 7 | 88 | 2781.4 | 9 | 65 | 270.8 | 11 | 56 | 1 | 202.5 | 5 | 28 | 20.2 | | 14 | 113 | 11788.2 |
| ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى | 27 | 56 | 3357.3 | 30 | 48 | 781.8 | 22 | 44 | 76.3 | 16 | 33 | | 53.5 | | | | | 1 | 129 | 8076.6 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم دەرسلىكى | 3 | 40 | 62.9 | 4 | 38 | 18.2 | | | | | | | | | | | | | | |
| ئالىي تېخنىكوم دەرسلىكى | 15 | 4 | 179.1 | 6 | | 23.5 | | | | | | | | | | | 2 | | | 183 |
| ئوقۇتقۇچىلار پايدىلىنىش كىتابلىرى | 25 | 8 | 103.7 | 23 | 8 | 28.5 | 8 | | 2.1 | 1 | | | 0.4 | | | | | | | |
| ئوقۇغۇچىلار قوشۇمچە ئوقۇشلۇقلىرى | | 24 | 1103.1 | | 24 | 381 | 1 | 6 | 12.2 | 1 | 4 | | 7.2 | | | | 2 | 49 | 62 | 6491.5 |
| جەمئىي | 78 | 232 | 18175.9 | 70 | 206 | 4014.4 | 40 | 115 | 361.4 | 29 | 93 | 1 | 263.6 | 5 | 28 | 20.2 | 4 | 64 | 304 | 26539.3 |

49 مىليون 374 مىڭ 800 نۇسخىغا، ئومۇمىي باسما تاۋىقى 190 مىليون 908 مىڭ 80 گە يەتتى.

1992 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنغان كىتابلارنىڭ تۈرى %6.5 كېمەيدى، تىراژى %10.8 كۆپەيدى؛ قازاقچە كىتابلارنىڭ تۈرى %0.4 كۆپەيدى، تىراژى %3.5 كېمەيدى؛ قىرغىزچە كىتابلارنىڭ تۈرى %5.5 كېمەيدى، تىراژى %24 كۆپەيدى؛ موڭغۇلچە كىتابلارنىڭ تۈرى %13، تىراژى %19 كۆپەيدى؛ شىبەچە كىتابلارنىڭ تۈرى %14، تىراژى %85 كۆپەيدى؛ خەنزۇچە كىتابلارنىڭ تۈرى %7.7، تىراژى %12 كېمەيدى.

سۇن شىجۇڭ

## نىشانلىق ئوقۇتۇش سىنىقى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى 1993 - يىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا نىشانلىق ئوقۇتۇش كۆرسىلىرىنى ئاچتى ۋە نىشانلىق ئوقۇتۇشقا دائىر لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇردى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قۇمۇل، ساۋەن، شىخو، كۈيتۇڭ ۋە قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردە نىشانلىق ئوقۇتۇش بويىچە يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە نىشانلىق ئوقۇتۇش بويىچە نەزەرىيىۋى لېكسىيە ۋە ئەمەلىي ئوقۇتۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسەتتى، تەربىيىلەشكە مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچى ۋە پەن تەتقىقات خادىمىدىن بولۇپ 3000 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا نىشانلىق ئوقۇتۇشنى سىناق قىلىش 1992 - يىلى باشلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە سىناق قىلىش باسقۇچىدا خادىملار چېكىدۇ، چۈشەنچىلىك، ۋۇخەن ۋە شىئەنلەرگە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، يېتەكچى كىتابلار تۈزۈپ چىقىلدى، 100 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن 3 - يىللىقىغىچە بەش پەن بويىچە جەمئىي 12 خىل نىشانلىق ئوقۇتۇش قوللانمىسى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن 6 - يىللىقىغىچە ئۈچ پەن بويىچە جەمئىي 22 خىل نىشانلىق ئوقۇتۇش قوللانمىسى يېزىپ چىقىلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىر تۈتاش تۈزۈپ چىققان يېتەكچى كىتابلار («نىشانلىق ئوقۇتۇش قوللانمىسى» ۋە «ئۈچ دەرىجە بويىچە سىناش سوئاللىرى» قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ ئىچىدە) نى ئىشلىتىپ نىشانلىق ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەر يىللىقىدا 6000 دىن 15 مىڭغىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەر يىللىقىدا 12 مىڭدىن 24 مىڭغىچە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 130 مىڭغا يەتتى.

خاركىن

## ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەرنى 1993 - يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. يىللىق تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن ئىگىلەنگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپ 500 نەچچىگە، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 200 مىڭغا يەتكەن.

2) 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ئالىدىغان سىنىپلارغا ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك كونسۇلتاتسىيە سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئوقۇتۇش سورۇنى، دەرسلىك، ئوقۇتقۇچى، باشقۇرغۇچى خادىم ۋە ھاۋالە قىلىش كېلىشىمىدىن ئىبارەت بەش ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ئالىدىغان سىنىپلارغا جەمئىي 8640 ئوقۇغۇچى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك كونسۇلتاتسىيە سىنىپلىرىغا 8400 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

3) خەلق باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر كەسپىي مەكتىپىنى قۇرۇش تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلدى.

4) ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسى ئالىدىغان سىنىپلارنىڭ 1992 - ۋە 1993 - يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئاربلاپ ئىمتىھان ئېلىندى ۋە قايتا ئىمتىھان ئېلىندى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە قازاقچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدا جەمئىي 128 پەن بويىچە ئاربلاپ ئىمتىھان ئېلىندى، ئىمتىھانغا قاتناشقانلار جەمئىي 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى.

جېڭ گۇاڭجيې

## مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ۋە ئۇ باھالاندى

1) ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىكى تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك ئىگىلەنگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 96 ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەتنىڭ 85 ىدە مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاردىكى كەسپىي مۇپەتتىش 241 گە،

قوشۇمچە مۇپەتتىشلىك 151 گە يەتكەن. ئاپتونوم رايون مۇپەتتىشلەرنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنگە ھاۋالە قىلىپ، ئىككى قارار مۇپەتتىش كۇرسى ئېچىپ، ھەردەرىجىلىك مۇپەتتىشتىن 90 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت مۇپەتتىشلىرى 45) نى تەربىيىلىدى، 58 مۇپەتتىشنى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بېيجىڭ شىفەن داشۆسى ئاچقان مۇپەتتىش كۇرسىغا ئەۋەتتى.

2) ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىندى ۋە ئۇ باھالاندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك) مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 48 ناھىيە، شەھەر ۋە رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە ئۇنى باھالىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بىلەن ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر غۇلجا، قورغاس، جىمسار، چۆچەك، ئالتاي، كۇچا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، چىرا ۋە لوپتىن ئىبارەت 11 ناھىيە، شەھەر ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونىنىڭ مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدىن بىرلىشىپ مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە ئۇنى باھالىدى، قالغان ناھىيە، شەھەر ۋە رايونلارنىڭكىنى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئورگانلىرى مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە باھالىدى. مۇپەتتىشلىك ۋە باھالاشنى ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان 12 ناھىيە، شەھەر، رايون ئىچىدە جىمسار، چۆچەك، ئالتاي، كۇچا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «تەڭرىتاغ» رايونى ئىلغار بولۇپ، غۇلجا، قورغاس، چىرا ۋە لوپ بىر قەدەر ياخشى بولۇپ باھالاندى.

3) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتى باھالاندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىلىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى باھالاش لايىھىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش لايىھىسى» گە ئاساسەن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى ۋە ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتى ئۈستىدىن ئومۇميۈزلۈك مۇپەتتىشلىك قىلدى ۋە ئۇنى باھالىدى. كورلا شەھەرلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسى 3-، 4 - ئايلاردا شەھەردىكى 15 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېزىلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىككى لايىھىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 5 - ئايدا ئىككى قېتىم ئىش ئورنى يىغىنى ئېچىپ، قوشئىبرىق ۋە يوخۇي يېزىلىرىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىككى لايىھىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئىشخانىسى ئىككى لايىھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىنى باھالاش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 105 نى تەربىيىلىدى.

ۋاڭ جيەندى

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 21 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 13 مىڭ 76 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 11 مىڭ 740، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 2079، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 4653، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 5008.

تەتقىقات ۋە تەرەققىيات بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2065، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 1961، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 667، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 810، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 484.

تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن شۇ يىلى ئاجرىتىلغان خىراجەت 4 مىليون 256 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى خىراجەت 508 مىڭ يۈەن، خام چوت سىرتىدىكى خىراجەت 3 مىليون 748 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى قىسمىدىن چىقىم قىلىنغىنى 3 مىليون 991 مىڭ يۈەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر قانات يايدۇرغان تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تېمىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 466 بولۇپ، بۇنىڭغا 889 كىشى قاتناشتى، 4 مىليون 202 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 748 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر نەشر قىلغان مەخسۇس ئەسەر 34 كە، ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالە 1830 غا يەتتى، بۇنىڭ 618 ى دۆلەت سىرتىدىكى ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك كىتاب - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 89 تۈرلۈك نەتىجە باھالاشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تۈر خەلقئارا سەۋىيىگە يەتتى، 13 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تۆت تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، تۆت تۈر بويىچە

تېخنىكا ئوتتۇنۇپ بېرىش توختامنامىسى ئىمزالاندى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى 229 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 111 تۈرلۈك نەتىجە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 تۈر گوۋۇيۈەندىكى مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ مۇكاپاتىغا، 33 تۈر ئۆلكە - ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

لى تاۋ

**ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغان كارخانا جەمئىي 133 (پەن - تېخنىكا تىپىدىكى كارخانا 12) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 51 كارخانا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 زاۋۇت، 79 شىركەت، يەتتە دېھقانچىلىق مەيدانى، 23 باشقا ئەمەلىي گەۋدە بار. مەكتەپلەر باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 20 مىليون 850 مىڭ يۈەن، تۇراقسىز مەبلىغى 24 مىليون 820 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان كارخانىلاردا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 1950 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 459. مۇشۇ بىر يىلدا پايدا ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 598 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.48% ئاشتى، بۇنىڭ 1 مىليون 642 مىڭ يۈەنى مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. يۇقىرىغا 620 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

جاڭ پىڭ

**«شىنجاڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى تەتقىقاتى (1989 - 2000)»**

بۇ كىتاب شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1993 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىلمى بويىچە نۇقتىلىق تېما ئىدى. بۇ تېما 1992 - يىلى تاماملانغان، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى «شىنجاڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي دوكلات»، «شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل» ھەمدە ئالىي مائارىپ، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى، چوڭلار مائارىپى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات دوكلاتلىرى ۋە 32 ئىلمىي ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەجمى 400 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ.

جۇ يۈ

**مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى**

1993 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ فوندى جەمئىيىتى، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1) بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. 256 ئورۇن 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى 200 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 140 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى 120 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئىدارىسى 80 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

2) مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسىدىن 11 ى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىدىن 98 ى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىدىن 391 ى باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

3) مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىدىن 16 سى بېيدەيخې، شاۋشەنگە بېرىپ، جۇڭگو ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى مۇكاپاتلاش فوندى جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «باغۋەنلەر ئائىلىسى» پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ فوندى جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مۇدىرى، قوشۇمچە باش كاتىپى يۈەن جىجاڭ باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالدى بىلەن قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلارغا چىقىپ زىيارەتتە بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن 41 كىشىدىن تەركىب تاپقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇ ئۈچ دۆلەتنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن جاۋابەن زىيارەتكە كەلگەن 16 كىشىلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى كۈتۈۋېلىندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، بەش نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

4) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مائارىپ فوندى جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، بولۇپمۇ، بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەندى؛ ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ئىلغارلىرىدىن 41 ى مۇكاپاتلاندى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1994 - يىللىق بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ

ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

لى جۇنپىڭ

مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن 11 كىشى مائارىپ سىستېمىسىدىكى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، سەككىز كىشى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى، 308 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، 64 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ، جەمئىي 481 كىشى تەقدىرلەندى.

جۇ يۈ

## قوشۇمچە

مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى

مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى (11):

تۇردىخان خېلىل (ئۈرۈمچى شەھىرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزىدىن)

لى ۋېيپىڭ (سانجى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

جاڭ جىبىن (توققۇزتارا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ۋەن چۈەنچىڭ (شىخەنزە شىفەن مەكتىپىدىن)

ئالىنۇر مامەت (ئايال، قازاق، دۆربىلجىن ناھىيە 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

زوچۈنيى (ئايال، جىمى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئايتىللا ھوشۇر (يېڭىسار ناھىيىسى شەھەر يېزىسى ئاق ئىچىت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

سەكېن قۇسايىن (قازاق، ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدىن)

كامال تۇرۇپ (خوتەن شىفەن مەكتىپىدىن)

پەن خەنرۇ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى» 1 - تۇەن - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

ۋاڭ چۇڭگو (شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى چەت ئەل تىلى كافېدراسىدىن)

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار (90):

جىن يەن (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ۋاڭ پېيپېي (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

كۇڭ چىڭرۇڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

گوشۇيىڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 35 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

گوجىجيەن (ئۈرۈمچى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

نۇرگۈل سابىت (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

شى يۇخۇڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

توختى ئوشۇر (شەرقىي جۇڭغارىيەنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش تەرەققىي قىلدۇرۇش شىركىتى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

لى ۋېيچۈەن (شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىدىن)

پەن چېڭگاڭ (قۇمۇل شەھەرلىك 1 - يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىدىن)

چۇقان موسىرباي (قازاق، بارىكۆل ناھىيىسى كۈيىۇ قازاق مەكتىپىدىن)

ھەجەرۋايىت (قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

جۇخۇڭ (ئايال، خۇيزۇ، تۇرپان 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

دىڭ يۇۋېي (ئايال، كۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

شى فېڭلىيەن (ئايال، ماناس ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

لى جۇنيىڭ (ئايال، جىمسار ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئەن چاڭشىن (سانجى ئوبلاستلىق تىببىي مەكتەپتىن)

ۋاڭ جىگاڭ (سانجى شىفەن ئالىي تېخنىكومىدىن)

جياۋ لىڭ (ئايال، فۇكاڭ شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئەخمەت رېشىت (غۇلجا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

توختار (قازاق، كۈنەس ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

گۇباۋ چاڭ (شىبە، چاپچال ناھىيىسى سۇنجا چىنىرۇ يېزىسى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ۋاڭ گودى (غۇلجا ناھىيە بايتوقاي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

تېيىبجان (غۇلجا ناھىيە دۆڭمازار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

رىزۋانگۇل (قورغاس ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

نۇرمايى (قازاق، تېكەس ناھىيىسى 5 - يېزا 3 -

مەكتەپتىن)

جۇدۇڭمېي (ئايال، ساۋەن ناھىيە بازىرى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئايشەم (شىخو ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ساغدۇللا قالىم (قازاق، تولى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

چېن شىسۇ (ئايال، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ليۇلىچۈن (ئايال، چۆچەك شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ساۋ تىڭلىن (ئايال، ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇسا (قازاق، بۇرچىن ناھىيە ئويماق يېزىسىدىن)

قادىرقان (ئايال، قازاق، چىڭگىل ناھىيە چاغانغول يېزىسى چارۋىچىلىق ياتاقلىق مەكتىپىدىن)

جى يىڭەن (بورتالا ئوبلاستلىق 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

شودىما (موڭغۇل، بورتالا ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

قانىپا (ئايال، قازاق، كۈيتۇڭ شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

مەمتىمىن ئوسمان (كورلا شەھىرى تېكچى يېزىسىدىن)

قۇربان يۈسۈپ (لوپنۇر ناھىيىسى تارىم يېزىسى بوستان كەنت مەكتىپىدىن)

جياۋبىنشيۇ (بايىنغولىن ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ھەسەن مۇسا (بۈگۈر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئامىنە غوپۇر (كۇچا ناھىيىسى بېشىباغ يېزىسى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

شيۇڭ تيەنشيا (ئايال، كۇچا ناھىيىسى نەسىللىك قوي فېرما پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن)

تۆرىخان تۇردى (باي ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

مىنىەم نۇردۇن (شايار ناھىيىلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

لى فېڭيىڭ (ئايال، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تۇنسا ھاشىم (ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى چاغراق يېزىسى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

ئەخمەت ئاخۇن (قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن يېزىسىدىن)

خەن پېيلەن (ئايال، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

يەن لىجىن (قەشقەر شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئابدۇكېرىم ئەخەت (يەكەن ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ياڭ جېنلىن (قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن)

مەھەممەت ئەزىز (قەشقەر شىفەن شۆيۈەنىدىن)

ئايتۇن ئىمىن (مارالبېشى ناھىيىسى ئاۋات بازىرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

تۇنسا داۋۇت (مەكىت ناھىيىسى 8 - يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

بۇۋىئايشەم ئىسھاق (قاغىلىق ناھىيىلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

مۇنەۋۋەر مۇھەممەت يۈسۈپ (قەشقەر شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

لى سۇڭچىڭ (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

تۇنسا قاسىم (لوپ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

خۇاڭ لىي (ئايال، نىيە ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مەغپىرەتخان مىرپۇدىن (كېرىيە ناھىيە شەنبە بازار بازىرىدىن)

ئامانگۈل سەئىدى (چىرا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئىمىن كېرىم (خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

لاجىشەن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 102 - تۇەن - مەيدان پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن)

يوجىجۇڭ (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى «خۇاشەن» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

دەي زۇڭمىڭ (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 102 - تۇەن - مەيدان پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن)

جىن رۇڭجۇڭ (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 125 - تۇەن - مەيدان كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

خۇاڭ مىڭجېن (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى كۆمۈر كان مەكتىپىدىن)

گاۋ فۇيۈەن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سانائەت 1 - شىسى 6 - تۇەن - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

ۋاڭ يۇجاڭ (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

فېڭ لىنماۋ (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى 165 - تۇەن - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

لىڭ سۇنلىڭ (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

فەن شياڭيىڭ (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 72 - تۇەن - مەيدانى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

گېڭ كۇەنچى (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)

نيۇجيەنشىن (شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن)

جاڭ گوچاڭ (شىخەنزە تىببىي شۆيۈەنىدىن)

يۈۋاۋچاڭ (تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش داشۆسىدىن)

شۈۋېنيەن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى فاڭساۋخۇ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

خۇشياۋيىڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن)

لۇ يۈۋېي (ئايال، تۇرپان تۆمۈريول ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

لىڭ يىڭخۇا (ئايال، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن)

سىراجىدىن راشىدىن (ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى لىيۇداۋان كۆمۈركېنى 2 - مەكتىپىدىن)

مۇختەر زايىدىن (شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد شۆيۈەنىدىن)

ۋاڭ يوفۇ (ئايال، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

ۋاڭ ئىيمىن (شىنجاڭ داشۆسىدىن)

مەھەممەت ئىمىن (شىنجاڭ داشۆسىدىن)

ۋاڭ جېڭداڭ (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن)

مۇسەنجان تۇنىياز (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن)

شۆتيەنۋېي (شىنجاڭ شىفەن داشۆسىدىن)

سۇنەنجالى (زاڭزۇ، شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىدىن)

• **مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىلىرى (سەككىز):**

ئايشەم پەيزۇل (پىچان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ھەمدۇللا يۇسۇپ (مورى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

جىن شىرۇڭ (ئايال، خېجىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ليۇبېنبىن (ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)

ھاجى ھوشۇر (قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

شى مىڭشىڭ (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)

لى شۇيىڭ (ئايال، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 143 - تۇەن - مەيدان مائارىپ مەركىزىدىن)

خې خۇيمىن (ئايال، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنىدىن)

**شىنجاڭ داشۆسىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭ داشۆسىدە يېڭى ۋەزىيەتتىكى مائارىپ سىستېمىسىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى ۋە زىيالىيلار خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مەكتەپ، فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى، ئايرىم زىيارەت قىلىش ۋە ھەرخىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ھەرخىل قاتلامدىكى 100 گە يېقىن زىيالىي بىلەن كۆرۈشتى، ھەمدە ئالتە فاكۇلتېتتىكى 317 نەپەر زىيالىينى ئارىلاپ تاللاپ سوئال سوراپ تەكشۈردى، يەنە زىيالىيلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى ئەمەلىي تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) ئاساسىي ئەھۋالى:

ھازىر بۇ مەكتەپتە 2594 ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ 2050 ى زىيالىي بولۇپ، 79.03% نى ئىگىلەيدۇ، پارتىيىسىز زىيالىي 1126. مەكتەپ بويىچە 1368 نەپەر كەسپىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور 39، دوتسېنت 293، لېكتور 610. دوكتور (ئالىي دوكتور)، ئاسپىرانت 84. بۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە: سەۋىيىسى ئۈستۈن، سىياسىي ساپاسى خېلى يۇقىرى، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق قوشۇندۇر.

2) زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى:

(1) زىيالىيلارنىڭ تارىختىن قېلىپ قالغان مەسىلىلىرى سىياسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنغان، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلگەن. زىيالىيلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى زىيالىي، ئۇلاردىن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي

تېخنىكا ئۇنۋانى بارلىرى 50% نى ئىگىلەيدۇ. يەنە 30 ياش چامىسىدىكى بىرى پروفېسسورلىققا ۋە 35 ياشتىن تۆۋەن بىرى دوتسېنتلىققا دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈلگەن.

(2) زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە پەن تەتقىقات ئەھۋالى: مەكتەپ ھەر يىلى 400 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئاسپىرانتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئىشلەتكەن. تەربىيىلەش نەتىجىسىدە بىرەيلەن دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ۋە بىر تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(3) تۇرمۇش تەمىنات ئەھۋالى: كۆپ ساندىكى ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ ئۆي شارائىتى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلانغان. 1990 - يىلدىن بۇيان زىيالىيلار پەرزەنتلىرىدىن 200 گە يېقىنى ئىشچىلىققا، كادىرلىققا ۋە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان، 17 كىشىنىڭ ئەر - ئايال ئىككى يەردە تۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىپ بېرىلگەن.

مەكتەپ پارتىيىسىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكتىن، زىيالىيلار ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارىي قىلدۇرغان.

3) ساقلانغان مەسىلىلەر:

(1) مائارىپ خىراجىتى كېمىيىپ كەتكەن، خىزمەت شارائىتى ناچار. 1993 - يىلى 13 مىليون يۈەن مائارىپ خىراجىتى ئاجرىتىلغان بولسىمۇ، 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن يېتىشمىگەن، مائارىپ خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ناچارلىشىپ، نورمال ئوقۇتۇش ۋە خىزمەتكە ئېغىر تەسىر يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلار سىرتقا چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئالاقىدار ئىلىم پەن تەتقىقات يىغىنى، يىللىق يىغىنلارغا قاتنىشالماي، ئىلىم - پەن ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان.

(2) تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ ئۆي شارائىتى ناچار، تۇرمۇش تەمىناتى خېلى تۆۋەن. ھازىر مەكتەپ بويىچە 322 ئائىلە يەنىلا كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ، 340 ئائىلىلىك ياش زىيالىي (بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى لېكتور ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەنلەر) 16 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. يەنە 100 دىن ئارتۇق كىشى توي خېتى ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆي يوق ئىكەن. ئىش ھەققى تەمىناتى جەھەتتە، پروفېسسورلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 350 يۈەنگە يەتمەيدىكەن، ياش ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە 200 يۈەندىن كۆپرەكلا ئىش ھەققى ئالىدىكەن، جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن تەقسىمات جەھەتتىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئەقلىي ئەمگەك كىرىمى تۆۋەن، جىسمانىي ئەمگەك كىرىمى يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى زىيالىيلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. ئۇنۋان باھالىغاندا، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلۈشكە تېگىشلىك 62 ئادەم، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئېلىشقا تېگىشلىك 170 ئادەم ھازىرغىچە باھالاپ ئۆستۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكەن.

(3) ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيە جەھەتتە خاتىرجەم بولمىغاچقا سىرتقا كېتىۋېتىپتۇ. 1980 - يىلدىن بۇيان چەت ئەلگە چىققان 145 ئوقۇتقۇچىدىن ئاران 40 نەچچىسىلا قايتىپ كەلگەن. 1990 - يىلدىن 1993 - يىلىنىڭ بېشىغىچە 38 ئوقۇتقۇچى يۆتكىلىپ كەتكەن (بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنتتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 13، لېكتور 25)، نەتىجىدە ئوقۇتۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكەن.

(4) ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس، كىتاب، ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش، تەرجىمە قىلىش خىراجىتى ئاز، ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات دەرسلىكى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزگەرتىلمەي كېلىۋېتىپتۇ. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئىچىدە ئاسپىرانتلار، چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرغانلار ئاز.

ۋۇ لىمىن

### ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان مائارىپ ساھەسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقە

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بېيجىڭ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ۋەزىپىلىك كادىر ئەۋەتىش ئالاقە ئورناتتى.

بېيجىڭ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇجۇندى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا كېلىپ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى جۇاڭ ۋېنجۇ بېيجىڭغا بېرىپ بېيجىڭ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1993 - يىلى يازدا بېيجىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى سەككىز ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىدارىلىرى باشلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز ناھىيە، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىلەن ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە مىللەتلەر ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك مائارىپ

نازارىتى بىلەن بىر بىرىگە ياردەم بېرىش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

جۇ يۈ

## ماائارىپ ساھەسىدىكى تاشقى ئالاقە

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ماائارىپ كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار باشقارمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملار ئۈچۈن چەت ئەللىك مەدەنىيەت، ماائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن 28 نى تەكلىپ قىلىپ بەردى، جۇڭگودا ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىدىن 50 نى قوبۇل قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۆز پۇلى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان 69 كىشىنى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئوقۇيدىغان 51 كىشىنى تەستىقلىدى. ماائارىپ كومىتېتى چەت ئەللەرگە ماائارىپ ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) دىن يەتتىنى چىقاردى، چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن ئۆمەك (گۇرۇپپا) دىن 13 نى كۈتۈۋالدى.

تۆيغۇن

# ئادەتتىكى ماائارىپ

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە 21 مىڭ 260 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىي قوبۇل قىلىنغىنى 20 مىڭ 143 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە 12 مىڭ 504 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5164 بولۇپ، %41.3 نى ئىگىلىدى) . ھاۋالە بويىچە تەربىيىلەپ بېرىلىدىغانلار ۋە ئۆز پۇلى بىلەن ئوقۇيدىغانلار 7639 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2545 بولۇپ، %23.32 نى ئىگىلىدى) . ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 837.

ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا جەمئىي 23 مىڭ 365 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە 11 مىڭ 889 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5627 بولۇپ، %47.33 نى ئىگىلىدى) ، ھاۋالە بويىچە تەربىيىلەپ بېرىلىدىغانلار ۋە ئۆز پۇلى بىلەن ئوقۇيدىغانلار 11 مىڭ 476 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4729 بولۇپ، %41.21 نى ئىگىلىدى) . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلىنغىنى 10 مىڭ 585 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى4727بولۇپ، %44.66نى ئىگىلىدى) ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلىنغىنى 12 مىڭ 780 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5629 بولۇپ، %44.05 نى ئىگىلىدى) .

جاڭ شۈلياڭ

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى باھالاندى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن بەش تۈرلۈك ئوقۇتۇش نەتىجىسى دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 32 خىل نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى سەككىز، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 24. دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرگە 5000 يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرگە 4000 يۈەن مۇكاپات بېرىلدى.

چېن جاۋپاڭ

**قوشۇمچە 1:** ئاپتونوم رايونىمىزدىن 1993 ـ يىلى دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

«ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» (شىنجاڭ داشۆدىن ئىبراھىم خالىق، جاڭ خۇاشياۋ، تيەن سۇنفۇ، جاڭ يەنجۈن، سۇن يەنفېڭ) ؛ «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىدىكى ئەمەلىي ئوقۇتۇش ۋە بازا قۇرۇلۇشى» (شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن ۋاڭ ۋەنجۇ، لياۋ شيەنچاڭ، ۋۇجىنخې، جاڭ شىنچاڭ، سۇن زېگۇ) ؛ «ئورمان ـ ھاشاراتشۇناسلىقى دەرسى ئوقۇتۇشىدىكى ئىسلاھات» (شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىن شى دېگمىڭ) ؛ «ياردەمچى تەنتەربىيە ماائارىپى كەسپىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى» (شىنجاڭ شىفەن داشۆسىدىن گاۋشىجو) ؛ «ئوقۇتۇشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەندە ھەم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگىلى، ھەم نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ» (شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنىدىن بوۋېجو) .

**قوشۇمچە 2:** ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپلەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر (دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھېسابلاندى)

«ئاسپىرانتلار بىلەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش مۇھاكىمە سىنىپىغا يېتەكچىلىك قىلىش» (شىنجاڭ داشۆدىن جاڭ فۇجى) ؛ «مالىيە بوغالتىرلىقىدىكى تەقلىدىي پىراكتىكا» (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىقتىساد

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ھەرخىل ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | | ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى | | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى |
| 1. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر | 21 | 7673 | 4200 | 13232 | 6537 | 39107 | 20982 | 18323 | 5520 | 7158 | 2713 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرى | | 7533 | 4100 | 13092 | 6457 | 38894 | 20829 | | | | |
| 2. ئادەتتىكى تېخنىكوملار | 113 | 16760 | 8612 | 26572 | 12239 | 63314 | 31696 | 13315 | 5806 | 6271 | 3193 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى سىنىپلار | | 14157 | 7899 | 23381 | 10850 | 54750 | 28548 | | | | |
| شىفەن مەكتەپلىرى | 22 | 4347 | 2815 | 6466 | 3873 | 14979 | 9192 | 2484 | 1531 | 1380 | 918 |
| 3. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1851 | 261502 | 120835 | 263683 | 143448 | 718607 | 344384 | 85868 | 39192 | 63448 | 30542 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 650 | 78675 | 31675 | 56180 | 24923 | 166203 | 74171 | | | 17142 | 7519 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 1201 | 182827 | 89160 | 207503 | 118525 | 552404 | 270213 | | | 46306 | 23023 |
| 4. يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرى | 170 | 18358 | 4245 | 24778 | 9184 | 58509 | 18094 | 5608 | 1284 | 3853 | 945 |
| 5. باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 7088 | 259468 | 170675 | 385535 | 274352 | 2039409 | 1475442 | 116499 | 76265 | 99297 | 64585 |
| 6. ئەما، گاس، گاچىلار مەكتىپى | 6 | 104 | 13 | 102 | 27 | 549 | 175 | 288 | 36 | 129 | 20 |
| 7. باللار باغچىسى | 902 | 92529 | 11897 | 116985 | 14682 | 189266 | 27438 | 14858 | 2761 | 7659 | 1331 |

ئىزاھات: 1) بەرلىك ئورۇنلارغا قاراشلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 16 بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 6192، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 417، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 31 مىڭ 240، بۇنىڭ ئىچىدە؛ ئادەتتىكى سىنىپلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 6121. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3766؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 277، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6085؛ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 31 مىڭ 27، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 33.

2) بەرلىك ئورۇنلارغا قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 103 بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 99، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 388، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 57 مىڭ 443، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سىنىپلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 12 مىڭ 678، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7218؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 21 مىڭ 359، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 207؛ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 442، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 745.

لىۋجىڭخۇا

ئالىي تېخنىكۇمدىن ياۋشىيەن، ۋېن گۇيجيالى، ليۇزىخۇلى، سۇن يەندا، لۇدىڭداڭ) : «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار-نىڭ تەييارلىق باسقۇچىدىكى ئوقۇتۇشىدا نىسپىي ھۆۋاسىتە كۆرۈش ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدا تەتقىقات» (شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنىدىن ۋۇۋېدرۇڭ، مياڭ داگياڭ، سۇن گۈي، گوسۇيشيا، جياڭ سەيشيا) .

شىنجاڭ داشۆسى دۆلەتنىڭ «211» قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى

گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئېلىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىدا «211» قۇرۇلۇشى (يەنى XXI ئەسىرگە يۈزلىنىپ، 100 ئالىي مەكتەپ ۋە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق پەن نۇقتىبلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا قۇرۇش) نى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ داشۆسىنى دۆلەتنىڭ «211» قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈپ رەسمىي تور تۇرغۇزۇشنى، ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىغا رەسمىي «شىنجاڭ داشۆسىنى 〈211〉 قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات» سۇندى. بىر قىسىم مەخسۇس تور مەبلىغىنى تەييارلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ئىستېمال كەسىپلىرى (مېھمانخانا، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش) دىن ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققى ئېلىشنى قارار قىلدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ تەقلەندى.

جۇ يۆ

گو چياڭ

ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىگە تەكشۈرۈپ تامغا بېسىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە 1993 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىگە بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تامغا باستى، جەمئىي 104 مەكتەپتىكى 15 مىڭ 689 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ تامغا بېسىش خىزمىتى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ۋە مەكتەپ تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، قالايمىقان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنى قالايمىقان تارقىتىش ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە چەكلەندى.

ئالىم

ئوتتۇرا شىفەن مائارىپى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا شىفەن سىستېمىسى شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون مائارىپ كومىتېتلىرى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا شىفەننى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. قۇمۇل شىفەن مەكتىپى، تۇرپان شىفەن مەكتىپى، شىخەنزە شىفەن مەكتىپى، چۆچەك شىفەن مەكتىپى ۋە قاراماي شىفەن مەكتىپى نۇقتا قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا شىفەن مەكتەپلىرىنىڭ جايلىشىشى، ئاساسەن، ئەقىلگە مۇۋاپىق، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمى خېلى ياخشى، مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشى توغرا، يېتەكچى ئىدىيىسى ئېنىق، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ روھى ھالىتى ياخشى ئىكەن؛ ئەخلاقىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن؛ يېڭى ئوقۇتۇش لايىھىسى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغان، مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى باشلانغان؛ ئىلمىي باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مەكتەپلەر قاتتىق ئىدارە قىلىنغان؛ ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولغان.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش تارىخىدا ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى تۆۋەن.

گو جىنخۇا

باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى قورغاس، غۇلجا، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا، چىڭگىل، چىرا، گۇما ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىرى باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھىرىدىكى 86 ناھىيە (شەھەر، رايون) باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يەتتە ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.6% (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت بالىلارنىڭ 96.7%) بولدى؛ يىللىق تۇراقلىنىش

نىسبىتى %97.6 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت باللارنىڭ %96.9) بولدى؛ 14 ياشتىكى باللارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش نىسبىتى %81.5 بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كىرىش نىسبىتى %80 بولدى.

. خەن شېڭسەي

**ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى**

1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ يىللىقلىرىدىن خۇلاسە ئىمتىھانى ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 108 مىڭ 69 ئوقۇغۇچى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل ۋە قىرغىز تىل ـ يېزىقلىرىدا تولۇق ئوتتۇرا 1 ـ يىللىقنىڭ جۇغراپىيە خۇلاسە ئىمتىھانىغا، تولۇق ئوتتۇرا 2 ـ يىللىقنىڭ فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، چەت ئەل تىلى (خەنزۇ تىلى)، تارىخ خۇلاسە ئىمتىھانىغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 618 ئىمتىھان نۇقتىسىدا 4694 ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىندى. تولۇق ئوتتۇرا 1 ـ يىللىقنىڭ ئىمتىھانىغا تىزىملانغان ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 538، ئەمەلىي قاتناشقىنى 48 مىڭ 757، ئەمەلىي ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ نىسبىتى %98.4 بولدى؛ تولۇق ئوتتۇرا 2 ـ يىللىقنىڭ ئىمتىھانىغا تىزىملانغان ئوقۇغۇچى 56 مىڭ 131، ئەمەلىي قاتناشقىنى 55 مىڭ 744، ئەمەلىي ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ نىسبىتى %99.39 بولدى.

1993 ـ يىلى ھەرخىل تىلدا ھەرقايسى پەنلەردىن ئېلىنغان خۇلاسە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتىدە خەنزۇ تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %82.4 بولدى، ئۇيغۇر تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى جۇغراپىيىدىن %91.5، فىزىكىدىن %87.7، خىمىيىدىن %89.1، بىئولوگىيىدىن %88، تارىختىن %85.3 بولدى؛ خەنزۇ تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى جۇغراپىيىدىن %96.5، فىزىكىدىن %94.6، خىمىيىدىن %94.2، بىئولوگىيىدىن %90.2، تارىختىن %96.8 بولدى؛ قازاق تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى جۇغراپىيىدىن %90.6، فىزىكىدىن %83.8، خىمىيىدىن %87.4، بىئولوگىيىدىن %88.5، تارىختىن %78.8 بولدى؛ موڭغۇل تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى جۇغراپىيىدىن %90.3، فىزىكىدىن %89.6، خىمىيىدىن %82.9، بىئولوگىيىدىن %91.4، تارىختىن %70.9 بولدى؛ قىرغىز تىلدا ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى جۇغراپىيىدىن %91.9، فىزىكىدىن %74.9، خىمىيىدىن %81.2، بىئولوگىيىدىن %65.8، تارىختىن %69.7 بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، شەرت ـ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى 24 ئوتتۇرا مەكتەپتە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە دەرسلىرىنىڭ تەجرىبە مەشغۇلاتىنى تەكشۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلار 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، تەجرىبىلەرنى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى فىزىكىنىڭ %96، خىمىيىنىڭ %98، بىئولوگىيىنىڭ %99 بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ھەرخىل تىلدا ھەرخىل پەنلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەردىن قايتا ئىمتىھان ئېلىندى. قايتا ئىمتىھان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دەرس خەنزۇ تىلدا ئۆتۈلىدىغان پەنلەر ئىچىدە چەت ئەل تىلىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسبىتى %88، باشقا پەنلەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا ئۆتۈلىدىغان پەنلەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسبىتى %90 ئەتراپىدا بولدى.

جاۋ مىڭ

**ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن كەسىپتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانى ئېلىندى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئېلىنغان كەسىپتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: خەنزۇ تىلدا تولۇق ئوتتۇرىدا 37 پەن، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا 16 پەن، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئون پەن، باللار باغچىسىدا يەتتە پەن، جەمئىي 70 پەن؛ ئۇيغۇر تىلدا تولۇق ئوتتۇرىدا 30 پەن، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا 22 پەن، باشلانغۇچ مەكتەپتە توققۇز پەن، جەمئىي 61 پەن؛ قازاق تىلدا تولۇق ئوتتۇرىدا 27 پەن، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا 22 پەن، باشلانغۇچ مەكتەپتە توققۇز پەن، جەمئىي 58 پەن. يۇقىرىدىكى تىللار ۋە قاتلاملار بويىچە جەمئىي 189 پەندىن ئىمتىھان ئېلىندى.

تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن خەنزۇ تىلدا ئەمەلىي ئىمتىھان بەرگەنلەر 2150 بولۇپ، 1454 ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى %67.6 بولدى؛ ئۇيغۇر تىلدا ئەمەلىي ئىمتىھان بەرگەنلەر 2205 بولۇپ، 1507 سى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى %68 بولدى؛ قازاق تىلدا ئەمەلىي

ئىمتىھان بەرگەنلەر 955 بولۇپ، 598 ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 62.6% بولدى.

شۇ جۇنيۈەن

**ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سەۋىيىسىگە توغرا باھا بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىنىمۇ، خەنزۇ تىلىنىمۇ بىلىش دەرىجىسىنى ئىگىلەش، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مائارىپ تەتقىقاتى ئىشخانىسى 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش سىنىقى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى سىناقتا ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى 39 مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 388 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى، ئېغىزچە ئىمتىھانى ئېلىش، ئوقۇتۇش ۋە يېزىق ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پروگراممىدىكى تەلەپكە يەتكەنلىرىنىڭ نىسبىتى 15%—20%، شەھەر - بازاردىن يىراق باشقا جايلاردىكىلەرنىڭ 5%—10%، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىلەرنىڭ 2%—3%. بۇنىڭغا قاراپ 1995 - يىلى شەھەر بازاردىن يىراق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 20 پىرسەنتى ئاز سانلىق مىللەت تىلىنىمۇ، خەنزۇ تىلىنىمۇ بىلىش تەلىپىگە يېتەلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە ھازىر مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى ئىگىلەندى: 1) خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆستىگە سەۋىيىسى تۆۋەن، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ناچار، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر 8300 دىن ئارتۇق خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بار، يەنە 3300 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى كەم. ھازىرقى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا شىفەن تەلىپىگە يېتىدىغانلىرىنىڭ نىسبىتى 92%، مەخسۇس كۇرس تەلىپىگە يېتىدىغانلىرىنىڭ نىسبىتى 35.5%، تولۇق كۇرس تەلىپىگە يېتىدىغانلىرىنىڭ نىسبىتى 16.7%. ئوقۇش تارىخى جەھەتتە لاياقەتلىكلەرنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسمى خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇمىغان؛ 2) ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان خەنزۇ تىلى دەرسلىكلىرىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ قىسمى يېڭى تۈزۈلگەندىن باشقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسى 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى كونىراپ كەتكەن؛ 3) مەكتەپلەردىكى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ناچار، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش - ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان تىل ئۆگىنىش ئۆيلىرى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سايمانلىرى يوق؛ 4) مەخسۇس خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىش بازىلىرى يوق، قورال كىتابلار ۋە تەجرىبە دەرسلىكلىرى، ئوقۇشلۇق دەرسلىكلىرى قاتارلىقلار كەمچىل.

ھاركىن

**ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بىر تۇتاش باستۇرۇلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ**

دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماق مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 1993 - يىلى كۈزدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنى بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىر تۇتاش باستۇرىدۇ. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) مائارىپ باشقارمىسى (ئىدارىسى) تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە بىر تۇتاش تامغا باسىدۇ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىگە بىر تۇتاش تامغا باسىدۇ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنى بىر تۇتاش تارقىتىدۇ. بۇ گۇۋاھنامىلەر مەجبۇرىي مائارىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى يۇقىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشچىلىققا، كادىرلىققا قوبۇل قىلىنىش ۋە ئەسكەرلىككە ئېلىنىشتا ئوقۇش تارىخى ئىسپاتى بولىدۇ.

ما شېڭشۇ

**ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى — ئاپتونوم رايونىمىز تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان 3 - يىل. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق قۇتۇبى، ماناس، چۆچەك، بورتالا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونى ۋە ئۈچتۇرپاندىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە، شەھەر، رايون تەكشۈرۈپ

ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ناھىيە (شەھەر) لەر 12 گە يەتتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئەمەلىي بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرىغا 4 مىليون 450 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن تەييارلىدى، بۇنىڭ بىلەن تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا خېلى ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى.

مىن جيەن

**ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىچىدە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرغان مەكتەپ 8562 بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى %93 كە يەتتى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن بىر پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى؛ 6770 بازا ئەمگەككە قاتناشتۇقچى 1 مىليون 637 مىڭ 248 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىشنى قوبۇل قىلدى. مەكتەپ باشقۇرغان دېھقانچىلىق (ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق) مەيدانلىرى 5958 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 33 مىڭ 465 گېكتار بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ 778 گېكتار كۆپەيدى؛ مەكتەپ باشقۇرغان زاۋۇت 849 غا يېتىپ، 131 ى كۆپەيدى، 3 - كەسىپ تور-نۇقتىلىرى 2325 كە يېتىپ، 247 سى كۆپەيدى؛ مەكتەپ باشقۇرغان كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقانلار 11 مىڭ 379 گە يېتىپ، 1018 ى كۆپەيدى؛ مەكتەپ باشقۇرغان كەسىپلەرنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 138 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 61 مىليون 940 مىڭ يۈەن ئاشتى، تۇراقسىز مەبلىغى 80 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تىجارەت سوممىسى 289 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 73 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 820 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 180 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپ تىجارەت سوممىسى 71 مىليون 870 مىڭ يۈەن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ باشقا ساپ كىرىمى 48 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى؛ ساپ پايدا 95 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 25 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ باشقۇرغان يېزا ئىگىلىكىنىڭ پايدىسى 16 مىليون 710 مىڭ يۈەن، مەكتەپ باشقۇرغان سانائەتنىڭ پايدىسى 16 مىليون 990 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ پايدىسى 16 مىليون 61 مىڭ يۈەن، باشقىلارنىڭ پايدىسى 45 مىليون 440 مىڭ يۈەن؛ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش كىرىمى 10 مىڭ 742 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3191 يۈەن ئاشتى؛ ھەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 33.5 يۈەنگە يېتىپ، 9.02 يۈەن ئاشتى. ساپ كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئورۇن سانى ئوبلاستى بولۇپ، 13 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ساپ كىرىمى 3 مىليون يۈەندىن ئاشقان (شەھەر) دەرىجىلىك ئورۇن سانى شەھىرى بولۇپ، 3 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ساپ كىرىمى 2 مىليون يۈەندىن ئاشقان ناھىيە (شەھەر) لەر غۇلجا شەھىرى، ماناس، مىچۈەن، ساۋەن ۋە شىخو ناھىيىلىرى بولۇپ، ساپ كىرىمى 2 مىليون يۈەندىن ئاشقان ناھىيە (شەھەر) لەردىن 1992 - يىلدىكىدىن ئۈچى كۆپەيدى؛ ساپ كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقان مەكتەپ كارخانىلىرى 69 غا يېتىپ، 35 ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى شەھىرى 3 - بىناكارلىق شىركىتى (1 مىليون 500 مىڭ يۈەن) ۋە مىچۈەن ناھىيىسى پولىئامىنوئېتىرلىق قىستۇرما ماتېرىيال زاۋۇتى (1 مىليون 50 مىڭ يۈەن) نىڭ پايدا ۋە بېجى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، مەكتەپ باشقۇرغان تۆت كارخانىنىڭ پايدا ۋە بېجى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

1993 - يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، ئىلى، ئالتاي، قەشقەر ۋە بورتالادىن ئىبارەت توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى كىرىم قىلىش كۆرسەتكۈچىنى مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئورۇنداپ بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش كىرىمىدىن مائارىپ خىراجىتى 63 مىليون 910 مىڭ يۈەن تولۇقلاندى، بۇ، شۇ يىللىق ساپ كىرىمنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ 42 مىليون 660 مىڭ يۈەنى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا، 8 مىليون 330 مىڭ يۈەنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا، 10 مىليون 790 مىڭ يۈەنى شەخسلەر پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىلدى، يەنە 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن قالدۇق قالدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش كىرىمىدىن دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج 7 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە تۆمۈر يول سىستېمىسى بىلەن 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى ھەمدە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى 83 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 104 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە 1992 - يىلى گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان 15 ئورۇن ۋە مەكتەپ كارخانىسى ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى.

جاڭ پىڭ

# چوڭلار مائارىپى

**چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە تېخنىكۇملىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى**

1993 - يىلى مەملىكىتىمىزدىكى 460 نەچچە مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىن جەمئىي چوڭلار ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇم ئوقۇغۇچىلىرىدىن 26 مىڭ 308 نى قوبۇل قىلدى (پارتىيە مەكتەپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4226 بولۇپ، %16 نى ئىگىلىدى؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 11 مىڭ 308 (مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقىچە ئوقۇيدىغانلار 548، تولۇق ئوتتۇرىدىن تولۇق كۇرسقىچە ئوقۇيدىغانلار 11، تولۇق ئوتتۇرىدىن مەخسۇس كۇرسقىچە ئوقۇيدىغانلار 10 مىڭ 728)، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 15 مىڭ (مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقىچە ئوقۇيدىغانلار 750، تولۇق ئوتتۇرىدىن مەخسۇس كۇرسقىچە ئوقۇيدىغانلار 14 مىڭ 250).

ۋېي جىنلياڭ

**ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئالىي مائارىپى خىزمىتى يىغىنى**

1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئالىي مائارىپى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى (باشقارمىسى، كومىتېتى)، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلىرىدىن ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەردىن كەلگەن 120 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» ئۆگىنىلدى، مەملىكەتلىك چوڭلار ئالىي مائارىپى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ بەلگىلەندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا «چوڭلار ئالىي مائارىپى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سادىر قادىر «ئىسلاھات ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

يىغىندا مەكتەپ باشقۇرۇش نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 22 چوڭلار ئالىي مەكتىپى ۋە تېخنىكۇمى تەقدىرلەندى.

جۇ ۋېيشىن

**ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىندى**

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە 15 - قېتىملىق ئىمتىھان ۋە 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە 16 - قېتىملىق ئىمتىھان ئېلىندى، ئىمتىھان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا ئېلىندى. 4 - ئايدا 26 كەسىپ، 66 دەرستىن ئىمتىھان ئېلىندى. جەمئىي 104 مىڭ 286 ئادەم 236 مىڭ 222 پەن (قېتىم) ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاندى؛ ئەمەلىيەتتە، 83 مىڭ 223 ئادەم 174 مىڭ 249 پەن (قېتىم) دىن ئىمتىھان بەردى، 93 مىڭ 143 پەن (قېتىم) دىن ئۆتتى.

تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر - تىل ئەدەبىياتى ۋە 3 - قېتىملىق خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىمتىھانى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا قاتناشقان 116 ئادەم ئىچىدە 49 ى ئەلا، 57 سى ياخشى، ئالتىسى ئوتتۇرا ۋە تۆتى لاياقەتلىك بولدى.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ھەرخىل چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى: جەمئىي | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 45 | 8966 | 2716 | 20265 | 4499 | 39634 | 10887 | 4182 | 1486 | 1808 | 735 |
| 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى | 1 | 1943 | 378 | 5340 | 1592 | 10100 | 2821 | 1009 | 286 | 364 | 124 |
| 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر داشۆسى | 13 | 1115 | 238 | 3253 | 173 | 6049 | 630 | 694 | 119 | 384 | 54 |
| 3) باشقۇرۇش كادىرلىرى شۆيۈەنى | 2 | 498 | 201 | 869 | 330 | 1493 | 648 | 513 | 196 | 192 | 91 |
| 4) مائارىپ شۆيۈەنى | 12 | 2382 | 1179 | 2690 | 1422 | 8011 | 4339 | 1966 | 885 | 868 | 466 |
| 5) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاچقان چوڭلار ئالىي مەكتىپى | 17 | 3028 | 720 | 8113 | 982 | 13981 | 2449 | | | | |
| (1) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسى | | 140 | 100 | 140 | 80 | 213 | 153 | | | | |
| (2) سىرتتىن ئوقۇش كۇرسى | | 750 | 32 | 2201 | 142 | 4462 | 526 | | | | |
| (3) كەچلىك داشۆ | | 2138 | 588 | 5772 | 760 | 9306 | 1770 | | | | |
| 2. چوڭلار تېخنىكوملىرى | 94 | 12295 | 2577 | 22619 | 5568 | 57642 | 15566 | 4208 | 1367 | 1965 | 713 |
| 1) ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكومى | 33 | 5017 | 552 | 2230 | 658 | 15759 | 1649 | 1870 | 335 | 791 | 150 |
| 2) ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى | 54 | 2103 | 1226 | 10309 | 1043 | 4783 | 2380 | 1502 | 796 | 812 | 460 |
| 3) رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكومى | 3 | 2446 | 86 | 3336 | 2636 | 27031 | 7233 | 659 | 160 | 331 | 82 |
| 4) ئادەتتىكى تېخنىكوملار ئاچقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكومى سىنىپى | | 2603 | 713 | 451 | 957 | 8564 | 3149 | | | | |
| 5) ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپ | 4 | 126 | | 14530 | 274 | 1505 | 1155 | 117 | 76 | 31 | 21 |
| 3. چوڭلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى | 22 | 3866 | 1723 | 516022 | 13276 | 16578 | 14240 | 420 | | 272 | 131 |
| 4. چوڭلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى | 909 | 629611 | 422214 | 84784 | 306177 | 536397 | 329152 | 1882 | | 875 | 528 |
| 5. چوڭلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى | 197 | 192614 | 154668 | | 62393 | 196733 | 164295 | 240 | | 175 | 128 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ساۋات چىقىرىش سىنىپى | | 122089 | 99341 | | | 92749 | 84050 | 49 | | 49 | 41 |

ئېنگلىز تىلىدىن ئاڭلاش، سۆزلەش بويىچە 8 - قېتىملىق ئىمتىھان 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلدى، 776 ئادەم قاتناشتى.

10 - ئايدا خەنزۇ تىلىدا ئېلىنغان بازار تىجارىتى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ھەرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىنىدىغان ساناەت ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش - رۇس تىلىدىن ئىبارەت بەش كەسىپ بويىچە مەخسۇس كۇرس قاتلىمىدىكى ئىمتىھان كۆپەيتىلدى، يەنە خەنزۇ تىلىدا ئېلىنىدىغان بوغالتىرلىق، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئېلىنىدىغان خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ بويىچە تولۇق كۇرس ئىمتىھانى كۆپەيتىلدى. 10 - ئايدا جەمئىي 33 كەسىپ، 81 دەرستىن ئىمتىھان ئېلىندى. جەمئىي 94 مىڭ 324 ئادەم 217 مىڭ 971 پەن (قېتىم) دىن ئىمتىھان بېرىشكە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ئەمەلىيەتتە، 78 مىڭ 190 ئادەم 169 مىڭ 682 پەن (قېتىم) دىن ئىمتىھان بەردى، 92 مىڭ 137 پەن (قېتىم) دىن ئۆتتى.

1993 - يىلى جەمئىي 5145 كىشى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى (11 - نۆۋەتلىكتە 1793، 12 - نۆۋەتلىكتە 3352)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 116.

«ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشتا ئىمتىھانغا قاتناشقان مېيىپلارنى تەقدىرلەشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالتاي ۋىلايىتىدىن خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن فالڭ فالڭ ۋە خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىدە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن جېكىس (قازاق) لارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ھەمدە 500 يۈەندىن مۇكاپات بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ كومىتېتى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشتا ئىمتىھان ئېلىنمايدىغان دەرسلەر ھەققىدىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشتا ئىمتىھان ئېلىنمايدىغان دەرسلەر ھەققىدىكى تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. تەپسىلىي قائىدىدە دۆلەت تەرىپىدىن ئوقۇش تارىخى ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئالىي مەكتەپلەردە ئاسپىرانتلىقنى، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندا 2 - خىل كەسىپتىن ئىمتىھان بېرىشكە قاتناشسا، تەپسىلىي قائىدىگە ئاساسەن، ئۆزى ئۆگىنىپ بولغان ھەمدە نەتىجىسى ئۆلچەمگە لايىق بولغان بىر قىسىم پەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ساۋ ياڭ

**ئۇتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىندى**

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى 12 - قېتىملىق ئىمتىھان ۋە 10 - ئاينىڭ 30 - ، 31 - كۈنلىرى 13 - قېتىملىق ئىمتىھان ئېلىندى. ئىككى قېتىمدا سېسترالىق كەسپىدىكى فىزىئولوگىيە، خىمىيە، مىكروبىئولوگىيە، ئالاھىدە ھاشاراتشۇناسلىق، ئاناتومىيە ۋە توقۇلما تۆرەلمەشۇناسلىق، فارماكولوگىيە ۋە پاتولوگىيە پەنلىرىدىن ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا ئىمتىھان ئېلىندى.

1993 - يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھانلارغا جەمئىي 1320 كىشى 4139 پەن (قېتىم) مەلۇم قىلدى؛ ئەمەلىيەتتە 1135 ئادەم 2999 پەن (قېتىم) دىن ئىمتىھان بەردى، 1402 پەن (قېتىم) دىن ئۆتتى.

1993 - يىلى 44 كىشىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا شىفەندىن 34 كىشى، پۇل مۇئامىلە ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن ئون كىشى بار.

ساۋ ياڭ

**چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن 7 - قېتىملىق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان چوڭلار مائارىپى شۆبىلىرى، ئىشتىن سىرتقى (كەچلىك) داشۆ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر داشۆسى ۋە باشقۇرۇش كادىرلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانى ئالدى. ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانىغا 32 مەكتەپتىكى 1991 -، 1992 - يىللىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 22 مىڭ 68 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 3268 ئادەم (قېتىم)، ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەردىن

قاتناشقانلار 1656 ئادەم (قېتىم).

خەنزۇ تىلىدىكى رەسمىي ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 17 مىڭ 235 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %79.4 كە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى رەسمىي ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 3368 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %83 كە، ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەردىن قاتناشقانلار 1656 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %74 كە يەتتى. 1993 - يىلى جەمئىي 146 پەندىن ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا 82 پەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا 50 پەن، ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەردە 14 پەن.

7 - قېتىملىق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى يەنە 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانى بويىچە قايتا ئىمتىھان ئالدى. 1 - قېتىملىق قايتا ئىمتىھانغا 3312 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى 2212 ئادەم (قېتىم) گە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %78.8 كە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى 562 ئادەم (قېتىم) گە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %78 كە، ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپلەردىن قايتا ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 541 ئادەم (قېتىم) گە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %87 كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئۆز قەرەلىدە ئوقۇش پۈتتۈرەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مەكتەپكە قايتىپ كېلىشكە، ياكى تېلېۋىزىيە داشۆسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىگۈچىلەر ئىمتىھانغا قاتنىشىپ يەككە پەن بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى بېكىتمىسىگە ئاساسەن، 1993 - يىلى يەنە يۇقىرىدىكىدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىپ قايتا ئىمتىھان بېرىشىگە رۇخسەت قىلىندى، قايتا ئىمتىھانغا 677 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 500 ئادەم (قېتىم) گە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %68.4 كە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا قايتا ئىمتىھان بەرگەنلەر 177 ئادەم (قېتىم) گە، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى %73 كە يەتتى.

قايتا ئىمتىھان ئېلىنغان پەنلەر جەمئىي 169 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان ئېلىنغان پەن 105، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا ئىمتىھان ئېلىنغان پەن 50، ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردە ئىمتىھان ئېلىنغان پەن 14.

1988 -، 1989 -، 1990 - ۋە 1991 - يىللىقلاردىكى ئىمتىھان ۋە قايتا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن يەنىلا 165 ى بىر پەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇلار مەكتەپ تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئۆز قەرەلىدە ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيدۇ. 1992 - يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن قايتا ئىمتىھان ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنە 14 كىشى ئىككى پەندە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، مەكتەپ تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇلار مەكتەپتە كېلەركى مەۋسۇمدە ئوخشاش كەسىپتىكى سىنىپ بار بولسا، شۇ سىنىپتا قايتا ئوقۇدى، ئۇنداق سىنىپ بولمىسا، مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى.

چۇ ۋېيشىن

ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى

1993 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بىۋاسىتە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ماكرولۇق تىزگىنلەش كۈچەيتىلىپ، يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كەسپىي يېتەكچىلىك ۋە كارخانىلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

1) 6 - تۈركۈمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتەپلىرىدىن يەتتىسى تەكشۈرۈپ ئېلان قىلىندى، ئۇلار: شىنجاڭ «قىزىلبايراق» ماشىنا زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزى، شىنجاڭ «ئالغا» ماشىنا زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى، شىنجاڭ 2 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى، تارىم نېفىتلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەكتىپى.

2) چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، چوڭلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى قايتا ئېچىشنى ئىلتىماس قىلغان مەكتەپلەر تەكشۈرۈلۈپ باھالاندى (ئەسلىدە 577 ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ھەممىسىدە چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى بار ئىدى)، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان 71 مەكتەپنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى.

3) چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈلۈپ، چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانى، مەكتەپ قۇرۇش ئۆلچىمى،

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى، دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئوقۇتۇش سائىتى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلۇش ئىزىغا سېلىنىدى.

فياڭ جۇنجيەن

## ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە دېھقان، چارۋىچىلار مائارىپى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 6739 ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ئېچىلىپ، 167 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆگىنىشىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇقى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش سىنىپلىرىدىن 3154 ى ئېچىلىپ، بۇ سىنىپلاردا 99 مىڭ 400 ئادەم ئوقۇدى. ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان كۇرسانتلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا ئومۇمىي ساۋات سىنىپلىرىدىن 4552 سى ئېچىلىپ، 170 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوقۇدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 15 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى 1992 - يىلدىكى %6 تىن %5.1 كە چۈشۈپ، مەملىكەت بويىچە ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى 5.3 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى؛ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى 1992 - يىلدىكى %10.95 تىن %10 كە چۈشۈپ، مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلارنىڭ %15.8 لىك نىسبىتىدىن تۆۋەن بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 83 ناھىيە، شەھەر ۋە رايون ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ئۇلار گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە، شەھەر ۋە رايونلار ئومۇمىي سانىنىڭ 86.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا ھەرخىل ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە يېتىشتۈرۈش سىنىپلىرىدىن 14 مىڭ 11 ى ئېچىلىپ، 1 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچى تەربىيىلەندى. يېزا (بازار) لاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا مەكتەپلىرى 501 گە يەتتى، كەنت دەرىجىلىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا شۆبە مەكتەپلىرى ياكى ئوقۇتۇش سىنىپ - نۇقتىلىرى 1792 گە يەتتى، يېزا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشنى سىناق قىلغان ناھىيە (شەھەر) لەر 19 غا يەتتى، «يانغىن» پىلانىدىكى ئۈلگىلىك يېزىلار 140 قا يەتتى.

سانجى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشتا سىناق قىلىنىدىغان ئوبلاست قىلىپ بېكىتىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، دېھقان چارۋىچىلار مائارىپى ۋە يېزا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش جەھەتلەردە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، دۆربىلجىن ناھىيىسى، مورى ناھىيىسى ۋە بارىكۆل ناھىيىسىگە ئىككى خىل مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

2) 4 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلار يۇقىرىغا يوللىغان ئۆلچەملەشكەن ۋە مۇنتىزىملاشقان يېزا (بازار) دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا مەكتەپلىرىنى باھالىدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئۇچئون يېزىسى، غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي يېزىسى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جۇيۇڭگەي يېزىسى، ماناس ناھىيىسى لوتۇبى بازىرى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسى ئەرشىلىدەن يېزىسىدىن ئىبارەت بەش يېزا (بازار) دىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا مەكتەپلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 - دەرىجىلىك يېزا (بازار) دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇمىي ساۋات، تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ باھالاندى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

3) 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ھەم ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى غۇلجا ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، چىڭگىل ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى ۋە پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈردى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، بۇ ناھىيىلەرنىڭ گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش ۋە باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ئۆلچەملىرىگە يەتكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى.

4) 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون يېزا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشنى

باشقۇرغۇچى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۆگىنىشكە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق قىلىنىۋاتقان 19 ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل ھاكىم، شۇجىلىرى ھەمدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، «يانفىن» پىلانىدىكى 140 ئۆلگىلىك يېزىنىڭ باشلىقلىرى، شۇجىلىرى بولۇپ جەمئىي 170 نەچچە كىشى قاتناشتى.

5) 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئىككى يىللىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەخسۇس كۇرسى سىنىپىدىن ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، يېزىلارغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپلىرىدە ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 130 نەچچىنى يېتىشتۈرۈپ بەرمەكچى بولدى.

6) 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، 32 ناھىيە (شەھەر)، 60 نەچچە يېزا (بازار) ۋە 70 نەچچە يېزا مەكتىپىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، دېھقان، چارۋىچىلار مائارىپى ۋە يېزا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلدى، «يانفىن» پىلانىدىكى 45 تۈر بويىچە تەكشۈردى.

7) «يېزىلاردا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، 1993 - يىلى ئۈچ سان چىقىرىلدى، 15 مىڭدىن ئارتۇق تارقىتىلدى، «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى 20 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق، خەنزۇچىسى 10 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، «شىنجاڭ يېزا باشلانغۇچ كەسپىي تېخنىكا دەرسلىكى» 10 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق (بىر يۈرۈش يەتتە كىتاب، 130 مىڭ خەتلىك) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

تالىڭ خۇڭبىن

## كەسپىي مائارىپ

**كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

1). ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن 12 سى، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومدىن ئۈچى قۇرۇلدى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 134 كە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەسپىي مەكتەپ قۇرۇلغان ناھىيە (شەھەر) 63 كە يېتىپ، ناھىيە (شەھەر) ئومۇمىي سانىنىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى نىشاندىن ئېشىپ كەتتى. چۆچەك شەھىرى ۋە قورغاس ناھىيىسىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىككىسى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 147 مىڭ 692 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ 61 مىڭ 274 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ساندىن تۇنجى قېتىم ئېشىپ كەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىغا قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 52.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

2) مەكتەپ باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىپ، «ئىشلەپچىقىرىش مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش» يېڭى يولىغا سېلىندى. بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى مەكتەپ باشقۇرۇش، كارخانا قۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەكتەپلەر شىنجاڭغا تەجرىبە ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلىندى. 1993 - يىلى شۇ ئىككى جايدىكى سەككىز نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىرى تەكلىپ بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ مەكتەپ قۇرغان كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق توققۇز كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مائارىپنى باشلامچىلىق بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى 100 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىل ئاخىرىدا ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 117 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇلاردىن فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە كورلا شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى 170 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلدى.

3) مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شارائىتى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1993 - يىلى نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 4000 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتۇش بىناسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2000 كۋادرات مېتىرلىق تەجرىبىخانا بىناسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 -

شى 148 - تۈەن - مەيدانى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1000 كۋادرات مېترلىق ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك 2 - كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كىيىم - كېچەك زاۋۇتى پۈتتى.

4) كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ يېتىشتۈرۈش بازىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كەسپىي مائارىپ كادىرلىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى. خېبېي چاۋلى كەسپىي شىفەن شۆيۈەنىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى شىنجاڭ ئۈچۈن 40 نەپەر كەسپىي مائارىپ كادىرى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

كەسپىي مائارىپتا كەسپىي ئوقۇتقۇچى يەك ئاز بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئاگرانوم فاكۇلتېتىدا تۇنجى قېتىم ئىككى كەسپىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپى ئېچىلدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئايرىم تىزىمغا ئالدۇرۇش، ئايرىم قوبۇل قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ سوئال چىقىرىش، ئومۇمىي ساۋات ۋە كەسپىي دەرسلەردىن ئەستايىدىل ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

گو تىڭ

تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا نازارەت - ئىدارە، شىركەت، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئەمگەك تارماقلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ جەمئىي 180 ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىندا تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن يېڭى سىياسەت بەلگىلەندى: 1) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا دۆلەتنىڭ ۋەزىپە پىلانى بىلەن تەڭشەش خاراكتېرلىك پىلانى بىرلەشتۈرۈلىدۇ، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەڭشەش خاراكتېرلىك پىلانغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇسى يۆتكەلمەيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئىككى گۇۋاھنامە، يەنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ۋە تېخنىكا دەرىجىسى گۇۋاھنامىسى (ئىش ئورنى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى) بويىچە تەكشۈرۈش يولىغا قويۇلىدۇ، ھەمدە ئەمگەك بازارلىرىغا كىرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىنكى ئىش ھەققى تەمىناتى پىلان ئىچىدىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولىدۇ.

2) ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ. ئاساسلىق شەھەر، بازار نوپۇسىدىكى ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغاندىن باشقا، يەنە يېزا نوپۇسىدىكى شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىمتىھان بېرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى 30% تە تىزگىنلىنىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ «يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا يۆتكەش» پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن تۆۋەن بولمايدۇ.

3) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان كەسىپ (ئىش تۈرى) ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىسە بولىدۇ، رايون، تارماق ۋە كەسىپ ھالقىغان ھالدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق يېتىشتۈرۈش رولىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياز پەسلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەتىياز ۋە كۈزدە قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ. «كىم مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ ئاچقان بولسا، شۇ مەنپەئەتدار بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە مەكتەپ ئاچقان ئورۇندىكى پەرزەنتلەردىن بەلگىلىك نىسبەتتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرى دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، يەنە ھەرخىل قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ۋە ئىشقا چىقىش ئالدىدىكى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچسا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقلىق تەربىيىلەش نىسبىتى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

جۇ يۈ

كەسپىي مائارىپ دەرسلىكلىرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1993 - يىلى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى 180 خىل دەرسلىكتىن 14 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى دەرسلىكى كىتابىدىن 18 نى نەشر قىلىش ھاۋالە قىلىندى، بۇنىڭ تۆتى نەشردىن چىقتى.

مىجىت خوجانىم،

# مەدەنىيەت . ئارخىپچىلىق

## مەدەنىيەت

### ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 15 (بىرى ئاپتونوم رايونلۇق، 14ى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى) كە، ناھىيە، شەھەر (رايون) دىكى مەدەنىيەت يۇرتى 92گە، يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى 1506گە يەتتى. يېزا (بازار، مەھەللە) مەدەنىيەت پونكىتى 868 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەدەنىيەت پونكىتى 36) گە، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خادىمى 1112گە يەتتى. قۇرۇلغان يېزا مەدەنىيەت ئۆيى (كۇلۇب، كۆتۈپخانا) 4241گە يەتتى. شەھەر - بازارلاردا يەنە ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى زاۋۇت (مەيدان) كان، كارخانىلارنىڭ كۇلۇب، مەدەنىيەت سارايلىرى 1030غا، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خادىمى 1921گە يەتتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە ئاممىۋى كۆتۈپخانا 63كە، كادىر - خىزمەتچىلىرى 735كە، ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ مىقدارى 4 مىليون 579 مىڭ نۇسخىغا يەتتى.

1993 - يىلى جايلاردىكى ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى 324 قېتىم ھەر خىل كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى، 1044 قېتىم چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى؛ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن 517 قارار ئېچىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى 15 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى؛ 24 مىڭ 900 قېتىم سىنئالغۇ قويدى، تاماشىبىنلار 631 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتىدىن 86نى قۇردى، خەلق ئارىسىدىكى كەسپىي تىياتىر ئۆمىكى 25كە، تارقاق جايلاشقان خەلق سەنئەتچىسى 367گە يەتتى.

1993 - يىلى ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە زور بىر قىسىم يېزا (بازار، مەھەللە) مەدەنىيەت پونكىتلىرى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتنى قامداش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن مەدەنىيەتكە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى، مۇشۇ بىر يىلدا ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى قامداشتىكى يىللىق كىرىمى 2 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭدىن يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا ۋە باج 178 مىڭ يۈەن، ساپ پايدا 11 مىليون 142 مىڭ يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش تەلىپىگە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشنى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى «تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى» ۋە ئاممىۋى سەنئەت سارايلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ «ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشنى نومۇر قويۇپ باھالاش ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى بىر يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مەكىت، يەكەن، قەشقەر كوناشەھەر، قاغىلىق، جىڭ، قورغاس، كورلا، خېجىڭدىن ئىبارەت سەككىز ناھىيە (شەھەر) لىك مەدەنىيەت يۇرتى «مەملىكەت بويىچە ئۆلچەملىك مەدەنىيەت يۇرتى» بولۇپ باھالاندى؛ قەشقەر شەھەرلىك چاسا مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، قۇم دەرۋازا مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت پونكىتى «مەملىكەت بويىچە ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى» بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەملىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى» دىن تۆتنى، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەملىك مەدەنىيەت يۇرتى» دىن 11 نى، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى» دىن 139نى باھالاپ چىقتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىل مۇسابىقە ۋە باھالاپ مۇكاپاتلاشتا بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 3 - نۆۋەتلىك «چولپانلار» مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكىدىكى جاۋسىيېن تېكىستىنى يازغان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى ۋۇۋېيجىن

مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن «مۇزتاغ مەنزىرىسى» دېگەن ناخشا كۈمۈش مېدالغا، ماناس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى ۋاڭ جىنكۈي ئىجاد قىلغان كىچىك كومېدىيە «توي ماجىراسى» مىس مېدالغا؛ شىخەنزە ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى يۈجىخەي تېكىست ۋە مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن ناخشا «بىز بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز» مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

6 - ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 1993 - يىللىق مەملىكەتلىك چولپانلار گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە ئىلى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى شىن ياڭفۇنىڭ ياغاچ ئويما رەسىمى «شادىمان يايلاق» مىس مېدالغا؛ كۈيتۇڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ لىيۇ شياڭفۇنىڭ ياغاچ ئويما رەسىمى «چارۋىچىنىڭ ئۆيى»، شىخەنزە شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يۈجىتاۋنىڭ جۇڭگوچە رەسىمى «سەھەر» مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەدەنىيەت نازارىتى ئويۇشتۇرغان مەكىت ناھىيىلىك خەلق ئۇسسۇلى ئەترىتى (دولان مەشرىپى ئەترىتى) 1993 - يىل 9 - ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ساياھەت ئىدارىسى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، شېنياڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن، 14 دۆلەتتىكى ۋە دۆلىتىمىزدىكى 18 خەلق ئۇسسۇلى ئەترىتى قاتناشقان شېنياڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق ئۇسسۇلى بايرىمى (شېنياڭ ياڭگىر ئۇسسۇلى بايرىمى) غا قاتناشتى ھەمدە «كۈمۈش ئەترگۈل» مۇكاپاتى، تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

9 - ئايدا 1993 - يىللىق «شياڭگاڭ كۆزنىكى» لوڭقىسى جۇڭگو دېھقانلار رەسىمى مۇسابىقىسىدە مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقان رېھىم سېلىمنىڭ «شىكار» ناملىق ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «توخۇ يىلىغا تىلەك» ناملىق ئەسىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقان ئوبۇل قاسىم ئېزىزنىڭ ئەسىرى «چىنە ئۇسسۇلى» مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مەھكىمىسى 1993 - يىل 10 - ئايدا تيەنجىندە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 1993 - يىللىق جىڭجۇ ھەۋەسكارلىرى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئۈچ نومۇردا مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەۋەسكار لىيۇ زۇڭخۇا، ياڭ شياۋيۈنلەر مۇنەۋۋەر ھەۋەسكار مۇكاپاتىغا، تيەن شىكۈن، گاۋ خۇڭشيالار ھەۋەسكار مۇكاپاتىغا؛ مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1988 - يىلى مەكىت ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «دېھقانلار رەسىمى يېزىسى» دەپ نام بېرىلگەندىن كېيىن، 1993 - يىل 12 - ئايدا ئارشاڭ ناھىيىسى چاغان تۇڭگى يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭگو خەلق سەنئىتى يېزىسى» دەپ نام بېرىلدى.

سەي چۈن

## مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تانسخانا، ناخشىخانا 512 گە، كارا OK زالى 229 غا، مۇزىكىسى (تامىقى) بار چايخانا 99 غا، بىليارد 4526 گە، ئېلېكترون ئويۇنچۇق 935 كە، شاھمات ۋە قارت ئويناش ئۆيى (پايىسى) 219 غا، ئويۇن - تاماشا سورۇنى 45 كە، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال سېتىش ۋە ئارىيەت بېرىش ئورنى 630 غا، سىنئالغۇ لېنتىسى تارقىتىش ئورنى 43 كە، سىنئالغۇ قويۇش ئورنى 1020 گە، رەسىم كۆرگەزمە قىلىش گاللېرىيىسى، رەسىم دۇكىنى ۋە ھۆسنخەت رەسىملەرنى شىرازىلاش دۇكىنى 357 گە، مۇشۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار نەچچە 10 مىڭ كىشىگە يەتتى.

1993 - يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىن ناھىيە (شەھەر) مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرىدىغان دائىملىق ۋە ۋاقىتلىق ئورگانلارنى قۇرۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى باشقۇرۇش خادىمىدىن 72 نى، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى باشقۇرۇش خادىمىدىن 65 نى سەپلىدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەر يەنە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مەدەنىيەت تەكشۈرۈش قوشۇنىنى قۇردى.

1993 - يىلى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە نۇرغۇن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. 1993 - يىل 10 - ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك مەدەنىيەت بازارلىرى خىزمەت يىغىنىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نام بېرىلدى. قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې گۇڭيا، چۆچەك شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى سەزگى، بورتالا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى جياڭ شيۇمىن (ئايال) لارغا «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بېرىلدى؛ قاراماي شەھىرى «ئاق

بولۇت» ناخشا - ئۇسسۇللى زالى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كادىرلار مېھمانخانىسىنىڭ تانسىخانىسى، قەشقەر شەھىرى «فۇلىڭمېن» كارا OK زالىغا «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى» دېگەن نام بېرىلدى.

سەي چۈن

**ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالى** 8 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش مىللەتتىن بولغان 16 يازغۇچىنىڭ 14 ئەسىرى مۇكاپاتلاندى؛ 10 - ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، مىللەتلەر نەشرىياتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاشتا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 23 ئەسەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، ئۈچ ئەسەر شەرەپ مۇكاپاتىغا، ئالتە ئەسەر رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يەنە ئالتە نەپەر مۇھەررىر مۇنەۋۋەر مۇھەررىر بولۇپ باھالاندى؛ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئالتە مىللەتتىن بولغان 21 يازغۇچىنىڭ 20 ئەسىرى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن بىرلىشىپ «جۇتاۋ تاللانما ئەسەرلىرى»نى تونجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى، ۋاڭ يۈخۇ ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەشھۇر قازاق شائىرى ئاقىت قارىمساق تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى يەنە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ 1992 - يىللىق ئۆگىنىشىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بازار ئىگىلىكى دولقۇنى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ توختاملىشىش تۈزۈمى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە كېڭەشتى.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتى** 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبەچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمىدىن 120 مىليوندىن ئارتۇق خەت ھېسابىدىكى 324 كىتاب تۈزۈپ چىقىرىلدى؛ 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك 30 كوللېكتىپنى، 204 نەپەر شەخسنى تەقدىرلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق «ماناس» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى مەشھۇر «ماناس» ئۇستىسى يۈسۈپ ماماي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، جۇڭگو «جاڭغىر» تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بېيجىڭدا «جاڭغىر»نىڭ خەنزۇچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى تونجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

**ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى** مۇشۇ بىر يىلدا ھەر خىل كۆرگەزمىدىن توققۇز قېتىم ئۆتكۈزۈلدى؛ ئالتە ئادەم ئالتە قېتىم خەلقئارا مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئالتە ئادەم ئالتە قېتىم مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 20 نەپەر خەتتاتنىڭ ئەسەرلىرى «خەلقئارا ھازىرقى زامان ھۆسن خەتلىرى»گە كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۈچۈر، ئېلان شىركىتى بىرلىشىپ، شىنجاڭ تونجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يەككە ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى «مېڭجىن» چىنجۇ ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ «مېڭجىن چىنجۇ ئۆمىكى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1953 - يىلى شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. يەنە كىچىك چولپانلار سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تونجى قېتىملىق رويال، ئىسكىرىپكا (ئىشتىن سىرتقى) دىن ئىمتىھان ئېلىپ دەرىجە بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى كىنو تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش مەركىزى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە چاتما فىلىمى «غەربىي يۇرتقا نەزەر»نى سۈرەتكە ئالدى ھەمدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسەتتى.

جياڭ لىن

**90 - يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش ئەھۋالى**

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2 - قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى، بۇ يىغىندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتتىن بولغان 21 يازغۇچىنىڭ 20 ئەسىرى مۇكاپاتلاندى. «تارىم»، «جۇڭگو غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» دىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن «تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە: كىنو سىنارىيىسى: «دومبۇرا ناخشىسى» (ۋاڭ يۈخۇ)، «ئىزىغا چۈشكەن تەقدىر» (ئابلىمىت مۇھەممىدى)؛ پوۋېست: «قارالا ئاتلىق قازاق» (جۇمادىل مامان، قازاق)؛ ئەدەبىي ئاخبارات: «باھار، زېمىن، روھ» (مۇھەممەت باغراش)، «خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئادەم» (جۇگۇاڭخۇا، دىلدار)، «ئاناتىل ئىشقىدا» (ئابلىكىم مۇھەممەت)؛ ھېكايە: «چېگرا رايون رىۋايەتلىرى» (لى گۇاڭجى)، «ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ» (نۇرمۇھەممەت توختى)، «يولدا» (سەپەر تېيىپ)، «دوستلۇق كۈيى» (غانى سارجان، قازاق). «ئۈزۈلمەس رىشتە» (خۇشبىگلى)، «يىلتىز» (ناخاش، موڭغۇل)، «ماناسنىڭ ئەۋلادلىرى» (ئامانتۇر ئابدۇرۇسۇل، قىرغىز)؛ نەسر: «قازاق دوستۇم ناغىي» (لى فۇلۇ)؛ شېئىر: «ئامانتاي» (قۇلمۇقان ئەخمەت، قازاق)، «ئانا ۋەتەنگە مەدھىيە» (جاڭ گۈيتىڭ، خۇيزۇ)، «سەپەر قىياملىرى» (مۇھەممەت شاۋۇدۇن)، «قاننىڭ قوشۇلۇشى» (ئىمىن ئەخمىدى)، «چۆل - جەزىرە» (م. ئىركىباتۇ، موڭغۇل)، «ماناس ناخشىلىرى» (مۆمىن توختاخۇن، قىرغىز).

جياڭ لىن

**مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى**

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك (1988 - 1991) ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدا ئاخىرلاشتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن 14 ئەسەر، 16 ئاپتور مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە: رومان: «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى: «بۇ چۈش ئەمەس» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «رەڭگارەڭ دۇنيا» (قېيۇم تۇردى)، «ئاتامان قىزى» (ئەخمەتۇللا خالىس، قازاق)، «ھايات» (ئېرسىبېك ئاۋقان، قىرغىز)، شېئىرلار توپلىمى: «دالاسىرى» (زاداقان مىڭباي، قازاق)، «تاڭ لىرىكىلىرى» (ئوسمانجان ساۋۇت)، «قايىنام» (غالىم قاناپىيا، قازاق)، «بۇ مۇھەببەت، بۇ ياشلىق» (ئابدۇللا سۇلايمان)، «دەۋر ئىلھامى» (تۆمۈر داۋامەت)؛ نەسرلەر توپلىمى ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلار: «يۇلتۇزلارنى ئۈزگۈچى» (گوجىنەن، شىبە)؛ ئوبزورلار توپلىمى: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا باھا» (مۇھەممەت پولات)؛ يېڭى ئاپتورلارنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى: «ئەرۋاھلار ئارىسىدا» (قايشا، قازاق)، «رەڭدار قويۇن» (خالىدە ئىسرائىل)؛ مۇنەۋۋەر تەرجىمان مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر لياڭ شۆجۈڭ، ئۆركەش قۇرمانبېك (ئايال، قازاق).

جياڭ لىن

**5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى بىلەن تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى بىلەن تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 70 نەپەر ئۇيغۇر شائىر، يازغۇچى، ئوبزورچى، تەرجىمان، شۇنىڭدەك پايتەختتىكى ئاخبارات، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم زاتلار قاتناشتى. يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازلار قاتناشتى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى دېڭ يۇمېي يىغىندا سۆز قىلدى.

5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى باھالاشتا جەمئىي 32 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسەر مۇكاپاتى 23، شەرەپ مۇكاپاتى ئۈچ، رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى ئالتە، يەنە ئالتە نەپەر مۇھەررىر مۇنەۋۋەر مۇھەررىر بولۇپ باھالاندى.

تۇنجى قېتىملىق يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى پاختەختنىڭ ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم زاتلارغا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاپتورلىرى 3000غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان غوللۇق ئاپتورلاردىن 200 - 300ى بار. 20 خىلغا يېقىن ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنال 40 نەچچە رومان، 200 نەچچە پوۋېست، تەخمىنەن 500 ھېكايە، نەسىر، داستان، شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. 32 يازغۇچى، شائىر مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى ياش يازغۇچى جۇاڭ جۇڭخۇېن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تونۇلغان يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى چەت ئەللەردە نەشر قىلىندى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا كۆپچىلىك يەنە ئەدەبىيات تەرەققىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بەزى مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

جياڭ لىن

## قوشۇمچە 1

5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىكى

«مەڭگۈلۈك ھەمراھ» (پوۋېست، ئالىمجان ئىسمايىل)، «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى» (شېئىر، ئادىل تۇنىياز)، «ھايات ۋە ئادەم» (ھېكايە، ئابلىجان ھېيت)، «كەل، مەن بۇ يەردە» (شېئىر، ئابدۇقادىر جالالىدىن)، «ئەدەبىي تەنقىدچى» (ئوبزور، كېرىمجان ئابدۇرېھىم)، «سۆيۈلمىگەن لەۋ» (شېئىر، ئەركىن ئەبەيدۇللا)، «قىسىلغان يۈرەك» (ھېكايە، زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت)، «ئېھ، غۇلجام» (شېئىر، ئابلىكىم ھەسەن)، «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» (پوۋېست، تۇرسۇنجان مۇھەممەت)، «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» (شېئىر، ئابدۇللا سۇلايمان)، «ئەقىدە» (ھېكايە، ئەسئەت نەجمىدىن)، «بوۋا، خوش ئەمدى» (شېئىر، ئەكبەر داۋۇت تەنھايى)، «ئايىغىڭدا جەننەت بار، ئانا» (شېئىر، سەمەت ئابدۇراخمان)، «توختاپ قالسۇن جاڭجاللار» (شېئىر، مۇھەممەت ئەخمەت)، «قۇياش شەجەرىسى» (ھېكايە، تۇرسۇن مۇسا)، «ئالقىشلانغان ماقالە» (فېلىيەتون، مۇھەممەت مەمتىلى)، «ئەۋلادلار ئۈچۈن» (ھېكايە، ئىكرام قادىر بوستانى)، «پاكلىق يوقتۇر ئازابتىن بۆلەك» (چاتما شېئىر، ئالىمجان ناسىرى)، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى» (پوۋېست، ليۇفېڭجاڭ تەرجىمىسى، ئاپتورى: قەييۇم تۇردى)، «ئۆلۈككە خەت» (ھېكايە، لۇجىچاۋ تەرجىمىسى، ئاپتورى: مەمتىمىن ھوشۇر)، «قورقۇنچلۇق ئاپەت» (ھېكايە، خۇشېڭلى تەرجىمىسى، ئاپتورى: مۇھەممەت ئىمىن)، «ئارزۇ» (چاتما شېئىر، ئەكبەر غۇلام تەرجىمىسى، ئاپتورى: پەرھات ئىلياس)، «قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز» (شېئىر، دىلشات تەرجىمىسى، ئاپتورى: تۇرنىسا ئابلىز)، يۇقىرىدىكى ئەسەرلەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «تۇنجۇققان سۆيگۈ» (پوۋېست، ئابلا ئەخمىدى)، «چەت ئەلدە تۇغۇلغان ھېكايىلەر» (ھېكايە، ئايشەم ئەخمەت)، «پەرۋانە» (ھېكايە، سۇلتان ھاشىم) دېگەن ئەسەرلەر شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## قوشۇمچە 2

مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرنىڭ ئىسىملىكى

تۇرسۇن نىياز («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن)، ئايشەم ئەخمەت («قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن)، مۇھەممەت شانىياز («تۇرپان» ژۇرنىلىدىن)، سىراجىدىن سىتنىياز («مايبۇلاق» ژۇرنىلىدىن)، مۆيدىن سايىت («بوستان» ژۇرنىلىدىن)، مەتقاسىم ئابدۇراخمان («يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىن)، سارەم ئىبراھىم («تارىم» ژۇرنىلىدىن)، سىدىق تۇرسۇن («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىن)، پولات ھېۋزۇللا («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن)، ئەكبەر غۇلام («مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن).

**ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى**

ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئەلنەغمە كۆرىكىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى يوللىغان 60 كونسېرتتىن 29ى تاللىنىپ ئىككى قېتىم ناخشا ئۇسسۇل كېچىلىكى ئويۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭدا 100 ئادەم ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. ئورۇنداش تۈرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بەشى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن توققۇزى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئونى؛ ئىجادىيەت تۈرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن سەككىزى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن توققۇزى باھالاپ چىقىلدى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بەي جيەنياۋ

**ئۈچ ئادەمنىڭ بەش ئەسىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە

كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن لەيەر «ئاشپەزخان بىلەن زەرگەرجان»، كۈلدۈرگە «تۆر ئالتىش» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، راۋاپ بىلەن ئورۇندالغان قوشاق «رەسسام قىز»، دومبۇرا بىلەن ئورۇندالغان قوشاق «ئاق جايىق» ۋە قومۇز بىلەن ئورۇندالغان قوشاق «تۆكمە ئاقىن» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. لەيەرچى سۇلايمان روزى بىلەن سۇدىيە ماخمۇت، دومبۇرىچى قۇرمانجان ئەڭ ياخشى ئارتىست مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاش خىزمىتى

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاش خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك 30 ئورۇننى ۋە 204 شەخسنى تەقدىرلىدى.

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 85% ناھىيە، شەھەر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبەچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمىدىن 120 مىليوندىن ئارتۇق خەت ھېسابىدىكى 324 خىل كىتاب تۈزۈلۈپ چىقىپ، 150 نەچچە خىلى نەشر قىلىندى.

جياڭ لىن

## «جاڭغىر»نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تولۇق نۇسخىسىنىڭ 1 -، 2 - قىسمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو «جاڭغىر» داستانىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تولۇق نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى بىلەن جۇڭگو «جاڭغىر» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۆكە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ۋە مەملىكەتلىك ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، پايتەختتىكى ئاخبارات، پەن تەتقىقات، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

«جاڭغىر»نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تولۇق نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئەڭ نوپۇزلۇق بولغان ئۈچ توملۇق تود يېزىقىدىكى «جاڭغىر»نىڭ ئاساس قىلىندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ نۆۋەتتە تۇنجى قېتىم تارقىتىلغىنى ئۇنىڭ 1 -، 2 - قىسمى.

جياڭ لىن

## مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ماناس» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قىرغىزلارنىڭ مەشھۇر ماناسچىسى يۈسۈپ ماماي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ 75 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

يۈسۈپ ماماي 1918 - يىلى ئاقچى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتىسىدىن دىنىي كىتابلار ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ھەيران قالغىدەك جاسارەت بىلەن «ماناس» داستانىنىڭ سەككىز قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ماماي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغاندا مۇئەللىملىك قىلغاچ يورۇپ چارۋىچىلارغا «ماناس»نى ئېيتىپ بەرگەن ھەمدە «ماناس»نى توپلاش رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ ئېيتىدىغىنى «ماناس»نىڭ ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ تولۇق بىر خىل ۋارىيانتى بولۇپ، 200 مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە كۆپلىگەن خەلق داستانلىرىنى ئېيتالايدۇ ھەمدە «قىرغىز» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى رىۋايەتلەرنى، قەبىلە شەجەرىلىرىنى، خەلق چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. يۈسۈپ ماماي ھازىر جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا يۈسۈپ مامايىنىڭ ئايال شاگىرتى «ماناس»نىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

جياڭ لىن

## ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىك قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى 1993-يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، شىنجاڭ سەنئەت

شۆيۈەنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ سەنئەت تەشكىلاتلىرى تاللاپ ئەۋەتكەن 104 ئۇسسۇلدىن سەككىز مىللەتنىڭ 51 ئۇسسۇلى تاللىنىپ، ئۈچ قېتىم كەچلىك ئويۇن ھازىرلاندى، 21 ئورۇن مۇسابىقىگە قاتناشتى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار تەخمىنەن 250 ئادەم مۇسابىقىدە ئورۇنداش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن توققۇزى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئونى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 11ى؛ تۈزگۈچى ۋە رېژىسسورلۇق قىلغۇچىلار بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن يەتتىسى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئالتىسى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 11ى؛ مۇزىكا ئىشلىگۈچىلەر بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئىككىسى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئىككىسى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئونى، ئۇسسۇل گۈزەللىكىنى لايىھىلەش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىرى؛ چىراق نۇرىنى لايىھىلىگۈچى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىرى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىرى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن بىرى؛ كىيىم لايىھىلەش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئۈچى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئۈچى باھالاندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا؛ قاراقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بەي جيەنياۋ

**يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىپ قوغداش قۇرۇلۇشى**

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - ئىلىم پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ ياردەم بەرگەن دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى بولغان تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىپ قوغداشنىڭ 1 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى 1993 - يىل 5 - ئايدا پۈتكۈزۈلدى. ب د ت مائارىپ - ئىلىم - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋۇجىڭ شىخۇن ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنى باشلاپ بېرىپ قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ قۇرۇلۇش ئومۇمىي گەۋدىسىنى رېمونت قىلىپ ئاسراشنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش، قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى كىچىك بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرە نۇقتىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، ساياھەتچىلەرنى يېتەكلەش ۋېۋىسكىسى ياساش، مودېللارنى ياساش، قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرى،

سۇ، تۇپراق، تاشلىرىنى ئانالىز قىلىپ ئۆلچەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2 - باسقۇچلۇق رېمونت پىلانى قاتارلىق نەچچە ئون تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە تەتقىقات تېمىسى، 300 كۋادرات مېتىر ئۆل قۇرۇلۇشى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

بەي جيەنياۋ

**جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىشىپ نىيە خارابىلىرىنى تەكشۈردى**

جۇڭگو ۋە ياپونىيە ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن نىيە خارابىلىرىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 58 ئادەم 1993- يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە نىيە خارابىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە خارابىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ۋە ئۆلچەپ سىزىپ چىقىلدى، بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ ھويلىلىرى، بۇددا دىنى خارابىلىرى ۋە يەر يۈزىگە چىقىپ قالغان قەبرىلەر چەكلىك ھالدا ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىلىپ، جەمئىي سەككىز قۇدۇق جەسەت ۋە زور تۈركۈمدىكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ پارچىلىرى، ۋە خەن دەۋرىدىكى «بەش جۇلىق پۇل» ، يىپەك - يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، مىس ئەينەك خالتىسى، ياغاچ تارغاق، ھالقا، ئۈزۈك قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. تەكشۈرۈش ئەترىتى يەنە نىيە دەريا ۋادىسىنىڭ گىدروگېئولوگىيىسى، تۇپراق جۇغراپىيىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتى ياپونىيىلىك دوست ئەرباب شياۋداۋكاڭيۇنىڭ زور قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى.

بەي جيەنياۋ

**باللار ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى**

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى باللار مەدەنىيەت - سەنئەت فوند جەمئىيىتى بىلەن دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقى مۇناسىۋەتنى جەمئىيىتى بېيجىڭ ۋە تەيبېيدە باللار رەسىمى، تاڭ شېئىرلىرى بويىچە دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ باللار رەسىمى، تاڭ شېئىرلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 20 گۈزەل سەنئەت ئەسىرىدىن سەككىزى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تيەن بىنبىن ئىجاد قىلغان «كونا ئۆيدىكى خۇشاللىق» كۈمۈش مېدالغا، چېن بەي ئىجاد قىلغان «گىپا» مىس مېدالغا، تاۋيۈجىڭ ئىجاد قىلغان «مايسا تاقلاش» ۋە لى كۈن ئىجاد قىلغان «چېكىرىدىن چىقىش» مۇنەۋۋەر ئەسەر

مۇكاپاتىغا، سۈي جىڭجى ئىجاد قىلغان «قەبرى توغراق»، ماخۇڭجيالى ئىجاد قىلغان «بالىلار سەھرى»، شى شياۋشى ئىجاد قىلغان «خىيال» ۋە سۈي تاۋرەن ئىجاد قىلغان «خىيال» ياخشى ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۈتكۈزگەن «جەنۇب لوڭقىسى» بويىچە مەملىكەتلىك ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر يېڭى ناخشىلارنى تېلېۋىزوردا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق «كىچىك ئاق تېرەك» بالىلار خور ئۆمىكىدىكى يۈسۈپجان بىلەن ئېلىيار ئېيتقان ئىككى كىشىلىك بالىلار ئاكورتلۇق ناخشىسى «بالا» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى ئىشخانىسى تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن 1993 - يىللىق مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ «كىچىك ئاق تېرەك» بالىلار خور ئۆمىكىدىكى رەناگۈل «مۇنەۋۋەر ناخشىچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بالىلار مەھكىمىسى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك مەكتەپ ناخشىلىرى ۋە مەكتەپ كوللېكتىپ ئۇسسۇللىرى كۆرەك پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى ئىشخانىسى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

گو جىچياڭ

### ۋاڭ يۈخۇ ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىشىپ ۋاڭ يۈخۇ ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ۋاڭ يۈخۇ 1924 - يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەنگو ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1937 - يىل 12 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلان قىلغان ئوچېرك، تەپسىلىي خەۋەر، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىق ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەسرلەر توپلىمى «جيۇگۇشەن تېغى»نى نەشر قىلدۇرغان.

ۋاڭ يۈخۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 50 يىلدىن بۇيان قازاق چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى كۆزىتىپ ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. نۇرغۇنلىغان تەپسىلىي خەۋەر، ئوچېرك، نەسر، ئەدەبىي ئاخبارات، كىنو سىنارىيىسى، ھېكايە قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. نەسرلەر توپلىمى «يەنئەن دەرياسىدىن تەڭرىتاغلىرىغىچە»، «ۋاڭ يۈخۇنىڭ ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى» قاتارلىقلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن كىنو سىنارىيىسى ۋە ھېكايىلەردىن «قاسىن - جەمىلە»، «قۇملۇقتىكى كۈرەش»، «بوستانلىقتا تەنتەنە»، «قۇملۇقتىكى بېشىل دولقۇن»، «نەسىردىن ئەپەندى»، «دومبۇرا ساداسى»؛ رومان «چېگرا رايوندىكى ئىشلار»، پوۋېست، ھېكايىلەردىن «كەچكۈزدە ئېچىلغان باھارگۈلى»، «رىبىم كارىزچى»، «قارا بايتالنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلدۇرغان.

يىغىنغا قاتناشقان يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات خادىملىرى ۋاڭ يۈخۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە باھالىدى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۇنىڭ قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، پىشقەدەم ئەدىبنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى چېگرىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى تېما قىلىنغان ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىغانلىقىدەك ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جياڭ لىن

### تۇنجى تۈركۈمدىكى تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلدى

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى ئالتە كىشى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى بىلەن ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئالماشتۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى تەيۋەنلىك ۋە چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان تەيۋەن ئۆلكىسى تەۋەلىكىدىكى ئاز سانلىق

مىللەت يازغۇچىلىرى تيەن ياگې (خۇيزۇ)، شى نۇلەي (يامىزۇ)، ۋۇجۇنجيې (تەييازۇ)، يۇلتۇز (ئۇيغۇر، ھازىر مالايسىيادا)، ناسىلۇ (مانجۇ) ۋە سۇن داچۇەن (خەنزۇ) لەردىن تەركىب تاپقان.

ۋەكىللەر ئۈرۈمچى، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سەيلە ئېكىسكۇرسىيىلەردە بولدى.

جياڭ لىن

چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز 31 ھەر خىل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى، گۇرۇپپىسىدىكى 266 ئادەم (قېتىم) نى سىرتقا چىقاردى، بۇلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، سېرك، كىنو، گۈزەل سەنئەت، خەلق سەنئىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسى، سەنئەت مائارىپى، مەدەنىيەت ساياھىتى، ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. 13 دۆلەت ۋە رايوندىن 50 ئۆمەك، گۇرۇپپىدا 974 ئادەم زىيارەتكە كېلىپ ئويۇن قويدى ياكى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، تەكشۈردى.

★ جۇڭگو ـ ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1993ـ يىلى ياپونىيىنىڭ دۇڭجىڭ، جىڭدۇ، فۇگاڭ قاتارلىق جايلىرىدا جۇڭگو شىنجاڭ كىرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە تاماشىبىنلار 750 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

★ 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 36 كىشى مالايسىياغا بېرىپ كۇئالا لۇمپۇر، پىناڭ شەھەرلىرىدە 16 قېتىم ئويۇن قويدى.

★ 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىن توققۇز كىشى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ ئىران ئىنقىلابى بايرىمىنىڭ 14 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ۋە مۇزىكا بايرىمىدا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

★ 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە 12 ـ قېتىملىق جۇڭگو شەنشى، شىنجاڭ بىلەن ياپونىيە جىڭدۇ شەھىرى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 1993 ـ يىللىق مۇسىن خەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىندى، كۆرگەزمىگە 196 ئەسەر قويۇلدى.

★ 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 41 كىشى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مىنىستىرى مۆمىن ئوغلى جۇمالى باشچىلىقىدا شىنجاڭدا زىيارەت قىلىپ ئويۇن قويدى.

★ 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 44 كىشى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىن 15 كىشى شياڭگاڭغا بېرىپ «يىپەك يولى» سەنئەت بايرىمىدا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

بەي جيەنپاۋ

# ئارخىپچىلىق

ئورگان ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 33 ئورۇننىڭ ئورگان ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2. دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ كاتىپلىق، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى دەپ بېكىتىلگىنى: جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلارنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇشدا 2 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى دەپ بېكىتىلگەن ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: جۇڭگو بانكىسىنىڭ سانجى ئوبلاستلىق تارماق بانكىسى، سانجى ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتى، سانجى ئوبلاستلىق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، شىخەنزە تاشيول باش ئۆچاستكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ چاپچال ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غۇلجا شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كۈنەس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ فۇكاڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ جىمسار ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ۋۇجياچۈ تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مىچۈەن ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ سانجى ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ۋۇجياچۈ ئىش بېجىرىش ئورنى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى،

جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مورى ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مىچۈەن ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ فۇكاڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق شىركىتى، سانجى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، بورتالا شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى.

جېن شۇرۇڭ

## ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ 1993 - يىلدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخىپلاردىن پايدىلىنىش جەمئىيەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. 1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسى كېسەل تارىخى ئارخىپىدىن پايدىلىنىپ «قاننى راۋانلاشتۇرىدىغان قارلەيلىسى كۆمىلىچى» ۋە «قاننى راۋانلاشتۇرىدىغان قارلەيلىسى شىرنىسى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ھەمدە بۇنىڭ رېتسېپىنى گۇاڭدۇڭ ئاپوللون گۇرۇھىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ 300 مىڭ يۈەن ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى ئالغان.

1958 - يىلى كۇچا ناھىيىلىك پىچاق - قايچا زاۋۇتى قۇرۇلغان چاغدا پىچاقنىڭ تۈرى بەش خىللا ئىدى، يىلىغا 600 نەچچە دانە پىچاق ئىشلەپچىقىرىپ 1200 يۈەندىن ئارتۇق مەھسۇلات قىممىتى يارىتاتتى، كېيىن زاۋۇتنىڭ تېخنىكا خادىملىرى ئارخىپتىن تولۇق پايدىلىنىپ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى، 1993 - يىلىغا كەلگەندە 95 خىل يېڭى مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، يىلىغا 30 مىڭ دانە پىچاق ئىشلەپچىقاردى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 320 مىڭ يۈەن بولدى.

1990 - يىلى شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى «EQ2060E» تىپلىق 1.5 توننىلىق قوملۇق ئاپتوموبىلىنىڭ مەھسۇلات ئارخىپىدىن پايدىلىنىپ بازارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، مەخسۇس ئىشلىتىشكە قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل — «EQ2060H» تىپلىق يولۇچى ۋە يۈك توشۇشقا بولىدىغان قوملۇق ئاپتوموبىلى، ماي توشۇش ئاپتوموبىلى قاتارلىق تۆت خىل يېڭى مەھسۇلاتنى لايىھىلەپ ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يىلىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، سېتىش كىرىمىنى 15 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1993 - يىلغىچە سېتىش كىرىمى 70 مىليون 736 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئالتۇن شىركىتى 1982 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1986 - يىلغىچە ئالتۇننىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 سەر ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، كارخانا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. 1987 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپ سارىيى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ شىركەتنى «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى كان بايلىقلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى» دېگەندەك ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن، شىركەت بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن مەشغۇلات ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە مەشغۇلات دائىرىسىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ، 1988- يىلى ئالتۇننىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى 1114 سەرگە يەتكۈزگەن، 1986 - يىلدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 1084 سەر ئاشۇرۇپ، بىر يىل ئىچىدىلا زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالغان، 1993 - يىلغا كەلگەندە يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 1500 سەرگە يەتكۈزگەن.

يۇ شياۋنەن

## ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى، ئارخىپچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، ئارخىپ خىزمىتى خادىملىرى ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئارخىپ ساھەسىدىكى كەسىپداشلاردىن بولۇپ 1500دىن ئارتۇق كىشى كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ سارىيى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قاتارلىق 22 ئورۇن قاتناشتى؛ 20 كۆرگەزمە تاختىسىدا 184 ئەمەلىي مىسال ۋە ماقالە، 260

رەسىم ۋە جەدۋەل كۆرگەزمە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ئەمەلىي مىسال 134، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ئەمەلىي مىسال 30.

كۆرگەزمىنىڭ مەزمۇنى، ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق تارماقلىرىنىڭ ئارخىپ ئۇچۇرى بايلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، تارىخ - تەزكىرە يېزىشى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش، تەكشۈرۈپ لايىھىلەش، ئېنېرگىيىنى تېجەش، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە سېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جەمئىيەتنى ئارخىپتىن پايدىلىنىش پۇرسىتى بىلەن 1 مىليون 660 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئارخىپ ئاختۇرۇپ كۆرۈش پۇرسىتى بىلەن 3 مىليون 166 مىڭ قېتىم تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى، ئارخىپچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى كۆرگەزمىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئاكتىپ تۆھپە قوشقان ۋىلايەت ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، خىزمەتچى خادىملار قاتناشقان باھالاش ھەيئىتى تەشكىللەپ، 22 ئىلغار ۋىلايەت ۋە ئورۇننى باھالاپ چىقتى ھەمدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يۈ شياۋنەن

# روزى ھېيت

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىمۇ بىزگە سىڭىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بايرام ۋە مۇراسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تەبىئەت ئۆزگىرىشىگە بېغىشلانغان بايراملار ساقلىنىپ قالدى. ئىسلام دىنى ئارقىلىق كىرگەن بايراملارمۇ بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە بايرام ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ۋە يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي بايرام ۋە مۇراسىملىرىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى روزى ھېيتتۇر.

روزى ھېيتمۇ قۇربان ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام. روزى تۇتۇش مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇلغان تۆت پەرزنىڭ بىرسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بىر ئاي (رامىزان ئېيىدا) روزا تۇتىدۇ. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال بىر ۋاق، كەچتە كۈن پاتقاندىن كېيىن بىر ۋاق تاماق يېيىلىدۇ. كۈندۈزى بىر نەرسە يېيىش، سۇ ئىچىش، تاماكا چېكىش، ئەر - ئايال بىر ئورۇندا بولۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

روزى ھېيتتا يەنە سودىگەرلەر، پۇل - مېلى بارلار زاكات ئاجرىتىپ (نەق پۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى) كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىدۇ. شۇڭا روزى ھېيت «پىتىر ھېيتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاجىزلارنى يۆلەش، ئۇلارغا مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

مەيلى قۇربان ھېيت، مەيلى روزى ھېيت بولسۇن ھەر يىلى ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئادەتتە شەمسىيە (جۇملىدىن مىلادى) يىلى 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ. لېكىن قەمەرىيە (جۇملىدىن ھىجرىيە) يىلى 354 كۈن سەككىز سائەت 48 مىنۇت بولىدۇ. ھىجرىيە يىلى مىلادى يىلىدىن ئون كۈن 21 سائەت كەم بولغاچقا، ھەر 2.7 يىلدا بىر ئاي، ھەر 32.6 يىلدا بىر يىل پەرقلىنىدۇ. دېمەك، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھىجرىيە يىلى مىلادى يىلىدىن ھەر يىلدا ئون كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلام كالېندارىدىكى دىنىي بايراملارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە يازدا كەلسە، بەزىدە قىشتا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بايراملار ھەر 32 يىلدا بىر ئايلىنىپ ھەممە پەسىللەرنى يوقلاپ ئۆتىدۇ.

# ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق

**• ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ باسما تاۋاق سانى 469 مىليونغا يېتىپ، 1992ـ يىلدىكىدىن %4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نەشر قىلىنغان كىتاب 1896 خىلغا يېتىپ، 127سى كۆپەيدى، ئومۇمىي تىراژى 57 مىليون بولۇپ، %4.4 ئازايدى؛ ئومۇمىي باسما تاۋاق سانى 256 مىليون 890 مىڭ بولۇپ، %1.7 ئازايدى؛ گېزىت 77 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 231 مىليون 690 نۇسخىغا يېتىپ، %39.9 كۆپەيدى؛ ئومۇمىي باسما تاۋاق سانى 172 مىليون 80 مىڭغا يېتىپ، %12.8 كۆپەيدى، ژۇرنال 133 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 10 مىليون 110 مىڭغا يېتىپ %1.1 كۆپەيدى؛ ئومۇمىي باسما تاۋاق سانى 40 مىليون 700 مىڭغا يېتىپ، %9.6 كۆپەيدى.

«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3 ـ تومى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن ئېلىپ كېلىنىپ 60 نەچچە مىڭى سېتىلدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ بېتىنى ئارىيەت ئېلىپ، شىنجاڭ «شىنخۇا» 1 ـ، 3ـ زاۋۇتلىرىدا 376 مىڭ باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 436 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 1993 ـ يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچە كىتابلاردىن 1300 خىلدىن كۆپرەكىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قوغۇشۇن مەتبەئەسىدە 170 مىليون باسما تاۋاق، ئوفسېت مەتبەئەسىدە 220 مىليون باسما تاۋاق، رەڭلىك مەتبەئەدە 110 مىليون باسما تاۋاق بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى يەنىلا «شىنخۇا» كىتابخانىلىرىنىڭ بىر تۇتاش كىتابخان قوبۇل قىلىپ تارقىتىش مەسىلىسى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىندى؛ 14 خىل گېزىت، 11 خىل ژۇرنالنىڭ ئاشكارا تارقىتىلىشى تەستىقلاندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە يەتتە نەشرىياتنىڭ 1993 ـ يىللىق جەمئىي 1011 خىل ئەسەر ـ ماقالە ئۆتكۈزۈش پىلانى ۋە تېماتىك پىلانى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، نەشرىياتلارنىڭ ئەسلىدىكىدىن كۆپەيگەن 20 تۈركۈمدىكى 450 خىل ئەسەر ـ ماقالە ئۆتكۈزۈش پىلانى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ئىچكى ماتېرىيال بېسىشقا ئىجازەت بېرىش گۇۋاھنامىسىدىن 381ى بېرىلدى؛ ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق نەشر بۇيۇملىرىغا نۇمۇر سېلىش مەركىزى قۇرۇلدى؛ كىتابنى توپ ساتىدىغان 2 ـ دەرىجىلىك 40 كىتابخانا تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا قايتىدىن گۇۋاھنامە بېرىلدى؛ 12 كىتابخانا كىتابنى توپ سېتىش بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك كىتابخانا بولۇپ تەستىقلاندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى 102 مەتبەئە كارخانىسى تەكشۈرۈلدى؛ نەشر ھوقۇقى ماجىراسىدىن 11ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە ھەمكارلىشىپ بىر ئەسەر ھوقۇقى ماجىراسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ تۆت نەشرىيات خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھەمكارلىشىپ نەشر قىلىش كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1993 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا چىقىدىغان ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، مەتبەئە كارخانىلىرى كادىرلىرىنىڭ مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىنى باشقۇرۇش مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى. گېزىتلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ سۈپىتى بىر قېتىم تەكشۈرۈلدى ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاندى، 11 ئورۇندىن 21 خىل گېزىت، 26 ئورۇندىن 35 خىل ژۇرنال مەملىكەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللار كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، مەتبەئە كارخانىلىرىدىن 14 تېخنىك ۋە مەتبەئەچىلىك بويىچە 23 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك، 245 كىشى ياردەمچى كەسپىي تېخنىكا خادىملىقىغا باھالاندى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار خېلى ياخشى پايدا ئالدى. مەتبەئە كارخانىلىرى ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 620 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992ـ يىلدىكىدىن %19.1 ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە

## 1993 - يىلى ئاپتونوم رايوندا كۆپەيگەن ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت، ژۇرناللار

| تۈرى | نامى | يېزىق تۈرى | فورماتى | قەرەلى | چىقارغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|
| گېزىت | «ئۈرۈمچى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات سەككىز بەت | ھەپتىدە بىر سان | ئۈرۈمچى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| | «قۇمۇل رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە بىر سان | قۇمۇل ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| | «شىنجاڭ ئۇچۇر گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئۇچۇر مەركىزى |
| | «يېشىل توزلەڭلىك گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى پارتكومى |
| | «تۇرمۇش يېتەكچىسى گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى |
| | «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى پارتكومى |
| | «ئاقسۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە بىر سان | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| | «بوستانلىق ئاۋازى گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىلىك | شىخەنزە شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| | «كۇيتۇڭ ئەتىكەنلىك گېزىتى» | خەنزۇچە | ئىككى فورمات تۆت بەت | ھەپتىلىك | ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى پارتكومى |
| | «ئىلى كەچلىك گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئۈچ سان | ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم |
| | «ئىلى كەچلىك گېزىتى» | ئۇيغۇرچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم |
| | «ئىلى كەچلىك گېزىتى» | قازاقچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە ئىككى سان | ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم |
| | «ئىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە بىر سان | ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| | «نېفىت شەھىرى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» | خەنزۇچە | تۆت فورمات تۆت بەت | ھەپتىدە بىر سان | قاراماي شەھەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى |
| ژۇرنال | «شىنجاڭ تەشۋىقاتى» | خەنزۇچە | 32 فورمات | ئايلىق | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسى |
| | «شىنجاڭ تەشۋىقاتى» | ئۇيغۇرچە | 32 فورمات | ئايلىق | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسى |
| | «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | ئايلىق | جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى |
| | «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» | ئۇيغۇرچە | 16 فورمات | ئايلىق | جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى |
| | «شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىسى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | ئايلىق | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى |
| | «شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىسى» | ئۇيغۇرچە | 16 فورمات | ئايلىق | ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى |
| | «چېگرا مۇداپىئە تۇرمۇشى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | قوش ئايلىق | قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمى |
| | «بىڭتۇەن ئىشچىلار ھەرىكىتى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | ئايلىق | ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى |
| | «شىنجاڭ پولات - تۆمۈر سانائىتى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | پەسىللىك | شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى شىنجاڭ مېتال شىركىتى |
| | «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش» | خەنزۇچە | 16 فورمات | قوش ئايلىق | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى |
| | «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» | خەنزۇچە | 16 فورمات | قوش ئايلىق | ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى |

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 1993 - يىلى 3 - تۈركۈم تىزىملاشقا تەستىقلىغان مۇخبىرلار پونكىتلىرى

| پونكىت نامى | ئادرېسى | مەسئۇلى |
|---|---|---|
| «جۇڭگو مەدەنىيەت گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» كوچىسى 193 - قورۇ | ژەن يۇڭ |
| «جۇڭگو باج ئىشلىرى گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى «دېموكراتىيە» كوچىسى 79 - قورۇ | جوكېيۇڭ |
| «جۇڭگو سودا - سانائەت گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «خەلق» كوچىسى 56- قورۇ | جاۋ جىە-جېن |
| شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تۆمۈريول مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى تۆمۈريول ئىدارىسى قورۇسى ئىچىدە | |
| «ئاخبارات - نەشرىيات گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى «شەرق شامىلى» كوچىسى 14 - قورۇ | ياڭ لياڭ |
| شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسى ئىچىدە | ليۇگۇاڭخۇ-يۇ |
| جۇڭگو ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 10 - قورۇ | لى دېخۇا |
| «جۇڭگو ئىختىساسلىق خادىملار گېزىتى» نىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «جەنۇبىي شىنخۇا» كوچىسى 16 - قورۇ | زەينەپ مۇھەممەت |
| «ئىتتىپاقلىق گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «جەنۇبىي دوستلۇق» كوچىسى 22 - قورۇ | جۇگولىن |
| «خەلق سوت مەھكىمىسى گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى «شەرق شامىلى» كوچىسى 51 - قورۇ | خۇرۇڭ-چىڭ |
| «خەلقئارا سودا گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «ئىتتىپاق» كوچىسى 11 - قورۇ | سۇڭ شۇ-فۇ |
| «جۇڭگو قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «نۇر» كوچىسى 26 - قورۇ | جاڭ خۇڭ |
| «جۇڭگو يېزا - بازار كارخانىلىرى گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «غەربىي شىمال» كوچىسى 208 - قورۇ | تيې جۈن |
| «جۇڭگو يەر - زېمىن گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار گېزىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئەرداۋۋان 35 - قورۇ | جاڭ پىڭ |
| «جۇڭگو مۇھىت ئاسراش گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | | نۇر جاقۇپ |
| شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتى | ئۈرۈمچى شەھىرى «نۇر» كوچىسى 30 - قورۇ | قادىر ما-مۇت |

«شىنخۇا» كىتابخانىلىرىدا سېتىلغان كىتاب 84 مىليون 153 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 26.8% ئاشتى. كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 8 مىليون 16 مىڭ يۈەن بولۇپ، 674 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ مەتبەئە - باسما گۇرۇھىنىڭ

ئومۇمىي پايدىسى 4 مىليون 96 مىڭ يۈەن بولدى.

بۇ ئىدارە ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1993-يىلى مالىيەدىن 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن كەسپىي خىراجەت ئالغاندىن سىرت، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1993-يىلى يەنە مالىيەدىن 3 مىليون 230 مىڭ يۈەن ئېلىپ، ئۇنىڭ 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنى كىتابخانىلار تورى، نۇقتىلىرىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلدى. (كۇچا ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى، گاۋچۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى قاتارلىق جايلاردىكى «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن تىجارەتكە كىرىشىپ كەتتى)، «شىنخۇا» 3-باسما زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە 530 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلدى، «شىنخۇا» 2-باسما زاۋۇتىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى ئۈچۈن 350 مىڭ يۈەن، «شىنخۇا» 1-باسما زاۋۇتىنىڭ ئۇسكۇنە سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن، گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ ئۇسكۇنە سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن، پەن-تېخنىكا-سەھىيە نەشرىياتىنىڭ ئۇسكۇنە سېتىۋېلىشىغا 200 مىڭ يۈەن، مەتبە-باسما گۇرۇھىغا 220 مىڭ يۈەن بېرىلدى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج مالىيە چۈشۈرگەن بويىچە 1 مىليون 43 مىڭ يۈەن تولۇق ئورۇندالدى. خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، سەككىز ئورۇن قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى، پىلان بويىچە ئېلىنغان مەبلەغ 1992-يىلدىكىدىن 34% ئاشتى.

نيۇ يۈگۈاڭ

ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان گېزىت-ژۇرناللار يېڭىباشتىن تىزىملاندى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى 1993-يىل 5-ئايدىن 12-ئايغىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل تىل-يېزىقتا چىقىدىغان ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ۋە قاراپ چىقتى. بۇ قېتىمقى ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى: 1) مەسئۇل ئورۇن ۋە چىقارغان ئورۇن، ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار باشقۇرۇشى ۋە چىقىرىشى كېرەك، ھەر قانداق خەلق باشقۇرۇشىدىكى شىركەت ۋە كوللېكتىپنىڭ گېزىت، ژۇرنال چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ 2) كەسپىي ئاپپاراتلارنىڭ مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىكى، ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئىدارىسى ياكى تەھرىر بۆلۈمى بولۇشى، كەسپىي باش مۇھەررىرى (مەسئۇل مۇھەررىرى) ۋە كەسپىي مۇھەررىر مۇھەررىرلىرى بولۇشى لازىم؛ 3) گېزىت-ژۇرنال چىقىرىشتا بىر قەدەر مۇقىم خىراجىتى بار-يوقلۇقى؛ 4) گېزىت-ژۇرنال چىقىرىشتىكى مۇددىئانىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى؛ 5) تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكى ھەر خىل يېزىقتىكى ئىچكى گېزىت-ژۇرناللار ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىگە تەستىقلىتىلغان ھەمدە تىزىمغا ئېلىش رەسمىيىتى ئۆتتۈلگەندىن كېيىن چىقىرىلىشى لازىم. 6) ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئاشكارا تارقىتىلغان ياكى تارقىتىلمىغانلىقى، سېتىلغان ياكى سېتىلمىغانلىقى، ئېلان بېرىلگەن-بېرىلمىگەنلىكى؛ 7) ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنىڭ چىقىش قەرەلىنىڭ خالىغانچە ئۆزگەرتىلگەن ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلمىگەنلىكى قاتارلىقلار، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە يېزىقتىكى52خىل ئىچكى گېزىتكە «شىنجاڭ گېزىت-ژۇرنال تىزىملاش كىنىشكىسى» بېرىلدى، 96 خىل ئىچكى گېزىتكە «شىنجاڭ گېزىت-ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى» بېرىلدى؛ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە يېزىقتىكى 169 خىل ئىچكى ژۇرنالغا «شىنجاڭ گېزىت-ژۇرنال تىزىملاش كىنىشكىسى» بېرىلدى، 55 خىل ژۇرنالغا «شىنجاڭ گېزىت-ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى» بېرىلدى.

خۇاڭ چۈنخۇا

نەشر ھوقۇقى خىزمىتى

1993-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئەسەر ھوقۇقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئېلىمىزنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇن-نىزاملىرى ۋە «بېرن ئەھدىنامىسى»، «دۇنيا نەشر ھوقۇقى ئەھدىنامىسى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى-نىزاملىرى»نى تۈزۈپ باستۇردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى چىقاردى. «ئەسەر ھوقۇقى توغرىسىدا ئۆچۈر»نى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تۆت سان چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورۇمچى پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەزكىرە تەھرىرلىكى كەسپىي كۇرسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى ئاچقان غەربىي شىمال رايونى بويىچە پاتېنت ھوقۇقىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەسەر ھوقۇقى ئاساسىي بىلىملىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ نەشر ھوقۇقى سودىسى پائالىيىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە تۆت نەشرىيات 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر ھەمكارلىشىپ نەشر قىلىش كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ جەرياندا، تەيۋەن سودىگەرلىرى بىلەن ئىككى تۈرلۈك كىتاب نەشر ھوقۇقى سودىسى توختامى، سەككىز تۈرلۈك مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق نەشر ھوقۇقى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، باشقارما باشلىقلىرى قاتناشتى، يىغىندا جايلارنىڭ نەشر ھوقۇقى خىزمىتى تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، ساقلانغان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

1993 - يىلى نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ نەشر ھوقۇقى باشقارمىسى ئەسەر ھوقۇقى ماجىراسىدىن 11نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر ماجىرانى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەمكارلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ھەقدارلارنىڭ نەشر ھوقۇقى ئېڭى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتورلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەشرىياتلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كىتاب نەشر قىلىش توختامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

ۋۇ جىنۋېي

### مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش، قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بولدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار 1993 - يىلى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىدىن 300 خىل، 11 مىڭدىن ئارتۇقىنى قولغا چۈشۈرگەن، 4200 دىن ئارتۇق يالغان، ساختا سىنئالغۇ لېنتىسى، 1200 دىن ئارتۇق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئېنىقلاپ چىققان؛ ئۈچ قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇملىرى سېتىش نۇقتىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، تۆت قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان. كىتاب، گېزىت - ژۇرنال بازارلىرى ۋە ئۈن - سىن بازارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر مەنئىي قىلىنغان كىتاب سېتىش ۋە ئۈچ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز نەشر قىلىش، قانۇنسىز تەرجىمە قىلىپ بېسىش ئەنزىسىنى ئېنىقلاپ، ئوغۇرلۇقچە باسقان كىتابتىن 23 مىڭدىن ئارتۇقنى يىغىۋالغان.

لى يۆيالڭ

## ئاخبارات

### «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

#### تەشۋىقات ئەھۋالى

1) 1993 - يىلى تۆت خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلىنىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا ۋە يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش توغرىسىدا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇردى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ۋە كارخانىلارنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى خىزمىتىنى نۇقتىلىق خەۋەر قىلدى، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، يېزىلاردا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، «ياڭ فۇنىڭ ئۈچۈر ئىگىلىبىشى»، «ھەر قايسى ساھەلەر قىيىنچىلىقتىن ۋايسىما، دېھقانلار قانداق قىلىدۇ؟»، «نۇرغۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئويلار»، «پۇشايمانسىز ئۆتكەن يىللار»، «يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئەمدى قىسماڭلار!» قاتارلىق مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە يېڭى خەۋەرلەر مۇشتەرىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

2) مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر خەۋەرلەر كۆپەيتىلىپ، بىر تۈركۈم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر تىپلار تەشۋىق قىلىندى. «قارلىق چوققىدىكى كىشىلىك پەلسەپىسى»، «ليۇيۈەنگە مۇھەببەت»، «كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى»، «كوئېنلۇنغا باغلانغان رىشتە» قاتارلىق ماقالىلەر كىشىلەرنى پۇلغا چوقۇنۇش، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقات جەھەتتە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكومنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، تەجرىبىلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر نۇقتىلىق خەۋەر قىلىندى.

3) ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە بولۇپ ئۈچ خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ سورەتلىك ژۇرنىلى» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلدى، ئۈرۈمچى كېڭىيىش يىغىنى، چېگرا بويىدىكى ئېغىزلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق خەۋەر قىلدى، بۇندىن باشقا، ئومۇملىققا مۇناسىۋەتلىك ئېكولوگىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىلدى. «ئەۋلاتلارغا بەخت يارىتىپ بېرىدىغان يېشىل قۇرۇلۇش» دېگەن سەرلەۋھىدە ئالتە قىسىملىق ماقالە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ چوڭقۇر خەۋەر قىلىندى. «شىنجاڭدىكى قەدىمكى زامان سەنئىتى» دېگەن ماۋزۇدا نۇرغۇن ماتېرىيال بېسىلدى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى.

**گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى**

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 196 مىڭ نۇسخا بولدى، ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 19 مىڭ نۇسخا بولدى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە بولۇپ ئۈچ خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ سورەتلىك ژۇرنىلى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تارقىتىلىش مىقدارى 9251 نۇسخا بولدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» دە پۈتۈن بىر يىلدا بېسىلغان ئېلاننى مەخسۇس بەتكە سۇندۇرغاندا 460 بەتكە يەتتى، ئېلاندىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 100% ئاشتى، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ يىللىق پايدىسى 5 مىليون 584 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25% ئاشتى.

خەن شىڭخۇا

**شىنجاڭدىكى گېزىتلەرنىڭ 1992-يىلدىكى ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى ياخشى ئەسەرلەر باھالاپ چىقىلدى**

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى گېزىتلەرنىڭ 1992-يىلدىكى ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى ياخشى ئەسەرلەرنى باھالاشقا جەمئىي 138 ئەسەر تاپشۇرۇلدى، ئۇنىڭ 35ى ئۇيغۇرچە، 103ى خەنزۇچە، باھالاش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە ئەسەردىن 17سى مۇكاپاتلاندى، بۇلارنىڭ تۆتى 1-دەرىجىلىك، ئالتىسى 2-دەرىجىلىك، يەتتىسى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ خەنزۇچە ئەسەردىن 40ى مۇكاپاتلاندى، بۇلارنىڭ سەككىزى 1-دەرىجىلىك، 12سى 2-دەرىجىلىك، 20 سى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خۇ جىنشيۇ

**كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 4-نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي گېزىتلەر كارخانا گېزىتلەرنىڭ 4-نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 11-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا «شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «غەربىي يۇرت قۇرۇلۇش گېزىتى»، «بىڭتۇەن يېڭى ھايات گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۇچۇر گېزىتى»، «ئىختىساسلىق خادىملار ئۇچۇر گېزىتى»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «شىنجاڭ يېڭى ھايات گېزىتى»، «شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان گېزىتى»، «مايتاغ نېفىت ئايرىش ئىشچىلىرى گېزىتى»، «ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى گېزىتى»، «1-ئىيۇل خىمىيە سانائىتى گېزىتى»، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»، «شىنجاڭ سودا گېزىتى»، «ياشانغانلار سالامەتلىكى گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلى، «پارتىيە ئىستىلى» قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا، كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى چىقىرىپ، ئۇلارنى شۇ كەسىپ، شۇ كارخانا ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، ھەقلىق ئاخباراتنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىمۇ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

ۋاڭ لىباۋ

**ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ 9-نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى**

ئاپتونوم رايونلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ 9-نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1993-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا «قەشقەر گېزىتى»، «قىزىلسۇ گېزىتى»، «يەكەن گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «تارىم گېزىتى»، «بايىنغولىن گېزىتى»، «قومۇل گېزىتى»، «تۇرپان گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى»، «ئىلى كەچلىك گېزىتى»، «بورتالا گېزىتى»، «جەڭ تۇغى گېزىتى»،

«تارباغاتاي گېزىتى»، «ئالتاي گېزىتى»، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»، «كۈيتۇڭ گېزىتى»، «كۈيتۇڭ ئەتتىگەنلىك گېزىتى»، «شىخەنزە گېزىتى»، «سانجى گېزىتى»، «جۇڭغارىيە ۋاقىت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقانلار ئاخبارات خەۋەرلىرىنى قانداق قىلغاندا بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ تېز ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەجرىبە ئالماشتۇردى ھەمدە ئۆز قۇرۇلۇشى، كۆپ خىل ئىگىلىك، ئېلان تەشۋىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

لۇ كې

**«شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى**

1993-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە شىنجاڭ ئاخبارات-نەشرىيات، فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ 100 نەچچە ۋەكىلى ئۈرۈمچىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

«شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەڭ بالدۇر چىقىرىلغان ئۆلكە دەرىجىلىك سۈرەتلىك ژۇرنال، ئۇ ھازىر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە چىقىدۇ.

«شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 262 سان چىقتى، 40 مىڭدىن ئارتۇق سۈرەت بېرىلدى.

خەن شىڭخۇا

**تۇردى قادىر نازىرى «سەنئەت ساھەسىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر شەخس گۇۋاھنامىسى»گە ئېرىشتى**

1993-يىل 6-ئايدا «ھازىرقى زامان دۇنياۋى مەشھۇر سەنئەتكارلار قامۇسى» تۈزۈش كومىتېتى، سەنئەت ساھەسىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەرنى باھالاش-بېكىتىش كومىتېتى، ئامېرىكا جۇڭگولۇق سەنئەتكارلار جەمئىيىتى، ئەنگلىيە شەرق سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى قاتارلىق 11 جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى گۈزەل-سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات ئورنى بىرلىكتە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىكى ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى تۇردى قادىر نازىرىغا «مۇنەۋۋەر خەتتات» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا «سەنئەت ساھەسىدىكى دۇنياۋى مەشھۇر شەخس گۇۋاھنامىسى» بەردى.

تۇردى قادىر نازىرى ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، ئۇيغۇر نەققاشچىلىقى، كەشتىچىلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان 100 مىڭ خەتتىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىھالى «جۇڭگودىكى ھازىرقى زامان مەشھۇر سەنئەتكارلار قامۇسى»، «جۇڭگودىكى ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى. 1993-يىلى يەنە «دۇنيا ھازىرقى زامان خەتتاتلار قامۇسى»غا، يەنە بىر ئەسىرى «دۇنيا ھازىرقى زامان مەشھۇر خەتتاتلار ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى.

خەن شىڭخۇا

# نەشرىياتچىلىق

**كىتاب نەشر قىلىش ئەھۋالى**

1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز نەشرىيات ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە ۋە ئىنگلىزچىدىن ئىبارەت يەتتە خىل يېزىقتا جەمئىي 1896 خىل كىتاب نەشر قىلدى، بۇلارنىڭ تىراژى 57 مىليونغا يەتتى، بۇنى 1992-يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 127 خىل كىتاب، يەنى 7.17% ئاشتى، تىراژى 2 مىليون 650 مىڭ نۇسخا كېمىيىپ، 4.5% ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتاب 1507 خىل، تىراژى 26 مىليون 520 مىڭ بولۇپ، كىتاب خىلى 31.27%، تىراژى 7.9% كۆپەيدى.

1993-يىلى ھەر قايسى نەشرىياتلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا تېماتىك پىلان تۈزۈپ، كىتاب تۈزۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پائال تۈردە كىتاب نەشر قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-توم (خەنزۇچە) ىنىڭ ستراتىپىنى ئىجارىگە ئېلىپ قايتا باستى، «سۆيۈملۈك يۇرتۇم-شىنجاڭ» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئوقۇشلۇق»، «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى»، «14-قۇرۇلتاي دوكلاتلىرىنى شەرھلەش ئوقۇشلۇقى»، «14-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى توپلىمى» (ئۇيغۇرچە)، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى» (قازاقچە)، «يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى» (موڭغۇلچە)، «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىقتىساد-سودا نىزاملىرى، توختاملىرىدىن

تاللانمىلار»، «خىمىيە لۇغىتى» (قازاقچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى؛ شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى «جۇڭگو نېفىت گېئولوگىيىسى - تارىم ئويمانلىقى» (خەنزۇچە — ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما)، «شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا ئىشلىرىنىڭ قىبلىنامىسى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە دائىر 20 ساۋات»، «شىنجاڭنىڭ چېگرا بويىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى - چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى بىلەن ئېچىۋېتىش قۇرۇلۇشى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت قوللانمىسى»، «تراكتورلاردا دائىم ئۇچرايدىغان كاشىلىغا دائىر 400 مىسال» (ئۇيغۇرچە)، «تۆۋەت ئۈچكىلىرىنى بېقىش يېڭى تېخنىكىسى» (قازاقچە)، «قوي نەسلىنى ياخشىلاش» (موڭغۇلچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى؛ شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى «قورغاق رايون ئېكولوگىيىسى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئۇلۇغ تارىخىي يۈزلىنىش - سوتسىيالىزمغا دائىر قايناق نۇقتىلار ئۈستىدە مۇلاھىزە» (ئۇيغۇرچە)، «كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئائىت ئاساسىي دەرسلىك» (ئۇيغۇرچە)، «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاشقا دائىر بىلىملەر» (ئۇيغۇرچە)، «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىكلىرى ۋاقتىدا نەشر قىلىنىپ ۋە تارقىتىلىپ، «كىتاب دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن قولغا تېگىش، ھەر بىر ئوقۇغۇچىدا بىردىن كىتاب بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1993 - يىلىنىڭ ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتا 966 خىل ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىكى تارقىتىلدى، بۇلارنىڭ تىراژى 49 مىليون 376 مىڭ 700گە يەتتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇشۇ بىر يىلدا نەشر قىلىنغان كىتاب خىلىنىڭ 50.9 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي تىراژىنىڭ 86.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ھەر قايسى نەشرىياتلار ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئوقۇشلۇق نەشر قىلىشقا كۈچ چىقاردى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئىزلىرى - ماۋزېدۇڭ ھەققىدە ھېكايىلەر» (ئۇيغۇرچە)، «باللار پادىشاھلىقىدىكى ماۋزېدۇڭ»، «ئىسلاھات ئېقىمى» (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئوقۇشلۇق)، «ئاگاھ بولۇڭلار، جۇڭگولۇقلار» (مەجمۇئە)، «كىرىشلۇۋ مەسەللىرى» (ئۇيغۇرچە)، «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئەخلاقىي تەربىيە قوللانمىسى» (ئۇيغۇرچە)، «ئاتېزىم تەربىيىسى ھەققىدە ئوقۇشلۇق» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە)، قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئۆسمۈر ئەزىمەتلەر»، «شىنجاڭ ھەققىدە 90 سوئال» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە)، «چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا» (قىرغىزچە)، «ماۋزېدۇڭ» (شىبەچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى «ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئەقىل سىناش مەسىلىلىرىدىن تاللانما» (ئۇيغۇرچە). «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئوقۇشلۇق - قائىدە - پرىنسىپلار» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر ئەدىب، سەنئەتكارلارنىڭ رەسىملىرى»نى نەشر قىلدى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «گوركىي بىلەن ئوغلىنىڭ خەت - ئالاقىلىرى» (ئۇيغۇرچە). «ئوقۇغۇچىلار دوستى» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. ئىلى خەلق نەشرىياتى «قازاقلارنىڭ مەردانە سۆزلىرى» (قازاقچە) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى «ئانا قەلبى» (قىرغىزچە)، «ئات ئۈستىدىكى قىرغىزلار» (قىرغىزچە)، «ئاتا يولى» (قىرغىزچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى.

ھەر قايسى نەشرىياتلار يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى بىر تۈركۈم ئىلمىي قىممىتى بار كىتابلارنى تۈزۈشكە تەشكىللىدى، نەشر قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «شىنجاڭنىڭ 1991 - يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر ئاساسىي تەسەۋۋۇر»، «ئۇرۇمچىنىڭ زېمىن بايلىقى»، «شىنجاڭ تارىخىي لۇغىتى»، «شىبە تارىخى»، «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قىرغىزچە)، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن تاللانما»نىڭ 6 - كىتابىدىن 12 - كىتابىغىچە (ئۇيغۇرچە)، «جاڭغىر. ماتېرىيال قىسمى» (موڭغۇلچە)، «ماناس» (3 - بۆلۈم 1 -، 2 - توم، قىرغىزچە)، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى «شىنجاڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېنىقلاش ئاچقۇچى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇلدىكى كۆمۈرلۈك ئويمانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قانۇنىيىتى»، «شىنجاڭدىكى ئوتلاق مەنبەئەسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

«شىنجاڭدىكى پۇللار» (خەنزۇچە - ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما)، «ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيلىرى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «ئاسىيا- ياۋروپا يېڭى كۆۋرۈكى» (خەنزۇچە - ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى «تۇرپاندىكى كارىزلار»، «قۇمۇل، تۇرپاندىكى ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى»، «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ چۆل - باياۋانلارنى ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلىشى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «مۇلاھىزە ۋە ئىزدىنىش»، «مەڭگۈ ياش»، «شىنجاڭدىكى خەلق چۆچەكلىرى رەسىملىك كىتابى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدى.

ۋاڭ جيالۇن

كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «شىنخۇا» كىتابخانىسى سىستېمىسى ھەر خىل كىتابتىن 84 مىليون 153 مىڭنى تارقاتتى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.1% كۆپ؛ ئومۇمىي سوممىسى 150 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 26.8% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتاب 26 مىليون 105 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، 32.6% كۆپەيدى، سوممىسى 29 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 47.3% كۆپەيدى؛ دەرسلىك 50 مىليون 608 مىڭغا يېتىپ، 13.8% كۆپەيدى، سوممىسى 57 مىليون 897 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.9% كۆپەيدى.

1993 - يىلى «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومىنىڭ خەنزۇچىسىدىن 415 مىڭ نۇسخا، ئۇيغۇرچىسىدىن 170 مىڭ نۇسخا، قازاقچىسىدىن 16 مىڭ نۇسخا، موڭغۇلچىسىدىن 1500 نۇسخا تارقاتتى.

لى يۆياڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كىتاب نەشر قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 504 خىل كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسى 329 خىل، باسما تاۋاق سانى 25 مىليون 354 مىڭ بولۇپ، تىراژى 3 مىليون 797 مىڭ نۇسخىغا يەتتى.

1993 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ئومۇمىي باھا سوممىسى 8 مىليون 805 مىڭ يۈەنگە، كىتاب سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كىتابلارنىڭ قۇرۇلمىسى

1) شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇلار، ئاساسەن، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمەت قوللانمىسى»، «شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى»، ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشر قىلىنغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلايلى»، خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىقتىساد - سودا نىزاملىرى، توختاملىرىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ جۇغراپىيىسى قوللانمىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىغا ماسلىشىپ «شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى مەجمۇئە» نەشر قىلىندى، بۇ، «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئۈرۈمچى»، «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن تۇرپان»، «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قۇمۇل»، «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قىزىلسۇ»، «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئاقسۇ»، «دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى ھەققىدە خەنزۇچە - رۇسچە سېلىشتۇرما قوللانما»، «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىقتىساد - سودا توختاملىرىدىن تاللانما» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) كىتابلارنى قايتا بېسىش ۋە ستراتېپنى ئىجارىگە ئېلىپ نەشر قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 63 خىل كىتابنى قايتا باستى، تىراژى 247 مىڭ 900گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب 43 خىل، تىراژى 129 مىڭ، خەنزۇچە كىتاب ئالتە خىل، تىراژى 101 مىڭ 800، قازاقچە كىتاب سەككىز خىل، تىراژى 11 مىڭ، موڭغۇلچە كىتاب ئۈچ خىل، تىراژى 3000. 1993 - يىلى ستراتېپ ئىجارىگە ئېلىنىپ نەشر قىلىنغان كىتاب سەككىز خىل بولۇپ، تىراژى 436 مىڭغا يەتتى.

نەشر ھوقۇقى سودىسى

1993 - يىل 4 - ئايدا خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك خەلقئارا نەشر ھوقۇقى سودا كېڭەشمە يىغىنىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەيۋەن «يېقىملىق سادا» نەشرىياتى بىلەن «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» نى ھەمكارلىشىپ نەشر قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، توختامغا رەسمىي ئىمزا قويدى؛ تەيۋەن «يەر شارى» نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ نەشر قىلماقچى بولغان «جۇڭگو خوتەن

قاشتېشى» دېگەن كىتاب تەيۋەندە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى؛ تەيۋەن «خەنيۇ» مەدەنىيەت ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات» دېگەن كىتابنى نەشر قىلىش توغرىسىدا مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

يەن شۆيۈن

**1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇقتىلىق كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش**

«ئۈرۈمچىنىڭ زېمىن بايلىقى» (خەنزۇچە) بۇ كىتابنى ۋاڭ جيەنجۇن تۈزگەن. بۇ كىتابتا ئۈرۈمچىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي بايلىقلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، تۈرلۈك بايلىقلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بايلىقلارنىڭ مىقدارى، سۈپىتى، ئالاھىدىلىكى، ئەۋزەللىكى، مەسىلىلەر ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسى شەرھلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى تۈزۈشى، پەن تەتقىقاتى ئوقۇتۇش، سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات ئىشلىرى قاتارلىقلار ئۈچۈن ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

«سۆيۈملۈك يۇرتۇم - شىنجاڭ» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) بۇ كىتابنى تۆمۈر داۋامەت يازغان. بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن تاغ - دەريا مەنزىرىسى، تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە سەيلە - ساياھەت ئورۇنلىرى، مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى، مىللەتلەر ۋە مىللىي سىياسەت، دىن ۋە دىن سىياسىتى، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، سودا، مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى، خەلق تۇرمۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت، تىببىي داۋالاش، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

«مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىقتىساد - سودا نىزاملىرى، توختاملىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە) بۇ كىتابنى ليۇيەنچۈن تۈزگەن. بۇ كىتابقا 1990 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە، ئۇكرائىنا، پولشا، ۋېنگرىيە، رومىنىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلان قىلغان دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ئىقتىساد - سودا نىزامىدىن 43ى، توختامدىن بەشى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇ، چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش، باج ئىشلىرى، تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش ۋە سودا - سېتىق، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ چېكى ۋە ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى، ئىقتىسادىي ماجىرالار ۋە كېسىم، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ، كىتابخانلارنىڭ چەت ئەل بىلەن بولىدىغان سودا كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

«شىنجاڭدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلار» (خەنزۇچە) بۇ كىتابنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەن شۆچىلەر تۈزگەن. بۇ كىتابتا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسى، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى، شىنجاڭدىكى ئېغىزلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسى، شىنجاڭدىكى ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزلار ھەمدە شىنجاڭدا قۇرۇلۇۋاتقان ئېغىزلارغا دائىر مەزمۇنلار كونكرېت بايان قىلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما» (2 - كىتاب) (خەنزۇچە) بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن. بۇ كىتابقا 26 ماقالە كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پەلسەپە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، قانۇن، ئەدەب - ئەخلاق ئىدىيىلىرى ھەققىدىكى، ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، تىل قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھاكىمىلەر ھەمدە ئاپتور ياشىغان دەۋر، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ئاساسلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماقالىلەر دۆلىتىمىزدە يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.

«جۇڭگو ئۆسمە كېسەللىكلىرى كىلىنىكىسى يىلنامىسى» (خەنزۇچە) بۇنى ۋۇ مېڭچاۋ تۈزگەن. بۇ يىلنامە ھەر قايسى كىلىنىكىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈملىرىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش، ئۇنى داۋالاشقا دائىر ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يىلنامىدە «مۇتەخەسسىسلەر مۇنبىرى» سەھىپىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭغا 253 ماقالە بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نەپەس سىستېمىسى ۋە قىزىل ئۆڭگەچ ئۆسمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئۆسمىسى، ئىچكى ئاجرالما بېزى ئۆسمىسى (قالقان بېزى)، سۈيدۈك چىقىرىش، نەسىل قالدۇرۇش ئەزالىرى ئۆسمىسى، ھەرىكەت ئەزالىرى سىستېمىسى ئۆسمىسى، نېرۋا سىستېمىسى ئۆسمىسى، قۇلاق، بۇرۇن، يۇتقۇنچاق، كېكىردەك ئۆسمىسى، ئەمچەك بېزى

ئۆسمىسى قاتارلىقلارغا دائىر مەزمۇنلار بار، بۇ، تىببىي خادىملار ساقلاشقا ئەرزىيدىغان قورال كىتاب.

«جاڭغىر» (1 ـ، 2 ـ كىتاب)، (خەنزۇچە) لىي لى، دىڭ شىخاۋلار تەرجىمە قىلغان، خاۋ. يادەي تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. تولۇق تەرجىمىسى ئالتە توم، خەت سانى 3 مىليوندىن ئاشىدۇ.

«ئادەم ئىشلىتىشنىڭ يولى» (خەنزۇچە) بۇنىسى يەن شۇنشياۋ يازغان، ۋېڭ يوشياڭ مۆسىن خەت قىلىپ يازغان. بۇ كىتابقا جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى پەرق ئېتىش، تاللاش، يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر بايان ۋە ئەمەلىي مىساللار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب تېكىست ۋە قوشۇمچە ماتېرىيالدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، تېكىست مۆسىن خەت شەكلىدە نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئادەم ئىشلىتىش يولىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، قائىدىسى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان، قوشۇمچە ماتېرىيال قىسمىغا قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى ئىختىساسلىق خادىملار ھەققىدىكى ئەسەردىن 150ى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

يەن شۆيۈن

**«يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»نىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەيۋەن «يېقىملىق سادا» نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ نەشر قىلىدىغان «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»نىڭ تۇنجى تۈركۈم ئەسەرلىرى ـ «يىپەك يولىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات» بىلەن «يىپەك يولىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى سەنئىتى» نەشردىن چىقتى.

«يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» دۆلەت ئىچىدە يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان تۇنجى يۈرۈش چوڭ ھەجىملىك مەجمۇئە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى بۇ مەجمۇئەنى نەشر قىلىشنى بۇ تەشكىلاتنىڭ يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش ھەمكارلىق تۈرىگە كىرگۈزدى ھەمدە بۇ مەجبۇئەنى 1997 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا يىپەك يولى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇشنى بېكىتتى.

يەن شۆيۈن

## مەتبەئەچىلىك

**ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۈچ خىل مەھسۇلات مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «شىنخۇا» 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر 2 ـ يىللىق سىنىپلىرىنىڭ «سىياسىي ئىدىيە» دەرسلىكىنىڭ 1 ـ قىسمى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يەنە شۇ زاۋۇتتا بېسىلغان ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «ماتېماتىكا» دەرسلىكىنىڭ 2 ـ قىسمى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «ئالگېبرا» دەرسلىكىنىڭ 2 ـ قىسمى ياخشى مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 ـ يىلى باھار ۋە كۈز پەسىللىرىدىكى 993 خىل دەرسلىكنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە 38 خىل مەھسۇلات ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جىڭ جۇڭ

**كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال باسىدىغان كارخانىلار-نىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى**

1993 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال بېسىش ئىجازەتنامىسى» ئالغان 102 مەتبەئە كارخانىسىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تۆت كارخانىنىڭ شەرتكە مۇۋاپىق كەلمىگەچكە، «ئىجازەتنامە»سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان 98 كارخانا تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب ـ ژۇرنال بېسىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن دۆلەت دەرىجىلىك كارخانا تۆت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا 22) . تەكشۈرۈشتە تەلەپكە لايىق بولغان مەتبەئە كارخانىلىرىغا «ئىجازەتنامە»نىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە 1993ـ يىل 12 ـ ئايدا «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال بېسىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، بۇ ئۇقتۇرۇشتا تۆرلۈك كارخانىلار كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال بېسىش كەسپى بىلەن تىجارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، چوقۇم ئۆز ئورنىدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا «ئىجازەتنامە»نىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئىجازەتنامىدە يېزىلغان مەزمۇنلارغا ئاساسەن ئالاقىدار تىجارەت تۈرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن.

ياڭ ۋېيدۇڭ

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

رادىئو، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

1) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنى تەشۋىق قىلىشنىڭ سالمىقى زورايدى. 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە چوڭ مۇھاكىمە»، «بازار ئىگىلىكى ھەققىدە سۆھبەت»، «بازارغا يۈزلىنىش»، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش»، «ھاۋادىكى كۆۋرۈك»، «مەھەللىۋى ئۇچۇر باغچىسى»، «قارارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشنى تېزلىتەيلى»، «بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىگە ئائىت ئاتالغۇلار توغرىسىدا چۈشەنچە» قاتارلىق پروگراممىلارنى يولغا قويدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يۈرۈش قىلىش يولى»، «بۈگۈنكى شىنجاڭ»، «بازارغا يۈزلىنىش»، «جەمئىيەتكە نەزەر»، «ئىقتىسادىي كۆزنەك» قاتارلىق پروگراممىلارنى يولغا قويۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 5850 خەۋەر ۋە 50 گۇرۇپپا چاتما خەۋەرنى كۆرسەتتى. ھەر قايسى ئىستانسىلار «ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش» ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا ۋە ئىللەتلەرگە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ماھىرلىق بىلەن يېتەكلەپ، پاي چېكى، ئۆي ئىسلاھاتى، ئاشلىق ئىسلاھاتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش قىيىن بولۇش، ئاممىۋى قاتناشتىكى مىنبۇس ھادىسىلىرى، داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش، «ئۈچ قالايمىقان»نى چەكلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى.

2) كۈچ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلارنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىشنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى. ھەر قايسى ئىستانسىلار پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى «دېڭ شىياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3 - تومىنى تارقىتىش، يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋاقتىدا يېڭىچە شەكىل ئۈستىدە ئىزدىنىپ، رەھبەرلەرنى بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۆيىگە كىرىپ بىۋاستە سۆزلەشكە، ئاممىۋى ئىسسىق لىنىيە ئاڭلىتىشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئىش ئورنى خەۋىرى، چاتما خەۋەر، ئەگىشىپ يۈرۈپ خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى ئىستانسىلار يەنە مەخسۇس پروگراممىلارنى تەسىس قىلىپ، خەۋەر قىلىش مەزمۇنى ۋە خەۋەرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇردى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىنى تەشۋىق قىلىشتا مەركەزلەشتۈرۈش تولۇق بولۇش مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەشۋىقات ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى.

3) مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، «ئىككى ئىشنى تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا ئىشنى چىڭ تۇتۇش» ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. «بىلىملىك، ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزامچان» بولغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، سوتسىيالىزم ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپلىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا، تەشۋىق ئىشلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «پۇل ۋە خالىس تۆھپە»، «پولاتتەك ئەسكەرلەر، خالىسانە تۆھپە قوشقان پەرزەنتلەر مۇھەببىتى»، «پۈتكۈل جەمئىيەت ئاچا، ئىنى سۇ ۋېي، سۇ جۈەنلەرنىڭ خەۋپتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى»، «13 - نويابىر، ئايروپىلان ۋەقەسىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش» ۋە «تانسىخانا، سىنئالغۇ، كارا OK زالى» قاتارلىق ماۋزۇلاردىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى خېلى زور بولدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش بويىچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. رادىئو ئىستانسىسى مۇسابىقىدە 20 نەپەر سۆزلىگۈچىنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان سۆزىنى ئاڭلىتىپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

4) ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقاتىدا ساغلام، راۋاجلاندۇرۇش مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاڭلىغۇچى

تاماشىبىنلىرىنى لەززەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تىرىشىلدى. ھەر قايسى ئىستانسىلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەشۋىقات پائالىيىتىنى خېلى ياخشى ئېلىپ بارغاندىن باشقا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يەنە 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇكاپاتلىق ناخشا مۇسابىقىسى ۋە ئالتە قېتىم چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. 12 قىسىم تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى. رادىئو ئىستانسىسى بىر يىلدا 64 قېتىم رادىئو درامىسى، رومانىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش، كىنونى قىسقارتىپ ئاڭلىتىش پروگراممىسىنى ئاڭلاتتى، 40 سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا ئاڭلىتىلىدىغان مۇزىكا پروگراممىسىنى لېنتىغا ئالدى، ئالتە سائەتلىك دراما ۋە ئەلنەغمىنى لېنتىغا ئالدى، 39 قېتىم ئىش ئورنىدىن لېنتىغا ئالدى.

5) پروگراممىلار تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئىسلاھ قىلىندى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىنغان پروگراممىلارنى زىچ چۆرىدىگەن ئاساستا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قازاقچە پروگراممىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالدى؛ رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىلىدىكى ئاڭلىتىشتا «تەڭرىتاغ سەھىرى»، «تۇرمۇش دۇنياسى»، «ھاۋادىكى ئۇسسۇل سەھنىسى»، «بۈگۈنكى بۇلۇتتىن بىللە ئۆتەيلى»، «بوغدا ساداسى»، «خەيرلىك يەكشەنبە»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى» قاتارلىق پروگراممىلارنىڭ رىياسەتچىسى بىۋاستە ئاڭلىتىش بەرگەن بۆلەكلىك پروگراممىنى ياكى رىياسەتچىنىڭ بۆلەكلىك پروگراممىسىنى ئاڭلاتتى. ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈن كۈنلۈك پروگراممىنى ئاڭلىتىشتا رىياسەتچى بىۋاستە ئاڭلىتىشنى يولغا قويدى. كۆپ ۋاقىتتا رىياسەتچى بىۋاستە ئاڭلىتىش ياكى رىياسەتچى بۆلەكلىك پروگراممىلارنى بىۋاستە ئاڭلىتىشنى يولغا قويۇش رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى. مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە ئىلگىرىكى كىرگۈزۈش شەكلى قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ئاممىغا، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك ئىزدىنىش بولغانلىقتىن، رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە كەڭ قاتنىشىشىغا ئېرىشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، تۈرلۈك بۆلەكلىك پروگراممىلار ھەققىدە بىر يىلدا رادىئو ئاڭلىغۇچىلاردىن كەلگەن خەت 4000 دىن كۆپرەككە، ئىسسىق لىنىيىلىك تېلېفون 8000 قېتىمغا، ئاڭلىتىش ئۆيىگە بىۋاستە كىرىپ سۆزلىگەن رادىئو ئاڭلىغۇچى 800 نەچچە ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن.

6) ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا يېڭى يۈكسىلىش ۋە تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. 1993 - يىلى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىلىدىكى مەخسۇس پروگراممىلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەييارلاش نىسبىتى %70 كە يەتتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاڭلىتىشتىكى زور بىر بۆسۈش، ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ كۆرسىتىلىش مىقدارى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپەيتىلدى. ھەر ھەپتىدە ۋە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇنىۋېرسال پروگراممىلار بىر قېتىم كۆپەيتىپ كۆرسىتىلدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسىدە كۆرسىتىش باشلانغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق - مىللەتلەر تىللىرىدىكى پروگراممىلارنىڭ كۆرسىتىلىش مىقدارى 1200 سائەت ساپ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پروگراممىلارنىڭ تەكرار كۆرسىتىلىش نىسبىتى 1992 - يىلدىكىدىن ئون پىرسەنتلىك رەقەم ئازايتىلدى. بىر يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرى 452 قىسىمغا يەتتى.

7) پروگراممىلارنى ياخشىلاش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر رادىئو پروگراممىلىرىنى باھالاشتا رادىئو ئىستانسىسى ئەۋەتكەن بەش ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مەملىكەت بويىچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تۆت ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۇنجى نۆۋەتلىك خەۋەر مۇكاپاتىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى چېن جۈڭشياڭ نامزات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ شىنجاڭدا بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن تۇنجى مۇخبىر.

8) ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋە ئۈن - سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۈن - سىن نەشرىياتى بىر يىلدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا 290 مىڭ قاپتىن ئارتۇق لېنتا ئىشلىدى. 17 مىڭ 100 قاپتىن ئارتۇق ئۈن - سىن لېنتىسى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز ھالدا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك سىنئالغۇ لېنتىسىدىن 5000 قاپتىن كۆپرەكىنى، ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 1000 قاپتىن كۆپرەكىنى يىغىۋېلىپ، ئۈن - سىن بازارلىرىنى ساپلاشتۇردى.

كەسپىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1) 1993 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، كۆلىمى 21 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزىيە تەرجىمە مەركىزى پۈتۈنلەي پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى. ئاڭلىتىشقا، پروگرامما ئىشلەشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەقسىز ياردەم قىلغان قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويۇش ۋە كونا - يېڭى تېخنىكا سىستېمىسىنى ئالماشتۇرۇپ

سىناق قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىپ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يېرىم ئاپتوماتىك كۆرسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۆز ئالدىغا ئىجارىگە ئالغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىش ئۈسكۈنىسى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا پۈتۈن كۈن سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پروگراممىلارنى تارقىتىشنى باشلىدى؛ مىكرو دولقۇن ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئاپپارات ئۆيىنى كۆچۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ 4 ـ، 6 ـ قاناللىرىدا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پروگرامما يەتكۈزۈش خىزمىتىگە ۋە 12 ـ قانالدا مىكرو دولقۇن ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسىنى قوراشتۇرۇپ سىناق قىلىش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىنىڭ ئۈچ بىۋاسىتە ئاڭلىتىش بېرىش ئۆيىنى قوراشتۇرۇش ۋە چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن ئاڭلىتىشنى يورۇشلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇش تاماملاندى.



رەڭلىك تېلېۋىزىيە مەركىزى بىناسى
جاڭ پېيخۇڭ فوتوسى

2) پەن ـ تەتقىقات تۆرى جەھەتتە، 1993 ـ يىلى GS ئۈچ خىل ئاپپارات تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ، ھەر خىل ئالاھىدە تېخنىكىلىق ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك كۆرۈنۈشنى ياساپ كۆرسىتىشكە بولىدىغان يوللىرى ھەمدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىق ئېكرانى يۇمشاق دېتاللىرى سەپلىنىپ، ئون نەچچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا كېڭەيتىپ قوللىنىلغاندىن كېيىن، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنەي. بۇنىڭدىن باشقا، تەتقىق قىلىپ ياسالغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە ھەرپلەر كىرگۈزۈلگەن ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ پەرق ئېتىش سىستېمىسى 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3) سىملىق تېلېۋىزىيە ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى ھەمدە 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۆرسىتىشنى باشلىدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرلەردە مەمۇرىي رايون خاراكتېرلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بەشى، كارخانىلارنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن ئالتىسى، ھەر خىل سىملىق تېلېۋىزىيە پونكىتلىرىدىن 440 ى قۇرۇلۇپ. ئومۇمىي يەتكۈزۈلگەن ئائىلە (ئورۇن) 1 مىليون 90 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

4) ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1993 ـ يىلى ئىسلاھاتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، «تەڭرىتاغ» ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، «تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «قار لەيلىسى» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىبارەت تۆت مۇستەقىل ئورۇن كادىر تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى ۋە توختاملىق ئىشچى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەقسىماتتا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇش، نورما بېكىتىپ نورمىلىق ھەق بېرىشنى يولغا قويۇپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

جاڭ رېنۋۇ

**رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى 24 ئەسەر مەملىكەت بويىچە باھالاش تاللاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 سى رادىئو پروگراممىسى، 12 سى تېلېۋىزىيە پروگراممىسى.

جىن خۇڭلى

**مۇنەۋۋەر رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى**

1993 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو، تېلېۋىزىيە نازارىتى بىلەن شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 11 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر رادىئو پروگراممىلىرى، 7 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاپ تاللاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدىكى 93 رادىئو پروگراممىسى مۇكاپاتقا

ئېرىشتى (خەنزۇ تىلىدىكىسى 38، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكىسى 55)، بۇنىڭ ئىچىدە 15 پروگرامما 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 25 پروگرامما 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 53 پروگرامما 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدىكى 54 تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (خەنزۇ تىلىدىكىسى 41، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكىسى 13)، بۇنىڭ ئىچىدە ئون پروگرامما 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 پروگرامما 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 29 پروگرامما 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خۇاڭ خۇاڭ

كىنو ئىشلەش ئەھۋالى

1993 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى «شىاڭگاڭلىق بايۋەچچە»، «ئامانىنساخان»، «قارا تۇتۇن»، «پاي چېكى بازىرىدىكى مۇھەببەتداشلار»، «قايناپ تۇرغان ياشلىق» ۋە «تەلۋىنىڭ شەپقەتسىزلىكى» دىن ئىبارەت ئالتە رەڭلىك ھېكايە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

«شىاڭگاڭلىق بايۋەچچە» بۇ فىلىمدە شىاڭگاڭلىق بايۋەتچىلىن ئامىنىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ساياھەتكە كەلگەنلىكى، ئېھتىياتسىزلىقتىن ساياھەت كۈلىدە كىيىم ئىشكابىنىڭ ئاچقۇچىنى يوتتۇرۇپ قويۇپ، كىيىم - كېچەك، ساياھەت كېنىشكىسىنى باشقىلار ئېلىۋالغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان سەرسانلىقتا دۇچ كەلگەنلىكى، بەختكە يارىشا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىدەك ئىشلار بايان قىلىنىدۇ.

«ئامانىنساخان» بۇ فىلىمدە XVI ئەسىردە ئۆتكەن يەكەن خاندانلىقىنىڭ خانىشى ئامانىنساخاننىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى «12 مۇقام» نى توپلاش، رەتلەش ئىشىغا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى

بېغىشلىغانلىقىدەك ھېكايە تەسۋىرلىنىدۇ.

«قارا تۇتۇن» بۇ فىلىمدە تەقدىرى كۆڭۈلسىز بولغان نەچچە جەمەت ئىچىدىكى تالاش - تارتىشلار داۋامىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق 40 - يىللاردىكى كونا جۇڭگودىكى بىر جىنايەتلىك جەمەتنىڭ ۋەيران بولۇش تارىخى تەسۋىرلىنىدۇ.

«پاي چېكى بازىرىدىكى مۇھەببەتداشلار» 1992 - يىلى تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان پاي چېكى دولقۇنى پۈتۈن شاڭخەينى قاپلايدۇ، خىزمىتىدىن ئايرىلغان ئانەي ئايال خىزمەتدىشى چېن يۇن بىلەن بىرلىشىپ پاي چېكى سودىسى قىلىپ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئورتاق ئىزدىنىش جەريانىدا ئىككەيلەننىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان مۇھەببەت يېڭىباشتىن بىخ ئۇرىدۇ.

«قايناپ تۇرغان ياشلىق» فىلىمدە ياش ناخشىچى سابىر بىر توپ ياشلارغا باش بولۇپ يېڭى تېخنىكا، يېڭى قاراشنى قوبۇل قىلىپ، يېزا - بازار كارخانىسى قۇرۇپ ياشلىق باھارى ئارقىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دەۋرىنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتىدۇ.

«تەلۋىنىڭ شەپقەتسىزلىكى» بۇ فىلىمدە تاغشەندىكى زور يەر تەۋرەشتە قۇتۇلۇپ قالغان بىر تورىكوم يېتىم بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەر كىم ئۆز ئورۇنلىرىنى تاللاش ۋاقتىدا دۇچ كەلگەن سۆيگۈ ۋە قانۇن مۇھەببەت ۋە نەپرەت تەسۋىرلەنگەن.

فەن جۈن

كىنو فىلىملارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى

1993 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى فىلىملاردىن 704 چاسلىق 69 فىلىم (ئۇيغۇرچە 446 چاسلىق 44 فىلىم، قازاقچە 258 چاسلىق 25 فىلىم) نى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى.

فەن جۈن

قوشۇمچە

1993 - يىلدىكى كىنو فىلىملارنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| فىلىم ئىسمى | چاس سانى | تەرجىمە قىلىنغان تىل |
| --- | --- | --- |
| چيۇجۇنىڭ ئەرز قىلىشى | 11 | ئۇيغۇرچە |
| قانلىق ئىنتىقام | 14 | ئۇيغۇرچە |
| باتۇر روھنىڭ كۆلەڭگىسى | 14 | ئۇيغۇرچە |
| پايتەختتىكى ئوغرىلىق | 10 | ئۇيغۇرچە |

| | | |
|---|---|---|
| مۇھەببەت مەستانىلىرى | 9 | ئۇيغۇرچە |
| سىرلىق ئايال مەرگەن | 9 | ئۇيغۇرچە |
| ھالاكەتتىن بۆسۈپ ئۆتۈش | 9 | ئۇيغۇرچە |
| نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىراسى | 10 | ئۇيغۇرچە |
| ئايال قاتىل | 9 | ئۇيغۇرچە |
| تۈرمىدىكى غەزەپ ئوتى | 14 | ئۇيغۇرچە |
| جىياڭ جۈيىڭ | 10 | ئۇيغۇرچە |
| «دوزاق» ئىزىغا چۈشۈش | 9 | ئۇيغۇرچە |
| جاسارەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى | 9 | ئۇيغۇرچە |
| يىراقتىكى دىياردا | 10 | ئۇيغۇرچە |
| قىمار كارولى | 9 | ئۇيغۇرچە |
| ئامانىنساخان | 10 | ئۇيغۇرچە |
| ھالاكەتتىكى ئىلتىجا | 11 | ئۇيغۇرچە |
| ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش | 10 | ئۇيغۇرچە |
| يوشۇرۇن كىرىش | 9 | ئۇيغۇرچە |
| پاك ۋە ناپاكلار ئوتتۇرىسىدا | 10 | ئۇيغۇرچە |
| ئالامىدە ساقچىنىڭ زەربىسى | 9 | ئۇيغۇرچە |
| لوڭ جوڭلۇڭ | 9 | ئۇيغۇرچە |
| ئادالەتپەرۋەر خۇاڭ فېيخۇڭ | 9 | ئۇيغۇرچە |
| باتۇرلارنىڭ رىيازىتى | 10 | ئۇيغۇرچە |
| ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق | 14 | ئۇيغۇرچە |
| ھايات - ماماتلىق قىمار | 9 | ئۇيغۇرچە |
| يوقالغان ئايال | 9 | ئۇيغۇرچە |
| ئۈستۈنلۈك تالاشقان چامباشچىلار | 12 | ئۇيغۇرچە |
| خۇ ۋە باۋ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلار | 9 | ئۇيغۇرچە |
| شياۋلىن ئەزىمەتلىرى | 10 | ئۇيغۇرچە |
| كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى | 11 | ئۇيغۇرچە |
| مۇقەددەس زېمىندىكى تۈنجى تىغ | 10 | ئۇيغۇرچە |
| قەھرىمانىنىڭ خىسلىتى | 14 | ئۇيغۇرچە |
| ئەتىنى ئالغان ئايال | 9 | ئۇيغۇرچە |
| شىياڭگاڭلىق بايۋەتچە | 10 | ئۇيغۇرچە |
| قارا تۇتۇن | 9 | ئۇيغۇرچە |

| | | |
|---|---|---|
| گۈلەندۈگەندىكى باھۇنلۇق زوراۋانلار | 9 | ئۇيغۇرچە |
| جەڭگاھتىن | 11 | ئۇيغۇرچە |
| قىساس | 9 | ئۇيغۇرچە |
| «جەننەت» تىكى قانلىق دېلو | 10 | ئۇيغۇرچە |
| قانلىق قىرغاق | 10 | ئۇيغۇرچە |
| تاش يۈرەك 13 قوزغۇن | 9 | ئۇيغۇرچە |
| رېخىغا بويسۇپ كىرگەن پالۋانلار | 9 | ئۇيغۇرچە |
| ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرسانلىقى | 14 | ئۇيغۇرچە |
| يىراقتىكى دىياردا | 10 | قازاقچە |
| مۇھەببەت مەستانىلىرى | 9 | قازاقچە |
| جياڭ جۈيىڭ | 10 | قازاقچە |
| سىرلىق ئايال مەرگەن | 9 | قازاقچە |
| پاك ۋە ناپاكلار ئوتتۇرىسىدا | 10 | قازاقچە |
| ئايال قاتىل | 9 | قازاقچە |
| هايات - ماماتلىق قىمار | 9 | قازاقچە |
| ئادالەتپەرۋەر خۇاڭ خېيخۇڭ | 9 | قازاقچە |
| خۇ ۋە باۋ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىلار | 9 | قازاقچە |
| ئۇستۇنلۇك تالاشقان چامباشچىلار | 12 | قازاقچە |
| كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى | 11 | قازاقچە |
| شياۋلىن ئەزىمەتلىرى | 10 | قازاقچە |
| چيۇ جۈنىڭ ئەرىز قىلىشى | 11 | قازاقچە |
| قانلىق ئىنتىقام | 14 | قازاقچە |
| باتۇر روھنىڭ كۆلەڭگىسى | 14 | قازاقچە |
| تۇرمىدىكى غەزەپ ئوتى | 14 | قازاقچە |
| «دوزاخ» ئىزىغا چۈشۈش | 9 | قازاقچە |
| يوشۇرۇن كىرىش | 9 | قازاقچە |
| ئالاھىدە ساقچىنىڭ زەربىسى. | 9 | قازاقچە |
| جاسارەتلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى | 9 | قازاقچە |
| ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىق | 14 | قازاقچە |
| لۇڭ جۈگلۈك | 9 | قازاقچە |
| باتۇرلارنىڭ رىيازىتى | 10 | قازاقچە |
| يوقالغان ئايال | 9 | قازاقچە |
| پايتەختتىكى ئوغرىلىق | 10 | قازاقچە |

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش خىزمىتى

1993 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 13 قىسىملىق ئۈچ تېلېۋىزىيە تىياتىرى، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئۈچ قىسىملىق بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سۈرەتكە ئالدى.

«چېن تەنچيۇ» (ئالتە قىسىم) بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا چېن تەنچيۇنىڭ 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغاندا مىلىتارىست شېڭ شىسەي بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ كۈرەش قىلغانلىق ھېكايىسى، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلماسلىقتەك قورقماس روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«بىراقتىكى يۇرتقا مۇھەببەت» (بەش قىسىم) بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 40 نەچچە يىلدىن ئاشقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ پېشقەدەم شۇجىسى جۇ جيەننىڭ شۇ جايدىكى خەلق بىلەن بىرلىكتە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان ئىش ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«شەيتان بىلەن ساقچى» (ئىككى قىسىم) بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا باش قەھرىمان شەيتاننىڭ ئارتىستلىققا تەكلىپ قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆزىنى رېژىسسورنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، دەپ قاراپ قېچىپ كېتىپ، تۇتۇش جەريانىدا بىر قاتار خۇددى پۇتۇشۇپ قويغاندەك كۆرۈنۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، رول ئېلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن ئارتىستلىققا قوبۇل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان.

«58 بېرىم تورۇن» (ئۈچ قىسىم) بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى سېپىدىكى قەھرىمان شەخس ۋاڭ ۋېيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىنشائاتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن.

بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان.

جىن خۇڭلى

فەن جۈن

## تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى

1993 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى ھەم ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ قازاقچە تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى جەمئىي 728 قىسىملىق 94 تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى جەمئىي 452 قىسىملىق 60 تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى.

جىن خۇڭلى

قوشۇمچە

1993 - يىلىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| تۈرى | فىلىم ئىسمى | قىسىم سانى | تىل ئايرىمىسى |
|---|---|---|---|
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | قورغان | 10 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | رامبو | 29 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | يانچۇق سائىتىنىڭ سىرى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | فەخرىيە ھەدە | 2 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ياڭ نەيۇۋ بىلەن شياۋ بەسەي | 14 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ياقا يۇرتلۇق قىزلار | 10 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | چايچى قىز | 2 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | قاراڭغۇ ئورماننىڭ سىرى | 6 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | تۇرمۇش تېپىشماق ئەمەس | 3 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | كاكتۇس گۈلى | 2 | ئۇيغۇرچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىنو | ئاچا - سىڭىلنىڭ مۇھەببەت قىسسىسى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ساقچى باشلىقى دېرىك | 36 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | سىپاتىس تېز تاماقخانىسى | 17 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | شىر شەھىرىگە مۇھەببەت | 7 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | دىنىس بىلەن مېكىس | 10 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | گىباڭ چاڭلو | 4 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئاۋمېندىكى ئىشلار | 6 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئىرەم باغقا قايتىش | 28 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | گراف مونتى كرىستو | 5 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | سۇلۇڭ چىڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى | 12 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئۈسمۈر ماۋزېدوڭ | 4 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | خاسىيىنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى | 33 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئاچا - سىڭىللار سەپىرى | 16 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئەلۋىدا، قورال، ياراقلار | 4 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | جىپسى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ماۋزېدوڭ بىلەن لۇدېيمىڭ | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ئۇ مىليونىرغا تەگدى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ساختا بۇيۇملار | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | سائەت توققۇزدىن سائەت بەشكىچە | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | بوۋاي بىلەن مۈشۈك | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | سۇ ئاستىدىكى دۈشمەن | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | كۆڭۈلدىكىدەك ئەر | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | دەرىجىدىن تاشقىرى مودېل | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | جانغا زامىن بولغان ھەمراھ | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كارتون فىلىم | كارتوننىڭ سىرى | 3 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | 100 تۈەن ئۇرۇشى | 8 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | يانچۇق سائىتىنىڭ سىرى | 2 | قازاقچە |
| كىنو | ئاچا - سىڭىلنىڭ مۇھەببەت قىسسىسى | 2 | قازاقچە |
| كىنو | كۆڭۈلدىكىدەك ئەر | 2 | قازاقچە |
| كىنو | جانغا زامىن بولغان ھەمراھ | 2 | قازاقچە |
| كىنو | سۇ ئاستىدىكى دۈشمەن | 2 | قازاقچە |
| كىنو | كاكتۇس گۈلى | 2 | قازاقچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىنو | سائەت توققۇزدىن سائەت بەشكىچە | 2 | قازاقچە |
| كىنو | بوۋاي بىلەن مۈشۈك | 2 | قازاقچە |
| كىنو | تۈرمىدىكى مۇھەببەت | 2 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | 100 تۈمەن ئۆرۈۋشى | 8 | قازاقچە |
| كىنو | ماۋزېدۇڭ بىلەن لۇ دېمىڭ | 2 | قازاقچە |
| كىنو | جېبىسى | 2 | قازاقچە |
| كىنو | ئۇ مىليونېرغا تەگدى | 2 | قازاقچە |
| كارتون فىلىم | كارتوننىڭ سىرى | 3 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | گارىسىن پىدائىلىرى | 13 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئاۋمېندىكى ئىشلار | 6 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | قاراڭغۇ ئورماننىڭ سىرى | 6 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | سۇڭ چىڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى | 12 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | شىر شەھىرىگە مۇھەببەت | 7 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | گراف مونتى كرىستو | 5 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئۆسمۈر ماۋزېدۇڭ | 4 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | 5 - باشقارما ھەرىكەتتە | 24 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئاخىرقى پادىشاھ | 22 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئامىگو ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى | 13 | قازاقچە |
| يۇقىرىدىكى فىلىملەرنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزى تەرجىمە قىلغان | | | |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | يېسىنىيە | 25 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ياڭ جەمەتىنىڭ ئەزىمەتلىرى | 32 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | ئىرەم باغقا قايتىش | 28 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | 76 - نومۇرلۇق ئالۋاستى غارى | 12 | قازاقچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | مۈشۈك بىلەن چاشقان | 21 | قازاقچە |
| كىنو | ناھەق ئەنزە | 2 | قازاقچە |
| كىنو | سۇ ئاستىدىكى دۈشمەن | 2 | قازاقچە |
| يۇقىرىقى فىلىملەرنى ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قازاقچە تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى تەرجىمە قىلغان | | | |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | تۆھمەت | 25 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | يۇمۇرلۇق ساقچى | 20 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | جىگۇڭ | 8 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياتىرى | كىگەن جى گۇڭ | 4 | ئۇيغۇرچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كارتون فىلىم | چاشقان بىلەن ئۆردەك | 20 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | مەبۇد سەۋەبىدىن | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | كېرەكسىز بويۇمنىڭ قىساسى | 1 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ئەلى بابا | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | قانلىق قىساس | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ئېدىرلىقتىكى جەڭچى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | سەن بولمىساڭ بولمايدۇ | 2 | ئۇيغۇرچە |
| يۇقىرىدىكى فىلىملەرنى قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى تەرجىمە قىلغان | | | |
| كارتون فىلىم | گۆھەر كېمە | 28 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياترى | قىساسكار | 5 | ئۇيغۇرچە |
| تېلېۋىزىيە تىياترى | ساقچىلارمۇ ياش تۆكىدۇ | 5 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | خاسىيەتلىك ئادەم | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | ياۋايى بالا | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | قاتىلنىڭ مۇھەببىتى | 3 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | كىچىك بالىنىڭ گۆھەر بۇلىشى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | تۇمان كۆتۈرۈلگەندە | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | دوئېلدىكى ۋەسىيەت | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | مەمبۇسلار تېز پويىزى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | يولۋاس، يولۋاس، يولۋاس | 3 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | يۈ جەمەتىنىڭ باتۇرلىرى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | مىلىيادېر ئەپەندى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | سېرىك ئۆسكى كەلدى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | كونا مۇناردىكى مىلتىق ئاۋازى | 2 | ئۇيغۇرچە |
| كىنو | يېڭى سىلق بىر كېچە | 2 | ئۇيغۇرچە |
| يۇقىرىدىكى فىلىملەرنى خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە تىياترى تەرجىمە بۆلۈمى تەرجىمە قىلغان | | | |

**رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى جەمئىي بەش قىسىملىق بەش رادىئو دراممىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىكىسى جەمئىي بىر قىسىملىق بىر رادىئو دراممىسى، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى جەمئىي ئىككى قىسىملىق ئىككى رادىئو دراممىسى، موڭغۇل تىلىدىكىسى ئىككى قىسىملىق ئىككى رادىئو دراممىسى.

«9 ـ ئايدىكى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم» (خەنزۇ تىلىدا)

بۇ رادىئو دراممىدا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بىر كىشىلىك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم تۈپەيلىدىن زىدىيەتلىشىپ قېلىپ، ئاخىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئايرىلىپ كەتكەنلىك ۋەقەسى بايان قىلىنغان.

«سارالا» (ئۇيغۇر تىلىدا) بۇ رادىئو دراممىدا بىر نىرۋا كېسەل كىشى بىلەن ساقچى ۋە نورمال كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار بايان قىلىنىپ، نورمال كىشىلەرنىڭ ئېرۋا كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلارغا قانداق توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەكلىكى ۋە ئۇلار ئالدىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

«بورۇت ماجىراسى» (ئۇيغۇر تىلىدا) بۇ رادىئو دىرامىسىدا مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ بىر بورۇتلۇق قاتىلنى تۇتىمىز دەپ نۇرغۇن بورۇتلۇق كىشىلەرنى خاتا تۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن قالايمىقانچىلىق ۋە ماجىرا پەيدا بولغانلىقىدەك كومېدىيە بايان قىلىنغان.

«سالامىڭ تېغىدا» (موڭغۇل تىلىدا) بۇ رادىئو دىرامىسىدا مۇھەببەت ناخشىسى مەزمۇن قىلىنىپ، بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببىتىگە قارا كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىق تراگېدىيىسى بايان قىلىنىدۇ.

«بىراقتىكى قۇملۇقتا مۇھەببەت» (موڭغۇل تىلىدا)

بۇ رادىئو دىرامىسىدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ «7015» بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ سېغىزلىق ئىبرىتىمە ئىشچىسى ۋاڭ گۇاڭرۇڭ تىپ قىلىنىپ، 90 - يىللاردىكى يېڭى تۆمۈر ئادەمنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش روھى مەدھىيىلەنگەن.

جىن خۇڭلى

**كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى 95 كە، كىنو قويۇش ئورنى 2139غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي كىنوخانا 211 (يەككە ئىگىلىكتىكى كىنوخانا بەش)، كىنو، تىياتىرخانا 82، ئېچىۋېتىلگەن زال - كۇلۇب 121. كىنو قويۇش ئەترىتى 1476 (يەككە ئىگىلىكتىكى كىنو قويۇش ئەترىتى 370)، ئىچكى كۇلۇب 249. مۇشۇ بىر يىلدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئىشلەنگەن 187 يېڭى كىنو فىلىم تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىمىز فىلىمى 119، شياڭگاڭ، تەيۋەن فىلىمى 43، چەت ئەل فىلىمى 25، مۇشۇ بىر يىلدا 35 مىللىمېترلىق 488 لېنتا تارقىتىلدى. بۇتىڭ ئىچىدە ئېلىمىز فىلىمى 289، شياڭگاڭ، تەيۋەن فىلىمى 112، چەت ئەل فىلىمى 87. مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىللىمېترلىق 841 لېنتا تارقىتىلدى.

ماگنىت يالىتىپ ئاۋاز كۆچۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى فىلىم 549 چاس (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 320 چاس، قازاقچىسى 229 چاس)، ئاۋاز كۆچۈرۈلگەن 35 مىللىمېترلىق لېنتا 72.5 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 46.5، قازاقچىسى 24)، ئاۋاز كۆچۈرۈلگەن 16 مىللىمېترلىق لېنتا 655 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 645، قازاقچىسى 20) مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 133 مىڭ 500 قېتىم كىنو قويۇلدى. تاماشىبىنلار 21 مىليون 240 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليون 919 مىڭ يۈەنگە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 15 مىليون 259 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھۆددىگە ئالغان ئاساسىي سانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى پىرسەنتلەشتۈرگەندە، كىنو قويۇش قېتىمى 43.3%، ئادەم (قېتىم) 19.4%، تارقىتىش كىرىمى 71.5%، قويۇش كىرىمى 69% ئورۇندالدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ماي» سىتېرېئو ئاۋازلىق كىنوخانىسى مۇشۇ بىر يىلدا كىنو تارقىتىش، قويۇش كىرىمىنى 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون بولدى. «قىزىلتاغ» كىنوخانىسى كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش كىرىمىنى يەنە بىر قېتىم 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى. «خەلق» كىنوخانىسى قايتا ئۆزگەرتىپ تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، يېرىم يىلدىلا كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش كىرىمىنى 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى.

فەن جۈن

**3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ ئەھۋالى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياش ناخشىچىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، رۇس، مانجۇدىن ئىبارەت يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 89 ماھىر قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە كىشى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 14 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 21 كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 47 كىشى رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ ياۋروپاچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە لياۋ جەنبىڭ 1 - لىككە، ئايگۈل ۋە تۇخانلار 2 - لىككە، ۋاڭ يەن، پەرىدە، لياڭ جۈەنلەر 3 - لىككە ئېرىشتى.

كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ ئاممىباپ ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە سۇن يۇڭ 1 - لىككە، مەخمۇت سۇلايمان، لياڭ يۇڭلار 2 - لىككە، جاۋخەي، خەن لىدۇڭ، باۋۋۇدۇن، دىلنۇرلار 3 - لىككە ئېرىشتى.

كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ مىللىيچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە مەمتىمىن ئەمەت 1 - لىككە، روزى ھامۇت، جىن خۇا 2 - لىككە، غالىپجان غوپۇر، نۇرئامىنە، قۇربانىيكلەر 3 - لىككە ئېرىشتى.

خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش بويىچە ئوسمان ئەمەت 1 - لىككە، ماناپ غازى، چىمەنگۈل قادىر 2 - لىككە، ئەخمەتجان ئەھتەم، ئابلىمىت، نۇرسارالار 3 - لىككە ئېرىشتى.

ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپىنىڭ ياۋروپاچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە نۇرگۈل 1 - لىككە، غالىپجان، خۇرشىدەلەر 2 - لىككە، جاڭ دەن، ليۇخۇيياڭ، جىن ۋېيخۇڭلار 3 - لىككە ئېرىشتى.

ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپىنىڭ ئاممىباب ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە مۇقەددەس 1 - لىككە، جاڭ جۈەن، جاۋ سەيشيالار 2 - لىككە، نۇرنىسا، گۈلناز، ئۇلەنلەر 3 - لىككە ئېرىشتى.

ئىشتىن سىرتقى گۇرۇپپىنىڭ مىللىيچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە لى شىناڭ 1 - لىككە، جاڭ جيەنرۇڭ، خەن چاڭجۇنلەر 2 - لىككە، ۋاڭ يىڭ، ھەمراگۈل، ئامانگۈللەر 3 - لىككە ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

**شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پروگراممىلارنى بىر كۈندە 16 سائەت سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى**

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر كۈندە 16 سائەت سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پروگرامما تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونىنى قاپلىدى. پروگراممىلارنى باسقۇچقا بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئاڭلىتىش يولغا قويۇلدى. ئەتىگەنلىك بېيجىڭ ۋاقتى سائەت توققۇز يېرىمدا باشلىنىپ كېچە سائەت بىر يېرىمدا ئاخىرلىشىدۇ.

جىن خۇڭلى

**شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى**

شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پروگرامما كۆرسىتىشنى باشلىدى. يىل ئاخىرىغىچە سىملىق تېلېۋىزىيە تورىغا كىرگەن ئائىلە (ئورۇن) 50 مىڭغا يەتتى.

شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيىدىن تۈزۈش، كۆرسىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، كۆپ يوللۇق مىكرو دولقۇنلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلىنى يەنى «سىملىق تارقىتىش، سىملىق تورغا كىرگۈزۈش» ئۇسۇلىنى قوللاندى، سىغىمچانلىقىنى 22 قانال مەنبەسىگە يەتكۈزۈپ، ئۈنۈملۈك قاپلاش رادىئوسىنى 50 كىلومېترغا كېڭەيتىپ، ئۈرۈمچى رايونى ۋە سانجى، مىچۈەن، ۋۇ جياچۈ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى قاپلىدى.

شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۈچ خىل تىلدا ئالتە قانالدا پروگرامما كۆرسىتىدۇ. ئۆزلىرى باشقۇرغان ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى كىنو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسال قانallىرىدىن باشقا، يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 - يۈرۈش پروگراممىسى، شەندۇڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارقاتقان پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ كۆرسىتىدۇ. ئۆزلىرى باشقۇرغان سەھىپىلەردىن «ئائىلىۋى كىنوخانا»، «ئۆزۈلمەس تىياتىر»، «كىنو تېلېۋىزىيىدىكى تاللانغان ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىش»، «كۆرۈش داۋامىدا ئۆگىنىش»، «پەرىشتىلەر ئارامگاھى»، «قىيادىكى ئەكس سادا»، «دراما ۋە ئەلنەغمىدىن ھوزۇرلىنىش»، «كېلەر ھەپتىلىك ئېكراندا»، «كېلەر ئايدىكى كىنو - تېلېۋىزىيە»، «ماۋزايىدىن ئالدىن مەلۇمات»، «قاتناش ئۇچۇرلىرى»، «كۆكتات باھاسى» قاتارلىقلار بار.

شى جى

**«تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى رەسمىي پروگرامما كۆرسىتىشكە باشلىدى**

«تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1992 - يىلى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئۆلكە دەرىجىلىك ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىگە بىۋاستە قارايدۇ. 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە پروگرامما كۆرسىتىشكە باشلاپ، 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي پروگرامما كۆرسىتىشكە باشلىدى.

«تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىپ، پروگراممىلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغان. ئۇچۇر، مەخسۇس پروگرامما، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئېلان قاتارلىق پروگراممىلار باشقۇرۇلغان، «ئالتۇن قار لەيلىسى»، «شەھىرىدىكى سودا دولقۇنى»، «گۈزەللىك تەڭرىتاغدا»، «ئاياللار دۇنياسى»، «بىر ھەپتىلىك مۇھىم تەنتەربىيە خەۋەرلىرى»، «دۇنيا

تەنتەربىيە جەۋھەرلىرى» قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىنغان.

«تەڭرىتاغ» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى ئون كىلوۋاتقا، ئىشلىتىدىغان قانىلى 15 كە، ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپىدىكى شەھەر - ناھىيىلەرنى قاپلاش رادىئوسى 150 كىلومېترغا يەتتى.

فاڭ جى

### «تەڭرىتاغ» ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى (TBC) قۇرۇلدى

«تەڭرىتاغ» ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى (TBC) رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلۇپ، 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمىي ئاڭلىتىش باشلىدى. پۈتۈن كۈنلۈك ئاڭلىتىش ۋاقتى 13 سائەت. پروگراممىلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن، چوڭ بۆلەكلىك بولۇپ رىياسەتچى بىۋاسىتە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدا «يىپەك يولى دولقۇنى»، «چوڭ سودا شەھىرى»، «جەمئىيەت تەسۋىرى»، «TBC مەيدانى»، «يېشىل پورت» قاتارلىق پروگراممىلار تەسىس قىلىنغان. رادىئو ئاڭلىتىش چاستوتىسى 92.9 كىلوگېرتس، ئوتتۇرا دولقۇن 837 كىلوگېرتىن 1215 كىلوگېرتسقىچە. مۆلچەرلىنىشىچە، 1994 - يىلى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يەر شارىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قاپلىشى مۇمكىن. «تەڭرىتاغ» ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى يەنە چاستوتىنىڭ قوشۇمچە يوللىرىدىن پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئاكسىيە ئۇچۇر مەركىزى تەسىس قىلىپ، ماس قەدەملىك ئېلېكترون مېڭە ئارقىلىق شېنجېن ۋە شاڭخەيدىكى پاي چېكى بازىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋاللىرىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئاڭلاتتى.

فاڭ جى

## ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان چېگرا ئېغىزى — بەدەل

بەدەل ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىي - شىمالىغا، ئېلىمىز بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا تارماق لىنىيىسىدىكى مۇھىم چېگرا ئېغىزى بولۇپ كەلگەن.

بەدەل ئېغىزى تارىختا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ھازىر شىنجاڭ بىلەن م د ب دىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان تورۇغات چېگرا ئېغىزىدىن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مال توپلاش، تارقىتىش مەركىزى — بالىقچى (بېلىقچى) غىچە 992 كىلومېتىر كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بەدەل چېگرا ئېغىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت 474 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى بەدەل ئېغىزى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلسا، قاتناش مۇساپىسىنى 518 كىلومېتىر قىسقارتقىلى بولىدۇ.

تارىخىي پۇرسەت ئۇچتۇرپان ئىگىلىكىنىڭ تېز يۈكسىلىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئۆز تەۋەسىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، «بىر تاموژنا، تۆت تەكشۈرۈش» پونكىتى ۋە باشقا تۈرلۈك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىن بەدەل ئېغىزىغا بارىدىغان 17 كىلومېتىرلىق ئاددىي يان يول قايتا ياسىلىپ قاتناش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى بىر مەزگىل قاقاسلىق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ قەدىمكى جاي قايتىدىن ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا باشلىدى.

# سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك

## سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر خىل سەھىيە ئاپپاراتى 3894 كە يەتتى، كېسەل كارىۋىتى 72 مىڭ 397 گە يېتىپ، ھەر 1000 ئادەمگە 4.51 دىن توغرا كەلدى. كەسپىي سەھىيە خادىمى 112 مىڭ 231 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 87 مىڭ 777 (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 29 مىڭ 233 بولۇپ، 33.3% نى ئىگىلەيدۇ) گە يېتىپ، ھەر 1000 ئادەمگە 5.47 سەھىيە تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەنت دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش نۇقتىسىدىن 7639 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ياكى ئامما كوللېكتىپ باشقۇرغىنى 289، يېزا - كەنت دوختۇرلىرى ۋە ساقلىق ساقلاش خادىملىرى باشقۇرغىنى 1234، يېزا شىپاخانىلىرى تەسىس قىلغان داۋالاش نۇقتىسى 1111، يەككىلەر قۇرغىنى 1746، باشقىلار باشقۇرغىنى 655. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 6759 يېزا دوختۇرى، 4612 ساقلىق ساقلاش خادىمى، 3644 تۇغۇت ئانىسى بار.

دىلىڭ كېجۇڭ

### قوشۇمچە 1

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار

| | ئەمەلىي سانى | | | | نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | كېسەل كارىۋىتى | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ئاپپارات | كېسەل كارىۋىتى | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى |
| ئومۇمىي جەمئىي | 3894 | 72397 | 112231 | 87777 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| سەھىيە تارماقلىرى | 447 | 24371 | 41329 | 30368 | 11.4 | 33.66 | 36.82 | 34.6 |
| سانائەت تارماقلىرى ۋە باشقا تارماقلار | 2613 | 33467 | 52330 | 41426 | 67.1 | 46.23 | 36.63 | 47.2 |
| كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكدىكىسى | 828 | 14452 | 14938 | 12380 | 21.8 | 19.96 | 13.31 | 14.1 |
| يەككىلەر | | 17 | 3530 | 3511 | | 0.02 | 3.15 | 4 |
| باشقىلار | 6 | 90 | 104 | 92 | 0.1 | 0.13 | 0.09 | 0.1 |

## «سېستىرالارنى باشقۇرۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى (سىناق نۇسخا) تارقىتىلدى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سېستىرالارنى باشقۇرۇش چارىسى)نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى (سىناق نۇسخا)» نى تارقاتتى.

«يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: سېستىرالارنىڭ قانۇنلۇق ۋەزىپە ئۆتەش ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. سېستىرالىق ۋەزىپىسى ئۆتەشكە ئىلتىماس قىلغۇچىلار سەھىيە مىنىستىرلىكى چىقارغان بىرتۇتاش سۇئال بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان

## قوشۇمچە 2

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار

| | ئاپپارات | كېسەل كارىۋىتى | ئومۇمىي خادىم | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە - تېخنىكا خادىمى: كەچىلىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپ، ياردەمچى سېستىرا، تېخنىك | فارماتسېپ، سانىتار، تېخنىك | باشقا تېخنىكا خادىملىرى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 3894 | 72397 | 112231 | 87777 | 47572 | 27363 | 12842 | 1719 | 9971 | 12764 |
| دوختۇرخانا | 1146 | 66289 | 82279 | 64684 | 34406 | 20348 | 9930 | 364 | 7213 | 10018 |
| ساناتورىيە | 9 | 1291 | 724 | 389 | 263 | 97 | 29 | 13 | 111 | 211 |
| ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا | 2372 | 3541 | 11902 | 10722 | 5787 | 3468 | 1467 | 30 | 647 | 503 |
| مەخسۇس بۆلۈم داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئورنى | 15 | 420 | 681 | 484 | 339 | 128 | 17 | 11 | 97 | 89 |
| سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 202 | | 6409 | 4832 | 2860 | 1485 | 489 | 147 | 709 | 719 |
| ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى | 66 | 61 | 1380 | 1072 | 614 | 369 | 89 | 11 | 183 | 114 |
| دورا تەكشۈرۈش ئورنى | 18 | | 307 | 197 | 157 | 27 | 13 | 15 | 53 | 42 |
| تىببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى | 6 | 48 | 491 | 324 | 276 | 44 | 4 | 40 | 59 | 68 |
| تىببىي ئالىي مەكتەپلەر | 5 | | 2194 | 655 | 633 | 9 | 13 | 543 | 477 | 519 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي (سېستىرالىق) مەكتەپلەر | 28 | | 1725 | 549 | 458 | 65 | 26 | 496 | 355 | 345 |
| باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى | 27 | 73 | 609 | 356 | 168 | 116 | 72 | 49 | 71 | 133 |
| يەككىلەر | | 17 | 3530 | 3511 | 1611 | 1207 | 693 | | 16 | 3 |

## قوشۇمچە 3

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە 1993 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتى، كېسەل كارىۋىتى ۋە خادىملار

| | ئاپپارات | كېسەل كارىۋىتى | ئومۇمىي خادىم | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە - تېخنىكا خادىمى: كەچىلىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپ، ياردەمچى سېستىرا، تېخنىك | فارماتسېپ، سانىتار، تېخنىك | باشقا تېخنىكا خادىملىرى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | ئىشچى، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 3894 | 72397 | 112231 | 87777 | 47572 | 27363 | 12842 | 1719 | 9971 | 12764 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 691 | 13126 | 24119 | 18083 | 13127 | 3965 | 991 | 656 | 2246 | 3134 |
| قاراماي شەھىرى | 16 | 1468 | 3137 | 2400 | 1512 | 743 | 145 | 56 | 214 | 467 |
| شىخەنزە شەھىرى | 141 | 5018 | 8249 | 6132 | 3921 | 1489 | 722 | 251 | 641 | 1225 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 81 | 1891 | 3165 | 2574 | 1297 | 836 | 441 | 7 | 224 | 360 |
| سانجى ئوبلاستى | 328 | 4850 | 8807 | 7122 | 3911 | 2318 | 893 | 66 | 786 | 833 |
| بورتالا ئوبلاستى | 118 | 1689 | 2890 | 2305 | 1128 | 700 | 477 | 10 | 271 | 304 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 399 | 7118 | 10062 | 7965 | 3754 | 2546 | 1665 | 139 | 886 | 1072 |
| تارغاباتاي ۋىلايىتى | 279 | 3208 | 5445 | 4252 | 2069 | 1581 | 602 | 29 | 489 | 675 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | 195 | 2546 | 4349 | 3423 | 1748 | 1112 | 563 | 29 | 461 | 436 |
| تورپان ۋىلايىتى | 95 | 1859 | 2508 | 1989 | 959 | 863 | 167 | 32 | 248 | 239 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 181 | 2228 | 3961 | 3141 | 1954 | 850 | 337 | 37 | 320 | 463 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 297 | 4849 | 7940 | 6513 | 3255 | 2108 | 1150 | 28 | 625 | 774 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 361 | 7401 | 9654 | 755 | 3224 | 2754 | 1777 | 131 | 850 | 918 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 93 | 1513 | 2149 | 1631 | 784 | 649 | 198 | 21 | 194 | 303 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 425 | 8940 | 111114 | 8702 | 3517 | 3265 | 1920 | 205 | 1134 | 1073 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 194 | 4693 | 4682 | 3790 | 1412 | 1584 | 794 | 22 | 382 | 488 |

ۋەزىپە ئۆتەش «سېستىرالىق ۋەزىپىسى ئۆتەش كۆۋاھنامىسى» گە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن سېستىرالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. سېستىرالار ۋەزىپە ئۆتىگەندە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىنى توغرا ئىجرا قىلىشى، كېسەللەرنى ئىلمىي باشقۇرۇشى كېرەك. دوختۇر يوق ۋاقىتتا، قابىلىيىتىنىڭ يېتىشىچە جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى لازىم. سېستىرالارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ساقلىق ساقلاش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ساغلاملىقتا يېتەكچىلىك قىلىش، ساغلاملىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، سەھىيە جەھەتتىن مەسلىھەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، سەھىيە جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا كەسپىي ئەخلاق ۋە داۋالاش كۈتۈش خىزمىتىگە دائىر قائىدە - تۈزۈملەر، تېخنىكا ئۆلچىمى، تىببىي داۋالاشتىكى قوغداش پرىنسىپى ھەم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى شەرت. «يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دا «سېستىرالارنى باشقۇرۇش چارىسى» گە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا دائىر پرىنسىپلارمۇ بەلگىلەنگەن.

دىڭ كېجۇڭ

## باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش خىزمىتى، نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاخىرلىشىش ئاساسىدا، ئومۇميۈزلۈك ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاشنى ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە جايلاردىن بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئۆيۈشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدا 48 ناھىيە (شەھەر) نى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈز قەرەلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ تاماملاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەييارلىق باسقۇچىدىكى ۋەزىپىلەر مۇنۇلار: تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلاش، ئۈچ تۈركۈمدە ئۆلچەمگە يېتىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنى بېكىتىش؛ باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇش، پىلان ۋە نىشاننى تۈزۈش ۋە بېكىتىش، يولغا قويۇش باسقۇچىدا 11 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى، رىغبەتلەندۈرۈش باسقۇچىدا 15 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى، ئۆلچەمگە يېتىش باسقۇچىدا 22 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى تەلەپ قىلىندى.

ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدىكى نىشان ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پىلان نىشانىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملىك 13 كۆرسەتكۈچنى تارماقلارغا بۆلۈپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى قاتارلىق ئون تارماققا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مەسئۇل رەھبەر، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى 1 - باسقۇچتا ئۆلچەمگە يېتىدىغان 11 ناھىيە (شەھەر) نى تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھۆددىگە ئالدى.

جى شياڭبىن

## يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىدا «بىرنى يوقىتىش، ئۈچنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» (خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى يوقىتىش؛ ئۆي، ئۈسكۈنە، خادىملارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا تەرەققىياتلار قولغا

كەلتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 384 شىپاخانىدا كەسپىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي سېلىندى، ئۆزگەرتىلگەن خەتەرلىك ئۆي ۋە سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 174 مىڭ 131 كۋادرات مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان شىپاخانا 247 بولۇپ، 1992 ـ ۋە 1993 ـ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ 56.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 115 مىڭ 154 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پىلاندىكى كۆلەمنىڭ 57.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 245 شىپاخانا ئاساسلىق، ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان زۆرۈر بولغان 26 خىل، 952 دانە ئۈسكۈنە بىلەن قوراللاندۇرۇلدى، ھەر بىر شىپاخانىنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. تەربىيىلەنگەن ھەرخىل سەھىيە ـ تېخنىكا خادىمى 1606 گە يېتىپ، پىلاننىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىلىنىپ بولغانلار 1339 غا يېتىپ، %83.4 نى ئىگىلىدى. ئىككى يىل جەريانىدا شىپاخانىلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان مەبلەغ 69 مىليون 488 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز ياردەم قىلغىنى 3 مىليون 219 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 26 مىليون يۈەن، يەرلىك ئورۇنلار يۇرۇشلەشتۈرگىنى 40 مىليون 269 مىڭ يۈەن. يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستى، مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۈچەيدى. داۋالانغان ئادەم قېتىمى، كېسەلخانىغا قوبۇل قىلىنغانلار كۆپەيدى، نەتىجىدە دېھقان، چارۋىچىلار ئامىسىنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈشى قىيىن بولۇش ۋە دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ داۋالىنىشتىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئازايدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن شىپاخانىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. 1993 ـ يىللىق مەملىكەتلىك يېزا ـ كەنت سەھىيە قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتى دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ۋە سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلەشمە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

دىلى كىبجۇلى

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

1993 ـ يىلى بورتالا، قىزىلسۇ، تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈپ، بىر تۈركۈم تازىلىقتا ئىلغار ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئەلا پاكىزە شەھەر» ۋە «پاكىزە شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشكەن شەھەرلەرنى قايتا تەكشۈردى. كۈيتۇن شەھىرى «مەملىكەت بويىچە داڭدار پاكىزە شەھەر» لەر قاتارىغا ئۆتتى.

4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېبىي پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ پائالىيەتكە 661 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 526 مىڭ 900 توننا ئەخلەت تازىلاندى، 4366 پاسكىنا جاي ئادالاندى، 55 مىڭ 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ راۋانلاشتۇرۇلدى.

1993 ـ يىلى ئالتاي شەھىرىنىڭ چاشقان يوقىتىش ئىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق چاشقان يوقىتىشنى تەكشۈرۈپ باھالاش تېخنىكا گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، ھەرخىل تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ۋە كۆرسەتكۈچلەر ئۆلچەمگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 شەھەر چاشقان يوقىتىشتىكى ئىلغار شەھەر ئۆلچىمىگە يەتتى. تۆت زىيانداشنى يوقىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا چاشقان ۋە زىيانداش قۇرتلار زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەت ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تېخنىكا كۈچلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، تۆت زىيانداشنى يوقىتىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىپ، مۇناسىۋەتلىك يېڭى نەتىجىلەرنى كېڭەيتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزىلاردا ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. مىچۈەن، ساۋەن، كۇچا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، سانجى قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە قوش ئىدىشلىق ۋارونكا شەكىللىك، قوش ئورەكلىك ھاۋا ئۆتۈشمە شەكىللىك ھاجەتخانىلار كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قۇتۇبى ناھىيىسى ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش نەتىجىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن 8615 دېھقان ئائىلىسىدە پاكىزە ھاجەتخانا بار بولدى، ھاجەتخانىلارنىڭ ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى %40 تىن %78.3 كە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيە «مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا پاكىزە ھاجەتخانىلارنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە»، «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىزە ھاجەتخانىلارنى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەنناملارغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى ۋە گەندىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى

ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ۋە سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئۈرۈمچى، مىچۈەن، بورتالا، غۇلجا، قەشقەر يېڭى شەھەر، كۇچا، توقسۇن، كورلا، قۇمۇل قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەرگە قاراشلىق 108 يېزىدىكى 8000 دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھاجەتخانا قاتارلىقلارغا دائىر ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى.

دېلاڭ كېجۇاڭ

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلار

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 1992 - يىلدىن 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا ئۆلچىمىگە يەتكەن 15 دوختۇرخانىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار: بورتالا ئوبلاستلىق دوختۇرخانا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، قاراماي شەھەرلىك دوختۇرخانا، جىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ئارشاڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بورتالا شەھەرلىك دوختۇرخانا، باغراش ناھىيىلىك دوختۇرخانا، يەنجى ناھىيىلىك دوختۇرخانا، خېجىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بۆگۈر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، خوشۇت ناھىيىلىك دوختۇرخانا، سانجى شەھەرلىك دوختۇرخانا، توقسۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانا، چۆچەك شەھەرلىك دوختۇرخانا، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت قىدىرىش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى.

دېلاڭ كېجۇاڭ

1 - تۇركۈمدىكى «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار

ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانىلار باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۈرۈمچى تۆمۈريول مەركىزىي دوختۇرخانىسى 3 - دەرىجىلىكلەر بويىچە «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى دوختۇرخانىسى 2 - دەرىجىلىكلەر بويىچە «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى ناھىيە دەرىجىلىكلەر (2 - دەرىجىلىكلەر بويىچە 2 - دەرىجە) بويىچە «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانا دەپ تەستىقلىدى.

بۇلار ئاپتونوم رايونىمىز 1992 - يىل 8 - ئايدا دوختۇرخانىلارنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈنۈۋېرسال دوختۇرخانىلارنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش - باھالاش ئۆلچىمى» دىكى «ئا» دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ مۇناسىپ ئۆلچىمىگە يەتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۈنۈۋېرسال دوختۇرخانىلاردۇر.

دېلاڭ كېجۇاڭ

**تىببىي دورىگەرلىك - سەھىيە ساھەسىدىكى يېڭى نەتىجە، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىلىش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدا تىببىي دورىگەرلىك - سەھىيە ساھەسىدىكى پەن تەتقىقات نەتىجىسى ۋە مۇۋاپىق تېخنىكىدىن سەككىزنى كېڭەيتتى، بۇلار تۆۋەندىكىچە: 2 - ئەۋلاد «ئې» تىپلىق جىگەر ياللۇغى پولىپېپتىد فېرمېنتى بىرلەشمە ئىممۇنىتېت دىئاگنوز سىناق ياسالمىسى، ئارىلاپ تۆمۈر تولۇقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھامىلدار ئاياللاردىكى تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىك كېسەللىكى ۋە تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىق، دورا ئارقىلىق ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، فېرمېنت بىرلەشمە ئىممۇنىتېت يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى قاناشلىق قىزىتما كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىشى، يۇلۇننى سايىلاندۇرۇپ سۈرەتكە ئېلىپ بەل ئومۇرتقا تەخسىسى چىقىپ كېتىش كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇش، يۈرەك قان تومۇرلىرى ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇلارنى داۋالاشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى؛ كۈچەنتىلاشقان قان بىلەن بالىلاردىكى مېڭە مەنبەلىك پالەچنى داۋالاش، قوش ئىدىشلىق ۋارونكا شەكىللىك ھاجەتخانىنىڭ ئىشلىتىلىشى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «ئې» تىپلىق جىگەر كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇش، ئۇنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان 2 - ئەۋلاد پولىپېپتىد فېرمېنتى بىرلەشمە ئىممۇنىتېت دىئاگنوز سىناق ياسالمىسى تۇراقلىق، خاسلىق ۋە سەزگۈرلۈك جەھەتتە چەت ئەلدىكى ئوخشاش سىناق ياسالمىسىنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. ھازىر ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئې» تىپلىق جىگەر ياللۇغى كۆزىتىلىدىغان 16 نۇقتىدىلا ئىشلىتىلىپ قالماي، بەلكى مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەردە كېڭەيتىلدى. سانجى ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسى بىلەن ئوبلاستلىق دوختۇرخانا كېڭەيتىشكە رىياسەتچىلىك قىلغان ھامىلدار ئاياللاردىكى تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىك كېسەللىكى ۋە تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىقنى ئارىلاپ تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلاپ داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلاپ داۋالايدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، كېسەللەر ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ، ئۇ، قان قىزىل ئاقسىلى ۋە تۆمۈر ئاقسىلىنىڭ مىقدارىنى

كۆرۈنەرلىك كۆپەيتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكس تەسىرى خېلىلا ئازىيىدۇ. نۆۋەتتە تۆت ۋىلايەت، 50 نەچچە يېزا ـ بازاردىكى 3000 دىن ئارتۇق ئادەم بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئىدارىلەرنى بۇ خىل يېڭى تۈر ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلىتىش ئۈچۈن، 1993 ـ يىلى جەمئىي توققۇز قارار ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسى ۋە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 313 تېخنىكا خادىمى تەربىيىلەندى. 1988 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدا كېڭەيتىلگەن يېڭى نەتىجە، يېڭى تېخنىكا 32 گە يەتتى، 52 قارار ئۆگىنىش كۇرسى، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1732 تېخنىكا خادىمى يېتىشتۈرۈلدى.

لى كېچىن

ۋاڭ شياۋيەن

### تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ ئىستىلى تەكشۈرۈلدى

1993 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپ ئىستىلىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن بەش دوختۇرخانىنى سەھىيە مىنىستىرلىكى ئىختىيارىي ئۆلگە ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە بېكىتكەن، ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى قارمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق «خەلق» دوختۇرخانىسى، سانجى شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىدىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ھەرقايسى دوختۇرخانىلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە دوختۇر ـ سېستىرالار ۋە كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان كېسەللەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسەتكەنلەر ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەن 200 كېسەلگە جەدۋەل تارقىتىپ ئەھۋال ئىگىلىدى.

تەكشۈرۈلگەن 400 كېسەل ئىچىدە دوختۇرلارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى دەپ قارىغانلار 88.5% نى ئىگىلەيدۇ؛ تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 24 پىرسەنتى داۋالىنىش جەريانىدا سېستىرالار بىلەن ئۇچراشمىغاندىن باشقا، سېستىرالارنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى دەپ قارىغانلار 56.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ دوختۇرلارنىڭ تېخنىكىسى ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى دەپ قارىغانلار 73% نى ئىگىلەيدۇ؛ تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ 30 پىرسەنتى سېستىرالارنىڭ تېخنىكىسى بىلەن ئۇچراشمىغاندىن باشقا، سېستىرالارنىڭ تېخنىكىسى ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى دەپ قارىغانلار 49.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ داۋالىنىش مەزگىلىدە كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن سوۋغا تەقدىم قىلغانلار 0.5% نى، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەن كېسەللەر ئىچىدە سوۋغا تەقدىم قىلغانلار 3.5% نى، تىببىي خادىملارنى مېھمان قىلغانلار 3% نى ئىگىلەيدۇ. ھەق ئېلىش جەھەتتە، بەش دوختۇرخانا ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ باھا ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلغان، ئۇلار ئۆز ئالدىغا باھا قويىدىغان، كەلسە ـ كەلمەس ھەق ئالىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىغان.

كېسەللەرنىڭ ئاساسلىق پىكىرلىرى شۇكى، ئايرىم سېستىرالارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ناچار، ئايرىم تىببىي خادىملار «شىبرىك دورا» رېتسېپى يازغان، فۇنكسىيىلىك تەكشۈرۈشتە تىببىي خادىملار تونۇش ـ بىلىشلىرىنى نۆۋەت ئاتلىتىپ تەكشۈرۈش ھادىسىسى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلگەن، ئورۇنسىز تەكرار تەكشۈرۈش كۆپ بولغان.

دېڭ كېجۇڭ

### ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللىق سەھىيە ستاتىستىكىسى مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى ئاھالە 1 مىليون 222 مىڭ 167 گە يەتكەن، كېسەل بولۇش ۋە جاراھەتلىنىش تۈپەيلىدىن ئۆلگەنلەر 3542 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى 2.9‰ بولغان، ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئەرلەر 625 مىڭ 268 بولۇپ، كېسەل بولۇش ۋە جاراھەتلىنىش تۈپەيلىدىن ئۆلگەنلەر 2189 غا يېتىپ، ئۆلۈش نىسبىتى 3.50‰ بولغان؛ ئاياللار 596 مىڭ 899 بولۇپ، كېسەل بولۇش ۋە جاراھەتلىنىش تۈپەيلىدىن ئۆلگەنلەر 1353 كە يېتىپ، ئۆلۈش نىسبىتى 2.27‰ بولغان. ئالدىنقى ئون تۈرلۈك ئاساسلىق ئۆلۈش سەۋەبىنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: يامان سۈپەتلىك ئۆسمە؛ مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرى؛ يۈرەك كېسەللىكلىرى؛ نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى؛ زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش؛ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى؛ سۈيدۈك يولى ـ ئەۋلاد قالدۇرۇش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى؛ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر؛ بوۋاقلار كېسەللىكلىرى؛ ئىچكى ئاجرالما، ئوزۇقلىنىش ۋە ماددا ئالمىشىش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكلىرى.

دېڭ كېجۇڭ

### سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1993 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە شىنجاڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭ

سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خۇلاسىلەندى.

1992 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 199 غا، مەخسۇس ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئورنى 14 كە، كەسپىي خادىم 6700 دىن كۆپرەككە يەتتى. ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مەخسۇس كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھەر قەدەر مۇكەممەللەشكەن ئالدىنى ئېلىش - ساقلىق ساقلاش خىزمىتى سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش - ساقلىق ساقلاش تورىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش خىزمىتىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلەندۈرۈپ، سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. 50 - يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ چېچەك يوقىتىلدى، ئورمان مېنىنگىتى، قارا تەمرەتكە، چاپچال كېسەللىكى (بوتولىزم)، شىنجاڭ قاناشلىق قىزىتمىسى بايقالدى؛ «ئورپان قىزىتمىسى»، «پەيزاۋات يىغىندا ئالامىتى» قاتارلىق كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىللار ئېنىقلاندى؛ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان «ئې» تىپلىق جىگەر ياللۇغىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ تىزگىنلەندى؛ ئالتە قېتىملىق خولېرا ئېپىدېمىيىسى توسۇپ قېلىندى؛ خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ پائال تۈردە ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ تىزگىنلەندى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 1979 - يىلدىكى 1.57% تىن 0.67% كە چۈشتى. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش جەھەتتە، توققۇز قېتىم چوما كېسەللىكى ۋاقتىدا تىزگىنلەندى ھەمدە چوما كېسەللىكىنىڭ تەبىئىي مەنبەسى بار 15 ناھىيە ئېنىقلاندى، چوما تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ماكان ئىگىسى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچى ۋاسىتىلەر ئېنىقلاندى؛ يەرلىك فتوردىن زەھەرلىنىش كېسەللىكى مەۋجۇت رايونلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى ھەمدە ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، سۇدىكى فتورنى ئازايتىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى؛ يود كەملىكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر، قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەققىدىكى تەتقىقات مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتىدە 1988 - ۋە 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ناھىيە (شەھەر) بىرلىك قىلىنغان پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش بويىچە ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى 85% كە يېتىشتەك دۆلەت بەلگىلىگەن نىشانغا يېتىلدى، ۋاكسىنا ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاممىۋى تازىلىق ساھەسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1958 -، 1982 - ۋە 1992 - يىللىرى ئۈچ قېتىم كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئالاھىدىلىكى ئىگىلەندى؛ ھەرقايسى مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىنىڭ تەن ساپاسى، ئىقتىدارى ۋە ئۇلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان، كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ قېتىم، كۆپ كۆرسەتكۈچ بويىچە كۆپ مىقداردا تەكشۈرۈلدى؛ چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنى گىگىنالىق باھالاشقا پائال قاتنىشىلىپ، كەسپىي زەھەرلىنىش ۋە سىلىتسىيىلىك ئۆپكە كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئالتە چېگرا ئېغىزىدا سەھىيە - كارانتىن ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، بەزى ۋاقىتلىق چېگرا ئېغىزلىرىدىمۇ سەھىيە - كارانتىن خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

دىڭ كېجۇڭ

## تۇبېركۇليوز كېسەللىكى بويىچە تىزگىنلەنگەن تۈرلەر

دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بېرىش يولى بىلەن مەبلەغ ياردەم قىلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇبېركۇليوز كېسەللىكى بويىچە تىزگىنلەش تۈرلىرى 1992 - يىلى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلغانىدى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يولغا قويۇش خىزمىتى 85 ناھىيە (شەھەر) گە كېڭەيتىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆپكە تۇبېركۇليوزىدىن گۇمان قىلىنىپ تەكشۈرۈلگەن ئادەم 39 مىڭ 804 كە يەتكەن. كۆكرەك قىسمى رېنتگېندە كۆرۈپ تەكشۈرۈلگەنلەر 39 مىڭ 604 كە يەتكەن، بۇ، گۇمانلىق كېسەللىكلەرنىڭ 99.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ بەلغىمى تەكشۈرۈلگەنلەر 19 مىڭ 720 گە، رېنتگېندە سۈرەتكە ئېلىپ تەكشۈرۈلگەنلەر 4996 گە يەتكەن؛ بايقالغان، باشقۇرۇلغان، داۋالانغان ھەرىكەتچان ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا گىرىپتار بولغانلار 4218 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم داۋالانغان - بەلغەم سۈزۈلمىسى مۇسبەت كېسەل 1928، قايتا داۋالانغان بەلغەم سۈزۈلمىسى مۇسبەت كېسەل 1756، بەلغەم سۈزۈلمىسى مەنپىي كېسەل 534. تۇنجى قېتىم داۋالانغان بەلغەم سۈزۈلمىسى مۇسبەت كېسەللەر ئىككى ئاي داۋالانغاندىن كېيىن، بەلغەمدىكى باكتېرىيىنىڭ مەنپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتى 81% - 85% كە، ئۈچ ئاي



15 - قېتىملىق جۇڭگو - دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەرلەشمە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۈرەتنى سەھىيە نازارىتى ئەۋەتكەن

داۋالانغاندىن كېيىن 82% - 90% كە؛ قايتا داۋالانغان بەلغەم سۈۋالمىسى مۇسبەت كېسەللەر ئىككى ئاي داۋالانغاندىن كېيىن، بەلغەمدىكى باكتېرىيىنىڭ مەنپىلىككە ئايلىنىش نىسبىتى 65% - 73% كە، ئۈچ ئاي داۋالانغاندىن كېيىن 79% - 85% كە يەتكەن. تولۇق كۇرسلۇق داۋالاش ئارقىلىق، بەلغەم سۈۋالمىسى مۇسبەت يېڭى بايقالغان 486 كېسەلنىڭ 458 ى ساقايغان، ساقىيىش نىسبىتى 94.24% بولغان؛ قايتا داۋالانغان 359 كېسەلنىڭ 294 ى ساقايغان، ساقىيىش نىسبىتى 81.89%، ئومۇمىي ساقىيىش نىسبىتى 88.99% بولغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆرسەتكۈچلەر تۈردە بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتكەن.

تۈرنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنى تىزگىنلەش تۈرى ئىشخانىسى نازارەتچى ۋە بەلغەم تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا، مالىيە - بوغالتىرلىققا ئائىت 21 قارار كۇرس ئېچىپ، 666 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى؛ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار 41 قارار كۇرس ئېچىپ، 1066 ئادەم (قېتىم) نى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر 178 قارار كۇرس ئېچىپ، 3865 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

1993 - يىلى دۇنيا بانكىسى ۋە دۆلەت تۈر ئىشخانىسى ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان تۈرگە دائىر خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، بۇ خىزمەتتىن رازى بولدى.

دىلى كېجۈلى

**قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش خىزمىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 93 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مەلۇماتىدا «ئا» تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ئىككى خىل، «ب» تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك 17 خىل، ئومۇمىي كېسەل 41 مىڭ 978 بولۇپ، ئۆلگەنلەر 197، 100 مىڭ ئادەم بويىچە يىللىق دوكلاتتىكى كېسەل پەيدا بولۇش نىسبىتى 268.7، 100 مىڭ ئادەم بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 1.26، كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى 0.31% بولدى. بۇنى 1992 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي دوكلاتتىكى كېسەل پەيدا بولۇش نىسبىتى 9.33% ئازايدى، ئۆلۈش نىسبىتى 38.46%، كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى 53.33% ئاشتى. كېسەل پەيدا بولۇش نىسبىتى ئالدىنقى بەش ئورۇندا تۇرىدىغان كېسەللىكلەر تولغاق، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، خولېرا، قىزىل، كېزىكتىن ئىبارەت.

1992 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قىزىل، كۆك يۆتەل، غالجىر كېسىلى، ئەسۋىلىك كېزىك، سكارلاتىنا، كۆيدۈرگە، بەزگەك، بروتسىللوز كېسەللىكى، سېفلىس، سۆزنەك، كېزىك، تولغاق، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. چوما، خولېرا، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى، بوغما، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى، كالا ئازا كېسەللىكى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەرخىل دەرىجىدە كۆپەيدى.

ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: نەپەس يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنغان كېسەل 4600 بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئا»، «ب» تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ 10.96 پىرسەنتىنى؛ ئۆلگەنلەر 45 بولۇپ، 22.84% نى؛ ئۆلۈش نىسبىتى 0.98% نى ئىگىلەيدۇ. ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنغان كېسەل 32 مىڭ 789 بولۇپ، بۇ، ئومۇمىي دوكلاتتا مەلۇم قىلىنغان كېسەللىكنىڭ 78.11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قان ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنغان كېسەل 4267 بولۇپ، بۇ، «ئا»، «ب» تىپلىق يۇقۇملۇق

كېسەللىكلەر دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنغان كېسەللەرنىڭ 10.17 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «ب» تىپلىق جىگەر ياللۇغى مۇشۇ تۈر بويىچە پەيدا بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ 68.38 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەبىئىي يۇقۇملۇق كېسەللىك مەنبەسى ۋە قۇرتلارنى ۋاسىتە قىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنغان كېسەل 320 بولۇپ، ئومۇمىي دوكلاتتا مەلۇم قىلىنغان كېسەلنىڭ 0.76 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لو كەيجى

## ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنى ئېپىدېمىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

«شىنجاڭ سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش» نىڭ 1993 - يىللىق 11 - توم ئالاھىدە 1 - سانىغا «شىنجاڭدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنى ئېپىدېمىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» دېگەن تېمىدا ماقالە بېسىلدى، ماقالىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار 1990 - يىل 5 - ئايدىن 1991 - يىل 4 - ئايغىچە ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈش شەرھلەنگەن، شىنجاڭدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى خەۋەر قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇراھال بولغان خوتەن، كورلا، چاپچال، قۇمۇل، ئالتايدىن ئىبارەت بەش ناھىيە (شەھەر) تەكشۈرۈلىدىغان ناھىيە (شەھەر) قىلىپ تاللاندى؛ ھەربىر ناھىيە (شەھەر) دە يەنە شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۆت - بەش يېزا تاللىنىپ، ھەر بىر يېزىدا بىرقانچە كەنت تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىندى. جەمئىي 21 يېزىدىكى 48 مەھەللە، 7072 ئائىلە، 35 مىڭ 73 ئادەم تەكشۈرۈلدى.

تەكشۈرۈشتە شىنجاڭدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بايقالدى:

1) كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى يۇقىرى. بىر ئادەم بويىچە بىر يىلدا كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى 1.16 قېتىم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش خىلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ 1.66 ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن، بەش ياشتىن كىچىكلەردە كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى 4.03 قېتىم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش خىلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ 2.12 ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن، بەش ياش ۋە بەش ياشتىن چوڭلاردا كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى 0.79 قېتىم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش خىلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ 1.32 ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن.

2) كېسەللىك پەيدا بولۇش سىجىللىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۇقىرى (يىلىغا بىر ئادەمدە 1.63 قېتىم)، شىمالىي شىنجاڭدا تۆۋەن (يىلىغا بىر ئادەمدە 0.88 قېتىم) بولدى، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەلەمپەي شەكلىدە ئازىيىپ بارغان.

3) كېسەللىك پەيدا بولۇش پەيتىدە ئىككى يۇقىرى پەللە بار، 1 - يۇقىرى پەللە بىر ياشقىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يىلىغا ھەر بىر بوۋاقتا 6.39 قېتىم كېسەللىك پەيدا بولغان، 2 - يۇقىرى پەللە 60 ياشتىن كېيىنكى مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھەر بىر ئادەمدە 1.42 قېتىم كېسەللىك پەيدا بولغان.

4) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى پەرقى روشەن بولمىغان، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەرلەردە كۆپ، ئاياللاردا ئاز بولۇش توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان.

5) مىللەتلەر ئارىسىدا كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى ئوخشاش بولمىغان. كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىراق، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەردە تۆۋەنرەك بولغان.

6) ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى ۋە ئۆلارنىڭ پۈتۈن نوپۇس ئىچىدىكى ئۆلگەنلەرنىڭ تەركىبى جەھەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى بولغان. 100 مىڭ ئادەم بويىچە ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 29.77 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ 2.03 ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاشلا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۇقىرى، شىمالىي شىنجاڭدا تۆۋەن، جەنۇبتىن شىمالغا پەلەمپەي شەكلىدە ئازىيىپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەنلەر ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ئۆلگەنلەرنىڭ 6.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، مەملىكەتنىڭ 2.61 ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن.

7) ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ داۋالىنىش نىسبىتى 49.47% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان. سۇيۇق دورا ئىچكەنلەر 17.61% نىلا ئىگىلىگەن، ئانتىبىئوتىكلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 83.84% بولۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تەلىپىدىن ۋە دۆلەت پىلانىدىكى تەلەپتىن خېلىلا يىراق تۇرغان.

8) كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىللار مۇرەككەپ بولغان، ئاساسلىقى، ئائىلە ئەھۋالى، ئىچىدىغان سۇ مەنبەلىرىنىڭ تۈرى، شەخسىي تازىلىق ئادىتى ۋە مەلۇماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان.

9) كېسەللىك مەنبەسى كەڭ بولغان. ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ جەمئىي 13 خىل مەنبەسى تەكشۈرۈپ تېپىلغان، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى چوڭ ئۈچەي تاياقچە

باكتېرىيىسى، چاقىسمان ۋىرۇس، شىگېللا باكتېرىيىسى شىنجاڭدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق كېسەللىك مەنبەسى ئىكەنلىكى ئىنىقلانغان.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە بۇ كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش چاستوتىسىنىڭ قوش يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى مەملىكەت ئىچىدە تېخى بايقالمىغان؛ باشقا قانۇنىيەتلىك تارقىلىش ئالاھىدىلىكى مەملىكەت ئىچىدە تېخى خەۋەر قىلىنمىغان؛ شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكى كۆپ پەيدا بولىدىغان رايون، شۇڭا ئۇنى مەملىكىتىمىزدىكى ئىچ سۈرۈش كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىنىدىغان، ئۇ داۋالىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

دېڭ كېجۇڭ

**كەلپىن ناھىيىسىدە خولېرا «0139» تارقالدى**

1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە كەلپىن ناھىيىسىدە خولېرا «0139» تارقالدى. غەيرىي «01» تىپىدىكى خولېرا تىرناقسىمان باكتېرىيىسى «0139» پەيدا قىلغان خولېرا دۇنيادا تۇنجى قېتىم 1992 ـ يىل 10 ـ ئايدا ھىندىستاندا تارقالغان. كەلپىن ناھىيىسىدە تارقالغان خولېرا «0139» مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭدا تۇنجى قېتىملىق ئىش. كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو پىروفىلاكتىكا تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى باكتېرىيە تىپىنى بېكىتىش خىزمىتىگە دەرھال تۇتۇش قىلىپ، باكتېرىيە تىپىنى تېزلا بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ قېتىمقى تارقىلىشتا جەمئىي 165 ئادەم كېسەللىككە گىرىپتار بولدى، 100 مىڭ ئادەم بويىچە كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتى 47.448 بولدى؛ تۆت ئادەم ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى 2.42% بولدى؛ 100 مىڭ ئادەم بويىچە يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1030.14 بولدى. ئېپىدېمىئو-لوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى كېسەللىك تارقىلىشنى، ئاساسلىقى، بۇلغانغان سۇنى ئىچىش ۋە بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش پەيدا قىلغانلىقى بايقالدى. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ قارىدى: خولېرا تىرناقسىمان باكتېرىيىسى «0139» ئىچكى مەنبەلىكمۇ ياكى ئۇ سىرتتىن كىرگەنمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ خولېرا تىرناقسىمان باكتېرىيىسى «0139» ئېپىستىن تىرناقسىمان باكتېرىيىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا خولېرا تارقىلىشنىڭ ئالدىنقى باكتېرىيە تىپىگە ئايلىنىشنىڭ ئېھتىماللىقى قارىتا ھوشيارلىقنى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆستۈرۈش لازىم.

دېڭ كېجۇڭ

**ياسىمان قۇرت كېسەللىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات**

1989 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ئادەم ۋە ھايۋانلاردىن ياسىمان قۇرتنىڭ توققۇز تۈپىنى تەكشۈرۈپ تاپتى. ياسىمان قۇرت كېسەللىكى ئادەم ۋە ھايۋانلار ئوخشاشلا گىرىپتار بولىدىغان، پارازىت قۇرتتىن بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ئىنسانلار تۇنجى يۇقۇملىنىدىغان ئەڭ ئېغىر كېسەللىكنىڭ بىرى. بۇ كېسەللىك ئانىدىن بالىياتقۇ ئارقىلىق ھامىلىگە ئۆتۈپ، بويىدىن ئاجراپ كېتىش ياكى ھامىلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولسا، ئىچ تاشلايدۇ ياكى تۇركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەتقىقات ئورنىنىڭ 12 ۋىلايەت (ئوبلاست)، 48 ناھىيە (شەھەر) ۋە بەزى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بۇ كېسەللىكنىڭ ئادەملەرگە ئوتتۇرىچە يۇقۇش نىسبىتى 4.81% بولۇپ، دۆلەتنىڭ «ياسىمان قۇرت كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملىنىش رايونلىرىنى تۆرگە ئايرىش» ى بويىچە ئايرىغاندا $I_A$ دەرىجىلىك يۇقۇملىنىش رايونىغا تەۋە بولغان. جايلاردىكى تارقىلىش ئالاھىدىلىكى شۇكى، شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ بولغان. ئادەملەر تىپىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاشقان، قاسساپلار، گۆش يېمەكلىكلىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، مال دوختۇرلىرى، چارۋىچىلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولغان، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىدە مەلۇم پەرق بولغان. تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇشۇك شىنجاڭدىكى ياسىمان قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئاساسلىق يۇقۇش مەنبەسى ئىكەن، يۇقۇش مەنبەسىنى تىزگىنلەش، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ياسىمان قۇرت كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى، بوغاز چارۋىلارنىڭ مۇشۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىش تۈپەيلىدىن ئىچ تاشلىۋېتىش نىسبىتىمۇ تۆۋەنلىدى.

دېڭ كېجۇڭ

**شۇ مىڭچيەن «روسا» خەلقئارا قاپلىق قۇرت كېسەللىكى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 16 - قېتىملىق خەلقئارا قاپلىق قۇرت كېسەللىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى، تەتقىقاتچى شۇ مىڭچيەن يىغىندا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان 1993 - يىللىق بىردىن - بىر «روسا» خەلقئارا قاپلىق قۇرت كېسەللىكى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ «جىگەر قاپلىق قۇرت كېسەللىكىگە (ب) تىپلىق ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئاپپاراتىدا دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى تىپقا ئايرىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئىلمىي ماقالىدە ئاپتور 1984 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان «ب» تىپلىق ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئاپپاراتىدا دىئاگنوز قويۇلغان ۋە ئوپېراتسىيە ئارقىلىق كۆرگەنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان، جىگەر قاپلىق قۇرت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 822 بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تەھلىل قىلىنغان ۋە تىپلارغا ئايرىلغان. ئۇ، قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان، 1 - تۈرى، خالتىلىق قاپلىق قۇرت (جەمئىي 804) بولۇپ، بۇنى يەنە ئىنچىكىلەپ نوقۇل تىپلىق، بالا خالتىلىق، كالتىسىيلىشىش تىپلىق، يۇقۇملىنىش تىپلىق، يېرىلىش تىپلىق، ئۆيۈللۈق ئۆزگىرىش تىپلىق دەپ ئالتە تۈرگە ئايرىغان؛ 2 - تىپى، پۆۋەكچىلىك قاپلىق قۇرت (جەمئىي 18). ئۇ، «ب» تىپلىق ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئاپپاراتىدا تەكشۈرۈشنىڭ بالا خالتىنىڭ خاراكتېرى، مىقدارى، ئورنىنى بىلىش، يۇقۇملىنىش، يېرىلىش قاتارلىقلار قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىنى ئېنىقلاش، ئوپېراتسىيە قىلىشتىن ئاۋۋال كېسەك ئېغىزىنى تەكشۈرۈش، تاللاش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن جىگەردىكى قالدۇق بوشلۇقلارغا سۇ يىغىلىپ قېلىشنى كۆزىتىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق شەرھلىدى.

شۇ مىڭچيەن شىنجاڭدا ئىشلىگەن 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئۆزۈن مۇددەت قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى تەتقىق قىلغان، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى دىئاگنوز قويۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوپېراتسىيىنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى 98.37% كە يەتكۈزدى.

دېڭ كېجۇڭ

**يۇ جيەنبىن لىمې كېسەللىكى تەتقىقاتىدا زور نەتىجىگە ئېرىشتى**

1993 - يىل 10 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ياش تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ۋراچى يۇ جيەنبىن يازغان «لىمې كېسەللىكىنى بايقاش ۋە ئېپىدېمىئولوگىيىلىك تەتقىقات» دېگەن ئىلمىي ماقالە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان دۆلەت ئىچى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى 14 مۇتەخەسسىسنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

لىمې كېسەللىكى ئادەم ۋە ھايۋانلار ئورتاق گىرىپتار بولىدىغان تەبىئىي يۇقۇملۇق مەنبەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئۇ، دېھقان، چارۋىچى ۋە ئورمانچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ كېسەللىك تۇنجى قېتىم 1982 - يىلى ئامېرىكىدا بايقالغان، جۇڭگودا تۇنجى قېتىم 1987 - يىلى بايقالغان. يۇجيەنبىن 1985 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ چاغانتوقاي چارۋىچىلىق فېرمىسىدا سالجا چېقىشتىن كېسىلى قوزغالغان گۇمانلىق كېسەلنى بايقىغان؛ 1987 - يىلى مەملىكىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتاقلىق ماشارات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمىدە، گىرۋەك چۆپ سالجىسىنىڭ تېنىدىن لىمې كېسەللىكىنىڭ كېسەل چاقىرغۇچىسىنى تاپقان، شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم لىمې كېسەللىكىنىڭ شىنجاڭدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

يۇ جيەنبىن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، لىمې كېسەللىكىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تارقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تۇنجى بولۇپ گىرۋەك چۆپ سالجىسى ۋە ئاسىيا ھىئالوم سالجىسىنىڭ لىمې كېسەللىكىنى تارقىتىدىغان ۋاستىچى ئىكەنلىكى؛ تۆلكىنىڭ لىمې كېسەللىكىنىڭ كېسەل چاقىرغۇچىسىنى ساقلايدىغان ماكان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدا لىمې كېسەللىكىنىڭ چاقىرغۇچىسىنى ساقلايدىغان ماكان ئىگىسى قۇملۇق چاشقىنى ئىكەنلىكىنىمۇ تۇنجى قېتىم بايقىدى ھەمدە تۇنجى بولۇپ لىمې كېسەللىكىنىڭ تەبىئىي يۇقۇملۇق مەنبەسىنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاش بېكىتىشتە مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: يۇجيەنبىننىڭ تەتقىقات خىزمىتى مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى؛ لىمې كېسەللىكىنىڭ تەبىئىي يۇقۇملۇق مەنبەسىنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە لىمې كېسەللىكىنىڭ كەڭ يۇقۇملۇق مەنبەسىنى جۇغراپىيىلىك تەتقىق قىلىشتا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېڭ كېجۇڭ

**خالمۇرات غوپۇر ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى**

1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ جۇڭگو تېبابىتى شۆبىۇەنىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتى خالمۇرات غوپۇرنىڭ «كانەيچە زىققىسىنى دورا ئىشلەتمەي

ئۇنىۋېرسال داۋالاش» دېگەن دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى روسىيە نەپەس كېسەللىكلىرى تەتقىقات يۇرتىنىڭ دىسسېرتاتسىيە ھەيئىتىدە دۆلەت دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا قويۇلدى. 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خالمۇرات غوپۇر دەرىجە ئاتلاپ روسىيە دۆلەتلىك تىببىي پەن دوكتورلۇقى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

خالمۇرات غوپۇر 1982 - يىلى شاڭخەي جۇڭگو تىبابىتى شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ جۇڭيى تىبابىتى شۆيۈەنى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىدا ئىشلىگەنىدى؛ 1988 - يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، شۇ يىلى يەنە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە لېنىنگراد 1 - تىببىي شۆيۈەنىدە كاندىدات دوكتورلۇقتا ئوقۇدى. ئۇ، چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، جۇڭگوچە - ياۋروپاچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ تېمىنى تەتقىق قىلدى ۋە كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. روسىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ئۇنىڭ خىزمىتى كانەيچە زىققىسىنى داۋالاشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلدى دەپ ھېسابلىدى. خالمۇرات غوپۇر دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، سانكىت پېتېربورگ 1 - تىببىي شۆيۈەنى ئۇنى پروفېسسورلۇققا، ئۈچ نەپەر كاندىدات دوكتور ئاسپىرانتقا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خالمۇرات غوپۇر سانكىت پېتېربورگ شەھەرلىك تىببىي شۆيۈەنى ۋە ئەنگلىيىنىڭ بىر شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى شۆيۈەنىدە داۋاملىق ئىشلىمەكتە.

دېڭ كېجۇڭ

**سەھىيە سېپىدىكى يىزا ئىگىلىكىگە ياردەم بەرگەن ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دوختۇرخانىلار ۋە تىبابەتچىلىك مەمۇرىيىتى خىزمەت يىغىنىدا ئۆز ساھەسى بويىچە چەت ياقا، نامرات ناھىيە دوختۇرخانىلىرىغا ياردەم بېرىشتە گەۋدىلىك نەتىجە قازانغان شەھەردىكى ئون دوختۇرخانىنى تەقدىرلىدى، بۇ دوختۇرخانىلار مۇنۇلار: ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، شىخەنزە تىببىي شۆيۈەنى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى باش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى دوختۇرخانىسى.

دېڭ كېجۇڭ

**جۇڭگو - دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىرلەشمە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى**

15 - قېتىملىق جۇڭگو - دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىرلەشمە ماسلاشتۇرۇش يىغىنى 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ قاتناشقان يىغىننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايوندا ئۆتكۈزۈلۈشى تۇنجى قېتىملىق ئىش. يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش، كېڭىشىش، 1992 - 1993 - يىللىق پىلان خام چوتىنى قاراپ چىقىش، يېڭى ھەمكارلىق تۈرلىرىنى مەسلىھەتلىشىش، مەملىكىتىمىزنىڭ سەھىيە خىزمىتى ئىسلاھاتى ئەھۋالىغا دائىر تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا چەت ئەل تەرەپ ۋەكىلىدىن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى مۇدىرى دوكتور خەن شياڭتەي قاتارلىق 13 كىشى، جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلىدىن سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گۇيېڭچى قاتارلىق توققۇز كىشى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 كۆزەتكۈچى قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە خەن شياڭتەي قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرپان شەھىرىگە بېرىپ، يېزا - كەنت سەھىيە تەشكىلاتلىرى ۋە باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

دېڭ كېجۇڭ

**«ھاياتلىق بىلىملىرى» نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى كۆزىتىپ باھالاش ئەھۋالى**

جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار پاراۋانلىق فوندى ساغلاملىق تەربىيىسى ھەمكارلىق تۈرى دۆلەت تۈرى ئىشخانىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەزكۇر تۈر بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان پىچان ناھىيىسى 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن «ھاياتلىق بىلىملىرى» دەرسلىكىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار پاراۋانلىق فوندى ساغلاملىق تەربىيىسى ھەمكارلىق تۈرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىشخانىسى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە بۇ ناھىيىنىڭ تەشۋىقات پائالىيىتىنى كۆزىتىپ باھالىدى.

كۆزىتىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىنىڭ بىلىملىرى تەشۋىقاتچىلىرىنى

بىلىم، تەشۋىقات ماھارىتى جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، ئىشانلىق ئادەملەر تولىمۇ مۇناسىۋەتلىك ھاياتلىق بىلىملىرى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى تېز بوپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەش، ئۈزلۈكسىز يېزىلاردىكى ماتېرىياللار يېتىشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

دىلى كېجۈك

قىزىل كرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 11 ناھىيە (شەھەر) ۋە رايوندا قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىيەت ئەزاسى 200 مىڭغا يەتتى. قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستىدا قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەشكىلاتى يېزا كەنتلەرگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ئاھالە كومىتېتلىرىغىچە كېڭەيدى.

جايلاردىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى «8 ـ ماي» خەلقئارا قىزىل كرېست كۈنى مەزگىلىدە، سەھىيە ئىشلىرىدىن مەسلىھەت بېرىش، تەشۋىقات، تىببىي داۋالاش مۇلازىمىتى ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 40 نەچچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قىزىل كرېست ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى ھەم 50 نەچچە دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىم، قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق ئادەم بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى.

ئۈرۈمچى، تۇرپان، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرىنى سەھىيە قۇتقۇزۇش جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 20 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى «تەڭرىتاغ» رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى «جۇڭشەن» كوچىسىدىكى «سودا كوچىسى» غا جايلاشقان سودا سارىيى، مېھمانخانا، سارايلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىم ۋە مۇلازىمەتچىلەردىن 900 نى سەھىيە بىلىملىرى ۋە قۇتقۇزۇش جەھەتتىن تەربىيىلىدى.

1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى بىر قىسىم ناھىيە، يېزىلاردا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى قىزىل كرېست جەمئىيەتلىرى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى باش جەمئىيەتكە ياردەملىشىپ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدىكى يەر تەۋرىگەن رايونلارغا قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە قىزىل كرېست خەلقئارا كومىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى كىرىستوف سېۋىننىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى قىزىل كرېست ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

دىلى كېجۈك



شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى خەلق ئارىسىدىكى چۆپ دورىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ئالىي دەرىجىلىك ئوسما قاش قەلىمى 84 ـ نۆۋەتلىك پارىژ خەلقئارا كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

سۈرەتنى شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى تەۋسىيە قىلغان

تىببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تىببىي دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى، سىستېما ئىچىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10.5 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 52 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %17.5 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 9 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 6 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %57.61 ئاشتى.

تىببىي دورىگەرلىك سودىسى جەھەتتىكى سېتىۋېلىنىش

سوممىسى 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %7.2 ئاشتى، سېتىلىش سوممىسى 901 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا ۋە باج 54 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 35 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىببىي دورىگەرلىك ئىشلىرى 3 ـ قېتىملىق ھۆددىگەرلىككە يولغا قويۇش ئارقىلىق، يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇلىدىغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن پايدا ۋە باجنى ئايرىشقا ئۆتكۈشلۈق ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تىببىي دورىگەرلىك سانائىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە تەستىق ئارقىلىق يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان تىببىي دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 17 گە يەتتى، بۇ كارخانىلارغا تەخمىنەن 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن تىجارەت باشلاشنى ئىلتىماس قىلغان ھەر بىر كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەش ۋە كۆچۈرۈش خىزمىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 259 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەندى ۋە كۆچۈرۈلدى، دېمەك 1992 ـ يىلدىكىدىن 174 خىل مەھسۇلات كۆپەيدى، يېڭىدىن 17 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بىر تۈرلۈك يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان (پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مەھسۇلات) تىببىي داۋالاش ئەسۋاب ـ سايمىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلدى، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى %10 كە، ئايرىم كارخانىلاردا %57 كە يەتتى.

سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1993 ـ يىلى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى %34 كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى %85 كە يېتىپ، ئىككى پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى؛ سودا كارخانىلىرىنىڭ ئالتە چوڭ تۈردىكى تاۋارلىرى ئامبارغا كىرگۈزۈش بويىچە 84 مىڭ 486 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەت جەھەتتە مەسىلە بار تاۋار 260 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 0.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىلى 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئېنېرگىيە 2.36 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر بولۇپ، 1992 ـ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %21.6 ئازايدى.

1993 ـ يىلى جەمئىي ئۈچ تىببىي دورا بويىچە شېرىكلىشىش تۈرى ۋە تىببىي دورا كارخانىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، كېلىشىم بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 35 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، چېگرا سودىسى بويىچە ئېسپورت ـ ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

ليۇ شىنشاڭ

**دورىلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى**

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھىيە تارماقلىرى دورىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىدە دورىلارنى نازارەت قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك دورا نازارەتچىسىدىن ئىككىسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دورا نازارەتچىسىدىن 67 سى تەسىس قىلىندى. سەھىيە نازارىتى دورا ئېلانلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «دورا ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر» نى تارقاتتى، قانۇنسىز تۆت ئېلاننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، «باشقا ئورۇنلاردىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگەن دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى شۇ ئورۇندىكى دورا مەمۇرىيىتىنىڭ دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرى نازارەت قىلىپ لابوراتورىيىلىك تەكشۈرىدۇ؛ تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە لايىق بولغان دورىلارنى تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى سېتىۋالسا بولىدۇ. 1993 ـ يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 111 كارخانا تىزىملىتىپ ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 4 ـ ۋە 5 ـ ئايلاردا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دورىلارنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساختا، ناچار دورا ياساشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىش ئىشىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرى دورىلارنى دائىملىق لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق دورا تەكشۈرۈش ئورنى مۇشۇ بىر يىلدا 1288 تۈركۈم (قېتىم) دورا تەكشۈردى، دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %88.94 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگىنى 855 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %82.46 كە يەتتى؛ ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈلگىنى 114 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %82.48 كە يەتتى؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلانغىنى 319 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %92.48 كە يەتتى. تەكشۈرۈش،

لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو تىبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ساختىلىرى نىسبەتەن كۆپ بولدى، ساختا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق ساختا، ناچار دورا ماتېرىياللا 170 كىلوگرامغا يەتتى. جايلار گۇۋزىيونىڭ كەركىدان مۈڭگۈزى، يولۋاس ئۇستىخىنى ۋە ئۇلاردىن ياسالغان دورىلار جەھەتتىكى سودا پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، كەركىدان مۈڭگۈزى ۋە يولۋاس ئۇستىخىنىدىن ياسالغان دورىلارنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى كەركىدان مۈڭگۈزىدىن ياسالغان دورىلارنى 12 تۈركۈم بويىچە تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دورا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە دوختۇرخانىلارنىڭ دورا ياساش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىدى، بەش كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش كىنىشكىسىنى دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۆت ئورۇننىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش كىنىشكىسىنى، 12 دوختۇرخانىنىڭ دورا ياساشتا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش كىنىشكىسىنى ئالماشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دورا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىدىن 52 سى، تىجارەتتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش كىنىشكىسىدىن 121 ى تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى.

زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى «دورىغا كۆنىكىپ قېلىش خاراكتېرلىك داۋالاش مەركىزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ تارقاتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق دورىغا كۆنىكىپ قېلىش خاراكتېرلىك داۋالاشنى تەتقىق قىلىش مەركىزى قۇردى، يەنە تۆت دورا ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىكنى تاشلاتقۇزۇش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە تەستىقلىدى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تاشلاتقۇزۇش بويىچە ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، داۋالىغۇچى ۋە تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇيغۇر تىبابىتى دورىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى «ئۇيغۇر تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆلچىمى» نىڭ خەنزۇچە 1 - تومىنى نەشر قىلدۇردى، بۇنىڭغا جەمئىي 160 خىل ئۇيغۇر تىبابىتى دورا ماتېرىيالىنىڭ ئۆلچىمى كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇل تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 108 خىل دورا ماتېرىيالىنىڭ ئۆلچىمى بېكىتىلدى، 40 خىل تەييار دورىنىڭ ئۆلچىمى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى.

مىللىي تىبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى مىللىي تىبابەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش - تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. سەھىيە نازارىتى ئەمەن دەملىمىسى، «قار لەيلىسى» تۇمۇرنى راۋانلاشتۇرۇش كۇمۇلىچى، «قار لەيلىسى» تۇمۇرنى راۋانلاشتۇرۇش شەربىتى، «قار لەيلىسى» شەربىتى، «قىزىل مارال ئوتى» شەربىتى، «قار لەيلىسى» ياشلىق باھارنى ساقلاش شەربىتىدىن ئىبارەت ئالتە خىل ئۇيغۇر تىبابىتى تەييار دورىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

دىڭ كېجۇڭ

**ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى «GMP» ئۆلچىمىگە يەتكەن دورا ئىشلەپچىقىرىش سېخى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەت تىببىي دورا ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز مەبلەغ سالغان ئۇقتىلىق تېخنىكا ئىسلاھاتى تۈرى — شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ سۇيۇق دورا ئىشلەش سېخىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بۇ تۈر «GMP» تەلىپى بويىچە لايىھىلەندى ۋە قۇرۇلۇش قىلىندى، ئۇنىڭغا ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى، بۇ تۈرگە جەمئىي 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىببىي دورىگەرلىك ساھەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، بىردىن بىر «GMP» ئۆلچىمى بويىچە قۇرۇلغان سۇيۇق دورا سېخىدىن ئىبارەت. بۇ سېخ يىلىغا 5 مىليون بوتۇلكا يۇقىرى سۈپەتلىك سۇيۇق دورا ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ.

لى جېڭشىن

**«شىنجاڭدىكى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەشەمنىڭ يېڭى مەنبەسىنى ئېچىش تەتقىقاتى»**

بۇ، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەبىئىي پەن فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە مەبلەغ ياردەم قىلغان، شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرى - مىللىي تىبابەت دورىلىرى تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى، شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، 1990 - يىل 4 - ئايدا تۈر قىلىپ

تۇرغۇزۇلغانىدى، 1993 - يىلى 3 - ئايدا تاماملاندى، ئۇ 1993 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىڭ تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكنىڭ توققۇز خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو دورا قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەنلىرى پەقەت شىنجاڭ ھىڭى (F. sinkiangensis K. M. shen) ۋە فۇكاڭ ھىڭى (F. fukanensis K. M. shen) دىنلا ئىبارەت. قالغان يەتتە خىلى ئۆزلىرى يىغىپ، ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان ئەنئەنىۋى تۈرلەر، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى، لېكىن «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىمەي تۇرۇپ دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

«شىنجاڭدىكى دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىڭ مەنبەسىنى ئېچىش تەتقىقاتى» جەھەتتە، مەۋقەنى ھىڭنىڭ يېڭى مەنبەلىرىنى ئېچىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈش، ھىڭ مەنبەسى يېتىشمەسلىك ۋەزىيىتىنى پەسەيتىش، خەلقنىڭ تېببىي دورىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئىمپورت قىلىشنى ئازايتىپ، تاشقى پېرېۋوتنى تېجەشكە قويۇش كېرەك.

باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تەتقىقات تېمىسىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىن چىقىدۇ، مەملىكەت ئىچىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ھازىرغىچە خەۋەر قىلىنغىنى يوق. بۇ تەتقىقات ئۆسۈملۈك خىمىيىسى، ئەسۋاب ئانالىزى، فارموكولوگىيە، فارماتسېپتىكا قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ ۋە جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنى كىملىكىدا كۆزىتىشكە چېتىلىدۇ. تەتقىقات تېمىسىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، ئىنچىكە، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلىرى، ماتېرىياللىرى ئىشەنچلىك، بولۇپمۇ بىكىز غوللۇق (سېسىق) ھىڭ ۋە كۆنلۈكسىمان (خوشپۇراق) ھىڭنىڭ دورىلىق قىممىتىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللار ھىڭ تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئېچىش - تەتقىق قىلىشتا زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپلا قالماي، مەملىكەت بويىچىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىجادىيەت بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ.

لى شياۋجىن

# خوتەن ياڭىقى

خوتەننىڭ ياڭىقىمۇ خېلى داڭلىق. خوتەندە 500 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى بار. بۇ ياڭاق دەرىخى باغچا بازىرىنىڭ چالۋاش ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدە بولۇپ، «ياڭاقلار پادىشاھى» دەپ ئاتالغان.

خوتەن ۋىلايىتى بويىچە خوتەن ناھىيىسى باغچا بازىرىنىڭ ياڭىقى ئەڭ داڭلىق، ياڭاق مەھسۇلاتىمۇ ئەڭ كۆپ. بۇ بازار يىلىغا 300 توننىدىن 500 توننىغىچە ياڭاق ئالىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ياڭاقمۇ داۋاملىق كۆپەيتىلمەكتە.

1991 - يىلى باغچا بازىرى چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن 80 توننا سورتلۇق ياڭاق سېتىپ بەردى. خوتەن ياڭىقى ئىچىدىكى قەغەز ياڭاق داڭلىق يەرلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ياڭاقنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزى چوڭ، مېغىز نىسبىتى %70 كە، ياغ نىسبىتى %75 كە يېتىدۇ، بۇ سورتنىڭ كۆچىتى بالدۇر مېۋە بېرىدۇ. شۇڭا بۇ سورت مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاز ئۇچرايدىغان سورت ھېسابلىنىدۇ. خوتەن تارىخىدا ئەڭ كۆپ ياڭاق ئېلىنغان 1970 - يىلى ئومۇمىي ياڭاق 9 مىليون 69 مىڭ جىڭغا يەتكەن. ياڭاق خوتەن، قاراقاش، گۇما، چىرا ناھىيىلىرىدىن چىقىدۇ. ھازىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تەخمىنەن 450 مىڭ تۈپ ياڭاق بار، كۆلەمگە سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 45 مىڭ مو كېلىدۇ.

1990 - يىلغا كەلگەندە يىللىق ئومۇمىي ياڭاق مەھسۇلاتى 1970 - يىلدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. 1978 -، 1979 -، ۋە 1980 - يىللىرى تىكىلگەن ياڭاق كۆچەتلىرى ھازىر خېلى ئوبدان مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ھازىر دېھقانلار ياڭاقنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۆز كىرىمىنى كۆپەيتمەكتە.

# تەنتەربىيە

### تەنتەربىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

1993 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى با يۇڭشەن جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، تۈركىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 37 - قېتىملىق دۇنيا ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇ ئولىمپىك شاللاش مۇسابىقىسىنىڭ شەخسلەر مۇسابىقىسىدە 7 - لىككە ئېرىشىپ، خەلقئارا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە يەتتى. 10 - ئايدا قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى لى ۋېنجىي چاۋشيەندە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا قارىغا ئېتىش تەكلىپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 594 ھالقىغا تەككۈزۈشتەك نەتىجە بىلەن كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئوق ئېتىشتا 3 - بولدى. 12 - ئايدا تېز مۇز تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى ليۇيەنفېي ۋە دەي جۈنلەر ياپونىيىنىڭ جاخۇاڭ دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ليۇيەنفېي 1500 مېترغا تېيىلىشتا 1 -، 10 مىڭ مېترغا تېيىلىشتا 2 -، 500 مېترغا تېيىلىشتا 4 - بولدى؛ دەي جۈن 500 مېترغا تېيىلىشتا 3 -، 1000 مېترغا تېيىلىشتا 8 - بولدى. ليۇيەنفېي يەنە سۇڭبېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتىش مۇسابىقىسىدە 1′56″68 لۇق نەتىجە بىلەن ئۇ ئۆزى ساقلاپ كەلگەن 1500 مېترغا تېيىلىشتىكى مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىسى جاڭ ليەنىي 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ياپونىيە ۋە شياڭگاڭغا بېرىپ، جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا قارشىلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئەرلەرنىڭ ئېگىزگە سەكرىشى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى؛ لى شيۇخۇا 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياپونىيىگە ۋە شياڭگاڭغا بېرىپ، 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئاياللارنىڭ 400 مېترغا يۈگۈرۈشى بويىچە 3 - لىككە ئېرىشتى، كوماندىدىكى سەپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ 100 × 400 مېترغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە 1 - لىككە ئېرىشتى.

### مەملىكەت ئىچىدىكى رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىلىرى، ئاساسىي قاتلام كەسپىي كوماندىلىرى، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي مۇسابىقىلەردە (7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى بۇنىڭ سىرتىدا) جەمئىي ئۈچ ئالتۇن مېدال (كوللېكتىپ ئېرىشكەن بىر ئالتۇن مېدالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا، يەتتە كۈمۈش مېدال (كوللېكتىپ ئېرىشكەن بىر كۈمۈش مېدالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا، ئون مىس مېدالغا، 4 - لىكتىن تۆتكە، 5 - لىكتىن تۆتكە، 6 - لىكتىن يەتتىگە (كوللېكتىپ ئېرىشكىنى بىر)، 7 - لىكتىن تۆتكە، 8 - لىكتىن يەتتىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىسى بايۇڭشەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ كۆرەك مۇسابىقىسىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ شاللاش مۇسابىقىسىدىكى دۇنيا رېكورتى بىلەن تەڭلەشتى.

### ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق مۇسابىقىلەر

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئون قېتىم يىللىق مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىلەرگە قېتىم سانى بويىچە 1155 تەنھەرىكەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تەنھەرىكەتچىسى قېتىم سانى بويىچە465)، 321 رېپېرى، 201 خىزمەتچى خادىم قاتناشتى. ئون تەنھەرىكەتچى 19 قېتىم ئون تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىر تەنھەرىكەتچى 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 38 تەنھەرىكەتچى 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى.

### مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى مۇسابىقە باشقارمىسى، تەنتەربىيە مەشىق قىلىش 1 - چوڭ ئەترىتى بىرلىكتە 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە 3 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى خەلقئارا زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقە «ئا»، «ب» دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ جەمئىي 44 كىچىك تۈر تەس

قىلىندى. مۇسابىقىگە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قازاقىستان 1 - ئولىمپىك تەنتەربىيە مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەشىق قىلىش 1 - چولڭ. ئەترىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش تەنتەربىيە مەكتىپى، ئۈچ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 162 تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە يەتتە ئادەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەش تۈرلۈك چوڭلار زال ئىچى رېكورتىنى يەتتە قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى، ئۈچ ئادەم، بىر كوماندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆت تۈرلۈك زال ئىچى ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى ئالتە قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى.

تەنتەربىيىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1) مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتكەنلەر 990 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 69.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، تەنتەربىيە كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مىچۇەن، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى، ماناس، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى 18 مەكتەپتە مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى نىزامى بويىچە ئۆرنەك ئېلىپ تەكشۈردى، شۇ ئاساستا ئاپتونوم رايوندا «ئۈمىد چولپانلىرى» پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش چارىسى ۋە «مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى»، «مەكتەپ تازىلىق خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى ۋە چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونىمىز كوماندا تەشكىللەپ، 8 - ئاينىڭ 24.كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇردى. 72 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تيەنجىن، چىڭداۋلاردا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول، ۋالىبول، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇللار ۋالىبول كوماندىسى 7 - لىككە، قىزلار ۋالىبول كوماندىسى 9 - لىككە، ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى 6 - لىككە، قىزلار ئېگىز گە سەكرەشتە 6 - لىككە، قىزلار «ئا» گۇرۇپپىسى يورغىلاپ مېڭىشتا 8 - لىككە، قىزلار ۋالىبول كوماندىسى، ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىلىرى مۇسابىقە رايونىنىڭ تەنتەربىيە «ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. مۇسابىقە مەزگىلىدە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يىلانلىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى، كۇچا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە (مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتى نىزامى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇنەۋۋەر مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «پەرۋاز قىلغان كىچىك بۈركۈتلەر» ناملىق كىچىك تەنتەربىيە ماھىرلىرى پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. سانجى ئوبلاستى كوماندا تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونغا ۋەكالىتەن 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىچكى موڭغۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «پەرۋاز قىلغان كىچىك بۈركۈتلەر» بويىچە جايلاردىكى كىچىك ماھىرلار يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى، جۇ جىن، جاڭ فېي، جاۋ جيەنخۇي، جۇۋېي، جاڭ لېي، دۇڭ شىنگولارغا «مەملىكەت بويىچە (پەرۋاز قىلغان كىچىك بۈركۈتلەر) پائالىيىتىدىكى كىچىك ماھىر» دەپ نام بېرىلدى.

8 - ئايدا شەندۇڭنىڭ ۋېيفاڭ شەھىرى، خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى، جېجياڭنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىلىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوماندىسى بىر ئالتۇن مېدال، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجە ياراتتى.

2) ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتى

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىكتە 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. بۇ تەنھەرىكەت يىغىنىدا مۇسابىقە تۈرى تەيىن قىلىنىپ، 2084 قېتىم مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلدى، جەمئىي 67 نازارەت، ئىدارە، ئىشخانا، كومىتېتتىن 3567 كىشى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن 20 نەچچە كىشى قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر گۈزەللىك گىمناستىكىسى يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 10.ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەنتەربىيە ئۇسسۇللىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن 20 نەچچە ماھىر قاتناشتى.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلارنىڭ تىك - تاك توپ، يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش تۈرلىرى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە كوماندا تەشكىللىنىپ، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب رايونلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تىك - تاك توپ، يېنىك

ئاتلىتىكا، قارىغا ئېتىش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىسى جۇ دېلۇن LAF5 دەرىجىلىكلەر بويىچە چوڭ توپ ۋە دېسكا ئېتىشتا 1 - لىكتىن ئىككىگە، دېڭزە ئېتىشتا 3 - لىككە ئېرىشتى، جاڭ گوجۇن $B_3$ دەرىجىلىكلەر بويىچە 200 مېترغا يۈگۈرۈشتە 1 - لىككە، 400 مېترغا يۈگۈرۈشتە 2 - لىككە ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىدا بىرقەدەر جانلىنىش بولدى 37 قېتىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئومۇميۈزلۈك تەنھەرىكەت يىغىنى، 172 قېتىم ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى، 412 قېتىم يەككە تۈرلەر بويىچە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 81 مىڭ 470 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى؛ تاماشىبىنلار 385 مىڭ 627 گە يەتتى.

1993 - يىلى ئىلى ۋىلايىتى، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ نارات يېزىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر قازاق يېزىسى، قابا ناھىيىسىنىڭ جايلىما يېزىسى، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ تېچاڭگۇ بازىرى، گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىلىرى دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

3) ياشانغانلار تەنتەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 100 قېتىمدىن كۆپرەك ياشانغانلارنىڭ تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە تەخمىنەن 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ھەر ئايدا مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرۇشنى ھەر ھەپتىدە ئۆلچەمگە يەتكەنلەر بولۇشنى يىلمۇ يىل يېڭى تەرەققىياتلار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈسى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشانغانلار ۋاراتار توپ مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 11-لىككە ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار چويلا توپ مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز كوماندىسى 70 ياشتىن ھالقىغان ئەرلەرنىڭ جۈپ ئويۇنىشى بويىچە، 55 ياشتىن ھالقىغان ئاياللارنىڭ جۈپ ئويۇنىشى بويىچە 3 - لىككە ئېرىشتى. 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، 24 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون قاتناشقان مەملىكەتلىك ياشانغانلار تەيجىچۈەن (قىلىچ ئويۇنىتىش) مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز ۋەكىللەر كوماندىسىدىن بەش كىشى شەخسلەر بويىچە ئالدىنقى ئالتە دەرىجىگە كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - لىككە ئېرىشكىنى ئىككى، 4 - لىككە ئېرىشكىنى بىر، 5 - لىككە ئېرىشكىنى بىر ۋە 6 - لىككە ئېرىشكىنى بىر، بۇ كوماندا كوللېكتىپ ھالدا تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق باش شىركىتى، ئىلى ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋە جىمسار ناھىيىلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ، 22 كىشى مەملىكەت بويىچە ياشانغانلار تەنتەربىيە سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى مەكتەپلىرى 93 كە يېتىپ، 2790 ئوقۇغۇچى مەشىقە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدە تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك ئاتلېتىكا، خەلقئاراچە چېلىشىش، تېز مۇز تېيىلىش، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم سانى 645، پۇتبول، ۋاليبول قاتارلىق تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم سانى 150. بۇنىڭدىن باشقا، شىخەنزە شەھىرى يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە، مارالبېشى ناھىيىسى چېلىشىش بويىچە، باركۆل ناھىيىسى تېز مۇز تېيىلىش بويىچە مەخسۇس مەشىق قىلىش بازىلىرى قىلىپ بېكىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يۇقىرىدىكى تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇن ۋە مەخسۇس مەشىق بازىلىرىغا 470 مىڭ يۈەندىن كۆپ قوشۇمچە ياردەم پۇلى سەرپ قىلىندى.

5 - ئايدا خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ لىيەنيى 2.08 مېترلىق نەتىجە بىلەن ئوغۇللار «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە ئېگىزگە سەكرەشتە 1 - بولدى ھەمدە شىنجاڭغا ۋەكالىتەن جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە ئۆسمۈرلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا قارشىلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە سەپدىشى جۇ جۇنچياڭ بىلەن بىرلىكتە 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. 8 - ئايدا چىڭداۋ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا ياش ئايرىمىسى (رايون

ئايرىمىسى) بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز ۋەكىللەر كوماندىسى بەشىي ئالتە ئالتۇن مېدالغا، تۆت 2 - لىككە، توققۇز 3 - لىككە؛ قىزلار گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ بويىچە 3 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون ئۆسمۈرلەر «ب» گۇرۇپپىسىنىڭ ئوغۇللار ۋالىبول كوماندىسى 8 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخەي مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 2 - لىككە ئېرىشتى ھەمدە مۇسابىقە رايونى تەرىپىدىن «مەنىۋى مەدەنىيەتلىك كوماندا» دەپ باھالاندى.

كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (يېنىك ئاتلېتىكا) ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ (كىچىك پۇتبول) دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى تۈرلەر مەكتىپى بولۇپ باھالاندى.

مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتە تەنتەربىيە مەكتىپىگە 343 نەپەر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 68.

تەنتەربىيە ساھەسىدىكى تاشقى ئىشلار پائالىيەتلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن مېھمانلاردىن يەتتە تۈركۈمدە 115 كىشىنى كۈتۈۋالدى؛ تېرنېر، تەنھەرىكەتچى ۋە تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىدىن 45 تۈركۈمدە 182 ئادەم (قېتىم) نى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، روسىيە فېدېراتسىيىسى، ياپونىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە، پاكىستان، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا زىيارەتكە ئەۋەتىپ، تەنتەربىيە سودا كېڭىشى، تەنتەربىيە خىزمىتى سۆھبىتى، تەنتەربىيە ئىلمىي مۇھاكىمىسى، تەنتەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەنتەربىيە مەشىق مۇسابىقىلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك ئىدارىسى 454 نەپەر مېھماننى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزغا تاغقا چىقىش ياكى تەنتەربىيە ساياھىتى قىلىشقا كەلگەن. مۇشۇ بىر يىلدا تەنتەربىيە سىستېمىسى خەلق پۇلى ھېسابىدا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت ياراتتى ھەمدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ تەنتەربىيە مېھمانخانىسى مۇشۇ بىر يىلدا شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن كەلگەن 16 كىشىنى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۆمەك - كوماندىلىرىدىكى 122 كىشىنى كۈتۈۋالدى.

تەنتەربىيە تەشۋىقاتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىشنى تەنتەربىيە تەشۋىقاتىنىڭ مەركىزى قىلدى. ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تەنتەربىيە ساھەسى» سەھىپىسىنى ئاچتى. باشقا ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەشىق قىلىش، مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئەھۋاللىرىنى كۆپلەپ خەۋەر قىلدى. 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىدىكى سەككىز ئاخبارات ئورنىنىڭ بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن شىنجاڭ تەنتەربىيە تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاندى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر 300 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ ئىئانە قىلدى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى، ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلى ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئالتە ئاخبارات ئورنىنىڭ 12 تەنتەربىيە مۇخبىرىنى شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە چېڭدۇ، بېيجىڭلارغا بېرىپ مۇسابىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. 1993 - يىلى «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچىسى ئالتە سان، ئۇيغۇرچىسى ئالتە سان تارقىتىلدى، «شىنجاڭ تەنتەربىيە پەن - تېخنىكىسى» تۆت سان تارقىتىلدى.

شۇ جىنيوڭ

يۇ جىنخۇا

يۇ شىڭۋېي

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە خىزمىتى يىغىنى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى ۋە شەھەر باشلىقلىرى ھەمدە تەنتەربىيە كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، 86 ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە كومىتېتلىرى (مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىلىرى) نىڭ مۇدىرلىرى (ئىدارە باشلىقلىرى) ھەمدە، تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى 13 ئىلغار ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلاردىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋەكىللەر بولۇپ جەمئىي 210 نەچچە كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 1993 - يىلى مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 1 - لىكتىن 8 - لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە تۈرى | ۋاقتى | ئورنى | نەتىجىسى | ئىسىملىك دەرىجىسى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى شيۇخۇا | ئايال | 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 5.13.16 | تەييۈەن | 55"03 | 1 | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى |
| ئېھسان<br>جى جىجياڭ | ئەر<br>ئەر | 250CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 60 نومۇر | 1 | |
| مۇنارجان | ئەر | 90 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 5.25.28 | كوكخوت | | 1 | |
| چاڭ شىنخۇڭ | ئايال | دىسكا ئېتىش | 6.2.6 | جىنەن | 61.24 مېتىر | 2 | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى |
| چاڭ شىنخۇڭ | ئايال | دىسكا ئېتىش | 5.13.16 | تەييۈەن | 57.52 مېتىر | 2 | |
| پەرھات<br>زوخۇڭ | ئەر<br>ئەر | 80CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 60 نومۇر | 2 | |
| ئېھسان | ئەر | 250CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 37 نومۇر | 2 | |
| زوخۇڭ | ئەر | 80CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 35 نومۇر | 2 | |
| تۇرسۇن مۇسا | ئەر | 130 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 5.25.28 | كوكخوت | | 2 | |
| تۇرسۇن مامۇت | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 3.1.6 | تەييۈەن | | 2 | |
| ۋاڭ لىي | ئەر | ئېگىزگە سەكرەش | 6.10.14 | بېيجىڭ | 2.16 مېتىر | 3 | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى |
| پەرھات | ئەر | 80CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 30 نومۇر | 3 | |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | پىلانىر F2B | 8.10.14 | چېڭدۇ | 6107.5 نومۇر | 3 | |
| ئەركىن زەيدىن | ئەر | 52 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 3.1.6 | تەييۈەن | | 3 | |
| سەپەر باتۇر | ئەر | 74 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 3.10.15 | كۇنمىڭ | | 3 | |
| رېھىمجان | ئەر | ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ئون كىلومېتىرغا چاڭغا تېيىلىش | 4.5.12 | جىلىن | 31'33"71 | 3 | |
| دۇڭ جىجۇ | ئەر | 50 مېتىرلىق دەرىجە بويىچە | 4.22.28 | خېيلۇڭجياڭ | 11.25 نومۇر | 3 | |
| دۇڭ جىجۇ | ئەر | 70 مېتىرلىق دەرىجە بويىچە | 4.22.28 | خېيلۇڭجياڭ | 11.25 نومۇر | 3 | |
| ۋاڭ خېمىن | ئەر | 50 مېتىرلىق دەرىجە بويىچە | 4.22.28 | خېيلۇڭجياڭ | 11.25 نومۇر | 3 | ياشلار گۇرۇپپىسى |
| ۋاڭ خېمىن | ئەر | 70 مېتىرلىق دەرىجە بويىچە | 4.22.28 | خېيلۇڭجياڭ | 11.25 نومۇر | 3 | ياشلار گۇرۇپپىسى |
| يۇخۇ | ئەر | چويۇن توپ ئېتىش | 5.1.4 | چاڭشا | 15.35 مېتىر | 4 | |
| ۋاڭ شىنخۇا<br>خەن شىنپىڭ | ئەر<br>ئەر | پىلانىر F2BA | 8.10.14 | چېڭدۇ | 6107.5 نومۇر | 4 | |
| رېھىمجان | ئەر | ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا 30 كىلومېتىرغا تېيىلىش | 4.5.12 | جىلىن | 1:30'51"30 | 4 | |
| رېھىمجان | ئەر | ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا 15 كىلومېتىرغا تېيىلىش | 4.5.12 | جىلىن | 44'29"65 | 4 | |
| كۇڭ شيۇشا | ئايال | ئېگىزگە سەكرەش | 6.2.6 | جىنەن | 1.82 مېتىر | 5 | |
| نۇرمۇھەممەتجان | ئەر | 125CC تېپلىق موتوتسىكلىت | 8.24.30 | بېيجىڭ | 23 نومۇر | 5 | |
| شيې جياۋ | ئەر | 52 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 5.25.28 | كوكخوت | | 5 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇلاڭ دې<br>تيەن بى<br>ۋېن لىجيالاڭ | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ F1 | 8.10-14 | چېڭدۇ | 4110 نومۇر | 5 | |
| لى شيۇخۇا | ئايال | 200 مېترغا يۈگۈرۈش | 5.13-16 | تەييۈەن | 25"19 | 6 | |
| ۋاڭ لېي | ئەر | ئېگىزلىككە سەكرەش | 5.1-4 | چاڭشا | 2.05 مېتىر | 6 | |
| ۋاڭ ۋېي<br>زۇ جياڭ | ئەر<br>ئەر | پىلانىر F2A | 8.10-14 | چېڭدۇ | 276.7 سىنۇت | 6 | |
| تۇرغۇن ۋەلى | ئەر | 78 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 4.24-27 | لەنجۇ | | 6 | |
| ئالىمغازى | ئەر | 100 كىلوگراملىق بويىچە چېلىشىش | 3.10-15 | كۇنمىڭ | | 6 | |
| ۋاسكېتبول كوماندىسى | ئەرلەر | | | | | 6 | |
| رېھىمجان | ئەر | ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئون كىلومېترغا تېپىلىش | 1.10-16 | خېيلوڭجياڭ | 31'30"9 | 6 | |
| لى ۋېنكۇي | ئەر | چويۇن توپ ئېتىش | 6.10-14 | بېيجىڭ | 17.25 مېتىر | 7 | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى |
| ۋۇ گۇيخۇا | ئايال | دېسكا ئېتىش | 5.13-16 | تەيۈەن | 59.96 مېتىر | 7 | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزدى |
| تۇلاڭ دې | ئەر | پىلانىر F1A | 8.10-14 | چېڭدۇ | 1374 نومۇر | 7 | |
| رېھىمجان | ئەر | ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە 30 كىلومېترغا تېپىلىش | 1.10-16 | خېيلوڭجياڭ | 1,42'0"6 | 7 | |
| ئاقىبەك | ئەر | 5000 مېترغا يۈگۈرۈش | 6.10-14 | بېيجىڭ | 13'59"09 | 8 | |
| شى جاۋېي | ئەر | ئۈچ ئاتلاپ يىراقلىقا سەكرەش | 5.1-4 | چاڭشا | 14.95 مېتىر | 8 | |
| قىدىرباي | ئەر | 100 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش | 3.1-6 | تەيۈەن | | 8 | |
| مۇھەممەت ئېلى | ئەر | +95 كىلوگراملىقلار بويىچە | 4.24-29 | لەنجۇ | | 8 | |
| ئېرزات | ئەر | دەرىجىدىن تاشقىرى چولاڭ يۈزۈلۈش | 1.12-19 | جىلىن | 3'10"35 | 8 | |
| ئاشىلاق | ئەر | دەرىجىدىن تاشقىرى چولاڭ يۈزۈلۈش | 1.12-19 | جىلىن | 2'24"49 | 8 | |
| رېھىمجان | ئەر | چاڭغا تېيىلىش | 4.5-12 | جىلىن | 34"79 | 8 | |

## 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق مۇسابىقىلەر ئەھۋالى

| مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | قاتناشقان قوچىسى ئورۇن سانى | تەنھەرىكەتچىلەر سانى | رېيىسلار سانى | خىزمەتچى خادىملار سانى | 1 ـ دەرىجىگە يەتكەنلەر | 2 ـ دەرىجىگە يەتكەنلەر | رېكورت بۇزۇش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 1.13-15 | قۇمۇل | 10 | 112 | 30 | 26 | | توققۇز ئادەم | بەش ئادەم 14 قېتىم ئالتە تۈردە ئاپتونوم رايون ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى يېنىك ئاتلېتىكا يىغىلىپ مەشىق قىلىش مۇسابىقىسى | 7.6.10 | ئۈرۈمچى | 7 | 79 | 45 | 20 | بىر ئادەم | سەككىز ئادەم | بىر ئادەم بىر قېتىم ئاپتونوم رايون ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | 7.20.23 | قاراماي | 13 | 104 | 23 | 22 | | بەش ئادەم | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى | 7.22.23 | سانجى | 9 | 90 | 40 | 17 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | 7.22.26 | يەنجى | 5 | 84 | 9 | 12 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ خەلقئارا چېلىشىش مۇسابىقىسى | 7.22.25 | كۇنەس | 12 | 170 | 25 | 23 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى | 7.27.8.3 | ئۈرۈمچى | 10 | 150 | 18 | 16 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسى | 7.29.8.2 | توقسۇ | 6 | 90 | 20 | 25 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى | 7.31.8.1 | چاپچال | 4 | 21 | 21 | 13 | | | |
| ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | 8.7.9 | بورتالا | 17 | 255 | 80 | 27 | | 16 ئادەم | تۆت ئادەم تۆت قېتىم ئۈچ تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى |

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز باقى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1989 - يىلدىن بۇيانقى تەنتەربىيە خىزمىتىدىن دوكلات بەردى، 1994 - يىللىق تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تۈزگەن ماھارەت كۆرسىتىش تەنتەربىيىسى بىلەن ئاممىۋى تەنتەربىيىنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن، يىغىنغا «ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەنتەربىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» (مۇزاكىرە نۇسخىسى)، «شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانى» (لايىھە)، «شىنجاڭنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسابىقە تۈزۈلمىسى، مەشىق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەلىرىنى سۇندى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر يۇقىرىقى لايىھەلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىللار يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە تارماقلىرى ئىسلاھات قەدىمىنى يەنىمۇ چوڭ ئېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئىلغار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشى لازىم.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم تەنتەربىيە خىزمەتچىسىدىن 31 كىشىگە «تەنتەربىيە تۆھپە مېدالى» تارقىتىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتى، ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ھەمدە 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا تۆھپە ياراتقان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار تەقدىرلەندى.

شۈ جىنيۇڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەنتەربىيە كومىتېتلىرى، تەنتەربىيە باش جەمئىيەتلىرى ۋە ھەرقايسى يەككە تۈرلەر تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى، كەسپىي تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىدىن بولۇپ 120 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن، غوپۇر ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ۋەكىللەر 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋۇشېڭنىڭ «شىنجاڭ تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» نى ئەستايىدىل ئاڭلاپ قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى، شىنجاڭ تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. يىغىن 1994 - يىل ئىچىدە زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇتبول، بوكسيورچىلىق، موتوتسىكىلىت، پىلانېردىن ئىبارەت تۆت تەنتەربىيە تۈرىنى جەمئىيەت تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇشتىكى سىناق نۇقتا قىلىشنى، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتىپ، 2000 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچتىن بىر قىسىم تۈرنى جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى تۈرگە ئايلاندۇرۇش نىشانىغا يېتىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى بەلگىلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، دائىمىي ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى؛ «جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن، ليۇزىمۇ، جاڭ سىشۈ قاتارلىق 21 يولداشقا شىنجاڭ تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى پەخرىي ۋەزىپە بېرىش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى.

يىغىندا تەنتەربىيە جەمئىيىتى خىزمىتىدىكى 12 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە تەنتەربىيە جەمئىيىتى پائالىيىتىدىكى 21 ئاكتىپ تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1979 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، 14 يىلدىن بۇيان 28 يەككە تۈر بويىچە تەنھەرىكەت جەمئىيىتى، 15 كەسپىي تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە بەش تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى، 55 ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى كەسىپكە قاراشلىق تەنتەربىيە جەمئىيىتى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى 300 دىن ئېشىپ كەتتى. ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىگە قاتناشقان تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى، تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى، قوللىغۇچىلار، كارخانىچىلار قاتارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ سانى 5000 غا يېقىنلاشتى، ئەزالار 160 مىڭغا يەتتى. تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن ياكى ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان خەلقئارالىق مۇسابىقە بەش تۈردە 24 قېتىم؛ مەملىكەتلىك ۋە بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەر 22 تۈردە 152 قېتىم؛ ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك مۇسابىقىلەر 31 تۈردە 314 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى؛ ھەرخىل مەشىق ۋە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 264 قارار ئېچىلدى.

شۈ جىنيۇڭ

## مەشىق قىلىش ۋە مۇسابىقە ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايونىمىزدا مەشىق قىلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە بىرىنچىدىن، رىقابەت مېخانىزمى 1 -، 2 -، 3 - مەشىق قىلىش ئەترەتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئېلىپ كىرىلىپ، پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى چوڭ ئەترەت باشلىقى (مەكتەپ مۇدىرى) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، پۈتۈن خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئىككىنچىدىن، موتوسىكلىت، پىلانېردىن ئىبارەت غەيرىي ئولىمپىك تۈرلەرنى تەدرىجىي ھالدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەمەلىي گەۋدە تەنھەرىكەت جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزىگە سېلىش يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچىدىن، پۇتبول، بوكسيورچىلىق قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەردە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى باشقۇرۇشىدىكى كۇلۇب تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مەشىق خىزمىتى يىغىنىدا «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەشىق قىلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ھەققىدە دەسلەپكى پىكىر» ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئۇنىڭدا ئون تۈرلۈك كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، ھەرخىل خاراكتېردىكى ئىشتىن سىرتقى مەشىق قىلىش ۋە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىلىرىنىڭ

مەشقلىرىگە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەشىق قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بىر تۇتاش سىستېما قۇرۇلۇشى ئىزىغا كىرگۈزۈش؛ مەشىق قىلىشتىكى سىستېما قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش؛ ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ۋە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى مەخسۇس تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مەشىق قىلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش؛ ترېنېرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ تەنھەرىكەت كوماندىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە پۈتۈن گەۋدىلىك ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىش؛ مەشىق بىلەن ئىلىم - پەننى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنى ئىمكانقەدەر تېزدىن ماھارەت كۆرسەتكۈچى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش؛ ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلەش ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش؛ «شىنجاڭ ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ نۇقتىلىق تۈر ترېنېرلىرىنى، تەنھەرىكەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئېلان قىلىش چارىسى» نى يولغا قويۇش؛ چەكلەش، ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مۇسابىقە ئىسلاھاتى، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكىدەك تۆت جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلدى:

1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، تەنتەربىيىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە كەسىپلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر گۇرۇپپىسىدا 15 تۈر تەسىس قىلىنىپ، مۇسابىقىگە ئاساسلىقى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر قاتناشتى؛ كەسىپلەر گۇرۇپپىسىدا توققۇز تۈر تەسىس قىلىنىپ مۇسابىقىگە ئاساسلىقى، قۇرامىغا يەتكەنلەر قاتناشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئورۇنلاردىن يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق ئاساس تۈرلىرىگە جەزمەن قاتنىشىش تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، نۇقتىلىق تۈرلەر ۋە يەرلىك ئەنئەنىۋى تۈرلەرمۇ مۇسابىقە تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە رېكورت بۇزغانلار، ھەرىكەت ماھىرى ۋە 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتكەنلەرگە قارىتا ئالتۇن مېدال سانىنى كۆپەيتىپ ھېسابلاش ياكى كۆپەيتىپ نومۇر قويۇش چارىسى ئارقىلىق تەنھەرىكەتچىلەرنى كۆپ ۋە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇش يولغا قويۇلدى.

2) نۇقتىلىق تۈرلەرگە كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئادەتتىكى تۈرلەر قىسقارتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە نۇقتىلىق تۈرلەر گەۋدىلەندۈرۈلدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە توققۇز تۈر بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەر رەسمىي مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇقتىلىق تۈر يەتتە، ئادەتتىكى تۈر ئىككى، نۇقتىلىق تۈرلەرگە 981 تەنھەرىكەتچى، ئادەتتىكى تۈرلەرگە ئاران 174 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

3) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى 1993 - يىلى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇسابىقىلەر ۋە مۇسابىقە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، رېفېرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ياش، بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى ۋە مەلۇم دەرىجىدە چەت ئەل تىلى بىلىدىغان رېفېرلارنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەت رېفېرلىرى ۋە ئاياللار تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ ئايال رېفېرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

4) دەرىجىگە ۋە تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇسابىقە ئېلىپ بېرىشنىڭ مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى نۇقتىلىق ھالدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرى ئۆسمۈرلەر «ب» گۇرۇپپىسى ۋە نۇقتىلىق تۈرلەردە باللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇسابىقىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى؛ ناھىيە دەرىجىلىك تەنتەربىيە ئورۇنلىرى نۇقتىلىق ھالدا مەكتەپلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ باللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە باشقۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى چىڭ تۇتتى؛ ھەرقايسى مەمۇرىي تارماقلار، كەسىپلەردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ۋە يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ئۆز سىستېمىلىرىدىكى تارماقلارنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە باشقۇردى، بۇ ئارقىلىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

يۇ شېڭۋېي

جاڭ سىلۇن

7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - ئايغىچە بېيجىڭ، چېڭدۇ،

چىنخۇاڭداۋدىن ئىبارەت ئۈچ مۇسابىقە رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 77 نەپەر تەنھەرىكەتچى تېز مۇز تېيىلىش، يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، بوكسيورچىلىق، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش، ئات ئويۇنى، ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش، پىلانىر، خەلقئاراچە چېلىشىش، جۇڭگوچە چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىشتىن ئىبارەت 12 تۈردىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئالتە ئالتۇن مېدالغا، ئۈچ كۈمۈش مېدالغا، توققۇز مىس مېدالغا، 4 - لىكتىن بەشكە، 5 - لىكتىن تۆتكە، 6 - لىكتىن بىرگە، 8 - لىكتىن ئىككىگە ئېرىشىپ، جەمئىي 165.5 نومۇر ئېلىپ، ئومۇمىي نومۇردا مەملىكەت بويىچە 23 -، ئالتۇن مېدال ئېلىشتا 20 - بولدى. بىر كوماندا بىر تۈردە دۇنيا رېكورتىدىن ئېشىپ كەتتى. بىر كىشى بىر قېتىم بىر تۈردە مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 13 كىشى 22 قېتىم 13 تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 13 كىشى، ئىككى كوماندا «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتى بويىچە «تەرەققىيات مۇكاپاتى» بەردى، رۇڭگۇاڭ، بايۇڭشەن، روجىيۇڭلار ئەلا ئالىي تەنتەربىيە مېدالى — «تەنتەربىيە ھەرىكىتى شەرەپ مېدالى» غا ئېرىشتى.

يۇ جىنخۇا

## 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

1) 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونغا ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتى بويىچە تەرەققىيات مۇكاپاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىغا ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتى مۇكاپاتى بېرىشنى قارار قىلدى.

2) بايۇڭشەن، رۇڭگۇاڭ، رۇجىيۇڭلار 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئوقيا ئېتىش بويىچە ئولىمپىك شاللاش مۇسابىقىسىنىڭ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدىكى دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇلارغا تەنتەربىيە ھەرىكىتى شەرەپ مېدالى بېرىلدى.

3) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 10 - ئاينىڭ 16-كۈنى قارار چىقىرىپ، ليۇيەنفېي، پەرىدە ئابدۇراخمان جېكىس (قازاق)، لى لىبزۇڭلارغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى.

4) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 10 - ئاينىڭ 16-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشق قىلىش 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ ئات ئويۇنى كوماندىسىنى كوللېكتىپ ھالدا 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ بىر قېتىم ئەنگە ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشق قىلىش 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەرلەر ئوقيا ئېتىش كوماندىسىغا «باتۇرلارچە چوققىغا ئۆرلىگەن كوماندا» دەپ نام بەردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشق قىلىش 2 - چوڭ ئەترىتىگە «7-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن» دەپ نام بەردى. ليۇ يەنفېي، چېن چاۋخۇا، رۇڭگۇاڭ (شىبە)، بايۇڭشەن (شىبە)، رۇجىيۇڭ (شىبە) خې جۈن (شىبە)، يىڭ خۇي (ئايال، شىبە)، لىن خۇڭشىنلارنى 1-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ بىر قېتىم ئەنگە ئالدى؛ ئابلىز راخمان، لۇ چۈنيۇڭ، جاڭ يۇجېن (ئايال)، گومېيجېن (ئايال، شىبە) لەرنى 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ بىر قېتىم ئەنگە ئالدى؛ توختەم، تۇرسۇن مۇسا، چېن شىنخۇا، گوشياۋلىن، سۇن ۋېنشياڭ، ليۇلىپىڭ، گوباۋشەن (رۇس)، جياۋېنشى (خۇيزۇ)، ليۇ جىشەن (شىبە) لەرنى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ بىر قېتىم ئەنگە ئالدى؛ يالغۇز كىشىلىك تۈرلەردە ئالتۇن مېدال ئالغان ليۇ يەنفېي، پەرىدە ئابدۇراخمان، جېكىس (قازاق) لارنىڭ ھەربىرىنى 30 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ كوللېكتىپ تۈرلەردە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن ئات ئويۇنى كوماندىسىنىڭ رەڭگارەڭ كېيىنىپ يورغىلاپ مېڭىش كوللېكتىپى، ئات ئويۇنى كوماندىسىنىڭ مەيداندا تۇساق ئاتلاش كوللېكتىپى، ئەرلەر ئوقيا ئېتىش كوماندىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىگە 60 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەردى؛ يالغۇز كىشىلىك تۈرلەردە كۈمۈش مېدال ئالغان تۇرسۇن مۇسا، ليۇجۇڭ (خۇيزۇ) لارنىڭ ھەر بىرىگە 15 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەردى؛ كوللېكتىپ تۈرلەردە كۈمۈش مېدال ئالغان ئەرلەر ئوقيا ئېتىش كوماندىسىنى 24 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ يالغۇز كىشىلىك تۈرلەردە مىس مېدال ئالغان دەي جۈن، لى ۋېنجيې (جۇاڭزۇ)، ئېلى باتۇر، خۇاڭ جۇڭمىن (خۇيزۇ)، نۇرلان (قازاق)، ئابدۇشۇكۇر مىجىت، زۇ بىنگې، سۇن گۇاڭلياڭ، ئالىم غازى (قازاق) لارنىڭ ھەر

بىرنى 10 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ چېن چاۋخۇا (تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرى)، يىاڭ خۇي (ئايال، شىبە، ئەرلەر گوقىيا ئېتىش كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرى) لارغا مۇشۇ تۈرلەردىكى تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش ئۆلچەمدە مۇكاپات پۇلى بەردى؛ ۋاڭ شىگېنۇ (ئات ئويۇنى كوماندىسىنىڭ ياردەمچى ترېنېرى)، گومېيجېن (ئايال، شىبە، ئەرلەر ئوقىيا ئېتىش كوماندىسىنىڭ ياردەمچى ترېنېرى) لارغا مۇشۇ تۈرلەردىكى باش ترېنېرلار ئېلىشقا تېگىشلىك مۇكاپات پۇلىنىڭ 80 پىرسەنتىنى بەردى؛ يىلى خۇي (ئايال، شىبە) غا مۇشۇ تۈردىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئېلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەملىك مۇكاپات پۇلىنىڭ ئون پىرسەنتىنى بەردى؛ ئابلىكىم قاسىمغا 15 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى بەردى؛ رازى مۇھەممەت، ساۋشىدې، دۇخۇا، ليۇجىنلۇ، جېڭ لىن (شىبە)، خۇيۇەنلەرنىڭ ھەر بىرىنى 10 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىق قىلىش 2 - چوڭ ئەترىتىگە 50 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىق قىلىش 1 - چوڭ ئەترىتىگە 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەردى؛ ليۇيەنفېي، پەرىدە ئابدۇراخمان، ليۇجۇڭ (خۇيزۇ)، جىلىگىل (ئايال، موڭغۇل)، سۇن گۇاڭلياڭ، دولقۇن، نۇرزىيە (ئايال، قازاق)، جېڭىس (قازاق)، جاناگۈل (ئايال، قازاق)، رۇگۇاڭ (شىبە)، بايۇڭئەن (شىبە)، رۇجىنيوڭ (شىبە)، خې جۈن (شىبە) لەرنىڭ تەنتەربىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئۆستۈردى؛ چېن شاۋخۇا، يىلى خۇي (ئايال، شىبە)، ئابلىز راخمان، لىن خۇڭشىن، لى لىزۇڭ، جاڭ يۇجېن (ئايال) لارنىڭ ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈردى، ليۇ يەنفېڭ، پەرىدە ئابدۇراخمان، جېڭىس (قازاق) لارنى بىر يۈرۈشتىن ئۆي بىلەن مۇكاپاتلىدى (پايدىلىنىش ھوقۇقى بار)؛ ئات ئويۇنى كوماندىسى ۋە ئەرلەر ئوقىيا ئېتىش كوماندىسىنى ئىككى يۈرۈشتىن ئۆي بىلەن (پايدىلىنىش ھوقۇقى بار) مۇكاپاتلىدى.

5) 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 47 ئورۇنغا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ، 27 كىشىگە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلدى. مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار: كۈيتۇڭ شەھىرى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، كۈيتۇڭ شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھىرى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى، شىخەنزە شەھىرى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، شىخەنزە شەھەرلىك پاشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك چىچانخۇ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسى، باركۆل ناھىيىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، خېجىڭ ناھىيىسى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتى، بۈگۈر ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پاشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، كۈنەس ناھىيىسى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قورغاس ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتى5. ئوتتۇرا مەكتەپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، ساۋەن ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايىتى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالتاي شەھىرى خاندىغاتى موڭغۇل يېزىسى، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزىسى، كۇچا ناھىيىلىك تېببىي دورا شىركىتى، قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى شىركىتى، يەكەن ناھىيە چارباغ يېزىسى، ئاتۇش شەھىرى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن ۋىلايەتلىك تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستكىسى، گۇما ناھىيىسى سانجۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، مىچۈەن ناھىيىسى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، مىچۈەن ناھىيىسى تېچاڭگۇ بازىرى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى مەركىزى، بورتالا شەھىرى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە باش جەمئىيىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پاشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى. مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر: ساڭ لىكاڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، جاڭ مىڭلۇن (ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن)، ئابدۇسايىم ساۋۇت (قۇمۇل -

شەھىرى قارا دۆۋە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن) ، چېن شۈجيەن (كورلا شەھىرى 6 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن) ، جاڭ شياڭ (بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، جاڭ فۇشياڭ (چاپچال ناھىيىسىدىن) ، سۇ يۇفېڭ (ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، يارمەھەممەت (غۇلجا شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، سەكەن (قازاق، ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، زۇ دېشى (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، تۇرسۇن ئىسلام (ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن) ، ئەركىن ھۇسەن (ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى قىزىل يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن) ، ئابدۇشۈكۈر (قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن) ، تۇراق نۇر (قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىدىن) ، تۇرسۇن يولۋاس (قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، ساۋۇت (ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىدىن) ، ئابدۇللا رەھمىتۇللا (خوتەن ۋىلايەتلىك شىفەن مەكتەپتىن) ، ئىمىن نىياز (قاراقاش ناھىيىسى سايباغ يېزىسىدىن) ، يۈلۈگجى (جىمسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن) ، ۋاڭ جيەنپىڭ (سانجى شەھىرى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن) ، پېڭ لۇپىڭ (ئايال، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىدىن) ، خۇگوباۋ (ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن) ، قۇدرەت (ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن) ، ئابلىز باقى (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدىن) ، ئابدۇرېشىت (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىدىن) ، ماشىپاڭ (خۇيزۇ، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىدىن) ، ليۇ جۇڭيى (ئاپتونوم رايونلۇق مېھمانلار بىرلەشمىسىدىن) .

6) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قارار چىقىرىپ، 1988 - يىلدىن بۇيان ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان 28 ئورۇن ۋە 23 شەخسنى تەقدىرلىدى. ئۇلارغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» ، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بەردى.

7) ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى تەنتەربىيە مەشق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش تەنتەربىيە سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 12- ئاينىڭ 20 - كۈنى 1990 - يىلدىن بۇيان تەنتەربىيە مەشق قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان توققۇز ئىلغار كوللېكتىپ مەككىز مۇنەۋۋەر باشقۇرۇش كادىرى ۋە 36 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى.

يۇ جىنخۇا

# ساۋەن ئارىشىڭى

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ 83 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىدە، قورغاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بىر ئارىشاڭ بار. بۇ ئارىشاڭنىڭ سۈيى تاغ قىيالىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈپ، چوڭ - كىچىك ئون نەچچە بۇلاقنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇلاقنىڭ بويىغا ئۈچ ئېغىز دۇشخانا سېلىنغان بولۇپ، ھەركۈنى 300 دىن كۆپرەك ئادەم يۇيۇنالايدۇ. بۇ ئارىشاڭنىڭ سۈيى رېماتىزم، تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، كۆز ئارىشىڭىنىڭ سۈيى بىلەن كۆز يۇسا، كۆز روشەنلىشىدۇ؛ قۇلاق ئارىشىڭى قۇلاق كېسىلىگە شىپا بولىدۇ؛ تۇخۇم ئارىشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 52℃ بولۇپ، ئارىشاڭنىڭ سۈيىدىن كۈچلۈك پالاق تۇخۇم پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار بۇ ئارىشاڭنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ئاشقازان كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. تۇخۇم ئارىشىڭىدىن 100 مېتىر نېرىدا قىز ئارىشىڭى بولۇپ، سۇ تېمپېراتۇرىسى 15℃، كىشىلەر ئۇنى يەنە «سوغاق بۇلاق» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

# مىللەت

## مىللەتلەر ئىشلىرى

**11 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى**

ئاپتونوم رايونىمىز 1993 - يىل 5 - ئايدا 11 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى تەربىيە ئېيىنىڭ ئاساسىي تېمىسى: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزى ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن هالدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پەيتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت بولدى.

جايلار تەربىيە ئېيى مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك 57 قوش نەمۇنىچى ناھىيە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياخشى بولغان. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ۋە ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەر يەنە 1987 - يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، سەھىيە نازارىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد شۆيۈەنى، شىنجاڭ «1.ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى قاتارلىق ئورۇنلار تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئەمەلىي خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ياڭ لى

**ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسى توپلاشنى ئاساس قىلىش، نەشر قىلىشتا كۆچكە قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا



سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، دائىم ئاقىنلار ئېيتىشىشىنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

ۋاڭ چۈنلياڭ فوتوسى

چىڭ تۇرۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ داۋاملىق تەكشۈرۈش، قېزىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلاش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتتى. بولۇپمۇ ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى سېتىۋېلىپ يىغىش ئەھۋالى ئىگىلەندى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلىنىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەر مىللەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن 262 سى توپلاندى. رەتلەش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىلەن بىللە، 1993 - يىلى ئالتە خىل يېزىقتىكى مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن سەككىزى نەشرىياتنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى، «12 مۇقام» (ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «يەتتە قاغان» (قازاقچە)، «ئۈچ داستان» (قازاقچە)، «جاڭغىر ماتېرىياللىرى مەنبەسى - ئۈننىچى» (موڭغۇلچە)، «ئۈچ دۆلەت ناخشىلىرى» (شىبەچە) ۋە «لياۋجەي رىۋايەتلىرىدىن تاللانما تەرجىمىلەر (1 -، 2 - قىسىملىرى)» (مانجۇچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما) دىن ئىبارەت يەتتە كىتاب نەشر قىلىندى.

يۈڭ جىجيەن

## مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش مەجمۇئەنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي مەسىلىگە دائىر بەش مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتى ئىشخانىسى «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قىرغىزچە) نى نەشر قىلدۇردى؛ «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە)، «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە «شىبەلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىبەچە) نى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇردى؛ «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۆركەملىكى» ۋە «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قامۇسى» (ئاز سانلىق مىللەتلەر تومى) نىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرىدىن جەمئىي 960 مىڭ خەتلىك ماقالىنى تەھرىرلىدى؛ «شىنجاڭ مىللەتلەر خىزمىتى» ژۇرنىلىدىن بىر سانىنى تەھرىرلىدى ۋە نەشر قىلدۇردى.

خۇ شياۋبي

## «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەكشۈرۈلدى

1993 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى ۋە ئىقتىساد تەتقىقاتى ئورنىدىكى تەتقىقاتچىلار «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۆت قېتىم 37 كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىنى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 25) ئۆتكۈزدى.

«1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى كارخانىلاردا ھازىر تەخمىنەن 20 مىڭ ئادەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىسى %25 نى ئىگىلەيدۇ؛ 2191 كادىر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 344 بولۇپ، %15.7 نى ئىگىلەيدۇ؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 837، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 112 بولۇپ، %13.4 نى ئىگىلەيدۇ. گۇرۇھ شىركىتىدىن تارتىپ، ھەرقايسى شۆبە زاۋۇت، سېخلارغىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سەپلەنگەن. ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىلگەن، ئەمگەكنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىگەن. ئولتۇراق ئۆي تەقسىماتى ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئېتىبار بېرىلگەن.

ساقلانغان مەسىلىلەر، ئاساسلىقى، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاز سانلىق مىللەت تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش تېخى يېتەرلىك بولمىغان. ئاز سانلىق مىللەت تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى ئاز، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار تېخىمۇ ئاز؛ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە بىخەتەرلىك مەشغۇلات بىلىملىرىگە دائىر كىتاب - ماتېرىياللار ئۇيغۇرچە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىغا تەرجىمە قىلىنمىغانلىقتىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزگەن؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ، خىزمەتكە قاتناشقانلار ئاز ۋە بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇش ئاز بولغانلىقى تۈپەيلىدى، ئۆي سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان، ئۆي سېتىۋالغۇچىلار، بولۇپمۇ يېڭى ئۆيلەرنى سېتىۋالغۇچىلار ناھايىتى ئاز بولغان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يۇقىرىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ جاۋرۇي

# مىللەتلەر تىل - يېزىقى

## مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق تىل - يېزىق كومىتېتلىرى ۋە تىل - يېزىق ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرىدىن 30 غا يېقىن كىشى قاتناشقان مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 300 نەچچە كىشى قاتناشتى. يولداش جانابىل يىغىندا «مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. 5 - ئايدا تىل - يېزىق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر، مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «تەڭرىتاغ» رايونى ۋە سايباغ رايونىدا تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىككى خىل يېزىقتا ھۆججەت تارقىتىش ئەھۋالى ھەمدە جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە دۆلەت تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۈرۈمچىنىڭ جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە تۇرپان، توقسۇنلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى سىناپ ئىشلىتىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئىككى خىل يېزىقتا ھۆججەت تارقىتىش، جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش، تەرجىمە خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار تەكشۈرۈلدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىزىلسۇ ئوبلاستىغا ئادەم ئەۋەتىلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا ھۆججەت تارقىتىش ۋە جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە چاپچال ناھىيىسىگە ئادەم ئەۋەتىلىپ، مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە شىبە تىل - يېزىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتى تەكشۈرۈلدى.

2) مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

3) مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى پەن تەتقىقات، قېلىپلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى

(1) سەككىز قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 4179 ئاتالغۇ بېكىتىلدى ۋە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 700، قازاقچە 1139، قىرغىزچە 1340، شىبەچە 1000. ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى «دۇنيادىكى يېڭى ئىلىم - پەن ئومۇمىي كارتىنىسى» دىن 700 نى، تېببىي پەن ئاتالغۇسىدىن 1000 نى ۋە دائىم قوللىنىلىدىغان سۆز - ئاتالغۇدىن 1000 نى تەرجىمە قىلدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە پوچتا - تېلېگراف لۇغىتى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى؛ قازاق تىلى گۇرۇپپىسى فىزىكا ئاتالغۇسىدىن 2491 نى، ئاسترونومىيە ئاتالغۇسىدىن 2000 نى، تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسىدىن 200 نى تەرجىمە قىلدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى؛ قىرغىز تىلى گۇرۇپپىسى «دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار لۇغىتى» دىكى «گ»، ك «غ»، «ج» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان 1500 سۆزنى تەرجىمە قىلدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى؛ شىبە تىلى گۇرۇپپىسى دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدىن 600 نى تەرجىمە قىلدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى.

(2) ھەرخىل ۋىۋىسكا، سودا ماركىسى ۋە تامغا قاتارلىقلاردىن 1600 دىن كۆپرەكى 90 پارچە ھۆججەت تەرجىمە قىلىندى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇلارنىڭ خەت سانى 500 مىڭدىن ئارتۇق.

(3) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى لۇغىتى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن 24 مىڭ سۆز توپلىنىپ تولۇقلاندى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 3-ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئاپتونوم

رايون بويىچە قازاق يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە 4 - قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى، كۇرسقا ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەرجىمان، كاتىپتىن 30 كىشى قاتناشتى.

(4) مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۇرۇش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 4 - تومى (10 مىڭ 959 سۆز كىرگۈزۈلگەن، تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك)، «ھازىرقى زامان قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 2 - تومى (12 مىڭ سۆز كىرگۈزۈلگەن، تەخمىنەن 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك)، «خەنزۇچە - قىرغىزچە تىلشۇناسلىق سېلىشتۇرما لۇغىتى» (7000 سۆز كىرگۈزۈلگەن، تەخمىنەن 500 مىڭ خەتلىك) داۋاملىق تۈزۈلمەكتە، «تىل، تەرجىمە ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئارزۇسى» دېگەن كىتاب (قازاقچە) تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى. «ھازىرقى زامان شىبە تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەرنى ئىشلىتىش قائىدىسى»، «خەنزۇچە - شىبەچە ياردەمچى سۆزلەر لۇغىتى» تۈزۈلمەكتە ۋە «خەنزۇچە - شىبەچە لۇغەت» تىكى «ۋ»، «ش»، «ي» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىپ تۈزۈلگەن سۆزلەر كارتىچكىلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە.

(5) ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە قىرغىزچىدىن ئىبارەت بەش خىل يېزىقتىكى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدىن 22 سان تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى، خەت سانى 1 مىليون 820 مىڭ بولۇپ، تىراژى 59 مىڭ 400 گە يەتتى.

(6) ئاپتونوم رايونلۇق خۇدۇم يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئومۇمىي پىلانى» غا ئاساسەن، كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 1993 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى مۇھاكىمە قىلدى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، 1994 - يىلى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ياخشى ئاساس سالدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە بولغان 21 كۈندە نىلقا، تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىدە سىناق نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بايىنغولىن ۋە بورتالا ئوبلاستلىرىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگە قەدەر ئالتاي ۋىلايىتىدە خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

(7) «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەنزۇچە تىل - يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنى مەزگىلىدە، ھۆججەت تارقىتىلىپ، ئېلان، سودا ماركىسى، ۋىۋىسكا ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان خەتلەرنى ئۆلچەملەشتۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۆسمۈرلەر، باللارنىڭ ھېكايە ئېيتىش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، 7 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىش ۋە سۆزلەش بويىچە «مىڭ شيۇڭ لوڭقىسى» نى تالىشىش كاتتا مۇسابىقىسىگە كوماندا تەشكىللەپ قاتناشتۇردى، نەتىجىدە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى ئادىلە ئۇلۇغ ۋە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۈلنار بولاتايلار 3 - لىككە ئېرىشتى؛ 10 - ئايدا دۆلەت تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سانجى شىفەن ئالىي تېخنىكومى ۋە كۈيتۇڭ بىڭتۇەن شىفەن ئالىي تېخنىكومىنىڭ خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

(8) 1993 - يىلى بۇغدا شىبە يېزىقى — مانجۇ يېزىقى يېنىڭ مەتبە سىستېمىسى ۋە ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى باشلاندى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى دەلىللەپ چىققاندىن كېيىن، بېيجىڭ «شۋاڭتىي» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆزلەشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىسى قۇرۇش بىلەن شىبەچە يېزىقنىڭ خەت نۇسخىسىنى كىرگۈزۈش لايىھىسى ۋە كلاۋىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى تاماملاندى.

4) مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - نۆۋەتلىك تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 1987 - يىلدىن بۇيان تەرجىمە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەندى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەرجىمە خىزمىتى خادىملىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي بەش قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 197

ئادەم تەربىيىلەندى.

5) قوش تىل خىزمىتى داۋاملىق ئوتتۇلدى. «ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز» تېلېۋىزىيە ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 50 دەرس ئاڭلىتىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزغا «ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز» ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسال لىنىيىسى داۋاملىق تارقىتىلىپ تۇردى. ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئۆتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنىغا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە تۈزۈش، يېزىش خىزمىتىگە قاتنىشىلدى. دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولغان «جۇڭگو شىبە تىلىنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى» نىڭ تەخمىنەن 120 مىڭ خەتلىك تۆت بابىنى يېزىش ۋەزىپىسى ھۆددىگە ئېلىنىپ تاماملاندى.

جۇ جيەڭ

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى ئېلان قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىشنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلغانىدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ئەنە شۇ ۋاقىتلىق چارە ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» جەمئىي بەش باب بولۇپ، 31 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدا بۇ نىزامنى تۈزۈپ چىقىشتىكى قانۇنىي ئاساس ئېنىق بەلگىلەنگەن؛ تىل - يېزىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي پرىنسىپلار نۇقتىلىق ھالدا بەلگىلەنگەن، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى تەكىتلەنگەن، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقىنى قوللىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان؛ يەنە تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى بەلگىلەنگەن؛ تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا تىل - يېزىقلارنى ئىشلىتىش دائىرىسى، تىل - يېزىق خىزمىتىدىكى ھەرقايسى جەھەتلەرگە قارىتا ئېنىق ۋە پرىنسىپلىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خۇاڭ زىچىن

**ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى**

بۇ يىغىن 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە قاراماي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا جايلاردىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق تەرجىمە خادىمى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا «تەرجىمە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇسالام ئابباس «نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەرجىمە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە قوشۇنىدىكى ئادەم سانى 5000 دىن ئېشىپ كەتتى. چەت ئەل تىلى تەرجىمە خادىمى 1200 گە يەتتى. مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمىسى قوشۇنىدا 13 ئالىي تەرجىمان، 182 كاندىدات ئالىي تەرجىمان، 696 تەرجىمان ۋە 873 ياردەمچى تەرجىمان بار. 1991 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا 11 قارار تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، جەمئىي 1065 ئادەم تەربىيىلەندى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى شىفەن ئالىي تېخنىكوملىرى ۋە پارتىيە مەكتەپلىرىمۇ نۇرغۇن تەرجىمانلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. چەت ئەل تەرجىمانلىرى جەمئىيىتى 1982 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 14 قارار چەت ئەل تىلى تەرجىمانلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، چەت ئەل تىلى تەرجىمە خادىمىدىن 1000 غا يېقىن كىشىنى تەربىيىلىدى.

شيې شىن

**خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىناق نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى**

1993 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خۇدۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى، ئىلى ئوبلاستلىق تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە بورتالا ئوبلاستلىق تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى ئىلى ۋىلايىتىدىكى موڭغۇللار يىغىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىلقا،

تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرەدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە خۇددى موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىنىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ئۈچ ناھىيىدىكى موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى ۋىلايەتتىكى موڭغۇللار سانىنىڭ 71.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئەگەر بۇ ناھىيىلەرگە قوشنا بولغان ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۇەن - مەيدانلىرى ۋە موڭغۇلكۈرە ھەربىي ئات مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى موڭغۇللار قوشۇلسا %90 تىن ئېشىپ كېتىدۇ.

نۇقتىدا سىناق قىلىنىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئىلقا ناھىيىسى 1992 - يىلى ئوبلاست ۋە ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى قايتا تەكشۈرۈشتە 94.4 نومۇرغا ئېرىشتى؛ تېكەس ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، 89.7 نومۇرغا ئېرىشتى. ناھىيە بازىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش 1994 - يىل 3 - ئايغا كېچىكتۈرۈلدى؛ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە خىزمەتتىن بېرىلگەن دوكلات ۋە تەكلىپلەر ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ناھىيە ئورگىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك يېزىلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. دېھقانچىلىقتا ھوسۇل يىغىۋېلىشنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى ۋە چارۋىچىلىقتىمۇ مال كۆچۈۋاتقان ئالدىراش ۋاقىت بولغانلىقى سەۋەبىدىن، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىمۇ 1994 - يىل 3 - ئايغا كېچىكتۈرۈلدى.

بالىجا

**دۆلەت تىل - يېزىق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى**

دۆلەت تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ شەھەرلەردىكى جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش دائىرىسى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئورگىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى، «جۇڭشەن» كوچىسىدىكى سودا كوچىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، شىنجاڭ شىفەن داشۆسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، پويىز ئىستانسىسى ۋە 2 - ئاپتوبۇس ماڭىدىغان بېكەت - يول لىنىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپتۇ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، رايون ۋە مەھەللىلەرگە تايىنىپ جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىشنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپتۇ. شەھەر بويىچە تەكشۈرۈلگەن دائىرە ئىچىدە يېزىق ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچەملىك بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلار شەھەرلەردىكى جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشتا لاياقەتلىك بولۇش ئۆلچىمىگە يەتتى.

لى فاڭ

**قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتابلار تەكشۈرۈلدى**

1993 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا ھۆججەت تارقىتىش، جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى، نەشىر قىلىنغان كىتابلار، گېزىت - ژۇرناللاردىكى قىرغىزچە تىل - يېزىقنىڭ قېلىپلىشىشى، ھەرپلەرنىڭ قېلىپلىشىشى، ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئىملا قائىدىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

تەكشۈرۈشتە مۇنداق مەسىلىلەر سېزىلدى: ئوبلاستلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى 1993 - يىلى تارقاتقان ھۆججەتلەردە قىرغىز يېزىقى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلىتىلمىگەن، پەقەت ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقلارلار ئىشلىتىلگەن؛ ئوبلاست دەرىجىلىك ئىدارىلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ بىر قىسىم ۋىۋىسكىلىرىدا قىرغىز يېزىقى ئىشلىتىلمىگەن، قىرغىز يېزىقى ئىشلىتىلگەن بەزى ۋىۋىسكىلاردا ئىملا قائىدىسى ۋە ئاتالغۇلار ئۆلچەملىك بولماسلىقتەك مەسىلىلەر ساقلانغان؛ كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئاز بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق بولمىغان، ئىملا قائىدىسى جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ ۋە كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشكە تۈرتكە بولدى.

يۇلتۇز

# ئىجتىمائىيەت

**يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى**

ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 55 يېزا (بازار) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا (بازار) لىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

1) تەشكىلىي ئەھۋالى. مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك ھەربىر يېزا (بازار) دا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 48 كادىر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 69.4% نى ئىگىلىگەن، دۆلەتنىڭ رەسمىي كادىرى 42 بولۇپ، 87.5% نى ئىگىلىگەن.

2) مال - مۈلۈك ئەھۋالى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يېزا (بازار) دا يىل ئاخىرىدا بار بولغان ئوتتۇرىچە مال-مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 509 مىڭ 500 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 478 مىڭ يۈەن بولۇپ، 93.8% نى ئىگىلەيدۇ.

3) مالىيە ئەھۋالى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەربىر يېزا (بازار) نىڭ ئوتتۇرىچە مالىيە كىرىمى 665 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى كىرىم 73.5% نى، خام چوت سىرتىدىكى كىرىم 9.7% نى، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغدىن قىلىنغان كىرىم 16.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ مالىيە چىقىمى 646 مىڭ 200 يۈەن بولدى، مالىيە چىقىمى ئىچىدە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان مالىيە چىقىمى 10.8% نى، يېزا بازار كارخانىلىرىغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 4.9% نى، يېزا ئىگىلىك ۋە كۆپ خىل تىجارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چىقىم 5.6% نى، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چىقىم 54.9% نى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چىقىم 23.8% نى ئىگىلىدى؛ يىل ئاخىرىدا مالىيەدىكى قالدۇق 46 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

4) تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ۋە مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى. ھەر بىر يېزا (بازار) دا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 205 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن سۇ ئىشلىرى مۇئەسسەسىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 15.6% نى، ئىشخانا ئۆيلىرى ۋە ھەرخىل قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 13.1% نى، كۆۋرۈك ۋە يول ياساش قاتارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغ 9.5% نى، دۆلەت ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللارغا سېلىنغان مەبلەغ 5.5% نى ئىگىلىدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىچىدە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار چۈشۈرۈپ بەرگەن مەبلەغ 15.8% نى، ئۆزىدە بار بولغان مەبلەغ 18.9% نى، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 6.1% نى، باشقا مەبلەغ 59.3% نى ئىگىلىدى

باتۇر

**كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى**

ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 165 مەمۇرىي كەنتنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ 1 - دەرىجىلىك تەشكىلىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

1) يىل ئاخىرىغا قەدەر ھەربىر كەنت ئاھالە كومىتېتىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون كادىر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 20.2% نى ئىگىلىگەن.

2) مال - مۈلۈك ئەھۋالى. ھەر بىر كەنت ئاھالە كومىتېتىدا يىل ئاخىرىدا بار بولغان ئوتتۇرىچە مال - مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 159 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈك سوممىسى 143 مىڭ يۈەن بولۇپ، 89.7 نى ئىگىلىگەن. تۇراقلىق مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىشخانا ئۆيلىرى ۋە ھەرخىل قۇرۇلۇشلار 44.3% نى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى 8.6% نى، ئىشخانا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن دۆلەت ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار 10% نى ئىگىلىدى.

3) تىجارەت ئەھۋالى. ھەر بىر كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ شۇ يىللىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 121 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگىنى 1.6% نى، بىۋاسىتە تىجارەت كىرىمى 3% نى، كارخانىلاردىن يىغىۋېلىنغان پايدا 6.7% نى،

يىغىۋېلىنغان پىرسەنت سوممىسى 51.2% نى ئىگىلىدى؛ شۇ يىلى ھەر بىر كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىچە چىقىمى 85 مىڭ 300 يۈەن بولدى. ئومۇمىي چىقىم ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنغان مەبلەغ 27.4% نى، كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى 13.7% نى، ھەرخىل جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا قىلىنغان چىقىم 9.5% نى ئىگىلىدى.

4) تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەربىر كەنت ئاھالە كومىتېتىدا تۇراقلىق مۈلۈككە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6500 يۈەندىن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە سۇ ئىشلىرى مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 40.7% نى، ئىشخانا ئۆيلىرى ۋە ھەرخىل قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 27% نى ئىگىلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىچىدە ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 70% نى، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگىنى 7.9% نى، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 2.2% نى ئىگىلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ 1992 - يىلدىكىدىن كۆچۈرۈۋالغان ئوتتۇرىچە مەبلىغى 30 مىڭ 500 يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى كىرىم - چىقىمدىكى قالدۇق مەبلىغى 66 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

باتۇر

## ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا زىيارەت قىلىپ كەلگەنلەردىن جەمئىي 600 نەچچە ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇش ھەققىدىكى تىزىملاش ئىلتىماسىدىن 702 نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 575 نى تەستىقلىدى؛ 365 نى تىزىملىكتىن چىقىرىۋەتتى؛ 150 ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى ئۆزگەرتىپ تىزىملىدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بار بولغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 375 كە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 1055 كە، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 959 غا يەتتى.

دەي چىڭ

## قوشۇمچە

### 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

شىنجاڭ باج ئىشلىرىدىن مەسلىھەت بېرىش جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئويۇن قويۇشنى باشقۇرغۇچىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ كارىز تەتقىقاتى جەمئىيىتى
شىنجاڭ پسىخولوگىيە - كېڭەش ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ سەھىيە كەسىپلىرى ۋە كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى
شىنجاڭ خۇسۇسىي كارخانىلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ تەنتەربىيە تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى
شىنجاڭ بىئولوگىيە - تېببىي پەن قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ فۇدەن داشۆ مەكتەپداشلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئىچكى قىسىمدا مۇپەتتىشلىك قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ چىڭخۇا داشۆ مەكتەپداشلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كەسىپلىرى جەمئىيىتى
شىنجاڭ جىنسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ قاتناش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى مائارىپى تەتقىقات جەمئىيىتى
شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە بوغالتىرىيە ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ تېخنىكا بازارلىرى جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئىش ئورنىدا ستاتىستىكىلاش تەتقىقات جەمئىيىتى
شىنجاڭ ياشانغانلار داشۆسى جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تەتقىقات جەمئىيىتى
شىنجاڭ چوڭ، ئوتتۇرا سودا سارايلىرى بىرلەشمىسى
شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپ جەمئىيىتى
شىنجاڭ خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى جەمئىيىتى
شىنجاڭ دەپنە قىلىش جەمئىيىتى
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مېيىپلار پاراۋانلىقى فوندى جەمئىيىتى
شىنجاڭ تۆمۈر يول مائارىپى فوندى جەمئىيىتى
شىنجاڭ ئۈرۈمچى - سانجى رايونى بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىرلەشمىسى
شىنجاڭ «تارىم» ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتى
شىنجاڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى
شىنجاڭ گۈۋاھچىلار جەمئىيىتى

شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش فوندى جەمئىيىتى

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كارخانىلىرى مائارىپى جەمئىيىتى

شىنجاڭ چەت ئەللەردە مەبلەغ سالغان كارخانىلار جەمئىيىتى

ئۈرۈمچى مېيىپلار پاراۋانلىقى فوندى جەمئىيىتى

شىنجاڭ توپ ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتى

شىنجاڭ قۇرۇلۇش - ئىنشائاتلارنىڭ پۈتۈش سوممىسىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى

شىنجاڭ «12 مۇقام» ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ فوندى جەمئىيىتى

شىنجاڭدىكى بىر قىسىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئېلانلارنى ئۇلاپ كۆرسىتىش جەمئىيىتى

شىنجاڭ چاشقان زىيانداشلىقى ۋە سەھىيە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش جەمئىيىتى

شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىيات كارخانىلىرى جەمئىيىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى

شىنجاڭ يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلەش كارخانىلىرى جەمئىيىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ قازاق تىلى، مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتى

# مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئەھۋالى

## مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئىزچىل ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى.

1) لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى - ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى. ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار 2 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «ئاپتونوم رايونىمىزدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىن يۈنخۈي يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپتىن 75 نى، ئىلغار شەخستىن 83 نى تەقدىرلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەترابى يېزىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زەينەپ ئەمەت، شىخەنزە ئالىي مېھمانخانىسى مۇتەخەسسىسلەر بىناسى مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كۇڭ خۇڭيەنلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلاردا يەنە ھەرخىل شەكىللەر، مەسىلەن: «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەت ئېيى»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، خالىسانە تۆھپە قوشۇش ھەپتىلىكى»، «ياشلار ئىتتىپاق پائالىيەت كۈنى»، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇش، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى قاتارلىقلاردىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، لېي فېڭ روھى تەشۋىق قىلىندى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2) «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» تېمىسىدىكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ۋە سەييارە نۇتۇق سۆزلەش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسىنى ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ بېشىدىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش»

تېمىسىدىكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 31 مىڭ كىشى مۇنبەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلىدى. جەمئىي 16 مىڭ 208 قېتىم نۇتۇق سۆزلەندى. 850 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بىۋاسىتە نۇتۇق ئاڭلىدى. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ھەرقايسى جايلاردىن تاللىنىپ چىققان 89 ماھىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنىڭ تەكرار مۇسابىقىسى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. مۇسابىقىدە كوللېكتىپ تەشكىللەش مۇكاپاتىدىن يەتتىسى، شەخسلەردىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئۈچى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن سەككىزى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 11ى باھالاپ چىقىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. مۇسابىقە ئاياغلاشقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 22 ماھىردىن 12 نى تاللاپ (ئۇيغۇر ئالتە نەپەر، خەنزۇ ئالتە نەپەر)، ئاپتونوم رايونلۇق «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» تېمىسىدىكى نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سەييارە نۇتۇق سۆزلەشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 49 قېتىم (خەنزۇ تىلىدا 25 قېتىم، ئۇيغۇر تىلىدا 24 قېتىم) نۇتۇق سۆزلىدى، 42 مىڭ كىشى بىۋاسىتە نۇتۇق ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» تېمىسىدىكى نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى كۆپ، قوزغاتقان تەسىرى زور، ئېرىشكەن ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، بۇنداق پائالىيەت يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قانات يايدۇرۇلغان شۇ خىلدىكى پائالىيەتلەر ئىچىدە ئاز كۆرۈلگەن.

3) مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىرلىكتە جەمئىي سەككىز باب 34 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى بېسىپ، تارقاتتى، بۇنىڭدا مەدەنىيەتلىك ئورون بولۇشنىڭ ئۆلچىمى، ئۇنى بەرپا قىلىش، نام بېرىش، مۇكاپاتلاش، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كونكرېتلاشقان ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ خېلى كۈچلۈك يېتەكلەش ۋە شۇغۇللىنىش خاراكتېرىگە ئىگە. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش كومىتېتى يەنە 52 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام بەردى.

سۇن شىڭگاڭ

### «13 - نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ يارىلانغانلار زور كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىندى

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت 15 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىي دوختۇر سۇن چى ئالدى بىلەن شىمالىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ شىنياڭدىن بېيجىڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان ئايروپىلانىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يارىلانغانلارنىڭ 1 - تۈركۈمىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە دەرھال دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ۋە داۋالاش باشقارمىسىدىكى رەھبەرلەرگە دوكلات قىلدى، سىياسىي كومىسسار شياۋ جۈڭشى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، پۈتۈن دوختۇرخانا خادىملىرىغا يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىشكە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى.

سائەت 15 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە دوختۇرلار ئۈچكە بۆلۈنۈپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن، دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتكارلار لىيەندىكى كادىر، جەڭچىلەرنى ئامبۇلاتورىيىنىڭ 1 - سېپىگە تېزدىن بېرىپ يارىدارلارنى يۆتكەشكە ياردەملىشىشكە ئۇيۇشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقى كېسەللىكلەر 2 - بۆلۈمىدىكى ھەربىي دوختۇر خۇاڭ يۇشىن قاتارلىق يەتتە دوختۇر، سېستىرادىن تەشكىل تاپقان قۇتقۇزۇش كىچىك ئەترىتىنى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغان ئورۇنغا بېرىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىغان ئورۇنغا 1 - بولۇپ بارغان داۋالاپ قۇتقۇزۇش ئەترىتى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنگە قاراشلىق 1 - دوختۇرخانا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسى، قوراللىق ساقچى دوختۇرخانىسى، تۆمۈر يول دوختۇرخانىسى قاتارلىق 11 قېرىنداش دوختۇرخانا زور تۈركۈمدىكى يارىدارلارنىڭ ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىغا يىغىۋېلىنىپ داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ يارىدارلارنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

دوختۇرخانىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى دەل ۋاقتىدا، كۈچلۈك بولدى، مەخسۇس بەش ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ 14 ماشىنا (قېتىم) يارىدارلارنى ئېلىپ

كەلدى ۋە قان ئېلىشقا ئادەم ئېلىپ باردى. دوختۇرخانا ئىش باشقارمىسىدىكى يولداشلار بۆلۈملەرگە كىرىپ ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلىدى، قىسىمدىن كەلگەن كېسەللەر ئىشلىتىۋاتقان ئوچاق ۋە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلار ئىشلىتىۋاتقان ئوچاقلاردا مەخسۇس ئايروپىلاندا ھادىسىگە ئۇچرىغان يارىدارلارغا مېزىلىك تاماق ئېتىپ بېرىپ، تاماقنى ھەربىر يارىدارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بەردى ھەمدە ھەربىر يارىدارغا چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى، لۆڭگە، ئىستاكان، تازىلىق قەغىزى، سوپۇن قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەردى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت 19 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى گوۋۋيۈەننىڭ باش كاتىپى لوگەن، گوۋۋيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جاڭ كېجى، دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جياڭ جۇپىڭلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يارىدارلارنى يوقلىدى ھەمدە ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسىنىڭ تېز سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى، شۇنداقلا بۇ دوختۇرخانىنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، زىياننى ئازايتىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن دۆلەت خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جاۋ ئالاھىدە ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسىغا كېلىپ، گوۋۋيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى زوجياخۇانىڭ ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسىدىكى بارلىق ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرگە يوللىغان سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىمالىي جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە دوختۇرخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ بىر لەۋھە تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايروپىلان ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە ئۆتكۈزگەن تەقدىرلەش يىغىنىدا ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسى تەقدىرلەندى ھەمدە ئۇلارغا لەۋھە تەقدىم قىلىندى، سىياسىي كومىسسار شياۋجۇڭشى كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلغار ئورۇنغا ۋەكالىتەن نۇتۇق سۆزلىدى.

بۇ قېتىمقى يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە بارلىق كادىر، جەڭچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن بولۇپ جەمئىي 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئۈچ تۈركۈمدە 84 يارىدار قوبۇل قىلىنىپ، 44 يارىدار باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكەلدى. ماۋا ئارمىيە ئۇرۇمچى دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان 37 يارىدار ئىچىدە ئونى ئېغىر يارىلانغان، ئۈچى خەۋپ ئىچىدە قالغان بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت بىر ياپونلۇق يارىدارمۇ بار ئىدى.

بارلىق يارىدارلار كېيىنكى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى ۋە ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىندى. پۈتۈن بەدىنىنىڭ 14 يېرى يارىلانغان ئايروپىلان خىزمەتچىسى سۇلىڭ جىڭنىڭ ھاياتى تۆت مەخسۇس بۆلۈمنىڭ تۆت ئوپېراتسىيە بەنزىسىنىڭ ئۇدا بىر كېچە - كۈندۈز قەھرىمانانە جەڭ قىلىپ سەككىز قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشى ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋېلىندى. پۈتۈن دوختۇرخانىدىكى دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئۇدا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جىددىي قۇتقۇزۇپ داۋالىشى ئارقىلىق بارلىق يارىدارلارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، دوختۇرخانىدىن چىقتى.

گو زىبىن

# جەمئىيەت ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

**دېھقانلارنىڭ 1993 - يىلدىكى ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى**

ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 31 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1550 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

1) ئاساسىي ئەھۋالى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە دائىملىق نوپۇسى 5.66، پۈتۈن ۋە يېرىم ئەمگەك كۈچى 2.94، باشقۇرىدىغان تېرىلغۇ يېرى 25.58 مو. مۇشۇ بىر يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 686.2 كىلوگىرامغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.04 ئاشقان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاختا 42.3 كىلوگىرام بولۇپ، %7.8 كېمەيگەن؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ياغلىق دان 51.8 كىلوگىرامغا يېتىپ، %6.1 ئاشقان.

2) دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىم - چىقىم ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى. 1993 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 777.62 يۈەنگە يېتىپ،

1992-يىلدىكىدىن 5.02% ئاشقان؛ مال باھاسى ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، ساپ كىرىم 1.34% تۆۋەنلىگەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئومۇمىي كىرىمى 1440.3 يۈەنگە يېتىپ، 9.3% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل كىرىمى (ئامانەتكە قويۇش، قەرز ئېلىش نەق پۇل كىرىمى بۇنىڭ سىرتىدا) 1069.3 يۈەنگە يېتىپ، 7.4% ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 74.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992-يىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىگەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئائىلە ئىگىلىك كىرىمى 1362.1 يۈەنگە يېتىپ، 11.2% (ئۆلچىمى 1992-يىلدىكى بىلەن ئوخشاش) ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 960.8 يۈەنگە يېتىپ، 7.1% ئاشقان، چارۋىچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 241.2 يۈەنگە يېتىپ، 21.2% ئاشقان. دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىك كىرىمىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇنداق: 1 - كەسىپ كىرىمى 91.3%، 2 - كەسىپ كىرىمى 7.9%، 3 - كەسىپ كىرىمى 0.8%. 1 -، 2 - كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتى ئۆرلەپ، 3 - كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىگەن.

1993 - يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئائىلە ئىگىلىك خىراجىتى چىقىمى 516 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.3% كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق چىقىمى 348.6 يۈەن بولۇپ، 15.1% ئاشقان، چارۋىچىلىق چىقىمى 127.3 يۈەن بولۇپ، 28% ئاشقان، ھەر ئىككىسىدە تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىش ھالىتى كۆرۈلگەن. ھەربىر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سېتىۋالغان خىمىيىۋى ئوغۇت 432.1 كىلوگرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 12.2 كىلوگرام ئازايغان. سېتىۋالغان سۇلياۋ يوپۇق 10.6 كىلوگرام بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.9 كىلوگرام ئازايغان. باشقا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش مىقدارىدا ئوخشاشلىقنى ساقلاش ياكى كېمىيىش ھالىتى كۆرۈلگەن. تاپشۇرغان باج كىشى بېشىغا 24.5 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 43.3% ئاشقان؛ كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلغان ھۆددە ۋەزىپە سوممىسى ھەمدە كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلغان پىرسەنت ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چېچىلىپ يىغىلغان سوممىسى 74.1 يۈەن بولۇپ، 4.8% ئاشقان، بۇ، شۇ يىللىق ساپ كىرىمنىڭ 9.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ باجدىن كېيىنكى سېلىقى 1992 - يىلدىكى ساپ كىرىمنىڭ ئون پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

3) ئىستېمال ۋە جۇغلانما. 1993 - يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 703.6 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.2% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىككە سەرپ قىلىنغىنى 366.9 يۈەن بولۇپ، 7.5% ئاشقان، كىيىم - كېچەككە سەرپ قىلىنغىنى 91 يۈەن بولۇپ، 2.6% ئاشقان، تۇرالغۇ ئۆيگە سەرپ قىلىنغىنى 53.9 يۈەن بولۇپ، 23.8% ئاشقان. 1993 - يىلى يېڭى ئۆي سالغانلار تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 7.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1992-يىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشقان.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن جۇغلانما سوممىسى 163.7 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 22.2% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى 2.5% كېمەيگەن، تۇراقسىز مۈلۈك جۇغلانمىسى 105.5 يۈەنگە يېتىپ، 4.2% ئاشقان. ئىشلەپچىقىرىشقا قوشۇلغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقسىز مۈلۈك جۇغلانمىسى 34.4% نى، ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى قالدۇقىنى ئاساسىي ئىپادىلەش شەكلى قىلغان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقسىز مۈلۈك جۇغلانمىسى 65.6% نى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە باشقا تۈرلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈشى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىك خىراجىتىنىڭ ئېشىشىنى تېزلەتتۈرۈۋەتكەن؛ ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك قالدۇق مىقدارى كۆپەيگەن، بۇ، دېھقان ئائىلىلىرىدىكى غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقسىز مۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولۇپ قالغان. تۇراقسىز مۈلۈك جۇغلانمىسىنىڭ ئىگىلىگەن مەبلىغى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، تۇراقلىق مۈلۈك جۇغلانمىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازايغان. يىل ئاخىرىغىچە ھەر100 دېھقان ئائىلىسىگە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتوردىن 2.4 ى، كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورىدىن 11.6 سى، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا ۋە رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسىدىن 91ى، ئات - ئۇلاغدىن 131ى، چارۋا - مالدىن 224 ى توغرا كەلگەن. چارۋا ماللىرى سانىنىڭ ئېشىشىنىڭ تېز بولۇشى دېھقانلارنىڭ بىرقەدەر كۆپ زېمىنى كۆچمەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنى كىرىمنى كۆپەيتىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىش يولى قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

4) دېھقانلارنىڭ كىرىم پەرقى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئالاھىدە نامرات دېھقان ئائىلىلىرى 3.35% نى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.51 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيگەن؛ كىرىمى 200 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە ئارىلىقتا بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك مەسىلىسى ھەل بولغان ئائىلىلەر 29.74% نى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.97 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايغان،

كىرىمى 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئارىلىقتا بولغان باياشات ئائىلىلەر 39.42% نى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.03 پىرسەنتلىك رەقەم ئازايغان؛ كىرىمى 1000 يۈەندىن يۇقىرى باي ئائىلىلەر 27.48% نى ئىگىلەپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.48 پىرسەنتلىك رەقەم كۆپەيگەن. دېھقانلار كىرىمىنىڭ پەرقى يەنىمۇ زورايغان.

5) دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئەھۋالى. دېھقانلارنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئاساسەن مۇقىم، بىر يىل ئىچىدە ھەر 100 ئائىلە ئون ۋېلسىپىت، توققۇز قول سائىتى، 9.4 سافا، 1.2 كىيىم - كېچەك شكابى، بىر ئۈستەل، 4.2 رەڭسىز تېلېۋىزور، 1.4 رەڭلىك تېلېۋىزور، 2.5 رادىئولۇق ئۈنئالغۇ سېتىۋالغان. موتسىكلىت ۋە كىرئالغۇنىڭ سېتىۋېلىنىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى خېلى تېز بولۇپ، ھەر 100 ئائىلە بىرگە يېقىندىن سېتىۋالغان. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر 100 دېھقان ئائىلىسى ئىلكىدە 134 ۋېلسىپىت، 129 قول سائىتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترونلۇق قول سائىتى 54)، 371 دانە چوڭ ئۆي جاھازى، 46 رەڭسىز تېلېۋىزور، ئون رەڭلىك تېلېۋىزور، 41 رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، 17 كىرئالغۇ بولغان.

لىۋ شياۋلەن

**مەملىكەت بويىچە يېزا ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەت تورىغا كىرىش ئەھۋالى**

دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى يېزىلارنى تەكشۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1993 - يىل 5 - ئايدا مەملىكەت بويىچە يېزا ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەت تورىغا رەسمىي كىردى. بۇ تور مەملىكىتىمىزدىكى 20 دىن ئارتۇق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، شەھەر، پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەر، 800 دىن ئارتۇق دۆلەت تەكشۈرىدىغان ناھىيە (شەھەر) بىلەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكتىكى يېزا ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەت تورىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ تور، ئاساسلىقى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار، جايلارنىڭ مەبلەغ سېلىش شەرت - شارائىتى، سىياسەت، قانۇن - قائىدىلىرىگە دائىر يېڭى ئەھۋاللار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ۋە ناھىيىلەرگە ئايرىلغان ئىقتىسادنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى، تۇرمۇش ئىستېمالى ھەم ئېھتىياجى ۋە ئالدىن مۆلچەرلەش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار، كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ھەم خام ئەشيا، ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئۇلارنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تور يەنە خەلقنىڭ رايىنى تەكشۈرۈش، ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، ئۇنىۋېرسال باھالاش ۋە مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

باتۇر

**شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىكى پەرق**

ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت ئالتە شەھەردىكى 540 ئائىلىدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلما پەرقى كېڭىيىشكە يۈزلەنگەن، كىشى بېشىغا ئايدا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىنكى گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

| | ئومۇمىي ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ئائىلە | كىرىمى تۆۋەن ئائىلە | كىرىمى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئائىلە | كىرىمى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئائىلە | كىرىمى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئائىلە | كىرىمى يۇقىرى ئائىلە | كىرىمى ئەڭ يۇقىرى ئائىلە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېلىشتۇرما نىسبىتى | 100 | 10 | 10 | 20 | 20 | 20 | 10 | 10 |
| 1992 - يىلى (يۈەن) | 149.19 | 72.59 | 94.43 | 119.28 | 153.01 | 187.17 | 218.53 | 290.63 |
| 1993 - يىلى (يۈەن) | 185.76 | 65.44 | 100.71 | 137.82 | 185.85 | 237.87 | 313.03 | 423.64 |
| ئاشقان ياكى كېمەيگەن% | 24.51 | -9.85 | 6.65 | 15.54 | 21.46 | 27.09 | 43.24 | 45.77 |
| مال باھاسى ئۆسكەنلىك ئامىلى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى (ئەمەلىيەتتىكى%) | 9.6 | -20.64 | -6.11 | 1.71 | 6.91 | 11.88 | 26.09 | 28.32 |

كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ يۇقىرى بولغان گۇرۇپپىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ:

1) ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى پەرق روشەن. كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇسى 4.98، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى ئائىلىلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇسى ئىككى بولۇپ، ئومۇمىي ئوتتۇرىچە سان 3.63 بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلىلا چوڭ. كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ئائىلىلەردىكى كىرىمى بار نوپۇس 1.66 بولۇپ، سېلىق كوئېففىتسېنتى 3.14 ئادەم، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى ئائىلىلەردىكى كىرىمى بار نوپۇس 2.23 بولۇپ، سېلىق كوئېففىتسېنتى 1.22 ئادەم. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە نوپۇسى بىلەن ئائىلىدە كىرىمى بار نوپۇسنىڭ ئاز - كۆپلىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە سەۋەب بولۇپ قالغان.

2) ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئىش ھەققى كىرىمىدىكى پەرقى چوڭ. 1993 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى خاراكتېردىكى كىرىمى 304.79 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 209.42 يۈەن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 486.87 يۈەن بولغان. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى 207.84 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 84.92 يۈەن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 230.67 يۈەن بولغان. يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ساپ كىرىمى 280.99 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 233.55 يۈەن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 324.86 يۈەن بولغان. يەككە ياللانغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئەمگەك كىرىمى 440.83 يۈەن، كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 119.17 يۈەن بولغان. دەم ئېلىش ۋە پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن قايتا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 433.45 يۈەن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ 635.77 يۈەن بولغان.

3) ئىستېمال سەۋىيىسىدىكى پەرق زورايغان. 1993 - يىلى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيىغا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 59.82 يۈەن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيىغا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 313.25 يۈەن بولغان. يېمەكلىك ئىستېمالى ئىستېمالنىڭ ئومۇمىي گەۋدە سېلىشتۇرمىسىدا (ئېنگېر كوئېففىتسېنتى) كىرىمى ئەڭ تۆۋەن گۇرۇپپىدىكىلەردە 58.24% نى، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەردە 41.79% نى ئىگىلىگەن. كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ۋە كىرىمى ئەڭ يۇقىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيىغا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاساسلىق يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال مىقدارى مۇنداق بولغان: ئاشلىق: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 9.49 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 7.4 كىلوگرام؛ ياغ: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 0.84 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 0.91 كىلوگرام؛ گۆش: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 1.16 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 3.43 كىلوگرام؛ تۇخۇم: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 0.13 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 0.78 كىلوگرام؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 0.03 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 0.6 كىلوگرام؛ يېڭى كۆكتات: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 4.83 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 12.21 كىلوگرام؛ قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋە: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 1.23 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 4.9 كىلوگرام؛ سۈت: كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەرنىڭ 0.66 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ 1.61 كىلوگرام، كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەر بىلەن كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ سىرتتا تاماق يېيىش پەرقى 5.61 ھەسسە بولغان.

كىرىمى ئەڭ تۆۋەنلەر بىلەن كىرىمى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، كېرەكلىك بۇيۇملار، داۋالىنىش، قاتناش، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئىستېمال ساھەسىدىكى پەرقى تېخىمۇ چوڭ.

4) ئۆي جاھازلىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارىدىكى پەرق چوڭ. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئائىلىلەردىكى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 16.67 دىن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 100 دىن؛ توڭلاتقۇ كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 7.41 دىن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 103.7 دىن؛ توك - گاز مونچا كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 1.85 دىن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 64.81 دىن؛ يۇس سومۇرگۇچ كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 1.85 تىن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 55.56 دىن؛ فوتو ئاپپارات كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 5.56 دىن، كىرىمى ئەڭ

يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 50 تىن؛ كىرئالغۇ كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 59.26 دىن، كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھەر 100 ئائىلىگە 101.85 دىن توغرا كەلگەن.

ۋاڭ پىڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالاھىدىلىك

ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت ئالتە شەھەردىكى 540 ئائىلە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993 - يىلى شەھەر ئاھالىسى ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى 2395.54 يۈەنگە يەتكەن. كۆتۈش ۋە سوۋغا - سالاملارغا كەتكەن چىقىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرمۇش خىراجىتىگە ئىشلىتىلگەن كىرىم 2229.13 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %51.24 ئاشقان. تۇرمۇش خىراجىتى باھاسى ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %9.6 ئاشقان.

ئاھالىلەر ئائىلە كىرىمىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) ئىش ھەققى خاراكتېرلىك كىرىم كۆپەيگەن. ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىش ھەققى خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە كىرىمى 1752.02 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىگە 207.14 يۈەن قوشۇلۇپ %76.13 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە مۇكاپات پۇلى 259.8 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %91.26 ئاشقان، قوشۇمچە ھەق ۋە ئىقتىسادىي ياردەم پۇلى 384.09 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %12.26 ئاشقان، بۇ، ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ ئاشقان قىسمىدىن كۆپ بولغان.

2) غەيرىي ئىش ھەققى خاراكتېرىدىكى كىرىم كۆپىيىپ، ئەمەلىي كىرىمنىڭ 26.87 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئورنىدىن ئېرىشكەن چوشلۇك تاماق، قاتناش خىراجىتى قاتارلىق كىرىمى 113.76 يۈەنگە يېتىپ، %50 كۆپىيىش بىلەن بۇ يىل يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولۇپ قالغان. ئاھالىلەرنىڭ باشقا مۇلۇكچىلىكتىن ئېرىشكەن كىرىمى 1757 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىنىڭ 1.12 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ۋە باشقا ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قىلغان كىرىمى 18.84 يۈەنگە يېتىپ، %87.61 ئاشقان. يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمى 73.08 يۈەنگە يېتىپ، %1.17 ئاشقان. كۆتۈش ۋە سوۋغا - سالاملار كىرىمى، دەم ئېلىشتا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سوغۇرتا كىرىمى مال باھاسى ئۈچۈن بېرىلگەن ئىقتىسادىي ياردەم قاتارلىق ئۆزگىرىشچان خاراكتېردىكى كىرىملەر 387.72 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققانلار پۇلى 330 يۈەن بولۇپ، ئۆزگىرىشچان خاراكتېردىكى كىرىمنىڭ 85.11 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن) گە يېتىپ، %85.72 ئاشقان. ئاھالىلەرنىڭ زايوم، ئامانەت پۇل، پاي چېكى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىشتىن ئېرىشكەن مال - مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىم 27 يۈەنگە يېتىپ، %87.61 ئاشقان.

3) تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش داۋاملىق زورايغان. ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىدا ئىش ھەققى خاراكتېرىدىكى كىرىمنىڭ نىسبىتى 1992 - يىلدىكى %78.8 تىن %73.13 كە چۈشكەن، غەيرىي ئىش ھەققى خاراكتېرىدىكى كىرىمنىڭ نىسبىتى 1992 - يىلدىكى %21.2 تىن %26.87 كە ئۆرلىگەن. بۇ، ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە كىرىمى تۈزۈلمىسىدە كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىش ھەققى كىرىمى ئىچىدە مۇكاپات، قوشۇمچە ھەق ۋە ھەر خىل ئىقتىسادىي ياردەملەرنىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ كۆپىيىش دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىش ھەققى ئومۇمىي كەۋدىسىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى %76.36 كە يەتكەن. غەيرىي ئىش ھەققى خاراكتېرلىك كىرىم ئىچىدە غەيرىي ئەمگەك كىرىمىنىڭ نىسبىتى يۇقىرى ئۆرلىگەن. دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن. فوند بازىرى جانلانغاچقا، بىر قىسىم ئاھالىلار ئېرىشكەن پۇل مۇئامىلە بايلىق كىرىمى كۆپەيگەنلىكتىن، غەيرىي ئەمگەك خاراكتېرىدىكى كىرىمى 414.68 يۈەنگە يېتىپ، %57.61 ئاشقان، ئۇنىڭ نىسبىتمۇ %61.06 تىن %64.44 كە كۆپەيگەن.

4) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنى سېلىشتۇرغاندىكى پەرق بارغانسېرى زورايغان. 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2337 يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2229.13 يۈەن بولغان، بۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىكىدىن 107.87 يۈەن ئاز بولۇپ، %4.62 تۆۋەنلىگەن.

5) ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى كۆپەيگەندىن كېيىن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە بانكىغا ئامانەت قويۇش سوممىسى 159.58 يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %49.10 تۆۋەنلىگەن؛ باھالىق فوندلارنى سېتىۋېلىش سوممىسى 82.79 يۈەنگە يېتىپ، 5.2 ھەسسە كۆپەيگەن. بانكىغا ئامانەت قويۇشنى ئېشىنچە سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان

ئاساسىي يولى قىلىشتەك ئەندىزە بۇزۇپ تاشلانغان. 1993 - يىلى ئاھالىلەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پۇل مۇئامىلىسىگە سالغان مەبلىغى 300.28 يۈەن بولۇپ، تۇنجى قېتىم بانكىدىكى ئامانەت سوممىسىنىڭ ئازىيىش ھالىتى يۈز بەرگەن.

ۋاڭ پىڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالدىكى ئالاھىدىلىكلىرى

ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت ئالتە شەھەردىكى 540 ئائىلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال چىقىمىدا ئومۇمىي تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى بىلەن مۇناسىپ ھالدا بىر قەدەر يۇقىرى ئۆسۈش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىنغان. ھەربىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىم 1821.84 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 22.48% ئاشقان، مال باھاسى ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 7.82% ئاشقان، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال پىشىپ يېتىلىش بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش سۈپىتىدە يېڭى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئىستېمال ھەرىكىتى كۈنسېرى ھالەت بارلىققا كەلگەن:

1) ئىستېمال چىقىمى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشقان. 1993 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يېمەك - ئىچمەككە ئىشلەتكەن چىقىمى 922.38 يۈەن بولۇپ، 24.97% ئاشقان؛ كىيىم - كېچەك چىقىمى 311.76 يۈەن بولۇپ، 26.1% ئاشقان؛ ئۆي جابدۇقلىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 150.67 يۈەن بولۇپ، 15.94% ئاشقان؛ قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش چىقىمى 60.36 يۈەن بولۇپ، 32.37% ئاشقان؛ كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ مۇلازىمىتى چىقىمى 149.28 يۈەن بولغان؛ ئولتۇراق ئۆي خىراجىتى 78.34 يۈەن بولۇپ، 7.2% ئاشقان؛ داۋالىنىش - ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى 52.88 يۈەن بولۇپ، 29.42% ئاشقان.

2) يېمەك - ئىچمەكتە ئوزۇقلۇق قىممىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئاھالىلەرنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىدا يەنىلا ئۆسۈملۈك خاراكتېرىدىكى يېمەكلىكلەر ئاساس قىلىنىپ، ھايۋانات خاراكتېرىدىكى يېمەكلىكلەر كۆپەيگەن. كىشى بېشىغا يىلىغا توغرا كېلىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن كۆپەيگەن تۈرلەر مۇنۇلار: يېڭى كۆكتات 104.58 كىلوگرام، ئۆسۈملۈك يېغى 9.94 كىلوگرام، گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر 23.09 كىلوگرام، ئۆي قۇشلىرى 4.06 كىلوگرام، يېڭى تۇخۇم 5.52 كىلوگرام، بېلىق 3.74 كىلوگرام، پاپىرۇس 18.03 قاپ. 1992 - يىلدىكىدىگە قارىغاندا ئىستېمال مىقدارى كېمىيىپ كەتكەن ئاساسلىق يېمەكلىكلەر: ئاشلىق 100.18 كىلوگرام، شېكەر 192 كىلوگرام، ھاراق 3.95 كىلوگرام، قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋە - چېۋە 41.07 كىلوگرام، يېڭى سۈت 15.79 كىلوگرام.

3) كىيىم - كېچەك ئىستېمالىدا سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، شەخسىي خاراكتېر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تەييار كىيىملەرنى سېتىۋېلىش نىسبىتى 51.24% كە يەتكەن، ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن سېتىۋېلىنغان تەييار كىيىم 4.71 قۇرغا، كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى ئىچىدە خىمىيۋى تالالىق رەخت 1.71 مېترغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن كۆپەيگەن.

4) ئولتۇراق ئۆيگە مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغان ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىش ۋە ئۆي سېلىشقا ئىشلەتكەن چىقىمى 94 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 27.07 ھەسسە ئاشقان.

5) ھەر 100 ئائىلە ئىلكىدىكى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى داۋاملىق كۆپەيگەن. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارغا ئىگە بولۇش مىقدارى مۇنداق بولغان: رەڭلىك تېلېۋىزور 77.41، رەڭسىز تېلېۋىزور 31.11، توڭلاتقۇ 58.89، سىنئالغۇ - سىنقويغۇ 14.81، توك - گاز مۇنچا 29.44، بۇس سۈمۈرگۈچ 27.96، چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ 14.63، يۇرۇشتۇرۇلگەن ئۆي جابدۇقلىرى 28.52، سافا كارىۋات 54.07، سافا 379.07، شامالدۇرغۇچ 39.63، توكلۇق ئاشخانا سايمانلىرى 67.04، كىرئالغۇ 87.22، بۇلار 1992 - يىلدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيگەن.

6) ئاھالىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن بېرىلگەن ئەمەلىي نەرسىلەردىن ئېرىشكەن كىرىمى كىشى بېشىغا 124.06 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.18% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك 81.86% نى ئىگىلىگەن. گۈرۈچ، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك يېغى، تۇخۇم، قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋە - چېۋە، كۆكتات، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېشىش بولغان.

7) كۈتۈش سوۋغا - سالاملارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چىقىمى 144.84 يۈەن، ئائىلە بېشىغا توغرا كەلگەن چىقىمى 525.77 يۈەن بولغان. كىرىمى ئەڭ تۆۋەن ھەربىر ئائىلىنىڭ مۇشۇ تۈردىكى چىقىمى 5.37% نى ئىگىلىگەن.

ۋاڭ پىڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي

ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئالتە شەھەردىكى 540 ئائىلىلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 11.82 كۋادرات مېترغا يېتىپ، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.03 كۋادرات مېتىر كۆپەيگەن. ئاشخانا، زال، تازىلىق ئۆيى، بالكون قاتارلىق ئولتۇراق ئۆي قوشۇمچە مۇئەسسەسەلىرىنىڭ كۆلىمى 3.29 كۋادرات مېتىر بولغان. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

1) جاپا بىلەن راھەتتىكى تەكشىسىزلىك ھالىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. ئولتۇراق ئۆي كۆلىمىگە ئاساسەن گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغاندا، كىشى بېشىغا تۆت كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن بولغان ئائىلىلەر %7.0 نى، تۆت كۋادرات مېتىردىن ئالتە كۋادرات مېترغىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلەر %8.7 نى، ئالتە كۋادرات مېتىردىن سەككىز كۋادرات مېترغىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەر %93.15 نى، سەككىز كۋادرات مېتىردىن ئون كۋادرات مېترغىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەر%8.19نى، ئون كۋادرات مېتىردىن 12 كۋادرات مېترغىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەر %85.11 نى، 12 كۋادرات مېتىردىن 14 كۋادرات مېترغىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەر %79.12 نى، 14 كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەر %12.31 نى ئىگىلىگەن. %57.75 ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى سەككىز كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، 1990 - يىلدىكىدىن %28.18 ئاشقان. كىشى بېشىغا تۆت كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى توغرا كېلىدىغان قىيىنچىلىقتىكى ئائىلىلەر %7.65 ئازايغان.

2) تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلەردە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىش ئۇنۇمى %07.94 بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇبا سۈيىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىۋاتقان ئائىلىلەر %3.86 نى، تۇرۇبا سۈيىنى ئورتاق ئىشلىتىۋاتقان ئائىلىلەر %77.7 نى ئىگىلىگەن. پار ئىشلەتكەن ئائىلە %41.62، ئوچاق ئىشلەتكەن ئائىلە %59.37 بولغان، ئاشخانا ئۆيىدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىش نىسبىتى %48.86 بولغان، بۇنىڭدىن باشقا ئائىلەر ئاشخانا ئۆيلىرىدىن ئارىلاش ياكى ئورتاق پايدىلانغان. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %63.64 بولغان، بۇنىڭدىن باشقا ئائىلىلەر تۇرالغۇ ئۆيلەردە يەنىلا كۆمۈر ۋە باشقىلارنى ئىشلەتكەن. سۇ ئىشلىتىلىدىغان تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى بار ئاھالىلەر %12.63 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنچا، ھاجەتخانىلارنىڭ سىلىشتۇرما نىسبىتى %81.34 بولغان، بۇنىڭدىن باشقىلىرى سۇ بىلەن چايقىلىدىغان تەرەت قاچىسى بولغان تازىلىق ئۈسكۈنىلىرى.

3) تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە سېكسىيە ياكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش نۇسخىسى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ 58.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر خانىلىق ئۆي %59.2 نى، ئىككى خانىلىق ئۆي %26.24 نى، ئۈچ خانىلىق ئۆي %26.29 نى، تۆت خانىلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلىرى %41.2 نى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرىچە ھەربىر ئېغىز ئولتۇراق ئۆيگە 1.27 ئادەم توغرا كەلگەن.

ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدە تۇرىۋاتقان ئائىلە %22.87، ئۆزىنىڭ ئۆيى بار ئائىلە %57.11، شەخسلەرنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىۋاتقان ئائىلە %11.1 بولغان. ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدە ئولتۇرىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇرالغۇ ئۆيلەردە %19.12 ئائىلە تېلېفون ئىشلىتىشكە باشلىغان.

ۋالى پەلك

## شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تاماكا ئىستېمال قىلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 4000 ئائىلىلىك شەھەر - يېزا ئاھالىسى ئىچىدىكى 15 ياشتىن يۇقىرى 11 مىڭ 700 كىشىنىڭ تاماكا ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە تاماكا چېكىدىغانلار %25 نى ئىگىلىگەن. %7.47 ئەرلەر، %8.1 ئاياللار تاماكا چەككۈچىلەر بولۇپ چىققان. تاماكا چەككۈچىلەر ئىچىدە 15 ياشتىن ئىلگىرى تاماكا چېكىشنى باشلىغانلار شەھەر - بازارلاردا %9.7، يېزىلاردا %1.11 بولغان؛ 16 - 18 ياشتىن باشلاپ تاماكا چەككەنلەر شەھەر - بازارلاردا %7.28، يېزىلاردا %7.36 بولغان. تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تاماكا چېكىش مىقدارى كۈنىگە 11.6 تالدىن توغرا كەلگەن.

تاماكا چېكىدىغانلار ئىچىدە پاپىرۇس چېكىدىغانلار %9.52 بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىلىرى موخوركا ۋە باشقىلارنى چەككەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ 85 پىرسەنتى پاپىرۇس چەككەن؛ يېزىلاردىكى تاماكا چېكىدىغانلار ئىچىدە 21.6 پىرسەنتى پاپىرۇس چەككەن. پاپىرۇس چەككۈچىلەر ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكىلەردىن %9.83 كىشى سۈزگۈچلۈك پاپىرۇس چەككەن، يېزىلاردىكىلەردىن %39 كىشى سۈزگۈچلۈك پاپىرۇس چەككەن.

شەھەر - بازارلارنىڭ ئىستېمال دەرىجىسى يېزىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان، سېتىۋېلىنغان پاپىرۇسنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 0.5 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىنىڭ شەھەر-بازارلاردىكى نىسبىتى 1.5%، يېزىدىكىسى 10.4%؛ باھاسى 0.5 يۈەندىن بىر يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى نىسبىتى 19.9%، يېزىدىكىسى 56.2%؛ باھاسى بىر يۈەندىن ئىككى يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى نىسبىتى 61.4%، يېزىلاردىكىسى 32.1%؛ باھاسى ئىككى يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى نىسبىتى 17.2%، يېزىدىكىسى 1.3% بولغان.

ئىستېمالنىڭ كېلىش مەنبەسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ماگىزىنلار بولغان. بىراق يېزىلاردا يەككە ياىمچىلاردىن سېتىۋېلىش نىسبىتى شەھەر - بازارلارنىكىدىن يۇقىرى بولۇپ، 46.2% كە يەتكەن. «قىزىل قار لەيلىسى»، «بۇغدا كۆلى»، «ئالتۇن مايمۇن» ماركىلىق ئۈچ خىل پاپىرۇسنىڭ چېكىلىشى ئەڭ دائىملىق بولغان.

ۋاڭ پىڭ

**جۇڭگو بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شىنجاڭ رايونىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى**

ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگو بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شىنجاڭ رايونىدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى 1993 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ئاياغلاشتى (ئىش ئورنىدا تەكشۈرۈش 1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلدى)، ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

1) پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت دۆلەت سىياستى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئون شەھەر، 28 ناھىيە بازىرىدىكى 15 مىڭ 549 ئائىلە (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازاردىكىلەر 32.11% نى، يېزىدىكىلەر 67.89% نى ئىگىلەيدۇ) دىكى 69 مىڭ 636 بالا ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. نۆل ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 34.55 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، «ئۈچىنچى ئومۇملاشتۇرۇش» بىلەن ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا، 5.01 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىگەن، نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ نىسبىتى 11.84% بولۇپ، 0.06 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىگەن. ئائىلە بېشىغا توغرا كەلگەن نوپۇس 4.5 ئادەم، ئائىلە بېشىغا توغرا كەلگەن نۆل ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلار 1.6 بولغان. ئۈچ نوپۇسلۇق ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى كۆپىيىپ 20.67% كە يەتكەن، جىنس ئايرىمىسى نىسبىتى 100: 106 بولۇپ، نورمال دائىرىدە بولغان.

2) بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى كۈنسايىن ياخشىلانغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا 94.82% بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلەي بېقىشىدا ئىكەنلىكى، قالغانلىرى بىر تەرەپنىڭ ياكى ئۆگەي تەرەپنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بالىلارنىڭ ئانىلىرى ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلار 3.8% نى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بارلار 28.47% نى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش تارىخى بارلار 46.61% نى، خەت تونۇمايدىغانلار 21.03% نى ئىگىلىگەن. بۇلارنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئانىلارنىڭ كەسپىي تەربىيە كۆرۈش نىسبىتى يۇقىرى، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى تۆۋەن بولغان. ئانىلارنىڭ 89.12 پىرسەنتى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار بولۇپ، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىدىن ئىبارەت. شەھەر - بازارلاردا ئاياللار يېزىلاردىكى بىلىملىك ئاياللاردىن كۆپ، يېزىلاردا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ نىسبىتى شەھەر - بازارلاردىكىدىن كۆپ. يىللىغا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1000 يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلىلەر 41.03% نى، 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغانلىرى 33.83% نى، 500 يۈەندىن تۆۋەنلىرى 25.14% نى ئىگىلىگەن. 14.94% ئائىلە بىنا ئۆيدە ئولتۇرغان بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 11.5 كۋادرات مېتىر بولغان؛ 84.88% ئائىلە ئادەتتىكى ئۆيلەردە ئولتۇرغان بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.5 كۋادرات مېتىر بولغان؛ 0.18% ئائىلە باشقا جايلاردا ئولتۇرۇۋاتقان بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 21.3 كۋادرات مېتىر بولغان. 18.46% ئائىلىدە سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىلگەن، 33.37% ئائىلىدە كۆمۈر ئىشلىتىلگەن. سۇ ئىچىش ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، 58.35% ئائىلە تۇرۇبا سۈيى، چوڭقۇر قۇدۇق سۈيى ئىچىدىغان بولغان، تېيىز قۇدۇق سۈيى، دەريا سۈيى ۋە كۆلچەك سۈيى ئىچىدىغانلارنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىش مەنبەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلى يىراقلاشقا.

3) مائارىپ ئەھۋالى. ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى مائارىپنى قوبۇل قىلىشى شەھەرلەردە 57.62%، يېزىلاردا 29.28% بولغان. 1991 — 1992 - ئوقۇش يىلىدا يەتتە ياشتىن 11 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتى 84.3%، 12 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش

نىسبىتى 87.4% بولغان. قىز - ئوغۇللارنىڭ مەكتەپتىكى نىسبىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغان، ھەر قىسىم ياشتىكى قىزلارنىڭ نىسبىتى ئوغۇللارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان، مانا بۇ باشقا ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك. يېزىلاردا باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى شەھەر - بازارلاردىكىدىن تۆۋەن بولغان.

4) باللارنىڭ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ دوختۇرخانىدا تۇغۇلغىنى 24.65% نى، ئۆيدە تۇغۇلغىنى 74.55% نى، باشقا جايلاردا تۇغۇلغىنى 0.8% نى ئىگىلىگەن. دوختۇر ياكى تەربىيىلەنگەن خادىملارنىڭ تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 90.6% كە يەتكەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېنىقلىنىشىچە نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان باللارنىڭ 12 ئاي ئىچىدە ئەملىنىشىنى تاماملاش ئەھۋالى مۇنداق: كالمېت - گېرىن ۋاكسىنىسى 56.6%، باللار پارالىچىغا قارشى شېكەر ياللىتىلغان كۇمۇلاچ 70.97%، كۆك يۆتەل، بوغما كېسەل ۋە قاتما كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈچ خىل ئوكۇل 68.3%، قىزىل ۋاكسىنىسى 67.59%. بۇلارنى مەملىكەت بويىچە رەتكە تۇرغۇزغاندا كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېنىقلىنىشىچە تۇغۇلۇپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە باللاردىن نەپەس يولى جىددىي يۇقۇملىنىدىغانلار 10.51% نى، ئىچى سۈرۈپ كەتكەنلەر 9.45% نى ئىگىلىگەن، داۋالىتىپ ساقايتىش ئۈنۈمى ئاران 24.01% بولغان.

5) باللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە يېتىلىش ئەھۋالى. نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان باللار ئىچىدە تۆت ئايلىق بولغىچە ئانا سۈتىنى ئېمىش نىسبىتى 97.3% بولغان، ئانا سۈتىنى ئەمگۈزمەي بېقىش نىسبىتى شەھەرلەردە يېزىلاردىكىدىن يۇقىرى بولغان. تۆت ئايلىقتىن ئالتە ئايلىققىچە بولغان باللاردا يېمەكلىك قوشۇپ بېرىش تەرتىپى مۇنداق بولغان: كراخمال 31.63%، مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتات (شەربەت، بولماق) تۈرىدىكىلەر 26.19%، سۈت مەھسۇلاتلىرى 24.19%، گۆش، تۇخۇم قاتارلىق يۇقىرى ئاقسىللىق ئوزۇقلۇقلار 17.99%. مەلۇماتى يۇقىرىراق بولغان ئانىلار يېمەكلىكلەرنى بالدۇرراق قوشۇمچە بەرگەن. ئائىلە كىرىمى سەۋىيىسى يۇقىرى، يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشى ئاسانغا توختايدىغان ئائىلىلەر قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بالدۇرراق قوشۇمچە بەرگەن.

كۆپ قىسىم باللارنىڭ تۇغۇلغاندىكى بويىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ۋە بەدەن ئېغىرلىقى ياخشىلار دائىرىسىدە بولغان. ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان باللارنىڭ يېشى بويىچە بويىنىڭ ئېگىزلىك ئۆلچىمى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلەر ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن باللار ئومۇمىي سانىنىڭ 57.32 پىرسەنتىنى، يېشى بويىچە بەدەن ئېغىرلىقى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەن باللار ئومۇمىي سانىنىڭ 74.26 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى ئوغۇللارنىڭكىدىن ياخشى بولغان، شەھەر - بازارلاردىكى باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى يېزىلاردىكىدىن ياخشى بولغان.

ۋاڭ پىڭ

# كادىرلار ئىشى

**كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا بېكىتمە» چىقىرىپ، يەتتە جەھەتتىكى 23 تۈرلۈك كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى.

1) ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش جەھەتتە.

(1) ئىدارە - ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققىنى تەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ. يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى، توختاملىق ئىشچىلار، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار شاگىرتلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن رەسمىيلەشتۈرۈپ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى بېكىتىش، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېكىتىش ۋە مەمۇرىي، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن شۇ ۋەزىپىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش لايىھىسى قاتارلىقلارنى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭكىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن باشقا، قالغانلارنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(2) ھەممە پۇلى يۇقىرىدىن بېرىلىدىغان بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەقسىم قىلىشتىكى بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۆزى

باشقۇرۇش ھوقۇقى شۇ ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ، كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولغان ۋە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن باشقا، ئىش ھەققىنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقىنى شۇ ئورۇنلار ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار يەنە كارخانىلاردىكى ئۇسۇل - چارىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدىكى تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى جانلاندۇرىسىمۇ بولىدۇ.

2) ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى جەھەتتە.

(1) ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە سالاھىيىتىنى باھالاش ھەيئىتى قۇرۇش شەرتىنى تەييارلىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا، ئەستىقلىتىش ئارقىلىق، مۇناسىپ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە سالاھىيىتىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتىنى قۇرۇشقا بولىدۇ.

(2) كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ.

(3) كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - تىگىنىك باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزلىرى ياخشىلارنى تاللاپ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى شۇ كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۈنۈمى بار بولغان كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى تەيىن قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

(4) كارخانىلاشتۇرۇلغان باشقۇرۇش ۋە كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار كارخانىلارنىڭ چارىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆزلىرى تەيىن قىلىشقا ۋە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ، بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار بەلگىلەنگەن قۇرۇلما نىسبىتىگە ئاساسەن، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە ئىش ئورۇنلىرىنى ئۆزلىرى تەيىن قىلىشقا بولىدۇ.

(5) پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى دەسلەپتىكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشتا كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ.

(6) دەرىجە ئاتلىتىپ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاپ تەكلىپ قىلىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى كۆرسىتىشتە، بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئاساسەن، ھەرقايسى سىستېما (كەسىپ) لاردىكى كادىرلار ئىشلىرى (ئۇنۋان ئىسلاھاتى) تارماقلىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن، تەرتىپ بويىچە ئالىي دەرىجىلىك باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىگە يوللاشقا بولىدۇ.

3) كادىرلارنى يۆتكەش خىزمىتى جەھەتتە.

(1) كارخانىلار كادىرلارنى يۆتكەپ كەلگەندە، يۆتكەلگەن كادىرنىڭ نوپۇس، ئائىلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەشكە چېتىلىشلىقى بولمىسا، ھەممىنى كارخانا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

(2) كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولۇپ كارخانىلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار كادىرلارنى يۆتكەپ كەلگەندە، يۆتكەش رەسمىيىتىنى كارخانىلارنىڭ كادىرلارنى يۆتكەپ كېلىش ئۇسۇلى بويىچە بېجىرسە بولىدۇ.

(3) بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار كادىرلارنى يۆتكەپ كەلگەندە، يۆتكەلگەن كادىرنىڭ نوپۇس، ئائىلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش شتاتتىن ئېشىپ كېتىشكە بېرىپ چېتىلمىسا، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارە ياكى كەسپىي ئورۇنلار ئۆزلىرى يۆتكەپ كېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

(4) ھەممە پۇلنى يۇقىرىدىن بېرىدىغان كەسپىي ئورۇنلار كادىرلارنى يۆتكەپ كەلگەندە، يەنىلا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن رەسمىيەت بېجىرىدۇ.

(5) مەمۇرىي ئورگانلار ئۆز ئارا كادىرلارنى يۆتكىگەندە، ئۇلارنىڭ نوپۇس، ئائىلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەشكە بېرىپ چېتىلمىسا، ھەرقايسى مەمۇرىي ئورگانلار شتات ئىچىدە ئۆزلىرى رەسمىيەت بېجىرسە بولىدۇ.

(6) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئېھتىياجى ئۈچۈن كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئالماشتۇرۇشنى ھەل قىلىش توغرا كەلگەندە، بىۋاسىتە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىگە يوللاپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن «يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئالماشتۇرۇش پىلانى» ئىچىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە بولىدۇ.

4) كادىرلار ئىشلىرى پىلانى جەھەتتە.

(1) 1993 - يىلدىن باشلاپ كارخانىلارغا بۇندىن كېيىن كادىرلار سانى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلمەيدىغان بولدى. كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى كارخانىلار ئۆزلىرى ئىختىسasلىقلار بازىرىدىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ، ئۇلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش توختامى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. كارخانىلار ئىشچىلارنى كادىرلىققا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشتە بۇنىڭدىن كېيىن پىلانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويمىسىمۇ

بولىدۇ.

(2) ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى مۇددىتىگە ئېلىشنى يولغا قويغان ياكى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئۆزگىرىپ باغلىغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلار ئۈنىڭدىن كېيىن ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما پىلانىنى تەستىقلاتماي، كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى تەستىقلىغان لايىھىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساسىي سانى بىلەن تەڭشەش سانىنى يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سومما پىلانى قىلسا بولىدۇ.

(3) ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ياخشىلىنىدۇ، ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىنى ھەر ئايدا تەستىقلاش، ھەرپەسىلدە تەستىقلاش يېرىم يىللىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا ئۆزگەرتىلىدۇ.

5) كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش جەھەتتە.

(1) كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ. ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇلى ئېلىشنى يولغا قويغان نازارەت دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەمۇرىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خادىملار قۇرۇلمىسى نىسبىتىنىڭ چېكى ئىچىدە ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ يۇقىرىغا يوللىمىسىمۇ بولىدۇ. دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىغا يوللاش كېرەك. كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولغان ۋە كارخانىلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى مەمۇرىي ۋەزىپىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(2) قىسمەن ئورگانلارنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ باشقارما دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان رەھبەرلىك ۋە غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشنى ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خادىملار قۇرۇلمىسى نىسبىتى دائىرىسىدە ئۆزى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ يۇقىرىغا يوللىمىسىمۇ بولىدۇ. دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىغا يوللاش كېرەك.

6) ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى باشقۇرۇش جەھەتتە.

(1) ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىش يېشىنى ئۇزارتىشنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەر دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن شەرتلەرگە ئاساسەن ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى مۇتەخەسسىسلەر باشقارمىسىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

(2) ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالىنىش ئىشلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىگە يوللىماي، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش كومىتېتى بىۋاستە بېجىرىدۇ.

7) ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە.

(1) ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش پىلانىنى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تارماقلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپلەر بىرلىكتە تۈزۈپ چۈشۈرىدۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پىلانىنى ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارىلەر بىلەن مەكتەپلەر بىرلىكتە تۈزۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ چۈشۈرۈشىگە يوللايدۇ.

(2) ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇلارنىڭ قولىدىكى تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسىغا ئاساسەن، بىۋاستە بېجىرىشكە بولىدۇ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسىغا ئاساسەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى بىۋاستە بېجىرسە بولىدۇ.

خەن چىباڭ

## كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەڭشەش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلارنى تەڭشەش تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىگە 12 مىڭ 885

نەپەر ھەر تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا كادىرى ۋە باشقۇرۇش خادىمىنى ئەۋەتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگىنى 359، چەت، جاپالىق رايونلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگىنى 944، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن 258 كادىرنى باشقا كەسىپكە يۆتكىدى، ئىككى جايدا ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان 2765 ئەر ـ خوتۇننىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار، يېنىدا پەرزەنتى يوق 1953 كادىرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشتە ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئىشلەندى.

1) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئورگانلاردىكى خادىملارنى مۇۋاپىق يۆتكەش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، خادىملارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، خادىملارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش خىزمىتىنىڭ يولى ئۆستىدە ئىزدىنىلدى.

1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ يۆتكىلىپ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا دائىر سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» تۈزۈپ چىقىلدى. سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان بۇ چارىدە مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: (1) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار (خەلق تەشكىلاتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار قۇرغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەر تىجارەت ئېلىپ بېرىشتا، ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىشتە، باشقۇرۇشتا ۋە تەقسىم قىلىشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛ (2) ئورگانلاردىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار قۇرغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەر سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش، باج تاپشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ (3) ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەرگە بارغان ئەسلىدىكى ئورگان خادىملىرىنىڭ ئۈچ يىلغىچە ئەسلىدىكى سالاھىيىتى، ۋەزىپە دەرىجىسى، ئىش ھەققى قاتارلىق تەمىناتلىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىدۇ، تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە ئەسلى ئورگاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ (4) ئورگان خىزمەتچى خادىملىرى ئىچىدە ئەر كادىرلار 55 ياشتا، ئايال كادىرلار 50 ياشتا، ئەر ئىشچىلار 50 ياشتا، ئايال ئىشچىلار 45 ياشتا بولسا ياكى كادىر، ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ستاژى جەمئىي ئەرلەرنىڭ 30 يىلغا، ئاياللارنىڭ 25 يىلغا توشقان بولسا مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىشقا بولىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، خالىمۇ خىل تىجارەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلىدۇ؛ (5) ئەر كادىرلار 57 ياشقا، ئايال كادىرلار 52 ياشقا توشقان بولسا تەشكىلنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق مۇددىتى توشماي پېنسىيىگە چىقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلسا بولىدۇ، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى تەمىناتلىرى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، بەلگىلەنگەن پېنسىيىگە چىقىش يېشىغا توشقاندا يەنە رەسمىي پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرسە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان چارە چۈشۈرۈلۈپ يىل ئاخىرىغىچە پەقەت ئاپتونوم رايونلۇق 73 نازارەت ـ ئىدارىدىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار قۇرغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە 180 گە، ئايرىلىپ چىققان ئورگان خادىمى 538 گە يەتكەن.

2) مەملىكەت بويىچە ئىختىساسلىقلار تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار تارماقلىرىدىن ئۆمەك تەشكىللىنىپ 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىختىساسلىقلار تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 70 كە يېقىن كىشى بەش نۇقتىدا ئورۇن تەسىس قىلىپ ئالماشتۇرۇش ۋە كېڭەشكە قاتناشتى. ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ماتېرىيال، ئۇچۇر، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىلدى، 7000 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق كېڭەشكۈچىلەر كۈتۈۋېلىندى، ئىمزاغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلغۇچى 499 كىشى بىلەن مۇددەتنامە كېلىشىمى تۈزۈلدى، ئون ئادەمگە ئىش ئورنىدىلا پۈتۈشۈپ يۆتكەش ئالاقىسى تارقىتىلدى، يىغىندىن كېيىن تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە 59 ئادەمنى قوبۇل قىلىش دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتى؛ تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە كېڭەشكەن تۈردە 48 تۈرلۈك مۇددەتنامە ئىمزالاندى، يىغىندىن كېيىن 18 ھەمكارلىق تۈرى رەسمىي ئىمزالاندى.

3) خوتەن ۋىلايىتىگە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى تاللاپ يۆتكەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خوتەن ۋىلايىتىدە كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى كەمچىل بولۇش، تولۇقلاش قىيىن بولۇشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

تەلىپىگە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن ھەر تۈركۈم كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنى خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەت قىلىشقا تاللاپ يۆتكەش توغرىسىدا بىكىتمە» چىقاردى. 9 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى مەخسۇس تاللاپ يۆتكەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان خادىملارنى ئەۋەتىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە جەمئىي 115 نەپەر كەسپىي تېخنىكا كادىرنى تاللاپ يۆتكىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى كىبەللىكلەر دوختۇرى 47، ئوقۇتقۇچى 68، ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكەلگەن ۋە كۆچۈپ بارغانلار 191. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تاللاپ يۆتكەلگەن كادىرلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكەلگەن خادىملار ھەممىسى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ بولدى.

4) چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە ئىلمىي تەتقىقات - ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە مۇلازىمەت قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك كادىرلارنى تەقسىم قىلىش تارماقلىرى زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە ئىلمىي تەتقىقات - ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىختىساسلىقلارغا قارىتا ئېھتىياج ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى قوش لىنىيىلىك قىلىش قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى، باش زاۋۇتى، تېچاڭگۇ كۆمۈر كېنى، ئېۋىرغول كۆمۈر كېنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى تۈرمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئارتۇق - كەم بولۇش توغرىسىدىكى ئۈچۈرلارنى ئىگىلىدى، يۆتكىلىپ كەلگەن خادىملارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى ئۇلارنى ئىزدەپ سۆزلىشىپ ئىگىلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ۋە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارغا سىرتتىن يۆتكىلىپ كەلگەن ھەرخىل كادىر 359 نەپەر بولغان.

5) شىزاڭغا ياردەم بېرىپ شىنجاڭغا قايتقان كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى، باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىلىدىغان دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ بىللە يۆتكىلىدىغان پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىزاڭغا ياردەم بېرىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن كادىرلاردىن ئىككى نەپىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ بىللە يۆتكىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پەرزەنتلىرىدىن 20 نەپىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ما چىن

## كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، ئورگانلارنى تىزگىنلەش، كەسپىي ئورۇنلارنى مۇۋاپىق كۆچەيتىش پرىنسىپى بويىچە قانات يايدۇرۇلدى

1) چەت، جاپالىق رايونلارغا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، كادىرلار پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاساسىي قاتلاملارغا قارىتىلدى. كادىرلار تارماقلىرى چەت رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام يېزا (بازار) لاردا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق شۇ جايدىكى بىلىم ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان خادىملارنى تاللاپ، نىشانلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى، كۇرسانتلار ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن بىلەن مۇلازىمەت قىلىش مۇددىتىنى توختامىنى تۈزدى، كۇرسانتلارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلىرى ئىش ئورنىدا خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كادىرلارنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش رەسمىيىتىنى كادىرلار تارماقلىرى بېجىرىپ بەردى.

2) بۇرۇنقىدەك كادىرلار پىلانىنى تارقاق ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى. 1993 - يىلى يېزا - كەنتلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنى دۆلەت شتاتىغا ئۆزگەرتىش مەخسۇس تۈرى ئۈچۈن 3100 نەپەر كادىرنى كۆپەيتىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى، يېزا (بازار) لارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدىكى كەسپىي كادىرلار مەخسۇس تۈرى ئۈچۈن 450 نەپەر كادىرنى كۆپەيتىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى ھەل قىلىش جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

3) 1993 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت كارخانىلارغا كادىرلار پىلانى چۈشۈرمەيدىغان بولدى. كارخانىلارغا ئېھتىياجلىق بولغان باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كارخانىلار ئۆزى بەلگىلىدى. ئەگەر كارخانىلار باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملارنى تولۇقلاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلسا، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار تارماقلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاشقا ياردەم بەردى، كادىرلار شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلەرنى كادىرلار پىلانى تارماقلىرى باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش)

رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى.

4) 1993 - يىلى خەلق ساقچىلىرىغا قوبۇل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ئېتىقى خەلق ساقچىلىقىغا قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىلىرى دۆلەت تارقاتقان (1992) 49 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن ساقچىلىق ئۇنۋانىغا باھالاپ بېكىتىش دائىرىسى ئىچىدىكى، 1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 30-كۈنىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنىپ، خەلق ساقچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شتات ئىچىدىكى ئىشچى سالاھىيىتىگە ئىگە خادىملاردىن ئىبارەت بولدى. كادىرلار نازارىتى بىلەن ئالاقىدار تارماقلار 2540 نەپەر خىزمەت ئورنىدىكى خادىمدىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالدى ۋە ئۇلارنى باھالىدى، 2190 نەپەر خادىم خەلق ساقچىلىق خىزمىتىگە قوبۇل قىلىندى.

ۋېن شۆ

ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 22 مىڭ 765 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 9000، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 13 مىڭ، ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 65، پىلان ئىچىدە قوبۇل قىلىنىپ ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇغان، تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرسلىرىنى ۋە ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 700.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئىككى يۆنىلىشلىك تاللاش»، «تەمسىلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجى بارلارنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش» بىلەن پىلانلىق تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتەك ئۆتكۈنچى شەكىل بولغا قويۇلدى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز 1993 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە «تەمسىلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجى بارلارنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش» يىغىنى ئۆتكۈزدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشۈپ، خىزمەت تاللىدى. ئۈچ كۈنلۈك يىغىن ئارقىلىق 1100 دىن ئارتۇق مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى، %90 مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنىڭ خىزمەت ئورنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتى. كونكرېت تەقسىملىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرگە 7448 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا 2398 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا 3358 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە 374 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا ئەمەلىي گەۋدىلىرىگە 62 ئوقۇغۇچى باردى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەرگە شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 8375 ئوقۇغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ پىلان ئىچىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇغان تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن ۋە پىلان ئىچىدە قوبۇل قىلىنىپ ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 702 ئوقۇغۇچى خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى.

گې خۇڭتاۋ

ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى

1) 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئورۇمچى 1993 - يىلى ياز پەسىللىك ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا 515 ئورۇن، 60 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. بېرىدىغان ۋە ئالىدىغان ئىككى تەرەپ 60 مىڭ 915 ئادەم (قېتىم) كېڭەشتى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش، ئارىيەت ئېلىپ يۆتكەش، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش بويىچە 1347 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە مۇددىئانامە ھاسىل قىلىندى، 649 ئادەم ئۈستىدە شۇ يەردىلا توختام ئىمزالاندى، يۆتكەش شەكلى ئارقىلىق تۇراقسىز ئىشلىتىدىغان ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىدىغان 537 ئادەم ئۈستىدە مۇددىئانامە ھاسىل قىلىندى؛ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 133 نەپەر (قېتىم) ئىختىساسلىق خادىمنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش ئۈستىدە مۇددىئانامە ھاسىل قىلىندى، 80 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە توختام ئىمزالاندى؛ شۇ يىلى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن 94 ئوقۇغۇچى ئۈستىدە خىزمەت تەلەپ قىلىش مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلىندى، ئۈچ ئوقۇغۇچى ئۈستىدە توختام ئىمزالاندى؛ خىزمەتكە قوبۇل قىلىش (مەكتەپ) پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار بۇنىڭ سىرتىدا) توغرىسىدا 2643 ئادەم (قېتىم) مۇددىئانامە ھاسىل قىلىندى، 1260 ئادەم ئۈستىدە توختام ئىمزالاندى؛ 588 ئادەمنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى شۇ جايدىلا بېجىرىلدى؛ 92 تۈر

ئۈستىدە مۇددىئانامە كېڭەشتى ئېلىپ بېرىلدى، 23 تۈر ئۈستىدە توختام ئىمزالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىغا جەمئىي 2346 ئىختىساسلىق خادىم خىزمەتكە قوبۇل قىلىپ (تەكلىپ قىلىپ) ئىشلىتىشكە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

2) يېزا - بازار كارخانىلىرىغا نۇقتىلىق هالدا مەدەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچ يىلدا 1000 يېزا-بازار كارخانىسىغا نۇقتىلىق هالدا مەدەت بېرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى بويىچە، 1993 - يىلى 500 كارخانىغا نۇقتىلىق هالدا مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايوندا 1000 يېزا - بازار كارخانىسىغا نۇقتىلىق هالدا مەدەت بېرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا رەهبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى؛ «1993 - يىلى 500 يېزا - بازار كارخانىسىغا نۇقتىلىق هالدا مەدەت بېرىش خىزمىتىنىڭ مۇهىم نۇقتىلىرى» تۈزۈپ تارقىتىلدى؛ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كادىرلار ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە كادىرلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈلدى؛ خىزمەت ئۆمەكلىرى تەشكىللىنىپ 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى نۇقتىلىق كارخانىلارغا ئەۋەتىلدى، ئۇلار شۇ جايدا 376 كارخانا تايانچىنىڭ كادىرلىق سالاهىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئەستىقلىدى؛ 1 - تۈركۈمدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ زاۋۇت باشلىقى (جىڭلىسى) دىن توققۇز نەپەر ئالىي ئىقتىسادشۇناس ۋە 17 ئىقتىسادشۇناسنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى تەكشۈرۈپ ئەستىقلاندى؛ 1 - تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 31 زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) نىڭ كادىرلىق سالاهىيىتى دەرىجە ئاتىلىپ ھەل قىلىندى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەش مۇھاكىمە كۇرسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 77 زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان زاۋۇت باشلىقى 41؛ 96 كۇرسانتى بار يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى كىنىشكىسى ئېلىش كۇرسى ئېچىلدى.

لى جياڭشىن

فەن ۋۇشېڭ

**كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپى خىزمىتى**

1993 - يىلى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز مائارىپ تۈزۈمى ۋە نىزام بەرپا قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، نۇقتىلىق هالدا چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا ئۈزلۈكسىز مائارىپ پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

بىرىنچىدىن، «ئۈزلۈكسىز مائارىپ بازىلىرىدا تەمىنات، پەن، سانائەت پەنلىرى، تىببىي پەن، يېزا ئىگىلىك، مالىيە ۋە ئىقتىساد تۈرلىرى بويىچە ئالىي تېخنىكوم مائارىپىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئارىسىدا ئىجادىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چەت ئەل تىلى مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە «〈ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپ بازىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى〉نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپىغا ماكرو جەھەتتىن كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلدى.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەر چوڭلار مائارىپ شۆبىلىرى ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىنىڭ هازىرقى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئاساسىدا، پىلانلىق، مەقسەتلىك، ۋە ئېتىبار بەرگەن هالدا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپى بازىلىرىدىن 73 ى تەكشۈرۈپ ئەستىقلاندى ۋە قۇرۇلدى.

ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، كوللېكتىپ ئەزا 64 كە، شەخسى ئەزا 132 گە يەتكۈزۈلدى.

تۆتىنچىدىن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايونغا «غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپى بويىچە ھەمكارلىشىش جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا» تېمىلىق تەشەببۇسنامە تارقىتىلدى، بۇ، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى لەنجۇ شەھىرىدە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپ بويىچە ھەمكارلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈزلۈكسىز مائارىپ بويىچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

بەشىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ئۈچۈن ئىككى قارار ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئىجادىيەت قابىلىيىتى تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش

ۋە ئىجادىي خاراكتېرلىك تىجارەت قىلىش بويىچە 100 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 35 مىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىمى ئىج'دىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى ھەمدە 12 ـ ئايدا ئىجادىيەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلار ئۆزلۈكسىز مائارىپ كىنىشكىسى ئېلىشقا تىزىملاندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي دەرىجىلىك مۇھاكىمە ئارقىلىق تەربىيىلىنىش كۇرسىدىن ئالتە قارار ئېچىلدى، 200 دىن ئارتۇق ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىمى مۇھاكىمىگە قاتناشتى ھەمدە ئىلمىي ماقالە يازدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك چەت ئەل تىلى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن چەت ئەل تىلى بويىچە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملار بايقالدى ۋە تەربىيىلەندى.

ئالتىنچىدىن، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە تەربىيىلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئۆزلۈكسىز مائارىپ ئىزىغا ۋە كارخانىلارنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەرخىل قاتلاملاردا ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كۇرسلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلار كارخانىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئىش ھەققى بىلەن ئۆز ئارا باغلاندى. 6000 دىن ئارتۇق تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىمى ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە بىر قاتار تەربىيىلەرگە قاتناشتى.

داڭ شىندي

## 326 كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن يەنە 326 كىشى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 658 مۇتەخەسسىس، ئالىم، تېخنىكا خادىمى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

326 كىشى ئىچىدە تەبىئىي پەن خادىمى 269، ئىجتىمائىي پەن خادىمى 57. ياش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا: 45 ياشتىن تۆۋەنلەر 20 بولۇپ، %6.13 نى ئىگىلەيدۇ؛ 45 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغانلار 257 بولۇپ، %78.84 نى ئىگىلەيدۇ؛ 60 ياشتىن يۇقىرىلار 49 بولۇپ، %15.03 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاياللار 30 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 9.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 57 بولۇپ، %17.48 نى ئىگىلەيدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 269 بولۇپ، %82.51 نى ئىگىلەيدۇ.

يۇلىڭ

## قوشۇمچە

**1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى:**

**تەبىئىي پەن بويىچە 100 يۈەنلىك دەرىجىسىدىكىلەر (60)**

باۋجىڭگۇاڭ، ساۋدېرۇڭ، چېن بوجېن، چېن جىڭبو، چېڭ بىڭجۇەن، چېڭ ژېنيۇن، چۇ سۇچىن، داۋلياڭزۇ، دىڭ جېڭرۇڭ، دۇشىڭگۇاڭ، دۇەن كۇيچېن، دۇەن چىسىي، فۇ زېجۇ، گوجۇڭ، گوگۇڭچى، گوجۇڭيىڭ، خەن جۇڭ، خوازېخۇي، خۇاڭ زەيشىڭ، لى خەنجۇڭ، لى يىسى، ليۇفاڭجېڭ، ليۇجيەنخۇا، ليۇلياڭيۇەن، ليۇچىڭخۇا، ليۇيىشېڭ، ليۇيۇتىڭ، ليۇجېنيۇ، لوجياشيۇڭ، مابېيسۇن، مېڭ جاۋجىن، نىزامىدىن غۇلام، چيەن سۇنىڭ، چاۋجۇن، رېن جىشېڭ، شى مىن، سۇن دىيەنجيا، تەن رېنچاڭ، تاڭ شۇ، تيەن شىڭچۇن، ۋاڭ دېشىن، ۋاڭ جېبىن، ۋاڭ زىكاڭ، ۋۇجىلى، شۇېڭچېن، شۇپېيشيەن، شۇچىڭيى، ياڭ فۇچاڭ، ياۋجىشيۇ، يې نەييۇەن، يۇمېيخۇي، يۇەن گېنچېڭ، يۇەن جىنشى، جاڭ كېجىن، جاڭ شۇشەن، جاڭ ژېيى، جاڭ يۈدۇڭ، جاۋخۇڭبىن، جۇپۇچۇەن، جۇشىڭنەن.

**تەبىئىي پەن بويىچە 100 يۈەن دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەنلەر (31)**

بايەنلىي، چېن جيەن، چېن يىن، گۇڭ چېڭرۇن، گوگۇ، خې زۇڭشياڭ، خۇزۇڭشيەن، خۇ زېيۇەن، شېي جىڭمىن، لى خۇچۇن، لى رېنجىڭ، لى ژېنجيەن، لى يۈەنچاۋ، ليۇجياجۇ، لى جىنكۇن، ليۇيۇخۇا، لۇيۇەنجېن، نيې جىڭشېڭ، چيەن دېفاڭ، سۇ گوپىڭ، ۋاڭ بوجاڭ، ۋاڭ جۇنتۇ، ۋۇجۇبىن، ياڭ لىشىڭ، ئېرشات مالىك، جاڭ گۇاڭ، جاڭ يۆمىڭ، جۇڭ يىفاڭ، جۇچېنياڭ، جۇيۇچاۋ، جۇشياڭمىن.

**تەبىئىي پەن بويىچە 50 يۈەنلىك دەرىجىسىدىكىلەر (178)**

ئابدۇراخمان، ئابدۇرېشىت زۇنۇن، ئابدۇۋەلى مامۇت، ئابدۇراخمان ۋەكىلى، ئايىبېك، ئەي شاۋگۇي، بەي خاۋۇ، زاڭ شۇيې، چېن دوفا، چېن جياجۇن، چېن مىڭشۇن، چېن رۇڭلىن، چېن شىلياڭ، چېن يەنلىڭ، چېن جىۋېي، چېن زىچياڭ، چېن زۇڭجاۋ، چېڭ شۇن، چېڭ ژېنجېن، سۇي جۇنيۇڭ، سۇي ياڭجۇن، داڭ مىنكاۋ، دېڭ گوچۇەن، دىڭ جاڭباۋ، فەن چىڭپىڭ، گەن جېنجىي، گاۋ يۇڭرۇي، گاۋيۇڭشېڭ، گاۋزىيى، گۇزۇيەن، گولۇ، گوگۇاڭلۇ، خەمىت ھەكىمۇۋ، خەن ئېنجۇن، خې فۇيۇەن، خې گۇيپىن، خې لىجى، خۇجۇشەن، خۇباۋشەن، خۇگېنىيەن، خۇاڭ خېزەن، خۇاڭ لىدۇ، خۇاڭ شيەنىي، جاڭ چاڭرۇڭ، جياڭ خۇڭشېڭ،

شىې فالڭ، شىې شېڭرۇي، جىاڭ ۋۇتيەن، كامالھاجى ئەلىيەكبەر، شايىسۇلتان، كەنجىقىز ئەيسا، كۇاڭ فەنشۇ، لەي چىڭخۇا، لەن شىيالڭ، لى دېشىڭ، لى دېشىيالڭ، لى فاڭگۇي، لى جىبىڭ، لى جىڭلىڭ، لى جىڭجۇ، لى كېيىڭ، لى شيافېي، لى شىڭۋېن، لى يەنپىڭ، لى جۇجۇن، لى رۇيشىيەن، لياۋ شىنفۇ، ليۇداۋسۇڭ، ليۇدىڭكو، ليۇفاتاۋ، ليۇگۇاڭزۇڭ، ليۇگويۈ، ليۇخۇڭچۈەن، ليۇخۇەنزۇ، ليۇلىسەي، ليۇشۇكو، ليۇزۇڭچيەن، لۇجيەنجۇڭ، لۇچۇنخاۋ، لوجيېشىڭ، ماشۆگۇاڭ، ماشۆجۇڭ، ماجىلىياڭ، مېي گۇاڭخې، مۇجيەندۇڭ، مۇيىمىن، نۇرلان قىنايات، پەن ۋېن، پىڭ شياڭرۇ، چى جيۇچىڭ، چىن جيەنخۇا، رازىيە ھىبۇل، رېن مىڭچۈەن، رۇەن جاڭرۇي، سادىدۇللا قومان، شېن جاۋرۇڭ، شىڭ گېڭياۋ، شى ۋېنچۈەن، شى يىچىن، سۇڭ داچىڭ، سۇڭ داكې، سۇڭ مىيجيې، سۇڭ شىجى، سۇلياڭباۋ، سۇجىنيەن، سۇن كېخۇي، سۇن تۇڭرۇن، تالڭ داۋتۇڭ، تاۋدۇن، تيەن يۇڭكۇ، ۋاڭ ۋېنشيۇ، ۋاڭ سۇن، ۋاڭ ئەيمىن، ۋاڭ سۇڭشى، ۋاڭ جىشيەن، ۋاڭ جيېۋېي، ۋاڭ جىنچىڭ، ۋاڭ لىرۇڭ، ۋاڭ شاۋفۇ، ۋاڭ تۇڭبىن، ۋاڭ يۇشۇي، ۋاڭ جىشىڭ، ۋېي جىندىڭ، غوجا ئەخمەت، ئۆمەرجان ئايۇپ، ۋۇبىنچىڭ، ۋۇچيۇڭ، ۋۇۋەنشيەن، ۋۇفاڭۋېن، ۋۇيىتۇڭ، شياۋيۇڭجېن، شياۋزىشۈەن، شيې ۋاڭجى، شيې جۇڭخۇڭ، شۇجۇنچىڭ، شۇشياۋچىن، شۇجاڭدې، شۇسۇلىڭ، ياسىن باقى، يەن گېڭشۆ، يەن گومېي، ياڭ جۇن، ياڭ دەيۇەن، ياڭ جىڭشۆ، ياڭ تىڭشۇن، ياڭ ۋېيمىن، ياڭ ۋېنگۇاڭ، ياڭ شىڭكو، ياڭ شۇبىن، ھىمىت ئىلياس، ھىمىت تۆمۈر، يىن فېڭجۇن، يىن پېيچۇن، يۇشياۋ، يۇئېردو، يۇبويۇەن، يۇسەيۋېي، ھۇسەنجان ئىسمائىل، يۈەن گويىڭ، زېڭ جىنزۇڭ، جەن يۇلىن، جاڭ جاۋ، جاڭ خۇچۈەن، جاڭ جياڭخۇڭ، جاڭ شىڭۋېن، جاڭ جەنيىڭ، جاۋئېندىڭ، جاۋلىنجۇڭ، جۇڭ يۈەنلۇڭ، جۇڭ گوخۇا، جۇگوگۇاڭ، جۇلىنشىڭ، جۇيۇڭچىڭ، جۇيۈەنپەن، جۇجىڭلىن، جۇماۋشۇن، زۇكەيخۇا، رۇي لىيەنچىڭ.

### ئىجتىمائىي پەن بويىچە 100 يۈەنلىك دەرىجىسىدىكىلەر (13)

ساۋچىجى، چېن بوجۇڭ، گوجىنەن، قېيۇم تۇردى، لى جىڭۋېي، ليۇشىكەن، ليۇسۇۋۇ، سۇن زۇڭلى، تۇنسا، ۋاڭ يۇخۇ، شېرىپىدىن ئۆمەر، ياڭ فارېن، جاڭ يىخەن.

### ئىجتىمائىي پەن بويىچە 100 يۈەنلىك دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەنلەر (ئىككى)

چېن بىڭۋېن، نۇسرەت ۋاجىدى.

### ئىجتىمائىي پەن بويىچە 50 يۈەنلىك دەرىجىدىكىلەر (42)

ئابدۇكېرىم ھوشۇر، ئابدۇۋەلى خەلپەت، ئاقىيا رادان، ئايتۇرسۇن، ئەخمەت ھاشىم، غېنى ھاجى، ئېزىز يۈسۈپ، باتىش ئاقىن، چېن داجىياڭ، داڭ يۇلىن، د. ناداي، دوربا، گولى، خۇرشىدە غوپۇر، خۇزۇيۈەن، جېلىل ئابدۇراخمان، جۇرى قادىر، قادىر ئەكبەر، لى شياڭرۇي، ليۇبىڭ، ماخمۇت مەھەممەت، مۇھەممەت روزى، مۇھەممەت شاھباز، مياۋپۇشېڭ، نىزام ئىسمايىل، ئاۋياڭشيەنسەي، پىڭ جېڭخۇي، چيەن خۇڭچۇن، شاۋچياڭ، تۇرسۇن بالغاباي، تۇرسۇن ئەلى، ۋاھىتجان غوپۇر، ۋاڭ مىڭجې، ۋاڭ شياۋيۇن، شۆزۇڭجىڭ، يەن بيەنچىڭ، ياڭ مىڭ، ياڭ جېڭ، يۈسۈپ ھاجى، يۈسۈپجان ئەخمىدى، جۇڭ گۇڭخېڭ، جۇياڭگۇي.

### ئۈنۈۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى

1) كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ھەرخىل تېپتىكى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. كارخانا ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شۇ كارخانا ئىچىدە ئۈنۈمى بار بولغان كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلىپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى؛ كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار كارخانىلار قوللانغان چارىدىن پايدىلىنىپ، كەسپىي تېخنىكا خىزمەت ئورنىنى ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلىدىغان ۋە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدىغان بولدى. بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇل بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار «خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىشتىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر» بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە خىزمەت ئورنىنى تەسىس قىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى بەلگىلەنگەن تۈزۈلمە نىسبىتى بويىچە تەسىس قىلىنىدىغان بولدى. خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردا كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاپ تەيىنلەشتە كۆلەم ۋە سان قاتتىق تىزگىنلىنىپ، تەبىئىي كېمىيىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بىكار بولغان ئورۇنلارغا كۆرسىتىش، باھالاش ۋە تەيىنلەش يولغا قويۇلىدىغان بولدى.

2) رەسمىيەت ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ھوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردىن سىرت، باشقا تۈردىكى ئورۇنلاردىن باھالاش ھەيئىتى تەشكىل قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغانلارغا ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش، تەيىنلەش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى تەستىقلاش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى؛ دەرىجە ئاتلىتىپ ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىگە كۆرسىتىلىدىغانلارنى تەستىقلاش ھوقۇقى تۆۋەنگە

تېخنىكا خادىملىرى مەملىكەتلىك سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئىمتىھانغا ئالاقىدار تەلەپلەر ھەققىدە بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خادىملىرى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ يۇمشاق دېتال ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ۋە تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلدى ھەمدە 5 ـ ئايدا ۋە 9 ـ ئايدا ئىككى قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت كىنىشكىسىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇقى تارقىتىلدى؛ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولغان ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئالىي تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ۋە 1970ـيىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ئوقۇشقا كىرىپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەن كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تىل تۇسالغۇسى تۈپەيلىدىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەشكىللەنگەن كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتنىشالماسلىق مەسىلىسى ۋە دېھقان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ۋەزىپىسىنى باھالاپ بېكىتىش نۇقتىلىق ھالدا ھەل قىلىندى؛ 195 نۇسخا ھۆججەت تارقىتىلدى، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 3000 گە يېقىن ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈرلۈك دەلىللەش يىغىنلىرىدىن 61 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇلدى.

باۋ خۇيچۇن

## كادىر تەربىيىلەش ئەھۋالى

1) ماكرولۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ ئاچقان ئورۇنلارنىڭ ئوقۇش تارىخى كىنىشكىسى بېرىش كۈرسلىرىنى ئېچىشتا ئەمەلىي ئېھتىياجغا قارىماي، قارىغۇلارچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، «ئىجتىمائىي كۈچلەرگە ھاۋالە قىلىپ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىش بىلەن، تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى ۋە بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتقا دائىر زۆرۈر شەرتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ،

چۈشۈرۈپ بېرىلدى؛ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى، تەكلىپنامىسىنى ئورۇنلار ئۆزلىرى تارقىتىدۇ؛ باھالاش، تەكلىپ قىلىش خىزمىتىدىكى يېڭىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كادىرلار ئىشلىرى ئۇنىۋان ئىسلاھاتى تارماقلىرى تەشكىللەپ ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

3) ھەرقايسى سىستېمىلار (كەسىپلەر بويىچە قېلىپلاشقان تېخنىكا ۋەزىپە خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىشتىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر تۇزۇلدى. كادىرلار ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە خىزمەت ئورنىنى تەسىس قىلىش ھەققىدىكى پىكرىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 29 سىستېما (كەسىپلەر) نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىشتىكى يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكىر تۈزۈلۈش بىلەن، خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىشنىڭ دائىرىسى، پرىنسىپى ھەمدە خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىش ئۆلچىمى ۋە تۈزۈلمە نىسبىتى بەلگىلىنىپ، ھەرقايسى تارماقلار ۋە جايلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە خىزمەت ئورنىنى تەسىس قىلىشىغا بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بېرىلدى.

4) ھەرقايسى سىستېمىلار (كەسىپلەر) نىڭ باھالاشنىڭ قانتىقلاشتۇرۇلغان شەرتلىرى بېكىتىلدى. كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش جەريانىدىكى باھالاش شەرتلىرىدە بېكىتىلىگەنلىرى كۆپ، مىقدارى ئاز بولۇش تۈپەيلىدىن باھالاش ئېلىپ بېرىش قىيىن بولۇشتەك يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 29 سىستېما (كەسىپ) نىڭ ھەرقايسى كاتېگورىيىلىرىدىكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆتەش سالاھىيىتىنى باھالاش شەرتلىرى بېكىتىلىپ، باھالىنىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى، خىزمەت ستاژى، بىلىم سەۋىيىسى، ئەمەلىي ئىقتىدارى، كەسپىتىكى نەتىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ شەرتلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ يوللىشىغا ۋە باھالاش ھەيئىتىنىڭ شەرت ئۆلچەملىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىشىگە، شۇنداقلا باھالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ، كەسپىي تېخنىكا قوشۇنىنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

5) ئادەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى. ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كەسپىي

ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى. قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى چەكلەندى.

2) كادىرلار ئىش ئورنىدا تەربىيىلەندى. (1) يېزا - بازار كارخانىلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە چەت، يىراق، جاپالىق جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، 25 كەسىپتە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇم ماتارىپى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، بۇلارغا 3458 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1211 ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت بار بولۇپ، كۇرسانتلار ئومۇمىي سانىنىڭ 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئورۇنلاردىن كەلگەنلەر 95.6% نى ئىگىلىدى. (2) چەت، يىراق، جاپالىق جايلار ۋە جاپالىق كەسىپلەردە كەسپىي كادىرلار يېتىشمەسلىك، ئىختىساسلىق خادىملار جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 20 كەسىپتە ئىككى يىللىق تولۇقسىزدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ماتارىپى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ ئورۇن بەلگىلەپ ۋەكالىتەن تەربىيىلەش، نىشانلىق ئىشلىتىش، كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز كەسپىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئىشلەش، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش چارىلىرى قوللىنىلىپ، چەت، يىراق، جاپالىق جايلارغا كەمچىل بولۇۋاتقان 1552 ئىختىساس ئىگىسى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 365 بولۇپ، 23.5% نى ئىگىلىدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلاردىن كەلگەن كۇرسانت 1082 بولۇپ، 69.7% نى ئىگىلىدى.

3) دۆلەت خىزمەتچىلىكىگە ئۆتۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. (1) 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا «مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمى» (خەنزۇچە)، «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى» (ئۇيغۇرچە) ئىمتىھانى ۋە خەنزۇچە «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى» تولۇقلىما ئىمتىھانى ئېلىنىدى، 89 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى. (2) «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى»، «قانۇنشۇناسلىق ئاساسلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى» نىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەرجىمە قىلىپ، بېسىش پائال ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تاماملاندى؛ ئىلى ئوبلاستلىق كادىرلار ئىدارىسىگە ھاۋالە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى» نىڭ قازاقچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەرجىمە قىلىپ بېسىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تاماملاندى؛ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىن موڭغۇلچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سېتىۋېلىنىدى. (3) «دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى»، «قانۇنشۇناسلىق ئاساسلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى» بويىچە ئىككى قارار ئۇيغۇرچە، «ماكرولۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش»، «دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان خەت - چەكلەر يېزىقچىلىقى» بويىچە ئىككى قارار خەنزۇچە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت ۋە ئىدارىلەر ئۈچۈن 170 يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

زۇ سۇچىن

## كادىرلارنى مۇكاپاتلاش خىزمىتى

1) 1993 - يىلى مۇكاپاتلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىن 1500 ى ئىشلىتىلىپ، باھالاش، تەكشۈرۈش، تەستىقلاش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى 542 خادىمنى مۇكاپاتلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى بىۋاسىتە تەستىقلىدى ۋە رەسمىيىتىنى بېجىردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن يىل ئاخىرىدىكى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا مۇكاپاتلىنىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلەر 357؛ بىر قېتىملىق تۆھپىسىنى بىر قېتىم مۇكاپاتلاپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلەر 87؛ سەككىز جاپالىق ناھىيىدىن مۇكاپاتلىنىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلەر 70؛ ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلەر 36، ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تەقسىم قىلىنغان مۇكاپاتلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى تەستىقلاشمۇ تاماملاندى.

2) ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ كومىتېتى، مۇھەببەت ئاسراش ئىدارىسى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، يېنىك سانائەت نازارىتى، ئورمانچىلىق نازارىتىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سەككىز سىستېما (كەسىپ) نىڭ بىرلەشمە تەقدىرلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك 25 ئىلغار كوللېكتىپ، 23 ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 106 خىزمەت ئىلغارى باھالاپ چىقىلىپ يۇقىرىغا يوللاندى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 173 ئىلغار كوللېكتىپ، 21 ئەمگەك نەمۇنىچىسى (ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار)؛ 732 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى.

لى جيې

## قوشۇمچە1

**1993 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى تەقدىرلىگەن ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ ئىسىملىكى (25)**

يەر باشقۇرۇش سىستېمىسىدىن:

قاراماي شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، تېكەس ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، چۆچەك شەھەرلىك يەر

باشقۇرۇش ئىدارىسى، مىچۈەن ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، پوسكام ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىلىق يەر باشقۇرۇش ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى يەر باشقۇرۇش باشقارمىسى.

مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدىن:

ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىتنى نازارەت قىلىش ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى.

مالىيە سىستېمىسىدىن:

قۇتۇبى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، بورتالا شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى.

مۇپەتتىشلىك سىستېمىسىدىن:

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى، يېڭىسار ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى.

باج ئىشلىرى سىستېمىسىدىن:

قەشقەر شەھەرلىك باج ئىدارىسى تەكشۈرۈش ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باج ئىدارىسى يېڭى شەھەر رايونلۇق شۆبىسىنىڭ شىمالىي ۋوگزال باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىدا تۇرۇشلۇق باج ئىشلىرى ئورنى.

بېنىك سانائەت سىستېمىسىدىن:

شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى

ئورمانچىلىق سىستېمىسى (ئورماندا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار) دىن:

ماناس ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، بۇگۇر ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى.

## قوشۇمچە 2

گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، سىستېمىلىرى تەقدىرلىگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (19)

شوگۇيجېن (ئايال، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش باشقارمىسىدىن)، ليۇيۈەنشى (سانجى ئوبلاستلىق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىدىن)، جوجىنخۇا (بۇرچىن ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدىن)، مابىدى (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى يەر باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن)، سەكەن قۇسايىن (قازاق، ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدىن)، تۇردىخان خېلىل (ئۈرۈمچى مائارىپ تەتقىقاتى مەركىزىدىن)، ۋەن شۆەنچياڭ (شىخەنزە شىفەن مەكتىپىدىن)، لى ۋېيپىڭ (سانجى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، جاڭ جېيىن (توققۇزتارا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ئالىنۇر مامەت (قازاق، دۆربىلجىن ناھىيىسى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، زوچۈنيى (ئايال، جىڭ ناھىيىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، فەن خەنرۇ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 1 - تۇەن - مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)، ۋاڭ چۈنگو (شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى چەت ئەل تىلى كافېدراسىدىن)، ئايتىللا ھوشۇر (يېڭىسار ناھىيىسى شەھەر يېزىسى ئاق مىچىت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، كامال تۇرۇپ (خوتەن ۋىلايەتلىك شىفەن مەكتىپىدىن)، شۈنەيرېن (شىنجاڭ كۈيتۇڭ ھاراق زاۋۇتىدىن)، مېھراي (ئىلى ئۈنچە - مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرى زاۋۇتىدىن)، خۇسەيجۇ (ئايال، ئاقسۇ شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىدىن)، كېرىم ھوشۇر (كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر يېزىسى مالىيە باشقۇرۇش ئورنىدىن).

## قوشۇمچە 3

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەقدىرلىگەن ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (25)

لى جىڭ (ئايال، مانجۇ، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش دورا - سايمانلار پونكىتىدىن)، لى چاڭلەن (ئايال، رۇس، چاپچال ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، ليۇلىڭشيەن (شىبە، تولى ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، جياڭ يۈڭجۇ (ئايال، بۇرچىن ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، ماپېيلەن (ئايال، خۇيزۇ، جىڭ ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، فېڭ يۈنفاڭ (ئايال، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتىدىن)، ياڭ چېڭ (شىخەنزە شەھەرلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، جۇلەنيىڭ (ئايال، مىچۈەن ناھىيىسى گۇمۇدى بازارلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن)، جيايۇفېن (ئايال، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش بويىچە تەشۋىقات ۋە تېخنىكىدا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىدىن)، يۇشىفېن (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، ۋاڭ شيۇجېن (ئايال، توقسۇن ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، خۇيياڭ (ئايال، قۇمۇل شەھەرلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن)، لى جۈن (ئايال، چاقىلىق ناھىيىسى تىكەنلىك يېزىسى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن)، سەلىمە ئاۋۇت (ئۆچتۇرپان ناھىيىسى ئاقتوقاي يېزىلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن)، ياڭ گوخۇا (ئايال،

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن) ، ھۆرنىسا ئەمەت (پوسكام ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن) ، گۈلنىسا تۆمەر (قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسى قىزىلئۆي يېزىلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن) ، يىن لىڭلى (ئايال، خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن) ، رابىيە تۇرسۇن (قاراقاش ناھىيىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىدىن) ، كۈلىستان (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى 49 - تۇەن - مەيدانى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن، يۈلۈڭيۈن (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 101 - تۇەن - مەيدانى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسىدىن) ، ليۇيەنفېي (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىق 1 - چوڭ ئەترىتى تېز مۇز تېيىلىش ئەترىتىدىن) ، پەرىدە ئابدۇراخمان (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە چېنىقىش 2 - چوڭ ئەترىتى ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئەترىتىدىن) ، جېڭىش (قازاق، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىق 2 - چوڭ ئەترىتى ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش ئەترىتىدىن) ، لىن لىزۇڭ (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىق 2 - چوڭ ئەترىتىدىن) .

لى جيې

### كادىرلارنىڭ سوغۇرتا، پاراۋانلىق خىزمىتى

1) 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كېسەل ۋە ئىش سەۋەبى بىلەن رۇخسەت سورىشىنى باشقۇرۇش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى: (1) خىزمەتچىلەرنىڭ كېسەل رۇخسىتى ۋاقتى ئۈچ ئاي ئىچىدە بولسا، كېسەل رۇخسىتى مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىۋېرىدۇ؛ كېسەل رۇخسىتى ۋاقتى ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتكەنلەر بولسا، 4 - ئېيىدىن باشلاپ خىزمەت ستاژى ئون يىلغا توشقانلارنىڭ ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىۋېرىدۇ، ئون يىلغا توشمىغانلارغا ئىش ھەققىنىڭ 90 پىرسەنتى بېرىلىدۇ؛ كېسەل رۇخسىتى ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، 7 - ئېيىدىن باشلاپ خىزمەت ستاژى ھېسابلانمايدۇ، خىزمەت ستاژىغا قاراپ تۇرمۇش خىراجىتى بېرىلىدۇ. خىزمەت ستاژى 30 يىلغا توشقانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ 100 پىرسەنتى بويىچە بېرىلىدۇ؛ خىزمەت ستاژى 20 يىلغا توشقانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ 90 پىرسەنتى بويىچە بېرىلىدۇ؛ خىزمەت ستاژى ئون يىلغا توشقانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ 80 پىرسەنتى بويىچە بېرىلىدۇ؛ خىزمەت ستاژى ئون يىلغا توشمىغانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ 70 پىرسەنتى بويىچە بېرىلىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئەمگەك قەھرىمانى» («ئەمگەك نەمۇنىچىسى») ، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» ، «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، بۇ نامنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلارغا كېسەل رۇخسىتى مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىۋېرىدۇ. كېسەل رۇخسىتى يىل بويىچە يىغىپ ھېسابلىنىدۇ. (2) خىزمەتچىلەرنىڭ بىر يىللىق ئىش رۇخسىتى جەمئىي 40 كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. بىر يىللىق ئىش رۇخسىتى جەمئىي 30 كۈندىن ئېشىپ كەتمىسە ياكى ئۇدا ئالغان ئىش رۇخسىتى 25 كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەنلەرنىڭ ئىش رۇخسىتى ئالغان مەزگىلدىكى ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىۋېرىدۇ، يىغىپ ھېسابلىغاندا 30 كۈندىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى ئۇدا ئالغان ئىش رۇخسىتى 25 كۈندىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېشىپ كەتكەن كۈن سانىغا قاراپ، شۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنىڭ 70 پىرسەنتى بېرىلىدۇ. شەخسىي ئىش بىلەن چېگرىدىن چىققان خادىملارنىڭ بىر يىللىق ئىش رۇخسىتىنى جەملىگەندە 60 كۈندىن ئېشىپ كەتسە، ئېشىپ كەتكەن كۈن سانىنىڭ ئىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. خىزمەتچىلەر كېسەل، ئىش رۇخسىتى مەزگىلىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىۋېرىدۇ.

2) دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمى تەڭشەلدى. 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مېيىپ بولغان خادىملارنىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مېيىپ بولغانلارنىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمى مۇنداق تەڭشەلدى: ئالاھىدە دەرىجىدىكى ھەربىر ئادەمگە ھەرئايدا 1992 - يىلدىكى جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ 55 پىرسەنتى، 1 - دەرىجىدىكى ھەر بىر ئادەمگە ھەرئايدا 1992 - يىلدىكى جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ 50 پىرسەنتى بېرىلىدۇ.

ۋاڭ يى

### ئىمتىھان ئېلىش مەركىزىنىڭ خىزمىتى

1) كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاش، تەكلىپ قىلىش يۈزىسىدىن چەت ئەل تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە

باھالاش، تەكلىپ قىلىشتا مەلۇم چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى بولۇش لازىم، دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى ئىمتىھان ئىدارىسى مەركىزىي 1993 - يىل 6-ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋە 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ چەت ئەل تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىشنى تەشكىللىدى. ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى، ياپون تىلى، ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىرى، خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى، قازاق تىلى ئاساسلىرى، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلى، قەدىمكى تىببىي يېزىق قاتارلىقلار ئىمتىھان ئېلىنىدىغان تىللار قىلىندى. ئىنگلىز تىلى، رۇس تىلى ۋە ياپون تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تىلدىن سىرت، باشقا تىللار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. چەت ئەل تىلى ئىمتىھانى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك دەپ ئىككى قاتلامغا بۆلۈنۈپ ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىغا 4872 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 4247 ئادەم ئىمتىھان بەردى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىغا 7770 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 7016 ئادەم ئىمتىھان بەردى.

2) خەلق ساقچىلىقىغا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىندى. كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلق ساقچىلىقىغا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىندى. ئىمتىھان سىياسەت ۋە تىل - ئەدەبىياتتىن ئېلىندى، 2761 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 2713 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى.

3) بەلگىلىمىدىكى ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلىمىغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. قىسمەن خادىملار كەسپىي تېخنىكا خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇش تارىخى بولماسلىقتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بەلگىلىمىدىكى ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلىمىغانلاردىن ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسى بويىچە ئىمتىھان ئېلىندى. ئىمتىھان سىياسەت (ئاممىۋى دەرس)، ئاساسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي بىلىملەردىن ئېلىندى. 10 مىڭ 908 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 10 مىڭ 30 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئۈچ پەندىن 3502 ئادەم ئۆتۈپ، ئىمتىھانغا قاتناشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 34.92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاش، تەكلىپ قىلىشقا قاتنىشالايدۇ.

4) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بەش ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن كادىر قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىندى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بەش ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن كادىر قوبۇل قىلىشتا، يەنىلا ئىمتىھان ئېلىش ۋە سىناپ كۆرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ياخشىلىرى قوبۇل قىلىندى. قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېلىندى. سىياسەت ۋە تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەن قىلىندى. 744 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 706 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار تەكشۈرۈپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلدى.

5) ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەرنى تاللاپ ئېلىپ قېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ كادىرلىرىنى تولۇقلاشقا تاللاش ئىمتىھانى ئېلىندى. 1993 - يىللىق تاللاش ئىمتىھانى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، شىخو قاتارلىق جايلاردا ئېلىندى. سىياسەت، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەن قىلىندى، 1:3 دەك نىسبەت بويىچە قوبۇل قىلىندى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر ئالدى بىلەن ئالاقىدار ۋىلايەتلەردىكى پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلىپ بىر يىل تەربىيىلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كادىرلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاندىن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق كادىرلار تارماقلىرى يېزا، بازارلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدۇ، بۇ ئىمتىھانغا 840 ئادەم تىزىملىتىپ، 668 ئادەم قاتناشتى.

6) مەملىكەتلىك بوغالتىرلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى ئېلىندى. مەملىكەتلىك بوغالتىرلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەملىكەتلىك بوغالتىرلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى («ئا» خىلى) 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن 21 مىڭ 630 ئادەم تىزىملىغا ئالدۇرۇپ، 14 مىڭ 668 ئادەم ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل بوغالتىر 2782، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر 5999، بوغالتىر 5887. بوغالتىرلىق ئىشلىرى ۋە ئاساسىي نەزەرىيە ھەم ئالاقىدار بىلىملەر ئىمتىھان مەزمۇنى قىلىندى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى سالاھىيەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ.

7) مەملىكەتلىك مۇپەتتىشلىك كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى ئېلىندى. دۆلەتلىك مۇپەتتىشلىك كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەملىكەتلىك مۇپەتتىشلىك كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېلىندى. ئاپتونوم

رايونىمىزدىن 677 ئادەم تىزىمغا ئالدۇرۇپ، 516 ئادەم ئىمتىھان بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل مۇھەندىس 308، ياردەمچى مەسئۇل مۇھەندىس 208. مۇھەندىسلىك كىشىلىرى ۋە ئاساسىي نەزەرىيە ھەم ئالاقىدار بىلىملەر ئىمتىھان مەزمۇنى قىلىندى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە مۇھەندىسلىك مەھكىمىسى سالاھىيەت كىنىشكىسى بېرىدۇ، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ.

جياڭ جو

## چەت ئەللەردىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىش ۋە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 24 تۈر ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزى بېكىتكەن ئۈچ تۈر بولۇپ جەمئىي 27 تۈرگە چەت ئەللەردىن 51 نەپەر مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدىكى تۈر 15، سانائەت تۈرى ئون، داۋالاش ھەمكارلىق تۈرى ئىككى ۋە ھىسابلاش ماشىنىسى تۈرىدىن ئىككى. چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە مەخسۇس تۈرلەر بويىچە ياردەم خىراجىتى ئۈچۈن 430 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئاجرىتىپ بېرىلدى، تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنلار يورۇشلەشتۈرۈش خىراجىتى ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلدى.

1993 - يىلى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان خادىملاردىن ئىككى قېتىم ئىمتىھان ئېلىندى، ئىمتىھانغا جەمئىي 62 كىشى قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىقىپ ئوقۇيغان ئالىم ۋە سودا - سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىرىپ تەربىيىلەيدىغان خادىمى بولۇپ جەمئىي 223 كىشى تاللىنىپ ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتكەن خادىمى 80 بولۇپ، دۆلەت ئۇلارغا ياردەم خىراجىتى ئۈچۈن 630 مىڭ يۈەن، 110 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلدى؛ پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەرگە زىيارەت قىلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئادەم 14 بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلىندى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئۆزى پۇل تۆلەپ رۇس تىلى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن خادىم 130.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەللەردىن مۇتەخەسسىس كىرگۈزۈش تۈرلىرى بىرقەدەر ياخشى ئورۇندىلىپ، ئاساسلىقى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم چوڭ تۇتۇلدى. سانجى شەھىرى باغۋەنچىلىك مەيدانى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم كۆرۈزۈھى شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى تەتقىقاتى يۇرتى، شىنجاڭ ئېلېكترماشىنىلىرى ۋە ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ياساش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەبلەغ كىرگۈزۈش، مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش، يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. چەت ئەل مەبلىغىدىن 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كىرگۈزۈلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى ئاشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئوقۇشقا ۋە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلگەن خادىملار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. زىيارەت قىلىپ ئوقۇيدىغان خادىملاردىن فىلاڭ جيەنجۇڭ، خۇتيەنجېن، خالمۇرات غوپۇر، داۋلياڭرو، چېن ۋېيدى، خې فېيبېن، سەي خۇڭ، لياڭ نەيتىڭ، جاڭ جىشىنلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىزىلچىنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، ئۆسۈملۈك جىگلو ئىلمى، كاناي ياللۇغى خاراكتېرلىك دەم سىقىلىشنى دورا ئىشلەتمەي ھەرتەرەپلىمە داۋالاش، كۆش ۋە يۇڭ ئېلىنىدىغان قوي نەسلىنى كىرگۈزۈپ كۆپەيتىش، نېرۋائىممۇنىتېت ئىلمى، تۇبېركولىيوزنى تاياقچە زەمبۇرۇغ كىسلاتاسى ئارقىلىق تەكشۈرۈش يېڭىنىسى تەتقىقاتى، سۇپەتلىك شال سورتىنى يېتىشتۈرۈش، سۇ تېجەش تېپىدىكى سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت توققۇز پەن ساھەسىدە ئورغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى، بەزى پەنلەردە خەلقئارادىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

رۇەن ۋېنخۇا

# ئەمگەك. ئىش ھەققى

## ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم

رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، ھەرقايسى جايلار ئۈچۈن خىزمەتنى قانات يايدۇرغۇچى مەخسۇس خادىمدىن 112 سى تەربىيىلەپ بېرىلدى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى» يولغا قويۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، كارخانىلارنى بازارلارغا باشلاپ كىرىش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى ھەمدە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت لىنىيىسى قۇرۇپ، ھەرخىل كارخانىلارغا 47 مەلىكىلىك ئىشچىنى ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارخىپلىرىنى ساقلاشنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى چارىسى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارخىپلىرىنى ساقلاش ئىشىدىن جەمئىي 216 سى بېجىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1993 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بېكىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى قايتا ئىشلىمەيدىغان، بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي كارخانىلار ئۆزلىرى بېكىتىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدىكى چارىسى» نى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىقىپ، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۇرۇتقى سالاھىيەت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوخشاش بىر شەھەر، بازاردىكى كارخانىلار ئارىسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز-ئارا يۆتكەشنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆچمە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاساسىدا كارخانىلارنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 487 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ باشقا جايلاردىن ئورۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىشىنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يۆتكەلگەنلەر 193، شەھەر، ئۆلكە ئاتلاپ يۆتكەلگەنلەر 228.

ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ بازار رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك نورمىسىنى ئۆلچىمىنى تۈزۈش ۋە ئۆزگەرتىپ تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 990 تۈرلۈك كەسىپ بويىچە ئەمگەك نورمىسى ئۆلچىمىنى تۈزۈش ۋە - ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك خادىملىرىنى ۋە نورمىسىنى بېكىتىش كەسپىي كومىتېتى ھەم ئەمگەك نورمىسىنى ۋە خادىملارنى بېكىتىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەشكىللىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئىككى كومىتېتنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى 12 گە، يەككە ئەزاسى 119 غا يەتتى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىككىنى بېكىتىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 21 ئورۇن ئېنىقلىنىپ تىزىملاندى ۋە تىزىملاش دەپتىرى تۇرغۇزۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلار ئۈچۈن ئىككىنى بېكىتىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى كادىرىدىن 170 ى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

ياڭ يىگيۈەن
ۋاڭ لىمىن
جاڭ شىچيەن

## ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھاتى

1993 - يىلى ھەردەرىجىلىك ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى، كارخانىلاردىكى ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىدا ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 342 كارخانا (122 مىڭ 345 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئۈچ خىل تۈزۈمنى ھەر جەھەتتىن يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى؛ 180 كارخانا (25 مىڭ 434 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئومۇمىي خادىملار ئەمگەك توختامى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ 52 كارخانا (26 مىڭ 931 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئومۇمىي خادىملارنى ئەمگەك توختامى تۈزۈمى ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى؛ 148 كارخانا (90 مىڭ 683 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئەمگەك تەشكىلاتلىرىنى شەرخىللاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى؛ 890 كارخانا (162 مىڭ 388 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى؛ 497 كارخانا (99 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى)

دا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىش يولغا قويۇلدى؛ 23 كارخانا (42 مىڭ 631 ئىشچى - خىزمەتچى) دا ئىش ئورنى ماھارىتى ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ 3543 كارخانا (270 مىڭ 250 ئىشچى - خىزمەتچى) ۋە پېنسىيىگە چىققان 110 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتى، پاشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى ۋە كارخانىلارنىڭ پاشانغانلار سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى، يەنە 69 ناھىيە (شەھەر) دە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا پاشانغانلار سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى.

1993 - يىلى كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كېيىنى - كەينىدىن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ خىل تۈزۈمنى ھەر جەھەتتىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردى، ئىلى، ئۈرۈمچى، ئالتاي، سانجى، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى كارخانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ياخشى ئىشلىتىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، «كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلىش چارىسى»، «كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدىكى چارە»، «ئەمگەك بازارلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»، «كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇشنى ئاددىيلاشتۇرۇش چارىسى»، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلىنى تەقسىم قىلىشتىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش»، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «كارخانىلارنىڭ پاشانغانلار سۇغۇرتىسىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»، «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە پۇلىنى ھېسابلاپ تارقىتىش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى.

ئەمگەك نازارىتى تەشۋىقات باشقارمىسى

## ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى دۆلەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بازار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى زور كۈچ بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بازار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يېتىلدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 320 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئەمگەك باشقۇرۇش تارماقلىرى باشقۇرغان كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تور ھاسىل قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەرقايسى كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى 264 مىڭ 900 نەپەر ئەمگەك كۈچىنى تىزىملىدى، 188 مىڭنى ئالماشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچى 72 مىڭ 800.

مۇشۇ بىر يىلدا بازارلاردا 111 مىڭ 300 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش نىسبىتى %3.6 ئىچىدە تىزگىنلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا 29 مىڭ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا 35 مىڭ، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانا ئورۇنلىرىغا 2500 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 21 مىڭ 800 ئادەم ئۆزلىرى مەلۇم بىر كەسىپ تېپىپ، يەككە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى، 23 مىڭ ئادەم ۋاقىتلىق ئىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمى جانلاندۇرۇلۇش بىلەن بىللە، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەشمۇ داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، يېزىلاردىن شەھەرگە كىرگەن ئەمگەك كۈچلىرى ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن شىنجاڭغا كەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىگە داۋاملىق ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈپ ۋاقىتلىق ئەمگەك قىلىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىپ بېرىش كۈچەيتىلدى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، 56 چەت ئەللىكنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەستىقلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئۈرۈمچى رايونىدا چەت ئەللىكلەرنى ئىشلىتىۋاتقان ئورۇنلارنى تەكشۈردى.

مۇشۇ بىر يىلدا جايلار بازارلارنى باشلامچى قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە تەربىيىلەش ئوبيېكتىنى كارخانىلاردىكى ئوشۇق خادىملار ۋە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگىچە كېڭەيتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇلغۇچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى (مەيدان، ئورۇن) 102 گە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 68 مىڭ 900 كىشى تەربىيىلەش كۇرسىنى تاماملىدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 4139 غا، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 174 مىڭغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.7% ئاشتى، ياراتقان باج ۋە پايدىسى 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 32% ئاشتى. كەسپىي خادىملارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى كىرىمى 1793 يۈەن بولدى. تۇراقلىق مۈلۈك (ساپ قىممىتى) 660 مىليون يۈەنگە، ئۆزىدە بار تۇراقسىز مەبلەغ 570 مىليون يۈەنگە يەتتى،

گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈش سۇغۇرتىسىغا دائىر بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈش سۇغۇرتىسىغا دائىر چارىسى» تۈزۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىنى يىغىش، باشقۇرۇش ۋە ئۇنى تارقىتىش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 789 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 94.72% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىشسىز قالغان ئىشچى - خىزمەتچى جەمئىي 739 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1992 - يىلدىن قېپقالغانلار 126 ئادەم، مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيگىنى 613 ئادەم. ئۇلارغا جەمئىي 200 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 203 ئادەم يېڭىباشتىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 27.47% بولدى.

ۋاڭ شياۋلى

ئەمگەك بازارلىرىنى قۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى، بايىنغولىن، قۇمۇل، ئاقسۇ، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئەمگەك بازارلىرى قۇرۇلدى، قۇتۇبى، مىچۈەن، كۇچا قاتارلىق نۇرغۇن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئەمگەك بازارلىرى ۋە بىر قىسىم چوڭ كارخانىلاردىكى ئەمگەك بازارلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمگەك بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھەرىكىتىنى سىياسەت ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى تۇنجى قېتىم ئەمگەك بازارلىرىنى ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزىي ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى شىي فۇپىڭ، يۇسۇپ مۇھەممەدىيلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەر مەركىزىي ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرىغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزىي ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرىدا ئۈچچۈر مەسلىھەتچىلىكى، ئىش ئىزدىگۈچىلەرنى تىزىملاش، ئىشچى ئىشلەتكۈچىلەرنى تىزىملاش، كەسىپ تونۇشتۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش، توختام ئىمزالاش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار سۇغۇرتىسى قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىش ئىزدىگۈچىلەردىن 34 مىڭ 742 ئادەم (قېتىم)، ئىشچى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن 272 سى كۈتۈۋېلىندى، 2805 ئادەمنى ئالماشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ياڭ يىڭيۈەن

ۋاڭ شياۋلى

خې ۋېيشىڭ

ئەمگەك ماجىرالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئەمگەك توختامى ئىمزالاش خىزمىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، كېسىم ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي تولۇقلاندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئاپپاراتىدىن 90 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت (شەھەر) دەرىجىلىك ئاپپارات 16، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئاپپارات 72. ھەرخىل يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تۈزۈملەر ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، ئەنزە قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە جۇڭگو چەت ئەل شېرىكلىچىكىدىكى كارخانىلاردىكى قوغلىۋېتىش، ئىسمىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىش، چېكىندۈرۈۋېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ماجىرالار ۋە ئەمگەك توختامى ماجىرالىرىدىن تەدرىجىي ھالدا يېزا - بازار كارخانىلىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار، يەككە سودا -

سانائەتچىلەر بىلەن ياللانغان ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىش ھەققى، سۇغۇرتا، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، تەربىيىلەش، يۆتكىلىش، ئىستېپا بېرىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ماجىرالار ئەرزىچە كېڭەيدى. كېسىم قىلغۇچىلار، كېسىم قىلىش كوللېگىيىلىرى تۈزۈمىنى ئۆقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىدە مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 362 ئەنزە قوبۇل قىلىنىپ بىر ياقلىق قىلىندى، 337 ئەنزە ئىشلىنىپ تاماملاندى. ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ھەرخىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشكىچە كېڭەيدى، 99 مىڭ 742 ئەمگەك توختامى ئىمزالاندى. ئەمگەك توختاملىرىنىڭ ئىمزالىنىش نىسبىتى %90 كە يەتتى.

ياڭ يىڭيۈەن

خې ۋېيشاڭ

**دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى خىزمىتى**

1) ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرى تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىندى.

1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئورگان ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا بېكىتمە» ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» نىمۇ تارقاتتى. بۇ چارە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان، كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ۋە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. كەسپىي ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خىراجەت مەنبەسى ئوخشاش بولماسلىقتەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىش ھەققى تەقسىماتىدا بىر ئورۇندا (ئورۇن، مەكتەپ، پونكىت قاتارلىقلار) ئىككى خىل، ئۇنىڭدىن كۆپ خىل تۈزۈمدىكى ئايلىنىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، يەنى بىر ئورۇننىڭ ئىچكى قىسمىدا كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇشتا كۆپ خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش، ئىش ھەققى تەقسىماتىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى تەقسىمات ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلاردا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئادەم سانى بويىچە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆتۈرىگە ئېلىش يولغا قويۇلىدۇ، ئادەم كۆپەيسە ئىش ھەققى سوممىسى كۆپەيتىلمەيدۇ، ئادەم كېمەيسە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئازايتىلمايدۇ؛ كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان (مەلۇم نىسبەتتىكى كەسپىي خىراجىتى قىسقارتىلغان ئورۇنلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئورۇنلاردا خىراجەت جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قامداش سەۋىيىسىگە ئاساسەن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە «كىرىم - چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، كەم قىسمىنى (نورمىلىق، نىشانلىق) تولۇقلاپ بېرىش»، «ياردەم پۇلىنىڭ ئازىيىپ بېرىشىنى ھۆددىگە ئېلىش، چىقىم ئېشىپ، كىرىم ئازايسا تولۇقلاپ بەرمەسلىك، چىقىم تېجىلىپ، كىرىم ئاشۇرۇلسا، ھەممىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش» ياكى «كەسپىي خىراجەتنى ئازايتىشنى مۇكاپات پۇلى بىلەن چېتىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ؛ كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئورۇنلاردا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئاساس سان قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى چېتىش»، «ۋەزىپىنى ئورۇنداش بىلەن مۇكاپات پۇلىنى چېتىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ؛ كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان ئورۇنلار كارخانىلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا ئاساسەن، «ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چېتىش»، «يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدىنىڭ ئاساس سانىنى ھۆددىگە ئېلىش، ئاشقان كىرىمنى تەقسىملەش، كەم قىسمىنى ئۆزى تولۇقلاش»، «يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش» قاتارلىق چارىلەرنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى پىرىنسىپ جەھەتتە شتات كومىتېتى چۈشۈرگەن شتات سانى بويىچە بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شتاتى تولۇق، ياكى شتاتى كەم ئورۇنلار ئەمەلىي ئادەم سانىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ؛ شتاتى ئېشىپ كەتكەن ئورۇنلاردا ھەر يىلى مەلۇم نىسبەتتىكى خادىملار قىسقارتىلىپ ئېشىپ كەتكەنلەرنى قىسقارتىش ئۈچ يىل ئىچىدە تاماملىنىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى دۆلەتنىڭ تۇراقلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى، توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچى ۋە پىلان ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ئىشچى - خىزمەتچى (يىل بويىچە ئوتتۇرىچە ئادەم سانى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانىدا دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەركىب تېپىشىغا دائىر بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئورۇنلارنىڭ 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى نەق تارقاتقان ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئاساس قىلىنىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت - بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش ھەققىنى نورمال

ئاشۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋېرىدۇ، نامۇۋاپىق چىقىم ۋە تولۇقلاپ تارقىتىلغان ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى، ياردەم پۇلى قاتارلىقلار ئازايتىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانى ھەريىلى بىر قېتىم بېكىتىلىدۇ.

ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى كادىرلار تارماقلىرى بىلەن مالىيە قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەندىن كېيىن ئادەتتە قايتا ئۆزگەرتىلمەيدۇ. مەسىلەن: دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش ھەققىنى تەڭشەش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ھەققىنى تەڭشەش خاراكتېرىدىكى قوشۇمچە ھەق، مۇكاپات پۇلى تارقىتىش ئۆلچىمىنى تەڭشەش، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بۇيرۇق خاراكتېرىدە تەقسىم قىلىنغان ھەربىي سەپتىن بوشانغان، چېكىنگەن ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، شتاتنىڭ كەم بولۇشى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تۈزۈمىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە ئورۇننىڭ كېڭىيىشى تۈپەيلىدىن خادىملار كۆپەيگەن ياكى ئازايغاندا ۋە شتاتى ئېشىپ كەتكەن ئورۇنلارنىڭ شتاتتىن ئېشىپ كەتكەن خادىملارنى قىسقارتىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئەسلىدىكى ئىش ھەققى سوممىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئاساس سانى ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانى تەڭشىلىدۇ. خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ۋە كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى بىلەن ئادەم سانى بېكىتىلگەندىن كېيىن كونىلارغا كونا چارە، يېڭىلارغا يېڭى چارە قوللىنىلىدۇ، كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئىدارىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا خادىم قوبۇل قىلىشى ۋە كۆپەيتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. كۆپەيتىلگەن خادىملار دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇلار چوقۇم ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى ياكى ئۇلار جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئوچۇق - ئاشكارا قوبۇل قىلىنىپ، خىزمەت توختامى تۈزۈشى كېرەك. بۇ خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانىغا قوشۇلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. كۆپەيتىشكە تېگىشلىك ئىش ھەققى شۇ ئورۇننىڭ مۇكاپات پۇلى فوندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىرىمى ئىچىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. تىجارەت قىلىش خاراكتېرىدىكى كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ شتات ۋە ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى قويۇۋېتىلىدۇ؛ كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار كارخانىلارنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، شتاتنى ئۆزى بېكىتسە، ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆزى - ئۆزىگە ئىگە بولسا بولىدۇ ھەمدە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەڭشىسە بولىدۇ. بېكىتىلگەن ۋە تەڭشەلگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى ھەمدە ئورۇنلارنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى پىلانى ۋە ئىش ھەققى فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. كەسپىي ئورۇنلار يىللىق ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يوللايدۇ. شۇ ئورۇننىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىللىق ھېسابات جەدۋىلىنى تولدۇرىدۇ. تەستىقلاشقا يوللانغاندىن كېيىن تارقىتىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققى نەقلەشتۈرۈلسە بولىدۇ، تەستىقلىتىشتىن ئىلگىرى، ئورۇنلار ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاساس سانىنى ئۆز ئالدىغا خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، چىقىمنى ئاشۇرۇۋېتىشكە، قەرز ئېلىپ تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ؛ ئالدىنئالا تەقسىم قىلىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. شۇ يىلى تېجەپ قېلىنغان ئىش ھەققى كۆرسەتكۈچىنى قالدۇق ئىش ھەققى فوندىغا يۆتكەپ كىرگۈزۈپ، يىل ئارىلىقىدا تەڭشەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

خىراجەت مەنبەسى ھەرخىل كەسپىي ئورۇنلار ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئىشلەتسە بولىدۇ؛ خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنى تىجارەت پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، مۇۋاپىق كىرىم يارىتىپ، شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ئورۇن بولۇشقا ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزى ياراتقان كىرىمدىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاجرىتىپ ئېلىنغان پاراۋانلىق فوندى، مۇكاپات فوندى ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن مۇكاپات پۇلى ئۆلچىمى، ئادەم قىسقارتىش ئارقىلىق تېجەلگەن ئىش ھەققى ئورۇنلارنىڭ ئۆزى ئىگە بولۇپ بىر تۇتاش ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلىدۇ؛ كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ئورۇنلار دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئادەم قىسقارتىش ئارقىلىق تېجەلگەن ئىش ھەققىنى، كېمەيتىپ بېرىلگەن

كەسپىي خىراجەت ئىچىدىن بەلگىلىمە بويىچە ئاجرىتىپ ئېلىنغان مەخسۇس تۈرىدىكى مۇكاپات ئىش ھەققىنى، شۇنىڭدەك كىرىم - چىقىمدىن تېجەلگەن قىسمىدىن تۇتۇپ قېلىنغان مەلۇم نىسبەتتىكى كەسپىي تەرەققىيات فوندىنىڭ ئاشقان قىسمىنىمۇ ئورۇنلار ئۆزى ئىگە بولۇپ تەقسىم قىلىپ تەدرىجىي ھالدا كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئورۇن بولۇشقا ئۆتۈشكە بولىدۇ؛ كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئورۇنلار ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىچكى قىسمىدىكى ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە تەقسىمات چارىسىنى بەلگىلەپ، تەدرىجىي ھالدا كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا ئۆتسە بولىدۇ؛ كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان ئورۇنلار كارخانىلارنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتنى جانلاندۇرۇپ، كارخانا بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا بولىدۇ. كىرىمى بارلىكى كەسپىي ئورۇنلار مۇكاپات فوندى يولغا قويغان ئەھۋالدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىپىگە، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ، بۇ، پەقەت شۇ ئورۇندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. يۇقىرىدىكى چارە 1993 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

بۇ سىياسەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كادىرلار نازارىتى بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئادەم تەشكىللەپ ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت، ئىدارىلەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش، سەپەرۋەر قىلىش، سۆھبەتلىشىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆتۈرە ئېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ۋە ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولدى، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتىنى كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشنى سىناق قىلىدىغان ئورۇن قىلىش تەستىقلاندى، ئاندىن كېيىن مائارىپ، پەن تەتقىقات، سەھىيە، قاتناش، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - سۇچىلىق - چارۋىچىلىق ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئالتە گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. شىنجاڭ تاشيول لايىھەلەش يۇرتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى لايىھەلەش يۇرتى، ئۇنىۋېرسال قىدىرىپ تەكشۈرۈش لايىھەلەش يۇرتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق پەن تەتقىقات، لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد شۆيۈەنى، پولات - تۆمۈر مەكتىپى، پولات - تۆمۈر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سارىيى قاتارلىق ئورۇنلار ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئىسلاھ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىشتىكى سىناق نۇقتىلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى.

2) ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققىنى تەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى.

1993 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى، توختاملىق ئىشچىلار، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنىڭ شاگىرتلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن رەسمىيلەشتۈرۈپ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى بېكىتىش، ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ۋە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتىنى بېكىتىش، خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمىتى يۆتكەلگەندىن كېيىنكى ئىش ھەققىنى بېكىتىش ۋە مەمۇرىي، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇنى مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بويىچە ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش لايىھىسىگە كىرگۈزۈش قاتارلىقلاردا ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلاشقا يوللىغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىنى بەلگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1993 - يىلى تارقاتقان 3 - نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان، بەلگىلەنگەن نورمىدا ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئورۇنلارغا مەلۇم دەرىجىدە تەقسىماتتا ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى چۈشۈرۈپ بېرىلدى؛ كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئورۇنلار ۋە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن باشقا، ئىش ھەققىنى تەقسىملەش ھوقۇقىنى شۇ ئورۇن ئۆزى بەلگىلەيدىغان بولدى، كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار يەنە كارخانىلارنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىمات تۈزۈمىنى جانلاندۇرۇشقا بولىدىغان

بولدى.

3. ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا تولۇق تەييارلىق كۆرۈلدى.

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ بېشىدا كادىرلار مىنىستىرلىكى ئىش ھەققى، پاراۋانلىق مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تەكشۈردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، پەيزاۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش، خوتەن، لوپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋىلايىتى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرى، مەكتەپلىرى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى جاپالىق، چەت رايونلاردا تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ جاپالىق، چەت رايونلاردا قوشۇمچە ھەق بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈش ۋە بەرپا قىلىشقا ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

1993 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىككى قېتىمدا نۇقتا تاللىنىپ، 35 مىڭ ئادەم ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، دەرىجىگە چۈشۈرۈلۈپ ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى جاپالىق، چەت رايونلاردا قوشۇمچە ھەق بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك كوئېففىتسىيېنت، جاپالىق، چەت رايونلارنىڭ رايون خىلىنى تەرتىپكە سېلىش ھەمدە كونكرېت سىياسەت قاتارلىق بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن، پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گوۋۇيۈەن «ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى «ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشتىكى ئۈچ چارىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا دائىر ئۈچ «يولغا قويۇش پىكرى» چىڭ تۇتۇلۇپ تۈزۈپ چىقىلدى.

ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1993 - يىل 10 -، 12 - ئايلاردا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت، ئىدارە قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىش ھەققى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمدىن 500 گە يېقىن كىشى قاتناشقان ئۈچ قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسانتلار دەرس ئاڭلاش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەقلىدىي دەرىجىگە چۈشۈرۈش مەشقلىرى ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭغا دائىر ماددىلار ۋە قۇرۇلمىسىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، مەشغۇلات ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالدى، بۇ ئارقىلىق بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس ھازىرلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىشچىلارنىڭ ئىش ئورنى قوشۇمچە ھەققىنى كۆپەيتىش لايىھىسى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر بويىچە تەستىقلاندى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇكاپات پۇلى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى تەستىقلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بىر قىسىم ۋىلايەت ۋە نازارەت، ئىدارىلەردە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ياۋ جىنزۇڭ

## كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە، ئىش ھەققى ئومۇمىي مىقدارىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، تىزگىنلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ئىش ھەققىنىڭ سىرتىدىكى كىرىمنى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش، تەقسىماتتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ياخشى ۋە جانلىق ئىشلىتىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش، كارخانىلاردا ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تەقسىماتىدا ئۆزى - ئۆزىنى چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مېخانىزمنى كۈچەيتىش ھەمدە تەڭ تەقسىماتچىلىقنى قەتئىي تۈگىتىشنى بەلگىلىدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا بەزى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى.

1) 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەمگەك نازارىتى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى، پاي چېكى تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ھەمدە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى فوندى توغرىسىدا ئىش بېجىرىش تەرتىپى، ھېسابات شەكلى، كەسپىي تۈزۈمى، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق

بەلگىلىمە چىقاردى.

2) 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇش تونرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا باشقۇرۇش دائىرىسى، باشقۇرۇش پرىنسىپى، تەركىبى، بەلگىلىنىشىنى ھەمدە بۇ بەلگىلىمىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل، ئايرىپ ئېلىش چارىسى، ئىشلىتىلىشى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنىڭ تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بەلگىلىمىلەر بار.

3) ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە چېتىش چارىسىنى يولغا قويۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار بولغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا قارىتا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىش، مۇكاپات پۇلىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە قاراپ تۇراقسىز قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىشتىكى ئاساس سانىنى بېكىتىش، ئىش ھەققىنى ھۆددىگە بېرىشتىكى ئاساس سانىنى تەكشۈرۈش، ھۆددىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئايرىپ ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش خىزمىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى قاتارلىق كونكرېت مەشغۇلاتلارغا قارىتا تەپسىلىي ئىزاھات بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن يەنە ئالاقىدار تولۇقلىما بەلگىلىمىلەرنى تارقاتتى.

ياڭ يىڭيۈەن

**ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى**

بۇ يىغىن 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا مەملىكەتلىك كارخانىلارنىڭ ئەمگەك - كادىرلار تۈزۈمى، ئىش ھەققى تەقسىماتى تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىدىكى يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى تەجرىبىلەر خۇلاسىلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى ۋەزىيەتتىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، يىغىندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش تەكىتلەندى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 13 كارخانا تەجرىبە تونۇشتۇردى.

ياڭ يىڭيۈەن

خې ۋېيشاڭ

**ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، پاراۋانلىق تۈزۈمى ئەھۋالى**

1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پېنسىيە پۇلىنى ناھىيە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى ھەمدە 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) تە ۋىلايەت بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشقان ھەرخىل كارخانا 7774 كە، ھەرخىل ۋەزىپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 615 مىڭ 466 (بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك توختامى تۈزۈمىدىكى ئىشچى 157 مىڭ 114) گە، پېنسىيىگە چىققان ھەرخىل خادىم 140 مىڭ 221 گە يەتتى. 72 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا - بازار كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، سۇغۇرتىغا 51 مىڭ 637 ئادەم قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ۋىلايەتلىرىدە شەخسلەرنىڭ ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى تاپشۇرغان يىللىق ياشانغانلار سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 92% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتىدىن 104 ى قۇرۇلدى.

2) 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەمگەك نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر فوندىدىن ياشانغانلار سۇغۇرتا پۇلىنى پىلانلىق تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى بېسىپ تارقاتتى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەمدە شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش باش شىركىتى قاتارلىق كەسىپلەردىكى 18 كارخانا ياشانغانلار سۇغۇرتا پۇلىنى پىلانلاپ تارقىتىشتىكى ئاساس سان ۋە پىلانلاپ تارقىتىش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

3) 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەمگەك نازارىتى

«كارخانىلارنىڭ پاشانغانلار سۇغۇرتىسىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىيىتى تارماقلىرى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى ھەمدە كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن ئۆز رايونى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ پاشانغانلار سۇغۇرتىسىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشنى، قاپلاش دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

4) كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتى كۈچەيتىلدى. كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى تەستىقلاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بېجىرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقىتىلىش بىلەن پاشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى ئۈچۈن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىراجەتنىڭ مۇۋاپىق چىقىم قىلىنىشىغا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىگە قاراپ يۈزلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 68 ناھىيە (شەھەر) دە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى، ياكى بانكىلار ۋەكالەتەن تارقىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

5) 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەمگەك نازارىتى «كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاشانغانلار سۇغۇرتا فوندىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى بېسىپ تارقىتىپ، پاشانغانلار سۇغۇرتا فوندىنى بىخەتەر ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى.

6) ئەمگەك نازارىتى «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىش ئۈستىدە يارىلانغان، مېيىپ بولغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ نورمال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىنى ۋە ئىش ئۈستىدە ۋاپات بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرى بېقىۋاتقان بىۋاستە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى يۆلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلانغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى بېسىپ تارقاتتى، سانجى ئوبلاستىدىكى ئالتە ناھىيە، بىر شەھەر بۇ چارە ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭلا نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئويۇشتۇردى.

7) ئاپتونوم رايون ئەمگەك مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش، سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، كۈيتۇڭ شەھىرى ۋە ساۋەن ناھىيىسىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش، سۇغۇرتا ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

8) ئىش ئۈستىدە ۋاپات بولغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى دەپنە قىلىش ھەق ئۆلچىمى تەڭشەلدى. ئىش ئۈستىدە ۋاپات بولغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى دەپنە قىلىشتىكى ھەق ئۆلچىمى 1200 يۈەن، كېسەل سەۋەبىدىن ياكى غەيرىي ئىش ئۈستى خاراكتېرلىك ئۆلۈمنى ئۆزىتىشقا كېتىدىغان سومما 1000 يۈەن دەپ بەلگىلەندى. دەپنە قىلىش خىراجىتىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش، چىقىم ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك، ئېشىپ قالغىنى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مەنسۇپ بولۇش بەلگىلەندى. بۇ چىقىم «تىجارەت سىرتىدىكى چىقىم» تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ چىقىم قىلىنىدۇ.

سۇن ۋېي
ۋاڭ شياۋلى

**كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 70 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە 16 مىڭ 851 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6066؛ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 653، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 461؛ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغىنى 15 مىڭ 460. مەكتەپ پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «مەكتەپ پۈتتۈرۈش كىنىشكىسى» ۋە «تېخنىكا بېكىتىش كىنىشكىسى» بويىچە تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. 14 مىڭ ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرۈش كىنىشكىسى ۋە تېخنىكا دەرىجىسىنى بېكىتىش كىنىشكىسىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا ئىككى كىنىشكا بويىچە تەكشۈرۈش دائىرىسى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىن ھەر خىل كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كەسپىي تېخنىكوملارغىچە كېڭەيتىلدى.

ئالاقىدار تارماقلار تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ۋەزىپە خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىش پىكرى (سىناق نۇسخا)» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىش ئورنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىنىڭ شەرتلىرى (سىناق نۇسخا)» نى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايوندىكى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپە سالاھىيىتىنى باھالاش ھەيئىتىنى يېڭىباشتىن قۇردى. 1993 - يىلى ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپە باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن 74 ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپە سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى.

ئىشچىلارنى تەربىيىلەش، تەكشۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە، كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش پرىنسىپى ئاساسىدا، ئاپتوموبىل شوپۇرلىقى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ئاشپەزلىكتىن ئىبارەت ئىش تۈرلىرىدە كەسپىي ئىقتىدارىنى باھالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بىلىشكە تېگىشلىك بىلىمى، بىلىشكە تېگىشلىك ھۈنىرى بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، 14ى يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك، 1000 دىن ئارتۇقى تېخنىك، 8000 دىن ئارتۇقى ئالىي مەلىكىلىك ئىشچى دەپ ئېتىراپ قىلىندى، ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچىلار 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى باھالىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ستانوك، سىلىسارلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىش تۈرىدە ماھىرلار تاللىنىپ، 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار ئولىمپىك تېخنىكا ئىقتىدارى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

جۇڭگو ئەمگەك نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «سىلىسارلىق تېخنىكا ئىلمى»، «مانتىيورلۇق ئىلمى»، «مېتال ماتېرىياللىرى ۋە ئۇلارنى قىزىق بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى»، «ماشىنىسازلىق چىرچىنىيىسى»، «فىزىكا»، «ماتېماتىكا»، «سىياسەت» قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي تەربىيىلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇيغۇرچە دەسلىكلەرنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

جاڭ مىي

## كۆمۈركان ھادىسىلىرى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆمۈركانلاردا ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈشتەك چوڭ ھادىسە 15 قېتىم يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 14 ئادەم ئۆلگەن ھادىسە بىر قېتىم، ئالتە ئادەم ئۆلگەن ھادىسە بىر قېتىم، بەش ئادەم ئۆلگەن ھادىسە تۆت قېتىم، تۆت ئادەم ئۆلگەن ھادىسە ئىككى قېتىم، ئۈچ ئادەم ئۆلگەن ھادىسە يەتتە قېتىم.

خې ۋېيشاڭ

# ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى

**ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

باھار بايرىمى ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئالاتاۋ ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە لېيەنى، مايتاغ ئېتىلىپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىۋاتقان قىسىملار، دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ ئايغىر بۇلاق بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان قوراللىق ساقچى قاتناش 2 - باش ئەترىتىدىكى جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھال سوراش ئۆمەك (گۇرۇپپا) دىن 1578 نى تەشكىللەپ، شۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىكى تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلاردىن 640، لىيەندۈي قاراۋۇللۇق ئورنىدىن 1131 نىگە ئەۋەتىپ ھال سورىدى، ھال سوراش ئۈچۈن 2 مىليون 714 مىڭ يۈەن خىراجەت چىقىم قىلىندى.

زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئىقتىسادنى تۇتۇش بىلەن تەڭ يەنە دۆلەت مۇداپىئەسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 60 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ئۇن رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۇن سىنئويغۇ تەقدىم قىلدى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ خوڭچيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى «دوستلۇق» سودا سارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پاراۋانلىق، مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىنىڭ شۇجىسى ۋە زاۋۇت باشلىقى ھال سوراش بۆلۈملىرىنى ئېلىپ بېرىپ پەرزەنت ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى يەككە سودا - سانائەتچى ئابدۇخېلىل قارى 6000 يۈەنلىك سوۋغا سېتىۋېلىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەقدىم قىلدى. ئۈرۈمچى «گۇاڭخۇي» سانائەت - سودا كەسپىي شىركىتى 800 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، 80 چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيىنىڭ ھەر بىرىگە 10

مىڭ يۈەن قىممىتىدە ھال سوراش بۇيۇمى سوۋغا قىلدى.

جايلاردا ئەقىل - پاراسەت جەھەتتىن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى چىقىرىپ، سىنىپلارنى بوشۇتۇپ، ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان جەڭچىلەرگە ئومۇمىي ساۋات دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئۆتۈپ بەردى. ئارمىيىدىمۇ ۋە يەرلىك ئورۇنلاردىمۇ خىزمەت قىلالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئاچقان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە 7 - ئايدا ئوقۇش باشلاندى. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئارمىيىدىمۇ ۋە يەرلىك ئورۇندىمۇ خىزمەت قىلالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋە باش سىياسىي بۆلۈم بۇ ناھىيىگە «پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ دوتىبىنتى لىن چېڭ 10 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ 30 چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مەلۇم بازىسىغا بېرىپ، كۆكتات تېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قىسىم ئۈچۈن 400 نەپەر كۆكتات تېرىش ماھىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتى 6872 گە، مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى 5237 گە يەتتى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش مۇلازىمەت پائالىيىتىگە دائىملىق قاتنىشىدىغان جەمئىي مىللەت ئاممىسى 196 مىڭ كىشىدىن ئاشتى. ئېتىبار بېرىلىدىغان، نەپىقە بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارغا 3126 ئېغىز ئۆي تەقسىم قىلىندى، تەڭشەلدى ۋە رېمونت قىلىپ بېرىلدى، 623 ئادەمنىڭ ئىش تۇرى ۋە سىمىنا قېتىم سانى تەڭشەلدى، 913 ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى. 52 مىڭ ئىش كۈنى زىرائەت تېرىش، ھوسۇل يىغىش ۋە باشقا ئىشلارغا ياردەم قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنى مۇكاپاتلاش فوند جەمئىيىتىدىن 84 ى قۇرۇلدى، ھەربىي قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا خىزمەت كۆرسەتكەن جەڭچىلەرگە مۇكاپات بېرىلدى.

ھەر خىل ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە ئۆلچىمى، يارىلانغان، مېيىپ بولغان ھەربىيلەرگە بېرىلىدىغان نەپىقە، يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر، كېسەل بولۇپ يۇرتىغا قايتقان ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرنىڭ قەرەللىك مىقدارلىق ياردەم پۇلى ئۆستۈرۈلۈپ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىلدى. ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان ئېتىبار، يەرلىك ئورۇندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ماس ھالدا ئۆستۈرۈلدى.

تاڭ شياۋگۇاڭ

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 901 نەپەر كادىر (شى دەرىجىلىك كادىر يەتتە، تۈەن دەرىجىلىك كادىر 175، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 344، لىيەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 209، تېخنىكا كادىرى 166) نى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 132 نەپەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكىلىپ (كۆچۈپ) كەلگەن 274 ئائىلە تاۋابىئات ۋە پەرزەنتىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغانلاردىن 607 سى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا، 256 سى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 38 كىشىنىڭ ئۆزى خىزمەت تېپىشى تەستىقلاندى. ئۈرۈمچى رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 540 نەپەر كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ئىچىدىن 400ى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا، 140ى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئېگىزلىك ۋە چېگرا مۇداپىئە قاتارلىق جاپالىق جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن 34 نەپەر كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، چېگرا مۇداپىئەسى ياكى جاپالىق رايونلاردا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن 38 نەپەر كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر شارائىتى ياخشىراق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان توققۇز ئۈچقۇچى ۋە 40 نەچچە نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىغىمۇ ئېتىبار بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش مەركىزى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلىنىشىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 1993 - يىل 6 -

ئاينىڭ 18 - كۈنى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش مەركىزى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئىككى قارار كۇرسنىڭ ۋاقتى ئۈچ ئاي بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى ئېيى ماسلاشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەربىيىلەش ۋە كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش ۋاقتى، بىر ئېيى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش ۋە پراكتىكا قىلىش ۋاقتى قىلىندى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىش نىسبىتى %90 تىن يۇقىرى بولدى.

جىن ۋېيبىن

**ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ھەربىي سەپتىن قايتقانلاردىن جەمئىي 8771 كىشىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكىلەر 6666 كىشى، يېزا - كەنتتىكىلەر 2105 كىشى، شەھەر - بازارلارغا 6450 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ شەھەر، بازارلار ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك سانىنىڭ 96.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەردىن 427 سى قوبۇل قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئالاقىدار تارماقلار 1993 - يىللىق ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. شەھەر - بازارلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كۆچەيتىلگەندىن باشقا، يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھمىيەت بېرىلدى. «نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قايتىش» تىن ئىبارەت ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، داۋالاش، نىكاھلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ياردەم بېرىلدى. ئارمىيىدىمۇ، يەرلىك ئورۇندىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملار زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەندى ۋە ئىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ھەمدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى قۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئارمىيىدىمۇ، يەرلىك ئورۇندىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىمدىن 2389 ى قوبۇل قىلىندى، 1123 ئادەم ئىشلىتىلدى، بۇ، قوبۇل قىلىنغان كىشىلەرنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، 1993 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار (قورال-لىق ساقچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان يېزىلىق ھەربىيلەردىن 330 ى ھەربىي سەپتىن قايتقان مۇنەۋۋەر ئەسكەر تاللىنىپ، ئومۇمىي ساۋات ئىستىھانى ۋە سىياسىي جەھەتتە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيە مەكتىپىدە بىر يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېزا - بازارلىرىغا ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇشقا تەقسىم قىلىندى. يەنە مەلۇم كەسپىي تېخنىكىسى بار 387 نەپەر يېزا نوپۇسىدىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىي تاللىنىپ، نېفىت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ چەت - ياقا جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش 1 - سېپىگە تولۇقلاپ ئەۋەتىلدى.

چېن لۇشەن

**ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ھەمدە ھەربىيلىك سالاھىيىتى بولمىغان پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى**

1) ئۆي قۇرۇلۇشى ئاكتىپ ئورۇندالدى. دۆلەت ئاپتونوم رايونغا 4 - تۈركۈمدە ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئۈچۈن 375 يۈرۈش ئۆي سېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 6545.8 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى پۈتكۈزۈلدى. شى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەپ پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا بىر كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، بىر كورپۇس ماشىنا گاراژى، خىزمەت بىناسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن بىر كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، بىر كورپۇس ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى سېلىندى. ئۆي قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى، ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە بايىنغولىن، سانجى، قۇمۇل، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئۆي سېلىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى سىرتىدىكى رايونلارنىڭ 4 - تۈركۈمدىكى ئۆي سېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

2) ئارمىيىدىن پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىيلىك سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوبۇل قىلىندى. 1993 - يىلى دۆلەت ئاپتونوم رايونغا 1 - تۈركۈمدىكى ئارمىيىدىن پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان 365 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى

قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئەۋج كەلگەن تىببىي داۋالاش مەسىلىسىنى ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى بىلەن ماسلىشىپ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ھۆكۈمەت خىراجىتىگە داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلدى.

3) ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، تىجارەتتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 440 مىڭ يۈەنگە، ئېرىشكەن ساپ پايدا 214 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئالاقىدار تارماقلار كورلا شەھىرىدىكى ھەربىيلەر ساناتورىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى بويىچە ئىش ئورنى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، كورلا شەھىرىدىكى ھەربىيلەر ساناتورىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت تۈزۈلمىسى ئېكىسكۇرسىيە قىلىنىدى. يىغىن 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىدە 430 مىڭ يۈەن ساپ پايدا يارىتىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ پايدىنى 1000 يۈەنگە يەتكۈزۈش بېكىتىلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايىنغولىن، سانجى، تارباغاتاي، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ھەربىيلەر ساناتورىيىلىرى ۋە مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارىتىدە كىشى بېشىغا 1000 يۈەن كىرىم قىلىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

سۈي جيەنپىڭ

### ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قەرەللىك تۆردە بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى

ئاپتونوم رايون 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قەرەللىك تۆردە بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

1) ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قەرەللىك تۆردە بېرىلىۋاتقان نەپىقە پۇلى ئۆلچىمى 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئۆلچەم ئاساسىدا ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا يەنە 10 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئۆلچەم تۆۋەندىكىدەك بولدى. (1) ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يېزىلاردا ئولتۇرۇشلۇق بولسا، ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 60 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 70 يۈەن؛ شەھەر، ناھىيە بازىرى ۋە بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق بولسا، ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 65 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 75 يۈەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بولسا، ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 75 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 85 يۈەن. (2) كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى يېزىلاردا ئولتۇرۇشلۇق بولسا، كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 55 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 65 يۈەن؛ شەھەر، ناھىيە بازىرى ۋە بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق بولسا، كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 60 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 70 يۈەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بولسا، كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 65 يۈەن، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي لارغا 75 يۈەن.

2) ئەسلىدىكى خەلق قوراللىق قىسمىدىن يەرلىك ئورۇننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەربىي قىسىم كادىرلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بەھرىمەن بولىدىغان قەرەللىك تۆردە بېرىلىدىغان نەپىقە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم ئاساسىدا ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا ئون يۈەن قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى.

3) ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىش ئۈستىدە قۇربان بولغانلار، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ياردەم پۇلى ئۆلچىمى ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

جاڭ لەيرۇڭ

### ئالاھىدە دەرىجىلىك ۋە 1 - دەرىجىلىك ئىنقىلابىي مېيىپلارنىڭ كۈتۈنۈش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئالاھىدە دەرىجىلىك ۋە 1 - دەرىجىلىك ئىنقىلابىي مېيىپلارنىڭ كۈتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى:

1) بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كۈتۈنۈش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىنقىلابىي مېيىپلار (مېيىپ ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، مېيىپ خەلق ساقچىلىرى، مېيىپ خىزمەتچى خادىملار، مېيىپ خەلق ئەسكەرلىرى، خەلق ئىشچىلىرى شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ كۈتۈنۈش خىراجەت ئۆلچىمى ئالاھىدە دەرىجىلىكلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ 55

پىرسەنتى، 1 - دەرىجىلىكلەرنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە بولىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى بېكىتىشتە ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1992 - يىلدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىدە كېمىيىش كۆرۈلسە، كۆتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلمەيدۇ. 1992 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ھەققى سوممىسى 228 يۈەن، ئىنقىلابىي مېيىپلارنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى كۆتۈنۈش خىراجىتى ئالاھىدە دەرىجىلىكلەرنىڭ 125 يۈەن، 1 - دەرىجىلىكلەرنىڭ 114 يۈەن.

3) ئالاھىدە دەرىجىلىك، 1 - دەرىجىلىك ئىنقىلابىي مېيىپلارنىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشكە كېرەكلىك خىراجەت يەنىلا ئەسلىدىكى خىراجەتتىن چىقىم قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

جاڭ لېيرۇڭ

**ئىنقىلابىي مېيىپلارغا قول بىلەن ماڭدۇرۇلىدىغان ئۈچ چاقلىق ھارۋا سەپلەپ بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى**

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىنقىلابىي مېيىپلار (ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر، مېيىپ خىزمەتچىلەر، مېيىپ خەلق ساقچىلىرى، مېيىپ خەلق ئەسكەرلىرى، خەلق ئىشچىلىرى) غا ئۈچ چاقلىق قول ھارۋىسى سەپلەپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ۋاقىتلىق بەلگىلىمە چىقاردى:

1) ئۈچ چاقلىق ھارۋا سەپلەپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىككى پۇتى پۈتۈنلەي پالەچ بولغانلار ياكى پارالىچ بولۇپ ماڭالمايدىغانلار؛ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان، سۈنئىي پۇت سالغىلى بولمايدىغانلار؛ ئىككى پۇتى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغانلار؛ ئىككى تىز لېپىكىنىڭ ئاستى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، تىزلېپىكى قېتىۋېلىپ سۈنئىي پۇت سالغىلى بولمايدىغانلار؛ بىر پۇتى كېرەكتىن چىققان ياكى پالەچ بولۇپ قالغان، يەنە بىر پۇتى ئېگىلمەيدىغان بولۇپ قېلىپ ماڭالمايدىغانلار؛ بىر پۇتى يوتىسىدىن كېسىلگەن، يەنە بىر پۇتىنىڭ يېرىمى كېسىلگەن بولۇپ ھەرىكەت قىلىشتا قىينىلىدىغانلار؛ بىر پۇتى تىزىنىڭ ئۈستىدىن كېسىلىپ سۈنئىي پۇت سالغىلى بولمايدىغان، ھەرىكەت قىلىشى ناھايىتى قىيىن بولغانلار.

2) تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى ھەمدە خىراجەت يوللىرى: يېزىلاردىكى ئىنقىلابىي مېيىپلاردىن ھارۋا سەپلەپ بېرىش شەرتلىرىگە توشىدىغانلار شۇ كىشىنىڭ يازما ئىلتىماسى، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ تەستىق سالغان پىكرىگە ئاساسلىنىپ جايلاردىكى ناھىيە (رايون) نىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ۋىلايەت، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى (باشقارمىسى) نىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ھارۋا سەپلەش ۋە رېمونت قىلىش خىراجىتى مېيىپلار تۇرۇشلۇق ناھىيە (رايون) لىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ نەپىقە بېرىش كەسپىي خىراجىتىدىن ھەل قىلىنىدۇ. خىزمىتى بار ئىنقىلابىي مېيىپلارغا ئۈچ چاقلىق قول ھارۋىسى سەپلەپ بېرىش خىراجىتى مېيىپ ئىشلەۋاتقان ئورۇن تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ ئورۇندىكى ھۆكۈمەت ئىشى (ئىش ئۈستىدە) يارىلىنىپ مېيىپ بولغان خادىملارغا ئوخشاش دەرىجىدىكى سۇغۇرتا پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى دېيىلگەنلەر پەقەت مېيىپلارغا قول بىلەن ماڭدۇرۇلىدىغان ئۈچ چاقلىق ھارۋا سەپلەپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئاككۇمولياتورلۇق ياكى ماتورلۇق ھارۋا سەپلەپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئېشىپ كەتكەن قىسمى بولسا، ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ.

3) ئىشلىتىش ۋاقتى: ئىنقىلابىي مېيىپلارغا سەپلەپ بېرىلگەن ئۈچ چاقلىق قول ھارۋىسى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپ سەككىز يىلدىن كېيىن، مېيىپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى رېمونت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتسە، شۇ يەردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يېڭىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

جاڭ لېيرۇڭ

**ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش - مەدھىيىلەش پائالىيەتلىرى**

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى - چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قۇربان بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئېلان قىلدى؛ 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چېن تيەنچيۇ» نى تۇنجى قېتىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى؛ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى، ياش ئوقۇغۇچىلار قاتناشقان تەزىيە بىلدۈرۈش

مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جۇرۇڭجى كۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى، تۆمۈر داۋامەت، سەيپىدىن ئەزىزى ھەمدە ئىنقىلابىي قۇربان چېن تيەنچيۇنىڭ ئايالى ۋاڭ يۈنشۈ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى مۇراسىمغا قاتناشتى، مۇراسىمغا ئابلەت ئابدۇرېشىت رىياسەتچىلىك قىلدى، سۇڭ خەنلياڭ تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يەنە يىغىنىدا خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تۈزۈش بۆلۈمى مەخسۇس خاتىرىلەش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تۈزۈش بۆلۈمى تۈزگەن «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 6 - قىسمى 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتابقا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە قۇربان بولغان 16 نەپەر ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار تۈزگەن ئوتتۇرا تىپتىكى سۈرەتلەر توپلىمى «تەڭرىتاغنى قان بىلەن يۇيۇش» 12 - ئايدا رەسمىي نەشر قىلىندى. سۈرەتلەر توپلىمىغا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن 14 بېغىشلىمىسى، 242 پارچە رەڭلىك ۋە رەڭسىز سۈرەت كىرگۈزۈلگەن، مەشھۇر ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا خاتىرە بىنالىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا نامايان قىلىنغان.

شىي مىن

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرى جەمئىي 460 (بۇنىڭ ئىچىدە، 1993 - يىلى كۆپەيگىنى 87) قا؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 13 مىڭ 793 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 6291) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 405 مىليون يۈەن (سودا - سېتىق قىممىتى شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 103.9% ئاشتى، ياراتقان باج ۋە پايدىسى 37 مىليون 795 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.5% ئاشتى. يىللىق ياراتقان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 2 مىليون 809 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا ئىككى، 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 62. 30 پاراۋانلىق كارخانىسى زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 676 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن 3 مىليون 550 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى، بۇ پۇلنى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ھەل قىلىپ بەردى.

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 244 پاراۋانلىق زاۋۇتنىڭ ھەممىسى كەسپىي ئورۇندىن كارخانا ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى.

سۇن مىنجېڭ

## ئۈچ پاراۋانلىق كارخانىسى مەملىكەت بويىچە 100 باي پاراۋانلىق كارخانىسى قاتارىغا كىردى

1993 - يىل 2 - ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسى، ئۇنىۋېرسال پىلانلاش مەھكىمىسى ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرى جەمئىيىتى «مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىدىكى 100 باي كارخانا»نى رەتكە تۇرغۇزۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شىنجاڭدىن مايتاغ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى مۇھىت ئاسراش پاراۋانلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ پاراۋانلىق ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى «100 باي كارخانا» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مايتاغ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ پاراۋانلىق ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى يەنە «مەملىكەت بويىچە تىجارەت كۆلىمى ئەڭ چوڭ 500 پاراۋانلىق كارخانا (سانائەت كەسپى بويىچە)» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

سۇن مىنجېڭ

## پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش خىزمىتى

1993 - يىلى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋە باش باج ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ۋە باج تارماقلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 1992 - يىلى ئېتىراپ قىلىنغان 373 پاراۋانلىق كارخانىسىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى تەپسىلىي

قائىدىلىرى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1993 ـ يىللىق ئىسپاتلاش خىزمىتىدە %95 پاراۋانلىق كارخانىسى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولدى، %3 پاراۋانلىق كارخانىسى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىنىدىغان بولدى، %2 پاراۋانلىق كارخانىسى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولمىغان پاراۋانلىق كارخانىسى دەپ قارىلىپ، پاراۋانلىق كارخانىسى كىنىشكىسى بىكار قىلىندى.

سۇن مىنجياڭ

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاندى

1993 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىئانە توپلاش تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە توپلاش مۇكاپاتلىق چېكىدىن 30 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك سېتىلىپ، 7 مىليون 575 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى توپلاندى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاش كومىتېتىغا 1 مىليون 515 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى.

1993 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىئانە توپلاش كومىتېتلىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغىدىن 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 29 ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي تۈرىنى قۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قىلغان ياردىمى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ياردەم قىلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈرى 23، جۇڭگو ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مۇكاپاتلىق ئىئانە توپلاش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قىلغان ياردىمى 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ياردەم قىلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي تۈرى ئالتە.

ۋۇ شىنيۈەن

## مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1989 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېيىپلار ئىشلىرى خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى 1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆزىگە ئاق چۈشكەنلەرنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 12 مىڭ 563ى، بالىلار پارالىچى كېسەللىكىنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىش ئوپېراتسىيىسىدىن 4514ى ئىشلەندى، 461 نەپەر گاس بالا ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارى بويىچە مەشىق قىلدۇرۇلدى. 1992 ـ، 1993 ـ يىللىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئۈچ تۈر بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى سۈپەت جەھەتتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، باھالاش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشكەنلەرنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئىشلەنگەنلەرنىڭ ئەمالىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %98.6كە، مېيىپلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %93كە يەتتى؛ كۆزنى قايتا تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %94.4 بولدى؛ كۆزگە ئەينەك تاقايدىغانلارنىڭ نىسبىتى %74.3 بولدى. بالىلار پارالىچى كېسەللىكىنىڭ ئاسارىتىنى تۈگىتىش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى %97.5 كە يەتتى، ئۈنۈمى كۆرۈلۈش نىسبىتى %91.8كە يەتتى. گاس بالىلارنى ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارى بويىچە مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەشىق قىلدۇرۇلغان گاس بالىلارنىڭ ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارى ھەر خىل دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى ۋە ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدىكى %13.6 بالا ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى بالىلار باغچىسىغا ئوقۇشقا كىردى. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقىنى داۋالاش، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە مېيىپ بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، رايونلار بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ نامراتلارنى يۆلەش، لازىمەتلىك بۇيۇم ۋە سايمانلار بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە ئالتە تۈرلۈك يېڭى ساھە ئېچىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە يەكەن ناھىيىسى روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بويىچە سىناق قىلىنىدىغان شەھەر، ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. ساۋەن ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، قابا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا مېيىپلارنى لازىمەتلىك بۇيۇم ۋە سايمانلار بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمەت پونكىتىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى.

مائارىپ ئەھۋالى مېيىپ بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى زور كۆلەمدە ئۆستى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە جىسمانىي جەھەتتە مېيىپ بالىلار، ئۆسمۈرلەر ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئالاھىدە مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە مائارىپ مىللىي مەجبۇرىي مائارىپ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى تەرەققىي قىلىپ توققۇزغا يەتتى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 1989

يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە 143 نەپەر مېيىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى 1993 - يىلىغا كەلگەندە مېيىپلارنى يىغىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان پاراۋانلىق كارخانىسى 460قا، يىغىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپ 6291گە يەتتى. تارقاق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپ 27 مىڭ بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈزەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئومۇمىي سانىنىڭ 1.09 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يەككىلەر بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشقان مېيىپلار زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مېيىپ سودا - سانائەتچىلەر 79دىن 300 گە كۆپەيدى. مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. قۇمۇل شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى مېيىپلار ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى.

مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئەھۋالى مېيىپلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مېيىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىنو، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى كۆپەيدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مېيىپلار تۇرمۇشى مەخسۇس پروگراممىسىنى تەسىس قىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» مەخسۇس ستون تەسىس قىلدى. 1993 - يىل2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلارنىڭ سىنئالغۇدا ئويۇن كۆرسىتىش ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، قىسمەن پروگراممىلار مەملىكەتلىك سىنئالغۇ ئارقىلىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ مۇكاپاتلاندى. 1989 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە مېيىپلاردىن تەشكىللەنگەن كوماندىلار ئۈچ قېتىم مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 24 مېدالغا ئېرىشتى، بۇلارنىڭ بەشى ئالتۇن مېدال.

ئىجتىمائىي مۇھىت ئەھۋالى يۇقىرىلارنىڭ مېيىپلارغا ياردەم بېرىش ئېڭى كۈچەيدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىئانە توپلاپ مېيىپلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 مىليون ھەر مىللەت ئاممىسى، خەلقنىڭ مېيىپلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلغان ئىئانىسى 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 3 - قېتىملىق «مەملىكەت بويىچە مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىنوخانا، تىياتىرخانا، تانسىخانا، سىنئالغۇ قويۇش ئورۇنلىرى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى پۈتۈنلەي مېيىپلار ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىندى. ئاپتونوم رايون ۋە قىسمەن ۋىلايەتلەر ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى مەملىكەت سىرتىغىچە كېڭەيتتى، تەيبېي ساۋجەمئىيىتى فوند جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى مېيىپ قېرىنداشلارغا 100 دانە چاقلىق ئورۇندۇق ئىئانە قىلدى، «توڭدا» خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتى (شياڭگاڭدا) نىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى پېڭ تيەنيۈەن ئەپەندى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مېيىپ قېرىنداشلارغا 30 چاقلىق ئورۇندۇق، 600 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە نازارىتى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بۇ خىزمەتنى 2 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى 1989 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ۋە يېزا، بازار، رايون، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن مېيىپلار بىرلەشمىلىرى قۇرۇلدى، 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى 16گە، ناھىيە دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى 96گە، يېزا دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى 630غا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېيىپلار خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

لياڭ دېرېن

دېڭ جۇنخۇا

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېيىپلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېيىپلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، كادىرلار نازارىتى قاتارلىق 36 ئورۇن ئەزا ئورۇن بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلار ئىشلىرىغا

ئالاقىدار قائىدىلەر، سىياسەت، نىزام، پىلان، پىلان تۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش، مېيىپلار خىزمىتىدىكى زور مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش.

لىيۇ چاڭخۇا

**ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، رايونلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مېيىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مېيىپ خىزمەتچىلەر، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 160 كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جاڭ فۇسېن، شېي فۇپىڭ، غوپۇر ئابدۇللا، ئىبراھىم روزى قاتارلىق كىشىلەر قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇدىرى باۋ مىڭخەي «ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئىش ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مېيىپلار ئىشلىرىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئىلگىرىلىتەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىندا 1989 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. 2 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى غوپۇر ئابدۇللا ئۈستىگە ئالدى.

جاۋ جيۇجياڭ

**جۇڭگو مېيىپلار ئىشلىرى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى، جۇڭگو مېيىپلار ئىشلىرى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو مېيىپلار ئىشلىرى ئاخبارات ـ تەشۋىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلدى. شۆبە جەمئىيەتنىڭ باش نىشانى ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مېيىپلار ئىشلىرىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدا مېيىپلار ئىشلىرى تەشۋىقات ـ ئاخبارات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشتىن ئىبارەت.

جاۋ شىڭخۇي

**ئەما باللارنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى**

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مېيىپلار بىرلەشمىسى بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ ئەما باللارنى ئادەتتىكى سىنىپلارغا كىرگۈزۈپ ئوقۇتۇش سىناق خىزمىتىنى تەكشۈردى، نەتىجىلەر سىناق خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 1991 ـ يىلى كۈزدە بارىكۆل ناھىيىسىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان ئىككى نەپەر ئەما بالا بازارلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن خۇايۈەن يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، ساغلام ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئاقارتىش تەربىيىسىنى ئالغان. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خۇايۈەن يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئەما خەنزۇ ئوقۇغۇچى سىنىپىدىكى باللار بىلەن تەڭ ئوقۇيالايدىغان بولغان. بازارلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئەما قازاق ئوقۇغۇچى داۋرانىڭ ئوقۇش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا بولغان ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە رويال ۋە ئېلېكترونلۇق روياللىنى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان، 1993 ـ يىلى ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئون ياخشى ئۆسمۈر» نىڭ بىرى دەپ باھالانغان.

لى شەنئەي

**ئاپتونوم رايونىمىزدا تارقاق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى**

1993 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، خوتەن، قىزىلسۇ، بايىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مېيىپلارنىڭ تارقاق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 372، ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 191 مىڭ 733 كىشى (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى 2083 بولۇپ، 1.09%نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلار ئىچىدە مەمۇرىي ئورگان 91، ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 30 مىڭ 338، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى 242 بولۇپ، 0.8%نى ئىگىلەيدۇ؛ كەسپىي ئورۇن 77، ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 23 مىڭ 483، بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى 276 بولۇپ،

%18.1 نى ئىگىلەيدۇ؛ كارخانا ئورۇن 204، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 137 مىڭ 912. بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 1565 بولۇپ، %13.1نى ئىگىلەيدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تاللاپ تەكشۈرۈلگەن 147 ئورۇندىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 74 مىڭ 839. بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 837 بولۇپ، %12.1نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالتاي ۋىلايىتىدىن 20 ئورۇندىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى6227، بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى-خىزمەتچى 145 بولۇپ، %33.2نى ئىگىلەيدۇ؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن 24 ئورۇندىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 779، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 48 بولۇپ، %41.0نى ئىگىلەيدۇ، تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇشتا مېيىپلارنى ئەڭ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇن ئاپتونوم رايونلۇق مۇ ئىشلىرى نازارىتى ئورگىنى بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 140، بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى توققۇز بولۇپ، %43.6نى ئىگىلەيدۇ. ئۈرۈمچى رايونىدا مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %2تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئورگىنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئورگىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش شىركىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ «كوئىنلۇن» سۇلياۋ بۇيۇملار زاۋۇتى، شىنجاڭ تاشقى سودا گىلەم زاۋۇتى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باج ئىدارىسى، ئۈرۈمچى سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇشى شىركىتى.

لى پېيەن

## يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش خىزمىتى

1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ لايىھىسى» (سىناق نۇسخا) نى پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى.

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش خىزمىتى بورتالا شەھىرىنىڭ ئۆتبۇلاق يېزىسىدا باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى شۇ جايدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، 60 نەپەر كادىرنى تەربىيىلىدى. بۇ 60 كادىر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تەكشۈرۈش ۋە تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، ئاندىن سۇغۇرتا ھەققىنى يىغدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق قىلىش خىزمىتى بىلىن خارمودۇن يېزىسىغا يۆتكەلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئىككى يېزىدىن 639 ئادەم سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ، 15 يۈەندىن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇردى.

داڭ لىشىن

## ياشانغانلار ساناتورىيىسى ۋە يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىن تۆتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىنىڭ ئومۇمىي سانى 391 گە يەتتى. بېقىلىۋاتقانلار جەمئىي 3643 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلاردىن ياشانغانلار 2745، مېيىپلار 664، بالىلار 180، نەپىقە بېرىلىدىغانلار 54. 1992 - يىلغا قارىغاندا 75 ئادەم ئارتۇق بېقىلدى. ساناتورىيىگە كىرگەن بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلارنىڭ سانى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كوللېكتىپ بېقىلىدىغانلار سانىنىڭ 20.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە بېرىدىغان يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە بېقىش سوممىسى 659 يۈەن. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدە تېرىلغان ئاشلىق، كۆكتات، باغ قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى 6442 مو، بېقىلىۋاتقان كالا، قوي قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى 4902، توخۇ، توشقان، ئۆردەك قاتارلىق ئۆي قۇشلىرى 15 مىڭ 266، ساناتورىيىلەرنىڭ ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپتىن قىلغان كىرىمى 896 مىڭ 262 يۈەن.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلار ساناتورىيىسىنى «ئۈندا ياخشى» ساناتورىيە ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. نەتىجىدە ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىن ئالتىسى «ئۈندا ياخشى» ساناتورىيە قاتارىغا كىردى. ئۇلار: پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، تۇغچى يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ئايكۆل يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى ئۇجمە يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ئاقتۇ بازارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۈيشىگۇ يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كوللېكتىپ بېقىۋاتقان تارقاق ئولتۇراقلاشقان بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلار جەمئىي 14 مىڭ 599 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار 10 مىڭ 991، مېيىپ 1967، بالا 1641.

1993 - يىلى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى پاشانغانلار ساناتورىيىلىرىگە 395 مىڭ 190 ئادەم (قېتىم) پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى خالىسانە ئىئانە قىلدى ۋە تەقدىم قىلدى. ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ سوممىسى 3 مىليون 829 مىڭ 685 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل 1 مىليون 827 مىڭ 670 يۈەن، ماددىي بۇيۇملارنىڭ سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان قىممىتى 2 مىليون 2015 يۈەن). خالىسانە بېقىلىۋاتقان بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتى 1635 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە پاشانغانلار 703، مېيىپ 579، بالا 353.

لى جۇڭمىن

، يېغىپ بېقىلىدىغانلارنى تىزىملاش خىزمىتى

1993 - يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، ئالتاي، تارباغاتاي، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، خوتەندىن ئىبارەت ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 375 قېتىم يېغىپ بېقىلىدىغانلارنى تىزىملاش ئىشى بېجىرىلدى. يېغىپ بېقىۋېلىنغان 375 بالا ئىچىدە تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 363، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى نەپىقە بېرىپ بېقىۋاتقان تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 12؛ ئوغۇل 73، قىز 302؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بالا 102، خەنزۇ بالا 273، نورمال بالا 356، مېيىپ بالا 19. يېغىپ بېقىۋالغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 717 (بېقىۋالغۇچى ئائىلە 375)، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر - خوتۇن بىر ئۆيدە تۇرغۇچى ئائىلە 342، ئۇلاردىن بىرىلا بار ئائىلە 33. بېقىۋالغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار. بورتالا، سانجى، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەردىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاست 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېغىپ بېقىۋېلىنىدىغانلارنى تىزىملاش كەسپىنى قانات يايدۇردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى 1992 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يەتتە رايون، بىر ناھىيىدە يېغىپ بېقىۋېلىنىدىغانلارنى تىزىملاشنى يولغا قويدى. ھەر قايسى رايون، ناھىيىدە يېغىپ بېقىۋېلىنىدىغانلارنى تىزىملىغۇچى مەخسۇس خادىم بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تىزىملىغانلارنىڭ سانى ئازراق بولدى. 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى رايونىدىكى (نەنشەن كان رايونى بۇنىڭ سىرتىدا) يېغىپ بېقىلىدىغانلارنى تىزىملاش خىزمىتىدە شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش تىزىملاشنى يولغا قويىدىغان بولدى. 3 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى يېغىپ بېقىلىدىغانلارنى تىزىملاش ئىشىدىن 273نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە يېغىپ بېقىلىدىغان خەنزۇلارنىڭ 193 قېتىم، يېغىپ بېقىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ 80 قېتىم، يېغىپ بېقىۋېلىنغان 273 بالا ئىچىدە تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 266، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى نەپىقە بېرىپ بېقىۋالغان بالا يەتتە؛ ئوغۇل 59، قىز 214؛ نورمال بالا 266، مېيىپ بالا يەتتە.

پەن جې

تەيبېي ساۋ جەمەتى فوند جەمئىيىتى مېيىپ قېرىنداشلارغا چاقلىق ئورۇندۇق ھەدىيە قىلدى

1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنى خەلقئارا مېيىپلار كۈنى مەزگىلىدە مەشھۇر خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتى - تەيبېي ساۋ جەمەتى فوند جەمئىيىتى شىنجاڭدىكى مېيىپ قېرىنداشلارغا 100 دانە چاقلىق ئورۇندۇق ھەدىيە قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا 50 دانە چاقلىق ئورۇندۇق ئىئانە قىلدى. ساۋ جەمەتى فوند جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى ساۋجۇڭجېنىڭ تۇغقانلىرىدىن ساۋ شياۋبياۋ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، مېيىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 2000 كىشى بۇ قېتىمقى ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جاۋ فېلىڭ

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

تەبىئىي ئاپەت ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

1993 - يىلى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئەڭ كۆپ، ئاپەت كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئاپەت زىيىنى ئەڭ ئېغىر بىر يىل بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 13 مىليون 460 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 9 مىليون مودىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، 2 مىليون 290 مىڭ مو يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاشلىق مەھسۇلاتى 480 مىڭ توننىدىن كۆپ كېمىيىپ كەتتى؛ 81 مىليون مو ئوتلاق ئاپەتكە ئۇچراپ، 700 مىڭ 400 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 180 مىڭ تۇياق؛ مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 650 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1 مىليون 700 مىڭ ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 720 مىڭ ئادەم يېنىك ئاپەتكە، 620 مىڭ ئادەم ئېغىر ئاپەتكە، 360 مىڭ ئادەم ئالاھىدە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 77 ئادەم ئاپەتتە ئۆلۈپ كەتتى (كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا). 27 مىڭ 423 ئېغىز ئاھالە ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 37 مىڭ 84 ئېغىز ئاھالە ئۆيى كاردىن چىقتى، 24 مىڭ 897 ئېغىل - قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى. كەلكۈن 2064 كىلومېتىر ئۆزۈنلۈقتىكى ئۆستەڭ ۋە

توغاننى بۇزۇۋەتتى، 16 كىچىك سۇ ئامبىرىنى، يەتتە كىچىك سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى بۇزۇۋەتتى، 1300 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈزگۈچ ۋە چۈشۈرگىنى، 135 نورنى ۋەيران قىلىۋەتتى؛ بەزى توك يەتكۈزۈش لىنىيىلىرى، تۆمۈريول، تاشيول ۋە ئادەتتىكى يوللارمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپەت كەلتۈرگەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليارد 231 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1) 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالى

قار ئاپىتى

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۇدا نەچچە كۈن قار يېغىپ، جىلغىلارغا 40 سانتىمېتىردىن 50 سانتىمېتىرغىچە قېلىنلىقتا قار يېغىلىپ قالدى، ئەڭ قېلىن يېرى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىرغا يەتتى، 1 مىليون 300 مىڭ تۇياق چارۋا ئاپەتكە ئۇچراپ، 7017 تۇيىقى ئۆلدى؛ 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىدە ئوتتۇراھال قار ياغدى، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدە قار ئەڭ قاتتىق يېغىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرى 50 سانتىمېتىردىن 80 سانتىمېتىرغىچە قارنىڭ ئاستىدا قالدى، بەزى ئوتلاقلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر ئەتراپىغا يەتتى. ئىككى ئادەم، 1850 تۇياق چارۋا ئۆلدى؛ 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى يەنە قار ئاپىتىگە ئۇچراپ، 30 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا ئۆلدى؛ 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تارباغاتاي، ئىلى، بۇرچىن، قابا، موڭغۇلكۈرە، ئارشاڭ، خېجىڭ، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا چارۋا ئۆلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قار ئاپىتىدە ئالتە ئادەم ئۆلدى، 19 مىڭ 855 ئادەم ئۈششۈپ قالدى، 422 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 83 مىليون 899 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

ئۈششۈك ئاپىتى

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ خېلى بىر قىسىم رايونىدا يامغۇر قارغا ئايلىنىپ، تېمپېراتۇرا بىراقلا 10 ℃ ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ كەتتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 2℃ تىن 5 ℃ قىچە چۈشۈپ قالدى، نۇرغۇنلىغان جايلاردا ئۈششۈك پەيدا بولدى. كېۋەز، كۆكتاتلار تۈرلۈك دەرىجىدە ئۈششۈپ كەتتى، شىخەنزە، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاپەت خېلى ئېغىر بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 843 مىڭ 400 موغا يەتتى، 633 مىڭ 500 مو زىرائەتتىن ھوسۇل چىقمىدى.

بوران ئاپىتى

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلاردىكى كۆكتات بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم كۆكتات كۆلىمىنىڭ 90.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 632 مىڭ يۈەن بولدى؛ 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىككى ناھىيە، بىر شەھىرىدە ئاز كۆرۈلىدىغان بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، تۆمۈريول قاتنىشى ئۈچ كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى، 450 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 97 مىڭ 700 مودىن ھوسۇل چىقمىدى، 13 مىڭ 500 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 60 ئېغىز ئاھالە ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 93 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى؛ 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتى بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ، 163 ئېغىز ئاھالە ئۆيى، 257 ئېغىل ـ قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 2328 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 97 مىڭ تۈپ دەرەخ نابۇت بولدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 28 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى؛ 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتى يەنە بوران ۋە قۇمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئۈچ ئادەم ئۆلدى، 110 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 7100 تۇياق چارۋا ئۆلدى ۋە يوقاپ كەتتى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ 20% مېۋىسى قېقىلىپ كەتتى، 150 مىڭ تۈپكە يېقىن دەرەخ نابۇت بولدى، 197 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەردىن، 1210 سىم تاناپ تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 57 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولدى؛ 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە قۇمۇل، كورلا، چاقىلىق، توقسۇن، بۇرچىن قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە زىرائەت تۈرلۈك دەرىجىدىكى بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى، 160 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، بۇنىڭ 45 مىڭ مودىن ھوسۇل چىقمىدى؛ 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كورلىدا قاتتىق بوران چىقىپ پىشىپ تەييار بولغان نەشپۈت كۆپلەپ قېقىلىپ زىيدە بولۇپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 11 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولدى. 1993 ـ يىلى بوران ئاپىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 مىليون 190 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى نابۇت قىلىۋەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 188 مىليون يۈەن بولدى.

كەلكۈن ئاپىتى

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويىدىكى نىلقىجىياخې دەرياسىدىن قۇتۇبىغىچە بولغان جايلاردا قار ئېرىپ قىيان كەلدى. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ نىلقىجىياخې دەرياسى ئېقىنىدىكى ھەر سېكۇنتلۇق ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى 130 كۇب مېتىرغا يېتىپ، تارىختىن بۇيان ئېقىم مىقدارى ئەڭ چوڭ بولدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي



1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇمۇل شۆبە تۆمۈريول ئىدارىسىگە قاراشلىق 200 كىلومېتىردىن ئۇزۇن لىنىيىنىڭ 42 يېرى سۇ ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. توققۇز جايدا رېلىس ئۈلىسىز قالدى.

جيا جىخجۇن فوتوسى

زىيان 6 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى؛ 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چۆچەك، دۆربىلجىن ئويمانلىقىدا قارا يامغۇر يېغىپ، قار ئېرىپ قىيان كەلدى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئىنشائاتلىرىدىن كۆرۈلگەن زىيان 14 مىليون 850 مىڭ يۈەن؛ 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىن 12 ـ كۈنىگىچە بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرى ۋە ئالتاي شەھىرىدە بۇرچىن ۋە ئېرتىش دەريالىرى سۈيى ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكتىن كەلكۈن ئاپىتى كېلىپ چىقتى. كەلكۈن 40 مىڭ مودىن كۆپرەك ئېتىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 3 مىليون 80 مىڭ مو ئوتلاقنى سۇ بېسىپ كەتتى، 4897 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ ئۆيى سۇ ئىچىدە قالدى. 10 مىڭ ئېغىزدىن كۆپ ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 2382 ئېغىز ئۆي خەتەر ئىچىدە قالدى، 4940 ئېغىل ـ قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، سۇ ئىنشائاتلىرى، چارۋىچىلىق ئاساس مۇئەسسەسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 160 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولدى؛ 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىن 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە بەش قېتىم ئالاھىدە ئېغىر كەلكۈن كۆرۈلۈپ، 10 مىڭ مودىن كۆپرەك زىرائەت ۋەيران بولدى، 2445 تۈياق چارۋا ئۆلدى، 5000 تۈپتىن كۆپرەك دەرەخنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى، بەش قېتىملىق چوڭ كەلكۈن كەلتۈرگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 27 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى.

5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 36 ناھىيە، شەھەر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 662 مىڭ مو ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 330 مىڭ مودىن ھوسۇل چىقمىدى. 30 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا ئۆلدى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 462 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئىنشائاتلىرى مۇئەسسەسىلىرىدىن كۆرۈلگەن زىيان 132 مىليون يۈەن.

مۆلدۈر ئاپىتى

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىن 11 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرى تارىختا مىسلىسى كۆرۈلمىگەن ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 240 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 61 مىڭ 800 مودىن ھوسۇل چىقمىدى؛

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 300 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ 70 مىڭ موسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 20 مىڭ مودىن ھوسۇل چىقمىدى. 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مۆلدۈر ئاپىتى تۈپەيلىدىن 1 مىليون 468 مىڭ 500 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولدى، بۇنىڭ 120 مىڭ مودىن كۆپرەكىدىن ھوسۇل چىقمىدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 167 مىليون يۈەن بولدى.

زىرائەتلەردە كۆرۈلگەن كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپىتى ھەم ئوتلاقلاردا كۆرۈلگەن ھاشارات ۋە چاشقان ئاپىتى

1993 ـ يىلى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپەتلىرى خېلى ئېغىر بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 4 مىليون 703 مىڭ 600 مو يەردىكى زىرائەت كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز پىتىنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولدى. تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئاپەت ئېغىر بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 700 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزگە كېۋەز پىتى چۈشتى، 7 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 736 مىڭ 500 مو يەردىكى كېۋەزگە غوزا قۇرۇتى چۈشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 9 مىليون مودىن كۆپرەك يەردىكى ئوتلاق ئېغىر زىيانداش ھاشارات ئاپىتىگە، 45 مىليون 400 مىڭ مو ئوتلاق چاشقان ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 132 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يىل بويى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا خېلى ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

يەر تەۋرەش ئاپىتى

مۇشۇ يىل يىلدا يەر تەۋرەش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان 53 مىليون 575 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەشتە 48 مىليون 50 مىڭ يۈەن زىيان بولدى، ئىككى ئادەم ئۆلدى.

2) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشى ۋە ياردەم بېرىشى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون 18 مىليون يۈەن تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىراجىتى (ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا خەۋەرلىشىش رادىئو ئىستانسىسىغا سېلىنغان 550 مىڭ يۈەن مەبلەغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاجرىتىپ بەردى، شۇ يىللىق ھۆددە قىلىنغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى، يەنە ئالدىنقى يىللاردىن قالغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاجراتىمۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىنى يەنىلا قاندۇرالمىغانلىقتىن، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن 1994 - يىللىق ھۆددە قىلىنغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇل ھېسابىدا 2 مىليون يۈەن ئۆتنە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان 477 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) ياردەمگە ئېرىشتى. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئۆز مالىيەسىدىن 14 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرمۇ ئۆز مالىيەسىدىن 12 مىليون يۈەن ئاجراتتى، خەلق ئامىسى 65 مىليون يۈەن توپلىدى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا 1100 توننا بېنزىن ۋە دىزېلىن، 2300 توننىدىن كۆپ ئاشلىق، 2600 توننا يەم - بوغۇز، 400 مىڭدىن كۆپرەك كۆلا تاغار ۋە چىگە تاغار سەرپ قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كادىرلار، ئامما، تىببىي خادىملار ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، قوراللىق ساقچى قىسىملاردىن بولۇپ تەخمىنەن 400 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، 17 مىڭ 500 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئىشلىتىلدى.

جەمئىيەتنىڭ ياردىمى

ئالتايدا سۇ ئاپىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇشقا ئىشانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى: ئاقسۇ، خوتەن، قۇمۇللار ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان، نامرات رايونلار بولسىمۇ، قەشقەر، قىزىلسۇدا يەر تەۋرىگەندە مەرتلەرچە ياردەم بەردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر مىللەت ۋە ھەر ساھەدىكى ئامما ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا 12 مىليون 182 مىڭ 100 يۈەن پۇل، 2 مىليون 96 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 1 مىليون 125 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلغان. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار كۆپ قېتىم ئاپتوموبىل چىقىرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلدى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدا يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى شۇ كۈنىلا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، چېدىر ئىئانە قىلدى، يەنە 60 ئاپتوموبىل چىقىرىپ، 1000دىن كۆپرەك كوماندىر - جەڭچى ئاپەت بولغان جايلارغا يەتكۈزۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ئېغىر بولغان جايلاردىكى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەكتەپلەر قىسىمنىڭ ياردىمىدە يەر تەۋرەپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئالتە كۈن ئىچىدە ۋاقىتلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، يېنىك ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان باشقا 20 نەچچە مەكتەپمۇ بىر ئاي ئىچىدە ئوقۇشنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشى ۋە ئۆزئارا قۇتقۇزۇشى

ئاپەت رايونىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزئارا قۇتقۇزۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، يېنىك ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بەردى، يېنىك ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا - كەنتلەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا - كەنتلەرگە ياردەم بەردى، پارتىيىلىك كادىرلار ئاممىغا ياردەم بەردى، نەتىجىدە يوقىتىشنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ماددىي نەرسىلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئاپەت رايونىدىكى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئاپەت رايونىدىكى جەمئىي 2 مىليون 570 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەت قايتا تېرىلدى ۋە ئۆزگەرتىپ تېرىلدى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئادەم كۈچى ۋە ماتېرىيال چىقىرىپ، 31 مىڭ ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆينى رېمونت قىلدى ۋە يېڭىدىن سالدى؛ 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ياسىدى، 1500 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە توغاننى، 950 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، توما ۋە نورنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈردى.

ۋاڭ يۈ

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق زاپاس مەبلەغ (ئاشلىق) كاسسىسى (ھەيئىتى)

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ زاپاس مەبلەغ كاسسىسى 1520گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا باشقۇرغىنى 403 (بۇنىڭ ئىچىدە 4984 كەنت بار)، كەنتلەر باشقۇرغىنى 1117. بۇ كاسسىلارغا 646 مىڭ 106 دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسى ئەزا بولدى. زاپاس مەبلەغ

سوممىسى 32 مىليون 626 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 593 مىڭ 800 يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئامىمىنىڭ پاي پۇلى 14 مىليون 123 مىڭ 600 يۈەن، كوللېكتىپنىڭ پاي پۇلى 8 مىليون 526 مىڭ 700 يۈەن، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 8 مىليون 604 مىڭ 700 يۈەن، جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل 222 مىڭ 300 يۈەن، زاپاس مەبلەغنىڭ ئاشقان قىسمىتى 1 مىليون 149 مىڭ 200 يۈەن. پاي پۇلى ھەر ئائىلىگە 46.50 يۈەندىن توغرا كەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 19 مىليون 473 مىڭ يۈەن مەبلەغ قەرز بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن قەرز بېرىلگىنى 13 مىليون 627 مىڭ 300 يۈەن، تۇرمۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قەرز بېرىلگىنى 4 مىليون 151 مىڭ 200 يۈەن، باشقا ئىشلار ئۈچۈن قەرز بېرىلگىنى 1 مىليون 694 مىڭ 500 يۈەن. شۇ يىلى 10 مىليون 429 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە زاپاس ئاشلىق ھەيئىتى 491گە يېتىپ، 701 مىڭ 910 دېھقان ئائىلىسى ئەزا بولدى، توپلانغان زاپاس ئاشلىق جەمئىي 9927 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 8017 توننا بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.419 توننا ئاشتى. ئامما توپلىغان زاپاس ئاشلىق 9594 توننا، كوللېكتىپ زاپاس ئاشلىق 333 توننا. مۇشۇ بىر يىلدا 3139 توننا ئاشلىق ئۆتنە بېرىلىپ ئاشلىق يېتىشمىگەن 77 مىڭ 200 دىن كۆپرەك ئائىلە ياردەمگە ئېرىشتى.

لى جۇڭمىن

## نوپۇس، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى

**پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

**نوپۇس پىلانى ۋە نوپۇس سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 21.6‰ بولۇپ، دۆلەت چۈشۈرگەن نوپۇسنى تىزگىنلەش نىشانىدىن 5.86 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى. 1992 - يىلدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىدىن 1.2 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.85‰ بولدى؛ پىلانلىق تۇغۇلۇش نىسبىتى 90.78% بولۇپ، 4.64 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى؛ كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 26.8% بولدى، پىلاندىن سىرت بوۋاق 25 مىڭ بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16 مىڭ ئاز تۇغۇلدى، ئازىيىش نىسبىتى 4% بولدى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسى 1993 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇندىغان.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى كۆچمە نوپۇس يۆتكەلگۈچىلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆچۈپ يۈرىدىغانلارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، بۇ چارە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن كۆچۈپ يۈرىدىغانلارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشىنى باشقۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت، باج، ئەمگەك، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق تارماقلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىدارە قىلىپ، تۈختاملىشىش، كۆچۈپ يۈرىدىغانلارنى مۇددەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تىزىملاش، رويخەتكە ئېلىش، كۆچۈپ يۈرىدىغانلارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشى بويىچە پاش قىلىش ساندۇقى ئورنىتىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، كۆچۈپ يۈرىدىغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشىگە چەك قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى «پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولغۇچىلارنى جازالاش تەرتىپى» ۋە «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى قايتا قاراپ چىقىش پرىنسىپى (سىناق نۇسخا)» دېگەن قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىككى ھۆججەتنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ قانۇن ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىلەرنى جايلارغا تارقاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىز 1992 - يىلى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش چارىسى» يولغا قويۇلۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن بەزى كونكرېت سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، 1993 - يىلى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش چارىسى›دىكى بىر قانچە مەسىلىگە ئىزاھات» دېگەن ھۆججەتنى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

**تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى**

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئون نەپەر پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خادىمىنىڭ جاپالىق، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىگەنلىكىدىن

ئىبارەت كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ئىزلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرەدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى يەنە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، بىر يىل «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرىدىن لېكسىيە» ۋە «جەنۇبىي شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش بويىچە مەخسۇس پروگرامما» ئۇيۇشتۇردى.

1993 - يىلى «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش» ژۇرنىلىدىن تۆت سان، «شىنجاڭ نوپۇس گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىدىن 12 سان، خەنزۇچىسىدىن 12 سان، قازاقچىسىدىن ئۈچ سان (ھەممىسى تەخمىنەن 400 مىڭ خەت ئەتراپىدا) نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش» ناملىق ئۇنىۋېرسال ماقالە يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەرجىمە قىلىش (ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا) ئىشلىرى تاماملاندى ھەمدە خەنزۇ تىلىدا ئانا لېنتا ئىشلىنىپ كۆچۈرۈلۈپ، جايلارغا تارقىتىلدى، ئۇ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش بويىچە ئاساسىي قاتلاملاردىكىلەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ھەم قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىن پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن 20 ناھىيە (شەھەر)، 80 يېزا - بازار (لىيەندۈي) ۋە 176 خىزمەتچى ئىلغارنى تەقدىرلەشنى، «ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ نام ئالغان 21 ئەمگەك نەمۇنىچىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى كۆرىكى ئۆتكۈزدى. جايلار يوللىغان 29 سىنئالغۇ لېنتىسىدىكى 154 نومۇردىن 30 ياخشى نومۇر تاللىنىپ كۆرەككە قاتناشتۇرۇلدى، 158 نەپەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق ئۆزى ئىشلىگەن مەزمۇنى مول نومۇرلارنى ئۆزلىرى ئورۇندىدى، باھالاش ئارقىلىق ئۇلاردىن تۆتى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەتتىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، توققۇزى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتىسى مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا، بىرى ئۇيۇشتۇرۇش مۇكاپاتىغا، 11ى ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى يېتەكچىلىك خىزمىتى تاماملاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 30%كە يەتتى. نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسى خىزمىتى ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، ھەر خىل ياشتىكى ۋە ھەر خىل قاتلامدىكى خادىملارغا مەزمۇنى ئۆزىگە خاس بولغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تۈزۈلگەن ۋە تەرجىمە قىلىنغان «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى» دىن 250 مىڭ نۇسخا، «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنىڭ سوئاللىرى» دىن 350 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىپ تەشۋىق قىلىندى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەربىيە ئالغانلار 2 مىليون 790 مىڭ كىشىگە يېتىپ، تەربىيە ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ 40 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۇيتۇڭ، قاراماي شەھەرلىرىدە تەربىيە ئالغانلار 80%تىن ئېشىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ياردەمچىلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ سىناقتىن ئۆتۈپ، لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن، خىزمەت ئىشلىسە بولىدۇ، دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن ئۈچ قارار ئېچىپ، 97 كۇرسانت يېتىشتۈردى، ئۇلارنى جايلارغا ئەۋەتىپ ئىش ئورنىدا تەربىيىلىدى. ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ 24 نەپەر مۇدىرى «نوپۇس نەزەرىيىسى»، «نوپۇس باشقۇرۇش»، «نوپۇس ستاتىستىكىسى»، «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىكى پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەش تېخنىكىسى» دېگەن تۆت كەسپىي دەرس بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 1838 نەپەر پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كادىرى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كىنىشكا ئېلىپ ئىش ئورنىغا چىقىش بويىچە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ نىسبىتى 46%تىن ئېشىپ كەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى بىلەن مەملىكىتىمىز ھەمكارلاشقان «CPR/90/P17» تۈرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ تۈرنى ئىجرا قىلىش گۇرۇپپىسى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە تۈر بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش

كۆرسى ئاچتى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەتتە ئۆلكە كۆرستىش ناھىيىسىنىڭ ۋە شۇ ناھىيىلەر تورۋشلۇق ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆرسقا قاتناشتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «P35» تۈرىدىكى شىنجاڭدا رايونلارغا بۆلۈپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلى ۋىلايىتىدە ئېچىلدى.

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1993 ـ يىلى ئەنجاڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كادىرلىرى باشقۇرۇش شۆبىۋىسىگە 11 كۇرسانت ئەۋەتتى، شىنجاڭ داشۆسىگە 47 كۇرسانتنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ھاۋالە قىلدى، سانجى ئوبلاستلىق تىببىي مەكتەپنىڭ نوپۇس سىنىپى 39 كۇرسانت قوبۇل قىلدى.

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كەسپىي خىراجىتىنىڭ ئاجرىتىلىش ئەھۋالى

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئۆز مالىيىسىدىن مەخسۇس پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 9 مىليون يۈەن ئاجراتتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتكەن 2 مىليون يۈەن كۆپىيىپ بارىدىغان خىراجەت مالىيە قىينچىلىقى تۈپەيلىدىن 1993 ـ يىلى ئەمەلىيلەشمىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىراجىتى تولۇق ئەمەلىيلەشتى، 1993 ـ يىلى ئەمەلىي چىقىم 1992 ـ يىلدىكى 30 مىليون 430 مىڭ يۈەندىن 35 مىليون 391 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ، كىشى بېشىغا 2 .2 يۈەندىن توغرا كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى 1 ـ بولۇپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىكى تۆت تۈرلۈك ئوپېراتسىيىسىگە 2مىليون 700 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، جايلاردىكى يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، 110 مىڭ 600 يۈەن قوشۇمچە مەمۇرىي خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق 22 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىنىڭ تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى. 36 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىنىڭ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بېرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ 100 دانە ئۆلتىرا دولقۇنلۇق ئۆلچەش ئەسۋابى ۋە بالىياتقۇ بوشلۇقىنى ئۆلچەش ئەسۋابى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، ئېرە ئاستىغا كۆمۈپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بېرىلدى.

ستاتىستىكىلاش، پىلانلاش، نىشانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى

1993 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى يىللىق ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك نوپۇس پىلانىنى تۈزدى ھەم تەرتىپكە سالدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۆلچەرلىدى. مىچۈەن، توقسۇن ناھىيىلىرىدە ئاساسىي قاتلامنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئىشلىرىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى سىناق قىلدى.

1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى «نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» نىڭ كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، قوش لىنىيە بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە چۈشۈردى. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، سەھىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن تۆت خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇندىلىشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى 100گە يېقىن ئادەمنى 23 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، بىرلا ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەن 361 نۇقتىدىن 46 ناھىيىدىكى 69 ئەۋرىشكە نۇقتىسىنى تاللاپ قايتا تەكشۈردى، باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش مەسئۇلىيەت نىشانىنى پۈتۈنلەي ئورۇنداپ بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ نوپۇس ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشنى ۋاقىتىدا، ئۈنۈملۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئۇچۇرى تور نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. 1992 ـ يىل

1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت تەكشۈرۈش ۋاقتى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست تەكشۈرۈش دائىرىسى، كەنت (ئاھالە) كومىتېتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قوروْلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تۈەن - مەيدان، لىيەندۈيلىرى ئاساسلىق تەكشۈرۈلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى بىر باسقۇچ، بىر سىستېما بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىنغان ھالدا خالىغانچە چەك تارتىش ئۇسۇلى بىلەن تاللاندى، ھەر ۋىلايەتتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ ئادەم تاللاندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 86 ناھىيە (شەھەر) دىن جەمئىي 103 ئەۋرىشكە نۇقتىسى تاللاندى، ئۇلارنىڭ نوپۇس كۆلىمى 120 مىڭغا يەتتى. 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى يەنە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 25 ناھىيىدىن 25 تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى تاللاپ، ئىز قوغلاپ سۈپەت تەكشۈرۈش ھەم ئۆچۈر تور - نۇقتىلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئەۋرىشكە نۇقتىلىرىنىڭ نوپۇسى 124 مىڭ 174 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ‰8. 7نى ئىگىلىگەن، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ 1. 20، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى %97. 79، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %24. 27، توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار 22 مىڭ 47، ئۈزۈك سالدۇرۇش، بوغدۇرۇش نىسبىتى %25. 45 بولغان.

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تېخنىكا مۇلازىمىتى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى (پونكىتى، ئىشخانىسى) دىن 100ى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى جەمئىي 724، بۇنىڭ 389ى تىببىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ، ئومۇمىي خادىمنىڭ 54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشتىكى تۆت تۈرلۈك ئوپېراتسىيىنى قىلالايدىغان ئورۇن (پونكىت) 67گە، ئۈچ تۈرلۈك ئوپېراتسىيىنى قىلالايدىغان ئورۇن (پونكىت) 13كە، ئىككى تۈرلۈك ئوپېراتسىيىنى قىلالايدىغان ئورۇن (پونكىت) 14كە يەتتى، تۆت تۈرلۈك ئوپېراتسىيىنى قىلالايدىغان پونكىتلار ئومۇمىي پونكىت سانىنىڭ 7. 67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتىدە ئۈزۈك سالدۇرۇش، بوغدۇرۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈزۈن مەزگىل ئۈنۈم بېرىدىغان پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىي نۇقتا قىلىندى. يىراق، چەت، داۋالاش شارائىتى ناچار رايونلارغا داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا يىراق، چەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 18 ئەترەت ئەۋەتىلىپ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تېخنىكا مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئۇلار پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەش ئوپېراتسىيىسىدىن 7733نى ئىشلىدى. 4087 بىمارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1993 - يىلى جەمئىي 350 مىڭ 708 ئوپېراتسىيە ئىشلەندى، تۇغۇتنى چەكلەش نىسبىتى %41. 51كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8. 63 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى، ئۈزۈك سالدۇرۇش، بوغدۇرۇش نىسبىتى %17. 66كە يېتىپ، 8. 32 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى.

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %53. 92 بولۇپ، ئۈنۈمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %02. 98كە يەتتى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى زاپىسىنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى تۆت دەرىجە بويىچە جەملىگەندە، قىسقا مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغانلىرىنىڭ 34 تاي، ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغانلىرىنىڭ 24 تاي، سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان پەردىلەرنىڭ 33 تاي، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقىنىڭ 20 تاي بولغان. مۇشۇ بىر يىلدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاقسۇ، قەشقەر، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسى دورا - سايمانلارنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىدە «ۋەزىپىسىگە قاراپ مۇلازىمەت قىلىش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىسراپچىلىقنى ئازايتىپلا قالماي، يەنە دورا - سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دورا - سايمان باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچەملىشىش، تۈزۈملىشىش ۋە كۆلەملىشىش يولىغا مېڭىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

1993 - يىلى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش يېڭى تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئۈزۈك ئەھۋالى ۋە ھامىلدار بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋاستىلىرىنى كۈچەيتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە قىسمەن يېزىلارغا تۈنجى قېتىم مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا كىچىك تىپتىكى ئۇلترا دولقۇنلۇق ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 242نى، بالىياتقۇنى تەكشۈرۈش ئەسۋابىدىن 100نى

سەپلەپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ياردەمچىلىرىنىڭ خىزمەت سالمىقىنى يېنىكلەتتى، ئالدۇر ھامىلدار بولۇش، پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇشنى بايقىشقا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، بۇ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تەن ساغلاملىقىغىمۇ پايدىلىق بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تېرە ئاستىغا كۆمۈپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، ئۇرۇقدان نەيچىسىنى كۆمۈش قىسقۇچ بىلەن بوغۇپ قويۇش ئوپېراتسىيىسى ۋە قورساقتا پېيزەك تېڭىپ ھامىلىسىنى چۈشۈرۈۋېتىش يېڭى تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى تېرە ئاستىغا كۆمۈپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىدىن 33 مىڭ 900 كىشىلىك سېتىۋېلىپ، 15 مىڭ 620 كىشىلىكنى ئىشلەتتى، يەنە قىسمەن قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تېرە ئاستىغا كۆمۈش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 7 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بايىنغولىن، ئۈرۈمچى، شىخو، قۇتۇبى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش بويىچە كۇرس ئېچىلدى.

### پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى ۋە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سۇغۇرتىسى

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى تەشكىلاتى 16گە، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى تەشكىلاتى 123كە، يېزا - بازار دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى 778 (قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك جەمئىيەتنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) گە يەتتى؛ كەنت (ئاھالە) كومىتېتى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى 5659 (قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك جەمئىيەت سانىنىڭ 59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) غا، ئەزالار ئائىلىسى 4632گە، ئەزالار ئالاقىلىشىدىغان ئائىلە 219 مىڭ 986گە يەتتى؛ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 217 مىڭ 482گە يەتتى.

يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىككى قىزلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇقداننى بوغدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ، قېرىغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ئېلىش ۋە يالغۇز پەرزەنتىنى ۋە ئۆزىنى پۈتۈنلەي سۇغۇرتىغا ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سۇغۇرتىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ سوممىسى 12 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى.

يالڭ جۈن

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1) ياشانغانلار خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات، تەربىيە كۈچەيتىلدى. ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ياشانغانلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ۋە جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىنى يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئالاقىدار نىزام ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەشۋىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلغان ھالدا «ياشانغانلار گېزىتى»دە مەخسۇس ستون، مەخسۇس بەت ئېچىلدى، ھەمدە كۆپ قېتىم مەزمۇنى مول ۋە خىلمۇ خىل زىيارەت قىلىش، ئەقىل كۆرسىتىش، سۆھبەتلىشىش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى تەشكىللەندى ۋە قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شەھەرلىك ياشانغانلار كومىتېتلىرى چوڭ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى يىغىنلارغا كېلىپ سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنىڭ تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇردى. جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتى، ياشانغانلار فوند جەمئىيىتى ۋە «تەڭرىتاغ» رايونلۇق بالىلار باغچىسى بىرلىكتە «كۈمۈش تۇرنا شادلىق باغچىسى»نى قۇرۇپ، ياشانغانلارنى پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلىدى، بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ياشانغانلار 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

2) ياشانغانلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتى ماسلاشتۇرۇش باشقارمىسى بىلەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىختىساسلىق خادىملار ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەركىزى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردا ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىدىن 20سىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈرلەر بويىچە تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان يولداشلاردىن ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى، تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان ياشانغانلار كارخانىلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە،

كېچىكىپ ئىش باشلاش، باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاپتونوم رايونلۇق دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىختىساسلىق خادىملار ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەركىزى، ياشانغانلار فوند جەمئىيىتى، «ياشانغانلار گېزىتى» ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ياشانغانلار كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى شەندۇڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

3) ياشانغانلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغانلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتىدىن 303ى قۇرۇلدى، ياشانغانلارنىڭ بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنى ئاساسەن ياشانغانلارنىڭ ئۆزى تەشكىللىدى، ئۇلار ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ۋە ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

يۈ ئەنچىڭ

**ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش بويىچە تونجى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش بويىچە تونجى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ياشانغانلار كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەملىكەت بويىچە ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىلغار كوللېكتىپ يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ۋە ياشانغانلار خىزمىتىگە ئېتىبار بەرگەن رەھبەرلەر تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، زاۋۇت، كان كارخانىلىرى ۋە ياشانغانلار خىزمىتىگە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 110 كىشى قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايون ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى، مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 100 مىڭغا يېقىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش پائالىيەتلىرىگە (ئائىلە ئىشلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە 20 مىڭدىن كۆپرەك پېشقەدەم يولداش كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگە قاتناشتى؛ 200 مىڭدىن كۆپرەك ياشانغان يولداش تەنتەربىيە ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە دائىم قاتناشتى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋاقىتلىق چارىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ماقۇللاندى.

لىۋ مورەن

**ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئۇن ساغلام بوۋاي - موماي تاللاندى**

1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار كومىتېتى، گۇاڭدوڭ «ئاپوللون» گۈزەللىك چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۈرۈمچى رايونى بويىچە 80 ياشتىن يۇقىرى ئۇن ساغلام بوۋاي - مومايني تاللاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. تاللاشتا تېنى، روھى ھالىتى ساغلام بولۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدىغان بولۇش ئۆلچەم قىلىندى.

تاللاپ چىقىلغان ئۇن ساغلام بوۋاي - موماي مۇنۇلار: لىيۇزىمو (ئەر، 82 ياش)، لىيۇفېنشېڭ (ئەر، 82 ياش)، تاڭ مو (ئەر، 81ياش)، جاۋلىڭيۈن (ئەر، 81 ياش)، ۋاڭ لوبىڭ (ئەر، 80 ياش)، چۇچېڭلياڭ (ئەر، 81 ياش)، ۋاڭ لىمىن (ئايال، 81 ياش)، جۇنەيخۇي (ئەر، 84 ياش)، چېن فاڭبو (ئەر، 83 ياش)، ھەمدۇللا ئەخمەت (81 ياش).

لىيۇ شۈچىن

**ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرى قۇرۇلدى**

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كومىتېتى ياشانغانلار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرىدىن جەمئىي 468 نى قۇردى، ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 54 مىليون يۈەندىن ئارتۇق، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 780 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، ئۇلار يېقىنقى 119 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج تاپشۇردى، 2070 تىن كۆپرەك ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئورۇنلاشتۇردى، ياشانغاندىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشقانلار ئاز كەم 100 مىڭ نەپەر (قېتىم)گە يەتتى.

يۈ ئەنچىڭ

جاۋ يۈەنيى

**كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1) تەشكىلىي قۇرۇلۇش كۈچەيتىلدى. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى بىلەن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پىشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، زاۋۇت - كانلارغا بېرىپ، تارماقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 1993 - يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتى، شىنجاڭ «شىنخۇا» 1 - باسما زاۋۇتى قاتارلىق تارماقلاردا كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتلىرى قۇرۇلدى.

2) تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن نازارەت، ئىدارە ۋە كارخانىلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئىككىلا يىغىندا ئالاقىدار مەملىكەتلىك يىغىنلارنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭ سانائەت شۆبىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى، شىخەنزە شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتلىرىدىن كەلگەنلەر يىغىندا سۆز قىلدى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى.

3) ئائىلە باشلىقلىرى مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. 1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىكى كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتلىرى ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى قۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ئائىلە باشلىقلىرى مەكتەپلىرىنى مەدەنىيەتلىك مەكتەپلەرنى باھالاپ - سېلىشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

4) پىشقەدەم جياڭجۈنلەر مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچى سۆپىتىدە مەكتەپلەرگە بېرىپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەندى. 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا جاڭ شىچىننىڭ پەخرىي باشلىقلىقى، جېڭ جىۋېننىڭ باشلىقلىقى، مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 16 پىشقەدەم كادىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

5) ھال سوراش، تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1993 - يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتى تەشكىللىگەن ھال سوراش، تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 - تۈرمە، ئۈرۈمچى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى كادىر - ساقچىلاردىن ھال سورىدى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ياردەم بەردى.

جاڭ گېياڭ

### ۋاڭ جاۋگو شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەتلىك كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ جاۋگو شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ، شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە شىخەنزە شەھىرى، بورتالا ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىنى تەكشۈردى ھەمدە ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

لىيۇ مورەن

## دىن خىزمىتى

### دىن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى.

1) ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئون نەچچە نەپەر باشقارما، بۆلۈم رەھبىرى ۋە كەسپىي كادىر قەشقەر، خوتەن، كۇچا، بۇگۇر، تۇرپان، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلدى، ئۇلار دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن كەڭ ئۇچراشتى، قورغاس، شىخولاردىكى مەسچىتلەر ۋە شىنجاڭ چىچان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىكى خرىستىيان چېركاۋى قاتارلىق قىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى.

2) دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى نۇقتىلىق ھالدا خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بۇ ئىككى خىل دىنغا نۇقتا، دائىرە، ئادەم بەلگىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، ئىككى دىنىنىڭ مۇرتلىرى كۆپرەك رايونلاردا دائىرە، نۇقتا، ئادەم بەلگىلەش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ، بۇ ئىككى دىننى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ باشقۇرمايدىغان ھالەتنى ئۆزگىچە ئۆزگەرتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى. يىل ئاخىرىغىچە 3648 نۇقتىلىق مەسچىت، 12 لاما ئىبادەتخانىسى، بىر خرىستىيان چېركاۋى، بىر كاتولىك چېركاۋىنىڭ يېزىق ۋە سۈرەت ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشى تاماملىنىپ، ھەممىسىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. ياش دىنىي ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئىسلام دىنى سىنىپى (نۇقتىسى) دىن 109 ى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 1000 دىن كۆپرەك تالىپ قوبۇل قىلىندى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇستەھكەملىنىش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە مۇنتىزىملىنىش، تۈزۈملىشىش باسقۇچىغا قاراپ ماڭدى. زاڭزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بويىچە دىنىي بويىچە تۆت يىللىق پىلانغا ئاساسەن، بەش تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 102 مەنجىن تەربىيىلەندى. خرىستىيان دىنى ئۈچىنچى ئۈچ نەپەر ياش تاللىنىپ، يەنجىڭ دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىر بېرىش سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ 1988 - يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ۋە 1993 - يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ياردەم بېرىلدى.

3) ھەج قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتى ئورۇندالدى. 1993 - يىلى ھەج قىلغانلار زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئۆز خىراجىتى بىلەن بېرىپ ھەج قىلغۇچىلار 397 گە، تۇغقان يوقلاپ بېرىپ ھەج قىلغۇچىلار 387 گە، جەمئىي 784 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن جىقراق كۆپەيدى، بۇلاردىن باشقا، يەنە 2800 دىن كۆپرەك كىشى 3 - دۆلەت ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلدى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، 4000 گە يېقىن مۇسۇلمان ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلدى. كېيىن بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ كىشى ۋە باشقا دۆلەتلەرگە تىجارەت قىلىشقا چىقىپ كەتكەنلەردىن باشقىلار بىخەتەر قايتىپ كەلدى. 1984 - يىلى ھەج قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى توققۇز يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىشقا تەشكىللىگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى 9711 گە يەتتى.

4) ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇستەقىل قانات يايدۇرۇشى قوللاپ قۇۋۋەتلەندى ھەم ئۇنىڭغا ياردەم بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىنى، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈشكە ھەمكارلىشىپ، بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى غەلىبىلىك ئورۇندالدى. بۇ ئىككى جەمئىيەتنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل كۆرسىتىشى ۋە ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىلدى.

5) ئۇچۇر خىزمىتى كۈچەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا «تېز خەۋەرلەر» دىن ئالتە سان، «دىن خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى» دىن 27 سان چىقىرىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى 70 تىن كۆپرەك مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەندى، بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. دىن خىزمىتى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، يەنە «شىنجاڭ دىن خىزمىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىنىپ، بىر يىلدا جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر توپلىمى» تۈزۈلۈپ بېسىلىپ، جايلاردىكى دىن خىزمىتى تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلارغا بىردىن تارقىتىپ بېرىلدى.

6) دىن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىك جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي گەۋدىلەر قۇرۇلدى. جايلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىنىڭ دىن خىزمىتى

تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىقتىساد ـ سودا تەرەققىيات شىركەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت شىركەتلىرىنى قۇرغان. ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرغان مۇسۇلمان ساياھەتچىلەر باشقارمىسى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى، تاۋار سېتىش ئورنى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك تور ـ نۇقتىلىرى ئون نەچچىگە يەتتى، بىر ئىچىملىكلەر زاۋۇتى قۇرۇلۇۋاتىدۇ.

لىاڭ چاۋشياڭ

## دۆلەت نۇقتىلىق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجراتتى

1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا نۇقتىلىق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 280 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ 30 مىڭ يۈەنى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە، 30 مىڭ يۈەنى بالغۇنتايدىكى خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغا، 20 مىڭ يۈەنى موڭغۇلكۈرەدىكى شىنيۇ ئىبادەتخانىسىغا، 40 مىڭ يۈەن كېرىيىدىكى جامە مەسچىتىگە، 10 مىڭ يۈەنى چاغانتوقاي ناھىيە بازىرىدىكى مەسچىتكە، 20 مىڭ يۈەنى بورتالا شەھىرىكى لاما ئىبادەتخانىسىغا، 20 مىڭ يۈەنى قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى ئىككۆرەگە، 20 مىڭ يۈەنى قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان مەسچىتلەرگە، 40 مىڭ يۈەنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان مەسچىتلەرگە، 50 مىڭ يۈەنى كەلپىن ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان مەسچىتلەرگە بېرىلدى. ھازىرغىچە گوۋۇيۈەن ئاپتونوم رايونىمىزغا نۇقتىلىق مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن جەمئىي 3 مىليون 980 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

لىڭ چاۋشياڭ

## قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەسچىت 17 مىڭ 120 گە، پائالىيەت نۇقتىسى 5824 كە، زاڭزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى 30 غا، پائالىيەت نۇقتىسى تۆتكە، خەنزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى تۆتكە، ئىستىقامەتخانا ئالتىگە، خىرىستىئان چېركاۋى 21 گە، پائالىيەت نۇقتىسى 39 غا، كاتولىك چېركاۋى سەككىزگە، پالىيەت نۇقتىسى يەتتىگە، پراۋوسلاۋ چېركاۋى ئىككىگە، پائالىيەت نۇقتىسى بىرگە، داۋجياۋ ئىبادەتخانىسى بىرگە يەتكەن. يۇقىرىقى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ۋە تىزىمغا ئالغان.

لىاڭ چاۋشياڭ

## ئاساسىي قاتلام دىن خىزمىتىدىكى دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلام دىن خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن بەش ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى بۆلۈمى، يەكەن ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ساۋەن ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مىچۈەن ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، غۇلجا شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى. ئون نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، ئۇلار: ئاقتۇ ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى باشلىقى ئانايەت، كۇچا ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر ئىمىن، باركۆل ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغۇچى خادىمى جانىمقان (قازاق)، قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق بىرلىكسەپ ـ مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كادىرى ئابدۇۋېلى ئىسا، يەنجى ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ھېزىم، شىخو ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى جېرېن (خۇيزۇ)، غۇلجا ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زۇنۇن ئابلىكىم، گۈچۈڭ ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماگولى (خۇيزۇ)، خوتەن ناھىيىسى باغچى بازارلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلا نەستۇرا، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى 55 ـ تۈەن ـ مەيدانى ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قادىر مۆمىن.

لىڭ چاۋشياڭ

## دىنىي ساھەدىكى تۇنجى قوش «بەشتە ياخشى»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى

1993 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى دىنىي زات» ۋە «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى»نى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 82 نەپەر «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، 52 «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى» نىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم

رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان قىسمەن ۋەكىللەر بولۇپ، 180 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باۋۇدۇن، شىي فۇپىڭ، دىيار قۇماش، ۋۇ جياخې قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتنىشىپ، تەقدىرلەنگەنلەرگە خاتىرە بۇيۇم تارقىتىپ بەردى.

لىڭ چاۋشياڭ

### ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى

☆ 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىدە 1988 - يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپ كۇرسانتلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 45 نەپەر كۇرسانت دىنىي ئوقۇتقۇچىلىق ۋە دىنىي خىزمەت ئورنىغا ئەۋەتىلدى.

☆10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا جايلاردىن كەلگەن 217 ۋەكىل قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باۋۇدۇن، شىي فۇپىڭ، دىيار قۇماش، ۋۇ جياخىلار قۇرۇلتايغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا داموللا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايدا ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى، دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. قۇرۇلتايدا يەنە «ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى ۋە «قارار» ى ماقۇللاندى.

☆1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ھارۇنخان ھاجى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى 1993 - يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى، مۇراسىمغا 100 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

ما جىجۈن
ئەكبەر

### بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى

☆ ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتايدىكى خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئاراشچوغدىنىلىن ئىبادەتخانىسى ۋە جىڭ ناھىيىسىنىڭ بەيمياۋ ئىبادەتخانىسىدا ئۈچ قارار «مەنجىن» (ياش دىنىي زات) كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا جەمئىي 57 كىشى قاتناشتى.

☆ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 1988 - يىل 11 - ئايدا شىزاڭنىڭ جېبىڭجى ئىبادەتخانىسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن بەش «مەنجىن» بەش يىللىق ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زاڭزۇ تىلى ئىستېمىسى بويىچە بۇددا دىنىدا ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە يېتىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى.

☆ 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى گېگەن شيالىۋەن، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ساڭجى، دەن پېيلى، ۋاڭ چېڭجاڭدىن ئىبارەت تۆت بۇددىس بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 6 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. شيالىۋەن، ساڭجى، دەن پېيلىلار جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى 6 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

☆ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 57 موڭغۇل، خەنزۇ، زاڭزۇ، شىبە ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي 2 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى ۋە نىزامنامىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. 45 مۇدىر ۋە 17 نەپەر دائىمىي مۇدىر سايلاپ چىقىلدى، گېگەن شيالىۋەن جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

جۇ لىمىن

## نىكاھ. دەپنە ئىشلىرى

### نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 194 مىڭ 900 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتى بېجىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 160 مىڭ 709 جۈپ ئەر - ئايال توي قىلىشقا، 4863 جۈپ ئەر - ئايال يارىشىپ قېلىشقا، 29 مىڭ 328 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاندى.

نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش جەھەتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشالماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالتە رايون، بىر

ناھىيە (نەنسەن كان رايونى بۆلەك سىرتىدا)، قەشقەر، سانجى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قۇتۇبى، قەشقەر كوناشەھەر، غۇلجا، ماناس، ساۋەن، بورتالا، ئالتاي، قۇمۇلدىن ئىبارەت 19 ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىشنى يولغا قويدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مەركەزلەشتۈرۈپ تىزىملاشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شەھەر بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنى ئەسلىدىكى 78 دىن ئونغا، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملىغۇچى كادىر ئەسلىدىكى 81 دىن 22 گە ئازايدى. 1993 - يىلى شەھەر بويىچە 15 مىڭ 165 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ توي قىلىشقا تىزىملىتىش رەسمىيىتى بېجىرىلىپ، تىزىملاشنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش نىسبىتى %100 بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردە نىكاھ ئىشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تىزىملاش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى، قەشقەر كونا شەھەر، قۇتۇبى، ماناس، سانجى، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردە ئارقا - ئارقىدىن نىكاھ ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، نىكاھ ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىش، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، سۈرەتكە تارتىش، توي كىيىمىنى ئارىيەتكە بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

پەن جې

**نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى**

1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ، 1950 - يىلى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشنى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تۇنجى قېتىم تەقدىرلىشى بولۇپ، 15 ئىلغار ئورۇن ۋە 44 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

پەن جې

# ئاتۇشنىڭ مەشھۇر تارىخىي ئاسار ئەتىقىلىرى

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى — ئاتۇش شەھىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەشەت كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد خانى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئالتە نەپەر ئورۇن باسار خان دەپنە قىلىنغان. 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بۇ مازار «جۇڭگو مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مازارنىڭ تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بۇ يەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ.

قاراخانىلارنىڭ خانلىق ئوردا خارابىسى — ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزا قۇمبېغىر كەنتىدە بولۇپ، 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە.

ئۆچمىرۋاندىكى «توققۇز ھۇجرا» — ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىغا جايلاشقان، مىلادى 2 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياسالغان بۇ ئۆڭكۈر بۇددا مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابە بولۇپ، بۇ بۇددا دىنىنىڭ ئېلىمىزگە كىرگەن ۋاقتىنى ۋە كىرىش يوللىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى جايپاچچىم — ئاتۇش شەھىرىگە قاراشلىق تۆگۈرمىتى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جىلغىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلار يىراقلاردىن بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىپ تۇرىدۇ.

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەر قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۇنۇس ھېكىم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ جىنشىن، ئابلىز پەيزۇللا، جاڭ رۇي (خۇيزۇ)، سەبەتقان راقىم (قازاق)، جىڭ يۇشيا (ئايال)، جۇجىنجۇڭ.

شەھەر باشلىقى: يۇسۇپ ئەيسا؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جاڭ گوۋېن، ۋاڭ شۇيۈەن (ئايال)، ۋاڭ چۈەنجۇ، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خۇيزۇ)، رېن گۇاڭخۇا.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دېي جىنخۇا؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋاڭ جىنمۇ، كامىل داۋۇت، ئوقان قارىسباي (قازاق)، ۋۇجىنشۇن (خۇيزۇ)، ئىبادەت ۋايىت، جاڭ كەيخۇا، شېرىپجان داموللا، يەن رۇنپىڭ.

ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يەن يۇشىڭ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇراخمان مەھەممەت

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليارد 800 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 7 مىليارد 800 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 200 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس-باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 171 مىليون 440 مىڭ يۈەن)، 2 - كەسىپنىڭ 4 مىليارد 700 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 348 مىليون 180 مىڭ يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ 5 مىليارد 900 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4 مىليارد 465 مىليون 180 مىڭ يۈەن).

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 438 مىليون 880 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 336 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.03% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 236 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 680 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 182 مىليون 250 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 55 مىڭ گېكتار بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 93 مىڭ 400 توننا ئاشلىق (پۇرچاق تۈرىدىكى ۋە تاتلىق ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 6404 توننا ياغلىق دان، 264 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 1548 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 8927 توننا گۆش (بۇنىڭ ئىچىدە كالا، قوي گۆشى 4744 توننا، چوشقا گۆشى 1909 توننا، ئۆي قۇشلىرى گۆشى 2274 توننا)، 21 مىڭ 96 توننا كالا، قوي سۈتى، 10 مىڭ 684 توننا تۇخۇم، 1944 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 230 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 75 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 6544 توننىغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 69 مىڭ 500 چوڭ چارۋا (ئىنەك 10 مىڭ 800)، 24 مىڭ 800 چوشقا، 462 مىڭ 200 تۇياق قوي قالدى. بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا دىۋوپۇ، ساڭفاڭگۇ، ئۇچتاش ۋە شىمەن كەلكۈن باشلاش ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى ياسالدى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 6535 كە، خادىمى 34 مىڭ 131 گە، ئۇلار ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 840 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 752 مىليون يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 891 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 48 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 57 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 422 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە سانائەت كارخانىسىدىن 1068 ى بار

(بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 411، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 618، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئالتە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا بەش، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا بەش، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانا 14). مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 808 مىليون 120 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 8 مىليارد 637 مىليون 340 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.77% ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 353 مىليون 670 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 8 مىليارد 261 مىليون 490 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 3.44% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كارخانىلارنىڭ 4 مىليارد 36 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئوتتۇراھال كارخانىلارنىڭ 4 مىليارد 28 مىليون 120 مىڭ يۈەن، كىچىك كارخانىلارنىڭ 3 مىليارد 288 مىليون 970 مىڭ يۈەن. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 891 مىليون 290 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 7 مىليارد 871 مىليون 290 مىڭ يۈەن) گە، مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليارد 171 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، پايدا سوممىسى 558 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليارد 477 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 4 مىليون 805 مىڭ 507 توننا كۆمۈر (ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى)، 169 مىڭ 682 توننا تۇز، 500 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 1 مىليون 289 مىڭ 281 توننا سېمونت، 275 مىڭ 291 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، 7671 توننا ئويغۇچى ناترىي، 366 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 1480 توننا سوپۇن، 298 مىڭ 300 ساندۇق سەرەڭگە (ھەر بىر ساندۇقتا 10 مىڭ تال سەرەڭگە بار)، 9400 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماترېتسا، 22 مىڭ 563 توننا سۇلياۋ ياسالما، 71 مىليون 848 مىڭ 800 مېتىر رەخت، 809 مىڭ 224 چايدان شىشىسى، 658 سانائەت پار قازىنى، 500 ئۆزگەرتىلگەن قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل، 35 مىڭ 100 ۋېلسىپىت، 67 مىڭ 700 تېلېۋىزور (رەڭلىك تېلېۋىزور 23 مىڭ 400)، 533 مىڭ 922 توننا پولات، 472 مىڭ 250 توننا چويۇن، 1218 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا خەۋەرلىشىش كابېلى، 5728 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى، 10 مىڭ 686 توننا سىر ئىشلەپچىقىرىلدى.

شەھەر رايونىدا 970 سانائەت كارخانىسى بار (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 405، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 526، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئالتە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا بەش، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا بەش، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانا 14). مۇشۇ بىر يىلدا شەھەرگە قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 159 مىليون 390 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 8 مىليارد 99 مىليون 710 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.37 ھەسسە ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 120 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (شەخسلەر سالغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا) 4 مىليارد 752 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 59.96% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 23 مىليون 470 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 454 مىليون 760 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 460 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئولتۇراق ئۆيگە سېلىنغىنى 812 مىليون 980 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 218 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 82 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ئۈچۈن 181 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ئۆيگە سېلىنغىنى 152 مىليون 240 مىڭ يۈەن. ئىش باشلانغان 1 مىليون 864 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر ئولتۇراق ئۆينىڭ (تاۋار ئۆيلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 942 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرى يىل ئاخىرىدا پۈتكۈزۈلدى. تاۋار ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 187 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ئولتۇراق ئۆي 160 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر.

1993 - يىلى شەھەر بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليارد 669 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى سودا سېتىۋېلىشنىڭ 11 مىليارد 377 مىليون 990 مىڭ يۈەن، تاشقى سودا سېتىۋېلىشنىڭ 933 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۆزى سېتىش سېتىۋېلىشنىڭ 4 مىليارد 357 مىليون 810 مىڭ يۈەن. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 18 مىليارد 769 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى سودا سېتىۋېلىشنىڭ 13 مىليارد 68 مىليون 750 مىڭ يۈەن، تاشقى سودا سېتىۋېلىشنىڭ 1 مىليارد 313 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۆزى سېتىش سېتىۋېلىشنىڭ 4 مىليارد 386 مىليون 810 مىڭ يۈەن. ئاھالىلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليارد 109 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر

يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 419 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ 2 مىليارد 64 مىليون 140 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ 1 مىليارد 939 مىليون 590 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكتىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ 488 مىليون 10 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىچىدىكى توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ تاۋار سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 20 مىليارد 808 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تاۋار سېتىشتىن يارىتىلغان باج ۋە قوشۇمچە ھەق سوممىسى 269 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، پايدا سوممىسى 396 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە تاماق، ئىچىملىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىدىن 27 مىڭ 144 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەر قۇرغان كارخانا 25 مىڭ 117، خادىمى 102 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەر قۇرغان كارخانىلاردىكى خادىم 52 مىڭ 510.

1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىساد - سودا بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 302 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى توختامىدىن 145 ى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 267 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىساد - سودا توختامى ۋە كېلىشىمىدىن 129 ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 540 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا تاشقى سودا تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى (ئەمەلىي باھا بويىچە ھېسابلاندى) 1 مىليارد 443 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، تاشقى سودا بويىچە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى (تاموژنا تەمىنلىگەن سان) 249 مىليون 450 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تاشقى سودا بويىچە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (تاموژنا تەمىنلىگەن سان) 44 مىليون 170 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 70 ى تاماملاندى (بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارغا چېتىلغان تۈر يەتتە، ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق تۈرى 47، تارقاقلاشتۇرۇلغان تېخنىكا ۋە مەھسۇلات تۈرى 16)، مۇشۇ بىر يىلدا ھەمكارلىق تۈرلىرى بويىچە كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 47 مىڭ 200 يۈەنگە، يېڭىدىن يارىتىلغان پايدا ۋە باج 10 مىليون 924 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ھەمكارلىق تۈرلىرىگە 43 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 64 تېخنىكا خادىمى كىرگۈزۈلدى. ماددىي ئەشيا ھەمكارلىقى بويىچە 33 مىليون 754 مىڭ 500 يۈەن

ئەمەلىيلەشتى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان كارخانىدىن 25 نى تەستىقلىدى، بۇ كارخانىلارغا 51 مىليون 851 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليارد 18 مىليون 428 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈش بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەلگە مەبلەغ سالىدىغان كارخانىدىن 27 سى تەستىقلاندى. 71 مىڭ 325 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى 60 مىڭ 548، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى 91، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 10 مىڭ 776). چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مېھمانخانىدىن 16 سى بار بولۇپ، بۇ مېھمانخانىلاردا 3196 ئېغىز ئۆي، 11 مىڭ كارىۋات بار. مۇشۇ بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 108 مىليون 950 مىڭ يۈەن (تاشقى پېرېۋوت چېكى) گە يەتتى.

يەرلىك مالىيەنىڭ خام چوت ئىچىدىكى كىرىمى 1 مىليارد 141 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت جەھەتتىكى تۈرلۈك باج 1 مىليارد 85 مىليون 170 مىڭ يۈەن، خام چوت ئىچىدىكى چىقىم 616 مىليون 610 مىڭ يۈەن. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليارد 876 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ 5 مىليارد 708 مىليون 960 مىڭ يۈەن. بانكىدىن ئېلىنغان تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 11 مىليارد 451 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى 7 مىليارد 189 مىليون 350 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى 3 مىليارد 372 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 738 مىليون 900 مىڭ يۈەن. بانكىنىڭ نەق پۇل كىرىمى 22 مىليارد 707 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى، نەق پۇل چىقىمى 20 مىليارد 411 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولدى. سۇغۇرتا ھۆددىگەرلىك سوممىسى 18 مىليارد 890 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا خىراجىتى 74 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 57 مىليون 730 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 11، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 4892، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 251؛ تېخنىكوم 44، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2745، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 610؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 169، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 6556، ئوقۇغۇچىسى 65 مىڭ 900؛ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 21، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 511، ئوقۇغۇچىسى 9711؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 34، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1691، ئوقۇغۇچىسى

17 مىڭ 572؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 246، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 7140، ئوقۇغۇچىسى 110 مىڭ 700. چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 34 مىڭ يەتتە. شەھەردىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 75، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم 4687. كەسپىي تېخنىكا خادىمى 94 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن خادىمى 55 مىڭ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 28 مىڭ 500. شەھەر بويىچە 691 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 63، ئامبۇلاتورىيە 583؛ 13 مىڭ 126 كېسەل كارىۋىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋىتى 10 مىڭ 394. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىدىن تۆتى بار بولۇپ، بۇلاردا 680 كارىۋات بار. 18 مىڭ 83 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 7797. شەھەر بويىچە 174 كىنو قويۇش ئورنى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كىنو - تىياتىرخانا 29؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاپپاراتىدىن 92 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەت ئۆمىكى ئالتە؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئاپپاراتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 1796؛ ئىككى ئاممىۋى كۇتۇپخانا بار، بۇلاردا جەمئىي 996 مىڭ كىتاب ساقلانماقتا، بۇنىڭ ئىچىدە كونا كىتاب 81 مىڭ، باشقا كىتابلار 651 مىڭ؛ مۇشۇ بىر يىلدا 58 مىليون 420 مىڭ كىتاب، 7 مىليون 520 مىڭ نۇسخا ژۇرنال، 137 مىليون 670 مىڭ باسما تاۋاق گېزىت نەشر قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تورلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا شەھەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى جەمئىي 31 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا 8300 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش نىسبىتى %2.74 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 703 مىڭ 900 (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 561 مىڭ 400، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 130 مىڭ 500، باشقا ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ)، باشقا خادىم 9600. مۇشۇ بىر يىلدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 933 مىليون 580 مىڭ يۈەن (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 2 مىليارد 430 مىليون 90 مىڭ يۈەن، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 455 مىليون 320 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 48 مىليون 170 مىڭ يۈەن)، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 4167.61 يۈەن. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال خىراجىتى كىرىمى 2773 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2376 يۈەن بولدى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1307 يۈەن، تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 1463 يۈەن بولدى. ھەر 100 ئائىلىدە 26 رەڭسىز تېلېۋىزور، 96 رەڭلىك تېلېۋىزور، 81 توڭلاتقۇ، 24 سىنئالغۇ بار. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى (1992 - يىلدىكىسى 100 قىلىپ ھېسابلاندى) %115.7، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى (1992 - يىلدىكىسى 100 قىلىپ ھېسابلاندى) %116.3، باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى %122.4 بولدى.

1993 - يىلى شەھەر بويىچە 440 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 42 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، كۆرۈلگەن زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولدى؛ 889 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 495 ئادەم يارىلاندى، 197 ئادەم ئۆلدى؛ 5205 قېتىم جىنايى ئىشلار ئەنزىسى يۈز بەردى، بۇ ئەنزىلەرگە چېتىشلىق جىنايەتچى 2277، بۇنىڭ ئىچىدە 25 ياشتىن تۆۋەن ياش - ئۆسمۈر جىنايەتچى 1386 بولۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ 60.87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

شەھەر بويىچە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليون 379 مىڭ 300 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 12 مىڭ 900 ئادەم، يەنى %0.94 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 1 مىليون 7478، ئۇيغۇر 173 مىڭ 788، قازاق 39 مىڭ 889، باشقا مىللەت ئاھالىسى 158 مىڭ 172. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 371 مىڭ 849 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 26.96 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 129 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 81.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شەھەر بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.4 بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا 13 مىڭ 849 بوۋاق تۇغۇلدى؛ ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.67 بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا 3689 ئادەم ئۆلدى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.37 بولدى. شەھەر بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى %9.11 (شەھەردىكىلەرنىڭ %99.62) بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ %99.27 (شەھەردىكىلەرنىڭ %99.85)، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ %98.76 (شەھەردىكىلەرنىڭ %98.98) بولدى. نوپۇسنىڭ زىچلىقى جەھەتتە بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 120.5 ئادەم توغرا كەلدى.

☆ ئۈرۈمچى ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئاڭلىتىش بەردى.

☆ ئۈرۈمچى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە پروگرامما تارقىتىشقا باشلىدى.

☆ 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك

ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىش يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

☆ ئۈرۈمچى رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئون مەشھۇر ياشنى باھالاشنىڭ نەتىجىسى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى، ئۇلار: شيۇڭ دالى، جىن يەن، جاۋشيا، رەيھان ھېمىت، ئابدۇقادىر توختى، گۇەن دۇ، سۇن فېڭيۈەن، ئىسرائىل ئىسمايىل، جىن تېڭجياڭ، خاۋ لىنيەن.

جاڭ يەنجۈن

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سابىتقان رەقىم (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: فەن شياڭ، ۋاڭ ۋېنجى، بەكرى ئابدۇللا، ماشىخۇڭ (ئايال، خۇيزۇ)، شيۇڭ گۇاڭمىي.

ھاكىمى: خەن شۇ (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ياڭ دىڭجيەن، ياڭ مېي (ئايال)، بايمۇرات مۇقان (قازاق)، ھەبىبۇل راخمان.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇباۋمىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ياسىن ھاشىم، ئەبىلقايىر ئابىل (قازاق)، دۇچېنرۇي (ئايال)، ياڭ جېڭخۇي (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: دىڭ فۇيۇ (خۇيزۇ).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ يۇڭمىن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 451 مىليون 115 مىڭ 700 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 423 مىليون 351 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 23.99% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 451 مىليون 97 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 423 مىليون 333 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 43.61% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 58 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 52 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 230 مىليون 810 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 177 مىليون 836 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 7.34% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 430 مىڭ 732 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 199 مىڭ 647 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 52 مىڭ 283 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 25 مىڭ ئۈچ مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 2363 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 449 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 1086 توننا قىزىلچا ئېلىندى؛ 91 مىڭ 538 مو يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 238 مىڭ 916 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 376 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى؛ ئۆي قۇشلىرى 374 مىڭ 500 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بازارغا 5078 توننا ھەرخىل گۆش، 7246 توننا سۈت، 1678 توننا تۇخۇم يەتكۈزۈپ بېرىلدى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 3304 مو بولۇپ، 1340 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 5772 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 4586 مو؛ 2269 مو يەرگە مېۋىلىك كۆچەت تىكىلدى، 865 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 58.48 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەردەرىجىلىك ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلدى، 173 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، 140 ئورۇندىكى ئىنشائات رېمونت قىلىندى، سەككىز ماشىنىلاشقان قۇدۇق يېڭىلاندى، 35 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 310 قۇدۇق رېمونت قىلىندى؛ 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان توك سىمى تارتىلدى، توققۇز ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 480 كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق سىغىمچانلىق كۆپەيتىلدى؛ بىر سۇ مۇنارى ياسالدى، 11.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ 1.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى ياسالدى، 58 ئورۇندىكى سۇ بۇزۇۋەتكەن ئىنشائات ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 40 مىڭ مو يەردە سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش تېخنىكىسى، 3250 مو يەردە تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 452 مىليون 481 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 221 مىليون 670 مىڭ 800 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 804 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 121 مىليون 112 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 648 مىليون 720 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 537 مىليون 626 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ

يىلدىكىدىن %33.92 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 970 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 211 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 2939 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 460 مىليون 740 مىڭ دانە خىش، 51 مىڭ 800 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 21 مىڭ 500 يۈرۈش ئۆي جاھازى، 10 مىڭ 883 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماترېتسا، 1964 توننا سۇلياۋ ياسالما، 60 مىڭ 900 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 40 مىڭ 600 يۇڭ پوپايكا، 3333 توننا يىپ، 6 مىليون 359 مىڭ مېتىر رەخت، 3843 توننا ھاراق (3480 توننا ئاق ھاراق، 363 توننا ئۈزۈم ھارىقى)، 524 توننا سۈت ياسالمىسى، 3535 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 2522 توننا جىيائىيۇ، 2760 توننا ئاچچىقسۇ، 859 توننا سۇ يېغى، 27 مىڭ 100 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. چىداۋان يېزىلىق ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «قۇتلۇق ئالاھىدە ئاق ھارىقى» ۋە «ۋودكا» ھارىقى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 1993 - يىللىق خەلقئارا داڭلىق ھاراقلار كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. فلانس ۋە «قۇتلۇق ئالاھىدە ئاق ھارىقى» ئۈرۈمچى پاتېنت تېخنىكىسى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ۋە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 تۈر يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىلدى، بۇ تۈرلەرگە 64 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھەر خىل ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 59 ى ئەمەلىيلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى تۈر 43 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 119 مىليون 611 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 81 مىليون 347 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، 78 مىليون 637 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى؛ خەلقئارا تۈر 16 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 94 مىليون 412 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 77 مىليون 487 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، 457 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. باجىياخۇ كەنتى بىلەن تەيۋەن - ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارا مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان شەكىللىك ئالىيۇمىن ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 21 خىل مەھسۇلات سىرتتىن كىرگۈزۈلدى ۋە داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە، يېڭى، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينەك گرانىت تاش، ئەينەك پىلاستىك بۇيۇملىرى، بۇس ۋە ئىس چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چاپلاش خۇرۇجىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك مەھسۇلات 1993 - يىللىق چاڭدې كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە 12 تۈر بويىچە توختام ئىمزالاندى، بۇ تۈرلەرگە 6 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودىسى ۋە يەرلىك ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش يىغىنىدا جۇڭگو - چەت ئەل شىرىكچىلىكىدىكى تۆت تۈر بويىچە توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى ئومۇمىي سومما 89 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل مەبلىغى 35 مىليون يۈەن؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى ئومۇمىي سومما 146 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 96 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 92 مىڭ 617 توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 359 مىڭ 458 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 967 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 538 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 178 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 193 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئالتە چوڭ، ئوتتۇراھال ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى، ئىككى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىدىغان چوڭ بازار، تۆت بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ماددىي ئەشيالارنى توپ تارقىتىش بازىرى بار. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 450 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 1311.73 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 761 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 38 مىليون 821 مىڭ 800 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 778 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 573 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 259 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، 5 مىليون 59 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا 290 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. شۇ يىلى شۆيشىگۇ يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن ئون ياخشى ساناتورىيىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، يىل ئاخىرىدا «ئون ياخشى ساناتورىيە» ئالتىگە يەتتى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى «يېزىلاردا جەمئىيەتنىڭ ياشانغانلارنى بېقىش سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان ناھىيە» قىلىپ

بېكىتتى. يىل ئاخىرىدا پاراۋانلىق كارخانىسى 1992 [illegible] ئالتىدىن 15 كە كۆپەيدى، 54 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىر يىلدا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە «ئۈچ تۈر بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (بالىلار پالەچ كېسەللىكى، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكى، گاس ـ گاچا بالىلار تىل مەشىقى) تىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى، ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغانلاردىن سەككىز كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 68 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى، 135 كادىر ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىندى، 25 ئىختىساسلىق خادىم ئالماشتۇرۇلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا يولغا قويۇلغان «ئۈچتۈن» پىلانى تۈرى 14 بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 40 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى توپلىغىنى 10 مىليون 490 مىڭ يۈەن، پەن ـ تېخنىكا قەرز پۇلى 26 مىليون 230 مىڭ يۈەن، پەن ـ تېخنىكا قەرز پۇلىغا قوشۇپ بېرىلگەن ئۆسۈم 470 مىڭ يۈەن. 14 تۈر ئىچىدە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈر بەش. شۇ يىلى پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 23 ى يولغا قويۇلدى. ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق پونكىتى ئۈستىگە ئالغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر «يېسۋىلەكنىڭ بىر ئەۋلاد شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تۈرىگە دائىر بارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئورۇندىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېمەكلىك ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورت تاللاپ يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم كېسەللىك سەۋەبىدىن يېسۋىلەك ھوسۇلىنىڭ يىلدىن يىلغا ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، ھەم شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورت جەھەتتە ئۆزىمىزدىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەرگە تايىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 221 دېھقان تېخنىك باھالاپ بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى دۆۋەپو يېزىسىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش يېزىلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى، شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى شۈيشىگۇ يېزىسىنى جەنۇبىي بازار ئەتراپىدىكى پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش يېزىسى قىلىپ بېكىتتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 8293 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى1832)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 92 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 615 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4920)؛ بالىلار باغچىسى سەككىز (ئۆزى قۇرغىنى ئۈچ)، باغچىدىكى بالا 1932؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2354. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىل ئىچىدە جەنۇبىي بازار ئەتراپىدىكى يۈگىمچۈ يېزىسى بىلەن بەنفاڭگۇ يېزىسىدا چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئۆزىلى ۋە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش ـ كۆچۈرۈپ تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي بازار ئەتراپىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 2 ـ لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «تەنتەربىيە خىزمىتىنى مىقدارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 473 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 260 كېسەل كارىۋىتى بار (ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكىسى 170، رايون، يېزا شىپاخانىلىرىدىكىسى 90).

☆ 5 ـ ئايدا چىداۋان يېزىسى مەملىكەت بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ھەممىدە ئەلا يېزا ـ بازار بولۇپ باھالاندى.

☆ 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەن جۈنباۋ مەملىكەت بويىچە يەر باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

☆ 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى يېزا دەرىجىلىك ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى — داۋەن يېزىلىق ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇلدى.

☆ 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چىداۋان يېزىسىنىڭ خۇڭشەن كەنتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى يېزا باشقۇرۇشىدىكى قانۇن ئىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

يۈ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شيې جىچياڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ خۇاتاڭ، جىڭ چيەن، خۇۋەنيىڭ (ئايال)، ئابلەھەت ئابدۇراخمان.

شەھەر باشلىقى: لى جاۋجى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جاۋلەنشېڭ (ئايال)، يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت، ۋۇجىنرۇڭ، لىن شياڭيۇ.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسمائىل توختى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جەكەن (قازاق)، ئابدۇخالىق داۋۇت، ۋاڭ لېيەنفاڭ، ۋۇجىڭفۇ.

ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ليۇسۇنجۇڭ (خۇيزۇ).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇجىكۇن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليارد 572 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 116 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 4 مىليارد 168 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 123 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 12.8% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 196 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 146 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 161 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4 مىليارد 236 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى. نېفىت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 842 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 916 مىليون يۈەن) گە يەتتى. 6 مىليون 156 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليون 62 مىڭ توننا بېنزىن، 1 مىليون 255 مىڭ توننا دىزېلىن، 64 مىڭ 500 توننا كىرسىن، 193 مىڭ توننا سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 937 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شەھەر، ئىدارە» دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ۋە قۇرۇلۇش خىراجىتى 6 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھىرىنىڭ 102 مىليون يۈەنگە، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نېفىتلىكىنىڭ 3 مىليارد 915 مىليون يۈەنگە، ئېتىلىن قۇرۇلۇشىنىڭ 1 مىليارد 993 مىليون يۈەنگە يەتتى. ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن تورنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 300 مىڭ توننىلىق كېچىكتۈرۈپ كوكسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى قۇراشتۇرۇش ئىشى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، ئىسسىقلىق ساقلاشقا باشلىدى؛ 4 - ئايدا قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆز قەرەلىدە باشلاندى؛ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 500 مىڭ توننىلىق كاتالىزلاپ ئاجرىتىش قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى؛ شىيازىگەي نېفىتلىكىنىڭ تەبىئىي گاز بېسىمىنى ئاشۇرۇش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئېتىلىن قۇرۇلۇشى پىلاندىكى سۈرئەت تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى؛ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ 14 مىڭ توچكىلىق، شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 16 مىڭ توچكىلىق، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 4000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفونى بويىچە خەۋەرلىشىش باشلاندى؛ 7000 كۋادرات مېترلىق ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار پائالىيەت مەركىزى، 2050 كۋادرات مېترلىق روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، 3800 كۋادرات مېترلىق مايتاغ يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. شۇ يىلى قاراماي شەھىرىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: يىلىغا 6000 كۋادرات مېتىر سولياۋ، پولات ئىشىك - دېرىزە ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى، 10 مىڭ توننىلىق پولىپروپىلېن ماتېرىيالى زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئەينەك تالالىق رەخت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سولياۋ ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش تۈرى. 1993 - يىلى شەھەر ۋە ئىدارە بويىچە 305 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيى سېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋەسى 27 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تەۋەسى 278 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر. 4600 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسى يېڭى ئۆيگە كىردى.

يەرلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 303 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1992 - يىلدىكىدىن 79.32% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 17 مىڭ 115 توننا ئۇن، 1073 توننا يەم - بوغۇز، 747 توننا كەسمە چۆپ، 7272 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 506 توننا سولياۋ ياغالما، 20 مىڭ كۋادرات مېتىر سولياۋ، پولات ئىشىك - دېرىزە، 100 مىڭ دانە ماي تۇڭى، 209 مىڭ يۆگەم ماي قەغەز، 10 مىڭ توننا پولىپروپىلېن، 1701 توننا پارافىن ئىشلەپچىقىرىلدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 667 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.91% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئېلىنغان ئاشلىق 3642 توننىغا يېتىپ، 16.02% ئاشتى؛ ئېلىنغان پاختا 179 توننىغا يېتىپ، 57.02% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 28 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ

ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئورخۇ ۋە شۆگەي يېزىلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1472.5 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 مىڭ توننا كۆكتات، 3562 توننا گۆش، 3176 توننا تۇخۇم، 1026 توننا سۈت ئېلىنندى.

9 ـ ئايدا 1993 ـ يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا شەھەر ۋە نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىقتىساد، تېخنىكا، سودا توختامى، كېلىشىم ۋە مۇددىئانامىدىن 90 نى ئىمزالىدى، ئومۇمىي سوممىسى 72 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مۇشۇ بىر يىلدا 6600 توننا سىلىقلاش مېيى ۋە ئاساسىي ماينى ئېكسپورت قىلىپ، 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. قاراماي سۈلياۋ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 150 مىڭ تاغار مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە سېتىلدى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 512 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 23.7% ئاشتى، پارچە سېتىلىش باھاسى ئۆرلىگەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 0.71% ئۆرلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 22.5% ئۆرلەپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 13.6 پىرسەنتلىك رەقەم يۇقىرى بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 3979.8 يۈەنگە يېتىپ، 42.7% ئاشتى، چىقىمى 3210.3 يۈەنگە يېتىپ، 48.78% ئاشتى. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 225 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر ۋە نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەت دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش تۈرىدىن ئالتىنى يولغا قويدى؛ نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتى پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە زاپاس ساقلاش تۈرىدىن 26 نى، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن ئۆتتىنى يولغا قويدى. 107 پەن تەتقىقات تۈرى ئىدارە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تۈر، 34 تۈر يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. 107 پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى باھالاپ بېكىتىپ ئۆتكۈزۈۋالدى. يەتتە تۈر نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن، ئىككى تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. ئون تۈرلۈك نەتىجە نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلىشىغا، سەككىز تۈر يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش بويىچە مۇكاپاتلىشىغا يوللاندى؛ 17 تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلىشىغا يوللاندى؛ 55 تۈرلۈك نەتىجە پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىنندى، 30 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. «چەككىلەپ ئايرىۋېلىنغان قويۇق سىلىقلاش مېيىدىن كېلىۋاتا ئايرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى» ۋە «قۇدۇق بۇرغىلاش ئۈچۈن تورى تېخنىكىسى» دىن ئىبارەت ئىككى تۈر نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئون چوڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىگە كۆرسىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئەمەلىي پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق 120 مىليون يۈەن ئۈنۈم يارىتىلدى. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم بەش (ئىككى چوڭلار ئالىي مەكتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 2605؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 4768؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 153؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 921؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4033. شەھەرلىك كۇتۇپخانا مۇشۇ بىر يىلدا قېتىم سانى بويىچە 135 مىڭ كىتابخاننى كۈتۈۋالدى، 327 مىڭ كىتاب ـ ژۇرنال (قېتىم) نى ئارىيەت بەردى؛ «شىنخۇا» كىتابخانىسى مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 248 مىڭ نۇسخا كىتاب ـ ژۇرنال تارقاتتى. مۇشۇ بىر يىلدا رادىئو ئىستانسىسى ئامپلىتودىسى تەڭشەلگەن ئاڭلىتىشتىن چاستوتىسى تېزگىنلەنگەن ستېرېئولۇق ئاڭلىتىشقا ئۆتتى، چاستوتىسى تېزگىنلەنگەن ئاڭلىتىشنىڭ ۋاقتىنى ئۈچ ھەسسە ئۇزارتتى؛ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىملىق تېلېۋىزىيىنى يولغاقويدى، ئۇ، 15 مىڭ ئائىلىنى قاپلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، ئۇسسۇل، ئېلېكترونلۇق رويال، ساغلاملىق قاتارلىقلارغا دائىر تەربىيىلەش كۇرسىدىن 38 قارار ئېچىلىپ، 1600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

شەھەر بويىچە ئالتە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، ئىككى يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، ئىككى سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى، 2367 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ۋراچ 179)، 1468 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىن 111 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 10 مىڭ ئادەم قاتناشتى. مەملىكەتلىك نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە شەھەر ۋە نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 12 ئالتۇن مېدالغا، 14 كۈمۈش مېدالغا، ئون مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا قەدىمچە چېلىشىشتا 62 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 ـ لىك، 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 7 ـ لىك قولغا كەلتۈرۈلدى؛ مەملىكەتلىك چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 68 كىلوگراملىقلار بويىچە كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى؛ مەملىكەتلىك ياشلارنىڭ چېلىشىش

لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 81 كىلوگراملىقلار بويىچە كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 24 مىڭ 757 كىشى «دۆلەتنىڭ ئەنتەرپىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

1993 - يىلى شەھەر بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.2‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.09‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.11‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 220 مىڭ 88 (شەھەرگە قاراشلىق تۇەن - مەيدانلارنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4939 كىشى كۆپىيىپ، 2.3% ئاشتى. ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئۇيغۇر 33 مىڭ 939 بولۇپ، 808 كىشى كۆپەيدى؛ خەنزۇ 166 مىڭ 356 بولۇپ، 3702 كىشى كۆپەيدى؛ قازاق 8744 بولۇپ، 37 كىشى كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 11 مىڭ 49 بولۇپ، 392 كىشى كۆپەيدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياڭ كېشىنى ئىنقىلابى قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى جاكارلىدى. ياڭ كېشى ھايات ۋاقتىدا نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى سېتىش باشقارمىسىنىڭ كادىرى ئىدى، 1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجۇ شەھىرىگە كوماندىروپكىغا بارغاندا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. يىغىندا ياڭ كېشىغا «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىلدى ھەمدە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىنقىلابى قۇربان ياڭ كېشىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىلدى.

☆ 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قاراماي شەھىرىدە 10 مىڭ توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون يولغا قويۇلدى ھەمدە شەھەر بويىچە پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان، نېفىت كارخانىلىرى ئىشلىتىدىغان مەخسۇس توردىكى تېلېفونلارنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ئايرىش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شەھەر تېلېفونىنىڭ نومۇرى ئالتە خانىلىق بولدى.

شاۋ چاڭتەن

ۋۇ چاڭخې

# شىخەنزە شەھىرى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋېي گوڭەن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن يۈۋېن، جاۋيىڭۇ، ۋاڭ يەنلىن، ئەبەيدۇللا قۇربان.

شەھەر باشلىقى: مار ۋلىڭ؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: لۇجىڭجى، چېن دېجۇن (ئايال)، دىڭ يۇجۇڭ، تۇرسىنبېك كەنجىبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قىدىرخان ئەخمەت (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ شۆبىن، ماخمۇت ئىسرائىل، تاڭ شېڭشۇن، يەن شىجيا، ليۇدېرۋېڭ، لوگەن (ئايال).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: خۇاڭ جۇڭجى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ چۈەنچېڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىخەنزە شەھىرى (460 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 895 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.91% ئازايدى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 105 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 89 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2% ئاشتى. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى زىياننى تۈگىتىپ، پايدا ئېلىپ، 4 مىليون 851 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. 12 مىڭ 767 گېكتار يەرگە ئاشلىق تېرىلىپ، 64 مىڭ 957 توننا ئاشلىق ئېلىندى. 2428 توننا پاختا، 3945 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 142 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 50 مىڭ 185 تۇياق چارۋا قالدى. 2133 توننا گۆش ئېلىندى. شەھەردە 1768 يېزا - بازار كارخانىسى بار، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 28.4% ئاشتى. يېزا - بازار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 33.2% ئاشتى. ئومۇمىي كىرىم 54 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 40.3% ئاشتى. پايدا 5 مىليون 28 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 60.56% ئاشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.1% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 506 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 12 مىڭ 300 توننا ئېلېكتر كېپشەرلەش چوكىسى، 47 مىڭ توننا شېكەر، 2171 توننا سۈت پاراشوكى، 2162 توننا تېتىتقۇ، 20 مىڭ 300 توننا سۇ يېغى، 19 مىڭ 500 توننا پاختا يىپ، 54 مىليون 420 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 3 مىليون 153

مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما، 5368 توننا ئېسپىرت، 16 مىڭ 800 توننا فابرىكا قەغىزى، 9418 توننا ئويغۇچى ناترىي، 14 مىڭ 700 توننا تۇز كىسلاتاسى، 7217 توننا سۇلياۋ بويۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا شەھەردىكى ھەرخىل ئاپتوموبىل 4579 بولۇپ، تاشيولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 4 مىليون 750 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 253 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 157 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۆمۈر يولدا توشۇلغان يولۇچى 111 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، توشۇلغان يۈك مىقدارى 172 مىڭ 700 توننىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 20 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر تېلېفونىنىڭ سىغىمچانلىقى 1656 توچكا كۆپەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئابونتچى 7553 كە، پروگراممىلىق تېلېفوننىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 7800 توچكىغا يەتتى. سىمسىز چاقىرغۇ ئابونتچىسى 2234 كە، كۆچمە خەۋەرلىشىش ئابونتچىسى 147 گە، توپلىما خەۋەرلىشىش ئابونتچىسى 63 كە يەتتى. ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورنىتىلغان تېلېفون 3638 گە يېتىپ، 1322 ئابونتچى كۆپەيدى. 9 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پوچتا - تېلېگراف تۈگۈنى بىناسىدا شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى قۇرۇلۇش تاماملىنىپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

تۇراقلىق مۈلۈك ئۈچۈن 479 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 326 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 320 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەربىر كىشىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 19 مىڭ 23 يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىقتىن ئالغان پايدا 21 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسى 16 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 410 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 41 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چەت ئەل مەبلىغى بويىچە سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى 147 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يەرلىك سودا، چېگرا سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 16 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئەمەلىي مال ئۆتكۈزۈلگەن ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 470 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مۇشۇ يىلى پىلاندىكى سودا بازىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر 287 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 15 بازار قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلدى. بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 121 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %70 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 82 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يەككە سودا - سانائەتچى 4701 گە، ئۇلارنىڭ تىجارەت سوممىسى 82 مىليون يۈەنگە يەتتى. خۇسۇسىي كارخانىچى 169 بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىي تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 46 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 17 مىڭ توختاملىق ئىشچى سۇغۇرتىغا قاتناشتى. پېنسىيىگە چىققان 22 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشتى. 52 مىڭ تۇراقلىق ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 739 مىليون يۈەنگە، قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 985 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىغا قوبۇل قىلغاندا ھۆددە قىلغان ئومۇمىي سومما 2 مىليارد 402 مىليون يۈەنگە، كەسپىي كىرىم 21 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3009 تۆلەم ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 8 مىليون 700 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى تۆلەندى. شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 3112 يۈەنگە يەتتى، شىخەنزە يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1255 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. شەھەر بويىچە كۆلىمى 291 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرالغۇ جاي كۆپەيتىلدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1993 - يىلى شەھەر ئىچىدىكى كۆلىمى 35 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، سېمونت ياتقۇزۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىدىن شىمالىي 2 - كوچا، غەربىي 1 - كوچا، شەرقىي ئايلانما كوچىلار؛ كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئاسفالت ۋە سېمونت ياتقۇزۇلغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىدىن شىمالىي 2 - كوچا، شىمالىي مېرىدىئان كوچىسى؛ كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ئاسفالت ۋە سېمونت ياتقۇزۇلغان ماتورسىز قاتناش ۋاستىلىرى يولىدىن شىمالىي 2 - كوچا، شىمالىي 3 - كوچا، شەرقىي ئايلانما كوچىلار ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. تۆت ئۆتۈشمە يول ئېغىزى ئۆزگەرتىلدى. 40 كوچا چىرىغى، ئىككى ئورۇنغا ئېگىز تۈۋرۈكلۈك چىراغ ئورنىتىلدى. 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2865 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش غول تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن 55

مىڭ كۇادرات مېتىر ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى كۆپەيدى. ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەشنىڭ قاپلىنىش كۆلىمى %4.62 كە يەتتى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىدىغان ئائىلىدىن 5395ى كۆپەيدى، يىللىق گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 2500 توننىغا، گاز بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى %73 كە يەتتى. شەھەرنىڭ يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلىنىش مىقدارى 43 مىليون توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى سۇ تورلىرى بىلەن تەمىنلىنىدىغان تۇرمۇش سۈيى 9 مىليون 300 مىڭ توننا. كۈنىگە 32 مىڭ كۇب - مېتىر سۇ ئىشلەپچىقىرالايدىغان سۇ زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى مۇشۇ يىل ئىچىدە باشلاندى. سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش سىستېمىسى ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدىغان بولدى. شەھەردىكى كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى كىرا ئاپتوموبىلىدىن 246 سى كۆپەيدى. 13 - يول خوسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يولۇچى توشۇش مەخسۇس لىنىيىسى ئېچىلىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئەخلەت توشۇش، تازىلاش ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىندى. بۇ ئارقىلىق مۇھىت تازىلىقى مۇئەسسەسىلىرى ياخشىلاندى. شەھەر مەركىزىدىكى ئالتە گېكتار كېلىدىغان سەيلە مەيدانىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە 27.2 گېكتار كېلىدىغان ماناس دەرياسى ئەخلەت مەيدانىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرلۇشى تاماملاندى. تىزىمغا ئالدۇرغان تۆت ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى يەر كۆلىمىنى 8.16 گېكتارغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 91 مىليون 196 مىڭ يۈەنگە، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى 210 مىڭ كۇادرات مېتىرغا يەتكۈزدى.

23 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، «ئۈچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 16 تۈرنىڭ 14 ى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 48 تۈر مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار يېڭى - تېخنىكا نەتىجىسى قاتارىدا كېڭەيتىلىپ قوللىنىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 6 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىدىن 29 ى قۇرۇلۇپ، تېخنىكا سودا سوممىسى 976 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پاتېنت تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەت سورىغان 520 ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەندى. 72 پاتېنت ئىلتىماسى ۋەكالىتەن بېجىرىلدى. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 5174، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 4157؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت، ئوقۇغۇچىسى 2300؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 2800؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 32، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 100؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 100. شەھەردىكى تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى 163 (دوختۇرخانا 13)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3577 (دوختۇر 1601)؛ كېسەل كارىۋىتى 2629 (دوختۇرخانىدىكىسى 2319). مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت يىغىنىدا شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى 12 ئالتۇن مېدال، 15 كۈمۈش مېدال، 13 مىس مېدالغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ساياھەتچىلەر ۋە ھەرخىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چەت ئەللىك مېھمانلار، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار، مۇھاجىرلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن جەمئى 684 كىشى كۈتۈۋېلىندى.

جاڭ بياۋ

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئارستانبېك ئۇشاقباي (قازاق)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نيۇيۇڭشياڭ، مەھەممەت نامەت، قاشىرەت نىقىش (قازاق)، ئىسمايىل سابىر، نۇرداۋلەت ئابلاقان (قازاق)، ياڭ يۈن (خۇيزۇ)، ساۋخۇڭبى.

ئوبلاست باشلىقى: بېكمۇ قامىت مۇسا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: لىن تيەنشى، ئابلىز قادىر، مالىكاجدار كازىم (قازاق)، لىي يىلياڭ، كەكىم بۆكەن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كاڭ كېجيەن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى يىڭخۇا، ئۆلىقان سۇلتان (قازاق)، غوپۇر ھاپىز، ياڭ جياچياڭ، بەمبە ئوشىرتا (موڭغۇل)، قاجىئەكبەر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيسايوۋ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ باشلىقى: نۇرلان ئابدۇمەجىن (قازاق)؛

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: توختاسىن ئەۋەلباي (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليارد 264 مىليون يۈەن. (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.5 ئاشتى.

(ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ سونداق) ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 557 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت باج كىرىمى 493 مىليون يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 77 مىليون يۈەن بولدى.

ئوبلاست بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 615 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 479 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %23.2 ئاشتى. ئوبلاست بويىچە 644 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 570 مىڭ 800 تونىنا ئاشلىق، 29 مىڭ 700 تونىنا پاختا، 141 مىڭ 900 تونىنا ياغلىق دان، 754 مىڭ 700 تونىنا قىزىلچا، 90 مىڭ 600 تونىنا مېۋە ـ چېۋە، 267 مىڭ 500 تونىنا كۆكتات ئېلىندى. 9100 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 6 مىليون 270 مىڭ تۈپ پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 720 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 10 مىليون 202 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. تۆلىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %42.81 كە، قولدىن چىقىش نىسبىتى %86.42 كە، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %43.27 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 124 مىڭ 800 تونىنا گۆش، 201 مىڭ 900 تونىنا سۈت، 18 مىڭ 900 تونىنا قوي يۇڭى، 3 مىليون 44 مىڭ 700 پارچە قوي تېرىسى، 358 مىڭ 500 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭگودىكى 2 ـ تىنۋتلىك ئۆچكە بازىسى ناھىيىسىگە ئايلاندى. 6983 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىزلارنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش كۆلىمى 504 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى، 130 مىڭ تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت (ئەمەلىي مىقدارى بويىچە ھېسابلاندى) ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 124 مىليون 241 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 39 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، مەملىكەت ئىچىدىكى قەرز ئېلىنغان پۇل 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن، جايلار ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 17 مىليون 590 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 11 مىليون 620 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى ئالتايدىكى «635» ۋە «2817» قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى زور سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تۈرى پۈتتى. تېكەس، كۈنەس ناھىيىلىرى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن «تۆمۈر ئۆكۈز» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە «ئۈزۈپ چىققان ئورۇن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە، باراتقان پايدىسى 93 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 54 مىليون يۈەنگە يەتتى. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى ئوبلاستىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىچىدە ئون كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

ئوبلاست بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 208 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 876 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %9.9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكى قاتارلىق شەكىلدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون 360 مىڭ يۈەن، كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 321 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 688 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4 مىليون 190 مىڭ تونىنا كۆمۈر، 22 مىڭ 500 تونىنا چويۈن، 3506 تونىنا ئالىيۇمىن، 1285 كىلوگرام ئالتۇن، 102 مىڭ 800 تونىنا تۇز، 640 مىڭ تونىنا سېمونت، 4 مىليون 615 مىڭ 700 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 23 مىڭ 990 دانە يۇڭ ئەديال، 242 مىڭ پارچە كۆن ـ خۇرۇم، 239 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 91 مىڭ 100 تونىنا شېكەر، 3999 تونىنا سۈت پاراشوكى، 1702 تونىنا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. «ئىلى ئۇزۇن ساقلانغان ئاق ھارىقى»، «ئىلى ئالاھىدە ئاق ھارىقى» جۇڭگو ئاق ھاراقلىرى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئېسىل مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ جۇڭخۇا ھاراق مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ھاراقلارنى قاچىلاش مۇسابىقىسىدە «ئىلى ئالاھىدە ئاق ھارىقى» ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شياڭگاڭ خەلقئارا داڭلىق ھاراقلار كۆرگەزمىسىدە «غۇلجا ئالاھىدە ئاق ھارىقى»، «ئىلى دەرياسى ماركىلىق ئالاھىدە ئاق ھاراق»، «ئىلى دەرياسى ماركىلىق ئالاھىدە ئېچىتىلغان ئاق ھاراق» ئالاھىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «غۇلجا ئالاھىدە ھارىقى» يەنە قاچىلاش ـ بېزەش ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىلى شېكەر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئاق شېكەرنىڭ سۈپىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتتى؛ شىخو ناھىيىسىنىڭ شىخو قەغەز زاۋۇتى ياراتقان يېڭى مەھسۇلات «سىرتىغا سۇلياۋ يالىتىلغان قەغەز پىۋا پەتنۇسى» ئاپتونوم رايوندىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى؛ جۇڭگو بويىچە تۇنجى قېتىم دېڭىز دولقۇنى ئۇسۇلى ئارقىلىق سىنائىسىز ئالتۇن ئېلىش ئىلى ۋىلايىتىدە سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى؛ ئالتاي ۋىلايەتلىك خۇرۇم ـ تېرە سانائىتى شىركىتى يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بويۇملارنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى» قىلىپ بېكىتىلدى؛ مېۋە ـ كۆكتاتلارنى يېڭى پېتىچە ساقلاش خالتىسى جىبىنەي

ناھىيىسىدە بارلىققا كېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋە - كۆكتاتلارنى يېڭى پېتىچە ساقلاش كەسپىدىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى؛ ئوبلاست بويىچە زامانىۋىلاشقان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلدى؛ غۇلجا ئاپتوموبىل يۇيۇش مەيدانى تىجارەت باشلىدى. ئۈچ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، ئىلى 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياش جەريانىنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ۋە «ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىنىڭ لازېر نۇرى ئارقىلىق ھەرپ تىزىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈر ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ نۇقتىلىق يېڭى تېخنىكىسى قىلىپ كېڭەيتىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 901 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 647 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 182 مىليون 130 مىڭ يۈەن، تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 43 مىليون 680 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 238 مىليون 190 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 183 مىليون 120 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 69 مىليون 334 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەممىدىن ئاۋال مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى يولغا قويۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئالتە - يەتتە ھەسسە ئۆستۈردى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تېز يوللاش پوچتا يولى — ئۈرۈمچى — غۇلجا بۆلىكىدە يوللاپ سىناق تەرىقىسىدە، توشۇلۇپ، يوللاش قەرەلى 36 سائەتكە قىسقارتىلدى؛ ئۈرۈمچى — ئىلى — ئالمۇتا خەلقئارا تېز پوچتا يولى ئېچىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا سىرتتىن تەمىنلىگەن تاۋارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 231 مىليون يۈەنگە، چېگرا كېڭەيتىش سودىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 119 مىليون 470 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە تەستىقلانغان شېرىكلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان تۈر 77 گە، بۇلارغا سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ ئوبلاست بويىچە بەش ئىقتىسادىي - تېخنىكا تەرەققىيات (ھەمكارلىق) رايونىدىكى مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈر 468 بولۇپ، بۇلارغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. قورغاس جياجۇ چېگرا سودا شەھىرىگە ئۇل سېلىش مۇراسىمى قورغاس ئېغىزىدا ئۆتكۈزۈلدى؛ تايكېشكېن ئېغىزىدىكى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا ئاھالىلىرى ئۆز ئارا سودا - سېتىق قىلىدىغان بازاردا تىجارەت باشلاندى؛ جېمىنەي ئېغىزىدىكى كۆۋرۈكتە ئاپتوموبىل قاتنىدى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يەرمەنكىسىدە، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي پۈتۈشكەن سوممىسى 331 مىليون 958 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەككە، خۇسۇسىي سودا - سانائەت كارخانىسى 61 مىڭ 600 گە، كارخانا خادىمى 90 مىڭ 300 گە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن رويخەتكە ئالدۇرۇپ تىجارەت قىلىۋاتقان كارخانا 446 بولۇپ، كارخانا خادىمى 8279، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى 504 مىليون يۈەن. ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق 787.69 يۈەندىن كىرىم توغرا كەلدى. ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 417 مىڭ 500 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليارد 149 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 4 مىليارد 487 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ئىلى ئوبلاستلىق ئالىي مېھمانخانىدىكى جەمئىي ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى مۇلازىمەت چولپىنى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئىلى ئوبلاستى بويىچە تۇنجى پاي چېكى تۈزۈمىدىكى «گۆرۈخانا» — «ئىلى بۇركۇتى» گۆرۈخاناسى تىجارەت باشلىدى.

مۇشۇ يىلى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى: «بۇغداي ئورۇقىنى ماشىنا ئارقىلىق تاللاپ ئاز مىقداردا تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مەھسۇلاتى قەنت تەركىبى يۇقىرى قىزىلچا ئۆستۈرۈشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئىلى مۆلچەرى ئېكولوگىيە تەتقىقاتى» تۈرى 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 411 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 205، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 32)، ئوقۇغۇچىسى 159 مىڭ 615 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 86 مىڭ 406)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 805 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 8189)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1550 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 776، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 222)، ئوقۇغۇچىسى 442 مىڭ 329 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 308 مىڭ 304)، ئوقۇتقۇچىسى 21 مىڭ 835 (ئاز سانلىق

مىللەت ئوقۇتقۇچى 14 مىڭ 842)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 85 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5944)، ئوقۇتقۇچىسى 967 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 644)؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2354 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1600)، ئوقۇتقۇچىسى 288 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 192)، بالىلار باغچىسى 109، باغچىدىكى بالا 28 مىڭ 974 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 13 مىڭ 83)، ئوقۇتقۇچىسى 1091 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 390 نەپەر). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95.1% كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 97.4% كە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا سېلىنغان مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 111 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى، خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ نىسبىتى 1993 - يىلدىكى 6.1% تىن 4.9% كە تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 898 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 60 مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، 78 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مائارىپ خىزمەتچىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى؛ قازاق، شىبە مىللىتى مائارىپىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مائارىپ تېمىسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. غۇلجا شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى «مەملىكەت بويىچە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىخو ناھىيىسى دۆلەت تەرىپىدىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنىلىك ناھىيە» دەپ باھالاندى. ئوبلاست بويىچە سەنئەت تەشكىلاتىدىن 25ى، مەدەنىيەت سارىيى (پونكىتى) دىن 232 سى، كۆتۈپخانىدىن 17 سى، تۈرلۈك كىنو قويۇش ئورنىدىن 752 سى بار. رادىئونىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 61% كە، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 76.5% كە يەتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى 14 يۈرۈش پروگرامما تارقاتتى، 126 قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىندى، قازاقچە، ئۇيغۇرچە مەخسۇس فىلىملار 318 قىسىمغا يەتتى. ھەرخىل تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 954، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 19 مىڭ 114، كېسەل كارىۋىتى 14 مىڭ 717 گە يەتتى. ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان «قىزىل مارال ئوتى ئىچىملىكى» ئاپتونوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى باۋجىڭگۇاڭ «دۇنيا نىرۋا تاشقى كېسەللىكلىرى بويىچە داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكى» گە كىرگۈزۈلدى؛ قورغاس ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەملىكەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا 29 ئالتۇن مېدال، 17 كۈمۈش مېدال، 28 مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئىككى ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.9‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.58‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.29‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 3 مىليون 699 مىڭ 200 گە يېتىپ، 59 مىڭ ئادەم كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاق 922 مىڭ 423 بولۇپ، 10 مىڭ 320 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 1 مىليون 741 مىڭ 934 بولۇپ، 36 مىڭ 592 ئادەم كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 564 مىڭ 890 بولۇپ، 2277 ئادەم كۆپەيدى؛ باشقا مىللەت ئاھالىسى 470 مىڭ بولۇپ، 9866 ئادەم كۆپەيدى. (يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇمات ئىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىنىڭ ساۋەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ).

☆ 5 - ئايدا ئىلى ئوبلاستىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ شەخسىلەر بويىچە ئات بەيگىسى تەنھەرىكەت يىغىنى توققۇزتارا ناھىيىسى تىكتۇرىق يېزىسىنىڭ يايلىقىدا ئۆتكۈزۈلدى.

## تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلى ئوبلاستىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى

1993 - يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بىر يىل بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئوبلاست بويىچە ئىككى يۈكلىمە تېلېگراف ئاپپاراتى، 38 توك ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان خەت بېسىش ماشىنىسى قۇراشتۇرۇلدى؛ ئابونچىلار فوتو تېلېگراف ئاپپاراتى 268 گە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن 60 ى كۆپەيدى؛ شەھەر - يېزا تېلېفونلىرى كوممۇتاتورى 55 مىڭ 900 توچكىغا يېتىپ، 16 مىڭ 900 توچكا كۆپەيدى، يىلنىڭ ئاخىرىدا شەھەردىكى تېلېفون ئابونچىسى 29 مىڭ 867 گە يېتىپ، 41.63% ئاشتى، يېزا تېلېفون ئابونچىسى 4253 كە يېتىپ، 40.64% ئاشتى. ئىلى ۋىلايىتىدە موڭغۇلكۈرەدىن باشقا سەككىز ناھىيە (شەھەر) دىكى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك تورغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئابونچىسى 5485 كە يەتتى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە سىمسىز تېلېفوندا چاقىرىپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. غۇلجا شەھىرىدىن قورغاس ئېغىزىغىچە بولغان مىكرو دولقۇنلۇق قۇرۇلۇشى 50%، غۇلجا

شەھىرىدىن توققۇزتارا ناھىيىسىگىچە بولغان مىكرو دولقۇنلۇق قۇرۇلۇشى %70 گورۇندالدى. ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى يەنە 16 خىل ئالاھىدە كەسپىي تېلېفوننى يولغا قويدى، خەلقئارا تېلېگراف ئىشلىرىدا ئۈچ خىل يېڭى كەسىپ كۆپەيتىلدى. پوچتا كەسپىدە پوسۇلكىلارنى بەلگىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سىستېمىسى، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سىستېمىسى ۋە پوچتا پۇل ئامانىتىدىكى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، ئامېرىكا، ياپونىيىلەر بىلەن خەلقئارا پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپىي يولغا قويۇلدى. ئوبلاستنىڭ خەۋەرلىشىش - ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى.

لىيۇ ئەيجۈن

## كۈيتۈڭ شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چېن شەنيۇ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لياڭ داجۈن، كەمەلقان ئاقتاباق (ئايال، قازاق)، جى چۈاڭشىڭ، لياڭ چۈڭدې.

شەھەر باشلىقى: قايسار جايدار (قازاق)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: خۇاڭ جېڭمىڭ، بەي جېجيې، لى جىنخۇا.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەن شيەنۈې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇجىشىن، نۇرمان ئىباك (قازاق)، شېرزات نۇر ئاقسىبت (قازاق)، خې يۆجۈن، تۇرسۇنئاي روزى، گۇەن ۋېنلياڭ (مانجۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: چۇخەنمىن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: جاۋبىڭجې.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى كۈيتۈڭ شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 450 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 383 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.85 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 420 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 353 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %8.5 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 180 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى (مەركەزگە تاپشۇرۇلغان باج 44 مىليون 510 مىڭ يۈەن شۇنىڭ ئىچىدە)، ئومۇمىي چىقىم 60 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 659 مىليون 320 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 560 مىليون 290 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 548 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 450 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 6050 توننا پاختا يىپ، 8 مىليون 70 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 4650 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماتېرىيال، 130 مىڭ ساندۇق پاپىروس، 6428 توننا يەمدۇر قىيامى، 1400 توننا نېفىتتا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تۇرۇبا، 110 مىڭ دانە ماي تۇڭى، يەمدۇر قىيامى تۇڭى، 161 ھەرخىل پرېتسەپ ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «خەلقئە پايدىلىق» يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ مېۋىلىك چاي ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خۇمدىنى؛ 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ رەخت يۇيۇش لىنىيىسى. داۋاملىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ ئورۇندالغان تۈرلەر مۇنۇلار: 3 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىدىغان سىغىم ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۆگرە چۆپ ۋە تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ 2 مىليون 485 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ۋېكليۇچاتېل زاۋۇتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق ۋېكليۇچاتېل ئىشكاپى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر مۇنۇلار: 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قومچاق زاۋۇتىنىڭ چاقچۇق قومچاق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، بۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان يېڭى مەھسۇلاتلار مۇنۇلار: دولانا، قوغۇن چىپى؛ پېتىنقى يىلىكلىك باسما مىس ۋالەك (غەربىي - شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە 1 -)، مىس ئاتېرىياللىرىنى مېخانىزم ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 200 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىچكى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىق جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەرمۇ مۇنۇلار: شياڭگاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرغان ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ چوڭ دۆگىلەك ماشىنا

ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، بۇنىڭغا 4 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ باسما زاۋۇتىنىڭ ئوفسېت ۋە سېنكىغا ئېلىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. بۇ. شياڭگاڭلىق سودىگەر شىنجاڭ شىفەن داشۆسى بىلەن ھەمكارلاشقان تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تايانچ كەسىپلەر پاپىرۇس، پاختا توقۇلما، ماشىنا، پەمدۇر ياسالمىلىرى ياساش كەسىپلىرىدىن ئىبارەت بولدى. پاپىرۇس زاۋۇتىدا 1080 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 283 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ شەھەرلىك 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا 1699 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 323 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا 633 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ پەمدۇر ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىدە 104 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىگە ياردەملىشىپ يارىتىلغان پېرېۋوت 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشتى. جۇڭگو ئېكسپورت تاۋارلىرى بازىسى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتىگە ياردەملىشىپ يارىتىلغان پېرېۋوت 2 مىليون 924 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۆمۈر يولدا توشۇلغان يولۇچى 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، توشۇلغان يۈك 450 مىڭ توننىغا يەتتى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 410 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 205 مىليون 450 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 450 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 70 مىليون 530 مىڭ تونna / كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسىپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 5000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون، 960 يوللۇق مىكرو دولقۇنلۇق لىنىيە، 480 يوللۇق سىممېترىك كابېل ئىشقا سېلىندى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە ئىشلىتىلگەن پروگراممىلىق تېلېفون 4210 غا يەتتى.

شەھەر بويىچە ھەرخىل تىپتىكى سودا تور - نۇقتىسى 2692 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 320 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 32 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەت كەسىپىدىن قىلىنغان كىرىم 16 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە 1600 ئامېرىكا دوللىرى بار) گە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە رايوندا (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈچ پەن - تەتقىقات ئاپپاراتى، 19 (خەلق باشقۇرغان) پەن - تېخنىكا كارخانىسى، جەمئىي 1768 پەن - تېخنىكا خادىمى بار. «كۆزكۈم گۈللىنى كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» ئىلى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان تىغنى كېڭەيتىش» تېخنىكىسى ئىلى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەرگە تەۋە رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 850، چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1548؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۈچ (بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر)، ئوقۇغۇچىسى 1238، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 535، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 4894 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 151)، باشلانغۇچ مەكتەپ 17 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 7182 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 197)، ئوقۇتقۇچى 1696. مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسى ۋە شەھەرلىك 2 - باللار باغچىسى ياسالدى. 1992 - يىلى قۇرۇلۇش باشلانغان شەھەرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى مەركىزىگە شۇ يىلى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ شەھەرلىك تەنتەربىيە مەركىزىگە شۇ يىلى 4 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 131.31 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تېلېۋىزىيە مۇنارى پۈتتى. شەھەر بويىچە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 59 غا، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1188 (دوختۇر 555) گە، كېسەل كارىۋىتى 883 گە يەتتى. 1993 - يىلى شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ تەنھەرىكەت كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، جەمئىي توققۇز ئالتۇن مېدال، تۆت كۈمۈش مېدال، تۆت مىس مېدالغا ئېرىشتى. شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىگە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى «ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 2352 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 43 مىڭ 493 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 139 مىليون 386 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئولتۇراق ئۆيى مەيدانى

كۆۋدرات مېتىرغا يەتتى. ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 319 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە ھەرخىل سۇغۇرتا بويىچە ھۆددىگە ئېلىنغان ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 314 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتى جەمئىي 2733 سۇغۇرتا تۆلەم ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلدى، 2 مىليون 940 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىلدى، شەھەر بويىچە %80 كە يېقىن ئاھالە سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلەتتى، سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز شىركىتى 100 كۇب مېتىرلىق گاز ساقلايدىغان ئىككى باك ياسىدى. شەھەرنىڭ باغ - ۋارانلىشىش كۆلىمى 25 . 654 گېكتار بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %9 . 35 كە يەتتى. شەھەردە ئاممىۋى قاتناش يولىدىن بەش لىنىيە بولۇپ، 1993 - يىلى يولۇچى توشۇش مىقدارى 2 مىليون 423 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

☆ 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۈيتۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى» دەپ نام بېرىلدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ئەڭ يېڭى ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە پاتېنت تېخنىكىسى كۈيتۇڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى، يىغىنغا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىمدىن 220 سى ھاسىل قىلىندى، مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىمدە پۈتۈشۈلگەن سومما 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، رەسمىي پۈتۈشكەن سومما 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كۈيتۇڭ شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

☆ 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۈيتۇڭ شەھىرى تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگودىكى چولپان ناھىيە (شەھەر)» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن «شىنا» شىركىتىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئاپتوماتىك ئۇلاش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىمالىي شىنجاڭ 500 لىنىيىلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف ئالاقىسىنى ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش مەركىزى كۈيتۇڭ شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ ۋېنبىڭ

# ئىلى ۋىلايىتى

**خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايدار ئاقان (قازاق، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇاڭ شۈنچىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى)، ھەسەن پىدا (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىيسى: مەھەممەتجان ئەمەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لىي يىلياڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، سۇن دېشياڭ، ئاخمېتبېك ئەنۋەربېك (قازاق)، ياڭ يۇجۇن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شۇ يەنشياڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇشۈكۈر ئىسمايىل (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، توختاسىن مۇقامبېت (قازاق، 11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئاقان سادىربېك (قازاق).

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئەلى سېيىت.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 780 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 216 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 401 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 817 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 865 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7 . 0 ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 287 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 923 مىڭ 200 توننا ئاشلىق (16 مىڭ 400 توننا پۇرچاق شۇنىڭ ئىچىدە)، 65 مىڭ 400 توننا ياغلىق دان، 496 مىڭ 400 توننا قىزىلچا، 12

مىڭ 900 توننا زىغىر ئولى، 1759 توننا تاماكا (252 توننا قۇرۇتۇلغان تاماكا)، 40 مىڭ 700 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 83 مىڭ 900 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر - يېزىلاردا 1989 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. كۆچەت ۋە ئورمانلارنىڭ پەرۋىش قىلىنىش كۆلىمى 51 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. 9000 گېكتار يەردە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 80 مىڭ تۇياق چارۋا كۆپەيدى، 1 مىليون 860 مىڭ تۇياق چارۋا قولدىن چىقتى. يىل ئاخىرىدا 4 مىليون 618 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 480 مىڭ، ئات 310 مىڭ، قوي 3 مىليون 360 مىڭ. مۇشۇ بىر يىلدا 58 مىڭ توننا گۆش (6100 توننا ئات گۆشى)، 10 مىڭ 300 توننا قوي يۇڭى، 16 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 170 مىڭ پارچە كالا تېرىسى، 1 مىليون 424 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 132 مىڭ 500 توننا سۈت، 11 مىڭ 700 توننا تۇخۇم، 705 توننا ھەسەل، 3004 توننا بېلىق ئېلىندى. 2552 تۇياق بۇغا بېقىلىپ، 10 مىڭ 28 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 86 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 857 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 712 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 13 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. كۆكسۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 9500 گېكتار كۆپەيتىلىپ، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك بولغاندىمۇ 162 مىڭ گېكتار يەردىن ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. يېڭىدىن 15 مىڭ 300 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق، 233 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋا يولى، 1464 قوتان كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 509 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 246 مىليون يۈەن بولدى. يېزا - بازار كارخانىسى 19 مىڭ 400 گە، خادىمى 54 مىڭ 800 گە، ئومۇمىي كىرىمى 422 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 921 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 856 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.47 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىن تۆۋەن كەنت سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون يۈەن. 9830 كارخانا رويخەتكە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك شىركەت 3282، خۇسۇسىي كارخانا 189 بولۇپ، 2246 سى كۆپەيدى. خادىمى 168 مىڭ 700 گە يەتتى. يەككە سودا سانائەتچى 32 مىڭ 259 بولۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى 43 مىڭ 400 گە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا 95 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 567 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 197 مىڭ 800 توننا سېمونت، 295 مىليون دانە خىش، 42 مىڭ 800 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 464 مىڭ 800 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 4701 كۋادرات مېتىر گىلەم، 998 توننا سۇلياۋ ياسالما، 24 مىڭ 200 توننا ئىچىملىك - ھاراق (3500 توننا ئاق ھاراق)، 17 مىڭ 100 توننا شېكەر، 3580 توننا سۈت پاراشوكى، 100 مىڭ 40 توننا ئۇن، 19 مىڭ 500 توننا سۇ يېغى، 24 مىڭ 100 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرۇلۇش قىلىنغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 82، پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 45 بولۇپ، بۇلارغا 53 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكا يارىتىش بويىچە كېڭەيتىلگەن تۈر 38 بولۇپ، توققۇز تۈردە مەھسۇلات سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەندى. 6 - ئايدا ئاشى ئالتۇن كېنى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. ۋىلايەت بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە توشۇلغان يۈك مىقدارى 229 مىليون توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 735 مىليون ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. غۇلجا شەھىرىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چونجا شەھىرى ۋە ئالمۇتا شەھىرىگە قاتنايدىغان بىۋاسىتە خەلقئارا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى 5 -، 8 - ئايلاردا قاتناشقا باشلىدى. غۇلجا چېگرا ئېغىزىدا غۇلجا پىكەتى قۇرۇلدى. 10 - ئايدا چىڭگىسخوزا بازىرىدىن قورغاس ئېغىزىغىچە بولغان دۆلەت تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۆلكە يولى «2941» لىنىيىسىنىڭ توققۇزتارادىن لۆڭكىرغىچە بولغان بۆلىكى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 35 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە شەھەر تېلېفونى 18 مىڭ 700 توچكىغا، ئابونتچى 11 مىڭ 863 كە، بىۋاسىتە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئابونتچىسى 5485 كە يەتتى. سەككىز ناھىيىدە سىمسىز چاقىرغۇ مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. يەتتە ناھىيە (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تورىغا كىردى. ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوماتىك كوممۇتاتور تېلېفون لىنىيىسى 180 گە يەتكۈزۈلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا قانۇنىي سالاھىيىتىگە ئىگە كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 377 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 134 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 201 مىليون يۈەنگە

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 109 مىليون يۈەن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 92 مىليون يۈەن. پەرلىك سودا، چېگرا سودىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليون 910 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (چېگرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلغان سوممىسى 8 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 18 مىليون 260 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 19 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. شەھەر - ناھىيىلەردە 52 بازار قۇرۇلدى ياكى كېڭەيتىلدى، ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك بازارلار 171 گە يەتتى. ۋىلايەتتىكى 13 ساياھەت ئىدارىسى كۈتۈۋالغان ھەمدە باشقا يوللار بىلەن كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 54 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر 54 مىڭ ئادەم (قېتىم). مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ساياھەتكە چىقىشقا 2392 ئادەم (قېتىم)، ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشقا 4000 دىن ئارتۇق ئادەم تەشكىللەندى. 7 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك مېھمانخانا پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 8 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلى «تۇلپار» مەرىكىسى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 370 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 - كەسىپ قۇرۇلۇشىغا 293 مىليون يۈەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 166 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر - بازارلارنىڭ ئاساسىي مەمۇرىي قۇرۇلۇشلىرىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چىگىخوزا چېگرا ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ 200 مىليون يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. قۇرۇلۇۋاتقان كۆلەم 17 گېكتارغا يەتتى، يەر ئاستى، يەر ئۈستى تورۋا يولى، ئۈچ قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول قاتارلىق مەمۇرىي قۇرۇلۇشلار پۈتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 222 سى ئىمزالىنىپ، بۇنىڭدىن 152 سى ئەمەلىيلەشتى. بۇلارغا جەمئىي 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چەت ئەل مەبلەغ سالغان ھەمكارلىق تۈرى 57 بولۇپ، 14 تۈردە توختام ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل بىلەن شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان تۈردىن 24 ى تۇرغۇزۇلدى.

1993 - يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىم 139، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىم 1236. كارخانا ئورۇنلىرىدا ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 18، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 419. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە داۋاملاشتۇرۇلغان، يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان، ئۇقتىلىق ھالدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا تەتقىقات تۈرى ئونغا، «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 15 كە يەتتى؛ مەھسۇلاتى سىناق قىلىنغان تۈر 12 بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئالتە تۈرنىڭ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى يېتىشتۈرگەن ياغ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈزۈم تاللىق زىغىر يېڭى سورتى — «ئىلى ئۈزۈم تاللىق زىغىرى - 2 - نومۇر» مەملىكەتلىك ئۈزۈم تاللىق زىغىر سورتلىرىنى بىرلەشمە رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىشقا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۈنۈمبىرسال كۆرسەتكۈچى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 1 - دەرىجىگە ئېرىشتى. بەش تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى ۋىلايەت بويىچە 1993 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، «ئىلى مۇغىسىنىڭ ئېكولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ زىرائەت سورتلىرى تەزكىرىسى» تاماملاندى ھەمدە تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتتى. ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 173 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 112)، ئوقۇغۇچىسى 84 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 53 مىڭ 200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 763 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 552)، ئوقۇغۇچىسى 262 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 200 مىڭ 500)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم تۆت، ئوقۇغۇچىسى2195 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى1377)؛ ھەرخىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچى 23 مىڭ 148 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 474). ۋىلايەت بويىچە دولقۇنى تەڭشەلگەن ئون رادىئو ئۆزىلى، سۈنئىي ھەمراھتىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ بېرەلەيدىغان 14 تېلېۋىزىيە پونكىتى قۇرۇلۇپ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ بېرىدىغان يەر يۈزى پونكىتى 89 غا يەتتى. 8 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك تارىخ مۇزېيى ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەلنەغمە كۆرىكىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ماناپقازى ئەڭ ياخشى ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەتتىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، جەمئىي 14 ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، ئىككى مىس مېدالغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئون مۇھىت نازارەتچىلىك پونكىتى، بەش قوغدىلىدىغان تەبىئىي رايون قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن شتاتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 156 مىڭ بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 392 مىليون 743 مىڭ 600 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 7331 كىشى ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن 830 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئون كەسىپكە تونۇشتۇرۇش ئورنى 4000 كىشىنى خىزمەت ئورۇنلىرىغا تونۇشتۇردى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1797 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 777 يۈەن (چارۋىچىلارنىڭ 711 يۈەن) گە يەتتى. جەمئىيەتتە پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 17.1 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆرلىدى، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى 16.3 پىرسەنتلىك رەقەم ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 552 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يەتتى، 10 مىليون 920 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، ۋىلايەت بويىچە پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا 402 كارخانا، 27 مىڭ 900 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. يېزىلاردا ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتىدىن 145 ى قۇرۇلۇپ، يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغ 9 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى ھاۋارايى ئادەتتىن تاشقىرى ناچار بولۇپ، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، جەمئىي 980 مىڭ مو يەر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 699 مىڭ 300 مو يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، 279 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالە ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان تەخمىنەن 140 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1993 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.92‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.38‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.64‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليون 899 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 33 مىڭ كىشى كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قازاق 439 مىڭ 600 بولۇپ، 6300 كىشى كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 514 مىڭ بولۇپ، 2000 كىشى كۆپەيدى؛ خەنزۇ 619 مىڭ 300 بولۇپ، 18 مىڭ 200 كىشى كۆپەيدى؛ باشقا 35 مىللەت ئاھالىسى 326 مىڭ 100 بولۇپ، 6500 كىشى كۆپەيدى.

ئىلى ۋىلايىتىدە تۇنجى نۆۋەتلىك «تۇلپار» مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى

تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلى «تۇلپار» مەرىكىسى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. «تۇلپار» مەرىكىسىدە تەسىس قىلىنغان يايما ئورنى 288 گە، كۆرگەزمە زالى 36 گە يەتتى. مەرىكە مەزگىلىدە «تۇلپار» لوگىنىسىنى تالىشىش بويىچە ئات بەيگىسى قاتارلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن تەكلىپكە بىنائەن كەلگەن 4000 دىن ئارتۇق مېھمان سودىدا كېڭىشىش بېغىنى ۋە تۈرلۈك ساياھەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتناشتى. جەمئىي ئىمزالانغان ئىقتىساد - سودا توختامى 123 تۈرلۈك بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 53 مىليون 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 32، سوممىسى 10 مىليون 380 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، سودىدا پۈتتۈشۈلگەن تۈر 91، سوممىسى 42 مىليون 660 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. 53 تۈردە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، سوممىسى 30 مىليون 58 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

ياڭ بىڭشىن

# غۇلجا شەھىرى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەمىت قاسىم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ لۇچېن، كامال ئىسمائىل (خۇيزۇ)، رەشىدە ھاجى، ئوجان كۈمىسقان (قازاق)، ليۇبىڭرۇڭ.

شەھەر باشلىقى: پولات ئۆمەر (مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى)، قۇربانجان مەھەممەت (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: خۇ شىنخۇي، مابىڭشياڭ (خۇيزۇ)، ئىسكەندەر توختى، ئىلىبېك قۇربانغالى (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: جۇاڭ مىڭمىڭ (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دۇڭ پېيرۇڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: كېرىمجان تۇردى، گۇ شۈنفا، جۇماخۇن سۇلتان، مايۇلىن (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: نۇر ئىبراھىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ شيۇجاڭ.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 287 مىليون 507 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.5% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 229 مىليون 892 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.7% ئاشتى.

ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 94 مىليون 561 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 72 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 636 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 132 مىليون 898 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.03 ئاشتى. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. زىرائەت تېرىلغان يەر كۆلىمى 11 مىڭ 100 گېكتارغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 42 مىڭ 704 توننىغا يەتتى. 800 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 1542 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. 27 مىڭ 710 توننا قىزىلچا، 69 مىڭ 40 توننا كۆكتات، 4026 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 3037 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 647 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 144 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2740 توننا گۆش، 12 مىڭ 411 توننا سۈت، 400 توننا قوي يۇڭى، 33 توننا ھەسەل، 290 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرى 630 توننىغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 344 مىڭ 300 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 76 مىليون 49 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 227 مىليون 540 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 217 مىليون 870 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.37 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 157 مىڭ توننا كۆمۈر، 45 مىڭ 500 توننا سېمونت، 2118 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماتېرىيالى، 305 توننا «ب» دەرىجىلىك ۋالىن قەغىزى، 293 توننا سۆڭەك يېلىمى، 157 توننا سوپۇن، 33 توننا ئوتقا چىدامىلىق خىش، 114 مىڭ لامپۇچكا، 36 توننا موخۇركا، 464 مىڭ 800 مېتىر يۇڭ رەخت، 998 توننا سۇلياۋ ياسالما، 336 توننا قەنت - گېزەك ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىلى ۋىلايەت (شەھەر) لىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بوياش سىخى ئىگىرىش ئۇرچۇقىنى 5000 گە، توقۇش ماشىنىسىنى 96 گە يەتكۈزۈپ، 1 مىليون 200 مېتىر يۇڭ توقۇلمىنى ئارتۇق ئىشلەپچىقاردى؛ 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك «غۇلجىدا باھار» ھاراق زاۋۇتى 7 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى ئەمەلىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى غەيرىي تىپلىق نەيچە ماتېرىيالىنى تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش تۈرىگە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 6 - ئايدا شەھەرلىك لامپۇچكا زاۋۇتى بىلەن ئالەم سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ «116» زاۋۇتى بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان تەييار چۈپ ئىشلەش زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. «ب» دەرىجىلىك ۋالىن قەغىزى، غەيرىي تىپلىق تۈرۈبا ماتېرىيالى، پېكتون، «ناپولېيون ھارىقى» نىڭ بوتۇلكىسى، «ۋودكا» ھارىقى قاتارلىق 23 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 51 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 23 مىليون 230 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجا شەھىرى بويىچە ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. ئېكسپورت تاۋارلىرى، ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىمپورت تاۋارلىرى، ئاساسەن پولات - تۆمۈر ماتېرىياللىرى، يۈك ئاپتوموبىلى، پىكاپ، رويال قاتارلىقلار. 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە شەھەرلىك تاشقى سودا - ئىقتىساد كومىتېتى تەستىقلىغان بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانا جەمئىي توققۇزغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكىسى بەش بولۇپ، ئىككىسى تىجارەت باشلىدى؛ قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىكىسى ئۈچ بولۇپ، بىرى تىجارەت باشلىدى؛ قىرغىزىستان چېگرىسى ئىچىدىكىسى بىر بولۇپ، تىجارەت باشلىدى. چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلار ئىمزالىغان قۇرۇلۇش تۈرى توختامى 18 بولۇپ، بۇنىڭ يەتتىسىدە ئىش باشلاندى. شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 719 مىڭ 400 توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 23 مىليون 856 مىڭ 900 ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى. شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى توشۇغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 17 مىليون 500 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 340 كىلومېتىرغا يەتتى. 12 - ئايدا شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك شىركىتى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان «قىزىل بايراق» مېھمانخانىسى (كۆلىمى 3750 كۋادرات مېتىر) نى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ «قىزىل بايراق» تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى (كۆلىمى 17 مىڭ 333 كۋادرات مېتىر) نىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ شەھەرلىك نېفىت - كۆمۈر قۇرۇلۇشى شىركىتى ئۈچ ماي قاچىلاش پونكىتى قۇردى. 7 - ئايدا، «گۈللىنىش» سودا مۇلازىمەت شىركىتى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى (كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر) پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى؛ شىنجاڭ غۇلجا «ۋەنخۇي» سودا چەكلىك شىركىتى قۇرغان «ياشلار» كوچىسى توپ سېتىش بازىرى (كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر) دا تىجارەت باشلاندى. شەھەرلىك يەر - زېمىن ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات باش شىركىتى بىلەن ئىككى يەككە تىجارەتچى

بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئوچەرۋازا كىيىم - كېچەك بازىرىدا تىجارەت باشلاندى. شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى كۈتۈۋالغان ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش ئۆمىكى 176 گە، ساياھەتچى 4218 گە يەتتى، بۇ ئىدارە پايدىنى 700 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ دۆلەتكە 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ بەردى (تېگىشلىگەن سان شۇنىڭ ئىچىدە).

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 352 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 980 مىڭ يۈەن. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 173 مىليون 200 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 76. 933 يۈەندىن ساپ كىرىم توغرا كەلدى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 6378 (ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 32 مىليون892 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزىلاردىكى ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 611 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى نامراتلارنى يۆلەپ، 77 ئائىلىدىكى 390 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. يېزىلاردىكى زاپاس مەبلەغ كاسسىسى پەن - تېخنىكا جەھەتتە نامراتلارنى يۆلەپ، 131 ئائىلىدىكى 638 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

مۇشۇ يىلى «غۇلجا شەھىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات پىلانى» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «غۇلجا شەھىرىدە شەھەر رايونىدىكى يەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش» ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 207 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7916)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 816 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 391)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 35، ئاز سانلىق مىللەت بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ يەتتە)؛ ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 456 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 967)؛ ئوقۇتقۇچى 2776 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1945). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مائارىپ قوشۇمچە بارەم پۇلىدىن 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، يېڭى قۇرۇلۇش، قايتا قۇرۇلۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن قەرز بېرىلدى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 15، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 392، كېسەل كارىۋىتى 371. شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى يارمەھەممەتكە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنھەرىكەت خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بېرىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 13 مىليون 675 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «ئىلى دەرياسى» كوچىسىنى يېڭىدىن ياساش، «ستالىن» كوچىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىنى «ئەخمەتجان» كوچىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى كوچىنى كېڭەيتىپ ياساش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 2319 مېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. 2550 مېتر ئۇزۇنلۇقتا پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. شەھەردىكى كوچا چىرىغى 1650 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 816 ئائىلىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى، ئورنىتىلغان سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 مىڭ 2. 933 مېترغا، پار بىلەن ئىسسىنىلىش كۆلىمى 57 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 46. 16 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، كۆچەتزارلىقتىن 86 مىڭ 721 تۈپ كۆچەت چىقىرىلدى، چېچەكلىك چاتقال كۆچىتىدىن 194 مىڭ 455 تۈپ يېتىشتۈرۈلدى. «ياشلار» باغچىسىدا مۇزىكىلىق فونتان ھەمدە قەدىمكىگە تەقلىد قىلىنغان «ئالتۇن داڭقان» راۋىقى ياسالدى.

خۇ گۈيىڭ

## غۇلجا ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوسمانجان ئاقمۇللا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياۋتيەنلۇ، مۇقانبېك نۇرجۇما (قازاق)، مۇسا ئابدۇللا (خۇيزۇ)، رەھمىدىن ئىبلاخۇن، ئوسمانجان ئابدۇرېھىم.

ھاكىمى: زوردۇن خوجا؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: يۇ شۆجېن، جىن يۇلۇڭ (خۇيزۇ)، خۇرشىدە ماخمۇت، نۇربېك تېرگاۋسىز (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جالالىدىن نەجمىدىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۈيۈخەن، مۇسا جاپپار (قازاق)، زۇنۇن ئابلىكىم، ماۋبىشىن (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئىمام ئىبراھىم.
خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىمىنغازى روزى.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 407 مىليون 160 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 388 مىليون 530 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 3.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 23 مىليون 336 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 53 مىليون 107 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 404 مىليون 500 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 412 مىليون 760 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 264 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 380 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 1 مىليون 14 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 200 مىڭ مو بوز يەر، 3 مىليون 500 مىڭ مو ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار. 755 مىڭ 100 مو يەرگە ئاشلىق تېرىلىپ، 255 مىڭ 100 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 99 مىڭ 500 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 11 مىڭ 300 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 32 مىڭ مو يەرگە تالالىق زىغىر تېرىلىپ، 7933 توننا زىغىر ئېلىندى، 53 مىڭ 700 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 145 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى، 6300 مو يەرگە كۆك تاماكا تېرىلىپ، 1579 توننا تاماكا ئېلىندى، 24 مىڭ 929 توننا مېۋە ـ چېۋە، 37 مىڭ 539 توننا كۆكتات ئېلىندى. 9825 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى؛ 770 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سورتلۇق ئالما كۆچىتى 100 مىڭ تۈپ. يىل ئاخىرىدا 703 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، شۇ يىلى 275 مىڭ 800 تۇياق چارۋا كۆپىيىپ قاتارغا قوشۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 8957 توننا گۆش، 1688 توننا قوي يۇڭى، 4.3 توننا ئۆچكە تىۋىتى، تۆت توننا تۆگە يۇڭى، 26 مىڭ 600 پارچە كالا تېرىسى، 206 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. 1088 تۇياق بوغا بېقىلىپ، 4352 كىلوگرام يۇمران بوغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. 25 مىڭ 200 توننا سۈت، 64 توننا ھەسەل، 4000 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 5678 مو سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلىپ، 1326 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 109 مىڭ كىلوۋاتقا، تراكتور 4361 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تراكتور 1415. مەشغۇلاتلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش 80% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئاغدۇرۇش 98% كە، تېرىش 97.7% كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 7709 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 16.22 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 11 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 669 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە ئۆزى 5 مىليون 185 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ تەييارلىدى (دېھقانلارنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغان ئەمگەك كۈچى ۋە ماتېرىياللىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 759 مىڭ كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى. 2150 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى، 39 مىڭ 39.72 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 1270 ئورۇندا ھەرخىل سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 364.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ـ ئۆستەڭ تازىلاندى؛ 18 سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى توققۇز، كىچىك تىپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچ؛ 3450 مو بوز يەر ئېچىلدى. ناھىيە بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى477 مىليون 594 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 672 مىڭ 300 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىم 62 مىليون 827 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (كەنت باشقۇرىدىغان كارخانىلار، يەككە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 100 مىليون 880 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 93 مىليون 740 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 14.4% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 156 مىڭ توننا كۆمۈر، 73 مىليون 40 مىڭ دانە خىش، 23 مىڭ توننا سېمونت، 2407 توننا ئاق ھاراق، 18 مىڭ 501 توننا ئۇن، 3224 توننا سۇ يېغى، 1573 توننا يەم ـ خەشەك، 709 توننا سۈت پاراشوكى، 3770 تال سېمونت سىم ئاناپ تۈۋرۈكى، 13 مىڭ مېتىر ھەرخىل سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى، 40 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 109 مىڭ 600 مېتىر رەخت، 12 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 13 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېخنىكا يېڭىلاش تۈرلىرىدىن ئونى ئورۇندالدى، بۇنىڭغا جەمئىي 15 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇۋاتقان تۈر ئۈچ، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 5 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى. كارخانىلاردا تۆت يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسى 60 كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2278 كىلومېترغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 798

مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 95 مىليون 906 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 137 مىڭ 800 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 33 مىليون 823 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 60 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شېغىل ياتقۇزۇلغان يول ياسالدى. 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جىرغىلاڭ كۆۋرۈكى، 2 مىليون 6000 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 736 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاپتوموبىل كۈتۈش زالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتناش بىناسى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 824 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بازىرىدا 2000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون، يېزا-بازارلاردا 480 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تورلاشتۇرۇلدى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 141 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 116 مىليون 370 مىڭ يۈەن. ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرى كۆممەقوناق، ئاق شېكەردىن ئىبارەت بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 747.87 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 20 مىڭ 404 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچى 18 مىڭ 798؛ مۇشۇ بىر يىلدا 47 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار-يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 105 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 524 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 737 مىڭ يۈەن ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى 106 مىڭ يۈەن، 264 ئائىلىلىك (1584 ئادەم) دېھقان، چارۋىچى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە-بازاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملاردىن 688 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن-تېخنىكا خادىمىدىن 809 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 52. يېزىلاردا 15 پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، 77 پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقى سەپلەندى؛ يېزا دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 12 گە يەتتى. مۇشۇ يىلدا ئىككى تۈردىكى پەن-تېخنىكا نەتىجىسى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 148 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 57، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 61)، ئوقۇغۇچىسى 52 مىڭ 408 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 45 مىڭ بەش)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 30 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 167 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 358)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 888 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 587). بالىلار باغچىسى 25، باغچىغا قوبۇل قىلىنغان بالا 2625. ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 115 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى). 6-ئاينىڭ 1-كۈنى مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ توپلاپ قۇرغان ناھىيىلىك مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاڭلىتىش باشلىدى. 5-ئايدا بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن دېھقان، چارۋىچىلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم-تەربىيىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ ساۋاتسىزلار يوق ناھىيە بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 10 مىليون 760 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە 30 تىببىي داۋالاش-سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا-بازار شىپاخانىسى 25، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 896، كېسەل كارىۋىتى 480. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە بويىچە ئالتە قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 3350 تەنھەرىكەتچى (قېتىم) قاتناشتى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە غۇلجا ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى (كوماندىلىرى) 17 ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 3-بولدى.

☆ 2-ئايدا شىنجاڭ ئىلى «قارا مۇدەن» ھارىقى باش زاۋۇتى (ئىلگىرىكى غۇلجا ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى) ئىشلەپچىقارغان «قارامۇدەن غۇلجا ئالاھىدە ھارىقى» شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا داڭلىق ھاراق كۆرگەزمىسىدە ئالاھىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ھەم ئوراپ-قاچىلاش بېزەش ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

☆ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چولاق تېپتىكى تۈز ياتمىلىق تەبئىي ئالتۇن كېنى — ئاشى ئالتۇن كېنى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

☆ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىلى ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتى، غۇلجا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى، غۇلجا ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى ۋە غۇلجا ناھىيىلىك كانچىلىق تەرەققىيات باش شىركىتى، غۇلجا ئورمانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت بەش ئورۇن بىرلىشىپ 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان غۇلجا ناھىيىلىك ئاقتاش ھاك زاۋۇتى كېينى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ژاڭ كېۋېن

# قورغاس ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسمائىل ساۋۇت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋشىۋمىن، مايەنلۇ (خۇيزۇ)، ساۋۇت ئارستان (قازاق)، ساۋۇت رېھىم.

ھاكىمى: تۇرسۇن تۇردى؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ژاڭ ۋېنچۇەن، لى باۋچېڭ، ماجۇڭفۇ (خۇيزۇ)، تۇرغان پىدا، سۇلتان دوسمىقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى داشيۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: گاۋخۇڭ، ماكېلى (خۇيزۇ)، دۇسەي (قازاق)، ئەبەيدۇللا قارى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ياقۇپجان ئىمىن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇجىنگۇاڭ.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 275 مىليون 810 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 23 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 39 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 296 مىليون 34 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.4% كېمىيىپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 148 مىڭ 469 توننا ئاشلىق، 7290 توننا ياغلىق دان، 153 مىڭ 933 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ 98 توننا كۆكتات، 6274 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 21 مىڭ 213 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 4515 مو بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 480 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 582 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 7834 توننا گۆش، 1439 توننا قوي يۇڭى، 29 مىڭ پارچە كالا تېرىسى، 14 مىڭ 675 توننا سۈت ئېلىندى؛ 602 مىڭ 700 ئۆي قۇشى بېقىلىپ، 3096 توننا تۇخۇم ئېلىندى؛ 489 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 99 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە 3987 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا 7 مىليون 597 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. 268 ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، 55 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 887 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ لاتقىسى تازىلاندى؛ بىر كىچىك سۇ ئامبىرى ياسالدى؛ بەش ئورۇندا ئادەم ۋە چارۋا سۇ ئىچىدىغان ئىنشائات ياسالدى، 34.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، تۆت قۇدۇق قېزىلدى. يېزىلاردا 110 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا شېغىل، يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى؛ سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك بېسمى تارتىلدى؛ 30 مىڭ مو سالا ئېتىز يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 32 مىڭ مو يەر تۈزلەندى، 1 مىليون 65 مىڭ 700 كۇب مېتىر توپا، 41 مىڭ 400 كۇب مېتىر تاش قېزىلدى، 1125 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 494 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 26.54% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 119 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 292 مىڭ توننا كۆمۈر، 38 مىڭ 300 توننا سېمونت، 34 مىڭ 700 توننا ئۇن، 6385 توننا سۇ يېغى، 4411 توننا يەم - خەشەك، 11 مىڭ 325 توننا پىۋا، 441 توننا ئاق ھاراق، 105 مىليون دانە خىش، 6128 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 35.6 توننا سۈت پاراشوكى، 10 مىڭ قۇر يۇڭ پوپايكا، 1940 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 66 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (چېگرىخوزا تەرەققىيات رايونىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 24 مىليون 180 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى

674 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 85 مىليون 378 مىڭ 900 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. يەككە ترانسپورتتا بەش مىليون 409 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 634 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، 106 سىمسىز چاقىرىش ئاپپاراتى، 14 كوچىمە تېلېفون ئىشقا سېلىندى، ناھىيە بويىچە 13 يېزا، بازار (مەيدان) ئۆزئۆن يوللۇق تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 155 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بازار - يېزا ئاھالىسىگە پارچە سېتىپ بېرىلگەن تاۋارلارنىڭ سوممىسى 137 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 174 مىليون 540 مىڭ يۈەن، سېتىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 177 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 104 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 881.26 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ 869.76 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 961.6 يۈەن. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 155 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە - بازاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 560 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەپەقە ئوبيېكتلىرىغا 304 مىڭ 200 يۈەن قەرەللىك ياردەم پۇلى بېرىلدى؛ يېزىلاردىكى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 117 مىڭ 200 يۈەن غەمخورلۇق پۇلى بېرىلدى؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 110 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي ياردەم پۇلى تارقىتىلدى؛ مېيىپلارغا 94 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 255 مىڭ 600 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كىرىم قىلىندى، 904 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 596 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 899 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 697 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەلدىن كەلگەن 29 ساياھەت ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) كۈتۈۋېلىنىپ، 380 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا بازار ئېچىپ سودا قىلىش بازىرىدا چەت ئەللىك خېرىدارلاردىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، تاۋار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى چىكىسخوزا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا كۈتۈۋېلىنغان سودىگەر 2600 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە، مۇددىئانامە بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 308 مىليون يۈەنگە يەتتى، 58 تۈرگە مەبلەغ سېلىش توختامى ئىمزالاندى، 86 تۈردە ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 41 كورپۇس بىنا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 623. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 103 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ 30)، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 202 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 974)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئۈچ)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 651 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4824)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 453 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 170)؛ باللار باغچىسى تۆت، باغچىغا كىرگەن بالا 2355 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 639). ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 169 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانتى 30)؛ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ قورغاس شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 218 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 20). ناھىيە بويىچە جەمئىي 23 مىڭ 293 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى بار. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 74 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4837 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مەكتەپ ئۆيى ياسالدى. ناھىيە بويىچە 19 ھەرخىل تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار، مەيدان (فېرما) شىپاخانىسى 14؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1446. كېسەل كارىۋىتى 501. قورغاس ناھىيىسى 1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە توققۇز ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، يەتتە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

☆ 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چىكىسخوزا خەلقئارا سودا مەركىزىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 11 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

☆ قورغاس چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش بازىرى 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەتلىك بازار بولۇپ باھالاندى.

☆ 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمچانلىقى 1000 كۇب مېتىر كېلىدىغان ئېگىز جايدىكى سۇ كۆلچىكى 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

**يېزا - بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى**

1993 - يىلى قورغاس ناھىيىسى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ناھىيىلىك

پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا، بازارلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يولىدا ماڭدى. چىڭگىسخوزا بازىرى تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، 2 - ۋە 3 - كەسىپلەرنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇردى؛ لوسىگۇلۇڭ يېزىسىدا كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى ئاساسىي گەۋدە قىلىندى؛ لىچىگاشەن شىبە يېزىسى ۋە موخور چارۋىچىلىق فېرمىسى قورغاس چېگرا ئېغىزىغا تايىنىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى؛ كۆرە يېزىسى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 7535 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانا 85، پاي تۈزۈمى ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 82، يەككىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا 7361، 544 ساناتەت كارخانىسى كۆپەيدى. كارخانا خادىمى تۆنجى قېتىم 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، 17 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى ۋە توپلاندى، 15 مىليون 950 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرى ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 961 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19% [illegible]؛ ئومۇمىي كىرىم 34 مىليون 24 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 51.4% ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا 11 مىليون 930 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 43% ئاشتى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 3 مىليون 959 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 61% ئاشتى.

شيې ياڭخۇي

## نىلقا ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇراتبېك ئەلىيەكبەر (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ شۆمىڭ، جىن رۈيشېڭ (خۇيزۇ)، خۇشەن دۇگۇر (موڭغۇل)، يۈسۈپجان ئىسمائىل.

ھاكىمى: قانىباي ماقتا (قازاق، مۇۋەققەت ھاكىم)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ خۇڭرېن، ئابلىمىت ئوسمان، مايۈڭچىن، ماۋلىپە مۇسابېك (ئايال، قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇرالى مۇساقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يەھيا ئىسرائىل، ۋېي يىڭجۇ، ئابدۇل باگى (خۇيزۇ)، ئابدۇمەنى مەتكېرىم (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سابىت ياسىن (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: دۈيسەن ئورازئاقىن (قازاق).

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 154 مىليون 610 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.05% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 129 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 30 مىليون 193 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 706 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.08% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 550 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، شۇ يىلى 70 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى. 15 مىڭ 470 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 60 مىڭ 730 توننا مەھسۇلات ئېلىندى؛ 2720 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 2716 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. 147 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار كۆچەت ئۆستۈرۈش كۆلىمى 75 گېكتارغا يەتتى، يىل ئاخىرىدا 538 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 6995 توننا گۆش ئېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 2808 توننا، قوي گۆشى 2712 توننا، چوشقا گۆشى 173 توننا. 169 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 11 مىڭ 900 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 23 مىڭ 100 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى، 3551 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، 72 توننا ھەسەل ئېلىندى. 6.8 گېكتار سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلىپ، 10.5 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 706 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 405 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 484 مىڭ 700 يۈەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 688 مىڭ 300 يۈەن، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 118 مىڭ 800 يۈەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 26 مىليون 590 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 580 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.65% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 470 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 30 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 520 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 280 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 133 مىڭ توننا كۆمۈر، 12 مىڭ توننا سېمونت، 24 مىليون 520 مىڭ دانە خىش، 4683 توننا ئۇن، 1059 توننا بۇ يېغى، 1964 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 551 توننا سۈت پاراشوكى، 55 توننا تاللانغان مىس پاراشوكى، 55 توننا تاللانغان مىس پاراشوكى، 1250 توننا پارتلىتىش دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 40 مىليون 760 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 15 مىليون 668 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 111 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 85 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 370 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 618.26 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ 634.31 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 582.85 يۈەن. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا 12 مىڭ 535 ئىشچى - خىزمەتچى (ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 7535) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 29 مىليون 901 مىڭ 200 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 103 مىليون 463 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا كەسپىدە 1 مىليون 639 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 6925 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4232)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 85 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 60)، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 104 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 453)؛ ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 2091 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1211). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 26 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 233 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 259 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە بويىچە 11 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە نىلقا ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى يەككە تۈرلەر بويىچە ئىككى ئالتۇن مېدال، تۆت كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

يۇ شۇفاڭ

# موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئالىمجان ئۈۋەن (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۈەن يۇجاڭ، تۇلۇمچى (موڭغۇل)، ھاشىم قۇربان، تالىغات قاناش (قازاق).

ھاكىمى: ئەزىمباي مىرزاقۇل (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋېي گاۋجې، شاگجا (موڭغۇل)، ساپاربېك ئورىنبېك (قازاق)، جۇماخۇن خوجا، تۆلەگەن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاپپار تۆلەندى (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇدېجۈن، پېيىنۇر ئابلىز، شالا (خۇيزۇ)، ۋلادىمىر نىكولايېۋىچ زېمنكو (رۇس).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇمۇقالىپ (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لى جېنيۇ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 120 مىليون 54 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 121 مىليون 647 مىڭ 600 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) كېمىيىپ كەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 26 مىليون 666 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 445 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 139 مىليون 210 مىڭ400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.9% ئاشتى. 66 مىڭ 345 توننا

ئاشلىق، 14 مىڭ سەككىز توننا ياغلىق دان، 142 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 731 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 240 مىڭ 400 تۈپ پارچە - يۇرات كۆچەت تىكىلدى، 413 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 5455 توننا گۆش، 1017 توننا قوي يۇڭى، 8993 توننا سۈت، 184 مىڭ 200 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 546 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. 13 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 38 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 4622 توننا (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرغاندا 2313 توننا) خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 2 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 230 مىڭ 100 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، يېزىلار سالغان مەبلەغ 2 مىليون 312 مىڭ يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 6 مىليون 28 مىڭ 100 يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 571 مىڭ 100 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى، 375 ئىنشائات ياسالدى؛ 212.15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭلەر ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىڭدۈرمەس ئۆستەڭ 47 كىلومېتىر؛ كېڭەيتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى 92 مىڭ موغا، ياخشىلانغان سۇغىرىش كۆلىمى 100 مىڭ موغا يەتتى. بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتلىرىدىن بىرى بولغان مۇزئارت دەرياسىنىڭ سۇ بېشى ئىنشائاتى تاماملاندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 750 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 4.89% ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 599 مىڭ 600 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 27 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 420 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 52 مىليون 550 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 20 مىڭ يۈەن؛ يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 230 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 139 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 106 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 20 مىڭ 697 توننا سېمونت، 100 مىڭ پارچە كاھىش، 1000 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 200 توننا يۇڭ يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 53 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش نىسبىتى 92.87% كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 20 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغان مەبلىغى 8 مىليون 690 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغان مەبلىغى 7 مىليون 70 مىڭ يۈەن، شەخسلەرنىڭ سالغان مەبلىغى 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 653 مىڭ يۈەنگە، ئىش باشلىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ 532 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 80 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 380 مىڭ توننا / كىلومېتىرغا يەتتى؛ توشۇلغان يولۇچى 520 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 47 مىليون 280 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى؛ تاشيول ترانسپورتىدىن 384 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 641 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 80 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 532 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 787 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 617 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 32 مىليون 230 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 367 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 89 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزىلاردا 21 مىڭ كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. سۇغۇرتىغا ئېلىنغان ھەرخىل مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 104 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم ئەنزىسىدىن 199 نى بىر ياقلىق قىلىپ، 310 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى. ئۈرۈمچى كېڭەشىش يىغىنى مەزگىلىدە ئالتە توختام ئىمزالاندى، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 16 مىليون 611 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەلگە 22 قېتىم ئادەم ئەۋەتىلىپ، سودىدا ھەمكارلىشىش تۈرلىرى بويىچە كېڭەيتىلدى. جەمئىي يەتتە توختام ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 16 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 5982 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4351)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55 (مىللىي باشلانغۇچ

مەكتەپ 39) ، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 835 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 298) . ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 1662 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1298) . ناھىيە بويىچە 25 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 379 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 362 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك تولپار ئاقىنلار ئېيتىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ شىبىڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بېخوجا رەيىمبېك (قازاق) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مادىجىن، قارىمشاق ئارىنبېك (قىرغىز) ، تۇرسۇن قۇناخۇن، راۋقان ئالپىسباي (ئايال، قازاق) .

ھاكىمى: ساۋىتبېك نۇرلان (قازاق) ؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ شىنچېڭ، رەپىقجان قاسەن (قازاق) ، چياۋچىپ سىڭگې (موڭغۇل) ، نىياز تېيىپ، ھەسەنجان ئابدۇراخمان؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ليۇچۇنيى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت مەھەممەت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جياڭ چاڭخې، رىن گۈەنجى، تۇرغانبېك جۇمادىل (قازاق) ، ماشېڭ (خۇيزۇ) .

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئاۋباكىر نامىسبېك.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: كېرىمجان ئايۇپ.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى تېكەس ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 151 مىليون 139 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 159 مىليون 850 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.2 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ؛ مىللىي دارامەت 119 مىليون 530 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 135 مىليون 660 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %6.2 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 936 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 211 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 521 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 146 مىليون 190 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 583 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 71 مىليون 907 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، %13.08 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 282 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار، 56 مىڭ 500 توننا ئاشلىق (بۇغداي 50 مىڭ 982 توننا) ، 4604 توننا ياغلىق دان (زىغىر 2705 توننا، ئاپتاپپەرەس 1805 توننا) ، 219 توننا قىزىلچا، 3125 توننا ياخشى تۈرىدىكى كۆكتات، 2606 توننا كۆكتات ۋە قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 3930 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 420 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 4294 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 520 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىلارنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %70.91 كە، قولدىن چىقىش نىسبىتى %45.85 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 6794 توننا گۆش، 11 مىڭ 763 توننا كالا ۋە قوي - ئۆچكە سۈتى، 1100 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى، ئون توننا بېلىق تۇتۇلدى، 121 توننا ھەسەل، 820 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 30 مىڭ 271 كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا ئىگىلىكىدە 3549 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 1 مىليون 162 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 359 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىي 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قارادالا چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى شورلۇق يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ، 4593 مو تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىلدى. مۇشۇ يىلى «ناۋا» ئۆستىڭىنىڭ بېشىدىكى ئىنشائات قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىلىپ سۇ باشلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 29 مىليون 954 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %25.84 ئاشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 990 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 36 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.93 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5 مىليون 520 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 42 مىڭ توننا كۆمۈر، 4600 توننا سېمونت، 30 مىليون 310 مىڭ دانە خىش، 918 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 96 توننا سۈت پاراشوكى، 80 توننا يۇڭ پىلتە ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىي 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش باش زاۋۇتى ياغ تارتىش سېخىنىڭ كۈنىگە 50 توننا ياغلىق داننى بىر ياقلىق قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشتۈرۈلدى. 1992 - يىلى توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1993 - يىلى ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، 6 - ئايدا ماشىنىلارنى ئىشقا سېلىپ، يىل ئاخىرىغىچە 5 مىليون 312 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 7 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە يېڭىدىن ياسالغان قۇرۇلۇش تۈرى 22 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ياسالغىنى سەككىز، پۈتكۈزۈلگەن ئۆي كۆلىمى 7630 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1040 كۋادرات مېتىر. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 320 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 34 مىليون 900 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 23 مىليون 410 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 730.21 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 506 (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 245) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 32 مىليون 67 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملاردىن 266 (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 171) سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 435 مىڭ يۈەن نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە» 225 بولۇپ، 112 مىڭ يۈەن تۈرلۈك خىراجەت چىقىم قىلىندى. شۇ يىلى 535 ئائىلىدىكى 3201 كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يۆلەك بولۇندى. 375 ئائىلىدىكى 2240 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە، يېزا ۋە كەنتتىكى چارۋىچىلار بىرلىكتە 81 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ ئېلىپ بېرىلغان چىلۆزەك يېزىسى باقالىقتىكى ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ھەل قىلىش ئىنشائاتى 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ، 72 ئائىلىلىك چارۋىچى تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى، 11 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيىلىك پاراۋانلىق شىركىتى 845 مىڭ 200 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 62 مىڭ 400 يۈەن پايدا ۋە باج ياراتتى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 56 مىليون 217 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 580 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 450 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 5738 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3642)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 310 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 230)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 77 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 59)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 861 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 593). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 573 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەجرىبەخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 364 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (يېزىلاردىكىسى 160)، 227 كېسەل كارىۋىتى (يېزىلاردىكىسى 62) بار. يېزىدىن يۇقىرى ھەر خىل تەنھەرىكەت يىغىنى 78 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، تەنھەرىكەت يىغىنىغا 5524 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «تۇلپار» مەرىكىسى مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تېكەس ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 3000، 15 مىڭ ۋە 20 مىڭ مېتىرلىق بەيگىلەردە 1 - لىككە ئېرىشتى؛ كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

☆ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىدىكى پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

☆ 11 - ئايدا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىدىكى قاتناش ساقچىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە ئارقىلىق تىزگىنلەش مەركىزى بىناسى پۈتكۈزۈلدى.

☆ 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىشلىتىش كۆلىمى 3900 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان «سەككىز بۇرجەكلىك شەھەر» سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا - سېتىق بازىرى 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلدى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

جۇ دىڭمىڭ

## توققۇزتارا ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاس قاناسقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

لوجىشيەن، توشۇلىن (خۇيزۇ)، ليۇبۇگاۋ، زەينەپ.

ھاكىمى: سامالقان ئوسمان؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ليۇجۇەنشىن، ئابدۇۋايىت ھېمىت، مۇقاش قۇدايبېرگېن (قازاق)، چېن ھەنجيەن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇرامبېك ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ فۇجياڭ، ئاياتبېك ئالىپ (قازاق)، خەيرىنىسا ئابدۇرۇسۇل، جاڭ زىفۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەدىل ئىبرايىم (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئەخمەت ئوسمان.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 160 مىليون 905 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 155 مىليون 382 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 3.7% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 8 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 31 مىليون 602 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 154 مىليون 876 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.25% كېمىيىپ كەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 377 مىڭ 500 مو، بوز يەر 3 مىليون 986 مىڭ مو، ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان يەر 240 مىڭ مو. ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغان يەر كۆلىمى 288 مىڭ 900 مو بولۇپ، 4090 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. 6045 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 438 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 5442 توننا گۆش، 1074 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 138 توننا سۈت، 1475 توننا تۇخۇم، 88 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 3226 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىڭ 641 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزىلاردا 4 مىليون 425 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 103 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە زەيكەش چېپىلدى، 178 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى؛ 466 ئورۇندا سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 85 ى رېمونت قىلىندى؛ 38.98 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى.

10 مىڭ مو سالا ئېتىز يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 5300 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 30 مىليون 376 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 711 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.28% كېمىيىپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 72 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 30 مىڭ 200 توننا سېمونت، 368 كۋادرات مېتىر گىلەم، 6800 مېتىر يىرىك توقۇلما، 308.3 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 34 مىليون 490 مىڭ دانە خىش، 214 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 20 مىڭ 712 توننا ئوتۇن، 1841.6 توننا سۇ يېغى، 2615 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 286 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 4 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى ياسالغان ۋە ياسىلىۋاتقان ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانا بىناسى؛ 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «شەرق شامىلى» ئۆستىڭىنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى؛ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى؛ 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جەنۇبىي تارماق غول ئۆستەڭنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى؛ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ بىناسى؛ 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېزا شىپاخانىلىرىنىڭ كېسەلخانىلىرى. مۇشۇ يىلى تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 350 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 32 مىليون 520 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 229 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1000 توچكىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتور كۆپەيتىلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 61 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 789.54 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 9647 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 26 مىليون 131 مىڭ 300 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملاردىن 454 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 71 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا

خىراجىتىدىن 651 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 392 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى 697 ئائىلىدىكى 3761 ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يۆلەك بولۇندى. 150 ئائىلىدىكى 889 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 240 مىڭ يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى. دۆلەت ۋە كوللېكتىپ نامرات ئائىلىلەردىن 285 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھەرخىل باج ۋە خىراجەتنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى.

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 2136 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 211. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 30)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 313 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ714)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 7217 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3140)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 283 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 154)؛ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 21 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى ئىككى)؛ ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 1381؛ چوڭلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىش مەكتىپى تۆت، مۇشۇ بىر يىلدا 1684 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە 14 ناھىيە، يېزا (بازار، مەيدان، فېرما) دەرىجىلىك دوختۇرخانا (شىپاخانا)، ئىككى تىببىي داۋالاش ئورنى، 352 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 298 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا توققۇز قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، تەنھەرىكەت يىغىنىغا 913 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

(يۇقىرىدىكى ماتېرىيال شۇ تەۋەدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)

ليۇ ئەيفاڭ

# كۇنەس ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمانجان ئېرغەلى (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ جىۋېي، خالىق قاسىم، مايۇمىڭ، ئەركىنبېك جۇمەدىل (قازاق).

ھاكىمى: تىلەۋبېك ئېمىتقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋۇدېڭشى، روزاخۇن ھوشۇراخۇن، جاڭ شۇشەن، گۈلزىرە نۇرادىل (ئاپال، قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەلغازى زىنو (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ليۇچىمىڭ، ئەلىمغازى ئەۋەلقان (قازاق)، رەخىمغازى خىتاگزا (خۇيزۇ، يەنە بىر ئىسمى ماچېڭيۈەن)، يارمەھەممەت ئابدۇقادىر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ساتىباي مۇراتبېك (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: نۇرمۇقامبەت قۇۋانبېك (قازاق).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى كۇنەس ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 307 مىليون 998 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 329 مىليون 899 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17.08 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 278 مىليون 360 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 293 مىليون 270 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %16.8 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 41 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 57 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 269 مىليون 740 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 288 مىليون 30 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.61 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 809 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 600 مىڭ مودەك ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلانغىلى بولىدىغان يەر بار. 323 مىڭ مو يەرگە ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 98 مىڭ 77 توننا مەھسۇلات ئېلىندى؛ 76 مىڭ 900 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 11 مىڭ 395 توننا مەھسۇلات ئېلىندى؛ 103 مىڭ 336 توننا قىزىلچا، 4768 توننا ئۈزۈم تالالىق زىغىر ئېلىندى. 12 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 773 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 455 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 724 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 130 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، بېلىقچىلىق كىرىمى 1 مىليون 180 مىڭ

يۈەنگە يەتتى. ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 924 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 193.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى، 172.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 413 سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى، 258 ئىنشائات رېمونت قىلىندى، 32 مىڭ مو سالائېتىز يۇرۇشلەشتۇرۇلدى، 60 مىڭ مو سالائېتىز تولۇقلاپ يۇرۇشلەشتۇرۇلدى؛ 1 مىليون 227 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا قېزىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 315 مىليون 145 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 51 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 380 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 140 مىليون 70 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.03 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 33 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 19 مىڭ 274 توننا سېمونت، 57 مىليون 730 مىڭ دانە خىش، 1214 توننا ئاق ھاراق، 24 مىڭ 597 توننا ئۇن، 2456 توننا سۇ يېغى، 3639 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 339 توننا سۈت پاراشوكى، 17 مىڭ 124 توننا ئاق شېكەر، 1099 توننا ئىچىشكە بولىدىغان ئىسپىرت، 1395 توننا كاناپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق كاناپ 577 توننا)، 83 مىڭ قۇر يۇڭ پوپايكا، 76 مىڭ مېتىر يىرىك يۇڭ توقۇلما، 264 توننا يۇڭ يىلتە ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك شور بۇلاق 3 - ھاراق زاۋۇتىنى (سابىق ئېلى ئاق ھاراق زاۋۇتىنىڭ 3 - شۆبە زاۋۇتى) يىلىغا 1000 توننا ھاراق ئىشلەيدىغان قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش (ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 500 توننا ئىدى) قۇرۇلۇشى شۇ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 3000 كىلوۋات كېلىدىغان ناھىيىلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا، ئەمەلىيەتتە، 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان كۆنەس شېكەر زاۋۇتىنىڭ دانىچە ئارزالڭ سېخى قۇرۇلۇشى، بۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە، 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 33 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى (ئىچكىرى ئۆلكىلەر مۇشۇنىڭ ئىچىدە) سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 41 تۈرگە مەبلەغ سېلىندى، بۇلاردىن ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلانغان 16 مىليون 609 مىڭ دوللار ئىچىدە 11 مىليون 178 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەمەلىيلەشتى؛ خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا، 19 مىليون 143 مىڭ 300 يۈەن ئىچىدە 7 مىليون 930 يۈەن ئەمەلىيلەشتى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 360 كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 600 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 78 مىليون 520 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پروگراممىلىق تېلېفون 2000 توچكىغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 106 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون 80 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا - سېتىق بازىرى 16گە (ئارالتۆپە يېزىسىدا شىمالىي شىنجاڭ تىرىك مال بازىرىدىن بىرى بار)، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ماگىزىنى 3000 دىن كۆپرەككە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 15 مىليون 716 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 789.3 يۈەنگە يەتتى (دېھقانلارنىڭ كىرىمى 799.37 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى 745.11 يۈەن). ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 24 مىڭ 378 (كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار 3170) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 62 مىليون 768 مىڭ يۈەن (كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلارغا 11 مىليون 540 مىڭ يۈەن) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 12.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 144 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىدىن 3 مىليون 960 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شۇ يىلى 834 نامرات ئائىلىدىكى 4430 ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يۆلەك بولۇندى. 176 ئائىلىدىكى 921 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 5592 پەن -

تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن تېخنىكا خادىمى 4277؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 597. مۇشۇ بىر يىلدا 73 پەن - تېخنىكا تۈرى كېڭەيتىلدى، كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار (تېخنىكلار مۇشۇنىڭ ئىچىدە) دىن 311 ئادەم (قېتىم)، دېھقان، چارۋىچىلاردىن 19 مىڭ 591 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 37 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 20)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 980 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 5912)، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 1070 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 622)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 118 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 77)، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 401 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 837)، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 1784 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى 1252). ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئون (مىللىي سىنىپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 307 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 197)، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 15 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى سەككىز)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (ئوتتۇرا تېخنىكوم) بىر، ئوقۇغۇچىسى 140 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى)؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى ئىلى شۆبىسىنىڭ كۈنەس ئوقۇتۇش سىنىپى ئىككى (مىللىي سىنىپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 51 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 27)، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىسى 13. 7 - ئايدا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى، 2000 ئائىلىگە ياپما ئەنتېنىلىك تېلېۋىزور سىمى ئۇلاندى. 20 تىببىي داۋالاش - سەھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى (يېزا شىپاخانىسى 15)، 52 كەنت دەرىجىلىك داۋالاش پونكىتى بار. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا داۋالاش پونكىتىدىن سەككىزى بار؛ 358 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (كاندىدات مۇدىر ۋىراچ ئىككى)، 375 كېسەل كارىۋىتى (ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكىسى 210) بار. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى 13 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. 15 يېزا، بازار (مەيدان، فېرما) نىڭ ھەر قايسىسى ئۈچ قېتىمدىن تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. 8 - ئايدا كۈنەس ناھىيىسىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم خەلقئارا ئەرلەر ۋاسكېتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە كۈنەس ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئەركىن چېلىشىش بويىچە كوللېكتىپ نومۇردا 1 - لىككە ۋە بىر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ تەنھەرىكەتچىلەر بىر ئالتۇن مېدال، ئىككى كۈمۈش مېدال، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى.

☆5 - ئايدا كۈنەس ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

☆مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە خىزمەت يىغىنىدا كۈنەس ناھىيىلىك رادىئو ئىدارىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆1993 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نام رەسمىي بېرىلدى؛ 16 يېزا، بازار (مەيدان، فېرما) نىڭ 12سىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا (بازار، مەيدان، فېرما)» دەپ نام بېرىلدى؛ مەملىكەت بويىچە 100 مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ساغلام تەنتەربىيىسى ھەرىكىتىدە، نارات يېزىسى پەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

پاڭ شىيىزۇڭ

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈەن شۇشىڭ (شىبە)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چىچاۋ، مىرزالىم ھەسەن، توپباي ئاسىلبېك (قازاق)، گۇ چىڭخەي (شىبە).

ھاكىمى: زايۇشىڭ (شىبە)، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ يۈلى، مەمەت قاناتبېك (قازاق)، راشىدىن زىكرىيا، ئەن ۋېن (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بادان قۇنانباي (قازاق)، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى زۈچيۇ، زايىڭمېي (ئايال، شىبە)، ۋېي نەن (جۇاڭزۇ)، نۇرۇللا بايتۇر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ۋېن لياڭ (شىبە).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: جو نەنكۈن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 138 مىليون 300 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 127 مىليون 890 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.73% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 807 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 33 مىليون 326 مىڭ

يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 136 مىليون 358 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 125 مىليون 638 مىڭ 600 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.55% ئازايدى. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 195 مىڭ گېكتار بوز يەر، 94 مىڭ 700 گېكتار ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 24 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 76 مىڭ 114 توننا ئاشلىق ئېلىندى (شال 7433 توننا، بۇغداي 38 مىڭ 71 توننا، كۆممىقوناق 30 مىڭ 418 توننا)، 3850 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 4473 توننا ياغلىق دان ئېلىندى (زىغىر 3545 توننا)، 1700 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 65 توننا ساپ پاختا ئېلىندى؛ 29 مىڭ 682 توننا قىزىلچا، 46 توننا تاماكا، 654 توننا قارا كازىر، 3345 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 517.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 433 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 21 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 340 مىڭ 779 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3154 توننا گۆش، 75 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. مۇشۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 520 مىڭ 400 يۈەن (دۆلەت 326 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سالدى. ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 2 مىليون 194 مىڭ 100 يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە چاپچال ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىپ چېپىشقا 863 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 263 مىڭ 800 يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 36.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 72.88 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېتىز ئارىلىقلىرىدىكى يوللار ياسالدى. ھەر خىل يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتتىن 408 ى ياسالدى. 20 مىڭ مو تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 55 مىڭ پارچە سېمونت ياسالما ياسالدى. 202.98 كۇب مېتىر تاش ياتقۇزۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 85 مىڭ 500 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 41 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 3 مىليون 586 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 2 مىليون 728 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 778 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 58 مىليون 821 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.63% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 120 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 633 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 4400 توننا سېمونت، 20 مىڭ 700 توننا ئۇن، 11 مىڭ 300 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 127 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى، دۆلەت «ئۈچقۇن» پىلانى تۈرىدىكى ناھىيىلىك ئىچى كاۋاك خىش زاۋۇتىغا 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ زاۋۇت 8 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىلى دورا زاۋۇتىغا 3 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ زاۋۇت 12 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ھەممە 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىنچاڭ شەھىرىدە «جىنچۈەن» رەڭلىك مېتال شىركىتى بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇلغان «جىنچۈەن - ئىلى» ئۆلچەملىك ئەسۋابلار زاۋۇتى 12 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 31 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 70 ئوقۇغۇچى ئورنى، 30 كېسەل كارىۋىتى، ئۈچ سودا يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت تورى كۆپەيتىلدى. خىمىيىلىك دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 172 توننا. ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارى 2000 توننا ئاشۇرۇلدى. ناھىيە ئىچىدىكى ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 كىلومېتىرغا يەتتى. شۇ يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ) 15 مىليون 313 مىڭ 100 ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە شۇنىڭ ئىچىدە) 6 مىليون 267 مىڭ 600 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 486 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 88 مىليون 900 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. يېزا سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 4 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇنىۋېرسال سودا بازىرى توققۇزغا، ھەر خىل مۇلازىمەت تورلىرى 975 كە يەتتى. شۇ يىللىق ئىمپورت سوممىسى 1 مىليون 17 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرىغا، ئېكسپورت سوممىسى 55 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرىغا، چېگرا سودىسىدىكى پايدا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 679.02 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 161 (توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچى 1268) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 42 مىليون 821 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 71 مىليون 239 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بازىرىدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ يەر 13.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېزىلاردا 389 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامرات دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىدىكى ھەر خىل خىراجەت 64 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى

پاكى كېچىرىم قىلىندى. ئۇقتىلىق يۆلىنىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئېھتىياجلار ئۈچۈن 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاندى. نامرات ئېھتىياجلارنىڭ 15 مىڭ مو تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىلدى. 15 تۈرلۈك ھەر خىل سۇغۇرۇتا كەسپى يولغا قويۇلۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 1 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، 407 تۆلەم ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 730 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 7462 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5333). كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 521 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 395). باشلانغۇچ مەكتەپ 66 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 49)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 282 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 16 مىڭ 31). باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1709 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1463). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 20 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 516 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 340 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 56 قېتىم ھەر خىل تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 16 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئوقىيا ئېتىش مۇسابىقىسىدە چاپچال ۋەكىللەر كوماندىسى ئەر. ئاياللار بويىچە 1 - لىككە ئېرىشىپ، تۆت ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 30 قېتىم دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇلپار» مەرىكىسىدىكى ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقىسىدە «تولپار مەرىكىسىگە سوغات» ناملىق ئۇسسۇل مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل مۇكاپاتىغا، «چاپچالغا مەدھىيە» ناملىق ناخشا - ئۇسسۇل 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، دومبۇرا چېلىپ ئېيتقان يالغۇز كىشىلىك ناخشا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

9 - ئايدا مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا دۆلەت تەرىپىدىن «ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى. جالڭ فۇشىڭ (شىبە) غا مەملىكەت بويىچە «تەنتەربىيىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بېرىلدى.

ئېرشياڭ

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇن ۋېنكاۋ؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: قوزىبېك تاشىمباي (قازاق).

ۋالىيسى: ئالپىسباي راقىم (قازاق، 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيسى: مىندىبەرىك ئاراشجاپ (موڭغۇل)، مەمتىمىن ئەخمەت، ۋۇ چىلىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، نى پۇشياڭ، ئابلاجان ئىمىن.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مولداقىمېت ساپارغالى (قازاق)، ماشۆمىڭ (خۇيزۇ).

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: قالىيمولا چابى (قازاق).

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىبراھىم ئۆمەر.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 811 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 546 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.5% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 132 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 301 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 206 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 57 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 29.5% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 270 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 126 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 499 مىڭ 100 توننا ئاشلىق ئېلىندى. 27 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 29 مىڭ 600 توننا پاختا ئېلىندى؛ 43 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 167 مىڭ 700 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 6116 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا

قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 3 مىليون 110 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 28 مىڭ 904 توننا گۆش، 32 مىڭ 109 توننا كالا، قوي سۈتى، 5210 توننا قوي يۇڭى، 1 مىليون 16 مىڭ 347 پارچە قوي تېرىسى، 61 مىڭ 585 پارچە كالا تېرىسى، 4786 توننا تۇخۇم، 900 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 120 مىليون 254 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 807.17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 166.45 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. 1906 ئورۇندا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى. 285 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، يېزىلارغا 181.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېتىز - ئېرىق توك سىمى تارتىلدى، يەتتە كىچىك سۇ ئامبىرى ۋە توسما ياسىلىپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 631 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى. يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 467 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 430 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 128 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 967 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.72% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 212 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 223 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 173 مىڭ 400 توننا سېمونت، 300 مىليون دانە خىش، 3533 توننا ئاق ھاراق، 18 مىڭ 487 توننا پىۋا، 104 مىڭ 126 توننا ئۇن، 25 مىڭ 699 توننا سۇ يېغى، 30 مىڭ 24 توننا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 2079 توننا كەپشەرلەنگەن پولات تۇرۇبا، 17 مىڭ 600 پارچە كۆن - خۇرۇم، 79 مىڭ 346 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم (ئۆتۈك)، 109 مىڭ توننا تۇز، 23 مىڭ 665 توننا شېكەر، 579 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 2309، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 991 مىڭ يۈەن. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 513 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 214 مىليون 780 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى قۇرۇلغان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 64 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قوبۇقسار تۇز - خىمىيە زاۋۇتى؛ 29 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باقتۇ ئېغىزى تاشيول قۇرۇلۇشى؛ 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چۆچەك ئاچالدىن چۆچەك شەھىرىگىچە بولغان تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش 8 - ئايدا تاماملىنىپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 128 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ساۋەن ناھىيىلىك چىبەرقۇت فابرىكىسى؛ 43 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىخو تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى؛ 54 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چۆچەك شەھىرى قاراڭغۇر سۇ ئامبىرى، 14 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىخو چىگشۇر كۆمۈر كېنىنىڭ 7 - نومۇرلۇق قۇدۇقى؛ 19 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قوبۇقسار ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى؛ 53 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ۋىلايەتلىك تۆمۈر تام كۆمۈر كېنىنىڭ 4 - نومۇرلۇق قۇدۇقى؛ 61 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چۆچەك ئايرودرومى قۇرۇلۇشى؛ 45 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شامال ئۆتەڭ رايونىدىكى شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى؛ 22 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇلۇستاي يايلىقىنى ئۈنۈۋېرسال ئېچىش قۇرۇلۇشى؛ 8 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تولى ناھىيىلىك گرانىت تاش تاختا ماتېرىياللىرى زاۋۇتى؛ 25 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باقتۇ ئېغىزىدىكى مال مەيدانى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار: بوۋاقلارنىڭ ھەر خىل ۋىتامىنلىق سۈت پاراشوكى، مىنېرال سۇ، ۋودكا، ئېچىتما سەي، يېڭى تىپتىكى سۈركىلىشكە چىدامىلىق ماتېرىيال، كېڭىيىشچان گرافىت، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ھىم پولات ئىشىك، دېرىزە. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەللەر بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا 640 تۈر بويىچە توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 660 مىليون يۈەن؛ ئەمەلىيلەشكەن توختام تۈرى 290، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 202 مىليون يۈەن (ئىمپورت سوممىسى 115 مىليون يۈەن، ئېكسپورت سوممىسى 87 مىليون يۈەن). باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن چىقىرىلغان مال 112 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 20 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن سودىگەرلەر تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە 125 كە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 183 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە 88 بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 55 مىليون 580 مىڭ يۈەن؛ جۇڭگو بىلەن چەت ئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا تەستىقلاپ بېرىلگەن تۈر 37. ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 19 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، چېگرا سىرتىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون

141 مىلياد 700 ئامېرىكا دوللىرى. ۋىلايەت بويىچە 188 تۈرلۈك ھەر خىل ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭدىن ئەمەلىيلەشكىنى 118. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 27، تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى سەككىز، ماددىي ئەشيا ھەمكارلىق تۈرى 83؛ جەمئىي كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 69 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

ۋىلايەت بويىچە تاشيول ترانسپورت غول لىنىيىسى 930 كىلومېترغا، ناھىيە، يېزا يولى 879 كىلومېترغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار توشۇغان يۈك 135 مىڭ توننا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 45 مىليون 100 مىڭ توننا/كىلومېترغا؛ توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 780 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 269 مىليون 140 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ مۇشۇ بىر يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 599 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. چۆچەك، شىخو، ساۋەندە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مەملىكەت بويىچە بىۋاسىتە تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى. سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 120 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى كۆپەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە تېلېگرافنى ئاپتوماتىك يەتكۈزۈش تورى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. باقتۇ ئېغىزىدا ئالماشتۇرۇلغان پوچتا يوللانمىلىرى جەمئىي 15 مىڭ 304 كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 13 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 82 مىليون 470 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 116 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 14 ھەر خىل بازار قۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، بۇلارغا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 600 ساياھەت قىلىش - مال سېتىۋېلىش ئۆمىكىدىكى 17 مىڭ 40 ئادەم كۈتۈۋېلىندى. 118 ئۆمەكتىكى 17 مىڭ 40 ئادەم چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 930 يۈەنگە يەتتى. مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 36 مىڭ 808 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 105 مىليون 561 مىڭ 100 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆيى 10.02 كۋادرات مېترغا، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 287 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 91 مىليون 632 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ئومۇمىي كىرىمى 16 مىليون 883 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 8 مىليون 657 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ يىلى يۆلەش ئوبيېكتى قىلىنغان 2402 نامرات ئائىلىدىن 1971 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇرۇلدۇرۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە پەن تەتقىقات ئاپپاراتى ئۈچكە، پەن تەتقىقات تەرەققىيات ئاپپاراتى 52 گە يەتتى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا 17 مىڭ 936 پەن - تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 203، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 2331. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 492 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 190، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 68)، ئوقۇغۇچىسى 101 مىڭ 126 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 53 مىڭ 893)، ئوقۇتقۇچى 5876 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 3354)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 96 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 38، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 46 مىڭ 277 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 37 مىڭ 947)، ئوقۇتقۇچى 2983 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1403)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 32 (مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 19)، ئوقۇغۇچىسى 8330 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4797)، ئوقۇتقۇچى 870 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 554)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 1765 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 183)، ئوقۇتقۇچى 141 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى ئون)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم تۆت (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدۇ)، ئوقۇغۇچىسى 2381 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1053)، ئوقۇتقۇچى 253 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 140)، تېلېۋىزىيە داشۆسى شۆبە مەكتىپى، چوڭلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئالتە (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدۇ)، ئوقۇغۇچىسى 897 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 457)، ئوقۇتقۇچى 157 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 90)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدۇ)، ئوقۇغۇچىسى 1037 (ئاز

سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 463)، ئوقۇتقۇچى 73 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 44)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە شۆبە مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1551 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 156)، ئوقۇتقۇچى 74 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى ئالتە)، مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆلىمى 38 مىڭ 516 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى يېڭىلاندى، ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەت بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 279، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 4252، كېسەل كارىۋىتى 3208.

ۋىلايەتتىكى تەنھەرىكەتچىلەر 1993 - يىلى مەملىكەتلىك جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ ئۈچ ئالتۇن مېدال، بەش كۈمۈش مېدال، ئون مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ تېز مۇز تېيىلىش، خەلقئاراچە چېلىشىشتا يەككە تۈرلەر بويىچە 1 - لىككە، تېز مۇز تېيىلىش، 100 × 4 مېترلىق ئاياللار «ب» گۇرۇپپىسى بويىچە كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، ئەرلەر «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە چويۇن توپ ئېتىش، خەلقئارا چېلىشىشتا يەككە تۈر بويىچە ۋە قەدىمكىچە چېلىشىشتا كوللېكتىپ 2 - لىككە، تېز مۇز تېيىلىش، 500 مېترغا ئاياللار «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە يورغىلاپ مېڭىش، ئاياللار «ئا» گۇرۇپپىسى بويىچە دىسكا ئېتىش، خەلقئاراچە چېلىشىشتا يەككە تۈر بويىچە ۋە ئەركىن چېلىشىشتا كوللېكتىپ 3 - لىككە ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 120 قېتىم ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 18 مىڭ ئون ئادەم قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇسابىقە يەتتە تۈر (قېتىم) بولۇپ، مۇسابىقىگە 1490 ئادەم قاتناشتى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.87‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.97‰ بولدى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي نوپۇس 757 مىڭ 998 (ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ 402 ئادەم كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاق 206 مىڭ 882 بولۇپ، 1473 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 410 مىڭ 848 بولۇپ، 10 مىڭ 724 ئادەم كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 38 مىڭ 728 بولۇپ، 37 ئادەم كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 101 مىڭ 540 بولۇپ، 2168 ئادەم كۆپەيدى.

فەن شۆيى

# چۆچەك شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇرات تۇرسۇن (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ لىجى، ئابلىز ئابدۇللا، دىڭ لىغۇ (داغۇر).

شەھەر باشلىقى: ئادىلبېك قالىقبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ياڭ ۋېيچاڭ، جاڭ يۇسەي (ئايال)، ۋۇ چىڭيۈەن، چارشاقان غالىم (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چيەن جى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما شۆيى (خۇيزۇ)، نۇرنىسا روزىيېۋا، سافىدۇللا قاجى ئوسمان (قازاق)، لەتىپ توختىخوجا (ئۆزبېك).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: دولقىن قالى (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: فوپۇر روزى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى چۆچەك شەھىرىنىڭ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇنىڭ سىرتىدا) مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 375 مىليون 131 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 298 مىليون 74 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 21.27% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 299 مىليون 123 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 238 مىليون 833 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 19.5% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 24 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، باج كىرىمى 24 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئومۇمىي چىقىم 41 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 186 مىليون 667 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 179 مىليون 458 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى. شەھەر بويىچە 1 مىليون 980 مىڭ مو تېرىشقا بولىدىغان يەر، 3 مىليون 585 مىڭ مو ئوتلاق بار. مۇشۇ بىر يىلدا 828 مىڭ مو يەر تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 431 مىڭ 600 مو يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى

تېرىلىپ، 1 مىليون 22 مىڭ 360 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 261 مىڭ 600 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 253 مىڭ 580 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 28 مىڭ مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 50 مىڭ 805 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 15 مىڭ 780 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 440 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 1005 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 372 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3681توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز- ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 481 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 95.4كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق ئۆستەڭ، 210 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ ياسالدى؛ 43 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى؛ ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 289 مىليون 171 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىم 5604، بۇ كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 188 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 61 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون 113 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 97 مىليون 506 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 24.7% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 191 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 25 مىڭ توننا سېمونت، 574 توننا ئاق ھاراق، 28 مىڭ 612 توننا ئۇن، 4971 توننا سۇ يېغى، 2607توننا يەم - بوغۇز، 64 مىليون 640 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ پارە ئاياغ كىيىم، 43 مىڭ جۈپ پەلەي، 56 مىڭ جۈپ پايپاق، 115 مىڭ قۇر كىيىم كېچەك، 129.1 توننا ماش ئۆگرە، 222 توننا موخۇركا، 145 توننا گۆشتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلات، 98.8 توننا ئۆگرە چۆپ، 38 توننا سۈت پاراشوكى، 186.4 توننا پىرەنىك، 21.5 توننا پېچىنە ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 101 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 12 مىليون 830 مىڭ يۈەن، شەھەر - يېزىلاردىكى خۇسۇسىيلارنىڭ سالغىنى 12 مىليون 550 مىڭ يۈەن. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ قۇرۇلۇش تۈرى 60؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى 52، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى سەككىز. تۇراقلىق مۈلۈك تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 94 مىڭ 989 كۋادرات مېتىر، پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 40 مىڭ 621 كۋادرات مېتىر. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغدىن ئەمەلىي سېلىنغىنى 72 مىليون 310 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە ئەمەلىي سېلىنغىنى 14 مىليون يۈەن. شۇ يىلى تالىن پىۋا زاۋۇتىنىڭ بىر قىسىم قۇرۇلۇشى پۈتتى، بىر قىسىم ئۈسكۈنىلىرى كەلتۈرۈلدى؛ مەركىزىي يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى؛ «تىنچلىق» سودا كوچىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى؛ يەم - بوغۇز شىركىتىنىڭ كۈنجىرىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي سېخىدا قۇرۇلۇش تاماملاندى؛ شەھەرلىك خىش - كاھىش زاۋۇتىنىڭ كاۋاك خىش ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاپلانما خومدىنى پۈتتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانا — ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان كەشتىچىلىك فابرىكىسىنىڭ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلىغى نەقلەشتى. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىنى تاللاش ئىشى ئاخىرلاشتى. شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 99 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 547 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى. 9 - ئايدا چۆچەك شەھىرىدىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياگۇز شەھىرىگە يولۇچى توشۇش لىنىيىسى ئېچىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شەھەر بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون 6000 توچكىغا يەتتى. 1993-يىلى كۆپ خىل يوللار بىلەن 6 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق «نۇر» كوچىسى بۆلىكىنىڭ 1550 مېترلىق قوش ئاپتوموبىللىق يول قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى، «غۇلجا» شەرقىي بۆلىكىنىڭ 972 مېترلىق كوچا ئۇلى، «تارباغاتاي» كوچىسىدىكى 436 مېترلىق ئاساسلىق ئاپتوموبىل يولى ۋە يەتتە تار كوچىدىكى 6632 مېتىر يول يۈزىنى قاتتىقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەمدە يەتتە ئورۇندىكى كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ يول قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەركىزىي سۇ زاۋۇتىدا تورۇبا سۈيى ساقلاش كۆلى (5000 كۇب مېترلىق سۈزۈك سۇ كۆلى) دىن بىرى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن 2 - دەرىجىلىك سۇ پومپا ئۆيى ياسالدى، 8100 مېترلىق كەلكۈن سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى؛ 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەردىكى قاتناش تۈگۈنلىرىدە تۆت ئورۇنغا ئېگىز تۈۋرۈكلۈك چىراغ ئورنىتىلدى؛ 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىككى ئورۇنغا ھەيكەل ئورنىتىلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا سىرت جايلارنىڭ چۆچەك شەھەر رايونىدا قۇرغان سودا ئاپپاراتى 200 دىن ئېشىپ، تىزىملاتقان مەبلىغى 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. جەمئىي 33 تۈرلۈك توختام، كېلىشىم ئىمزالاندى، ئومۇمىي توختام سوممىسى 35 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 388 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تىكى 1158 ئادەم (قېتىم) سىرتقا ئەۋەتىلدى؛

سىرتتىن كەلگەن 88 ئۆمەك (كۇرۇپپا) تىكى 216 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 143 توختام ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە سودا توختامى 130، ئىجرا قىلىنغىنى 88؛ ئومۇمىي توختام سوممىسى 200 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، ئەمەلىيەتتە ئورۇندالغىنى 11 مىليون 565 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى. چېگرا سودىسىدىكى پايدا 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3400 مېتر ئۇزۇنلۇقتا ئاپتوموبىل يولى ئۇلى ياسالدى؛ 1190 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش غول لىنىيىسىگە تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 2600 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ چىقىرىۋېتىش غول لىنىيىسىگە تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى؛ 3900 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى خەۋەرلىشىش تۇرۇبىسى ۋە كابېل ياتقۇزۇلدى؛ 10×5 توننىلىق ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پارخانىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئون توننىلىقتىن ئىككى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پار قازىنى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى. 136 ئائىلىنى كۆچۈرۈش ۋە ئۆي چېقىش ئىشى ئورۇندالدى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 217 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 33 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 26.940 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1698 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 41 مىليون 716 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 2639.9 يۈەن بولدى. شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 243 مىليون 546 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىدە 4 مىليون 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شۇ يىلى 160 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

شەھەر بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 8321 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 3389)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 246 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 43)؛ پۈتۈن كۈنلۈك مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 89 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 43)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 844 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6522)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 53، ئوقۇتقۇچىسى ئون. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچى 1717 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 786). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ۋىلايەتكە قاراشلىق تۆت ئوتتۇرا مەكتەپنى چۆچەك شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى ئورۇندالدى. چۆچەك شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەجرىبىخانىلارنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە مۇنەۋۋەر بولدى. مۇشۇ يىلى ئالتە مەدەنىيەت مۇئەسسەسىسى قۇرۇلدى. 152 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 386 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 40)، 240 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆چۆچەك شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم پارتىيە تارىخى كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆«ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى» (قازاقچە نەشرى) رەسمىي بېسىلىپ نەشىردىن چىقتى.

☆9 ـ ئايدا چۆچەك شەھىرىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياگوز شەھىرىگىچە بولغان يولۇچى توشۇش لىنىيىسىدە قاتناش باشلاندى.

☆10 ـ ئايدا چۆچەك شەھىرىدىن باقتۇ ئېغىزىغىچە بولغان 2 ـ دەرىجىلىك تاشيولدا قاتناش باشلاندى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16.16 كىلومېتر.

دى فېڭ

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاقان قايراقباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خەرمەن شابار (خويزۇ)، سامات جۇمادىل (قازاق).

ھاكىمى: كاۋكەن خالىم (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: خۇاڭ بىجيې، مۇتىقان جولدىباي (قازاق)، ئادۇكاباتجاپ (موڭغۇل)، لى جىلۇڭ؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: مالەيشۇ.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازارغالى ئايتان (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئورمانجاپ مانشىك (موڭغۇل)، ئەزىز ئومار (قازاق)، ليۇ يەن (ئايال)،

تۇرسۇن مەھەممەت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۆكەن بايدىلدا (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: توقتاسىن ئىلىكباي (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 227 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 206 مىليون 640 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.04% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 201 مىليون 860 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 183 مىليون 750 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 24.68% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 16 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 32 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون 531 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 176 مىليون 628 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.5% تۆۋەنلىدى. ناھىيە بويىچە 50 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە 37 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 67 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 300 توننا ياغلىق دان، 67 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1385 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 66 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 382 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 567 مىڭ تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 544 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 193 مىڭ 700 تۇياق چارۋا مال قولدىن چىقتى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 18.4% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 5300 توننا گۆش، 6200 توننا سۈت، 1000 توننا قوي يۇڭى، 17 مىڭ 66 پارچە كالا تېرىسى، 193 مىڭ 814 پارچە قوي تېرىسى، 900 توننا تۇخۇم، 70 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 79 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 3 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 3507 توننىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 352 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 156.8 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 267 كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈچ، تومۇ قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 55 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى؛ 404.6 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئىشغىل ياتقۇزۇلدى؛ ئون كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئادەم ۋە چارۋا مال ئىچىدىغان سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ئەنئەنىۋى چوقات ئوتلىقىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ بىر يىلدا 1000 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 2000 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 76.2 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 14.3 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى، 12.63 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 234 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 38 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا 41 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 935 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 59 مىليون 347 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17.38% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 383 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك، 27 مىڭ 700 توننا سېمونت، 60 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، يەتتە كىلوگرام ئالتۇن، 125 كۇب مېتىر ياغاچ، 1302 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 17 مىليون 840 مىڭ دانە خىش، 6412 توننا ئۇن، 4507 توننا سۇ يېغى، 89 مىڭ 900 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 3700 قۇر كىيىم - كېچەك، 2560 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم (ئۆتۈك)، 240 توننا فابرىكا قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 33 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 310 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 40 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى قۇرۇلغان، داۋاملىق قۇرۇلغان ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان تۈر 45 بولۇپ، ئاساسلىقى، مۇنۇلار: 2 مىليون 756 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4109 كۋادرات مېتىرلىق تاۋار ئۆي بىناسى؛ ناھىيە بازىرىدىكى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 6.7 كىلومېتر كېلىدىغان ئون يول؛ ليۇشۇگۇدىكى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئادەم ۋە چارۋا مال سۇ ئىچىدىغان 47 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ قۇرۇلۇشى؛ 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتىنىڭ سورتلۇق ئۇن سېخىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 4 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سېمونت زاۋۇتىنىڭ خىش خۇمدىنىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈچ دېھقان 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ قۇرغان ناھىيىلىك «تاڭرېن» ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلەر زاۋۇتى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا

كىرىشتۈرۈلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 263 كىلومېتىر بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 139 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 42 مىليون 182 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى؛ تاشىيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 724 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 151 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 108 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون 130 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىچىدە ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 107 مىليون 590 مىڭ يۈەن. ساپ سېتىش سوممىسى 103 مىليون 690 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 21. 891 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 930 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 35 مىليون 340مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچى 1840 بولۇپ، 3 مىليون 576 مىڭ 500 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 134 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 105 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. مۇشۇ يىلى 284 ئائىلىدىكى 1572 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى يىغىلدى، 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىمى 2249، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 23، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 250. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 28 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 6930 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3752)، باشلانغۇچ مەكتەپ 89 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 60)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 681 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 11مىڭ769)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى 1407 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1022)، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 304 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 165)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ دۆربىلجىن شۆبە مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 200 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 26)؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 500 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 30). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 513 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 335 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 228)، 257 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 37 قېتىم تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 4290 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 5 -ئاينىڭ 12 -كۈنى دۆربىلجىن ناھىيىلىك13 -نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېزا — تۈرگۈندىكى جامالبا بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ناھىيىلىك ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ 1 - بولۇپ، ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالدى.

☆4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆربىلجىن ناھىيىسى بىلەن خۇنەن شياڭشياڭ شەھىرى دوست ناھىيە - شەھەر بولۇپ، شۇ يىلى 564 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

☆ 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىدا تۇرۇشلۇق باج پونكىتىغا دۆلەت باج ئىدارىسى ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە باج سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

لى رۇڭمىن

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنگو؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ماقسۇت توقانباي (قازاق)، ماقسۇتقان باياخۇن (قازاق)، كالىمتاي نازار (قازاق).

ھاكىمى: مۇرات ماسالىم (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: شياۋۋېيدۇڭ، سەيپۇللا سادۇ (قازاق)، ۋۇ زۇنمىڭ، راخمان بۇساي (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم: ليۇ شاۋجۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىتبېك سېرغالى (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ دېچېڭ، جېڭ بىڭلۇڭ (چاۋشيەن مىللىتى)، بازان قالىم (قازاق). نۇرقان باشباي (ئايال، قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جۇماغازى نۇرئاقىپەت (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مىڭ چىڭخەي.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 69 مىليون 544 مىڭ 400 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 45 مىليون 965 مىڭ 700 يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 6 مىليون 627 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 16 مىليون 951 مىڭ 800 يۈەن. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 23 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 984 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36. 2 ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 32 مىليون 716 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون 154 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 26 مىليون 49 مىڭ 800 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2900 يۈەن. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 643 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 2982 گېكتار بوز يەر بار. 1993 - يىلى 20 مىڭ 651 گېكتار يەر تېرىلدى. 11 مىڭ 85 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 33 مىڭ 273 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 8802 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 3967 توننا قىچا 1308 توننا ئاپتاپپەرەس، 1608 توننا زاراڭزا ئېلىندى؛ 774 گېكتار يەرگە باشقا زىرائەتلەر تېرىلىپ، 475 توننا كۆكتات، 1349 توننا تاتلىق ياڭيۇ تۈردىكى كۆكتات، 3643 توننا بېدە ئېلىندى. 6. 383 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3. 20 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 274 مىڭ 400 تۇياق چارۋا مال قالدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 139 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق 409 غا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون 67 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 530 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي كىرىمى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 867 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %81. 14 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5043 توننا سېمونت، 16 مىليون 450 مىڭ دانە خىش، 54 توننا ئاق ھاراق، 5881 توننا ئۇن، 1655 توننا سۇ يېغى، 225 توننا ئارىلاشما يەم بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سېمونت زاۋۇتىنىڭ تىك خۇمدىنىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. يولۇچى توشۇش شىركىتى توشۇغان يولۇچى 431 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 215 مىليون 500 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 157 مىليون 500 مىڭ توننا/ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 723 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر ئىچىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمچانلىقى 1000 تۇچكا (شەخسىي تېلېفون 354) غا يەتتى. 1550 ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە سىمى تارتىلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 55 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 970 مىڭ يۈەن. بازار - يېزىلاردىكى بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 1 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چېگرا سودىسىدىكى يوقلۇق ھالەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. تاشقى سودىدا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 152 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بازىرى ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2361 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 88. 818 يۈەن (دېھقانلارنىڭ 11. 826 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 2. 800 يۈەن) گە يەتتى، ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7651 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 17 مىليون 988 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 472 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ يىلى يېزىلاردىكى 41 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان ھەر خىل پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 65 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدىكى سۇغۇرتا سوممىسى 101 مىليون 332 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 786 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېڭىدىن 11 مىڭ 38 كۋادرات مېتىرلىق ئولتۇراق ئۆي سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالغان ئولتۇراق ئۆيى 7619 كۋادرات مېتىر.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل پەن - تېخنىكا خادىمى 1659، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا

ۋەزىيىسى بارلىرى 203. ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 3006 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1045)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 17، ئوقۇغۇچىسى 7012 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3259). بالىلار باغچىسى بىر. باغچىدىكى بالا 206. جەمئىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1023، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 635. تېببىي داۋالاش - سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى 11، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 293 (دوختۇر 90)، كېسەل كارىۋىتى 90. مۇشۇ بىر يىلدا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغ 280 مىڭ يۈەن.

☆ 7 - ئايدا چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 780 مىڭ يۈەن، سىچۈەن ئۆلكىسى جىگيەت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يىلىغا 2000 توننا ئۆگرە چۈپ، 5000 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لىيۇ فۇيى

# تولى ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زاغىپار قۇتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ تاۋ، ياۋ يىڭسەي، قاتىمان قازىكە (قازاق)، چابانباي قايدار (قازاق).

ھاكىمى: قالىيۇللا سەدەن (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ جىنچى، قۇۋانبېك ساغىدۇللا (قازاق)، ماشىنەي، رىيىمجان ئۇلشاجىدە باي (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: توختى ئەخمەت.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇساتاي زەكېن (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما يۈنشېڭ، شاماس رىقابېك (قازاق)، ۋاڭ گوزېڭ، ئابدۇرەخىم ئويرانباي (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جارمۇقامېت توماش (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: باقتىر ئىمانغالى (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى تولى ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 86 مىليون 971 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 74 مىليون 288 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.7% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 4 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 27 مىليون يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 705 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 63 مىليون 634 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 934 مىڭ 800 يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 594 مىڭ 500 يۈەن. يىل ئاخىرىدا 524 مىڭ 900 تۇياق چارۋا مال قالدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 86 مىڭ 200 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 438 مىڭ 700 تۇياق. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەتكە 618 توننا قوي يۇڭى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە يۇڭ 195 توننا)، 42 توننا چۈپۈر، 27 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 10 مىڭ 577 پارچە كالا تېرىسى، 127 مىڭ 755 پارچە قوي تېرىسى، 65 مىڭ 978 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 32 توننا تۆگە يۇڭى سېتىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 119 مىڭ 200 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 20 مىڭ 429 توننا ئاشلىق ئېلىندى. 15 مىڭ 500 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 852 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 16 مىڭ مو يەرگە باشقا زىرائەتلەر تېرىلىپ، 2286 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. 960 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات 10 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 320 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 31 مىڭ 690 كىلوۋاتقا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 798 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 18.7 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى. 7.3 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، سەككىز كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبا لىنىيىسى رېمونت قىلىندى، 9.5 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى. 15 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، يەتتە ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بىر سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈن باشلاش لىنىيىسى رېمونت قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 538 (كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 32)، خادىمى 2516، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 781 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا

24 مىليون 516 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 22.54% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 153 مىڭ توننا كۆمۈر، 6513 توننا خروم رۇدىسى، 28.66 كىلوگرام ئالتۇن، 3010 توننا سېمونت، 730 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 10 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 4020 كۇب مېتىر ماتېرىياللىق گرانت تاش، 1767 كۋادرات مېتىر ماتېرىياللىق گرانت تاش تاختا، 6881 توننا ئۇن، 350 توننا سۇ يېغى، 4000 قۇر كىيىم - كېچەك، 2000 ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە 58 ئالتۇن، كۆمۈر، خروم كان قېزىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇلاردىن يارىتىلغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 16مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 46 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «تېڭلۇڭ» سودا سارىيى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى 1652 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشىيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 328مىڭ 545توننا / كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 971 مىڭ 796 ئادەم/كىلومېتىر (ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش بېكىتى بويىچە سىرتىدا) غا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 716 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 51 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 190 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئىچىدىكى تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 16 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 495.64 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9106 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 23 مىليون 705 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 64 مىليون 92 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 114 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 157 مىڭ يۈەن نەپىقە ۋە ئېتىۋار بېرىش پۇلى تارقىتىلدى. مۇشۇ يىلى 305 ئائىلىدىكى 4061 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 17 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 14) ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 260 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 169) . باشلانغۇچ مەكتەپ 73 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 64) ، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 383 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9164) ، ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە) ، ئوقۇغۇچىسى 3737 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2695) ، ئوقۇتقۇچىسى 474 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 369) . ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. كۆرسانتى 180 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كۆرسانتى) ؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى باللا 125. ناھىيە، يېزىلاردىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 11 (يېزا دەرىجىلىكى توققۇز) ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كېسەل كۆرۈش ئورنى 13، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 338 (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 243) ، كېسەل كارىۋىتى 169. مۇشۇ بىر يىلدا 628 قېتىم كىنو قويۇلدى، كىنو كۆرگۈچىلەر 79 مىڭ 76 ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 21 مىڭ 532 يۈەنگە يەتتى. 5 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش (جۇڭگوچە) تەنھەرىكەت يىغىنىدا ناھىيىلىك ۋەكىللەر كوماندىسى 168 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - لىككە، 81، 74، 50 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - لىككە، 68، 58 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - لىككە ئېرىشتى. 7 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىدا ناھىيىلىك ۋەكىللەر كوماندىسى پۇتبولدا كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جايىر تېغىدا ئۈچ كۈن داۋام قىلغان تولى ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك چارۋىچىلار مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، تاماشىبىنلار 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. 13 ئورۇندا سودا نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، سودا سوممىسى 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

چېن چىنيەن

# شىخو ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئىمىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۈن باۋجۇ، بايىندارا دورجى (موڭغۇل) ، ئايتقازى سەيتقازى (قازاق) ، لى زۇڭخۋا (خۇيزۇ) .

ھاكىمى: غالىم كېرىمبېت (قازاق) ؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چاڭ شېڭلىيەن، ئابلىمىت بەختى، جاۋ شۇچىڭ (ئايال) ، ۋاڭ يىتاڭ، فېڭ چۈەنلو، بى شۇتىڭ؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جۇ ۋېي.

سىياسىي كېڭەش10 -نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو پېيخۇي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تۇردىبېك دۈيسەن (قازاق) ، ياڭ جىشياڭ، ما شېڭجۈن (خۇيزۇ) ، ئوسمان باقى.



شىخو ناھىيىسىدىكى يەككە تىجارەتچى يۈسۈپ مامۇت ئوقۇشتىن قالغان 60 بالىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى.

شىۋلىڭ جىنجى فوتوسى

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ساپار قىدىرباي (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىمام مۇھەممەت.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى شىخو ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 420 مىليون 560 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 353 مىليون 940 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 112.8% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 42 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 44 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 282 مىليون 755 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 243 مىليون 360 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.17% ئاشتى. تېرىشقا بولىدىغان يەر 1 مىليون 500مىڭ مو (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بوز يەر 900 مىڭ مو. مۇشۇ بىر يىلدا 294 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 119 مىڭ 29 توننا ئاشلىق (بۇغداي 49 مىڭ 750 توننا، كۆممىقوناق 60 مىڭ 27 توننا، شال 4254 توننا) ئېلىندى؛ 180 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 14 مىڭ 751 توننا پاختا؛ 44 مىڭ 400 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 6399 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 31 مىڭ 100 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 520 مىڭ توپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 497 مىڭ 400 تۇياق چارۋا مال قالدى، مۇشۇ بىر يىلدا 166 مىڭ 500 تۇياق چارۋا مال قولدىن چىقتى. مۇشۇ بىر يىلدا 4307 توننا گۆش، 875 توننا يۇڭ، تىۋىت، 144 مىڭ 700 پارچە تېرە، 2817 توننا سۈت ئېلىندى. 301 مىڭ 200 ئۆي قۇشى بېقىلىپ، 999 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 260 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 884 توننا قارا گازىر، 22 توننا ئالقات سېتىۋېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 31 مىليون 372 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، «شەرق شامىلى» غول ئۆستىڭىنىڭ 12 كىلومېتىرلىق قوش لىنىيىسى ياسىلىپ، 3 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە بۇ قۇرۇلۇشنا 70% تولا قېزىپ بولۇندى. جەنۇبىنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش (كۈيتۇڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى داۋەن سۇ ئامبىرىغا باشلاش) قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ يىل ئىچىدە 85% تولا قېزىلىپ بولدى. 154.44 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭى چېپىلدى، 337.7 كىلومېتىر توختام سۈيى چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭى چېپىلدى؛ ئۈچ ئورۇندا بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مۇستەھكەم كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى؛ 42 قۇدۇق قېزىلدى؛ 29 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىدە، شىخو ناھىيىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 433 مىليون 665 مىڭ 700 يۈەن (يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 149 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 87 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 15، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 47، يېزا - بازار كارخانىسى 25. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 279 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 52 مىليون 680 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 620 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 21 مىڭ 600 توننا

سېمونت، 904 توننا قەغەز، 8813 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 18 مىڭ 487 توننا پىۋا، 320 توننا سۈت پاراشوكى، 826 توننا پاختا يىپ، 760 مىڭ مېتىر ئاق رەخت، 92 مىليون 230 مىڭ دانە خىش، 80 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 85 مىڭ 900 پار لاتا خەي، 51 مىڭ 900 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم (ئۆتۈك) ئىشلەپچىقىرىلدى. 12 گرادۇسلۇق شىخو پىۋىسى 2 - نۆۋەتلىك بانككوكتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا داڭلىق هاراقلار كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بىر تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، بىر پاختا - كاناپ پىششىقلاپ ئىشلەش تەجرىبە زاۋۇتى پۈتتى، سۈت پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ پۈركۈش مۇنار قۇرۇلۇشى، پىۋا زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن ياسىلىدىغان ناھىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 141 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن قوشۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: قالدۇق ئىسسىقلىقتىن توك هاسىل قىلىش ئىقتىدارى 0.9 كىلوۋات، سائىتىگە گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 44 مىڭ 600 كىلوگرام، يىللىق پىۋا ئىشلەش ئىقتىدارى 20مىڭ توننا. مۇشۇ يىل ئىچىدە 14 ئىختىساسلىق خادىم كىرگۈزۈلدى. ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنىدا سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە مەبلەغ سېلىنىدىغان 20 تۈر كېلىشىم ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن تاشقىرى 1992 - يىلى كىرگۈزۈلگەن (ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن) ئىككى پەن - تېخنىكا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى مۇشۇ يىلدا ئەمەلىيلەشتى، بۇنىڭغا 46 مىليون 706 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 15 توختام - كېلىشىم ئىجرا قىلىنىپ، 32 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدىكى تۈر 14 بولۇپ، 31 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، چەتئەلدىكى تۈر بىر بولۇپ، ئۇنىڭغا 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە تەۋەسىدىكى تاشيول ترانسپورت لىنىيىسى 843كىلومېتىر (ئاسفالت يول 243 كىلومېتىر)، تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 27مىليون 753مىڭ توننا/كىلومېتىر (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئىلى 3 - ترانسپورت شىركىتى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 528 مىڭ ئادەم/كىلومېتىر. مۇشۇ يىل ئىچىدە 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى «560» يولىدىن 1.44 كىلومېتىر ئارىلىق كېڭەيتىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 918 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى؛ 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا 3000 توچكىلىق «HT921» ئاپتوماتىك كوممۇتاتور ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى، يۆتكىلىمە دولقۇن ئۈسكۈنىلىرى ئىشقا سېلىندى.

يىل ئاخىرىدىكى سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىي نۇقتىسى 2011 (يېڭىتۈزەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 290 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 580 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 38 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ سودا سارىيى، شېكەر، تاماكا، هاراق سودا سارىيى ۋە «يېڭى ئۇزۇن سەپەر» كوچىسىدىكى سودا بازىرى (7700 كۋادرات مېترلىق) كەينى - كەينىدىن پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا (سودا) ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليون 965 مىڭ يۈەنگە، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون 535 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1144 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 950يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 24 مىڭ 796 (كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 68 مىليون 457 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي 13.51 كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدا 7.5 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. بازار - يېزىلاردا ئاھالىلار بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 231مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، خېيىم خەتەرگە ئۇچرىغانلارغا 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز ئېتىزلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا 658 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىلدى). 166 ئائىلىلىك دېھقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 113 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلىپ، 556 ئائىلە قۇتقۇزۇلدى.

ناھىيە بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىمى 3387 (ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 22، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 417. «PDCA ئايلىنىش باشقۇرۇشنىڭ تۇبېركۇليوز-نىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدىكى رولى» ۋە «قىرغۇ تاختىلىق تاسقاپ تاللاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىش - ياساش» ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. توققۇز تۈر ۋىلايەت بويىچە پەن - تېخنىكا

تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «تۇۋتىلىق ئۆچكىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»، «بۇغداي ئېگىزىغا سېرىق پۇرچاق تېرىش»، «كېۋەز پېتىدىن ھەر تەرەپلىمە مۇداپىئە كۆرۈشنى تەتبىقلاش» ۋە «1954 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە ناھىيىدە كۆرۈلگەن ئاساسلىق تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقاتى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى «كۆممىقوناقنىڭ ئېكولوگىيىلىك كۆرسەتكۈچى ئۈستىدە دەسلەپكى تەھلىل» ۋە «كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش قېلىپىنى سىستېمىسىنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 29 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 99 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2959)؛ بۇنىڭ ئىچىدە ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بەش، ئوقۇغۇچىسى 431 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 390). كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى552؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 100. باشلانغۇچ مەكتەپ 82 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ14)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 735. (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 8789)؛ بۇنىڭ ئىچىدە ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بەش (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 1719 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1633). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2692 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 934). 12 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئايشەم مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 610 مىڭ يۈەن (ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 8 مىليون 10 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىپ، 15 مىڭ 130 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى كۆپەيتىلدى. 44 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 573 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 149)، 435 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئون قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

☆ 1 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا شىخو ناھىيىسىگە «دۆلەت دەرىجىلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

☆ 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئۆچكە مۇسابىقىسىدە شىخو ناھىيىسى تۇۋتىلىك ئۆچكىنىڭ يېشىغا تولغان تېكىسىدە 1 - لىككە، يېشىغا تولغان تۇۋتىلىك چىشى ئۆچكىدە 2 - لىككە ئېرىشتى.

☆8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىلىك چىگشور كۆمۈر كېنىنىڭ «تيەنشىڭ» ماركىلىق مېنىرال بۇلاق سۈيى مەملىكەت بويىچە 4 - نۆۋەتلىك تىببىي ئىلىم - سىكرو ئېلېمېنتلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

☆11 - ئايدا ناھىيىلىك سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەملىكەت بويىچە سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ناھىيە باشقۇرغان تېرمو ئېلېكتر كارخانىسى - شىخو تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - نومۇرلۇق 3000 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گورۇپپىسى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆12 - ئايدا ناھىيىلىك ئائىلىلار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك ئائىلىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئىلغار ماسلاشتۇرۇش تەشكىلاتى بولۇپ باھالاندى.

چاڭ تۇڭيىڭ

# ساۋەن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت ساۋۇت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ خەنرېن، تېمىربېك ئاقمەت (قازاق)، ماجىكۈي (خۇيزۇ)، فېڭ ۋېنشۇ.

ھاكىمى: ناجات نازاربېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چېن كېدىڭ، ۋاڭ دىلىن، شۇ گۈەنجيەن، ماۋېنخۇا (خۇيزۇ)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جى گېنمىڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شى فاڭشيۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: غالىي كازىم (قازاق)، نىياز داۋۇت، يۇ شيۇمىڭ (خۇيزۇ)، پەن يۇنچېڭ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ۋاڭ گوشۇەن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مياۋ سەيشى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 345 مىليون741 مىڭ800 يۈەن (1990-

يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 335 مىليون 800 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.16% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 38 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 39 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 306 مىليون 538 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 262 مىليون 909 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.1% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 118 مىڭ 933 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 812 توننا پاختا، 7075 توننا ياغلىق دان، 52 مىڭ 526 توننا قىزىلچا، 44 مىڭ 9 توننا كۆكتات، 2186 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. شۇ يىلى 18 مىڭ 40 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 6051 مو. شۇ يىلى 4185 مو يەرگە ئالما كۆچىتى تىكىلدى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.6 ھەسسە ئارتۇق؛ 5836 مو يەرگە ئالقات تىكىلدى، 1992 - يىلدىكىدىن 2.3 ھەسسە ئارتۇق. يىل ئاخىرىدا 423 مىڭ 470 تۇياق چارۋا مال قالدى. 4466 توننا گۆش، 4636 توننا سۈت، 660 توننا يۇڭ، 1100 توننا تۇخۇم ئېلىندى؛ 300 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 154 مىڭ 684 كىلوۋاتقا، چوڭ، ئوتتۇرا تىراكتورلار 1325 كە، كىچىك تىراكتورلار 4871 گە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 303 كە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش ۋە توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 12 مىڭ 859 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 17 مىڭ 957 توننا (ئەمەلىي مىقدارى بويىچە ھېسابلاندى) خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلارغا 21 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. 209.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئېرىق ياسالدى، 17 قۇدۇق قېزىلدى، 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نىڭجىيا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى غول ئۆستەڭدە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تاماملاندى. 52.2 كىلومېتىرلىق ناھىيە، يېزا يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 51.8 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 45 تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 11 مىليون 518 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 357 مىليون 556 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 290 مىليون 259 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 24.06% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 82 مىليون 219 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ 225 مىليون 775 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 369 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 54 مىڭ توننا سېمونت، 7972 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 2079 توننا ئۇلاقلىق پولات تۆرۈپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 3149 توننا پولات پروكاتلاندى. 22 مىڭ 700 توننا ئۇن، 7044 توننا سۇ يېغى، 2172 توننا ئاق ھاراق، 2327 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتى 948 مىڭ 800 مېتىر ئۈچ قىرلىق رېزىنكە تاسما، 655 مىڭ 300 مېتىر شىلانگا، 1554 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقاردى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 108 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە ئالتە كارخانا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، ئۈچ سودا كارخانىسى ئىجارىگە بېرىلدى، 12 كارخانىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سەككىز كارخانا زىيان تارتمايدىغان بولدى. مۇشۇ يىلى ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى، چىبەرقۇت فابرىكىسى، كاۋچۇك زاۋۇتى ۋە يېڭى تېپىتىكى ماتېرىياللار سانائىتى شىركىتى پايدا ۋە باجنى مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. سېمونت زاۋۇتى پايدا باجنى 6 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. يىلىغا 10 مىڭ توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلىك پىۋا زاۋۇتى قۇرۇلدى، يىلىغا 80 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە سېمونت زاۋۇتى ئۆزگەرتىلىپ ۋە كېڭەيتىلىپ قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە قۇرۇلۇشى داۋاملاشقان ياكى يېڭىدىن ئىش باشلانغان 34 قۇرۇلۇش تۈرى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 45 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 11 مىليون 518 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە 33 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدا 32 مىڭ 431 كۋادرات مېتىر، يېزىلاردا 43 مىڭ 195 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. تاشيوللاردا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 421 مىليون 430 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ ئورۇندىغىنى 36 مىليون 379 مىڭ توننا/كىلومېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 730 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 232 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بەش يېزىغا ناھىيە ئىچى تېلېفونى بىۋاسىتە ئۇلاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى يېزىدا مەملىكەت ئىچىدىكى تېلېفوننى بىۋاسىتە ئۇلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 151 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق

ئوتتۇرىچە كىرىمى 956 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 941 بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2665 يۈەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 4166 بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2473 يۈەن بولدى. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كاخانا 44، ئۇلارنىڭ خادىمى 934؛ يەككە كارخانا 3792. خادىمى 5198. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 340 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 72 كارخانا سۇغۇرتىغا قاتناشتى، 1055 ئائىلە ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 4613 كىشى جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. ھەر خىل مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 216 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 833 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 1 مىليون 405 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئۈچكە يەتتى، 704 يېتىم بالا ۋە موماي، بوۋاي، مېيىپ بالىنى كوللېكتىپ بېقىۋاتىدۇ. 14 مىڭ 241 ئادەم (قېتىم) گە ياردەم بېرىلدى.

ناھىيە بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىم 3488. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 40، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 404. شۇ يىلى بەش تۈر ۋىلايەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بىر تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىندى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 75 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 198 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 8681)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 456 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2437)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 410 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 34)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 241 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 73). بالىلار باغچىسى يەتتە، باغچىدىكى بالا 3527 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 616).

ناھىيە بويىچە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 18، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 366 (دوختۇر 166)، كېرەل كارىۋىتى 488. ناھىيە بويىچە 16 قېتىم ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 7758 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

ناھىيە بويىچە 11 ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن، بەش ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بارلىققا كەلدى. ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە كوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلام دىن خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەم نام بېرىلدى. ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جاڭ دېجۇ مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. ناھىيە بازىرىدىكى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن جۇدۇڭمېيغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن نام بېرىلدى. ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ليۇشۇنچىنغا دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە يەر باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى «گۇخەي لاۋجاۋ» ماركىلىق ئاق ھاراق باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا داڭلىق ھاراقلارنى باھالاش يىغىنىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئاق ھاراقلارنى نامايان قىلىش پائالىيىتىدە «جۇڭگو سۈپەتلىك ئاق ھاراق مۇكاپاتى»غا باھالاندى. «گۇخەي لاۋجاۋ» ئاق ھارىقىنىڭ قاچىلىنىش، بېزىلىشى مەملىكەتلىك ھاراق قاچىلاش، بېزەش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆1993 - يىلى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 664 مىليون 95 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 357 مىليون 556 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، تۇنجى قېتىم يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن ئېشىپ كەتتى.

فەن جىنيۈن

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چىزىن غومبىجاپ (موڭغۇل)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ يۇسەي، سېرئورلا (موڭغۇل)، جاڭ بىڭيى، قالىبېك سەيپۇل (قازاق).

ھاكىمى: ن. ئوشا (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مىن غومبىجاپ (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ساڭ يىجېڭ، قابۇل قىرغىزباي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، توڭجىجاپ (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سېكىزباي قارخاباس (قازاق)، قازىز چۆكە (قازاق، 3 - ئايدا

ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، جۇڭگو دورجارا (موڭغۇل، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: چىياڭ كاڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامجان ماشىل (قازاق) ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تاشكەن تۇركىستان (قازاق) ، ليۇ شۇكەي، نامجىل دەمرىنجاپ (موڭغۇل) ، بادا مۇڭكې (موڭغۇل) .

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئاراس جىلگىر (موڭغۇل) .

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ماجاكوبيۇك (موڭغۇل) .

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 117 مىليون 590 مىڭ يۈەن (1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 96 مىليون 520 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.25% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 20 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 33 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 692 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 45 مىليون 166 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 966 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 12مىليون 110مىڭ 600يۈەن) ، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 188 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 137 مىڭ يۈەن) ، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 506 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليون 893 مىڭ 400 يۈەن) ، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 25 مىڭ 700 يۈەن) . مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىڭ 810 توننا ئاشلىق، 575 توننا ياغلىق دان ئېلىنىدى. 735 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 400 مىڭ 200 تۇياق چارۋا مال قالدى. 2923 توننا گۆش، 552 توننا قوي يۇڭى، 140 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى، 3566 توننا سۈت ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 87 مىليون 315 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 74 مىليون 902 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 22 مىليون 105 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 783 مىڭ 153 توننا كۆمۈر، 109 مىڭ 12 توننا تۇز، 36 مىڭ 522 توننا سېمونت، 131 مىڭ 763 توننا ھاك تېشى، 916 توننا ئويغۇچى ناترىي ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 22 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 15 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 117 مىليون 600 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 300 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 590 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 850 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 952 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 43 مىليون 923 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 72 مىليون 339 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چېگرا سودىسى شىركىتى قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە بىلەن 12 تۈرلۈك توختام، كېلىشىم ئىمزالاپ، يىللىق ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 976 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت) ، ئوقۇغۇچىسى 2783 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1886) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 30 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 21) ، ئوقۇغۇچىسى 6618 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4751) . شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيە، يېزىلاردا 28 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 250 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 180 كېسەل كارىۋىتى بار.

جۇ شياۋخۇا

# ئالتاي ۋىلايىتى

## خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىس جانابىل (قازاق، 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شاڭ چىنشيەن، زەينەل جۇقاباي (قازاق)، مايۇ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىيسى: ئارىستان قالىم (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، قادىس جانابىل (قازاق، 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لياۋباۋچىڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئورالقان ئىماش (قازاق)، مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شىن لەنجۇ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جيېبىي (11- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شاكېن قوسايىن (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ پېيجى (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جېڭ گوياۋ، ماگويەن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەدىلبېك دەكەن (قازاق).

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئۇمۇت ئىمانباي (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

ئالتاي ۋىلايىتى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ 1993 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 226 مىليون 523 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 50 مىليون 139 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.06% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 257 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 592 مىليون 350 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 556 مىليون 412 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.71% ئاشتى. 794 مىڭ 600 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 105 مىڭ 900 مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 148 مىڭ 550 توننا ئاشلىق، 90 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى. 15 مىڭ 520 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 2 مىليون 473 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 48.34%، قولدىن چىقىش نىسبىتى 55.69% بولدى. شۇ يىلى 37 مىڭ 943 توننا گۆش، 3415 توننا قوي يۇڭى، 78.16 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 126 مىڭ 900 پارچە كالا تېرىسى، 1 مىليون 109 مىڭ 300 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 345 مىليون 172 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى). 7532 ئائىلىلىك، 45 مىڭ 192 چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. 3079 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە دۆلەت ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، ۋىلايەت بويىچە سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 2 مىليون 150 مىڭ ئىش كۈنىگە يەتتى، 8 مىليون 517 مىڭ كۇب مېتىر تاش - توپا قېزىلدى. 275 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 491 تۈرلۈك ئىنشائات ياسالدى؛ 10 مىڭ مو سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى كۆپەيتىلدى. تاستى سۇ ئامبىرى توسمىسى 1502 مېتىر ئېگىزلىتىلدى. «635» غول ئۆستەڭگە سۇ باشلاندى، ئوتتۇرا لىنىيە غول ئۆستىڭىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ 38 كىلومېتىر قىسمى ۋە ئىنشائاتلار پۈتكۈزۈلدى؛ 10 - ئايدا سارتوقاي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى باشلاندى؛ چىڭگىل ناھىيە بايشاڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، توك تارقىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 276 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 283 مىليون يۈەنگە، ياراتقان پايدىسى 23 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 11 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورت سودىسىنىڭ سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرى سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولغان 50 تۈرنى تورغۇزدى ۋە كېڭەيتىپ تۇرغۇزدى. بۇنىڭ ئىچىدە 48 تۈر پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يۇقىرىدىكى تۈرلەرگە 53 مىليون 211 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى ئىدى، ئەمەلىيەتتە، 37 مىليون 551 مىڭ يۈەن نەقلەشتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 509 مىليون 208 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 396 مىليون 840 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 12.17% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 106 مىليون 153 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك، 157 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 85 مىڭ توننا سېمونت، 124 مىليون دانە خىش، 1045.93 كىلوگرام ئالتۇن، 414 مىڭ مېتىر توقۇلما، 260 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 66 مىڭ قۇر يۇڭ - خۇرۇم كىيىم - كېچەك، 55 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى، 110 مىڭ كارات ياقۇت پىششىقلاندى، 123 مىڭ 100 پارچە خۇرۇم، 12 مىڭ 966.23 توننا شېكەر، 2793.15 توننا سۇ يېغى، 430 توننا سۈت پاراشوكى، 1156 توننا پىۋا، 312.89 توننا

كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلاتلار جەمئىي 20 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەتتەر، كۆپا - تەڭلىك ۋە پەرداز بۇيۇملىرى، ئېلاستىك سوكنو، بۇيا مېيى، ياغاچ گۈللۈك پول خىش، ساناەتتە ئىشلىتىلىدىغان سوكنو، ھالقىسمان كىگىز قاپ، گۈللۈك خورۇم، غەيرىي توقۇلما گۈللۈك گىلەم قاتارلىقلار بار. ۋىلايەتلىك خورۇم، يۇڭ - تېرە سانائىتى باش شىركىتى بىلەن ئالتاي شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەت بويىچە گۇرۇنلاشتۇرۇلغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 45 بولۇپ، 31 تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 38 مىليون 610 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى. ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 121 مىليون يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 230 مىڭ كۋادرات مېتىر (داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقىنى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر). تۆت چېگرا ئېغىزىنىڭ ئۈچىدە مال ئۆتكۈزۈش ۋە ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چېگرا سودىسى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 62 مىليون 672 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 136 مىليون 736 مىڭ 500 ئادەم/كىلومېتىر، يۈك ئوبوروت مىقدارى 30 مىليون 215 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىنىڭ بېيتۈندىن داخۇاڭشەنگىچە بولغان 392.6 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنىڭ، پۈتۈن لىنىيىسى تۇتاشتۇرۇلدى ھەممە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 278 مىڭ 900 يۈەنگە، ئالاقىلىشىش ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 719 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، قابا ناھىيە (شەھەر) لىرىدە ئاپتوماتىك بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان تېلېفون يولغا قويۇلدى ھەممە ئاپتونوم رايون بىلەن تورلاشتۇرۇلدى؛ كۆپەيتىلگەن ئاپتوماتىك تېلېفون كوممۇتاتورى 3850 توچكا بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 12 مىڭ 500 توچكىغا يەتتى؛ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) دە «4202» ئېلېكترونلۇق فوتو تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 478 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 250 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شەھەر - يېزا بازىرى 26 بولۇپ، بۇلارغا 16 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 93 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنىدا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلاتى سېتىلدى، ئىمزالانغان توختام تۈرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 130 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 752 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 82 مىڭ 325 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 224 مىليون 912 مىڭ 500 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 672 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە دېھقان چارۋىچىلاردىن 1118 ئائىلىدىكى 6446 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ۋىلايەتلىك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 441 كارخانا، 5249 موتورلۇق قاتناش ۋاستىسى، 3482 ئائىلىدىكى 63 مىڭ 610 ئادەم مال - مۈلۈك، جىسمانىي خەۋپسىزلەندۈرۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، مۇشۇ بىر يىلدا 2516 تۆلەم ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىندى، 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي - تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 2432. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 23 تۈر بويىچە پەن تەتقىقات پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات تۈرى بىر، ۋىلايەتنىڭ 22، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون تۈر 1992 - يىلدىكىدىن قالغان 13 تۈر يېڭىدىن قوشۇلغان. «قېيىن شەربىتىنى يىغىش ۋە ئۇنىڭ دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە بولغان تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقات»، «2BF — 24A تىپلىق سېيالكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش»، «كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك خۇرۇمى»، «ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاق يۇڭلۇق يۇمشاق ئاياغ كىيىم خۇرۇمى» ۋە «يۇڭ - خۇرۇم - تېرىنىڭ مېيىنى ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ياخشىلىنىشى» قاتارلىق نەتىجىلەر ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتىن ئۆتتى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 288 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 174، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 75 مىڭ 211 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 53 مىڭ 298)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 78 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 48)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 512 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 601)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 26 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 5957 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4155). ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1489 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 836)؛

ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تۆت، كۇرسانتى 252 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 170)؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئالتاي شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 91 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 33)؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە شىفەن داشۆسىنىڭ شۆبىسى بىر، رويخەتتىكى كۇرسانتى 1042 (ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانت 729). بالىلار باغچىسى ئون، باغچىدىكى بالا 1457 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 624). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 504 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ بىناسى 25 مىڭ 729.88 كۋادرات مېتىر، رېمونت قىلىنغان مەكتەپ بىناسى 10 مىڭ 376 كۋادرات مېتىر. 10 - ئايدا ۋىلايەتلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، پروگرامما كۆرسىتىلدى؛ ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا 100 ۋات دېتسىمېتىر دولقۇنلۇق ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىدىن بىرى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 171 ھەر خىل داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 10 - شىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، 3423 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 2546 كېسەل كارىۋىتى بار. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك چاڭغا تېيىلىش بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن 17 دۆلەت قاتناشقان «سامبا» چېلىشىش دوستلۇق مۇسابىقىسىدە، ئىككى كۈمۈش مېدالغا، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.89‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.04‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.85‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 538 مىڭ 320 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9702 ئادەم كۆپەيدى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە قازاق 269 مىڭ 923 بولۇپ، 2915 كىشى كۆپەيدى؛ خەنزۇ 229 مىڭ 90 بولۇپ، 5859 كىشى كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 10 مىڭ 603 بولۇپ، 200 كىشى كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر نوپۇسى 28 مىڭ 704 بولۇپ، 728 كىشى كۆپەيدى.

☆ 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە ئۇدا قاتتىق يامغۇر ياكى قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ۋىلايەت بويىچە بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 50 مىليون يۈەنگە يەتتى.

☆ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە، ۋىلايەتنىڭ تەنھەرىكەتچىسى لىيۇيەنفېي 167.363 نومۇرلۇق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن، مەملىكەتلىك تېز مۇز تېيىلىش ماھارىتى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

شيا گۋاڭلېين

# ئالتاي شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خوجىكەن سۇلتان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لىيۇكې، جۇمادىل جۇۋاڭقان (قازاق)، ماجيەنرۇڭ (خۇيزۇ)، باتۇان بېتىۋان (موڭغۇل).

شەھەر باشلىقى: قىزات قازى (قازاق)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: شيې شيۇجيەن، ساغاتبېك قالىمبېك (قازاق)، ئاغزەم ئاياسىن (قازاق)، سۇن جىڭگاڭ، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: جۇگۇاڭفېڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قالىم ئىدرىش (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: خۇجاۋچېن، قايسا دوڭشباي (قازاق)، رۇباۋلىڭ، نىك دۇرىن (موڭغۇل)، موسىلىم ئاۋشىبېك (قازاق)، جۇدېجۇن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماۋىتقان كەرىم (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئېرلان چەكەي (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئالتاي شەھىرىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 366 مىليون 220 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 337 مىليون 460 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). يەرلىك مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى كىرىم 15 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، چىقىم 42 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 280 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 121 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. شەھەر بويىچە 277 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 770 مىڭ 300 مو ئېچىشقا تېگىشلىك بوز يەر بار. مۇشۇ يىلى 147

مىڭ 800 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 32 مىڭ 522.5 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 23 مىڭ 600 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 2841 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 1686 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 550 توننا قىزىلچا ئېلىندى، 3558 مو يەرگە كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 9429 توننا كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 3900 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تۇتۇش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولغانلىرى بويىچە ھېسابلاندى). يىل ئاخىرىدا 441 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 7 . 405 توننىغا يەتتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك 316 مىڭ كىشى كۈنگە يەتتى، 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 107 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش، 58 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ئۆستىڭى چېپىلدى؛ 150 سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان ئىنشائات ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 793 مىڭ 400 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 68 مىليون 722 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 80 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 807 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 94 . 82 كىلوگرام ئالتۇن، 15 مىڭ 692 توننا سېمونت، 384 توننا كرېمنىي كاربىد (كاربورۇندۇم)، 330 توننا سۈت پاراشوكى، 60 مىليون 755 مىڭ دانە خىش، 3256 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 5 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەردە ئىسسىقلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر تەۋەسىدىكى قاتناش - ترانسپورتتا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 180 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 46 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 188 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى خوگدۇڭ، شېمىرشېك، ئاۋېيتان قاتارلىق يېزىلاردا بازار تەسىس قىلىندى، يېزا - بازارلىرىدا يىل ئاخىرىدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 7 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەرلىك چېگرا سودا شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت جەمئىي پۈتۈشكەن سوممىسى 697 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 398 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 285 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 35 مىڭ 900 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 117 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 . 67 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 376 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا دېھقان، چارۋىچىلاردىن 355 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شەھەر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن رايونلارنى تەمىنلەش %28 . 78 كە، باغ - بوستانلاشتۇرۇش %4 . 35كە يەتتى. شەھەردىكى ئاساسلىق قاتناش يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. يىل بېشىدا كوچا ئاپتوبۇسى شىركىتى يېڭىدىن سەككىز مىنىبۇس كۆپەيتىپ، شەھەر قاتنىشىدا قولايلىق ياراتتى.

شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 29 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 6500، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 688؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 87، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 800، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1315؛ شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم بەش، ئوقۇغۇچىسى 1489، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 1207. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ساۋۇر تېغى ۋە چارۋىچىلىق 3 - ئەترىتىدە ئىككى ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلدى. شەھەرگە قاراشلىق 78 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (24 دوختۇرخانا)، 42 ئامبۇلاتورىيە، 1009 كېسەل كارىۋىتى، 1481 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 766) بار.

☆4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالتاي شەھەر رايونىدا مەركىزىي ئەمگەك بازىرى ئېچىلدى.


☆5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالتاي شەھىرىدىكى تۇنجى سودا بازىرى — خوگدۇڭ يېزىسى سودا بازىرىدا تىجارەت باشلاندى.

گو سۇڭيى

# قابا ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ



قۇرۇلۇۋاتقان قابا دەرياسى قاراتاش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى
يەن فېن فوتوسى

مۇدىرى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋ خېيبو، رىزباي دانىيار (قازاق)، دېي دادې، ئاغزامبېك ماكىر (قازاق).

ھاكىمى: جۇمابېك باتتال (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاۋ خۇڭگوي، جۇماش ساغدات (قازاق)، قابدۇللا ساپىيوللا (قازاق)، ئەن خېيچېڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئورازبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋاڭ جىباۋ، ليۇ زېنجى، ماريا مۇقاش (ئايال، قازاق)، ماباۋساڭ (خۇيزۇ)، قابىلقاق سېرىكباي (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جانات قابىبۇللا (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قابدۇللا ئورباي (قازاق).

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى قابا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 106 مىليون 872 مىڭ 800يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 109 مىليون 679 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %23.42 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 106 مىليون 872 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 109 مىليون 679 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، %23.42 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 479 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 99 مىليون 916 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن %5.1 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 2830 گېكتار بوز يەر، 15 مىڭ 740 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، شۇ يىلى 9270 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 296 مىڭ 850 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 1280 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 3706 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 710 گېكتار يەرگە پۇرچاق خىلىدىكى زىرائەتلەر تېرىلىپ، 1676 توننا ھوسۇل ئېلىندى. 14 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا بېقىلغان چارۋىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سانى 536 مىڭ 200 تۇياققا يەتتى، يىل ئاخىرىدا 301 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. سۇ مەھسۇلاتى 250 تونىغا، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 13 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 689 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %107.8 ئاشتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان ئەمگەكنى مەبلەغكە سۇندۇرغاندا 7 مىليون 336 مىڭ 900 يۈەن بولدى، چېپىلغان غول، تارماق ئۆستەڭلەر 9.9 كىلومېترغا، ياسالغان ۋە كېڭەيتىپ ياسالغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 30.56 كىلومېترغا، رېمونت قىلىنغان نور، ئېچىق، تۇما قاتارلىق يورۇشلەشكەن قۇرۇلۇش 25 تۇرگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 319 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 35 مىليون 74 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %17.21 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 60 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4.3816 كۋادرات مېتىر خۇرۇم، 6273 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. 12 مىڭ 472.42 سەر ئالتۇن خەزىنىگە كىرىپ، 17 مىليون 360 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى.. ۋىلايەت ئورۇنلاشتۇرغان 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان 15 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۈككە 19 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە سېلىنغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 52 مىڭ 689 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 23 مىليون 935 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 602 مىڭ 268 ئادەم / كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 653 مىڭ 200 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 52 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چېگرا سودىسىدا يۆسۈش بولۇپ، ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 490 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى. كۆپەيگەن يەككە تىجارەتچى 69غا، تىجارەت ئورنى 94كە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 780 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3443 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىليون 951 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە بانكىغا ئامانەت قويۇلغان ھەر خىل پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 63 مىليون 567 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت قويغان سوممىسى 39 مىليون 949 مىڭ يۈەن. سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 158 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 269 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 51 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 31)، ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 896 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9279)؛ ئوقۇتقۇچىسى 908 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 684). كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مەبلەغ يىغىپ سالغان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 2174 كۋادرات مېتىر، رېمونت قىلىنغان مەكتەپ بىناسى 2676 كۋادرات مېتىر. دۆلەت تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەت بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوللىنىلىدىغان فىزىكا بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە ئىككى كىشى مەملىكەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتە كىشى ۋىلايەت دەرىجىلىك رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇتۇشتىن 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ئىككى مەدەنىيەت ئۆيى، بىر رادىئو ئۆزىلى كۆپەيتىلدى. ليۇچۇنشياۋ 1993 - يىللىق مەملىكەتلىك خەنزۇچە خەتنىڭ بەش سىزىقلىق خەت شەكلىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا كىرگۈزۈش مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت سىستېمىسىدا ھېسابلاش ماشىنىسىغا خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈش ئۆلگىسى بولدى. ناھىيە بويىچە توققۇز سەھىيە ئاپپاراتى، 239 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 116 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ يىلى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا بەش قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 830 ئادەم قاتناشتى. جايلىما يېزىسى دېھقان، چارۋىچىلار تەنتەربىيە پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان يۈز مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ئېتكىن «مەملىكەتلىك تەنتەربىيە خىزمىتى تۆھپىكارى» مېدالىغا ئېرىشتى. سارتام يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق ياتاقلىق مەكتىپىدىكى جانات ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالاندى.

☆ 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2000 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر بولغان قابا قاراتاش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق ھالقىلىق تىزگىنلەش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش — سۇنى توسۇش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

☆ ناھىيىلىك بېلىقچىلىق پونكىتى مەملىكىتىمىزدىكى بېلىقچىلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

### كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە قابا ناھىيىسى تەۋەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قارا يامغۇر يېغىپ، ئېرتىش، قابا دەريالىرىدا تاشقىن بولۇپ 2805 ئېغىز ئۆينى، 7312 مو يەردىكى زىرائەتنى، 79 مىڭ 830 مو ئوتلاقنى ۋەيران قىلدى. 341 مىڭ 385 كۇب مېتىر يەم - خەشەكنى، 3490 تۇياق چارۋىنى ئېقىتىپ كەتتى. يەتتە چارۋىچىلىق مەكتىپى سۇ ئىچىدە قالدى. جەمئىي 31 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنتى (بۇنىڭ 17سى سۇ ئىچىدە قالدى)، 2187 ئائىلە، 12 مىڭ 450 ئادەم ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 46 مىليون 738 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ناھىيە يەنە تۆت قېتىم قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي زىيان 786

مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى؛ ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتلەر ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيە بويىچە بازار - يېزا خەلقى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىغە 123 مىڭ 980 يۈەن پۇل، 34 توننا ئاشلىق، 24 مىڭ كۇب مېتىر يەم - خەشەك ئىئانە قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگەكنى مەبلەغكە سۇندۇرغاندا 1 مىليون 219 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1235 ئائىلىلىكنىڭ 3445 ئېغىز ئۆيى رېمونت قىلىندى ھەم قايتا سېلىندى. 3082 قوتان رېمونت قىلىندى ھەم قايتا سېلىندى. ناھىيىلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «قىش كېلىشتىن ئىلگىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر بىر چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ بىر ئېغىزدىن ئىسسىق ئۆيى بولۇش، بىردىن ئىسسىق قوتىنى بولۇش، چارۋا ماللارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىر دۆۋىدىن يېتەرلىك ئوت - چۆپى بولۇش» دېگەن نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

جاڭ چۈەنشيا

# بۇرچىن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تەلەپقان ئاقمېتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇشياۋجۈن، تۇسىپقان چۆكەش (قازاق)، يى جىنفەن، زەينەپقان مۇزاۋباي (ئايال، قازاق).

ھاكىمى: قۇۋاتقان مۇسىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ياڭ جيەنشىن، تۇرسىبېك سادىقان (قازاق)، ئېركىن تۇرۇم (قازاق)، شۈۋېنتەي، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ رىخۇي، ۋېي چىجيا، بادىمجاپ (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سابكېن جالىمقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇجۇڭمىڭ، ماخپىر قاتىچەن (قازاق)، بېردىقان جاپاي (قازاق)، تيەن جېچېڭ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: بېيسقان تالقاي (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: زۇلۇن شايماردان (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 111 مىليون 982 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 88 مىليون 974 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 27 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 379 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 64 مىليون 959 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.57% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 275 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر (سۇلۇق يەر) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 275 مىڭ 700 مو يەرگە زىرائەت تېرىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 130 مىڭ 400 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8400 مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلدى. 19 مىڭ 238 توننا ئاشلىق، 1123 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 293 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 5133 توننا گۆش، 5758 توننا سۈت، 148 مىڭ 700 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 380 توننا قوي يۇڭى، 4450 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 17 توننا تۆگە يۇڭى، 18 توننا ھەسەل، 155 توننا تۇخۇم ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتى بېقىلىدىغان كۆلەم 9500 مو بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 167 توننا بېلىق تۇتۇلدى (بېقىپ يېتىشتۈرۈلگەن 47 توننا بېلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 4703 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 544 مو يەردە ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى، 117 مىڭ 400 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ ئىنشائاتىغا 430 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 30.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى، 9.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 68 سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى، 195.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ لاتقىلىرى تازىلاندى. 261 مىڭ 700 كۇب مېتىر تاش - تۇپا توشۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 26 مىڭ 613 كىلوۋاتقا يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئورۇندىغان تۇر 13 (يېڭىدىن قۇرۇلغىنى ئالتە) بولۇپ، ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 110 مىڭ 300 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 32 مىليون 80 مىڭ


يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 309 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 41 مىليون 397 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %35.63 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 13 مىڭ 570 توننا سېمونت، 5000 توننا كۆمۈر، 324 مىڭ 100 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 1040 توننا تالق پاراشوكى، 2102 دانە يۇڭ گەدىيال، 8818 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 118 توننا سۇ يېغى، 14 مىليون دانە خىش، 100 توننا سۈت پاراشوكى، 531 توننا سۇلياۋ ياسالما، 400 توننا پارچە چىرىمتال، 63 توننا موخوركا، 177.64 توننا ئاق ھاراق، 2679 پار ئاياغ كىيىم، 59 مىڭ جۇپ يىپ پەلەي، 133 توننا كرېمنىيلىق تۆمۈر، 100 توننا پولات دېرىزە، 10.85 كىلوگرام ئالتۇن، 82 توننا ئىشقارىي سولفىد ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ئائىت قۇرۇلۇش تۈرىدىن 13ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى ئۇرچۇقى 640تىن 1840 قا كۆپەيتىلگەن ناھىيىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى؛ يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سېمونت 25 مىڭ تونىدىن 45 مىڭ تونىغا كۆپەيتىلگەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى؛ يىلىغا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاق ھاراق 150 توننىدىن 650 توننىغا كۆپەيتىلگەن قاناس ھاراق زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. مۇشۇ بىر يىلدا 16 يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا توقۇلغان يۇقىرى ئېلاستىكىلىق ئىلمە توقۇلما يۇڭ رەخت، ساپ يۇڭدىن سىپتا - توم يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان نېپىز گۈللۈك سوكنو ۋە بۇدرە سوكنودىن ئىبارەت ئۈچ مەھسۇلات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 30 مىليون 446 مىڭ100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 18 مىليون 515 مىڭ 600 يۈەن. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۈنجى پاي تۈزۈمىدىكى سىناق نۇقتىسى بولغان كارخانا — بۇرچىن ناھىيىلىك «ئەزىمەت» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى ئىش باشلىدى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى مۇشۇ بىر يىلدا توشۇغان يۈك مىقدارى 7110 تونىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2مىليون 756 مىڭ توننا/كىلومېترغا، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 380 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا يەتتى؛ ترانسپورت تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 409 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفوننىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 763 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنغان تاۋار سوممىسى 56 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 57 مىليون 130 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 485.95 يۈەن (چارۋىچىلارنىڭ 472.26 يۈەن، دېھقانلارنىڭ 495.3 يۈەن) بولدى. تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتكەنلەر كۆپىيىپ كەتتى، يىل ئاخىرىدا نامرات ئائىلىدىن 2643ى قالدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 8112 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 22 مىليون 992 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 50 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 260 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى، 880 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 3241 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1869)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 9510 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6846)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 785 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 539). چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى بىر، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىنىڭ بۇرچىن شۆبىسى بىر، جۇڭخۇا بوغالتىرلىق ژۇرنال بىلەن ئوقۇش مەكتىپىنىڭ بۇرچىن ژۇرنال بىلەن ئوقۇش پونكىتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 338 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 96). ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى بىر، باغچىغا كىرگەن بالا 94 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 31). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ياسالغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 3680 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەممىسى پۈتكۈزۈلدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى ھەم ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ناھىيە بويىچە بىر دوختۇرخانا، بىر يوقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، ئالتە يېزىلىق شىپاخانا، 208 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 198 كېسەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 25 ئالتۇن مېدالغا، 25 كۈمۈش مېدالغا، بەش مىس مېدالغا ئېرىشتى.

☆ 6 -، 7 - ئايلاردا بۇرچىن ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. كەلكۈن 18 چوڭ - كىچىك ئېقىن، 18 سۇ ئۆتكۈچ، 13 كۆۋرۈك



جۇڭگو - قازاقىستان شېرىكلىشىپ قۇرغان جېمىنەي ئېغىزى سودا كۆۋرۈكى
يەن فېن فوتوسى

ۋە 13 نورنى ۋەيران قىلدى. 25 چۇشۇرگە، 169 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنى بۇزۇۋەتتى. 8820 مو ئېتىز، 135 مىڭ 500 مو ئوتلاق سۇ ئىچىدە قالدى؛ 1631 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ ئۆيى، بازار ئاھالىسىنىڭ 23 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆيى، 2034 قوتان كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتى 64 مىليون 888 مىڭ يۈەنلىك بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيە ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش سوممىسى 3 مىليون 531 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۈچ يىلدا پۈتتۈرۈش پىلانلاندى.

☆ 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىدە تۇنجى دېھقانلار قۇرغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدا رەسمىي تىجارەت باشلاندى. بۇ بازارنى بۇرچىن ناھىيىسى دۇۋلايتى يېزىسى چىغتاي كەنتىدىكى دېھقانلار مەبلەغ توپلاپ، پاي قوشۇش شەكلى بىلەن، 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ قۇرغان.

ۋاڭ جىڭجيې

# جېمىنەي ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كۈنجارىق كېڭبىباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۈەن پېڭ، تولۇمقان جاپاباي (قازاق)، شۇلىخۋا (ئايال)، ساناي ئۇسپان (قازاق).

ھاكىمى: ئانىبات سابىكەي (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: كاڭ جېرېن، مۇقامبېتقان ئاشاتاي (قازاق)، ۋۇخەيبۇ.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قاش ساپارغالى (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇچېڭگۇ، سۇلتان مەسالىم (قازاق)، لىۋۇنجېن، گەي جىشيەن، مەكتىپقان جۇماغۇل (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماۋلېت ئاداي (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: جاڭالان توقاي (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 65 مىليون 431 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 61 مىليون 334 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 55 مىليون 358 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 51 مىليون 297 مىڭ 300 يۈەن). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 1 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 19 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 608 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 32 مىليون 590 مىڭ 300يۈەن) بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن %61.2 كېمىيىپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 272 مىڭ گېكتار بوز يەر، 20 مىڭ گېكتار ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 5500 گېكتار يەرگە ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 11 مىڭ 215 توننا مەھسۇلات ئېلىندى، 190 گېكتار يەرگە ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 301 توننا مەھسۇلات ئېلىندى، 50 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 207 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. بەش توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 659 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇلارغا 5 .2210 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 47 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، يەتتە كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈن باشلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭى چېپىلدى، 20

ئۆستەڭ ئىنشائاتى ياسالدى. مۇشۇ بىر يىلدا توپتېرەك يېزىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى راستى سۇ باشلاش قول ئۆستىڭى، توست يېزىسىنىڭ 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشتى قول ئۆستىڭى ۋە باشقا 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارماق ئۆستەڭ قاتارلىق قۇرۇلۇشلار تاماملاندى. بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە يەنە بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 13 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 661 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 14 مىليون 296 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.68% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 700 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 45 مىڭ 500 توننا كۆمۈر (16 مىڭ 500 توننا نوغاي كۆمۈرى)، 19 مىڭ توننا سېمونت، 9 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 122 توننا ئاق ھاراق، 15.6 كىلوگرام ئالتۇن، 2121.7 توننا ئۇن، 20 توننا سۇ يېغى، 167.1 توننا يەم - خەشەك، 7950 قۇر ھەر خىل كىيىم - كېچەك، 1953 جۈپ خۇرۇم پەلەي، 2570 ئاق قەلەي بۇيۇم، 233 دانە ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، 159 مىڭ 39 قەغەز سېمونت خالتىسى، 894 يوپۇق، 725 خۇرۇم كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرۇلغان تۈرلەر مۇنۇلار: 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پوچتا - تېلېگراف بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى؛ 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى؛ 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2 - يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى. تۈراقلىق مۈلۈككە 20 مىليون 272 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى (ئىچكى ئۆلكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 16 بولۇپ، ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 62.5% كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى (ئىچكى - تاشقى يۈك توشۇش) 7 مىليون 230 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 800 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 573 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 581 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 6 مىليون 722 مىڭ 200 يۈەن بولدى؛ 3 مىليون يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى. 57 توختامنامە ئىمزالاندى، توختام ئومۇمىي سوممىسى 57 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 30 توختامنامە نەقلەشتۈرۈلدى، ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 52.6% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 تۈركۈمدە قېتىم سانى بويىچە 384 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك توختامنامىسىدىن يەتتىسى ئىمزالاندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 268 مىڭ 800 يۈەنگە، ئېرىشكەن ساپ پايدا 57 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 960 مىڭ يۈەنلىك تاۋار ئېكسپورت قىلىنىپ، 47 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 625 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 7693 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىليون 731 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى توققۇز كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا خادىمى 1613. ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 6541 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4009)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 4795 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3361)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 724 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 546). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بەش يېزىلىق شىپاخانا، بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، 167 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 133)؛ 93 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جىمنەي ئېغىزى مال مەيدانى (كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر) پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت شۆيۈەنى تەرەققىيات مەركىزى قاتارلىق بەش شىركەت بىرلىكتە 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، يىلىغا 1500 توننا ۋودكا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

جۇ لىڭ

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئورۇنبېك ئابۇش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خې جېندۇڭ، تىلەۋباي مەۋىت (قازاق)، ئورمانبېك لىماش (قازاق)، ۋۇچاڭشەي.

ھاكىمى: ئىبلامقان ئابلاق (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى شياۋشېڭ، بازان قومار (قازاق)، دەي جيەنشىن، جاڭ يۇسۇ (ئايال)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ مىڭتەي.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئەبىلمەجىن (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماجى (خۇيزۇ)، ۋاڭ خۇڭ، قاجەكبەر قوڭىر (قازاق)، مەنسۇر ۋاققاس (قازاق)، خەبىبە جاپەن (ئايال، قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئۆمۈربېك قويچىقارا (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: تىلەۋقان ماۋلېتقان (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 181 مىليون 179 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 146 مىليون 738مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %5.48 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت باج كىرىمى 5 مىليون 550 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىم 26 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە (1 -، 2 - دېھقانچىلىق مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 91 مىليون 420 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 78 مىليون 159 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.79 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 950 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. 4130 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 13 مىڭ 898 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 660 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 890 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 2370 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 83 مىڭ 846 توننا قىزىلچا ئېلىندى. ھەر خىل چارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش مىقدارى 483 مىڭ 100 تۇياققا يەتتى، يىل ئاخىرىدا 321 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3360 توننا گۆش، 407 توننا قوي يۇڭى، 30 توننا چۈپۈر، 6416 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 2782 توننا كالا سۈتى، 132 توننا قوي سۈتى، 5598 پارچە كالا تېرىسى، 54 مىڭ 421 پارچە قوي تېرىسى، 10 مىڭ 921 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 37 توننا تۆگە يۇڭى، 431 توننا تۇخۇم ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 320 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 2162 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 830 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتتۇرا لىنىيىلىك غول ئۆستەڭ 38 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېپىلدى، %89 تاش، %98 توپا قېزىلدى، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەرنىڭ ھەممىسى پۈتتى. قارامغاي يېزىسىنىڭ شىمالىي غول ئۆستىڭى، جەتئارا يېزىسىنىڭ سۇ سىڭەس ئۆستىڭى، ئاردا يېزىسىنىڭ زەيكىشى، شىيغانجىيىدە يېزىسىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭى قاتارلىق ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 78 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 35 مىليون 753 مىڭ 700 يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون 681 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (بىۋاسىتە، قاراشلىق) 78 مىليون 821 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 75 مىليون 124 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.02 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 6 مىليون 632 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 48 مىڭ 120 توننا كۆمۈر، 1500 توننا تۇز، 81.25 كىلوگرام ئالتۇن، 16 مىليون 650 مىڭ دانە خىش، 41 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 90 توننا يۇمىلاق پولات، 3745.9 توننا ئۇن، 12 مىڭ 966 توننا ئاق شېكەر، 69.54 توننا گلۇتامىن كىسلاتاسى، 3733 توننا ئارزالىڭ، 118.89 توننا بېلىق كونسېرۋاسى، 9303 قۇر كىيىم - كېچەك (خۇرۇم كىيىم - كېچەك 9023 قۇر)، 11 مىڭ 31 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇرۇلتوقاي شېكەر زاۋۇتى مۇشۇ بىر يىلدا 91 مىڭ 307 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىپ، 33 مىليون 327 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 55 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 38 مىليون 460 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش قىلمىۋاتقان پاكى

يۈتكەن تۈرلەر مۇنۇلار: بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك فارفور بۇيۇملار زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ پولات پروكاتلاش سېخى، تۇز مەيدانىنىڭ كېڭەيتىلگەن تالاسى زاۋۇتى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن تالاسى زاۋۇتى، ئالتۇن ئىدارىسىنىڭ گرانىت تاش زاۋۇتى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ توڭلىتىش ئامبىرى، باج ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ئالتۇن شىركىتى بىرلىشىپ قۇرغان خىش زاۋۇتى، 2-ئوتتۇرا مەكتەپ دورا زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ كۆپتۈرمە سولىياۋ زاۋۇتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى ئالتە، سوممىسى 3 مىليون 522 مىڭ 300 يۈەن. ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن كىيىم - كېچەك، ئاق شېكەر قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن يىلىغا 350 مىڭ يۈەنلىك تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىدۇ. ناھىيە بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 159 مىڭ 600 تونناغا، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 24 مىليون 289 مىڭ 500 توننا/كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى مىقدارى 121 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 596 مىڭ 400 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 68 ئابونىتچىغا ئىگە سىمسىز چاقىرىشقو كەسپى يولغا قويۇلدى، تېز سۈرئەتلىك فوتو تېلېگراف ئاپپاراتلىرىدىن سەككىزى، 1000 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفوننىڭ ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 821 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 84 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 100 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا يۈتتۈشۈلگەن سومما 4 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 85.903 يۈەن (دېھقانلارنىڭ 1011.38 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 787.41 يۈەن) گە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 57 مىليون 494 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 176 ئائىلە، 872 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مۇشۇ بىر يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 211 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1785 كەسپىي تېخنىكا خادىم بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىم 880. ناھىيىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار كىشى ئون، ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار كىشى 195. 10-ئايدا بۇرۇلتوقاي دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىكى ئالىي ئاگرونوم ئالڭ داۋتۇڭ، شېكەر زاۋۇتىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى شۈيۈجۈنلەر ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالى بولۇپ باھالاندى. ناھىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 2558 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1194)، باشلانغۇچ مەكتەپ 38 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 7738 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4241)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 368 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 175)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 771 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 476). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توققۇز تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 237 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 137 كېسەل كارىۋىتى بار. 1993-يىلى ناھىيىلىك ياشلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەملىكەت بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى چياۋخۇڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە، شەخسلەرنىڭ يەككە تۈرى بويىچە ئىككى ئالتۇن مېدال ئالدى؛ جالبېك 71 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىشتا 3-بولدى؛ كەنجىبېك 82 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىشتا 3-بولدى.

☆ 5-ئاينىڭ 12-كۈنى ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق ساناەت قۇرۇلۇش تۈرى — بۇرۇلتوقاي پولات پروكاتلاش زاۋۇتى پۈتتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1-قارارلىق قۇرۇلۇشقا 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ زاۋۇت يىلىغا ھەر خىل ئۆلچەملىك ماتېرىيالدىن 5000 توننا ئىشلەپچىقىرىدۇ.

☆ 7-ئاينىڭ 15-كۈنى 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇرۇلتوقاي شېكەر زاۋۇتىنىڭ گلۇتامىن كىسلاتاسى سېخى پۈتتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ سېخ يىلىغا 6500 توننا يارامسىز شىرنىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، 1000 توننا گلۇتامىن كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

كې شىنرۇڭ

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇماقان ئۇرىنقباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

قاباقاي ساغىد (قازاق)، لى جىۋېن، رامازان ئىسا (قازاق)، جۇلڭ فۇجىياڭ.

ھاكىمى: تۆلەۋقان زەينوللا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى گوبۇېن، مەنتەن زەينېل (قازاق)، يالڭ يۇزېڭ، رىشتىبېك كۆكمە (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ليۇشياۋجياڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۈرتباي ماناڭ (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جياڭ شۇمىي، مازان ئىمانغازى (قازاق)، قىيزات قىينايىتبېك (قازاق)، جۇ زېڭتۇڭ، مالىك جېتغالى (قازاق)، قۇرچىلا قامېت (ئايال، قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جىغاناي جەكەي (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قاپاش ساغىدوللا (قازاق).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليون 331 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %16.10 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 17 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 33 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 200 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 204 مىڭ 750 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىڭ 126 توننا ئاشلىق، 34 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 1770 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش مىقدارى 790 مىڭ 200 تۇياققا يەتتى؛ يىل ئاخىرىدا 502 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى %58.03، تاۋارلىنىش نىسبىتى %15.33 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 7261 توننا گۆش، 17.13 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 59 توننا تۆگە يۇڭى، 222 مىڭ 200 پارچە قوي تېرىسى، 12 مىڭ 800 پارچە كالا تېرىسى، 6472 توننا سۈت ئېلىندى، 27 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 747 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 71.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قول زەيكەش، ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تارماق زەيكەش چېپىلدى، 52 ئىنشائات ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 48 مىليون 868 مىڭ 700 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 876 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىگە قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىليون 6700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %51.20 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 700 توننا كۆمۈر، 30 مىڭ 65 توننا سېمونت، 426.58 كىلوگرام ئالتۇن، 4619 توننا ئۇن، 9414 قۇر خۇرۇم كىيىم - كېچەك، 13 مىڭ450 كارات زەڭگەر ياقۇت ئۈزۈك كۆزى، 49 مىڭ800 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات دېرىزە، 64 مىڭ456 كۋادرات مېتىر يېنىك خۇرۇم، 33 توننا نەپىس قەلەي، 833 مىڭ300 مېتىر توقۇلما تاغار ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى2مىليون500مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك مىقدارى 226 مىڭ 18 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 120 مىليون 211 مىڭ 400 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، ئاپتوماتىك تېلېفوننىڭ ئومۇمىي سىغىمى 1000 توچكىغا يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 2 مىليون 976 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا چېگرا سودىسىدىكى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 171 مىڭ 200 يۈەنگە، ئېرىشىلگەن ساپ پايدا 574 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 852.51 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 11 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 33 مىليون 113 مىڭ 600 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۆتۈپ تۇرغان 670 كىشى (342 سى ئاز سانلىق مىللەت خادىمى) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 158 ئائىلە (137 ئائىلىلىك دېھقان، 21 ئائىلىلىك چارۋىچى) نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 46 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 173 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 1535 تەبىئىي پەن تېخنىكا خادىمى، 991 ئىجتىمائىي پەن تېخنىكا

خادىمى بار. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 2019 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1452)، ئوقۇتقۇچى 266 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 172)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 301 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9152)، ئوقۇتقۇچىسى 575 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 433). شىفەن مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 214. يەسلى بىر، يەسلىگە كىرگەن بالا 140؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىغا كىرگەن بالا 270؛ مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ناھىيە بويىچە 21 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 214 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 160 يېزا - كەنت دوختۇرى، 220 كېسەل كارىۋىتى بار. كۆكتوقاي ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئىككى ئالتۇن مېدالغا، بىر كۈمۈش مېدالغا، بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى.

كا فېي
جاڭ مىڭمۇ

# چىڭگىل ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: دارىنقان مۇبارەك (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇللا، لۇياۋجۇن، لى فۇرۇڭ، زورقوجا قاشاۋ (قازاق).

ھاكىمى: كېرمان بولاتقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چياۋ چىچياڭ، قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق)، چېن جۇڭيۇ، ناۋان جارجار (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لى يۈتەي.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بايدۇللا ئىرىسقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: قۇرمانبېك زەيتىنغازى (قازاق)، لۇشاۋلى، باقىت قۇمارقان (قازاق)، لۇسۇيۈن (ئايال).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماۋلىت ئىجبېك (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قاجىمۇرات تېكبىباي (قازاق).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 77 مىليون 411 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.8% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 2 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 22 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 619 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.55% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر، 11 مىليون 892 مىڭ مو بوز يەر، 120 مىڭ مو ئىچىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىڭ 500 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 80 مىڭ مو يەرگە يازغى بۇغداي تېرىلىپ، 18 مىڭ 300 توننا بۇغداي ئېلىندى. 1210 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 342مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. ئېتىز- ئېرىق، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 17 مىليون 487 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 83 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 38.12% ئاشتى. مۇشۇ يىلى قۇرۇلغان كۆكساي ئالتۇن كېنى يىل ئاخىرىغىچە 1129 سەر ساپ ئالتۇن ئىشلەپچىقاردى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 3 مىليون 950 مىڭ كىلوۋات/سائەت توك، 26 مىڭ 46 توننا كۆمۈر، 6456 توننا سېمونت، 11 مىڭ 105 توننا ئوتۇن، 5970 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 5 مىليون 800 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە چېگرا سودىسىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون 208 مىڭ 800 يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا 1 مىليون 87 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 10 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 30 مىڭ 282 ئادەم (قېتىم) گە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 729 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 630 مىڭ 324 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 36 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3

مىليون 120 مىڭ يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 690.88 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 4771 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىليون 736 مىڭ 100 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 28 مىليون يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1355 ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار (ئوقۇتقۇچى 612). بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 210 (ئوقۇتقۇچى 140). ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 2817 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1846)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 8928 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7369)، جەمئىي 720 ئوقۇتقۇچى (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 480) بار. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ناھىيە بويىچە بىر دوختۇرخانا، بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بىر ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، بەش يېزىلىق شىپاخانا، تۆت شەخسىي ئامبۇلاتورىيە، 180 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 130 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە 6 مىليون 355 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىلىپ، تايكېشكېن ئېغىزىدا كۆلىمى 12 مىڭ 12 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئېغىز سودا بازىرى كوچىسى ياسالدى.

☆ 12 - ئايدا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2040 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قاتناش - ترانسپورت بىناسى پۈتتى ھەمدە ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ليۇ چۈەنشياڭ

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بادما (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شى يۈشى، رەھمىتۇللا ئەمەت، كەنجىبېك (قازاق)، مۇچېنلىڭ.

ئوبلاست باشلىقى: ۋۇلىدې (موڭغۇل)، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: گوچىلىيۇ، جاڭ رېنجيې، سەرە (موڭغۇل)، شامىل (قازاق)، لېتىپ ئىمىن.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ پېيبىن (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: خې چىماۋ، مەھەممەت روزى، ئې. دورجى (موڭغۇل)، ئۇ. كۆك (موڭغۇل)، مەھەممەتقارى تۇردى، ياڭ پېيسې (ئايال).

ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: دەرىمە (موڭغۇل).

ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: گوبىڭچېڭ.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنى شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 879 مىليون 135 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 685 مىليون 219 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 60 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 143 مىليون430 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 463 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 363 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.91% ئاشتى. ئوبلاست بويىچە 894 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 15 مىڭ 600 مو بوز يەر ئېچىلدى، 30 مىڭ مو ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. ئوبلاست بويىچە 908 مىڭ 400 مو يەرگە زىرائەت تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 418 مىڭ 700 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 122 مىڭ 700 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 254 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 19 مىڭ 200 توننا پاختا ئېلىندى، 114 مىڭ 500 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 14 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 12 مىڭ 800 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 36 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى. 10 مىڭ مو يەردە ئورمان (ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى) بەرپا قىلىندى، 637 مىڭ 200 تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى، 971.6 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 25 مىڭ 673.5 مو يەرگە ئىقتىسادىي ئورمان تىكىلدى؟ بۇنىڭ ئىچىدە 3267.5 مو يەردىكىسى مېۋىلىك دەرەخ، 22 مىڭ 406 مو يەردىكىسى

ئالقات. تاغلىق رايوننىڭ 1007 مو يەردىكى ئورمىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېڭىلاندى، 4944 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 874 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىلارنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %7.49، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %5.35 بولدى. 8468 توننا گۆش، 1761 توننا قوي يۇڭى، 11 مىڭ 998 توننا كالا ۋە قوي-ئۆچكە سۈتى، 332 مىڭ 900 پارچە ھەر خىل تېرە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 474 مىڭ 500 ئۆي قۇشى قالدى. 1700 توننا تۇخۇم ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 19 مىڭ مو يەردە سۈنئىي ئوتلاق بازىسى بەرپا قىلىندى، 15 مىڭ مو يەردىكى ئوتلاق قاشالاندى، 15 مىڭ مو يەرگە ئايروپىلاندا ئوت-چۆپ ئۇرۇقى چېچىلدى. ئوبلاست بويىچە 128 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى، 1524 مەزمۇت قوتان بار، 1429 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى ياكى يېرىم ئولتۇراقلاشتى (مۇشۇ يىلى 34 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى)، 1194.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋا يولى ياسالدى، 768.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋىچىلىق رايونىغا سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىلدى، 149 مىڭ 700 مو ئوتلاق قاشالاندى، 44 مال سۇغىرىش كۆلچىكى چېپىلدى، 116 كۆۋرۈك سېلىندى، 71 دورا كۆلچىكى، 51 چارۋا سۇغىرىدىغان قۇدۇق قېزىلدى. ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 183 مىڭ 600 كىلوۋاتقا، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %95كە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 20 مىليون 90 مىڭ ئۆلچەملىك موغا، ئومۇمىي كىرىمى 47 مىليون 868 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 555 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 210.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ياسالدى؛ 1526.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇغىرىش-سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى، 98 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 14ى ياسىلىپ، 23 مىڭ 500 ئادەم ۋە 41 مىڭ تۇياق چارۋا مالنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 62 توننا چوڭ ئۆلچەملىك نەسىللىك بېلىق بېقىلدى، 740 مىڭ ئېسىل نەسىللىك بېلىقچان كىرگۈزۈلۈپ، 14 مىليون 505 مىڭ بېلىقچان كۆپەيتىلدى، 459.4 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «مول ھوسۇل» پىلانى 429 مىڭ 700 مو يەردە ئەمەلىيلەشتى، مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 685 مىڭ 800 يۈەن ئاشۇرۇلدى، ئاشۇرۇلغان ساپ پايدا 13 مىليون 440 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا 13 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مەدەت بېرىلدى. ئالتە پەن-تېخنىكا ئۈلگە كۆرسىتىش بېزىسى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر، ئوبلاست دەرىجىلىكى بىر، يېزا دەرىجىلىكى تۆت) قۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ قولىدىكى 22 مىليون يۈەندىن كۆپرەك «ئاق مۇجەمەت» نەقلەشتۈرۈلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىگە ئالاقىدار 68 تۈر ئېنىقلاندى ۋە بىكار قىلىندى. ئوبلاست بويىچە يېزا-بازار كارخانىسى 4561 گە، خادىمى 15 مىڭ 676 گە يەتتى؛ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 195 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 197 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى دېھقانلار 12 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 101 تۈرنى يولغا قويدى.

ئوبلاست بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 440 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 390 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 83 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 26 مىڭ 680 توننا سېمونت، 25 مىڭ 800 توننا تۇز، 133 مىليون 700 مىڭ دانە خىش، 5059 كۇب مېتىر ئەن ياغاچ، 202 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 19 مىڭ 597 توننا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 187 توننا سۈت پاراشوكى، 905 توننا ئاق ھاراق، 13 مىڭ 604 توننا ئاق شېكەر، 1384 توننا ئىسپىرت، 9322 توننا ئۇن، 6240 توننا سۇ يېغى، 4875 توننا يەم-بوغۇز، 7545 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 402 كۋادرات مېتىر گىلەم، 2861 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن ئالتىسى ئورۇنلاندى، تۆت تۈر قۇرۇلۇۋاتىدۇ، بۇلارغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 40 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 16، ئوبلاست دەرىجىلىكى 18، ئالقان-سۇزاپ ئىچىملىكى 1993-يىللىق پاتېنت تېخنىكىسى يېڭى مەھسۇلاتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 310 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئالتە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. جىڭ ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2-نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلدى ھەم تورلار بويىچە توك تارقىتىلدى؛ بورتالا شەھەرلىك مەركىزىي ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ توك بېسىمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئارشاڭ ناھىيىسى چاغانتوغى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈنلەي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 6000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، 42 كارخانا تاشقى ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويدى، 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 80 نەچچە ئىقتىساسلىق

خادىم كىرگۈزدى. ئوبلاستتىكى 109 سانائەت - قاتناش، سودا كارخانىسى پايدىنى 12 مىليون 289 مىڭ 800 يۈەنگە يەتكۈزدى، 15 كارخانىدا پاي چېكى ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەستىقلاندى، 32 كارخانىدا «دۆلەت ئىلكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش» ۋە «ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدە بولۇش، تۈرلۈك يوللار بىلەن باشقۇرۇش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تور - نۇقتا 284 كە يەتتى. 1993 - يىلى بورتالا ئوبلاستلىق شېكەر زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 834 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، 13 مىڭ 603.8 توننا شېكەر، 1383.9 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى. كان ئېچىشمۇ تەكشۈرۈش باسقۇچىدىن قېزىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى لاما ئۈسۈن مىس كېنى ۋە زۇلخۇن ۋولفىرام كېنى ئىشقا چۈشتى؛ بورتالا شەھىرىدىكى گىرانت تاش كېنى، ئاقساي ئالتۇن كېنى ئىش باشلاش باسقۇچىغا قەدەم قويدى؛ جىڭ ناھىيىسىدىكى قاراتاغ ئالتۇن كېنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 560 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 140 مىليون توننا/كىلومېترغا يەتتى. توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 920 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 345 مىليون ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 798 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ئاپپاراتىنىڭ سىغىمچانلىقى 4980 توچكىغا، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونچىسى 379غا يەتتى. تاشقى سودا ئېكسپورتى بويىچە يەتكۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 43 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىقتىساد - سودا كارخانىلىرى ئىمزالىغان توختامدىكى سومما جەمئىي 220 مىليون شۋېتسارىيە فرانكىغا يەتتى. توختامنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 46.81% بولدى. ئاق شېكەر ئېكسپورت قىلىشتىن قەدەممۇ قەدەم ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، دورا - دەرمان، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، يېمەكلىك، هاراق، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىشقا كېڭەيدى. چېگرا سودا تىجارەت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كارخانىدىن يەتتىسى بار، چېگرا سودا كارخانىسى 700گە يەتتى، چېگرا سىرتىدىكى كارخانا 27، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى ئۈچ؛ 150 تىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىرىلدى؛ ئالتە دۆلەت ۋە رايون بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى ئورنىتىلدى.

ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىدا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 580 مىليون يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 680 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ سودا سىستېمىسىدا پارچە سېتىش تور - نۇقتىسى 295 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بازار قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 38 بازار قۇرۇلدى، بۇ بازارلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 41 مىڭ 540 كۋادرات مېتىر، يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى 53 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەتچى 8297، كەسپىي خادىمى 12 مىڭ 303، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 70 مىليون 360 مىڭ يۈەن؛ خۇسۇسىي كارخانا 86. كارخانا خادىمى 1304، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 20 مىليون 950 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن جەمئىي 5300 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 350 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىندى. مەملىكىتىمىز يۇقىرىلىرىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىشقا 310 ئادەم (قېتىم) تەشكىللەندى.

ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 13، پەن - تېخنىكا كارخانىسى بەش بولۇپ، تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 9587 سى خىزمەت قىلىدۇ. ئارشاڭ ناھىيىسى قاتناشتۇرغان «ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ياخشىلاش» ناملىق ئەسەر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «ئارشاڭ ناھىيىسى ھايۋانات كېسەللىكلىرى تەزكىرىسى» ۋە «داخىيەنزە پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى» ناملىق ئەسەرلەر مورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاستتىكى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 175 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 76)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم تۆت، ئوقۇغۇچىسى 1054 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 185)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 976 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 226)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 40 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 668 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6891)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 142 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 29)، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 36 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 862). بالىلار باغچىسى 26، باغچىدىكى بالا 4531 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 1038). ئوبلاست بويىچە ئوقۇتقۇچى 1620 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 786). 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوبلاستلىق ياشانغانلار داشۆسى قۇرۇلۇپ، 103 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايون تۈرلۈك مائارىپ ئىشلىرىغا

1 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغىنى 930 مىڭ يۈەن، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغىنى 100 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ئوبلاستلىق مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئوبلاست بويىچە 185 مەكتەپ ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇتۇشتىن 2 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. 9 - ئايدا ئوبلاستقا قاراشلىق ئالتە مەكتەپ ۋە بىر باللار باغچىسى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئون ئەسەردىن ئىككىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە 32 مەدەنىيەت ئۆيى بار. شۇ يىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ 900 كۋادرات مېترلىق رېپېتىس زالى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «چوپاننىڭ چۈشى» 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل — «مۇزىكىغا مۇھەببەت» ئاھاڭ تۈزگۈچى ۋە رېژىسسوردىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. جىن خۇا مەملىكەتلىك ياش ناخشىچىلار مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %61.7كە، رادىئو بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %91كە يەتتى. ئوبلاستنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئون ئالتۇن مېدال، ئون كۈمۈش مېدال، ئالتە مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ئوبلاست ۋەكىللىرى كوماندىسى كوللېكتىپ 2 - لىككە ئېرىشتى. بىر كىشى بىر تۈردە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوبلاست بويىچە 81 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 31 خۇسۇسلار ئاچقان ئامبۇلاتورىيە، 2191 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 849 كېسەل كارىۋىتى بار. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ سېتىۋېلىنغان CT ئاپپاراتى ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدا ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 933 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 47 مىڭ 457 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 124 مىليون 519 مىڭ 600 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. مۇشۇ يىلى 2522 ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىم، 293 كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن خادىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 930 مىليون يۈەنگە يەتتى، 10 مىليون 77 مىڭ 900 يۈەنلىك دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىلدى. ئوبلاست بويىچە سۇغۇرتا كىرىمى 7 مىليون 808 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2098 تۈرلۈك سۇغۇرتا ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىندى، 3 مىليون 554 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ يىلى 275 ئائىلىدىكى 1491 كىشى يۆلەندى، 128 ئائىلىدىكى 693 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 288 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ئوبلاست بويىچە (يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 6000 ئائىلىلىك ھۆكۈمەت ئۆيى سېتىلىپ، 58 مىليون 734 مىڭ يۈەنلىك تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغى قايتۇرۇۋېلىندى.

1993 - يىلى ئوبلاست (يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.33، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.34، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.89 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 354 مىڭ 113كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10 مىڭ 693 كىشى، يەنى %3.11 كۆپەيدى. ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە موڭغۇل 25 مىڭ 403 بولۇپ، 502 كىشى كۆپەيدى؛ خەنزۇ 228 مىڭ 339 بولۇپ، 8020 كىشى كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 48 مىڭ 386 بولۇپ، 968 كىشى كۆپەيدى؛ قازاق 37 مىڭ 440 بولۇپ، 1341 كىشى كۆپەيدى؛ باشقا مىللەت ئاھالىسى 14 مىڭ 545 بولۇپ، 138 كىشى ئازايدى.

☆ 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزى بىلەن دىرۇژبا ئارىلىقىدا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى قاتنىدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق توپلىغان 10 مىليون يۈەن مەبلەغ بىلەن 40 مىڭ كۋادرات مېترغا يېقىن دائىرىنى ئىگىلىگەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى چېگرا ئاھالىلىرى سودا بازىرى پۈتتۈرۈلدى. بۇ بازاردا 2000 يايما ئورۇن تەسىس قىلىندى؛ بازارغا 20 مىڭ ئادەم سىغىدۇ.

☆ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوبلاستنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى تاشيول ترانسپورتىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسى (8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4530 كۋادرات مېتىر) ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، رەسمىي مال ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

لو ۋېنلى

# بورتالا شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئەمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ پىنەي، نوقاي جۇماقان (قازاق)، جاڭ شىنمىن، بېلىك دالاي باسما (موڭغۇل).

شەھەر باشلىقى: چىندېل (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جاڭ ۋېي، ۋاڭ تاۋ، جاپپار ئېسجان (قازاق)، قاسىمجان ئۆمەرجان؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: ۋاڭ لىپىڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جارقىنباي قاجىبالا (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لىن لىي (1992 - يىلى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابدۇرېشىت قۇربان، چولۇمبات (موڭغۇل)، ئابلىز قارى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سېمەن رازىق (ئۆزبېك).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ھاجى ھېيتاخۇن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى بورتالا شەھىرىگە قاراشلىق رايونلارنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 507 مىليون 500 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 390مىليون 890مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %19.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىكىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 446 مىليون 860 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 339 مىليون 740 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %13.5 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 35 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 48 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون 145 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 145 مىليون 362 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.81 ئاشتى. شەھەر بويىچە 350 مىڭ 100 مو تېرىلغۇ يەر، 610 مىڭ 400 مو بوز يەر، 459 مىڭ 200 مو ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار. 175 مىڭ 692 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 54 مىڭ 704 تونna ئاشلىق ئېلىندى، 118 مىڭ 199 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 8666 تونna پاختا ئېلىندى، 31 مىڭ 450 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 4097 تونna ياغلىق دان ئېلىندى، 4147 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 11 مىڭ 133 تونna قىزىلچا ئېلىندى. 4725 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 332 مىڭ 952 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2980 تونna گۆش، 705 تونna قوي يۇڭى، بەش تونna چۇپۇر، 3698 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 4817 پارچە كالا تېرىسى، 116 مىڭ ئۈچ پارچە قوي تېرىسى، 7350 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 182 تونna سۇ مەھسۇلاتلىرى ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 18 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى ياكى يېرىم ئولتۇراقلاشتى. شەھەر بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 6 مىليون 992 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 46.22 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 287 يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش ياسالدى. بىر ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى، 22.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. 19 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 31 قۇدۇق رېمونت قىلىندى. 546.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى ۋە لېيى تازىلاندى. 6000 مو بوز يەر ئېچىلدى. 6000 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 111 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 109 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون 190 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 166 مىليون 670 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %22.66 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 26 مىڭ 680 تونna سېمونت، 8416 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 73 مىليون 990 مىڭ دانە خىش، 20 مىڭ 185 تونna ھاك، 14 مىڭ 857 تونna پېرلىيىت رۇدا قۇمى، 24 مىڭ 178 كۇب مېتىر كۆپتۈرمە پېرلىيىت، 2 مىليون 960 مىڭ تونna تۇرۇبا سۈيى، 1940 تونna ئۇن، 2002 تونna سۇ يېغى، 178 تونna ئۆگرە چۆپ، 438 تونna يەم - بوغۇز، 2742 تونna ساپ پاختا يىپ، 560 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 31 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 549 تونna سۇلياۋ ياسالما، 380 تونna قەغەز ياسالما، 9354 تونna ساپ پاختا، 1283 تونna قىسقا تىۋىتلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن 47 تۈر قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 91 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 55 تۈر قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا جەمئىي 108 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مۇشۇ يىلى يەتتە

تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 5 مىليون 209 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 275 مىڭ يۈەنگە، باج ۋە پايدا 152 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. توققۇز خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى تۆت، ئوبلاست دەرىجىلىكى بەش، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 118 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە چېگرا سودا شىركىتى 260 (مال ئۆتكۈزگىنى 41) قا، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 120 مىليون يۈەنگە، كەسپىي خادىمى 2000دىن كۆپرەككە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشقى ئىقتىساد بويىچە جەمئىي تۆت توختام تۈزۈلدى، توختام سوممىسى 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. سىرتقا 131 ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى چىقىرىلدى، توختام سوممىسى 786 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. 636 ئىقتىساد - سودا ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 1678 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىلدى. 225 مال سېتىۋالغۇچى ساياھەت قىلىش ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 2553 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا مەملىكىتىمىزدىكى 25 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 205 سودا ئېكسكۇرسىيە ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 1452 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. 18 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە توختامى ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 34 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خېنەن، سىچۈەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ناھىيە، شەھەرلىرى بىلەن ناھىيە، شەھەرلەر ئارا دوستلۇق كېلىشىمىدىن ئالتىسى ئىمزالاندى، ئۇلارنىڭ ئۈچ ناھىيە، شەھىرى بورتالا شەھىرىدە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە ئىقتىساد سودا كۆزنىكى تەسىس قىلدى.

شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 76 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا دۆلەت يولى، 48 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆلكە يولى، 135 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ناھىيە - يېزا يولى، 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلىش تاشيولى بار. شەھەر بويىچە توشۇلغان يۈك مىقدارى 340 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 105 مىليون توننا / كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 953 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 202 مىليون ئادەم/ كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 560 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. شەھەر تېلېفونى ئابونچىسى 1983 (پروگراممىلىق تېلېفون ئابونچىسى 1053) كە يەتتى، 78 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى (ئاپتوماتىك تېلېفون لىنىيىسى 44) ئېچىلدى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 205 مىليون 380 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 23 مىليون 420 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك بازارلىرىدىكى پۈتۈشۈلگەن سومما 39 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 15 سودا بازىرى قۇرۇلدى، بۇ بازارلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 214 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭغا جەمئىي 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 640 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 893 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 439 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 30 مىليون 756 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 19.9 كۋادرات مېتىرغا، شۇ يىلى سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 29 مىڭ 580.34 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 241 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، جىسمانىي سۇغۇرتا قاتارلىق 30 خىلدىن كۆپرەك سۇغۇرتا يولغا قويۇلدى، شەھەرگە قاراشلىق رايونلار (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 708مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ھەر خىل تۆلەم ئەنزىسىدىن 1637سى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 2 مىليون 734مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ يۇقىرىغا 143مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. بورتالا شەھىرى — خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان يېزىلاردا ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى، يىل ئاخىرىغىچە ئۆتبۇلاق يېزىسىدىن 642 كىشى بۇ سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ، 81 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى ئالدى. شەھەر بويىچە ئۇزۇن مۇددەتكىچە نامرات ھالەتتە تۇرغان ئائىلە 315 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئۇلار تۆلەيدىغان 114 مىڭ 200 يۈەن خىراجەت ئازايتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى 584 كۈن خالىسانە ياردەم قىلدى. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ھەل قىلغان تۈرلۈك خىراجەتلەرنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 23 مىڭ 600 يۈەن بولدى. نامراتلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن قويىنى ھۆددىگە ئېلىشتىن 23 مىڭ 600 يۈەن قايتۇرۇۋېلىنىپ، ھەممىسى نامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش فوندىغا كىرگۈزۈلدى. 11 پاراۋانلىق كارخانىسى بار بولۇپ، شۇ يىلى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، پايدا 146 مىڭ يۈەنگە، باج 91 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى يېزا

ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش بويىچە 17 تۈرلۈك تەجرىبە، ئۈلگە كۆرسىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 16 مىليون 74 مىڭ 400 يۈەن ئىقتىسادىي كىرىم قىلدى. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئۈچ)، ئوقۇغۇچىسى 8945 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3583)، ئوقۇتقۇچىسى 691 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 355)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 19، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 784 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9295)، ئوقۇتقۇچىسى 1175 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 810)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 481 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 182)، ئوقۇتقۇچىسى 20. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شياۋيىڭپەن بازىرىدا جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ 40 كۋادرات مېترلىق رېپېتىس زالى ۋە بەش كەنت مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە توققۇز داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 320 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 175 كېسەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە بورتالا شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى تۆت ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، ئىككى مىس مېدال ئالدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 11 شەھەر يولى (كۆلىمى 4420 كۋادرات مېتر) رېمونت قىلىندى، 4987 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يوندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 5328 مېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن يىللىق سۇ يەتكۈزۈش مىقدارى 2 مىليون 400 مىڭ كۇپ مېترغا، كۈندىلىك سۇ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 14 مىڭ توننىغا، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %92.27كە يەتتى. شەھەر رايونلىرى (يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسى بۇنىڭ سىرتىدا) دا 37 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن توك 17 مىليون 611 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت. شەھەر بويىچە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلىنىدىغان 5100 ئائىلە بار بولۇپ، گاز بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتى %58.5 بولدى. شەھەر رايونلىرىغا 14 مىڭ 867 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 30 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك گۈل كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى، 2000 تاشتەكتىن كۆپرەك گۈل ئۆستۈرۈلدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆكەرتىش كۆلىمى 4.8 كۋادرات مېترغا يەتتى. ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 1.5 ئاممىۋى قاتناش ماشىنىسى، كىشى بېشىغا 13.4 كۋادرات مېتردىن يول توغرا كەلدى. كەڭلىكى ئالتە مېتر، ئېگىزلىكى سەككىز مېتر كېلىدىغان كۆپ ئوبراز يارىتىلغان «قارشى ئېلىش مۇزىكىسى» ناملىق ھەيكەلدىن بىرى، ئېگىزلىكى 25 مېتر كېلىدىغان، چىقىرىپ ـ چۈشۈرۈشكە بولىدىغان، چەمبىرەكسىمان رەڭدار چىراقتىن بىرى ئورنىتىلدى، بۇلارغا جەمئىي 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

☆5 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈنى سائەت يەتتە ئەتراپىدا ۋۇتەي— ئارشاڭ تاشيولىدا ئالاھىدە ئېغىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، توققۇز ئادەم ئۆلدى، يەتتە ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

☆ 9 ـ ئايدا «بورتالا شەھىرى تەزكىرىسى» مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

تۇنجى نۆۋەتلىك «سايرامدا ياز» سەيلىسى ئۆتكۈزۈلدى

1993 ـيىل 6 ـئاينىڭ22 ـ كۈندىن8 ـ ئاينىڭ20 ـ كۈنىگىچە بورتالا شەھىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى بىرلىكتە سايرام كۆلى بويىدا تۇنجى نۆۋەتلىك «سايرامدا ياز» سەيلىسى ئۆتكۈزدى. «سايرامدا ياز» سەيلىسى ئەنئەنىلىك سىرىق چېچەك سەيلىسى بىلەن باشلاندى، ئەنئەنىۋى «نادام» بايرىمى سەيلىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى. سەيلە داۋامىدا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت سەيلىسى (بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوغلاش قاتارلىق)، كونا قائىدە ـ يوسۇن سەيلىسى (قېيىق ھەيدەش، قارماق تاشلاش، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش قاتارلىق)، ئالاھىدە سەيلە (قارلىق تاغقا چىقىش، تاغ ئارىلاپ يۈگۈرەش، كۆلنى ئاتلىق ئايلىنىش قاتارلىق) ئۆتكۈزۈلدى. 1 ـ تۈركۈمدە 2 مىليون 798 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىغا تەشۋىقات تاختايلىرى بېكىتىلدى، ھەر قايسى ساياھەت نۇقتىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاشيوللار رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە 150 كىشىلىك ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئوتلاق مېھمانخانىسى سېلىندى. سەيلە داۋامىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 255 ئۆمەكتە گۇرۇپپىدىكى 2553 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، چەت ئەلدىن كەلگەن 56 ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 613 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، سىرتقا 325 ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 800 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى. سەيلىگە، ئاساسلىقى، ياپونىيە، ئامېرىكا، سىنگاپور، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن كەلگەن مېھمانلار ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار قاتناشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە «سايرامدا ياز» سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكىتىمىز ساياھەتچىلىرى ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى ساياھەت ۋە دەم ئېلىش سورۇنى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

جاڭ جۇڭشيۇ

# جىڭ ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نىيەي جاۋا (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ خۇيشىڭ، باۋ ۋىدۇن، مۇمىناخۇن، ۋاڭ زۇڭخۇڭ، مۇقان ياسباي (قازاق).

ھاكىمى: ماغاۋ سېيتقامزە (قازاق)، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چېن چاڭلۇڭ، ئەركىن ئابدۇقادىر (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇچاڭشۈن، بالدىن باينكېشىك (موڭغۇل)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: فېڭ خۇي.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رەھمىتۇللا ھۇسەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى شېڭشياۋ، د. شامبىر (موڭغۇل)، قادان ئەكبەر (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەركىن ئابدۇقادىر (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ جيەنخۇا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 208 مىليون 602 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 156 مىليون 631 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 136 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 2.8% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 15 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 173 مىليون 878 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 130 مىليون 388 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 624 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، 43 مىڭ 333 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى. 3810 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى تېرىلىپ، 23 مىڭ 216 توننا ئاشلىق (1220 توننا شال، 7746 توننا بۇغداي، 14 مىڭ 250 توننا كۆممە قوناق) ئېلىندى، ئۇن گېكتار يەرگە سېرىق ماش تېرىلىپ (قۇر ئارىلىرىغا تېرىلغىنى بۇنىڭ سىرتىدا)، 988 توننا سېرىق پۇرچاق ئېلىندى، 570 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 523 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 9050 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 10 مىڭ 496 توننا پاختا ئېلىندى، 3760 گېكتار يەرگە ئالقات تېرىلىپ، 3031.07 توننا ئالقات ئېلىندى. 147.47 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 11 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 130 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 207 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قالدى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان كۆلەم 313.3 گېكتار بولۇپ، 263 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2202.27 توننا گۆش، 2479 توننا سۈت، 363 توننا قوي يۇڭى، 63 مىڭ 529 پارچە قوي تېرىسى، 10 مىڭ 28 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. 420 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، 27 توننا ھەسەل ئېلىندى. 114 گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلدى، 477.5 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 349.5 توننا). ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 932 مىڭ 980 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 148 مىڭ 500 كۇب مېتىر تۇپا، 25 مىڭ 700 كۇب مېتىر تاش قېزىلدى. 15 مىڭ 500 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلدى. 410 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 75 ماشىنىلاشقان قۇدۇق (چوڭقۇر قۇدۇق 30، كىچىك ئېغىزلىق قۇدۇق 45) قېزىلدى. 31.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى (9.21 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مەزمۇت توسما) رېمونت قىلىندى؛ 61.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭى چېپىلدى، 44.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قۇدۇقلارغا تارتىلغان يۈرۈشلەشكەن توك يولى رېمونت قىلىندى. دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تۈرى بولغان «يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇھىت تازىلىقى» بويىچە ئۈچ ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئىككى سۇ مۇنارى، ئىككى پومپا ئۆيى ۋە تورۇبا سۇيى زاۋۇتى ياسالدى، 6360 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 6000 ئادەم ۋە 15 مىڭ چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. جەنۇبىي غول ئۆستەڭ 12.6 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى. ناھىيە 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 262 مىليون 375 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 200 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 70 مىليون 914 مىڭ 300 يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 79

مىليون 64 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليون 320 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.4 ئۆرلەپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىليون 926 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2388.35 توننا ئۆن، 2718.76 توننا سۇ يېغى، 10 مىڭ 247.93 توننا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 1311 توننا قىسقا تۈكلۈك پاختا، 25 مىڭ 500 توننا تۇز، 119.67 توننا پاختا يىپ، 134.86 توننا بېرىزېنت، 68 مىليون 700 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. 1993 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلار: چىلاپ ئېلىنغان ياغ (ناھىيىلىك ئۆن - ياغ زاۋۇتى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان)، ئالقات - سۇزاپ ئىچىملىكى (سودا ئىدارىسى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان). مۇشۇ بىر يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە جەمئىي 6 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى بىلەن نېفىت شىركىتى بىرلىكتە 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1700 كۋادرات مېتىرلىق سودا سارايىدىن بىرنى سالدى؛ تودوگ يېزىسى بىلەن جىڭ پويىز ئىستانسىسى بىردىن ماي قاچىلاش پونكىتى سالدى. ناھىيە بويىچە قاتناش - ترانسپورت يولى 653 كىلومېتىر بولۇپ، يۈك ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 310 مىڭ توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 92 مىليون 450 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 453 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 80 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون 100 مىڭ يۈەن. يەككە سودا - سانائەتچى 1638 بولۇپ، خادىمى 2413، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 88 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ خۇسۇسىي كارخانا 11. يېڭىدىن ئون بازار قۇرۇلدى، بۇ بازارلارغا 8 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 6 مىليون 840 مىڭ شىۋېيتسارىيە فرانكىغا يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 55 (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى 1548) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 33 مىليون 663 مىڭ 100 يۈەن (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىلەرگە 3 مىليون 590 مىڭ يۈەن) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 211 مىليون 470 مىڭ يۈەن (يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ 43 مىليون 240 مىڭ يۈەن قالدۇقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. 129 ئائىلە (55 دېھقان ئائىلىسى، 74 چارۋىچى ئائىلىسى) يۆلەندى، 96 ئائىلە 50 دېھقان ئائىلىسى، 46 چارۋىچى ئائىلىسى) نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1094 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى يېزىلاردا 9608 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. ناھىيە بازىرىغا 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۈندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، دۆلەت ئىچى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى 1 مىليون يۈەنگە، ئامانەت سوممىسى (جىسمانىي سۇغۇرتا) 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 503 مىڭ 200 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

«داخىيەنزە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى» بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 6431 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1621)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 11، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 979 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5214)؛ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1666 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 812). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 358 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 35)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 27 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى ئىككى). ناھىيە بويىچە 11 ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 307 كەسپىي تېخنىكا سەھىيە خادىمى؛ 248 كېسەل كارىۋىتى بار شۇ يىلى بەش كەنت مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ۋاڭ جىڭفۇ

# ئارىشاڭ ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاجىقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ شۇفاڭ

(ئاپال)، چۇلتۇم (موڭغۇل)، سۇلاڭ كىچىيالاڭ، ئابدۇراخمان.

ھاكىمى: بايىنغولىن (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋۇۋېنجى، ئاشىم (قازاق)، ليۇيېنمىبي، گۈلانباتۇر (موڭغۇل)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جاڭ ماۋجياڭ.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دېڭ لياڭباۋ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: نىياز چاروپ، دەمىرىنجاپ (موڭغۇل)، تۆلەۋ (قازاق)، لى شىن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: باسىنجاپ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سەي جىنلىن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئارىشاڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 95 مىليون 460 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 90 مىليون 470 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.95% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 21 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 562 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 86 مىليون 957 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.9% تۆۋەنلەپ كەتتى. 43 مىڭ 756.2 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 123.4 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 875.4 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 4569.3 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدىكى 333 مىڭ 797 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3246 توننا گۆش، 687 توننا يۇڭ - چۇپۇر (679 توننا قوي يۇڭى)، ئۈچ توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2321 توننا سۈت، 6.26 توننا تۆگە يۇڭى، 4826 پارچە كالا تېرىسى، 117 مىڭ 866 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 127 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 324 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1000 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 200 گېكتار يەردە ئوتلاق بازىسى بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 17 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ، 1992 - يىلدىكىدىن 29.89% ئارتۇق. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 26 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 734 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 30 مىليون 602 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 56.1% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 6 مىليون 688 مىڭ 300 كىلوۋات سائەت توك، 4034.36 توننا ئۇن، 2072.21 توننا سۇ يېغى، 1432.23 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 47.05 توننا قوي گۆشى، 35.68 توننا ئاچچىق سۇ، 14.82 توننا پېچىنە - پىرەنىك، 124.5 توننا ماش ئۆگرىسى، 20.61 توننا جياڭيۇ، 4 مىليون 630 مىڭ دانە خىش، 242 مىڭ 900 كۇب مېتىر تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 17.88 توننا ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 578 مىڭ يۈەنگە، پايدا 1 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، زاۋۇت قۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ ئىككى يىلدا پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى. ناھىيە بويىچە يۈك - ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 647 مىڭ 355 توننا كىلومېترغا، توشۇلغان يولۇچى 298 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 784 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 965 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 48 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 230 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 15 مىليون شۋېيتسارىيە فرانكىغا يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 758 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 889 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 21 مىليون 975 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 442 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 146 نامرات ئائىلە يۆلەندى، 23 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 5 - ئايدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان «شىنياڭ» مىس رودىسى تاللاش زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شۇ يىلى «ئارىشاڭ ناھىيىسىدىكى ھايۋانات كېسەللىكلىرى تەزكىرىسى» بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 4286 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 934)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 47 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 13، ئوقۇغۇچىسى 9408 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 3059)؛ ئوقۇتقۇچى 1159 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 585).

ناھىيە بويىچە يەتتە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 159 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 119 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇسابىقىسىدە ئارشاڭ ناھىيىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ جىن

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياڭ چىڭبىڭ (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋ شۆجى، بەيسارا (ئايال، قازاق)، ئىسمائىل ھابىل، ماچاڭچۈەن (خۇيزۇ)، ليۇجىڭ، ۋاڭ پېيخۇا (ئايال، خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: ماجيەنگو (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ليۇبىنچۇ، شارىپقان (قازاق)، جۇجيەنخۇا (خۇيزۇ)، جاپپار ھەببۇل، جىن شىڭخۇي.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېڭ پېيچى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يىن جىڭاڭ، ماخۇڭدې (خۇيزۇ)، جاۋجۇڭيۈەن (مانجۇ)، چېن جىنشەن، ماجېڭجۇڭ (خۇيزۇ)، ۋۇشەنبې (ئايال)، قاپاي (قازاق)، ئابدۇرېشىت.

ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مامىنشيەن (خۇيزۇ).

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ياڭ دېتەي.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 959 مىليون 740 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.18% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 2 مىليارد 485 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 14.57% ئاشتى. ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 243 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 374 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 512 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 291 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 12.3% ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 284 مىڭ 900 گېكتارغا، بوز يەر كۆلىمى 481 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. 248 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. 712 مىڭ 60 توننا ئاشلىق، 47 مىڭ 471 توننا پۇرچاق تۈرىدىكى ئاشلىق، 45 مىڭ 305 توننا ياغلىق دان، 14 مىڭ 273 توننا پاختا، 375 مىڭ 995 توننا قىزىلچا، 63 مىڭ 729 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 415 مىڭ 432 توننا كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى، 1894 گېكتار يەرگە مېۋىلىك كۆچەت تىكىلدى، 9466 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 1936 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (تۇتۇش نىسبىتى 85% بولدى). يىل ئاخىرىدا قولدا 2 مىليون 474 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى، 37 مىڭ 432 توننا گۆش ئېلىندى، چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 131 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.4% ئاشتى. 4255 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ساھەلەردە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى مۇنداق بولدى: سانائەتنىڭ 637 مىليون 830 مىڭ يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 275 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ترانسپورت كەسپىنىڭ 124 مىليون 980 مىڭ يۈەن، سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 96 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 71 مىليون 354 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 47 مىليون 864 مىڭ 400 يۈەن. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 229 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. 786.96 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 189 قۇدۇق قېزىلدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 182 سى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 4833 گېكتار سۇغىرىلىدىغان كۆلەم كۆپەيتىلدى، 33 مىڭ 413 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 3267 گېكتار شورلىشىپ كەتكەن يەر ئۆزگەرتىلدى. 800 گېكتار سۈنئىي ئوت چۆپ، يەم - بوغۇز بازىسى ۋە 9000 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 59 مىڭ 600 ئادەم ۋە 100 مىڭ 800 چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 95 مىليون يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يەتتى. مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گۇمۇدى بازىرى شىنجاڭ بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان 2 - بازار بولۇپ قالدى.

ئوبلاست بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1

مىليارد 856 مىليون 440 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19.28% ئاشتى. ئوبلاست بويىچە (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئوبلاست تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليارد 136 مىليون 690 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (يېزىلار باشقۇرىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تارقاتقان توك 2 مىليارد 1 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 4 مىليون 200 مىڭ توننا كۆمۈر، 495 مىڭ 400 توننا سېمونت، 3819 توننا تۇز، 139 مىڭ 700 پار ئاياغ كىيىم، 2611.35 توننا فوسفورلۇق ئوغۇت (100% لىك)، 22 مىڭ 106 توننا چويۈن، 1 مىليون 836 مىڭ 400 قولۇپ، 344 مىڭ 900 چويۈن قازان، 35 مىڭ 471 توننا يەم - بوغۇز، 31 مىڭ 740 توننا سۇ يېغى، 34 مىڭ 282 توننا شېكەر، 5057.6 توننا ئاق ھاراق، 17 مىڭ 295.7 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان، سۇيۇقلۇق بېسىملىق، ئۆزى يۈك چۈشۈرىدىغان كىرانلىق ئاپتوموبىل»، «(غەربىي يۇرت) ماركىلىق سوپۇن پاراشوكى»، «خىمىيە ئوقۇتۇش سايمانلىرىدىكى پارتلايدىغان بۇيۇملار بىخەتەرلىك ساندۇقى»، «قىزىلچا كۆچۈرۈش ماشىنىسى»، «بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئىزولياتسىيىلىك ئېلېكترو تېخنىكا قوللىنىلغان فتولكا»، «كۆپ تەرەپلىمە بىخەتەر زەنجىرسىمان قولۇپ»، «پولات - رۇدا داشقىلىدىن ئىشلەنگەن (325) نومۇرلۇق سېمونت» قاتارلىق سەككىز خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. بەش خىل مەھسۇلات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى 90.7% بولدى؛ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى 13.5% بولدى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ تەلەپكە لايىق بولۇش نىسبىتى 1992 - يىلدىكىدىن 13 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى. ئوبلاست بويىچە (مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبلاست تەۋەسىدىكى ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) شەھەر بازارلاردا تۇراقلىق مۈلۈككە 249 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 136 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 54 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 50 مىليون 150 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت پىلانى ئىچىدىكى 11 تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 73 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «تۇنخې» سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاكتىپ ھاك ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىنجالىڭ كېڭەيتىلگەن پلاستىك مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى قاتارلىق بەش تۈر يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈردىن ئىبارەت؛ 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سانجى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە 20 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مىچۈەن توڭلىتىلغان سىركە كىسلاتاسى زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە تۈر داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈردىن ئىبارەت. مۇشۇ بىر يىلدا 136 مىليون يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 20 تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى. 119 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 14 مىليون 580 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى. «تۇنخې» پاي چەكلىك مەسئۇلىيەتچىلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى — «پولات - رۇدا داشقىلىدىن (325) نومۇرلۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش» تۈرىنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 228 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 173 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئىمپورت سوممىسى 54 مىليون 510 مىڭ يۈەن. ئاماسەن، پاختا، پاختا يىپ، ئاق ساماق، ئاق شېكەر، دانچە ئارزاڭ، ھاراق، قولماق، پەمدۇر قىيامى، گىلەم، سىلىتسىيلىق تۆمۈر، ئىشقارىي سولفىد، ئاق سېمونت، باتارېيە، ئېلېكتر - ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار ئېكسپورت قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 166 سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 تۈر يولغا قويۇلۇپ، 132 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 18 مىليون 927 مىڭ يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى، 135 مىليون 503 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 247 ئىختىساسلىق خادىم كىرگۈزۈلدى. ئوبلاست بويىچە نېفىتلىككە ياردەم بېرىش مەھسۇلاتلىرى قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى، سەككىز خىل نېفىتلىككە ياردەم بېرىش مەھسۇلاتى يارىتىلدى، نېفىت تارماقلىرىدىن 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، نېفىت تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە بەش كارخانا قۇرۇلدى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەيتىلگەن ... ئېلېكتر ۋە ئوبلاستلىق 2 - نۆۋەتلىك «بوغدا كۆلى» توقاچ شاپتۇل سەيلىسى مەزگىلىدە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 1 مىليارد 907 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا بويىچە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 382 مىليون يۈەن، ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 186 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا ئۈچ خىل مەبلەغ

كارخانىسىدىن 16 سى تەستىقلاندى. بۇنىڭغا 17 مىليون 236 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىندى، 7 مىليون 573 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى چەت ئەل مەبلىغى كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو - چەت ئەل شېرىك، مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان شىنجاڭ «مىرەن» ئۆي جاھازلىرى چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ جاڭغىر» ساياھەت چەكلىك شىركىتى قاتارلىق توققۇز تۈر يولغا قويۇلدى.

ئوبلاست تەۋەسىدىكى دۆلەت يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 856 كىلومېتر، ناھىيە يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1017 كىلومېتر كېلىدۇ. ترانسپورت تىجارىتى قىلىنىدىغان ۋە يولۇچى توشۇلىدىغان يولدىن 270 نەچچىسى بار بولۇپ، ترانسپورت تىجارىتى قىلىنىدىغان مۇساپىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 35 مىڭ كىلومېترغا يېتىدۇ. ئوبلاست بويىچە 11 كەسپىي ترانسپورت كارخانىسى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 150 مىڭ توننا/كىلومېترغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 337 مىليون 500 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 33 مىليون 64 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. ئالتە ناھىيە، ئىككى شەھەرنىڭ ھەممىسىگە ئاپتوماتىك تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلدى، سانجى ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون 10 مىڭ توچكىغا يەتتى.

ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.46% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ ساپ سېتىش سوممىسى 466 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە شەھەر - يېزىلاردا سودا بازىرىدىن 101 ى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 363 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرى سەككىز، چارۋا مال بازىرى تۆت. شۇ يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 138 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 16 سودا بازىرى قۇرۇلدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە داۋاملاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن ئومۇمىي سودا سوممىسى 424 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 28 مىڭ 880 يەككە سودا - سانائەتچى ۋە 409 خۇسۇسىي كارخانا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت سوممىسى 446 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1085 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 165 مىڭ بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 508 مىليون يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمى 8.74 كۋادرات مېترغا يەتتى. يېزىلاردا 606 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ھەرخىل ئولتۇراق ئۆي سېلىندى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 230 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 37 مىليون 64 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 22 مىليون 17 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا كىرىمى 940 مىڭ يۈەن. جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 14 مىليون 107 مىڭ يۈەن، مۇشۇ بىر يىلدا 61 مىڭ 579 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 250 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى، 12 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە پەن - تېخنىكا ئاپپاراتىدىن سەككىزى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسىدىن 19 ى بار. كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 28 مىڭ 818 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 505؛ 1993 - يىلى 33 تۈر ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، 24 تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. «گۈل چېچەكتىن يېتىشتۈرۈلگەن بۇغداينىڭ يېڭى سورتى (سانجى كۈزگىسى -4) نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى قوللىنىش»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىكى ئوتتۇراھال تاغلىق بەلباغ ئوتلىقىنى ئۇنىۋېرسال ياخشىلاش سىنىقى ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ ئۆلگە كۆرسىتىش» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «(JKH—89) تىپلىق كوكسلاشتۇرۇلغان ئوچاقنى كەلتۈرۈپ كېڭەيتىش»، «قىزىلچىنى كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك نەتىجە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 22 تۈرلۈك نەتىجىدىن 90 مىليون 536 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 13 مىليون 620 مىڭ 800 يۈەن پايدا ۋە باج كۆپەيدى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى پاتېنت تېخنىكىسى يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە ئىككى ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتى، يەتتە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى، بىر كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئەلا ياخشى ئۈنۈملۈك تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاستتىكى شىفەن تېخنىكوم مەكتىپى (مائارىپ شۆبىسىنى) بىر، ئوقۇغۇچىسى 1089 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 407)، ئوقۇتقۇچى 146؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر داشۆسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 511 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 60)، ئوقۇتقۇچى 33؛ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ شۆبىسىدىكى ئوقۇغۇچى 322 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 19)، ئوقۇتقۇچى 15؛ رادىئو شىفەن داشۆسىدىكى ئوقۇغۇچى 1345 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 81)؛ ئادەتتىكى

تېخنىكۇم بەتتە، ئوقۇغۇچىسى 4231 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1421)، ئوقۇتقۇچى 287؛ چوڭلار تېخنىكومى ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 3255 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 740)، ئوقۇتقۇچى 151؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1185 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 248)، ئوقۇتقۇچى 55؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 151، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 901 (ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 788)، ئوقۇتقۇچى 4929؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 5829 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 704)، ئوقۇتقۇچى 558؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 503، ئوقۇغۇچىسى 117 مىڭ 646 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 46 مىڭ 812)، ئوقۇتقۇچى 7034؛ بالىلار باغچىسى (يەسلى) 51، باغچىدىكى بالا 18 مىڭ 320 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 4014)، ئوقۇتقۇچى 669؛ گاس-گاچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 62 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 12)، ئوقۇتقۇچى 21. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە «سەككىزنى يورۇشلەشتۈرۈش» كە 33 مىليون 316 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 66 مىڭ 59. 680 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. ئوبلاستتىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپ (سىنىپ، ئوقۇتۇش نۇقتىسى) 91، ئوقۇغۇچىسى 9912. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئوبلاستلىق مۇزېينىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇش 1994 - يىل 7 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ. ئۈچ سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، 219 قېتىم ئويۇن قويدى. ئوبلاستلىق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى «كالۋا ئاكامنىڭ بېشىدىكى چىراغ» شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئۇسسۇل ئىشلەش، رېژىسسورلۇق، مۇزىكا، ئورۇنداش بويىچە تۆت 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئۇسسۇلنىڭ بەدىئىيلىكىنى لايىھىلەش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 328 ى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 7122 سى، كېسەل كارىۋىتىدىن 4850 ى بار. شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك بىلىق تۇتۇش مۇسابىقىسىدە، ئوبلاستلىق ۋەكىللەر كوماندىسى 2 - لىككە ئېرىشتى. ئوبلاستلىق جۇڭگوچە قارتا كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار جۇڭگوچە قارتا مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق يېنىك ئاتلېتىكا، تېز مۇز تېيىلىش، قارىغا ئېتىش، پوتبول، بوكسيورلۇق، سۇ ئۈزۈش، شۇنداقلا تۆت تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ يىغىپ تەربىيىلەش مۇسابىقىسىدە، ئوبلاستنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى 21 ئالتۇن مېدالغا، سەككىز كۈمۈش مېدالغا، توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 8 - شىنىڭ ماناس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.13، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.63، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.5 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليون 339 مىڭ 303 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17 مىڭ 832 ئادەم، يەنى %1.33 ئاشتى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە خۇيزۇ 154 مىڭ 498 بولۇپ، 1902 ئادەم كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 53 مىڭ 894 بولۇپ، 448 ئادەم كۆپەيدى؛ قازاق 113 مىڭ 950 بولۇپ، 938 ئادەم كۆپەيدى. خەنزۇ 1 مىليون 234 بولۇپ، 13 مىڭ 316 ئادەم كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 16 مىڭ 727 بولۇپ، 1228 ئادەم كۆپەيدى.

☆ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سانجى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. ھازىرغىچە سانجى ئوبلاستىدىكى ئالتە ناھىيە، ئىككى شەھەر پۈتۈنلەي قوش نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر) بولۇپ بولدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئوبلاستلىق 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىق (1) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى فەن جىڭجىڭ يازغان «يەنئەن كوچىسىدىكى ئۆزگىرىش» دېگەن ماقالە مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۈچنى سۆيۈش لوڭقىسى» ماقالە مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

گۇ ۋېنيەن
جياڭ يۇڭجېن
شۇ جياۋېن
يې جىن

## بىلىقچىلىق پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈلدى

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستى بويىچە سۇ مەھسۇلاتى 4000 توننىدىن ئاشتى، بېلىق مىقدارى 800 توننىغا يەتتى. دېمەك، سانجى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدە ئۇدا بەش يىل ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن ۋىلايەت - شەھەر دەرىجىلىك بېلىقچىلىقتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سانجى ئوبلاستىنىڭ بېلىقچىلىقى ھەر يىلى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1987 -

يىلى ئېلىنغان سۇ مەھسۇلاتى 1000 توننىدىن ئاشتى؛ 1989 - يىلى 2000 توننىدىن ئاشتى؛ 1992 - يىلى 3000 توننىدىن ئاشتى. 1993 - يىلى سۇ ئامبىرى، سۇ ئازگىلى، كۆلچەك قاتارلىق بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى 2646.7 گېكتارغا يەتتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 1992 - يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %28 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئازگاللىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى %41 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى سانجى ئوبلاستىنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن ئېچىش خاراكتېرلىك كەسىپلىرىدىن بىرى. ئوبلاست ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە ناھىيىلىك، ئىككى شەھەرلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىلىرى سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، بېلىقچىلىقنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى يولغا قويدى، يېزىلاردا بېلىق بېقىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلىپ، ئۈچ قېتىم بېلىق بېقىش قىزغىنلىقى قوزغىدى. ئوبلاستلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى «بېلىق بېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە يەمنى ياساش ۋە ئىشلىتىش»، «بېلىقلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، ناھىيە، شەھەرلەردىكى بېلىق باققۇچى ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى، يەنە كۆلچەك قۇرۇلۇشى، بېلىجانلارنى تەكشۈرۈش، يەم باشقۇرۇش، بېلىق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، بازار ئۇچۇرى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. 1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزىلاردىكى بېلىق باققۇچى ئائىلە 620 گە يەتتى، ئۇلار بېلىق باقىدىغان سۇ يۈزى 1732 گېكتارغا يېتىپ، بېلىق بېقىلىدىغان ئومۇمىي سۇ يۈزىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 3480 تونناغا يېتىپ، ئوبلاست بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ 82 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سانجى شەھىرى، مىچۈەن ناھىيىسى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بېلىق باقمىچىلىقى يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە دېھقانلارنى بېيىتىپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم يوللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. يېزىلاردىكى بېلىق باققۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى باي ئائىلىگە ئايلاندى، 150 ئائىلىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

يې چاڭجۇ
جاۋ جىمىڭ

**پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى**

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستىدىكى پاراۋانلىق زاۋۇتلىرى، پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تەڭ قەدەمدە ئاشتى. 1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە پاراۋانلىق كارخانىسى 1992 - يىلدىكى 51 دىن 93 كە كۆپەيدى؛ خادىمى 1992 - يىلدىكى 1443 تىن 1890 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ 710 دىن 893 كە كۆپەيدى. 1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 826 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %85.70 ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 57 مىليون 5100 يۈەنگە يېتىپ، %95.58 ئاشتى؛ ئېلىنغان باج 2 مىليون 240 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، %88.99 ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا 2 مىليون 883 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %44.66 ئاشتى.

1993 - يىلى سانجى ئوبلاستىدىكى يەتتە ناھىيە (شەھەر) ۋە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇتۇبى ناھىيىسى، سانجى شەھىرى، مىچۈەن ناھىيىسى ۋە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنلىك پەللىگە قەدەم قويدى، ئوبلاست بويىچە مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان پاراۋانلىق كارخانىسى 15 كە يەتتى.

لى خۇيشىڭ

# سانجى شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ پېيخۇا (ئايال، خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋۇخۇيۇ، سۇخۇيمىن (خۇيزۇ)، ئانار (قازاق)، كاڭ ۋېنخې.

شەھەر باشلىقى: مامىڭچېڭ (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جاڭ يىپىڭ، مەھەممەت داۋۇت، ياڭ يۈڭشياۋ، گۇاڭ شۇشىڭ، سىدىق (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇخۇڭچۈەن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چې جەنسەي (خۇيزۇ)، رىشت سەبەيدۇل، گۇلزىيا (قازاق)، ساڭ شېڭباۋ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جاڭ شىمىن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇشياڭياڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى سانجى شەھىرىنىڭ (ئىشلەپچىقىرىش -

قۇرۇلۇش يېڭىتۇەننىڭ يۇنىلىك سىرتىدا) مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 438 مىليون 300 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 342 مىليون 150 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %10.89 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 55 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 51 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 160 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 212 مىليون 730 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %5.55 ئاشتى. شەھەر بويىچە 786 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ بولىدىغان يەر (شەھەرگە تەۋە يەر)، 702 مىڭ 200 مو بوز يەر، 813 مىڭ 900 مو ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 255 مىڭ 800 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 291 مىڭ 500 مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە باشقا زىرائەت تېرىلدى، 97 مىڭ 445 توننا ئاشلىق، 8324 توننا ياغلىق دان، 6866 توننا سېرىق پۇرچاق، 387 توننا پاختا، 121 مىڭ 758 توننا قىزىلچا، 317 توننا قۇلماق، 48 مىڭ 521 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 1600 توننا مېۋە ـ چېۋە، 966 توننا تاتلىق ياڭيۇ تۇرىدىكى كۆكتات، 80 مىڭ 357 توننا كۆكتات، 2427 توننا قارا گازىر ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 348 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش مىقدارى 467 مىڭ تۇياققا، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %41.24 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5627 توننا گۆش، 606 توننا يۇڭ، 6080 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 55 مىڭ 100 پارچە تېرە، 3750 توننا سۈت، 550 توننا تۇخۇم ئېلىندى. شەھەر بويىچە بېلىقچىلىق كەسپىي كەنتىدىن ئالتىسى، كەسپىي ئائىلىسىدىن 216 سى بار. 1500 مو سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ يۈزى بار بولۇپ، 2000 توننا سۇ مەھسۇلاتى تۇتۇلدى. 9910 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 150 مىڭ تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى، تۆت ئەتراپقا 2 مىليون 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 38 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 10 مىليون 716 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 30 قۇدۇق قېزىلدى، بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 121.64 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 274 ئورۇندا كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، قاپقاق ياسالدى، 481 مىڭ 200 كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى. 46 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 37 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول رېمونت قىلىندى. 150 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 93 مىڭ 700 كىلوۋاتقا، شەھەرگە تەۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 9 مىليون 550 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يەتتى. سانجى شەھىرى 1993 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «تۆمۈر ئۆكۈز لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئۆتۈپ چىققان ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 19 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 4898 تونىغا (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 245 تونىغا يەتتى، 585 توننا ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇق سېتىلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 30 مىڭ مو ئوتلاق ئايرىپ قاشالاندى، 5000 مو سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى، ئوتتۇراھال تاغلىق رايونلاردىكى 10 مىڭ مولۇق ئوتلاقلارنى ھەرتەرەپلىمە ياخشىلاش تۈرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 140 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆچ يولى ياسالدى، چوڭ چارۋىلارنى ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئون دورا كۆلچىكى، بەش قوتان ياسالدى، 124 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 293 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 3731 گە، خادىمى 13 مىڭ 66 گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 209 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان پايدا ۋە بېجى 22 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 309 مىليون 844 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 245 مىليون 594 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %29.19 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 653 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 60 مىڭ 100 توننا سېمونت، 5612 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 613 مىڭ دانە خىش، 614 توننا ئۆزگەرتىپ ياسالغان پولات ماتېرىيال، 260 مىڭ كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 1017 ۋېكلىيۇچاتىل تاختىسى، 277 مىڭ پارچە سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىمىسى، 26 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر مېتال ئىشىك ـ دېرىزە، 317 توننا ئېلېكترولىزلانغان قوغۇشۇن، 1590 توننا قۇيما تۆمۈر تۇرۇبا، 2292 توننا فابرىكا قەغىزى، 11 مىڭ 479 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، 2260 توننا فوسفورلۇق ئوغۇت، 155 توننا ساپ بېنزول، 1544 توننا سىر، 792 توننا سۇۋالغۇ، 46 مىڭ 700 توننا ئۇن، 4252 توننا سۇ يېغى، 256 توننا سۈت ياسالمىسى، 2019 توننا ئىچىملىك ـ هاراق، 3005 توننا يەم ـ بوغۇز، 117 مىڭ 400 قۇر ئىلمە توقۇلما بۇيۇم، 254 كىلومېتىر توك

سىمى، 1200 كىلوگرام قاشتېشى ئويمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن يەتتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 20 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۆت تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 15 ى ئورۇندالدى، بۇ تۈرلەر ئۈچۈن 8 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى؛ بۇ تۈرلەر ئارقىلىق مەھسۇلات قىممىتىنى 41 مىليون 650 مىڭ يۈەن، پايدا ۋە باجنى 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ۋە سودا ھەمكارلىق توختامىدىن 19 ى، كېلىشىمدىن يەتتىسى ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 306 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى 13 كە يەتتى. ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئۇل مۇئەسسەسلىرى ئۈچۈن 5 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە دۆلەت مۈلكى ئۈچۈن 70 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 20 تۈر كىرگۈزۈپ، 14 تۈرنى ئىشقا كىرىشتۈردى؛ كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە باج 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاھالىلەر 1663 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 6 مىليون 85 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، پاكىنا سۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 81.3% كە، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 33.12% كە يەتتى؛ سانجى شەھىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەشتىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر بويىچە 14 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئاسفالت يول ياسالدى. شەھەرگە قاراشلىق ترانسپورت كارخانىلىرى توشۇغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 16 مىليون 375 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 715 مىڭ توننا/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 561 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھازىر 6450 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون بار. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپى بىناسى سېلىندى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 272 مىليون 284 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 64 مىليون 860 مىڭ يۈەن. ھەرخىل سودا مۇلازىمەت نۇقتىسىدىن 2150 ى بار. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 34 مىليون يۈەنگە، تاشقى سودا بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 964 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1338 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 387 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 56 مىليون 93 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 50 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 782 كىشى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەردىن 76 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 110 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى، 48 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، سەككىز توننا ئۇن تارقىتىلدى. سۇن ۋېنمىڭ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 216 ئائىلە بېقىلدى. شەھەردە پاراۋانلىق كارخانىسىدىن 18 ى بار بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 50 دىن ئارتۇق سۇغۇرتا كەسپى يولغا قويۇلدى. سۇغۇرتا ھۆددىگەرلىك سوممىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 12 مىليون 221 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 5 مىليون 442 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يېزىلاردا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە سۇغۇرتا كاپالەتلەندۈرۈش كىرىمى 150 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، 78 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىدىن 33 ى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 1774 ى بار، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن كەنت باشلىقىدىن 68 ى سەپلەندى. دېھقانلار ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدىن 30 ى قۇرۇلدى، 498 قارار ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 31 مىليون 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شەھەر دەرىجىلىك ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىق خادىمدىن 27 سى، ئوبلاست دەرىجىلىك ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىق خادىمدىن ئالتىسى باھالاپ بېكىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پەن تەتقىقات تۈرىدىن 74ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر تۈر ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككى تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككى تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەردىكى (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى مەكتەپ بۇنىڭ سىرتىدا) ئادەتتىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 6275 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1647)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1974 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 336)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 63 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ بەش،

ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 676 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 809). ئۆلگىلىك باللار باغچىسى ئالتە، باغچىدىكى بالا 2522 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 809)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 170 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26)؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 140 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 24). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1754 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 471). شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى بويىچە ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 484 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 15 مىڭ كۋادرات مېترلىق مەكتەپ بىناسى سېلىندى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلىنغان كىرىم 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەملىكەتلىك ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە بىر ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بەش ئوقۇغۇچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر ئوقۇغۇچى مەملىكەتلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆپ پەنلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىنىڭ فىزىكا تۈرىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر ئوقۇغۇچى ماتېماتىكا تۈرىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 34ى، يېزا - كەنت تېببىي داۋالاش ئۆيىدىن 60 ى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 409 ى، يەككە دوختۇردىن 88 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 193 ى بار. شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا بولۇپ باھالاندى. ۋۇۋېنخۇي سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى خىزمەت ئىلغارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا بىر يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. 11 - ئايدا سانجى شەھەرلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى رەسمىي پروگرامما تارقاتتى، تورغا كىرگەنلەر 11 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. 11 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

☆ سانجى شەھەرلىك قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش كومىتېتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزۈشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ۋاڭ شىيى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

☆ نىجات بارات جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جىجېڭ

# مىچۈەن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماتاۋ (ئايال، خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جەنگو، چېن شىمىڭ، تۇرسۇن تۇردى، ماجۈن (خۇيزۇ)، شاۋشياۋلىن.

ھاكىمى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: گاۋتيەنجۇ (ئايال)، لى فېڭچىڭ (خۇيزۇ)، ليۇشىنفۇ، جاڭ فېڭشەن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ تيەنگو، ياڭ سېن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇجۇڭمىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ياۋجوڭيۈەن، مايۇتاڭ (خۇيزۇ)، مافۇلۇ (خۇيزۇ)، ئۇراز (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: جى تىڭخۇا (خۇيزۇ).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لى مىڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 472 مىليون 795 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 410 مىليون 29 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.10 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 46 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىمى 41 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 49 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %52.4 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 203 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 81 مىڭ 200 مو يەرگە شال تېرىلىپ، 48 مىڭ 825 توننا شال ئېلىندى؛ 52 مىڭ مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 15 مىڭ 564 توننا بۇغداي ئېلىندى. 35 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 105 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 833 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 378 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «بەيياڭخې» سۇ ئامبىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 794 مىڭ 100 يۈەن. يېزىلاردا ئىجتىمائىي

ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 380 مىليون 408 مىڭ يۈەنگە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 288 مىليون 379 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 272 مىليون 856 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 268 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %41 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 916 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 73 مىڭ 600 توننا سېمونت، 2185 توننا چويۇن، 20 مىڭ 104 پارچە خۇرۇم، 3076 توننا يەم ـ بوغۇز، 509 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىلىغا 5000 توننا توڭلىتىلغان سىركە كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر زاۋۇت، «تەڭرىتاغ» نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، نېفىت ياردەمچى خۇرۇچ زاۋۇتى، «T501» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە يىلىغا 10 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان سىلىكاتلىق سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 136 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىدىن بەشى قۇرۇلدى، بۇ كارخانىلار ئامېرىكىنىڭ «PC» گۇرۇھى شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئەينەك پلاستىك زاۋۇتى، شياڭگاڭنىڭ «يالەن» شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «مىزەن» ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، شياڭگاڭنىڭ «شىنيى» گۇرۇھى شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىمالىي شىنجاڭ «مەرۋايىت» يېڭى شەھىرى (ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 50 گېكتار)، ئاۋستىرىيىنىڭ «ئوتلىنا» شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش تورىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئەتراپتىكى سەككىز دۆلەت بىلەن سودا بېرىش ـ كېلىشى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭدىكى ئېچىۋېتىلگەن بەش چېگرا ئېغىزى بىلەن تاشقى سودا بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 18 مىليون يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە تاشيول ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 101 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 924 مىڭ توننا/ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 157 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 95 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، ناھىيە بويىچە 1678 تېلېفون بار.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 225 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون 630 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 108 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1220 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 مىڭ 590 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 35 مىليون 818 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 294 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، سودىگەرتا شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 912 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 80 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

«مىجۇەن ناھىيىسى گومۇدى بازىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئۈلگىلىك يېزا قۇرۇلۇشى» سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «شالنى قۇرۇق يەردە يېتىشتۈرۈپ شالاڭ كۆچۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ)، ئوقۇغۇچىسى 9169 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3149)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 62 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 54 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7729)؛ ئوقۇتقۇچى 1411 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 420). 18 مىڭ 455 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى. ناھىيە بويىچە سەككىز تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 403 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 282 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 4 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ 12 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ناھىيىنىڭ 10 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىشى بىلەن قۇرۇلغان، يىلىغا 150 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان ساگۇ كۆمۈر كېنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

يالڭ جيې

## ماناس ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇيۈەنشېڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ جېڭجى،

لىيۇگۇاڭسىلاڭ (خۇيزۇ)، گۇجۇنرۇ (ئاپال)، قاسەن (قازاق).

ھاكىمى: ۋاڭ گۈيشەن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى لىيۇفا، ئەمەت ھېيتاخۇن، چېن جيەنلىن، كەنجاقىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جۇنخۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يەن شىلىيەن، يۈسۈپ ئېزىز، فېي خۇيساڭ، قۇسايىنغازى (قازاق).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماجۇگۇرېن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لىيۇجۇگۇشىن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ماناس ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 242 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 224 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مىللىي دارامەت 216 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 204 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %10.2 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 31 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 35 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 223 مىليون 700 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %28 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 840 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 122 مىڭ مو بوز يەر، 100 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 150 مىڭ مو يەرگە بۇغداي، 64 مىڭ 500 مو يەرگە كوممىقوناق تېرىلىپ، 95 مىڭ توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 165 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 12 مىڭ 150 توننا پاختا ئېلىندى؛ 46 مىڭ 500 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 7673 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 24 مىڭ مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 74 مىڭ 400 توننا قىزىلچا ئېلىندى؛ 4500 مو يەرگە قىيام قىلىنىدىغان پەمىدۇر تېرىلىپ، 21 مىڭ 270 توننا پەمىدۇر ئېلىندى. 14 مىڭ 802 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 302 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 434 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 293 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (دۆلەت سالغان مەبلەغ 2 مىليون 725 مىڭ يۈەن، سۇ ھەققىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 20 مىڭ يۈەن، دېھقانلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 4 مىليون 548 مىڭ يۈەن). ناھىيە بويىچە 110.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ (سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ 102.95 كىلومېتىر)، 323 ئورۇندا ھەرخىل يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات، 184.08 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى، 11 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 56 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش سىمى تارتىلدى، بەش ترانسفورماتور ئورنىتىلدى (قۇۋۋىتى 260 كىلوۋولت - ئامپېر). 143 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 420 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 172 مىليون 545 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.87 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 111 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 380 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 1.665 توننا پاختا يىپ، 320 مىڭ مېتىر رەخت، 761.7 كۋادرات مېتىر گىلەم، 29 مىڭ 600 پار ئاياغ كىيىم، 347.1 توننا ئاق ھاراق، 1228.23 توننا سۇ يېغى، 590.7 توننا فابرىكا قەغىزى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان، ئىشقا كىرىشتۇرۇلگەن ئاساسلىق تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن، ماناس ناھىيىسى بىلەن دالىيەن شەھىرى گەنجىڭزى رايونى شىڭجەيزى بازىرى بىرلىكتە باشقۇرغان ھەمكارلىق تۈرى بولغان كاۋاك پولات دېرىزە زاۋۇتى؛ 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، لوتۇبى بازىرى بىلەن جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭجۇ شەھىرى بىرلىكتە باشقۇرغان سۇلياۋ تاغار زاۋۇتى؛ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ دافېڭ بازىرى بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇلغان لوتۇبى پاختا زاۋۇتى؛ 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، لوتۇبى بازىرى بىلەن نېفىت تارماقلىرى بىرلىكتە باشقۇرغان ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى؛ شۇ يىلى 500 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، بۇنىڭ 11 ى ئەمەلىيلەشتى؛ 4 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 30 مىليون 33 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يولۇچى ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 361 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 70 مىليون 70 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 43 مىليون 800 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى (ناھىيىگە قاراشلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ). پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 669 مىڭ 843 يۈەنگە يەتتى. ھازىر 2000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون بار، بۇ تېلېفونلار مەملىكەت بويىچە تورغا كىردى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 145 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون 260 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 17 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1458.66 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 15 مىڭ 424 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 41 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 241 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 337 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تور - نۇقتىسىدىن 26 سى، كەسپىي ئائىلىدىن 1400 ى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شېكەر - ھاراق شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى سېلىندى؛ بۇ بىنانىڭ كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىر ئۇنىۋېرسال توپ تارقىتىش بازىرى قۇرۇلدى (كۆلىمى 42 مىڭ كۋادرات مېتىر).

ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىدارىسى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە نەسىل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ سويۇلىدىغان نەسىللىك سوففولك قويى، مۈڭگۈزسىز دورسېت قويىنى كىرگۈزۈپ، شۇ جايغا كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ساپ نەسلىنى كۆپەيتىش تۈرى سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 26 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ مەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 397 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5325)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 635 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3879)؛ ئوقۇتقۇچى 1745 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 417). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 672 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ ئۆيى سېلىشقا ئىشلىتىلدى (كۆلىمى 2398 كۋادرات مېتىر). سانجى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا ناھىيە يېنىك ئاتلېتىكىدا ئومۇمىي نومۇردا 3 - لىككە ئېرىشتى؛ شەخسلەر تۈرى بويىچە 17 ئالتۇن مېدال، 13 كۈمۈش مېدال، ئالتە مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 34 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 595 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 356 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 8 - ئايدا ماناس ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

جاۋ جىنخۇا

# قۇتۇبى ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى گۇاڭپېن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گاۋجىنشېن، مۇراتقان سافانبېك (قازاق)، جىن يۈشۇ (خۇيزۇ)، لى گومىن.

ھاكىمى: ۋاڭ گوشىن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: بيەن كۇباۋ، جاڭ شيۇجېن (ئايال)، ياڭ زېيچىڭ، ئابەك؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: چېن جيەنفېي.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جۇڭلىڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ياۋۋېنبىن، قابىلقاق ئورباق (قازاق)، رازاق تۆمۈر، مافۇخەي (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: خۇاڭ لىنخۇا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۈي چى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 295 مىليون 220 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 236 مىليون 402 مىڭ 300 يۈەن) گە يەتتى. مىللىي دارامەت 199 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 28 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 29 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 748 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى). ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 550 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 630 گېكتار يەرگە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 14 مىڭ 780 گېكتار بولۇپ، 80 مىڭ 541 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 2720 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 4204 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 2630 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 2133 توننا

پاختا ئېلىندى؛ 1770 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 79 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى؛ 1270 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 66 مىڭ توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى؛ 790 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 31 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا 638.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 213.7 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 342.9 گېكتار، ماتېرىيال ئورمىنى 45.2 گېكتار، باشقا ئورمان 37 گېكتار. 200 مىڭ تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 210 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 299 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى 42.7% بولدى. 300 گېكتار سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمى بار بولۇپ، 520 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزىلاردا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 104 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 66.17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق ئۆستەڭ ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە بارلىق ئېرىق - ئۆستەڭلەر سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆلچىمىگە يەتتى. 12 - ئايدا ناھىيە ئاپتونوم رايونىمىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئىنشائاتلاشتۇرۇپ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان ناھىيە بولۇپ قالدى ھەمدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەلا سۈپەتلىك پولات - تۇرۇبىلىق قۇدۇقتىن 20 سى قېزىلدى، تۆت قۇدۇق سۇ سىڭمەس قىلىندى، 92.99 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئون كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 40 ترانسفورماتور كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، قۇتۇبى ناھىيىلىك نەسىللىك كالا فېرمىسى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بۇنىڭ سىرتىدا). ئومۇمىي كىرىمى 193 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 214 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 32.6% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 63 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 278 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 8800 توننا سېمونت، 2992 توننا ئاق ھاراق، 2 مىليون 966 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 1059 كۇب مېتىر قىرىندى تاختا، 764 توننا فابرىكا قەغىزى، 2603.3 توننا پاختا يىپ، 669.5 توننا كۆپتۈرمە سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىلدى، 6042.4 توننا پاختا چىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا دافېڭ بازارلىق پاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ گەرشىلدىن مېۋە چاي زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ مېتال بۇيۇملار زاۋۇتىنىڭ ئالاھىدە غەيرىي تىپلىق كەپشەر تۇرۇبىسى پروكاتلاش تىپىدىكى ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 44 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 45 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى كۆپەيتىلدى، سىرت جايلار بىلەن بولغان سودا (ئىچكى ئۆلكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە: ناھىيىلىك نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن شياڭگاڭ «دېچەن» شىركىتى بىرلىشىپ زاۋۇت باشقۇرۇپ نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ ناھىيىلىك توك سىمى زاۋۇتى بىلەن شياڭگاڭ «شۈنشىڭ» شىركىتى شېرىك زاۋۇت باشقۇرۇپ ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، يۈەنخۇسۇن يېزىسى بىلەن بېيجىڭ «چىڭيۈن» سانائەت شىركىتى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچى سەپلىمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى شىركىتى بىلەن خېبېي ئۆلكىسى خۇاڭخۇا شەھەرلىك «شىنخۇا» ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى قۇيمىچىلىق زاۋۇتى بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرىنىڭ قوشۇمچە سەپلىمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، بۇنىڭغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن خېبېي ئۆلكىسى «فېڭنەن» ماشىنسازلىق قۇيمىچىلىق زاۋۇتى بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان پولات تاۋلاش تۈرى، بۇنىڭغا 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 315 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيىگە قاراشلىق ترانسپورت كارخانىلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 59 مىڭ 600 توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 120 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 156 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، 210 توچكىلىق تېلېفون كۆپەيتىلدى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف تىجارەت بىناسىدا تىجارەت باشلاندى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 159 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك «خەلق»

سودا سارىيى پۈتتى، بۇ سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3650 كۋادرات مېتىر. مۇشۇ بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتە كۆتۈۋېلىنغانلار 12 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1203 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 782 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 36 مىليون 441 مىڭ 800 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 5617 بولۇپ، 15 مىليون 641 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 203 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3 - ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى باۋلىگېن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «روماللىقلارنىڭ تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 600 ئادەم جىسمانىي سۇغۇرتىغا، 69 مىڭ 769 ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا 31 مىڭ 200 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1993 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 39 مىليون 675 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 56 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كونا پارقازانلارنى ئۆزگەرتىشكە 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 5.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى كۆپەيتىلدى، تورۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان 328 ئائىلە كۆپەيدى، تورۇبا سۈيىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %98 كە يەتتى.

1993 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «H91 – A» تىپلىق پولىئېستىر سۈۋاپ بېزەلگەن ئالىي دەرىجىلىك بىر يۈرۈش ئۆي جاھازلىرى سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 6745 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1344)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 58 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 521 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5729). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1325 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 519). ناھىيە بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇتۇش 1 مىليون 440 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 108 ى (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكىسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 538 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 468 ى بار.

☆ 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈشنى چەكلەش تېخنىكىسى مۇلازىمىتى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇجىڭچۈن ۋە سىچۈەن، گۇاڭشى، يۈننەن قاتارلىق سەككىز ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دىن 30 نەچچە ۋەكىل مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

☆ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن يېزىلاردىكى پاكىزە ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش - نام بېرىش يىغىنىدا، قۇتۇبى ناھىيىسى «مەملىكەتلىك يېزىلاردىكى پاكىزە ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغارلىقنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە يىغىندا تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. قۇتۇبى ناھىيىسى شىنجاڭدىكى مۇشۇ نامغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ناھىيە.

☆ 11 - ئايدا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە مالىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

☆ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق - يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر باشقارمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى شورلىشىپ كەتكەن يەرلەرنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى (TCP/CPR/2254) قۇتۇبى ناھىيىسىدە يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا 189 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ لى

# فۇكاڭ شەھىرى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: ۋاڭ شىگجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چوقاي (قازاق)، جاڭ جۇندې، ماۋېنلىن (خۇيزۇ)، ۋۇشياۋمىڭ (ئاپال، مانجۇ).

شەھەر باشلىقى: ۋاڭ شۇگېن؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: شى جۇنيىڭ، جۇخۇڭ، يەن يىگجى، باداش (قازاق)، لى ۋېنفا، دىڭ يۇڭكاڭ؛ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: لى جىنپىڭ.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نازارېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇچىڭزۇ، توختى يۇنۇس، جۇۋېنكوي (خۇيزۇ)، سۇڭ فۇچياڭ.

شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: بيەن گومىڭ.

شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇمىڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 202 مىليون 125 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 160 مىليون 239 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %92.6 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 25 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 30 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون 409 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 95 مىليون 944 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %82.4 ئاشتى. شەھەر بويىچە 291 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر 2000 مو. مۇشۇ بىر يىلدا 262 مىڭ 200 مو يەرگە زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغان كۆلەم 180 مىڭ 800 مو، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغان كۆلەم 47 مىڭ 800 مو، باشقا زىرائەت تېرىلغان كۆلەم 33 مىڭ 600 مو. مۇشۇ بىر يىلدا 66 مىڭ 759 توننا ئاشلىق، 3251 توننا ياغلىق دان، 80 توننا پاختا، 1731 توننا سېرىق پۇرچاق، 25 مىڭ 523 توننا كۆكتات، 9332 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 3414 توننا بېدە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 3420 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 165 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 546 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 234 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %44، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %2.30 بولدى. 436 توننا يۇڭ، 15 توننا چۇپۇر، 1.10 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 935 توننا كالا - قوي سۈتى، 25 مىڭ 381 پارچە قوي تېرىسى، 6422 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 1467 پارچە كالا تېرىسى، 2.50 توننا تۆگە يۇڭى، 1215 توننا چوشقا گۆشى، 715 توننا قوي گۆشى، 322 توننا كالا گۆشى، 368 توننا ئۆي قۇشلىرى گۆشى، 450 توننا تۇخۇم، 123 توننا بېلىق ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 76 مىڭ 951 كىلوۋاتقا يەتتى، شەھەر بويىچە چوڭ تراكتوردىن 418 ى، كىچىك تراكتوردىن 2453 ى، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 775 ى بار. مۇشۇ بىر يىلدا يېزىلاردا 31 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6901 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 98 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 151 مىليون 164 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 135 مىليون 284 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %54.17 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 41 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 718 مىڭ توننا كۆمۈر، 65 مىڭ توننا كوكس، 344 مىڭ چويۈن قازان، 11 مىڭ 800 توننا سېمونت، 100 مىليون 380 مىڭ دانە خىش، 3000 دانە تارازا ۋە ئۈستەل تارازىسى، 2438 توننا مېتال ئىشىك - دېرىزە، 3534 يېغىلانغان بالون، 110 توننا سۇلياۋ ياسالما، 30 مىڭ 723 ئۆي جاھازى، 789 توننا قەغەز ياسالما، 12 مىڭ 400 توننا ئۇن، 2617 توننا سۇ يېغى، 8236 توننا يەم - بوغۇز، 188 توننا ئاق ھاراق، 949 توننا ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 2 مىليون 770 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 580 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 39 مىليون 770 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 207 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول ياسالدى، ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ تاشيولىنىڭ شەھەر رايونىدىكى بەش كىلومېتىر قىسمى 28 مېتىر قىلىپ كېڭەيتىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2000 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىلدى، بۇ تېلېفونلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش تورىغا كىردى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 165 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودا بويىچە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 2 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 295 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 41 مىليون

227 مىڭ 900 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1082.2 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2918.2 يۈەنگە، شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 145 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدىن «(JKH—89) تىپلىق كوكىلاشتۇرۇلغان ئوچاقنى كەلتۈرۈپ كېڭەيتىش» تۈرى سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «بۇغداينى ماشىنىدا تۇجۇپىلەپ ئاز ئۇرۇق سېلىپ تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 7148 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1096)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 18، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 138 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3957). شەھەر بويىچە 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 357 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 242 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 2 - ئايدا شەھەرلىك «كەييۈەن» ئېنېرگىيە تېجەش ماتېرىياللىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى مەھسۇلات (FGC—700) بىرىكمە سىلكاتلىق ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ھەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى.

☆ 4 - ئايدا «بۇغدا كۆلى» توقاچ شاپتۇل باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. باغچىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 370 مو بولۇپ، 13 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى 500 تۈپ توقاچ شاپتۇل كۆچىتى تىكىلدى.

☆ 5 - ئايدا شەھەرلىك نەسىللىك قوي فېرمىسى يېتىشتۈرگەن ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي جۇڭگو مېرىنوس نەسىل جەمئىيىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، ئۇ، «جۇڭگو مېرىنوس قويىنىڭ شىنجاڭ نەسلى» دەپ بېكىتىلدى.

لۇ ۋېن

## جىمسار ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ زېيگوي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شياڭ كۈيۈەن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇجىشۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خۇيمىڭ، مۇھەببەت ئىسمائىل، يەن جيابى (ئايال)، ۋاڭ سۇڭجى، ماشۆجى (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ھاكىمى: ۋاڭ جۇڭخې (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ زېيگوي (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لىن دېگوي، خەن مىڭشياڭ، لۇشىنجۇڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، داۋۇت ۋالىچا (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇراتقان بېكبۇغرا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇجىشۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماجۇنجيې (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى گۇاڭلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گاۋجېنيا، چوقاي قابدىل (قازاق)، تەن زۇفۇ (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماشۆجى (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، زىلەيخان سەمەر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەخمەت مەھەممەت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: جاۋيۇنلۇڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ چاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 201 مىليون 223 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 160 مىليون 692 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 20.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 183 مىليون 574 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 143 مىليون 43 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 32.5% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 17 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 219 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 126 مىليون 723 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 497 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر، 800 مىڭ مو ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 416 مىڭ مو يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 287 مىڭ 600 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 87 مىڭ 258 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 119

مىڭ 800 مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 6208 توننا ياغلىق دان، 23 مىڭ 228 توننا قىزىلچا، 13 مىڭ 654 توننا سامساق، 68 توننا پاختا، 13 مىڭ 300 توننا تاتلىق ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 22 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتات ئېلىنىدى. 8210 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 3656 مو؛ 160 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 78% كە يەتتى؛ 450 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 300 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %33.42، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %66.28 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 4376 توننا گۆش، 1713 توننا سۈت، 513 توننا قوي يۇڭى، 31.5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 34 مىڭ 678 پارچە ھايۋانات تېرىسى ئېلىنىدى. 109 مىڭ 600 ئۆي قۇشى بېقىلىپ، 384 توننا تۇخۇم ئېلىنىدى. مۇشۇ بىر يىلدا نەسىللىك بۇقا ۋە قوشقاردىن 210 ى كەلتۈرۈلۈپ، 277 يەرلىك كالا ۋە 68 مىڭ 900 تۇياق قوينىڭ نەسلى ياخشىلاندى. چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان نۇقتىلاردا 18 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر ئېچىلدى، دېھقانچىلىقتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان كۆلەم 19 مىڭ مو بولۇپ، 113 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى (دۆلەت ياردەم بەرگىنى 1 مىليون 616 مىڭ يۈەن، ناھىيە ئۆزى توپلىغىنى 3 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئەمگەكنى باھاغا سۇندۇرغاندا 6 مىليون 834 مىڭ يۈەن)، 526 مىڭ ئىش كۈنى ئەمگەك سەرپ قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 135.45 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 19 قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، ئۈچ كىچىك سۇ ئامبىرى رېمونت قىلىندى، بەش ئورۇندا كۆپ قۇدۇقتىن ئېقىن ھاسىل قىلىش ئورنى بار (ئېقىن ھاسىل قىلىنىدىغان قۇدۇق 27، سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ 3.28 كىلومېتىر)، 369 ئورۇندىكى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىنشائات، بىر ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى رېمونت قىلىندى، بەش ئورۇندىكى سۇ بۆزۈۋەتكەن ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 40 مىڭ مو يەر رەتلەندى، 151 مىڭ 500 مو ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 193 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى، جەمئىي 674 مىڭ 200 كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆيۈشتۈرۈلغان ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 96 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يېتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا 436 مىڭ 100 مو يەر ماشىنىدا تېرىلدى، ماشىنىلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 2 مىليون 419 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 43.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 87 ترانسفورماتور ئورنىتىلدى. يېزىلاردا 4 مىليون 727 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىڭ 91 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 123 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 20 مىڭ مو ئوتلاق قاشالاندى، 1500 مو يەرگە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئوت چۆپ تېرىلدى، 150 مىڭ مو يەردىكى چېكەتكە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىلدى، ئۈچ ئورۇندا قاراغۇجىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تاش تىزىپ ئۇۋا ياسالدى، جەمئىي 7650 كۇب مېتىر تاش تىزىلدى. 27 ئېغىز قوتان، ئىككى دورا كۆلچىكى ياسالدى. 24 ئائىلىدىكى 177 چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 229 مىليون 561 مىڭ 500 يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 63 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 1 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 370 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 86 مىليون 720 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.30 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 161 مىڭ توننا كۆمۈر، 61 كىلوگرام ئالتۇن، 2158 توننا ئاق ھاراق، 361 توننا موخوركا، 2550 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىيتسا، 112 مىڭ 200 دانە قەغەز ساندۇق، 73.2 توننا تاغار، 2875 توننا كۆندىلىك ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك ياسالمىسى، 34 مىڭ 500 دانە كۆندىلىك ئىشلىتىلىدىغان ساپال بۇيۇم، 23 مىليون 50 مىڭ دانە خىش، 1770 توننا سېمونت قۇيۇلما، 8493 كۋادرات مېتىر گەجدىن ياسالغان ئاۋاز سۈمۈرۈش تاختىسى، 413 دانە سۇيۇق لاي ناسوسىنىڭ سېلىندىر قېپى، 2500 توننا سېئولىت پاراشوكى، 542 توننا گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن ئاسفالت، ئون توننا ئوكسىدلانغان مىس، 9536 توننا ئۇن، 1891 توننا سۇ يېغى، 3078 توننا يەم - بوغۇز، 6.62 توننا پىچىنە - پىرەنىك، 3224 قۇر خورۇم چاپان، 6729 جۈپ خورۇم پەلەي، 37 مىڭ پارچە خورۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 24 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 860 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا سەككىز تۈر قۇرۇلدى ۋە داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سەنئەتىي ھاراق زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى، ساپال ياسالمىلىرى

زاۋۇتىنىڭ كۆۋارتىس ئېرىتىش ـ تاۋلاش تۇرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۆۋەندىكى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى: ئەرگۈلۈك يېزىلىق تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان سۈلياۋدىن ياسالغان جىنسىي يولنى كېڭەيتىش ئۈسكۈنىسى، «جىدا» خىمىيە سانائىتى شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئۇكسىدلانغان مىس، ئەينەك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئاپتوموبىل چىرىغىنىڭ يېپىق شەكىللىك قېپى، قەغەز زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ناھايىتى چىڭ كاھىشسىمان ساندۇق قەغىزى، ئىقتىدار ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان قۇرۇق ئۆزۈۋتۇلغان ناھايىتى يۇمشاق تەبىئىي سېئولىت پاراشوكى، سەنئەت شىپاخانىسىنىڭ سەھىيە ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان دېزىنفېكسىيە قىلىنغان خۇشپۇراق نەم قەغەز قول ياغلىق قاتارلىقلار. ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنىدا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 71 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئالتە يېڭى تۈر، 3 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى مۇشۇ بىر يىلدا توشۇغان يۈك مىقدارى 18 مىڭ توننىغا، يولۇچى 210 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ناھىيە بازىرى، سەنئەت بازىرى ۋە لاۋتەي، چىڭياڭخۇ يېزىلىرىدا تېلېفونلار ئاپتوماتلاشتى بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 119 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 35 مىليون 830 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 8 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 903 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 مىڭ 151 (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكىسى 9514) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 29 مىليون 205 مىڭ 500 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغىنى 25 مىليون 757 مىڭ 100 يۈەن). بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 94 مىليون 701 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بازارلاردا ئىش كۆتۈپ تۇرغانلاردىن 548 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقانلارغا 101 مىڭ 600 يۈەن غەمخورلۇق پۇلى، 46 مىڭ 100 يۈەن نەپىقە پۇلى، 83 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە پاراۋانلىق كارخانىسىدىن 11 ى بار بولۇپ، ئۇلارغا 64 مېيىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 187 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 31 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق كاسسىسى (كەنت دەرىجىلىكى ئىككى) دىن 24 ى بار بولدى، بۇلارغا 11 مىڭ 353 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى قاتناشتى، كاسسىدىكى ئومۇمىي سومما 1 مىليون 19 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 542 مىڭ 100 يۈەن قەرز بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىي خىراجىتى كىرىمى 1 مىليون 859 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 136 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن 355 ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 24. ناھىيىدە ھەرخىل ئىلمىي جەمئىيەت، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىدىن ئالتىسى قۇرۇلدى، جەمئىيەت ئەزاسى 320 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سانجى ئوبلاستىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. «سامساق كۆكى قۇرۇپ كېتىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى» سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش). ئوقۇغۇچىسى 6807 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 752)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 735 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2160)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 349؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 402 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 28)؛ بالىلار باغچىسى بەش، باغچىدىكى بالا 919. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1770. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلىنغان كىرىم 800 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «سەككىزنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى ۋە تەجرىبە قىلىپ ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەسىدىن 5493 كۋادرات مېتىر پۈتكۈزۈلدى. 1993 ـ يىلى جىمسار ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پىئونېرلار بازىسى قۇرۇلۇشىدا ئۈلگىمگە يەتكەن ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتىدىن 12 سى، يېزا ـ كەنت تىببىي داۋالاش نۇقتىسىدىن 20 سى؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 324 ى، يەككە دوختۇردىن 15 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 351 ى بار. پىلانلىق ئىمۇنىتېتلاش بويىچە سالامەتلىك كارتىسى نىسبىتى %100 كە، تۆت خىل ۋاكسىنىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %95 كە

يەتتى، پىلانلىق ئىمۇنىستېتلاش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇشۇ يىلدا 38 قېتىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سانجى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنىدا جىمسار ناھىيىلىك ۋەكىللەر كوماندىسى ئومۇمىي نومۇردا 1 - لىككە، شۇنداقلا 24 ئالتۇن مېدالغا، 30 كۈمۈش مېدالغا، توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە ۋەكىللەر كوماندىسى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشانغانلار تەنھەرىكەت يىغىنىدا جۇڭگوچە قارتىدا كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى.

☆ 5 - ئايدا سەنئەتىي هاراق زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «بېشبالىق» ماركىلىق ئاق هاراق، «سەنئەتىي ئالاھىدە هارىقى» نيۇ - يوركتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا هاراق كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جىمسار ناھىيىسىگە سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە» ۋە «ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى.

☆ 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مىڭئۆيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە سەيلە - ساياھەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 40 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان بۇتخانا سەيلىسى ئەسلىگە كەلدى. يىل ئاخىرىغىچە مىڭئۆيدە 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) سەيلە - ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى.

☆ 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا، مەبلەغ كىرگۈزۈپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى قانات يايدۇرۇشقا دائىر ئېتىبار بېرىش چارىسى» نى تارقاتتى.

**يېزىلاردا ئېنېرگىيە مەنبەسى جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئۈنۈملۈك ئۈنۈمۈشىيولا قۇرۇلۇشتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى**

جىمسار ناھىيىسى — 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا ئېنېرگىيە مەنبەسى جەھەتتە ئۈنۈمۈشىيولا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە نۇقتىدا ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى. ئېنېرگىيە تېجەش ئوچىقىدىن 2752 سى كېڭەيتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ئىسسىتىش ئوچىقىدىن 3045 ى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسىدىن 380ى كېڭەيتىلدى. قۇياش ئېنېرگىيىسى كاتىكى ۋە قوتىنىدىن 154 ى ياسالدى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 3545 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پاتقاق گازى كۆلچىكىدىن بىرى رېمونت قىلىندى. پانارگاز تېجەش قاپقىقىدىن 24 يۈرۈش كېڭەيتىلدى. ئۆچ خىل خۇمدىننىڭ ئېنېرگىيە تېجەش بويىچە تېخنىكىسى ئۆزگەرتىلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش بويىچە 452 ماشىنىنىڭ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ماي مىقدارى تەكشۈرۈلدى، ماي تېجەش ئۈسكۈنىسىدىن 105 ى كېڭەيتىلدى. چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شامال كۈچى گېنېراتورىدىن ئالتىسى قوراشتۇرۇلدى، بۇ گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 0.6 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا تېجەلگەن ئېنېرگىيىنى ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 21 مىڭ 500 تونىغا يەتتى، 145 تونىنا دىزېلىن تېجەپ قېلىندى.

يىن يەنلىن
ياڭ يۇشىيۇ

## گۇچۇڭ ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شاڭ شياڭجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېچاڭ، ماخۇڭيۇن (خۇيزۇ)، خۇلەيىنىڭ (ئايال)، قۇمار (قازاق).

ھاكىمى: مېڭ جاۋتىڭ (10 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى)، جاڭ جىنبىڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جىن ۋەنجاۋ، غوپۇر قۇربان، بالتىباي (قازاق)، ماشيۇڭچېڭ (خۇيزۇ)، يۇگوجۇ (خۇيزۇ، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: گۇەن جيەننەن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى دېلىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ چېڭلياڭ، داۋتاي (قازاق)، ۋاڭ ليەنجېن (ئايال)، ئابلىمىت كايىت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ۋاڭ گاۋخې.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: يۈجۇڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 309 مىليون 183 مىڭ

800 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 249 مىليون 622 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 6% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 17 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 42 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 287 مىليون 512 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 252 مىليون 716 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11%. 18 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 1 مىليون 19 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 384 مىڭ 500 مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوز يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 692 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 190 مىڭ 833 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 92 مىڭ 100 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 11 مىڭ 522 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 22 مىڭ 300 مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 55 مىڭ 284 توننا قىزىلچا ئېلىندى؛ 51 مىڭ 800 مو يەرگە ھەرخىل پۇرچاق تېرىلىپ، 9267 توننا پۇرچاق ئېلىندى. 875 توننا مېۋە ـ چېۋە، 105 توننا خۇشپۇراق تاماكا ئېلىندى. 10 مىڭ 800 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 6167 مو. يىل ئاخىرىدا قولدا 470 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 22 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 1332 سى، كىچىك تراكتوردىن 7037 سى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلىدىن 210 ى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 113 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 167 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ھەر خىل ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىڭمەس ئۆستەڭ 75 .150 كىلومېتر؛ 47 ماشىنىلاشقان قۇدۇق ۋە توك قۇدۇق قېزىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى؛ داۋان دەرياسىنىڭ ئۆستەڭ بېشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ كۆپەيتىلگەن سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 8000 موغا، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغان كۆلەم 2000 موغا يەتتى؛ 700 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. يېزىلاردا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 504 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 184 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 450 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 159 مىليون 440 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 22.62% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 770 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكترى)، 231 مىڭ 400 توننا ئىسسىق كۆمۈر، 1644 توننا تۇز، 12 مىڭ 800 توننا سېمونت، 12 مىڭ 661 توننا ئاق شېكەر، 2079 توننا فابرىكا قەغىزى، 21.91 كىلوگرام ئالتۇن، 2252 توننا سۇ يېغى، 941 توننا ئاق ھاراق، 40 مىليون 590 مىڭ دانە خىش، 1383 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا قۇرۇلىدىغان ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىلىدىغان تۈردىن 22 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 49 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلىدىغان تۈرلەر تۆۋەندىكىچە: 23 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە، 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سېمونت زاۋۇتىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «يېڭى ئەسىر» ئۇن زاۋۇتى. قۇرۇلۇۋاتقان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى جەمئىي 2 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىنچىكە ماشىنىگىر، ئىشلەش، چوڭچوڭ بويا پىششىقلاش، قەغەز زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش تۈرىدىن ئىبارەت. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 54 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىدىكى تايانچ كارخانىلاردىن شېكەر زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، قەغەز زاۋۇتى، كۆمۈركان ۋە ئاشلىق ـ ياغ سانائىتى شىركىتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2268 بولۇپ، ئۇلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندىن 1029 ى بار (دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 63)، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيگىنى 104. ناھىيە ـ يېزا تاشيول (ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىكىتۇەنىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن ـ مەيدانلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7 .259 كىلومېترغا، يېزا ـ كەنت يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 67 .580 كىلومېترغا يېتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن داچۈەن تاتار مىللىي يېزىسىغا بارىدىغان 16 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يول، شىدى يېزىسىدىن خەنگۇ كەنتىگە بارىدىغان 26 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ياسالدى. ناھىيىلىك 1 ـ ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 860 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 31 مىليون 350 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا؛ 2 ـ ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 36 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، توشۇغان يۈك مىقدارى 38 مىڭ تونىنغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 221 مىڭ 600 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ پروگراممىلىق تېلېفون 912 لىنىيە (توچكا) گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 27 سى يولغا قويۇلدى، مالغا مال ئالماشتۇرۇش توختامىدىن 154 ى ئىمزالاندى، توختامدىكى سوممىسى 21 مىليون 434 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، 15 مىليون 408 مىڭ يۈەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 192 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. 1993 - يىللىق توقاچ شاپتۇل سەيلىسى ۋە ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە، سودىگەرلەر بىلەن 27 تۈر بويىچە كېڭەشلەندى، پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 36 مىليون 692 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يولغا قويۇلغان تۈر 13 بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 181 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا چوڭ، ئوتتۇراھال بازاردىن ئالتىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىببىيۈەن بازىرىنىڭ ئاۋاتلاشقان ۋاقتىدىكى كۈنلۈك پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بازاردا پۈتۈشۈلگەن يىللىق سودا سوممىسى 21 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 3312 گە، خادىمى 4255 كە؛ خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانا 32 گە، خادىمى 339 غا، تىزىملاتقان مەبلىغى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بازار - يېزىلاردىكى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 53 كە، خادىمى 1469 غا، تىزىملاتقان مەبلىغى 18 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدە بولمىغان ئىقتىسادىي كارخانىلار يۇقىرىغا 1 مىليون 621 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1038 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 182 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 40 مىليون 167 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان ھەرخىل پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 272 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 199 مىليون 810 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كىرىمى 4 مىليون 112 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم 55% بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 459 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 36. گۈچۈڭ ناھىيىلىك «تەڭرىتاغ» رېزىنكە زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان تۆمۈر يولغا ئىشلىتىلىدىغان شىپال بىلەن رېلىس ئارىلىقىغا قويۇلىدىغان رېزىنكە ياپراقچە سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 326 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2370)، ئوقۇتقۇچى 900 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 222)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 102 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 29)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 405 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7148)، ئوقۇتقۇچى 1301 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 472). ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىدىن تۆتى، يېزا دەرىجىلىك شىپاخانىدىن 14 ى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 758 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 538 ى بار.

☆ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى «بېيمېن» كۆكتات - چارۋا توپ تارقىتىش بازىرىدا تىجارەت باشلاندى. بازارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20.4 مو بولۇپ، بازاردا كۆكتاتنى توپ تارقاتقۇچىدىن 120 نەچچىسى، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇمنى توپ تارقاتقۇچىدىن 20 نەچچىسى بار.

☆ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى لاۋچېتەي بازارلىق پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئېلېكتر يايلىق پولات تاۋلاش پېچىغا ئوت يېقىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە پولات تاۋلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ پېچنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 4000 توننا بولۇپ، يىلىغا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

☆ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىيېشۇ شەھىرى بىلەن بىرلىشىپ قۇرۇلغان «كاڭچى» يېمەكلىك زاۋۇتى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىغىچە 2 مىليون 856 مىڭ 800 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 269 مىڭ 530 يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلدى (پايدا 239 مىڭ يۈەن). بۇ زاۋۇتقا 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، شۇ يىلى قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ يىلى ئۈنۈم كۆرۈلدى.

ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

# مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: شادات (قازاق) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گوڭبىجۇڭ، بېيبۇلا (قازاق)، ۋېن شىشۈن، ياڭ شيۇجېن (ئاپال).

ھاكىمى: سالىم (قازاق) ؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ خېڭ، جاڭ جىدې، قابىل (قازاق)، غوپۇر.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇچىنرۇڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئەنشۆجى، ئەخمەت ئىمىن، ئوماش (قازاق)، چېڭ جيەن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: قۇسمان (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قامى (قازاق).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 117 مىليون 958 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 77 مىليون 849 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 74 مىليون 508 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 66 مىليون 774 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 23.2% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 4 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 27 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليون 780 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 103 مىليون 549 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 42.5% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 391 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 67 مىڭ 981 توننا ئاشلىق ئېلىندى، ئېلىنغان ئاشلىق 83.7% ئاشتى. چارۋا ئەڭ كۆپ بېقىلغاندا 610 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 411 مىڭ 285 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 16 مىڭ 136، ئات 10 مىڭ 794، ئېشەك 8917، خېچىر 796، تۆگە 6997، چوشقا 29 مىڭ 715، ئۆچكە 59 مىڭ 916، قوي 278 مىڭ 14. مۇشۇ بىر يىلدا 810 توننا يۇڭ، 18 توننا چۇپۇر، 13.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 33 توننا تۆگە يۇڭى، 14 مىڭ 938 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 82 مىڭ 564 پارچە قوي تېرىسى، 18 مىڭ 713 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. تاۋار چارۋا 130 مىڭ تۇياققا يەتتى، چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 31.5% بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 735 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 173 مىڭ تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى، 94 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 75 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 40 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 387 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 25 مىليون 540 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 29 مىڭ توننا كۆمۈر، 1075 توننا تۇز، 8854 توننا سېمونت، 3500 توننا ھاك تېشى، 6924 توننا ئوتۇن، 167 توننا بىرىكمە يەم - بوغۇز، 17 مىڭ پار لاتا ئاياغ كىيىم، 21 مىڭ 96 كۋادرات مېتىر يېپىنچا خۇرۇم، 1100 كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 16 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 1787 كۋادرات مېتىر گىلەم، 69 قۇر يۇڭ يوپايكا ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 207 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 890 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 960 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 62 مىليون 699 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 77 مىليون 537 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 67 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، دېھقان چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 646 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 80 مىليون 944 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 2075 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 13، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 303. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 5320 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 929)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 455 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 144) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 57 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 734 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4631)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 649 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 248). ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 25 ى (ئىككى ئامبۇلاتورىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يەككىلەر ئاچقان ئامبۇلاتورىيىدىن 15 ى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 256 سى، كېسەل كارىۋىتىدىن 130 ى بار (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلاردىكىسى 50).

☆ 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم، سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى.

☆ 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 3 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىش

قۇرۇلۇشى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يۈكسىلىش ھالىتىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ شېڭبىڭ

# تۇرپان ۋىلايىتى

**خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۈسۈپ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: مەخمۇت سېلىم.

ۋالىيسى: مەھەممەت رەجەپ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، قۇربان نىياز (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: ۋاڭ جيەنشىن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئىبراھىم ئابدۇرېھىم (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلا يۈسۈپ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ تۇڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پېڭ سىكۇي، گو چىڭتەي (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەھەممەت روزى.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: ۋاڭ تيەنيۈن.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: نىياز ھېيىت.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: چېن مىڭرۇي.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 474 مىليون 453 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 810 مىليون 840 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %15.26 ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 1 مىليارد 792 مىليون 610 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 288 مىليون 380 مىڭ يۈەن) بولۇپ، %0.43 ئازىيىپ كەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 113 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 173 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 603 مىليون 643 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 805 مىليون 749 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.27 ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 43 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 47 مىڭ 600 گېكتار يەر تېرىلدى. 25 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 93 مىڭ 14 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 170 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 522 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 16 مىڭ 580 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 21 مىڭ 324 توننا پاختا ئېلىندى؛ 1380 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 46 مىڭ 479 توننا كۆكتات ئېلىندى؛ 2470 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 26 مىڭ 186 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى؛ 12 مىڭ 62 گېكتار يەردىكى تەكشىن 241 مىڭ 576 توننا ئۈزۈم ئېلىندى. 683 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 25 گېكتار يەردە پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 932 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى، مۇشۇ بىر يىلدا 6694 توننا گۆش (بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 1041 توننا، قوي گۆشى 5256 توننا) ئېلىندى. 66 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 982 مىليون 264 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 187 مىليون 599 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 378 مىليون 620 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 381 مىليون 850 مىڭ يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 382 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليارد 621 مىليون 860 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 969 مىليون 670 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %27.56 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 85 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 275 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 5600 توننا پىششىقلانغان تۇز، 35 مىڭ 687 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 5333 توننا كالىي نىترات، 4457 توننا ناترىي نىترات، 18 مىڭ 706 توننا سۇسىز ناترىي سۇلفاد، 64 مىڭ 17 توننا سېمونت، 1979 توننا تەييار بىرىكمە ئوغۇت، 227.6 توننا سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ ياسالما، 7890 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 248 مىليون 100 مىڭ دانە خىش، 5209 توننا كونسېرۋا، 2948 توننا ئىچىملىك، 6678 توننا ھاراق (ئۈزۈم ھارىقى 4384 توننا)، 15 مىڭ 453 توننا ئۇن، 2103 توننا سۇ يېغى، 25 مىڭ 648 توننا ساپ پاختا، 291 مىڭ 600 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 100 مىڭ 800 توننا مىس رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە يولغا قويۇلغان سانائەتتە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى 47

بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 100 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان تۈر 15 (تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى توققۇز، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى ئالتە)، مەبلەغ كۆلىمى 47 مىليون 170 مىڭ يۈەن؛ ۋىلايەت تەستىقلىغان تۈر سەككىز، مەبلەغ كۆلىمى 19 مىليون 280 مىڭ يۈەن؛ ناھىيە (شەھەر) لەر تەستىقلىغان تۈر سەككىز، مەبلەغ كۆلىمى 10 مىليون 770 مىڭ يۈەن؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئون، مەبلەغ كۆلىمى 11 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ تەستىقلىتىلمىغان تۈرلەر ئالتە، مەبلەغ كۆلىمى 11 مىليون 570 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان ئاساسلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى مۇنۇلار: 15 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 180 مىڭ توننا پىششىقلانغان تۇز ئىشلەش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 6 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 7000 توننىلىق قىزغۇچ ۋانادىي ناترىي ئىشلەش سېخىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى؛ 5 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىچان ناھىيىلىك رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتىنىڭ نېفت ماشىنا سەپلىمىلىرىنى سەپلەش تۈرى؛ 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك ئانئورگانىك تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 500 توننا ئانئورگانىك تۇز ئىشلەش تۈرى؛ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىچان ناھىيىلىك كانچىلىق شىركىتىنىڭ ئېغىر دالا شپاتى پاراشوكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ ئۈجمە شىرنىسىدىن ياسالغان ساقلىقنى ساقلاش ئىچىملىكى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىچان ناھىيىلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى ئوكسېگېن زاۋۇتى؛ 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك كۆمۈر كېنىنىڭ قۇدۇقلىرىنى چوڭقۇرلىتىش، ئۆزگەرتىش تۈرى، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ «قۇۋۋەت» سۇيۇقلۇقى ئىشلەش تۈرى، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ بالىلار ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان مېۋە قىيامىدىن ياسالغان ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى تۈرى. ۋىلايەت تەستىقلىغان سەككىز تۈر ئاساسلىقى مۇنۇلار: 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايلانما خۇمدانىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىچان ناھىيىلىك ئاشلىق-ماي شىركىتىنىڭ ئۇن تارتىش سېخىنى ئۆزگەرتىش تۈرى؛ 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پىچان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 50 توننىلىق ئايلانما خۇمدانىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان توقسۇن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرى. تۇرپان ۋىلايىتى «جۇڭخشىن» سودا-سانائەت گۇرۇھى ھەسسەدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 258 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 14 مىليون 682 مىڭ 400 يۈەن) گە، تۇرپان مېۋە-چېۋە سودا-سانائەت شىركىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 855 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 9 مىليون 553 مىڭ 600 يۈەن) گە، تۇرپان ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تۇرپان ۋىلايەتلىك چىچان خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون يۈەنگە، پىچان ناھىيىلىك چىقتىم خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون يۈەنگە، تۇرپان «ئاق قوناق ھارىقى» زاۋۇتى (بۇرۇنقى توقسۇن ھاراق زاۋۇتى) نىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە تاشيول ترانسپورت لىنىيىسى 885 كىلومېترغا يەتتى. تاشيول ترانسپورت تارماقلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 435 مىڭ 800 توننا/كىلومېترغا، توشۇغان يولۇچى 9 مىليون 981 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 142 مىليون 330 مىڭ 700 ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. شەھەر-يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر توشۇغان يۈك مىقدارى 10 مىليون 200 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 109 مىليون 420 مىڭ توننا/كىلومېترغا؛ توشۇغان يولۇچى 8 مىليون 680 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 360 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 205 مىڭ يۈەنگە، يوللانغان خەت-چەك 2 مىليون 521 مىڭ 600 گە، تېلېگراممىا 407 مىڭ 200 گە، پروگراممىلىق تېلېفون 2500 تۇچكىغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 562 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5 مىليون 546 مىڭ 300 يۈەن قىممىتىدىكى 790 توننا قۇرۇق ئۈزۈم، 66 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدىكى 59.96 توننا ھۆل ئۈزۈم، 26 مىليون 611 مىڭ 700 يۈەن قىممىتىدىكى 2946.04 توننا پاختا، 2 مىليون 532 مىڭ 500 يۈەن قىممىتىدىكى 2302.28 توننا

قوغۇن - تاۋۇز، 120 مىڭ 400 يۈەن قىممىتىدىكى 16.27 توننا نەشپۈت ئېكسپورت قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1142.29 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 54 مىڭ 922 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 198 مىليون 966 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ۋىلايەتلىك ئۆي - مۈلۈك شىركىتى بەش كورپۇس، 100 يۈرۈش ئۆي سالدى. شەھەر يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 687 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 290 مىليون يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 15 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي چىقىمى 7 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 5129 تۆلەم ئەنزىسى بىر تەرەپ قىلىندى. مۇشۇ يىلى پۈتۈن مۇلازىمەت قىلىشقا كىرىشتۈرۈلگەن مۇئەسسەسەلەر مۇنۇلار: تۇرپان مېھمانخانىسىنىڭ يېڭى بىناسى، تۇرپان بويلۇق ئۈزۈمزارلىقى، ئاشلىق - سودا مېھمانخانىسى، نېفىت مېھمانخانىسى، سودا توپ تارقىتىش بازىرى بىناسى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى قاتارلىقلار. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو «يىپەك يولى» تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى ئۆتكۈزۈلدى، سەيلە مەزگىلىدە 208 ئۆمەك (گۇرۇپپا) تىكى 1600 ۋەكىل كۈتۈۋېلىندى، ھەرخىل ئىقتىسادىي توختامدىن 215 ى ئىمزالاندى، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىا 305 مىليون 120 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. تۈرلەر بويىچە كېڭەشلىپ 92 مىليون 610 مىڭ يۈەن پۈتۈشۈلدى، ئومۇمىي پۈتۈشۈلگەن سوممىا 397 مىليون 730 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى؛ 28 تۈر توختام تۈزۈلۈپ، 57 مىليون 80 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەتلىك «بوستان» مېھمانخانىسى، تۇرپان مېھمانخانىسى ۋە تۇرپان رېستورانى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 26 مىڭ 717 ئادەم كۈتۈۋالدى، ئومۇمىي كىرىم 2 مىليون 736 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«تۇرپاننىڭ كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ۋە كېڭەيتىش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەتنىڭ ئىككى ئىلمىي تەتقىقات تۈرى، تۆت خىل يېڭى مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، بەش ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ۋىلايەتنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. ۋىلايەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ تۇرپان شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 250، ئوقۇتقۇچىسى يەتتە (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى ئالتە) ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1222 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 865)، ئوقۇتقۇچىسى 111 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 75)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت، ئوقۇغۇچىسى 640 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 193)، ئوقۇتقۇچىسى 91 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 55). ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 51، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 179 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 18 مىڭ 450)، ئوقۇتقۇچىسى 2102 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1413)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 205، ئوقۇغۇچىسى 70 مىڭ 782 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 60 مىڭ 900)، ئوقۇتقۇچىسى 3856 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 3125). بالىلار باغچىسى بەش، باغچىغا كىرگەن بالا 773 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 402)، ئوقۇتقۇچىسى 40 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 23). تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 95 ى (دوختۇرخانا 33)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 1989 ى (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 1076)، كېسەل كارىۋىتىدىن 1859 ى بار. ۋىلايەتنىڭ تەنتەربىيە كوماندىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ئۈچ ئالتۇن مېدال، تۆت كۈمۈش مېدال، ئالتە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.33‰ كە، ئۆلۈش نىسبىتى 4.45‰ كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.88‰ كە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 497 مىڭ 839 غا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7774 كىشى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 365 مىڭ 885 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4451 كىشى كۆپەيدى؛ خەنزۇ 97 مىڭ 755 بولۇپ، 2761 كىشى كۆپەيدى؛ خۇيزۇ 33 مىڭ 271 بولۇپ، 615 كىشى كۆپەيدى؛ قازاق 198 بولۇپ، ئالتە كىشى ئازايدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 730 بولۇپ، 47 كىشى ئازايدى.

☆ تۇرپان ۋىلايىتى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو «يىپەك يولى» تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى ئۆتكۈزدى. سەيلە مەزگىلىدە ئىقتىساد - سودىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىا 397 مىليون 730 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

☆ 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە بىر ئوقۇتقۇچى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، بىر ئوقۇتقۇچى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خادىمى، سەككىز ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، تۆت ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خادىمى، 35 ئوقۇتقۇچى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، بەش ئوقۇتقۇچى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خادىمى بولۇپ باھالاندى.

☆ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىلايەت خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان ئون زاۋۇت

باشلىقى - جەڭگىلى ۋە تۆت پەن - تېخنىكا خادىمىنى مۇكاپاتلىدى.

ما ۋېيمىڭ

# تۇرپان شەھىرى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ئېلى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گاۋ شياۋلىن، لېتىپ ئابلا، بەي لەنيۇ (خوتۇن)، ۋاڭ جىجاۋ.

شەھەر باشلىقى: ئابلەت رېقىپ؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: چېن يىدۇڭ، ئابلا ئىمىن، لى شاڭلى، باھادىر ئابدۇۋېلى.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قادىر قۇربان؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋاڭ شاۋبو، ياڭ دېخۇا (خوتۇن)، لياڭ خۇەيپۇ، تۇرسۇن ھاجى داموللا، غوجا ئەخمەت تۆمۈر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھەمدۇل.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئايىمخان ھاشىم.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 616 مىليون 632 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 588 مىليون 235 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 22.7% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 469 مىليون 944 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 470 مىليون 772 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 11.7% ئاشتى. شەھەرگە قاراشلىق ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 47 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 50 مىليون230 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 359 مىليون 686 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.46% ئاشتى، دېھقانچىلىقتىن 302 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 30 مىڭ 426 توننا ئاشلىق (17 مىڭ 378 توننا ئاق قوناق)، 7082 توننا پاختا، 32 مىڭ 231 توننا كۆكتات، 122 مىڭ 727 توننا ئۈزۈم، 7272 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. شەھەر بويىچە پەسىل ئاتلاپ كۆكتات يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 1650 موغا، پارنىك 2669 غا يەتتى. مۇشۇ يىلى 4300 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 146 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 339 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 19 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 367 مىليون 106 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ھار يېزىسىنىڭ ساناتەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 132 مىڭ 488 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 165 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - كەنتلەر ۋە دېھقانلار ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 11 مىليون 897 مىڭ 400 يۈەن؛ جەمئىي 820 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى. 98.5 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 145 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى؛ 70 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يېڭىلاندى ياكى يېڭىدىن قېزىلدى، 271 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى؛ 296 كۆۋرۈك، سۇ ئەگكۈچ، توما ياسالدى؛ يېزىلارغا 95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى؛ 120 مو كۆلەمدە بېلىق كۆلچىكى ياسالدى؛ 505.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 346 كارىزنىڭ لېيى تارتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى؛ 43 سۇ سىڭمەس كۆلچەك، 14.25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى؛ ئۈچ سۇ مۇنارى ياسالدى، 100.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تورۇبا ياتقۇزۇلدى، ئالتە بېسىملىق باك ئورنىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا كۆپەيتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى 3000 موغا يەتتى، 17 مىڭ 200 ئادەم ۋە 15 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى، يار ئېغىز سۇ ئامبىرى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ 145.5 مېتىرلىق پولات - سېمونت قۇرۇلمىلىق سۇ ئەگكۈچنى قويۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتلىك ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە تۇرپان شەھىرى 2 - ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە 7926 يېزا - بازار كارخانىسى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار قۇرغىنى 70)، 15 مىڭ 535 كەسپىي خادىم بار. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 121 مىليون 420 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 112 مىليون 590 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، پايدا ۋە باج سوممىسى 23 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 162 مىليون 438 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 171 مىليون 471 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 334 مىڭ توننا كۆمۈر، 24 مىڭ توننا تۇز، 34 مىڭ 443 توننا سېمونت، 24 مىڭ 130 قول مارۋىسى، 3010.61 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 2632.2 توننا مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە جەمئىي 50 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغىنى 44 مىليون 630 مىڭ يۈەن. تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 13 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 43 ھەرخىل تەرەققىيات تۈرى كىرگۈزۈلۈپ، بۇلارغا 41 مىليون 628 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1993 - يىلى قۇرۇلغان تۈرلەر مۇنۇلار: شەھەرلىك يېمەكلىكلەر باش زاۋۇتى 4 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ تاماملىغان بىر يۈرۈش ئۈجمە شىرنىسى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى؛ 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان مېھمانخانىسى تىجارەت بىناسىنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى؛ 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چىچان پاختا ئامبىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى؛ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى؛ 1 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نېفت شىركىتى ئۇنىۋېرسال بىناسى؛ 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ماددىي ئەشيا، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ بىناسى. داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر، ئاساسلىقى مۇنۇلار: سودا باش شىركىتىنىڭ توپ تارقىتىش سودا بازىرى، پىۋا زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 5000 توننا مىنېرال پىۋا ئىشلەش سېخى، سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايلانما خۇمدانىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، ئانئورگانىك تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ناترىي نىتراتلىق بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەش سېخى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كۆنجۈرىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ ئاقسىللىق يەم - خەشەك تەييارلاش ئورنى، كىچىك ئىسسىق بۇلاق مىس كېنى قۇرۇلۇشى، تارلاڭغول تۆمۈر كېنى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك 42 مىڭ 600 تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 706 مىڭ 700 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 986 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلى 13 تۈرلۈك ئىقتىساد - سودا توختامى ئىمزالاندى، پۈتتۈشۈش سوممىسى 33 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 54 ھەمكارلىق تۈرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 19 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. ئۈزۈم سەيلىسى مەزگىلىدە 55 تۈرلۈك زاكاز قوبۇل قىلىنىپ، سودىدا 123 مىليون 270 مىڭ يۈەن پۈتتۈشۈلدى، يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى جەمئىي 44 مىليون 99 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى تۆت شەھەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، 186 ئىختىساسلىق خادىم كىرگۈزۈلدى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 240 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 24 مىليون 950 مىڭ يۈەن. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1206 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 847 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 39 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 312 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى.

مۇشۇ بىر يىلدا 6000 توننا پاختا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق پاختا 600 توننا. 2410 توننا قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ 2291 توننىسى سېتىلدى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سۇ مەنبەسىدىن سۇ باشلاپ كېلىنىدىغان 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى؛ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شەھەر ئىچىدىكى پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئىككى جايغا ئېگىز چىراغ ئورنىتىلدى، «ياشلار» كوچىسى، «نۇر» كوچىسىنىڭ چىراق ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 100 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 1700 ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىسى ئورنىتىپ بېرىلدى.

شەھەر بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 8632 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7163)، باشلانغۇچ مەكتەپ 91 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 83)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 112 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 27 مىڭ 589)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 400، جەمئىي ئوقۇتقۇچى 2611 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 2002). تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 26 سى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 513 ى، يېزا - كەنت دوختۇرىدىن 150 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 524 ى بار. شەھەر بويىچە يېزىلاردىكى داۋالىنىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %76.7 كە يەتتى.

شەھەر بويىچە 19 قېتىم ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 9000 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە ئىككى ئالتۇن مېدال، تۆت مىس مېدال ئالدى. چاتقال، سىڭگىم يېزىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدىكى ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى. 12 - ئايدا چاتقال يېزىسى يەنە مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە سېپىدىكى ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى. شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە «تەنتەربىيە خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

☆ 4 - ئايدا تۇرپان شەھەرلىك ئەمگەك بازىرى قۇرۇلدى.

☆ 4 - ئايدا شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا يىغىنى چاقىرىلىپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بەش پەن - تېخنىكا خادىمى مۇكاپاتلاندى، 21 مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى تەقدىرلەندى، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 68 كىشىگە مۇكاپات بېرىلدى.

☆ 6 - ئايدا تۇرپان شەھەرلىك ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باش شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت تۇرپان شەھىرى بويىچە بىردىنبىر كوللېكتىپ ساياھەتچىلىكى ۋە سودىنى بىر گەۋدە قىلغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا.

☆ 7 - ئايدا 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىز يۈزى بويىچە ھېسابلىنىدىغان نۆل نۇقتا خاتىرە ئابىدىسى ساياھەت نۇقتىسى قۇرۇلدى.

☆ 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە ئىككى قېتىم قاتتىق بوران چىقتى، بوران دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز بال بولۇپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 34 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 12 - ئايدا شەھەرلىك ھاۋارايى ئىستانسىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋارايى مۇلازىمەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى، لى ژۈبىڭ «مەملىكەت بويىچە ھاۋارايى مۇلازىمەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**سىڭگىم يېزىسىنىڭ سۇ تېجەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى**

سىڭگىم يېزىسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 7.8 مىللىمېتىردىن 27 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2700 - 3000 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە سەرپ قىلىنىدىغان سۇ مىقدارى ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا كۆپ، يەر ئاستى سۈيى كۆپلەپ تارتىپ چىقىرىلغانلىقى، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ھەر يىلى 40 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن بۇ يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ كەلگەنىدى.

سىڭگىم يېزىسىنىڭ سۇ تېجەشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا - ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىكى باشلامچى تۈر بولۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى، سۇ ئېلېكتر ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، تۇرپان شەھەرلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى ۋە تۇرپان شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى مەسئۇل بولۇپ يولغا قويىدۇ. بۇ تۈر قۇرۇلۇشى — سۇ تېجەش تېخنىكىسى بىلەن سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تەدبىرى بىلەن دېھقانچىلىق بىئولوگىيىسى تەدبىرى ۋە يېزا - ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۆزئارا بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى.

1. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تەدبىرى. بۇنىڭدا تۆۋەن بېسىملىق سۇلياۋ تۇرۇبا ئارقىلىق سۇ ئاققۇزۇش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، قۇدۇقتىن كۆلچەككىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېرىقلارنى ئومۇميۈزلۈك سۇ سىڭمەس قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ھازىر يېزا بويىچە 14.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق سۇلياۋ سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، يېزا بويىچە تۇرۇبا تورىغا ئېلىنغان يەر كۆلىمى 25 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭغا جەمئىي 470 مىڭ يۈەن (دېھقانلار ئۆزلىرى توپلىغىنى 40% نى ئىگىلەيدۇ) مەبلەغ سېلىندى. 2. سۇغىرىشنى باشقۇرۇپ سۇ تېجەش تەدبىرى. بۇنىڭدا باشقۇرۇش ئارقىلىق تېجەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پىلان بويىچە سۇ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلىدۇ، يەنى بېكىتىلگەن ياخشىلاش تەدبىرى بويىچە ئائىلىلەر سۇ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. سۇ ئۆلچىگۈچى خادىملارنىڭ ئۆلچەش خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئەقەللىي مۇۋاپىق زىيان نەزەرگە ئېلىنىپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ سۇغارغان يېرىنىڭ كۋادرات مېتىرى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ، نورمىدىن ئوشۇق سۇ ئىشلەتسە، باھا قوشۇپ ھەق ئېلىنىدۇ، ھازىر يېزا، كەنت، گۇرۇپپىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 3. ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇلى بۇغدايىنى كاندۇكلاپ سۇغىرىش، تەكشى سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن تۆشۈك تېشىپ سۇغىرىش، كېۋەزنى چۆنەكلەپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى. تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدە بۇغدايىنى كاندۇكلاپ سۇغارغاندا، ھەر مو يەردىن 109 كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قالغىلى، ھەر مو يەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 61 كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى؛ كىشمىش ئۈزۈم تېكىنى

سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىپ سۇغارغاندا، ھەر مو يەردىن 262 كۇب مېتىر سۇ تېجەپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 132 كىلوگرام، ئۈزۈمنىڭ قەن تەركىبىنى 2% ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى، چىگىتلىك پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 93.9 كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بىر يىلدىن كۆپرەك قۇرۇش ۋە سىناق قىلىش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

يالڭ لىخۇا

# توقسۇن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھاشىم ئىبراھىم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چېڭ كەيجىن، قېيۇم ھېيت، جاڭ ۋېنكې، ئانارخان.

ھاكىمى: ئابدۇگۇل مەھەممەت؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ تيېجيەن، كۇجىيى (خۇيزۇ)، ئابلىمىت غوجابدۇل، ۋاڭ پىڭ.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماناپ ۋاھاپ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن دېچيۇ، سەمەت سايىت، جۇچاڭ، كېۋېرتۆمۈر داموللا.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماخمۇت ۋاھاپ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى: ئەخمەت غوجابدۇل.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 232 مىليون 801 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 19 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 32 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 30 مىڭ 874 توننا ئاشلىق، 9092 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 264 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. ناھىيە بويىچە كالا - قوي بورداش كەسپىي ئائىلىسى 540 قا يەتتى، 100 مىڭ تۇياق كالا - قوي بوردالدى. 3540 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 724.1 مو، قۇم تىزگىنلەش ئورمىنى 1087.7 مو، ماتېرىيال ئورمىنى 953.4 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 777.1 مو. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 94 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاقچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 207 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى؛ ئېتىزلار ئارىسىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىنشائات مۇئەسسەسەدىن 150 ى ياسالدى، 120 سى رېمونت قىلىندى؛ تۆت سۇ سىڭمەس كۆلچەك ياسالدى، 12 سى رېمونت قىلىندى؛ 69 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئالتە ئارتېزىئان قۇدۇق قېزىلدى؛ 95 كارىز رېمونت قىلىنىپ پۇختىلاندى ۋە ئۇزارتىلدى؛ 23 مىڭ 250 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ياسالدى؛ 13 باسما پومپا ئورنىتىلدى، 2.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ ئېقىمنى توسۇش قۇرۇلۇشىدىن بىرى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن تۆتى ياسالدى. 39 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى، كۆپەيتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ موغا، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغان يەر كۆلىمى 70 مىڭ موغا يەتتى، 600 ئادەم ۋە 30 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

ناھىيە بويىچە سانائەت (كەنت باشقۇرغان سانائەت بۇنىڭ سىرتىدا) ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 29.05% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 27 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 661 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 66.58 توننا ئېفېدرىن، 9950 توننا گەج، 1998 توننا تاشپاختا، 1810 توننا ئاكتىپ ئاق توپا، 1505 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 900 كۇب مېتىر مەرمەر تاش، 52 مىڭ 447 كۋادرات مېتىر كۆن خۇرۇم، 10 مىڭ 764.8 توننا چىگىتى ئايرىۋېلىنغان پاختا، 1039 توننا ئۇن، 6 مىليون 300 دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بازىرىدىن ئىلانلىق يېزىسىغىچە بولغان توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، ئىلانلىق ترانسپورماتور پونكىتىنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى، بىرىكمە ئوغۇت، ساپ شۇلتا ئىشلەش، پولات پروكاتلاش قاتارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى پۈتۈپ ئىشقا

كىرىشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى 4200 گە يەتتى. بازار - يېزىلاردىكى تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 77 مىليون 500 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىلون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تەستىقلاش ئارقىلىق يەتتە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ئورنى، بەش پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈز زاۋۇتى، ئېغىبدرىن زاۋۇتى، قۇرۇلۇش شىركىتى، ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزى، ناھىيىلىك مېھمانخانىدىن ئىبارەت ئالتە ئورۇننى ھۆددىگە بېرىش توختامى ئورۇندالدى. يەتتە تۈركۈمدە زىيارەتكە كەلگەن 79 كىشى كۈتۈۋېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىن كەلگىنى ئىككى تۈركۈم يەنى بەش كىشى؛ چەت ئەلگە يەتتە تۈركۈمدە 35 كىشى زىيارەتكە چىقتى. ئۈزۈم سەيلىسى ۋە ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە 25 تۈردە كېڭەشىلدى، 23 تۈردە مۆددىئانامە ئىمزالاندى، تاۋار پۇتۇشۇش سوممىسى 55 مىليون 944 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 37 ئىختىساسلىق خادىم كىرگۈزۈلدى، 7 مىليون 837 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن 5 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى. 1993 - يىلى يەنە شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق - قۇم تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ توقسۇن ناھىيىسىدە كۆكتات بازىسى قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاندى؛ تەيۋەن «موتەي» چەكلىك شىركىتى بىلەن 10 مىڭ توننا مىنېرال سۇ مەنبەسى ئېچىش توزى ئىمزالاندى؛ شىنجاڭ ماتارىپ شۆيۈەنى بىلەن توقسۇن ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماتارىپ، ئىلمىي تەتقىقات، ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق كېلىشىمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھەرلىك رەڭلىك مېتال شىركىتى ئىجارىگە ئالغان توقسۇن مېتاللورگىيە زاۋۇتىنىڭ رۇدا تاللاش سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 115 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9800 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 30 مىليون 413 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 117 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1077 يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى نەپەقە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنغان 132 ئائىلىگە 95 مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى، 400 مىڭ يۈەنگە يېقىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بەش پاراۋانلىق زاۋۇتى قۇرۇپ مېيىپلار ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 67 نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 620 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 155 (ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلىرى 13. مۇشۇ بىر يىلدا 25 تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرى ئورۇندالدى، پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 12 سى، ئۆلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 438 ى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 7467 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 6124)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 204 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 134)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 40)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 273 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 916)؛ بالىلار باغچىسى ئىككى (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر). باغچىغا كىرگەن بالا 318 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 226). ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1013 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 819). ۋالىي پېيىماڭ «سەككىز سىمۋوللۇق لوڭقا» تالىشىش بويىچە خەلقئارا ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىدە شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە ئون تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 45 كەنت دەرىجىلىك سەھىيە پونكىتى، 355 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 294 كېسەل كارىۋىتى بار. ناھىيە بويىچە يەتتە قېتىم ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىلەرگە 2500 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى قەدەمچە چېلىشىشتا 130 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - لىككە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت يىغىنىدا خەلقئاراچە چېلىشىشتا 51 كىلوگراملىقلار بويىچە بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

☆ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بىلەن ئالىي مەكتەپ بىرلىشىپ ئاچقان زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتورلار) ئالىي تېخنىكوم سىنىپى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى توقسۇن ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىدى.

☆ «ئاق قوناق» لوڭقىسى خەتتاتلىق مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ۋە بىر يۈرۈش «ئاق قوناق ھارىقى» مەھسۇلاتلىرىنى تېتىپ كۆرۈش يىغىنى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

سۇ سۇغىلەن

# پىچان ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم سەيپۇل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاۋ شۆرېن (مانجۇ)، خۇجىڭيۇ، بەكرى تۆمۈر، بارات سايىم.

ھاكىمى: ئابلا قاسىم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: خۇاڭ جىجۇڭ، ماجىنگۇي (خۇيزۇ)، جۇشۆفېڭ، ئابدۇرۇسۇل شۈكۈر؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: شۇ يۈەنجۈن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايىت زايىت؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ھەبىبۇل قادىر، ماجىدې (خۇيزۇ)، ماچۇەنداۋ، رەجەپ ھاپىز ئاخۇن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇراخمان سېيىتنىياز.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: خې ۋېنشۇ (خۇيزۇ).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 586 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 989 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %20.31 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 43 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 54 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 327 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %28.8 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 212 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 910 مىڭ مو بوز يەر، 50 مىڭ مو ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار، 69 مىڭ 207 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 15 مىڭ 547 توننا بۇغداي ئېلىندى؛ 53 مىڭ 850 مو يەرگە ئاق قوناق تېرىلىپ، 12 مىڭ 327 توننا ئاق قوناق ئېلىندى؛ 65 مىڭ 167 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 5150 توننا پاختا ئېلىندى. 75 مىڭ 411 مو يەردىكى تەكتىن 115 مىڭ 67 توننا ئۈزۈم ئېلىندى؛ 17 مىڭ 868 مو يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 16 مىڭ 976 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى، بەرپا قىلىنغان 2954 مو يەردىكى ئورمان ساقلاپ قېلىندى، يىل ئاخىرىدا 328 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 693 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە سالغان مەبلەغ 1 مىليون 535 مىڭ يۈەن، يېزا - كەنتلەر ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 6 مىليون 747 مىڭ يۈەن، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈنىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە 126 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى، 32 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 2.6 سۇ سىغىمچان كۆلچەك ياسالدى، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھەر خىل ئىنشائات 596 گە يەتتى؛ 231 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى 246 كارىز رېمونت قىلىندى ۋە ئۇزارتىلدى؛ سۇغىرىش كۆلىمى 3400 مو كۆپەيتىلدى. 30 مىڭ مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. 3 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قىلىندى، 64 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا توك سىمى تارتىلدى، ئۆستەڭ بويىدىكى 47 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى يول راۋانلاشتۇرۇلدى. ناھىيە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 300 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليارد 167 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 257 مىليون 400 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 211 مىليون 910 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %24.6 ئاشتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 129 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 177 مىڭ توننا كۆمۈر، 28 مىڭ توننا سېمونت، 292 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 41 مىڭ توننا تۇز، 13 مىڭ 200 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 4.608 كىلوگرام

ئالتۇن، 198 مىليون 250 مىڭ دانە خىش، 6563. 5 توننا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 3. 228 توننا شاكىلاتلىق قورۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق 50 مىڭ تونىلىق بىر ئايلانما خۇمدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئەسلىدىكى 30 مىڭ توننىدىن 80 مىڭ توننىغا يەتتى؛ كانچىلىق شىركىتىنىڭ ئالتۇن ئېلىش تۈرىنىڭ يىللىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بۇرۇنقى 110 كىلوگرامدىن 175 كىلوگرامغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 96 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغىنى 49 مىليون 690 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 205 مىڭ 538 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 177 مىڭ 658 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سېلىنغىنى 19، يەككە تۈر بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنغىنى 30، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغىنى 17. ناھىيە بازىرىدىكى 22 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول كېڭەيتىلدى، 99 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى، 11 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرىدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 40 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. ترانسپورت شىركىتىدىن باشقا، ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شەخسىي ئاپتوبۇس 127 گە، يۈك ئاپتوموبىلى 298 گە يەتتى، 2000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشقا سېلىنىپ، مەملىكەتنىڭ تېلېفون تورىغا تۇتاشتۇرۇلدى؛ 8 - ئايدا پويىز ئىستانسىسى بازىرىنىڭ 500 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفونى ئىشقا سېلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تېلېگراف كىرىمى تۈنجى قېتىم پوچتا كىرىمىدىن ئېشىپ كەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليون 170 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 26 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1105 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8035 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 24 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 246 مىليون يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزىلاردا 690 ئائىلە شەخسىي ئۆي سالدى، بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 70 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىغا 80 ئائىلىلىك ئىككى كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى 4 مىليون 882 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 810 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەشكە ۋە نەپەقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا نەپەقە بېرىشكە 159 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، 4834 نامرات ئائىلە يۆلەندى، يىل ئاخىرىدا 1104 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى بولۇپ باھالاندى؛ «كېۋەزنى كەڭ كۆلەمدە قېلىپلاشتۇرۇپ تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دالانكارىز يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار يېزا پونكىتى بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 7939 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5001)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 68 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 56)، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 994 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 20 مىڭ 950)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 794 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 481)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1250 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 966). ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى37؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 120، مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىكى ئالتە تۈرگە 3 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 9506 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ بىناسى سېلىندى. تۆت ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا، ئون يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، بىر شەخسىي دوختۇرخانا، 62 شەخسلەر ئاچقان داۋالاش ئورنى، 410 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 408 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بىرىدىمۇ زىيان كۆرۈلمىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 43 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %95. 58 ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن مالىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

☆ ناھىيىنىڭ ئالتۇن مەھسۇلاتى تۈنجى قېتىم 10 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن پىچان ناھىيىسى يىلىغا

10 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرالايدىغان ناھىيىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

☆ جەمئىي 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان (پىچان ناھىيىسىنىڭ سالغىنى 4 مىليون يۈەن) تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى پىچان ئېرىتكۈچى ماي زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننا بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون يۈەندىن يۇقىرى.

پەڭ شىيۇفاڭ

# قۇمۇل ۋىلايىتى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خەلچىخان ياقۇپ، ۋۇۋېنشياڭ.

ۋالىيسى: ئايۇپ قۇربان؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: يەن شۇفەن، توختىخان ئىسمائىل، جاۋجەنكۈي، زەكەن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ بىڭجيا، ئېربجەب (قازاق)، ئىبراھىم سالى.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: غوجى سالى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ جىنچېن (7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى)، دۇڭ جيەن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 235 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.1% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 85 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇندالغان سودا - سانائەت بېجى 71 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىم 168 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 850 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 3 مىليون 190 مىڭ مو بوز يەر بار. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەرتىپى 67.5:32.5 بولدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى 1992 - يىلدىكىدىن 38 مىڭ 200 مو ئاز تېرىلىپ، 99 مىڭ 104 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 3575 توننا پاختا، 3000 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە 10 مىڭ 20 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 7873 مو؛ 4170 مو يەرگە قۇمۇل چۆلى چىلىنى كۆچىتى تىكىلدى، كىھاتە ئورمانلىقى 1649 مو. يىل ئاخىرىدا 1 مىليون 32 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى 33.1% بولدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 60% كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىڭ توننا گۆش، 7500 توننا سۈت، 1158 توننا قوي يۇڭى، 64 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 246 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى قىممىتى 80 مىليون يۈەنگە، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 150 تونناغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 678 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 9 مىليون 655 مىڭ يۈەن، ئۆزى تەييارلىغىنى ۋە پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ئەمگەك 17 مىليون 23 مىڭ يۈەن. 130 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 55 قۇدۇق قېزىلدى، 640 قۇدۇق ئۆزگەرتىپ ياسالدى، سۇغىرىش رايونلىرىدا يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات 589 غا يەتتى، بىر سۇ ئامبىرى ياسالدى، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغان يەر كۆلىمى 59 مىڭ موغا، كۆپەيتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى 4700 موغا يەتتى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 428 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى 4481 گە، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان خادىم 22 مىڭغا يەتتى. شۇ يىلى قوشۇلغان 93 يېڭى تۈرگە 80 مىليون 866 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليون يۈەن (سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 161 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19.4% ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 283 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 93 مىڭ توننا گلائۇبېر تۇزى، 12 مىڭ 866 توننا چويۇن، 95 مىڭ 989 توننا سېمونت، 3116 توننا تۆمۈر بىرىكمىسى، 18.4 توننا ئېففېدرىن، 89 مىڭ 359 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 7433 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 4691 توننا پىۋا، 11 مىڭ 609 سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 77 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ

ئېلىندى، ئىقتىساد كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ مالىغىنى 16 مىليون 790 مىڭ يۈەن. 18 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 14ى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يىللىق مەھسۇلاتى 80 مىڭ توننا بولغان شىنجاڭ قۇمۇل شۆلتا زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەمدە يىللىق مەھسۇلات 200 مىڭ توننا بولغان ھاك تېشى كېنى ۋە يىللىق مەھسۇلاتى 30 مىڭ توننا بولغان كوكس زاۋۇتى قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى؛ يىللىق مەھسۇلاتى 1000 توننا بولغان سېرىق چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن شياڭگاڭ بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يىللىق مەھسۇلات 3000 توننا بولغان مىنېرال سۇ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 32 خىل يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تىببىي دورىگەرلىك يېڭى مەھسۇلاتى 22 خىل، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى مەھسۇلاتى ئون خىل. بېيجاڭ «جيەنلىباۋ ئىچىملىكى» گۇرۇھى ۋە بېيجاڭ شۋاڭخېشباڭ «بەش يۇلتۇز» پىۋا گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق جىگدە شەربىتى ۋە «بەش يۇلتۇز» پىۋىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 5 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 90 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇمۇلدىن لياۋدۇنغىچە بولغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول ياسالدى، 84 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ناھىيە - يېزا تاشيولى ياسالدى: باركۆل ناھىيىسى بىلەن تارانچىدا 1000 توچكىلىق، قۇمۇل شەھىرىدە 10 مىڭ توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلىپ ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 87 مىليون 457 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 24 مىليون 290 مىڭ توننا كىلومېترغا (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇنىڭ سىرتىدا) يەتتى.

تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى قۇمۇل قوغۇن سەيلىسىدە ۋە 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 126 سى ئىمزالىنىپ، 289 مىليون 385 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش باشلانغان ۋە قىسمەن مەبلەغ نەقلەشكەن تۈر 82، نەقلەشكەن مەبلەغ 84 مىليون 160 مىڭ يۈەن؛ ئىش پۈتكەن تۈر 39 بولۇپ، 14 مىليون 903 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ئاشتى، پايدا ۋە باج 3 مىليون 677 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 795 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 7672 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تېمىرتام ئېغىزىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 12 مىڭ 355.47 تونىنغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 41 مىليون 520 مىڭ يۈەن (ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 290 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، ئەمەلىي پايدىسى 2 مىليون 796 مىڭ يۈەن بولدى. نەق پېرېۋوت سودىسى بويىچە ئېكسپورت تاۋارلىرى يەتتە چوڭ تۈر، 40 نەچچە خىل، بۇنىڭغا 11 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىدىن ئىككىسى، ئۆزىنىڭ تارماق ئاپپاراتىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 541 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 496 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون 560 مىڭ يۈەن. سودا سىستېمىسىدىكى تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 338 مىليون 810 مىڭ يۈەن، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 383 مىليون 520 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي پايدىسى 10 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى. تۈرلۈك بازارلار 36 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى قۇرۇلغىنى 12 بولۇپ، ئۇلارغا 3 مىليون 901 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7936 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ بىر يىلدا بازارلاردىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 83 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان سودا - سانائەتچى 8447 گە، خادىمى 10 مىڭ 648 گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 30 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خۇسۇسىي كارخانا 47، خادىمى 752، تىزىملاتقان مەبلىغى 8 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 5 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 811 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 843 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىلغان پۇل 269 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پاراۋانلىق كارخانىسىدىن سەككىزى قۇرۇلدى، خادىمى 270 كە يەتتى. ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەسىپ ئالماشتۇرغان 342 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 549 ئوقۇغۇچى (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 335) ۋە شەھەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن 1930 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بەش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 89 ئوقۇغۇچى تەكلىپ بىلەن ئىشلەشكە قوبۇل

قىلىندى.

ۋىلايەت بويىچە ئىقتىساد تەرەققىيات رايونىغا 45 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئەمەلىيلەشكەن قۇرۇلۇش تۈرى 39 غا يەتتى. 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 56 مىڭ 464 كۋادرات مېترلىق خول لىنىيە قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى ۋە 1130 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارقىتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 197، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1926. «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قاتناش پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسى»، «يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سېرىق چىرىندى كىسلاتالىق قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش دورىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىشچان ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتى»، «قۇمۇل قوغۇنىنىڭ ئەلا سورتلۇق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى تېخنىكىلىق ئۈلگە كۆرسىتىشنى كېڭەيتىش» ۋە «قۇمۇل چىلىنىنىڭ يىلتىزىنى تىكىپ ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 تۈر ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993 - يىللىق پاتېنت تېخنىكىسى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار بويىچە ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسىدە بىر تۈر ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا، ئالتە تۈر ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىكىدە تېخنىكىلىق ھۆددىگە ئېلىشقا قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىمى 162. ھۆددىگە ئالغان مۇلازىمەت كۆلىمى 310 مىڭ 400 مو بولۇپ، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 75.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 172 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 91)، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 491 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 186)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 138 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4767)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 26 (مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 5084 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1285)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 1487 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 438)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم تۆت، ئوقۇغۇچىسى 1441 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 712). چوڭلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچى 142 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 87). ۋىلايەت بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ «خەلق چۆچەكلىرى»، «خەلق ماقال-تەمسىللىرى» ۋە «خەلق قوشاقلىرى» دىن ئىبارەت ئۈچ خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى رەسمىي نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلدى. تارىخ - تەزكىرە كىتابىدىن يەتتىسى نەشىردىن چىقتى. ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرگە سىملىق تېلېۋىزىيە تورى تۇتاشتۇرۇلۇپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 80% تىن ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 177 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 3178 ھەر خىل كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 2221 كېسەل كارىۋىتى بار. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيە، يېزا كەنتلەردە ئۈچ دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش تورى راۋاجلاندۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى يەتتە تۈر بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 14 ئالتۇن مېدال، 15 كۈمۈش مېدال، 11 مىس مېدال ئالدى. ئىككى ئادەم بەش قېتىم قىزلارنىڭ 3000 مېترغا يورغىلاپ مېڭىش ۋە ئوغۇللار 3 - گۇرۇپپىسى بويىچە تېز سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.48‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.22‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.26‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 425 مىڭغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4229 ئادەم، يەنى 0.97% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 87 مىڭ 25 كە يېتىپ، 193 ئادەم كۆپەيدى؛ قازاق 40 مىڭ 363 كە يېتىپ، 1180 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 280 مىڭ 595 كە يېتىپ، 3042 ئادەم كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 17 مىڭ 21 گە يېتىپ، 182 ئادەم كۆپەيدى.

جياڭ چېڭجيا

## قۇمۇل شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەن شىشيەن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ شۈشىن، خەيرىنىسا تۆمۈر، خۇي جيۈلىڭ، نۇرۇللا مەھەممەتنىياز.

شەھەر باشلىقى: مۇھەممەت بارات؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: لۇشيېپىڭ، ھېمىت يۈسۈپ، ليۇجيەنشىن، ۋەن يۇشېڭ؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: ياڭ چىڭشەن.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھېمىت تۇرسۇن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: شيايېمىن، كەپەن (قازاق)، ئوسمانشاھ ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يۇنۇس پازىل.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لىي جيېچۈن.

**ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 286 مىليون 280 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 233 مىليون 940 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 14.69% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 56 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 55 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 530 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 129 مىليون 80 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.13% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 50 مىڭ 39 توننا ئاشلىق، 2364 توننا ياغلىق دان، 3169 توننا پاختا، 58 مىڭ 624 توننا كۆكتات، 17 مىڭ 706 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 4935 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 7440 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 377 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قالدى. 105 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 232 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 102 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 141 مىليون 478 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 133 مىليون 89 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 27.86% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىڭ توننا سېمونت، 30 مىڭ توننا كۆمۈر، 23 مىليون 780 مىڭ دانە خىش، 50 توننا تۇز، 2170 توننا مانگان رۇدىسى، 3 مىليون 440 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 600 توننا ئۇن، 312 توننا سۇ يېغى، 450 توننا كونسېرۋا، 88 توننا ئاق ھاراق، 4691 توننا پىۋا، 100 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 17 مىڭ 987 كۋادرات مېتىر كۆن ـ خۇرۇم، 13 مىڭ 209 ئۆي جاھازى، 2166 توننا تۆمۈر بىرىكمىسى، 246 كىلوگرام ئالتۇن، 445 توننا مېتال ئىشلەك دېرىزە، 4192 كۋادرات مېتىر گىلەم، 450 توننا سۇسىز ناترىي سۇلفات، 574 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ تەركىبلىك) ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 39 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بېكىتىلىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 9 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر مۇنۇلار: شىنجاڭ قۇمۇل ئالتۇن كېنىغا 1 مىليون يۈەن، شەھەرلىك ئالتۇن كېنىنىڭ كۆمۈر، ماي كاللىكىدىن ئالتۇن ئېلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن، شەھەرلىك سېرىق چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتىنىڭ ئۈنۈملۈك سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن، شەھەرلىك كۆمۈر كېنىنىڭ غەربىي قۇدۇقىنى ئۆزگەرتىشكە 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن، شەھەرلىك سۈرمە تاش پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە كاننى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 25 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى تاماملاندى، ئۇنىڭغا 22 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 241 مىڭ 200 توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 7900 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 194 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 934 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 16 مىڭ 735 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 50 مىليون 964 مىڭ 500 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 662 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 16 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز). ئوقۇغۇچىسى 8475 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3072)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 81 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 40. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 194 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9684)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1074 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 325)؛ ئوقۇتقۇچى 2855 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1525). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە 38 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 516 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 257 كېسەل كارىۋىتى بار.

**تۇنجى نۆۋەتلىك قۇمۇل قوغۇن سەيلىسى**

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان جۇڭگو

«يېڭىلىق يولى» قۇمۇل قوغۇن سەيلىسى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە قۇمۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. سەيلىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قازاقىستان، سىنگاپور، ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن مېھمانلار، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مەھكىمە، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، قېرىنداش ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن دوستلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى بولۇپ 5000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

قۇمۇل قوغۇنى سەيلىسى مەزگىلىدە جەمئىي 55 ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 159 كىشى كۈتۈۋېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى (28 كىشى) بار. كېڭەشلىگەن تۈر 42 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمزالانغان توختام 24 (1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغان تۈر 13). توختام سوممىسى 60 مىليون 190 مىڭ يۈەن؛ ئىمزالانغان كېلىشىمنامە 16 (1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغىنى يەتتە)، كېلىشىم سوممىسى 34 مىليون 464 مىڭ يۈەن. تاۋار يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان تۈرلۈك سېتىۋېلىش توختامى 32 بولۇپ، توختام سوممىسى 65 مىليون 945 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق كىشى كۈتۈۋېلىندى.

ئايشەم

# ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوسمان روزى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى بېڭفېڭ، ماۋلىمقان جېڭىستان (قازاق)، ئابدۇۋايىت ھاپىز، لى يىڭكەي.

ھاكىمى: ئايۇپ ئىبراھىم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ جيەنجۈڭ، ئايمەھەممەت ئەتنىياز، سۇجۈنمىن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: چېن جۇبى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۇنۇس بەيرەم؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ليۇيۆلەي، ئىساقان قۇسايىن (قازاق)، مەريەم زىكرىيا، ئويۇپ تۇر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: پازىل توختى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: فۇكېچىن (مانجۇ).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 28 مىليون 997 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 14 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 735 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 16 مىليون 703 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.56% تۆۋەنلىدى. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 3595 توننا ئاشلىق، 406 توننا پاختا، 193 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 240 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 20 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 160 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 781 توننا تاۋار گۆش، 211 توننا قوي يۇڭى، 8.3 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 438 توننا كالا سۈتى، 160 توننا قوي - ئۆچكە سۈتى، 1000 پارچە كالا تېرىسى، 22 مىڭ 900 پارچە قوي تېرىسى، 12 مىڭ 300 پارچە ئۆچكە تېرىسى، يەتتە توننا تۆگە يۇڭى، 50 توننا ئۇرۇق يەتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6732 كىلوۋاتقا يەتتى. 536 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ئازوتلۇق ئوغۇت 218 توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 318 توننا) ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 702 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈچ تۈرلۈك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى (كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسما قۇرۇلۇشى، جىلغىلارنى پۇختىلاش قۇرۇلۇشى، ئۆزۈنبۇلاق سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى) تاماملاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 710 مىڭ يۈەن (يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىرىمى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن، كەنت باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىرىمى 50 مىڭ يۈەن، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كىرىمى 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن) گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 990 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 29.98% تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6359 توننا كۆمۈر، 1062 توننا ئوتۇن، 207 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا (50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان تۈرلەرگە) 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن، قۇراشتۇرۇش

قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 350 مىڭ يۈەن، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 350 مىڭ يۈەن، باشقا خىراجەتلەر 500 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1510 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى (قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسى پۈتكۈزۈلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 455 كۋادرات مېتىر. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ تاشيولدا توشۇغان يۈك مىقدارى 12 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 212 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا؛ توشۇغان يولۇچى 44 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 847 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 377 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 266 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 4900 (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 4662) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 476 مىڭ 400 يۈەن (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 7 مىليون 175 مىڭ 900 يۈەن) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى (تور كۆل، نېرىنكىر چارۋىچىلىق مەيدانى بۇنىڭ سىرتىدا) 815 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليون 457 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بۇ ناھىيىگە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈرى بويىچە 4 مىليون 496 مىڭ 300 يۈەن ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل چۈشۈرۈپ بېرىلدى، جەمئىي يەتتە تۈر يولغا قويۇلدى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 90 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 85 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 432 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ يىللىق كەسپىي تىجارەت سوممىسى 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەرخىل تۆلەم ئەنزىسىدىن 30 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 40 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 906 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 644)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 2427 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1991)؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىر. ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن ئۈچى، يېزا (مەيدان) دەرىجىلىك شىپاخانىدىن ئالتىسى بار؛ 136 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 19 يېزا دوختۇرى، 180 كېسەل كارىۋىتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا (مەيدان) شىپاخانىسىدىكى كېسەل كارىۋىتى 50. ناھىيە بويىچە 11 قېتىم تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى، 16 تۈرلۈك پائالىيەتكە 2089 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

☆ 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ياي يېزىسىدا ئىككى كۈندۈز ئۈچ كېچە قار ياغدى، قارنىڭ قېلىنلىقى 45 سانتىمېتىرغا يەتكەنلىكتىن، 587 تۇياق چىشى چارۋىدا مۇددەتتىن بۇرۇن تۇغۇش، بالا تاشلىۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. 287 تۇياق يېتىلگەن چارۋا ئۆلۈپ كەتتى.

☆ 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارا تۈرۈك ناھىيىسى تۇنجى قېتىم خالىسانە قان تەقدىم قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەتتە 68 كىشى 13 مىڭ 400 مىللىلىتىر قان تەقدىم قىلدى.

جۇ زەيۋۇ

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمەمەت ئالىمقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جىنىڭ، لى رۇيرۇڭ (موڭغۇل)، مادېخۇي، ئەنەۋەر (ئايال، قازاق).

ھاكىمى: تۇرسۇن سۇتاي (قازاق)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ شىنتاڭ، فېڭ دىخۇا، لى يۇڭ، نۇرشەرىپ (قازاق)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لىيې ياۋۋېن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىغۇل بىلال (قازاق)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جياڭ پىڭ، كامىسىيە ساپۇباي (قازاق)، ليۇشىچى، شۇشياۋچىن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: شايماردان (قازاق).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: چېڭ جەنشېڭ.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 142 مىليون 733 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 116 مىليون 540 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 34 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 306 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 87 مىليون 140 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.72% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 427 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 215 مىڭ 100 مو يەر تېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 45 مىڭ 414 توننا ئاشلىق، 437 توننا ياغلىق دان، 2971 توننا كۆكتات، 12 مىڭ 320 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 340 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 3392 توننا يېمە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 491 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى 36.88%، تاۋارلىنىش نىسبىتى 64.7% بولدى، ئون توننا بېلىق تۇتۇلدى. 348.9 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 143 مىڭ 791 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 136 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 3 مىليون 890 مىڭ يۈەن. چىلىك دەريا سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىڭمەس قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. ۋۇچاڭگۇدىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى ۋە ساسىق توسما - سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 76.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۈرلۈك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. سۇغىرىش رايونلىرىدا 415 يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش ياسالدى؛ 11 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئون ماشىنىلاشقان قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى؛ 281.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۈرلۈك ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى؛ بىر سۇ ئامبىرى مۇستەھكەملەندى. ناھىيە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چارۋىچىلىق رايونىدىكى 54 ئورۇنغا قوتان ياسالدى، 154 چارۋىچى ئائىلە ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 23 مىڭ 700 مو يايلاق قاشالاندى، 650 مىڭ مو يەردە چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 683 مىڭ 700 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 276 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 781 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 70 مىليون 326 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.94% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىليون 307 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 182 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 16 مىڭ 800 توننا كوكس، 10 مىڭ 500 توننا سېمونت، 18 مىڭ 900 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 3.26 كىلوگرام ئالتۇن، 86 مىڭ توننا گلائۇبېر تۇزى، 46 مىڭ 800 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 2229 دانە يۇڭ ئەدىيال، 150 كۋادرات مېتىر گىلەم، 10 مىليون 210 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 210 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە ئۆزى تەييارلىغىنى 7 مىليون 850 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 25 مىڭ 895 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 6746 كۋادرات مېتىر. 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ قۇلىنچەرى يول ئۇلى پۈتتى. شىنجاڭ سانائەت شۆيۈەنى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان قوياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ساھىلدا سېلىتراني ئاپتاپقا سېلىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ قۇمۇل پولات زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىلغان 30 مىڭ توننىلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك كوكس تاۋلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 3 - چوڭ ئەترىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېچىلغان كۆلياقا سۇر باستاۋ ئالتۇن كېنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كۆلياقا يېزىسى بىلەن شياڭگاڭ «چىۋەن» شىركىتى ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىپ ئۇيۇشتۇرغان «باچى» سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتىنىڭ «يىكەن پەرى» ماركىلىق مىنېرال سۇيى ۋە كۆيسۇ يېزىسى «تيەنلۇڭ» مېۋە - چېۋە ئىچىملىكى شىركىتىنىڭ سەۋزە مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 20 مىڭ توننا ناترىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرالايدىغان 2 - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى پۈتتى. يولۇچى توشۇش مىقدارى 670 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 25 مىليون 150 مىڭ ئادەم/ كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ باركۆلدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوموبىلى قاتنىشى باشلاندى. «HJ-04» تىپلىق، بوي ۋە ئەن شەكىللىك، ئۇزۇن يوللۇق، بازار ئىچى، يېزا تېلېفونلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن 1000 توچكىلىق ئاپتوماتىك كوممۇتاتوردىن بىرى كېڭەيتىپ قۇراشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر

يىلدا پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 61 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار ـ يېزىلاردا دېھقانچىلىق سودا بازىرىدىن سەككىزى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي مۇلازىمەت شىركىتىدىن 16 سى قۇرۇلدى. موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا ھەمكارلىق ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ، يىللىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەلدىن كەلگەن تۈرلۈك ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 42 سى كۈتۈۋېلىندى، چەت ئەلگە چىقىشقا 11 ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەندى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 10 مىڭ 441 (كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 985)، مۇشۇ بىر يىلدا 25 مىليون 199 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 631 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 876 دېھقان، چارۋىچى ئائىلىسىدىكى 4380 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 98 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتى يولغا قويغان ھەر خىل سۇغۇرتا تۈرى 30 خىلغا يەتتى، بۇنىڭغا 34 مىڭ 320 كىشى قاتناشتى، ھۆددىگە ئالغان سوممىسى 7 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەش كۇرسىدىن 205 قارار ئېچىلىپ، تەربىيىلەنگەن دېھقان، چارۋىچى 9300 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز، ئوقۇغۇچىسى 5781 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1379)، ئوقۇتقۇچىسى 500 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 152)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 58، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 812 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5266)، ئوقۇتقۇچىسى 864 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 298). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ئۈچ دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتىدىن 45ى، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 279ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 176 سى بار. بازار ـ يېزىلاردا ئون قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭغا 3000 ئادەم قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە باركۆل ۋەكىللەر كوماندىسى يەتتە ئالتۇن مېدال، 11 كۈمۈش مېدال، توققۇز مىس مېدال ئالدى.

☆ 4 ـ ئايدا «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشىردىن چىقتى. بۇ كىتاب 7 ـ ۋە 9 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەزكىرىچىلىكتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 4 ـ ئايدا شۆشياۋچىن سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇنەۋۋەر باشلىقى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

☆ 9 ـ ئايدا چوقان (قازاق) «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا؛ جېڭ شيۇيۈ (ئايال)، قايىربېك (قازاق) «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ 1993 ـ يىلى باركۆل ناھىيىسىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن يارىتقان كىرىمى 770 مىڭ يۈەنگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 46 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ جيەنگو

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: دانجىن (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ زۇڭچاڭ، ن. باسىڭ (موڭغۇل)، ئۆتتۈق نىياز، ماجىشياڭ (خۇيزۇ)، ياڭ خۇيخۇا، شۆشياۋيۈڭ (ئايال)، داۋۇت موسا.

ئوبلاست باشلىقى: سەرجە (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ جۇ، ۋاڭ شېڭچۈەن، مەھەممەت ئېزىز، مادې (خۇيزۇ)، بادەي (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۈي گۇاڭخۇا؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى گېنچى، بالدىن (موڭغۇل)، ئوسمان ئەمەر، ياڭ فۇشەن (خۇيزۇ)، سۈن يۈنشۈەن، ۋاڭ چۈەن، گەنجە لىكشىت (موڭغۇل)، بارات داموللا.

ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: باسىڭ (موڭغۇل).

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش

تەپتىشى: ۋاڭ پېشيەن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 382 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 832 مىليون يۈەن) گە يەتتى؛ مىللىي دارامەت 2 مىليارد 745 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 370 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %14.9 ئاشتى. يەرلىك مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 214 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 387 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى.

ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 496 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 383 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى. ئوبلاست بويىچە 164 مىڭ 800 گېكتار يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 393 مىڭ 685 توننا ئاشلىق، 50 مىڭ 634 توننا پاختا، 12 مىڭ 12 توننا ياغلىق دان، 470 مىڭ 661 توننا قىزىلچا، 51 مىڭ 745 توننا مېۋە - چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈت 30 مىڭ 744 توننا) ئېلىندى. 50 مىڭ 700 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 911 مىڭ تۇپ پارچە - پۆرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 2 مىليون 596 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 25 مىڭ 690 توننا گۆش، 10 مىڭ 784 توننا سۈت، 6233 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 3586 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 857 مىليون يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 673 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 296 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليارد 341 مىليون يۈەن) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 632 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 888 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت، 428 مىڭ توننا سېمونت، 9000 كۇب مېتىر ياغاچ، 70 مىڭ 259 توننا تاشپاختا، 19 مىڭ 172 توننا پاختا يىپ، 38 مىليون 930 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 97 مىڭ 700 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 27 مىڭ 493 توننا فابرىكا قەغىزى، 53 مىڭ 619 توننا شېكەر، 18 مىڭ 101 توننا كونسېرۋا، 17 مىڭ 44 توننا پەمىدۇر قىيامى، 2980 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 439 توننا چۈچۈك بۇيا قىيامى، 1269 توننا چۈچۈك بۇيا مەلھىمى، 127 توننا تەييار جۇڭگو تىبابەتچىلىكى دورىسى، 2110 گاز ئوچاق، 97 مىڭ 730 سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تۇڭى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 287 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 36 مىليون يۈەن). ئاشقان يىللىق ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ياكى ئۈنۈمىي مۇنداق بولدى: يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نېفىت 400 مىڭ توننا، سېمونت 65 مىڭ توننا، بالون، كامېر 20 مىڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 3012، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 2206، تۈرلۈك ئاپتوموبىل 226، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون ئاپتوماتىك كوممۇتاتورى 1584، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كوممۇتاتورى ئالتە. مۇشۇ بىر يىلدا 19 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر، 123 دېھقانچىلىق ماشىنىسى، 6254 كىلوۋات توك، 13 دانە شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىلى كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە (يەرلىك ئورۇن) سېتىۋېلىنغان تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 122 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %60.6 ئاشتى، ئېكسپورتقا بېرىلگەن مالنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن %57.8 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 37 مىليون 130 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتى 23 مىليون 580 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 559 مىليون توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 404 مىليون ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى؛ تاشيول ترانسپورتىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 532 مىليون توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 561 مىليون ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 27 مىليون 544 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون 11 مىڭ 16 (بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تېلېفون 2220) گە، ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون 3762 گە، يېزا تېلېفونى 935 كە، سىمسىز چاقىرغۇ 2578 گە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 260 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 84 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ساياھەتچىلىك كەسپىدىن 364 مىڭ 300 يۈەن تاشقى پېرېۋوت چېكى كىرىم قىلىندى.

ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا

توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 900 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 234 مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 3164 يۈەنگە يەتتى. شەھەر، بازارلاردا يېڭىدىن 62 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، يېزىلاردا 400 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. شەھەر يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە ھەر خىل مۇلۇك سۇغۇرتىسى ۋە جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى جەمئىي 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا مال - مۇلۇك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم ئەنزىسىدىن 5713 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 13 مىليون 810 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى تۆلەندى؛ 1360 كىشىگە 840 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا ئوبلاست بويىچە 42 ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئېچىلىپ، ياشانغانلاردىن 255 ى قوبۇل قىلىندى. شەھەر - يېزىلاردىكى ھەرخىل قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى دۆلەتنىڭ 12 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 382 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئوبلاست بويىچە 19 پەن تەتقىقات ئورگىنى، 21 مىڭ 261 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، 1993 - يىللىق پاتېنت تېخنىكىسى يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئورۇمچى كۆرگەزمىسىدە بايىنغولىن ئوبلاستى ئالتە ئالتۇن مۇكاپاتقا، بىر كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 2303، (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1181)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 2176 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 538)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 134، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 634، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 407؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 391، ئوقۇغۇچىسى 106 مىڭ 79؛ ئوقۇتقۇچى 6672. ئوبلاست بويىچە 297 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 6513 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1734)، 4849 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئوبلاست بويىچە 81 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايونلۇق ھەم دۆلەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، سەككىزى 1 - لىككە، توققۇزى 2 - لىككە، بەشى 3 - لىككە ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.05‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.03‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.02‰ بولدى، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 914 مىڭ 200 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15 مىڭ 200 ئادەم كۆپەيدى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە موڭغۇل 43 مىڭ 100 گە يېتىپ، 300 ئادەم كۆپەيدى، ئۇيغۇر 320 مىڭ 500 گە يېتىپ، 3200 ئادەم كۆپەيدى. خەنزۇ 498 مىڭ 100 گە يېتىپ، 11 مىڭ 700 ئادەم كۆپەيدى. باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 52 مىڭ 200 گە يەتتى.

☆ 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ قارمىقىدىكى كورلا بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى توشۇشنى ئۈستىگە ئالغان كورلىدىن بېيجىڭغا قاتنايدىغان بىرلەشمە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى رەسمىي ئېچىلدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە موڭغۇلىيە خەلق قوشاقچىلىرى جەمئىيىتى ئۇلانباتوردا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا موڭغۇل خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش ۋە مىللىي مۇزىكا چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ماھىرلىرىدىن سەيدەن، بادۇمانلار جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتناشتى، سەيدەن ئات باشلىق غىجەك بىلەن مۇزىكا ئورۇنلاش بويىچە ئالتۇن مېدالغا، بادۇمان خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بايىنغولىندىكى تۇنجى ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى — شىنجاڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ماددىي ئەشيا ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

فۇسەيجاۋۋېن

## كورلا شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: داۋۇت مۇسا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ لۇياۋ، ياسىن باۋۇدۇن، خې گۇاڭلىن، جۇچىيىن.

شەھەر باشلىقى: ئوبۇلقاسىم زۇنۇن؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: چىن پېڭفېي (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي شەنفېڭ، پەرھات ئابدۇرېھىم، لى مىڭخۇي، شى شىنجاڭ.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى لىنتاڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ليۇخۇەنچۈەن، ماجيەنشىن (خۇيزۇ)، ئېلى قارىھاجى، گۈلخان سابىر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سەيدۇللا سايىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇۋېيدۇڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى كورلا شەھىرىگە قاراشلىق رايونلارنىڭ

مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 701 مىليون 80 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 202 مىليون 800 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 142 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 60 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 211 مىليون 268 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 180 مىليون 360 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.91% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 35 مىڭ 560 توننا ئاشلىق، 9931 توننا پاختا ئېلىندى. 14 مىڭ 500 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 10 مىڭ 500 مو مېۋىلىك باغ كۆپەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا 227 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 2792 توننا گۆش ئېلىندى. 1993 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە كورلا شەھەرلىك مالىيە ئورۇنلىرى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، جەمئىي 31 تۈر (قۇرۇلۇش داۋاملاشتۇرۇلغىنى بەش تۈر، يېڭىدىن ياسالغىنى، كېڭەيتىلگىنى، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغىنى 26 تۈر) پۈتتى، بۇلارغا جەمئىي 20 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 48 مىڭ توننا كۆكتات، 2100 توننا كالا، قوي گۆشى، 1580 توننا چوشقا گۆشى، 1317 توننا تۇخۇم، 235 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 1200 توننا سۈت، 7750 توننا يەم - بوغۇز بازارغا سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 11 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 82 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 92 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ئۆستىڭى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 78 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 128 مىليون يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 186 مىليون 283 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 142 مىليون 870 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 25.14% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 30 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 11 مىليون 207 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىڭ توننا كۆمۈر، 70 مىڭ 200 توننا سېمونت، 1521 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 8956 توننا ساپ پاختا، 294 توننا چۈجۈك بۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 30 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاۋار ئۆيلەرگە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى، ئەمەلىيەتتە، 20 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەللەر بىلەن جەمئىي 61 تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 120 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇلاردىن 70 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنىدا جەمئىي 18 مۇددەتنامە، توختام ئىمزالاندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 140 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەرلىك يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى شىركىتىنىڭ مۇشۇ بىر يىللىق سودا سوممىسى 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇگۇاڭ شەھىرى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لۇجۇ شەھىرى قاتارلىق بەش شەھەر بىلەن دوست شەھەر بولۇش كېلىشىمى تۈزۈلدى. كورلىدىن بېيجىڭغىچە بولغان ھاۋا يولى ئېچىلىپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 36 نۆۋەتتە قېتىم سانى بويىچە 6351 يولۇچى توشۇلدى. تارىمدىكى 2 مىليون 500 مىڭ تونىلىق نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ «ئۈچنى راۋانلاشتۇرۇش، بىرنى تەكشىلەش» قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 12 مىڭ 302 توننىغا، يولۇچى 119 مىڭ 865 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 520 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 256 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 301 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 6000 دىن، خۇسۇسىي كارخانا 150 تىن ئاشتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1245 يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 3025 يۈەنگە يەتتى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 905 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر، يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 510 مىليون 120 مىڭ يۈەن. بانكىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 996 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىدىغان ئائىلە 35 مىڭغا يەتتى. شەھەردە 8.1183 مو يەر كۆكەرتىلدى، 313 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 30 مو چىم ئۆستۈرۈلدى. توققۇز سودا بازىرى ۋە توپ سېتىش بازىرى قۇرۇلدى، «بوستان» چارۋا توپ سېتىش بازىرى، «بوستان» مېۋە، كۆكتات توپ سېتىش بازىرى، سودا كوچىسى ۋە ئۆي - زېمىن بازىرى قاتارلىق كەسپىي بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئاقتاش بازىرى ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

شەھەر بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 3808، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن

يۇقىرى ۋەزىپىسى بارلىرى 718؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 76، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 865، ئوقۇتقۇچىسى 1393؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 6417، ئوقۇتقۇچىسى 707؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 988، ئوقۇتقۇچىسى 51، بالىلار باغچىسى يەتتە، باغچىدىكى بالا 3167، ئوقۇتقۇچىسى 171. شۇ يىلى 2 مىليون 58 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5384 كۋادرات مېترلىق «مەككىزنى يۇرۇشلەشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلاشقا 4 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەردە 31 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 456 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 333 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كورلىدىن يۇخۇيغا توك ئۆزىتىش بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. يۇخۇي رايونىدىكى بىر يېزا، ئىككى مەيداننىڭ توك يوقلۇق تارىخى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ كورلا شەھەرلىك كومىتېتى باشقۇرىدىغان «كورلا كەچلىك گېزىتى» رەسمىي نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىشقا باشلىدى.

جياڭ چىڭفاڭ

# خېجىڭ ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈرۋە (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ كەيتەي، شى پېيمىن (خۇيزۇ)، ياسىن مامۇت، ياڭ بىڭچېڭ.

ھاكىمى: باۋرې (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ماشىڭچۈەن، مەھەممەت سەلەي، جاڭ جيەنمىن، چاخان (موڭغۇل)؛ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جاڭ شۆشېڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يى جيۈيۈ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تېمۇر باتىر (موڭغۇل)، چيەن جېيى، يەن خۇڭيىڭ، چۆدىگكەنبۇ (موڭغۇل)، تۇراپ ئەكرەم.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: دابداي (موڭغۇل).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ليۇگاڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 297 مىليون 580 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %0.6 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 17 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 36 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 168 مىليون 740 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 144 مىليون 946 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.88 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 180 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر، 199 مىڭ 600 مو بوز يەر، (785 مىڭ 900 مو ئېچىشقا بولىدىغان يەر) بار. 128 مىڭ 866 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 46 مىڭ 386 توننا ئاشلىق ئېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 22 مىڭ 156 توننا، كوممىقوناق 23 مىڭ 893 توننا). 46 مىڭ 945 مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 39 مىڭ 123 توننا ھوسۇل ئېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ياغلىق دان 2749.6 توننا)، 35 مىڭ 108.3 توننا قىزىلچا، 73.9 توننا پاختا، 1148.6 توننا قارا گازىر، 7432 توننا كۆكتات، 4988 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا 6330 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا 774 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى، 322 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قولدىن چىقتى. مۇشۇ بىر يىلدا 6585 توننا گۆش، 813 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 11 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 77 مىڭ 500 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، 28 مىڭ مو يەرگە سۈنئىي ئوت - چۆپ تېرىلىپ، سۈنئىي ئوتلاق 49 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. 40 قوتان، 80 ئېغىز (2400 كۋادرات مېتر) چارۋىچىلار ئۆيى سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە %30 چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 156 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 39.75 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 57 يۈرۈشلەشكەن سالا ئېتىز ياسالدى. 10 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 214 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 570 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 441 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 47 مىليون 374 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %21.69 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 470 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك، 33 مىڭ 466 توننا سېمونت، 40 مىليون 630 مىڭ دانە

خىش، 1050 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1607 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 3200 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 10 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسى 1822 كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 747 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 104 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سودا تور - نۇقتىسى 1399 غا يەتتى. يېزا ئىگىلىك بازارلىرىدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 15 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 02 .792 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 220 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 34 مىليون 397 مىڭ 100 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 151 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەشكە 55 مىڭ يۈەن چىقىرىلىپ، 71 ئائىلىدىكى 371 كىشى يۆلەندى، 66 ئائىلىدىكى 295 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 450 يۈەنگە يەتتى.

«پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسى» تۈرى ئوبلاست ۋە ناھىيىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 4764 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2428)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 39 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 382 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9202)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1710 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 909). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا يەتتە قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك، ئۈچ قېتىم يېزا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار مەكتەپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 421 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 297 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەھەر سائەت نۆلدىن بەش مىنۇت 13 سېكۇنت ئۆتكەندە خېجىڭ ناھىيىسىدە 4 .5 بال يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزى شىمالىي پاراللېل ′18°42، شەرقىي مېرىدىئان ′6°36 خارمودۇن يېزىسى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە يەنە 20 نەچچە قېتىم قالدۇق تەۋرەش كۆرۈلدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋۇجۇگىمىننى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ۋۇجۇگىمىن ناھىيىلىك كالا - قوي بورداش فېرمىسىنىڭ باشلىقى، 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

خوڭ يۇگشياڭ
ۋاڭ يۇشيا
خوڭ تاۋ

# خوشۇت ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لېكشىت (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تاڭ رۇڭخەي، ۋاڭ چېڭفېن (ئايال)، مەھەممەت ساۋۇت، ماۋېنشىن (خۇيزۇ).

ھاكىمى: جىندىك (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: شۇدېيۈەن، ساتتار مۇتەللىپ، باتما (موڭغۇل)، فەن شياڭپىڭ؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى شۆۋۇ، جاڭ شىنمىن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇجىنسەي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: شى دېلىن (خۇيزۇ، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دورجالا (موڭغۇل)، خۇجيەنمىڭ، ئابلاھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: داسەرجى (موڭغۇل).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: جۇجىنگدۇڭ (ئايال).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 91 مىليون 110 مىڭ يۈەن (چىڭشۈيخې دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق، 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 98 مىليون 780 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 46.58% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 77 مىليون 930 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 83 مىليون 960 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 32.47% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 22 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 960 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 56 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 5.91% ئاشتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا 177 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، 101 مىڭ 100 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 32 مىڭ 104 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 11 مىڭ 900 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 1505.3 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 3900 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 290.2 توننا پاختا ئېلىندى؛ 469 توننا قۇلماق، 401 توننا قارا گازىر، 16 مىڭ 637 توننا قىزىلچا ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 2200 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 127 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 43 مىڭ 338 كىلوۋاتقا، ئومۇمىي ماشىنا مەشغۇلات مىقدارى 4 مىليون 880 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يەتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتى سېستىمىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىگە 5 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 521 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 410 مىڭ يۈەن، ناھىيە، يېزىلار ۋە ئامما توپلىغىنى 1 مىليون 604 مىڭ يۈەن. 27.04 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 56 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى، 12.01 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زەيكەشنىڭ لايقىسى تازىلاندى، 87.81 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇغىرىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى. 105 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 158 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات رېمونت قىلىندى. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر قۇدۇق قېزىلدى، 185 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى؛ سۇغىرىش كۆلىمى 5360 مو كۆپەيدى، 16 مىڭ 500 مو سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك كۆرۈلگەندىمۇ ھوسۇل بېرىۋېرىدىغان يەر 7100 مو كېڭەيدى، تۆۋەن ھوسۇللۇق 5700 مو يەر ئۆزگەرتىلدى. «8224» باغۇەنچىلىك قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئورماننى قوغداپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 75 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 340 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 44 مىليون 220 مىڭ يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 43 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 4 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەتكە 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە 136 سانائەت كارخانىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى مەھەللە ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن 40. ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 736 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 68 مىليون 701 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 55% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 71.7 توننا ئېفېدرىن، 3743.5 توننا ئۇن، 238.3 توننا سۇ يېغى، 418.5 توننا گۈرۈچ، 13 مىڭ توننا تۇز، 258 توننا يودلانغان تۇز، 6887 توننا سېمونت، 35 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 1921 توننا پەمىدۇر قىيامى، 360 توننا قىزىلمۇچ قىيامى، سىناق تەرىقىسىدە تۆت توننا ۋولفرام رۇدىسى، 17 توننا دېھقانچىلىق دورىسى؛ 5000 كۇبىكمېتىر گەج تاختا، 571 كۇبىكمېتىر گىلەم، 920 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 400 توننا ساپ شۇلتا ئىشلەپچىقىرىلدى. 330 توننا گرانىت تاش قېزىلدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا 15 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 5 مىليون 280 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە 10 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئۆرە خۇمدىنىغا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن؛ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورىغا 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. مۇنداق ئالتە تۈر نۇقتىلىق تۈر بولدى: 1. چۈچۈك بۇيا ياساسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى. يىلىغا 500 توننا چۈچۈك بۇيا ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 4 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى، 10 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2. توشقان زەدىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى. بۇ، ئېغىبدىرىن زاۋۇتىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 توننا، جەمئىي 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى بولغانىدى، بۇنىڭدىن ئەمەلىيلەشكىنى 500 مىڭ يۈەن. 3. مىس سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش تۈرى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 توننا بولۇپ، جەمئىي 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى بولغانىدى، بۇنىڭ 700 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلىشىپ، 10 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. 4. ئاق ۋولفرام كېنىنى ئېچىش تۈرى. يىلدا 11 مىڭ توننا رۇدا قېزىلىپ، 79 توننا ساپ ئاق ۋولفرام ئايرىۋېلىش پىلانلانغان. بۇنىڭغا جەمئىي 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى ئىدى، بۇنىڭ 394 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. 5. تاشپاقا بېقىش تۈرى. بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 3 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئىدى، 180 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلىشىپ، 6 - ئايدا قۇمچاق بېقىش باشلاندى. 6. ئۈششاقتال يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى. بۇ تۈرنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجۇ شەھىرى «شىڭخۇا» دېھقانچىلىق دورىسى زاۋۇتى خوشۇت ناھىيىسى بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرماقچى، بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 100 مىڭ يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. بۇ زاۋۇت يىلدا 200 توننا ئامىل ئېستېرسىتاند مېيى ۋە دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى مۇشۇ بىر يىلدا توشۇغان يولۇچى 129 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 123 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. 4800 توننا يۈك توشۇلدى. 9 - ئايدا چۇخۇي يېزىسىنىڭ جەمئىي 535 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان توققۇز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسفالت يولى پۈتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 863 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (مالەن ئاشلىق ئىدارىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 44 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6868 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 16 مىليون 343 مىڭ 800 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 465 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 612 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 918 يۈەنگە يەتتى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 69 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ قالدۇقى 19 مىليون 610 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 56 مىليون 37 مىڭ يۈەن ھەرخىل قەرز پۇل تارقىتىلدى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا كىرىمى 72 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۈرلۈك زىيانلارغا 553 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا 89 ئائىلىدىكى 348 كىشى يۆلەندى، 48 ئائىلىدىكى 216 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە 1114 پەن - تېخنىكا خادىمى (يېزا - بازار، كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى بەش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار ئالتە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 90. قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى داۋامىدا، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن جىڭلەن ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 2249 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 846)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 5009 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى2473)؛ بالىلار باغچىسى ئۈچ، باغچىدىكى بالا 281؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 836. مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 65 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى پۈتۈپ، ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ناھىيىدە بىر دوختۇرخانا، بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يەتتە ئاساسىي قاتلام شىپاخانىسى، 131 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 68 كېسەل كارىۋىتى بار. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 4 - نۆۋەتلىك نادام مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

☆ 1993 - يىللىق پاتېنت تېخنىكىسى يېڭى مەھسۇلاتلىرى ئۈرۈمچى كۆرگەزمىسىدە ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر باش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شىنجاڭ قىزىلمۇچ قىيامى» ئەڭ ئالىي ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**بايلىق ئۈستۈنلۈكى بازار ئىگىلىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇلدى**

خوشۇت ناھىيىسىنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ كىلىمات، تۇپراق شارائىتى چۈچۈك بۇيا ئۆسۈشكە باب كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە چۈچۈك بۇيا كۆلىمى 130 مىڭ مو كېلىدۇ. ناھىيە

بۇ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بازار ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى يىلىغا 500 توننا چوچۇك بويا ياسىلىمىسى (چوچۇك بويا مەلھىمى، چوچۇك بويا قىيامى، چوچۇك بويا كىسلاتاسى) ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىر زاۋۇت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ناھىيە تەۋەسىدىكى تەبىئىي چوچۇك بويىنى قاشالاپ قوغدىدى ھەم مۇۋاپىق قېزىپ پايدىلىنىش تەدبىرىنى بەلگىلىدى.

شۇ خەيفاڭ

# باغراش ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چ. ئاراش (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ناجىنشاڭ (خۇيزۇ)، لى شيىڭ، تۇرسۇن سايىم، سۇن يۈنپىي.

ھاكىمى: نامدۇك (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فاڭ جۇڭگۇي، تۇردى نىياز، شۇياڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ جىيالىي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋۇيۇن (موڭغۇل)، جاڭ جيەنشۈن، سېيىت تاش، چياۋگېدۇن (موڭغۇل).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مېڭ لىمىن (موڭغۇل).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇن چاۋجۇن

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى باغراش ناھىيىسى (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 115 مىليون 281 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 4 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 16 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 431 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.7% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 131 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 23 مىڭ 764 توننا ئاشلىق، 2668 توننا ياغلىق دان، 18 توننا پاختا، 41 مىڭ 495 توننا قىزىلچا، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان 18 مىڭ 594 توننا پەمىدۇر، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان 18 مىڭ 364 توننا قىزىلمۇچ، 87 مىڭ 125 توننا كۆكتات، 1580 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 105 توننا قارا گازىر، 245 توننا زىرە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 2427 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 88 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 806 توننا گۆش ئېلىندى، 2773 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 35 مىڭ 283 كىلوۋاتقا يەتتى. 1743 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 2 مىليون 367 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 488 مىڭ 500 يۈەن (ئامما ئۆزى توپلىغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا) مەبلەغ سېلىندى. 45.35 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ئۆستىڭى ۋە زەيكەش چېپىلدى، 46.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. كىچىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدىن 85 ى ياسالدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 24 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 422 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.96% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2855 توننا پەمىدۇر قىيامى، 441 توننا قىزىلمۇچ قىيامى 8 مىليون دانە خىش، 1970 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 3500 توننا تۇز، 63 توننا توك سىمى، 5068 كۇب مېتىر قومۇش تاختا، 1719 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. 2 - ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى جېنجياڭدىكى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى «سەنشىڭ» سىرچىلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش توختامىنى ئىمزالاپ، «SO4—7170» پولىئامىنومېتىل كىسلاتا ئېفىرلىق ئالىي دەرىجىلىك پار - پۇرسىمان سۇۋالغۇ زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇت 8 - ئايدا تۈركۈملەپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 9 - ئايدا باينغولىن ئوبلاستلىق ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيول ترانسپورتىدىكى يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 301 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ

ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 696 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 32 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىگىدە ساپ سېتىۋېلىش سوممىسى 29 مىليون 346 مىڭ يۈەنگە، ساپ سېتىش سوممىسى 27 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 3879 ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 11 مىليون 154 مىڭ 100 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 862 يۈەنگە يەتتى. بازار-بېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 43 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 400 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەت كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان پەن-تېخنىكا خادىمى 549. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 2009 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 557)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 6593 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1486)؛ ئوقۇتقۇچى 594 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 272). كەنت مەدەنىيەت ئۆيى 23. ناھىيىدە بىر دوختۇرخانا، بىر ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، تۆت يېزا، مەيدان شىپاخانىسى، 170 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 80 كېسەل كارىۋىتى بار. ناھىيە بويىچە بىر تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى، بىر ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى، تۆت يېزىلىق رادىئو ئۇزىلى بار.

جاڭ گۈيلەن

☆ باغراش ناھىيىلىك ئوتتۇرا زىچلىقتىكى تالا پاختا ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تورىنىڭ قۇرۇلۇشى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى رەسمىي باشلاندى.

سۇن جۇبىن

# بۇگۇر ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئىمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋۇفاڭكۈي، ئەيسا زۇنۇن، مەي شۈجەن، ئابدۇرېھىم كېرىم.

ھاكىمى: توختى نۇر؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ يۈشۇ، چياۋۋېيجېن، قاسىم گايىت، ئىمام ھەسەن كېرىم؛ پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ئەخمەت مەخمۇت، ۋېي رۇڭبىن (12-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خۇياۋزۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: كېرەم ئىمەت، يۈجيەنخۇا، ماھمۇت ئەخمەت، ئەبەيدۇللا مەھەممەتنىياز.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ماھمۇت مەھەممەت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: رەن پېڭ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993-يىلى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 107 مىليون يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 7.62% ئاشتى. مىللىي دارامەت 97 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.8% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 23 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 65.3% ئاشتى؛ ئومۇمىي چىقىم 37 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 276 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 8.4% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 228 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. 41 مىڭ 996 توننا ئاشلىق، 2488 توننا پاختا، 530 توننا ياغلىق دان، 6233 توننا مېۋە-چېۋە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 6240 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 271 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2621 توننا گۆش، 334 توننا قوي يۇڭى، 113 مىڭ 583 پارچە قوي-ئۆچكە تېرىسى، 24.1 توننا پىلە غوزىسى، 24 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 32 مىڭ 318 كىلوۋاتقا، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 337 گە، كىچىك تراكتور 884 كە، سۇ چىقىرىۋېتىش سۇغىرىش ماشىنىسى 108 گە يەتتى. يېزىلاردا 261 مىڭ كىلوۋات/سائەت توك، 3806 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. ناھىيە بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 29 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 27 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 754 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 6% ئاشتى. 164 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 6523 توننا تۇز، 1691 توننا ساپ پاختا، 100 كۇب مېتىر ياغاچ، 5339 توننا ئۇن،

3937 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۇلۇككە 25 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا تاش يولدا توشۇلغان يۈك 19 مىڭ 400 توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 68 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 219 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 632 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بازىرىدا تېلېفون باشقۇرۇش رەقەملەشتۈرۈلۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بىۋاسىتە تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلدى، رەقەم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان تېلېفون سىغىمچانلىقى 384 توچكىغا يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 60 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرگە كېرەكلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىسى 5225 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 54 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 489 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 84 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 600 يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇل (پوچتا ئامانىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ قالدۇقى 62 مىليون 577 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 567 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 2119 ھەرخىل پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي - تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 311. باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 50)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 458 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 414)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 3013 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2657)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 288 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 247)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1255. 1993 - يىلى مالىيەدىن ماائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 6 مىليون 920 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 18.58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 12 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 16 خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە، 215 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 281 كېسەل كارىۋىتى بار. ناھىيە بويىچە 61 قېتىم ناھىيە، يېزا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 33 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

☆ 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قۇملۇق توغراقلىق باغچا بۇگۇر ناھىيىسىدە قۇرۇلدى.

☆ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو - ئامېرىكا شېرىكچىلىكىدىكى «لۇنتەي» نېفىت خىمىيە سانائىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئۇل قويۇش مۇراسىمى بۇگۇر ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جاۋ شىنچېڭ

# لوپنۇر ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نىياز ئابلا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ شىڭيۈەن، ھاۋاخان سۇلايمان، ئابدۇلھەق قاسىم.

ھاكىمى: قۇربان سۇلايمان؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ جىنمىڭ، رىشىت مەيىن، بۇشىڭرۇڭ، ئەخمەت ئەيسا.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لوجىڭدۇڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىسلام قادىر، تۇردى ئابلا، باقىرغازى ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: روزى ھوشۇر.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ جيەنشىن.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 251 مىليون 400 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 228 مىليون 540 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 7 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 21 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 106 مىليون 502 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 97 مىليون 80 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 27.65% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 174 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يەر، 800 مىڭ مودىن ئارتۇق ئېچىشقا

بولىدىغان بەر بار. ناھىيە بويىچە 53 مىڭ 100 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 12 مىڭ 141 توننا بۇغداي ئېلىندى، 3400 مو يەرگە شال تېرىلىپ، 1311 توننا گۈرۈچ ئېلىندى؛ 17 مىڭ 400 مو يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىپ، 3234 توننا كۆممىقوناق ئېلىندى؛ 108 مىڭ 400 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 9870 توننا پاختا ئېلىندى؛ 280 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 80 مىڭ 100 تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى، 150 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 231 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى 40.7% كە، ئەي بولۇش نىسبىتى 77.1% كە يەتتى. شۇ يىلى 153 توننا قوي يۇڭى (چۇپۇر 35 توننا)، 17.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 86 مىڭ 585 پارچە قوي تېرىسى سېتىۋېلىندى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 35 مىڭ موغا يەتتى، 114 توننا بېلىق تۇتۇلدى. شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن (دۆلەت سالغىنى 250 مىڭ يۈەن، ناھىيىنىڭ مالىيە سالغىنى 325 مىڭ يۈەن، يېزا، كەنتلەر ئۆزى تەييارلىغىنى 2 مىليون 196 مىڭ 800 يۈەن، سۇ ھەققىدىن يىغىلغىنى 170 مىڭ يۈەن، ئەمگەكنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغىنى 1 مىليون 356 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەردەرىجىلىك يوروۋشلەشكەن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدىن428ى ياسالدى. 590 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ئۆستىڭى ۋە زەيكەش چېپىلدى ۋە رېمونت قىلىندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 233 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون 260 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 108 مىليون 930 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 439 توننا چۈچۈك بۇيا قىيامى، 16 مىڭ 52 توننا ۋېرمىكۇلىت، 253 توننا ۋېرمىكۇلىت پاراشوكى، 3362 توننا پاختا يىپ، 8199 توننا ساپ پاختا، 35 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 46 توننا لوپنۇر كەندىرى، 4666 توننا ئوتۇن، 853 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان سىممىز چاقىرغۇ سىستېمىسى ئىشقا سېلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بىرلىكتە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇلۇشىنى قۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئورۇنلىرى 2 مىليون يۈەن (نەقلەشكىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سالغان 390 كۋادرات مېترلىق كىلىنتىرىن سېتىۋېلىش كىسلاتا ئىپتىپر زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 20 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيول ترانسپورتىدا ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 320 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 440 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 321 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 51 مىليون 200 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 510 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، يېزا ئىگىلىك بازىرىدا پۇتۇشۇلگەن سومما 45 مىليون 356 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك سودا بازىرى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 871 يۈەنگە يەتتى. بازار، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15 كۋادرات مېتىر بولدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 4836 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون 876 مىڭ 700 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 189 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 52 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 218 نامرات ئائىلىدىكى 1092 كىشى يۆلەندى. يىل ئاخىرىدا 200 ئائىلىدىكى 1036 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى جەمئىي 11 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى.

ناھىيە بويىچە جەمئىي 338 پەن - تېخنىكا خادىمى بار. (مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا). ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 2222 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1269)؛ يېزا - مەيدانلاردىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ يەتتە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئىككى)، ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ (مىللىي مەكتەپ بىر، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 9272 (ئاز سانلىق مىللەت

ئوقۇغۇچى 5566) ؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 520 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 350) . مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ (ئاپتونوم ئوبلاست سالغىنى 40 مىڭ يۈەن، ناھىيىلىك مالىيە سالغىنى 70 مىڭ يۈەن) سېلىنىپ، 360 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق مەكتەپ بىناسى سېلىندى. شۇ يىلى بىر يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 36 قېتىم (ناھىيە دەرىجىلىكى توققۇز قېتىم) تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 16 تىببىي داۋالاش - مەھىيە ئاپپاراتى (يېزا، بازار، مەيدان شىپاخانىسى 12) ، 162 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 146 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 11 - ئايدا مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق خەلق مۇرەسسە خىزمىتى يىغىنىدا شىڭپىڭ يېزىسى توڭچىكە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەھەممەت ئىبراھىم «مەملىكەت بويىچە نەمۇنىچى خەلق مۇرەسسەچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

# چاقىلىق ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: لىن گويىڭ، جېڭ شۈەنلىن، مەلىكەم جۇمە (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، بۇخەلچەم، سادىق قۇربان.

ھاكىمى: ئابدۇل تۆمۈر؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ جاۋپىڭ، مەمتىلى، غېنى كېرىم.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇدافۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: گۇجىڭدا، ئابدۇۋەلى مامۇت، تۇردى سېيىت، ئابلا مەخسۇم.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەسەن يۈسۈپ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ۋاڭ شىنجۈڭ.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 56 مىليون 940 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 65 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 36 - تۇەن - مەيدانىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 11.7% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) . ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 12 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 21 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون 510 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 22 مىليون 660 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.44% تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 9190 توننا ئاشلىق، 1020 توننا پاختا، 142 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 102 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. شۇ يىلى 9.1819 مو يەرگە كۆچەت تىكىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 51 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ باشلاش ئۆستىڭى، 1.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى. 2.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ كېڭەيتىلدى. 373 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى ۋە لاتقىسى تازىلاندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىشلىرى بويىچە يۇرۇشلەشكەن ئىنشائاتتىن 113 ى ياسالدى، 277 سى رېمونت قىلىندى. 3400 مو سالا ئېتىز رەتلەندى. 13.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 49 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەتكە 8 مىليون 250 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 40 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 55 مىليون 290 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 19.24% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2 مىليون 310 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 800 توننا تاشپاختا، 18 مىڭ 100 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 9 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشپاختا كېنى قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 54 مىڭ 600 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 620 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 16 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 593 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 21 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 87 مىڭ يۈەن. دېھقان،

چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1173 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 27 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى (مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 204 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 152)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 967 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 488)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13 (چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 2782 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1690)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 300 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 196). بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 413 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 197). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، مەخسۇس فىلىم «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — چاقىلىق» نى سۈرەتكە ئالدى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 129 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 95 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 4 - ئايدا چاقىلىق ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

☆ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە چاقىلىق ناھىيىسىدە كەينى - كەينىدىن ئالتە قېتىم ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، 27 مىليون 700 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىدە 6.6 بال يەر تەۋرىدى. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇدا ئىككى قېتىم 5.5، 5.6 بال قالدۇق تەۋرەش يۈز بەردى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چاقىلىق دەرياسىنىڭ ئېلىش بېشىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. گېنېراتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 720 كىلوۋات.

☆ 1993 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى تۇنجى قېتىم 10 مىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى.

☆ 1993 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ئەسقەر ياسىن

# چەرچەن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: غەنى بەردى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى شۇجياڭ، تۇرسۇن ئابدۇۋەلى، گې شياۋخۇ، ئابدۇراخمان سېيىت.

ھاكىمى: قۇربان ئابلا؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: سۇن جيەنشىن، توختى ئىمىن، لى بەيلىن، تۇرسۇن روزى؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: يۈەن خۇاڭ، تيەن ۋېنگو.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇمياۋچىڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەمتىمىن روزى، تۇرسۇن مۆمىن، چۇسخاۋ، ئابدۇكېرىم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇۋەلى تۇرسۇن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزى بارات.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 61 مىليون 593 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 62 مىليون 152 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 31.72% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 22 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 157 مىڭ 100 يۈەن، (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.7% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 136 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 24 مىڭ 378 توننا ئاشلىق، 1707 توننا پاختا، 924 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 320 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 4035 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 920 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.51% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5

مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4500 توننا كۆمۈر، 32.1790 توننا تاشپاختا، 4269 توننا سېمونت، 69 توننا قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىنىڭ ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يۈك 2130 تونىنغا، توشۇلغان يولۇچى 7700 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئومۇمىي كىرىم 361 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 461 مىڭ يۈەنگە، خەۋەرلىشىش ئومۇمىي سوممىسى 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 23 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 733.99 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 5796 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 18 مىليون 736 مىڭ 800 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان پەن - تېخنىكا خادىمى 410 (ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 120. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 1808 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1424)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 7498 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6350)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 436 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 361). شۇ يىلى 4028 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى، 1000 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق كۆپەيدى. 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 285 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 178 كېسەل كارىۋىتى بار.

سۇن خۇڭۋېي

## يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياڭ فاڭۋاڭ (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇجېڭمىڭ، خې شيۇفاڭ (ئايال، خۇيزۇ)، تۇردى غازى، ۋاڭ يۇلياڭ.

ھاكىمى: جى چېڭدې (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى ۋېنلىن، ۋۇمىنجى، ماخۇيمىن (خۇيزۇ)، قۇربان ھەسەن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كېرىم ئېلى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: پېياڭ جىخۇا، كېبۇۋزىياڭ (موڭغۇل)، لىن ئەنىياڭ، ماجىشۆ (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ياڭ جىجۇن (خۇيزۇ).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇتىڭپاڭ.

**ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 245 مىليون 170 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 219 مىليون 627 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.9% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ساپ قىممىتى 218 مىليون 698 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 195 مىليون 907 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 11.2% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 13 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 29 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 958 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 145 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.58% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 278 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 44 مىڭ 64 توننا ئاشلىق، 2689 توننا ياغلىق دان، 139 مىڭ 400 توننا قىزىلچا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 182 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. 5660 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 577 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 292 كىلوۋاتقا يەتتى. 5631 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 5 مىليون 539 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 68 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 31 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 128 مىليون 995 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 14.7% ئاشتى. 27 مىڭ 600 توننا ئاق شېكەر، 2064.2 توننا ئىسپىرت، 13 مىليون دانە باتارېيە، 230 توننا بوت پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت

مىقدارى 860 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 149 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 340 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. 10 - ئايدا «ئازادلىق» كوچىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 947 مىڭ 200 يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 82 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 36 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن جەمئىي 19 ھەرخىل توختام، كېلىشىم ئىمزالاندى، ئومۇمىي توختام سوممىسى 74 مىليون 122 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودىدا ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 759 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 939 يۈەن (يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى شۇنىڭ ئىچىدە) گە، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى كىرىمى 2751 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8210 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 28 مىليون 306 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، ناھىيە بازىرىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان 916 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازار - يېزىلاردىكى ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 230 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 60 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىم قىلىندى. 115 نامرات ئائىلە يۆلەندى، يىل ئاخىرىدا 110 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ئومۇمىي خەلق مۇلكىچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 2114 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى (ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭ ئىچىدە) بار، بۇلار ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 34، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 280. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 46 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 749 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 9113)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 4817 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2396)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1443 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 891). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 98 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 48)، ئوقۇتقۇچى 22. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىدە 67 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (51 خۇسۇسىي شىپاخانا شۇنىڭ ئىچىدە)، 197 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 130 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 11 - ئايدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 11 - ئايدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تاشقى سودىدا ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

☆ 12 - ئايدا ناھىيە بازىرىنىڭ يەر ئاستى سۇ تورۇبىسى ئالدىنقى باسقۇچلۇق سىناق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

لى چېنخۇي

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

**خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قاھار ئەمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇگولياڭ، ئىبراھىم نۇر، چۇۋاڭشەن.

ۋالىيى: مەمتىمىن زاكىر؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لۇجياچۈەن، لىن زېڭتاۋ، تۇرسۇن توختى، ئابلا ئاپپاق، تۇرسۇن سادىر.

سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن شىچىڭ، يۈسۈپ ھاپىز، لى جۇڭكاڭ.

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئوسمان ئاۋۇت.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ياسىن قادىر.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 1993 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 447 مىليون 223 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 3 مىليارد 12 مىليون 668 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.7 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 2 مىليارد 940 مىليون 268 مىڭ 500 يۈەن بولدى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 143 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 418 مىليون 60 مىڭ يۈەن

بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 67 مىليون 357 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 834 مىليون 905 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.1 ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 316 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. 208 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 790 مىڭ 30 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 87 مىڭ 200 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 89 مىڭ 745 توننا پاختا ئېلىندى (ئۇزۇن تالالىق پاختا 1080 توننا)؛ 17 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 31 مىڭ 181 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 2540 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 154 مىڭ 450 توننا قىزىلچا ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 9238 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1348 گېكتار يەردە (مۇشۇ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن) كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 10 مىليون 369 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. 270 گېكتار يەردىكى ئورمان يېڭىلاندى، 106 مىڭ 216 گېكتار يېڭى ئورمان، 46 مىڭ 534 گېكتار چوڭ ئورمان پەرۋىش قىلىندى. يېڭىدىن 1900 گېكتار يەردە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى، 1600 گېكتار يەردە تۇتاش ئۈجمىزارلىق بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 3 مىليون 823 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 24 مىڭ 247 توننا گۆش، 444 توننا چۈپۈر، 3392 توننا قوي يۇڭى، 44.136 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 236 مىڭ پارچە قوي - ئۆچكە تېرىسى، 34 مىڭ 900 پارچە كالا تېرىسى، 12 مىڭ 515 توننا سۈت، 36 توننا تۆگە يۇڭى، 59.191 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان كۆلەم 8738 گېكتار بولۇپ، 1736 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 55 مىليون 729 مىڭ 900 يۈەن، بوز يەر ئېچىشقا 13 مىليون 95 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 36 مىڭ گېكتار يەر تەكشىلەندى، 7900 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 21 مىڭ 700 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى تۈرىگە 194 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 419 مىليون 865 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 359 مىليون 280 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 343 مىليون 550 مىڭ يۈەن) گە، يېزا - كەنتلەردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 166 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 248 مىليون 962 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 176 مىليون 236 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.95 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 247 مىليون 339 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 510 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 21 مىڭ 112 توننا تۇز، 16 مىڭ 839 توننا شېكەر، 143 مىڭ توننا سېمونت، 453 مىليون 490 مىڭ دانە خىش، 215 مىڭ 673 كۋادرات مېتىر گەج تالالىق تاختاي، 11 مىڭ 143 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 81 توننا سۈت پاراشوكى، 541 توننا كونسېرۋا، 436 توننا جياڭيۇ، 6695 توننا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز، 5589 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 7555 پارچە يۇڭ ئەدىيال (شىنجاڭ ئاقسۇ «نۇرلۇق» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، 3699 كۋادرات مېتىر گىلەم، 14 مىڭ 122 توننا سۇ يېغى، 90 مىڭ 589 توننا چىگىتى ئايرىلغان پاختا، 154 مىڭ 124 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان تېرىقچىلىق ماشىنا - سايمىنىدىن 48 مىڭ 33 ى، كېرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايماندىن 1600 ى، يىغىم ماشىنا - سايمىنىدىن 1937 سى، ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنا - سايمىنىدىن 1476 سى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماتورلۇق ماشىنا - سايمىنىدىن 76 مىڭ 506 سى، يېزا ئىگىلىك قاتناش قورالىدىن 606 سى، ئۇلاغ سۆرەيدىغان سوقىدىن 5254 ى ئىشلەندى. شۇ يىلى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلاردىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىرى 369 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغىنى 224، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 189. بىر قەدەر زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 18 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاقسۇ شەھەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىۋېتىش شىركىتى قۇرۇلۇشى؛ 19 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاقسۇ شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاقسۇ شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇشى؛ 37 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باي ناھىيىلىك «قىزىل» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى؛ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ۋىلايەتلىك ئاشلىق باش شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ جەمئىي 93 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ 16 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان سودا باشقارمىسىنىڭ «خەلق» سودا سارىيى قۇرۇلۇشى؛ 68 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىدىكى دۇنيا بانكىسى تۈرى. جەمئىيەت بويىچە

تۇراقلىق مۇلۇككە 489 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ بىر يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر يۇلسىلدا ئۆتكۈزۈلگەن 31 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى باھالاپ تاللاش يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «بوركوت» ماركىلىق ئالاھىدە ئاق ھاراق ئالتۇن مۇكاپاتقا، «بوركوت» ماركىلىق ئالاھىدە ئېچىتما كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا شياڭگاڭ داڭلىق ھاراقلار كۆرگەزمىسىدە يۇقىرىقى ئىككى خىل ھاراق بىردەك ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «گويخۇا كۆلى» ماركىلىق ئۈزۈم ھارىقى كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 8 - ئايدا ۋىلايەتتىكى تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق تايانچ كارخانىسى — ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى 10 مىڭ ئۇرچۇقلۇق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەدىكى ئومۇمىي كۆلىمى 32 مىڭ ئۇرچۇق بولۇپ، جەمئىي 93 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا تۈرىدىكى 54 (چەت ئەلدىن تېخنىكا، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر توققۇز تۈر شۇنىڭ ئىچىدە) توختام ئىمزالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 42، تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 12. ھەمكارلىق ئومۇمىي سوممىسى 169 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 77 مىليون 20 مىڭ يۈەن (چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن 42 مىليون 200 مىڭ يۈەن شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى. مۇشۇ يىلى ۋىلايەتتە قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 43، بۇنىڭ ئىچىدە 1992 - يىلدىن قالغان تۈر 18؛ ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 16 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 480 مىڭ يۈەن. مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەردە كۆپەيتىلگەن مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 152 مىڭ يۈەن، كۆپەيتىلگەن پايدا ۋە باج 1 مىليون 234 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان يېڭى مەھسۇلات بەش. 11 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن شياڭگاڭ «خۇافېڭ» توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا شىركىتى بىرلىشىپ قۇرغان «لۇڭفا» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى رەسمىي ۋۇشىكا ئېچىپ تىجارەت باشلىدى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە 1993 - يىللىق شىنجاڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ پاكىستاندىكى كۆرگەزمىسىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن قاتناشقان كۆرگەزمە ئۆمىكى ساتقان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 246 مىڭ 700 رۇپىيىگە يەتتى؛ ئىمزالانغان نەق پىرېۋوت سودا توختامى تۆت تۈرگە، پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليون 620 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ مالغا مال ئالماشتۇرۇش توختامىدىن بىرى ئىمزالاندى. ۋىلايەت بويىچە

ساياھەت ئورۇنلىرى ۋە مېھمانخانىلار 36 مىڭ 208 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشيول ترانسپورت تارماقلىرى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 877 مىليون 470مىڭتوننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 821 مىليون 420 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 765 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق چوڭ پوچتا يولىنى ئۇلاشتۇردى، 1 - قاراردا ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە بارىدىغان 60 تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلدى. ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا، شايار، باي ناھىيىلىرى يەنە 450 مېگالىق سىمسىز تورلاشتۇرۇلغان تېلېفون سىستېمىسى ئورناتتى. 11 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ئارال مەملىكەت بويىچە تېلېگراممىنى ئاپتوماتىك يوللاش تورىغا كىرگۈزۈلدى، تېلېفوننى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 701 مىليون 526 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 246 مىليون 142 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 678 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 129 مىڭ 673 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 410 مىليون 145 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 940 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 32 مىليون 512 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 11 مىليون 49 مىڭ يۈەنلىك تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا 3940 ئائىلىدىكى 18 مىڭ 740 نامرات يۆلەندى، 2734 ئائىلىدىكى 12 مىڭ 740 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى تۆت، پەن - تېخنىكا كارخانىسى توققۇز. 6 - ئايدا 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى پاتېنت تېخنىكىسى يېڭى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ۋىلايەتلىك «مىڭلىبې» سانائەت شىركىتىنىڭ «ئىنئورگانىك سۇغا تاقابىل تۇرالايدىغان سىرتقى تام سۇۋالغۇسى» ۋە «بۇغداينىڭ كېپىكىنى ئايرىش ماشىنىسى» ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەتنىڭ «شال مايسىسىنى قۇرغاق يەردە يېتىشتۈرۈپ شالاڭ كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرى» ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ۋىلايەتلىك پاختا چىگە

شىركىتى بىلەن تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش داشۆسىنىڭ ئاگرونومىيە فاكۇلتېتى بىرلىكتە قانات يايدۇرغان «پاختا تالالىرىدىكى قەنت تەركىبىنىڭ سەل يۇقىرى بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش يولى» دېگەن تەتقىقات تېمىسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار؛ بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى ئىككى (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئارال تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، ناھىيە دەرىجىلىكى بىر (كۇچا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى). 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىدى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 126 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 99)، ئوقۇغۇچىسى 47 مىڭ 699 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 38 مىڭ 464)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1029 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 932)، ئوقۇغۇچىسى 246 مىڭ 50 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 225 مىڭ 783)؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكوم ئالتە، ئوقۇغۇچىسى 1483 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1122)؛ چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومى توققۇز، ئوقۇغۇچىسى 4951 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3029)؛ چوڭلار تېخنىكا مەكتىپى 237، ئوقۇغۇچىسى 88 مىڭ 753 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 88 مىڭ550). ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 328 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 12 مىڭ 168). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە 290 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 4958 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 4886 كېسەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى يېنىك ئاتلېتىكىدا بەش ئالتۇن مېدالغا، ئۈچ كۈمۈش مېدالغا، تۆت مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ ئەرلەر ۋالېبول مۇسابىقىسىدە 2 - لىككە، قارىغا ئېتىشتا بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدالغا، چېلىشىشتا بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدالغا، سۇ ئۈزۈشتە ئىككى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتە تەنتەربىيە مەكتىپى ئارا يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ۋە ئۆزبېكىستان، قازاقىستاندىكى ئولىمپىك مەكتەپلىرىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يېنىك ئاتلېتىكا تەكلىپ مۇسابىقىسىدە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى خوييۇنلۇڭ ئەرلەرنىڭ 1500 مېتىر ۋە 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئىككى ئالتۇن مېدال ئالدى؛ ۋاڭ شىنلى نەيزە ئېتىشتا 3 - لىككە ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «تەنتەربىيەدە ئۆلچەمگە يېتىش» تە لاياقەتلىك بولغانلىرى 39 مىڭ 412 بولۇپ، ئۇلار يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىن يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ۋىلايەتتە تۇنجى نۆۋەتلىك ياشانغانلار ۋاراتا تويى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %15.51، ئۆلۈش نىسبىتى %5.8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %9.71 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليون 798 مىڭ 730 غا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 29 مىڭ 209 ئادەم كۆپەيدى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر 1 مىليون 394 مىڭ 314 كە يېتىپ، 17 مىڭ 980 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 380 مىڭ 744كە يېتىپ، 10 مىڭ 499 ئادەم كۆپەيدى؛ باشقا مىللەتلەر نوپۇسى 23 مىڭ 672 گە يېتىپ، 730 ئادەم كۆپەيدى.

☆ 8 - ئايدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى توپ تارقىتىش بازىرى تىجارەت باشلىدى.

☆ دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىغا ۋە شىنجاڭنىڭ7. بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «قىزىل» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا سەككىز يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بەش ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. «قىزىل» سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تۆۋەن ئېقىمدىكى ئۈچ ناھىيە (كۇچا، توقسۇ، شايار) نىڭ سۇغىرىش كۆلىمىنى 3 مىليون مو كېڭەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يىلىغا 105 مىڭ توننا، پاختا مەھسۇلاتىنى يىلىغا 4000 توننا ئاشۇرىدۇ.

**تۇنجى قېتىملىق كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى**

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىملىق كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا 2800 دىن ئارتۇق كىشى چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «كۇسەن نۇرى» نى ئورۇندىدى، تۆت قېتىم ئويناش ئارقىلىق «ئىتتىپاقلىق، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات» تىن ئىبارەت ئاساسىي رېتىم نامايان قىلىندى.

سەنئەت بايرىمىغا 12 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن مېھمانلار، 18 ئۆلكە، شەھەردىن ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن، 49 نازارەت - ئىدارىدىن كەلگەن مېھمانلار بولۇپ جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا قىلغۇچى ئورۇن 240، خادىمى 644، چەت ئەل سودىگەرلىرى 85.

سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە، چوڭ تىپتىكى مەشرەپ كېچىلىكى، كۇسەن ئۇسسۇل كېچىلىكى، گۈلخان، پانۇس كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوغلاق

تارتىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى، يەنە كۆسەن تام رەسىملىرى، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىندى، كۆسەن مەدەنىيەت - سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى سەيلە - ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە جەمئىي 126 توختام ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى، ئۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 93 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توختام 80، سوممىسى 476 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ كېلىشىم 43، سوممىسى 471 مىليون 50 مىڭ يۈەن؛ مۇددىئانامە ئۈچ، سوممىسى 145 مىليون 200 مىڭ يۈەن. كۆرگەزمە زالىدا پارچە ۋە توپ سېتىلغان تاۋار سوممىسى 2 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تەن لى

# ئاقسۇ شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتاۋۇلنىياز؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ليۇخېيجېن، بۇۋىنىيازخان سېتىنىياز، جاۋيۇچىڭ، موللامەت مەھەممەت.

شەھەر باشلىقى: باسىت موللامەت؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: لى ئەنجىن، ئەمەت ھەلەك، جاۋجيەنچياڭ، لى جۈن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: ئوبۇل ئابلا.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بەي جىنجۇڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت سايىت، نىيازئەمەت، مەتنىياز ھېيىت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سادىق داۋۇت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: نىياز توختى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاقسۇ شەھىرى (ۋىلايەت، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 277 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 67 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 49 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 312 مىليون 761 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 268 مىليون 820 مىڭ 900 يۈەن)گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 6.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 268 مىليون 403 مىڭ 500 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 410 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 30 مىليون 339 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 608 مىڭ 500 يۈەن. ۋىلايەت بويىچە 44 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت تېرىلغان يەر 24 مىڭ 900 گېكتار، كېۋەز تېرىلغان يەر 15 مىڭ 100 گېكتار، ياغلىق زىرائەت تېرىلغان يەر 980 گېكتار. 342 مىڭ گېكتار بوز يەر (بۇنىڭ ئىچىدە يېرىمىنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ)، 111 مىڭ گېكتار ئېچىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 98 مىڭ 894 توننا ئاشلىق (شال 8185 توننا، بۇغداي 54 مىڭ 972 توننا، كۆممىقوناق 33 مىڭ 526 توننا) 17 مىڭ 665 توننا ساپ پاختا (ئىنچىكە تالالىق پاختا)، 1815 توننا ياغلىق دان (قىچا 113 توننا، زىغىر 1481 توننا)، 59 مىڭ 262 توننا قىزىلچا، يەتتە توننا كۆك تاماكا، 240 توننا تاتلىق ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 56 مىڭ 380 توننا كۆكتات، 2459 توننا قوغۇن، 42 توننا قۇلماق، 2678 توننا بېدە ئېلىندى. 814 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 100 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 903 مىڭ 600 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلاردا 8094 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. 14 مىڭ 472 توننا مېۋە - چېۋە (ئالما 4846 توننا، ئامۇت 1282 توننا، ئۈزۈم 2841 توننا، شاپتۇل 1016 توننا، ئۆرۈك 3896توننا)، 350 توننا ياڭاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 378 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، ئۆي قۇشلىرى 235 مىڭ 500 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 3336 توننا گۆش، 283 توننا قوي يۇڭى، 4436 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 5900 پارچە كالا تېرىسى، 59 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 33 مىڭ 100 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 761 توننا سۈت، 624 توننا تۇخۇم، 23.84 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى؛ 58 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، بىر توننا ھەسەل ئېلىندى؛ 472 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 531 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 53 مىليون 799 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 203 مىليون 974 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 185 مىليون 307 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.96% تۆۋەنلەپ كەتتى. سېتىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 212 مىليون 136 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 99 مىڭ 75 توننا

سېمونت، 115 مىليون 310 مىڭ دانە خىش، 33 مىڭ 500 توننا ھاك، 114 مىڭ 266 كۋادرات مېتىر گەج تالالىق تاختا، 1735 توننا سۇلىيا يوپۇق، 10 مىڭ دانە سىرلىق كاھىش، 15 مىڭ 60 كۋادرات مېتىر ئانئورگانىك سۈنئىي ياغاچ تاختا، 2266 كۋادرات مېتىر سەپلىمە خىش، 400 كۆلتىۋاتور، 600 دانە يوپۇق يېپىپ ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى، 300 توننا سىم، 17 مىڭ مېتىر سېمونتتىن ئىشلەنگەن سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى، 2225 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 200 كۇب مېتىر پېرلىيىت ياسالمىسى، 263 توننا كالتسىي كاربىد، 4212 كۋادرات مېتىر سېمونت ياسالما، 2686.13 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى، 945 ئاپتوموبىل رېمونت قىلىندى، 994 توننا تۇرۇبا سۈيى، 15 مىڭ 725.7 توننا ساپ پاختا، 48 مىڭ 219 توننا ئۇن، 1827.4 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 19 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك فوسفور ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ گەجدىن كىسلاتا ئىشلەش تۈرى؛ 8 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ 80 مىڭ توننىلىق 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ 10 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ دەرىجىلىك ئۇن مېخى؛ شەھەرلىك سېمونت ياسالمىلىرى زاۋۇتىنىڭ سۇيۇقلۇق بېسىمى ئارقىلىق خىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۈرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ساپال دانىچىسى تۈرى؛ 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 64 مىليون 960 مىڭ يۈەن (تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 530 مىڭ يۈەن)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش تۈرىگە 37 مىليون 560 مىڭ يۈەن (تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 780 مىڭ يۈەن)، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ تۇراقلىق مۈلۈككە 13 مىليون 260 مىڭ يۈەن (تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن)، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 190 مىڭ يۈەن (تاۋار تۇرالغۇ ئۆي ئۈچۈن 6 مىليون 510 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، تاۋار ئۆي - ئىمارەت 17 مىڭ 580 كۋادرات مېتىر (تۇرالغۇ ئۆي 12 مىڭ 886 كۋادرات مېتىر) غا يېتىپ، 8 مىليون 720 مىڭ يۈەنلىك ئۆي سېتىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن كۆسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە جەمئىي 24 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە سودا توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 52 مىليون 448 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۈرۈمچى كېڭەشمە يىغىنى مەزگىلىدە 11 ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە سودا توختامى ئىمزالاندى، پۈتۈشۈلگەن سومما 45 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق ترانسپورت كارخانىلىرى تاشيولدا توشۇغان يۈك مىقدارى 352 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 52 مىليون 800 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى؛ توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 406 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 238 مىليون 965 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 556 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھادا) گە يەتتى.

شەھەر رايونىدا ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوبۇس 46 گە، توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 850 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان كىرا ئاپتوموبىلى 56 گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1600 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلەندى. يىل ئاخىرىغىچە سېمونت ياتقۇزۇلغان يول 1 مىليون 110 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى 67 كىلومېتىرغا يەتتى. 538 گېكتار يەر باغ - ۋارانلاشتۇرۇلدى؛ 685 گېكتار يەر يېشىللىق بىلەن قاپلاندى. سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇنىڭ چىقىرىۋېتىلىش مىقدارى 4 مىليون 160 مىڭ توننىغا، بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى 2 مىليون 180 مىڭ توننىغا يەتتى؛ تۇرمۇشتىكى پاسكىنا سۇنىڭ چىقىرىۋېتىلىش مىقدارى 6 مىليون 550 مىڭ توننىغا، چىقىرىۋېتىلگەن كېرەكسىز گاز مىقدارى 567 مىليون 890 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. ئاسفالت يېيىلغان يول 25 مىڭ 499 كۋادرات مېتىرغا، سېمونتلاشتۇرۇلغان كوچا 13 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 17 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يول رېمونت قىلىندى. 3 مىليون 109 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، غەربىي مەيدان باغ - ۋارانلاشتۇرۇش رايونىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئۇنىڭ كۆلىمى 46 مو.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 164 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بازار 12 گە، ئۇلارغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون يۈەنگە، سودا بازارلىرىدا يىللىق پۈتۈشۈلگەن سومما 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 865.21 يۈەنگە يەتتى. شەھەر

بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (كوللېكتىپ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 7348 گە، مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 292 نامرات ئائىلىدىكى 1412 كىشى يۆلەندى، 272 ئائىلىدىكى 1262 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى بەش، پەن - تېخنىكا كارخانىسى ئۈچ، تەبىئىي پەن تېخنىكا خادىمى 4017، ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 5006 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4265)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 107 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 99)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 745 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 27 مىڭ 732)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 434 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 358)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1567 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1275). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 966 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۆت كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. شۇ يىلى «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق ئۈچ توپلام 9000 تىراژدا نەشر قىلىندى. شەھەر بويىچە 11 تېببىي داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى، 434 كېرەلۇاتقۇ بار. شەھەرلىك ساقلىقنى ساقلاش - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەملىكەت بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. قارا تال يېزىسى «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ 1 - ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان كۆچەيتىپ ئاڭلىتىش رادىئو ئىستانسىسى پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە شەھەر بويىچە بەش يېزا بوران، يامغۇر ۋە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. 51 مىڭ 10 مو يەردىكى زىرائەت، 97 مىڭ كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاشلىق مەھسۇلاتى 1240 توننا، پاختا 445 توننا كېمىيىپ كەتتى، 890 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

☆ 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ قۇرۇلۇشى — قىزىل كۆۋرۈك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتتى. گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 3×630 كىلوۋات بولۇپ، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 10 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ.

ياڭ جىپىڭ

# ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇسا مەسۇم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ جيەنرۇڭ، ئالىم قەسەن (قىرغىز)، ئابلەت ھاجى، نىساخان ئاۋۇت.

ھاكىمى: ئېزىز قېيۇم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: فۇجىنكوۋ، ئابدۇخالىق قادىر، مارۇڭۋېي، ئابلىمىت ئىبراھىم؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: شى ئېنچۈەن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت مەمتاۋلا؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چى يۈسەي، خەي ۋەنىڭ (خۇيزۇ)، مەھەممەت ئىمىن، سۈن يىخەي، ئالىم قارىھاجى، ساۋۇت مامۇر.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەھەممەتنىياز سېيىت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سۇلايمان ھاشىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 170 مىليون 160 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.7 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۆۋەنلەپ كەتتى؛ مىللىي دارامەت 171 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.72 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 7 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 43 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 173 مىليون 334 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.64 تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 555 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر، 600 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 374 مىڭ 100 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 94 مىڭ 12 توننا ئاشلىق (شال 30 مىڭ 582 توننا، بۇغداي 36 مىڭ 850 توننا، كۆممىقوناق 25 مىڭ 441 توننا) ئېلىندى؛ 22 مىڭ 400 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 2023 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 133 مىڭ 700 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 6.656 توننا پاختا ئېلىندى؛ 13 -

مىڭ مو يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ 52 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى؛ 3838 توننا كۆكتات، 1856 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 659 توننا قۇلماق ئېلىندى. 21 مىڭ 700 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 880 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى؛ 2360 مو يەرگە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى؛ ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدىكى ئورمان بەلبېغى 27.83 كىلومېتىرغا يەتتى؛ 2 مىليون 260 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى؛ 4200 مو ئۈجمىزارلىق بەرپا قىلىندى؛ يىل ئاخىرىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى 29 مىڭ 250 موغا، ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 6462 توننىغا يەتتى. 1200 قۇتا پىلە بېقىلىپ، جەمئىي 15 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 2000 مو سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلىپ، 350 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يىل ئاخىرىدا 495 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %30.9، تاۋارلىشىش نىسبىتى %16.3 بولدى، 2300 توننا گۆش، 124 توننا تۇخۇم، 2450 توننا سۈت، 517 توننا قوي يۇڭى، 16.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 3100 پارچە كالا تېرىسى، 43 مىڭ 800 پارچە قوي تېرىسى، 25 مىڭ 400 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى، 150 تۇياق بۇغا بېقىلىپ، 52 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 51 مىڭ 773 كىلوۋاتقا يەتتى. شۇ يىلى يېزىلاردا 9 مىليون 20 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 14 مىڭ 346 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 8 مىليون 142 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 724 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى؛ 112.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 593.38 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى، 459 سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى مۇئەسسەسى پۈتكۈزۈلدى، «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى بويىچە يۇيۇشلەشتۈرۈلگەن كۆلەم 20 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى، 11 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. 28 مىڭ 800 مو بوز يەر ئېچىلدى، 85 مىڭ مو يەر تۈزلەندى. 738 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تولىمىسى ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 38 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 330 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %29.49 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 15 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 39 مىڭ 649 توننا كۆمۈر، 103 مىڭ توننا تۇز، 4213 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 9645 توننا سېمونت، 3085 توننا پىۋا، 251 توننا ئاق ھاراق، 41 توننا كونسېرۋا، 81 توننا سۈت پاراشوكى، 122 مىليون دانە خىش، 279 توننا سۇلياۋ پاسالما، 28 توننا ئېغىبدىرىن، 1280 توننا سۇ يېمى، 3080 توننا گۈرۈچ، 6010 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 49 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى ئورۇنلاندى، ئۇلارغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 20 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇۋاتقان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 34 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان 3200 × 2 كىلوۋاتلىق 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى (جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 24 مىليون 730 مىڭ يۈەن)؛ 11 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان، يىللىق مەھسۇلاتى 60 مىڭ توننىغا يېتىدىغان كىچىك تىرەڭ كۆمۈر كېنى (جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 870 مىڭ يۈەن)؛ 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بوزدۆڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى. شۇ يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: پىۋا زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 5000 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرالايدىغان كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە يىلىغا 1000 توننا مېۋە چېيى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ ئېغىبدىرىن زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 50 توننا سۈپەتلىك ئېغىبدىرىن ئىشلەش سېخى؛ ئاق ھاراق زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 500 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرالايدىغان كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى. كۆسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى ۋە ئورۇمچى كېڭىشىش يىغىنى مەزگىلىدە مال بىلەن تەمىنلەشكە ۋە تۈرلەرگە دائىر سەككىز توختام ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 20 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىق تۈرى بەشكە، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 3 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 240 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 900 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 1 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 814 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 122 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 95 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 64 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 32 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 897 بولۇپ، مۇشۇ

بىر يىل ئىچىدە 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 669 يۈەنگە يەتتى. بازار، يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 97 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3450 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 24. «ئۇچقۇن» پىلانىدا يولغا قويۇلىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرى توققۇز، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر ئىككى (مېتاللارنى داتلىشىشتىن ساقلايدىغان سۇۋالغۇ، ئاسما چىشتا ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سېلىش - ئوغۇتلاش ماشىنىسى)، ۋىلايەت دەرىجىلىك تۈر ئۈچ، ناھىيە دەرىجىلىك تۈر تۆت. 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە يېزىلاردا 12 تۈر بويىچە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش كۇرسىدىن 399 قارار ئېچىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلاردىن 26 مىڭ 582 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە 4 - نۆۋەتلىك قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 23 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 6567 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5759)، ئوقۇتقۇچىسى 672 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 477)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 143 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 133)، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 720 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 787)، ئوقۇتقۇچىسى 1341 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1194). ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي ساۋات مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 87، ئوقۇتقۇچىسى 14 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى توققۇز)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 290، ئوقۇتقۇچىسى 44 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 42)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 454، ئوقۇتقۇچىسى 26 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى)، بالىلار باغچىسى ئالتە (مىللىي بالىلار باغچىسى ئىككى)، باغچىدىكى بالا 779 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 182)، ئوقۇتقۇچىسى 38 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 15). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 549 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى توپلىغىنى 636 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 42 دوختۇرخانا (شىپاخانا، داۋالاش پونكىتى)، 366 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 322 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 12 - ئايدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۆت يېزا، ئالتە مەيداندىكى 36 كەنت (ئەترەت) مۆلدۈر ۋە يامغۇرنىڭ زەربىسىگە، 60 مىڭ 189 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 164 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 8 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ يۇڭ

# باي ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھېكىم ئانايەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ مىڭجېن، ئايشەم مۇسا، قادىر رىشىت، ياڭ جيەندې.

ھاكىمى: ئابدۇرۇسۇل گايىت؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ جيەنمىن، شېرىپلى مەھەممەت، قادىر ئىمىن، چېن خۇڭبو؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ئابدۇغېنى ئابدۇغوپۇر.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئىبراھىم؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سادىق مەھەممەت، ھەسەن سەپەر، ۋاڭ شۆمىن، ئەمەت مامۇت، يۇنۇس داموللا.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇرېھىم شېرىپ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇراخمان دايىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 186 مىليون 178 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 172 مىليون 725 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.9% ئاشتى؛ مىللىي دارامەت 185 مىليون 263 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 171 مىليون 851 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 15.78% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 10 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 37 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 175 مىليون 258 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 170 مىليون 875 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.87% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 741 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 106 مىڭ 369 توننا

ئاشلىق، 19 مىڭ 506 توننا ياغلىق دان، 10 توننا قىزىلچا، 9847 توننا ياڭيۇ، 13 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 23 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2552 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 2 مىليون 312 مىڭ 600 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 2 مىليون 683 مىڭ 200 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى . شۇ يىلى 11 مىڭ 258 مو باغ، 7576 مو ئۈجمىزارلىق كۆپەيتىلدى. 6309 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالما 1917 توننا، ئۈزۈم 1579 توننا، ئۆرۈك 2726 توننا. يىل ئاخىرىدا 611 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا 52 توننا چۈپۈر، 13.82 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 4500 پارچە كالا تېرىسى، 80 مىڭ 800 پارچە قوي تېرىسى، 21 مىڭ 600 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 738 توننا سۈت ئېلىندى. 294 مىڭ 600 ئۆي قۇشى بېقىلىپ، 395 توننا تۇخۇم ئېلىندى؛ 200 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 950 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. 75 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 196 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ۋە زەيكەش رېمونت قىلىندى. 62 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى؛ ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر كېلىدىغان سەككىز كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، ئۇزۇنلۇقى 58 كىلومېتىر كېلىدىغان 62 كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى رېمونت قىلىندى ۋە مۇستەھكەملەندى؛ «بەشتە ياخشى يېزا» تەلىپى بويىچە 180 مىڭ مو ئېتىز يۈرۈشلەشتۈرۈلدى؛ 15 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، 61 مىڭ مو ئېتىز تۈزلەندى، 50 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. جەمئىي 62 توما، كۆۋرۈك، مۇڭگۈچ ياسالدى، 46 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى. بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بىر سۇ مۇنارىسى ياسالدى، 16 مىڭ ئادەم ۋە 38 مىڭ چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 58 مىڭ 624 كىلوۋاتقا يەتتى، شۇ يىلى 8872 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 7 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 92 مىليون 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 895 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17.26% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 852 مىڭ 699 توننا كۆمۈر (ۋىلايەتنىڭ ئىككى كۆمۈر كېنى شۇنىڭ ئىچىدە)، 36 مىڭ 715 توننا كوكس (ۋىلايەتنىڭ ئىككى كۆمۈر كېنى شۇنىڭ ئىچىدە)، 5289 توننا تۇز، 1763 توننا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز، 44 مىليون 810 مىڭ دانە خىش، 7276 توننا ئۇن، 1901 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى ئومۇمىي كۆلىمى 39 مىڭ 596.8 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، قۇرۇلۇش ئومۇمىي باھاسى 14 مىليون 859 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان 66 قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى؛ 29 مىڭ 350 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 151 مىڭ 393 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 35 مىليون 530 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 1 مىليون 716 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 24 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 48 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون 520 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ 314 (دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 33 مىليون 217 مىڭ 185 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ ناھىيە بازىرىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 695 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 470 مىڭ 844 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 617.53 يۈەن بولدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 196 كىشى (ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 90) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھۆكۈمەت نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن تارقاتقان ماددىي ئەشيالارنىڭ قىممىتى 165 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 20 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى بەشكە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چىقىمى 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە سەككىز قېتىم مۆلدۈر، يامغۇر ئاپىتى يۈز بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 مىڭ 588 موغا، زىيان يەتكەن يەر كۆلىمى 10 مىڭ 772 موغا، كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 970 ئائىلىدىكى 5094 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 84 مىڭ 612.52 يۈەنگە يەتتى، 577 مىڭ 227.04 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 3001 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 19، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 432. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 4132 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3331)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 166 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 148)، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 752 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 424)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1562 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1273). مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەتتە قېتىم ئويۇن قويدى، دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى بىر قېتىم ئويۇن قويدى، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى 25 قېتىم ئويۇن قويدى. ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى، 476 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 420 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئالتە قېتىم يېزا ـ بازاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 918 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

ياڭ شۈەن

# كۇچا ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ۋاھاپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تۇردى گېلى، خۇاڭ شىڭچاڭ، زەيتۇنەم ھېيىت.

ھاكىمى: بارات ھەسەن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: سۇياۋمىن، ياسىن نۇر، لى گېڭشېڭ، ئابلاجان ئابدۇرېھىم؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ باۋجىن.

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خې يۈڭگۈي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىبراھىم ئىسمايىل، ماخېڭ، داۋۇت مەخسۇت، ئىمىن شايىدىن، رابىيەم مىجىت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئىسمائىل ھەسەن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مىجىت ئىبراھىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 205 مىليون 530 مىڭ 800 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 11 مىليون 340 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %47.98 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 606 مىليون 311 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 529 مىليون 531 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، %25.2 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 24 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 52 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 446 مىليون 820 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 349 مىليون 30 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %1.77 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 792 مىڭ 600 مو تېرىلغۇ يەر بار، مۇشۇ يىلى 3000 مو بوز يەر ئېچىلدى، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر 3 مىليون 547 مىڭ 800 موغا يېتىدۇ. 594 مىڭ 900 مو يەر (نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 155 مىڭ 647 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 278 مىڭ 300 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 14 مىڭ 675 توننا پاختا ئېلىندى؛ 8200 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 1145 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 17 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 437 مىڭ تۈپ پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 4000 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 175 مىڭ تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى؛ 6000 مو كونا مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى، 10 مىڭ مو يەردە ئۈزۈم بېغى، 2000 مو يەردە ئۈجمىزارلىق بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 699 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 4240 توننا گۆش ئېلىندى، چارۋىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %47.75 بولدى. سىمبېنتال كالىسىنىڭ نەسلى ئارقىلىق نەسلى ياخشىلانغان كالا جەمئىي 120 مىڭ تۇياق (قېتىم) قا، نەسلى ياخشىلىنىش نىسبىتى %88 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 555 مىڭ 900 ئۆي قۇشى قالدى، 1668 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 95 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 46 توننا يىپەك غوزىسى ئېلىندى. سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 1 مىليون 685 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇ مەنبەسىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 14.77 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى رېمونت قىلىندى، 39.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 86

قۇرۇلۇش يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 66.8 كىلومېت[illegible]ۇسا زەيكەش چېپىلدى. دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 38 مىليون 370 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىققا سېلىنغىنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىققا سېلىنغىنى 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولدى. 38.95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بەش قول ۋە تارماق ئۆستەڭدە ئىش باشلاندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ 36 كىلومېتىر. ئۆستەڭلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن 50 ى پۈتكۈزۈلدى. 82 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، 67 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 441 مىليون 822 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 62 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 7 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىگە قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 177 مىليون 280 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 167 مىليون 527 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.64% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 498 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 252 مىڭ توننا كۆمۈر، 17 مىڭ 424 توننا سېمونت، 4214 توننا تۇز، 124 مىليون 940 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ 516.2 توننا ساپ پاختا، 59 مىڭ 630 توننا ئۇن، 1465 توننا سۇ يېغى، 6336.4 كۋادرات مېتىر شەرق پوسۇنىدا قولدا توقۇلغان گىلەم، 12 مىڭ 190 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 12 مىڭ 446 قەلەمتىراچ ئىشلەپچىقىرىلدى. 20 كارخانىغا قارىتا 3 - نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى، كوكس زاۋۇتى، ئېغىبدىرىن زاۋۇتى ۋە سېمونت زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە 72 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆپەيتىلگەن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنداق: كوكس 9000 توننا، سېمونت 20 مىڭ توننا، ئېغىبدىرىن 30 توننا. كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن 18 تۈردە كېڭىشىلىپ 12 تۈردە توختام، ئالتە ھەمكارلىشىپ ئېچىش مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 65 مىليون 406 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا تاۋارلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىشتىن يارىتىلغان يىللىق تاشقى پېرېۋوت (خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) كىرىمى 3 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ تاق مۇساپىسى 3685 كىلومېتىرغا، توشۇغان يولۇچى 760 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 100 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 803 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. بازار ئىچى تېلېفون ئاپپاراتىنىڭ سىغىمچانلىقى 3000 توچكىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 135 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 460 مىڭ يۈەن. «ئۆرۈك چېچىكى» كوچىسىغا ئۇزۇنلۇقى 1.2 كىلومېتىر كېلىدىغان، پولات جازىلىق ئۈستى كاھىش بىلەن يېپىلغان سودا كوچىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىكى يايما 1177 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 68 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 610.79 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە (كوچادا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا) 12 مىڭ 650 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 50 مىليون 501 مىڭ 200 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 7.9 كۋادرات مېتىرغا، يېزىلاردا 31.91 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 276 مىليون 2000 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 3 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 690 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 364 ئائىلىلىك نامرات دېھقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2120 نەپەر چەت ئەللىك ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 192 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 189)، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 144 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 47 مىڭ 453)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 317 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7977)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2436 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 2063). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 98؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 155. ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك مائارىپ مۇپەتتىش ئۆمىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باھالاپ مۆلچەرلىشى ئارقىلىق، كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتى ئىلغار ناھىيە ئۆلچىمىگە يەتتى. تۇنجى نۆۋەتلىك كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە كۇچا ناھىيىسى ئاقسۇدىكى ئاساسلىق كۆرگەزمە مەيدانىنىڭ ئىقتىساد - سودا زالىغا يەتتە، كۇچا شۆبە كۆرگەزمە مەيدانىنىڭ ئىقتىساد - سودا

زالىغا يەتتە، كىچا شۆبە كۆرگەزمە مەيدانىنىڭ ئىقتىساد ـ سودا زالىغا 15 ياپما تەسىس قىلدى، 28 سانائەت، قاتناش، سودا ئورنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىشقا قاتناشتى، 200 چولاق تۈردىكى 3000 خىل مەھسۇلات كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ يەنە كۇچانىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمە زالى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 354 مېھمان كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىكلەر بەش كىشى. ناھىيە بويىچە 19تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 844 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 855 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

☆ 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك دورا شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆ 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «تەنتەربىيە خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇنەۋۋەر مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

پېي شياۋزېڭ

# توقسۇ ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت مەخمۇت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چۈنشىڭ، مەھەممەت قاسىم، رازى راخمان، ئارىپقان مەخمۇت (قازاق).

ھاكىمى: مەھەممەت ھۇسەن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جېڭ شىنمىن، ماۋاخان قاۋۇل، يەن خۇڭ، ئەخمەت رەخمەت؛ پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لياڭ خۇي.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىيۇشياڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت ئەمەر، كې چېڭدۇڭ (خۇيزۇ)، ئابلا ئەخمەت ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: راخمان كېرەم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابلا مۇسايوۋ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 221 مىليون 499 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 180 مىليون 826 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 22.6% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 23 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 186 مىليون 575 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 157 مىليون 884 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.37% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 450 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 280 مىڭ 950 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 74 مىڭ 840 توننا ئاشلىق (بۇغداي 38 مىڭ 899 توننا، كۆممىقوناق 27 مىڭ 46 توننا، شال 6382 توننا) ئېلىندى؛ 120 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 7000 توننا پاختا ئېلىندى؛ 7500 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 1316 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 21 مىڭ 297 توننا مېۋە ـ چېۋە (ئۆرۈك 3626 توننا، شاپتۇل 1960 توننا، ئامۇت 3019 توننا، ئۈزۈم 4890 توننا، ئالما 7543 توننا) ئېلىندى. 9705 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1575 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 390 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. مېۋىلىك باغ 35 مىڭ 145 موغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا 207 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى (ئات 7600، كالا 26 مىڭ 800، ئېشەك 13 مىڭ 800، قوي 157 مىڭ 500، ئۆچكە 1100). مۇشۇ بىر يىلدا 1376 توننا گۆش، 1080 توننا سۈت، 1000 پارچە كالا تېرىسى، 33 مىڭ 500 پارچە قوي ـ ئۆچكە تېرىسى، 200 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى، 80 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 23 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 21 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆت سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 80 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇچ زەيكەش چېپىلدى. شۇ يىلى 21 مىڭ 500 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 33 مىڭ 600 مو بوز يەر ئېچىلدى. 45 مىڭ تۈپ تېرەك كۆچىتى، 100 مىڭ تۈپ ئالقات كۆچىتى تىكىلدى. تۆت يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى قۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن 16 تۈردىكى نىشانغا يېتىش، دەرىجە ئۆرلىتىش پائالىيىتى، 24 مەبلەغ يىغىش تۈرى، دېھقانلارنىڭ يۈكىگە چېتىلىدىغان سەككىز ھۆججەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 243 مىليون 378 مىڭ 800 يۈەنگە، يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 17 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 72

مىليون 100 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 61 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.65% ئاشتى، مۇشۇ بىر يىلدا 6296 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 1 مىليون 480 مىڭ نۇسخا باسما بۇيۇم، 450 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى، 6491 توننا پاختا، 9741 توننا ئۇن، 733 توننا سۈت يېغى، 45 توننا سوپۇن، 150 مىڭ تال چوكا مۇز، 24 توننا پېچىنە - پىرەنىك، 6 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 5100 كۋادرات مېتىر توقۇلما، 46 دانە ماشىنا سەپلىمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 8 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 24 مىڭ 163 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىندى (تۇرالغۇ ئۆي 6233 كۋادرات مېتىر). 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ناھىيىلىك ياغ خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ياغ تارتىش سېخى 11 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «پەرۋاز» بازىرى (ئىگىلىگەن يېرى 6173 كۋادرات مېتىر) 8 - ئايدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىناسى 10 - ئايدا پۈتكۈزۈلدى. «دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى تۆرىدىكى ساختام دېھقانچىلىق مەيدانىغا توك يەتكۈزۈش ترانسفورماتور لىنىيىسىنىڭ 38.3 كىلومېتىرى پۈتتى. مۇشۇ بىر يىلدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا جەمئىي 1549 توننا پولات ماتېرىيالى ئىمپورت قىلىندى، 2280 توننا گۈرۈچ ئېكسپورت قىلىندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆز پەسلىدە قىرغىزىستانلىق سودىگەرلەر بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش توختامىدىن ئىككىسى ئىمزالاندى، سودا ئومۇمىي سوممىسى 34 مىليون 200 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە نەق پېرېۋوت سودىسى 385 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) گە يەتتى. 11 - ئايدا پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرى دۆلەتلىك خالىد بانكىسى بىلەن بىر تۈردە نەق پېرېۋوت سودىسى توختامى تۈزدى، سودا سوممىسى 255 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان دۆلەت يولى 160 كىلومېتىر، ئۆلكە يولى 12 كىلومېتىر، ناھىيە بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاسفالت يول 40 كىلومېتىر، يېزا - كەنتلەردىكى يول 396 كىلومېتىر (تاشيول 154 كىلومېتىر). شۇ يىلى ناھىيە بويىچە توشۇلغان يۈك 260 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 400 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 225 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 778 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 67 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە 216 سودا نۇقتىسى، 13 يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى بولۇپ، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئىلغار كارخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى. جېگلى جۇيۇنتالى ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىپ بېرىشتە ئەلا مۇلازىمەت قىلغان ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 4859 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 14 مىليون 714 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 741 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 732 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 651.78 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 78 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپى ھۆددە ئالغان خەۋپ - خەتەر سوممىسى 64 مىليون 413 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 447 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يېزا، كەنت كادىرلىرى (كەنت باشلىقى، كەنت پاچېيكا شۇجىسى) ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى ۋە كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ تەننەرخ سۇغۇرتىسى كەسپى يولغا قويۇلدى. خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئوبيېكتى 2476 ئائىلە، 9301 كىشى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 355 نامرات ئائىلە يۆلەندى، مۇشۇ يىلى 240 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 3527 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3226)، ئوقۇتقۇچىسى 387 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 272)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 53 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 51)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 903 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 208)، ئوقۇتقۇچىسى 896 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 748)، پارتىيە مەكتىپى بىر، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2642 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى. ناھىيە بويىچە توققۇز تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 335 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 344 كېسەل كارىۋىتى بار. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا»

دەپ نام بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇردى توختى 2 - لىككە ئېرىشتى.

☆ 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەككىز بال بوران چىقىپ، ناھىيە بويىچە 39 كەنت، 4362 ئائىلە، 20 مىڭ 528 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئېتىزلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش كۆلىمى 38 مىڭ 206 موغا يەتتى، 353 تۈپ دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مۆلدۈر ياغدى. ناھىيە بويىچە ئون كەنت، 1307 ئائىلە، 6428 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىزلىق كۆلىمى 18 مىڭ 134 مو، ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون 808 مىڭ يۈەن بولدى.

☆ 8 - ئايدا دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ توقسۇ بازىرىدىكى بۆلىكىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

پېڭ چىشيەن
ژاڭ جۈن

# شايار ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىجىت مۆمىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سائادەتخان قايىم، ژاڭ باۋخۇ، پاڭ داچاڭ، مەھەممەت باتۇر.

ھاكىمى: توختى بەكرى؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لۇفاجېڭ، ليۇيۇلىن، ئېزىز مۇسا، ئوسمان ساماق، مەھەممەت نىياز؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جېڭ جيازو.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ لياڭجيې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: داۋۇت روزى، جۇۋبىنۇڭ، نۇر سايىم، رەھمەتۇللا ھىدايەت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سىيىت نۇر.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: كامىل كېرەم.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى شايار ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 280 مىليون 539 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 252 مىليون 680 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %44 .33 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 28 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 30 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 542 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 240 مىليون 918 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %31 .2 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 512 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر، 3600 مو بوز يەر بار. 578 مىڭ 100 مو يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 319 مىڭ 500 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 66 مىڭ 5 .248 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 218 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 18 مىڭ 478 توننا پاختا ئېلىندى؛ 785 توننا ياغلىق دان، 47 توننا قۇلماق، 6520 توننا كۆكتات، 3520 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 143 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات، 14 مىڭ 151 توننا مېۋە - چېۋە، 3650 توننا بېدە ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 10 مىڭ 695 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 92 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 2312 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، يېتىشكەن ئورماننىڭ ئاسرالغان كۆلىمى 75 مىڭ 975 مو، يېڭىلانغىنى 44 مو. يىل ئاخىرىدا 512 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 4264 توننا گۆش، 178 توننا قوي يۇڭى، 101 توننا چۈپۈر، 33 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 1 مىليون 80 مىڭ پارچە تېرە، 1950 توننا سۈت، 1450 توننا تۇخۇم، 108 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى، 45 توننا پىلە غوزىسى، 221 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 47 مىڭ 372 كىلوۋاتقا يەتتى. 465 مىڭ مو يەر ماشىنىدا ھەيدەلدى، 550 مىڭ مو يەر ماشىنىدا تېرىلدى، 220 مىڭ مو يەرگە ماشىنىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىلدى، ماشىنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان كۆلەم 3 مىليون 400 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىڭ 281 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 2 مىليون 610 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 252 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 71 .24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 63 .88 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى ۋە رېمونت قىلىندى. 85 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 40 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، 70 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 24 مىليون 326 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 289 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا

174 مىليون 489 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %31.3 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5784 كۇب مېتىر سېمونت ياسالدى، 4392 توننا ئۇن، 4559 توننا سۇ يېغى، 970 مىڭ قۇر كىيىم، 22 توننا سوپۇن، 17 مىڭ 844 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە جەمئىي 63 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 39 مىليون 820 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 350 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 520 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 206 مىڭ 700 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە ئاپتوماتىك تېلېفون 498 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 52 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 24 مىليون 990 مىڭ يۈەن. ئېكسپورت تاۋارلىرىنى يۆتكەپ بېرىش سوممىسى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 689 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 10 مىڭ ئائىلە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 36 مىليون 148 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 85 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا خىراجىتى كىرىمى 1 مىليون 174 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 361 قېتىمدا جەمئىي 697 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 2018 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 268. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز)، ئوقۇغۇچىسى 4148 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3141)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 132 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 111)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 76؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1606 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1326). ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى، 208 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 385 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شايار ناھىيىسى دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن پايدىلانغان تۈر — جۇڭگو شىنجاڭ تارىم يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ھەمدە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى — ئۆگەن دەرياسى تارماق تۈرىگە بېرىلگەن قەرز پۇل ۋە دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشكەن مەبلەغ بولۇپ جەمئىي 6 مىليون 701 مىڭ 700 يۈەن سەرپ قىلىنىپ، ياسالغان سۇ سىڭمەس سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى شايار غول ئۆستەڭگە سىناق تەرىقىسىدە سۇ باشلاندى.

ۋاڭ يۇپىڭ

## ئۈچتۇرپان ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ھامۇت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تاڭ چاڭفا، بەكرى روزى، قالىق توختى (قىرغىز)، سۈن يۈجۈن.

ھاكىمى: مۆيدىن سادىق؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاۋجاگۇيى، مەھەممەتنىياز ئىمامنىياز، ۋاڭ فېڭ، تۇرسۇن ئىسلام؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ياڭ ياڭ.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى يۈجېن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: شۈيۈجۈڭ، ھاشىم قاسىم، مەخمۇت مەھەممەت، ئەمەت نىياز، توخان ئەمەت، تۇردالى تىلەكمات (قىرغىز)، ئابدۇقادىر داموللا ھاجى، ماگوچېڭ (خۇيزۇ).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەمدۇللا سىدىق.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئوسمان تەۋەككۇل.

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 147 مىليون 448 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 117 مىليون 370 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.86 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 29 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون 861 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 141 مىليون 993 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلىكىدىن %1.38 تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 464 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يەر، 365 مىڭ مو بوز يەر

(ئېيىلغىنى 7600 مو) بار. ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 540 مىڭ 100 مو (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى، كىرىشتۈرۈپ تېرىش كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 373 مىڭ 600 مو (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغىنى 10 مىڭ 600 مو)، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 166 مىڭ 500 مو. مۇشۇ بىر يىلدا 79 مىڭ 103 توننا ئاشلىق (48 مىڭ 905 توننا بۇغداي، 10 مىڭ 247 توننا شال)، 2755 توننا پاختا، 3248 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 300 توننا قىزىلچا ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 15 مىڭ 88 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 2246 مو، ماتېرىيال ئورمىنى 3263 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 6299 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 3276 مو؛ 891 مىڭ 500 تۈپ ئۈجمە كۆچىتى، 692 مىڭ 500 تۈپ مەجبۇرىي كۆچەت، 598 مىڭ 500 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى؛ 1792 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 12 مىڭ 903 توننا ھۆل - قۇرۇق مېۋە، ئۈچ توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 366 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2029 توننا گۆش، 1520 توننا سۈت، 90 توننا تۇخۇم ئېلىندى؛ 15 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 196 توننا قوي يۇڭى، 48 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 12 توننا تۆگە يۇڭى، 30 مىڭ 800 پارچە قوي - ئۆچكە تېرىسى، 4300 پارچە كالا تېرىسى سېتىۋېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 33 مىڭ ئالتە كىلوۋاتقا، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 6 مىليون 717 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 5599 تونىنغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 290 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى، 142 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 330 سۇ ئىنشائاتى، 167 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى. «بەشتە ياخشى يېزا» تەلىپى بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن كۆلەم 13 مىڭ 595 موغا، بوز يەر ئېچىلىپ كۆچەت تىكىلگەن يەر 2850 موغا يەتتى، 5600 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 7995 مو يەر تۈزلەندى. ئىككى ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئۈچ ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى. ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 21 قۇرۇلۇش ئىچىدە ئاشلىق بازىسى قۇرۇلۇشى تۆت، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن ياردەم بېرىش تۈرى ئىككى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى يەتتە، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش تۈرى بەش. شۇ يىلى بىرلەشمە ئۆستەڭ بېشى ۋە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تۈر تاماملاندى. سۇ باشلاش مىقدارى 27 كۇب مېتىر/سېكونتقا يېتىپ، 270 مىڭ مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 192 مىليون 11 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى، يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 21 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 474 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 33 مىليون 835 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15.4% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4218 توننا سېمونت، 17 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 9048 كۇۋادرات مېتىر گەج تاختا، 5300 توننا فوسفور روۋدىسى، 7448 توننا ئۇن، 231 توننا سۇ يېغى، 112 توننا ئاق ھاراق، 218 توننا ئاچچىقسۇ، 3287 توننا ساپ پاختا، 36 مىڭ 761 قۇر كىيىم - كېچەك، 2681 ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمىنى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى؛ ناھىيىلىك خىش زاۋۇتىنىڭ 2 - نومۇرلۇق خۇمدىنى، ئاشلىق ياغ زاۋۇتىنىڭ ياغ تارتىش سېخى قاتارلىق داۋاملىشىۋاتقان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 10 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چوڭ - كىچىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 22 سى تاماملاندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈر 11، 3 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈر 11. مۇشۇ يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر مۇنۇلار: پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ پروگراممىلىق تېلېفون تۈرى، يولۇچى توشۇش مەركىزىي بېكىتى ۋە شەرقىي بازار ماي قاچىلاش پونكىتى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 15 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (شۇ يىلى 8 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى). ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك كۇسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ناھىيە ئىچىدىكى جامائەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە - ئورگانلار شەخسلەر ئىئانە قىلىپ توپلىغان مەبلەغ 715 مىڭ يۈەن. ھەرمىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى خالىسانە ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق توقۇز بۇلاق باغچىسى، سۆگەتبۇلاق ۋە يەتتە قىزلىرىم مازىرى قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرىنى رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى تاشيولدا توشۇغان يولۇچى 229 مىڭ ئادەم (قېتىم)

گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 16 مىليون 576 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا، توشۇغان يۈك 900 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 549 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. 10. ئايدا 29 يەككە تىجارەتچى بىرلىشىپ ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك 2 - ترانسپورت شىركىتىنى قۇردى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 340 ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىلدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 38 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليون 670 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە چوڭ يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى 11گە، ئۇلار ئىگىلىگەن يەر 84 مىڭ 356 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئۈچۈن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 343 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سودا نۇقتىسى 1287 (يەككىلەرنىڭ 887) بولۇپ، يىللىق يۈرگۈزۈلگەن سومما 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. چەت ئەل سورىگەرلىرى بىلەن جەمئىي ئالتە توختام، ئىككى كېلىشىم ئىمزالاندى. ئىمپورت تاۋارلىرى ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 96 مىڭ يۈەنگە، ئېكسپورت تاۋارلىرى ئومۇمىي سوممىسى 455 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 563.82 يۈەن بولدى؛ يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 5594 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 1435 بولۇپ، جەمئىي 793 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ھەربىي سەپتىن قايتقان 15 كىشى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 33 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 331 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 78 مىليون 693 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي سوممىسى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئامانەت سوممىسى 900 مىڭ يۈەن بولدى. بېجىرىلگەن سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسى 199 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 45 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 11، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 352. «ئۆچقۇن» پىلانى بويىچە يولغا قويۇلغان پەن - تېخنىكا تۈرى تۆت، پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى 130. يېزا - ئىگىلىكتە يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلگەن كۆلەم ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %40 تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 419 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 414)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 4395 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4177)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 98 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 96)، ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 979 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 477)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1556 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1432). كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 56، ئوقۇتقۇچىسى 11؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، كۇرسانتى 130، ئوقۇتقۇچىسى 12. بالىلار باغچىسى ئىككى (مىللىي بالىلار باغچىسى)، باغچىدىكى بالا 420 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 291)، بالىلار مائارىپى خادىمى 38 (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 19). 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 24 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يەككىلەرنىڭ سەككىز)، 366 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 307 كېسەل كارىۋىتى بار. پىلانلىق ئىممونىتېت ئەملەش نىسبىتى %98 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار 65 قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئۇلارغا 28 مىڭ 936 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە بۇ ناھىيە كوللېكتىپ نومۇردا 3 - لىككە ئېرىشتى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ئۆتكۈزگەن ناھىيە دەرىجىلىك تەنتەربىيە سارايلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش مۇسابىقىسىدە ناھىيىلىك تەنتەربىيە سارىيى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 137 قېتىم ئويۇن قويدى. دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى 61 قېتىم ئويۇن قويدى. ئۆچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بەش خىل كىتاب (ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل، قىرغىزچە ئىككى خىل) نەشر قىلىندى. تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %80 تىن كۆپرەككە يەتتى.

☆ 1993 - يىلى ئۆچتۇرپان ناھىيىسىگە دۆلەت پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى ھەمدە 50 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 2000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون تۇتاشتۇرۇلدى (ھازىرچە ئىشلىتىلگىنى 340 توچكا). ھەمدە دۆلەتنىڭ ئاپتوماتىك

تېلېفون تورىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۆچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ماگىنىتلىق تېلېفون ئىشلىتىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ناھىيىنىڭ تال بۇلاق دېگەن يېرىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك كۆسەن مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ ئۆچتۇرپان ساياھەت رايونىدىكى ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاتما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان كۆپ خىل پائالىيەت ۋە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلدى، مۇسابىقىغە 1507 كىشى قاتناشتى، تاماشىبىنلار 50 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ليۇ يېيشىن

# ئاۋات ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوسمان توختىنىياز؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خاۋجاۋمىڭ، ئىمىن ئاۋۇت، ماخۇەيچۈن، مەھەممەت سانى.

ھاكىمى: مەھەممەت شايىدىن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: يالڭ مىنجېن، خې جىمىڭ، تۇراق ئىسمائىل، سۇياۋ، ئەركىن بارات.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلاھەسەن؛ مۇئاۋىن رەئىسى: ئابدۇرېھىم سېيىت.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: .كىمىر ئەشەت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: يەھيا گايىت.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 302 مىليون 502 مىڭ 300 يۈەن (1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 288 مىليون 115 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 7 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 34 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 283 مىليون 924 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 279 مىليون 108 مىڭ يۈەن) گەيېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 807 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر، 4 مىليون 338 مىڭ 400 مو بوز يەر، 1 مىليون 440 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 346 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (بۇغداي 195 مىڭ 600 مو، كۆممىقوناق 140 مىڭ مو) تېرىلىپ، 97 مىڭ 500 توننا ئاشلىق (62 مىڭ توننا بۇغداي، 30 مىڭ 100 توننا كۆممىقوناق) ئېلىندى؛ 244 مىڭ 100 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 21 مىڭ توننا پاختا ئېلىندى؛ مۇشۇ بىر يىلدا 735 توننا ياغلىق دان، 7014 توننا كۆكتات، 6224 توننا قوغۇن-تاۋۇز، 13 مىڭ 890 توننا مېۋە - چېۋە، 7.45 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 23 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2385 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 4438 مو يەردە ئۈجمىزارلىق، 1800 مو مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى، 1350 مو مېۋىلىك باغ يېڭىلاندى. يىل ئاخىرىدا 402 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە چارۋىلارنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى 37.1% بولدى. 3090 توننا گۆش ئېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 298 مىليون 187 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇپراقنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 219 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 42.85 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى؛ 17 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى؛ 143 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا - كەنت يولى (تاشيول 45.8 كىلومېتىر) ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 112 مىليون 60 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 106 مىليون 650 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 25.6% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 3836 توننا ئۇن، 1500 توننا سۇ يېغى، 10 مىڭ 900 توننا ساپ پاختا، 741 سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، 35 كولتىۋاتور، 2 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 300 توننا قىسقا تېۋىتلىق پاختا، 144.5 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1240 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. «مول ھوسۇل» 1 - مەيدانى پاختا زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق سۇ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ 1200 كىلوۋاتلىق دىزېل گېنېراتورلار گورۇپپىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ تازىلاش سېخىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. ناھىيە

بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 12 مىليون 737 مىڭ 900 يۈەن (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 9 مىليون 286 مىڭ 800 يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى سۇ ئېلېكتر شىركىتى سىچۈەننىڭ جياڭئەن ناھىيىسى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان سىچۈەن — شىنجاڭ سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتىنى قۇردى، بەشئېرىق يېزىسى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ سانائەت 2 - تۇەنى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ياغ زاۋۇتى قۇردى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى توقسۇن ناھىيىسى بىلەن بىرلىكتە رەخت توقۇش فابرىكىسى قۇردى. 1993 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن قىلغان مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ سوممىسى 1 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ كادىرى نىپ فاجۇڭ ئاشلىق ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، ياغ زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان سودىنى قانات يايدۇرۇپ، 440 مىڭ يۈەن پايدىغا ئېرىشتى ۋە 100 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيول ترانسپورتىدا يۈك ئوبوروت مىقدارى 470 مىڭ توننا / كىلومېترغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 900 مىڭ ئادەم/كىلومېتر (شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇنىڭ سىرتىدا) غا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 793 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 63 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 72 مىليون 79 مىڭ 500 يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۇتتۇشۇلگەن سوما 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 34 .781 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 641 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 29 مىليون 530 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزا - بازار ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 156 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كىرىمى 3 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە 1927 نامرات ئائىلىگە مەدەت بېرىلدى، 660 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

1993 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ياسىغان كانايلىق ناغرا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا كەشپىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا گۈرۈچ ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى يولغا قويۇلغان كۆلەم 100 مىڭ موغا، دۆلەتنىڭ پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى يولغا قويۇلغان كۆلەم 100 مىڭ موغا يەتتى؛ 55 قارار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 9500 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە)، ئوقۇغۇچىسى 3336 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2466)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 105 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 93)، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 204 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 21 مىڭ 442)؛ ئوقۇتقۇچى 1809 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1591). مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 204 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 22 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 361 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 386 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 460 ئاپتوماتىك تېلېفون رەسمىي ئۇلاشتۇرۇلۇپ، ئاۋات ناھىيىسىدە كۆپ يىللاردىن بۇيانقى قولدا بۇرايدىغان تېلېفون ئىشلىتىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

☆ 1993 - يىلى «مول ھوسۇل» 3 - مەيدانىدىكى غەربىي سايلات كەنتى ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 4000 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، ناھىيە بويىچە تۇنجى بېيىغان كەنت بولۇپ قالدى.

جاڭ چۈەن

# كەلپىن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىسمائىل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لىڭ شىيىڭ، تۇنىياز دەرۋىش، گۈلنىسا رەمەت.

ھاكىمى: ئابلىز ئابدۇرېھىم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جۇجېڭ، مەھەممەت تاھىر، فېڭ جىخې، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ ليۇچېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇشىڭچاڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: قاسىم مەخمۇت، جۇۋېنبو، پاتەم مەھەممەت، مەھەممەت قارى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇرازىق

ئەھيدۇللا.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇرېشىت موللاق.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 26 مىليون 582 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 34 مىليون 532 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.64% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 16 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 546 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 28 مىليون 177 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.88% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىڭ 680 توننا ئاشلىق، 369 توننا ياغلىق دان، 721 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 121 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆگە 3831. 517 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 612 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 8475 مو مېۋىلىك باغ بولۇپ، 4646 توننا ئۆرۈك ئېلىندى؛ 1360 توننا گۈلە، 620 توننا ئۆرۈك خورمىسى، 50 توننا ئۆرۈك مېغىزى سېتىلدى. ناھىيە بويىچە 56 كۆل، 60.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆزۈچ دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ، 830 توما، سۇڭگۈچ، نو. پايدىلانغىلى بولىدىغان 38 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، 55 مىڭ مو ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى بار. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 11 مىڭ 173 كىلوۋاتقا يەتتى. 940 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 310 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 766 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 6 مىليون 754 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 25.35% ئاشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 1 مىليون 346 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. دۆلەت 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان 110 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزگەرتىش ترانسفورماتور قۇرۇلۇشىدا سىم تولۇق تارتىپ بولۇندى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 210 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 200 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسىپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 239 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 3200 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 9 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 435 يۈەن بولدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 13 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 97 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى 85 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە 790 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 185. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بەش (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت)، ئوقۇغۇچىسى 1201 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1108)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 215 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 207)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20)، ئوقۇغۇچىسى 5814 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5725)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 372 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 357). بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 115. بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. ناھىيە بويىچە بەش تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 108 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 63 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 10 - ئايدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف بىناسى پۈتتى.

ئابدۇۋەلى ئەيسا
چاڭ لىيەنكې

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر توختى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ھىدايەت سابىت، جاڭ رۇبىن، سەيىت توختى (قىرغىز)،

باۋبېيجى (ئابال).

ئوبلاست باشلىقى: ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: شى ۋېنخۇا، ئابلا تۇراپ، ۋاڭ شىنغۇەي، مەمەت ئەسەن (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇ دېگۇي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئامىنە ئابدۇراخمان، شياباڭچىڭ، مەمەت كېرىم سەيىت (قىرغىز)، نىياز قارى، لوبىڭشۇ.

ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابلىز هوشۇر.

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئۇرغالچا قىدىرباي (قىرغىز).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 377 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 18 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 155 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى. مالىيە جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى قامداش نىسبىتى %11.9 كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 1.4 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى.

ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون 813 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2.04 ئاشتى. ئوبلاست بويىچە 119 مىڭ 94 توننا ئاشلىق، 4939 توننا پاختا، 3901 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 5370 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 70 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 330 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يېزىلاردا 2414 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. يىل ئاخىرىدا 1 مىليون 275 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %32.11 كە يەتتى، ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى %42.34، يېتىلگەن ۋە كىچىك چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %4.35 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىڭ 227 توننا گۆش، 13 مىڭ 500 توننا سۈت، 330 مىڭ 272 پارچە قوي تېرىسى، 31 مىڭ 736 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 80 مىڭ 841 كىلوۋاتقا يەتتى، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 482، كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 2112 گە يەتتى. يېزىلاردا 9 مىليون 408 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7392 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) ئىشلىتىلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 490 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.98 تۆۋەنلىدى. يېزا ۋە يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 33 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.76 تۆۋەنلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 55 مىليون 815 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 40 مىليون 218 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 13 مىليون 785 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 53 مىڭ 66 توننا كۆمۈر، 85 مىڭ 172 توننا سېمونت، 4985 توننا مىس رۇدىسى، 7775 ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 64 مىليون 570 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 982 مىڭ تونىنىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 129 مىليون 960 مىڭ توننا/كىلومېترغا، توشۇلغان يولۇچى 390 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 120 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 336 مىڭ يۈەنگە، بەتكوزۈلگەن خەت - ئالاقە 859 مىڭ پارچىگە، گېزىت - ژۇرنال 5 مىليون 207 مىڭ نۇسخىغا يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 111 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 93 مىليون660 مىڭ يۈەن، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 4 مىليون 690 مىڭ يۈەن، شەھەر - بازارلاردىكى يەككىلەر سالغىنى 8 مىليون760 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 91 مىليون 530 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا 44 مىليون 630 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى جەمئىي 108 بولۇپ، 75 ى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار قىلغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 130 مىڭ 803 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 46 مىڭ 354 كۋادرات مېتىرى پۈتتى. ئوبلاستقا قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى بىناكارلىق كەسپىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 297 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئوبلاست بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 208 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %18.71 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا

ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 31 مىليون 320 مىڭ يۈەن. پارچە سېتىش سودا تور ـ نۇقتىسى 42 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكىسى 19. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 1992 ـ يىلدىكىدىن 11.4%، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 12.3%، دېھقانلار تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 11.4% ئۆستى. ئوبلاست بويىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە قىلىنغان ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 194 مىليون 685 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.3 ھەسسە ئاشتى، يارىتىلغان پايدا 6 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا خەلقئارا ساياھەتچىلەردىن 449 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان پەن ـ تېخنىكا خادىمى 10 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر ـ تېخنىك 860، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىمى 1000. ئوبلاستتىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 544 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 452)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1106 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1008)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 1254 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1022)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 228 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 221)، ئوقۇغۇچىسى 64 مىڭ 52 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 61 مىڭ 969)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3039 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 2859). ئوبلاست بويىچە بەش سەنئەت ئۆمىكى مۇشۇ بىر يىلدا 265 قېتىم ئويۇن قويدى. 2094 قېتىم كىنو قويۇلدى، ئۇنى 310 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا قويۇلغىنى 700 قېتىم بولۇپ، 62 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. ئوبلاست بويىچە 11 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 14 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى بار. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 75% كە يەتتى. «قىزىلسۇ گېزىتى» قىرغىزچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا 1 مىليون 150 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. قىرغىز نەشرىياتى مۇشۇ بىر يىلدا 18 خىل 6000 پارچە كىتاب نەشر قىلدى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۇنجى قېتىم 3000 دىن ئارتۇق چوڭ كالېندار نەشر قىلىندى. «قىزىلسۇ مىللەتلەر تەزكىرىسى» ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاستلىق پارتكوم تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن ئوبلاستلىق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت ئىشخانىسى تۈزگەن «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قىزىلسۇ» ناملىق كىتاب دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلدى. ئوبلاست بويىچە 93 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 1631 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1517 كېسەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى بەش ئالتۇن مېدالغا (قەدىمكى شەكىلدە چېلىشتا بىر، ئەركىن چېلىشتا تۆت ئالتۇن مېدال) ھا، بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى.

ئوبلاست بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.3‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 397 مىڭ 831 گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4723 ئادەم، يەنى 1.2% كۆپەيدى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە قىرغىز 118 مىڭ 121 گە يېتىپ، 2342 ئادەم كۆپەيدى؛ ئۇيغۇر 257 مىڭ 80 گە يېتىپ، 3051 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 17 مىڭ 655 بولۇپ، 659 ئادەم ئازايدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 4975 بولۇپ، 11 ئادەم ئازايدى.

☆ ئېركەشتام چېگرا ئېغىزى بىلەن تورغات چېگرا ئېغىزى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ توپا دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈلدى، بۇ جاي «توپا چېگرا ئېغىزى» دەپ ئاتالدى. 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توپىدا توپا چېگرا ئېغىزىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشقا 11 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

☆ 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر تۆتتىن 37 مىنۇت يەتتە سېكۇنت (بېيجىڭ ۋاقتى) ئۆتكەندە قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قاراكېچەك يېزىسى، نەسىللىك قوي فېرمىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى شۇنداقلا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ئالتە بال يەر تەۋرەپ، 1587 دېھقان، چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 15 ئادەم يارىلاندى، ئۆلۈم ـ يېتىم كۆرۈلمىدى.

خې جىخۇڭ
چېڭ خەيشۇ

## ئاتۇش شەھىرى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: ئېلى ئىسمائىل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جېلى لىبىڭ، ئابدۇراخمان ھاجى، تۇردى ئىمىن (قىرغىز)، ئىمىنگۈل ياسىن.

شەھەر باشلىقى: تۇرسۇن ئابدۇرېھىم؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: دۇڭ شياڭجۇن، ئابدۇسوپۇر ئاھەت، دۇەن يۈجىن، ئابدۇقادىر ئابدۇرەشىت (قىرغىز)؛ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: كۇدابىڭ، مىن دۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختى ئىمىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: شى فۇمىڭ، دۇيشە ئالىم (قىرغىز)، گۈلسۈم مەخسۇر، جارۇللا قارىھاجى قۇربان.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مىرەخمەت ئەمەت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: بەكرى ئابدۇللا.

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 182 مىليون 600 مىڭ 500 يۈەن (1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 179 مىليون 82 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.1 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 10 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 35 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 121 مىليون 447 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 118 مىليون 378 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4.73 ئاشتى. شەھەر بويىچە 156 مىڭ 800 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 43 مىڭ 180 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 21 مىڭ 600 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1772 توننا پاختا ئېلىندى؛ 7521 توننا ياغلىق دان، 8000 توننا كۆكتات، 13 مىڭ 379 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 326 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %34.45 بولدى. 4184 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 46 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 850 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 37 مىڭ 780 كىلوۋاتقا يەتتى. 4982 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 362 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 365 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە 28 سانائەت كارخانىسى بار، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 897 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 35 مىليون 478 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %28.93 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 4 مىليون 520 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1200 توننا تۇز، 7625 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 511 توننا كۆمۈر (ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى)، 908 توننا پىششىقلانغان كۆمۈر، 6772 توننا بۇغداي ئۇنى، 1185 توننا قارا ئاشلىق ئۇنى، 200 توننا سۇ يېغى، 1 مىليون 990 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 35 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 48 مىڭ 900 قۇر كىيىم - كېچەك، 1989 كۋادرات مېتىر گىلەم، 2138 توننا ساپ پاختا، 115 توننا بالقاق ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەرلىك ئاپتوموبىل كالونى توشۇغان يۈك مىقدارى 2209 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 882 مىڭ 200 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 105 مىليون 144 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 89 مىليون 884 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7309 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 23 مىليون 15 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 2119.96 يۈەنگە يەتتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 505.5 يۈەن بولدى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 87 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 844، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلىرى 31. شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت (ھەممىسى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 3043؛ شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 200)؛ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2560 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 2500). شەھەر بويىچە 11 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 450 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئاز سانلىق مىللەت خادىم 303)، 303 كېمەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان چېلىشىش مۇسابىقىسىدە، ئاتۇش ۋەكىللەر كوماندىسى يەتتە دەرىجىلىكلەرنىڭ ئالتىسىدا ئالتۇن مېدالغا

ئېرىشتى ھەم كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى. شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى كوماندىسىنىڭ ئالتە تەزاسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە بىر ئالتۇن مېدالغا، بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

ئىسمائىل مەھەممەت

## ئاقچى ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەتتۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تۇرسۇنئەلى بايال (قىرغىز)، مىراي ئاسان ئاخۇن (قىرغىز)، جۇمەخۇن مەتربېھىم، جاڭ جۈۋېن.

ھاكىمى: تۆكەن ئىگەمبەردى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: پېڭ ئەيمىن، جياۋ تيېخۇا، بەختىيار مەمەتقازى (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قاسىمئالى مەمبەت (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: توختۇرباي شىرئالى (قىرغىز)؛ سۇلتان مەمبەت (قىرغىز)، سۇلتانئەلى بور بۇدۇي (قىرغىز)، ۋۇمېڭلىن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەمەتجۇمە مەمبەتاخۇن (قىرغىز).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قازىبېك جوماخۇن (قىرغىز).

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 44 مىليون 882 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى؛ مىللىي دارامەت 24 مىليون 853 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 25 مىليون 36 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 18.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 13 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 193 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 24 مىليون 102 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.28% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 66 مىڭ 771 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 38 مىڭ 852 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 5793.8 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 10 مىڭ 246 مو يەرگە يافلىق زىرائەت تېرىلىپ، 690 توننا يافلىق دان ئېلىندى، 1414 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 38 مىڭ 137 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى؛ 68 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 6542 ئادەم (قېتىم) مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشكە قاتناشتى. يىل ئاخىرىدا 209 مىڭ 958 تۇياق چارۋا قالدى، مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 30.3% بولدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 183 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 576 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (يەرلىك مالىيە 70 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ 25 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سالدى، ئەمگەكنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 639 مىڭ 500 يۈەن). مۇشۇ بىر يىلدا 209 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ، 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ۋاقىتلىق كەلكۈن توسمىسى، ئۈچ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى رېمونت قىلىندى؛ 12 كۆل چېپىلدى. 13 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېتىز يولى ياسالدى، 1550 مو يەر تۈزلەندى، سەككىز سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ياسالدى. سۇغىرىش كۆلىمى 200 مو كېڭەيتىلدى، 3450 مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. ناھىيە بويىچە 375 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 66 مىڭ 778 توننا مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. 3560 مو يەرگە «يوپۇرماق گۆھىرى» مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت ئىشلىتىلدى، 5223 مو يەر خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوتالدى. تۇنجى قېتىم پىۋا ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئارپا كەلتۈرۈلۈپ، 200 مو يەرگە تېرىلىپ، مو بېشىدىن 200 كىلوگرام ئارپا ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 510 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن) گە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 665 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 922 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون 400 مىڭ دانە خىش، 14.3 توننا جىغان ئىچىملىكى، 4831 توننا ئۇن، 156 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن 17 تۈردە ئىمپورت ۋە ئېكسپورت سودا توختامى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 2 مىليون 413 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، 530 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 948 كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 168 مىڭ 400 ئادەم /

كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 34 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 627 مىڭ 900 يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 422 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1890 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليون 305 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 59 نامرات ئائىلىدىكى 257 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە دۆلەت مالىيەسى ۋە يەرلىك مالىيە 87 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 1209 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1100)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 159 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 142)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 25 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 5180 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5015)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 266 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 248). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 43 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 21 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (يېزا دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى 13)، 155 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 36 يېزا ـ كەنت دوختۇرى، 145 كېسەل كارىۋىتى بار.

ئاسان ئىسمائىل

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمەمەت ماتەن (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى شىيىڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇماباي سارباغىش (قىرغىز)، خېلىل تىلىۋالدى، يۈ شىپىڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىمى: مەمەتئوسمان ئايتباي (قىرغىز، 2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: سەي شىلياڭ ئابدۇراخمان سۇلايمان (قىرغىز)، جۇشيەنخۇا (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ليۇۋېيكو، رەۋفان (قازاق)، يۈجيەنشىن.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشىن (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى مىنشېڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، تۇردى ئۆمەر (قىرغىز)، جاڭ تەي (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياقىپ مولدا ئالى (قىرغىز).

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇكېرىم شۇڭقار (قىرغىز).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ساۋۇت ياقىپ (قىرغىز).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 49 مىليون 818 مىڭ 900 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 49 مىليون 665 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 3.5% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 20 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 986 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 28 مىليون 683 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 5.98% ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 844 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 22 مىليون 262 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 8.02% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 150 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 55 مىڭ 50 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 5243 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 2850 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 169 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 2361 مو يەرگە زەمبۇرۇغ كۆپەيتكۈچى ۋە «يوپۇرماق گۆھىرى» كېڭەيتىپ تېرىلدى، 1199 مو يەر ئۆرۈققا ئازوت تۇراقلاشتۇرغۇچى ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلدى. 48 مىڭ 407 مو يەرگە 362 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىلدى؛ 96 مىڭ 800 توننا مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 768 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2800 مو يەر تۈزلەندى، 4360 مېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 26 مىڭ 175 مېتىر

ئۆزۈنلۈقتا غول ئۆستەڭ، 2600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تارماق ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 21 مىڭ 360 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ باشلاش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىدە ئۇدا ئىككى كۈن 40 ـ 70 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغدى، 4248 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 19 مىڭ 500 مو يەردىكى بېيدىن بىرىم ھوسۇل ئېلىندى، %30 كۈزگىسى بۇغداي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 1899 مو يەردىكى ياغلىق دان، 487 مو يەردىكى كۆممىقوناق، 1524 مو يەردىكى سويا پۇرچاق، 745 مو يەردىكى كۆك پۇرچاق ئۈششۈپ كەتتى. توققۇز قوتان يىقىلىپ چۈشتى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئوقالۇر بېزىسى ئۇشتۇمتۇت ياغقان، دىئامېترى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدىغان مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، مۆلدۈردىن كېيىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، 652 مو يەردىكى بۇغداي، 210 مو يەردىكى قىچىنى ۋەيران قىلدى. 2130 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭنى بۇزۇۋەتتى، يېڭىدىن تىكىلگەن 3000 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەتنى ئېقىتىپ كەتتى. ئىككى قېتىملىق ئاپەت 5 مىليون 956 مىڭ 200 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى. ناھىيە بويىچە 1715 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 597 مىڭ 261 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 4200 تۈپ پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 15 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8346 كىلوۋاتقا يەتتى، 40 مىڭ 50 مو يەر ماشىنا بىلەن ھەيدەلدى، 18 مىڭ 750 مو يەر ماشىنا بىلەن تېرىلدى، 210 مو يەرنىڭ ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىندى. يىل ئاخىرىدا 266 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى، چارۋىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %31.8 بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2092 توننا گۆش، 300 توننا قوي يۇڭى، 23 توننا چۇپۇر، 15.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 14 توننا تۆگە يۇڭى، 1302 توننا كالا سۈتى، 1864 توننا قوي ـ ئۆچكە سۈتى، 45 مىڭ 369 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 65 مىڭ 913 پارچە قوي تېرىسى، 3190 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. قوشنا دۆلەت قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە بۆرە يوقىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۆرە كۆپلەپ ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىگە قېچىپ كىردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 5876 قوينى بۆرە يەپ كېتىپ، 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولغان. مۇشۇ بىر يىلدا 85 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 3500 مو سۇنئىي ئوتلاق يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ 450 موسى قوش قەۋەتلىك ئوتلاق. 12 مىڭ 700مو ناچارلىشىپ، قۇملىشىپ، شورلىشىپ كەتكەن ئوتلاق ياخشىلاندى. خىمىيىۋى دورا ئارقىلىق 1500 مو يەردىكى زەھەرلىك ئوت ـ چۆپ يوقىتىلدى؛ 850 مو ئوتلاق قاشالاندى، 47 يۇرۇش قوتان رېمونت قىلىندى، 151 يۇرۇش قوتان سېلىندى، 74 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چارۋا يولى ياسالدى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇلياۋ تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، يەتتە يەردە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان كۆلچەك قېزىلدى، چارۋىلارنىڭ قىش ۋە ئەتىيازدىن بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن 28 مىڭ 701 تونناقوت ـ چۆپ سۈرلەم قىلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى 755 كە، خادىمى 2142 گە يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 733 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 504 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4 مىليون 897 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %31.24 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 332 مىڭ 100 كىلوۋات سائەت توك، 28 مىڭ 355 توننا كۆمۈر، 470 توننا كوكس، 60 توننا تۇز، 20 مىڭ 208 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 23 مىڭ توننا ھاك تېشى، 2470 توننا گەج، 3884 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، 850 توننا ساپال لېيى، 1340 توننا كىل ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ (قۇرۇلۇشى تاماملانغان، پۇل تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغان تۈرلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 1568.6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يولۇچى توشۇش بېكىتىدىن بىرنى سالدى. ناھىيە بويىچە قاتناش لىنىيىسى 867 كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 433 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليون 82 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 29 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 692 مىڭ يۈەن، تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 71 مىڭ يۈەن بولدى. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدىن بىرى بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇلگەن سودا 1 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سودا تور ـ نۇقتىسى 60 كە، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 242 گە يەتتى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 19 مىليون 670 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 16 مىليون 378 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 595.22 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 3060 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىليون 22 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 83

ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقىتىلدى، 85 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە 3394 ئادەم 12 خىل سوغۇرتىغا قاتناشتى، سوغۇرتا سوممىسى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 860 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

8 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاي رايونى ۋە نارىن ئوبلاستىدىكى ئاتباشى دېگەن يەر بىلەن چېگرا ئاھالىلىرى سودىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى؛ تورغات چېگرا ئېغىزىدا سودا رەسمىي يولغا قويۇلدى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تاۋار يەرمەنكىسىدە ئۇلۇغچات ناھىيىسى 230 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 157 خىل تاۋارنى يەرمەنكىگە سېلىپ، 50 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 32 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 910 مىڭ 400 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سودىسى شىركىتى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 83 مىڭ يۈەن، ئېكسپورت سوممىسى 144 مىڭ يۈەن، 148 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىنىدى. ئۆي ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، 4000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 60 ئائىلىلىك ئۆي سېتىلدى، بۇنىڭدىن 590 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ يىغىۋېلىندى.

ناھىيە بويىچە ئون پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 704 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 85 (ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى يەتتە). پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 14 كە، ئەزاسى 240 قا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 23 پەن - تېخنىكا تۈرى بېكىتىلدى، 14 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا تەلەپكە لايىق بولدى. 56 پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى قۇرۇلدى، 3000 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام تېخنىكى ۋە دېھقان، چارۋىچى تەربىيىلەندى. ئوسمان ساغىندىقا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 1919 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1783)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 21)، ئوقۇغۇچىسى 7363 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7001)؛ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 559 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 522).

ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى «ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەشكىلات تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشر قىلدى. ناھىيە بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 220 مەخسۇس سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 290 كېسەل كارىۋىتى بار.

جاڭ فۇرېن

# ئاقتۇ ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت ئەيسا (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇاڭ ياۋخۇا، ناسىر سابىر (تاجىك)، تۇرۇبخان، قۇربان روزى.

ھاكىمى: ئىمام نامەت؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋۇزگاڭ، جىيايۇگۇاڭ، ئابدۇرېھىم روزى، ئەزىمجان ئابدۇللا (قىرغىز)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: تيەن يۇڭكۇ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بەي خۇڭخەي (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جىلىل؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋۇخۇڭخېن، بەكرى رېھىم، جاپپار تۆمۈر (قىرغىز)، ئامىنە ئىسلام.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: كەنجى مۇسا (قىرغىز).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: قاسىم مەمەتكېرىم (قىرغىز).

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 127 مىليون 559 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 119 مىليون 178 مىڭ 800 يۈەن) كە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.8% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 213 مىليون 871 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.5% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 30 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون 880 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 119 مىليون 648 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.18% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 2 مىليون

835 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 350 مىڭ مو بوز يەر، 300 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 64 مىڭ 878 توننا ئاشلىق، 2288 توننا ياغلىق دان، 3167 توننا پاختا ئېلىندى. 4587 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمان 517 مو، ماتېرىيال ئورمىنى 1.496 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 2.3110 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 7.463 مو. يىل ئاخىرىدا 472 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 15 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 676 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3.250 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 18 سۇ سىڭمەس ئېرىق-ئۆستەڭ ياسالدى؛ چوڭ-كىچىك 193 توما، 225 كۆۋرۈك ياسالدى؛ 48 مىڭ 37 مو بوز يەر ئېچىلدى، 4000 مو يەر تۈزلەندى؛ 30 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى؛ سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسىدىن 55 ى ياسالدى، 29 قۇدۇق قېزىلدى، 34 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 300 يۈەنگە، يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 423 مىڭ 600 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون 58 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 430 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 33 مىليون 141 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.0 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 865 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 28 مىڭ 654 توننا كۆمۈر، 9132 توننا سېمونت، 12 مىليون دانە خىش، 600 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 16 كىلوگرام ئالتۇن، 2921 توننا ئۇن، 213 توننا سۇ يېغى، 513 توننا ئارىلاشما يەم-خەشەك، 3383 توننا ساپ پاختا، 60 توننا بالقاق ئىشلەپچىقىرىلدى. 10 - ئايدا 21 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئويتاغ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتورلىرىنى سىناق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسى 446 كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 768 مىڭ 201 توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 111 مىڭ 152 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى؛ پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 429 مىڭ 556 يۈەن بولدى، پروگراممىلىق تېلېفون 427 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 56 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليون 205 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 256 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 27.458 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 8008 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 26 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار-يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 30 مىليون 914 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىدىن 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 370 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە 2437 نامرات ئائىلە (قايتا نامراتلاشقان ئائىلە 269) بولۇپ، مۇشۇ يىلى 621 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن 269 ئائىلە يەنە نامراتلىشىپ كەتتى.

ناھىيە بويىچە ئۈچ پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 266 پەن-تېخنىكا خادىمى بار. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 3214 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3067)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 97 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 96)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 663 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 341)، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1360 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1305) ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 45، ئوقۇتقۇچىسى 18. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش-سەھىيە ئاپپاراتى، 259 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 325 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ ئاقتۇ ناھىيىلىك رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «300 — 6MZR» تىپلىق چىگىت تۆۋىتىنى ئايرىش ماشىنىسى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

چېن خۇگۇيى

## قەشقەر ۋىلايىتى

**خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تىلىۋالدى توختى (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇچىشىن، ياسىن ياقۇپ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىيى: ئابدۇقادىر نەسىردىن (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئىسمائىل تىلىۋالدى (5 - ئايدا ۋەزىپىدىن

يۆتكەلدى) ؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: مياۋشۇۋالڭ، زىننەت ئۆمەر، ياۋيۇڭفېڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، ئەخمەتجان ئالىم (ئۆزبېك) .

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: مەمتىمىن ھەلىمىدىن، جاڭ جېنۋۇ، ئوسمان قاسىم (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: روزى قاسىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 479 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.09% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 175 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 562 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 837 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 4.83% تۆۋەنلىدى. ۋىلايەت بويىچە 5 مىليون 929 مىڭ 300 مو يەرگە زىرائەت تېرىلىپ، 1 مىليون 236 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 163 مىڭ 400 توننا پاختا، 212 مىڭ توننا ياغلىق دان، 195 مىڭ 700 توننا كۆكتات، 141 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2600 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكى كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 5 مىليون 234 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 47 مىڭ 305 توننا گۆش ئېلىندى. 244 مىڭ 800 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 446 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى؛ 11 مىڭ 230 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا 45 مىليون 133 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك، 23 مىليون 530 مىڭ توننا خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 480 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 130 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 997 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 17.46% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 106 مىليون 70 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك، 194 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 151 مىڭ 600 توننا سېمونت، 4600 توننا تۇز، 380 مىليون 844 مىڭ دانە خىش، 28 مىليون 720 مىڭ مېتىر رەخت، 9846.35 توننا پاختا يىپ، 30.61 توننا يىپەك، 3.1 توننا يىپەك توقۇلما، 128 مىڭ 800 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 9209 دانە يۇڭ ئەديال، 4406.69 كۋادرات مېتىر گىلەم، 5000 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 357.17 توننا سوپۇن، 4700.15 توننا سۇلياۋ ياسالما، 367 مىڭ 386 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 99.7 توننا كونسېرۋا، 29 مىڭ 294 توننا سۇ يېمەكلىكى ئىشلەپچىقىرىلدى.

ۋىلايەت بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 7 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىق تۈرىدىن پەتتىسى ئىمزالاندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 21 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان كارخانا توققۇز بولۇپ، 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىندى؛ مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆلكە شەھەرلەر بىلەن 62 تۈردە ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاندى. 1993 - يىللىق قەشقەر سەيلە - سودا يەرمەنكىسىدە جەمئىي 172 ئىقتىساد - سودا توختامى ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى، زىرە، چۈچۈك بۇيا ۋە چۈچۈك بۇيا ياسالمىلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئالاھىدە ئېكسپورت تاۋارلىرى بولۇپ قالدى. ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى توشۇغان يۈك 149 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 114 مىليون 900 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى 4 مىليون 550 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 446 مىليون 800 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 30 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، كەسپىي كىرىمى 24 مىليون 767 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە شەھەر تېلېفونى 15 مىڭغا يەتتى، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى 8000 توچكىغا يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە 31 بازار قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 230 مىڭ كۋادرات مېتىر. شەھەر - يېزا سودا بازارلىرى 231 بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 810 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر 43 مىڭ 633 كە، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 65 مىڭ 449 غا، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 122 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، خۇسۇسىي كارخانىلار 167 گە، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 21 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 231 مىليون 490 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ساياھەت سېستىمىسى كۈتۈۋالغان چەت ئەللىك مېھمان جەمئىي 31 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە،

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن كەلگەن مال سېتىۋېلىش ئۆمىكى 131 گە، ئومۇمىي تىجارەت كىرىمى 25 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 5 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 6 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 692 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 1842 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 141 مىڭ 800 (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 29 مىڭ 100) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 393 مىليون 510 مىڭ 500 يۈەن (كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكىلەرنىڭ 64 مىليون 398 مىڭ 100 يۈەن) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل 1 مىليارد 682 مىليون يۈەن. نامراتلارنى يۆلەشكە يىل ئاخىرىغىچە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3216 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، 532 كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 60 مىڭ 400 ئادەم ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. 24 مىڭ 800 ئائىلە يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 295 مىڭ ئائىلە ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. يىللىق سۇغۇرتا كىرىمى 38 مىليون 795 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ھەرخىل تۆلەم ئەنزىسىدىن 12 مىڭ 881 ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 15 مىليون 930 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 45 مىڭ 200 ى بار (كارخانىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 6483. شۇ يىلى «مەكىت ناھىيىسىنىڭ 200 مىڭ مودىن ئارتۇق كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بويىچە بىرلىك ھوسۇلىنى ئۇدا ئۈچ يىل 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، «مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 200 مىڭ مو كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بويىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 100 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 1148 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 1111)، ئوقۇغۇچىسى 410 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 394 مىڭ 200)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 204 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 178)، ئوقۇغۇچىسى 75 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 67 مىڭ 800)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 6997 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6821)؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 963 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 792)؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى تۆت، ئوقۇغۇچىسى 820 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 780)؛ ھەرخىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ توققۇز، ئوقۇغۇچىسى 5676 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4609)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 25 مىڭ 183 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 23 مىڭ 56). مۇشۇ يىلى مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن مائارىپ فوندىدىن 5 مىليون 111 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنى 317 بولۇپ، يىللىق كىرىمى 3 مىليون 368 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى؛ 12 سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، ئۇلار ئويۇن قويۇپ 958 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %88 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %78 كە يەتتى. «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى مۇشۇ بىر يىلدا 9 مىليون 201 مىڭ 400 كىتاب تارقاتتى. ۋىلايەت بويىچە 425 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 202، ئامبۇلاتورىيە 185، ساقلىق ساقلاش - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 16، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى ئون؛ 9680 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 8940 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قەشقەر ۋىلايىتىدىن قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر يەتتە ئالتۇن مېدالغا، يەتتە كۈمۈش مېدالغا ۋە توققۇز مىس مېدالغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ۋىلايەت بويىچە ئالتە تۈردە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 6641 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، مۇسابىقىنى 32 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. ۋىلايەت بويىچە 706 مەكتەپتىكى 23 مىڭ 315 نەپەر ئوقۇغۇچى ئارىسىدا ئۆلچەمگە يېتىشنى سىناپ كۆرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۆلچەمگە يەتكەنلەر نىسبىتى %85 كە يەتتى. مۇشۇ يىلى قەشقەر شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى شىركىتى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى ئاممىۋى تەنھەرىكەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، تۇرسۇن يولۋاس، تۇراق نۇر، ئابدۇشۇكۇرلەر ئاممىۋى تەنھەرىكەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ، مۇختەر پازىل مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالىنىپ، دۆلەت تەنتەربىيە

كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1993 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە (ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى ۋە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20.76، ئۆلۈش نىسبىتى ‰8.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %11.88 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس (يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىسى ۋە بىڭتۇەنىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 2 مىليون 971 مىڭ بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 35 مىڭ 300 ئادەم كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 2 مىليون 374 مىڭ، خەنزۇ 237 مىڭ.

لى دېيەنچاڭ

☆ 1993 ـ يىللىق قەشقەر سەيلە ـ سودا يەرمەنكىسى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىگە 500 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمان قاتناشتى، 220 تۈر بويىچە توختام ئىمزالاندى، ئىقتىساد ـ سودا ئومۇمىي سوممىسى 630 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لياڭ مىڭ

# قەشقەر شەھىرى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ھامىت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ ۋېن، ئايشەم ياسىن، لۇيىڭ، رەھمىتۇللا قۇربان، سەمەت مەخسۇم ھاجى.

شەھەر باشلىقى: ئابلەت مەھەممەتجان؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: شۈيۈەنجى، ئابدۇقادىر ئابلىز، جياڭ جۇڭرېن (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، گۈلشات ئابدۇقادىر (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: ۋاڭ ليۇچاۋ.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېزىز ئىيسا (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ بىن، شەن شياۋجۇڭ، نۇرمەھەممەت موشۇر، تۇرسۇن سىيىت (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سادىق قارىھاجى، توختى موللاھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇغوپۇر ھاشىم (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىسمائىل باقى (3 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى (شەھەر رايونى) نىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 696 مىليون 603 مىڭ 900 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 633 مىليون 496 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %3.9 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 49 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 47 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 250 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 40 مىليون 860 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %2.2 ئاشتى. 2870 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 1869 گېكتار بوز يەر بار، بۇنىڭ 259 گېكتارىنى ئېچىشقا بولىدۇ. 3340 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 230 گېكتار يەرگە كېۋەز، 620 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. 16 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 307 توننا پاختا، 43 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ 800 توننا كۆكتات، 2657 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. شۇ يىلى 18.7 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 39 مىڭ 800 تۇياق چارۋا، 170 مىڭ ئۆي قۇشى قالدى. 1165 توننا گۆش، 835 توننا سۈت ئېلىندى، 130.2 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 900 توننا تۇخۇم ئېلىندى، يېزا ئىگىلىكىدە 1839 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 27 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2251 كىلوگرام دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 1 مىليون 371 مىڭ 200 موغا يەتتى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 135 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 18 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل يېزا ـ بازار كارخانىسىدىن 16 سى قۇرۇلدى. 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

شەھەرگە قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) 99 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %7.34 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىڭ 700 توننا سېمونت (بۇنىڭ 3000 تونىنىسى ئېكسپورت قىلىندى)، 358 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 396.5 توننا سۇلفات كىسلاتاسى (قويۇقلۇق دەرىجىسى %100)، 3616 توننا سۇلياۋ يوپۇق،

3196.4 توننا پىۋا، 106.5 توننا سوپۇن، 216.78 توننا قاتۇرۇلغان ماي، 237.6 توننا قۇيما تۇزۇبا، 8188.4 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك ـ دېرىزە، 165 توننا سۇلياۋ ياسالما، 7651 پارچە خۇرۇم، 85 توننا كالتسىي كاربىد، 202 توننا مىخ، 298 مىڭ قۇر كىيىم ـ كېچەك، 908 توننا قەنت ـ گېزەك، 6512 كۋادرات مېتىر سېمونت ياسالما، 31 مىليون 350 مىڭ دانە خىش، 25 مىڭ 71 دانە ئۆي جاھازى ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 69 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 52 تۈردە ئىش باشلاندى. يېڭىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر: سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايلانما خۇمدىنىنىڭ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى؛ 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «جەنۇبىي تەڭرىتاغ» ئۆي جاھازلىرى سانائەت ـ سودا شىركىتىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قاقلاپ قۇرۇتۇش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە كارىۋات پورژىنىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شامالباغ يېزىلىق قەغەز زاۋۇتىنىڭ تاختاقەغەز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى. قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر: 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ھۈنەر ـ سەنئەت شىركىتىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېلېكتىر مىخى ئارقىلىق گۈل چېكىش تۈرى؛ 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاياغ كىيىم سانائەت ـ سودا شىركىتىنىڭ يازلىق ئاياغ كىيىم ۋە سايما ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى؛ 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مېتال سانائەت سودا شىركىتىنىڭ مېتال بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى. تىنچ مەزگىلدىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلدىمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان يەر ئاستى سودا سارىيى — «01» خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1644 كۋادرات مېتىر. مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 165 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 194 مىڭ توننىغا، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىدا توشۇلغان يولۇچى 58 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) گە، توشۇلغان يۈك 750 توننىغا يەتتى؛ 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىر كېلىدىغان، قەشقەردىن جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىۋۇ شەھىرىگە بىۋاسىتە بارىدىغان تاشيولدا رەسمىي قاتناش باشلاندى؛ 5 ـ ئايدا قەشقەر ئايرودرومى خەلقئارا ئايرودروم قىلىپ تەستىقلاندى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 725 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. 8000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلىپ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان چوڭ ئالاقە لىنىيىسىنىڭ رەقەملىك مىكرو دولقۇن تېلېفون يولى تۇتاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تۈرۈبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 1401 توننىغا، سۇيۇقلاندۇرغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 1922 توننىغا يەتتى. كۆكەرتىلگەن كۆلەم 271.4 گېكتارغا يەتتى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 369 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1993 ـ يىلى ئوردا ئالدى بازىرى، «جەنۇبىي تەڭرىتاغ» سودا رەستىسى، ئەنجان رەستىسى بازىرى پۈتتى، تۆت ئورۇندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يەكشەنبە بازىرى، ئۈچ ئورۇندا كېچىلىك بازار قۇرۇلدى؛ شەھەر بويىچە بازار 22 گە يەتتى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. شەھەر بويىچە يەككە تىجارەتچى 12 مىڭ 450 گە يېتىپ، 1993 ـ يىلى 5680 ى كۆپەيدى. شەھەرگە قاراشلىق تاشقى سودىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 36 مىليون 980 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل دۆلەت ۋە رايونلاردىن 31 مىڭ مېھمان كېلىپ، ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە ۋە سودا ئۈستىدە كېڭەشىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

1993 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈش سىناق نۇقتىسى قىلىندى. 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىدىن 22 سى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن 1607 سى بار. قەشقەر شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 4890، ئوقۇتقۇچىسى 543؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئون، ئوقۇغۇچىسى 5190، ئوقۇتقۇچىسى 601؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 9200، ئوقۇتقۇچىسى 1662؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى، ئوقۇغۇچىسى 301، ئوقۇتقۇچىسى 27، باشلانغۇچ مەكتەپ 54، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 900، ئوقۇتقۇچىسى 1888. مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپتا ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى. شەھەر بويىچە 15 دوختۇرخانا، 2732 نەپەر كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋە 2188 كېسەل كارىۋىتى بار. شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى يەتتە تۈر بويىچە 400 قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ئۇلارغا 1100 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، مۇشۇ بىر يىلدا ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاندى. شەھەرگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 12 مىڭ 339 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئۇلارغا 40 مىليون 417 مىڭ 300 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى.

دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 327 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 1732 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5.5 كۋادرات مېترغا يەتتى. مۇشۇ يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 726 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 171 ئۆيلۈك 559 نامراتقا مەدەت بېرىلدى، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئېچىش خاراكتېرىدىكى يەتتە قۇرۇلۇشقا جەمئىي 4 مىليون 815 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن. شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليارد 223 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بەش ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇلۇپ، 58 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 23 بالا، كۆزىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 70 كىشى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ داۋالاندى. 6 - ئايدا قەشقەر شەھىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئۈچ خىزمەتتە ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى.

☆1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گۆرۈكەش بانكا — قەشقەر شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ «يىنخۇڭ» سودا بانكىسى تىجارەت باشلىدى.

☆ 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر شەھىرى «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

☆ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇراق ئىسمائىل ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئۇن مەشھۇر تەپتىشنىڭ بىرى قىلىپ باھالاندى.

☆ قەشقەر شەھەرلىك بىرلەشمە پىۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «قەشقەر شۇڭقارى» ماركىلىق پىۋا 1993 - يىللىق جۇڭخۇا ئېسىل ئىچىملىكلەر كۆرگەزمىسىدە «شىنئۇ» لوڭقىسى ئالتۇن مۇكاپاتىغا، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ھاراق مەدەنىيىتى ئېسىل مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالاھىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1993 - يىللىق دۇنيا پىۋا ۋە ئىچىملىكلەر تېخنىكىسى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، زاۋۇت باشلىقى پۇيىمۇ KPC دۇنيا مەشھۇر ھاراقلار ئالتۇن مۇكاپاتى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن «ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى مەشھۇر ئىختىساسلىق كىشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

☆ شەھەرلىك چاسا بىناكارلىق شىركىتىنىڭ جىڭلىسى ئەمەت قارى جۇڭگو كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن «1993 - يىللىق مەملىكەت بويىچە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇنەۋۋەر بىناكارلىق كارخانىچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئون ياشلىق ۋاڭ لى 1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭخۇا باللار رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى ۋە شېنجېندا ئۆتكۈزۈلگەن «كۈمۈش دېڭىز» لوڭقىسى باللار رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە ئېسىل ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جاڭ لى

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ساۋۇت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئېلى باقى، چېن دالۇڭ، مەھەممەت قۇربان، خاۋشىڭشۇن.

ھاكىمى: ئابدۇكېرىم سەلەي، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ مىڭگۇڭ، ئېزىز تەۋەككۇل، قۇربان سۇلايمان، دۇەن لىن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لى جىڭتيەن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەركىن ئىمىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ياڭ جىڭئەن، ھەسەنجان ساقى، مىجىت ئەمەت، چېن شياۋلۇڭ، ئابدۇكېرىم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئېزىز ئىبراھىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ھەسەن ئىسمائىل.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 300 مىليون 750 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 261 مىليون 860 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.9% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 12 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىمى 46 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 363 مىليون 610 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 332

مىليون 870 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 3.08% تۆۋەنلەپ كەتتى. 644 مىڭ 500 مو تېرىلغۇ يەر بار. 589 مىڭ 950 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىزدا تېرىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلىپ، 139 مىڭ 637 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 199 مىڭ 950 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 12 مىڭ 777 توننا پاختا ئېلىندى؛ 8550 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 4765 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 40 مىڭ 761 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 580 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قالدى. 478 توننا قوي يۇڭى، 250 مىڭ 500 پارچە قوي ـ ئۆچكە تېرىسى، 1512 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، ئۈچ توننا تۆگە يۇڭى، 10 مىڭ پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. 31 مىڭ 770 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 645 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 1 مىليون 800 مىڭ تۈپ پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلدى. 64 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 29 مىڭ 272 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، (ئەمەلىي سان بويىچە ھېسابلاندى)، 821 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 34.09 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 376 مىليون 903 مىڭ 100 يۈەنگە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 40 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 141 مىليون 420 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 19.45% ئاشتى. 49 سانائەت كارخانىسى بار، بۇنىڭ 19 ى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، 37 سى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون 775 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 17 مىڭ 84 توننا ساپ پاختا، 379 توننا پاختا يىپ، 4182 توننا ئۇن، 3222.5 توننا سۈيىمى، 82 مىليون 793 مىڭ دانە خىش، 852 توننا يودلۇق تۇز، 157 توننا مېۋە مۇراباسى ۋە كونسېرۋاسى، 182 توننا جىغان ئىچىملىكى، 769.9 توننا چىگىت ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 68 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 840 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 633 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 650 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. مۇشۇ يىلى يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالت يول، 25 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول كۆۋرۈكى ياسالدى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 977 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ بىر يىلدا تاۋارلارنىڭ بىر يىلدا ساپ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 147 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىلىش سوممىسى 74 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون يۈەن. بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سوما 84 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، ئېكسپورت سودا سوممىسى 9 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 11 مىڭ 405 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 41 مىليون 539 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 663 يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلى 215 ئائىلىدىكى 902 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 93 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ياشانغانلار ساناتورىيىسى 12 بولۇپ، 67 كىشى بېقىلدى. يېتىم باللار مەكتىپى بىر بولۇپ، 61 بالا قوبۇل قىلىندى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 406 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 28 كارخانا كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 2707 ئادەم كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىغا، 957 ئادەم ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ئەنزىسىدىن 689 نى بىر تەرەپ قىلدى، 770 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى، 30 مىڭ يۈەن جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى تۆلىدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 517 سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 21. ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئۈلگە يېزا بىر، كەنت 50، ئائىلە 4576، يېزىغا قاراشلىق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى 15، يېزا دەرىجىلىك دېھقان تېخنىكلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى 16؛ ھەرخىل پەن ـ تېخنىكا كۇرسلىرىدىن 1079 ى ئېچىلىپ، 79 مىڭ 951 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بەش ئىلمىي جەمئىيەت بولۇپ، ئەزاسى 300 گە يەتتى؛ يېزا دەرىجىلىك 17 پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى بولۇپ، ئەزاسى 1554 كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 191 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 189)، ئوقۇغۇچىسى 52 مىڭ 109 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 51 مىڭ 833)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2000 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1975)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 24)، ئوقۇغۇچىسى 9874 (ئاز سانلىق

مىللەت ئوقۇغۇچى 9764) مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 856 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 843)، بىر پارتىيە مەكتىپى؛ بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى بار. ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 20؛ يېزا - كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن بەش قارار ئېچىلىپ 500 كىشى تەربىيىلەندى؛ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۇرسى ئۈچ قارار ئېچىلىپ، 140 كىشى تەربىيىلەندى. دېھقانلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە دېھقانلارنىڭ ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 268 ى ئېچىلدى، 6157 ئادەم ساۋات چىقاردى. مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا (پونكىت) دىن 20 سى، زاۋۇت - كان، ئىدارە ئورۇنلىرىدىكى شىپاخانىدىن مەككىزى، تىببىي خادىمدىن 576 سى، يېزىلاردا مەھىيە خادىمىدىن 254 ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 603 ى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 13 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭغا 821 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، مۇسابىقىنى 82 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) كۆردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدە بىر تەنھەرىكەتچى 60 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولۇپ، كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، بىر تەنھەرىكەتچى 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولۇپ، مىس مېدالغا ئېرىشتى. 13 مىڭ 288 نەپەر ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 70% بولدى.

☆ 12 - ئايدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە ئالتە بال يەر تەۋرەپ، ناھىيە بويىچە 18 يېزا (بازار) تەسىرگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 يېزا، 5833 ئائىلە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئىككى ئادەم ئۆلدى، 23 ئادەم يارىلاندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ئادەم ئېغىر يارىلاندى)، 290 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 9363 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى، 18 مىڭ 282 ئېغىز ئۆي خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 130 مىليون 457 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ چېڭفۇ

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئەمەت، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تەن يۈگجۇڭ، خۇتىڭدى، سېيىتنىسا زاھىت، سەمەت نامان.

ھاكىمى: ئېلى مەھەممەت، مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جۇخۇي، مەمتىمىن ساۋۇت، ۋاڭ تيېمىن، رەخمەت مامۇت؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لى جۇڭيى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئىبراھىم، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن زۇڭيۈەن، ئابدۇراخمان توختى ھاجى، زۇنۇن مامۇت، مامۇت ناسىر، سادىر سەلەي، ياڭ جىفاڭ، ئابلىكىم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەمەت مامۇت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئوبۇل تاش.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 287 مىليون 500 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 242 مىليون 410 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.9% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 12 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، سودا - سانائەت بېجى كىرىمى 11 مىليون 647 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 33 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليون 960 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 234 مىليون 90 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992- يىلدىكىدىن 0.3% ئاشتى. 526 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 612 مىڭ 400 مو. 369 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 101 مىڭ 448 توننا ھوسۇل ئېلىندى، ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان پاختا 13 مىڭ 829 تونىنغا يەتتى؛ 2024 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 515 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. 14 مىڭ 100 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4500 قۇتا پىلە بېقىلىپ، 72.82 توننا ھوسۇل ئېلىندى، 63 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. جەمئىي 679 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 1 مىليون 18 مىڭ 500 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى؛ سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 6.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭگە سۇلياۋ ياتقۇزۇلدى، 46 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنىڭ لاتقىسى تازىلاندى؛ قاتار سۇ گەت، ماچاڭ سۇ ئامبارلىرىنىڭ 9.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دامبىسى رېمونت قىلىندى؛ 11.75 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆۋرۈك ئۆستىڭى چېپىلدى؛ يورۇشلەشتۇرۇش

قۇرۇلۇشلىرىغا 1 مىليون 335 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 31 مىڭ 160 مو يەر تۈزلىنىپ سالاھىيەتلىك ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلدى، 4920 مو بوز يەر ئېچىلدى. 155 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا ئېرىق چېپىلدى، 850 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق رېمونت قىلىندى؛ 186 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چېپىلدى ۋە 225 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زەيكەش رېمونت قىلىندى؛ 823 سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى رېمونت قىلىندى. 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بايتوقاي ئۆستىڭىنىڭ ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى. 37 مىڭ 838 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 830 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 49 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 31 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون 310 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.7 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 21 مىڭ 120 توننا سېمونت، 2900 ستولبا، 146 توننا تازىلىق قەغىزى، 17 مىڭ 794 توننا ساپ پاختا، 695 توننا پاختا يىپ، 4213 توننا ئۇن، 1236 توننا سۇ يېغى، 42 توننا سوپۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى سىغىمچانلىقى 100 كۇب مېتىر كېلىدىغان سۇ مۇنارىدىن بىرى ياسالدى، 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ تورۇبىسى ئۆزگەرتىپ ياسالدى. تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 860 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 809 مىڭ ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى؛ توشۇلغان يۈك 1040 تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 543 مىليون 700 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى، ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىي پايدىسى 144 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى ناھىيە ۋە يېزا يوللىرىدىن 12.5 كىلومېتىرغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، ھەق ھېسابلىنىدىغان كەسپىي كىرىمى 1 مىليون190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 73 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 17 مىليون 950 مىڭ يۈەن، دۆلەت سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 10 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 12 مىليون 87 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 223 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تەمىنات - سودا سىستېمىسىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 120 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 116 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9877 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 35 مىليون 690 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 222 مىليون 296 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 119 مىليون 634 مىڭ يۈەن. 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېرىم يېپىلغان 35 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق كۆكتات ۋە گۆش بازىرى سېلىندى ھەم ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى كېڭەيتىلدى. ناھىيە بويىچە چېگرا سودىسىدا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون يۈەنگە، باج ۋە پايدىسى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش» مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، بارىن يېزىسىنىڭ ئالتە كەنتىگە 20 قۇدۇق قېزىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 254 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ تازغۇن يېزىسىدا سىغىمچانلىقى 50 كۇب مېتىرلىق سۇ مۇنارى ياسالدى، بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ تورۇبىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 80 پىرسەنتى تاماملاندى. مۇشۇ يىلى 304 ئائىلىدىكى 970 ئادەمنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت ئاپپاراتى مەككىز، پەن - تېخنىكا خادىمى 2789. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 74. ئوتتۇرا مەكتەپ 16 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 8115 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7944)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 83)، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 306 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 33 مىڭ 597). مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا، بازار، كەنتلەردە 22 مەكتەپ سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 771 كۋادرات مېتىر؛ مەكتەپلەرنىڭ 3796 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي - ئىمارىتى رېمونت قىلىندى. 6 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرى، يېڭىئاۋات يېزىسى ۋە تاغارچى يېزىسىدا ئۈچ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىندى. يىللىق مائارىپ خىراجىتى 12 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى. 24 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 393 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 416 كېسەل كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت چىلەرنى تاللاش مۇسابىقىسىدە ئايال قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەتچىسى لى يەنچۈن بىر ئالتۇن مېدال ئالدى. ناھىيە بويىچە 17 قېتىم ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 3500 ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى.

گۈلباھار خېلىل

# مارالبېشى ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇكېرىم يۈسۈپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: قۇربان مەيدىن، يۈەن يىفەن، شياڭ لۈگۈيېن (تۇجيا)، ئايۇپ سابىم.

ھاكىمى: مەمتىمىن توختى؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ئېلى ئاتەك، توختى راخمان، لىن يۇڭكې، خې خەيىۈەن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: تۆمۈر تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇسا تۇردى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەخەم داۋۇت، تۇرغۇن تۇراق، لەن يۈگۈي، چېن جياجۇن، ئۆمەر قازىھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەھەممەت ئابدۇرېھىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: غوپۇر ئىمىن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۇەن - مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 570 مىليون 459 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 486 مىليون 287 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.5 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 491 مىليون 151 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 418 مىليون 681 مىڭ 400 يۈەن) بولۇپ، %4.9 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 13 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 37 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيىگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 400 مىليون 506 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 348 مىليون 697 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %0.3 ئاشتى. 588 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار، 3600 مو بوز يەر ئېچىلدى، مۇشۇ يىل ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 29 مىڭ مو ئازىيىپ كەتتى. 98 مىڭ 272 توننا ئاشلىق، 25 مىڭ 40 توننا پاختا ئېلىندى. دېھقانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 336 مىليون 187 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 378 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش خىراجىتى 5 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، 3008 تۇياق مۇۋاپىق ياشتىكى نەسىللىك چىشى چارۋا سېتىۋالدى. 6245 ئىنەك تۇغۇلىدىغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، 720 مىڭ چارۋىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. ناھىيە بويىچە چىقىم قىلىنغان چارۋا 86 مىڭ 561 گە، تاۋار چارۋا 51 مىڭ 937 گە يەتتى. ئۆي قۇشلىرىدىن 285 مىڭ 400 ى چىقىم قىلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 407 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 15 مىڭ مو ئوتلاق ياخشىلاندى، 8800 مو ئوتلاق قاشالاندى. مۇشۇ بىر يىلدا 1896 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 440 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1800 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 458 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 25 مىڭ 114 توننا مېۋە - چېۋە، 12 مىڭ 150 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 7000 مو يەردە باغ بەرپا قىلىندى. 1200 مو يەردىكى كونا باغ يېڭىلاندى. 10 مىڭ 455 مو يەرگە كۆكتات تېرىلدى. 150 توننا تاۋار بېلىق تۇتۇلدى، سۈنئىي ئۇسۇلدا 150 مىڭ بېلىقجان چىقىرىلدى. 80 كىلوگرام گۆشلۈك پاقا ئېلىندى. بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 453 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 53 مىليون 435 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قىممىتى 40 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 605 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور 1018 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات كۆلىمى 1 مىليون 282 مىڭ موغا، ماشىنا بىلەن تېرىلغان كۆلەم 631 مىڭ موغا، ماشىنا بىلەن ئاسرالغان كۆلەم 397 مىڭموغا، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان كۆلەم 362 مىڭ موغا يەتتى. سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 1 مىليون 321 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 19 مىليون 652 مىڭ يۈەنگە، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش كۆلىمى 566 مىڭ 900 موغا يەتتى. 10 مىڭ 705 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، ئون توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 1412 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا 2 مىليون 210 مىڭ كىلوۋات سائەت توك سەرپ قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 1000 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 61 مىليون 473 مىڭ يۈەنگە،

يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 1 مىليون 329 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 238 مىليون 140 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 240 مىليون 340 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %23.73 ئاشتى. 2 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 32 مىڭ 800 تونna ساپ پاختا، 2665 توننا ئۇن، 2605 توننا سۇ يېغى، 1100 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلما، 28 مىليون 150 مىڭ دانە خىش، 765 توننا تۇز، 194 كۋادرات مېتىر گىلەم، 128 توننا سىر، 6280قۇر كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى يىلدا ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ترانسپورت ئورۇنلىرىنىڭ توشۇغان يۈكى 5000 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون توننا/كىلومېتىرغا يەتتى؛ توشۇلغان يولۇچى 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 860 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 622 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ 163 كىلومېتىرى ئاسفالت يول. ناھىيە بويىچە 11 يېزا ـ بازارغا ئاپتوموبىل قاتنىدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 176 كىلومېتىر. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 939 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 309 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 49 مىليون 970 مىڭ يۈەن. مەملىكەت ئىچىدىن تاۋار سېتىۋېلىنىش سوممىسى 206 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 197 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 86 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 791.04 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 1913 بولۇپ، ئۇلارغا مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 563 مىڭ 400 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 162 مىليون 926 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ياردەم پۇلى 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى)، ئوقۇغۇچىسى 705 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 599)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (ھەممىسى مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 3329؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 99 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 98). ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 464 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 33 مىڭ 360)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1550 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1450). مائارىپ سېستىمىسى 1 مىليون 54 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرىنى رېمونت قىلدى، سالدى ھەم كىتاب ۋە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالدى. مۇشۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 1 ـ باللار باغچىسىنىڭ 1028 كۋادرات مېتىرلىق بىنىسى ۋە ياتاق قۇرۇلۇشلىرى پۈتتى. سەھىيە سېستىمىسىغا 415 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا ـ بازار دوختۇرخانىلىرى ئۈچۈن ئومۇمىي كۆلىمى 1360 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئامبۇلاتورىيە، كېسەلخانىلار سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىندى. 16 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 618 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 565 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 32 قېتىم مۇسابىقە ئۇيۇشتۇردى.

☆ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولىنىڭ 131 كىلومېتىرلىق مارالبېشى ئۇچاستىكىسىغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ بولۇندى، پۈتۈن لىنىيىدە سىناق تەرىقىسىدە قاتناش باشلاندى.

ياڭ شىدۇڭ

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مامۇت ئىسمائىل؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ يۈگىلىن، ئابلەت ھەسەن، ۋۇسۇگىلىن، سەلەي ئابدۇللا.

ھاكىمى: ھەسەن ئابدۇرېھىم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ياڭ جىمىڭ، نىجات قادىر، مۇساقۇربان، تەن شىنۋېي؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ياۋيى.

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زۇنۇن ھوشۇر؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: خۇچۇۋېي، تۇرسۇن روزى، مامۇت غوپۇر، جياڭ شىبىن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئۆمەر قاۋۇل.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مەھەممەت روزى.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى 583 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى؛ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 5.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) . مىللىي دارامەت 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.65% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 9 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 38 مىليون يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 342 مىليون 594 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 598 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭ 722 مىڭ موسىغا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىڭ توننا ئاشلىق، 14 مىڭ توننا پاختا، 2100 توننا ياغلىق دان، 54 مىڭ توننا قوغۇن ئېلىندى؛ ئۆلارنىڭ قىممىتى 24 مىليون 791 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 603 توننا زىرە، 2.9 توننا كۆكتات ئېلىندى. 58 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ 37 مىڭ موسى سايىنى توسۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلدى؛ 5 مىليون 830 مىڭ تۈپ پارچە ـ پۆرات كۆچەت تىكىلدى، 1605 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. باغ كۆلىمى 60 مىڭ 800 مو بولۇپ، 2108 توننا ئالما، 4123 توننا ئامۇت، 1173 توننا ئۈزۈم، 9394 توننا شاپتۇل، 20 مىڭ 118 توننا ئۆرۈك، 11 مىڭ توننا تاۋۇز ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 640 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 447 توننا قوي يۇڭى، ئالتە توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2400 توننا سۈت، 18 مىڭ 700 پارچە كالا تېرىسى، 181 مىڭ 100 پارچە قوي ـ ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. 9880 ئىنەك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، 1 مىليون 280 مىڭ چارۋىغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى قوللىنىلدى. قولدىن چىققان چارۋا 236 مىڭ 400 گە، تاۋار چارۋا 146 مىڭغا يەتتى. ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى 115 گە، ئائىلە توخۇچىلىق فېرمىسى 17 گە، ئائىلە مال بورداش فېرمىسى 16 گە، نەسىللىك چارۋا بېقىش كەسپىي ئائىلىسى 31 گە، چارۋا بېقىش كەسپىي ئائىلىسى 529 غا، مال بورداش كەسپىي ئائىلىسى 741 غا يەتتى. سۇغىرىش ئارقىلىق ياخشىلانغان ئوتلاق 43 مىڭ موغا، يېڭى ئوتلاق 37 مىڭ موغا يەتتى، بۇلارغا جەمئىي 780 مىڭ يۈەن (دۆلەت خام چوتى ئىچىدە ئاجرىتىپ بېرىلگەن) مەبلەغ سېلىندى. 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 280.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ۋە زەيكەش رېمونت قىلىندى، سۇغىرىش كۆلىمى 7000 موغا كېڭەيتىلدى، 14 مىڭ مو يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 5600 مو شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. 235 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا ـ كەنت يولى ياسالدى، 134 مىڭ 700 مو يەر سالالاشتۇرۇلدى، 180 مىڭ 700 مو يەر تۈزلەندى. تاۋار بېلىق 12 توننا، سۇنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇپ يېتىلدۈرگەن بېلىقجان 20 توننا بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 599 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 9472 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 260 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى؛ ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 29 مىڭ 836 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىنغان يەر كۆلىمى 4 مىليون 840 مىڭ موغا يەتتى. مۇشۇ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 10 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىلدى، يېزا ئىگىلىكىگە 10 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 5 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 2 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 34 مىليون600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 153 مىليون 736 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 16.56% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5 مىليون 241 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، قەشقەر ئېلېكتر تورى 4 مىليون 491 مىڭ كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈپ بەردى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆزى 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى؛ 1203 توننا چىگىتلىك پاختا پىششىقلاندى، 20 مىڭ 430 توننا پاختىنىڭ چىگىتى ئايرىلدى، 5537 توننا ئۇن، 1203 توننا ياغ، 19 مىليون 80 مىڭ دانە خىش، 4686 پارچە خۇرۇم، 5000 پار خۇرۇم ئۆتۈك، 20 مىڭ قۇر كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. 563.1 توننا يەم ـ بوغۇز تەييارلاندى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ۋە بېجى 19 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 23 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ 780 مىڭ يۈەنى دۆلەت خام چوتىدىن ئاجرىتىپ بېرىلدى، 6 مىليون 480 مىڭ يۈەنى مەملىكەت ئىچىدىن قەرز ئېلىندى، 66 مىليون 190 مىڭ يۈەننى ئاپتونوم رايون توپلاپ بەردى، 1 مىليون 710 مىڭ يۈەننى ۋىلايەت توپلىدى، 780 مىڭ يۈەننى ناھىيە ئۆزى توپلىدى، ناھىيە، يېزا يوللىرىدىن شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 133 كىلومېترغا، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول 21.5 كىلومېترغا يەتتى. تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يۈك 12 مىليون 466 مىڭ 600 توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 13 مىليون 122 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 1 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 767 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي

تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 157 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 170 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان تاموژنا بېجى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار سودىسىنىڭ پۇتۇشۇش سوممىسى 21 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىم 716.87 يۈەن بولدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 480 كىلوگرامغا يەتتى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 52 مىليون 108 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 5957 (پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 1751 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 21 مىليون 254 مىڭ 900 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. مۇشۇ يىلى ئىش كۆتۈپ تۇرۇۋاتقانلاردىن 140 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 13 كارخانا كارخانامال مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ھۆددە قىلىنغان سومما 154 مىليون 598 مىڭ 100 يۈەن بولدى؛ 120 ئائىلە ئائىلەمال مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ھۆددە قىلىنغان سومما 8 مىليون 814 مىڭ 100 يۈەن بولدى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 320 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 120 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە تورلۇق پەن - تېخنىكا خادىمى 3018 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 384. مۇشۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىدىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 12 سى ئورۇندالدى. 23 پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، 256 پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى 3893 كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 110 (ھەممىسى مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 435 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 40 مىڭ 140)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1337 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1308)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 6620 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6491)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 444 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 410)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 233 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى) كەسپىي ئوقۇتقۇچى 61 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى). بالىلار باغچىسى ئىككى، باغچا بالىلىرى 389 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 133) ئوقۇتقۇچىسى 24 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى يەتتە)؛ مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4863 كۋادرات مېتىر دەرسخانا سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. كەنت مەدەنىيەت ئۆيى ۋە قىرائەتخانىسى 237، رادىئونىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 50% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 60% كە يەتتى. 18 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 395 نەپەر كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 495 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 15 قېتىم تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە 7000 ئادەم قاتناشتى. قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تورلۇك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئالتە ئالتۇن مېدال، ئىككى كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

☆ 10 - ئايدا سىملىق تېلېۋىزىيە يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 30% كە يەتتى.

جېڭ خۇا

# يوپۇرغا ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېشىت ناسىر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ زوياۋ، ئوبۇل ئەمەت، جاڭ رۇڭجۇڭ، ياقۇپ سەيدۇللا.

ھاكىمى: مەمتىمىن پىردوس؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ليۇ ۋېيگو، ياسىن تۇرسۇن، ياڭ جېڭگو، غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋېن يۇجيې.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھۈسەين تاھىر؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۈسۈپ بەختى، خۇاڭ يۆفېي، ئابدۇرېشىت باۋۇدۇن، سۇن چۈنلىن، ئابلىزخان مەخسۇم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەھەممەت ئىمىن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: تۇردى ھاجى ھوشۇر.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 160 مىليون 283 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 192 مىليون 439 مىڭ

يۈەن)گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 16% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 919 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 124 مىليون 67 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 2.98% تۆۋەنلەپ كەتتى. 292 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر، 1 مىليون 560 مىڭ مو بوز يەر بار، بۇنىڭ 800 مىڭ موسىنى ئېچىشقا بولىدۇ. 179 مىڭ 900 مو يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 41 مىڭ 923 توننا ھوسۇل ئېلىندى (بۇغداي 24 مىڭ 239 توننا، كۆممىقوناق 17 مىڭ 684 توننا)؛ 104 مىڭ 700 مو كېۋەز تېرىلىپ، 10 مىڭ 500 توننا پاختا ئېلىندى. 9200 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ 4300 موسىغا داڭشەن ئامۇتى تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 201 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 622 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 3 مىليون 198 مىڭ يۈەن. يېڭى قۇدۇق ۋە كونا قۇدۇق سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۇغانلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئېگىزلىتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى ئەسلىدىكى 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىردىن 12 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى؛ 27 مىڭ 700 مو يەر سالالاشتۇرۇلدى؛ 39.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول زەيكەشنىڭ لېيى تازىلاندى؛ 26 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كونا ئۆستەڭ كېڭەيتىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 686 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى)گە، ئومۇمىي كىرىمى 19 مىليون 461 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 87 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 95 مىليون 150 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 16% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 285 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6236.7 توننا ئۇن، 1667.8 توننا سۇ يېغى، 350 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 12 مىڭ 408.7 توننا ساپ پاختا، 987 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلما، 11 مىليون 614 مىڭ دانە خىش، 9250 قۇر كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇشۇ يىلى 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك سۇلياۋ زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۈنىگە 30 توننا چىگىتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ماي زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 110 مىڭ ۋولتلۇق مەركىزىي ترانسفورماتور ئىستانسىسى (قەشقەر ئېلېكتر تورى) قۇرۇلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 20 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارى 148 مىليون 760 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 615 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 84 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليون 570 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدىن سەككىزى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 35 مىليون 420 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بازارلارنى كۆكەرتىش ۋە ئۈستىنى يېپىش قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 618.37 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 6310 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 19 مىليون 821 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 89 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 14 خىل سۇغۇرتا كەسپى يولغا قويۇلدى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 700 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 2 مىليون يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى، 107 ئائىلىدىكى 314 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن 238ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 11. 1993 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر ئون ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئون)، ئوقۇغۇچىسى 2752 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 2619)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 87، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 866 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 836)، ئوقۇتقۇچى 874 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 830). مۇشۇ بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 32 دەرسخانا سېلىندى، بۇنىڭ كۆلىمى 1280 كۋادرات مېتىر، ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 321 نەپەر كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 305 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 1993 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى يوپۇرغا ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ

بەلگىلەندى.

شيې فۇۋاڭ

## يېڭىسار ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈلخان كەنجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: پاڭ جۇڭمىڭ، تۇرسۇن ئوسمان، ۋاڭ تۇڭرېن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئوبۇل سەمەر.

ھاكىمى: مەھەممەت جورۇپ؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: كاڭ سۇنرېن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئېزىز سېلىم، ئىمىن توختى، لوگولياڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: ۋاڭ كۇن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ساۋساڭۋېن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماباۋلىن (خۇيزۇ)، باۋۇدۇن ياسىن، ياڭ سەيزىڭ، ئىبراھىم ئېلى (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابلىمىت داموللاھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يۈسۈپ قادىر.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مۇسا ھوشۇر.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 166 مىليون 490 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 181 مىليون 715 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %5.9 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 26 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون 519 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 166 مىليون 587 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن %3.28 ئاشتى. 370 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 680 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 276 مىڭ 200 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 81 مىڭ 560 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 121 مىڭ 500 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 6850 توننا چىگىتلىك پاختا ئېلىندى؛ 3578 توننا ياغلىق دان ئېلىندى، 11 مىڭ 323 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 315 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 30 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون 652 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 89 مىليون 489 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %13.58 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 12 مىليون 867 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك، 46 مىڭ توننا كۆمۈر، 39 مىڭ توننا سېمونت، 1030 توننا مېۋە بېمەكلىكلىرى، 170 مىڭ پىچاق ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى مېۋە بېمەكلىكلىرى زاۋۇتىنىڭ 60 توننىلىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 2 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە جەمئىي 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىللىق يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 126 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 796 مىڭ 500 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 688 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۈگەت يېزىسى 60 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئورناتتى. ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 61 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك بازىرىدا سودا پۈتۈشۈش سوممىسى 13 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 520 يۈەن بولدى، ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7370 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 22 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 36 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 410 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ناھىيە بويىچە 937 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ 104 ىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى ئۇنۋانى بار. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 4348 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4192)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 67 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 66)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 133 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 26 مىڭ 779)، مەخسۇس

ئوقۇتقۇچىسى 1172 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1115)، مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك بالىلار يەسلىسى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىنالىرى سېلىندى. ناھىيە ۋە يېزىلاردا 25 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 337 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋە 594 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 12 - ئايدا ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىگە دۆلەت مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسى بىلەن كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مۇپەتتىشلىك ئىدارىلىرى ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

ۋۇ چاڭۋېن

# مەكىت ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇۋەلى ئاۋۇت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇفانيەن، ئابلىز سىدىق، كۇڭ فاماۋ، ئوسمان ساۋۇر.

ھاكىمى: مەھەممەت بارات (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، مۇۋەققەت ھاكىم)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: خې يۈڭشياڭ، ئابلىز روزى، فېڭ جيەنگو، راخمان نىياز؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: لې دۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرغۇن موللاق؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: تىلىۋالدى سىدىق، گاۋ يۈگرۇي، قاۋۇل توختى، دېي جىڭمياۋ، ئابدۇقادىر ياقۇپ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەخەت سېلىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىسمائىل ئىبراھىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 387 مىليون 653 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 412 مىليون 216 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 12 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 373 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 270 مىليون 649 مىڭ 800 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %8.94 تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 490 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 760 مىڭ مو بوز يەر، 220 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 290 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، (ئىككىنچى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 79 مىڭ 500 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 270 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 24 مىڭ 600 توننا پاختا ئېلىندى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 31 مىڭ مو يەردىن ھوسۇل چىقمىدى؛ 21 مىڭ 684 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1500 مو يەرگە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىلدى. 2321 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 384 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 119 ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى؛ 391 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 345 ئورمان بەلبېغىغا كۆچەت تولۇقلاندى. يىل ئاخىرىدا 465 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 152 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 110 توننا بېلىق تۇتۇلۇپ، 550 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 944 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 485 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى؛ 36.17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالدى، 12 توما ياسالدى، 25 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 209 كىلومېتىر كېلىدىغان 22 ئۆستەڭنىڭ لېيى تازىلاندى؛ 225 مىڭ 800 مو يەر تۈزلەندى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 59 كىلومېتىر كېلىدىغان 28 سۇ باشلاش ئۆستىڭى ۋە زەيكەش چېپىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 415 كىلومېتىر كېلىدىغان 282 يول رېمونت قىلىندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 988 كىلومېتىر كېلىدىغان 71 يول ياسالدى. بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىغا 540 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 1 مىليون 620 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 337 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 18 مىليون 724 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 724 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 863 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 686 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 232 مىليون 422 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.75 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 548 مىڭ 200 كىلوۋات سائەت توك، 10 مىڭ 73 توننا كۆمۈر، 9517 توننا ئۇن، 45 مىڭ 145 توننا سۇ يېغى، 275 توننا يەم - خەشەك، 11 مىليون 160 مىڭ دانە خىش، 24 مىڭ 600 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى.

مۇشۇ يىلى 12 - ئايدا 1 مىليون 251 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 23 مىڭ 769 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چۆچۈك بويا مەلھىمى زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىلىغا 60 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرالايدىغان كاندىن بىرى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 - ئايدا مارالبېشى — يەكەن تاشيولىنىڭ مەكىت تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان 15 كىلومېتىر قىسمىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش تاماملىنىپ قاتناش باشلاندى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىگە 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىن تومەنتال، قىزىلئاۋات يېزىلىرىغا توك يەتكۈزىدىغان ئىككى ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى؛ ناھىيە بازىرىدىن يېزا - مەيدانلارغا بارىدىغان 118 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇقىرى بېسىملىق توك ئۆزىتىش سىمى تارتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 56 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 48 مىليون 620 مىڭ توننا/كىلومېترغا، توشۇلغان يولۇچى (ئۇزۇن ۋە قىسقا يولغا) 304 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (ئۇزۇن يوللۇق) 12 مىليون 710 مىڭ ئادەم/كىلومېترغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 533 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 166 مىليون 440 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليون 114 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 56 مىليون 109 مىڭ يۈەنگە، مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 193 كە، سودا - سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 14 مىڭ 353 گە يەتتى. شىيتدۆڭ، تومەنتال يېزىلىرى ۋە چاسا، «قىزىلنۇر» دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئون يېزا - كەنت بازىرى قۇرۇلدى ھەم ئەسلىدىكى ئالتە بازار يېڭىلاندى ۋە كېڭەيتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1218 يۈەنگە، بازار ئاھالىلىرىنىڭ 932 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8210 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 21 مىليون 876 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 103 مىليون 754 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 24 كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 18 مىڭ 433 ئائىلە ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا ھۆددىگەرلىك سوممىسى 541 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 18 خىل تۆلەم بىر تەرەپ قىلىنىپ، 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەشكە 280 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، 240 ئائىلىدىكى 912 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى.

«200 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بويىچە بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۈدا ئۈچ يىل 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «كېۋەز پىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش يەنى 100 مو كېۋەزلىكتە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈگىتىش» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىلانى» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 18، (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 5590 (ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4572)، باشلانغۇچ مەكتەپ 73 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 66)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 856 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 20 مىڭ 732)؛ ئوقۇتقۇچىسى 1467 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1337). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 977 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5082 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىندى. مۇشۇ يىلى 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يانتاق يېزىسىغا بىر مەدەنىيەت مەركىزى، قۇرما يېزىسىغا بىر كىنوخانا سېلىندى. ناھىيە بويىچە 16 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 387 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 450 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 5 - ئايدا تۇنساخان داۋۇت «مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ مەكىت ناھىيىسىدە 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈدا ئالتە كۈن قاتتىق يامغۇر ياغدى، تېمپېراتۇرا بەك تۆۋەنلەپ كەتتى، يېغىن مىقدارى 42 مىللىمېترغا يەتتى. 31 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز مايسىسى ئۈششۈپ كەتتى ۋە ھەر خىل دەرىجىدە قۇرۇپ كەتتى. 850 دېھقاننىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بۇ ئاپەت تەخمىنەن 20 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى.

☆ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 1993 - يىللىق «شياڭگاڭ كۆزنىكى» لوڭقىسى ناملىق جۇڭگو دېھقانلار رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە، بۇ ناھىيىدىكى دېھقان رەسسام رېيىم سېلىم ئىجاد قىلغان «ئوۋچى» ناملىق رەسىم 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 12 - ئايدا مەكىت ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە سۇغۇرتا

خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

خۇەن جاۋمىڭ

## يەكەن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قاۋۇل قېيۇم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سىدىق قۇپەك، فېڭ لى، تۇخان ئەيسا، شۇمبىڭپىڭ (ئايال).

ھاكىمى: غوپۇر ھاشىم؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: يەن جيەن، قۇدرەت ئېزىز، گاۋجيەنجۇن، كۇرەش تۇرسۇن، ھەسەن ئابدۇرېھىم، تيەن شېرۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىق جۇمە؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئەمەر ھۇشۇر، جىن جۇڭشيەن، ئوسمان ھېيىت، ليۇجيۇگاۋ، ئابدۇۋەلى ھاجى، تۇرسۇنخان خوجا.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يالقۇن ماخمۇت.

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ھەسەن سايىت.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 415 مىليون 690 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 24 مىليون 930 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىم 68 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 525 مىليون 998 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. ناھىيە بويىچە 75 مىڭ 700 گېكتار تېرىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 386 مىڭ 114 توننا ئاشلىق، 34 مىڭ توننا پاختا، 8052 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 3193 گېكتار يەردە ئورمان بىنا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 950 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 244 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 642 مىليون 855 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، خاڭدى ۋە قوشباغ ئۆستەڭلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈرۈلدى. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 369 مىليون 427 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 39 مىليون 538 مىڭ كىلوۋات/سائەت توك، 67 مىڭ توننا كۆمۈر، 60 مىليون 910 مىڭ دانە خىش، 83 توننا پاختا يىپ، 726.3 توننا سۇلياۋ ياپالما (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 543.4 توننا)، 487.9 توننا ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى، 42 مىڭ 384.6 توننا چىگىت ئايرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 33 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 276 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 54 مىليون 445 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 53 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليون 599 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 23 مىليون 279 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 705.4 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 22 مىڭ 17 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 74 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 321 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق كىرىمى 7 مىليون 355 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 21 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ 238 (مىللىي مەكتەپ 234)، ئوقۇغۇچىسى 94 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 89 مىڭ)، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 5275 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 4721)، مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2 مىليون 193 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 12 مىڭ 590 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خەتەرلىك ئۆي - ئىمارىتى قايتا سېلىندى. ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتىدىن 37سى، (يېزا - بازار دەرىجىلىكى 29)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 1069ى، كېسەل كارىۋىتىدىن 1213ى بار.

☆ 2 - ئايدا مەملىكەتلىك 9 - قېتىملىق ئورمانچىلىق -

كۆكەرتىش خىزمىتى يېنىدا، يەكەن ناھىيىسىگە دۆلەت كۆكەرتىش كومىتېتى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تۈزلەڭلىكلەرنى كۆكەرتىشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى. مەملىكەت بويىچە ئورمان بايلىقلىرىنى، دەل-دەرەخلەرنى ئوت ئاپىتىدىن ساقلاشتا مىس مېدالغا ئېرىشتى ھەم ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇشتا، مەملىكەت بويىچە ياخشى 100 دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

☆ 3 - ئايدا يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە «مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېستىمىسىدىكى ئەلا مۇلازىمەت قىلغۇچى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

☆ 19 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، گېنېراتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 1500 × 2 كىلوۋات بولغان يەكەن كان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 9 - ئايدا باشلاندى.

☆ 9 - ئايدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى.

☆ 11 - ئايدا يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بويىچە بىخەتەرلىك خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇ فېڭ

# پوسكام ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رازىق موشۇر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇخالىق سادىق، چېن شياڭپىڭ، قېيمىزخان توختىنىياز، پاڭ جۇڭلياڭ.

ھاكىمى: مەھەممەت ئېزىز؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: خۇيەنداۋ، ئابلەت ناسىر، جاڭ جياچى، پەرھات خالىق؛ پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: يۈتيەنيى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇخۇڭلىي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابلىكىم ھەبىبۇللا، لۇجيېڭ، ئىبراھىم خۇدابەردى، ئابلىز مەۋلۇللا باخشى (تاجىك)، ئابدۇكېرىم مەمتىمىن.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەسەن ئەمەت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: تۇرسۇن شېرىپ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى پوسكام ناھىيىسى (پوسكام نېفىت تەبىئىي گاز تەرەققىيات شىركىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 342 مىليون 990 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 334 مىليون 163 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 35.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 318 مىليون 865 مىڭ 500 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 315 مىليون 926 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 37.69% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 14 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 29 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 178 مىليون 830 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 177 مىليون 560 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.46% تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 371 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر، 70 مىڭ مو بوز يەر، 40 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 159 مىڭ مو يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 95 مىڭ 808 توننا ئاشلىق (بۇغداي 54 مىڭ 308 توننا، كۆممىقوناق 33 مىڭ 638 توننا، شال 6555 توننا) ئېلىندى، 190 مىڭ مو يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىپ، 12 مىڭ 350 توننا پاختا، 662 توننا ياغلىق دان، 31 مىڭ 306 توننا كۆكتات ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 13 مىڭ 332 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 70 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. 22 مىڭ 557 مو يەردە مېۋىلىك باغ بار ئىدى، مۇشۇ بىر يىلدا 6091 مو يەردە باغ بەرپا قىلىندى. يىلىغا 3885 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 245 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 67.47%، قولدىن چىقىش نىسبىتى 33.63% بولدى. 1980 توننا گۆش، 135 توننا سۈت، 147 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. 240 مىڭ توخۇ بېقىلىپ، 680 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 200 بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 56 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5466 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 45 مىڭ 259 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 11 مىڭ 965 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 726 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 29.2 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا 2 مىليون 540 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. مۇشۇ يىلى دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان نامۇۋاپىق ئىقتىسادىي سېلىق تۈرلىرىدىن 38ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 227 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 10 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 51 مىليون 150 مىڭ يۈەن) گە، ئومۇمىي كىرىمى 64 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 7 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا ۋە بېجى 2 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 467 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 142 مىليون 940 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.52% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىليون 670 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 66 مىڭ توننا كۆمۈر، 22 مىليون 265 توننا سېمونت، 71 مىليون 400 مىڭ دانە خىش، 5166 توننا ئۇن، 443 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 14 مىڭ 316 توننا ساپ پاختا، 2830 توننا سۇ يېغى، 140 توننا پېچىنە - پىرەنىك، بولكا، 123 توننا سۇلياۋ تاغار، 4 مىليون 870 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۇيى، 1302 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شىركىتى پاكىستان بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان خۇتەنزا خىش زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇ يىلىغا 2 مىليون دانە ئۆلچەملىك خىش ئىشلەپچىقىرىدۇ. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 39 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 189 مىڭ 359 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. ناھىيە بويىچە ئالتە سۇ مۇنارى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئاھالىلەر 720 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى. بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. تۆت ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 6032 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. بازار ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتى سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 462.4 كىلومېتىرغا يەتتى. تاشيول ترانسپورتىنىڭ يىللىق يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 380 مىڭ 300 توننا / كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (ناھىيە ئىچىدە) 4 مىليون 997 مىڭ 800 ئادەم / كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 912 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 95 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 30 مىليون 520 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 227 گە، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 388 گە، سودا دۇكىنى 1044 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 28 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باج 637 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 875.5 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 5318 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 21 مىليون 775 مىڭ 200 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 67 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا كىرىمى 35 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 398 ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پوسكام يېتىم باللار مەكتىپىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان 62 ئوقۇغۇچى ئۈچ يىل ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 45 ى خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە 14 زاپاس مەبلەغ كاسسىسى ۋە زاپاس ئاشلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 18 مىڭ 540 ئائىلىدىكى 80 مىڭ 584 ئادەم قاتناشتى؛ زاپاس مەبلەغ كاسسىدا 531 مىڭ يۈەن پۇل، زاپاس ئاشلىق ھەيئىتىدە 26 توننا ئاشلىق ساقلاندى؛ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە كاسسا ۋە ھەيئەت ئەزالىرىغا 311 مىڭ يۈەن پۇل ئۆتنە بېرىلدى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 4780 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3834)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 39)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 387 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 401)؛ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1465 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1287). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 366 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1238 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى. 15 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (ئۈچى ناھىيە دەرىجىلىك)، 229 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 383 كېسەل كارىۋىتى (يېزا - مەيدان شىپاخانىلىرىدا 236) بار. 3 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە - تەنھەرىكەت يىغىنىدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئەر - ئاياللارنىڭ قارىغا ئېتىشىدا كوللېكتىپ 1 - بولدى، ئەر - ئاياللارنىڭ ئاتلېتىكىسىدا كوللېكتىپ 1 - بولدى،

ئاياللار ۋالېيبول كوماندىسى 2 ـ بولدى، ئەرلەر پۇتبول كوماندىسى 3 ـ بولدى. ناھىيە بويىچە 76 قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 3910 ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى.

☆ 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى تۈركۈمدە كەۋدىلىك تۆھپىسى بار كەسپىي ـ تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىدىن 18 كىشىگە ئايدا 30 يۈەندىن قوشۇمچە ھەق بېرىشنى قارار قىلدى.

☆ 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە 2.1 بال يەر تەۋرىگەنلىكتىن پوسكام كۆمۈر كېنىنىڭ 6 ـ نومۇرلۇق كۆمۈر قاتلىمى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئۈچ ئادەم ئۆلدى.

☆ 12 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە يېزىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلېكترلەشكەن 200 ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن پوسكام ناھىيىسىنىڭ ياسىدۇن ئېلېكتر ئىستانسىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 4000 × 3 كىلوۋات، ئۇنىڭغا جەمئىي 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە، 36 مىليون 220 مىڭ يۈەن كەتتى.

تيەن شىلۇ
چا يۈەنلىن

## قاغىلىق ناھىيىسى

### خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن بۇسۇغا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: دۆلەت شياۋمىن، يۈفۇشېڭ، ئابلەت مامۇت، روزى توختى.

ھاكىمى: مەمتىمىن ئوسمان؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى جىنفا، ئابدۇرېشىت توختى، ئاتاۋۇللا غازى؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: تايىپ ئابدۇراخمان.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى مىڭجيا؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: قاسىم تۇردى، چيەن چاۋمىڭ، ئەمەت توختى، ۋېي كەيىي، ئابلىمىت مامۇت، ھەبىبۇللا رېشىت، ئابلىكىم مەخسۇم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەمدۇللا دىلمىن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئىلھام ئەيسا.

### ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 342 مىليون 111 مىڭ 100 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 314 مىليون 693 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 39.72% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 34 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 38 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون 980 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 3.77% تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 741 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر بار، 814 مىڭ 200 مو يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 161 مىڭ 564 توننا ئاشلىق، 8564 توننا پاختا، 2476 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كۆممىقوناق كۆلىمى 17 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا 741 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا چارۋىلارنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى 41.3%، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 27.7% بولدى. 7589 توننا گۆش، 5100 توننا سۈت، 1202 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 19 مىڭ 490 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 5 مىليون 650 مىڭ تۈپ پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 3050 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 2975 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى، 10 مىڭ مو باغ بىنا قىلىندى، 1380 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق مېۋىلىك دەرەخ ئۆزگەرتىلدى، مۇشۇ يىلى 15 مىڭ 12 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 108 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 220 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، يەتتە توننا ھەسەل ئېلىندى. 128 توننا بېلىق تۇتۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلدى، 311 توما، 27 كۆۋرۈك، 13 نو ياسالدى. 105 مىڭ 500 مو يەر تۈزلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك ئېتىز 48 مىڭ 700 مو؛ 107 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىقنىڭ ۋە 24 بۇلاقنىڭ لېيى تازىلاندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 68 مىڭ 728 كىلوۋاتقا يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 730 مىڭ مو يەر ماشىنا بىلەن ھەيدەلدى، 331 مىڭ 500 مو يەر ماشىنىدا تېرىلدى. 14 مىڭ 387 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 1808 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 91

مىليون 328 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %43.64 تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا 842 مىڭ كىلوۋات/سائەت توك، 4000 توننا كۆمۈر، 50 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 238 مىڭ 200 توننا تۇرۇبا سۇيى، 463.99 توننا ئۇن، 401.04 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 487 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 365 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 573 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 182 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليون 990 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى 12 بازار قۇرۇلدى، ئىگىلىگەن ئورنى 120 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇلار 3 مىليون 646 مىڭ يۈەن بىلەن پۈتتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 40 سودا بازىرى (22 سى يېزا ـ كەنتلەردە) 500 دۇكان بار، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 260 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 118 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ سودا بازارلىرىدا يىللىق پۈتتۈشۈلگەن سومما 3 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 542 يۈەن بولدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 3231.8 يۈەن بولدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 139 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 3822 پەن ـ تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 544. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 22)، ئوقۇغۇچىسى 9291 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 7200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 115 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 109)، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 423 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 43مىڭ451)، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2116. (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1911)، يېزىلىق (بازارلىق) مەدەنىيەت پونكىتىدىن 20سى، كەنت مەدەنىيەت ئۆيىدىن 320 سى بار. مۇشۇ يىلى 850 مىڭ نۇسخا كىتاب تارقىتىلدى. 22 دوختۇرخانا، شىپاخانا، 650 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 585 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رەسمىي نومۇر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

☆ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى تاشيول قاتنىشى يوق بىردىنبىر يېزا ـ شىغشۇ يېزىسىغا 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تۇنجى ئاپتوموبىل قاتنىدى، بۇ 44.64 كىلومېتىرلىق تاشيولغا 6 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

گاۋ شياۋمېي

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى مەيلىباي (تاجىك)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇرېشىت داداخ، سىجەك ۋەزىر (تاجىك)، گاۋفالياڭ، مەمبەت توختى (قىرغىز).

ھاكىمى: مىرزاي دوسمەھەممەت (تاجىك)؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ليۇجۇڭزې، لى شۆجى، پەرھات ياسىن؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جياڭ شىنيى.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەبوزەر خەلىل (تاجىك)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەدەلىخان باۋلۇن (تاجىك)، شەمىقان خۇدابەردى (تاجىك)، سەدىردىن خان (تاجىك)، خې يۇڭماۋ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سەگلى قەدەم (تاجىك).

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: راخمانقۇل غەرپشاھ (تاجىك).

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 20 مىليون 732 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %77.5 ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 20 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 304 مىڭ 900 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 14 مىليون 769 مىڭ 700 يۈەن)گە يېتىپ،

1992 - يىلدىكىدىن 5.65% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 31 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر، 60 مىڭ مو بوز يەر بار. 43 مىڭ 800 مو يەرگە ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلىپ، 4350 توننا ئاشلىق، 20 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 1588 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 148 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 576 مىڭ 800 يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 348 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 59 مىڭ 300 يۈەن (تۈزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليون 891 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 68.87% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 590 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1700 قۇر كىيىم - كېچەك، 800 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 100 توننا مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئاساسلىق تۈرلەرگە 1 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سېمونت، بالون، ئاشخانا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق مۇھىم مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىنىپ، 970 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. يىللىق يۈك ئوبوروت مىقدارى 431 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 50 مىڭ 400 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 414 مىڭ 609 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 984 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «پامىر» مېھمانخانىسى 337 ساياھەتچىلەر ئۆمىكىدىكى 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋېلىپ، 150 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى. ساياھەتچىلىكتىن 700 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 391 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 1943 (ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققى مالىيەدىن بېرىلىدۇ) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىليون 320 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى (كارخانا ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا) تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليون 358 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 34 ئائىلىدىكى 87 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە 657 يەن - تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 67. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 785 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 774) ئوقۇتقۇچىسى 84 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 76)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، بۇنىڭ ئىچىدە ياتاقلىق مەكتەپ تۆت، ئوقۇغۇچى 4940 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4839)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 236 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 215)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 55، ئوقۇتقۇچىسى سەككىز. 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 118 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋە 153 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 19 دا تاشقورغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ۋاڭ سۈگۈيۈەن

# خوتەن ۋىلايىتى

## خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: رەجەپ ئەخمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇرېشىت ئاۋۇت، چۇشياۋزۇڭ.

ۋالىيسى: جۇرئەت مەتتىمىن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لى جيەنشىن، مەمتىمىن ئىدرىس، مەھەممەتتۇرسۇن شېرىپ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋشۇمىڭ، ئابدۇراخمان قۇربان (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابدۇللا مەخسۇت، لى گۇاڭچيەن، چۇۋېنجى (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: گاۋلىمىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇقادىر توختى (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇكېرىم تۇردى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 407 مىليون 257 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 355 مىليون 706 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.88% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىكىسى شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 1 مىليارد 287 مىليون 112 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 178 مىليون 727 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 14.24% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 66 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 299 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 391 مىليون 634 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليارد 388 مىليون 677 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 8.74% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 645 مىڭ 143 توننا ئاشلىق، 8419 توننا ياغلىق دان، 29 مىڭ 277 توننا پاختا، 3225 توننا پىلە غوزىسى، 150 مىڭ 466 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 7 مىليون 641 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. مۇشۇ يىلى 72 مىڭ مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 50 مىڭ 657 مو؛ 72 مىڭ 488 مو يەردىكى سۆتشى ئورمان ساقلىنىپ قالدى. ئورمانچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 799 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 3 مىليون 490 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 986 مىڭ تۇياق تاۋار چارۋا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 6369 توننا كالا گۆشى، 219.3 توننا قوي - ئۆچكە گۆشى، 340 توننا چوشقا گۆشى، 4152 توننا قوي يۇڭى، 1 مىليون 262 مىڭ 627 پارچە قوي - ئۆچكە تېرىسى، 49 مىڭ 137 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. چارۋىچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 294 مىليون 341 مىڭ 200 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. 460 توننا بېلىق تۇتۇلدى، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 896 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 275 مىڭ 459 كىلوۋاتقا يەتتى. 74 مىڭ 919 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 16 مىليون 328 مىڭ 300 كىلوۋات سائەتكە يەتتى. مۇشۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 550 مىڭ يۈەن، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 975 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. كەلكۈن بوزۇۋەتكەن 3246 قۇرۇلۇش رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 44 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، 172 مىڭ 500 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 704 مىليون 212 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 18 مىڭ تۆتكە، خادىمى 67 مىڭ 272 گە، بۇ كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 228 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا باشقۇرۇشىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 130 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 481 مىليون 153 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 452 مىليون 441 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 9.21% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 125 مىليون 276 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 131 مىڭ 399.5 توننا كۆمۈر، 101 مىڭ 710 توننا سېمونت، 4719.67 توننا پاختا يىپ، 606 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 299.41 توننا مەشۇت، 1 مىليون 680 مىڭ 400 مېتىر يىپەك توقۇلما، 733 توننا تۇز، 28 مىڭ 194.23 كۋادرات مېتىر گىلەم، 820.83 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 128 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 79 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليون 770 مىڭ يۈەن، ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلاردىن خوتەن يىپەكچىلىك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان سۇۋېيىنى، جيەنخوگجۇ، گۈللۈك مەخمەل، نەپىس بۇيۇملار بار. مۇشۇ يىلى 480 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما ئېكسپورت قىلىنىپ، 52 مىليون 739 مىڭ 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى؛ 154 توننا مەشۇت ئىشلەپچىقىرىلدى، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى تاشقى سودىدا سېتىۋېلىنغان ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 10 مىليون 329 مىڭ 700 يۈەنگە، يۆتكەپ بېرىلگەنلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون 982 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى؛ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 25 ى ئىمزالاندى. مۇشۇ يىلى تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يولۇچى 99 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 99 مىليون 121 مىڭ 600 ئادەم / كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 1 مىليون 120 مىڭ 400 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 261 مىليون 782 مىڭ 700 توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ

ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 919 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 480 مىليون يۈەن (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 141 مىليون 350 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 102 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن 114 ئۆمەك - گۇرۇپپىدىكى 1495 ئادەم كۈتۈۋېلىندى. چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇق، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلاردىن 793ى كۈتۈۋېلىندى؛ 900 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت چېكى كىرىم قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 79 مىڭ 739 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 215 مىليون 840 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىمى 485 يۈەن بولدى. شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 526 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەردە 91 مىڭ كۋادرات مېتىر ھۆكۈمەت ئۆيى قۇرۇلۇشى، 32 مىڭ كۋادرات مېتىر خۇسۇسىيلار ئۆيى قۇرۇلۇشى پۈتتى. شەھەر - بازاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 2638ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردا 8042 ئائىلىدىكى 39 مىڭ 128 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىن بىرى بولۇپ، ياشانغان بوۋاي - موماي، يېتىم بالا، مېيىپلاردىن 35ى بېقىلدى؛ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى ئىككى بولۇپ، 33 مېيىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى 50 بولۇپ، 526 ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي بېقىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش پۇلىغا ئېرىشكەنلەر 92 مىڭ 249 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 36 مىڭ 890 ئائىلىلىك ئاھالە ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 133 مىڭ 755 ئادەم جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتا ھۆددە ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 116 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتى 1961 تۆلەم ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، 4 مىليون 858 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىدى.

ۋىلايەت بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 278، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 2922. «خوتەن - يەكەن ۋادىلىرىغا 500 مىڭ مو تونىلىق ئېتىزدا ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 902 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 883)، ئوقۇغۇچىسى 193 مىڭ 35 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 189 مىڭ 133)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 8466 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 8136)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 112 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 89)، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 629 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 36 مىڭ 815)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3007 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 2830)؛ ئالىي مەكتەپ ئىككى (مىللىي ئالىي مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 1407، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 238، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بەش، ئوقۇغۇچىسى 1857، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 208؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى توققۇز، ئوقۇغۇچىسى 1962، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 127. چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئىككى (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 918، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 71. مۇشۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 901 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9071 قېتىم كىنو قويۇلدى، 44 مىڭ نۇسخا ژۇرنال، 2 مىليون 680 مىڭ نۇسخا گېزىت چىقىرىلدى. يېزىلاردا 14 مىڭ 762.6 كىلومېتىر سىملىق رادىئو سىمى تارتىلدى، 208 مىڭ 919 ئائىلىگە رادىئو كارنىيى ئورنىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 194 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 3790 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 81، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 303)، 4318 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئۈچ ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، چوڭقۇر قۇدۇققا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان 128 ناسوس ئورنىتىلىپ، 17 مىڭ 300 ئادەم، 34 مىڭ 700 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋاليبول مۇسابىقىسىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەرلەر ۋاليبول كوماندىسى ئالتۇن مېدالغا، ئاياللار ۋاليبول كوماندىسى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە تۆت كۈمۈش مېدال، بەش مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا 15 قېتىم تۈرلۈك ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 2900 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. يېزا - بازاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوتتۇرا

ۋە كىچىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى 496 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 7957 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

1993 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.85‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.88‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.97‰ بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئۇيغۇر 1 مىليون 408 مىڭ 67 بولۇپ، 18 مىڭ 772 ئادەم كۆپەيدى؛ خەنزۇ 41 مىڭ 698 بولۇپ، 4110 ئادەم ئازايدى؛ قازاق 72 بولۇپ، 15 ئادەم ئازايدى؛ باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى 2887 بولۇپ، 16 ئادەم ئازايدى.

☆ 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو ئەل نەغمە جەمئىيىتى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەل نەغمە كۆرىكىدە «يېڭى قاش تېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە ماخمۇت ئەڭ ياخشى ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

☆ 10 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايوندا قانات يايدۇرۇلغان «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» بويىچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە خوتەن شىفەن تېخنىكۇمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گۈلباھار 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئومۇمىي نومۇردا خوتەن ۋىلايىتى 2 - بولۇپ، كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە شەخسلەر مەبلەغ توپلاپ قۇرغان تۇنجى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى — «جىنشىن» ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى.

ۋاڭ يىڭلەن

## خوتەن شەھىرى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنۇر كېرىم؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇربىنسۇي، ھەبىبۇللا ھاۋاز (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇۋاسىل تۇرسۇن، جياڭ چۈەنخۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، پاتىگۈل مەتنۇر، لى شيۇەن.

شەھەر باشلىقى: ئۆمەرجان مىرزەخمەت؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ئاۋۇدۇن ئالىم (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي يى، ئۆمەر توختى، چېن كاڭلىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەن زېلىن، ئابدۇۋاسىل تۇرسۇن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەخمۇت ئىمىن؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى: جۇاڭ شىنەي.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئاۋۇدۇن ئالىم؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماگۇاڭفۇ، ئەخمەتتوختى ئابدۇللاھاجى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھەبىبۇللا ھاۋاز، لورۋېيمىڭ، ئابدۇكېرىم داموللاھاجى، مەھەممەتقۇربان خوجىۋۇللا قارىھاجى، ئۇبۇلخەيرى ئوسمان ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئوسمان يۈنۈس.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: دىلشات نۇرمەھەممەت.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 250 مىليون 515 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 230 مىليون 442 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 175 مىليون 664 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 144 مىليون 160 مىڭ يۈەن) بولۇپ، %12 ئازايدى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 30 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 34 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى.

شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 822 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 70 مىليون 369 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10.64 ئاشتى. شەھەر بويىچە 4480 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 9273 گېكتار ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئاق يەرگە ۋە ئېگىزغا تېرىلىش كۆلىمى 5840 گېكتارغا يەتتى. 28 مىڭ 103 توننا ئاشلىق، 684 توننا ساپ پاختا، 67.7 توننا پىلە غوزىسى، 27 مىڭ 379 توننا كۆكتات ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 152.8 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 653 مىڭ 134 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 128 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 2463 توننا گۆش، 1685 توننا كالا، قوي - ئۆچكە سۈتى، 411 توننا تۇخۇم، 103 توننا سۇ مەھسۇلاتى (65 توننا بېلىق) ئېلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 684 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 3.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 58 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 16.34 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق چېپىلدى، 92.5 كىلومېتىر

ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ، 60.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول رېمونت قىلىندى. تۆت قول ئۆستەڭ تۈۋرۈكى، بىر چۈشۈرگە، ئىككى نور، ئون كۆۋرۈك ياسالدى، ئېتىزلىقلاردا 96 پۈركۈشلەشكەن تورا ياسالدى؛ 4000 مو سۇغىرىلىدىغان يەردىكى ئىنشائاتلار پۈركۈشلەشتۈرۈلدى؛ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بېتون قۇرۇلمىلىق مۇستەھكەم توسما ياسالدى. 6200 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 2202 مو بوز يەر ئېچىلدى. 30 مو بېلىق كۆلى چېپىلىپ، بېلىق بېقىلىدىغان ئومۇمىي سۇ يۈزى 190.2 موغا يەتكۈزۈلدى. يېزىلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي كىرىمى 74 مىليون 332 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 311 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 40 مىليون 748 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى.

شەھەر بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 936 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.7% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 2118 توننا سۇلياۋ ياسالما (يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ)، 13 مىڭ 71.84 توننا ئۇن، 11.84 توننا ئاچچىقسۇ، 228 مىڭ 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 1300 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 14 مىڭ 786 پارچە پارۋاي ياپراقچىسى، 25 پار قازان (بىر تونىلىقتىن بەش تونىلىقچە) ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 5314 تونىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 120 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 728 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 39 مىليون 342 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى، يولۇچى توشۇشتىن 2 مىليون 421 مىڭ 800 يۈەن، يۈك توشۇشتىن 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى، پروگراممىلىق تېلېفون 7000 تۇچكىغا يەتتى.

شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن ئومۇمىي سومما 11 مىليون 358 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىك كىرىمىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 750 مىڭ يۈەن بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 605.51 يۈەن بولدى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 6037 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 18 مىليون 476 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، شەھەر - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 177 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 920 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 55 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، 748 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلەندى. 261 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى ۋە باغۋارانلاشتۇرۇلدى. شەھەر كوچا ئاپتوبۇسى 31 گە، كىرا ئاپتوموبىلى 20 گە يەتتى، شەھەر - كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 740 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 35 مىليون 700 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى.

شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىز (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بەش)، ئوقۇغۇچىسى 3357 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2294)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 445 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى 313)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 45 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 42)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 62 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى13 مىڭ351)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 750 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 654). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە يەتتە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 263 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 185 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ بىر يىلدا 16 قېتىم ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، قاتناشقانلار 1000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ياش بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىدە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرغۇن ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 5000 مېتىرغا يورغىلاپ مېڭىش مۇسابىقىسىدە 2 - لىككە ئېرىشتى. شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جاۋلى ئۆسمۈرلەرنىڭ 3000 مېتىرغا يورغىلاپ مېڭىش مۇسابىقىسىدە 3 - لىككە ئېرىشتى. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسى «بىغ» لوڭقىسى بويىچە 1 - لىككە ئېرىشىپ، ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون بولدى.

☆ 4 - ئايدا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «غۇنچىلار» لوڭقىسى ئۆسمۈرلەر - بالىلار رەسساملىق، خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپلار ئارا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

بېزا ئىگىلىك ۋە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەشكىل تاپقان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى خوتەن شەھىرىدە بارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1000 كىلوگرامدىن ئېشىپ، خوتەن شەھىرى غەربىي شىمال بويىچە موسىدىن توننا ئاشلىق ئالغان تۇنجى شەھەر بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ «دۇڭتا» ئەرەب يىلقىسى (گۇرۇھى) ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان خوتەن شەھەرلىك ئەرەب يىلقىسى زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 11 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 10 - ئايدا خوتەن شەھەرلىك «گۈلباغ» سودا مەركىزىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى («قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىنى ئۆزگەرتىپ سېلىش قۇرۇلۇشى) پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئومۇمىي كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر.

يەن لى

## خوتەن ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەت ساۋۇر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جەنگاڭ، روزىمەھەممەت قادىر، ليۇۋېنمىن، تۆمۈر ئېلىباقى.

ھاكىمى: تۇرسۇنتوختى بايىبېيت؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ۋاڭ شىنشېڭ، ئېزىز قۇربان، يۈكېجى، مەھەممەتتۇردى كېرىم؛ يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جاڭ جيەنجياڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خوجا روزى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: خېڭ شياۋجاڭ، ئابدۇرېھىم قارىھاجى، ئابدۇغوپۇر مەخسۇم ھاجى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ياسىن مەتتوختى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: نەبىجان ئابدۇيۈپ.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 181 مىليون 806 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 211 مىليون 322 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 16.71% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 132 مىليون 882 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون 251 مىڭ 400 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 293 مىليون 355 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.84% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 313 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەر، 50 مىليون 8000 مو بوز يەر، 1 مىليون 500 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. 180 مىڭ 400 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 123 مىڭ 495 توننا ئاشلىق ئېلىندى (بۇغداي 55 مىڭ 402 توننا، كۆممىقوناق 59 مىڭ 992 توننا، شال 8101 توننا)؛ مو بېشىغا بىر تونندىن ئارتۇق مەھسۇلات توغرا كېلىدىغان يەر 70 مىڭ 500 موغا، مو بېشى كىرىمى 1000 يۈەنگە يەتكەن ئېتىز 39 مىڭ موغا يەتتى. 58 مىڭ 896 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 3826 توننا پاختا ئېلىندى. 25 مىڭ 500 قۇتا پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، 657 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى، 65 مىڭ 732 توننا مېۋە - چېۋە (ئۈزۈم 44 مىڭ 847 توننا) ئېلىندى، 15 مىڭ 718 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 522 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى. 2000 مو يەردە تۇتاش ياڭاقزارلىق بەرپا قىلىندى، 17 مىڭ 500 تۈپ پارچە - پۇرات ياڭاق كۆچىتى تىكىلدى، 10 مىڭ تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۆزگەرتىلدى. يىل ئاخىرىدا 640 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدىكى تاۋار چارۋا 232 مىڭ 100 تۇياققا يەتتى، 5293 توننا گۆش، 614 توننا يۇڭ، 1100 توننا كالا، قوي - ئۆچكە سۈتى، 251 مىڭ 100 پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى؛ 362 مىڭ 200 ئۆي قۇشى بېقىلدى، 328 توننا تۇخۇم، 15 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا دۆلەت 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، يېزا - كەنتلەر 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن تەييارلىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا 95 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزۇلغان غول، تارماق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت ۋە تاشتىن قويۇرۇلۇپ سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزۇلغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ئون كىلومېتىر، ئۈچ غول ئۆستەڭ چۈشۈرگۈسى، ئىككى كۆۋرۈك، 400 مېتىر كېلىدىغان تۆت مەزمۇت توسما ياسالدى، ئالتە توسما سىناق تەرىقىسىدە يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇپ ياسالدى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر كېلىدۇ. ئۇن ئورۇندا تاش ۋە توپىدىن

توسما ياسالدى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3500 مېتىر كېلىدۇ. 111 مىڭ 400 كۇب مېتىر تاش - تۇپا قېزىلدى، 1820 كۇب مېتىر بېتون ئىشلىتىلدى، ناھىيە بويىچە يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 311 مىليون 55 مىڭ 700 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 353 مىليون 360 مىڭ 800 يۈەن، ناھىيە بازىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى خوتەن شەھىرىگە تەۋە) گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 10 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 466 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 41 مىليون 163 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 13.22% ئاشتى، مۇشۇ بىر يىلدا 22 مىليون 318 مىڭ 800 كىلوۋات سائەت توك، 19 مىڭ 159 توننا سېمونت، 2923 توننا كۆمۈر، 25 مىڭ دانە ئوتتۇرا، كىچىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى ئىشلەپچىقىرىلدى، 2139 دانە چوڭ ۋە ئوتتۇرا يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمىنى رېمونت قىلىندى، 2 مىليون دانە خىش، 91 مىڭ كۋادرات مېتىر گىلەم (ئېكسپورت قىلىنغان گىلەم 8200 كۋادرات مېتىر)، 4047.3 توننا ساپ پاختا، 40 مىڭ 350 توننا ئۇن، 756 توننا سۈ يېغى، 16 مىڭ 500 قۇر كىيىم - كېچەك، 160 توننا ئاچچىقسۇ، 15 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 1 مىليون 97 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قىلىنغان ياردەم پۇلى 576 مىڭ يۈەن، يېزىلارنىڭ تەييارلىغىنى 114 مىڭ يۈەن، دېھقانلارنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغان ئەمگىكى 393 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىنىپ، 27 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن ناھىيىلىك يىپەك زاۋۇتىنىڭ تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا پىلان بويىچە 10 مىليون مەبلەغ سېلىنىدۇ، 12 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى بىلەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پاي قوشقان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ 2 - نومۇرلۇق خۇمدىنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يىللىق سېمونت مەھسۇلاتىنى 20 مىڭ توننا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئارىلاشما تېز قاتىدىغان سېمونت ۋە چوڭ توسمىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە سېمونت خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىشتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. مۇشۇ يىلى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك تەمىنات - سودا سارىيى (كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر) پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ناھىيىلىك چېگرا سودا شىركىتىنىڭ ئىچكى سودا سوممىسى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تاشيول قاتناش لىنىيىسى 1247 كىلومېتىر بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا ناھىيە - يېزا تاشيولىدا توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 16 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ تاشيولدا توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 293 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون 930 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 7 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 562 يۈەن بولدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8927 (بانكا، باج خادىملىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 21 مىليون 884 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. 3 - ئايدا خوتەن ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 486 مىڭ يۈەنگە، زاپاس پۇلى 196 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 680 ئائىلىدىكى 2739 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسىدا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 15 مىليون 183 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 3040 پەن - تېخنىكا خادىمى بار (ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 13، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلىرى 281. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (ھەممىسى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 5411؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 162 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 158)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 525 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 30 مىڭ بەش)؛ دارىلئېيتام بىر، ئوقۇغۇچىسى 73، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1943 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1886). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 928 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بىر مىللىي شىپاخانا، بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، بىر پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئاپپاراتى، 12 يېزا - بازار شىپاخانىسى، بىر دېھقانلار شىپاخانىسى، 406 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 471 كېسەل كارىۋىتى بار. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر چېلىشىش مۇسابىقىسىدە تۇرسۇن توختى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قەدىمكىچە چېلىشىشتا 2 - لىككە

ئېرىشتى.

☆ 10 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىمىزنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە خوتەن ناھىيىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 11 - ئايدا خوتەننىڭ بويا كۆمۈر كېنىدىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ قاشتېشى يېزىسىغا تۇتىشىدىغان 17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ، بۇ يېزىدا ئاسفالت يولى يوق بولۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

بەي يۇندۇڭ

# گۇما ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى: مەھەممەت سادىق ھاجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ سۇڭشەن، زىياۋدۇن تۇردى، ۋۇ جىنگو.

ھاكىمى: ئۆمەر ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: يۈشۈيۈڭ، ئابدۇباقى ھېلىمشا، ۋېي شىنخۇي، ئەركىن پولات؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: خۇ بىڭ.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: غالىپ ياقۇپ (تاجىك)؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: گۇ ۋېيجۇڭ، ئابدۇۋايىت، مەھەممەت داموللا.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابابەكرى ئۆمەر.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: روزىمەھەممەت كامال.

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 141 مىليون 114 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 126 مىليون 352 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %19.4 ئاشقان. (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 121 مىليون 838 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ %11.2 ئاشقان، ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 508 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 141 مىليون 247 مىڭ 900 يۈەن) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.79 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 728 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 600 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 4700 يۈەن. ناھىيە بويىچە 436 مىڭ 115 مو تېرىلغۇ يەر بار، مۇشۇ بىر يىلدا 141 مىڭ 789 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 41 مىڭ 112 توننا بۇغداي ئېلىندى؛ 80 مىڭ 596 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 3693 توننا پاختا ئېلىندى؛ 4018 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 878 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 21 مىڭ 267 قۇتا پىلە قۇرۇتى بېقىلىپ، 352.52 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 10 مىڭ 365 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 102 مو، ئىھاتە ئورمىنى 1783.5 مو. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا 1145.5 مو يەردىكى ئورمان ئۆلچەمگە لايىق بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمان 507.5 مو، بورانتى توسۇپ، قۇمنى ماكانلاشتۇرۇش ئورمىنى 635 مو)، 887.2 مو يەردە يېپىقلىغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 417 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 133.72 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 62 ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاش ئۆستەڭ 107.95 كىلومېتىر، 98.36 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 28 سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 447 سېمونت چۈشۈرگە، 169 سېمونت كۆۋرۈك، 329 سۇڭگۈچ، 191 نور ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 16 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 2 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 863 مىڭ 100 يۈەن (ئۆزگەرمەس بويىچە ھېسابلىغاندا 31 مىليون 264 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.16 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 5 مىليون 643 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 2970.05 كۇب مېتىر گىلەم، 1100.67 توننا سۇ يېغى، 543.89 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 32.5 توننا سوپۇن، 9 مىليون 371 مىڭ 900 دانە خىش، 33 دان ئايرىش ماشىنىسى، 3834 توننا ساپ پاختا، 35.17 توننا ئۇن، 797 قۇر كىيىم - كېچەك، 128 مىڭ پارچە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى تەمىنات - سودا بىناسى پۈتكۈزۈلدى، قۇرۇلۇۋاتقان تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلدى. يېڭىدىن ياسالغان جاڭگال سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاندى. جاڭگال ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. ناھىيىدىكى قاتناش ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 615 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 116 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك 5612 تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى

5 مىليون 978 مىڭ 300 تونna/كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 92 مىڭ ئادەم (قېتىم) كە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 638 مىڭ 300 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 77 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 99 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 38 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 810 مىڭ يۈەن. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ساپ كىرىم 441 يۈەن بولدى، ئاشلىق 509 كىلوگىرامغا يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7120 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىليون 614 مىڭ 800 يۈەن (كوللېكتىپ كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 1519 ئائىلىدىكى 6076 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى (كىشى بېشىغا 300 يۈەندىن يۇقىرى توغرا كېلىش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى).

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 5158 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5032)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 146 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 144)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 27 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 20 مىڭ 782)؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1068 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1534). 11 - ئايدا ناھىيىلىك مائارىپ فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ئون يېزا - بازاردا دېھقانلار تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلدى. يېزا - بازارلار جەمئىي 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش داۋامىدا 1 مىليون 169 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ 499 مىڭ يۈەنى ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدى. 40 ياشتىن تۆۋەن چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %98.4 كە يەتتى. بۇ ناھىيە ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيە بولۇپ قالدى. ناھىيە بويىچە 16 دوختۇرخانا (يېزا - بازار شىپاخانىسى 15) بار، كەنتتە ساقلىق ساقلاش ئۆيىدىن 123 ى قۇرۇلدى. 365 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 499 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ يىلى بازار - يېزىلاردا جەمئىي 14 قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلارغا 3904 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىدە تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچى 425 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. يول ئاسراش ئۇچاستىكىسىدىكى ياسىن پاسار «مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى.

☆ يىل بېشىدا زاڭگوي يېزىسى كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى ۋە كەنت باشلىقلىرىنى ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇردى.

☆ 5 - ئايدا سانجۇ يېزىسى مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار يېزا ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىدا ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى.

☆ 6 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتى تەرىپىدىن ئويۇن قويۇشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆ 10 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سانجۇ يېزىسىنىڭ ئاياغ ئېرىقلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىشنى قارار قىلدى.

جىن كېخۇا
شياڭ شېڭچىڭ

## قاراقاش ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۇنۇس، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۈن يۇشۈن، تۇرسۇنخان ئىبزىز، ئەخمەت خوجا، سۈن جىشياڭ.

ھاكىمى: ئىبزىز مەتسەيدى؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چېن كېنىڭ، ئوسمان مەھەممەت، خې خەنشۆن، روزىمەھەممەت ياسىن.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جېڭۋۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابابەكرى جۇمە، تالىپ قاسىم، داۋۇت قارىھاجى، موللانىيازخان ھاجى، قاسىم ئىمىن، جاۋ زۇڭفاڭ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مۇيبۇللا تۇردى.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: تۇردى تۇرسۇن.

**ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 291 مىليون 205 مىڭ 300 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 280 مىليون 59 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %0.9 ئاشتى. (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 7 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 39 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 317 مىليون 651 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 293 مىليون 542 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %6.52 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 509 مىڭ 86 مو تېرىلغۇ يەر، 2 مىليون 585 مىڭ 270 مو بوز يەر بار (ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر 1 مىليون 360 مىڭ 770 مو). مۇشۇ بىر يىلدا 261 مىڭ 493 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 70 مىڭ 301 توننا بۇغداي ئېلىندى. 32 مىڭ 503 مو يەرگە شال تېرىلىپ، 13 مىڭ 817 توننا گۈرۈچ ئېلىندى؛ 240 مىڭ 378 مو يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىپ، 87 مىڭ 494 توننا كۆممىقوناق ئېلىندى؛ 4111 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 2073 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 135 مىڭ 325 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 21 مىڭ 431 توننا چىگىتلىك پاختا ئېلىندى، 5221 توننا ئۆرۈك، 17 مىڭ 364 توننا ئۈزۈم، 4976 توننا شاپتۇل، 865 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 13 مىڭ 951 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا 666 مىڭ 78 تۇياق چارۋا قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 561 مىڭ 750 تۇياق، 126 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 149 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى پۈتكۈزۈلگەن مۇھىم قۇرۇلۇشلار مۇنۇلار: 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قاراقاش باش غول ئۆستىڭىنىڭ ئاچماق چۈشۈرگۈسى؛ 429 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قاراقاش دەرياسىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي كىرىمى 51 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 594 مىڭ 800 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 56 مىليون 969 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن %40.27 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 675 مىڭ 300 كىلوۋات سائەت توك، 67 مىڭ توننا ئۇن، گۈرۈچ (يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ)، 703.76 توننا سۇ بېلىقى، 831.2 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 6975 توننا ساپ پاختا، 40 توننا مەشۇت، 4000 كۋادرات مېتىر گىلەم، 16 مىليون 210 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرلەرگە 9 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت بىناسىغا 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەرگە 10 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن، ياغ زاۋۇتىنىڭ ياغ تارتىش سېخىغا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈرۈمچى ـ خوتەن تاشيولىنىڭ 44 كىلومېتر قىسمى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە بىلەن يېزىلار ۋە يېزىلار بىلەن كەنتلەر ئارىسىدىكى تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت ياتقۇزۇلغىنى 187 كىلومېتر) غا يەتتى. مۇشۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىن كاۋاك يېزىسىغا بارىدىغان 58 كىلومېتر تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىن يېزىغا بارىدىغان تاشيوللارنىڭ ھەممىسىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 11 مىڭ 430 توننىغا، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 854 مىڭ 131 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سودا تور ـ نۇقتىسى 2532 گە، يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 19 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 445.45 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 7184 بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 3072.75 يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 7.8 كۋادرات مېتىر بولدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 52 مىليون 580 يۈەنگە يەتتى. 12 تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسپى قانات يايدۇرۇلۇپ، سۇغۇرتا ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 405 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زاپاس پۇل 1 مىليون 314 مىڭ يۈەن؛ 430 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان نامرات ئائىلە 1992 ـ يىلدىكى 342 ئائىلىلىك (1486 كىشى) تىن 186 ئائىلىلىك (533 كىشى) كە چۈشتى.

ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 8051 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 8001)، ئوقۇتقۇچىسى 707 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 667)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككى

(مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 580؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 184 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 182)، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 280 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 48 مىڭ 23)، ئوقۇتقۇچىسى 1995 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1961). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەدىن ئاجرىتىلغان پۇل 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن. ئۆزى تاپىيارلىغىنى 720 مىڭ يۈەن. 5400 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى، بىر يېپىق يوللۇق سۈنئىي ھەمرادىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 20 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 473 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 745 كېسەل كارىۋىتى بار.

☆ 1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «ئۈچقۇن» پىلانى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە ناھىيىلىك «مودا» شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ياڭاق قىيامى ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 12 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى «تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

جاڭ يۇ

# لوپ ناھىيىسى

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئېلى ئۆمەر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ يەنجى، ئابلا تۇردى، ئەن فېڭخۇي (ئايال).

ھاكىمى: جاپپار مەھەممەت؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: لى چېڭشى، ئەخمەت توختى، گېڭ يىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، رابىيە مەھەممەت (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ پەن تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: خۇاڭ جىنجۇڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەتتۇرسۇن روزى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى زۇڭۋېن، سايىم غوجا.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابلەت مامۇت.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: توختى قۇربان

## ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1993 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 185 مىليون 688 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 173 مىليون 504 مىڭ 900 يۈەن)گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.9% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 165 مىليون 870 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 177 مىليون 210 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 22.9% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 28 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 225 مىليون 212 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 0.01% ئازايدى. ناھىيە بويىچە 340 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر، 2 مىليون 308 مىڭ 100 مو بوز يەر، 2 مىليون 156 مىڭ مو ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 333 مىڭ 900 مو يەرگە ئاشلىق (ئاق يەرگە ۋە ئېگىزغا) تېرىلىپ، 97 مىڭ 160 توننا ئاشلىق (بۇغداي 47 مىڭ 850 توننا، كۆممىقوناق 49 مىڭ 161 توننا، شال 149 توننا) ئېلىندى؛ 113 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 6111 توننا ساپ پاختا ئېلىندى؛ 2086 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 53 مىڭ 351 قۇتا پىلە قۇرتى بېقىلىپ، 904 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 10 مىڭ 600 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 4400 مو)، 2 مىليون 781 مىڭ 700 تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 9 مىليون 251 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 448 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى. 118 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ۋىلايەت بىلەن ناھىيە سالغىنى 250 مىڭ يۈەن، يېزىلار چىقارغىنى 480 مىڭ يۈەن، ئامما ئۆزى توپلىغىنى 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن)، «113» قۇرۇلۇشى (كەنتنى بىرلىك قىلغان ھالدا بىر يىل ئىچىدە بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ شىمگەس ئۆستەڭ ياساش، 100 مۇ تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرنى ئۆزگەرتىش، 30 مو بوز يەر ئېچىش قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ) جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە 1 - بولدى. 8 - ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ باش غول ئۆستىڭىنى ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي سۇ باشلاندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 351 مىليون 457 مىڭ يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە،

ئومۇمىي كىرىمى 34 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 633 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 50 مىليون 649 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 18.93% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 7 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ 150 توننا سېمونت، 13 مىليون دانە خىش، 3600 توننا ئۇن، 1152 توننا سۇ يېغى، 440 توننا يەم - خەشەك، 7673 توننا ساپ پاختا، 4700 كۋادرات مېتىر گىلەم، 83.7 توننا مەشۇت ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇشۇ يىلى سېلىنغان، كېڭەيتىپ سېلىنغان قۇرۇلۇش 32 بولۇپ، بۇلارغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ 50 مىڭ توننىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 1993 - يىللىق ئورۇمچى كېڭەيتىش يىغىنى مەزگىلىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەر بىلەن يەتتە تۈر بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە سودا، مەبلەغ سېلىش توختامى ئىمزالاندى. پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاتناش - تانسپورت تارماقلىرىنىڭ تاشيول ترانسپورتىدا توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 654 مىليون 693 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 529 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 633 مىڭ 200 نۇسخا گېزىت - ژۇرنال تارقىتىلدى، بۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 369 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 464 تېلېفون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پروگراممىلىق تېلېفون 246. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېلېگراممىسى مەملىكەت بويىچە ئاپتوماتىك تېلېگرامما ئالماشتۇرۇش تورىغا كىرگۈزۈلۈپ، مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان بولدى.

مۇشۇ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 66 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 60 مىڭ يۈەن. مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 36 گە، سودا تور - نۇقتىسى 711 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۇتۇشۇلگەن سومما 19 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 476 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8635 (بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 6239) بولۇپ، مۇشۇ يىلى 25 مىليون 270 مىڭ يۈەن (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 20 مىليون 60 مىڭ يۈەن) ئىش ھەققى تارقىتىلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورۇنلىرى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، نورمال ئىشقا كىرىشتى. ناھىيە بازىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي 17.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 37 مىليون 428 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 679 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى قوش خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭغا 329 ئۆسمۈر ۋە بالا (516 ئۇلۇش) قاتناشتى. شۇ يىلى يېزىلاردا 2046 ئائىلىدىكى 8750 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ناھىيە بويىچە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 258؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 6041 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5923)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 142، (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 140)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 335 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 27 مىڭ 100)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 240 (ئاز سانلىق مىللەت بالا 86)؛ ئوقۇتقۇچى 1955 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1906). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 685 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 740 مىڭ يۈەن). 8792 كۋادرات مېتىر مەكتەپ بىناسى سېلىندى ۋە كېڭەيتىلدى (يېڭىدىن سېلىنغىنى 3579 كۋادرات مېتىر). 15 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 254 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 475 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ يىلى 172 قېتىم تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 17 مىڭ 20 ئادەم قاتناشتى. 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سۈنئىي ھەمرادىن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتىدىن ئىككىسى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بىرى قۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى (2 - ئىستانسا) رەسمىي ئىشلەشكە باشلىدى. ناھىيە، يېزىلار 50 مىڭ يۈەن توپلاپ، 100 ۋاتلىق چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن سىمسىز تارقىتىش ئاپپاراتىدىن بىرنى، قوبۇللىغۇچتىن تۆتنى، سىمسىز ئاپتوماتىك قوبۇللىغۇچ ياڭراتقۇسىدىن 200 نى سېتىۋېلىپ، تۆت چەت يېزا - بازار (كېرىيە يېزىسى، يۇرۇڭقاش بازىرى، بۇيا يېزىسى،

بەشتوفراق يېزىسى) غا سىمسىز رادىئو سىگناللىرىنى يەتكۈزدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېتىم بالىلار پاراۋانلىق ئورنىنىڭ پۈتتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ ئورۇنغا 40 يېتىم بالا قوبۇل قىلىندى.

☆ لوپ ناھىيىلىك مەشۇت زاۋۇتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار 500 يېزا - بازار كارخانىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشتا ئۈلگىچى يەتكەن كارخانا بولۇپ باھالاندى.

☆ 8 - ئايدا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىمام ئاسىم مەنزىرە رايونىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى.

شى جىنجى

# چىرا ناھىيىسى

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەتنۇر ئەخمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ لىيەنخەي، شى شۈنخەي.

ھاكىمى: يالقۇن قادىر؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: ما جۇڭدۇڭ، شېن جيەنگاڭ، تۇرغۇن زاكىر، مەھەممەتتۇمۇر تۇردى.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ھەسەن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ۋاڭ شۈلى، ئابدۇغېنى داموللاھاجى، ئۆمەرخان مەخسۇم.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سۇلايمان ئىبراھىم.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مەھەممەت قۇربان توختى.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 142 مىليون 546 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 126 مىليون 481 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %4 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 3 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 21 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون 244 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 138 مىليون 968 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %81 ئاشتى. ناھىيە بويىچە 295 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر بار. مۇشۇ بىر يىلدا 62 مىڭ 33 تونننا ئاشلىق ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 99 مىڭ 575 مو يەرگە بۇغداي تېرىلىپ، 29 مىڭ 288 تونننا بۇغداي ئېلىندى. 65 مىڭ 814 مو يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىپ، 30 مىڭ 785 تونننا كۆممىقوناق ئېلىندى، 59 مىڭ 368 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 3087 تونننا پاختا ئېلىندى؛ 9651 مو يەرگە ياغلىق زىرائەت تېرىلىپ، 1032 تونننا ياغلىق دان ئېلىندى. 299.8 تونننا پىلە غوزىسى، 11 مىڭ سەككىز تونننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 8565 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 5010 مو، يىل ئاخىرىدا 423 مىڭ 481 تۇياق چارۋا قالدى، مۇشۇ يىلى 135 مىڭ 589 تۇياق تاۋار چارۋا سېتىلدى. 2998 تونننا قوي - ئۆچكە گۆشى، 583 تونننا كالا گۆشى، 566 تونننا قوي يۇڭى، 194 مىڭ 13 پارچە قوي - ئۆچكە تېرىسى، 5433 پارچە كالا تېرىسى، توققۇز تونننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بەش قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 19 مىليون 2000 يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 496 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 980 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 30 مىليون 903 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %36.85 ئاشتى. مۇشۇ يىلى 2 مىليون 132 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 12 مىڭ 341.9 تونننا ئۇن، 979.9 تونننا سۈت يېغى، 1238 تونننا يەم - خەشەك، 43.5 تونننا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مېۋە - چېۋە، 39.7 تونننا ساپ پاختا، 2177 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا يىپەك زاۋۇتىغا 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى كېڭەيتىش يىغىنى مەزگىلىدە سەككىز سودا توختامى ئىمزالاندى، پۈتتۈشۈش سوممىسى 27 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزىلار ئارىسىدىكى 35 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاشيول ترانسپورت يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون تونننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 125 مىڭ 612 ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 531 مىڭ 984 يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش

ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 508 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 10 مىليون 648 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 485.8 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 4061 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 390 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2.5 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 8135 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 780 مىڭ يۈەن بولدى.

1993 - يىللىق قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە 58 قارار كۇرس ئېچىلىپ، دېھقان - چارۋىچى تېخنىكا خادىمىدىن 13 مىڭ 595 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئون (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز)، ئوقۇغۇچىسى 4042 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 3971)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 91 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 89)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 798 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى18 مىڭ 621)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 249. مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 822 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 12 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، مۇشۇ يىلى يەتتە يېزا (بازار) شىپاخانىسى (سەھىيە مۇئەسسەسى) قۇرۇلدى؛ 294 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 296 كېسەل كارىۋىتى بار. مۇشۇ يىلى تۆت قېتىم دېھقان - چارۋىچىلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 6000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

جاڭ يەنچاۋ

## كېرىيە ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەيسا نۇر؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ جېنگۇاڭ، ئەيسا توختى، ۋاڭ لىچۈن (ئايال)، مەتتۇرسۇن باي.

ھاكىمى: مەتنىياز رەجەپ؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جاڭ يۈخۇڭ، ئابدۇللا قۇربان، چې يۈشېڭ، تۇردى ئەخمەت؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: جۇ گۇاڭرۇي.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۈسۈپ سەلەي؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سېن يۈەنشى، دياۋ جۈنشېڭ، ئابلىز ھاجى، ئوبۇلھەسەن تۇردى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئۆتكۈر شاۋۇدۇن.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: مەتروزى تۇرسۇن.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 172 مىليون 247 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 173 مىليون 159 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشتى. (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ مىللىي دارامەت 157 مىليون 313 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 159 مىليون 492 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1.4% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 5 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي چىقىم 31 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 178 مىليون 711 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 201 مىليون 154 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.7% ئاشتى. ناھىيە بويىچە 357 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر، 3 مىليون 205 مىڭ 400 مو بوز يەر بار. 278 مىڭ 600 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 93 مىڭ 80 توننا ئاشلىق ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 46 مىڭ 714 توننا، كۆممىقوناق 33 مىڭ 906 توننا، شال 12 مىڭ 50 توننا، قارائاشلىق 410 توننا. 5069 توننا پاختا، 181.7 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلىپ كېلىۋاتقان يەردىن 16 مىڭ مو ئاجرىتىلىپ، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. 32 مىڭ مو يەر «توننىلىق ئاشلىق ئېتىزى» ئۆلچىمىگە، 8014 مو يەر «1000 يۈەن كىرىم قىلىنىدىغان ئېتىز» ئۆلچىمىگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 10 مىڭ 679 مو يەردە ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىندى. 17 مىڭ 473 توننا ئۈزۈم، 4026 توننا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىندى. 55 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يىل ئاخىرىدا 541 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، مۇشۇ يىلى 228 مىڭ تۇياق چارۋا قولدىن چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار چارۋا 165 مىڭ تۇياق. مۇشۇ يىلى 4283 توننا گۆش، 712 توننا سۈت، 606 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. 23 مىليون 950 مىڭ ئۆي قۇشى بېقىلىپ، 526 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 191 مىليون 23 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ

ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 681 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «113» قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىدە جەمئىي 31 مىڭ مو سالا ئېتىز تۈزلەندى، 5400 مو يەر ئېچىلدى، 19 مىڭ 200 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 27 مىڭ 300 مو سۇغىرىش كۆلىمى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. 1 مىليون 217 مىڭ كۇبمېتىر تۇپا - تاش قېزىلدى ۋە بېتون ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭغا 13 مىليون 461 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «كوئېنلۇن» ئۆستەڭنىڭ ئۆستەڭ بېشى قۇرۇلۇشىنى قايتا قۇرۇش داۋامىدا 385 مىڭ 300 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنىپ، تۇپا - تاش قېزىش، بېتون ياتقۇزۇش - تاش بىلەن قوپۇرۇپ سېمونت لاي ياتقۇزۇش ئىشلىرى جەمئىي 382 مىڭ كۇب مېتىر ئورۇندالدى، بۇنىڭغا 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتتى. دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۈنئىي ياخشىلاپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 12.5 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، ئىككى سۇ كۆلچىكى ياسىلىپ 1550 ئادەم، 53 مىڭ 400 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 42 مىڭ 600 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى)، ئومۇمىي كىرىمى 20 مىليون 192 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 745 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 44 مىليون 937 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 30.9% ئاشتى. مۇشۇ يىلى 11 مىليون 735 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون 606 مىڭ دانە خىش، 733 توننا تۇز، 5047 توننا ساپ پاختا، 34.07 توننا مەشۇت ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 1451 توننا ئۇن، 578 توننا گۈرۈچ، 532 توننا سۇ يېغى، 723 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقاردى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 17 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 96 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 627 مىڭ ئادەم كىلومېتىرغا، توشۇغان يۈك 1400 تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 37 مىڭ توننا / كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 724 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 700 مىڭ يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 498.7 يۈەن بولدى، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 580 كىلوگرامغا يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 6935 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 25 مىليون 970 مىڭ 900 يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى، يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 14 مىليون 150 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 48 مىليون 827 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل 12 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 290 مىڭ يۈەن (ئامانەت قويۇلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ 469 مىڭ يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 931 مىڭ يۈەن، ئۇزاق مۇددەتلىك جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 890 مىڭ يۈەن. 230 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق يۆلەنگەن 1606 ئائىلە ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى مۇستەھكەملىنىۋاتقان 2994 ئائىلە ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولغىنى 2997 ئائىلە، 10 مىڭ 487 كىشىگە، 500 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە بولغىنى 972 ئائىلە، 4325 كىشىگە يەتتى.

ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى پەن - تېخنىكا خادىمى (ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) 831، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى تۆت، قىشلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە دېھقان تېخنىكلاردىن بولۇپ جەمئىي 26 مىڭ 751 كىشى، دېھقانلاردىن 30 مىڭ 244 كىشى تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 102 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 101)، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 892 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 640)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 6284 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6141)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 180 (ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت)؛ ئوقۇتقۇچى 1382 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1303). مۇشۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 7 مىليون 377 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، يېزا - كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ 2516 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي - ئىمارىتى يېڭىلاندى. ناھىيە بويىچە 20 دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

پونكىتى ۋە شىپاخانا، 323 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا ...سى، 329 كېسەل كارىۋىتى (144 ى يېزا ـ بازار دوختۇرخانىلىرىدا) بار. مۇشۇ يىلى يېزا ـ بازارلاردا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى جەمئىي 29 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلارغا 1669 ئادەم قاتناشتى، كۆرگۈچىلەر 45 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

☆ 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان 64 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدىكى 34 تۈرلۈك يالغان، ساختا، ناچار تاۋار ئاممىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈلدى.

جاڭ مىڭلى

# نىيە ناھىيىسى

**خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى**

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت يۈسۈپ ئىمىن؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جى، توختىخان توختى.

ھاكىمى: ئادىل ئېلى؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: چېن جىڭجى، سۇلايمان تۇردى، جاڭ شۆچىڭ، مەتسەيدى خۇدابەردى؛ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى: نۇر ئەخمەت.

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ شىجيې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەتقاسىم مەتنىياز، مەتسىدىق قارى.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: توخسۇن يۈسۈپ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: سەيدى ھاشىم.

**ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى**

1993 ـ يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 34 مىليون 383 مىڭ 300 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) كە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى. مىللىي دارامەت 30 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.1% ئاشتى. ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي چىقىم 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 23 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 1.2% ئاشتى. 13 مىڭ توننا ئاشلىق، 406 توننا پاختا، 332 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 225 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 77 مىڭ 800 تۇياق چارۋا قولدىن چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار چارۋا 56 مىڭ 100 تۇياق. مۇشۇ يىلى 1348 توننا گۆش، 261 توننا يۇڭ، 77 مىڭ 310 پارچە تېرە ئېلىندى. 3600 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1165 توننا مېۋە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 300 توننا. 714 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. ئالتە توننا پىلە غوزىسى، ئۈچ توننا ھەسەل ئېلىندى. 11 توننا بېلىق تۇتۇلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 712 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 22.6% تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا 765 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1445 توننا ئۇن، 468 توننا يەم ـ خەشەك، 426 توننا ساپ پاختا، 11.7 توننا پېچىنە ـ پىرەنىك، 11 توننا ئاچچىقسۇ، 4 مىليون 850 مىڭ دانە خىش، 1321 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 364 كۇب مېتىر تىلىنغان تاختاي، 398 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. تاشيول ترانسپورتىدا توشۇلغان يۈك 760 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 62 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ترانسپورت كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 843 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 335 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2990 بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىلدى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 584 يۈەن بولدى. بازار ـ يېزا ئاھالىسى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليون 796 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 338 ئائىلىدىكى 1583 كىشىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 129، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار ئالتە. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئالتە)، ئوقۇغۇچىسى 1340 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1159)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 25)، ئوقۇغۇچىسى 4359 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 4077)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 30؛ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 610 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 566). ئىككى ناھىيىلىك دوختۇرخانا (ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى بىر)، بىر ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، بەش يېزا شىپاخانىسى، 27 كەنت ساقلىق ساقلاش پونكىتى، 153 كېسەل كارىۋىتى، 203 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

☆ 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە يېمىق يېزىسىنىڭ ئىككى چارۋىچىلىق كەنتى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ چوڭ كىچىك چارۋىدىن 6390 ى ئۆلدى.

☆ 6 - ئاينىڭ 16 -، كۇنى ناھىيە قورغان چوڭچوك بويا مەلھىمى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

يەن شۈەن

# قۇمۇل قوغۇنى

قۇمۇل 2000 يىللىق قوغۇن تېرىش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، تارىختا قۇمۇل «قوغۇن» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسى مول. ئۇ يەنە قان تومۇرلارنى ئېچىش، ئىسسىقنى ئېلىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سورتى كۆپ بولۇپ، يازلىق قوغۇن ۋە كۈزلۈك قوغۇن دەپ چوڭ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يازلىق قوغۇن ئالتە سىستېما، 11 خىل سورتقا، كۈزلۈك قوغۇن ئىككى سىستېما، بەش خىل سورتقا بۆلۈنىدۇ. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قۇمۇل قوغۇنىنى قايتا تەكشۈرۈپ، 23 خىل سورتقا بۆلگەن ۋە ئۇنىڭدىن 18 خىلنى بېكىتىپ، رەسمىي ئەنگە ئالغان.

قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سورتلىرى:

1. جاغدا: بۇ سورتنىڭ شەكلى توخۇمسىمان بولۇپ، شاپىقىنىڭ رەڭگى سارغۇچ يېشىل، ئېتى توم ئاق، ئاق يېشىل، ئاق قىزىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

2. سېرىق كۆكچى: بۇ بالدۇر پىشىدىغان سورتلارنىڭ بىرى. بۇ سورتنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، شاپىقىنىڭ رەڭگى ئازراق يېشىل ئارىلاش ئالتۇن سېرىق. ئېتى ئاق، تەمى تاتلىق، قەنت مىقدارى يۇقىرى، مو بېشى مەھسۇلاتى بىر يېرىم توننىدىن ئىككى توننىغىچە بولىدۇ.

3. ناشبەگر (پوستپياز): بۇ سورتنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۇزۇنىغا ئوتتۇرىچە كەسمە يۈزى 22 سانتىمېتر، توغرىسىغا كەسمە يۈزى 11.5 سانتىمېتر كېلىدۇ. قەنت مىقدارى 15.5% ئەتراپىدا بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى بىر توننىغا يېتىدۇ. بۇ سورتنىڭ قەنت مىقدارى 13% بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولىدۇ.

4. شېكەر سۈيى: بۇ سورتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ. قەنت مىقدارى 15%.

5. بېشەكشىن: بۇ سورتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى تۆت - ئالتە كىلوگرامغىچە بولىدۇ. قەنت مىقدارى 12% ئەتراپىدا.

6. چىلگە (ئۈيىنغۇچ): بۇ سورتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرىچە 0.81 كىلوگرام كېلىدۇ.

7. لىگۋا: بۇ سورتنىڭ قەنت مىقدارى 10.6% ئەتراپىدا بولىدۇ.

8. قارا كۆكچى: بۇ سورتنىڭ كەسمە يۈزى ئوتتۇرىچە ئۇزۇنىغا 28 سانتىمېتر، توغرىسىغا 16 سانتىمېتر كېلىدۇ، قەنت مىقدارى 14% كە يېتىدۇ. مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇپ، قىشتا ساقلىغىلى بولىدۇ.

9. ئىت خەمىكى: بۇ قوغۇننىڭ ياۋا سورتى بولۇپ، بىر پىلەكتە 50 — 60 قىچە خەمەك بولىدۇ.

سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن سورتلاردىن قارىقاش مىجىگەن، ئايسخان كۆكچى، ياستۇق قوغۇن، تورلۇق خوش پۇراق، بەگزادە، بايشاڭ، سېرىق ناۋات، قارا جاغدا، ئاقچى، ئورۇس قوغۇنى، چار قوغۇن، مەرۋايىت، شىخەنزە قوغۇنى، سېرىق ئورۇس قوغۇنى، كۆلگەش، خۇاڭجىنلۇڭدىن ئىبارەت 18 خىل سورت بار.

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

**شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى**

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: سۇڭ خەنلياڭ (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

شۇجىسى: گوكاڭ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: جىن يۈنخۇي.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: سۇڭ خەنلياڭ، گوكاڭ، جىن يۈنخۇي، ئىسمائىل مەخسۇت، لى شۇجۇەن، چېن جۇڭ، بوتاي كۆپەن (قازاق)، ۋاڭ خەنرۇ، نى خاۋمېي (ئايال)، جاڭ لىبو، جۇجيەنفەن، خۇجاۋجاڭ، تاڭ يۈنفۇ.

سىلىڭيۈەنى: جىن يۈنخۇي.

1 - سىياسىي كومىسسارى: سۇڭ خەنلياڭ (قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان).

سىياسىي كومىسسارى: گوكاڭ.

مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىرى: چېن جۇڭ، بوتاي كۆپەن (قازاق)، ۋاڭ خەنرۇ، جۇجيەنفەن، خۇجاۋجاڭ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: ئىسمائىل مەخسۇت، لى شۇجۇەن، نى خاۋمېي (ئايال).

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئىبراھىم يۈسۈپ.

مۇئاۋىن باشلىقى: چېڭ خەيجياڭ.

بىڭتۇەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: گوشۇشېن (11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى)، پېڭ يۈچۈەن (11. ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: ۋاڭ يەنۇۇ، شيې دېفېڭ.

**ئومۇمىي ئەھۋالى**

1993 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە 21 مىڭ 700 بوۋاق تۇغۇلدى، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.9 بولدى؛ 9400 ئادەم ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.3 بولدى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.6 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 2 مىليون 197 مىڭ 600 گە يېتىپ، %0.7 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 1 مىليون 150 مىڭ 100 بولۇپ، %1.1 ئاشتى؛ ئايال 1 مىليون 47 مىڭ 500 بولۇپ، %0.3 ئاشتى. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە خەنزۇ 1 مىليون 938 مىڭ 800 بولۇپ، %88.2 نى ئىگىلىدى؛ باشقا مىللەتلەر نوپۇسى 258 مىڭ 800 بولۇپ، %11.8 نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 143 مىڭ 600 بولۇپ، %52 نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارد 467 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 2 مىليارد 218 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ 2 مىليارد 256 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.2 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ 1 مىليارد 993 مىليون يۈەن بولۇپ، %11 ئاشتى.

1 . يېزا ئىگىلىكى مۇشۇ بىر يىلدا ئاشقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 218 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %34.3 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 2.1 پىرسەنتلىك رەقەم تۆۋەنلىدى.

دېھقانچىلىق: 1993 - يىلى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 786 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %2.9 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 313 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %5.4 ئازايدى، ئۇ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 39.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ مايلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 70 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، %12.3 ئاشتى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 215 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %6 ئازايدى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 22 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، %26.8 ئازايدى.

ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى مۇنداق بولدى: ئاشلىق 1 مىليون 413 مىڭ 300 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە شال 150 مىڭ 600 توننا، بۇغداي 883 مىڭ 700 توننا، قارا ئاشلىق 344 مىڭ 500 توننا، پۇرچاق 34 مىڭ 500 توننا) بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %3.1 ئازايدى؛ پاختا 245 مىڭ 800 تونىنغا يېتىپ، %4 ئاشتى؛ مايلىق دان 85 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %1.8 ئاشتى؛ قىزىلچا 802 مىڭ

700 توننا بولۇپ، %26.9 ئازايدى؛ قوزلاماق 9100 توننىغا يېتىپ، %7.1 ئاشتى؛ قارا گازىر 27 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %20.3 ئازايدى؛ كۆكتات 386 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %2.1 ئاشتى؛ قوغۇن - تاۋۇز 253 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %19 ئازايدى؛ مېۋە - چېۋە 115 مىڭ توننىغا يېتىپ، %8 ئاشتى. دېھقانچىلىق تاۋارلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى %78.7 بولدى.

ئورمانچىلىق: مۇشۇ يىلى يىلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 7150 گېكتار بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن %7.8 ئازايدى.

چارۋىچىلىق: يىل ئاخىرىدا قالغان چارۋا سانى 2 مىليون 928 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، %0.4 ئاشتى. مۇشۇ يىلى يىلدا ئىشلەنگەن گۆش 53 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %9.1 ئاشتى؛ ئىشلەنگەن قوي يۇڭى 7300 توننىغا يېتىپ، %0.4 ئاشتى؛ ئىشلەنگەن سۈت 55 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %5 ئاشتى؛ ئىشلەنگەن تۇخۇم 18 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %11.1 ئاشتى.

بېلىقچىلىق: مۇشۇ يىلى يىلدا ئىشلەنگەن سۇ مەھسۇلاتى 7800 توننىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %10 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليارد 353 مىليون ۋات بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 11 مىڭ 300 گە يېتىپ، %1.4 ئاشتى؛ كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 14 مىڭ 100 بولۇپ، %2 ئازايدى؛ توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ۋە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 162 مىليون ۋات بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 2900 بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 900 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 93.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ مۇشۇ يىلى يىلدا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 196 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %4.7 ئازايدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 14 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %3.3 ئازايدى؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا سەرپ قىلىنغان توك 659 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ مۇشۇ يىلى يىلدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 21 ئايروپىلان بىلەن ئورۇندالغان مەشغۇلات كۆلىمى 54 مىڭ 740 گېكتارغا يەتتى.

ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشى: 1993 - يىلى 10 مىڭ 860 گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى ۋە تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان يەر دېھقانچىلىققا قايتۇرۇپ كېلىندى، 22 مىڭ 70 گېكتار ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 1197 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 80 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 214 قۇدۇق قېزىلدى، 2004 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى.

2. سانائەت مۇشۇ يىلى يىلدا ئاشقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 651 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %6.1 ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ۋەزىيىتى خېلى ياخشى بولدى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ سېتىشتىن ئايرىلغان مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 59 مىليون يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.1 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 7.4 پىرسەنتلىك رەقەم ئۆستى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا سېلىنغان كاپىتالنىڭ پايدا ۋە باج نىسبىتى %12.8، سېتىش بويىچە پايدا ۋە باج نىسبىتى %6.1 بولدى؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 21 مىڭ 940 يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1992 - يىلدىكىدىن %1.2 ئاشتى.

كارخانىلاردا بازار يېتەكچى قىلىنىپ، مەھسۇلات قىممىتى قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، مەھسۇلات مىقدارىدا ئۆسۈشمۇ - كېمىيىشمۇ بولدى. تاشپاختا، بوغداي ئۇنى، سۇماي، شېكەر، ئىچىملىك - ھاراق، چىگىتى ئايرىلغان پاختا، يۇڭ ئەدىيال، توك، كوكس، سېمونت قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى 1992 - يىلدىكىدىن ھەرخىل دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇنداق بولدى: كۆمۈر 3 مىليون 281 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %5.3 ئازايدى؛ تاشپاختا 42 مىڭ توننىغا يېتىپ، %12.5 ئاشتى؛ شېكەر 119 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %4.3 ئاشتى؛ ئىچىملىك - ھاراق 50 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %32.7 ئاشتى؛ يەم - خەشەك 109 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %3.4 ئازايدى؛ يىپ 42 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %7.7 ئاشتى؛ رەخت 82 مىليون 990 مىڭ 300 مېتىر بولۇپ، %9.6 ئازايدى؛ لۆڭگە 10 مىليون 120 مىڭ بولۇپ، %47.2 ئازايدى؛ يۇڭ ئەدىيال 147 مىڭ 200 گە يېتىپ، %63.9 ئاشتى؛ خۇرۇم ئاياغ كىيىم 204 مىڭ 600 پار بولۇپ، %20.3 ئازايدى؛ لاتا خەي 487 مىڭ 300 پار بولۇپ، %35.9 ئازايدى؛ فابرىكا قەغىزى ۋە ماترىتسا 48 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %2.3 ئاشتى؛ توك 980 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %10.8 ئاشتى؛ كوكس 117 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %7.1 ئاشتى؛ تۇز كىسلاتاسى

15 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 9.7% ئاشتى؛ گۈڭگۈرت كىسلاتاسى 17 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 1.7% ئاشتى؛ سۇلياۋ ياسالما 15 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 20% ئازايدى؛ سېمونت 1 مىليون 87 مىڭ توننىغا يېتىپ، 9.9% ئاشتى؛ پولات 37 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 7.6% ئاشتى؛ پولات ماتېرىيال 28 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 5.9% ئاشتى؛ مېتال ئىشىك - دېرىزە 7900 توننا بولۇپ، 27.9% ئازايدى.

مۇشۇ بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 92.8% ئاشتى؛ ئومۇمىي كىرىم 782 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 104.7% ئاشتى؛ كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ سانى 39.9% ئاشتى؛ كارخانا خادىملىرىنىڭ سانى 51.3% ئاشتى. 15 يېزا - بازار كارخانىسىدا پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى سىناق قىلىندى.

3. قاتناش - ترانسپورت مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان يۈك 25 مىليون 510 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 338 مىليون 970 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يېتىپ، 3.2% ئاشتى؛ توشۇلغان يولۇچى 18 مىليون 661 مىڭ ئادەم (قېتىم) غە يېتىپ، 25.7% ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 238 مىليون 170 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يېتىپ، 9.8% ئاشتى.

يەككە ترانسپورت كەسپى داۋاملىق راۋاجلاندى. 1993-يىلى ئاپتوموبىل 59% كۆپەيدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1.6% ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 96.5% ئاشتى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق 1993-يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 20.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 940 مىليون يۈەن بولۇپ، 17.9% ئاشتى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 65 مىليون يۈەن بولۇپ، 106.4% ئاشتى؛ خۇسۇسىيلار سالغان مەبلەغ 135 مىليون يۈەن بولۇپ، 42.8% ئاشتى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 777 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 1.9% ئازايدى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 27 مىليون يۈەن بولۇپ، 33.7% ئاشتى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان باشقا مەبلەغ 94 مىليون يۈەن بولۇپ، 28.6% ئاشتى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ ئىچىدە 1-كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 338 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 36.5% ئازايدى، مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 1992-يىلدىكىدىن 32.3% تىن 17.4% كە چۈشتى. 2-كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 655 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 59.8% ئاشتى، مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 1992-يىلدىكى 24.9% تىن 33.8% كە يەتتى. 3-كەسىپكە سېلىنغا مەبلەغ 947 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 34.7% ئاشتى، مەبلەغ سېلىش نىسبىتى 1992-يىلدىكى 42.8% تىن 48.8% كە يەتتى.

1993-يىلى بىناكارلىقتا قوشۇلغان قىممەت 605 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 11.3% ئاشتى؛ مۇشۇ بىر يىلدا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 4 مىليون 400 مىڭ 500 كۋادرات مېترغا يېتىپ، 9.1% ئاشتى؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 348 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 6.4% ئازايدى، پۈتتۈش نىسبىتى 53.4% بولدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 17 مىڭ 412 يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1992-يىلدىكىدىن 12.2% ئۆستى.

تەكشۈرۈش - لايىھەلەش جەھەتتە مۇشۇ بىر يىلدا كۆلىمى 1 مىليون 90 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قۇرۇلۇش چېرتيوژى پۈتتۈرۈلدى، قۇرۇلۇشنى ئۆلچەش، قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، گىدروگېئولوگىيە، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردىمۇ ۋەزىپە خېلى ياخشى ئورۇندالدى.

5. سودا، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغى 1993-يىلى جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 954 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 16.1% ئاشتى (مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئاشقىنى 3.1%). بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا 17.2% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا بويىچە سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.3% ئاشتى؛ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.5% ئاشتى؛ ئامبار قالدۇقى ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.4% ئازايدى.

1993-يىلى تاشقى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 136 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 90.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە

ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 76 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 80.7% ئاشتى، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بىر ھەسسە ئاشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىدا نەق پىرېۋوت سودىسى ئېكسپورتى 41.9%، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى 15.7% ئاشتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇرۇش تەستىقلانغان ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى 46 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 84% ئاشتى. توختامدىكى ئومۇمىي سوممىسى 104 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

1993 - يىلى چەت ئەل مەبلىغىدىن 22 مىليون يۈەن پايدىلىنىلدى، قۇرۇلۇۋاتقان 12 تۈردىن توققۇزى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى ياكى قىسمەن پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا سىرتقا مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش، مۇلازىمەت ھەمكارلىقى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە توختام سوممىسى 4 مىليون 290 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

1993 - يىلى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 227 سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ 183 ى ئىجرا قىلىندى، سىرتتىن 61 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. پەن - تېخنىكا 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەن بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىنىڭ سانى 128 مىڭ 600 بولۇپ، 1992 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ھەر 10 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1303 پەن - تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى. بىڭتۈەن بويىچە تۇەن (زاۋۇت) دىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتى 131 بولۇپ، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 6200، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1900.

پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش، تەتبىقلاش ۋە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1993- يىلى بىڭتۈەن، شى (ئىدارە)، تۇەن - مەيداندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «كېۋەزدىن يۇقىرى مەھسۇلات، يۇقىرى ئۈنۈم ئېلىش ۋە سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىش تېخنىكىسى» 116 مىڭ 700 گېكتار يەردە يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات 10% تىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى. 500 دىن ئارتۇق پەن تېخنىكا خادىمى تۇەن - مەيدانلارغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۆلگە كۆرسەتكەن تۇەن - مەيدان 20 گە، ليەندۈي 150 كە، گورۇپپا (ئائىلە) 3000 غا، ئۆلگە كۆرسىتىش كۆلىمى 66 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى.

7. مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە 1993 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 7420 گە، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 8767 گە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 3839 غا، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 13 مىڭ 403 كە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 40 مىڭ 340 قا، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 93 مىڭ 692 گە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 186 مىڭ 480 گە يەتتى. ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96.1% كە، يەسلىدىكى بالا 50 مىڭ 328 گە يەتتى.

1993 - يىلى بىڭتۈەن چېگرا بويىغا جايلاشقان 14 نامرات تۇەن - مەيدان قۇرغان 14 كۆپ ئىقتىدارلىق مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىگە مەبلەغ سېلىپ مەدەت بەردى، بۇ پائالىيەت مەركەزلىرى ئاساسەن پۈتتى، كۆپ قىسمى پايدىلىنىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ 105 -، 108 -، 123 - تۇەن- مەيدانلار قاتارلىق 16 تۇەن - مەيدان ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ قۇرغان ياكى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ قۇرغان 16 مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىنىڭمۇ بىر قىسمى پۈتتى ۋە پايدىلىنىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. توققۇز ئويۇن قويۇش ئۆمىكى 1115 قېتىم سەييارە ئويۇن كۆرسەتتى، تاماشىبىن سانى 1 مىليون 38 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. سېرىك ئۆمىكى ياپونىيىگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، ياپونىيىدىكى ھەرساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 8 - ئايدا بىڭتۈەن تەشكىللىگەن ئۆمەك مەملىكەتلىك باللار ناخشىلىرى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، سېرىك ئۆمىكىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئويۇنلىرى ياكى ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك كۆرەكتە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىڭتۈەننىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ «بىپايان چېگرىدىكى مەدەنىيەت كارىدورى» قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى؛ يېزا ئىگىلىك 9- شىنىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1993 - يىلى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 15 مىڭ 700 خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ 1500 ى مەركەزدىكى گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا ئېلان قىلىندى. 1993 - يىلى بىڭتۈەندە «تەڭرىتاغ بىناكارلىق گېزىتى»، «قومۇل تەرەققىيات گېزىتى»، «تارىمنىڭ خوجايىنلىرى گېزىتى»، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پۇل مۇئامىلە گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر كۆپەيدى. «شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» قاتارلىق يەتتە گېزىت مەملىكەت

بويىچە تارقىتىلدى. چولڭ فورماتلىق گېزىت بەشكە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان ھەرخىل گېزىت 19 مىليون 890 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، %2.7 كۆپەيدى.

1993 - يىلى 191 كىنو قويۇش ئورنى 33 مىڭ 400 قېتىم كىنو قويدى. كىنو كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 7 مىليون 297 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەن بويىچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، چاستوتا ئۆزگەرتىش ئىستانسىسى 151 گە، رادىئو ئىستانسا، چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۇزېلى ۋە سىملىق رادىئو ئۇزېلى 415 كە يەتتى. ئارال خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ۋۇجياچۈ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىڭتۈەن سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى رەسمىي قۇرۇلدى. تېلېۋىزىيە، رادىئو بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %96 تىن ئاشتى. بىڭتۈەن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش مەركىزى مۇشۇ بىر يىلدا 13 قىسىم مەخسۇس فىلىم، 83 خەۋەر ئىشلىدى، بۇ مەخسۇس فىلىم ۋە خەۋەرلەر مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا كۆرسىتىلدى.

1993 - يىلى تارقىتىلغان كىتاب، ژۇرنال 567 مىڭ 200 نۇسخىغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1.43 ئاشتى. «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ستاتىستىكا يىلنامىسى — 1993» مەملىكەتلىك يەرلىك ستاتىستىكا يىلنامىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەن بويىچە تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى كېسەل كارىۋىتى 20 مىڭ 400 گە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %2 ئاشتى، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 23 مىڭ 800 بولۇپ، %1.6 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 9700 بولۇپ، %1 ئازايدى.

8 . ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشى 1993 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە ھەربىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 1619 يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %14.25 ئاشتى، تۇرمۇش خىراجىتىدىن مال باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %1.1 ئاشتى، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەن بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 982 مىڭ500 بولۇپ، 1992 - يىلدىكىدىن 36 مىڭ 600 كىشى، يەنى %3.6 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 952 مىڭ 500 بولۇپ، %3.3 ئازايدى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 230 مىڭ بولۇپ، %11.2 ئازايدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ئىچىدە توختاملىق تۈزۈمدىكى ئىشچى 183 مىڭ 900 بولۇپ، %19.3 نى ئىگىلىكىدى. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 278 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %11.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 2 مىليارد 242 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.4 ئاشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 2308 يۈەنگە يېتىپ، %12.3 ئاشتى، مال باھاسىنىڭ ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %0.6 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 2309 يۈەن بولۇپ، %11.9 ئاشتى، ئەمەلىيەتتە، %1 ئازايدى. 1993- يىلى ھەرخىل مەبلەغلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆينىڭ كۆلىمى 1 مىليون 419 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىيلار سالغان ئۆي كۆلىمى 557 مىڭ كۋادرات مېتىر.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خادىمى ۋە يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى 46 مىڭ 600 گە يەتتى.

شىن جيەن

## ئاقسۇ بويىچە شىنجاڭدا ئەڭ

△ ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىگە جايلاشقان تۆمۈر چوققىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 7435 مېتىر ئېگىز.

△ ئاقسۇ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ئاۋات ناھىيىسىدە قوشۇلۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى — تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2100 كىلومېتىر.

△ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە جەمئىي 1298 مۇزلۇق بار، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4098 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ زاپىسى 215 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ %15 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

# شەخسلەر

## ئىلغار - نەمۇنىچى شەخسلەر

1993 - يىلى ئاپتونوم رايون-مىزدىن مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر:

جاڭ يۇگىلي ئەر، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭلياڭ شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، ئالىي تېخنىكۇم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىلى باش هاراق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1991 - يىل 5 - ئايدا زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن كېيىن،



ئىشقا كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاشتىن كىرىشىپ، كادىرلارنى تۈتلەشتۈرۈش ئۆلچىمى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ، كادىرلار خىزمىتىدىكى باقمىەندىلىك تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتا مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشنى 1 - ئورۇنغا قويدى. 1992 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا بولۇپ جەمئىي ئون تۈرلۈك ئالتۇن ۋە كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1992 - يىلى زاۋۇت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 91 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن %7 .53 ئاشتى؛ ياراتقان پايدىسى 13 مىليون 917 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 .25 ئاشتى؛ دۆلەتكە تاپشۇرغان باج سوممىسى 25 مىليون 106 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %9 .32 ئاشتى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 1988 - يىلدىكى 1530 يۈەندىن 3319 يۈەنگە يەتتى. ئۇ كۆپ قېتىم خىزمەت ئىلغارى، ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باهالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

دۇشىيەندۇڭ ئەر، سىچۈەن ئۆلكە-سىنىڭ تۇڭنەن ناھىيىسىدىن، ج ك پ



ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى قۇرۇلۇش تۇەنىنىڭ شوپۇرى. ئۇ ئىككى قېتىملىق كادىر بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، 1 - سەپتە ئىشلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. 1982 - يىلى ئۇ 1 - بولۇپ يەككە ئاپتوموبىل بويىچە كۆتۈرە ئېلىشنى يولغا قويدى. ئۇ 1982 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان تۆت قارارلىق هۆددىگەرلىك داۋامىدا، ئارقا - ئارقىدىن تۆت بالداق يۇقىرى ئۆرلەپ، يۇقىرىغا جەمئىي 296 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇردى. 1991 -، 1992 - يىللىرى ئۇ ئورۇندىغان ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 517 مىڭ توننا/كىلومېترغا، ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 392 مىڭ 700 يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 114 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، ماشىنا ئەترىتى ئومۇمىي پايدىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى، 1 مىليون 13 مىڭ كىلومېتىر يولنى بىخەتەر يۈردى. ئۇ 1992 - يىلى پايدا ۋە باجنى 62 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىنى 57 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ۋە پۈتكۈل بىڭتۇەن بويىچە 1 - بولدى. ئۇ، 1982 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئارىلىقتا سەككىز قېتىم تۇەننىڭ ئۈلگىسى بولۇپ باهالاندى، ئۈچ قېتىم شى دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولدى، ئىككى قېتىم بىڭتۇەن ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى؛ 1990 - يىلى ئۇ «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ نام ئالدى؛ 1992 - يىلى «يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش

ئىشچىلار ئويۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر شوپۇر» دەپ نام بەردى.

چېن دېباۋ ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيشىڭ شەھىرىدىن، ج ك پ



ئەزاسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 30-تۇەن - مەيدانى 2 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى. ئۇ 1985 - يىلى لىيەنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، لىيەندۇينىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. 1986 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئۇ ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ ۋە قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «مول ھوسۇل ئېلىشتا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش مۇسابىقىسى» ۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ھەمدە «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» مەزمۇن قىلىنغان ئاممۋى خاراكتېرلىك ئەقىلغا مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1992 - يىلدىكى ئون خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى 1986 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى %15 .90، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى % 28 .56، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى %01 .247، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى %75 .146، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى %74 .98، پايدا 8 .2 ھەسسە ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى %52 .173 ساپ ئاشتى. ئۇ 1980 - يىلدىن [illegible] يىلغىچە كۆپ قېتىم 30-تۇەن - مەيدان بويىچە «خىزمەت ئىلغارى ۋە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام ئالدى؛ 1988 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بويىچە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - چېگرىنى قوغداش ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى؛ 1989 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئويۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

سەي رېنشەن ئەر، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنخۇا شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرى «دوستلۇق» سودا سارىيىنىڭ باش جىڭلىسى، قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى.



ئۇ 1988 - يىلى سودا سارىيىنىڭ باش جىڭلىلىقىنى ۋە قوشۇمچە پارتكوم شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، 14 خىل تاۋار تىجارىتى بۆلۈمىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ۋە كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ھەرقايسى بۆلۈملەرگە قارىتا 1 مىليون يۈەنلىك مال سېتىقاندا ئىش ھەققى، مۇكاپات سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مىقدارلىق ئۆسۈلنى يولغا قويدى، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. تۆت يىلدىن بۇيان، ئۇ، سودا سارىيىنى تۆرلۈك ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۆرسەتكۈچلەر جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىلغارلار قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇ 1992 - يىلى سېتىش سوممىسىنى 250 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامىدىكى سانىنىڭ 4 .218 پىرسەنتىگە تەڭلەشتۈرۈپ، 1992 - يىلدىكىدىن %9 .38 ئاشۇردى؛ ياراتقان پايدىنى 14 مىليون 774 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش بىلەن توختامدىكى ساننىڭ 432 پىرسەنتىگە تەڭلەشتۈرۈپ، 1992 - يىلدىكىدىن %1 .57 ئاشۇردى. تۆت يىلدا دۆلەتكە تاپشۇرغان ئومۇمىي باج سوممىسى 17 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەنە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمى 20 مىليون 135 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ياراتقان ئۈنۈمى «دوستلۇق» سودا سارىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىككى ھەسسىگە تەڭلەشتى. ئۇ، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئويۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەم نام بەردى.

قادىر توختى شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقىنى



باشقۇرۇش ئىدارىسى تازىلاش - توشۇش 1-


ئەترىتىنىڭ ئاپتوموبىل شوپۇرى. 1977 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، يۇڭ ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى بولدى، خىزمەتتە پۇختا بولۇپ، يىلبويى خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئۇ مۇللاقچى ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى بولغان مەزگىلدە، بالدۇر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئاپتوموبىل مىنگەندىن كېيىن ئەخلەت ئورنى پاكىزە بولۇشنى ئورۇندىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرى «شىخابا» كوچىسىدىكى ئەخلەت ئورنىدا خىزمەت شارائىتىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇ يەردىكى تازىلاش - تۇشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاشۇ ئورۇنغا بېرىپ ئىشلەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئەسلىدە ئىككى مۇللاقچى ئاپتوموبىل ئۈستىگە ئالغان تازىلاش - تۇشۇش ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئۆزىلا ئورۇنداش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئۇ ھەمىشە كۆپ قاچىلاپ، تېز ماڭىدۇ، بەزىدە تېخى كېچىدە ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئەزەلدىن ئۇ ھەق ۋە مۇكاپات ھەققىدە ھېسابلاشمايدۇ. 1983 - يىلى ئۇ مەملىكەت بويىچە باغ - ۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش، مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراش سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك تاللاشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر شوپۇر» دەپ نام بەردى.

رەشىدە شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، ئىلى 2- يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ستانوك ئىشچىسى. ئۇ 1985 - يىلى زاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىن، ئىخلاس بىلەن ئىرىشىپ ئىشلەپ، تېخنىكىنى قېتىرقىنىپ



ئۆگىنىپ، ئىشقا چىقىش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى، 1987- يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەريىلى ئۈچ ئايلىق ئىشنى ئارتۇق ئىشلىدى، زاۋۇت بېكىتكەن ئۆلچەم بويىچە، سۈپەتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئۇ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. ئۇ بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئائىلىسىنىڭ كەسپىي كاپىتالىمۇ 1 مىليون يۈەندىن ئاشاتتى، ئائىلىسىدىكى بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىشچى بولۇشىغا قوشۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، قەتئىي ھالدا ئۆزىنى تىزىملىتىپ، ستانوكنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشنى ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىسى بولدى. ئۇ تىل جەھەتتىكى توسالغۇنى يېڭىش ئۈچۈن، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خەنزۇ ئۇستىلىرىدىن خەنزۇ تىلى ئۆگەندى، خەنزۇچە خەتلەرنى يېزىپ مەشق قىلدى. ئۇ جاپا - مۇشەققەتلىك ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى ستانوك ئىشچىسى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نەزەرىيىنى ئىگىلىۋالدى. 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەندە، ئۇ، ئەدىيال توقۇش ئىشچىلىقىدىن سوكنا توقۇش ئىشچىلىقىغا ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى ئۈسكۈنە، يېڭى مەشغۇلات ئالدىدا، ئۇ مەشغۇلات ماھارىتىنى جاپالىق مەشق قىلىپ، رەخت توقۇشنىڭ تۈرلۈك سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرىدە سېخ بويىچە 1 - بولدى، بىر كىشى ئىككى ستانوكنى باشقۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇ، 1987 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە فابرىكىدا ئۇدا ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالاندى؛ 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى تارقاتقان «بەشنى سۆيۈش، تۆتتە 1 - يىپەك يولى مېدالى» غا ئېرىشتى؛ 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن توقۇمىچىلىق سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ 1990 - يىلى ئىلى ئوبلاستى بويىچە «8- مارت قىزىلبايراقدارى» بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى غۇلجا شەھىرى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام ئالدى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سىستېمىسى بويىچە «مۇنەۋۋەر خوجايىن» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىشلەپچىقىرىش ماھىرى» دەپ نام بەردى.

جاڭ دېجۇ ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ دەنياڭ شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ ساۋەن ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى. 1987 -



يىلى ئۇ، ساۋەن ناھىيىلىك كاۋچۇك زاۋۇتىنى ھۆددىگە ئالدى، ئۇ دادىل ئىسلاھ قىلىپ، يول ئېچىپ

ئىلگىرىلەپ، كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش ۋە ھەق ئېلىشنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە بېقىندۇرۇش، سىمىنا گورۇپپىلارغا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، بۇرۇنقى يىللىق پايدىسى ئاران 2000 يۈەنگە يېتىدىغان زاۋۇتنى، ساۋەن ناھىيىسى بويىچە زور پايدا، باج يارىتىدىغان كارخانىغا ئايلاندۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ 1992 - يىلقى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 15% ئاشتى، بۇ، 1986 - يىلدىكىنىڭ 16 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ يارىتقان پايدىسى 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1986 - يىلدىكىنىڭ 19 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ تۇراقلىق مۈلكى 2 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1986 - يىلدىكىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 3 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دۆلەت سالغان مەبلەغ سوممىسىنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى. ئۇ 1991 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقى» دەپ نام ئالدى؛ 1992 - يىلى ساۋەن ناھىيىسى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقىنىڭ بىرى» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

لى زۇڭخاڭ ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بەيشۈي ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ 4 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ جىڭلىسى. 1988 - يىلى ئۇ 4 - ترانسپورت شىركىتىنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، قەرز پۇل ئېلىش ۋە پۇل ئارىيەت [illegible] ئارقىلىق ئاپتوموبىل ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىدى، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئەلا مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن



بىللە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، بەش يىلدا مەبلەغ توپلاپ يەتتە بىنا سېلىپ، 400 ئائىلىدىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىنى يېڭى بىناغا ئورۇنلاشتۇردى. شىركەت بويىچە 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى تۆت يېرىم دەرىجىدىن ئۆستۈردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 280 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. ئۇ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 دىن ئارتۇق تىجارەت ئورنى قۇرۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 1000 دىن ئارتۇق ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1992 - يىلى جۇڭگو - ئۆزبېكىستان خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى دۆلەت ھالقىغان ئاپتوموبىل ترانسپورت كارخانىسى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلدىن 1991- يىلغىچە شىركەت بويىچە يارىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 156 مىليون يۈەنگە، يارىتقان پايدىسى 13 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 5 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تۇراقلىق مۈلۈك ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىلگىرىكى 30 مىليون يۈەندىن 72 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇ1. قارارلىق ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ھەر يىل سەككىز ئاي بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ بولدى. ئۇ بەش قېتىم شىركەت بويىچە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تەنگە ئېلىندى؛ 1990 - يىلى «مەملىكەت بويىچە ئەقلىغا مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام ئالدى؛ 1992 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە «مۇنەۋۋەر تېخنىكا خادىمى» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

ئەركىن ئەخەت شىنجاڭنىڭ قاراماي شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى،



شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 2 - قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، 40 تىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك قۇرۇلۇش تۈرىگە قاتناشتى، ئېلىپ بارغان قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى. 1985 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە تۆت قېتىم ئىدارە دەرىجىلىك ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار

شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1992 ـ يىلى قاراماي شەھىرى بويىچە ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۆلكىسى بولۇپ باھالاندى. 1990 ـ، 1991 ـ يىللىرى شەھەر ـ ئىدارە دەرىجىلىك ئەمگەك مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1991 ـ يىلى شەھەر ـ ئىدارە دەرىجىلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى بولۇپ باھالاندى؛ 1990 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە ئۈچ قېتىم شەھەر ـ ئىدارە دەرىجىلىك مەسىلەتلەر ئىنتىزاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىشلەپچىقىرىش ماھىرى» دەپ نام بەردى.

رازاق رەۋەيدۇل شىنجاڭنىڭ توقسۇن ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى،



توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىسى بىرلەشمە كۆمۈر كېنىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1987 ـ يىلى كان باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كاننى تۈزەشنىڭ مۇنداق بىر يۈرۈش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى: بىرىنچى، سۈپەت باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش؛ ئىككىنچى، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ ئۈچىنچى، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەپ، يۈرەكلىك ھالدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، كۆمۈرنى قېزىپ يىغىۋېلىش نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 17% تىن 58% كە يەتكۈزۈش؛ تۆتىنچى، سېتىش بازىرىنى كېڭەيتىش؛ بەشىنچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش. 1992 ـ يىلى كۆمۈركاننىڭ يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 175 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1987 ـ يىلدىكىنىڭ بەش ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1987 ـ يىلدىكىنىڭ 16 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ تۇراقلىق مۈلۈك 1 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1987 ـ يىلدىكىنىڭ 3.8 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى. 1990 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا 1 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 154 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە ئۇ ئۇدا ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولۇپ باھالاندى؛ 1985 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە كۆپ قېتىم ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولۇپ باھالاندى؛ 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈرچىلىك نازارىتى ئۇنىڭغا «ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى؛ 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ئۇنىڭغا «ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى. 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

ساۋلىجىن ئەر، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ لۇجياڭ ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش



شىركىتىنىڭ جىڭلىسى. ئۇ 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە پاراتقان پايدا ۋە باج 24 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدا 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 6 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1991 ـ يىلى شىركەت ياراتقان پايدا 5 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، 1992 ـ يىلى ياراتقان پايدا ۋە باج 13 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 10 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ماددىي ئەشيالار سىستېمىسى بويىچە پايدا يارىتىشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە پايدا ۋە باج يارىتىشتىكى چوڭ كارخانىغا ئايلاندى. شىركەتتىكى تىجارەتچى خادىملار ياراتقان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدا 85 مىڭ يۈەنگە، مەبلەغدىن پايدا ۋە باج يارىتىش نىسبىتى 31.82% كە، مەبلەغ ئوبوروت قېتىم سانى 7.79 قېتىمغا يېتىپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ماددىي ئەشيا كەسپى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى. 1990ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كارخانىچى» دەپ نام ئالدى، 1992 ـ يىلى «بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ ئۆلگىسى» دەپ نام ئالدى. 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

سۇخەيچۈەن ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فۇجېڭ ناھىيىسىدىن، ج ك پ



ئەزاسى، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ «كوممۇنىستلار — بىر پارچە خىشقا ئوخشاش، پارتىيە ئۇنى نەگىلا قويسا بولۇۋېرىدۇ» دېگەن پوزىتسىيە بىلەن شەرقىي شىمالدىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى سىستېمىسىدىن شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ جۇڭگو ئېنېرگىيىگە مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىن 50 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىللە ئېلېكتر قۇۋۋىتى تورى قۇرۇپ، شىنجاڭدىكى توك يوق ناھىيىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى پىلانلىدى. ئۇ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ئېلېكتر ئىدارىسى قۇرۇپ، توكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئوتتۇرا ھالقىلارنى بىكار قىلىپ، يېزىلاردىكى توك باھاسىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق بېكىتتى؛ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 2400 كىلوۋاتلىق شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى ھەمدە دۆلەت سىرتىدىن يۇمشاق دېتال پاتېنت تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، شامال كۈچى توك گېنېراتورىنى دۆلىتىمىزدە ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە «خۇڭيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئالاتاۋ ئېغىزى توك يوللاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش باشلىدى ۋە ئۇلارنى پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. ئۇ 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە كېيىنكى ئون يىللىق پىلاندىكى خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ھازىرغا قەدەر نۇقتىلىق توختاۋسىز قۇرۇلۇشنىڭ قوماندانلىق شتابىدا خىزمەتلەر قانات يېيىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىدارە ئورگىنىدىكى 338 خادىمنى 127 گە قىسقارتىپ، بىر قىسىم خادىملار ئارقىلىق ئەمەلىي كەۋدىلەرنى تولۇقلىدى. 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىلغان توك مىقدارى 8 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1992 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى؛ كۆپەيتىلگەن گېنېراتور سىغىمچانلىقى 310 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. 36 مىڭ 860 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر ئىقتىساد قىلىندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

جى دېخۇڭ ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خەيئەن ناھىيىسىدىن، ج ك پ



ئەزاسى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول ۋاقىتلىق باشقارمىسى كورلا تۇرمۇش ئۇچاستكىسىنىڭ مۇدىرى. ئۇ 1987 - يىل 7 - ئايدا «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» دەپ ئاتالغان كونا چىگىش ئورۇن بالغۇنتاي يۈرۈشلۈك ياتاق بىناسىنىڭ مۇدىرى بولدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق بىر يۈرۈش تۈزۈم چارىسىنى تېپىپ چىقتى: بىرىنچى، ياتاق بىناسىدىكى ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت ئۆلچىمى ۋە خىزمەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياتاق بىناسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تەدرىجىي ھالدا تەرتىپكە چۈشۈش، ئۆلچەملىشىش، مۇنتىزىملىشىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئىزىغا سالدى؛ ئىككىنچى، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش ۋە ئىز قوغلاپ تەربىيىلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى؛ ئۈچىنچى، مۇكاپاتلاش - جازالاشتا قاتتىق تۈزۈم ئورنىتىپ، مۇكاپاتلاش - جازالاشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى؛ تۆتىنچى، قاتتىق ئەمگەك ئىنتىزامى ئورنىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى؛ بەشىنچى، ياتاق بىناسىنى «ئورتاق باشقۇرۇش، ئورتاق قۇرۇش» تۈزۈمىنى ئورناتتى؛ ئالتىنچى، سىياسىي ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. بىر نەچچە يىللىق خىزمەت ئارقىلىق، بالغۇنتاي يۈرۈشلۈك ياتاق بىناسى ئىدارە بويىچە ۋە تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ قالدى. 1989 - يىلى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بۇ ئورۇنغا «مەدەنىيەتلىك ياتاق بىناسى» دەپ نام بەردى. ئۇ 1991 - يىل 4 - ئايدا مەملىكەتلىك تۆمۈر يول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «پاراۋۇز لوڭقىسى» غا ئېرىشتى؛ 1991 - يىل 11 - ئايدا تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ تۇرمۇش سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ ئۆلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزى 1987 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە كۆپ قېتىم ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە «ئىلغار باشقۇرغۇچىلار ئۆلگىسى» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر

خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

سوۋلياڭ ئەر، خوتەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭتەن ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ تاشلىق، ياغلىق تارىلغۇتا يۆتكەش پونكىتىنىڭ پارتكوم



شۇجىسى، قوشۇمچە پونكىت باشلىقى. 1986 - يىلى ئۇ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش، پرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت «تۆتكە ئەھمىيەت بېرىش، بىرگە ئېتىبار بېرىش» ئىدىيىۋى مىزانىنى ئىجادىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سالدى. خىزمەت جەريانىدا ئۇ كونا قائىدىلەرنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلىپ، كارخانىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى؛ ئادەم ئىشلىتىشتە قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشلەتتى؛ كەسپىي جەھەتتە پەن - تېخنىكىنى تەتبىق قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ تۇرمۇش جەھەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى باشتىن ئاياغ 1 - ئورۇنغا قويۇپ، ئاممىنىڭ دەرت - ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1992 - يىلى پونكىت بويىچە توراقلىق مۈلۈك 1986 - يىلدىكى 11 مىليون 40 مىڭ يۈەندىن 75 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئامبار سىغىمچانلىقى 1989 - يىلدىكى 50 مىليون كىلوگرامدىن 150 مىليون كىلوگرامغا؛ پايدا 1986 - يىلدىكى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدا 1986 - يىلدىكى 7300 يۈەندىن 17 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پونكىت ئاپتونوم رايونلۇق تاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق ئون كارخانا ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە «تاشلىق، ياغلىق بىخەتەر ساقلاش باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن»، ئاپتونوم رايون بويىچە «يۇقىرى ئۆلچەملىك تۆتتىن خالىي تاشلىق ئامبىرى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. ئۇ، 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشلىق ئىدارىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1991 - يىلى تاشلىق ئىدارىسى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

فەن شېڭگاۋ ئەر، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يۈكچۈەن شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ ئاقسۇ تاشيول باش



ئۇچاستكىسىدا ئەترەت باشلىقى. 1990 - يىلدىن بۇيان، ئۇ 300 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن يول ياساش ئەترىتىنى باشلاپ، تارىم نېفىتلىكىگە ئاتلىنىپ، دۆلەت بىر يۈرۈش مەبلەغ سالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزگىچە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 47 مىليون يۈەندىن كۆپرەك يول ياساش قۇرۇلۇش مىقدارىنى تاماملىدى، يۇقىرىغا 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پايدا ۋە باج، 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پايدا تاپشۇردى. بۇ ئەترەت جەمئىي 450 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا تاشيول ياسىدى، 47 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزدى، 300 كۆۋرۈك - سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسىدى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ئۇ ماشىنا مەشغۇلاتى ۋە رېمونتچىلىق قاتارلىق مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە 70 تىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ 1990 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئاقسۇ تاشيول باش ئۇچاستكىسى بويىچە ئۇدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1991 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قاتناش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى بويىچە خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

ئالتۇنگۈل شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق 1 - فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى. 1981 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، كۆپ قېتىملىق مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئۆلچەپ - بېكىتىشتە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ كەلدى. ئۇ ئائىلە

قېتىم فابرىكا بويىچە «مەشغۇلات ئۈلگىسى» بولۇپ باھالاندى؛ ئىككى قېتىم ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىكو رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى؛ 1987 ـ يىلى ئاپتونوم



رايونلۇق توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىشلەپچىقىرىش ماھىرى» دەپ نام بەردى.

**ياسىن ئابدۇللا** شىنجاڭنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى،



يوپۇرغا ناھىيىسى ئاچچىق يېزىسى 9 ـ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى. ئۇ 1959 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيىسىدە شارائىتى جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولغان ئاچچىق يېزىسىنىڭ 8 ـ، 10 ـ، 14 ـ، 12 ـ، 9 ـ كەنتلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. ئۇ يەنە تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارغا بىلىم بېرىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈمچان بولدى، ئون يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆز ئىش ھەققىدىن جەمئىي 2400 يۈەن سەرپ قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم ـ كېچەك، ئوقۇش بۇيۇملىرى ئېلىپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىكى خىراجەت يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 12 مو بوز يەر ئېچىپ دەل ـ دەرەخ تىكىپ، ئوت ـ چۆپ تېرىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى، بۇنىڭدىن 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. ئۇ ئوقۇتقان سىنىپلارنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قاتتىق سىناپ كۆرگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئۇ 1988 ـ، 1989 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى؛ 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى؛ 1991 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى ھەمدە «خەلق ئوقۇتقۇچىسى مېدالى» غا ئېرىشتى. ئۇ 1992 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوقۇتۇشتا ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ باھالاندى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىپ، مائارىپقا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار شەخسلەردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ، دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتناشتى. 1993 ـ يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خادىمى» دەپ نام بەردى.

**مەھەممەت تۇرسۇن** شىنجاڭنىڭ خوتەن شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى،



خوتەن پەيزاۋات سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى. ئۇ 1976 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ سۇ ئىشلىرى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېلېكتر ئىستانسىسىغىچە بولغان ئارىلىقى توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولغان ئۆستەڭ بېشىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ خىزمەتكە كىرىشكەندىن بۇيان، مەيلى كەلكۈن مەزگىلى بولسۇن، ياكى قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدە بولسۇن، سۇ مىقدارىنى مۇۋاپىق، توغرا ئېقىتىپ، ئېلېكتر گېنېراتورلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەريا سۈيى جىددىي ئۆرلەپ، توسمىنى يار ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇ كېسەل بولۇشىغا قارىماي، دەرياغا سەكرەپ سۇنى توسىدۇ. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

ئاكتىپ قوشقايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز - ھەرىكەتلەر سېزىلگەن ھامان قەتئىي چەكلەيدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ يەتتە قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالاندى، جەمئىي 11 قېتىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى شىركىتى بويىچە «ئىلغار شەخس» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كەسىپ ماھىرى» دەپ نام بەردى.

شى يىڭ ئەر، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ فېڭچېڭ ناھىيىسىدىن. ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتىنىڭ پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي



ئىنژېنېرى. ئۇ كۆپ يىللىق تىرىشچانلىق ۋە تەكرار ئىزدىنىش ئارقىلىق لىتىيلىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە لىتىيلىق تۇز ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، جۇڭگونىڭ لىتىيلىق تۇز ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۆزىمىزگە خاس يولنى تېپىپ چىقتى. بىرىنچىدىن، پارچىلاش ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىلىتسىي (IV) ئوكسىدى، ئالیۇمىن (IV) ئوكسىدى، كالتسىي ئوكسىدلىرىنىڭ فازا سخېمىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن لىتىيلىق پىروكسېن، ھاك تېشىنى كۆيدۈرۈپ بىرىكتۈرۈش نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، لىتىي گىدروكسىدلىق مەھسۇلاتلار تەركىبىدە ئارىلاش ماددىلار بولغانلىق سەۋەبىدىن ناترىي، كالىيلىق تەركىبى يۇقىرى بولغان لىتىي گىدروكسىدلارنى ياساش نەزەرىيىسى بىلەن ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلدى، يىرىك مەھسۇلاتلارنى يۇيۇش ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن نەزەرىيىسىنى، ئانا سۇيۇقلۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى - قويۇقلۇقى بىلەن ئېقىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى، مەركەزدىن قاچۇرۇپ فىلتىرلەش بىلەن تىندۇرۇپ يۇيۇشنى ھېسابلاش نەزەرىيىسى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. تىندۇرۇلغان لىتىيلىق ئانا سۇيۇقلۇقنى ئايلاندۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتى دۇنيا بويىچە تۇنجى ئىجادىيەت. مېتاللارنىڭ قايتا يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 67% تىن 82% كە يەتتى، كۆپەيگەن ئۈنۈم يىلىغا 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە توغرا كەلدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ، لىتىيلىق چىرىمتالنى كالىي سۇلفاتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن لىتىيلىق تۇز مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۈنەر - سەنئەت تەجرىبىلىرىدە ھاكنىڭ قايتا يىغىۋېلىنىش نىسبىتىنى 60% - 65% تىن 85% كە يەتكۈزدى. 1990 - يىلى ئۇ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى» دەپ نام بەردى.

**بايموڭغۇل** ئەر، قازاق، شىنجاڭنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى. 1985 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن. سەككىز يىلدىن بۇيان ئۇ پەن - تېخنىكىدا ئۆلكە كۆرسەتمە ئائىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ تىكلەپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلىدى. 1988 - يىلى ئۇ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تۇرغۇن يېزىسىدا تىكلىگەن



11 ئۆلكە كۆرسەتمە ئائىلىسى يېزا ئىگىلىكنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى يېزا بويىچە كېڭەيتتى، شۇ يىلى يېزا بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، كۈندۈزى خىزمەتكە بارسا، كەچتە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ - رەتلەپ، دەرسلىك ماتېرىيال يېزىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىگىلىۋېلىش ھەمدە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ «ئالتاي پەن - تېخنىكىسى»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكىسى» ۋە «ئالتاي گېزىتى» دە ئېلان قىلدى ھەمدە «ئېتىزلىقلاردىكى ئوت - چۆپلەرنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا يوقىتىش» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، قازاق دېھقان ئائىلىلىرىنى دېھقانچىلىق تېخنىكا قوللانمىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ ئالتاي شەھىرى خۇاڭدۇڭ يېزىسىنىڭ سارقامىس كەنتىدە

ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئارقىلىق، بۇ كەنتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 1991 - يىلدىكى 400 مىڭ كىلوگرامدىن بىردىنلا ئاشۇرۇپ، 1992 - يىلىغا كەلگەندە 700 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈش بىلەن تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى. 1986 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى؛ 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى» دەپ نام بەردى.

**لۇشىيىڭ** ئەر، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەنگو ناھىيىسىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى. ئۇ 1988 - يىلى شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ باش جىڭلىسى بولغاندىن



بۇيانقى بەش يىلدا ئىككى قارارلىق تىجارەت ھۆددىگەرلىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېز ئاشۇردى، 1992 - يىلى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمنى 539 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بەش يىلدا ئىككىدىن ئارتۇقراق قاتلاش بىلەن بۇ كارخانىنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور بولغان 100 ماددىي ئەشيا كارخانىسى قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ كارخانا بەش يىلدا دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا ۋە باج جەمئىي 52 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تىجارەتنى ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىلگىرىكى 24 يىلدا دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان پايدا ۋە باج ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ 3.9 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى؛ 1992 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6765 يۈەنگە يېتىپ، بەش يىلدا ئىككى يېرىم ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ئۇ دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش خىزمىتىگە ئېتىبار بەردى. شىركەت «تەڭرىتاغ» رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۇلارغا «پاك - دىيانەتلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

**ياڭ زىچۈن** ئەر، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ لياۋيۈەن شەھىرىدىن، ج ك پ ئەزاسى، شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش -



قاچىلاش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1987 - يىلى زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن بۇيان تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانىغا يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. 1988 - يىلى زاۋۇت 3 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، قوش كۆپتۈرمىلىك قەغەز ساندۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كۆپتۈرمە قەغەز ساندۇق ئىشلەپچىقىرالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. ئۇ سەرخىللاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامىنى كۈچەيتتى، كادىرلار قوشۇنىدا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، زاۋۇتنى قاتتىق ئىدارە قىلدى، مۇكاپات - جازانى ئېنىق ئايرىدى. ئۇ زاۋۇتتا يەنە بالىلار يەسلىسى، مۇنچا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت سورۇنى قاتارلىق پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرىنى قۇردى. بەش يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10.83 ھەسسە، پايدا 15.46 ھەسسە، تۇراقلىق مۈلۈك 4.96 ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا يارىتىلغان ئوتتۇرىچە پايدا ۋە باج 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. ئۇ 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئوراش - قاچىلاش شىركەتلىرى سىستېمىسى بويىچە «خىزمەت ئىلغارى» دەپ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە - سودا سىستېمىسى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس» دەپ نام ئالدى؛ 1990 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ئۇدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا سىستېمىسى بويىچە خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالاندى؛ 1991 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئاكتىپى» دەپ نام ئالدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئېگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

**ماشۆرېن** ئەر، خۇيزۇ، شىنجاڭنىڭ فۇكاڭ شەھىرىدىن، قۇتۇبى ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى. ئۇ 1984 - يىلى جىڭلى بولغاندىن بۇيان، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، سەرخىللاشتۇرۇش رىقابەت مېخانىزمىنى كارخانىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىغا كىرگۈزۈپ،

كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تەدرىجىي



ئەسلىگە كەلتۈردى. 1992 - يىلى شىركەتنىڭ سېتىش سوممىسى 9 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 301% ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈك 2 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 500% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 34 مىليون 850 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 178% ئاشتى. 1987 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان ھۆددىگە ئېلىش مەزگىلىدە ئۇ جەمئىي 48 مىليون يۈەنلىك سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىكىدىن 37% ئاشۇردى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدىنى 55 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىكىدىن 56.5% ئاشۇردى، پايدىنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ھۆددىگە ئېلىش توختامىدىكىدىن 73% ئاشۇردى. ئۇ كارخانىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىش ئورنىدا تەربىيىلىدى؛ مۇلازىمەت سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مالنى خېرىدارلارنىڭ ئىشىكىگىچە ئاپىرىپ بېرىشنى يولغا قويدى. 1988 - يىلى قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر كارخانىچى» دەپ نام بەردى، ئۇ، سانجى ئوبلاستى بويىچە تىببىي دورا سىستېمىسىدىكى خىزمەت ئىلغارى بولۇپ باھالاندى؛ 1988 - يىلى ئۇ «كەسپىي كارخانا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تىببىي دورىگەرلىك تومىغا كىرگۈزۈلدى. 1993 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دەپ نام بەردى.

# ئىنقىلابىي قۇربانلار

**ئىسمايىل مۆمىن** شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، 1952 - يىلى تۇغۇلغان، 1989 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي ۋوگزال پەيچۇسوسى ئۇنى ئامانلىق قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە خادىملىقىغا تەكلىپ قىلغان. 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەردە، ئىسمايىل مۆمىن جەنۇبىي ۋوگزالدىكى شىمالىي كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋېتىپ لۈكچەكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى توسقاندا، قارا نىيەتلەر ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

**يۈگويىگو** ئەر، شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن، 1970 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ 1989 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي ۋوگزال پەيچۇسوسى تەرىپىدىن ئامانلىق قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە خادىملىقىغا تەكلىپ



قىلىنغان. 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەردە يۈگويىگو چارلاش ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقاندا، قارانىيەتلەر ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

**جياڭ فۇرۇ** ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىشۈي ناھىيىسىدىن، 1941 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، 1959 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» پولات زاۋۇتى كالتىسىي كاربىدلىق تۆمۈر بىرىكمىسى شۆبە زاۋۇتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. 1991 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سەھەردە جياڭ فۇرۇ كېچىلىك نۆۋەتلىك قىلىۋاتقاندا، زاۋۇت مالىيە بۆلۈمىنىڭ بىخەتەر ئىشكابىنى ئوغرىلاۋاتقان ئىككى جىنايەتچى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

**چېن دىڭئەن** ئەر، شاڭخەي شەھىرىدىن، 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 -كۈنى تۇغۇلغان، 1963 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش باشقارمىسى 3 - تارماق

ئەترىتى باشقۇرۇش ـ تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى، 1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چېن دىڭشەن ۋەزىپە



ئىجرا قىلىۋاتقاندا تۇرمىدىكى جىنايەتچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

شى شىنگو ئەر، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن، 1968 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى 150 ـ تۇەن ـ مەيدانى سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش 2 ـ لىيەنىنىڭ ئامانلىق قوغداش ساقچىسى ئىدى. 1991 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچتە، قوراللىق قارا نىيەتلەر




بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

لى خۇيمىڭ ئەر، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شۇيشەن ناھىيىسىدىن، 1960 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1976 ـ يىل



3 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 ـ شىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش 4 ـ تارماق ئەترىتىنىڭ 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى 3 ـ رايونلۇق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەھەردە، لى خۇيمىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ ھالدا تۇرمىدىن قېچىش قىلمىشىنى توسۇغاندا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

لى چۈن ئەر، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنخۇا ناھىيىسىدىن، 1967 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1984 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك



1 ـ شىسى 10 ـ تۇەن ـ مەيدانى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىنىڭ تراكتور شوپۇرى ئىدى. 1991 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى چۈن قاچقان جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

ۋاڭجيې مافا ئەر، موڭغۇل، شىنجاڭنىڭ تېكەس ناھىيىسىدىن، 1962 ـ



يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا تېكەس ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى ئىدى. ئۇ 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قوراللىق قاتىلنى قورشاپ تۇتۇش كۆرىشىدە باتۇرلارچە قۇربان بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

لى خەنچياڭ ئەر، خۇيزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ باۋجى شەھىرىدىن، 1974 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1991 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ 3 ـ ئۇچاستكىسىدىكى زىيالىي ياشلار رېمونتخانىسىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. ئۇ 1992 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لۈكچەكلەرنىڭ ماجىراسىنى چەكلەش داۋامىدا قۇربان بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلىدى.

ما پىڭشى

# ۋاپات بولغان شەخسلەر

**يەن زېمىن** (1920 — 1993)، ئەر، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ياڭگۇ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1939-يىل 1-ئايدا



ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1940-يىل 6-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، تەشۋىقات خادىمى، خادىم، سىياسىي يېتەكچى، يېڭنىڭ سىياسىي رەھبىرى، شى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، سىياسىي كومىسسارى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئىشخانىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ 2-سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ شىزىخې، ياڭمياۋ، شىخەنزە، خېڭشەن، چىڭخۇابيەن، سەنبيەن، يۈلىن، چاڭجۇ، لىنبى، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇ 1955-يىلى «مۇستەقىللىق-ئەركىنلىك» ئوردېنى ۋە «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1988-يىلى «مۇستەقىللىق تۆھپىكارى» شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن، 1990-يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ زىيۈن** (1924 — 1993)، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭداڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1938-يىل 4-ئايدا



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، شۇ يىلى 9-ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، شىفىر تەرجىمانى، بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇستەقىل شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىخەنزە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ سۇيىيۈەن، شىجياجۇاڭ، شىمەن ئۇرۇشى، نىڭشيانى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ 1955-يىلى 3-دەرىجىلىك «مۇستەقىللىق-ئەركىنلىك» ئوردېنى ۋە 3-دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1981-يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، ئۇ 1993-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى كېسەل بىلەن شىئەندە ۋاپات بولدى.

**شى يىڭچۈەن** (1924 — 1993)، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياۋيى ناھىيىسىدىن. ئۇ 1939-يىل 7-ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1943-يىل 4-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، ئۆلچەش-



سىزىش خادىمى، شتاب ئوفىتسېرى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، شىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭ، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى مەشىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ شى دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى تەتقىقاتچىسى بولغان. ئۇ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغداش ئۇرۇشى ۋە غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1984-يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**فېي جيەن** (1915 — 1993)، ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇجىن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1933-يىلى شاڭخەي جېڭفېڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، 1937-يىلى دۇڭجىڭدىكى ياپونىيە داشۆسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، سابىق

گومىنداڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 7 - شۆبە مەكتىپىدە ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ




گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ 42 - شىدا شاۋجياڭ دەرىجىلىك شتاب ئوفىتسېرى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئالاقىلىشىش باشقارمىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى، چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇق ئورنىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1976 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، 1983 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا كىرگەن، 1984 - يىلى ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئاقسۇدا ۋاپات بولدى.

**پەن فۇلىيەن** (1909 — 1993) ، ئەر، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ليۇياڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1927 - يىلى خۇنەن دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان، 1929 - يىلى جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، خەۋەرلىشىش بەنىنىڭ بەنجاڭى، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، سىياسىي ياردەمچى، دادۈيجاڭ، شۆبە



ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، شىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىدە مۇئاۋىن دادۈيجاڭ، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىناكارلىق 1 - شىسى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، فۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 222 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1976 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن فۇكاڭدا ۋاپات بولدى.

**چېن شى** (1916 — 1993) ، ئەر، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيئەن شەھىرىدىن. ئۇ 1938 - يىل 4 - ئايدا



8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1940 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە لۈدە بۆلۈمچە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش شۆبە ئەترىتى جەڭ قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەربىي رايونى جەڭ قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەنجىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تۇەنجاڭ، كالوننا مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جۈن قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە جيۇچۈەن - ئۈرۈمچى ترانسپورت لىنىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ يۈنچېڭ، چىڭخۇابيەن، ياڭماخې، پەنلۇڭ، شاجيادىيەن، ۋازىجيې، يىچۈەن، لىنبې، يۈڭفېڭ، فۇمېي ئۇرۇشى قاتارلىق مەشھۇر ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئازادلىقتىن كېيىن جيۇچۈەن - ئۈرۈمچى ترانسپورت قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇۋەققەت سىلىڭى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، بىڭتۇەنىنىڭ شتاب باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە خەيخې دەرياسى سۇ

ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سىلىڭى، بىڭتۇەن مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان، 1987 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

لىن خېيچىڭ (1913 — 1993) ، ئەر، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ پىڭجياڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1928 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1930 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1932 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، كۇرسانت، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۈەنجاڭ، شۆبە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ خۇنەن، جياڭشى بازىلىرىدىكى 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشقا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا، لۇڭگاڭ ئۇرۇشىغا ۋە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە ھەمدە 100 تۈەن ئۇرۇشى، شاجيايەن، لىنبى، ۋازىجيې، شىفۇ، يۇڭفېڭ، فۇمبى ئۇرۇشى قاتارلىق زور ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 22 - بىڭتۇەن تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش 10 - شىسىنىڭ شىجاڭى، پارتكوم شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ شىجاڭى، پارتكوم شۇجىسى، قوشۇمچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانى، پارتكوم شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى، مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەت سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۇ 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

پېڭ باڭجى (1908 — 1993) ، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مېيەنياڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 7 - قارارىنى پۈتتۈرگەن،



گومىنداڭ ھەربىي قىسىمدا پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، جۇڭشياۋ دەرىجىلىك يىڭجاڭ، شاۋجياڭ دەرىجىلىك تۈەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە كىرگەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كۆتۈرۈلۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئارقا سەپ بۆلۈمى ترانسپورت بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يەنجى ترانسپورت باش پونكىتىنىڭ باشلىقى، شىخەنزە شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن شىخەنزىدە ۋاپات بولدى.

فاڭ گۇەنلىيەن (1919 — 1993) ، ئەر، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىبو شەھىرىدىن. ئۇ 1937 - يىل 10 - ئايدا



ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈم باشلىقى، تۈەننىڭ شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تۈەنجاڭ، پىيادە ئەسكەرلەر 28 - جۈن توپچى قىسىملار قوماندانلىق شتابىنىڭ زېنىت توپچىلار مۇدىرى. مۇئاۋىن سىلىڭى، قوشۇمچە شتاب باشلىقى، ئازادلىق ئارمىيە خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش مەكتىپى مەشق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بۆلۈم پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1966 - يىل 6 -

ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، شىجاڭى، شى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئالتايدا ۋاپات بولدى.

**مەمتىمىن ھۇسەيىن** (1929 — 1993)، شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىن. ئۇ 1950 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، لوپنۇر ناھىيىسى 1 - رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى،



لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، كورلا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق كۆمۈر كانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى، كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش بايىنغولىن ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى جىيايۇ** (1923 — 1993)، ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭجيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1942 - يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، شۇ يىلى



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، مىچۈەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى، تۇرپان مەركىزىي ناھىيە پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 -، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛ ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گۇڭ شىڭيى** (1914 — 1993)، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭمېن شەھىرىدىن. ئۇ 1929 - يىل 11 - ئايدا



قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان. 1935 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ، پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تۇەننىڭ شتاب باشلىقى، تۇەنجاڭ، شىجاڭ، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن بىڭتۈەن دەرىجىلىك ۋەزىپىسىدىكى مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1 - قېتىملىقتىن 5 - قېتىملىققىچە بولغان «قورشاپ يوقىتىشقا» قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە، يەنمېنگۇەندىكى پىستىرما جېڭىگە، تازىلاشقا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا، 100 تۈەن ئۇرۇشىغا، يەنئەننى قوغداش، شىئەننى قوغداش، لەنجۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ۋە جەنۇبىي گەنسۇ، جەنۇبىي چىڭخەي، شىمالىي سىچۈەن رايونلىرىدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، 1955 - يىلى 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك «مۇستەقىللىق -

ئەركىنلىك» ئوردېنى ۋە 2 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىغا، 1988 - يىلى 1 - دەرىجىلىك «قىزىل يۇلتۇز» تۆھپىكارلار شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن، 1988 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

لىيۇ ۋېيشىن (1921 — 1993) ، ئەر، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فېڭلەي شەھىرىدىن. ئۇ 1938 - يىل 9 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەندۇڭ ئۆلكىسى خۇاڭشيەن ناھىيىسى 1 - شۆبە رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئوتتۇرا جۇڭگو داشۆسى مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى پارتىيە قۇرۇلۇشى كافېدراسىنىڭ لېكتورى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ «1 -



ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئۇ 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يەنتەي شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**خې تويۇەن** (1918 — 1993) ، ئەر، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يۇڭشىن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1932 - يىل 2 - ئايدا



قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1934 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، پەيجاڭ، شىنىڭ مەخسۇس خادىمى، رازۋېد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، جۈن قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، ج خ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇستەقىل شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىك، جۈن دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 - قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» قا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ۋە يەنئەننى قوغداش، سەنشىنىڭ غەربىي - شىمالىنى ئازاد قىلىش، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇش ۋە جەڭلىرىگە قاتناشقان، 1955 - يىلى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنىغا، 3 - دەرىجىلىك «مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك» ئوردېنىغا ۋە 2 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1988 - يىل 2 - دەرىجىلىك «قىزىل يۇلتۇز» تۆھپىكارلار شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن، 1981 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ئابدۇۋايىت ھەسەن** (1928 — 1993) . شىنجاڭنىڭ پەيزاۋات ناھىيە-سىدىن. ئۇ 1945. يىل 9 - ئايدا مىللىي



ئارمىيىگە قاتناشقان. 1950 - يىل 2 - ئايدا بۇ قوشۇن بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە كىرگەن، 1962 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، كاتىپ، باشقۇرۇش پەيجاڭى، لىيەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، تۈەن رازۋېد بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى خوتەن چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى مىللەتلەر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1989 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، ئۇ 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گوگو** (1923 — 1993) ، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تۇنلىيۇ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1939 - يىل 9 - ئايدا

ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1939 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كىچىك ئەترەت باشلىقى، شۆبە ئەترەت باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي رەھبەر بۆلۈم باشلىقى، تۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى



سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى مەدەنىيەت بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ چوڭ تازىلاشلىرىغا قارشى تۇرۇشقا، 100 تۈەن ئۇرۇشى، يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشى، چىڭخۋابيەن، ياڭماخې، پەنلوڭ، شىنخۋاچى، يۈلىن، لوچۈەن ئۇرۇشلىرى ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، 1955 - يىلى «ئەركىنلىك» ئوردېنى ۋە 3 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1981 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى فۇجى** (1921 — 1993)، ئەر، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشىيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1940 - يىل 3 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1941 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 17 - شى قوشۇمچە كەسىپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي



ياردەمچىسى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ئۈرۈمچى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ سىياسىي ياردەمچىسى، «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەيداننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، مەيدان باشلىقى، شى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 102 - تۈەن (سابىق «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانى) نىڭ سىياسىي كومىسسارى، سانجى ئوبلاستلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ شتابى، مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ يۈلىن، ۋازىجيې ئۇرۇشلىرى ۋە شىشەن، لەنجۇ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرى ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، 1985 - يىل 8 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**يەن فاشياڭ** (1929 — 1993)، ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچۈەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1948 - يىل 4 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1946 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بوغالتىر، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى تەمىنات بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 31 - تارماق بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك



خىزمەتتىكى تەتقىقاتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ئازادلىق ئۇرۇشى، جەنۇبىي گەنسۇ، جەنۇبىي چىڭخەي رايونلىرىدىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشلىرى ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، 1988 - يىلى «غالىبىيەت تۆھپىكارى» شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن، 1988 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**نىغمەت مىڭجانى** (1922 — 1993)، قازاق، شىنجاڭنىڭ تولى ناھىيىسىدىن. ئۇ 1949 - يىلى ئىنقىلابقا



قاتناشقان، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 -

نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، قازاق مىللىتىنىڭ داڭلىق تىلشۇناسى، تارىخچىسى، ئەدىبى بولغان. ئۇ «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق ئەجەرىسى»، «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ياكى تۈزۈشكە باشچىلىق قىلغان. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇساتتىن يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ۋاپات بولدى.

**ياسىن ناسىر** (1934—1993)،



شىنجاڭنىڭ كورلا شەھىرىدىن. ئۇ 1953 - يىل 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1955 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، يەنجى ناھىيىسىدە رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشۋىقات، ياشلار ۋە تەشكىلات خادىمى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى، گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مۇئاۋىن يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى؛ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئوبلاستلىق ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. ئۇ 1993 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**خەن يىڭلۇ** (1923 — 1993)،
ئەر، خېبەي ئۆلكىسىنىڭ خوجيا ناھىيىسىدىن. ئۇ 1938 - يىل 7 - ئايدا



ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1939 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ لياۋنىڭ - شېنياڭ ئۇرۇشى، بېيپىڭ - تيەنجىن ئۇرۇشى، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى، خېيباۋ ئۇرۇشى ۋە گۇاڭشىدا باندىت تازىلاش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇش ۋە جەڭلەرگە قاتناشقان، 1955 - يىلى 3 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنىغا، 1988 - يىلى «مۇستەقىللىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1980 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن لوياڭدا ۋاپات بولدى.

**ياڭ گۇەنچۈن** (1929 — 1993)،



ئەر، بېيجىڭ شەھىرىدىن. ئۇ تيەنجىندىكى دۆلەتلىك نەنكەي داشۆسىنىڭ سودا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1952 - يىلى تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان، 1954 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى پىلان بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ 1 - سودا نازارىتى پىلان بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پىلان ستاتىستىكا باشقارمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە ئىشخانىسى سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سودا نازارىتى پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**قالى تۇراشوۋ** (1929 — 1993)،
ئەر، قازاق، شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي

ناھىيىسىدىن. ئۇ 1947 - يىلى 3 - ئايدا



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1956 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، بەنجاڭ، ليەنزاڭ مۇئاۋىن سىياسىي رەھبىرى، سىياسىي رەھبىرى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۆگىنىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان؛ 1992 - يىلى 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گودې** (1905 — 1993) ، ئەر، خۇيزۇ، شىنجاڭنىڭ ماناس ناھىيىسىدىن. ئۇ پارتىيە - گۇرۇھسىز زات بولۇپ، 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا تۆھپە



قوشقان، ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، سانجى ئوبلاستلىق 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1978 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجىدا ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ شيەنۇېن** (1918 — 1993) ، ئەر، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىشەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1933 - يىلى 3 - ئايدا



جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى، كاتىپ، خەت ئالاقىچى، شىفىرتەرجىمانى بولغان، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شتاب ئوفىتسېرى، تۈەن تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە يىڭنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي رەھبىرى، تەشكىلات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي ياردەمچى، يىڭنىڭ سىياسىي كومىسسارى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان، غەربىي - شىمال ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ساپيورلار تۈەنى 2 - تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي خىزمەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 1978 - يىلى 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جيۇجياڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

ياڭ زۇخيۇ (1927 — 1993) ، ئەر، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭخې ناھىيىسىدىن. ئۇ 1945 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن شاڭخەي، بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) ، فۇجۇ، شياڭگاڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋۇخەن شەھەرلىك كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، بۆلۈم باشلىقى، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋۇخەن شەھەرلىك كومىتېتى زاۋۇتلار پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋۇخەن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەركىزىي تەكشۈرۈش بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەركىزىي پارتىيە

مەكتىپىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان. كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپى، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

ياڭ دۇڭجياۋ (1931 — 1993)، ئەر، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پېشيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1957 - يىل 8 - ئايدا غەربىي - شىمال تىببىي شۆيۈەنىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى بورتالا ئوبلاستلىق «خەلق» دوختۇرخانىسىدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغان، 1984 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ئارشاڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بورتالا ئوبلاستلىق دوختۇرخانا بالىلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ، مۇدىر ۋراچ، ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بورتالا ئوبلاستلىق شۆبە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

چېن يۇنلۇڭ (1926 — 1993)، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنشيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1946 - يىل 6 - ئايدا



ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1948 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، كاتىپ، خادىم، سوتچى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان، 1988 - يىلى «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

ئەن گويخۇەي (1918 — 1993)، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسىدىن. ئۇ 1937 - يىل 5 - ئايدا



ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، سەنشى ئۆلكىسى ۋۇتەي ناھىيىسى رايونلۇق قوراللىق كۈچلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، ۋۇتەي شۆبە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايوندا تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىچۈەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە باشقارما باشلىقى بولغان، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى ئالتاي كېنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، كۆكتوقاي كان باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ جىڭلىسى، شىنجاڭ مېتاللورگىيە ئىدارىسى 1 - كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى، ئېغىر سانائەت ئىدارىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مېتاللورگىيە ئىدارىسى يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مەسلىھەتچىسى، ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ئۆلچەم ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان، 1981 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

لىيۇشىڭ (1924 — 1993)، ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭجيەن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1935 - يىل 1 - ئايدا

ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1940 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، خىزمەتكار، مۇھاپىزەتچى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، بۆلۈم خادىمى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم



باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنى مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چاڭ جىپىڭ** (1922 — 1993)، ئەر، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭجۇ شەھىرىدىن. ئۇ 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان،



1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تېخنىكىسى، تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، باشقارما باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋېي دېشياڭ** (1913 — 1993)، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جيەنجياڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1930 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1933 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 4 -، 5 - قېتىملىق «قورشاپ



يوقىتىش» قا قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە ۋە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىدا جەڭچى، ئالاھىدە ۋەزىپىدار پەيىنىڭ پەيجاڭى، خەۋەرلىشىش لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى، تۈەن شتابىنىڭ ئاديۇتانتى، لۈ تەمىنات بۆلۈمىدە گورۇپپا باشلىقى، ھەربىي پونكىتىنىڭ باشلىقى، سىياسىي بۆلۈم خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بىڭتۈەن ئارقا سەپ بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1950 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى قومۇل ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ھەربىي رايون ترانسپورت بۆلۈمىدە سېتىۋېلىش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى 30 - تۈەن - مەيدانىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، 1957 - يىل 2 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 1 - شىغا يۆتكىلىپ «غالىبىيەت» 7 - مەيدانى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدا سىياسىي كومىسسار، قۇرۇلۇش تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان، 1971 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شاشى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**قۇنىياز** (1928 — 1993)، ئەر، قازاق، شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ يۇقىرى قاتلامدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر زات، 1952 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، گۇچۇڭ ناھىيىسى 6 - رايونىنىڭ باشلىقى، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، سانجى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق



ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سانجى ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇ 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجىدا ۋاپات بولدى.

**لى جىنخېي** (1912 — 1993)،

ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىبىن ناھىيىسىدىن. ئۇ 1935 - يىل 1 - ئايدا



قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ، شۇ يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، تارماق ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، تۇەننىڭ شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن لۈجاڭ، شتاب باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى «1 - ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى 1 - ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1980 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋۇجياچۈدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ جىلىيەن** (1919 — 1993)، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچېڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1933 - يىل 3 - ئايدا قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1936 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، بەنجاڭ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تۇەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ



مۇدىرى، تۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى، مۇئاۋىن شىجاڭ، دېڭىز ئارمىيە 1 - مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، دېڭىز ئارمىيە شۆبىۋەنى سەپ تۈزۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھەربىي قۇرۇلۇش شۆبىۋەنى مەكتەپ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ سىلىڭيۈەنى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ لاۋشەن، جىلو بازىرى، يۇلىن كۆۋرۈكى، پىڭشىڭگۈەن ئۇرۇشلىرىغا، 100 تۇەن ئۇرۇشى، خۇاڭتۇلىڭ جېڭى ۋە شىمالىي جۇڭگو، لەنجۇ، نىڭشيالارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرى ۋە جەڭلىرىگە قاتناشقان، 1988 - يىلى 2 - دەرىجىلىك «قىزىل يۇلتۇز» تۆھپىكارى شەرەپ مېدالىغا ئېرىشكەن، 1983 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

**دۇجەنبياۋ** (1913 — 1993)، ئەر، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىجى ناھىيىسىدىن. ئۇ 1933 - يىلى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1936 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىدا



بەنجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ بولغان، غەربىي - شىمالنى ئازاد قىلىدىغان چاغدا ئارمىيە بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن، كېيىن ئالماشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جىمسار ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، سانجى ئوبلاستلىق تاشقى سودا ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سانجى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1976 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجىدا ۋاپات بولدى.

**جاڭ شۆزۇ** (1917 — 1993)، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭچۈ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1941 - يىلى ئوتتۇرا



جۇڭگو داشۆسىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئامېرىكا كورنېل داشۆسىدە ئوقۇغان، ئازادلىقتىن ئىلگىرى باشتىن - ئاخىرىغىچە مائارىپ

ۋە كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ھەم تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئوقۇتقۇچىسى، تېخنىكا خادىمى، مۇئاۋىن تېخنىك بولغان. 1952 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىگە يۆتكىلىپ مەكتەپ پەن تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەكتەپ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇدىرى، مەكتەپ ئىلىم - پەن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، مەكتەپ ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-نىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى-نىڭ دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ھاشاراتشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «جۇڭگو ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، «ھاشارات بىلىملىرى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن شاڭخەيدە ۋاپات بولدى.

**لى جېڭشۈەن** (1918 — 1993)، ئەر، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شېنزې ناھىيىسىدىن، ئۇ 1936 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، تارماق ئەترەتتە ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، مائارىپ خادىمى، ئوقۇتقۇچى، ئەترەت باشلىقى، سىياسىي



رەھبەر، تۈەن پارتىيە باش ياچېيكىسى-نىڭ شۇجىسى، سىياسىي رەھبەر، سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، سىياسىي كومىسسار، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلار مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ 1 - شۇجىسى، مەكتەپنىڭ 1 - مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكوم شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 1 -، 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1988 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇ، 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ جۇڭچاڭ** (1936—1993)، ئەر، جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىدىن. ئۇ 1955 - يىل 6 - ئايدا



ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1962 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1956 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ كوپېراتىپ كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ پىلان - ستاتىستىكا خادىمى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ - ستاتىستىكا خادىمى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ پىلان - ستاتىستىكا خادىمى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسى-سى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى،

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ۋالىيى بولغان. ئۇ 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

تاڭ زۇنتەن (1902 — 1993)، ئەر، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ دايوڭ شەھىرىدىن. ئۇ 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن، 1989 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 3 -



جۇڭنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئارقا سەپ شۆبىسىنى قوماندانلىق فاكۇلتېتى تاكتىكا ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنى (شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خۇنەن ئۆلكىلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1980 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل بىلەن چاڭشا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

# مۇزارت ئېغىزى

مۇزارت ئېغىزى موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 109 كىلومېتر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستاننىڭ نارىنقول بازىرى بىلەن ئارىلىقى 4.5 كىلومېتر، قىرغىزىستان بىلەن ئارىلىقى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلانغاندا 90 كىلومېتر كېلىدۇ.

مۇزارت ئېغىزى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئېغىزى. بۇ يەر مۇھىتى گۈزەل، ساياھەت بايلىقى مول بولۇش بىلەن بىللە، يەر شەكلى تۈز، سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ياخشى بولغان ئىقتىسادىي - سودا پىلانلاش رايونى. دۆلەت يولى غۇلجا ئارقىلىق دۆلەت يولى «312» لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىپ، بىۋاسىتە قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتاغا بارىدۇ. نارىنقول بازىرىدا ئايرودروم بار بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ھاۋا ترانسپورت ئالاقىسى قىلىدۇ.

مۇزارت ئېغىزى — شىنجاڭنىڭ ماللارنى ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىش ۋە خادىملارنى چىقىرىش - كىرگۈزۈشتىكى يوللارنىڭ بىرى. ئېغىزنىڭ كۆلىمى 2.88 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ، پىلانلانغان يول شاھمات تاختىسى شەكلىدە بولۇپ، مەركىزىي يول بىۋاسىتە دۆلەت چېگرىسىدىكى يول بىلەن تۇتىشىدۇ، دۆلەت چېگرىسىدىكى يول ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، مەيدان شەكلىنى ئالغان. بۇ ئېغىزدا سودا مۇلازىمەت ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولۇپ، ئاممىۋى قۇرۇلۇش بىلەن ئېغىز باشقۇرۇش ئورگانلىرىدىن باشقا، يەنە سودا - سېتىق بازىرى، كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش - كېڭەشىش بازىرى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بازىرى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى، مېھمانخانا، چېگرا ئاھالىسى سودا بازىرى، تىرىك چارۋا مال سودا بازىرى قاتارلىقلار بار. چېگرا ئاھالىسى سودا بازىرىدا 3500 يايما ئورنى بار. مال يەتكۈزۈپ بېرىش مەيدانى پىلان بويىچە پۈتكەندىن كېيىن، يىللىق مال كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى 800 مىڭ توننىدىن 1 مىليون تونناغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئېغىزدا يەنە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان 1000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلماقچى.

# «شىنجاڭ يىلنامىسى (1994)» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: غوجائەخمەت يۇنۇس

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: جەمىلە ئابلا، ئەخمەت روزى

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى:

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇرۇسۇل ياقۇپ، ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابدۇۋەلى ئەلى، ئابلىز ئورخۇن، ئابلىمىت ئابدۇراخمان، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت راخمان، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىنهاجى، تۇرسۇنئاي دۆلەت، جەمىلە ئابلا، سىدىق ئاۋاكرى، غوپۇر قادىر، غوپۇرھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرەم يۇسۇپ، ماخمۇتجان ئابىت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن شىپە، مەمتىمىن ھاشىم، مۆمىن روزى، نەسرۇللا غاپپار، نەمەتجان ئاۋۇسمان، نىجات ئەخمەت، نىلۇپەر ھەسەن، ھاشىم ئىسرائىل، ھاشىم ياقۇپ، ئۆمەر قادىر، ئىسلام ھۈسەيىن، ئىسمائىل تىلىۋالدى، يۇسۇپ سىيىت.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئالىمجان ئابباس

مەسئۇل كوررېكتورلار: ئابلىز ئورخۇن، جەمىلە ئابلا

## 《新疆年鉴 1994）》维文版
## 编 译 人 员

主　　编：努尔穆罕默德·多莱提

副 主 编：霍加阿合买提·优努斯

责任编辑：加米拉·阿不拉　艾合买提·肉孜

编译人员：（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力、阿不都肉苏里·亚克甫、阿不都热衣木·亚克甫、阿不都外力·艾力、阿不里孜·鄂尔浑、阿不里米提·阿不都热合曼、阿不里米提·亚克甫、艾合买提·热合曼、艾合买提·肉孜、艾合买提·伊明阿吉、图尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、司迪克·阿瓦克日、吾甫尔·卡德尔、吾甫尔·吾守尔·尼亚孜、霍加阿合买提·优努斯、克热木·玉苏甫、马合木提江·阿比提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·希帕、买买提明·阿西木、穆明·肉孜、纳斯肉拉·阿帕尔、那买提江·阿乌斯曼、尼加提·艾合买提、尼鲁帕尔·艾山、阿西木·伊斯拉音、哈希木·亚克甫、吾买尔·卡德尔、斯拉木·玉赛音、司马义·铁力瓦尔德、玉苏甫·色依提

封面设计：阿里木江·阿巴斯

校　　对：阿不里孜·鄂尔浑、 加米拉·阿不拉

# شىنجاڭ يىلنامىسى 1994

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى «جىيەنجۇڭ» كوچىسى №54)
شىنجاڭ «شىنخۇا» كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازېر نۇرى ئارقىلىق ھەرپ تىزىش شىركىتىدە تىزىلدى
شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتر 1/16
باسما تاۋىقى: 71.5، قىستۇرما ۋارىقى 4
1995 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 2000 ـ 1
ISBN7 — 228 — 03227 — 6/Z. 122
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 55 يۈەن چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 40 ئامېرىكا دوللىرى